# 2002

# شىنجاڭ يىلنامىسى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى




دۆلەت چېگرىسى جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلغان
《 جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى 》 گە ئاساسەن سىزىلدى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش خەرىتىسى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش- سىزىش ئىدارىسى تۈزۈپ باستۇردى
خەرىتە نومۇرى: ش S(2002)071 نومۇرلۇق ( ئۇيغۇرچە ) . خەرىتە تەكشۈرگۈچى: ياسىن تۇردى

# شىنجاڭ يىلنامىسى

# 2002

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
# تەزكىرە كومىتېتى


مۇدىر: ئابلەت ئابدۇرېشىت

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئابدۇقادىر نەسىردىن، قادىس جانابىل، سەرجە، فېڭ داجېن، يەن چۇڭخۇ، ۋاڭ گۇيجېن، سۇي شۇجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، سابىر ئەلى (مەخسۇس)، رېن مىڭجى (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، ئارىپ، جيۇ چيەن، خەن شۈچى، چېن زېيۇ، چېن تۇڭۋېي، زۇنۇن قۇتلۇق، مىجىت ئابدۇرۇسۇل، خې فۇلىن، ئېلى زاھىد، سۇ دېگۇي، لى زېشيەن، چېن خۇڭبو، جاقىپ مىرزاقان، خۇاڭ يۈەنسەي


# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2002) ئۇيغۇرچە
# نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى


باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابدۇرېھىم ياقۇپ، جەمىلە ئابلا



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. سۈرەتتە: خۇ جىنتاۋ قۇمۇلنىڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى چى خاۋتيەن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: چى خاۋتيەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلىرى يىغىنىدا سۆز قىلماقتا.

لى شياڭ فوتوسى




ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۇرپان ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى ياڭ فوتوسى



شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى غەربىي قىسمىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى 2001-يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە ۋە زىيارەتتە بولدى. سۈرەتتە: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن زىيارەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى زېڭ يىنچۈەن سوۋغا تەقدىم قىلىشماقتا.

فەن خاۋ فوتوسى





جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

لى ياڭ فوتوسى




پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.


لى ياڭ فوتوسى




مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستان-
سىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت
ئۆمىكى 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا
تۇنجى مەيدان ھال سوراش ئويۇنى
قويدى

لى ياك فوتوسى





2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون
داھىي سۈرىتىنى «كەنت ـ ئائىلىلەرگە
يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.
سۈرەتتە: ئالتۇنتاغ تاغلىق رايونىدىكى
چارۋىچىلار داھىي سۈرىتىنى قوبۇل
قىلماقتا.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى




2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئامما بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

لى ياڭ فوتوسى




2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شياڭگاڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: كۆرگەزمىنىڭ ئاساسىي مەيدانى.

لى ياڭ فوتوسى



تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

## يېشىللىققا مەدھىيە

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي پەيتتە سۇ قويۇپ بېرىش ئىشى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر كېلىدىغان، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ پۈتكۈل ئېقىنى ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى 30 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.



تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان يېزا - كەنتلەردىكى بالىلار تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلىكىدىن شادلاندى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى



سۇ قۇشلىرى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قايتىپ كېلىپ ماكانلاشتى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە بولۇپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 38 قىسىمغا ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار؛ (2) يەرلىك نىزاملار؛ (3) شىنجاڭنى ئېچىش؛ (4) پارتىيە؛ (5) ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش؛ (6) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (7) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (8) تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار؛ (9) ھەربىي ئىشلار؛ (10) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (11) مالىيە، باج؛ (12) بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە؛ (13) يېزا ئىگىلىكى؛ (14) سانائەت؛ (15) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك؛ (16) قاتناش، ئالاقە؛ (17) شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى؛ (18) مۇھىت ئاسراش؛ (19) ساياھەتچىلىك؛ (20) سودا؛ (21) زېمىن بايلىقى؛ (22) يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (23) پەن - تېخنىكا؛ (24) مائارىپ؛ (25) مەدەنىيەت؛ (26) مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق؛ (27) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە؛ (28) سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك؛ (29) تەنتەربىيە؛ (30) مىللەت، دىن؛ (31) نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت؛ (32) ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى؛ (33) ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت؛ (34) ئىجتىمائىي تۇرمۇش؛ (35) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (36) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى؛ (37) شەخسلەر؛ (38) قوشۇمچە.

«2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 18 - توم، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» دا «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك» قىسمى تەسىس قىلىندى؛ ئەسلىدىكى «سىياسەت» قىسمى «پارتىيە» ، «ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش» ، «تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار» قىسىملىرىغا ئايرىلدى. ئەسلىدىكى «ئىجتىمائىيەت قىسمى» «نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت» ، «ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى» ، «ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت» ، «ئىجتىمائىي تۇرمۇش» قىسىملىرىغا ئايرىلدى؛ «مىللەت، دىن» قىسمى بىرلەشتۈرۈلدى؛ «مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك» قىسمى «مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق» قا ئۆزگەرتىلدى.

4. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان ئايرىم جايلاردا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقىلىرى ستاتىستىكىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈزىتىلگەن سان.

5. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى، ئادەتتە، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىندى.

6. «2002 ، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

# مۇندەرىجە

## ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 1
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەھۋالى ........ 14
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ........ 18
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 ـ يىلدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 21
2001 ـ يىلى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى ........ 25
2001 ـ يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........ 30


## يەرلىك نىزاملار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇش-مىسى نىزامى ........ 48
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 52
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى ........ 58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 62
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 68


## شىنجاڭنى ئېچىش


شىنجاڭدا غەربىي قىسمىنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ........ 72
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ........ 76
2002 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ........ 76
تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ........ 77

## پارتىيە


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 79
ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ...... 107
گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 112
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 112
دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 113
دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 113
دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 114
«3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 114


## ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش


ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ...... 115
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ...... 121
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 140


## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە


جامائەت خەۋپسىزلىكى ...... 148
تەپتىشلىك ...... 151
سوت ...... 154
ئەدلىيە ...... 157


## ئاممىۋى تەشكىلاتلار


ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ...... 163
جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ...... 169
ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 178
ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 188

## تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

تاشقى ئىشلار ........ 193
مۇھاجىرلار ئىشلىرى ........ 197
شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار ........ 198

## ھەربىي ئىشلار

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ........ 201
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ........ 219
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ........ 225
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ........ 225
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ........ 230
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 233
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 236
قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ........ 240
خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ........ 242

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ........ 243
ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ........ 253
ستاتىستىكا ........ 261
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 263
باھا خىزمىتى ........ 271
سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 277
سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ........ 279
پورت خىزمىتى ........ 292
تاموژنا ........ 295
چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ........ 297

## مالىيە، باج


مالىيە ...... 303
يەرلىك باج ...... 308
دۆلەت بېجى ...... 311


## بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە


بانكا ...... 313
خەلق بانكىسى ...... 313
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ...... 317
تەرەققىيات بانكىسى ...... 318
سودا - سانائەت بانكىسى ...... 319
يېزا ئىگىلىك بانكىسى ...... 322
قۇرۇلۇش بانكىسى ...... 327
قاتناش بانكىسى ...... 329
سۇغۇرتا ...... 331
شىنجاڭ بىڭتۇەن سۇغۇرتا شىركىتى ...... 332
جۇڭگو خەلق سۇغۇرتىسى ...... 333
تىنچ ئوكيان سۇغۇرتىسى ...... 334
ئامانلىق سۇغۇرتىسى ...... 335
يۇڭئەن سۇغۇرتىسى ...... 335
ئاكسىيە ...... 335


## يېزا ئىگىلىكى


ئومۇمىي بايان ...... 341
تېرىقچىلىق ...... 358
چارۋىچىلىق ...... 362
ئورمانچىلىق ...... 375
يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ...... 379
سۇچىلىق ...... 384
يېزا - بازار كارخانىلىرى ...... 391

بېلىقچىلىق ........................................ 394
ئامىراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........................................ 397

## سانائەت

ئومۇمىي بايان ........................................ 400
نېفىت سانائىتى ........................................ 402
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........................................ 403
تارىم نېفىتلىكى ........................................ 410
تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ........................................ 415
غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ........................................ 419
جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى ........................................ 422
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........................................ 423
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ........................................ 424
كۆمۈر سانائىتى ........................................ 426
ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى ........................................ 429
پولات - تۆمۈر سانائىتى ........................................ 433
رەڭلىك مېتال سانائىتى ........................................ 435
ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى ........................................ 436
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ........................................ 440
خىمىيە سانائىتى ........................................ 443
يېنىك سانائەت ........................................ 445
توقۇمىچىلىق سانائىتى ........................................ 447
تاماكىچىلىق ........................................ 449

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........................................ 451

## قاتناش، ئالاقە

تۆمۈريول ........................................ 458
تاشيول ........................................ 465
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ........................................ 467

پوچتا ........ 473
تېلېگراف ........ 475

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........ 481
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ........ 485
ئۆي - زېمىن كەسپى ........ 486
بىناكارلىق ........ 489

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 499
تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش ........ 501
مۇھىتنى نازارەت قىلىش ۋە پەن - تېخنىكا ........ 504
مۇھىتنى تۈزەش ........ 507

## ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ........ 511
ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ........ 514
كەسپىي باشقۇرۇش ........ 516

## سودا

دۆلەت سودىسى ........ 543
تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى ........ 546
ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش ........ 549
تاشقى ئىقتىساد - سودا ........ 552

## زېمىن بايلىقى

زېمىن باشقۇرۇش ........ 556

كانچىلىقنى باشقۇرۇش ........ 558
گېئولوگىيىلىك چارلاش ........ 559
كارتوگرافىيە ........ 563

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

يەر تەۋرەش ........ 569
مېتېئورولوگىيە ........ 578

# پەن ـ تېخنىكا

شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ........ 599
پەن ـ تېخنىكا پىلانى ........ 601
نەتىجە ۋە پاتېنت ........ 614
پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ـ كېڭەيتىش ئەھۋالى ........ 622
پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى ........ 635
تەبىئىي پەن ........ 646
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 646
فىزىكا ........ 649
ئاسترونومىيە ........ 650
دېھقانچىلىق ........ 651
چارۋىچىلىق ........ 653
ئورمانچىلىق ........ 654
ئىجتىمائىي پەن ........ 655

# مائارىپ

مائارىپ خىزمىتى ........ 663
ئاساس مائارىپى ........ 669
كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ........ 672
ئالىي مائارىپ ........ 675
مىللىي مائارىپ ........ 678
تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە سەنئەت مائارىپى ........ 679

## مەدەنىيەت

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ........ 681
ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ........ 688
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ........ 691
مەدەنىيەت بازىرى ........ 695
تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى ........ 696
ئارخىپچىلىق ........ 701

## مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 703
مەتبۇئاتچىلىق ........ 704
نەشرىياتچىلىق ........ 708

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 711
كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى ........ 717
كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئەھۋالى ........ 719
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ 2001 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى...... 720

## سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

سەھىيە ........ 724
تېببىي دورىگەرلىك ........ 733

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتى ........ 740

ماھارەت تەنتەربىيىسى ........ 742
ئاممىۋى تەنتەربىيە ........ 752
تەنتەربىيە كەسپى ........ 756

## مىللەت، دىن

مىللەتلەر ئىشلىرى ........ 759
مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ........ 768
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 770

## نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ........ 777
«ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتى ........ 778
پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى خىزمىتى ........ 779

## ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش ........ 782
كادىرلار خىزمىتى ........ 785

## ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ........ 793
ئەمگەك ئىشلىرى ........ 795
ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ........ 800

## ئىجتىمائىي تۇرمۇش

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ........ 802
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 805

ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ...... 829
پاراۋانلىق ئىشلىرى ...... 836
مېيىپلار ئىشلىرى ...... 839
قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى ...... 842
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ...... 845
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 848
ياشانغانلار خىزمىتى ...... 849
مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ...... 850
نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ...... 851

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى شەھىرى ...... 852
تەڭرىتاغ رايونى ...... 856
سايباغ رايونى ...... 858
تۇدۇڭخابا رايونى ...... 861
شىمىگۇ رايونى ...... 863
يېڭىشەھەر رايونى ...... 865
نەنشەن كان رايونى ...... 867
دوڭشەن رايونى ...... 869
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ...... 872
قاراماي شەھىرى ...... 875
مايتاغ رايونى ...... 878
قاراماي رايونى ...... 880
جەرەنبۇلاق رايونى ...... 882
ئورقۇ رايونى ...... 884
شىخەنزە شەھىرى ...... 885
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 888
كۈيتۇڭ شەھىرى ...... 891
غۇلجا شەھىرى ...... 893
غۇلجا ناھىيىسى ...... 895
قورغاس ناھىيىسى ...... 899
نىلقا ناھىيىسى ...... 901
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ...... 903
تېكەس ناھىيىسى ...... 907
توققۇزتارا ناھىيىسى ...... 910
كۈنەس ناھىيىسى ...... 912

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 914
تارباغاتاي ۋىلايىتى ...... 916
چۆچەك شەھىرى ...... 921
شىخو شەھىرى ...... 924
دۆربىلجىن ناھىيىسى ...... 927
تولى ناھىيىسى ...... 932
ساۋەن ناھىيىسى ...... 938
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 941
ئالتاي ۋىلايىتى ...... 943
ئالتاي شەھىرى ...... 946
قابا ناھىيىسى ...... 948
بۇرچىن ناھىيىسى ...... 950
جېمنەي ناھىيىسى ...... 954
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ...... 956
كۆكتوقاي ناھىيىسى ...... 958
چىڭگىل ناھىيىسى ...... 960
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 962
بورتالا شەھىرى ...... 965
جىڭ ناھىيىسى ...... 968
ئارىشاڭ ناھىيىسى ...... 972
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 974
سانجى شەھىرى ...... 979
مىچۈەن شەھىرى ...... 987
فۇكاڭ شەھىرى ...... 989
ماناس ناھىيىسى ...... 992
قۇتۇبى ناھىيىسى ...... 994
جىمسار ناھىيىسى ...... 996
گۇچۇڭ ناھىيىسى ...... 998
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1001
تۇرپان ۋىلايىتى ...... 1003
تۇرپان شەھىرى ...... 1005
توقسۇن ناھىيىسى ...... 1008
پىچان ناھىيىسى ...... 1010
قۇمۇل ۋىلايىتى ...... 1012
قۇمۇل شەھىرى ...... 1015
ئاراتۇرۈك ناھىيىسى ...... 1017
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1019
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1021

كورلا شەھىرى ........ 1024
خېجىڭ ناھىيىسى ........ 1027
خوشۇت ناھىيىسى ........ 1033
باغراش ناھىيىسى ........ 1035
بۈگۈر ناھىيىسى ........ 1037
لوپنۇر ناھىيىسى ........ 1039
چاقىلىق ناھىيىسى ........ 1040
چەرچەن ناھىيىسى ........ 1042
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1044
ئاقسۇ ۋىلايىتى ........ 1046
ئاقسۇ شەھىرى ........ 1051
ئونسۇ ناھىيىسى ........ 1054
باي ناھىيىسى ........ 1057
كۇچا ناھىيىسى ........ 1061
توقسۇ ناھىيىسى ........ 1063
شايار ناھىيىسى ........ 1066
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ........ 1068
ئاۋات ناھىيىسى ........ 1070
كەلپىن ناھىيىسى ........ 1072
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1074
ئاتۇش شەھىرى ........ 1077
ئاقچى ناھىيىسى ........ 1079
ئۇلۇغچات ناھىيىسى ........ 1080
ئاقتۇ ناھىيىسى ........ 1082
قەشقەر ۋىلايىتى ........ 1084
قەشقەر شەھىرى ........ 1087
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ........ 1089
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ........ 1091
مارالبېشى ناھىيىسى ........ 1093
پەيزاۋات ناھىيىسى ........ 1095
يوپۇغا ناھىيىسى ........ 1096
يېڭىسار ناھىيىسى ........ 1098
مەكىت ناھىيىسى ........ 1100
يەكەن ناھىيىسى ........ 1103
پوسكام ناھىيىسى ........ 1105
قاغىلىق ناھىيىسى ........ 1107
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1109
خوتەن ۋىلايىتى ........ 1112

خوتەن شەھىرى ........ 1114
خوتەن ناھىيىسى ........ 1117
گۇما ناھىيىسى ........ 1119
قاراقاش ناھىيىسى ........ 1121
لوپ ناھىيىسى ........ 1123
كېرىيە ناھىيىسى ........ 1125
چىرا ناھىيىسى ........ 1127
نىيە ناھىيىسى ........ 1129

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى ........ 1132
يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ........ 1140
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ........ 1142
يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ........ 1143
يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ........ 1145
يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ........ 1147
يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ........ 1149
يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ........ 1150
يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ........ 1151
يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى ........ 1153
يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى ........ 1154
بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى (بىڭتۇەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ........ 1156
يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى ........ 1157
يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى ........ 1158
يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى ........ 1159

## شەخسلەر

### ئۇلغار شەخسلەر

لى پىڭ ........ 1160
ۋۇ گوۋيۇ ........ 1160
جاڭ فېڭيۇن ........ 1160
سۇن شۈجۇن ........ 1160
لى جيې ........ 1161

مادىن …… 1161
تۇرامەت …… 1161
چېن پېڭيىلىڭ …… 1161
شاۋ شىنخۇڭ …… 1162
يۈ شياۋلىڭ …… 1162
ما جېنۋۇ …… 1162
غاپپار كېرىم …… 1163
سۇن چېڭيۈ …… 1163
قۇسماي توقمار …… 1163
چېن شۇپىڭ …… 1163
ۋاڭ يىلىن …… 1163
ئەركىن غوپۇر …… 1164
سەي جىڭاڭ …… 1164
جېڭ شۇچىن …… 1164

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

چېن پىڭ …… 1165
تۇرغۇن ئاقنىياز …… 1165
مەھەممەت سېيىت …… 1165
ئېزىز خۇدابەردى …… 1165
فېڭ تاۋ …… 1166
نىياز ئاۋۇت …… 1166

## ۋاپات بولغانلار

ۋېي جۇڭشۇ …… 1166
شۇ شىباۋ …… 1167
رېن خۇڭجى …… 1167
پاڭ گۇەنتۇڭ …… 1167
ۋاڭ يىماۋ …… 1167
لى جېنبو …… 1168
يې خۋاچىڭ …… 1168
لو جىنيى …… 1168
باتۇرقان ئەلىن …… 1168
ۋاڭ ئېنماۋ …… 1169
لى جىڭۇي …… 1170
ۋاڭ كې …… 1170
خې تيەن …… 1171
رىزۋان نۇرقالى …… 1171
ئېلاخۇن ئىمىنوف …… 1171
ئىسمايىلوف …… 1172

ھەسەن قامىتباي ........................................ 1172
گو ۋېيرېن........................................ 1172
جاڭ رۇبىاڭ ........................................ 1173
گۇ جاۋشياڭ ........................................ 1173
ۋاڭ شياۋيى ........................................ 1173
ۋۇشجى........................................ 1173
گېڭ ۋەنشېڭ........................................ 1173
تېڭ يۇجى ........................................ 1174
ۋۇ يېنپىڭ ........................................ 1174
ۋاڭ جېڭسەي........................................ 1174
ۋاڭ گۇيپىڭ ........................................ 1175
ۋاڭ لىگو ........................................ 1175
لى باۋلىن ........................................ 1175
ھەيدەر ئاقان ........................................ 1175
دۇ ليەنجۇاڭ ........................................ 1176
ۋاڭ چۇەنشېڭ ........................................ 1176

# قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ........................................ 1177

# ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### تارىخى، مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

#### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°40′ ـ 96°23′، شىمالىي پاراللېل 34°25′ ـ 49°10′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبىغىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان جۇمھۇرىيىتى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېمەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئېلىمىزدىكى دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

#### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايون دېگەنلىك بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا ـ ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جياڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن، جياڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيچۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يالۋاچ چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50 كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوچۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈي سۇلالىسى پىشامشان، چالمادان ۋە ئېۋىرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش

تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قۇجۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارىمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۈچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئودۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سەمەرقەندتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بۇگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان. بۈگۈنكى جىمساردا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارىمىقىدا بېشبالىق، قۇجۇ، ئودۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق»قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، يۇڭلې 4 - يىلى (1406 - يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۈ 32 - يىلى 1906 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 3 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2)، ۋىلايەت 8، ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 9، ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 7، ناھىيە 62، ئاپتونوم ناھىيە 6، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

شىن جيەن

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 2001 - يىللىق ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 761 مىڭ 900 ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 9 مىليون 542 مىڭ 302 بولۇپ، 50.86% نى، ئاياللار 9 مىليون 219 مىڭ 598 بولۇپ، 49.14% نى؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 332 مىڭ 100 بولۇپ، 33.75% نى، يېزا نوپۇسى 12 مىليون 429 مىڭ 800 بولۇپ، 66.25% نى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇزۇندىن قەدىمكى مىللەتلەر بۇيەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 40 نەچچە مىللەت بار. 2001 - يىلى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 339 مىڭ 908 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 60.44% نى ئىگىلىدى.

خۇ شاۋيەن

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان

يايلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

**تاغ تىزمىلىرى** شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالغا كىرىدۇ. ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارامتى تېغى بار. ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق» چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ جۇڭگو، روسسىيە، موڭغۇلىيە دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان، شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئورۇزكساي تېغى، سېمىست تېغى، بارلىق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار. ئەڭ ئېگىز چوققا ـ ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئۈچ تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمى)، كۆگىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالى)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئېرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى، داخېيەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالى) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋىنگىن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكسار تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەرب تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، ئېرىسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتېكە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خورۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي تارمىقىدا ئالتۇنتاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ. كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، قوڭۇرتۆپە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭۇر چوققىسى (7519 مېتىر) بار.

**ئويمانلىقلىرى** شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 ـ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچە 2 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانجاق ـ سانجاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ 42% نى ئىگىلەيدۇ. مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىلىيون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ 21% نى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا ـ ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا ـ ئېقىن بار (تاغ بۆلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا ـ ئېقىنلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

**كۆللىرى** شىنجاڭدا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى قاتارلىقلار بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1002.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا خېلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى مۇخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى سوغۇق قۇتۇپ — كۆكتوقاي بار (ـ 51.5 C)، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7 C). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا C 10، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا C 5 — C 7.5، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە C 2.5 — C 5 بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن C 10 ـ C 12 يۇقىرى بولىدۇ؛ 7 ـ ئايدا C 2 ـ C 3 يۇقىرى بولىدۇ. تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى C 30 تىن ئاشىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىدا C 35 ـ C 40 قا چىقىدۇ، ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى C 12 ـ C 15 بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا C 20 ـ C 30 بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 150 ـ 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايونىدا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى بىلەن تەڭ؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 ـ 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 ـ 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا 140 ـ 185 كۈنگىچە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنىڭ خىلى كۆپ بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق،

سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۈششۈك، قىرو ئۈششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## تەبىئىي بايلىقى

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەر زېمىنى.

**يەر بايلىقى** تۇپراقنى 2 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 663 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىققا ماس كېلىدىغان يەر كۆلىمى 71 مىليون 470 مىڭ گېكتار بولۇپ، %19.41 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 7 مىليون 330 مىڭ گېكتار، تېرىلغۇاتقان يەر 4 مىليون 125 مىڭ گېكتار؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق تەخمىنەن 48 مىليون گېكتار؛ بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى 700 مىڭ گېكتار، ياغاچ زاپىسى تەخمىنەن 276 مىليون كۇب مېتىر.

**سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى** شىنجاڭنىڭ تاغلىقلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا - ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان، سۇ بايلىقى تۇراقلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان گېنېراتور سىغىمى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭدىن يىلىغا 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى يېتەرلىك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 - 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ، ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ تىن 4000℃ قىچە بولىدۇ، بۇ 10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃ تىن 5390℃ قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 3600℃ تىن 2500℃ قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر.

**ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى** شىنجاڭدا نەسىللىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا يەنە 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار. بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋان 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ ھايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار) 137 خىل. يەنە قاڭشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قۇشلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قۇش خىللىرىنىڭ %35.8 نى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %33 نى، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %14.2 نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئازكەم 4000 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىڭ، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

**قېزىلما بايلىقى** شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق مول، تۈرلىرى تولۇق. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە 171 خىل قېزىلما بايلىقتىن 138 خىلى شىنجاڭدا بايقالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق خىلىنىڭ %70.80 نى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە 156 خىل كان زاپىسى ئېنىقلاندى (2 - خىلدىكىسى 212خىل)، شىنجاڭدا 75 خىل كان زاپىسى ئېنىقلاندى (2 - خىلدىكىسى 96 خىل). ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا تۈرى 75 خىل (2 - خىلدىكىسى 94). 2 - خىلدىكىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ كان زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن كان رايونى 866 بولۇپ، كۆلىمى چوڭراقلىرى 100، ئوتتۇراھاللىرى 188، كىچىكلىرى 578. بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى 4 خىل، 241 كان رايونى (نېفىت، تەبىئىي گاز بۇنىڭ سىرتىدا)؛ قارا مېتال قېزىلما بايلىقى 5 خىل، 90 كان رايونى؛ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 9 خىل، 80 كان رايونى؛ قىممەتلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 4

خىل، 43 كان رايونى؛ كەم ئۇچرايدىغان، تارقاق جايلاشقان، رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت 9 خىل، 49 كان رايونى (ئۇران بۇنىڭ سىرتىدا)؛ مېتال تاۋلاشقا ياردەمچى خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 7 خىل، 21 كان رايونى؛ خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 13 خىل، 80 كان رايونى؛ بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 43 خىل، 261 كان رايونى. دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىق جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى ئىچىدە تەبىئىي گاز، بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، چىرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، سىغىز، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش قاتارلىق 10 خىل قېزىلما بايلىق مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نېفىت، نىكېل، خروم، بارىي، تەبىئىي گۈڭگۈرت، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، دالا شىپاتى، خىمىيۋى ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، بېنتونىت، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، ھاك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سىغىز، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مۇڭگۈز تاشتىن ئىبارەت 15 خىل قېزىلما بايلىق 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ پلاتىنا، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئابازدىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۆمۈر، لىتىي، ماگنېزىت، شور، ۋېتېرىت، تاشپاختا، ئەينەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونت ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، شوردىن ئىبارەت 10 خىل قېزىلما بايلىق 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سېزىي، سېلېن، ھاك تېشى، ساپال ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سىغىز توپا قاتارلىق 4 خىل قېزىلما بايلىق 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ۋىسمۇت، كوبالت، ئادەتتىكى شىپاتتىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مايلىق سلانېتس، تىتان، مېرگېل، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سىغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇمدىن ئىبارەت 5 خىل قېزىلما بايلىق 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مىس، بور، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مانگان، تانتالدىن ئىبارەت 2 خىل قېزىلما بايلىق 9 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تۇز كېنى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نېفىت، تەبىئىي گاز، خروم، بىسمۇت، تانتال، بېرىللىي، لىتىي، سېزىي، ماگنېزىت، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، تەبىئىي گۈڭگۈرت، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، ناترىيلىق سېلىترا، شور، دالا شىپاتى، ساپال توپىسى، ئەينەك قۇمى، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، ھاك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، مېرگېل، خىش - كاھىش قۇمى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سىغىز توپا، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، بېنتونىت، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مۇڭگۈزتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، چىرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز قاتارلىق 37 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۆمۈر، مايلىق سلانېتس، تۆمۈر، مانگان، تىتان، ئاليۇمىن توپىسى، نىكېل، پلاتىنا، پاللادىي، ئۇيۇل ئالتۇن، نىئوبىي، گاللىي، سېلېن، ئادەتتىكى يالتىراق تاش، ۋېتېرىت، خىمىيۋى ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، تۇز، ماگنىي، كالىي تۇزى، بور، ھاك تېشى، كرېمنىيلىق ھاك تېشى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تېشى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، سىغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، سېئولىت قاتارلىق 27 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساياھەت ئورنى بايلىقى** شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى ۋە گۈمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئاسارەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق ئىدىقۇت، يارغول، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بۇغدا كۆلى، بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى يەنە نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، ھور ئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شىن جيەن

قوشۇلما قىممىتى 56 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.6 ئاشتى.

يېزا ئىقتىسادى مۇقىم راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى. بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق 7 مىليون 960 مىڭ توننا (ياڭيۇ تۈرىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.6 كېمىيىپ كەتتى. پاختا 1 مىليون 570 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى؛ ياغلىق دان 426 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %29.1 كېمىيىپ كەتتى؛ قىزىلچا 4 مىليون 551 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %55.5 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 46 مىليون 37 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، %1.7 كۆپەيدى؛ بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 26 مىليون 338 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، %7.2 كۆپەيدى؛ ئېلىنغان گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، %7.8، قوي يۇڭى 69 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %4.8، سۈت 810 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %11.8، تۇخۇم 203 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %9.9، سۇ مەھسۇلاتلىرى 60 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %1.4 ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 72 مىليون يۈەن (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، %8.2، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7، تىجارەت كىرىمى 33 مىليارد 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 89 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4، يارىتىلغان پايدا 2 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.3 ئاشتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئاشتى. بىر يىلدا سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 2000 - يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتتى تۆۋەنلىدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئېغىر سانائەتنىڭ ئېشىشى يېنىك سانائەتنىڭكىدىن تېز بولدى. يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 37



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى.
سۈرەتتە: چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا

چاۋ جۇنئەن فوتوسى

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاستىلىشى، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى، بازار ئېھتىياجى ئانچە ياخشى بولماسلىق ۋە قىسمەن رايونلاردا زىرائەتلەرنىڭ ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىشىدەك پايدىسىز ئامىللار تىرىشىپ تۈگىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكى سىجىل تەرەققىي قىلىش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 148 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.8، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %8.7، 3 - كەسىپنىڭ

مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. ئىككىنچى، مەھسۇلات مىقدارى بەزىدە ئاشتى، بەزىدە كېمىيىپ كەتتى. بىر يىلدا ئېلىنغان خام نېفىت 19 مىليون 469 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %5.3، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 10 مىليون 141 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %1.3، تەبىئىي گاز 4 مىليارد 174 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، %17.9 ئاشتى. توك %8، پولات %20.2، پولات ماتېرىيال %2.4، سېمونت %9.6 ئاشتى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپ 302 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %9.5، رەخت 254 مىليون مېتىر بولۇپ، %9.6 كېمىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، كۆمۈر %0.7، شېكەر %36.5، ترانسفورماتور %60.2، 10 خىل رەڭلىك مېتال %6.6، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى %1.5، ساپ ئىشقار %14.2، ئېتىلېن %4.8 ئاشتى. لېكىن بىرقىسىم سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىۋى ئوغۇت %3.3 تۆۋەنلىدى. ئۈچىنچى، مەھسۇلات سېتىش جەھەتتىكى ئۆلچىنىش يەنىمۇ ياخشىلاندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.08 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.46 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.88 بولۇپ، 1.15 پىرسەنت پوئىنتى، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.04 بولۇپ، 1.48 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. تۆتىنچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم سەل تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا سانائەت كارخانىلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %147.87 بولۇپ، 2.75 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. تەكشۈرۈلگەن 7 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچتىن ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن باشقىلىرى 2000 - يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 11 مىليارد 709 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.6 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ زىيان تارتىدىغان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 2 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، %24.4 تۆۋەنلىدى؛ پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 9 مىليارد 559 مىليون يۈەن بولۇپ، %5.6 تۆۋەنلەپ كەتتى. ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپى پايدا ئەڭ كۆپ ساھە بولۇپ قالدى، توقۇمىچىلىق ساھەسىدە زىيان كۆپرەك، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىيىنراق بولدى.

قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليارد 443 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 40 مىليارد 390 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %13.8، تاشيولدا توشۇلغىنى 27 مىليارد 590 مىليون توننا-كىلومېتىرغا يېتىپ، %1.1 ئاشتى، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 63 مىليون توننا - كىلومېتىر بولۇپ، %35.5 تۆۋەنلەپ كەتتى، تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 3 مىليارد 400 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6 ئاشتى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 30 مىليارد 970 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.8 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 10 مىليارد 410 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.9، تاشيولدا توشۇلغىنى 17 مىليارد 30 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %7.7 كۆپەيدى، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 530 مىليون ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، %5.1 ئازايدى. بىر يىلدا پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليارد 343 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.1 ئاشتى.

تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنغان مەبلەغ خېلى تېز ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: بىرىنچى، يەرلىك سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى مەركەز سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى. يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 37 مىليارد 953 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.3، مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليارد 646 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى. ئىككىنچى، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش ئاساسەن مۇقىم بولدى، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئۆي مۈلۈك تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىش كۆپەيدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليارد 26 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.9، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 818 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.5، ئۆي مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليارد 792 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.5 ئاشتى. ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي تىپ بويىچە قارىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 47 مىليارد 628 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.2 ئاشتى، كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 76 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.3 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.3، باشقا ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليارد 766 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.6 ئاشتى. تۆتىنچى، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ساھەلەر بويىچە ئايرىغاندا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا

سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 933 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61.4، ئېنېرگىيە سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3، توقۇمىچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %57.6، قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگرافقا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.3 ئاشتى. بەشىنچى، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى 4471 بولۇپ، 147 سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يىل ئىش باشلانغان تۈر 3504 بولۇپ، 238 ى كۆپەيدى؛ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 2000 ـ يىلدىكى 10 مىليون 399 مىڭ 100 يۈەندىن 11 مىليون 128 مىڭ 400 يۈەنگە ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايون پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان 27 نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 964 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ %92.7 ى ئورۇندالدى.

بازاردا سېتىش مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 40 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %8.5 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 2000 ـ يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بىرىنچى، شەھەر بازارلىرىنىڭ ئېشىشى يېزا بازارلىرىنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى. شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8، يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 14 مىليارد 977 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى، شەھەرلەردە يېزىلاردىكىدىن 3.5 پىرسەنت پوئىنتى تېز ئاشتى. ئىككىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ ئېشىشى توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭكىدىن تېز بولدى. يېمەك ـ ئىچمەك سودىسى بويىچە پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.7، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى بويىچە پارچە سېتىش سوممىسى 26 مىليارد 638 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.9، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2 ئاشتى. ئۈچىنچى، بازاردا مال باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى. بىر يىلدا ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %4 ئۆرلىدى. تېببىي داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى، يېمەكلىك ۋە قاتناش قاتارلىقلارنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلىدى، بۇ ئەمگەك ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولدى.

تاشقى سودا زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئامۇرنا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 771 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.8 تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 668 مىليون دوللار بولۇپ، %44.5 تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 103 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.1 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئېكسپورت سوممىسى 295 مىليون دوللار بولۇپ، %46.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئېكسپورت سوممىسى 121 مىليون دوللارغا يېتىپ، %89.3 ئاشتى؛ ئاز سومىلىق چېگرا سودىسى ئېكسپورتى 184 مىليون دوللار بولۇپ، %68.3 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئىمپورت سوممىسى 249 مىليون دوللار بولۇپ، %11.2، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئىمپورت سوممىسى 25 مىليون دوللار بولۇپ، %30.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئاز سومىلىق چېگرا سودىسى ئىمپورت سوممىسى 797 مىليون دوللارغا يېتىپ، %7.7 ئاشتى.

پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى سەل كۆپەيدى. يېڭىدىن ئىمزالانغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەر 53 بولۇپ، %8.6 ئازايدى؛ ئەمەلىي پايدىلىنىلغان، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 20 مىليون 350 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %5.8 ئاشتى.

ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بىر يىلدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 8 مىليون 393 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇ 2000ـ يىلدىكىدىن %10.8 كۆپ؛ ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 9 مىليارد 856 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.1 ئاشتى. كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 273 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %6.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 54 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %14 كۆپەيدى؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 99 مىليون دوللارغا يېتىپ، %3.8 ئاشتى.

مالىيە كىرىمى تېز ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليارد 575 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.2، يەرلىك مالىيە چىقىمى 28 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %37.2 ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئوبوروتى مۇقىم بولدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا ئامانەت قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 197 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 14 مىليارد 112 مىليون يۈەن

كۆپىيىپ، 2000 - يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 16 مىليارد 212 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى، بۇ ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ ئازايغانلىقىدىن بولدى. كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 69 مىليارد 174 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 792 مىليون يۈەن ئازايدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 99 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 546 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 160 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 158 مىليارد 473 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 18 مىليارد 263 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 11 مىليارد 218 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى.

. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى داۋاملىق ئاشتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈپ مۆلچەرلىشىگە قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 6590.3 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.3، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمى 5059.67 يۈەنگە يېتىپ، %8.4، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، %5.7، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1350 يۈەنگە يېتىپ، %9.2 ئاشقان. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 15.54 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %1.8، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 18.04 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %4.6 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.2، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 278 يۈەنگە يېتىپ، %17.9، مال باھاسى ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %13.4 ئاشتى.

خۇالڭ شۆبىلڭ

# ئاساسلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ۋە شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىدە ئۆستى، بەزىدە تۆۋەنلىدى. يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مىقدارى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2 - كەسىپتە سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپتە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە 29 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 12 - ئورۇندا تۇردى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى 3 كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپنىڭ %19.4 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2 - كەسىپنىڭ %43.1 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 2 - كەسىپتە سانائەت %30.3 نى ئىگىلەپ، 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بىناكارلىق %12.7 نى ئىگىلەپ، 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپ %37.6 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى %8.9 نى ئىگىلەپ، 10 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى بىلەن يېمەك - ئىچمەك %8.6 نى ئىگىلەپ، 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكى    بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ئېشىش سۈرئىتى %4.5 بولۇپ، 15 - ئورۇندا

تۇرۇپ، 9 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، ئاشلىق مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ پاختا مەملىكەت بويىچە ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، ئومۇمىي ھوسۇل، بىرلىك ھوسۇل، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش جەھەتتە يەنىلا مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى؛ ياغلىق دان مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ شېكەر مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ مېۋە - چېۋە مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ گۆش مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، كالا گۆشى 7 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، قوي گۆشى 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. سۈت مەملىكەت بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. سۇ مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

سانائەت ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. خام نېفىت مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. تارقىتىلغان توك مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. پولات مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. چويۇن مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. تەييار پولات ماتېرىيال مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، سېمونت مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. رەخت مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 7 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى ئىچىدە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئېشىش سۈرئىتى %7.4 بولۇپ، 29 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئومۇمىي پايدا 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى: ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى %10.4 بولۇپ، 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مۈلۈكنىڭ قەرز نىسبىتى %63.4 بولۇپ، 11 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى %1.4 بولۇپ، 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تەننەرخ سەرپىياتىنىڭ پايدا نىسبىتى %12.4 بولۇپ، 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، 16 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئۆي مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تاۋار ئۆي سېتىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئۆي مۈلۈك تەرەققىيات كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 مىليون 817 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 5 مىليون677 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ سېتىلغان ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 643 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ سېلىنىۋاتقان ئۆي كۆلىمى 26 مىليون 570 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 12 مىليون 357 مىڭ

كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

**قاتناش - ترانسپورت** بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، تاشيولدا توشۇلغىنى 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

**مالىيە، سودا ۋە باھا** ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە كىرىمى مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. مالىيە چىقىمى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى 4% ئۆرلەپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن 3.3 پىرسەنت پۇئىنتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، 24 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىك** بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي مەبلەغ سالغان تۈر 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى توختام بويىچە سالغان مەبلەغ 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 29 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ساياھەتكە كەلگەنلەر 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىكلەر 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

**نوپۇس، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى** ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 18 مىليون 760 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.82‰ بولۇپ، 5 - ئورۇندا، ئۆلۈش نىسبىتى 5.69‰ بولۇپ، 25 - ئورۇندا تۇردى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.13‰ بولۇپ، 5 - ئورۇندا تۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 6 مىليون 850 مىڭ بولۇپ، 25 - ئورۇندا، ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 470 مىڭ بولۇپ، 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 278 يۈەنگە يېتىپ، 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**خەلق تۇرمۇشى** ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئېنگېل كوئېففىتسىېنتى بويىچە 34.8% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئېنگېل كوئېففىتسىېنتى بويىچە 50.4% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ نەق پۇل چىقىمى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

يالڭ جياڭتاۋ

## ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە

(شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىللىق مەلۇمات ماتېرىيالىغا ئاساسەن شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكىدىن ئالدىنقى 10 نى رەتكە تىزغىنىپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - ئىككىچە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: قاراماي شەھىرى (43 مىڭ 926 يۈەن)، ئۈرۈمچى شەھىرى (16 مىڭ 493 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (13 مىڭ 119 يۈەن)، تۇرپان ۋىلايىتى (12 مىڭ 831 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (9738 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (8399 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (7351 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (7294 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (5920 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (5890 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - ئىككىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: كورلا شەھىرى (28 مىڭ 937 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (12 مىڭ 501 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (10 مىڭ 386 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (9491 يۈەن)، سانجى شەھىرى (9317 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (8363 يۈەن)، شىخۇ شەھىرى (8137 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (8131 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (7935 يۈەن)، بورتالا شەھىرى (6569 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - ئىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: پىچان ناھىيىسى (23 مىڭ 319 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (10 مىڭ 285 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (7979 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (7800 يۈەن)، جىمسار ناھىيىسى (7226 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (7108 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (7035 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (7035 يۈەن)، دۆربىلجىن ناھىيىسى (6766 يۈەن)، يەنجى ناھىيىسى (6485 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە يەنىلا شىمالىي شىنجاڭنىڭ يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۆۋەن بولۇش ھالىتى ساقلانغان، ئالدىنقى 10 - ئىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن پەقەت بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا روشەن پەرق ۋە ناھايىتى تەكشىسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ، 1 - ئورۇندا تۇرغان قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىلەن ئاخىردا تۇرغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 23.8 ھەسسە بولدى.

ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرىدىن باشقا) لەردىن 9نىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 28% نى ئىگىلەپ، ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەھەتتە 9 نىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرتىپ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېزلەشتى، لېكىن ئومۇمىي مىقدار كۆلىمى كىچىكرەك، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى زور بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جايلار شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئومۇمیيۈزلۈك ئارقىدا قالدى. ئاپتونوم رايوندىكى 68 ناھىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 35% نى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 37% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى پىچان ناھىيىسى (23 مىڭ 319 يۈەن)، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى گۇما ناھىيىسى (1415 يۈەن) بولۇپ، ئالدىنقى 10 - لەر قاتارىدا تۇرغانلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى 3 ناھىيىلا بار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا 4 ۋىلايەت، ئوبلاستا ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى كۇچا ناھىيىسى (4788) بولۇپ، ئۇ ئاران 24 - ئورۇندا تۇردى. ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك تۈۋرۈك كەسىپلەر كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولۇش، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

گۈلنار

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزگەن 27 تۈر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، بۇ تۈرلەرگە 17 مىليارد 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ %93.7 ى ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 10 تۈر ئىچىدە، چۆچەكتىكى ئېمىرتام ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، يوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىدىن دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان لىنىيە قۇرۇلۇشى، دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسىنىڭ لوپنۇردىن تىكەنلىككە بارىدىغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شىدۇنزى تېغى سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىدىن ئىبارەت 8 تۈر پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كورلا تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى كىرگۈزۈلگەن ئۇسكۇنىلەر زىيانغا ئۇچراش، ئۆزى توپلىغان مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كېچىكىپ 2002 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان بولدى. پىلانلانغان 9 يەككە تۈر ياكى بىرقىسىم ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە، تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 24 مىڭ گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش نىشانى ئورۇندالدى، قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىشقا باشلىدى، شىنجاڭ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 4 ى، 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 79 ى پۈتكۈزۈلدى، 2924 كىلومېتىر 110 كىلوۋولتلۇق ۋە 35 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش سىمى تارتىلدى، شىنجاڭ نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك - گازلىق تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، 3 مىليون 27 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن كۆپەيدى، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 9 تۈردە يىل بويىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە 530 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ %40 ى ئورۇندالدى، بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ؛ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ پارچەساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان بۆلىكى ۋە ئالاقىدار تاشيوللارنىڭ يول ئۇلى، سۇغۇچ قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ %90 تىن كۆپرەكى تاماملاندى؛ ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولىنىڭ چياڭجياڭ يولىدىن ئىتتىپاق يولى، ئالتۇن - كۆمۈش يولىغىچە بولغان 5.9 كىلومېتىر قىسمى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى؛ شىنجاڭ مۇزبېيىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ ئۈستى يېپىلدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە: ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 24 مىڭ گېكتار، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 109 مىڭ 500 كىلوۋات، خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون 27 مىڭ توننا، بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا، ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 340 مىڭ توننا، تېلېگراف توك يولى 1 مىليون 300 مىڭ تال، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 24 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 163 كىلومېتىر، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ سىغىمى 250 مىڭ توننا، شەھەرلەرنى كۈنىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا.

ياڭ يىبو

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىل- لىقىنى تەبرىكلەش ئەھۋالى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرساھە زاتلار ئۈرۈمچىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى

تەبرىكلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 80 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرى تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلار ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى شۇنىڭدەك تەقدىرلەنگەن ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايون جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا سۆز قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋار قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنى تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەن رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىن كەلگەن ئىلغار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرى ۋەكىللىرى شۇنىڭدەك دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىچىدىكى «قوش ئىلغار» لار ۋەكىللىرى، يېزىلاردىكى «ئۈچ پېشقەدەم» خادىملار ۋەكىللىرى بولۇپ 170 نەچچە كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

2001 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمىگە قويۇلغان 400 نەچچە پارچە رەسىمدە پارتىيىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەن رەھبەرلىرى، ھەرمىللەتتىن بولغان ھەر ساھەدىكى ئامما رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم كارخانا خىزمىتى كومىتېتى، ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «ئاھ پارتىيە، سەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئانىسى» ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئوينالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم

رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىـــرى پېشقەدەم كادىرلار، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىـــرى ۋەكىللىرى بىرلىكتە ئويۇن كۆردى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## بىڭتۇەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىـــڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىڭتۇەن ئۈرۈمچىدە يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيـــىســـى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىـــدى. بىڭتۇەن ئورگىنىغا قاراشلىق تارماقلار، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللـــىرى شۇنىـــڭدەك بىڭتۇەننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرى بولۇپ 300 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## بـــىڭتۇەن جـۇڭگـو كـوممۇنـــىستـــىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىـــنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چوڭ تـــىپتــــىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىڭتۇەن ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنـــىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ تىپتىكـــى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. بىڭتۇەنىنـــىڭ ھەرقـايسى شىلىرى ۋە ئـورگـاندىن كـەلگـەن ھـەر مىللـەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر مول ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## شىنجاڭ ھەربىـــي رايونـــى پارتـــىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنـــى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتـــىيە - گۇرۇھسىـــز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سـەپ بـۆلۈمى دېمـوكراتىك پـارتىيە - گـۇرۇھلار، سـودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، پارتىيە قۇرۇلۇشـــى تەتقىقات جەمئىيىتى، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسـى، پارتىيە مەكتىپى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىـش» مۇھىم ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنـــى شەرھلىدى، پارتىيىنىڭ ئېـــسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنـــى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىـــرى سۈرۈش ۋە پارتـــىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 90 نەچچە ۋەكىل مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 494 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 107 پارچە ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىـــمائـــي پەن نەزەرىيە ساھەسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئىلمـــي دوكلات يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىكتە ئورۇنلاشقان ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ساھەسىدىكىلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي دوكلات يىغىنىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 30 نەچچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 50 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە 20 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىخ - تەزكىرە ساھەسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئالاقىدار ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلىكتە ئورۇنلاشقان ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىخ - تەزكىرە ساھەسىدىكىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. تارىخ - تەزكىرە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر كوممۇنىستىك ئېتىقادنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، غايىگە، تۆھپە قوشۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن نىيەت، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن نىيەت، جان - دىل بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. 60 نەچچە مۇتەخەسسىس ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە سىستېمىسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە سىستېمىسى ئورۇنلاشقان پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان 80 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇساپىنى ۋە ئازادلىقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمەتچىلىرى يېڭى ۋەزىيەتتە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىل - پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا كۈچەيتكىلى بولىدۇ، تېببىي دورا سېتىۋېلىش - سېتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش سالمىقىنى قانداق قىلغاندا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا بىمارلارنى مەركەز قىلىپ، ئۇلارنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا ۋۇ دېگيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تېببىي خادىملارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. يىغىنغا قاتناشقان ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، بارلىق زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاخبارات ساھەسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان بىر قىسىم پېشقەدەم ئاخباراتچىلار، پېشقەدەم رەھبەرلەر، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ

ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا، دافېن مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى چوڭ تىپتىكى تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىم «پارتىيە شىنجاڭدا» نى تارقاتتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى، جۇندۇڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان 18 قىسىملىق چوڭ تىپتىكى تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىم «پارتىيە شىنجاڭدا» نى تۇنجى قېتىم قويۇش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ سىستېمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 6 - ئايدا كورلىدا ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى دەۋر قىلىنىپ مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى مەدھىيىلەش ئاساسىي تېما قىلىنىپ، مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىدىن بىرى، 2 - دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالىدىن 2سى، 3 - دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالىدىن 3ى، رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان ماقالىدىن بىرى باھالاپ چىقىلدى.

لى جيەن

## ئاپتونوم رايوننىڭ نەشرىيات ساھەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايون نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى دەۋر قىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان 80 يىلدىن بۇيانقى شانلىق نەتىجىلەر قىزغىن مەدھىيىلەندى. يىغىن قاتناشچىلىرى چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، نەشرىيات سېپىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مۇستەھكەم بازا قىلىش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت جەھەتتە پائال يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇلۇغ بايرىقىنىڭ ئاستىغا چىڭ ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

لى جيەن

# پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

## خۇ جىنتاۋ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. خۇ جىنتاۋ قۇمۇل، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە ۋە سانجى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئېتىز باشلىرىغا، كارخانىلارنىڭ سېخلىرىغا، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ھەرمىللەت كادىر ۋە ئامما بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئورتاق كېڭەشتى. خۇ جىنتاۋ تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەل بايلىقىنى يۆلەك قىلىپ، بازارغا يۈزلىنىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، ئالاھىدە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بولۇپمۇ سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە قاتارلىق زور ئاساسىي

مۇئەسسەسە تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك. خۇ جىنتاۋ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ تۈپ تەدبىرى. ھەر مىللەت كادىر، ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ «خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش، «مۇقىملىق بەخت، مالىمانچىلىق ئاپەت» دېگەن قائىدىنى يەنىمۇ تونۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئىدىيىۋى سېپىلنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ ئىستىلى كىشىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىغا، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك. يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى ھەقىقىي تۈردە بىر چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش كېرەك. خۇ جىنتاۋ مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلدى: شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن نىيەت، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## چى خاۋتيەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتيەن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. چى خاۋتيەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىشكە دائىر ئەھۋال توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان شىمكو كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە شىخەنزە شەھىرىنى تەكشۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: غەربنى كەڭ ئېچىش دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان چوڭ ياخشى ئىش، ھەربىي قىسىمنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا ياردەم بېرىشى ۋە قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. قىسىملار غەربنى كەڭ ئېچىش بىلەن دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، قىسىمنىڭ قاتنىشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلالايدىغان تۈرلەرنى تاللاپ، چىڭ تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## پېڭ پېيۈن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پېڭ پېيۈن 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. پېڭ پېيۈن شىنجاڭنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى، كەسپىي مائارىپى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ئىگىلىدى. ئۇ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتا دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پەن - مائارىپ، سەھىيە جەھەتتە قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى تېزراق زورايتىپ، ئاساسىي مائارىپنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپقا سەل قارىماي، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىش جەھەتتە دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت

ئىستراتېگىيىلىك قاتجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش كېرەكلىكىنى مەسىسى ئۈمىد قىلدى.

تەكشۈرۈش مەزگىلىدە پېڭ پېيىيۈن يەنە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى رەئىسلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ كادىر تەربىيىلەش، ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاياللار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

ۋاڭ لياڭجۈن، ياڭ يې

## تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇتۇش قىلىپ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە بىخەتەر باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

تۆمۈر داۋامەت توقسۇن ناھىيىلىك مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كىتاب تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ۋاڭ لياڭجۈن، ياڭ يې

## ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىنى تەكشۈردى. ئىسمائىل ئەھمەد مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بالىلار كەنتىنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ، ھەربىر بالىنى ۋەتەننى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرالايدىغان لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىملاردىن قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. بالىلار كەنتىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا چوقۇم خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قىلىپلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، بالىلار كەنتىنى بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە تۇرپان، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا مىللەت، دىن ۋە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئىسمائىل ئەھمەد مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى مىسلىسىز ئەۋزەللىككە ئىگە. كەڭ دىنىي زاتلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، زامانىۋى پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

## جۇ گۇاڭجاۋ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ گۇاڭجاۋ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئۇ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاپتۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى غەربنى كەڭ ئېچىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن چوڭ مىللەتلەر ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

جۇ گۇاڭجاۋ يەنە غەربىي قىسىم پەن ـ تېخنىكا ـ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇنبىرىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە «ياۋروپادىكى شۋېيتسارىيە، جۇڭگودىكى شىنجاڭ» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

ۋاڭ لياڭجۈن، ياڭ يې

## ۋاڭ جاۋگو شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىلدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ۋىلايەت 7 | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 17 |
| ناھىيە 62 | ئاپتونوم ناھىيە 6 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | رايونلۇق مەھكىمە 11 |
| يېزا 639 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43) | بازار 218 | مەھەللە ئىش باشقارمىسى 125 | |
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | قاراشلىق بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە | | |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭكۆۋرۈك، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، ياشلار كوچىسى، ئۆلانباي، «بەخت» كوچىسى، شور بۇلاق، «يەنئەن» كوچىسى؛ يېزا: داۋان |
| | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جاڭجيالىڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىمەن، ياماللىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى |
| | تۇدۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى - سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ |
| | شىمىگۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمىگۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، يىكەنكۆل؛ يېزا: چىداۋان |
| | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شىمالىي ۋوگزال، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى؛ يېزا: ئەرگۇڭ، دىۋوپۇ |
| | نەنچۈەن رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئىۋىرغول، شىگخو، دۇڭفېڭ |
| | دۇڭشەن رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: داۋانچىڭ، ئەنەنچۇ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، چىڭگىداخۇ، سىشىخۇ، ليۇشىخۇ، سارداۋان، يۇڭفېڭ، گەنگۇ، شياۋچۇزى، بەنفاڭگۇ، شۇيشىگۇ، سەيۇۋپۇ، تولى |
| قاراماي شەھىرى | مايتاغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت |
| | قاراماي رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلۇڭ» بازىرى، «كونلۇن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى؛ يېزا: شۆگەي |
| | جەرەنبۇلاق رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جۇڭشىڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ» كوچىسى |
| | ئورقۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ يېزا: ئورقۇ |
| شىخەنزە شەھىرى | | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، خۇڭشەن، كونا بازار، شەرقىي بازار؛ بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | كۈيتۇن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «بېيجىڭ» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى تاسكۈيتۇن، پويىز ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيگەنچى |
| | غۇلجا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبويى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى؛ بازار: بايانداي؛ يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، توغراق، يېڭىيەر |
| | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۇربانيۈزى، خۇدىياريۈزى، ۋۇزگوڭ، سادىقيۈزى، چۇلۇقاي، ئۇنىار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۇچىئۇن، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارائۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۇچىئۇن خۇيزۇ يېزىسى |
| | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ، كۇرە، سارىبۇلاق؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، داشىگۇر، ئىچىگاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۇلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۇلاستاي، كېلەڭ، قاراتۆپە، قۇجۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقۇبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خۇسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلۆزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرمىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، ئىككىترىق، ئاقتۆبەڭ |
| | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، نالدى، نارات، شوربولاق؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تورگىن |
| | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۇنجاچىنىرۇ، ناداچىنىرۇ، جاقۇچىنىرۇ، كان يېزىسى، قوغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي، چولڭ بۇغرا، دۇيچىنىرۇ، جوقۇر، ئاشلىقبولاق خۇيزۇ يېزىسى |
| | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئىنجىلىق، دۆبىك، يېڭىشەھەر؛ بازار: ئەرگۆلڭ؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشىلى داغۇر يېزىسى |
| | | شىخو شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىجىلڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۆيتۇلڭ دەرياسى؛ بازار: خاتۇبۇغ، بەيياڭگۇ، خۇاڭگۇلڭ، چىپەيزە، گورتى، گەنخوزا، بەيجۈەن، شىخو، چىگىشور، شىداگۇ، تاشكۆۋرۈك؛ يېزىلار: باشىخو، جۇجيەنلۇ، جاخوزا، نۇتەي، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابىلغات موڭغۇل يېزىسى |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەترابى، شاڭخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جېلىشاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كورە، ئېمىلغولىن موڭغۇل يېزىسى، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، ماڭاجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جېكىس |
| | | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئۇت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبېلدېر، كۆپ، ئۆرشۆلت |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۇخوزا، يەنسخەي، ئۇلانئۇس، سىداۋخوزا، دۇڭۋەن، شىگوبى، كوناساۋەن، ليۇماۋۋەن، قورغاس؛ يېزىلار: داچۈەن، بورتۇڭگى، شاڭخۇدى |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوبۇقسار، قوشتولغاي؛ يېزىلار: شارعەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئويا، مۇتگې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى؛ بازار: بېيتۇن، ئاۋيتان، خۇڭدۇلڭ؛ يېزىلار: تېمىرشىك، ئالاقاق، قاراشلىك، سارخولسۇن، بالباغاي، شېرىكشى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايلما، ساربولاق، تېرەكتى، كۆلباي، چىبار |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلايتى، قۇمتىق، چوڭقۇر، ئېگىزتۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتئارال، كۆكتاغاش، شىخانجىيە، قارامغاي، ئاردا |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇئېرتىش، كۆكتوقاي؛ يېزىلار: تۇرغۇن، قاراتۇڭكې، كۆرتى، قارابۇلغىن، دۆرى، تېمېكى |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆپە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | بورتالا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىندېل، گۇلۇمتۇ، كىرگىنزۇ؛ بازار: شويىگپەن، دالتۇ، ئوتبولاق؛ يېزىلار: چىندېل، بىلىن خارمۇدۇن |
| | | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخىيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبولاق، تولى، تودوگ |
| | | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۇگدۆر، خاربۇغ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىگ، چاغانتوڭگى، تاشۇ، زالمۇت |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | سانجى شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كوناشەھەر، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، جەنۇبىي «يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەترابى رايونى؛ بازار: ليۇخۇاڭگو، يۈشۇگۇ، سەنگۇڭ، ليۇگۇڭ؛ يېزىلار: ئەرليۇگۇڭ، داشجۇ، دەنبا، بىنخۇ، مياۋئېرگو، ئاشلى قازاق يېزىسى |
| | | مىچۈەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇمۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇمۇدى» كوچىسى؛ بازار: گۇمۇدى، تېيجاڭگۇ، چاڭسەنزە، سەندوبا، ياڭماۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى |
| | | فۇكاڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بۇغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى؛ بازار: گەنخېزا، جيۇيۈنگەي، زىنجۈەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىمگۇ، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاقۇل قازاق يېزىسى |
| | | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇيى، باۋجيادەن، لياڭجۇخۇ، ليۇخۇدى، بەيۇۋچا، لەنجوۋەن؛ يېزىلار: گۇاڭدۇڭدى، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى؛ دافېڭ، چۇرىگول، ئەرشىلىدەن، يۇەنخۇسۇن، ۋۇگۇڭتەي؛ يېزىلار: تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۆپە قازاق يېزىسى |
| | | جىمسار ناھىيىسى | بازار: جىمسار، سەنتەي، چۈەنزىگەي، بېيتىڭ؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| | | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگو، جېبكى، دۇڭۋەن، شىدى؛ يېزىلار: بىليۇخې، شىبېيۈەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخو، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۈەن تاتار يېزىسى |
| | | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭچىڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبولاق، جاۋبىسەن، شىنخو، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، بوستان، دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «لەنفۇت» كوچىسى؛ بازار: چىجان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئوزۇمچىلىك |
| | توقسۇن ناھىيىسى | بازار: توقسۇن، كۆمۈش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، غولبويى، ئىلانلىق، بوستان |
| | پىچان ناھىيىسى | بازار: پىچان، لۈكچۈن، پىچان يوبىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكاربىز، دىغار، تويۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى؛ بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارايولتۇز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشۆيلۈك، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەتراپى، ئېدىر، دۆۋەلدۈرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | بازار: ئاراتۈرۈك، نوم؛ يېزىلار: ئاداق، باي، تۈركۆل، توخولۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |
| | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: باركۆل، بورچۇنچى، كۆيسۇ، داخې؛ يېزىلار: سارچۇقا، كۆلياقا، شيالوبا، شىرىنزا، خوايۇەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنجەرى، باچاڭزى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، قىزىلئۆش، «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، ئىشتىپاق؛ بازار: تاشدەن، شاڭخۇ؛ يېزىلار: يېڭىشەھەر، تېكىچى، چارباغ، پۇخوي، ئاۋات، تۇۋۇزچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغۇنتاي، بارۇن خارمۇدۇن، خارمۇدۇن؛ يېزىلار: نەمنمودۇن، شەلمىربوخ، كىرغوت، ئالغۇ، ئۇلجېتتۇل، بايانغول، بايانتول، كۆنگۈسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋۇلغا؛ يېزىلار: چوقۇ، تاغارچى، سۇخاتۇ، نەرىنكىر، شىنتاران، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش؛ يېزىلار: تابانچۆكۈن، بۇمبۇت، ئۇلانچېكسىن، چاغاننۇر، چېكسىننۇر، باغراش |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر، چۇمپاق، يېڭىسار؛ يېزىلار: دادولان، قاراباغ، ئاقبۇلاق، چېدىر، سوخۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنىغا؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسۇيى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يىتىمبۇلاق؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۇتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنباغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، تاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، ئۆيىيايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، شىكشىن، يۇڭنىڭ، دەنزىل؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، بورقاي، چاغانچېكە |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر، جەنۇبىي شەھەر؛ بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش، توقاي |
| | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ، تۆمشۇق، جام، ئارال؛ يېزىلار: توخولا، چاغراق، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك، چارچى، سايرام؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئويباش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا، ئۇچا، ئالاقاغا، چىمەن، دۆڭقوتان، ياقا، ئوزۇن؛ يېزىلار: ئىشخىلا، ئۈچئۆستەڭ، بېھشىباغ، خانىقاتام، ئاقئۆستەڭ، ئاغى، تارىم |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۇلتۇزباغ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، تامتوغراق، ئۆگەن، ئۇچقات |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار؛ يېزىلار: گۈلباغ، تويبولدى، «قىزىلبايراق»، يېڭىمەھەللە، قايلۇر، نۇرباغ، تارىم |
| | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۈچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامل ىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، غورۇچۇل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال، چىلان |

| | | |
|---|---|---|
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت» كوچىسى، «نۇر» كوچىسى؛ يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئوستۈن ئاتۇش، كاتتايلاق، توگورمىتى، قاراجول |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپاربای، سۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۈي، تويون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئوجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتۇ، چارلۇڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا؛ يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان |
| | قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، ساي‌باغ، زەمىن، ئومۇساق، پاختەكلى، سەمەن، خانئېرىق، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، باندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شىكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىن، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتول، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك، ئۆردەكلىك |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا، ئەشمە؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سېيەك، يەكشەنبە بازار، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چولپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىز، لومپا، سافان، يېڭىيەر، سېيىتلە، ئېگىزيەر |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شېھىتدۆڭ، يانتاق، تومەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭغىتلىق، قورما |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خانئېرىق، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقا ئېرىق، ئىشقول، مىشا، پەكىچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامسى، زەرەپشات تاجىك يېزىسى |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، توغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۆيلىق تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۇششارباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تېتىر، چاسا مەسچىت، توگىچى، ياڭگىلىشەكى، جايتېرەك، بارىن، غوجا ئېرىق، شاخاپ، پىلقىچى، چىپان، ساي‌باغ، يېتىملىققۇم، زوڭلاڭ، كۆكيار، شىخوشۇ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان، تاجىكئاۋات؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تېزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بورۇمسال، داتوڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۇجانباغ؛ بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۇجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، ئوسالا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۈي، پىشنا، چودا، پىيالما، بەشلەنگەر، كىلياڭ، ئاۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، ساي‌باغ، ئۇرچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۇيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاڭ |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، هاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇغالا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋول، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكۇ، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېيىق، ئەندىر |

يى بىلىك

2001 ـ يىلى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 18761900 | 8605575 | 7421992 | 1319219 | 844211 | 170133 | 161857 | 41276 | 10843 | 41155 | 13730 | 4728 | 22959 | 6691 | 97533 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1690301 | 217608 | 1238425 | 49564 | 152851 | 1290 | 6856 | 3969 | 2855 | 173 | 1475 | 829 | 8623 | 391 | 5392 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1591279 | 212619 | 1202480 | 23092 | 121735 | 1268 | 6741 | 3962 | 2839 | 170 | 1388 | 749 | 8584 | 386 | 5266 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 99022 | 4989 | 35945 | 26472 | 31116 | 22 | 115 | 7 | 16 | 3 | 87 | 80 | 39 | 5 | 126 |
| قاراماي شەھىرى | 284256 | 38861 | 221630 | 10208 | 6458 | 164 | 2154 | 786 | 565 | 68 | 227 | 111 | 913 | 109 | 2002 |
| شىخەنزە شەھىرى | 600051 | 7611 | 567725 | 3330 | 14739 | 67 | 747 | 170 | 251 | 33 | 43 | 6 | 849 | 18 | 4462 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 3950299 | 631241 | 1776754 | 1008267 | 329570 | 17188 | 66620 | 33725 | 5413 | 130 | 5448 | 2574 | 4677 | 5873 | 62819 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 2431688 | 578946 | 981701 | 486985 | 245819 | 15086 | 28462 | 31745 | 1430 | 106 | 4836 | 826 | 3630 | 417 | 51679 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 278325 | 1039 | 264582 | 4465 | 5701 | 16 | 850 | 261 | 88 | 3 | 15 | 32 | 366 | 34 | 873 |
| غۇلجا شەھىرى | 353930 | 161020 | 135870 | 16085 | 28526 | 481 | 1022 | 3740 | 674 | 52 | 2806 | 278 | 1505 | 50 | 1821 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 393971 | 194260 | 73738 | 40491 | 58564 | 277 | 194 | 215 | 33 | 0 | 273 | 36 | 656 | 8 | 25226 |
| قورغاس ناھىيىسى | 345543 | 70646 | 158221 | 27068 | 69867 | 361 | 534 | 2987 | 238 | 23 | 160 | 78 | 354 | 292 | 14714 |
| نىلقا ناھىيىسى | 148882 | 17821 | 41987 | 65532 | 13741 | 589 | 7544 | 589 | 46 | 5 | 133 | 0 | 89 | 19 | 787 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 151793 | 14873 | 46208 | 70053 | 4436 | 3512 | 11679 | 78 | 33 | 15 | 190 | 214 | 18 | 0 | 484 |
| تېكەس ناھىيىسى | 151457 | 14883 | 37617 | 59582 | 21271 | 8782 | 5694 | 843 | 14 | 7 | 607 | 1 | 147 | 0 | 2009 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 157112 | 35720 | 50231 | 46460 | 18689 | 394 | 516 | 1483 | 98 | 0 | 214 | 111 | 277 | 11 | 2908 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 290012 | 27023 | 117211 | 124438 | 18373 | 411 | 118 | 441 | 101 | 1 | 390 | 70 | 141 | 0 | 1294 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 160663 | 41661 | 56036 | 32811 | 6651 | 263 | 311 | 21128 | 105 | 0 | 48 | 6 | 77 | 3 | 1563 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **تارباغاتاي ۋىلايىتى** | 923974 | 41862 | 535855 | 228065 | 63548 | 2009 | 32400 | 1872 | 3539 | 24 | 328 | 534 | 702 | 5443 | 7793 |
| چۆچەك شەھىرى | 151459 | 5052 | 95871 | 23211 | 10465 | 1649 | 1671 | 1444 | 2372 | 22 | 164 | 260 | 239 | 5294 | 3745 |
| شىخۇ شەھىرى | 200337 | 18476 | 125935 | 21615 | 25388 | 16 | 7959 | 147 | 200 | 0 | 32 | 11 | 101 | 21 | 436 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 187703 | 7226 | 103000 | 63213 | 5807 | 282 | 5562 | 83 | 587 | 0 | 91 | 50 | 87 | 45 | 1670 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 52000 | 165 | 31630 | 16098 | 2896 | 6 | 128 | 48 | 229 | 0 | 0 | 15 | 37 | 38 | 710 |
| تولى ناھىيىسى | 85041 | 1136 | 24243 | 57683 | 1016 | 24 | 606 | 76 | 9 | 0 | 12 | 60 | 59 | 5 | 112 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 198762 | 8702 | 138558 | 32200 | 17571 | 14 | 396 | 27 | 108 | 1 | 17 | 40 | 140 | 11 | 977 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 48672 | 1105 | 16618 | 14045 | 405 | 18 | 16078 | 47 | 34 | 1 | 12 | 98 | 39 | 29 | 143 |
| **ئالتاي ۋىلايىتى** | 594637 | 10433 | 259198 | 293217 | 20203 | 93 | 5758 | 88 | 444 | 0 | 284 | 1214 | 345 | 13 | 3347 |
| ئالتاي شەھىرى | 217954 | 5317 | 134266 | 68000 | 5986 | 31 | 2474 | 45 | 214 | 0 | 190 | 374 | 197 | 2 | 858 |
| قابا ناھىيىسى | 77463 | 396 | 24794 | 46071 | 4918 | 2 | 456 | 5 | 0 | 0 | 14 | 81 | 5 | 1 | 720 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 62501 | 1122 | 19942 | 34814 | 3686 | 6 | 1607 | 9 | 132 | 0 | 3 | 369 | 32 | 0 | 779 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 36555 | 332 | 13414 | 21896 | 698 | 38 | 15 | 1 | 3 | 0 | 12 | 22 | 28 | 0 | 96 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 65581 | 649 | 36045 | 26016 | 2159 | 0 | 207 | 12 | 36 | 0 | 1 | 44 | 28 | 0 | 384 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 80476 | 2044 | 20617 | 55297 | 1727 | 10 | 265 | 12 | 48 | 0 | 29 | 87 | 4 | 10 | 286 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 54107 | 573 | 10120 | 41123 | 1029 | 6 | 734 | 4 | 11 | 0 | 35 | 237 | 11 | 0 | 224 |
| **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 415835 | 53697 | 277926 | 40137 | 14406 | 92 | 26214 | 389 | 149 | 3 | 123 | 12 | 342 | 18 | 2327 |
| بورتالا شەھىرى | 221537 | 35369 | 148789 | 16538 | 7662 | 38 | 11654 | 294 | 127 | 3 | 71 | 9 | 257 | 5 | 721 |
| جىڭ ناھىيىسى | 122743 | 15437 | 85456 | 11591 | 4497 | 22 | 4564 | 44 | 20 | 0 | 19 | 2 | 46 | 0 | 1045 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 71555 | 2891 | 43681 | 12008 | 2247 | 32 | 9996 | 51 | 2 | 0 | 33 | 1 | 39 | 13 | 561 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 1507697 | 60756 | 1128522 | 123863 | 173550 | 157 | 6054 | 564 | 642 | 4 | 2466 | 936 | 3177 | 57 | 6949 |
| سانجى شەھىرى | 362011 | 10824 | 278614 | 17438 | 49546 | 64 | 1293 | 311 | 275 | 1 | 154 | 96 | 1212 | 12 | 2171 |
| مىچۈەن شەھىرى | 175411 | 4929 | 110427 | 3535 | 54660 | 32 | 586 | 42 | 76 | 3 | 6 | 6 | 256 | 20 | 833 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 154810 | 8828 | 114559 | 12367 | 17089 | 15 | 324 | 64 | 84 | 0 | 30 | 45 | 135 | 5 | 1265 |
| ماناس ناھىيىسى | 163862 | 4901 | 134212 | 17044 | 6735 | 28 | 108 | 31 | 81 | 0 | 24 | 7 | 188 | 11 | 492 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 204794 | 5088 | 161529 | 22236 | 14263 | 5 | 191 | 29 | 46 | 0 | 0 | 15 | 136 | 9 | 1247 |
| جىمسار ناھىيىسى | 131971 | 6459 | 94466 | 9619 | 18379 | 7 | 1957 | 20 | 20 | 0 | 425 | 209 | 111 | 0 | 299 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 228145 | 15551 | 174699 | 21414 | 12126 | 6 | 1582 | 61 | 51 | 0 | 583 | 471 | 1091 | 0 | 510 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 86693 | 4176 | 60016 | 20210 | 752 | 0 | 13 | 6 | 9 | 0 | 1244 | 87 | 48 | 0 | 132 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 559240 | 389624 | 131548 | 215 | 36594 | 0 | 152 | 27 | 58 | 0 | 11 | 1 | 326 | 4 | 680 |
| تۇرپان شەھىرى | 248093 | 175505 | 52647 | 25 | 19168 | 0 | 86 | 20 | 47 | 0 | 8 | 0 | 162 | 4 | 421 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 105241 | 80732 | 16878 | 155 | 7382 | 0 | 7 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 30 | 0 | 56 |
| پىچان ناھىيىسى | 205906 | 133387 | 62023 | 35 | 10044 | 0 | 59 | 7 | 11 | 0 | 2 | 1 | 134 | 0 | 203 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 511421 | 94499 | 351794 | 45217 | 14935 | 20 | 2183 | 146 | 98 | 0 | 6 | 30 | 1570 | 10 | 913 |
| قۇمۇل شەھىرى | 390874 | 85922 | 277482 | 10026 | 14001 | 20 | 801 | 140 | 83 | 0 | 4 | 2 | 1527 | 9 | 857 |
| ئارا تۈرۈك ناھىيىسى | 19309 | 8408 | 6560 | 3684 | 621 | 0 | 9 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 8 | 0 | 18 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 101238 | 169 | 67752 | 31507 | 313 | 0 | 1373 | 6 | 15 | 0 | 1 | 28 | 35 | 1 | 38 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 1062548 | 356672 | 602864 | 1073 | 55659 | 155 | 45317 | 153 | 258 | 2 | 63 | 1 | 986 | 9 | 4336 |
| كورلا شەھىرى | 371083 | 100852 | 254660 | 58 | 8828 | 7 | 4053 | 138 | 218 | 2 | 48 | 1 | 70 | 36 | 1509 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 171947 | 39829 | 94958 | 915 | 6276 | 74 | 28779 | 7 | 21 | 0 | 0 | 0 | 125 | 0 | 963 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خوشۇت ناھىيىسى | 63709 | 8813 | 43319 | 30 | 5780 | 0 | 5292 | 1 | 9 | 0 | 0 | 0 | 39 | 0 | 426 |
| باغراش ناھىيىسى | 56189 | 8436 | 37586 | 11 | 5610 | 8 | 4154 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 13 | 0 | 371 |
| بۆگۈر ناھىيىسى | 91289 | 78289 | 12550 | 5 | 331 | 0 | 24 | 6 | 5 | 0 | 2 | 0 | 17 | 0 | 60 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 102182 | 28249 | 73142 | 16 | 496 | 0 | 16 | 0 | 4 | 0 | 8 | 0 | 29 | 3 | 219 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 30034 | 11153 | 17943 | 2 | 622 | 0 | 17 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 | 0 | 295 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 54056 | 40993 | 12906 | 0 | 124 | 6 | 8 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 | 0 | 16 |
| يەنچى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 122059 | 35058 | 55800 | 36 | 27592 | 60 | 2974 | 0 | 1 | 0 | 5 | 0 | 56 | 0 | 477 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 2098176 | 1544636 | 526391 | 176 | 12834 | 9241 | 717 | 81 | 138 | 5 | 126 | 6 | 423 | 3 | 3399 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 543539 | 211582 | 323370 | 75 | 4988 | 220 | 452 | 54 | 82 | 2 | 37 | 1 | 291 | 1 | 2384 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 212090 | 159169 | 48285 | 0 | 787 | 3581 | 15 | 1 | 4 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 239 |
| باي ناھىيىسى | 197729 | 172133 | 23817 | 5 | 735 | 962 | 8 | 4 | 0 | 0 | 0 | 0 | 14 | 0 | 51 |
| كۇچا ناھىيىسى | 390276 | 346514 | 41103 | 49 | 2154 | 133 | 47 | 17 | 22 | 1 | 34 | 0 | 69 | 1 | 132 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 138529 | 130730 | 7486 | 5 | 244 | 4 | 1 | 1 | 6 | 2 | 0 | 4 | 7 | 0 | 39 |
| شايار ناھىيىسى | 198228 | 167450 | 29082 | 41 | 1292 | 7 | 89 | 0 | 16 | 0 | 0 | 0 | 19 | 1 | 231 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 181329 | 163868 | 11605 | 0 | 1443 | 4265 | 7 | 0 | 0 | 0 | 26 | 1 | 7 | 0 | 107 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 196290 | 154679 | 40053 | 1 | 1188 | 13 | 98 | 4 | 8 | 0 | 29 | 0 | 7 | 0 | 210 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 40166 | 38511 | 1590 | 0 | 3 | 56 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 6 |
| **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** | 444923 | 283616 | 25773 | 55 | 468 | 130035 | 29 | 9 | 3 | 4685 | 75 | 47 | 31 | 0 | 97 |
| ئاتۇش شەھىرى | 199666 | 160142 | 15490 | 36 | 169 | 23629 | 26 | 2 | 3 | 25 | 33 | 27 | 31 | 0 | 53 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 34087 | 1006 | 2104 | 13 | 80 | 30872 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 11 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 43936 | 8051 | 3992 | 6 | 35 | 31765 | 2 | 7 | 0 | 46 | 0 | 5 | 0 | 0 | 27 |
| ئاقتو ناھىيىسى | 167234 | 114417 | 4187 | 0 | 184 | 43769 | 0 | 0 | 0 | 4614 | 42 | 15 | 0 | 0 | 6 |

| رايون ئاتىرىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **قەشقەر ۋىلايىتى** | 3426857 | 3058958 | 315033 | 153 | 7269 | 6108 | 259 | 98 | 94 | 34046 | 3229 | 26 | 362 | 11 | 1211 |
| قەشقەر شەھىرى | 336589 | 263742 | 69420 | 29 | 1263 | 178 | 92 | 32 | 56 | 199 | 962 | 18 | 200 | 2 | 396 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 359584 | 346029 | 12578 | 8 | 74 | 795 | 2 | 0 | 0 | 15 | 72 | 0 | 0 | 2 | 9 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 283631 | 262981 | 19878 | 25 | 202 | 444 | 10 | 5 | 9 | 3 | 45 | 4 | 11 | 4 | 10 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 371640 | 306252 | 63615 | 44 | 1016 | 105 | 66 | 27 | 8 | 7 | 68 | 1 | 42 | 0 | 389 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 309946 | 303887 | 5916 | 5 | 25 | 2 | 3 | 0 | 0 | 0 | 56 | 0 | 12 | 0 | 40 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 133743 | 125046 | 8618 | 1 | 21 | 0 | 4 | 2 | 0 | 4 | 0 | 0 | 0 | 2 | 45 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 224262 | 218951 | 4630 | 3 | 21 | 572 | 0 | 0 | 5 | 30 | 18 | 1 | 16 | 0 | 15 |
| مەكىت ناھىيىسى | 198854 | 159150 | 39282 | 3 | 309 | 0 | 11 | 8 | 1 | 3 | 3 | 0 | 19 | 0 | 65 |
| يەكەن ناھىيىسى | 634212 | 602046 | 26636 | 4 | 846 | 1093 | 42 | 18 | 6 | 2054 | 1358 | 0 | 44 | 1 | 64 |
| پوسكام ناھىيىسى | 174737 | 129587 | 38845 | 1 | 2952 | 61 | 27 | 4 | 0 | 3385 | 3 | 0 | 18 | 0 | 54 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 366863 | 339393 | 23359 | 29 | 524 | 1012 | 2 | 0 | 9 | 1782 | 644 | 2 | 0 | 0 | 107 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 32796 | 2094 | 2256 | 1 | 16 | 1846 | 0 | 2 | 0 | 26564 | 0 | 0 | 0 | 0 | 17 |
| **خوتەن ۋىلايىتى** | 1687142 | 1632839 | 50653 | 176 | 1338 | 872 | 42 | 8 | 17 | 858 | 55 | 17 | 40 | 1 | 226 |
| خوتەن شەھىرى | 172432 | 141567 | 29850 | 137 | 652 | 12 | 26 | 4 | 17 | 8 | 32 | 3 | 26 | 1 | 97 |
| خوتەن ناھىيىسى | 262609 | 261071 | 1244 | 0 | 294 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| گۇما ناھىيىسى | 216142 | 211632 | 2700 | 0 | 79 | 838 | 1 | 0 | 0 | 850 | 1 | 0 | 0 | 0 | 41 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 412395 | 406736 | 5504 | 4 | 97 | 0 | 4 | 4 | 0 | 0 | 8 | 7 | 0 | 0 | 31 |
| لوپ ناھىيىسى | 241265 | 238366 | 2860 | 11 | 18 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 5 | 0 | 4 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 214590 | 211457 | 2921 | 24 | 145 | 1 | 3 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 30 |
| چىرا ناھىيىسى | 133471 | 131367 | 2044 | 0 | 39 | 0 | 4 | 0 | 0 | 0 | 6 | 0 | 0 | 0 | 11 |
| نىيە ناھىيىسى | 34238 | 30643 | 3530 | 0 | 14 | 21 | 3 | 6 | 0 | 0 | 8 | 7 | 0 | 0 | 12 |

ئىزاھ: ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي سان 2001 - يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانىنى كۆرسىتىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى ج خ ئورۇنلىرى 2001 - يىلى مەلۇم قىلغان سانىنى كۆرسىتىدۇ.

# 2001 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## 1 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن «يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

### 2 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى ئەسىردە «ئۈچ قالايمىقان»نى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئادىل رىقابەتلىشىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى.

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئالتاي، ئاقسۇ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدا بىرلىك سەپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا مىللەت تەركىبى كۆپ، شۇڭا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، غەربنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

### چېن جېڭيىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جېڭيىڭ جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسى غەربىي شىمال رايونى سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىيات تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى سۇ تەقسىملەش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ بېقىنقى مەزگىلدە ئىشقا ئاشىدىغان كۆلەمدە نىسبەتەن زور تەرەققىيات شارائىتىنى ھازىرلاپتۇ. شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقى مول، بۇ ھال شىنجاڭنى غەربىي قىسمىدىكى باشقا رايونلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە قىلغان. شىنجاڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى كېرەك. شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاشنى ئالدىنقى شەرت، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئۈنۈملۈك ئېچىپ پايدىلىنىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سۇچىلىق ۋە قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى، يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ، ئۇنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىشنى، ئېبىنۇر كۆلى، گەنجياخۇ كۆلىنى ئۈنۈۋېرسال تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەنە شەھەرلەردە كەلگۈسىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ بەردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە يىغىن ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىن يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزلەشتۈرۈپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا قانات يايدۇرۇلغان «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «غەربنى تېزگىنلەش، ئىككىدە ئۆلچەمگە يېتىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇەيبو ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش بويىچە «غەربنى تېزگىنلەش، ئىككىدە ئۆلچەمگە يېتىش» ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسەن ئورۇندالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## 3 — 5 - كۈنلىرى

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش تەلىپى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

## 4 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 64 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، ئۆزىگە قاراشلىق 48 مەمۇرىي ئورگاندىكى مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدىغان 869 تۈرنى ئېنىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 127 تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، 28 تۈرنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ يولغا قويۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىشنى، 191 تۈرنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلدى.

## 6 — 11 - كۈنلىرى

△ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ يۇجوڭ، خۇاڭ چاڭيۈەنلەر ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى.

## 8 — 15 - كۈنلىرى

△ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋاڭ خۇەيبو، ئاسانبېك تۇردىلار ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ليۇ يى، ئەركىن ئىمىر باقىلار ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى.

## 9 - كۈنى

△ش ئۇ ئا ر پارتكوم ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، دېموكراتىك كېڭىشىش يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ كادىرلار ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر مەسىلىلەرنى كۆپچىلىككە مەلۇم قىلدى، بۇ ھەقتە پىكىر ئالدى ۋە كېڭەشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا سۆز قىلدى.

## 11 - كۈنى

△ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلمىي جەھەتتىن دەلىللەش يىغىنى» ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭ بويىچە كېۋەزنى يۇقىرى زىچلىق، زور كۆلەمدە تېرىپ، مو بېشى ھوسۇلىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش بويىچە (ھەر گېكتاردىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنى 2250 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش) ئۇنىۋېرسال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 12 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى نۇر بەكرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجوڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

## 13 - كۈنى

△ئاپتونوم رايون 2 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كادىرلارنى ئۇزىتىش يىغىنى ئاچتى ھەمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 24 مۇنەۋۋەر كادىرنى تەقدىرلىدى. مەركەز 1997 - يىلدىن بۇيان 3 تۈركۈمدە 929 كادىرنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كادىرلار 11 ئۆلكە، شەھەر ۋە دۆلەتنىڭ 13

مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 247 كىشى. ئۇلار شىنجاڭدا 3 يىل خىزمەت قىلدى.

### 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئوبلاست باشلىقى (شەھەر باشلىقى) لىرى، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۆۋەنكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

### 16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

### 18 - كۈنى

△ دۆلەت پوچتا ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تېمىسىدىكى ماركىلىق كارتوچكا مەملىكەت بويىچە رەسمىي تارقىتىلدى. جەمئىي 10 ۋاراقلىق يۈرۈشلۈك بۇ كارتوچكىدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۇتۇقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### 19 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى.

### 20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 5 يولغا بۆلۈنۈپ ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنى سەمىمىي يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارغا بايراملىق سالام يوللاپ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى.

### 21 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» ئېلان قىلىندى.

△ 7 كارخانىنىڭ پاي قوشۇشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ بوغدا كۆلى ساياھەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ۋۇرۇسكا ئاستى، بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى ساياھەتچىلىك پاي شىركىتى.

### 22 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كوللېكتىپ پەتىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە ۋاڭ لېچۈەن رىياسەتچىلىك قىلدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك سۆزى قىلدى.

### 25 — 26 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقتىن ھال سورىدى.

## 2 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ شىنجاڭنىڭ قار ئاپىتىگە ئۇچراش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ ئاپەت رايونىدىكى ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىدىن سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

### 2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا: پەن قۇرۇلمىسىنى زور سالماق، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن تەڭشەپ، پەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش كېرەك دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

### 5 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «داھىيلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە» تېمىسىدىكى داھىيلار سۈرىتىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭدىن باشلاپ داھىيلار سۈرىتىنى «كەنت ۋە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

بۇ بىر يۈرۈش سۈرەت 4 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ بىر يۈرۈش سۈرەت بۇ قېتىم جەمئىي 120 مىڭ يۈرۈش باستۇرۇلدى. بۇ بىر يۈرۈش سۈرەتلەرنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باستۇرۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

خەلقىگە تەقدىم قىلدى.

## 6 - كۈنى

△ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان قىسمەن ئورۇنلار سۆھبەت يىغىنى سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: روھنى ئۇرغۇتۇپ، قۇرۇلۇشنى تەڭشەپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ زورىيىشى ۋە كۆچىيىشىنى پائال يولەپ، كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا باشلامچى بولۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## 7 — 8 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى؛ ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئاپپاراتلىرى رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

## 17 — 19 - كۈنلىرى

△ شىياڭگاڭلىق داڭلىق كارخانىچى لى جىياچېڭ باشچىلىقىدىكى «لى جىياچېڭ فوند جەمئىيىتى غەربىي قىسىمنىڭ مائارىپىنى پىلانلاش زىيارەت ئۆمىكى» شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

## 19 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىدىيۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، ئىدىيۋى سىياسىي خىزمەتتە ئىزچىل يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھۆكۈمەت سىستېمىسى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىدا تۇتۇپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش كېرەك.

△ تۇنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى 10 نادىر قاراۋۇل» تەقدىرلەندى.

## 20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈم، سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش» بويىچە ئىلىم - پەن مۇنبىرى پائالىيىتى باشلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شۈيېڭ ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى لى لىچېڭ قاتارلىق 3 مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىندا دوكلات بەردى.

## 21 — 22 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەركەز خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېما چۆرىدىلىپ، شىنجاڭ يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك تۆرلۈك مۇھىم خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 22 — 23 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىنغا قاتناشتى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى.

## 24 - كۈنى

△شىنجاڭ دېلوڭ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لىدىرى، شىنجاڭ تۇنخې (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى تاڭ ۋەنلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى، بۇ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغان تۇنجى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنىڭ خوجايىنىدۇر.

## 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: ساياھەتچىلىكنىڭ باغلىنىشلىق رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

## 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 20 يىل بولدى.

## 3 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ گوۋۇيۈەن تارىم دەرياسى ۋادىسى ئۇنىۋېرسال تۈزگىنىلەش لايىھەسىنى تەستىقلىدى. زۇڭلى جۇ رۇڭجى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم دەريا ۋادىسىدا سۇ بايلىقىنى ئېچىش ـ باشقۇرۇش ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: تارىم دەرياسىنى تۈزگىنىلەش — غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر زور ئەمەلىي قەدەم باسقۇچ. مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ھەقىقىي زورايتىپ، قوغداش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تارىم دەرياسى ۋادىسى ئۇنىۋېرسال تۈزگىنىلەش لايىھەسىنى 2005 ـ يىلغىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

△ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر ئامما تۇدا بىر نەچچە كۈن يەس ـ يەس بىلەن سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «فالۇن گۇڭ» بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ ئەكسىيەتچىل جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى، «فالۇن گۇڭ»نىڭ جىنايى ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى.

### 4 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كوللېكتىپ يەتلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

### 5 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بېيجىڭدا مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭدا تېخىمۇ زور تەرەققىيات بارلىققا كېلىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

### 6 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى»غا قاراپ چىقتى.

### 7 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بېيجىڭدا مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىل شىنجاڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدىغان مۇھىم مەزگىل دەپ كۆرسەتتى.

### 12 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر سوۋېت ـ ئېھتىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، سوۋېت نازارەتچىلىكى سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە ساختىلىققا زەربە بېرىشكە دائىر 10 چوڭ دېلونى مەلۇم قىلدى.

### 14 — 15 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 19 ـ كۈنى

△ لوپنۇر كۆلىدە كالىي تۇزىنى ئېچىش بىلەن تۇزكۆل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. لوپنۇر كۆلىدە كالىي تۇزى ساناۋەت زاپىسىنىڭ 100 مىليون توننا، كەلگۈسى زاپىسىنىڭ 250 مىليون توننا ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

### 25 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا: مۇشۇ يىلدا 300 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

### 27 ـ كۈنى

△ قوغداش نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھەممە مۇلۇك ھوقۇقى بىلەن سېتىۋېلىنغان ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالماي، بىۋاسىتە بازارغا سالسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

### 30 — 31 ـ كۈنلىرى

△ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزگىنىلەش خىزمىتى يىغىنى ئاقسۇدا ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۇ سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، تارىم دەرياسىنى تۈزگىنىلەشتىن ئىبارەت بۇنداق شەرەپلىك بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىپ، گۈزەل «ئانا دەريا»نى قايتا قۇرۇپ، خەلققە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش كېرەك.

## 4 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە

15 كادىرنى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلىققا ئوچۇق - ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

### 2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى 5 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0نى ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىشنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭنىڭ تىزىمغا ئېلىنغان نوپۇسى 19 مىليون 250 مىڭ، دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسى 18 مىليون 462 مىڭ 600.

### 4 - كۈنى

△ دۆلەت 2 مىليارد 290 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سالغان شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەسمىي تەستىقلىشى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ تۈر 2001 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

### 6 — 10 - كۈنلىرى

△ 2001 - يىللىق جۇڭگونىڭ شەرق - غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش، سودا يەرمەنكىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىمزالىغان توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 3 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ بىڭتۇەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىمزالىغان توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

### 7 - كۈنى

△ شىنجاڭ رەڭلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدىكى باشلامچى كارخانا — شىنجاڭ تيەنسەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «دۆلەت مەشئەل پىلانىدىكى نۇقتىلىق، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى، بۇ كارخانا شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى، تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسىدىن كېيىن مۇشۇنداق ئالاھىدە شەرەپكە ئىگە بولغان 3 - كارخانا بولۇپ قالدى.

### 9 — 13 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتيەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى تەكشۈردى. چى خاۋتيەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى تۆھپە يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

### 10 - كۈنى

△ جۇڭگو سوتچىلىك جەمئىيىتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى 2000 - يىلى قوتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى چارۋىچىلىق 1 - مەيدانىدىكى 246 يېتىلگەن ھولستېيىن ئىنىكىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.505 توننا سۈت بېرىدىغانلىقىنى، قايماق بېرىش نىسبىتىنىڭ 3.68% ئىكەنلىكىنى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

### 11 - كۈنى

△ 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىتلىك يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى قاراماينىڭ 69 - رايون نېفىتلىكىدە قۇرۇلۇشقا باشلىدى، بۇ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى كۈنىگە 35 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

### 12 - كۈنى

△ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ سابىق 1 - شۇجىسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ 88 يېشىدا ۋاپات بولدى.

### 14 — 15 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا: جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئىزچىل قوغداش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 19 — 20 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 20 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، «539» پاك - دىيانەتلىك بولۇش بويىچە مەخسۇس ھېساب تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

### 24 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» بويىچە ئۆگىنىش ۋە تەربىيە پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

### 25 - كۈنى

△ يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جەسەت كۆلى بېيجىڭدىن

شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۈرۈمچى قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

### 27 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت سۆزىدە: «ئۈچنى بېكىتىش» ۋە خادىملارنىڭ ئىش ئورنىنى بېكىتىش، تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

△ ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى ۋە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىگە ئۇل سېلىندى. شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بېيجىڭ يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 33 گېكتار، بۇ قۇرۇلۇشقا 550 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

### 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ياشلار بىرلەشمىسى «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 82 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە شىنجاڭ ياشلىرىدىن «4 - ماي» مېدالىغا ئېرىشكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

△ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 400 مىڭ توننىلىق كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنى رەتلەش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 5 - ئاي

### 9 - كۈنى

△ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاۋات ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە ئۈزۈن تالالىق پاختا ماكانى دەپ نام بەردى.

### 7 — 11 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2001 - يىللىق «بايلىق» يەر شارى مۇنبىرى پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتىدىكى ۋە سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كۆرۈشتى.

### 10 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت شياڭگاڭدا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «شىنجاڭ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش شارائىتىنى ھازىرلاپ بولدى» دەپ كۆرسەتتى.

### 11 — 12 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت 2001 - يىللىق شياڭگاڭ «بايلىق» يەر شارى مۇنبىرى پائالىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې خۇخۋانى يوقلىدى.

### 12 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى يول بويىدىكى توساق تام تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، نەق مەيداندىلا 12 ئادەم ئۆلدى، 30 نەچچە ئادەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلاندى.

### 14 - كۈنى

△ شاڭخەي ئاقسۇ بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 11 مىليون 855 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلماقچى، 20 تۈرگە ياردەم بەرمەكچى بولدى.

### 15 - كۈنى

△ بۇگۈنكى «يود كەملىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش كۈنى»دە يۈز نەچچە ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خادىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

### 15 — 18 - كۈنلىرى

△ 2001 - يىللىق 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 17 — 19 - كۈنلىرى

△ دانىيە، جۇڭگو غەربىي قىسىم ئىقتىساد - سودا مۇنبىرى پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 19 - كۈنى

△ ئۈرۈمچىدە كۆپ مىقداردا تاشقا ئايلانغان پالېئوزوئالار تېپىلدى.

### 19 — 20 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئاپتونوم

رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر قايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەر قايسى تەشكىلاتلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىدە يېڭى بىر سەھىپە يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك.

### 20 — 25 - كۈنلىرى

△ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شېنجېن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گاۋلى باشچىلىقىدىكى شېنجېن شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى.

### 21 - كۈنى

△ «خۇابياۋ مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن فىلىم «چىن قەلب» بۈگۈن تۇنجى قېتىم قويۇلدى. «چىن قەلب» نى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان، بۇ فىلىمدە دەۋرىمىز ئۆلگىسى ۋۇ دېڭيۈننىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ھەققىي تۈردە قايتا نامايان قىلىنغان.

### 22 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جىڭيىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

### 23 - كۈنى

△ غەربىي شىمال رايونى (شىنجاڭ) نىڭ سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تەتقىقات سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جىڭيىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

### 26 — 29 - كۈنلىرى

△ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى زېڭ يىنچۈەن باشچىلىقىدىكى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى غەربىي قىسمىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

### 28 - كۈنى

△ شياڭگاڭ ئەۋزەللىكى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 30 - كۈنى

△ گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ش ئۇ ئا ر شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى بۈگۈن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 31 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئوقتىلىق كۆمۈر كانلار ئۆز ئالدىغا ئېچىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كىچىك كۆمۈر كان تاقىۋېتىلدى. مۇشۇ چاققىچە شىنجاڭ تەۋەسىدە ئۆز ئالدىغا ئېچىۋالغان 30 كىچىك كۆمۈر كاننىڭ ھەممىسى تاقىۋېتىلدى.

## 6 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئوقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى — «ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى» شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

△ شىنجاڭ دېڭىز بوغىزى خەلقئارا ساياھەتچىلىك كوپىراتىپى يولغا قويغان شىنجاڭدىكى تۇنجى ساياھەتچىلىك ھەمكارلىق تورى قۇرۇلدى.

△ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3 - قۇرۇلۇش ئەترىتى باللار باغچىسى كوماندىسى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2001 - يىللىق باللارنىڭ ئاساسىي گىمناستىكا مۇسابىقىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### 4 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى دۆلەتنىڭ «973» تۈرىنىڭ تۈر ئالىمى، پروفېسسور پەن شاۋلاڭ 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلىرى پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 5 - كۈنى

△ شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا بوستانلىق، چۆللۈك كېڭىيىپ، ئوتلاق چېكىنىپ كەتكەن، سۈنئىي ئامىل مۇھىتنى ناچارلاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالغان.

### 6 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئالاقىدار ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلىشىپ ئاپتونوم رايوننىڭ تارىخ - تەزكىرە ساھەسىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش» سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

△ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى، پارنىك ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ كۆرگەزمىگە ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە ۋە جۇڭگو 1 - تراكتور زاۋۇتى قاتارلىق

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 170 داڭلىق كارخانا قاتناشتى.

## 7 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش نەزەرىيە تەتقىقات يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا سۆز قىلدى.

△ بىڭتۇەن تۇنجى قېتىم نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، تەكشۈرۈشتە بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 480 مىڭ ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى 290 مىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

## 8 — 16 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. خۇ جىنتاۋ تەكشۈرۈش داۋامىدا قايتا - قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، چوقۇم غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت بۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئۆزگىچە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئايانچ قىلىپ، بازارغا يۈزلىنىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، ئۆزگىچە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ھەقىقىي ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

## 12 - كۈنى

△ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى يەرلىك ئۇچۇش يولى بار كۇچا ئايرودرومىنىڭ يەرلىك ئۇچۇش يولى ئىشتىن قالدى. كۇچا ئايرودرومىدا نورمال قاتناش ئەسلىگە كەلدى.

## 17 — 18 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە دائىر ئاساسلىق ۋەزىپىلەرنى بېكىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

## 17 - كۈنى

△ شىنجاڭدا جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورى تۇتاشتۇرۇلدى.

## 20 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ ياپونلۇق دوست شياۋداۋ كائىيونىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. شياۋداۋ كائىيو يىغىندا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بەرگەن «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بويىچە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

## 21 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ۋېي جيەنشىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا دائىر نەتىجىلەر كۆرگەزمىسى شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، شىنجاڭدىن ئۈمىد زور دېدى.

## 23 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدىن شياڭگاڭغا بىۋاسىتە ئۇچىدىغان ھاۋا يولى ئاچتى، بۇ نۆۋەتچى ئايروپىلان ھەر شەنبە كۈنى بىر قېتىم ئۇچىدۇ.

## 24 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇرپاندا كۈنىگە 2500 توننا (ا - قارارلىق) تەييار سېمونت ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش تورىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ سېمونتچىلىق تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## 26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «26 - ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنىدە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

△ 18 قىسىملىق چوڭ تىپتىكى تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىم «كوممۇنىستىك پارتىيە شىنجاڭدا» تۇنجى قېتىم قويۇلدى.

## 27 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلەشتۈرۈلدى.

## 27 - كۈندىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە

△ 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك قۇملۇق ساھىل ۋالىبول سەييارە مۇسابىقىسى خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئالتۇن ساھىلدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ 1 - كوماندىسىدىن فۇ لىڭلى بىلەن لەن خۇڭ (خوشۇت بېكىتىدە) چېمپىيون بولدى.

### 28 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان چوڭ تىپتىكى رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئاپتونوم رايونلۇق كۆتۈرۈپخانىدا ئېچىلدى.

### 28 — 30 ـ كۈنلىرى

△ 2001 ـ يىللىق (شىنجاڭ) گۇيجۇ تاۋارلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ۋە تور يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە تورلۇق ئىقتىساد ـ سودا توختامىدىن 59ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد 942 مىليون يۈەن بولدى.

### 29 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 100 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

### 30 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خەلق سارىيىدا «ئاھ پارتىيە! سەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئانىسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

## 7 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر تېلېفونى ئورنىتىش ھەققى، كۆچمە تېلېفونىنى تورغا كىرگۈزۈش ھەققى، يېزا تېلېفونى ئورنىتىش ھەققى، ئابونېنتلارنىڭ ئارىلىق لىنىيىسىدىن تېلېفون ئورنىتىش ھەققى ۋە تېلېفوندا قوشۇپ ئېلىنىدىغان باشقا ھۆكۈمەت فوند تۈرلىرىنى بىكار قىلدى.

### 2 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئورۇنلار كادىر، ئاممىنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللىدى.

### 4 ـ كۈنى

△ مەملىكەت بويىچە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك ئاپالار بىرلەشمىسى رەئىسلىرى خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك ئاپالار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پېڭ پېييۈن يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

### 4 — 7 ـ كۈنلىرى

△ 2001 ـ يىللىق ئەنخۇي يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ۋە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە ھەرخىل تۈردىن 124ى ئىمزالاندى، توختام ئومۇمىي سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 3 مىليارد 340 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

### 5 ـ كۈنى

△ يەر شارىلىشىش بىلەن غەربىي قىسىم ئىقتىسادى ۋە كارخانا تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭ سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان.

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى پوستدوكتور پەن تەتقىقات خىزمىتى پونكىتىنىڭ ۋۇيۇسكىسى ئېسىلدى.

### 6 ـ كۈنى

△ «جۇڭگودىكى مەشھۇر رەساملارنىڭ شىنجاڭغا سەپىرى» يۇرۇشلۇك پائالىيىتى باشلاندى. جۇڭگودىكى 20 دىن ئارتۇق مەشھۇر رەسسام بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى.

△ ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا نازارەتچىلىك قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى (بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى ئىشخانىسى) قۇرۇلدى.

### 6 — 11 ـ كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ پېييۈن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

### 8 ـ كۈنى

△ مەملىكەت بويىچە نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ ئۆرۈك پىششىقلاش لىنىيىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلدى. شىنجاڭ تۈنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ئىتالىيىنىڭ ساشىبۇ شىركىتىدىن كۈنىگە 350 توننا يېڭى مېۋىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزدى. بۇ لىنىيە يىلىغا 30 مىڭ توننا يېڭى مېۋىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، 10 مىڭ توننا قويۇق مېۋە شەربىتى ئىشلىيەلەيدۇ. بۇ تۈرگە 98 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

△ تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە

مەھسۇلاتلىرىنى توردا سېتىش سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. بۇ شىنجاڭ ھەتتا مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى يولغا قويۇشتىكى بىر خىل ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتۇر.

## 11 ـ كۈنى

△ كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا پەنلىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق پەنلىرى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكا تېبابەتچىلىك پەنلىرى بويىچە پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى قۇرۇلدى.

## 13 ـ كۈنى

△ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئامما بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قىلغان ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

## 13 — 15 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 9 ـ (ئومۇمىي) كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «1 ـ ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

## 15 ـ كۈنى

△ تارىم نېفىتلىكىنىڭ 4 ـ تەكشۈرۈش شىركىتى پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۈلۈغچات ناھىيىسىدە كۈنىگە 135 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز چىقىدىغان گاز قۇدۇقىنى بۇرغىلىدى.

## 15 — 23 ـ كۈنلىرى

△ ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ فۇسېن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

## 18 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

## 19 ـ كۈنى

△ «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا چۈشىنەيلى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر تارىخىنى توغرا چۈشىنەيلى»، «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا چۈشىنەيلى» دىن ئىبارەت 3 كىتاب رەسمىي نەشر قىلىندى، بۇ «شىنجاڭدىكى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» (جەمئىي 10 كىتاب) ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار ئىچىدىكى 3 كىتاب.

## 20 ـ كۈندىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە

△ جۇڭگو مىيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دېڭ پۇفاڭ شىنجاڭنىڭ مىيىپلار خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

## 22 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى ـ شىئەن ـ تەنجىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى. بۇ لىنىيىنىڭ ھاۋادىكى مۇساپىسى 3232 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئايروپىلان پەيشەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنى بېرىپ كېلىدۇ.

## 24 ـ كۈنى

△ دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى پارتكوم ۋە ئىسىنىڭ شۇجىسى لى جىجيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

## 25 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 8 ـ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 26 ـ كۈنى

△ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ـ ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## 27 — 31 ـ كۈنلىرى

△ لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى بو شىلەي باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

△ شياڭگاڭ جۇڭخۇا تارىخى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## 28 — 29 ـ كۈنلىرى

△ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت رادىئو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۈ گۇاڭچۈن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

## 28 — 31 ـ كۈنلىرى

△ لياۋنىڭ (ئۈرۈمچى) تاۋارلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كېڭەشتە پۈتۈشۈلگەن تۈر سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 22 مىليارد يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە لياۋنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈشكەن تۈر سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 10 مىليارد 265 مىليون يۈەن.

## 30 ـ كۈنى

△ دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا دائىر زور، پەۋقۇلئاددە زور دېلودىن 7نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭدىكى توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئوغرىلىقچە ئورمان كېسىش دېلوسىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە.

### 31 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 100 ئىلغار ئورۇن ۋە 100 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

△ «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئارمىيە خەلق بىرلەشمە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي ئويۇننى كۆردى ھەمدە سۆز قىلدى.

△ مەملىكەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جوڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دېڭ پۇفاڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

## 8 - ئاي

### 2 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 485 مىڭ توننا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

△ ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

### 3 - كۈنى

△ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ئاخبارات باياناتچىسىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەملىكىتىمىزدە يەنە 18 ناھىيە (شەھەر) چەت ئەللىكلەر ئۆچۈن ئېچىۋېتىلگەن رايون قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن قابا، بۇرچىن، جېمىنەي، تولى، جىڭ، تېكەس، چاپچال، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى، شىخۇ شەھىرى، جىمسار، غۇلجا، مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت 13 ناھىيە، شەھەر بار.

### 5 - كۈنى

△ قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يې جىڭشىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا شەھەر قۇرۇلۇشى، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە پۇختىلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 7 — 9 - كۈنلىرى

△ غەربىي قىسىم پەن - تېخنىكا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇنبىرىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: غەربىي قىسىمنىڭ بايلىقىنى سەرخىل يول بىلەن تەقسىملەپ، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش، سىجىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، 2 ئاكادېمىيىنىڭ ئاكادېمىكلىرى غەربىي قىسىمدىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاكادېمىك جۇ گۇاڭجاۋ يىغىندا پەن - تېخنىكا دوكلاتى بەردى.

### 7 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ گۇاڭجاۋ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 8 — 11 - كۈنلىرى

△ 4 - نۆۋەتلىك جوڭگو غەربىي قىسىم (شىنجاڭ خۇالىڭ) خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېي لىجېن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسىدە تۈرلۈك توختام، كېلىشىمدىن 350 نەچچىسى ئىمزالاندى. توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 4 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### 9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچىدە دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لى جىنخۇا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

### 10 - كۈنى

△ توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى يۈز بەردى. 15 - كۈنىگىچە ماشىنىدىكى 42 ئادەمنىڭ 34ى قازا قىلدى، بىر ئادەم ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

### 11 - كۈنى

△ زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى تيەن فېڭشەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ دۆلەت - زېمىن بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى قوغداش خىزمىتى ھەققىدە ئورتاق كېڭەشتى.

### 13 - كۈنى

△ شىنجاڭ لۇمېكىس يېشىل كەسىپ چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورتاق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى ئورتاق ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى ئۆتكەلگە ھوجۇم قىلىش تۈرى —

جىنشياڭنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.

### 30 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

## 10 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىللە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە 4 ئوبلاست، 2 شەھەر ۋە 43 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە پارتكومنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش، سايلام خىزمىتى تاماملاندى.

### 2 — 10 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى كانادادا زىيارەتتە بولدى. زىيارەت جەريانىدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، تېخنىكا، مەبلەغ كىرگۈزۈش قاتارلىق 8 تۈردە كېلىشىمنامە ۋە مۇددىئانامە ئىمزالاندى.

### 10 ـ كۈنى

△ ج خ نازارىتى قاتارلىق 4 تارماق بىرلىشىپ مەخسۇس ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنلارنىڭ تەرتىپىنى رەتكە سالدى.

### 12 ـ كۈنى

△ مەملىكەت بويىچە قىزىلچا مەھسۇلات سىقدارىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان شىنجاڭ شېكەرچىلىكى زىيان تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك پايدا ئالىدىغان بولدى.

△ شىخو پىۋىسى قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت 4 دۆلەت بازىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگەندىن كېيىن، يەنە گېرمانىيە بازىرىغا كىردى.

### 13 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش باھاسىنىڭ قىممەت، كېسەل كۆرسىتىشنىڭ تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ياخشى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

### 13 — 14 ـ كۈنلىرى

△ 2001 ـ يىللىق جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، سودا، ھەمكارلىق مۇنبىرى يىغىنى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى.

### 15 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ ئەڭ يېڭى مەلۇماتىغا قارىغاندا شىنجاڭدا قەددىنى رۇسلىغان «مەملىكەت بويىچە ئەلا» لەر قاتارىغا كىرگەن باشلامچى كارخانا 10 غا يەتتى.

△ جۇڭگو شىنجاڭ ـ ئىسرائىلىيە يېزا ئىگىلىك سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

△ جۇڭگو ـ ئىسرائىلىيە قۇرغاق رايون يېزا ئىگىلىكىدە ئۈلگە كۆرسىتىش مەركىزى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىدە ۋۇجۇدقا ئاشتى.

△ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گورۇھى 13 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى تەكشۈرىدۇ، بۇ گورۇھ 5 يىلدا يېڭىدىن كۆپەيتىدىغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدىغان نېفىت گېئولوگىيە زاپىسىنى 500 مىليون توننىغا يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ.

### 17 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت جايلار، تارماقلاردىن تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك نىشاننى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

### 20 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — يىلىغا 200 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 300 مىڭ توننا ئورېيە ئىشلەپچىقىرىدىغان غەربىي جەنۇبىي تارىم خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

### 24 — 29 ـ كۈنلىرى

△ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 6 ـ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك

كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1- ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقىلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1- قېتىملىق يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان رەھبەرلەر نامزاتىنى تەستىقلاندى. يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جايەن، ۋاڭ جىنشياڭلار ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، خۇ جيايەن ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

31 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە تىللاردىكى پروگراممىلىرى ۋە سۈنئىي ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، سۈنئىي ھەمراھ مۇزىكا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرى پۈتۈنلەي توردا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلىتىلدى.

## 11 - ئاي

1 - كۈنى

△ شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە ئاساسىي ئورۇنلارنى 2 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بۇ قېتىمقى مەملىكەت بويىچە ئاساسىي ئورۇنلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى قىلىندى.

2 - كۈنى

△ خېرىدار چاقىرىش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى.

△ پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنى «پاكىز ئېنېرگىيە ھەرىكىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئۆلگە شەھەر» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، 5 يىلدا ئۈرۈمچىنىڭ يىللىق ھاۋا سۈپىتىنى دۆلەتنىڭ مۇھىت ھاۋا سۈپىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلگە شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن شەھەردىن يەنە بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق 17 شەھەر بار.

3 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو - كانادا كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى» ئۈرۈمچىدە باشلاندى. كانادانىڭ 35 كارخانىسىدىن كەلگەن كارخانىچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە جۇڭگودىكى 161 كارخانىنىڭ 198 كارخانىچىسى يەرمەنكىگە قاتناشتى.

7 - كۈنى

△ «ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۆز ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىندى.

8 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسى بويىچە جۇڭگو مۇخبىرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

△ ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت باغچىسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

13 — 16 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھىرى ۋە مەكىت ناھىيىسىدە يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

14 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش پروگراممىسى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

16 - كۈنى

△ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 1978 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى سىستېما قۇرۇلۇشىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 477 مىڭ گېكتار كۆپەيگەن.

16 — 20 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن باشچىلىقىدىكى ش ئۇ ئا ر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن قازاقىستاندا زىيارەتتە بولدى. ئىككى تەرەپ ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

17 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيىن

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي پەيتتە سۇ باشلاش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ پۈتكۈل ئېقىمى ئەسلىگە كېلىپ، تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 30 يىل بولغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. زۇڭلى جۇرۇڭجى بۇ دەريانى ماختاپ: بۇ بىر يېشىللىق ناخشىسى، بۇنى چوڭ ۋە ئالاھىدە كىتاب قىلىپ يېزىشقا ئەرزىيدۇ دېدى.

## 23 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا شىنجاڭ كوماندىسى 2 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئېلىپ، مەملىكەت بويىچە 46 كوماندىنىڭ ئىچىدە 26 - ئورۇندا تۇردى.

## 26 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا بازىسى قۇردى، بۇ بازىدىكى بالدۇر تېرىش، كەڭ كۆلەمدە تېرىش، بىرلىك ھوسۇل، ئومۇمىي ھوسۇل، ئېكسپورت مىقدارى، سورت يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش قاتارلىق 7 تۈردە مەملىكەت بويىچە ئەڭلەر قاتارىغا كىردى.

## 29 - كۈنى

△ ئاۋمېن تېلېۋىزىيىسى خەنزۇ تىلى ئىستانسىسى «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە بايرىمى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. تېلېۋىزىيە بايرىمىنىڭ ۋاقتى 16 كۈن بولۇپ، ھەر كۈنى كەچتىكى ئالتۇن ۋاقىتتا شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇشقا دائىر پروگراممىلار كۆرسىتىلدى.

# 12 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.8 كىلومېتىر، بۇنىڭغا خەلق پۇلى ھېسابىدا 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 2 - كۈنى

△ شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى تەرەققىي قىلىپ 6 مىليارد 663 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى مۈلكى، 7 چوڭ كەسپى، 19 مىڭ 396 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار خەلق باشقۇرۇشىدىكى چوڭ كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندى. «فوبوس» جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 50 چوڭ باينى رەتكە تۇرغۇزغاندا، سۇن گۇاڭشىن 2001 - يىل 9 - ئورۇندا تۇردى.

## 4 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

## 8 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ تىنچلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

## 14 - كۈنى

△ «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن»نىڭ ئۇيغۇرچىسى رەسمىي نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

△ 12 - نۆۋەتلىك «جۇڭگودىكى ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش»نى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ئوسمانىنىڭمۇ ئىسمى بار.

## 15 — 17 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئار پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا «ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى.

## 17 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىمىزدىن يەنە 20 مەھسۇلات 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى، 3 مەھسۇلاتنىڭ داڭلىق ماركا نامى بىكار قىلىندى. شىنجاڭ داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغاندىن بېرى، 101 كارخانىنىڭ 132 مەھسۇلاتى «شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## 18 - كۈنى

△ شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان «تەڭرىتاغ تورى» رەسمىي ئېچىلدى. «تەڭرىتاغ تورى»نىڭ رايون نامى WWW. tianshannet. com. cn بولۇپ، 11 قانال تەسىس قىلىنغان.

△ ئۈرۈمچى سىمسىز شەھەر تېلېفونى «كىچىك زېرەك» سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 19 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ۋالىيلار، ئوبلاست باشلىقلىرى، شەھەر باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى.

△ 2001 - يىلى شىنجاڭدا ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 330 يۈەن كۆپەيدى، ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا بۇ قېتىم مائاش ئەڭ كۆپ قوشۇلدى.

## 21 - كۈنى

△ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى غەربىي قىسىم يېڭى رايوننى تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

△ ئاپتونوم رايوندىكى 27 سودا ئوبوروت كارخانىسى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 23 - كۈنى

△ بىر يىل نورمال قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

## 26 - كۈنى

△ شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «نەشپۈت پايچېكى» شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا بازارغا سېلىندى. بۇ شىنجاڭدىكى بازارغا سېلىنغان 21 - پايچېكى بولۇپ قالدى.

△ ئاپتونوم رايوندىكى تۇنجى پاي تۈزۈمىدىكى يۇمشاق دېتال كارخانىسى شىنجاڭ جىنتەي يۇمشاق دېتال پاي چەكلىك شىركىتى دۇنياغا كەلدى

## 28 - كۈنى

△ خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

△ خوتەن تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، 25 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن 2سى ئورنىتىلىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى بىر يىل.

## 30 - كۈنى

△ ئالاتاۋ پورتىنىڭ يۈك ئۆتكۈزۈش مىقدارى 5 مىليون توننىدىن ئاشتى.

## 31 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىدە بىلىم كىرگۈزۈش تۈرى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى

(2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار (تۆۋەندە كارخانا دېيىلىدۇ) ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا تەدبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزام ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، پەن تەتقىقات تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە تەدبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزام شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئاھالىسى ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغىمۇ تەدبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەر ئىختىيارىي ھالدا بىرلەشكەن ئاممىۋى تەشكىلات، ئۇ ئەزالار ۋە ئەمگەكچىلەر مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**4 - ماددا** كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەر «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە «جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

**5 - ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى:

(1) ئەمگەكچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى، ئەمگەك ھوقۇقى، ئەمگەك ھەققى ئېلىش ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش؛

(2) شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈشكە قاتنىشىش؛

(3) شۇ كارخانىدىكى قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش؛

(4) كارخانىنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ۋە بىخەتەرلىك - تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىغا قانۇن بويىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى:

(1) كارخانىنىڭ قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشىغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىش، كارخانا تەرەققىياتى ئۈستىدە ئورتاق باش قاتۇرۇش؛

(2) ئەمگەكچىلەرگە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، كارخانىنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك توختامىنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، ئەمگەكچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش - خىزمەت ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلىش؛

(3) ئەمگەك مۇسابىقىسى، مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى پائالىيەتلىرىنى

ئۆيۈشتۇرۇش؛

(4) ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كارخانىنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشىلىشىغا ھەمكارلىشىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ۋە جىسمانىي، مەنىۋى سالامەتلىكنى پايدىلىق مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش؛

(5) كارخانىنىڭ ئەمگەكچىلەرگە مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا تەربىيىسى بېرىپ تېخنىكا ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ھەمكارلىشىش.

**6 ـ ماددا** كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى كېرەك. كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە، قوشۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**7 ـ ماددا** كارخانا تىجارەت باشلاپ ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ 6 ئاي ئىچىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇشىنى قوللىشى، بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى لازىم. كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىن قانۇن بويىچە قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىرىنىڭ رەئىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل بولىدۇ. كارخانا قانۇن بويىچە ئىشتىن توختىتىلغاندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**8 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 25 تىن ئاشقان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇشى كېرەك، 25 كە يەتمىگەنلىرىدە بىر نەپەر تەشكىلاتچى سايلانسا، ئۇ ئەزالارنى پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رايون ياكى ساھە بويىچە بىرلەشمە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى قۇرىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرغان كارخانا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە رەئىس قويۇشى كېرەك، ئېھتىياجغا قاراپ مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خىزمەتچى قويسىمۇ بولىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى جۇڭگو يۇقىراسى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ كارخانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل بىلەن بىۋاسىتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ياكى تەشكىلاتچى بولسا بولمايدۇ.

**10 ـ ماددا** ئايال ئەمگەكچىسى 25 تىن ئاشقان كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال ئىشچىلار كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال مەسئۇلى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. 25كە يەتمىگەنلىرى بىر نەپەر ئايال ئەزا قويۇپ، ئايال ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

**11 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى، ئەزالىرى، ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئەزالىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

**12 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە قانۇن بويىچە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتنىڭ دەخلىسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەمگەكچىلەر قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچرىغانلىقتىن قانۇن بويىچە مۇراجىئەت قىلىشنى، كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا ياكى دەۋا قىلغاندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

**13 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەرگە ۋاكالىتەن، كارخانا خوجايىنى بىلەن باراۋەر ئاساستا مەسلىھەتلىشىش ـ سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىدۇ. قانۇن بويىچە كوللېكتىپ توختام تۈزۈشىدۇ. كوللېكتىپ توختام لايىھىسىنى ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى ئەمگەكچىلەر ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇش كېرەك.

**14 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ كارخانا بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈشىگە ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. كارخانا ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزمىسە ياكى ئەمگەك توختامىدا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلسا شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنى ئەمگەك توختامى تۈزۈشكە مەجبۇرلىسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ تۈزەتمىگەنلىرىگە تۈزەتكۈزۈشنى ئالاقىدار تارماققا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

كارخانا ئەمگەك توختامىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى، بىكار قىلماقچى ياكى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئاۋۋال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پىكىر ئېلىشى لازىم، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇۋاپىق كۆرمىسە، كارخانىدىن تۈزىتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** كارخانا ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى

تەڭشەش، مۇكاپات پۇلى بېرىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى تەدبىرى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىسى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى لايىھىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەمگەكچىلەر ۋەكىلىگە سىرتتىن قاتنىشىشنى ئۇقتۇرۇشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

16 ـ ماددا كارخانا ئەمگەكچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش ياكى ئۇلارغا چارە كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پىكىر ئېلىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنماپتۇ دەپ قارىسا، كارخانىدىن قايتا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كېيىن قىلىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىشى ياكى دەۋا قىلىشىغا ياردەم، مەدەت بەرسىمۇ بولىدۇ.

17 ـ ماددا كارخانا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالاقىدار تارماقتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق:

(1) ئەمگەكچىلەردىن قانۇنسىز ھالدا كاپالەت پۇلى، تەۋەككۈل پۇلى، رەنە پۇلى، تەربىيىلەش ھەققى ئېلىش ياكى ئەمگەكچىلەرنى پاي قوشۇشقا مەجبۇرلاش؛

(2) ئەمگەكچىلەرنىڭ كىملىكى، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى ياكى كۆچكە ئىگە باشقا گۇۋاھنامىسىنى تۇتۇپ قېلىش؛

(3) ئەمگەكچىلەر ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ياكى ماقۇللۇقىنى ئالغان بولسىمۇ، قانۇن بويىچە بېرىلىدىغان ھەققىنى بەرمەسلىك؛

(4) ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشى ياكى مۇكاپات پۇلىنى قىسىپ قېلىش؛

(5) ئەمگەكچىلەردىن تۇتۇپ قېلىنغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كەم تاپشۇرۇش، تاپشۇرماسلىق ياكى تۇتۇپ قېلىش؛

(6) ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆي فوندى ياكى باشقا پاراۋانلىق پۇللىرىنى ئىشلىتىۋېلىش، يوتتۇۋېلىش ياكى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش؛

(7) ئىشلەپچىقىرىش سورۇنىدا ھادىسە خەۋپى ئېنىق بولۇپ، تالاپەت كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولسىمۇ، ئەمگەكچىلەرنى مەشغۇلات قىلىشقا زورلاش؛

(8) ئەمگەكچىلەرنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىشتىن بوشىتىش، ئۇلارغا چارە كۆرۈش؛

(9) ئەمگەكچىلەرنىڭ بېشىنى ئاختۇرۇش، ئۇلارنى سولاپ قويۇش، ھاقارەتلەش، ئۇرۇش ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىش؛

(10) قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان باشقا قىلمىشلار.

18 ـ ماددا كارخانا قۇرغان ئەمگەك ماجىرا مۇرەسسە ھەيئىتى ئەمگەكچىلەر ۋەكىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى، كارخانا مەمۇرىيىتى ۋەكىلىدىن تەركىب تاپىدۇ. مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى ئۈستىگە ئالىدۇ.

19 ـ ماددا كارخانا ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشمىغان ئەمگەكچىلەرنى خالىغانچە قىسقارتىۋەتسە بولمايدۇ. كارخانا ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىپ تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە ياكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ ئادەم قىسقارتىشقا توغرا كەلسە، 30 كۈن بۇرۇن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ياكى بارلىق ئەمگەكچىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەمگەكچىلەردىن پىكىر ئېلىشى كېرەك.

20 ـ ماددا كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ كارخانىدا كۆرۈلگەن تالاپەتنى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، سالامەتلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشقا ھەمدە ئۇنى كارخانا بىلەن بىرلىكتە ۋە ئالاقىدار تارماققا ھەمكارلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

21 ـ ماددا كارخانىدا ئىش توختاش، قاشاڭلىق قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەھۋالنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كۆرۈلگەن مەسىلىنى ئالاقىدار تارماق بىلەن بىرلىكتە كارخانا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشى، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

22 ـ ماددا كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا زۆرۈر خىزمەت شارائىتى ۋە پائالىيەت سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

23 ـ ماددا كارخانا شۇ كارخانىنىڭ بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى ئايلىق ئومۇمىي مائاش سوممىسىنىڭ %2ى بويىچە شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك. ئومۇمىي مائاش سوممىسى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ، ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە خىراجىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋېلىشى ياكى ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قوشۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بۆلۈۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى بۆلۈۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ياكى تارقىتىۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

**25 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا پائالىيەتكە تەشكىللىشى لازىم، ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىنى ئىگىلەشكە توغرا كەلسە، ئاۋۋال كارخانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. قاتناشقۇچىلارنىڭ مائاشى، مۇكاپات پۇلى ۋە ياردەم پۇلىنى كارخانا تولۇق بېرىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشتىن ئايرىلمايدىغان رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى، ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىنى ئىگىلەشكە توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال كارخانىغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر ئايدا ئىگىلىگەن ۋاقتى ئومۇمەن 2 ئىش كۈنىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ مائاشى، مۇكاپات پۇلى ۋە تۈرلۈك پاراۋانلىق، ياردەم پۇللىرى تولۇق بېرىلىدۇ.

**26 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس ياكى قوشۇمچە رەئىسىنىڭ مائاشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. مائاشى شۇ كارخانىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ مائاش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

**27 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدىغان مۇدىرىيەت يىغىنى ياكى زاۋۇت باشلىقلىرى (دىرېكتورلار) يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەكلىپى ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

كارخانا نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى قاتنىشىشى كېرەك.

**28 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە تەشكىلاتچىسىنىڭ خىزمىتىنى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە ئورۇنسىز سەۋەب بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسىنىڭ ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشسىمۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشمىغان بولسا، ئەمگەك توختامى مۇددىتى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقانغا قەدەر ئۇزارتىلىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالغاندىن كېيىن، كارخانا ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان خادىمغا چارە كۆرمەكچى، ئۇنى ئىشتىن بوشاتماقچى بولغاندا، تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى بولغان خادىمغا چارە كۆرمەكچى بولغاندا، بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**30 ـ ماددا** كارخانا شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى توغرا ئادا قىلماي، كارخانا ياكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتتى، دەپ قارىسا، كارخانا ياكى ئەمگەكچىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىشقا ۋە پىكىر بېرىشكە ھوقۇقلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**31 ـ ماددا** كارخانا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ياكى ئەمگەكچىلەر ئالاقىدار تارماققا ئەرز قىلىشقا ياكى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق:

(1) ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ئەمگەكچىلەرنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش؛

(2) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، تارقىتىۋېتىش، قوشۇۋېتىش؛

(3) يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا قىلغان ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىش؛

(4) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى (قۇرۇلتىيى)

يىغىنى ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە كاشىلا سېلىش؛

(5) ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا بولغان خىراجەت ۋە مال - مۈلۈكنى ئىشلىتىۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۆز مەيلىچە يۆتكەش؛

(6) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىدىن ئۆچ ئېلىش؛

(7) ئەمگەككە دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ تۈزەتمەسلىك؛

(8) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**32 - ماددا** كارخانا مۇشۇ نىزامنىڭ 23 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بەرمىسە، كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بېرىم بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**33 - ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىدىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، ئەمگەكچىلەر ياكى كارخانىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپى بېرىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**34 - ماددا** بۇ نىزام 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» (تۆۋەندە «ئورمان قانۇنى» دېيىلىدۇ)، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» (تۆۋەندە «ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» دېيىلىدۇ) ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئورمان، دەل - دەرەخ يېتىشتۈرۈش، تىكىش، كېسىش - پايدىلىنىش ۋە ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىنى باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بۇ چارىگە رىئايە قىلىش شەرت.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئورمان تاغ ئورمىنى، تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى ۋە تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورمان يېرى باراقسانلىق دەرىجىسى 0.2 دىن يۇقىرى بولغان غوللۇق دەرەخلىق، چاتقاللىق، شالاڭ ئورمانلىق، ئورمىنى كېسىلگەن يەر، ئورمىنى كۆيۈپ كەتكەن يەر، يېتىلمىگەن ئورمانلىق، كۆچەتزارلىق، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئورمان يېتىلىش شارائىتى بار تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىدىكى بوش يەر، تاغ ئورمىنىدىكى 20 گېكتار ئىچىدىكى بوش يەر، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىغان ئورمانغا باب باشقا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن ھەمدە ھەر يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى مۇناسىپ كۆپەيتىپ، ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورماننى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئورمان بايلىقىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايون ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە يىللىق ۋە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى مەسئۇلىيەت نىشانىنى تۈزۈپ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك. بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى

نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈشى ھەمدە مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىغا قاراپ، مۇكاپاتلىشى ۋە جازالىشى كېرەك.

ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسئۇلىيەت نىشانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا، شۇ رايوندىكى ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئېشىشىغا، ئورمان كۆلىمىنى ئازايتماسلىققا، ئورمانلىقتىكى كۆكلەۋاتقان دەل - دەرەخ زاپىسىنىڭ يىلمۇ يىل كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرت.

ئاپتونوم رايون، ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) قارىمىقىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئورمان يېتىشتۈرۈش يىرىك پىلانى ۋە پىلانى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىش يىرىك پىلانى ۋە پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئۆز رايونىنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى رايوننىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق ئورمانچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە يېزىدىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئورمانچىلىق ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

**7 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ دۆلەت ئورمان رايونىدىكى ئورمان بايلىقى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى قانۇننى ئۆز ئالدىغا قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۆزى تۇرغان ئورمان رايونىدىكى ئورمان بايلىقىنى قوغداش، بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئاپتونوم رايون، ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) قارىمىقىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق كارخانىلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئورمان قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورمان رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرۇشى ھەمدە ئورمان يېتىشتۈرۈش، دائىرىلەپ ئورمان يېتىلدۈرۈش يىرىك پىلانى، شۇنىڭدەك باشقا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەڭگە ئالدۇرۇشى، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى (تۆۋەندە بىڭتۈەن دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئورمانغا دائىر قانۇن، نىزاملار ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، پايدىلىنىش ھوقۇقى بىڭتۈەنگە بېرىلگەن يەر دائىرىسىدىكى ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**9 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە تىزىملاپ، روھسەتكە ئېلىپ، ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېرىشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** ئورمان جامائەت ئورمىنى، تاۋار ئورمىنى دەپ ئايرىپ باشقۇرۇلىدۇ. جامائەت ئورمىنى ئىھاتە ئورمىنى ۋە ئالاھىدە ئورماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تاۋار ئورمىنى ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان ۋە يېقىلغۇ ئورمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جامائەت ئورمىنى، تاۋار ئورمىنىنىڭ دائىرىسىنى ئايرىشقا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** جامائەت ئورمىنىدا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئورماننىڭ ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە تولۇقلىما بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورماننىڭ ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە تولۇقلىما بېرىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىدۇ.

تاۋار ئورمىنىدا باشقۇرغۇچىلارنىڭ سېلىنمىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەبلەغ، تېخنىكا، ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت بېرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**12 ـ ماددا** قاپلىنىش دەرىجىسى %30كە يەتكەن چاتقاللىقنى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ؛ چاتقالنىڭ قاپلاش دەرىجىسى %30كە يەتمىگەن يەرلەردىن ئەسلىدە ئورمانچىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىرى ئورمانچىلىقتا داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەسلىدە چارۋىچىلىقتا

ئىشلىتىلگەنلىرى چارۋىچىلىقتا داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ.

چاتقالنىڭ قاپلاش دەرىجىسىنى قەتئىي تۈردە دۆلەت بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە دائىرە بويىچە ھېسابلاش كېرەك.

**13 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە چارۋا بېقىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئورمان يېرىگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىش گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. ئورمان يېتىشتۈرۈش ۋە دائىرىلەپ ئورمان يېتىلدۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ چارۋىچىلارنىڭ چارۋا بېقىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىشنى چەكلىشىگە ياكى چارۋىچىلاردىن ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىشتا «ئورمان قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئەمەل قىلىش شەرت. ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى يىرىك پىلان بويىچە ئورمان يېتىشتۈرمەكچى بولغاندا، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورمان يېرىدە چارۋا باقىدىغان چارۋىچىلارغا ئوتلاق تەڭشەپ بېرىشى لازىم.

**14 - ماددا** ئوتلاق گۇۋاھنامىسى بىلەن ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تەكرار بېرىلگەنلىكتىن، ئورمان يېرى ھوقۇق تەۋەلىكى بىلەن ئوتلاقتىن پايدىلىنىش جەھەتتە تالاش - تارتىش كۆرۈلسە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكرار گۇۋاھنامە بەرگەنلىكتىن تالاش - تارتىش كۆرۈلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**15 - ماددا** قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش، ئېچىش ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلاردا ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ياكى ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىش كېرەك. ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ۋە ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ ئورمان يېرىنى باشقۇرغۇچى مەسئۇل تارماققا ئىلتىماس قىلىش ھەمدە ئورمان ۋە يەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئۆتەش لازىم.

**16 - ماددا** ئورمان يېرىنى ئەستىق بىلەن ئىگىلىگەن ياكى ئېلىپ ئىشلەتكەن ئورۇنلار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا يېپىنچا مەسئۇل تارمىقىغا يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تاپشۇرۇشى. ئىگىلىۋېلىنغان ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى ئىشلەتكۈچىسىگە ئورمان يېرى تولۇقلىما ھەققى، دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىشى كېرەك.

يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باھا مەسئۇل تارمىقى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ. ئورمان يېرى تولۇقلىما ھەققى، دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

ئورمانچىلىقتا بىۋاسىتە مۇلازىملىق قىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئورمان باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئورمان يېرى دائىرىسىدە باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ، ئورمان يېرىنى ئورمانچىلىقتىن باشقا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشتە، مۇشۇ چارىنىڭ 15 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىق رەسمىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.

**17 - ماددا** توك سىمى، خەۋەرلىشىش سىمى، فونىكولىيور سىمى تارتقاندا ۋە تۇرۇبا ئورناتقاندا، يول ياسىغاندا (كېڭەيتىپ ياسىغاندا) دەل - دەرەختىن چەتنىتىش كېرەك. چەتنەتكىلى بولماي، پۈتۈن ئورمان بەلۋېغى ياكى دەل - دەرەخنى كېسىۋېتىشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئاۋۋال ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) لەرنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى، دەل - دەرەخنى تارىلاپ كېسىۋېتىشكە توغرا كەلسە، ناھىيە (شەھەر) لىك ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى، تەستىقلاتقاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە كېسىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كېسىشى ھەمدە دەل - دەرەخ ئىگىسىگە ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىشى كېرەك.

ئورمان يېرىنى ۋاقىتلىق ئىگىلەشكە توغرا كەلسە، ئورمان يېرىنى ۋاقىتلىق ئىگىلەيدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئورمان يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن ۋاقىتلىق ئىشلىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشى ھەمدە ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلىغان بولۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا يېپىنچا

ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تۆلىشى كېرەك. دەل - دەرەخ كېسىشكە توغرا كەلسە، قانۇن بويىچە كېسىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەندىن باشقا، ئىگىلىگەن ئورمان يېرى ئىگىسىگە ياكى باشقۇرغۇچىسىغا دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى بېرىشى كېرەك.

**18 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يىرىك پىلان تۈزۈپ، تاغ ئورمىنىنى يېتىلدۈرۈش يېرى، يۇمران ئورمان يېرى، تەجرىبە ئورمان يېرى، تۇزلەڭلىك تەبىئىي ئورمان يېرى ۋە دائىرىلەپ ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان باشقا تاغلىق، قۇملۇقلاردا دائىرىلەپ ئورمان بەرپا قىلىشى، دائىرىلەش رايونى ۋە دائىرىلەش قەرەلىنى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان چىقىرىشى لازىم.

دائىرىلەش قەرەلىدە مال بېقىش، ئوتۇن كېسىش، دورا كولاش، يۇمران كۆچەتلەرنى ئاسان بۇزىدىغان ماشىنا - سايمانلار بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش ۋە ئورماننىڭ تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسىز باشقا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ. دائىرىلەش قەرەلى توشقاندا، دائىرىلەشنى ۋاقتىدا بىكار قىلىش ھەمدە ئېلان چىقىرىش كېرەك.

**19 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىنى قوغداش رايونى قىلىپ ئايرىپ نۇقتىلىق قوغدىشى، كېسىشنى قاتتىق مەنئى قىلىشى كېرەك. يېتىلدۈرۈش، يېڭىلاش خاراكتېرىدىكى كېسىش بۇنىڭ سىرتىدا.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋادا يىرىك پىلانى، سۇ بايلىقىنى ئېچىپ ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش يىرىك پىلانى تۈزگەن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈمۈپرسال رايونغا ئايرىغان ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قىلغاندا، تۇزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىغا، سۇنئىي ئورمانغا كېرەكلىك سۇنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئەسلىگە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**20 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان ئوت مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ئورمان ئوت مۇداپىئە تەشكىلاتىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوت مۇداپىئە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورمان ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ئورمان بايلىقى كۆپرەك جايلاشقان يەردىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئوت ئەھۋالىنى كۆزىتىش - سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى ھەمدە ئوت خەۋپى بار رايونلارنىڭ ئايرىلىشىغا قاراپ، شۇ جاينىڭ ئورمان ئوت مۇداپىئە مەزگىلىنى بېكىتىشى ۋە ئورمان ئوت مۇداپىئەسى بويىچە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان رايوننى ئايرىشى، ئوت خەۋپى دەرىجىسىدىن قەرەللىك مەلۇمات بېرىشى كېرەك.

**21 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئورماندىكى كېسەل ۋە ھاشارات ئاپىتىنى كۆزىتىش، مەلۇمات بېرىش ۋە ئورمان كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئورماندا كېسەل ۋە ھاشارات ئاپىتى يامراپ كەتكەندە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ تۈگىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئورماندىكى كېسەل ۋە ھاشارات ئاپىتى يۇقۇم رايونىدا ئورمان كارانتىن پونكىتى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ.

**22 - ماددا** ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ساياھەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ياكى ئورمان باغچىسى قۇرۇشتا، دۆلەت بەلگىلىگەن شەرتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھەمدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

ئورمان ساياھەت تۈرىنى ئېچىش ياكى ئورمان باغچىسى قۇرۇشتا، مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ ۋە ئورمان باغچىسى ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ، ئۇنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاپ، مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەرت، ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان مەنزىرىسىنى بۇزۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**23 - ماددا** يانتۇلۇقى 25 C تىن ئاشىدىغان يەرگە كۆچەت تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش كېرەك، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن، يانتۇلۇقى 25 C تىن ئاشىدىغان يەرنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تېرىقچىلىقتىن بوشىتىپ، دەل - دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىشقا قانۇن بويىچە سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك. بوراندىن يېمىرىلىش، قۇملىشىش، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولغان تېرىلغۇ يەر، چارۋا باقىدىغان ئوتلاق شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، تېرىقچىلىقتىن پەيدىنپەي بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا، ئوت - چۆپ تېرىشقا ئىشلىتىلىشى ياكى ئۇ يەردە چارۋا بېقىشقا يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلغان، ئوت - چۆپ تېرىغان ياكى چارۋا باقتۇرمىغان جايلارغا ھەر دەرىجىلىك

خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە يار - يۆلەك بولۇپ، ئامىمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئېكولوگىيىلىك ئورمان بەرپا قىلغانلاردىن يەر ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلار دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، يەر ئىشلىتىش (ھۆددە ئېلىش) مۇددىتى، سۇ، توك ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**24 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش يېرىك پىلانىنى تۈزۈپ، تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنى كۆلىمىنى تەدرىجىي ھالدا شۇ جاينىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %30تىدىن ئاشۇرۇشى؛ ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمىنى سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %6تىدىن ئاشۇرۇشى؛ يېڭى ئېچىلغان يەردىكى ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمىنى %10 تىن ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئورمان بەرپا قىلىشتا تېخنىكا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاسان ئۆستۈرىدىغان دەرەخ تۈرلىرىنى ۋە ئىلغار تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، دەل - دەرەخنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىللىق ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى، تىكىلگەن دەل - دەرەخنىڭ تۇتۇش نىسبىتى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتمىسە، ئۇنى شۇ يىللىق ئورمان بەرپا قىلىش كۆلىمىگە كىرگۈزمەسلىكى كېرەك.

**25 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى ھۆددە ئېلىش، ئىجارە ئېلىش، سېتىۋېلىش، شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش شەكىللىرى ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىدىكى ئورمانغا باپ يەردە ئورمان بەرپا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك، دەل - دەرەختىن كەم تىكمە، شۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. تاشقى مەبلەغ ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغدىن پايدىلىنىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**26 - ماددا** يېزا ئاھالىسى ئۆي ئەتراپىدا ئورمان بەرپا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆي ئەتراپىغا تىككەن دەل - دەرىخى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، توشۇش، سېتىشتا تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھاجەتسىز.

**27 - ماددا** پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئورمانغا باپ قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس يانتۇلۇق ۋە قاقاس ساھىللاردا قانۇن بويىچە ئورمان بەرپا قىلسا، يەرلىك باج ئېلىنمايدۇ. يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن بولسا، سېتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ. ھۆددە ئېلىپ، سېتىۋېلىپ ئېرىشكەن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى 50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە قانۇن بويىچە ۋارىسلىق قىلىشقا، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، باھا قويۇپ پاي قىلىپ قوشۇشقا، قەرەللى توشقاندىن كېيىن ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن، ئۇنىڭدىن مەلۇم نىسبەتتىكى يەرنى ئاجرىتىپ باشقا تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلىدۇ، ئەمما بۇ كۆلەم كۆپ بولغاندىمۇ %30تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن يەردە ئىككى يىلغىچە ئورمان بەرپا قىلمىغانلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى شۇ ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى باشقۇرغۇچى تارماق قانۇن بويىچە قايتۇرۇۋالىدۇ.

**28 - ماددا** ئورمان رايونىدا ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى قىلىش ۋە پىششىقلاشتا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئەستىقلىتىپ، ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى قىلىش ۋە پىششىقلاش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ھەمدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىش شەرت.

ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى قىلىدىغان، پىششىقلايدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنلۇق مەنبە ئىسپاتى بولمىغان ياغاچ ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**29 - ماددا** ئورمان رايونىدىن ياغاچ ماتېرىيال توشۇشتا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بەرگەن ياغاچ ماتېرىيال توشۇش گۇۋاھنامىسى بولۇشى شەرت.

تىجارەت قىلىش ۋە پىششىقلاش ئىجازەتنامىسى ۋە توشۇش گۇۋاھنامىسى بېرىپ باشقۇرۇلىدىغان ياغاچ ماتېرىيال تۈرى تىزىملىكىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بېكىتىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ.

**30 - ماددا** ئورمانچىلىق جەھەتتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ياغاچ ماتېرىيال مەيدانىغا كىرىپ، ياغاچ ماتېرىيالنىڭ مەنبەسىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرسە بولىدۇ.

**31 - ماددا** بۇ چاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغانلارغا «ئورمان قانۇنى» ۋە «ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» دىكى

بەلگىسىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**32 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنلۇق مەنبە ئىسپاتى بولمىغان ياغاچ ماتېرىيالىنى سېتىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار ئىسپاتلارنى سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تاپشۇرمىسا، سېتىۋالغان ياغاچ ماتېرىيالىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە كەمىلىي قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**33 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەستىقلاتماي تۇرۇپ، ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىپ سايامەت پائالىيىتىنى يولغا قويغان ياكى ئورمان باغچىسى قۇرغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىپ، سۈرۈك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، ياكى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى شۇ ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى باشقۇرغۇچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، كېتەرلىك خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ. ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنى نابۇت قىلغانلارغا «ئورمان قانۇنى»نىڭ 44 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**34 ـ ماددا** دەل ـ دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كەلسە ـ كەلمەس كەسكەن ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ، يەر ئاچقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك ھەمدە ئوغرىلىقچە، كەلسە ـ كەلمەس كەسكەن ياغاچ ماتېرىيالىنى ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ يەر ئېچىشتا ئىشلەتكەن ترانسپورت قورالى ھەم ماشىنا ـ سامانلارنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىشتەك مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىشتا ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالغانلىق ئۇقتۇرۇشى بېرىش ھەمدە ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالغان ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى ئوبدان ساقلاش كېرەك. ئالاقىدارلار بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، سۈرۈك توشۇپ 30 كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلمىسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىنغان ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. دەل ـ دەرەخنى ئوغرىلىقچە، كەلسە ـ كەلمەس كېسىپ ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ يەر ئېچىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**35 ـ ماددا** ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، قىلمىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

(1) دەل ـ دەرەخ كېسىش ئىجازەتنامىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ بېرىش، ياكى ئۆزىگە قاراشلىق ئورمان تىجارىتى ئورۇنلىرىنىڭ دەل ـ دەرەخنى كەلسە ـ كەلمەس كېسىشىگە يول قويۇش، چاپان يېپىش، سۈكۈت قىلىش؛

(2) بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن تۈرلۈك ئىلتىماسلارنى قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ ئارقىغا سوزۇپ، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بېجىرمەسلىك؛

(3) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتىگە قاتنىشىش؛

(4) ئورمان يېرىنى ئىگىلەشكە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ماقۇل بولۇش؛

(5) خىزمەتتىكى مەسئۇل بولماي، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئورمان ئوت ئاپىتى ۋە كېسەل، ھاشارات ئاپىتىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇش؛

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**36 ـ ماددا** ئوغرىلىقچە كېسىلگەن، كەلسە ـ كەلمەس كېسىلگەن، نابۇت قىلىنغان دەل ـ دەرەخنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاشتا، غوللۇق دەرەخنىڭ باھاسى بارلىرى شۇ باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ. باھاسى يوقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ جايدىكى ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ بازار باھاسىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ چاتقال ۋە ئىقتىسادىي ئورماننىڭ باھاسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ئومۇمىي جەريانىدىكى قايتا قويۇلغان باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باھا تارمىقى بىلەن بىرلىكتە بېكىتىدۇ.

**37 ـ ماددا** بۇ چارە 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئورمان

قانۇنى، نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» بىرلا ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى

(2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتتىكى پەن، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىدە بۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزامدا ئېيتىلغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش (تۆۋەندە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش دېيىلىدۇ) ئامما ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلىم - پەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا، ئاممىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

ئىلىم - پەن پرىنسىپىغا ۋە ئىلىم - پەن روھىغا خىلاپ ياكى ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىغان تەشەببۇس ۋە پىكىرلەرنى پەننىي بىلىم سۈپىتىدە تارقىتىشقا ۋە كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

ئىلىم - پەن نامى بىلەن فېئودال خۇراپىي، ئىلىم - پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئىلىم - پەن نامى بىلەن ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە زىيانلىق باشقا مەزمۇنلارنى تارقىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**4 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى بارلىق پۇقرالار، مۇھىم نۇقتىسى ياشلار - ئۆسمۈرلەر، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بېرىش مەجبۇرىيىتى بار.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

## II باب

## تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى تۈزىدۇ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى ئوبدان قىلىدۇ.

**7 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى شۇنىڭدەك باشقا ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قاتناشقان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى

ئورنىتىدۇ. يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى قاراپ چىقىدۇ ھەمدە خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار سىياسەت، ئومۇمىي پىلان ۋە خىزمەت پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىشى؛ ئىجتىمائىي، ئاممىۋى يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى تەشكىللىشى؛ ئۆزىگە قاراشلىق تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي باشقۇرۇش ۋە پائالىيەت يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**9 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى، يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تەركىبىدىكى ئورۇنلار ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ تارماقنىڭ يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە يولغا قويۇشى كېرەك.

**10 - ماددا** يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق رايونلاردا يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆز تەۋەسىدىكى مەھەللىلەرنىڭ يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قوللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

**11 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى يەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

## III باب

## ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

**12 - ماددا** پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. بارلىق يۇقىرىلار يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى، يەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىشى لازىم.

**13 - ماددا** دۆلەت خادىملىرى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، پەن - تېخنىكا ئېڭى ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئىلىم - پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى، فېئودال خۇراپىي پائالىيەتنى ئاڭلىق توسۇشى كېرەك.

يەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى دۆلەت خادىملىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كادىر تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى تەربىيىلەش نوبىيېكتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئاساس بىلىملىرى دەرسى تەسىس قىلىشى ياكى مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

**14 - ماددا** مەكتەپلەر يەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى ئوقۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى كۆرۈش، پەن - تېخنىكا كەشپىياتى، پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتىگە قاتنىشىش، پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى يېزىش ۋە پەن - تېخنىكا ئېكسكۇرسىيىسى قىلىش قاتارلىق يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللىشى لازىم.

پەن - تېخنىكا سارىيى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيەت مەركىزى ۋە باشقا يەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە سورۇنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىن، ئېتىبار بىلەن ياكى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىشى كېرەك.

ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەر نامرات جايلاردىكى مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىشى لازىم.

**15 - ماددا** دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى، كەسپىي تېخنىكا جەمئىيەتلىرى، يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىپى ۋە تېخنىكوملىرى، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى تەشۋىقات - مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش، سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش، تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىش ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېزىلارغا بېرىپ ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار، ئەمەلىي

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمىتىق قىلىشى كېرەك.

**16 - ماددا** كارخانىلار تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەرنى كېڭەيتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي ماھارەت تەربىيىسى، تېخنىكا مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**17 - ماددا** شەھەر مەھەللىلىرىدە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، مەھەللە ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات سەھىپىسى ئېچىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەھەللە ئاھالىسىنى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش لازىم.

مەھەللە تەۋەسىدىكى ئورۇنلار مەھەللىنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

**18 - ماددا** گېزىت، ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات بېتى، مەخسۇس سەھىپىسى ۋە مەخسۇس پروگرامما تەسىس قىلىشى؛ كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلىگۈچى، تارقاتقۇچى ۋە قويغۇچى ئورۇنلار پەننىي ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەش، تارقىتىش، قويۇشنى كۈچەيتىشى؛ نەشرىيات ئورۇنلىرى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

يېزا - بازار، كەنت مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى دېھقان، چارۋىچىلارغا ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

**19 - ماددا** مۇزېي، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى (سارىيى) قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى كەسپىي ئورۇنلار كەسپىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ھەر خىل پەن - تېخنىكا سارايلىرى دائىملىق، ئىجتىمائىيلاشقان پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ، ئۇنىڭ سورۇن ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**20 - ماددا** ھەرخىل مائارىپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى مائارىپچىلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىشى ۋە تەشكىللاتچىلىق قىلىشى كېرەك.

بەلگىلىمە بويىچە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى مەقسىتىدە ئاممىغا ئېچىۋېتىشكە بولىدىغان پەن تەتقىقات بازىلىرى، تەجرىبىخانىلار، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىنى جەمئىيەتكە تەشكىللىك، قەرەللىك ئېچىۋېتىش كېرەك.

## IV باب

## كاپالەت تەدبىرى

**21 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى سېلىنما جەھەتتىن كۆپرەك قوللىشى، قەتئىي تۈردە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنى ھەر دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، مەخسۇس خىراجەتنى جايىغا ئىشلىتىشى ھەمدە خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى پەيدىنپەي كۆپەيتىشى لازىم. چەت - ياقا، نامرات جايلارغا پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى ئاجرىتىشتا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

**22 - ماددا** پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىكى كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ھەمدە نۇقتىلىق

قوللىشى، ئامىمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشنى ۋاقتىدا تەشكىللىشى ھەمدە خىراجەت ياردىمى بېرىشى لازىم.

**23 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى پىرىنسىپ پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىشى، پەن - تېخنىكا سارىيى، مۇزېي، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم كارىدورى قاتارلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى لازىم.

**24 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ياكى مەبلەغ سېلىپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشىغا، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ياكى مەبلەغ سېلىپ جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئالاقىدار تارماقلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار زۆرۈر خىراجەت ئاجرىتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىشلىتىشى كېرەك.

**25 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇناسىپ سىستېما بويىچە كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشقا قاتنىشىدۇ، ئۇلارنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت نەتىجىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسىرى ۋە بىۋاسىتە قاتناشقان، يېتەكچىلىك قىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇسابىقە نەتىجىسى شۇنداقلا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئېرىشكەن مۇكاپاتى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈشنىڭ شەرتى قىلىنىدۇ.

## V باب

## مۇكاپاتلاش ۋە چارە كۆرۈش

**26 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**27 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نامى بىلەن فېئودال خۇراپىي، ئىلىم - پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان، جامائەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەردىن ياكى پۇل - مال ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرىنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ پائالىيىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قوشۇمچە ئاگاھلاندۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى، قانۇنسىز پۇل - مېلىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى ج خ ئورگىنى «ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**28 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋالغان، ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**29 - ماددا** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنى ئىشلىتىۋالغان، قىسىۋالغان، تۇتۇپ قالغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**30 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ياكى خىزمەت ئورنىغا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى قويۇشقا ھوقۇقلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ۋە ئورۇن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**31 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.



2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى بورتالا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرمەكتە.

ياڭ بى فوتوسى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى» (تۆۋەندە «تاشيول قانۇنى» دېيىلىدۇ) نى يولغا قويۇش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تاشيول پىلانلاش، ياساش، ئاسراش، تىجارەت قىلىش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بۇ چارىگە رىئايە قىلىشى شەرت.

بۇ چارىدە ئېيتىلغان تاشيول ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، ناھىيە يولى، يېزا يولى، مەخسۇس يول ۋە يول كۆۋرۈكى، يول تونېلى، يول كېچىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ۋە تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاسرايدىغان ۋە باشقۇرىدىغان مەخسۇس يولنى ياساش، ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قاتناش مەسئۇل تارمىقى ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىكى ناھىيە يولى، يېزا يولىنى ياساش، ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

قاتناش مەسئۇل تارمىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، نېفىت، زاۋۇت، كان، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس يولىنى پىلانلاش، ياساش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**4 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ قاتناش باشقۇرۇش ئاپپاراتى تاشيول ياساش، ئاسراش ۋە باشقۇرۇشتا، ئاپتونوم رايون ۋە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا بويسۇنىدۇ، كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ قانۇن بويىچە مەبلەغ سېلىپ تاشيول ياسىشى، تىجارەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون مەبلەغ سېلىپ تاشيول ياسىغان، تىجارەت قىلغان ئىقتىسادىي تەشكىلات ياكى شەخسلەرگە يۆلەك بولىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى

قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

ئاپتونوم رايون چەت ـ ياقا ۋە نامرات رايونلارغا تاشيول پىلانلاش، مەبلەغ سېلىپ ياساش، ئاسراش، باشقۇرۇش ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە يۆلەك بولىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ.

## II باب

## تاشيول قۇرۇلۇشى

**6 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. تاشيول قۇرۇلۇشى تەرتىپىنى قوغدايدۇ، تاشيول قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ.

ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قاتناش مەسئۇل تارمىقى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى باشقۇرىدۇ.

**7 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى مەبلىغى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن غەملىنىدۇ:

(1) دۆلەت نۆۋەتلىق تاشيول تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىش؛

(2) قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن مەبلەغ يىغىش؛

(3) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىدىن قەرز ئېلىش؛

(4) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ھەمكارلىشىش، شېرىكلىشىش، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىشتەك ئۇسۇللار بىلەن تاشيول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش؛

(5) BOT (ياساش، تىجارەت قىلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش) ئۇسۇلى بىلەن مەبلەغ غەملەش؛

(6) تاشيول ياسىغان ۋە تىجارەت قىلغان شىركەت قانۇن بويىچە پاي چېكى، شىركەت قەرز چېكى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مەبلەغ غەملەش؛

(7) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن باشقا ئۇسۇللار.

تاشيول قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى جايىغا ئىشلىتىش شەرت. باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**8 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى لايىھىلىگەن ۋە قۇرۇلۇش قىلغاندا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە كۆمانىتارلىق مەنزىرىلەرنى بۇزۇۋېتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ، مەدەنىي قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك. تاشيول قۇرۇلۇشىدا يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى يەر يۈزى بۇزۇۋېتىلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

**9 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تۈرنىڭ قانۇنىي ئىگىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش تۈزۈمى، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش، سۈپەتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە توختام باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**10 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەتچىلىك ۋە مۇھىم ئۈسكۈنە، ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشتا قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدار چىقىش يولغا قويۇلىدۇ. تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەتچىلىك ۋە مەسلىھەتچىلىك ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش ۋە مەبلەغ ئىناۋىتىنى تەزىملاش گوۋاھنامىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. تاشيول ياسىغۇچى ئورۇن تۈرلەرگە خېرىدار بولغان ئورۇنلار بىلەن توختام ئىمزالايدۇ.

**11 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە سۈپەتكە ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە ئاسراش، رېمونت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. نۇقسان جاۋابكارلىق مۇددىتى بىر يىلدىن كەم بولمايدۇ. نۇقسان جاۋابكارلىق مۇددىتىدە تاشيول قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن رېمونت قىلىپ بېرىدۇ. قايتا ياسايدۇ؛ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قىلمىسا، قايتا ياسىمىسا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن رېمونت قىلىش، قايتا ياساشقا تەشكىللەيدۇ، رېمونت قىلىش، قايتا ياساش چىقىمىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئۈستىگە ئالىدۇ. نۇقسان جاۋابكارلىق مۇددىتىدىن باشقا چاغدا ۋە لايىھىدىكى ئىشلىتىش يىل چېكى ئىچىدە قاتناش بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان زور سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە، قاتناش مەسئۇل تارمىقى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش باشقۇرۇش، لايىھىلەش، نازارەت قىلىش، قۇرۇلۇش قىلىشتىن كېلىپ چىققان دەپ قارىسا، ئالاقىدار ئورۇن مۇناسىپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشىدا تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىمەسلىك ياكى ئاز ئىگىلەش كېرەك. تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش زۆرۈر بولسا، تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، لېكىن يەر ئىشلىتىشكە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى قانۇن بويىچە بېجىرىش كېرەك.

**13 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشىنى ياخشى پىلانلىشى لازىم. پىلان، قاتناش، يەر باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى تەكشۈرگەن، تەستىقلىغاندا، رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

**14 ـ ماددا** تاشيول رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىپ ياساش، كېڭەيتىش سەۋەبىدىن قاتناش توسۇلۇپ قالغاندا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئاۋۋال ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول بۆلىكىگە بەلگە ئورنىتىشى؛ ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول بولمىسا، تاشيول ياساش قائىدىسى بويىچە يان يول ياسىشى ۋە ئاسراشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. يان يول بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى، قاتناش ۋاسىتىسى ۋە پىيادىلەرنىڭ بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك، ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول بۆلىكىدە چازا قۇرۇپ ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشيول قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن قاتناشنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم.

**15 ـ ماددا** تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنى تۇرغۇزغاندا، تاشيولنىڭ نامى ۋە نومۇرىنى بېكىتىش كېرەك.

تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى پۈتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى ۋە ئاسرىغۇچى ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

پۈتكەن تاشيولنىڭ يول بەلگىسى ۋە بەلگە سىزىقى توغرا، تولۇق، ئېنىق بولۇشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخ تىكىش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان جايلارنى كۆكەرتىش خىزمىتىنى تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى تاشيول قۇرۇلۇشى تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە يولغا قويىدۇ. شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى قوللىشى ۋە ماسلىشىشى كېرەك. تاشيولنى كۆكەرتىشتە، كىم مەبلەغ سالسا شۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، شۇ مەنپەئەتلىنىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

## III باب

# تاشيول ئاسراش

**17 ـ ماددا** تاشيول ئاسراشتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشيول ئاسراشنى پەيدىنپەي ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، بازارلاشتۇرۇش كېرەك.

**18 ـ ماددا** تاشيول ئاسرىغۇچى ئورۇنلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەسئۇل تارمىقى بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە، تاشيول ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئاسرىشى كېرەك.

بۇ چارىدە ئېيتىلغان تاشيول قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى مۇھاپىزەت، سۇ چىقىرىۋېتىش، كۆكەرتىش، توك، يورۇتۇش، ئاسراش، باشقۇرۇش، مۇلازىملىق، قاتناش بىخەتەرلىكى، كۆزىتىش، خەۋەرلىشىش، ھەق ئېلىش جەھەتتىكى ئەسلىھە، ئۈسكۈنە ۋە خاس ئىمارەت، قۇرۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**19 ـ ماددا** تاشيول ئاسرىغۇچى ئورۇنلار ھەق ئېلىنىدىغان يول ۋە يېزىدىكى كونا يولنى ئاسراش مەشغۇلاتى ئايرىمىسى بويىچە ئوبدان ئاسرىشى، ئۇلارنىڭ دەرىجە ئۆلچىمىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** قانۇن بويىچە يىغىلغان تاشيول ئاسراش مەبلىغى تاشيولنى كىچىك رېمونت قىلىپ ئاسراش، ئوتتۇرا ۋە چوڭ رېمونت قىلىش، كۆكەرتىش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**21 ـ ماددا** تاشيولنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا رېمونتى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى مۇشۇ چارىنىڭ 9 ـ، 10 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**22 ـ ماددا** تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قاتناش مەسئۇل تارمىقى تاشيول ئاسراش تېخنىكا قائىدىسىگە ئاساسەن، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان تاشيول، كۆۋرۈكلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈش ئارقىلىق كۆتۈرۈشچانلىقى ئەسلىدىكى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكى بايقالسا، ۋاقتىدا يۈك چېكى بەلگىسى ئورنىتىشى ھەمدە ئۈنۈملۈك

تەدبىر قوللىنىپ پۇختىلىشى ۋە رېمونت قىلىشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** تاشيول ئاسراش مەشغۇلاتىدا توپا، شېغىل، تاش ۋە سۇنى قانۇن بويىچە ئايرىپ بېرىلگەن تاشيول ماتېرىيال مەيدانىدىن ئېلىش كېرەك. ناھىيىلىك، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى كېرەك. تاشيول ئاسراش مەشغۇلاتىدا توپا، شېغىل، تاش، سۇ ئېلىشتا يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى ئاسراشقا دىققەت قىلىش، ئېلىش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋەتمەسلىك ھەمدە تاشلىۋېتىلگەن يول ئاسراش ماتېرىيال مەيدانىدا سۇ، تۇپراقنى ساقلاش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك.

**24 ـ ماددا** تاشيول ئاسراشتا يول بۆلىكىنى تۇسۇۋېتىشكە توغرا كەلسە ياكى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن تاشيولنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشىگە تەسىر يەتسە، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ جايدىكى ج خ قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى ھەمدە ۋاقتىدا ئېلان چىقىرىپ ياكى بىخەتەرلىك بەلگىسى ئورنىتىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈش يولىنى كۆرسىتىپ، يېتەكلەش تەدبىرى قوللىنىپ، قاتناش ۋاستىلىرى ۋە پىيادىلەرنىڭ قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## IV باب

## يولنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

**25 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، مەخسۇس يول، ناھىيە يولى، يېزا يوللىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ بىكىتىۋېتىلگەن قاتناش باشقۇرۇش ئاپپاراتى بېكىتىۋەن ئاسراۋاتقان، باشقۇرۇۋاتقان تاشيولنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقى ۋە تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. قاتناش مەسئۇل تارمىقى، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزۈپ تۇرغۇزۇلۇپ، ياساش ئالدىدا تۇرغان ۋە ياسىلىۋاتقان تاشيول تۈرلىرىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي باشقۇرىدۇ.

**26 ـ ماددا** تاشيولنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئىمارەت كونترول رايونى گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئايرىلىدۇ، بۇنىڭدا تاشيول يان ئېرىقىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا (يان ئېرىقى بولمىسا ئاتكۇس سىرتىدىن 35 مېتىر)، ئەڭ كىچىك ئارىلىق تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك:

(1) دۆلەت يولىنىڭ 20 مېتىردىن كەم بولماسلىقى؛

(2) ئۆلكە يولى، مەخسۇس يولىنىڭ 15 مېتىردىن كەم بولماسلىقى؛

(3) ناھىيە يولى، يېزا يولىنىڭ 10 مېتىردىن كەم بولماسلىقى؛

(4) يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ۋە 1 ـ دەرىجىلىك يولنىڭ ئايرىش رېشاتكىسىنىڭ سىرتقى تەرىپى 50 مېتىردىن كەم بولماسلىقى، ستېرېئو كۆۋرۈك سىرتىدىكى كونترول نۇقتىسىنىڭ ئۇلانما سىزىق سىرتى 100 مېتىردىن كەم بولماسلىقى.

**27 ـ ماددا** كەنت ـ بازار، ئاھالە رايونى، تەرەققىيات رايونىنى پىلانلىغان ۋە يېڭىدىن قۇرغاندا، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى يان ئېرىقىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدىن 100 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇش ھەمدە تاشيولنىڭ ئىككى يېنىدا بىر ـ بىرىگە قارىتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىپ، تاشيولنى كوچا قىلىۋېلىپ، قاتناش بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**28 ـ ماددا** ئىمارەت كونترول رايونىدا ئىمارەت ۋە قۇرۇلما ياساش مەنئى قىلىنىدۇ. ئىمارەت كونترول رايونىدا تۇرۇبا، ئوپتىكىلىق كابېل، ئېلېكتر كابېل قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى كۆمۈش، ئورنىتىشتا ئاۋۋال قاتناش مەسئۇل تارمىقى، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

بۇ چارە يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىمارەت كونترول رايونىنى باشقۇرۇش گوۋۇيۈەننىڭ «تاشيول باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ، ئىمارەت كونترول رايونىدىكى ئەسلىدىكى قانۇنلۇق، پۇختا ئىمارەت ۋە قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە يېڭىلاشقا بولمايدۇ؛ تاشيول قۇرۇلۇشى ياكى بىخەتەر قاتناش ئېھتىياجى بىلەن چېقىشقا توغرا كەلسە، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزامدىكى بەلگىلىمە بويىچە تولۇقلىما بېرىش كېرەك.

بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئىمارەت كونترول رايونىنى باشقۇرۇش مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**29 ـ ماددا** تاشيولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئىمارەت كونترول رايونىدا چوڭ، ئوتتۇرا كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى 200 مېتىر دائىرىدە، تونېلنىڭ ئۈستى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى سىرتىدىكى 100 مېتىر دائىرىدە شېغىل، تاش، توپا ئېلىشقا، كان قېزىشقا، تاشلاندۇقلارنى تۆكۈشكە، پارتلىتىشقا ۋە

تاشيولنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**30 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تاشيولدا ۋە تاشيول يېرى دائىرىسىدە پايما يېيىشى، نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇشى، خامان تېپىشى، ئاشلىق قۇرۇتۇشى، ئەخلەت، قار - مۇز تۆكۈشى، توساق ئورنىتىشى، ئېرىق چېپىپ سۇ باشلىشى، چارۋا بېقىشى، تاشيول يان ئېرىقىدىن پايدىلىنىپ ئېتىز سۇغىرىشى، بۇلغىما قويۇپ بېرىشى ياكى تاشيولغا زىيان يەتكۈزىدىغان، تاشيولنى بۇلغايدىغان ۋە تاشيولنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان باشقا ھەرىكەتلەرنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

تاشيولدا يۈرۈۋاتقان قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش، چېچىۋېتىش، سۇيۇق نەرسىلەرنى تېمىتىش، ئاققۇزۇش ياكى نەرسىلەرنى سۆرىتىپ يول يۈزىنى قىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. قاتناش ۋاسىتىلىرى بۇزۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن تاشيولدا توختىماقچى بولسا، بەلگىلىمە بويىچە ئاگاھ بەلگىسى قويۇشى كېرەك. تاش، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاگاھ بەلگىسى قىلىپ قويۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

**31 - ماددا** تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى تاشيولنى ۋاقتىدا تازىلاپ، يول بەلگىسى، يول سىزىقىنىڭ تولۇق، ئوچۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، تاشيولنىڭ راۋانلىقىغا ۋە قاتناش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**32 - ماددا** تاشيولدا قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، تاشيول ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى بۇزۇلۇپ كەتسە، ج خ قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنى تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. قاتناش ھادىسىسى جاۋابكارى ئۆز جاۋابكارلىقى بويىچە تاشيول مۈلكى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

چوڭ - چوڭ ئاپەت ياكى پەۋقۇلئاددە، چوڭ قاتناش ھادىسىسى سەۋەبىدىن قاتناش توسۇلۇپ قالسا، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ج خ قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە قىسمەن بۆلىكىنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تاقىشى كېرەك. پۈتۈن يولنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تاقاشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقىغا مەلۇم قىلىش، ج خ قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئۇقتۇرۇش ھەمدە ئېلان چىقىرىش كېرەك.

**33 - ماددا** تاشيولنى مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئاپتوموبىللىرى بىر تۇتاش، ئېنىق بەلگە ۋە سىگنال چىرىغى ئورنىتىدۇ؛ خەتەردىن قۇتقۇزۇش، توسالغۇ ئازىلاش، قاتناش ھادىسىسى قاتارلىق جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا، باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈرۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يۈرۈش لىنىيىسى ۋە يۆنىلىشى جەھەتتە يول بەلگىسى، بەلگە سىزىقلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

يولنى مەمۇرىي تەكشۈرگۈچىلەر ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا بىر تۇتاش فورما كىيىشى، بەلگە تاقىشى، كىنىشكا بىلەن ئىشقا چىقىشى كېرەك.

## 7 باب

# ھەق ئېلىنىدىغان تاشيول

**34 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەت بەلگىلىگەن تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەق ئېلىنىدىغان تاشيولدا قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن ھەق ئېلىش پونكىتى قۇرۇلسا بولىدۇ. ھەق ئېلىش پونكىتى بىر تۇتاش پىلانلىنىشى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئومۇمىي سانى كونترول قىلىنىشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ھەق ئېلىش پونكىتلىرىنىڭ ئارىلىقى دۆلەت بەلگىلىگەن ئارىلىقتىن يېقىن بولماسلىقى كېرەك.

**35 - ماددا** ھەق ئېلىنىدىغان تاشيولدا قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە مۇددىتىنىڭ لايىھىسىنى ھەق ئالىدىغان ئورۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەسئۇل تارمىقى بىلەن باھا مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ. ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تەڭشەشكە ياكى مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، ئەسلى تەستىقلىغان ئورگانغا تەستىقلىتىش لازىم. ھەق ئالىدىغان ئورۇن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى مەيلىچە ئۆزگەرتسە ياكى ھەق ئېلىش مۇددىتىنى مەيلىچە ئۇزارتسا بولمايدۇ. قەرز پۇل بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، دەرىجە ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەق ئىش تەلىپىگە يەتكۈزۈلگەن كونا يولنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى يۇقىرى دەرىجىلىك يولنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشى، ھەق ئېلىش پونكىتلىرىنىڭ ئارىلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك يولنىڭكىدىن يىراق بولۇشى كېرەك. تىجارەتلىك تاشيول ھەققىدىن قانۇن بويىچە باج ئېلىنىدۇ.

**36 - ماددا** تاشيولدىكى ھەق ئېلىش پونكىتلىرى قاتناش مىقدارىغا ئاساسەن، ھەق ئېلىش

ئۆتمىسىنى تەڭشەپ، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ تېز ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ھەق تاپشۇرۇشتىن قېچىشى، چازىنى بۇسۇپ ئۆتۈشى، ھەق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

ھەق ئېلىنىدىغان تاشيولنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە تىجارەتچىسى ھەق ئېلىنىدىغان تاشيولنىڭ دائىم بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**37 - ماددا** تاشيولدىكى ھەق ئېلىش پونكىتلىرى ھەق ئېلىشنى تەستىقلىغان تارماق، ھەق ئېلىش مۇددىتى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى، ھەق ئالغۇچى ئورۇن ۋە نازارەت قىلىش تېلېفونىنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايغا يېزىپ قويۇشى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى ياكى باج تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان قاتناش ۋاستىسىدىن ھەق ئېلىش تالونىنى ئىشلىتىشى كېرەك.

**38 - ماددا** يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياساشتا ئىمكانقەدەر كونا دۆلەت يولىنى ئىگىلىمەسلىك، ئىگىلەشكە توغرا كەلسە، يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ۋاستىلىرى، باشقا قاتناش ۋاستىلىرى ۋە پىيادىلەرنىڭ قاتنىشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، قوشۇمچە يول ياساپ قويۇشى كېرەك. ئاھالىلەر زىچ جايلاردا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياساشتا، پىيادىلەرنىڭ كېسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن مۇۋاپىق كاپالەت ئەسلىھەسى ئورنىتىش، مۇۋاپىق جايدا تۇرمۇش، تازىلىق مۇلازىملىق ئەسلىھەلىرىنى ياساش لازىم.

## VI باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**39 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 28 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار سۈرۈك ئىچىدە چېقىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ سۈرۈك توشسىمۇ چېقىۋەتمىسە، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى چېقىۋېتىدۇ، چېقىش چىقىمىنى ئىمارەت ۋە قۇرۇلمىنى سالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ 2 ـ، 3 - تارماقتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاشيول ئىمارەت كونترول رايونىدىكى ئىمارەت، قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتكەن، كېڭەيتكەن ۋە يېڭىلىغانلارغا 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**40 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 29 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**41 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 30 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يولغا نەرسىلەرنى تاشلىغان، چاچقان، سۇيۇقلۇق تېمىتقان، ئېقىتقان، نەرسىلەرنى سۆرىتىپ يول يۈزىنى قىرىۋەتكەن ياكى تاش، ياغاچ قاتارلىق توسالغۇلارنى قويۇپ قويغان، ئەمما تاشيولنى بۇزۇۋەتمىگەن ياكى قاتناش بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزمىگەنلەر تازىلىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ؛ تاشيولنى بۇزۇۋەتكەن ياكى قاتناش بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەنلەرگە قانۇن بويىچە يول مۈلۈك زىيىنىنى تۆلەتكەندىن سىرت، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**42 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 10-، 21 ـ، 23 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى»، «توختام قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

**43 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 36 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاشيولدا قاتناش ھەققىنى تاپشۇرمىغان، تاپشۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار پۈتۈن لىنىيىلىك قاتناش ھەققىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**44 - ماددا** تاشيولغا زور زىيان سالغان قاتناش ۋاستىلىرى ۋە تەكشۈرۈشنى رەت قىلغانلىرىنى تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى دەرھال توختىتىپ قويۇشقا ھەمدە بەلگىلەنگەن توختاش مەيدانىغا توختىتىپ قويۇشقا بۇيرۇسا بولىدۇ. خەتەرلىك، قىممەتلىك نەرسىلەر ياكى ئاسان چىرىيدىغان، تىرىك نەرسىلەرنى بېسىپ ماڭغاچقا توختىتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىرىنى ترانسپورت كىنىشكىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، پراۋا نومۇرى ۋە قاتناش ۋاستىسى نومۇر تاختىسىنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، قاتناش ۋاستىسى تەۋە جايدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ئۇقتۇرۇپ، سۈرۈك ئىچىدە بەلگىلەنگەن تاشيول ئاپپاراتىغا بېرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. توختىتىپ قويۇلغان قاتناش ۋاستىسى ياكى ترانسپورت كىنىشكىسى تۇتۇپ قېلىنغان ئورۇن ياكى شەخسلەر بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى توختىتىپ قويۇلغان قاتناش ۋاستىسى ياكى تۇتۇپ قېلىنغان ترانسپورت كىنىشكىسىنى دەرھال

قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى توختىتىپ قويۇلغان قاتناش ۋاستىسىنى تىزىملىشى ھەمدە ئوبدان ساقلىشى كېرەك. تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاتناش ۋاستىسى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر بۇزۇلسا، پۈتۈپ كەتسە تۆلەپ بېرىشى لازىم.

**45 ـ ماددا** قاتناش مەسئۇل تارمىقى، تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرنى سادىر قىلغانلارغا خىزمەت ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان كەلتۈرگەنلەر زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش؛

(2) ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، پارا سوراش، پارا ئېلىش؛

(3) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش؛

(4) قاتناش ۋاستىلىرىنى قانۇنسىز تۇسۇش؛

(5) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئېلىش، جازالاش؛

(6) تاشيول ترانسپورتى تىجارەتچىلىرىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش.

**46 ـ ماددا** تاشيول باشقۇرۇش ئاپپاراتى مۇشۇ چارىنىڭ 31 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى قايرىپ قويۇپ، تاشيولدىكى توسالغۇنى ۋاقتىدا تازىلىماي ياكى ھەق ئېلىنىدىغان تاشيولغا بەلگە سىزىقىنى ئېنىق سىزماي، بەلگە تاختىسىنى تولۇق قويماي قاتناش ۋاستىلىرى ۋە پىيادىلەرنى زىيانغا ئۇچراتسا، قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**47 ـ ماددا** بۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازالىنىدىغان باشقا قىلمىشلارغا «تاشيول قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**48 ـ ماددا** بۇ چارە 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2001 ـ يىل 9ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 ـ ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، تارىخىي ئۆرپ ـ ئادىتى، نوپۇسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا، يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلىدۇ.

**3 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. كەنت ئاھالە يىغىنى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ، كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تۈرلۈك ئىشلارنى ئاشكارا، ئادىل، دېموكراتىك، پاك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە بېجىرىدۇ.

**4 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق ئورنىنى قوغدىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى، دېموكراتىك ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**5 ـ ماددا** يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

(1) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن

بويىچە ئادا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ؛

(2) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشى ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ؛

(3) كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى دېموكراتىك باھالىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

(4) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە يولغا قويۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ.

**6 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر قانۇن، نىزاملارغا ۋە دۆلەت سىياسىتىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، مۇلازىمەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى، ئىشتا ئادىل، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، مەلۇم مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، ئاممىنى ھالال ئەمگەكى بىلەن بېيىشقا يېتەكلىشى، كېڭىشىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىشى، بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىقى كېرەك.

**7 - ماددا** كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى يىلدا بىر قېتىم دېموكراتىك باھالاپ، لاياقەتسىزلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە دەۋەت قىلسا ياكى قانۇن بويىچە قالدۇرۇۋەتسە بولىدۇ.

**8 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ. كەنت ئاھالە يىغىنى ئۆز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ياردەم پۇلى بېرىشنى بېكىتسە بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر شۇ كومىتېت قارمىقىدىكى كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللۇقىنى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولىدۇ، لېكىن باشقا ياردەم پۇلى ئالسا بولمايدۇ.

**9 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە پائالىيەتكە قولايلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرسا بولىدۇ. كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى خىزمىتىنى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىغا بىر باشلىق قويۇلىدۇ. ئەزاسى 500 دىن ئاشقانلىرىغا بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلسا بولىدۇ. گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى يىغىنىدا سايلىنىدۇ.

**10 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى يىغىنىغا ئۆز قارمىقىدىكى كومىتېت مەسئۇللىرى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشلارنى بېكىتكەندە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپى قوللىنىلىدۇ.

**11 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) كەنت ئاھالىسىگە ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام ۋە دۆلەت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە كوللېكتىۋىزم تەربىيىسى بېرىش؛

(2) كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش؛ ئۇلارغا قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باج تاپشۇرۇش، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش، مەجبۇرىيەت مائارىپى، پىلانلىق تۇغۇت، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش؛

(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ھەققىدە كەنت ئاھالىسىگە تەربىيە بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىسى ئارا، كەنتلەر ئارا ۋە كەنتلەر بىلەن كەنتتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، بىڭتۈەن ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىم ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛

(4) پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىش؛

(5) كەنت ئاھالىسىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىش ۋە تەشكىللىچىلىك قىلىش، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش، يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا

تۈرتكە بولۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛

(6) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالىسى، ھۆددىگەرلەر، يەككە سودا - سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار، بىرلەشمە ئىشلەپچىقارغۇچىلار، شېرىكلەشكۈچىلەرنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش؛

(7) ئۆز كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەر، دەل - دەرەخ ۋە قانۇن بويىچە ئىشلىتىدىغان ئوتلاق ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش. كەنت ئاھالىسىگە تەبىئىي بايلىقنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە قوغداش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، دۆلەتنىڭ جامائەت ئەسلىھەلىرى ۋە باشقا جامائەت مۈلكىنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، ئۆز كەنتىنىڭ ئېتىز، ئۆستەڭ، ئورمان بەلۋېغى (ئوتلاق)، يول، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى پىلان بويىچە ياخشى ئېلىپ بېرىش؛

(8) ئۆز كەنتىنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش؛ كەنت ئاھالىسىگە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، بىدئەتچىلىك، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش؛ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئاياللار، بالىلار ۋە مېيىپلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش؛

(9) ئەل ئارا ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىش؛

(10) كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكىر، تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش ھەمدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش؛

(11) كەنت ئاھالىسىنى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش؛

(12) قانۇن - نىزاملاردا بېكىتىلگەن باشقا مەسئۇلىيەتلەر.

**12 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى پۈتۈن كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى شەرت.

كەنت ئاھالە يىغىنىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاچىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئېچىلىدۇ.

**13 ـ ماددا** كەنت ئاھالە يىغىنى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ۋە يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، ئۆز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش؛

(2) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى سايلاش، قالدۇرۇۋېتىش؛

(3) كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى، كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالە ئەھدىنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش ۋە تۈزىتىش ھەمدە يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇش؛

(4) ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ھۆددىگەرلىك جەھەتتىكى مەسىلىلەر ۋە ئۆز كەنتىنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش؛

(5) ئۆز كەنتىدىكى ياردەم پۇلى ئالىدىغانلارنى ۋە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى، كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىساد تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش، قۇرۇش، ھۆددىگە بېرىش ۋە ئۇنىڭ كىرىمىدىن پايدىلىنىش، شۇنداقلا ئۆيلۈك يەر بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش؛

(6) كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق بېكىتىملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش؛

(7) كەنت ئاھالە يىغىنى يىغىن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ، دەپ قارىغان كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان باشقا ئىشلارنى بېكىتىش.

**14 ـ ماددا** كەنت ئاھالىسى سايلىغان كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى ئىستىلدا دۇرۇس بولۇشى، ئىشنى ئادىل قىلىشى، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشى، چىن كۆڭلى بىلەن كەنت ئاھالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى،

پىغىنىغا ۋاقتىدا قاتنىشىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلىشى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىشى كېرەك. ئېھتىياجغا قاراپ خالىغان چاغدا ئېچىپ، كەنت ئاھالىسى يىغىنى ھوقۇق بەرگەن ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى بولىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك. يىغىننىڭ قارارى ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىغا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە خىزمەتنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

**17 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ئېلان چىقىرىش، رادىئودا ئاڭلىتىش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش تاختىسى چىقىرىش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلىرىنى كەنت ئاھالىسىگە ۋاقتىدا ئېلان قىلىشى، مالىيىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ئاز دېگەندە ھەر 6 ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** ئاشكارا تۇتۇلىدىغان كەنت ئىشلىرى ئاساسلىقى مۇنۇلار:

(1) مالىيە پىلانى ۋە كىرىم ـ چىقىملىرى، كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى، نەپىقە، ئىئانە، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، پۇل ـ ماللىرىنى تارقىتىش ئەھۋالى، كەنت كادىرلىرىنىڭ يىللىق ياردەم پۇلى ئېلىش ئەھۋالى، سۇ، توك پۇلى ئېلىش ئەھۋالى؛

(2) كوللېكتىپ ئىقتىساد تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش، ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى، ئىشلىتىلىدىغان كوللېكتىپ يېرىنىڭ مىقدارى، تۆلىمى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلۈك يەر لايىھىسى، پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنىڭ بېرىلىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى خىراجىتىنى غەملەش لايىھىسى، كوللېكتىپ يېرى ۋە ئىگىلىك گەۋدىسى (جۇملىدىن مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىق، بېلىقچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار)نى ھۆددىگە بېرىش ئەھۋالى؛

(3) كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى بېكىتكەن ئىشلارنىڭ ئىجراسى؛

(4) كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان، كەنت ئاھالىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا ئىشلار.

**19 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاشكارا تۇتۇلىدىغان كەنت ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق، چىن، چۈشىنىشلىك، كەنت ئاھالىسى بىلەلەيدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە كەنت ئاھالىسىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكرى ۋە سوئالىغا 10 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلسا بولىدۇ. بۇ گۇرۇپپا 3تىن 5كىچە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۈرىلىرى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىغا كىرسە بولمايدۇ.

مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مالىيىسى ۋە ئۇنى ئاشكارىلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

**21 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى» بويىچە بولىدۇ.

**22 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى» ۋە مۇشۇ چارىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**23 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭنى ئېچىش

## شىنجاڭدا «غەربىي قىسىمنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە گوۋۇيۈەن غەربنى كەڭ ئېچىش ئىشخانىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ غەربنى ئېچىشقا دائىر خىزمەتلىرىدە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

1. كەڭ ئېچىشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، باشلىنىش ياخشى بولدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە يولغا قويۇپ، يېڭى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەركەزنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى تىرىشىپ ئېچىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى كۈچەيدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە بىرقەدەر تېز ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاندى، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى داۋاملىق كۆپەيدى، بازار ئوبوروتى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 8.1%، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.7% ئاشتى.

2. ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. دۆلەت غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغ سېلىش، سىياسەت جەھەتتە غەربىي رايونلارغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتتى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي كەسىپ تۈرلىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوللىدى. ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ سېلىنغان پۈتكۈل مەبلەغنىڭ 72% ئىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا تۆر جەھەتتىكى پىلاننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، چۆچەك تېمىرتام ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيىسىدىن دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شىمالىي تېغى سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسىنىڭ لوپنۇردىن تىكەنلىككە بارىدىغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرىدىن ئىبارەت 8 قۇرۇلۇش تۈرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شىنجاڭنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ نېفىتلىكى ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا يەككە تۈرنى ۋە بىرقىسىم تۈرلەرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىشانى ئىشقا ئاشتى، باشقا داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەر پىلان بويىچە جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىلدە ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەش، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى، خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى يېڭىدىن باشلاندى.

3. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە قۇرۇلۇش جەھەتتە دەسلەپكى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىش، تەبىئىي ئورمانلارنى ئاسراش، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىتىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش، تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش، ئېكولوگىيە جەھەتتە ئۈلگە ناھىيە بەرپا قىلىش قاتارلىق بىرتۈركۈم قۇرۇلۇشلار يولغا




غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۆپ مىقداردىكى چەت ئەل مەبلىغىنى شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. سۈرەتتە: 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى مەزگىلىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى غۇلجا ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن ھەمكارلىق تۈرى كېلىشىمنامىسى ئىمزالىماقتا

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

قويۇلدى، ئېكولوگىيىنى قوغداش ۋە بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلۇشلار ئوخشۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. قىسمەن رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى دەسلەپكى قەدەمدە قوغدالدى ۋە ياخشىلاندى. دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 10 ناھىيە - شەھەر بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئاپتونوم رايوندا تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىشنى يولغا قويۇشتا ئۈلگىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 15 مىڭ گېكتارغا، ئورمان بەرپا قىلىشقا باپ كېلىدىغان قاقاس تاغلاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان ۋە تېرىلغان ئوت - چۆپ كۆلىمى 7300 گېكتارغا يەتتى.

4. كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى. كۆپ تەرەپلىمە قۇرۇلۇش مەبلىغى توپلىنىپ، سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسىلەر، ئاساس كەسىپلەر ۋە ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى، ئالاھىدە سانائەت، ساياھەت مۇلازىمەتچىلىكى، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلدى.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، مۇھىم نۇقتىنى ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا قويۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بازار ئېھتىياجلىق ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە ئالاھىدە باغ - ئورمان كەسپىي پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، ناھىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى. ئېلىنغان ئاشلىق (ياڭيۇ تورىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 7 مىليون 960 مىڭ توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئېلىنغان پاختا 1 مىليون 570 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 4.7%، ئېلىنغان گۆش 970 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 7.8%، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.2% ئاشتى.

سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق پۇرسەت نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتال قاتارلىق بازارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى تىرىشىپ ئاشۇرۇلۇپ، ئەمەلىي كۈچى نىسبەتەن كۈچلۈك كارخانا گۇرۇھى ۋە پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر يۆلەك قىلىنىپ، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، نېفىت، مېتال، بىناكارلىق ماتېرىيالى ساھەلىرىنىڭ پايدىسى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇلدى. بىر يىلدا سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8%، خام نېفىت 19 مىليون 469 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 5.3%، تارقىتىلغان توك 19 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 8%، پولات ماتېرىيال 1 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 2.4%، سېمونت 9 مىليون 800 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 9.6% ئاشتى.

مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، مۇھىم نۇقتا ساياھەتچىلىكنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نۇقتىسى قىلىشقا قويۇلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 273 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.6%. يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 99 مىليون دوللارغا يېتىپ، 3.8% ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 8 مىليون 393 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم خەلق پۇلى ھېسابىدا 9 مىليارد 856 مىليون يۈەنگە يەتتى.

5. ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىش سالمىقى زورايتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىختىساسلىق خادىمدىن تەخمىنەن 1 مىليون 150 مىڭى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ئورۇنلاردىكى (بىڭتۇەن ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ھەرخىل كادىر 652 مىڭ 200 (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كادىر 331 مىڭ 500)، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگىنىدىكىلەر 158 مىڭ 600، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 404 مىڭ 800، كارخانىدىكىلەر 88 مىڭ 800. ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ئورۇنلار باشقۇرىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىمى 443 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە شۇ ئورگانلارغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 74 مىڭ 900، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە شۇ ئورگانلارغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 72 مىڭ 800، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە شۇ ئورگانلارغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 178 مىڭ 500، يېزا - بازار ئورگىنى ۋە شۇ ئورگانلارغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 117 مىڭ 100. ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 17 مىڭ 400، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 98 مىڭ، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 257 مىڭ 500.

شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىش جەھەتتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل تۈۋەندىكىچە: ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىپ، ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىشقا دائىر پىلان ۋە سىياسەت تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى، «ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىشنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى تۈزۈپ چىقىلدى؛ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش بويىچە «221» قۇرۇلۇشى (ئازسانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا ئاپانچىدىن 200 ى، خەنزۇ پەن - تېخنىكا ئاپانچىدىن 200 ى، ئىلمىي تېخنىكا يېتەكچىسىدىن 1000 ى تەربىيىلىنىدۇ) يولغا قويۇلدى؛ تەدبىر قوللىنىلىپ، ھازىر بار ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە رولى قوزغىتىلدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى؛ ئىختىساسلىق خادىملار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى يەرلىك ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى؛ ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملار جاپالىق، چەت رايونلارغا بېرىشقا پائال يېتەكلىنىپ، «بىرقىسىم كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى 3 ـ، 4 ـ خىل رايونلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى؛ ئىختىساسلىق خادىملار مەنبىيىنى ئېچىشقا دائىر سىياسەتنى كۆپەيتىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىختىساسلىق خادىم ۋە بىلىم كىرگۈزۈش كۈچەيتىلدى.

6. پەن - تېخنىكا ۋە ماتارىپتا ئىلگىرىلەش بولدى.

پەن - تېخنىكا جەھەتتە: 1) سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زىچ چۆرىدىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئاچقۇچلۇق تېخنىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى يورۇشلەشتۈرۈپ ئېچىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى سورت يېتىشتۈرۈش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، تۈرلەمە كۆچۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كېڭەيتىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. 2) يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئىلغار تېخنىكىلار كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ئەنئەنىۋى سانائەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كۈچەيتىلدى. كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىھىلەش چولى، ئوتتۇرا كارخانىلاردا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئۆستۈرۈلدى. 3) پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، تېخنىكا كەشىپ قىلىش تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ كارخانىلىشىش قەدىمى تېزلىتىلدى. 4) شىنجاڭدىن دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىنى كەسپلەشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن قوغۇننىڭ ياخشى سورتىنى كەسپلەشتۈرۈش، بېدىدىن قويۇلدۇرۇلغان



ئۈرۈمچى خۇالىڭ سودا بازىرى تەرەققىي قىلىپ غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ زور بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرىغا ئايلاندى ھەمدە زور سودا ھوقۇقىغا ئېرىشتى. سۈرەتتە: خۇالىڭ سودا بازىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

جاۋ جۈنشەن فوتوسى

ئاززاق يەم - خەشەكى ئىشلەشنى كەسپلەشتۈرۈش، شوخلا قىزىل پىگمېنتى ۋە پاراشوكى ئىشلەشنى كەسپلەشتۈرۈش، تەبىئىي رەڭلىك پاختىدىن رەخت توقۇلغاندىن كېيىن رەتلەشنى كەسپلەشتۈرۈش، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن سۇ تارتىش ۋە يورۇتۇشتا ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش سىستېمىسىنى كەسپلەشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى.

مائارىپ جەھەتتە: دۆلەت تەسىس قىلغان «نامراتلارنى يۆلەش مائارىپى قۇرۇلۇشى»، «نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»، «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى» مەخسۇس پۇلى شىنجاڭنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇشىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتتى، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نوبۇسنى قاپلاش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. 2001 - يىلى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 41 مىڭ 400 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 35%، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 827 گە يېتىپ، 52% ئاشتى.

7. ئېچىۋېتىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى زورايتىلدى. بىر يىلدا ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 20 مىليون

350 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى.

دۇنيا ئىقتىسادى، سودىسىنىڭ ئېتىشى ئاستا بولۇشى، پاختا قاتارلىق ماللار بازىرىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك چوڭ مۇھىتتا، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى ئېكسپورت قىلىشقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى ئازايتىشى، ساياھەتچىلىك سودىسى جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى توختىتىشى قاتارلىق سىياسەت خاراكتېرلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا، پاختا يىپ، پاختا رەخت ئېكسپورتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ساياھەت سودا ئېكسپورتى ئازايدى، بۇ ھال تاشقى سودا ئېكسپورتىنى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 44.5% تۆۋەنلەپ كەتتى.

شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلار شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا، پايغا قاتنىشىشقا، ۋەيران بولغان كارخانىلارنى سېتىۋېلىش ۋە ئۆزىگە قوشۇۋېلىشقا، ھۆددە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا، ھەمكارلىشىپ ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. ئېچىۋېتىشكە دائىر مەبلەغ سېلىش ساھەسى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ مەبلەغ سېلىش دائىرىسى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى؛ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈرۈمچى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 1105 كە، توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 23 مىليارد 153 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئەمەلىيلىشىپ ئىجرا قىلىنغان ھەمكارلىق تۈرى 995 كە،

توختام سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 9 مىليارد 905 مىليون يۈەنگە يەتتى. باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ خەلق پۇلى ھېسابىدا 2 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.94 ھەسسە ئاشتى.

8. خەلق تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى، كىرىم سەۋىيىسى داۋاملىق ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 6590.3 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.3%، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 5059.67 يۈەنگە يېتىپ، 8.4%، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، 5.7%، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1350 يۈەنگە يېتىپ، 9.2% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 99 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېڭىدىن 8 مىليارد 546 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

غەربىي كەڭ ئېچىش ئىشخانىسى

## ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، مالىيە ئىنتايىن قىيىن، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى يېتەرسىز، مەھسۇلات بازارلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى چەكلىك، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى جىددىي ياخشىلاشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، مەيلى ئاساسىي مۇئەسسەسە، ئېكولوگىيىلىك شارائىت قاتارلىق «قاتتىق دېتال» جەھەتتە بولسۇن ياكى بازار ئىگىلىكىگە دائىر سىياسەت، قائىدە - نىزام قاتارلىق «يۇمشاق دېتال» جەھەتتە بولسۇن، تېخى غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شىنجاڭدا ئېچىش ۋە تەرەققىيات جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، ساياھەتچىلىك، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر تېخى مۇكەممەل ئەمەس، بولۇپمۇ خەلقئارالىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن، ئېچىش قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۈل، زۆرۈر بولغان ئالدىنقى مەزگىللىك خىراجەت سېلىنمىسى كەمچىل، قۇرۇلۇش مەبلىغى جەھەتتە غايەت زور كەمتۈكلۈك مەۋجۇت.

2. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت يەنىلا ناھايىتى ئېغىر، مۇھىتنى تىزگىنلەش سالمىقى تەلەپتىن ناھايىتى يىراق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى تېخى ئۈنۈملۈك چەكلەنمىدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قوغداش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشكۈل.

3. ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى بويىچە سان، قۇرۇلما، ساپا، ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كۈچى، سىياسەت جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى چەكلىك، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، جەلپ قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلىتىش جەھەتتىكى بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك مېخانىزم ۋە ياخشى سىياسەت شارائىتى شەكىللەنمىدى، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تەلىپىگە تېخى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

4. پەن - تېخنىكا تازا تەرەققىي قىلمىغان، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى يېتەرسىز، كارخانىلار تېخى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلانمىدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مائارىپ مۇئەسسەسلىرى مۇكەممەل ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

5. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئالاھىدە مەھسۇلات جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنمىدى، مەھسۇلاتلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەركىزىي بازارلارغا كىرىش تەلەپىدىن خېلىلا يىراق، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى، ئۆزىدە بار مول بايلىقنى ئېچىپ بازار رىقابىتى ئىقتىدارىغا ئىگە تاۋارغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا تۈگىتىشكە تېگىشلىك بەزى توسالغۇلار مەۋجۇت.

6. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئوبوروت مېخانىزمى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرق يەنىلا بىر قەدەر زور، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

غەربىي كەڭ ئېچىش ئىشخانىسى

## 2002 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «غەربىي كەڭ ئېچىش - شىنجاڭنى ئېچىش ئومۇمىي پىلانى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ،

گوۋۇيۈەنىنىڭ «غەربىي كەڭ ئېچىشقا دائىر بىرقانچە سىياسەت ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»ى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

2. شىنجاڭنى ئېچىشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، قاپچىغاي سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، جىلىنتەي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، جىڭ - غۇلجا تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان بۆلىكى، توقسۇن - كۆمۈش بۆلىكى، كورلا، كۈنەس، نارات، ئالتاي ئايرودروملىرى قاتارلىق چوڭ تۈرلەر تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە قۇرۇلۇش باشلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ قوللىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم تاشيول، ئېلېكتر تورى، رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلىدۇ، ئاسفالت يولنى ناھىيىلەرگە، توكنى يېزىلارغا، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قىياپىتى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىدۇ.

3. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ. ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى ياخشىلىنىدۇ؛ نېفت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاش زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ؛ ساياھەت مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ.

4. ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە مۇھىت ئاسراش كۈچەيتىلىدۇ. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىلدە ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرىنى يولغا قويۇشتىكى نۇقتىلىق ناھىيە، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە، ئىھاتە ئورمىنى ۋە كۆچەتخانا بەرپا قىلىش، ئوتلاق ۋە ئوتلاق قۇرۇلۇشى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قۇرۇلۇشى ۋە تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلىدۇ.

5. ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە پەن - تېخنىكا - مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. گوۋۇيۈەنىنىڭ «غەربىي قىسىمدىكى ئىختىساسلىق خادىملار مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ 2001 ـ 2010 - يىلغىچە بولغان پىلانى» ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كادىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەت، تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، ھازىر بار ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىنىدۇ. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ، ئاساسىي مائارىپنى بولۇپمۇ نامرات يېزا - كەنتلەردە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ.

6. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئېچىۋېتىش يەنىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي كەڭ ئېچىش بويىچە ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئېچىۋېتىشكە ئالاقىدار سىياسەتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى تەتقىق قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىشقا دائىر يۇمشاق مۇھىت ھەقىقىي ياخشىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنىدۇ. شىنجاڭ پايدىلىنىدىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ ئىرىشىپ كۆپەيتىلىپ، ئىچكى - تاشقى سودا سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

غەربىي كەڭ ئېچىش ئىشخانىسى

# تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ

شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرى ھازىر شىنجاڭ بويىچە غەربىي كەڭ ئېچىشتىكى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان غايەت زور ئىقتىسادىي ئەجدىھاغا ئايلاندى.

2000 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئالدى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى، تۆرلۈك چارە - ئامااللار بىلەن شارائىت يارىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرى ئىقتىسادىي بەلۋىغىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولغا سېلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ شەرقتە ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ، غەربتە شىخۇغا بارىدۇ، ئۇ ئۈرۈمچى، مىچۈەن، سانجى شەھەرلىرىنى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىنى، شىخەنزە شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، شىخۇ، كۈيتۇڭ، قاراماي شەھەرلىرى ۋە مايتاغ كان رايونى شۇنىڭدەك بىڭتۇەننىڭ 6 -، 8 -، 12 - شىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، غەربتىن شەرققىچە ئۇزۇنلۇقى 250 نەچچە كىلومېتىر.

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇن سەۋەبلىك، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئورۇن ئەۋزەللىكى ۋە بۇرۇنراق ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي ئاساسىغا تايىنىپ، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى، بايلىق مەنبىيىنى ۋە بازار ئېچىش، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ۋە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، نوپۇس قۇرۇلمىسى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى، پەن تەتقىقات سەۋىيىسى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

بۇ يەرگە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى، شىنجاڭ «تيەنيې» كارخانا گۇرۇھى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى، گۇاڭخۇي گۇرۇھى، «شىنتيەن» خەلقئارا هارافچىلىقى، بۈيۈك بوغدا كۆلى، «دېلوڭ» قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار مۇشۇ يەردە قەد كۆتۈردى. شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى قاتارلىق پاي چېكى بازارغا سېلىنغان بىرتۈركۈم كارخانىلار ئاساسەن مۇشۇ بەلۋاغقا مەركەزلەشكەن.

دۆلەت يولى 312 - لىنيىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى، ئاسىيا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۆتاشتۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى، بۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھاۋا يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇشى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى قاتناش ئىنتايىن قولايلىق رايونغا ئايلاندۇردى.

ئۈرۈمچى، شىخەنزە ۋە كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، شۇنىڭدەك ئىقتىدارى مۇكەممەل، تۈرلىرى تولۇق بولغان زامانىۋىلاشقان سودا شەھەرلىرى، كۆلىمى زور يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرى مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقان.

بۇ يەرگە ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى مەركەزلەشكەن، ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى گەۋدىلىك، تېخنىكا يارىتىش ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ياخشى تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە ئىقتىسادىي رايون ھېسابلىنىدۇ.

# پارتىيە

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

### ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلار، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

شۇجى: ۋاڭ لېچۈەن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، ئىسمايىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جىنشياڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: يۈ لىنشياڭ، چېن دېمىڭ، ۋۇ دۇنفۇ، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلىن، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ، نۇربەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فۇچياڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: فۇ چياڭ.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، جىن شېڭخۇي (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ چاڭمىڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى بىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: لى يى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ مېيشەن، سىدىق مەسىيت، خې شىنلىيەن (ئايال)، ياڭ ۋېنيۈ (ئايال)، جاڭ مىڭلى.

### ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 6. ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا شۇجى ۋاڭ لېچۈەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ يېڭى نىشانى ۋە يېڭى ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. مۇئاۋىن شۇجى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيىمىن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىندا يەنە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ھەر قايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ پارتىيە - مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ۋالىيلار (ئوبلاست باشلىقلىرى، شەھەر باشلىقلىرى)، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

### ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 9 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 — 15 - كۈنلىرىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايون بويىچە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى

ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى، «1 - ئىيۇل» سۆزىنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت كېيىنكى بىرىم يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە سۆز قىلدى.

جۇ شېڭتاۋ ئاپتونوم رايونىڭ يېزىلىرىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەجرىبە پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى قەدەملىك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئومۇمىي يىغىن ۋاڭ لېچۈەننىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى، 6 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنى بەلگىلىدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - قۇرۇلتايغا بېرىدىغان خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ماقۇللىدى، دوكلاتنى 6 - قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشقا قوشۇلدى.

ئومۇمىي يىغىن «ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى»نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى.

ۋاڭ لېچۈەن يىغىن ئاخىرلاشقاندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىنى يەكۈنلىدى ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى قاتناشتى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار مەسئۇللار سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي ۋاڭ لېچۈەننىڭ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىقتى؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 57 نەپەر ئەزاسىنى، 10 نەپەر كاندىدات ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 35 نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى؛ قۇرۇلتاي «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار» ۋە «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار»نى بىردەك ماقۇللىدى.

ۋاڭ لېچۈەن قۇرۇلتايدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ، «ئەمەلگە ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي شۇنداق ھېسابلىدىكى، ۋاڭ لېچۈەننىڭ دوكلاتىدا 5 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا يەكۈنلەنگەن، يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە پۇرسەت ئىلمىي تەھلىل قىلىنغان، ئاپتونوم رايوننىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى 5 يىلدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ۋە ئاساسىي تەدبىرلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇ يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ھۆججەت.

قۇرۇلتاي شۇنداق كۆرسەتتىكى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ئېغىر يۈكنى كۈچلۈك دەۋر تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى



ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر 6 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا دوكلات بەرمەكتە.

لى يۈكۋاڭ فوتوسى

لازىم. قۇرۇلتاي ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كېلىپ، يول ئېچىپ ييېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئورلۇك ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت قۇرۇلتايدا يېپىش نۇتقى سۆزلىدى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ش ئۇ ئا ر 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى، شۇجىسىنى سايلاپ چىقتى؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى سايلاپ چىققان مۇئاۋىن شۇجىلار ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرىنى تەستىقلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى نۆۋەتلىك پارتكوم رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئۈستىدە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنى ئەسلىگە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ يۈكپىڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**ۋاڭ لېچۈەن** 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭنىڭ شۇگۇاڭ ناھىيىسىدىن. 1966 ـ يىل 3 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1965 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ھازىر 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى.

شەندۇڭ جياۋنەن ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، شۇگۇاڭ ناھىيە خۇجېن گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گۇڭشې پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چېڭگۇەن گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، داۋتيەن گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شۇگۇاڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ چىنچېڭ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ شەندۇڭ



ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت شۇجىسى

بولغان. 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان.


**ئابلەت ئابدۇرېشىت** 1942 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، غۇلجا شەھىرىدىن، 1960 ـ يىل 7 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1965 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر. هازىر 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى. شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش ـ لايىـ



ھەلەش ئاكادېمىيىسىنىڭ تېخنىكى، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، ئىنژېنېر، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇۋەققەت رەئىسى بولغان.

**جۇ شېڭتاۋ** 1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇنىڭ دۇڭتەي ناھىيىسىدىن، 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1966 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. هازىر 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.

بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 71 ـ تۈەن ـ مەيدانىدا يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى، پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى،



تۈەن سىياسىي باشقارمىسىدا كادىر؛ ئىلى ۋىلايەتلىك بوزيەر

ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمىدە كادىر؛ يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى سىياسىي بۆلۈمىدە كادىر، مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان.

پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

**ئەسقەت كەرىمباي** قازاق، 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، غۇلجا شەھىرىدىن، 1975 ـ يىل 11 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1970 ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. هازىر 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.



غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 1 ـ فېرمىسى، مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسىدا كادىر؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىر؛ ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**ئىسمايىل تىلىۋالدى** 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن، 1973 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1967 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. هازىر ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تراكتور پونكىتى، تاشمىلىق گۇڭشېسىدا تەرجىمان، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات



بۆلۈمىدە كادىر؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىر، ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى؛ بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

**خۇ جيايەن** ئايال، 1945 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان، لياۋنىڭنىڭ لياۋجۇڭ شەھىرىدىن، 1977 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



ھازىر مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 6 - زاۋۇت پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىدا كادىر، ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى،

مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق شىركىتى (شىنجاڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى) پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتورى؛ سانجى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**ۋاڭ جىنشياڭ** 1947 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇنىڭ يەنچىڭ شەھىرىدىن، 1980 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

4 - باشقارمىلىق مىنىستىرلىكى 879 - زاۋۇت تەشۋىقات بۆلۈمى، زاۋۇت ئىشخانىسى، تىجارەت بۆلۈمىدە كادىر، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى؛ سىچۈەن ئۆلكىسى گۇاڭيۈەن شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى؛ سىچۈەن



ئۆلكىلىك پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇدىرى؛ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

**يۈ لىنشياڭ** 1945 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، خۆبېينىڭ يىڭچېڭ ناھىيىسىدىن، 1966 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1960 - يىلى 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، خىزمەت ئۈستىدە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا



ئىگە بولغان. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى.

خۇبېي ئۆلكىسى يىڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ لاڭجۇن يېزىسى (يېزا بوغچىسى). تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشچى؛ ئازادلىق ئارمىيە 1 - جۈن 2 - شى 6 - تۇەن 4 - لىيەندە جەڭچى، پەيجاڭ، 2 - شى تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئاخبارات كادىرى، 1 - جۈن سىياسىي بۆلۈم كانسېلارىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ كادىرى؛ 1 - جۈن سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى؛ نەنجىڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى؛ 1 - گورۇپپا ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 2 - شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى؛ قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - باش ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى؛ قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - باش ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى؛ ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

**چېن دېمىڭ** 1941 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، تيەنجىننىڭ جىشەن ناھىيىسىدىن. 1971 - يىلى 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1966 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى.



شىنجاڭ ساناەت ئىنستىتۇتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئوقۇتقۇچى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسى، تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىر؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن

شۇجىسى؛ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ سانجى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

**ۋۇ دۇنفۇ** 1945 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، خېبېينىڭ جىشەن ناھىيىسىدىن. 1980 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1968 - يىلى 12 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ



باشلىقى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا ئىشچى، تېخنىك، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىدا مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەسئۇلى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، خوتەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**جاڭ شيۇمىڭ** 1946 - يىلى 2 - ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭنىڭ يىجىن ناھىيىسىدىن، 1975 - يىلى 2 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي



قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ج خ ئازارتىي پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ج خ ئازارتىنىڭ ئازىرى.

كورلا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى سىياسىي - قوغداش بۆلۈمىدە كادىر، كادىرلار - كاتىبات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ كورلا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**جاڭ چېڭلى** 1951 - يىل 1. ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭنىڭ دۇڭيىڭ ناھىيىسىدىن، 1973 - يىل 2 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1971 - يىل 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، خىزمەت ئۈستىدە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ قوماندانى.



شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭيىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، سېخ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭيىڭ ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە سانائەت - قاتناش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئىشچى - دېھقان ياشلار بۆلۈمىدە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭيىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى؛ تەيئەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لەنجۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**جۇ يەن** 1947 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان، شەنشىنىڭ چيەنشەن ناھىيىسىدىن، 1971 - يىل 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، باشقۇرغۇچى ئالىي ئىقتىسادچى، ئالىي سىياسىي خىزمەتچى. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.



شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇدۇق بۇرغىلاش باشقارمىسى 5014 - ئەترىتىنىڭ گېئولوگى، باشقارما پارتكومىنىڭ كاتىپى؛ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمى ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، گېئولوگىيىلىك يۈنكەش باشقارمىسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى (قاراماي شەھىرى) پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت تەكشۈرۈش شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن قوماندانى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى (قاراماي شەھىرى) پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**ياڭ گاڭ** 1953 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، خېبېينىڭ گاۋچېڭ ناھىيىسىدىن، 1976 - يىل 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىل 2 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي سىياسىي خىزمەتچى، ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى.



بېكتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 150 - تۇەن - مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشچىسى؛ شىنجاڭ تۇمۇر سانائىتى ئىدارىسى 3 - تۇەننىڭ ئۆلچەش خادىمى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارىنىڭ قوغداش كادىرى؛ بىڭتۇەن پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىڭتۇەن كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن شۇجىسى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتگورۇپپا شۇجىسى؛ تورپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كادىرلار نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازارەتنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان.

**نۇر بەكرى** 1961 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان، بورتالا شەھىرىدىن، 1982 - يىل 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1983 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. هازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ كونسۇلتاسىيىچىسى، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

شۇجىسى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىي ياردەمچىسى، مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى، شەھەر باشلىقى بولغان.

**ئەركىن ئىمىر باقى** 1953 - يىل 7 - ئايدا تۇغۇلغان، يېڭىسار ناھىيىسىدىن، 1980 - يىل 6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1971 - يىل 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. هازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



ئۈرۈمچى شەھەرلىك فارفور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، تېخنىكى، سېخ مۇدىرى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، مۇۋەققەت زاۋۇت باشلىقى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شەھەر باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى؛ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازارەتنىڭ نازىرى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭ پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**فۇ چياڭ** 1947 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان،



سىچۈەننىڭ جيەنياڭ ناھىيىسىدىن، 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1969 ـ يىل 2 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ھازىر ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پارتكومنىڭ باش كاتىپى.

كورلا شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىداۋان دوختۇرخانىسى يەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى بولغان.

## ش ئۇ ئا ر 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 — 17 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر 6 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. «ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە قاراپ چىقتى.

ئومۇمىي يىغىن «ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى›نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى پىكرى»نى ۋە «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى»نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى.

ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت، خۇ جىيابەنلەرمۇ سۆز قىلدى.

ۋاڭ يۈكېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ـ بالىلىق ـ مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى ئەسىردىكى نوپۇس، بالىلىق، مۇھىت خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، كونكرېت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ، نوپۇس، بالىلىق، مۇھىت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، جەزمەن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ سۆز قىلىپ، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ يۈكېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت بولدى.

ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا ئىسمايىل تىلىۋالدىمۇ سۆز قىلدى.

ۋاڭ يۈكېڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 — 22 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تېمىنى دەۋرىي قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا ياخشى ئىشلىشىگە تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى

ئۆزلۈكسىز ساقلاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلدى.

ۋاڭ يۈكېپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتى تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىندى، «قاتتىق زەربە بېرىش» تۈزەش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى. جاڭ شيۇمىڭ «قاتتىق زەربە بېرىش» تۈزەش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋاڭ يۈكېپىڭ

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2001 ـ يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئورۇش تەييارلىقى خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «2001 ـ يىل ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «‹ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «‹ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايونىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پۇقرالار ئارىسىدا قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ 4 ـ بەش يىللىق پىلانى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «‹مەملىكەت بويىچە تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايوندىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە دائىر ئالاقىدار پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «مەھەللە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 2001 ـ يىللىق تەشۋىقات ـ ئىدىيىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «‹ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى مەزگىلىدە خادىملارنىڭ ئىش ئورنىنى بېكىتىش، خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر› نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) نىڭ ‹ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى›، ۋە ‹ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى مۇددەتتە نۇشقاندىن كېيىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىر› نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە بەنزە ئەزالىرى ئارىسىدا ‹ئۆگىنىشكە، سىياسىغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش› ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «‹ئۈچنى بېكىتىش، كە دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە كادىر تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاپپاراتلارنىڭ شتاتىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق سودا كارخانىلىرى ۋە قىسمەن كارخانىلار ئاچقان مەكتەپلەرنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## پىكىرلەر

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2001 - يىلى تارقاتقان «پىكىر»لەر (بىر قىسمى)

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا، ئىككى دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە 15. نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## قارارلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2001 - يىلى چىقارغان قارارلار (بىرقىسمى)

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن 2 - تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «چۆچەك شەھىرى قاتارلىق 5 شەھەر، ناھىيىگە ‹ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنە شەھەر› ، ‹ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنە ناھىيە، دېپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق

ھۆكۈمىتى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «(شەھەر، رايون) پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ 1999 — 2000 - يىللىق پەن - تېخنىكا نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاساسىي ماائارىپنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇ شېڭتاۋ شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋە شىنتوڭ گۇرۇھىنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى ھەم پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇيۇەن ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى ۋە شىنجاڭ نىلون زاۋۇتىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 16 - 17 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۇەن، ئەسقەت كەرىمباي ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە شىنجاڭ 2 - بىناكارلىق شىركىتى ۋە شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىغا بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، قىيىنچىلىقتا قالغان قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇيۇەن ش ئۇ ئا ر پارتكومغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 5 - كادىرلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ پىشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلىپ بەردى.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئورگىنىغا بېرىپ ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭ كېزىتخانىسى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن خۇ جيايەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك پىشقەدەم كادىرلاردىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاخبارات خادىملىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ۋۇ دۇنفۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە «شىنخۇا» باسما زاۋۇتىغا بېرىپ، ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ چاغان ھارپىسىدا ئىشلەۋاتقان ئاخبارات خادىملىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جاڭ ۋېنيۈ شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ سانجى پاختا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق شىنچېن يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

1 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ھەر مىللەت چارۋىچىلىرىدىن ھال سورىدى، كۆپچىلىكنى ئىتتىپاقلىشىپ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداپ قېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ ۋېنيۈ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ياڭ گاڭ قاتارلىقلار يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 5 — 7 - كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ ئارىشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۇي بازىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېزىلاردا «ئۈچكە



**2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ماناس ناھىيىسىدىكى ئاقسىللىق يەم - خەشەك زاۋۇتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.**

**لى يۈفۇاڭ فوتوسى**

ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە - كىنو ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ گېزىتخانىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 11 — 14 - كۈنلىرى ۋۇ دۇنفۇ بۇگۇر ناھىيىسىدە يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى مەدەنىيەت نازارىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى نۇربەكرى قاراقاش ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ بايىنغولىن ئوبلاستىدا يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 13 — 15 - كۈنلىرى جۇ يۈەن مورى ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ ۋېنيۈ شىخو شەھىرىدە يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى خۇ جيايەن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئەسقەت كەرىمباي ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت ئاممىدىن ھال سورىدى.

3 - ئاينىڭ 1 — 5 - كۈنىگىچە جۇ شېڭتاۋ ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ قار ئاپىتىنى تەكشۈردى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جاڭ ۋېنيۈ، ئىسمايىل تىلىۋالدى، چېن دېمىڭ، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەن، جۇ يۈەن، نۇر بەكرى قاتارلىقلار دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىدىن ھال سورىدى.

3 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنلىرى ئەسقەت كەرىمباي ئىلىدا، غۇلجا، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن بورتالا ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋۇ دۇنفۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جاڭ ۋېنيۈ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 3 — 5 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن جاڭ شيۇمىڭ بىلەن بىللە سانجى ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاغىلىق ناھىيىسىدە يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنلىرى جاڭ ۋېنيۈ شىمالىي تارىم ئويمانلىقى گازلىقىغا بېرىپ «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» بايلىق بازىسىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 2 — 5 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر قىزىلسۇ ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئەركەشتام، تورغات پورتلىرىنى، چېگرا مۇداپىئە 1 - قاراۋۇلىنى تەكشۈردى، ئۇلۇغچات، ئاقتۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار، نامراتلار ۋە «ئۈچ پېشقەدەم» لەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى، ئېتىز - ئېرىق، ئېغىل - قوتانلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى، ۋۇ دېگيۈننى ۋە باشقا دوختۇر - سېستىرالارنى يوقلىدى. ۋاڭ لېچۈەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 3 — 5 - كۈنلىرى جۇ يۈەن مورى، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 — 6 - كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ بورتالا ئوبلاستىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن ئىسمايىل تىلىۋالدى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كادىرلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنلىرى خۇ جيايەن ئالتاي ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى قۇمۇل ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنلىرى ۋۇ دۇڭخۇ سانجىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 24 — 26 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە تۇرپان ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 4 — 11 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ئاساسىي مائارىپنىڭ ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 16 — 18 - كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ مىچۈەن، فۇكاڭ، مورى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، ياڭ گاڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىسمەن مەھەللىلىرى ۋە كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن مىچۈەن شەھىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 14 — 18 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇ شېڭتاۋ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە بېرىپ، بايرام كۈنلىرى ئىشلەۋاتقان كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

10 - ئاينىڭ 8 — 13 - كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ ئاقسۇ، باي، كۇچا، توقسۇ، ئونسۇ، ئاقچىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنلىرى خۇ جيايەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 — 13 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئىلى ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 — 13 - كۈنلىرى ۋۇ دۇڭخۇ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 — 17 - كۈنلىرى ئەسقەت كەرىمباي سانجى ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى

بورتالا ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋۇ دۇنفۇ قاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 9 — 12 ـ كۈنلىرى جۇ شېڭتاۋ تارباغاتاي ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەركىن ئىمىر باقى ئۈرۈمچى، سانجىدىكى قىسمەن دۆلەت كۆمۈر كانلىرى، يەككە كۆمۈر كانلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئەركىن ئىمىر باقى شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 25 — 27 ـ كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، خۇ جىيايەن، فۇ چياڭلار سانجى ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

تاڭ جىڭخۇڭ

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل كادىر 672 مىڭدىن ئارتۇق (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن بىڭتۇەننىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر 348 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 51.8%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئايال كادىر 309 مىڭ بولۇپ، 46%نى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىر 165 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 24.6%نى ئىگىلەيدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسى مۇنداق: ئاسپىرانت 3000 دىن ئارتۇق، تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 98 مىڭدىن، مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 259 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 2سى كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ 53.6%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 250 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 37.2%نى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 40 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 6.1%نى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 21 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 3.1%نى ئىگىلەيدۇ. مەمۇرىي ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى 45 ياشتىن تۆۋەن كادىرلار 565 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ 84.1%نى ئىگىلەيدۇ.

2001 ـ يىلى دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ۋە قوبۇل قىلىنغان، تەكلىپ قىلىنغان كادىر 26 مىڭدىن ئارتۇق (يۆتكىلىپ كەلگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانغا تەقسىم قىلىنغىنى 5000 دىن ئارتۇق، كەسپىي ـ كارخانا ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىنغىنى 21 مىڭدىن ئارتۇق. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، ئىستېپا بېرىش، چېكىنىش، ھەيدىلىش، قازا قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېمەيگەن كادىر 25 مىڭدىن ئارتۇق (يۆتكىلىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاننىڭ 3600 دىن ئارتۇق، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇننىڭ 21 مىڭدىن ئارتۇق.

ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئىچىدە كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ھەرخىل خادىم 507 مىڭدىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 456 مىڭدىن ئارتۇق: ئالىي ئۇنۋانلىقلار 19 مىڭدىن ئارتۇق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلار 105 مىڭدىن ئارتۇق، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلار 266 مىڭدىن ئارتۇق؛ ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىمى 251 مىڭدىن ئارتۇق؛ ئايال تېخنىكا خادىمى 241 مىڭدىن ئارتۇق.

لىيۇ يۈەنشىن

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتلىرى 111، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 2، ۋىلايەتلىك پارتكوم 7، ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 17، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6، شەھەرلەردىكى رايونلۇق پارتكوم 11، پارتگۇرۇپپا 1457، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگاندا 58، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگاندا 526، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگاندا 656، 2 ـ دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورگاندا 217. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 64 مىڭ 660، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام پارتكوم 3621، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3653، پارتىيە ياچېيكىسى 57 مىڭ 386.

تەن چىڭ

## پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 58 مىڭ 120. بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 13 مىڭ 369، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 44 مىڭ 751؛ خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 646 مىڭ 916، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 411 مىڭ 204؛ 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەنلەر 8792، 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەنلەر 1 مىليون 49 مىڭ 328؛ 36 ياشتىن تۆۋەنلەر 290 مىڭ

238، 36 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار 767 مىڭ 882؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 604 مىڭ 72. تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 454 مىڭ 48؛ ئايال پارتىيە ئەزاسى 230 مىڭ 172؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 224 مىڭ 637. 2001 - يىلى شىنجاڭدا 40 مىڭ 814 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 21 مىڭ 75. ئاز سانلىق مىللەت 19 مىڭ 739؛ 35 ياش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر 31 مىڭ 488، 36 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار 9226؛ ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 27 مىڭ 634، دېھقان، چارۋىچى 10 مىڭ 129، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئەمگەكچى 72؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 13 مىڭ 183؛ ئىلغار تەمىنچى شەخس 1347، ئايال 14 مىڭ 345.

تەن چىلىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا جۇ يۈەن سۆز قىلدى. جۇ شېڭتاۋ يىغىن ئاخىرلاشقاندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى.

لۇڭ مىڭجى

## ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى ۋە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى، بىڭتۇەن پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى، نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. جۇ يۈەن يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

لۇڭ مىڭجى

## يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى

2001 - يىلىنىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى يېزا، بازار، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماقلار، پونكىت، ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەر، مەمۇرىي كەنت تەرتىپى بويىچە 4 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتكە ئاساسىي قاتلام كادىرىدىن 570 مىڭى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالاقە نۇقتىلىرىغا بېرىپ سەپەرۋەر قىلدى. ھەر قايسى باسقۇچتىكى ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ 23 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، جايلارنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۈنۈمى تەكشۈردى، بۇ پائالىيەت كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1. كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، كادىرلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي ساپاسى يەنىمۇ ئۆستى. 2. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتى، كادىرلارنىڭ ئىستىلىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى. 3. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 4. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى، چاقىرىق كۈچى ئۆزلۈكسىز ئۆستى.

لۇڭ مىڭجى

## كادىرلارنى تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش خىزمىتىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئېغىشماي يېتەكچى قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە يېتەكلەندى، رەھبەرلىك بەنزىسى مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۈستىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەخسۇس كۇرس ئېچىش شەكلى بىلەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاپتونوم

رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ بىر ھەپتىدىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى ۋە «1 - ئىيۇل» سۆزىنى مەخسۇس ئۆگەندى. جەمئىي 17 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 2479 كادىر تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك 1 - قول رەھبىرى 215، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىر 682، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك 1 - قول رەھبىرى 142، يېزا، بازار دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 1440. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى ئاساسىي سىنىپتىن 14نى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىردىن 504نى تەربىيىلىدى. 136 كادىر مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە، 370 كادىر مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ئاچقان كۇرسلارغا، 105 كادىر چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 5 -، 6 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيىلەردىن 120 كادىر شەندۇڭغا 3 ئايلىق ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى.

3 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرىدىن 750ى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ قىسمەن تۇەن - مەيدانلىرىغا ۋەزىپە بىلەن ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىمدىن 40ى شاڭخەيدە ئېچىلغان «شەرق - غەرب مەمۇرلىرىنى سىتېپما بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى» غا ئەۋەتىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن 100ى شىنجېن دىرېكتورلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. «كادىرلارنى تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، تەربىيىلەش ئىنتىزامى قايتا تەكىتلەندى، تەربىيىلەش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

لۇڭ مىڭجى

## كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 14ى ئاشكارا تاللاندى، يازما ئىمتىھانغا كەسپىي بىلىمگە دائىر مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ئاشكارا تاللاشنىڭ ئىلمىيلىكى كۈچەيتىلدى. جايلار بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىردىن 521نى ئاشكارا تاللاش يولى بىلەن تاللاپ ئىشقا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 120. جايلار، ئورۇنلار ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتتىكى ۋەزىپە ئالماشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك يول بىلەن سىناش، باھالاش، تەكشۈرۈپ ئالدىن ئېلان چىقىرىش، پەرقلىق سان بويىچە تەكشۈرۈش، رىقابەتلەشتۈرۈپ ئىش ئورنىغا چىقىرىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئېلان چىقىرىشقا ئوخشاش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى پائال، پۇختا يولغا قويۇپ، ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ بۆسۈپ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پايدىلىق بولغان ئادەم تاللاش - ئىشقا قويۇش مېخانىزمىنى قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندۈردى. كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، 4 ئوبلاست، 2 شەھەردىكى پارتكوم بەنزىسىدە 16 كادىر ئالماشتۇرۇلدى، ئالماشتۇرۇش دائىرىسى %20.8 بولدى؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم بەنزىلىرىدە 262 كادىر ئالماشتۇرۇلدى، ئالماشتۇرۇش دائىرىسى %28.2 بولدى. كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كادىرلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشقا ئالاقىدار تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كەسپىي ئورۇنلاردا تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىسلاھات قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

لۇڭ مىڭجى

## ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق پارتكوملارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 4 ئوبلاست، 2 شەھەر، 93 ناھىيە، شەھەر، رايوندا پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يەرلىك پارتكوملارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك 6 پارتكوم بەنزىسىگە كۆرسەتكەن 77 نامزات، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق 93 پارتكوم بەنزىسىگە كۆرسەتكەن 928 نامزات تولۇق سايلىنىپ، ئامما، ۋەكىللەر، تەشكىل «ئۈچ تەرەپ ئاساسەن رازى بولۇش» تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن كېيىن ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 47.8 ياش بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 1.4 ياش چۈشتى؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق پارتكوم بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 41.5 ياش بولۇپ، 1.1 ياش چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان نىشاندىكى

تەلەپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق 93 پارتكوم بەنزىسىنىڭ ھەممىسىگە ئايال كادىرلارمۇ سەپلەندى. ئىككى دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ بىلىم، كەسپىي قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى، بىر پۈتۈن كۈچى كۈچەيدى.

لۇڭ مىڭجى

## پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. يەنە «كادىرلارنىڭ ساپا قۇرۇلۇشى»، «خەلقنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى» ۋە «ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش» پائالىيىتى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئاما بىلەن ئاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە بىللە بولۇش ۋە يېزا، بازار، كەنتلەردە ۋەزىپە ئۆتەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورگانلاردىن نۇرغۇن كادىر ئەۋەتىلدى. يېزىلاردىكى پېشقەدەم كادىر، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم نەمۇنىچىلارنىڭ تەمىناتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېزا - بازارلارنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلدى، 345 دۆلەت كارخانىسىدا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، بەنزىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر خېلى ياخشى ھەل قىلىندى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، مەھەللىلەر، ئىجتىمائىي ۋاستىچى تەشكىلاتلاردا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش، پارتىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە كارخانىلارنىڭ بىرىنچى سېپىدە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىگە سېلىنىدىغان سېلىنما كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى بازىسى قىلىنغان 12 ناھىيە نۇقتىلىق يۆلەندى. لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، پارتىيە قوشۇنى ساپلاشتۇرۇلدى.

لۇڭ مىڭجى

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش - ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 100 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى.

### قوشۇمچە:

**ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسمىلىكى**

كۈنەس ناھىيىسى ئارالتۆپە بازارلىق پارتكوم، ئىلى ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قارىسۇقۇدىكى ئېلېكتر قۇرۇلۇشى شىركىتى توك يەتكۈزۈش ئىش رايونى پارتىيە ياچېيكىسى، قورغاس ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسى، قورغاس تاموژنىسى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى 2 - سېخ پارتىيە ياچېيكىسى، تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى ئاشىلتۇبەك چارۋىچىلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، توقتۇزتارا ناھىيىسى ئاغارسىن يېزىلىق پارتكوم، شىخو ناھىيە شىچياۋ بازىرى شىچياۋ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، ئارباغاتاي ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى پارتكومى، چۆچەك شەھىرى ئاشىرداغۇر يېزىلىق پارتكوم، چاغانتوقاي ناھىيىسى چاغانتوقاي فېرمىسى پارتكومى، قوبۇقسار ناھىيىسى قوبۇقسار بازارلىق پارتكوم، ئالتاي شەھىرى ئاۋېيتەن بازىرى چىڭخەي كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، قابا ناھىيىسى سارتام يېزىسى ئاقتۆپە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، بۇرچىن ناھىيىسى چوڭقۇر يېزىلىق پارتكوم، كۆكتوقاي ناھىيىسى تۇرغۇن يېزىسى تۇرغۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، ئالاتاۋ ئېغىزى چېگرىدىن چىقىش - كىرىشنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2 - پارتىيە ياچېيكىسى، بورتالا ئوبلاستى ج خ ئىدارىسى پارتكومى، جىڭ ناھىيىسى تولى يېزىلىق پارتكوم، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى شەرقىي جۇڭغار نېفىت ئېلىش زاۋۇتى ئوتتاغ بىرلەشمە پونكىت پارتىيە ياچېيكىسى، فۇكاڭ شەھىرى جيۇيۇنجيې بازىرى چىيۇنخۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ تيەنلۇڭ كانچىلىق چەكلىك پاي شىركىتى پارتكومى، سانجى شەھىرى سەنگۇڭ بازارلىق پارتكوم، گۇچۇڭ ناھىيىسى شىبېيۈەن يېزىسى شوتۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى پارتكومى، ماناس ناھىيىسى لياڭجۇخۇ بازارلىق پارتكوم، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق شۆبە ج خ ئىدارىسى يامالىق تېغى ساقچىخانا پارتىيە ياچېيكىسى،

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتى پارتكومى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى سەنگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى پارتكومى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى، پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازارلىق پارتكوم، تۇرپان شەھىرى يار يېزىلىق پارتكوم، تۇرپان ۋىلايەتلىك بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىلىق پارتكوم، باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا يېزىسى بىلقىلداق كۆپۈر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتكومى، كورلا شەھىرى تۆۋۈرچى يېزىلىق پارتكوم، چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزا ياقا ئۆستەڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، يەنجى ناھىيىسى يۇڭنىڭ بازارلىق پارتكوم، بۈگۈر ناھىيىسى قاراباغ يېزىلىق پارتكوم، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «تەڭرىتاغ» يولى ساقچىخانا پارتىيە ياچېيكىسى، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى پارتكومى، كۇچا ناھىيىسى چىمەن يېزىلىق پارتكوم، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى، ئاقسۇ شەھىرى قارائال بازىرى بوستان كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، باي ناھىيە توقسۇن يېزا ياتۇر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، شايار ناھىيە تويبولدى يېزا كونا تېرەك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، ئونسۇ ناھىيە تومشۇق بازار پاۋاللا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتكومى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى، ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق پارتكوم، مەكىت ناھىيە قورما يېزا قىزىلنۇر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزا ئۈجمىلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە سەمەن يېزىلىق پارتكوم، مارالبېشى ناھىيە شامال يېزىلىق پارتكوم، يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق پارتكوم، قەشقەر ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچى ترانسپورت باش پونكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا يېڭىئۆستەڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كېرىيە ناھىيە ئارىش يېزىلىق پارتكوم، نىيە ناھىيە نىيە يېزا توپا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، خوتەن ناھىيە ئىسلامئاۋات يېزا ئاغئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى ترانسپورت باش پونكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسى، ش ئۇ ئا ر هاۋارايى ئىدارىسى هاۋارايى ئىستانسىسى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي (گۇرۇھى) ئوقەتچىلىك ـ مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر ئالىي تاشيول ئىدارىسى پارتكومى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزى پارتكومى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئورگانىك خىمىيە زاۋۇتى 3 ـ شۆبە زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ جوڭخې پاي چەكلىك شىركىتى ئاليۇمىن ئېلېكترولىز زاۋۇتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ كوكس كۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېلېكتر شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «1 ـ ئىيۇل» 2 ـ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىنچىكە ئېگىرىش سېخى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى فۇكاڭ تاۋلاش زاۋۇتى سىلىقلاش سېخى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقا سەپ گۇرۇھى پارتىيە باش ياچېيكىسى 4 ـ ياچېيكىسى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسەت ـ تارىخ فاكۇلتېتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى ئورگان پارتكومى، ج خ نازارىتى 7 ـ باشقارما پارتىيە ياچېيكىسى، ش ئۇ ئا ر شايار تۈرمىسى پارتكومى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك ئوتنى ئۆچۈرۈش باشقارمىسى پارتكومى، شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش-ئېچىش ئىدارىسى بىرىنچى رايونلۇق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى پارتكومى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 4 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى پارتكومى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق باشقارمىسى كورلا پاراۋوز ـ ۋاگون ئۇچاستكىسى پارتكومى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى ئىدارىسى خەۋەرلىشىش ـ يول باشلاش ئۈچۈر باشقارمىسى رادار پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى تارىم ترانسپورت شىركىتى پارتكومى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى پارتكومى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى پارتكومى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 8 ـ تارماق ئەترىتى 5 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى پارتىيە

ياچېيكىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 31 ـ تۇەن ـ مەيدان 3 ـ ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 62 ـ تۇەن ـ مەيدان 7 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى 81 ـ تۇەن ـ مەيدان 10 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى كۈيتۇڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 2 ـ شۆبە فابرىكىسى پارتىيە ياچېيكىسى، يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى شىخەنزە شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى پارتكومى، يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى 184 ـ تۇەن ـ مەيدان بېنتونىت (كۆچمە توپا) زاۋۇتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، يېزا ئىگىلىك 14 ـ شى 1 ـ فېرما 2 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

**ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى**

شارقىن ئابتالىپ (قازاق)، ۋاڭ سۇن، يالقۇن كامال، ما چىڭلىن (خۇيزۇ)، گۇەن سەنشەن (شىبە)، سەيدەن (قازاق)، دۇەن شيەنجۇن، قالىمقان بەكىن (قازاق)، سەي شياۋجيې، تولقىن تاقىن (قازاق)، نۇربول سېيىتقازى (قازاق)، چاينۇردان ئىبراي (قازاق)، جاۋ گۈيجياڭ، ماسىنبەك بېكەش (قازاق)، دۇڭ شۇليەن، چاگنا (موڭغۇل)، لى شيافېي (ئايال)، شۆ شىنكې، مەمەت يولۋاس، فا چېڭجۇڭ (خۇيزۇ)، جېڭ شىڭگو، ما شېڭبىن، جۇ يەنجىن، سېيىت ئىبراھىم، نۇر مەھەممەت، چېن لىجۇەن، لى فاڭيەن (ئايال)، يې جەنلىن (خۇيزۇ)، جاڭ جىڭجۇن، ما چىڭشياڭ، ئوسمان سېتى، لى چاڭچىڭ، جاڭ لىنچېڭ، مۇھەممەت تاش، لۇ چۇنجىڭ، شيۇڭ گوشيۇڭ، ئەركىنجان مەھەممەت، شېن خېڭفا، ليۇ جۇڭچېن، ئىسمايىل موسا، بادمارا (ئايال، موڭغۇل)، جاڭ بىن، ليۇ دېنشىڭ، تۇرسۇن نىياز، لياڭ ۋېنشاڭ، تۇرغۇن مەھەممەت، خې جىنخۇڭ، خوجا غازى، مۇتوللا مۇسا، ۋاڭ ياجۇ، شېن يۇجى، ئوبۇل تاھىر، خې يۇڭشياڭ، گۈلنىسا ئىلياس، جۇ خۇڭجىن، روشەن ئېلى (تاجىك)، ئىمىن دېمىن، روشەنگۈل ساۋۇر، شىرزات باۋۇدۇن، ھاۋاخان نۇر، جېڭ شۇيې، مەلىكەم ئەخەت، لا دىشېڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ گۈيرۇڭ، گۈلزەپەر مامۇت، سۇن جۇڭ، نيې گوخۇڭ، ۋاڭ چۇنجياڭ، ليۇ بىن، ۋاڭ يىڭ، ئايگۈل مەھەممەت، گۈلنار ئابدۇللا، شەن جۇنلياڭ، ئەرشىدىن شەمشى، چېن شياۋجۇن، لى خۇەن، ئوغلەم تۇردى، شياۋ لەنشىن، جىن فېڭخۇي، سۇ گو، لى بىنيى، ليۇ جياجىن، ۋۇ مىڭجۇ (ئايال)، ما چى، ئابدىراي ئوسمان (قىرغىز)، مياۋ خۇڭشېڭ، رۇڭ يەنتاڭ، ما شىنلىن (خۇيزۇ)، ئەن شۇچۇن، چېن لياڭ، ۋاڭ گۇاڭچياڭ، لياڭ شىنيۇەن، نۇر ئەخمەت، چېن شياۋيۇن، ليۇ مېي (ئايال)، كۇڭ لىڭفۇ (خۇيزۇ)، شيەن شېڭشياڭ (خۇيزۇ)، لى باۋچېڭ، لياڭ جۇن.

**ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

دېڭ ۋېنچى، پولاتجان (قازاق)، تۇرداخۇن ھەبىبۇللا، چېن مېيرۇڭ، شېڭ يۇڭ، جاڭ ۋېنجۇن، ليۇ چۇەنشىن، لى شيۇ، زىيابېك بېكمۇقەمەت (قازاق)، لۇ جېنشىڭ، جاڭ جيەن، ۋاڭ شىڭجاڭ، چېن جىسې، ياڭ پېيخۇا، جاڭ ۋېي، ھېزىم ئابدۇلىم، دېڭ گولياڭ، ۋاڭ گوشۇن، يۇەن جۇن، ۋېي يۇگۇي، جاڭ شىرۇڭ، لۇي يويو، ما شاۋليەن (ئايال، خۇيزۇ)، گو شياڭيالڭ (شىبە)، ۋاڭ گۇەنشەن، ياڭ چىن (ئايال)، ئىلھام ئەبەيدۇللا، ئىبراھىم ئارىپ، نيۇ رۇيليەن (ئايال)، چېن چىڭداڭ، لى باۋشېڭ، لاشې (موڭغۇل)، ھەسەن خېلىل، جاڭ كۇن، شۇ ۋېنغا، شى زېجياڭ، ئايشەم ساماق، سۇن شىڭجيې، نىياز راشىدىن، جاڭ پىڭ، جاڭ خۇي، شۇ يۇەنجى، ليۇ شىنپىڭ، چاڭ جيەنيۇڭ، مەھەممەت ئايۇپ، خەيرىنسا ۋاھىت، يەن جيەن، جاۋ پىڭ، نۇرنىسا تۇرسۇن، ليۇ شىنلو، مەتكېرىم سېيىت، ئېلى مەھەممەت، جاڭ مەنتاڭ، قېڭ چۇەنلۇ، گو باۋلىڭ (ئايال)، چېن شياۋلىڭ، خۇ خەنمىڭ (ئايال)، تۇرسۇن نىياز، ئىبراھىم ئەرشىدىن، چېن جۇن، جاۋ سوچېڭ، ما شۇندې، مۇتەللىپ مەھەممەت، ليۇ خۇي، دۇڭ گاڭ، جاۋ فۇ، ئالىيە ئەزىمەت (ئۆزبېك)، جۇ جىنلۇڭ، لى شاڭفا، غىلاجىدىن خەيرى، ۋاڭ جيەنخۇڭ، جاڭ لىشىن، چېن ئەنگو، مۇھەت ئابدۇۋاھىت، يۈەن يۇڭنيەن، ۋۇ شيۇدې (ئايال)، ئېلى بارات، ياڭ چاڭپىڭ، لى فېڭيى (مانجۇ)، گۇڭ داجىن، جالالىدىن جېلىل، پەن يۇڭدې، فاڭ فېڭشياڭ، جياڭ كېدېڭ، جۇ چۇەنفۇ، بەي ئەيخۇڭ، سۇلايمان ئابدۇل، ما جىبيې، لى جيائەن (ئايال)، گو ليەنيۇەن، لى جىشى، ھەسەنجان يۈسۈپ، چېن جىچۇەن، لو رېنشېڭ، جاۋ يۇشىن (ئايال)، لۇي يۇڭۇ، لى جىنجۇ، ۋاڭ شىخاۋ، چېن ۋېي، ۋۇ شىنپىڭ (ئايال).

جۇڭ گۇاڭشىن

## تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىنىپ، «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ئوبدان قىلىش، ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، كەڭ ئىجتىمائىي ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىمنىڭ مۇھىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى روھنى جارى قىلدۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى قوغداش» تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

**نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ فايدىلىق قىلىنىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۇستۇرۇلدى** ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتتى، 2 قېتىم لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، 64 ناھىيە، شەھەرگە لەۋەتتى، ئۇلار جايلاردا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، «1 - ئىيۇل» سۆزى ۋە 5 ، 6 - ئومۇمىي يىغىنلارنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدى. «1 - ئىيۇل» سۆزىنى ئۆگىنىش - ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە ژۇرناللاردا يۈرۈشلۈك ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. «ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى» ۋە «1 - ئىيۇل» سۆزى كونسۇلتاتسىيە ماتېرىيالى (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق كىتابلار تۈزۈپ تارقىتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**جامائەت پىكرى خىزمىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئاشۇرۇلدى.** 1. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى توغرا، ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىنىپ، پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈلدى. 2. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، پارتىيىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ئۇلۇغۋار تۆھپىسى كەڭ كۆلەمدە داغدۇغىلىق، كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىپ، كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ياخشى دېگەن ئاساسىي مېلودىيە ياڭرىتىلدى. 3. ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغان ياخشى پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيىتى ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىندى.

**ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى ياخشىلاندى** يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەر يىلى 3 - ئاينى «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇش ئېيى» قىلىپ بەلگىلىدى. جايلار ۋە تارماقلار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «يۈز كىشىلىك تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكى»، «مىڭ كىشىلىك تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكى» قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى، ئون مىڭلىغان كادىر كەنتلەرگە بېرىپ ئامما بىلەن تاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە بىللە بولۇپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، مىللىي دىنىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى. جايلار «ئالتىنى كەنتلەرگە كىرگۈزۈش»، «ئۇچنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ جېنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ جانلىقلىقى، خىلمۇ خىللىقى جەھەتتە بېكىنلىق يارىتىلدى جايلار ۋە تارماقلار ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خىلمۇ خىل، جانلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. «جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە شىنجاڭ» دېگەن ئاساسىي تېما بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شانلىق مۇساپىسى»، «پارتىيىنىڭ نۇرى شىنجاڭنى يورۇتتى» قاتارلىق ناملاردىكى چوڭ تىپتىكى سۈرەت كۆرگەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «پارتىيە قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى، ھۆسنخەت - فوتو سۈرەت - گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، «چىن قەلب»، «پامىر دوختۇرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر فىلىم، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى قويۇلدى.

**مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش جەھەتتە بۆسۈش بولدى** ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى»نى باشلامچى قىلىپ، نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى گۈللەندۈردى. كىنو — «چىن قەلب»، كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى — «پامىردىكى دوختۇر»، تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمى — «ئاسىيا كىندىكى ۋە بىر پادىچى»، دراما — «ۋۇدېگيۇن»، ناخشا — «يۇرتۇمدىكى يورۇق ئاي، چېگرىدىكى ئاپئاق قار»، رادىئو دراممىسى — «مۇھەببەتكە تولغان پامىر»، كىتاب — «پامىرغا قەدەم بېسىش»، نەزەرىيىۋى ھۆججەتلىك تېلېۋىزىيە فىلىمى — «پارتىيىنىڭ نۇرى شىنجاڭنى يورۇتتى»، نەزەرىيىۋى ماقالە — «باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى تارىخىي تۆھپىسى» مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «چىن قەلب» فىلىمى يەنە «جۇڭگو خۇابياۋ كىنو مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئېسىل نۇسخىسى يۇگوسلاۋىيە خەلقئارا تېلېۋىزىيە بايرىمىدا تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە ھېكايە فىلىم تۈرى بويىچە كۈمۈش مۇكاپاتقا (ئالتۇن مۇكاپات يوق) ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز

سانلىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە شىنجاڭ 20 مۇكاپات ئېلىپ، ئۇمەكلەر ئىچىدە بىرىنچى بولدى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئاڭلىقلىق، تەشەببۇسكارلىق جەھەتتىن كۈچەيتىلدى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاساس قىلىپ، ئۆگىنىش كۈرسلىرى، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئاچتى. «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» قاتارلىق بىر قاتار ئوقۇشلۇقلارنى تۈزگۈزدى. ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئىنقىلابىي ناخشىلار ئۈن لېنتىلىرىنى ئىشلەپ ئاساسىي قاتلاملارغا تارقاتتى، «ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە» ناملىق سۈرەتتىن 120 مىڭ يۈرۈش باستۇرۇپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىسىدا ماركسىزملىق ۋەتەن قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەشۋىقات - تەربىيىسى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. 19 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن ۋە شەخسلەردىن تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ ئۆمەك 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 52 مەيدان دوكلات بەردى. 70 ناھىيە، شەھەرگە 142 تارقىتىش ئاپپاراتى كۆپەيتىپ بېرىلدى، ئوتتۇرا دولقۇن ئىستانسىلىرى، تەجرىبە ئىستانسىلىرى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى. 635 -، 523 -، 631 - ئىستانسىلار رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جايلاردىكى قىسقا - ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىلىرى، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى، تەجرىبە ئىستانسىلىرى تولۇق قۇۋۋەت، تولۇق ۋاقىتلىق ئىشلەپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو پروگراممىلىرىنى تولۇق ئۇلاپ ئاڭلىتىپ، تەشۋىقاتنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

ما يۇنجۇ

## ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، 2001 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ليۇ كەي

## ئاپتونوم رايون ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيىلەشنىڭ 5 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) بىرلىكتە تۈزۈپ چىققان ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيىلەشنىڭ 5 يىللىق پىلانىنى تەستىقلىدى. بۇ پىلان بويىچە، 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسلام دىنىنىڭ 29 مىڭ خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىرىدىن 8000 دىن ئارتۇق كىشى بار) بىر قېتىم تەربىيىلەپ چىقىلىدۇ؛ 2004 — 2005 - يىللىرى مۇستەھكەملەش خاراكتېرىدىكى تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە دىنىي خادىملار ۋەزىيەت، ۋەزىپىگە ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس تۈر بويىچە تەربىيىلەپ تۇرۇلىدۇ، بارلىق دىنىي خادىملارنى ھەر 5 يىلدا بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، تەربىيىلەش خىزمىتى تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش يولىغا سېلىنىدۇ.

ۋاڭ فۇرۇڭ

## ئاپتونوم رايون دىنىي زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئىسلام دىنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئۈچۈن 10 قارار كۇرس ئېچىپ، ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرىدىن 2060 كىشىنى سىياسەت، قانۇن، ئېقىم مەسىلىلىرى، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرى ۋە دىنىي ساۋاتلار بويىچە تەربىيىلىدى. كۇرس مەزگىلىدە ئىسمايىل ئەھمەد، ۋاڭ جاۋگو، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر كۇرسانتلارنى يوقلىدى ۋە قىسمەن دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 15 مىڭ 841 كىشى تەربىيىلەندى. دىنىي زاتلارنى مۇشۇنداق كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش ئاپتونوم رايوندا تۇنجى قېتىملىق ئىش.

دىلمۇرات قاسىم

## ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 – 13 ـ كۈنلىرى ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۇرۇمچى ۋىلايىتىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى تۇتىدىغان مۇئاۋىن شۇجىلىرى، بىرلىك سەپ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى تۇتىدىغان مۇئاۋىن شۇجىلىرى بولۇپ 80 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتىن ئىبارەت بولدى.

لىيۇ كەي

## پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى ئەمەلىي ۋەزىپىگە قويۇش ئەھۋالى

يىل ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىردىن بىر نەپەر، ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ بەنزىلىرىگە 3 نەپەر، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ بەنزىلىرىگە 3 نەپەر قويۇلدى.

ۋۇ فېڭ

## پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەسلىھەت، سۆھبەت، ۋاقىپلاندۇرۇش يىغىنلىرى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن 6 قېتىم مەسلىھەت؛ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك مەسلىھەت يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ نۆۋەت ئۆتتۈرىسىدىكى كادىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز مەشھۇر زاتلارغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇلاردىن پىكىر ئالدى ۋە مەسلىھەت سورىدى.

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارغا چاغاننى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن چاي بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ھاۋالىسى بىلەن دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، خۇاچيۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دۆلەت بايرىمى ۋە ئاۋۇز چاغنىنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋاقىپلاندۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى پارتىيە، گۇرۇھسىز ئەربابلارنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىدىن ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە ئۇلاردىن قۇرۇلتاينى ياخشى ئېچىش ئۈستىدە پىكىر ۋە مەسلىھەت ئالدى. يىغىنغا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاكتىپ بولۇپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، تېخىمۇ چوڭ رول ئويناشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىكى زاتلار، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ خادىملىرىدىن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۈستىدە پىكىر ئالدى.

جاۋ يۇلەن

## شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تەشكىلىي تەرەققىيات ئەھۋالى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى 3810 غا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 76 كىشى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 707 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن بىر كىشى كېمەيدى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى 1242 بولۇپ، 17 كىشى كۆپەيدى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 369 بولۇپ، 8 كىشى كۆپەيدى؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 592 بولۇپ، 32 كىشى كۆپەيدى؛ دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 343 بولۇپ، 14 كىشى

كۆپەيدى؛ 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى 557 بولۇپ، 6 كىشى كۆپەيدى. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1333 كىشى بولۇپ، %35نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلار 1721 كىشى بولۇپ %45.2نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 2913 كىشى بولۇپ، %76.5نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرىچە يېشى 54 ياش.

جۇ بيەنجياڭ

### شىنجاڭدىكى دېموكراتىك ـ پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 — 30 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپلىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ، تەشكىلات بۆلۈملىرىدىكى ئالاقىدار خادىملار قاتناشتى. يىغىندا مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش قۇرۇلتىيىنىڭ كۆلىمى ئۈستىدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىندى، نۆۋەت ئالماشقاندىكى رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى نامزاتلىرىنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە ئاساسەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى.

جاۋ يۈلەن

### دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى

2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش ـ يېپىلىش يىغىنلىرىغا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى 6 ـ قۇرۇلتايغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

جاۋ يۈلەن

### بىرلىك سەپتىكى ئىككى قوشۇننى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى تۈرلۈك كۇرستىن 18 قارار ئېچىپ، 2500 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون تەربىيىلەشنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن باشقا يەنە، ناھىيىلەردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى تۇتىدىغان مۇئاۋىن شۇجىلار، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ناھىيىدىن يۇقىرى بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) لىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن يېقىنقى يىللاردا تەيىنلەنگەن 300 كىشى 3 قارارغا بۆلۈپ تەربىيىلەندى. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ تارماقلىرى ھەرخىل كۇرستىن 3070 قارار ئېچىپ، 114 مىڭ 765 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. تەربىيىلەش دائىرىسى بىرلىك سەپ خىزمىتى كادىرلىرى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كادىرلىرى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى، پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلار، دىنىي زاتلار، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋۇ فېڭ

### ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 7 كىشى 2 تۈركۈمدە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندى شياڭگاڭدا ئاچقان ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش بويىچە 13 ـ، 14 ـ قارارلىق مۇھاكىمە كۇرسلىرىغا قاتناشتى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 37 كىشى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ سۇجۇ شۆبىسى ئاچقان 7 ـ قارارلىق ئىقتىساد باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە مېھمانخانىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان دىرېكتورلىرىدىن 5 كىشى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندى بىرلىشىپ گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاچقان 3 ـ قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت مېھمانخانا باش دىرېكتورلىرى كۇرسىغا قاتناشتى.

ۋېي شىڭجاڭ

### ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكى ئۆلكىلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى

2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ

1 ـ كۆنگچە ئىسلام دىنى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 35 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەركىب تاپقان 7 ـ تۈركۈم ئۆمەك بېيجىڭ، شەندۇڭلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى.

ۋاڭ فۇرۇڭ

## پارتىيە سىرتىدىكى قىسمەن زاتلارنىڭ تۇرمۇش پۇلى كۆپەيتىلدى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مائاش ئالماي تۇرمۇش پۇلى ئالىدىغان ئەزالىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار، دىنىي كەسپتىكىلەر، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرى، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغانلار بولۇپ 6200دىن ئارتۇق كىشىنىڭ تۇرمۇش پۇلى كۆپەيتىلدى.

ۋۇ فىڭ

## سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خاراكتېرى قەبىھ، تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق دېلولىرىنى ۋاقتىدا پاش قىلدى. ستاتىستىكىدىن مەلۇمكى، ئاپتونوم رايون بويىچە زوراۋان تېررورلۇق شايكا تەشكىلاتىدىن 34ى پاچاقلاندى، جىنايەت گۇمانداردىن 526 سى، قاچقان جىنايەتچىدىن 178 سى تۇتۇلدى، بىر تۈركۈم يەر ئاستى دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى، قورال مەشىق نۇقتىلىرى، تەبرىقە پائالىيىتى نۇقتىلىرى ۋە يەر ئاستى قورال ـ پارتلاتقۇچ ياساش نۇقتىلىرى پاچاقلاندى، بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېررورچىلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئېغىر ھۆكۈم چىقىرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەدەپ كېتىشى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى.

2. نۇقتىلىق رايونلاردا مەركەزلىك تۈزەش كۈرىشى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. جايلار 17 مىڭ 80 ئادەم ئاجرىتىپ 31 ناھىيە، 281 يېزا، بازار، 950 كەنت (ئاھالە كومىتېتى)، 617 مەكتەپتە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مەركەزلىك تۈزەش ئارقىلىق ئۈچ خىل ئۇنسۇرلارنىڭ خورىكىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر توسۇپ قېلىندى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

3. «چېگرىنى قامال قىلىش، ئىچكىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، «چېگرىنى قامال قىلىش، ئىچكىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش» قاتتىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كىرىشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، چېگرا رايونلاردا بىخەتەرلىك ـ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى، چەت ئەللەرگە ئۆتۈش تاغ ئېغىزلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورچىلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چېگرا ئىچىگە سىڭىپ كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. مۇھىم سورۇن، نۇقتىلىق رايون ۋە ھالقىلىق ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئاخبارات ئۇچۇر خىزمىتى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىپ، دۈشمەن ـ جەمئىيەت ئەھۋالى توغرا ئىگىلىنىپ، تەساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇكەممەل لايىھىسى ئىشلەپ چىقىلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

4. «قاتتىق زەربە بېرىش» ئاساسىدا تۈزەش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى. ج خ ئورگانلىرى ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 33 مىڭ 565 نى پاش قىلدى، جىنايەتچىلەر شايكىسىدىن 1478نى پاچاقلاپ تاشلىدى. نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىنى قولغا چۈشۈردى. مەخسۇس تور بويىچە كۈرەش قىلىش ۋە تۈزەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقى قالايمىقان بولۇپ كېلىۋاتقان ئورۇنلارنىڭ قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم ۋە يىغىندا دېلولار پاش قىلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. تۈرمىلەردە سىياسىي ھۇجۇم ئارقىلىق بىر تۈركۈم جىنايەت يىپ ئۇچلىرى قېزىپ چىقىلدى.

5. بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنلۇق تەرتىپى قوغدىلىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرى بازار ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم دېلولارنى كۈچىنى توپلاپ پاش قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى.

6. «فالۇن گۇڭ» ۋە ئوخشاش بىدئەت تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي

قانۇن ئورۇنلىرى بىر قولدا چوڭقۇر قېزىش - زەربە بېرىشنى، بىر قولدا تەربىيە بېرىش - ئۆزگەرتىشنى تۇتتى. «فالۇن گۇڭ مۇرتلىرى كومىتېتى» دېلوسىدىن 127 نى پاش قىلدى، شايكىدىن 6نى، قارا ئۇۋىدىن 21نى پاچاقلىدى، «فالۇن گۇڭ مۇرتلىرى» تايانچ ئۇنسۇرىدىن 407 كىشىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلدى، يەنە نۇرغۇن ھەرخىل تەشۋىقات بۇيۇمى، ئاڭلىتىش قورۇلمىسى ۋە يوروشلۇك دېلو سادىر قىلىش قوراللىرىنى قولغا چۈشۈردى.

7. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. جايلار «زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى ۋاقتىدا تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان جىنايى ئىشلارنى توسۇپ قالدى ۋە ئازايتتى. ئاساسىي قاتلامدا ئامانلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، بىخەتەر - مەدەنىي مەھەللىلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى شەھەردە 80%تىن، يېزىدا 60% تىن ئاشۇرۇش نىشانى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كۈچەيتىلدى. كارخانا ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئىجارە ئۆيلەرنى تازىلاش - رەتلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇلدى. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئۈستىدىكى تەشۋىقات، تەتقىقات خىزمىتىدىمۇ خېلى زور نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

8. سىياسىي - قانۇن قوشۇنى يەنىمۇ كۈچەيدى. 2001-يىلى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىش، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. يەنە ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تۈركۈم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلدى، بىر تۈركۈم لاياقەتسىز كادىر - ساقچىلارنى تازىلىدى. ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلار ئارىسىدا «رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش»، ئادەتتىكى كادىرلار ئارىسىدا «ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش» سالمىقى زورايتىلىپ، بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ياشلار رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ئابلىز ھوشۇر، چېن جاۋجۇڭ

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 2000 - يىللىق خىزمەت يەكۈنلىنىپ، 2001 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە 3 - بەش يىللىق قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غەربىي شىمال رايونى بويىچە مەخپىي شىفىر تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا شەنشى، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ، بىڭتۇەن ۋە شىئەن شەھىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايون مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسى خىزمىتىنىڭ 10 - بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانى مۇھاكىمە يىغىنى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە كومپيۇتېر تورىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيەتنى ساقلاشنى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنە - مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەملىكەتلىك «دائىملىق سىگنال — مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاش - ئاشكارىلاش دېلولىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ 3 - لىنىيە سەييارە كۆرگەزمىسى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئېچىلدى. بۇ كۆرگەزمە ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، تارباغاتاي، قۇمۇللاردا سەييارە ئۆتكۈزۈلۈپ، 80 نەچچە كۈن داۋام قىلدى، كۆرگۈچىلەر 55 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئاشتى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەملىكەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوندىن 8 ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ، 10 كىشى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا، جۇڭگو كومپيۇتېر ئۇچۇرلىرىنىڭ

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كەسپىي كومىتېتىنىڭ 2001 - يىللىق ئىلمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە دۆلەت مەخپىي توشۇغۇچىلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلاش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كادىرىدىن 80 نەچچە كىشى قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا ئالاقىدار خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا چىقىشى بويىچە 3 - قارارلىق كۇرس ئاچتى. كۇرسقا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىلەردىن 100 دىن ئارتۇق خادىم قاتناشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا ئالاقىدار خادىمدىن 2500 دىن ئارتۇق كىشى تەربىيىلەش - تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ ئىش ئورنى گۇۋاھنامىسى ئالدى.

لى خۇڭجۇ

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى گەۋدە قىلىپ، تۈرلۈك ئۆگىنىش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنى، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون «1 - ئىيۇل» ھارپىسىدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىلىرىدىن 34 ئىلغار ياچېيكىنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىر پارتىيە ئەزالىرىدىن 66 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. پېشقەدەم كادىرلار تارماقلىرى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى، پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، ساغلام مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، پېشقەدەم كادىرلارغا پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، تەشۋىق قىلدى، مەدەنىي - ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جۇشقۇنلۇقنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار تارماقلىرى «ئىككى خىراجەت» (دەم ئېلىشقا چىققانلار خىراجىتى، داۋالىنىش خىراجىتى) تىن قالغان قەرزنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىي 49 مىليون 72 مىڭ 300 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 34 تۈركۈمدە 1169 پېشقەدەم كادىر ئىچكىرىدىكى ساناتورىيىلەردە دەم ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. يەنە دەم ئېلىشقا چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىردىن 60 نەچچىسى جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭلارنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىدىن 7نى تاماملاپ، 83 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە دائىر 370 ئۇچۇر يوللىدى. يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە يوللايدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى تاماملىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ئۇچۇر ئامبىرى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە بىنائەن، 3 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، خادىملار تەربىيىلەندى، بۇنىڭغا 69 ئىدارە - ئاپارەتتىن ئادەم قاتناشتى، 20 ئورۇننىڭ ئۇچۇر ئامبىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ شەخسىي ئارخىپى پۈتۈنلەي ئامبارغا كىرگۈزۈلۈپ، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا دائىر ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندۈرۈلدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى ھال ئېيتىپ كەلگەن پېشقەدەم كادىردىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، پېشقەدەم كادىرلار يازغان خەتتىن 800 نەچچە پارچىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 5 پېشقەدەم كادىرلار ئورنىدىكى 241 ئائىلە ئۆي ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 15 مىڭ 560. بۇنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى 100، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىنقىلابقا قاتناشقانلار 2759، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنقىلابقا قاتناشقانلار 12 مىڭ 701.

پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1. تاشقى ئىقتىسادىي تەشۋىقات

1) 10 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىكى تاشقى تەشۋىقات. يىل بېشىدا 10 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە جۇڭگو - چەت ئەل مۇخبىرلىرىدىن 500 مۇخبىر يەرمەنكىگە قاتنىشىپ خەۋەر بەردى. يەرمەنكە ئاخىرلاشقاندا ھەر قايسى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى گېزىت، رادىئودا تۈرلۈك ماقالىدىن 3200 نەچچە

پارچە بەردى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش ـ يېپىلىش مۇراسىمى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بەردى.

2) شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى غەربىي زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىگە ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ غەربىي زىيارەت قىلىش ئۆمىكىدىكى 280 نەچچە كىشى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى 50 مۇخبىرنى زىيارەتكە ئۇيۇشتۇردى، شياڭگاڭنىڭ 27 ئاخبارات ۋاستىسىدىن كەلگەن 80 نەچچە مۇخبىرنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ زىيارەت پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. تەكشۈرۈش مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ۋاستىلەر 400 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى. شياڭگاڭنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ نۇرغۇن خەۋەر بەردى. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتى ئاخبارات باشقارمىسى ئىنكاس قىلغان ماقالە 200 پارچىدىن ئاشىدۇ.

3) قېرىنداش ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىگە ماسلىشىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. 2001 ـ يىلى گۇيجۇ، لياۋنىڭ، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلار شىنجاڭدا يەرمەنكە ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى ھەرخىل تىپتىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، ئېچىلىش مۇراسىمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ۋاستىلەرنىڭ مۇخبىرلىرىنى زىيارەتكە ئۇيۇشتۇردى.

2. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 — 11 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 46 كىشى روسىيىنى زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويدى. بۇ مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى «فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى. كىتاب، ئاتكرىتكا، رەسىملەر توپلىمى، CD، VCD قاتارلىق 2000 پارچىدىن ئارتۇق رۇسچە تەشۋىقات بۇيۇمى تارقاتتى. بۇ مەزگىلدە ئۆمەك بىلەن بىللە بارغان مۇخبىرلار نۇرغۇن خەۋەر ئېلان قىلدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، «خەلق گېزىتى» ۋە روسىيە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «موسكۋا گېزىتى» قاتارلىق ۋاستىلەرمۇ نۇرغۇن خەۋەر بەردى ۋە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

3. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى قۇرغان «تەڭرىتاغ تور پونكىتى» 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا سېلىندى، 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رەسمىي ئېچىلدى.

4. كۆپ يوللۇق تاشقى تەشۋىقاتتا بەلگىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

1) تاشقى كۈچلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن 12 تۈركۈمدە 80 نەچچە مۇخبىرنى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى.

شياڭگاڭ «سىملىق رادىئو ئىستانسىسى»، «سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى»، «سۇمرۇغ تېلېۋىزىيىسى»، «ئەنخۇا ئەتىگەنلىك گېزىتى»، «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» قاتارلىق ۋاستىلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، مىللەتلەر، دىن، بايلىق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك ساھەلىرىنى خەۋەر قىلدى. ۋۇ دۇنفۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «ياۋروپا گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان «فرانسىيە پارىژ مۇسابىقە ھەپتىلىك ژۇرنىلى»نىڭ مۇخبىرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت ئېلىپ باردى.

9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى «ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى» تەشۋىقات پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغاندا، شىنجاڭدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە بېرىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، ئىككى قىرغاقتىكى خەلقنىڭ تىنچلىقنى ئىنتىلىپ، بىرلىككە تەلپۈنىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە زىيارەت قىلىشقا كەلگەن چىلى «دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ مۇخبىرلىرى كۈتۈۋېلىندى.

2) مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى ۋە «دۇنيا تارقىتىش نەشرىياتى»نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، 10 توملۇق يۈرۈشلۈك مەجمۇئە ۋە «جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى — شىنجاڭ» ناملىق كىتابنى تۈزۈش ئاساسەن تاماملاندى، 2 توم رەسمىي نەشردىن چىقىرىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان CD پىلاستىنكىلىرىدىن «يىپەك يولى كۈيلىرى»، «يىپەك يولى مۇزىكا روھى» ئىشلىنىپ نەشر قىلىندى.

گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى بويىچە «ئالتۇن كۆۋرۈك مۇكاپاتى»نى باھالاشتا «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى»، «قاناس كۆلى» ناملىق ئاتكرىتكىلار 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قىسمەن تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىمۇ ئوخشىمىغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

3) رۇسچە ژۇرنال «قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. 2001 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاۋ چىجېڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇڭخې ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

جاڭ يۇلياڭ، ۋۇ نۇڭ

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرىنىڭ ئىسمىلىكى

شۇجى: خۇ جيايەن (ئايال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: گو چىڭتەي، ۋاھاپ سۇلايمان (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇراخمان پولات، گۇ فېڭلەن (ئايال)، دولقۇن ئابدۇرسىن (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: ياۋ يىجيەن.

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: ما شاۋشىن (خۇيزۇ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق - ئىنتىزاملىقىغا دائىر خىزمەت. ئۆلكە دەرىجىلىك 60 رەھبىرىي كادىرنىڭ ئائىلە مۈلكى مەلۇم قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 15 مىڭ 726 رەھبىرىي كادىرنىڭ جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى تىزىملاندى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 4 كادىرنىڭ مەسىلىسى تۈزىتىلدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەق پۇل، باھالىق ئاكسىيە ۋە چەكنى دوكۇمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش، تەقدىم قىلىش مەسىلىسىگە جازا بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»نى تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلغان «539» پاكلىق ھېساباتىغا 4 - ئايدىن 12 - ئايغىچە 94 ھېساباتتا 840 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇۋېلىندى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەكلىپ بىلەن سودا قىلىش، كارخانا ئېچىش ئەھۋالى تىزىملاپ چىقىلدى ۋە مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدىكى خىزمەت خادىملىرىغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويناش شاملىنى قەتئىي توسۇش، ماشىنا، خەۋەرلىشىش قوراللىرى سەپلەش تۈزۈمىنى چىڭىتىش خىزمەتلىرى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قولىدىكى شەخسىي پاسپورت، ئۆزى ۋە جۆرىسىنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بېرىش يول كىنىشكىسى، چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىش گۇۋاھنامىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى، ئېنىقلاشتا بەلگىلىمىگە خىلاپ ئەھۋال بايقالمىدى. يەنە دۆلەت كارخانىلىرى، يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام پونكىت ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ پاكلىق خىزمىتى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلدى.

2. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى 2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ئاممىدىن كەلگەن پاش قىلىش - مەلۇم قىلىش ماتېرىياللىرىدىن 21 مىڭ 963 پارچە (قېتىم) قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 4224 پارچىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2696 پارچىنى دېلو قىلىپ تۇرغۇزدى، 763 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى. 2915 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 13، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 148)، 61 مىليون 353 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگەنلەر 2251، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 13، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 130، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 494، ئادەتتىكى كادىر 678، باشقا خادىم 936؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلەر 588، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلەر 682. پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار 105، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغانلار 388، پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار 488. مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەنلەر 1057، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 7، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 73، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 276، ئادەتتىكى كادىر 640، باشقا خادىم 61؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 257، گۇناھ يېزىلغىنى 141، چوڭ گۇناھ

بېزىلغىنى 154، دەرىجىسى چۈشۈرۈلگىنى 90، ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگىنى 19، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى 244، خىزمەتتىن چىقىرىپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 37، خىزمەتتىن چىقىرىلغىنى 115، ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 62. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى بىر تەرەپ قىلغان سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 115، پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەنلەر 124. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئۆز ئالدىغا بېجىرگەن دېلودىن تۇرغۇزۇلغىنى 10، ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 5، جازا بېرىلگەن كىشى 6.

3. ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئەھۋالى. تېببىي دورا سېتىش - سېتىۋېلىشتىكى ناتوغرا ئىستىل نۇقتىلىق تۈزىتىلدى، قانۇنسىز دورا ئىشلەپچىقىرىش - دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىدىن 407 سى بىكار قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كارخانىسىدىن 12 سى شاللىۋېتىلدى. 13 مىليون 88 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يالغان، ناچار ۋە ۋاقتى ئۆتكەن دورا ئېنىقلاپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دورىلارنىڭ چۈشۈرۈلگەن باھاسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليون 98 مىڭ يۈەن بولدى، دورىلارنى مەركەزلىك سېتىۋېلىپ كىرگۈزىدىغان دوختۇرخانا ئومۇمىي سانى %65نى ئىگىلىدى. دورىلارنى سېتىش - سېتىۋېلىشتىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 330ى بىر تەرەپ قىلىندى، 8 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا چېتىشلىق سومما 7 مىليون 755 مىڭ 800 يۈەن. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 144ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 55 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى 262 مىليون 212 مىڭ 700 يۈەن يەڭگىللىتىلدى. كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە، كارخانىلاردىن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرىدىن 287 سى بىكار قىلىندى، چېتىشلىق سومما 35 مىليون 915 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىدۇ. بەلگىلىمە - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە چېتىشلىق 30 مىليون 220 مىڭ 300 يۈەن سومما تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشىنى تۈزەش خىزمىتىدە، ھەق سېلىقى 29 مىليون 921 مىڭ يۈەن يەڭگىللىتىلدى، قالايمىقان ھەق ئېلىش دېلوسىدىن 121ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 25 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، بەلگىلىمە - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا چېتىشلىق سومما 32 مىليون 716 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتىدە، تاشيول پونكىت - نۇقتىسىدىن 13ى بىكار قىلىندى. «ئۈچ قالايمىقان»غا ياتىدىغان دېلودىن 45ى بىر تەرەپ قىلىندى، 4 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. مال سېتىۋالىدىغان پۇل بېلەت (كارتا) تارقىتىش، ئىشلىتىش ناتوغرا ئىستىلى قاتتىق توسۇلۇپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تارقىتىلغان، ئىشلىتىلگەن 64 مىليون 420 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پۇل بېلەت ئېنىقلاپ چىقىلدى. كەسپ ئىستىلىنى دېموكراتىك باھالاش، مەدەنىي كەسىپ بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى كەسىپ ئىستىلى قورۇلۇشى بويىچە 184 ئۈلگە كۆزنەكنى ۋىۋىسكا ئېسىپ تەقدىرلەپ، كەسپ ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

4. چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىكنى تۈزەش تۈپ مەنبەدىن تۇتۇلدى. «كىرىم - چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش» خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەق - جەرىمانە ئالغۇچى تارماقلار جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى بىلەن مەمۇرىي كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق كىرىمىدە ئوردېر بىلەن پۇلنى، جەرىمانە بىلەن تاپشۇرۇلىدىغان ھەقنى ئايرىپ باشقۇرۇش تەلىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە ۋە مالىيىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى ھېساباتىغا ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرلىرىنى قىسقارتىش خىزمىتىدە، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قاراشلىق 48 مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرىدىن 869نى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭدىن 127نى بىكار قىلدى، 8نى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يولغا قويۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، 191 نى بىرلەشتۈردى، تەستىقلاش تۈرلىرىنىڭ %40نى قىسقارتتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ ئۆزلىرىگە قاراشلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەستىقلاش تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ھۆكۈمەت ئارقىلىق سېتىۋېلىشنى 3190 قېتىم ئېلىپ باردى، سېتىۋېلىش سوممىسى 312 مىليون 184 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، سېتىۋېلىش مەبلىغى 38 مىليون 166مىڭ 400 يۈەن تېجەپ قېلىندى. 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 45 ناھىيە (شەھەر) بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، 1300 دىن ئارتۇق بوغالتىرنى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بوغالتىر ئەۋەتىشنى ياكى مەركەزلىك ھېسابات قىلىشنى قوبۇل

قىلغان مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇن 2000 دىن ئاشتى، بوغالتىر ئەۋەتىشنى قوبۇل قىلغان كارخانا 58گە يەتتى. قۇرۇلۇشلارغا خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان 39 ئورۇن ۋە قۇرۇلۇش ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىندى. ھەرخىل قۇرۇلۇشلاردا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا دائىر پاش قىلىش - مەلۇم قىلىش ماتېرىيالىدىن 318 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ 149 ىغا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 31 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 3 كىشى ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئېلان چىقىرىش ۋە ئاشكارا تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 2001 - يىلى نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك كادىردىن 15ى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى. دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە پېيى تىزگىنلەنگەن دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ %89ىدە زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

خې جېن

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

8 - ئومۇمىي يىغىن   2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 — 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن خۇ جىياۋېن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. يىغىندا ج ك پ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 2000 - يىللىق خىزمەت يەكۈنلەندى، 2001 - يىللىق پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە بېكتۇەننىڭ رەھبىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىنىڭ ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

9 - ئومۇمىي يىغىن   2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا خۇ جىياۋېن مۇھىم سۆز قىلدى، ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەت يەكۈنلىنىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ كەسپىي دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى باھالاپ چىقىلدى.

10 - ئومۇمىي يىغىن   2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. خۇ جىياۋېن سۆز قىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيىغا بېرىدىغان خىزمەت دوكلاتىنى ماقۇللىدى ۋە ئۇنى 6 - قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشقا قوشۇلدى.

1 - ئومۇمىي يىغىن   2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 35 ئەزاسى قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى سايلاپ چىقتى ۋە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزدى.

2 - ئومۇمىي يىغىن   2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 31 ئەزاسى قاتناشتى. يىغىندا خۇ جىياۋېن مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىدىن پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

2001 - يىلى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋاملىق تۈردە پۈتكۈل خىزمەتنىڭ باش لىنىيىسى قىلىنىپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. يىل بېشىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 10 نازارەت، ئىدارە ۋە 5 دۆلەت كارخانىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە

نازارەت، تەكشۈرۈش، سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ ھەقتە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم 16 مۇپەتتىشلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە كارخانا، ئالىي مەكتەپنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە سىنىدى، 537 كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، 434 كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى جايلاردىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي 1 - قول باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئورناتتى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىمۇ سۆھبەتلىشىش، ئاگاھلاندۇرۇش، زىيارەت قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەشۋىقات تەربىيىسى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى چىرىكلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان ئۆگىنىش، تەربىيىنى ياخشى تۇتتى. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى تەربىيىسى بويىچە تەشۋىقات لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك جايلاردا 12 مەيدان دوكلات بەردى، 10 مىڭغا يېقىن كادىر تەربىيىگە ئىگە بولدى. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئۆگىنىش، تەشۋىقات، تەربىيە قانات يايدۇرۇلدى. 9 - ئايدا «سۆز» نى ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى مۇھاكىمە قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى (3 - قېتىملىق) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىبرەت تەربىيىسى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى ئۈستىدە ئۇقتۇرۇش قىلىش يىغىنىنى 5 قېتىم ئاچتى. جايلار ۋە تارماقلار «پاك - خالىس بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشىدا خەلقنى كۆزلەش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى - پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى، مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر ۋاڭ

ياڭخۇدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى يەنە گېزىت - ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەش بويىچە تەشۋىقات، خەۋەر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 2001 - يىلى «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك گېزىتى» گە 103 پارچە ماقالە بېرىلدى.

خې جېن

## قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك تۈرىدىن 578نى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 9، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تۈر 120، ناھىيە دەرىجىلىك تۈر 449. قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئارقىلىق 290 مەسىلە ۋە دېلو يىپ ئۇچى بايقالدى، ئۇنىڭ 210ى دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 67 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 89 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 28 كىشى ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا ياتىدىغان سوممىدىن 41 مىليون 165 مىڭ 500 يۈەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 19 مىليون 973 مىڭ 200 يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. ئالاقىدار تارماقلارغا 731 تەكلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭدىن 580 ى قوبۇل قىلىندى، 679 قائىدە - تۈزۈم تۈزۈشكە ياردەم بېرىلدى، 122 ئىلغار تىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەش، سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىلدى، ھەرخىل قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشلاردىن 21 مىڭ 911ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 654 قارا ئۇۋا پاچاقلاندى، دېلوغا چېتىشلىق سومما 850 مىليون يۈەنگە، جەرىمانە - مۇسادىرە پۇلى 49 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، تولۇقلاپ تاپشۇرغۇزۇلغان باج 303 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ئېلىنغان كېچىكتۈرۈش پۇلى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولغان 214 كىشى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى زايوم مەبلىغى، ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىكنى، ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە ئامبارلارنى كېڭەيتىش خىزمىتى

جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىكىنى، كارخانىلارنىڭ ئۇنۇمى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىكىنى، كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئەسكەر ئېلىش، ئۇنۋان باھالاش - ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىققا دائىر سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش نازارىتى «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «تاشيوللاردا قالايمىقان پونكىت - چازا قۇرۇپ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ھەق ئېلىش قىلمىشىدا بولغانلارغا مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ۋەزىيىتى»، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات»، «ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى»، «شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات» قاتارلىق تېمىلاردىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تاماملىدى. مەملىكەت بويىچە 2001 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر سوئال - جاۋابلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى نەزەرىيىۋى تەتقىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 62 پارچە ئىلمىي ماقالىنى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

خې جېن

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 71 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىقىنى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى 427 كادىرنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسىدا 764 كادىر ئالماشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 352 كادىر ئۆستۈرۈپ ئالماشتۇرۇلدى. 412 كادىر تەڭ دەرىجىلىك ۋەزىپە بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىلات تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئورۇنلارغا ئەۋەتىلىدىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا 2 كىشىنى جەمئىيەتتىن ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈردى.

خې جېن

## مۇھىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چارۋىچىلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى لياۋ باۋچېڭنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەت ھادىسىسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

خې جېن

## بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «‹539› پاكلىق مەخسۇس ھېساباتىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ جايلار، تارماقلارنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، مەمۇرىي رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «مال سېتىۋالىدىغان ھەرخىل پۇل بېلەت (كارتا) لەرنى بېرىش، سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئىشلىتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى چىقاردى.

خې جېن

## ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈش

2001 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش نازارىتى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ 1997 - يىلدىن بۇيان ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولار ئۈستىدە چىقارغان جازالاش قارارىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 ـ 6 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 3 كۆزىتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قىسمەن ۋىلايەت، نازارەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە پارتىيە مەمۇرىي مەسئۇللىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

خې جېن

# گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: شۇ جاۋ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۇڭ داچېڭ، جاڭ گوفېڭ، خۇ شىمېي (ئايال)، ياڭ جيالىن.

## قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

2001 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 11 قېتىم مۇدىرلار ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

كومىتېت مەسئۇللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەر ئاچقان سۆھبەت يىغىنلىرى، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنلىرى، پىكىر ئېلىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ بەردى. سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا 38 تەكلىپ بەردى.

كومىتېت جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزى، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى چۆرىدەپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان پىتىن ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. «مۇقىملىق ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئومۇمىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ھەم «فالۇن گوڭ» پىدئەتچىلىكىگە روشەن بايراق بىلەن قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەقىل - تەدبىر كۆرسەتتى.

ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. تەيۋەنلىك، شياڭگاڭ - ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن بولغان دوستلۇق خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

2001 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 16 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 35.6 ياش بولۇپ، ھەممىسى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە كومىتېت ئەزاسى 707 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 186، ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 59.4 ياش.

لى جيې

# دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: جۇ جېنجۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى شياڭرۇي، يەن خۇجۇڭ، خو شۇخۇا، جۇ جىشېن، ۋاڭ جېڭدۇڭ (ئايال).

## قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

كومىتېت ئۆز ئەزالىرىنى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

كومىتېت رەھبەرلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى

ئاچقان ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى، كېڭەشىش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا 4 پارچە يازما سۆز، 4 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ، 30 پارچە شەخسىي تەكلىپ تاپشۇردى. كومىتېتتىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى 3 شەخسىي تەكلىپ بەردى.

كومىتېت 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 10 ـ كۈنلىگىچە «غەربىي رايوندىكى 12 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) نىڭ ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمىتى بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئاچتى. يىغىن ھەرخىل مەزمۇندىكى ئىلمىي ماقالىدىن 33نى تاپشۇرۇۋالدى.

2001 ـ يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قاراماي ياپچىيكىسى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كومىتېتلارنى سايلاپ چىقتى.

2001 ـ يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 23 ئەزا قوبۇل قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئەزاسى 1242 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 558. قارىمىقىدا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلارنى تەسىس قىلدى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: شيې شېڭرۇي.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋ خۇيگۇي، جۇاڭ جىگو.

### قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

2001 ـ يىلى كومىتېت ئۆز ئەزالىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» مۇھىم سۆزى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇردى. مەخسۇس دوكلات يىغىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىرلىك سەپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش دوكلات يىغىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 81 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇردى، مەملىكەت بويىچە بىرلىك سەپ ساۋاتلىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئەزالىرىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا يېتەكلىدى.

كومىتېت رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، پىكىر، تەكلىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا تەكلىپ، تەۋسىيە، پىكىر، تەنقىدتىن جەمئىي 30 نەچچىنى بەردى.

5 ـ ئايدا ئۇتتۇرا ياش، ياش تايانچ ئەزالىرىدىن 9نى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىرلىك سەپ نەزەرىيىسى مۇھاكىمە كۇرسىغا ئەۋەتتى. 6 ـ ئايدا 40 كىشى قاتناشقان تايانچ ئەزالار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

2001ـ يىلى 10 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 39 ياش. يىل ئاخىرىدا ئەزاسى 369 غا يەتتى. قارىمىقىدا 7 بىۋاسىتە قاراشلىق گۇرۇپپا، 25 ياچېيكا، بىر شەھەرلىك كومىتېت تەسىس قىلدى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: جۇ چىڭباۋ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شى جيەنشىن، تۇڭ جاۋلىڭ (ئايال)، نيۇ رۇجى (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

2001 ـ يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋە ئەزالارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتتى. ياش، ئوتتۇرا ياش ئەزالىرىنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان كۇرسلارغا ئەۋەتتى. 12 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى

ئەزالارنىڭ يازلىق تەتىلدە بېيجىڭنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش - ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كوللېكتىپ تەكلىپتىن 13نى، شەخسىي تەكلىپتىن 35نى ئوتتۇرىغا قويدى.

2001 - يىلى 38 ئەزا قوبۇل قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئەزاسى 592 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇنەۋۋەرلىكلار %81.4نى ئىگىلەيدۇ. قارمىقىدا ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلار، 40 ئاساسىي قاتلام ياچېيكا، 5 ئاساسىي قاتلام گۇرۇپپا بار. 9 - ئايدا شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېت نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملاپ، 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتنى سايلاپ چىقتى.

لىيۇ جياۋېن

# دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: سۇ شىۋۇ (مانجۇ).

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لىيۇ جىزۇ، لىيۇ بياۋ.

## قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۆز ئەزالىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزى ۋە «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇش، مەخسۇس ژۇرنال چىقىرىش، تام گېزىتى ئىشلەش، خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى يېزىشقا ئوخشاش شەكىللەر بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى. ئەزالىرىنى مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بىلىملىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى.

2001 - يىلى ئۆز ئەزالىرىدىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغانلار 3، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى بولغانلار 18. 7 ئەزاسى تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىش، مائارىپ مۇپەتتىشى، كەسىپ ئىستىلىنى باھالىغۇچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى.

خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا 40 تەكلىپ بەردى. سانجى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ «سانجى ئوبلاستىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش پىلانى پروگراممىسىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تەكلىپ قىلىپ باھالاندى.

2001 - يىلى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 2 - قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. نۆۋەت ئارىلىقىدا كومىتېتقا 3 ئەزا تولۇقلىدى.

2001 - يىلى 14 ئەزا قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ 11ى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانلىق بولۇپ، %79نى ئىگىلەيدۇ. يىل ئاخىرىدا پارتىيە ئەزاسى 343 كە يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

# «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: يۇ داۋخۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ دىجى، شيۇڭ خېيگاڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گاۋ شىخۇەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

## قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۆز ئەزالىرىنى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنى، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، «مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا ھەمكارلىشىپ 2002 - يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئاچقان سۆھبەت يىغىنى، خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى، مەسلىھەتلىشىش يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلارغا كۆپ قېتىم قاتناشتى ۋە سۆز قىلىپ تەكلىپ بەردى. كومىتېت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەنگە ئۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2002 - يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 12 - ئايدا، نۆۋەت ئارىلىقىدىكى تەڭشەش ئارقىلىق يۇ داۋخۇنى مۇدىرلىققا، گاۋ شىخۇەننى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا بەلگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا 5 شەخسىي تەكلىپ، سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا 5 كوللېكتىپ تەكلىپ، 35 شەخسىي تەكلىپ بەردى.

2001 - يىلى 8 ئەزا قوبۇل قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئەزاسى 557گە يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى

### ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ھامىدىن نىياز.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى فېڭزى، ئابدۇرېھىم ھامۇت (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خەلچەم ئىسلام، جاڭ خېلى، مىجىت ناسىر، ۋاڭ خۇەيىۋ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، قادىس جانابىل (قازاق)، خوجىخان ھاكىموف.

ما جيەنگو (خۇيزۇ)، ئاسانبېك توردى (قىرغىز، 1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: مۇھەممەت رەجەپ.

مۇئاۋىن باش كاتىپ: تيەن جىخەي.

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: تيەن جىخەي (قوشۇمچە).

بەنگۇڭتىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ ماۋچۈەن، شيې يۈەنيى، ئابدۇراخمان ئەلى، ۋاڭ خۇەيلىن.

### ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 — 15 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق نىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ۋەكىلى 550، ئەمەلدىكى ۋەكىلى 550، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىلى 512. مەملىكەتلىك خ ق نىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار، ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى (لايىھە)» (يازما)، خەن شۆچى بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2001 ـ يىللىق پىلان (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»، چېن زىيۇ بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2001 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات»، ھامىدىن نىياز بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، مۇھەممەت روزى بەرگەن «ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، مۇھەممەت يۈسۈپ بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە بۇ دوكلاتلار ھەققىدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە قارار ماقۇللاش چارىسى ماقۇللاندى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن، ئابدۇرېھىم ھامۇت، ۋاڭ خۇەيىۋ، ئاسانبېك توردى ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت رەجەپ باش كاتىپلىقىغا، ئابدۇراخمان كېرەم، لياۋ يۈگيۈەن، ۋاڭ تۇڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى؛ ليۇ يى، ئەركىن ئىمىر باقى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى. لى فېڭزى ش ئۇ ئا ر خ ق قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئەبەيدۇللا تېيىپ، جاڭ جياباۋ، ساۋ زۇڭخۇەي، ياڭ شۈليالڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ئابلەت مامۇت، ھەسەن ھامۇتباي (قازاق)، تۇڭ فۇلىن (شىبە)، سۇلتان مامۇت، ياڭ مېڭمەي، ياڭ ۋېنگۇاڭ ئەزالىققا سايلاندى.

يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر 441 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇنىڭ 12 سى تەكلىپ قىلىپ بېكىتىلدى. قالغان 429ى تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالاقىدار تارماقلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى.

ياڭ يى

### ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن سايلانغانلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**ئابدۇرېھىم ھامۇت** 1942 ـ يىل 11 ـ ئايدا

تۇغۇلغان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن، 1964 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1965 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى گۇڭشې تۇرپانيۈزى جوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، تيانشان گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىتان گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى، غۇلجا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ ئىلى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 7 -، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**ۋاڭ خۇەيىۋ** 1941 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان. شەنشىنىڭ سۈيدې ناھىيىسىدىن، 1965 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1974 - يىل 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پروفېسسور.



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتى پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئېنىقلاش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ باش كاتىپى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**ئاسانبېك تۇردى** قىرغىز، 1945 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن، 1964 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1974 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئوقسالۇر يېزىسىنىڭ باشلىقى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھاكىم؛ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇۋەققەت ئوبلاست باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى؛ ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ج ك پ 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 8 -، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

## ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**ليۇ يى** 1953 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان،



خېنەننىڭ فەنشيەن ناھىيىسىدىن، 1969 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1980 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىقتىسادچى.

خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھەرلىك ھەمسىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، سېخ دىسپېتچېرى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتال تاۋلاش ئۈسكۈنىلىرى تەتقىقات ئورنى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرگۈچىسى، ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە تەشكىلات - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتال تاۋلاش ئۈسكۈنىلىرى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى دېجۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، دېجۇ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ۋەزىپە ئېلىپ ئىشلىگەن)؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، رەئىس ياردەمچىسى، ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازارەتنىڭ نازىرى، جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

**ئەركىن ئىمىر باقى** مۇشۇ يىلنامىنىڭ 86 - بېتىگە قاراڭ.

## 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 2001 - يىلى 20 - سانلىقتىن 25 - سانلىقىچە 6 قېتىم يىغىن ئاچتى.

**20 - سانلىق يىغىن** 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئېچىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ 4 - يىغىنىنى 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ماقۇللاپ، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 4 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ 4 - يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى (لايىھە) نى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) نى، 4 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) نى، 4 - يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) نى، 4 - يىغىن پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) نى ماقۇللاپ، ئۇلارنى 4 - يىغىن تەييارلىق يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ ۋەكىللىككە تولۇقلاپ سايلانغانلارنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ماقۇللىدى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ ئومۇمىي ۋەكىلىنىڭ 550 نەپەر بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. 3 - يىغىن مەزگىلىدىكى ئەمەلىي ۋەكىل 546 نەپەر بولۇپ، كەم قالغان 4 ۋەكىلنى ئالاقىدار سايلام ئورۇنلىرىنىڭ تولۇقلاپ سايلىشىغا توغرا كېلەتتى. 3 - يىغىندىن بۇيان 4 ۋەكىل ۋاپات بولدى، 3 ۋەكىل شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتتى، بىر ۋەكىل ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ 8 ۋەكىلنىڭ ئورنى بوش قالدى. ئالاقىدار سايلام ئورۇنلىرى 12 ۋەكىلنى تولۇقلاپ سايلىدى. يىغىن بۇ 12 ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلدى. ھازىر ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ ئەمەلىي ۋەكىلى 550 بولدى. يىغىن 4 - يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللىدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ماقۇللىدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قانۇنچىلىق كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) نى ماقۇللاپ، 4 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ شۇ پېڭ، سۇلايمان نىيەتقۇللارنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، جاڭ جياباۋ، ياڭ ۋېنگۇاڭلارنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن، غوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۇەيپۇلەرنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قېچىقلىش ئۈچۈن سورىغان ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارلارنى ماقۇللىدى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى.

**21 - سانلىق يىغىن** 3 - ئاينىڭ 27 — 30 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق 4 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە

بولمىغان كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدلىيە نۇقتىسىدىن باھالاش نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات قاراپ چىقىلدى؛ سانجى ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا يوللىغان «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كىرىمنىلاشقان دەرەخلەرنى ئاسراشنى باشقۇرۇش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامى» ماقۇللاندى؛ «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كىرىمنىلاشقان دەرەخلەرنى ئاسراشنى باشقۇرۇش نىزامى» تەستىقلاندى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات قاراپ چىقىلدى. يىغىن ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئەركىن ئىمىر باقىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇشنى، ئايۇپ تىيىپنى باش كاتىپلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىن ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

**22 - سانلىق يىغىن** 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»نى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مېتېئورولوگىيە نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى. ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جاڭ ۋېنيۈنى خىزمىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

**23 - سانلىق يىغىن** 7 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» ماقۇللاندى. ئىلى ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا يوللىغان «غۇلجا شەھىرىنىڭ بوندا چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ قاراماي شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى تەكشۈرۈپ ماقۇللاندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە 4 - بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلات، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە كەنتكە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى» توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خەن چېبىڭ ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ليۇ يىنى تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇش، چېن يۇڭنى تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

**24 - سانلىق يىغىن** 9 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىللەش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى» ماقۇللاندى؛ يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش نىزامى» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ تەڭشىلىشىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام ۋاقتى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، قارار قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىسى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئارىسىدا 4 - بەش يىللىق قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھىرى پۇقرالىرىنىڭ مەجبۇرىي قان تەقدىم قىلىش نىزامى›نى بىكار قىلىش ھەققىدىكى قارارى»نى تەستىقلاش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇراخمان رەخىمباي دائىمىي كومىتېت مىللەتلەر - دىن - تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، قاسىمجان ئىبرغالى دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ۋاڭ جىنشياڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

**25 - سانلىق يىغىن** 11 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش نىزامى (لايىھە)»نى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېقىلغۇ گاز باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. يىغىندا يەنە «ۋەكىللەر قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات، 4 - يىغىندا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ، تەۋسىيە، پىكىر، تەنقىدلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى؛ يەنە ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

ياڭ يى

## تەكلىپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىدىن 12 سى يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىكى تەرىپىدىن رەسمىي تەكلىپ قىلىپ بېكىتىلگەندى. يىغىندىن كېيىن بۇ تەكلىپلەر دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. جاڭ جياباۋ، نۇردىن نىياز قاتارلىق 97 ۋەكىلنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (1 -، 24 -، 32 -، 44 -، 171 -، 187 -، 260 -، 282 - نومۇرلۇق).

2. سۇڭ داچېڭ قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ ئۈرۈمچى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش توغرىسىدىكى تەكلىپى (229 - نومۇرلۇق).

3. فۇ جيەنچېڭ قاتارلىق 21 ۋەكىلنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (124 -، 320 - نومۇرلۇق).

4. ھەسەن ھامۇتباي قاتارلىق 15 ۋەكىلنىڭ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قانۇنلارنى ئاز سانلىق مىللەت

يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەكلىپى (286 - نومۇرلۇق).

يۇقىرىدىكى تەكلىپلەرنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل بىجىردى ھەمدە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بەردى.

ئارزۇگۇل

## ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىلىرىنىڭ بىجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 4 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر (قىسقارتىپ تەۋسىيە دېيىلدى) دىن 762 (تەۋسىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ 429) نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلان ساھەلىرىگە دائىرى 291، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىگە دائىرى 195، ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ساھەسىگە دائىرى 120، ئەمگەك - كادىرلار، مائاش، پاراۋانلىق ساھەسىگە دائىرى 26، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكىسى 44، ئۇنىۋېرسال تارماقلار ۋە باشقا ساھەلەرگە دائىرى 86. بۇلار 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاساسەن بىجىرىلىپ بولدى، بىجىرىلىش نىسبىتى 99.8% بولدى. تەۋسىيىلەردىن قوبۇل قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ھەل قىلىنغىنى ۋە ئاساسەن ھەل قىلىنغىنى 112، ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى تەدرىجىي ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 382، ئىزاھ بېرىشكە تېگىشلىكى 70، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ياكى دۆلەتنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىسى توپەيلىدىن كېيىنچە ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلغىنى ياكى قوبۇل قىلىنمىغىنى 198.

ئارزۇگۇل

## «مېتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە نىزامى» نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 4 - ئايدا خەلچەم ئىسلام، خوجىخان ھاكىموف دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، بايىنغولىن، سانجى، ئالتاي، خوتەن قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ «مېتېئورولوگىيە قانۇنى»، «مېتېئورولوگىيە نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 5 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ يې

## قاماقخانا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتى كۆزدىن كەچۈرۈلدى

2001 - يىل 5 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن لى فېڭزى، ما جيەنگولار دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى ۋە تۇرپان، بايىنغولىن، بورتالا، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 10 ناھىيە (شەھەر، رايون) دىكى 15 قاماقخانا ھەم ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 6 ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىنىڭ «قاماقخانا نىزامى»، «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، 5 ماددىلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ يې

## «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 5 - ئايدا دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرى دائىمىي كومىتېت يېزا ئىگىلىك - ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ج خ نازارىتى قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئالتاي، بورتالا، ئىلى، سانجى، بىڭتۇەن 10 - شى، 7 - شى قاتارلىق جايلارنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە 4 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ يې

## «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 6 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ خۇەيپۇ دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى، دائىمىي كومىتېت مائارىپ، ئىلىم - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 5 ماددىلىق

تەكلىپ بەردى.

ياڭ يى

### «ۋەكىللەر قانۇنى» نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 6 - 9 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ھەر قايسى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتلىرى، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئۆزى تەكشۈرۈش بىلەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «ۋەكىللەر قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. 9 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر خەلچەم ئىسلام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، سانجى، تارباغاتاي، تۇرپان، قاراماي، شىخەنزە، كۈيتۇڭلارنىڭ ھەمدە بىچان قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ قىسمەن يېزا، بازارلىرىنىڭ «ۋەكىللەر قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 5 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

ياڭ يى

### «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 10 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ خېلى دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، ئاقسۇ، قۇمۇل، بورتالا، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ قىسمەن ناھىيە، شەھەر، يېزا، بازار، كەنت گۇرۇپپىلىرىغا بېرىپ، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نى يولغا قويۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

ياڭ يى

### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 — 15 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى، يېڭىسار ناھىيىسىدە «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بەردى.

ياڭ يى

### «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتى

2001 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» تەشكىلىي كومىتېتى «سۇ بايلىقىنى قەدىرلەپ، گۈزەل زېمىن بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مۇئاۋىن مۇدىر خوجىخان ھاكىموۋ، ئاسانبېك تۇردىلار قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش بويىچە 2 گۇرۇپپىنى باشلاپ، سانجى، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ، «سۇچىلىق قانۇنى»، «سۇ - تۇپراقنى قوغداش قانۇنى»، «سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانۇنى»، «ش ئۇ ئا ر ‹سۇچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ش ئۇ ئا ر ‹سۇ - تۇپراقنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. پائالىيەتتە بىللە بولغان مۇخبىرلار 115 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، شىنجاڭ گېزىتى، جۇڭگو مۇھىت گېزىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەخسۇس خەۋەر، مەخسۇس سەھىپە ۋە مەخسۇس بەت ئىشلىدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «غەربىي رايون مۇنبىرى» سەھىپىسىمۇ بۇ پائالىيەتنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسەتتى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سۇ بايلىقىنى ئاسراش ۋە ئېچىش بويىچە ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ يۈرۈشمىگەنلىكى، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەرتىپسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقانلىقى، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېرىشمىگەنلىكى، سۇنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلانمىغانلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

چېن يىڭجۇ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

### ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: ئابلەت ئابدۇرېشىت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاڭ ۋېنيۆ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جىنشياڭ (9 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئەركىن ئىمىر باقى (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، غوپۇر ئابدۇللا (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ خۇەيبىۇ (1ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دەلىلقان مامىقان، شيۇڭ خۇيىن، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىن، ليۇ يى (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

رەئىس ياردەمچىلىرى: ليۇ يى (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

خۇڭ چاڭيۇەن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

باش كاتىپ: ئەركىن ئىمىر باقى (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ئايۇپ تىيىپ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ، لى شىلي، جاۋ جەنكۇ، ئارىپ (قازاق)، يۈسۈپ قاسىم، جاڭ رېنجيې، ئايۇپ تىيىپ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: ياڭ جاۋجى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابلىز ھوشۇر، يۈ جېنگۇي.

تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شۇچى.

ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ رۇخاۋ.

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: ساتتار ساۋۇت.

پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇ جيايۇ.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھەمدۇللا.

مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئېلى.

ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ شيۇمىڭ.

دۆلەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇڭ چىخۋا.

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ھەبىبۇللا.

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: روزى ئىسمايىل.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن زېيۇ.

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: نىجات مەھمۇت.

ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: قادىر ھوشۇر.

زېمىن ـ بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: شارىپقان (قازاق).

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جيەنشىن.

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئامان ھاجى.

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ شىجياڭ.

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئالىم قادىر.

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قەيسەر جايدار (قازاق).

تاشقى سودا ـ ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ليۇ يى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). چېن يۇڭ (7ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق.

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مەمتىمىن ياسىن.

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېگيۇن.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 7 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى، ئاساسىي ۋەزىپىسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ھۆكۈمەتنىڭ 2000 ـ يىللىق پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 2001 ـ يىللىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 8 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 9 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، 3 ـ پەسىللىك ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ 4 ـ پەسىللىك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس جاڭ ۋېنيۆنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 13 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ،يەم ـ خەشەك ۋە يەم ـ خەشەك خورۇچلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى، نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ،شەھەر قىياپىتى ۋە شەھەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى، بويىچە مەمۇرىي جازانى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش چارىسى» مۇزاكىرە

قىلىنىپ پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جاڭ ۋېيۈننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 14 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ يەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان قانۇنى، نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول قانۇنى، نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ماتارىپ مۇپەتتىشلىكى بەلگىلىمىسى» پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 15 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنى بېكىتىش ۋە قوغداش چارىسى (لايىھە)» ۋە ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى، نى يولغا قويۇشتا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 16 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ مەشھۇر تارىخىي - مەدەنىي شەھەر كوچىلىرى - رايونلىرىنىڭ ئىمارەتلىرىنى ئاسراش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» مۇزاكىرە قىلىندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلەيدىغان سۇنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «پاتېنت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنىڭ لايىھىسىگە دائىر دەسلەپكى پىكىر مۇھاكىمە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنلىرى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 24 قېتىم رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 64 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاشقا دائىر ئىشلار ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىش تۈرلىرى جەھەتتىكى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، بىكتۇەنگە قاراشلىق ئارال، تۇمشۇق، ۋۇجياچۈلەرنى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 65 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 66 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ماتاش تەڭشەش، نوقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمگەك توختامى ئاخىرلاشتۇرۇلغان ۋە بىكار قىلىنغاندىن كېيىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە ئىقتىسادىي تولەم بېرىش قاتارلىقلارغا دائىر مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 67 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى، يىغىن ئۇنىڭغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس جاڭ ۋېيۈننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 68 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» مۇزاكىرە قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 69 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، 1 - پەسىللىك ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى، شىاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ غەربىي رايوننى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نۆۋەتتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ ياخشى تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر قانچە تەرەپتىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 70 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ش ئۇ ئا ر ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسى بىلەن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كاپىتالىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇشنى تەكشۈرۈش چارىسى»

مۇزاكىرە قىلىندى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تەنمەن رايونىنىڭ مەمۇرىي زېمىنىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 71 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 72 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، توقۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئوغرىلىقچە دەرەخ كېسكەن پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلو مەسىلىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى قاتارلىق 11 ئورۇننىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 73 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل چوڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى» ، بوغدا كۆلى سەيلىگاھىنىڭ ئالاقىدار ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 74 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك ئاساس خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 75 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك ئاشقى مەبلەغ خىزمىتى يىغىنى ۋە پاختىچىلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كادىرلارغا مەمۇرىي جازا بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 76 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەبىئىي گاز باھاسى ۋە تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قورۇلۇشىدا ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەسئۇلىيەت ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ـ قۇتقۇزۇش بېرىش ۋە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 77 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «كەسپىي جەمەتتىن تەربىيلەشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» ۋە «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»گە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، يېقىنقى مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، ئۆۋەتتە ئوقتىلىق ياختى تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر نەچچە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 78 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىش خىراجىتى سېلىقى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 79 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 80 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 81 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ ئاپتونوم رايون

بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ۋە تېببىي دورا - ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى مۇھاكىمە قىلىندى، مەھەممەت سىيىت، چېن يالڭ قاتارلىق 6 كىشى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 82 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى يېزىش تېزىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 83 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتنىشىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىپ ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئەمەلدىن قالغاندا، ئۇلارغا ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلەم بېرىشنىڭ قوشۇمچە چارىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 84 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (مۇزاكىرە ئورىگىنالى) مۇزاكىرە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىڭ 2002 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 85 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم 2 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدىكى سۆزى مۇزاكىرە قىلىندى، 14 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى يىغىنچاقلاش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 86 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورىگىنال) مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 87 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، چېگرا بېكىتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئالاقىدار ئىشلار مۇھاكىمە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېچىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي خىزمەت تېلېفون - تېلېۋىزىيە يىغىنىنىڭ ۋە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 97 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش بويىچە مەمۇرىي جازالاش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 98 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 99 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 100 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خورۇچلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 101 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكى چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 102 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ،

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنى بېكىتىش ۋە قوغداش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىلى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «2000 - يىللىق نوبۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەتنامىسىدىكى نىشاننى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «2000 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۆچنى ئاساس قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيىلەر، ئۆچنى ئاساس قىلىشتا لاياقەتلىك بولغان ناھىيىلەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالاقىدار ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مەمۇرىي زېمىن چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹مېيىپلارغا شەپقەت يەتكۈزۈش، يۈزىسىدىن ئىشانە قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار، ئەمگەك ئەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندا ‹يەر قانۇنىنى ئىجرا قىلىش بويىچە ئۈلگە ناھىيە› بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى)

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچى خادىم ۋە قانۇن چىقىرىشقا مەسلىھەت بەرگۈچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى 3 - تۈركۈم ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇش تۈرى يولغا قويۇلغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنى، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ مۇكاپات ئالغان تەنھەرىكەتچى، تربنېرلارنى ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئورۇنلىرىنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى›نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەنىنىڭ يەر مۈلكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا قارىتىلغان باج سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «‹ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي سەپكە كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ئالاقىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈنخانىسى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «كىرا ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىقنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «بېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى ئېلىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شىنجاڭ بويىچە تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ - سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىڭ مۇھىت ئاسراش نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسىنى تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىڭ يالغان تاۋار ياساش - سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە 2 - قېتىملىق بىرلەشمە ھەرىكەت لايىھىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ئۈرۈمچى رايونىنىڭ 2001 - يىللىق ھەربىي ئىستېھكام ئۆزگەرتكەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمگەك توختامى توختىتىلغان ياكى بىكار قىلىنغاندا تۆرمۇش ياردەم پۇلى ياكى ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىش مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاممىۋى توپلىشىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لايىھىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ھۆججەت تارقىتىش چارىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، ‹ھۆكۈمەت ئاخباراتى› ژۇرنىلىنىڭ سىياسىي ئەمىر - پەرمانلارنى يەتكۈزۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرخىل چوڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «‹ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئورمانلاردىن يىلىغا كېسىلىدىغان دەرەخ نورمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «مېتېئورولوگىيىگە ئائىت قانۇن - نىزاملارنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كاپىتالنىڭ قىممىتىنى ساقلاش - ئاشۇرۇش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «جۇڭگو كومپيۇتېر تەنتەربىيە لاتارىيىسى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش - پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى ج خ ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «‹شاخلىتىپ سېتىشقا قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنىڭ ھەرىكەت لايىھىسى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكىنى ئۆزلۈك ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مېخانىزمى› نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «‹قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىپ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىما ياردەم بېرىشنى قوللاش چارىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ھۆكۈمەت تارماقلىرى باشقۇرىدىغان ئاپپارات (2 - دەرىجىلىك ئىدارە) لارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت - مەمۇرىي جەھەتتىن قاراپ چىقىش ئورگانلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تارماقلىرى باشقا جايدىكى قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھەق ئالغاندىن كېيىن، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى مۇئەسسەسىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى ئېلىشنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## جاۋاب تەستىقلار

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن جاۋاب تەستىقلار (بىر قىسمى)

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «دۆلەت يولى 314، لىنىيىسىنىڭ ئاقسۇدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىدە ئاپتوموبىللاردىن قاتناش ھەققى ئېلىش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «دۆلەت يولى 312، لىنىيىسىنىڭ شوتاقۇدۇقتىن پىچانغىچە بولغان بۆلىكىدە بېكەت تەسىس قىلىپ، ئاپتوموبىللاردىن قاتناش ھەققى ئېلىش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئالتاي كۆكتوقاي نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - تۈركۈمدە مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرى مۇندەرىجىسى توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئالتاي تېغىدىكى ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئېتىبار بېرىش - نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «قاراماي شەھىرىدە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈشنى ئوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەستىق» چۈشۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈشنى ئوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا» تەستىق چۈشۈرۈلدى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش ئەھۋالى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خەۋەر - ئالاقە باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىۋىسكا يوپۇقىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي رايونى (سابىق سانائەت ئىنستىتۇتى) نىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان، سايباغ رايونلىرىدىكى نۇقتىلىق نەپىقە ئوبيېكتلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، دەلىلقان مامىقان، مەمتىمىن زاكىر، ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، دەلىلقان مامىقان، شيۇڭ خۇيىن، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ليۇ يىلار بايرام مەزگىلىدە ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە قىسىم ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلقتىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 13 — 16 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر نەسىردىن بورتالا ئوبلاستىدا يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە - پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ماناس ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 17 — 19 - كۈنىگىچە مەمتىمىن زاكىر ئۇلۇغچات ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئىسمايىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاكادېمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن خۇ جيايەن، ما جيەنگولارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ئاياللارنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنى قوللاش بويىچە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى» ۋە «يۈز مىليونلىغان ئاياللارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى» نىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنىگىچە شىۋاڭ خۇيىسەن ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان كادىرلار ۋە ئاممىنى يوقلىدى.

3 - ئاينىڭ 11 — 14 - كۈنىگىچە دەلىلقان مامىقان چۆچەك شەھىرى، تولى ناھىيىسىدىكى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى ئالاقە نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جاڭ ۋېنيۇ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە ئىئانە قىلىنغان 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى يولغا سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئەركىن ئىمىر باقى، مەمتىمىن زاكىر، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ليۇ يى قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 50 يىللىقى ئۈچۈن تەبرىك خېتى يازدى، مەمتىمىن زاكىر بېرىپ تەبرىكلىدى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى قار ئاپىتى بولغان رايونلارغا ئىئانە قىلغان 5 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىل ئەترىتىنى ئۇزىتىپ قويدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جاڭ ۋېنيۇ، شىۋاڭ خۇيىسەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ليۇ يى ئىسمايىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 — 11 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر نەسىردىن خەلق ئىشلىرى، مالىيە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇلارنىڭ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش - ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر يۈسۈپ ئەسيا بىلەن بىللە ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى قارمىقىدىكى ئارمىيە كۆز كېسەللىكلىرى مەركىزىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 2 — 4 - كۈنىگىچە جاڭ جۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ليۇ يى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 -، 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ليۇ يى سانجى ئوبلاستىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ليۇ يى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋۇ دۇڭخۇ، مەمتىمىن زاكىرلار سانجىدا شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى «523» ئىستانسىسىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بېيتاشەن تېغىدا كۆچەت تىكىشكە قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، شىۋاڭ خۇيىسەن ئۈرۈمچى يامالىق تېغىدىكى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ليۇ يى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئىمتىھان مەيدانلىرىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۇ، ئەركىن ئىمىرباقى، ئابدۇقادىر نەسىردىنلەر شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەركىن ئىمىر باقى شىنجاڭ خوكيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. دەلىلقان مامىقان شىنجاڭ ئەتىياز پەسىللىك ئۆي - زېمىن سودا

كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش - قېلىپلاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 1 — 7 - كۈنىگىچە دەللىقان ماسقان قۇرۇلۇۋاتقان شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتى ۋە سانجى ياجۇڭ سودا شەھەرچىسى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىغا ۋە شىنجاڭ شۆلتا زاۋۇتىنىڭ سېخلىرىغا بېرىپ، بايرام مەزگىلىدە ئىشلەۋاتقان كادىرلار ۋە ئىشچىلاردىن ھال سورىدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 2 — 9 - كۈنىگىچە شيۈڭ خۇيىسىن ۋاڭ لېچۈەنگە ھەمراھ بولۇپ قىزىلسۇ، قەشقەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەتىمىن زاكىر شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىش بېجىردى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش ھەم شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى مەملىكەت بويىچە 11 - بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەپتىلىكى ۋە 10 - نۆۋەتلىك سۇ تېجەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى، «تەڭرىتاغ» تورلۇق ماللار سودا سارىيىنىڭ تەشۋىقات نۇقتىلىرىدا «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە قىسمەن مېيىپلارنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى جيەنگو كۆمۈر كېنى ۋە مىچۈەن شەھىرى كۆمۈر كېنىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى. دەللىقان ماسقان ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم تاۋار توپلاش بازارلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ليۇ يى تۇرپان ۋىلايىتىدە ئاساسىي مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچىدە «ئەتىنى قوغداش ھەرىكىتى» بويىچە قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۇ، ئەركىن ئىمىرباقى، دەللىقان ماسقان، جاڭ جۇ، ليۇ يىلار شياڭگاڭ ئۇستىنلوكى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەركىن ئىمىر باقى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ليۇ يى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئۈرۈمچى مەشئەل مەكتىپىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىر باقى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. دەللىقان ماسقان سانجى ئوبلاستىنىڭ يالغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە 2 - قېتىملىق بىرلەشمە ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەللىقان ماسقان ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۆيشگۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىك بېغىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىر باقى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەتىمىن زاكىر، يۈسۈپ ئەيسا شىنجاڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق قوش تىل مەكتىپىنىڭ ۋىۋىسكا يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەتىمىن زاكىر «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كىتاب كۆرگەزمىسى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دەللىقان ماسقان ماناسنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يىغىنىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەتىمىن زاكىر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەمتىمىن زاكىر قۇكاڭ شەھرىدىكى شىمالىي چوڭ مەسچىتنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ۋە جىمسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ۋۇيۇسكىسىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 ـ ئاينىڭ 21 — 24 ـ كۈنىگىچە دەلىلقان ماسقان جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تارىم نېفىتلىكىدە قۇدۇقتىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىپ كېتىش ھادىسىگە تۆلەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 ـ ئاينىڭ 24 — 25 ـ كۈنلىرى مەمتىمىن زاكىر ئىلى ئوبلاستىغا بېرىپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى رېمونت قىلىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى بېجىردى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەمتىمىن زاكىر ۋاڭ لېجۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلارغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىرلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، يېڭى ئىستانسا بەلگىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى ۋە پەخرىي پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى. ليۇ يى يەنە شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەمتىمىن زاكىر، ئابدۇقادىر نەسىردىن «شانلىق مۇساپە — پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە چوڭ تىپتىكى سۈرەت كۆرگەزمىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە كۆرگەزمىنى كۆردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى فوندىنى باشقۇرۇش مەركىزى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش تۈزۈمى بويىچە «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات» خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

ليۇ يى 2001 ـ يىللىق (شىنجاڭ) گۇيجۇ تاۋارلىرى بەرمەنكىسى ۋە تۈرلەر ئۈستىدە كېڭىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە بەرمەنكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، مەمتىمىن زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنى كۆردى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 1 — 10 ـ كۈنىگىچە ليۇ يى ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دەلىلقان ماسقان، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن 2001 ـ يىللىق ئەنخۇي — شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە ئىقتىساد ـ سودا بەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى ھەمدە يىغىلىپ ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 4 — 11 ـ كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلى ئوبلاستىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋۇيۇسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي پەنلەر تور مائارىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ۋۇيۇسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تور سودىسى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە لېنتا كەستى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىدىكى ياشانغانلار ساغلاملىق ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ليۇ يى ئاپتونوم رايوننىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 15 — 22 - كۈنىگىچە مەمتىمىن زاكىر ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتايلارغا بېرىپ ئاقسۇنلار كۆرۈنۈشكە قاتناشتى ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى «841» ئىستانسىسى چاستوتا تەڭشەش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈپ تارقىتىش خىزمىتىگە كىرىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ليۇ يى شىخۇ شەھىرىگە بېرىپ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەتنى ئازايتىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى ۋە شىخۇ شەھىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، دەلىلقان مامىقان لياۋنىڭ - شىنجاڭ تاۋارلىرى كۆرگەزمىسى ۋە ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 30 — 31 - كۈنلىرى ليۇ يى بورتالاغا بېرىپ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ش ئۇ ئا ر بول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتىدە كارخانىلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ليۇ يى دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشئىلىنى كۈچ ئۇلاپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يەتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى. دەلىلقان مامىقان سانجى ياجۇڭ سودا شەھەرچىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ليۇ يى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا «تەڭرىتاغ، ئەسىر مۇھىت ئاسراش سەپىرى»گە ئاتلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 — 7 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر نەسىردىن يىچان ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي سورۇنلارنى يىللىق تەكشۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە خىزمەت تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، شيۇڭ خۇيىمن، مەمتىمىن زاكىر، ليۇ يى مەملىكەتلىك «ئۆزمەي سىگنال بېرىش — مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاش - ئاشكارىلاش دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسى»نى شىنجاڭدا ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم كۆرگەزمىنى كۆردى. ليۇ يى ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، دەلىلقان مامىقان 4 - نۆۋەتلىك خۇالىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم لېنتا كەستى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جاڭ جۇ شىنجاڭ چولڭ غەربىي رايون ساياھەت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ۋئۇسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى ھەم سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى نۇر بەكرى، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ يۈجۇڭلار جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 14 — 19 - كۈنىگىچە دەلىلقان مامىقان بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش بويىچە شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنىغا قاتناشتى ھەم خىزمەت تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك كىچىك مۇخبىرلار، كىچىك رەسساملار يازلىق لاگېرىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەنگەن ئۆمەككە بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەملىكەتلىك كىچىك مۇخبىرلار، كىچىك رەسساملار يازلىق لاگېرىنىڭ تاماملىنىش مۇراسىمى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ياپونىيە «خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نىڭ ھەقسىز ياردەم قىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئۈسكۈنىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى، جاڭ جۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئىسمايىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان نومۇرلارنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دەلىلقان مامىقان كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ياۋا ئاتلارنى تەبىئەتكە قويۇۋېتىش مۇراسىمىغا

قاتناشتى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بېرىپ، ھەربىي رايون خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە ساقچى يېتىشتۈرۈش-... ئەمەس، ھەربىي رايون خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ئاساسىي قاتلام قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئاقسۇ يېزىسى «گۇاڭجۇ مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، شيۇڭ خۇيېن، مەتتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ليۇ يى قاتارلىقلار 10 ـ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

شۇ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى 2001 ـ يىللىق گۇاڭدۇڭ ـ شىنجاڭ ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە تۇنجى تۈركۈم تۈرلەرگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 5 — 8 ـ كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دەلىلقان مامىقان قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىدە پاختا، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مەتتىمىن زاكىر ئىسمايىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا كەنت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ليۇ يى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ليۇ يى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 12 — 15 ـ كۈنىگىچە دەلىلقان مامىقان ئاقسۇدا بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قىلمىلاشتۇرۇش بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 14 — 16 ـ كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت خوتەندە نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىندىن كېيىن قاراقاش، خوتەن ناھىيىسى، خوتەن شەھىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ باش مەشئىلىنى ياندۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 23 — 27 ـ كۈنىگىچە دەلىلقان مامىقان قىزىلسۇ، قەشقەرلەردە ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئابدۇقادىر نەسىردىن گۇاڭدۇڭنىڭ ياڭجياڭ، دۇڭگۇەن، گۇاڭجۇ شەھەرلىرىگە بېرىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەشىق قىلىۋاتقان شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ۋە تەربىيىلىگۈچىلىرىدىن ھال سورىدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ش ئۇ ئار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، «شىنخۇا» سودا سارىيى، شىنجاڭ 4 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خۇيفېڭ باغچىسى ئىش ئورنى، ئۈرۈمچى جەنۇبىي يولۇچى ترانسپورت بېكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. مەتتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى يېڭى ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 26 — 27 ـ كۈنلىرى شيۇڭ خۇيېن كورلىدا تاشيول قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەتتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە ئوت ئۆچۈرۈش ـ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دەلىلقان مامىقان قىسمەن خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەكشۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 4 — 6 ـ كۈنىگىچە شيۇڭ خۇيېن خوتەندە سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى ئۆرۈلۈپ كېتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن ـ تېخنىكا رايونىنىڭ تەييارلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دەلىلقان مامىقان شىنجاڭ خۇالىڭ

سودا بازىرىدا ئىش بېجىردى.

10 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى شېۋلىڭ خۇيىمىن ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، نېفىت خىمىيە شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ شىنجاڭ ئېلېكتىر شىركىتى، شىنجاڭ خەۋەر - ئالاقە باشقۇرۇش ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى. مەتتىمىن زاكىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، جۇڭيى دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئامما ئىنكاس قىلغان داۋالىنىش، كارتا ئىشلىتىش، داۋالىنىشنى ئاچچوت قىلىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى مەتتىمىن زاكىر تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىش پىلانىنىڭ لايىھىسىنى دەلىللەش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن سودا كارخانىلىرى، ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يەندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى ۋە شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. دەلىلقان ماسقان بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن «جۇڭخۇا ئايال پىداكارلىرى»غا بايراق تەقدىم قىلىش ۋە «ئەللا مۇلازىمەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش» بويىچە ئۈرۈمچى باش يىغىن مەيدانى ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ جىنشياڭ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىدا ئىش بېجىردى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ليۇ يى جۇڭگو ھۆكۈمىتى پاكىستانغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالارنى شىنجاڭدىن يولغا سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دەلىلقان ماسقان، ليۇ يى جۇڭگو خېرىدار چاقىرىش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئۈرۈمچىدە يالغان، ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 3 — 5 - كۈنلىرىچە ۋاڭ جىنشياڭ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، بۈگۈر ناھىيىسى، كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ليۇ يى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا يەر ئىشلىتىش مەسىلىسىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ليۇ يى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا «شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى ئېچىۋېتىش پىلانى» قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

11 - ئاينىڭ 14 — 16 - كۈنلىرىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەتتىمىن زاكىر قەشقەر شەھىرى، مەكىت ناھىيىلىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى ۋە خىزمەت تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەتتىمىن زاكىر ۋۇ دۇڭفۇغا ھەمراھ بولۇپ، شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى «523»، «631» ئىستانسىلىرىنىڭ ئىشقا كىرىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە خىزمەت تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى دەلىلقان ماسقان شىخو، ساۋەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ليۇ يى خوتەن، قىزىلسۇنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاغىلىق ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئونسۇ ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ سانجى ئوبلاستىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن بارىكۆل



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 2001 - يىل 12 - ئايدا ئۈرۈمچى كانچىلىق (گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئۈمىد فوتوسى

ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى ۋاڭ جىنشياڭ قاراماي شەھىرى، مايتاغ رايونىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەتتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «دۇنيا ئەيدىز كېسەللىكى كۈنى» تەشۋىقات، تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەتتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە ئوغرىلىقچە ئىشلەنگەن قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش كۆيدۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 2 — 3 - كۈنلىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) دەپ نام بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنىگىچە مەتتىمىن زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەيدىز كېسەللىكى/تاناسىل كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەتتىمىن زاكىر «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمايىل تىلىۋالدى، مەتتىمىن زاكىر سانجىدىكى «523» ئىستانسىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 27 — 31 - كۈنىگىچە ۋاڭ جىنشياڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچىدە شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شي شۆئەن

## ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

1. 2001 - يىلى يەرلىك قانۇن - نىزامدىن 9 ى تۈزۈلدى. بۇلار: «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹تاشيول قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئورمان قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۈ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەشھۇر تارىخىي - مەدەنىي شەھەر كوچا رايونلىرىنىڭ بىنالىرىنى ئاسراش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئوتلاق قانۇنى›نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى». ھۆكۈمەتنىڭ قائىدە - نىزامدىن 7 سى تۈزۈلدى. بۇلار: «زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش چارىسى»، «ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «چاقماق ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خۇرۇچلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «داغلىق تاۋار

ماركىلىرىنى بېكىتىش ۋە قوغداش چارىسى»، «مائارىپ مۇپەتتىشلىكى چارىسى»، «سۈچىلىق قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلەيدىغان سۇ باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى».

2. قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ھاراق تۈرلىرىنى مونوپول قىلىپ سېتىشنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق 8 يەرلىك قانۇن - نىزام ۋە ھۆكۈمەت قائىدە - نىزامى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش خىزمىتى ئىشلەندى.

3. گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى تاپشۇرغان 28 قانۇن - نىزامنىڭ پىكىر ئېلىش ئورنىگنالى ئۈستىدە پىكىر ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش تاپشۇرغان 10 تەكلىپ بېجىرىلدى.

4. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاشنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق قېلىپلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى 13 ھۆججەتنى تەكشۈرۈش پىكىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

جاڭ يۈڭمېي

## مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئورگانلىرى قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىدىن 1915نى تاپشۇرۇۋالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىپ قوبۇل قىلىنغىنى 1862، قوبۇل قىلىنمىغىنى 48، باشقا ئىلتىماس 5. مەمۇرىي جازاغا قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان ئىلتىماس 1235، مەمۇرىي زورلاش تەدبىرىگە قايىل بولماي سۇنۇلغان ئىلتىماس 505. قايتا قاراپ چىقىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 1651، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ساقلاپ قېلىش ھۆكۈم قىلىنغىنى 979، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى بىكار قىلىش ھۆكۈم قىلىنغىنى 237، ئەسلىدىكى مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش ھۆكۈم قىلىنغىنى 267، ئىلتىماس قىلغۇچىلار قايتۇرۇۋالغىنى 133، باشقىلىرى 35. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى 211. بۇنىڭدىن باشقا مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلولار ئىچىدە مەمۇرىي تۆلەمگە چېتىلىدىغىنى 3، تۆلەم سوممىسى 19 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئېكىشىلىك دەۋا دېلوسى 335، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈزۈلمەي بىۋاسىتە دەۋا قىلىنغان دېلو 144، قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن مەمۇرىي جەھەتتىن دەۋا قىلىنغان دېلو 191. يۇقىرىلار دەۋاگەر بولغان دېلو 279، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى جاۋابكار بولغان دېلو 179. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ساقلاپ قېلىش ھۆكۈم قىلىنغان دېلو 120، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى بىكار قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان دېلو 53، ئەسلىدىكى مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش ھۆكۈم قىلىنغان دېلو 16. دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغان دېلو 23، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلمىغان دېلو 106.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، 3 ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى ۋە بىر جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق - تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىغا قانۇن بويىچە ۋاكالەتلىك قىلىندى، دېلوغا چېتىشلىق نىشان سوممىسى 36 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

جاڭ يۈڭمېي

## مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش ئىشلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي خاراكتېرلىك تەستىقلاش ئىشلىرىنى كۆپلەپ ئازايتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بويىچە ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 48 مەمۇرىي ئورگانغا چېتىلىدۇ، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك تەستىقلاش ئىش تۈرى جەمئىي 859. بۇنىڭ ئىچىدە بىكار قىلىنغىنى 119، ساقلاپ قېلىنغىنى 552، بۇنىڭ ئىچىدە تەستىقلاش تۈرى 259، رۇخسەت قىلىش تۈرى 90، تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈرى 139، ئەنگە ئالدۇرۇش تۈرى 34. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يولغا قويۇشىغا چۈشۈرۈلگىنى 27، بىرلەشتۈرۈلگىنى 191.

دا جيەنمىن، لەي شىڭ

## مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى

1. مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 8 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەكشۈرۈپ

تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ تارقاتتى. 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 10 ناھىيە، شەھەر، 5 ئىدارە، ئازارەتنى تەكشۈرگەندە مەلۇم بولدىكى، بۇلار ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، تولۇق تەييارلىق كۆرگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرغان، ش ئۇ ئا ر دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «ئىككى تۈزۈم»نى يولغا قويۇش بويىچە نۇقتىلىق ئالاقە باغلاش ئورنى قىلىندى.

2. مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش ئىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. «مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش ئىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرىدە سىناق قىلىش بەلگىلەندى، بۇنى گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى تەستىقلىدى.

3. جايلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىندى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى مەمۇرىي تەپتىش ئازارىتى، شتات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل، شىخەنزە، ئاقسۇلاردا مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى بويىچە كۇرس ئېچىپ، 200 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى، «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

4. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى، بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى»دىن 4600ى، «قانۇن ئىجراسىنى ئازارەت قىلىش كىنىشكىسى»دىن 1200ى تەكشۈرۈلدى. «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى»دىن 400ى، «قانۇن ئىجراسىنى ئازارەت قىلىش كىنىشكىسى»دىن 90ى تارقىتىلدى. «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى»دىن 80ى، «قانۇن ئىجراسىنى ئازارەت قىلىش كىنىشكىسى»دىن 20 سى يىغىۋېلىندى، 9 - ئايدا خادىم تەشكىللەپ، 4 ئازارەت - ئىدارىنىڭ كىنىشكا باشقۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

5. قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىي ھەرىكەتلەر تۈزىتىلدى، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا دائىر ئالاش - تارتىشلار ھەل قىلىندى.

جالى يۈگىبى

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى

1) 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن مەسلىھەتچىلىرى ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرىنىڭ شەھەر - بازار چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» يوللىدى.

2) مەسلىھەتچى گۇلڭ جىنبۇ 8 - ئاينىڭ 14 — 18 - كۈنىگىچە بورتالا ئوبلاستىنىڭ سايرام كۆلىدە ئاق خان بېلىق بېقىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «سايرام كۆلىدە ئاق خان بېلىقى بېقىشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. يەنە ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ پورت قۇرۇلۇشى، باج ئېلىش ئىشلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

3) «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى، مائارىپ، سەھىيە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەر ئۈستىدە 19 ماددىلىق تۈزىتىش پىكىرى ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

4) مەسلىھەتچىلەر، تارىخىي ماتېرىياللار سارىيى ئەزالىرى سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەدبىر كۆرسەتتى.

2. تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت

1) «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دىن ئۈچىنچى توپلام، خەنزۇچە بىر ساندىن چىقىرىلدى. جەمئىي 70 نەچچە مىڭ خەتلىك 16 ئەسەر كىرگۈزۈلدى.

2) مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخىي ماتېرىياللار سارىيى ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە ساراي ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «كارخانىلارنىڭ ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»نى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە شىنجاڭ دېلوڭ (گۇرۇھى)، شىنجاڭ تيەنچۈەن يۈڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىن ئەھۋالى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 - بېتىدە

خەۋەر قىلىندى.

لى شەنشەن

## «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»نىڭ خىزمەت ئەھۋالى

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» — ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ھۆججەتلىرى بېسىلىدىغان توشۇغۇچ.

2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى ھۆججەت چىقىرىپ «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»نىڭ فۇنكسىيىسىنى مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلىدى: 1. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا بېسىلغان تۈرلۈك قائىدە - نىزام، ھۆججەتلىرىنىڭ نۇسخىسى ئۆلچەملىك نۇسخا بولۇپ، رەسمىي ھۆججەت بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە. باشقا ۋاسىتىلەر ۋە ئېچكى ماتېرىياللارنىڭ ھۆججەت تارقاتقۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە بېسىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. 2. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بەنگۇڭتىڭىنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگىچە تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلىرى (مەخپىيەت دەرىجىسى بارلىرى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ، تۆۋەندىكى ئوخشاش) «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلىدۇ. يەتكۈزۈش ۋە ئارخىپتا ساقلاپ پايدىلىنىش ئۈچۈن 2 نۇسخا رەسمىي ھۆججەت (تارماقلارغا بىر نۇسخا) تارقىتىلىدۇ. 3. گوۋۇيۈەننىڭ، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن كۆپەيتىپ بېسىپ ناھىيە (شەھەر) لىك ھۆكۈمەتلەرگىچە تارقىتىشقا تېگىشلىكلىرى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلىدۇ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرگە، ئاپتونوم رايوننىڭ تارماقلىرىغا، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلىرىغا ئارخىپتا ساقلاپ پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن 2 نۇسخا (تارماقلارغا بىر نۇسخا) تارقىتىلىدۇ. 4. گوۋۇيۈەننىڭ پەرمانلىرى، ئېچكى ئەھۋال توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلىرى، پايدىلىنىش ھۆججەتلىرى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا بېسىلىدۇ، ئادەتتە باشقىدىن كۆپەيتىپ بېسىلمايدۇ، پەقەت ئېھتىياجغا قاراپ ئاز مىقداردا كۆپەيتىپ بېسىلىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا تارقىتىلىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانلىرى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلىدۇ. پەقەت بىر نۇسخا رەسمىي ھۆججەت ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر (مەمۇرىي مەھكىمىلەر) ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئارخىپتا ساقلاپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىلىدۇ.

5. دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تارقىتىلىدىغان مۇھىم ھۆججەتلىرى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانلىرى، ئومۇمىيۈزلۈك تارقىتىلىدىغان مۇھىم ھۆججەتلىرى بىڭتۈەننىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا تاللاپ بېسىلىدۇ.

2001 - يىل ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتتى. 8 -، 9 -، 11 - ئايلاردا ئالتاي، كورلا، ئۈرۈمچىلەردە «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» خىزمىتى يىغىنى (بۆلەكلەر) ئېچىپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

سۇ گۇاڭفىلىڭ

## مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىسمەن مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى تەڭشەلدى. يەنى: 1. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ ئەرگۈڭ يېزىسى بىلەن دىئوپو يېزىسى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ داۋان يېزىسىنىڭ ساڭفاڭگو كەنتى، ئەرگۈڭ يېزىسىنىڭ جيۇجاۋەن كەنتى (8 - ئەترەت بۇنىڭ سىرتىدا) ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ دىئوپو يېزىسىنىڭ خېبەن جاڭزى كەنتى ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى. 2. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ چىداۋان يېزىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى دوڭشەن رايونى لۇساۋگو يېزىسىنىڭ شىمگو كەنتى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ چىداۋان يېزىسىنىڭ كازىۋەن كەنتى دۇڭشەن رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەۋەلىكىدىكى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس، توققۇزتارا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، نىلقا، چاپچال ناھىيىلىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن

ناھىيىلەرنىڭ چېگرىسى ئۆزگەرتىلدى، يەنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شابەندى ئامبىرى رايونىدىكى نامرات چارۋىچىلار يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ بايناۋات كەنتىگە كۆچۈرۈلۈپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تاجىكئاۋات بازىرى تەسىس قىلىندى ھەم قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ چېگرىسى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىلدى:

1. يوپۇرغا ناھىيىسى بايناۋات يېزىسى تەرەققىيات رايونى كونا قانا ئۆستىڭىدىن مارالبېشى ئۆستىڭىنىڭ زاكوسغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يوپۇرغا - مارالبېشى تاشيولى بويىدىكى دائىرىدىن بىر قېتىمدىلا 3333.3 گېكتار يەر ئاجرىتىلىپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىكئاۋات بازىرىنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسى قىلىندى. 2. يەكەن، مارالبېشىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 1133.3 گېكتاردىن يەر ئاجرىتىلىپ يوپۇرغا ناھىيىسىگە تولۇقلاپ بېرىلدى. 3. تاشقورغان تاجىكئاۋات بازىرىنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسى ۋە يوپۇرغا، مارالبېشى، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ (2001) 5 - نومۇرلۇق ۋە (2001) 15 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بېرىلگەن چېگرا خەرىتىسىدە سىزىلغان چېگرا سىزىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 2001 - يىلى خەلق ئىشلار نازارىتى 22 بازار تەسىس قىلىشنى (بۇنىڭ ئىچىدە 20 يېزا بازارغا ئۆزگەرتىلدى)، بىر بازارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، بىر بازارنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئەشمە يېزىسى ئەشمە بازىرى قىلىپ تەسىس قىلىندى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىكئاۋات بازىرى تەسىس قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۈنەس ناھىيىسى شاربۇلاق بازىرى تەسىس قىلىندى، ماناس ناھىيىسىنىڭ لەنجۈۋەن يېزىسى لەنجۈۋەن بازىرى قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسى چىمەن بازىرى قىلىندى، دۆڭقوتان يېزىسى دۆڭقوتان بازىرى قىلىندى، ياقا يېزىسى ياقا بازىرى قىلىندى، ئۇچا يېزىسى ئۇچا بازىرى قىلىندى، ئۆزۈن يېزىسى ئۆزۈن بازىرى قىلىندى، ئالاقاغا يېزىسى ئالاقاغا بازىرى قىلىندى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆرە يېزىسى كۆرە بازىرى قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ يۈەنخۇ بازىرىنىڭ نامى يۈەنخۇ كەنتى بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ خارمۇدۇن يېزىسى خارمۇدۇن بازىرى قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جىمسار ناھىيىسىنىڭ بېيتىڭ يېزىسى بېيتىڭ بازىرى قىلىندى، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ چام يېزىسى چام بازىرى قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ يېزىسى كۆيسۇ بازىرى قىلىندى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ جوماۋخۇ يېزىسى جوماۋخۇ بازىرى قىلىندى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ سارىبۇلاق يېزىسى سارىبۇلاق بازىرى قىلىندى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ۋۇگۇڭتەي يېزىسى ۋۇگۇڭتەي بازىرى قىلىندى. ماناس ناھىيىسىنىڭ تۇگۇلاڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەمۇرىي زېمىنى ماناس بازىرىغا قوشۇۋېتىلدى، يەنە ماناس ناھىيىسى لياڭجۇخۇ بازىرىنىڭ 6 كەنتى، لەنجۈۋەن يېزىسىنىڭ 3 كەنتى ماناس بازىرىغا قوشۇۋېتىلدى، بىرلەشكەندىن كېيىنكى ماناس بازىرى مەمۇرىي زېمىنىنىڭ كۆلىمى 27 كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ 120.35 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. نوپۇسى 13 مىڭ 273 تىن كۆپىيىپ 70 مىڭ 533كە يەتتى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنجى ناھىيىسىنىڭ دەنزىل يېزىسى دەنزىل بازىرى قىلىندى، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ داخې يېزىسى داخې بازىرى قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى سايرام بازىرى قىلىندى، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى ئارال بازىرى قىلىندى.

يى بىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقى جايلاردىكى ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شىلې

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيديەن رايونى سەنلىخې يولى 7 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 100044

تېلېفون: 68332266 (010) (باش ئاپپارات)

فاكس: 68353040 (010)

تېلېگراف: 7465

شاڭخەي ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ يىڭ

ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى جۇياڭ يولى 775 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 200437

تېلېفون: 65532387 (021)

فاكس: 65541474 (021)

تېلېگراف: 85705

تيەنجىن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ دېيىڭ

ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى نەنجىڭ يولى 305 - نومۇرلۇق جىڭلىيەن بىناسى 13 - قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 300052

تېلېفون: (022) 27313703، 27313707

فاكس: (022) 27313890

**شىئەن ئىش باشقارمىسى**

مۇدىرى: ليۇ لىرۇي

ئادرېسى: شىئەن شەھىرى دۇڭگۇەنجېڭ كوچىسى 129 - نومۇرلۇق 2 - بىنا 2 - بۆلەك 1 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 710048

تېلېفون: (029) 2488646، 2496600

**شېنجېن ئىش باشقارمىسى**

مۇدىرى: لى خوجۇ

ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ جۇڭفېڭ يولى ليەنچېڭ بىناسىنىڭ 7 - قەۋىتى

پوچتا نومۇرى: 518002

تېلېفون: (0755) 5104186

فاكس: (0755) 5104186

**شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى**

مۇدىرى: لۇي شيەنچى

ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 27 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 250014

تېلېفون: (0531) 8928516، 8928578

**گۇاڭجۇ ئىش باشقارمىسى**

مۇدىرى: ياڭ جوچۈن

ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى شىمالىي تيەنخې يولى 76 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 510620

تېلېفون: (020) 38817154، 38817788

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

**سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

رەئىس: جانابىل (قازاق).

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ يۇسەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماۋ دېخۇا (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈسۈپ ئەيسا، بېكمۇقەممەت مۇسا (قازاق)، شيې جېجيالڭ، ۋاڭ خەنرۇ، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، ئارزۇخان ھاجى، پاشا ئىشان، سەرجە (موڭغۇل)، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىسىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىۇ جېنجۇڭ، جاڭ يوجۇڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇاڭ چاڭيۈەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: قاسىم ھىمىت (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جورئەت مەمتىمىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ۋاڭ جياگۇي، دەي دېچىن، روزى مامۇت، جۇمەقان ئۇرىنقاباي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جياگۇي.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ خېيۇ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ زوزۇ، دىلمۇرات مۇسا.

## ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 — 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 413 ئەزا قاتناشتى. يىغىن رەئىس جانابىلنىڭ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. 4 - يىغىننىڭ سىياسىي قارارىنى ۋە تەكلىپ كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىندىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، پىلان، مالىيە، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئۈستىدە كېڭىشىش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يىغىن ۋاڭ يۇسەن قاتارلىق 3 مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ۋە باش كاتىپ قاسىم ھىمىتنىڭ سورىغان ئىستىپاسىغا قوشۇلدى، با شىلىڭ قاتارلىق 8 كىشىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىدىن قېچقىلىش توغرىسىدا سورىغان ئىستىپاسىغا قوشۇلدى. يىغىن غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ يوجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەنلەرنى ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلىدى؛ جورئەت مەمتىمىننى باش كاتىپلىققا سايلىدى؛ جاڭ گوۋېن قاتارلىق 8 كىشىنى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلىدى. يىغىندا ئەزالار 702 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ 670ى تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. 29 ۋەكىل يىغىندا سۆزگە چىقتى ياكى يازما سۆز قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۇەن ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى

ئېچىلىش، يېپىلىش يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۇ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا كېلىپ چوڭ يىغىندا سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. يېپىلىش يىغىنىدا ۋاڭ لېچۈەن ۋە جانابىل سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇرۇلتىيىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

لىيۇ جىجۇن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**غوپۇر ئابدۇللا** 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان، لوپنۇر ناھىيىسىدىن. 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



خوتەن ۋىلايەتلىك دۆۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە دۆۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ھازىر ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

**جاڭ يوجۇڭ** 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، جېجياڭنىڭ يۈگچيا ناھىيىسىدىن. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1960 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ كادىرى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ كادىرى، كانسات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە ۋىلايەتلىك «كۆك ـ ئاق قۇرۇلۇشى» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە باش كاتىپى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم يەنگۈشتىگىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، باش كاتىپى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ھازىر ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

**خۇاڭ چاڭيۈەن** 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان، سىچۈەننىڭ رېنشۇ ناھىيىسىدىن. 1970 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1971 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



ۋۇخەن ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابى «407» خەت ساندۇقىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى؛ تۇرپان ناھىيە بەشىبۇلتۇز گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،

باشلىقى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە باش كاتىپى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، رەئىس ياردەمچىسى، ش ئۇ ئا ر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. ھازىر ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

2001 ـ يىلى دائىمىي كومىتېت 13 ـ سانلىقتىن 16 ـ سانلىققىچە 4 قېتىم يىغىن ئاچتى.

**13 ـ سانلىق يىغىن** 1 ـ ئاينىڭ 9 — 10 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا كېڭىشىش ئارقىلىق 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشكە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ، باش كاتىپنىڭ ئىسملىكى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى نامزاتلىرىنىڭ ئىسملىكى ماقۇللاندى؛ 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 4 ـ يىغىنىنىڭ سايلام چارىسى (لايىھە)، بېلەت نازارەتچىلىرى، باش بېلەت نازارەتچىسىنىڭ ئىسملىكى (لايىھە)، تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتى (لايىھە)، دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

**14 ـ سانلىق يىغىن** 3 ـ ئاينىڭ 26 — 28 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» نىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. لى دۇڭخۈي قاتارلىق 6 مۇئاۋىن رەئىسنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتلىرى، خۇاڭ چاڭيۈەنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالىنىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتى، ج خ نازارىتى مەسئۇلىنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتى ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

**15 ـ سانلىق يىغىن** 7 ـ ئاينىڭ 10 12 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» مۇھىم سۆزى ئۆگىنىلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

**16 ـ سانلىق يىغىن** 10 ـ ئاينىڭ 10 — 12 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ج ك پ 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى» ئۆگىنىلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا جاڭ خېيۈنى سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىندا رەئىس جانابىل سۆز قىلدى.

ۋېن جىجۈن

## تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى

2001 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش جەمئىي 885 تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى. تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇنىڭ 830ى رەسمىي تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، قالغان 55ى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىلدى. پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار بەرگەن تەكلىپ 29. 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر 815 تەكلىپ بېجىرىلىپ، جاۋاب بېرىلدى، بۇ ئومۇمىي تەكلىپنىڭ 98.2%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنغىنى ياكى ئاساسەن ھەل قىلىنغىنى 547 بولۇپ، بېجىرىپ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي تەكلىپ سانىنىڭ 65.9%نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 231 بولۇپ، 27.8%نى ئىگىلەيدۇ، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە ھەل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان تەكلىپ بەرگۈچىلەرگە ئىزاھ بېرىلگىنى 37 بولۇپ، 4.5%نى ئىگىلەيدۇ.

جاڭ شياۋدۇڭ

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەھۋالى

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، قىسمەن پېشقەدەم يولداشلار، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوندىكى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. كەچتە خەلق تىياتىرىدا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. رەئىس جانابىل «شىنجاڭ گېزىتى»، «جۇڭگو سىياسىي كېڭىشى» گېزىتلىرىدە خاتىرىلەش ماقالىسى ئېلان قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن سىياسىي كېڭەشكە دائىر بىلىم مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. يەنە «شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ 50 يىلى»، «يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ناملىق 2 كىتاب تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى.

ۋېن جىجۈن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلەر يىغىنى چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى

2001 - يىلى رەئىس جانابىل ۋە بىر نەچچە مۇئاۋىن رەئىس كۆپ قېتىم ئەزالارنى باشلاپ يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتى ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن 5 قېتىم يىغىن ئالماشتۇردى. شۇ ئاساستا شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەدبىر - تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشى بىلەن رەئىسلەر يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھىسى ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى ۋە بۇ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلدى. تەكلىپ 8 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكلىپتە: يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، سۈپەتنى ئاساس قىلىش، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى قوتاندىن چىقىش نىسبىتى، ئاۋار نىسبىتى قاتارلىق ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى بىلەن ئۆلچەشتىن ئىبارەت يېڭى كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ھازىرقى سانىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى چىڭ تۇتۇپ، سورت ياخشىلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن چارۋىچىلىقنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، چارۋىچىلىقنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلىپ تۇتۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىدىكى نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، چارۋىچىلىقنى شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە يۇقىرى ئۈنۈم، تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ۋاڭ جۇڭجى

## بايىنغولىن ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيىنى «ھەممە يېزا، ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 — 29 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئوبلاستقا قاراشلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ۋە چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيىنى «ھەممە يېزا، ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئەزالار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 6 نۇقتىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

باۋ لۈداۋ

## ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەزالار: ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇنداق 6 جەھەتتىكى

مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 2. ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىدە سان بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 3. يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزگىچە كەسىپ بىلەن يېتەكچى ئورۇندا تۇرمايدىغان ئۆزگىچە كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 4. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىگىلىكى بىلەن بازا قۇرۇلۇشى، تۈتاش تېرىقچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. 5. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 6. ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ژاڭ جۈنچى

## دىنىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ۋە تەكلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى بىلەن بىللە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن ناھىيە، يېزا، كەنتلىرىگە بېرىپ، دىنىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە بىر نەچچە نۇقتىلىق تەدبىر، تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. مەكتەپلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك، يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. 2. مەكتەپ ئىنتىزامى، مەكتەپ قائىدىسىنى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. 3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. 4. مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، مەكتەپ باشقۇرۇشىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. 5. ھەر تەرەپلىمە تۈزەش يولىنى تۇتۇپ، تۈپتىن تۈزەش بىلەن يۈزەكى تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە چىرىتىشىنى پۈتۈن جەمئىيەت بىرلىكتە توسۇشى كېرەك.

ما چىنگۈي

## يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقە باغلاش كومىتېتى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرىغا بېرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم بۇ ھەقتە 4 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

خۇ لياڭ

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەزالار ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا 6 ماددىلىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 2. تەرەققىيات پىلانى تۈزۈش، سىياسەت خاراكتېرلىك يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. 3. تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەت قوللايدىغان ياخشى كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك. 4. پۇل مۇئامىلىنىڭ قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. 5. ھەر دەرىجىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ قالايمىقان» نى قەتئىي تۈزەش كېرەك. 6. كارخانىلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيىنىڭ كارخانىلارغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ياڭ شۈنشۈن

## ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 6 - ئايدا رەئىس جانابىل سىياسىي كېڭەش

ئورگىنى، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق نازارەتلىرىنىڭ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلىقتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر» تەييارلاپ تاپشۇردى. بۇنىڭغا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار تەستىق سالدى. سۇچىلىق نازارىتى دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، «ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئومۇمىي پىكىر يولى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. ئورمانچىلىق ئىدارىسىمۇ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى چى، ليۇ بىڭچېڭ

## خوتەن ۋىلايىتى ۋە «بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە»نىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 — 28 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس پاشا ئىشان ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، خوتەن ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار ۋە خوتەن شەھىرى، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر نەچچە نۇقتىلىق تەكلىپ بەردى.

باۋ لۇداۋ

## ئۈرۈمچى ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، قۇرۇلۇش نازارىتى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئۆي - زېمىن كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شەھەر پىلانلاش - ئاسراش پىلانىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، ئۆي - زېمىن بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

يۇ جىنشەن

## چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 — 22 -كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە شياڭگاڭ - ئاۋمېن - تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقە باغلاش كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ شەھەرلىرىدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 7 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

ئەن رېنخۇا

## مەركىزىي شەھەر ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 9 - ئايدا مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى رايونى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش مەسىلىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تۈپتىن تۈزەپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا 5 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

كامالبېك

## ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، مائارىپ نازارىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرگە 31 مىڭ 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 83 مىڭ 20. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، مالىيە سېلىنمىسى ئاز بولۇپ، كىرىم - چىقىم ئېغىر دەرىجىدە تەڭپۇڭسىز ئىكەن، مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئازىيىپ كېتىۋېتىپتۇ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تۇراقسىز بولۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەيۋاتقانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئەزالار بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بىر نەچچە نۇقتىلىق تەكلىپ بەردى. تەكلىپتە مائارىپنى تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا، ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇش، مائارىپ چىقىمىنىڭ مالىيە چىقىمىدىكى سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەكتەپ، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ئورتاق تىرىشىپ، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى تارقىتىش، ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئەمدى ئۆستۈرمەسلىك، ئالاقىدار تارماقلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ھەق ئېلىش، باھا بېكىتىشكە ئوخشاش مەسىلىلەردە مەكتەپلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش تەكىتلەندى.

باۋ لۇداۋ

### مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن جۈچى باشلىق 13 كىشى 22 — 26 - ئاپرېلغىچە بايىنغولىن ئوبلاستىدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جاۋ شىمىڭ باشلىق 4 كىشى 25 — 30 - ئاپرېلغىچە تۇرپان، ئىلى، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن باشلىق 5 كىشى 2 — 11 - ئاۋغۇستقىچە ئىلى، شىخەنزە، بايىنغولىنلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېي يۇ باشلىق 15 كىشى 21 — 29 - ئاۋغۇستقىچە تۇرپان، ئىلى، شىخەنزە، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىجتىمائىي - قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سىنخاۋ باشلىق 8 كىشى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە تۇرپان، ئىلى، شىخەنزە، بايىنغولىن، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

لى جىجۈن

### قىسمەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى

2001 - يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ بىنچاڭ باشلىق 13 كىشى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇەيشياڭ باشلىق 9 كىشى، خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجېڭشەن باشلىق 10 كىشى، سەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇ خۇيچىن باشلىق 18 كىشى، سەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جياڭ شيېكۇي باشلىق 10 كىشى، جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى خۇيجېن باشلىق 9 كىشى، فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىن يى باشلىق 7 كىشى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈماۋ باشلىق 5 كىشى، جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ليۇ فېڭ باشلىق 28 كىشى، سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇ جېڭدې باشلىق 7 كىشى، شەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەن چىيۈەن باشلىق 5 كىشى، گۈيجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈەن رۇڭگۇي باشلىق 4 كىشى، يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما كەيشيەن باشلىق 3 كىشى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇ دۇڭخۇا باشلىق 11 - كىشى، جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن ۋېنشاۋ باشلىق 11 كىشى، خۇنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىن زىلياڭ باشلىق 7 كىشى، جياڭشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خۇاكاڭ باشلىق 8 كىشى، شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جېڭشىڭ باشلىق 13 كىشى، خۇبېي

ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەن نەيپىڭ باشلىق 17 كىشى، گۇيجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇ روچيۇ باشلىق 7 كىشى، چۇڭچىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گوجۇڭ باشلىق 7 كىشى، فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى يۈ دېشاڭ باشلىق 9 كىشى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەي جۇلى باشلىق 7 كىشى، سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئا چېڭ باشلىق 8 كىشى، خېنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ گۇاڭشى باشلىق 10 كىشى، گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جيڭ چېڭچىڭ باشلىق 4 كىشى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن يۈنلىڭ باشلىق 6 كىشى، خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ يۈنتىڭ باشلىق 7 كىشى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گېرلتۇ باشلىق 8 كىشى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ شيا باشلىق 11 كىشى ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

ۋېن جىجۈن

## مەملىكەتلىك يەرلىك سىياسىي كېڭەش گېزىت - ژۇرناللىرى خىزمىتى ئالاقە باغلاش يىغىنىنىڭ 2 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى، «خەلق سىياسىي كېڭىشى» گېزىتى، «جۇڭگو سىياسىي كېڭىشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، 22 ئۆلكە، شەھەر سىياسىي كېڭەش گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش تەشۋىقات خىزمىتى خادىملىرى بولۇپ 60 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.

ۋېن جىجۈن

## تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى «شىنجاڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابنى تۈزۈش - نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 19 — 21 - كۈنلىرىگىچە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ۋە شىئەن شەھىرى سىياسىي كېڭەشلىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى بويىچە 15 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىندا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «غەربىي شىمالنىڭ سۇچىلىق ئېلېكتر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش»، «غەربىي شىمالنىڭ كۆمۈرچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «3 - سەپ قۇرۇلۇشى»، «غەربىي رايوننىڭ نېفىت - تەبىئىي گازىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش» قاتارلىق تېمىلاردىكى كىتابلارنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تارىخ ماتېرىياللار ئارقىلىق ياردەم بېرىشىمىز، غەربنى كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىشىمىز لازىم، دېگەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى.

«بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىسى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭنىڭ مىللىي سودا - سانائىتى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭدىكى شىبە مىللىتىدىن بولغان شەخسلەر» (خەنزۇچە) قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى تارىخ ماتېرىياللار تۈزۈپ چىقىلدى ۋە نەشر قىلىندى. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى بىلەن بىرلىشىپ، «تارىخىي ماتېرىيال» مەخسۇس سەھىپىسى ئىشلەندى، 10 نەچچە سانغا 100 نەچچە مىڭ خەتلىك ماقالە بېرىلدى.

يۈ جۇڭشىڭ

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### «ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» پائالىيىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى «ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» (جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئومۇمىي مەقسەت قىلىش تەربىيىسى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيۋى لۇشيەن تەربىيىسى، قانۇننى قەتئىي، ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشقا دائىر قانۇنچىلىق تەربىيىسى) پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» ئۆگىنىشكە 25 مىڭ خەلق ساقچىسى قاتناشتى، ئۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىش بېكىتىلگەن ئورگان، باشقارما، ئىشخانا 42، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن 34، ئۇقتىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، ئەترىتى 432 بولۇپ، 1566 خەلق ساقچىسى ئاجرىتىلدى (شىخەنزە ج خ ئورگىنى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇ «ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» گە قاتناشقان ئومۇمىي خەلق ساقچىسىنىڭ %3.6 نى ئىگىلەيدۇ.

«ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» دە «ئىدىيىۋى ئاساسنى پۇختىلاش، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش، قورقۇلۇش نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇ بو

### قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ج خ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى راۋان بولۇش قورۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ۋە ئامان - ئېسەن داغدام يول بەرپا قىلىشنى گەۋدە قىلىپ، يول قاتناش بىخەتەرلىك تەرتىپىنى مەركەزلىك تۈزەش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، شەھەر - يېزا يوللىرى قاتناش مۇھىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، يول بىخەتەرلىكىگە، راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1. «ئامان - ئېسەن داغدام يول» بەرپا قىلىش ۋە «راۋان بولۇش قورۇلۇشى» يولغا قويۇلدى.

2001 - يىلى دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ توقسۇن بۆلىكى ۋە كۆچادىن خونجىراپقا بارىدىغان بۆلىكىگىچە، دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسىنىڭ قەشقەردىن قاغىلىققا بارىدىغان بۆلىكىگىچە ۋە ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىق ئومۇمىي مۇساپىسى 1946 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ بۆلەك تاشيول بويىچە «ئامان - ئېسەن داغدام يول» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، لىنىيە بويلىرىدا تاشيول چارلايدىغان خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىدىن 21 ى قورۇلۇپ، ساقچىلارنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇش، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئالدى بىلەن، ئامانلىق ساقلاش، جىنايى ئىشلارغا ئائىت تۈرلۈك دېلولار بىر تەرەپ قىلىندى، خەلققە قولايلىق يارىتىش مۇلازىمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئاپتوموبىل ۋە ئامما قۇتقۇزۇپ قېلىندى، تاشيول قاتنىشى، ئامانلىق ساقلاش تەرتىپى ياخشىلاندى. قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى تىزگىنلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق شەھەرلەردە «راۋان بولۇش قورۇلۇشى» يولغا قويۇلۇپ، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى ۋە 2000 - يىلى «راۋان بولۇش قورۇلۇشى» يولغا قويۇلغان 5 شەھەر ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى. جايلار «مەھەللە، رايونلارنى قاتتىق باشقۇرۇش» قورۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قاتناش قائىدىسىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىدىغان ھادىسىلەرنى مەركەزلىك تۈزىدى. يوللارنى قائىدىگە خىلاپ ئىگىلىۋېلىشنى زور كۈچ بىلەن ئېنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، يول ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە يول قاتناش بىخەتەرلىك مۇئەسسەسە قورۇلۇشىنى تېزلەتتى، قاتناش بەلگە چىرىغى، بەلگە سىزىقلىرىنى كۆپەيتتى، يول دوقمۇشلىرىنى ئۆزگەرتتى، قاتناش تەرتىپىگە ۋە بىخەتەرلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر تۈركۈم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ قاتناش مۇھىتىنى ياخشىلىدى، قاتناش باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.

2. يول قاتناش بىخەتەرلىك تەرتىپىنى تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. جايلاردىكى ج خ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى

يول باشقۇرۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ئاساس، ئەسلىدە يۈكى ئېشىپ كەتكەن يول بۆلەكلىرىنى ۋە رايونلار ئوتتاشقان جايلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يۈكنى ئېغىر دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىپ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى مەركەزلىك تۈزەشنى قانات يايدۇردى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يۈكنى ئاشۇرۇۋېتىپ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشنى تۈزەش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەپتىلىكىدە، قاتناش ساقچى تارماقلىرى 11 مىڭ 208 ئادەم (قېتىم) ساقچى چىقاردى، يۈكنى ئاشۇرۇۋېتىپ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىسىدىن 65 مىڭ 184نى تۈزەتتى، 38 مىڭ 768 ئادەم (قېتىم)نى جازالىدى، 10 مىڭ 945 نومۇرنى تۇتۇپ قالدى، 2026 شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تۇتۇپ قالدى، 8885 ئاپتوموبىلنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قالدى، 1100 ئاپتوموبىلنى چۈۋۈپ قايتىدىن قۇراشتۇردى، 1483 ئاپتوموبىلدىكى يولۇچىنى، 3133 ئاپتوموبىلدىكى يۈكنى چۈشۈرۈپ باشقىدىن يولغا سالدى، 629 ئاپتوموبىلنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن يۈكنى ئاشۇرۇۋېتىپ قائىدىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىشنىڭ يامان سۈپەتلىك ئەۋج ئېلىشى ئۈنۈملۈك چەكلەندى، تاشيول قاتناش بىخەتەرلىك تەرتىپىنى ياخشىلىدى. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يالغان نومۇر تاختىسى، يالغان پراۋا بولۇش، نومۇر تاختىسى، پراۋا بولماسلىقتەك ھەرىكەتلەرنى تۈزەش ئارقىلىق، 107 دانە يالغان نومۇر تاختىسى، 71 دانە ساختا يول يۈرۈش كىنىشكىسى، 402 دانە يالغان شوپۇرلۇق پراۋىسى، 6250 دانە نومۇر تاختىسى، پراۋىسى يوق ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى، 271 دانە ئەتكەس ۋە قانۇنسىز قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل، 4 دانە ئوغرىلانغان، بۇلانغان ئاپتوموبىل قولغا چۈشۈرۈلدى. 19 دانە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى، چۈۋۈلۈپ قانۇنسىز قۇراشتۇرۇلغان 53 ئاپتوموبىل مۇسادىرە قىلىندى.

3. قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقاتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقاتى ھەپتىلىكىدە، جايلار 4110 ئادەم (قېتىم) ساقچى، 789 (قېتىم) تەشۋىقات ئاپتوموبىلى، 495 پارچە تاختاي گېزىتى چىقارغان، 643 تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئاسقان، 239 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتقان، ئاز كەم 2 مىليون ئادەم (قېتىم) تەربىيىگە ئىگە بولغان.

خۇ بو، ۋۇ يەنلەن

## قاتناش ۋەقەسى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 10 مىڭ 519 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 2539 ئادەم ئۆلدى، 9295 ئادەم يارىلاندى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 43 مىليون 660 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 2000 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋەقە يۈز بېرىش قېتىم سانى 4.69% ، ئۆلگەن ئادەم 1.76% ، يارىلانغان ئادەم 16.54% كۆپەيدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان پۇلغا سۇندۇرۇلغاندا 1.72% تۆۋەنلىدى. زور قاتناش ۋەقەسى 2067 قېتىم يۈز بېرىپ، 2223 ئادەم ئۆلدى، 1181 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 10 مىليون 750 مىڭ يۈەندىن ئاشتى؛ يېزىلاردا زور قاتناش ۋەقەسى 106 قېتىم يۈز بەردى، 316 ئادەم ئۆلدى، 286 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 7 مىليون 753 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋەقە يۈز بەرگەن رايون جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، يېزىلاردا 6409 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 1888 ئادەم ئۆلدى، 5993 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 34 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ شەھەرلەردە 4110 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 651 ئادەم ئۆلدى، 3302 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 8 مىليون 760 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. قاتناش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساسلىقى، ئاپتوموبىلغا يۈكنى نورمىدىن ئارتۇق قاچىلاش، شوپۇرلار ئاپتوموبىلنى بەك تېز ھەيدەش ۋە چارچىغاندا ئاپتوموبىل ھەيدەش سەۋەب بولدى. ئالاھىدە زور قاتناش ۋەقەسىدە، يەككە، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۇزۇن يوللۇق يولۇچى ئاپتوموبىللىرىدا يۈز بەرگەن قاتناش ۋەقەسى كۆپرەك بولدى.

خۇ بو

## زەھەر چەكلەش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ج خ زەھەر چەكلەش تارماقلىرى زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇملارنى پاسسىپلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زەھەر جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 1060نى پاش قىلىنىپ، زەھەر ئەتكەسچىسى جىنايەت گۇماندارىدىن 932سى تۇتۇلدى، 42.33 كىلوگرام خىروئىن، 36.375 كىلوگرام كەندىر، 39 مىڭ 750 كىلوگرام كەندىر ئۇرۇقى قولغا چۈشۈرۈلدى، 47 مىليون 816 مىڭ 700 تۈپ كەندىر، 15 مىڭ 300 تۈپ كۆكنار يۇلۇپ تاشلاندى، 11 كىلوگرام توڭلىتىلغان زەھەر (102 مىڭ تابلېت)، 4 مىليون يۈەن زەھەر ئەتكەس مەبلىغى قولغا چۈشۈرۈلدى.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە زەھەر چەكلەش تەشۋىقات ئېيى مەزگىلىدە بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 1 مىليون 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئامما تەربىيە ئالدى.

خۇ بو، ياڭ سۇچۈن

## تورلۇق ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش پائالىيىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىدار تارماقلار تاشقى پىروۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ سېتىش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى تالونغا دائىر جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش مەخسۇس كۆرەشى، يالغان، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشقا دائىر قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، يالغان تامغا ئويۇش، يالغان ئىسپات، يالغان دىپلوم ياساشقا دائىر قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق مەخسۇس كۆرەشنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. تورلۇق ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىن 2396نى تۇرغۇزۇپ، بۇنىڭدىن 2148نى پاش قىلدى. تورلۇق جىنايەت گۇماندارىدىن 1568نى تۇتتى، 65 مىليون 355 مىڭ 500 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

خۇ بو

## جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى تازىلاش مەخسۇس كۆرەشى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ج خ مىنىستىرلىكى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بىرلىكتە تارقاتقان «ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەخسۇس ھەرىكىتى لايىھىسى»گە ئاساسەن، كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەت سورۇنلىرىنى ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش، ئېپپەت ـ نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش، زەھەر ئېلىپ ـ سېتىش قاتارلىق جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش مەخسۇس كۆرەشنى قانات يايدۇردى.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش، سانائا مۇنچىدا ئۇۋۇلاش، ئۇن ـ سىن لېنتىسى قويۇش، ھۆسىن تۈزەش ۋە مېھمان ساراي، رېستورانلاردا تەسىس قىلىنغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەت سورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىققا چېتىلىدىغان بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم دېلولارنى پاش قىلدى. بىر يىلدا، زەھەر چېكىش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش دېلوسىدىن 3514نى، خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش ياكى مال ـ مۈلۈك، پۇل ـ پۇچەكلەرنى ئالداپ ئېلىۋېلىش دېلوسىدىن 191نى، شەھۋانىي بۇيۇملارنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدىكى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان دېلودىن 366نى، ئېپپەت ـ نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىشقا ئالمىت دېلودىن 2225نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

خۇ بو

## «پارتلىتىش دورىسى، قورال ـ ياراغ ئېلىپ يۈرۈشنى تەرتىپكە سېلىش» مەخسۇس ھەرىكىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى پارتلىتىش بۇيۇملىرى ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتلىتىش، قورال ـ ياراغقا چېتىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، 9144 ھەرخىل قورال ـ ياراغ، 31 مىڭ 522 پاي ئوق، 198 مىڭ 794 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى يىغىۋېلىندى.

«پارتلىتىش دورىسى، قورال ـ ياراغ ئېلىپ يۈرۈشنى تەرتىپكە سېلىش» مەخسۇس ھەرىكىتىدە، خېجىاڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى ۋە چېن جۈگۈي (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، شېن گوخۇا (كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ليۇ خىڭمېي (ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىنىڭ خەلق ساقچىسى) ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

خۇ بو

## قارا جەمئىيەتكە زەربە بېرىش، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرەشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى قارا جەمئىيەت، رەزىل كۈچلەر گۇرۇھىدىن 19نى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئەزاسىدىن 161نى تۇتتى، بۇلار 107 دېلوغا چېتىلىدۇ.

خۇ بو

## قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلاشقا زەربە بېرىش ھەرىكىتى

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ج خ مىنىستىرلىكى، دۆلەت سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2001 ـ يىل 11 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ج خ ئورگىنى ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز ئوۋلاشقا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ،

قانۇنسىز تىجارەت قىلىدىغان، باۋابى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرىدىغان مېھمان ساراي، رېستوران، مەيخانا، ۋوكزال (بېكەت)، ئايرودروم، بازارلارنى مەركەزلىك ئىنىقلاپ تەرتىپكە سالدى. ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن ياسالمىلارنى ئوبوروت قىلىش يوللىرىنى تەكشۈردى، دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئەتكەس قىلىدىغان، تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان، سېتىۋالىدىغان، توشۇيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالمىلارنى ساتىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئورمانچىلىق ج خ ئورگانلىرى 4480 ئادەم (قېتىم) ساقچى چىقىرىپ، 1301 مېھمان ساراي، رېستوران، مەيخانىنى رەتكە سالدى، 154 بازارنى ئېنىقلىدى، ياۋايى ھايۋان دېلوسىدىن 503نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 701 ئادەمگە زەربە بەردى، ئۇلاردىن 4 ئادەم قولغا ئېلىندى، 2450 ياۋايى ھايۋان، 45 مىلتىق، 411 ئوۋ سايمىنى، 19 ھەرخىل ئاپتوموبىل يىغىۋېلىنىپ، 471 مىڭ 400 يۈەنلىك زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

خۇ بو

## قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش مەخسۇس ھەرىكىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى دۆلەت ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش بويىچە 2 - قېتىم بىر تۇتاش ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مىڭ 646 ئادەم (قېتىم) ساقچى، 35 مىڭ 354 ئادەم (قېتىم) ئامانلىق ساقلاش، بىرلەشمە مۇداپىئە كۈچى ئىشقا سېلىنىپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىلىرى سورۇندىن 71 مىڭ 3ى رەتكە سېلىندى، 904 قاچقۇن تۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتېرنېت تورىدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغىنى 383، 1000دىن ئارتۇق تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسى پاش قىلىندى.

خۇ بو

## 24 - دېكابىردىكى پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسى

ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىسىدىكى يەككە ترانسپورت ئاپتوموبىل شوپۇرى ئابدۇرېھىم ھەيدىگەن 新 P — 01764 نومۇرلۇق مىنىبۇس 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاتۇش شەھىرىگە 33 كىلومېتىر كېلىدىغان بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى (تۆمۈر يول مۇساپىسى بويىچە 1380 كىلومېتىرلىق جاي) تۆمۈر يول بىلەن تاشيول كېسىشىدىغان يول ئېغىزىدا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېتىۋاتقان K887 - قېتىملىق ئالاھىدە تېز ساياھەت پويىزى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، 28 ئادەم ئۆلۈش، 11 ئادەم يارىلىنىشتەك پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مىنىبۇس يول تالىشىپ ماڭغان، مىنىبۇسقا ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە 9 يولۇچى سېلىناتتى، كېيىن ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلۇپ 19 ئادەم سېلىنىدىغان قىلىنغان، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئەمەلىي سېلىنغان يولۇچى 39 بولۇپ، 20 ئادەم ئارتۇق سېلىنغان.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 150تىن ئارتۇق ساقچى ۋە 20دىن ئارتۇق دوختۇر، سېستىرانى باشلاپ ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا كېلىپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شۇ كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستىغا يېتىپ كېلىپ، يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇش ھەمدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملەشتى.

خۇ بو

# تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

باش تەپتىش: مەھەممەت يۈسۈپ.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: لى گۇيماۋ، تۆلەۋقان ئۆدەباي (ئايال، قازاق)، دۇلڭ جيەن، ۋاڭ جۈن، ئابدۇراخمان مەھەممەت، لى رۇڭ.

### جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تارماقلىرى 12 مىڭ 882 دېلوغا چېتىشلىق 19 مىڭ 972 ئادەمنى قولغا ئېلىش دېلوسىنى تەكشۈردى، 19 مىڭ 479 ئادەمگە چېتىشلىق 11 مىڭ 257 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. قوبۇل قىلىنغان قولغا ئېلىش دېلوسى ئىچىدە تەپتىش ئورگانلىرى ئۆزلىرى رازۋېدكا قىلغىنى 299 دېلو بولۇپ، 322 ئادەمگە چېتىلىدۇ. قولغا ئېلىش قارار قىلىنغىنى 272 دېلوغا چېتىشلىق 292 ئادەم، قولغا ئالماسلىق قارار قىلىنغىنى 12 دېلوغا چېتىشلىق 14 ئادەم؛ ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، تۈرمە ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا ئىلتىماس قىلغىنى 12 مىڭ 583، دېلوغا چېتىشلىق 19 مىڭ 650 ئادەم، تەكشۈرۈش ئارقىلىق

قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى 11 مىڭ 175 دېلوغا چېتىشلىق 17 مىڭ 30 ئادەم، قولغا ئېلىش تەستىقلانمىغىنى 1112 دېلوغا چېتىشلىق 2143 ئادەم.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، ئەيىبلەش تارماقلىرى 23 مىڭ 492 ئادەمگە چېتىشلىق 14 مىڭ 778 دېلونى قوبۇل قىلىپ تەكشۈردى، 18 مىڭ 360 ئادەمگە چېتىشلىق 11 مىڭ 956 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 17 مىڭ 764 ئادەمگە چېتىشلىق 11 مىڭ 580 دېلونى سوت مەھكىمىگە ئەيىبلىدى، 596 ئادەمگە چېتىشلىق 376 دېلونى ئەيىبلىمىدى. قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈپ ئەيىبلەنگەن دېلولار ئىچىدە، تەپتىش ئورگانلىرى بىۋاسىتە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە يوللىغىنى 888 ئادەمگە چېتىشلىق 751 دېلو. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىگە ئەيىبلەنگىنى 404 ئادەمگە چېتىشلىق 357 دېلو، ئەيىبلەنمىگىنى 126 ئادەمگە چېتىشلىق 109 دېلو؛ ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، تۈرمە ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىپ تەكشۈرۈپ يوللىغىنى 22 مىڭ 604 ئادەمگە چېتىشلىق 14 مىڭ 27 دېلو. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىگە ئەيىبلەنگىنى 17 مىڭ 360 ئادەمگە چېتىشلىق 11 مىڭ 223 دېلو، ئەيىبلەنمىگىنى 470 ئادەمگە چېتىشلىق 267 دېلو.

پاتىگۈل

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەت دېلوسىدىن 1963نى قوبۇل قىلىپ، 1138نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى، 700 ئادەمگە چېتىشلىق 647 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى. خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان پۇل 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان ھۆكۈمەت پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى چوڭ دېلودىن 212نى، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 60 رەھبىرىي كادىرغا چېتىلىدىغان مۇھىم جىنايەت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 548 ئادەمگە چېتىشلىق 500 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيىبلەشكە يوللانغىنى 437 ئادەمگە چېتىشلىق 406 دېلو، ئەيىبلىمەسلىككە يوللانغىنى 70 ئادەمگە چېتىشلىق 56 دېلو، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 41 ئادەمگە چېتىشلىق 38 دېلو. دېلو بېجىرىش ئارقىلىق 34 مىليون 203 مىڭ 300 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە قايتۇرۇۋېلىندى.

پاتىگۈل

## قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى دۆلەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 518نى قوبۇل قىلىپ، 377نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى. 983 ئادەمگە چېتىشلىق 145 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە زور، پەۋقۇلئاددە دېلو 7، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارغا دائىر مۇھىم جىنايەت دېلوسى 4. 130 ئادەمگە چېتىشلىق 99 دېلو تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 103 ئادەمگە چېتىشلىق 78 دېلو ئەيىبلەشكە، 13 ئادەمگە چېتىشلىق 11 دېلو ئەيىبلىمەسلىككە يوللاندى، 14 ئادەمگە چېتىشلىق 10 دېلو ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دېلو بېجىرىش ئارقىلىق دۆلەت 14 مىليون 169 مىڭ 900 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

پاتىگۈل

## تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۈرمە باشقۇرىدىغان كادىر، ساقچىلارنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك 26 ئادەمگە چېتىلىدىغان 23 دېلونى قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. تۈرمىدە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن 95 ئادەمگە چېتىشلىق 83 دېلونى قوبۇل قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 94 ئادەمگە چېتىشلىق 82 دېلونى ئەيىبلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 69 ئادەمگە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. تۈرلۈك ئەرز دېلوسىدىن 180نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگىنى 26، بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 102، باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 10. ئەرز دېلوسىدىن 181نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگىنى 41، بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 65، باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 75. ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا قانۇنغا خىلاپ قاماپ قويۇش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا قاماقخانىدا قالدۇرۇپ قويۇش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەربىيىدىن بوشىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتىن 224نى بايقاپ، 168نى تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، 111نى تۈزەتتى. 3150 ئادەم (قېتىم) نى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ قاماپ قويۇشنى بايقىدى، 3108 ئادەمنىڭكىنى تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، 2940 ئادەمنىڭكىنى تۈزەتتى.

پاتىگۈل

## ھەق - تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق - تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۈرلۈك ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئىشلار ئەرز دېلوسىدىن 1943نى قوبۇل قىلدى، 1033نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگىنى 497، باشقا تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ بەرگىنى 221. 695 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئەرز قىلغىنى 212، تەكشۈرۈش توختىتىلغىنى 350، تەپتىشلىك پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى 54، باشقىلىرى 79. نارازىلىق ئەرز دېلولىرى ئىچىدە، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكىنى 58، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قايتىدىن تەكشۈرۈلگىنى 14، مۇرەسسە قىلىنغىنى 8، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 13.

پاتىگۈل

## ئەرز - شىكايەت تەپتىشلىكى ۋە پاش قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت تەپتىشلىك تارماقلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 9608 ئادەم (قېتىم)نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەت - چەك 6242 پارچە، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگىنى 3366. پاش قىلىش، ئەرز قىلىش دېلوسىدىن 6860نى، شىكايەت دېلوسىدىن 2738نى قوبۇل قىلدى. بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ 232 باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشى ۋە 1548 كادىر - ساقچى پاش قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى، پاش قىلىش تەشۋىقات نۇقتىسىدىن 187سى تەسىس قىلىندى، مەسلىھەت بېرىشكە قاتناشقانلار 2245 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى، 477 پارچە پاش قىلىش، ئەرز خېتى قوبۇل قىلىندى. 179 مىڭ 750 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ باش تەپتىشلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 4097 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى، 1501 پارچە دېلونى بېجىرىشنى تەستىقلىدى، بۇنىڭدىن 1073 پارچىسى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت تەپتىشلىكى تارماقلىرى جىنايى ئىشلار شىكايەت دېلوسىدىن 1014نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 1002نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 148. قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلو ئىچىدە، ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىنغىنى 104، ئەسلىدىكى قارار ئۆزگەرتىلگىنى 37، نارازىلىق ئەرزى سۇنۇلغىنى 6. جىنايى ئىشلار تۆلەم دېلوسىدىن 15ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭدىن 11ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 8نىگە تۆلەم بېرىلمىدى، 3نىگە تۆلەم بېرىش قارار قىلىندى. تۆلەم سوممىسى 82 مىڭ 927 يۈەن 6 پۇڭ. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت تەپتىشلىكى تارماقلىرى پاش قىلىش يىپ ئۇچىدىن 6870 (قېتىم)نى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە تەۋە يىپ ئۇچى 3990 (قېتىم). پاش قىلىنغانلار ئىچىدە، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 93.

پاتىگۈل

## تەپتىشلىك تېخنىكىسى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەپتىشلىك تېخنىكا تارماقلىرى تۈرلۈك تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ باھالاشتىن 846نى قوبۇل قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈلگىنى 58، تەكشۈرۈپ باھالانغىنى 496، يېزىق ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تەكشۈرۈلگىنى 10. تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلىگىنى 282. قوبۇل قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە، ھۆججەت ئارقىلىق تەكشۈرۈپ باھالانغىنى 43 پارچە، 34 نۇسخا، قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ باھالىغىنى 468 پارچە، 468 نۇسخا، كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق تېخنىكىلىق باھالانغىنى 335 پارچە، 335 نۇسخا.

پاتىگۈل

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، زور، چىگىش دېلولارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىشقا ئائىت ماقالىدىن 1760 پارچىدىن كۆپرەكنى يېزىپ چىقتى، بۇنىڭدىن 1100 پارچىدىن كۆپرەكى ئىشلىتىلدى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش، باھالاشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ تەپتىش سىستېمىسىدىن بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك، 2 تۈر 2 - دەرىجىلىك بىر تۈر 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشلىكتە قوللىنىلىدىغان مۇنەۋۋەر نەزەرىيە تېمىسىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ تەپتىشلىككە دائىر 2 تۈرى

3 . دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

پاتىگۇل

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

مەھكىمە باشلىقى: مەھەممەت روزى.

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: جاۋ شياڭۋا، چېن جيالىڭ (ئايال)، لۈ چىفا، خەن دىچىڭ (موڭغۇل)، جاڭ سىمىن، شاۋكەت ئىدرىس.

### جىنايى ئىشلار سوتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 16 مىڭ 324نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 15 مىڭ 866نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %97.19كە يەتتى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان سالغان 751 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 205؛ پارتلىتىش، قورال ـ ياراغ، ئوق، پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ياساش، ئېلىپ سېتىش، قاتناش ۋەقەسى پەيدا قىلىش قاتارلىق جامائەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەت دېلوسى 1053؛ توختام ئالدامچىلىقى، تالون، ھۆججەت ئالدامچىلىقى، يالغان پۇل سېتىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايەت دېلوسى 240؛ زەھەر سېتىش، توشۇش، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش قاتارلىق «شەھۋانىيلىق، زەھەر»گە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 469؛ خىيانەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتىگە چېتىشلىق 526 ئادەمگە چېتىشلىق 445 دېلو. سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان بىر نەچچە خىل مۇھىم جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىچىدە، مال ـ مۈلۈككە ۋە پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا، دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان 8044 ئادەمگە چېتىشلىق دېلو 6297؛ سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلغان 11 مىڭ 143 ئادەمگە چېتىشلىق دېلو 6630. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايى دېلولارنى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت، كوللېكتىپنى 165 مىليون 833 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

يالڭ پىڭ

### ھەق ـ تەلەپ سوتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 122 مىڭ 395نى قوبۇل قىلىپ، 116 مىڭ 987نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.58كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا دائىر دېلو 42 مىڭ 611، قەرز ماجىراسىغا دائىر دېلو 52 مىڭ 80، تۆلەم ماجىراسىغا دائىر دېلو 10 مىڭ 891، ئۆي ماجىراسىغا دائىر دېلو 2878، باشقا تۇراقلىق مۈلۈك ماجىراسىغا دائىر دېلو 634، مىراسخورلۇق ماجىراسىغا دائىر دېلو 824، جىسمانىي ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ماجىراسىغا دائىر دېلو 774، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلو 55.

يالڭ پىڭ

### ئىقتىسادىي سوت

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان ئىقتىسادىي ماجىراغا دائىر دېلودىن 19 مىڭ 658نى قوبۇل قىلىپ، 17 مىڭ 850نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلىشىش نىسبىتى %90.8كە يەتتى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ دەۋادىكى ئومۇمىي نىشانىغا چېتىلىدىغان سوممىسى 2 مىليارد 186 مىليون 977 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختام ماجىراسىغا دائىر دېلو 14 مىڭ 931، ئىقتىسادىي زىيان تۆلەم ماجىراسىغا دائىر دېلو 168، ئىقتىسادىي ھوقۇق تەۋەلىكى ماجىراسىغا دائىر دېلو 3، قاتناش ـ ترانسپورت ئىقتىسادىي ماجىراسىغا دائىر دېلو 280. كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا دائىر 196 دېلو سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا دائىر دېلو 145، دەۋا ئوبيېكتىغا دائىر سومما 462 مىليون 724 مىڭ 100 يۈەن؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا دائىر دېلو 51. بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا ئىقتىسادىي ماجىرالارغا دائىر 2240 دېلو سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

يالڭ پىڭ

### مەمۇرىي سوت

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئىشلار دېلوسىدىن 842نى قوبۇل قىلىپ، 798نى سوتلاپ

ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلىشىش نىسبىتى %77.94كە يەتتى. سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 268، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى، ئۆزگەرتىلگىنى 191، دەۋاگەرنىڭ ئەرزى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 132، رەت قىلىپ قايتۇرۇلغىنى 72، باشقىلىرى 135. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى دۆلەت تۆلەم دېلوسىدىن 32نى قوبۇل قىلىپ، 29نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەپ بېرىش قارار قىلىنغىنى 11، تۆلەم سوممىسى 1300 يۈەن. تۆلىمەسلىك قارار قىلىنغىنى 2، باشقىلىرى 16.

ياڭ پىڭ

## ھال - ئەھۋال ئېيتىش، ئەرز سۇنۇش ۋە سوت نازارەتچىلىكى خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن 16 مىڭ 983 پارچە خەت (قېتىم) نى بىر تەرەپ قىلدى. ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 190 مىڭ 495 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. كەلگەن خەت - چەك ئارىسىدا ھەق - تەلەپ دەۋا ئەرزى 9111 پارچە (قېتىم)، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر ئارىسىدا ھەق - تەلەپ دەۋاسى قىلغۇچى 144 مىڭ 959 ئادەم (قېتىم)، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت نازارەتچىلىككە ئائىت دېلودىن 1509نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگەن ۋە قايتۇرۇۋېتىلىپ قايتا سوتلانغان دېلو 653 بولۇپ، %27.43نى ئىگىلىدى.

ياڭ پىڭ

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2001 - يىل شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان دېلودىن 87 مىڭ 190نى قوبۇل قىلدى، ئىجرا قىلىنىدىغان دېلو ئوبيېكتىغا دائىر سومما 21 مىليارد 140 مىليون يۈەن. 71 مىڭ 751 دېلو ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %29.82كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.09 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇش ئوبيېكتىغا دائىر سومما 4 مىليارد 753 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %66.19 ئاشتى. ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە، مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلغىنى 18 مىڭ 961، ئىجرا قىلىش جەريانىدا كېلىشتۈرۈلگىنى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىجرا قىلىنغىنى 29 مىڭ 359، باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجرا قىلىنغىنى 23 مىڭ 431، مۇددەتكە بۆلۈپ ئىجرا قىلىنغىنى 1181، ئاخىرلاشتۇرۇلمىغىنى 15 مىڭ 439.

ياڭ پىڭ

## قوشۇن قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 2001 - يىل 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، «سوتچىلەر كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى، سوت ئىنتىزامىنى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «بىر تەربىيە، ئۈچنى تەرتىپكە سېلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يەنە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 2001 - يىلى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېغىر مەسىلە سادىر قىلغان ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇللىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىندى. كادىر - ساقچىلار ئارىسىدىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى بويىچە قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان 30 كادىر، ساقچىغا چارە كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 كىشىگە جىنايى ئىشلار بويىچە، 2 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى، 16 كىشىگە مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى، 10 كىشىگە باشقا ئۇسۇل بويىچە چارە كۆرۈلدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تۈرلۈك كۇرستىن 16 قاراردا، 25 سىنىپ ئېچىپ، 1200 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، دۆلەت سوتچىلەر ئىنستىتۇتىغا 91 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى. مەملىكەت بويىچە سوت كادىرلىرىنى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتلىك ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئورۇندىدى، سوتچىلەر تەربىيە ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسى ئوقۇش تارىخى تەربىيىسىدىن ئۈگۈشلۈق ھالدا ئىش ئورنى تەربىيىسىگە بۇرۇلدى.

ياڭ پىڭ

## سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە دۆلەت تەقدىرلىگەن ئىلغارلار

2001 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇسمۇرلەر دېلوسىنى سوت قىلىش كوللېگىيىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى» دېگەن نامغا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە يالغان پۇل ياساش، سېتىش جىنايىتىگە دائىر دېلولارنى سوتلاشتىكى ئىلغار



2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە تەقدىرلەنگەن مۇنەۋۋەر سودىيىلەر ۋە مۇنەۋۋەر سوت مەھكىمىسى ۋەكىللىرىنىڭ خاتىرە سۈرىتى

خۇ رۇڭجېڭ فوتوسى

كوللېكتىپ؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى تۇدۇڭخابا خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى گۈلنىسا قۇربان مەملىكەت بويىچە «10 ساھەدىكى 100 نادىر» بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا؛ مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئىچىدە سىرتقى قانۇن ئۈنۈمپەرستىكى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باھاۋۇدۇن مۇمىن، مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئىچىدە سىرتقى قانۇن ئۈنۈمپەرستىكى شىنجاڭ يىغىنىڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جىڭرۇڭلار مەملىكەت بويىچە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارا تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ياڭ پىڭ

## تىپىك دېلولاردىن مىسال

**خۇ جۇنجيېنىڭ خىيانەتچىلىك، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش دېلوسى**

جاۋابكار: خۇ جۇنجيې، ئەر، خەنزۇ، 1936 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇغۇلغان، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ بىڭتۇەن پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، باش بوغالتىرى، مالىيىگە مەسئۇل قوشۇمچە بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېگرا سودىسى «تۆكلىمەن» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان.

خۇ جۇنجيې 1995 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

«تۆكلىمەن» شىركىتىگە ۋاكالىتەن ليۇ جىنيەن بىلەن پاختىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىغان. ھەمدە 7 قېتىمدا «تۆكلىمەن» شىركىتىنىڭ 12 مىليون 643 مىڭ 795 يۈەن 12 پۇڭ پۇلىنى ليۇ جىنيەننىڭ شەخسىي ھېساباتىغا ئىشلىتىۋالغان. كېيىن ليۇ جىنيەن «تۆكلىمەن» شىركىتىگە 1 مىليون 515 مىڭ 510 يۈەن 18 پۇڭ قىممىتىدىكى پاختا بىلەن ئەمەللىگەن، قالغان 8 مىليون 128 مىڭ 235 يۈەن 91 پۇڭ پۇلنى «تۆكلىمەن» شىركىتىگە قايتۇرمىغان. كېيىن، خۇ جۇنجيې ليۇ جىنيەنگە ۋاكالىتەن قەرز قايتۇرۇپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىگە يەتكەن. 1997 ـ يىل 9 ـ ئايدا «تۆكلىمەن» شىركىتىنىڭ ھېساباتىنى بىرلەشتۈرۈش نامى بىلەن، مالىيە خادىملىرى ئىشلەپ بولغان «تۆكلىمەن» شىركىتىنىڭ ھېساب قوندۇرۇش دوكىمېنتىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلىدىكى دوكىمېنتلارنى ئېلىپ كېتىپ، ليۇ جىنيەن پۇل قەرز ئالغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان، ھەمدە مالىيە خادىملىرىنى يېڭىۋاشتىن ھېساب ئىشلەشكە كۆشكۈرتۈپ، ليۇ جىنيەن «تۆكلىمەن» شىركىتىگە قەرز بولۇپ قالغان نۇرغۇن ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئاساسىي جەھەتتىن «يوقىتا» چىقارغان. شۇنداق قىلىپ ئومۇمنىڭ 8 مىليون 57 مىڭ 87 يۈەن 38 پۇڭ پۇلىنى يۇتىۋالغان. ئىلگىرى، خۇ جۇنجيې خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، بىڭتۇەن پاختا ـ چىگە شىركىتى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى پاختا ـ چىگە شىركىتىگە بېرىشكە تېگىشلىك 500 مىڭ يۈەن پاختا پۇلىنى ليۇ جىنيەننىڭ شەخسىي تىجارەت قىلىشىغا يۆتكەپ بەرگەن، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئورۇن بۇ پۇلنى بىر يىلدىن كېيىن ئاران قايتۇرۇۋالغان. يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى خۇ جۇنجيېنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، خىيانەت قىلىش قاتارلىق بىر نەچچە جىنايىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھەمدە 100 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىشنى قارار قىلدى. خۇ جۇنجيې بۇنىڭغا قايىل بولماي يۇقىرىغا ئەرز سۇندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىشنى ھۆكۈم قىلىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ

ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەستىقلىشىغا يوللىدى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 1 -، 2 - سوتتىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خۇ جۇنجيېنىڭ خىيانەت قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھەمدە 100 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى؛ ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 6 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىش؛ ئۆلۈم جازاسىنى 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە 100 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

ۋاڭ جىخۇينىڭ ئازادلىق ئارمىيە 16 - دوختۇرخانىسى بىلەن بولغان داۋالاش ھادىسىسى تۆلەم دېلوسى

دەۋاگەر ۋاڭ جىخۇي (قىز، 5 ياش) ئۆپكە قۇرۇتى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، 1994 - يىل 3 - ئايدا، جاۋابكار ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 16 - دوختۇرخانىسىدا (قىسقارتىلىپ 16 - دوختۇرخانا دېيىلدى) يېتىپ داۋالانغان. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇ دوختۇرخانا ۋاڭ جىخۇينى تولۇق ناركوز قىلىپ، ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى خالتىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلغان. بۇ دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملار ئوپېراتسىيە جەريانىدا تېخنىكا جەھەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلغانلىقتىن، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش مەغلۇب بولغان. بۇ چاغدا ۋاڭ جىخۇيدا تارتىشىپ قېلىش، نەپەس ئېلىشى زەئىپلىشىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن. جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ۋاڭ جىخۇي ھايات قالغان، لېكىن ئۇنىڭدا تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن روشەن ئىنكاس بولماي، ۋېگىتاتىپ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىن بۇ دوختۇرخانا 1995 - يىل 5 - ئاي ۋە 1998 - يىل 10 - ئايدا، يەنە ۋاڭ جىخۇينى 2 قېتىم قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغان، لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان. 1999 - يىل 3- ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى داۋالاش ھادىسىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى ۋاڭ جىخۇينىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ خىزمىتى پۈتۈنلەي كاردىن چىققان (ۋېگىتاتىپ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان)، پۇت - قولىنىڭ خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، ئوڭ يانپاچ سۆڭىكى نېكروزلىنىپ يۇمشاپ كەتكەن، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمايدۇ، ئۇ 1 - دەرىجىلىك مېيىپ قاتارىغا كىرىدۇ؛ 16- دوختۇرخانا داۋالاش جەريانىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، ۋاڭ جىخۇينى مېيىپ قىلىپ قويغان، بۇ، 3 - «ئا» دەرىجىلىك داۋالاش ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ۋاڭ جىخۇينىڭ ھامىيسى 16 - دوختۇرخانىدىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئالتاي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان. يۇقىرىغىمۇ ئەرز سۇنغان ۋە شىكايەت قىلغان. شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى بىلەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوتتا قاراپ چىقىپ چىقارغان ھۆكۈم، 2 - سوتتا قاراپ چىقىپ چىقارغان ھۆكۈم ۋە قايتا قاراپ چىقىپ چىقارغان ھۆكۈمدە بەلگىلەنگەن تۆلەم سوممىسى 16 - دوختۇرخانا داۋالاش ھادىسىسى پەيدا قىلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى ۋە روھىي ئازابنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ، دەپ قاراپ، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن ھۆكۈم چىقىرىپ، 16 - دوختۇرخانا ۋاڭ جىخۇيغا داۋالىنىش خىراجىتى، قاراش خىراجىتى، مېيىپلىق مەزگىلىدىكى تۇرمۇش ياردەم خىراجىتى ئۈچۈن 273 مىڭ 671 يۈەن 76 پۇڭ تۆلەم بېرىشنى ھەمدە روھىي زىيىنى ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشنى بېكىتكەن.

ياڭ شەنمىڭ

## ئەدلىيە

### قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون 3 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى خۇلاسىلەش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، 4 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىۋەتتى. 2 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىشنى ۋە مەمۇرىي جەھەتتە قانۇن بويىچە تەربىيىلەشنى يولغا قويۇشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىشنى 10- بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزدى. 4 - ئايدا

«ئاپتونوم رايوندا «قاتتىق زەربە بېرىش» بويىچە تەرتىپكە سېلىش كۆرىشىدە قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 5 - ئايدا «قاتتىق زەربە بېرىش» جەريانىدا ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان قانۇنچىلىق تەربىيىسى خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ئۆلكە، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بويىچە قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچلىرىنى پائال يېتىشتۈردى. 8 - ئايدىن 11 - ئايغىچە 180دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئاچقان 4 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش بويىچە بىر قارار ئۇيغۇرچە، بىر قارار خەنزۇچە كۇرس ئېچىپ، 140تىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا ئاساسەن، 4 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ۋە «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) قا دائىر قانۇن ساۋاتلىرى ئوقۇشلۇقىنى يېزىپ چىقتى، ئاپتونوم رايون بويىچە %70 ناھىيە (شەھەر)، %41 يېزا - بازار ۋە %66 مەمۇرىي كەنتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى.

ما شاڭكۈن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى 125كە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 464كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 3، 2 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 16، 3 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 47، 4 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 104. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 187 مىڭ 124ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدىكى ھەق - تەلەپكە دائىر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 35 مىڭ 273، ئىقتىسادىي تۈردىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 106 مىڭ 648، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 45 مىڭ 203. 53 مىڭ 93 ئادەم (قېتىم) ئاما كۆتۈۋېلىندى، 852 پارچە خەت بىر تەرەپ قىلىندى؛ باشقا جايلار ھاۋالە قىلغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 117سى ئورۇندالدى؛ ئالاقىدار ئورۇنلارغا 370 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 347سى قوبۇل قىلىندى؛ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئارقىلىق، قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىن 500ى پاش قىلىندى ۋە توسۇپ قېلىندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سومما 348 مىليون 925 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى قاراماي، بورتالا، كۈيتۇڭ، شىخەنزە شەھەرلىرىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرىنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسى، كەسپىي تەرەققىياتى، خادىملار ئەھۋالى، مالىيە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىغا كېرەكلىك شتات ۋە مەمۇرىي شتاتنى كەسپىي شتاتقا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن قوللىنىشقا تېگىشلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، مال - مۈلۈكنى بېكىتىش، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا شۇ يەردىكى ئەدلىيە ئىدارىلىرى ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. 10 - ئايدا ئەدلىيە نازارىتى 2 قېتىم ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئېلىپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلاھات سىناق خىزمىتى توغرىسىدىكى بەزى ئىنكاس پىكىرلەرنى توپلىدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 125 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، 362 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى ئەدلىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ رويخەتكە ئېلىندى. ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى جەمئىيىتى تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقى فوندى جەمئىيىتىگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 107 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئەۋەتتى. بۇ فوند جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 58 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

فېڭ جيەنجياڭ

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى (بىڭتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 16 مىڭ 777گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كەنت ئاھالىلەر مۇرەسسە ھەيئىتى 9796، شەھەر ئاھالىلەر مۇرەسسە ھەيئىتى 1840، زاۋۇت - كارخانا مۇرەسسە ھەيئىتى 2883، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 146، سودا بازارلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 92، كۆچمە نوپۇسلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى



2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئادۋوكاتلىق قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىدىكى ئادۋوكاتلار ئاممىنى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىمەكتە.

ۋاڭ سىكسىن فوتوسى

مۇرەسسە ھەيئىتى 68، باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 1952. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇرەسسە خادىمى 65 مىڭ 693كە يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، 1043 كارخانا مۇرەسسە باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، 4298 خادىم سەپلىدى؛ 511 كارخانا 886 مەخسۇس مۇرەسسە كادىرى سەپلىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 71 مىڭ 901نى مۇرەسسە قىلدى. مۇرەسسە قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 66 مىڭ 949غا يەتتى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.11 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، نىكاھ ماجىراسى 21 مىڭ 239، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.9؛ مىراس ماجىراسى 3594، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.23؛ بېقىش (يۆلەش، نەپىقە بېرىش) ماجىراسى 2940، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.67؛ نىكاھ - ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماجىرا 5238، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.34؛ قولۇم - قوشنىلار ماجىراسى 11 مىڭ 347، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.85؛ ئۆي ئورنى ماجىراسى 5370، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %51.9؛ قەرز ماجىراسى 6178، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.63؛ ئىشلەپچىقىرىش - تىگىنىڭ باشقۇرۇش ماجىراسى 6839، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %95.17؛ ئۆلۈم ماجىراسى 4568، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.33؛ باشقا ماجىرا 4588، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.09. سىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 1716 ماجىرانى مۇرەسسە قىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.72 بولدى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، خەلق ئىچىدىكى 348 ماجىرادا 357 ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ خەلق ئىچىدىكى ماجىرادا 983 دېلونىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، 1808 ئادەمنىڭ چېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ 353 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى؛ خەلق ئىچىدىكى 462 ماجىرادا 8341 ئادەمنىڭ يۇقىرىغا كوللېكتىپ ئەرز قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلق ئىچىدىكى ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە، ناھىيە، شەھەر، رايونلار 788 ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەرتىپكە سالدى، 1627 ماجىرانى مەخسۇس تور بويىچە تۈزدى. جىنايەت يىپ ئۇچىدىن 253نى پاش قىلدى، 495 ماجىرا دېلوسىنى ئالاقىدار تارماقلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. 2001 - يىلى 4568 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىنىپ، 36 مىڭ 637 مۇرەسسە خادىمى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 8119غا، 2 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 5541گە، 3 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 3117گە يەتتى. بىر يىلدا 546 ئىلغار كوللېكتىپ، 1109 ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۇن

## ئەدلىيە جەھەتتە باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

2001 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى ئۈنجى تۈركۈمدە جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيە باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتىدىن 4نى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى، بۇ ئاپپاراتلارنىڭ خىزمىتى ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاپ بېكىتىش، ئەدلىيە بوغالتىرلىقىنى باھالاپ بېكىتىش، مال - مۈلۈكنى مۆلچەرلەپ باھالاپ بېكىتىش، كومپيۇتېردىكى يارىلىنىش، ئۆلۈش قاتارىغا كىرمەيدىغان ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى ۋە زىيانىنى تېخنىكىلىق باھالاپ بېكىتىش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ھازىر ئەدلىيە جەھەتتە باھالاپ بېكىتىش خادىمى 280گە يەتتى،

باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرى 19 دېلونى باھالاپ بېكىتىشنى ئۈستىگە ئالدى، باھالاپ بېكىتىش ھەققى تەخمىنەن 500 مىڭ يۈەن بولدى.

چى لىپې

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (بىڭتۈەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 840قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 660، مەھەللىلەردىكى قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 66، ھاۋالە بويىچە قۇرۇلغان ئادۋوكاتلىق ئورنى بىر، باشقا قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 113. ئاساسىي قاتلامدىكى قانۇن خىزمەتچىلىرى 3028گە يەتتى، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر %59نى ئىگىلەيدۇ، 51 ئادەم ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 933 ئادەم تۈرلۈك تەربىيىلەش ئۆگىنىشىگە قاتناشتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 3105 ئورۇنغا قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغان ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت ۋە كەنت (ئاھالە) كومىتېتى 1763. تۈرلۈك كارخانا 918، باشقا تەشكىلات 424. بىر يىلدا تۈرلۈك ماجىرادىن 18 مىڭ 268ى مۇرەسسە قىلىندى، 11 مىڭ 420 قېتىم ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى يارەملىشىپ بېجىرىلدى. 12 مىڭ 827 قېتىملىق دەۋا ئىشى، 4061 قېتىملىق دەۋاغا ياتمايدىغان ئىش ۋاكالىتەن بېجىرىلدى، 15 مىڭ 63 ئىسپات بېجىرىلدى، 23 مىڭ 820 نۇسخا قانۇن ئىشلىرى پۈتۈكى ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىلدى. 96 مىڭ 571 ئادەم (قېتىم)نىڭ قانۇن جەھەتتە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى، 10 مىڭ 194 قېتىم قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىش ئىشى بېجىرىلدى. ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە 4146 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرا 269 مىليون 894 مىڭ 600 يۈەن زىياندىن ساقلاپ قېلىندى، كەسپىي ھەق ئۈچۈن 12 مىليون 336 مىڭ 600 يۈەن ئېلىندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 25 قانۇن مۇلازىمەت ئورنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 102 ئىلغار كوللېكتىپ، 183 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۇن

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 883 ئەدلىيە ئورنى قۇرۇلۇپ (بىڭتۈەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا - بازار (مەھەللە) تۈزۈلمىسى ئومۇمىي سانىنىڭ %92نى ئىگىلىدى، 1363 ئەدلىيە ياردەمچىسى، 1755 خادىم سەپلەندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئەدلىيە ئورۇنلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 21 مىڭ 571نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 17 مىڭ 321نى مۇرەسسە قىلدى، 3485نى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى؛ قانۇن 26 مىڭ 433 مەيدان (قېتىم) تەشۋىق قىلىندى، 16 مىليون 49 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى؛ مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ 9945 ماجىرانى مۇرەسسە قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى؛ ئاممىنىڭ 1486 قېتىم يۇقىرىغا ئەرز قىلىشى، 444 قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى؛ 186 يېزا - بازار ۋە مەھەللە قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىندى؛ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈشكە 3618 قېتىم قاتنىشىلدى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتكە 2127 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 1633ى قوبۇل قىلىندى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتنىڭ 1163 پارچە قېلىپ ھۆججەت تەييارلىشىغا ياردەم بېرىلدى؛ مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە 4257 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىلدى. 148 ئىلغار كوللېكتىپ، 243 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۇن

## قانۇن ياردىمى خىزمىتى

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك قانۇن ياردىمى مەركەزلىرى قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلىدىغان تۈرلۈك دېلودىن 2296نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلگەن ھەق - تەلەپ دېلوسى 788، قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 1015، قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلگەن مەمۇرىي دېلو 32، قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 461، ياردەمگە ئېرىشكەن ئادەم 2443.

ما شاڭكۇن

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

2001 - يىلى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق قۇرۇلغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 16گە، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان كەسپىي ئادۋوكات 75كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق تەكشۈرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئادۋوكاتلىق ئورنى 224كە، تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان كەسپىي ئادۋوكات 1603كە يەتتى.

2001 - يىلى كەسپىي ئادۋوكاتلار 2171 ئورۇنغا تۈرلۈك قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى؛ تەكلىپ قىلغان ئورۇنغا 4493 پارچە قانۇن ئىشلىرى پۈتۈكى، قېلىپ ھۆججەت يېزىپ بەردى ۋە توختامنى، نىزامنامىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ بەردى، 64 مىڭ 647 ئادەم (قېتىم) قانۇندىن سورىغان سوئالغا جاۋاب بەردى، 5357 جىنايى ئىشلار دەۋا دېلوسىغا ۋاكالىتەن

ئاقلىغۇچى بولدى، 16 مىڭ 893 ھەق ـ تەلەپ دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى، مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 327 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى؛ 9666 ئىقتىسادىي دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى؛ مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 2 مىليارد 812 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولدى؛ 402 مەمۇرىي دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى؛ دەۋاغا ياتمايدىغان 7286 قانۇن ئىشىنى بېجىردى، مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 1 مىليارد 948 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى. 2001 ـ يىلى ئەدلىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنىڭ 10 ـ بەشيىللىق تەرەققىيات پىلانى»نى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى؛ مالىيە نازارىتى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىلەن بىللە «ئادۋوكاتلىق ئورنى ۋە ئادۋوكاتلارنى يىللىق تەكشۈرۈش، رويخەتكە ئېلىشتا ھەق ئېلىش ئۆلچىمى»نى ۋە «ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشتە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى»نى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئادۋوكاتلارغا «،قاتتىق زەربە بېرىش، تەرتىپكە سېلىش كۈرىشىدە فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى. دۆلەت مەبلەغ سالغان ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئايرىۋېتىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پائال، سالماق ئېلىپ بېرىلدى، دۆلەت مەبلەغ سالغان 20 ئادۋوكاتلىق ئورنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق شېرىكلەشكەن ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى شېرىكلەشكەن، ھەمكارلاشقان ئادۋوكاتلىق ئورنى ئومۇمىي ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ %48نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئادۋوكاتلار ئۈستىدىن قىلغان 12 پارچە ئەرزى تاپشۇرۇۋېلىنىپ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورنىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە ئادۋوكاتلارنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ئادۋوكاتلىق ئورنى 224كە يەتتى، يىللىق تەكشۈرۈشتە شەرتى توشمىغان 12 ئادۋوكاتلىق ئورنىنى رويخەتكە ئېلىش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى ياكى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى؛ 1603 ئادۋوكات رويخەتكە ئېلىنىپ تىزىملاندى، 156 ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئادۋوكات رويخەتكە ئېلىنمىدى، سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى، مەكتەپلەردە ساقچىلىق سالاھىيىتى بار خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ كەسپىي سالاھىيىتى بىكار قىلىندى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 34 ئادۋوكاتنى رويخەتكە ئېلىش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى. جايلاردىكى ئادۋوكات باشقۇرۇش تارماقلىرى ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، تىزىملاشنى توختىتىش، ماتېرىياللارنى پېچەتلەش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، ئىزغا چۈشۈرۈش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئىشلىدى.

ما شاڭكۈن

## تۈرمە خىزمىتى

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە سىستېمىسى «قاتتىق زەربە بېرىش» بويىچە تۈزەش مەزگىلىدە جىنايەتچىلەرنى قاماش ۋە تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، بىخەتەرلىك، مۇداپىئە كۈرۈشكە دائىر تەدبىرلەرنى كۈچەيتتى، جىنايەتچىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن باشقۇرۇپ، تۈرمە، قاماقخانىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىش نىسبىتى 2000 ـ يىلدىكىدىن ‰0.02 تۆۋەنلىدى، بىنورمال ئۆلۈش نىسبىتى ‰0.17 ئازايدى. جىنايەتچى قامالغان 19 ئورۇن «جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن خالىي بولۇش، چوڭ دېلونىڭ سادىر بولۇشىدىن خالىي بولۇش، بىنورمال ئۆلۈشتىن خالىي بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى. تۈرمە، قاماقخانىلار «جازالاش بىلەن ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئادەمنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىش»تىن ئىبارەت تۈرمە خىزمىتى فاڭجېنىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىدە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.75كە، مەدەنىيەت تەربىيىسىدە گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %83.3كە، تېخنىكا تەربىيىسىدە گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %89.5كە، جەمئىيەتنىڭ تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىشىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %79كە، تۈرمىدىكى جاھىل، خەتەرلىك جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى %63كە يەتتى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرمە سىستېمىسى ئورۇندىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 511 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.5 ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە سىستېمىسى قانۇننى، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش مەخسۇس تەربىيىسى ۋە ساپا تەربىيىسىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۆستى. چوڭ تىپتىكى ساقچىلار ماھارەت كۆرىكى ۋە ساقچىلار ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىللە 80دىن ئارتۇق تۈرمە، قاماقخانا رەھبىرى قاتناشقان 2 قارار كۇرس ئېچىلدى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان تۈرمە باشلىقلىرى كۇرسىغا قاتنىشىشقا تۈرمە، قاماقخانا رەھبەرلىرى تاللاپ ئەۋەتىلدى. قانۇن، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش مەخسۇس تەربىيىسى

ھەرىكىتىدە، 460تىن ئارتۇق مەسىلە ئېنىقلاندى، 116 تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈم ھەمدە قاراتمىلىقى ئىگە بىر قاتار تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى تۈزۈلدى. باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە تاللاپ ئىشلىتىش كۈچەيتىلدى. 7 ئورۇن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك، 81 ئادەم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

ما شاڭكۇن

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە سىستېمىسى بىخەتەرلىك، مۇداپىئە كۈرۈش، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر، مۇقىملىقنىڭ ساقلىنىشى سىستېمىلىق قېلىپلاشقان، ئۆزۈن مۇددەتلىك بولۇشىنى گەۋدىلەندۈردى، ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى ۋە ئورۇنلىرى سىجىل بىخەتەرلىك، مۇقىملىقنى ساقلاپ كەلدى. بىر يىلدا جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش، ئۆزىنى مېيىپ (ناكار) قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرمىدى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ قېچىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكىدىن %17 تۆۋەنلىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدان، ئورۇنلىرى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يىلى، مەدەنىي قانۇننى ئىجرا قىلىش يىلى قاتارلىق بىر قاتار باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە ئومۇمىي مۇھىتقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەربىيىلەپ قوغداشقا ۋەرىلىشنى ئىبارەت ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. «ئۈچ خىل» (دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، قانۇنسىز تەشكىلات، قانۇنسىز گېزىت - ژۇرنال) ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى ۋە «فالۇن گوڭ»غا دائىر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە گەۋدىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. «فالۇن گوڭ»غا دائىر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى %83.3كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.6 ئاشتى، 3 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئورۇمچى ئاياللار ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى 2 - دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسى ئورۇندىغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 119 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.11 ئاشتى. 2001 - يىلى بورتالا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ۋە شىخو ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زامانىۋى مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قىلىشقا مەلۇم قىلىندى. 7 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش چوڭ ئەترىتىگە زامانىۋى مەدەنىي چوڭ ئەترەت دەپ نام بېرىلدى.

ما شاڭكۇن

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسملىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىس: مۇھەممەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى جىمىن (ئايال)، ئابدۇراخمان رەخمباي (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلى، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۇن.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجى: ئەركىنجان تۇراخۇن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: زۇڭ جيەن، جاڭ ۋېنچۈەن، تالغات ئۇسۇن (قازاق)، ئەنۋەر ئابدۇشۇكۇر، جاڭ خۇاجۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىس: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جىڭ خەييەن، سادىيقان شاقتاي (قازاق)، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: شۇ پىڭ.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: خوجىخان ھاكىموف، سادىر قادىر، جاڭ يۈجى، جاۋ باۋجۈن، خې خۇڭيىڭ، جۇ جۇنلىن، جاڭ لياڭچېن، جۇرئەت ئابدۇقادىر، جاقىيا ئىسكەندەر (قازاق)، تاشپولات تېيىپ، خەمىت ھاكىموف (تاتار)، خۇڭ شيۇفاڭ (ئايال).

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: ۋۇ دۇنفۇ.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ياڭ نەيچۇ، نۇربېك (قازاق)، گې جىشىن، بەختىيار.

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلەر: توختى روزى، ۋۇ فۇخۇەن، زۇ چۈن، جاقاپ مىرزاقان (قازاق)، پەن رېنيۈەن.

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

جەمئىيەت باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى: ما چاڭفا (خۇيزۇ)، ياڭ شېڭپىڭ، ئابلىز جۇمە، گو چاڭچىڭ، سۈن گۇاڭشىن، جاڭ يې، ياڭ مىڭدې (ئايال)، تاڭ ۋەنلى، تۇرسۇن ئىمىن، ۋۇ تۇڭجياڭ، لى لەيشۇن، شۆھرەت زاكىر، ئەسقەربېك دۈمىش (قازاق)، مى ئېنخۇا (خۇيزۇ).

شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: غازى ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇ بىڭ، ھېيتەم ھۈسەيىن، شامىس قۇمار (قازاق)، لو يىڭفۇ، ئابلىمىت سادىق، جۇ تاۋ، پاتىخ مالىك (قازاق)، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، خۇ لېيۈەن، دورجى ناداي (موڭغۇل)، ئادىل جۇمە تۇردى (قىرغىز).

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئەركىنجان تۇراخۇن.

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىس: قۇربانجان ئالىم.

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىس: لياڭ رىمىڭ.

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسى دوستلۇق ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: جاڭ گوچۈەن.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىڭيۇ.

# ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 18 مىڭ 219. ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3 مىليون 158 مىڭ 500، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 348 مىڭ 400، ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 153 مىڭ 100. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغان كارخانا 4555، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان

كارخانا 524. باراۋەر كېڭەيتىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى ئورنىتىلغان كارخانا 3620، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قۇرۇلغىنى 522. كوللېكتىپ توختام تۈزۈلگەن كارخانا 3466، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قۇرۇلغىنى 604. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك كارخانىسى 664، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت شېرىكسىز شىركىتى ۋە دۆلەت پاي كونترول شىركىتى 146. ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىك ھەيئىتى تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك كارخانىسى 555، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت شېرىكسىز شىركىتى ۋە دۆلەت پاي كونترول شىركىتى 117. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان كارخانا 1654.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق «1 - ماي»نى تەبرىكلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ رىياسەتچىلىك قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى سۇ لىچىڭلار يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا «مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشكەن 8 ئورۇن، «مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن 19 كىشى، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشكەن 25 ئورۇن، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەن 30 كىشى، جان - دىل بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانىنى ياخشى باشقۇرغان پارتىيە، مەمۇرىيەتنىڭ 10 رەھبىرى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىن «ئىككىنى سۆيۈش، ئىككىنى باھالاش» (كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سۆيۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىنى سۆيۈش؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆيۈنىدىغان مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنى باھالاش، كارخانىغا كۆيۈنىدىغان مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باھالاش) بويىچە ئىلغار ئورۇندىن 10ى، مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى بولغان 8 كىشى ۋە 10 مۇنەۋۋەر ئىشچى-خىزمەتچى تەقدىرلەندى. يىغىندا يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئىشلىگىنىگە 20 يىل بولغان 340 شەخسكە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## قوشۇمچە (1)

**2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

جۇڭگو نېفىت خىمىيە «شىنشىڭ» شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بۇ ئىدارە 1998 - يىلدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىدا ياقلا، دەريا ۋە تارىم دەرياسى قاتارلىق نېفىتلىكلەرنى بايقاپ، شىنجاڭنىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، مەملىكىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى غەربكە يۆتكەش ئۈچۈن ئاساس سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى، باشقۇرۇشنى، تېخنىكىنى يېڭىلاشنى چىڭ تۇتۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش، ئېچىش ئۈنۈمىنى يىلدىن - يىلغا ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىلى ئومۇمىي مۇلۇكنىڭ قىممىتى 1996 - يىلدىكى 711 مىليون يۈەندىن 4 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 4.6 ھەسسە ئاشتى؛ ساپ مۇلكى 1996 - يىلدىكى 400 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 664 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.2 ھەسسە ئاشتى. 2000 - يىلى تاپشۇرغان ھەرخىل باج سوممىسى 185 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 64 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى؛ ساپ پايدىسى 115 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 40 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %40 ئارتۇق بولۇپ، 1997 - يىلدىكىنىڭ 26.6 ھەسسىگە باراۋەر. بۇ ئىدارە 1985 - يىلى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «كان ئېچىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن ئورۇن» دېگەن نامغا، 1990 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 65 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «بىخەتەر، مەدەنىي مەھەللە» بەرپا قىلىشتىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش»تىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا، 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇ ئىدارە نەچچە ئەۋلاد نېفىتچىلەرنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇشى ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشى نەتىجىسىدە 1999 - يىلىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، تەكشۈرۈش، ئېچىش، نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن، مەملىكەت بويىچە قۇرۇلقلۇقتىكى 4 - چوڭ نېفىتلىككە ئايلاندى. ئىدارە قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بېرى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان

نېفت گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد 800 مىليون توننىغا، تەبىئىي گاز گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 تىرىليون كۇب مېتىرغا يەتتى؛ خام نېفت مەھسۇلاتى ئۇدا 19 يىل مۇقىم ئاشتى، دۆلەت ئۈچۈن 167 مىليون توننا خام نېفت، 27 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى؛ جەمئىي 16 مىليارد 400 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى. 2000 - يىلى ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن ئاشتى، كارخانا قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 1999 - يىلدىكىدىن 42.89% ئاشتى. 1996 ~ 2000 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ئۇدا «ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتتە ئۈنەۋۋەر كارخانا»، ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك «بىخەتەرلىك - ساغلاملىق لوگىقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1998 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 700 مىڭ توننىغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە 2 - چوڭ سېمونت زاۋۇتى بولۇپ قالدى. 2000 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 204 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 21 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1992 — 2000 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن بويىچە «مەدەنىي ئورۇن»، «ئۈنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، «ئىلغار، نەمۇنە كوللېكتىپ» دېگەن ناملارغا، 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشتى.

شىنجاڭ لوپنۇر گۈرۈھى كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ شىركەت ئۇدا 8 يىل پايدا ئالدى. 2001 - يىلغا كەلگەندە زورىيىپ، 83 مىڭ ئۇرچۇق، 2016 گاز ئۇرچۇق، 1505 رەخت توقۇش ماشىنىسى، 4000دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ كارخانىدىن بولۇپ قالدى. 2000 - يىلى 15 مىڭ توننا پاختا يىپ، 40 مىليون مېتىر پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىپ، سېتىش كىرىمى 305 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، ئېكسپورتتىن 17 مىليون 840 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى، 34 مىليون يۈەن پايدا - باج ياراتتى. 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدە 27 - ئورۇنغا ئۆتتى، سېتىش كىرىمى ۋە ئېكسپورت جەھەتتە 50 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىردى. دۆلەت توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسى، شى ئۇ ئا ر پارتكوم، شى ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدە «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن»، مەملىكەت بويىچە «نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيئىتى»، مەملىكەتلىك «بىخەتەرلىك - ساغلاملىق لوگىقىسى» مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەت بويىچە «نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن ناملارغا، 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشتى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفتلىكى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى قۇدۇق مۇستەھكەملەش ئەترىتى باش ئىستانوك ئىسمېنىسى بۇ ئىسمېنىدا 15 ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئۇلاردىن 5ى پارتىيە ئەزاسى، 3ى ئىتتىپاق ئەزاسى. بۇ ئىسمېنا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 نۆۋەت تۇرپان - قۇمۇل نېفتلىكى ۋە مەملىكەت بويىچە قۇدۇق مۇستەھكەملەش رېكورتىنى ياراتتى، ئۇدا بىر نەچچە يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، 28 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. 2000 - يىلى 273 قۇدۇق (قېتىم) نى مۇستەھكەملىدى، مۇستەھكەملەنگەن قۇدۇقلارنىڭ سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 96% بولدى. 1995 — 2000 - يىلغىچە بۇرغىلاش شىركىتى تەرىپىدىن «ئىككى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپا» بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتى 4 - كالونى بۇ كالوندا 2157 ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئۇلارنىڭ 37سى پارتىيە ئەزاسى، 12سى ئىتتىپاق ئەزاسى. بۇ كالون يولۇچى توشۇش بازىرىنىڭ رىقابەت ۋەزىيىتىگە ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتوبۇسنىڭ قېتىم سانىنى ۋە قاتناش لىنىيىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، كالوننىڭ تىجارەت كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 2000 - يىلى تىجارەت كىرىمىنى 14 مىليون 18 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىنى 1 مىليون 835 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، تارىخىي رېكورت ياراتتى. شىركەت بويىچە ئۇدا 4 يىل «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام ئالدى. 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىدارىسى جەنۇبىي شەھەر تىجارەت زالى  بۇ ئورۇندا 9 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ھەممىسى ئايال، ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى 20 مىڭ ئابونىتنى توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 2000 - يىلى 1281 خېرىدارنىڭ توك ئىشلىتىش ئىلتىماسىنى بېجىردى، ئىلتىماس قىلىنغان سىغىمچانلىق 95 مىڭ 546 كىلوۋولت ئامپېر كېلىدۇ. ئالاھىدە تاپشۇرۇلغان 189 ئابونىتنىڭ ئىلتىماسىنى ئالاھىدە بېجىردى، ئابونىتلارغا 1000 قېتىم مەسلىھەت بەردى، 1085 ئابونىتنىڭ ۋاقىتلىق توك ئىشلىتىش ئىلتىماسىنى بېجىردى. 1998 — 2000 - يىلغىچە ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىدارىسى بويىچە ئۇدا «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپا» بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتى ئالاتاۋ پورتى بېكىتى  بۇ بېكەتتە 412 ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئۇلارنىڭ 77سى پارتىيە ئەزاسى، 42سى ئىتتىپاق ئەزاسى. 2000 - يىلى پورتتىن 4 مىليون 257 مىڭ توننا مال ئۆتكۈزدى. 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە 407 كۈن ھېچقانداق ھادىسە كۆرۈلمەسلىك، ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى 100 ئىلغار ئىسمېنا. گۇرۇپپا» دېگەن نامغا، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بويىچە «پاراۋوز مۇكاپاتى لوڭقىسى»غا، 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشتى.

## قوشۇمچە (2)

2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1، - ماي، ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەنلەرنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى

(مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

## قوشۇمچە (3)

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»غا ئېرىشكەن ئورۇنلار

ئىلغار كوللېكتىپلار

شىنجاڭ «دوستلۇق» گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ باغراش كۆلى قومۇشچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى داۋان يېزىلىق ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى «قىزىل يۇلتۇز» 1 - مەيدانى، شىنجاڭ يىڭ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «چاڭمىيەن» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى گوچۇڭ ئورمانچىلىق مەيدانى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى.

ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپىلار

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساناائىتى گۇرۇھى شىركىتى «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق 1 - فابرىكىسى مەخسۇس ئېگىرىش مەيدانى ئىنچىكە ئېگىرىش سېخى «س» ئىسمېنا 3 - گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى لۇداۋان كۆمۈر كېنى ئېچىش رايونى ئۆمەرجان ئابدۇل خالىق قېزىش ئەترىتى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈچۈقچىلىقتا كان قېزىش شىركىتى تۇشۇش - پاراۋوز ئىشلىرى پونكىتى، تارىم نېفىتلىكى تۇرۇبا سايمانلىرى شىركىتى بۇرغا سايمانلىرىنى باشقۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر پاي چەكلىك شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى خىمىيىلىك تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پەرچىنلەش ئىسمېنىسى، شىنجاڭ جۇڭگېي دورىسى باش زاۋۇتى تابلېتكا سېخى شېكەر يالىتىش ئىسمېنىسى، شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتى كىتاب - ژۇرنال رېزىنكە مەتبەئە 1 - گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىرىكمە ئاممىياك شۆبە زاۋۇتى خىمىيە ساناائىتى 3 - ئىسمېنىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى گېئولوگىيە 6 - ئەترىتى ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىچىك شەكىللىك ماتېرىياللار زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىسمېنىسى، شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى جىنايى ئىشلار قانۇنى - ھەق - تەلەپ قانۇنى كافېدراسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتى سىلىقلاش - سۇغۇرۇش سېخى سىلىقلاش - سۇغۇرۇش «د» ئىسمېنىسى، جۇڭگو بانكىسى ئالاتاۋ تارماق بانكىسى.

## قوشۇمچە (4)

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەنلەر

موللا شارىپ (قازاق)، ئۆمەرجان يۈسۈپ، جياۋ يالى، جۇ خۇڭمېي (ئايال)، چېن چىخېي، يەن جيېنگو، كىۋېر زايىت، ۋېي جياڭ، چياۋ ۋېيشىن، تارىمبېك (قازاق)، مىلاڭ شېڭفاڭ (ئايال)، كۆرەش تەۋەككۇل، جۇ جاۋفېي، لى جۇڭلۇن، ئامىنە سابىت، ئەخمەتجان ئىمىن، چېن شۆلىيەن (ئايال)، ۋاڭ شۆ، ئەركىن قۇتبىدىن، لياڭ خۇڭشيا

(ئاپال)، ئابلەت مەخمۇت، شۈ سۈيجاڭ، سۈن يۇلۇڭ، لى ساڭ، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، شيې دۇڭشەن، ۋۇ شياڭجۇەن، سۇلۇ جەنياڭ، ئېربۇل ھاكىمجان (قازاق)، ۋاڭ چۈنخۇڭ (ئاپال).

## ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھەم تەشكىللەش، ھەم مۇستەھكەملەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش خىزمىتىنى كېڭەيتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا 7030 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىدا قۇرۇلغىنى 794 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ %93نى، مەھەللىلەردە قۇرۇلغىنى 113 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە باشقارمىلىرىنىڭ %92نى ئىگىلىدى. يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 164 مىڭغا يەتتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى فوندى تەشكىلاتىدىن 72سى قۇرۇلدى، بۇ فوندلاردىكى ئومۇمىي سومما 27 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 46 مىڭ 741 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. مۇشۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 23 مىليون 750 مىڭ يۈەن مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش مەبلىغى تەييارلاپ، قىيىنچىلىقى بار 1212 كارخانا، 30 مىڭ 489 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى يەنە «نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش فوندى»، «قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش فوندى» دېگەندەك مەخسۇس فوندلارنى قۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى غەمدىن خالاس قىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## كارخانىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇش

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى باراۋەر كېڭىشىش، كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تۈزۈمىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە باراۋەر كېڭىشىش، كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانا 3620گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بەرپا قىلىنغان كارخانا 4555كە، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئورۇن 3575كە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيىتى تۈزۈمى بەرپا قىلىنغان كارخانا 509غا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانا 563كە يەتتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەمگەك مۇسابىقىسى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، 2520 تۈرلۈك تېخنىكا پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3200 كارخانىدىكى ئاز كەم 20 مىڭ ئىمبنا - گۇرۇپپا ۋە 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى شۇنداقلا 30 نەچچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 100دىن ئارتۇق كارخانىدىكى 1 مىليونچە ئىشچى - خىزمەتچى ھەرخىل شەكىلدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسىگە ۋە «بىخەتەرلىك - ساغلاملىق لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردا «ئىككىنى سۆيۈش، ئىككىنى باھالاش» (كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سۆيۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىنى سۆيۈش؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆيۈنىدىغان مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنى باھالاش، كارخانىغا كۆيۈنىدىغان مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باھالاش) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىلغار شەخسلەرنى تاللاش، تەقدىرلەش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ سېكتاۋ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇ جەنگوڭ قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن هال سورىدى.

ۋېي جى فوتوسى

ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان هاكىموف، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خەنرۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭدىكى يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش ئەھۋالى ئۈستىدە، 10 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش مەزمۇنى ئاساسلىقى: جايلاردىكى يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش ئەھۋالى ۋە خىزمەت ئەھۋالى؛ هەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغاندا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش خىزمىتىنىمۇ ماس هالدا تەكشۈرگەن - تەكشۈرمىگەنلىكى؛ پارتكوم، هۆكۈمەت ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى ماسلىشىپ ئىشلەش جەھەتتە قوللانغان تەدبىر ۋە ئۇسۇللىرى؛ جايلاردىكى يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە نىشانلىق ۋەزىپىسى؛ يېزا، بازار، مەھەللە باشقارمىسى ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى؛ يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەردىن ئىبارەت. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا قۇرۇلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 7030غا يەتتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## لۇ جەنگوڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن هال سورىدى

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لۇ جەنگوڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى هال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، هەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن هال سورىدى. بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەننىڭ قىسمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىنى زىيارەت قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن هال سورىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلقئارا خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خېيلوڭجياڭ قاتارلىق 28 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن كەلگەن 50 نەچچە ۋەكىل خەلقئارا ئىشچىلار هەرىكىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش، يېڭى دەۋردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلقئارا هەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە سۆھبەتلەشتى. مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى شۇ شىجىڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## قىرغىزىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

تومىلايېك قادىر ئاقېنبوۋېچ باشچىلىقىدىكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 — 26 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇپ،

ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلدىكى ياش 4 مىليون 127 مىڭ 447 (14 ~ 35 ياشقىچە)، 14 ~ 28 ياشقىچە بولغان ياش 2 مىليون 997 مىڭ 186. ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 69 مىڭ 228 (قىز ئىتتىپاق ئەزاسى 450 مىڭ 108، ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى 547 مىڭ 720). بۇ يىل ئىتتىپاققا 151 مىڭ 508 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 72 مىڭ 987. ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن 69 مىڭ 448 ئىتتىپاق ئەزاسى ئىتتىپاقتىن چېكىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 2785كە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 3738گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 43 مىڭ 153كە يەتتى. مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 3335كە يەتتى (ئايال 1150، مىللىي 1427، پارتىيە ئەزاسى 1942، ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 2377). مۇشۇ يىلى 43 مىڭ 939 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ كۆرسىتىلدى، ئۇلاردىن 20 مىڭ 926سى پارتىيىگە كىردى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئىتتىپاق ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى 2001 - يىل 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئىتتىپاق ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى ئەزالىقتىن قالدۇرۇش، تولۇقلاشنى ئېتىراپ قىلىش لايىھىسى ماقۇللاندى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر بولغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 5 ئىتتىپاق كومىتېتى تەقدىرلەندى؛ سانجى ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 6 ئىتتىپاق كومىتېتىغا «2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈشتە ئەلا گۇرۇن» دېگەن نام بېرىلدى ھەمدە جايلار بىلەن 2001 - يىللىق «ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاندى.

مۇنەۋۋەرلەرنى تەقدىرلەش ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى 2001 - يىل 5 - ئايدا ئىتتىپاق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئارزۇگۈل ئەبەي، بىڭتۇەن ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جياڭ شياۋلۇڭ (مانجۇ)، جۇڭگو نېفىتچىلىكى تارىم تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى پارتىيە - ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇ شيۇشېڭلارغا «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دېگەن، شىنجاڭ خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى مانىڭ، قاراقاش ناھىيىسىدىكى دېھقان تۇرسۇن توختىلارغا «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەن نام بەردى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى گو شۆجۈەن قاتارلىق 72 ئىتتىپاق ئەزاسىغا «ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەن، سۈن لۇڭدې قاتارلىق 83 ئىتتىپاق كادىرىغا «ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دېگەن نام بەردى؛ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە جاۋ سۇڭمېي قاتارلىق 8 كىشىگە 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ياشلار ‹4 - ماي› مېدالى» بەردى.

كادىر يېتىشتۈرۈش 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىر ئورگان كادىرى بىلەن 5 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىنى شەندۇڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى؛ بىر كادىرنى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنىغا، 6 ئاساسىي قاتلام كادىرىنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى. 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئارا «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلغان شۇجىلار كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 57 ئاساسىي قاتلام كادىرى قاتناشتى؛ 8 - ئايدا 40 مىللىي كادىرنى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە بىر ئايلىق ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتتى؛ 11 - ئايدا 84 ئىتتىپاق كادىرىنى شاڭخەيدە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى.

ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى

### ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 35 مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى 42 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ، «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۇلار 680 مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى. بۇنىڭ

ئىجىدە ساۋات چىقىرىش مۇلازىمەت ئەترىتى 70، ئويۇن قويۇش مۇلازىمەت ئەترىتى 49، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى 65، تېببىي داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئەترىتى 30، قانۇن تەشۋىقات مۇلازىمەت ئەترىتى 40، مىللەت، دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى 58، باشقا تۈردىكى مۇلازىمەت ئەترىتى 368. ئۇلار 400 مەيدان تۈرلۈك لېكسىيە، 23 قارار تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، 160 نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى، 102 يېزا - بازار كارخانىسىغا ياردەم قىلدى. 10 نەچچە «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەشۋىقات ئەترىتى 3000دىن ئارتۇق ئادەمگە «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. 10 قېتىم تۈرلۈك مەسلىھەت بېرىش - تەشۋىقات پائالىيىتى، 120 قېتىم سۆھبەت يىغىنى، 16 مەيدان مەخسۇس تېمىدا دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، 30 مىڭ يۈەن ئوقۇش پۇلى ئىئانە قىلدى، 128 زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە يېزا ئىگىلىك تۈرى تۈرلىرىنى كۆرۈپ ھەم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، 60 نەچچە مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى، 15 نۇسخا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يازدى، 30 كىلىشىم تۈزدى، ئەمەلىي مەشغۇلات جەھەتتىكى 50 قېتىم مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە «مەدەنىيەت، سەھىيە، پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى جەھەتتە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 9 ئورۇن «ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام ئالدى.

شۆھرەت شەۋكەت

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

«ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2001 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «گەتىنى قوغداش» ناملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل قانۇن - نىزام ماتېرىيالىدىن ئاز كەم 100 مىڭ نۇسخا تارقاتتى، تەشۋىقات پائالىيىتىگە 100 مىڭچە كىشى قاتناشتى؛ «26 - ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، «ھاياتنى قەدىرلەش، زەھەردىن يىراق تۇرۇش» دېگەن نامدا زەھەر چەكلەشنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى؛ ج خ، مەدەنىيەت، سودا - سانائەت ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەر ئەتراپىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، نەق مەيداندا 3 ئويۇنخانىدىكى 10نى ئاشقان يېقىن ئويۇنچۇقنىڭ سىم يولى تاختىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى كىتابخانىلاردىن شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق تەرغىب قىلىنىدىغان ناساغلام مەزمۇندىكى كىتابتىن 1100نى مۇسادىرە قىلدى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «گەتە ئۈچۈن - ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش ئورنى ھەرىكەتتە» ناملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن»نىڭ مەملىكەت دەرىجىلىكىدىن 18ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكىدىن 114ى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكىدىن 130ى بار بولدى.

مىڭلىغان مەكتەپلەردە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگۈچى مىليونلىغان ياشلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى، ج خ نازارىتى قاتارلىق 8 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە شەھەرگە كىرىپ ئىشلەشتە كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياشلارنى تەقدىرلەش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگەن ياشلاردىن 20سى «شەھەرگە كىرىپ ئىشلەشتە كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياش» دېگەن نام ئالدى. 15 كىشى «ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگەن ياشلارنىڭ ياخشى ئۇستازى، ئوبدان دوستى» دېگەن نام ئالدى. 10 ئورۇن «ئاپتونوم رايون بويىچە مىڭلىغان مەكتەپلەردە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگۈچى مىليونلىغان ياشلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نام ئالدى. 2001 - يىلى بىر كىشى «مەملىكەت بويىچە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگۈچى 10 مەشھۇر ياش» دېگەن نامغا، بىر كىشى «مەملىكەت بويىچە ياخشى ئۇستاز، ئوبدان دوست» دېگەن نامغا، 2 ئورۇن «مەملىكەت بويىچە مىڭلىغان مەكتەپلەردە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىگۈچى مىليونلىغان ياشلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى بەرپا قىلىش مەھەللە ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتى، ياشلار خىزمىتى كومىتېتى، پېنسىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق تەشكىلاتلار بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مەھەللىلەر بىرلىك قىلىنىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى، «فالۇن گۇڭ»نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش بىر تۇتاش ھەرىكىتى، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش بويىچە «بىرگە بىر ياردەم» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ياش پىدائىيلار چارلاش ئەترىتى

قۇرۇلدى. 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 21 ئورۇنغا «مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى ئۈلگە نۇقتىسى» دەپ نام بېرىلدى؛ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى قاتارلىق 15 مەھەللىگە مەملىكەت دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى ئۈلگە نۇقتىسى» دەپ، كورلا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىقلار تۇرۇشلۇق 3 مەھەللىگە مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى «ھەممە خۇشال» سەھنىسى دەپ نام بەردى.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپا ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش بۆلۈمىدە تەسىس قىلىندى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇ گۇرۇپپا 1 - قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، ھەر قايسى ئەزا ئىدارىلەرنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم خىزمەت نۇقتىلىرىنى بېكىتتى. «ياشلار-ئۆسمۈرلەر قانۇن مەكتىپى» قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى مەھەللە «ياشلار - ئۆسمۈرلەر قانۇن مەكتىپى» ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىدىكى شىمالىي ئىلىم - پەن يولى ئاھالىلەر كومىتېتىدا قۇرۇلدى. «مەھەللە ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ زەھەردىن يىراق تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە «زەھەردىن يىراق تۇرۇپ ھاياتنى قەدىرلەيلى» ناملىق مۇراجەتنامە تارقاتتى. «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك تورخانىسى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىي، ساغلام تورلارغا كىرىشى تەشەببۇس قىلىندى.

گاۋ شيا

## پىئونېرلار خىزمىتى

2001 - يىل 1 - ئايدا مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پىئونېرلار كومىتېتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر، بالىلار ساپا ماھارىتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە پىئونېرلار ئەترەتلىرىدە ساپا ماھارىتىنى ھېس قىلدۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى پىئونېرلار «يېڭىلىق يارىتىش لوڭقىسى»نى تالىشىش پائالىيىتىگە تەشكىللەندى، پائالىيەتتە تاللانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ «يەر شارى ئانام ئۈچۈن» دېگەن رەسىمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ «ئۆگىنىش يۇمشاق دېتالى ئىشلەش» دېگەن رەسىمى مەملىكەت بويىچە ئەلا ياخشى يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، تيانشان رايونلۇق پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ۋە غۇلجا شەھەرلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى مەملىكەتلىك يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3 - ئايدا شىنجاڭ رايونى بويىچە كىچىك A دەرىجىلىك A گۇرۇپپىسى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە چېمپىيون بولغان ئاتۇش شەھىرى كوماندىسى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك كىچىك A دەرىجىلىك A گۇرۇپپىسى پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 2 - بولدى.

4 - ئايدا 4000 دىن ئارتۇق پىئونېر بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماس قىلىنغانلىقىنى قوللاش يۈزىسىدىن، يېڭى بېيجىڭ، يېڭى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى كارتىسى ياساشقا تەشكىللەندى، ئۇلاردىن 100گە يېقىن ئەسەر تاللىنىپ، مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىغا يوللاندى ۋە شىۋېتسارىيىنىڭ روسان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

5 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن 600 پىئونېر ھەر مىللەت ئۆسمۈر - بالىلىرىنىڭ بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماس قىلىنغانلىقىنى قوللاش يۈزىسىدىن خەلق مەيدانىدا 100 مېتىرلىق قەغەزگە رەسىم سىزىش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەندى، بۇ رەسىمنى بىر ئۆسمۈر ۋاكالىتەن شىۋېتسارىيىنىڭ روسان شەھىرىگە بېرىپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

«1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيى ئاپتونوم رايوندىكى ئۆسمۈر بالىلار قاتناشقان «بالىلار دۇنياسى» ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمىدە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى.

6 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى 13 مىللەتتىن تەشكىللەنگەن 20 پىئونېر «قولمۇقول تۇتۇشۇپ بېيجىڭدا جەم بولايلى» دېگەن پائالىيەتكە قاتناشتى ھەم ئۇلار دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى پىئونېرلار ئەترەتلىرىدە «پارتىيە مېنىڭ قەلبىمدە» ناملىق چولڭ، يۈرۈشلۈك پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پائالىيەت «پارتىيە مېنىڭ قەلبىمدە» ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەترەت يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى، ئويۇن قويۇش، ئىنقىلابىي كىتابلارنى ئوقۇش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى.

«1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىلىدە شىخەنزە شەھەرلىك، كۈيتۇڭ شەھەرلىك كوماندا بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئۈسمۈرلەر ھەربىي (ساقچى) مەكتەپلىرىنىڭ پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ھەر ئىككىلىسى «مەملىكەتلىك ئەلالىق مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

8 ـ ئايدا ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پىئونېرلار ئەترەتلىرى تەشكىللىنىپ، ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەر بىلەن «قولمۇقول تۇتۇشۇپ، شەرق بىلەن غەرب ھەمكارلىشايلى» ناملىق پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. ئۇلاردىن شېنجېن شەھەرلىك پىئونېرلار كومىتېتى ئىلى ئوبلاستلىق پىئونېرلار كومىتېتىغا 200 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، «قولمۇقول تۇتۇشۇش» ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرنى سېلىپ بەردى؛ شيامېن ئاموژنىسى شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى ياشلار ـ ئۈسمۈرلەرگە قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى؛ شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىئونېرلار كومىتېتى شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرگە 80 مىڭ يۈەن قىممىتىدە داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي ئىئانە قىلدى.

8 ـ ئايدا شياڭگاڭلىق قىز بالا ئەسكەرلەر تەشكىللىگەن، سىنگاپور، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق 10 دۆلەت ۋە رايوندىكى 600 نەچچە ئۈسمۈر بالىدىن تەركىب تاپقان 2001 ـ يىللىق مەدەنىيەت، مۇھەببەت ئاسراش يىپەك يولى ساياھىتى مەخسۇس پويىزى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۈسمۈر باللار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ۋە دوستلۇق ئورناتتى.

9 ـ ئايدا «شىنجاڭ بويىچە ئون ياخشى پىئونېر»، «شىنجاڭ بويىچە ئون ياخشى يېتەكچى»، «مۇنەۋۋەر پىدائىي يېتەكچى»نى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا شىنجاڭ پىئونېرلىرى ۋە پىئونېرلار يېتەكچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەك بېيجىڭغا بېرىپ، پىئونېرلار ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 52 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە مەملىكەتلىك پىئونېرلار كومىتېتى شىنجاڭدىكى 10 مەكتەپكە ئىئانە قىلغان «جۇڭگو مۇزېيى» ناملىق چولڭ تىپتىكى تارىخىي ماتېرىيال فىلىمىنىڭ VCD پلاستىنكىسى ۋە ئۇنى قويۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

جاڭ يۇمىن

## ياش ئىشچىلار خىزمىتى

2001 ـ يىلى «ئىككى ئون ياخشى»نى باھالاش ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 126 مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى، 108 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى ئارىسىدىن 2 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق 10 ياخشى «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى»نى باھالاپ چىقتى: ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەت دەرىجىلىك ئىش ئورنى ماھىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار ئىش ئورنى ماھىرلىرى ئارىسىدىن 2 ـ نۆۋەتلىك «ئاپتونوم رايونلۇق ئون ياخشى ئىش ئورنى ماھىرى»نى باھالىدى.

10 ياخشى «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» مۇنۇلار: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ بىڭتۇەن تارماق بانكىسى ئاقسۇ تىجارەت بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى 2 ـ چولڭ ئەترەت ئاياللار ئوتتۇرا ئەترىتى، جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى يېڭى دېموكراتىيە يولى تارماق بانكىسى تىجارەت باشقارمىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزى 1159 قىزىق لىنىيە مۇلازىمەت ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى تۇدۇنخابا رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى پولات شەھەرچىسى باجخانىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئورگان باللار باغچىسى، سانجى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شەھەر رايونى 1 ـ يول لىنىيىسى، شىنجاڭ دوستلۇق گۇرۇھى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار بىناسى يېمەكلىك سودا سارىيى سۇ مەھسۇلاتلىرى گۇرۇپپىسى، باغراش ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش زالى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇلارغا «ئون ياخشى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دەپ يېزىلغان ۋۇۋىسكا بەردى.

10 ياخشى «ئىش ئورنى ماھىرى» مۇنۇلار: باي تاشيول ئۇچاستكىسى قىزىل تاشيول ئاسراش ـ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت نىياز، شىنجاڭ كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پاختا توقۇمىچىلىق ئىنچىكە ئېگىرىش ئىستانوكچىسى تيەن رۇيپىڭ، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى خوڭيەنچى 1 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پارقازان

ئىشچىسى لىيۇ چىڭبىن، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى كورلا پاراۋوز ئۇچاستكىسى تەكشۈرۈش - رېمونت قىلىش سېخى زاپاس جابدۇقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋېن يۈگۇاڭ، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى ئېگىز بىنا سېلىش شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى سۇڭ شياڭمېي، جۇڭگو نېفىتچىلىكى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئىنژېنېرى جۇ كېيۈەن، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئايلانما پېچتا پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ پولات تاۋلاش ئىشچىسى شۇ يۇڭۋېي، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى 1 - فابرىكىسى ئىنچىكە ئېگىرىش A ئىسمېنىسىنىڭ ئىستانوكچىسى جۇ شياۋسۇي، شىنجاڭ دەۋر نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت لايىھىلىگۈچىسى لو ۋېي، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى رېمونت سېخىنىڭ كەپشەرلەش ئىشچىسى يۈەن بىڭ.

**«ئىككىنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى** 2001 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 11 ئورۇن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوندىكى ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ‹مەدەنىي ياشلار ئورنى بويىچە ئىشەنچ تىكلەش قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى›نى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «1 - ماي»، «1 - ئۆكتەبىر» دەك ئارام مەزگىللىرىدە سودا، تۆمۈر يول، قاتناش، سودا - سانائەت، باج، بانكا قاتارلىق كۆزنەك كەسىپلەردىكى 130 نەچچە «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» ئارىسىدا «ئىشەنچ ھەممىدىن ئەلا، ئىناۋەت بىرىنچى» تېما قىلىنغان مەدەنىي ياشلار ئورنى بويىچە ئىشەنچ تىكلەش قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ياشلار ئورۇنلىرىغا ئىشەنچ تىكلەش تاختىسى ئېسىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 2001 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات بۆلۈمى قاتارلىق 60 كوللېكتىپ ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى بولۇپ، ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسىنىڭ تىجارەت خادىمى رامىلە قاتارلىق 51 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەت دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار ئورنى» دىن 126سى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار ئورنى» دىن 708ى بار بولدى.

**بىخەتەرلىك ھەم ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى** 2001 - يىلى ياشلارنىڭ بىخەتەرلىك ھەم ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 20 نەچچە كەسىپتىكى 400 نەچچە مىڭ ياش ئىشچى - خىزمەتچى ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلۇپ، 3400دىن ئارتۇق تۈردە نەتىجىگە ئېرىشىلدى، 180 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

**ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش پىلانى** 2001 - يىلى «ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گېزىتى» 20 نەچچە سان چىقىرىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا «ئىش ئورنىدىن قالغان ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنبىرى» ئېچىلدى. بۇ ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالغان ياش ئىشچىلار كەسىپ تاللاش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەندى. ئىشچى ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ ئېھتىياجى، تەلەپلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاق مەكتىپى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيى، كارخانىچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىدە تېخنىكا - ئىقتىدار بويىچە شەكلى ھەرخىل، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەزمۇنلۇق تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. ئىش ئورنىدىن قالغان ياش ئىشچىلارنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ئىشچى ئىشلىتىشكە دائىر ئۇچۇرلار توپلىنىپ، ئۇلارغا ۋاسىتىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىندى. «ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى» يولغا قويۇلۇپ، ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ ۋە تەشكىللىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 300دىن ئارتۇق ياش ئىشچى قوبۇل قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىندى. «مەدەنىي ياشلار ئورنى»نىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ياش ئىشچىلار بىلەن ھەمدەم بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ياش ئىشچىلار «مەدەنىي ياشلار ئورۇنلىرىنىڭ تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىش» پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى كۆرسەتكەن كەسىپنى گۈللەندۈرۈش بويىچە 4 نەپەر ياش باشلامچى ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى.

**ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى** 2001 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى 4 - قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچىلارنى تەقدىرلىدى.

ئىقتىساد ـ سودا جەھەتتە كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەزالار ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. ئەنخۇي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىقتىساد ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالدى. مۇشۇ يىلى بۇ جەمئىيەتكە 70 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى. بۇ جەمئىيەتتە 4 كوللېكتىپ ئەزا، 306 يەككە ئەزا بار.

ۋاڭ شياۋيىڭ

## ياش پىدائىيلار خىزمىتى

2001 ـ يىل 3 ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ياش پىدائىيلارنىڭ بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىش كۈنى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 260 مىڭ ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشلار ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتىگە قاتناشتى، پائالىيەتتە «بىرگە بىر ياردەم» بويىچە 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) جۈپ بولۇپ مۇلازىمەت قىلدى، ئۇلار شۇ كۈنى 1000 توننىدىن ئارتۇق قار دۆۋىسىنى تازىلىدى. ياش پىدائىيلار ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، ئوقۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، خېيىمخەتەر، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يېشىللىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئاسراش، مائارىپقا ياردەم بېرىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەھەللىۋى مۇلازىمەت، پەن ـ تېخنىكا تارقىتىش، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭىچە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

4 — 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى شەندۇڭ ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ياش پىدائىيلارنىڭ تېببىي ياردەم ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كۆچ ئۇلاش پىلانىنى قانات يايدۇردى. تۇنجى تۈركۈمدە 6 كىشىلىك پىدائىيلار ئەترىتى قەشقەر شەھىرىدە يېرىم يىل پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار 700دىن ئارتۇق بىمار (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى كۆردى، 80دىن ئارتۇق ئوپېراتسىيە ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىيىن ئوپېراتسىيە 30دىن ئاشىدۇ، 80 نەپەر تۇغۇت قوبۇل قىلدى، 60 نەپەر خەتەرلىك، ئېغىر كېسەلنى قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. دوختۇرخانىدا 60 نەپەر ئادەم (قېتىم) گە ئوپچە دىئاگنوز قويدى، 2 ـ تۈركۈمدە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىرىدىن تەشكىللەنگەن مائارىپقا ياردەم بېرىش ئۆمىكىدىكى 5 پىدائىي كورلا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل ياش پىدائىيلارنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

2001 ـ يىلى خەلقئارا پىدائىيلار يىلى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار پىدائىيلار خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، «ئۆزىنى بېغىشلاش، دوستانە بولۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش» تىن ئىبارەت پىدائىيلار روھىنى جارى قىلدۇردى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتى شىخەنزە ئۆچاستكىسى قۇنۇبى يول ئاسراش رايونىدىكى ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە جۇڭگو «2001» خەلقئارا پىدائىيلار يىلى كومىتېتى «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ نام بەردى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى 98 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى شەمسىيە ئەبەيدۇللا، شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپىدىن ئابدۇشۈكۈر، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى «غالىبىيەت» مەھەللە باشقارمىسى «شەرق شاملى» مەھەللىسىدىن يۈ جيەنخاڭ قاتارلىقلارغا «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر پىدائىيلار» دەپ نام بېرىلدى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى ياش پىدائىيلار «يېشىل قۇياش نۇرى» ھەرىكەت گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ سانجى تېببىي مەكتىپى 99 ـ يىللىق كۈتۈش 2 ـ سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش ـ ئېچىش شىركىتىنىڭ ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ياش ئەترىتى قاتارلىق 10 كوللېكتىپقا «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ؛ جياڭ شۇخۇا قاتارلىق 10 كىشىگە «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش پىدائىي» دەپ؛ شىنجاڭ خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى قاتارلىق 32 ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپىغا «شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ، ئالىمجان قاتارلىق 35 كىشىگە «شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر ياش پىدائىي» دەپ نام بەردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى قاتارلىق 10 ئورۇنغا «شىنجاڭ ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى» بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتى بەردى.

چاڭ چيەن

## ياشلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا پائال ماسلىشىپ، جۇڭگو ياشلار پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يەرمەنكىسىگە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىدى، يەرمەنكىگە ياش پەن ـ تېخنىكا ئىختىساس ئىگىسىدىن 8نى، پەن ـ تېخنىكىدا

يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 35نى، پەن تەتقىقاتى ئارقىلىق يارىتىلغان ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتتىن 20نى، يۇقىرى تېخنىكىلىق كارخانىدىن 3نى تەۋسىيە قىلدى. شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بايلىق ۋە مۇھىت فاكۇلتېتىدىن پروفېسسور پولات ئابدۇقادىر قاتارلىق 3 كىشى 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى «جۇڭگو ياشلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئادىلجان

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېشىللىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئاسراش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش، تاغ - دەريالىرى گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ھالدا، ئاممىۋى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، ۋەتەننى كۆكەرتىشكە قاتنىشىشقا ۋە پىدائىيلار يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى قوغداش ئەمەلىي پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا داۋاملىق سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئورگان، كارخانىلاردىن ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ 4000دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، يامالىق تېغىدا قاقاس تاغنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 20 گېكتاردىن كۆپرەك يەرگە كۆچەت تىكتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 60 مىڭدىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈر (قېتىم) يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى ئاسراشقا قاتناشتى، ئۇلار جەمئىي 400 گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە كۆچەت تىكتى.

لو فۇيۇڭ

## يېڭى ئەسىردىكى كىتاب ئوقۇش پىلانى بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ كىتاب ئوقۇشتا جۈپ بولۇش - ياردەملىشىش پائالىيىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى شەھەر - يېزىلاردا كىتاب ئوقۇشتا جۈپ بولۇش - ياردەملىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 50 نازارەت - ئىدارە، ئورگان، ئالىي مەكتەپنى بەلگىلەپ، تۇنجى تۈركۈمدە كىتاب ئوقۇش پىلانى سىناق قىلىنىدىغان 22 ناھىيە بىلەن جۈپ بولۇش - ياردەملىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ياشلار پەن - تېخنىكا كىتابخانىسى»دىن 100نى قۇرۇشقا ياردەملەشتى. شەھەر ياشلىرى ئارىسىدا «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياشلارغا بىردىن كىتاب ئىئانە قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، جۈپ بولۇشقان يېزا، كەنتلەر 200 مىڭ پارچىگە يېقىن كىتاب بىلەن تەمىنلەندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پەن - تېخنىكا كىتاب پونكىتلىرىغا قىممىتى 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل ئىئانە قىلىندى.

چاڭ چيەن

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىيەتتىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «9 - دېكابىر» ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 66 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىيەتتىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى «غەربنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا ھەيۋەتلىك ياشلىق ناخشىسىنى يېزىپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىنغا ئۈرۈمچى رايونىدىكى 12 ئالىي مەكتەپنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى.

شۆھرەت شەۋكەت

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2001 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئالاقىدار خادىملارنى تەشكىللەپ، شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىگە ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۆھرەت شەۋكەت

## ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ياشلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ۋە 4 - نۆۋەتلىك ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى

بۇ بايراملار 2001 - يىل 4 — 6 - ئايغىچە ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت 5 ئورۇن بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. بۇ بايرامدا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، مودېللىق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بىۋاسىتە قاتناشقۇچىلار 30 مىڭدىن ئاشتى.

شۆھرەت شەۋكەت

## ئەسىر ھالقىغان دېھقانلارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئەسىر ھالقىغان ياش دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى توردە يولغا قويۇلىدىغان مەشغۇلات قائىدىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا 1 - تۈركۈمدە «ئەسىر ھالقىغان ياش دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى» تورى يولغا قويۇلىدىغان ئورۇنلارنى يوللىدى، ئۇلار مىچۈەن شەھىرى، كۇنەس ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، ئالتاي شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، قۇمۇل شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسىدىن ئىبارەت.

لو چاڭيۇڭ

## شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى

2001 - يىلى بۇ جەمئىيەت 13 قېتىم مەبلەغ توپلاش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يىل بېشىدا قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ياردەم تەلەپ قىلىش خېتى ئەۋەتىپ، پەۋقۇلئاددە زور قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئالتاي ۋىلايىتىگە 380 مىڭ يۈەن ئىئانە تەييارلاپ بەردى. 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇنى گۇرۇھىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى بىلەن بىللە تۇرپان ۋىلايىتىگە بېرىپ، «شىنجاڭ ‹تەڭرىتاغ، ئۇنى ‹ئۈمىد يۇلتۇزى، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» دىن مەنپەئەتلىنىۋاتقان ئەخلاقتا ھەم ئۆگىنىشتە ياخشى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 25 ئوقۇغۇچىنى زىيارەت قىلدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرى «ئۈمىد يۇلتۇزى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» نىڭ بارلىق يولغا قويۇلۇش جەريانىنى خەۋەر قىلدى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ رەھبىرى بىلەن «ئۈمىد يۇلتۇزى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكۈچى ئۇرۇمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۇلتاننى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «سۆيگۈ بەخت يۇلتۇزى بويىچە تەلەي سىناش - سۆيگۈ - غەمخورلۇق» پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ «جىنشىن» ھاۋالە مەبلەغ پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىگە 400 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «بۈگۈنكى سۆھبەت» پروگراممىسىدا ئۈمىد قۇرۇلۇشى مەخسۇس پروگراممىسى ئېچىپ، ئىئانە توپلاش، مەبلەغ تەييارلاش پائالىيىتىنى چاتما خەۋەر قىلىپ تەشۋىق قىلدى.

مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ 2000 - يىللىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى مەخسۇس تۈر بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلدى، ھەر خىل چىقىم ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ چىقتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ نازارەتچىلىكى قوبۇل قىلىندى. 10 - ئايدا «ئۈمىد يۇلتۇزى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن 151 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى، مەبلەغنىڭ نەقلىشىش ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى شىنجاڭ مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى 5 ـ، 7 ـ، 10 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە 22 ناھىيە، شەھەردىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ سېلىش سۈپىتى، مەكتەپ سېلىش كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى، مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە ياردەم بېرىش، ئۇنى سېلىش جەھەتتىكى تۈرلەرنىڭ «ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇلىدىغان قائىدە»گە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ياردەم بېرىش خىزمىتى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 3 مىليون 527 مىڭ 53 .66 يۈەن ئىئانە توپلاپ، 17 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سالدى ۋە سېلىۋاتىدۇ، ئەخلاق ھەم ئۆگىنىشتە ياخشى، قىيىنچىلىقى ئېغىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسىدىن 25ى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 19ى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 5ى «ئۈمىد يۇلتۇزى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى»غا ئېرىشتى، ئوقۇشسىز قالغان 1300دىن ئارتۇق بالىغا ياردەم بېرىلدى. «100 دۇكان بىرلىكتە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى»دە ئۈمىد قۇرۇلۇشى بويىچە ئىئانە توپلاش ساندۇقى 2000 ـ يىلىدىكى 58دىن 88گە يەتتى. «قىزىل لاچىن» ئۈمىد كىتاب ئامبىرىدىن 40 يۈرۈش (ھەر يۈرۈشى 9دىن 1500 پارچە)، «سەنچىن» فىلىم ئامبىرىدىن بىر يۈرۈش سەپلەپ بېرىلدى. 12 ـ ئايدا «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 50ى تاللىنىپ، شاڭخەيدىكى تەربىيىلەش مەركىزىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

جاڭ شىنپىڭ

## ياشلار ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەندى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ياشلار بىرلەشمىسى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە 4 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش»كە باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «110» ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 60 ئورۇنغا «شىنجاڭ بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، نىجات قاتارلىق 100 كىشىگە «ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى.

ئادىلجان

## ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسىغا نام بېرىلدى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 40 ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسىغا نام بەردى. ئۇلار مۇنۇلار: ئىلى لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى، ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي، تولى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك سىبرجان ئابدەن ئىش ـ ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق مۇزېي، گۇچۇڭ ناھىيىلىك قۇربانلار قەبرىستانلىقى، ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسىنىڭ ئەسلى ئورنى خاتىرە سارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى مەركىزى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي، تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرى، قۇمۇل غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى، قۇمۇل قۇربانلار قەبرىستانلىقى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك قۇربانلار قەبرىستانلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇزېي، ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، كۇچا ناھىيىلىك لىن جىلۇ قۇربانلار خاتىرە سارىيى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ۋۇ دېگيۇننىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى، قەشقەر شەھىرى خەلق مەيدانى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك قۇربانلار قەبرىستانلىقى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە پاختەكلى يېزىلىق كۆرگەزمىخانا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قاراقاش دەرياسى تومىسى (ۋاڭ ۋېيىنىڭ قەبرىسى)، ئۇلۇغئاتا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، خوتەن ناھىيىسىدىكى ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش خاتىرە مۇنارى، قاراماي كان تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى 1 ـ تۇەن ـ مەيدان تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 64 ـ تۇەن ـ مەيدانى قەھرىمان سۇڭ لۇەنچى قەبرىسى، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 72 ـ تۇەن ـ مەيدان تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى قەھرىمان سۇن لۇڭجېننىڭ خاتىرە مۇنارى، يېزا ئىگىلىك 14 ـ شى 47 ـ تۇەن ـ مەيداندىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە كىرگەنلىك خاتىرە مۇنارى، شىخەنزە ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى، شىخەنزە جۇ ئېنلەي-زۇڭلى خاتىرە مۇنارى، شىخەنزە ئەي چىڭ شېئىرلىرى سارىيى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار كۆرگەزمىخانىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى زاۋۇت تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، تارىم نېفىتلىكى نېفىت كۆرگەزمىخانىسى.

چاڭ چيەن

## ياشلار تاشقى ئىشلىرى خىزمىتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا ئالاقىلىشىش بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، سىنگاپور يىڭئەن تېبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ تۈرلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ شياڭگاڭ غەربىي كەڭ ئېچىش زىيارەت ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. گېرمانىيە بېرلىن ئىقتىساد ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن 18نى تەشكىللەپ، گېرمانىيىدە 16 كۈن تەربىيىلەش ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق مېھمان (قېتىم)

نى كۆتۈرۈۋالدى. 40 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى چەت ئەلگە چىقىشقا تەشكىللىدى.

ئادىلجان

### «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

2001 ـ يىلى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا شىنجاڭ «يىگىتلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئوقۇغۇچىلار يالغۇز زۇكۇرۇق دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسمۈرلۈكنى بايقىدى» دېگەن خەۋەر يېزىق تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «شىخەنزە گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «گۈزەل ياشلىق باھارى بىھۇدە ئۆتمىسۇن» دېگەن ئاخبارات يېزىق تۈرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «چىلاق ساقلاش» ناملىق مەخسۇس فىلىم تېلېۋىزىيە تۈرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چاڭ چيەن

### كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا باھالاش پائالىيىتىدە، شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن «غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنىڭ ئەكس ساداسى» دېگەن ئەسەر كىتاب تۈرلىرى بويىچە تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا، «پىدائىي» دېگەن ئەسەر ناخشا تۈرلىرى بويىچە تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا، «يېشىل قاراۋۇلخانا» دېگەن ئەسەر رادىئو دراممىسى تۈرلىرى بويىچە تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىتتىپاق كومىتېتى قانات يايدۇرغان «تارىم دەرياسى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر يېشىل ئۈمىد قۇرۇلۇشى» «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى بويىچە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چاڭ چيەن

### تەقدىرلەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا 2000 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دىن 193نى، «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى» دىن 96نى، «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى» دىن 49نى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ـ سودا ئىنستىتۇتى 98 ـ يىللىق يەر پىلانلاش ۋە يەر ئىشلىتىش تولۇق كۇرس 2 ـ سىنىپى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى ئۈلگىسى بولۇپ، سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى 98 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپى مەملىكەتلىك ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى بولۇپ، خۇالڭ يۈەن قاتارلىق 3 ئوقۇغۇچى مەملىكەتلىك «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ، ئالىم ئابدۇراخمان قاتارلىق 5 ئوقۇغۇچى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى بولۇپ باھالاندى. بۇلاردىن باشقا زۇمرەت قاتارلىق 3 ئوقۇغۇچى جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «جيەنخاۋ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» غا، ئەكبەر قاتارلىق 11 ئوقۇغۇچى مەملىكەتلىك «خېگىڭەن ئۆزىنى كۈچەيتىش ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» غا ئېرىشتى.

شۆھرەت شەۋكەت

## ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

### ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن 10 مىڭ 345ى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتىدىن 4087سى، ئاياللار كەسپىي جەمئىيىتى، بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 921ى بار بولدى. 2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 22 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاياللار خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 — 2005 ـ يىلغىچە ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى.

ئىدىيىۋى تەربىيە 2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلغان ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش ـ تەربىيە پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش توغرىسىدا پىكىر»، «ئاياللارنى ‹فالۇن گۇڭ› سى، بىدئەت تەشكىلاتى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشقا يېتەكچى، سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «‹پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ‹يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش› نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

لارنى تارقىتىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، تۈپ پروگراممىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، «تۆتنى ئىگە بولۇش»، «تۆت ئۆز» تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. 1 - ئاينىڭ 16 -، 17 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 2000 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىلىنىپ، 2001 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ «فالۇن گوڭپىسى»نى چوڭقۇر پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، «ئائىلەم بىدئەتچىلىكنى رەت قىلىدۇ، ئاياللار مەدەنىيلىكنى تەرغىپ قىلىدۇ» دېگەن تېمىدا ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنىڭ 91 يىللىقىنى خاتىرىلەش چاي سۆھبىتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئايال رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى ۋە قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماس قىلىنغانلىقىنى قوللاش يۈزىسىدىن «يېڭى ئەسىر، يېڭىچە ئاياللار» نامىدىكى ئۆزۈڭنى يۈگۈرۈش پائالىيىتى ۋە «ئاياللارنىڭ بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش پائالىيىتى» ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتكە ئاپتونوم رايوندىكى 53 ئورۇندىن 3800 ھەر مىللەت ئايال قاتناشتى، ئۇلار 8.3 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى يۈگۈرۈپ، بېيجىڭنىڭ 2008 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. 5 - ئاينىڭ 26 ~ 28 - كۈنلىرىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش پائالىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 37 كوماندا ئەزاسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاياللار بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇلار «24 ھەرىكەتلىك تەيجى گۇڭپىسى»دا چېمپىيون، «42 ھەرىكەتلىك تەيجى گۇڭپىسى»دا 2 -، گۈزەللىك گىمناستىكىسىدا 3 -، دارۋازلىق ماھارىتىدە مۇنەۋۋەر، ئۈزگىچە ماھارەت بويىچە 1 - بولدى؛ ۋارىسار توپتا تەنتەربىيە ئىستىلى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تودۇڭخابا رايونى تودۇڭخابا مەھەللە باشقارمىسىغا «ئاياللارنىڭ بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش پائالىيىتى، دىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بەردى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھەر مىللەت - ھەرساھە ئاياللىرىنىڭ «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پروگراممىسى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىدىن 70 ۋەكىل قاتناشتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 - يىللىق ،بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە،لەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ 2 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «ئاپتونوم رايون بويىچە بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە»دىن 100نى، «ئاپتونوم رايون بويىچە بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە ئۈلگىسى»دىن 10نى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پرگراممىسى»نى پائال تەشۋىق قىلدى، ئائىلىدە كىتاب ئوقۇش، ئائىلە مەدەنىيىتىنى يولغا قويۇش، ئائىلىدە مۇھىت ئاسراش، دېھقان ئائىلىلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش، مەدەنىي بىنا - ھويلا بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاپ، قىزىلسۇ، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلىدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ خىزمەت ئاپتوموبىلى خىراجىتى ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردى؛ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «تەبىئەت مېھرى، ئانا سۆيى» تورى ئۈچۈن 2 مىليون يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى؛ ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىئانە پۇلى ئېلىپ بەردى.

«ئىككى پروگرامما»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى «2001 — 2010 - يىلغىچە بولغان جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى» بىلەن «جۇڭگو ئاياللار تەرەققىيات

پروگراممىسى» (قىسقارتىلىپ «ئىككى پروگرامما» دېيىلدى) دىكى تۈرلۈك نىشاننى تەشۋىق قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئىككى پروگرامما» نىڭ 90 - يىللاردىكى تۈرلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش سالمىقىنى كۆچەيتتى ۋە ئىلگىرى سۈردى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ 90 - يىللاردىكى «ئىككى پروگرامما» نى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش، باھالاش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى تەكشۈردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاياللار تەرەققىيات پروگراممىسىنىڭ 90 - يىللاردىكى 11 نىشانىدىن 8ى ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا ئىكەن، 3نى بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. باللار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسىنىڭ 90 - يىللاردىكى 24 نىشانىدىن 10ى ئەمەلگە ئاشقان، 9ى ئەمەلگە ئاشمىغان، 5ى توغرىلىق مەلۇمات يوق.

2001 - يىلى 29 نامرات ناھىيىدە «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى خىزمىتى باشلاندى، بۇ تۈر ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت قولغا كەلتۈرۈلدى. سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 29 نامرات ناھىيىدە ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە بوۋاقلاردىكى قاتما كېسەللىكنى يوقىتىش تۈرى يولغا قويۇلدى. يەنجى، چەرچەن، قۇمۇل، شىخۇ قاتارلىق 5 ناھىيە، شەھەرنىڭ 70 يېزا، 583 كەنتىدە دوختۇرخانىدا تۇغۇشنى تەشۋىق قىلىش، ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش مەزمۇن قىلىنغان پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى. 1 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «AAA» (باھالاش، ئانالىز قىلىش، ھەرىكەت) ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، تارماقلار ئارا ھەرىكەت پىلانى تۈزۈش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى يولغا قويۇلغان 23 ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، سەھىيە ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ 120 كىشى قاتناشتى. شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى 8 — 10 ئايغىچە «ئانىلارنىڭ تەبەسسۇمى ئۈچۈن، ئەتىكى قۇياشنى كۈتۈۋالايلى، ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنايلى» دېگەن تېمىدىكى ھاياتلىق بىلىملىرى سىنئالغۇ فىلىمىنى 1 — 4 - قىسىمغىچە كۆرسەتتى. ئاساسىي قاتلاملارغا «ئىككى پروگرامما» غا دائىر تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 3000 نۇسخىدىن ئارتۇق، «باللارغا لايىق دۇنيا يارىتايلى» ناملىق لازىر تۈرلۈك دىسكىدىن 106 يۈرۈش تارقىتىلدى.

2001 - يىلى گوۋۋيۈەن ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتى مۇپەتتىش گۇرۇپپىسى بىلەن سەھىيە مىنىستىرلىكى مۇپەتتىش گۇرۇپپىسى لوپ، يەكەن، يەنجى، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىگە بېرىپ، «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرىنى مۇپەتتىش قىلدى ۋە تەكشۈردى، شىنجاڭ بۇ تۈردە 50 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى ئالدى.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىر 296 مىڭغا يېتىپ، ئومۇمىي كادىرنىڭ %3 . 45نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئايال كادىر 3؛ نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئايال كادىر 77 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %7 . 6نى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 1402 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %4 . 12نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئايال كادىر سەپلەندى، 96 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە 1 - قول ۋە مۇئاۋىن ئايال رەھبىرىي كادىردىن 173ى، يېزا، بازار (مەيدان) لارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە 1 - قول ۋە مۇئاۋىن ئايال رەھبىرىي كادىردىن 815ى سەپلەندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، زاپاس ئايال كادىرلار ئىختىساس ئىگىلىرى ئامبىرىدا ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك زاپاس ئايال كادىردىن 1231ى بار بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار ئايال كادىردىن 231 مىڭ 38ى بولۇپ، بارلىق ئايال كادىرنىڭ %1 . 78نى ئىگىلەيدۇ.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئايال كادىرلارنىڭ ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرىدىن 84نى تەربىيىلىدى. ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى كادىرىدىن 8نى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تيەنجىندە ئاچقان غەربىي رايون ئايال كادىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك 4 كادىرنى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلغان نەزەرىيە كۇرسىغا قاتناشتۇردى. باشقارما دەرىجىلىك بىر كادىرنى ئىچكىرىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى. ش ئۇ ئا ر ئايال كادىرلار مەكتىپى 2500دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام ئاياللىرىنى تەربىيىلىدى.

جىلق يەن

«ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 2001 - يىلى «ئاياللارنىڭ

مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى» ۋە «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەر ئاياللىرى ئارىسىدا «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ پائالىيەتكە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى 223 مىڭ 365 ئايال قاتناشتى، بۇلار ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللارنىڭ 41.3%نى ئىگىلەيدۇ. مۇسابىقە داۋامىدا ئۇلار كارخانا ئۈچۈن 520 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى. جايلاردا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتىدىكى 2245 ئىلغار شەخس، 562 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىرلىكتە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تارماقلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى، شەھەر - بازارلاردىكى مەھەللە باشقارمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ ئاياللار كومىتېتىدىن 34 كادىرنى مەھەللە خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن شاڭخەيگە ئەۋەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسىدىن 1 مىليون 856 مىڭ 787 قارار ئېچىلىپ، شەھەر - بازار ئاياللىرىدىن 1 مىليون 58 مىڭ 210ى تەربىيىلەندى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپىنى بازا قىلىپ، پىچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش، كەشتىچىلىك، ھۆسن تۈزەش، تىككۈچىلىك قاتارلىق ياراملىق تېخنىكىلار بويىچە كۇرس ئېچىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنى تەربىيىلەش، گۇۋاھنامە بېرىش، ئىشقا تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئىش ئورنىدىن قالغان 8000دىن ئارتۇق ئايال ئىشچىنى تەربىيىلەپ، 5000دىن ئارتۇق ئايال ئىشچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلغان. مەھەللە مۇلازىمەت گەۋدىسىدىن 176نى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 6300دىن كۆپرەك ئايال (قېتىم) نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «‹جۇڭگو ئايال پىدائىيلىرى› قوشۇنى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «‹جۇڭگو ئايال پىدائىيلىرى›غا بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ۋە ئەلا مۇلازىمەتنى ھەممە ئۆيگە يەتكۈزۈش، پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشتىكى پائالىيەتلەرنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى 505 پىدائىيلار ئەترىتىدىن 14 مىڭ پىدائىي شۇ جايلاردىكى بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

2001 - يىلى «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئەسلىدىكى تۆمۈر يول، پوچتا - تېلېگراف، پۇل مۇئامىلە، سەھىيە، سودا قاتارلىق 10 چوڭ كەسىپتىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پەن - مائارىپ - سەھىيە - مەدەنىيەت ۋە تورلۇك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغىچە كېڭىيىپ، «بىر ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ، بىر تالاي ئادەمنى يېتەكلەش، بىر ۋۇجۇدىكا ئېرىشىپ، بىر بايراق تىكلەش»تەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. 3 - ئايدا مەملىكەتلىك شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈچۈش بۆلۈمى ئايروپىلان مۇلازىمىتى چوڭ ئەترىتى «كۆك ئاسمان» ئايروپىلان مۇلازىمىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش گۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى ئادىل سودا ئىدارىسى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئىشخانىسى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمى يېڭى دېموكراتىيە يولى تارماق بانكىسى تىجارەت ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسى ئوراش بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق يولى تارماق بانكىسى شەرقىي دوستلۇق يولى شۆبە باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى بىيجىڭ پويىزى ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى» مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق يەرلىك باج ئىدارىسى سودا شەھەرچىسى باجخانىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك مېھمانخانا، شىخەنزە تەجرىبە باللار باغچىسى، شىخەنزە شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى گۈلباغ تارماق پوچتا ئىدارىسى، بورتالا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى، ئىلى ئوبلاستلىق «قىزىل بايراق» باللار باغچىسى، غۇلجا شەھەرلىك تەجرىبە باللار باغچىسى، سودا - سانائەت بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق بانكىسى تىجارەت بۆلۈمى شەرقىي خەلق يولى شۆبە باشقارمىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى كوناشەھەر پوچتا تىجارەت زالى، قۇمۇل قىزىل كرېست جەمئىيىتى دوختۇرخانىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شىخو شەھەرلىك

خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار كومىتېتى، خوتەن ياختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئاخىرقى ئېگىرىش سېخى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاياللار كومىتېتى، قابا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ۋۇجياچۈ «چىڭخۇ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پىششىقلاش سېخى 9 - ئىستانوك سۇپىسى، قاراماي نېفىت شىركىتى نېفىت تارتىش ئىشخانىسىدىن ئىبارەت 25 ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئىش ئورنى» دەپ نام بەردى؛ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تەتقىقات ئورنىغا مەملىكەت بويىچە «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى ئورۇن دەپ نام بەردى؛ يۈ جۈلىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)، رابىيە ھېمىت (قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى) لەرگە مەملىكەت بويىچە «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بەردى؛ زەكىيە مۆمىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك راھەت سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، خۇ پېيلەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يېڭى دۇنيا» ئائىلە مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، جياڭ گۈيخۇا (قەشقەر ۋىلايەتلىك نەنيۈەن مېھمانخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە باش دىرېكتور) لارغا مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىدىكى باشلامچى» دەپ نام بەردى؛ جاڭ خەيۋېن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خەيۋېن» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، لى خۇا (شىنجاڭ «بەيشاڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، جاڭ يۈەنچىڭ (شىنجاڭ «يۈڭشىڭ» شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتورى)، جاۋ يۈڭچىڭ (جىمسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، سۇڭ شيۇجيۇ (جىڭ ناھىيىلىك بالىلار باغچىسىنىڭ باشلىقى)، دۇڭ سەيخۇڭ (ئىلى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا كۆتۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، گاۋ خۇڭشيا (قۇمۇل يۈڭ توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسى)، چيۇ يەنبي (جۇڭگو لييەنتۇڭ شىركىتى ئاقسۇ شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، گۈلباھار (قەشقەر چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ئامىنە ئابلەت (خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، فەن جۈخۇا (بىڭتۈەن 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈسكۈنە پونكىتىنىڭ كىران شوپۇرى)، مەۋلۇدە (دۆربىلجىن ناھىيىلىك شەھەر - بازار سەھىيە - ساقلىق ساقلاش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، خۇاڭ شۇپىڭ (ئالتاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى)، ئايشەم زۇنۇن (يوگۇر ناھىيىلىك «گۆرۈك گۆھىرى» مېۋە مەھسۇلاتلىرى سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى ئاياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) دىن ئىبارەت 14 كىشىگە مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى» دەپ نام بەردى.

3 - ئايدا جۇڭگو ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتى جاڭ جۈچىڭ (شىنجاڭ «لىڭچىڭ» كۆكتات - مېۋە چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى) غا «2001 - يىللىق ئىگىلىك تىكلەشتە كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال» دەپ نام بەردى.

8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شەھەر - يېزا خىزمىتى بۆلۈمىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

جىڭ يەن

## «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1 مىليون 231 مىڭ 320 ئايال «سىياسەت ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقتا، ئەتىجىدە، تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى، پائالىيەتكە قاتناشقانلار ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئايال ئەمگەك كۈچىنىڭ 28.89%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئايال 643 مىڭ 227.

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «ئاياللارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇشنى باشلامچى قىلىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، «8 - مارت، كۆمۈش گۈل مۇسابىقىسى»، «ئون ماھىر تېرىقچىنى تاللاش مۇسابىقىسى»، «تۆت چوڭ زىرائەت بويىچە ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئۆلچەمگە يېتىش مۇسابىقىسى»، «سالا ئېتىزدىن مول ھوسۇل ئېلىش مۇسابىقىسى»، «مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈش مۇسابىقىسى» قاتارلىق ئۆزگىچە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا بىلىملىرى كۇرسىدىن 444 مىڭ 507 قارار ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 697 مىڭ 700 ئايال تەربىيىلەندى؛ 77 مىڭ 898 ئايال ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتناشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

رايونلىرىدىكى 21 مىڭ ئايال ساۋات چىقاردى. 4822 ئايال ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇدى. 534 مىڭ 342 ئايال 2دىن ئارتۇق يارامىلىق تېخنىكا ئىگىلىۋالدى. 6626 ئايال دېھقان تېخنىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 69 مىڭ 217 ھەر مىللەت ئايال (قېتىم) «8 - مارت» يېشىللىق قورۇلۇشى بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 26 مىليون 234 مىڭ 284 تۈپ كۆچەت تىكتى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاياللار» نامىلىق بازىدىن 9000دىن ئارتۇق بازا قۇرۇلدى، 51 مىڭ 172.27 گېكتار يەردە «8 - مارت» ئورمان بەلۋېغى، 48 .1580 گېكتار يەردە «8 - مارت» مېۋىلىك باغ، 244.7 گېكتار يەردە «8 - مارت» كۆچەتلىكى، 1714.57 گېكتار يەردە «8 - مارت» يېشىللىق بازىسى بەرپا قىلىندى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بېرىلگەن 2 مىليون 578 مىڭ يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاياللارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئىشلەتتى، بۇنىڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە 31 ناھىيىدىكى 5400دىن ئارتۇق نامرات ئايال بىۋاسىتە نەپكە ئېرىشتى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئالاقە نۇقتىسىدىن 16 مىڭ 553ى قۇرۇلدى، ئايال ماھىرلار ئالاقە باغلىغان نامرات ئائىلە 72 مىڭ 413كە يەتتى، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 37 مىڭ 497 جۈپ بارلىققا كەلدى، نامراتلارنى يۆلەش گەۋدىسىدىن 416سى قۇرۇلدى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 1319ى قولغا كەلتۈرۈلدى، 33 مىڭ 600 ئايالنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

جىلىڭ يەن

## ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئاياللار قانۇنى» دېيىلىدۇ) ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش چارىسى» دېيىلىدۇ) داۋاملىق تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئەدلىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئەدلىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ھەپتىلىكى پائالىيىتى بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، «8 - مارت» ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدلىيە نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، 30 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى.

2. قانۇن چىقىرىشقا ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىغا قاتنىشىش سالمىقى كۈچەيتىلدى. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىدىن 70 نەچچە خىزمەتچى قاتناشقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى (تۈزىتىلمە لايىھىسى)» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىكاھ قانۇنى» دېيىلىدۇ) بويىچە پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «نىكاھ قانۇنى»دىكى ئائىلە زوراۋانلىقى، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى قوغداش، پەرزەنتلەرنىڭ بېقىلىش خىراجىتى ئۆلچىمى قاتارلىق 11 مەسىلە ئۈستىدە تۈزىتىش پىكرى ۋە تەكلىپ بېرىلدى. 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يېڭى «نىكاھ قانۇنى» بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەندى، لېكسىيىنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى شۇنداقلا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بارلىق كادىرلىرى بولۇپ 150 نەچچە كىشى ئاڭلىدى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ لۇ ئۈرۈمچى رايونىدىكى 125 ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرىغا «نىكاھ قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىلىق مەخسۇس دوكلات بەردى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاساسىي قاتلام ئاياللىرىنى «نىكاھ قانۇنى» بىلىملىرى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسىغا ئۇيۇشتۇرۇش، «نىكاھ قانۇنى» بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، كوچىلاردا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، قانۇننى يېزىلارغا يەتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېڭى «نىكاھ قانۇنى»نى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىنىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنىڭ 4 - بەش يىللىق پىلانى»نى ۋە «ئاياللار

بىرلەشمىسى سىستېمىسىدا «4 - دېكابىر، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «زەھەرنى ئۆيۈمگە يوللاتمايمەن» ناملىق پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايون بويىچە «زەھەرنى ئۆيۈمگە يوللاتمايمەن» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ 3 يىللىق يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تارقاتتى. پائالىيەت مەزگىلى 2001 - يىل 1 - ئايدىن 2003 - يىل 6 - ئايغىچە قىلىپ بېكىتىلدى. 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئاساسىي قانۇن ئۇقۇمىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» تېمىسىدا مەخسۇس دوكلات ئۇيۇشتۇرۇلدى. جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى رادىئو، تېلېۋىزىيىلەردە تەشۋىق قىلىش، تام - تاختاي گېزىتى چىقىرىش، لوزۇنكا چاپلاش، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقىتىش، قانۇن بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، «ئاياللار قانۇنى» ۋە يېڭى «نىكاھ قانۇنى» تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى، بۇ ئارقىلىق قانۇن ساۋاتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى شەھەرلەردە %90كە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا %70كە يەتتى.

3. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاياللار قانۇنى» تەشۋىقاتى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، ئايالارنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنىڭ ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇۋاتقانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا يوللىدى. ھەر دەرىجىلىك ئايالار بىرلەشمىلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، نىكاھتىن ئاجراشقان بەزى ئايالارنىڭ مال - مۈلۈك، ئۆي، يەر ئايرىش، پەرزەنتلىرىنى بېقىش، ئائىلە زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا ئۇچراشقا دائىر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئايال - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئايالار بىرلەشمىسى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 585 ئادەم (قېتىم) نى، 360 پارچە خەتنى قوبۇل قىلىپ، 73 پارچە خەتنى بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئايالار بىرلەشمىلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 5500دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) نىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئىلى، ئاقسۇ، قاراماي، ئالتاي، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە «ئايالار - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كېچەشمە سوتى» قۇرۇلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئايالار بىرلەشمىسى مەھەللىلەردە ئايالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش پونكىتىدىن 320نى قۇردى.

جاڭ يەن

## بالىلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

1. «2001 ~ 2010 - يىلغىچە بولغان جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى» تەشۋىق قىلىندى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى؛ «90 - يىللاردىكى جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىك باھالاش سالمىقى كۈچەيتىلدى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى ھارپىسىدا ش ئۇ ئا ر ئايالار بىرلەشمىسى «2001 - يىللىق «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئايالار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. شۇ كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش - ھال سوراش ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «قىزىلبايراق» بالىلار باغچىسى، شەھەرلىك سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش - قوغداش مەركىزى، شىنجاڭ گاس بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى، شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورنىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بالىلار ۋە يېتىم، مېيىپ بالىلاردىن ھال سورىدى ھەم ئۇلارغا بايراملىق سوۋغا بەردى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئايالار بىرلەشمىسى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرىدا «ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «سۆيەتلىك تۇغۇش، سۆيەتلىك تەربىيىلەش»كە دائىر بىلىم تارقاتتى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇ ھەقتە نەق مەيداندا مەسلىھەت بەردى، 1500 نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 300دىن ئارتۇق بالا ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلار پسىخولوگىيىسى، فىزىئولوگىيىسى،

بالىلار تەربىيىسىگە دائىر قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىنى ئۆتكۈزدى.

2. ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى. 2001 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى ئېچىلدى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ماتارىپ نازارىتى، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە «ئىلىم - پەن نۇرى ئائىلىلەرنى يورۇتسۇن» دېگەن تېمىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ماتارىپ نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى ۋە ھەر مىللەت ئائىلە باشلىقلىرىغا «ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش، بىدئەتچىلىكنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشىنى توسۇش تەشەببۇسنامىسى» چىقاردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تەشەببۇسنامە»نى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە 4 خىل تىلدا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ تەشۋىق قىلدى. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ماتارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە يازغان تۇنجى يۈرۈش ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى دەرسلىكى — «ئالتۇن شەپەقلىق قۇياشنى تەڭ كۆتۈرۈش» رەسمىي تارقىتىلدى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئىلى ئوبلاستىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2 قارار ئائىلە تەربىيىسى ئايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 50 ئايانچىنى تەربىيىلىدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ بالىلارنى مەكتەپ سىرتىدا تەربىيىلەش بازىسىدىن پايدىلىنىپ، باسقۇچلۇق ئېنگلىز تىلى، رەسىم سىزىش، خەتتاتلىق، سىدام سىزما، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چاماشچىلىق، كىنو - تېلېۋىزىيە ئاكتيورلۇقى كەسپلىرى بويىچە 21 تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 430 ئۆسمۈر، بالىنى تەربىيىلىدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىردىن 2نى تاللاپ، ئامېرىكىغا ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتتى.

12 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ماتارىپ مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9 - باشلانغۇچ مەكتەپ، شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سانجى ئوبلاستلىق 1 - بالىلار باغچىسى، جىڭ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «قەلبداشلار» ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى، قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بىڭتۇەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قۇمۇل شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپكە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى» دەپ؛ جاۋ فۇيىڭ (ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس)، قىمىزخان مەخسۇر (قاراقاش ناھىيىسى قاراساي يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى)غا «مەملىكەت بويىچە ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ؛ شى ياڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماتارىپ تەتقىقات مەركىزىدىن، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى)، ياۋ خۇيجۈەن (ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جى شېنيىڭ (شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسسورى)، تاڭ شىنخۇا (بىڭتۇەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى)غا «مەملىكەت بويىچە ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىدىكى باغۋەن» دەپ نام بەردى.

2001 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن «ئەسىر بوۋىقى» شىنجاڭ مۇلازىمەت مەركىزى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك بالىلار باغچىلىرىدا «ئەسىر بوۋاقلىرىنىڭ خاسلىقىنى يېتىلدۈرۈش بويىچە ئائىلە ساپا ماتارىپىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى»نى تەسىس قىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يېڭىدىن 100 ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى ئاچتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى 5627گە يەتتى.

3. «غۇنچىلار» پىلانىنى يولغا قويۇش، نامرات قىز بالىلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى. 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 1994 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە 3 قارار يولغا قويغان ‹غۇنچىلار پىلانى›نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا دائىر تەكشۈرۈش ستاتىستىكا جەدۋىلى»دىن 30 نەچچە مىڭ نۇسخا تارقاتتى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 26 ناھىيىدە «غۇنچە قىزلار ‹ئۈمىد› باشلانغۇچ مەكتىپى»دىن 2سى، «غۇنچە قىزلار سىنىپى»دىن 265ى ئېچىلغان، جەمئىيەتتىن 5 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە ئېلىنىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئوقۇشسىز قالغان 15 مىڭدىن ئارتۇق قىز بالىغا ياردەم قىلىنغان. ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئوقۇشسىز قالغان يەنە 10 مىڭدىن

ئارتۇق قىز بالا ياردەمگە مۇھتاج ئىكەن. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتىگە يوللاپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىئانە - ياردەم مەبلىغىنى قولغا كەلتۈردى. 4 - ئايدا خېنەن ئۆلكىسى جياۋزو شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئوقۇشتىن قالغان ۋە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 50 قىز بالىغا ياردەم قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بۇ قىزلار سىنىپىغا «خېنەن جياۋزو شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قىزلار سىنىپى» دەپ نام بەردى. 5 - ئايدا جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ 1 - قارارلىق (3 يىللىق) بەرگەن 860 مىڭ يۈەن ئىئانىسىنى قولغا كەلتۈردى. مورى ناھىيىسىگە 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «قوراللىق ساقچى غۇنچىلار (ئۈمىد) مەكتىپى» دىن بىرنى سالدى، بۇ مەكتەپتە 9 - ئايدا ئوقۇش باشلاندى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى، سانجى شەھىرى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، بورتالا شەھىرى، كورلا شەھىرى، كەلپىن ناھىيىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 -، 6 - شىلىرىدە «قوراللىق ساقچى غۇنچە قىزلار سىنىپى» دىن 11نى ئېچىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئوقۇشسىز قالغان 800دىن ئارتۇق قىز بالىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى.

7 - ئاينىڭ 7 -، 8 - كۈنلىرى جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ۋە گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ «قوراللىق ساقچى غۇنچىلار» تۈرى خىزمىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، نامرات قىز بالىلار ئائىلىلىرىنى ۋە «غۇنچە قىزلار سىنىپى» نى يوقلىدى، قىز بالىلارغا ئۆگىنىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھال سوراش پۇلى بەردى، ھەربىر «قوراللىق ساقچى غۇنچە قىزلار سىنىپى» غا بىردىن فوتو ئاپپارات سوۋغا قىلدى.

جىڭ يەن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

1. 2001 - يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئارقىلىق ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى، ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش، ئايلانما مەبلەغ تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى. 1) تەربىيىلەش تۈرلىرى: تۈرلەر بويىچە تەربىيىلەش خىراجىتىدىن 100 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش تۈرى ئىجرا قىلىندى. 2 - ئايدا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ مەكتەپلىرىدە ساغلاملىق تەربىيىسىگە قاتنىشىش شەكلىدىكى ھەمراھلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 30 كىشى قاتناشتى. 6- ئايدا ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق 4 ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىر كارخانا ئوتتۇرا مەكتىپىنى تۈر مەكتىپى قىلىپ بېكىتتى؛ 8 - ئاينىڭ 19 — 23 - كۈنلىرىگىچە «شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلىگۈچىلەر كۇرسى» ئاچتى، كۇرسقا 30 كىشى قاتناشتى، كۇرستا ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىدىن كەلگەن 4 مۇتەخەسسىس دەرس سۆزلىدى. 12 - ئاينىڭ 2 — 7 - كۈنلىرىگىچە شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى بىلەن ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە «بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى، بالىلار باغچىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە يەسلى مائارىپى مەخسۇس كادىرلىرىدىن بولۇپ 25 كىشى تەربىيىلەندى. 2) تەشۋىقات تۈرلىرى: 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى، مائارىپ نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات ماتېرىيالى ABCنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ، 11 مىڭ يۈرۈش ئىشلىدى؛ «شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەمراھلار تەربىيىسى قوللانمىسى» دىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 4200نى بېسىپ تارقاتتى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە تۈر قىلىنغان 5 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 20 پىدائىينى تەشكىللەپ، «دۇنيا ئەيدىز كۈنى» مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەنگەن كۆپ تەرەپلىمىلىك تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىگە دائىر تەشۋىقات ۋەرەقلىرىدىن 400 يۈرۈش 1200 نۇسخا تارقاتتى، 8 تاختاي گېزىتنى كۆرگەزمە قىلدى، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ

ئالدىنى ئېلىش تونۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس فىلمىنى كۆرۈشكە، تاختاي كېزىتىنى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىدى، 30 پىدائىي ئوقۇغۇچىنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئوقۇغۇچىلار ھەمراھلىرىغا قاتنىشىش جەھەتتىن تەربىيىلىدى. 3) ئاياللارنىڭ تەرەققىياتقا قاتنىشىش ئايلانما مەبلەغ تۈرى. 2001 - يىلى ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئايلانما مەبلەغ تۈرى خىراجىتىدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن گۇما، يۇرۇڭقاش ناھىيىلىرىدە داۋاملىق ئايلاندۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 2000دىن ئارتۇق نامرات ئاياللار ئائىلىسى بىۋاسىتە نەپ ئالدى. 7 - ئاينىڭ 21 — 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزى گۇما ناھىيىسىنىڭ ب د ت باللار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئايلانما مەبلەغ تۈرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى ۋە باھالىدى؛ خوتەن ناھىيىسى بىلەن 2 - قارار ئايلانما مەبلەغ تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى.

2. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى جۇڭگو - كانادا ھەمكارلىق مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى ئارقىلىق ئىجرا قىلغان كانادا ئەلچىسى فوندى تۈرى. 2001 - يىلى 2000 - يىل تەستىقلىتىشقا يوللانغان 7 تۈرنىڭ مەبلىغى نەقلەشتى، بۇنىڭدا «ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى سەھىيە - ساقلىق ساقلاش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى»، «ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى قوغۇن ۋە كەنجى تاۋۇز تېرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش تۈرى»، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئائىلىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا توخۇ بېقىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەش تۈرى»، «يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش، سەھىيە - ساقلىق ساقلاش بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى»، «قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى ئانارنى كۆچۈرۈپ تىكىش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى»، «يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى بادام پەرۋىشى جەھەتتە يارامىلىق تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى»، «يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى قارا ئۆرۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى» دىن ئىبارەت 7 تۈر ئىجرا قىلىندى، بۇلارغا تۈر مەبلىغىدىن 766 مىڭ 400 يۈەن ئىشلىتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىدىن 1650ى تەربىيىلەندى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 34 تۈرنى يوللىدى، 7سى تەستىقلاندى. 2 - ئاينىڭ 13 — 19 - كۈنىگىچە كانادا تۈر ئەمەلدارى دۇمبى خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولۇپ ئىككىيلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2000 - يىللىق تۈرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى باھالاپ تەكشۈردى، 2001 - يىللىق يوللانغان تۈرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە تۈر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ناھىيىلەر بىلەن «تۈر ۋەدىنامىسى» ئىمزالىدى. 4 - ئاينىڭ 23 — 27 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بىرلىكتە «كانادا ئەلچىسى فوندى تۈرىنى باشقۇرغۇچى خادىملار تەربىيىلەش كۇرسى» ئاچتى، كۇرسقا 8 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 35 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئاياللار بىرلەشمىسى رەئىسلىرى، تۈر باشقۇرۇش خادىملىرىدىن بولۇپ 45 كىشى قاتناشتى. كانادا ئەلچىسى فوندى 404 مىڭ يۈەن تۈر مەبلىغىنى ھەقسىز ئىئانە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

جىڭ يەن

## مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى رەئىسلىرى خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 — 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىرى، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئاياللار خىزمىتى كومىتېتى، دۆلەت ئورگانلىرى ئاياللار كومىتېتى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى، بىڭتۈەن، پىلانى ئايرىم قىسمەن شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ۋە قىسمەن ئۆلكىلەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىدىن بولۇپ 130 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پېڭ پېيۈن، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ 1 - شۇجىسى گۇ شيۇلىيەن، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن شېن شۇجى، ليۇ خېيرۇڭ، تيەن شۇلەن، خۇا فۇجۇ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرىدىن مۇ ۋېنشيۇ، لى چيۇفاڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. پېڭ پېيۈن مۇھىم سۆز قىلدى. گۇ شيۇلىيەن «ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ئەسىردىكى ئاياللار خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدى.

جىڭ يەن

## 14 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاياللار گېزىت ـ ژۇرناللىرى يىللىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇا فۇجۇ مۇھىم سۆز قىلدى.

جىلى يەن

## مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە»لەر

مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يۈ جيەن (بورتالا ئوبلاستىدىن) بىلەن مەگلەشخان (چەرچەن ناھىيىسىدىن) ئائىلىسىگە «3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ‹بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە›» دەپ، خوتەن ۋىلايىتىگە «3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ‹بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە› بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى تەشكىلات» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لى شيۈلەن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) ئائىلىسى قاتارلىق 10 ئائىلىگە «ئاپتونوم رايونلۇق ‹بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە ئۈلگىسى›» دەپ، ئىبادەت (غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىسىدىن) ئائىلىسى قاتارلىق 100 ئائىلىگە «ئاپتونوم رايونلۇق ‹بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە›» دەپ نام بەردى.

جىلى يەن

## مەملىكەت بويىچە «ھەرقايسى ساھەلەردىكى 100 نادىر ئايال» ۋە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى بولغانلار

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، گوۋۇيۈەن پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى كومىتېتى، زېمىن ـ بايلىق مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت بېجى باش ئىدارىسى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ۋە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى بىرلىكتە 2001 ـ يىل 3 ـ ئايدا 100 ئايالغا «ھەر قايسى ساھەلەردىكى 100 نادىر ئايال» دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇلارغا «‹8 ـ مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بەردى. ئۇلار ئىچىدە شىنجاڭدىن گۈلمىرە قۇربان (ئۈرۈمچى شەھىرى تودۇنخابا رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى)، مەريەم نىياز (ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئورپان شۆبە مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، رېن يۈنشاۋ (شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ليۇ دېيېي (چەرچەن ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ يې (سانجى ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)لار بار.

جىلى يەن

## تيەن شۈلەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى تيەن شۈلەن باشچىلىقىدىكى 3 كىشى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 — 7 ـ كۈنلىرىچە سانجى، قەشقەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

جىلى يەن

## خۇا فۇجۇ شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇا فۇجۇ باشچىلىقىدىكى 2 كىشى 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ، 18 ـ كۈنلىرى شىخەنزە، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جىلى يەن

# ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

## ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2001 ـ يىلغىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون)لاردا سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 98 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 84)نى، يېزا، بازاردىكى شۆبە ئۇيۇشما ۋە ساھە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن 154نى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قۇردى. بىۋاسىتە قاراشلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 110غا، ئومۇمىي ئەزا 19

مىلى 28گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئەزا 5000.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك زاتلىرىنىڭ باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىن مەيدانىدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار ئاپەت رايونلىرىغا 2 مىليون 488 مىڭ 961 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل ئىئانە قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۇچۇرى ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 51 بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا قاتناشتى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ۋە ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەركىزىنىڭ رەھبەرلىرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا خادىملىرىنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى، تەلىپى، ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك زاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 4 ـ ئاينىڭ 1 — 10 ـ كۈنىگىچە 8 ـ قارار كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ مەخسۇس باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى بولۇپ 48 كىشى قاتناشتى.

ش ئۇ ئار سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەشكىللىگەن 10 كىشىلىك شىنجاڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شياڭگاڭ جوڭخۇا زاۋۇت سودىگەرلىرى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن جوڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ، ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى. ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) شياڭگاڭ جوڭخۇا زاۋۇت سودىگەرلىرى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن جوڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بوغالتىرلىقتا دائىر سىياسەت ـ نىزاملار بويىچە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا بىۋاسىتە قاراشلىق 72 ئەزا كارخانىدىكى مالىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 82 خادىم قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەزا كارخانىلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنى يەرلىككە تەۋە قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كارخانا خىزمىتى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەزا كارخانىلار پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 30 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئورگان پارتكومى باشقۇرۇشىدىكى «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى پارتكومى، «دېلۇڭ» گۇرۇھى پارتكومى، «گۇاڭزې» شىركىتى پارتكومى، باۋخېڭ شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى، چەت ئەل كارخانىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى، دۇجۇ جوڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت 6 پارتىيە تەشكىلاتى ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى كارخانا خىزمىتى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 1 ـ قارارلىق بوغالتىرلارنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 115 كۇرسانتنى تەربىيىلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جوڭخۇا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك «شەرەپلىك ئىشلار»نى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شيې بوياڭ ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز جۇمە باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە قىسمەن شەھەر، ناھىيىلەردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. بۇ گۇرۇپپا قىسمەن ئەزا كارخانىلارنى تەكشۈردى ۋە پېشقەدەم ئەزالارنى زىيارەت قىلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا «شەرەپلىك ئىشلار» بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى

ئۈستىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ شېكېڭ 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قاراماي شەھەرلىرىنى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 7 ـ كۈنلىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن، «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى، «دىلوڭ» گۇرۇھىنىڭ تۇرپاندا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 1 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) خەلق باشقۇرغان كارخانىلاردىن تەشكىللىگەن 6 كارخانىچى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو خەلق باشقۇرغان پەن ـ تېخنىكا ئوقەتچىلەر جەمئىيىتى قاتارلىق 6 ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىگىلىك مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز جۇمە باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 12 ـ ئاينىڭ 1 — 5 ـ كۈنىگىچە چۇڭچىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن چۇڭچىڭ شەھىرى يۈجۇڭ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان، غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ياردەملەشكەن تۇنجى نۆۋەتلىك غەربىي رايون (2001. چۇڭچىڭ) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك بويىچە سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 30 نەچچە ئەزا كارخانا يەرمەنكىگە قاتناشتى.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 1 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچتى.

دىلاڭ تىيمبي

## 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنى 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى نۇر بەكرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يوجۇڭلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

دىلاڭ تىيمبي

## 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا جۇڭگو سودىگەرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 — 19 ـ كۈنىگىچە نەنجىڭ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گوچاڭچىڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ «دىلوڭ» گۇرۇھى، «شەرق» ئوسما گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بۇيۇك بۇغدا» يېمەكلىك شىركىتى قاتارلىق 11 ئەزا كارخانا قاتناشتى.

دىلاڭ تىيمبي

## تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا، بازار، مەھەللە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ نەق مەيداندا خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قوبۇقسار ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا، بازار، مەھەللە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ نەق مەيداندا خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەر (رايون)، يېزا، بازار، مەھەللە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىدىن كەلگەن 45 ۋەكىل قاتناشتى. مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىي بويالڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

دىلاڭ تىيمبي

## شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى خەلقئارا كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

(سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) گە ئەزا كارخانا — شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى 2001 - يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 21 - ئەسىر خەلقئارا تەبىئىي مېدىتسىنا يىغىنىدا خەلقئارا كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئارمان قۇۋۋەت تالقىنىنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» دېگەن ماقالە يىغىندا تەسىس قىلىنغان ئەڭ ئالىي ئىلمىي مۇكاپات — «تەبىئىي مېدىتسىنا مۇكاپاتى» غا، ئارمان ماركىلىق يۇرۇشلۇك قۇۋۋەت مەھسۇلاتلىرى «خەلقئارا تەبىئىي تېببىي دورا مۇكاپاتى» غا، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا ب د ت تىنچلىق فوندى جەمئىيىتىنىڭ «ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلار مۇكاپاتى» غا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ب د ت خەلقئارالىق ئىچمۇئېتىلگەن تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا ئوزۇقلۇقشۇناسلىق دوكتورى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

دىلى تېيىپ

## ئۈلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ئارا دوستانە بېرىش - كېلىش

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) قىمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مەخسۇس كادىرلىرىدىن 13 كىشىنى، 2001 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە چۇڭچىڭ، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، شاڭخەي، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. چۇڭچىڭ شەھەرلىك، خۇبېي ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شاڭخەي شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋېنيەن باشچىلىقىدىكى 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان شاڭخەي شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 19 — 29 - كۈنىگىچە قەشقەر، تۇرپانلارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە شىنجاڭ «دېلوڭ» گۇرۇھىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىن جاۋپىڭ باشچىلىقىدىكى 45 كىشىلىك ئىقتىساد - سودا تەكشۈرۈش ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى ئاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە ۋە گۇاڭدۇڭ - شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، يەنە قەشقەر، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) دوستلۇق ئورناتتى.

چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋيۇ باشچىلىقىدىكى 20 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 13 — 23 - كۈنىگىچە قەشقەر، كورلا، تۇرپان، ئىشخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) دوستلۇق ئورناتتى.

دىلى تېيىپ

## جاۋ شياۋلىن «شەرەپلىك ئىشلار» مېدالىغا ئېرىشتى

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ «تيەنشەي» يەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاۋ شياۋلىن 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بەرگەن «شەرەپلىك ئىشلار» مېدالىغا ئېرىشتى.

دىلى تېيىپ

## خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئالاقىلىشىش خىزمىتى. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىن شاڭيۈەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئامېرىكا، يېڭى زېللاندىيىدىن كەلگەن ساۋاقداشلارغا ھەمراھ بولۇپ، 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 — 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى. بۇ باش ئۇيۇشما رەھبىرىنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى ھېسابلىنىدۇ.

2001 - يىلى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. شىئەن، چىڭخەي

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىدىن زىيارەتكە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا چېڭدۇدا ئېچىلغان ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو ۋە غەربىي جەنۇبىي جۇڭگو رايونى بويىچە خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىغا، شيامېندا ئېچىلغان «خۋاڭپۇ» ژۇرنىلى تەشۋىقات مۇھاكىمە كۇرسىغا، چىڭداۋدا ئېچىلغان شەرقىي جۇڭگو رايونىدىكى 7 ئۆلكە، شەھەرلىك خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە يىنچۈەندە ئېچىلغان غەربىي رايون خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئادەم ئەۋەتتى.

2. بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 — 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيۇشما رەھبەرلىرىنى، كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە يېشى 90دىن ئاشقان پېشقەدەم ساۋاقداشلار بىلەن ئاغرىپ قالغان ۋە تۇرمۇشتا قىينالغان قىسمەن ساۋاقداشلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 3 - ئاينىڭ 13 — 16 - كۈنىگىچە شىخەنزە، كۈيتۇن، شىخو شەھەرلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى جايلاردىكى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خۋاڭپۇ ساۋاقداشلىرىدىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىزچىل بىردەكلىكنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكا ھەربىي رازۋېدكا ئايروپىلانىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەربىي ئايروپىلانىنى سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىدەك زوراۋانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەمدە مەملىكىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى ۋە خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى. يىغىنغا خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر مىللەت ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 160 نەچچە كىشى قاتناشتى.

خۋاڭپۇ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

## شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش - دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش - دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا يۈزلىنىش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، تاشقى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال كۈچ چىقاردى.

1. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى. شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش - دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى يەكۈنلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، كېڭەشنىڭ تۈزىتىلگەن نىزامنامىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، رەھبىرىي ئەزالارنى سايلاپ چىقتى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭ 2 - نۆۋەتلىك چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش - دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

2. ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا رايونى بويىچە تاشقى بىرلىك سەپ خىزمىتى بەرپا قىلىندى. قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستاندىكى جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە كۈچەيتىلدى. قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئالاقە باغلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم جۇڭگولۇقلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى، قىممىتى بار بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەندى.

3. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەللەردىكى شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىندى. شياڭگاڭ خەير - ساخاۋەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فاڭ رۇنخۇا ئەپەندىنىڭ تورپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە 500 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭغا

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## تاشقى ئىشلار

### ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىققان ئۆمەك - گۇرۇپپا 6568، 17 مىڭ 363 ئادەم (قېتىم)، تارقىتىلغان چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ئىسپاتى 7537، شياڭگاڭغا بېرىش ئۈچۈن تامغا باستۇرۇلغان ۋىزا 1052، ئاۋمېنغا بېرىش ئۈچۈن تامغا باستۇرۇلغان ۋىزا 338. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن قازاقىستانغا چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان ئۆمەك - گۇرۇپپا ۋە ئادەم (قېتىم) ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، ياۋروپا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئۆمەك - گۇرۇپپا ۋە ئادەم (قېتىم) تەخمىنەن 60% كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 9 تۈركۈمدە 107 ئادەم (قېتىم) زىيارەتكە چىقتى. نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زىيارەتكە چىقىش ئۆمەك - گۇرۇپپىسى 328، 702 ئادەم (قېتىم).

شياۋ بىڭ

### چەت ئەللىك دوستلارنىڭ شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ 42 دۆلەت ۋە رايوندىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىساد - سودا، ساياھەت، ئۈسكۈنە قوراشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، تۈر ھەمكارلىقى قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دوستلارنى تەكلىپ قىلدى، يەنە شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇيدىغان بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار، دەرس ئۆتىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارمۇ بار. بۇلار 1328 تۈركۈم، 1594 ئادەم (قېتىم).

گۇ مېي

### شىنجاڭدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە- شەھەرلەر

2001 - يىل 8 - ئايغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 72 ناھىيە - شەھەر سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە - شەھەر، 9 ناھىيە سىرتقا ئېچىۋېتىش تىزگىنلىنىدىغان ناھىيە، 6 ناھىيە ئېچىۋېتىلمىگەن ناھىيە قىلىندى.

شىنجاڭدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە - شەھەرلەر (72)

ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزە، قەشقەر، سانجى، مىچۈەن، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، ئاتۇش، فۇكاڭ، غۇلجا، بورتالا، ئالتاي، قاراماي، چۆچەك، كۇيتۇڭ، خوتەن شەھەرلىرى، ئۈرۈمچى، كۇچا ناھىيىلىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، قورغاس، پىچان، توقسۇن، قاغىلىق، قۇتۇبى ناھىيىلىرى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، گۇچۇڭ، ماناس، باغراش ناھىيىلىرى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، بۈگۈر، چەرچەن، ئونسۇ، باي، توقسۇ، نىيە، كېرىيە، چىرا، قاراقاش، يېڭىسار، پوسكام، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، چاقىلىق، چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۆرۇلتوقاي،

---

مەبلەغ سالغان چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ تىجارەت داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلىرى كۆپ قېتىم كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىپ بېرىلدى.

4. چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە - دوستلۇق خىزمىتى. 2001 - يىلى بۇ جەمئىيەت شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 6 تۈركۈمدىكى 169 مېھمان (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر بۇ جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزاسى 74كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار 10، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ئەربابى 15، مەسلىھەتچىسى 5كە يەتتى.

تاڭ چاۋ

ساۋەن، خوشۇت، قەشقەر كوناشەھەر، خوتەن، لوپ، شايار، گۇما، ئۈچتۇرپان، مارالبېشى، تولى، جىڭ، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، مەكىت، يوپۇرغا، غۇلجا، تېكەس ناھىيىلىرى، شىخو شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى.

**سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىزگىللىنىدىغان ناھىيىلەر (9)**

دۆربىلجىن ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، چاغانتوقاي، ئارشاڭ، پەيزاۋات، ئاقتو، ئاقچى، كەلپىن، ئاۋات.

**ئېچىۋېتىلمىگەن ناھىيىلەر (6)**

خېجىڭ، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، ئۈلۈغچات، لوپنۇر.

**2001 - يىلى ئېچىۋېتىش تەستىقلانغان ناھىيە - شەھەرلەر (13)**

تولى، جىڭ، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، توققۇزتارا ناھىيىلىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، مەكىت، يوپۇرغا، غۇلجا، تېكەس ناھىيىلىرى، شىخو شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى.

پەرھات

## جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە دائىم مەشغۇلاتى باشلاندى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 59 چېگرا بەلگىسى، 61 چېگرا قوزۇقى ئورناتتى، بۇ جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرىنىڭ پۈتكۈل چېگرا لىنىيىسىگە ئورنىتىشقا تېگىشلىك ئاساسىي چېگرا قوزۇقىنىڭ %52.6 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۆلچەش - سىزىش، چېگرا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە 29 پارچە خەرىتە ئىشلىتىلدى، بۇ بەلگە قويۇش - سىزىش، چېگرا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي خەرىتىنىڭ %56.9 نى ئىگىلەيدۇ.

ما جيەنجۇڭ

## شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تاشقى بېرىش - كېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى ياپونىيە، ئامېرىكا، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن دوستلۇق ئۆمەك - گۇرۇپپىسى بويىچە 7 تۈركۈمدە 97 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئۆمەك - گۇرۇپپىسى تۈركىيە، سىپرۇس، ئىسرائىلىيە، پەلەستىن، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى بىر قېتىمدىن زىيارەت قىلدى.

جاڭ خۇڭۋېي

## قىرغىزىستان زۇڭتۇڭىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

سادەنبېكوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگوغا كېلىپ «بوئاۋ» ئاسىيا ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەندە، 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋە 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر

## گىبۇت زۇڭتۇڭى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

ئىزمىر. ئۆمەر. گېرەي زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 26 كىشى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر

## گېرمانىيە فېدېراتسىيىسى پارلامېنت ئۆمىكىنىڭ 1 - مۇئاۋىن رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مۇئاۋىن رەئىس گېبروس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى، ئۇلار بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ۋە شىنجاڭ گىلەم زاۋۇتىنى تاماشا ۋە ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

گۈلنۇر

## قىرغىزىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

باش ئەلچى مارات سارالىنوف ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە، 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر

## دانىيىنىڭ ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

دانىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بەمېن باشچىلىقىدىكى ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 44 ئادەم 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە دانىيە - جۇڭگو غەربىي قىسىم ئىقتىساد - سودا مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

23 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، قەشقەر كوناشەھەر، تاشقورغان قاتارلىق ناھىيە، شەھەر ۋە قاراكۆلنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭ- نى زىيارەت قىلدى

باش ئەلچى شالىق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، سانجى، شىخو، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شالىق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## تۈركىيە مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تۈركىيە مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىلەنت. ياكىنجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ ئالتە كىشى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## ھىندىستان پارلامېنت فېدېراتسىيە كېڭىشىنىڭ رەئىسى، ئىتتىپاقداشلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن پالاتا رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مۇئاۋىن كېڭەش رەئىسى ناجۇما . ھېبدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 14 كىشى، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شېڭ خۇاربىن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازلار ناجۇما . ھېبدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر



2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ھىندىستان پارلامېنت فېدېراتسىيە كېڭىشىنىڭ رەئىسى، ئىتتىپاقداشلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى ناجۇما ھېبدۇللا بىلەن كۆرۈشتى.

پاڭ يى فوتوسى

## سۈرىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ھاتەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر

## پاكىستانلىق دوستلار ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

پاكىستاننىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاگا . شاش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

گۈلنۇر

## تاجىكىستان زۇڭتۇڭى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

راخمانوف زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەكلىپكە بىنائەن «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» باشلىقلار ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىشقا كەلگەندە، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر

## ياپونىيىنىڭ سودا مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مىنىستىر شابېتشىنشىڭ 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن

## گېرمانىيە ئەركىن ساكسونىيە ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەركىن ساكسونىيە ئوبلاستى مائارىپ ياشلار تەنتەربىيە مىنىستىرى مادياس . روسلىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 — 6 - كۈنلىرى جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى، مائارىپ نازارىتىدىكى ئالاقىدار زاتلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

گۈلنۇر

## ۋېيتنامنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

باش ئەلچى پېي خۇڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## سىنگاپورنىڭ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

سىنگاپور سودا - سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ياڭ رۇڭۋېن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 25 كىشى، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى ۋە تۇرپانلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## قىرغىزىستاننىڭ كېڭەش رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

كېڭەش رەئىسى بالباييېۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 13 كىشى، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، سانجىلارنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

پالاتا ئەزاسى رىچارد . شېرب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 15 كىشى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈ ئېنگۇاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قەشقەرلەرنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

باش ئەلچى مۇھەممەت بەشىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 19 كىشى، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## نىگېرىيە ئاۋام پالاتاسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

نىگېرىيە ئاۋام پالاتاسى ئاممىۋى ھېسابات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گېددەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 14 كىشى، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

باش ئەلچى رابەنت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولۇپ 2 كىشى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر

## ۋېيتنام كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خەلق ھەرىكىتى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ۋېيتنام كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خەلق ھەرىكىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چېن خۇڭجۇن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 10 ئادەم 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## گانگو كىشىلىك ھوقۇق مىنىستىرلىكىنىڭ زىيارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مىنىستىر ئېنتوگبا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى

ھەممە بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنى تاماشا قىلدى.

گۈلنۇر

### چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2001 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت قىلغان چەت ئەل ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇخبىرى 26 تۈركۈمدە 84 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زىيارەت پائالىيىتى تۆۋەندىكىچە:

ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتى (NHK) نىڭ 4 مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك ئەمگەك تەمۇنچىسى، «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكۈچى، ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ دېگۈننى زىيارەت قىلدى.

گېرمانىيە «سودا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئىلى چېگرا سودىسىنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ 12 مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئامېرىكا «مەملىكەتلىك جۇغراپىيە ژۇرنىلى» نىڭ 4 مۇخبىرى، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە تۇرپان، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى ۋە شامال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئىزناسىنى سۈرەتكە ئالدى.

ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 5 - ئاينىڭ 28 — كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنى زىيارەت قىلدى.

قىرغىزىستان ئاخبارات ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 4 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، قىرغىز يازغۇچىلارنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيىنىڭ «ئەتىگەنلىك تېلېۋىزىيە» ئىستانسىدىكى 8 كىشى قەشقەر، تاشقورغان قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قەدىمىي يىپەك يولىنى زىيارەت قىلدى ۋە سۈرەتكە ئالدى.

ياپونىيە «گۇەنشى» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق 3 مۇخبىرى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ «تۆگە كۆچمە دوختۇرخانىسى» ۋە ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە سۈرەتكە ئالدى.

ھىندىستان ئاخبارات مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكى 3 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە، غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە مىللەت، دىن سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

كانادا رادىئو شىركىتى (CBC) نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 4 مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 9 - ئاينىڭ 17 — 19 - كۈنىگىچە غەربنى كەڭ ئېچىشقا دائىر ئاساسلىق پىلان ۋە نىشان ئۈستىدە زىيارەت ئېلىپ باردى ھەمدە شىنجاڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر... 

جىن يۈيۈن

# مۇھاجىرلار ئىشلىرى

### جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ياش - ئۆسمۈر ئەۋلادلىرى تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ تۈنجى ئۆمەك تەشكىللەپ، 2001 - يىللىق جۇڭگو يىلتىزىنى ئىزدەش ساياھەتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر يازلىق لاگېرىغا قاتناشتى

شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى قازاقىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق 6 دۆلەتتىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ياش - ئۆسمۈر ئەۋلادلىرىنى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 29- كۈنىگىچە شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە تۈنجى ئۆمەك تەشكىللەپ، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو چەت ئەل ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان 2001 - يىللىق جۇڭگو يىلتىزىنى ئىزدەش ساياھەتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر يازلىق لاگېرى پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى.

شى رۇي

### چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق دوكتورلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

2001 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق دوكتوردىن 9 نى كۈتۈۋالدى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق

پائالىيىتىدە بولدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ۋەتەن (يۇرت) گە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى كۈچەيتتى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بىلەن ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

شى رۇي

## شىنجاڭ گۇاڭجۇ «مۇھاجىرلار قەلبى» باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتتى

گۇاڭجۇ شەھەرلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ۋە گۇاڭجۇ شەھەرلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇيۇشمىسىدىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى «گۇاڭجۇ مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى» 2001 - يىل 8 - ئايدا پۈتتى.

مىقات

## چىڭگىل ناھىيىسى چارىكتاس كەنتى «قۇتلۇق شەپقەت باشلانغۇچ مەكتىپى» پۈتتى

شياڭگاڭ يىڭخەنلياڭ فوند جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ ئىئانە قىلىشى بىلەن سېلىنغان چىڭگىل ناھىيىسى ئارالتۆبە يېزىسى چارىكتاس كەنتى «قۇتلۇق شەپقەت باشلانغۇچ مەكتىپى» 2001 - يىل 10 - ئايدا پۈتتى.

مىقات

## جايلاردىكى مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرى ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ بېشىدا شياڭگاڭ ئاراللىرىدىكى ھەرقايسى ساھە بىرلەشمىلىرى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، فوشەن شەھەرلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، جىلىن ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، شەنشى ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن 150 نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2001 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مىقات

## كۈيتۇڭ شەھىرى كەيگەنچى يېزىسىدىكى «سۈن جۇڭشەن مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى» پۈتتى

جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئىقتىساد - مەدەنىيەت فوند جەمئىيىتى باشچىلىق قىلغان، ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرى چېن شۈربىن ئەپەندى مەبلەغ ئىئانە قىلغان كۈيتۇڭ شەھىرى كەيگەنچى يېزىسىدىكى «سۈن جۇڭشەن مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى» 2001 - يىل 9 - ئايدا پۈتتى.

مىقات

## جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

2001 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يى جاۋشۇ ئۆمەك باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى كەيگەنچى يېزىسىغا بېرىپ 2 «مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى» نىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە لېنتا كەستى. يى جاۋشۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

مىقات

# شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## شياڭگاڭ جۇڭخۇا تارىخ - مەدەنىيەت، مائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

شياڭگاڭ جۇڭخۇا تارىخ - مەدەنىيەت - مائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شياڭگاڭ چېگرىدىن كىرىش ئىشلىرى باشقارمىسى، ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى، جازالاش - تەربىيىلەش مەھكىمىسى، ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى، شياڭگاڭ تاموژنىسى، بالا ئەسكەرلەر باش جەمئىيىتىنىڭ مەمۇرلىرى بولۇپ 148 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ، 2001 - يىل7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈشتە ۋە زىيارەتتە بولدى. بۇ 1998 - يىلدىن كېيىن 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولغان گۇرۇپپا - ئۆمەك ھېسابلىنىدۇ. ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى، شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 12 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى چەت ئەل تىلى مەكتىپىنى ئوقۇتۇش تەكشۈردى، ج خ نازارىتى، جېكرا مۇداپىئە ئىدارىسى، تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىپاق كومىتېتى بىلەن سىتېما بويىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

تالڭ چاۋ

## شياڭگاڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمەت ساھەسى غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەركىزىنىڭ رەئىسى چيۇ خاۋبو باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 44 ئادەم 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## شياڭگاڭ يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرلار ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرلار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 14 ئادەم 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## شياڭگاڭ يېڭى ساھە سودا - سانائەت باش جەمئىيىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ يېڭى ساھە سودا - سانائەت باش جەمئىيىتى غەربىي شىمالنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 43 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) بىلەن شياڭگاڭ يېڭى ساھە سودا - سانائەت باش جەمئىيىتى دوست سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بولۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

دېڭ تيېمېي

## ئاۋمېن ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپداشلار دوستلۇق جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

لۇ ۋەندېي ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى زىيارەت ئۆمىكىدىكى 15 ئادەم، 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

گۈلنۇر

## ئاۋمېن مەمۇرلار كەسپىي جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋمېن سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ چىڭيې باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 22 كىشى، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر

## تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار زاتلار تەكلىپكە بىنائەن تەيۋەن رايونىغا بېرىپ مەدەنىيەت، ئىلىم، مائارىپ، ئىقتىساد - سودا قاتارلىق ساھەلەردە ئېلىپ بارغان ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش تۈرى 27 گە يەتتى، بۇ تۈرلەرگە 147 ئادەم قاتناشتى.

2001 - يىلى تەيۋەن رايونىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل ئالماشتۇرۇش تۈرى 12 گە يەتتى، بۇ تۈرلەرگە 285 ئادەم قاتناشتى.

8 - ئايدا شاڭخەي شەھەرلىك تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى تەشكىللىگەن شاڭخەي تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 35 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 - ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش تەشكىلاتىنىڭ شياڭگاڭدىكى «تەيۋەن سودا - سانائەت ساھەسى چوڭ قۇرۇقلۇق غەربىي شىمال ئېكسكۇرسىيە - زىيارەت ئۆمىكى» دىكى 20 نەچچە ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى لى بىڭكەي شىنجاڭغا كېلىپ تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئىقتىساد ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تەيۋەن «سانائەت باش ئۇيۇشمىسى» نىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل كېڭەش باشلىقى چېڭ ۋۇشى ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى تەيۋەن «2001 - يىللىق سانائەت باش ئۇيۇشمىسى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقتىساد - سودا تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دىكى 50 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛

9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە

دوستلۇق جەمئىيىتى مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «چەت ئەلدىكى تونۇلغان تەيۋەنلىك كارخانىچىلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى كۈتۈۋالدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 24 ئادەم 5 چوڭ قىتئە، 9 دۆلەتتىن كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك تۇرۇشلۇق دۆلەتلىرىدىكى «تەيۋەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدۇر. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

9 - ئايدا مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى سىخاۋنىڭ ھەمراھلىقىدىكى «شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 16 ئادەم شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى.

9 - ئايدا دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىن كەلگەن ئازكەم 100 ۋېلسىپىت ماھىرى ش ئۇ ئا ر تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى ياقىسى قۇملۇق تاشيولى ۋېلسىپىت راللى مۇسابىقىسى» غا قاتناشتى. 4 كۈنلۈك مۇسابىقىدە ماھىرلار 522 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كېسىپ ئۆتتى.

9 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئاخبارات ئىدارىسى تەشكىللىگەن، تەيۋەننىڭ 10 ئاخبارات ۋاسىتىسى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ 8 ئاخبارات ۋاسىتىسىغا تەۋە 31 كىشىدىن تەشكىل تاپقان «دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى ياقىسى ئاخبارات ۋاسىتىسى غەربىي شىمال بىرلەشمە زىيارەت ئۆمىكى» شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت زىيارەت ئۆمىكىدىكى مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتى.

10 - ئايدا تەيۋەن «يىللار» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەيۋەنلىكلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتا» نى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 5 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سۈرەتكە ئالدى.

2001 - يىلى تەيۋەن «ساۋجۇگجى فوند جەمئىيىتى» نىڭ باش مۇدىرى ساۋ جۇگجى ئەپەندى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىگە 2000 دانە چاقلىق ئورۇندۇق ئىئانە قىلدى، بۇ ئورۇندۇقلارنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

2001 - يىل 12 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلغان تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 37 گە، سالغان مەبلىغى خەلق پۇلى ھېسابىدا 250 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى شىنجاڭغا سەيلى ساياھەتكە كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 34 مىڭ 464 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، 212 ئادەم خۇسۇسىي ئىش بىلەن شىنجاڭدىن تەيۋەنگە باردى.

خې شياۋپىڭ

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

قوماندان: چيۇ يەنخەن (جۇڭجياڭ، 7 - ئايدا ئۆستۈرۈلگەن).

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: يۈ لىنشياڭ (جۇڭجياڭ، 7 - ئايدا ئۆستۈرۈلگەن).

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئىرشىدىن (شياۋجياڭ)، جاڭ تۇڭجىن (شاۋجياڭ)، جاۋ ۋېنلۇڭ (شاۋجياڭ)، چېن شىباۋ (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: يۈ بىڭلىي (شاۋجياڭ)، ئىبراھىم سۇلايمان (شاۋجياڭ)، ۋاڭ خۇەنشىن (شاۋجياڭ).

شتاب باشلىقى: لى شىنگۇاڭ (شاۋجياڭ).

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: ليۇ جۇكۇي (شاۋجياڭ).

بىرلەشمە لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: جاۋ شىچيەن (شاۋجياڭ).

قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: ياڭ فۇشياڭ (داشياۋ).

### ھەربىي كومىتېت، باش بۆلۈم رەھبەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چى خاۋتيەن شاڭجياڭ قاتارلىقلار لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەن، سىياسىي كومىسسارى ليۇ دۇڭدۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 ~ 13 - كۈنلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. چى خاۋتيەن قاتارلىقلار شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، «93886» قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، بىڭتۈەن قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شىدىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شاڭجياڭ ۋاڭ كې 7 - ئاينىڭ 7 — 11 - كۈنلىرى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى چېن شيۇ، بىرلەشمە لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فەن كېنشېننىڭ ھەمراھلىقىدا ھەربىي رايوننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، «93886» قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، باش شتاب باشلىقى شاڭجياڭ فۇ چۈەنيۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 8 - ئاينىڭ 12 — 15 - كۈنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەربىي مانېۋىرنى كۆردى. مانېۋىرغا قاتناشقان قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

جۇ جيەنجۈن

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ ئاساس تەلىم - تەربىيىسى پۇختا بولۇپ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھەربىي رايون 2 قېتىم تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ، ئېغىشلارنى تۈزەتتى. ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن، سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭلار ئېگىزلىكلەرگە چىقىپ، قىسىملارغا بېرىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئارىلىدى، بۇنىڭغا 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت چىقاردى، تۈەندىن يۇقىرى رەھبەرلەر كۆپ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاساسىي قاتلاملارغا باردى. قىسىملار تەلىم - تەربىيە باسقۇچىغا بىرلەشتۈرۈپ، قاتلام، كەسىپلەر بويىچە يېڭى پروگراممىغا ئاساسەن يىغىپ تەربىيىلەشنى ئويۇشتۇرۇپ، كادىر تايانچلارنى تەربىيىلىدى، ئۈلگە شۆبە قىسىملارنى يېتىشتۈردى. قىسىملار يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىدە، تاماق - ياتاقنى مەركەزلەشتۈرۈش، تەلىم - تەربىيىنى مەركەزلەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈش تەلىپىنى ئەستايىدىل

ئەمەلىيلەشتۈردى، تەلىم - تەربىيە سۈرئىتىنى سۈپەت ئارقىلىق تەكشەش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە ۋە مەشىقنى ئىلمىي يوسۇندا ئورۇنلاشتۇردى، يېڭى ئەسكەرلەردە سىياسىي ئىدىيە، ھەربىي تېخنىكا، ئىنتىل - ئىنتىزام، بەدەن ساپاسىدىن ئىبارەت «4 ئاساس» نى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي پۇقرادىن ھەربىيگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى. كەنجى ئوفىتسېرلارنى ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە يىغىپ تەربىيلەش، ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ۋە سەييارە ئوقۇتۇش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، كەنجى ئوفىتسېرلار مەخسۇس لېكسىيە، ئۆز ئالدىغا دەرس تەييارلاش، ئۆلگىلىك ئوقۇتۇش مەشغۇلاتى، كۆرەك ئۆگىنىشى قاتارلىقلارغا ئەستايىدىل تەشكىللىنىپ، كوماندىر كەنجى ئوفىتسېرلارنىڭ «3كە ماھىر بولۇش» ، «4نى بىلىش» ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. مەۋقە شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇلۇپ، شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرى ۋەزىپىسى، يېشى، ئەسكىرىي تۇرلەر كەسپى، تەلىم - تەربىيە دەرسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، يىغىپ تەربىيلەش، قىسىملار بىلەن بىللە يۈرۈپ تەربىيلەش، قىسقا مەزگىللىك تەربىيلەش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، «ئەھۋالغا قاراپ ئايرىش - قوشۇش، قەرەللىك ھالدا باھالاش، قەرەللىك ھالدا سىناش» قاتارلىق تۈزۈملەردە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئوفىتسېرلارنىڭ قوماندانلىق ماھارىتى، ئوفىتسېرلارنىڭ گۇرۇپپىلار بويىچە مەشغۇلات تەلىم - تەربىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرى تەلىم - تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. شتاب ئوفىتسېرلىق كەسپى بويىچە يىغىپ تەربىيلەش ئورگان كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئاساسىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى قىلىندى، ئوقۇتۇش ئەترەتلىرىنىڭ قاتتىق-يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئىقتىدارى پائال كېڭەيتىلىپ، يېڭى «تېزىس» تىكى تەلەپ بويىچە كوماندىر كەنجى ئوفىتسېرلىقا ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى تەربىيلەش ياخشى تۇتۇلدى. بىر يىلدا ئوقۇتۇش ئەترەتلىرى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 670 مىڭ يۈەن، تەربىيلەشكە كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشىغا زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. 2001 - يىلى ھەربىي رايون باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى تاپشۇرغان تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بويىچە سىناق تەرىقىسىدىكى تەلىم - تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان قىسىملاردا سىناق تەرىقىسىدىكى تەلىم - تەربىيىنى «تېزىس» بويىچە يولغا قويۇشنى ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 5 ئورۇن، 3 شەخس باش شتابنىڭ ئومۇمىي ئۆقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 11 - ئاينىڭ 7 - 9 - كۈنىگىچە باشلىق ئورگىنىدىكىلەرنى تەشكىللەپ «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش تېزىسى» بويىچە يىغىپ تەربىيلەشنى يولغا قويدى، ھەربىي رايوندىكى ئارمىيىدىن يۇقىرى باشلىقلار ۋە بارلىق ئورگان كادىرى يىغىپ تەربىيلەشكە قاتناشتى.

شياڭ دۇڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ليەن دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى تەكشۈرۈپ، لىيەن دەرىجىلىك 527 پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق ياردەم بەردى، نەتىجىدە 48 لىيەندۈي ۋە 78 ئاساسىي قاتلام ئورۇن ئىلغار ئورۇنلار قاتارىغا كىردى. «چېگرىنى قوغداپ ئىچكى قىسىمنى مۇقىملاشتۇرۇش» كۈرىشى، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، ئوپتىكىلىق كابېل ياتقۇزۇش قاتارلىق زور قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئاملاش داۋامىدا قىسىملار چېنىقتۇرۇلدى، قىسىملارنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشنىڭ ئاساسى تېخىمۇ پۇختىلاندى.

جاۋ دېيەنچاۋ

## توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى خىزمىتى

2001 - يىلى توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى ئومۇميۈزلۈك تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە «69223» ، «69235» ، «69250» ، «69260» قىسىملارنىڭ نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى. 3 - ئايدا ھەربىي رايون توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىدىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي تەلىم - تەربىيە چوڭ ئەترەتلىرىگە 6 ئايدىن 8 ئايغىچە تەربىيلىنىشكە ئەۋەتتى. ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى 4 — 12 - ئايغىچە توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ يېڭىچە ئۆزۈش قىلىش ئۇستابى بويىچە يىغىپ تەربىيلەش كۇرسى ۋە توپچى قىسىملارنىڭ يېڭىچە «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش نىزامى» بويىچە يىغىپ تەربىيلەش كۇرسى ئاچتى، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى رازۋېدكا ۋە كوماندىر شۆبە

قىسىملىرىنى 50 نەچچە كۈن يىغىپ تەربىيىلىدى. ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۇرلەر ئورگىنى 5 - ئاينىڭ 12 — 27 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، «69216» قىسىمنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى، تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. «69216»، «69250» قىسىملارغا قاراشلىق شۆبە توپچى قىسىملار 6 — 8 - ئايغىچە ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. «69220» قىسىم ئۆزىگە قاراشلىق شۆبە توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئېگىزلىك، سوغۇق رايونلارغا بېرىپ ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ھەمدە راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرىنى تاماملىدى. ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۇرلەر ئورگىنى 8 - ئايدا «69230»، «69240» قىسىملارغا قاراشلىق شۆبە ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە «69260» قىسىمنى راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. شۇ يىلدا «69350» قىسىم باش شتاب تاپشۇرغان تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، توپچى قىسىملارنىڭ «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش نىزامى»نىڭ 3 تارماق نۇسخىسىنى تۈزۈش ۋە تەلىم - تەربىيىدە سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى ھەمدە «توپچى قىسىملار تاكتىكىسى ۋە مانېۋىرى» تېزىسىنىڭ ئورىگىنالىنى بىر تۇتاش رەتلەش خىزمىتىنى تاماملاپ، باش شتاب تەرىپىدىن «تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھەربىي رايوننىڭ لەنجۇ ھەربىي رايونى بىلەن بىرلىكتە 10 — 11 - ئايغىچە قايتا تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، «69216» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، «69223»، «69243» قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىكتىن 1 - دەرىجىلىككە ئۆستى، باشقا ئورۇنلار ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىكنى ساقلاپ قالدى.

ژاڭ شاۋخۇا

## برونېۋىك قىسىملىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى برونېۋىك (شۆبە) قىسىملىرى 2001 - يىلى 3 - ئايدا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تانكا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش بازىسىغا ئەۋەتىپ 9 ئاي تەربىيىلىدى. ھەربىي رايون 4 — 12 - ئايغىچە برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ يېڭىچە «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش تېزىسى» بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، «69009» قىسىم چاقلىق برونېۋىك يېڭى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. «69210» قىسىم برونېۋىك كوماندىر كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۇرلەر ئورگىنى 4 - ئايدا بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ «69215» قىسىمنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى، تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي جابدۇقلارنى تونۇش مەشىقى ئۇيۇشتۇردى. «69225» ۋە «69215» قىسىملار 6 — 8 - ئايغىچە ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. «69220» قىسىمغا قاراشلىق برونېۋىك شۆبە قىسمى ئېگىزلىك، سوغۇق رايونلاردا ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتناشتى، ھەمدە راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرىنى تاماملىدى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۇرلەر ئورگىنى 10 - ئايدا برونېۋىك قىسىملىرىنى «ئالاھىدە تېخنىكا ماھىرلىرى»نى باھالاشقا قاتناشتۇردى، «69236» ۋە «69246» قىسىملاردىن، 8 ئادەم ئالاھىدە تېخنىكا ماھىرى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ 10 - ئايدا قايتا تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە «69236» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىكنى داۋاملىق ساقلىدى، باشقا برونېۋىك قىسىملىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىكنى ساقلىدى.

ژاڭ شاۋخۇا

## قۇرۇلۇش قىسىملىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ «69230» ۋە «69033» قىسىملىرى 2001 - يىلى 2 - ئايدا ئۆز ئالدىغا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش بويىچە كادىرلارنى تېخنىكا جەھەتتىن يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قۇرۇلۇش (شۆبە) قىسمى 3 - ئايدا بىر قىسىم تېخنىك ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش قىسىملىرى تېخنىكا چوڭ ئەترىتىگە ئەۋەتىپ، 4 — 8 - ئايغىچە كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەشكە قاتناشتۇردى. «69006» قىسىم 4 — 9 - ئايغىچە ماشىنا مەشغۇلاتچىلىرىنى تەربىيىلىدى. «69210»، «69230» قىسىملارغا بىۋاستە قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسىملىرى ۋە «69006» قىسىم 6 — 8 - ئايغىچە ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. «69220» قىسىم ئۆزىگە قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسمىنى ئېگىزلىك، سوغۇق رايونلاردا، ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، بۇ قىسىم راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرىنى تاماملىدى. شۇ يىلى «69006» قىسىم باش شتاب يۈكلىگەن تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى

تاماملاپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن 3 يىللىق تەلىم - تەربىيە ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايوننىڭ 10 - ئايدا قايتا تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە «69006» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىكنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ھەربىي رايون دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ ئەلالىقنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «69230»، «69240»، «69250»، «69033»، «69007» قىسىملار ۋە ئىلى شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلۇشلارنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ئايرىلاپ تەكشۈردى ۋە باھالاپ سېلىشتۇردى. ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇش ئۆلچەش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى قاتارلىق 3 ئورۇن ۋە 8 كىشىگە 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دېگەن نام بېرىلدى. «ئېگىزلىك، سوغۇق رايونلاردا قاراۋۇلخانىلارنى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىتىش» بويىچە ئىلمىي تەتقىقات تۈرى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ، ئارمىيە بويىچە 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا يوللاندى؛ «ئەتراپتىكى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشتىن سىگنال بېرىشنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى» ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ئارمىيە بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملار خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى (شۆبە) قىسىملار ئومۇميۈزلۈك تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. «69220» قىسىمغا بىۋاسىتە قاراشلىق خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىم باش شتاب تاپشۇرغان تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىم ئىس - تۈتەك ئوت ليەنىنىڭ يېڭى تېزىس بويىچە سىناق تەلىم - تەربىيىسىنى ھەمدە يېڭى تىپتىكى تۈتەك پەيدا قىلىش ماشىنىسى تېخنىكىسىغا ئائىت دەرسلىك تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. باش شتاب ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى 5 - ئايدا تەشكىللىگەن پۈتۈن ئارمىيە بويىچە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تەلىم - تەربىيىسى ۋە سىناش تېزىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەمدە ئورىگىنال بېكىتىش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ قىسىمنىڭ سىناق تەلىم - تەربىيە نەتىجىسى دەلىللىنىپ باش شتاب تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. «69220» قىسىمغا بىۋاسىتە قاراشلىق خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىم ۋە «69007» قىسىم 6 - 8 - ئايغىچە ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. ھەربىي رايون 10 - 11 - ئايغىچە «69220»، «69230» قىسىملارنىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىملىرى ۋە «69007» قىسىمنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنى سىنىدى، سىناق نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى. «69007» قىسىم 12 - ئايدا خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىمنى يېڭىچە «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش تېزىسى» بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## ئالاقىلىشىش خىزمىتى

**ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2001 - يىلى 4500 نەچچە مېتىر ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن



2001 - يىلى يازدا شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مەلۇم قىسمى يالقۇنتاغدا مەشىق قىلماقتا.

كۇاڭ زىۋېن فوتوسى

8 . ئاينىڭ 10 . كۈنىگىچە 30 چاقىرىملىق گازارما رايونىدىن شىچۈەنخېنچە 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 7 . ئاينىڭ 2 28 . كۈنىگىچە قارامايدىن كۈيتۇڭ ئارقىلىق غۇلجىغا ئۆتىدىغان 600 نەچچە كىلومېتىرلىق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 8 . ئاينىڭ 20 . كۈنىدىن 9 . ئاينىڭ 15 . كۈنىگىچە شەرقىي شىنجاڭ يۆنىلىشى ھەمدە پارچە ساقالدىن كورلىغىچە 1200 نەچچە كىلومېتىرلىق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، 9 . ئاينىڭ 12 . كۈنىدىن 10 . ئاينىڭ 15 . كۈنىگىچە كورلىدىن قەشقەرغىچە 1000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، 10 . ئاينىڭ 23 . كۈنىدىن 11 . ئاينىڭ 24 . كۈنىگىچە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن تاشقورغانغىچە 500 نەچچە كىلومېتىرلىق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

**قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى** 2001 . يىلى شى، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوماندانلىق ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، كۆپ قىسىم ئورۇنلار قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنىڭ 3 . قارارلىق تورىغا كىردى. ھەربىي رايون قىسىملىرىغا كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كومپيۇتېرخانىسىنىڭ جايلىشىشى، مۇھىتى، قائىدە - تۈزۈمى، ماتېرىيال تۇرغۇزۇش، كۆرسەتكۈچلەرنى سىناش، تور بىخەتەرلىكى، ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق 7 ئىشنى قېلىپلاشتۇرۇلدى ھەمدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى 8 . ئايدا ئۇيۇشتۇرغان «قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش 3 . قارارلىق توردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى باشقۇرۇش سۈپەت ئېيى» باھالاش - سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش خىزمىتى پونكىتى «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى باشقۇرۇشتىكى ئەلا ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

**تەلىم - تەربىيە ۋە تەتقىقات** 2001 . يىلى باش شتاب ئۇيۇشتۇرغان «21 . ئەسىردىكى ھەربىي ئالاقە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى» ، «ئالاقىلىشىش سايمانلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى شەكىللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق تېمىلاردىكى نەزەرىيە مۇھاكىمىلىرىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 7 ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2 . دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 3 . دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4. 4 ئادەم 2001 . يىللىق ھەربىي ئالاقە ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايون ئۇدا 17 يىل ئارمىيە بويىچە ھەربىي ئالاقە ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. «69026» قىسىم ۋە بورتالا شۆبە ھەربىي رايونى يېڭى «تېزىس» نىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. «69026» قىسىم باش شتاب ئالاقە بۆلۈمى تەرىپىدىن «تېزىس» تۈزۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، بورتالا شۆبە ھەربىي رايونى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىڭ بىن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

**قورال - ياراغ باشقۇرۇش** ئالاقىدار قىسىملارغا قىسمەن يېڭى ياراغ تارقىتىپ بېرىلدى. قىسىملارنىڭ ئالاقە قورال - ياراغلىرى سەييارە رېمونت قىلىنىپ ۋە تەكشۈرۈلۈپ، ئالاقە قورال - ياراغلىرىنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ئالاقە تېخنىكىسىنى يېڭىلاش تۈرىدىن 5ى باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى، ھەربىي رايون ئاپتوماتلاشتۇرۇش خىزمىتى پونكىتىنىڭ 2 نەتىجىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ئارمىيىنىڭ 1 . ۋە 2 . دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا كۆرسىتىلدى، «69032» قىسىمنىڭ 2 تۈرى ۋە «69026» قىسىمنىڭ بىر تۈرى لەنجۇ ھەربىي رايونى پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ئارمىيىنىڭ 3 . دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا كۆرسىتىلدى.

سۈن چىچاۋ، خۇاڭ باۋمىن

## قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ خىزمىتى

**ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسى** 2001 . يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنىڭ %103تىنى تاماملىدى. ئۇچقۇچىلارنىڭ تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ %62 ئۇچقۇچى تاكتىكا دەرسلىرى بويىچە ئۇچۇش مەشقىگە قاتناشتى. 11 . ئايدا باش شتاب قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى يىل ئاخىرىدىكى سىناشتا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى ئومۇمىي باھالاشتا 95 نومۇرلۇق نەتىجىگە ئېرىشىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 . دەرىجە ۋە «ئا» تۈردىكى جەڭگىۋار ئورۇن ئۆلچىمىگە يەتتى.

**ئايروپىلان ئىشلىرى خىزمىتى** مۇشۇ يىل ئىچىدە تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى %93كە، ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1000 قېتىم ئۇچۇشتىكى خاتالىق نىسبىتى %85 . 0كە، ئوتتۇرىچە كاشىلا نىسبىتى %65 . 2كە چۈشتى. تىك ئۇچار

ئايروپىلانلارنىڭ تاشقى مەيداندا بىر قېتىمدىلا ئوت ئېلىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنغان مەيدان ـ قېتىم نىسبىتى 100% بولدى، سۈنئىي خاتالىق كۆرۈلمىدى، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر بولۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش كاپالىتى مۇشۇ يىلدا 141 مەيدان (قېتىم) ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىپ، سۈپەتلىك مەيدان (قېتىم) نىسبىتى داۋاملىق 100% بولدى. ئەسكەرلەر مەيدان ئىشلىرى، سەھىيە، مېتېئورولوگىيە، ئالاقە، يېقىلغۇ، رېمونت، ئاشپەزلىك، شوپۇرلۇق قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەندى.

لى خۇي

## چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىش سۈپىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆستۈردى. تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق چېگرىنى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى، چېگرىدىن ئۆتكەن ئادەم ۋە ئۇلاغلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى؛ چېگرىغا يېقىنلاشقانلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇردى، چېگرىغا يېقىنلاشقان ئۇلاغلارنى توسۇپ قالدى، ئەتكەس ماللارنى قولغا چۈشۈردى، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىدى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۇچرىشىش ـ سۆھبەتلىشىش ئاپپاراتلىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستانلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە تاشقى ئاپپاراتلىرى بىلەن 564 قېتىم ئۇچراشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 قېتىم چېگرا سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، چېگرا ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت 2000 ـ يىلى چۈشۈرگەن ئاپتوموبىللىق چارلاش يولىدىن 353 كىلومېتىر، پىيادە چارلاش يولىدىن 20 كىلومېتىر ياساش، 160 كىلومېتىرلىق چېگرىغا تىكەنلىك سىم تارتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 2001 ـ يىلى چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە (344 كىلومېتىر ئاپتوموبىل بىلەن چارلاش يولى، 170 كىلومېتىر چېگرىغا تىكەنلىك سىم تارتىش، 2 يۈرۈش نازارەت قىلىش مۇئەسسەسەسى) نىڭ 60% ىنى تاماملىدى. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجىسى ئەلا دەرىجىگە يەتتى.

شيا خۇي

## باشقۇرۇش تەربىيىسى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ يىللىق باشقۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى ھەققىدىكى يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئۇستابنى چوڭقۇر، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىسىملارنىڭ باشقۇرۇش تەربىيىسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.

ئۇستاب ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى 1 ـ پەسىلدە قىسىملار ھەربىي رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تەييارلىق مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر يېتەكلىگۈچى تۆۋەندىن تۆۋەن كادىرلارنى ئۇستاب بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى. ھەربىي رايون قىسىملىرى رەسمىي دەرس ئۆتۈپ تەربىيىلەش، نەزەرىيە جەھەتتىن سىناش، قارا تاختا گېزىتى ۋە تام گېزىتى چىقىرىش، زېھىن سىناش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇستابنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئۇستاب ـ نىزاملار بويىچە ئىش بېجىرىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى.

قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ھەربىي رايون قىسىملىرى قىسىملارنىڭ باشقۇرۇلۇشى مۇنتىزىم بولماسلىق مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 5 ـ ئايدىن باشلاپ قانۇن ـ تۈزۈم قارىشى، ئادەم باشقۇرۇش، شتاتنى ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، يوشۇرۇن ھادىسە ئالامەتلىرىنى ئىزدەش جەھەتلەردە مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويۇپ، قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئىككىنچىدىن، چوڭ بايرام، پەسىل ئۆزگىرىش، ۋەزىپە ئالمىشىشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتكوم، ئورگاننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەكشۈرۈش، كادىرلار، تايانچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئادەم، ئاپتوموبىل، قورال، ئوق، دورا، ئامبارلارنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇشىنى تەكشۈرۈش، لاۋازىملار، شوپۇرلار، كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى ۋە كىچىك، تارقاق، يىراق ئورۇنلار ھەمدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىستىل ـ ئىنتىزام تەربىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى 5 قېتىم قانات يايدۇردى.

بىخەتەرلىك خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى ھەربىي رايون پارتكومى، رەھبەرلىرى بىخەتەرلىك خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، بىخەتەرلىك خىزمىتى بويىچە 8 قېتىم تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئايدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەسىلدە بىر تەكشۈرۈپ تۇردى ھەمدە تەكشۈرۈش ـ ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى.

ھەربىي رايون ئورگىنى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قىسىملارغا ئەۋەتىپ، قىسىملارنىڭ «2نى ئالدىنى ئېلىش» (ھادىسىنىڭ، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش) خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**ئاپتوموبىل باشقۇرۇش چەك تۈزۈلدى** ئاپتوموبىل باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ «ئاپتوموبىل ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىشتىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تۈزۈلدى، بىۋاسىتە قاراشلىق شى، لۇي دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى رەھبەرلىرى ئاپتوموبىل بىلەن يىراققا سەپەر قىلسا ھەربىي رايونغا تەستىقلىتىش، تۆۋەندىن يۇقىرى باشقا كادىرلار ئاپتوموبىل بىلەن يىراققا سەپەر قىلسا ھەربىي رايوننىڭ چوڭ ئورۇنلىرىغا تەستىقلىتىش، كادىرلارنىڭ دەم ئېلىش، تۇغقان يوقلاشتا ماشىنا ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلىش تەلەپ قىلىندى. ماشىنا ئىشلىتىش، ساقلاش، تەكشۈرۈش، سىناش، ماشىنا مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش، ماشىنا سۈرئىتى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

نى بىڭ

## كادىرلار خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى شى، تۈەن كادىرلىرىنى 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر ياش كادىر 28، ئالماشتۇرۇلغان كادىر 143. كادىرلارنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا كۆرسىتىپ ئۆستۈرۈش نىسبىتى %80تىن، ئەلالىق نىسبىتى %50تىن يۇقىرى بولدى. 762 كادىر ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ تەربىيىلەندى. 31 مۇنەۋۋەر ياش كادىر ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتىلدى، نەتىجىدە ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ياخشىلاندى.

2001 - يىلى كەسپ ئالماشتۇرىدىغان، قىسمەن بوشىنىدىغان 1229 كادىر بېكىتىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغىنى 762، ئۆزى خىزمەت تاپىدىغىنى 380، قىسمەن بوشىنىدىغىنى 87. 27 كادىر پېنسىيە رەسمىيىتىنى بېجىردى، 20 مۇنەۋۋەر ئەسكەر تاللىنىپ كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن بىۋاسىتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاپالىق جايلارغا كەسپ ئالماشتۇرۇپ باردى. زاپاس كادىرلار خىزمىتى ۋە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى تەقسىملەش ھەمدە ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش خىزمىتى تاماملاندى. ھەربىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تەشكىللىنىپ، 602 ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. ھەربىي مەكتەپلەرگە يەرلىكتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. ھەربىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغانلار 10 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن 2863 ئوقۇغۇچىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، يۈز تۇرانە ئىمتىھان ئېلىش ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، 543 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. يەرلىكتىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قىسمىغا قوبۇل قىلىش ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تاماملىنىپ، يەرلىكتىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن 60 دۆلەت مۇداپىئە ئوقۇغۇچىسى تاللاندى، تۇنجى قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئارقىلىق 30 دۆلەت مۇداپىئە ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلىندى ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھەربىي يازلىق لاگېر پائالىيىتى تەشكىللەندى.

پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى. قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىدىن 37 كادىر يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە ئاسپىرانتلار سىنىپى ۋە تەربىيىلەش سىنىپىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 39 كادىر لەنجۇ ھەربىي رايونى ئويۇشتۇرغان ئېنگلىز تىلى مەۋقىيە ئۆستۈرۈش سىنىپىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىدىن چەت ئەل تىلى ئىمتىھانى ئېلىندى، پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ دەرىجە تەمىناتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 165 كادىرنىڭ ئۇنۋانى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلدى (ياكى داۋاملىق بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى)، 336 كادىرنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى ئوتتۇرا دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى، 519 كادىرنىڭ كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسى تەڭشەلدى (ئۆزگەرتىلدى)، مۆلكىي كادىرلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. 23 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا كادىرى مەملىكەت ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 2 كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، 20 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا كادىرى» دەپ تەقدىرلەندى.

سۇ زۇڭيى

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تۆۋەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي، ئاپتوموبىل ئىشلىتىش، خىزمەتچى، لاۋازىم ئىشلىتىش ۋە چەت ئەلگە چىقىش پاسپورت - كىنىشكىلىرىنى

بېجىرىش ئەھۋاللىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ ئىنقىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى؛ تۆۋەندىن يۇقىرى 25 رەھبەرىي كادىرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلدى، ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى 12 كەسپىي باشقارما ئۈستىدە مەخسۇس مۇپەتتىشلىك قىلدى. تۆۋەندىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلار «پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالىنى تىزىملاش جەدۋىلى»نى تولدۇرۇشقا تەشكىللىنىپ، پاك - دىيانەتلىك ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرىي كادىرلارغا چېتىلىدىغان بىر قىسىم زور دېلو ۋە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەربىي رايون ئاممىنىڭ ئەرز، پاش قىلىش خېتىدىن 419 پارچە (قېتىم)نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغىنى 282 پارچە (قېتىم) بولۇپ، 22 سى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ھەربىي رايون بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى ۋە مەسىلىسىدىن 220 سى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 220 پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 82 كىشى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 180 كىشى (قوش چارە كۆرۈلگىنى 42 كىشى). چارە كۆرۈلگەن كادىرلار ئىچىدە تۆۋەندىن يۇقىرى كادىر 53 كىشى، ئۇنىڭدىن باشقا 4 كىشىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى.

ۋاڭ تيې

## ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2001 - يىل 4 - ئايدا شىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى كىتاب ئوقۇش كۇرسىنى ئاچتى. شىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى 9 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى ئاچقان باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىي رايون شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ھەمدە ھەربىي رايون قىسىملىرىدا «سۆز»نى ئۆگىنىش بويىچە مەخسۇس تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

«غايە يەلكىنىنى لەپىلدىتىش» ناملىق يۈرۈشلۈك تەلىم - تەربىيە دەرسلىكى تۈزۈلدى، ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئارىسىدا «ھەر ئايدا بىر دەرس» ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە يولغا قويۇلدى. چېگرا مۇداپىئەسى، قورۇلۇش قىلغۇچى قىسىملاردا «4 ئالاھىدە تەربىيىسى» (ئالاھىدە جاپاغا چىداش، ئالاھىدە جەڭگىۋار بولۇش، ئالاھىدە چىدامىلىق بولۇش، ئالاھىدە تۆھپە قوشۇش) قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدا «قىسىملارنىڭ ئىدىيىۋى ۋەزىيىتىنى قەرەللىك تەھلىل قىلىش، سىردىشىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش، ئايرىم كىشىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ قەرەللىك تەكشۈرۈش، بىخەتەرلىكنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، ئىدىيىۋى ئاياغچىلارنى تەربىيىلەش ۋە مۇھىم ئورۇنلاردىكى كىشىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن قەرەللىك تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت 6 تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كەنجى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ئارىسىدا «ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا تەربىيىلەش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ليۇ داۋشياڭ

## ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى خىزمىتىدە «قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىش»تىن ئىبارەت خىزمەت فاكچېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، قىسىم قورۇلۇشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن، ئىجتىمائىي تەسىرى زور، چېتىشلىق سومىسى چوڭ بولغان بىر تۈركۈم جىنايەت دېلولىرى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇننى نازارەت قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، رازۋېدكا قىلىش، سوت قىلىش ۋە تۈرمە قاماقخانا تەپتىشلىكى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، دېلو بار تۇرۇقلۇق قوبۇل قىلمايدىغان، قەرەلىدىن ئاشۇرۇپ قاماپ قويىدىغان ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلدى. قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى ھەمدە جازانى يېنىكلىتىش، تۈرمە سىرتىدا داۋالىنىشقا كېپىللىك بېرىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش ئەھۋاللىرى نازارەت قىلىندى.

جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىلدى. تەپتىش كادىرلىرى چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. قىسىملارنىڭ مەركىزىي خىزمىتى دەۋرىي قىلىنىپ مەخسۇس قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، تۆۋەندىن يۇقىرى 30 ئورۇندا 27 مەيدان قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كۆپ ۋاسىتىلىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ 12 مەيدان قانۇنچىلىق دەرسى ئۆتۈلدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك 148 سوئالىغا تېلېفون ئارقىلىق ياكى يۈز تۇرانە جاۋاب بېرىلدى ھەمدە قانۇنغا چېتىشلىق 51 مەسىلە ھەل قىلىندى. «ئارمىيىدە دائىم كۆرۈلىدىغان دېلو -

ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى»دىن 2000 نۇسخا تارقىتىلدى. 31 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى يېزىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ سوتقا چىقىش ئۇسۇلى ۋە تەسىرات» ۋە «ھەربىي مەلۇماتنى يوشۇرۇش، پالغان مەلۇم قىلىش جىنايىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق 2 پارچە ماقالە «ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

جاڭ يەنمىن

## ھەربىي سوت مەھكىمىسى خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 16 كىشىگە چېتىشلىق 15 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلدى. جازانى يېنىكلىتىشكە ئائىت 14 دېلو قوبۇل قىلىنىپ ئۆزگىرىش ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 12 جىنايەتچىگە بېرىلگەن جازا يېنىكلىتىلدى. 4 دەۋا دېلوسى بېجىرىلدى. 56 ئەرزىيەت بىر تەرەپ قىلىندى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 25 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ئورگان، قىسىملارغا 28 مەيدان (قېتىم) قانۇنچىلىق دەرسى ئۆتۈلدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر سورىغان قانۇنغا ئائىت 145 مەسىلىگە جاۋاب بېرىلدى، قىسىملار ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق 37 قېتىم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى، 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، ھەربىي رايون تەۋەسىدىكى رايونلاردا دۆلەت مۇداپىئە مەنپەئىتى ۋە ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن رايون ھەمدە شىنژاڭنىڭ ئالىي رايونىدىكى 15 ۋىلايەت (ئوبلاست)، 103 ناھىيە (شەھەر، رايون)دە دۆلەت مۇداپىئە مەنپەئىتى ۋە ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قانۇن مۇلازىمىتى پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 194 ئوفىتسېر - ئەسكەرنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا يولۇققا قانۇنغا چېتىشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

پېڭ بو

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنى ئۆتكۈزدى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 29 ئاپتوموبىل تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ بېرىلدى، 170 توننا يېقىلغۇ ماي ياردەم قىلىندى. 3 مىليون 270 مىڭ يۈەن ھەرخىل خىراجەت ئاجرىتىلدى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ئۆز ئالدىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى ياخشىلىدى. ھەربىي رايون كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى 2 مىليون 30 مىڭ يۈەنلىك داۋالاش فوندى تەسىس قىلدى. تەربىيە - باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەت كاپالىتىنى «تەڭ تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇلدى. ھەربىي رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ 60 نەچچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي تۇرمۇش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى.

«1 - ئىيۇل» ھارپىسىدا 14 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 37 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى. جىنەن كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى پارتكومى، ئۈرۈمچى 5 - كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جىن تيەنشېن، لوياڭ كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ باشلىقى لى بىڭجۇنلەر 2 دەرىجىلىك ھەربىي رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

لى شۇگۇي

## ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 2001 - يىلى قىش پەسىللىك ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلاشتى. ئەسكەر بولۇش يېشىدىكى ياشلاردىن 28 مىڭ 869 كىشى ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى. ناھىيەدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسىدىن 246 سى قۇرۇلدى، 3625 تېببىي خادىم ئاجرىتىلىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 219ى قۇرۇلدى، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 58.4%، سىياسىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% بولدى. يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 22%نى، ئايال ئەسكەرلەر 6%نى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى 60%نى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 60%نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكى ياشلار 46.6%نى ئىگىلەيدۇ. قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ قايتا تەكشۈرۈشتە شاللىۋېتىلىش نىسبىتى 1.1% بولدى.

ئەسكەر ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئەسكەر ئېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆلەتتىن

رايونى ۋە تۇدۇڭخابا رايونى، قەشقەر شەھىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى ئەسكەر ئېلىش خىزمەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، سانجى، كورلا، خوتەن شەھەرلىرىدە ئايال ئەسكەر ئېلىش چارىسى نۇقتىدا داۋاملىق سىناق قىلىندى.

ۋېي جىجيې، ما شاۋجۇن

## زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ ئېھتىياجى چىقىش قىلىنىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى قىسىملىرى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلدى. تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئازايتىلىپ، كەسپىي تېخنىكا ئەسكەرلىرىنىڭ نىسبىتى ئاشۇرۇلدى. تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق كاندىدات ئوفىتسېرلارنىڭ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتى بولۇش ۋە كەسپىي ماس كېلىش نىسبىتى %80كە، ئەسكىرىي تۈرلەردىكى تۈەنلەردە كەسپىي ماس كېلىش نىسبىتى %90كە، قىسىمدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ نىسبىتى %50تىن كۆپرەككە يەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەننىڭ ھەربىي بۆلۈمى ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ 4 يېرىم ئاي ئىچىدە مەركەزلىك ھالدا 17 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەردىكى 500 نەچچە كارخانا ـ كەسپىي ئورۇن ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەر بېرىلدى.

خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە ئاساسىي قاتلام قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلۇشى ھەربىي رايون قۇرغان بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى 4 ـ ئاينىڭ 8 — 20 ـ كۈنلىرى قۇمۇل، بايىنغولىن، ئىلى، قاراماي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 15 ناھىيە (شەھەر، بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارىلىرى) دىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، ئاساسىي قاتلامدىكى 30 نەچچە قوراللىق بۆلۈمنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايون 8 ـ ئاينىڭ 27 — 29 ـ كۈنلىرى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە ئاساسىي قاتلام قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، يىغىندا «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، 2 دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى. قوراللىق بۆلۈم مەخسۇس كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى قوراللىق بۆلۈم مەخسۇس كادىرلىرى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى.

ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە يىگىنچە «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسى» ۋە «زاپاس قىسىملارنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە سىناش پروگراممىسى»نى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ھەربىي رايون زاپاس قىسىملىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىدە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.5كە يېتىپ، يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %119.7ى تاماملاندى؛ تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىدە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.6 كە يېتىپ، يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %216.4ى تاماملاندى؛ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرى يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %109.5نى تاماملىدى. خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەخسۇس كادىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە يېڭى پروگرامما بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى 71 قارار ئېچىلدى.

دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى قۇرۇلۇشى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى كومىتېتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشقا ھەمكارلاشتى، يىغىندا دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى ئاپپاراتىنىڭ خادىملار شتاتى، خەلق ئەسكەرلىرى قورال ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتى قاتارلىق 8 چوڭ مەسىلە مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ھەل قىلىندى. لەنجۇ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت (ئوبلاست)، بىڭتۇەننىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى ئاپپاراتلىرى ۋە زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي رايون تەشكىللىگەن ھەربىي مانېۋىرغا قاتناشتى.

مۇقىملىقنى ساقلاش بىرىنچىدىن، قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچىلارغا ماسلىشىپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى. ھەربىي رايون خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش يىگى بىر لىيەننى، خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش مۇستەقىل لىيەنى بىر پەينى، زاپاس ئەسكەرلەر تۈەنلىرىنىڭ ھەربىرى بىردىن يىگىنى ئۇرۇش تەييارلىقى نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بەلگىلىدى، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر بەندىن ئارتۇق قوغداش كۈچىنى ئامبار قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇش

تەييارلىقى ئۆزئۈتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تەساددىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. ئىككىنچىدىن، ج خ خادىملىرى قورالىق ساقچىلارغا ماسلىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە قاتنىشىپ، زاۋۇت، يول، كان، دوختۇرخانىلارنى قوغداش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىندى.

لىي يۈ، ياڭ خۇڭۋېي

## ئارقا سەپ ـ تەمىنات باشقۇرۇشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارمىيەتكە بېرىلگەن 47 مىليون 750 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالدى، %86 شتاتلىق ئورۇن خام چوت خىراجىتىدە كىرىم ـ چىقىمنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. باشقا %95 ئورۇن ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مال ـ مۈلۈك ئىنقىلاپ تىزىملاش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى مۇستەھكەملىنىپ ھەربىي رايوندا قىسىملارنىڭ ئەمەلىي مال ـ مۈلۈكلىرى باھاسى بويىچە ھېسابقا كىرگۈزۈلدى. «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئايرىش پىكرى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. خام (نەق) چوت، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە مەخسۇس تەپتىشلىك كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە خام چوت قىزىل رەقىمى 30 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشنىڭ 37 مىليون 160 مىڭ يۈەن راسچوت چىقىمى كېمەيتىلدى. ئۈچىدىن يۇقىرى ئورۇنلار بىلەن 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى ھەمدە لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ماسلىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا «غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا ئارمىيە خەلق بىرلىكتە قۇرۇش بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئېچىلدى. ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ نومۇر تاختىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ساختا ھەربىي ئاپتوموبىللارغا زەربە بېرىلدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى 10 ماي قاچىلاش پونكىتى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرى تولۇقلاندى، يېقىلغۇ ماي بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ۋە بازا ماي ئامبارلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تەپتىشلىكى كۈچەيتىلىپ، نازارەتچىلىكنىڭ قاپلاش نىسبىتى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتكۈزۈلدى، قۇرۇلۇشنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %50تىن يۇقىرى بولدى. چېگرا مۇداپىئەسى قىسمى قاتارلىق ئورۇنلارغا 1 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 6000 دانە گازارما سايمىنى ھەل قىلىپ بېرىلدى. ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى قوغداش ھەققىي كۈچەيتىلىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى 20 نەچچە قېتىملىق يەر زىددىيىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، قىسىملارنىڭ 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيىنى تولۇقلىنىپ بېرىلدى، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان يەرگە كىنىشكا ئېلىش نىسبىتى %95كە يەتكۈزۈلۈپ، قىسىم قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

يۈ چاۋ

## ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ ـ تەمىنات كاپالىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %100كە يېتىپ، تەمىنات كەم قېلىش، ئۈزۈلۈپ قېلىش، ئۈنتۈلۈپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى. ھەربىيلەرنى ئاشلىق، گۆش، سەي بىلەن تەمىنلەش مۇقىم بولدى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ دەل كېلىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. ئۇنىۋېرسال تۈزەش كۈچەيتىلىپ، مەدەنىي، پاكىز گازارما بەرپا قىلىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. قىسىملاردا كېچە ـ كۈندۈزدە كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى %1.5 ئىچىدە تىزگىنلەندى. ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە لىيەنى قاتارلىق ئورۇنلارغا 182 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يېڭى دورا ۋە داۋالاش سايمىنى تارقىتىپ بېرىلدى. بىر يىلدا ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا 2366 ئادەم (قېتىم)، 2449 ئاپتوموبىل (قېتىم) دا 30 مىڭ 383.8 توننا ھەرخىل ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ چېگرا مۇداپىئە تاشيولىدىكى خەتەرلىك كۆۋرۈكلەر، خەتەرلىك بۆلەكلەر جىددىي رېمونت قىلىندى ۋە تۈزەشتۈرۈلدى. بىر يىلدا قىسىملار 65 مىڭ توننا يېقىلغۇ ماي بىلەن تەمىنلەندى، ئاساسىي قاتلامدىكى چەت، يىراق جايلارغا جايلاشقان قىسىملارغا ياردەم سۈپىتىدە ئۆلچەم سىرتىدا 2788 توننا يېقىلغۇ ماي تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. چېگرا مۇداپىئە قىسىم (شۆبە قىسىم) لىرىنىڭ 5 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى رېمونت قىلىپ بېرىلدى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە شامال كۈچىدىن توك ھاسىل قىلىدىغان قۇۋۋىتى كىچىك توك ھاسىل قىلىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىپ بېرىلدى، 12 گېنېراتور يېڭىلاندى، 26 كونا گېنېراتور رېمونت قىلىندى، 24 پار قازىنى، 6 يۇيۇش سۇ بىر تەرەپ قىلىش سايمىنى يېڭىلاندى ھەمدە

ئۇرغۇن چېگرا مۇداپىئە لېيەن (پونكىت) لىرىدە يېڭى تېپلىق ئىسسىنىش سايمانلىرىنى ئورنىتىش ئۇقتىدا سىناق قىلىندى.

جاڭ خۇڭيىڭ

## ئارقا سەپ تەمىناتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «69240»، «36702» قىسىملار ۋە ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى، بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى ئورگىنى، ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىدا گازارما، داۋالاش، ماي، يېمەك - ئىچمەك، سودا كاپالىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. «69072» قىسىم، 15 -، 16 - دوختۇرخانىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك كاپالىتىدە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى؛ «69240» قىسىم تازىلىق، پار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق تۈرلەرنى ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا هاۋالە قىلدى. 2001 - يىلى ھەربىي رايون بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمىنىڭ ئورگان ئاشخانىسى، ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسى، لىنتۇڭ 2 - ساناتورىيىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەك كاپالىتى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلدى؛ ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى 3000 ئائىلىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش ۋە 23 - دوختۇرخانا قاتارلىق ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارغا تەۋە 113 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمنى پار بىلەن تەمىنلەش ئىجتىمائىي تورغا قوشۇۋېتىلدى. ھەربىي رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنى، 4 شۆبە بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى قاتارلىق شى، لۈيدىن يۇقىرى 11 ئورۇندىكى 13 مىڭ ئائىلىگە IC كارتۇچكىلىق سچوتچىك ئورنىتىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي «بەش يۇلتۇز» يولىدىكى كۆلىمى 58 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق، 504 ئائىلىلىك ئەرزان، قۇلاي ئولتۇراق رايونىدا ئۆي خوجىلىقى ئاساسىدىكى باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، 13 چېگرا مۇداپىئە خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ماي كاپالىتىدە پۇللاشتۇرۇپ تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. ئارمىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەربىيلەر مۇلازىمەت كوپېراتىپى 156 ئىشچى - خىزمەتچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى.

ھەربىي رايوندىكى 28 ئورۇن يېمەك - ئىچمەك، سودا، پار، توك، گاز، ماي قاتارلىق 8 تۈرلۈك تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، 76 كىشىنى ئازايتتى، 55 ئىشچى - خىزمەتچىنى باشقۇرۇشنى هاۋالە قىلدى، 175 ۋاقىتلىق ئىشچىنى چېكىندۈردى، 160 رەسمىي ئىشچىنى تارقاقلاشتۇردى، 4 مىليون 355 مىڭ يۈەن چىقىمنى تېجەپ قالدى.

لى زۇڭجېن

## كاپالەت خاراكتېرلىك كارخانىلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش

شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەربىي رايوننىڭ كاپالەت خاراكتېرلىك كارخانىلىرى ۋە دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھەربىي رايون يەرلىككە 18 كارخانا ۋە دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدانى، 656 مىليون 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مۈلۈك، 450 مىليون 860 مىڭ يۈەن قەرز، 205 مىليون 160 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىگىدارلىق ھوقۇقى، 11 مىڭ 23 ئادەمنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكى ھەقسىز ئايرىپ بېرىلدى، ھەقدارلىق، قەرزدارلىقمۇ قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

شاۋ جۇن

## قورال - جابدۇقلارنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملارنىڭ «قورال - جابدۇق نىزامى»نى ئۆگىنىش - ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى، قورال - جابدۇق باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە قورال - جابدۇقلارنى بىخەتەر باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىپ قېلىپلاشتۇردى، ھەربىي رايوننىڭ ئارقا سەپ ھەربىي سايمانلىرى، پارتلىتىش سايمانلىرى ئامبىرى ۋە قىسىمغا قاراشلىق ئامبارلارنىڭ چاقماقتىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى. بىر يىلدا ھەربىي سايمان رېمونتچىسىدىن 101ى تەربىيىلەندى، تېخنىكا ئايانچىلىرى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىگە، باشقا رايونلارغا كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. ناھىيە (شەھەر)، تۈەن - مەيدان خەلق قوراللىق بۆلۈم قورال - جابدۇق ئامبار مۇدىرلىرىنى كەسپىي بىلىم جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. يېڭى قورال - ياراغلارنى سىناق قىلىش، ئۆزگەرتىپ ياساش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا يېتەكچىلىك قىلىندى. ئاپتوموبىل تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىلىدىغان رېمونتچىلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ، مۇنتىزىملاشقان ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئادەم تەشكىللەپ «يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل قورال - جابدۇقلىرىنى ئىشلىتىش - ئاسراشقا دائىر 200 سوئال - جاۋاب» ۋە «ئاپتوموبىل قورال - جابدۇقلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشقا دائىر 100 سوئال - جاۋاب» تۈزۈپ چىقىلىپ، قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بىرونېۋىك

قورال ـ جابدۇقلىرى خىزمىتى جەھەتتە پۈتۈن رايوندىكى ىرونىۋلىك تېخنىكىسى باشقۇرۇش كادىرلىرى «ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇق تېخنىكا كاپالىتى خىزمىتى تىزامى» بويىچە يىغىپ تەربىيىلەندى. «ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇقلىرى تېخنىكا كاپالىتى خىزمىتى تىزامىغا دائىر بىلىملەردىن سوئال ـ جاۋاب» بېسىپ تارقىتىپ بېرىلدى. كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ چاقلىق ىرونىۋلىك مەيدانىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش ۋە تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ سىستېما باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. قۇرۇلۇش قىسمى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملارنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى خىزمىتى جەھەتتە ھەربىي رايوندىكى تۆەندىن يۇقىرى 21 ئورۇننىڭ پارتلىتىش سايمانلىرى، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملارنى ئېنىقلاش ـ تۈزەش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. رايون بويىچە پارتلىتىش سايمانلىرى، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ، ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى تۈگىتىلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىغا قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسۋابلىرى سەپلەپ بېرىلدى ھەمدە قورال ـ جابدۇق تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى 1 ـ سەپتىكى قىسىملارغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۈڭشياۋ

## قورال ـ جابدۇقلارنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمىنىڭ ھەمماب قورال ـ جابدۇقلارنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئاز كەم 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئەسلىھەلەرنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سايمانلىرىنى سەپلەپ، 1000 دىن ئىقتىدارلىق رېمونتچىنى يېتىشتۈرۈپ، رېمونت زاۋۇتلىرى ۋە ئۇلاپ رېمونت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ چوڭ، ئوتتۇراھال رېمونت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، تار دائىرىلىك رېمونت تورىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ زەمبىرەك، رادار، ىرونىۋلىك، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى قورال ـ جابدۇقلارنى سىناق تەرىقىسىدە رېمونت قىلىشنى ئويۇشتۇردى. ھەربىي قورال ـ جابدۇقلارنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا «سىستېمىلىق، يۈرۈشلۈك، قېلىپلاشقان، ئەمەلىي» بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، باشلامچى خىزمەتنى تۇتۇش (يەنى ھەربىي قورال ـ جابدۇقلارنى چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ رېمونتچىلىق ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش)، يادرونى تۇتۇش (يەنى ھەربىي قورال ـ جابدۇقلارنى رېمونت قىلىش ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش)، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش (يەنى ھەربىي قورال ـ جابدۇقلار كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش)، قىيىن نۇقتىنى تۇتۇش (يەنى يېڭى ھەربىي قورال ـ جابدۇقلارنى رېمونت قىلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈشنى تۇتۇش) نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتوموبىل ـ كېمىلەرنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش خىزمىتىدە باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئالدىن بەلگىلەنگەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىلىپ، بۇ خىزمەت باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ئاپتوموبىل، كېمىلەرنى رېمونت قىلىش كاپالىتى خىزمىتى جەھەتتە ھەربىي رايون رېمونتچىلىق تېخنىكا كۈچى تەشكىللەپ چېگرا مۇداپىئە قىسمى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى سەييارە رېمونت قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش جەھەتتە، ھەرخىل تىپلىق ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇقلىرىنى چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك رېمونت قىلىش ۋەزىپىلىرى تاماملاندى. پەسىل ئالمىشىش، مانېۋىر قىلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىسىملارنىڭ كاشىلا چىققان قورال ـ جابدۇقلىرى سەييارە رېمونت قىلىندى، بۇ جەرياندا قىسىملارنىڭ كاشىلا كۆرۈلگەن ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇقلىرى رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، رايون بويىچە ىرونىۋلىك قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى 5 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمى تەرىپىدىن ئوڭۇشلۇق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرۇلۇش قىسمى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسىملىرىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرىنى دەرىجىدىن ئاشۇرماي شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىمۇ باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

دۇ سۇڭيۈڭ، شۇ شىن

## خېيمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2001 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «69220» قىسمى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس قىسىملىرى پىيادە ئەسكەرلەر شىتى، ھەربىي رايون باش

دوختۇرخانىسى ۋە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇل، بايىنغولىن شۆبە هەربىي رايونلىرىغا قاراشلىق قىسىملارنى يەرلىكنىڭ خىيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، بۇنىڭغا ئەسكىرىي كۈچتىن 7300 نەچچە ئادەم (قېتىم)، خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىدىن 12 مىڭ 600 نەچچە ئادەم (قېتىم)، 1800 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم)، 10 برونېۋىك ئاجرىتىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن 175 مىڭ 200 كىشى قۇتقۇزۇلدى، قاردا قاپسىلىپ قالغان 220 يولۇچى، كان ئىشچىسى، ئوقۇغۇچى، بوراندا قاپسىلىپ قالغان 200 دەك كىشى قۇتقۇزۇلدى، 23 مىڭ 600 نەچچە يولۇچى تارقاقلاشتۇرۇلدى، جىددىي خاراكتېرلىك ئېغىز لىك كېسەللىككە ئۇچرىغان 4 كىشى قۇتقۇزۇلدى، 420 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى كۆرۈلدى، 2 مىليون 451 مىڭ تۇياق (دانە) چارۋا قۇتقۇزۇلدى، 80 نەچچە توننا ئەشيا توشۇلدى، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان 20 نەچچە توننا ئەشيا قۇتقۇزۇلدى، 3300 نەچچە توننا يەم - خەشەك توشۇلدى، 22.2 كىلومېتىر دەريا يولى راۋانلاشتۇرۇلدى، تۆمۈريول رېلىسى ئارىلىقىدىن 600 نەچچىسى كولاندى، قاپسىلىپ قالغان 324 ئاپتوموبىل قۇتقۇزۇلدى، 700 نەچچە ئاپتوموبىل يولغا سېلىندى، 1200 نەچچە كىلومېتىر يول راۋانلاشتۇرۇلدى، 25 كىلومېتىردىن كۆۋرۈك يول جىددىي رېمونت قىلىپ ئاسرالدى، 7000 مېتىردىن كۆۋرۈك زەيكەش چېپىلدى، 1.9 توننا ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك، 11 توننا هەرخىل ماي ياردەم بېرىلدى، 250 نەچچە قېتىم پارتلىتىش بەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى.

گو ۋېي، جالڭ پېڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىدىن 14 ھەممىباب قورال - جابدۇق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تورلاشتۇرۇش سىستېمىسى» ناملىق يەنە بىر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئارمىيىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 7 پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئارمىيىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا يوللاشقا كۆرسىتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى برونېۋىك قىسىملىرى بۆلۈمى 2000 - يىلى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «GY6730» تىپلىق چېگرا چارلاش ئاپتوموبىلى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سىناش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. هەربىي رايون 2000 - يىلى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «ئېگىز جايلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ئەسۋابى» باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لېيەندۈيلەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

دىڭ شېڭخۇا

## ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ

2001 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ تۆەندىن يۇقىرى بەزى ئورگان كادىرلىرى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە هەربىي رايون قىسىملىرىدىكى كادىر - جەڭچىلەر سىرتتىن ئوقۇشقا تەشكىللەندى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 98 - يىللىق سىرتتىن ئوقۇش تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز قەرەلىدە ئوقۇش پۈتتۈردى. شىئەن سىياسىي ئىنستىتۇتى ۋە ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق سىرتتىن ئوقۇيدىغان تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى. هەربىي رايون قىسىملىرىدىن نۇرغۇن كادىر ۋە جەڭچى ھەپتە ئاخىرىدا ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بويىچە «شەنبىلىك كۇرس»، «بازا كۇرسى»، «ئارمىيە ۋە يەرلىك بىللە ئاچقان كۇرس» لاردىكى ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتى.

يەن خەيچېڭ

## مەدەنىيەت خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شتاتلىق لۇي، تۈەنلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى ۋە لېيەنلەرنىڭ كۇلۇبلىرىغا بىليارت تاختىسى، تېنىس توپ تاختىسى، جاز - دۇمباق ساندۇقى ۋە VCD يۈرۈشلۈك ئىشكاپى قاتارلىق سايمانلارنى سەپلەپ بەردى. هەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى 3 قېتىم قىسىملارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىللىنىپ، 100 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى. كەسپىي تېخنىك خادىملار ئاساسىي قاتلامغا 3 قېتىم ئەۋەتىلىپ كىنو - تېلېۋىزىيە سايمانلىرىدىن 600 نەچچىسى رېمونت قىلىپ بېرىلدى، كىنو - تېلېۋىزىيە تايانچىدىن 30 نەچچىسى تەربىيىلەپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇللاش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىپ، تەڭشەپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، هەربىي رايون ئۈرۈمچىدە 8 - نۆۋەتلىك جەڭچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. هەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى 9 - ئايدا



2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسمەن خەلق قوراللىق ئۈلۈم كادىرلىرىنى كومپيۇتېر ماھارىتى بويىچە تەربىيىلىدى.
سۈن گۇاڭۋېي فوتوسى

ئىچكى موڭغۇل، شىراڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆمەك تەشكىللەپ بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى قاتناشتۇرغان 7 نومۇر كۆرەكتە 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 6 ئارتىس مۇكاپاتلاندى. ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان ناخشا «يۇرتۇمدىكى تولۇن ئاي» مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 2001 - يىللىق «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئېتوت «باھاردىكى ناخشا» ئارمىيە بويىچە 1 - دەرىجىلىك يېڭى ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جەڭچى ناخشىچى ۋاڭ مىڭجېڭ ئارمىيە بويىچە 2001 - يىللىق «يېڭى ئادەم، يېڭى ئەسەر» ناخشا - مۇزىكا مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ چۈەنۋېن

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېڭى ھەربىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى بويىچە سىناق تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش، قىسىملارنىڭ ئېگىز، سوغۇق رايونلارغا بېرىپ ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش ۋە ئۇپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى نۇقتىلىق خەۋەر قىلدى. «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسەتكەن نەمۇنىچى تۇەن سىياسىي كومىسسارى ۋېي چېگرۇڭ،

ئەسكەرلەرنى يەن - ئېختىمكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى سەركەردە لۇجاڭ يەن شىياڭ، «چېگرىدىكى جاۋ يولۇن» دەپ نام ئالغان چېن زۇمىڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم تىپلارنى تەشۋىق قىلدى. بىر يىلدا مەركەز دەرىجىلىك ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ھەربىي رايوننىڭ 1987 پارچە ئەسىرى ئىشلىتىلدى.

كاڭ گېڭ

## قوغداش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئىككىدىن مۇداپىئەلىنىش» خىزمىتى بويىچە 4 قېتىم تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى، 4 قېتىم بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى، 3 قېتىم مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاساسىي قاتلام ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، زور، خەۋپلىك دېلولارنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئادەتتىكى دېلولارنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكىدىن % 69 تۆۋەنلىدى. دائىملىق ئىدىيىۋى خىزمەت ۋە قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، قوغداش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىدىيە تايانچلىرى تەربىيىلەندى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەن ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن 12 كىشى 74 مەيدان ئۆكۈنۈش نۇتقى سۆزلەشكە تەشكىللەندى. قىسمەن كىشىلەر ۋە يېڭى ئەسكەرلەر سىياسىي جەھەتتە تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا تەكشۈرۈلدى. بىدئەت — «فالۇن گۇڭپسى»نى پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىي رايون رەھبەرلىرى ۋە ھەربىي رايون ئورگىنى تەكشۈرۈش - يېتەكچىلىك سالمىقىنى ئاشۇردى. ھەر قايسى قىسىملار ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈشكە تەشكىللەش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، 10 مىڭ ئادەم ئىمزا قويۇپ «فالۇن گۇڭپسى»نى پاش قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ باردى، ھەرخىل ئادەملەرنى تەكرار تازىلىدى.

چېن خۇگجېي

## سەھىيە خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەھىيە ئاساس قۇرۇلۇشى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم - تەربىيىسىنى

كۆچەيتتى. 23 ـ دوختۇرخانا 35 كۈن ئىچىدە 18 قېتىم تەلىم ـ تەربىيە ئۇيۇشتۇردى. 273 ـ دوختۇرخانا ئېگىز، سوغۇق جايلار ۋە چۆللۈك مۇھىتىنىڭ سەھىيە كاپالىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئاساسەن نىشانلىق تەلىم ـ تەربىيىنى چىڭ تۇتتى، مەلۇم پىيادە قىسىم 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى تەشكىللەپ، يارىدارلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشى ۋە ئۆز ئارا قۇتقۇزۇشىغا ئائىت تەلىم ـ تەربىيىنى يولغا قويدى. ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى 4 مەخسۇس بۆلۈم ئوپېراتسىيە ئەترىتى ۋە بىر جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ئەترىتى قۇردى. ھەربىي رايون 36 تۈركۈم سەييارە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئوپتىكىلىق كابېل كۆمۈۋاتقان، ئېگىزلىكتە مەشىق قىلىۋاتقان، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان قىسىملارنى سەھىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھەربىي رايون سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش چولق ئەترىتى «سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتى قوللانمىسى»نى تۈزدى.

2001 ـ يىلى ھەربىي رايوندا تۆمەندىن يۇقىرى 3 ئورۇن «9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئارمىيە بويىچە زىيانداشلارنى يوقىتىش ـ كېسەل داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام ئالدى. 2001 ـ يىلى ھەربىي رايون قىسىملىرى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە مەدەنىي پاكىز گازارما بەرپا قىلىش، گازارما رايونىنى كۆكەرتىش، «4 زىيانداش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تاماكا چەكلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

يەرلىكتىكى دوختۇرخانىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. 15 ـ، 273 ـ، 12 ـ دوختۇرخانىلار ۋە ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسى جىڭ، بۆگۈر، يېڭىسار، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى خەلق دوختۇرخانىلىرى بىلەن ياردەم بېرىش، يېتەكلەش كېلىشىمى ئىمزالاپ، بۇ دوختۇرخانىلارغا داۋالاش، ئىلمىي تەتقىقات، قورال ـ جابدۇق قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بەردى.

ھەربىي رايون سەھىيە سىستېمىسىدىن 19 تور لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ «ئارقا سەپ تەمىناتىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكا چولق يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن 23 تۈر ئارمىيىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ۋە 3 ـ دەرىجىلىك داۋالاش مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا يوللاندى.

دورىنى ئاساسىي يول بىلەن تەمىنلەش سالمىقى زورايتىلدى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاساسىي يول بىلەن تەمىنلەنگەن دورىلارنىڭ قىممىتى 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4 مىليون يۈەن ئاشتى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق 15 داۋالاش ئورنىنىڭ 44 خىل دورىسى 95 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، دورىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.8% بولدى. دورا تەمىنلەش پونكىتىدىن سېتىۋېلىنغان دورىلار ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىنىڭ 12 دورا ياساش بۆلۈمىنىڭ ھەممىسى باش ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە قىسىملار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسى، 12 ـ دوختۇرخانا 10 ـ ئايدا «لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى سۈپەتلىك تۇغۇش ـ سۈپەتلىك تەربىيىلەش بويىچە تېخنىكا مەركىزى» بولۇپ تەستىقلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق 4 ئورۇنغا 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا باش شتاب، باش سىياسىي بۆلۈم، باش ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى، باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمى تەرىپىدىن «9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

ليۇ ۋېنجۈن

## يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 14 مىڭ گېكتار يەر تېرىپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتىنى 151 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، 50 مىليون 550 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. 6.665 گېكتار يەردىن 28 مىڭ 850 توننا كۆكتات ئېلىپ، قىسىملارنى 20 مىڭ 710 توننا كۆكتات بىلەن تەمىنلىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 25 مىڭ 687 تۇياق چوشقا، 54 مىڭ 885 تۇياق كالا ـ قوي، 157 مىڭ 100 دانە ئۆي قۇشى قالدى. 4370 توننا گۆش ئېلىنىپ، قىسىملار 3690 توننا گۆش بىلەن تەمىنلەندى، 1120 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 63%، تۇخۇم بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 44%، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 76% بولدى.

لى شۈەن

## ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 487 ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ئاجرىتىپ، 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ

23 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، سانجى ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 27 مىڭ 510 ئوقۇغۇچىسىنى ئومۇمىي ئۇستاب، يەككە ئەسكەر مەشىقى، لىيەن ـ پەيلەر بويىچە سەپكە تىزىلىش، چاسا ئەترەت بولۇپ پاراتتىن ئۆتۈش، قارىغا ئېتىش، تاكتىكا ئاساس ھەرىكىتى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مەشىق قىلدۇردى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي ئىدىيە، دۆلەت مۇداپىئە نەزەرىيىسى ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنە تەربىيىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ 140 مەشىق كۈنى (980 دەرس سائىتى) نى تاماملىدى.

شۆھرەت

## ئاممىۋى خىزمەت

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 2 مىليون 60 مىڭ ئەمگەك كۈنى، 13 مىڭ دانە (قېتىم) قۇرۇلۇش ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى، قارامايدا يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى قاتارلىق 92 ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلار بىلەن نامراتلارنى يۆلەش گۇرۇپپىسىدىن 1700 نى قۇردى، 2645 كىشى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ھەمكارلىق ئورناتتى، نەتىجىدە 2172 ئائىلىلىك ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئوقۇشسىز قالغان ۋە ئوقۇشتىن چېكىنگەن 1925 ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. قىسىملاردىن ۋە خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىدىن ئازكەم 20مىڭ ئادەمنى 200 نەچچە قېتىم خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتۇردى، ئاز كەم 100 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى.

قىسىملار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن ئىككىنى ھىمايە قىلىش، بىرلىكتە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش بىلەن بىرلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايون قاغىلىق ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرى، بارىكۆل ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە)» دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندا «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە)» دىن 18ى، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە)» دىن 42 سى بار بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى زىچ چۆرىدەپ، ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە 100 مەكتەپ، 100 مەمۇرىي كەنت قۇرۇش پائالىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. چېگرا مۇداپىئە 1 ـ سېپىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىي چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1286 ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسىنىڭ 85%ى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

چۇەن بىلىڭ

## خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەر

2001 ـ يىلى سىياسىي تەربىيە، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە چوڭ مانېۋىر، چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، ئارقا سەپ ـ تەمىنات كاپالىتى ھەمدە تۈرلۈك چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش جەريانىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى. ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 2001 ـ يىللىق خىزمەتلەردە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان «69315» قىسىمنىڭ 30 ـ شۆبە قىسمى، «69348» قىسىمنىڭ 57 ـ شۆبە قىسمىغا بىر قېتىم كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يېزىلدى؛ «69213» قىسىمنىڭ 31 ـ شۆبە قىسمى، «69221» قىسىمنىڭ 63 ـ شۆبە قىسمى، «69224» قىسىمنىڭ 62 ـ شۆبە قىسمى، «69231» قىسىمنىڭ 75 ـ شۆبە قىسمى، «69232» قىسىمنىڭ 67 ـ شۆبە قىسمى، «69245» قىسىمنىڭ 63 ـ شۆبە قىسمى، «69250» قىسىمنىڭ 11 ـ شۆبە قىسمى، «69260» قىسىمنىڭ 77 ـ شۆبە قىسمى، «69009» قىسىمنىڭ 64 ـ شۆبە قىسمىغا كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ بىر قېتىم تۆھپە يېزىلدى؛ «69213» قىسىم، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، «69016» قىسىم، 273 ـ دوختۇرخانا، ئۇرۇمچى كادىرلار 5 ـ دەم ئېلىش ئورنى، «69220» قىسىمنىڭ 60 ـ شۆبە قىسمى، «69231» قىسىمنىڭ 40 ـ شۆبە قىسمى، ئارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونى ئوقۇتۇش ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ بىر قېتىم تۆھپە يېزىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياڭ چىچاۋ، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى

ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گاۋ رۇڭجۇ، هەربىي رايون سىياسىي بۆلۈم تېلېۋىزىيە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ هەربىي رايوندا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ مۇخبىرى لى يۇڭتەي، هەربىي رايون قورال - جابدۇق بۆلۈمى بىرونېۋىك باشقارمىسىنىڭ ياردەمچى خادىمى ما شيۈپىڭ، «69224» قىسىم تەشۋىقات بۆلۈمچىسىنىڭ كادىرى جۇ پىڭ، «69230» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى جۇ جىنشى، «69250» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فۇ شيۇتىڭ، «69010» قىسىم 4 - باشقارمىسىنىڭ كادىرى لى يۈەنلياڭ، «69008» قىسىمدىكى مۇئاۋىن تۈەنجاڭ چېن تاۋ، چېن دېيەنچىلەرگە 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ بىر قېتىم تۆهپە بېرىلدى.

جاۋ دېيەنچاۋ

## شەهەر گارنىزون خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ 9 شەهەردىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابلىرى 44 مىڭ تەكشۈرۈش خادىمى (قېتىم) (2000 - يىلدىكىدىن 1.5 هەسسە ئارتۇق)، 4500 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۆتكەن - كەچكەن هەربىيلەرنى تەكشۈرۈپ، ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان هەربىيلەرنى يىغىۋېلىپ تەربىيىلىدى، بەلگىلىمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان هەربىي ئاپتوموبىللارنى بىر تەرەپ قىلدى. نەتىجىدە ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى 31% ئازايدى. ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى ئاممىدىن كەلگەن 105 پاش قىلىش تېلېفونى ۋە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، هال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 19 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، هەربىيلەر بىلەن ساقچىلار، هەربىيلەر بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى 8 قېتىملىق ماجىرانى بىر تەرەپ قىلدى.

ۋاڭ جياشىن

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

قازاقىستان جۇمهۇرىيىتى مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە شتاب باشلىقى بىرقارىيېف شاۋجياڭنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاڭ تۇڭجىن شاۋجياڭ غۇلجا شەهرىدە جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە «3 خىل كۈچ» كە زەربە بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر هەققىدە 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى قازاقىستان تەرەپ بىلەن خىزمەت سۆهبىتى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن شاۋجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە شتاب باشلىقى داش شاۋجياڭ موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشىنى باشلاپ 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭدا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

چيۇ يەنخەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان جۇمهۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مولدوشېف شاڭشياۋ قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشىنى باشلاپ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭدا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

قازاقىستان جۇمهۇرىيىتى مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زاكىيېف جۇڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جاڭ تۇڭجىن شىنجاڭ هەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 5 كىشىنى باشلاپ 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە قازاقىستان جۇمهۇرىيىتىدە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ئەرمېنىيە، گرۇزىيە، ئەزەربەيجان هەربىي تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چيۇ يەنخەن (ئۆمەك باشلىقى) ۋە باش شتاب ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ باۋشۇ شاۋجياڭ قاتارلىق 6 كىشى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە يۇقىرىقى 3 دۆلەتتە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

47 دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىنىڭ هەربىي ئەمەلدارى، مۇئاۋىن هەربىي ئەمەلدارى ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرىدىن تەركىب تاپقان 90 كىشىلىك هەربىي ئەمەلدارلار ئۆمىكى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياهەتتە بولدى. 25 - كۈنى كەچتە شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭ شاۋجياڭ شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا مېهمانلار شەرىپىگە قارشى ئېلىش زىياپىتى بەردى.

يۈ لىنشياڭ جۇڭجياڭ لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇ دۇڭدۇڭ جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دوستانە زىيارەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە پولشا، چېخ، سلوۋاكىيىلەردە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى لى شىنگۇاڭ شاۋجياڭ لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇ



ھەربىي رايون مەلۇم قىسىم جەڭچىلىرى «SOS بالىلار كەنتى»دىكى بالىلار بىلەن بىللە.

سۈرەتنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەۋەتكەن

گېگرېن جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەلىم-تەربىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، باش شتاب باشلىقى فۇ چۈەنيۇ شاڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ 1-مۇئاۋىن مىنىستىرى قوشۇمچە باش شتاب باشلىقى گېنېرال-لېيتېنانت ... 

لى يۈبىڭ

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى

### شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

كوماندىر: گۇ شىنخۇا (شاۋجياڭ، 11-ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، جاڭ جيەنپىڭ (شاۋجياڭ، 11-ئايدا تەيىنلەندى).

سىياسىي كومىسسار: لى تېن (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن كوماندىرلار: جياڭ شىڭاڭ (شاۋجياڭ، 11-ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، ۋاڭ يۇشىن (شاۋجياڭ، 1-ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، جۇڭ ۋېنخۇ (شاۋجياڭ، 1-ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: جۇ گۇاڭفۇ (شاۋجياڭ).

### ھەربىي تەلىم-تەربىيە

ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ تەلىم-تەربىيىسى 2001-يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە قىسمى ئۇرۇش ئىستودى مانېۋىرى ۋە يېڭى ئايروپىلانلارنى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش ئىشىنى تەشكىللىدى، ئۇچۇش مەشىقىنى مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ھەربىي تەلىم-تەربىيە ۋەزىپىلىرىنى تاماملىدى، يىللىق ئۇچۇش ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنىڭ %111.6نى ئورۇندىدى. قىسىم ئىچىدە «تەلىم-تەربىيىنى قانتىق باشقۇرۇش، تەلىم-تەربىيىنى تېزىس بويىچە يولغا قويۇش» تەربىيىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. قىسىمنى تەشكىللەپ ئەسكەرلەرنىڭ راست قارشىلىشىش مانېۋىرىنى ئۆتكۈزدى، ھەممە ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك شۆبە قىسىملار ۋە ئالاقىدار قىسىملارنىڭ ماس قەدەملىك يۈرۈشلۈك تەلىم-تەربىيىسىنى يېتەكلەپ قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى.

يەر ئۈستى قىسىمنىڭ تەلىم-تەربىيىسى يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى ئەمەلىي ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈشى مول بولغان تاكتىكا تەلىم-تەربىيىسىنى ئويۇشتۇردى. رادار قىسمى كاشىلىغا قارشى تۇرۇش مەشغۇلاتى، نىشانىنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كۈچەيتىلگەن تەلىم-تەربىيە ۋە «100 كۈنلۈك زەربىدار تەلىم-تەربىيە» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. تېخنىكىلىق رازۋېدكا قىسمى ھەر دەرىجىلىك كەسپىي رەھبەرلەر ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش كەسپىي تايانچلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تاكتىكا تەلىم-تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. مۇھاپىزەت شۆبە قىسمى ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە قىسمى ئاساس تاكتىكا ھەرىكىتى تەلىم-تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، قورال سەپلەپ راست ئوق

بىلەن قارىغا ئېتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۆزىنى قوغداش ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي تېخنىكىغا ئائىت 68 پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى ئېلان قىلدى، «3 كىچىك» (كىچىك كەشپىيات، كىچىك ئىجادىيەت، كىچىك يېڭىلىق) نەتىجىلىرىدىن 43نى ياراتتى، 5 پارچە تەجرىبە ماتېرىيالىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك 5 ئورۇن پەن - تېخنىكا مەشىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن، 28 ئادەم ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى راست بومبا بىلەن نىشاننى چەنلەش تەلىم - تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن 4نى ئېتىپ ھەممىنى نىشانغا تەككۈزۈش، ئومۇمىي باھالاشتا 2 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، ھاۋا ئارمىيىسى بىر تۇتاش تەشكىللىگەن يىغىپ تەربىيىلەشتە بۇ قىسىم، 16 - بولۇپ، ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆقتۇرۇشنامە ئارقىلىق تەقدىرلەندى. تېخنىكىلىق رازۋېدكا قىسمى ئازادلىق ئارمىيە تېخنىكىلىق رازۋېدكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە 6 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، چەت ئەل ئارمىيىلىرىگە ئائىت مۇھاكىمە ۋە تېخنىكىلىق رازۋېدكا ئىلمىي ماقالىسىدىن 23ى ھاۋا ئارمىيىسى ۋە باش شتاب مەتبۇئاتلىرىدا ئىشلىتىلىپ، بۇ قىسىم بۇ جەھەتتە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكىلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان بارلىق قىسىملىرى ئىچىدە 1 - بولدى.

لى شۈخۇڭ، دۇەن جيەنچياڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى شى - تۈەنلىرى «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى» لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلامغا بولغان يۈز تۇرانە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئىلغار بولۇپ باقمىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى نۇقتىلىق يېتەكلىدى. ئاساسىي قاتلام مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىنى تاللاش، تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى 12 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ ئاساسىي قاتلامنىڭ تۇرالغۇ ئۆي، ئىچىملىك سۇ، ئىسسىنىش، يۇيۇنۇش ۋە توك ئىشلىتىش قاتارلىق جىددىي، قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا، ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى ۋە يەر ئۈستى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت - تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى، ئايرودروم - پونكىت تۇرمۇش كاپالىتى ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا ئىشلەتتى.

ۋاڭ يىچۈن

## كادىرلار خىزمىتى

ئوفىتسېرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش 2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى تۆۋەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «"3كە ۋەكىللىك قىلىش"نى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئوفىتسېرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا ئىشنى ئۆزىدىن باشلاش» مەزمۇنىدىكى ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى بويىچە سەپەرۋەرلىك - مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، قوماندانلىق، ئۇچۇش، ئورگان ۋە ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن ئىبارەت 4 تىپ بويىچە ئىختىساسلىقلار ئامبىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ، مۇناسىپ تەربىيىلەش تەدبىرى ۋە پىلانى تۈزۈپ چىقتى. ئىككىدە سىناش، بىرنى باھالاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئاۋۋال ئېلان چىقىرىش، ئاشكارا سىناش، قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش قاتارلىق يېڭى تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. ئوفىتسېرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى، مەركىزىي خىزمەت ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش، رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ياخشىلاش، قىسىمنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوفىتسېرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە تۆۋەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى مۇنەۋۋەر زاپاس كادىرلار تىزىملىكى دەرىجە بويىچە تۇرغۇزۇلدى، يىلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇنەۋۋەر زاپاس كادىرلار نۇقتىلىق ھالدا ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىرلىق مەكتەپلىرىگە تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلىدىغان كادىرلار مەركەزلىك ھالدا ئاشكارا سىنالدى. رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغاندىن كېيىن، ھەربىي - مەمۇرىي مەسئۇل ئوفىتسېرلار، شتاب باشلىقلىرى ۋە مۇدىرلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىلمىي، مۇۋاپىق سەپلەندى، ئۆز تەۋەسىدىكى تۆۋەندىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭشىلىپ ئەلا ياخشى ھالەتكە يەتكۈزۈلدى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلار ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال يىغىپ تەربىيىلەندى. خىزمەت گۇرۇپپىسى قىسىملاردا خىزمەت تەكشۈرگەن، شى - تۈەنلەرنىڭ

دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشقان، يىل ئاخىرىدا بەنزىلەرنى سىنىغان ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا ئىش ئورنىغا چىققاندىن كېيىن ئىز قوغلاپ ياردەم بېرىلدى ۋە ئۇلار ھەرىكەتلىك باشقۇرۇلدى. تەۋەلىكتىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەرتىپتىكى تەلەپكە بىنائەن يىل ئاخىرىدا قاتتىق سىنالدى، بۇنىڭ بىلەن قىسىم پارتكومىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش كادىرلارنىڭ يۆتكىلىپ كېلىشى، يۆتكىلىپ كېتىشى، ئۆستۈرۈلۈشى، تەڭشىلىشى، مەشىققە قاتنىشىشىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ئوفىتسېرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلدى؛ پىلانلىق تەڭشەشتە، ۋەزىپە ئۆتەش يىل چېكى بىلەن تەڭشەش نىسبىتىنى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇلدى؛ تاللاپ ئىشلىتىشتە، ئالدى بىلەن مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ ئاندىن سىناپ ئىشلىتىش، ئاخىرىدا سىناپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 138 ئەسكەر تاللاپ چىقىلىپ يىغىپ تەربىيىلەندى ۋە ئارمىيە بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى. ھەربىي ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىش، يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىش، مۇنەۋۋەر ئەسكەرلەرنى تاللاپ مەكتەپلەردە تەربىيىلەش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. مەكتەپلەردە تاللاپ ئەۋەتىش، كۇرس ئېچىپ يىغىپ تەربىيىلەش، ئىز قوغلاپ ياردەم بېرىش - يېتەكلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خىزمەتتىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى.

پەن - تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى قىسىمدىكى ئاساسىي كادىرلار ئىچىدىن كەسپىي ئىلىم - پەن يېتەكچىلىرى ۋە تېخنىكا تايانچىلىرىنى تاللاپ تەربىيىلەش سالمىقى زورايتىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 6 پەن - تېخنىكا كادىرى ھاۋا ئارمىيىسى بويىچە يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ باھالاندى، 23 تېخنىكا كادىرى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن تېخنىكا تايانچى دەپ بېكىتىلدى. پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە سىناش ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەربىر سىناش ئوبيېكتى ھەققىدە سۈپەت جەھەتتىن يەكۈن چىقىرىلدى ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلاش - جازالاش يولغا قويۇلدى.

كادىرلار پاراۋانلىقى، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار مۇلازىمىتى «ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئۆگىنىش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار سىياسەت جەھەتتىكى يىغىپ تەربىيىلەش ۋە ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋالقى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. يەرلىكتىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت كۈچەيتىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆڭۈلدىكىدەك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پېشقەدەم كادىرلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. پېشقەدەم كادىرلار رەئىس جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل»دىكى سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى ھەمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا قارىتىلغان مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتى ۋە ئۇلارنى نۇقتىغا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قىسىم بىلەن بىللە يۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتى ۋە ئۇچقۇچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

ۋاڭ شيەنچۈەن

## مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى قىسىم مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى، 850 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلام كۇلۇبلىرىنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ياخشىلاش ۋە سەپلەش، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە تورىنى ئۆزگەرتىش، سۈنئىي ھەمراھتىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇللاش ئانتېننىسى ئورنىتىشقا سەرپ قىلدى. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بىرلەشتۈرۈپ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1000 قېتىمغا يېقىن ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، 200 نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى ئۆتكۈزگەن ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسىدە 8 كىشى بىرقەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىم ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن گازارما ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي تۈسى قويۇق 5 يۈرۈش نومۇر تەييارلاپ، ئاز كەم 10 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، قىسىملارغا ۋە بىرلىكتە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئورۇنلىرىغا 90 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇپ بەردى.

ۋاڭ ياۋچېن

## تەشۋىقات - تەربىيە

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى «ناچار خاھىشلارغا قارشى تۇرۇپ، لاياقەتلىك

(سۈرەت) ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئېلان قىلىنغىنى 130 پارچە، «ھاۋا ئارمىيىسى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغىنى 171 پارچە. بۇ قىسىم ھاۋا ئارمىيىسى بويىچە ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمىگە ياردەملىشىپ، «يوشلۇقىمىزنى تۇمۇر قانائىلىقلار غەربىي شىمالغا نەزەر تاشلىماقتا» ناملىق چوڭ سېپىنكى رەسىملىك نوپلامىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاماللىدى.

ۋاڭ ياۋچېن

## ئارقا سەپ - تەمىنات خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئۇچۇش ئارقا سەپ كاپالىتى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئايرودروم - پونكىت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە «مەشىقنى چىڭىتىش، پروگرامما بويىچە مەشىق قىلىش» تەربىيىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ئۇچۇش ئارقا سەپ كاپالىتى تەرتىپىنى ئونۇملۇك قېلىپلاشتۇرۇپ، پارتىيە. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ جىددىي قونۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىدى، بىر يىلدا قىسىمنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقى، مەخسۇس (ھۆددە) ئايروپىلان چىقىرىش، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ قونۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق ھەرخىل ئۇچۇش ۋەزىپىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا مەيدان (قېتىم) نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى.

**ئاساسىي قاتلام ئارقا سەپ - تەمىنات قۇرۇلۇشى**

قىسىمنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان جىددىي، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، قىسىملارنى يۆتكەش، ئارقا سەپ - تەمىنات ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تۈزەش، قىسىملارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئولتۇراق ئۆي، ئەرزان ئۆيلەر سېلىنىپ، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى. كۆكەرتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تۆت ئەتراپقا 36 مىڭ 460 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 32 مىڭ 380 تۈپ گۈللۈك چاتقال ئۆستۈرۈلدى، 117 مىڭ 613 كۋادرات مېتىر چىم



شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى «باھار غۇنچىلىرى قىزلار سىنىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى بېيجىڭ بازلىق لاگېر پائالىيىتىگە ئۇزاتماقتا.

خۇ چېبىن فوتوسى

ھەربىي بولۇش» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلىك تەربىيىسى، «ئېتىقاد، ئارمىيە روھى، مەسئۇلىيەت» تەربىيىسى، «3كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى مەخسۇس ئۆگىنىش تەربىيىسى، قىسىمنىڭ تۈپ فۇنكسىيىسى ۋە ۋەزىيەت، ئۇرۇش تەييارلىقى تەربىيىسى، «فالۇن گوڭ» بىدئەت تەشكىلاتىغا قارشى تۇرۇش، يېڭى جەمئىيەتتىن يېتەكلەش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، ئەخلاق، قانۇن، ئىنتىزام ۋە مىللەت، دىن سىياسىتى تەربىيىسى قاتارلىق دائىملىق تەربىيىلەرنى قانات يايدۇردى. شى - تۇەن سىياسىي بۆلۈم (باشقارما) لىرىنىڭ مۇدىرلىرى، تەشۋىقات بۆلۈم (بۆلۈمچە) لىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىگە تەشكىلاتچىلىق، يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى، تېخنىكىلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قىسمى پىشىك تەربىيە ۋە ئېتىقاد تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، قىسىمنىڭ بىر پۈتۈن تەربىيە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ۋاڭ ياۋچېن

## ئاخباراتچىلىق

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئۆلكە - ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 1523 پارچە ماقالە

ياتقۇزۇلدى، 0.67 گېكتار كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، 3.27 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، كۆچەتلەرنىڭ ئدي بولۇش نىسبىتى %86كە يەتتى.

**ئارقا سەپ ـ تەمىنات باشقۇرۇش** شتاتلىق ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملىك يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىسىم ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مالىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. يوتقان ـ كۆرپە كەسپىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. «بەلگىلىمە ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا نەمۇنە بولۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش» پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلدى. تەلىم ـ تەربىيىگە تەشكىللەشنىڭ «مەكتەپلەرچە مەشىق قىلدۇرۇش، قىسىملارچە باشقۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئاۋئاتسىيە مېيى بىلەن تەمىنلەش كاپالىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. گازارما مۈلكى، گازارما سايمىنى ۋە سۇ، توكنى باھا قويۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت ئۆتكىلى چىڭ ئىگىلىنىپ، قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

**سەھىيە ۋە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش** سەھىيە ۋە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ھەمدە پسىخىك گىگىيىنا بىلىملىرى بويىچە ساغلاملىق تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامغا 24 تۈركۈم (قېتىم) داۋالاش مۇلازىمىتى ئەترىتى ئەۋەتىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى 2400 نەچچە ئوفىتسېر ـ ئەسكەر (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى، 1300 ئادەم (قېتىم) نىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 31 سائەت دەرس ئۆتۈلدى، 148 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدىكى دورا سوۋغا قىلىندى.

**يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى** بىر يىلدا ئىسسىق لاپاستىن 135ى ياسالدى، كۆلىمى 34 مىڭ 980 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ ئىسسىق چوشقا قوتىنىدىن 378ى ياسالدى، كۆلىمى 7650 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 80 گېكتار كۆكتاتلىقتىن 3600 تونىنا كۆكتات ئېلىندى، 3100 تۇياق چوشقا بېقىلىپ، 248 تونىنا گۆش ئېلىندى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىپىنى ئۆزگەرتىش ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشتى. شال، كېۋەز، كۆممىقوناق، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق زىرائەتلەر چوڭ كۆلەمدە تېرىلدى. باقمىچىلىق كەسپى ۋە سانائەت تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 200 بوغا بېقىلدى، 1800 تونىنا ۋالېك قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون دانە ھەرخىل قەغەز يەشىك ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئىگىلىك ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

**ئارقا سەپ تەمىنات ئىسلاھاتى** بىرلەشمە لاۋازىمات تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىپ، بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى بىلەن بولغان ماسلىشىش كۈچەيتىلىپ، تەمىنلەشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. خام چوت ئىسلاھاتى بويىچە كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كادىرلار، كەنجى ئوفىتسېرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ئولتۇراق ئۆي ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ئولتۇراق ئۆيلەرنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىش كۆرۈلدى. 474 ـ دوختۇرخانىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كۆكەرتىش ۋە تازىلىق باشقۇرۇش بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان كاپالەتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

لى شىڭۋېي

## ئاممىۋى خىزمەت

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلىدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەلۇم قىسمى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، جاڭ ۋېندې، يۈەن چيۇخۇي، لۇ چېڭجۈن، فېڭ خۇالار ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلەندى.

يىل بېشىدا باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «ئاممىۋى خىزمەت ئومۇمىي نەزەرىيىسى» دەرسلىك قىلىنىپ، تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلاردا تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى خىزمەت تايانچىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭدا 19 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتى يولغا قويۇلغان پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللەت ـ دىن سىياسىتى، ئارمىيە ـ خەلق ماجىرالىرىدىن ساقلىنىش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات ـ تەربىيە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

2001 ـ يىلى ئىچكى ۋە خەلقئارالىق نۆۋەتچى ئايروپىلاندىن 25 مىڭ 502 ئايروپىلان (قېتىم)، مەخسۇس (ھۆددە) ئايروپىلاندىن 36 ئايروپىلان (قېتىم)، ئاۋئاتسىيىلىك ئۆلچەش، ئايروپىلان ئارقىلىق ئورۇق چېچىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇش قاتارلىق ئۇچۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغان ئايروپىلاندىن 405 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئۇچۇش ـ قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 32 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ قونۇشىغا

ياردەملىشىلدى. يەر ئىجارىسى، ئايرودروم قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇش - قونۇش ھەققى بولۇپ 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل كەچۈرۈم قىلىندى.

بىر يىلدا ئوقۇشسىز قالغان 61 ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە مەبلەغ چىقىرىپ ياردەم بېرىلدى، يەرلىكتىكى 5821 ئادەم ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلدى، 10 مىڭ 931 ئادەم دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. ئورگان بالىلار باغچىسى يەرلىكتىن 89 بالىنى قوبۇل قىلدى، 1450 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى؛ ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرى مەلۇم قىسىمنىڭ ئايرودروم بالىلار باغچىسى يەرلىكتىن 110 بالىنى قوبۇل قىلدى، 16 نامرات بالىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى. «1 - ئىيۇن» ھارپىسىدا ئۈرۈمچى سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىگە 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 100 نەچچە ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىلدى. مەلۇم رادار تۈەنى قاتارلىق ئورۇنلار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، 4 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئاچتى. بىر يىلدا 116 تۈركۈم، 472 ئادەم (قېتىم) داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى، بۇ داۋالاش گۇرۇپپىلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىغا 33 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورىنى يەتكۈزۈپ بەردى، يەرلىكتىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللاردىن 1276 ئادەم (قېتىم) گە سۈپەتلىك تۇغۇش - سۈپەتلىك تەربىيىلەش بويىچە داۋالاش مۇلازىمىتى قىلدى. ئازادلىق ئارمىيە 474 - دوختۇرخانىسى داۋالاش ئەترىتى 6 - ئايدا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 1120 ئادەم (قېتىم) نىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، كېسىلىنى كۆردى، دورا ئاپىرىپ بەردى. 474 - دوختۇرخانا بىر يىلدا يەرلىكتىكى ئاممىدىن 228 مىڭ 369 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. 5687 كىشىنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ئاغرىقلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى %89 كە يەتتى، ئاغرىقلاردىن 118 پارچە رەھمەت خېتى ۋە لەۋھە تاپشۇرۇۋالدى. دوختۇرخانا يەنە بۇرچىنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ بىر قېتىمدا 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا، داۋالاش سايمىنى ۋە 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كومپيۇتېرلىق ئاپتوماتىك باشقۇرۇش تور سىستېمىسىنى تەقدىم قىلدى.

ھاۋا ئارمىيىسى 2001 - يىلى قار لەيلىسى تېغى، يامالىق تېغى ۋە كورلىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ھەمدە پىچاندا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بىر يىلدا 11 مىڭ ئەمگەك كۈنى، 1000 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل - ماشىنا (قېتىم) چىقىرىپ، 1000 نەچچە كۇب مېتىر توپا - تاش قازدى، 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى، 15 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەك يەرگە ئوت - چۆپ تېرىدى. قىسىم تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 1200 نەچچە ئادەم، 42 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 60 نەچچە توننا ئەخلەت توشۇدى. ھاۋا ئارمىيىسى مەلۇم ئايرودروم - پونكىتى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى ئۈلگە رايونىغا 4000 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇپ بەردى، 1500 نەچچە كۇب مېتىر توپا - تاش قازدى. 40 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك ئۈزۈم كۆچىتى تىكتى.

مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت - بازار، مەدەنىي كەسىپ بەرپا قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىككىنى ھىمايە قىلىش - بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئويۇن قويۇش ئەترىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، پىچان ناھىيىسى، يۈمىن شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 50 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى. خوتەن بۆلىكىدىكى قىسىم ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يېزا - كەنتلەر بىلەن بىرلىكتە بەرپا قىلىش، بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈش، بىرلىكتە قوغداش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 11 يېزا - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن بىرلىكتە بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، يەرلىكنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە ھەمكارلىشىپ، ئۆزىنى قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈردى. مەلۇم رادار پونكىتى گازارمىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا «خەلقنى سۆيۈش - سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى» قۇرۇپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

لى خۇڭپۇ

## قورال - جابدۇق خىزمىتى

قورال - جابدۇقلارنى باشقۇرۇش 2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى قورال - جابدۇقلارنى پۈتۈن سىستېما، پۈتۈن ئىشلەش ئۆمرى بويىچە باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى، قورال - جابدۇق باشقۇرۇشتا «ئۈچلەشتۈرۈش» (ئىلمىيلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇش) نى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، تۈەن دەرىجىلىك شتاتلىق قىسىملارنىڭ %94 ى ئۈچلەشتۈرۈش ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «94040»، «93864»، «94175»، «93918» ۋە «94067» قىسىملار لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن «ئۈچلەشتۈرۈش» نى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. چەت، يىراق، جاپالىق جايلاردىكى 30 لىيەندۈيىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى رېمونت قىلىنىپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، قىسىملار قورال -

جابدۇقلىرىنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قورال - جابدۇقلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، قورال - ئوقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىپ، جەمئىيەت ۋە قىسىمنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى. قورال - جابدۇق مالىيىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ھاۋا ئارمىيە قورال - جابدۇق مالىيىسى بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ماھىرلىرىدىن بىر كىشى 1 - دەرىجىلىك، 2 كىشى 2 - دەرىجىلىك، 2 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «93886» قىسىم قورال - جابدۇق باشقۇرۇش ئورنى ۋە «93864» قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن بوغالتىرلىق كەسپىدىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

قورال - جابدۇق كاپالىتى 2001 - يىلى ئايروپىلانلارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى %95 بولدى. «6خىل پەيت، تە ئايروپىلان سۇپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنلىرى» تۈزۈپ چىقىلدى، يېڭى ئايروپىلان كاپالىتى جەھەتتىكى ئىقتىدار شەكىللەندۈرۈلدى، 2 ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلان ئىشلىرى چولك ئەترىتى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر ئايروپىلان ئىشلىرى چولك ئەترىتى» بولۇپ باھالاندى. ئۇچۇش ۋەزىپىسى زىچ دەۋرىي قىلىنىپ، سايمان ۋە قورال - جابدۇق تەييارلاش، تەمىنلەش، باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. بىر يىلدا 10 مىڭ سائەتكە يېقىن ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى، سايمان ۋە ئوق - دورىلارغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەلالىق نىسبىتى، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر ئايرودروم (قېتىم) نىسبىتى %100كە يەتتى.

پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى مەكتەپلەردە تەربىيىلەش، قىسقا كۇرستا تەربىيىلەش، تېخنىكا جەھەتتە بىلىم ئاشۇرۇش، ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز سىرتتىن ئوقۇتۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قورال - جابدۇق تەلىم - تەربىيىسى پائال قانات يايدۇرۇلدى. مانېۋىر، مەشىق، يۈكلىمىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىسىملار راست ئەسكەر، راست جابدۇق، راست رېمونت مانېۋىرىغا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قىسىملارنىڭ قورال - جابدۇققا تېز سۈرئەتتە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. يىغىلىش، قېزىش ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، نەتىجىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى. 2001 - يىلى «93886» قىسىم قورال - جابدۇق سىستېمىسىنىڭ 2 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ئارمىيە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 14 تۈر ھاۋا ئارمىيە قورال - جابدۇقلىرىنى يىغىلاش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى، 10 پارچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىسى «ئاۋىئاتسىيە رېمونتچىلىقى»، «رادار قىسمى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «93961» قىسىمنىڭ «X تىپلىق سىستېمىنىڭ قوللىنىلىشى» دېگەن ماقالىسى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

جاڭ يۇڭ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قورallıق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: مىي شىڭرۇن (شاۋجياڭ).

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ شيۇمىڭ (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ ۋۇ (شاۋجياڭ، 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، شۇ تيەنيۇ (شاۋجياڭ، 5 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: جاڭ خۇيشۇن (داشياۋ)، ئېزىز ھېبىت (داشياۋ)، سۇي شياڭرۇڭ (داشياۋ)، لى ياڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ جېنياۋ (داشياۋ، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، تاڭ ۋەنشۇن (داشياۋ)، گو جيافا (داشياۋ)، جۇ جيەنپىڭ (داشياۋ، 9 - ئايدا تەيىنلەندى).

### ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى باشلىق ئورگىنىنىڭ تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى ۋە قىسىمنىڭ ھەرخىل مۇرەككەپ ئەھۋال، مۇرەككەپ جايلاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، زاپاس قىسىملارنى 2 قېتىم ئۇرۇش تەييارلىقى مانېۋىرىغا تەشكىللىدى، ۋەزىپە ئىجرا

قىلىشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى گەۋدىلەندۈردى. 3 - ئايدا ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى تارماق ئەترەتلەرنىڭ هەربىي ئىشلارغا مەسئۇل هەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى 4 كۈن يىغىپ تەربىيىلىدى. 4 — 5 - ئايلاردا 4 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، قىسىملارنىڭ كىرىشتۈرۈپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 6 - ئايدا شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەر يېتەكلىگەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تور يېيىش شەكلىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. قورااللىق ساقچى باش شتابى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرگەندە 2 - تارماق ئەترەت ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. «مۇنتىزىملاشقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى»، «3نى بىرلىكتە ئىشلەش» (بىرلىكتە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، بىرلىكتە باشقۇرۇش، بىخەتەرلىككە بىرلىكتە كاپالەتلىك قىلىش)، «3 ئىشنى ئايدا بىر قېتىم قىلىش» (ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋەزىيىتىنى ئايدا بىر قېتىم تەھلىل قىلىش، نىشان ئورۇننى ئايدا بىر قېتىم يوقلاش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش) ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان نۇقسانلارنى تۈزەتتى. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا باش ئەترەت ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرمە سىستېمىسى بىلەن بىللە «3نى بىرلىكتە ئىشلەش» يىغىنى ئېچىپ، «3نى بىرلىكتە ئىشلەشنىڭ»نىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مۇشۇ يىلدا 6 قېتىمدا 6 جىنايەت گۇماندارىنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە ئۇدا 4 يىل بىخەتەرلىك هادىسىسى كۆرۈلمىدى.

بيەن باۋمىن

## هەربىي تەلىم - تەربىيە

2001 - يىلى قورااللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قىسىملارنىڭ نىشانلىق تەلىم - تەربىيىسىنى ۋە ساقچى ئوفىتسېرلار، تەربىيىچىلەر تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلىك تۇتتى. باش ئەترەت، تارماق ئەترەتلەر بىر يىلدا 49 قارار هەرخىل كۇرس ئېچىپ، 2737 كىشىنى تەربىيىلىدى. زاپاس (شۆبە) قىسىملار شايكىلارنى يوقىتىش، قارا ئۆۋىلارنى بىتچىت قىلىش، قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئورۇش قىلىش، لەخمە ئورۇشىغا قارشى ئورۇش قىلىش ۋە چېگرا رايونلاردا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئورۇش قىلىش هەققىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزدى ۋە مۇشۇ هەقتىكى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتتى. چېگرا رايونلاردا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان قىسىملار قۇملۇق، چۆللۈك، سازلىق، ئورمانلىق، ئېگىزلىك قاتارلىق يەر شەكىللىرىدە تۇتۇش - يوقىتىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنى مۇهاكىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى (شۆبە) قىسىملار مەخسۇس ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە مەخسۇس تەلىم - تەربىيىنى ۋە يەككە ئەسكەرلەر كەسپىي ئاساس تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلىك تۇتتى. ناهىيە (شەهەر) لەردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ جىددىي ئەهۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە «3 تىن مۇداپىئە كۆرۈش» (ئۇشتۇمتۇت هۇجۇمدىن، قورال بۇلاشتىن، تۈرمىدىن قېچىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش) مۇهىم نۇقتا قىلىنغان نىشانلىق تەلىم - تەربىيە چىڭ تۇتۇلدى. باشلىق ئورگىنى 46 تەلىم - تەربىيە كۈنىنى تاماملىدى؛ زاپاس (شۆبە) قىسىملار 127 تەلىم - تەربىيە كۈنىنى تاماملىدى، قاتنىشىش نىسبىتى %80تىن يۇقىرى بولدى؛ ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى (شۆبە) قىسىملار 87 تەلىم - تەربىيە كۈنىنى تاماملىدى، قاتنىشىش نىسبىتى %75تىن يۇقىرى بولدى. يىللىق سىناشتا هەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەلىم - تەربىيە نەتىجىسى ياخشىدىن يۇقىرى بولدى، مەرگەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ماهىرى، تېخنىكا ماهىرلىرىنىڭ نىسبىتى %25 تىن يۇقىرى بولدى، قارىغا ئېتىش، 400 مېتىرغا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش، 5000 مېتىرلىق قورااللىق دالا يۈرۈشى قاتارلىق تۈرلەردە %95 ئورۇن ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. باش ئەترەت 7 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە لەنجۇ هەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان، ئارمىيە، ساقچى، خەلق، بىكتۇەن قاتناشقان «غەرب — 01» مانېۋىرىغا قاتنىشىپ «تاشقى جەهەتتە تىزگىنلەش، ئىچكى جەهەتتە باستۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى تىنچىتىش» دالا مانېۋىرى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، 2160 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 149 دانە هەرخىل ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ مانېۋىرغا قاتنىشىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. مۇشۇ يىلدا 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ تەقلىدىي مەشىق مەيدانى سېلىندى. قورااللىق ساقچى قىسىم باش شتابى ئۇيۇشتۇرغان بىرونېۋىك قىسىملىرى ماهارەت مۇسابىقىسىدە باش ئەترەت 5 يەككە تۈردە ئالدىنقى دەرىجىگە كىرىش، ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

جياۋ جيېي

## سىياسىي تەربىيە

2001 - يىلى قورااللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى «3 ،ke ۋەكىللىك قىلىش، مۇهىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش» تەربىيىسى پائالىيىتىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى. 5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەهەرلىك تارماق ئەترەت 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىدە تەربىيىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «پارلاق نەتىجىلەرنى

مەدھىيىلەش، ئارمىيە روھى ئىگىنى كۈچەيتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيىسى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ شەخسى، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى قانۇنغا چېتىلىدىغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى، ئىچكى مۇناسىۋەتنى قوغدىلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان كادىرلارنى ھۆرمەتلەش - ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 7 - ئايدا شى - تۇەن كادىرلىرىنىڭ بىر قارار كىتاب ئوقۇش كۇرسىنى ۋە پارتكوم شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى. 2 - ۋە 9 - ئايلاردا قوغداش، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە خادىملىرىنى قىسىملاردا قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى. يېڭى تەلىم - تەربىيە مەزگىلى ۋە كونا ئەسكەرلەر قىسىمدىن چېكىنىشتىن ئاۋۋال 360 مەيدان مەخسۇس قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، 18 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. بىر يىلدا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق 97 مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر سورىغان قانۇنغا چېتىشلىق 206 قېتىم مەسىلىگە جاۋاب بېرىلدى.

لەي گۈيچىڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم، شىنجاڭ باش ئەترىتى تارماق ئەترەتلەرنىڭ شتاب باشلىقى، سىياسىي باشقارما مۇدىرى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرى بولۇپ 330 كىشى قاتناشقان «ئارمىيە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» ۋە «تارماق ئەترەت (تۇەن) لەرنىڭ پروگراممىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر 30 ماددا» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 6 -، 8 -، 10- ئايلاردا شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشىدە 24 خىزمەت گۇرۇپپىسى تارماق ئەترەت، چوڭ ئەترەت، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنى تەكشۈردى. باش، تارماق، چوڭ، ئوتتۇرا ئەترەتلەردە قۇرۇلۇشنى پروگرامما بويىچە تۇتۇش ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، بارلىق «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى»، «ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى» ۋە ئوتتۇرا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىلىرى باھالاندى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 4 تارماق ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 7 ماددىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمى، ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ «6نى بىلىش»، «ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى، 5 سىياسىي تەربىيە جەھەتتىكى 5 تۈزۈم ۋە دائىملىق ئىدىيىۋى خىزمەتتىكى «6 تۈزۈم»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «76256 قۇرۇلۇشى»نى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە بۇ قۇرۇلۇش بارلىق قىسىملاردا ئومۇملاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 8 ئىلغار تارماق ئەترەت، 7 ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت باھالاپ چىقىلىپ تەقدىرلەندى، 4391 كىشى مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى. 5 - تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تارماق ئەترەت» دەپ تەقدىرلەندى ھەمدە شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

بيەن باۋمىن

## بىخەتەرلىك - قوغداش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم، شىنجاڭ باش ئەترىتى مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، شياڭگاڭ غەربىي قىسىمنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، مەركەز «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدا ھال سوراپ ئويۇن قويۇشى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 يىغىنى، پارتىيە قۇرۇلتىيى ھەمدە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى قاتارلىق مۇھىم پەيتلەردىكى بىخەتەرلىك - قوغداش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ۋەزىپە ئۆتەش، قوغداش، چارلاش ۋەزىپىلىرى، كوللېكتىپ دەۋا قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ۋاقىتلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئورۇندىدى.

لەي گۈيچىڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن يۆتكىلىشتۈرۈش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قىسىمەن تارماق ئەترەتلەرنىڭ چوڭ ئەترەت شتابى، ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ئورۇنلاشتۇرغان 37 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى پۈتتۈردى ۋە يۆتكىلەشتۈردى. قىسىمەن تارماق ئەترەتلەرنىڭ خىزمەت بىناسى، چوڭ ئەترەت شتابى، ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ گازارمىسى يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ 733 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 28 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئۆل ئەسلىھەلىرى يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. بىر يىلدا ئاساسىي قاتلام قىسىملارغا 268 يۈرۈش، 1735 دانە داتلاشماس پولاتلىق ئاشخانا جابدۇقى، 1933 دانە لاپاس پولات جازىسى، 23 مىڭ 830 دانە گازارما سايمىنى سەپلەپ بېرىلدى.

بيەن باۋمىن

## كادىرلار خىزمىتى

**كادىرلارنى تەكشەپ سەپلەش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش** 2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى تۆۋەن دەرىجىلىك 118 كادىر، يىلىك دەرىجىلىك 362 كادىرنى تەكشەپ ئىشلەتتى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تارماق ئەترەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تولۇقلاپ تەكشىدى، باش، تارماق ئەترەتلەردىكى 14 مۇنەۋۋەر ئورگان كادىرىنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈردى، 213 كەسپىي تېخنىكا كادىرىنى باھالىدى، 106 كەسپىي تېخنىكا كادىرىنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى تەكشىدى، 75 كەسپىي تېخنىكا كادىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالىدى. شتاتتىن ئېشىپ كەتكەن 28 كادىرنى تەكشىدى، تىك ئۇچارئايروپىلان چوڭ ئەترىتىگە ھەرخىل كادىردىن 36نى يۆتكىدى.

**كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش** 31 مۇنەۋۋەر ئەسكەر ساقچى ئوفىتسېرلىككە ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلدى، 373 كادىر ۋە ئەسكەر ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن 220 سى ھەرخىل مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. يىلىك دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 50 كادىر تاللىنىپ تۈرلۈك مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى. بىر يىلدا شۇ يىلى يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 33 ئوقۇغۇچى قىسىمغا قوبۇل قىلىندى.

**كادىرلارنىڭ پاراۋانلىق خىزمىتى** بىر يىلدا ئارمىيە بىلەن يۆرۈيدىغان 1200 كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىغا 2 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ياردەم پۇل بېرىلدى، ئارمىيە بىلەن يۆرۈش رەسمىيىتىدىن 278ى بېجىرىلدى. باش ئەترەت بويىچە تۆنجى قېتىم ۋەزىپىدىكى كادىرلار، شۇ يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ھەربىي سەپتىن بوشانغان كادىرلار ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار شتاتىدىكى ھەربىيلەرنىڭ كىملىك نومۇرىنى تىزىملاش خىزمىتى ئىشلەندى.

**كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەربىي سەپتىن بوشىنىشى** 2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى بويىچە 226 كادىر كەسىپ ئالماشتۇردى، 76 كادىر ئۆزى ئىش تاپتى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە ئارمىيە بىلەن يۆرۈيدىغان ئائىلە - تاۋابىئاتلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش نىسبىتى %100، كادىرلارنىڭ قىسىمدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %100 بولدى.

**پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى** باش ئەترەت بويىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 131 كادىر ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئائىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى.

باش ئەترەت كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «قوراللىق ساقچى قىسىم بويىچە ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى» دەپ تەقدىرلەندى.

گۇلى كوچماق

## خىزمەت كۆرسىتىش - ئەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىگرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، 4 - تارماق ئەترەتنىڭ 4 - چوڭ ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 4 - تارماق ئەترەت ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ گاڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭ نى فېيلارغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 4 - تارما ئەترەتنىڭ باشلىقى تيەن گويجۇڭ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى غەيرەتلەرگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جيەنلىنى تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىگرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ تيەنيۇلار 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت كۇچا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ئەخمەت نىيازغا 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى كۇچا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت نىياز 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دەپ تەقدىرلەندى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 2 -، 8 - تارماق ئەترەت، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، قاراماي شەھەرلىك تارماق ئەترەتلەرنى «ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 1 - تارماق ئەترەت 11 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى جۇ مىڭشىڭ قاتارلىق 36 ئاساسىي قاتلام كادىرىنى «ئەسكەر يېتەكلىگۈچى مۇنەۋۋەر كادىر» دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 - تارماق ئەترەت ساقچى ئالاقىسى ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى جۇ بو قاتارلىق 86 بەنجاڭنى «ئەسكەر

يېتەكلىگۈچى مۇنەۋۋەر بەنجاڭ» دەپ تەقدىرلەندى.

قورallıق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىگرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ تيەنيۇلار 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئومۇمىي يۈزلۈكتە ئىمزا قويۇپ، 5 -، 2 - ئارماق ئەترەتلەر، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئارماق ئەترەت، 8 - ئارماق ئەترەت، بورتالا ئوبلاستلىق ئارماق ئەترەت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارماق ئەترەت، قاراماي شەھەرلىك ئارماق ئەترەت، ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىنى «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئارماق ئەترەت (ئورۇن)» دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 - ئارماق ئەترەتنىڭ 8 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 3 - ئارماق ئەترەتنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 - ئارماق ئەترەتنىڭ 8 - ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارماق ئەترەتنىڭ قەشقەر شەھەرلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئارماق ئەترەتنىڭ 10 - ئوتتۇرا ئەترىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنى «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلگىرىلىك ئوتتۇرا ئەترەت» دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ باش ئەترەت قوماندانلىق شتابى ئۇرۇش قىلىش ئىشلىرى باشقارمىسى، ئالاقە باشقارمىسى، تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى، سىياسىي - كادىرلار باشقارمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھەربىي لاۋازىمات باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنى «ئىلغار باشقارما (مەھكىمە)» دەپ تەقدىرلىدى؛ 2 - ئارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى چياۋ خۇمىن، سىياسىي كومىسسارى نىي رۇكەي، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى شۇ لاچۇ، سىياسىي كومىسسارى چى جىگمىڭ، بورتالا ئوبلاستلىق ئارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى لى شىڭخۇي، سىياسىي كومىسسارى ما شۇخېڭلارنى «بىر جۇپ ياخشى مەسئۇل ئوفىتسېرلار» دەپ تەقدىرلىدى؛ سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بيەن باۋمىن قاتارلىق 25 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 8 - ئارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى دى مىڭ قاتارلىق 18 كىشىنى تەقدىرلىدى.

لەي گۈيچىڭ

## ئەخمەت نىياز «جۇڭگودىكى ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

قورallıق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئارماق ئەترىتى كۇچا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت نىياز 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئوتتۇرا ئەترەتتىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى باشلاپ، قورallıق زوراۋان - تېررورچىلار بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، كۆكرىكىگە كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان، ئۇ ھەم كوماندىر، ھەم جەڭچى بولۇپ خەتەردىن قورقماي، غالىيانچىلار بېكىنىۋالغان ئۆينىڭ يېنىغا يالغۇز ئېتىلىپ بېرىپ دېرىزىدىن گرانات تاشلاپ، 3 غالىيانچىنى بىراقلا يوقىتىپ بىر دانە تەقلىدىي تاپانچا، 15 پاي تاپانچا ئوقى، بىر دانە قول بومبىسى، 2 دانە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ھەمدە قىسمەن پارتلىتىش دورىسى، قورال ياسايدىغان زاپچاس، سايمان قاتارلىق بۇيۇملارنى ئولجا ئالغان. بىر تەرەپتىن بىر ئادەمنى ئالاپەتكە ئۇچرىسىغان. ئۇ شەرەپ بىلەن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەرىپىدىن «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» نىڭ بىرى قىلىپ باھالاندى. 2001 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دەپ تەقدىرلەندى.

گاۋ شىنلى

## مەدەنىيەت - تەشۋىقات

2001 - يىلى قورallıق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «قورallıق ساقچى قىسىمنىڭ 2001 ~ 2003 - يىللىق ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نۇقتىلىق تۇتتى، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، «1 - ئىيۇل» مەزگىلىدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردا «ھەربىيلەر ئەخلاقى ناخشىلىرى» نى ئېيتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى، قارا دومىكا چىقىرىش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى، ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى مۇنەۋۋەر كىنولارنى كۆرۈشكە، كىنولارغا ئوبزور يېزىشقا، زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. «1 - ئۆكتەبىر» مەزگىلىدە قىسىملارنى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللىدى ھەمدە مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى تاللاپ، دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردا ئويۇن قويدى. تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق باش ئەترەت سەنئەت ئۆمىكىنى تەشكىللىدى. ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى تېرىشىپ ياخشىلاپ، 6 خىل 259 دانە (يۈرۈش) مەدەنىيەت سايمىنىنى قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىپ، قىسىم مەدەنىيەت تورمۇشىنى جانلاندۇردى. بىر يىلدا قىسىملارغا 1600 يۈرۈش تەربىيە پىلاستىنكىسى، 1780 قېتىم كىنو فىلىمى، 2980 قاپ VCD پىلاستىنكىسى، 260 يۈرۈش مەدەنىيەت پائالىيىتى ئوقۇتۇش فىلىمى تارقىتىپ بەردى، 370 نەچچە دانە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنىنى رېمونت قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت

پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بېيەن باۋمىن

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

2001 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا 294 پارچە، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 380 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. «تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا يۇغۇرۇلغان ساداقەت»، «قار بىلەن قاپلانغان تەنھا ئارالدا ياڭرىغان ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ناخشىسى» ناملىق ئوچېركلار «خەلق گېزىتى»، «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئىشلىتىلىپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ياردەملىشىپ ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمى «بۈرچ» 2001 - يىللىق تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، باش ئەترەت سۈرەتكە ئالغان «قوملۇقتىكى زەربىدارلار ئەترىتى» مەملىكەت بويىچە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىملىرىنى ئالماشتۇرۇشتا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «ئايال ئەسكەر دوسجان»، «ھەربىي دوختۇر جۇاڭ شىخۇا»لار شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ھۆججەتلىك فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر يىلدا تېلېۋىزىيە ماتېرىيال فىلىمىدىن 46 سى ئىشلەندى.

لەي گۈيچىڭ

## خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2001 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 4709 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 170 دانە (قېتىم) ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، 54 قېتىم خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، 2303 توننا ماددىي ئەشيانى جىددىي توشۇپ، 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى.

لەي گۈيچىڭ

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

2001 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ «غەربنى كەڭ ئېچىش» بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ «مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى»نى بىرلىكتە بەرپا قىلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. بىر يىلدا يەرلىكنىڭ 64 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە ياردەم بەردى، 114 مىڭ 800 ئەمگەك كۈنى، 2551 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 783 مىڭ 520 تۈپ كۆچەت تىكتى. باش ئەترەت مۇرى ناھىيىسىدە «قۇرۇقلۇق ساقچى باھار غۇنچىلىرى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» ۋە «باھار غۇنچىلىرى قىزلار سىنىپى» ئاچتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگۇ يېزىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 10 ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئوقۇغۇچىغا داۋاملىق ياردەم بەردى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن 2198 كىشىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگۇ ۋە سۇ مۇنارى تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇپ، 26.67 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكتى.

گاۋ شىنلى

# قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى

## قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: لى چاڭيۈڭ (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جىڭچىڭ (داشياۋ)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، خاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ).

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى تارماق ئەترەت باشلىقى، شتاب باشلىقى، مەشغۇلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقىدىن ئىبارەت «4 باشلىق»نى تەشكىللەپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش لايىھىسى ۋە ھەممىباب سايمانلارنى قېلىپلاشتۇردى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، تارماق ئەترەت باشلىقى، مەشغۇلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى ھەمدە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كىرىشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى. «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى چۆرىدەپ قۇرۇلۇشنى

ئۆتۈش، قوزغۇلۇشنى تۇتۇش ئارقىلىق مەركىزىي خىزمەتكە كاپالەتلىك قىلىش» تەلەپ بويىچە ئىدىيە تۇرغۇزۇلدى. «3نى بىر قېتىم قىلىش» (ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش، نىشان ئورۇننى بىر قېتىم يوقلاش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىر قېتىم تەھلىل قىلىش) پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ، «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى 10 قىزىلبايراقدار ئورۇن»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 8 ـ ئايدا 2 دەرىجىلىك باشلىق ئورگىنى زاپاس شۆبە قىسىملارنى يېتەكلەپ تۇتۇش ـ يوقىتىش تاكتىكا مانېۋىرى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەندى. 10 ـ ئايدا ھەر قايسى تارماق ئەترەتلەر زاپاس شۆبە قىسىملىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان رايونغا بېرىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەندى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى، نەتىجىدە زاپاس شۆبە قىسىملارنىڭ جىددىي ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. 19 قېتىمدا 23 ئادەمنىڭ قېچىشى، 2 قېتىمدا 2 جىنايەتچىنىڭ ساقچى ۋە پوستقا ھۇجۇم قىلىشى، جىنايەتچىلەرنىڭ 10 قېتىملىق ئۆزۈشۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇش، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسى بىر تەرەپ قىلىندى، ج خ ئورگانلىرىغا ماسلىشىش ئارقىلىق 459 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى.

كالىڭ يۈگىن

## ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە

قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا يېڭى ئەسكەرلەر لېگىنىنىڭ 8 ئاساس تەلىم ـ تەربىيە دەرسى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە قىسىمنىڭ 5000 مېتىرلىق قوراللىق دالا يۈرۈشى قىلىشى، مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق قىشلىق تەلىم ـ تەربىيە دەرسلىرىنى ئاربلاپ سىناش ئۇسۇلى بويىچە تەكشۈرۈپ سىنىدى. يىغىپ ئۆگىنىش قىلدۇرۇش، نەزەرىيە جەھەتتە يېتەكلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق 2 دەرىجىلىك باشلىق ئورگىنىدا تەربىيىلەش ـ تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى. 3 ـ ئايدا 1 ـ تارماق ئەترەتتە 6 مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە دەرسى بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ماھارىتى كۆرسىتىش يىغىنى ئاچتى، يىغىندىن كېيىن «مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى رەسمىي تارقاتتى. جايلار «مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ ئاساسەن، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن «5 كىچىك» (كىچىك ۋاقىت، كىچىك توپ، كىچىك تەربىيىچى، كىچىك مەيدان، كىچىك ئەھۋال) ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە ئەترەتلەرنىڭ ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ بېشىغا قەدەر ئۆستۈرۈلىدىغان 500 نەپچە كەنجى كوفىتسېرنى تەربىيىلىدى. كوقۇتۇش چولڭ ئەترىتىنىڭ كوقۇتقۇچىلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى. 11 ـ ئايدا قىسمەن ئاساسىي قاتلام كوتتۇرا ئەترەتلىرىنى كومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

كالىڭ يۈگىن

## ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇش

2001 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى نەزەرىيە ئۆگىنىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، رەھبەرلەر لېكسىيە سۆزلەش، نەزەرىيە كىتاب ئوقۇش كۇرسى ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش، يەرلىكتىكى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ پروفېسسورلىرىنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «3كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە «1 ـ ئىيۇل»دىكى سۆزىنىڭ روھىنى توغرا ئىگىلىۋېلىشقا يېتەكلىدى. 4 ـ ئايدا 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنى شەكىلۋازلىققا، بيوكراتلىققا قارشى تۇرۇش ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنى توغرىلاش ئاساسىي تېما قىلىنغان تەربىيىلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى. 7 ـ ئايدا بارلىق قىسىملاردا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىق ئېڭى كۈچەيتىلدى. «مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «4 تەربىيە» چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدا قانات يايدۇرۇلغان «10 ساداقەتمەن قوغدىغۇچى»نى باھالاش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، «توغراق روھى» زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇلدى. قانۇن ـ ئىنتىزام تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلۇپ، قانۇن ـ ئىنتىزام تەربىيىسىگە ئائىت سۆرەتلەر مەيدانى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى، قانۇن بىلىملىرىدىن مەيدانى لېكسىيە سۆزلەش ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئەدلىيە خادىملىرى نەق مەيداندا قانۇن بىلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، «كىشىلىك ھايات ئېھتىيات سىزىقى» قاتارلىق قانۇن ـ ئىنتىزام تەربىيىسى فىلىملىرى كۆرسىتىلدى. بىر يىلدا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا 40 جۈپ ۋاسكېتبول جازىسى ياسىتىپ بېرىلدى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ كىتاب ۋە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى، 1150 دانە ھەرخىل توپ، 167 دانە ھەرخىل ئېلېكتىر سايمىنى سەپلەپ بېرىلدى.

كالىڭ يۈگىن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ قىسىملاردا قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تۈزگەن «تارماق ئەترەت (تۇەن) لەرنىڭ ‹پروگرامما› نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر 30 ماددا» نى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۆگەندى. 2 — 3 - ئايلاردا ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارىسىدا «30 ماددا» نى مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە قىلدى؛ ھەر قايسى تارماق ئەترەتلەر چوڭ (ئوتتۇرا) ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىنى قەرەل، تۈركۈمگە بۆلۈپ «پروگرامما» بويىچە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. «بىرنى ئۆگىنىش، ئىككىدە ياردەملىشىش، ئۈچنى تۈزەش» ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئىدىيە، تەشكىل ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 3 تارماق ئەترەت پارتكومى ۋە ئارقىدا قالغان 7 پارتىيە ياچېيكىسىغا ياردەم بېرىلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. بىر يىلدا 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن شەخستىن 6سى، كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن 2 سى، كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن 3ى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەتتىن 5ى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار چوڭ ئەترەتتىن 6سى، ئوتتۇرا ئەترەتتىن 33ى مەيدانغا كەلدى. 1 - تارماق ئەترەت ئىتتىپاق كومىتېتى، 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 29 - ئوتتۇرا ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، 5 - تارماق ئەترەتنىڭ 9 - ئوتتۇرا ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق (پارتىيە) تەشكىلاتى بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۈكتەن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى خالىسانە ئەمگەككە ئاكتىپ قاتنىشىپ غەربنى كەڭ ئېچىشقا ياردەم بېرىپ، 30 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكتى، 2000 توننىدىن كۆپرەك ئەخلەتنى تازىلىدى؛ يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپ - تېخنىكوملارنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى، 1700 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىسىنى ھەربىي مەشىق قىلدۇردى، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئورۇنلىرىغا داۋالاش - سەھىيە خادىمى قاتارلىق پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 300 نەچچىنى تەربىيىلەپ بەردى؛ 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بىرلىكتە 1100 ئوقۇغۇچى سىغدۇرىدىغان قوراللىق ساقچى قىسىم «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرنى قۇردى؛ «باھار غۇنچىلىرى پىلانى» غا 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، «قوراللىق ساقچى قىسىم باھار غۇنچىلىرى قىزلار سىنىپى» دىن 2نى قۇردى، 40 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ ئوقۇشسىز قالغان 160 بالىنى قايتا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كاڭ يۈكتەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق %90 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىدا «3تە ياخشى بولۇش، 5تىن خالىي بولۇش» (ئۆلچەم - تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى بولۇش، پىلان بويىچە خىراجەت ئىشلىتىشتە ياخشى بولۇش، ئىقتىسادتا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى بولۇش، خىيانەتچىلىك - ئوغرىلىقتىن خالىي بولۇش، ساختا مەلۇم قىلىپ باشقا نامدا خىراجەت ئېلىشتىن خالىي بولۇش، خاتا ھېسابتىن، پۇل كەم چىقىشتىن خالىي بولۇش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخس قەرز ئېلىشتىن خالىي بولۇش، چىقىم قىلىشتا ئىسراپچىلىقتىن خالىي بولۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بىر يىلدا مەمۇرىي سەرپىيات خاراكتېرلىك چىقىم 2000 - يىلدىكىدىن %10 ئازايتىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنىڭ يىللىق خام چوتنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، يىللىق نەق چوتنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەكشۈرۈلۈپ، 10 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم ئازايتىلدى. ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، 2 — 9 - ئايلاردا ئاساسىي قاتلامدىكى «3 كونا» (كونا پەلتۇ، كونا مىلتىق تاسمىسى ۋە ئوقدان، كونا گازارما سايمىنى) بىر تەرەپ قىلىندى ۋە يىغىلاندى. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىدە ئومۇمنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى ساقلاش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش قاتارلىق ھالقىلارنى باشقۇرۇش بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇلدى. 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مەشغۇلات رايونىدىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە ئىسسىق ساقلايدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق تاماق قاچىسىدىن 1500 يۈرۈش سەپلەپ بېرىلدى؛ 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 3 - تارماق ئەترەتكە گېنېراتور سېتىۋېلىندى؛ زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتكە دالا ئورۇشى بېنزىن ئوچىقىدىن 2 يۈرۈش سەپلەندى؛ ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا كۆمۈر تېجەيدىغان 1200 يۈرۈش شالاسۇن تارقىتىپ بېرىلدى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىگە ئەسكەرلەر ئىشلىتىدىغان كىيىم ئىشكاپىدىن 205 يۈرۈش سېتىۋېلىندى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر يىلدا 1300 توننا ئاشلىق ۋە كۆكتات، 147 توننا گۆش ئېلىندى.

«قىزىلبايراقدار شوپۇر»لارنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناش - ترانسپورت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا قىسىملاردا ئاپتوموبىللارنىڭ ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى %100كە، ھەرخىل كاپالەت ئاپتوموبىللىرىنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى %90كە، ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى % 95تىن كۆپرەككە يەتتى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا 8 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مىڭ 698 كۋادرات مېتىر گازارما يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ھەربىي قورال - جابدۇق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ قىسىملاردا سوتكىلىق كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى ‰1 ئىچىدە تىزگىنلەندى، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە داۋالاش نىسبىتى %90كە يەتتى.

كالڭ يۇڭشەن

### ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق قىسىملار «خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدا 330 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، «خەلق قوراللىق ساقچىلىرى گېزىتى»دە 76 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 800 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. قوماندانلىق شتاب ئۇدا 4 يىل قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

كالڭ يۇڭشەن

### چېن گاڭ شەرەپ بىلەن «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىنىڭ رازۋېدكا شتاب ئوفىتسېرى چېن گاڭ پىچاقلىق بۇلاڭچىنى تۇتقانلىقى ھەمدە ج خ خادىملىرىنىڭ نورغۇن پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن 2001 - يىل 12 - ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن 3 - نۆۋەتلىك «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. شۇ يىلى ئۇ يەنە بىڭتۇەن بويىچە 2 - نۆۋەتلىك «كۆزگە كۆرۈنگەن ياش قوغدىغۇچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

كالڭ يۇڭشەن

### 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 29 - ئوتتۇرا ئەترىتى «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2001 - يىل 12 - ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 29 - ئوتتۇرا ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

كالڭ يۇڭشەن

### «لوڭچېڭ» لوڭقىسىنى تالىشىش بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنىگىچە تيەنجىندە ئۆتكۈزۈلگەن «لوڭچېڭ» لوڭقىسىنى تالىشىش بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدە قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىدىن قاتناشقان 5 ماھىرنىڭ 2 سى 2 -، بىرى 3 -، بىرى 5 -، بىرى 7 - بولدى ھەمدە كوللېكتىپ 5 - بولدى. بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى پارتكومى 56 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولغان سۈي خۇڭتاۋ ۋە 85 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولغان فاڭ شۆلارغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كالڭ يۇڭشەن

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى:

باش ئەترەت باشلىقى: جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارلار: لى چاڭشۈي (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى)، سۈي ياجۇ (داشياۋ، 12 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىرى: لى فېڭخەي (داشياۋ)، ليۇ شۆيېن (داشياۋ)، ساۋ شۈيچېڭ (داشياۋ)، جېڭ جىڭيۈەن (داشياۋ)، مەھمۇت (داشياۋ).

### چېگرا باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا

مۇداپىئە باش ئەترىتى چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى نىشان، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېرورچى ئۇنسۇرلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە قورال يۆتكەش، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ چېگرىدىن يوشۇرۇن كىرىش - چىقىشى، ئادەملەرنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالدى، قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئامانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش دېلولىرىنى پائال رازۋېدكا قىلىپ بېجىرىپ، ئوغرىلىقچە ئۆتۈش جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، چېگرا رايوننىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا چېگرا باشقۇرۇش رايونىدا 1076 جىنايى ئىشلار دېلوسى تۇرغۇزۇلۇپ، 723ى پاش قىلىندى؛ ئامانلىق ساقلاش دېلوسىدىن 1959ى قوبۇل قىلىنىپ، 1726 سى ئېنىقلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. چېگرا باشقۇرۇش رايونىغا كىرگەن - چىققان 19 مىليون 530 مىڭ ئادەم (قېتىم) 3 مىليون 130 مىڭ ئاپتوموبىل (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 861 قېتىم تاغ ئازلاش ئېلىپ بېرىلدى، 403 قېتىم پىستىرما قۇرۇلدى، 1015 قېتىم توساق قۇرۇلدى، چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان 186 ئادەم (قېتىم) توسۇپ قېلىندى. چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش دېلوسىدىن 10ى بېجىرىلىپ، 43 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى.

ۋاڭ يۈگچىڭ

## چېگرا رايونلاردىكى قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش خىزمىتى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، شەپە چىققان ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان - تېرورچى ئۇنسۇلار ۋە دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىش ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆز تەۋەسىدىكى رايونلاردا «قارا گۇرۇھلارغا زەربە بېرىپ ئەشەددىي كۈچلەرنى يوقىتىش»، «پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى تىزگىنلەپ، قوراللارنى يىغىۋېلىش»، «دېلو پاش قىلىپ، قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش» قاتارلىق مەخسۇس ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتتىن 4ى ئېنىقلاندى، گۇمانلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇردىن 27سى قولغا چۈشۈرۈلدى، قانۇنسىز قورال - ياراغدىن 492 دانە (بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغىنى 15 دانە)، 7228 پاي ئوق، 9752 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 20 مىڭ 471 دانە كاپسۇل، 10 مىڭ 617 مېتىر پىلتە يىغىۋېلىندى، پارتلىتىش دورىسى ياسايدىغان ئۈۋىدىن 3ى بىتچىت قىلىندى، پارتلىتىش دورىسىنىڭ خام ماتېرىيالىدىن 93 كىلوگرام، «فالۇن گۇڭ» تەشۋىقات بۇيۇمىدىن 56 نۇسخا قولغا چۈشۈرۈلدى. زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك 9 دېلو پاش قىلىنىپ، دېلوغا چېتىشلىق 11 ئادەم تۇتۇلدى، 95 گرام خېروئىن، 2000 گرام ئەپيۇن، 104 كىلوگرام كەندىر، 42 كىلوگرام نەشە يىغىۋېلىندى. 85 قاچقۇن تۇتۇلدى.

دۇڭ جېنچۈەن

## چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى تەكشۈرۈش - تىزگىنلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەر قايسى پورتلاردىكى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 473 مىڭ 585 ئادەم (قېتىم) نى، قاتناش - ترانسپورت قورالىدىن 92 مىڭ 944 (قېتىم) نى تەكشۈرۈپ، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش قانۇن - تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان 1399 ئادەم (قېتىم) نى ئېنىقلىدى، چېگرىدا كونتروللاش ئوبيېكتىدىن 27 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچى 17) نى، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن 108 كىشىنى تۇتتى، 1050 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈردى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە (كۆچمەنلەر) تەكشۈرۈش پونكىتلىرى بىلەن 30 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 233 قېتىم ئۇچراشتى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن 2 قېتىم يۇقىرى قاتلام سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

دۇڭ جېنچۈەن

## باشقۇرۇش - تەلىم - تەربىيە

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئەسكەر باشقۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «تارقاق ئەسكەرلەرنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «كەنجى ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، تۈزلۈك بىخەتەرلىك - ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ھادىسە ۋە دېلولارنىڭ سادىر بولۇشىنى ئازايتتى. ئۇستاب - نىزاملارنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۇستاب ئۆگىنىش ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملاردا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەربىيە - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەربىي تەلىم - تەربىيە ماھىرلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش ۋە «5 كىچىك» ئەسكەر مەشىق قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە قاتلىمىنى ئۆستۈردى، تاسادىپىي ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۈشتۈمتۇت قوراللىق

ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش بويىچە مانېۋىر ئۆتكۈزدى. يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلدى. كوماندىرلار مەكتىپى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىپ، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ باھالاشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا كادىرلىرى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تۆۋەن كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى بويىچە 11 قېتىم كۇرس ئېچىپ، 1200 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرنى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ يۇڭچياڭ

## قىسىم قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئىلغار ئورۇن، مۇنەۋۋەر كادىر (ئەسكەر) بولۇشتا بەسلىشىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى. بىر يىلدا 13 پارتكوم بەنزىسى تەڭشەپ كۈچەيتىلدى، تۆۋەندىن يۇقىرى 40 رەھبىرىي كادىر ئالماشتۇرۇلدى. 23 پارتكوم بەنزىسى ۋە 160 نەچچە پارتكوم ئەزاسى سىنالدى. 40 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 48 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ئۇقتۇرۇشنامە ئارقىلىق تەقدىرلەندى. 2 چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى (پونكىتى)، 4 چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، 8 ئۆلگىلىك ئورۇن ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى؛ 5 چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى (پونكىتى)، 10 چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، 29 باشقارما (ئىشخانا)، 82 چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى (ئوتتۇرا ئەترىتى) قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 18 ئۆلگىلىك كادىر، 17 ئۆلگىلىك ئەسكەر ۋە 534 مۇنەۋۋەر كادىر، 760 مۇنەۋۋەر ئەسكەر مەيدانغا كەلدى. بىر كادىر شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك، 130 ئوفىتسېر - ئەسكەر 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. «چېگرا مۇداپىئە تۇرمۇشى» ژۇرنىلى «شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. باش ئەترەت ئۇدا 3 يىل ش ئۇ ئا ر چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون ج خ سىستېمىسىنىڭ تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە باش ئەترەت كوماندىسى كوللېكتىپ 2 - بولدى.

دۇڭ جىنچۈەن

## ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتى

2001 - يىلى ئامېرىكىدا «11 - سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەركەز، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ چېگرىنى تاقاش - تىزگىنلەش ھەققىدىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق قىسىملارنى دەرىجىلىك ئورۇش تەييارلىقى ھالىتىگە كىرگۈزدى. بازا قوماندانلىق شتابى، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئالاقە تورى قۇردى؛ ساقچى - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى يولغا قويۇپ، قاراشلىق رايونلارنى قاتتىق باشقۇردى ۋە تىزگىنلىدى؛ ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، نۇقتىلىق جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى؛ خادىملارنى يۆتكەپ، تەكشۈرۈش قوشۇنى قۇرۇپ، چېگرىدىن كىرىش ئېھتىمالى بولغان چەت ئەل پۇقرالىرىنى ئايرىپ تەكشۈرۈش، تىزىملاش، ئىسپات ئېلىپ ئېنىقلاش، قايتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى؛ قىسىملارنى دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، خەۋەرلىشىش - ئالاقىلىشىش، پىستىرما قۇرۇپ توسۇش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە راست مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، چېگرىدا يۈز بەرگەن تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۇرۇش تەييارلىقى مەزگىلىدە 8 مىللىي بۆلگۈنچىنى تۇتتى. نۇقتىلىق دۆلەتلەردىن ئېلىمىزگە كىرىشكە ئۇرۇنغان 40 نەچچە كىشىنى توسۇپ قالدى، چەت ئەللىك 10 كىشىنى قايتۇردى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا تەكشۈرۈش (كۆچمەنلەر) ئاپپاراتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى، چەت ئەل تېلېگراممىلىرى، خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق 100 نەچچە ئاخبارات - ئۇچۇرنى قولغا چۈشۈردى.

شيا بو

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى «جىددىي ئېھتىياجغا، مۇھىم نۇقتىغا، ئاساسىي قاتلامغا كاپالەتلىك قىلىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. تۈرلۈك خىراجەتلەر ئەمەلىيلەشتى، مالىيە باشقۇرۇشى تېخىمۇ قېلىپلاشتى، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ساغلام راۋاجلاندى، داۋالاش شارائىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى، كەسپىي قوشۇننى تەربىيىلەش سالمىقى زورايدى، ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بىر يىلدا 293 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى تۇرغۇزۇلۇپ، 63 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت ئاجرىتىلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 35 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان گازارما پۈتكۈزۈلدى. تۆۋەندىن يۇقىرى 24 ئورۇننىڭ سىفىرلىق ئالاقە تورى ۋە باش ئەترەت ئورگىنىنىڭ تار دائىرىلىك تور سىستېمىسى ئېچىلدى. ئاساسىي قاتلام



ئامېرىكىدا «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرىش - چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چېگرا رايوننى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزدى.

سۈرەتنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئەۋەتكەن.

ساقچىخانىلىرىغا سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى ئورنىتىپ بېرىلدى.

دۆڭ جىنچۈەن

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

باش ئەترەت باشلىقى: لېيەن يۈ (داشياۋ).
سىياسىي كومىسسار: مىي شيەنلىن (داشياۋ).
مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى: تاۋ رۇنرېن (داشياۋ).
مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئوسمان سىدىق (داشياۋ).

### ئوت مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى «ئوت مۇداپىئە قانۇنى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوتتىن ساقلىنىش، ئوت ئۆچۈرۈش مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تاماملىدى.

بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوت مۇداپىئە قىسىملىرى 3801 قېتىم ترېۋوگا ئاپسۇرۇۋېلىپ، 9170 ئاپتوموبىل (قېتىم)، 54 مىڭ 160 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 3483 قېتىم ئوت ئۆچۈردى، 7732 ئادەم (قېتىم)، 1299 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 1233 قېتىم خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىپ مال - مۈلۈك زىيىنى ۋە ئادەملەرنىڭ يارىلىنىش - ئۆلۈشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتتى.

2001 - يىلى بىر نارماق ئەترەت كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 69 كىشى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر كىشى مەملىكەت بويىچە، بىر كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى. ج خ مىنىستىرلىكى 3 ئورۇننى «ئەسكەرلەرنى ئىش ئورنىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن»، 3 كىشىنى ئىلغار شەخس دەپ باھالىدى، 3 ئورۇن ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تيەنجىننىڭ ئوت مۇداپىئە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

### ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 3109 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 62 ئادەم ئۆلدى، 94 ئادەم يارىلاندى، 1643 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 38 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق ئىمارەت كۆيۈپ كەتتى، 22 مىليون 454 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنى 2000 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى 1.9% كۆپەيدى، ئۆلگەن ئادەم سانى 10.7% ئاشتى، يارىلانغانلار سانى 5% ئازايدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 3.58% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە زور ئوت ئاپىتى 13 قېتىم يۈز بېرىپ 14 ئادەم ئۆلدى، 11 ئادەم يارىلاندى، 5 مىليون 637 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بىكتۇەندە 181 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 10 ئادەم ئۆلدى، 20 ئادەم يارىلاندى، 1 مىليون 648 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بىر يىلدا ئوت ئاپىتى ۋەزىيىتى سەگەك بولۇپ، ئادەملەر توپى بىلەن ئۆلگەن، يارىلانغان پەۋقۇلئاددە ئېغىر، قاباھەتلىك ئوت ئاپىتى

كۆرۈلمىدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنۇلار: 1. ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستىلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %43.5نى ئىگىلەيدۇ، كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون 465 مىڭ يۈەن؛ 2. ئېلېكتر سايمانلىرىنى توغرا ئىشلەتمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %17.2نى ئىگىلەيدۇ، زىيان 4 مىليون 644 مىڭ يۈەن؛ 3. ئوت ئويناشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %8.5نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %8.3نى، ئوت قويۇشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %5.8نى، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى %5.4نى، تەبىئىي ئوت ئاپىتى %0.8نى ئىگىلەيدۇ.

جاڭ خاۋ، ليۇ پېڭ

## سىياسىي تەربىيە

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئاساستا، «چولڭ ئەترەت (بۆلۈم) لەرنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قىسىملارنىڭ باشقۇرۇش - تەربىيە خىزمىتىنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. باش ئەترەت ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى جەزمەن سىناش، ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئاۋۋال ئېلان چىقىرىش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى داۋاملىق قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئىلمىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئاۋۋال تەربىيىلەپ ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقىرىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا ئورۇش تەلىم - تەربىيىسى، ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش كەسپى، مالىيە باشقۇرۇش، سىياسىي كادىرلار بويىچە 8 قارار كۇرس ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل كادىردىن 492 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى، ئوت مۇداپىئە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىق 8 مەخسۇس سىياسىي تەربىيىنى يولغا قويۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى چۆرىدەپ، «پارتىيە قەلبىمدە» ناملىق مەخسۇس تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، باش ئەترەت تەييارلىق، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەردىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق چوڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## قىسىمنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملاشقان باشقۇرۇشنى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش - قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوت مۇداپىئە قىسىملىرى «ئۇستاب - نىزاملارنى ئۆگىنىپ، ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئاساسىي تومۇرنى زىچ چۆرىدەپ ئۇستاب - نىزام ئۆگىنىش كۈنى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ۋە ئۇستاب ئېڭىنى ئۆستۈردى. ج خ مىنىستىرلىكى ئوت مۇداپىئە ئىدارىسىنىڭ قىسىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن قىسىم باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى ئۇستابلاشتۇرۇش، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۆرلۈك تەرتىپلەرنى مۇنتىزىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قىسىملارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلى ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئىلغار تارماق ئەترەت (ئىدارە) بولۇپ باھالاندى، قاراماي شەھەرلىك شەھەر رايونى ئوت مۇداپىئە بۆلۈمى قاتارلىق 10 چوڭ ئەترەت (بۆلۈم) ھەمدە ئاتۇش شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 10 ئوتتۇرا ئەترەت باش ئەترەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جاڭ خاۋ

## ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش بويىچە كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش تەرتىپى، قەدەم - باسقۇچى ۋە ئۇسۇلىنى ئۈنۈملۈك قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئەسكەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق قىلدۇرۇش، ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تارماق ئەترەت شتاب ئوفىتسېرلىرى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرىنى يىغىپ، ۋەزىپە ئۆتەش كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بىر ھەپتىلىك كۇرس ئېچىپ تەربىيىلىدى، كۇرس ئارقىلىق 2 دەرىجىلىك ئوت مۇداپىئە كوماندىرلىرى قىسمىدا قېلىپلاشقان تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلىۋالدى، ئېگىز قەۋەتلىك بىنالاردا، يەر ئاستىدا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان

نېفىت گازى باكلىرى قويۇلغان ئورۇنلاردا، خىمىيە سانائىتى ئورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە ئوت ئۆچۈرۈش قۇتقۇزۇش تەرتىپى ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. ئەسكەرلەرنى ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، باش ئەترەت ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ مەشىق قىلىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاقسۇ، خوتەن تارماق ئەترەتلىرى مۇقىملىقنى ساقلاش، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۆرىشىگە قاتناشقانلىقتىن ج خ نازارىتى ۋە شۇ جايلاردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەسكەرلەرنى ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش پائالىيىتىدە ئىلى ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش چوڭ ئەترىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتى ھەمدە شۇ خەيجياڭ، لى يۇڭ، جاڭ زېجۈن قاتارلىقلار ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشنامە ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. باش ئەترەت ئىشلىگەن ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىش ئورنىدا مەشىق قىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى مەملىكەت بويىچە ئوت مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش - باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش

گوۋۇيۈەننىڭ 11 مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قوراللىق ساقچى قىسىم، شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى 2001 - يىل 5 ~ 10 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ يولغا قويدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 11 نازارەت، ئىدارە، كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك ئىشخانىسى قۇرۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» ۋە «مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى تۈزدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. 2 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ جايلارنىڭ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنىڭ تەكتى ئېنىقلىنىپ، زور بىر تۈركۈم يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرى تۈگىتىلىپ، ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك مۇھىتى ياخشىلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرى مەنشىخاڭزا ئەتراپىدىكى قائىدىگە خىلاپ ئۆيلەرنى مەجبۇرىي چاقتى؛ قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت ئاجرىتىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ قىلدى؛ ئىلى ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە ئىدارىسى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇزاققىچە ئۈنۈم بېرىدىغان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى ۋە «ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئىلى ئوبلاستىنىڭ يېزىلاردا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە مەخسۇس تۈزەش جەريانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 584 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 11 مىڭ 792 ئورۇن تەكشۈرۈلگەن، 13 مىڭ 471 يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى ئېنىقلىنىپ، 10 مىڭ 744 جايدىكى يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى تۈگىتىلگەن، ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتلىرى 3697 نۇسخا ھەرخىل قانۇن ھۆججىتى تارقىتىپ، 393 ئورۇننى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇغان، 228 ئورۇن، 144 كىشىگە جەرىمانە قويغان، 5 كىشىنى مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرغان، 68 ئورۇننىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى، 82 مەدەنىيەت تىجارىتى ئىجازەتنامىسىنى بىكار قىلغان، بەلگىلىمىگە خىلاپ 219 سورۇننى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرغان، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىشكە 78 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنغان. گوۋۇيۈەن ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى، شىخەنزىلەرنىڭ مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئوت ئۆچۈرۈش قورال - جابدۇقلىرى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ قورال - جابدۇق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 8 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ھەرخىل ئوت مۇداپىئە قورال جابدۇقى سېتىۋالدى، 1 مىليون يۈەن

خىراجەتنى تېجەپ قالدى. ئاقسۇ، تۇرپان تارماق ئەترەتلىرى مەبلەغ تەييارلاپ بىر قېتىمدىلا چوڭ تىپلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىدىن 3نى، ئوتتۇرا تىپلىقىدىن 2نى سېتىۋالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەت پەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان چوڭ تىپلىق خىيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋالدى. باش ئەترەت 8 - ئايدا ئوت مۇداپىئە قورال - جابدۇقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قورال - جابدۇق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھازىرقى قورال - جابدۇقلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قەشقەر، قاراماي، قۇمۇل تارماق ئەترەتلىرى قورال - جابدۇق باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئوت مۇداپىئە خەۋەر - ئالاقىسى

2001 - يىلى قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش مۇداپىئە باش ئەترىتى ئاساسىي قاتلامنىڭ خەۋەر - ئالاقە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئوت تىرېۋوگىسىنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، قاراماي، كورلىدىن ئىبارەت 3 نۇقتىلىق شەھەردە ئوت تىرېۋوگىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، «119» ئوت تىرېۋوگى دىسپېتچېرلىك كوممۇتاتورى، ئاۋازنى، ۋاقىتنى سىفىرلىق خاتىرىلەش سىستېمىسى سەپلىدى؛ 12 تارماق ئەترەت، 17 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ «119» ئوت تىرېۋوگىسىنى قوبۇل قىلىش سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۇرپان تارماق ئەترىتى، تارباغاتاي تارماق ئەترىتى، يەكەن چوڭ ئەترىتىنىڭ 350 جوئوللۇق سىمسىز ئالاقە تورىنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۈرۈمچى، قاراماي تارماق ئەترەتلىرىنىڭ 350 جوئوللۇق سىمسىز ئالاقە تورىنى ئۆزگەرتىش، سىغىمىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئوت مەيدانىغا بولغان قوماندانلىق ۋە دىسپېتچېرلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئوت مۇداپىئە تەشۋىقاتى

2001 - يىلى قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەمدە ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، 2001 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى بىر قېتىم «شىنجاڭ ئوت مۇداپىئەسىدىكى ياخشى خەۋەر» لەرنى باھالاش پائالىيىتى ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە دائىر جامائەت پاراۋانلىقى ئېلانلىرىنى يىغىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. جايلاردىكى ئوت مۇداپىئە پونكىتلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىدىمۇ دەسلەپكى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئوت مۇداپىئە - ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش تەلىم - تەربىيە بازىسى ئوت مۇداپىئە كومادىرلار مەكتىپىدە قۇرۇلدى ھەمدە جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلدى. ئوت مۇداپىئە خىزمىتىگە دائىر چوڭقۇر مەزمۇنلۇق خەۋەرلەر كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيتىلدى. ئومۇمىي خەلق ئوت مۇداپىئە ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. باش ئەترەت لاڭگې ئوت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «لاڭگې لوڭقىسى»نى تالىشىش «119» ئوت مۇداپىئە بىلىملىرى مۇسابىقىسىدە ئىناۋەتلىك جاۋاب قەغىزىدىن 15 مىڭدىن ئارتۇق قەغەز تاپشۇرۇۋېلىنىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى. بىر يىلدا باش ئەترەتنىڭ 112 پارچە ماقالىسى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىلدى. «شىنجاڭ ئوت مۇداپىئەسى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 6 سان، ئۇيغۇرچىسى 2 سان ئۆز ۋاقتىدا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2001 - يىلى قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى خىزمىتىدە ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە مەركىزىي خىزمەتنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خىراجەتنى تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇردى. ج خ مىنىستىرلىكى ئوت مۇداپىئە ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، باش ئەترەت ئورگاننىڭ مەمۇرىي خاراكتېرلىك، سەرپىيات خاراكتېرلىك چىقىملىرىنى ئازايتىپ، 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەخسۇس خىراجەتنى تەڭشەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىنىڭ گازارمىلىرىنى رېمونت قىلىش، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش، داۋالاش، سۇ - توك، پار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىراجەتلەرنىڭ ئېشىپ كەتكەن چىقىمىنى تولۇقلاش ۋە يۇيۇنۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئىشلەتتى؛ مەبلەغ تەييارلاپ «قوماندانلىق مەركىزى»، «تەلىم - تەربىيە بازىسى» قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. باش ئەترەت قوماندانلىق مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆگزە يېپىلدى، تەلىم - تەربىيە بازىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا پۈتتى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ماتاش تەڭشەش - تارقىتىش، ھەربىيلەر سوغۇرتىسى، ئولتۇراق ئۆي ياردەم پۇلى ۋە خوسۇسىي مال - مۈلۈكنى

باشقۇرۇش خىزمىتى ئاملىنىپ، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوت مۇداپىئە قىسىملىرىدا تۇنجى قېتىم مالىيىنى بىرلىكتە تەپتىش قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى خۇلاسىلىنىپ، ھەرخىل بوچۇقلار ئېتىلىپ، قىسىملارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ۋە بوغالتىرلىق ئاساسىي خىزمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. بىرلىكتە تەپتىش قىلىپ باھالاش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستىدىكى 3 تارماق ئەترەت 2001 - يىللىق مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. تەپتىشلىك - نازارەتچىلىك خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، قىسىم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. تەپتىشلىك - نازارەتچىلىكنىڭ فۇنكسىيىسى جارى قىلدۇرۇلۇپ، بوچۇقلار ئېتىلدى. بىر يىلدا 3 مىليون 522 مىڭ 100 يۈەن تەپتىشلىك قىلىنىپ، 742 مىڭ 700 يۈەن كېمەيتىلدى، ئوتتۇرىچە كېمەيتىلىش نىسبىتى %21 بولۇپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: خۇ خەنشېڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ جېن (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: شۇ ماۋ (داشياۋ)، چېن يۇڭفۇ (داشياۋ)، ليۇ لىشەن (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ شىمىڭ (داشياۋ).

### قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى

قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ئاساسلىقى سانائەت، ئېنېرگىيە، قاتناش، يۇقىرالار بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. باش ئەترەت قارىمىقىدىكى 4 تارماق ئەترەت مەملىكىتىمىزدىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارقىلىپ، 36 قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى. 2001 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشكەن قۇرۇلۇش تۈرى 12، ئومۇمىي تاشيول مۇساپىسى 138.8 كىلومېتىر بولۇپ، ئورۇندالغان تۇپا - تاش مىقدارى 31 مىليون 720 مىڭ كۇب مېتىر، ئىشلەنگەن قۇرۇلۇشى 608 مىڭ 362 كۇب مېتىر، دەرىجىلىك ئاسفالت يول 367 كىلومېتىر، سوزۇلۇش ئۇزۇنلۇقى 23 مىڭ 221 مېتىر، كۆۋرۈك 153، ئۇزۇنلۇقى 6498 مېتىر، يۈتكەن تونېل 3، ئۇزۇنلۇقى 2788 مېتىر، ياسىغىنى سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى بىر، كۆلىمى 50 مىڭ كۇادرات مېتىر، ئايرودروم ئۇچۇش - قونۇش يولى 51 مىڭ كۇادرات مېتىر، ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 10 مىليون 600 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلى باش ئەترەت 21 قۇرۇلۇش تۈرىگە خېرىدار چىقتى، خېرىدارلىققا چىقىشقا 1 مىليارد 44 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلىشىپ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

جاۋ شياۋماڭ، چېن جيەنۋېي

### ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ قاتناش 2 - باش ئەترىتى ئىشنى تەشكىلىي قۇرۇلۇشتىن باشلاپ، كادىرلارنىڭ كەسپىنى ئالماشتۇرۇش، ئورۇنلارنىڭ شتاتىنى قىسقارتىش - تەڭشەش ۋە خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ۋاقتىدا قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 70 نەچچە كىشىنى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش قوماندانلىق شتابى ئۇيۇشتۇرغان ئاساسىي قاتلام سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى كۇرسىغا قاتناشتۇردى. پولات چىۋىق ئىشچىسى، رېمونتچى، نورما بەلگىلىگۈچى، ستاتىستىكىچى، شوپۇر، ئىچكى مۇپەتتىش، سانىتار ۋە ئاشپەزلەرنى تەربىيىلەش بويىچە 8 قارار كۇرس ئېچىپ، 500 گە يېقىن ھەرخىل كەسپىي خادىمنى تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلامدا «3 كىچىك»، «قىزىل بايراقدار مەشغۇلاتچى»، «قىزىل بايراقدار شوپۇر» ۋە «قىزىل بايراقنى، قىزىل يۇلتۇزنى ئالىشىش» قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئۆگىنىش - بەسلىشىش - ئۆتۈپ كېتىش، ياردەم بېرىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. مۇشۇ يىلدا باش ئەترەتتىن 16 ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى؛ 3 ئوتتۇرا ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش باش شتابى تەرىپىدىن ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت قىلىپ تىكلەندى، بىر تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تارماق ئەترەت دەپ باھالاندى؛ 661 جەڭچى «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالاندى.

لىن جيەنچياڭ، جۇ لىنخۇ

## ئۆرۈش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ قاتناش 2 - باش ئەترىتى قىسىملاردا «ئۆرۈش سىيىنى قىسقارتىپ، جايلىشىشنى تەڭشەش» تېما قىلىنغان زور ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، تۆەندىن يۇقىرى 4 ئورۇننى ئەمەلدىن قالدۇردى، قوشۇۋەتتى، ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارغا ئۆتكۈزدى، قىسىملارنىڭ قورۇلۇش - ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بىر يىلدا قورۇلۇش - ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن سىرت، يەنە ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ 10 نەچچە قېتىم ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلدى.

ۋاڭ چياڭيى، جاڭ لىپىڭ

## مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ قاتناش 2 - باش ئەترىتى قىسىملارغا قارىتىلغان باشقۇرۇش - تەربىيە ۋە مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇش، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى ئۆلچەم بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇردى. بىر يىلدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، ئاساسىي قاتلامدىكى يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن مەسئۇل ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەر باشقۇرۇش تايانچلىرىدىن 530 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى، 3 قارار ئۆلچەم ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇنتىزىملاشقان باشقۇرۇش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. 8 - ئايدا 6 - تارماق ئەترەت ئورگىنىدا قوماندانلىق شتاب، باش ئەترەت، تارماق ئەترەت، چوڭ ئەترەت كادىرلىرى قاتناشقان ئاساسىي قاتلام مۇنتىزىملاشقان باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، قىسىملارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش تەرتىپى، ئىچكى ئىشلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇردى. قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 2 تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئۇدا 3 يىل «3 تىن خالىي» (ئېغىر مەمۇرىي مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسىدىن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھادىسىسىدىن، جىنايى ئىشلار جىنايىتى ۋە خىزمەت جىنايىتىدىن خالىي) ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى.

ۋاڭ چياڭيى، جاڭ لىپىڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2001 - يىلى قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ قاتناش 2 - باش ئەترىتى ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە مالىيە باشقۇرۇشنى چاڭ تۇتۇپ، 2 قېتىملىق مال - مۈلۈك ئېنىقلاش خىزمىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنداپ، ھەرخىل مەبلەغ زىيىنى ۋە ھېسابقا ئېلىپ قويۇلغان يوشۇرۇن زىياننى ئېنىقلىدى. باش ئەترەت ئورگىنىنىڭ خىراجەت چىقىم پىلانى ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورگان خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى. قىسىملارغا 70 نۇسخا كرېدىت ئىسپاتى بېجىرىپ، قىسىملارنىڭ خېرىدار چېقىش، مۇددەت ئېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

تاماق خىراجىتىنى تىزگىنلەش ۋە تاماق ھېساباتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھەربىي ئاشلىق سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەربىي ئاشلىق بىلەن ۋاقتىدا، يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. يوتقان - كۆرپىلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ دەل كېلىش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولدى. گازارما باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، گازارما سېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، ئۆي ئىسلاھاتى خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

ئۇنىڭدىن. ماددىي ئەشيا ترانسپورتى جەھەتتىكى ئاساسىي باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، «99 تىپلىق» ئاپتوموبىل تومۇر تاختىسىنى ئۆزى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. «بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش» پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، شوپۇرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى.

تارماق ئەترەتلەر مەسئۇل بولغان تىجارەت ھۆددىگەرلىكىنى يىللىق سىناش خىزمىتى تاماملاندى. تارقىتىۋېتىلگەن ۋە بىرلەشتۈرۈلگەن 6 ئورۇننىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىن بىرى تاماملاندى. 7 - تارماق ئەترەتنىڭ يىللىق تىجارەت ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە ئانالىز قىلىندى.

تېببىي داۋالاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم پسىخىك ساغلاملىقنى تەكشۈرۈش - سىناش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 3154 ئادەم (قېتىم) قاتناشتۇرۇلۇپ، كۆزلىگەن مەقسەت ئىشقا ئاشتى. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچلىرى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

دىڭ جيېنشىن، ليۇ نا

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن قۇمۇل شەھىرى شىمالىي «جۇڭشەن» يولى يەر ئاستى سودا سارىيى، چۆچەك شەھىرى «خەلق» مەدەنىيەت مەيدانى يەر ئاستى سودا سارىيى، قاراماي شەھىرى خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئۇرۇش تەييارلىقى ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بىر يىلدا چالىسى پۈتتۈرۈلگەن ۋە يېڭىدىن ئىشلەنگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 5795 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 98 مىڭ 310 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش ئاسراپ باشقۇرۇلدى، 6974 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈختىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 10 قۇرۇلۇش ئېغىزى بىر تەرەپ قىلىندى، 3627 كۋادرات مېتىر تاشلاندۇق قۇرۇلۇش بىر تەرەپ قىلىندى. خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن تىنچ ۋاقىتتا پايدىلىنىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىپ پايدىلىنىلغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى كۆلىمى 136 مىڭ 773 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇشلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى %2. 24 بولۇپ، يارىتىلغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 739 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا - باج 4 مىليون 718 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تارماقلىرى 4 مىليون 37 مىڭ 940 يۈەن ئىشلىتىش ھەققى ئالدى، 1967 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

جاڭ جىيىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلىنىدىغان خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بىرلىككە كەلگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەشكىلىي قوماندانلىق سىستېمىسى، جايلىشىشى مۇۋاپىق بولغان مۇداپىئە قۇرۇلۇشى سىستېمىسى، سەزگۈر ۋە ئىشەنچلىك ئالاقە - تىرىۋوگا سىستېمىسى، قابىل ۋە يارامlıق كەسپىي قوشۇن سىستېمىسى، كاپالىتى كۈچلۈك بولغان ئاھالىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش سىستېمىسى، زامانىۋى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىنىڭ ئومۇمىي بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى، جىددىي ئەھۋالدا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىقتىدارى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋى ئۇرۇش ۋە زور ئاپەت - ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇش لازىم.

لۇ جيې

## ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خاتىرە كونۋېرتى، ماركىلىق ئاتكرىتكىسى تارقىتىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسى بىرلىكتە 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ئېلان قىلىنغانلىقنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئىشلەنگەن خاتىرە كونۋېرتى ۋە ماركىلىق ئاتكرىتكىسى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، مۇراسىمدا 15 مىڭ دانە خاتىرە كونۋېرتى ۋە ئاتكرىتكا تارقىتىلدى.

ۋېن رۇچىن

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلەنگەن ئاساسلىق نىشان مۇنداق بولدى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 148 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 2000 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 8% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭكىنى 3%، 2 - كەسىپنىڭكىنى 9.6% (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭكىنى 9%، بىناكارلىقنىڭكىنى 11%)، 3 - كەسىپنىڭكىنى 10.2% ئاشۇرۇش؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى 13% ئاشۇرۇش؛ يەرلىك مالىيە كىرىمىنى 11% ئاشۇرۇش؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچى 101% ئەتراپىدا بولۇش؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 10% ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭكىنى 10% ئاشۇرۇش؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى 15‰ ئىچىدە تىزگىنلەش؛ شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتىنى 4% ئىچىدە تىزگىنلەش.

2001 - يىلى شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادىي خىزمەت يېتەكچى فاڭجېنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئاساس مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ باشلىنىشى ياخشى بولدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 148 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق)، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 2000 - يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 2.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ 8.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ 10.6% ئاشتى؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 15.7% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 21.2% ئاشتى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 4% ئەتراپىدا ئۆرلىدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.1‰ بولدى؛ شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى 4% ئىچىدە تىزگىنلەندى.

يالڭ يىبو

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر سىياسەت ۋە تەدبىرلەر

1. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆپەيتىلدى.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى پائال تەڭشەلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ ۋە ئۇ قوغدىلىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، بازار ئېھتىياجلىق بولغان سۈپەتلىك بۇغداي، گۈرۈچ، يەم - خەشەك ۋە ئۆششاق قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆپەيتىلىپ، ئاشلىق سورتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. 2001 - يىلى پىلاندىكى ئاشلىق ھوسۇلى 8 مىليون 200 مىڭ توننا بولۇپ، 2000- يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، كېۋەز تېرىش كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلدى، پاختا سورتى زور كۈچ بىلەن تەڭشەلدى، جۈپ تۈپ، قوش قاتلاملىق ئۆستۈرۈش قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، تېرىشپ بىرلىك ھوسۇل ئاشۇرۇلۇپ، تەننەرخ تۆۋەنلىتىلىپ، ئەلا سۈپەت،

تۆۋەن باھا بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىلدى. پىلاندىكى پاختا ھوسۇلى 1مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بازار ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادىي زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش تېزلىتىلدى. ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلدى، چارۋىنىڭ ئەلا نەسلى كېڭەيتىلدى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە تۆشتىلىك ئۆچكە، ئىنەك، گۆش كالىسى ۋە ئۆزگىچە باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ئىلى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 2 ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، بەرپا قىلىنغان ئوتلاق بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە تەبىئىي ئوتلاقنى ياخشىلاش، قوغداش كۈچەيتىلدى، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تېزلىتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىدا تۈجۈپىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلىپ، مۇقىم بولغان تاۋار گۆش، سۈت، تۇخۇم بازىسى بەرپا قىلىندى. ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئەلا نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنى داۋالاش كۈچەيتىلىپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق - ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى.

باغ - ئورمان كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. سۈپەتلىك كۆچەت ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى، كۆلىمى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئۆزگىچە مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈلۈكى مۇستەھكەملىنىپ، داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە ئىشلەپچىقىرىش چىڭ تۇتۇلۇپ، باغ - ئورمان كەسپىنىڭ كۆلەملىشىش سەۋىيىسى، تاۋارلىشىش دەرىجىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى داۋاملىق بەرپا قىلىنىپ، تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، قۇملۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بەرپا قىلىش كۈچەيتىلىپ، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، تۈزلەڭلىكلەرنى، دەريا، يول بويلىرىنى شەھەر - بازارلارنى كۆكەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۆلچىمى ۋە قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ئوبدان ئىشلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغدالدى.

يېزا ئىگىلىكىنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىلغار، قوللىنىشچان باپ تېخنىكىلار زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، سۈپەتلىك يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېخنىكىلار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش تېخنىكىسى، سەرپىياتنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرىدىغان تېخنىكىلار، بىئولوگىيىلىك تېخنىكىلار ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، ئۇنىڭ يېڭىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنى ئوراش تېخنىكىسىنى قوللىنىش تېزلىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشى، ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. دۆلەتنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى قۇرۇلۇشى باشلاندى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئىلغار، قوللىنىشچان باپ تېخنىكىلارنىڭ دېھقانلار ئائىلىسىگە كىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاساسلىق دەريا ساھىللىرىنى ئېچىش، پىلانلاش ياخشى ئىشلىنىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. سۇ تېجەش تېپىدىكى يېزا ئىگىلىكى پاتال قانات يايدۇرۇلۇپ، يەر ئاستى سۈيى مۇۋاپىق ئېچىلىپ، سۇغىرىشتا سۇ تېجەش يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، پۈركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئېگىز ئورۇنغا تېرىش ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سۇ تېجەشتە ئۈلگە ناھىيە ۋە سۇ تېجەشتىكى نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلىنىپ، دۆلەتنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىشتىكى ئۈلگە تۈرلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ تېجەشنى ئۆزگەرتىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە كېسەللىك، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدىغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۇئەسسەسەلىرىدىكى خەۋپ - خەتەرنى تۈگىتىش ۋە قۇرۇلۇشلارنى مۇستەھكەملەش چىڭ تۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى

ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ باشقا مەھسۇلاتقا ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «شىركەتلەر بىلەن دېھقانلارنى بىرلەشتۈرۈش» . يېزا ئىگىلىكىدە زاكاز قىلىش قاتارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دېھقانلار بىر قەدەر ئىشەنچلىك سېتىش يوللىرىغا ئىگە قىلىنىپ، مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان، خەۋپ - خەتەرنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالىدىغان تەشكىلىي شەكىل ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ساقلاش، يۆتكەش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلار چۆرىدەلگەن ھالدا، «شىنتيەن» ، «تۈنخې» ، «قۇلماق» قاتارلىق بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

كىچىك شەھەر - بازارلار پائال ۋە پۇختا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش پىلانلاش كۆلىمى مۇۋاپىق بولۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھازىر شەكىللەنگەن مۆئەييەن كۆلەمدىكى، ئاساسى بىر قەدەر ياخشى كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. كىچىك شەھەر - بازارلار قۇرۇلۇشى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق مەركەزلىشىشكە يېتەكلەش، يېزا - كەنتلەردىكى بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەسپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ نوپۇس، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش ۋە يەرلەرنىڭ يۆتكىلىشى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىندى، ئىقتىدار تېزلىكتە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېزىلارنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئىگىلىكىنىڭ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېزا نوپۇسىنىڭ كىچىك شەھەر - بازارلارغا بۇرىلىشى تېزلىتىلدى.

نامراتلارنى يۆلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. نامراتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىدە يۆلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، نامراتلارنى يۆلەش سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، نامرات ناھىيە، نامرات يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تاشقورغان قاتارلىق نامرات رايونلاردا ئېكولوگىيىلىك ئاھالە كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. خوتەن رايونىدا «كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇدۇق بولۇش» قۇرۇلۇشى باشلاندى. يېزىلاردىكى 250 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانلاندى.

2. سانائەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش تېزلىتىلىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى، دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئۆزگىچە سانائەت تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. ئۆزگىچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە رەڭلىك مېتال قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش سالمىقى زورايتىلدى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، شەرت - شارائىتى بار كارخانىلارنىڭ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ خام ئەشيا تېرىلغۇ بازىسى قۇرۇپ، تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېكسپورت قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىغا ئىلھام بېرىلدى. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، لوپنۇر گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە مەدەت بېرىلىپ، سۈپەتلىك يىپ، سۈپەتلىك رەخت ۋە ئالىي ماتېرىياللار زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، تەبىئىي رەڭلىك پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى پائال ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۈچىنچىدىن، مايتاغ ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىش، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش قاتارلىق چوڭ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش تېزلىتىلىپ، ئورگانىك خىمىيە سانائىتى، نەپىس خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات ھالقىلىرى ئۇزارتىلدى. تۆتىنچىدىن، رەڭلىك مېتال بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، كۆكتوقايدىكى ئاز ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقىدىن پايدىلىنىش ياخشى ئىشلەندى، ئاشىلى مىس كېنى قۇرۇلدى.

ئەنئەنىۋى سانائەتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلدى. كارخانىلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تېخنىكا يېڭىلاش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا

ئۆزگەرتىش سالمىقى زورايتىلىپ، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، بىئولوگىيە تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال، ئاچقۇچلۇق ئورتاقلىقتا ئىگە تېخنىكا ۋە ئىلغار، قوللىنىشقا ماس كېلىدىغان باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە قوللىنىش تېزلىتىلىپ، ئەنئەنىۋى سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتىلىق كۆمۈر كانلارنىڭ ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە ماھىيەتلىك قەدەم تاشلاندى. يېزىلاردىكى توك تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە توك كۈچى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پائال يولغا قويۇلۇپ، توك تارقىتىش تەننەرخى ئىزچىل تۆۋەنلىتىلدى. ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى لايىھەلەش ۋە ياساش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، يېڭى تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ترانسفورماتور، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇش ماشىنىلىرى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پار قازىنى ۋە سۇ تېجەش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، مۇستەقىل مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە، تېخنىكىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار تېزلىكتە شەكىللەندۈرۈلدى. بېيدەين قويۇلدۇرۇپ ئىشلەنگەن دانىچە يەم - خەشەك، پەمدۇر قىيامى ۋە تالقىنى، تەبىئىي رەڭلىك پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى كېيىنكى رەتلەش، چىگىتتىن ئايرىلىدىغان ئاقسىل قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرلىرىنى تەشكىللەش، يولغا قويۇش ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ چوڭ ۋە قاتتىق تۇتۇش قىلىنىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. ھازىر بار مال - مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان 18 كارخانا (گۇرۇھ) لارنىڭ تىجارەت ساھەسىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي كەسىپى گەۋدىلىك، يادرولۇق كۈچى كۈچلۈك چوڭ كارخانا (گۇرۇھ) بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلدى. مەبلىغى بېرىككەن، ئىناۋىتى كاپالەتكە ئىگە بولغان، تېخنىكا جەھەتتىن مەدەت بېرىش، باشقۇرۇش

مەسلىھەتچىلىكى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىش، بازار ئېچىش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش تېزلىتىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ «مەخسۇس، نەپىس، ئالاھىدە، يېڭى» نىشانىغا قاراپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. يېڭى مۇلازىمەت ساھەسى ئېچىلىپ، مۇلازىمەتچىلىكنىڭ كۆلەملىشىشى ئىزچىل كېڭەيتىلدى.

زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىپ، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەتچىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، مۇلازىمەتچىلىك قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە، كەسىپكارلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي كەسىپكارلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىزچىل كۆپەيتىلدى.

زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇلازىمەتچىلىك ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىندى. ئۇچۇر كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە كومپيۇتېر ۋە تور قاتارلىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېزلىتىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، توردا تەربىيىلەش، يىراقتا تۇرۇپ داۋالاش ۋە باشقا تور ئۇچۇر مۇلازىمىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۇلازىمەت، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى كۆپ تەرەپلىك ئۇچۇر مەھسۇلاتى ۋە تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. پۇل مۇئامىلە، بوغالتىرلىق، مەسلىھەتچىلىك، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى.

زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەتچىلىك ئۆزگەرتىلدى. سودا - ئوبوروت، قاتناش - ترانسپورت كەسپى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش، ماددىي ئەشيا ئوبوروتىدا سەپلەپ بېرىش، يەتكۈزۈپ بېرىش، كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە توشۇش، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق تەشكىلىي شەكىل ۋە مۇلازىمەت ئۇسۇلى پائال يولغا قويۇلۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە تىجارەت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئاشلىق، پاختا قاتارلىق مۇھىم تاۋارلارنى ئامباردا ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، خۇالىڭ بازىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇنىۋېرسال ۋە كەسپىي بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ئىجتىمائىي مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ،

مەھەللە مۇلازىمىتى مۇئەسسەسەلىرى ۋە تور قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، يەككىلەر، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەر ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ھەر ساھەنىڭ مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىلدى. تۇرالغۇ ئۆي كىچىك رايونى ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش كېڭەيتىلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

ساياھەتچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. زايوم مەبلىغىدىن ئوبدان پايدىلىنىلىپ، قاناس كۆلى، باغراش كۆلى، بايىنبۇلاق، نارات، تاڭبۇرا قاتارلىق نۇقتىلىق ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئوبدان ئىشلىنىپ، تاشيول، تارماق لىنىيىلىك ئايرودروم نۇقتا قىلىنغان ساياھەتچىلىكنىڭ يانداشما ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ئىجتىمائىي مەبلەغ كەڭ جەلپ قىلىنىپ، ساياھەت رايونلىرىنىڭ مەنزىرە نۇقتىسى، ساياھەت مېھمانخانىسى قاتارلىق تىجارەت خاراكتېرلىك مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى ۋە ئۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. مەييارە تەشۋىقات كۈچەيتىلىپ، سېتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، شىنجاڭچە ساياھەت تۈرى ۋە لىنىيىلىرى پائال يولغا قويۇلدى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ تىرىشىپ كۆپەيتىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلدى.

دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا زايوم ۋە مەركەز خام چوتى ئىچىدە مەبلەغ سېلىشنى كۆپەيتىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ خام چوتىنىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ يېتەرلىك ھالدا ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. يەرلىكنىڭ مەبلەغ يانداشتۇرۇشىدا يوللار كەڭ ئېچىلىپ، كۆپ تەرەپلەپ مەبلەغ جۇغلاندى، بولۇپمۇ زايومنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلىغى ۋەدە بويىچە ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. كارخانىلار قەرز چېكى كۆلىمى پائال كېڭەيتىلدى، شەرت - شارائىتى بار تۈرلەر تاللىنىپ كارخانا قەرز چېكى تارقىتىلىپ، شەرت - شارائىت يارىتىلىپ، كارخانا پاي چېكىنىڭ بازارغا سېلىنىش قەدىمى تېزلىتىلدى. ھەر قايسى سودا بانكىلىرى بىلەن بولغان ئالاقە يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، بانكىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قەرز پۇل بىلەن مەدەت بېرىشى قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ ۋە ئىلھام بېرىلىپ، كارخانا، كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ سالىدىغان ئىجتىمائىي مەبلىغى كېڭەيتىلىپ، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ تېزرەك كۆپىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەبلەغ سېلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا: قۇرۇلۇۋاتقان زايومغا تايىنىدىغان تۈرلەرنى چىڭ تۇتۇش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەرلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشى، شەھەر - يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى، ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەشكەن تۈرلەرنى قوللاش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە، ساياھەتچىلىك، ج خ، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرى سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلدى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى 27 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 10، قىسمەن ياكى تۈر بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 7، يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان تۈر 5. تۈرلەرنىڭ قانۇنىي ئىگە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش تۈزۈمى، قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇپەتتىشلىك قىلىدىغان ئالاھىدە خادىم ئەۋەتىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بولۇپمۇ زايومغا تايىنىدىغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىش، مۇپەتتىشلىك قىلىش زورايتىلىپ، جاۋابكارلىقنى چەكلەش مېخانىزمى كۈچەيتىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، تۈر زاپىسى كۆپەيتىلدى. ئالدىنقى قارارلىق تۈرلەردە مەسئۇلىيەت يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تۈرلەرنىڭ سۈرئەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئالدىنقى قارارلىق خىزمەت نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خىزمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. ئالدىنقى قارارلىق تۈرلەرنىڭ خىزمەت خىراجىتى كۆپ يوللار ئارقىلىق جۇغلىنىپ، سېلىنما سالمىقى زورايتىلدى، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، سۈپەتلىك پاختا بازىسى، شىنجاڭنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش، قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنى بىرلەشتۈرۈش، كۈيتۇڭ - سايرام ئالىي تاشيولى، خوشۇت - كورلا تاشيولى قاتارلىق بىر تۈركۈم زور قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى تېزلىتىلدى.

5. ئىستېمال ئېھتىياجى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، خەلق

تۇرمۇشى تېرىشىپ ياخشىلاندى.

ئىستېمال جەھەتتە ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. توك ئىشلىتىش، ئۆي سېتىۋېلىش، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىستېمالنى چەكلەيدىغان بەلگىلىمىلەر داۋاملىق ئېنىقلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پاراۋانلىق تىپىدىكى ئىستېمال ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، دارامەت تەقسىماتىنى پۇللاشتۇرۇش مۇساپىسى تېزلىتىلدى، تۇرمۇشتىكى ئىستېمالغا پايدىسىز توسالغۇلار تۈگىتىلدى. ئىستېمال كرېدىتى كېڭەيتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ماتارىيېتىكى ئوقۇش ياردەم پۇلىغا قەرز بېرىش ۋە يۇقىرى قىممەتلىك چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا قەرز بېرىش تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىناۋەتلىك سېتىشنى قانات يايدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۇرالغۇ ئۆينىڭ 2 - دەرىجىلىك بازىرى قويۇۋېتىلدى، سېتىلىپ بولغان ھۆكۈمەت ئۆيلىرى ۋە ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرنى بازارغا سېلىپ ئوبوروت قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، تۇرالغۇ ئۆي ئىجارە بازىرى يېتىلدۈرۈلدى. مەھەللە مۇلازىمىتى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تەنتەربىيە - تەن ساغلاملىقى، ساقچىلىق - ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئىستېمال كېڭەيتىلدى.

ئىستېمال مۇھىتى تېرىشىپ ياخشىلاندى. بازار تەرتىپى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىنىپ، يالغان، ساختا، سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارنى ياساش - سېتىشقا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، بازار مۇھىتى پاكلاشتۇرۇلدى. ئۆي، يەر - زېمىن بازىرىدىكى بەزى نامۇۋاپىق، قانۇنسىز يىغىلىدىغان ھەقلەر داۋاملىق ئېنىقلىنىپ، ئۆي، يەر - زېمىن سودىسىدىكى باھا چىقىرىش ھەرىكىتى ۋە ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇلازىمەت ھەققى قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ تەنتەرخى ۋە سېتىلىش باھاسى قاتتىق تىزگىنلەندى. ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش، ئۇنى نوپۇسقا ئولتۇرغۇزۇش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردىن ئېلىنىدىغان ھەقلەر يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ، ئاپتوموبىل ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئالىدىغان ھەقنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاممىنىڭ سېلىقى يېنىكلىتىلدى. ساياھەت بازارلىرى ۋە ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق ئالاقىدار مۇلازىمەت باھاسى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بايراملىق ئىستېمال ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بازارلار زور كۈچ بىلەن ئېچىلدى. شەھەر - يېزىلاردىكى سۇ، توك، يول، خەۋەرلىشىش ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، يېزىلاردا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزلىتىلىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئېلېكتر توردا ئوخشاش توكقا ئوخشاش باھا قويۇش يولغا قويۇلۇپ، توك باھاسى تېرىشىپ تۆۋەنلىتىلىپ، كەڭ ئىستېمالچىلار ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. يېزىلاردا سېتىش - مۇلازىمەت تورلىرى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ساناائەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ ۋە ئۇنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى ئىستېمال بازىرى پائال ئېچىلدى.

خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈندى ۋە ئۇ ياخشى ھەل قىلىندى. بۇنىڭدا شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش نۇقتا قىلىندى. شەھەر - بازارلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۈچ چىقىرىلىپ، ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سەۋىيىسى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى.

كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش تېزلىتىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى ھازىرلاندى. 250 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانلاندى. ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش كۆز قارىشى ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزى كەسىپ تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇش بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلدى.

ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى جەھەتتىكى ئىسلاھاتلار چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خادىملىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

6. تاشقى سودا يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى.

خەلقئارالىق بازارلارنى ئېچىش سالمىقى زورايتىلىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسى ۋە

مەۋيىسى ئېرىشىپ ئۆستۈرۈلۈپ، يۇقىرى تېخنىكا تەركىبى، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇندى. كۆپ مىقدارلىق تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىش چەك تۇتۇلدى. پاختا سېتىشنىڭ ئوتتۇرا ھالقىدىكى سەرپىياتى تۆۋەنلىتىلىپ، پاختىنىڭ ئېكسپورت كۆلىمى ۋە ئېكسپورت بازىرى مۇقىملاشتۇرۇلدى، سۈپەتلىك پاختا يىپ، پاختا رەخت، پەمىدۇر قىيامى، ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش تىرىشىپ كېڭەيتىلدى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئېكسپورت ئۆلچىمىگە ئاساسەن، گۆش، سۈت، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، دورىلىق ماتېرىياللار ئېكسپورت بازىسى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بازارلار كېڭەيتىلدى. يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى كېڭەيتىلىپ، ساياھەت قىلغۇچى مال سېتىۋېلىش، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ بازارلىرىدا سودا قىلىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە يار - يۆلەك بولۇندى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا خەلقئارا سودا مەركەزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىلىپ، سودا بازارلىرى، سودا مۇلازىمىتى ۋە سىياسەت، قانۇن - قائىدىلەر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا ئېھتىياجلىق ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنە، تېخنىكا ۋە خام ئەشيا - ماتېرىيال ئىمپورت قىلىش ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندا بار ۋە ئارتۇقچە مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش ئازايتىلدى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى زورايتىلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى ئۆزگىچە بىر تۈركۈم تۈرلەر تاللىنىپ سىرتقا ئېلان قىلىنىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشىدا بىر ئاز بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىنىڭ قەرز پۇل بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، چەت ئەلنىڭ ئېتىبارلىق قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش كۆلىمى تىرىشىپ كېڭەيتىلدى. تەستىقلانغان تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، تۈرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. «سىرتقا چىقىش»تىن ئىبارەت ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، شەرت - شارائىتى بار كارخانىلارنىڭ خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىلىپ، چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىش قانات يايدۇرۇلدى.

توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، تارماقلار مونوپوللۇقى، رايونلار قامىلى بۇزۇپ تاشلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كارخانىلار رايون ئاتلاپ، ساھە ئاتلاپ، مۇلۇكچىلىك ئاتلاپ بىرلىشىش، قايتا تەشكىللىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى ۋە يېتەكلەندى.

7. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مېۋىسى مۇستەھكەملىنىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مېۋىسى تىرىشىپ كېڭەيتىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۈزۈلمە، سىياسەت ۋە باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش تېزلىتىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، جۇڭگو - چەت ئەللەرنىڭ شېرىك مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆز ئارا پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پاي تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق بىرلىككە كەلگەن، ھەرىكەت ماسلاشتۇرۇلغان، ئۈنۈملۈك تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان شىركەت قانۇنىي ئىگىسى باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش تېزلىتىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش تېزلىتىلدى، كارخانىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەلالىرىنى تاللاش، ناچارلىرىنى شاللاش، كىرىشمۇ بولۇش، چىقىشمۇ بولۇش يولغا قويۇلۇپ، كىرىش مەنپەئەتلىك بولۇش، چىقىش تەرتىپلىك بولۇش، چوڭلىرىنى تۇتۇپ كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش شەكلىنى ۋە دائىرىسىنى قويۇۋېتىش، سېتىپ بېرىش ئوبيېكتىنى قويۇۋېتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى، ئۇزاق مۇددەت زىيان تارتقان، مەبلىغى قەرزىگە يەتمەيدىغان، زىيان تارتىشنى ئۆزگەرتىشتىن ئۈمىد قالمىغان كارخانىلار ۋەيران قىلىندى. دارامەت تەقسىماتىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك بازار رىقابىتىدە بىر قەدەر كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە

ئىگە بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىنىڭ بىرى بولدى. ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولىدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئادىل رىقابەت مۇھىتىنى يارىتىش لازىم. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىشقا يېتەكلىنىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئوبوروت ساھەسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى ھەقىقىي ھالدا قوغدالما باھا بويىچە ئاشكارا سېتىۋېلىندى. پاختا ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئوبوروت يوللىرى كېڭەيتىلىپ، سۈپەت باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى سودا بىلەن سانائەت بىر گەۋدىلەشكەن يولدا مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. ئوبوروت كارخانىلىرى رايون، ساھە، مۇلۇكچىلىك ئاتلاپ بىرلىشىش، قوشۇلۇش، سېتىۋېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قايتا تەشكىللىنىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى.

باھا ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بازارلار يەنىمۇ ئېچىۋېتىلىپ، باھا قويۇۋېتىلىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىجابىي رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسىمۇ ئەلا بولۇش، سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇش سىياسىتى داۋاملىق قوللىنىلىپ، دېھقانلار تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلەندى. باھا مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇلۇپ، بەزى مۇھىم تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت باھاسى تەڭشەلدى. باھا جەھەتتە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچەيتىلىپ، باھا ئالدامچىلىقى، باھا مونوپوللۇقى، تۆۋەن باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىش، كۆپ پايدا شۈلۈۋېلىش قاتارلىق نامۇۋاپىق باھا قىلمىشى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، باراۋەر، ئادىل، قانۇنلۇق بازار رىقابىتى قوغدالدى. باھانى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپ، كارخانىغا، دېھقانلارغا، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان قالايمىقان ھەق ئېلىش ئېغىر ساھەلەر مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، مۇھىت ئاسراش، خەلق ئىشلىرى، پىلانلىق تۇغۇت، سەھىيە - تېببىي دورا ۋە ئۆي، يەر - زېمىن باھاسىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى.

8. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم نۇقتا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاچقۇچلۇق پەن - تېخنىكا مەسىلىلىرى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ، كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇندى. پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا بايلىقىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى تۈرگە بۆلۈپ ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ كارخانىچە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشى تېزلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سۇبيېكتىغا ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە سانائەت باغچىسى رايونى قۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، تېخنىكا بازىرى يېتىلدۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

مائارىپ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، ساپا مائارىپى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونغا تېخىمۇ كۆپ كېرەكلىك ئىختىساسلىق خادىم يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى ۋە مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلەرنىڭ قوشۇلۇش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەرخىل كەسپىي مائارىپ ۋە يېتىشتۈرۈش پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئۈزلۈكسىز تەربىيە كۈچەيتىلدى، ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىسى پەيدىنپەي ئورنىتىلدى. ئالىي مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش تېزلىتىلىپ، ئالىي

مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە تەڭشەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى.

مەدەنىيەت، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئىزچىل ئۆستۈرۈلدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتتىق تىزگىنلەندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ۋە كۆچمە نوپۇس جەمئىيىتىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئالاھىدە كۈچەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پائال ۋە پۇختا ئېلىپ بېرىلدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، «قوش تىل»نىڭ قاپلاش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى ئۆستى. ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى ۋە مەھەللە تەنتەربىيىسى ئۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

يالڭ يىبو

## سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. بىرىنچىدىن، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، چوڭ كارخانا، چوڭ گۇرۇھلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش تېزلىتىلدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە مال - مۈلۈكنىڭ ئەلا، كۈچلۈك كارخانىلارغا مەركەزلىشىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتاللورگىيە، يېمەكلىك، ماشىنىسازلىق، رەڭلىك مېتال، تېببىي دورا قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شىنجاڭ «تۈنخې» گۇرۇھى، «مېيك» پاي شىركىتى، «تيەنلۈڭ» كانچىلىق گۇرۇھى، «گۇاڭخۇي» پاي شىركىتى قاتارلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان كارخانىلار ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە رىقابەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. ئۆزگەرتىش، تەرتىپكە سېلىپ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم چوڭ دۆلەت كارخانا (گۇرۇھ) لىرىنىڭ تىجارەت مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايون سانائەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون كۆلىمىدىن يۇقىرى بولغان 161 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرغان سېتىش ئومۇمىي كىرىمى بارلىق سانائەتنىڭ سېتىش كىرىمىنىڭ %80دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، ئالغان پايدىسى بارلىق سانائەت پايدا سوممىسىنىڭ %95دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئىككىنچىدىن، ناچار كارخانىلارنىڭ «چېكىنىش» قەدىمى تېزلىتىلىپ، سانائەت قۇرۇلمىسى ئىزچىل سەرخىللاشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تۈر تۇرغۇزۇلغان قىزىلتۇۋى سېمونت زاۋۇتى، ئىلى 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق گۇرۇھ شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ۋەيران قىلىنىدىغان تۈرلەر يىل ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىپ بولدى. شىنجاڭ «شەرق شامىلى» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتى، قۇمۇل پولات - تۆمۈر شىركىتى قاتارلىق 7 كارخانا دۆلەتنىڭ 2 - تۈركۈمدە ۋەيران قىلىپ تاقايدىغان تۈرلەر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ 2 تۈركۈمدىكى تۈرلەرنىڭ بانكىدىكى كۆتۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان نېسى ھېسابى 1 مىليارد 970 مىليون يۈەن، كۆتۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان باشقا غەيرىي بانكا قەرزى 770 مىليون يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بايلىق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغان 3 رەڭلىك مېتال كېنى تاقىۋېتىلدى. ئۈچىنچىدىن، «بەش كىچىك»نى تاقىۋېتىش، توختىتىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى شاللىۋېتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 771 كىچىك كۆمۈر كېنى تاقىۋېتىلدى، 7 مىليون 700 مىڭ توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە 985 مىڭ توننىلىق قالاق ئۆششاق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى؛ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ساھەسىدە سىغىمچانلىقى 94 مىڭ كىلوۋات بولغان 25 كىچىك ئوت ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى تاقىۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

### 3 تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ قوللىنىلىشى

دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، تۇرۇپ قالغان نېسى ھېسابىنى كۆتۈرۈۋېتىش، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش دىسكونتى قاتارلىق سىياسەتلەر شىنجاڭدا تولۇق قوللىنىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھات ئارقىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا 420 دۆلەت كارخانىسىنىڭ دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش ھەمدە ۋەيران قىلىش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق تۇرۇپ قالغان بانكا نېسى ھېسابىدىن ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى ياخشى بولمىغان مال - مۈلكىدىن 12 مىليارد 770 مىليون يۈەن كۆتۈرۈۋېتىلگەن. ئاپتونوم رايوندىكى 17 كارخانا دۆلەتنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ پايغا ئۆزگەرتىلگەن قەرز سوممىسى 5 مىليارد 870 مىليون يۈەن. تۇرۇپ قالغان نېسى ھېسابىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، كارخانىلارنىڭ 18 مىليارد 640 مىليون يۈەن قەرز سېلىقى يەڭگىللىدى. بۇ 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپىدىكى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇمىي قەرز سوممىسىنىڭ %35 . 22نى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق كارخانىلارنى قوللاش سالمىقى زورايتىلدى، ئاپتونوم رايون تاللىغان بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى زايوم دىسكونتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر گاز ئېقىملىق ئورچۇق، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتور، ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن پوتال، سۇ تېجەش ئۇسكۈنە - ماتېرىيالى، كۆمۈركان بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەر زايوم دىسكونتى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ دىسكونت قىلىنىدىغان سوممىسى 78 مىليون يۈەن، ئۇنىڭغا يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش دىسكونتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پۇل قوشۇلسا 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. 3 تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى، مال - مۈلۈك سۈپىتى ۋە ئۈنۈم سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە پېيى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان 1097 ساناەت كارخانىسىدىكى ئائىلە سانى «3 يىللىق نىشان» يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى (1996 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى) دىن %35 ئازايدى، ئەمما ئومۇمىي مال - مۈلۈك %31 ئۆسۈپ، ساپ مال - مۈلۈك %69 ئۆستى، 8 مىليارد 290 مىليون يۈەن پايدا ئېلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۇدا كۆپ يىل زىيان تارتىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلدى. بۇ سىياسەت، تەدبىرلەر يولغا قويۇلغانلىقتىن، بىر تۈركۈم ناچار كارخانىلار بازاردىن چېكىنىپ چىقىپ، زىيان مەنبەسىنى يوقىتىپ، بايلىقنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر تۈركۈم كۈچلۈك كارخانىلارمۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

دېڭ شۈچى

## سودا ئوبوروتى

2001 - يىلى شىنجاڭ گۇاڭدۇڭ، سىچۇەن، ئەنخۇي، خېبېي، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ئىقتىساد - سودا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايون ئىچىدىكى بازاردىن سىرتقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سودا بىلەن ساناەتنىڭ قول تۇتۇشى ۋە بانكا بىلەن كارخانىنىڭ ھەمكارلىشىشىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چۆرىدەلگەن ھالدا، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى، «تۇنخې» گۇرۇھى، «شىنتيەن» خەلقئارا پاي شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارغا پائال مەدەت بېرىلىپ، سودا - ساناەت - يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ، سەۋزە شىرنىسى، ئالتۇن غەربىي يۇرت ئۈنى، پەمىدۇر قىيامى، ئالىي تەڭشەلمە زاراڭزا يېغى قاتارلىق داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىپ، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «خۇالىڭ» گۇرۇھى، «دوستلۇق» گۇرۇھى قاتارلىق ئوبوروت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلارنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش، نەرسە ئوبوروتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە چوڭ تىپتىكى تاللا بازار قاتارلىق زامانىۋى سېتىش ئۇسۇلى ۋە تەشكىلىي شەكلىگە پائال مەدەت بېرىلدى. «تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى 27 سودا - ئوبوروت كارخانىسىنى تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتى قاتارلىق 25 كارخانا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ماللار سودا شىركىتى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ سودا شىركىتى

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سودا كارخانىلىرىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئارىلىق ھالقىلارنى ئازايتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا - لوجىستىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق بولدى. تېببىي دورا، يېمەكلىك، بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەت بازىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ساختا ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىشتىكى بىرلەشمە ھەرىكەتتىمۇ باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بىر تۈركۈم يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلار ۋە قانۇنسىز ماددىي بۇيۇملار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تۈركۈم كىنىشكىسىز ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ساتىدىغان ئۆۋىلار ۋە قانۇنسىز تىجارەت سورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر تۈركۈم قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەر جازالاندى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە دېلو تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، تۈرلۈك قانۇن- بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىش ئاز كەم 130 مىڭ قېتىم بولۇپ، دېلوغا چېتىشلىق سومما 180 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، 1600 دىن ئارتۇق ساختا مەھسۇلات ياسايدىغان ئۇۋا بىتچىت قىلىندى، 76 مىليون يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇلدى، مۇسادىرە قىلىندى. 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج پۇلى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش دېلولىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك 490 نەچچە ئادەم قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

دېڭ شۈچى

## كارخانا باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدا كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلدى. بىرىنچىدىن، كارخانا باشقۇرۇشتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئاجىز ھالقىلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلار خەنگاڭ ۋە ياشىن قاتارلىق ئىلغار كارخانىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ۋە ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلى يەكۈنلەندى ۋە كېڭەيتىلدى. ئىككىنچىدىن، كارخانىلار ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات چارىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئۇتتۇشقا يېتەكلەندى. تەننەرخ، مەبلەغ، سۈپەت باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىش كارخانىلارنىڭ ئىلمىي تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە سېتىۋېلىش، سېتىش، مالىيە قاتارلىق تۈرلۈك سەرپىياتلارنى ئازايتىشتىن باشلىنىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندا كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى، 600 دىن ئارتۇق كارخانا باشقۇرۇش خادىمى ERP ۋە مالىيە باشقۇرۇشى جەھەتتە مەخسۇس تېما بويىچە تەربىيىلەندى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم كومپيۇتېر تورى ۋە ئىلغار مالىيە ئىشلىرى يۇمشاق دېتالىنى باشلامچىلىق بىلەن قوللانغان كارخانىلارنىڭ تەجرىبىسى نۇقتىلىق كېڭەيتىلىپ، تېپىلار ئارقىلىق يول باشلىنىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى بىلەن قاتلاممۇ قاتلام بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى. كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، قاتناش، گاز بىلەن تەمىنلەش، بىناكارلىق ۋە ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەر بويىچە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى. كۆرۈلگەن ۋەقەلەر ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تۈركۈم ۋەقە جاۋابكارلىرى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئالاھىدە زور ۋەقەلەر كۆرۈنەرلىك ئازايتىلدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ياخشىلاندى.

دېڭ شۈچى

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## چەت ئەل بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

قورۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى شىنجاڭ 2001 - يىلى چەت ئەل بىلەن 19 تۈردە قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامى ئىمزالىدى، ئۇنىڭ سوممىسى 21 مىليون 230 مىڭ دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %52 .131، تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 830 مىڭ دوللار بولۇپ، %31 .282 ئاشتى؛

شۇ يىلى چەت ئەلگە ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىشقا 553 ئادەم ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئاساسلىقى قازاقىستان، سۇدان، ئۆزبېكىستانغا باردى. ھۆددىگە ئېلىنغان ئاساسلىق تۈرلەر نېفىت بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت چەككىلەش زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

سىرتقا ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش

2001 - يىلى شىنجاڭ ئۈستىگە ئالغان سىرتقا ياردەم بېرىش تۈرى 5 بولۇپ، سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 66 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ياردەم ئالىدىغان دۆلەت ۋە رايونلار: پاكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، ئافغانىستان. ياردەمگە چېتىلىدىغان ساھەلەر: قۇدۇق بۇرغىلاش ۋە قۇدۇق مۇستەھكەملەش ئۈسكۈنىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەركىزىگە ياردەم بېرىش ۋە قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش ماددىي ئەشياسى.

چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش 2001 - يىلى شىنجاڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، روسىيەدە 5 كارخانا قۇرۇشنى تەستىقلىدى، بۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليون 690 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سالىدىغان مەبلەغ 1 مىليون 460 مىڭ دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %45 . 272 كۆپ.

گۇڭ چۇن

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 53ى تەستىقلىنىپ ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 125 مىليون 900 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنىدىغان كارخانا 23، سېلىنىدىغان مەبلەغ 29 مىليون 990 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلىق كارخانىسى 6، سېلىنىدىغان مەبلەغ 36 مىليون 300 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل مەبلىغى كارخانىسى 23، سېلىنىدىغان مەبلەغ 58 مىليون 350 مىڭ دوللار؛ چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا بىر، سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليون 260 مىڭ دوللار. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 20 مىليون 350 مىڭ دوللار.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان 53 تۈر ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈر 44 بولۇپ، %02 . 83نى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈر 9 بولۇپ، %98 . 16نى ئىگىلەيدۇ. ساھەلەر بويىچە ئايرىغاندا، يېزا ئىگىلىك ۋە باسىمچىلىق تۈرى 37، قېزىش تۈرى بىر، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى تۈرى بىر، بىناكارلىق تۈرى بىر، قاتناش - ترانسپورت تۈرى بىر، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تۈرى 3، باشقا تۈرلەر 6.

بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان سودىگەرلەر 17 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن. ئاساسلىقى شياڭگاڭ 11 تۈرگە 69 مىليون 500 مىڭ دوللار؛ ئاۋمېن بىر تۈرگە 120 مىڭ دوللار؛ تەيۋەن ئۆلكىسى 10 تۈرگە 23 مىليون 970 مىڭ دوللار؛ مالايسىيا 2 تۈرگە 1 مىليون 170 مىڭ دوللار؛ ياپونىيە 3 تۈرگە 5 مىليون 170 مىڭ دوللار، پاكىستان بىر تۈرگە 100 مىڭ دوللار؛ تۈركىيە 2 تۈرگە 870 مىڭ دوللار؛ فرانسىيە بىر تۈرگە 240 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيە بىر تۈرگە 100 مىڭ دوللار؛ روسىيە بىر تۈرگە 90 مىڭ دوللار؛ قازاقىستان 4 تۈرگە 690 مىڭ دوللار؛ گرۇزىيە بىر تۈرگە 480 مىڭ دوللار؛ ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى بىر تۈرگە 6مىليون 850 مىڭ دوللار؛ كايمان تاقىم ئاراللىرى بىر تۈرگە 1 مىليون دوللار؛ ئامېرىكا 7 تۈرگە 12 مىليون 500 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيە 5 تۈرگە 1 مىليون 570 مىڭ دوللار؛ يېڭى زېلاندىيە بىر تۈرگە 90 مىڭ دوللار؛ تايلاند داۋاملاشتۇرۇپ 1 مىليون 240 مىڭ دوللار؛ شۋېتسىيە داۋاملاشتۇرۇپ 150 مىڭ دوللار مەبلەغ سالدى.

2001 - يىلى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق ياراتقان تاشقى پېرېۋوت 68 مىليون 500 مىڭ دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 . 33 ئازلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت ئارقىلىق يارىتىلغان ئومۇمىي تاشقى پېرېۋوتنىڭ %83 . 15نى ئىگىلىدى.

گۇڭ چۇن

## تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختامىدىن 10ى ئىمزالىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4ى كۆپەيدى، توختامدىكى سومما 8 مىليون 600 مىڭ دوللار بولۇپ، %91 . 60 ئازايدى. تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر ئامېرىكا، روسىيە، ئەرمېنىيە، گېرمانىيە، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەر ۋە رايونلاردىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، چېتىلىدىغان ساھە پولات نەيچىلىك بېتون تۈرۈبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكىسى، دۇغ ياغنى سۈزۈلدۈرۈش تېخنىكىسى، سۇلۇق قاتلامدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ياغ تېخنىكىسى، بىئولوگىيە تېخنىكىسى ۋە كۆچمە تېلېفون ئالاقىسىدىن ئىبارەت.

گۇڭ چۇن

## توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

تۈرىدىن 1105ى يېڭىدىن ئىمزالاندى، توختامدىكى سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 23 مىليارد 153 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن ئەمەلىيلىشىپ ئىجرا قىلىنغان ھەمكارلىق تۈرى 995 بولۇپ، ئۇنىڭ توختامدىكى سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 9 مىليارد 905 مىليون يۈەن. باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 2 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.94 ھەسسە ئاشتى.

1. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشى جانلىنىپ كەتتى. 2001 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە بايلىق مەنبەسى، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنىڭ يۇمشاق، قاتتىق مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مالىيە كىرىمىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئىش ئورنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئارقا تېرىكىنى كۆپەيتىشنى نىشان قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش ۋە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى، كەڭلىكىنى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى زورايتتى. ئىلى ئوبلاستى تېز ئارقىلىق يول باشلاش، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش، يۇقىرى ئورۇننى يولغا قويۇش، مۇھىتنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش تەدبىرلەر ئارقىلىق، بىر يىلدا تۈرلۈك ھەمكارلىق تۈرىدىن 257نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 654 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىر يىلدا 7 ھەمكارلىق تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئۇنىڭ سوممىسى 141 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى، تۈر جەھەتتە ۋەدىگە ئەمەل قىلىنىش نىسبىتى، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى، تۈرلەرنىڭ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %9ى ھەمكارلىق تۈرلىرىدىن كەلدى. شىنجاڭ بويىچە 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 14 ناھىيە (شەھەر) كىرگۈزگەن مەبلەغ 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

2. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كېلىپ شىنجاڭغا مەبلەغ سالغۇچىلار كۆپەيدى. 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن نەچچە يۈز كارخانا شىنجاڭغا كېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە مەبلەغ سالدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنغان ھەمكارلىق تۈرى 463 بولۇپ، توختامدىكى سوممىسى 3 مىليارد 546 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلىغى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ھەمكارلىق تۈرى 70. دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۈركۈم تونۇلغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سالدى. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كىرگۈزۈلگەن 280 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى خۇسۇسىي كارخانىلار سالغان.

3. سودا ئالاقىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، چوڭ تىپتىكى يەرمەنكىلەر ئۈزلۈكسىز ئېچىلدى. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى كۆپەيدى. «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» مەزگىلىدە، شىنجاڭ قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ئىچكى سودا توختامىدىن 511نى ئىمزالىدى، بۇنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 14 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» دىكىدىن %17.5 ئاشتى. گۇيجۇ، ئەنخۇي، لياۋنىڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھسۇلات كۆرگەزمىسى ۋە ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭمۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە كارخانىلارنى شەنشەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋە سودا يەرمەنكىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئىقتىساد - سودا پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق ساھەسىنى كېڭەيتتى.

4. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بىرلىشىش ساغلام راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئوتتۇرىسىدىكى، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار بىلەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تۈرلۈك مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش - ھەمكارلىشىش ساغلام راۋاجلاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكىلەر ئارا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنغان ھەمكارلىق تۈرى 532گە، توختامدىكى سوممىسى 6 مىليارد 359 مىليون يۈەنگە يەتتى. بولۇپمۇ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھ شىركىتى، «دېلۇڭ» گۇرۇھ شىركىتى، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى پاي شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى، «جۇڭجى» پاي شىركىتى، «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي شىركىتى، «قۇلماق» پاي شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى پاي شىركىتى، يېڭى ئېنېرگىيە پاي شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلارنى سېتىۋېلىپ ۋە قوشۇۋېلىپ، مال - مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق، جايلارنىڭ

ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق مەنبەلىرىنى پايدىلىنىشى بايلىقدىن پايدىلىنىپ پائال ئاچتى.

يۈەن جىنلىياڭ

## قوشۇمچە ـ 1

**شىنجاڭ 2001 ـ يىلى باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزگەن تۈرلەر:**

**ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 12 تۈر**

1. سىچۈەن «توپۇ» يۇمشاق دېتال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە «توپۇ» يۇمشاق دېتالى كەشىپ قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. شاڭخەي «شىنجاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدا شىنجاڭ «شىفاڭ» ئوقەتچىلىك شىركىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 14 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. خۇنەن چاڭشا «جۇيشىن» يېڭى ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدا يېڭى ماتېرىياللارنى كەشىپ قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. شاڭخەي «فۇدى» سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا شىنجاڭ «دۇنيا» كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. خېبېي شىجياجۇاڭ شەھىرىدىكى «جياڭخې» ئوقەتچىلىق شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باش شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدا پولىنىۋۇللىق بىرىكمە تورۇبا ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 23 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، خېبېي تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

6. گۇاڭدۇڭنىڭ شېنجېن شەھىرىدىكى «داشېڭ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ شىمىگۇ رايونىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. سىچۈەننىڭ دېياڭ شەھىرىدىكى «ساداقەت» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ دۇڭشەن رايونىدا «شىنتەي» يېقىلغۇ گاز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش تۈرى، بۇنىڭغا 38 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سىچۈەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 26 مىليون يۈەن.

8. شاڭخەي شەھىرىدىكى «ۋەنيۈەن» مەبلەغ سېلىش ـ تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدا «ۋەنيۈەن» مەبلەغ سېلىش ـ تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. تيەنجىن شەھىرىنىڭ تيەنجىن پورتى باجدىن خالىي رايونىدىكى «تيەنباۋ» خەلقئارا سودا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدا ھەربىي ئاپتوموبىل سېتىش مۇلازىمەت بۇلۇمى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تيەنجىن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

10. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىكى «شېڭلۇڭ» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدا «شۈەن رېندۈن» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. جېجياڭ جۇجى شەھەرلىك خەلق ئېلېكتىر سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونىدا كېرەكسىز رەڭلىك مېتال بازىرى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جېجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

12. جياڭسۇنىڭ نەنتۇڭ شەھىرىدىكى بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش باش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونى داۋان يېزىسىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە قۇراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جياڭسۇ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

**تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر**

1. خۇنەن «خۇاڭخۇا» گۇرۇھىنىڭ پىچان ناھىيىسىدە قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، خۇنەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 45 مىليون يۈەن.

2. نىڭشيا «جېڭدا» ئوراش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پىچان ناھىيىسىدە يەشىك زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

3. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى يېمەكلىك ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ پىچان ناھىيىسىدە قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، گۇاڭدۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 12 مىليون يۈەن.

4. فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى «شىڭدا» تاش ماتېرىيال زاۋۇتىنىڭ پىچان ناھىيىسىدە تاش ماتېرىيال پىششىقلاپ

ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 6 تۈر

1. گۇاڭدۇڭنىڭ شېنجېن شەھىرىدىكى «شېنجۇڭۇۋ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇمۇل قۇرۇلۇش گورۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، گۇاڭدۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

2. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى يىمەكلىك ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇمۇل قاتناش تەرەققىيات باش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ 10 مىڭ مو (7 .666 گېكتار) سۇ ئىچىلىدىغان ئۈزۈم بازىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. گۇاڭدۇڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك دۆلەت مەبلىغى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قۇمۇل سارىيى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، گۇاڭدۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 40 مىليون يۈەن.

4. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جۇشەن ناھىيىسىدىكى لېيگۇ بازىرىنىڭ قۇمۇل شەھىرىدىكى «سەنچېڭ» چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۆمۈر رۇدىسى قېزىش تىجارىتى قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خۇبېي تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

5. جېجياڭنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى «چاڭلى» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇمۇل شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تيەنشيا» سودا سارىيىنى كېڭەيتىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى «يېڭى دۇنيا» يىمەكلىك گورۇھى شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ بارىكۆلنىڭ كۆيسۇ يېزىسىدا كراخمال زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قاراماي شەھىرىنىڭ بىر تۈر

خېبېيدىكى باۋشۇ تۇرۇبا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، VPVC تۇرۇبا ماتېرىيالى ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خېبېي تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 30 مىليون 600 مىڭ يۈەن.

سانجى ئوبلاستىنىڭ 12 تۈر

1. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى «ۋۇجياڭ» يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى گورۇھىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە چايدان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. فۇجيەندىكى يەككە سودا - سانائەتچىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە سىم ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. تيەنجىن شەھىرىدىكى خېيۇۋ گورۇھىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە بىئولوگىيىلىك باكتېرىيە كەشىپ قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

4. خېبېيدىكى «يۇڭجىاڭ» كابېل گورۇھىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە سىم ئارقان ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە پولات قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇراشتۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. فۇجيەن نىڭدېدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە قىرلىق پولات ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭ ۋېنجۇدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ مىچۈەن شەھەرلىك مېھمانخانىنى كوللېكتىپ سېتىۋېلىش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى «شياڭتەنلىك قېرىنداشلار» شىركىتىنىڭ مىچۈەن شەھىرىدە يېڭىدىن رەڭلىك باسما زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. گۇاڭدۇڭنىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى «ماۋشېن» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدە يېڭىدىن ئاۋمېن - شياڭگاڭ كاناپ زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. خۇبېيدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنلىرىنىڭ سانجى شەھىرىنىڭ يۇشۇگۇ بازىرىدا پاختا بوياملىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. سىچۈەننىڭ چېڭدۇ شەھىرى شۇاڭلىيۇ ناھىيىسىدىكى شۇاڭلىيۇ ئەينەك ياسالمىلىرى زاۋۇتىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 30 مىڭ توننىلىق ئەينەك ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭجۇ شەھىرىدىكى مەركىزىي سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سىچۈەن بىلەن ھەمكارلىشىپ، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 30 مىڭ توننىلىق ئەينەك ياسالمىلىرى زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن

مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ بىر تۈر

خوبېي ئۆلكىسىدىكى پاختا باش شىركىتىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ بورتالا شەھىرىدىكى چىندىل پاختا زاۋۇتىنىڭ 49% پېيىنى سېتىۋېلىش تۈرى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 5 تۈر

1. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ئوتتۇرا جەنۇب نېفىت قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە نېفىتلىك قۇرۇلۇشى قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. تيەنجىندىكى «جىنمەن» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ كورلا شەھىرىدە يۇرۇشلۇق قۇم ماتېرىيال مەھسۇلاتى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. سىچۇەننىڭ ئەنيۈ ناھىيىسىدىكى «فۇلىخۇا» ئىچىملىك شىركىتىنىڭ كورلا شەھىرىدە يۇرۇشلۇق مېۋە شەربىتى مەھسۇلاتى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 45 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. خېنەننىڭ شىنيې ناھىيىسىدىكى پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى «خۇيشىڭ» ماشىنا ئارقىلىق پاختا تورلاش زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ماشىنا ئارقىلىق تور پاختا ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خېنەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 8 مىليون يۈەن.

5. شاڭخەيدىكى «جىنشىڭ» توقۇمىچىلىق ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى «تەيچاڭ» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ پاختا پلازمىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ 12 تۈر

1. جېجياڭلىق سودىگەر ۋاڭ جىنكاڭنىڭ كۈيتۈڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا پاختا توقۇمىچىلىق كالتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. خۇنەن ئۆلكىلىك 3 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ كۈيتۈڭ مېھمانخانىسى سېلىش تۈرى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خەيئەن ناھىيىسىدىكى «نەنخەي» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتىنىڭ كۈيتۈڭ شەھىرىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جياڭسۇ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 50 مىليون يۈەن.

4. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنشى دېگەن يېرىدىكى «ليۇدۇڭشەن» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ كۇنەس ناھىيىسىدە سېمونتچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تېكەس ناھىيىسىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 9 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تېكەس ناھىيىسىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جياڭسۇ جېنجياڭدىكى كەسپىي ئۆي - زېمىن شىركىتىنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ چېگرا ئىقتىساد ھەمكارلىق رايونىدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. شاڭخەيدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئوتتۇرا چىدامىلىق ماتېرىياللار زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. خېنەندىكى خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنى خې جىميننىڭ غۇلجا شەھىرىدە غەيرىي شەكىللىك ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇجياڭ دېگەن يېرىدىكى «چاڭشېڭ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش تۈرى، بۇنىڭغا 33 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جېجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 25 مىليون يۈەن.

11. جېجياڭدىكى «جىنيىڭ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدە كاناپ خام ئەشيالىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جېجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 45 مىليون يۈەن.

12. خېبېينىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنى ۋاڭ تۇڭچىڭنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق رايونى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىئولوگىيىلىك ياسالما ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر

1. جياڭسۇنىڭ نەنجىڭ شەھىرىدىكى «ۋېيفېن» تەتقىقات

گۈرنىساڭ قوبۇقسار ناھىيىسىدە بىنتونىت ئېچىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جياڭسۇ شۈجۇدىكى كانچىلىق تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە كانچىلىق تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ شۈيجۇدىكى پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى گەنجىزىدا پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭ ۋېنجۇدىكى «جىنباۋ» شىركىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 53 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر

1. تيەنجىندىكى «جىڭتۇ» گۈرۈھىنىڭ بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى بازىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ «تيېبيۇەن» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە كانچىلىق تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خېنەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 17 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

3. خېبېيدىكى «خۇەنخېفۇ» شىركىتىنىڭ شىنجاڭ «فۇگۇي» قوغۇشۇن - سىنك كېنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قوغۇشۇن - سىنك ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خېبېي تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

4. ئىچكى موڭغۇل قەغەز بوتقىسى زاۋۇتىنىڭ ئالتاي شەھەرلىك «تەيجياڭ» قەغەز بوتقىسى زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قومۇش بوتقىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، ئىچكى موڭغۇل تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 5 مىليون يۈەن.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 9 تۈر

1. جېجياڭ «توڭدا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتىنىڭ ئاقسۇ ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ سودا پىيادىلەر كوچىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جېجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 22 مىليون يۈەن.

2. خېنەن نەنياڭ شەھىرىدىكى «ئالتۇن زېمىن» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ ئاقسۇ ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئابدىمىلىك مېيى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 82 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، خېنەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 17 مىليون يۈەن.

3. فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى «مىنخېڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاقسۇدا يىللىق مەھسۇلاتى 300 مىڭ مېتىرلىق ئۇراش رەختى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. فۇجيەندىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنلىرىنىڭ ئاقسۇدا مەبلەغ سېلىپ ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

5. جېجياڭدىكى «تۇڭۋاڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاقسۇ شەھەرلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 10 مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش تۈرىنى كېڭەيتىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. خېنەننىڭ سەنمېنشيا شەھىرىدىكى «بادا» شىركىتىنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىكى «شەرق شامىلى» كۆمۈر كېنىنىڭ 1-، 3 - قۇدۇقلىرىنى سېتىۋېلىش تۈرى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭدىكى «ۋەنخې» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدە نەسىل قالدۇرغۇچى كەپتەر فېرمىسىنى كېڭەيتىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. جياڭسۇدىكى «مىنچىڭ» توقۇمىچىلىق خام ئەشياسى شىركىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە پاختا بازىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جياڭسۇ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 17 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

9. جېجياڭدىكى «يۇڭكاڭ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، جېجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 21 مىليون يۈەن.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر

1. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى «دۇڭتاۋ» ئەرەب يېلىمى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خوتەن ۋىلايىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەرەب يېلىمى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، شەندۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 11 مىليون يۈەن.

2. بېيجىڭ شەھىرىدىكى «جۇاڭلىيەن» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە «ۋېيجىڭ»

كەسىپنى گۈللەندۈرۈش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خوتەندە يېزا ئىگىلىكىنى ئوموملاشتۇرۇپ ئېچىش تۈرى، بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بېيجىڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

**قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 11 تۈر**

1. جېيجياڭ ۋېنجۇدىكى «چېن جەمەتى» چەكلىك شىركىتىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە كۆپ ئىقتىدارلىق مۇلازىمەت سارىيى سېلىش تۈرى، بۇنىڭغا 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جېيجياڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 22 مىليون يۈەن.

2. تيەنجىن شەھىرىدىكى «چاڭچېڭ» رەقەملىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە پەن - تېخنىكىلىق ساناەت باغچىسى رايونى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 87 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تيەنجىن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 17 مىليون يۈەن.

3. فۇجيەندىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنلىرىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ماي قاچىلاش پونكىتى ۋە كۆكۆل ئېچىش مەركىزى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. خۇنەننىڭ لەنشەن ناھىيىسىدىكى «شيۇگۇەنيېڭ» تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە يىللىق مەھسۇلاتى 250 مىڭ توننىلىق سېمونت زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، خۇنەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 17 مىليون يۈەن.

5. خېنەننىڭ فېڭچيۇ ناھىيىسىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە 133 گېكتار يەردە ئۈچقات ئۆستۈرۈش تۈرى، بۇنىڭغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. تيەنجىن شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە قوغۇن - تاۋۇزنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. شەنشى ئۆلكىسىدىكى «خېڭۋېي» مۇسۇلمانچە ساقلىق ساقلاش يېمەكلىكلىرى زاۋۇتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئارپىبەدىيان ئۆستۈرۈش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى «لەنتېي» ئۆسۈملۈك خىمىيىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە چوچۇكبۇيا كىسلاتاسى زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. بېيجىڭ شەھىرىدىكى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «چېندۇڭ» چىگىت يېغى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە پاختا زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جياڭسۇ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 5 مىليون يۈەن.

11. شەندۇڭ ئۆلكىسى شىنتەي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ مەكىت ناھىيىسىدە يېشىل يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

**بىڭتۇەننىڭ 7 تۈر**

1. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدىكى «تۇڭجاڭلۇڭ» چەكلىك شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تىكېل پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يۈننەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن.

2. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرىدىكى «شېڭيۈەن» بالون چەكلىك شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ قەغەز زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بالون ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش تۈرى بۇنىڭغا 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەندۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 20 مىليون يۈەن.

3. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «خۇڭدا» گۇرۇھىنىڭ يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ 62 - تۇەن - مەيدانى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يۇيۇلغان يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 8 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جياڭسۇ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 5 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

4. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭلىڭ دېگەن يېرىدىكى «چىنچۇەن» سۇ تېجەش شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 129 - تۇەن - مەيدانى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاسما ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەنشى تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 8 مىليون يۈەن.

5. نىڭشيادىكى «دېخەي» شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۆۋەت ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، نىڭشيا تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 39 مىليون يۈەن.

6. شەندۇڭ يەنتەيدىكى قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈرى، بۇنىڭغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەندۇڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 20 مىليون يۈەن.

7. خېبېي ئۆلكىسىدىكى شىگتەي ئاشلىق ـ ياغ شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، خېبېي تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

## قوشۇمچە ـ 2

**2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەمكارلىق سىستېمىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق چەت ئەل (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلىغى كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر**

1. شياڭگاڭنىڭ «شىنيىفا» شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدا ماددىي ئەشيا كۆرگەزمە مەركىزى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى شياڭگاڭ «شىنيىفا» شىركىتى سالدى.

2. شياڭگاڭ «شىيشىيىڭ» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تاش ماتېرىيال شەھەرچىسى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. تەيۋەن شىنجۇ شەھىرىنىڭ شياڭشەن رايونىنىڭ قۇمۇلدىكى «شېڭچېن» سانائەت ـ سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەبىئىي ماگنىي بىرىكمە ئوغۇتى كەشىپ قىلىش تۈرى، بۇنىڭغا 10مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تەيۋەن تەرەپتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 1 مىليون يۈەن.

4. ياپونىيە مىتسۇبىشى شىركىتىنىڭ قۇمۇل شەھەرلىك تۆرۈبا سۇيى شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ساپ سۇ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. شياڭگاڭ «شىنيىفا» شىركىتىنىڭ قەشقەرگە مەبلەغ سېلىپ چەت ئەل سودىگەرلىرى پائالىيەت مەركىزى قۇرۇش تۈرى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. تەيۋەندىكى «گوتۇڭ» تۆرۈبا شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت قۇيۇلما شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ PCCP تۆرۈبىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، بۇنىڭغا 65 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكا تۈزۈمى ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى 2001 ـ يىلى ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى ۋە ستاتىستىكا تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى تەدرىجىي مۇۋاپىقلىشىش، ئىلمىيلىشىشقا يۈزلەندۈردى.

1. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نېفىت كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئالاقىدار تەكلىپ لايىھىسىگە ئەستايىدىل جاۋاب بېرىلىپ، نېفىت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىكى ستاتىستىكىسىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى، نېفىت ستاتىستىكىسىنىڭ كاتېگورىيىسى بەلگىلىنىپ، ھەم ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى ھەم كارخانىلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلىپ، نېفىت كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى يوللاش يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى.

2. شىنجاڭنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشىنىڭ ۋاكالەت نومۇر ئامبىرى مۇكەممەل، توغرا تۈرگۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ياخشى ئاساس سېلىندى.

3. تارماقلار ستاتىستىكىسىنىڭ تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تارماقلار ستاتىستىكىسىنىڭ تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بەزى زۆرۈر بولمىغان تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئازايتىلدى، بەزى قانۇنسىز تەكشۈرۈشلەر چەكلەندى، تەكشۈرۈش پائالىيىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

4. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ستاتىستىكا تەكشۈرۈش مۇنتىزىم باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىنىپ، ستاتىستىكا سىستېمىسى ئىچىدىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپ ستاتىستىكا تۈزۈمىنىڭ تەكشۈرۈش تۈرلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ئۆتكەل قاتتىق ئىگىلىنىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەكشۈرۈش تۈرلىرى قاتتىق تىزگىنلەندى، تەستىقلىنىلمىغان تۈرلۈك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش تۈرلىرى مەنئى قىلىندى.

5. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ستاتىستىكا ئۆلچىمى ئايرىلدى، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ستاتىستىكا ئۆلچىمىنى ئايرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىندى.

6. ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى باشقۇرۇش

كۆچەيتىلىپ، تۈرلۈك كەسپىي مەلۇمات جەدۋەللىرىنى بېسىش ئەندىزىسى قېلىپلاشتۇرۇلدى، تۈرلۈك كەسپىي مەلۇمات جەدۋەللىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، قالايمىقان مەلۇمات جەدۋىلى تارقىتىدىغان قىلمىشلار توسۇلدى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا ئۇچۇرى قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى 2001 ـ يىلى ستاتىستىكا ئۇچۇرى قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1. شىنجاڭ ستاتىستىكا ئۇچۇر تورىنىڭ چەت ئەل تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇشى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىنتېرنېت توردا ستاتىستىكا ئۇچۇرى ئېلان قىلىش تېخنىكا شارائىتىنى هازىرلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

2. چەت ئەل تور تېخنىكىسى قوللىنىلىپ مەملىكەت بويىچە 3000 بىناكارلىق كارخانىسىنىڭ توردا بىۋاسىتە مەلۇم قىلىش سىستېمىسى بويىچە شىنجاڭ يونكىتى نۇقتا تور بېكىتى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ تاماملىنىشى شىنجاڭدىكى چوڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىپ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىغا بىۋاسىتە مەلۇم قىلىشنى ئىشەنچلىك تېخنىكا شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى.

3. ئىدارە تور سىستېمىسىدىن ۋە چېكىش، سىلاش، توختىتىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىدارە ئىچىدە «هۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش» بويىچە كۆپ مۇھىتلىق سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى تۇتاشتۇرۇلۇپ، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

4. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى «ئىككى يىغىن»غا دائىر ستاتىستىكا سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت «ئىككى يىغىن»دا شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى قىلىش سىستېمىسى ئاچتى، بۇ سىستېمىدا كومپيۇتېر ۋاسىتىسىنىڭ ياردىمىدە، هازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسى، كۆپ مۇھىت تېخنىكىسى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، يېزىق، ماتېرىيال، سۈرەت ـ جەدۋەل، كارتون، مۇزىكا ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىكى نەق مەيداندا بېسىپ چىقىپ سۈرۈشتۈرۈشنى تەمىنلەش ئاساس قىلىنىدىغان مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى توردا كۆرسىتىپ سۈرۈشتۈرۈش ئاساس قىلىنىدىغان يېڭى ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىپ، ئاۋاز بىلەن رەسىمنى بىرىكتۈرۈپ، مەشغۇلاتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. سىستېما ئىقتىسادىي ئەھۋال، تەدبىر ئانالىزى، ستاتىستىكىلىق ئاخبارات، ستاتىستىكا چېرتيوژى، ستاتىستىكا يىلنامىسى، ۋىلايەت ـ ناھىيىلەر ئىقتىسادى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر، غەربىي يۇرت مەنزىرىسى، تەرەققىيات رايونى، ستاتىستىكا قامۇسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئېلېكترون تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى «ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىشقا دائىر ئېلېكترونلۇق ھۆججەت» ناملىق لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا ئىشلىدى.

فېي يۈ

## ئۇچۇر مەسلىھەت مۇلازىمىتى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى 2001 ـ يىلى ئۇچۇر مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1. ئىقتىسادىي ساھەدىكى بەزى «قىزىق نۇقتا» ۋە «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، چوڭقۇر ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىسلاھات خاراكتېرلىك، ئىلمىي مەسلىھەت تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «پەرق. شەكىللىنىش سەۋەبى. قارشى تەدبىر ــ شىنجاڭنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سېلىشتۇرمىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما ئانالىز تەتقىقاتى»، جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشىنىڭ شىنجاڭ ياختىسىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى»، «پۇرسەت. خىرىس. قارشى تەدبىر ــ WTO غا كىرىشنىڭ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە مۆلچەر ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تاكتىكىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ستاتىستىكىلىق ئانالىز ماقالىلىرى يېزىپ چىقىلدى.

2. تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارنى تەھرىرلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. «شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلار قوللانمىسى»، «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى»، «مۇنەۋۋەر ستاتىستىكىلىق ئانالىز دوكلاتلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە دائىر يۈرۈشلۈك مەجمۇئە» قاتارلىق ستاتىستىكا ۋە ئىقتىساد تۈرىدىكى بىر قاتار مەخسۇس ئەسەرلەر تۈزۈپ نەشر قىلىندى.

3. ستاتىستىكا ئاخباراتى بىر قەدەر جانلىق بولدى. (1) شىنجاڭنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ستاتىستىكا جەدۋىلى بىلەن ئۇدا تەشۋىق قىلىندى. (2) ئاخبارات ئېلان قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ئېلان قىلىندى، ھەر يىلى 2 ـ ئايدىن بۇرۇن ئالدىنقى يىللىق خەلق ئىگىلىكى

تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىپ، ئاخباراتنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. (3) شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرى، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى نۇقتىلىق چۆرىدىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتىيەڭ كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دۆلەتنىڭ شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ ـ چوڭ پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىلىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا مەخسۇس بەت، مەخسۇس سەھىپە شەكلىدە سۈرەت بىلەن ماقالە بىرلەشتۈرۈلگەن يۇقىرى سۈپەتلىك ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. 2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشىدە يېزىلغان ئاز كەم 200 پارچە ئىزرلىق ئاخبارات ماقالىسى «جۇڭگو ئۇچۇر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرگە بېسىلىپ، ستاتىستىكا ئاخباراتى ئۇچۇرىنىڭ فۇنكسىيىسى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. (4) ستاتىستىكا ئۇچۇرىنى يوللاش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. «تېز، يېڭى، توغرا» بولۇش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاز ۋە ساز بولۇش ئاساس قىلىندى، 78 پارچە ئۇچۇر ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى.

فېي يۈ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2001 ـ يىلى 3266 ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 8 مىليارد 980 مىليون 810 مىڭ يۈەن تۈرلۈك پۇلنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 588 مىليون 630 مىڭ يۈەندىن 354 مىليون 620 مىڭ يۈەن خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ زور دېلودىن 11ى بايقالدى ۋە ئەدلىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىغا ۋاقتىدا يوللاپ بېرىلدى، 23 دېلو ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلىندى، يەرلىكتىكى مۇۋاپىق بولمىغان 325 ماددىلىق بەلگىلىمە ھەققىدە تۈزىتىش تەكلىپى

بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىغا 1574 پارچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتى، ئۇچۇرى سۇنۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىن 127 پارچىسىغا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن تەستىق سېلىندى ۋە ئۇلار قوللىنىلدى.

ۋەن فېڭ

## خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 105 مالىيە تارمىقى، 94 يەرلىك باج تارمىقى، 89 دۆلەت خەزىنىسى تارمىقى ۋە 585 خام چوت ئىجرا قىلىدىغان ئورۇننىڭ 2000 ـ يىللىق ئۆز خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدە ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك مەبلەغدىن 4 مىليارد 349 مىليون 660 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ 229 مىليون 470 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: بەلگىلىمىگە خىلاپ تەڭشەلگەن خام چوت 57 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان، كىچىكلىتىۋېتىلگەن خام چوت كىرىمى 64 مىليون 20مىڭ يۈەن؛ ئاز يىغىۋېلىنغان خام چوت كىرىمى 39 مىليون 630 مىڭ يۈەن؛ يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ قىسىۋېلىنغان.خام چوت كىرىمى 52 مىليون 10 مىڭ يۈەن؛ يوشۇرۇلغان، يۆتكىۋېتىلگەن خام چوت كىرىمى 57 مىليون 690 مىڭ يۈەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خەزىنىگە قايتۇرۇلغىنى 26 مىليون 940 مىڭ يۈەن؛ چىقىم قىلىنىش كىچىكلىتىۋېتىلىپ قالغان مالىيە قالدۇقى 458 مىليون 960 مىڭ يۈەن؛ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرۇلمىغان خام چوت كىرىمى 220 مىليون 800 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن خام چوت مەبلىغى 83 مىليون 210 مىڭ يۈەن؛ خام چوتتىن بەلگىلىمىگە خىلاپ ئاجرىتىلغان پۇل 119 مىليون 250 مىڭ يۈەن؛ يالغاندىن چىقىمغا كىرگۈزۈلگىنى 339 مىليون 310 مىڭ يۈەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ بېجىرىلگەن مالىيە راسچوتى 13 مىليون 190 مىڭ يۈەن. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مالىيىگە دائىر قانۇن، بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بەردى ۋە جەرىمانە قويدى ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئوخشاش دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئىقتىسادىي

تەپتىشلىك نەتىجىسى ۋە خىزمىتى ھەققىدە دوكلات يوللىدى.

دۆلەت بۇخۇا

## مالىيە نەق چوتى ئۇستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى 2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 46 ناھىيە (شەھەر)، 61 يېزا (بازار) نىڭ 2000 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدە 1 مىليارد 555 مىليون 280 مىڭ يۈەننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ 199 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ئالاقىدار تارماقلارغا 21 ئادەمنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى، 10 ئورۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى. چولىڭ، مۇھىم دېلودىن 3 ى تېپىپ چىقىلدى پاكى ئۇلار ھەققىدىكى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەندى، بۇ دېلولار 4 ئادەمگە چېتىلىدۇ. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدە ئېنىقلاپ چىقىلغان بەلگىلىمىگە خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: (1) 6 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار سىياسەت جەھەتتە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يوچۇق ئاچقان. (2) ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باج تارماقلىرىنىڭ باج ئىشلىرى تالوننى باشقۇرۇشى قاتتىق بولمىغان، 18 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يالغاندىن قۇرۇلۇش قىلىش، قۇراشتۇرۇش تالونى كەسكەن، 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنلىك تالوننى كۆز بويامچىلىق بىلەن ئىشلەتكەن، تالونغا قاراپ باج ئېلىشنى ئۈنۈملۈك يولغا قويماي 440 مىڭ يۈەن باج پۇلىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ۋاكالەتەن تالون كەسكەندە 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى ۋاكالەتەن تۇتۇپ قالمىغان. (3) يەرلىك باجدىن 16 مىليون 490 مىڭ يۈەن بەلگىلىمىگە خىلاپ كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان. (4) 7 مىليون 880 مىڭ يۈەن باج خىراجىتى بەلگىلىمىگە خىلاپ تۇتۇپ قېلىنىپ قايتۇرۇلغان. (5) خەزىنە قالايمىقانلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ۋە مەسئۇل تارماقلار كىرىمىدىن 34 مىليون 730 مىڭ يۈەن قىسىپ قېلىنغان. (6) مالىيە كىرىمىدىن 258 مىليون 610 مىڭ يۈەن يوشۇرۇلغان ۋە يۆتكىۋېتىلگەن، (7) 137 مىليون 580 مىڭ يۈەن يالغاندىن چىقىمغا كىرگۈزۈلگەن. (8) 159 مىليون 410 مىڭ يۈەن مالىيە مەخسۇس مەبلىغى يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. (9) 5 مىليون 60 مىڭ يۈەنلىك يالغان مالىيە قىزىل رەقىمى كۆرسىتىلگەن. (10) 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن مالىيە ئوبوروت سوممىسى يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. (11) سەرپىيات ئۆلچىمى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۆستۈرۈلۈپ، بۇنىڭغا 3 مىليون 130 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنغان. (12) خام چوت بولمىغان ئەھۋالدا 205 مىليون 80 مىڭ يۈەن خەزىنە مەبلىغى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سودا بانكىسىغا ئاغدۇرۇپ بېرىلگەن. (13) بىر قىسىم خام چوت ئىجرا قىلىدىغان ئورۇنلار «ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسنىڭ نامىدا ئامانەت قويغان» ۋە ئۆز ئالدىغا كىچىك خەزىنە تەسىس قىلغان، بۇنىڭغا 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلگەن. (14) بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى زايوم مۇلازىمەت تارماقلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا زايوم ۋە پاي چېكى، ئىناۋەتلىك مەبلەغقە پۇل ئۆتنە - بېرىم قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

دۆلەت بۇخۇا

## مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى جايلاردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ 2000 - يىللىق مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى سېلىنمىسى، ئۇنىڭ ئاجرىتىپ بېرىلىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە 467 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2000 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىگە 3 مىليارد 302 مىليون 880 مىڭ يۈەن خام چوت ئورۇنلاشتۇرغان (خام چوت سىرتىدا مەخسۇس ئىسچوت بىلەن مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئەمەلىيەتتە 3 مىليارد 272 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ بېرىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپنى باشقۇرىدىغان تارماقلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليارد 363 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە تارماقلىرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەت 2 مىليارد 513 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى 3 مىليارد 338 مىليون 830 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ خىراجىتىگە قىلىنغان چىقىم 2 مىليارد 503 مىليون 750

مىڭ يۈەن؛ 467 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 810 مىليون 750 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 649 مىليون 790 مىڭ يۈەن، مەكتەپ ئۆزى تەشكىللىگەن ئىشلاردىن قىلىنغان كىرىم 160 مىليون 960 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدە شۇ مەلۇم بولدىكى، كۆپ قىسىم رايونلاردىكى مالىيە تارماقلىرى، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنى خام چوتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەرگەن، ئەمما يەنە بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان: (1) جايلاردىكى مالىيە تارماقلىرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىدىن 43 مىليون 20 مىڭ يۈەننى كەم ئاجرىتىپ بەرگەن. (2) مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىدىن 12 مىليون 150 مىڭ يۈەن قىسىۋېلىنىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە تارمىقى بەرگىنى 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن، مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى بەرگىنى 6 مىليون 750 مىڭ يۈەن. (3) خام چوت سىرتىدىكى 22 مىليون 220 مىڭ يۈەن مالىيە مەخسۇس ئىشچوتىغا تاپشۇرۇلمىغان، بۇنىڭدىن 6 مىليون 120 مىڭ يۈەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ، 16 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ. (4) تۈرلۈك كىرىملەردىن 14 مىليون 350 مىڭ يۈەن يوشۇرۇلغان، بۇنىڭدىن 2 مىليون 940 مىڭ يۈەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ، 11 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ. (5) 11 مىليون 150 مىڭ يۈەنلىك «كىچىك خەزىنە» تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭدىن 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ، 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ. (6) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر كەلسە - كەلمەس ھەق ئالغان، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ توپلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە كەلسە - كەلمەس ئېلىنغان ھەق 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن مەكتەپ ئۆيى سېلىش ئۈچۈن سېلىق چېچىپ يىغىلغان پۇل 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن. (7) 4 مىليون 660 مىڭ يۈەن يالغان چىقىم قىلىنغان، بۇنىڭدىن 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ، 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ. (8) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆي ئىجارىگە بېرىپ قىلغان كىرىمىدىن 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئۆي - زېمىن بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىقلار تاپشۇرۇلمىغان. (9) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر 9 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ۋېكسىلنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلەتكەن. (10) تۇراقلىق مۈلۈكلەر ھېساباتقا كىرگۈزۈلمىگەن، ھېسابات بىلەن ئەمەلىي ئەرسىنىڭ ئۆيغۇن كەلمىگەن سوممىسى 56 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

گاۋ سۇيىڭ

## ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى جايلاردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تارماقلىرىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان كارخانىلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى فوندىنى يىغىش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى ھەمدە 183 دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى ۋە مەركەزنىڭ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كەسىپنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغان 6 ئورۇنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈلدى. يەنە ھەر قايسى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەۋەلىكتىكى 60 ناھىيە (شەھەر)نىڭ 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان شەھەرلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى دېيىلىدۇ)نىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ھەمدە بىر قىسىم مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ تۆۋەن كاپالەت مەبلىغىنى تارقىتىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1. كارخانىلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى كىرىمى 3 مىليارد 257 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16، تەڭشەش فوندى كىرىمى 1 مىليارد 404 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %61 ئاشتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ چىقىمى 2 مىليارد 963 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10، تەڭشەش فوندىنىڭ چىقىمى 1 مىليارد 407 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %78 ئاشتى، دېمەك شىنجاڭ كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىجابىي تۆھپە قوشۇلدى. بىراق يەنە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى، ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: (1) ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قىسىپ قېلىنىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. (2) مەبلەغ يالغاندىن چىقىمغا كىرگۈزۈلگەن،

يۆتكىۋېتىلگەن. (3) ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى دائىرىدىن ھالقىپ چىقىم قىلىنغان. (4) ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بەلگىلىمە بويىچە مالىيە مەخسۇس ئىسچوتىدا ساقلاشقا تاپشۇرۇلمىغان. (5) بەلگىلىمىگە خىلاپ ئامانەت قويۇش، كىرىمنى ئاز ھېسابلاش ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ۋاقتىدا تارقاتماسلىق قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەر. (6) ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان كارخانىلاردا سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىنى كەم تاپشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان. (7) ئىلگىرى قىسىپ قېلىنىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قارارىدىكى تەلەپلەر بويىچە ئۆز جايىغا قايتۇرۇلمىغان.

2. تۆۋەن كاپالەت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن جايلارغا تولۇقلاپ ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى 43 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %146 ئاشتى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە خام چوتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى 14 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35 ئاشتى. 1999 - ۋە 2000 - يىللىرى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 74 مىليون 940 مىڭ يۈەن تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى تارقاتتى، تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئادەم 96 مىڭ 660 غا يېتىپ، %20 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدىكى سىياسەت ۋە قانۇن، بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ياخشى، لېكىن يەنە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان، ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: (1) تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى قىسىپ قېلىنىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. (2) تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى يالغاندىن چىقىمغا كىرگۈزۈلگەن. (3) تۆۋەن كاپالەت مەبلىغىنى چىقىم قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلگەن. (4) تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە بېرىلگەن. (5) تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىلمىگەن، ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن.

جاڭ شۈپىڭ

## ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2001 - يىلى شىنجاڭدا ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان ئاساستا، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار رەھبەرلىرىدىن 531 كىشى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 521 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى، 26 ئادەمگە ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش چارىسى كۆرۈلدى، 12 ئادەم شەخسىي ئىقتىسادىي مەسىلىسى بولغاچقا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلات - كادىرلار تارماقلىرىنى كادىرلارنى ئىشقا قويۇش جەھەتتە ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش بىرلەشمە يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى ۋە شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت - نازارەت دەرىجىلىك ئورۇننىڭ پارتىيە، مەمۇرىي رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە، تەپتىشلىك قىلدى، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى قاتارلىق 5 كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئاخىرلاشتۇردى.

ليۇ بو

## شەھەر - بازارلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە سېتىش سوممىسى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان 12 نۇقتىلىق شەھەر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە يەر سېتىش سوممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بۇ رايونلار 2498 پارچە يەرنىڭ ئىشلىتىلىش هوقۇقىنى ساتقان، سېتىلغان كۆلەم 1051.3 گېكتار بولۇپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك يەر سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 258 مىليون 710 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن ئەمەلىي يىغىۋېلىنغىنى 662 مىليون 970 مىڭ يۈەن (ئىلگىرىكى يىللاردا يىغىۋېلىنغان 53 مىليون 40 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە)، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك بولۇپ يىغىۋېلىنمىغىنى 648 مىليون 780 مىڭ يۈەن. يەر سېتىش پۇلىدىن ئىشلىتىلگىنى 506 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 176 مىليون 770 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق 181 مىليون 40 مىڭ يۈەننىڭ ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەنلىكى بايقالدى، بۇ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %26.5 نى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ يىغىۋېلىنمىغان يەر سېتىش پۇلى بەك كۆپ بولۇپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك يەر سېتىش پۇلىنىڭ %51.5 ىنى ئىگىلىگەن. (2) مالىيە تارماقلىرى يەر سېتىش كىرىمىدىن 81 مىليون 160 مىڭ يۈەننى ۋاقتىدا خەزىنىگە تاپشۇرمىغان ۋە قالدۇرۇپ قالغان، 13 مىليون 300 مىڭ يۈەننى يۆتكەپ ئىشلەتكەن. (3) يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قالدۇرۇپ قالغان، يۆتكەپ ئىشلەتكەن يەر سېتىش سوممىسى ۋە كۆپ ئاجرىتىۋالغان كەسپىي خىراجىتى 8 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولغان. (4) دۆلەت زېمىن بايلىقى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يەر سېتىش پۇلى يىغىۋالغان. (5) يەر سېتىش پۇلىنى تۆۋەنلىتىش، ئۆي پۇلى ھەدىيە قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش باھاسى ئارقىلىق تاۋار ئۆي سېتىۋېلىنغان. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يەر سېتىشتا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشتە زاپاس سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇش، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى قاتتىق يولغا قويۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ھەققىدىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ جۈنجېڭ

## سوغۇرتا ئاپپاراتلىرى ۋە يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى جايلاردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى جۇڭگو خەلق سوغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى سىستېمىسىنىڭ 1999- يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان قەرزدارلىق ۋە زىيان - پايدا ئەھۋالى ئۈستىدە، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، يەنە ئۈرۈمچى، سانجى شەھەرلىرى، قۇمۇل، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى يەرلىك سودا بانكىلىرى، شەھەر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 2000 - يىللىق قەرزدارلىق ۋە پايدا - زىيان ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

1. سوغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 174 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگىنى 18 مىليون 550 مىڭ يۈەن، تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تۈرلۈك باج سوممىسى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن. ئاساسلىقى: (1) زىيان - پايدا ئەمەلىي ئەمەس. بىرىنچىدىن، سوغۇرتا كىرىمىنى كېچىكتۈرۈش، بېسىپ قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان سوغۇرتا پۇلى قەرز قالغان يىللارنىڭ كىرىمىگە كىرگۈزۈلگەن. ئىككىنچىدىن، ئۆي ئىجارىسى ھەققى، مەسلىھەتچىلىك ھەققى قاتارلىقلار كىرىم قىلىنماي، تىجارەت پۇلى بىۋاسىتە كېمەيتىپ كۆتۈرۈۋېتىلگەن ياكى باشقا تۆلىنىدىغان پۇلغا قوشۇۋېتىلگەن. ئۈچىنچىدىن، تەننەرخ خىراجىتى قىسىۋېلىنىپ، تىجارەت سەرپىياتى تۈرىدە مۇكاپات قاتارلىق مائاش خاراكتېرلىك چىقىمغا كىرگۈزۈلگەن. (2) كەسپىي تىجارەت قېلىپلاشمىغان. تۆۋەنلىتىلگەن خىراجەت نىسبىتى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تۆلەم بېرىلگەن. (3) بەلگىلىمىگە خىلاپ سېتىۋېلىنغان تۇراقلىق مۈلۈك ۋە تۆلەم بېرىپ ئېلىۋېلىنىپ ئۆزى ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغان ئاپتوموبىل تۇراقلىق مۈلۈك ھېساباتىغا كىرگۈزۈلمەي، ھېساب سىرتىدا ئورۇن مال - مۈلۈك شەكىللەندۈرۈلگەن. (4) يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سوغۇرتا پۇلى يىغىۋېلىنغان سوغۇرتا پۇلى قاتارىدا ھېسابقا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر قايسى شىركەتلەرنىڭ كەم تاپشۇرغان سوغۇرتا پۇلىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئېنىق بولماسلىق، شۇ يىللىق پايدا - زىياننى توغرا ھېسابلىغىلى بولماسلىق كېلىپ چىققان. (5) رەسمىيەت پۇلى چىقىمىنى باشقۇرۇش

قالايمىقان بولۇپ، رەسمىيەتكە نىسبەتەن ئارتۇق، دەرىجىدىن تاشقىرى چىقىم قىلىنغان. (6) ناچار مۇلۇك نىسبىتى چوڭ بولۇپ، مۇلۈك ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %23.1نى ئىگىلىگەن، نۇرغۇن قەرز پۇل، ئۇزۇن مۇددەتلىك سېلىنغان مەبلەغ، ئۆتنە - بېرىم قىلىنغان مەبلەغلەرنى يىغىۋالغىلى بولمىغان. (7) ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى شىركەتلەردە ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمى ساغلام بولمىغان، سوغۇرتا تالونلىرىنى باشقۇرۇش قالايمىقان بولغان.

2. يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە ئېنىقلاپ چىقىلغان مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) كارخانىلارنىڭ مۇلۇك ئەھۋالى بىر قەدەر ناچار، مۇلۇكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى، ۋاقتى ئۆتكەن قەرز پۇل نىسبىتى بەك يۇقىرى، بىر قىسىم قەرز پۇللارنى يىغىۋالغىلى بولماي، مۇلۇك قۇرۇلمىسى تەڭپۇڭسىزلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن. بىرىنچىدىن، 3 پۇل مۇئامىلە ئورنىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 272 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناچار مۇلۇك ئېشىنچىلا 1 مىليارد 886 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %57.6نى ئىگىلىگەن. بىر قىسىم قەرز پۇللار تىنىپ قېلىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش تەس بولغان، 2 پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ مۇلۇك قەرزدارلىق نىسبىتى %100تىن ئېشىپ كەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، قىسقا مۇددەت بويىچە ئېلىنغان ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل شەكىللەندۇرگەن ناچار مۇلۇك 99 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۇنى ئۇزاق مۇددەتكىچە يىغىۋالغىلى بولمىغان؛ ئۈچىنچىدىن، بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان تۇراقسىز مۇلۇك زىيىنى ئىچىدە شەكىللەنگەن ناچار مۇلۇك 121 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتكەن (2) بوغالتىرىيە ھېساباتى قېلىپلاشماي، كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرگىلى بولمىغان. كىرىمنى يوشۇرۇش، تەننەرخ خىراجىتى ئەمەلىي بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ، پايدىدىن ئازايتىلغان 13 مىليون 370 مىڭ يۈەن ۋە ئىلگىرىكى يىللارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن 14 مىليون 990 مىڭ يۈەن، سوت مەھكىمىسى قايتۇرۇپ بەرمىگەن دېلو ئىجرا قىلىش پۇلى ۋە تاپشۇرۇۋېلىنغان پاي پايدىسى، ماددىي بۇيۇملارنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش پۇلى قاتارلىق 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن مالىيە ھېساباتىغا كىرگۈزۈلۈپ، بانكا مەبلىغىنىڭ ئىچكى - تاشقى زىددىيىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. (3) شەھەر ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى قەرز پۇل ئېلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان 2 مەمۇرىي ئورۇنغا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەرگەن. (4) 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىدىت مەبلىغى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پاي بازىرىغا سېلىنىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن 200 مىڭ يۈەن پاي پايدىسى مالىيە ھېساباتىغا كىرگۈزۈلمىگەن. (5) مالىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز بېشىمچىلىق چوڭ بولغان، ئىچكى مەبلەغ قاتتىق باشقۇرۇلمىغان، يېتىپ كەلمىگەن ھېساب تۈرى ئۇزاققىچە ئېنىقلانمىغان، شۇنىڭدەك تۆۋەن سۈپەتلىك مۇلۇكنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنماسلىقى زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە باشقىلار. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىدىكىدەك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كىرىدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تۈرلۈك ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سۇن ۋېنجۇن، جيۇ لىشيا

## كارخانىلار ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرىنى ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىككە قارايدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە پېيى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان 11 كارخانىنىڭ 2000 - يىللىق مۇلۇك، قەرزدارلىق، پايدا - زىيىنىنىڭ راستلىقى، قانۇنلۇقلىقى ۋە ئۈنۈمى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋىلايەتلىك 9 شۆبە ئاپپاراتنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، 2000 - يىلى يەنە ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ۋە شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ 1998 - 1999 - يىللىق مۇلۇك، قەرزدارلىق ۋە پايدا - زىيان ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە بەلگىلىمىگە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 386 مىليون 790 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قارارى چىقىرىلىپ جەرىمانە قويۇلغان پۇل 232 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك كۆرسەتمىسىدە تۈزىتىش تەلەپ قىلىنغان پۇل 153 مىليون 940 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) بوغالتىرلىق ئۇچۇرى

ئەمەلىي ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، ئىقتىساد كەسپى جەھەتتىكى بىر قىسىم ئىشلار يىللىق مەلۇماتتا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، ھېساب سىرتىدا ھېساب تەسىس قىلىنغان؛ بىرلىشىپ بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى ئومۇملاشتۇرغان ئورۇنلار مۇكەممەل ئەمەس؛ مالىيە ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇكەممەل بولماي، ئالاقىدار كەسپىي ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئېتەلمەسلىكى كېلىپ چىقىپ، سىرتقا ئاشكارىلانغان بوغالتىرلىق ئۇچۇرنىڭ ئەينەنلىكىگە تەسىر يەتكەن؛ كىرىم، تەننەرخ، سەرپىياتنىڭ ھېسابلىنىشىنىڭ ئەينەن بولماسلىقى، كارخانىنىڭ پايدا - زىيىنىنىڭ ئەينەن بولماسلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن. (2) مۈلۈكنىڭ سۈپەت ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىنىپ، تەدبىردە سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشى كېلىپ چىققان؛ زاۋۇتنىڭ ئۆي، ئۈسكۈنىلىرى سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەن، قىسقا مۇددەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تالان - تاراج قىلىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئېلىپ بېرىلغان؛ زىيان ئورنىدا نېسى قالغان ھېساباتىكى سومما كۆپ بولغان؛ كارخانىنىڭ سىرتقا كېپىل بولۇشىدىكى ئۆز ئېشىمچىلىق بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، مالىيە خەۋپ - خەتىرى كۆپىيىپ كەتكەن، بەزىلىرىدە زىيان كېلىپ چىققان؛ قىسمەن كارخانىلاردا زىيان تارتىش ئېغىر بولۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتى كېمىيىپ كەتكەن. (3) كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى جەريانىدا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھادىسىلەر ساقلانغان. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى تولۇق ئايرىلمىغان، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىغان ھۆججىتى مۇدىرىيەت قارارىنىڭ ئورنىنى دەسسەيدىغان ھادىسىلەر ساقلانغان، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر بىلەن ئانا شىركەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كەسپلەردىكى ئالاقىسى ئېنىق ئەمەس؛ مۈلۈكنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريانى قېلىپلاشمىغانلىقتىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان؛ دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلەر باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئىگىلىۋېلىنغان. (4) دۆلەتنىڭ كىرىم پايدىسى ۋە باج پۇلى يۇقىرىغا ۋاقتىدا تاپشۇرۇلماي، مالىيە كىرىمىنىڭ ئېقىپ كېتىشى كېلىپ چىققان. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، دۆلەت پېيى بىلەن باشقا پايلار بىر - بىرىگە ئوخشاش بولسىمۇ پايدىسى ئوخشاش بولمىغان؛ ئالاقىدار باج پۇلى يۇقىرىغا ۋاقتىدا تاپشۇرۇلماي، مالىيە كىرىمىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تەسىر يەتكەن؛ مالىيە ھېساباتى قېلىپلاشمىغانلىقتىن، باج پۇلىنىڭ تولۇق ھېسابلانماسلىقى، تولۇق تاپشۇرۇلماسلىقى كېلىپ چىققان.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەردى.

ما يىڭخۇا، لىيۇ شەن

## يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى 7 ۋىلايەتنىڭ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن يەنە 1 مىليارد 40 مىليون يۈەن 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمىگەن. (2) يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن 33 مىليون 170 مىڭ يۈەن قىسىپ قېلىنىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. (3) قۇرۇلۇش باھاسى كۆپ ھېسابلىنىپ، 9 مىليون 340 مىڭ يۈەن كۆپ چىقىم قىلىنغان. (4) بەزى قۇرۇلۇشلاردا بەلگىلىمە بويىچە قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى ۋە خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش يولغا قويۇلمىغان، بۇنداق قۇرۇلۇشلارنىڭ سوممىسى 19 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

ياۋ يۇڭجۈن

## تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش مەبلىغى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى، گۇما، قاغىلىق، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ 2000 - يىللىق تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىلىش، باشقۇرۇلۇش ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تۈر بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدا 7200 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش، ئورمان ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان 933.3 گېكتار قاقاس تاغدا ئورمان بەرپا قىلىش پىلانلانغان. دۆلەت پىلان بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىلى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش

قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىگە قوشۇمچە ياردەم ئۈچۈن 26 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇق، كۆچەت قوشۇمچە ياردەم پۇلى ھېسابىدا 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۇرۇق، كۆچەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون يۈەن، نەق پۇل قوشۇمچە خىراجىتىگە 2 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئاشلىق قوشۇمچە ياردىمىگە 15 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەت خىراجىتىگە 260 مىڭ يۈەن بەرگەندى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئارقىلىق بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 2 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 240 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ، 155 توننا ئاشلىقنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار:

(1) پىلاننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا كوللېكتىپ ئائىلىلەر بويىچە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش ھادىسىسى ساقلانغان، پىلاننى خالىغانچە ئۆزگەرتىش مەسىلىسى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك بولغان. (2) مالىيە نازارىتى ئاشلىق قوشۇمچە ياردىمى مەبلىغىنى ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ بەرمىگەنلىكتىن، ئاشلىق سېتىۋالىدىغان - ساتىدىغان كارخانىلار يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىپ تېرىلغۇ يېرى بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى نەقلەشتۈرۈپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمى سېلىقى ئېشىپ كەتكەن. (3) ئىقتىسادىي ئورمان ئۆستۈرۈش نىسبىتى بەك چوڭ بولۇپ، دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش سىياسىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن. (4) ئالاقىدار سىياسەت بويىچە تېرىلغۇ يېرى بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان ئائىلىلەرگە «ئورمان، ئوتلاق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى» بېرىلمىگەن، ئۇلار بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالانمىغان. (5) ئاشلىق ئامباردىن چىقىرىلمىسا يەر ھېسابلىنىپ سېتىۋېلىنغان، ئاشلىق قوشۇمچە ياردىمى نەق پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن. (6) پىلاندا سەۋەنلىك بولغانلىقتىن، مەبلەغ زىيانغا ئۇچرىغان، دېھقانلارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى كەم تۆلەنگەن پۇلغا قوشۇۋېلىنغان.

جاۋ يۈنا

## دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم پۇلى ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى قەرز پۇلى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىلى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى قەرز بەرگەن دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىدىغان 8 تۈر، يەنى يۇقۇملۇق كېسەل ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش، نامرات رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساس ماائارىپى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەھىيە 9 - تۈرنىڭ ئاياللار - باللار ھەققىدىكى بالا تۈرى، سەھىيە 9 - تۈرنىڭ جىنسىي كېسەللىكلەر/ئەيدىز كېسىلىنى تىزگىنلەش ھەققىدىكى بالا تۈرى، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن تاشيولى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تاشيولى تۈرى ۋە «تارىم 2 - قارارلىق» قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن سۈتچىلىك تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، يەنە ئىلى ئوبلاستلىق، ئالتاي ۋىلايەتلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق، شىخەنزە شەھەرلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىلىرىنى شىنجاڭدىكى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى قەرز بەرگەن 14 تۈر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى

1. دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن تۈرلەرنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشتا ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار:

(1) تۈر مەبلىغى ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ئېغىر. (2) تۈرگە مەسئۇل قىسمەن ئورۇنلار تۈر مەبلىغىنى قىسىپ قالغان، يۆتكەپ ئىشلەتكەن، ئۆتنە بەرگەن. (3) يانداشما مەبلەغدە يوچۇق چوڭ، ئەمەلىيلەشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر. (4) تۈرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مال - مۈلۈكنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىدا تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلمىگەن، بەزىلىرى تۇراقلىق مۈلۈك ھېساباتىغا كىرگۈزۈلمىگەن، نەتىجىدە دۆلەت مال - مۈلكى ئاسانلا يوقاپ كەتكەن. (5) تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ پىلانى ۋە تۈر مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلمەي ئۆزگەرتىلگەن، بەزىلىرىدە زىيان ۋە ئىسراپچىلىق كېلىپ چىققان. (6) تۈر چىقىمى كۆپ كۆرسىتىلىپ، دۇنيا بانكىسى مەبلىغىدىن پۇل ئاجرىتىۋېلىنغان. (7) تۈرلەرگە سېتىۋېلىنغان ماددىي ئەشيا ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا مۇئەييەن مەسىلىلەر ساقلانغان. (8) تۈر يولغا قويۇلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن. مالىيە - بوغالتىر خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈر پىلانىدا ۋە ئۇنى يولغا قويۇش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تېپىش، قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى قەرز بەرگەن تۈرلەرنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش بويىچە تەكشۈرۈش ئەھۋالى.

شىنجاڭ 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى بەرگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆچكە ئىگە بولۇپ ئىجرا قىلىنغان چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى قەرز بەرگەن تۈر 67گە، كۆچكە ئىگە سومما 1 مىليارد 60 مىليون دوللارغا، قەرز ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 430 مىليون دوللارغا يەتكەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈشتە بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئەمەلىيلەشمىگەن. بولۇپمۇ ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان چەت ئەل قەرز بەرگەن ئۈنۈملۈك تۈرلەرنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان. (2) كارخانىلاردا قەرز پۇل قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈرەش ھادىسىسى بىر قەدەر ئېغىر. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كارخانىلار قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈرگەن چەت ئەل قەرز پۇلىنىڭ دىرى، ئۆسۈمى ۋە قويۇلغان جەرىمانە 22 مىليون 10مىڭ دوللارغا يەتكەن، بولۇپمۇ «قارا رەقەملىك قايتا قەرز» تۈرىدە قەرز قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈرەش ئەھۋالى ئېغىر. (3) كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەر ئۇزاققىچە بوش قېلىپ، ئۈنىگدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان. بەزى تۈرلەرنىڭ لايىھىسىدە ئىلمىيلىك كەم بولغاچقا، ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا بوش تۇرۇپ قېلىپ ئىسراپچىلىق كېلىپ چىققان. (4) قەرز پۇل بېرىلگەن تۈرلەردە ھەقدارلىق ئېنىق بولماي، مەبلەغنىڭ ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى ساقلانغان.

جاڭ مىڭ، جاڭ شۈيىن

## ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

شىنجاڭدىكى ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى 2001 - يىلى 4976 ئورۇن (تۈر) ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولار يىپ ئۇچىدىن 17نى تېپىپ چىقتى، زىيانغا ئۇچرىغان، ئىسراپ بولغان 57 مىليون 620 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى، 59 مىليون 410 مىڭ يۈەنلىك كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشنى ئىلگىرى سۈردى، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 842 مىليون 270 مىڭ يۈەننى تۈزەتتى، ئۇلارنىڭ 4984 تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەكلىپى ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، 15 ئادەمگە مەمۇرىي چارە كۆرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىن 665نى تاماملىدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى 483كە، ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خادىمى 1902گە يەتتى. 2001 - يىلى قاتناش نازارىتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقارمىسى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1999 — 2001 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ۋاڭ يىڭخۇا، جۇڭگو نېفىت سانائىتى گۇرۇھى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدىن لى ۋېنشۇ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن لى پېيۋېنلارغا دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1999 — 2001 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى.

دىڭ جىچاڭ

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى جىنخۇا، مۇئاۋىن باش تەپتىشى ليۇ خېجاڭ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسىدە تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ داۋچېڭلار شىنجاڭغا كېلىپ 2001 - يىل 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى ۋە ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. لى جىنخۇا شىنجاڭدىكى مەزگىلدە ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى ۋە ئىلقا، كۈنەس، بۇرچىن، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ليۇ خېجاڭ جۇڭگو ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە خام چوت ئىجراسى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ داۋچېڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك سىستېمىسىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

لۈ يازۇ

# باھا خىزمىتى

## باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى 2000-

يىلدىكىدىن 4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 104 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 3.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. مەملىكەت بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بىردەكلا مۇسبەت ئۆسۈپ، 102.4 — 104.4 ئارىلىقىدا ئايلاندى. ئەڭ تۆۋەن بولغىنى 2 - ئاي، ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 12 - ئاي بولۇپ، ئەڭ كۆپ تەۋرىنىش دائىرىسى 1.6 پىرسەنت پوئىنتى بولدى.

باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىدە كۆرۈلگەن قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىدىكى 8 چوڭ تۈرنى 2000 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا «ئالتە تۈرنىڭ ئۆرلەش، ئىككى تۈرنىڭ چۈشۈش» ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. تىببىي داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ۋە شەخسلەر لازىمەتلىكلىرى %16.1، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش %5.2، يېمەكلىك %4.3، تۇرالغۇ %2.6، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت %1.6 ئۆستى. بۇ 5 تۈر بىرلىشىپ ئاھالىلەر ئىستېمالى باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە 7.45 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۆي سايمانلىرى ۋە رېمونتچىلىق مۇلازىمىتى باھاسى %0.2 ئۆستى. يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىدىكى سالمىقى چوڭ بولۇپ، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ 1.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. تاماكا - ھاراق ۋە لازىمەتلىك، كىيىم - كېچەكتىن ئىبارەت 2 تۈرنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىدە تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى، تاماكا - ھاراق %98.8، لازىمەتلىك ۋە كىيىم - كېچەك %98.7 تۆۋەنلىدى.

خەن لىپىڭ

## باھا ئىسلاھاتى

1. ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىسلاھاتى

بۇغداي 2001 - يىلى بۇغدايدا توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن قوغداش باھاسىنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى

شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| باھا رايونى | دەرىجىسى | سېتىۋېلىنىش باھاسى: ئاق بۇغداي | سېتىۋېلىنىش باھاسى: ئارىلاش بۇغداي | سېتىۋېلىنىش باھاسى: قىزىل بۇغداي | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 - باھا رايونى: ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، قاراماي شەھىرى، شىخۇ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى (چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، قىزىلسۇ ئوبلاستى (ئاقچى ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى | 1 | 1.32 | 1.30 | 1.24 | 1. جەدۋەلدىكى باھادا 3 - دەرىجىلىكى ئۆلچەملىك باھا قىلىندى، 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى (3 - دەرىجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دەرىجىلەر ئارىسىدىكى باھا پەرقى 0.05 يۈەن/كىلوگرام؛ 3 - دەرىجىدىن تۆۋەنى 0.06 يۈەن/كىلوگرام بولدى.<br>2. ھەر قايسى سورتتا ئاق بۇغداي ئۆلچەملىك سورت قىلىندى. ئاق بۇغداينىڭ ئارىلاشما بۇغداي بىلەن بولغان باھا پەرقى 0.02 يۈەن/كىلوگرام؛ قىزىل بۇغداي بىلەن بولغان باھا پەرقى 0.08 يۈەن/كىلوگرام بولدى.<br>3. دۆلەتنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش يېڭى ئۆلچىمىدە كۈزگى بۇغداي بىلەن يازغى بۇغداينىڭ ئۆلچىمى ئوخشاش. شۇڭا كۈزگى بۇغداي بىلەن يازغى بۇغدايدا ئوخشاش باھا ئىجرا قىلىندى. |
| | 2 | 1.27 | 1.25 | 1.19 | |
| | 3 | 1.22 | 1.20 | 1.14 | |
| | 4 | 1.16 | 1.14 | 1.08 | |
| | 5 | 1.10 | 1.08 | 1.02 | |
| 2 - باھا رايونى: بورتالا ئوبلاستى (جىڭ ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (شىخۇ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1.27 | 1.25 | 1.19 | |
| | 2 | 1.22 | 1.20 | 1.14 | |
| | 3 | 1.17 | 1.15 | 1.09 | |
| | 4 | 1.11 | 1.09 | 1.03 | |
| | 5 | 1.05 | 1.03 | 0.97 | |
| 3 - باھا رايونى: ئىلى ئوبلاستى (توققۇزتارا ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) | 1 | 1.22 | 1.20 | 1.14 | |
| | 2 | 1.17 | 1.15 | 1.09 | |
| | 3 | 1.12 | 1.10 | 1.04 | |
| | 4 | 1.06 | 1.04 | 0.98 | |
| | 5 | 1 | 0.98 | 0.92 | |
| 4 - باھا رايونى: توققۇزتارا ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى | 1 | 1.15 | 1.13 | 1.07 | |
| | 2 | 1.10 | 1.08 | 1.02 | |
| | 3 | 1.05 | 1.03 | 0.97 | |
| | 4 | 0.99 | 0.97 | 0.91 | |
| | 5 | 0.93 | 0.91 | 0.85 | |

داۋاملىق بولغا قويۇلدى. ھازىرقى 4 باھا رايونى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، سۈپەتنى پاختىلىرىنىڭ باھاسى ياختىسى بولۇش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىدىغان ئۆلچەملىك مەھسۇلاتى تەڭشەلدى. ئاق بۇغداي ئارىلاش بۇغداينىڭ ئورنىغا دەسستىلىپ ئۆلچەملىك مەھسۇلات قىلىندى. ئاق بۇغداينىڭ باھاسىغا 2% قوشۇلۇپ، سېتىۋېلىش باھاسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۆلچەملىك مەھسۇلات تەڭشەلگەندىن كېيىن، 1 -، 2 -، 3 - باھا رايونلىرىدىكى ئاق بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسى ئۆزگەرمىدى، ھەر كىلوگرامى 1 - باھا رايونىدا 1.22 يۈەن، 2 - باھا رايونىدا 1.17 يۈەن، 3 - باھا رايونىدا 1.12 يۈەن بولدى. 4 - باھا رايونىدا ھەر كىلوگرامى 0.02 يۈەن چۈشۈرۈلۈپ، 1.05 يۈەن قىلىندى. ھەر خىل دەرىجىدىكى سورتلار ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقىنىڭ باھا نىسبىتى پەرقلىق باھا سوممىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، باھا پەرقى مۇۋاپىق كېڭەيتىلدى. يەنى 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ دەرىجە ئارىسىدىكى باھا پەرقى سوممىسى 0.05 يۈەن، 3 - دەرىجىدىن تۆۋەنلىرىنىڭ 0.06 يۈەن بولدى. سورتلار ئارىسىدىكى پەرقلىق باھا سوممىسى مۇنداق بولدى: ھەر كىلوگرام ئاق بۇغداي بىلەن ئارىلاش بۇغداينىڭ باھا پەرقى يەنىلا 0.02 يۈەن؛ ئاق بۇغداي بىلەن قىزىل بۇغداينىڭ باھا پەرقى 0.08 يۈەن بولدى.

سۈپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئادەتتىكى بۇغداينىڭ 1 - دەرىجىسىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاساسىدا، 10% — 20% ئۆستۈرۈلۈپ، ئىچكى قىسىمدا ئىگىلەندى، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ئاشلىق ئىشلىتىش كارخانىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچى سېتىۋېلىنىش باھاسىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدىغان بولدى.

گۈرۈچ 2001 - يىلى گۈرۈچ توختام بويىچە سېتىۋېلىنمايدىغان بولدى، ئۇنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ۋە تەستىقتىن ئۆتكەن ئاشلىق ئىشلىتىش كارخانىلىرى دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان گۈرۈچنى كەڭتاشا سېتىۋالىدىغان بولدى. سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش سىياسىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، شال تېرىغۇچى دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق كىرىم قىلىشىغا ۋە شەھەر - بازار ئاھالىلىرى، قىسىملارنىڭ تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

كۆممىقوناق 2001 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆممىقوناق سېتىۋېلىش باھاسىدا ھازىرقى سىياسەت داۋاملىق ئىجرا قىلىندى. يەنى ئۆلچەملىك مەھسۇلات (2 - دەرىجىلىك) نىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.70 يۈەن بولدى. توختام بويىچە سېتىۋېلىش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان كۆممىقوناق كەڭتاشا سېتىۋېلىندى. باھاسىدا بازار ئەھۋالىغا قارالدى.

2. ياغلىق دان سېتىۋېلىش باھاسى

2001 - يىلى چىگىت سېتىۋېلىش باھاسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان سورتتىكى ياغلىق داننىڭ ھەممىسى يېتەكچى باھا بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلدى.

چىگىتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىدا يەنىلا ھازىرقى ھەر كىلوگرامى 0.65 يۈەن بويىچە ئىجرا قىلىندى.

3. پاختا سېتىۋېلىش باھاسى

ئىنچىكە تالالىق پاختا سېتىۋېلىشتا يېتەكچى باھا يولغا قويۇلدى. ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسى (3 - دەرىجە، 28 مىللىمېتىر) چىغىرىق پاختىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتىكى ئۆلچەملىك باھاسى ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ 400 يۈەن بولدى. دەرىجە

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان كۆممىقوناقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| باھا رايونى | دەرىجىسى | توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| خوتەن ۋىلايىتى | 1 | 0.75 | 1. جەدۋەلدىكى باھادا 2 - دەرىجىلىك كۆممىقوناق ئۆلچەملىك باھا قىلىندى، ھەر قايسى دەرىجە ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى 0.05 يۈەن/كىلوگرام بولدى.<br>2. توختام بويىچە سېتىۋېلىش سىرتىدىكى كۆممىقوناقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلدى. |
| | 2 | 0.70 | |
| | 3 | 0.65 | |

### شىنجاڭنىڭ 2001 ـ يىللىق چىگىت سېتىۋېلىش باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| باھا رايونى | دەرىجىسى | توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| چىگىت | 1 | 0.67 | 1. چىگىت باھاسى ئۆزگىرىشسىز قىلىنمىدى. 2. جەدۋەلدىكى باھادا 2 ـ دەرىجىلىك چىگىت ئۆلچەملىك باھا قىلىندى، ھەر قايسى دەرىجە ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى 0.02 يۈەن/كىلوگرام بولدى. |
| | 2 | 0.65 | |
| | 3 | 0.63 | |

### 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ دەرىجە، ئۇزۇنلۇق پەرقى نىسبىتى

| تۈرى | 1 ـ دەرىجە | 2 ـ دەرىجە | 3 ـ دەرىجە | 4 ـ دەرىجە | 5 ـ دەرىجە | 6 ـ دەرىجە | 7 ـ دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31 مىللىمېتىر | 107 | 105 | 103 | 101 | | | |
| 30 مىللىمېتىر | 106 | 104 | 102 | 100 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 105 | 103 | 101 | 99 | | | |
| 28 مىللىمېتىر | 104 | 102 | 100 | 98 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 102 | 100 | 97 | 94 | 84 | | |
| 26 مىللىمېتىر | 100 | 97 | 94 | 90 | 80 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 97 | 94 | 90 | 86 | 76 | 66 | 56 |

### 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ دەرىجە، ئۇزۇنلۇق پەرق نىسبىتى

| ستاندارتى | 1 ـ دەرىجە | 2 ـ دەرىجە | 3 ـ دەرىجە | 4 ـ دەرىجە | 5 ـ دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| 37 مىللىمېتىر | 108 | 106 | 104 | | |
| 35 مىللىمېتىر | 106 | 104 | 102 | | |
| 33 مىللىمېتىر | 104 | 102 | 100 | 90 | 80 |

پەرقى نىسبىتى %5تىن %2كە تەڭشەلدى، ئۇزۇنلۇق پەرق نىسبىتى %5.2تىن %10كە تەڭشەلدى. جايلاردا ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۆلچەملىك دەرىجە جەھەتتە يولغا قويۇلغان باھا ئاساس قىلىنىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇش %10تىن ئېشىپ كەتمىگەن دائىرە ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلدى، ئاندىن دەرىجە، ئۇزۇنلۇق پەرقى باھاسى بويىچە ھەر قايسى دەرىجىنىڭ كونكرېت سېتىۋېلىنىش باھاسى ھېسابلاپ چىقىلدى. دەرىجە ئىچىدىكى ھەرە چىشلىق چىغىرىقتا چىقىرىلغان پاختا سېلىنغان كىيىمنىڭ زىينى قوشۇمچە يارىدىمنى جايلار ئۆلچەملىك باھانىڭ %4ى بويىچە ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان بولدى. ئۇزۇن تالالىق پاختا سېتىۋېلىش باھاسىدا ئىنچىكە تالالىق

پاختا بىلەن بولغان 3.1:1 ئالاق باھا سېلىشتۇرمىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، يەنى ئۆزۈن تالالىق پاختىنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسى (3 - دەرىجە، 33 مىللىمېتىر) دە يولغا قويۇلغان سېتىۋېلىش باھاسى ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ 520 يۈەن بولۇپ، دەرىجە، ئۆزۈنلۇقىنىڭ باھا پەرقى نىسبىتى %5تىن %2كە تەڭشەلدى. جايلاردا ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۆلچەملىك دەرىجىنىڭ يولغا قويۇلغان باھاسى ئاساس قىلىنىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى %10تىن ئېشىپ كەتمىگەن دائىرە ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلدى، ئاندىن دەرىجە، ئۆزۈنلۇق پەرقى باھاسى بويىچە ھەر قايسى كونكرېت سېتىۋېلىنىش باھاسى ھېسابلاپ چىقىلدى.

خەن لىپىڭ

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئىچكى ئېھتىياج جانلانمىغان، مال باھا كۆرسەتكۈچى كىچىك ـھەجىمدە ئاشقان ئەھۋالدا، ئۆزاقتىن بۇيان تۆۋەنرەك بولۇپ كەلگەن ئۆل كەسىپلەر باھاسى ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، ئاممىۋى كەسىپ، پاراۋانلىق مۇلازىمىتى باھاسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىلغۇ گاز باھاسى ۋە يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان توكىنىڭ ئېتىبار باھاسى تۈزۈپ چىقىلدى. بىر قىسىم ۋىلايەتلەردىكى ئېلېكتىر تورى مۇندەرىجىسىدىكى توك باھاسى، ئۈرۈمچىدىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېلىتى باھاسى، ئۈرۈمچى - سانجى لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋىلايەتلەرنىڭ يولۇچى بېلىتى باھاسى تەڭشەلدى. كۆمۈر سېتىش باھاسىغا قارىتا ھۆكۈمەت ئارىلىشىش تەدبىرى يولغا قويۇلدى، خام نېفىتتا ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىنكى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھەققى ئۆلچىمى، تۆمۈريولدا يۈك توشۇشنىڭ ۋاكالىتەن ئېلىنىدىغان پەرق ھەق ئۆلچىمى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرگە قارىتا تەرەققىيات كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تەننەرخى ئاساسىدا جايلاشقان ئورۇننىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ، ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسى بېكىتىلدى، دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى تاشيول تورى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چەت ئەل بانكىلىرى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدىغان ئالىي تاشيوللارغا قارىتا ئىجابىي ھەق ئېلىش سىياسىتى قوللىنىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى توختىتىش مۇلازىمىتىگە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، باھا مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلدى. جايلاردىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى بەزى باھا ۋە ھەق ئېلىش سىياسىتىنى ۋاقتىدا جانلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، جايلاردىكى ئېھتىياجنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىستېمال بازىرىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش، ئاپتوموبىلنى نوپۇسقا ئولتۇرغۇزۇش ۋە ساياھەت جەريانىدىكى خىراجەت يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا ئىستېمالدىكى بۇنداق قىزىق نۇقتىلارنىڭ باھاسى، ئېلىنىدىغان ھەققى باشقۇرۇش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ تەننەرخىگە چېچىلغان تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەقلەر قەتئىي چىقىرىپ تاشلاندى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئۆي - زېمىن خوجىلىقى باشقۇرۇشقا قارىتا باراۋەرلىك ئاساستا باھا چىقىرىش چارىسى قوللىنىلىپ، ئۆي - زېمىن خوجىلىقى باشقۇرۇش ھەققى نامۇۋاپىق بولۇش ھادىسىسى ھەل قىلىندى. ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش، نوپۇسقا ئولتۇرغۇزۇش، تەكشۈرۈش ھەققى ۋە ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى تۆۋەنلىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سودا بازىرىنىڭ مۇلازىمەت ھەققى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتوموبىل سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەندىشىسى ئازايتىلدى. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ئاشكارا باھاسىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلىك، نەرسە سېتىۋېلىش جەھەتلەردىكى باھا ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، «خېرىدارلارنى قۇربان قىلىدىغان» ھادىسىلەر چەكلىنىپ، ئاپتونوم رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

خەن لىپىڭ

## باھانىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا باھا تەرتىپى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىشقا ياخشى باھا مۇھىتى يارىتىلدى.

1. قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. جايلاردىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھۆكۈمەت دىققەت قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان باھاغا دائىر قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى زىچ چۆرىدەپ مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئېلىپ باردى، مۇھىت ئاسراش، چېگرا سودىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى، يەر باشقۇرۇش، سۈپەت نازارەتچىلىكى، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، قاتناش، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىنىدىغان ھەقنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سالدى ۋە قېلىپلاشتۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېگراف ھەققى، تېببىي داۋالاش - دورا، ساياھەتچىلىك، ۋاسىتىچىلىك مۇلازىمىتى، مائارىپ قاتارلىق 10 نەچچە ساھەگە دائىر باھا

ۋە ئېلىنىدىغان ھەق مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە باھا جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ۋە دېلودىن 7171ى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 43 مىليون 193 مىڭ 600 يۈەنگە ئىقتىسادىي جازا قوللىنىلدى، بۇنىڭدىن 25 مىليون 817 مىڭ 200 يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، 17 مىليون 376 مىڭ 400 يۈەن مۇئامىلىدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈم نامۇۋاپىق ھەق ئېلىنىدىغان تۈرلەر تەرتىپكە سېلىنىدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان 25 مىڭ دانە «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» تەكشۈرۈلۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىشنى ئېلان قىلغان ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 12358 نومۇرلۇق باھا مەسىلىسىنى پاش قىلىش تېلېفونىدىن 91ى يولغا قويۇلۇپ، پاش قىلىش شىكايىتىدىن 4670ى قوبۇل قىلىندى، ئامىمىنىڭ 2668 قېتىملىق سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى.

2. ئاشكارا باھانى يولغا قويۇش، باھا ئالدامچىلىقىنى مەنئى قىلىش نۇقتا قىلىنىپ، بازارنىڭ باھا تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. «باھا قانۇنى» ئېلان قىلىنغىنىغا 3 يىل بولغان پەيتتە، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاشكارا كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇقتىلىق ساھەلەردە بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ھەق تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلدى.

3. تېببىي دورا بازىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، دورىنىڭ ساختىلىق بىلەن ئۆستۈرۈلگەن باھاسى تۆۋەنلىتىلدى. تېببىي دورا بازىرىدىكى باھانى تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، 79 خىل ب تىپلىق دورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسى بەلگىلەندى. خېرىدار چاقىرىپ دورا سېتىۋېلىش باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى 8 چوڭ دوختۇرخانىنىڭ 85 خىل 144 ئۆلچەمدىكى دورىسىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە 30% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىلدى.

4. سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداينىڭ ئۆلچەملىك سورتى ۋاقتىدا تەڭشەلدى، ھەر قايسى دەرىجىدىكى سورتلار ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقى نىسبىتى پەرقلىق باھا سوممىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، باھا پەرقى مۇۋاپىق چوڭايتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقنى ئىشلىتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پايدا كۆپەيتىلدى. پاختا سېتىۋېلىش باھاسىنى يېتەكچى باھا ئارقىلىق باشقۇرۇش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، پاختىكار دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. «ئۇرۇق باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلۇپ، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈش ۋە ساختا ئۇرۇق ياساپ سېتىپ دېھقانلارغا ئورا كولايدىغان ۋە زىيان سالىدىغان قىلمىشلار قەتئىي چەكلەندى.

5. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىلدى. جايلار دۆلەتنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىغا ئالاقىدار «ئىككىنى ئۆزگەرتىش، بىردە باھا ئوخشاش بولۇش» سىياسىتىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ تورغا كىرگۈزۈلگەن توكلىرىنىڭ باھاسىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئالتاي، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يەنە ھەر قايسى ناھىيە ۋە بىڭتۇەنىڭ توك بىلەن تەمىنلىشىگە قارىتا توكنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلگۈچە سېتىش باھاسى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ساندىن ئېشىپ كەتكەن توك ئىستېمالىغا باھادا ئېتىبار بېرىلىپ، ئېلېكتر كۈچى جەھەتتىكى ئىستېمالغا ئىلھام بېرىلدى. سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، بايىنغولىن، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 80% يېزا ئېلېكتر تورىدا مۇندەرىجىدىكى توك باھاسىغا يېزىلاردىكى تۆۋەن بېسىملىق ئاسراش خىراجىتى قوشۇلغان باھا سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، يېزىلاردىكى ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.8 يۈەن تۆۋەنلىدى. جايلاردا يەنە يېزىلاردىكى توك باھاسىنى ۋە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قالايمىقان باھا قوشىدىغان، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان قىلمىشلار ئېنىقلاندى.

6. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېزىلاردىكى تۇراقلىق تېلېفوننىڭ دەسلەپكى ئورنىتىش ھەققى ۋە كۆچمە تېلېفوننىڭ تورغا كىرگۈزۈلۈش خىراجىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزىلاردا ئوخشاش توردىكى تېلېفوننىڭ باھاسى ئوخشاش بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىتلىرىغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى.

7. دېھقانلارغا چېتىلىدىغان باھا ۋە ھەقنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىنىپ، دېھقانلارغا چېتىلىدىغان باھا ۋە ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ھەقىقىي يەڭگىللىتىلدى. ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارغا چېتىلىدىغان ھەقلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ، توك، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەققى، پىلانلىق تۇغۇت، نىكاھلىنىشقا تىزىملىتىش، تېببىي داۋالاش - سەھىيە،

ماتارىپ، ئۆي سېلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى باھا، ئېلىنىدىغان ھەق ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاندى، يېزا - بازار كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ سېلىقىمۇ ھەق ئېنىقلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىدىكى كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالىدىغان ھەققى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، 130 نەچچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ، باھا جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 206 سى ئېنىقلىنىپ، 6 مىليون 563 مىڭ 800 يۈەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەرگە ۋە يېزىلاردىكى تۇرالغۇ جايغا، دېھقانلار سالىدىغان ئۆيدىن ئېلىنىدىغان ھەقلەرنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئەمەلدىن قالدۇرغان 47 تۈردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان نامۇۋاپىق ھەقلەر جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى، بەلگىلەنگەن ھوقۇق چەكلىمىسى ۋە تەرتىپ بويىچە تەستىق قىلىنمىغان تۈرلۈك ھەق ئېلىش تۈرلىرى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باھانى ئاشكارا كۆرسىتىش يېزىلارغىچە كېڭەيتىلىپ، دېھقانلارغا چېتىلىدىغان باھا ۋە ھەقلەرنى ئاممىغا ئېلان قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، نۇرغۇن جايلاردىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى باھانى ئوچۇق كۆرسىتىش ۋە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىدىكى گۇۋاھنامە كۆرسىتىپ ھەق ئېلىشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قانۇن بويىچە جازالاپ، يېزىلاردىكى باھا باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

خەن لىپىڭ

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا يېڭىدىن تىزىملانغان بازار سۇبيېكتى 132 مىڭ ئائىلە، ئۆزگەرتىپ تىزىملاشنى بېجىرگىنى 4180 ئائىلە، تىزىمدىن ئۆچۈرۈلگىنى 102 مىڭ ئائىلە بولدى. كارخانا نامىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ۋە كارخانىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى، كارخانىلارنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇش ئۆلچىمى ۋە سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەر بارلىققا كەلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى 456 مىڭ تىجارەتچىنى تەكشۈردى، 4893 تۈرلۈك بازارنى ئېنىقلىدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 19 مىڭ 200 ئائىلىنىڭ تىجارىتىنى بىكار قىلدى، كىنىشكىسىنى كۆرسەتمەي تىجارەت قىلغان 1881 ئورۇننى ئېنىقلىدى، 576 ئورۇننىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلدى، بىرەر ئورۇنغا چېتىشلىق كارخانىدىن 143نى، «ئۈچ يوق» كارخانىدىن 234نى ئېنىقلىدى، ئاشلىق، پاختا، تەييار ياغ، چېگرا ئاھالىسىگە سېتىلىدىغان چاي قاتارلىق مۇھىم تاۋارلار تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ تىجارەت سالاھىيىتىنى بېكىتتى. ئالدىن تەستىقلىتىشقا خىلاپلىق قىلغان 1047 كارخانىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. «بەش كىچىك» كارخانىدىن 37نى ئېنىقلىدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ئىچكى مەبلەغ كارخانىسى 56 مىڭ 800گە، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىسى 358 گە، تۈرلۈك بازار 1430غا، بازارلارنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 24 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ياڭ جۈن

## يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى يەككە سودا - سانائەتچى 419 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.1، ئۇلارنىڭ كەسپكارلىرى 643 مىڭغا يېتىپ، %5.9، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 5 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.6 ئاشتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 22مىڭ 400 گە يېتىپ، %18.2، ئۇلارنىڭ كەسپكارلىرى 281 مىڭغا يېتىپ، %30، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 23 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %55 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا تىپىدىكى خۇسۇسىي كارخانا 1400 دىن ئېشىپ، %41.19 كۆپەيدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (GDP) 23 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %15نى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %45نى ئىگىلىدى؛ دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 2 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.6 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي باج كىرىمىنىڭ %13.8نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي

كارخانىلارغا 924 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلى ئورۇنلاشقىنى 100 مىڭ 600 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ %33نى ئىگىلىدى.

ياڭ جۇن

## توختام نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپ توختام دېلوسىدىن 274نى، قانۇنغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن پۇلدىن 32 مىليون 100 مىڭ يۈەننى ئېنىقلىدى، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ توختام ماجىراسىدىن 562نى قوبۇل قىلىپ، 525نى ھەل قىلدى؛ 6437 كارخانىنىڭ توختامغا ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ھەقدارلارنىڭ 32 مىڭ پارچە توختامغا ئەمەل قىلىشىنى نازارەت قىلىپ، ھەقدارلارنىڭ 2 مىليون 360 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيانىنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە ئۈنۈملىرىدىن ساقلىنىشىغا ياردەم بەردى. توختامغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىناۋەتنى ساقلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، توختامغا ئەھمىيەت بەرگەن، ئىناۋەتنى ساقلىغان كارخانىلارنىڭ شۆھرىتى ئۆستۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ مەلۇم قىلىش ئاكتىپلىقى كۈچەيتىلدى.

ياڭ جۇن

## تاۋار ماركىسى ۋە ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا تىزىملىنىپ كۈچكە ئىگە بولغان تاۋار ماركىسى 8000 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلى تىزىملانغان تاۋار ماركىسى تەخمىنەن 2000.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلان تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن 1332 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.1، ئۇلارنىڭ كەسىپكارلىرى 9664 كە يېتىپ، %10.5، تىجارەت سوممىسى 503 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.8 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 689نى ئېنىقلىدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن %61.7 كۆپ، 790 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن %22.5 كۆپ، تاۋار ماركىسى بەلگىسىدىن 3 مىليون 203 مىڭنى يىغىۋېلىندى ۋە يىكار قىلىندى، ھوقۇقىدا دەخلى - تەرۇز قىلغان 605 تونىنا تاۋار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بىر يىلدا ئېلان قانۇنى ۋە نىزامىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 3998نى ئېنىقلاندى، 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

ياڭ جۇن

## ئىقتىساد تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 46 مىڭ 600نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو 39 مىڭ 500 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %141، دېلو قىممىتى 990 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %193، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 46 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %89 ئاشتى. دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار ئىچىدە چېتىشلىق سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە بولغان دېلو 294، 300 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە بولغان دېلو 138، 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى دېلو 68. ئەدلىيە ئورگانلىرىغا جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن يوللانغان دېلو 13، چېتىشلىق ئادەم 115.

ياڭ جۇن

## تۈرلۈك ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ناتوغرا رىقابەت دېلوسى 709 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3، دېلو قىممىتى 130 مىليون يۈەن بولۇپ، %1، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 10 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە رايونلار قامىلى ۋە ساھەلەر مونوپولىغا دائىر دېلو 53، دېلو قىممىتى 2 مىليون 940 مىڭ يۈەن؛ سودا پارىخورلۇقى دېلوسى 105، چېتىشلىق سوممىسى 34 مىليون 830 مىڭ يۈەن؛ يالغاندىن تەقلىد قىلىش دېلوسى 312، دېلو قىممىتى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن. «ئۈرۈمچى رايونىدىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ تىجارەت مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ سىناق تەرتىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، سۇغۇرتا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ياڭ جۇن

## ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش، ناچار تاۋارلارنى تۈگىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى يالغان، ساختا، ناچار تاۋار

ئىشلەش - سېتىش دېلوسىدىن 2163نى ئېنىقلىدى، دېلو قىممىتى 31 مىليون 530 مىڭ يۈەن، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 5 مىليون 60 مىڭ يۈەن. تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ دېلو قىممىتى 14 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ساختا تاۋار ئىشلەيدىغان ئۇۋىدىن 392 سى يەتچىت قىلىندى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدىكى ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش، ناچار تاۋارلارنى تۈگىتىشتە مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇنسىز ھالدا ھايىنىغا سېتىلغان ۋە يالغان، ساختا، سۈپەتسىز خىمىيۋى ئوغۇتتىن 3221.6 توننا، سۇلياۋ يوپۇقتىن 49 توننا، دېھقانچىلىق دورىسىدىن 3.92 توننا، دېھقانچىلىق ماشىنىسىدىن 156 دانە، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنىدىن 12 مىڭ 134 دانە تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، دېھقانلارغا ئورا كولايدىغان، زىيان سالىدىغان قىلمىشلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. ئىككىنچىدىن، چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىلنى قانۇنسىز سېتىۋېلىش قىلمىشىغا زەربە بېرىش، براكقا چىقىرىلغان ئاپتوموبىللارنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش بازىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. تۈرلۈك ئاپتوموبىللارنى قانۇنسىز قۇراشتۇرۇش ۋە براكقا چىقىرىلغان ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىپ چۇۋۇش ئۇۋىسىدىن 30ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تۈرلۈك قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل ۋە براكقا چىقىرىلغان ئاپتوموبىلدىن 165ى، قىممىتى 1 مىليون 880 مىڭ يۈەنلىك تۈرلۈك سەپلىمىدىن 21 مىڭ 142 سى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، يېمەكلىك، دورا، ئىچىملىك بازارلىرىنى تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ساختا، ناچار يېمەكلىكتىن 88 توننا، دورىدىن 230 مىڭ قاپ، ئىچىملىكتىن 500 مىڭ بوتۇلكىدىن ئارتۇق قولغا چۈشۈرۈلدى.

ياڭ جۈن

## ئىستېمالچىلار ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ قوغدىلىش ئەھۋالى

1. ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش نەتىجىسى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىنىپ، «ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش»نىڭ كۈچلۈك بولغان ھۇجۇم ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى. 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ساختا تاۋارلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىش نەتىجىسى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 10 چوڭ دېلو مىسالىنى ئېلان قىلدى. 3 - ئايدا «13 - مارت» ساختا تاۋارلارنى بىر تۇتاش كۆيدۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، «15 - مارت» ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىستېمال جەھەتتىكى ئەرز - شىكايەتنىڭ 10 چوڭ قىزىق نۇقتىسى ئېلان قىلىندى. 21 چوڭ تۈر، 894 ماركىدىكى، ئومۇمىي دېلو قىممىتى 14 مىليون 692 مىڭ يۈەنلىك يالغان، ساختا، ناچار تاۋار كۆيدۈرۈلدى. 4 - ۋە 9 - ئايلاردا ئۈرۈمچى رايونىدا دېزىنفېكسىيە قىلىنغان ساپ سۈت ۋە گۆش ياساملىرىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، سېلىشتۇرۇش سىنىقىنىڭ نەتىجىسى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىپ، ئىستېمالچىلارنى ئىلمىي يېتەكلەش مەقسىتىگە يېتىلدى.

2. «12315» تور قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. جايلاردا «12315» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش بويىچە دېلو پاش قىلىش يېتەكچىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك ئەرز - شىكايەت پونكىت - نۇقتىسىدىن 1400دىن كۆپرەكى تەسىس قىلىندى. 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئاپپاراتلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 2193 نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى؛ ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتىدىن 7065نى قوبۇل قىلدى، ئاددىي تەرتىپ قوللىنىپ، 4913 پارچە ئەرز - شىكايەتنى مۇرەسسە قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى 12 مىليون 440 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

3. ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ئاساسىي قاتلامنىڭ تور قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئەرز - شىكايەت يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمالچىلارنى ئىلمىي يېتەكلىدى، ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى پائال قوغدىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ئەرز ئېيتقىلى، مەسلىھەت سورىغىلى كەلگەن 180 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋېلىپ، 5656 پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلىپ ئىستېمالچىلارنى 5 مىليون 211 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. يېزا دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار شۆبە جەمئىيىتىدىن 553ى قۇرۇلدى.

ياڭ جۈن

# سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

## قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش كاتالوگى»، ئاپتونوم رايوندىكى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىدىغان، تەكشۈرىدىغان 17 ئاپپاراتنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ 871 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 400 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات قەرەللىك نازارەت قىلىندى، تەكشۈرۈلدى، بىر يىلدا مەھسۇلاتلار 14 مىڭ 47 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %70.73كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.15 پىرسەنت يۇقىرى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 245 بولۇپ، مەھسۇلاتى 316 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %82.59 بولدى؛ يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە تەكشۈرۈلگەن كارخانا 5241 بولۇپ، مەھسۇلاتى 6497 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %69.80 بولدى؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 3 بولۇپ، مەھسۇلاتى 3 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 881 بولۇپ، مەھسۇلاتى 1162 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %62.31 بولدى؛ توقۇمىچىلىق، ئاياغ كىيىم تۈردىكى مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 363 بولۇپ، مەھسۇلاتى 551 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %74.41 بولدى؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 453 بولۇپ، مەھسۇلاتى 580 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %69.66 بولدى؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 2893 بولۇپ، مەھسۇلاتى 3720 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %81.77 بولدى؛ ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 166 بولۇپ، مەھسۇلاتى 227 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.43 بولدى؛ مېتاللورگىيە مەھسۇلاتى، مېتال ياسالمىلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 109 بولۇپ، مەھسۇلاتى 369 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.60 بولدى؛ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 358 بولۇپ، مەھسۇلاتى 459 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %62.75 بولدى؛ باشقا مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 159 بولۇپ، مەھسۇلاتى 163 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.18 بولدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، زېڭ ۋېن

## بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، بىرىكمە ئوغۇت، بوتۇلكىلىق ئىچىملىك سۇ، ئىچىملىك، سېمونت، سۇۋالغۇ، سىر، سۈت مەھسۇلاتلىرى، سېمونت ستولبا، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ قاتارلىق 11 تۈرلۈك مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، 570 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 812 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلدى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %72.04 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان 83 كارخانىنىڭ 104 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.4 بولدى؛ بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان 26 كارخانىنىڭ 33 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %84.8 بولدى؛ ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 42 كارخانىنىڭ 42 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %35.7 بولدى؛ سىر ئىشلەپچىقىرىدىغان 21 كارخانىنىڭ 47 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %55.3 بولدى؛ سۇۋالغۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان 19 كارخانىنىڭ 23 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان 80 كارخانىنىڭ 119 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95.8 بولدى؛ سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدىغان 17 كارخانىنىڭ 20 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %30 بولدى؛ يۇمۇلاق بېتون ستولبا ئىشلەپچىقىرىدىغان 73 كارخانىنىڭ 168 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.4كە يەتتى؛ بوتۇلكىلىق ئىچىملىك سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان 121 كارخانىنىڭ 123 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %43.9 بولدى؛ جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان 88 كارخانىنىڭ 133 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %44.4 بولدى.

دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا بۇ قېتىمقىغىچە چوڭ سۇ چىقىرىش سودىسىغا بېرىلگەن ھالدا، گۈرۈچ، سۇ يېغى، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇدىن ئىبارەت 5 خىل مەھسۇلات بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1941 كارخانىنىڭ 1947 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 1229 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 63.14% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1050 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 573 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 54.6% بولدى؛ گۈرۈچ 68 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 55 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 80.9% بولدى؛ سۇ يېغى 577 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 525 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91% بولدى؛ جياڭيۇ 97 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 26 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 26.8% بولدى؛ ئاچچىقسۇ 155 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 50 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 32.3% بولدى. 5 خىل يېمەكلىك مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش جەريانىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار مەھسۇلاتى تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 76.9%، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 76.2%، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 60.7% بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، زىلى ۋېن

## سۈپەت نازارەت قىلىش - ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك سىستېمىسى ئوبوروت ساھەسىدىكى 67 خىل تاۋارنى نازارەت قىلدى، تەكشۈردى، بۇ تاۋارلار ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 8196 كارخانىغا چېتىلىدۇ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 45 مىڭ 266 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 84.8% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 721 ئورۇننىڭ 30 خىل تاۋىرىنىڭ سۈپىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 1280 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 58% بولدى؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇن، گۈرۈچ، سۇ يېغى، توڭلاتمايدىغان سۇيۇقلۇق، گۆش ياساملىرى، چاي، كۆزەينەك، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، گىلەم بۇيۇملىرى، قىممەت باھالىق مېتال زىننەت بۇيۇملىرى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئىشلىتىدىغان كۆمۈر، ئالتۇن قەغەز ھۆنەر - سەنئەت رەسىمى، سەھىيە - تازىلىق سايمىنى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، بېسىم تەڭشىگۈچ، توك سىمى - كابېل قاتارلىق 19 خىل تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 61.6% بولدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش پائالىيىتىدە، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، دېھقانچىلىق ماشىنىسى سەپلىمىلىرى قاتارلىق 6 خىل تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 49.1% بولدى؛ «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمى مەزگىلىدە، ئىمپېرتىز سۇيۇق ئىچىملىك، توڭلىتىلغان سوغۇق يېمەكلىك، سۈت ياساملىرى، ئويۇنچۇق، باللار ئاياغ كىيىمى تۈرىدىكى تاۋارلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 59.5% بولدى. بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىك تورى، بېزەك ماتېرىياللىرى، سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، دېرىزىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ياقۇت - قاشتېشى قاتارلىق تاۋارلار مەخسۇس تور بويىچە نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى؛ تور پاختا ياساملىرى ئۈدا 3 قېتىم نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. ھەر قېتىملىق تاۋار نازارەت قىلىش - ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ، قىسمەن سۈپىتى تۆۋەن تاۋار ۋە سېتىش ئورۇنلىرى ئاممىغا ئاشكارىلاندى. سۈپەت مەسىلىسى ئالاھىدە ئېغىر بولغان تاۋارلار پېچەتلەندى ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 165 كارخانىنىڭ 31 خىل مەھسۇلاتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەخسۇس خادىملارنى 276 كارخانىنىڭ نەق مەيداندىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى 213 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتنى تىپ شەكلىدە سىناپ كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، 175 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات ئۈستىدە

قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك 5 ئىدارە ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) 10 ئىدارە بولۇنغان مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش دېلو ماتېرىياللىرىنى باھالاپ، ئۆزگەرتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى باشقۇرۇش چارىسى»، «سەۋەبلىك ھاۋالىكارلىقنى سورۇشتۇرۇشتىكە دائىر ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «مەمۇرىي دېلولارنى 3 دەرىجە بويىچە بىرتۇتاش قىلىش تۈزۈمى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر يىلدا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەرتىپكە قىلىنغان دېلو 17 مىڭ 678 بولۇپ، مەمۇرىي جازا بېرىلگىنى 16 مىڭ 993، نەق مەيداندا جازالانغىنى 11 مىڭ 835، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىنغىنى 148، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگىنى 25؛ بۇ ئارقىلىق 102 مىليون 410 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى، 25 مىليون 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا كۆيدۈرۈلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## پار قازىنى، بېسىم قاچىسىنىڭ بىخەتەرلىكى نازارەت قىلىندى

ئېلگىرى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئۈستىگە ئالغان پار قازىنى، بېسىم قاچىسى، لىفت، پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالدىغان ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى قاتارلىق ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ فۇنكسىيە ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىدى. بىر يىلدا 96 قارار تۈرلۈك گۇۋاھنامە ئېلىش - يەڭگۈشلەش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 2624 ئادەم تەربىيىلەندى. پار قازىنى چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش يىغىنى 30 قېتىم ئېچىلىپ، 179 يۈرۈش چېرتيوژ تەكشۈرۈلدى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پارقازىنى زاۋۇتىنىڭ AR ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق «جىنبو» بېسىم قاچىسى ياساش شىركىتىنىڭ DR5، BR1 دەرىجىلىك بېسىم قاچىسى ياساش سالاھىيىتى گۇۋاھنامە يەڭگۈشلەش بويىچە تەكشۈرۈلدى، 4 ئورۇننىڭ BR1 دەرىجىلىك بېسىم



2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئوبوروت ساھەسىدىكى تۈرلۈك تاۋارلارنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى 8196 تىجارەت كارخانىغا چېتىلدى. سۈرەتتە: سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى بازاردىكى تاۋارلارنى تەكشۈرمەكتە.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەمىنلىگەن

ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش بويىچە سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، 448 كارخانىنىڭ 456 ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى، 223 كارخانىغا مەملىكەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى. ئىجازەتنامە ئالغان 100 نەچچە كارخانا ئىشلەپچىقارغان سېمونت ستولىپا نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99تىن ئاشتى. كىنىشكىسىز كران، ئاليۇمىن ئىشىك - دېرىزە، سۇلياۋ ئىشىك - دېرىزە، ئېرىتكۈچى ئاتېبتلىن ئىشلەپچىقارغان 4 كارخانا ئېنىقلاپ چىقىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىم 2517 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 944، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 1573. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۆز سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا

قاچىسى ياساش سالاھىيىتى گۇۋاھنامە يەڭگۈشلەش بويىچە تەكشۈرۈلدى، 3 ئورۇننىڭ BR1 دەرىجىلىك بېسىم قاچىسى ئىشلەش سالاھىيىتى گۇۋاھنامە ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈلدى، نورمال بېسىملىق پار قازىنى ياساش ئورنىدىن 17 سى، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىن 7 سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. 3 ئورۇننىڭ بېسىم تۇرۇبىسىنى قۇراشتۇرۇش سالاھىيىتى بىرلەشمە تەكشۈرۈلدى، 43 ئورۇننىڭ بېسىم تۇرۇبىسىنى قۇراشتۇرۇش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلۈپ قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىندى. گاز تۇڭغا گاز قاچىلاش ئورنىدىن 34نىڭ گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەندى، 20 سى گۇۋاھنامە ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا گۇۋاھنامە بېرىلدى، بىرنىڭ گاز قاچىلاش سالاھىيىتى بىكار قىلىندى. پار قازىنى، بېسىم قاچىسى، بېسىم تۇرۇبىسى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن تېرىيۇمى قۇراشتۇرۇش - رېمونت قىلىش ۋە پار قازىنى خىمىيىلىك تازىلاش لايىھەسىدىن 247 يۈرۈشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. پار قازىنى قۇراشتۇرۇش ئورنىدىن 48ى ۋە پار قازىنىنى خىمىيىلىك تازىلاش ئورنىدىن 15ىگە قارىتا گۇۋاھنامە ئېلىش، يەڭگۈشلەش بويىچە تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتى ئىشلەندى، پارقازىنىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان 4 ئورۇنغا ھوقۇق بېرىش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. بىر يىلدا 58 پار قازىنىنىڭ ياسىلىش سۈپىتى، 349 بېسىم قاچىسى، 72 پار قازىنىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى، رېمونت قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىشى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، 200 پار قازىنى قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، ئىمپورت قىلىنغان 116 پارقازىنى بېسىم قاچىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارى 3 شارىسىمان كومزەكنىڭ نەق مەيداندا قۇراشتۇرۇلۇشى، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن 20 پار قازىنى بېسىم قاچىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بېسىم قاچىسىدىن 94ى قەرەللىك سىناپ كۆرۈلدى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى توشۇيدىغان باكلىق ئاپتوموبىلدىن 150ى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز توشۇيدىغان تۆمۈريول باكلىق ئاپتوموبىلدىن 58ى سىناپ كۆرۈلدى، تۇرلۇك بىخەتەرلىك كلاپانىدىن 200ى تەكشۈرۈلدى، تېببىي داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن تېرىيومىدىن 15ى سىناپ كۆرۈلدى، نورمال بېسىملىق قاچىدىن 11ى قەرەللىك سىناپ كۆرۈلدى، 66.5 كىلومېتىر تۇرلۇك بېسىم تۇرۇبىسىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش سۈپىتى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى.

2001 - يىلى شىنجاڭدا 3 قېتىم نورمال بېسىملىق پار قازىنى (يەرلىك پار قازىنى) پارتلاپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 8 ئادەم ئېغىر يارىدار بولدى، 216 مىڭ 500 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى؛ بىر قېتىم بېسىم قاچىسى ئېغىر بۇزۇلۇش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 2 ئادەم ئۆلدى. بىر قېتىم گاز تۇڭى پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 3 ئادەم يېنىك يارىلاندى، 3000 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم شىنجاڭ سۈپەت مۇنبىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، مۇنبەر پائالىيىتىگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەت سۈپەت نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر-دىن 200 دىن كۆپ ئادەم قاتناشتى، مۇنبەر پائالىيىتىدە 120 نەچچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە 36 پارچە، 8 ئادەم مەخسۇس تېمىدا سۆزگە چىقتى. 15 كارخانا 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان غەربىي قىسىمدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلار كۆرگەزمە قىلىندىغان يەرمەنكىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭدىن قاتناشقان 15 كارخانىدىن 10 نىڭ مەھسۇلاتى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى. «سۈپەت ئېيى» تەشۋىقاتى پائالىيىتى جەريانىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 270 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى ۋە ئۇلارغا مەسلىھەت مۇلازىمىتى قىلىندى. سۈپەت مۇتەخەسسىسلىرى تەربىيىلەندى ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تىزىملاتقان ئادەم 1800 بولۇپ، 1078 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 5.3% بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، چېن شېڭخې

## ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش، سۈپەتلىك تاۋارلارغا مەدەت بېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ساختا تاۋارلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم ساختا تاۋارلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار 33 مىڭ 991 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، 3673 دېلو

تۇرغۇزۇلۇپ، 2242 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، دېلولاردا كۆرسىتىلگەن قىممەت 94 مىليون 910 مىڭ يۈەن، ساختا تاۋار ئىشلەيدىغان 276 ئۇۋا ۋەيران قىلىندى. بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن قانات يايدۇرۇلغان 2 - قېتىملىق ساختا تاۋارلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 12 مىڭ 905نى ئېنىقلاپ چىقتى، قانۇنغا خىلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلارنىڭ كۆرسىتىلگەن قىممىتى 324 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ساختا تاۋار ئىشلەش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 370ى ۋەيران قىلىندى، 25 تۈردىكى 358 خىل يالغان، ساختا، سۈپەتسىز تاۋار كۆيدۈرۈلدى، بۇلارنىڭ قىممىتى 26 مىليون 118 مىڭ 900 يۈەن. پەسىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش»، «بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ، قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش»، «پاختىنى تەكشۈرۈپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش»، «يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش»، «يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش»، «تېببىي داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ، جىسمانىي ساغلاملىققا كاپالەتلىك قىلىش» قاتارلىق 10 نەچچە مەخسۇس تۈر بويىچە ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئېنىقلاپ چىقىلغان سۈپەتسىز بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ كۆرسىتىلگەن قىممىتى 6 مىليون 680 مىڭ يۈەن؛ كىچىك پولات پروكاتلاش ئۇۋىسىدىن 31ى بېتچىت قىلىندى، سۈپەتسىز پولات ماتېرىيالدىن 3000 توننىدىن كۆپرەك، قانۇنسىز پولات تاۋلاش، پولات پروكاتلاش ئۈسكۈنىسىدىن 33ى قولغا چۈشۈرۈلدى؛ ساختا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 13ى بېتچىت قىلىندى، سۈپەتسىز خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 11 مىڭ 208 توننا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقتىن 603 توننا، دېھقانچىلىق دورىسىدىن 229 توننا، ئۇرۇقتىن 757 توننا، تراكتور، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 137 دانە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سەپلىمىسىدىن 300 نەچچە خىلى قولغا چۈشۈرۈلدى؛ قانۇنسىز ماي ئايرىش زاۋۇتىدىن 16 سى تېپىلىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا ئايرىلغان 553 توننا ماي، ماي ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن 6 سى قولغا چۈشۈرۈلدى؛ قانۇنسىز پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇۋىسىدىن 46 سى ئېنىقلاندى، پاختا جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلىش دېلوسىدىن 327 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ كۆرسىتىلگەن قىممىتى 134 مىليون يۈەن. ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەممە شەھەر - ھەممە دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق، پەشتاختىلار پاكىز بولۇش، مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم دۇكان، خاتىرجەم كوچا بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى «دېپەي»، «كوئېنلۇن» ماركىلىق سەھىيە - تازىلىق سايمانلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىلىشتىن ئىلگىرى %13تىن %36كە كۆتۈرۈلدى. مىچۈەن شەھىرىدىكى «مىنشىن» مېتال ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىدە ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش جەريانىدا يەرلىك پولات چىۋىقتىن 1200 توننىدىن كۆپرەك، تەييار سىمدىن 100 توننىدىن كۆپرەك، سىغىمى 2 توننا كېلىدىغان ئوتتۇرا چاستوتىلىق پار قازاندىن 12 سى، يەرلىك ئۇسۇلدا پولات چىۋىق ئىشلەپچىقىرىش قېلىپىدىن 146 سى، تاشلاندۇق پولات - تۆمۈر خام ئەشياسىدىن 4300 توننىدىن كۆپرەك قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇ يەردىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى سۈپەتسىز بۇيۇملارنى مۇسادىرە قىلىش ۋە كۆيدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇتتا تۇرۇشقا خىزمەتچى خادىملارنى ئەۋەتىپ، «مىنشىن» شىركىتىنىڭ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلىشىغا يەردەم بەردى، تۆز قويۇش ھۈنەر - سەنئىتى تىك قويۇش ھۈنەر - سەنئىتىگە ئۆزگەرتىلىپ سىغىمى 2 توننا كېلىدىغان 6 گورۇپپا ئوتتۇرا چاستوتىلىق پار قازان چۈۋۈلۈپ، 10 توننىلىق تۇراقلىق توك ئىشلىتىدىغان پايسىمان قازانغا ئۆزگەرتىلدى. سۈپەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە سىناپ كۆرۈش قەتئىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، شۇ يىلى لاياقەتلىك پولات مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى، شۇنداقلا ھەر توننىسىنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىن 30 يۈەن يۇقىرى بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى تىجارەت خاراكتېرلىك 110 مىڭ 943 توننا پاختىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئىشىنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنچىكە تالالىق پاختا 99 مىڭ 587 توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 743 توننا. 7086 تۈركۈم، 136 مىڭ 441 توننا پاختىنى ھاۋالە بويىچە تەكشۈردى، 3034 تۈركۈم، 39 مىڭ 964 توننا پاختىنى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈردى؛ 514 تۈركۈم، 11 مىڭ 98 توننا پاختىنى كېسىم چىقىرىش يۈزىسىدىن تەكشۈردى. 42 تۈركۈم، 2600 توننا يىپەكنى تەكشۈردى، 1063

تۈركۈم، 9867 تونىنا قوي يۇڭىنى ھۆكۈمەت كۆزىتىش ھالىتىدىن ئۆتكۈزدى؛ ئۆچكىنىڭ ئەسلى تىۋىتىدىن 1765 تۈركۈم، 669 تونىنا، تارالغان تىۋىتىدىن 22 تۈركۈم، 29 تونىنا تەكشۈردى، قوي يۇڭى (تىۋىتى) دىن توقۇلغان پوپايكا، ئوقۇغۇچىلار ئورۇن - كۆرپىسى قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى ھەمدە كۈندىلىك نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن سىناپ كۆردى، 60 كارخانىنىڭ 4 چوڭ تۈردىكى 190 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا يىپ 154 تۈركۈم، پاختا رەخت 12 تۈركۈم، يۇڭ رەخت 6 تۈركۈم، يۇڭ (تىۋىت) پوپايكا 18 تۈركۈم، بۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى پۈتۈنلەي %100 بولدى؛ 7553 تۈركۈم توقۇمىچىلىق بۇيۇمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قوبۇل قىلدى. پاختا تىجارىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم سايمىنىدىن 2463نى تەكشۈرۈپ بېكىتتى؛ پاختا دەرىجىسىنىڭ ناتوغرا ئۆلچىمىدىن 2636 يۈرۈشنى تەقلىد قىلىپ ياسىدى ۋە تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تالالىق چىغىرىق پاختىسى ئۆلچىمى 700 يۈرۈش، ھەرە چىشلىق چىغىرىقتا چىقىرىلغان پاختا ئۆلچىمى 1300 يۈرۈش، ئۇزۇن تالالىق پاختا ئۆلچىمى 120 يۈرۈش، پاختا تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئىمتىھاندا ئىشلىتىدىغان پاختا ئەۋرىشكىسى 406 يۈرۈش، تەبىئىي رەڭلىك پاختا ئۆلچىمى 110 يۈرۈش. رەڭلىك پاختا ئۆلچىمىنىڭ ياسىلىشى مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە سۈپەت تەكشۈرۈش بويىچە «قوش 100 ئۆزۈشى» قانات يايدۇرۇلدى، 6000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 1500 دىن ئارتۇق سېتىۋېلىش نۇقتىسى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، چەكتىلىك پاختا دۆۋىسىدىن 950ى، پاختىكار دېھقانلار ساتىدىغان پاختا كىچىك ئەۋرىشكىسىدىن 5000 نەچچىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. سۈپەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 293ى ئېنىقلاندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سوممىسى 36 مىليون 320 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئۆلچىمى ۋە تېخنىكا قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان سېتىۋېلىش پونكىتلىرى جازالاندى، دۆلەت ئاشكارا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان كىچىك پاختا چىقىرىش ماشىنىسى، يەرلىك پاختا تايلاش ماشىنىسىدىن 100 نەچچىسى ئېنىقلاندى، مۇسادىرە قىلىندى، «قارا نىيەتلىك» پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈۋىسىدىن 158ى، سېتىش ئۈۋىسىدىن 343ى ئېنىقلاندى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، «قارا نىيەتلىك» پاختا ياسالمىسىدىن 19 مىڭ 842 سى، ساختا بۇيۇم ياساش ئۈسكۈنىسىدىن 310ى، ئۇلارغا پىششىقلاپ ئىشلەشكە بېرىلگەن خام ئەشيا، قوشۇمچە ماتېرىيالدىن 10 نەچچە تونىنا مۇسادىرە قىلىندى. ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بېرىپ، مەكتەپ مەركەزلىك ھالدا سېتىۋالغان پاختا ياسالمىلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلۈپ، ئېغىر سۈپەت مەسىلىسى بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش ئورۇنلىرى جازالاندى ھەمدە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاممىغا ئاشكارىلاندى. پاختا ئوراش رەختىدە ساقلانغان سۈپەت مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا ئوراش رەختىنىڭ سۈپىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ پاختا ئورايدىغان رەخت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، پاختا - تېرىلىدىن توقۇلغان رەخت ئىشلىتىپ ئورالغان پاختىدىن 45 مىڭ 500 تايدىن كۆپرەك، 3640 تونىنا ئېنىقلاپ چىقىلدى. بىر يىلدا تالا سۈپىتىدە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 779ى بېجىرىلدى. بۇلار چېتىلىدىغان سوممىسى 180 مىليون 770 مىڭ يۈەن؛ 614 بىگە دېلو تورغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو 79؛ نەق مەيداندا چارە كۆرۈلگىنى 165 دېلو، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 8 مىليون 740 مىڭ يۈەن؛ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 616، مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىدىغان باشقا ئورگانلارغا يوللاپ بېرىلگىنى 9.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ لىئي

## ئۆلچەم بېكىتىش ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىلى «ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي موز سۈيى»، «جۇڭگو قوغۇن ئۇرۇقى» دىن ئىبارەت 2 تۈرنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. «سۇرلەنگەن ئات گۆشىنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى»، «بېنزىندىكى سۇزۇلدۇرۇش دورىسى تەركىبىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى» قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ 31 يەرلىك ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ كۈچكە ئىگە بولغان يەرلىك ئۆلچىمى 186گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلىنىدىغان ئۆلچەم 64، كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان ئۆلچەم 122. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 1883ى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قوبۇل قىلغىنى 272. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنگە ئېلىنىپ كۈچكە ئىگە بولغان ئۆلچەم 5430غا يەتتى.

جاۋ شاۋشۇڭ، خالىدە

## خەلقئارا ئۆلچەمنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلاپ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق، 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ 62 مەھسۇلاتى خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات

بەلگىسىنى ئىشلىتىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى؛ 48 مەھسۇلات ئۆلچەملىك مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىنىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇڭ، خالىدە

## قوشۇمچە ـ 1

**ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىلى خەلقئارا ئۆلچەم بەلگىسى ئىشلەتكەن مەھسۇلاتلىرى**

OE36.4tex گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ (ساۋەن ناھىيىلىك «خەيتيەن» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، بىرىكمە ئوغۇت (شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى تەمىنات ـ سودا باش شىركىتىنىڭ «خۇيىنۇڭ» بىرىكمە ئوغۇت زاۋۇتى)، 11 گرادۇسلۇق «توفېڭ» پىۋىسى (ئاقسۇ «توفېڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، رەڭلىك ئورالمىلىق قەغەز ساندۇق، قەغەزقاپ (شىنجاڭ «بوفېڭ» ئوراش چەكلىك شىركىتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق پۈۋلەپ ياسىلىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ ئارال سۇلياۋ ياسالمىلىرى 2 ـ زاۋۇتى)، كالتسىي كاربىد (كاربىد) (قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات زاۋۇتى)، سۇلياۋ تاغار (قۇمۇل شەھىرى «ياجۇ» بىرلەشمە سۇلياۋ ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى)، «ئاۋات» ماركىلىق قاچا ـ قۇچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى (شىنجاڭ «ۋۇتوڭ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، سۇلياۋ تاغار (شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى)، ئېرىتىش ئېتىمنى (شىنجاڭ «خواجۇ» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركىتى)، پىۋا (كورلا شەھىرى «كۆنچى دەرياسى» پىۋا زاۋۇتى)، ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان 90 ـ نومۇرلۇق قوغۇشۇنسىز بېنزىن، 0 ـ نومۇرلۇق يېنىك دىزىلىن (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى)، ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان 90 ـ نومۇرلۇق قوغۇشۇنلۇق بېنزىن، 45 ـ نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى)، قاپلىما تورۇبا ۋە ماي تورۇبىسى (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنا سانائىتى باش شىركىتى)، L－ESC40 لىق بېنزىن ماتور ئاپتولى، L－ECC30 لىق دىزىلىن ماتور ئاپتولى (شىنجاڭ كۈيتۇڭ «تيەنجىن» سودا ـ سانائەت چەكلىك شىركىتى)، بىرىكمە ئوغۇت (شىخەنزە ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى «جېڭگىي» مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق پۈۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى سۇلياۋ زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق پۈۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (يەكەن ناھىيىلىك سۇلياۋ زاۋۇتى)، S9 يۈرۈشلۈك توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور (شىنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەر «داچى» ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىلىق پۈۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (مەكىت ناھىيىلىك سۇلياۋ زاۋۇتى)، OE83.3tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ، OE58.3tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ، OE48.6tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ، OE36.4tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ، 27.8tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ (يەكەن گاز ئېقىملىق توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، 10 گرادۇسلۇق BX شىخۇ پىۋىسى (شىنجاڭ شىخۇ پىۋىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شىخۇ شۆبە شىركىتى)، سانائەت سۇلغات كىلاتاسى (توقسۇن ناھىيىلىك «شۆيىڭ» ئىشۇكېتون تەرەققىيات باش زاۋۇتى)، 19.5tex ساپ پاختا يىپ، 27.8tex ساپ پاختا يىپ، J14.6tex ساپ پاختا يىپ (بورتالا ئوبلاستلىق پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق پۈۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى 83 ـ تۇەن «شىڭنۇڭ» سۇلياۋ زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق پۈۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (جىڭ ناھىيىلىك «دۇڭخەي» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتى)، قىزىلچا دانىچە ئارزىگى (بورتالا ئوبلاستلىق «تيەنيۈەن» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، زىخ توپلانما تىپلىق ئاتا سىم ئوقۇرى (سانجى شەھەرلىك ۋېكلىيۇچاتېل، ئېلېكتر سايمان ـ ئۈسكۈنىلىرى ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۆۋەن بېسىملىق سۇمۇرۇپ چىقىرىش شەكىللىك ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى (كۈيتۇڭ شەھەرلىك ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، J18.2tex لىك ساپ پاختا يىپ، J27.8tex لىك ساپ پاختا يىپ، 18.2tex لىك ساپ پاختا يىپ، 27.8tex لىك ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ كۈيتۇڭ «يۈنسېن» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، J18.2tex لىك ئۈز رەڭلىك پاختا يىپ، 18.2tex لىك ئۈز رەڭلىك ئادەتتىكى پاختا يىپ، 27.8tex لىك ئۈز رەڭلىك ئادەتتىكى پاختا يىپ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 103 ـ تۇەن ـ مەيدان پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، تېببىي داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزىنىڭ ئوكسىگېن

ئىشلەش شۆبە زاۋۇتى) ، ئېرىتىش ئېتىنى (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «جىيايۇ» سودا - سانائەت باش شىركىتى) ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق يۇۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (شىخەنزە سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتى) ، CO4—2 ماركىلىق ھەرخىل رەڭلىك ئالكوگول كىسلاتاسلىق ماگنىتلىق سىر (سانجى شەھەرلىك «رۇيبور» خىمىيىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى) ، قوش قەۋەتلىك نورسىمان يەشىك قەغىزىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ساندۇق (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تەيياڭ» ئوراش چەكلىك شىركىتى) ، پاختا ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يۈنخۇڭ» ئىلمە توقۇلما باش زاۋۇتى) ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق يۇۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى) ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ۋىنىللىق يۇۋلەپ ئىشلىنىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ ئارال سۇلياۋ ياسالمىلىرى 1 - زاۋۇتى) ، 14.5tex لىك سىپتا پاختا يىپ (شىنجاڭ شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى) ، ئۆز رەڭلىك پاختا رەخت (27.8tex x27.8tex) (شىنجاڭ كۈيتۈڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى) ، 18.2tex لىك ساپ پاختىدىن ئېگىرىلگەن ئادەتتىكى يىپ، گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ئۆز رەڭلىك پاختا يىپ (شىنجاڭ ئارال «شىنجاڭچىلىق» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى) ، OE36.4tex لىك ساپ پاختا يىپ، 18.2tex لىك ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ ئاقسۇ «يىڭخەي» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، OE58.3tex لىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن يىپ، ئۆز رەڭلىك پاختا يىپ (شىنجاڭ «بوسەي» سىپتا توقۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) .

## قوشۇمچە - 2

ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق خەلقئارا ئۆلچەم قوللىنىش ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلاتلىرى

32.5 سىلىكاتلىق سېمونت (ئۈنسۇ ناھىيە «لەنفېڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولى ۋىنىل خلورىد (PVC—V) لىق تۇرۇبا (شىنجاڭ ئارال سۇلياۋ ياسالمىلىرى 2 - زاۋۇتى) ، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ خېجىڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «خۇاجۇ» بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت زاۋۇتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.2 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «تارىم» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، ئىستېمال قىلىنىدىغان ئىسپىرت (شىنجاڭ «خوكۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ شىخەنزە «نەنشەن» سېمونت زاۋۇتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى) ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي سۇلفىد (تورپان ۋىلايەتلىك «رۇيدې» خىمىيە، يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى باش شىركىتى) ، V يۈرۈشلۈك 3 فازىلىق بىماس قەدەملىك ئېلېكتر دىۋىگاتېل (شىنجاڭ ئېلېكتر سايمانلىرى ياساش شىركىتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى «يۈڭدا» سېمونت زاۋۇتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «يۇدا» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، ئاق شېكەر (بورتالا ئوبلاستلىق «تيەنيۈەن» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 42.5 سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (خوتەن ۋىلايەتلىك دۆۋا سانائەت باش شىركىتىنىڭ سېمونت زاۋۇتى) ، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى) ، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (پىچان ناھىيە «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ شىخەنزە «شىخۇڭ» سېمونت زاۋۇتى) ، ئىستېمال قىلىنىدىغان ئىسپىرت (شىنجاڭ كۈيتۈڭ «چېنشىن» ئىسپىرت چەكلىك شىركىتى) ، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى يامانسۇ كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سېمونت زاۋۇتى) ، ئادەتتىكى ئىشلىتىش يوللىرى تۆۋەن كاربونلۇق پولات سىم (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھ شىركىتى «جىيايۇ» سودا - سانائەت باش شىركىتى) ، ماي سۈمۈرۈش تۈۋرۈكىگە ئىشلىتىلىدىغان قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان يۇمىلاق پولات (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، پەنەركە (ئىلى «تەڭرىتاغ» پەنەركە زاۋۇتى) ، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (بورتالا سايرام بىناكارلىق

ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت (غۇلجا ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى)، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت («تۇنخې» كۆكتوقاي سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ كازىۋەن سېمونت زاۋۇتى)، 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 32.5 بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 42.5 سىلتىسى كىسلاتالىق II شەكىللىك سېمونت (شىنجاڭ «چىڭسۇڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى - خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سېمونت زاۋۇتى)، نېفىت (گاز) ئېلىش قۇدۇقى ئاغزى قورۇلمىسى (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىستانوك ياساش باش زاۋۇتى)

جاۋ شاۋشۇڭ، خالىدە

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىل 4 - ئايدا سانجى ئوبلاستىنىڭ «شېكەر ماتېرىيالى بولغان قىزىلچىنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەشتۈرۈش» ۋە ش ئۇ ئا ر تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ «سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق مېرىنوس قويىنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە 2 ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى تاللاپ كەسىپلەشتۈرۈش ۋە داڭلىق مەھسۇلات يارىتىشتا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى ۋە كېڭەيتىش تۈرى قىلىپ بېكىتتى. دۆلەتلىك ئىدارىنىڭ 3 - تۈركۈمدە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈرىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون مەلۇم قىلغان «تۇرپان ئۈزۈمى»، «چىڭگىل تىۋىتلىق ئۆچكىسى»، «جىڭ ئالقاتى»، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قورۇلۇشى»، «چاپچال ناھىيىسىنىڭ تەگىرىتاغ بۇغىسى»، «ئاۋات ناھىيىسىنىڭ پاختىسى» دىن ئىبارەت 6 تۈرنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ساۋەن ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيىسى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە شۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىندى. پاختا جەھەتتىكى دۆلەتنىڭ ناتۇرا ئۆلچىمىنىڭ تەكشۈرۈشكە يوللانغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش ۋە «تەبىئىي رەڭلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا» نىڭ تەكشۈرۈشكە يوللانغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دۆلەتنىڭ پاختا پېرىيوم قىلغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى سىناش، پاختا ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى ھەمدە پاختا جەھەتتىكى دۆلەتنىڭ 2000 يۈرۈش ناتۇرا ئۆلچىمىنى تەقلىد قىلىپ ياساش نۇسخىسى ۋە رەڭلىك پاختىنىڭ 60 يۈرۈش يەرلىك ناتۇرا ئۆلچىمىنى تەقلىد قىلىپ ياساش ئىشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە نازارەت قىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى»، «يەم - خەشەك بەلگىسى» جەھەتتىكى دۆلەتنىڭ 2 تۈرلۈك مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچىمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، سېتىش ئورۇنلىرى، توپ - پارچە سېتىش دۇكانلىرىغا قارىتا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار 2912 قېتىم ئىشقا سېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، سېتىش ئورۇنلىرى، توپ - پارچە سېتىش دۇكانلىرى 2530 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 83.8%، يەم - خەشەك بەلگىسى تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 76% بولدى. بېنزىن سۈزۈلدۈرۈش خورۇچىنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچىمىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇشقا دائىر ئۇقتۇرۇشتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە بېنزىن ئىشلەپچىقىرىدىغان، بېنزىن توشۇيدىغان قىسمەن ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى ھەمدە بېنزىن سۈزۈلدۈرۈش خورۇچى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئەھۋالى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 3 كارخانا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات، يەنى ئۈرۈمچى «جىنيۈەن» ئېنېرگىيە تېجەش چەكلىك شىركىتى ساتقان دىراك، پېۋۇ يېقىلغۇ ماي سۈزۈلدۈرۈش خورۇچى، شاڭخەي «بولىڭ» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «JS—CA» تېپلىق بېنزىن سۈزۈلدۈرۈش خورۇچى، لەنجۇ «ئەندى» نېفىت - خىمىيە شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «پەرىزات» ماركىلىق بېنزىن سۈزۈلدۈرۈش خورۇچى

ماقۇللاندى.

جاۋ شاۋشۇالڭ، خالىدە

## «15 - مارت» تەشۋىقات پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى 2001 - يىل 3 - ئايدا «سوۋېت — ھاياتنىڭ بىخەتەرلىكىگە، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك» دېگەن بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە مۇخبىرلار 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە تور پاختا، تالا بۇيۇملىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، پولات ماتېرىيال قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، سۈپەتسىز تور پاختىدىن 1000 دىن ئارتۇقى ئېنىقلاندى؛ ساختا قاراچاي دېلوسىدىن بىرى پاش قىلىندى، ئۇنىڭ دېلو قىممىتى 400 مىڭ يۈەن؛ ساختا تاۋار ئىشلەش ئۇۋىسىدىن 4 ى، يەرلىك پولات تاۋلاش ئۇۋىسىدىن بىرى بىتچىت قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 11 خىل مەھسۇلات (تاۋار) سۈپىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈش نەتىجىسىنى ۋە ساختا تاۋارلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىش جەريانىدىكى 10 چوڭ دېلونى جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئۈرۈمچى رايونىدا 14 تۈردىكى 180 خىل، دېلو قىممىتى 18 مىليون 420 مىڭ يۈەنلىك يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلار كۆيدۈرۈلدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى دېلو قىممىتى 24 مىليون 890 مىڭ يۈەنلىك يالغان، ساختا، ناچار تاۋارنى كۆيدۈردى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسى ئالدىدىكى مەيداندا ئۈرۈمچى رايونىدىكى سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىنىڭ «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

جاۋ شاۋشۇالڭ، خالىدە

## مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولىدىغان كوچا

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولىدىغان كوچا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. خوتەن شەھىرىدىكى «بېيجىڭ» كوچىسى، چۆچەك شەھىرىدىكى «شىنخۇا» كوچىسى، كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى «ئىتتىپاق» شەرقىي كوچىسى، شىخەنزە شەھىرىدىكى «شياڭخۇڭ» غەربىي كوچىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 7 كوچا دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ئۇلارغا «مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولىدىغان كوچا» دېگەن نام بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىكى «جەنۇبىي تەڭرىتاغ» سودا كوچىسى، قاراماي شەھىرىدىكى «جۇڭغار» كوچىسى، سانجى شەھىرىدىكى، «يەنئەن» شىمالىي كوچىسى 2000 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتكەن.

جاۋ شاۋشۇالڭ، خالىدە

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتى

شىنجاڭدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلار كودىنى باشقۇرۇش مەركىزى 2001 - يىلى تەشكىلىي ئاپپاراتلار كود كىنىشكىسىدىن 29 مىڭ 284 نى يېڭىدىن تارقاتتى، كودنىڭ ئېلېكترونلۇق كۆپەيتىلمىسى بولغان IC كارتوچكىسىدىن 31 مىڭ 765 نى تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچكە ئىگە بولغان تەشكىلىي ئاپپارات كود كىنىشكىسى بېجىرگەن ئورۇن 176 مىڭ 286 گە يەتتى. 2 ئۆلچەملىك تاۋار رەت نومۇرى ئىشلىتىدىغان بازارلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى، تاۋار رەت نومۇرى سىستېمىسىغا يېڭىدىن 151 ئەزا قوبۇل قىلىندى، 152 كارخانا داۋاملىق ئىشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار رەت نومۇرى سىستېمىسىغا قوبۇل قىلىنغانلار 700 دىن ئاشتى. تاۋار رەت نومۇرى باسىدىغان 2 كارخانىنىڭ سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى؛ 152 كارخانىنىڭ 743 خىل مەھسۇلاتى (تاۋىرى) نىڭ تاۋار رەت نومۇرى جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتى يىغىلدى؛ 4 چوڭ تۈردىكى 2800 خىل تاۋارنىڭ تاۋار رەت نومۇرى تەكشۈرۈلدى، 14 كارخانىنىڭ 30 خىل تاۋىرى لاياقەتسىز بولغانلىقتىن، بۇ كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى. بىر يىلدا 4273 تۈردىكى ئۆلچەم يېڭىدىن كىرگۈزۈلدى. ئەتكەس بولغان 314 ئۆلچەم بىكار قىلىندى، يىل ئاخىرىدا ساقلانغان كۆچكە ئىگە ئۆلچەم 51 مىڭ 290 غا يەتتى. شۇ يىل ئىچىدە مەسلىھەت سوراپ كەلگەن خېرىداردىن 3000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 6000 تۈردىن ئارتۇق ئۆلچەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

جاۋ شاۋشۇالڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشى

ش ئۇ ئا ر سوۋېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىلى 10 قارار ئۆلچەم خادىملىرى كۇرسى ئېچىپ، 115 ئادەم (قېتىم) ئۆلچەم تەكشۈرگۈچىنى، 640 ئۆلچەم بېكىتكۈچىنى تەربىيىلىدى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق «ئاپتونوم رايوننىڭ 3 ـ تۈركۈمدە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم سايمىنىنىڭ كاتالوگى» ئېلان قىلىندى. بېكىتىلىدىغان مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان ئۆلچەم سايمىنى 7 تۈر بويىچە 21 خىل. شىنجاڭ ئۆلچەملىرىنى سىناش ـ تەتقىق قىلىش ئورنى سىرتقى يۈز تېرمومېتىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلمىسى، خىزمەتتە ئىشلىتىلىدىغان رادىئاتسىيىلىك تېرمومېتىرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، ئاتموسفېرادىن ئەۋرىشكە ئېلىش سايمىنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، سۇيۇق قازنى خروماتوگرافتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، كالورىمېتىرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، قۇرۇق گرادۇس سايمىنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، ئوكسىگېن سۈمۈرۈش سايمىنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، پروگراممىلىق كوممۇتاتورنىڭ ۋاقىت، پۇل ھېسابلاش سايمىنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى، بىر ئەزالىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سائىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت 9 تۈرنىڭ ئۆلچەملىك ئۆلچىمىنى بېكىتىش تۇرغۇزدى. يىل ئاخىرىغىچە تەتقىقات ئورنى بويىچە تۇرغۇزۇلغان، جەمئىيەتتە ئورتاق پايدىلىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى 123كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى 34، باشقا دەرىجىدىكى ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى 89. ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى ۋە خىزمەت ئۆلچىمى سايمىنى 608، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە بولىدىغان ئۆلچەم سايمىنى 400 دىن ئارتۇق. بىر يىلدا سىناپ كۆرۈلگەن ۋە ئۆلچەنگەن بىر قەدەر توغرا ئۆلچەش سايمىنى 5200، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم سايمىنى 239 مىڭ 716 بولدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم ئاپپاراتلىرى بەرپا قىلىنغان جەمئىيەتتە ئورتاق پايدىلىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى 463، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 224، ناھىيە دەرىجىلىكى 239. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم سايمىنى 913 مىڭ 628، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان ئۆلچەم سايمىنى 867 مىڭ 324.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## كارخانىلارنىڭ ئۆلچەم خىزمىتى ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى 2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى سىم ـ كابېل زاۋۇتىنىڭ ئۆلچەم سىناش سىستېمىسىنى باھالىدى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە شىركىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەم سىناش سىستېمىسى بويىچە مۇكەممەللىشىپ لاياقەتلىك بولغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىشكە مەلۇم قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا 17 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئۆلچەم سىناش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئۈستىدە، ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، 120 ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىنىڭ ئۆلچىمى تەكشۈرۈلدى ۋە باھالاندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 400 دىن ئارتۇق كارخانا «ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى 2001 ـ يىلى تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئورۇنلىرى ئىشلەتكەن ئۆلچەم سايمانلىرىنىڭ مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئەھۋالى «ئارقىغا قاراپ» قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە دوختۇرخانىدىن 363ى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم سايمىنىدىن 8121ى تەكشۈرۈلدى، سايمانلاردىن لاياقەتلىك بولغىنى 7373 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90.8%كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 11.5 پىرسەنت پونكىت ئۆستى. ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك سائىتى، سۇ سائىتى، گاز سائىتى، ئىسسىقلىق سائىتى ئائىلىلەرگە كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆت سائەت»تىن 58 مىڭ 837 سى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 51 مىڭ 933 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.3% بولدى. تەييار چۆپ، ئۇششاق يېمەكلىك، ھاراق، ئېتىتقۇ، ئىچىملىك، سوپۇن، گىرىم بۇيۇملىرى، توڭلىتىلغان سوغۇق يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 44 كارخانىنىڭ 8 تۈردىكى مىقدارلىق ئورالما مەھسۇلاتىنىڭ ساپ مىقدارى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، 69 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 53 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 76.8% بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم سايمىنىدىن 50 مىڭ 84ى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 36 مىڭ 267 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 72.4% بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم سايمانلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىلى 2 كارخانىغا ئۆلچەم سايمىنى ياساش ئىجازەتنامىسى بەردى؛ 2 كارخانىنىڭ ئۆلچەم سايمىنى ئەۋرىشكىسىنى سىناپ كۆرۈشنى تاماملىدى ۋە ئۇلارغا ئەۋرىشكە سىنىقى لاياقەتنامىسى بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەم سايمىنى جەمئىيتىكى 58 يېڭى مەھسۇلاتنىڭ ئەۋرىشكىسى سىناپ كۆرۈلدى، 20 كارخانا «ئۆلچەم سايمىنى ياساش ئىجازەتنامىسى»غا ئېرىشتى

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى سىناش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھوقۇق بېرىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىلى 44 ئورۇننىڭ 225 تۈردىكى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىنى سىناپ كۆرۈپ (قايتا تەكشۈرۈپ)، ئۆلچەملىك ئۆلچەم لاياقەتنامىسىدىن 200 يۈرۈش تارقاتتى. 5 ئورۇنغا 13 تۈردىكى ئۆلچەملىك ئۆلچەمنى جەمئىيەتتە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا قوللىنىش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇلارغا 5 يۈرۈش ئۆلچەم ھوقۇقى بېرىلگەنلىك گۇۋاھنامىسى بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان، كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم 1023كە يەتتى. 21 ئورۇنغا 76 تۈردە جەمئىيەتتە ياكى ئىچكى قىسىمدا مەجبۇرىي ئۆلچەم بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھوقۇق بېرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2001 - يىلى مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە باھالاپ بېكىتىش پىلانىغا ئاساسەن، 75 قېتىم باھالاپ بېكىتىش ئېلىپ باردى، 41 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتى سىناش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇپ، «سۈپەت گۇۋاھلىقى بويىچە لاياقەتنامە»گە ئېرىشتى، دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن سۈپەت گۇۋاھلىقى بەلگىسى CMC ۋە رەت نومۇرى (قوشۇمچىگە قاراڭ) نى ئىشلىتىشكە ئىجازەت ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەلى توشۇپ قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغىنى 18، دەسلەپكى گۇۋاھلىق بېرىشتە لاياقەتلىك بولغىنى 18، سۈپەتكە گۇۋاھلىق بەرگەن/تەكشۈرۈشتە ئىتىراپ قىلىنغان (2سى قوشۇلۇپ بىر بولغان)ى 5. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچكە ئىگە گۇۋاھنامىسى بار تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى 305كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتكە گۇۋاھلىق بېرىش/تەكشۈرۈشتە ئېتىراپ قىلىنىشتىن ئۆتكەن (2 سى قوشۇلۇپ بىر بولغان) سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتى 86. شىنجاڭ ئىلاستىك يۇمشاق بېتون ستولبا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئىلىي ئوبلاستىلىق سۈپەت ۋە ئۆلچەم كۆزىتىش ئورنى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم كۆزىتىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار سىناق ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، مۇناسىپ ھالدا مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىدى. بىر يىلدا گۇۋاھنامە ئالغان 33 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 32 سى ماقۇللاندى، بىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كەلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

### قوشۇمچە

**«ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدا لاياقەتنامە»گە ئېرىشكەن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى**

قاراماي شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سىناش مەركىزى، شىنجاڭ بىڭتۇەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىركىتى ئۆلچەملىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، بىڭتۇەن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش يەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى سىناش - ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى ۋە 1 - قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ سىناش - ئۆلچەش مەركىزى، بىڭتۇەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، جۇڭگو نېفىت گورۇھى شىنجاڭ سېتىش شۆبە شىركىتىنىڭ مەركىزىي لابوراتورىيىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سۇ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى، مايتاغ نېفىت خىمىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش

پونكىتىنىڭ بىناكارلىق تەجرىبىخانىسى، چۆچەك شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئىلاستىك يۇمىلاق بېتون ستولبىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئۈرۈمچى «تەڭرىتاغ» بىناكارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بىناكارلىق تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ دورا تەكشۈرۈش ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - مۆلچەرلەش ئورنى، شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشى سىناق قىلىش - مۆلچەرلەش مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەركىزىي لابوراتورىيىسى، مايتاغ ئېلېكتر قۇۋۋىتى تەرەققىيات شىركىتىنىڭ كلاپان تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق ئوزۇق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، جۇڭگو بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترەت تەجرىبىخانىسى، بىڭتۇەن 8 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ ئۈچۈر تېخنىكىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ رادىئاتسىيىلىك مۇھىت نازارەت قىلىش پونكىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكىلىق - خىمىيىلىك ئانالىز قىلىپ تەجرىبە قىلىش مەركىزى، قۇتۇبى ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، دۆڭشەن رايونلۇق سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى 2 - گىدروگېئولوگىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەجرىبىخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئورنى كۆزىتىپ تەھلىل قىلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئورنى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى نېفىتلىك مەخسۇس ماددىي ئەشيالىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - مۆلچەرلەش پونكىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۆزىتىپ تەھلىل قىلىش مەركىزى، شىخو شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئورمان مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى (قوشۇلغان تۈر)، شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى (قوشۇلغان تۈر).

## ئادىل ئۆلچەم ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئويۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسى ئاقسۇ «تيەنيۈەن» ئادىل ئۆلچەم ئورنىغا تۇنجى نۇقتىلىق پونكىت دەپ، ئۈرۈمچى «كېجېلى» ئادىل ئۆلچەم ئورنىنىڭ تاۋارلارنى مىقدارلىق ئورايدىغان ئۆلچەم پونكىتى، سانجى ئادىل ئۆلچەم ئورنىنىڭ يوشۇگۇ پونكىتىغا ئۆلچەمگە ئېتىبار بەرگەن پونكىت دەپ، چۆچەكتىكى «ساداقەت» پونكىتىغا، فۇكاڭدىكى «فاڭيۈەن» پونكىتىغا ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بەرگەن پونكىت دەپ، ئۈرۈمچى «كېجېلى» ئادىل ئۆلچەم ئورنىغا تۇنجى نۇقتىلىق پونكىت دەپ نام بەردى، سانجى ئادىل ئۆلچەم ئورنىنىڭ تاۋارلارنى مىقدارلىق ئورايدىغان ئۆلچەم پونكىتى سۈپەت گۇۋاھلىقى جەھەتتىن دەلىللىنىپ، ئۇنىڭغا «ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى)غا گۇۋاھلىق بېرىش لاياقەتنامىسى» بېرىلدى؛ گۇۋاھنامىسىنىڭ مۇددىتى توشقان 6 ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) قايتا تەكشۈرۈلۈپ گۇۋاھنامىسى يېڭىلاندى؛ ئۈي - زېمىن جەھەتتىكى بىر ئادىل ئۆلچەم پونكىتى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) سىنىلىش نەتىجىسىدە سۈپەت گۇۋاھلىقى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئادىل ئۆلچەم مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) مەملىكەت بويىچە ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەن 100 ئورۇن (پونكىت)»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

# پورت خىزمىتى

## شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2000 - يىل 3 - ئايغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 1 - دەرىجىلىك پورت 16گە؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 2 - دەرىجىلىك پورت 11گە يەتتى.

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن (1 - دەرىجىلىك) 16 پورت ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە پورتى 2، قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى 14. ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە

پورتى، قەشقەر ئاۋىئاتسىيە پورتىدىن ئىبارەت. قۇرۇقلۇق پورتى ئىچىدە، شىنجاڭ ـ موڭغۇلىيە چېگرا پورتى 4، يەنى تۆمۈرتام پورتى (قۇمۇل ۋىلايىتىدە)، ئۇلاستاي پورتى (سانجى ئوبلاستىدا)، تايكېشكەن پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە) ۋە قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)؛ شىنجاڭ ـ قازاقىستان چېگرا پورتى 7، يەنى ئاقتۇبەك پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، جېمىنەي پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، باقتۇ پورتى (تارباغاتاي ۋىلايىتىدە)، ئالاتاۋ پورتى (بورتالا ئوبلاستىدا)، قورغاس پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، دولاتا پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، مۇزارت پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، شىنجاڭ ـ قىرغىزىستان چېگرا پورتى 2، يەنى تورغات پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، ئەركەشتام پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، شىنجاڭ ـ پاكىستان چېگرا پورتى بىر، يەنى خۇنجىراپ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە).

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان 11 بەرلىك (2 ـ دەرىجىلىك) پورت مۇنۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى ئەنزىگۇ يولۇچىلار بېكىتى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، سودا شەھەرچىسى، «خۇالىڭ» بازىرى، كۈيتۇڭ پويىز ئىستانسىسى، غۇلجا پورتى، ئىلى بايانداي پورتى، چۆچەك ئاپتوموبىل يولۇچىلار بېكىتى، سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى، قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى.

ھازىر سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 16 (1 ـ دەرىجىلىك) پورت ئىچىدە، ھازىر ئېچىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقىنى 12، يەنى ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى، تۆمۈرتام پورتى، ئۇلاستاي پورتى، تايكېشكەن، قىزىلتاغ، ئالاتاۋ، قورغاس، باقتۇ، جېمىنەي، تورغات، خۇنجىراپ، ئەركەشتام، قۇرۇقلۇق يولى پورتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس، ئالاتاۋ، باقتۇ، خۇنجىراپ، ئەركەشتام پورتلىرى ۋە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى 3 ـ دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى. ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈلىدىغىنى دولاتا پورتى (چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازىرى).

ئابباس ئابدۇللا

## پورت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى پورتلار چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققانلارنى 496 مىڭ 33 ئادەم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇ 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.7 ئاز، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچى 318 مىڭ 117 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %14.6، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازارغا كىرىشى 13 مىڭ 676 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %23.6، خىزمەتچىلەر 138 مىڭ 598 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %14.4 ئازايدى، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار 25 مىڭ 642 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %57.4 كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان قاتناش ۋاستىسى 95 مىڭ 113 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %9.1 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 1983 قېتىم، پويىز 4324 قېتىم، ئاپتوموبىل 89 مىڭ 606 قېتىم.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 869 مىڭ توننا (تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 5 مىليون 8000 توننا، تاشيولدا توشۇلغىنى 847 مىڭ 500 توننا، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 13 مىڭ 500 توننا) غا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %14.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 4 مىليون 779 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %16.6؛ ئېكسپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 90 مىڭ توننا (ئادەتتىكى سودا ئېكسپورتى 883 مىڭ توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازاردىن ئېكسپورت قىلغىنى 95 مىڭ توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 112 مىڭ توننا) غا يېتىپ، %5.2 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا قىلىنغان سودا سوممىسى 1 مىليارد 364 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %19.95 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 776 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 588 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 125 مىليون دوللار، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازار قىلىشىغا دائىر سومما 114 مىليون دوللار). ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 332 مىليون يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئاساسلىقى: كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز تۆمۈر، كېرەكسىز ئاليۇمىن، ياغاچ ماتېرىيال، خام نېفىت، پاختا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، تېببىي دورا، سانائەت ماشىنىلىرى، قەغەز ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ لازىمەتلىكلىرى، خۇرۇم، يۇڭ ـ تېرە بۇيۇملىرى، غەيرىي مېتال رۇدىسى قاتارلىقلار. ئېكسپورت قىلىنغان مال: كوكس، نېفىت، پولات ماتېرىيال، غەيرىي مېتال رۇدىسى، قېزىلما بايلىق بىناكارلىق ماتېرىيالى، ئاشلىق، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماشىنىلىرى، ئېلېكترون، ئېلېكتر ماشىنا، يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، ئىچىملىك، يېمەكلىك ۋە تاماكا، مېتال ياسالمىلىرى قاتارلىقلار.

ھەر قايسى پورتلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 39 مىڭ 234 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 21 مىڭ 590 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 17 مىڭ 644 ئادەم ـ قېتىم)، بۇنىڭ

ئىچىدە تۆمۈريول ئارقىلىق كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 37 مىڭ 91 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 20 مىڭ 435 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 16 مىڭ 656 ئادەم - قېتىم)، تاشيول ئارقىلىق كىرگەن - چىققان يولۇچى 2143 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1155 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 988 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 85 مىڭ 356 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 4 مىليون 399 مىڭ 722 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 685 مىڭ 634 توننا)، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغىنى 5 مىليون 7084 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 4 مىليون 378 مىڭ 768 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 628 مىڭ 316 توننا)، تاشيول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغىنى 78 مىڭ 272 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 20مىڭ 954 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 57 مىڭ 318 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 713 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 580 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 133 مىليون دوللار).

قورغاس پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 105 مىڭ 406 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 48 مىڭ 470 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 56 مىڭ 936 ئادەم - قېتىم)، ئۆز ئارا بازارغا كىرگەن چېگرا ئاھالىسى 13 مىڭ 676 ئادەم (قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 277 مىڭ 34 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 37 مىڭ 895 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 97 مىڭ 129 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 47 مىڭ 560 توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازاردىن سېتىۋالغىنى 94 مىڭ 450 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 304 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 28 مىليون 291 مىڭ 100 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 275 مىليون دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 52 مىليون 908 مىڭ 500 دوللار، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆز ئارا بازاردىن سېتىۋالغان مال سوممىسى 114 مىليون دوللار).

جېمەنەي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 2761 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1296 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1420 ئادەم - قېتىم)، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغانلار 83 ئادەم - قېتىم؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 23 مىڭ 619 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 22 مىڭ 901 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 488 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 230 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 16 مىليون 64 مىڭ 400 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 15 مىليون 427 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 509 مىڭ دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 127 مىڭ 800 دوللار).

باقتۇ پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 16 مىڭ 726 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 8283 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 8443 ئادەم - قېتىم)، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغانلار 3021 ئادەم - قېتىم؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 225 مىڭ 559 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 166 مىڭ 971 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 13 مىڭ 291 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 45 مىڭ 297 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 114 مىليون 754 مىڭ 800 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 67 مىليون 718 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 14 مىليون 590 مىڭ 600 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 32 مىليون 445 مىڭ 700 دوللار).

دولاتا پورتى يىلبويى ئېچىلمىدى.

تۆمۈرتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 2606 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1330 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1276 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 8184 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1505 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 6505 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 174 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 3 مىليون 435 مىڭ 200 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 551 مىڭ 100 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 819 مىڭ دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 62 مىڭ 400 دوللار).

ئۇلاستاي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 6644 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 3339 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3305 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 2659 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1575 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 1084 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 4مىليون 365 مىڭ 700 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 570 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 795 مىڭ 200 دوللار).

تايكېشكىن پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 4244 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 2071 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 2173 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 23 مىڭ 86 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 644 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 17 مىڭ 233 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 5209 توننا). قىلىنغان سودا سوممىسى 6 مىليون 805 مىڭ 100 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 704 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 373 مىڭ 500 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 1 مىليون 727 مىڭ 300

دوللار) .

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 3280 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1646 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1634 ئادەم - قېتىم) ؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 20 مىڭ 223 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 20 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 3 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 220 توننا) . قىلىنغان سودا سوممىسى 117 مىڭ 500 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 36 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 300 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 80 مىڭ 900 دوللار) .

تورغات پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 12 مىڭ 437 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 5905 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 6532 ئادەم - قېتىم) ؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 110 مىڭ 707 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 90 مىڭ 366 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 20 مىڭ 341 توننا) . قىلىنغان سودا سوممىسى 73 مىليون 640 مىڭ 200 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 38 مىليون 102 مىڭ 700 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 35 مىليون 537 مىڭ 500 دوللار) .

ئەركەشتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 5638 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 2776 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 2862 ئادەم - قېتىم) ؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 60 مىڭ 486 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 30 مىڭ 634 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 29 مىڭ 852 توننا) . قىلىنغان سودا سوممىسى 83 مىليون 14 مىڭ 200 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 32 مىليون 351 مىڭ 100 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 50 مىليون 663 مىڭ 100 دوللار) .

خونجىراپ پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 14 مىڭ 752 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 7304 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 7448 ئادەم - قېتىم) ؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 18 مىڭ 120 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 6555 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 11 مىڭ 565 توننا) . قىلىنغان سودا سوممىسى 6 مىليون 88 مىڭ 500 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 584 مىڭ 800 دوللار، ئېكسپورت قىلىنغىنى 5 مىليون 503 مىڭ 700 دوللار) .

ئۈرۈمچى ئايروپورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 110 مىڭ 72 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 55 مىڭ 30 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 55 مىڭ 42 ئادەم- قېتىم) ؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 13 مىڭ 523 توننا (ئېكسپورت قىلىنغىنى 13 مىڭ 523 توننا) . قىلىنغان سودا سوممىسى 37 مىليون 237 مىڭ 800 دوللار (ئېكسپورت سوممىسى 37 مىليون 287 مىڭ 800 دوللار) .

ئابباس ئابدۇللا

# تاموژنا

## ئومۇمىي ئەھۋال

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئورگىنى ئىچىدە 13 باشقارما - ئىشخانا، 3 سىرتتا تۇرۇشلۇق ئاپپارات (نەق مەيدان كەسپىي باشقارمىسى، ئايرودرومدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى، كورلىدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى) ، 2 بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن تەسىس قىلىندى. بۇ تاموژنىغا قاراشلىق 9 تاموژنا مۇنۇلار: ئالاتاۋ ئېغىزى تاموژنىسى، قەشقەر تاموژنىسى، قورغاس تاموژنىسى، تورغات تاموژنىسى، خونجىراپ تاموژنىسى، غۇلجا تاموژنىسى، چۆچەك تاموژنىسى، ئالتاي تاموژنىسى، ئەركەشتام تاموژنىسى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى شىنجاڭدىكى دۆلەت بويىچە 1 - خىل ئېچىۋېتىلگەن 16 پورت ۋە 2 -خىل ئېچىۋېتىلگەن 12 پورتتىكى چېگرىدىن كىرىش - چىقىش پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ھەر بىر ۋېكسىلدىكى ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنىش دەۋرىنى ئىلگىرىكى 5.2 كۈندىن 3.7 كۈنگە قىسقارتتى، ئېكسپورت قىلىنغان مالنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىش دەۋرىنى 2.8 كۈندىن 1.9 كۈنگە قىسقارتتى، شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرىچە تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمدارلىقى مەملىكەتنىڭ تاموژنا سىستېمىسى بويىچە 21 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى سەۋىيىدە تۇردى.

جىن رۇڭ

## ئېلېكترونلۇق پورت ئەھۋالى

2001 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭدا «پورتلاردىكى ئېلېكترونلۇق قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسى»نى كېڭەيتىش، قوللىنىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى باشلامچى بولۇپ، «جۇڭگو ئېلېكترونلۇق پورت» ئەھۋالىنى كېڭەيتىش، تونۇشتۇرۇش جەھەتتە چوڭ يىغىن ئېچىپ، بۇ سىستېمىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارىنى نەق مەيداندا نامايان قىلدى ۋە تونۇشتۇردى، بۇ سىستېمىغا مەخسۇس ئۇسكۇنە، خادىم، سورۇن سەپلەنگەن، تاشقى ئىقتىساد - سودا، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج ئىشلىرى، دۆلەت پېرىيومى، تېخنىكا



2001 - يىلى غۇلجا تاموژنىسى يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىنى قوغدىدى. سۈرەتتە: غۇلجا تاموژنىسىنىڭ پورت نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى پېرىيوم قىلماقتا.

گوجۈن فوتوسى

نازارەتچىلىكى، چەت ئەللىكلەرنى باشقۇرۇش، تېلېگراف قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، كارخانىلارنىڭ تورغا كىرىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىردى، بىر يىلدا كارخانا قانۇنىي ئىگە كارتوچكىسى ۋە مەشغۇلاتچىلار كارتوچكىسىدىن 1100 نەچچىسى ياسالدى ۋە تارقىتىلدى.

جىن رۇڭ

## تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى نازارەت قىلغان ۋە باشقۇرغان ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 5 مىليون 696 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 25 مىڭ توننىغا يېتىپ، %15.8 ئاشتى؛ ئېكسپورت قىلىنغان مال 671 مىڭ توننا بولۇپ، %15.4 كېمەيدى. نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان ترانسپورت قوراللىرى 270 مىڭ 807 (ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان) دانە - قېتىمغا يېتىپ، %7.1 ئاشتى، نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان چېگرىدىن ئۆتكەنلەر 451 مىڭ 429 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %11.6 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 138 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %15.91 كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال مىقدارىنىڭ %90.21 نى ئىگىلىدى؛ باقتۇ پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 180 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %199.33 كۆپەيدى، %16.3 نى ئىگىلىدى؛ قورغاس پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 135 مىڭ توننا بولۇپ، %9.12 ئازىيىپ، %2.37 نى ئىگىلىدى؛ تورغات پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 122 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %4.84 ئازىيىپ، %2.15نى ئىگىلىدى؛ ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 53 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %67.33 ئازىيىپ، %0.95نى ئىگىلىدى؛ جىمىنەي پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 30 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %76.1 ئازىيىپ، %0.53نى ئىگىلىدى؛ ئايكىمكىن پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 14 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %73.86 كۆپىيىپ، %0.26نى ئىگىلىدى؛ خونجىراپ پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 4400 توننا بولۇپ، %55.88 ئازىيىپ، %0.08 نى ئىگىلىدى؛ ئۈرۈمچى رايونىدىكى 2 - خىل پورتلاردىن نازارەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ چىقىرىلغان مال 107 مىڭ 287 توننىغا يېتىپ، %82 كۆپەيدى، مال قىممىتى 81 مىليون 340 مىڭ دوللار بولۇپ، %85 كېمەيدى.

جىن رۇڭ

## تاموژنا بېجى ئېلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى بويىچە 2001 - يىلى ئېلىنغان باج 1 مىليارد 332 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.91 ئازلاپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 312 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.14، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 102 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.53 ئازايدى، يىللىق باج ئېلىش ۋەزىپىسى %11 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئېتىقلاش ئارقىلىق ئاپشۇرتۇلغان قەرز قالغان باج 126 مىڭ يۈەن، باھا تەكشۈرۈلۈپ تولۇقلانغان باج 17 مىڭ 617 يۈەن بولۇپ، تولۇقلانغان باج سوممىسى 29 مىليون 160 مىڭ يۈەن، تەپتىشلىك قىلىش نەتىجىسىدە تولۇقلانغان باج 110 مىڭ يۈەن. ئالاتاۋ ئېغىزى تاموژنىسى بويىچە ئېلىنغان تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرى ۋاكالەت بېجى 1 مىليارد 6 مىليون

يۈەن بولۇپ، 4.1% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 224 مىليون يۈەن، ئىمپورت ھالقىلىرى ۋاكالەت بېجى 782 مىليون يۈەن.

جىن رۇڭ

## ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى 2001 - يىلى ئۇقتىلىق پورت، ئۇقتىلىق رايونلار، ئالاھىدە پەسىللەردە ئەتكەسچىلەرنىڭ ھايۋاناتلارغا خەۋپ - خەتەر يەتكۈزۈشى، ئىمپورت ئاپتوموبىل ھاياتكەشلىكى قىلىشى قاتارلىقلار بويىچە مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا ئەكسىيەتچىل باسما بۇيۇمدىن 4768نى، ئۈن - سىن بۇيۇمدىن 304نى، كۆزگىلى بولمىغان لازىر نۇرلۇق پىلاستىنكىدىن 384نى، زەھەرلىك بۇيۇمدىن 2981 گىرامنى قولغا چۈشۈردى. بىر يىلدا قولغا چۈشۈرۈلگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 64 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 48.8%، دېلو قىممىتى 74 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 76.28% ئۆزگەندى؛ قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەتكەسچىلىك دېلوسى 23 بولۇپ، 27.78%، دېلو قىممىتى 25 مىليون يۈەن بولۇپ، 99.36% كۆپەيدى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى 12 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 53.82% ئازايدى. تۇتۇلغان ئەتكەسچىلىك جىنايىتى گۇماندارى 64، قولغا ئېلىنغىنى 18، تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 29، تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىشىگە يوللاپ بېرىلگىنى 4، ج خ ئورگىنىغا يوللاپ بېرىلگىنى بىر.

جىن رۇڭ

## H986 قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ H986 كۆچمە كونتېينېر تەكشۈرۈش سىستېمىسى 2001 - يىل 1 - ئايدا قورغاس پورتىدا رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ سىستېما مەملىكەت بويىچە تاموژنىدا تۇنجى تۇركۇمدە قۇراشتۇرۇلغان TCCAN بىرىكمە كۆچمە كونتېينېر تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىدۇر. H986 سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ئىلگىرىكى ماللارنى قول بىلەن تەكشۈرۈشتەك قالاق ۋاستە ئۆزگەرتىلىپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىندى. تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، تاموژنىدىن ئۆتۈش سۈرئىتى تېزلەشتى.

جىن رۇڭ

## پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى 2001 - يىلى پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا قەرەلى توشقان كىنىشكىدىن 1200 پارچىسى (توختامدىن 460 پارچىسى) تەكشۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. تولۇقلىما باجدىن 12 مىليون يۈەن تەكشۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى؛ باج كاپالەت سوممىسىدىن 9 مىليون يۈەندىن كۆپرەك يىغىۋېلىندى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئارخىپىدىن 1240 پارچىسى رەتلەندى. پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 146 مىليون 620 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 46.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىممىتى 121 مىليون 790 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 89.3% ئاشتى، ئىمپورت قىممىتى 24 مىليون 830 مىڭ دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 30.4% ئازايدى. تاۋار تۈرى 20 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى پەمىدۇر قىيامى، ترانسفورماتور، مىنېرال ماتېرىيال، پىششىقلاپ ئىشلەش پاراۋوزى، سۇلياۋ ئوراش خالتىسى قاتارلىقلاردۇر. شىنجاڭنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 2000 - يىلدىكى 3.5% تىن 18.2% كە كۆتۈرۈلدى.

جىن رۇڭ

## مۇ شىنشېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇ شىنشېڭ 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇنىڭ ھەمراھلىقىدا غۇلجا تاموژنىسى، قورغاس تاموژنىسى، ئالاتاۋ ئېغىزى تاموژنىسى، قەشقەر تاموژنىسى ۋە تورغات تاموژنىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. مۇ شىنشېڭ يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن كۆرۈشتى.

جىن رۇڭ

# چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش

## تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش

شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2001 - يىلى چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان تۈرلۈك ماللارنى 86مىڭ 351 تۈركۈم تەكشۈردى ۋە كارانتىن قىلدى،

بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 767 مىليون دوللارغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان مال 15 مىڭ 521 تونناغا يەتكەن — توننا 15 مىڭ 521 تۇركۇم بولۇپ، مال قىممىتى 575 مىليون دوللار. تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان مال 127 تۇركۇم، مال قىممىتى 2 مىليون 970 مىڭ دوللار؛ تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن مال 70 مىڭ 830 تۇركۇم بولۇپ، مال قىممىتى 1 مىليارد 192 مىليون دوللار، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان مال 2080 تۇركۇم، مال قىممىتى 19 مىليون 280 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتى 2295 تۇركۇم بولۇپ، مال قىممىتى 46 مىليون 970 مىڭ دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتى 70 تۇركۇم، مال قىممىتى 7 مىليون 90 مىڭ دوللار، كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتى 2225 تۇركۇم، مال قىممىتى 39 مىليون 880 مىڭ دوللار. يەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قانۇنسىز ھالدا چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتىن قاچۇرۇلغان گۆش، بېلىق، تىۋىت - يۇڭ، تېرە 228 تۇركۇم 3609 توننا، 1330 دانە بولۇپ، مال قىممىتى 101 مىليون 867 مىڭ يۈەن. تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنىڭ تارقىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگۈزۈلگەن ئاچا تۇياقلىق ھايۋانات مەھسۇلاتى قايتۇرۇۋېتىلدى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 7247 تۇركۇم بولۇپ، قىممىتى 171 مىليون دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇتى 5035 تۇركۇم، مال قىممىتى 149 مىليون دوللار؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 2212 تۇركۇم، مال قىممىتى 22 مىليون 80 مىڭ دوللار. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى ئىچىدە خەۋپ - خەتىرى ئەڭ زور بولغان بىر خىل زىيانلىق ئۆسۈملۈك 13 تۇركۇم (قېتىم)، خەۋپ - خەتىرى 3 - دەرىجىلىك بولغان 2 خىل زىيانلىق ئۆسۈملۈك 4 تۇركۇم (قېتىم) تەكشۈرۈپ تېپىلدى.

چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 324 مىڭ 31 ئادەم (قېتىم) كارانتىن قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى، 26 مىڭ 380 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش يۈزىسىدىن، 24 مىڭ 297 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش يۈزىسىدىن سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 774 ئادەم (قېتىم) دە تۈرلۈك ئەنئەنىۋى كېسەللىكلەر ئالامىتى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۇقۇملىنىش مۇسبەتسىدىن 20 سى، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن 754ى سېزىلدى. 19 مىڭ 183 ئادەم (قېتىم) گە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە خولېرا باكتېرىيىسى ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 16مىڭ 262 ئادەم (قېتىم)، سېرىق قىزىتما ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 292 ئادەم (قېتىم)، باشقىلىرى 2629 ئادەم (قېتىم).

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ئايروپىلان 1984 (قېتىم)، پويىز 165 مىڭ 482 ۋاگون (قېتىم)، ئاپتوموبىل 49 مىڭ 720 (قېتىم)، كونتېينېر 7883 ئۆلچەملىك (قېتىم) كارانتىن قىلىندى.

1985 تۇركۇم، 123 مىڭ 100 توننا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يېمەكلىك تازىلىقى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇلارنىڭ قىممىتى 26 مىليون 197 مىڭ 600 دوللار. لاياقەتسىز بولغان بىر قېتىملىق يېمەكلىكتىن 35 تۇركۇم ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 990 مىڭ دوللار.

چېگرىدىن چىقىرىلغان ياغاچ ئورالمىلىق مالدىن 284 تۇركۇم (قېتىم)، 27 مىڭ 437 دانە نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى، ئورالغان تۆشەك ماللارنىڭ قىممىتى 26 مىليون 851 مىڭ دوللار بولۇپ، 7 ئېكسپورت كارخانىسىغا چېتىلىدۇ. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ياغاچ ئورالمىلىق مالدىن 438 تۇركۇم، 6340 دانە نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى. بۇنىڭ قىممىتى 134 مىليون دوللار، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ياغاچ ئورالمىسىنىڭ 36 تۇركۇم (قېتىم) ىدا يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلدى.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مۇلازىمىتى تەدبىرى ۋە ۋاستىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بەردى؛ دۆلەت دەرۋازىسىنى قاتتىق ئىگىلەپ، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە نۇقتىلىق تاۋارلارنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئۆتكىلىنى كۈچەيتتى.

1. ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىك، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىلىك قېزىلما بايلىق، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى مەنبەسىدىن تىزگىنلەشكىچە كېڭەيتىلىپ، ئالدىن كەتكەن ئۆتكەل ئىگىلەش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ پەمىدۇر قىيامى گېن ئۆزگىرىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئېكسپورت قىلىنىش جەھەتتە توسقۇنلۇقلارغا كۆپ ئۇچرىغانىدى، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى، «گېنى ئۆزگەرتىلمىگەن پەمىدۇر ياسالمىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پەمىدۇر ئۇرۇقى ۋە ياسالمىلىرى ئۈستىدە گېن تەركىبىنى ئۆزگەرتىش بويىچە كۆزىتىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۆزگەرگەن گېن تەركىبى بولغان ئۇرۇقلارنى نۇقتا بەلگىلەپ تېرىش، يىغىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش يولغا قويۇلۇپ، گېن ئۆزگەرتىش تەلىپى بولمىغان دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىشتا قۇلايلىق تۇغدۇرۇلدى. گېنى ئۆزگەرتىلمىگەن پەمىدۇرلارغا قارىتا، ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارغا تېرىش بازىسى بەلگىلەپ بېرىلىپ، ئۇرۇق سېتىۋېلىش، تېرىش، خام ئەشيانى يىغىش، يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق پۈتۈن جەريانىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش يولغا قويۇلدى، چەت ئەللەرگە گېن ئۆزگەرتىلمىگەنلىكى ھەققىدە ئانالىز ئىسپاتنامىسى بېرىلىپ، پەمىدۇر قىيامى ئېكسپورتى كېڭەيتىلدى. 2000 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە 400 مىڭ توننىدىن كۆپرەك پەمىدۇر ياسالمىسى ئېكسپورت قىلىنىپ، شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنغان پەمىدۇرنىڭ سۈپىتى ۋە ئىناۋىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 2000 — 2001 - يىللىق پاختا ئېكسپورتىدا ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ CB1103—1999 دىن ئىبارەت يېڭى ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى، ئايرىم ئېكسپورت كارخانىلىرى دەرىجىسىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىنغان دەرىجىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش دەرىجىسىگە زور مىقداردا ئۇيغۇن كەلمەسلىك، گۇۋاھنامىدىكى دەرىجىسى بىلەن پاختا ئورالمىسىنىڭ ئۈستىدىكى دەرىجىسى ئۇيغۇن كەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تەكشۈرۈش تەرتىپى ۋە ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پاختا نامى، دەرىجىسىنىڭ كىچىك ئەۋرىشكىسىنى يېڭى ئۆلچەم بويىچە بىر تۇتاش تەييارلاپ، ئېكسپورت پاختىسى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بىر يىلدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختىدىن 6306 تۈركۈم، 141 مىڭ 100 توننا تەكشۈرۈلدى. سۈپەتسىز لىمون كىسلاتاسى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئېكسپورت تاۋىرى بولۇپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا پارچىلىنىش ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى بايقالدى، تەكشۈرۈش خادىملىرى كۆپ قېتىم كارخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزدى. نەشپۈت، قوغۇن قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى بازىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى مەھسۇلات چىقىدىغان جايلاردا 18 كارانتىن قىلىش، كۆزىتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، 74 مىڭ دانە جەلپ قىلىش پىلتىسى تارقىتىپ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا چىۋىن ئارقىلىق يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە كارانتىن قىلىش خادىملىرى ھەر ئايدا مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايدا تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. باغلاردىكى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئەمەلىيلىشىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش شارائىتى ياخشىلانغانلىقتىن، 2001 - يىلى تەكشۈرۈلۈپ، كارانتىن قىلىنىپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان 40 ۋاگون نەشپۈت، كاناداغا بارىدىغان 20 ۋاگون نەشپۈت ئۆسۈملۈك كارانتىنىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى؛ ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان 10 تۈركۈمدىكى 124 توننا قوغۇندا چىۋىندىن يۇقۇملىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلمىدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى كارخانا ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نازارەت قىلىش، سىناپ كۆرۈشكە ئۆزگەرتىپ، 13 كارخانىنىڭ تۈرگە ئايرىش شارائىتىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورۇنداپ، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2. ئىمپورت تاۋارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. خام نېفىت ۋە كېرەكسىز كونا مېتاللار شىنجاڭ چېگرا سودىسىدىكى مىقدارى كۆپ ئىمپورت تاۋارلىرىدۇر. 2001 - يىلى ئىمپورت قىلىنغان كونا كېرەكسىز مېتاللار ئىچىدىكى رادىئو ئاكتىپلىق ماددىلار ۋە ئاسان ئوت ئالىدىغان،

ئاسان پارتلايدىغان ماددىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئالاتاۋ ئېغىزى، جىمنەي، ئەركەشتام قاتارلىق كېرەكسىز كونا مېتاللار ئوقتىلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان پورتلاردا پويىز، ئاپتوموبىللارنى پۈتۈن يۈرۈشلۈك قاتناش يولىدا سىناش - كۆزىتىش ئەسۋابى ئورنىتىلىپ، كېرەكسىز كونا مېتاللارنى چېگرا سىرتىدىكى پورتلاردا ئالماشتۇرۇپ قاچىلاشتا كۆزىتىش كېڭەيتىلىپ، كېرەكسىز كونا مېتاللار ئۆچۈرنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، يىراقتىن نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز كونا مېتالدىن 33 مىڭ 793 تۈركۈم، 1 مىليون 783 مىڭ 100 توننا تەكشۈرۈلۈپ، رادىئو ئاكتىپلىقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن 1068 تۈركۈم، 26 مىڭ 518 توننا لاياقەتسىز كېرەكسىز كونا مېتال قايتۇرۇۋېتىلدى. ئىمپورت قىلىنغان خام نېفىتتىكى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەم جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدىغان ئاز - كۆپ بولۇپ قېلىش مەسىلىسى ۋە سۈپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنىدىغان خام نېفىتنى چەت ئەلنىڭ قاچىلاش - توشۇش پونكىتىدا ئېغىرلىقىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مال چۈشۈرۈش پونكىتىدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاز - كۆپ بولۇپ قېلىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغدىدى. 1336 تۈركۈم، 645 مىڭ توننا خام نېفىت تەكشۈرۈلدى، ئېغىرلىقى ئاز چىققىنى 79. 4425 توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.81% ئازايدى.

3. چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان - چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياسالمىلىرىنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش كۈچەيتىلىپ، زىيانلىق جانلىقلارنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىشىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، پورتلاردا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، چېگرىدىن كىرىدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە يۈكلەرنى كارانتىن قىلىش سالمىقى زورايتىلدى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قانۇنسىز ھەرىكەتلەر توسۇلدى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلدى. چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگۈزۈلگەن بىر تۈركۈمدىكى 4.2 توننا بېلىق ئېنىقلاندى؛ چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگۈزۈلگەن بىر تۈركۈمدىكى 11 توننا تۆگە يۇڭى كۆيدۈرۈۋېتىلدى؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتىن قاچۇرۇلغان 2 تۈركۈمدىكى 1330 پارچە تېرە، جەرىمانە قويۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ يۇقۇملۇق كېسەل بار رايوندىكى دۆلەتلەردىن قانۇنسىز ئىمپورت قىلىنغان 107 توننا لاياقەتسىز گۆش تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىكى 1 - 3 - خىلدىكى خەۋپ - خەتىرى بولغان زىيانداش بارلىرىدىن 17 تۈركۈم (قېتىم) تۇسۇپ تۇتۇپ قېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىلدىكى خەۋپ - خەتىرى بار زىيانداش بارلىرى 13 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئاساسلىقى ئالما قۇرۇتى، 3 - خىلدىكى خەۋپ - خەتىرى بار زىيانداش بارلىرى 4 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئاساسلىقى تاۋۇزدا بولىدىغان ئاق داغ كېسىلى باكتېرىيىسى، شاپتۇل چۈشىنى قاتارلىقلار.

4. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش - باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى خەلقئارادا يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى پورتلاردا چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ئادەم، مال، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى كارانتىن قىلىش، كۆزىتىش، سەھىيىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئازلىق زىيانداشلىقىنى تۈگىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى تارقاتقۇچى ۋاسىتىنىڭ كىرىشى ۋە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. يۇقۇملۇق كېسەل ئەھۋالىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، قەرەللىك ھالدا «خەلقئارادىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ھەر قايسى پورتلاردىكى تارماق ئاپپاراتلارغىچە تارقاتتى ھەمدە يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش ۋە بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات خىزمىتى كۈچەيتىلدى، شىنجاڭدا چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلارنى ئەيدىز كېسىلى بويىچە دەسلەپكى كۆزىتىدىغان 6 تەجرىبىخانا قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، 24مىڭ 297 ئادەم (قېتىم) ئەيدىز كېسىلى جەھەتتىن كۆزىتىلدى، چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلار ئىچىدىن HIV20 مۇسبەت تەكشۈرۈپ تېپىلدى. يىلدا بىر قېتىم ھەج قىلىدىغانلار ئۈستىدە ئايروپىلانغا ئەگىشىپ كارانتىن قىلىش ئېلىپ بېرىلدى، ھەج قىلىپ بولۇپ ۋەتەنگە قايتقانلارغا ئايروپىلاندا ساغلاملىق مەسلىھەتى بېرىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش، مۇداپىئە دورىسى ئىچكۈزۈش ۋە داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق كارانتىن خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. كۆيدۈرگىنىڭ ئېلىمىزگە كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆيدۈرگە تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، خادىملار ئوبدان تەربىيىلەندى، پورتلاردا كۆيدۈرگىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى توغرىسىدا

لېكسىيە سۆزلەش ۋە تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇقۇملىنىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ «كۆيدۈرگىنىڭ تارقىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش، چېگرىدىن كىرىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى ۋە تېز خەتلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرىدىن كىرىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى ۋە يولۇچىلار ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىلەرگە قارىتا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش، ئىشخانىدا كارانتىن قىلىش، سەھىيىلىك بىر تەرەپ قىلىش ۋە كېيىن داۋاملىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرى قاتتىق يولغا قويۇلدى. رايون ئالاھىدىلىكى، پورتلاردىكى ۋاستىچى جانلىقلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قورغاس، دولاتا، تۇمۇرتام، ئەركەشتام، تورغات، خونجىراپ ۋە ئالاتاۋ ئېغىزى قاتارلىق 7 پورتتا غاجىلىغۇچى ھايۋاناتلار ۋە بەدەن ئىچى - سىرتىدىكى پارازىتلارنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 760 نەچچە غاجىلىغۇچى ھايۋان قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇلار 7 ئۇرۇقداش، 16 ئائىلىگە تەۋە 22 خىل ئىكەن، زور مىقداردىكى بۈرگە ۋە بىر قىسىم سالجا، كانىلار يىغىلىپ، چېگرا رايوندىكى سەھىيە - كارانتىن خىزمىتى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

5. ئوبوروت ساھەسىدە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى. دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئاپپاراتلىرى ۋە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرى، كونا كىيىم - كېچەك، تېببىي داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، كونا ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە بىخەتەرلىك، سەھىيە، مۇھىت ئاسراش، ساغلاملىققا چېتىلىدىغان تاۋارلار تەكشۈرۈلۈپ، بىرلىكتە ئىقتىسادىي تەرتىپ تەرتىپكە سېلىنىدى، بازار ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. چوڭ، ئوتتۇرا سودا سارايلىرى، توپ سېتىش بازارلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، قانۇنسىز ئىمپورت قىلىنغان ياكى يالغان، ساختا، سۈپەتسىز تاۋارلاردىن 8 چوڭ تۈردىكى 250 خىلى ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ دېلو قىممىتى 600 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ تاۋارلار قانۇن بويىچە پېچەتلەندى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سىرتقا چېتىشلىق 18 مېھمانخانا ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، 180 خىل يېمەكلىكنىڭ تازىلىق گۇۋاھنامىسى يوقلۇقى، 126 خىلىنىڭ تەكشۈرۈلگەنلىك - كارانتىن قىلىنغانلىق بەلگىسى يوقلۇقى، 40 نەچچە خىل ئىمپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ياكى ئىشلەپچىقىرىلغان چېسلاسى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى يوقلۇقى ئېنىقلىنىپ، ئۇلار پېچەتلىۋېتىلدى ياكى مۇناسىپ چارە كۆرۈلدى.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 13 كارخانىنىڭ تازىلىق نۇقتىسىدىن تىزىملاش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىپ، سىناش ئارقىلىق 9 كارخانىغا كىنىشكا بەردى، 12 كارخانىنىڭ ئوراش قاچىسىنىڭ سۈپىتىگە ئىجازەت بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، سىناش ئارقىلىق 11ىگە ئىجازەتنامە بەردى؛ سىناش ئارقىلىق كۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغان بىر كارخانىغا سۈپەت ئىجازەتنامىسى بەردى؛ 2 كارخانا ھايۋاناتلار يەم - خەشىكى ئېكسپورت قىلىشنى تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، سىناش ئارقىلىق بىرىگە كىنىشكا بەردى؛ شىنجاڭدىكى 3 ئۈچەيچىلىك كارخانىسىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىدا رويخەتكە ئالدۇرۇشقا كۆرسىتىش ۋە باشقا جايدا باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى، 2 ئۈچەيچىلىك كارخانىسىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدا رويخەتكە ئالدۇرۇشىنى ماقۇللىدى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش نۇقتىسىدىن سالامەتلىك تەكشۈرۈش كىنىشكىسى 26 مىڭ 380 ئادەم (قېتىم) ، خەلقئارا ساياھەتچىلىك بويىچە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەش كىنىشكىسى 19 مىڭ 183 ئادەم (قېتىم) بېجىرىلدى.

ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىجازەتنامىسىدىن 316سى بېجىرىلدى، دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىش ئىجازەتنامىسىدىن 342 سى تاپشۇرۇۋېلىندى. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ھايۋاناتلار ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ئايرىيدىغان 17 ئورۇن سىناپ كۆرۈلدى ۋە رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاندى. موڭغۇلىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن 14 كارخانا ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، يۇڭ - تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىسى قىلىپ

بەلگىلەنگەن 5 كارخانا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن تىزىملاندى.

چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن 6 تۈركۈم كۆچەتنى كارانتىن قىلىپ تەكشۈرۈش تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا ئاساسەن رۇخسەت قىلىنىپ دەسلەپكى تەكشۈرۈلگەن 4 كارخانىغا كۆچەت يۆتكەپ كىرىشكە قوشۇلۇش خېتىدىن 3ى بېجىرىپ بېرىلدى. دۆلەتتىن چىقىرىش بويىچە كارانتىن قىلىنغانلىق گۇۋاھنامىسى بولمىغان 2 تۈركۈمدىكى ئۇمۇملۇق ئۇرۇقنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلۈشى تەقىپ قىلىندى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ۋە چېگرىنىڭ ماسلىشىش مۇھىتى ھەم ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىسىنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى، سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، ئىلى، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق رايونلار ۋە بىر قىسىم پورتلاردا 130 نازارەت قىلىش - كۆزىتىش نۇقتىسى قۇرۇپ، نازارەت قىلىش - كۆزىتىش نۇقتىسى قۇرۇلۇشى ۋە چېگرىنى كارانتىن قىلىش خاراكتېرلىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاماللىدى.

2001 - يىلى 24 كارخانا ISO9000 سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن، بىر كارخانا ISO14001 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن، 12 يېمەكلىك كارخانىسى HACCP يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى كونترول قىلىش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى.

لى رۇيشىن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى نۇقتىسىدىن باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2001 - يىلى 1386 تۈركۈمدىكى 656 مىڭ 500 تونىنا خام نېفىتنىڭ ئېغىرلىقىنى باھالىدى؛ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن 4425.79 توننا كەم چىقتى؛ 1237 تۈركۈمدىكى 74 مىڭ 637 كۇب مېتىر ئىمپورت قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال؛ 1096 تۈركۈمدىكى 5 مىليون 833 مىڭ 100 دانە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئورالمىسىنى باھالاپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئورالما ئىقتىدارى باھالانغىنى 866 تۈركۈم، 5 مىليون 135 مىڭ 800 دانە. خەتەرلىك مال ئورالما ئىقتىدارى باھالانغىنى 39 تۈركۈم، 507 مىڭ 700 دانە. خەتەرلىك مال ئورالمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بويىچە باھالانغىنى 191 تۈركۈم، 189 مىڭ 600 دانە.

لى رۇيشىن

## ئادەتتىكى ئېتىبار تۈزۈمى بويىچە ئىسپات بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنى ئومۇمىي ئېتىبار تۈزۈمى ۋە ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئېتىبار سىياسىتىنى ياخشى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئېتىبار تۈزۈمى ۋە ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، تاشقى سودا خادىمىدىن 400 نەپەر ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. بىر يىلدا ئومۇمىي ئېتىبار تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسىدىن 1750ى تارقىتىلدى، بۇنىڭدا ئىسپات بېرىلگەن تاۋار سوممىسى 172 مىليون 105 مىڭ دوللار؛ ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسىدىن 870ى تارقىتىلدى، بۇنىڭدا ئىسپات بېرىلگەن تاۋار سوممىسى 36 مىليون 558 مىڭ 900 دوللار.

لى رۇيشىن

# مالىيە، باج

## مالىيە

### ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1. خام چوتنى تەڭشەش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىم خام چوتى 8 مىليارد 880 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 8 مىليارد 790 مىليون يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 90 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قاتناش تارمىقىنىڭ 3 تۈرلۈك بەلگىلىمە ھەققى كىرىمى ئۇنىڭ سىرتىدا) ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، 2000 - يىلنىڭ بېشىدىكى خام چوتتىن %11 كۆپەيدى. شۇ يىلى ئىشلەتكىلى بولىدىغان مالىيە كۈچى ئەھۋالىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىم خام چوتى 14 مىليارد 728 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 14 مىليارد 638 مىليون يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 90 مىليون يۈەن) ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خام چوتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، مالىيە كىرىم - چىقىم خام چوتىدا ئۆزگىرىش بولدى. كارخانىلار يۇقىرى - تۆۋەنگە يۆتكەلگەنلىكى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن، مالىيە كىرىم خام چوتى 10 مىليارد 211 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 8 مىليارد 686 مىليون يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 1 مىليارد 525 مىليون يۈەن) گە تەڭشەلدى. مەركەزنىڭ شۇ يىلى چۈشۈرگەن مەخسۇس تۈر پۇلى ۋە 2 قېتىم ئۆلچەمنى تەڭشەپ، مائاشنى ئۆستۈرۈش قوشۇمچە ياردىمى، جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردىمى، بىر قېتىملىق مۇكاپات مائاشى قوشۇمچە ياردىمى، شۇنىڭدەك، شۇ يىللىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى، بۇلتۇرقىدىن ئاغدۇرۇلغان پۇلنى ئىشلىتىش چىقىمى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن مالىيە چىقىمى خام چوتى 33 مىليارد 623 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە تەڭشەلدى.

2. مالىيە كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمى 11 مىليارد 575 مىليون 400 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 9 مىليارد 509 مىليون 330 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 2 مىليارد 66 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، 3 تۈرلۈك قاتناش بەلگىلىمە ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %21.21 ئاشتى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بەلگىلىمە ھەققى كىرىمىدىن خام چوت سىرتىدىن خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلغان 300 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، يەرلىك مالىيە كىرىمى 2000 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 725 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئاشىدىغانلىقى، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە %18.07 ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى %20.26؛ فوند خام چوت كىرىمى %25.78 ئاشتى.

3. مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان «ئىككى باج» نىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون مەركەزگە 6 مىليارد 232 مىليون 820 مىڭ يۈەن «ئىككى باج» كىرىمى ئايرىپ بېرىپ، مەركەز چۈشۈرگەن ۋەزىپىنىڭ %99.88 نى ئورۇندىدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن %15.59 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى (%75 قىسمى) 5 مىليارد 216 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، %13.7؛ ئىستېمال بېجى 1 مىليارد 16 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %26.4 ئاشتى، مەركەزگە ئايرىپ بېرىلگەن «ئىككى باج» نىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىكى بولدى.

4. مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىمى 28 مىليارد 181 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەڭشەلگەن خام چوتنىڭ %83.82 نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكى نەق چوت سانىدىن %37.17 ئاشتى. بۇنىڭدىن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بەلگىلىمە ھەققى كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمىنى، 2 قېتىملىق مائاش تەڭشىلىپ كۆپەيگەن مائاشنى ۋە كۆپەيتىلگەن جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردىمى، يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپات پۇلى قوشۇمچە ياردىمى، مەركەز كۆپەيتىپ بەرگەن زايوم مەخسۇس مەبلىغى،

شۇنىڭدەك، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 1993 — 1994 - يىللىرى قەرز قالغان مائاشىنى تولۇقلاپ تارقىتىش قاتارلىق ئامىللارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، شۇ يىللىق مالىيە چىقىمى 2000 - يىلدىكىدىن %14.9 ئاشتى، بۇ مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولدى.

5. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش ئەھۋالى

ئادەتتىكى خام چوت كىرىم - چىقىمى ئەھۋالى

ئومۇمىي كىرىم 29 مىليارد 532 مىليون 160 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 9 مىليارد 509 مىليون 330 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 18 مىليارد 907 مىليون 120 مىڭ يۈەن (باج كىرىمىدىن قايتۇرۇلغىنى، ئەسلىدىكى تۈزۈلمە قوشۇمچە ياردىمى، مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، مىللىي رايونلار ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى ئۈچۈن ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، كۆپەيتىپ تارقىتىلغان زايوم قوشۇمچە ياردىمى، كۆپەيگەن مائاش قوشۇمچە ياردىمى، جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردىمى، كىرىم ۋەزىپىسىنى تەڭشەش، راسچوت قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا قوشۇمچە ياردەملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، زايومنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىش كىرىمى 432 مىليون 400 مىڭ يۈەن، 2000 - يىللىق زايوم قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇلغان قالدۇق 20 مىليون يۈەن، 2000 - يىلنىڭ قالدۇقىدىن كىرگەن كىرىم 443 مىليون 470 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 219 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

چىقىم 26 مىليارد 908 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 26 مىليارد 332 مىليون 320 مىڭ يۈەن، مەركەزگە قايتۇرۇلغان چىقىم 122 مىليون 800 مىڭ يۈەن، كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان خام چوت ئوبوروت سوممىسى 1 مىليون يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇش كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى 450 مىليون يۈەن، زايوم قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇشتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 623 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان تۈرلۈك چىقىم 4 مىليارد 313 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق قىزىل رەقىمى 1 مىليارد 689 مىليون 870 مىڭ يۈەن (2000 - يىلى ھېساباتتا نىبىي قالغان قىزىل رەقەم 2 مىليارد 155 مىليون 380 مىڭ يۈەن، شۇ يىللىق قالدۇق 465 مىليون 510 مىڭ يۈەن).

فوند خام چوتى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 2 مىليارد 419 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 2 مىليارد 66 مىليون 70 مىڭ يۈەن، 2000 - يىلنىڭ قالدۇقىدىن كىرگەن كىرىم 223 مىليون 920 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 129 مىليون 750 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 858 مىليون 530 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 1 مىليارد 849 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېتىلگەن مەبلەغ 9 مىليون 430 مىڭ يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 561 مىليون 210 مىڭ يۈەن.

جياڭ بو

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1. خام چوتنى تەڭشەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدىكى تەستىقتا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى خام چوتى 450 مىليون يۈەن (ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى ۋە فوند خام چوت كىرىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولدى. خام چوتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، مەركەز بۆلۈپ بەرگەن زىيان قوشۇمچە ياردىمى، قاتناش بەلگىلىمە ھەققى كىرىمىنى خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش ۋە سودا - سانائەت خىراجىتىنى خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، كىرىم خام چوتى 2 مىليارد 148 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى.

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا تەستىقلانغان ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمى خام چوتى 2 مىليارد 600 مىليون يۈەن (ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى ۋە فوند خام چوتى چىقىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولدى، خام چوتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، كۆپەيگەن قاتناش بەلگىلىمە ھەققى كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى، مەركەزنىڭ راسچوت قوشۇمچە ياردىمى، مەركەز چۈشۈرگەن مەخسۇس پۇل ۋە ئاپتونوم رايون جايلارغا بۆلۈپ بەرگەن مەخسۇس پۇل، شۇنىڭدەك، 2001 - يىلدىكى ئۆلچەمنى تەڭشەپ، مائاش ئۆستۈرۈشنى نەقلەشتۈرۈش ۋە جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك چىقىم خام چوتى 14 مىليارد 78 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى.

2. مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 168 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەڭشەلگەن خام چوتنىڭ 114.9%ى ئورۇندالدى، بۇ، ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز باھاسى تەڭشەلگەن، بايلىق بېجى كىرىمى ئاشقانلىقتىن بولدى؛ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى تىك باشقۇرۇلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەلگىلىمە ھەققى كىرىمى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خام چوتىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلىدىغان بولدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمى 11 مىليارد 110 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەڭشەلگەن خام چوتنىڭ 92.78%ى ئورۇندىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 43.6% ئاشتى. شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 2000 - يىلدىكىدىن بىر قەدەر كۆپ ئېشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب: 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا 2 قېتىم ئۇلچەم تەڭشىلىپ، مائاش ئۆستۈرۈلدى، جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردىمى، يىل ئاخىرىدىكى بىر قېتىملىق مۇكاپات مائاشى نەقلەشتۈرۈلدى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بەلگىلىمە ھەققى خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلدى ۋە شۇ يىلى مەركەز كۆپەيتىپ بەرگەن زايوم قوشۇمچە ياردىمى چىقىمى بەكرەك كۆپەيدى، ئۆزگىرىشچان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە 9.09% ئاشتى.

3. مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى

ئادەتتىكى خام چوت كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 23 مىليارد 840 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 981 مىليون 870 مىڭ يۈەن، مەركەز بەرگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 18 مىليارد 907 مىليون 120 مىڭ يۈەن (باجدىن قايتۇرۇپ بېرىلگىنى، ئەسلىدىكى تۈزۈلمە قوشۇمچە ياردىمى، مەخسۇس تۈرگە بۆلۈپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، مىللىي رايونلارنىڭ ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى ئۈچۈن ئاغدۇرۇلغان چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، كۆپەيگەن زايوم قوشۇمچە ياردىمى، كۆپەيگەن مائاش قوشۇمچە ياردىمى، جاپالىق رايونلار قوشۇمچە ياردىمى، تەڭشەلگەن كىرىم ۋەزىپىسى، راسچوت قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا قوشۇمچە ياردەملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تۆۋەن يۇقىرىغا تاپشۇرغان كىرىم 1 مىليارد 763 مىليون 700 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇش كىرىمى 432 مىليون 400 مىڭ يۈەن، قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇلغان زايومنىڭ 2000 - يىلدىن قالغان قالدۇقى 20 مىليون يۈەن، 2000 - يىلدىن ئاغدۇرۇلغان كىرىم 1 مىليارد 678 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 56 مىليون 570 مىڭ يۈەن.

جەمئىي چىقىم 19 مىليارد 790 مىليون 730 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 9 مىليارد 753 مىليون 20 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 122 مىليون 800 مىڭ يۈەن، جايلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش چىقىمى 9 مىليارد 462 مىليون 510 مىڭ يۈەن، دۆلەت زايومنى پۇلغا ئاغدۇرۇش كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى 450 مىليون يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇش كىرىمىنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما قالدۇق 4 مىليارد 49 مىليون 540 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان چىقىم 3 مىليارد 900 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 149 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

فوند خام چوتى كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 616 مىليون 760 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 1 مىليارد 486 مىليون 970 مىڭ يۈەن، 2000 - يىلنىڭ قالدۇقى 40 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 129 مىليون 750 مىڭ يۈەن.

جەمئىي چىقىم 1 مىليارد 357 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق چىقىم 1 مىليارد 357 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما قالدۇق 259 مىليون 210 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ جيەنچياڭ

## ۋىلايەت، شەھەر مالىيىسى كىرىم - چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 106 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.2% ئاشتى، ئاشقان كىرىم 1 مىليارد 338 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى؛ مالىيە چىقىمى 17 مىليارد 70 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 35% ئاشتى، ئاشقان چىقىم 4 مىليارد 262 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولدى.

جياڭ بو

## يېزا - بازار مالىيىسى كىرىم - چىقىمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى، فوند خام چوت كىرىمى، خام چوت سىرتىدىكى كىرىمىنى جەمئىيلىگەندە 485 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغانلىقتىن، 3 تۈرلۈك كىرىمنىڭ جەمئىيسى 2000 ـ يىلدىكىدىن %18.6 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 271 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، %30 تۆۋەنلىدى؛ فوند خام چوت كىرىمى 7 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، %31 تۆۋەنلىدى؛ خام چوت سىرتىدىكى كىرىم 205 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ چىقىمى 2 مىليارد 405 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 2 مىليارد 190 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.9؛ فوند خام چوتى چىقىمى 11 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.3؛ خام چوت سىرتىدىكى چىقىم 203 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.4 ئاشتى.

2. ئادەتتىكى خام چوت كىرىم ـ چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 2 مىليارد 145 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ دەرىجىلىك كىرىم 271 مىليون 970 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 1 مىليارد 937 مىليون 940 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 240 مىڭ يۈەن، 2000 ـ يىلدىن قالغان قالدۇق كىرىم مىنۇس 65 مىليون 20 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازارلارنىڭ ئادەتتىكى خام چوت ئومۇمىي چىقىمى 2 مىليارد 235 مىليون 670 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ دەرىجىلىك چىقىم 2 مىليارد 190 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان چىقىم 39 مىليون 140 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىم 5 مىليون 780 مىڭ يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانىس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما قالدۇق مىنۇس 90 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق مىنۇس 8 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

3. فوند خام چوتى كىرىم ـ چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ فوند خام چوت كىرىمى 14 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ دەرىجىلىك كىرىم 7 مىليون 730 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 4 مىليون 90 مىڭ يۈەن، 2000 ـ يىلىنىڭ قالدۇقىدىن كىرگەن كىرىم 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ فوند چىقىمى 11 مىليون 950 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ دەرىجىلىك چىقىم 11 مىليون 950 مىڭ يۈەن، كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانىس قىلغاندا يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

4. خام چوت سىرتىدىكى كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى كىرىمى 209 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ دەرىجىلىك كىرىم 205 مىليون 530 مىڭ يۈەن (مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمى 107 مىليون 380 مىڭ يۈەن؛ يېزا ـ بازارلار تەييارلىغان بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كىرىمى 91 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 50 مىڭ يۈەن). 2000 ـ يىلدىن قالغان قالدۇق كىرىم 4 مىليون 290 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە خام چوت سىرتىدىكى ئومۇمىي چىقىم 203 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلدىكى شۇ دەرىجىلىك چىقىم 203 مىليون 170 مىڭ يۈەن (مەمۇرىي، كەسپىي چىقىم 123 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 14 مىليون 210 مىڭ يۈەن). كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانىس قىلغاندا، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 6 مىليون 650 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ خەييۈەن

## ئاپتونوم رايون تارماقلارنىڭ خام چوتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشىش، ئىلمىي بولغان خام چوت تۈزۈش ئۇسۇلى ئورنىتىش، خام چوتنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، مالىيە مەبلىغىنى تەقسىم قىلىپ پايدىلىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيىسىدىن ج خ نازارىتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئىبارەت 3 تارماق تاللىنىپ، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈشتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، تارماقلارنىڭ 2002 ـ يىللىق خام چوتىنى تۈزۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1. تارماقلارنىڭ خام چوتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىدە رىئايە قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ. مالىيە نازارىتى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھەسىدە مۇنداق بەلگىلىدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ خام چوتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، ئادىل بولۇش، باراۋەر بولۇش مالىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛ ھاكىمىيەتنى

قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، مالىيىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، خام چوت ئىجى - سىرتىدىكى مالىيە كۈچىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىۋېرسال مالىيە خام چوتىنى يولغا قويۇش، نۆلنى ئاساس قىلىپ خام چوت تۈزۈشنى يولغا قويۇش، خام چوتنى ئىنچىكە تۈزۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى مۇقىم قانات يايدۇرۇش لازىم.

2. تارماقلارنىڭ خام چوتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى. 1) سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تارماقنىڭ خادىم، مۈلكى تەكشۈرۈلۈپ، شۇ تارماقنىڭ خادىم، مالىيە، مۈلۈك ئاساسىي ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈش، تەكشۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. 2) خادىمنى، نورمىنى بېكىتىش ئۆلچىمى تۈزۈلۈپ، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش ئاساس بىلەن تەمىنلىنىدۇ. تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈشكە ئالاقىدار تەلەپلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ خام چوتىدا بۇرۇنقى كۆپ يىل قوللىنىلغان «ئاساس سانغا ئاشقىنىنى قوشۇش» چارىسى ئۆزگەرتىلىپ، تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ چىقىم ئاساس سانى، خادىملار چىقىمى ۋە ئومۇمىي سەرپىيات چىقىمىغا ئالاقىدار خام چوت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خادىملارنى، شتات نورمىنى بېكىتىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. سىناق قىلىنىدىغان تارماق ۋە ئورۇنغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇننىڭ يېقىنقى چىقىم ئەھۋالىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىش ھەم خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى قاتارلىق ئامىللارنى تولۇق نەزەردە تۇتقان ئاساستا، ج خ ئورگىنى، مەمۇرىي ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلىدىغان، خادىم، نورمىنى بېكىتىش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۆزئۆشلۈق ئېشىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. 3) تارماقلار خام چوتىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش. «نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، تارماقلارنىڭ خام چوتى «ئىككى يۇقىرى، ئىككى تۆۋەن» تەرتىپى بويىچە تۈزۈلدى ۋە تەكشۈرۈلدى. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق بولدى:

«بىر يۇقىرى» ، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تارماق مالىيە نازارىتىنىڭ خام چوت تۈزۈشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ۋە تەلىپىگە، شۇنىڭدەك، 2000 - يىللىق خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلام خام چوت بىرلىكىدىن باشلاپ دەرىجە بويىچە تۈزۈپ، ئۆز تارمىقىنىڭ خام چوت تەكلىپ پىلانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مالىيە نازارىتىگە يوللايدۇ. «بىر تۆۋەن» ، مالىيە نازارىتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنغا خام چوتنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. «ئىككى يۇقىرى» ، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تارماق مالىيە نازارىتى چۈشۈرگەن خام چوتنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، مالىيە نازارىتى بىلەن تولۇق مەسلىھەتلىشىپ، خام چوتنى تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرىدا تارماقنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مالىيە نازارىتىگە يوللايدۇ. «ئىككى تۆۋەن» ، مالىيە نازارىتى خەلق قۇرۇلتىيى تەكشۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللىغان يىللىق مالىيە خام چوتىغا ئاساسەن، 30 كۈن ئىچىدە، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تارماقنىڭ خام چوتىنى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تارماق مالىيە نازارىتى خام چوتنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، 15 كۈن ئىچىدە، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارغا خام چوتنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بېرىدۇ.

مالىيە نازارىتى تارماقلار يوللىغان خام چوتنى، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈشكە ئالاقىدار بەلگىلىمە ۋە تەلەپكە ئاساسەن، خادىمنى، نورمىنى بېكىتىش ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ قاتتىق تەكشۈردى. شتاتتىن ئارتۇق خادىملار بولسا، «شتاتتىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى شتات بويىچە، شتاتى كەملەرنى ئەمەلىي شتاتى بويىچە مۇئامىلە قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پەقەت مائاشى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق خادىملار چىقىمىنىلا تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئومۇمنىڭ چىقىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتمىدى. تارماقلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈزگەن ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى خام چوتىنى كۈندىلىك ئومۇمىي خىراجەت چىقىمىنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن بېكىتىپ، بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى چىقىرىۋېتىلدى، شۇ ئارقىلىق تارماقلارنىڭ خام چوتىنىڭ باراۋەر، ئادىل ۋە ئاشكارا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

## 1993 — 1994 - يىللىق قەرز قالغان مائاشنى تولۇقلاپ تارقىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

2001 - يىل 9 - ئايدىن 2002 - يىل 6 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مالىيە نازارىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا كادىرلار نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئىبارەت 5 تارماق بىرلىشىپ، 9 خىزمەت

گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 880 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 1993 — 1994 - يىلى تەڭشەلگەن مائاش قەرز قالغان خوتەن، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، بورتالا، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئىبارەت 11 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ شۇ دەرىجىلىك ئورۇنلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 80 ناھىيە، شەھەر، شۆتڭدەك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن مائاش قەرز قالغان بىر قىسىم ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى ۋە مائاشى تولۇقلاپ تارقىتىلدى.

جياڭ بو

## مەركەزنىڭ مائاش تەڭشەش سىياسىتىگە دائىر خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى

2001 - يىلى مەركەز مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا كەينى - كەينىدىن 4 تۈرلۈك سىياسەت چىقاردى. 1) 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتىنى كۆپەيتىش. 2) 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ چېگرا رايون، جاپالىق رايونلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتتىكى خادىملار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا جاپالىق، چەت - ياقا رايونلار قوشۇمچە ياردىمى بېرىش. 3) 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتىنى كۆپەيتىپ بېرىش، 4) مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يىل ئاخىرىدا بىر قېتىملىق مۇكاپات پۇلى تارقىتىش. يۇقىرىدىكى مائاش تەمىناتىنى تەڭشەشكە كېرەكلىك مەبلەغنى ئاساسەن مەركەز مالىيىسى ياردەم بەردى.

2001 - يىلى 4 تۈرلۈك سىياسەت يولغا قويۇلۇپ، مەركەز مالىيىسى شىنجاڭ مالىيىسىگە 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى ئۆزى ئىگە سەپلىيدىغان 730 مىليون يۈەن مەبلەغنى پاتال تەييارلاپ (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىنىڭ 360 مىليون يۈەن، جايلار مالىيىسىنىڭ 370 مىليون يۈەن)، مەركەزنىڭ مائاش تەڭشەش سىياسىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

جياڭ بو

# يەرلىك باج

## باجنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك باج سىستېمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليارد 292 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 22% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 5 مىليارد 916 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.4%؛ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە كىرىمى 220 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.9%؛ خەلق مائارىپ فوندى كىرىمى 77 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.5% ئاشتى؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى خىراجىتى كىرىمى 74 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ باشقا كىرىملەر 3 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولدى.

ماخۇاليالڭ

شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2001 - يىلى رايونلار بويىچە باج كىرىمنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| رايونلار | جەمئىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | 2000 - يىلدىكىدىن %± |
|---|---|---|
| جەمئىي | 591603 | 21.4 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 216530 | 23.9 |
| قاراماي شەھىرى | 63151 | 11.5 |
| شىخەنزە شەھىرى | 14037 | 20.4 |
| سانجى ئوبلاستى | 46075 | 53 |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 13646 | 14.3 |
| ئىلى ئوبلاستى | 60482 | 20.6 |
| ئوبلاستقا قاراشلىق ئورۇنلار | 36111 | 25.7 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 16540 | 9.4 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 7831 | 24 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 51442 | 13 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 26028 | 23.2 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 2002 | 15.7 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 19794 | 5.2 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 7385 | 20 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 22498 | 12.6 |
| بورتالا ئوبلاستى | 7502 | 10.3 |
| بىۋاستە قاراشلىق باج ئىدارىسى | 40487 | 27.3 |
| تەكشۈرۈش ئىدارىسى | 544 | 134.5 |

## باج ئېلىش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

باج پىلانىنى باشقۇرۇش 2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى كىرىم ۋەزىپىسىنى قاتلاملارغا ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق باج مەنبەسىنى باشقۇرۇپ ۋە نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كىرىم سۈرئىتىنى 10 كۈندە، ئايدا، پەسىلدە مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى سىناق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ۋە باج مەنبەسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، تەكتىنى ئېنىقلاش، مۆلچەرلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، باج مەنبەسىنىڭ ئېشىش، كېمىيىش ئۆزگىرىشىگە ۋە كىرىمنىڭ سۈرئىتىگە ئاساسەن، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، كىرىمنى تەشكىللەشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ نورمال ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تىجارەت بېجى ئېلىش تېلېگراف تىجارىتى بېجى جەھەتتە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىلىرى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدارىلىرىنى باج ئىشلىرى بويىچە نازارەت قىلدى؛ تاشيول قاتناش تىجارىتى جەھەتتە مەنبەنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ باج ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش كۈچەيتىلدى؛ بىر قىسىم نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ باج نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2001 - يىلى تىجارەت بېجى كىرىمى 2 مىليارد 518 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.2 ئاشتى.

كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش - باشقۇرۇش قېلىپلاشقان تاپاۋەت بېجىنى تىزىملاش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئارقىلىق، باج ئېلىش - باشقۇرۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ كارخانا مۈلكىنىڭ زىيىنىنى مەلۇم قىلىش، باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، باشقۇرۇش ھەققى تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق باجغا چېتىشلىق ئىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش چىڭىتىلىپ، تاپاۋەت بېجىنىڭ باج ئاساسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى؛ كارخانىلار تاپاۋەت بېجىنى يىغىپ ھېسابلاپ، ئېنىقلاپ تاپشۇرۇش ۋە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئىشى ياخشى ئىشلىنىپ، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى ئېلىشنى باشقۇرۇش ھەقىقىي كۈچەيتىلدى. 2001 - يىلى كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمى 864 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %56.5 ئاشتى.

شەخسى تاپاۋەت بېجى ئېلىش - باشقۇرۇش جايلاردىكى يەرلىك باج تارماقلىرى شۇ جاينىڭ كىرىم سەۋىيىسىگە ۋە تەكتىنى ئېنىقلاپ، مۆلچەرىي ھېسابلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ جايدىكى يۇقىرى كىرىملىك كەسىپلەر ۋە يۇقىرى كىرىملىكلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت باج ئېلىش - باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي دەپتىرى،

يەتتى، 2000 - يىلدىكىدىن %14.4 ئاشتى.

ما خۇاليالڭ

## باج باشقۇرۇش

**باج ئېلىش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش** 1) ئەسكىلىكى رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، مەخسۇس تۈر خىزمىتى ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 2) باج ئېلىشلىرىنى ئىزچىللاپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، باج ئېلىنماي - تىزىملانماي قالغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، باج ئېلىنماي - تىزىملانماي قالغان 13 مىڭ 679 ئورۇن ئېنىقلاندى. 3) قانۇننىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، ئالتە دەرىجىلىك 7 يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىدىن ھالقىپ بېكىتكەن باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى 9 پارچە ھۆججىتى ئېنىقلىنىپ تۈزىتىلدى. 4) تالون ئېلىش، سېتىش، باشقۇرۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. قانۇن - نىزامغا خىلاپ ھالدا تالون ئىشلەتكەن 200 نەچچە ئورۇن ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

**باج ئېلىش تەشۋىقاتى** جايلار «باج ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»، «باج ۋە يۇقىرا» دېگەن تەشۋىقات تېمىسى ۋە يېڭى «باج ئېلىش قانۇنى» تەشۋىقاتىنى چۆرىدەپ، باج ئېلىش تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

**باج تەكشۈرۈش** ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى باج ئېلىش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەكشۈرۈش ۋە باشقا جايلار بىلەن ئۆزئارا تەكشۈرۈشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتتى. 2001 - يىلى سىستېما بويىچە 65 مىڭ 564 ھەرخىل باج تاپشۇرغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 12 مىڭ 962، تەكشۈرۈپ تولۇقلانغان باج پۇلى 282 مىليون يۈەن، خەزىنىلەشتۈرۈلگەن ئومۇمىي سومما 244 مىليون 20 مىڭ يۈەن. جايلار ئوخشىمىغان ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق باجغا ئالاقىدار 300 دېلونى ئاشكارىلىدى، 17 دېلونى ئەدلىيە



2001 - يىلدىن بۇيان ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باجنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ، باج ئېلىش - باشقۇرۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، كىرىمنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سۈرەتتە: ئاساسىي قاتلام باج مۇلازىمەت زالىدا كومپيۇتېر تورى ئا قىلىق باج ئېلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە.

جى لىي فوتوسى

پەشتاختا ھېسابى ۋە ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، سىناق نۇقتىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشنى پائال بولۇشقا قويۇپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شەخسلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان، بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا مەبلەغ سالغۇچىلار، قانۇن جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىدىغان خادىملار، يەككە سەييارە تېۋىپلىق قىلىدىغانلاردىن شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى ئېلىش - باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 2001 - يىللىق شەخسىي تاپاۋەت بېجى كىرىمى 981 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %29.2 ئاشتى.

**يەرلىكنىڭ «9 باج، بىر ھەق»نى ئېلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى** ئاپتونوم رايون بويىچە «9 باج، بىر ھەق»نى نىشانلىق باشقۇرۇشنى سىناق قىلىش تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ھەم نېفىت بايلىق بېجى، ئۆي - زېمىن كەسپى يەرلىك بېجى، نېفىت كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغىنى قايتا تەشكىللەش ماركا بېجى، شۆنگدەك، ئۆي - زېمىن بېجى، يەر ئىشلىتىش بېجىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ باج ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى ۋە مۆلچەرلىنىپ، ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كىرىمنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك «9 باج» كىرىمى 1 مىليارد 551 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە

تارماقلىرىغا يوللاپ بەردى.

ما خۇاليالىڭ

## دۆلەت بېجى

### باجنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ تورلۇك كىرىمى 10 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى باج» كىرىمى 8 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.6%، قوشۇلما قىممەت بېجى كىرىمى 7 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.3%؛ ئىستېمال بېجى كىرىمى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.4%؛ كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمى 1 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.8% ئاشتى.

شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلۈكى «بىر قارا، بىر ئاق» بولۇپ، نېفىت، پاختا كەسپى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق باج كىرىم مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ باجنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق تۈرتكە. 2001 - يىلى نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتىگە ئالاقىدار كەسىپلەردىن خەزىنىگە كىرگەن باج كىرىمى 4 مىليارد 787 مىليون يۈەن بولۇپ، بىر يىللىق باج كىرىمىنىڭ 45.59%ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى باج»دىن خەزىنىگە كىرگىنى 3 مىليارد 175 مىليون يۈەن بولۇپ، «ئىككى باج» ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 38.86%ىنى ئىگىلىدى. كارخانا تاپاۋەت بېجىدىن خەزىنىگە كىرگىنى 1 مىليارد 612 مىليون يۈەن بولۇپ، بىر يىللىق تاپاۋەت بېجى كىرىمىنىڭ 82.24%ىنى ئىگىلىدى. بۇنداق مەلۇم ساھەگىلا ھەددىدىن ئارتۇق ئاغدىنغان، بىر قەدەر نوقۇل باج كىرىمى قۇرۇلمىسى ئاسانلا خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسپى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت بېجى كىرىمىنىڭ بارومېتىرىغا ئايلىنىپ قالدى. خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نېفىت بازىرىدىكى ئۆزگىرىش ئاپتونوم رايوننىڭ باج كىرىمى ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى، نېفىت بازىرىدىكى ئېگىز - پەسلىكنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ بېجىغا يەتكۈزگەن تەسىرى، ھەتتا مالىيە ئىقتىسادىغا يەتكۈزگەن تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم.

گۇەن پىڭ، يې ماۋ

### ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ 462 مىليون يۈەن ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇپ، ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسى مەركەزگە قاراشلىق 47 كارخانىنىڭ تاپاۋەت بېجى سىياسىتىگە چېتىشلىق ئىشىنى تەكشۈرۈپ بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە، باجدىن ئىلگىرىكى مۇلۇك زىيىنى، كەسپىي تەشۋىقات خىراجىتى، كەسپىي كۆتۈرۈلۈش خىراجىتى، تۇراقلىق مۇلۇك رېمونت ھەققى، باش ئاپپاراتنىڭ باشقۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 206 مىليون 690 مىڭ يۈەننى تولۇق قىلىش تەستىقلاندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، باجدىن ئىلگىرى تولۇق قىلىشقا بولمايدىغان مۇلۇك زىيىنىدىن 22 مىليون 240 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى؛ 14 كارخانىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش تەستىقلاندى. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۈسكۈنىلەرگە مەبلەغ سالغاندا كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمان بولىدىغان 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاپاۋەت بېجى تەستىقلاندى.

گۇەن پىڭ، يې ماۋ

### باج ئېلىش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، باجغا چېتىشلىق تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. 1) نۇقتىلىق باج مەنبەسى بولغان ساھەلەر ۋە سودا كارخانىلىرى پىلانلىق تۈردە مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، 3891 سودا كارخانىسى تەكشۈرۈلدى، 9 مىليون 860 مىڭ يۈەن كىرىم تەكشۈرۈپ تولۇقلاندى، 243 سودا كارخانىسىنىڭ ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 2) قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، باج جەھەتتە جازالاش سالمىقى ۋە ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسى 5800 نەچچە ھەرخىل دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 81 مىليون 870 مىڭ يۈەن كىرىمنى تەكشۈرۈپ تولۇقلىدى. 3) تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى، باج ئەدلىيە ۋاسىتىسى كۈچەيتىلدى، باجغا چېتىشلىق دېلولارغا زەربە بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. جايلاردىكى دۆلەت بېجى تارماقلىرى ج خ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا باج دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ

2. ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش. باجنى تىزگىنلەش سىستېمىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىپ، قوشۇلما قىممەت بېجى خاس تالونىدىن ياسىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش تەدرىجىي چەكلەندى. 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 498 مىڭ 502 پارچە خاس تالونغا گۇۋاھلىق بېرىلىپ، گۇمانلىق، قائىدە - نىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن خاس تالوندىن 669 پارچە تېپىلدى. بۇ گۇۋاھلىق بېرىلگەن تالوننىڭ %0.13نى ئىگىلەيدۇ. گۇمانلىق، قائىدە - نىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن خاس تالون 7 - ئايدىكى 259 پارچىدىن، 11 - ئايدا 51 پارچىغا چۈشتى، دېمەك، گۇمانلىق، قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن خاس تالون ئايدىن - ئايغا ئازايدى.



2001 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ «ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى»نى تېزلىتىش، يالغان تالون كېسىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

شى جۈن فوتوسى

3. قوشۇلما قىممەت بېجىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى باج ئورگانلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى، كارخانىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 458 مىڭ 878 پارچە خاس تالون كۆزىتىپ بېكىتىلدى. ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئارخىپىنى توپلاشتا چۈشۈپ قېلىش نىسبىتى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، 12 - ئايغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئارخىپنىڭ توپلاشتىن چۈشۈپ قېلىش نىسبىتى نۆل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە تەكشۈرۈش سىستېمىسى 565 پارچە گۇمانلىق، قائىدە - نىزامغا خىلاپ تالوننى بايقىدى، بۇنداق تالون 7 - ئايدىكى 149 پارچىدىن 12 - ئايغا كەلگەندە 38 پارچىغا چۈشتى. ئالتۇن باج قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، كارخانىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش ھەرىكىتى قېلىپلاشتى. كارخانىلارغا نىسبەتەن باج باشقۇرۇشتا ئۈنۈم كۆرۈلدى.

4. ئالتۇن باج قۇرۇلۇشىنىڭ ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش سىستېمىسىنىڭ نورمال ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە 123 ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش تۈگۈنى قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە گۇمانلىق، قائىدە - نىزامغا خىلاپ 334 پارچە تالون ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈلدى، 661 مىڭ 400 يۈەن كىرىم تەكشۈرۈپ تولۇقلاندى.

گۈەن يىلىڭ، يى ماۋ

قىلىش تارماقلىرىنى قۇرۇپ، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش، باج ئالدامچىلىقى قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە نۇقتىلىق زەربە بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ تارماقلىرىغا باجغا چېتىشلىق 18 دېلو يوللاپ بېرىلدى، شىنجاڭدا ئۇدا يۈز بەرگەن 6 قېتىملىق قوشۇلما قىممەت بېجى خاس تالونغا ئالاقىدار بولغان، باج سوممىسى 430 مىليون يۈەنلىك گۇمانلىق زور جىنايى دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

گۈەن يىلىڭ، يى ماۋ

## ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى

2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ كومپيۇتېر تورى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئىشقا سېلىندى، قوشۇلما قىممەت بېجىدا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - باجنى تىزگىنلەشكە گۇۋاھلىق بېرىش سىستېمىسى، قوشۇلما قىممەت بېجىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى، قوشۇلما قىممەت بېجى خاس تالونىنى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئىشقا سېلىندى، بۇ، باج كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

1. قوشۇلما قىممەت بېجىدا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - باجنى تىزگىنلەش تالونى كېسىش تارماق سىستېمىسى 3895 ئورۇندا يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى بويىچە ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ %71.35نى ئىگىلىدى.

# بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

## بانكا

### خەلق بانكىسى

#### پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى دۆلەتنىڭ «ئىچكى ئېھتىياجنى قوزغىتىش»، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئاساسىدا، ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە پەسەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بەردى.

1. تۈرلۈك پۇل، كرېدىت سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «كۆزنەك يېتەكچىسى» رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، كرېدىت مەبلىغى بىلەن مەدەت بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 197 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %7.7 ئاشتى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 158 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئېشىپ، 8.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلەپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا 5 مىليارد 619 مىليون يۈەن نەق پۇل تارقىتىلدى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپلەشكەن ئىگىلىك ۋە يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قەرز پۇل سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 12 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 520 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى بولغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسىپلىرى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، بازار پرىنسىپى بويىچە كرېدىت مەبلىغى سېلىنىپ، ئەلالىرى، كۈچلۈكلىرىگە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەدەت بېرىلدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا پائال مەدەت بېرىلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان سانائەت ئوبوروت مەبلىغى 39 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7 مىليارد 160 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بازار يوشۇرۇن كۈچى زور، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، پايدىسى مۇقىم نۇقتىلىق ساھەلەر، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ قىسقا مەزگىللىك ئوبوروت مەبلەغ ئېھتىياجىغا مەركەزلىك مەدەت بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن ئىلگىرىلىشى ۋە قۇرۇلما دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، مالىيە سىياسىتىگە پائال ماسلىشىلىپ، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك كرېدىت سېلىنمىسى زورايتىلىپ، غەربنى كەڭ ئېچىشقا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق مەدەت بېرىلىدىغان بازار ئورنى ۋە يىراق كەلگۈسى پىلان شەكىللەندۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بانكىلىرى تارقاتقان ئوتتۇرا ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇلى 19 مىليارد 596 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %30.9 ئاشتى. بۇ پۇل خەۋەرلىشىش، ئېنېرگىيە، ئېكولوگىيە،

مۇھىت ئاسراش، يول قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا نۇقتىلىق سېلىندى. تارىمنىڭ نېفىتىنى توشۇش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرگە مەدەت بېرىلدى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زايومنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرىگە ۋە نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىلدى. شىنجاڭنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. تۆتىنچىدىن، ئىستېمال كرېدىتى كەسپى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى ۋە كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئۆي، ئاپتوموبىل كرېدىتى يېتەكچى قىلىنغان ئىستېمال كرېدىتى كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، قەرز پۇلنى كۆپەيتىشنىڭ بىر يېڭى يورۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى. 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان تۈرلۈك ئىستېمال قەرز پۇلى 12 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 653 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بەشىنچىدىن، پۇل مۇئامىلىدە بىخەتەرلىك يارىتىش پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بانكىنىڭ ئاپپارات تورى ۋە ئۇچۇر ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت، بولۇپمۇ ئوتتۇراھال، كىچىك كارخانىلارغا پائال تۈردە ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن پۇل مۇئامىلە مەسلىھەتى بېرىش مۇلازىمىتى قىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ ۋاسىتىسى، ئىقتىدارى، سۈپىتى، سەۋىيىسى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. مەركىزىي بانكىنىڭ پۇل سىياسىتى قورالىدىن جانلىق پايدىلىنىلىپ، پۇل سىياسىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى تىرىشىپ راۋانلاشتۇرۇلۇپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1) ئالاقىدار باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى چىڭىتىلىپ، تۈرلۈك قەرز پۇل ياخشى باشقۇرۇلۇپ ۋە جانلىق ئىشلىتىلىپ، پۇل سىياسىتى قورالىنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام تىجارەت قىلىشىدىكى تەڭشەش - تىزگىنلەش، يېتەكلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولى جارى قىلدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى تارقاتقان ھەرخىل تەكرار قەرز پۇل 15 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 530 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش تەكرار قەرز پۇلى 4 مىليارد 10 مىليون يۈەن، ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا بېرىلگەن تەكرار قەرز پۇلى 980 مىليون يۈەن، پۇل ئوبوروتى تەكرار قەرز پۇلى 9 مىليارد 380 مىليون يۈەن، جىددىي ئىشلارغا بېرىلگەن تەكرار قەرز پۇل 210 مىليون يۈەن. يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش سالمىقى زورايتىلدى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ۋە ئىستېمال كرېدىتى ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى، ۋاقىتلىق مەبلەغ يېتىشمەسلىك ھەل قىلىندى. 2) ۋېكسىل بازىرى پائال يېتىشتۈرۈلۈپ، ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ بانكىنىڭ ۋېكسىلگە ئېتىبارلىق پۇل بېرىش، دىسكونت قىلىش ۋە تەكرار دىسكونت قىلىشى ئاساسىدا، كارخانىلارنىڭ ۋېكسىل ئارقىلىق مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىلىپ، كارخانىلارنىڭ قىسقا مەزگىللىك مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان ئېتىبارلىق پۇل بېرىش پېرېۋوت چېكى 9 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 680 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ 5 مىليارد 750 مىليون يۈەن دىسكونت قىلىنىپ، 3 مىليارد 920 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ 2 مىليارد 140 مىليون يۈەن تەكرار دىسكونت قىلىنىپ، 1 مىليارد 280 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تەكرار قەرز بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش قاتارلىق پۇل سىياسىتى قورالىدىن جانلىق پايدىلىنىلىپ، سودا بانكىسىنىڭ كرېدىت ئەمەلىي كۈچى كۈچەيتىلدى. قاراشلىق رايونلاردىكى خېيىمخەتىرى يۇقىرى ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى روشەن ياخشىلاندى. 3) ئامانەت پۇل زاپاس سوممىسى سىياسىتى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، تەۋەلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئامانەت پۇل زاپاس سوممىسىنى ئامانەتكە تاپشۇرۇش، ئېلىپ ئىشلىتىشنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقى، يولغا قويۇلۇش ئۈنۈمى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر نازارەت قىلىپ تەھلىل قىلىنىپ، ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تولۇقلاپ تاپشۇرۇشنى نازارەت قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، ئامانەت پۇل تەييارلىق سوممىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنى پەسەيتىش، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى تەڭشەشتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا تەۋەلىكتىكى ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق چىقىمغا پۇل تەييارلاش نىسبىتى 16.7%كە يېتىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىندى. 4) ئالاقىدار پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كەسپىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقى قاتتىق نازارەت قىلىنىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، ساغلام ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا ئاكسىيە ئاپپاراتلىرى دۆلەت سودا بانكىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مەبلەغ ئۆتنە بېرىم قىلىش كەسپى ۋە سودا بانكىلىرى ئارا كەسپداشلار مەبلەغ ئۆتنە بېرىم قىلىش كەسپى بويىچە 12 مىليارد 945 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ بېجىرىلىپ، ئاكسىيە ۋە بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل ئوبوروت قىلىش ئېھتىياجى ھەل قىلىندى.

3. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، مەركىزىي بانكىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرى ھەقىقىي ئادا قىلىندى. 1) يېڭى تۈزۈلمە ئاستىدا دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش، چىقىمنى ئېنىقلاش، پۇل تارقىتىش، پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى، بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى فۇنكسىيىسى داۋاملىق ياخشى ئادا قىلىندى ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 2) قاراشلىق جايلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى بانكا ئاپپاراتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ماسلىشىلىپ ۋە ئۇلار يېتەكلىنىپ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەسەيتىش بىلەن يەرلىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، بىر تەرەپنىڭ پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 3) دۆلەتنىڭ «ئىچكى ئېھتىياجنى قوزغاش ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش»نى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتى جەھەتتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، قەرەللىك تەھلىل قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى توغرا ئىگىلىنىپ، سىياسەتنى يولغا قويۇش ئۈنۈمىدە ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش نەتىجىسى ۋە سىياسەت، تەدبىرى توغرىسىدىكى تەكلىپلەر شەكىللەندۇرۇلدى.

ۋاڭ لىمىن

## پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ئىچكى قىسىمدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يېڭى تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، تۈرلۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلدى، پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىك رايونىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى پۇل مۇئامىلە تەرتىپىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

1. 2001 - يىل 8 - ئايدا ئىچكى قىسىمدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق تەڭشەلدى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ئەسلىدىكى دۆلەت سودا بانكىسىنى نازارەت قىلىپ - باشقۇرۇش كەسپى، خادىملىرى خەلق بانكىسىنىڭ شىئەن شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى ھەم تەڭشەش مەزگىلىدىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى تىپتىنچ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىشانى ۋە مەزمۇنى ئىنچىكە ئايرىلدى ۋە مىقدارلاشتۇرۇلدى، قاراتمىلىقى بولغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ خەلق بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پىكرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ۋاقتىدا تەكشۈرۈلۈپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، يۇقىرى خېيىمخەتىرى بار ئاپپاراتلارنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ كۆپىيىشى، ناچار قەرز پۇلنىڭ تۆۋەنلىشى، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجىشى، زىياننى ئازايتىشى، ئاپپاراتنى، كەسپىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك تىجارەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئىشلىشى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. چىقىم خېيىمخەتىرىنى تەكشۈرۈش، ئاگاھلاندۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پۇل سىياسىتىنىڭ قوراللىق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تەكرار قەرز پۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت نىشانىنى ئىلمىي بەلگىلىشى ۋە خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەسەيتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ناچار قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئۈنۈملۈك چەكلەندى.

4. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە قائىدىگە ئۇيغۇن تىجارەت قىلىش كۈچەيتىلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ماسلىشىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم پرىنسىپىغا رىئايە قىلىنىپ، ئاپپاراتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

مۇۋاپىق تەڭشەلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، سىناش سىستېمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى ۋەزىپە ئۆتەشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش، ۋەزىپە ئۆتەش داۋامىدا سىناش، ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى ياخشىلاندى. «ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى سىناش، سۆزلىشىش تۈزۈمى» تۈزۈپ چىقىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن ۋەزىپە ئۆتەشتىن ئىلگىرى سۆزلىشىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ «كىرىش» ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى. خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى يېڭى كەسپىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، مەلۇم قىلىش، ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن تىجارەت قىلىشىغا، مۇقىم، ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

5. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى تەكشۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەۋەلىكىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نەق مەيداندا ۋە غەيرىي نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇناسىپ تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىناۋەتلىك ھاۋالە، ئىجارە كەسىپلىرى تېخىمۇ ئېنىقلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇلدى. تەۋەلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى «ئۈچ قالايمىقان» قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. پۇل مۇئامىلە ھەقدارلىقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قەرزدىن قېچىش، قايتۇرماسلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ چەكلەندى. مەركىزىي بانكىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشى كۈچەيتىلىش ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە، قائىدىگە ئۇيغۇن مۇقىم، ساغلام تىجارەت قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تەۋەلىكتىكى ياخشى پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قوغدالدى.

لى شۈمېي

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسىنىڭ نامى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭدىكى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش مەركىزىي تارماق ئىدارىلىرى سىستېما بويىچە باشقۇرىدىغان بولدى.

2001 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى ئادەتتىكى تۈرلەرنىڭ چىنلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە كاپىتال تۈرىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى قاتتىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى پېرېۋوتنى قاچۇرۇش، ئالدامچىلىق قىلىش ۋە قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي بوشاشماي زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى پېرېۋوت پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ ساغلام، بىخەتەر ئېلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 1) پورتلاردا ئېلېكترونلۇق قانۇن ئىجرا قىلىش، ئېكسپورتتىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش سىستېمىسىنى ئىشلىتىشنى پائال كېڭەيتىپ، ئېكسپورتتىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوتنى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئىمپورتقا تاشقى پېرېۋوت تۆلەشكە دائىر ھۆججەت، ئىسپاتلىرىنى تەكشۈرۈشنى چىڭىتىپ، تاشقى پېرېۋوت تۆلەشنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىدى. 2) ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، B پايىنى دۆلەت ئىچىدە بازارغا سېلىپ سودا قىلىشنىڭ تەرتىپلىك ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئادەتتىكى تۈرلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىمىنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى تۈرلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. 3) تاشقى مەبلەغ، تاشقى قەرز ئاساس خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كاپىتال تۈرىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنى چىڭىتتى. 4) بانكا ئىناۋەتلىك قەرز كېنىشكىسى ۋە كاپىتال تۈرى ئاستىدا پېرېۋوت كىرىم، چىقىم قىلىش كەسپىنى، تەۋەلىكتىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىم چىقىمى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ ناتۇرا ھالەتتىكى تاشقى قەرزىنى، شۇنىڭدەك، قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش تاشقى پېرېۋوتىنى، ساياھەت تاشقى پېرېۋوتى كىرىم - چىقىمىنى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىچكى مەبلەغ ۋە چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى يىللىق تەكشۈرۈشنى پائال قانات يايدۇردى. 5) تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ، سېتىش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 قېتىملىق تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش دېلوسىنى تەكشۈردى، ئۇنىڭ سوممىسى 4 مىليون 300 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 2 مىليارد 81 مىليون 240 مىڭ دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.2% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغان پېرېۋوت 920 مىليون 640 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 34.6% ئاشتى. سېتىلغان پېرېۋوت 1 مىليارد 160 مىليون 600 مىڭ دوللار بولۇپ، 17.21% تۆۋەنلىدى. راسچوت قىلىنغان، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ تەتۈر پەرقى 239 مىليون 960 مىڭ دوللار بولۇپ، 66.57% تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرلۇك تاشقى پېرېۋوت قەرز قالدۇقى 1 مىليارد 325 مىليون 689 مىڭ 300 دوللار بولۇپ، 27.69% تۆۋەنلىدى.

فەن شۆپىڭ

## دۆلەت خەزىنىسى خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرى بېجىرگەن مالىيە خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 107 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەزنىڭ خام چوت كىرىمى 5 مىليارد 517 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ خام چوت كىرىمى 9 مىليارد 590 مىليون يۈەن)گە، بېجىرگەن يەرلىك خام چوت چىقىمى 21 مىليارد 836 مىليون يۈەنگە، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ خام چوت كىرىمىدىن خەزىنىگە قايتۇرۇلغىنى 928 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە دوكومېنت شەكىللىك زايومدىن 2 مىليارد 512 مىليون يۈەن تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرى ئورۇندىغان دۆلەت خەزىنىسى كەسپىي مىقدارى 3 مىليون 911 مىڭ ھېساب بولدى.

ۋاڭ شياۋپىڭ

## پۇل، ئالتۇن، كۈمۈش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتىلىق خەزىنىسىدىن يۆتكەپ كەلگەن تارقىتىش فوندى 23 مىليارد 745 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 26%. 49 ئاشتى، تۆۋەنگە 23 مىليارد 484 مىليون يۈەن تارقىتىش فوندى يۆتكەپ بېرىلدى؛ يىغىۋېلىنغان بۇزۇلغان، زەخىملەنگەن خەلق پۇلى 12 مىليارد 898 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 40.07%؛ بۇزۇلغان، زەخىملەنگەن خەلق پۇلىدىن كۆيدۈرۈلگىنى 11 مىليارد 169 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 39.53% ئاشتى؛ 3900 كىلوگرام ئالتۇن سېتىۋېلىندى، 315 كىلوگرام ئالتۇن سەپلەپ سېتىلدى، خەلق باش بانكىسى چۈشۈرگەن ئالتۇن، كۈمۈش يۆتكەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، باش بانكىنىڭ تاۋلاش زاۋۇتىغا 5295 كىلوگرام ئالتۇن ئەۋەتىپ بېرىلدى.

جۇر ۋېڭلياڭ

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى يېزا ئىگىلىك سىياسىتى خاراكتېرىدىكى بانكا فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، ئاشلىق، پاختا ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سېتىۋېلىش مەبلىغىنى بېكىتمە ھالدا باشقۇرۇشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوللاپ، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 148 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 571 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغ قەرز پۇل قالدۇقى 10مىليارد 916 مىليون يۈەن بولۇپ، 375 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى؛ پاختا قەرز پۇل قالدۇقى 15 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 946 مىليون يۈەن ئۆرلىدى. تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 946 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 603 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 11 مىليارد 612 مىليون يۈەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىش قەرز پۇلى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش قەرز پۇلى 2 مىليارد 1 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 481 مىڭ توننا ئاشلىق، 15 مىڭ توننا ياغلىق دان سېتىۋېلىندى؛ پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلى 9 مىليارد 611 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 193 مىڭ توننا ساپ پاختا سېتىۋېلىندى. ئۈنۈمۋېرسال قەرز يىغىۋېلىش نىسبىتى 99.51% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغلىق دان قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 98.47%، پاختا قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 100% بولدى. ئۈنۈمۋېرسال ئۆسۈم يىغىۋېلىش نىسبىتى 75.78% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغلىق دان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 88.60%، پاختا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 64.13%، كرېدىت مەبلىغىنى ئىشلىتىش نىسبىتى 97.79% بولدى.

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى، شۆبە بانكا باشتىن - ئاخىر پاختا سېتىۋېلىشنى قوللاشنى 1 - ئورۇنغا قويۇپ كەلدى.

2001 - يىلى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پاختا بازىرىنىڭ كاساتلىشىپ، باھا چۈشۈپ كېتىشتەك ۋەزىيەتكە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭنىڭ پاختا سېتىۋېلىش باھاسىنى بەلگىلەشكە پائال قاتنىشىپ، سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغىگە بولغان مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ھەم بانكىنىڭ شۇ يىلدىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل خېيىمخەتىرى جەھەتتىكى يوچۇقنى ئەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قەرز بەرگەن كارخانىلارنىڭ يېڭى پاختا سېتىۋېلىش مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %90نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلغا سېتىۋېلىنغان پاختا %86نى ئىگىلەيدۇ.

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەملىكەتلىك ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى تەڭشەپ، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ۋە ئاساسلىق سېتىش رايونلىرىغا قارىتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كرېدىت سىياسىتىنى يولغا قويدى؛ دۆلەت، يەرلىك ساقلايدىغان ۋە قوغداش باھاسىدىكى ئاشلىقلارغا قارىتا «بىر جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىنسا، بىر جىڭ ئاشلىققا قەرز پۇل بېرىش» پرىنسىپى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىپ، سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى؛ قوغداش باھاسى قوللىنىلمىغان ئاشلىقلارغا قارىتا كارخانىلار «سېتىۋالالايدىغان، ساتالايدىغان، نەپ ئالالايدىغان بولۇش» ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا «سېتىش ئەھۋالىغا ۋە ئۈنۈمىگە قاراپ قەرز بېرىشنى بەلگىلەش» پرىنسىپى بويىچە سېتىۋېلىش قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

قەرز پۇل بېرىش خېيىمخەتىرىنى باشقۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1) مەنبە تۇتۇلۇپ، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى تارقىتىش چىڭىتىلدى. 2) پاختىغا قەرز پۇل بېرىش ئۇسۇلى تەڭشىلىپ، كېپىللىك، رەنىلىك قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلدى. 3) ئامانەت قەرز دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ بېكىتىلىپ، ھېساب ئاچقان 105 پاختا كارخانىسى ئىچىدىن 96 كارخانىنىڭ دەرىجىسى باھالاپ بېكىتىلدى، AAA دەرىجىلىك باھالانغىنى 13، AA دەرىجىلىكى 51، A دەرىجىلىكى 22، B دەرىجىلىكى 6، C دەرىجىلىكى 4؛ ئامانەت قەرز دەرىجىسىگە قاراپ، ياخشى كارخانىلار تاللىنىپ يۆلەندى. 4) ئاشلىق كارخانىلىرىدا ئامبارلارنى ئېنىقلاش ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاپ، قەرزنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كرېدىت مەبلىغى سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن ئاپەت ۋە مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ تېپىلدى. 5) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا پائال قاتنىشىلىپ، كارخانىلارنىڭ قەرزدىن قېچىش، قەرزنى بەرمەسلىك، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى ئېسىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرى چەكلەندى. 6) ئۆسۈم يىغىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق، پاختا سېتىش كاسات بولغان ئەھۋالدا، كارخانىلارنىڭ سېتىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، بانكىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى تىرىشىپ ياخشىلاندى، ناچار قەرز پۇل بىر ئاز تۆۋەنلىتىلدى.

ساڭ شىنگۇاڭ

## تەرەققىيات بانكىسى

### تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1999 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلغانىدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا 13 تۈر دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ زاپاس ئامبىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، 31 مىليارد يۈەن قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىندى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشكە ۋەدە بېرىلگەن تۈر 8، ۋەدە قىلىنغان قەرز پۇل 8 مىليارد 712 مىليون يۈەن.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭغا 26 مىليارد يۈەن قەرز پۇل بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە، 2001 - يىلى تارقىتىلغان ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك قەرز پۇل 4 مىليارد 330 مىليون يۈەن، قەرز پۇل تۈرى 102گە يەتتى، بۇ قەرز پۇل نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى، خەۋەرلىشىش، يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق قاتارلىق 12 ساھەگە بېرىلدى، شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىكنى ئاساس قىلغان نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنى ئاساس قىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشى، خوتيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى يادرو قىلىنغان تايانچ ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلۇشى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى يادرو قىلىنغان تۆمۈريول غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى يادرو قىلىنغان ئاۋىئاتسىيە تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغان

«شىنتيەن» ئۈزۈممىچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر ئاساس مۇئەسسەسەلىرى، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ GSM 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئۇقتىملىق تۈرلەرگە ئۇقتىملىق مەدەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار زور تۈر قۇرۇلۇشى مۇھىم كرېدىت مەدىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

2001 - يىلى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى زىيان تارتقان چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلىرىنىڭ كاپىتال قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق 43 تۈرنىڭ 2 مىليارد 785 مىليون يۈەن دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇۋېلىپ، «شىندا» مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىپ، ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش، ۋەيران قىلىش ۋە ئۆزى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى كان ئىشلار ئىدارىسى، ئالتاي تاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق 21 تۈرنىڭ 1 مىليارد 247 مىليون يۈەن دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتتى؛ بىڭتۇەننىڭ چېگرىدىكى 4 تۈەن - مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرىنىڭ ئۆسۈمىنى توختىتىپ، ھېسابىنى ئېسىپ قويدى. 2001 - يىلى ئۈرۈمچى شۆبە بانكا ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باش بانكىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بېيجۇەن كۆمۈر كېنى، كۇيتۇڭ شېكەر زاۋۇتى، ئاشەن قەغەز زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ گەدلىيە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش تۈرلىرىنىڭ 590 مىليون يۈەن ئۆسۈم بىلەن دىرىنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتتى.

2001 - يىلى شۆبە بانكىنىڭ ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %99.94كە، دەسمايىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %100كە، دىرى بىلەن ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %99.98كە يەتتى، 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە شۆبە بانكىنىڭ ناچار قەرز پۇل نىسبىتى %0.05 بولدى.

سۇڭ جېڭ

# سودا - سانائەت بانكىسى

## سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 52 مىليارد 484 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 572 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز قالدۇقى 34 مىليارد 16 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 12 مىليون يۈەن كۆپەيدى (تىرىلمەس ھېسابنى كۆتۈرۈۋېتىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 239 مىليون يۈەن كۆپەيدى). بىر يىلدا تارقىتىلغان تۈرلۈك خەلق پۇلى ھېسابىدىكى قەرز پۇل 23 مىليارد 885 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ نىسبىتى %64.81كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.69 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ مۇۋاپىقلىق دەرىجىسى، قۇرۇلمىسى داۋاملىق ياخشىلاندى. 3 تۈرلۈك ناچار قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن 4.54 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. 2001 - يىلى يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %0.001 بولۇپ، باش بانكا بەلگىلىگەن %0.3لىك تىزگىنلەش چېكى ئىچىدە تىزگىنلەندى؛ 2001 - يىلى بانكا پىرىۋوت چېكى سەپلەنگەن پۇل نۆل بولۇپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پايدىنى پۈتۈن بېكىتمە ھالەتتە تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە ھېساب يۈزىدىكى پايدىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق تىجارەت ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشىلاندى.

دۇ خەيتاڭ

## سودا - سانائەت كرېدىتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سودا - سانائەت تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 20 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇقى 18 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 60 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئوتتۇرا مەزگىللىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 3 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولۇپ، 40 مىليون يۈەن ئازايدى. ئاشقى پىرىۋوت تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 6 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1 مىليون 960 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى (كونىسىنى قايتۇرۇپ، يېڭىدىن ئالغان قەرز

پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 12 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2001 ـ يىلى شۆبە بانكا كرېدىت قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، قەرز پۇل بېرىش يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1) يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ %4. 94ى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خېرىدارلارغا بېرىلدى. A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خېرىدارلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %3. 62نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 2. 9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. 2) يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇل ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىكى 1 ـ، 2 ـ تۈردىكى بانكىلارغا يەنىمۇ مايىللاشتى. 3) ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ قالدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، ئومۇمىي ئۇستۇنلۇكى يېتەرسىز، شۇنىڭدەك تەرەققىيات ئىستىقبالى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئاللىقاچان چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان كارخانىلارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش پىلانى ۋە نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم پەسىللەر بويىچە توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك، سېمونت، شوخولا، كۆمۈر، ھاراقتىن ئىبارەت 6 كەسىپنىڭ كىرىش ۋە چېكىنىپ چىقىش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، يۇقىرىدىكى 6 كەسىپنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى 320 مىليون يۈەن كېمىيىپ، %20 تۆۋەنلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## تۇر قەرز پۇلى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۇر قەرز پۇلى قالدۇقى 8 مىليارد 638 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 77 مىليون 320 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى قالدۇقى 4 مىليارد 272 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، بارلىق قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %46. 49نى ئىگىلەپ، 21 .15 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى قالدۇقى 4 مىليارد 200 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، %62. 48نى ئىگىلەپ، 51. 14 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى؛ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى قالدۇقى 165مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، %92. 1نى ئىگىلەپ، 0.68 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى. بىر يىلدا 2 مىليارد 350 مىليون 430 مىڭ يۈەن تۇر قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1 مىليارد 273 مىليون 110 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ۋە 195 تۈرگە يۆتكەپ بېرىلگەن ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 139 مىليون 370 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. 2001 ـ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ % 34. 98ى ئىقتىسادىي مۇھىتى ياخشى بولغان ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، بايىنغولىن قاتارلىق رايونلارغا بېرىلدى؛ يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ %61. 83ى ئۇچۇر كەسپى، ئاۋىئاتسىيە، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە باشقا ئاساسىي مۇئەسسەسە ساھەلىرىگە سېلىندى؛ يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ %100ى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلارغا بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ تۈرلەرگە قەرز پۇل بېرىش پائال قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ خىلدىكى ئاساسلىق تۈرلەر: شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرى، «شىنجىي» پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى — لەنجۇ تەبىيار ماي يەتكۈزۈش ئۆرۈبىسى تۈرى، شىنجاڭ قۇمۇل «تيەنگۇاڭ» ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ 3 ـ قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تۈرى.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرالغۇ ئۆي كرېدىتى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ـسانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھاۋالە خاراكتېرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 436 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 22 مىليون 830 مىڭ يۈەن كېمەيدى، ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 163 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26 مىليون 600 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. خۇسۇسىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 392 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 758 مىليون 720 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. خۇسۇسىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %62. 7نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 1.85 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى بانكىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن تۈرلۈك قەرز پۇللىرىنىڭ %88. 33نى ئىگىلىدى. تارقىتىلغان تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 1 مىليارد 510 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، يىغىۋېلىنىپ تەكرار قەرز بېرىلگەن سومما 723 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2001 ـ يىلى شۆبە بانكا شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي كرېدىتى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ قاتلاملىق تۇرالغۇ ئۆي كرېدىتى تارقىتىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. يىل ئاخىرىغىچە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى بارلىق تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %43. 77نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىن 9.91 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 23 مىليارد 495 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 686 مىليون يۈەن كېمەيدى. بۇ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ %44.76نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.82 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى.

دۇ خەيتاڭ

## شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى پۇقرالار ئامانەت پۇل قالدۇقى 28 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېڭىدىن 1 مىليارد 258 مىليون يۈەن كۆپەيدى. كۆپىيىش مىقدارىنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %24.5 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 5 دۆلەت سودا بانكىسىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن پۇقرالار ئامانەت پۇلى ئىچىدە 2 - ئورۇننى ئىگىلەپ، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. بانكا بويىچە شەخسىي ۋاستىچىلىق، ۋاكالەتچىلىك كەسپىي كىرىمى 14 مىليون 886 مىڭ يۈەن بولۇپ، بانكا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %48.2نى، ۋاستىچىلىق كەسپىي كىرىمىنىڭ %30.08نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 886 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %48.86 ئاشتى. شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 602 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 157 مىليون 330 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. 855 مىليون 570 مىڭ يۈەن شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇ بانكا 2001 - يىلى مالىيە نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا «ئىككى تۈرلۈك خىراجەت»، ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىسىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىنى ۋاكالىتەن تارقاتتى.

دۇ خەيتاڭ

## كەسىپداشلار پۇل ئامانىتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسىپداشلار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 3 مىليارد 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 466 مىليون يۈەن كۆپەيدى، كۆپىيىش ھەجمى %84.94 بولدى، قالدۇقىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ۋە ئېشىش نىسبىتى شىنجاڭ بويىچە كەسىپداشلار ئىچىدە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى. كەسىپداشلار پۇل ئامانىتىنىڭ بانكىنىڭ تۈرلۈك پۇل ئامانىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %6.08كە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.75 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى «جىنشىن» ھاۋالە شىركىتى قاتارلىق 6 ئاكسىيە سودا ئورنى بىلەن «بانكا دوكومېنتى ئالاقىسى» ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى ھەم قارىمىقىدىكى 2 - دەرىجىلىك 10 شۆبە بانكىدا بۇ كەسىپنى يولغا قويدى. سۇغۇرتا كەسپى، قەرەللىك مال كەسپى، يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، باشقا سودا بانكىلىرى ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك بانكىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى.

دۇ خەيتاڭ

## مۇدەن كارتىسى كەسپى

2001 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدەن كارتىسى سودا سوممىسى 9 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە، مۇدەن كارتىسى بويىچە تەكلىپلىك ئورۇن 1150 كە يەتتى، مۇدەن كارتىسىدىن قىلىنغان كىرىم 19 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6 مىليون 990 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

دۇ خەيتاڭ

## ۋاكالەتچىلىك كەسپى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش، پاراۋانلىق لاتارېيىسىنى ۋاكالىتەن سېتىش، ۋاكالىتەن سۇغۇرتىلاش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش، زايومنى ۋاكالىتەن تارقىتىش، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش قاتارلىق 30 نەچچە تۈرلۈك ۋاكالىتەن يىغىش، ۋاكالىتەن بېرىش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، سېتىش قاتارلىق ۋاكالەتچىلىك كەسپىنى يولغا قويۇپ، كەسپىي مەھسۇلاتنى يېڭىلاشتا «بانكا دوكومېنتى ئالاقىسى»، «95588» تېلېفون بانكىسى، يانفون بانكىسى، تور بانكىسى، كارخانا بانكىسى (خېرىدار كارخانىلار مۇلازىمەتسىز تېرمىنالى) قاتارلىق ئېلېكترونلۇق بانكا مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ ۋاستىچىلىق كەسپىي ساھەسى ئىستېمال كرېدىتى، شەخسىي پۇل پېرېۋوتى، باشقا جايدا نەقلەشتۈرۈش، شەخسىي مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ۋېكسىل ئارقىلىق ھېسابلىشىش، مەبلەغنى خەت ئالاقە ئارقىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرگە كېڭەيدى.

دۇ خەيتاڭ

## خەلقئارالىق كەسىپ ئەھۋالى

2001 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى سوممىسى 140 مىليون 950 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 11 مىليون 610 مىڭ دوللار كۆپەيدى، كۆپىيىش ھەجمى %8.97كە يەتتى.

تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇل قالدۇقى 99 مىليون 730 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 14 مىليون 70 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ نەق تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقى 5 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1 مىليون 570 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ 604 مىليون 550 مىڭ دوللار خەلقئارا راسچوت كەسپى بېجىرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 31 مىليون 910 مىڭ دوللار كۆپەيدى، كۆپىيىش ھەجمى %57.5كە يەتتى، راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 556 مىليون 550 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 14 مىليون 750 مىڭ دوللار كۆپەيدى، كۆپىيىش ھەجمى %72.2كە يەتتى. تاشقى پېرېۋوتتىن بىر يىلدا 2 مىليون 610 مىڭ دوللار پايدا يارىتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 196 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئامانەت پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 25 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 578 مىليون يۈەن، كەسىپداشلار ئامانەت پۇل قالدۇقى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 187 مىليون يۈەن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 14 مىليارد 12 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 618 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 24 مىليارد 194 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 204 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ ناچار قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن 3.28 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ مەلۇمات جەدۋىلىدە 24 مىليون 30 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## كرېدىت باشقۇرۇش

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئەلا خېرىدارلارنى مەركەز قىلغان كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئاساسىي تەسەۋۋۇرىنى تۇرغۇزۇپ، ئەلا خېرىدارلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئادەتتىكى خېرىدارلارنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئۆزگەرتىپ، چەكلىنىدىغان خېرىدارلارنى قىسقارتىپ، سۈپەتسىز خېرىدارلارنى قەتئىي شاللىۋېتىپ، تۈرلۈك قەرز ئالغۇچى ساھە، رايون ۋە خېرىدارلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا پائال ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بىر يىلدا 12 مىليارد 317 مىليون يۈەن دائىملىق كەسپىي قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 2 مىليارد 641 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسەن «دېلوڭ» گۇرۇھى، «تۇنخې» گۇرۇھى، «نەشپۈت» پاي شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلار ۋە ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بەردى. تارقاتقان سانائەت قەرز پۇلى 2 مىليارد 498 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 585 مىليون يۈەن كۆپەيدى، سۇچىلىق، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، خەۋەرلىشىش، ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپى، شىنجاڭ جۇڭخې، خەلقئارا ئوقەتچىلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم سۈپەتلىك چوڭ خېرىدارلارغا ئاۋۋال مەدەت بەردى. تارقاتقان سودا قەرز پۇلى 2 مىليارد 647 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليارد 580 مىليون يۈەن كېمەيدى، «شېڭزى» شىركىتى، «خۇالىڭ» گۇرۇھى قاتارلىق نۇقتىلىق خېرىدارلارغا نۇقتىلىق مەدەت بەردى. شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 520 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 525 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقاتتى، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 34 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 528ى يولغا قويۇلۇپ، 106 مىڭ 22 نامرات ئائىلە يۆلەندى ۋە يېتەكلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاستە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن قەرز پۇل 309 مىليون 360 مىڭ يۈەن، يۆلەنگەن نامرات ئائىلە 83 مىڭ 769؛ نامرات رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارغا 150 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 20 كارخانىغا مەدەت بېرىلىپ، 18 مىڭ 817 نامرات ئائىلە يېتەكلەندى؛ نامرات رايونلارنىڭ ئاساس تۈرلىرىگە 62 مىليون 10 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 8 تۈرگە مەدەت بېرىلىپ، 10 مىڭ 850 نامرات ئائىلە بىۋاستە يۆلەندى، 500 نامرات ئائىلە ۋاستىلىق يېتەكلەندى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنى سودىلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «شىركەت + بازار + دېھقان ئائىلىسى» دىن ئىبارەت نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنى پائال تۈردە مۇۋاپىق تارقىتىپ، نامراتلارنى



2001 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى شىركەتلەر بۆلۈمىنىڭ باش دىرېكتورى جياشياكېن شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى شۈيۈۋېننىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ «تۇنجى» مەبلەغ سېلىش ياي جەكلىك شىركىتىگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: جياشياكېن ھەمراھلىرى بىلەن يولى ئىستېر ئىشلەپچىقىرىش سېخىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

سۈرەتنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەمىنلىگەن

يۆلەش ئارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئامرانلارنى يۆلەش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى ئىلگىرى سۈردى.

دۇڭ شياۋجۈن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە بىڭتۈەن شۆبىسى 2 كارتىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئورۇنداپ، 2 شۆبە بانكىنىڭ بانكا كارتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ھوقۇق بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 103 قەرز خاتىرىلەش كارتىسى سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، قەرز خاتىرىلەش كارتىسىنى مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇپ، تېلېفون بانكىسىنىڭ دەرىجىسىنى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن نومۇرى 95599 غا ئۆستۈردى. قەرز خاتىرىلەش كارتىسى سىستېمىسىنى يېڭى ئۆلچەم بويىچە كارتا ياساش، كارتا تارقىتىشقا ئۆزگەرتتى ھەم قەرز خاتىرىلەش كارتىسى بىلەن كرېدىت كارتىسىغا ھوقۇق بېرىش تورىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە بانكا كارتىسى باش مەركىزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەرز خاتىرىلەش كارتىسىنىڭ بانكىدىن، رايوندىن ھالقىشىغا ئاساسىي شەرت ھازىرلىدى؛ بانكا كارتىسى كەسپىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، داۋالىنىش سۇغۇرتا كارتىسى، مەكتەپ باغچىسى كارتىسى، ھەلقىلارا كارتا قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ قەرز خاتىرىلەش كارتىسىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توك پۇلىنى ۋاكالىتەن يىغىش، مائاشنى ۋاكالىتەن تارقىتىش، ۋاكالىتەن راسچوت قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىچىلىق كەسپلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكا 550 مىڭ 631 دانە بانكا كارتىسى تارقاتتى، شۇ يىللىق بانكا كارتىسى ئىستېمال سوممىسى 108 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، بانكا كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 471 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، غەيرىي نورمال ئېشىپ كەتكەن چىقىم 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 520 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ 1 مىليارد 530 مىليون يۈەن ئىستېمال قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 1 مىليارد 10 مىليون يۈەن يىغىۋېلىنىپ، 520 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئۆي بېزەش قەرز پۇلى بىر قەدەر زور دەرىجىدە كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا ئاز سوممىلىق رەنلىك قەرز پۇل قالدۇقى 128 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا 545 مىليون يۈەن تارقىتىلىپ، 570 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى. 2001 - يىلى 48 ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى كۆپەيتىلدى، 2 مۇلازىمەتسىز بانكا قۇرۇلدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## ۋاسىتىچىلىك كەسپى

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى كەسپداشلار ۋە قانۇنىي ئىگە ئاپپارات خېرىدارلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى بىلەن ئۈنۈملۈك

ھەمكارلىق رامكىسى كېلىشىمى ئىمزالاپ، نەق ۋاقىتتا شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ سۆزلىشىش ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش كەسپىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ «دابېڭ» ئاكسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى تىجارەت بۆلۈمى، «خۇڭيۈەن» ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن بانكا دوكومېنتى ئالاقىسى كەسپى جەھەتتە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمى بانكا دوكومېنتى ئالاقىسى كەسپىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويدى؛ جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ۋاكالەتچىلىك كەسپى بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، كەسپىنى شىنجاڭدىكى سىستېما بويىچە كېڭەيتىپ يولغا قويدى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، «خۇاشيايىنوڭ» تور شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو بويىچە تۇنجى دېھقانچىلىق ـ قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرى سودىسى سۇپىسى CASPMنى بەرپا قىلدى، توردا دېھقانچىلىق ـ قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى؛ بىڭتۇەن دۆلەت مۈلكى تىجارىتى شىركىتى، «شىنشۇي» پاي شىركىتى، شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۈنۈمى ياخشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى يۇقىرى بولغان ئەلا خېرىدارلارنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ مالىيە، سوت، باج تارماقلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى.

دۆلەت شياۋجۇەن

## تىجارەت مېخانىزمىنى تەڭشەش

2001 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت قاتلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بىۋاسىتە تىجارەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىنىڭ خېرىدارلار تارمىقى تەرەققىي قىلدۇرغان خېرىدار سىستېما، مونوپول خېرىدار، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرگە ئالاقىدار كەسپلەرنى بىۋاسىتە بېجىردى، 2 ـ دەرىجىلىك شۆبە بانكا مۇلازىمەت قاتلىمى داۋاملىق قوغدىشى قىيىن بولغان ھەم شۆبە بانكا تىجارەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغان چوڭ خېرىدارلارنىڭ كەسپىنى بىۋاسىتە بېجىردى. يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكا AAA دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 9 نۇقتىلىق خېرىدارغا بىۋاسىتە ماركېتىڭ قىلدى ۋە ئۇنى باشقۇردى، قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، بانكا بويىچە دائىملىق قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 17.07%نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر رايونىدىكى بايلىقنى پۈتۈنلىدى، يېزىلاردىكى تور نۇقتىلارنى تەرتىپكە سالدى.

دۆلەت شياۋجۇەن

# جۇڭگو بانكىسى

## خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

2001 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خېيىمخەتەرنى باھالاش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، قەرز پۇل قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئىناۋەت بېرىلگەن مەبلەغنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش ۋە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىناۋەت بېرىلگەن مەبلەغنىڭ سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى.

2001 ـ يىلى تەۋەلىك بويىچە خېيىمخەتەرنى تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەكشۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىناۋەت بېرىلگەن ھەربىر تۈردە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە، خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىناۋەت بېرىلگەن تۈرلەرنى باھالاشقا مەسئۇل بولدى. بىر يىلدا كەسپىي تارماقلار ۋە 2 شۆبە (تارماق) دەرىجىلىك بانكا يوللىغان 811 ئىناۋەت بېرىش تۈرى قوبۇل قىلىنىپ بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق پۇلىدىن ئىناۋەت بېرىلگەن تۈر 682، چەت ئەل پۇلىدىن ئىناۋەت بېرىلگەن تۈر 129؛ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ باھالاش دوكلاتىنىڭ ھەر بىرىدىن 811 نۇسخىدىن دوكلات يوللىنىپ، ئىناۋەت بېرىش كەسپىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئىمزا قويغۇچى كىشى ئۈنۈملۈك تەدبىر بەلگىلەش پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەندى. بىر يىلدا تەستىقلانغان ئىناۋەت بېرىش تۈرى 727 بولۇپ، يۇقىرىغا يوللانغان تۈرلەرنىڭ 89.64%نى ئىگىلىدى، تۈر سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 15 مىليارد 431 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىغا يوللانغان سوممىنىڭ 90%نى، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدا 155 مىليون دوللارغا يېتىپ، 99.80%نى ئىگىلىدى. كۆچمە خەۋەرلىشىش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىستېتىش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە تارماقلىرى ۋە كەسپلىرى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ «تيەنيې»، «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى، جۇڭجى پاي شىركىتى، «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى، «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى، «دېلۇڭ»، گۇرۇھى، «شەرقتىكى 100» پاي

چەكلىك شىركىتى قاتارلىق پاي شىركەتلىرى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا نۆۋەتلىك مۇددەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.78 ئاشتى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 546 مىليون دوللار بولۇپ، %51.16 تۆۋەنلىدى.

شۆبە بانكا ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى باشقۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىناۋەت دەرىجىسى يۇقىرىراق بولغان سودا پۇل ئوبوروتى قىلىدىغان ۋە باشقا قىسقا مۇددەتلىك ئىناۋەت بېرىش كۆپرەك سادىر بولىدىغان خېرىدارلارنى ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، خېرىدارلارنى قولايلىق ئىناۋەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتلىك خېرىدارلارنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا 53 خېرىدارغا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەن ۋە تەستىقلاپ بەرگەن ئىناۋەت بېرىش سوممىسى 3 مىليارد 852 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى ئىناۋەت دەرىجىسى باھالانغان 327 خېرىدار ئىچىدە، A دەرىجىلىكى 80 بولۇپ، دەرىجىسى باھالانغان ئومۇمىي خېرىدارنىڭ %24.47نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 8 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ B دەرىجىلىكى 186 بولۇپ، %56.88نى ئىگىلەپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ Cدەرىجىلىكى 50 بولۇپ، %15.29نى ئىگىلەپ، بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ D دەرىجىلىكى 11 بولۇپ، %3.36نى ئىگىلەپ، 9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

بىر يىلدا ناچار نەق پۇل قەرز پۇلىدىن 327 ھېساباتىكى 128 مىليون يۈەن ئىستىقلاپ يىغىۋېلىندى. بىر يىلدا باش بانكىنىڭ تەستىقى بىلەن 108 مىليون يۈەن تىرىلمەس ھېساب تەكشۈرۈلۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. يىل ئاخىرىدا، ئىناۋەت بېرىلگەن مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 630 مىليون يۈەن چۈشۈپ كەتكەن ئەھۋالدا ناچار ئىناۋەت بېرىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكىدىن 0.12 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ، باش بانكا چۈشۈرگەن نىشان ئىچىدە تىزگىنلەندى. خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلىدىن ئۆسۈم ئېلىش نىسبىتى %94.88كە يەتتى.

تەن سۈڭلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

2001 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 546 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %51.16 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىنلا 36 مىليون 780 مىڭ دوللار تارقىتىلدى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، سودا، پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى ۋە مېتاللورگىيە قاتارلىق ساھەلەر تاشقى پېرېۋوتنى كۆپرەك ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، باشقا ساھەلەر تاشقى پېرېۋوتنى ئاز ئىشلەتتى. قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە بورتالا ئوبلاستىغا ھەر بىرىگە 600 مىڭ دوللاردىن تاشقى پېرېۋوت قەرز بېرىلگەندىن سىرت، قالغان قەرز پۇل ئۈرۈمچى رايونىغا مەركەزلەشتى. ساھەلەر بويىچە نېفىت - خىمىيە سانائىتى ساھەسىگە 417 مىليون دوللار بېرىلىپ، قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %76.37نى ئىگىلىدى؛ شەھەر قۇرۇلۇشى ساھەسىگە 47 مىليون 580 مىڭ دوللار بېرىلىپ، %8.71نى ئىگىلىدى؛ خەۋەرلىشىش ساھەسىگە 33 مىليون 90 مىڭ دوللار بېرىلىپ، %6.06نى ئىگىلىدى؛ خام - ئەشيا ماتېرىياللار ساھەسىگە 12 مىليون 520 مىڭ دوللار بېرىلىپ، %2.29نى ئىگىلىدى؛ سودا ساھەسىگە 11 مىليون 540 مىڭ دوللار بېرىلىپ، %2.11نى ئىگىلىدى؛ يىل ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى ئەڭ كۆپ ئالغان 5 خېرىدار مۇنۇلار: جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ئالغان قەرز پۇل قالدۇقى 262 مىليون دوللار؛ جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ 155 مىليون دوللار؛ ئۈرۈمچى ساي يولى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 44 مىليون 720 مىڭ دوللار؛ شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ 31 مىليون 480 مىڭ دوللار؛ شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 5 مىليون 520 مىڭ دوللار. بۇ 5 خېرىدارنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقى ئومۇمىي تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ %91.34نى ئىگىلىدى.

تەن سۈڭلىيۇ

## تاشقى سودا قەرز پۇلى

2001 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 971 مىليون يۈەن تاشقى سودا قەرز پۇلى تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 600 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %55.39 تۆۋەنلىدى. خەلقئارا بازاردا پاختا باھاسى ئېنىق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمپورت - ئېكسپورت پاي شىركىتى بۇ يىل يېڭى پاختا سېتىۋېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى ھەمدە 451 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى كېيىنكى - كېيىنىدىن قايتۇردى، نەتىجىدە تاشقى سودا قەرز پۇلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. يىل ئاخىرىغىچە سانجى، قاراماي، ئالتاي، ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ تاشقى سودا قەرز پۇلى بولمىغاندىن سىرت، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست

شەھەرلەرنىڭ تاشقى سودا قەرز پۇلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە دەرىجىلىك كەسپىي تاشقى سودا شىركىتىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 439 مىليون يۈەن بولۇپ، تاشقى سودا قەرز پۇلى سوممىسىنىڭ 73.17%نى ئىگىلىدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى ۋە ماشىنىسازلىق ئىمپورت - ئېكسپورت چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 3 كارخانىنىڭ تىجارىتى نورمال، مالىيە ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، مەلۇم قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، قالغان تاشقى سودا كارخانىلىرىدا مەبلىغى قەرزنى تۆلەشكە يەتمەيدىغان ئېغىر ئەھۋال ساقلىنىپ، ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. يىل ئاخىرىدا ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 37.88%كە يەتتى.

تەن سۈگلىيۇ

## چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قەرز پۇلى

2001 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا 823 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 976 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 13.36% ئاشتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كۆپ ساندىكى كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتتى، تىجارەت نورمال بولمىدى، ھەتتا توختاپ قالدى. يىل ئاخىرىغىچە شۆبە بانكا بىلەن قەرز پۇل ئېلىش مۇناسىۋىتى ئورناتقان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 32گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال تىجارەت قىلىۋاتقىنى 13. تىجارىتى نورمال بولمىغان ياكى ئىشتىن توختىغان كارخان 19، تىجارىتى نورمال بولىۋاتقان كارخانىلار ئىچىدە، 6 سى ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان كارخانا بولۇپ، ئۇلار: «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، مېڭ كارخانا گورۇھى، تۇرپان «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە «تۇڭيى» كارخانىسى يېمەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت. بىر يىلدا بۇ 6 كارخانىغا 716 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز تارقىتىلدى، بۇ ئومۇمىي قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 87%نى، قەرز پۇل قالدۇقى 763 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 78.18%نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا ئېكسپورتتىن 78 مىليون 810 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

تەن سۈگلىيۇ

## ئىستېمال كرېدىتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىستېمال كرېدىتى ئومۇمىي قالدۇقى 3 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 112.45% ئاشتى. ئىستېمال قەرز پۇلىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سوممىسى تونجى قېتىم شىركەت قەرز پۇلىنىڭ يېڭى كۆپەيگەن مىقدارىدىن ئېشىپ، مەبلەغ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى ئۈنۈملۈك تېزلەتتى. تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى، مائارىپ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قەرز پۇلى، ئۆي بېزەكچىلىك قەرز پۇلى، مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش قەرز پۇلى، ئامانەت چېكىنى رەنىگە قويۇش قەرز پۇلى قاتارلىق ئىستېمال كرېدىتى تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاساسلىقى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى بىلەن ئاپتوموبىل قەرز پۇلى ئاساس بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 81 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 73.85%؛ ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇل قالدۇقى 223 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 277.97%؛ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش قەرز پۇلى قالدۇقى 502 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 560.53% ئاشتى. بۇ بانكا ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى جەھەتتە، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت سودا بانكىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا، مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 3 - رەتتە تۇردى. تۈرلۈك ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 24.22%كە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 پىرسەنت پۇئىنتى كۆپىيىپ، مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، باش بانكا مەملىكەت بويىچە ئىستېمال كرېدىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى.

تەن سۈگلىيۇ

## پۇل ئامانەت كەسپى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 15 مىليارد 605 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 126 مىليون يۈەن (ستاتىستىكا ئۆلچىمى ئۆزگەرگەنلىكتىن يىل بېشىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ 197 مىليون يۈەن ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئامانەت پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 161 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 968 مىليون يۈەن؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 6 مىليارد 543 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 904 مىليون يۈەن؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 901 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، 253 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانەت قالدۇقى 351 مىليون دوللارغا يېتىپ، 19 مىليون 890 مىڭ دوللار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرالار ئامانەت قويغان چەت ئەل پۇلى قالدۇقى 315 مىليون دوللارغا يېتىپ، 21 مىليون 520 مىڭ دوللار ساپ ئاشتى.

تەن سۈگلىيۇ

## خەلقئارا راسچوت ئەھۋالى

2001 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1 مىليارد 45 مىليون دوللار پېرېۋوتنى راسچوت قىلدى ۋە ساتتى، بۇ 2000 ـ يىلدىكىدىن 4.04% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە راسچوت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 561 مىليون دوللارغا يېتىپ، 32% ئاشتى؛ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 484 مىليون دوللار بولۇپ، 27.11% تۆۋەنلىدى. تاشقى سودا تۈرى بويىچە خەلقئارالىق راسچوت كەسپىي مىقدارى 784 مىليون دوللار بولۇپ، 4.97% تۆۋەنلەپ، ئوخشاش كەسپىتىكىلەرنىڭ بازار ئۈلۈشىدە 44.26%نى ئىگىلىدى. غەيرىي تاشقى سودا تۈرى بويىچە خەلقئارا راسچوت كەسپىي مىقدارى 463 مىليون دوللارغا يېتىپ، 6.76% ئاشتى.

بىر يىلدا 623 ئېكسپورت ئىسپاتى تاپشۇرۇۋېلىندى، سوممىسى 59 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 70.50% تۆۋەنلىدى؛ مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىنغىنى 1042، سوممىسى 92 مىليون 240 مىڭ دوللار بولۇپ، 58.45% تۆۋەنلىدى؛ ھاۋالە بىلەن يىغىۋېلىنغىنى 354، سوممىسى 28 مىليون 90 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 337.54% ئاشتى؛ ئېكسپورتقا پېرېۋوت رەنە قويۇلغىنى 4، سوممىسى 220 مىڭ دوللار بولۇپ، 96.43% تۆۋەنلىدى؛ پېرېۋوت ئارقىلىق كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت پۇلى 2522، سوممىسى 177 مىليون دوللار بولۇپ، 4.84%؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 305 مىليون دوللار بولۇپ، 21.19% تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئىمپورتقا 840 ئىسپات بېرىلدى، سوممىسى 224 مىليون دوللارغا يېتىپ، 34.94% ئاشتى؛ ۋاكالىتەن يىغىۋېلىنغىنى 57، سوممىسى 6 مىليون 490 مىڭ دوللار بولۇپ، 24.71% تۆۋەنلىدى؛ سىرتقا پېرېۋوت قىلىنغىنى 2653، سوممىسى 169 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.42% ئاشتى؛ ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغىنى 3466، سوممىسى 303 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.02% ئاشتى؛ يېزىلغان ھەرخىل تاشقى پېرېۋوت كاپالەت ئالاقىسى 33، سوممىسى 4 مىليون 730 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 93.06% ئاشتى؛ خەلق پۇلىغا يېزىپ بېرىلگەن كاپالەت ئالاقىسى 373، سوممىسى 123 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 67.74% ئاشتى. مال ئېلىشقا 2 قېتىم ھۆددە بېرىش كەسپى بېجىرىلدى. 2 قېتىم گۇۋاھلىق بېرىلدى، دۆلەت ئىچىدە بىر قېتىم كاپالەت بېرىلدى، بىراق مەزگىللىك پېرېۋوت راسچوت قىلىش، سېتىش كەسپى 9 قېتىم بېجىرىلدى. بىر يىلدا يارىتىلغان خەلقئارا راسچوت پايدىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 39 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تەن سۈگلىيۇ

## سەددىچىن كرېدىت كارتىسى كەسپى

2001 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى داۋاملىق يىلان يىلى مۆچەل كارتىسى، سەددىچىن — دوستلۇق ئەسىر بىرلەشمە ئىسىم كارتىسى، سەددىچىن — لىبەيدى بىرلەشمە ئىسىم ئېلېكترونلۇق قەرز خاتىرىلەش كارتىسىدىن ئىبارەت 3 يېڭى مەھسۇلاتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. يىل ئاخىرىغىچە سەددىچىن كرېدىت كارتىسىنىڭ ئۇنۇملۇك كارتىسى 123 مىڭ 500 پارچە بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 14 مىڭ 100 كارتا كۆپەيدى؛ قەرز خاتىرىلەش كارتىسى 854 مىڭغا يېتىپ، 351 مىڭ 500 كارتا كۆپەيدى؛ خەلقئارالىق كارتا 591 پارچە؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن تەكلىپلىك سودىگەر خېرىدار 182. بانكا كارتىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىش، سودىلىشىش سوممىسى 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.93%؛ ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن چەت ئەل پۇلى كارتىسىنىڭ سودىلىشىش سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 44 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.99% ئاشتى. بىر يىلدا ۋاكالەتچىلىك كەسپىدە يارىتىلغان سودىلىشىش سوممىسى 1 مىليارد 533 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 117.45%، كرېدىت كارتىسىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى 862 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.24% ئاشتى. يامان غەرەزدە ئارتۇق چىقىم قىلىنغان 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، ئارتۇق چىقىم قىلىنغان سومما يىل بېشىدىكى 11 مىليون 130 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە چۈشتى. بىر يىلدا كرېدىت كارتىسىدا تۇرۇپ قالغان 133 ھېسابتىكى 2 مىليون 937 مىڭ 500 يۈەن دېرى، 3 مىليون 537 مىڭ 900 يۈەن ئۆسۈمى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى.

تەن سۈگلىيۇ

# قۇرۇلۇش بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تولۇق ئۆلچەم بويىچە ئاشقان ئامانەت پۇلى 3 مىليارد 193 مىليون يۈەنگە، قالدۇقى 42 مىليارد 855 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئادەتتىكى ئامانەت پۇل 3 مىليارد 358 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قالدۇقى 42 مىليارد 431 مىليون

يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئامانەت پۇلى 1 مىليارد 554 مىليون يۈەن، پۇقرالار ئامانەت پۇلى 1 مىليارد 803 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل 3 مىليارد 607 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، قالدۇقى 25 مىليارد 503 مىليون يۈەنگە يەتتى. قەرز پۇل سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناچار قەرز پۇل نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 4.44 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. باش بانكا سىناق قىلغان پايدىسى 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14.17% ئاشتى.

خو يۈجېن

## كرېدىت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى كرېدىت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كرېدىت خېيىمخەترىنى مەنبەسىدىن باشلاپ تىزگىنلىدى ۋە ئالدىنى ئالدى. كرېدىت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كرېدىت كەسپىنى 1 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەشغۇلات قائىدىسىنى تۈزدى، مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش تورى بەرپا قىلدى، كرېدىتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتتى. كرېدىت خېيىمخەترىنى باشقۇرۇش، ساھەلەر بويىچە تەكشۈرۈش ۋە خېيىمخەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش تەتقىقاتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، خېيىمخەتەرنى تۈرگە ئايرىپ مەشغۇلات قىلىش چارىسىنى ياخشىلاپ، كرېدىت خېيىمخەترىنى نەق مەيداندا ۋە غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. مۇھىم كرېدىت ئىشلىرىنىڭ خېيىمخەتىرىدىن دوكلات بېرىش تۈزۈمى، ئۇقتىلىق ئالاقىلىشىدىغان بانكا تۈزۈمى ۋە يۇقىرى خېيىمخەتەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى شۇنىڭدەك ناچار قەرز پۇلنى بېكىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئورنىتىش ئارقىلىق بانكا بويىچە خېيىمخەتەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا سېلىشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكا بويىچە ناچار قەرز پۇل قالدۇقى 4.44 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى.

2001 - يىلى شۆبە بانكا «ئەلالىرى ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سالدى ۋە ئەلالاشتۇردى، خېرىدار شىركەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە سېلىپ، ئۇقتىلىق خېرىدارلارغا 10 مىليارد 379 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 3 مىليارد 840 مىليون يۈەن. بازار ماركېتىڭى خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كەسىپلەر بويىچە تەكشۈرۈش، مەخسۇس تەكشۈرۈش، خېرىدارلارنى باھالاش، تۈرلەرنى بورداش، خېرىدارلارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسپىي خاراكتېرىدىكى گۇرۇھ خېرىدارلارنىڭ باشلامچى ماركېتىڭىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەپ، بازار ئۈلۈشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكا بويىچە شىركەت تۈرىدىكى قەرز پۇل ئەمەلىيەتتە 3 مىليارد 368 مىليون يۈەن كۆپەيدى، يېڭىدىن ئېشىش نىسبىتى ئاپتونوم رايوندىكى سودا بانكىلىرى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. بانكا بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل ئاساسلىقى نېفىت خىمىيە سانائىتى، قاتناش، ئۈچۈر قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلەرگە ۋە ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى، تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولغان ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، شىخەنزە ۋە بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىلدى.

خو يۈجېن

## ئۆي - زېمىن پۇل مۇئامىلە كەسپى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەركىزىي شەھەردىكى بانكا ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئۆي - زېمىن پۇل مۇئامىلە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇقتىلىق رايون قىلدى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى كەسپىنى ئاساس قىلىپ، ئۈرۈمچى رايونىدا ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش خاراكتېرىدىكى شەخسىي قەرز پۇل ۋە ھاۋالە خاراكتېرىدىكى شەخسىي قەرز پۇل بىرلەشتۈرۈلگەن بىرىكمە قەرز پۇل ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. كرېدىت باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، مەبلەغ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىلارنىڭ بارلىق قەرز پۇل بېرىش ھوقۇقىنى يىغىۋېلىپ، كرېدىت كۆلىمىنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 2001 - يىلى بانكا بويىچە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، قالدۇقى 3 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خو يۈجېن

## پۇقرالار پۇل ئامانىتى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، شەخسىي بانكا كەسپىي مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى ئىلگىرى سۈردى، تور - ئۇقتىلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ مەشغۇلات قىلىش ۋە ئاساسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، پەشتاختىدا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، شەخسىي بانكا كەسپىنىڭ مۇقىم قەدەمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بانكا بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 18 مىليارد 274 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلى يېڭىدىن 1 مىليارد 803 مىليون يۈەن كۆپەيدى، باش

بانكا ئەكشۈرۈپ بېكىتكەن پىلان %149.05 ئورۇندالدى.

خۇ يۈجېن

### «ئەجدىھا» كارتىسى كەسپى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2 مىليون 422 مىڭ 700 دانە «ئەجدىھا» كارتىسى تارقاتتى، بۇ يىل بېشىدىكىدىن 676 مىڭ 200 دانە كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان ئومۇمىي بانكا كارتىسىنىڭ %46.53نى ئىگىلىدى. «ئەجدىھا» كارتىسىنىڭ ئىقتىدارى 19 تۈرگە كۆپەيدى.

خويۈجېن

### ۋاستىچىلىق كەسپى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋاستىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ۋاستىچىلىق كەسپىنىڭ بانكا بويىچە كەسپىي كىرىم ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى، يىل بېشىدا ۋاستىچىلىق كەسپىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇپ، ۋاستىچىلىق كەسپىنىڭ 5 يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزدى، ۋاستىچىلىق كەسپىنىڭ بانكا بويىچە ئۇنىۋېرسال تىجارەتنى باھالاشتا ئىگىلىگەن نومۇرى يۇقىرىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋاستىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدا ۋاستىچىلىق كەسپىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 2000 - يىلدىكىدىن %52.2 ئېشىپ، 2.12 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

خويۈجېن

### قۇرۇلۇش بانكىسى ISO9001 خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە سۈپەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئورگىنى ۋە تىجارەت بۆلۈمىنىڭ بارلىق پۇل مۇئامىلە كەسپى ISO9001 : 2000 خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتۈپ، ئەنگلىيە ئۆلچەم جەمئىيىتى BSI تىنچ ئوكيان شىركىتى تارقاتقان خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە سۈپەت ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى.

خويۈجېن

## قاتناش بانكىسى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى مەبلىغى 6 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %24.9 ئاشتى. بىر يىلدا خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىدىن ياراتقان پايدىسى 91 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ بانكا باش بانكا تەرىپىدىن داۋاملىق ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان بانكا قىلىپ بېكىتىلدى، باش بانكا تەرىپىدىن ئۈدا A دەرىجىلىك بانكا بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى بانكا بويىچە پۇل ئامانىتى تۇنجى قېتىم 5 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

سۈي جەنجۈن

### خەلق پۇلى كەسپى

2001 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانىتى 5 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %26.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۆتكىلىشچان پۇل ئامانىتى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.4 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا بانكا بويىچە تۈرلۈك خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %7.45كە يېتىپ،

## سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى

سودىگەر چاقىرىش بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى (قىسقارتىپ سودىگەر چاقىرىش بانكىسى، دەپ ئاتىلىدۇ) مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى كارخانا قانۇنىي ئىگىسى پاي ئىگىلەپ تۇرغان پاي تۈزۈمىدىكى سودا بانكىسى، ھازىر ئۇنىڭ پايچېكى 106گە يەتتى. بۇ بانكا قۇرۇلغان 15 يىلدىن بۇيان «تېخنىكىدا ئالدىدا تۇرىدىغان بانكا، مىللىي بانكا كەسپىنىڭ جەۋھىرى»نى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بانكىلار بويىچە ‰4كە يەتمەيدىغان كەسپىي خادىم، ‰2كە يەتمەيدىغان ئاپپارات تورى ئارقىلىق، تەخمىنەن %1.6 مەبلەغ كۆلىمىنى ئىگىلىدى، نۆۋەتتە، ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي رايونلار ۋە مەركىزىي شەھەرلەرگە كىرىپ، 31 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەردە 300 شۆبە، تارماق ئاپپارات تەسىس قىلدى، دۇنيادىكى 60 نەچچە دۆلەتتىكى 900 نەچچە بانكا بىلەن كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شىنجېندا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان، شياڭگاڭغا تايىنىدىغان، پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان، پۈتۈن يەر شارىغا يۈزلەنگەن

مەملىكەت خاراكتېرلىك بانكا كەسپىي تورى ۋە ئاپپارات سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، ھازىر ئۇ دۇنيادىكى 300 چولڭ بانكا قاتارىغا كىردى. 1996 - يىلدىن بۇيان سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ نامى ئۇدا 3 يىل ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «بانكىر» ژۇرنىلىنىڭ «دۇنيادىكى ئەلڭ ياخشى كاپىتال پايدا نىسبىتىگە ئىگە 25 بانكا» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئەنگلىيىنىڭ «بانكىر» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىلدىكى «دۇنيادىكى 1000 چولڭ بانكا» ئىسىملىكىدە، سودىگەر چاقىرىش بانكىسى 276 - رەتكە تىزىلدى؛ «ياۋروپا پۇلى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىلدىكى «ئاسىيا - ياۋروپادىكى 100 بانكا» تىزىملىكىدە سودىگەر چاقىرىش بانكىسى پاي دەسمايىسىنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى جەھەتتە ئاسىيادىكى بانكىلارنىڭ ئالدىنقى رېتىگە تىزىلدى؛ «ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى» ژۇرنىلى سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنى 2001 - يىللىق جۇڭگودىكى ئەلڭ ياخشى يەرلىك بانكا قىلىپ باھالىماقچى بولدى.

سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنى قۇرۇشقا 2001 - يىل 2 - ئايدا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلاندى. 8 ئاي تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئازكەم يېرىم يىل رەسمىي ئىشلەش ئارقىلىق، سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئوبراز ۋە نام جەھەتتە چېگرا شەھەر خەلقىگە تونۇلۇش بىلەن بىللە مۇنەۋۋەر تىجارەت نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. 2002- يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شۆبە بانكىنىڭ خەلق پۇلى خوسۇسىي ئىگىلىك ئامانەت پۇلى 450 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 65 مىليون يۈەن، ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى 380 مىليون يۈەن) گە، كەسپداشلار پۇل ئامانىتى 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. خەلق پۇلى خوسۇسىي ئىگىلىك قەرز پۇلى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساس كەسىپلىرى، پىيى بازارغا سېلىنغان ئەلا شىركەتلەر ۋە چولڭ كارخانىلارغا قەرز پۇل جەھەتتىن مەدەت بەردى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ۋېكسىل، دىسكونت قىلىش قاتارلىق تۆۋەن خېيىمخەتەرلىك كەسىپلەرنى

بىجىرىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان كارتا»، «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان تور» مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مول، خاسلاشقان مۇلازىمەت تۈرلىرى ئارقىلىق كەلڭ شەھەر ئاھالىسى بىلەن كارخانىلارنىڭ زوقىنى تارتتى.

سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان كارتا» ۋە «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان تور»لىرى جۇڭگونىڭ بانكىچىلىقىدىكى داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ قالدى. «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان كارتا» بىر كارتا بىلەن كۆپ ھېساب ئېچىش، (ATM) ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش، مال سېتىۋېلىش ئىستېمالى، (CDM) ئاپتوماتىك پۇل ئامانەت قويۇش، بىر تۈتاش ئامانەت قويۇپ، بىر تۈتاش نەقلەشتۈرۈش، كارتا (كىنىشكا) بىلەن مۇلازىمەتسىز ھېساب ئاغدۇرۇش، ئاپتوماتىك ئامانەت يۆتكەش، ئامانەت يۆتكەشنى ئالدىن بېكىتىش، قەرز پۇل ئېلىپ، مەبلەغنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتسىز ھەق تاپشۇرۇش، ۋاكالىتەن ھەق يىغىش، ۋاكالىتەن مائاش تارقىتىش، مۇلازىمەتسىز ئىش سۈرۈشتە قىلىش، توردا چىقىم قىلىش، تېز پۇل پېرېۋوت قىلىش ۋە توردا پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كۆپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، بىخەتەر، قولايلىق، تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان تور» دېگىنىمىز، سودىگەر چاقىرىش بانكىسى تور بانكىسىنىڭ بىر تۈتاش نامى، ئۇ كارخانا تور بانكىسى، شەخسلەر تور بانكىسى، تور سودا شەھەرچىسى، توردا چىقىم قىلىش، تور ئاكسىيىسى قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە. سودىگەر چاقىرىش بانكىسى مەملىكەتتىكى پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە بانكا تور پونكىتىنى ھەممىدىن بۇرۇن يولغا قويغان ھەم «ھەممە يەردە ئىشلەيدىغان كارتا» ئارقىلىق توردا چىقىم قىلىش كەسپىنى يولغا قويغان بانكا ھېسابلىنىدۇ.

جاۋجىن

يىل بېشىدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى %87.4نى ئىگىلەپ، 0.91 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، تۇرلۇك پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئېشىش مىقدارىنىڭ %19.12نى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى %9.10نى ئىگىلىدى.

2001 - يىلى خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۇرلۇك قەرز پۇل 3 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %7.33 ئاشتى. ئامانەت بىلەن قەرز پۇلنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى %66 بولدى. بىر يىلدا خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %61.95كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.38 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. تۇرلۇك قەرز پۇلنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %72.5كە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 0.67 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، ئېشىش مىقدارىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %49.9 بولدى.

سۈي جەنجۈن

### شىركەت پۇل مۇئامىلە كەسپى

2001 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى داۋاملىق تېز، ساغلام راۋاجلاندى. 1) خېرىدار تەرەققىي قىلدۇرۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، داۋاملىق ئاساس مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەر ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان، بازارغا سېلىشقا تەستىقلانغان شىركەتلەر ئارىسىدا خېرىدار مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە قاتارلىق ئاپپاراتلار كەسپىنىڭ ماركىتىڭغا بولغان خىزمەت سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2) قەرز پۇل تېز كۆپەيدى، كۆپىيىش مىقدارى تىجارەت باشلانغان 8 يىلدىكى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى، خېرىدار قۇرۇلمىسى داۋاملىق ياخشىلاندى، ناچار قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.05% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 0.51 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، مەبلەغ سۈپىتى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ۋە قاتناش بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇردى. 3) شىركەت كەسپىي تۈرلىرى كۆپ خىللاشتى، دىسكونت قىلىش، ئىمتىيازلىق پېرېۋوت چېكى، كاپالەتنامە بېرىش، كرېدىت ئىسپاتى بېرىش قاتارلىق كەسىپلەر ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، خېرىدارلارغا ئومۇمىي ماركىتىڭ قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش شەكىللەندى. بىر يىلدا 776 مىليون يۈەن دىسكونت قىلىندى، ئۆسۈم كىرىمى 9 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سۈي جەنجۈن

### خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2001 - يىلى قاتناش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلۇشتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەر ئارقىلىق ۋە پارچە سېتىش كەسپىدە توپ تارقىتىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە كەسپىدە خېلى زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى. 1) خۇسۇسىي پۇل ئامانىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 25.6% كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.8 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، خۇسۇسىي پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارى ئومۇمىي ئېشىش مىقدارىنىڭ 35.6% نى ئىگىلىدى. 2) يېڭىدىن كۆپەيگەن كارتا 86 مىڭغا يەتتى، كارتىغا ئامانەت قويغان پۇل 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 240 مىليون يۈەن ئاشتى، ھەر بىر كارتىغا ئوتتۇرىچە قويۇلغان ئامانەت 1212 يۈەنگە يېتىپ، 220 يۈەن كۆپەيدى، كارتا ئارقىلىق سودىلىشىش سوممىسى 45 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38 مىليارد 900 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 3) خۇسۇسلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل مۇقىم ئاشتى، ئۇ، ئاساسلىق شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى ۋە شەخسىي ئاپتوموبىل قەرز پۇلىدىن ئىبارەت 2 تۈرگە مەركەزلەشتى، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سۈي جەنجۈن

### خەلقئارالىق كەسىپ ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ چەت ئەل پۇلى ئامانىتى 20 مىليون 940 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.95% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل پۇلى پۇقرالار ئامانىتى 15 مىليون 790 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1 مىليون 850 مىڭ دوللار؛ تۈرلۈك قەرز پۇل 6 مىليون 410 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2 مىليون 590 مىڭ دوللار كۆپەيدى، چەت ئەل پۇلى ئامانىتى بىلەن قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 30.61% بولدى. 193 مىليون 670 مىڭ دوللار خەلقئارالىق راسچوت قىلىندى.

سۈي جەنجۈن

### ۋاستىچىلىك كەسپى

2001 - يىلى قاتناش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئەنئەنىۋى راسچوت قىلىش كەسپى، ئىمتىيازلىق پېرېۋوت چېكى، خەلقئارالىق كەسىپلەرنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرغاندىن تاشقىرى، ۋاكالىتەن ھەق يىغىش، كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىش، كرېدىت ئىسپاتى بېرىش قاتارلىق ۋاستىچىلىق كەسىپلىرىنى خېلى تېز راۋاجلاندۇردى. بىر يىلدا 10 نەچچە خىل ۋاستىچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

سۈي جەنجۈن

## سۇغۇرتا

### ئومۇمىي بايان

#### شىنجاڭ سۇغۇرتا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ سۇغۇرتا بازىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شىنجاڭ بىڭتۇەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى)، جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو ئامانلىق مال -

مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى (مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى) ، يۇڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن ئىبارەت 8 شىركەتتىن تەشكىل تاپقان، تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتى 366، كەسپكارى 21 مىڭ 9، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ بىڭتۇەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئاپپاراتى 160، كەسپكارى 1432، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 642، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 790؛ جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتى 103، كەسپكارى 1746، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 980، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 766؛ جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتى 78، كەسپكارى 10 مىڭ 855، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 849، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 10 مىڭ 6؛ جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ ئاپپاراتى 9، كەسپكارى 4773، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 156، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 4617؛ جۇڭگو تىنىچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتى 3، كەسپكارى 1820، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 76، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 1684؛ جۇڭگو تىنىچ ئوكيان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتى 3، كەسپكارى 160، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 105، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 55؛ جۇڭگو ئامانلىق مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى) نىڭ ئاپپاراتى 9، كەسپكارى 165، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 116، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 49؛ 2001 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يۇڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاپپاراتى بىر، كەسپكارى 58، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 54، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 4.

2001 ـ يىل 6 ـ ئايدا جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ خېڭشىن سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىكى پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ۋاستىچىلىق ئاپپاراتى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، سۇغۇرتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ بىر قەدەم تاشلىدى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا كەسپىدە 3 مىليارد 413 مىليون يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كىرىم قىلىنىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.57 ئاشتى، سۇغۇرتا ھەققى چىقىمى كىشى بېشىغا 173.88 يۈەندىن توغرا كەلدى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 748 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆلەم نىسبىتى %52.9 بولدى.

2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىك ـ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ۋەكىل خىزمەت خادىملىرى ئىش باشقارمىسى (تۆۋەندە ئۈرۈمچى سۇغۇرتا نازارەتچىلىك ئىشخانىسى دەپ ئاتىلىدۇ) رەسمىي قۇرۇلدى، بۇ شىنجاڭدا زامانىۋى پۇل مۇئامىلە نازارەتچىلىك ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ باشقارمىنىڭ جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىك ـ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈرگۈزىدىغان ئاساسىي فۇنكسىيىسى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ سۇغۇرتا تىجارىتىدىكى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىش، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ قانۇن، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش.

سۇغۇرتا نازارەتچىلىك باشقارمىسى

# شىنجاڭ بىڭتۇەن سۇغۇرتا شىركىتى

## شىنجاڭ بىڭتۇەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بىڭتۇەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 70 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 496 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %23.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسەت خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكى سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ كىرىمى 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.8؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىنىڭ 80 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.3 ئاشتى.

2001 ـ يىلى تۈرلۈك سۇغۇرتا دېلوسى 86 مىڭ 236 قېتىم يۈز بەردى، 84 مىڭ 504 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %98كە يەتتى. بىر يىلدا تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 265 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۈنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى %56.2كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1.24 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى78 مىليون 780 مىڭ يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى

%38.4؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تۇلەم سوممىسى 30 مىليون 880 مىڭ يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %37.7 بولدى؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 156 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %84.6 بولۇپ، 16.4 پىرسەنت يۇقىرى كۆپەيدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىركەتنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.32 ئاشتى؛ مۇلۇكنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپلىق نىسبىتى %59.63 بولدى؛ تۇراقلىق مۇلۈككە 26 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، تۇراقلىق كاپىتال نىسبىتى %19.35؛ تەننەرخ نىسبىتى %81؛ تىجارەت خىراجىتى نىسبىتى %17.7؛ ئومۇمىي يىللىق خىراجەت نىسبىتى %25.47؛ سېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش نىسبىتى %3.94 بولدى؛ شۇ يىلى 30 مىليون 600 مىڭ يۈەن (قىسقا مەزگىللىك جىسمانىي سۇغۇرتىدا يارىتىلغان پايدا ئارقىلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسىدا ئىلگىرىكى يىللاردا شەكىللەنگەن پايدا پەرقى زىيىنى تولۇقلانغان 10 مىليون 780 مىڭ يۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) پايدا يارىتىلدى، دۆلەتكە 16 مىليون 330 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

بىگتۈەن سۇغۇرتا شىركىتى

# جۇڭگو خەلق سۇغۇرتىسى

## جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 130 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە، مەسئۇلىيەت چېكى سوممىسى 28 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە يەتتى، 119 مىڭ29 ھەرخىل تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى، ئومۇمىي يىللىق تۆلەم بېرىش نىستى %52.37 بولدى. سۇغۇرتىلاش ھەققى كىشى بېشىغا 1 مىليون 10 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %19 ئاشتى.

2001 - يىلى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى نەتىجە بىلەن ئۈنۈمنى باغلاش كەسپىنى سىناق قىلىش سىستېمىسىنى تىخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. تىجارەت نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق قىلىش چارىسى ئىچىدە، نەتىجە بىلەن ئۈنۈمنى باغلاش سىنىقى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خىراجەت، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كەسپىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن باغلاپ سىناق قىلدى. 2001 - يىللىق يەككە سۇغۇرتا تۈرلىرىنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماس قەدەمدە تېز راۋاجلاندۇردى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى كەسپىدە پۈتۈنلەي كومپيۇتېر ئارقىلىق ھۆججەت چىقىرىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىدا يېڭى بىر ئەۋلاد ئومۇمىي يىللىق كەسپىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، كەسپىي ئىشلار، مالىيە، ستاتىستىكا بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. تۇرلۇك سۇغۇرتا تۈرلىرىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغان خىراجەت كىرىم - چىقىم يۇمشاق دېتالىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاندى. 95518 مەخسۇس لىنىيىلىك مۇلازىمەت تېلېفونىنى كومپيۇتېر بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ئىشلەتتى. سۇغۇرتا بازىرى ۋەزىيىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋاكالەتچىلىك كەسپى، ھۆكۈمەت مال سېتىۋېلىش كەسپىنى باشقۇرۇشنى زورايتىپ، پىلان، ستاتىستىكا كەسپىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئۇچۇر سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى؛ پىلاندىكى ۋەزىپە كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىجراسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەپ، ئاي ئارقىلىق پەسىلگە، پەسىل ئارقىلىق يىلغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ھەپتىدە ستاتىستىكا قىلىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش تۈزۈمى ۋە تىجارەت شەكلىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھەر قايسى سۇغۇرتا تۈرى، شۆبە، تارماق ئاپپاراتلارنىڭ تىجارەت ۋەزىيىتى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 94 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %81.35كە يەتتى.

جاۋ خۇڭيەن

## جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.75 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن سۇغۇرتىلانغان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى 513 مىليون يۈەن، كۆتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى 96 مىليون يۈەن، بېرىلگەن تۆلەم پۇلى 356 مىليون يۈەن.

2001 - يىلى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ماركىتىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى؛ تېخنىكا تەركىبىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇ-




2001 - يىل 9 - ئايدا تېنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سۇغۇرتىلاش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئوقۇغۇچىلار سۇغۇرتىسى كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش، تۆلەم بېرىش ۋە سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

ۋاڭ چېڭجۇ فوتوسى

رۇش، كەسپ باشقۇرۇشنى تورلاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، شىنجاڭ بويىچە 16 ۋىلايەت، شەھەردىكى شۆبە شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كەسپنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى، مالىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى ۋە خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇردى. شىركەت «95519» خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفوننى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى.

ۋۇ جىنچېڭ

## تېنچ ئوكيان سۇغۇرتىسى

### جۇڭگو تېنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو تېنچ ئوكيان مال -مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 71 مىليون 101 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %37.66 ئاشتى، يىللىق پىلان %121.96 ئورۇندالدى؛ تۆلەم چىقىمى 23 مىليون 347 مىڭ 700 يۈەن، ئۇنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى %32.88 بولۇپ، 25.65 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ 6 مىليون 831 مىڭ 600 يۈەن سىناق قىلىش پايدىسى يارىتىلىپ، %39.15 ئاشتى، ئىچكى قىسىمدا دەرىجە باھالاش سىنىقىدىن 11 مىليون 167 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، 3 مىليون 617 مىڭ 900 يۈەن كۆپەيدى، يىللىق پىلان %144 ئورۇندالدى.

جاڭ خۇيجۈن

### جۇڭگو تېنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو تېنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 185 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000- يىلدىكىدىن %38 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ئۆمۈر سۇغۇرتىسى 164 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %39، يېڭى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ كىرىمى 39 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %48 ئاشتى، مەزگىللىك تاپشۇرۇش نىسبىتى %91 بولدى، ھەممباب ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ كىرىمى 20 مىليون 150مىڭ يۈەنگە يەتتى، قەرەللىك ئۇزارتىلغان كەسپىي كىرىم 104 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14 ئاشتى، ئۇدا سۇغۇرتىلاش نىسبىتى %96كە يېتىپ، پىلاندىكىدىن 4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

كوللېكتىپ كەسپ بويىچە 7 مىليون 551 مىڭ 100 يۈەن كەسپىي كىرىم قىلىندى. كۈتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 6 مىليون 664 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %44 ئاشتى، ساغلاملىق سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 7 مىليون 192 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى، قىسقا مەزگىللىك كەسپتىن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

2001 - يىلى شۆبە شىركەت 5 چوڭ مۇلازىمەت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1) 95500 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەخسۇس تېلېفون لىنىيىسىنى يولغا قويدى، 95500 تېلېفون مەركىزى مۇلازىمەت مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈردى، 95500 مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى، 2) «مېھىر - مۇھەببەت ئەلچىسى»

قوشۇلما قىممەت مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كېيىل بولۇپ ياللىنىپ ياتقان خېرىدارلاردىن ھال سورىدى ھەم خېرىدارلارنىڭ كېيىل ئەھۋالىغا ئاساسەن، كەسىپي كۆتۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى؛ 3) قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، مەزگىلى ئۆزارتىلغان سۇغۇرتا ھەققىنى يىغىش، سىستېمىسىنى ئاچتى؛ 4) كۆپ ئىقتىدارلىق خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش زالىنى ئىشقا كىرىشتۈردى؛ 5) تۆلەم بېرىشتە ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، مەسلىھەت بېرىپ، خېرىدارلارنى تۆلەم بېرىشنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلدى.

ۋاڭ چېڭجۇ

## ئاماننىلىق سۇغۇرتىسى

### جۇڭگو ئاماننىلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو ئاماننىلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 5 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولدى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 45 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.7% تۆۋەنلىدى؛ تۆلەم چىقىمى 20 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، 13.9% تۆۋەنلىدى.

2001 - يىلى شۆبە شىركەت بانكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ۋاكالەتچىلىك كەسپىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق كەسپىي بانكىلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ۋاكالەتچىلىك كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. مال - مۈلۈك، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنى كىرىشتۈرۈپ سېتىشنى يولغا قويۇپ، پارچە، يەككە تۈرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ماركىتىنىڭ خادىملىرىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ، سىڭىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئائىلە مال - مۈلكى سۇغۇرتىسى بىلەن شەخسىي ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى كەسپى بويىچە ماركىتىڭ قوشۇنى ئىچىدە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى، ماركىتىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى يولغا قويۇپ، كىرىشتۈرۈپ سېتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئەسلىدىكى سۇغۇرتا تۈرلىرىنىڭ كۆلىمىنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى ئەسىردىكى ئائىلە مال - مۈلكى سۇغۇرتىسى كەسپىنى يولغا قويدى. بانكا ۋاكالەتچىلىكى، كىچىك رايونلارنى باشقۇرۇش، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ماركىتىڭ قاتارلىق يوللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆپ نۇقتا، كۆپ يوللار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، كېڭەيتىپ، ئۇنى كەسپنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلدى.

خې شىڭۋاڭ

### جۇڭگو ئاماننىلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو ئاماننىلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 365 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى مەزگىللىك سۇغۇرتىلاش ھەققى 57.1% ئاشتى. تۆلەم بېرىلگەن دېلو 15 مىڭ 450 بولۇپ، تۆلەم سوممىسى 20 مىليون 579 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

2001 - يىلى جۇڭگو ئاماننىلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلدى. ئەسىر شەپىقى (پايدا بۆلۈشۈش تىپىدىكى)، ئاماننىلىق خۇشخەۋىرى (پايدا بۆلۈشۈش تىپىدىكى)، ئەسىر مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەبلىغى سېلىش چاتما سۇغۇرتىلىرى بازارغا سېلىندى.

جۇ شيەن

## يۇڭئەن سۇغۇرتىسى

### يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 2-كۈنى قۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 50 تىن ئاشىدۇ. 2001 - يىلى سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 9 مىليون يۈەنگە، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 9.63% بولدى.

ۋېن چىڭ

## ئاكسىيە

### پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 21 شىركەتتىن 20سى پايدا ئالدى، بىرى زىيان تارتتى، پايدا

بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 12 مىليارد 653 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.85 ئاشتى؛ ساپ پايدىسى 990 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11.16 تۆۋەنلىدى؛ ھەر ـ بىر پايدىدىن ئېلىنغان پايدا (دەپتەردە چېچىلغىنى) 0.19 يۈەن بولۇپ، %21.88 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھەر-بىر پېيىنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىسى 0.136 يۈەندىن 0.054 يۈەن يۇقىرى بولدى؛ ساپ مۈلۈك پايدا نىسبىتى %7.56 بولۇپ، %21.74 تۆۋەنلىدى. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى تۆۋەنلىدى. پېيى بازارغا سېلىنغان 21 شىركەت ئىچىدە، 7 شىركەتنىڭ ھەر ـ بىر پېيىنىڭ پايدىسى 0.30 يۈەندىن يۇقىرى بولدى، ساپ مۈلۈك مەبلەغ پايدا نىسبىتى %6تىن يۇقىرى بولغان شىركەت 12، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 6 شىركەتنىڭلا %10 تىن ئاشتى. گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ ساپ مەبلەغ مۈلۈك پايدا نىسبىتى %35.67كە يەتتى. لېكىن كۆپ ساندىكى شىركەتلەرنىڭ پايدىسى بەكرەك تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەر ـ بىر پايدىكى پايدىنىڭ چۈشۈپ كېتىش نىسبىتى %38تىن يۇقىرى بولدى.

2001 ـ يىلى پېيى بازارغا سېلىنغان 21 شىركەت ئىچىدە، پاينى يېڭىدىن بازارغا سالغان شىركەت 2 (شىنجاڭ تيەنخۇڭ، نەشىۋت پاي شىركەتلىرى)، ئۇنىڭدىن باشقا 3 شىركەت (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى، دوستلۇق گۇرۇھى، تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى) پاي سېپلەپ، 1 مىليارد 235 مىليون 125 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى.

PT گۈلبوستان پاي شىركىتى 2001 ـ يىلى بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدە مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەپ، شىركەتنىڭ ئاساسلىق تىجارىتىنى تاۋارلارنى پارچە سېتىش، توپ تارقىتىش كەسپى ۋە كۆڭۈل ئېچىش كەسپىدىن ئۆزگەرتىپ، «شىنجاڭ گۈلبوستان يەن-تېخنىكا يۇمشاق دېتال باغچىسى» بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 2001 ـ يىلى 3 مىليون 864 مىڭ 700 يۈەن پايدا ياراتتى.

خې جيې

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئاكسىيە شىركىتى 2 بولۇپ، ئەنگە ئېلىنغان دەسمايىسى 1 مىليارد 94 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 9 مىليارد 151 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 429 مىليون يۈەن، ساپ دەسمايىسى 671 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خۇڭيۈەن ئاكسىيىسىنىڭ ئەنگە ئېلىنغان دەسمايىسى 519 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 5 مىليارد 835 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك قىممىتى 691 مىليون يۈەن، ساپ دەسمايىسى 239 مىليون يۈەن؛ شىنجاڭ ئاكسىيىسىنىڭ ئەنگە ئېلىنغان دەسمايىسى 575 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 3 مىليارد 316 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك قىممىتى 738 مىليون يۈەن، ساپ دەسمايىسى 432 مىليون يۈەن. مەبلەغ سالغۇچىلار ئاچقان ھېساب 500 مىڭ، بىر يىلدىكى ئاكسىيە سودا سوممىسى190 مىليارد 307 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5 تۆۋەنلىدى. 2001 ـ يىلى B پاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدىكى سودىلىشىش سوممىسى 66 مىليون 424 مىڭ 400 دوللار، شېنجېندىكى سودىلىشىش سوممىسى 47 مىليون 723 مىڭ 200 شياڭگاڭ پۇلى بولدى. تەۋەلىك ئىچىدىكى ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى 30، بۇنىڭ ئىچىدە باشقا جايلارنىڭ ئاكسىيە شىركەتلىرى شىنجاڭدا قۇرغان تىجارەت بۆلۈمى 8. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تىجارەت بۆلۈمى 4، يەنى داپېڭ ئاكسىيىسى، گۇاڭدا ئاكسىيىسى، گوتەي جۈنئەن ئاكسىيىسى، شېنيىن ۋەنگو ئاكسىيىسىدىن ئىبارەت. ئاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى 18، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇلازىمەت بۆلۈمى 14. تىجارەت باشلاپ ئىشلەۋاتقىنى 11. 2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئاكسىيىسى مەبلەغنى كۆپەيتىپ، پاينى كېڭەيتتى، جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن بىجاۋ ئۇنىۋېرسال ئاكسىيە شىركىتى كەسپىنى قانات يايدۇردى.

خې جيې

## شىنجاڭ زاكاز ماللار بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا زاكاز ماللار ۋاستىچىلىق شىركىتىدىن 4ى بولۇپ، زاكاز ماللار سودىسى قىلىدىغان ئادەم 762 گە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 346 ئادەم كۆپەيدى. بىر يىلدا زاكاز مال سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 18 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11 مىليارد 847 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ سودا توختامى 875 مىڭ 100گە يېتىپ، %198.78 ئاشتى. 4 زاكاز مال شىركىتى پايدا ئېلىپ، 1 مىليون 721 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

خې جيې

## ۋاستىچى ئاپپاراتلار

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاستىچى ئاپپارات 14كە، كەسپكارى 300 نەچچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بوغالتىرلىق ئىش ئورنى شىنجاڭ شۆبىسى 2، ئەنگە ئېلىنغان بوغالتىر 15؛ مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتى 2؛ يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنى

3، ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى 7. ئاكسىيە كەسپىنى ئىجرا قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئادۋوكات 28.

خې جىيې

## پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

1. نۆۋەتتە بىلەن دائىرىنى بېرىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، خېيىمخەتەر ئېچىپ تاشلىنىپ، شىركەتنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2001 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ئورۇمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسى تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەخسۇس تەكشۈرۈپ، سەييارە تەكشۈرۈپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، مەسىلە بايقىغان ھامان ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، شىركەتلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىپ تۈزىتىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوندىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردە ساقلىنىۋاتقان خېيىمخەتەرگە دائىر ئاساسىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، مەسىلە ئېغىرراق ۋە خېيىمخەتىرى چوڭراق 3 شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلەشتى.

2. مەجبۇرىي ئۇچۇر ئېلان قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى،. 2001 - يىلى شىركەتنىڭ ئۇچۇرنى ۋاقتىدا ئاشكارىلىشى ۋە راستلىقىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى، ئىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى ھەم تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەر ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئۇددا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىركەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق دوكلاتلىرىنىڭ ۋاقتىدا بولۇشى، مەجبۇرىيلىقى ۋە چىنلىقى ئاساسلىق تۇتۇلۇپ، بىنورمال تەۋرىنىش بولغان ۋە قېلىپلاشمىغان ئىشلارنى قىلغان شىركەتلەرگە مۆھلەت بەلگىلەپ ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئېلان چىقىرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. بوغالتىرلىق ئىش ئورۇنلىرى بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش تەلەپ قىلىندى.

3. كۈندىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلىنىپ، نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش سۈپىتى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1) تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 2001. يىلى داۋاملىق گورۇپپىغا ئايرىش چارىسى بىلەن پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر نازارەت قىلىندى ۋە باشقۇرۇلدى. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ۋە پېيى بازارغا سېلىنماقچى بولغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 2) تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتىكى سەزگۈرلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 3) پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردە ئۇنىۋېرسال باھالاش ۋە سىناش، تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 2001 - يىلى بىر يۈرۈش 10 چوڭ تۈرگە بۆلۈپ، 119 تۈر بويىچە نومۇر قويۇپ سىناش كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ قېلىپلاشقان ھەرىكىتىنى باھالاش سىستېمىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، مىقدارلاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق شىركەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قېلىپلىشىش دەرىجىسى سىنالدى، بۇنىڭغا ئاساسەن شىركەتلەر ئادەتتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئوبيېكتى، نۆۋەتلىك دىققەت قىلىش ئوبيېكتى، نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئوبيېكتى ۋە ئالاھىدە نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئوبيېكتىدىن ئىبارەت 4 تۈرگە ئايرىلدى. 4) تۈزۈم چىڭىتىلىپ، بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ئۆتكىلى چىڭ ئىگىلەندى. پېيى بازارغا سېلىنماقچى بولغان شىركەتلەرنىڭ كونسۇلتاتسىيە قىلىش مەزگىلى توشقان چاغدىكى تەكشۈرۈش، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پاي سەپلەش، كۆپەيتىپ ئارقىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىدە تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر قاتتىق ئىجرا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىركەتلەردىن ئىچكى قىسمىدىكى مۇكەممەل بولغان تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ۋە تەڭشەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش تەلەپ قىلىندى ھەم تەلەپ بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىندى. 5) ئۇچۇر يەتكۈزۈش سۈرئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئارخىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

4. پېيى بازارغا سېلىنماقچى بولغان شىركەتلەر ۋە مەبلەغنى قايتا يۈرۈشتۈرمەكچى بولغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى. كونسۇلتاتسىيە قىلىش مەزگىلىگە كىرگەن شىركەتلەردە قېلىپلاشمىغان مەسىلىلەر بايقالسا ۋاقتىدا مۆھلەت بەلگىلەپ تۈزىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2001 - يىلى پېيى بازارغا سېلىنماقچى

بولغان 13 شىركەتنىڭ كونسۇلتاتسىيىسىگە دائىر ئەنگە ئالدۇرۇش ماتېرىيالى تەكشۈرۈلدى، ئاكسىيە سودىگەرلىرىگە كونسۇلتاتسىيە قىلىش ماتېرىيالىدىن 89 پارچە تەكشۈرۈلدى، پاي سېپلىمەكچى ۋە كۆپەيتىپ تارقاتماقچى بولغان 5 شىركەتتىن 3ى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى.

خې جيې

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

1. 2001 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسى بىر قىسىم چەت - ياقا رايونلاردا ئاكسىيە تىجارىتى تور نۇقتىسى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن 14 ئاكسىيە مۇلازىمەتتى بۆلۈمى تەسىس قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ يوللىغان ماتېرىياللىرىنى دەسلەپتە قاتتىق تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈردى. 14 مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى، 4ى رەسمىي ئىش باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنشىن ھاۋالە شىركىتىدىن قالغان يىراق مۇساپىلىك 2 تور نۇقتىسىمۇ ۋاقتىدا ئاكسىيىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش جەمئىيىتى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەسمىي ئاكسىيە مۇلازىمەت ئورنى قىلىپ قېلىپلاشتۇرۇلماقتا.

2. جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەۋەلىكتىكى 2 ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئىجرائىلىق سېتىش كەسپى، ئۆزى تىجارەت قىلىش كەسپى ۋە ۋاستىچىلىق كەسپلىرى ۋە 26 ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى، 4 ئاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ ۋاستىچىلىق كەسپى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، شىنجاڭ ئاكسىيىسى، خۇڭيۈەن ئاكسىيىسى بوغالتىرلىق ئىش ئورنى تەكلىپ قىلىنىپ، ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى شىركەتلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ تۈزىتىشى تەلەپ قىلىندى.

3. ھەر قايسى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىدىن تەۋەلىك ئىچىدە ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى، ئاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىش ۋە ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش سالاھىيىتىنى ئىلتىماس قىلىش قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، يۇقىرىغا يوللاش، ئىنكاس قايتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار - ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ئاكسىيە شىركەتلىرىگە ۋەزىپىگە قويۇلماقچى بولغان ئالىي دەرىجىلىك خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى قاتتىق تەكشۈرۈلدى ھەم قەدەملىك تەكشۈرۈلدى؛ ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغى پېيى تىجارىتى قىلىشى ۋە ئوخشاش كەسىپتىكىلەر بىلەن ئۆتنە پېرىم قىلىش بازىرىغا كىرىش ئىلتىماسى ۋە شىنجاڭ ئاكسىيىسى، جىنشىن ھاۋالە شىركىتىنىڭ فوند باشقۇرۇش شىركىتىنى قۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى ئىلتىماسى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئىجراپ قىلىندى.

4. ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتلىرىنى ۋە كەسپىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈرۈشنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە خۇڭيۈەن شىركىتىنىڭ ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش سالاھىيىتى ئىلتىماسىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش ياخشى ئىشلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش كەسپىنى ئۆزلىرى قاتتىق تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مەسىلە بار ئورۇنلار نەق مەيداندا كۆزدىن كۆچۈرۈلدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇلدى ھەم قاتتىق چەك بەلگىلەپ پەرقلەندۈرۈلۈپ، سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان ئايرىم ئورۇنلاردىن دەرھال توختىتىش تەلەپ قىلىندى.

5. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسىنىڭ ئاپپاراتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت كۆرسەتمىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۆۋەنگە «تەۋەلىكتىكى يېڭى قۇرۇلغان ۋە كۆچكەن ئاكسىيە تىجارەت (مۇلازىمەت) بۆلۈملىرى ئىش باشلىغاندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى» تارقىتىلدى، ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ لايىھىسى تۈزۈلدى ھەم ھەمكارلىشىپ ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە كۈندىلىك نازارەت قىلىش يولغا قويۇلدى.

خې جيې

## زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2001 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش -

باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئورۇمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسى تەۋەلىكتىكى 4 زاكاز ماللار شىركىتىنىڭ 2000 - يىللىق مالىيە ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم مۇشۇ ئاساستا 4 شىركەتنى يىللىق تەكشۈرۈشنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىنى ئىشلىدى. تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ياكى شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ماتېرىياللارنى قايتىدىن تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق تىگىلىنىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىگە يوللىنىپ، بىر قېتىمدىلا ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاكاز مال شىركەتلىرىنىڭ باشقا جايلاردا تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى ھەم ئاكتىپلىق بىلەن شۇ جايدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسىنىڭ زاكاز ماللار باشقارمىسى بىلەن ئالاقە باغلىنىپ مۇناسىۋەت كۆچەيتىلدى.

خې جيې

## تەكشۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئورۇمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىشخانىسى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى تاپشۇرغان 9 قېتىملىق تەكشۈرۈش ئىشىنى ئورۇندىدى. بۇ ئىشخانا 4 قېتىم مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قانۇنسىز ئاكسىيە، زاكاز مال سودا سورۇنىدىن 9نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئەمەلدىن قالدۇردى. ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقتىن، چوڭ تەسىر پەيدا قىلالمىدى، خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە يېتىدىغان زىيان ئازايدى. تەۋەلىكتىكى قانۇنسىز ئاكسىيە ۋە زاكاز ماللارغا زەربە بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ئورۇندالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاكسىيە، زاكاز ماللارغا مەبلەغ سېلىش نامىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە بىرلىشىپ زەربە بېرىش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈەنگە تارقاتتى، ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، سودا - سانائەت، ج خ تارماقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

2001 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاكسىيە، زاكاز ماللارغا مەبلەغ سېلىش نامىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

خې جيې

شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پايىنى بازارغا سالغاندىن بۇيان توپلىغان مەبلىغى ۋە پاي دەسمايىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| شىركەت نامى | پاي بازارغا سېلىنغان ۋاقىت | بازارغا سېلىنغان سودا بىرژىسى | تارقاتقان چاغدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | پاي تارقىتىپ توپلىغان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى | | 2001 - يىلى يىغىلغان جەمئىي مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت پاي دەسمايىسى | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت پاي دەسمايىسى | |
| خۇڭيۈەن ھاۋالە شىركىتى | 1994 | شېنجېن بىرژىسى | 17500 | 4500 | 10550 | 51875 | 15246 | 13971 |
| شىنجاڭ جۇڭخې شىركىتى | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 7953 | 2025 | 9000 | 10339 | 2925 | 9450 |
| گۈلبوستان | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 6127 .5 | 2700 | 11800 | 9480 | 4650 | 19500 |
| خۇيتۇڭ سۇچىلىقى | 1996 | شېنجېن بىرژىسى | 5000 | 1250 | 7062 | 23318 | 9572 | 17270 |
| دوستلۇق گۇرۇھى | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 10700 | 2700 | 10607 | 31149 | 17131 | 51157 |
| شىنجاڭ تۈنخې | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 7000 | 1750 | 9485 | 38362 | 19347 | 44400 |
| قۇلىماق | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8000 | 3000 | 11523 | 36792 | 17412 | 24877 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تيەنيې | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 6300 | 2430 | 16870 | 22680 | 9720 | 43482 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8168 | 3000 | 14820 | 25949 | 13042 | 55830 |
| شىنتيەن خەلقئارا | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8600 | 2700 | 23000 | 23518 | 8923 | 32887 |
| تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىقى | 1998 | شېنجېن بىرژىسى | 18782 | 4230 | 20798 | 36346 | 10998 | 40571 |
| تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقى | 1999 | شاڭخەي بىرژىسى | 12946 | 4500 | 25257 | 17335 | 7800 | 44044 |
| شىنجاڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتى | 1999 | شاڭخەي بىرژىسى | 29400 | 9000 | 32905 | 32100 | 11700 | 63420 |
| ئىلى ئالىي ھارىقى | 1999 | شاڭخەي بىرژىسى | 22050 | 7500 | 45375 | 22050 | 7500 | 45275 |
| شىنجۇڭجى | 2000 | شاڭخەي بىرژىسى | 12459 | 4500 | 27607 | 12459 | 4500 | 21011 |
| گۇاڭخۇي پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 | شاڭخەي بىرژىسى | 35378 | 5000 | 31652 | 60143 | 17000 | 31652 |
| خەلقئارا ئوقەتچىلىك | 2000 | شېنجېن بىرژىسى | 17179 | 7000 | 39845 | 17179 | 7000 | 39837 |
| مېك پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 | شاڭخەي بىرژىسى | 9208 | 4000 | 50924 | 9208 | 4000 | 50923 |
| تيەنلى يۇقىرى تېخنىكا | 2000 | شاڭخەي بىرژىسى | 17000 | 6000 | 42394 | 23800 | 8400 | 42653 |
| شىنجاڭ تيەنخۇڭ | 2001 | شاڭخەي بىرژىسى | 8016 | 3000 | 16921 | 8016 | 3000 | 16633 |
| نەشپۇت پاي ھەسسىدارلىقى | 2001 | شاڭخەي بىرژىسى | 16050 | 5000 | 23141 | 16050 | 5000 | 23141 |
| جەمئىي | | | 283816.5 | 85785 | 481536 | 528148 | 204866 | 732084 |

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

### يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2001 - يىلى شىنجاڭ ئەللاشقان يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، %2.8 ئاشتى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 92 يۈەن كۆپىيىپ، %5.7 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم راۋاجلاندى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئالاھىدە زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى. ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى %2.93 كېمەيگەن ئەھۋالدا، ئومۇمىي ھوسۇل 7 مىليون 960 مىڭ توننىغا يەتتى. كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 130 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %11.6 كۆپەيدى، ھوسۇلى 1 مىليون 570 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، بولۇپمۇ كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، ماش - پۇرچاق، دورا ماتېرىياللىرى، پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان شوخلا، ئۈزۈم قاتارلىقلار تېز راۋاجلاندى، بۇلارنىڭ كۆلىمى ئازكەم 70 مىڭ گېكتار كۆپىيىپ، دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %60دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە %30.6نى ئىگىلەشتەك ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى. ئوت - چۆپ زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 167 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىدا يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

2. چارۋىچىلىق، باغ - ئورمان كەسپى تېز راۋاجلاندى. بازار ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە چارۋىچىلىقتا تېز راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى گەۋدىلىك يورۇق نۇقتا بولۇپ قالدى. گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، %5.6، سۈت 878 مىڭ توننىغا يېتىپ، %12.3 ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدە %27نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.5 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى. دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقتا تايىنىپ قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 3. 97 يۈەنگە يەتتى. باغ - ئورمان كەسپى بۇسۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 87 مىڭ گېكتارغا يەتتى. مېۋە - چېۋە 1 مىليون توننىغا يېتىپ، %17.6 ئاشتى.

3. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا يېڭى يۈكسىلىش قولغا كەلدى. جايلار باشلامچى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زورايتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش قەدىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتى 500 نەچچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىش كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 32 بولۇپ تەخمىنەن %6نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زاكاز دېھقانچىلىق كۆلىمى ئاق يەرگە تېرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %40نى ئىگىلىدى، بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە %60تىن ئاشتى. جايلار قىيام شوخلىسى، ھاراق ئۈزۈمى، مېۋە - كۆكتات شىرنىسى، چۆچۈكبۇيا، چاكاندا، رەڭلىك پاختا، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك بۇغداي، شۇنىڭدەك چارۋا مەھسۇلاتلىرى، باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە مەھسۇلاتلارنى يەنىمۇ رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىشانىغا قاراپ كېڭەيتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا پائال قاتناشتى،

مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى.

4. يەن - تېخنىكىنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى تۈرتكىلىك رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئەلا سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش تېزلەشتى، يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش سالمىقى زورايدى. كېۋەزنىڭ كېڭەيتىلگەن ئەلا سورتى ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ %80تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى، كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا زور بۆسۈش بولدى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 2250 كىلوگرامغا يېتىدىغان يۇقىرى زىچلىقتا تېرىش ئەندىزىسى بويىچە تېرىلغان كۆلەم 52 مىڭ گېكتارغا، ھەر گېكتار يەردىن 1800 كىلوگرام يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان كۆلەم 220 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك بۇغداي كۆلىمى 231 مىڭ گېكتارغا يەتتى، «ئىككى تۆۋەن» قىچا (مىرونىك كىسلاتاسى تۆۋەن، ئاۋروتىيوگلۇكوزىد تۆۋەن) ۋە ماش - پۇرچاق قاتارلىق سۈپەتلىك ياغلىق دانلار تېز راۋاجلاندۇرۇلدى، چارۋا، ئۆي قۇشى، سۇ مەھسۇلاتى، مېۋە، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقا پىششىقلاپ ئىشلەش خام ئەشياسى قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى تېخىمۇ روشەنلەشتى.

5. يېزا ئىگىلىك ئاساس مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى روشەن ئاشۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى، يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بەلگە قىلىنغان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، ۋادىنى تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم تايانچ سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش سىناق نۇقتىسى 15 مىڭ گېكتارغا يەتتى. سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكى، مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى %70كە يەتتى. ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش سىستېما قۇرۇلۇشى تېزلەشتى، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ۋە يېزىلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىشىنى باشقۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېزىلىرىدا توك ئىشلىتىش شارائىتى روشەن ياخشىلاندى، توك ئىشلىتىش تەننەرخى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىدى. يېزىلاردا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان نوپۇس 4 مىليون 600 مىڭغا يەتتى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، شۇ يىلى 100 مىڭ ئادەمنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى.

6. پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتى. ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاساسىي تۈزۈلمىسى داۋاملىق مۇقىملاشتى ۋە مۇكەممەللەشتى. جىمسار، يوپۇرغا ناھىيىلىرىنىڭ يېزىلىرىدا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىدە پايدىلىق تەجرىبە ھاسىل قىلىندى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە يېڭى يۈكسىلىش بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلدىكى سېلىقنى يېنىكلىتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يەنە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى يېنىكلىتىلىپ، كىرىمى 8 يۈەن ئاشۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقى يەنىمۇ قويۇۋېتىلىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بازار يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى روشەن كۈچەيتىلدى.

شۈي تاۋ

## ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاساسلىقى پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى يېزا خىزمىتى خۇلاسىلەندى، نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىپە تەھلىل قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق يېزا خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يېزا ئىگىلىككە مەسئۇل پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، يېزا ئىگىلىكى تارماقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاساسىي يىغىن زالى ۋە تارماق يىغىن زالىدا يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى نىشان قىلىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى

باشتىن - ئاخىر تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تۈرتكە قىلىپ، تۆۋەندىكى 11 خىل خىزمەتنى گەۋدىلىك تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. 1) ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر چوقۇم ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئىزدىنىپ ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. 2) نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم؛ 3) يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان كەسىپ سىستېمىسىنى ۋە پايدا تەقسىماتى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى لازىم؛ 4) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مۇھىملىقى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش داۋامىدىكى رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم؛ 5) يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم؛ 6) كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم؛ 7) يېزا باج ئىسلاھاتىنى پائال، مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىشى لازىم؛ 8) بازارلارنى ئىزدىنىپ ئېچىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىنى پائال جانلاندۇرۇشى لازىم؛ 9) نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم؛ 10) يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم؛ 11) «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپى بويىچە، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ياخشىلىشى لازىم.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2001 - يىل 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىنجاڭدا 3 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى باشلامچىلىق قىلدى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار قاتناشتى. تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ دەسلەپكى شەكلى مەيدانغا كەلگەن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونى ئاۋۋال بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تۈرتكە بولغان، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە بىپايان تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلغان. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتى 539غا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق كەسپىي تەشكىلاتى 341، چارۋىچىلىق كەسپىي تەشكىلاتى 112، باشقا ئۆزگىچە كەسپىي تەشكىلات 86. كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە باشلامچى كارخانا 270 بولۇپ، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 7 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتكەن. سېتىش كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان باشلامچى كارخانا 32گە يەتكەن. كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرى 1 مىليون 260 مىڭ ئائىلىلىك دېھقانغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تۈرتكە بولغان، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ تەخمىنەن %60نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە تۈرتكە بولۇنغان دېھقان ئائىلىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ تەخمىنەن %20نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەشكىلاتى ئاساسەن تۆۋەندىكى 5 خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان:

1. باشلامچى كارخانىلار تۈرتكە بولۇش شەكلى. بۇ نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، ھەرخىل كەسىپلەشتۈرۈش تەشكىلاتىنىڭ %1. 50نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى زور، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلار بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ كارخانىلار باشلامچىلىق بىلەن بازارلارنى يېتەكلەپ، ئۇنىڭغا دېھقان ئائىلىلىرىنى باغلاپ، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پىششىقلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ،

كاپىتالنى ۋاستە قىلىپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بايلىق مەنبەسىنى بىرىكتۈرۈپ، رايون ھالقىغان باشلامچى كارخانا بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن: شىنجاڭ «تۈنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» ئۈزۈم ھارىقى كەسپىي شىركىتى، «شىبىنبې» مېۋە - كۆكتات ئىچىملىكلىرى، «دېلۇڭ» گۇرۇھى، «زۇڭخېڭ» پاي شىركىتى قاتارلىق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى باشلامچى كارخانىلىرى، سانجى ئوبلاستى «تەيكۇن» يەم - خەشەكى، ئاقسۇ «كۇنتۇ» گۆرۈچچىلىكى، ئىلى ئوبلاستى «كاڭدا»، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى، شىنجاڭ «ئالتۇن غەربىي يۇرت» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، «تيەنكاڭ» يەم - خەشەكى، «بوستان» زاراڭزا يېغى قاتارلىق ئاشلىق، ياغ، يەم - خەشەك، شېكەرچىلىك باشلامچى كارخانىلىرى، «بۈيۈك بوغدا كۆلى» يېمەكلىكلىرى، «شىنمۇۋ» سۈتچىلىكى، «جيايۇ» گۆش مەھسۇلاتلىرى، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھى قاتارلىق سۈتچىلىك، گۆش پىششىقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش باشلامچى كارخانىلىرى.

2. كەسپىي بازارلارغا تۈرتكە بولۇش شەكلى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كەسپىي بازىرىدىن 70ى بار، بۇ تۈرلۈك كەسپلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ %3.1نى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ بازار ئۆرۈمچى «بېيۈەنچۈن» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ قارمىقىدا 6 كەسپىي توپ تارقىتىش بازىرى تەسىس قىلىنغان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 120 نەچچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى بىلەن تورلاشقان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچىگە، چەت ئەلگە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان چوڭ بازار. بىر قىسىم ئۆزگىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىمۇ بىر تۈركۈم كەسپىي توپ سېتىش بازارلىرى قۇرۇلدى. مەسىلەن: جىڭ ئالىقات بازىرى ۋە تۇرپان، قۇمۇللارنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن توپ سېتىش بازىرى قاتارلىقلار.

3. كەسپىي جەمئىيەت (كوپېراتىپ) تۈرتكە بولۇش شەكلى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قەدەر تەسىرى بار 104 كەسپىي جەمئىيەت بار، بۇلار ھەرخىل كەسپلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ %3.19نى ئىگىلەيدۇ. بۇ جەمئىيەتلەر ھەم ئاپتونوم رايون خاراكتېرىگە، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە، ھەم كەسپىيلىككە، رايون خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن: شىنجاڭ سۈپەتلىك يۇڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى، بۇ جەمئىيەت ئاساسەن شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە، شەھەرلەر، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان، ئۇلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان سۈپەتلىك يۇڭ داڭلىق ماركىسى «ساپالى»نى يېتىشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يۇڭنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئابرۇيىنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قوي يۇڭى كەسپىنى قوغدىدى، ئاپتونوم رايوندىكى 23 سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى بازىسى ناھىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

4. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە تۈرتكە بولۇش شەكلى. بۇ، يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى، ئۈلگىلىك باغچە رايونى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي گەۋدىلىرىنى باشلامچى قىلىپ، بازىلارنى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنى يېتەكلەپ، ئەلا، يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تىپىك بولغانلىرى: شىنجاڭ «تيەنيەي» پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى پاي چەكلىك شىركىتى، «كونېنلۇن» بىئو تېخنىكا شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك داماۋ گۇرۇھى تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قاتارلىقلار.

5. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىگە تۈرتكە بولۇش شەكلى. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە يېزىلاردىكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى يېزىلاردىكى كۆلەملەشكەن ئائىلىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەمەلىي گەۋدىسىدىن ئىبارەت، ئادەتتە ئۇلار باشقۇرىدىغان يەر 13 گېكتاردىن، چارۋا 200 (كالا 50 تىن ئارتۇق) ئاشىدۇ، دېمەك ئۇلار خېلى كۆلەمگە ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەش، ئەلا سورتلارنى كىرگۈزۈش، ئىلغار تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە، شۇ جايدىكى دېھقانلارغا بىۋاسىتە تۈرتكىلىك رولىنى ئوينايدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى باشلامچى قىلغان كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاش، سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدە قىلغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەمەلىي گەۋدىسى بولۇپ، مەيدان، ئائىلىلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىپ، ئىجارىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرىدۇ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

ئائىلىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېتەكلەش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلاردىن تىپىك بولغانلىرى: كىچىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، سانجى باغۋەنچىلىك مەيدانى، غۇلجا «باشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار.

جىن چاڭخۇ، يىن شىنجياڭ

## يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان كەنت 9386گە يەتتى، 1 - قېتىملىق ھۆددىگەرلىك مۇددىتى توشقان كەنت 9241گە يېتىپ، ئومۇمىي كەنتنىڭ 96.8%نى ئىگىلىدى. 9278 كەنت يەرنى 2 - قېتىم ھۆددىگە بېرىشنى ئورۇنلىدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 0.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 30 يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان كەنت 9157، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي كەنتنىڭ 95.92%نى ئىگىلەيدۇ. «ئادەم كۆپەيسە، يەرنى كۆپەيتمەسلىك، ئادەم كېمەيسە، يەرنى كېمەيتمەسلىك»نى يولغا قويغان كەنت 8800 بولۇپ، 6.4% ئاشتى. ھۆددىگەرلىكنى ئۇتكۇزۇپ بەرگەن، ئۆتۈنۈپ بەرگەن يەر كۆلىمى 13 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 0.77%نى ئىگىلىدى، ھۆددىگەرلىكنى ئۇتكۇزۇپ بېرىش، يەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى 14 مىڭ 598 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 0.74%نى ئىگىلىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليون 114 مىڭ 200 پارچە ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قېلىپلاشقان توختام 2 مىليون 2900 پارچە. نەقلەشكەن توختام 1 مىليون 256 مىڭ 900 پارچە، قىسمەن نەقلەشكەن توختام 499 مىڭ 100 پارچە. بىر يىلدا ئىسپاتتىن ئۆتكۈزۈلگەن توختام 1 مىليون 769 مىڭ 600 پارچە. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددىگەرلىك توختامى بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سومما 802 مىليون 260 مىڭ يۈەن، نەقلەشكىنى 515 مىليون 530 مىڭ يۈەن، تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىنغىنى 7 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3037 قېتىم يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى ماجىراسى يۈز بەردى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 29.6% ئاشتى، مۇرەسسە قىلىنغان توختام ماجىراسى 2879 پارچە، ناھىيە، يېزا مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلغىنى 2702 قېتىم.

ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش، كېسىم قىلىش ئاپپاراتى 779 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7 سى كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكى 62 بولۇپ، 12 سى كۆپەيدى؛ يېزا دەرىجىلىكى 602 بولۇپ، 18ى كېمەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە توختام باشقۇرغۇچى 17 مىڭ 117 بولۇپ، 240ى كېمەيدى.

لىي جۈن

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا دېھقان، چارۋىچىلار تاپشۇرغان پىرسەنت ئايرىلغان بىر تۇتاش تۇپلاش ھەققى 943 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا 54 يۈەندىن توغرا كەلدى، يېزىلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكى 32 مىليون 360 مىڭ بولۇپ، 4 مىليون 890 مىڭ ئەمگەك كېمەيدى، ھەر بىر ئەمگەكچىگە ئوتتۇرىچە 3.9تىن توغرا كەلدى. ئەمگەك جۇغلانمىسى 59 مىليون 410 مىڭ ئەمگەك بولۇپ، 10 مىليون 40 مىڭ ئەمگەك كېمەيدى، ھەر بىر ئەمگەكچىگە ئوتتۇرىچە 17.1 دىن توغرا كەلدى. «ئىككى ئەمگەك»نى قوشقاندا ھەر بىر ئەمگەكچىگە 26.4تىن توغرا كېلىپ، 4.6 ئەمگەك ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق ئومۇمىي سوممىسى 112 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 12.3 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يېزىلاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار دېھقانلاردىن يىغىدىغان يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يىغىپ بولغانلىرىنى يىلمۇ يىل دېھقانلارغا قايتۇردى. ئۈنۈمۈپرسال تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، كىرىمىنى 10 يۈەن ئاشۇرۇش نىشانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنى

ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى 8 قېتىم مەخسۇس تەكشۈردى، 3 قېتىم بېجىرىشكە يوللاپ بەردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارنىڭ سېلىقى بويىچە قانۇن ئىجراسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 6 ۋىلايەت (ئوبلاست)، 10 ناھىيە (شەھەر)، 18 يېزا، 22 كەنت نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 184 ئائىلىلىك دېھقان زىيارەت قىلىندى. 11 - ئايدا يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىشى، گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ۋە سۇ، توك پۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇس ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

لىي جۈن

## كەنت دەرىجىلىك مالىيەدە ئاشكارا بولۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا مالىيىنى ئاشكارىلاش ياخشى ۋە پۇختا تۇتۇلۇپ، مالىيىنى ئاشكارىلاش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەقىقىي ئاشكارىلاش، دائىم ئاشكارىلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، مالىيىنى ئاشكارىلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. كەنت دەرىجىلىك كۈتۈۋېلىش خىراجىتى، كوللېكتىپنىڭ ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە ئاشكارىلاش نۇقتىلىق تۇتۇلدى. بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەر كەنتنىڭ ھېساباتىنى يېزا باشقۇرۇش، بوغالتىرلار مەركەزلىك ئىش بېجىرىش ۋە بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى قاتارلىق مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، يېزا بوغالتىرلىقىنى ئېلېكترلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، مالىيىنى ئاشكارىلاشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى، كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى، كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ كوللېكتىپنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىش، ئىگىلىۋېلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيىنى ئاشكارىلاش دائىرىسى %100كە، ئاشكارىلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش %80تىن كۆپرەككە يەتتى.

ئىسرائىل ئابباس

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى

1. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، سىناق قىلىش ۋە گۇۋاھنامە باشقۇرۇش خىزمىتى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى مەمۇرىيىتىگە مەسئۇل تارماقلار يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش بويىچە بىر قارار كۇرس ئېچىپ، 190 ئادەمنى تەربىيىلىدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىنى يىللىق تەكشۈردى، جەمئىي 760 ئادەمنى تەكشۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ياردەملىشىپ يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە بىر قارار كۇرس ئاچتى، كۇرستا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئازكەم 60 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى، ئۇلار سىناقتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، گۇۋاھنامە ئېلىپ ئىش ئورنىغا چىقتى.

2. قانۇن ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلىش ھەرىكىتى ئەستايىدىل قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تىجارەت سالاھىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاندى. يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنىڭ تىجارەت شارائىتى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈلدى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تىجارىتى ھەرىكىتىنى ئېنىقلاپ، تەرتىپكە سېلىش كۈچەيتىلدى. «ئۇرۇقنى ھاۋالە قىلىشتا قانۇننى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى، ئۇقتۇرۇشتا قانۇن ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلغاندا جەزمەن يېزىقچە ھاۋالە قىلىش، ھاۋالىنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن چوقۇم كەسىپ بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش بىلەن تىجارەتنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش ئېنىق بەلگىلەندى، قېلىپلاشقان ھاۋالە نامىنىڭ پايدىلىنىش نۇسخىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

3. يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىدا ساختىلىققا زەربە بېرىش سالمىقى زورايتىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. «دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى (ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، ئوغۇت) بازىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش لايىھىسى» تۈزۈلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، ئوغۇت بازىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلدى، چوڭ دېلولار، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ياخشى تۇتۇلدى. تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات خىزمىتى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىغا دائىر قانۇن قائىدە - نىزاملار نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىندى، يېزا

ئىگىلىك ئەشيالىرى بازىرىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، خىزمەت نەتىجىلىرى ۋاقتىدا تەشۋىق، خەۋەر قىلىندى ھەم چوڭ، مۇھىم دېلولار ئاشكارىلاندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز كەم 3000 تەشۋىقاتچى (قېتىم) ئاجرىتىلغان، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قوبۇل قىلىنغان، 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلغان، 400 نەچچە شوئار - لوزۇنكا چاپلانغان، 100 نەچچە تەشۋىقات تاختىسى چىقىرىلغان، 500 نەچچە سائەتلىك مەخسۇس تېمىدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاڭلىتىلغان ۋە قويۇلغان. ئاز كەم 500 مىڭ توننا ھەرخىل ئۇرۇق ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 160 نەچچە توننا ساختا، ناچار، 3 گۇۋاھنامىسى يوق ياكى باھا بەلگىسى قېلىپلاشمىغان ئۇرۇق، 800 نەچچە توننا ساختا، ناچار، 3 گۇۋاھنامىسى يوق، قەرەلى ئۆتكەن ياكى باھا بەلگىسى قېلىپلاشمىغان دېھقانچىلىق دورىسى، 4000 نەچچە توننا ساختا، ناچار ياكى تىزىملاش گۇۋاھنامىسى يوق ئوغۇت بايقالغان. ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، ئوغۇت بازارلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش قىلمىشلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنىش ئارقىلىق، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ئۇلارغا زىيان سېلىش ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ئازايتىلىپ ياكى توسۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ۋەن جىڭمىن

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ، باھالاپ، شىنجاڭ «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «تۈنخې» ماركىلىق شوخولا قىيامى كونسېرۋاسى قاتارلىق 33 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى 2001 - يىللىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتتى؛ 1999 - يىللىق داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىن، شىنجاڭ «تايۈەن» زاراڭزا چەكلىك شىركىتىنىڭ «تايۈەن» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك، ساپ زاراڭزا ئوزۇقلۇق يېغىنى داۋاملىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلدى. شىنجاڭنىڭ 2001 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلغان 37 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى.

چيۇ جيەنمىن

شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| ئورۇن نامى | تاۋار ماركىسى نامى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى | تۈنخې | شوخولا قىيامى ۋە كونسېرۋاسى |
| شىنجاڭ شېنىنبې بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شېنىنبې | قويۇلدۇرۇلغان سەۋزە شىرنىسى |
| يەنجى ناھىيىلىك قىزىلمۇچ جەمئىيىتى | كەيۈن | قىزىلمۇچ |
| قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش شىركىتى | قەشقەر | مۇياگى ئۆرۈك قېقى، ئانار |
| ئىلى دۇفېڭلىيو ئىچىملىك، يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | دۇفېڭلىيو | ياۋا قارائۆرۈك شىرنىسى |
| باغراش ناھىيىلىك تېڭخۇ مۇچ ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تېڭخۇ | قويۇلدۇرۇلغان كۆنجۈت - مۇچ قىيامى |
| يەنجى ناھىيىلىك ئارپىبەدىيان جەمئىيىتى | قايدۇ | ئارپىبەدىيان |
| تۇرپان ئاقتوناق ھارىقى ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شىجۇچۈەن | ئاقتوناق ئالاھىدە ھارىقى |
| شىنجاڭ قۇمۇل داماۋ يۇقىرى يەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | داماۋنوڭ | قوغۇن |
| تۇرپان شەھەرلىك كېچىك باغۋەنچىلىك مەيدانى | كېچىك | كىشمىش ئۈزۈم |
| شىنجاڭ زوڭخېڭ پاي چەكلىك شىركىتى | شېڭچى | شۇاڭچى تالقىنى، قوۋۇت ئانار شەربىتى |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ فۇبېي سەنباۋلې قۇلما چەكلىك شىركىتى | SA−1 | قۇلماق دانچىسى |
| شىنجاڭ قۇلماق چەكلىك شىركىتى | شىنرۇي | قۇلماق دانچىسى |
| ئۇنسۇ ناھىيىسى كۇنتو گۆرۈچچىلىك چەكلىك شىركىتى | كۇنتو | سۇپەتلىك يۇرۇشلۇق گۆرۈچ |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى يېڭى ئەسىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شۇيىچى | ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى |
| شىنجاڭ تايۈەن زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تايۈەن | ئالىي دەرىجىلىك ساپ زاراڭزا ئوزۇقلۇق يېغى |
| شىنجاڭ بوستان زاراڭزا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | يەنلىبىنياۋ | زاراڭزا ئوزۇقلۇق سالات يېغى، تەڭشەلگەن زاراڭزا ئوزۇقلۇق يېغى، ئاپتاپپەرەس سالات يېغى |
| پىچان ئۈزۈمچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | يىپەك يولـ دىكى مەرۋا يىت | شاكىلاتلىق قۇرۇق ئۈزۈم، قېتىقلىق قۇرۇق ئۈزۈم |
| جىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | | ئالىقات |
| گۇما ناھىيىلىك پىيالما ئانار ياسالمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى | پىيالما | ئانار |
| شىنجاڭ ۋېيشى ئىقتىساد ـ سودا شىركىتى | سېمىز ئاپا | شېكەرلىك ئالقات كاپسۇلى |
| تۇرپان شەھەرلىك كولدۇرما هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى | كولدۇرما | ئۈجمە ھارىقى |
| يەنجى ناھىيىلىك چوڭ ئاق گازىر جەمئىيىتى | كەيچېڭ | چوڭ ئاق گازىر |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك نوم يەشۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش مەركىزى | نوم | قوغۇن |
| بورتالا شەھەرلىك ئورۇقلۇق چىگىت ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش شىركىتى | شۇنيۈەن | ئورۇقلۇق چىگىت |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى | خۇڭچىيېمېي | قۇشى ئالمىسى، نەشپۈت |
| پەيزاۋات قارا ئۆرۈك پىششىقلاش زاۋۇتى | تيەنخو | قارا ئۆرۈك |
| شىنجاڭ شىنشى ئەلا سورتلۇق ئورۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شالياڭ | كۆممىقوناق، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، قىزىلچا ئورۇقلىرى |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گورۇھ) چەكلىك شىركىتى | قوغۇن | گاز ئىقىملىق ساپ پاختا يىپ |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گورۇھ) چەكلىك شىركىتى | يەتتە يۇلتۇز | سىپتا ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ |
| لوپنۇر جياڭشىن ماشىنىدا پاختا تورلاش زاۋۇتى | رۇيليەن | ماشىنىدا تورلانغان پاختا |
| قەشقەر ئابھايات مېۋە شىرنىسى چەكلىك شىركىتى | ئابھايات | ئانار شەربىتى ئىچىملىكى |
| شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | سەنتەي | قاراقات ھارىقى |
| شىنجاڭ كاڭۋېي ئاشلىق ـ ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | كاڭۋېييۈەن | «كاڭۋېييۈەن» تەڭشەلگەن ئوزۇقلۇق زاراڭزا، تەڭشەلگەن ئوزۇقلۇق ياڭاق يېغى |
| شىنجاڭ زاراڭزا شاھى كەسپىي تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | شياڭفۇلوڭ | ساغلاملىق ساپ زاراڭزا يېغى |
| ئاۋات ناھىيىلىك مول ھوسۇل 3 ـ مەيدانى | فېڭخەي | ئۇزۇن تالالىق پاختا |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | ئارمان | نوقۇت تالقىنى، نوقۇت سۈت پاراشوكى، ئوزۇقلۇق تالقىنى، پاش - ئۆسمۈرلەر ئوزۇقلۇق تالقىنى، ئوتتۇرىياش، ياشانغانلار ئوزۇقلۇق تالقىنى |
| پەيزاۋات ناھىيىلىك مېۋە شىركىتى | جياڭگۇەن | پەيزاۋات قوغۇنى |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق باغۋەنچىلىك تەرەققىيات تىجارەت بۆلۈمى | شياشى مۇنا-قى | ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى |
| شىنجاڭ خۇاشى تېرىقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | خۇاشى | ياغلىق ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقى، قىزىلچا ئۇرۇقى، كۆكتات ئۇرۇقى، كۆممىقوناق ئۇرۇقى |
| شىنتيەن خەلقئارا ئۈزۈم هاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى | شىنتيەن | قىزىل ئۈزۈم هاراقلىرى، ئاق ئۈزۈم هاراقلىرى |
| كۇچا ناھىيىلىك كوسەن يېمەكلىك سانائىتى باش شىركىتى | كوسەن | دورىلىق ئۈجمە شىرنىسى ئىچىملىكى |
| دېھقانچىلىق نازارىتى ھەسەل ھەرىچىلىك مەيدانى | تيەنشۇ | ھەسەل مەھسۇلاتلىرى |
| كورلا 2 - كونسېرۋا زاۋۇتى | لىجۇن | شوخولا قىيامى ۋە كونسېرۋاسى |

## شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى نامىغا ئېرىشكەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| مەھسۇلات نامى | تىزىمغا ئېلىنغان تاۋار ماركىسى | ئورۇن نامى |
|---|---|---|
| رەڭلىك پاختا | تيەنسەي | شىنجاڭ تيەنسەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى |
| قۇلماق دانچىسى | شىنرۇي | شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى |
| ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | ئالتۇن غەربىي يۇرت | شىنجاڭ ئالتۇن غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش پاي چەكلىك شىركىتى |
| نەشپۈت | گۇڭباۋ | بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 48 - تۈەن - مەيدانى |
| بادام | | بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 45 - تۈەن - مەيدانى |
| كورلا نەشپۈتى | سايدۇڭ | بايىنغولىن ئوبلاستى سايدۇڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى |
| سەۋزە شەربىتى | شېننبي | شىنجاڭ شېننبي بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شوخولا قىيامى ۋە كونسېرۋاسى | تۈنخې | تۈنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى |
| غەربىي يۇرت 3 - نومۇر | غەربىي يۇرت | شىنجاڭ غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا گۇرۇھى تېرىقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | «تەڭرىتاغ» | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇن (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| قۇمۇل چوڭ چىلىنى | قۇمۇل چوڭ چە-لىنى | شىنجاڭ قۇمۇل چوڭ چىلىنى تەرەققىيات مەركىزى |
| قوغۇن (بال ئىپار) | چياۋگوڭ | قۇمۇل ۋىلايەتلىك قوغۇن تەرەققىيات مەركىزى |
| قوغۇن | نوم | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك نوم يەشۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش مەركىزى |
| قوغۇن | داماۋنوڭ | شىنجاڭ قۇمۇل داماۋ يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |

| | | |
|---|---|---|
| قويۇلدۇرۇلغان گۈنجۈت - مۇچ قىيامى | تېڭخۇ | باغراش ناھىيىسى تېڭخۇ قىزىلمۇچ ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى |
| قېتىقلىق قورۇق ئۈزۈم | يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت | شىنجاڭ پىچان قورۇق ئۈزۈم تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى |
| ساپ زاگراگزا يېغى | تايۇەن | شىنجاڭ تايۇەن زاراگزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| بىگلىيوبىنمىزو تابلېتكىسى | يۇشىڭ | بىڭتۇەن ئەبەدىي ياش ھايۋانات دورا زاۋۇتى |
| سۆپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى | ساپالى | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| 5610 گۆش چوشقىسىنىڭ 1% لىك مۇرەككەپ ئارىلاشما بوغۇزى، 3631B تۇخۇم توخۇسىنىڭ تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلىدىكى 1% لىك مۇرەككەپ ئارىلاشما يېمى | تيەنكاڭ | شىنجاڭ تيەنكاڭ چارۋىچىلىق بىئو تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى |
| كالا گۆشى | دايىنسۇ | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 165 - تۇەن - مەيدانى |
| ئاچچىق ياۋا بېلىق كونسېرۋاسى، كۆلچەك بېلىقى كاۋىپى، ئايرىم توڭلىتىلغان بېلىق | ستىباڭ | باغراش ناھىيىسى لەنشياڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| يېڭى پىتى توڭلىتىلغان بىەنيۇي بېلىقى (شەرق ئوۋىيەن بېلىقى) | بوزۇلتوقاي كۆلى | شىنجاڭ بوزۇلتوقاي سۇ مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىنجاڭ پىۋىسى (ھىڭ موگۇسى، مېۋە پىۋىسى، قارا پىۋا) | شىنجاڭ | شىنجاڭ پىۋىسى (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| كىچىك ئاق تېرەك، ساقلانغان ئاق تېرەك ھارىقى | كىچىك ئاق تېرەك | شىنجاڭ شىخەنزە ئاق تېرەك ھاراق زاۋۇتى |
| قىزىل، ئاق ئۈزۈم ھارىقى | غەربىي يۇرت | شىنجاڭ غەربىي يۇرت ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| قاراقات، 4 يۇلتۇز سەنتەي ساقلانغان ھارىقى، سەرخىل مەھسۇلاتى، 5 يۇلتۇز سەنتەي ساقلانغان ھارىقى | سەنتەي | شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| سەنتەي شاھى ماركىلىق ھارىقى | سەنتەي شاھى | شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئىرۋىغا شىپا ھاراق، بۇغا شاھى ھارىقى | يۇەنشىن يېشىن | شەنشى داتۇڭ شەھەرلىك يۇەنشىن بۇغىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئىرۋىغا شىپا ھاراق، بۇغا شاھى ھارىقى | يۇەنشىن | شەنشى داتۇڭ شەھەرلىك يۇەنشىن بۇغىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئاققوناق ئالىي ھارىقى | شىجۇچۇەن | شىنجاڭ تورپان ئاققوناق ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| قىزىل، ئاق ئۈزۈم ھارىقى | شىنتيەن | شىنتيەن خەلقئارا ئۈزۈمچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| يود، سىنك قوشۇلغان ئوزۇقلۇق سۈت پاراشوكى | خۇايۇەن | شىنجاڭ شىخەنزە خۇايۇەن سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى |
| FTLEF — 535 تەڭشىلىدىغان سۇيۇقلۇق بېسىملىق موللاقچى سايان، 2FS—1.8 مەركەزدىن قاچما ئوغۇت سېپىش ماشىنىسى | تيەنجىن | شىنجاڭ شىخەنزە سۇيۇقلۇق بېسىملىق سەپلىمە زاۋۇتى |
| 2BMK—6/1 يوپۇق يېيىش سېيالكىسى | ماتەن | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 7- تۇەن - مەيدان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى |
| كىيىم - كېچەك، مايا پاختا ئەدىيال | تيەنسەي | شىنجاڭ تيەنسەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى |
| قوي يۇڭى پوپايكا، تىۋىت پوپايكا | ئۈۋيۈن | شىنجاڭ بۇغدا كۆلى ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملار چەكلىك شىركىتى |

## يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

1. كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كېۋەزنى قويۇق تېرىپ، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنى ساپ پاختا بويىچە 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ، كېۋەزنى قويۇق تېرىش ئەمەلىي سىناق قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلمىي شەرھلەش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، كېۋەزنى قويۇق تېرىپ، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنى ساپ پاختا ھېسابىدا 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تېرىقچىلىق تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، تېخنىكا قوللانمىسى قىلىپ بېسىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاساس خىزمىتى ئىشلەندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەزنى قويۇق تېرىش تورىگە 20 نەچچە مىليون يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ۋە قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى سېلىنىپ، 10 مىڭ دانە سېيالكا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەزنى قويۇق تېرىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى تەشكىللەندى. بىر يىلدا 222 مىڭ گېكتار كۆلەم ئەمەلىي ئورۇندالدى. لوپنۇر ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، بۆگۈر ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسىدە چوڭ كۆلەمدە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 180 — 200 كىلوگرامغا يەتكەن سالا ئېتىزلار بارلىققا كەلدى.

2. ئاشلىقتا يۇقىرى ھوسۇل، ئەلا سۈپەت ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

1) سۈپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي كېڭەيتىلدى. شىنجاڭ كۈزگىسى 19 - نومۇر، شىنجاڭ كۈزگىسى 20 - نومۇر، Y20، ئۈزلۈك 6239 بۇغداي قاتارلىق سورتلار كېڭەيتىلدى. سانجى ئوبلاستى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە سۈپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي ئوقتىلىق تېرىلىپ، 130مىڭ گېكتاردىن ئاشتى.

2) قۇر ئارىلاپ تېرىش، كىرىشتۈرۈپ تېرىش ۋە كۆپ قېتىم پىشۇرۇش ئەندىزىسى 130 نەچچە مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە 3 قېتىم پىشۇرۇش ئەندىزىسى كېڭەيتىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۆپ قېتىم پىشۇرۇش ئەندىزىسى يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك يولى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. لېكىن بىر قىسىم، ۋىلايەتلەرنىڭ باشقۇرۇشى قوپال، سېلىنما كەمچىل بولغاچقا، ئۈنۈم جارى قىلدۇرۇلمىدى، ئاما ئىچىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالدى.

3) ئاشلىق ئۈچۈنمۇ، يەم - بوغۇز ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئەلا سورتلۇق كۆممىقوناق يېڭى سورتى «جۇڭيۈەندەن 32 - نومۇر» ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا 20 نۇقتىدا ئاق يەرگە ۋە ئېگىزغا تېرىلىپ، ئاشلىق ۋە يەم - بوغۇز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى ئاقسىللىق كۆممىقوناق تەجرىبە قىلىنىپ، ئۆلگە كۆرسىتىلدى. تەجرىبە ئارقىلىق، بۇ سورتنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇراھال بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېگىزغا تېرىشقا ۋە بالدۇر پىشار كۆممىقوناق رايونلىرىغا، شۇنىڭدەك كالا بېقىلىدىغان رايونلارغا كېڭەيتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ سورتنىڭ ئاقسىل تەركىبى 12.8%كە يېتىدۇ، بۇ ئادەتتىكى كۆممىقوناقتىن 4.7% — 4.8% يۇقىرى، ھەر گېكتار يەردىن تەخمىنەن 10.5 توننا ھوسۇل چىقىدۇ، شاخ - شادىسى پىشقان چاغدا يېشىل بولۇپ، سىلوسلاشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

4) شالىنىڭ ئەلا سورتى «چيۇتيەن شياۋدىڭ» كېڭەيتىلدى. مايسا كۆچۈرۈش تېخنىكىسى 3000 گېكتارغا كېڭەيتىلىپ، شالىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

3. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورى ئۈستىگە ئېلىندى. زاراڭزىنى چوڭ كۆلەمدە تېرىپ، مو بېشى ھوسۇلىنى 200 كىلوگرام (ھەر گېكتاردىن 3000 كىلوگرام) غا يەتكۈزۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، 7000 گېكتار كۆلەم ئورۇندىلىپ، زاراڭزا ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. تور باشلامچى قىلىنىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. كەسكىن بازار رىقابىتى ئالدىدا، نۇقتىلىق تورلارغا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، 100 توننا دەرىجىدىن تاشقىرى نېپىز سۈلياۋ يوپۇق كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىن 300 يۈەن سۈلياۋ يوپۇق پۇلى تېجىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىلدى.

گې جۈن

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى ئومۇميۈزلۈك ئېغىر بولدى،

ھاشارات ئاپىتى كېسەللىك ئاپىتىدىن ئېغىر بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 مىليون 441 مىڭ 100 گېكتار (قېتىم) زىرائەتتە (بىخلىنىش بۇرنىمغۇ دەسلەپكى ئېغىر، تىۋۋەندىسۇ شۇنداق) كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپ، چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 437 مىڭ 800 گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 484 مىڭ 200 گېكتار (قېتىم)، ئېتىزلاردا ھەرخىل ئوتلار ئۆنگەن كۆلەم 964 مىڭ 200 گېكتار (قېتىم)، ئېتىزلاردا چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 304 مىڭ 400 گېكتار (قېتىم)، چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 250 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم).

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپ، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 3 مىليون 272 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 1 مىليون 596 مىڭ 100 گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 422 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، ھەرخىل ئوت - چۆپنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 771 مىڭ گېكتار (قېتىم)، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 255 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم)، چېكەتكىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 227 مىڭ گېكتار (قېتىم). ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تارماقلىرى ئۆسۈملۈك ئاسراش خىزمىتىدە ئۆچۈر يەتكۈزۈشنى تورلاشتۇرۇشنى، ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى تىزگىنلەشتە زىيانسىزلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىشقا ئاشۇردى. ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى ئۆلچەپ، دوكلات قىلىدىغان 10 نۇقتىلىق پونكىت بىلەن تورلاشتى ھەم كېسەللىك، ھاشارات سانلىق مەلۇماتى ئامبىرى ۋە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى كومپيۇتېردا تەھلىل قىلىش سىستېمىسىنى قۇردى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش تارماقلىرى 1000 نەچچە قېتىم كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى، بىر قىسىم رايونلار يەنە تېلېۋىزىيە ئارقىلىق كېسەللىك، ھاشارات ئەھۋالىدىن ئالدىن ئۇچۇر بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆسۈملۈك ئاسراش سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چۆرىدەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئۆسۈملۈك ئاسراشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى كەشپ قىلدى، كىرگۈزدى، كېڭەيتتى، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش دورىسىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئالاھىدە زورايتتى، 9 يېڭى دېھقانچىلىق دورىسىنى 23 تۈر بويىچە ئېتىزدا تەجرىبە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چاستوتىلىق تىترەتكۈچ شەكلىدىكى ھاشارات ئۆلتۈرۈش چىرىغى ئارقىلىق كېۋەز غوزا پىتىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق تۇتۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 133 مىڭ 300 گېكتار كۆلەمدىكى 5 ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. 2001 - يىلى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش تارماقلىرى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتتى، تورلۇك خىزمەتلەرنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا سالدى. دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دېھقانچىلىق دورىلىرى توغرىسىدىكى ئېلانلارنى تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، دېھقانچىلىق دورىلىرى بازىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ساختىلىققا زەربە بېرىپ، ناچار دورىلارنى تۈگىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىسى تىجارىتى قىلىدىغان 2000 نەچچە ئورۇننى ئايرىلاپ تەكشۈردى، 400 نەچچە خىل دېھقانچىلىق دورىسى تەكشۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە زىيانلىق بىئولوگىيىلىك كېسەللىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق، كۆچەتلەرنى كارانتىن قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 8000 توننا دېھقانچىلىق زىرائەتتى ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا كارانتىن قىلىندى، چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلگەن 70 تۈركۈم (قېتىم) دىكى 32.3 توننا دېھقانچىلىق زىرائەتتى ئۇرۇقى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

چېڭ پىڭ

## ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشىدا غەيرىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى 5 تۈرنى تاماملىدى. ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۇرۇق تەكشۈرۈش مەركىزى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، ئۇرۇق زاپاس ئامبىرىمۇ 2001 - يىلى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، كورلا شەھىرى قاراسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋۇجۇدقا چىقىپ قۇرۇلۇپ، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش مەزگىلىگە كىردى، ئاۋات ۋە يەكەن ناھىيىلىرىدە دۆلەت دەرىجىلىك 2 رايون تەجرىبە پونكىتى قۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر ئۇرۇق تەكشۈرۈش مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق سۈپىتىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نازارەت قىلىپ

تەكشۈرۈش، كېسىم قىلىپ تەكشۈرۈش، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ئۇرۇقلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇرۇق سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش، ھاۋالە بىلەن تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. 2001 - يىلى ئەتىيازدا كېۋەز ئۇرۇقى 20 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۇرۇق 3 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %80، ئوتتۇرىچە ساپلىقى %99.3، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق 16 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %90، ئوتتۇرىچە ساپلىقى %98.7 بولدى؛ كۆممىقوناق ئۇرۇقى 10 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئوتتۇرىچە لاياقەتلىك نىسبىتى %77، ئوتتۇرىچە ساپلىقى %96.2 بولدى. كۈز پەسلىدە 58 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى (نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق 55 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %88. پىششىقلىنىدىغان شوخلا ئۇرۇقىنىڭ 16 ئەۋرىشكىسى ھاۋالە بىلەن تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك نىسبىتى %96 بولدى.

ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۇرۇق زاپاس ئامبىرىنىڭ 5000 كۋادرات مېتىرلىق قۇراشتۇرۇلما ئامبىرى، ئادەتتىكى ئامبىرى پۈتتى، بۇنىڭدا يىلىغا 5000 توننا كۆممىقوناق، كېۋەز، بۇغداي، قارا ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقىنى ساقلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى 67 مىڭ گېكتار يەرگە يەتكىدەك ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەپ، 400 — 600 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ.

دۆلەت دەرىجىلىك ئەسلى ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا 3.773 گېكتار كۆلەم پۈتتى، ھەر يىلى جەمئىيەتنى 40 مىڭ توننا ئەسلى كېۋەز ئۇرۇقى، 27 مىڭ توننا ئۆز - ئۆزىدىن شالغۇتلاشقان كۆممىقوناق ئۇرۇقى، 24 مىڭ توننا ئەسلى بۇغداي ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىدا مۇنداق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى: دېھقانچىلىق نازارىتى بىۋاسىتە باشقۇرغان دۆلەت دەرىجىلىك ئەسلى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى تۇنجى ئەسلى ئۇرۇقلارنى بىر تۇتاش ئىگىلەيدىغان بولدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ رايون خاراكتېرلىك ئەسلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئەسلى ئۇرۇق بايلىق مەنبەسىنى ئىگىلەپ، ئەسلى ئۇرۇقنى بىر تۇتاش كېڭەيتىپ، يېتىشتۈرىدۇ ھەم ھەر قايسى ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش رايونلىرىنى ئەسلى ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) لىك ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش رايونلىرى كەلگۈسى يىللاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەيدۇ.

ھەر بىر رايون تەجرىبە پونكىتلىرىنىڭ يېرى 6.7 گېكتار رايون تەجرىبە پونكىتى بالدۇر پىشار ۋە ئارا پىشار قۇرۇقلۇق كېۋىزى ۋە ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى يېتىشتۈرۈلگەن (كىرگۈزۈلگەن) سورتلىرىنى رايوندا تەجرىبە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىللە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي، كۆممىقوناق، قىزىلچا، شال، ياغلىق دان قاتارلىق زىرائەتلەرنى رايوندا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر يىلى 20 نەچچە گۇرۇپپا تەجرىبىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ، ھەتتا غەربىي شىمالنى 10 نەچچە خىل ئوخشىمايدىغان يېڭى سورت بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. يېڭى سورت ھوسۇلنى %10 يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ؛ سۈپىتى بىر بالداق ئۈستۈرەلەيدۇ.

چا چۈنخۇاڭ

## يېڭى سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 10 خىل زىرائەتنىڭ 32 يېڭى سورتى تەكشۈرۈپ (ئېتىراپ قىلىنىپ) بېكىتىلدى، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ (ئېتىراپ قىلىنىپ) بېكىتىلگەن سورتلارغا قايتىدىن نام بېرىلدى.

كۆممىقوناق: دىكا 656(DK656)، دۆڭدەن 7 - نومۇر؛ باقىلە: تاش باقىلە 1 - نومۇر، تاش باقىلە 2 - نومۇر؛ بۇغداي: شىنجاڭ يازغىسى 10 - نومۇر (4 . 91)، شىنجاڭ يازغىسى 11 - نومۇر (95 بېكىتىش 4)؛ ئارپا: شىنيىن D7 (Ca2 — 1)، شىنيىن D6 [EF98 (2)]؛ ئاپتاپپەرەس: شىنيىن KES303 (KWS303)، شىنيىن RITMO (RITMO)، شىنيىن KWS305 (KWS305)، شىنيىن S31 (S31)، شىنجاڭ ئىستېمال ئاپتاپپەرىسى 1 - نومۇر (KD203)، شىنجاڭ ئىستېمال ئاپتاپپەرىسى 2 - نومۇر (KD204)، شىنجاڭ ئىستېمال ئاپتاپپەرىسى 3 - نومۇر (چېقىش 1 - نومۇر)؛ قىزىلچا: شىنيىن RIVAL (RIVAL)، شىنجاڭ قىزىلچىسى 12 - نومۇر (ST9918)، شىنجاڭ قىزىلچىسى 13 - نومۇر (كاڭدى 1008)؛ قوغۇن: شىنجاڭ ھەسلى 35 - نومۇر (غەربىي جۇڭگو ھەسلى 5 - نومۇر)؛ تاۋۇز: شىنجاڭ ئەلا سورتى 30 - نومۇر (ئەنئۇڭ 1 - نومۇر)؛ پېدىگەن: شىنجاڭ پېدىگىنى 4 - نومۇر (5×4)؛ كېۋەز: شىنخەي 19 - نومۇر (D5—66—748)، جۇڭ 36، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى 13 - نومۇر (65 - 97)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى 14 - نومۇر (9619)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى 15 - نومۇر (شى 7)، لياۋنىڭ 12، شىنجاڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك قۇرۇقلۇق كېۋىزى 13 (1 - 29)، شىنجاڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك قۇرۇقلۇق كېۋىزى 14 - نومۇر (12 - 97)، شىنجاڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك قۇرۇقلۇق كېۋىزى 15 - نومۇر (1 - 16)،

شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى 3 - نومۇر (9803). شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى 4 - نومۇر (يېشىل 9804).

چا چۈنخۇڭ

## سۇلياۋ يوپۇقنىڭ بۇلغاش ئەھۋالى

2001 - يىلى قۇمۇل، ئاقسۇ، تارباغاتاي، ئىلى، بورتالا، سانجى، قىزىلسۇ، تۇرپان قاتارلىق 8 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 44 ناھىيە، شەھەر، يېزىدا ئېتىزدا قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە 22 مىڭ 4.829 گېكتار ئېتىز تەكشۈرۈلدى، ئېتىزدىكى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر گېكتاردا 4.26 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ بىر گېكتاردا 3.219 كىلوگرامغا يەتكەن. 1) تەكشۈرۈلگەن كېۋەزلىك كۆلىمى 6.6272 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 85.41 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 3.219 كىلوگرامغا، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭ 5.7 كىلوگرامغا يەتكەن. 2) تەكشۈرۈلگەن قوناقلىق كۆلىمى 7.4568 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 55.17 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 5.154 كىلوگرامغا، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭ 2.1 كىلوگرامغا يەتكەن. 3) تەكشۈرۈلگەن بۇغدايلىق كۆلىمى 1.926 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 15.27 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 219 كىلوگرامغا، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭ 9.0 كىلوگرامغا يەتكەن. 4) تەكشۈرۈلگەن قوغۇن - تاۋۇزلۇق كۆلىمى 1.6387 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 35.19 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 5.64 كىلوگرامغا، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭ 15 كىلوگرامغا يەتكەن. 5) تەكشۈرۈلگەن كۆكتاتلىق كۆلىمى 7.3767 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 6.21 كىلوگرامغا، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 5.145 كىلوگرامغا، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭ 45.9 كىلوگرامغا يەتكەن. 6) تەكشۈرۈلگەن قىزىلچا ئېتىزى كۆلىمى 7.300 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 85.32 كىلوگرامغا يەتكەن. 7) تەكشۈرۈلگەن قىچا ئېتىزى كۆلىمى 9.299 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 45.48 كىلوگرامغا يەتكەن. 8) تەكشۈرۈلگەن زاراڭزا كۆلىمى 6.7 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 35.34 كىلوگرامغا يەتكەن.

ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىنكاس قىلغان سۇلياۋ يوپۇق بىلەن بۇلغىنىش ئەھۋالى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ بۆلەكلىرى بويىچە ئېتىزلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قىسىم ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە ئېتىزلاردىكى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق پارچىسىنى يىغىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇناسىپ تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مۇئەييەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى جايلارنىڭ سۇلياۋ يوپۇقنىڭ بۇلغاش ئەھۋالىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان، ئۇلار ئېتىزلاردىكى سۇلياۋ يوپۇق پارچىلىرىنى يىغىۋېلىشتا كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىغان، سۇلياۋ يوپۇق بىلەن بولغىنىش مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىغان.

ۋاڭ ۋېيگاڭ، شېن يۈشى

## يېزا ئىقتىسادى ئەھۋالى

1. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى ۋەزىيىتى

1) يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى كۆپەيدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 40 مىليارد 74 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى. ئېشىش ھەجمى چوڭراق بولغان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ %4.17، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ %10، ئىلى ئوبلاستىنىڭ %4.10 ئاشتى.

2) يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى ئاستا ئاشتى. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 18 مىليارد 361 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.2 ئېشىپ، %81.45نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ كىرىمى 17 مىليارد 775 مىليون يۈەن.

3) ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ كىرىمى بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئاشتى. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق كىرىمى 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.24 ئېشىپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ %68.1نى؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 5 مىليارد 983 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.30 ئېشىپ، %93.14نى؛ بېلىقچىلىق كىرىمى 98 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24 ئېشىپ، %25.0نى ئىگىلىدى.

4) 2 -، 3 - كەسىپنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى 2 - كەسىپنىڭ كىرىمى 7 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.1 ئېشىپ، %52.18نى؛ 3 - كەسىپنىڭ كىرىمى 7 مىليارد 540 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.0 تۆۋەنلەپ، %81.18نى ئىگىلىدى.

5) دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىپ تاپقان

كىرىمى ئاشتى. 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىپ تاپقان كىرىمى 368 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %30.7 ئاشتى.

6) دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.7 ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم پەرقى تېخىمۇ زورايدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2666 يۈەنگە يېتىپ، %6.2، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1320 يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ پەرقى 37 يۈەن زورايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر ئىچىدە ئۈرۈمچىنىڭ 1 - ئورۇندا بولۇپ، 3445 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى خوتەن ۋىلايىتى بولۇپ، 825 يۈەن بولدى. ئېشىش ھەجمى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئاقسۇ ۋىلايىتى بولۇپ، %13.6 ئاشتى.

7) 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي خىراجىتى 21 مىليارد 491 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 890 مىليون يۈەن كۆپەيدى، لېكىن ئېشىش ھەجمى 2000 - يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. يېزا ئىگىلىك خىراجىتى 12 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.2 ئاشتى.

8) 2001 - يىلى دېھقانلارنىڭ پۇل كىرىمى 10 مىليارد 538 مىليون يۈەن بولۇپ، %62.6نى، ماددىي كىرىمى 6 مىليارد 286 مىليون يۈەن بولۇپ، %37.4نى ئىگىلىدى.

2. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر:

1) قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى زور بولدى، ئەلا سورتلار ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 933 مىڭ گېكتاردىن ئېشىپ، تۇنجى قېتىم ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىدىن زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى، سورتلارنىڭ سۈپەت قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇش نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلا سورتلۇق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆلىمى 2000 - يىلدىكىدىن 243 مىڭ گېكتار كۆپەيدى. جايلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاشلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، سورتلۇق بۇغداي، شالنى ۋە مەخسۇس، ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان كۆممىقوناق سورتى ۋە ئالاھىدە ئۈششاق دانلىق قارا ئاشلىقنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇردى.

2) باغۋەنچىلىك كەسپى ۋە ئالاھىدە تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. 2001 - يىلى باغۋەنچىلىك ۋە ئالاھىدە تېرىقچىلىق كۆلىمى 467 مىڭ گېكتاردىن ئېشىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 67 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق كۆپەيدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست يېڭىدىن تىككەن تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 84 مىڭ گېكتارغا يەتتى، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى قىزىل ئالاھىدە زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى. سانائەت شوخلىسىدىن باشقا، ئابدىسلىك، خاسىڭ، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، سەۋزە قاتارلىقلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيدى. پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان پەسىلسىز كۆكتات، چىلگە قوغۇن - تاۋۇز، ھۆل يېيىشكە، هاراق چىقىرىشقا بولىدىغان ئۈزۈم قاتارلىق ئالاھىدە باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى بىر قەدەر كۈچلۈك تەرەققىيات ۋەزىيىتىدە تۇردى.

3) دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئومۇمىي جەھەتتىن قايتا ئۆرلىدى. خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنىڭ تەسىرىدە، بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى خېلى ئۆرلىدى، تېپىك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 2001 - يىلى تۆۋەندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن: ھەر بىر كىلوگرام گۆشنىڭ باھاسى بىر يۈەن، بىر كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ باھاسى 0.1 يۈەندىن ئارتۇق، بۇغداي، ئارپا، ماش - پۇرچاقلارنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.1 يۈەن ئۆرلىگەن، توخۇم، ئۈزۈم، كۆكتات (ياڭيۇ، جاڭدۇ، چوڭ ئاق يېسىۋىلەك، قىزىلمۇچ، تاتلىق ياڭيۇ، شۆنگدەك ياخشى كۆكتاتلار، ئالاھىدە كۆكتاتلار)، تېرە، گۆرۈچ، قىزىلچا، شوخلا قاتارلىقلارنىڭ باھاسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرلىگەن. كۆپ سانلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشى يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. باھاسى چۈشۈپ كەتكەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇنۇلار: چىگىتلىك پاختىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.8 — 1 يۈەنگىچە، ئالمىلار، تاۋۇز گازىرىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 1 — 3 يۈەن چۈشكەن، ئۆي قۇشلىرى، سۈت، يۇڭ - تىۋىت، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى تەڭپۇڭلاشقان ياكى ئازراق چۈشكەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى گاھى ئۆرلەپ، گاھى چۈشكەن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىگەن، ئۆرلەش ھەجمى بويىچە مۇنداق رەتكە تىزغىلى بولىدۇ: كۆمۈر، ئوغۇت، نەسىللىك چارۋا، سورتلۇق كۆچەت، ماشىنا ئارقىلىق تېرىش، توك ھەققى، سۇ ھەققى.

4) چارۋىچىلىق كەسپىدە نەسىل ياخشىلاندى، ئالاھىدە باقمىچىلىق دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

2001 ـ يىلى جايلار چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوزغىلىدىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقى نورمال راۋاجلاندى، ئالاھىدە باقمىچىلىق، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى نۇقتىسى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ قىشلىق تۈل ئېلىش، قىسقا مەزگىلدە بورداش، سۈت كالىسى ۋە گۆش كالىسى بازىسى قۇرۇلۇشى، ئالاھىدە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش قاتارلىقلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

5) يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش سالمىقى زورايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سورتلۇق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي كۆلىمى 231 مىڭ گېكتارغا كېڭىيىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %37نى ئىگىلىدى. تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تىپىدىكى كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قويۇق تېرىش ئەندىزىسى قوللىنىلغان كۆلەم 618 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، تېرىلغان كېۋەز كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %60نى ئىگىلىدى. يەرلىكنىڭ يۇقىرى ھوسۇل ئۈنۈملۈك ھۇجۇم قىلىپ، ھەر گېكتارنىڭ ھوسۇلىنى 1800 كىلوگرام ساپ پاختىغا يەتكۈزىدىغان كۆلەم 203 مىڭ گېكتارغا، 2250 كىلوگرام ساپ پاختىغا يەتكۈزىدىغان كۆلەم 111 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تۇپراقنى ئۆلچەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، پەقەت قەشقەر، سانجى، ئاقسۇدىن ئىبارەت ۋىلايەت، ئوبلاستلا 467 مىڭ گېكتار كۆلەمدىكى يەرنىڭ تۇپرىقىنى ئۆلچىدى.

6) دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىشى يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. جايلار يېزىلاردىكى ئېشىندى ئەمگەك كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دېھقانلارنى، بولۇپمۇ ياش ئوتتۇرا ياش ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولىنى كېڭەيتتى.

7) يېزا سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىپ، سېلىقى يېنىكلىتىلىپ، كىرىمى ئاشۇرۇلدى. جايلار پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان يېزىلاردىكى سۇ ھەققى، توك ھەققى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارىلاش ۋە «ئۈچنى ئېنىقلاش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، دېھقانلاردىن ھەق ئېلىشقا دائىر بىر تۈركۈم تۈرلەر ئېنىقلاندى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىش ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك چەكلەندى.

8) يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە بازارلاشتۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى جايلار يېتەكچى مەھسۇلاتلارنى كەسىپلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەش، يېتىشتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، باشلامچى كارخانىلار ئارقىلىق بازىلارنى، دېھقان ئائىلىلىرىنى ۋە ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئېرىقچىلىق كەسپىنىڭ بازارلىشىش سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «زاكاز يېزا ئىگىلىكى» گەۋدىلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بازار خېيىمخەتىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

3. ساقلانغان مەسىلىلەر

1) بىر قىسىم جايلاردا يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئوخشاشلىقنى قوغلىشىش ۋە قارىغۇلۇق ساقلانغان، كەسىپلەشتۈرۈش تەرەققىياتى ئاستا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرى كۆپ ئەمەس. 2) يېزا ئىگىلىك ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئارقىدا قالغان، دېھقانلارنىڭ بازارنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلىشى قىيىن، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىش ئىقتىدارى ئاجىز. 3) يېزىلارنىڭ كەسپىي ئىقتىساد تەشكىلاتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ۋاستىچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى يېتەرسىز. 4) پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ لېكىن سۈپەت ئېگىزى، داڭلىق ماركا ئېگىزى كۈچلۈك ئەمەس. 5) يېزىلاردا قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

چېن شياۋيى، غالىپ مەشرەپ

## دېھقانلارنىڭ كىرىمى مۇقىم ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %7.5 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئائىلە ئىگىلىكى ساپ كىرىمى ئوتتۇرىچە 1542.05 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %6.3 ئاشقان.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك مۇنداق بولدى: (1) ئوتتۇرىچە مائاش خاراكتېرلىك كىرىم داۋاملىق بىر قەدەر يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلىغان. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش خاراكتېرلىك

كىرىمى 131.87 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %26.1 ئاشقان، بىر يىلدا تەخمىنەن %28.2 يېزا ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرىچە 467.62 يۈەن كىرىم قىلغان. (2) ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ 2 -، 3 - كەسىپتىن قىلغان ساپ كىرىمى %28.1 ئاشقان. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ 2 - كەسىپتىن قىلغان ساپ كىرىمى 14.39 يۈەن بولۇپ، %35 ئاشقان، ئوتتۇرىچە 3 - كەسىپ كىرىمى 175.45 يۈەنگە يېتىپ، %27.5 ئاشقان. 3) چارۋىچىلىق كىرىمى زور ھەجىمدە ئاشقان.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىق ساپ كىرىمى ئوتتۇرىچە 268.47 يۈەنگە يېتىپ، %56.83 ئاشقان، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن. (4) تېرىقچىلىق كىرىمى تۆۋەنلىگەن. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ساپ كىرىمى ئوتتۇرىچە 1026.38 يۈەن بولۇپ، %4.3 تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى پاختا باھاسى ئوتتۇرىچە %17.9 چۈشۈپ كېتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشدا يارىتىلغان ساپ كىرىم %17.98 تۆۋەنلىگەن.

دۈەن شياۋخۇا

## يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا يېزا دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 512گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5ى كۆپەيدى، كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 8123 بولۇپ، 204ى كېمەيدى، بۇلارغا ئالاقىدار كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى 27مىڭ 976 بولۇپ، 1006 سى كېمەيدى، كەنتتىن يۇقىرى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 977گە يېتىپ، 305ى كۆپەيدى. 2001 - يىلى كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 935 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي چىقىمى 608 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن پايدا ئالغان كەنت 6676 بولۇپ، ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا قاتناشقان كەنتنىڭ %70.4نى ئىگىلەپ، %1.7 ئاشتى، بۇ يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ئەمەلىي كۈچىنىڭ خېلى كۈچەيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

جاڭ شيا

## يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 865 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.84 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 549 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئاشتى. 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 17:20:63 بولدى. ئومۇمىي پايدىسى 38 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4413 يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2573 يۈەنگە يېتىپ، 138 يۈەن ئاشتى.

2001 - يىلى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 127 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى. بىر يىلدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 66 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 22 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، %1.63 ئازايدى؛ كېۋەز 28 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، %15.67 ئاشتى؛ شېكەر ماتېرىيالى 2900 گېكتارغا يېتىپ، %223.7 ئاشتى؛ ياغلىق دان 4200 گېكتار بولۇپ، %10.41 تۆۋەنلىدى؛ قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات 1700 گېكتار، باشقا زىرائەتلەر 6000 گېكتار. ئاشلىق 144 مىڭ 421 توننىغا، پاختا 43 مىڭ 34 توننىغا، ياغلىق دان 7256 توننىغا، قىزىلچا 99 مىڭ 854 توننىغا، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات 48 مىڭ 976 توننىغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چوڭ چارۋا 68 مىڭ 100 تۇياقتا، چوشقا 33 مىڭ 500 تۇياقتا، قوي 501 مىڭ 200 تۇياقتا، بېقىلغان ئۆي قۇشى 1 مىليون 911 مىڭ 400گە يەتتى. 1092 توننا گۆش، 9117 توننا سۈت، 944 توننا يۇڭ، 13 مىڭ 9 توننا تۇخۇم، 435 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 1092 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. باغ - ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %5.3 ئاشتى، ئومۇمىي ھوسۇل 76 مىڭ 988 توننىغا يەتتى. ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 36 مىڭ 800 گېكتار، شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1900 گېكتار، شۇ يىلى پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن كۆچەت 5 مىليون 79 مىڭ 300 تۈپ.

2001 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.57 ئاشتى. 258 مىڭ 41 توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 818 توننا بۇغداي ئۇنى، 5471 توننا گۈرۈچ، 7313 توننا سۇ يېغى، 4630

توننا شوخولا قىيامى، 6000 توننا قەغەز پەنەركە، 143مىليون 370 مىڭ دانە خىش، 1 مىليون 400 مىڭ مېتىر رەخت، 9 مىليون 650 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 370 مىڭ يۈرۈش قەغەز يەشمەك، 2.93 توننا ئېغىدرىن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 120 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2001 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 84 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 820 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 196 مىڭ 157گە يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى يەر كۆلىمى 554 مىڭ 508 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 85 مىڭ 673 گېكتار، ئوتلاق 281 مىڭ 351 گېكتار، ئوتلاق ئىچىدە پايدىلىنىلغان ئوتلاق 132 مىڭ 680 گېكتار، ئورمان يېرى 36 مىڭ 727 گېكتار، سۇ يۈزى 1532 گېكتار، مېۋىلىك باغ 11 مىڭ 532 گېكتار، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر 30 مىڭ 670 گېكتار، ئورمانغا باب يەر 15 مىڭ 644 گېكتار، ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى ۋە زاۋۇت، كانغا ئىشلىتىلگەن يەر 7692 گېكتار، باشقىلار 83 مىڭ 687 گېكتار.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: 1) دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇپ مەيدان تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولماقتا. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي يۈك ئېغىر، بۇ ھال دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سۇ،پەتلىك مۈلكىنى شىلىۋېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئېغىر سېلىق قالدۇرغان. 2) ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ تۈرى ئاز، سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشقا ئامال بولمىغان. دۆلەت تاكى ھازىرغىچە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا سىياسەت چىقارمىغاچقا، ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھازىرمۇ ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: 1) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان ئەمەس، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىماسلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان. 2) مېخانىزىم جانلىق ئەمەس، بەزى مۇددىتىگە ئېلىش يېزا ئىسلاھاتىدەك تۈزۈل - كېسىل بولمىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلمىغان، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۈزۈل - كېسىل جارى قىلدۇرۇلمىغان. 3) مۈلۈك ھوقۇقى، مەسئۇلىيەت، ھوقۇقى، مەنپەئەتنىڭ ئېنىق بولماسلىقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى چەكلەپ قويغان.

خۇاڭ قېيلۇڭ

# تېرىقچىلىق

## يېزا ئىگىلىك «مول ھوسۇل پىلانى»

2001 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق «مول ھوسۇل پىلانى» تۈرىدىكى 6 تۈرنى ئۈستىگە ئالدى، پىلان كۆلىمى 227 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن تۈر 4، پىلان كۆلىمى 207 مىڭ گېكتار، ئۇلار: «بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسى» 47 مىڭ گېكتار، «بۇغداي، كۆممىقوناقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش» 67 مىڭ گېكتار، «كېۋەز يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش» 53 مىڭ گېكتار، «شاخ - شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى» 40 مىڭ گېكتار؛ 2001 - يىلى يېڭىدىن 2 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ پىلان كۆلىمى 20 مىڭ گېكتار، بۇلار: «كېۋەزنىڭ يېڭى ئەلا سورتىنى كېڭەيتىش» 10 مىڭ گېكتار، «شىنجاڭ كورلا نەشپۈتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسى» 10 مىڭ گېكتار.

بىر يىل يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «مول ھوسۇل پىلانى» دىكى 6 تۈر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئومۇمىي كۆلىمى 319 مىڭ 500 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىيلەشكەن «بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسى» تۈرىنىڭ كۆلىمى 51 مىڭ گېكتار، ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 5743.5 كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 270 مىڭ 700 توننا، بۇنى تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 3 يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىرلىك ھوسۇلى ئوتتۇرىچە 1543.5 كىلوگرام يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي ھوسۇل 72 مىڭ 700 توننا، مەھسۇلات

قىممىتى يېڭىدىن 90 مىليون 912 مىڭ 300 يۈەن ئاشتى. «بۇغداي، كۆممىقوناقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش» تۈرى 75 مىڭ 700 گېكتار، «كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش» تۈرى 76 مىڭ گېكتار ئەمەلىيلەشتى، بۇ، تۈر پىلانىدىن 22 مىڭ 700 گېكتار ئارتۇق ئورۇندالدى، ھەر گېكتارنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئوتتۇرىچە 1669.1 كىلوگرامغا يېتىپ، تۈر پىلانىدىكى بىرلىك ھوسۇلدىن 169.1 كىلوگرام كۆپەيدى، ئومۇمىي ھوسۇل ساپ پاختا ھېسابىدا 12 مىڭ 200 توننا، مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 103 مىليون 543 مىڭ 600 يۈەن ئاشتى. «شاخ - شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى» تۈرىنىڭ كۆلىمى 88 مىڭ 400 گېكتار ئەمەلىيلەشتى. «كېۋەزنىڭ يېڭى ئەلا سورتىنى كېڭەيتىش» تۈرى 18 مىڭ 300 گېكتار ئەمەلىيلەشتى، پىلاندىكى ۋەزىپە 183% ئورۇندىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 1923 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 106.8% ئورۇندالدى. «شىنجاڭ كورلا نەشپۈتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسى» تۈرى 10 مىڭ 100 گېكتار ئەمەلىيلىشىپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 18.71 تونناغا يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 104% ئورۇندالدى.

2001 - يىلى جايلار 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، يېزا ئىگىلىك «مول ھوسۇل پىلانى» تۈرىنى يولغا قويۇشقا ئىشلەتتى. 78 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 12 مىڭ توننا سۇلياۋ يوپۇق، 0.7 توننا دېھقانچىلىق دورىسى سەرپ قىلىندى. تۈرنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە 52 ئالىي تېخنىكا خادىمى، 120 ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى، 254 باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە 565 دېھقان تېخنىك قاتناشتى، 1962 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 155 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 5025 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىلىپ، 623 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 653 مىڭ 600 پارچە پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى.

كاڭ يى

## زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا زىيانسىز قوغۇن، تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، ئاقسۇ قىزىل ئالمىسى، مۇچ، شوخلا، كەرەپشە، سەۋزە قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قائىدىسى ئورۇندىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۆز جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە باپ كېلىدىغان زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شىنجاڭنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە تۇرپان شەھىرىدە قۇرۇلۇشقا باشلىندى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئۆلچىمىگە باپ زىيانسىز يېمەكلىك» ئۆلچىمى ئاساسىدا ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، ئېتىراپ قىلىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، سانجى، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىكى 36 زىيانسىز مەھسۇلات (زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 27 مىڭ 400 گېكتار)، 5 زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى (يېزا، بازار، مەيدانى بىرلىك قىلىپ ئېتىراپ قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ كۆلىمى 9900 گېكتار) غا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ساغلام، تېز راۋاجلىنىشىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى.

ياقۇپجان تۇرسۇن

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 395 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.5% ئازايدى. ئومۇمىي ھوسۇلى 7 مىليون 960 مىڭ توننا بولۇپ، 1.6% تۆۋەنلىدى، بىرلىك ھوسۇلى ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە 5706 كىلوگرامغا يېتىپ، 114 كىلوگرام ئاشتى. بازار ئېھتىياجىغا ۋە تېرىقچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، شۇنىڭدەك جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى مۇقىم كۆپەيتىلىپ، سۈپىتى ئۈستۈرۈلۈپ، ئۆزىنى تەمىنلەپ، ئېشىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئىچكى قۇرۇلما كۆپ قۇتۇپلاشتى، بۇغداي كۆلىمى قىسقارتىلىپ، ماش - پۇرچاق ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى كۆپەيتىلدى، سۈپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي، سۈپەتلىك كۆممىقوناق، ماش - پۇرچاق، ئۇششاق دانلىق قارا ئاشلىق قاتارلىق ئالاھىدە ئاشلىقلار پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يەيدىغان، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، يەم - بوغۇز ئاشلىقى، ئالاھىدە ئاشلىق تەڭ مەۋجۇت بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھالىتى تەدرىجىي شەكىللەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

2000 ـ يىلدىكىدىن 243 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇپەتلىك شال 7000 گېكتار، سۇپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي 84 مىڭ گېكتار، سۇپەتلىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان دادۇر 10مىڭ گېكتار كۆپەيدى.

رەيھەت ئابلەت

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 130 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 118 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 570 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا سۈپەتنى، بىرلىك ھوسۇلنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش چۆرىدىلىپ، زور تېخنىكا تەدبىرلىرى ياخشى كېڭەيتىلىپ، كېۋەزنى قويۇق تېرىپ مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئۇنىۋېرسال تېرىقچىلىق تېخنىكىسى نۇقتىلىق ئوتتۇرۇپ، «كېۋەزنى قويۇق تېرىپ، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تېرىقچىلىق تېخنىكا قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، قوللانما قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلدى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى، بۆلەكلەر بويىچە ئوتتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئۈلگە كۆرسىتىلدى، كېۋەزنى قويۇق تېرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 20 نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەردىكى 220 مىڭ گېكتار يەرنىڭ ھەر گېكتارىدىن 1800 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 52 مىڭ گېكتارنىڭ ھەر گېكتارىدىن 2250 كىلوگرامدىن ساپ پاختا ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە قويۇق تېرىش تېخنىكىسى ياخشى ئوتتۇرۇلغاندىن سىرت، كەڭ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى، تۇپراقنى ئۆلچەپ مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق ئادەتتىكى تېخنىكىلار چىڭ ئوتتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن تالالىق پاختا، ئوتتۇراھال ئۇزۇن تالالىق پاختا ۋە تەبىئىي رەڭلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش چىڭ ئوتتۇرۇلدى.

رەيھەت ئابلەت

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا 86 مىڭ گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %53.57 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 58 مىڭ گېكتار، بىڭتۇەننىڭ 28 مىڭ گېكتار. ئومۇمىي ھوسۇلى 4 مىليون 551 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %55.52 ئاشتى، ھەر گېكتارنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 52.92 توننىغا يەتتى. شېكەرچىلىك كارخانىلىرى 4 مىليون 200 مىڭ توننا قىزىلچا سېتىۋېلىپ، 450 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقاردى. شىنجاڭ قىزىلچىسى 6 ـ نومۇر، 10 ـ نومۇر، 8 ـ نومۇر، 4 ـ نومۇر ۋە «9103»، «سورتى ياخشىلانغان شىنجاڭ قىزىلچىسى 6 ـ نومۇر» قاتارلىق سورتلار تېرىلدى. يۇقىرى ھوسۇللۇق قىزىلچا تېرىيدىغان رايونلارغا ھەر گېكتاردىن 60 توننىدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالىدىغان 20 مىڭ گېكتار كۆلەم ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئەمەلىيەتتە 25 مىڭ گېكتار ئەمەلىيلەشتى. بۇ يەرگە ئاساسلىقى چوڭقۇر كۆپ تېرىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، ئېرىق ئارتىپ تېرىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. ئۈنۈملۈك ئۆسۈملۈك ئاسراش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قىزىلچىدىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى چەكلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلچىدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

رەيھەت ئابلەت

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا 217 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %29.8 كېمەيدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 426 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %29.1 كېمەيدى. ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى ئىچىدە قىچا 72 مىڭ 800 گېكتار. بازارغا ئاساسەن «جۇپ تۆۋەن» قىچا، يۇقىرى ھوسۇللۇق ياغلىق ئاپتاپپەرەس زور كۆلەم بىلەن كېڭەيتىلدى، زاراڭزا مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇلدى، زىغىر، خاسىڭ، گۈنجۈت قاتارلىق ئالاھىدە ياغلىق دان زىرائەتلىرى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇلدى. شىمالىي شىنجاڭدا ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىش ۋە جايلارنىڭ ئالاھىدە ياغلىق دان زىرائەتلىرى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى.

رەيھەت ئابلەت

## قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە كۆلىمى 393 مىڭ گېكتارغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 3 مىليون 600 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 87 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، ئومۇمىي كۆلىمى 333 مىڭ گېكتارغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 800 مىڭ توننىغا يەتتى. قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمى 60 مىڭ گېكتارغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 800 مىڭ توننىغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن 31 مىڭ گېكتار، ئومۇمىي ھوسۇلى 660 مىڭ توننا).

قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى: 1) قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا جايلارنىڭ تېرىقچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى ئالدىنقى كەسىپ بولدى، ئۇنىڭ

يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپلىشىش ئورنى كۆزدىن - كۆزگە گەۋدىلەندى. جايلارنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولۇپ، كۆلىمى تېز كۆپەيدى، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مېۋىسى بولغان نەشپۈت، ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار قاتارلىقلار تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئاساسلىق مېۋىلەر بولۇپ قالدى؛ قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشىدا ئالتاي قاتارلىق بىر قىسىم يېڭى قوغۇنچىلىق رايونلىرى ئېچىلدى. (2) چوڭ باشلامچى كارخانىلار مېۋە - چېۋە بازىسى قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەپ، مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ساناتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن: «تۈنخې» گۇرۇھى شىركىتى، «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مېۋە چىقىدىغان رايونلاردا مۇئەييەن كۆلەمدىكى ئۆرۈك ياسالمىلىرى ۋە ئانار ئىچىملىكلىرى زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. (3) ئىجتىمائىي زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال جانلاندى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيدى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى تۇرپان شەھىرىنى مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 100 بازا ناھىيىنىڭ بىرى دەپ رەسمىي بېكىتتى.

خالىزات

## پىلە - ئۈجمىچىلىك ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە 230 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلىپ، 6.5% ، 3400 توننا پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 9.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى 155 مىڭ قۇتا، ئېلىنغان غوزا 2400 توننا. بىر يىلدا غوزا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 733 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي تەننەرخى 7 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، پىلىچى دېھقانلارنىڭ كىرىمى 28 مىليون 143 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پىلىچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 100 يۈەندىن ئاشتى. 162 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن 2 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى، 10 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە ئۈلىنىپ سۈپىتى ياخشىلاندى.

2001 - يىلى پىلە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: (1) پىلە ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى يىپەكچىلىك كەسپىنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىش، رەھبەرلىك سالمىقىنى زورايتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سىياسەت تارقىلىق يۆلەش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. (2) بازار يېتەكچى قىلىنىپ، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈلۈپ، زاكاز پىلە بېقىش يولغا قويۇلۇپ، پىلىچى ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. (3) پىلە غوزىسى تىجارىتىدە، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىلىپ، ئىلگىرىكى يېپىق زاۋۇتلا سېتىۋېلىپ، تىجارەت قىلىش ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ قانالىق سېتىۋېلىش تىجارەت ئەندىزىسى يولغا قويۇلدى. (4) سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى يۆلەندى، نۇقتا تارقىلىق دائىرە يېتەكلىنىپ، «پىلە غوزىسى بىرلىك ھوسۇلىنى 30 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېقىش ئەندىزىسى» كېڭەيتىلدى، پىلە بېقىش تېخنىكا تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. (5) ئەلا سورتلۇق ئۈجمە، پىلە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

غالىپ

## كۆك - تاق قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 125 مىڭ 910 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.5% ، ئومۇمىي ھوسۇلى 4 مىليون 867 مىڭ 700 تونىغا يېتىپ، 11.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارنىك، لاپاس كۆلىمى 8000 گېكتارغا يېتىپ، 11.1% ، 600 مىڭ توننا ھەرخىل يېڭى كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىپ، 15.4% ، قولدىن چىقىرىلغان كالا، قوي 26 مىليون 740 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 23.1% ، گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، 7.8% ؛ تۇخۇم 203 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 9.9% ؛ سۈت 870 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.2% ؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 60 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1.2% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكتات كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 263.7 كىلوگرامدىن، گۆش 52.5 كىلوگرامدىن، سۈت 47.1 كىلوگرامدىن، تۇخۇم 11 كىلوگرامدىن، سۇ مەھسۇلاتلىرى 3.3 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ قىشلىق يېڭى كۆكتات بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكى قىشلىق تەمىنلىنىدىغان كۆكتات مىقدارى، تۈرى ئاز بولۇش، ئاساسلىقى باشقا ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىشكە تايىنىدىغان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى. ياز پەسلىدە بازارغا سېلىنىدىغان كۆكتات تۈرى 150 نەچچە خىلغا يەتتى، قىش پەسلىدىكى يېڭى كۆكتاتلارنىڭ مىقدارىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، تۈرى 50 نەچچە خىلغا يەتتى، ئىتالىيە كاپوستىسى، خام سەي، گوللاندىيە بۇرچىقى، قوش سېرىقلىق موگۇ ۋە ھەر تۈرلۈك ئالىي سۇ مەھسۇلاتلىرىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق دورىسى،

خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى تېزگىنلىنىپ، مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىندى، بازاردىكى كۆكتاتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سالمىقى كۈچەيتىلدى، بارلىق شەھەر ئاھالىسىنىڭ خاتىرجەم كۆكتات يېيىشىگە، ئوخشىمىغان قاتلاملارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

گۈلنار

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي چارۋا 46 مىليون 37 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.7 ، بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 30 مىليون 389 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.1، گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، %7.8، قوي يۇڭى 69 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %4.9، ئۆچكە تىۋىتى 973 توننىغا يېتىپ، %8.95، سۈت 810 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %11.8، تۇخۇم 203 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %9.9 ئاشتى. 2001 - يىلى كالا، قوي، چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى 2000 - يىلدىكىدىن %30 تىن كۆپرەك ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي قۇشلىرى گۆشىنىڭ باھاسى %50 ئەتراپىدا، تۇخۇم باھاسى %20 ئەتراپىدا ئۆرلىدى، سۈت باھاسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى؛ يۇڭ، تىۋىت باھاسى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆچكە تىۋىتىنىڭ باھاسى 100 ـ 150 يۈەن تۆۋەنلىدى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنىڭ باھاسى سەل تۆۋەنلىدى؛ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن دېھقان - چارۋىچىلارغا پايدىلىق بولدى، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە چارۋىچىلىق كىرىمى 80 يۈەن ئاشتى.

ۋاڭ لىجيەن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورۇندالغان ئوتلاق قۇرۇلۇشى كۆلىمى 233 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت - چۆپ تېرىلغان كۆلەم 78 مىڭ گېكتار، ئۆزگەرتىپ ياخشىلانغان ئوتلاق كۆلىمى 155 مىڭ 400 گېكتار، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چاۋىچى 7004 ئائىلە.

2001 - يىلى سانجى ئوبلاستى ئوتلاقلارنى ھۆددىگە بېرىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. سانجى ئوبلاستى بويىچە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەن ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 920 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، ھۆددىگە بېرىشكە تېگىشلىك كۆلەمنىڭ %94 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغىنى 3 مىليون 197 مىڭ 400 گېكتار، ئائىلىلەر بىرلىشىپ ھۆددىگە ئالغىنى 723 مىڭ گېكتار. 16 مىڭ 960 چارۋىچى ئائىلىسى ھۆددىگە ئېلىش ئىشىنى تاماملىدى، بۇ، ئوبلاستتىكى ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ %98.4 ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىزمەت ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل ياردەم تۈرى — شىنجاڭ سۈپەتلىك قويىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش تۈرى مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ چىقىلدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى 27 ناھىيە، 3 نەسىللىك قوي فېرمىسىغا چېتىلىدۇ. 35 ناھىيىدىكى ئازكەم 270 مىڭ گېكتار ئوتلاقنىڭ قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش تاماملاندى، تەبىئىي ئوتلاق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ چىقىلدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئوت - چۆپ تېرىش، ئادەم كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ تېرىش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى، ئوتلۇق تۈرىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى يېزىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، بۇ تۈرنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 64 مىڭ گېكتار بولۇپ، 10 نەچچە ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئورۇنغا چېتىلىدۇ.

گاۋ نىڭ

## ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئۈنجى قارار (2000 - يىللىق) تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش تۈرى (غۇلجا، كۆكتوقاي، ماناس، بارىكۆل، تاشقورغاندىن ئىبارەت 5 ناھىيە) بويىچە سىناق نۇقتا خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى، تۈر مەبلىغى تۈر تەلىپى بويىچە تولۇق - قارارغا بۆلۈنۈپ تۈر بولغا قويۇلغان ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى، 12 مىڭ گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىش، 1333 گېكتار يەرنى تۈزلەش، يەر يۈزىنى بىرتەرەپ قىلىش، ئۇرۇق، قاشا سېتىۋېلىش قاتارلىق ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەر ئورۇندالدى.

2001 - يىللىق تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش تۈرىنى قورغاس، قابا، ئاقتۇ، قۇنتۇبى، ئالتاي، بېچان، كۇچا، نىيە، ئارشاڭدىن ئىبارەت 9 ناھىيە، شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش بېكىتىلدى. بۇ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 52 مىڭ 600 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە (يەم - خەشەك) ئوت-چۆپ تېرىلىدىغان يەر 23 مىڭ 300 گېكتار، ئاساسىي ئوتلاق 1300 گېكتار، ئۆزگەرتىپ ياخشىلانغان ئوتلاق 28 مىڭ گېكتار، بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 94 مىليون يۈەن، 2000 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىدۇ، قۇرۇلۇش

مۇددىتى بىر يىل.

گاۋ نىڭ

## ئوتلاق نازارەتچىلىكى ۋە ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

2001 - يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئاپپاراتى 47 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قورۇقشا تېگىشلىك ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئاپپاراتىنىڭ %5 .46 نى ئىگىلەيدۇ. تەربىيىلەش ئارقىلىق قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ئالغان ئادەم 1410 بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئوتلاق نازارەتچىلىرىنىڭ %8 .68 نى ئىگىلەيدۇ، كىنىشكا بىلەن ئىش ئورنىغا چىققان نازارەتچى خادىم 970 بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ %8 .68 نى ئىگىلەيدۇ.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتلاق نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ چۈچۈكبۈيا، چاكاندا بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، شىنجاڭدا چۈچۈكبۈيا، چاكاندا بايلىقىنىڭ تارقىلىشى ۋە زاپاس مىقدارىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە چۈچۈكبۈيا تارقالغان كۆلەم 562 مىڭ 400 گېكتار، زاپاس مىقدارى 652 مىڭ توننا؛ چاكاندا تارقالغان كۆلەم 2 مىليون 855 مىڭ 100 گېكتار، زاپاس مىقدارى 793 مىڭ توننا.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئاپپاراتلىرى ئوتلاقلاردىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 384 نى تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇ دېلولارغا چېتىشلىق ئوتلاق كۆلىمى 3000 گېكتاردىن ئارتۇق بولۇپ، 2 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى. 2000 - يىلى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئالتۇن شەھىرى ۋە چۆچەك شەھىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ماددىي ئەشيالىرى زاپاس ئامبىرى پۈتتى. 2001 - يىلى دۆلەت خوتەن شەھىرىدە ئوتلاقلاردا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ماددىي ئەشيالار زاپاس ئامبىرىدىن بىرنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 400 كىلومېتىر دۆلەت چېگرىسىدا ئوتلاق ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئايرىش بەلۋېغى ۋە 1000 كىلومېتىر ئوتلاق ئارىسىدا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئايرىش بەلۋېغى بەرپا قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى

دۆلەت 2000 - يىلى شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان خېجىلىڭ ناھىيىسىدىكى ئارىلاش گۈللۈك بېدە يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئىلى ياۋا سۇپۇرگە قاتارلىق ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى ۋە تىۋىتلىك لوبلا قاتارلىق قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپ ئەسلى ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى، تورسىمان قاشالاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇرۇق يىغىش خىزمىتى ئورۇندالدى.

2001 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا شىنجاڭ خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى ۋە تېكەس ئوتتۇراھال قۇرغاق رايونلاردا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 31 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1900 گېكتار، قۇرۇلۇش مۇددىتى بىر يىل. بۇ تۈرلەر پۈتكەندىن كېيىن، ھەر يىلى 2285 توننا ھەرخىل ئوت - چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ تۈرلەرنى خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى پرىيوم قىلىش

2001 - يىلى ئۈرۈمچى ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، پرىيوم قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى 40 نەچچە سورتتىكى 288 ئەۋرىشكىنى تەجرىبىخانىدا پرىيوم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. بۇ ئەۋرىشكىلەر 900 توننىدىن ئارتۇق تۈركۈم مىقداردىكى ئوت - چۆپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىكلىرى 233 ئەۋرىشكە بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %81 بولدى. ئۈرۈمچى رايونىدا ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە قانۇنغا خىلاپ 5 خىل قىلمىشنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان 10 ئورۇن تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 11 تۈركۈم (قېتىم)، 298 تۈردىكى ھەرخىل ئوت - چۆپ ئۇرۇقى باشقا جايدا پېچەتلەندى، بۇ جەمئىي 41 تۈركۈم (قېتىم). 10 تىجارەت ئورنىغا مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىش، جەرىمانە قويۇش ۋە ساختا، ناچار ئۇرۇقلارنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق مەمۇرىي جازالار بېرىلدى.

جى خۇڭلياڭ

## شىنجاڭدا ھاشارات، چاشقان ئاپىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئوتلاق ھاشارات زىيانداشلىقى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 993 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 1 مىليون 290 مىڭ گېكتارغا؛ چاشقان زىيانداشلىقى يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 333 مىڭ

گېكتارغا، چاشقان زىيانداشلىقى ئېغىر بولغان كۆلەم 1 مىليون 463 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئىلى ۋىلايىتىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 120 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 40 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاساسەن توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى جەنۇبىي تاغ، قورغاس ناھىيىسىدىكى سارقوبۇ گەنگۈ چارۋىچىلىق فېرمىسى، غۇلجا شەھىرىدىكى تامچىدىن غۇلجا ناھىيىسىدىكى بەشدۆڭگىچە بولغان كۆنگەي بەلۋاغ شۈنگدەك كۈنەس ناھىيىسىدىكى جاۋىر، نىلقا ناھىيىسىدىكى قاراتۆپە، ئاقتاش ۋە تېكەس قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولدى. چۆچەك شەھىرى، تولى ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسىدە چېكەتكىنىڭ پەيدا بولۇشى بىرقەدەر ئېغىر بولدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 267 مىڭ گېكتارغا، ئاپەتكە ئايلانغان كۆلەم 127 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چۆچەكتىكى بارلىق تېغى ساز رايونىدىكى چېكەتكە ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولغان جايلاردا ھەر كۋادرات مېتىر يەردىكى چېكەتكە 50 كە، يۇقىرى زىچلىقتا توپلانغان جايلاردا ھەر كۋادرات مېتىر يەردىكى چېكەتكە 200 گە يەتتى، ئاساسلىقى سىبىرىيە چېكەتكىسى زىيان سالدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 449 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 277 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئالتاي شەھىرى، قابا، بۇرچىن، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە چېكەتكە ئاپىتى بىرقەدەر ئېغىر بولدى. قابا ناھىيىسى ساربۇلاق يېزىسىنىڭ تۈلكىلى دېگەن يېرىدە ئىتالىيە چېكەتكىسىنىڭ پەيدا بولۇش زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىر يەردە 500 گە يەتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 غا يەتتى. چىڭگىلدا ئىتالىيە چېكەتكىسىنىڭ پەيدا بولۇش زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىر يەردە 125 كە يەتتى. بورتالا ئوبلاستىدا چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 213 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 46 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسەن ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئالاتاۋ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنگەي كۆكلەم، كۈزلەكلەردە ۋە بىرقىسىم يايلاقلاردا ھەمدە بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كەندىرلىك ساي ۋە سايرام كۆلىنىڭ شەرقىدىكى كۆكلەم، كۈزلەك، يايلاقلاردا، جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخېيەنزە دېگەن يېرىدىكى ئارماتى ۋە باينتام قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولدى. سانجى ئوبلاستىدا چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 421 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 318 مىڭ گېكتارغا، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى جىبتى، مورى ناھىيىسىدىكى سەنجاۋچۈەنزىدە چېكەتكە بىرقەدەر ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولدى. سانجى شەھىرىدىكى ئاۋبېتەن، قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ئاختى، ماناس ناھىيىسىدىكى جيالاۋدا چېكەتكىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىر يەردە 70 كە يەتتى. ئاساسلىقى ئىتالىيە چېكەتكىسى، يالغان چىپار قاناتلىق چېكەتكە، قارا ئاياغ چىپار قاناتلىق چېكەتكە، تاغىل چېكەتكە زىيان سالدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 80 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىدىكى كونا چېكەتكە رايونىدا پەيدا بولدى. ئاساسلىقى سىبىرىيە چېكەتكىسى، ئىتالىيە چېكەتكىسى زىيان سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل تاغ، كۆيسۇ ۋە شىمالىي تاغ رايونىدا چېكەتكە زىچلىقى كۆپ بولغاندا ھەر كۋادرات مېتىر يەردە 1000 غا يەتتى. تۇرپان ۋىلايىتىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 63 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 40 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تۇرپان شەھىرى، توقسۇن ناھىيىسى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى قاراتاغ قاتارلىق جايلاردا چېكەتكە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى، ئاساسلىقى ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى ۋە قارا تاغىل چېكەتكە زىيان سالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 20 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 10 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك كە يەتتى. قىزىلسۇ ئوبلاستىدا چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 80 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 53 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىقى ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى چىمگەن، چىقىرتېرەك ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى قىزىلئاغىندا پەيدا بولدى. ئاساسلىقى ئۇچلۇق قاناتلىق كىچىك چېكەتكە زىيان سالدى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بايىنبۇلاق كونا چېكەتكە رايونىدا چېكەتكە پەيدا بولغان كۆلەم 20 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئالدىنقى 2 يىلدىكىدىن ئازايدى. خوتەن ۋىلايىتىدە كۆكپىت ۋە باھار گەزلىمە قۇرۇتى ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولدى. ۋىلايەت بويىچە ھاشارات زىيانداشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 120 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولغان كۆلەم 53 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

2001 - يىلى شىنجاڭدا چاشقان زىيانداشلىقى ئوتتۇراھال پەيدا بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە چاشقان زىيانداشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 200 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىقى قارىغۇ ئېتىز چاشقىنى زىيان سالدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چاشقان زىيانداشلىقى ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىقى شىخو شەھىرى، ساۋەن قاتارلىق ناھىيىلەردە پەيدا بولدى، ئاساسلىقى توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان زىيان سالدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە چاشقان زىيانداشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 713 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 557 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىقى توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان، چوڭ قۇملۇق چاشقىنى، قىزىل قوۋۇز سېرىق چاشقان زىيان سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقاي چىڭگىلدە چاشقان زىيانداشلىقى بىرقەدەر ئېغىر بولدى. بورتالا ئوبلاستىدا

چاشقان زىيانداشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 53 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىقى بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق گىرەلەشكەن رايونلاردا پەيدا بولدى. سانجى ئوبلاستىدىكى بېيتاۋۇدا يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان چوڭ قۇملۇق چاشقىنىنىڭ زىيىنى ئىزچىل ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ كەلدى. ئوبلاست بويىچە چاشقان زىيانداشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 500 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 400 مىڭ گېكتارغا يەتتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاراتۈرۈك، بارىكۆل قاتارلىق ناھىيىلەردە جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسى ئەتراپىدىكى چاشقان زىياندىشلىقى رايونلىرىدا چوڭ قۇملۇق چاشقىنى، مېردىئان قۇملۇق چاشقىنى، توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان قاتارلىقلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېغىر زىيان سېلىپ كەلدى. ۋىلايەت بويىچە چاشقان زىياندىشلىقى پەيدا بولغان كۆلەم 100 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 53 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىدە ھىندىستان ئېتىز چاشقىنى خېلى زور كۆلەمدە زىيان سالدى، ئوبلاست بويىچە چاشقان ئاپىتى پەيدا بولغان كۆلەم 333 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر پەيدا بولغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ئېتىزلىرىدا چاشقان زىياندىشلىقى ئېغىر بولدى، ئاساسلىقى ھىندىستان ئېتىز چاشقىنى، مېردىئان قۇملۇق چاشقىنى، كىچىك ئۆي چاشقىنى، كۈلرەڭ ئامبار چاشقىنى قاتارلىقلار بولۇپ، كېۋەز، بۇغداي قاتارلىقلارغا ئېغىر زىيان سالدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 901 مىڭ گېكتار ئوتلاقتا چېكەتكە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان بىلەن يوقىتىلغىنى 78 مىڭ گېكتار، يەر ئۈستىدە ماشىنا، ئادەم كۈچى ئارقىلىق يوقىتىلغىنى 207 مىڭ گېكتار، يېگىدىن قۇرۇلغان قارىغوجىنى جەلپ قىلىش ئۇۋىسى 12 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى، نۆۋەتتە 1 مىليون 399 مىڭ قاراغوجا جەلپ قىلىندى، بۇ ئارقىلىق 226 مىڭ گېكتار كۆلەمدىكى چېكەتكە زىياندىشلىقى كونترول قىلىندى؛ چېكەتكە يەيدىغان توخۇدىن 554 مىڭ 600 ى، ئۆردەكتىن 139 مىڭ 500 ى بېقىلدى، بۇ ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 398 مىڭ گېكتارغا، يېشىل قاتۇرغۇچى زەمبۇرۇغ ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 1300 گېكتارغا يەتتى. 1 مىليون 207 مىڭ گېكتار كۆلەمدە چاشقان يوقىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە C تىپلىق بوتۇلىزم ئانتىتوكسىنى ئارقىلىق چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 420 مىڭ گېكتار، خىمىيىۋى ئۇسۇلدا چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتار، ئېكولوگىيىلىك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 73 مىڭ گېكتار، قارچۇغا - قۇرغۇيلار دۆڭگە ياسالغان ۋە قوندىقى ئورنىتىلغان كۆلەم 400 مىڭ گېكتار).

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون 5.122 تونna دېھقانچىلىق دورىسى ئاجرىتىپ، 6 ئايروپىلان، ئۆزى يۈرەر تۈۋەن مىقدارلىق 5 پۈركۈش ماشىنىسى يۆتكەپ، قاراماي شەھىرىدىكى ئوتلاق، قۇمۇشلۇق رايونلار، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى 90 - تۈەن - مەيدانى، تارباغاتايدىكى گەنجياخۇ قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولغان ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسىنى ئايروپىلان ئارقىلىق يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماناس كۆزىتىش - مەلۇم قىلىش پونكىتىدا ئىشلەپچىقىرىشتا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆردەك بېقىپ چېكەتكە يوقىتىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، يېشىل قاتۇرغۇچى زەمبۇرۇغ ۋە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تاللاش سىنىقى ۋە تەتقىق قىلىش، كېڭەيتىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى.

شيۇڭ لىڭ

## چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېچىش - ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ 4 - قارار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېچىش - ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى، يەنى 1998 - يىللىق تۈر (چىڭگىل، جىمسار، جىڭ، لوپنۇر، قومۇل ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى، گۇما، باي، سانجىدىن ئىبارەت 8 يېڭى قۇرۇلغان تۈر ۋە كۈنەس، چاغانتوقاي، خېجىڭدىن ئىبارەت 3 داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر) پۈتتى. 6453 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، 9786 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 18 مىڭ 666 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 386 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى بەرپا قىلىندى، 1540 ئائىلىلىك چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتى. 86.3 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 2 ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىش پونكىتى قۇرۇلدى، 32 كىلومېتىر توك يوللاش سىمى تارتىلدى، يېڭىدىن 31 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بىر ئوتلاق نازارەتچىلىك پونكىتى، 16 سۈنئىي ئۇسۇلدا نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. 86 سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئازوت باكى سېتىۋېلىندى، 18 دورا ۋاننىسى ياسالدى، 7600 دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى.

5 - قارار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېچىش - ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى، يەنى 1999 - يىللىق تۈر (ئالتاي، خوشۇت، چىرا، ئۈلۈغچات، ئونسۇ ۋە تاشقورغاندىن ئىبارەت 6 ناھىيە، شەھەردە) ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. 3366 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 5166 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 1333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 333 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى بەرپا قىلىندى، 420 ئائىلىلىك

چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتى. 5 سىلوس تاپلاش ماشىنىسى، 5 ئوتلاقچىلىق تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىندى، يېزىلىق پونكىتلارنىڭ 1110 كۋادرات مېتىر ئىشخانىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 33 دانە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى سەپلەندى.

6 ـ قارار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېچىش ـ ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى، يەنى 2000 ـ يىللىق تۈر (تۇققۇزتارا، نىلقا، چۆچەك، بورتالا، قوبۇقسار، ئاراتۈرۈك، ئاقچىدىن ئىبارەت 7 ناھىيە، شەھەردە) ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلماقتا. 2500 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 4586 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 8533 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 187 گېكتار ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى بازىسى بەرپا قىلىندى، 6 دانە ئوتلاقچىلىق تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپتوموبىلى، 12 يۈرۈش ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىندى، 17 دانە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى سەپلەندى، قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئورۇندالدى.

گاۋ نىڭ

## شاخ ـ شۇمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە (شەھەر)لەر تۈرى قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا شاخ ـ شۇمبىدا كالا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيەدىن 5 ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا، يەكەن، قورغاس قاتارلىق 3 ناھىيىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى؛ شاخ ـ شۇمبىدا قوي بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) 11، بۇنىڭ ئىچىدە توقسۇن، باي، سانجى ناھىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى؛ يەنجى ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، يوپۇرغا ناھىيىسىدە بۇ تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شاخ ـ شۇمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە 4.

2001 ـ يىلى شاخ ـ شۇمبىدا چارۋا بېقىلىدىغان 20 ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) دىكى قولدا قالغان چارۋا 11 مىليون 715 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %11.32 ئاشتى (ئالدىنقى يىلدىكى 17 ناھىيىنىڭ سانى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە قولدا قالغان كالا 1 مىليون 99 مىڭ 400 بولۇپ، %3.33 ئاشتى؛ قولدا قالغان قوي 9 مىليون 436 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، %11.34 ئاشتى. بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 8 مىليون 337 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ، %38.16 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قولدىن چىقىرىلغان كالا 643 مىڭ 600 تۇياققا يېتىپ، %36.49، قولدىن چىقىرىلغان قوي 6 مىليون 664 مىڭ تۇياققا يېتىپ، %33.55 ئاشتى. گۆش 298 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %20.47 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 87 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %25.48، قوي گۆشى 118 مىڭ توننىغا يېتىپ، %16.18 ئاشتى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شاخ ـ شۇمبا 2 مىليون 381 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %18.75 ئاشتى. 20 ناھىيە (شەھەر) بويىچە ئىشلىگەن گۆش ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلىگەن ئومۇمىي گۆشنىڭ %33.86 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى %36.51 نى، قوي گۆشى %30.30نى ئىگىلىدى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شاخ ـ شۇمبا %48.91نى ئىگىلىدى.

ليۇ جۇنجيەن

## قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى ۋە چارۋا ئوبوروت ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قوي يۇڭى 69 مىڭ 921 توننىغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 26 مىڭ 402 توننا بولۇپ، سەل ئازايدى. ئۆچكە تىۋىتى 973 توننىغا يېتىپ، %10.9 ئاشتى. ئىنچىكە قوي يۇڭى ۋە ئۆچكە تىۋىتىنىڭ بازار باھاسى ئۇدا 2 يىل ئۆرلىگەن ئەھۋالدا، 2001 ـ يىلى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، ئارىلاشما دەرىجىلىك ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 9 ـ 10 يۈەن بولدى، گەرچە دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى 1 ـ 2 يۈەن تۆۋەنلىدى. شىنجاڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى ھەر كىلوگرامىغا 10 يۈەن ئالدىن زاكاز پۇل بېرىپ، بىر يىلدا 1080 توننا ئىنچىكە قوي يۇڭى سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 800 توننىدىن ئارتۇق «ساپالى» ماركىلىق قوي يۇڭىنىڭ نەنجىن قوي يۇڭى بازىرىدىكى باھاسى 17.49 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن سەل تۆۋەن بولدى. ئۆچكە تىۋىتى باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى بىر قەدەر زور بولدى، ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 300 ـ 350 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 100 ـ 150 يۈەن تۆۋەنلىدى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدىن چىقىرىلغان ھەر خىل چارۋا 30 مىليون 389 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون 13 مىڭ 900 تۇياق كۆپەيدى، گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، %7.8 ئاشتى. بىر يىلدا چارۋا ۋە گۆش يېمەكلىكلىرى بازىرى ئاۋات، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى، باھاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا قوي گۆشىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ھەر

كىلوگرامىنىڭ 19 ـ 20 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %30 يۇقىرى بولدى. كېيىنكى بىرىم يىلدا باھاسى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 2000 ـ يىلدىكىدىن يەنىلا 2 يۈەنچە يۇقىرى بولدى. كالا گۆشى، چوشقا گۆشى، ئۆي قۇشلىرى گۆشىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولدى. سۈت باھاسى مۇقىم بولدى.

تيەن فېڭ

## نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 106 تۈركۈم نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئىچىدە ئاتىلىق، ئانىلىق ئەۋلاد نەسىللىك گۆش توخۇسى چۈجىسى 44 تۈركۈم، 221 مىڭ 700 يۇرۇش؛ نەسىللىك گۆش توخۇسى تۇخۇمى 3 تۈركۈم 270 مىڭ ئاتىلىق، ئانىلىق ئەۋلاد نەسىللىك تۇخۇم توخۇسى چۈجىسى 18 تۈركۈم، 84 مىڭ يۇرۇش؛ نەسىللىك تاۋار گۆش توخۇسى چۈجىسى 6 تۈركۈم، 184 مىڭ يۇرۇش؛ نەسىللىك كەپتەر بىر تۈركۈم، 1000 جۈپ؛ نەسىللىك كالا 5 تۈركۈم، 104 تۇياق، سۈت كالىسى 8 تۈركۈم، 2000 تۇياق، قوتاز 3 تۈركۈم، 3030 تۇياق؛ نەسىللىك تىۋىت ئۆچكىسى 4 خىل، 442 تۇياق، كىچىك قۇيرۇقلۇق تاغ قويى بىر تۈركۈم، 2000 تۇياق؛ نەسىللىك چوشقا 11 تۈركۈم، 643 تۇياق؛ شىنجاڭدىن چىقىرىلغان سافۇلك ۋە داۋسەي نەسىللىك قويى 2 تۈركۈم، 106 تۇياق.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىرلار ۋە چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قاتناشقان نەسىللىك چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنچىلىق كۇرسى ئېچىلىپ، 200 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى، ئۇلارغا نەسىللىك چارۋا ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى تەلەپ بويىچە، مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ، ئۈرۈمچى كوئېنلۇن بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك «خۇڭشىياڭ» ئالاھىدە ئەتىۋارلىق قۇشلار باقمىچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ تەيكۇن گۇرۇھ شىركىتى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە ئۇلارغا «نەسىللىك چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئىجازەتنامىسى» بېرىلدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## نەسىللىك گۆش قويى ۋە پاقلان بورداش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «مول ھوسۇل پىلانى» تۈرىنى كورلا شەھىرى، يەنجى، بۈگۈر ناھىيىلىرى كونكرېت يولغا قويدى. بۇ تۈردە ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، يېرىك يەم ـ خەشەكلەرنى تەڭشەپ پىششىقلاپ، بوغۇز، خورۇچلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئىللىق سۇلياۋ لاپاستا چارۋا بېقىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تېخنىكا تەدبىرلىرى قوللىنىلدى؛ تاۋسەت، ئالبي قويى ھەمدە مەكىت قويى، بايىنبۇلاق قويى قاتارلىق گۆش قويلىرى، ھەم گۆش، ھەم يۇڭ ئېلىنىدىغان قوي ۋە يەرلىك قويلار بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ ئېلىنغان تۇنجى ئەۋلاد پاقلانلار بوردالدى. 1999 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە تۈر رايونىدا 54 باقمىچىلىق كىچىك رايونى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 693 كە يەتكۈزۈلدى. ناھىيە، يېزىلاردىكى تېخنىك خادىملار 250 ئادەم (قېتىم)، دېھقان، چارۋىچىلار 1400 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 2000 پارچىدىن ئارتۇق تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىلدى. 742 مىڭ تۇياق بورداق پاقلان قولدىن چىقىرىلىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە %110.4 ئورۇندالدى، 163 تۇياق 6 ئايلىق پاقلان قوتاندا 45 كۈن بوردىلىپ سويۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 17.19 كىلوگرام بولدى، بۇ پىلاندىكىدىن 0.17 كىلوگرام ئارتۇق، سېلىشتۇرمىغا قارىغاندا 5.8 كىلوگرام ئېغىر، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 23 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشتە ئۈلگىلىك رولىنى ئوينىدى. بۇ تۈر 2001 ـ يىلى دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 2001 ـ يىللىق «مول ھوسۇل پىلانى» بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تاڭ مىڭ

## قوي، ئۆچكىلەرنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 13 مىليون 14 مىڭ 900 تۇياق قوينىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ تۆل ئېلىنىدىغان قوينىڭ %66.3 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلگىنى 1 مىليون 511 مىڭ 700 تۇياق؛ نەسلى ياخشىلانغان ئۆچكە 2 مىليون 200 مىڭ 400 تۇياق، بۇ نەسىللەندۈرۈلىدىغان ئۆچكىنىڭ %61.2 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلگىنى 336 مىڭ 100 تۇياق. 2001 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتى %60 كە، ئۆچكىلەرنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتى %46 كە يەتتى،

قوي، ئۆچكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەلگىلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 8 مىليون 266 مىڭ تۇياق قىشلىق تۇل نەسىللەندۈرۈلۈپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.3% ئاشتى.

ۋېي شىنپۇ

## يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 352 مىڭ 600 يەرلىك كالىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ موزاي ئېلىنىدىغان ئىنەكنىڭ 68.7% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇڭۇن تېمپېراتۇرىدا سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلگىنى 548 مىڭ 200 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.3% ئاشتى، نورمال تېمپېراتۇرىدا نەسىللەندۈرۈلگىنى 104 مىڭ 700 تۇياق. 2001 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە كالا نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتى 50% كە يەتتى.

2001 - يىلى شىنجاڭ چارۋا - ئۆي قۇشلىرىنى نەسىللەندۈرۈپ كۆپەيتىش باش پونكىتى شىنجاڭنى 1 مىليون 253 مىڭ دانە لاياقەتلىك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە نەيچىلىك توڭلىتىلغان ئىسپېرما 1 مىليون 155 مىڭ دانە، دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرما 98 مىڭ دانە.

ۋېي شىنپۇ

## چوشقا ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چوشقا 2 مىليون 82 مىڭ 300 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.32%، قولدىن چىقىرىلغان چوشقا 2 مىليون 948 مىڭ 700 گە يېتىپ، 31.4%، گۆش 183 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 6.75% كۆپەيدى. 2001 - يىلى چوشقا بازىرىدا سېتىش - سېتىۋېلىش تەڭ گۈللەندى، بىر يىلدا چوشقىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىلوگرامىنىڭ 3.7 يۈەن، چوشقا كۈچۈكىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 14 - 15 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 50% يۇقىرى بولدى. يېڭى چوشقا گۆشى (ئۇستىخانلىق گۆش) نىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 12 - 13 يۈەن، ئۇستىخانسىز ئالدى پۇت گۆشىنىڭ 12 - 13 يۈەن، ئارقا پۇت گۆشىنىڭ 14 - 15 يۈەن، قوۋۇرغا گۆشى 9 - 11 يۈەن، قارا گۆشىنىڭ 15 - 18 يۈەن بولدى. چوشقا گۆشى باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئالدىنقى 2 يىلدا چوشقىچىلىق ئىزچىل تۆۋەن سەۋىيىدە بولۇپ، بېقىش مىقدارى ئازىيىپ كەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن توڭلىتىلغان گۆش ئازايدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشى 42 مىليون 185 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.6%، قولدىن چىقىرىلغىنى 48 مىليون 658 مىڭ 400 گە يېتىپ، 7.31%، ئۆي قۇشلىرى گۆشى 85 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 11.84%، ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمى 203 مىڭ 700 تونىنا بولۇپ، 9.9% ئاشتى. بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 2001 - يىلى توخۇ تۇخۇمى مەنبەسى يېتەرلىك، باھاسى تۆۋەن بولدى. 1 - ئايدىن بۇيان توخۇ تۇخۇمى باھاسى ئۆستى، بىر يىلدا ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ باھاسى 5 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 20% يۇقىرى بولدى، تۇخۇم توخۇسىنى باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. ھەر بىر گۆش توخۇسى چۈجىسىنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا بىر يۈەن ئەتراپىدا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3.2 يۈەن بولدى. گۆش توخۇسىنىڭ فېرمىدىن چىقىرىلىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 5.5 - 6.5 يۈەن بولدى. نۆۋەتتىكى بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، توخۇ باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ بازار داۋالغۇشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيدى، توخۇ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلىشىپ، ئوبوروت يوللىرى راۋان، بازار بىر قەدەر مۇقىم بولدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## 2 - قارارلىق سۈت تۈرىدىكى تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى ئاخىرلاشتى

2001 - يىلى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى سۈتچىلىك ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تېخنىكىسى ۋە سودا ھەمكارلىقى تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى ئاخىرلاشتى، نازارەت قىلىش باشقۇرۇش مۇددىتى باشلاندى. بۇ تۈر 1998- يىلدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى، سانجى شەھەرلىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى ۋە شىخەنزىدىن ئىبارەت 4 ناھىيە - شەھەر بۇ تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ خەلق پۇلى ھېسابىدا 37 مىليون 224 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بەرگىنى 13 مىليون 224 مىڭ يۈەن، شىنجاڭنىڭ يۈرۈشلەشتۈرىدىغىنى 24 مىليون يۈەن.

تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى: بىرىنچى، يەككە سۈتچى دېھقانلارنى قوللاش. بۇنىڭغا 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 800 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىش، جۇڭگو تەرەپ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانلاندى. سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 574 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 800 مىڭ يۈەن

ياردەم بېرىپ، %100؛ جۇڭگو تەرەپ 4 مىليون 774 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ، %73.4 ئورۇندىدى. ئىككىنچى، سۈتچى دېھقانلار كوپېراتىپى ۋە مۇلازىمىتى. بۇنىڭغا جەمئىي 17 مىليون 924 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 7 مىليون 787 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىش، جۇڭگو تەرەپ 10 مىليون 137 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانلاندى. سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 698 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 8 مىليون 188 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىپ، %105.1 ئورۇندىدى؛ جۇڭگو تەرەپ 9 مىليون 510 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ ، %93.8 ئورۇندىدى. ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە بازار. بۇنىڭغا 4 مىليون 293 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 493 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىش، جۇڭگو تەرەپ 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانلانغان. سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 414 مىڭ 800 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 456 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىپ، %92.5 ئورۇندىدى؛ جۇڭگو تەرەپ 1 مىليون 958 مىڭ 800 يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ، %51.5 ئورۇندىدى. تۆتىنچى، مۇھىت ئاسراش. بۇنىڭغا جەمئىي 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 432 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىش، جۇڭگو تەرەپ 288 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانلاندى. سېلىنغان مەبلەغ 413 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 247 مىڭ 900 يۈەن ياردەم بېرىپ، %57.4 ئورۇندىدى؛ جۇڭگو تەرەپ 165 مىڭ 200 يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ، %57.4 ئورۇندىدى. بەشىنچى، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش. بۇنىڭغا 9 مىليون 545 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 3 مىليون 2000 يۈەن ياردەم بېرىش، جۇڭگو تەرەپ 6 مىليون 543 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانلاندى. سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 380 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى 3 مىليون 366 مىڭ 800 يۈەن ياردەم بېرىپ، %112.2 ئورۇندىدى؛ جۇڭگو تەرەپ 7 مىليون 13 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ، %107.2 ئورۇندىدى.

بۇ تۈرنى باشقۇرۇش مۇددىتى 2001 - يىل 1 - ئايدىن باشلىنىپ، 2003 - يىل 12 - ئايدا ئاخىرلىشىدۇ.

گاۋ چىڭچاۋ

## هايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش

2001 - يىلى شىنجاڭدا 163 مىليون 387 مىڭ 400 تۇياق ھەر خىل چارۋىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈلدى؛ 17 مىليون 954 مىڭ 400 تۇياق چارۋا كارانتىن قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بازاردا 3 مىليون 209 مىڭ 700 تۇياق چارۋا (چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى) كارانتىن قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا كارانتىن قىلىنغىنى 11 مىليون 567 مىڭ 200 تۇياق، سويۇلغاندا كارانتىن قىلىنغىنى 3 مىليون 177 مىڭ 500 تۇياق؛ 39 مىليون 404 مىڭ 100 تۇياق چارۋىدىكى ھاشارات يوقىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىلار ئارىسىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.

ئاتلاردىكى يۇقۇملۇق قان كەملىك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش. 2001 - يىلى 4 چوڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنى كارانتىن قىلىش - تازىلاش خىزمىتى يەنىلا ۋىلايەت - ئوبلاستلار بىلەن توختام تۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. مۇھىم نۇقتا ئاتلاردىكى يۇقۇملۇق قان كەملىك كېسىلىنى كارانتىن قىلىش - تازىلاشقا قويۇلۇپ، 2001 - يىلى 110مىڭ 316 سى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 46 مىڭ 29، ئېشەك، قېچىر 64 مىڭ 287 ، مۇسبەي خوسۇسىيەتلىك چىققىنى 22 بولۇپ، مۇسبەي خوسۇسىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %0.018 بولدى.

ئات مانقا كېسىلىنى كارانتىن قىلىش - تازىلاش. 9734 ئات كارانتىن قىلىنىپ ۋە كۆزىتىلىپ، يوقىتىش رايونى ئۆلچىمى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

كالا تۇبېركۇليوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىش - تازىلاش. 78 مىڭ 745 كالىدىكى تۇبېركۇليوز كېسىلى كارانتىن قىلىندى، مۇسبەي چىققىنى 845، مۇسبەي خوسۇسىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %1.07 بولدى، مۇسبەي خوسۇسىيەتلىك كالىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

برۇتسېلليوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىش. ئەمەلىي قان تەكشۈرۈلگىنى 162مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە مۇسبەي چىققىنى 1798. باكتېرىيە تەكشۈرۈلگىنى 3970، گۇمانلىق باكتېرىيىدىن 29 ى تېپىلدى، باكتېرىيە چىقىش نىسبىتى %0.73 بولدى.

ۋاڭ شياۋمىن

## هايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى جايلار چارۋا بازارلىرى، ئۆلتۈرۈش قۇشخانىلار، شەھەر بازارلىرىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت ساھەسىدە كارانتىن - نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 428 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە نەق مەيداندا

جازالانغىنى 362 قېتىم، دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 66، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 62.

ۋاڭ شياۋمىن

## مال دوختۇرلۇق دورىگەرلىكى ۋە دورا تەكشۈرۈش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىق دورا مەھسۇلاتلىرى 2145 تۈركۈم - قېتىم تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ چارۋىچىلىق دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى يوللىغان، ئالماشتۇرغان تەستىقلانغان ھۆججەت نومۇرى بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 297 تۈركۈم، لاياقەتلىك چىققىنى 232 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %98.84؛ لاياقەتسىز مەھسۇلات 41 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى %24 (24 تۈركۈم - قېتىمدىن دوكلات چىقىرىلمىدى)؛ مال دوختۇرلۇقنى نازارەت قىلىش بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 1848 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %94.79.

2001 - يىلى چارۋىچىلىق دورىلىرى بازىرىدىكى ساختىلىققا زەربە بېرىش خىزمىتى جەريانىدا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 89 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «چارۋىچىلىق دورىلىرى تىجارەت ئىجازەتنامىسى» ئالماي تۇرۇپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 25ى، ۋاقتى ئۆتكەن چارۋىچىلىق دورىسى سېتىش دېلوسىدىن 29ى، تەستىق نومۇرى يوق چارۋىچىلىق دورىلىرىنى سېتىش دېلوسىدىن 10ى، شىپالىق ئۈنۈمى ئېنىق بولمىغان دورا دېلوسىدىن 2 سى، ساختا، ناچار چارۋىچىلىق دورىلىرى دېلوسىدىن 23ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 181 تۈردىكى 200 تۈركۈمدىن ئارتۇق ناچار چارۋىچىلىق دورىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ساختا، ناچار چارۋىچىلىق دورىسى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، چارۋىلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك دورا بىلەن تەمىنلەيدىغان 5 ئورۇن تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 42 چارۋىچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە «چارۋىچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى» ساقلاپ قېلىنغان كارخانا 21، «چارۋىچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى» ساقلاپ قېلىنىپ، بەلگىلىك قەرەل ئىچىدە تەرتىپكە سېلىنىپ ئۆزگەرتىلگەن كارخانا 4، كەسىپ ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «چارۋىچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى» ۋە بارلىق تەستىق نومۇرلىرى بىكار قىلىنغان كارخانا 17.

ۋاڭ شياۋمىن

## شىنجاڭدا غالجىر كالا كېسىلى بايقالمىدى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىمپورت قىلىنغان كالا (تۆرەلمىسى) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈستىدە، كالا غالجىرلىق كېسىلى تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭدا شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېڭى زېلاندىيىدىن كىرگۈزگەن 651 ئانگىراس كالىسى (تۆرەلمىسى) ۋە ئۇلارنىڭ 28 ئەۋلادى، 369 سىممىنتال كالىسى ھەمدە قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى ئاۋستىرىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيەلەردىن كىرگۈزۈلگەن 177 سىممىنتال كالىسى ۋە ئۇلارنىڭ 352 ئەۋلادى ۋە 48 شالغۇت ئەۋلادى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىئارام بولۇپ تىنچ تۇرالماسلىق، مىجەزى ئۆزگىرىش، ھەرىكەت تەڭكەشلىكى بۇزۇلۇش ياكى سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق كالا غالجىرلىق كېسىلىنىڭ تىپىك نېرۋا ئالامەتلىرى بايقالمىدى. يەنە قۇشخانىلاردا ئاسادىيپي ھالدا 100 كالىنىڭ پۈتۈن مېڭىسى ئېلىنىپ، چىڭداۋ ھايۋانات كارانتىن ئورنىدا كالا غالجىرلىق كېسىلىنى تەكشۈرۈشكە بېرىلگەندە، ھەممىسى مەنپىي خۇسۇسىيەتلىك چىقتى. بۇنىڭدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدا كالا غالجىرلىق كېسىلى يوق.

ۋاڭ شياۋمىن

## يەم - خەشەك سانائىتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا 286 كارخانا يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خام ئەشياسى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى 135 بولۇپ، يىللىق 2 ئىسمېنىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 850 مىڭ توننا. يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك تەڭشەش كارخانىسى 85، خۇرۇچلۇق بىرىكمە يەم - خەشەك كارخانىسى 18، خۇرۇچ (كالتسىي كاربونات ۋە كالتسىي ھىدروفوسفات) كارخانىسى 7، قوي، كالىلارنىڭ قىزىلچا دانچە يەم - خەشىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 13، گۆش - سۆڭەك پاراشوكى كارخانىسى 12، خام ئەشيا كارخانىسى 151 (ئاساسلىقى چىگىت كۈنجۈرىسى، ئاپتاپپەرەس كۈنجۈرىسى، كېپەك ۋە كېۋەز غوزا شاكىلى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ).

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 83 مىڭ 900 توننا تۈرلۈك يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.37 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭشەلگەن بىرىكمە يەم - خەشەك 929 مىڭ توننىغا يېتىپ، %3.74،

قويۇلدۇرۇلغان يەم - خەشەك 58 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 15.87%، خورۇچىلۇق يەم - خەشەك 13 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 172% ئاشتى. ھەر خىل يەم - خەشەك ئىچىدە ئاۋار يەم - خەشەك 45%نى ئىگىلىدى. تەڭشەلگەن بىرىكمە يەم - خەشەك ئىچىدە تەڭشەلمە يەم - خەشەك 90% تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. تەڭشەلمە بىرىكمە يەم - خەشەك ئىچىدە چوشقا يەم- خەشىكى 53.31% نى، تۇخۇم قۇشلىرى يېمى 27.26% نى، گۆش قۇشلىرى يېمى 14.75%نى، بېلىق يېمى 0.27%نى، كۆشىگۈچى چارۋىلار يەم- خەشىكى 3.3% نى، باشقا يەم - خەشەكلەر 0.52% نى ئىگىلەيدۇ. 4 مىليون 920 مىڭ توننا ھەر خىل يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش مەھسۇلات قىممىتى 169 مىليون يۈەنگە، يەم - خەشەك كارخانىلىرىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3583 كە يەتتى.

ليۇ جۈنجيەن

## يەم - خەشەك تەكشۈرۈش

2001 - يىلى شىنجاڭ يەم - خەشەك سۈپىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش باش پونكىتى ھەر خىل يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى 813 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەللىك نازارەتچىلىك قىلىنىپ تەكشۈرۈلگىنى 90 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك چىققىنى 89؛ يەم - خەشەك خورۇچى، خورۇچلۇق يەم - خەشەك تەستىق نومۇرى ئېلىشقا يوللانغىنى 26 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىق چىققىنى 22؛ باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 193 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىق چىققىنى 153؛ ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 282 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىق چىققىنى 65، خۇلاسە چىقىرىلمىغىنى 192؛ تۇز كىسلاتاسى كېلېنبۇتېروسى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈلگىنى 229 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، تەكشۈرۈشتە غەيرىي ئەھۋال چىقمىدى.

ليۇ جۈنجيەن

## يەم - خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 يەم - خەشەك خورۇچى ۋە خورۇچلۇق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشتى، 19 تەستىق نومۇرى بېجىرىلدى ۋە كۆپەيتىلدى. يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرى بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەكشۈرۈش رەسمىيتى بېجىرىلگەن ۋە يېڭىدىن بېجىرىلگەن كارخانا 100. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، تەڭشەلگەن يەم - خەشەك، قويۇلدۇرۇلغان يەم - خەشەك، بوغۇزلۇق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن شەرت ھازىرلاپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكىنى 30، يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى رويخەتكە ئېلىش نومۇرى بېرىلگىنى 486. مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ 11 يەم - خەشەك كارخانىسىنىڭ 21 مەھسۇلات ئۈلگىسى تەكشۈرۈلدى.

2001 - يىلى يەم - خەشەك تەكشۈرگۈچى، يەم - خەشەك زاۋۇتلىرىنىڭ مەركىزىي كونترول مەشغۇلاتى ئىشچىلىرى، يەم - خەشەك رېموتچىلىرى كەسپىي ئىقتىدارىنى سىناش بويىچە تەربىيىلەندى، تەربىيىلىنىشكە 82 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 75 ئادەم لاياقەتلىك بولۇپ، كوتتۇرا دەرىجىلىك سالاھىيەتنامىگە ئېرىشتى. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خورۇچىنى باشقۇرۇش چارىسى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ئېلان قىلىندى. چارۋىچىلىق نازارىتى ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خورۇچى كارخانىلىرىنى شەرت قويۇپ تەكشۈرۈش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى رويخەتكە ئېلىش نومۇرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرى ئۈلگىسىنى تەكشۈرۈش چارىسى»، «باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خورۇچى تىجارىتى قىلىشتا تىزىملاپ ئەنگە ئالدۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەم - خەشەك ۋە يەم- خەشەك خورۇچى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش (ۋاقىتلىق) چارىسى» قاتارلىق 5 قېلىپ ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقتى.

ليۇ جۈنجيەن

## چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ئەھۋالى

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرى، 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا توساتتىن بوران، قار ئاپىتى يۈز بەردى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 29 ناھىيە (شەھەر) ئاپەتكە ئۇچرىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا توپلانغان قارنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىرغا، تاغلىق رايونلاردا 1 - 1.5 مېتىرغا يەتتى. ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، ناھىيە، يېزا يولى ۋە چاۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يوللار قاردا توسۇلۇپ قالدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋا 11 مىليون 390 مىڭ تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاردا قامىلىپ قالغان چارۋا 5 مىليون 840 مىڭ تۇياق، قاردا قامىلىپ قالغان چارۋىچى 86 مىڭ

300 ئائىلە، 472 ئادەم، ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەن تۇل 136 مىڭ 400 تۇياق، ئاجىز، ئورۇق چارۋىلار كۆپىيىپ 3 مىليون 950 مىڭ تۇياققا يەتتى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چارۋىچىلار ئۆيى ۋە ئېغىل ـ قوتان 16 مىڭ 257 ئېغىز. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قومۇل قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا قار ئاپىتىدە توڭلاپ ئۆلگەن ياكى قار كۆچۈپ ئۆلگەنلەر 25 كىشى، توڭلاپ جاراھەتلەنگەنلەر 328 كىشى. چاۋىچىلىق رايونلىرى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن ئاپەتكە ئۇچرىدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا بوران، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 70 مىڭ 502 تۇياق تۇل ئاپەت زىيىنىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋاقىت دەل تۇل ئېلىش مەزگىلى بولغاچقا، تۇللار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، 11 مىڭ 839 تۇياق تۇرلۇك چوڭ ـ ئۇششاق چارۋا توڭلاپ جاراھەتلەندى. 1835 ئېغىز ئېغىل ـ قوتان، 1761 ئىللىق قوتان بوراندا بۇزۇلۇپ كەتتى، يېڭى تېرىلغان 66.7 گېكتار ئوت ـ چۆپنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، بوران تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتىدە 80 ئېغىز ئېغىل ـ قوتان، 127 تۇياق قوي، 40.4 توننا يەم ـ خەشەك، 4260 توننا قۇرۇق ئوت ـ چۆپ، 4197 ئېغىز كىگىز ئۆي كۆيۈپ كەتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 18 توك ستولبىسى بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتتى، 51 مىليون 433 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

ياز پەسلىدە ئاپتونوم رايوندىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇرغاقچىلىق كۆرۈلۈپ يامغۇر ئاز ياغدى، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ئېغىر بولدى، كۆكلەم، يايلاق، قىشلاقلاردىكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۆلەم 1413.3 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۆلەم 1100 گېكتار. ئاساسلىق ئوتلاقلارنىڭ ئوت ـ چۆپ ھوسۇلى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30% ـ 40% ئازايدى، بىر قىسىم تەبىئىي ئوتلاقلاردا 60% ئازايدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋا 1 مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى، قىشلاقتا كۆچكەندە جايلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرىراق بولدى، قار يېغىش ۋاقتى نورمال يىللاردىكىدىن 20 ~ 30 كۈن كېچىكتى، يىراقتىكى قىشلاقلاردا مۇقىم يىغىندى قار بولمىغاچقا، يىراق قىشلاقلارغا كۆچۈش ۋاقتى 30 كۈنچە كېچىكتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ ساندىكى چارۋا كۆكلەم، كۈزلەكلەردە، كۆچەلمەي تۇرۇپ قالغاچقا، ئەسلىدىلا بىر قەدەر جىددىي بولغان كۆكلەم، كۈزلەكلەرگە ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېچىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ چارۋىچىلىقى تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قار، بوراننى ئاساس قىلغان سوغۇق ئېقىم ھاۋارايىنىڭ تەسىرىگىچە ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى سوغۇق ئېقىمنىڭ كىرىشى تېز، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى زور، قار يېغىش دائىرىسى كەڭ، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدە ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن. ئالتاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەردە، يايلاقتا كۆچۈۋاتقان 2 مىليون 81 مىڭ تۇياق چارۋا ئامالسىز توختاپ قالدى. بۇ قېتىمقى سوغۇق ئېقىم جەريانىدا 13 ئادەم توڭلاپ جاراھەتلەندى، 3290 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 83 مىڭ تۇياق چارۋا توڭلاپ جاراھەتلەندى، 33 مىڭ 700 تۇياق چارۋا تۇل تاشلىۋەتتى، 34 مىڭ 654 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 2506 تۇياق چارۋا بۆرە زىيىنىغا ئۇچراپ ئۆلدى، چارۋىچىلارنىڭ 220 ئېغىز ئۆيى، 450 ئېغىز ئېغىل ـ قوتىنى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، كېلىپ چىققان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 43 مىليون يۈەنگە يەتتى.

گۈلى با

## شىنجاڭنىڭ قار ئاپىتىگە جىددىي ياردەم بېرىش تۈرى

2000 ـ يىلى ئالاھىدە زور بوران، قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بىر قىسىم نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 2001 ـ يىلى شىنجاڭ دۇنيا بانكىسىغا قار ئاپىتىگە جىددىي ياردەم بېرىش تۈرىنى ئىلتىماس قىلدى، بۇ تۈرنى ئىجرا قىلىش مۇددىتى بىر يىل. تۈر رايونى ئالتاي شەھىرى، كۆكتوقاي، قابا، چىڭگىل، جېمىنەي ناھىيىلىرى، چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن، تولى، چاغانتوقاي ۋە قوبۇقسار ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى چاۋىچىلارغا يېڭى ئۆي، يېڭى ئېغىل ـ قوتان سېلىپ بېرىش ۋە رېمونت قىلىش، تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە زاپاس ساقلاش، تۈر بويىچە تەربىيىلەش ۋە تېخنىكا ياردىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈردە دۇنيا بانكىسى كرېدىت مەبلىغىدىن 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن ئالاھىدە پۇل ئېلىش ھوقۇقى (تەخمىنەن 4 مىليون 880 مىڭ دوللار) ئىلتىماس قىلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كرېدىت مەبلىغى سوممىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئالاھىدە پۇل ئېلىش ھوقۇقى (تەخمىنەن 2 مىليون 800 مىڭ دوللار)، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ كرېدىت مەبلىغى سوممىسى 1 مىليون 630 مىڭ يۈەن ئالاھىدە پۇل

ئېلىش ھوقۇقى (تەخمىنەن 2 مىليون 80 مىڭ دوللار). بۇ مەبلەغ يۇمشاق قەرز پۇل، يەنى ئىشلىتىلمىگەن قەرز پۇل دىرى ئۈچۈن يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى %0.5 بولغان رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ، ئىشلىتىلگەن ئەمما قايتۇرۇلمىغان قەرز پۇل دىرى ئۈچۈن يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى %0.75 بولغان رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ. بۇ تۈردە يەنە دۆلەت ئىچىدە 2 مىليون 630 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى ھەل قىلىپ بېرىش ئىلتىماس قىلىندى. دۇنيا بانكىسى كرېدىتىنىڭ مۇددىتى 10 يىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى 3 يىل قەرز قايتۇرۇشتا مۆھلەتكە كەڭچىلىك قىلىش مەزگىلى.

ۋېي شىنپۇ

## چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقىدا «ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، جايلىشىشى سەرخىللاشتۇرۇلغان، بايلىق مەنبەسى بىرىكتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، باشلامچى كارخانىلار يېتەكلىگەن» كەسپلەشتۈرۈش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ۋە ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە سۈپەتلىك ئوت - چۆپ بايلىقىنى تايانچ قىلغان بىرىنچى سۈپەتلىك چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بەلۋېغى شەكىللەنمەكتە، مەبلەغ، تېخنىكا، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى چارۋىچىلىق باشلامچى كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى. سانجى ئوبلاستىغا جايلاشقان بۇيۇك بۇغدا كۆلى يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىلى شىركىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار بولغان UHT يېڭى سۈتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، «مەيچۈر» يۈرۈشلەشكەن سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا كەڭ بازار تېپىپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالدى، بۇ سانجى ئوبلاستىدىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كالا بېقىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بەلۋېغى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. تەيكۇن گۇرۇھى «شىركەت + دېھقان» دىن ئىبارەت ئىگىلىك ئەندىزىسى ئارقىلىق، يىلىغا 4 مىليون داندىن ئارتۇق چۈجە، 8000 توننىدىن ئارتۇق توخۇ يېمى سېتىپ، 3000 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنى توخۇ بېقىشقا يېتەكلىدى. ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلار «ساپالى» داڭلىق ماركىسىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق ئىلى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش بەلۋېغىنى شەكىللەندۈردى. باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ يېتەكچى كەسىپ بولۇش يۈنىلىشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ جايلىشىشى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ تەقسىملىنىشى تېخىمۇ سەرخىللاشتى.

فېڭ دۇڭخې

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدا يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى 139، فېرمىدىكى نوپۇس 373 مىڭ 700، كەسپكار 161 مىڭ 700، يىل ئاخىرىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 118 مىڭ 500، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 600، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۆلەشكە قاتناشقانلار 2900.

2001 - يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 797 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %98.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 597 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 105 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.8 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون يۈەن بولۇپ، %1 ئازايدى؛ ئېلىنغان ئاشلىق، 221 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %8.1 ئازايدى؛ ياغلىق دان 19 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، %42.2، پاختا 25 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، %2.19، شېكەر ماتېرىيالى 106 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، %2.37، گۆش 61 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %8.6، سۈت 68 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، %2.5، قوي يۇڭى 5983.6 تونىنغا يېتىپ، %7.2 ئاشتى؛ ئۆچكە تىۋىتى 178 تونىنغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 241 مىڭ تۇياق بولۇپ، %1.7 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 498 مىڭ 200 تۇياق، قوي 3 مىليون 701 مىڭ تۇياق.

بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 258 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.10 ئازايدى؛ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.0 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 8 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.12 ئاشتى. ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 120 مىڭ توننا - كىلومېتىر، توشۇلغان يولۇچى 810 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، تىجارەت كىرىمى 75 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.35 ئاشتى، سودا، يېمەك -

ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى تىجارەت ئومۇمىي كىرىمى 61 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئىگىدارلىقىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك 22 مىليون 110 مىڭ يۈەن، كەسپكار 3708 كىشى.

2001 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 83 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 29.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 62 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 35.9%، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 21 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى. مەبلەغنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى: دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغ 14 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.8%، دۆلەت ئىچى قەرز پۇلى 16 مىليون 630مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 40.8%، ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغ 47 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.8% ئاشتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 54 مىليون 250 مىڭ يۈەن، سانائەت، بىناكارلىق قاتارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون 140 مىڭ يۈەن، سودا، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 140 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 56 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ زىيان سوممىسى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن ئازايدى، زىيان ئازىيىش دائىرىسى 64% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 58، زىيان سوممىسى 17 مىليون 990 مىڭ يۈەن؛ پايدا ئالغان كارخانا 79، پايدا سوممىسى 16 مىليون 520 مىڭ يۈەن، پايدا - زىيان تەڭلەشكەن كارخانا 2، تۈرلۈك باج سوممىسى ۋە ئۆسۈم چىقىمى 30 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 5667 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 11.7%، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2017 يۈەنگە يېتىپ، 14% ئاشتى.

ياڭ بىن

## دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش ئەھۋالى

2001 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ 2 - قارارلىق (1998 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە) كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا 45 تۈرلۈك سۇ ياخشىلاش تۈرى ئورۇندالدى، بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 39 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجراتقان مەبلەغ 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن. 25 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 26 قۇدۇق قېزىلدى، 13 چاستوتا ئۆزگەرتكۈچ ئىشلىتىلدى، 1125 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 13 ئېگىز سۇ كۆلچىكى ياسالدى، 65 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، چاۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى 117 مىڭ 200 ئادەم ۋە 478 مىڭ 100 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپ، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ياڭ بىن

## تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە چەت ئەلدىن ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈش

2001 — يىلى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق سىستېمىسىدا چەت ئەلنىڭ 15 ۋەكىللەر ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى، ئامېرىكا، ياپونىيە، كانادا، ئىسرائىلىيە، روسسىيە، قازاقىستان قاتارلىق 15 دۆلەتتىن كەلگەن 62 مۇتەخەسسىس شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. چەت ئەلگە 13 ئۆمەك - گۇرۇپپا (30 ئادەم - قېتىم) ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمەك تەشكىللەپ چەت ئەلدە تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلگەنلەر 6 تۈركۈم، 19 ئادەم (قېتىم)، ئۇلار ئامېرىكا، بېلگىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، روسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلدى؛ 3 تۈركۈم (3 ئادەم - قېتىم) ئىقتىساد، سودا ئۆمىكى قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردا ئىقتىساد - سودا پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلدى.

دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تۈرى شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى ئونىۋېرسال راۋاجلاندۇرۇش تۈرى ئالدىن باھالاندى، قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 28 مىليون دوللار، تۈر مۇددىتى 6 يىل، بۇ تۈر 32 ناھىيە ۋە 3 نەسىللىك قوي فېرمىسىغا چېتىلىدۇ. ب د ت ئاشلىق - يېزا ئىگىلىكى تەشكىلاتى ھەقسىز ياردەم بەرگەن 297 مىڭ دوللارلىق «چارۋىچىلىق ئوت - چۆپ بازىسى تۈرى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا. ياپونىيە يېشىل بايلىق مەنبەسى تەشكىلاتى 500 مىليون ياپونىيە يېنى ھەقسىز ياردەم بەرگەن «قۇملىشىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش تۈرى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى 2 - يىلىغا قەدەم قويدى. جۇڭگو - قازاقىستان ھەمكارلىق كارخانىسى «جايلىم سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى» نىڭ خىزمىتى 7 - يىلىغا قەدەم قويدى، بۇ ھەمكارلىق تۈرىنىڭ مۇددىتى 10 يىل.

2001 - يىلى ئىجرا قىلىنغان ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈش تۈرى 10 بولۇپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە

چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن تۈر 4، 8 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس كىرگۈزۈلدى. چەت ئەلگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەش تۈرى 6 بولۇپ، 19 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇ بېلگىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چېتىلىدۇ. 2001 - يىلى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىلىپ، 2 قارار سۈت كالىسى باقمىچىلىقىنى باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى.

ئابلەت

# ئورمانچىلىق

## ئورمان ئاسراش

ئورمان ئاسراش - ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورمانغا ئوت كېتىش ۋەقەسى 23 قېتىم كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان ئوت ئاپىتى تىرېۋوگاسى بېرىلگىنى 16 قېتىم، ئادەتتىكى ئورمان ئوت ئاپىتى 7 قېتىم. ئوت كەتكەن ئومۇمىي كۆلەم 280.29 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 246.54 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 0.7 قېتىم (ئوتتۇرىچە ھەر 100 مىڭ گېكتار ئورماندا)، ئورماننىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 0.07‰ بولدى. زىيانغا ئۇچرىغان ئورماننى ياغاچ ماتېرىيالغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 543.8 كۇب مېتىر، زىيانغا ئۇچرىغان نوتا كۆچەت 261 مىڭ 400 تۈپ. ئورمان ئاسراش - ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالىنى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

ئورمان كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش، كارانتىن قىلىش 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورمان كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلىرى پەيدا بولغان كۆلەم 156 مىڭ 700 گېكتار، ئېلىنغان - يوقىتىلغان كۆلەم 138 مىڭ گېكتار. ئورمان كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش نىسبىتى 88%، ئاپەتكە ئايلىنىش نىسبىتى 8‰، كۆزىتىپ تەكشۈرۈش نىسبىتى 83%، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش نىسبىتى 98% بولۇپ، ئاپەتنى تىزگىنلەش، ئاپەت زىيىنىنى يېنىكلىتىش نىشان ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالدى. تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، تۇرپان ۋىلايەتلىرى 2001 - يىللىق نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئالغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. دۆلەت دەرىجىلىك ئورمانلاردىكى چاشقان زىيانداشلىقىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى بويىچە جىڭ، گۈچۈڭ ناھىيىلىرىدە ئايروپىلان ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش سىنىقى ۋە كەڭ كۆلەمدە زەھەرلىك يەم ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش قانات يايدۇرۇلدى. ئورۇندالغان ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كۆلىمى 17 مىڭ 300 گېكتار، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى 90% تىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھار گەز قۇرۇتى يادرو تېپلىق كۆپ قىرلىق تەنچە ۋىرۇسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش قۇرۇلۇشى قاراقاش ناھىيىسىدە باشلىنىپ، 933.33 گېكتار كۆلەمدە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئورۇندالدى، ھاشاراتلارنىڭ ئازىيىش نىسبىتى 89.7% كە يەتتى.

ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشنى باشقۇرۇش 2001 - يىلى ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەر بايلىق مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نەم يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، 3299 ئەۋرىشكە بەلۋېغى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىقتىكى چاتقالسىمان ئۆسۈملۈكلەر غوۋزەك ئۆسكەن بەلۋاغ 1163، يايلاق ئەۋرىشكە بەلۋېغى 159، قاقاس چۆل ئەۋرىشكە بەلۋېغى 643، ئېتىز رايونىدىكى ئەۋرىشكە بەلۋېغى 932، باشقا ئەۋرىشكە بەلۋاغلىرى 402، تەكشۈرۈشنىڭ قاپلاش كۆلىمى 1 مىليون 430 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇنۇلار ئېنىقلاندى: شىنجاڭدا 644 ياۋايى ھايۋان تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغىنى 117 تۈر؛ نەم يەر ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 483 مىڭ 500 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە دەريا ئېقىنى نەم يېرى 45 پارچە، كۆل نەم يېرى 108 پارچە، سازلىق نەم يېرى 148 پارچە، بەرپا قىلىنغان نەم يەر 134 پارچە، ھەر خىل نەم يەر ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرى 651 خىل. تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، «شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى قۇرۇلۇشى تۈرى» تۈزۈپ چىقىلىپ، 98 تۈرنى قۇرۇش پىلانلاندى. مىكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۈچ ھەۋەسكارلىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەر كۈتۈۋېلىندى.

ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى 2001 - يىلى 2831 ھەر خىل ئورمان دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 3463 ئادەم (قېتىم) گە زەربە بېرىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، 11 مىڭ 81 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 1047 ياۋايى ھايۋان مۇسادىرە قىلىندى، 10 مىليون 262 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

سەي لىشىن

## ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورمان بايلىقىنى ئۇدا تەكشۈرۈشنى 4 - قېتىملىق قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش تۈنجى قېتىم ئاپتونوم رايوننى قاپلىدى، ئورمان بايلىقىنى ئۇدا تەكشۈرۈشتە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش ئەۋرىشكە يېرىدىن 274 مىڭ 864ى، مۇقىم ئەۋرىشكىدىن 77 مىڭ 505ى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭغا 120 كەسپىي تېخنىكا خادىمى قاتناشتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئۇدا تەكشۈرۈشنىڭ تولۇق سانلىق مەلۇماتلىرى تۇنجى قېتىم قولغا كەلتۈرۈلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمان، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن بېسىپ تارقىتىلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان كۆلىمى داۋاملىق ئاشتى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال ئورمان بايلىقىنى كۆزىتىش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئاپتونوم رايوندا ئورمانلارنى چەك نورمىدىن ئاشۇرۇپ كېسىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن. تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى غەربىي تەڭرىتاغ، ئالتاي ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى ۋە ئوتتۇرا، شەرقىي قىسمىدىكى ھەر قايسى تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن «دەل - دەرەخلەرنى كېسىشنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2549 ھەر خىل ئورمان مەمۇرىيىتى دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 2416 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان يېرى 54. 649 گېكتار، دەل - دەرەخ 11 مىڭ 69. 94 كۇب مېتىر، نوتا كۆچەت 19 مىڭ 500 تۈپ، ياۋايى ھايۋان 1086، مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال 14. 7300 كۇب مېتىر، مەمۇرىي جازا بېرىلگىنى 2727 ئادەم (قېتىم).

چى جىنشەن

## تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش

2001 - يىلى شىنجاڭ «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈش خىزمەت پىلانى» ۋە «شىنجاڭنىڭ ناھىيە (ئىدارە) دەرىجىلىك تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈش چارىسى»نى تۈزۈپ بېكىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈردى ھەمدە قوتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلارنى لايىھە تۈزۈش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يولغا قويۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 23 ناھىيە، 45 يولغا قويۇش ئورنى لايىھە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولدى. 2001 - يىلى تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇش رايونى، كېسىش رايونىنى تەكشۈرۈش لايىھىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ چىقىش ۋە ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونىدىكى ئورمان بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە قارىتا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

سەي لىشىن

## ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 125 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 2200 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 96 مىڭ 100 گېكتار، ئوتۇن ئورمىنى 800 گېكتار، ئالاھىدە ئورمان 300 گېكتار. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ لاياقەتلىك بولۇش كۆلىمى 99 مىڭ 900 گېكتار (بىگتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ %117 گە باراۋەر كېلىدۇ. تىكىلگەن مەجبۇرىيەت كۆچىتى 28 مىليون تۈپ، پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن كۆچەت 11 مىليون 292 مىڭ تۈپ. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 7300 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 5100 گېكتار، كۆچەتخانىدىن چىقىرىلغان لاياقەتلىك كۆچەت 236 مىليون تۈپ. ئاپتونوم رايون بويىچە 1094 كىلومېتىر تاشيول، تۆمۈريول، دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويى يېشىللاشتۇرۇلدى، شەھەرلەردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن بوستانلىق كۆلىمى 880 گېكتار. قۇملۇق رايونلارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش - ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمى 146 مىڭ 700 گېكتار، داۋاملىق قورشالغان تەبىئىي ئورمانلىق كۆلىمى 404 مىڭ 700 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قورشاپ يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 133 مىڭ 300 گېكتار، كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىلغان تۈزلەڭ تەبىئىي ئورمانلىق 100 مىڭ گېكتار.

سەي لىشىن

## تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش سىناق نۇقتا خىزمىتى

2001 - يىلى خوتەن، چىرا، كېرىيە ناھىيىلىرى دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش سىناق نۇقتا خىزمىتى قۇرۇلۇشى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا 10 ناھىيە (شەھەر) دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىشنى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى (شەھىرى) دائىرىسىگە كىردى. 2001 - يىلى دۆلەت بۇ 10 ناھىيە (شەھەر) گە چۈشۈرگەن تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش پىلانىدىكى ۋەزىپە 14 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى 10 مىڭ گېكتار. ئورمانچىلىقتا ماس كېلىدىغان قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى 4000 گېكتار. ئەمەلىيەتتە تېرىلغۇ يەرلەر بوشىتىلىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىنغان كۆلەم 15 مىڭ گېكتار، بۇ پىلاننىڭ 107% ىگە باراۋەر. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ گېكتار، ئورمانچىلىقتا ماس كېلىدىغان قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەردە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 4000 گېكتار، بۇ 100 يېزا، 763 كەنتتىكى 48 مىڭ 239 مۇددىگەر ئائىلىگە چېتىلىدۇ.

يۇ خېشىن

## باغ - ئورمان قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدا باغ - ئورمان كەسپى بويىچە بەرپا قىلىنغان باغ - ئورمان كۆلىمى 68 مىڭ گېكتار (بىكىتۇەنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). 2001 - يىلى شىنجاڭدا باغ - ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىق مەنبەلىرى تايانچ قىلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، باغ - ئورمان كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان يىرىك پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، كەسىپ ئەۋزەللىكى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇلۇپ، نەشپۈت، ياڭاق، ئانار، بادام، چىلان، ئالقات، قارا ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق شىنجاڭچە قۇرۇق، ھۆل مېۋىلەر زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. شىنجاڭ «تۇنخې» چەكلىك پاي شىركىتى، «زۇڭخېڭ» چەكلىك پاي شىركىتى، گۆھەر زېمىن چەكلىك پاي شىركىتى قاتارلىق 10 نەچچە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كارخانا باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يارىتىشقا قاتناشتى، بۇ باشلامچى كارخانىلارنىڭ قاتنىشىشى شىنجاڭ باغ - ئورمان كەسپىنىڭ كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش، بازارلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ھەمدە دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر مۇھىم يول بولۇپ قالدى. 2001 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 125 چوڭ - كىچىك قۇرۇق، ھۆل مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، 517 سوغۇق ساقلاش ئامبىرى ئامبىرى، 120 نەچچە ھەر خىل مېۋە مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلدى، مېۋە، چېۋىلەرنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 428 مىڭ 700 توننىغا يەتتى، بۇ ئومۇمىي مېۋە - چېۋىنىڭ 32.9% ىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەخمەت

## شىنجاڭ ئورمانلىرىنى تورگە ئايرىپ باشقۇرۇش سىناق نۇقتا خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئورمانلىرىنى تورگە ئايرىپ باشقۇرۇش سىناق نۇقتا خىزمىتى باشلاندى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 11 نۇقتىلىق ئىنھاتە ئورمانلىقى ۋە ئالاھىدە ئورمان ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنى تولۇقلاش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. قاقاس چۆل تەبىئىي ئورمانلىرىنى قوغداش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 41 سىناق نۇقتا ئورنى بېكىتىلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىناق نۇقتا كۆلىمى 1 مىليون گېكتار، تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ياردەم مەبلىغى 75 مىليون يۈەن.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئورمانلارنى تورگە ئايرىپ دائىرىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 70% ئورۇن ۋىلايەت دەرىجىلىك باھالاشنى تاماملىدى، 30% ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سۈپەت تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

چى جىنشەن

## ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش مەخسۇس كۆرىشى

2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى مەملىكەتتىكى 17 تەبىئىي ئورمان قۇرۇلۇش رايونىدا «تيەنباۋ ھەرىكىتى»نى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ قانات يايدۇردى. شىنجاڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلىقچە كېسىش، قالايمىقان

كېسىش (ئورىسدىن ئاشۇرۇپ كېسىش) ۋە كىنىشكىسىز كېسىش، قانۇنسىز سېتىۋېلىش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش قاتارلىق ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قالايمىقان تۇتۇش، ئوۋلاش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ھايىنىغا سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. 4860 ئادەم (قېتىم) ساقچى، 1376 دانە (قېتىم) ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى ئىشقا سېلىنىپ، 268 ھەر خىل دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1000 كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ ماتېرىيال، 745 ياۋايى ھايۋان مۇسادىرە قىلىندى، 219 ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىسى ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى.

2001 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە «ئورمانچىلىقتا قاتتىق زەربە بېرىپ تۈزەش پائالىيىتى» قانات يايدۇرۇلدى. ئورمانچىلىق ج خ ئورگانلىرى 46 مىڭ ساقچى (قېتىم)، 18 مىڭ دانە (قېتىم) ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسىنى ئاتلاندۇرۇپ، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسىدىن 811نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 1368 ئادەم (قېتىم) نى بىر تەرەپ قىلدى، 5562 كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ ماتېرىيال، 209 ياۋايى ھايۋاننى مۇسادىرە قىلدى.

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ج خ مىنىستىرلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە «ئوۋ لاچىنى ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ ئورمانچىلىق ج خ ئورگانلىرى 4480 ساقچى (قېتىم)، 896 دانە (قېتىم) ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسىنى ئىشقا سېلىپ، 1301 مېھمانخانا، ساراي، رېستورانىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن باشقا، يەنە 154 بازارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، ياۋايى ھايۋان دېلوسىدىن 503 (بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى 47، ئامانلىق ساقلاش دېلوسى 55، ئومانچىلىق مەمۇرىيىتى دېلوسى 401) نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 701 كىشىگە زەربە بېرىپ بىر تەرەپ قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 4 كىشى، جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 81 كىشى، ئامانلىق ساقلاش بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 28 كىشى، ئامانلىق ساقلاش بويىچە جەرىمانە قويۇلغىنى 34 كىشى، ئورمان مەمۇرىيىتى بويىچە جەرىمانە قويۇلغىنى 398 كىشى)، 2450 ياۋايى ھايۋان (بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 37، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 1439)، 1418 كىلوگرام ياۋايى ھايۋان مەھسۇلاتى، 385 پارچە تېرە مۇسادىرە قىلىندى، 45 تال مىلتىق، 6292 پاي ئوق، 411 دانە ئوۋ قورالى، 19 دانە ھەر خىل ماشىنا يىغىۋېلىندى. 471 مىڭ 400 يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

لى رېنچى

## ياۋا ئاتلارنى تەبىئەتكە قويۇپ بېرىش شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلدى

2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورتاق قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ قارامايلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىدە سۈنئىي كۆپەيتىلىپ بېقىلغان 27 تۇياق ياۋا ئات تۇنجى قېتىم تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلدى.

تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلگەن بۇ 27 ياۋائات 1994 - يىلى جۇڭغار 11 - نومۇرلۇق ئايغىر (1990 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىدە تۇغۇلغان) نى مەركەز قىلغان ئات پادىسى بولۇپ، ئۇلار كۆلىمى ئازكەم 266.67 گېكتار قورشالغان دائىرە ئىچىدە، تەقلىدىي يېرىم قويۇۋېتىپ بېقىلغان. بۇ پادىدىكى ياۋا ئاتلاردىن 1995 - يىلى ۋە 2001 - يىلى 32 تاي تۇغۇلۇپ ئەي بولدى، بۇ ئات پادىسى شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىدىكى ھازىر بار 7 ئاساسىي كۆپەيتىش پادىسى ئىچىدىكى بوغاز بولۇش نىسبىتى، تۇغۇش نىسبىتى، ئەي بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان كۆپەيتىش پادىسى ھېسابلىنىدۇ. تۇنجى قېتىم تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلگەن ياۋا ئاتلار ئىچىدە بىر ئايغىر، 7 بايتال ھەمدە 1997 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە تۇغۇلغان 19 تۇياق تاي بار.

تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلگەن ياۋا ئاتلار ياشاش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، باشقا ياۋايى ھايۋانلار ۋە چارۋىلار بىلەن ياشاش ماكانىنى تالىشىش، كۆشەندە ھايۋاناتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشتەك سىناققا دۇچ كېلىدۇ. كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ياۋا ئاتلار يەر ئىگىلەش جەھەتتە ياخشى ھەرىكەتلىرىنى ساقلاپ قالغان، كۆپ ھاللاردا قولانلارنى ئۆزلىرىنىڭ يايلاش رايونىدىن قوغلاپ چىقارغان، تۇياقلىرىمۇ سىلىقلىشىپ كەتكەن، بۇ ياۋا ئاتلارنىڭ كۈندە كەڭ دائىرىدە چېپىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىبىرىيە سوغۇق ئېقىمى شىنجاڭغا كىرگەندە، قارامايلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ 40℃ - قا چۈشتى، ياۋا ئاتلار كۆزىتىش دائىرىسىدە يوقاپ كەتتى، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا ياۋا ئات پادىسى بايقالدى، 2 ياۋا ئات ئۆلگەن، بىر ياۋا ئات

يوقاپ كەتكەن.

يۈەن خۇاڭ

### ئورمانچىلىق كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى — خىزمەتچىلەر بىر يولىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

2001 - يىلى تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئۆز ئىختىيارلىقى بولۇش، ئادىل، ئاشكارا، پۇختا بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئورمانچىلىق كارخانىلىرىدىكى ئېشىنچا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىر يولىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يازما ئىلتىماس قىلىش، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاش، تاختىغا چىقىرىپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۇنجى تۈركۈمدە 3537 ئىشچى - خىزمەتچى قانۇنىي گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىكىلەر 3436 بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ 41.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىكىلەر 101. دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان 95 مىليون 71 مىڭ 200 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى، كارخانىلار ئۆزى جۇغلايدىغان قىسمى 29 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى.

تيەن جاۋمىن

### مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىقتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر: يەن شياۋشۇ، ليۇ ياڭخاۋ، جياڭ يۇڭ، لى شۇسېن، چېن جيەنشۇ، ۋاڭ شىنلى، خې چۈەنلىن، سۇن شىنجۇن، ۋاڭ جېنيۇ، لۇي خۇا، قۇربان تۇردى، تيې شۇتاڭ، لى ۋېنخۇا، تاڭ تيەنجىڭ.

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار: قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازىرى تۆۋەنكى ليۇگۇڭ كەنتى ئاھالىلەر كومىتېتى، ساۋەن ناھىيىسى سەندوخوزا ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، كۇنەس ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، يەنجى ناھىيىسى شىكشىن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، كىرىيە ناھىيىسى شەنبە بازار بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، شەنچۈەن شيۈلى بىئولوگىيىلىك چەكلىك شىركىتى.

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى: جۇمە ھاشۇت، بارات ھەسەن.

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر: ليۇ تىڭيۇ، خې جۈن، گو داپىڭ، چېن گۇيتاڭ، چىن يۇلىن

ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار: خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ماناس ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، غۇلجا ناھىيىسى.

ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخسلەر: سۇي پېيپى، لى شۇبىن، لياڭ مىڭكەي، گاۋ يۇشۇەن، شا پىڭ، تيې شۇتاڭ، لياڭ يەنچياڭ، ئاۋۇت سەيدىن، جاڭ جىننىيەن.

مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر: قەشقەر ۋىلايىتى، جىڭ ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى.

مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتلىرى: سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازارلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، كۇنەس ناھىيىسى قارا بۇرا يېزىلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، چەرچەن ناھىيىسى يېڭى ئۆستەڭ يېزىلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، پوسكام ناھىيىسى ئايكۆل يېزىلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، ئونسۇ ناھىيىسى گۈلئاۋات يېزىلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، ساۋەن ناھىيىسى يەنىخەي بازارلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، قاراقاش ناھىيىسى ياۋا يېزىلىق ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى.

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق پونكىتلىرىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر: جاڭ جاۋخۇڭ، ليۇ يەن، فۇ شېخۇا، كېرىم ئىسمائىل، ئاۋۇت زىياۋۇدۇن.

تيەن جاۋمىن، شاڭ لىجۈن

## يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

### يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6 مىليون 906 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.84% ئاشتى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تىراكتور 297 مىڭغا يېتىپ، 4.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىراكتور 47 مىڭ

294 بولۇپ (735 كىلوۋاتتىن يۇقىرىسى 605، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان چاقلىق تراكتور 20)، %3.8، سەپلىنىدىغان چوڭ دېھقانچىلىق سايمىنى 113 مىڭ دانە بولۇپ، %9.7 ئاشتى، سەپلىنىش نىسبىتى 1:2.38 بولدى؛ كىچىك تراكتور 250 مىڭ بولۇپ، %4.8، سەپلىنىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 352 مىڭ 400 بولۇپ، %12.8 ئاشتى، سەپلىنىش نىسبىتى 1:1.41 بولدى. تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 854 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، %2.6 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان زەي چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتور 599 مىڭ 700 كىلوۋات؛ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 57 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىپ، %8.6 ئاشتى؛ ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى مەشغۇلات ماشىنىسى 651گە يېتىپ، 115ى كۆپەيدى.

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان كۆلەم 2 مىليون 138 مىڭ 300 گېكتار، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى %90 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى؛ ماشىنا بىلەن تېرىلغان كۆلەم 2 مىليون 47 مىڭ 900 گېكتار، ماشىنا بىلەن تېرىش سەۋىيىسى %82كە يېتىپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ ھوسۇل ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان كۆلەم 591 مىڭ 500 گېكتار، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش سەۋىيىسى %24 بولۇپ، 3 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان بۇغداي كۆلىمى 370 مىڭ 500 گېكتار، بۇغداينى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش دەرىجىسى %62، رايون ھالقىپ ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان بۇغداي 121 مىڭ 700 گېكتار؛ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان كۆلەم 820 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، 86 مىڭ 100 گېكتار كۆپەيدى؛ ماشىنا بىلەن دان ئايرىلغان ئاشلىق 5 مىليون 639 مىڭ 600 تونna؛ ماشىنا بىلەن ئۆسۈملۈك ئاسراش مەشغۇلاتى قىلىنغان كۆلەم 1 مىليون 242 مىڭ گېكتار بولۇپ، %6.29 ئاشتى؛ ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش كۆلىمى 18 مىڭ 800 گېكتار؛ ماشىنا بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىش، ماشىنا بىلەن دان ئايرىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ترانسپورتى قاتارلىق يەككە تۈردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى مىقدارى بىر قەدەر كۆپەيدى، 570 مىڭ 400 قوينىڭ يۇڭى ماشىنا بىلەن قىرقىلىپ، %13.4 ئاشتى؛ 1 مىليون 587 مىڭ 600 گېكتار يەر ماشىنا بىلەن چوڭقۇر ئوغۇتلاندى؛ توجۇپىلەپ تېرىلغان كۆلەم 953 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %2.8 ئاشتى؛ ماشىنا بىلەن سۇ تېجەپ سۇغىرىلغان ئېتىز كۆلىمى 317 مىڭ گېكتار؛ ئاغدۇرماي تېرىلغان كۆلەم 30 مىڭ 500 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاغدۇرماي تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 5900 گېكتار؛ شاخ ـ شۇمبا ماشىنا بىلەن ئېتىزغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 373 مىڭ 100 گېكتار؛ ماشىنا بىلەن سىلوسلانغان شاخ ـ شۇمبا 5 مىليون 35 مىڭ توننا؛ 9 مىليون 379 مىڭ 400 توننا دېھقانچىلىق ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى ماشىنا بىلەن پىششىقلاندى؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلات قىلغاندا ئەمەلىي سەرپ بولغان دىزېلىن 330 مىڭ توننىغا يەتتى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %20.15؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليارد 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.91 ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ %25ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 4 مىليارد 602 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.68 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى 4 مىليارد 206 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كىرىمى 110 مىليون يۈەن؛ باشقا كىرىم 286 مىليون يۈەن؛ ئومۇمىي پايدىسى 1 مىليارد 572 مىليون يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بار ئائىلىلەرنىڭ ساپ كىرىمى 1 مىليارد 219 مىليون يۈەن.

بىر يىلدا ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى 210 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىلەنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى 5925 ئادەم (قېتىم)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 389 ئادەم (قېتىم)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خادىمى 1222 ئادەم (قېتىم)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا مەشغۇلات قىلغۇچى خادىم 161 مىڭ 883 ئادەم (قېتىم).

خۇالڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 875، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 14، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 90، يېزا (بازار)

دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 770، خىزمەتچى خادىم 8280، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 4985. يېزا - بازار باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى 760. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مائارىپى، تەربىيىلەش ئاپپاراتى 83، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 79، خىزمەتچى خادىم 1191، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 821، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 5، بۇلار ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئورۇنلارغا جايلاشقان، ئادەم سانى 119، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 102. ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىپ، باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتى بىر. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 88، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 10، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 77؛ خىزمەتچى خادىم 795، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 564. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 96، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 12، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 83؛ خىزمەتچى خادىم 1099، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 757. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 306 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكىسى 16، ناھىيىدىن يۇقىرى (ناھىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 38، يېزا (بازار)لىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 27، كەنت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 2086. يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار ئائىلە 304 مىڭ؛ ئومۇمىي ئادەم 345 مىڭ 700 (پەن - تېخنىكا خادىمى 5748)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار ئائىلىلەردىكى ئادەم 338 مىڭ 400. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى ۋە رېمونت نۇقتىسى 3042، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 17، 2 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 121، 3 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 1502، كەسپىي رېمونت نۇقتىسى 677؛ ئادەم سانى 5603. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارەت ئاپپاراتى 143، پاي تۈزۈمىدىكىسى 4. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۇيۇروتى كارخانىسى 535، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماي بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 463. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 809. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ باشقا كارخانا تەشكىلاتى 26، پاي تۈزۈمىدىكىسى 2. يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 365 مىڭ 900.

خۇاڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە سىناق قىلىپ، باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتى) 396 تەكشۈرۈش تۈرىنى تاماملىدى. ئاساسلىقلىرى:

1. خەلقئارا يېزا ئىگىلىك يەرمەنكىسى شىنجاڭ بۆلىكىگە 5 مەھسۇلاتنى كۆرسىتىشنى تەكشۈرۈش.

2. 9 تۈرنىڭ سۈپىتى ئۆستىدىن ئەرز قىلىندى ۋە سۈپىتى باھالاپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى دۆلەتلىك تراكتور تەكشۈرۈش مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 123 - تۇەن - مەيدانىنىڭ «فۇگېسىن» تراكتورىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، مال قىممىتى 4 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

3. 12 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلات باھالاپ بېكىتىلدى، ئاساسلىقى: بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ بىرىكمە يەر تۈزلەش ماشىنىسى، تامچىلىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش، سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ 300A تىپلىق تراكتورى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «180»، «200» تىپلىق تراكتورلىرى.

4. 29 تۈر كېڭەيتىلدى، سىناق قىلىندى، باھالاپ بېكىتىلدى، ئاساسلىقى: شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ «شىنجاڭ 170»، «180»، «250» تىپلىق تراكتورلىرى، ئاقسۇ «شىننوڭ» ھەممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ «IL – 335»، «IL – 435» چاتما سوقىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار.

دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ يېزا

ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ۋە سۈپەت، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى مەخسۇس تەكشۈردى. ساختا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى» بار مەھسۇلات، بىخەتەرلىك ئىقتىدارى ئۆلچەمگە توشمايدىغان مەھسۇلاتلار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سەپلىمىلىرى، سۈلياۋ يوپۇق يېيىش سېيالكىسى ۋە كونا سەپلىمىلەر بىلەن قۇراشتۇرۇلغان تراكتورلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ تۈردىكى تەكشۈرۈشتە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى»نى ئىشلەتكەن، ئوغرىلاپ ئىشلەتكەن تراكتوردىن 20 نەچچە تۈركۈمدە 400 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى، تراكتور، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسىپ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، بۇلار مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە كارخانىغا، 20 نەچچە ماركىغا چېتىلىدۇ، بازاردا 54 تۈركۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سەپلىمىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، سۈلياۋ يوپۇق ياپىدىغان سېيالكا ئىشلەپچىقىرىدىغان 41 كارخانىنىڭ 46 تۈركۈم (قېتىم) دە 10 نەچچە خىل تىپتىكى مەھسۇلاتى قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، كېرەكسىز، كونا سەپلىمىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان ساختا جۇڭگو 1 - تراكتور زاۋۇتىنىڭ «شەرق قىزاردى - 802» تىپلىق 20 نەچچە تراكتورى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

باۋ ۋېي

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تىزىملىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى 319 مىڭ 385، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى 27 مىڭ 607. تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 287 مىڭ 902، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 250 مىڭ 845. تىزىملىنغان شوپۇر 232 مىڭ 162، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 212 مىڭ 672، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 190 مىڭ 15.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز، يوللاردا 1 مىليون 80 مىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 112 مىڭ ماشىنا (قېتىم) قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى تۈزىتىلدى، 159 قېتىم ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 101 ئادەم ئۆلدى، 388 مىڭ 600 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1000 ماشىنىنىڭ ھادىسە كۆرۈلۈش نىسبىتى 0.5 قېتىم بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.2، 1000 ماشىنىدا ئۆلۈش نىسبىتى 0.32 ئادەم بولۇپ، %10.3، 1000 ماشىنىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 1200 يۈەن بولۇپ، %71.4 كۆپەيدى.

2001 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، كۈنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، يەنجى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، كۇچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 12 - شى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى ۋە 7 - شى 125 - تۈەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارنى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باش پونكىتى «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 100 كۈنلۈك بىخەتەرلىك مۇسابىقىسى پائالىيىتى» دىكى غالىب ئورۇن دەپ باھالىدى.

سۇن يەن

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

تۇجۇپىلەپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2001 - يىلى 953 مىڭ 700 گېكتار يەر تۇجۇپىلەپ تېرىلىپ، 70 مىليون يۈەنلىك ئۇرۇق تېجەپ قېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 37 مىڭ 16 دانە تۇجۇپىلەپ، بېرىم تۇجۇپىلەپ تېرىش سېيالكىسى ئىشقا سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 6112، ئۆزگەرتىپ ياسالغان سېيالكا 3558، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەل بىلەن سۈمۈرۈش شەكلىدىكى سېيالكىنى سىناق قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2001 - يىلى 11 مىليون 969 مىڭ 200 توننا دېھقانچىلىق زىرائىتى شاخ - شۇمبىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 7300 توننا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىلوسلانغىنى 5 مىليون 35 مىڭ توننا، مىكرو جانلىقلار ئارقىلىق ئېچىتىلغىنى 708 مىڭ 600 توننا، توغراپ بېقىلغىنى 6 مىليون 225 مىڭ 600 توننا. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا سېلىنغان تۈرلۈك ئوت توغراش، ئۇۋۇتۇش

ماشىنىسى، سىلوس يىغىش ماشىنىسى 35 مىڭ 737، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 2312.

**ئېتىزلاردا سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى** 2001 ـ يىلى 317 مىڭ گېكتار يەردە ئاساسلىق چوڭقۇر ھەيدەش، چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، يەرنى بىرلىشىپ ئىنچىكە رەتلەش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، تۈۋەن بېسىملىق تورۇبا بىلەن سۇ يەتكۈزۈش، سۇلياۋ يوپۇقنىڭ يېنىدىن چۈنەك تارتىپ سۇغىرىش، كىچىك ئاختىلاپ سۇغىرىش، شۈنىگدەك پۈركۈپ، تامچىلىتىپ سۇغىرىش، ئىنچىكە سۇغىرىش قاتارلىق تېخنىكىلار قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1690 دانە پۈركۈپ، تامچىلىتىپ، ئىنچىكە سۇغىرىش ماشىنىسى ئىشقا سېلىندى.

**قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى** تۇپراق سۇ ئامبىرى، ئاغدۇرماي تېرىش، يەرنى بىرلىشىپ ئىنچىكە رەتلەش قاتارلىق تېخنىكىلار ئاساسلىق مەزمۇن قىلىندى. 2001 ـ يىلى 576 مىڭ 700 گېكتار يەردە مۇشۇ تېخنىكا قوللىنىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، چوڭقۇر يۇمشىتىلغان يەر 392 مىڭ 700 گېكتار، ئاغدۇرماي تېرىلغىنى 30 مىڭ 500 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە يەرنى چوڭقۇر يۇمشىتىش ماشىنىسىدىن 220 سى كۆپەيدى، يەرنى ئاغدۇرماي تېرىش سېيالكىسىدىن 800ى ئىشقا سېلىندى.

**ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى** 2001 ـ يىلى 132 مىڭ گېكتار يەرگە ئالاھىدە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. قەشقەر ۋىلايىتى بۇغداي ئارىسىغا قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتات كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى ئاساس قىلدى؛ ئارباغاتاي ۋىلايىتى شوخلا، زاراڭزىنى ئاساس قىلدى؛ بايىنغولىن ئوبلاستى شوخلا، مۇچ، تاۋۇز گازىرى، ئارپىبەديياننى ئاساس قىلدى؛ سانجى ئوبلاستى سەۋزە، شوخلا، ئۈزۈم، چۈچۈكبۇيا، ماش ـ پۇرچاقنى ئاساس قىلدى؛ قۇمۇل ۋىلايىتى چوڭ چىلان، ئۈزۈمنى ئاساس قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4170 دانە ھەرخىل سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، يوپۇق يېپىش سېيالكىسى، ئۈۋۈلاپ تېرىش سېيالكىسى، چۈنەك تارتىش ماشىنىسى، ئورەك كولاش ماشىنىسى، يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنىلار ئىشقا سېلىندى.

**قوي يۇڭىنى ماشىنا بىلەن قىرقىش** 2001 ـ يىلى 570 مىڭ 400 تۇياق قوي قىرقىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 910 يۈڭ قىرقىش ماشىنىسى ئىشقا سېلىندى.

**كېۋەزنى قويۇق تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى** 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 238 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز قويۇق تېرىلىپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 1950 كىلوگرامغا يەتتى. 8392 سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسى ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 587 مىڭ 600 گېكتار يەر چوڭقۇر ئوغۇتلاندى. 373 مىڭ 600 گېكتار يەرگە لەتىپازلىق زىرائەت تېرىلدى، 76 مىڭ گېكتار يەرگە ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ كۆممىقوناق تېرىلدى، 106 مىڭ گېكتار تونىلىق ئاشلىق ئېتىزىدا ماشىنىلاشقان يۇرۇشلەشكەن تېخنىكا قوللىنىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا 151 مىڭ 600 گېكتار يەردىكى بۇغداي ئورۇلدى، 40 مىڭ 600 گېكتار يەردىكى قالدۇق سۇلياۋ پارچىسى يىغىۋېلىندى، 26 مىڭ گېكتار ئوتلاقنىڭ سۇيىتى ياخشىلاندى، 2 مىليون 777 مىڭ توننا ئوت ـ چۆپ يىغىۋېلىندى. مول ھوسۇل پىلانى بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تورى 704 مىڭ گېكتارغا يەتتى، تەكشى ئېرىق تارتىپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 12 مىڭ 500 گېكتار يەردە قوللىنىلدى ۋە كۆممىقوناقنى ماشىنا بىلەن ئورۇش قاتارلىق تەجرىبە قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش تورى يولغا قويۇلدى.

زورگېتۇ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارى باھالاپ بېكىتىلدى

2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قارار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىنى باھالىغۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى، 13 ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرنىڭ 80 نەچچە ناھىيىسىدىن 100 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى.

خۇاڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكىسى

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى يېزا ئىگىلىكىدە ھالقىش پىلانى «ئوت ـ چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا ـ سايمانلارنى ئوتتۇراھال سىناق قىلىش» تۈرىنى مەلۇم قىلىش، ئىلمىي دەلىللەش، تۈر تۈرغۇزۇش، خام چوت تۈزۈپ يۇقىرىغا يوللاش، تۈرنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە توختام ئىمزالاش خىزمىتىنى تاماملاپ، يادرولۇق تېخنىكا ۋە يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا دەلىللەش يىغىنى ۋە ھەمكارلاشقان ئورۇنلار يىغىنى ئېچىپ، تۈر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار خادىملارنى تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، يېتەكچىلىك قىلىشقا

ئورۇنلاشتۇردى. خەلقئارا ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش تۈرى «يۇقىرى قۇۋۋەتلىك تراكتور ۋە يورۇشلەشتۈرۈش ماشىنا - سايمانلىرىنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىش» تۈرىنى مەلۇم قىلىش، تۈر تۇرغۇزۇش ۋە توختام ئىمزالاش شۇنىڭدەك 2002 - يىللىق كىرگۈزۈش پىلانى «چەت ئەلنىڭ ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە يورۇشلەشتۈرۈش ماشىنا - سايمانلىرىنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى ئورۇندالدى؛ 2001 - يىللىق مول - ھوسۇل پىلانى «ئېتىزلاردىكى قالدۇق سۇلياۋ پارچىلىرىنى يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» تۈرىنى مەلۇم قىلىپ تۈر تۇرغۇزۇش، توختام ئىمزالاش ۋە تۈر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئورۇندالدى؛ «توجۇپىلەپ تېرىش ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى يولغا قويۇلۇپ، توجۇپىلەپ تېرىش ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش تېخنىكىسى 46 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى؛ 2001 - يىلى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى 10؛ بۇنىڭدىن 7 سى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى، بۇلار: 1 مىليون مو (67 مىڭ گېكتار) يەردىكى ئاشلىق زىرائىتىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، 1 مىليون مو (67 مىڭ گېكتار) يەردىكى كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، ئۈنۈۋېرسال سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، ئوتلاقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، چۈچۈكبۇيا تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، شوخلا تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، كېڭەيتىش تۈرلىرىدىن ئىبارەت.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تارماقلىرى «قالدۇق سۇلياۋ پارچىلىرىنى ماشىنا بىلەن تازىلاپ يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» قاتارلىق 7 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكتە سۇ تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى؛ 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاپ، مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تاماملىدى. 17 تۈر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 7 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 10 تۈر؛ يورۇشلەشكەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسى قاتارلىق 21 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى كېڭەيتىشنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىدار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان 7 خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى 4 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك يەرمەنكىسى»گە قاتناشتۇرۇلۇپ، 3 تۈرلۈك مەھسۇلات مۇكاپاتلاندى.

بى خۇيىڭ

# سۇچىلىق

## سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا ئەمەلىي چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەبلەغ پىلانى 2 مىليارد 651 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 1 مىليارد 840 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون يورۇشلەشتۈرگىنى 685 مىليون 960 مىڭ يۈەن، بانكا قەرز پۇل پىلانى 125 مىليون يۈەن.

مەركەز سالغان مەبلەغ ئىچىدە: 1) مەركەز مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 282 مىليون 300 مىڭ يۈەن. 2) مەركەز مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس تۈر مەبلىغى 1 مىليارد 433 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشى 200 مىليون يۈەن، تارىم دەرياسىنى ئۈنۈۋېرسال تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار 550 مىليون يۈەن، يەرلىك ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى 6، 65 مىليون يۈەن، چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرى 21، 116 مىليون يۈەن، سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى 25 مىليون 400 مىڭ يۈەن، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى 11، 169 مىليون يۈەن، ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 273 مىليون يۈەن، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى 10، 10 مىليون يۈەن، خەلقئارا چېگرا دەريا - ئېقىنلاردىكى گىدرولوگىيە پونكىتى تۈرى قۇرۇلۇشى 25

مىليون يۈەن. 3) مەركەزنىڭ مەخسۇس تۈر مەبلىغى 124 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش تېپىپ بېرىش پۇلى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش مەبلىغى 46 مىليون 870 مىڭ يۈەن، سۇنى ياخشىلاشتا ئىش تېپىپ بېرىش پۇلى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش مەبلىغى 42 مىليون يۈەن، يېزىلاردىكى سۇ ئىشلىرى بويىچە كىچىك تىپتىكى پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلىدىغان سۇ ياخشىلاش مەخسۇس تۈرى 6 مىليون يۈەن، مەركەز ئاجراتقان كەلكۈن، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەبلىغى 26 مىليون يۈەن، سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا ئۆسۈمگە ياردەم بېرىلىدىغىنى 3 مىليون 750 يۈەن.

ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن مەبلەغ پىلانى 685 مىليون 960 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 50 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىراجىتى 9 مىليون 30 مىڭ يۈەن، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ياردەم پۇلى 10 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغىنى 13 مىليون يۈەن، ئۇقتىلىق سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشى 200 مىليون يۈەن، مەركەز مالىيەسى خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس تۈر مەبلىغىگە يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغىنى 362 مىليون 320 مىڭ يۈەن، مەركەزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، سۇ ياخشىلاش مەبلىغىگە يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغىنى 39 مىليون 840 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش مەبلىغى 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن.

بانكا قەرز پۇل پىلانى 125 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇقتىلىق سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشى 50 مىليون يۈەن، سۇ تۈگۈنى قۇرۇلۇشى 75 مىليون يۈەن.

2001 - يىلى شىنجاڭ سالغان سۇ ئىشلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 1 مىليارد 33 مىليون 570 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغان مەبلەغ 723 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 309 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

دۇڭ خەييەن

## شەھەر، يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2001 - يىلى شىنجاڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 34 مىليارد 865 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 33 مىليارد 970 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 469 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر - بازار تۇرمۇشى تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 426 مىليون كۇب مېتىر. تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى ئىچىدە سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 3 مىليارد 770 مىليون كۇب مېتىر، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 26 مىليارد 913 مىليون كۇب مېتىر. ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 3 مىليارد 161 مىليون كۇب مېتىر، توك ئارقىلىق سۇ چىقىرىش پونكىتلىرى ۋە سۇ پومپىلىرى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 166 مىليون كۇب مېتىر. باشقا سۇ ئىنشائاتلىرى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 855 مىليون كۇب مېتىر. 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇنى ئائىلىلەرگىچە تەمىنلەش كۆلىمى 583 مىڭ 100 گېكتار (بورتالا ئوبلاستى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، شىنجاڭدىكى سۇغىرىلىدىغان كۆلەمنىڭ %26.9 نى ئىگىلەيدۇ. تېجەلگەن سۇ مىقدارى 276 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتارنىڭ سۇ ھەققى ئوتتۇرىچە 67.5 يۈەن تۆۋەنلىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى 757 مىليون 487 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغىنى 560 مىليون 965 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 22 مىليون 777 مىڭ 900 يۈەن ئاشتى؛ بۇنىڭدىن قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلگىنى 118 مىليون 7006 يۈەن، قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %21.04.

جاڭ رۇڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش

ئۇلۇغئاتا سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 4 - ئايدا، 3 -، 4 - گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئاخىرلاشتى، قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك جارى قىلدۇرۇلدى، سۇ ئامبىرىغا 180 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى، 25 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، گوۋۇيۈەن تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش لايىھەسىنى تەستىقلىدى، 5 يىلدا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكۈزۈش، 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەن «تارىم دەرياسى ۋادىسى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش يىرىك پىلانى دوكلاتى»نى تەستىقلىدى، تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى ئېكولوگىيىسىنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى ساخېزى دەرياسى ئاغزىدىن ئاچى دەرياسى ئاغزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەريا قىنىنى ئوڭشاش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. 2001 - يىلى چارا سۇ ئامبىرىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، باغراش كۆلى سۇ

يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى، دەريا ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى تەڭشەش ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەمدە 4 مەنبە ئېقىن رايونىدىكى بىر قىسىم سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەشتىكى تۇنجى قارارلىق قۇرۇلۇش چات غول ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى باغراش كۆلىدىن چىقىرىلىپ باشلانغان سۇ تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى تېتما كۆلىگە يەتكۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن داشكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى 363 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارىم دەرياسى ئېقىنىدا سۇ ئېقىنى 30 نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى ھەمدە 500 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى كۆل يۈزى مەنزىرىسى شەكىللەندى. سۇ يەتكەش ئارىلىقى 933 كىلومېتىر بولۇپ، 3 قېتىمدا جەمئىي 1 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ يەتكەلدى. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەشتىكى 2001 - يىللىق 82 تۈر تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ خۇاڭخې سۇ ئىشلىرى كومىتېتى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىش باشلاش شەرتىنى ھازىرلىغان تۈر 57، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 228 مىليون يۈەن.

**چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىنى داۋاملىق قۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى** شىنجاڭدىكى سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدىغان سۇغىرىش رايونلىرىدىن مەملىكەتنىڭ سۇغىرىش رايونلىرى يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 34، سۇغىرىش كۆلىمى 2 مىليون 557 مىڭ گېكتار، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى 13. چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونىنىڭ داۋاملىق قۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن تۈر تۇرغۇزۇلۇپ، قۇرۇلۇش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 151 مىليون يۈەن.

**تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قاراڭغۇر سۇ ئامبىرى تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى** 2001 - يىل 5 - ئايدا ئېقىن توسۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش سۇ باشلاش - كەلكۈن چىقىرىش سۇڭگۇچى، دەريا توسمىسى (پولات چىۋىقلىق بېتوندا قوپۇرۇلغان تاش توسما)، كەلكۈن چۈشۈرگىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 39 مىليون كۇب مېتىر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمى 35 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 14 مىڭ 700 گېكتار، تەستىقلانغان ئومۇمىي مەبلەغ 139 مىليون 960 مىڭ يۈەن.

**ساۋەن ناھىيىسى ليۇشۇگو سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى** 2001 - يىلنىڭ بېشىدا قۇرۇلۇش پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ، دېھقانچىلىقتىكى سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، بېلىق بېقىش، ساياھەت قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىلىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى. ليۇشۇگو سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 13 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر، ئاساسەن سۇ توسمىسى، سۇ قويۇپ بېرىش سۇڭگۇچى ۋە پەۋقۇلئاددە كەلكۈن چۈشۈرگىسى قاتارلىق 3 قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

لى خۇڭبىن

## سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى سۇ ئىشلىرى نازارىتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «سۇ بايلىقى ھەققى ئېلىش ۋە ئىشلىتىشنىڭ مالىيە باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ مەمۇرىيىتى سۇ بايلىقى باشقارمىسى قاتارلىق 4 ئورۇن مەملىكەت بويىچە سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

«شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۈيى ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» 3 سان تارقىتىلدى؛ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنىڭ تەپسىلىي تېخنىكا قائىدىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 21 ناھىيە، شەھەردە يەر ئاستى سۈيىنى پىلانلاش قانات يايدۇرۇلدى؛ «شىنجاڭدىكى سۇ مەسىلىسى تەتقىقاتى» ئورۇندالدى.

شىنجاڭدىكى ئۇقتىلىق ئېقىنلارنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداشنى پىلانلاش باشلاندى، «شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش يىرىك پىلان دوكلاتى» يېزىپ چىقىلىپ دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 172 كىشى قاتناشقان شىنجاڭ بويىچە سۇ مۇۋازىنىتى ئۆلچەش ۋە سۇ ئىشلىتىش نورمىسىنى تۈزۈش كۇرسى ئېچىلدى؛ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئېلىش ئۆلچەم مۇئەسسەسەلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» (ۋاقىتلىق) تۈزۈپ چىقىلدى.

با شىن

## سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش

**ئېقىن ۋادىلىرىنى پىلانلاش** 2001 - يىلى ئاساسلىق دەريا ۋادىلىرىنىڭ يىرىك پىلانىنى تۈزۈش قانات يايدۇرۇلدى،

ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، بورتالا، جىڭ دەريالىرى ئېقىن ۋادىلىرىنىڭ يىرىك پىلانى ۋە كۈيتۇڭ دەرياسى ۋادىسىنىڭ يىرىك پىلانىنى تۈزۈش قانات يايدۇرۇلدى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايونلىرىدا سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە قۇرۇلۇش يىرىك پىلانىنىڭ ۋەزىپىنامىسى ۋە پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىلدى؛ قورغاس دەرياسى ۋادىسىنىڭ يىرىك پىلانى باھالاشتىن ئۆتتى. ئالار دەرياسى، نىيە دەرياسى، ئاراتۇرۇك دەرياسى، تېمىرتام دەرياسى، جاۋبىشەن دەرياسى قاتارلىق كىچىك دەريا ۋادىلىرىنىڭ يىرىك پىلانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. «شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە تىزگىنلەش، نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەتقىقاتى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرى ئورۇندالدى.

نۇقتىلىق تۈرلەر بۇ تۈرلەر 75 بولۇپ، بۇ تۈرلەرنى لايىھىلەش، تەكشۈرۈش تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈر تەكلىپنامىسى تەكشۈرۈلگىنى 12 تۈر، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلغىنى 41 تۈر، دەسلەپكى قەدەمدە لايىھىلەنگىنى 59 تۈر.

لىبى شياۋنيۇ

## سۇ - تۇپراقنى ساقلاش

2001 - يىلى سۇچىلىق نازارىتى «تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تۈرىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ بويىچە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى 3 - قېتىملىق تېز سۈرئەتتە يىراقتىن سېزىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش تاماملاندى، 21 كىچىك ئېقىن ۋادىسىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش زايوم تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇ تۈرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 18 مىليون يۈەن، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 175 كۋادرات كىلومېتىر. شىنجاڭ بويىچە سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلىرى ۋە قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىكى كۇرسى ئېچىلدى. شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق 3 ئورۇنغا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىنى تۈزۈشنىڭ ب دەرىجىلىك سالاھىيەتنامىسى بېرىلدى. 21 تېخنىك خادىم دۆلەت سۇ - تۇپراقنى ساقلاش - نازارەت قىلىش ئىنژېنېرى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قۇرۇلۇش تۈرىدىن 10ى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، 10 مىليون يۈەن زايوم مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىن يۇنپىڭ

## قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش

سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە پۈتۈپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ ئامبىرى 381 (بىكتۇەنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىكى سۇ شۇنداق)، ئامبارلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 4 مىليارد 767 مىليون كۇب مېتىر، چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبىرى 9، ئامبار سىغىمى 2 مىليارد 51 مىليون كۇب مېتىر؛ ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى 73، ئامبار سىغىمى 2 مىليارد 101 مىليون كۇب مېتىر؛ كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى 299، ئامبار سىغىمى 615 مىليون كۇب مېتىر، ئەتىياز پەسلىدە سۇ ئامبارلىرىدا ساقلانغان سۇ 2 مىليارد 481 مىليون كۇب مېتىر. شىنجاڭ بويىچە 11 چوڭ، ئوتتۇرا سۇ ئامبىرى دۆلەتنىڭ خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 253 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 169 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ يۈرۈشلەشتۈرگىنى 83 مىليون 960 مىڭ يۈەن.

سۇغىرىش رايونى ۋە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەمەلىي سۇغىرىلغان كۆلەم 3 مىليون 39 مىڭ 400 گېكتار، ئېگىزغا تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 293 مىڭ 900 گېكتار، دېھقانچىلىققا باشلانغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 33 مىليارد 242 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىلغان يەر 13 مىليون 867 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم). كۈزدە سۇغىرىلغان يەر 1 مىليون 596 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، ئەتىيازدا سۇغىرىلغان يەر 3 مىليون 979 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم)، ھەر گېكتار يەرگە ئىشلىتىلگەن سۇ 10 مىڭ 935 كۇب مېتىر، ھەر گېكتار زىرائەتنى سۇغىرىش نورمىسى 2400 كۇب مېتىر، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.56 قېتىمدىن سۇغىرىلدى.

2001 - يىلى سۇ تېجەپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 266 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە پۈركۈپ ۋە تېمىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم 78 مىڭ گېكتار، تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلغان كۆلەم 16 مىڭ گېكتار، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن كۆلىمى 1 مىليون 145 مىڭ گېكتار، باشقا ئىنشائاتلار ئارقىلىق سۇ تېجەلگەن كۆلەم 19 مىڭ گېكتار. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ نەملىك ساقلانغان كۆلەم 846 مىڭ 700 گېكتار، سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىلغان كۆلەم 567 مىڭ 600 گېكتار؛ شىنجاڭ بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ نەملىك ساقلانغان كۆلەم شۇ يىلى ئەمەلىي سۇغىرىلغان ئېتىز كۆلىمىنىڭ 37.85%نى ئىگىلىدى، چۈنەكلەپ، تاختىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 2 مىليون 289 مىڭ 800 گېكتار، بۇنىڭ

ئىچىدە چۆنەكلەپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 40 مىڭ 200 گېكتار، تاختىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 249 مىڭ 600 گېكتار، ئۆلچەملىك تاختىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 569 مىڭ 400 گېكتار. شىنجاڭ بويىچە ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 48 . 0. شىنجاڭ بويىچە 21 چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونى دۆلەتنىڭ داۋاملىق يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇلىدىغان سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 174 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈر مەبلىغى 116 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ يۈرۈشلەشتۈرگەن مەبلىغى 58 مىليون يۈەن.

جاڭ رۇڭ

## ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى

2001 - يىللىق ستاتىستىكا يىلىدا شىنجاڭ بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇلغان جۇغلانما ئەمگەك 47 مىليون 105 مىڭ ئىش كۈنى بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17. 24 ئاشتى؛ سېلىنغان مەبلەغ 787 مىليون 804 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، %25. 33 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 257 مىليون 406 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، %06. 54 ئاشتى؛ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار سالغان مەبلەغ 190 مىليون 619 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، %42. 35 ئاشتى، ئاممىدىن جۇغلىغان مەبلەغ 339 مىليون 778 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، %91. 19 ئاشتى؛ ئورۇندالغان توپا قۇرۇلۇشى 92 مىليون 683 مىڭ 500 كۇب مېتىر بولۇپ، %23. 2 ئاشتى؛ ئورۇندالغان بېتون 1 مىليون 133 مىڭ 300 كۇب مېتىر بولۇپ، %87. 71 ئاشتى؛ يېڭىدىن ياسالغان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ 17. 2840 كىلومېتىر بولۇپ، %29. 8 ئاشتى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇغىرىش رايونلىرىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىنشائات 19 مىڭ 415 بولۇپ، %73. 89 ئاشتى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1667، ئومۇمىي ماشىنىلاشقان قۇدۇق 33 مىڭ 802، يۈرۈشلەشكىنى 31 مىڭ 348، رېمونت قىلىنغان ئېرىق - ئۆستەڭ 32 مىڭ 48. 522 كىلومېتىر بولۇپ، %3. 14 ئاشتى، رېمونت قىلىنغان زەيكەش 3. 4615 كىلومېتىر بولۇپ، %42. 33 ئاشتى، رېمونت قىلىنىپ قىرغاقلىرى مۇستەھكەملەنگىنى 02. 1155 كىلومېتىر بولۇپ، %73. 16 ئاشتى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 17 مىڭ 400 گېكتار.

2000 - يىللىق سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە 29 ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 2001 - يىللىق 21 سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى تۈزۈپ يوللىنىپ، مەركەزنىڭ سۇ تېجەپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن 20 مىليون يۈەن قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سۇ تېجەپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ يوللىغان ماتېرىياللىرى ۋە سۇ تېجەپ سۇغىرىش يىرىك پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ تەكشۈرۈلدى، 2002 - يىللىق سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرىدىن 56 سى يوللاندى.

ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» بويىچە تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، 29 ناھىيە، شەھەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 8، ئۇلار قاغىلىق، بۈگۈر، ئاراتۇرۇك، ئارشاڭ، غۇلجا، قابا، فۇكاڭ، شىخۇ؛ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 10، ئۇلار يەكەن، يەنجى، بارىكۆل، گۇچۇڭ، ساۋەن، جېمىسەي، پىچان، كېرىيە، كۇچا، بورتالا؛ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 11، ئۇلار قەشقەر كوناشەھەر، خېجىڭ، ماناس، قوبۇقسار، جىڭ، قورغاس، چىڭگىل، ئونسۇ، قۇمۇل، ئاتۇش، خوتەن شەھىرى.

پېڭ جۇن

## ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 11 مىليون 960 مىڭ يېزا نوپۇسى، 43 مىليون 590 مىڭ تۇياق چارۋا بار بولۇپ، ھازىرغىچە 8 مىليون 998 مىڭ 500 ئادەم، 29 مىليون 920 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى ھەل قىلىنغىنى 624 مىڭ ئادەم ۋە 2 مىليون 320 مىڭ تۇياق چارۋا. 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئادەم، چارۋىلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي مەبلەغ 152 مىليون 330 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 72 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىلەر يۈرۈشلەشتۈرگىنى 43 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئامما ئۆزى جۇغلىغىنى 36 مىليون 870 مىڭ يۈەن، 124 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 92 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 12 سۇ مۇنارىسى ياسالدى، 70 ئېگىزلىك سۇ كۆلچىكى قېزىلدى، 78 دانە چاستوتا ئۆزگەرتىش ئاپپاراتى ئورنىتىلدى، 19 چوڭقۇر باسما قۇدۇق سۇ پومپىسى قۇراشتۇرۇلدى، 3797 كىلومېتىر تۇرۇبا ئۇلاشتۇرۇلدى.

لى فۇشېڭ

## كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ـ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

**كەلكۈن ۋە ئاپەت ئەھۋالى** 2001 ـ يىلى ئالتاي، چۆچەك ـ دۆربىلجىن لويمانلىقى ھەمدە ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئېغىر قار ئاپىتى يۈز بەردى. ئەتىياز پەسلىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسىدا ئوتتۇرا، كىچىك دەرىجىدىكى قار ئېرىش كەلكۈنى كۆرۈلدى. كەلكۈن مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كۆرۈلدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىل، چاقماق، ئۆگەن دەريالىرىدا تارىختا 1 ـ 4 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان كەلكۈن كۆرۈلدى، بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاغ كەلكۈنى يۈز بەردى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توشقان دەرياسى ۋە ئاتۇش شەھىرىدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇنتاڭخۇ ئېقىنى ۋادىسىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئارىلاشما تىپلىق كەلكۈن يۈز بەردى، توشقان دەرياسىنىڭ توسمىسىنى يار ئېلىپ كىتىپ، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا بىر مەزگىل قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىغا كەلكۈن سۈيى كىردى. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسى ياۋا يېزىسىدىكى 2 ـ سۇ ئامبىرى چوڭ توسما ئىچىدىن سۇ سىرغىش تۈپەيلىدىن تۇيۇقسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئەمما ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭدا كەلكۈن ئاپىتى ئاساسەن قىسمەن رايونلاردا كۆرۈلدى، بىر يىلدا 283 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 348 مىليون يۈەنگە يەتتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشى بىر قەدەر ئېغىر بولدى.

**قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى** 2001 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا يىغىندى قار ئازراق توپلاندى، ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى غەيرىي نورمال ھالدا يۇقىرىراق بولدى، تۈزلەڭ رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل ـ يېغىن ياغمىدى، ئاساسلىق دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۇ مىقدارى ۋە سۇ ئامبارلىرىدا ساقلانغان سۇ 2000 ـ يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى، بىر قىسىم كىچىك دەريا ـ ئۆستەڭلەردە ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالدى، كۆزدە تولۇق ياتقۇزۇلغان يەرلەردە تۇپراق نەملىكى يوقاش ئەھۋالى ئېغىر بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بورتالا ئوبلاستىدا ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. ياز كىرگەندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رايونلاردا، شەرقىي شىنجاڭدا ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئالدىنقى 2000 ـ يىلدىكىدىن 3 ئۈلۈشتىن 8 ئۈلۈشكىچە ئاز بولدى، دەريالارغا كەلگەن سۇ %30 ـ %60 ئاز بولدى. شىنجاڭ بويىچە قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كېڭەيدى. بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قىيىنچىلىقى كۆرۈلدى، بەزى شەھەرلەر تۇرمۇشقا ۋە كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قىس بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان رايونلار كېڭەيدى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئاز كۆرۈلىدىغان باسقۇچ خاراكتېرلىك قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى، بىر يىلدا ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 473 مىڭ گېكتارغا، زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق 294 مىڭ تونناغا، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ زىيانغا ئۇچراش قىممىتى 687 مىليون يۈەنگە يەتتى. قەشقەر، تۇرپان، ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بىر قەدەر ئېغىر بولدى.

**كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش** جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇرغاقچىلىق رايونلىرىدا ئاق يەرلەرنى سۇغىرىشنى كۆپەيتىش، ھەر مۇ يەرنىڭ سۇغىرىش نورمىسىنى تۆۋەنلىتىش، سۇغىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش تەڭشەپ تەقسىم قىلىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش دورىلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ئۈنۈملۈك يېنىكلىتىلدى. بىر يىلدا قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ سۇغىرىلغان كۆلەم 385 مىڭ گېكتار، قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئاشلىق 430 مىڭ توننا، قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 320 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ياسالغان قىرغاق توسمىسى 5309 كىلومېتىر، ئۆلچەمگە يەتكەن قىرغاق توسمىسى 1377 كىلومېتىر، شۇ يىلى ئۆلچەمگە يەتكەن قىرغاق توسمىسى 155 كىلومېتىر، قوغداپ قېلىنغان تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 168 مىڭ 600 گېكتار، قوغداپ قېلىنغان ئاھالە 8 مىليون 781 مىڭ 100.

ئاۋ جىگاڭ

## يەرلىك سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى

2001 ـ يىل 3 ـ ئايدا سۇچىلىق نازارىتىنىڭ يەرلىك ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئېلېكتر ۋە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدارىسى»غا ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىنى ۋە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ناھىيىلىرى

قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل قىلىندى. 11 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 400 يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ناھىيىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، شىنجاڭدىكى يۈرچەن قاتارلىق 20 ناھىيە (شەھەر) ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك توك ئىشلىرىدا يېڭىدىن كۆپەيگەن گېنېراتور سىغىمچانلىقى 596 مىڭ كىلوۋات (يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ ئېلېكتر گېنېراتور سىغىمچانلىقى 59 مىڭ كىلوۋات)، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 913 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر گېنېراتور سىغىمچانلىقى 569 مىڭ 500 كىلوۋات)، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 265 مىليون 700 كىلوۋات سائەت (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى 169 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت). سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۇلۇغئاتا ئوتتۇرا تېپلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (گېنېراتور سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋات) نىڭ 4 گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جىلىنتەي 1 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، 4 × 115 مىڭ كىلوۋاتلىق، ئارىلاشما ئېقىنلىق سۇ چاقپەلەكلىك گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 2 مىليارد 281 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى جىلىنتەي سۇ ئېلېكتر تەرەققىيات شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدۇ، 157 مېتىر ئېگىزلىكتە توسما ياسىلىپ، قاش دەرياسىنىڭ ئېقىنى توسىلىدۇ، ئومۇمىي ئامبار سىغىمچانلىقى 2 مىليارد 350 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 2001 ـ يىلى «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تۈزلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇ يەن

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرلىرى

دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى «تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سۇغىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى» تۈرى 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندا «تارىم دەرياسى ۋادىسى سۇ ئىشلىرى كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى» قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا سۇ ئىشلىرى نازارىتىدە تەسىس قىلىنىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستنىڭ تېجەشلىك سۇغىرىش رايونى سىناق نۇقتىسى باسقۇچىدىن كېڭەيتىش باسقۇچىغا قاراپ چوڭقۇرلاشتى، «سۇنى سالا ئېتىزلارغىچە تەمىنلەش، ئائىلىلەر بويىچە ھېسابات قىلىش، كۇب مېتىر بويىچە ھەق ئېلىش» تىن ئىبارەت سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئەندىزىسى تۈر رايونىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەممىسىگە كېڭەيتىلدى. 2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا، سىناق نۇقتىسى رايونىدىكى سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ سۇ ھەققى تەھلىل دوكلاتى تاماملاندى.

ئوتتۇرا مەزگىللىك تۈرلەر تەكشۈرۈش ھەمدە 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئوتتۇرا مەزگىللىك تەكشۈرۈش دوكلاتى دۇنيا بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا سۇ تېجەپ سۇغىرىشنى يولغا قويۇش تۈرى 2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى تۈر قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىدى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى قەرز پۇلى تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتىنى ۋە دەسلەپكى پروگراممىسىنى يېزىپ چىقتى، تۈر باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى.

ياڭ جىڭلى

## سۇ مەمۇرىيىتى قانۇن ئىجراسى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى سۇچىلىق نازارىتىدە «ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىيىتى تەپتىش باش ئەترىتى» قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن. يېڭىدىن 18 ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك سۇ مەمۇرىيىتى تەپتىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. سۇچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئېقىن ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇ مەمۇرىيىتى تەپتىش شۆبە ئەترىتىدىن بىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قېلىپلاشتۇرۇپ قۇرۇش ئارقىلىق ئۆلچەمگە يېتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان سۇ مەمۇرىيىتى تەپتىش تارماق ئەترىتى 18.

باشىن

## شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش

شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى داۋانچىڭ شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش 1 ـ مەيدانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى — زايوم مەخسۇس مەبلەغ تۈرى ئىقتىساد ـ سودا مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ تۈر تۇرغۇزۇشقا ئېرىشتى ۋە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتى تەستىقلاندى. بۇ تۈردە شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش مەيدانىدىكى ئەسلىدە بار ئۈسكۈنىلەر ئاساسىدا تېخنىكا يېڭىلاش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ، سىغىمچانلىقى 22.8 مېگاۋات

كۆپەيدى، يىللىق تورغا كىرگۈزۈلگەن توك مىقدارى 58 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت كۆپەيدى.

شىنجاڭ شىمال ئېنېرگىيىسى شىركىتى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان FDWK چوڭ تىپتىكى مۇقىم چاقپەلەكلىك تېزلىك يوقىلىش تىپىدىكى شامال گېنېراتورىنىڭ كونترول سىستېمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتتى.

شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چوڭ تىپتىكى شامال كۈچى گېنېراتورى گۈرۈپپىسى تەتقىقاتى ۋە كەسپىلەشتۈرۈش (دۆلەتنىڭ 863 پىلان تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق 3 پەن تەتقىقات تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى.

2001 - يىلى شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى، شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شامال ئېنېرگىيىسى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان «دۆلىتىمىزدە 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى قاتارلىق 4 مىنىستىرلىك، كومىتېت تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا باھالاندى. داۋانچىڭ شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش 1- مەيدانىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 12 مىڭ 100 كىلوۋات، ئۈنىڭغا ش ئۇ ئا ر توك ئىشلىرى ئىدارىسى داۋانچىڭ شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش 2 - مەيدانىدىكى 75 مىڭ كىلوۋاتنى قوشقاندا، بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 87 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

جاڭ شۈجۈن

## ليۇ جياڭ، چېن لېي ۋە خې ۋېنخېڭلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جياڭ، سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چېن لېي ۋە سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ باش ئىنژېنېرى خې ۋېنخېڭلار ئارقا - ئارقىدىن تارىم دەرياسىغا كېلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا سۇ يەتكۈزۈش خىزمىتى ۋە تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىلدە ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## زەي خاۋخۇي شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى زەي خاۋخۇي قاتارلىق 9 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە كورلا شەھىرىدە سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 33 مىليارد 776 مىليون يۈەن (بىڭتۇەننىڭ يۈنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %97 . 9 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24 . 8 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %44 . 5نى، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قوشۇلما قىممىتىنىڭ %95 . 21نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 497 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61 . 4 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭكىنىڭ %77 . 7نى ئىگىلىدى؛ 1 مىليارد 89 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلۇپ، %38 . 8 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ئۆلچەملىك مالىيە كىرىمىنىڭ %62 . 6نى ئىگىلىدى؛ ساپ پايدىسى 2 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26 . 10 ئاشتى. كەسپكار 824 مىڭ 500 گە يېتىپ، 18 مىڭ 100 كىشى كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %24نى ئىگىلىدى؛ دېھقانلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېرىشكەن ئوتتۇرىچە ماياش كىرىمى 402 يۈەنگە يېتىپ، 20 يۈەن ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %4 . 23نى ئىگىلىدى.

جاڭ جيەنسو

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ،

ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ساھەسىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقتا مەبلەغ سېلىش چولپان تۈرلىرىنى روشەن كۆپەيتتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىنى ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىنى چۆرىدەپ، 3 - كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت بازىرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي جەمئىيەت قاتارلىق ۋاستىچى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، سىچۈەن «دېھقانلار شاتلىقى» ۋەكىللىكىدىكى ئالاھىدە ساياھەتچىلىك كەسپى كۆندىن - كۈنگە گۈللىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئەۋزەللىكتە ئىگە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسدا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال ماسلىشىپ، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇپ، «15 كىچىك» كارخانىلارنى ئىنقىلاپ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسىپنىڭ بىرىكىشى ۋە ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.02% نى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 497 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 43.32% نى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 492 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 55.66% نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.09 پىرسەنت پونكىتى، 2 - كەسىپنىڭ 10.99 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ 11.08 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا، ئاشلىق، شېكەر ماتېرىيالى، چارۋىچىلىق، مېۋە - كۆكتات بازىسىدىن ئىبارەت 5 بازا قۇرۇلۇشى ۋە ئالاھىدە، ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەسىر دائىرىسى كەڭ، يېتەكچىلىك كۈچى كۈچلۈك بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار يېتىشتۈرۈلۈپ ۋە يۆلىنىپ، تىجارەت كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى 79 غا يەتكۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، زاكاز يېزا ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كارخانىلار بىلەن دېھقانلار قوش مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جاڭ جيەنسو

## كارخانا ئىسلاھاتى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىن 3471 نىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئومۇمىي كارخانىنىڭ 84% نى ئىگىلەيدۇ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتى، ئىگىدارلىق ئاساسىي گەۋدىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، تۈرغۇن كارخانىلار مەبلەغنى قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق، تۆۋەن تەننەرخ بىلەن كېڭىيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

جاڭ جيەنسو

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئەنئەنىۋى قوپال ۋە تەجرىبىچىلىك شەكلىدىكى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تاشلاپ، ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە باشقۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. جايلار ئۆلچەملەشكەن خىزمەت ئىشلەشنى يېتەكچى قىلىپ، ISO9000 ئۆلچەملىك سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىق بېرىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئومۇمييۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش يولىغا يېتەكلىدى. 25 كارخانا GB/T19000－ISO9000 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ دەلىللىشىدىن ئۆتتى، 45 كارخانا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇمييۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. ISO14000 مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىنى دەلىللەش خىزمىتى باشلاندى. شىنجاڭ «جىرۇيشياڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «توختامغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىناۋەتنى ساقلىغان» مۇنەۋۋەر كارخانا نامىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ يىكەنكۆل نېفىت باشقۇرۇش سەپلىمىلىرى ياساش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جيۇجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، كورلا «داخۇا» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «توختامغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىناۋەتنى ساقلىغان» كارخانا دەپ نام بېرىلدى.

جاڭ جيەنسو

## تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى 176 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىنى تاماملاپ، 740 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 138% ئاشتى، بىر تۈركۈم كەسپىي باغلىنىشى يۇقىرى، مۇھىت ئاسراش ئىقتىدارى كۈچلۈك، بازار ئىستىقبالى ياخشى نۇقتىلىق تۈرلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 641 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 396،

كېڭەيتىپ قۇرۇلغىنى 118، تېخنىكا ئۆزگەرتىلگىنى 91، داۋاملاشتۇرۇلغىنى 36. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىپ، نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %96.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل 299 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %75.9؛ ئۆزى تەييارلىغىنى 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %80؛ كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %138 ئاشتى. شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تۈر قۇرۇلۇشىدا، ئىقتىساد نىسپىي تەرەققىي قىلغان رايونلارغا مەبلەغ كۆپ سېلىنىپ، يۇقىرى نۇقتىدىن قۇرۇلۇش باشلىنىپ، مەھسۇلات جەھەتتە تېز ئۈنۈم كۆرۈلدى، يەككە، خۇسۇسىي تىجارەت خوجايىنلىرى سالغان مەبلەغنىڭ ئىگىلىگەن ئۈلۈشى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ئائىلىدە باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئائىلىدە ساياھەتچىلىك كەسپى ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپلىرىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقى بارغانسېرى زورايدى.

جاڭ جيەنسو

## كىچىك رايونلار قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 18 يېزا - بازار كارخانىسى كىچىك رايونلىرىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 1.144 كۋادرات كىلومېتىرغا، رايون ئىچىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 272 مىڭ 700گە يەتتى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 233 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 13 مىڭ 200 كارخانا قۇرۇلۇپ، 3 مىليارد 80 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك شەكىللەندى. بىر يىلدا 1 مىليارد 22 مىليون يۈەن قوشۇلما قىممەت يارىتىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %22.29نى ئىگىلىدى. كىچىك رايون ئىچىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3919.7 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

جاڭ جيەنسو

## تاشقى ئىقتىساد - سودا ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 11گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 كارخانا ئېكسپورتتىن پېرىۋوت ياراتتى، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %34.33 ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %3.24نى ئىگىلىدى. پاختا توقۇمىچىلىق، كانچىلىق، يېمەكلىك ۋە يېنىك سانائەت تايانچ قىلىنغان كەسىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، پاختا يىپ، ئېغىدىرىن، ۋېرمىكۇتىت، مۈج قىيامى، شوخلا قىيامى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان ئېكسپورت مەھسۇلاتى شەكىللىنىپ، ئامېرىكا، قازاقىستان، روسىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنىپ، كارخانا ئۆزى تىجارەت قىلىپ، ئېكسپورت قىلىش ئاساسلىق شەكىل قىلىنغان ئېكسپورت ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرى 6 مىليون 257 مىڭ 800 دوللار چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى، ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانا 5كە يەتتى، بۇ كارخانىلار 23 مىليون 950 مىڭ يۈەن قوشۇلما قىممەت ياراتتى.

جاڭ جيەنسو

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 79 قېتىم ھەرخىل زەخىملىنىش ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %40.6؛ 127 ئادەم زەخىملىنىپ ۋە ئۆلۈپ، %27.01 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كۆمۈر كانلىرىدا ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى 73 قېتىم يۈز بېرىپ، %37.61، 116 ئادەم ئۆلۈپ، %24.68 تۆۋەنلىدى؛ باشقا ساھەلەردە 6 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى، 2 ئادەم زەخىملەندى. يېزا - بازار كۆمۈر كانلىرىدا بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى 7 قېتىم يۈز بېرىپ، %53.85 تۆۋەنلىدى؛ 41 ئادەم ئۆلۈپ، %2.5 ئۆرلىدى.

جاڭ جيەنسو

## قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، سېلىقنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلدى، شۇ يىلى 184 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 14 مىليون 370 مىڭ يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلدى. «ئۈچ قالايمىقان» قاتارلىق قائىدىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھەق ئېلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن قائىدىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھەق ئالغان 130 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، سوممىسى 23 مىليون 578 مىڭ يۈەن. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، سېلىقنى يېنىكلىتىش ئىشخانىسى، ئىستېمال تۈزىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارغا پائال ماسلىشىلىپ،

كارخانىلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر مەخسۇس تۈزىتىلىپ، ھەق ئالغۇچى ۋە جەرىمانە ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار ھەم بىر قىسىم كەسپىي تارماقلارنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش نەتىجىلىرى ئۈنۈملۈك مۇستەھكەملەندى.

جاڭ جيەنشو

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2001 - يىلى سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 60 مىڭ 710 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سىستېمىنىڭ 74 مىڭ 98 توننىغا يېتىپ، %2.2، بىڭتۇەننىڭ 31 مىڭ 612 توننىغا يېتىپ، %5.9 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئىچىدە بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 50 مىڭ 709 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.7 ئېشىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %83.5 ىنى ئىگىلىدى؛ تەبىئىي كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 10 مىڭ بىر توننىغا يېتىپ، %10.2 ئېشىپ، %16.5 نى ئىگىلىدى.

بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئىچىدە بېلىق كۆلچەكلىرىدە بېقىلغىنى 38 مىڭ 286 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.6 ئاشتى، كۆللەردە بېقىلغىنى 401 تونna بولۇپ، %37.2، سۇ ئامبىرىدا بېقىلغىنى 7423 توننا بولۇپ، %17.1 ئازايدى، كۆلچەكلەردە بېقىلغىنى 3880 توننىغا يېتىپ، %59.1 ئاشتى، باشقا ئۇسۇلدا بېقىلغىنى (ئاساسلىقى زاۋۇتلاشتۇرۇپ ۋە تور - ساندۇقلاردا بېقىلغىنى) 710 توننا بولۇپ، %18.1 ئازايدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىق باقمىچىلىقى كۆلىمى 64 مىڭ 63 گېكتار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.3 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچىكى 11 مىڭ 346 گېكتارغا يېتىپ، %9.3 ئاشتى، كۆل 4681 گېكتار بولۇپ، %3.5، سۇ ئامبىرى 37 مىڭ 931 گېكتار بولۇپ، %13.3، كۆلچەك 9651 گېكتار بولۇپ، %7.3، باشقىلار 454 گېكتار بولۇپ، %3.2 ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي بېلىق باقمىچىلىقى كۆلىمى ئىچىدە، يەرلىك سىستېمىنىڭ 41 مىڭ 572 گېكتارغا يېتىپ، %0.2 ئاشتى، بىڭتۇەننىڭ 22 مىڭ 491 گېكتار بولۇپ، %20.7 ئازايدى.

2001 - يىلى ھەر گېكتار باقمىچىلىق سۇ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 786 كىلوگرام بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 80 كىلوگرام ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئىچىدە، دۆلەت ئىلكىدىكى بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 25 مىڭ 756 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %42.4 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 19 مىڭ 671 توننا بولۇپ، 986 توننا ئازايدى، تەبىئىي كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 6085 توننىغا يېتىپ، 1036 توننا ئاشتى. ئاممىۋى بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 34 مىڭ 954 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %57.6 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 31 مىڭ 38 توننىغا يېتىپ، 1819 توننا ئاشتى، تەبىئىي كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 3916 توننا بولۇپ، 109 توننا ئازايدى.

دۆلەت ئىلكىدىكى باقمىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بېلىق باقمىچىلىقى كۆلىمى 44 مىڭ 844 گېكتار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8235 گېكتار ئازايدى. ئاممىۋى بېلىقچىلىق كۆلىمى 19 مىڭ 219 گېكتارغا يېتىپ، 2443 گېكتار ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىرى 3119 بولۇپ (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 2000 - يىلدىكىدىن 39 ئائىلە ئازايدى؛ بېلىقچىلىق نوپۇسى 14 مىڭ 985 بولۇپ، 3192 سى ئازايدى؛ بېلىقچىلىق ئەمگەك كۈچى 10 مىڭ 523 كە يېتىپ، 1226 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 7342 گە يېتىپ، 2874 كىشى، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 3181 گە يېتىپ، 118 كىشى كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى 170 (بىڭتۇەننىڭ 95)، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغان كارخانا 157، پايدا سوممىسى 24 مىليون 407 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 12 مىليون 564 مىڭ 600 يۈەن ئاشتى، زىيان تارتقان كارخانا 13، زىيان سوممىسى 1 مىليون 207 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 377 مىڭ 700 يۈەن ئاشتى، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2775.

2001 - يىلى 532 مىليون دانە بېلىق بالىسى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 36 مىليون دانە كۆپەيدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 542 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) بولۇپ، 22 مىليون 652 مىڭ 900 يۈەن ئاشتى، ھازىرقى باھا بويىچە 393 مىليون 861 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 59 مىليون 928 مىڭ 700 يۈەن

ئاشتى.

داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى تۈرلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 8453 توننا ( ئاساسلىقى جاۋگۇڭ بېلىقى، لوقبې بېلىقى، رەڭدار سالمو بېلىقى، قارالىش بېلىقى، راك، قىسقۇچ پاقا ۋە ئەتىۋارلىق يەرلىك بېلىق تۈرلىرى قاتارلىقلار ) بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 13.9% نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىقدارى 3.4 كىلوگرام (18 مىليون نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا) .

يەرلىك سىستېمىدا سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 3500 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6: سانجى ئوبلاستىنىڭ 12 مىڭ 520 توننا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 8745 توننا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 5646 توننا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4364 توننا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 4269 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 3783 توننا. مەھسۇلات مىقدارى 1000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە، شەھەرلەر: سانجى شەھىرىنىڭ 7150 توننا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 4402 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 4190 توننا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 3616 توننا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 2350 توننا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 2236 توننا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 2045 توننا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 1670 توننا، مىچۈەن شەھىرىنىڭ 1510 توننا، باي ناھىيىسىنىڭ 1284 توننا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1269 توننا.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1. بېلىق كۆلچەكلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل ئەمەس، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى يېتەرلىك ئەمەس، بېلىق كۆلچەكلىرىنىڭ كونىراپ كېتىشى ئېغىر، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش كۆرۈلدى، بېلىق كۆلچەكلىرىنى ئۆزگەرتىش نۆۋەتتە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى جىددىي ۋەزىپە.

2. بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى بەزى پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرلىرىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋەتتى.

3. بېلىقچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، باشلامچى كارخانىلار كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تىجارەت ئايرىلىپ قالغان، بىر قەدەر كۈچلۈك كەسىپ زەنجىرى بولۇپ شەكىللەنمىگەن، بۇلار بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرماقتا.

4. بېلىقچىلارنى، يەملەرنى باشقۇرۇش قېلىپلاشمىغان، نەتىجىدە بېلىق كېسەللىكلىرى يىلمۇ يىل كېڭىيىپ يامراپ، ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

5. كەسپىي خىراجەت كەمچىل بولغاچقا، كەسپىي خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق قانات يادۇرغىلى بولماي‌لا قالماستىن، بەلكى يەنە كەسىپ باشقۇرۇش قوشۇنىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا.

يالڭ شياۋلېي

## بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ كۆل (باغراش كۆلى ۋە ئۇلۇڭگۇر كۆلى) رايونىدا بېلىقچىلىقنى قانۇن بويىچە گۈللەندۈرۈش ۋە ئىدارە قىلىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى، بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش رايونى ۋە بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش قەرەلى تۈزۈمى قەتئىي ئىجرا قىلىندى، تور تۆشۈكى ئۆلچىمى قاتتىق تىزگىنلەندى، بېلىق تۇتۇش ئىجازەتنامىسى تارقىتىش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. بۇ ئارقىلىق 2 كۆل رايونىنىڭ بېلىقچىلىق بايلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلدى. بېلىقچىلىق تارماقلىرى بېلىقچىلىق ماجىرالىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە بىر يىلدا بېلىقچىلىق دېلوسىدىن 66 سى تەكشۈرۈلدى، 1020 بېلىق تۇتۇش تورى، 3 قوش گەۋدىلىك كېمە، 31 ھەر خىل ئاپتوموبىل مۇسادىرە قىلىندى، يۇقىرىغا 33 مىڭ يۈەن مۇسادىرە قىلىنغان پۇل تاپشۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 38 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 33 ى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 260 كىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3052 دانە تور سايمىنى مۇسادىرە قىلىندى، مۇسادىرە قىلىنغان ئەمەلىي نەرسىلەرنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 52 مىڭ يۈەن بولدى.

يالڭ شياۋلېي

## پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش

سانجى ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق بېلىقچىلىق رايونلىرى، بۇ جايلاردا كۆلچەكتە بېلىق بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بازاردىكى تەمىنلەش، ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭلىشىشىغا ئەگىشىپ، بېلىقچىلىق ئۇل مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ كېتىشى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇشى كۆلچەك بېلىق باقمىچىلىقىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى

چەكلىمىگە ئۇچراتتى. ھەر دەرىجىلىك بىلىقچىلىق خىزمەتچىلىرى تۆۋەن سەرپىيات، يۇقىرى ئۈنۈمدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ ئىلغار ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار بويىچە تەربىيىلەش، كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەنتەرخنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى ليۇشىخۇ بېلىقچىلىق مەيدانى ئەمەلىي ئىزدىنىش ئارقىلىق يەمنى سۇ تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ بېرىش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، يەمنى تېجەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بېلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەتتى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سىبىيدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 2001 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى 3 قارار كۇرس ئېچىپ، 300 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. سانجى ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق جايلار يولغا قويغان « 400 گېكتار كۆلچەكتە 20:80 بېلىق بېقىش ئەندىزىسى يۇقىرى ھوسۇللۇق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىنىقى تۈرى» ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «3133» بېلىقچىلىق قۇرۇلۇشى شۇ جايلارنىڭ بېلىقچىلىق مەھسۇلاتىنى، كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ، كۆلچەكتە بېلىق بېقىشتىكى بىرلىك مەھسۇلاتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تارمىقى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە بۇ 2 خىل باقمىچىلىق ئەندىزىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. جايلاردىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىدىكى پەن - تېخنىكا تارماقلىرى بېلىق باققۇچى ئائىلىلەرگە ھەر تەرەپلىمە تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلدى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ، باقمىچىلىق تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، باقمىچىلىق مەۋسۇمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ياڭ شياۋلېي

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتى قۇرۇلمىسىدا كارپ بېلىقى، لاققا بېلىق، خاپان باش بېلىق مەھسۇلاتى %66نى ئىگىلەپ، باھاسى داۋاملىق تۆۋەنرەك بولدى، تاپان بېلىق، قارالېش بېلىقى، رەڭدار سالمو بېلىقى قاتارلىق سۈپەتلىك بېلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇڭا جايلار ئۆز جايىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بازىرى بار داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك، ئەلا بېلىق تۈرلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇردى، ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇ تاشپاقىسى، قىسقۇچ پاقا، سازلىق راكى، قارالېش بېلىق، ئېرتىش تاپان بېلىقى قاتارلىق بېلىق تۈرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۆز جايىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇستەھكەم ئاساس سالدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە دەريا قىسقۇچپاقىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكى 0.45 توننىدىن 36 تونىنغا يەتتى، بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 140 — 160 يۈەن بولدى. ئىلى ئوبلاستى كىرگۈزگەن چولڭ ئېغىزلىق سوم بېلىقى، كۆمۈشرەڭ تاپان بېلىق، قارالېش بېلىق قاتارلىق بېلىق تۈرلىرى بىر قانچە يىللىق بېقىش ئارقىلىق نۆۋەتتە كۆلەم بولۇپ شەكىللەندى. «ۋۋچاڭ بېلىقىنى ئاساسەن دانىچە يەم بىلەن بېقىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش سىنىقى» ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتتى، ۋۋچاڭ بېلىقىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 700 كىلوگرام (ھەر گېكتارنىڭ مەھسۇلاتى 1.05 تونىنا) . مو بېشى پايدىسى 12 مىڭ يۈەن (ھەر گېكتارنىڭ 180 مىڭ يۈەن) بولدى. ئالتاي شەھەرلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا نازارىتىدە تۈر تۇرغۇزۇپ، بۇ ۋىلايەتتە بار بولغان چوڭ قىزىل بېلىق، دىڭخۇي بېلىقى، ئوكۇن بېلىقى، ئاق داغلىق ئىت بېلىقى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈرى قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇلار 3 يىل ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى ۋە بېلىق تۈرلىرىنى توپلاش، كۆپەيتىش خىزمىتىنى تاماملاشنى پىلانلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى قارا بېلىق، ئوكۇن بېلىقى، روسىيە ئاتىپېرسىر بېلىقى قاتارلىق 11 بېلىق تۈرىنى كىرگۈزدى. خۇگيەنچى سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئوكۇن بېلىقىنى سىناپ بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئاچتى.

ياڭ شياۋلېي

## بورتالا ئوبلاستى بېلىقچىلىق بايلىق مەنبەلىرىنى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇردى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تېما گۇرۇپپىسى مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم كۆلدە ئاتلىق، ئانىلىق بېلىقلارنى بىۋاسىتە تۇتۇپ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار 8 مىليون دانىدىن ئارتۇق ئۇرۇقلاندۇرۇلغان تۇخۇم يېتىشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق 1 مىليوندىن ئارتۇق بېلىقچانى كۆپەيتتى ھەمدە ئۇلارنى سايرام كۆلىگە قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سايرام

كۆلىدىكى سوفۇق سۇ بېلىقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى ئاپىلىنىش بارلىققا كەلدى. 2001 - يىلى سايرام كۆلىدىكى تۇتۇلغان ئاۋار قىزىل بېلىق 5 توننا، ھەر بىر دانىسى 1.5 — 2 كىلوگرام بولۇپ، ھەر كىلوگرامى 30 يۈەندىن سېتىلدى.

بورتالا ئوبلاستى ئېبىنۇر كۆلىدە بېلىق تۇتۇش خىزمىتىدە بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش قەرەلى تۈزۈمى، بېلىق تۇتۇش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى، كۆلگە كىرگەن كېمىلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممىتىنى ئاشۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملىق قەتئىي ئىجرا قىلدى، ئوبلاستلىق بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش پونكىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ ھالدا بېلىق تۇتۇش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى، ئېبىنۇر كۆلىدە بېلىق تۇتۇش، بايلىق مەنبەسى ھەققى ئېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى. 2001 - يىلى 5.314 توننا ھەر خىل بېلىق تۇتۇلۇپ، 25 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى، پايدا - باج 5 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ياڭ شياۋلېي

## باغراش ناھىيىسى بېلىقچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى

2001 - يىلى باغراش ناھىيىسى كۆل - كۆلچەكلەردىكى بېلىقلارنى ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇردى، پىششىقلاپ توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرى 850 تونناغا، كاۋاپ قىلىنغان سۇ مەھسۇلاتلىرى 153 تونناغا، كونسېرۋا سۇ مەھسۇلاتلىرى 57 تونناغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 140 توننا كاۋاپ قىلىنغان سۇ مەھسۇلاتى، 150 توننا توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتى ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىندى. راك تۈرىدىكى بايلىق مەنبەلىرى باغراش ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىق مەنبەلىرى ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ تەبىئىي، يېشىل مەھسۇلات بولغاچقا، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى بازارلاردا ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنداق ياخشى بازار پۇرسىتى ئالدىدا باغراش ناھىيىسى راك تۈرىدىكىلەرنى ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، كاۋاپ قىلىنغان راك، توڭلىتىلغان راك، پىشۇرۇلغان راك قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى شەكىللەندۈردى، راك تۈرىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش باغراش كۆلى بېلىقچىلىقىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ياڭ شياۋلېي

# نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئاز كەم 100 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ قورسىقى توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، قورسىقى توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولمىغان تىزىملىكتىكى نامرات ئائىلە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 440 مىڭدىن 340 مىڭغا چۈشتى (شۇ يىلى قايتا نامراتلاشقان ئائىلە بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) 65 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ قورسىقى توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، قايتا نامراتلىشىش نىسبىتى %5 ئىچىدە تىزگىنلەندى.

نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا ياخشى راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، نامرات رايونلار يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى سالماق ئاشتى، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى تېخىمۇ سەرخىللاشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) نىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2000 - يىلدىكىدىن 2.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.1 پىرسەنت پوئىنتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.4 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. ئېلىنغان ئاشلىق %3.8 ئازايغان، پاختا %11.3 ئاشقان، ياغلىق دان %29.9 ئازايغان. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا %5.6 ئاشقان. 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دىن شۇ يىلى سىرتقا چىققان ئەمگەك كۈچى 41 مىڭ 291، ئەمگەك كىرىمى 84 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرىچە كىرىم 2049 يۈەن بولۇپ، %86.7 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 56 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى، سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق كىرىم قىلىش تەدرىجىي ھالدا نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يولغا ئايلاندى.

نامرات رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنى

كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ۋە مەبلەغ قۇرۇبىتى ئاشۇرۇلۇپ، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ھەل قىلىنغاچقا، نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئاشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1200 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.5 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 25 ناھىيە (شەھەر) دە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1108 يۈەن بولۇپ، %5.8 ئاشقان. 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە 18 ناھىيە (شەھەر) دىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجىمى ئاپتونوم رايوننىڭ %7.5لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. نامرات ئائىلىلەر مەركەزلەشكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1015 يۈەن بولۇپ، 77 يۈەن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 70 يۈەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 106 يۈەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 31 يۈەن ئاشقان. نامرات رايونلاردا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 170 مىڭ دېھقان، چارۋىچى تۆۋەن كىرىملىك نامرات ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇستەھكەملەندى.

نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، نامرات رايونلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېكولوگىيە مۇھىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2001 - يىلى 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دە شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسىي ئېتىز كۆلىمى 7300 گېكتارغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن قاشالانغان ئوتلاق 14مىڭ 500 گېكتارغا، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئورمان، مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 28 مىڭ 300 گېكتارغا، يېڭىدىن سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان غول، تارماق، ئوق كۆك ئېرىق 1465.5 كىلومېتىرغا، يېڭىدىن قېزىلغان ماشىنىلاشقان قۇدۇق 257گە يەتكەن، 255 مىڭ ئادەم ۋە 803 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىنغان، يېڭىدىن كۆپەيگەن توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيىسى 4653.5 كىلومېتىرغا، يېزا، كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان تاشيول 2875.85 كىلومېتىرغا، شۇ يىلى كۆچۈرۈلگەن ئائىلە 7851گە يەتكەن، كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرگە 2783 يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بېرىلگەن، 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دىكى تاشيول ياسالمىغان كەنت 2000 - يىلدىكى 430 دىن ئازىيىپ 406 گە، توك، ھەل بولمىغان كەنت 635تىن 456گە، پوچتا ئۆتاشمىغان كەنت 187دىن 148گە، ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل بولمىغان كەنت 759دىن 640قا چۈشكەن؛ توك ئۇلانمىغان ئائىلە 160 مىڭدىن 110 مىڭغا چۈشكەن، بۇ ئارقىلىق نامرات رايونلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلانغان، تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش بويىچە نۇقتىلىق ناھىيىلەر بېكىتىلگەندىن تاشقىرى، يەنە بىرلىككە كەلگەن ھېسابلاش ئۆلچىمى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتىكى 276 نۇقتىلىق يېزا، 3606 نۇقتىلىق كەنت بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بېكىتىلگەن نۇقتىلىق يېزا 210 بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي سانىنىڭ %77نى، نۇقتىلىق كەنت 1054 بولۇپ، %84نى ئىگىلەيدۇ. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنى كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى سۈپىتىدە تۇتتى، بىر يىلدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 1 مىليارد 145 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش مەبلىغى 313 مىليون 380 مىڭ يۈەن، مالىيىدىن بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 257 مىليون يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت مەبلىغى 557 مىليون يۈەن. پەقەت ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش مەبلىغى كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشكەن تۈر 511، مەبلەغ 250 مىليون يۈەن، مالىيىدىن بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشكەن تۈر 1341، مەبلەغ 202 مىليون يۈەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار «نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش، پەن - تېخنىكىنى ئاۋانگارت قىلىش» يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل شەكىللەر قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلاردىن 563 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەربىيىلىگىنى 230. دۆلەت مالىيىسىدىن ياردەم بېرىلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا، 2 - تۈركۈمدىكى سىناق نۇقتا ناھىيىلىرى خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون يۈەن،

ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن نامراتلارنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق يۆلەش تۈرى ا. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە بېكىتىلگەن نۇقتىدا نامراتلارنى يۆلەش ئاساسىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەدىكىلەر نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش پائال سەپەرۋەر قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى نامراتلارنى يۆلەش يېڭى ساھەلىرى كېڭەيتىلدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ تىپتىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى 2 كارخانا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بېكىتىلگەن نۇقتىدا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەلگىلەنگەن نۇقتىدا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتناشقان ئورۇن 125كە يەتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەلگىلەنگەن نۇقتىدا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتناشقان 125 ئورۇن بىر يىلدا سالغان مەبلەغ 26 مىليون 250 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز مەبلەغ سېلىنمىسى 19 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئىئانە قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ قىممىتى 6 مىليون 390 مىڭ يۈەن. كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 27 مىليون 230 مىڭ يۈەن، 6 مەكتەپكە مەكتەپ ئۆيى سېلىپ بېرىلدى، 7393 نامرات ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى. جۇڭگو نېفت، تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى نۇقتا بەلگىلەپ، شىنجاڭدىكى 8 نامرات ناھىيىدە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار بىر يىلدا 24 مىليون 100 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ سالدى، 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى، 1 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ بەردى، 2357 نامرات ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

ساقلانغان مەسىلىلەر:

1. ئىدىيىۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىشكە ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى جايلاردىكى رەھبەرلەر ۋە ئارماقلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە ۋە كۆز قارىشىدا يەنىلا ئورنىتىلغان ئەندىشىلەر ۋە چەكلىمىلىكلەر ساقلانماقتا، ئۇلار پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدىكى تەپەككۇر بىلەن چەكلىنىپ قالغان، خىزمەتتە يەنىلا «8 يىلدا 7 مىليون كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»تا مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىشتىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىپ قالغان.

2. بەزى ھالقىلىق خىزمەت تەدبىرلىرى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدە بىر قاتار ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەدبىرلەر قوللىنىلغان، ئەمما بەزى جايلار ئۇنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرمەي، شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەن، چوڭ گەپلەرنى قىلغان، كونكرېت خىزمەت تەپەككۇرى ۋە چارىسىنى بەلگىلىمىگەن، نامراتلارنى يۆلەشنى كەنتلەر، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتەك تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئانچە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن؛ بەزى جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتىكى نەزەر دائىرىسى كەڭ بولمىغان، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى يىرىك يېزا ئىگىلىكى ھەمدە رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇملىقىدا تۇرۇپ ئويلاشمىغان.

3. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى جايلاردا تەكشى ئەمەس. شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ، دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ قاراتمىلىقى ئېنىق ئەمەس. بولۇپمۇ بەزى جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، ئىسلاھ قىلىش سالمىقى زور ئەمەس، خىزمەت ئۇنۇمى روشەن ئەمەس، تەكشىسىزلىكنىڭ يەنىلا كېڭىيىش يۈزلىنىشى كۆرۈلمەكتە. 2001 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 15 مىڭ نامرات ئائىلە، 65 مىڭ 600 ئاھالە نامرات ئاھالىنىڭ قوسىقى توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ ئاران 52.8%ىلا ئورۇندالغان.

4. جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلىشىدە بوشىشىش خاھىشى كۆرۈلگەن. «8 يىلدا 7 مىليون كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» مۇستەھكەم قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلىشىدە لايىھە ۋاقتىدا تەخىرلىمىگەن!' تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلمىگەن، بەزى ئورۇنلار پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرغان، نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاكتىپلىقى كۈچلۈك بولمىغان، مەيلى مەبلەغ سېلىنمىسى ياكى خىزمەت سالمىقى بولسۇن ئالدىنقى يىللاردىكىگە يەتمەيدۇ.

5. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئاپپاراتلىرى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشالمىغان. گەرچە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ئاپپاراتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ، مۇناسىۋەت راۋانلاشمىغان، ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، خىزمەت شارائىتى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا.

نيۇ لىشكاڭ

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بارلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 108 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.7 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.4 ئازايدى؛ ئېغىر سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پولات - تۆمۈر، سېمونت قاتارلىق مەبلەغ سېلىش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار زور دەرىجىدە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 11 ئاساسلىق ساھە ئىچىدىكى 9 ساھەنىڭ مەھسۇلاتى داۋاملىق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتاللۇرگىيە، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 2000 - يىلدىكى سەۋىيىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 19 مىليون 469 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %5.3 ئاشتى؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 10 مىليون 141 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %1.3 ئاشتى؛ تەبىئىي گاز 4 مىليارد 174 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، %17.9 ئاشتى؛ ھاسىل قىلىنغان توك %8 ئاشتى؛ پولات %20.2 ئاشتى؛ سېمونت %9.6 ئاشتى؛ كۆمۈر %0.7 ئاشتى؛ ساپ ئىشقار %14.2 ئاشتى؛ ئېتىلېن %4.8 ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 10 نىڭ سانائەت ئىقتىسادى ئاشتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي شەھىرى شۇنىڭدەك شىخەنزە شەھىرى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز سانائىتىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىلىش نىسبىتى %99.01 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.03 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى.

2001 - يىلى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %147.87 كە يەتتى، پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 11 مىليارد 709 مىليون يۈەنگە يەتتى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 2 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولدى، پايدا - زىيان بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى پايدا 9 مىليارد 559 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانىلار ۋە كىچىك كارخانىلارنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ساھەلەردىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 8 ى پايدا ئېلىش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى، 11 ئاساسلىق ساھەدىن 9 ى پايدا ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قېزىش ساھەسى ئەڭ كۆپ پايدا ئالغان ساھە بولدى، پولات - تۆمۈر، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى ساھەلىرى پايدىنى ئاشۇرۇش نىسبىتىنى %30 تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، كۆپ يىل ئۇدا زىيان تارتقان كۆمۈر سانائىتى ساھەسى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتۈپ، 100 مىليون يۈەنگە يېقىن پايدا ئالدى. لېكىن بازار ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، توقۇمىچىلىق ساھەسى كۆپرەك زىيان تارتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى بىر قەدەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 70 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ %40 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرى 4471 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 147 تۈر كۆپەيدى. قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 2000 - يىلدىكى 10 مىليون 399 مىڭ يۈەندىن 11 مىليون 128 مىڭ 400 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان 27 نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى ۋە 67 نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك مەبلەغ ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر

قېزىش، توك ھاسىل قىلىش، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش، ئاشيوللارنى يېڭىدىن ياساش ۋە ئۆزگەرتىپ ياساش، ھەۋەرلىشىش لوپتاك كابېلى، شەھەرلەرنى تورۋبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش شۇنىڭدەك ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى. بازاردا سېتىلىش مۇقىم ئۆرلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.5 ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 2000 ـ يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنتى تېزلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەرنىڭ %9.8، يېزىلارنىڭ %6.3 ئاشتى. سودا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستى، ئومۇمىي پايدىسى %10.4 ئاشتى، ئومۇمىي پايدا نىسبىتى %9.97كە يېتىپ، 1.31 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. 3 چوڭ ئېھتىياجدىن قارىغاندا، تاشقى سودا ئېكسپورتى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋالدا، مەبلەغ سېلىش بىلەن ئىستېمال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق قوزغاش كۈچىگە ئايلىنىپ، ئىچكى ئېھتىياج خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆدا مۇقىم ئېشىشىدا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ساقلانغان گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر: بىرىنچى، مۇشۇ يىلدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى نۇقتىدا باشلىنىپ ئاستا ـ ئاستا پەسىيىش يۈزلىنىشى شەكىللەندى، 2 ـ پەسىلدىن باشلاپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاستىلاپ كەتتى. ئىككىنچى، خېلى تۈركۈمدىكى كارخانىلارنىڭ ئوبوروت مەبلىغى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېتىشمىدى. ئۈچىنچى، بەزى چوڭقۇر قاتلامدىكى شۇنىڭدەك قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەر يەنىلا گەۋدىلىك بولدى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يەنىلا كۈچلۈك ئەمەس.

دىلى شۈچى

## دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

1. تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بىر قىسىم كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان تۈزۈم ئۆزگەرتىش قېلىپلاشماسلىق، سۈپەت يۇقىرى بولماسلىقتەك مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تۇرغۇزۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي قائىدىسى»نى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىلگىرى ـ ئاخىر 39 قارار كۇرس ئېچىپ، 2400 نەپەردىن ئارتۇق كارخانا باشقۇرۇش خادىمىنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ئاساستا، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تۇرغۇزۇش بويىچە نەق مەيدان ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، دوستلۇق گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش شۇنىڭدەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، بازار ماركېتىڭى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى 3 تۈرلۈك تۈزۈم ئىسلاھاتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتە ئۈيدان ئۈلگە كۆرسەتتى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 171 چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسى ۋە پاي كونترول كارخانىسىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش دائىرىسى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %70تىن %76كە ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانىلار ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتلەرنىڭ نىسبىتى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %49تىن %22كە تۆۋەنلىدى.

2. مېخانىزم ئۆزگەرتىلدى. ھەرقايسى كارخانىلار ئەمگەك، كادىرلار، تەقسىماتتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كارخانىلار كادىرلاردىكى باقمەندىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئومۇمىي خادىملار ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ۋە تەربىيىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئىش ئورنى مائاش تۈزۈمى ۋە كارخانا خادىملىرىنىڭ مائاشىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چېتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كادىرلار يۇقىرىدىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان، تۆۋەندىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كىرەلەيدىغان ھەم چىقالايدىغان بولۇش، ئىش كۆپەيتكىلى ھەم ئازايتقىلى بولىدىغان بولۇشتەك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشكە شارائىت ياراتتى.

3. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار داۋاملىق قويۇۋېتىلىپ، جانلاندۇرۇلدى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى بىلەن تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تۈزۈم

ئۆزگەرتىش دائىرىسى 80%تىن كۆپرەككە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جايلار ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتتى، ئىلى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بورتالا شەھىرى ۋە كۈيتۇڭ شەھىرىدە كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا كېپىل بولغۇچى ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىلدى.

دىلى شۈچى

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش

1. تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايتىلدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 10 مىليارد 857 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 40% ئاشتى.

2. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ئورۇنلاندى. ئاپتونوم رايون يولغا قويغان 67 يەرلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش نۇقتىلىق تۈرىگە 1 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك سىم ماتېرىياللىرى پروكاتلاش ماشىنىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭى تىپتىكى قۇرۇق پېتى خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش ھۈنەر - سەنئەتتى قۇرۇلۇشىدىكى يىلىغا 300 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قاتارلىق 3 تۈرى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ سىپتا ئېگىرىش- ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە شىنجاڭ «تۇنخې» شىركىتىنىڭ مېۋە شەربىتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە پەمىدۇر ياسالمىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارلىقلار مۇشۇ يىلدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ تۈرلەرنىڭ پۈتۈشى بىلەن، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچى ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

3. تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى ۋە مەبلەغ سالىدىغان مۇھىم نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، نىشانىدىكى تەلەپ بويىچە بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە رايونلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىشنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە «پىلان» بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ئامبىرىنى پەيدىن ئىلگىرىلەپ تولۇقلاپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشكە شارائىت ياراتتى.

4. تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەمدە، بىر تۈركۈم يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 7 كارخانا تېخنىكا مەركىزىنى ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 35 نۇقتىلىق كارخانا تېخنىكا مەركىزىنى ئىز قوغلاپ باھالاپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە نۇقتىلىق 7 تۈرى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 9 تىپلىق 220 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر قۇۋۋەتتى ترانسفورماتورى 2001 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان 217 تۈر يولغا قويۇلدى، 68 تۈر ISO9000 نىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشكە ۋە كېڭەيتىش يېغىنىدىن پايدىلىنىشقا يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا 34 تۈرلۈك ھەمكارلىق مۇددىئاسىنىڭ ھاسىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۈر كونكرېت يولغا قويۇش باسقۇچىغا كىردى.

دىلى شۈچى

# نېفىت سانائىتى

## ئومۇمىي بايان

### نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى نېفىتلىكلەر 19 مىليون 668 مىڭ 200 توننا نېفىت (نېفىتلىك جەملىگەن سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 4 مىليارد 125 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى 9 مىليون 683 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى؛ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 4 مىليون 726 مىڭ 300 توننا نېفىت، 957 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 2 مىليون 553 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 48 مىليون

كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى؛ غەربىي شىمال نېفىتلىك ئىدارىسى 2 مىليون 498 مىڭ 300 توننا نېفىت، 360 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى؛ جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش شىركىتى 207 مىڭ 600 توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى.

نېفىت

# شىنجاڭ نېفىتلىكى

## شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى — جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ پاي شىركىتى دەپ ئېلىنىدى) گە قاراشلىق رايون شۆبە شىركىتى. ئۇ ئەسلىدە 1950 - يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو-سوۋېت نېفىت پاي شىركىتى ئىدى، 1955 - يىلى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، كېيىن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1999 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەمدە 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مۇستەقىل تىجارەتكە كىرىشكەن. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى يېڭى قۇرۇلغاندا تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى، نېفىت، تەبىئىي گازنى توپلاپ ئاققۇزۇش، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قاتارلىق باش ھالقىدىن ئاخىرقى ھالقىغىچە بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن رايون شىركىتى ئىدى، 2000 - يىل 4 - ئايدىن 2001 - يىل 7 - ئايغىچە كەسىپلەشكەن قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق، نېفىت ئايرىش - خىمىيە سانائىتى، سىلىقلاش مېيى تەڭشەش، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قاتارلىق كەسىپلەر پاي شىركىتى قارمىقىدىكى كەسپىي شىركەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ھازىر شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئاساسەن نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش، نېفىت، گازنى توپلاپ ئاققۇزۇش، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سېتىش شۇنىڭدەك تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەتقىقات قاتارلىق ئاساسلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ قالدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 9 مىليون 683 مىڭ توننىغا يېتىپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتى بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىركەتنىڭ مۇلۇك ئومۇمىي سوممىسى 32 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ شۇ يىلى 3 مىليارد 794 مىليون يۈەن پايدا يارىتىپ، دۆلەتكە 6 مىليارد 48 مىليون يۈەن پايدا - باج تاپشۇردى.

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ يىلىن مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيا

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت، گاز ئېكۋىۋالېنتى 90 مىليون 600 مىڭ توننىغا، قېزىشقا بولىدىغان زاپاس 23 مىليون 680 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 34 مىليون 700 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 106 مىليون 890 مىڭ توننىغا يەتتى. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماچياۋ چوقچايمىسىدىكى يۇرا سىستېمىسىدا ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈش بولدى، دەسلەپكى قەدەمدە 100 مىليون توننا دەرىجىلىك كۆلەمدىكى بىر چوڭ نېفىتلىك بارلىقى كېلىپ، يېڭى تەكشۈرۈش ساھەسى ئېچىلدى. ئوتتۇرا قىسمىدىكى لۇلياڭ نېفىتلىكى، موبېي نېفىتلىكى، جەنۇبىي چېتىدىكى قائىدىق نېفىتلىكى، غەربىي شىمال چېتىدىكى شەيتانكەرش نېفىتلىكىنى باھالاش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ۋە غەربىي شىمال چېتىنى دوملىما تەكشۈرۈش قاتارلىق 5 تەكشۈرۈش تۈرىدە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. ئۈچبۇلاق چوقچايمىسى، چىپەيزى كۆتۈرۈلمىسى، لۇئەن چوقچايمىسى، شىنەن ئۆزۈلمە چوقچايمىسى، شەرقىي جۇڭغاردىكى 5 تەكشۈرۈش تۈرىدە ياخشى ئالامەت بايقالدى. مۇشۇ يىلدا يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە ئالدىن ئۆلچەنگەن نېفىت پىلانىنىڭ %118 ىگە، گاز ئېكۋىۋالېنتى %119 كە يەتتى. لۇلياڭ نېفىتلىكىدە نېفىتنىڭ جەمئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 120 مىليون توننىغا يەتتى.

جۇ ۋېيا

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 9 مىليون 683 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 483 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 1 مىليارد 760 مىليون كۇب

مېتىرغا يېتىپ، 140 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يەتتى، مەبلەغ كاپىتالنىڭ ھاسىلات نىسبىتى %8.5 بولۇپ، 0.36 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. شىركەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون 484 مىڭ توننىغا يەتتى.

2001 - يىلى يېڭى رايوندا 1 مىليون 750 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، يېڭى قۇدۇقلاردىن 1 مىليون 60 مىڭ توننا نېفىت ئېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 348 مىڭ توننا ئاشتى. 1082 نېفىت سۇ قۇدۇقى، 86 ئۆلچەش پونكىتى، بىر نېفىت ئۆتەڭ پونكىتى، بىر بىرلەشمە پونكىت، 650 كىلومېتىرلىق ھەرخىل تورۇبا، 313.8 كىلومېتىرلىق توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى، 76.4 كىلومېتىر نېفىتلىك تاشيولى قۇرۇپ چىقىلدى.

جۇ ۋېيىيا

## نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدا بازارنى يېتەكچى قىلىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى نىسبىتىنى 2000 - يىلدىكىدىن 58.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستۈردى، 15 خىل سىلىقلاش مېيى يېڭى مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى ھەمدە سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە پايدا سەۋىيىسىنى ئاشۇردى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا 1 مىليون 41 مىڭ 600 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى، 79 مىليون 940 مىڭ يۈەنلىك سىناش پايدا كۆرسەتكۈچىنى ئىشقا ئاشۇردى، بىر توننا نېفىتنىڭ نەق پۇل بويىچە پىششىقلىنىش تەننەرخى 137.4 يۈەن بولدى. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىركەتكە قاراشلىق قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى پاي شىركىتى نېفىت ئايرىش ۋە سېتىش شۆبە شىركىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

جۇ ۋېيىيا

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك خام چوت بويىچە باشقۇرۇشنى يۈرگۈزۈپ، خام چوتنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، خام چوت سىرتىدىكى چىقىمنى توسۇپ، نىشانلىق تەننەرخنى كېيىنگە ياندۇرۇپ ھېسابلاش، تەننەرخنى كونترول قىلىشنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنىڭ بارلىق جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىچكى قىسىمدىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ، نېفىت، گازنىڭ مەشغۇلات تەننەرخىنى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەتتى. مەبلەغ سېلىشنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، تور تۇرغۇزۇپ مەبلەغ تەستىقلاشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، مۇلازىمەت قوشۇنىنىڭ نەتىجىسىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 435 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 497 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە 4 مىليارد 919 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھاسىلات نىسبىتى %8.5 بولدى.

جۇ ۋېيىيا

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى «شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى تۈزۈپ چىقتى. «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «سانائەت ئېنېرگىيە ئوتى تەپسىلىي قائىدىسى»، «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» ۋە «پارقازان بېسىم قاچىسى، نېفىتلىكتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىغىم قاچىلىرىنى بىخەتەر باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا دائىر 8 ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ يىلدا بىر قېتىممۇ چوڭ تالاپەت ھادىسىسى، ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھادىسىسى، تاشيول قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ھادىسە كۆرۈلمەسلىك كۆرەش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش سالمىقى زورايتىلىپ، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى - قاراماي نېفىتلىكى «619» رايونى قويۇق نېفىت بۇلغانما سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلاپ ئۇل سېلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پۈتتى ھەمدە بىر قېتىمدىلا ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرىشتۈرۈلدى، كۈنىگە 35 مىڭ كۇب مېتىر قويۇق نېفىت بۇلغانما سۈيىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېفىتلىك

بۇلغانما سۇيىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قايتا بېرىش ۋە قويۇپ بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىتلىك بۇلغانما مەنبەسى تۈپ يىلتىزىدىن تىزگىنلەندى.

جۇ ۋېيىا

## پەن - تېخنىكا ئەھۋالى

نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئويمانلىقىنىڭ ئاساسىي تەتقىقاتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «يوشۇرۇن قورشالمىلارنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق نۇقتىلىق تەكشۈرۈش تۈرلىرىدە تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىندى. يەر تەۋرىتىپ ئىزدىلاش، نېفىت ئۇۋىسىنى تەسۋىرلەش قاتارلىق نېفىت، گاز تەكشۈرۈشنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدا تۆۋەن قارشىلىقلىق نېفىت قاتلىمىنى باھالاش، تۆۋەن دائىرىلىك تۈزۈلمىلىك قورشالمىنى پەرق ئېتىش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ھەم يارامىلىق يېڭى تېخنىكا تەتقىق قىلىندى ۋە قوللىنىلدى، بولۇپمۇ MDT قۇدۇق ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى، ئاز تۆشۈكلۈك ۋە ئۆتكۈزۈشچانلىقى تۆۋەن قاتلاملىق نېفىت، گاز قاتلىمىدا قۇدۇق ئۆلچەپ ئىزاھلاپ باھالاشنى ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى، ئۇ جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى پاي شىركىتى تەرىپىدىن ھەر قايسى نېفىتلىكلەردە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان تېخنىكا تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

نېفىتلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش 3 + 2 سىرتىدىن تىزگىنلەش بىلەن تەڭشەپ ھەيدەش، مىكرو ئورگانىزملار ئارقىلىق نېفىت قېزىش قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يارامىلىق پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نېفىت ئاشۇرۇش يېڭى تېخنىكىلىرى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مۇشۇ يىلدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق 250 مىڭ توننا نېفىت ئاشۇرۇپ ئېلىندى. كونا نېفىتلىكنى ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەش ئۈستىدىكى تەتقىقات قاتارلىق تۈرلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، كۆيۈكتاغ نېفىتلىكىگە پاي شىركىتى تەرىپىدىن سۈنئىي تىزگىنلەپ نېفىت مۇقىملاشتۇرۇشتا تىپىك نېفىتلىك دېگەن نام بېرىلدى. «619» قويۇق نېفىت ئۇۋىسىدا ئومۇمىي گەۋدە بويىچە زىچلاشتۇرۇش، پار بىلەن ھەيدەپ ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق، نېفىت مەھسۇلاتى 1995 - يىلدىكى 1 مىليون 423 مىڭ توننىدىن 2001 - يىلى 2 مىليون 69 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى، بۇ نېفىتلىك دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ كۆلەمدە پار بىلەن ھەيدەپ نېفىت ئالىدىغان تۇنجى قويۇق نېفىت نېفىتلىكىگە ئايلاندى.

ئۇچۇر قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش ئۇچۇر سىستېمىسىنى ۋەكىل قىلغان بىر تۈركۈم كومپيۇتېر قوللىنىش سىستېمىسى ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. نېفىت، گاز تەكشۈرۈش - ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ 2.0 نۇسخىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى نېفىت، گازلىقلاردا ئومۇملاشتۇرۇلدى. نېفىت، گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ 2.0 نۇسخىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيىا

## يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گازنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنى تېزلەشتۈرۈپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرلىكنىڭ خىمىيە سانائىتى، مېتاللىچىلىق، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، بىناكارلىق، قاتناش - ترانسپورت، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق قاتارلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 2001 - يىلى 2 مىليارد 385 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى. شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، قاتناش قوشۇمچە پۇلى قاتارلىق تەرەپلەردە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوللىدى، مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. مۇشۇ يىلدا ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، شىخو، جىمسار، قوبۇقسار قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە 1 مىليون 187 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلدى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا 5 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىپ، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچلۈك يار - يۆلەكتە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانجى، قۇتۇبى، شىخەنزە قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن تەبىئىي گاز تۆۋەن ئېقىمىنى ئۆزلەشتۈرۈش تۈرىدە ھەمكارلاشتى.

جۇ ۋېيىا

## شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى نېفىتلىك قۇرۇلۇشلىرىغا تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى ۋە ماشىنىسازلىق بويىچە ئىش قوشۇش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت شۇنىڭدەك خوجىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 3 قىسمىدىكى خىزمەتنى ئىشلىدى، ئاساسەن نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق

خاتىرىلەش، قۇدۇق ئۆلچەش، نېفىت سىناش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى، ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش، ماشىنىسازلىق ئىشلەپچىقىرىشى، ئاپتوموبىل ترانسپورتى، توك ھاسىل قىلىش - توك بىلەن تەمىنلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىۋېتىش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليارد 20 مىليون يۈەن (گورۇھ شىركىتىنىڭ 3 تۈرلۈك خىراجەتكە بېرىلمىگەن 686 مىليون يۈەن تولۇقلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %95.4 ئاشتى؛ كارخانىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق قوشۇلما قىممەتتىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 43 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلىدى، ئىدارە بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 23 مىڭ 98 يۈەنگە يېتىپ، %8.78 ئاشتى؛ 3 تۈرلۈك خىراجەت تولۇقلىمىسى 95 مىليون يۈەن ئازايدى، 100 مىليون يۈەنگە يېقىن چىقىم يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، گورۇھ شىركىتى چۈشۈرگەن تىجارەت نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە پايدا بىلەن زىياننى تەڭپۇڭلاشتۇردى. ئىدارە بويىچە تىجارەتتە سىنىلىدىغان 44 ئورۇندىن 42 سى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت نىشانىنى ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىسازلىق باش شىركىتى، نېفىت سىناش شىركىتى، توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ۋە كىچىك ئاپتوموبىل مۇلازىمەت شىركىتى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى. مۇشۇ يىلدا قۇدۇق بۇرغىلاش مېتىراژى 1 مىليون 496 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 1033 قۇدۇق خاتىرىلەندى، 6432 قۇدۇق (قېتىم) ئۆلچەندى، قۇدۇق ئاستى خىزمەت مىقدارى 38 مىڭ 708 ئۆلچەملىك قۇدۇق (قېتىم) غا يەتتى.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليارد 130 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 9 مىليارد 8 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 5 مىليارد 705 مىليون يۈەن بولدى. 93 بورۋاي بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلايدىغان بورۋاي 18، چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلايدىغان بورۋاي 37، ئوتتۇراھال چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلايدىغان بورۋاي 24، تېيىز قۇدۇق بۇرغىلايدىغان بورۋاي 14، يىللىق ئومۇمىي قۇدۇق بۇرغىلاش ئىقتىدارى 1 مىليون 600 مىڭ مېتىر بولدى؛ 12 يۈرۈش يەر تەۋرىتىش ئەسۋابى بار، ئومۇمىي قانال سانى 10 مىڭ قانال، 250 مىڭ پايلىق يىللىق مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان؛ 45 مىڭ يۈرۈش قۇدۇق ئۆلچەش ئەسۋابى، 155 يۈرۈش قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات ئۈسكۈنىسى، 389 يۈرۈش قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى قورال - سايمانلىرى بار؛ ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 171 مېگاۋات؛ خەۋەرلىشىدىغان پروگراممىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 50 مىڭ 430 توچكا؛ 6 سۇ ئامبىرى بار، ئامبار سىغىمى 226 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ.

نېفىت ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا 2 - دەرىجىلىك ئورۇندىن 51ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش مۇلازىمەت ئورنىدىن 12 سى، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت ئورنىدىن 8ى، پىششىقلاپ ياساش ئورنىدىن بىرى، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئورنىدىن 28ى، ئۇنىۋېرسال ئورۇندىن 2 سى بار. ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى جەمئىي ئىشچى - خىزمەتچى 59 مىڭ 846.

جۇ جىلىڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە پەن - تېخنىكىغا 34 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىنىدىغان 72 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى 3، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى 8. مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 56 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 3 تۈر (ياندىن گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاپ قېزىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، تەبىئىي گاز قاتلىمىدا قۇدۇق ئۆلچەپ پەرقلەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش تېخنىكىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 3 تۈر، ئىدارە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 50 تۈر. دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكىنى 18 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجاد قىلىش پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكىنى بىر تۈر. دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى — «ھەم بۇرغىلىغىلى ھەم ئالغىلى بولىدىغان يۈرۈشلۈك قۇدۇق ئاستى قوراللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش» بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن يۈرۈشلۈك قۇدۇق ئاستى قوراللىرى نېفىتلىكنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازاردىكى قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ قويۇش، ئايرىپ سۈمۈرۈش، بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش ۋە توسۇش قاتارلىق ساھەلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن كەسىپلەشتۈرۈلدى؛

«قاراماي شېغىللىقىدىكى نېفىت ئۈۋىسىدا ئۈنۈمۈرسال تەگشەپ توسۇشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى» دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى تەرىپىدىن 2000 - 2001. يىللىق يېڭىلىق يارىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، «كەم تەڭپۇڭلۇقتا گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى»، «نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى قېزىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى»، «ئۈچ يۆنىلىشلىك VSP يەر تەۋرىتىش تېخنىكىسى» قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى نەتىجىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىشلىتىلىپ، تېخنىكا مۇلازىمىتى كەسپىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. پەن - تېخنىكىنىڭ كەسپىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشى تېزلەشتۈرۈلدى، مۇشۇ يىلدا جەمئىي 142 تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، تېخنىكا - سودا ئالماشتۇرۇش ئومۇمىي سوممىسى 93 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جۇ جىلىڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بازار ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدە شىنجاڭ نېفىتلىكى بازىرىنى تۈپ ئاساس قىلىپ، ئىجتىمائىي بازارلارغىمۇ تەڭ ئېتىبار بەردى؛ دۆلەت سىرتىدا قازاقىستان ئاقتۆبە نېفىت - گاز پاي شىركىتىنى يادرو قىلىپ، نەزەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا بازارلىرىغا قاراتتى. شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ئەنئەنىۋى بازارنىڭ %50نى ئاچقان ئەھۋال ئاستىدا، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت سىناش، قۇدۇق خاتىرىلەش، قۇدۇق ئۆلچەش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشىدا بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى %90 ئۈپچۆرىسىدە داۋاملىق مۇقىملاشتۇردى، نېفىت سىناش بازىرىنى %100 ئىگىلىدى. مۇشۇ يىلدا تاشقى بازاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن توختام سوممىسى 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 40 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەردىكى بازارلار بىلەن تېخنىكا مۇلازىمىتى، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ماددىي ئەشيا، قورال - سايمان ئېكسپورتى قاتارلىقلارغا ئائىت 15 توختام ئىمزالاندى، توختام ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليون دوللاردىن ئاشتى.

جۇ جىلىڭ

## مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مۇھىت ئاسراش نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىدارىغا قاراشلىق 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلار بىلەن مۇھىت ئاسراش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، قاتتىق سىناش ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى، قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى، نېفىت سىناش شىركىتى، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات شىركىتى قاتارلىق ئاساسلىق نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا مۇلازىمىتى ئورۇنلىرى «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇھىت ئاسراش چارىسى»دىكى تەلەپ بويىچە HSE (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت) باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتتى. مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، قۇرۇلۇش باش شىركىتى ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. مۇشۇ يىلدا ئىدارە بويىچە ھېچقانداق ئېغىر ۋە ئالاھىدە چوڭ مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق رېمونت قىلىش، نېفىت سىناش قاتارلىق مەشغۇلاتلاردا پەيدا بولغان تاشلاندۇق سېمونت بۇتقا، تاشلاندۇق قېتىشما قاتارلىق نەرسىلەر مەشغۇلات ئاياغلاشقاندىن كېيىن زىيانسىزلاندۇرۇلدى ياكى بىر تەرەپ قىلىۋېتىلدى ھەمدە تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇلۇپ، قەرەللىك يىغىۋېلىنىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى. سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز گازلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى، قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىسسىقلىق بىلەن توكنى بىرلەشتۈرۈپ تەمىنلەش تۈرى قۇرۇپ چىقىلىپ، 3 پارقازان ئورنىدىكى 12 پارقازان توختىتىلىپ، كېرەكسىز گازنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئازايتىلدى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش شىركىتى كۆمۈر قالايدىغان 200 دىن ئارتۇق پار قازىنىنىڭ تۈتۈن يوقاتقۇچ سىستېمىسىنى يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىس، تۈتۈن ۋە گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى دۆلەت بەلگىلىمىسىدىكى قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە تامامەن يەتكۈزدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش بويىچە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 35 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىقتىسادىي مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ئۆسكۈنىلەردىن بىر تۈركۈمىنى سېتىۋېلىپ، كونىراپ كەتكەن ئۆسكۈنىلەرنىڭ مۇھىتقا يەتكۈزىدىغان تەسىرىنى تۆۋەنلىتىپ ئازايتتى. ئىدارە نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى مۇلازىمەت ئورنى پەيدا قىلغان ئاز مىقداردىكى

ساناەت كېرەكسىز سۇيىنى ئاساسىي كەسپتىكى بۇلغانما سۇنى بىر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بەردى. مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىن چىققان كېرەكسىز ئاق توپا ۋە كېرەكسىز ئىشقار داشقاللىرى يىغىۋېلىنىپ قايتا پايدىلىنىلدى ياكى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى.

جۇ جىلىڭ

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ مۇلۇك ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، يىللىق سېتىش كىرىمى 8 مىليارد يۈەندىن كۆپرەككە، نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلمىسى 48 يۈرۈشكە يەتتى. يىلىغا بىر قېتىمدا 6 مىليون تونna نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان ۋە يىلىغا 140 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىدى. سىستېمىلىرى مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 135 مىڭ كىلوۋاتقا، پار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سائىتىگە 1400 تونىغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 2.8 كۇب مېتىرغا يەتتى.

بەي جىجېن، لى چۈەنۋېن

## نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى بويىچە پىششىقلانغان نېفىت 3 مىليون 620 مىڭ تونىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى، دىزېلنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، دىزېل بىلەن بېنزىننىڭ سېلىشتۇرمىسى 2.26 بولۇپ، ساھە بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. موم %39.4، بېنزول تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار %35.8 ئاشتى. يېنىك نېفىتنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 0.09 پىرسەنت پوئىنتى، ئۆزگەرمەس ئۇنۇمىرسال تاۋارلىشىش نىسبىتى 0.14 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. بۇ زاۋۇت جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئەگەشكەن نېفىت ئايرىش ئۈلگە زاۋۇتى قىلىپ بېكىتىلدى. 170 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىپ، %4.8 ئاشتى. ئېتىلېن زاۋۇتىدىكى 5 دانە پارچىلاش پېچىنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىگەن ۋاقتى 186 كۈنگە يەتتى، مەقسەت مەھسۇلاتلاردىكى ئۇنۇمىرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى ھەربىر توننا ئۆلچەملىك نېفىتتە 74.6 كىلوگرام تۆۋەنلىدى، پىششىقلاشتىكى خوراش نىسبىتى 0.43 بىرلىك تۆۋەنلىدى، مەخسۇس ماتېرىيال سېلىشتۇرمىسى 42 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. مۇشۇ يىلدا سېتىش كىرىمى 8 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج 740 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇمات جەدۋىلىدىكى پايدا 50 مىليون يۈەن.

بەي جىجېن، لى چۈەنۋېن

## ماركېتنىڭ خىزمىتى

2001 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى قازاقىستاندىن كىرگۈزۈلگەن 560 مىڭ توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، سىرتتىن كەلگەن 31 مىڭ 500 توننا ماتېرىيالنى پىششىقلىدى، مۇشۇ يىلدا 80 مىڭ توننا نېفىت كوكسى، كۆيدۈرۈلگەن كوكس، بېنزىن، دىزېلىن، پولى پروپىلېن قاتارلىق نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلدى. سېتىش كەسپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىپ، 2 مىليون 856 مىڭ 800 توننا نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ساتتى. LL0209نى سېتىش مىقدارى جەھەتتە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بازارنى مۇستەقىل ئىگىلىدى، پولى ئېتىلېن مەھسۇلاتلىرى شىنجاڭدىكى بازارنىڭ %90نى، پولى پروپىلېن %100نى ئىگىلىدى.

بەي جىجېن، لى چۈەنۋېن

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى 5 يېڭى مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىپ، 8 نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىنى تاماملىدى، 11 تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس سۇندى، پاراخوتقا ئىشلىتىلىدىغان ماينى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ۋە خىمىيە سانائىتىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، نازۇك خىمىيە سانائىتى تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى، ئورۇلۇشقا قارشىلىقچانلىقى يۇقىرى پولى پروپىلېنغا سولياۋ قويۇشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى كەشىپ قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق 8 تەتقىقات تۈرىنى تاماملىدى. GK0970G، LL0209RF نى سىناق تەرىقىسىدە ساناەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى، HD6060Rنى ئارىلىقتا سىناق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. دىزېلىنىنى ئىنچىكىلەپ ئىشلەپ ئىمولسىيىلەشتۈرۈش، ئېتىلېن ئېرىتمە مېيى ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، بېنزىندىكى ئالكېن تەركىبىنى تۆۋەنلىتىشنى ئۆي ئىچىدە سىناق قىلىشنى تاماملىدى، پولى پروپىلېن قۇرۇلمىسىدىكى ئورۇلۇشقا قارشى ئېلېمېنت ئۇدا 20 كۈن ئىشلىدى، EPF30R قاتارلىق كۆپ خىل ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى

ئىشقا ئاشۇردى. پولى بۇتادىئېن كاۋچۇكنى قېرىپ كېتىشتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقى، پولى پروپىلېننىڭ ئاساسىي كاتالىزاتورى قاتارلىقلارنى ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى، 3 خورۇچ خىمىيە بۇيۇملىرىنىڭ ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى %75كە يەتكۈزدى. ئىدارە دائىرىسىدىكى تورنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى، ئېلېكترون سودا مۇنبىرىنى ئېچىپ، توردا ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بەي جىجېن، لى چۈەنۋېن

## ئېگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى چوڭ ھادىسە چىقارماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى بويىچە بىخەتەرلىكتە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇنۇمنى باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېگىلىك باشقۇرۇش نىشانى ۋە كەسىپ نەتىجىسىنى توختام بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناپ، چىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەننەرخنى تىزگىنلەشتە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. نېفىت ئايرىپ پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى ھەربىر توننا ئۆلچەملىك نېفىتتە خوراش نىسبىتىنى %1كە، پارچىلاپ پىششىقلاشتىكى خوراش نىسبىتىنى %0.78كە، ئېتىلېندىكى مەقسەت مەھسۇلاتنىڭ ئۇنۇۋېرسال بىرلىك ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 585 كىلوگرامغا چۈشۈردى. سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ISO9001 سىستېمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىنى نەق مەيدان جەريانىدا نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى، دۆلەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، پاي شىركىتى، ئاپتونوم رايون بۇ شىركەتنىڭ بېنزىن، دىزېلىن ۋە پولى بۇتادىئېن كاۋچۇك قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىپ 14 قېتىم ئارىلاپ تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. شىركەت مەملىكەت بويىچە سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپا پائالىيىتىدە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى، شىركەت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى %99كە يەتتى، قېچىش - ئېقىپ كېتىش نىسبىتى %0.16 بولدى.

بەي جىجېن، لى چۈەنۋېن

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان نېفىت خىمىيە كارخانىسى بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، سۇ، توك، پار، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى قىلىدۇ. 2001 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 946 مىليون يۈەنگە يەتتى، 6000 دىن ئارتۇق ئادىمى بار.

2001 - يىلى تۇرلۇك كىرىمنى 334 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، ھەرخىل چىقىم 334 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى.

2001 - يىلى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى توك بىلەن تەمىنلەشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %97.38كە يەتكۈزدى، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە كاپالەتلەندۈرۈش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى، ئائىلىلەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان پارنى قانائەتلەندۈردى. نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرى راۋان بولدى. تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى ئەمەلىيلەشتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ پىلان سىرتىدا ئىش توختىتىلغان ۋاقتى 2000 - يىلدىكىدىن %46.4، ئېتىلېن زاۋۇتىنىڭ %26.7 ئازايدى. ماددىي ئەشيا، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىدا بولدى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىگە 26 مىڭ توننا ماددىي ئەشيا، 600 مىڭ توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەردى. مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ شىمالىي بېكىتى، جەنۇبىي بېكىتىدىكى بىر قىسىم ئېلېكتر يوللىرىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، ئېلېكتر تورىنىڭ توك بېسىمى ئېگىز-پەسلىكىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ ئېتىلېن قۇرۇلمىسىدىكى APC تۈرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئېتىلېن يىغىش نىسبىتىنى ۋە پارچىلاش پېچىنىڭ ئىشلەش دەۋرىيلىكىنى ئۆستۈردى؛ بىر ئاساسلىق كېتون بېنزول DCS سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىر ئاساسلىق، ئىككى ئاساسلىق كېتون بېنزولىنى توردا ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. كاتالىزلاشنى قايتا تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلمىسىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، بوشلۇقتا قويۇۋېتىپ كۆيدۈرۈلىدىغان گازنى يىغىۋېلىش سىستېمىسىغا گاز ئىشكاپى ۋە كومپرېسسور كۆپەيتىش، بۇتادىئېن يىغىۋېلىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق 3 لايىھە تۈرى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇنەۋۋەر لايىھە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تورمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ، توك، ئىسسىقلىق، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەشنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى، تورمۇشتا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز

تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇردى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەركىزى، ئولتۇراق ئۆي مەبلىغىنى باشقۇرۇش مەركىزى نورمال ئىشلىدى، خوجىلىق باشقۇرۇش، ئاممىۋى قاتناش، داۋالاش، مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قاتتىق دېتاللىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى.

2001 - يىلى باش زاۋۇتقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ئىجتىمائىي بازاردا 88 مىليون 310 مىڭ يۈەن كىرىم ياراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ساياھەت كوپىراتىپى 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. نېفىتلىكتە قۇدۇق بۇرغىلاپ 10 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. 33 مىڭ توننا تاۋلانغان كوكس ئېكسپورت قىلدى، سوداندىكى قۇرۇلۇشنى تايانچ نۇقتا قىلىپ، نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى سىرتقا چىقىرىشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

پەن شياۋبىن

## قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتى بويىچە 2 مىليون 362 مىڭ 600 توننا نېفىت پىششىقلاندى، ئاساسىي كەسىپ كىرىمنى 4 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى.

2001 - يىل 6 - ئايدا يىلىغا 1 مىليون توننا قويۇق نېفىت لەيلىتىش خۇرۇچىغا ھىدروگېن قوشۇش تورىنىڭ ئارىلىق سىنىقى ئامېرىكىدا تاماملاندى، سانائەتلەشتۈرۈش سىنىقى قۇرۇلمىسى لايىھىلەش باسقۇچىدا ۋە ئارىلىقتا سىناش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 2003 - يىلى قۇرۇلۇش باشلاشنى قولغا كەلتۈرمەكچى؛ يىلىغا 500 مىڭ توننا ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى تورىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈش مۇئەسسەسى قۇرۇلۇشى تېز ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، 2002 - يىلى ئاسفالت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشنى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىنماقچى، يىلىغا 450 مىڭ توننا بېنزىن، دىزېلىنغا ھىدروگېن قوشۇش تورى پۇختا قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، 2002 - يىلى 4 - پەسىلدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى، بۇ تور پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ بېنزىن، دىزېلىن مەھسۇلاتلىرى كۆرسەتكۈچى ياۋروپانىڭ 2 - نومۇرلۇق ئۆلچىمىگە يېتىدۇ.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىركەت ئۆزدا 4174 كۈن ئوڭۇشلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ باردى. شىركەت بويىچە 30 ئورۇندىن 23ى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ھادىسە چىقارماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

مۇشۇ يىلدا 40 تىن ئارتۇق تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي شىركىتى دەرىجىلىك تۈردىن 2سى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى دەرىجىلىك تۈردىن 14ى بار. 3 تۈرلۈك نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 تۈرلۈك نەتىجە شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جەمئىي 17 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 157 مىڭ 700 توننا مەھسۇلات سېتىلدى، پەن تەتقىقات ھاسىلات - مېلىنما سېلىشتۇرمىسى 1.9:1 بولدى.

خۇاڭ گوچاڭ

# تارىم نېفىتلىكى

## تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە 114 مىليون 870 مىڭ توننا 3 - دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى، 265 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر 3 - دەرىجىلىك تەبىئىي گاز زاپىسى يېڭىدىن كۆپەيدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تارىم نېفىتلىكى نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 1 مىليارد 542 مىليون توننا 3 - دەرىجىلىك نېفىت، گاز زاپىسىغا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا 4 مىليون 726 مىڭ 300 توننا نېفىت، 957 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 73 مىڭ 400 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، 4 مىليون 492 مىڭ 100 توننا نېفىت سېتىلدى، 300 مىڭ 900 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 153 مىڭ 900 توننا ئورېيە ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلدا سېتىش كىرىمى 6 مىليارد 574 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 2 مىليارد 259 مىليون يۈەنگە يەتتى، دۆلەتكە 875 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى.

لى جىن

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى، غەربىي قىسمى، ئوتتۇرا قىسمى، شەرقىي قىسمىدا زور بۆسۈشكە ئېرىشتى، مۇشۇ يىلدا جەمئىي 20 تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %57.14كە يەتتى.

**ئىككى ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈش** بىرىنچى، يېڭىسۇ ئويۇلمىسىدا ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈشكە ئېرىشتى. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېڭىسۇ ئويۇلمىسىدىكى جەنۇبىي يېڭىسۇ 2 ـ قۇدۇقىدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى ئۇلىچەپ تېپىلدى. يېڭىسۇ رايونىنىڭ تۈززۈلمە قورشالمىسىنىڭ يېتىلىشى دەسلەپكى قەدەمدە 3 يۈرۈش ھىدروكاربون مەنبەلىك جىنس ئىكەن، تەكشۈرۈش ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى دەپ قارالدى. ئىككىنچى، قەشقەر ئويۇلمىسىدا ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈشكە ئېرىشتى. قەشقەر ئويۇلمىسىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ئاق 1 ـ قۇدۇقىدىن 8 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن ئارىلىقتا ئۆلچەپ مەھسۇلات ئېلىنىپ، كۈنىگە 119 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى. ئاق موم گازلىقىدىكى گاز تەركىبلىك كۆلەم 16.9 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، تىزگىنلەنگەن زاپاس 12 مىليارد 370 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، نېفىت ئۈزۈسىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 3000 مېتىردىن كۆپرەكلا كېلىدۇ.

3 **چوڭ مۇھىم بايقاش** بىرىنچى، دىنار تۈززۈلمە بەلۋېغىدا مۇھىم بايقاش قولغا كەلدى. كوچا ئويۇلمىسىدىكى دىنار تۈززۈلمە بەلۋېغىدا ئارقا ـ ئارقىدىن دىنار 1 ـ، 2 ـ چوڭ گازلىقى بايقالدى. دىنار 2 ـ قۇدۇقىدا 32.77 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن مەھسۇلات ئېلىنىپ، كۈنىگە 2 مىليون 187 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 131 كۇب مېتىر قېتىشقان نېفىت ئېلىندى. دىنار 1 ـ گازلىقىدا ئالدىن ئۆلچەنگەن تەبىئىي گاز گېئولوگىيىلىك زاپىسى 150 مىليارد كۇب مېتىرغا، دىنار 2 ـ گازلىقىدىكى زاپىسى 50 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. ئىككىنچى، چۆل تۈززۈلمە بەلۋېغىدا مۇھىم بايقاش بولدى. چۆل 1 ـ قۇدۇقىدا 12 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن ئارىلىقتا ئۆلچەپ مەھسۇلات ئېلىنىپ، كۈنىگە 120 كۇب مېتىر نېفىت ئېلىندى. تۈززۈلمە دائىرىسى 26 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى 9 مىليون 378 مىڭ توننىغا، ئېرىگەن گاز 4 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تۈززۈلمە بەلۋېغىدا چۆل 1 ـ نومۇرلۇق تۈززۈلمىنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۈززۈلمىدىن جەمئىي 10ى بولۇپ، ئالدىن ئۆلچەنگەن بايلىق مىقدارى 330 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئۈچىنچى، جەنۇبىي بوگۇر قەدىمىي يوشۇرۇن تاغدا نېفىت، گاز ئىزدەشتە مۇھىم بايقاش بولدى. لۈنگۈ 9 ـ قۇدۇقى قاتارلىق 6 قۇدۇقتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى چىقتى. بولۇپمۇ لۈنگۈ 15 ـ قۇدۇقىدا 12 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن 24 سائەت مۇقىم مەھسۇلات ئېلىنىپ، كۈنلۈك نېفىت مىقدارى 443 كۇب مېتىردا مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئۇۋەتتە جەنۇبىي بوگۇردە سائىتام ـ جەنۇبىي سائىتام، غەربىي لۈنگۈ، شەرقىي لۈنگۈ قاتارلىق 3 پايدىلىق رايون بۆلۈپ بايقالدى، ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى 160 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

5 **تۈرلۈك يېڭى ئىلگىرىلەش** بىرىنچى، ھۇدسۇن نېفىتلىكىدىكى دوملىما تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ھۇد 9H — 1نى بورغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق، ھۇدسۇن نېفىت قاتلىمى قېلىنلاشتى، دائىرىسى كېڭەيدى، زاپاس مىقدارى ئاشتى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 10 مىليون 640 مىڭ توننىغا يەتتى، ھۇدسۇن نېفىتلىكىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس جەمئىي 41 مىليون 590 مىڭ توننىغا يەتتى. ئىككىنچى، دابېي تۈززۈلمىسىدىكى تەبىئىي گاز تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. دابېي 2 ـ قۇدۇقىدىكى بور سىستېمىسىدا يېڭىدىن سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز ئېقىمى تېپىلدى، 8 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن مەھسۇلات ئېلىپ، كۈنىگە 330 مىڭ كۇب مېتىر گاز ئېلىندى، دابېي 1 ـ نومۇرلۇق گاز ئۈزۈسىدىكى تىزگىنلەنگەن زاپاس 92 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. ئۈچىنچى، ئوتتۇرا تارىمنىڭ شىمالىي باغرىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە مۇھىم بايقاش بولدى. ئوتتۇرا تارىم، 11 ـ نومۇرلۇق تۈززۈلمىنى باھالاپ تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، ئوتتۇرا تارىم 111 ـ باھالاش قۇدۇقىدىكى سىلۇر سىستېمىسىدا سانائەت نېفىت ئېقىمى چىقتى، ئوتتۇرا تارىم 11 ـ نومۇرلۇق نېفىت ئۈزۈسىدا تىزگىنلەنگەن زاپاس 3 مىليون 420 مىڭ توننىدىن 18 مىليون 360 مىڭ توننىغا كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا تارىم 47 ـ قۇدۇقىدىكى تاشكۆمۈر سىستېمىسى، سىلۇر دەۋرى سىستېمىسىدا سىناق قىلىش نەتىجىسىدە سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى چىقتى. تۆتىنچى، كۆكيار نېفىتلىكىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا قۇدۇق بورغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە دوملىما ئۆزلەشتۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. دوملىما تەكشۈرۈشتە كۆپەيگەن نېفىت زاپىسى 457 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى 1 مىليارد 530 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. بەشىنچى، قارا 2 ـ گازلىقىدا تەبىئىي گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى زور ھەجىمدە ئاشتى. بۇ گازلىقنىڭ غەربىي شىمال قانىتىدا باھالاش قۇدۇقى قارا 205 ـ قۇدۇقىنى (قارا 205 ـ قۇدۇقتا سىستېمىلىق ئۆلچەش ئارقىلىق كۈندىلىك مەھسۇلات 3 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەككە، توسقۇنسىز ئېقىش مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەككە يەتتى) بورغىلاش شۇنىڭدەك ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر

تەۋرىتىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تۈزلۈمىنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەش ۋە ئىزاھلاش ئارقىلىق، تۈزۈلمىنىڭ دائىرىسى ۋە گاز ئۆۋىسىنىڭ ھەجمى زور دەرىجىدە ئاشقانلىقى بايقالدى. دۆلەت زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى نېفىت، گاز زاپىسىنى باھالاپ بېكىتىش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق قارا 2 - گازلىقىدىكى تەبىئىي گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 284 مىليارد 86 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، تەبىئىي گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 33 مىليارد 476 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى، بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر گازلىق كۆپەيگەنگە باراۋەر كېلىدۇ.

مۇھىم بىر ئالامەت شەرقىي تارىم 2 - قۇدۇقىدىكى كېمبىرىي سىستېمىسى كېيىنكى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى ھىدروكاربون مەنبەلىك جىنىستا نېفىت بارلىقى بىۋاسىتە مەلۇم بولۇپ، ياخشى تەكشۈرۈش ئىستىقبالى نامايان بولدى.

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 19 مىليون 430 مىڭ توننىغا، تىزگىنلەنگەن زاپاس 3 مىليون 941 مىڭ توننىغا، ئالدىن ئۆلچەنگەن زاپاس 91 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتتى؛ تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 34 مىليارد 335 مىليون كۇب مېتىرغا، تىزگىنلەنگەن زاپاس 160 مىليارد 66 مىليون كۇب مېتىرغا، ئالدىن ئۆلچەنگىنى 71 مىليارد 198 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

لى جىن

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە 4 مىليون 726 مىڭ 300 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 376 مىڭ توننا ساپ ئاشتى، 957 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 73 مىڭ 400 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىدا يېڭى بۆسۈش بولدى، تەدبىر قوللىنىپ ئاشۇرۇلغان نېفىت 179 مىڭ 100 توننىغا يەتتى. ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكىگە جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتى تەرىپىدىن «كونا نېفىتلىكنى يۇقىرى ئۈنۈمدە ئۆزلەشتۈرگۈچى شىركەت» دېگەن نام بېرىلدى، جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكى ئۇدا 9 يىل 900 مىڭ توننىدىن كۆپرەك مۇقىم مەھسۇلات ئېلىپ، جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتى تەرىپىدىن «سۇنى تىزگىنلەپ نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى تىپىك نېفىتلىك» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 550 مىڭ توننىلىق ئىقتىدار يېڭىدىن بەرپا قىلىندى. ھۇد 4 - نېفىتلىكى «يېڭى نېفىتلىكنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆزلەشتۈرگۈچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. نېفىت سۈمۈرىدىغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمى %96كە يەتتى، ئېلېكتر پومپىلىق قۇدۇقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمى %93.5كە يەتتى، ئوتتۇرىچە پومپا تەكشۈرۈش دەۋرىيلىكى 454 كۈن بولدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە تەييارلىق خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئېچىش لايىھىسى باھالاشتىن ئۆتتى، تەتقىقات مۇمكىنچىلىكى دوكلاتى دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى. قارا 205 - قۇدۇقىدا سىناق قىلىپ قېزىشتا كۈندىلىك مەھسۇلات ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. قارا 2 - گازلىقىدىكى زاپاس مىقدار 28 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

لى جىن

## نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى غەربىي جەنۇبىي تارىم خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قۇرۇلۇش لايىھىسى بويىچە يىلىغا 200 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 340 مىڭ توننا ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىدۇ، جەمئىي 1 مىليارد 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پۈتكۈل يۈرۈشلۈك قۇرۇلمىلاردا 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا خەلقئارادا ئىلغار بولغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پاتېنت تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلغان. خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن يېقىلغۇ گېنېراتورلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ توك ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماي، غەربىي جەنۇبىي تارىم شىركىتىنىڭ توك ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقى زورايتىلىپ، نېفىت ئايرىش خىمىيە قۇرۇلمىلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، سىستېمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تاماملاندى. 2001 - يىلى 300 مىڭ 900 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 153 مىڭ 900 توننا ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىلدى، يېنىك نېفىت يىغىش نىسبىتى %81.84كە يەتتى.

لى جىن

## نېفىت، گاز سېتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 4 مىليون 490 مىڭ توننا نېفىت سېتىلىپ، نېفىت سېتىش كىرىمى 5 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۈنۈم 145 مىليون يۈەن ئاشتى؛ 71 مىڭ 900 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان

گاز سېتىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 31 مىڭ توننا ئاشتى؛ 170 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز سېتىلدى.

لى جىن

## ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى 4 چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇش تۈرىنى باشلاپ، نېفىت مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. بىرىنچىسى، خۇد 4 - نېفىتلىكىدىكى 800 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. نېفىتلىكتە 2000 - يىلى 300 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئاشۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 41 مىليون 590 مىڭ توننىغا يەتتى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 500 مىڭ توننا ئاشۇرىدىغان كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى 2001 - يىلى باشلاندى. نېفىتلىكتىكى بارلىق قۇدۇقلار گورىزونتال قۇدۇق ياكى قوش پەلەمپەيلىك گورىزونتال قۇدۇق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. 10 - ئايغا كەلگەندە، بۇ تۇردە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر كېلىدىغان خۇد 4 - نېفىتلىك تاشيولى 70 كۈندىلا پۈتتى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، نېفىتلىكنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى 2055 توننىغا يېتىپ، بىر يىلدا 750 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رېتىمىغا كىردى. ئىككىنچى، 500 مىڭ توننا كۆلەمدىكى ئوتتۇرا تارىم مارجانسىمان ھالەتلىك نېفىتلىكنى ئېچىش قەدىمىمۇ تېزلەشتۈرۈلدى. تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئوتتۇرا تارىم 11 -، ئوتتۇرا تارىم 10 -، ئوتتۇرا تارىم 40-، ئوتتۇرا تارىم 47 - مارجانسىمان ھالەتلىك نېفىتلىكتە نېفىتنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 22 مىليون 130 مىڭ توننىغا، تىزگىنلەنگەن زاپاس 18 مىليون 360 مىڭ توننىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا تارىم بىرلەشمە پونكىتىغا تولۇق تايانغىلى بولىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر ۋە ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز نېفىت ئۆۋىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى پىشىپ يېتىلدى. 8 - ئايدا بۇ تۈردە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇزۇنلۇقى 112 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشى باشلاندى، يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇشنىڭ %50ى تاماملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سەرخىللاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، باھالاش قۇدۇقى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش تېزلەشتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، جەنۇبىي بوگۇر قەدىمىي يوشۇرۇن تاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدار قۇرۇلۇش تۈرى باشلاندى. جەنۇبىي بوگۇر گۈردۈۋىلەك ستېپسىدىكى قەدىمىي يوشۇرۇن تاغدا ساڭتام - جەنۇبىي ساڭتام، غەربىي لۇنگۇ، شەرقىي لۇنگۇدىن ئىبارەت 3 پايدىلىق رايون بۆلۈنۈپ بولىدى، ئالدىن ئۆلچەنگەن نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپىسى 160 مىليون توننىغا يېتىدۇ. «تەكشۈرۈپ بايقاش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق مۇقىم قۇدۇق گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرۈش، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىش»تىن ئىبارەت 3 قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش ئىستراتېگىيىسى بويىچە، تەكشۈرۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش، باسقۇچقا بۆلۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق، يىل ئاخىرىغىچە تۇرلۇك خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، جەمئىي 6 قۇدۇقتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى. تۆتىنچى، خوتەن دەرياسى گازلىقىدىكى 550 مىليون كۇب مېتىرلىق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تۈردە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇزۇنلۇقى 3 . 156 كىلومېتىر كېلىدىغان، خوتەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنى گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان، ياندىشىما يول قۇرۇلۇشى 1 - ئايدا باشلىنىپ 10 - ئايدا مۇددەتتىن بۇرۇن يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئورۇندالدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ تۈرنىڭ تورۇۋا لىنىيىسىنىڭ لايىھىسى، يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلەش چېرتيوژ لايىھىسى تاماملاندى، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ لايىھىسى تۈزۈپ تەق قىلىندى.

لى جىن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2001 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ۋە جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ پۈتكەن بىرقىسمى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. «تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش» دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر تۈرى بولدى، «تارىم قارا 2 - چوڭ نېفىتلىكنىڭ بايقىلىشى ۋە تاغ يېرىدە ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق گاز ئۆۋىسىنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسى» دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تاغ يېرىدە ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش تېخنىكىسى، تاغ ئالدىدا قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى، كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىنى توغرىسىغا ئالدىن ئۆلچەش تېخنىكىسى، قويۇق نېفىتنى ئۆلچەپ ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى، نېفىتلىكتە مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش - يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينىدى، تەكشۈرۈش جەريانىدىكى بايقاشقا ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

لى جىن

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە ئىلمىيلاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇردى. ئۇدا 3 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتى بويىچە 2000 — 2001 ـ يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. بايلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى تەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇلغىنىشنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تورمۇشتىن چىققان بۇلغىما ماددىلارنى تامامەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىپ، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى؛ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش ۋە مۇھىت ئاسراشتا 3نى تەڭ ئىشلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە كۇچا تاغ بېرى رايونىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت 2 تۈردە دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، ئومۇمىي كەڭلىكى 60 مېتىر كېلىدىغان تارىم قۇملۇق تاشيولى ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، كۆچەتلەرنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى %85تىن كۆپرەككە يەتتى.

لى جىن

## تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى كىرىمىنى 743 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6 .8 ئاشۇردى؛ 36 مىليون 580 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمەلىي تۇراقلىق مۈلكى 26 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 986 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خاۋ گۈيپىڭ

## كەسپلەشكەن مۇلازىمەت ئەھۋالى

قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇلازىمىتى 170 مىڭ 880 تال (قېتىم) بۇرغىلاش سايمىنى، 608 قۇدۇق (قېتىم) ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىلدى ياكى يىغىۋېلىندى، 67 مىڭ 531 تال بۇرغىلاش سايمىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى ۋە دەرىجىگە ئايرىپ تەكشۈرۈلدى، 501 قۇدۇق (قېتىم) قۇدۇق تىزگىنلەش تېخنىكا مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى، 111 مىڭ 447 دانە ھەرخىل بۇرغىلاش سايمىنى رېمونت قىلىندى ۋە ئىش قوشۇلدى، 21 قۇدۇق (قېتىم) سودىغا باغلىنىشلىق توختام سىرتىدا راستور تېخنىكا مۇلازىمىتى ئىشلەندى، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن كاپالەتلەندۈردى.

ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پىلان، سېتىۋېلىش، ئامباردا ساقلاش، سەپلەپ بېرىش سىستېمىسى خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۈزۈلۈپ، سودىغا باغلىنىشلىق سېتىۋېلىش پىلانىدىن 260ى، 6853 تۈر ئورۇندالدى، سېتىۋېلىش مىقدارى 480 مىليون يۈەنگە يەتتى، 3168 تونna سېمونت، 3520 كۇب مېتىر كىسلاتا سەپلەندى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىدا بولۇش، توغرا بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ ياقا ھۆدسۇن نېفىتلىكىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى، غەربىي جەنۇبىي تارىم ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئوتتۇرا تارىمدىكى 1 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر گازنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى، جەنۇبىي بۈگۈر خام نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىگە ئۈزلۈكسىز كاپالەتلىك قىلىندى؛ مۇشۇ يىلدا 460 مىڭ توننا ئامباردا ساقلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى، كىرگۈزۈلۈش، چىقىرىلىش مىقدارى 300 مىڭ تونnaغا يەتتى.

ترانسپورت مۇلازىمىتى دىجورنى ئاپتوموبىل، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل ۋە زاپاس ئاپتوموبىلدىن 147 مىڭ 650 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى %95 كە يەتتى، جەمئىي 20 مىليون 200 مىڭ ئاپتوموبىل كىلومېتىر ئورۇندىلىپ، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئاپتوموبىلغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

خەۋەرلىشىش، ئېلېكتر قۇۋۋىتى مۇلازىمىتى نېفىتلىكنى تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، ئۇيۇشتۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، يېڭى جايلاشتۇرۇلغان قۇدۇق ئۇقتىلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى؛ بازا ۋە نېفىتلىكتىكى بۇرۇن بار خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە لىنىيىلىرىنى تەكشۈرۈش ـ ئاسراش سالمىقى زورايتىلىپ، تەكشۈرۈش رايونلىرىنى رازى بولغىدەك خەۋەرلىشىش شارائىتى ۋە بىر قىسىم ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېلېفون، چاقىرغۇ، پوچتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش قاتارلىق كەسپلەرنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى.

خاۋ گۈيپىڭ

## مەھەللە مۇلازىمىتى

2001 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى تەكشۈرۈش ـ

ئۈزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى خوجىلىق باشقۇرۇش شىركىتى 26 مىڭ 366 قېتىم ئاممىۋى مۇلەسسەسىلەرنى رېمونت قىلدى ۋە جىددىي رېمونت قىلدى، 2 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇ، 29 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەتتىن كۆپرەك توك، 13 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەك تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىدى، 3 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز ساتتى، 390 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كۆلەمنى سوغۇق بىلەن، 670 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كۆلەمنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىدى، 69 گېكتاردىن كۆپرەك يەرنى كۆكەرتىپ ۋە ئاسراپ، 810 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكتى، يېڭىدىن 70 مىڭ كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلدى، 7300 توننىدىن كۆپرەك ئەخلەتنى توشۇدى، 180 مىڭ بالىق ساپلاشتۇرۇلغان سۇ ساتتى، 832 بوۋاق بالىنى يېتىشتۈرۈش - تەربىيىلەش مۇلازىمىتى ۋە نېفىتلىكتىكى 15 تۇرمۇش رايونىنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئورۇندىدى.

خاۋ گۈيپىڭ

## كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۈزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى كۆپ خىل ئىگىلىك كەسىپنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئىرىشىپ ئىچكى - تاشقى بازارنى ئېچىپ، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆستۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. نېفىتلىك خىمىيىۋى ياردەمچى خورۇچ زاۋۇتى يېڭى تېپىلغان ئۇلغاق نېفىت ساقلىغۇچ ئوقىرى ئۈنۈملۈك ئېمۇلسىيىنى بۇزۇش خورۇچى، بۇلغىما بىر تەرەپ قىلىش خورۇچى، قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان، كىسلاتالاشتۇرۇپ بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش ياردەمچى خورۇچى ۋە مۇسبەت توكلۇق يېلىم قاتارلىقلارنى ئۈزلەشتۈرۈپ، نېفىتلىك ئۈزلەشتۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش بازارلىرىغا تۇركۈملەپ كىرگۈزدى. پلاستىك پولات بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىنى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى. قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش - يول - كۆۋرۈك شىركىتى نېفىتلىكنىڭ ئاسفالت يولىنى، قۇملۇق تاشيولىدىكى قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى ۋە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى تورىنى پائال كېڭەيتىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قورۇم زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ شىنجاڭ ۋە شەرقىي جۇڭگو، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇبىي جۇڭگودىكى كۆپلىگەن ئۆلكىلەردىكى سېتىلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆرلىدى. يېنىك ھىدرو كاربونلاردىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش زاۋۇتى، نېفىتلىك تور گۈرۈپپىسى، باسما زاۋۇتى، كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ كەسىپ مىقدارى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

2001 - يىلى تارىم خوايۇ شىركىتى سىرتقا قارىتىلغان كۆتۈۋېلىش ۋە نېفىتلىك ئۈچۈن ئىش بېجىرىش مۇلازىمىتىدە مۇلازىمەتتىن رازى قىلىش نىسبىتىنى %98كە يەتكۈزدى. ساياھەت ۋە باشقا مۇلازىمەت تۈرلىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى ئاچتى.

خاۋ گۈيپىڭ

# تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك تەكشۈرۈش سىستېمىسى نېفىتلىك شىركىتىنىڭ «نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇش، گازنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدەپ، «نېفىت بىلەن گازنى تەڭ يۈكسەلدۈرۈش، رايون خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش بىلەن دومىلىما تەكشۈرۈشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت تەكشۈرۈش پىكىر يولى بويىچە، «مەۋقەنى تۇرپان - قۇمۇلغا قويۇش، سەنئاڭخۇنى باھالاش، مىنخېنى تەييارلاش»تىن ئىبارەت ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، تور باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، گېئولوگىيىلىك تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 1935 كىلومېتىر، ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 18.194 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىنى تەكشۈردى، 22 تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى بۇرغىلاپ تاماملىدى، مېتىراژى 75 مىڭ 941 مېتىرغا يەتتى (دومىلىما تەكشۈرۈلگەن 6 قۇدۇق، 18 مىڭ 111 مېتىرلىق مېتىراژنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 14 قۇدۇقتىكى 22 قاتلامدا نېفىت سىنالدى، تەكشۈرۈشكە 334 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 22 قورشالما ئالدىن تەكشۈرۈلدى ۋە باھالاپ چىقىلدى، 6 قورشالمىدىكى 6 قۇدۇقتا سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %37.5كە، قورشالمىلارنى ئالدىن تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %40كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 12 مىليون 550 مىڭ توننىغا (25 مىڭ توننا قېتىشقان نېفىتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، قازغىلى بولىدىغان زاپاس 3 مىليون 37 مىڭ

تونندا يەتتى؛ تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تېزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 7 مىليارد 131 مىليون كۇب مېترغا يەتتى؛ تەبىئىي گازنىڭ ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 4 مىليارد 868 مىليون كۇب مېترغا يەتتى.

2001 - يىلى نېفىتلىك شۆبە شىركىتى «ئويۇلمىغا كىرىپ تەكشۈرۈش»، «نېپىز قاتلامدا گاز ئىزدەش» تىن ئىبارەت يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىمالىي سىڭگىمدىكى ئىككىلەمچى ئويۇلما، شاۋساۋخۇدىكى ئىككىلەمچى ئويۇلما ۋە شىمالىي قىسىم تاغ ئالدى بەلۋېغىدىكى نېپىز قاتلامدا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. شىمالىي سىڭگىمدىكى 302 - قۇدۇق، خۇكتەي 6 - قۇدۇق، ئەنلى 11 - قۇدۇقتا سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى ساھەسى ئېچىلدى.

يالقۇنتاغ تۈزۈلمە بەلۋېغىدىكى تاغ يېرىدە يەر تەۋرىتىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېقىن ئارىلىقتا تەكشۈرۈلۇشتۇرۇپ نىشان بېكىتىپ قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئويۇشتۇرۇپ، يالقۇنتاغنىڭ ئوتتۇرىسى، شەرقىي بۆلىكىنىڭ تۈزۈلمە شەكلىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، نېفىت قاتلىمىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. يالقۇنتاغ تۈزۈلمە بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى شېنبېي 2 - نومۇرلۇق تۈزۈلمىدىكى شېنبېي 4 - قۇدۇقىدىن كۈنىگە 72 كۇب مېتىر سانائەت نېفىتى ئالدى، مۇرەككەپ تاغ يېرىدىكى نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشتە ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىتلىك، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى 2 مىليون 553 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىدى، 4 جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى ھەمدە 3 تۈرلۈك يېڭى سەۋىيە ياراتتى.

سۇ بېرىپ مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى نېفىتلىكنى تەڭشەش ۋە سۇ بېرىش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىش ئارقىلىق، 5 يۈرۈش تەڭشەش لايىھىسىنى يولغا قويۇپ، تەڭشەلگەن قۇدۇقتىن 75نى بۇرغىلاپ تاماملاپ، قازغىلى بولىدىغان زاپاسنى 1 مىليون 500 مىڭ توننا ئاشۇردى، شۇ يىلى يېڭى قۇدۇقلاردىن 146 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى. 778 قۇدۇق (قېتىم) سۇ ئارقىلىق نېفىت ھەيدەش تەدبىرى كۆرۈلدى، بۇ تەدبىر ئارقىلىق مەھسۇلات 170 مىڭ توننا ئاشتى، 304 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىپ ئۇرۇلدى، نېفىتلىكتىكى ئاساسىي رايون بۆلەكلىرىدىكى يەر قاتلىمى بېسىمى ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مۇشۇ يىلدا نېفىتلىكنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ تەبىئىي ئازىيىش نىسبىتى %22 ئىچىدە كونترول قىلىندى، سۇ ئارقىلىق ھەيدەپ نېفىت ئېلىش نىسبىتى %3.9 ئۆستۈرۈلدى، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %6دە كونترول قىلىندى، كەسمە يۈزىگە تېگىش دەرىجىسى %70تىن كۆپرەك بولدى.

3 قېتىملىق نېفىت ئېلىش سىنىقىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى 3 چوڭ ئاساسىي نېفىتلىكنىڭ گاز بېرىپ ھەيدەش ئومۇمىي پىلانى ۋە يېڭىساردىكى 5 بۆلەكتە گاز بېرىپ ھەيدەپ نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش لايىھىسى جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز پاي شىركىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، نەق مەيدان سىنىقىدا سىناق قىلىپ ئازوت بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاساستا، ئۇسكۇنىلەرنىڭ تېخنىكىلىق پارامېتىرلىرى بېكىتىلدى، ھالقىلىق ئۇسكۇنە، ماتېرىياللارنى زاكاز قىلىش خىزمىتى تاماملاندى.

دوملىما تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى يېڭىسار 5 - نىڭ جەنۇبىي قىستۇرما بۆلىكى، غەربىي يېڭىسار 6 - نىڭ شەرقىي بۆلىكى قاتارلىق رايون بۆلەكلىرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان دوملىما زاپاس 4 مىليون 30 مىڭ تونندا، يېڭىدىن كۆپەيگەن قازغىلى بولىدىغان زاپاس 1 مىليون 238 مىڭ تونندا، قۇرۇپ چىقىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 73 مىڭ تونندا يەتتى، شۇ يىلى 68 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى.

ئۇسكۇنىلەرنى باشقۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى

3 دەرىجىلىك ئاسراش ۋە 4 دەرىجىلىك تەكشۈرۈش تۈزۈمى كۈچەيتىلىپ، ھالەتلىك كۆزىتىش ۋە كاشىلىغا ھۆكۈم قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، يوشۇرۇن ئاپەت تەكشۈرۈپ چىقىلغان ئۇسكۇنىلەرنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ھەرخىل ئۇسكۇنىلەر 3761 ماشىنا (قېتىم) ئاسرالدى، ئۇسكۇنىلەر 438 ماشىنا (قېتىم) كۆزىتىپ تەكشۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئۈنۈۋېرسال بېجىرىملىق نىسبىتى %98.2كە، ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتى %69.8كە يەتتى.

گېئولوگىيىلىك تەتقىقات ۋە نېفىت ئۈۋىسىنى تونۇشنىڭ يېڭى سەۋىيىسى يارىتىلدى ئاساسىي نېفىتلىكنىڭ كىچىك قاتلام نېفىت - سۇ تارقىلىش خەرىتىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاساسىي نېفىتلىكتىكى سۇ تەركىبلىك مەزگىلدىكى مۇۋاپىق يەر قاتلىمى بېسىمى، مۇۋاپىق سۇ بېرىپ قېزىش شۇنىڭدەك بېسىم كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتى، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى، تەبىئىي ئازىيىش نىسبىتى، سۇيۇقلۇق قېزىشنىڭ مۇۋاپىق سۈرئىتى قاتارلىق «5 چوڭ تېخنىكا سىياسەت چېكى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئوخشىمىغان

ئۆزلەشتۈرۈش باسقۇچىدىكى نېفىت ئۆۋسىنى باشقۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس يارىتىلدى.

يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. مۇشۇ يىلدا قۇرۇلۇشلارنىڭ تەقلىششىش نىسبىتى %85كە، ئۆز قەرەلىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىسبىتى %90كە، سۈپەتلىك ئەلالىق نىسبىتى %80تىن كۆپرەككە يەتتى.

ئېنېرگىيە تېجەپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىشتە يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. كاپالكا، سۇ بېرىش پومپا سىستېمىسىنىڭ ئۈنۈم نىسبىتى ۋە ئوتتۇرىچە بىرلىك سەرپىياتى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش خىلدىكى نېفىتلىكلەر ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. يەككە قۇدۇقلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش، ئۈنۈمسىز قۇۋۋەتكە تولۇقلىما بېرىش شۇنىڭدەك ئۆلچەم سايمانلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھەر يىلى 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن توك پۇلى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش، بازار باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىركەت باشقۇرۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ، توختام بويىچە باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېلىپلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىك قوماندانلىق شتابى بىلەن بولغان باغلىنىشلىق سودىسىنى قېلىپلاشتۇردى. مۇشۇ يىلدا تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىك قوماندانلىق شتابى بىلەن 832 توختام ئىمزالىدى، قىممەت خىزمەت سىقدارى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى ئورۇنلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى %87.5كە يەتتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆرلەش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى، ھەر قايسى كەسپىي قوشۇنلار نېفىتلىك شىركىتىدە بىر قەدەر مۇقىم بازار ئۈلۈشىنى ساقلاپ كەلدى.

پىلانلىق باشقۇرۇشتا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى پائال سەرخىللاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى؛ تۈرنى يولغا قويۇشتا ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتنى كۈچەيتىپ، لايىھە ۋە قۇرۇلۇش لايىھەدىن ئۈنۈم ئالدى؛ تۈر قۇرۇلۇشىدىكى 3 ئامىلنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇشتىن ئۈنۈم ئالدى؛ «ئۈچ ھېسابلاش» خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاساس خىزمەتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھاسىلات نىسبىتىنى ئۆستۈردى. مالىيە باشقۇرۇشىدا تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشنى چۆرىدەپ، خام چوت ئارقىلىق باشقۇرۇش، تەننەرخنى تىزگىنلەش ۋە مەبلەغ باشقۇرۇشنى يادرو قىلىپ، نىشانلىق تەننەرخ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەننەرخ تىزگىنلەش مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي خادىملار، ئومۇمىي دائىرە، ئومۇمىي جەرياندىكى تەننەرخ تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، يىللىق مالىيە خام چوتى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. باشقۇرۇش خىراجىتى، تىجارەت خىراجىتى ۋە مالىيە خىراجىتى قاتارلىق ئارىلىقتىكى خىراجەتلەرنى جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي شىركىتىنىڭ خام چوتى ئىچىدە تىزگىنلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش ـ تېخنىكا مەركىزى تور ئاپپارات ئۆيى مەركەز قىلىنىپ، 14 ئورۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدە قىلىنىپ، 1000 مېگا ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلدى؛ DDN مەخسۇس لىنىيىسى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى سىغىرلىق مىكرو دولقۇن يولىدىن پايدىلىنىپ، چەت ـ ياقا پونكىت نۇقتىلىرىنىڭ تېلېفونى تورغا كىرگۈزۈلدى، قۇمۇل بازىسىدىكى 3 ئورۇن تورغا كىردى ھەمدە تۇرپان ـ قۇمۇل ئۇچۇر تورى، ئىنتېرنېت تورى بىلەن ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش-ئۆزلەشتۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىنى توردا ئېلان قىلىش ۋە سۈرۈشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي ۋاقىت سانلىق مەلۇماتلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىقتىدار دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نېفىتلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇر تور سىستېمىسىدىكى تايانچ تور شەكىللەندۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى زاۋۇت بىلەن مەكتەپلەرنى ھەمكارلاشتۇرۇش، نېفىتلىك مەكتەپ ئېچىش شەكلىدە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، نېفىت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 2 كەسىپ بويىچە 45 كىشىلىك ماگىستىر ئاسپىرانتلار سىنىپى ۋە مالىيە كەسپىدە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش بويىچە 35 كىشىلىك كۇرس ئاچتى. مۇشۇ يىلدا 36 قارار ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن 2900 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى نەق مەيدان باشقۇرۇشى، تەننەرخنى تىزگىنلەش، مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشقۇرۇش ئاساس خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇستەھكەملىدى. ھەر قايسى ئورۇنلار نەق مەيداندىكى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، تەننەرخ كونترول قىلىشتا، قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى، سۇ، توك باشقارمىسى شارائىت ھازىرلاپ، دىزېل ماتور ئارقىلىق توك چىقىرىشنىڭ ئورنىغا ئېلېكتر

ئىستانسىدىن كەلگەن توكنى ئىشلىتىپ، ماي سەرپىياتىنى ئازايتىپ، ئادەم كۈچىنى تېجەپ قىلىپ، تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى؛ سۇ، توك باشقارمىسى يۇقىرى پەللە بىلەن تۆۋەن پەللىدىكى توك باھا پەرقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يۇقىرى پەللە بىلەن تۆۋەن پەللىنى تولۇقلاپ، توك بىلەن تەمىنلەشتىكى ھەرىكەت تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. مەبلەغ سېلىش پىلانىنى باشقۇرۇشتا، بازار ۋە بايلىقنى ئۈنۈملۈك سەپلەشنى چۆرىدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسلىق كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ قاراتمىلىقىنى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالدىغا ھالقىتىپ مەبلەغ سېلىپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ چۈشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوللىدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ۋە ئۈنۈم ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىدە مالىيە كىرىم - چىقىمى ئۈستىدىكى تەپتىشلىكنى ئاساس، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدىكى تەپتىشلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دائىرىگە ئېلىپ، تەپتىشلىنىدىغان ئورۇن ۋە مەبلەغنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2001 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك ۋە پاي شىركىتى دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 11نى ئۈستىگە ئالدى. «تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى يۇرا سىستېمىسىدىكى نېفىت ئۈستىدىكى گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «پىچان نېفىتلىكىنى ئوتتۇرھال سۇ تەركىبلىك مەزگىلدە ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «ئىدىرلىق نېفىتلىكىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە ئۆزلەشتۈرۈش، تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچانلىق نېفىتلىكلەردىكى كونا قۇدۇقلاردا ياندىن گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى» قاتارلىق 4 مۇنەۋۋەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈرى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي شىركىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئەلا سۈپەتلىك زاپاس ئىزدەش ۋە 3 چوڭ ئويمانلىقتىكى تەكشۈرۈش نىشانىنى باھالاش لايىھىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەشتىكى ئىلغار تېخنىكىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ قوللاندى، 16 تۈرلۈك تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىسى ۋە تونۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە پەن - تېخنىكا جەھەتتە يار - يۆلەك بولدى.

نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈشتە كونا نېفىتلىكلەرنىڭ گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى قايتا تونۇش شۇنىڭدەك ئوتتۇراھال سۇ تەركىبلىك مەزگىلدىكى نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، 35 تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، گېئولوگىيىلىك تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، لايىھە تۈزۈش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتتە، خىمىيىلىك سىرتىدىن تىزگىنلەيدىغان PI تەدبىر بەلگىلەش تېخنىكىسى شۇنىڭدەك يۇقىرى قۇم نىسبىتىدە بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش، يۇقىرى بېسىم بىلەن ئايرىم ئورۇش، نېفىت سۈمۈرۈلىدىغان قۇدۇقلاردا گازدىن ساقلىنىش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى نۇقتىلىق كېڭەيتىپ، يەككە قۇدۇقلاردىن كۈنىگە 1.5 توننىدىن كۆپرەك نېفىتنى ئاشۇرۇپ ئالدى، قۇرۇلۇش قىلىش تەننەرخىنى %10 تۆۋەنلەتتى، كاچالكا پومپىسىنىڭ ئۈنۈمى ئوتتۇرىچە %3 — %5 ئۆستى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى «كىرگۈزۈش، توپلاشتۇرۇش، قوللىنىش، يېڭىلىق يارىتىش» تىن ئىبارەت پەن تەتقىقات خىزمىتى پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، پەن - تېخنىكىدا تەدبىر بەلگىلەش، باشقۇرۇش بويىچە ئىككى دەرىجىلىك سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەركىزىنى تۈگۈن قىلىپ، 2 تەتقىقات ئورنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى تەتقىق قىلىش - ئۆزلەشتۈرۈش مەركەزلىرىدىن تەشكىللەنگەن تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈردى ھەمدە پىشقان تېخنىكا، ئالاھىدە تېخنىكا، زاپاس تېخنىكىدىن ئىبارەت 3 قاتلام بويىچە تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، 6 چوڭ كەسىپ بويىچە 251 تۈرلۈك پىشقان تېخنىكا تۈرى، 8 تۈرلۈك ئالاھىدە تېخنىكا ۋە 6 تۈرلۈك زاپاس ساقلاش تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈردى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2001 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى ئاساسلىق كەسىپنىڭ قۇراللىنىش قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلاپ، ئومۇمىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار يارىتىپ، ئىچكى - تاشقى قىسىمدا بازار ئېچىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. بىرىنچى، تۇرپان -

قۇمۇل ئىچكى قىسىم بازىرىدىكى ئاساسىي كەۋدە ۋە گورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى، ئىچكى قىسىمدا ئىگىلەش نىسبىتى قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ %84، قۇدۇق ئاستىنىڭ %73، قۇدۇق خاتىرىلەش - ئۆلچەشنىڭ %95، نېفىتلىك قۇرۇلۇشنىڭ %88، ترانسپورتنىڭ %68كە يەتتى. ئىككىنچى، يۇمشاق بازىرىدىكى يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. قوماندانلىق شتابى بويىچە 11 گورۇندىكى 1000 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىل تاپقان مۇلازىمەت كۆچى يۇمشاق بازىرىنى مۇستەھكەم ئىگىلىدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ئۈچىنچى، چېگرا، تارىم، تارىم دەرياسى بازىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى، قارامايدىكى بازاردا ئاز - تولا بۆسۈش بولدى. دۆلەت ئىچىدە نىشانلىغان بازارلارنىڭ ھەممىسىگە كىردى، تۆتىنچى، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان بازارلىرىدىكى خىزمەت مىقدارىمۇ زور ھەجىمدە كۆپەيدى. قوشۇن ئومۇمىي سانى 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى 3 بورۇۋاي، بىر قۇدۇق رېمونت قىلىش ماشىنىسىدىن كېڭىيىپ 6 بورۇۋاي، 3 قۇدۇق رېمونت قىلىش ماشىنىسى، بىر بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش ماشىنا گورۇپپىسىغا يەتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ چەت ئەل بازىرىدىكى مەشغۇلاتچى قوشۇنى 11گە يەتتى، قىممەت خىزمەت مىقدارى 15 مىليون دوللاردىن كۆپرەككە يەتتى، 6 مىليون 800 مىڭ دوللار كىرىم قىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %113 ئاشۇردى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى

### ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليارد 371 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارغا سېلىنغان قىسمىنىڭ 1 مىليارد 884 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ساقلاش - داۋاملاشتۇرۇش قىسمىنىڭ 487 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى. قوشۇلما قىممەت 1 مىليار 471 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارغا سېلىنغان قىسمىنىڭ 1 مىليارد 321 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ساقلاش - داۋاملاشتۇرۇش قىسمىنىڭ 149 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولدى. بازارغا سېلىنغان قىسمىنىڭ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 877 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، ساقلاش - داۋاملاشتۇرۇش قىسمىنىڭ 7 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدار 47 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت 40 مىليون 430 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 7 مىليارد 170 مىليون كۇب مېتىر؛ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن زاپاس مىقدارى 33 مىليون 860 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا، ئالدىن ئۆلچەنگەن زاپاس مىقدارى 31 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ كېلىدۇ. 980 مىڭ توننا نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى يېڭىدىن ئاشتى؛ 108 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىش ئىقتىدارى يېڭىدىن ئاشتى. 2 مىليون 498 مىڭ 300 توننا نېفىت، 360 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى (پايدىلىنىش مىقدارى) . 2 مىليون 265 مىڭ توننا نېفىت، 40 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز سېتىلدى.

جاۋ زۈنشيۇ

### ئاساسلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

نېفىت، گاز تەكشۈرۈش 2001 - يىلى 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ دالىدا ئەۋرىشكە يىغىش يۈزىسىدىن 243.75 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە تەكشۈرۈلدى. يېڭىدىن 23 قۇدۇق بۇرغىلاندى، مېتىراژى 142 مىڭ 272 مېتىرغا يەتتى.

نېفىت، گاز ئىزلەشتۈرۈش 36 ئىزلەشتۈرۈش قۇدۇقىنى بۇرغىلاش باشلاندى، مېتىراژى 215 مىڭ 17 مېتىرغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن قالغان قۇدۇق 6 ، مېتىراژى 8163 مېتىر) . ياندىن بۇرغىلىنىدىغان قۇدۇق 5 بولۇپ، ھەممىسى بۇرغىلاندى. يىل بېشىدا ئۆتكۈزۈۋالغان 2000 - يىلدىن قالغان 8 تۈر پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۈگۈشلۈق ئىلگىرىلىدى. تارىم دەرياسى 2 — 4، 3 — 4 ئۆلچەپ يوللاپ بېرىش پونكىتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تارىم دەرياسى 4 -، 6 - نومۇرلۇق گازنى قايتۇرۇپ يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، تارىم دەرياسى ئوت مۇداپىئە پونكىتى، نېفىت مۇقىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تارىم دەرياسىدىن بۆگۈرگىچە بولغان گاز يەتكۈزۈپ بېرىش تورۇبا لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈلدى، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر لايىھىلەش خىراجىتى ۋە تورۇبا ماتېرىياللىرىنى چىرىشتىن مۇداپىئەلەندۈرۈش قۇرۇلۇشى خىراجىتى شەكىللەندى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى سۇنى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، تارىم دەرياسى 4 -، 6 - نومۇرلۇق نېفىتلىك يولى پۈتتى.

جاۋ زۈنشيۇ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

نېفىت، گاز تەكشۈرۈش 2001 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 3 -، 4 -، 6 - رايونلىرىدىكى زاپاس مىقدار تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان رايوننىڭ جەنۇبىدىن تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىكى تۇزلۇق ئۈچىنزلانغان لىنىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تەخمىنەن 200 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگىچە 2 تەكشۈرۈش قۇدۇقى (شايار 86 -، 87 - قۇدۇق)، 8 باھالاش قۇدۇقى (T205، T443، T444، T607، T615، T616، T701، T702 قۇدۇقلار) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 6 - رايون S76 — T615 قۇدۇق رايونىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسى، ترىئاس سىستېمىسىدىكى تۆۋەن دائىرىلىك قورشالمىنى باھالاش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا TK624، T703، T206 قۇدۇقتىن ئىبارەت 3 باھالاش قۇدۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ ئاخىرى شايار 89 -، 90 -، 91 -، 92 -، 93 -، 94 -، 95 -، 96 - قۇدۇقتىن ئىبارەت 8 قۇدۇق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەبىئىي گاز تەكشۈرۈشتە 2000- يىلدىن قالغان 2 تەكشۈرۈش قۇدۇقى 2001 - يىلى داۋاملىق بۇرغىلاندى، چوڭكۆل گازلىقىدىكى زاپاس مىقدارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ياقلا گازلىقىدىكى زاپاس مىقدارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، Y4 قۇدۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**قۇدۇق بۇرغىلاشتا ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى**

2001 - يىلى جەمئىي 33 تەكشۈرۈش قۇدۇقى ۋە باھالاش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن قالغان قۇدۇق 9، يېڭىدىن بۇرغىلانغان قۇدۇق 24 (ياندىن بۇرغىلانغان بىر قۇدۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇرغىلاپ تاماملانغان قۇدۇق 24، بۇرغىلىنىۋاتقان قۇدۇق 9. يىل ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي مېتىراژ 141 مىڭ 971.96 مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 14، مېتىراژى 70 مىڭ 949.16 مېتىر؛ باھالاش قۇدۇقى 19، مېتىراژى 71 مىڭ 22.8 مېتىر.

**قۇدۇق خاتىرىلەش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق سىناشتا ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى**

32 قۇدۇق خاتىرىلىنىپ، 24 قۇدۇق تاماملاندى، ماتېرىياللارنىڭ ياخشىلىق نىسبىتى 100%كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيالى مۇنەۋۋەر باھالانغىنى 10 قۇدۇق، ياخشى باھالانغىنى 14. چوڭكۆلدە 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ ماتېرىيال يىغىش خىزمىتى تاماملاندى، 24 قېتىمدا 243.75 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە تەكشۈرۈلدى؛ مارالبېشى شاۋخەيزىنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىياللىرىنى قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، خىزمەت مىقدارى 1036 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى؛ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 366 كىلومېتىرلىق دائىرىسىدىكى ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالىنى ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى تاماملاندى؛ S84 قۇدۇقنىڭ ئىچىنى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش تاماملاندى، 33 قۇدۇق 86 مىليون 800 مىڭ شەرتلىك مېتىر مۇنتىزىم ئۆلچەندى، 10 قۇدۇق تەسۋىر ھاسىل قىلىپ تەكشۈرۈلدى، 3 قۇدۇق يادرو ماگنىتلىق رېزونانس ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. 13 قۇدۇقتىكى 21 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا كىسلاتا ئارقىلىق قاتلام يېرىلدى، 2 گېئولوگىيىلىك قاتلام 2 قۇدۇق (قېتىم) كىسلاتادا يۇيۇلدى. 21 قۇدۇقتىكى 29 گېئولوگىيىلىك قاتلام مۇنتىزىم سىنالدى؛ 24 قۇدۇق قېزىلىپ بولدى، 16 قۇدۇقتا سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 67%كە يەتتى.

**بايقاش قۇدۇقى نىشانى ئورۇندالدى** 4 بايقاش قۇدۇقى تاماملىنىپ، پىلان 100% ئورۇندالدى. شايار 72 - قۇدۇقى، T204 قۇدۇقتا تاشكۆمۈر سىستېمىسى، ترىئاس سىستېمىسىدا سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، كۈنىگە 72 كۇب مېتىر نېفىت، 7800 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز چىقتى، دەسلەپكى قەدەمدە 38 كۇب مېتىر نېفىت ئېلىندى، بۇ، بۇ رايوندىكى تاشكۆمۈر، ترىئاس سىستېمىسىدىكى تۆۋەن دائىرىلىك قورشالمىنى تەكشۈرۈش ساھەسىدىكى زور بايقاش ھېسابلىنىدۇ. شايار 86 - قۇدۇقنىڭ ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى يالغۇز ئۆي گورۇپپىسىدىكى بىئو ئۆۋۈندىلىق ھاك توپلانما قاتلىمىدا كىسلاتا ئارقىلىق قاتلام يېرىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، كۈنىگە 312 توننا نېفىت، 140 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز چىقتى، بۇ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ سىرتقى دائىرىسىدىكى مۇھىم بايقاش قۇدۇقى ھېسابلىنىدۇ. شايار 90 - قۇدۇقىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسىنىڭ ئاستىغا تەۋە قارچىغا تاغ گورۇپپىسىدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، كۈنىگە 216 كۇب مېتىر نېفىت، 150 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى، ھەلەكىنىڭ شىمالىدىكى رايوندا نېفىت، گاز تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىلدى.

جاۋ زۇنشيۇ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

2001 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى دۆلەت كونترول قىلغان، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى كونترول قىلغان 7 تۈردە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

2001 - يىل 12 - ئايدا «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنىستىكى چوڭ نېفىت - گازلىقنى

تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىكى ھالقىلىق تېخنىكا»دا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تېمىسىدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بىلەن تېما ۋەزىپىنامىسى ئىمزالاندى. تېما ئاستىدا 3 بىرىنچى دەرىجىلىك مەخسۇس تېما، 2 ئىككىنچى دەرىجىلىك مەخسۇس تېما تەسىس قىلىندى. بۇ تېمىدا 2003 - يىلغىچە جەمئىي 300 مىليون توننىدىن 500 مىليون توننىغىچە نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، يىلىغا 3 مىليون توننىدىن 4 مىليون توننىغىچە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئىشەنچلىك ئىلمىي ئاساس يارىتىش مەقسەت قىلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تەتقىقات تېمىلىرى يولغا قويۇلدى: «تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى 4 - رايون ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت ئۇۋىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش سىنىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېلىش - يىغىۋېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى»؛ «تارىم دەرياسى 6 - رايونىدا سىستېما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يۇرۇشلەشكەن تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش» تەتقىقات تۈرى؛ «تارىم ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈش نىشانىنى تاللاش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى» تەتقىقات تۈرى؛ «تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ گېئولوگىيىلىك مودېلى ۋە تاش جىنسنى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىكى تەتقىقات»؛ «تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى كاربوناتلىق جىنسىتىكى توپلانما قاتلامنى ئالدىن ئۆلچەش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى».

2001 - يىلى «يېڭى يۇلتۇز» نېفىت شىركىتى 10 تۈردە تەتقىقات ئېلىپ باردى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى 20 تەتقىقات تۈرىنى كونترول قىلدى.

«تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت، گاز تەكشۈرۈش (2 - قارارلىق)» تەتقىقات تۈرى 2001 - يىللىق جۇڭگو نېفىت خىمىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2001 - يىل 3 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىرلىشىپ 9 - بەش يىللىق پىلاندىكى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نۇقتىلىق تۈرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى ئاقكۆل چوقچايمىسىدىكى كېمبرىي - ئوردوۋىك سىستېمىسى كاربوناتلىق جىنسىتىكى توپلانما قاتلىمىنى ئالدىن ئۆلچەش شۇنىڭدەك قورشالمىنى باھالاش» ۋە «شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دېڭىز فاتسىيىلىك كاربوناتلىق جىنسىتىكى توپلانما قاتلامنى تونۇش ۋە ئالدىن ئۆلچەشنىڭ فىزىكىلىق يېڭى تېخنىكىسى» دېگەن مەخسۇس تېمىلىرى «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى» بولۇپ باھالاندى.

2001 - يىلى 3 تۈر شىنجاڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «تارىم ئويمانلىقى شايار كۆتۈرۈلمىسىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش نىشان رايونى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «تارىم دەرياسى 3 -، 4 - نومۇرلۇق نېفىتلىكى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت ئۇۋىسىنى دومىلىما تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ۋە «تارىم ئويمانلىقى شايار كۆتۈرۈلمىسىدىكى نېفىت، گازلىقنى قۇدۇق ئۆلچەپ ئىزاھلاش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاۋ زۇنشيۇ

## تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدار 47 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت 40 مىليون 430 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 7 مىليارد 170 مىليون كۇب مېتىر؛ قازغىلى بولىدىغان زاپاس مىقدار 9 مىليون 486 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ كەلدى؛ تىزگىنلەنگەن زاپاس مىقدار 33 مىليون 867 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا يەتتى؛ ئالدىن ئۆلچەنگەن زاپاس مىقدار 31 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا يەتتى، بۇ 3 دەرىجىلىك زاپاس مىقدار 112 مىليون 487 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ كەلدى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە جەمئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدار 197 مىليون 76 مىڭ تونىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت 180 مىليون 745 مىڭ توننا، قازغىلى بولىدىغان زاپاس مىقدار 29 مىليون 132 مىڭ توننا، قېپقالغان قازغىلى بولىدىغان زاپاس مىقدار 23 مىليون 912 مىڭ توننا، زاپاس مىقدار بىلەن قازغىلى بولىدىغان مىقدار سېلىشتۇرمىسى 9.56.

2001 - يىلى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى بويىچە 2 مىليون 498 مىڭ 300 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، 427 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغىنى 360 مىليون كۇب مېتىر. 960 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يېڭىدىن كۆپەيتىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە 980 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيدى.

چېن لەنفېڭ

# جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى

## ئومۇمىي بايان

2001 - يىلى جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى بويىچە جەمئىي 207 مىڭ 600 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، ھەربىر توننا نېفىتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى 315.2 يۈەن بولدى. 620 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بېرىلدى، 9237 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، 9128.32 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز سېتىلدى؛ بۇرغىلانغان قۇدۇق مېتراژى 56 مىڭ 300 مېتىرغا يەتتى؛ تەكشۈرۈشكە 59 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يارىتىشقا 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 29 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى پىلانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

تارىم دەرياسى نېفىتلىكى تەكشۈرۈش شىركىتى

## تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى جەمئىي ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 378.09 كىلومېتىر دائىرىنى تەكشۈردى، 10 مىڭ مېتراژلىق تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىدى، بۇنىڭ 1 - قۇدۇقىدىكى چوڭقۇر تېپتىكى بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىشنى ۋە تۇ 8 - قۇدۇقتىكى 1 - نېفىت سىناش قاتلىمى (3078.1 مېتىردىن 3101.9 مېتىرغىچە) دىكى نېفىت سىناشنى ئۆيۈشتۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى: جەنۇبىي قىسمىدىكى شاسەندە ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىنىقى يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەر تەۋرىتىش كەسمە يۈزىدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ناھايىتى چوڭ ياخشىلىنىش بولدى، تەكشۈرۈش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قانائەتلەندۈردى. جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆكتاغدىكى تاغ يېرىدە ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ، يەنجى ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئالدى ئىتتىرىلمە بېلىنچا گەۋدە ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى، ھالىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە كېيىنكى يۇرا سىستېمىسىدىكى يەر قاتلىمىنىڭ تارقىلىشى، قېلىنلىقىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئاستىنقى قاتلىمى ۋە ئۇل تەكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىپ، پايدىلىق قورشالما بىلەن تەمىنلەپ، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشكە ماتېرىيال ئاساسى تېپىپ بەردى. بۇنەندىكى 3 - قۇدۇقنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ رايوندىكى يەر قاتلىمىنىڭ قاتلام تەرتىپى ئېنىقلاندى، ئارا مەھەللە ئۇزۇلمە تۈمشۇقىدىكى نېفىت، گاز تەركىبى شۇنىڭدەك بۇ رايوندىكى ئاساسلىق زاپاس يېپىنچىسىنىڭ بىرىكىپ يېتىلىش ئەھۋالى ئىگىلىنىپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى ئويۇلمىنى يەر تەۋرىتىپ ئىزاھلاش شۇنىڭدەك ئۇنىۋېرسال گېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، كېيىنكى قەدەمدە ئارا مەھەللە ئۇزۇلمە تۈمشۇق تۈزۈلمە بەلۋېغىنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىش شۇنىڭدەك جەنۇبىي قىسمىدىكى ئويۇلمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە ئىشەنچلىك گېئولوگىيىلىك ماتېرىيال تەييارلاندى. تۇ 8 - قۇدۇقنى بۇرغىلاش جەريانىدا ياخشى نېفىت گازنى ئۇچراتتى، مۇشۇ جاينىڭ شەرقىي رايون بۆلىكىدىكى نېفىت تەركىبلىك كۆلەمنى كېڭەيتىپ، مۇشۇ جاينىڭ شەرقىي رايون بۆلىكىدىكى زاپاس كۆلەمنى كۆپەيتىشكە ئاساس سالدى.

تارىم دەرياسى نېفىتلىكى تەكشۈرۈش شىركىتى

## ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى بويىچە 21 قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، مېتراژى 56 مىڭ 300 مېتىرغا يەتتى؛ 19 نېفىت سۇ قۇدۇقى قۇرۇپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قۇدۇقى 18، سۇ قۇدۇقى بىر. 41 مىڭ 500 توننىلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا باۋ رايون بۆلىكىدە 12 مىڭ توننىلىق، شىمالىي باۋ رايون بۆلىكىدە 3000 توننىلىق، يەنجى ئىككىنچى بۆلىكىدە 26 مىڭ توننىلىق؛ مۇشۇ يىلدا 20 مىڭ كۇب مېتىرلىق سۇ بېرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىلدى؛ 2001 - يىلى 5 قۇدۇقتىكى 5 قاتلامدا نېفىت سىناش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

تارىم دەرياسى نېفىتلىكى تەكشۈرۈش شىركىتى

جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ 2001 - يىللىق ئاساسلىق ئۆزلەشتۈرۈشتە ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| تۈرلەر | بىرلىكى | پىلان كۆرسەتكۈچى | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى |
|---|---|---|---|
| نېفىت مەھسۇلاتى | ئون مىڭ توننا | 20.5 | 20.76 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بېرىلگەن سۇ مىقدارى | ئون مىڭ كۇب مېتىر | 56.6 | 62.3 |
| سۇ بېرىش - قېزىش نىسبىتى | | 1.3 | 1.41 |
| تەبىئىي كېمىيىش نىسبىتى | % | 23 | 20.1 |
| ئونىۋېرسال ئازىيىش نىسبىتى | % | 14 | 10.6 |
| سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى | | 2.5 | 2.91 |
| يىل ئاخىرىدىكى سۇ تەركىبى | % | 13 | 12.2 |
| يەر قاتلىمىنىڭ بېسىم سەۋىيىسى | % | 85 | 85.3 |
| سۇ بېرىشتە ئايرىپ بېرىش-نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى | % | 65 | 68 |
| نېفىت قۇدۇقىدىن پايدىلى-نىش ئۈنۈمى | % | ≥95 | 96 |
| نېفىت قۇدۇقىنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى | % | ≥90 | 90 |
| سۇ بېرىلگەن قۇدۇقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى | % | ≥98 | 98.1 |
| سۇ بېرىلگەن قۇدۇقنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى | % | ≥95 | 98.1 |
| نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ رېمونت قىلىنمايدىغان مۇددىتى | كۈن | ≥400 | 445 |
| مەشغۇلاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىك بولۇش نىسبىتى | % | 100 | 100 |
| مەشغۇلات تەدبىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى | % | ≥80 | 88 |
| ھالەتلىك كۆزىتىشنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى | % | 100 | 110 |
| ماتېرىياللارنىڭ تامامەن توغرا بولۇش نىسبىتى | % | ≥95 | 96 |
| سىرتقا يۆتكەلگەن نېفىتتىكى سۇ تەركىبى | % | ≤0.05 | 0.01 |

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

### ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 3 مىليون 635 مىڭ 200 توننا نېفىت، 340 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز كىرگۈزدى، 3 مىليون 542 مىڭ 300 توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. 2 مىليون 725 مىڭ 200 توننا يېنىك ماي، 52 مىڭ توننا پاراكسىلېن ئىشلەپچىقاردى. 1 مىليون 132 مىڭ 700 توننا ئورېيە ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى 576 مىڭ توننا، 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى 556 مىڭ 700 توننا ئورېيە ئىشلەپچىقاردى. ئىككى يۈرۈش خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى يىل بويى ئۆلچەمگە يەتتى. 91 مىڭ 500 توننا ساپ تېرې فتالىك كىسلاتا، 58 مىڭ 600 توننا پولى ئېستېر، 19 مىڭ 900 توننا قىسقا تالا، 5600 توننا ئۇزۇن

تالا ئىشلەپچىقىرىلدى. تۆت يۈرۈش قۇرۇلمىنىڭ مەھسۇلاتى مۆددەتتىن بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى. مۇشۇ يىلدا 642 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، 4 مىليون 970 مىڭ تونna گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

«شىنفىڭ» پاي شىركىتى بويىچە 32 مىڭ تونna پولى پروپىلېن ئىشلەپچىقىرىلىپ، قۇرۇلمىنىڭ لايىھەدىكى ئىقتىدارىدىن %113 ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

مۇشۇ يىلدا 2 مىليون 230 مىڭ تونna بېنزىن، كىروسىن، دىزېلىن سېتىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 110 مىڭ تونna ئاشتى، 1 مىليون 210 مىڭ تونna ئورىيە، 96 مىڭ تونna خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتى سېتىلدى. سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 130 مىليون يۈەن ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 25 مىليون يۈەن ئاشتى؛ باج سوممىسى 642 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 160 مىليون يۈەن ئاشتى. نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان 133 مىليون 420 مىڭ يۈەن پايدا ئازىيىپ كېتىش ئامىلىنى ئىچكى قىسىمدا تۈگەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئىچكى قىسىمدا سىنىلىدىغان پايدا 102 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 123 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇلدى.

سۇن جىلڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 438 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە 427 مىليون 690 مىڭ يۈەن سېلىندى. جەمئىي 56 مەبلەغ تۈرى ئورۇندالدى. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. يىلىغا 400 مىڭ توننىلىق ئۈدا قايتا تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلمىسى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئورۇندالدى؛ ئايروپىلان كىروسىنىنى پۇراقسىزلاندۇرۇش تۈرىدە قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش تاماملىنىپ، ئارىلىقتىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، خىمىيىۋى تالا زاۋۇتىدا 3 دانە يېڭى DTY ماشىنىسى كۆپەيتىلدى ھەمدە بىر قېتىمدىلا قوزغاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شىركەت بويىچە تۈردىكى ھەر ۋاقىت ئۆچۈر باشقۇرۇش سىستېمىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2001 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىدە جەمئىي 8 يۈرۈش قۇرۇلما بولۇپ، جەمئىي 73 سىناش كۆرسەتكۈچىنى جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش سىنىقىغا قاتناشتۇردى، 61 كۆرسەتكۈچنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش نىسبىتى %83.5كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك ماي يىغىۋېلىش نىسبىتى قاتارلىق 11 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچتە تارىختىكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، تەننەرخ ۋە سەرپىياتنى 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازايتتى. تېخنىكا تارماقلىرى يەنە 24 تۈرلۈك تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىنى ئورۇندىدى.

سۇن جىلڭ

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى يىل بېشىدا بېكىتكەن تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى سىناش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇندىدى، مۇشۇ يىلدا دۆلەت ۋە جۇڭگو نېفىتلىك پاي شىركىتى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقىنىڭ 16 قېتىملىق ئارىلاپ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمدىكى تەلەپكە تامامەن ئۇيغۇن كەلدى، پولى ئېستېر كەسلەنمىسى، 3 - نومۇرلۇق پۈركۈپ كۆيدۈرۈلىدىغان يېقىلغۇ ماتېرىيالى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. ئورىيە مەھسۇلاتى تۈنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەيدىغان مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2 تۈردىكى QC نەتىجىسى تۈنجى قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك QC نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۇن جىلڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3799، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىسى 1541، مۇنتىزىم ئىشلەۋاتقان ئاپتوموبىلى 745، جەمئىي تونناژى 10 مىڭ 891 ئاپتوموبىل - تونna؛ ئۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 901 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 286 مىليون 670 مىڭ يۈەن. شىركەت قارمىقىدا 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، 3 - شىركەت، تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتىدىن ئىبارەت 5 ترانسپورت ئاساسىي كەسىپ شىركىتى بار، شىركەتنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، مايتاغ، كۇچا، كورلا، تۇرپان - قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش،

تۇرمۇش بازىسى بار. شىركەت ئاساسەن شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىك، 4 چوڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە نېفىت شىركەتلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

**ترانسپورت شىركىتىنىڭ** 2001 - يىللىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى:

**ترانسپورت مىقدارى** يۈك توشۇش مىقدارى 369 مىليون 790 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 1 مىليون 950 مىڭ تونىغا يەتتى.

**ترانسپورت سۈپىتى** بىخەتەر قاتنىغان ئارىلىق مۇساپە 5 مىليون 324 مىڭ 200 ئاپتوموبىل - كىلومېتىر.

**سەرپىيات** ھەر 100 كىلومېتىر مۇساپىگە 34.79 كىلوگرام يېقىلغۇ ماي سەرپ قىلىندى، ھەربىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 72 مىڭ 325 كىلومېتىر بولدى.

**تەننەرخ** بىرلىك تەننەرخ ھەر 1000 توننا - كىلومېتىرنىڭ 409.2 يۈەن.

**ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى** ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 321 مىڭ توننا - كىلومېتىر.

**ترانسپورت ئۈنۈمى** ئاپتوموبىللارنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى %90.21كە، ئىشلەش ئۈنۈمى %77.04كە يەتتى.

**سېتىش كىرىمى** مۇشۇ يىلدا 500 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى جۈن

قىسقا ماتېرىيال

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش — جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گازىنى ئۇزۇنلۇقى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ دىئامېتىرلىق گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئارقىلىق خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكە (شەھەر) لەرگە يەتكۈزىدىغان تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق يۇقىرى ۋادىدىكى گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، غول تۇرۇبا لىنىيىسىنى ياتقۇزۇش، شۇنىڭدەك تۆۋەن ۋادىدىكى تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىدىغان يۇرۇشلەشتۈرۈش مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆرۈشكە قارىغاندا، ئۇنىڭغا 300 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا قۇرۇلۇشىنىڭ مەبلەغ كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىشتىكى مۇھىم بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى گاز ئاققۇزۇش تۇرۇبا لىنىيىسى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى جەنۇبىي بوگۇردىن باشلىنىپ، گەنسۇ، نىڭشيا، شەنشى، سەنشى، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ ئارقىلىق ئاخىرىدا شاڭخەي شەھەر رايونىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئارىلىقتا چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ تۈزلەڭلىككە كىرىپ، سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ، تەيخاڭشەندىن، لۈلياڭدىن ھالقىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى 3 قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، چاڭجياڭ، خۇەيخېدىن ھالقىپ، سۇ يۇرتىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ غەربىي، ئوتتۇرا قىسمى، شەرقىي قىسمىدىكى 9 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بۆلىكى 1200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 120 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 28 مىليارد يۈەننى شىنجاڭ ئىگىلەيدۇ، بۇ مەبلەغ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى غول تۇرۇبا يولى ۋە يول ئۈستىدىكى شەھەرلەرنىڭ تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 3 - ئايدا رەسمىي باشلاندى، دۆلەت غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇپ بۇ قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل قىلدى. 2001 - يىل 9 - ئايدا غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شەرق، غەرب سىناق بۆلەكلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇش باشلاندى. 2003 - يىلى پۈتۈپ شاڭخەيگە گاز يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ساناەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 300 مىليون يۈەن كۆپىيىدۇ، ساناەت قوشۇلما قىممىتى %26.8 ئاشىدۇ، مالىيە كىرىمى 1 مىليارد يۈەن ئاشىدۇ.

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش** 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 28 مىليون 196 مىڭ 100 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرى مۇشۇ يىلدا جەمئىي 6 مىليون 118 مىڭ 900 توننا كۆمۈر ساتتى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن %16.42 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن كۆمۈر 1 مىليون 625 مىڭ توننا بولۇپ، %1.6 ئازايدى. كۆمۈر كان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان پارتلىتىش دورىسى 11 مىڭ 145.61 توننا بولۇپ، %4.2 ئازايدى، 18 مىليون 146 مىڭ 400 تال پىستان ئىشلەپچىقىرىلىپ، %0.05 ئازايدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ كوكس كۆمۈر (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 43 مىڭ 300 توننا كوكس ئېكسپورت قىلدى.

**زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە** دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرى شۇنىڭدەك ئىدارىگە قاراشلىق كارخانىلار تولۇقلىما ئالغاندىن كېيىن 10 مىليون 450 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 542 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا بويىچە)، 2000 - يىلدىكىدىن %8.44 ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 507، ئومۇمىي خادىملار ئىش ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئىش كۈنىگە 2.75 توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.93 ئاشتى.

**كارخانا ئىسلاھاتى جەھەتتە** 2001 - شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى تۈزۈم ئۆزگەرتىپ دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەت بولدى، تۈزۈم ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى شىركەت نامى شىنجاڭ «قارلىق چوققا» خەلق پارتلىتىش مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دەپ ئاتالدى. شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى سىستېمىسىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن 4ى قۇرۇلدى، 1781 ئىشچى - خىزمەتچى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، 1244 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلار ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %70 نى ئىگىلىدى؛ ئىش ئورنىدىن قالغانلار يۈزدە يۈز قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگۈزۈلۈپ، يۈزدە يۈز ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى ئالدى. سىستېما بويىچە بارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلەش يولغا قويۇلۇپ، 26 مىڭ 278 كىشى بۇ دائىرىگە كىردى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سوممىسى ئالغانلار 15 مىڭ 51 كىشىگە يەتتى، ياشانغاندا كۆتۈنۈش سوممىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

**كۆمۈر كانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە** 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىلدىكى كۆمۈركان قۇدۇقلىرىنىڭ سانى 1080. بۇنىڭ ئىچىدە 2 كىنىشكا ئالغان (كان ئېچىش ئىجازەتنامىسى ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى) كان قۇدۇقى 843 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كېنى 12، يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى كۆمۈر كېنى 235، يېزا، بازار كوللېكتىپ كۆمۈر كېنى شۇنىڭدەك باشقا كۆمۈر كانلىرى 596) بولۇپ، كىنىشكا ئېلىش نىسبىتى %78.06 بولدى؛ بىر كىنىشكا ئالغان كۆمۈر كېنى 92. يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن كۆمۈر كېنى 567 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك كان قۇدۇقلىرىنىڭ %67.26 نى ئىگىلىدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز ۋە جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان 105 كان قۇدۇقى تاقالدى.

**كۆمۈر سانائىتىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە** 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆمۈر قېزىشتا ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى %83 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 22.15 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال قېزىشنىڭ %44.63، ئۇنىۋېرسال ئىچكىرىلەپ قېزىشنىڭ %21.8، ئىچكىرىلەپ قېزىش - قاچىلاشنىڭ %21 بولدى.

جىن يۈڭشياڭ

شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ 2001 - يىللىق ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى

بىرلىكى: تۈمەن توننا

| | 2001 - يىل | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (+%) |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر مىقدارى | 2819.61 | 0.74 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 653.62 | 20.21 |
| يەرلىك كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 2165.99 | −3.96 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 418.38 | 1.68 |

| | | |
|---|---|---|
| ۋىلايەت، شەھەرلەر باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 145.31 | −7.25 |
| ناھىيىلەر باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 554.96 | 14.11 |
| يېزا، بازار (كەنت) ۋە باشقا كۆمۈركانلىرىنىڭ | 1047.34 | −12.78 |

جىن يوڭشياڭ

## كۆمۈر كانلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالى

شىنجاڭدا كۆمۈر كانلىرىنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار مەخسۇس تۈزەشنىڭ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا 987 كۆمۈر كانىنى تەكشۈرۈپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن ئاپىتى ۋە مەسىلىسىدىن 10 مىڭ 413نى تەكشۈرۈپ چىقتى، 731 كان قۇدۇقى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى، قانۇنسىز ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتىنى ھازىرلىمىغان 105 كىچىك كۆمۈر كېنى تاقالدى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرى ئاچقان 34 كىچىك كۆمۈر كېنى شۇنىڭدەك دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ كانلارنىڭ قۇدۇقلۇق دائىرىسىگە كىرىۋالغان 28 كىچىك كۆمۈر كېنىنىڭ ھەممىسى تاقالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەرتىپكە سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بىخەتەرلىككە بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر كۆمۈر كان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىش تارمىقى 6128 ئادەم (قېتىم) نى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىقىرىپ، 670 ئورۇندىكى كۆمۈر كېنىنى تەكشۈرۈپ تۈزەتكۈزۈۋالدى، 496 ئورۇندىكى كان قۇدۇقى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى (يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 14 مىليون توننىدىن كۆپرەك)، ئۇنىڭغا ئىزچىل تۈردە نورمال ئىشلەۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 90 مىڭ توننىدىن ئاشىدىغان 72 ئورۇندىكى كۆمۈر كېنى (ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 13 مىليون 350 مىڭ توننا) قوشۇلۇپ، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل كۆمۈركانلىرىنىڭ يىللىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 28 مىليون تونىنغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى.

جىن يوڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش قىلىپ گېئولوگىيىلىك چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، بايلىق تۆلەم پۇلى، مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق 8 گېئولوگىيىلىك خىزمەت تۈرىدە جەمئىي 4500 مېتىر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئوقۇرسىمان تەكشۈرۈش مىقدارى 3821 كۇب مېتىرغا يەتتى، 74 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى تولدۇرۇلدى، 1020 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە يىراقتىن گېئولوگىيىلىك سىزىلدى، گېئولوگىيە دوكلاتتىن 10ى تاپشۇرۇلدى، 865 مىليون توننا بايلىق قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پىلاننىڭ ھەممىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارخىپ سارىيى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 2001 - يىلى جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى ئىدارىسىغا قاراشلىق «156» ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ خوتەن — نىيە رايونىدا كۆمۈر بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش تۈرىدە زور بۆسۈش بولدى، 150 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسى يېڭىدىن كۆپەيدى ھەمدە كالىي تۇزى قاتارلىق دۆلەتكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مىنېرال تۈرلىرى بايقالدى، بۇ نەتىجە بۇ رايوندىكى كۆمۈر ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا گېئولوگىيىلىك ئاساس تېپىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇيى قۇرۇپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان كورجەي رايونىدا چوڭ تىپتىكى ئەلا سۈپەتلىك سۇ مەنبەسى بايقالدى، يەر ئاستى سۇ مەنبەسى يېتەرلىك بولۇپ، كۈنىگە 50 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق سۇ چىقىدۇ.

جىن يوڭشياڭ

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرخىل كۆمۈر كانلىرىدا 153 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 62 قېتىم ئازايدى؛ 220 ئادەم قازا قىلىپ 83 ئادەم ئاز ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈركانلىرىدا بىر قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى، ئۆلۈم ھادىسىسى 4 قېتىم ئازىيىپ، 4 ئادەم

ئاز ئۆلدى؛ مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 0.15 ئادەم بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلىك كۆمۈركانلىرىدا 54 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 22 قېتىم ئازايدى، 81 ئادەم قازا قىلىپ، 37 ئادەم ئاز ئۆلدى، مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 6 ئادەم بولدى. يېزا، بازار كوللېكتىپ كۆمۈركانلىرىدا 90 قېتىم ئۆلۈم ھاسىسى يۈز بېرىپ، 44 قېتىم ئازايدى، 129 ئادەم قازا قىلدى، 51 ئادەم ئاز ئۆلدى، مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 13 ئادەم بولدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش كان قۇدۇقلىرىدا 8 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 9 ئادەم قازا قىلدى، ھادىسە 7 قېتىم كۆپىيىپ، 8 ئادەم كۆپ ئۆلدى.

جېن يۇڭشياڭ

## كان قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ كان قۇتقۇزۇش بازىسىدىكى قۇتقۇزۇش ئەترىتى خادىملىرى 12 قېتىم ھەرخىل كۆمۈركان ئاپىتى ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىپ، قازاغا ئۇچرىغان 32 ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، 20 مىڭ توننا كۆمۈر، 9520 مېتىر خاڭ يولىنى ئازاد قىلدى، 29 دانە ئۈسكۈنىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، 11 - ئايدا مەملىكەتلىك كۆمۈركان بىخەتەرلىكى قۇتقۇزۇشى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جېن يۇڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونلىرىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش پىلانى»نى رەسمىي تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شياۋلۇڭكۇ، شياۋخۇاڭسەن 2 ئوت رايونى شىنجاڭدىكى تۇنجى تىزگىنلىنىدىغان 5 چوڭ ئوت رايونى (قالغان 3 چوڭ نۇقتىلىق ئوت رايونى — تيېچاڭگۇ ئوت رايونى، گۇچۇڭ بەيتىڭ ئوت رايونى، فۇكاڭ بەيياڭخې ئوت رايونىدىن ئىبارەت) قاتارىدا بولۇپ، بۇ 2 ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى «كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش قائىدىسى»دىكى تەلەپكە يېتىپ، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈمدە ئۆچۈرۈلىدىغان 5 چوڭ نۇقتىلىق ئوت رايونىدىكى ئوت تامامەن ئۆچۈرۈلدى. جەمئىي 98 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان ليۇخۇاڭگۇ ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى 2 - يىلىغا قەدەم قويدى. 7 تارماق ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تاماملاندى. 2001 - يىلى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ بايدىكى تېرەك ۋە توقسۇندىكى كۆرجەيدىن ئىبارەت 2 نۇقتىلىق ئوت رايونىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، «تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» تاپشۇرۇلدى.

جېن يۇڭشياڭ

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش، قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

1. كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش كۈچەيتىلىپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلدى. 2001 - يىلى كۈيتۇڭ ۋە كورلا ئىش باشقارمىلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى 907 كۆمۈر كېنىنى بىخەتەرلىك بويىچە تەپتىشلىدى، جەمئىي 36 مىڭ 372 بىخەتەرلىك يوشۇرۇن ئاپىتىنى تېپىپ چىقتى، قانۇن بويىچە 436 كۆمۈركېنىنى ئۈستىدە نەق مەيداندا بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقاردى، 198 كۆمۈركېنىنى مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاش قارارى چۈشۈردى.

2. كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش بىلەن تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىكنى تەپتىشلەش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

3. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كۆمۈركان ھادىسىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 2001 - يىلى كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتى يەرلىك ھۆكۈمەتلەردىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 151 قېتىملىق ھادىسىنى تەكشۈرۈپ ھەممىسىنى ئاياغلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە كۈيتۇڭ ئىش باشقارمىسى 108 قېتىمنى تەكشۈردى، كورلا ئىش باشقارمىسى 37 قېتىمنى تەكشۈردى، شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى 6 قېتىمنى تەكشۈردى. ئايرىم كۆمۈركانلىرىدىكى ھادىسىنى يوشۇرۇش ۋە قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

جېن يۇڭشياڭ

## شىنجاڭ بىرىنچى قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى خەلقئارا ئۆلچەم گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى

شىنجاڭ بىرىنچى قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسى (كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى لايىھەلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسى) بېيجىڭ 9000 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىق مەركىزى تارقاتقان ISO9000 «خەلقئارا ئۆلچەم گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسى»گە ئېرىشتى. بۇ ئورۇن

شىنجاڭدىكى كۆمۈر سانائىتى كان رايونى، كان قۇدۇقى، ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركان، كۆمۈر ئاللاش قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا مەسلىھەت بېرىدىغان ۋە مۇھەسسىتقا بولغان تەسىرىنى باھالايدىغان لايىھىلەش ئاكادېمىيىلىرى ئىچىدە 1 - بولۇپ بۇنداق گۇۋاھلىقنامە ئېرىشكەن ئورۇن بولۇپ، بۇ ئورۇنغا قاراشلىق كۆمۈر سانائىتى قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى مەركىزىمۇ بۇ خىل گۇۋاھلىقنامىغا ئېرىشتى.

جىن يۇڭشياڭ

## ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە جۇڭگو - گېرمانىيە كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش تورىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بايدىكى تېرەك ئوت رايونىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 2002 - يىللىق خىزمەت پىلانى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەش پىلانى بېكىتىلدى. 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو - ياپونىيە كۆمۈركان باشقۇرۇش تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تەربىيىلەش كۇرسى ئۈرۈمچىدە دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تەرەپ كۆمۈركان باشقۇرۇش خادىملىرى ياپونىيىگە بېرىپ تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جىن يۇڭشياڭ

# ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى

## ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق مۇقىم ئاشتى. مۇشۇ يىلدا 19 مىليارد 720 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق شۇنىڭدەك پاي كونترول ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ھاسىل قىلغان توك 12 مىليارد 480 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 6.7%؛ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ھاسىل قىلغان توك 2 مىليارد 690 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 8.7%؛ بىڭتۈەن سىستېمىسى ھاسىل قىلغان توك 1 مىليارد 530 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2.9%؛ سۇچىلىق سىستېمىسىنىڭ توك ھاسىل قىلغۇچى كارخانىلىرى ھاسىل قىلغان توك 970 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 8.9% ئاشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە توك ھاسىل قىلغۇچى ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 4 مىليون 900 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

دېڭ شۇچى

## ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى

دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى ئىدارىسى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتىدە مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلدى.

ئارزىگۈل

## شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2 مىليون 782 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2 مىليون 281 مىڭ كىلوۋات، سۇ كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 432 مىڭ كىلوۋات، شامال كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 69 مىڭ 600 كىلوۋات. مۇشۇ يىلدا توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سىغىمچانلىقى 269 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 257 مىڭ كىلوۋات، شامال كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 12 مىڭ كىلوۋات. مۇشۇ يىلدا توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 61 مىڭ 800 كىلوۋات ئازايدى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى 40، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 22، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 15، شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى 3.

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى توك ئۆزىتىش لىنىيىسى 753، 18 مىڭ 675 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى 21 لىنىيە، 1975 كىلومېتىر، 110 كىلوۋولتلۇقى 186 لىنىيە، 7137 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلۇقى 546 لىنىيە، 9562 كىلومېتىر. 35 كىلوۋولتلۇقتىن يۇقىرى ترانسفورماتور پونكىتى 445، ترانسفورماتور سىغىمى 13 مىليون 928 مىڭ 700 كىلوۋولت ئامپېر. بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى 11، سىغىمچانلىقى 1 مىليون 986 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 110 كىلوۋولتلۇقى 107، سىغىمچانلىقى 3 مىليون 511 مىڭ 700 كىلوۋولت ئامپېر، 35 كىلوۋولتلۇقى 327، سىغىمچانلىقى 8 مىليون

431 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر.

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى بويىچە ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 197 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە توك ھاسىل قىلىشقا سېلىنغىنى 704 مىليون 540 مىڭ يۈەن، توك ئۆزىتىش ۋە توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 217 مىليون 30 مىڭ يۈەن). قۇرۇلۇش كۆلىمى: توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 73 گېنېراتور، 1 مىليون 306 مىڭ 500 كىلوۋات، توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشى 110 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 19 لىنىيە، 1634.6 كىلومېتىر، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 110 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 18 دانە، 1 مىليون 220 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر. ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر: 1) توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 291 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان 35 گېنېراتور ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى: خوتيەنجى 2 - توك ھاسىل قىلىش شىركىتىنىڭ 2 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى (200 مىڭ كىلوۋاتلىق، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، تيەنچاڭگو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (50 مىڭ كىلوۋاتلىق، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، باي ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 9 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (25 مىڭ كىلوۋاتلىق، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى (500 × 32 كىلوۋاتلىق). 2) توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشىدا 304 كىلومېتىرلىق بىر لىنىيە، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرى: توقسۇن - كورلا لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 304 كىلومېتىر، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى). 3) توك بېسىمى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 120 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق بىر ترانسفورماتور پونكىتى بولۇپ، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرى: كورلا ترانسفورماتور پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق، 120000×1 كىلوۋولت ئامپېر، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى).

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى 13 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى ۋە سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاسىل قىلىنغان توك 12 مىليارد 917 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (ئوت كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 10 مىليارد 793 مىليون كىلوۋات سائەت، سۇ كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 1 مىليارد 966 مىليون كىلوۋات سائەت)، 2000 - يىلدىكىدىن 8.38% ئاشتى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق توك ھاسىل قىلغۇچى ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4684 سائەت بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 309 سائەت ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4855 سائەت، سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4139 سائەت، شامال كۈچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 2471 سائەت بولدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق گېنېراتورلارنىڭ 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سىغىمچانلىقتىكى ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 448 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 11 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى 7.69% بولۇپ، 0.13 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. لىنىيەلەردىكى خوراش نىسبىتى 8.8% بولۇپ، 0.01 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

فېڭ جيې، شېن شۇفېڭ

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن ئاشىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا دائىر 2001 - يىللىق مەلۇمات

| ئېلېكتر ئىستانسىسى نامى | گېنېراتور سىغىمچانلىقى (تۈمەن كىلوۋات) | ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى (سائەت) |
|---|---|---|---|
| ۋېيخۇلياڭ توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 25 | 12.61 | 5043 |
| خوتيەنجى 1 - توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 41.5 | 21.48 | 5175 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 40 | 15.70 | 4480 |
| ماناس توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 63 | 35.32 | 5606 |
| قومۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى | 7.4 | 4.68 | 6326 |
| ئىلى 2 - ئېلېكتر ئىستانسى-سى | 5 | 1.81 | 3611 |
| تاشدەن ئېلېكتر ئىستانسىسى | 10.5 | 1.35 | 3412 |
| باي ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8 | 3.92 | 5224 |
| مارالبېشى گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | 0.05 | 314 |
| توقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسى-سى | 5 | 2.43 | 4857 |
| تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8 | 3.51 | 4381 |

قىلىق جىي، شىن شۇفېڭ

## كورلا ئېلېكتر تورى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىغا كىرگۈزۈلدى

220 كىلوۋولتلۇق توقسۇن - كورلا توك ئۆزىتىش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تورغا كىرگۈزۈلدى، كورلا ئېلېكتر تورى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ، خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈپ توك يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى، بۇ قۇرۇلۇش يېڭىدىن قۇرۇلغان 220 كىلوۋولتلۇق توقسۇن - كورلا توك ئۆزىتىش لىنىيىسى، 220 كىلوۋولتلۇق كورلا ترانسفورماتور پونكىتى ۋە 220 كىلوۋولتلۇق توقسۇن ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭغا جەمئىي 254 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 305 كىلومېتىر، بۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئۇزۇن 220 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ لىنىيە شىمالدا توقسۇن ترانسفورماتور پونكىتىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا كورلا شەھىرىگىچە بارىدۇ.

ئارزىگۈل

## ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ئېلېكتر تورلىرى تۇتاشتۇرۇلدى

110 كىلوۋولتلۇق تاغ ئاغزى — بېيتون لىنىيىسى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 110 كىلوۋولتلۇق بورچىن ۋېكلىيۇچاتېل پونكىتىغا ئۇلاپ كىرگۈزۈلدى، تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بېيتون ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ئېلېكتر تورى ئۇلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدە 6 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ئېلېكتر تورى تورغا كىردى.

ئارزىگۈل

## قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورى يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئېلېكتر تورىغا تۇتاشتۇرۇلدى

110 كىلوۋولتلۇق مارالبېشى - ساجىڭزى توك ئۆزىتىش لىنىيىسى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورى بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىنىڭ ئېلېكتر تورىغا تۇتاشتۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىدىن 5000 كىلوۋات سائەتتىن 15 مىڭ كىلوۋات سائەتكىچە توك سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى جىددىي بولۇش ۋەزىيىتى پەسەيتىلدى.

ئارزىگۈل

## خوتەن تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — خوتەن تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 25000 × 2 كىلوۋات، بۇنىڭغا 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، پۈتكەندىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ توك يېتىشمەسلىك

ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەردى.

ئارزىگۈل

## ئاقسۇ ئېلېكتر تورىنى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىغا تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى

220 كىلوۋولتلۇق كورلا — كۇچا — ئاقسۇ توك ئۆزنەتمە - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش شەرقتە كورلا شەھىرىدىن باشلىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىنى بويلاپ بۈگۈر، كۇچا، باي، توقسۇ قاتارلىق 4 ناھىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە ئاقسۇ شەھىرىگە بارىدۇ. 220 كىلوۋولتلۇق 4 ترانسفورماتور پونكىتى ۋە 577 كىلومېتىرلىق 220 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزنەتمە لىنىيىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇنىڭغا 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى تارىخىدا قۇرۇپ چىقىلغان توك ئۆزنەتمە ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن، مەبلەغ ئەڭ كۆپ سېلىنغان توك ئۆزنەتمە - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ، قۇرۇلۇش پۈتكەندە ئاقسۇ ئېلېكتر تورى شىنجاڭنىڭ غول ئېلېكتر تورىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

ئارزىگۈل

## شىنجاڭ بويىچە دىجۇرنى قويۇلمايدىغان تۇنجى يەر ئاستى ترانسفورماتور پونكىتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

شىنجاڭ بويىچە دىجۇرنى قويۇلمايدىغان 110 كىلوۋولتلۇق تۇنجى يەر ئاستى ترانسفورماتور پونكىتى - ساغلاملىق ترانسفورماتور پونكىتى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ترانسفورماتور پونكىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى لەييۈەن كۆللۈكى ئېگىز قەۋەتلىك ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىي 3 قەۋەت، كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 10.4 مېتىر، ئاساسلىق ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى $40000 \times 2$ كىلوۋولت ئامپېر.

ئارزىگۈل

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك توك باھاسىنى تەكشۈرۈش گۇۋاھلىق يىغىنى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىدىكى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان توك باھاسىنى تەكشۈرۈش گۇۋاھلىق يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر باھا باشقۇرۇش تارمىقى ۋە شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى گۇۋاھلىق يىغىنىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىستېمالچىلار، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار شۇنىڭدەك ئىقتىساد، تېخنىكا، قانۇن تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 80 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

ئارزىگۈل

## توك ھەققىگە قەرزدار بولۇش ئەھۋالى ئېغىرلاپ كەتتى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە 240 مىليون 142 مىڭ 500 يۈەن توك پۇلىغا قەرزدار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن بۇرۇنقى كونا قەرز 152 مىليون 492 مىڭ 300 يۈەن، مۇشۇ يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگىنى 87 مىليون 650 مىڭ 200 يۈەن. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە توك پۇلىغا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزدار بولغان ئابونېنت 281، ئارتىلغان ئومۇمىي توك پۇلى 230 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە توك پۇلىغا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرزدار بولغان ئابونېنت 22، ئارتىلغان ئومۇمىي توك پۇلى 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق، بۇ ھال شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى توك پۇلى يىغىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتلىرى ۋە توك پۇلىغا قەرزدار بولغان ئابونېنتلارنىڭ توك پۇلىنى يىغىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئارزىگۈل

## يېڭى ئېنېرگىيە ماددىي ئەشيا گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىشتا A دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى

2001 - يىل 7 - ئايدا يېڭى ئېنېرگىيە ماددىي ئەشيا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تارقاتقان قۇرۇلۇشتا (ئۇسكۈنە - ماتېرىياللار) خېرىدار چاقىرىش ۋەكىللەر ئاپپاراتىنىڭ A دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تۇنجى تۈركۈمدە تەستىقلىغان 4 ئورۇننىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۇ سالاھىيەتكە ئېرىشكەن 1 - ئورۇن بولۇپ قالدى.

ئارزۇگۈل

# پولات - تۆمۈر سانائىتى

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گورۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گورۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 21 مىڭ 797. يىللىق ماياش ئومۇمىي سوممىسى 337 مىليون يۈەن، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئادەم بېشىغا 137 مىڭ 31 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 18.81% ئاشتى؛ قوشۇلما قىممەتتىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 66 مىڭ 729 يۈەن بولۇپ، 15.49% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليارد 991 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 4 مىليارد 438 مىليون يۈەن.

2001 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان كوكس 561 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.56% ئاشتى؛ ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى 1 مىليون 177 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 23.31% ئاشتى؛ ساپ تۆمۈر رۇدىسى 871 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 9.74% ئاشتى؛ كاللەك رۇدا 748 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 34.90% ئاشتى؛ كۆيدۈرۈلگەن رۇدا 889 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 1.53% ئاشتى؛ چويۇن 1 مىليون 67 مىڭ توننىغا يېتىپ، 4.89% ئاشتى؛ پولات 1 مىليون 254 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.17% ئاشتى؛ پولات ماتېرىياللىرى 1 مىليون 190 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 1.34% ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 2 مىليارد 894 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.85% ئاشتى؛ ھازىرقى باھا بويىچە 4 مىليارد 750 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.12% ئاشتى؛ ساتقان مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 5 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 839 مىليون يۈەن ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى (ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى) 1 مىليارد 409 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.79% ئاشتى. مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.09% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈك 3 مىليارد 117 مىليون يۈەن، ئۇزۇن مەزگىللىك قەرز سوممىسى 889 مىليون يۈەن، تۇراقسىز قەرز 4 مىليارد 770 مىليون يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 68.03%، تۇراقسىز سېلىشتۇرما نىسبىتى 65.56%. مۇشۇ يىلدا 1 مىليون 469 مىڭ 800 يۈەنلىك پولات ماتېرىيال سېتىلىپ، 21.77% كۆپ سېتىلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 115% كە يەتتى، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 602 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.13% ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىش تەننەرخى 158 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 113.80% ئاشتى؛ باشقۇرۇش ھەققى 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 50.29% ئاشتى؛ مالىيە خىراجىتى 171 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32.14% ئاشتى، باج - پايدا ئومۇمىي سوممىسى 499 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.24% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ساپ پايدا 63 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، 222.6% ئاشتى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسلىق ئىقتىساد - تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئىقتىساد تېخنىكا كۆرسەتكۈچى تۆۋەندىكىچە:

1. رۇدا تاللاش. بىر تەرەپ قىلىنغان ئەسلى مىنېرال رۇدا سورتى 50.83% كە، ساپ تۆمۈر رۇدىسى سورتى 66.25% كە، قالدۇق رۇدا سورتى 16.63% كە، مېتال يىغىۋېلىش نىسبىتى 84.21% كە، رۇدا ئۆۋۈتۈش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات نىسبىتى 73.38% كە يەتتى.

2. رۇدا كۆيدۈرۈش. كۆيدۈرۈلگەن رۇدىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 61.08%، كۆيدۈرۈلگەن رۇدا سورتى 50.59%، كۆيدۈرۈلگەن رۇدىنىڭ ئىشقارلىق دەرىجىسى 2.49 ھەسسە، ئايلانما بارابانلىق كۆرسەتكۈچ سانى 78.88%، تۆمۈر تەركىبلىك خام ئەشيا ماتېرىيال سەرپىياتى بىر توننىدا 839 كىلوگرام، قاتتىق جىسىم يېقىلغۇ ماتېرىيال سەرپىياتى بىر توننىدا 52 كىلوگرام، پىچتىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى سائىتىگە 1.685 توننا - كۋادرات مېتىر، بىر پىچنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى سائىتىگە 30.95 توننا، كالېندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى 96.53% بولدى.

3. كاللەك رۇدا. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 73.88%، كاللەك رۇدىنىڭ سورتى 62.81%، كاللەك رۇدىنىڭ ئىشقارلىق دەرىجىسى 0.34 ھەسسە، داشقال نىسبىتى 5.57%، كالېندارلىق پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى سائىتىگە 6.501 توننا - كۋادرات مېتىر، بىر پىچنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سائىتىگە 52.01 توننا، كالېندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى 94.37% بولدى.

4. تۆمۈر تاۋلاش. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.99%، تۆمۈر رۇدىسى سەرپىياتى بىر توننىدا

1716 كىلوگرام، ئۇنىۋېرسال كوكس نىسبىتى بىر تونىندا 566 كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە پۈركۈلگەن كۆمۈر تالقىنى نىسبىتى بىر تونىندا 143 كىلوگرام، پېچقا سېلىنغان كوكس نىسبىتى بىر تونىندا 452 كىلوگرام)، پېچتىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۈنىگە 2.684 توننا كۇب مېتىر، شامال تولۇقتۇرۇش نىسبىتى %1.39، پىششىق ماتېرىيال نىسبىتى %84.84، پېچقا سېلىنغان رۇدا سورتى %55.58، مېتال تاۋلاش سىجىللىقى كۈنىگە 1.227 توننا - كۇب مېتىر بولدى.

5. پولات تاۋلاش. ئايلانما پېچتا تاۋلىنغان پولاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.72، پولات - تۆمۈر ماتېرىيال سەرپىيات بىر تونىندا 1096 كىلوگرام، ئوكسىگېن سەرپىياتى بىر تونىندا 62 كۇب مېتىر، كالىبىندارلىق پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۈنىگە 93.51 توننا - توننا، كالىبىندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى %85.44، ھەربىر پېچنىڭ مېتال تاۋلاش ۋاقتى 19 مىنۇت، ئايلانما پېچ ئىچى يۈزلۈكىنىڭ ئۆمرى 1545 پېچ؛ ئېلېكتر ئوچاقتا تاۋلىنغان پولاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.8، مېتال ماتېرىيال سەرپىياتى بىر تونىندا 1102 كىلوگرام، توك سەرپىياتى بىر تونىندا 438 كىلوۋات سائەت، ئوكسىگېن سەرپىياتى بىر تونىندا 34 كۇب مېتىر، گرافىتلىق ئېلېكترون بىر تونىندا 1.63 كىلوگرام، كالىبىندارلىق پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۈنىگە 12.63 توننا - مېگاۋولت ئامپېر، كالىبىندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى %38.65؛ ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇلغان پولاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.85، لاياقەتلىك چالا تەييارلانغان ماتېرىيال ئېلىش نىسبىتى %97.71، ئارقىمۇ ئارقا پەلتە پولات قۇيۇش نىسبىتى %100 بولدى.

6. پولات پروكاتلاش ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى. پولات ماتېرىياللارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98.74، پولات ماتېرىياللارنىڭ ئۇنىۋېرسال ماتېرىيالغا ئايلىنىش نىسبىتى %96.68، ئىش تەرتىپىدىكى بىرلىك سەرپىيات بىر تونىندا 88 كىلوگرام، پروكاتلاش ماشىنىسىنىڭ كالىبىندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى %76.02 بولدى.

7. كۆمۈر كوكس خىمىيىسى. مېتال تاۋلايدىغان كوكسنىڭ كۈل تەركىبى %12.08، مېتال تاۋلايدىغان كوكس گۈڭگۈرتى %0.54، كوكسلىشىش نىسبىتى %77.26، مېتال تاۋلايدىغان كوكس نىسبىتى %97.52، كۆمۈر كوكس مېيىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %2.18، تەبىئىي بېنزول يىغىۋېلىش نىسبىتى %0.75 بولدى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە 332 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 141 مىليون 570 مىڭ يۈەن. يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 190 مىليون 970 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى: سىخەي تۆمۈر رۇدا كېنىنىڭ قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 4 - ئايدا باشلاندى، شۇ يىلى 25 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (پۈتكۈل قۇرۇلۇش تۈرىگە 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان). 50 مىڭ كىلوۋاتلىق تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، توختام تۈزۈش خىزمەتلىرى ئورۇندىلىپ، قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى لايىھىلەش باسقۇچىغا كىردى، قۇرۇلۇش باشلانمىدى. يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان سائىتىگە 6000 كۇب مېتىر ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسىنىڭ تۈپكى قۇرۇلۇشى ئىشلىنىپ بولدى، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى، شۇ يىلى 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (پۈتكۈل تۈرىگە 42 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان). 2001 - يىل 10 - ئايدا پولات شەھىرى مەيدانىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى (زاۋۇت تارىخى سارىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 30 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە مەبلەغ سېلىنىدۇ. 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سۇ ئۈزۈش سارىيىنىڭ تاش - تۇپا قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئاساسلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېخنىكا تەدبىرى تۈرلىرى: يامانسۇ رۇدا كېنى سېمونت زاۋۇتىنىڭ توزان يوقىتىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشكە 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەنشى كاربون زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۆمۈر تاۋلاش شۆبە شىركىتىنىڭ 4 - نومۇرلۇق، 5 - نومۇرلۇق ئىسسىق شامال پېچىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، دىزېل ئاپتوموبىللى رېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 9 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇمۇل تيەنباۋ كالللەك رۇدا زاۋۇتىنىڭ توزان يوقىتىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشكە 3 مىليون يۈەن، پاي شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 28 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك

مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 2828، شىركەت 1 مىليون 254 مىڭ توننا پولات ئىشلەپچىقىرىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.17 ئاشۇردى؛ پولات ماتېرىيال 1 مىليون 190 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، %1.34 ئاشتى؛ مۇشۇ يىلدا ساتقان پولات ماتېرىيال 1 مىليون 469 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، %22.08 ئاشتى، باجدىن بۇرۇنقى پايدىسى 250 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى شىركەتنىڭ پولات ماتېرىياللىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98.73كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.56 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىسى 6 قېتىم يۈز بېرىپ، 12 قېتىم ئازايدى، مىڭ ئادەم بويىچە يارىلىنىش نىسبىتى ‰2.08 بولدى.

لو يىڭپىڭ

# رەڭلىك مېتال سانائىتى

## شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەركەز ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈپ بەرگەن بارلىق رەڭلىك مېتال كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ (شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى، جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال لايىھىلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو رەڭلىك مېتال ئېكسپورت - ئىمپورت شىنجاڭ شىركىتى) ۋە سابىق ش ئۇ ئا ر ئالتۇنچىلىق باش شىركىتىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلۇشىنى رەسمىي تەستىقلىدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 410 مىليون يۈەنگە، ساتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 460 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.4كە يەتتى، شىركەت بويىچە سېتىش خىراجىتى %14.5 ئازايدى، مال پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى، 28 مىليون يۈەن زىيان تارتتى.

2001 - يىلى شىركەت بويىچە ھەر قايسى ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى شىركەت يىل بېشىدا چۈشۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ساپ لىتىيلىق رۇدا 16 مىڭ توننا، ساپ تانتال رۇدىسى 57 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل 1560 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان مىس 3480 توننا، ئېلېكترولىز ئالىيۇمىن 3328 توننا، خروم رۇدىسى 22 مىڭ توننا، لىتىي ھىدروكسىدى 1900 توننا، لىتىي كاربونات 1500 توننا، لىتىي خلورىد 739 توننا، مېتاللاشقان لىتىي 31 توننا، ئالتۇن 13 مىڭ سەر. تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترولىزلاشقان نىكېلنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكىدىن 5.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسۈپ، %94كە؛ ئېلېكترولىزلاشقان مىسنىڭ 4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسۈپ %95كە يەتتى.

شۆي سەيگۇاڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى قارا تۈنكى مىس - نىكېل كېنىنىڭ رۇدا تاللاش - تاۋلاش تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھۈنەر - سەنئىتى ئاقما لىنىيىسى راۋانلاشتۇرۇلدى، رۇدا قېزىش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي قۇدۇق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى تاماملاندى. فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتى مىس سېستېمىسىنىڭ كۆيدۈرۈش پېچىنىڭ ئوكسىدسىزلاندۇرۇش ئىش بۆلىكىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ياخشىلاندى، قىممەتلىك مېتاللارنى ئۇنىۋېرسال يىغىۋېلىش تېخنىكا تۈرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ئاقما لىنىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېچىلدى. فۇكاڭ مېتالچىلىق زاۋۇتىنىڭ بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش - تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالدى. كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنىدا بېرىلليي ئارقىلىق رۇدا تاللاپ ئۇنىۋېرسال چىرىمتال يىغىۋېلىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇپ چىقىلدى. شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى لىتىي خلورىد يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى مەھسۇلاتقا ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، يىلىغا 1200 توننا لىتىي خلورىد ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرۈپ، 300 توننا مەھسۇلاتنى يېڭىدىن كۆپەيتتى. ئېلى ئالىيۇمىن زاۋۇتىنىڭ ئالدىن پارچىلاش ئوقۇرىنى ئۆزگەرتىش تۈرى تامامەن ئورۇندالدى، مەھسۇلات ئېشىپلا قالماي، يەنە بۇلغىنىش ئۈنۈملۈك ئازايتىلدى، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

شۆي سەيگۇاڭ

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كۆلەم سانائىتىدىكى 166 كارخانىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 4 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، پۈتۈن ساھە بويىچە 1994- يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى. ساھە بويىچە نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن 80 كارخانىنىڭ پايدىسى 87 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يۇمشاق دېتال ساھەسىدە 24 كارخانا بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 190 مىليون يۈەن، سېتىش كىرىمى 550 مىليون يۈەن، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 20 مىليون يۈەن، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى 120 مىليون يۈەن، مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 390 مىليون يۈەن، كەسپكارى 1252.

ئېلېكترون ئۇچۇر ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىدا بۆسۈش بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1200 يۈرۈشتىن ئارتۇق چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كومپيۇتېر سىستېمىسى بار، مىكرو كومپيۇتېر 200 مىڭغا يېتىدۇ، كەڭ دائىرىلىك كومپيۇتېر تورىدىن 302سى تورغۇزۇلدى، ئىدارە دائىرىلىك تور 1000 غا يېقىنلىشىدۇ، ھەرخىل سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسىدىن 300دىن كۆپرەكى بار، ئۆزئارا تور بولۇپ ئۇلاشتۇرۇلغان ئابونىت 80 مىڭغا يېتىدۇ.

جاڭ خەنجىن

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ساھەسىدە توك ئىشلىرى، ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىقىدىن ئىبارەت 2 ساھەنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىلىق تەڭشەلدى ھەمدە ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى.

توك ئىشلىرى - ئېلېكتر سايمانلىرى ساھەسىدە ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. دۆلەتنىڭ دۆلەت قەرزى ئارقىلىق نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى قوللىشى بىلەن، 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتور تۈرى ۋە 500 كىلوۋولت دەرىجىلىك چوڭ ترانسفورماتور شۇنىڭدەك تەڭشىگىلى بولىدىغان رېئاكتور تۈرى يولغا قويۇلدى. ساھەنىڭ مەبلىغىنى ماس دەستىلەش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئەمەلىي كۈچى ۋە كاپىتالنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيدى. مۇشۇ يىلدا پايدىسى 118 مىليون يۈەنگە يەتتى. توك ئىشلىرى، ئېلېكتر سايمانلىرى ساھەسى بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 1 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ساھە بويىچە ئېشىش نىسبىتىنىڭ %7.55نى ئىگىلىدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىقى ساھەسىدە شىنجاڭ كومباين گۇرۇھى، شىنجاڭ «ئوكتەبىر» تراكتور گۇرۇھىنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى تورغۇزۇش خىزمىتى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون ساھەسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە «ئاز بولۇش، ساز بولۇش، پەيدىنپەي چېكىنىپ چىقىش، ئۈستۈنلۈكنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى. شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ۋە قوملۇق دالا ئاپتوموبىلى تېخنىكىسى سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، مۇشۇ يىلدا 25 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋەيران قىلىنىپ قايتىدىن تەشكىللەندى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھىنىڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىنى تەستىقلىدى، بۇ خىزمەت كونكرېت سېتىۋېلىش باسقۇچىغا كىردى. كۆلەملەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپتوموبىل ساھەسىنى ئۇنۇمى تۆۋەن، تارقاق، ئاجىز بولۇشتەك ھەرىكەت ھالىتىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

شىنجاڭ «شەرق شامىلى» ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر زاۋۇتى ۋە 1 - سىممىز رادىئو زاۋۇتى دۆلەتنىڭ 2 - تۈركۈمدە ۋەيران قىلىپ تاقاش پىلان تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھە ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش شىركىتى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل سودىسى باش شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكترون سايمانلىرى باش شىركىتىدىن ئىبارەت 3 ئوبوروت كارخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىكلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، 2001 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ

باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

جاڭ خەنجىن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان. ئاساسلىق تۈرلەر: شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور گۇرۇھىنىڭ زاۋۇت بىنالىرىنى يېڭىدىن سېلىش، شىركەتنى كۆچۈرۈش، چەتئەلدىن ئىلغار قۇيمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى سېتىۋېلىش تۈرى؛ شىنجاڭ «شىنتېك» پاي چەكلىك شىركىتى گېرمانىيە ماجى شىركىتىدىن DMU يۈرۈشلۈك رەقەم بىلەن تىزگىنلىنىدىغان 3 دانە پىششىقلاپ ئىشلەش مەركىزىنى كىرگۈزۈش تۈرى؛ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كارخانا مەبلىغى سىستېمىسىنى (ERD) قۇرۇپ چىقىش، ترانسفورماتور ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش تۈرى؛ «چاڭخېڭ» پارقازان شىركىتىنىڭ سپىرال كەپشەرلىنىدىغان پولات تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزۈش تۈرى؛ شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىنىڭ سۈرەتلىنىدىغان X سۈپەتلىك بىر نېفىتلىك تىزگىنلەش ئىشكاپى تۈرى. شۇ يىلى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭ «شەرق شامىلى» پار قازان گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق 3 كارخانا ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە جەمئىي 42 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

جاڭ خەنجىن

## پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 32 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، مۇشۇ يىلدا تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە 120 تۈر ئورۇنلاندى. ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 9 تىپلىق HOKV ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى 2001 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 3 - ستانوك زاۋۇتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش تىپىدىكى كاچالكىسى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، چوڭ كونۇس ساقلىق ئوق قازىنى ۋە شىنجاڭ 1.5 تىپلىق كومبايىن مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلاتلار: ST304 تىپلىق ئېگىز ئۆتۈشچانلىق 4 چاقلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك تراكتور، تۇۋرۇك قاناتلىق چىرىشكە چىدامىلىق پولاتتىن ئىشلەنگەن ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان XNYZ－ZOB تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئوپتىك لەمپىلىك ئېلېكتر مەنبەسى، QB－YF－1.7/15 (12) تىپلىق ۋاكۇئۇملۇق قۇياش ئېنېرگىيىلىك سۇ ئىسسىتقۇچ، GXGN1－12(F.R)/Q－1000－20 تىپلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان مېتال قاپ ئىچىگە ئېلىنغان يۈكلۈك ۋىكلىيۇچاتېللىق ئايلانما ئېلېكتر تورى ئۈسكۈنىسى، XGNZ－12(Z)/Q－1000－20 تىپلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان مېتال قاپ ئىچىگە ئېلىنغان ۋىكلىيۇچاتېللىق ئۈسكۈنە، XZC3250DR تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، «بوغدا» ماركىلىق XZC5230GSN تىپلىق پارچە سېمونت ئاپتوموبىلى، ئىسسىقلىق تەمىنلەش تورىدا ئاكتىپ يوقاتقۇچ، XJ6924W تىپلىق كارۋاتلىق يولۇچى ئاپتوبۇسى، XZC5150XXY تىپلىق ساندۇق كوزۇپلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى، MJZ－08 تىپلىق ئېلېكترونلۇق زەھەر تازىلىغۇچ، MJS－01 تىپلىق ئوزۇن ھاسىل قىلىش ماشىنىسى، CYJ4－1.8－3HPF تىپلىق كاچالكا، CYJ5－1.8－18HPF تىپلىق كاچالكا، HXGN□－10/100－315 تىپلىق ساندۇقسىمان مۇقىملاشتۇرۇلغان ئايلانما ئېلېكتر تورى يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل ئىشكاپى، CCX6 تىپلىق سانچىپ ئۇلىنىدىغان قويۇقلاشتۇرۇلغان ئىزولياتور سىمى ئوقۇرى، HXGN□－10/630－20 تىپلىق ساندۇقسىمان مۇقىملاشتۇرۇلغان ئايلانما ئېلېكتر تورى يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل ئىشكاپى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلۇق گالوگېنسىز تۆۋەن ئىسسىقلىق سىپىرەككە قارشى پولى ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق شۇنىڭدەك قوغداش قاپلىمىلىق ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/8 كىلوۋولتلۇق قايچىلانما باغلىنىشلىق پولى ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق ئوتقا چىدامىلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى، 470/750 ۋولتلۇق پولى خلور ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق ئوتقا چىدامىلىق تىزگىنلەش كابېلى، كۆيۈشكە قارشى پولى خلور ئېتىلېنلىق ئېلېكتر كابېلى ئېلېكتر ماتېرىيالى، XJ300A تىپلىق چاقلىق تراكتور، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلىق پولى خلور ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق شۇنىڭدەك قوغداش قاپلىمىلىق بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەركەزداش 5 ئۆزەكلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى، چىرىشكە قارشى پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن يالىتىلغان سىم، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 450/750 ۋولتلۇق قايچىلانما باغلىنىشلىق پولى ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق

تىزگىنلەش كابېلى، رەقەملىك خەۋەرلەشتە ئىشلىتىلىدىغان گورىزونتال قارىمۇ قارشى ئىشلەنگەن ئېلېكتر كابېلى (5 مېتىرلىق، 5 مېتىردىن ئۇزۇن)، XJ6110 تىپلىق يولۇچىلار پويىزى ۋاگونى، ZB—MD—20 تىپلىق تېمىتىپ سۇغىرىشتا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىيدىغان سېيالكا، سوزۇلۇشچانلىقىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان سوزۇلۇش ـ پېغىلىشنى باشقۇرغۇچ، DXG — 12/1250 — 315 تىپلىق ئىچكى يۇقىرى بېسىم ھاسىل قىلغۇچى مۇقىملاشتۇرۇلغان ۋىكلىيۇچاتېللىق ئۇسكۇنە، قىلىپتا قۇيۇشتا كۆرۈلىدىغان نۇقسانلارنى يوقىتىش تېخنىكىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

جالال خەنجىن

ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 2001 ـ يىلى نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى

| نامى | كارخانا سانى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە تۈمەن يۈەن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە تۈمەن يۈەن) | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىشتىن بولغان كىرىم (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق (تۈمەن يۈەن) | پايدا ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم بېشىغا يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن كارخانىلارنىڭ جەمئىيسى | 80 | 346298 | 380947 | 105373 | 385178 | 1428 | 5766 | 40253 |
| كوللېكتىپ كارخانىلار | 5 | 7055 | 9188 | 3847 | 7040 | 44 | 193 | 29253 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرى | 1 | 2039 | 2137 | 609 | 1925 | 21 | 491 | 62804 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى | 22 | 71038 | 85380 | 29590 | 86505 | 470 | 6999 | 59694 |
| پاي چەكلىك شىركەتلىرى | 2 | 102608 | 101964 | 32811 | 100642 | 246 | 11966 | 193004 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى پاي ۋە مەبلەغ قوشقان كارخانىلار | 3 | 4737 | 6878 | 2701 | 7590 | | 1281 | 135030 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى شۇنىڭدەك پاي كونترول كارخانىلىرى | 47 | 170555 | 186897 | 43718 | 193594 | 723 | 11031 | 22684 |
| بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار | 24 | 206071 | 216187 | 54345 | 220983 | 603 | 1403 | 35829 |
| ماشىنىسازلىق سانائىتى | 75 | 331552 | 369157 | 101717 | 374339 | 1359 | 8431 | 39679 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىقى | 12 | 46928 | 44622 | 7818 | 36341 | 27 | 5308 | 12625 |
| ئەسۋاب ـ پرىبورلار | 1 | 1639 | 1680 | 798 | 1200 | | 132 | 169723 |
| نېفىت خىمىيە ھەممىباب ئۈسكۈنىلەر | 9 | 44623 | 53346 | 16739 | 58492 | 215 | 2141 | 64280 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېغىر تىپتىكى كانچىلىق ئۈسكۈنىلىرى | 3 | 3331 | 3741 | 1545 | 3514 | 33 | -994 | 17166 |
| توك ئىشلىرى، ئېلېكتر سايمانلىرى | 23 | 146453 | 152453 | 51437 | 150033 | 505 | 12424 | 80902 |
| ماشىنىسازلىق ئاساس زاپچاسلىرى | 3 | 4573 | 4561 | 1515 | 4611 | 22 | -895 | 9186 |
| يېمەكلىك ۋە ئوراش - قاچىلاش ماشىنىسازلىقى | 1 | 2444 | 2752 | 910 | 2392 | 18 | 66 | 12799 |
| ئاپتوموبىل | 16 | 59526 | 78538 | 11581 | 90341 | 271 | -1896 | 22667 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىسازلىقى | 1 | 506 | 586 | | 604 | 6 | -571 | |
| باشقا خەلق ئىشلىتىدىغان ماشىنىسازلىق | 6 | 21528 | 26878 | 9375 | 26810 | 263 | 3332 | 57127 |
| ئېلېكترون سانائىتى | 5 | 14746 | 11790 | 3657 | 10839 | 69 | 336 | 67341 |

ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىلىش ئەھۋالى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مەھسۇلات | | سېتىلغان مىقدار | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | مىقدارى | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% | مىقدارى | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
| تراكتور | دانە | 13362 | -3 | 13940 | 8.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ تىپتىكىسى | دانە | 690 | 125.5 | 634 | 100 |
| كىچىك تىپتىكىسى | دانە | 12672 | -5.9 | 13306 | 6.4 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغانساپان | دانە | 815 | 1634 | 750 | 443.5 |
| تېرىش ماشىنىلىرى | دانە | 70 | -44 | 752 | -35.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سېيالكا | دانە | 35 | -77.7 | 105 | -50.9 |
| سۇلىياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى | دانە | 675 | -39.2 | 647 | -32.6 |
| مېخانىك زىرائەت پەرۋىش قىلىش ماشىنىلىرى | دانە | 368 | 16.5 | 356 | 17.5 |
| كومبايىن | دانە | 3510 | -37.5 | 3340 | -37.7 |
| كاچالكا | دانە | 1257 | 23.5 | 1243 | 22.1 |
| نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 289 | -46.6 | 291 | -48.5 |
| پومپا | دانە | 2312 | 42.5 | 2333 | 40.4 |
| شامالدۇرغۇچ | دانە | 1973 | -4.2 | 2054 | 0.2 |
| يۇقىرى، ئوتتۇرا بېسىملىق كلاپان | توننا | 237 | -25 | 244 | -35.3 |
| مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 808 | 44 | 710 | 121.2 |
| كىران ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 1006 | -35.6 | 882 | -27.9 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ساناٸەت پارقازىنى | پارتونا | 1192 | 146 | 964 | 57 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 10 توننا سائەتتىن يۇقىرى بولغانلىرى | پار توننا | 955 | 51.6 | 585 | 11.4 |
| ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكتر ماتور | تۈمەن كىلوۋات | 13 | -9.9 | 12 | -20.6 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋولت . ئامپېر | 984 | 56.3 | 922 | 45.2 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | ئامپېر يۈزى | 797 | -44 | 431 | -38.4 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | ئامپېر يۈزى | 43739 | 50 | 39403 | 37.1 |
| پولات ئۆزەكلىك ئالىيۇمىن ئەشمە سىم | توننا | 21180 | -42.7 | 21752 | -35.4 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى | 1000 مېتىر | 7325 | 56.2 | 7053 | 60.5 |
| تىزگىنلەش كابېلى | 1000 مېتىر | 6230 | 298.8 | 5829 | 320.9 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى | 1000 مېتىر | 2709 | -23.3 | 2743 | -21.6 |
| لاتا قاپلانغان ئېلېكتر سىمى | 1000 مېتىر | 65010 | -10 | 64565 | -3.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئالىيۇمىن ئۆزەكلىك رېزىنكە قاپلىمىلىق سىم | 1000 مېتىر | 11333 | -8 | 12263 | 8.6 |
| مىس ئۆزەكلىك سۇلياۋ قاپلىمىلىق سىم | 1000 مېتىر | 46671 | 109.5 | 44817 | 148.7 |
| قوغۇشۇن كىسلاتالىق ئاككومولياتور | تۈمەن كىلوۋولت ئامپېر | 18 | 8.6 | 16 | -3 |
| ساقىلىق قازان | تۈمەن يۈرۈش | 80 | -0.5 | 80 | -20 |
| قوراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 2625 | 84.2 | 2526 | 102.2 |
| ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 2560 | 88.7 | 2455 | 107 |
| ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 1120 | -34.2 | 1154 | -35.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 530 | -46.2 | 555 | -48.6 |
| ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان سۆرەش ئاپتوموبىلى | دانە | 234 | -39.4 | 239 | -37.6 |
| ئاپتوبۇس (ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان) | دانە | 264 | 383.9 | 251 | 27.4 |
| باكسىمان مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 44 | -52.2 | 47 | -44.7 |
| ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى | تۈمەن يۈەن | 4326 | 26.9 | 4221 | -4.6 |
| بىر ئەزالىق سىچوتچىك | تۈمەن دانە | 8 | 60 | 8 | 100 |
| ئېلېكترونلۇق باكتېرىيە يوقاتقۇچ | دانە | 2098 | 44.6 | 1696 | 8.9 |
| قۇياش ئېنېرگىيىسى تاختىسى | دانە | 369 | | 174 | |

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12.5 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6 ئاشتى)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى. ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن: 9 مىليون 810 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، %9.5 ئاشتى، 119 مىليون 680 مىڭ توننا سېمونت بېسىم تۇرۇبىسى تەييارلىنىپ، %33.48 ئاشتى؛ 73 مىڭ 52 توننا سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى تەييارلىنىپ، %7.7 ئازايدى؛ سېمونت ستولبا 295 مىڭ 386.8 تونىغا يېتىپ، %19.8 ئاشتى؛ گرانىت تاش تاختا ماتېرىيالى 1 مىليون 100 مىڭ كۋادرات

مېتىرغا يېتىپ، %36.38 ئاشتى؛ ئەينەك پولات ياسالمىلىرى 18 مىڭ 847 مىڭ توننىغا يېتىپ، %47.24 ئاشتى؛ كاۋاك بېتون 419 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، %30.3 ئاشتى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 1171، كەسپكارى 82 مىڭ 307، ساناقەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 642 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 723 مىليون يۈەنگە) گە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %95.13كە يەتتى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى شۇنىڭدەك سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 137، ساناقەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 826 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 210 مىليون يۈەن) گە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %98كە، ساناقەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 616 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شىن خەيتاۋ

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 57 كىچىك سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى (ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى) تاقالدى، شاللىۋېتىلدى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قالاق، كىچىك سېمونت ئىشلەپچىقىرىش خۇمدىنىدىن 56سى توختىتىلدى، 1 مىليون توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى، 2000 - يىلى شاللىۋېتىش پىلانلانغىنى 795 مىڭ توننا. بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بار 20 كارخانا تاقىۋېتىلدى، 24 خۇمدان توختىتىلدى، 500 مىڭ توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى، بىردىن خۇمدىنى شاللىۋېتىلگەن ئىجازەتنامىسى بار كارخانا 16، 16 خۇمدان توختىتىلدى، 400 مىڭ توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى؛ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى يوق 21 كارخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 16 خۇمدان توختىتىلدى، 95 مىڭ توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى. توختىتىلغان 56 خۇمدان ئىچىدە دىئامېتىرى 2 مېتىردىن كىچىك (2 مېتىرنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆرە خۇمدان 49، دىئامېتىرى 2.2 مېتىرلىق ماشىنىلاشقان ئۆرە خۇمدان 3، دىئامېتىرى 2.5 مېتىردىن كىچىك بوشلۇقتا ئايلىنىدىغان خۇمدان 4. ئاپتونوم رايون بېكىتكەن 1 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شاللىۋېتىشتىن ئىبارەت ۋەزىپە ئورۇندالدى.

شىن خەيتاۋ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 9 نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن داۋاملاشقان تۈر 2، يېڭىدىن ئىش باشلانغىنى 7. بۇ 9 تۈر: شىنجاڭ «يۈنچاڭ» بىرىكمە ماتېرىيال پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 20 مىڭ توننىلىق مەركەزدىن قاچما قۇيۇلما ئەينەك پولات تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى يامانسۇ كانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىت ئاسراش بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ ئىلى «نەنگاڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان يېڭى تىپتىكى خۇمدان سىرتىدا قۇرۇق پىشتى پارچىلاش خۇمدىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ خېجىڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 300 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان يېڭى تىپتىكى خۇمدان سىرتىدا قۇرۇق پىشتى پارچىلاش خۇمدىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ دۆڭخۇدىكى كۈنىگە 2000 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان يېڭى تىپتىكى خۇمدان سىرتىدا قۇرۇق پىشتى پارچىلاش خۇمدىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «گوتوڭ» تۇرۇبا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 20 مىڭ مېتىر چوڭ دىئامېتىرلىق ئالدىن كۈچەندۈرگەن پولات چىۋىقلىق بېتون تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «تۇنخې» ئۆڭگۈڭ سېمونت چەكلىك شىركىتىنىڭ تىندۇرۇپ تەكشىلەش تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ «بولەن» سېمونت چەكلىك شىركىتىنىڭ 5 بال ئايلانما شاماللىق ئالدىن قىزدۇرغۇچ كۆپەيتىش شۇنىڭدەك RSP پارچىلاش پېچى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ يامانسۇ كانچىلىق شىركىتى سېمونت زاۋۇتىنىڭ خۇمداندىن چىقىدىغان قالدۇق تۈزانىنى يىغىۋېلىش قىسمىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 984 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، شۇ يىلى 502 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىللىق پىلاننىڭ %96ى ئورۇندالدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %33نى ئىگىلىدى. بۇ 9 تۈر ئىچىدە 2 تۈر دۆلەتنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە «ئىككىدە يۇقىرى بىردە ئەلا» تۈر يېتەكلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 9 تۈرنىڭ 8ى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشتۈرۈلدى.

شىن خېيتاۋ

## سۇپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە مەملىكەتلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە QC گۇرۇپپىسى ۋە ئىشەنچلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپىدىن 7سى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسىدىن 16سى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسىدىن 6سى باھالاپ چىقىلدى؛ 17 بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسىنىڭ سۇپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى شۇنىڭدەك 4 كارخانىنىڭ 10 خىل مەھسۇلاتى نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا باھالاپ تەكشۈرۈلدى.

شىن خېيتاۋ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىدىن 16 سى، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 2 سى يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «جىنخۇيىپاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 500×500 رەڭلىك سىرلانغان فارفور چاقچۇقى، شىنجاڭ «يېڭى ھايات» ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىنىڭ S-GRC تىپلىق ئايرىش تاختىسى، شىنجاڭ «بېگېموت» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ سۇ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان 3 تىپلىق پولى پروپىلېن (PP-R) تۇرۇبا ماتېرىيالى قاتارلىق 3 مەھسۇلات ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

شىن خېيتاۋ

### ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2001 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| سېمونت | تۈمەن تونا | 981 |
| سېمونت بېسىم تۇرۇبىسى | تونا | 11968 |
| سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى | تونا | 73052 |
| سېمونت ستولبا | تونا | 295387 |
| سېمونت قۇيۇلما | كۇب مېتىر | 656864 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش) | تۈمەن دانە | 880247 |
| كاھىش | تۈمەن دانە | 542 |
| مەرمەر تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 22786 |
| گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 1103959 |
| كاۋاك بېتون | كۇب مېتىر | 419231 |
| گەج تاختا | كۋادرات مېتىر | 1624977 |
| سىرلانغان خىش | كۋادرات مېتىر | 5.87 |
| تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | كۇب مېتىر | 85.32 |
| تاشپاختا ياسالمىلىرى | تونا | 629 |
| گرافىت ۋە كاربون ياسالمىلىرى | تونا | 18641 |
| ماي قەغەز | يۈگەم | 1505095 |
| ئېينەك پولات ياسالمىلىرى | تونا | 18847 |

| | | |
|---|---|---|
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 844572 |
| كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك | توننا | 698878 |
| تازىلىق فارفورلىرى | تۈمەن دانە | 2502 |
| كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان فارفور | تۈمەن دانە | 556 |
| سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور | توننا | 298 |
| ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ياسالمىلىرى | توننا | 47665 |
| تاشپاختا | توننا | 68754 |

# خىمىيە سانائىتى

## خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسى بويىچە (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىش، نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش، خىمىيە خام ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاۋچۇك بۇيۇملىرى كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىدىن 103ى بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 741 مىليون يۈەنگە (ھازىرقى باھا بويىچە)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليارد 168 مىليون يۈەنگە (ھازىرقى باھا بويىچە) يەتتى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 75 كارخانىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 422 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليار 316 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.19 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 816 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.37 ئاشتى؛ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى پايدىنى 37 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باجنى 249 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان 33 تۈرلۈك خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىچىدە 24 تۈرلۈك مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى 2000 - يىلدىكىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇز كىسلاتاسى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ ئىشقار، گۈڭگۈرتلەشكەن ئىشقار، كالتسىي كاربىد، سۇيۇق تاۋار خلور، فوسفورلۇق ئوغۇت، پاراكسىلول، پولى ۋىنىل خلورىد، پولى ئېتىلېن، پولى بۇتادىئېن كاۋچۇك، چەككىلەنگەن پارابېنزول دىمېتىل، پولى ئېستېر، كاربون تاياقچىسى ۋە بالون قاتارلىق 15 خىل مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش نىسبىتى %10 تىن ئېشىپ كەتتى. خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئىچكى باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ۋە بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ بازار ئېچىپ، مەھسۇلات سېتىش سالمىقىنى زورايتىپ، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش كىرىمىنى 48 مىليارد 965 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %3.63 ئاشۇردى.

ساقلانغان مەسىلىلەر: بىرىنچى، يەرلىك خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمى ئاستا بولدى، ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار ۋە يىرىك پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى، نازۇك خىمىيە سانائىتى ۋە ئاشۇرما قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلار ئاز بولدى. ئىككىنچى، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى نىسبەتەن ئارقىدا قالدى، خېلى كۆپ ساندىكى كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ھەقىقىي تۇرغۇزۇلمىدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىدى.

لى شىچۈەن

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەر-تىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئاساسلىق تۈرلەرگە 1 مىليارد 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى: شىنجاڭ خلورلۇق ئىشقار زاۋۇتىنىڭ 3 - قارارلىق ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، بۇ زاۋۇت ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولى ۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئايرىم - ئايرىم 50 مىڭ توننىلىقتا يەتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ

كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولى ۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ قالدى؛ شىنجاڭ «ئالتۇنتاش» ئاسفالت چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 100 مىڭ توننا ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى؛ شىنجاڭ «تۇنخې» ساناەت - سودا شىركىتىنىڭ يىلىغا 40 مىڭ توننا بوتۇلكىغا ئىشلىتىلىدىغان پولى ئېستىر كەسلەنمىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تۈرى. يۇقىرىدىكى 3 تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. پوسكام نېفىت خىمىيە ساناىتى زاۋۇتىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 200 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىش، 340 مىڭ توننا ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ مايتاغ 220 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلۇشى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى 20 مىڭ توننا مالېئات كىسلاتا ئانگىدرىدى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە مايتاغ «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي شىركىتىنىڭ 30 مىڭ توننا مېتىل ئېتىل كېتون ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇ بىر تۈركۈم نېفىت خىمىيە ساناىتى تۈرلىرى قۇرۇپ چىقىلسا، شىنجاڭنىڭ نېفىت خىمىيە بازىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

لى شىجۈەن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2001 - يىلى شىنجاڭ خىمىيە ساناىتى ساھەسى كارخانىلاردا تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى داۋاملىق ئىلگىرىلىتىپ، مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 20 - 9 يانتۇ گۈللۈك بالوننىڭ يۇقىرى سۈرئەتكە ماسلىشىش، چىداشلىق ئىقتىدارى جەھەتتىكى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ نەتىجە دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى؛ شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت شىركىتى شىنجاڭ ئۈزۈم مېۋە - چىۋە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئاكادېمىيىسى يەرلىك ئوغۇت ئورنىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى قوللىنىپ، يىلىغا 20 مىڭ توننا كىشمىش ئۈزۈم ئوغۇتى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقتى، سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈم ئوغۇتى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ مايتاغ «تيەنلى» يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا پاي شىركىتى ئۆزلەشتۈرگەن يۇقىرى نۇرلۇق پولى پروپىلېن، سۈزۈك پولى پروپىلېن ۋە يۇقىرى ئىشقارلىق كالتسىي نافتېنات قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلار بازارغا سېلىندى؛ شىنجاڭ «ليەندا» پاي شىركىتى ئۆز ئالدىغا ئوكسىدلانغان خروملۇق كىسلاتا ئۆزلەشتۈردى؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كۆيدۈرۈلگەن نېفىت كوكسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى.

لى شىجۈەن

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق خىمىيە ساناىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ
2001 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | 2001 - يىللىق مەھسۇلات | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%±) |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (100%) | توننا | 72511 | 1.47 |
| تۇز كىسلاتاسى (311%) | توننا | 68844 | 26.67 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (100%) | توننا | 68589 | 32.33 |
| ساپ ئىشقار | توننا | 83903 | 14.16 |
| گۈڭگۈرتلۈك ئىشقار | توننا | 107417 | 36.38 |
| سۇسىز ناترىي سۇلفات | توننا | 78458 | -1.22 |
| خروم كىسلاتا ئانگىدرىدى | توننا | 2849 | 5.99 |
| كالتسىي كاربىد (300 لىتىر/كىلوگرام) | توننا | 65863 | 27.27 |
| سۇيۇق ئاۋار خلور | توننا | 7203 | 12.9 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بېرىكمە ئاممىياك | توننا | 884340 | -6.67 |
| دېھقانچىلىق خىمىيىۋى ئوغۇتى (100%) | توننا | 729034 | -3.40 |
| ئازوتلۇق ئوغۇت (N100%) | توننا | 697433 | -5.23 |
| ئورېيە (N100%) | توننا | 676896 | -5.13 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت ($P_2O_5$100%) | توننا | 22888 | 35.66 |
| ئېتىلېن | توننا | 170091 | 4.80 |
| پروپىلېن | توننا | 113079 | 2.85 |
| بوتادىئېن | توننا | 22382 | -6.20 |
| پاراكسىلول | توننا | 52300 | 14.20 |
| چىككىلەنگەن مېتىل ئالكوگول | توننا | 6895 | 0.95 |
| ئېتىلېن گىلىكول | توننا | 50181 | 9.22 |
| فورمالدېگىد | توننا | 6447 | 7.45 |
| سىر | توننا | 11212 | -13.99 |
| بىناكارلىق سۇۋاق ماتېرىياللىرى | توننا | 14523 | -10.92 |
| پولىۋىنىل خلورىدلىق سىمولا | توننا | 51499 | 55.18 |
| پولى ئېتىلېنلىق سىمولا | توننا | 143839 | 10.08 |
| پولى پروپىلېنلىق سىمولا | توننا | 141124 | 3.28 |
| پولى بوتادىئېن كاۋچۇك | توننا | 22035 | 13.26 |
| چىككىلەنگەن پارابېنزول دىمېتىل | توننا | 91529 | 11.77 |
| پولىئېستېر | توننا | 83605 | 11.08 |
| كۆمۈر تاياقچىسى | توننا | 11429 | 224.32 |
| تاش كامىر | تۈمەن دانە | 78.16 | 14.64 |
| رېزىنكە شلانكا | تۈمەن مېتىر | 53 | -27.57 |
| رېزىنكە ئاياغ كىيىم | تۈمەن پار | 97.47 | 5.07 |

# يېنىك سانائەت

## يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى يېنىك سانائەتتە، سۈرئەت بىرقەدەر تېز، سۈپەت بىر قەدەر يۇقىرى، ئۈنۈم بىرقەدەر ياخشى بولغان گەۋدىلىك ئەندىزە بارلىققا كەلدى، قۇرۇلما تەڭشەشتە ئىلگىرىلەش بولدى، ھەرىكەت ئۈنۈمى يەنىمۇ ياخشىلاندى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى زور ھەجىمدە ئاشتى، ئۈنۈۋېرسال ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى 312 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ مۇلكى 20 مىليارد 800 مىليون يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 66 مىڭ، شۇ يىلى ئورۇندالغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 500 مىليون يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 275 مىليون يۈەن، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 8 مىليارد 500 مىليون يۈەن، باج - پايدا ئومۇمىي سوممىسى 940 مىليون يۈەن، ئېكسپورتقا

تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 91 مىليون 520 مىڭ دوللار بولدى.

پۈتۈن ساھەنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىدا شېكەرچىلىكنىڭ مۈلۈك سوممىسى 12.3%نى، مەھسۇلات قىممىتى 18.9%نى، سېتىلىش كىرىمى 14.5%نى؛ كونسېرۋانىڭ مۈلۈك سوممىسى 12.6%نى، مەھسۇلات قىممىتى 11.6%نى، سېتىلىش كىرىمى 10%نى؛ ھاراقچىلىقنىڭ مۈلۈك سوممىسى 16.5%نى، مەھسۇلات قىممىتى 9.75%نى، سېتىلىش كىرىمى 15.6%نى؛ سۇلياۋنىڭ مۈلۈك سوممىسى 25%نى، مەھسۇلات قىممىتى 23.1%نى، سېتىلىش كىرىمى 26.3%نى ئىگىلىدى. پايدا. باج ئومۇمىي سوممىسى شېكەرچىلىكنىڭ 212 مىليون يۈەن (22.5%)، كونسېرۋانىڭ سنوس 64 مىليون يۈەن، ھاراقچىلىقنىڭ 408 مىليون يۈەن (43.3%)، سۇلياۋ ياسالمىنىڭ 54 مىليون يۈەن (5.8%)، پاپىروسنىڭ 135 مىليون يۈەن (14.3%) بولدى.

جيا ۋېنخاۋ

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە سېتىش كىرىمى ئەڭ كۆپ 8 كۈچلۈك كارخانا

| تەرتىپى | كارخانا نامى | سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| 1 | «تيەنيې» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 120392.2 |
| 2 | «جياڭجۇن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى | 42309.1 |
| 3 | ئىلى ئالىي ھارىقى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 41818.5 |
| 4 | «تيەنلى» يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى | 33549.5 |
| 5 | «مىڭ» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى | 27181.9 |
| 6 | ئىلى چاقماق قەنت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 21774.9 |
| 7 | شىخو پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 21593.5 |
| 8 | شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى | 17280.4 |

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە تاپشۇرغان پايدا - بېجى ئەڭ كۆپ 8 كۈچلۈك كارخانا

| تەرتىپى | كارخانا نامى | باج - پايدا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| 1 | «جياڭجۇن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى | 11398.1 |
| 2 | ئىلى ئالىي ھارىقى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 9073.7 |
| 3 | «مىڭ» خەلقئارا ئۆز جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى | 6198 |
| 4 | «تيەنلى» يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى | 5928.4 |
| 5 | شىخو پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 4560.2 |
| 6 | «تيەنيې» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 3584.8 |
| 7 | ئىلى چاقماق قەنت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 2855.5 |
| 8 | كۇنەس شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 2704 |

## ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مىقدارىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە 193مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.7% ئاشتى؛ ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت 419 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 37.68% ئاشتى؛ شوخلا قىيامى 218 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 26.9% ئازايدى؛ خام تۇز 460 مىڭ توننىغا يېتىپ، 44.75% ئاشتى؛ ئاق ھاراق 75 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 0.13% ئاشتى، پىۋا 206 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 10.74% ئاشتى، سۇلياۋ ياسالمىلار 262 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 34.01% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ

بوبوق 106 مىڭ 800 تونناغا يېتىپ، 14.84%  ئاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن سانائىتى بويىچە 12 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 541 مىليون يۈەن؛ زايوم تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 4 تۈر، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 784 مىليون يۈەن. شۇ يىلى تاماملانغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 6، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 145 مىليون يۈەن، زايوم تۈرى 3، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 585 مىليون يۈەن.

جيا ۋېنخاۋ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسىدا يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ئۆزگەرتىلدى، يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدە بويىچە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۈستۈرۈلدى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەردە ئۆز ئالدىغا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك مەھسۇلاتلار يارىتىلىپ، نۇقتىلىق كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 25 كارخانىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 2001 - يىلى يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭى مەھسۇلات يارىتىش خىراجىتى كارخانا ئۆزلەشتۈرۈش خىراجىتىنىڭ 43%نى ئىگىلىگەن، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى 19%كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9 پىرسەنت پونكىتى ئۆسكەن. بىر تۈركۈم شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى مەھسۇلاتلار جۈملىدىن شوخلا قىزىل پىگمېنتى، ئالقات ساقلىق ساقلاش ھارىقى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار كەينى- كەينىدىن بازارغا سېلىندى.

جيا ۋېنخاۋ

# توقۇمىچىلىق سانائىتى

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 435 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) بولۇپ، 2000- يىلدىكىدىن 15.05% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 3 مىليارد 364 مىليون يۈەن بولۇپ، 10.77% ئاشتى؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ 261 مىليون يۈەن بولۇپ، 45.63% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 365 مىليون يۈەن بولۇپ، 29.16% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 1 مىليارد 127 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.24% ئاشتى. پايدا - باج نىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 166% بولدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 874 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 536 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى 622 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 71.17%نى ئىگىلىدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچى، بازار سۇسلاپ كەتتى، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىدى، ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كەتتى. 2001 - يىلى كىرگەندىن كېيىن توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش بوشلۇقى تارىيىپ، بازار رىقابىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، پاختا توقۇمىچىلىق بازىرىنىڭ ئۇدا سۇسلاشقانلىقى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولۇپ، سېتىش كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتتى، پۈتكەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى زور ھەجىمدە كۆپەيدى، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن داكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سېتىلىش باھاسى 2000 - يىلدىكىدىن 13% چۈشۈپ كەتتى، ئېكسپورت باھاسى 15% ئۆپچۆرىسىدە چۈشۈپ كەتتى. 2 خىل مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىشى 1.74% ئاشتى، سېتىش كىرىمى 15% ئازىيىپ كەتتى؛ ئىككىنچى، خام ئەشيانىڭ باھاسى چۈشمەي، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۆرلەپ كەتتى، پايدا بوشلۇقى چەكلىنىپ ئۇچرىدى، يېتەكچى كەسىپنىڭ پۈتكۈل ساھەنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قوزغاش ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ كەتتى، پاختا توقۇمىچىلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىدىكى ئاساسىي كەسىپ، خام ئەشيا تەننەرخ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ 75% ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلەيدۇ. پىششىقلانغان پاختىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 2000 - يىلدىكىدىن 23% ئۆپچۆرىسىدە ئۆرلەپ كەتتى، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ كەتتى. يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەك تىجارىتى يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، خىمىيىۋى تالا كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى داۋاملىق

يامانلاشتى، ئۈچىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭكىگە، خەلق باشقۇرغان شۇنىڭدەك چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭكىگە يەتمىدى. شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىساد تەركىبى 80% ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلەيدۇ، بازار جانلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قەرزى كۆپىيىپ كېتىش، ئىجتىمائىي يۈكى ئېغىرلاپ كېتىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى تارلاپ كېتىش، مېخانىزىم جانلىق بولماسلىق قاتارلىق ئىللەتلىرى ئېخىمۇ روشەنلەشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان سوممىسى 80.4% ئېشىپ كېتىپ، شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇن بولغان.

رېن شۈيخۇڭ، گاۋ جيالىڭ

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 2001 - يىل | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|---|
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە) | 100 مىليون يۈەن | 44.35 | 15.05 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 13.65 | 29.16 |
| خىمىيىۋى تالا | توننا | 32406 | 6.86 |
| يىپ | توننا | 302654 | 9.47 |
| رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 25380 | -9.55 |
| بويالغان رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 1053 | -43.66 |
| يۇڭ رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 400 | -46.95 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سىپتا ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 396 | -47.20 |
| توم ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 4 | 0 |
| تىۋىت يىپ | توننا | 843 | 28.80 |
| يۇڭ ئەدىيال | 10 مىڭ دانە | 1.38 | 181.63 |
| پاختا ئىشلىمە توقۇلمىلارنىڭ يىپقا سۇندۇرۇلغان مىقدارى | توننا | 2615 | -10.90 |
| مەشۇت | توننا | 214 | 43.62 |
| يىپەك توقۇلما | 10 مىڭ مېتىر | 117 | 44.81 |
| زىغىر تالا يىپى | توننا | 587 | -53.30 |
| كىيىم - كېچەك | 10 مىڭ قۇر | 1369 | 12.21 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 8.74 | -38.01 |

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاماملانغان نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى: شىنجاڭ

«يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق قىسىپ سۈركەپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ 20 مىڭ ئۇرچۇقنى سىپتا تارىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى كىرگۈزگەن 14 دانە يەل بىلەن ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش، قەشقەر «شىنشىڭ» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق سىپتا تاراشنى ئۆزگەرتىش، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىرگۈزگەن 5 دانە ئاپتوماتىك ۋالىك كومپلېكسلىغۇچى ماشىنا، كۈيتۇڭ «يۈنشىن» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىرگۈزگەن 2 دانە ئاپتوماتىك ۋالىك كومپلېكسلىغۇچى ماشىنا، «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 مىليون دانە ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىمنى ئۆزگەرتىش تۈرى، لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى يېڭىدىن كۆپەيتكەن 36 دانە ھەسسىلەپ ئېشىش ماشىنىسى تۈرى قاتارلىق تۈرلەر. ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى نۇقتىلىق تۈر — يەنجى «سېرون» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىنچىكە دانىشېر ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىنچىكە دانىشېر پولى پروپىلېن ئۈزۈن تالاسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى.

فەن جىخۇڭ

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى مەھسۇلات ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا، قىسىپ سۈركەپ ئېگىرىش، يېڭى تىپتىكى يەل بىلەن يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، شۇنىڭدەك MB يېڭى تىپتىكى مۇھىت ئاسراش قويۇلدۇرۇش ماتېرىيالىنى ئۆزلەشتۈرۈش، بىئولوگىيىلىك فېرمېنت ئارقىلىق رەتلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئىلمە توقۇلمىدا يەل بىلەن ئېگىرىپ ھەسسىلەپ ئېشىش، يەل بىلەن ئېگىرىلگەن ئالىي دەرىجىلىك نىخ يىپ، ئالاھىدە ئۆرۈش يىپ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىلىق ئۆزلەشتۈردى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتكەن مەھسۇلاتلاردىن شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ 170 ئۆرۈشلۈك ئالاھىدە ئۆرۈش يىپ شۇنىڭدەك شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ MB يېڭى تىپتىكى مۇھىت ئاسراش قويۇلدۇرۇش ماتېرىيالى تۈرى بار.

نەبىيە

# تاماكىچىلىق

## بازار باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تاماكا مونوپول ئورگانلىرى ساختا، ئەتكەس، قانۇنسىز، پىلاندىن تاشقىرى پاپىروس ۋە چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتتى، «تاماكا مونوپول قانۇنى»غا خىلاپ ھەرخىل قىلمىشلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. مۇشۇ يىلدا مونوپول قىلىپ باشقۇرۇش خادىملىرىدىن جەمئىي 19 مىڭ 547 ئادەم (قېتىم)نى ئىشقا سېلىپ، تاماكىغا چېتىشلىق دېلودىن 5185نى تەكشۈرۈپ ئاپتى، 5487 يەشىك قانۇنسىز تاماكىنى قولغا چۈشۈردى، 4638 يەشىك ساختا تاماكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ساختا تاماكا ياساش ئۇۋىسىدىن 3نى بىتچىت قىلدى، 54 كىشىنى جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە تۇتۇپ تۇردى، 7 كىشىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

جاڭ شۇۋېن

## كۆك تاماكا تېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بويىچە 2426.7 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.7% ئاشتى، 3250 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى. 1900 توننا پۇراقلىق تاماكا سېتىلدى، پايدا 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.9% ئاشتى. 2001 - يىلى كۆك تاماكا شىركىتى «كۆلەمنى تىزگىنلەش، سۈپەتنى قاتتىق تۇتۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنى بويىچە ئاساسىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆك تاماكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، كۆرسەتكۈچنى مىقدارلاشتۇرۇپ پارچىلاپ ئادەم بېشىغا چۈشۈرۈپ، دائىرە بويىچە مۇددەتكە بەردى ۋە نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. پائال تۈردە بازار ۋە سودا پۇرسىتى ئىزدەپ، كۆك تاماكا سېتىش يولىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، سېتىش كىرىمىنى 50 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، پايدا كۆرسەتكۈچىنى 1.9% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئېنېرگىيە تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، A ۋە B دەرىجىلىك يىللىق كۆك تاماكا پىششىقلاپ ئىشلەش نىسبىتىنى 70%تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، پۇراقلىق تاماكىنىڭ ھەر 50 كىلوگرام تاماكا پىششىقلاشتىكى خوراش نىسبىتى 13%تىن تۆۋەن بولدى، قۇرۇتۇلغان تاماكىنىڭ پىششىقلاشتىكى خوراش نىسبىتى 8%تىن تۆۋەن بولدى، ھەر 50 كىلوگرام تاماكىنى



2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تاماكا مونوپول ئورگانلىرى «تاماكا مونوپول قانۇنى»غا خىلاپ ھەرخىل قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، بازارنىڭ ئىقتىساد تەرتىپىنى رەتكە سالدى ۋە قېلىپلاشتۇردى. سۈرەتتە تاماكا مونوپول تەكشۈرۈش خادىملىرى ساختا، يالغان پاپىروسلارنى تەكشۈرمەكتە.

شىنجاڭ تاماكىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەمىنلىگەن

پىششىقلاش تەننەرخى 3 يۈەندىن 5 يۈەنگىچە تۆۋەنلىتىلدى.

جاڭ شۈۋېن

## پاپىروس سانائىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى «جياڭجۈن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى 110 مىڭ 400 يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.5 ئاشۇردى، 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. 2001 - يىلى «جياڭجۈن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى كارخانا ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، باشقۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈشنى، ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى باشلامچى قىلىپ، پاپىروس سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىغان ئاساستا سورت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، پاپىروس زاۋۇتىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىي 10 خىل يېڭى پاپىروس سورتىنى ياراتتى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قوراللىنىش سەۋىيىسىنى ۋە ئۈنۈملۈك مەشغۇلات نىسبىتىنى ئۆستۈردى. سودا - سانائەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن پاپىروسنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى كۆرۈنەرلىك زورايتتى.

جاڭ شۈۋېن

## پاپىروسنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتى 351 مىڭ 600 يەشىك پاپىروس سېتىپ، سودا پايدىسىنى 180 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 2000 - يىلدىكىدىن %54.52 ئاشۇردى.

2001 - يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتى قورۇپ چىقىلغان تور ئۆۋقتىلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پاپىروس سېتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، «مىقدارنى ئىنچىكىلەش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇشۇ يىللىق نۇرلۇك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىر قاتار تەدبىر - ئىنچىكىلەش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن پاپىروسنىڭ مەخسۇس سېتىلىدىغان ماركىسىنى بېكىتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسلارنىڭ سېتىلىشىدا مۇقىم ئاساستا ئۆرلەش ۋەزىيىتى يارلىقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن پاپىروسنىڭ سېتىلىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندۈردى.

جاڭ شۈۋېن

## تاشقى سودا ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتى جۇڭگو تاماكا ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى بەرگەن تاماكا ئىمپورتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قازاقىستان بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان پاپىروس زاۋۇتىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ھەرخىل يىغىن ۋە چەت ئەلگە چىقىپ تەكشۈرۈش قىلىپ بېرىش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ كۆك تاماكىسى بولۇپمۇ پۇراقلىق تاماكىنى ئېكسپورت قىلىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پاپىروس ئېكسپورت قىلىش ئىقتىدارى بار ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى پاپىروس ئېكسپورت قىلىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىش دائىرىسىنى ئىرىشىپ كېڭەيتتى. 2001 - يىلى ئېكسپورت ئارقىلىق 6 مىليون 200 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %55.35 ئاشۇردى، پايدىنى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتكۈزۈپ، %65.7 ئاشۇردى.

جاڭ شۈۋېن

# ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

## ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى يەككە سودا - سانائەت ئورنى 419 مىڭ 200گە، ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 5 مىليارد 748 مىليون يۈەنگە، كەسىپكارى 643 مىڭ 274كە يەتتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 22 مىڭ 400گە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 23 مىليارد 927 مىليون يۈەنگە، كەسىپكارى 280 مىڭ 874كە يەتتى. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلەتكە 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى، بۇ 2000 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 31.5% ئارتۇق. تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان خۇسۇسىي كارخانا 198گە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 14كە يەتتى. ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان 4 كارخانا ئاپتونوم رايوندىكى 10 كۈچلۈك يەرلىك كارخانا گۇرۇھى قاتارىغا كىردى.

دىلى تىيىمبى

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى 4 كارخانا مەملىكەت بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىردى

2001 - يىلى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەملىكەت بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى ستاتىستىكىلاپ رەتكە تىزغاندا، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 8.، شىنجاڭ خۇڭدا كارخانا گۇرۇھى 329.، شىنجاڭ خۇالىڭ سودا - سانائەت (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 385.، شىنجاڭ خۇڭجىڭ گۇرۇھى شىركىتى 435 - بولدى.

دىلى تىيىمبى

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە ئەڭ ئەلا داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەشكىللىگەن سودا ئۆمىكى 10 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. شىنجاڭ «مۇنەۋۋەر» سودا كىيىم چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «لوقمان» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۆھەر زېمىن» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان تاۋارلىرى يەرمەنكىدە ئەڭ ئەلا داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دىلى تىيىمبى

## ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئارا ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى ۋە سودا - سانائەت بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئارا ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ گۇاڭخۇي گۇرۇھى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قاتارلىق 10 «ئىلغار ئورۇن»، «مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى» بولغان ليۇ كۈي قاتارلىق 8 كىشى، «مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچى» بولغان ياڭ كەيۋۇ قاتارلىق 10 كىشى تەقدىرلەندى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئىلغارلىق نامىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «بۈيۈك بوغدا» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شىنجاڭ تۇنخې (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى پاي

چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ مېك پاي شىركىتى، شىنجاڭ يىدا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بۇيۇك بوغدا» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى «ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دىلى تېيىمىي

شىنجاڭ بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە سودا - سانائەت كەسپىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرلەر | يەككە سودا - سانائەت ئورنى | كەسپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە پارچە سېتىش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 419178 | 643274 | 574782 | 153427 | 1546975 | 934563 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 700 | 1522 | 3843 | 6036 | 4882 | 3274 |
| قازمىچىلىق | 490 | 2174 | 3871 | 14762 | | 407 |
| ياسىمىچىلىق | 36924 | 65193 | 52964 | 130731 | | 34988 |
| بىناكارلىق | 187 | 668 | 760 | 1898 | | 602 |
| قاتناش - ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش كەسپى | 44434 | 54485 | 189928 | | 212612 | 42323 |
| توپ - پارچە سېتىش سوداسى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 268053 | 416508 | 241054 | | 1149703 | 766640 |
| بۇنىڭ ئىچىدە توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ | 198390 | 280979 | 184581 | | 873717 | 614714 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپى | 61394 | 92944 | 72514 | | 160840 | 78366 |
| باشقا كەسىپلەر | 6996 | 9780 | 9848 | | 18938 | 7963 |

شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى يەككە سودا - سانائەت كەسپىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرلەر | يەككە سودا - سانائەت ئورنى | كەسپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە پارچە سېتىش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 289084 | 452295 | 431202 | 102421 | 1E+06 | 742287 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 320 | 624 | 1154 | 2588 | 2369 | 1978 |
| قازمىچىلىق | 319 | 1090 | 1576 | 6128 | | 152 |
| ياسىمىچىلىق | 20638 | 37636 | 26635 | 92112 | | 24360 |
| بىناكارلىق | 128 | 396 | 420 | 1593 | | 549 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قاتناش ـ ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش كەسپى | 36541 | 44969 | 164469 | | 181797 | 30804 |
| تۇپ ـ پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى | 183061 | 294287 | 173189 | | 979910 | 618989 |
| بۇنىڭ ئىچىدە تۇپ ـ پارچە سېتىش سودىسىدىكى | 112286 | 205947 | 140555 | | 743722 | 495475 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپى | 43829 | 67149 | 56652 | | 131219 | 60465 |
| باشقا كەسىپلەر | 4248 | 6144 | 7107 | | 14011 | 4990 |

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى ئەربابلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات

ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىرلىق سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى ئەربابلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئۈنجى قېتىم مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 4 ۋىلايەتتىكى 9 ناھىيە، شەھەرگە ۋە بىڭتۇەننىڭ 3 تۇەن ـ مەيدانىغا بېرىپ، 12 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان 42 كارخانىنى تەكشۈردى، 120 يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋەكىلىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئازادە مۇھىت يارىتىش. ئىككىنچى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە مەبلەغ كەمچىللىكىدىن ئىبارەت، ھۆكۈمەتكە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىش. ئۈچىنچى، تىك رەھبەرلىك يولغا قويۇلغان تارماقلار شۇ يەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش. تۆتىنچى، كەلمە ـ كەلمەس ھەق ئېلىشنى چەكلەش. بەشىنچى، كەسىپ جەھەتتىكى مونوپوللۇقنى چەكلەش. ئالتىنچى، ھۆكۈمەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كۆلىمىنى ئاشۇرۇشى، دەرىجىسىنى كۆتۈرۈشى كېرەك. يەتتىنچى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىشىشتىكى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن



2001 ـ يىلى لەنجۇدا ئېچىلغان كەلگۈسى غەربىي شىمال مۇنبىرى يىللىق يىغىنىدا شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كۈن ـ ئاي ـ يۇلتۇز نۇرى باغچىسىمان ئائىلىلىك رايونى غەربىي شىمال بويىچە 10 چولپان بىنا رايونى بولۇپ باھالاندى. سۈرەتتە كۈن ـ ئاي ـ يۇلتۇز نۇرى باغچىسىمان ئائىلىلىك رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش.
چېن بوخۇڭ فوتوسى

باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.

دىڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا خادىملىرىنى چەت ئەلگە چىقىشتىكى سىياسىي تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى (چېگرىدىن چىقىشى) ئۈچۈن 108 پارچە ھۆججەتنى بېجىردى، ئۇلاردىن 188 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى (چېگرىدىن ئۆتتى). 867 كىشىنىڭ 13 كەسىپ بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش ئىمتىھانىغا تىزىملىتىش ئىشىنى، 60 كىشىنىڭ 2000 - يىللىق لاياقەتنامە ئېلىش ئىشىنى، 15 كىشىنىڭ 2001 - يىللىق كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى بويىچە لاياقەتلىك خادىم بولۇش سالاھىيەتنامىسىنى، 84 كىشىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاشقا يوللاش رەسمىيىتىنى بېجىردى.

دىڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى

3 - قارارلىق شىنجاڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىدا ئېچىلدى. كۇرسقا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراماي، قىزىلسۇ، تۇرپان، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىن كەلگەن 14 زات قاتناشتى.

تالڭ چاۋ

## يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

2001 - يىلى شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكى ئىزچىل ساغلام راۋاجلاندى. خۇسۇسىي كارخانا 15 مىڭ 235كە يەتتى، بۇلتۇرقىدىن 1567سى كۆپەيدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 9 ناھىيە (شەھەر)، بورتالا ئوبلاستىدىكى 3 ناھىيە (شەھەر)، سانجى ئوبلاستىدىكى 5 ناھىيە (شەھەر)، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى 4 ناھىيە (شەھەر) ۋە خوشۇت، قەشقەركوناشەھەر، چىرا ناھىيىلىرى بولۇپ 24 ناھىيە (شەھەر) دىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدارىسى دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.61، يېزا، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭكىدىن 21.81 پىرسەنت يۇقىرى ئاشتى.

جاڭ جيەنىو

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يەككە سودا - سانائەت ئورنىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرلەر | يەككە سودا - سانائەت ئورنى | كەسىپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 419178 | 643274 | 574782 | 153427 | 1546975 | 934563 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 62156 | 117929 | 112296 | 22161 | 586546 | 226584 |
| قاراماي شەھىرى | 13142 | 21371 | 50555 | 2249 | 93468 | 66526 |
| شىخەنزە شەھىرى | 18852 | 28192 | 29563 | 9164 | 101048 | 82812 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 18384 | 31102 | 17772 | 1845 | 39216 | 37140 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 12431 | 17903 | 23536 | 8191 | 54906 | 44968 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلى ئوبلاستى | 85675 | 121429 | 115640 | 23543 | 102944 | 64338 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر | 46390 | 69889 | 55304 | 29871 | 241920 | 169969 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 26713 | 35157 | 45870 | 14040 | 108434 | 83352 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 12572 | 16383 | 14466 | 11625 | 86576 | 50003 |
| سانجى ئوبلاستى | 43400 | 60480 | 64423 | 4206 | 46910 | 36614 |
| بورتالا ئوبلاستى | 11739 | 17023 | 20538 | 3484 | 28788 | 23066 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 36676 | 55377 | 53655 | 13230 | 119088 | 86857 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 35333 | 51040 | 35720 | 18623 | 83351 | 50577 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 5718 | 9552 | 4108 | 898 | 8514 | 5221 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 46610 | 64473 | 35232 | 17181 | 61666 | 55122 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 29060 | 47403 | 11744 | 2987 | 25520 | 21383 |

## شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

بۇ شىركەت 1989 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ شىركەتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 7 ئادىمى تىزىمغا ئالدۇرغان 400 مىڭ يۈەن مەبلىغى بار ئىدى، 13 يىل جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق، 7 مىليارد 430 مىليون يۈەن مەبلىغى، 22 مىڭ 172 ئادىمى، 60 نەچچە كارخانىسى بار، ئۆي ـ زېمىن، تاش ماتېرىياللىرى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇش، تراكتور ياساش، مۇھەممەت ئاسرايدىغان پار قازان ياساش، ساياھەت مېھمانخانىسى، سودا، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت تورى قاتارلىق كەسىپلەر بىر گەۋدىلەشكەن، خەلق باشقۇرۇشىدىكى چوڭ كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندى. بۇ گۇرۇھ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش، غەربنى كەڭ ئېچىشتەك تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە مەبلەغنى قايتا تەشكىللەشنى يولغا قويدى، 20دىن ئارتۇق كارخانىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە قايتا تەشكىللىدى.

2001 ـ يىلى بۇ شىركەت دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بەرگەن 13 خىل شەرەپ نامىغا ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار ئىچىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە 8 ـ قاتارغا ئۆتتى، گۇاڭخۇي پېيى مەملىكەت بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 1300 شىركەت ئىچىدە ئالدىنقى 10 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، گۇاڭخۇي ئۆي ـ زېمىن كەسپى دۇنيا بويىچە ئۆي ـ زېمىن كەسپىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىردى.

1. ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋەزىيىتى ۋە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 71 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %15.43، باج ـ پايدىسى 1 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.119 ئاشتى؛ جەمئىي 4 مىليارد 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. خادىمدىن 4716سى كۆپىيىپ، 22 مىڭ 172گە يەتتى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، تۈرلۈك ئىئانە سوممىسى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇ گۇرۇھ 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە 3 مىليارد 987 مىليون 209 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلگىنى 736 مىليون 775 مىڭ 100 يۈەن،

يېڭى تۈرلەرنى ئېچىشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 266 مىليون 68 مىڭ 400 يۈەن، بېسىلىپ قالغان ماللارنى تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەبلەغدىن ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 736 مىليون 179 مىڭ 500 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىنى، ماشىنى تولۇقلاپ تارقىتىش، تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنى قايتۇرۇش، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش، دەم ئېلىشقا پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ماناشىنى بېرىشكە ئىشلىتىلگىنى 248 مىليون 186 مىڭ 600 يۈەن. ئىشلەپچىقىرىشنى باشلاش ئۈچۈن يەنە ھەر قايسى ئورۇنلارغا 468 مىليون 724 مىڭ 600 يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ ئايرىپ بەردى.

1) باشلامچى كەسىپلەر كۈچلۈك ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئۆي - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋىتى بويىچە AAA دەرىجىلىكلەرنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە گۇاڭخۇي ئۆي - زېمىن گۇرۇھى جۇڭگو مەبلەغ ئۈچۈرىنى باھالاش مەركىزى بىلەن جۇڭگو تەكشۈرۈش - ستاتىستىكىلاش ئورنى تەرىپىدىن جۇڭگودىكى قۇرۇلۇش سىستېمىسى كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋىتى جەھەتتە AAA دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر ئۆي - زېمىن كەسپىي جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 3 نۆۋەتلىك ئۆي كۆرگەزمىسىدە بۇ گۇرۇھ يەنە كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى»، «مۇنەۋۋەر كۆرگەزمە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇكاپاتى»، «مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. لەنجۇدا ئېچىلغان كەلگۈسى غەربىي شىمال مۇنبىرىنىڭ 2001 - يىللىق يىغىنىدا كۇن - ئاي - يۇلتۇز نۇرى باغچىسىمان ئائىلىلىك رايونى «غەربىي شىمال بويىچە 10 چولپان بىنا رايونى» بولۇپ باھالاندى. يەنە كۇن نۇرى، ئاي نۇرى، تەيشى ئائىلىلىك رايونلىرىغا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «مەدەنىي ئائىلىلىك رايونى» دەپ نام بەردى.

2) تاش ماتېرىياللىرى پاي شىركىتى

مال - مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش، كۈچلۈكلەر بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىش ئارقىلىق، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سۇلياۋچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قايتا تەشكىللەپ يېيىنى كونترول قىلدى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي گرانت تاش كېنى ئېچىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ چۆللۈك باغۋاران سەنئىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەشكىللىدى ۋە دەسلەپكى

قەدەمدە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. «تەڭرىتاغ كۆك گۆھىرى»، «تەڭرىتاغ تۇم يېشىل گۆھىرى» ۋە «تەڭرىتاغ سۇس يېشىل گۆھىرى» دىن ئىبارەت بازاردا رىقابەت كۈچى بولغان 3 يېڭى مەھسۇلاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپچىقاردى.

3) 3 - كەسىپنىڭ ئومۇمىي بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مېھمانخانا شىركىتى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى ئەۋج ئالغان پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىۋىلاشقان تىجارەتتە 3 - كەسىپ پىكىر يولىنى تۇرغۇزدى، تەننەرخ، ئۈنۈم، نىشاننى ھەربىر گەۋدىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى، بازارنى ئىگىلەش، ئوبراز تىكلەش، ئىنبىرگىيە تېجەشنى تۇتۇش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، ئۈنۈمنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن تىجارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتكۈل تىجارەت ئۈنۈمىنى ئالغا سۈردى.

2. كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى.

2001 - يىلى گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى ماكرولۇق قۇرۇلمىنى تەڭشەش داۋامىدا، ئاساسلىقى LNG تۈرىنى يولغا قويدى. بۇ تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىقى، بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، تۈرگە مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش جەھەتتە مەخسۇس تەشكىللەنگەن LNG تۈرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى فرانسىيە، بېلگىيە، گېرمانىيىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ تۈرنىڭ تېخنىكا جەھەتتە خېيىمخەتىرى يوق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. مەھسۇلاتنى توشۇش لايىھىسى تەكشۈرۈش - تەستىقلاش باسقۇچىدا تۇرماقتا، تۆمۈر يولدا توشۇش ئۆلچىمى جەھەتتە مەملىكەتلىك بىسىملىق قاچا كومىتېتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولدى، رەسمىي ئۆلچىمى بېكىتىلىۋاتىدۇ.

بۇ گۇرۇھنىڭ قارىمىقىدىكى گۇرۇھلارمۇ مەھسۇلات، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى كۆپلەپ تەڭشىدى. مەسىلەن: بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىلىپ، ئوخشاش خىلدىكى كارخانىلارنىڭ يېيى تاللاش خاراكتېرىدە كونترول قىلىندى، قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ھۈنەر - سەنئەت، كۆركەرتىشكە كېرەكلىك غەيرىي شەكىلدىكى تاش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى. يەر - مۈلۈك كەسپى ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە يۈزلەندى. سودا - ئەشيا ئوبوروتى كەسپىدە گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەمىنلەش ئاساس قىلىنغان ھالدا تەقسىملەپ بېرىش

كەسپى قانات يايدۇرۇلدى. ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى تور بېكىتى بىلەن چولۇق سودا سورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى جىددىي ئىشلەنمەكتە. ماشىنا سانائىتى كەسىپدە بازارنىڭ يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەھسۇلاتلار كەشىپ قىلىندى، مەسىلەن: مەخسۇس ئاپتوموبىل گۇرۇھى بازارغا ماسلىشىش ئۈچۈن، يېقىندىن 22 خىل ئاپتوموبىل مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىپ، تونناژى كۆپ، بىرلىك باھاسى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتتى. پارقازان گۇرۇھىمۇ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۇنجى نۆركۆمدە 150 بېسىم قاچىسىنى ئىشقا كىرشتۇرۇپ، يېڭى بازار يېتىشتۇردى.

3. ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىشىشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، باشقۇرۇش، يېتەكلەش، كاپالەتلەندۈرۈش فۇنكسىيىسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى.

2001 - يىلى گۇاڭخۇي گۇرۇھى مۈلۈك ھوقۇقى، ھوقۇق مەسئۇلىيىتى ئېنىق، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تۈزۈلمىنى بىرىكتۈرۈشنى، بەنزە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، ئاپپاراتنى ئىسلاھ قىلىش، شتاتنى، ئىش ئورنىنى بېكىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قوشۇننى بىرىكتۈرۈشنى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، كەسىپلەر بويىچە ئىش تەقسىملەش، ھەمكارلىشىش تەلىپىگە يېتىش، كۆلەملەشكەن ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ماشىنا سانائىتىنى بىرىكتۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

گۇرۇھنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملاپ، شىركەتنىڭ يېڭى نىزامنامىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، گۇرۇھنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى، شىركەتنىڭ ھازىر بار بولغان ساپ مۈلكىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ ھەم ئەسلىدىكى پايچېك ۋە يۇقىرى، ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرۇش ئاپانچىلىرىنىڭ نامىدا سىقدارلاشتۇرۇپ، شىركەتنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا، قانۇنى ئىگە تۈزەش قۇرۇلمىسىنى ۋە باشقۇرۇش رامكىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مۈلۈك دائىرىسى ۋە پاي ھوقۇقى قۇرۇلمىسىنى بېكىتتى. قانۇنى ئىگە تۈزەش قۇرۇلمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پايچېكلار يىغىنىنى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، مۇدىرىيەت ئىدارىسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنى كۈچەيتتى، نازارەت قىلىش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، باش ئىدىر باشچىلىقىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش بەنزىسىگە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە بارلىق مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى ۋە تولۇق ھوقۇق بەردى. شىركەتنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولدى، شىركەت قۇرۇشقا مەبلەغ سالغانلارنىڭ سالغان مەبلىغىنىڭ پايدىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئاپانچىلارنىڭ ئەمگەك جۇغلانمىسىنى مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتە قانۇنى چەك - چېگرىغا ئىگە قىلىپ ھەم ئۇنى نامايان قىلىپ، كەڭ ھەم مۇستەھكەم پايدا - مەنپەئەت بىرلەشمە گەۋدىسىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈردى، بۇلار كارخانىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىش، ھەر جەھەتنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولدى. تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق پايچېكلار بىلەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ئايرىۋېتىلدى، بۇ گۇرۇھنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىگە قولايلىق بولدى. ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا، ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پۈتۈن گۇرۇھنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

4. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چۆرىگەن ھالدا، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، قوشۇننى تۇراقلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت، باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى.

2001 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم گۇاڭخۇي گۇرۇھى پارتكومىغا «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» دەپ نام بەردى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىلگەن 4 كىشى شەرەپ بىلەن تۇنجى بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. گۇرۇھ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 2 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىردى، 13 كىشى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پارتكوم ئەزالىقىغا سايلاندى.

# قاتناش، ئالاقە

## تۆمۈريول

### ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 17 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 13 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە يەتتى. تىجارەت مۇساپىسى 3009.6 كىلومېتىرغا يېتىپ، 464.4 كىلومېتىر كۆپەيدى؛ تۆمۈريول لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 5019.5 كىلومېتىر ئۇزارتىلىپ، 654 كىلومېتىر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي لىنىيە 3995.7 كىلومېتىرغا يېتىپ، 459.3 كىلومېتىر كۆپەيدى. يول ئېغىزى 388، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم قارايدىغان يول ئېغىزى 29. ئىدارە بويىچە تىجارەت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىچىدە قوش لىنىيە 986.2 كىلومېتىر بولۇپ، 32.8%نى ئىگىلەيدۇ، ئىچىدىن ياندىغان دۆڭگاتېللىق پاراۋوز سۆرەيدىغان لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2545.2 كىلومېتىر، ئۇلاقسىز لىنىيە 830.7 كىلومېتىر، تىجارەت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلكە بويىچە ئايرىغاندا، گەنسۇ تەۋەسىدىكى 235.3 كىلومېتىر، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 2774.4 كىلومېتىر. ئىدارە بويىچە 1626 كۆۋرۈك بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 59 مىڭ 553 مېتىر، 55 تونېل بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 43 مىڭ 378 مېتىر، سىگنال بىلوكى 3032.3 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك بىلوك 987.5 كىلومېتىر، يېرىم ئاپتوماتىك بىلوك 1965.9 كىلومېتىر، باشقىلىرى 68.9 كىلومېتىر. ئېلېكتر مەركەزلەشتۈرۈش پونكىتى 122. ئىچىدىن ياندىغان دۆڭگاتېللىق پاراۋوزدىن 442 سى سەپلەندى، 67 سى كۆپەيتىلدى. 1283 دانە يولۇچى ۋاگونى سەپلەندى، 14 ۋاگون كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇمشاق، قاتتىق كارىۋاتلىق ۋاگون 577 دانە، يۇمشاق، قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 434 دانە، ۋوگزال 151، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ۋوگزال 5، 2 - دەرىجىلىك ۋوگزال 5، گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى 9.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 61 مىڭ 769غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 57 مىڭ 935، ئىش ئورنىدا بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچى 3834.

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە توشۇلغان يولۇچى 9 مىليون 153 مىڭ بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.5% ئازىيىپ كەتتى؛ توشۇلغان يۈك 38 مىليون 429 مىڭ توننىغا يېتىپ، 7.6% ئاشتى؛ ئوبوروت مىقدارى 49 مىليارد 400 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 16.1%؛ خەلقئارا تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 5 مىليون 7100 توننىغا يېتىپ، 17.6% ئاشتى؛ ھەربىي ترانسپورتنىڭ نەقلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 100% بولدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى ترانسپورتتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا مىنۇس 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن پايدا - زىيان پىلانىدىكىدىن زىيان 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن «ئۈچ نىسبەت» كۆرسەتكۈچى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 740 مىليون يۈەنگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربكە ئۇزارتىلغان بۆلىكىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 240 مىليون يۈەنگە، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلاشتى. 2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇشقا 860 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە پويىز قاتناشتا ئۇدا 300 كۈن ئالاھىدە ئېغىر، ئېغىر ھادىسە، ئۇدا 25 ئاي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈشتەك مەسئۇلىيەت ھادىسىسى يۈز بەرمىدى. 1000 چاقىرىملىق يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭدىن 60 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى. 237.9 كىلومېتىر كۆكەرتىش ئورمىنى بەرپا قىلىندى. پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 32 سى ئورۇندالدى. «پويىز يېقىنلاشقاندا سىگنال بېرىش سىستېمىسى» ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تۆمۈريول ترانسپورت باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، تۆمۈريول ئۇنىۋېرسال دېسپېتچېرلىق ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ئىدارە، رايون تور قۇرۇلۇشى پائال ئالغا

سۈرۈلدى؛ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. ئىدارە بويىچە 61 ۋوگزال، ئۇچاستكىنىڭ مال تالون سېتىمىسى ۋە 7 ۋوگزال سېتىمىسى قەرەلىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بىر يىلدا تۆمۈريول ئىدارىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 1 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 115 مىليون يۈەنگە؛ كوللېكتىپ ئىقتىسادنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 530 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 15 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 879 پەرزەنتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2001 - يىلى ئىدارە بويىچە ئىش ئورنى ماناش ئۆلچىمى، لىنىيە بويلىرىدىكىلەرنىڭ قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى، پاراۋوز خادىملىرى قاتارلىق ئاساسلىق 12 ئىش تۈرىنىڭ ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى خېلى زور دائىرىدە ئۆستۈرۈلدى، يوشۇرۇن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى ئاشكارا قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە ئۆزگەرتىش سىياسىتى، ئۆي باھاسىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى ۋە جاپالىق رايونلاردا ئىشلەيدىغانلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى تەڭشەش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 18 مىڭ 720 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.7 ئاشتى. ئىدارە بويىچە پۈتتۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 210 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، يېڭىدىن 46 كورپۇس تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. 4 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىت ئاسراش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، تۈزەش تۈرىدىن 13ى ئورۇندالدى.

لى شياۋۋېن

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | ئورۇندالغىنى | 2000 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|---|
| ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 508 | 19.3 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر | 104.1 | 13.8 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 399 | 21.1 |
| توشۇلغان يولۇچى مىقدارى | 10 مىڭ ئادەم | 931.6 | —4.2 |
| توشۇلغان يۈك مىقدارى | 10 مىڭ توننا | 842.9 | 8.1 |
| كۈندە ئوتتۇرىچە يۈك قاچىلانغان ۋاگون | ۋاگون | 1979 | 7.1 |
| كۈندە ئىشلىتىلگەن ۋاگون | ۋاگون | 12086 | 10.1 |
| يۈك پويىزىنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 4.58 | 0.07 — كۈن |
| يۈك توشۇيدىغان پاراۋوزنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى | 10 مىڭ توننا - كىلومېتىر | 98.7 | —0.8 |
| يۈك توشۇيدىغان پاراۋوزنىڭ ئوتتۇرىچە سۆرەش ئومۇمىي ئېغىرلىقى | توننا | 2328 | 0.3 |
| پاراۋوزنىڭ 10 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا سەرپ قىلغان مېيى | كىلوگرام | 30.7 | 0.6 توننا |
| ترانسپورت كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | 516196 | |
| ترانسپورتنىڭ ئومۇمىي خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | 10 مىڭ توننا - كىلومېتىر، ئادەم/يىل | 128.4 | —3.1 |
| يولۇچىلار پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99 | 0.7 — پوئىنت |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يولۇچىلار پويىزنىڭ دەل ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 96.6 | 2.9 پوئىنت |
| يۈك پويىزنىڭ دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 9.5 | 0.1 پوئىنت |
| يۈك پويىزنىڭ دەل ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 97.0 | 0.2 - پوئىنت |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | 85886 | -15.2 |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | 82719 | 49.1 |

لى شاۋۋېن

## پىچان — ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىنىڭ سىگنال ئاپتوماتىك بىلوك قۇرۇلۇشى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پىچان - ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى سىگنال ئاپتوماتىك بىلوك قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىدىكى سۇلىخېدىن ئۈرۈمچى غەربىي بۆلىكىگىچە بولغان پۈتۈن لىنىيىدە ئاپتوماتىك بىلوك ئىشقا ئاشتى. سىگنال ئاپتوماتىك بىلوك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 2 ۋوگزال ئوتتۇرىسىدىكى رايونلارنى بىر نەچچە شۆبە رايونغا ئايرىشقا، 2 قېتىم ياكى 2 قېتىمدىن كۆپرەك پويىز قاتناشقا، پويىزنىڭ ئۆتۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ.

لى شياۋۋېن

## «غەربىي قىسىم تېز پويىزى» — شياڭگاڭ، ئاۋمېن ساياھەت مەخسۇس پويىزى قاتنىدى

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت ئورنى تەشكىللەپ يولغا سالغان تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى ئەسىر «غەربىي قىسىم تېز پويىزى» — شياڭگاڭ، ئاۋمېن ساياھەت مەخسۇس پويىزى قاتنىدى، بۇ پويىزغا 1084 ساياھەتچى ئولتۇردى.

لى شياۋۋېن

## كوللېكتىپ يولۇچىلارغا بېلەت سېتىۋېلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىلدى

2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە كوللېكتىپ پويىز بېلىتى سېتىۋالىدىغان يولۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى. «تۆمۈريول يولۇچى توشۇش قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق يولۇچى كوللېكتىپ بېلەت سېتىۋالسا، 20 ئادەمگە توشقان بولسا، بىر ئادەمدىن بېلەت پۇلى ئالماي ئېتىبار بېرىش، 20 ئادەمدىن ئاشسا ھەر قوشۇلغان 10 ئادەمنىڭ بىرىدىن يەنە بېلەت پۇلى ئالماي ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى. كوللېكتىپ يولۇچىلار ئارىسىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، كارىۋاتتا ياتقان بولسا، ياكى چوڭلار بىلەن بالىلار ئوخشاش بىر كوللېكتىپتا بولسا، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېلەت باھاسى يۇقىرىلاردىن پۇل ئېلىنىدى.

لى شياۋۋېن

## بىر تۈرلۈك كەشپىيات خەلقئارا كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2001 - يىلى فرانسىيە لېپىن 92 - نۆۋەتلىك خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى كەشىپ قىلغان «شەرق شاملى — 4» تىپلىق ئىچىدىن يانىدىغان دېڭگاتېللىق پاراۋوزغا ئىشلىتىلىدىغان سەلەركە سىلىندىر بولتىسى 6 ئوقلۇق سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش ماشىنىسى (G تىپلىق شاتۇن بۇرما مىقنىڭ ئىككى ئوقلۇق سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق چۇۋۇپ، قۇراشتۇرۇش ماشىنىسى) كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا ساياھەت پويىزى يېڭىلاندى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ يېڭى پويىز سېتىۋالدى، بۇ پويىز ئۈرۈمچىدىن ئالمائاتاغا خەلقئارا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. يېڭى پويىزغا دىنام، ھاۋا تەڭشىگۈچ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، توڭلاتقۇ، سىملىق تېلېفون قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا بىرلەشمە يۈك توشۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى توشۇغان ئىمپورت قىلىنغان يۈك 4 مىليون 378 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىت 669 مىڭ 400 توننا، پولات - تۆمۈر 3 مىليون 249 مىڭ 100 توننا، شارسىمان دورا 117 مىڭ 600 توننا، پاختا 28 مىڭ 400 توننا، خىمىيىۋى ئوغۇت 110 مىڭ 300 توننا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى 46 مىڭ 800 توننا، ياغاچ ماتېرىيال 56 مىڭ توننا، سېمونت 21 مىڭ 900 توننا. بىر يىلدا 4775 دانە ئۆلچەملىك يۈك ساندۇقى، 1542 دانە ئۆلچەملىك ئېغىر ساندۇق، 3233 دانە ئۆلچەملىك قۇرۇق ساندۇق ئىمپورت قىلىندى. توشۇلغان ئېكسپورت قىلىنغان يۈك مىقدارى 628 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %27.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوكس 252 مىڭ 600 توننا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى 47 مىڭ 400 توننا، يېمەكلىك 37 مىڭ 900 توننا، سانائەت ماشىنىلىرى 35 مىڭ 500 توننا، بېنزىن 31 مىڭ 400 توننا، غەيرىي مېتال رۇدىسى 42 مىڭ 100 توننا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى 31 مىڭ 500 توننا، پولات - تۆمۈر 24 مىڭ 600 توننا، باشقا يۈك 36 مىڭ 100 توننا. بىر يىلدا 8285 دانە ئۆلچەملىك يۈك ساندۇقى (يەشىك) ئېكسپورت قىلىندى. ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان خەلقئارادا بىرلەشمە توشۇلغان يۈك مىقدارى 5 مىليون 7100 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17.3 ئاشتى.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى خەلقئارادا يولۇچى توشۇش پويىزىدىن 207 قېتىمنى يولغا سېلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچىدىن 34 مىڭ 432نى توشۇدى، يەنى 2000 - يىلدىكىدىن 2189 يولۇچى ئاز توشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تۆمۈريولىدا توشۇلغىنى 21 مىڭ 615 بولۇپ، ئومۇمىي يولۇچىنىڭ %62.8نى ئىگىلىدى. يولۇچىلارنىڭ يولۇچىلار پويىزىغا ئوتتۇرىچە ئولتۇرۇش نىسبىتى %74.5 بولدى. خەلقئارادا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش كىرىمى 1 مىليون 159 مىڭ 300 شىۋېيتسارىيە فرانكىغا يەتتى.

لى شياۋۋېن

## 2021 - قېتىملىق/2022 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنىڭ قېتىمى T295 - قېتىملىق/T296 - قېتىملىققا ئۆزگەرتىلدى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئەمەلىيەتتىكى تۆمۈريول بىلەن ماس قەدەمدە 2001 - يىللىق يېڭى پويىز قاتناش خەرىتىسىنى قوللاندى، بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىش بولدى: ئىلگىرىكى لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتنايدىغان 2021 - قېتىملىق/2022 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنىڭ قېتىمى T295 - قېتىملىق/T296 - قېتىملىققا ئۆزگەرتىلدى.

لى شياۋۋېن

## شاڭچيۇ (جېڭجۇ) بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا 1045 - قېتىملىق/1046 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، شاڭچيۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا 1045 - قېتىملىق/ئۈرۈمچى بىلەن جېڭجۇ ئارىلىقىدا 1046 - قېتىملىق بىر جۈپ يولۇچىلار پويىزىنى كۆپەيتىپ يولغا سالدى. پويىز ئىشلىرىنى جېڭجۇ تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى.

لى شياۋۋېن

## ئىلگىرىكى ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان 2198 - قېتىملىق / 2197 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتناش مۇساپىسى چوڭچىغىچە ئۇزارتىلدى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ئىلگىرىكى ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان 2198 - قېتىملىق/2197 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتناش مۇساپىسى چوڭچىغىچە ئۇزارتىلدى. پويىز قېتىمى 1083/1084 - قېتىم (1082/1081) قېتىم بولدى.

لى شياۋۋېن

## 54/53 (51/52) قېتىملىق پويىز «قىزىلبايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2001 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى شاڭخەي، گۇاڭجۇغا كىرىدىغان پويىزلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا پويىز ئىشلىرىنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان 54/53 (51/52) قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى مەملىكەتتىكى تۆمۈريول بويىچە 6 - قېتىم «قىزىلبايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى ۋوگزالى «مەدەنىي ۋوگزال» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2001 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدا يولۇچى توشۇيدىغان چوڭ ۋوگزاللارنىڭ يولۇچى توشۇش خىزمىتى مۇسابىقىسىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا

ئۈرۈمچى ۋوگزالى 10 - قېتىم «مەدەنىي ۋوگزال» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول خەۋەرلىشىش ئۈچۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ شىركىتى قۇرۇلدى

2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، تۆمۈريول خەۋەرلىشىش ئۈچۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ شىركىتى ئۈرۈمچىدە ۋۇجۇدقا كەلدى. تۆمۈريول خەۋەرلىشىش ئۈچۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ شىركىتى تۆمۈريول خەۋەرلىشىش ئۈچۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تارماق ئورگىنى بولۇپ، بۇ شىركەت «مەۋقەنى تۆمۈريولغا قويۇش، ترانسپورت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، جەمئىيەتكە يۈزلىنىش، بازار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ خاراكتېرلىك تېلېگراق سودا - تىجارىتى مەسئۇلىيىتىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، تۆمۈريول ۋە جەمئىيەت جامائەتچىلىكىنى سۈپەتلىك تېلېگراق كەسپى ۋە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسى غەربىي بۆلىكىنىڭ 105 كىلومېتىرلىق لىنىيىسى ئېبنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنى بىلەن ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ ئاساسلىق بورانلىق رايونىغا جايلاشقان. 1992 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە رەسمىي قاتناش باشلانغاندىن تارتىپ تاكى 1997 - يىلغىچە، قۇم تۆمۈريول لىنىيىسىنى كۆمۈۋېتىپ قاتناشنى ئۈزۈپ قويۇش ۋەقەسى 72 قېتىم يۈز بېرىپ، 6 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى. بورتالادىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان 6 كىلومېتىر شورلۇقتا ھەر يىلى پويىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 15 كىلومېتىردىن 30 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا چەكلەندى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى 1992 - يىلدىن بۇيان، 16 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى قۇمنىڭ زېمىننى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلىدى، ئالدى بىلەن ماشىنا - ئۈسكۈنە ئارقىلىق قۇمنى توسۇپ، قۇملۇقتىكى تۆمۈريول لىنىيىسىگە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ئاندىن بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ماشىنا - ئۈسكۈنە ئارقىلىق قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇمنىڭ زېمىننى ئۈزۈپ تىزگىنلەشتىكى يىراق مەزگىللىك نىشانغا يەتتى. 41 مىڭ 410 مېتىر ئېگىز قۇم توساق، 6 مىليون 19 مىڭ 870 كۋادرات مېتىر پەس قۇم توساق بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش بويىچە 61.13 گېكتار كۆلەم بەرپا قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 18 مىڭ 640 مېتىر كۆكەرتىش سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 9 قۇدۇق قېزىلدى، 2001 - يىلى يەنە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق 32.53 گېكتار كۆلەمدە، ماشىنا - ئۈسكۈنە ئارقىلىق 1 مىليون 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدە قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئىشى تاماملاندى، 12 مىڭ 977 كۋادرات مېتىر كۆكەرتىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇ مەنبەي قۇدۇقلىرى كۆپەيتىلدى ھەمدە مۇئەسسەسىلەر يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. بۇلارغا 7 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش بىلەن ماشىنا - ئۈسكۈنە ئارقىلىق قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، قۇمنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش سىستېمىسى شەكىللەنمەكتە.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارادا يۈك توشۇشنى ۋاكالىتەن بېجىرىش يولغا قويۇلدى

2002 - يىلى 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ئوتتۇرا ئاسىيا چەت ئەل ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش چەكلىك شىركىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت سودىگەرلىرىگە 3877 ۋاگون، 230 مىڭ تونna يۈكنى ۋاكالىتەن توشۇپ بەردى. ئاساسىي ترانسپورت كەسپى بويىچە 23 مىليون يۈەندىن كۆپرەك، كۆپ يول ترانسپورتنى ۋاكالىتەن بېجىرىش بويىچە 8 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. ئۈرۈمچى ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈريولى چەت ئەل ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش چەكلىك شىركىتى قازاقىستان پويىزلىرىنىڭ ئالمىشىپ يۈك قاچىلاپ توشۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، پورتتا پويىز ئالماشتۇرۇپ يۈك قاچىلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكنى بىر قېتىمدىلا يەتكۈزۈپ بېرىپ، يۈكنىڭ يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى قىسقارتتى. يۈك ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغا 18 كۈندە يەتكۈزۈلدى، نەتىجىدە ھەم ترانسپورت تەننەرخى تۆۋەنلىدى ھەم يۈكنى چۈشۈرۈش-قاچىلاشتا يۈكنىڭ بۇزۇلۇشى، يوقاپ كېتىشى ئازايدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريولىنىڭ 10 - قېتىملىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 -

كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپ 2001 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈريولدا بىرلەشمە بولۇپ، يۈك توشۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى. 2002 - يىلى چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈك مىقدارى پىلانى ۋە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈكنى كۆپەيتىش تەدبىرىنى كېڭىشىپ بېكىتتى. سۆھبەتتە، جۇڭگو - قازاقىستان تۆمۈريولى ئىككى تەرەپ 2001 - يىلى پورتتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈكنى 5 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقئارا تۆمۈريولدا بىرلەشمە توشۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ترانسپورت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، توشۇش مىقدارىنى كۆپەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىردەك پىكىرگە كەلدى. ئىككى تەرەپ «رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، چېگرىدىن چىقىرىشقا قولايلىق بولۇش، پورتتىن يۈك چىقىرىشنى راۋانلاشتۇرۇش، توشۇش مىقدارىنى كۆپەيتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، خەلقئارا تۆمۈريولدا بىرلەشمە توشۇش جەريانىدىكى ۋاگون، قاتناش، يۈك توشۇش ۋە سودا ئىشلىرى، پورتتا يۈكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە مۇزاكىرە قىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ خۇگرۇ ئۆمەك باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قازاقىستان تۆمۈريول باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بايمۇقانوف ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى «جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريول كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالىدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان قاتناش پورتى شۆبە كومىتېتىنىڭ يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن تۆمۈريول گۇرۇپپىسى، ئاشيول گۇرۇپپىسى پورت لىنىيىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 3 گۇرۇپپىدىن تەركىب تاپتى. تۆمۈريول گۇرۇپپىسىغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىن ۋەنجيەن بىلەن قازاقىستان قاتناش مىنىستىرلىكى تۆمۈريول مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بايدا ئولبتوف ئىككى تەرەپكە ۋاكالىتەن باشلىق بولدى، ئىككى تەرەپ جۇڭگو - قازاقىستان يۈك ساندۇقى توشۇش، كېرەكسىز پولات - تۆمۈرنى دېلورىا ۋوگزالىدا ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش، خام نېفىت توشۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن، جۇڭگو تۆمۈريول خەلقئارا پويىزىنى كەڭ رېلىسلىق قىلىپ نىشانىنى ئۆزگەرتىشنى قەرەللىك تەكشۈرۈشتە تاموژنا بېجى ئالماي يولغا سېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

لى شياۋۋېن

## ياۋروپا - ئاسىيا چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريول ترانسپورتى خەلقئارا يىغىنى

قازاقىستان قاتناش مىنىستىرلىكى، كىرىم مىنىستىرلىكى ۋە تاموژنا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇيۇشتۇرغان 2001 - يىللىق ياۋروپا - ئاسىيا چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان قازاقىستان تۆمۈريول ترانسپورت خەلقئارا يىغىنى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلدى. پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىدىكى يول بويىدىكى 12 دۆلەت، 100 دىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ لياڭ ئۆمەك باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن قازاقىستان قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ياۋروپا - ئاسىيا چېگرىسىدىن ئۆتۈش يىغىنىنىڭ داۋامى. ھەر قايسى دۆلەت ۋەكىللىرى يول ترانسپورتى جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، خەلقئارا بىرلەشمە توشۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ۋە سۇنئىي توسالغۇلارنى تۈگەتتى. يىغىندا يول بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ترانسپورت ۋە تاموژنا تارماقلىرىنىڭ خىزمەت نىشانى بەلگىلەندى. جۇڭگو لىيەنيۈنگاڭ - قازاقىستان - روسىيە - بېلورۇسىيە - پولشا - غەربىي ياۋروپا يۈك ساندۇقى مەخسۇس پويىزى قاتنىشىنى سىناق قىلىش قارار قىلىنىپ، پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ ھازىرقى دېڭىز قاتنىشىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى نامايان قىلىندى.

لىن شياۋۋېن

## ئالاتاۋ پورتىدا خام نېفىتنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيىسى ئىشلىتىلدى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالاتاۋ پورتىدا خام نېفىتنى ۋە سۇيۇقلاشتۇرۇلغان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئالاتاۋ پورتىدىكى خام نېفىتنى ۋە سۇيۇقلاشتۇرۇلغان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيىسىنى شياڭگاڭ لوڭشياڭ خىمىيە سانائىتى خەلقئارا چەكلىك شىركىتى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى كەسپىي تەرەققىيات شىركىتى بىرلىكتە 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، شياڭگاڭ لوڭشياڭ

خىمىيە سانائىتى خەلقئارا چەكلىك شىركىتى پايچى كونترول قىلغان. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشقا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئالاتاۋ پورتىدا خام نېفىتنى ۋە سۇيۇقلاشتۇرۇلغان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيىسى، ئىش باشلاندى. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 2 كۆۋرۈك، لىنىيە، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە 22 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ساقلاش رايونى ياسىلىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش خام نېفىتنى ۋە سۇيۇقلاشتۇرۇلغان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

لى شياۋۋېن

## شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 1985 - يىلى ئىش باشلانغان. دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ ياسىغان، تۆمۈريول پۈتكەندىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. گوۋۇيۈەن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا، مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا، ترانسپورت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ترانسپورتىنىڭ راۋان بولۇشىغا پايدىلىق.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار

2001 - يىلى ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزال ۋاگون ئۇچاستكىسى پىچان پويىز تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ سابىق مۇدىرى جاڭ لوڭشىڭ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول مەركىزىي دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چېن ۋېي، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى 1 - ئۇچاستكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىيا جىڭچۈەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى قىزىل تاغ ئۆستىكى ۋوگزالىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جيەنجېن، كۈيتۇڭ پاراۋوز ئۇچاستكىسى ئىچىدىن ياندىغان دۆڭگاتىللىق پويىز شوپۇرى ئەن شويجۇنلەرگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك تۆمۈريول ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ؛ قۇمۇل شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇشۇياۋغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» دەپ؛ ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستكىسىغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

لى شياۋۋېن

## سۇن يۇڭفۇ بىلەن ۋاڭ كۈيجۇڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇن يۇڭفۇ بىلەن باش ئىقتىسادچى ۋاڭ كۈيجۇڭ قاتارلىق 8 كىشى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ، 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 — 31 - كۈنلىرى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە كېلىپ تۆمۈريول ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

لى شياۋۋېن

## ۋاڭ جاۋچېڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ جاۋچېڭ قاتارلىق 5 كىشى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ جاۋچېڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ۋوگزالى مال مەيدانى، پويىز كۈتۈش زالى، ۋوگزال سۇپىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. يۈك ئوبوروتى بىلەن يولۇچىلار ئوبوروتى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى بىلەن خۇالىڭ بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، بازار ئەھۋالىنى ۋە يۈك - تاقلارنىڭ مەخسۇس يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، مال ئىگىلىرىنىڭ تۆمۈريول تارماقلىرىغا بولغان پىكرىنى ئاڭلىدى.

لى شياۋۋېن

## ۋاڭ شيەنكۈي ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شيەنكۈي قاتارلىق 5 كىشى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسى ۋە

لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسى ئەتراپىدىكى 30 ئورۇنغا بېرىپ، 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ۋە لىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

لى شياۋۋېن

# تاشيول

## تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە يول ئاسراش

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تاشيول ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈردىن 17 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 23 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلاندى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 57 مىڭ 752 كىلومېتىرغا يەتتى (بىڭتۇەننىڭ يوللىرى ۋە كەنت يوللىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 431 كىلومېتىر، 1 ـ دەرىجىلىك تاشيول 225 كىلومېتىر، 2 ـ دەرىجىلىك تاشيول 5346 كىلومېتىر، 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول 14 مىڭ 347 كىلومېتىر، 4 ـ دەرىجىلىك تاشيول 22 مىڭ 698 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 14 مىڭ 705 كىلومېتىر. 2001 ـ يىلى 678 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 2 كىلومېتىر، 1 ـ دەرىجىلىك تاشيول 48 كىلومېتىر، 2 ـ دەرىجىلىك تاشيول 9 كىلومېتىر، 3 ـ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن تاشيول 619 كىلومېتىر. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆۋرۈك 4077 گە يېتىپ، 103 مىڭ 827 مېتىر ئۇزارتىلدى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاسرالغان تاشيول مۇساپىسى 57 مىڭ 121 كىلومېتىرغا، ياخشى تاشيول نىسبىتى 69.4%كە يەتتى.

جاڭ پىڭ

## تاشيول ترانسپورتى

2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 402 مىڭغا، تىجارەت خاراكتېرىدىكى يولۇچى، يۈك توشۇش ئاپتوموبىلى 161 مىڭ 100گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرىدىكى يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىلى 34 مىڭ 841، تىجارەت خاراكتېرىدىكى يۈك توشۇش ئاپتوموبىلى 126 مىڭ 290.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 233 مىليونغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 6.3%، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 17 مىليارد ئادەم ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، 7.6% ئاشتى. توشۇلغان يۈك 278 مىليون توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 600 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، 1.1% نى ئىگىلىدى، دېمەك ئاپتونوم رايوندىكى 4 خىل ترانسپورت ئومۇمىي مىقدارىدا توشۇلغان يولۇچى 95.5%نى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 55%نى، يۈك 82.8%نى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 38.9%نى ئىگىلىدى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىجارەت خاراكتېرىدىكى تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 153 مىليونغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 12.8%، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليارد ئادەم ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، 21.1% ئاشتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 17 مىليارد 700 مىليون توننا ـ كىلومېتىر بولۇپ، 0.2% تۆۋەنلىدى.

شۈي جۈڭچىڭ

## ناھىيە ـ يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن ياسالغان، كېڭەيتىپ ياسالغان ناھىيە ـ يېزا تاشيولى قۇرۇلۇش تۈرى 77گە يەتتى. بۇلارغا 153 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ناھىيە ـ يېزا تاشيولى ئومۇمىي مۇساپىسى 52 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول مۇساپىسى ستاتىستىكىسىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيە ـ يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 38 مىڭ 787 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك تاشيول 31.9 كىلومېتىر، 2 ـ دەرىجىلىك تاشيول 357.5 كىلومېتىر، 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول 5347.1 كىلومېتىر). كۆۋرۈك 1326گە يېتىپ، 29 مىڭ 878 مېتىر ئۇزاردى، سۇ ئۆتكۈزگۈچ 44 مىڭ 159گە يەتتى.

2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى 858 يېزا ـ بازارنىڭ 854گە تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 9412 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە، تاشيول تۇتاشتۇرۇلغان مەمۇرىي كەنت 8451گە يېتىپ، دۆلەت، ئۆلكە غول لىنىيىلىك تاشيول تايانچ قىلىنغان، ناھىيە ـ يېزا تاشيولى تارماق لىنىيە قىلىنغان، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا ـ بازار، كەنتلەرگە تەرەپ ـ تەرەپتىن تۇتاشقان، ئۆز ئارا گىرەلەشكەن ناھىيە ـ يېزا تاشيول تورى شەكىللەندى.

جاۋ يۈڭ

## يول تورىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تاشيول تورىنى ئۆزگەرتىشتە توختاملاشقان 12 بۆلەك قۇرۇلۇش يولغا قويۇلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 218 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە يول تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىن 267 كىلومېتىر تاماملاندى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

شۈي ۋېيشىڭ



2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەندىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى يۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى

## تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

بۇ تاشيول 3 يىل سىناق تەرىقىسىدە ئاپتوموبىل قاتنىغاندىن كېيىن 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، تۇر ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

شى جى

## ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قاتناش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قۇرۇلۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

جاڭ پىڭ

## چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت ئەھۋالى

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن 47سى ئېچىلدى، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورتنى ئۈستىگە ئالغان كارخانا 37 گە، چەت ئەلگە يولۇچى، يۈك توشۇيدىغان ئاپتوموبىل 911گە يەتتى.

2001 - يىلى چېگرىدىن چىققان - كىرگەن يولۇچى (ساياھەتچى) 88 مىڭ 200 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 21.25% ئازايدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 382 مىڭ 800 ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، 3.42% تۆۋەنلىدى؛ توشۇلغان ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 721 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 7.86% ئاشتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 135 مىليون 782 مىڭ 500 توننا - كىلومېتىر بولۇپ، 9.96% ئازايدى. تىرىملاپ تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن چىققان - كىرگەن يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىلى 68 مىڭ 100 ئاپتوموبىل (قېتىم) بولۇپ، 0.15% ئازايدى.

2001 - يىلى جۇڭگو - قازاقىستان، جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاشقى موڭغۇلىيە خەلقئارا ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىجازەتنامىسىدىن 1233 پارچە تارقىتىلدى.

ۋاڭ چېن

## شىنجاڭدىكى 16 ناھىيە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ناھىيە يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى

10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، قاتناش مىنىستىرلىكى غەربىي قىسمىدىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى 133 ۋىلايەت، ئوبلاست، 1099 ناھىيە يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇشنى پىلانلاپ، 36 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 24 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. شىنجاڭدىكى 16 ناھىيە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ناھىيىلەرنىڭ يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئاسفالت ياتقۇزۇلىدىغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2242 كىلومېتىر.

شى جى

## قاتناش كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى 88 قاتناش كارخانىسىنىڭ 71ى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى قاتناش كارخانىلىرى

تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تامامەن ئورۇنداپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

شى جى

## پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

2001 - يىلى قاتناش نازارىتى 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئۆتكۈزۈۋالدى. باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

YHC-4 تىپلىق ئاسفالت يول ئاسراش قۇرۇلۇش ماشىنىسى بۇنى شىنجاڭ يول ياساش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ياسىغان بولۇپ، يېڭى مەھسۇلات تەرەققىيات تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ ماشىنا شىنجاڭنىڭ تاشيول ئەمەلىي ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ لايىھىلەپ تەتقىق قىلىپ ياسالغان، باھاسى ئەرزان، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان يول ئاسراش ئۈسكۈنىسى، ئۇ قۇرۇلمىسى پۇختا، لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، باشقۇرۇشى ئاددىي، رېمونت قىلىش ئوڭاي، جانلىق، مەشغۇلات قىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ماشىنا ئارقىلىق ئاسفالت يولنى ئاسراش مەشغۇلاتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ.

SLHB-30B ئاسفالت، بېتون ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بۇنى شىنجاڭ يول ياساش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ياسىغان بولۇپ، يېڭى مەھسۇلات تەرەققىيات تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ، تاشيول ئاسراشنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن تۈر بولۇپ، ماشىنا، توك، گاز بىرگەۋدىلەشكەن ئۈسكۈنە. بۇ ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن، مەشغۇلات قىلىش ئوڭاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى مۇقىم، سوغۇق ماتېرىياللارنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەش سىستېمىسى ئىشەنچلىك، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ.

شىنجاڭنىڭ غول لىنىيىلىك تاشيوللىرىنىڭ ئاپتوموبىل قاتناش ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات بۇنى شىنجاڭ قاتناش پەن - تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. بۇ يۇمشاق تېما تۈرى بولۇپ، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تۈرى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ھەرخىل دەرىجىدىكى يوللاردىكى قاتناش مىقدارى بىلەن يولنىڭ كەڭلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خېلى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان ھەمدە «لايىھە نىشانى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇاڭ نەن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2001 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتى 4 - ئاپتوموبىل كالونى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى. لياڭ ۋېنبىن، سالامەت قاھار، ليۇ جۇلار مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئالتاي تاشيول باش ئۆچاستكىسى چىڭگىل ئۆچاستكىسى ۋېيدۇڭ يول ئاسراش پونكىتى، بىكتۈەن 1 - ترانسپورت شىركىتى ماي قاچىلاش پونكىتى مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 9 - ئايدا، شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتى يولۇچى توشۇش بېكىتى بىلەت سېتىش 1 - ئىسمېنىسى، بورتالا ئوبلاستلىق يولۇچى توشۇش مۇلازىمەت باش بېكىتى بىلەت سېتىش ئۆيى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش مەركىزى بېكەت ئىشلىرى گۇرۇپپىسى مەملىكەتلىك ئاپتوموبىلدا يولۇچى توشۇش سىستېمىسى بويىچە «ئۈلگە بولغۇچى ئىسمېنا - گۇرۇپپا» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ دۇەن دېشەن، ئابدۇكېرىم ھاجى، لۇڭ لىلار مەملىكەتلىك ئاپتوموبىلدا يولۇچى توشۇش سىستېمىسى بويىچە «مۇلازىمەت ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 10 - ئايدا شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسى، شىخەنزە ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق يولۇچى توشۇش مۇلازىمەت باش بېكىتى مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولدى؛ شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «مەدەنىي ساھە» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئەخمەتجان يۇنۇس، ليۇ پېيشۇ، ھېكىم يالقۇن، ئابلىز، جاۋ خەيلەر مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا؛ سۇن شيەنكۇي مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ 4 - ترانسپورت گۇرۇھى يولۇچىلار ئاپتوموبىل كالونى مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسى بويىچە «مەدەنىي ئۈلگە كۆزنەك» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاڭ يىڭ

## خۇ شىجيې شىنجاڭغا كېلىپ پورت تاشيولى ترانسپورت خىزمىتىنى تەكشۈردى

قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇ شىجيې شىنجاڭدا 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە پورت تاشيولى ترانسپورتى ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت خىزمىتىنى تەكشۈردى.

جاڭ يىڭ

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش



2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تۇنجى قېتىم جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ 24 نەپەر بەسىل خاراكتېرلىك ئايروپىلان مۇلازىمى قوبۇل قىلدى، ئۇلار 2 ئايدىن كۆپرەك تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش مەزگىلدە ئىشقا چىقتى. ئالدىراش مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىش ئورنىدىن ئايرىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پەسىل خاراكتېرلىك ئايروپىلان مۇلازىملىرى رەسمىي ئىش ئورنىغا چىقتى.

خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تەمىنلىگەن

ئاساسەن، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايرىم قۇرۇلدى، ئايرىم قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن ـ قائىدە ـ نىزاملىرى بويىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە ھەرىكىتىنى ساھە بويىچە باشقۇرۇش بولغا قويۇلىدۇ. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى جۇڭگو جەنۇبىي ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى بىلەن كارخانىنى قايتا تەشكىللەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2001 ـ يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەتلىك ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياش ئىنچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ جىنتيەن

## ھاۋا قاتناش لىنىيىسى تىجارىتى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 74 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 67 (شياڭگاڭ، ئاۋمېنىنىڭ بىر)، خەلقئارا ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 7. ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 158 مىڭ 193 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 142 مىڭ 805 كىلومېتىر، خەلقئارا ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 15 مىڭ 388 كىلومېتىر.

جۇي جيەنپىڭ

## يېڭىدىن ئېچىلغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھاۋا قاتناش لىنىيىلىرى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يولۇچى توشۇش ھاۋا قاتناش لىنىيىسىدىن 5نى يېڭىدىن ئاچتى، 3نى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھاۋا قاتناش لىنىيىسىدىن بىرنى توختاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بوئىڭ 757 تىپلىق ئايروپىلاننى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچى ـ شىئەن ـ نەنجىڭ ـ شىئەن ـ ئۈرۈمچى ئىدارىسى (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى) بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. بىر يىلدا تۇرلۇك ئايروپىلانلار 52 مىڭ 600 سائەت بىخەتەر ئۇچتى. ئۇچۇش جەھەتتە دەرىجىلىك ۋەقە ۋە ھاۋا مۇداپىئە ۋەقەسى يۈز بەرمىدى، 47 يىل بىخەتەر ئۇچۇش ۋە ھاۋا مۇداپىئەسى بىخەتەر بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىكى ھەرخىل ئايروپىلانلار بىر يىلدا 51 مىڭ 800 سائەت ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، ترانسپورت ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى 1 مىليون 571 مىڭ 500 گە، توشۇلغان پوچتا يوللانمىسى، يۈك 20 مىڭ 400 تونناغا يەتتى.

خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە چوڭ رېمونت تۈرىدىن 38نى ئورۇندىدى، بۇلارغا 229 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ «شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى لايىھەگە سېلىنغان تەستىق جاۋاب»قا

ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى. تاق مۇساپىسى 3220 كىلومېتىر، ئۇچۇش ۋاقتى 4 سائەت 20 مىنۇت.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلاننى ئىشلىتىپ، نەنچاڭ - خۇاڭشەن - نەنچاڭ، نەنچاڭ - ۋېنجۇ - نەنچاڭ، نەنچاڭ - پەنجۇ - نەنچاڭ، خۇاڭشەن - فۇجۇ - خۇاڭشەندىن ئىبارەت 4 ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى - تيەنجىن - ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى بوئىڭ 757 تىپلىق ئايروپىلان قاتنايدۇ، تاق مۇساپىسى 2779 كىلومېتىر.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچى - چۇڭچىڭ - ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى بوئىڭ 737 تىپلىق ئايروپىلان قاتنايدۇ، تاق مۇساپىسى 2621 كىلومېتىر.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى - شىنىڭ - كۈنمىڭ - شىنىڭ - ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر شەنبە كۈنى بوئىڭ 757 تىپلىق ئايروپىلان قاتنايدۇ.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى - ئىسلامئاباد - ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى توختىتىلدى.

چۇي جيەنپىڭ

## ھەممباب ئاۋىئاتسىيە

2001 - يىلى شىنجاڭ رايونىدا شىنجاڭ ھەممباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «جۇڭفېي» ھەممباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، «شەرق» ھەممباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە گۇاڭدۇڭ ھەممباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھەممباب ئاۋىئاتسىيە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.

شىنجاڭ ھەممباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىر يىلدا 25 ئايروپىلان ئاجرىتىپ، ئايروپىلانلارنى 21 ئايروپىلان گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 - شىلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەردە شال ئۇرۇقى چېچىش، ئوغۇتلاش، كېۋەزگە ئوغۇت چېچىش، يېتىلىشىنى تېزلىتىش، خىمىيىلىك تىزگىنلەش ۋە يوپۇرماق چۈشۈرۈش، قىچا، ئاپتاپپەرەسلەردىكى كېسەللىك - زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش، شەھەرلەردە سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئوتلاقلاردا چېكەتكە ۋە ئورمان بەلۋاغلىرىدا ھاشارات يوقىتىش، ئايروپىلان ئارقىلىق ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا قار ياغدۇرۇش، ئايروپىلاندا سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى. يەنە ئىچكىردىكى قىسمەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئايروپىلان ۋە خادىم ئەۋەتىپ، ئايروپىلاندا سۈرەتكە تارتىش، ئۆلچەش قاتارلىق ھەممباب ئاۋىئاتسىيە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. ھەممباب ئاۋىئاتسىيە بويىچە 6120 سائەت ئۇچتى، 25 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) بىخەتەر ئۇچتى ۋە قوندى. 506 مىڭ 700 گېكتار يەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەشغۇلاتىدا 4980 سائەت، سانائەت مەشغۇلاتىدا 280 سائەت، ھۆكۈمەت ئىشى، ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇش، سىناپ ئۇچۇش، مەشىق قىلىشتا 860 سائەت ئۇچتى.

لى ۋېنجۇ

## يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ئايروپىلانلار

2001 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئامېرىكا بوئىڭ شىركىتىدىن 6 ئايروپىلان كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە، بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان 2، بوئىڭ 700— 737 تىپلىق ئايروپىلان 4.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى 22گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىل - 86 تىپلىق ئايروپىلان 3، بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان 8، بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 4، بوئىڭ 300 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 2، ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان 5. كەسپىي ئايروپىلان 15 بولۇپ، ھەممىسى ترانسپورت — 5 تىپلىق ئايروپىلاندۇر.

چۇي جيەنپىڭ

## تۇ - 154M تىپلىق ئايروپىلان ئۇچۇشتىن توختىدى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تۇ - 154M تىپلىق 5 ئايروپىلاننى ئۇچۇشتىن توختاتتى. بۇ، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ تۇ - 154M تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش تارىخىغا خاتىمە بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چۇي جيەنپىڭ

## رەئىس جياڭ زېمىننىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىغا كاپالەتلىك قىلىندى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ATR—72 تىپلىق 3022 - نومۇرلۇق ئايروپىلان ئەۋەتىپ، 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ بىرما تەۋەسىدىكى ئاساسلىق مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئىجرا قىلدى. بۇ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ئەۋەتىپ چەت ئەلدە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئايروپىلان رانگون، دەنشوڭ، فۇگەن، ماندېرىدىن ئىبارەت 4 ئايروپورتتىن ئۇچتى

ۋە ئۆتنگىغا قوندى.

جالڭ چاۋ

## ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى مېتېئورولوگىيە باشقارمىسى 75 مىڭ 593 ھەرخىل ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 80.9%، ھاۋارايىنى كۆزىتىشتىكى 10 مىڭ قېتىملىق خاتالىق نىسبىتى 0.05 بولدى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق 8395 پارچە بۇلۇت خەرىتىسى قوبۇل قىلىندى، ھاۋا قاتناش ئاخباراتىغا ئائىت 277 مىڭ 207 پارچە ھەرخىل ماتېرىيال تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە تارقىتىلدى. ئۈرۈمچى باشقۇرىدىغان رايون بىلەن 5 دۆلەت، چەت ئەل باشقۇرىدىغان 6 رايوننىڭ باشقۇرۇلۇشىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى يېڭىۋاشتىن ئىمزالاندى. ئۈرۈمچى باشقۇرىدىغان رايوندىكى 4 رايوننى باشقۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن 11 ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ مۇنار سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ئۇ تەڭشەلدى. غۇلجا، ئالتاي، كۇچا، چەرچەن خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودروملىرىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى ۋە ئۇچۇش تەرتىپىنى تۈزۈش ئورۇندالدى ھەمدە خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىلدى.

خەۋەرلىشىش، ئايروپىلانغا يول باشلاش ئۈچۈر سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ۋاقتى 348 مىڭ 781 سائەت 52 مىنۇتقا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش ۋاقتى 12 مىليون 810 مىڭ 547 سائەت 8 مىنۇتقا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى 98%كە، سىستېمىسىنىڭ نورمال ئايلىنىش نىسبىتى 97.983%كە يەتتى؛ 6 مىليون 238 مىڭ 293 پارچە تېلېگرامما يوللاندى، 5693 پارچە تېلېگراممىنىڭ خاتالىقى بىر تەرەپ قىلىندى؛ تۆرلۈك مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ 60 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇش، قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، مەخسۇس ئايروپىلان ئۈچۈن 348 سائەت 8 مىنۇت مۇلازىمەت قىلىندى. بىر يىلدا قورۇلۇشقا 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاپتونوم رايوندىكى ئايرودروملارنىڭ ئايروپىلانغا يول باشلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئۇچۇشىنى سېلىشتۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون 148 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

چۇي جيەنپىڭ

## ئايروپىلان رېمونتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلان رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش بۆلۈمى ھەرخىل ئايروپىلانلارنىڭ 50 مىڭ 494 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەرخىل ئايروپىلانلارنى 151 ئايروپىلان (قېتىم) قەرەللىك تەكشۈردى. ئايرودرومدا توختىتىپ قەرەللىك تەكشۈرۈش ۋاقتىنى 81 كۈن قىسقارتتى، 5252 ئايروپىلان (قېتىم) نى ئۇچۇشتىن بۇرۇن رېمونت قىلىشقا، 5329 ئايروپىلان (قېتىم) نى ئۇچۇشتىن كېيىن رېمونت قىلىشقا، 2075 ئايروپىلان (قېتىم) نى قىسقا ۋاقىت توختىتىپ رېمونت قىلىشقا، چەت ئەلدىن كەلگەن 2053 ئايروپىلان (قېتىم) نى رېمونت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. ھەرخىل ئايروپىلانلاردىن ئوتتۇرىچە كۈندىلىك پايدىلىنىش نىسبىتى 7 سائەت 28 مىنۇتقا، ئايروپىلانلارنىڭ ئوتتۇرىچە بىجىرىملىق نىسبىتى 92.55% كە يەتتى، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورمالسىزلىق نىسبىتى 2.4% بولدى.

چۇي جيەنپىڭ

## ئايرودروم كاپالىتى ئەھۋالى

2001 ـ يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايرودروم كاپالىتى بۆلۈمى ئۇچۇش رايونىدىكى يوللارنىڭ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا مۇۋاپىق بولۇشىغا، ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدىغان چىراغلارنىڭ نورمال يېنىشىغا ۋە ئۇچۇش رايونىنى توك بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغانلىقتىن، سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايرودروم يوللىرى، ياردەمچى چىراغلار، ئۇچۇش رايونىنى توك بىلەن تەمىنلەش نورمال بولماي ئايروپىلان قايتىپ كېتىدىغان، قونۇشقا تەييارلىق كۆرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىدى. ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدىغان چىراغ 971 قېتىم خاتاسىز يورۇتۇلدى، چىراغنى 2855 سائەت يورۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، تۆرلۈك چىراغلارنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى بەلگىلىگەن كەسىپ ئۆلچىمىگە يەتتى. ئايرودروم يوللىرىنىڭ پاكىزە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، يوللار ئۇچۇشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى، قار- مۇزلارنى تازىلاش ۋە ئۇچۇش رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ئورۇندالدى، ئۇچۇش - قونۇش يولىدىكى 11 مىڭ 140 كۋادرات مېتىر بەلگە سىزىقى يېڭىلاندى. 480 مىڭ كۋادرات مېتىر يول گىرۋىكى پۈختىلاندى. ئايرودرومدىكى ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىردىن كۆپرەك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېرىقى راۋانلاشتۇرۇلدى. ئۇچۇش رايونىدىكى ئۇزۇنلۇقى 6000 مېتىردىن كۆپرەك سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقىدىكى ئەخلەت ـ چاۋارلار تازىلاندى، 166 دانە ياردەمچى چىراغ رېمونت قىلىندى. 633 كۋادرات مېتىر يول، پىيادىلەر يولى رېمونت قىلىندى، 6148 كۋادرات مېتىر يولغا ئاسفالت يانقۇزۇلدى.

چۇي جيەنپىڭ

## بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش تارمىقى 8220 ئايروپىلان (قېتىم) نى نازارەت قىلدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچىلاردىن 764 مىڭ 56 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى، يولۇچىلارنىڭ 1 مىليون 910 مىڭ 505 سومكىسى، يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈردى، 626 مىڭ 264 بولاق يۈك، پوچتا يوللانمىسىنى تەكشۈردى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يۈكىنى توشۇشنى ھۆددىگە ئالغان 361 ئايروپىلان (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلدى، تەكشۈرۈلگەن ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلاندىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى 12 مىڭ 738 توننىغا يەتتى؛ رەسمىيىتى ئۇيغۇن كەلمىگەن يولۇچىدىن 122 ئادەم (قېتىم) نى ئېنىقلاپ چىقتى (بۇنىڭ ئىچىدە يالغاندىن يولۇچى بولۇۋالغانلار 19، يالغان كىملىك ئېلىپ يۈرگەن يولۇچى 39)؛ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەت گۇمانداردىن 3نى قولغا چۈشۈردى؛ تەقلىدىي مىلتىقتىن 22نى، 413 پاي ئوقنى، 185 بولاق ئوڭاي ئوت ئالىدىغان بۇيۇمنى، ساقچى جابدۇقىدىن 128نى، تۈرلۈك پىچاق - خەنجەردىن 18 مىڭ 348 نى، باشقا خەتەرلىك، مەنئى قىلىنغان بۇيۇمدىن 1056 بولاقنى ئېنىقلاپ چىقتى؛ 2 قېتىملىق دوللارنى قائىدىگە خىلاپ ئېلىپ يۈرۈش ۋەقەسىنى ئېنىقلاپ چىقتى، 3 مىليون 10 مىڭ دوللارنى قولغا چۈشۈردى؛ 2 قېتىملىق روھىي كېسەللەرنىڭ ئايروپىلانغا چىقىش ۋە ئايرىۋېتىلگەن رايونغا كىرىش ۋەقەسىنى ۋە 4 قېتىملىق يولۇچىلارنىڭ قانۇنسىز ئارىلىشىش ۋەقەسىنى توسۇپ قالدى.

جۇي جيەنپىڭ

## ماي ماتېرىياللىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مېيى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى 9819 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ماي قاچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، 81 مىڭ 117 توننا ئايروپىلان مېيى قاچىلاپ بەردى؛ 10 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ كېچىكىش نىسبىتى، 10 مىڭ توننا ماي قاچىلاش بويىچە مەسئۇلىيەت سەۋەبلىك نىسبىتى نۆل بولدى. ئىستېمالچىلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 100%كە؛ ماي سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېجىرىملىق نىسبىتى 98%تىن يۇقىرى بولدى؛ 80 مىڭ 600 توننا ئاۋىئاتسىيە مېيى سېتىلىپ، 216 مىليون 810 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 2001 - يىلى باش شىركەت بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈشتە، بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاۋىئاتسىيە ماي قاچىلاش پونكىتى 3 - شۆبە ئەترىتى دۆلەت دەرىجىلىك «ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇي جيەنپىڭ

## ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بىناسى ۋە ماي بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭغا 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 47 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، ئاپتوموبىل توختاش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، يول 12 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، كۆكەرتىش كۆلىمى 5200 كۋادرات مېتىر. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بىناسى يىلىغا 4 مىليون 50 مىڭ يولۇچىنىڭ كىرىپ - چىقىش تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ، يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، سائەتتە 2000 ئادەمنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ.

ماي بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا 500 كۇب مېتىرلىق ماي ساقلاش باكىدىن 2نى، ماي بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى، ئوت ئۆچۈرۈش تۇرۇبىسى، 1000 كۇب مېتىرلىق ئوت ئۆچۈرۈش سۇ كۆلچىكىدىن بىرى، 100 كۇب مېتىرلىق مەينەت ماي باكىدىن 2نى ۋە ئۆز ئارا يۈرۈشلەشكەن ماي ئاققۇزۇش مۇئەسسەسىسى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىنى يېڭىدىن ياسالدى.

جاڭ چاۋ

## ئۈرۈمچى ئايروپورتىنىڭ ئايروپىلان توختايدىغان كونا ئورنىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان ئايروپورتنىڭ ئايروپىلان توختايدىغان كونا ئورنىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 35 مىليون 100 مىڭ

يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈرۈمچى ئايروپورتىنىڭ ئايروپىلان توختايدىغان كونا ئورنىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلانغانىدى، 170 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق يولنى ئۆزگەرتىش، سۇ چىقىرىۋېتىش، ماي، توك بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى.

چۇي جيەنپىڭ

## كۇچا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى

2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، كۇچا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 27 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تۇر تۇرغۇزۇلغان، 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىش باشلانغان. بۇ ئايروپورتتا ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر كېلىدىغان بېتونلۇق ئۇچۇش ـ قونۇش يولى ۋە ئالاقىلىشىش سىيرىلما يولى، ئايروپىلان توختاش ئورنى يېڭىدىن ياسالدى. ئۇچۇش ـ قونۇش يولىنىڭ ئاساسلىق قونۇش يولى نىشانىغا ياردەمچى چىراغ، خەۋەرلىشىش، ئايروپىلانغا يول باشلاش سىستېمىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇچۇش رايونىدا ATR – 72 تىپلىق ئايروپىلان ئۇچالايدۇ ۋە قونالايدۇ.

لى ۋېنچيۇ

## قەشقەر ئايروپورتى خەلقئارا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قەشقەر ئايروپورتى خەلقئارا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 20 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت قەشقەر ئايروپورتى خەلقئارا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسى قۇرۇلۇشىنى تۇر قىلىپ تۇرغۇزۇشنى تەستىقلىغان، 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىش باشلانغان، بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسىنىڭ كۆلىمى 3075 كۋادرات مېتىر.

لى ۋېنچيۇ

## شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى «ئومۇمىي مۇساپە بويىچە توشۇش باھاسى» چارىسىنى يولغا قويدى

2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە (2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە بولغان ئەتىيازلىق توشۇش مەزگىلى بۇنىڭ سىرتىدا) شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۆز شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ دۆلەت ئىچىدىكى شەھەرلەردە توختاش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئايروپىلان قاتنايدىغان شەھەرلەرگە بارىدىغان يولۇچىلارغا بېرىدىغان «ئومۇمىي مۇساپە بويىچە توشۇش باھاسى»نى يولغا قويدى. بۇ قېتىم يولغا قويۇلغان ئومۇمىي مۇساپە بويىچە توشۇش باھاسى تاق مۇساپە ۋە بېرىش ـ كېلىش ئومۇمىي مۇساپىسى بويىچە توشۇش باھاسىدىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلدى؛ مۇشۇنداق بولغاندا، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرغان ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى يولۇچىلار بىلەت باھاسىدا ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

فۇ يىڭيۈەن

## ئۈرۈمچى ـ قەشقەر ھاۋا قاتناش لىنىيىسىدە كۆپ دەرىجىلىك ئايروپىلان بۆلۈمچىلىرى بويىچە بىلەت سېتىش يولغا قويۇلدى

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە بولغان ھاۋا قاتناش لىنىيىسىدە، كۆپ دەرىجىلىك ئايروپىلان بۆلۈمچىلىرى بويىچە بىلەت سېتىش چارىسىنى يولغا قويدى ھەمدە بىلەت باھاسىنى تەڭشىدى. ئادەتتىكى يولۇچىلار 55% ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى.

2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە بولغان ھاۋا قاتناش بىلەت باھاسىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى، تاق مۇساپىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بىلەت باھاسى 360 يۈەن بولدى، دېمەك، ئەڭ زور دائىرىدە ئېتىبار بېرىش 35%كە تۆۋەنلىدى ھەمدە بىلەت سېتىۋېلىش ۋاقتى قىسقارتىلدى.

فۇ يىڭيۈەن

## 19 نەپەر ئۇچقۇچى بىخەتەر ئۇچۇش مېدالىغا ئېرىشتى

2001 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى ياڭ جيەنخۇاغا بىخەتەر ئۇچۇش ئالتۇن مېدالى بەردى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۇچۇش بۆلۈمىدىكى شېن ۋېيبىن، گەن يىبىڭ، گاۋ يىڭۋېي، ياڭ چاڭفۇ، ۋاڭ خېچىڭ، چاڭ چاڭيۇ، ليۇ گوڭبياۋ، ۋاڭ چىشېڭ، لى چۇنخەي، ۋاڭ

دېشباڭ، ۋاڭ جۇنشاڭ، ئەلى، ليۇ جيەن، جاڭ خېدىن قاتارلىق 14 ئادەمگە بىخەتەر ئۇچۇش بويىچە كۈمۈش مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى؛ يۈ جىڭتاۋ، لى لۇەنجۇاڭ، لى زىلى، جياڭ گاڭ، ليۇ جۇندىن قاتارلىق 5 ئادەمگە بىخەتەر ئۇچۇش بويىچە مىس مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى.

لى ۋېنچيۇ

# پوچتا

## پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ پوچتا كەسپىدىن كىرگەن كىرىم 656 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى، چىقىم پەرقى 207 مىليون يۈەن بولدى، زىيان 102مىليون يۈەن ئازايدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى %13.6 ئۆستى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە 185 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى يىگىدىن 1 مىليارد 740 مىليون يۈەن ئاشتى، پوچتا ماركىسى توپلاشتىن كىرگەن كىرىم پىلاندىن 17 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى. 2002 - يىللىق گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ئوبوروت سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. ھېساب تالونى، سودا خەت - چېكىدىن 4 مىليون 850 مىڭ پارچە ياسالدى. ۋاكالىتەن باشقۇرۇلغان تېلېگراف كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، بۇنىڭدىن 11 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، پوسۇلكىنى تېز يەتكۈزۈش كەسپى يولغا قويۇلغان 5 ئايدا، 81 مىڭ پوسۇلكا قوبۇل قىلىنىپ ئەۋەتىلدى، بۇنىڭدىن 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت كەسپ مىقدارى بويىچە 147 مىڭ پارچە پېرېۋوت چېكى بېجىرىلدى، قائىدە - يوسۇن پېرېۋوت كەسىپ مىقدارى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى، يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى پوچتا بوللانمىسى تونۇشۇيدىغان ئاپتوموبىل 487گە، پوچتا خەت - چەكلىرىنى ئايرىش ماشىنىسى 2 يۈرۈشكە، خەت - چەكلەرنى تۈرگە ئايرىپ رەتلەش ماشىنىسى 3 يۈرۈشكە، سودا خەت - چەكلىرىنى ياساش سىتېمىسى 3 يۈرۈشكە، پوسۇلكا ئايرىش ماشىنىسى 2 يۈرۈشكە، ATM ئاپتوماتىك فۇكەي ماشىنىسى 112گە، پوچتا ھەققى ماشىنىسى 18 گە، ئەسپات چىقىرىپ بېرىلىدىغان پوچتا بوللانمىلىرىنى تىزىملاش ماشىنىسى 71گە يەتتى. يېشىل كارتا سىستېمىسى جەھەتتە ناھىيە - شەھەردىن يۇقىرى جايلاردا ئامانەت قويۇش، نەقلەشتۈرۈش، راۋان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئىنتېرنېت تور - نۇقتىسى 465كە يەتتى. ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت سىستېمىسى ناھىيىدىن يۇقىرى شەھەرلەرنى قاپلىدى، ئىنتېرنېت تور - نۇقتىسى 200 گە يەتتى، 185 ئابونېنتلار مۇلازىمەت مەركىزى، ئېلېكترونلاشتۇرۇلغان تىجارەت تور - نۇقتىسى ۋە ئارىلىق كەسىپ ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا ئۇچۇرلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى ئالغا سۈردى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈش ۋاقتى بىر كۈندىن 2كۈنگىچە، پوسۇلكا يەتكۈزۈش ۋاقتى 2 كۈندىن 3 كۈنگىچە تېزلىتىلدى. ئۈرۈمچىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا بوللانمىلىرىنىڭ 2 - كۈنى يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى %85تىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئىدارىسى، پونكىتى، مۇلازىمەت نۇقتىسى 1309 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا قۇرۇلغىنى 965. پوچتىنىڭ تولۇق فۇنكسىيىسى بويىچە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىدارە - پونكىت 991گە، ئېلېكترونلاشتۇرۇلغان تارماق ئىدارە 476 گە يەتتى. گېزىت - ژۇرنال، كىتاب ساتىدىغان پوچتا نۇقتىسى 846گە، پوچتا ماركىسى توپلاش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان نۇقتا 604كە، پوچتا پۇل ئامانىتى نۇقتىسى 584كە، پوچتا پۇل ئامانىتى ئىنتېرنېت تور - نۇقتىسى 461گە، پوچتا پۇل ئامانىتى بويىچە باشقا جايدا پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل ئېلىش تور - نۇقتىسى 457گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا خەت - چەك، گېزىت ساندۇقى تۈپى 727گە، پوچتا خەت سېلىش نۇقتىسى 244 مىڭ 504كە يەتتى.

كاڭ يەن

## مۇلازىمەت سۈپىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئابونېنتلارنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «پوچتا ئوبرازىنى تىكلەش، سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى شەھەرلەردە قېلىپلاشقان مۇلازىمەت كۆزنىكى %80تىن كۆپرەككە يەتتى. ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇشى %85.5كە يېتىپ، مۇلازىمەت كەسپىدە ئۇنىۋېرسال رازى بولۇش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تارماقنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

كاڭ يەن

## خەت - چەك كەسپى

2001 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ خەت - چەك كەسپي مىقدارى 74 مىليون 734 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %32.65 ئاشتى، بۇنىڭ كىرىمى 44 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا

خەت ـ چەكلىرى 5 مىليون 810 مىڭ پارچە، ھېساب تالون تۈرىدىكى سودا خەت ـ چەكلىرى 4 مىليون 810 مىڭ پارچە، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ئېلان 10 مىليون 365 مىڭ، تۈرلۈك خەت كارتىسى 3 مىليون 485 مىڭ پارچە.

كالىڭ يەن

## پوسۇلكا كەسپى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوسۇلكا كەسىپ مىقدارى 1 مىليون 607 مىڭ 100 گە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %44 . 0 ئاشتى، بۇنىڭ كىرىمى 57 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2 . 28 ئاشتى. شىنجاڭ پوچتىسى يەتكۈزۈش تورىغا تايىنىپ، پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، مال يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پوسۇلكا كەسپى بازىرى ساھەسىنى كېڭەيتتى.

كالىڭ يەن

## تېز يەتكۈزۈش كەسپى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ تېز يەتكۈزۈش كەسىپ مىقدارى 1 مىليون 637 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %32 ئاشتى، بۇنىڭ كىرىمى 44 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31 . 20 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 35 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21 . 20 ئاشتى. ئوخشاش شەھەرلەردە ئالاھىدە تېز مەخسۇس يەتكۈزۈش تىجارەت كىرىمى 2 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى، خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەرگە ئالاھىدە تېز مەخسۇس يەتكۈزۈش تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، باشقا كىرىم 4 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش ئاساسىي كەسپىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، قائىدە ـ يوسۇن كەسپى، ھۆججەت، دوكۇمېنت تۈرىدىكى كەسىپ قاتارلىق يېڭى كەسپلەر ۋە قىممەت قوشۇلىدىغان كەسپلەر زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

كالىڭ يەن

## بىۋاسىتە يەتكۈزۈش كەسپى

2001 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ پوچتىسى شىنجاڭ پوچتىسى بىۋاسىتە يەتكۈزۈش ئىدارىسىنى رەسمىي قۇردى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ئۇنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ باشلامچىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى ھەمدە ئۈرۈمچى، ئىلى، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلار نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىنىپ، بىۋاسىتە يەتكۈزۈش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە بۇ كەسىپتىن 3 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىندى.

كالىڭ يەن

## پوچتا پۇل ئامانىتى

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 8 مىليارد 603 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1 مىليارد 738 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. پوچتا پۇل ئامانىتىدىن كىرگەن كىرىم 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 . 25 ئاشتى. ئارىلىق كەسىپتە رەسمىيەت ھەققىدىن كىرگەن كىرىم 7 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۈرلۈك ئارىلىق كەسپىنىڭ كۈندىلىك چوققىدا، قالدۇق سوممىسى 10 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

كالىڭ يەن

## پېرېۋوت كەسپى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى قائىدە ـ يوسۇن پېرېۋوت چېكىدىن 7 مىليون 990 مىڭ پارچىنى بېجىردى، بېجىرىلگەن، ھېسابقا كىرگۈزۈلگەن پۇل پېرېۋوت كەسپىدە شەكىللەنگەن چوققىدا مەبلەغ 11 مىليون 390 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، قائىدە ـ يوسۇن پېرېۋوت كەسىپ مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

كالىڭ يەن

## ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ پوچتىسى ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت كەسپىنى رەسمىي يولغا قويدى، يىل ئاخىرىغىچە، پوچتىدا ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت تورىغا كىرگەن ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى، پونكىتى 154كە، بېجىرىلگەن پېرېۋوت چېكى 21مىڭ 400 پارچىگە، ئېلىنغان پېرېۋوت سوممىسى 37 مىليون 903 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

## گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش

2001 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى مۇشتەرى قوبۇل قىلغان، ساتقان گېزىت ـ ژۇرنال 322 مىليون نۇسخىغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %9 . 3، بۇنىڭ كىرىمى 80 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9 . 7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىتتىن قىلىنغان كىرىم 45 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ژۇرنالدىن قىلىنغان كىرىم 27 مىليون 860 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 6 مىليون 910 مىڭ يۈەن. گېزىت ـ ژۇرنال كىرىمىدە پارچە سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن. گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتىسى

خەت - گېزىت ساندۇقى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش، گېزىت - ژۇرنال سېتىش سوزۇلمىسىنى تېزلىتىش قاتارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خوسۇسىي مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى، يىغىندىن 95 گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى قۇردى، پارچە سېتىش نىسبىتى 43.5% كە يەتتى. 2002 - يىللىق گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئومۇمىي سوممىسى 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.2% ئاشتى، خوسۇسىي مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نىسبىتى 28.8% تىن ئېشىپ كەتتى.

كالڭ يەن

### پوچتا ماركىسى توپلاش

2000 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش كەسىپ مىقدارى 54 مىليون 640 مىڭ پارچە ئورۇندالدى. توپلانغان پوچتا ماركىسىنىڭ تۈپلەنگەن قوللانمىسى 1 مىليون 80 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم 122 مىليون يۈەن بولۇپ، 5.4% تۆۋەنلەپ كەتتى.

كالڭ يەن

## تېلېگراف

### شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 24.9%، تېلېگراف كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29.6% ئاشتى؛ تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 9.1% كە يېتىپ، 0.2 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ ئۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 52% ئاشتى.

1. تېلېگراف كەسپى سىجىل تېز تەرەققىي قىلدى.

بىر يىلدا 485 مىڭ مۇقىم تېلېفون يىغىندىن كۆپەيدى، ئومۇمىي تېلېفون 2 مىليون 626 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 22.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تور تېلېفون ئابونىتى 227 مىڭ؛ يىغىندىن 118 مىڭ يېزا تېلېفونى ئابونىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي تېلېفون 665 مىڭغا يېتىپ، 21.6% ئاشتى؛ يىغىندىن 367 مىڭ شەھەر تېلېفونى ئابونىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي تېلېفون 1 مىليون 961 مىڭغا يەتتى، يېزا تېلېفونى ئابونىتى ئومۇمىي ئابونىتنىڭ 25.3% نى، شەھەر تېلېفونى ئابونىتى 74.4% نى ئىگىلىدى. يىغىندىن 336 مىڭ تورالغۇ تېلېفونى ئابونىتى كۆپەيدى. ئومۇمىي تېلېفون 1 مىليون 829 مىڭغا يېتىپ، مۇقىم تېلېفون ئابونىتنىڭ 71% نى ئىگىلىدى.

يىغىندىن 67 مىڭ ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 128 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 110% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نومۇرنى رويخەتكە ئالدۇرغان ئابونىتتىن 60 مىڭ 800 ى كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 127 مىڭ 800 گە يەتتى.

كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىدە داۋاملىق تېز ئېشىش ھالىتى ساقلاپ قېلىندى. بىر يىلدا يىغىندىن 1 مىليون 29 مىڭ كۆچمە تېلېفون ئابونىتى كۆپەيدى. ئومۇمىي ئابونىت 1 مىليون 809 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 132% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىن پۇل تاپشۇرىدىغان ئابونىتتىن 204 مىڭى كۆپەيدى، بۇ خىل ئابونىت 343 مىڭغا يېتىپ، كۆچمە تېلېفون ئابونىتنىڭ 19% نى ئىگىلىدى.

IP تېلېفون كەسپى ئابونىتلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، سۆزلىشىش مىقدارى ھالقىش شەكلىدە ئاشتى، سۆزلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىغىندىن 602 مىليون 440 مىڭ مىنۇت ئاشتى، ئومۇمىي ۋاقىت 641 مىليون 520 مىڭ مىنۇتقا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 15.41% ئاشتى.

2001 - يىلى يىغىندىن 335 مىڭ سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 2 مىليون 10 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 20% كۆپەيدى.

2. تور قۇرۇلۇشى داۋاملىق تېزلىتىلىپ، ئۇنىۋېرسال خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى.

2001 - يىلى تورلۇك تېلېگراف تىجارەت كارخانىلىرى بازار ئېھتىياجىغا ۋە تور تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. بىر يىلدا ئۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 52% ئاشتى، دېمەك، يىللىق پىلاننىڭ 90% ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 950 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن.

مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، تور ئومۇمىي سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى، ئۇنىۋېرسال خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى دۇنيادىكى ئىلغار تېخنىكا — زىنجى دولقۇننى ئايرىپ تەكرار

پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭدىن چىققان 2 - ئوپتىكىلىق كابېلنى، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېلنى تېخنىكا جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتتى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئابونېنتلار تۇرۇشلۇق جايدىكى تور قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. شىنجاڭدىكى 16 يەرلىك تېلېفون تورىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتتى، سىغىمىنى كېڭەيتتى ۋە ياخشىلىدى، شەھەرلەردىكى سىمسىز تېلېفون قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ھەممە يېزىدا تېلېفون بولۇش كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. «تيېنتۇڭ» شىنجاڭ شۆبە شىركىتى 1 - نومۇرلۇق قۇرۇلۇشنىڭ 1 - قارارلىق ۋە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى، غەربىي شىمال ئايلانما يەتكۈزۈش تور قۇرۇلۇشىنى، كۈيتۇڭ، ئالتاي ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئارقا - ئارقىدىن تاماملىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇزۇن يوللۇق ئوپتىكىلىق كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى، جەمئىي 13 مىڭ 500 كىلومېتىر كابېل يېڭىدىن كۆپەيدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى بويىچە توك يولى 96 مىڭ يولغا يەتتى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 117 مىڭ زەنجىر ئۇچىغا يېتىپ، يېڭىدىن 14 مىڭ زەنجىر ئۇچى قوشۇلدى، بىر يىلدا ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتور سىغىمى 3 مىليون 659 مىڭ توچكىغا يەتتى، يېڭىدىن 519 مىڭ توچكا كۆپەيدى.

رەقەملىك خەۋەرلىشىش تورى، كۆپ مۇھىتلىق خەۋەرلىشىش تورى داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى قاپلىغان ATM كەڭ بەلۋاغلىق تور ئارقا - ئارقىدىن پۈتتى ھەمدە ئۈرۈمچى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە IP كەڭ بەلۋاغلىق شەھەر تورى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. گۇرۇپپىغا ئايرىلغان كوممۇتاتور تۈگۈن ئاپپاراتىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى 4054 كە، رەقەملىك تۈگۈن ئاپپاراتىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى 8594كە، كەڭ بەلۋاغلىق كەسىپ تورىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى 310غا يەتتى.

كۆچمە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى GSM 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ چالىسىنى ۋە 4 - قارارلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش بىر پۈتۈن گەۋدە قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، 5 - قارارلىق قۇرۇلۇش توختامىنى ئىمزالىدى ۋە ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشنى يولغا قويدى، مەملىكەت بويىچە GPRS تايانچ تورىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە GMNET تايانچ تورىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، تورنىڭ 2 چوڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇردى، دېمەك پۈتۈن تورنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە 2.5 دەۋرگە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. جۇڭگو لىيەنتۇڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى GSM تورىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى، CDMA نىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق كۆچمە خەۋەرلىشىش تور قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى ۋە بۇنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى قاپلىغان كۆچمە تورنى شەكىللەندۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچمە خەۋەرلىشىش كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى يېڭىدىن 1 مىليون 447 مىڭ توچكا كۆپىيىپ، 2 مىليون 848 مىڭ توچكىغا يەتتى.

3. تېلېگراف مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى ۋە ياخشىلاندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تېلېگراف تىجارەت كارخانىلىرى تىجارەت مېخانىزمىنى پائال ئۆزگەرتىپ، تىرىشىپ بازار ئېچىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، جەمئىيەتنى كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق تېلېگراف مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھەر قايسى كارخانىلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆپ خىل يېڭى كەسىپنى يولغا قويۇپ، ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ۋە ئۆز ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، ئابونېنتلار ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى، مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 24 تېلېفون توغرا كەلدى، غول لىنىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 2.14 لىنىيە توغرا كېلىپ، غەربىي قىسىمدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى. شەھەر تېلېفونىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 31 تېلېفون توغرا كەلدى، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 9.8 كۆچمە تېلېفون توغرا كېلىپ، غەربىي قىسىمدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. تېلېفون ئۇتاشتۇرۇلغان مەمۇرىي كەنت 6526گە، تېلېگراف كارخانىلىرى ئاسرىغان تېلېفون غول لىنىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانى 585 كە يەتتى، كۆچمە تېلېفون قاپلىغان ناھىيە، شەھەر 85كە يەتتى، رەقەملىك خەۋەرلىشىش تورى شىنجاڭ بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى ۋە شىخەنزە شەھىرىنى قاپلىدى.

شىي نەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ كەسپىي

تىجارەت سوممىسى 2 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. تايانچ يەتكۈزۈش تورى، يەرلىك تېلېفون تورى، كەڭ بەلۋاغلىق قوبۇل قىلىش تورى ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىنتېرنېت تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن تورنىڭ ئۈنىۋېرسال خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2 مىليون توچكىدىن ئاشتى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## يەرلىك تېلېفون

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ يەرلىك تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 680 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 35.5% ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 58.1%نى ئىگىلىدى، يەرلىك تورنىڭ خەۋەرلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېلېگرافى يەرلىك تور، شەھەر سىمسىز تېلېفونى ۋە خەۋەرلىشىش تورۇبا يولى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى، يەرلىك تور قۇرۇلۇشى جەھەتتە. ئاپتونوم رايوندىكى 16 يەرلىك تېلېفون تورىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتتى، سىغىمىنى كېڭەيتتى ۋە ياخشىلىدى. شىنجاڭ بويىچە 51 پروگراممىلىق كوممۇتاتور Eنى Jغا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تور قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي پۈتتۈرۈلدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن كوممۇتاتور سىغىمى 995 مىڭ توچكىغا، ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 3 مىليون 830 مىڭ توچكىغا يەتتى. كارخانىنىڭ ئۈنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، كەسپنىڭ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، 300 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، سىمسىز شەھەر تېلېفون قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 9 شەھەردە سىمسىز تېلېفون سىستېمىسى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 16 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك شۆبە شىركەت 3550 تۆشۈك كىلومېتىر تورۇبا ياتقۇزۇپ، يەرلىك تورنى بولۇپمۇ يەرلىك توردىكى مەركىزىي شەھەرلەردىكى تېلېگراف كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق ئاساس سالدى. بىر يىلدا 413 مىڭ 400 تېلېفون ئابونىتى كۆپەيدى (26 مىڭ 895 سىمسىز تېلېفون ئابونىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئومۇمىي تېلېفون ئابونىتى 2 مىليون 325 مىڭغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 21.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر تېلېفونى ئابونىتى 1 مىليون 675 مىڭ، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 650 مىڭ. مۇقىم تېلېفون ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 ئادەمگە 12.59 دىن توغرا كېلىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2.24 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 13 مىڭ 900 ئۇزۇنلۇق ئاممىۋى تېلفون كۆپەيدى، ئومۇمىي ئاممىۋى تېلېفون 84 مىڭ 200گە يەتتى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 108 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 8.7% ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 38.3%نى ئىگىلىدى. دۆلەت ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش قېتىم سانى 334 مىليون 706 مىڭ قېتىمغا، سۆزلىشىش ۋاقتى 1 مىليارد 127 مىليون مىنۇتقا يەتتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن بىلەن سۆزلىشىش قېتىم سانى 717 مىڭ قېتىمغا، سۆزلىشىش ۋاقتى 595 مىڭ مىنۇتقا يەتتى. IP تېلېفوندا سۆزلىشىش ۋاقتى 498 مىليون مىنۇتقا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 459 مىليون مىنۇت كۆپەيدى. IP تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 112 مىليون 550 مىڭ قېتىمغا يېتىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا خەۋەرلىشىش قېتىم سانىنىڭ 33.63%نى ئىگىلىدى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگرافى ئىلغار DWDM تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭدىكى تايانچ ئوپتىكىلىق كابېل تورىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىپ، تورنىڭ تېخنىكىلىق قاتلىمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى؛ ئۈرۈمچى ـ ئالتاي ـ شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ ئايلانما لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ ئايلانما لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئىشىنى تەشكىللىدى، يېڭىدىن تارتىلغان ئوپتىكىلىق كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1283 كىلومېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇزۇن يوللۇق ئوپتىكىلىق كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مىڭ 500 كىلومېتىرغا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 106 مىڭ 800 زەنجىر ئۇچىغا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ توك يولى 470 مىڭ 900گە يەتتى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## رەقەملىك خەۋەرلىشىش

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ شىنجاڭ بويىچە كۆپ مۇھىتلىق (169) تورنىڭ 3 ـ قارارلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا سېلىندى. كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىنتېرنېت تورنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى بەلۋاغنىڭ كەڭلىكى 2.5Gغا يەتتى، ئايرىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 551Mغا يەتتى، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئومۇمىي بەلۋاغنىڭ كەڭلىكى

622Mغا يەتتى؛ رەقەملىك ۋە كۆپ مۇھىتلىق خەۋەرلىشىش تورىنىڭ تۈرلۈك ئاخىرقى ئۇچىدىن 54 مىڭى كۆپەيدى، ئومۇمىي سىغىمى 187 مىڭ 200 ئاخىرقى ئۇچقا يەتتى. قوبۇل قىلىش تورى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، قۇرۇلۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئابونېنتلار تۇرۇشلۇق جايدىكى تور قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، 104 مىڭ ئاخىرقى ئۇچ كەڭ بەلۋاغلىق قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. رەقەملىك خەۋەرلىشىش كەسپىنى قوللىنىش ۋە ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋاملىق كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو ئېلېكترونلۇق پورت» توردا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، پېرېۋوتنى قايتۇرۇش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تاشقى سودىسى توردا جانلىق مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەندى؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ تورى» يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بويىچە كەڭ بەلۋاغلىق IP تورىنىڭ ھەقىقىي رولىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ بىر دەرسخانا بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى تور دەرسخانىلىرىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك بىر - بىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى توردا ئوقۇتۇش تەمىن ئېتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، پائال تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ «توردا باج مەلۇم قىلىش» تورى يولغا قويۇلدى. 2001 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ رەقەملىك ۋە كۆپ مۇھىتلىق كەسپىدىكى ئابونېنت 207 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %96.60 كۆپەيدى. رەقەملىك خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ كىرىمى 98 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %55.01 ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي كىرىمى نىسبىتىنىڭ %4.3نى ئىگىلىدى. نومۇر بېسىپ تورغا چىققان ئابونېنتلارنىڭ تورغا چىقىش ۋاقتى 1 مىليارد 309 مىليون مىنۇتقا، ساپ ئاشقان ۋاقتى 852 مىليون 260 مىڭ مىنۇتقا يەتتى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## ھەممە يېزىغا تېلېفون تۇتاشتۇرۇلدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ئىسرائىلىيىدىن ئالغان قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ، VSAT (كىچىك ئانتېنىلىق سۈنئىي ھەمراھ ئارىلىق خەۋەرلىشىش يەر يۈزى پونكىتى) ئارقىلىق خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايوندا تېلېفون ئورنىتىلمىغان 47 يېزىغا تېلېفون تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئەڭ ئاخىرىدا ھەل قىلىپ، ھەممە يېزىدا تېلېفون بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئورنىتىلغان يېزا تېلېفونى كوممۇتاتور نۇقتىسى ئازكەم 900 گە، پروگراممىلىق كوممۇتاتور سىغىمى 788 مىڭ تۈچكىغا يەتتى، 18 مىڭ 500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا تېلېفونى ئوپتىكىلىق كابېلى ياتقۇزۇلدى، 520 دىن ئارتۇق VSAT كىچىك پونكىتى قۇرۇلدى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## شىنجاڭ بويىچە كۆپ مۇھىتلىق 3 - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى

2001 - يىل 12 - ئايغىچە، شىنجاڭ بويىچە كۆپ مۇھىتلىق 3 - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈگۈن خىزمىتى ۋە ئۆلكە مەركىزىدىن ئايرىپ تۇتاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى، شىنجاڭ بويىچە كۆپ مۇھىتلىق تورنىڭ بارلىق تۈگۈنلىرى يېپىپىڭى تايانچ تورغا ئۆكۈشلۈق كىرگۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇشتا يېڭىدىن يولغا قويۇلغان شىنجاڭ بويىچە DWDM (زىچ دولقۇننى ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش) سىستېمىسىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق تورنىڭ قوبۇل قىلىش، چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، تورنىڭ بىخەتەرلىكى زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ، قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، نومۇر بېسىپ كىرىدىغان ئاخىرقى ئۇچنىڭ سىغىمى زور دەرىجىدە كېڭىيىدۇ، شىنجاڭ بويىچە نومۇر بېسىپ كىرىدىغان ئاخىرقى ئۇچ 50 مىڭغا يېتىدۇ. كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىنتېرنېت تورنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى بەلۋاغ كەڭلىكى 2.5Gگە يەتتى، ئايرىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 155M غا يەتتى. شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئومۇمىي بەلۋاغنىڭ كەڭلىكى 622Mغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن، تورغا چىقىدىغانلارنىڭ تورغا چىقىش سۈرئىتى ئاستا بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، مىليون ئابونېنتنىڭ تورغا كىرىش تەلىپىگە مەدەت بەرگىلى بولىدۇ.

سى جيەنفېڭ، شۈ ليەن

## شىنجاڭنىڭ يەرلىك كوممۇتاتور تورىنى ياخشىلاش، سىغىمنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇشقا 320 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق تور قۇرۇلمىسى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلدى، كوممۇتاتور قاتلىمى ۋە كوممۇتاتور ئاخىرقى ئۇچ سانى ئازايتىلدى؛ كېلىچەككە يۈزلەنگەن كەڭ بەلۋاغلىق تورغا ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە كوممۇتاتور ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى، ياسلىشى قالاق، تېخنىكىلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈپ

كېڭەيتىش ئىقتىدارى ناچار ئۈسكۈنىلەر شاللىۋېتىلدى، ئالماشتۇرۇلدى. قىسمەن يۇمشاق، قاتتىق، دېتاللارنىڭ ئۈسخىسى ئۆزگەرگەن بولغان ئۈسكۈنىلەر ياخشىلاندى، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تېلېگراف شۆبە شىركەتلىرىنىڭ ئەلىپىسىگە ئاساسەن، تورلار ياخشىلىنىش بىلەن بىللە، تەقلىدىي ئابونېنت، ASDN (ئۇنىۋېرسال رەقەم تورى) ئابونېنتى، رەقەملىك ئۇلانما، N7سىگنال زەنجىرىنىڭ سىغىمى كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، Centrex، ئاساسىي نومۇرنى كۆرسىتىشنى چەكلەش، V5.2 قوبۇل قىلىش ئېغىزى قاتارلىق يېڭى كەسىپلەرنىڭ رولى ۋە قوبۇل قىلىش ئېغىزى كۆپەيتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش 291 كوممۇتاتور ئىدارىسىگە چېتىلىدۇ. يېڭىدىن 750 مىڭ كوممۇتاتور ئاخىرقى ئۇچى كۆپەيتىلدى.

سى جيەنفېي، شۇ ليەن

## شىنجاڭ ATM (پەرقلىق قەدەمدە يۆتكەش ئەندىزىسى) تايانچ تور قۇرۇلۇشى پۈتتى

بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىل 11 - ئايدا پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ قۇرۇلۇشقا گېرمانىيە سىمېنىس شىركىتى تەمىنلىگەن ATM كوممۇتاتور، تور تۈرۈبا سېتىمىسى ۋە DSLAM ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى، ئۈرۈمچى، كورلا، كۈيتۇڭ، قاراماي، شىخەنزە، سانجى، ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تۈگۈن قۇرۇلدى. تور قۇرۇلمىسىدا 2 دەرىجىلىك قۇرۇلما ئىشلىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - شۆبە ئىدارە، كورلا، كۈيتۇڭلاردىكى 3 تۈگۈن شىنجاڭ بويىچە كەڭ بەلۋاغلىق تورنىڭ ئاساسلىق توپلىنىپ ئۇلىنىش تۈگىنى بولدى، باشقا 11 تۈگۈن كىرگۈزۈش تۈگۈنى قىلىندى. ئۈرۈمچى 2 - شۆبە ئىدارە، كورلا، كۈيتۇڭدىكى توپلىنىپ ئۇلىنىدىغان تۈگۈنلەر ATM كىرگۈزۈش كوممۇتاتورىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كەڭ بەلۋاغلىق ئابونېنتلارنىڭ ئۇلاپ كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. پۈتۈن توردا 14 تۈگۈن، 150 لىنىيىلىك ADSL ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئابونېنتلارنى يۇقىرى سۈرئەتلىك بىرلەشمە ئېلېكتر زەنجىرى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

سى جيەنفېي، شۇ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگرافى باش دىرېكتور مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسىنى يولغا قويدى

كەڭ ئابونېنتلارغا تېخىمۇ ياخشى، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىپ، كارخانىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن، 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 16- كۈنى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ئابونېنتلار مۇلازىمەت سىستېمىسى — باش دىرېكتور قىزىق لىنىيە سىستېمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ سىستېما شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى باش دىرېكتور قىزىق لىنىيە سىستېمىسى ئورنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى شۆبە شىركەت باش دىرېكتور قىزىق لىنىيىگە ماسلاشقان تارماقلاردىن تەركىب تاپقان. بىر تۇتاش قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇنىڭدا ئابونېنتلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ تۈرلىنىشىگە ئاساسەن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى شۆبە شىركەتلەرگە ئېلېكترونلۇق خىزمەت تالونى ئەۋەتىش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى شۆبە شىركەتلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئابونېنتلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئېلېكترونلۇق خىزمەت تالونى شەكلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى قايتۇرۇش، «باش دىرېكتور قىزىق لىنىيە» كەسپىنىڭ ۋەكىلى قايتۇرۇلغان تالونغا ئاساسەن ئابونېنتلارنى زىيارەت قىلىش يولغا قويۇلدى.

سى جيەنفېي، شۇ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگرافى «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش IP تېلېفون كارتىسى» تارقاتتى

2001 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە «غەربنى ئېچىش، غەربنى قوغداش»نى ئاساسىي تېما، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش، ئىناق، گۈزەل ماكان بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنغان «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش IP تېلېفون كارتىسى» تارقاتتى. بۇ IP كارتا 4 بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ئاق بوغۇز بۆكەننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

سى جيەنفي، شۇ ليەن

## شىنجاڭ بويىچە رەقەملىك ماس قەدەملىك تور قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

2001 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە ماس قەدەملىك تور قۇرۇلۇشى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. رەقەملىك ماس قەدەملىك تور قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغان ئۈلكە دەرىجىلىك ماس قەدەملىك ئازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ باشقۇرۇش مەركىزى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى بىنالاردا قۇراشتۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تەمىنلەيدىغان ئۈسكۈنە BITS دىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ رەقەملىك ماس قەدەملىك تور قۇرۇلۇشى مەملىكەت بويىچە رەقەملىك ماس قەدەملىك تايانچ تورى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان رايون خاراكتېرلىك ئاساسىي ماياتنىك LPR ۋە سۈنئىي ھەمراھ GPS ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىنغان مايانتىنىك مەنبىيىدۇر. 15 يۈرۈش ماس قەدەملىك ئۈسكۈنە (BITS) كىرگۈزۈلۈپ، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى تېلېگراف شۆبە شىركەتلىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تۈگۈن بىناسىغا

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ماس قەدەملىك تورنى ئىشەنچلىك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى، رەقەملىك خەۋەرلىشىش تورىنىڭ ئومۇمىي رولىنى كۈچەيتتى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

**ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەڭ بەلۋاغلىق IP شەھەر تور قۇرۇلۇشى**

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بارلىق قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش ۋە سىناش تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى «شىنشىڭ» كوچىسى ئۆچۈرلاشتۇرۇش مىكرو رايونىدا كەڭ بەلۋاغلىق تورنىڭ قوبۇل قىلىشنى سىناش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش باھاسى 36 مىليون 430 مىڭ يۈەن. بۇ قۇرۇلۇشنى قىلىشتا، تورنىڭ كېڭەيمىچانلىقى، باشقۇرۇشچانلىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى ئامىللار نەزەردە تۇتۇلغان، يادرولۇق قاتلىمى، توپلىنىش قاتلىمى، قوبۇل قىلىش قاتلىمىدىن ئىبارەت 3 قاتلام بويىچە پىلانلانغان، تەي تورى ۋە ADSL قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ قۇرۇلۇش ئىشلىتىلگەندىن كېيىن 1000 مېگالىق نۇر تالاسىنى مىكرو رايونغا، 100 مېگالىق نۇر تالاسىنى بىناغا، 10 مېگالىق 5 خىل نۇرنى ئابونېنتلارغا يەتكۈزىدىغان كەڭ بەلۋاغلىق كۆتۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

**4 - تۈركۈمدە ياپونىيىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل بىلەن قىلىنغان شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش تورىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى**

بۇ قۇرۇلۇش 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش ئەسلىدىكى يۇلتۇزسىمان خەۋەرلىشىش تورى (باش پونكىتى ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتىدە قۇرۇلغان) ئاساسىدا، يېڭىدىن قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، كۈيتۇڭدا 4 يەر شارى پونكىتى كۆپەيتىلدى. ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تارباغاتاي، خوتەن، ئالتايدىكى 6 پونكىتنىڭ سىغىمى كېڭەيتىلىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، يۇلتۇزسىمان تور ۋە تورسىمان توردىن ئىبارەت ئارىلاشما قۇرۇلما شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 3840 يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىۋاسىتە يېتىپ بارىدىغان توك يولى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

**شىمالىي شىنجاڭ SDH (ماس قەدەملىك يەتكۈزۈش تورى) مىكرو دولقۇن سىغىمىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

بۇ قۇرۇلۇشقا 1998 - يىل 12 - ئايدا تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى. 2000 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش تاماملىنىپ پۈتتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش مىكرو دولقۇن، ئاخىرقى ئۇچ، ئېلېكتر مەنبەسى، تۆمۈر مۇنار، تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى، شەھەردىن توك كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت 6 تاق تۈر قۇرۇلۇشقا ئايرىلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ، كۈيتۇڭ - ئالتاي، كۈيتۇڭ - غۇلجا PDH (ماس قەدەملىك يەتكۈزۈش تورى) مىكرو دولقۇن قۇرۇلۇشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. داخېيەن - بورتالا بۆلىكىدە يېڭىدىن قۇرۇش ۋەزىپىسى كۆپەيتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلسە شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق يەتكۈزۈش تورىنىڭ بىخەتەرلىكىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ۋە ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

**شىنجاڭ تېلېگرافى ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيىسىدىن دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى**

بۇ قۇرۇلۇش 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تاماملاندى، قۇرۇلۇشقا 152 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇشنىڭ دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش ۋە SDH (ماس قەدەملىك يەتكۈزۈش تورى) سىستېمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7800 كىلومېتىر بولۇپ، 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى شۆبە شىركەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، 40 دانە 5.2G ئوپتىكىلىق دولقۇن يېپىق يولىنى، 155Mbit/s260 سىستېمىسى، 2mbit/s9828 سىستېمىسى، 2.5Gbit/s ۋاسىتىلىك قوبۇل قىلىدىغان 29 سىستېما، 155mbit/s ۋاسىتىلىك قوبۇل قىلىدىغان 64 سىستېمىنى تەمىنلەپ، ئۈرۈمچى - تۇرپان - كورلا - ئىلى - بورتالا - كۈيتۇڭ - شىخەنزە - سانجى - ئۈرۈمچى ۋە كورلا - ئاقسۇ - ئاتۇش - قەشقەر - خوتەن - كورلىدىن ئىبارەت جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 2 غول لىنىيە ئايلانما تورنى شەكىللەندۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى سىستېمىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتور كەسپىنى، كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىنى، رەقەملىك خەۋەرلىشىش ۋە تېلېفوننى ئىجارىگە بېرىش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ تېلېگراف رايونىدىكى غول لىنىيە تورنى قوغداش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن توردا خەۋەرلىشىشنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى، جانلىقلىقىنى ئۆستۈرىدۇ.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى 19 شەھەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 21 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 224 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئازايدى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە سېلىنغىنى 293 مىليون 740 مىڭ يۈەن، شەھەر ئاممىۋى قاتنىشىغا سېلىنغىنى 104مىليون 550 مىڭ يۈەن، شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشكە سېلىنغىنى 549 مىليون 800 مىڭ يۈەن، شەھەر يېقىلغۇ گازىغا سېلىنغىنى 74 مىليون 260 مىڭ يۈەن، شەھەر يولى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 980 مىليون 840 مىڭ يۈەن، بۇندا چىقىرىۋېتىشكە سېلىنغىنى 465 مىليون 210 مىڭ يۈەن، شەھەردە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە سېلىنغىنى 12 مىليون 650 مىڭ يۈەن، شەھەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشكە سېلىنغىنى 240 مىليون 100 مىڭ يۈەن، شەھەر مۇھىت تازىلىقىغا سېلىنغىنى 99 مىليون 630 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا سېلىنغىنى 200 مىليون 920 مىڭ يۈەن. ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 466 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى، نەقلەشكەن مەبلەغ پۈتكەن ئىش مىقدارىنىڭ %81.6ىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 1 مىليارد 640 مىليون 890 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

جاڭ خۇڭتاۋ

### شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەرنى كۈنلۈك تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 249 مىڭ 400 كۇب مېتىر ئاشتى، يېڭىدىن 253.09 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ كۈنلۈك ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3مىليون 369 مىڭ 600 كۇب مېتىرغا، سۇ تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4701.09 كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 545 مىليون 350 مىڭ كۇب مېتىرغا، تورۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 4 مىليون 577 مىڭ 700گە، تورۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %89.71كە يەتتى، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 149.89 لىتىردىن توغرا كەلدى. 66 ناھىيە بازىرىدىكى سۇ زاۋۇتلىرىنىڭ كۈنلۈك ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 591 مىڭ 600 كۇب مېتىرغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2430.41 كىلومېتىرغا، يىلىغا سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 90 مىليون 80 مىڭ كۇب مېتىرغا، تورۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 646 مىڭ 700گە، تورۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %84.62كە، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 104.13لىتىردىن توغرا كەلدى.

جاڭ خۇڭتاۋ

### شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 791 توننا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 1927 مېگاۋات ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 2429 تونىنغا، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 8072 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 6 مىليون 170 مىڭ جوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 64 مىليون 410 مىڭ جوئۇلغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 69 مىليون 370 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 47 مىليون 744 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 42 ناھىيە بازىرى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشنى يولغا قويدى، پارنىڭ سائەتلىك ئىسسىتىش ئىقتىدارى 62 تونىنغا، ئىسسىق سۇنىڭ 1374 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 390 مىڭ جوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 13 مىليون 590 مىڭ جوئۇلغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 9 مىليون 883 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 6 مىليون 598 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

### شەھەرلەرنىڭ يېقىلغۇ گازى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە يېڭىدىن 169.65 كىلومېتىر تەبىئىي گاز تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، گاز

تۇرۇبىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 554.65 كىلومېتىرغا، تەبىئىي گازنى ساقلاش ئىقتىدارى 236 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 93 مىليون 48 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 564 مىڭ 300گە يەتتى. سۇنئىي كۆمۈر گازى تۇرۇبىسى 61.33 كىلومېتىرغا، كۈنلۈك سۇنئىي كۆمۈر گازى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 27 مىليون 640 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ساقلاش ئىقتىدارى 90 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 406 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 50 مىڭغا يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 12 مىڭ 31 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 181 مىڭ 110.54 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 3 مىليون 564 مىڭ 900 گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %63.65كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازارلىرىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 3342.7 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 26 مىڭ 833.99 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 28 مىڭ 200گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %17.55كە يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 405 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي كوچا ئاپتوبۇسى 4957گە يەتتى. ھەر 10مىڭ ئادەمگە 7.78 كوچا ئاپتوبۇسى توغرا كەلدى. ترانسپورت لىنىيىسى تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2095 كىلومېتىرغا، كوچا ئاپتوبۇسلىرى يىلىغا توشۇغان يولۇچى 922 مىليون 601 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) گە، شەھەرلەردىكى كىرا ئاپتوموبىلى 23 مىڭ 185 كە يەتتى. 24 ناھىيە بازىرىدا شەھەر ئىچى ئاممىۋى قاتناش كەسپى يولغا قويۇلدى، قاتنايدىغان كوچا ئاپتوبۇسى 644كە يېتىپ، ھەر 10مىڭ ئادەمگە 2.34 تىن توغرا كەلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 14 مىليون 585 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، 43 ناھىيە بازىرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى 8141گە يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شەھەر يوللىرى ۋە كۆۋرۈكلەر

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەن يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 203.06 كىلومېتىرغا، كېڭەيتىلگەن يوللارنىڭ كۆلىمى 6 مىليون 994 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، شەھەر يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3012.06 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 43 مىليون 530 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يول كۆلىمى 6.84 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. پۈتتى كۆۋرۈكتىن 25ى سېلىندى، ئومۇمىي كۆۋرۈك 278 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 21 گەيەتتى. كوچا چىرىغى 85 مىڭ 405 كە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1567.42 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 28 مىليون 356 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يولنىڭ كۆلىمى 14.57 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. كۆۋرۈك 366غا، كوچا چىرىغى 38 مىڭ 254 كە يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شەھەرلەرنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 223.88 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2231.88 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ زىچلىقى 4.37 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 24 كە، كۈنلۈك يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 870 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى 219 مىليون 310 مىڭ كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %34.60كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 145.11 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 820.56 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ زىچلىقى 2.26 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 19غا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى 14 مىليون 659 مىڭ كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %29.34كە، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 202.83 كىلومېتىرغا يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 15 مىڭ 572.14 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %48.30كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.43 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلاردىكى باغۋاران ۋە كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 13 مىڭ 977.43 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىنىش نىسبىتى %36.27 كە يېتىپ، 1.63 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 2735.71 گېكتارغا يېتىپ، ھەر ئادەمگە 4.3 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ناھىيە بازارلىرىدىكى قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق



شىخەنزە شەھىرىدىكى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە دەم ئېلىش مەيدانى
رەن بەيىۋ فوتوسى

بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 7547.33 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 20.78%كە يېتىپ، 1.03 پىرسەنت پونكىت ئاشتى؛ قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلاردىكى باغۋاران ـ كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 5593.87 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق نىسبىتى 15.4%كە يېتىپ، 1.24 پىرسەنت پونكىت ئاشتى؛ ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 1215.49 گېكتارغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغىنى 6.25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى 877گە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 32 مىليون 829 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 مىليون 107 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاندى. بىر يىلدا تازىلاپ، توشۇلغان تۇرمۇش ئەخلىتى 2 مىليون 786 مىڭ توننىغا، گەندە 161 مىڭ توننىغا يەتتى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 1668گە، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغىنى 1183كە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىلىرى 311گە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 16 مىليون 246 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 684 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاندى. بىر يىلدا تازىلاپ توشۇلغان تۇرمۇش ئەخلىتى 2 مىليون 83 مىڭ توننىغا، گەندە 257 مىڭ توننىغا يەتتى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 849غا، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغىنى 479غا يەتتى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## «شەھەرلەرنى باشقۇرۇش يىلى» پائالىيىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا «شەھەرلەرنى باشقۇرۇش يىلى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى تەڭرىتاغ، تىماق شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدىكى 4 شەھەر، بىر ناھىيە، 2 شەھەر رايونى (يەنى: شىخەنزە، شىخو، كۈيتۇڭ، قاراماي شەھەرلىرى، ساۋەن ناھىيىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ ۋە جەرەنبۇلاق رايونلىرى) دا 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ 17 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق «شەھەرلەرنى باشقۇرۇش يىلى» نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا بىر ئاساسىي تېما — «شەھەرلەرنى باشقۇرۇش يىلى» ۋە بىر مۇھىم نۇقتا — باغۋارانلاشتۇرۇش ـ كۆكەرتىش بىلەن ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى چۆرىدەلگەن ھالدا نەق مەيدان كۆرۈلدى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى. جايلاردىن كەلگەن شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل 130 نەچچە شەھەر، ناھىيە (شەھەر) رەھبىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ۋەكىللەر شىخەنزە شەھىرىنىڭ شەھەر پىلانى، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ مەيدانى، قاراماي شەھىرىنىڭ ئېسىل قۇرۇلۇشى، شىخو شەھىرىنىڭ ھەم ئېكولوگىيە ئورمىنى، ھەم ئىقتىسادىي ئورمىنى بولغان پاۋتەيلىياڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە مايتاغنىڭ يورۇتۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى مۇكاپاتى» ۋە «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش ئەھۋالى

2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2001 ـ يىلى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى مۇكاپاتى» ۋە «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن شەھەرلەرنى ئېلان قىلدى. شېنجېن شەھىرى قاتارلىق 5 شەھەر «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە؛ «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ۋە مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى» قاتارلىق 28 تۈر

«جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، «شىنجاڭ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەھەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ۋە ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش تۈرى» شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

جاڭ خۇڭتاۋ

## شىخەنزە شەھىرى دۆلەت تەرىپىدىن باغۋارانلاشقان شەھەر بولۇپ باھالاندى

2001 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەكلىپ قىلغان 7 باغ - ئورمان مۇتەخەسسىسىدىن تەشكىللەنگەن دۆلەتلىك باغۋارانلاشقان شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە 7 تۈرلۈك مەزمۇن، 60 تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى بويىچە شىخەنزە شەھىرىنىڭ دۆلەتلىك باغۋارانلاشقان شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شىخەنزە شەھىرىنىڭ دۆلەتلىك باغۋارانلاشقان شەھەر ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى ھەمدە دۆلەتلىك باغۋارانلاشقان شەھەرلەر بويىچە مۇنەۋۋەرلەر قاتارىغا كىرىپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىن بىر دۆلەتلىك باغۋارانلاشقان شەھەر بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

زۇ شۇشياڭ

## شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسى پىلانى

2001 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسى پىلانى (2000 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە)» ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاش يىغىنىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. پىلاندا شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بەلگىلەنگەن، شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسىنىڭ ماكان ئورۇنلاشتۇرۇشى جەھەتتىكى كۆلەم قۇرۇلمىسى، ماكان جەھەتتىكى بىرلىشىشى ۋە فۇنكسىيىلىك قۇرۇلمىسى ئانالىز قىلىنغان ۋە پىلانلانغان، شەھەرلىشىش - بازارلىشىشنىڭ تەرەققىيات يولى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش - بازارلىشىش سەۋىيىسى، شەھەر - بازار نوپۇسى ۋە ئىشلىتىدىغان يەر كۆلىمىگە دائىر يېتەكچى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، رايوننىڭ ئاساسىي مۇئەسسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش پىلانىنىڭ مەزمۇنى تۈزۈپ چىقىلغان.

ما تيەنيۇ

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە 116 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرلىق 70 نەچچە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تۈرى مۇستەھكەملىنىپ، يىللىق پىلان 151% ئورۇندالدى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلان 141% ئورۇندالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە كەنت - بازار قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش سالمىقى كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر پەۋقۇلئاددە ئېگىز قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش داۋامىدىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېڭى بىنالارنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ بىر يىلدا مۇتەخەسسىسلەر قۇرۇلۇش كۆلىمى 502 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق پەۋقۇلئاددە ئېگىز بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرىدىن 31نى تەكشۈردى. ئۈرۈمچى رايونىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، يەنى قۇرۇلۇش كۆلىمى 558 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق يېڭى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 31ى، ئىدارىلارنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىدىن 121ى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئىش باشلاش خەرىتىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەكشۈرۈلدى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئۆلچىمىگە ۋە ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتمىگەن قۇرۇلۇشلار تېخنىكا جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنىپ، بىخەتەر پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. قۇمۇل، تۇرپان شەھەرلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ ۋە ماسلاشتۇرۇلۇپ، تۈزۈلگەن پىلان، خىراجەت ۋە مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ماناس ناھىيىسى لوتۇيى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىندى ھەمدە بۇ بازار ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلار قۇرۇلۇشىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان بازار قىلىپ بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

ئېچىلىپ، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پىلاننىڭ ۋاقتى 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولدى. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ھازىر بار قۇرۇلۇشلارنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە مۇستەھكەملەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، 7 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئالاھىدە مۇداپىئەلىنىش رايونىدىكى جان تومۇر قۇرۇلۇشلار، يېڭىدىن سېلىش ۋە مۇستەھكەملەپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئالاھىدە مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە يەتتى، %95تىن يۇقىرى خىزمەت بىناسى ۋە تۇرالغۇ بىناسى، %85تىن يۇقىرى باشقا بىنالار يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئالاھىدە مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە يەتتى. ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى مائارىپ نازارىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 6 ئالىي مەكتەپنىڭ 173 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك مەكتەپ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سىياسەت بەلگىلەش جەھەتتە ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

مىن شىجيې

# كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت - بازارلارنى پىلانلاش

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيە بازىرىدىن باشقا شتاتلىق بازار 144، بازار 653، كەنت 23 مىڭ 872، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 10 مىڭ 310. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 749 مىڭ 200، نوپۇسى 11 مىليون 742 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 342 مىڭ 800، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 400 مىڭ، شتاتلىق بازاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 249 مىڭ 900، نوپۇس 986 مىڭ 900. بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 435 مىڭ 100، نوپۇس 1 مىليون 889 مىڭ 200. كەنتلەردە تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 64 مىڭ 200، نوپۇس 8 مىليون 866 مىڭ 700. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتتىكى 133 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ ئومۇمىي شتاتلىق بازارنىڭ %36.92نى ئىگىلەيدۇ، 554 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ، ئومۇمىي بازارنىڭ %84.84نى ئىگىلەيدۇ؛ 13 مىڭ 732 كەنتنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈلدى. بۇ، ئومۇمىي كەنتنىڭ %52.57نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەردە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان ئاپپاراتتىن 96سى قۇرۇلۇپ، 1126 خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشى خادىمى 2028 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 344، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 269.

شياۋ دېجۈن

## كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 203 مىليون 719 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 213 مىليون 780 مىڭ 600 يۈەن، جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 352 مىليون 537 مىڭ 100 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 387 مىليون 728 مىڭ 500 يۈەن، جامائەت مۇئەسسەسىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 249 مىليون 673 مىڭ 200 يۈەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 47 مىڭ 300 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى يېڭى تۇرالغۇ ئۆي سالدى، بۇ، كەنت - بازارلاردىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %72.1ىنى ئىگىلەيدۇ. كەنت - بازارلاردا پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 913 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 161 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 179 مىليون 206 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقنىڭ كۆلىمى 50 مىليون 974 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 16.49 كۋادرات مېتىر. ئىشلىتىلىش كۆلىمى 12.83 كۋادرات مېتىر، تۇرالغۇ كۆلىمى 10.44 كۋادرات مېتىر.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردا 710 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر جامائەت قۇرۇلۇشى سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 531 مىڭ كۋادرات مېتىر. جەمئىي 24 مىليون 14 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر جامائەت قۇرۇلۇشى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 8 مىليون 996 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. 831 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك

قۇرۇلۇش سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 309 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. جەمئىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىليون 658 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 3 مىليون 964 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 6771 كەنت - بازار ۋە 6 مىليون 915 مىڭ 500 ئادەم تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 58.89%كە يەتتى. 14 مىڭ 624 كەنت - بازارغا، شتاتلىق بازارنىڭ ھەممىسىگە، 95.86% بازارغا، 58.03% كەنتكە توك يەتكۈزۈلدى. كەنت - بازار يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 62 مىڭ 259 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەنگەن يول 45 مىڭ 172 كىلومېتىر. ئالىي ۋە 2 - دەرىجىلىك ئالىي يول 7105 كىلومېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردا 2979 گېكتار يەر باغۋارانلاشتۇرۇلدى ۋە كۆكەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 509 گېكتار بولۇپ، ھەر ئادەمگە 16.5 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. بازارلاردىكى باغۋارانلاشقان ۋە كۆكەرتىلگەن يەر 8231 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 595 گېكتار بولۇپ، ھەر ئادەمگە 15.3 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى 109غا، ئاممىۋى ھاجەتخانا 932گە، بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى 21گە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1772گە يەتتى.

شياۋ دېيجۈن

## كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى

2001 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق كەنت - بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ «كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى ھەمدە لەۋھە بەردى. ماناس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرى، شىخو شەھىرى خاتۇبۇخ بازىرى مەملىكەت بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار بازار دېگەن نامغا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك، ئارباغاتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىلىرى مەملىكەت بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. باقى (ئىلى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، قۇرمانبېك (قازاق، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى)، شياۋ دېيجۈن (قۇرۇلۇش نازارىتى كەنت - بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، سۇن دۇڭچاۋ (كۇنەس ناھىيە ئارالتۆبە بازارلىق قۇرۇلۇش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، جاڭ خۇيگۇاڭ (مىچۈەن شەھىرى گۇمۇدى بازىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، خۇاڭ يېچۈن (بورتالا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ جيېبلياڭ (ماناس ناھىيىسى لوتۇبى بازىرىنىڭ باشلىقى) لار مەملىكەت بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش نازارىتى كۇنەس ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى 12 ئىلغار ئورۇننى، مارالبېشى ناھىيىسى سېرىقبۇيا بازىرى قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت، بازار قۇرۇلۇشىدىكى 18 ئىلغار يېزا (بازار) نى، ۋاڭ ۋېي قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىدىكى 61 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى ھەمدە لەۋھە ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بەردى.

شياۋ دېيجۈن

## مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كىچىك شەھەر - بازار بەرپا قىلىش ئۈلگە نۇقتىسى

2001 - يىل 10 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات مىنىستىرلىكى مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى بېيجىڭ شەھىرى خۇەيراۋ ناھىيىسى ياڭسۇڭ بازىرى قاتارلىق 115 بازار (ناھىيە بازىرى) نى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كىچىك شەھەر - بازار بەرپا قىلىشتىكى ئۈلگە نۇقتا قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئۈلگە نۇقتا 4. بۇلار: ساۋەن ناھىيىسى ساندۇخۇزا بازىرى، چەرچەن ناھىيىسى چەرچەن بازىرى (ناھىيە بازىرى)، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 12 - تۇەن - مەيدانى جەنۇبىي ئېغىز بازىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4 - شى 62 - تۇەن - مەيدان جىبنىيەن بازىرى.

زو شۇشياڭ

# ئۆي - زېمىن كەسپى

## شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 196 مىليون 977 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7

مىليون 118 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 111 مىليون 587 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 7 مىليون 184 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشتى. بىر ۋاقىتلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 67 مىليون 516 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ھەربىر ئادەمگە توغرا كەلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 19.06 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىلىش كۆلىمى 13.74 كۋادرات مېتىر، تۇرالغۇ كۆلىمى 9.95 كۋادرات مېتىر. غەيرىي تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى 83 مىليون 389 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 65 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر ئازايدى.

خۇاڭ شىجۇاڭ

## ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 18 شەھەر ۋە 53 ناھىيە بازىرى ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىدىن 7 تۈركۈمدە 9 مىليون 875 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭغا 8 مىليارد 887 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 10 مىليون 902 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 7 مىليون 717 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر؛ پۈتكەن كۆلەم 6 مىليون 960 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. بۇ قۇرۇلۇشلارغا ئەمەلىيەتتە 7 مىليارد 218 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي بانكىلار بەرگەن قەرز پۇلدىن نەقلەشكىنى 444 مىليون يۈەن، يەرلىك ئۆزى تەييارلىغىنى 6 مىليارد 774 مىليون يۈەن. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش (ئالدىن سېتىلىش) نىسبىتى 96.3% بولدى. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا 58%تىن يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەپ، شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى.

ۋېي شياۋيۇ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا



2001 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يۈ جېڭشېڭ (ئوتتۇردا) قارامايى شەھىرىنىڭ ئەنلىس كىچىك رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

سۈرەتنى قۇرۇلۇش نازارىتى تەمىنلىگەن

9 مىليارد 889 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 54.76% ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليارد 324 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 40.58% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 578 مىليون يۈەن بولۇپ، 33.7% ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تاۋار ئۆي كۆلىمى 12 مىليون 973 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 10 مىليون 835 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر؛ يېڭىدىن ئىش باشلانغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 7 مىليون 638 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 465 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر؛ پۈتكۈزۈلگەن تاۋار ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 484 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتۈش قىممىتى 6 مىليارد 465 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 674 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش قىممىتى 5 مىليارد 87 مىليون يۈەن. ئەمەلىيەتتە 4 مىليون 405 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي سېتىلدى، سېتىش كىرىمى 7 مىليار 108 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 75 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سېتىش كىرىمى 6 مىليارد 38 مىليون يۈەن. تاۋار ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1613.5 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1481.62 يۈەن. يۇقىرىغا 478 مىليون يۈەن تىجارەت

بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق تاپشۇرۇلدى. 289 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى. 1 مىليون 874 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي بوش قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 571 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئۆرلىدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى 333كە يەتتى. بىر يىلدىكى ئوتتۇرىچە كەسپكار 18 مىڭ 960، يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 14 مىڭ 811. شۇ يىلى كەسپكارلارغا 813 مىليون يۈەن ھەق بېرىلدى.

خۇ شياۋچىڭ

## ئۆي - زېمىن بازىرى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 16 شەھەردە 2 - دەرىجىلىك ئۆي - زېمىن بازىرى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي - زېمىن سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن ئۆي - زېمىن كۆلىمى 5 مىليون 972 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈشۈش سوممىسى 7 مىليارد 412 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈشۈلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 27 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. پۈتۈشۈش سوممىسى 6 مىليارد 745 مىليون يۈەن. شەھەر - بازارلاردا ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 556 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، ئىجارە كىرىمى 113 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارىگە بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 239 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، ئىجارە كىرىمى 4 مىليون 458 مىڭ 600 يۈەن.

تۇيا

## ئۆي - ئىمارەتلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش ۋە خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن باھالاش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە شەھەر - بازارلاردا 39 ئىدارە، 2 مىليون 74 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت، 23 مىڭ 904 ئائىلىنىڭ ئۆيى چېقىلدى ۋە كۆچۈرۈلدى، چېقىش - كۆچۈرۈشتە 1 مىليارد 140 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى تۆلەندى.

شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردا 521 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەت باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئۆيى 439 مىڭ كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆيى 82 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر. باھالاش رەسمىيەت ھەققىدىن 251 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىندى.

تۇيا

## كىچىك تۇرالغۇ رايونلىرىنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش كارخانىسى 216گە، خوجىلىق باشقۇرۇش خادىمى 6881 گە يەتتى. ئۇلار قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىليون 332 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 460 كىچىك تۇرالغۇ رايونى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 327 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 137 بىنا ھەم سانائەت رايونىنىڭ خوجىلىقىنى باشقۇردى. خوجىلىق باشقۇرۇش ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 43 مىليون 942 مىڭ يۈەنگە، باشقا تۈرلەردىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليون 601 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە مۈلۈك تەۋەلىكى جەھەتتىن باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى 41 مىليون 372 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى تىزىمغا ئېلىنغىنى 9 مىليون 620 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، يۆتكەپ تىزىملانغىنى 20 مىليون 478 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىپ تىزىملانغىنى 2 مىليون 120 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، باشقا ھوقۇق جەھەتتىن تىزىملانغىنى 7 مىليون 807 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، ھېساباتتىن چىقىرىۋېتىشكە تىزىملانغىنى 1 مىليون 345 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە تىزىمغا ئېلىنغان كۆلەم 196 مىليون 977 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تىزىمغا ئېلىنىش نىسبىتى %95.8 بولدى، كىنىشكا تارقىتىلغان كۆلەم 184 مىليون 660 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كىنىشكا تارقىتىلىش نىسبىتى %93.7 بولدى.

مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىنغان 196 مىليون 977 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر ئۆيدىن دۆلەت ئىلكىدىكىسى 101 مىليون 84 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، كوللېكتىپ ئىلكىدىكىسى 10 مىليون 262 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكىسى 82 مىليون 480 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، ھەمكارلىق، پاي تۈزۈمىدىكى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەرگە قاراشلىق ۋە چەت ئەلگە ئالاقىدار ئۆي شۇنداقلا باشقا خىلدىكى ئۆي 3 مىليون 150 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە شەھەر -

بازارلاردا 57 مىليون 161 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى سېتىلدى، بۇ سېتىلىدىغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ %84.66نى ئىگىلەيدۇ. ئۆي سېتىپ 20 مىليارد 532 مىليون يۈەن پۇل يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد 617 مىليون يۈەن پۇل تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان قىسمىغا ۋە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان مۇئەسسەسەلەر رېمونت فوندى تۇرغۇزۇشقا ئىشلىتىلدى، ئىدارىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 17 مىليارد 194 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى تۈزۈمى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنىڭ قاپلاش كۆلىمى %90كە، جامائەت فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %70كە يەتتى. 5 مىليارد 300 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى يىغىلدى، 670 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

تۇ جىپىڭ

## شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى ئۈنجى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان «چاڭلىيۈەن» كىچىك رايونى بىلەن قۇرۇلۇشى پۈتمەي تۇرۇپلا سېتىلىپ بولغان «لىيۈشەن گۈللىكى» كىچىك رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى نۇقتىلىق ئومۇملاشتۇردى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى: پىلانلىنىش ۋە لايىھىلىنىش جەھەتتە، خېرىدار چاقىرىش، رىقابەتلىشىش لايىھىسى يولىغا قويۇلۇپ، مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ دەلىللىگەن ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ پىكرى ئېلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلۇش باشلاندى؛ قۇرۇلۇش قىلىش جەھەتتە، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش شەكلى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇنەۋۋەر كارخانىلاردىن تاللاندى ھەمدە باھا تۆۋەنلىتىلمەي، ۋاقتى كېيىنگە سۈرۈلمەي، ۋاقتىدا ھېسابات قىلىنىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ خوجىلىق باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاھالىلەر ئازادە مۇھىت بىلەن تەمىنلىنىپ، ياخشى ئىناۋەت تىكلەندى.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى رايونىدا %85تىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى بار بولغان.

زو شۇشياڭ

# بىناكارلىق

## بىناكارلىق كارخانىلىرى تىجارىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دەرىجىسى بار 649 بىناكارلىق كارخانىسىنىڭ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 858 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12.63 ئاشتى، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليارد 137 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.37 ئاشتى؛ بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 927 مىليون يۈەنگە يەتتى. پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىليون 449 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %8.21 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 87 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، ئەلالىق نىسبىتى %46.35كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.45 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 855 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %56.48نى ئىگىلىدى. كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 362 مىڭغا، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىشچى-خىزمەتچى 281 مىڭغا يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 90 مىڭ 521 يۈەنگە يېتىپ، %15.32 ئاشتى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىليون 524 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 19 مىليون 488 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2001 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 27 مىليارد 876 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش نەق چوت كىرىمى 21 مىليارد 516 مىليون يۈەن. پايدا سوممىسى 561 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانا 155 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 53ى ئازايدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 155 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بىر يىلدا يارىتىلغان پايدا - باج 1 مىليارد 374 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى تەكشۈرۈپ لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئۆي - مۈلۈك ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى تەكشۈرۈپ، ئۆزى تۈزىتىشى ئاساسىدا، 3897 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 890ى تېپىپ چىقىلدى، بۇ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ %22نى ئىگىلەيدۇ. 422 قۇرۇلۇشنى قانۇن بويىچە توختىتىشقا بۇيرۇدى. 768 قۇرۇلۇشنى تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتتى. 290 دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئىدارە ۋە مەسئۇل كىشىلەرگە 13 مىليون 170 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. 12 مىليون يۈەن باجنى تاپشۇرغۇزدى. قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈشنى بىۋاستە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 6 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 303 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ساقلانغان تۈر 165. 23 ئورۇنغا قانۇن بويىچە 5 مىليون 780 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان 62 ئورۇن ئاشكارىلاندى ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىندى.

زۇ شۇشياڭ

## قۇرۇلۇشقا خەبەردار چاقىرىش، خەبەردار چىقىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇشقا خەبەردار چاقىرىش، خەبەردار چىقىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خەبەردار چاقىرىش، خەبەردار چىقىش خىزمىتىنىڭ ئادىللىقىنى ئاشۇرۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشقا خەبەردار چاقىرىش، خەبەردار چىقىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئۇسكۈنە سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەبەردار باھالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرۇلۇشقا خەبەردار چاقىرىش، خەبەردار چىقىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاشكارا خەبەردار چاقىرىشنى يولغا قويۇپ، تەكلىپ قىلىپ خەبەردار چاقىرىشقا قاتتىق چەك قويدى، «ئۈرۈمچى رايونىنىڭ قۇرۇلۇشقا ئاشكارا خەبەردار چاقىرىشقا دائىر سىناق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. بايىنغولىن، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار باشقا جايلاردىن كەلگەن خەبەردارلارنىڭ رىقابەتكە قاتنىشىشىنى يەكلەيدىغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىر يىلدا شىنجاڭ بويىچە 1742 تۈرلۈك ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەبەردار چاقىرىشقا تېگىشلىك قۇرۇلۇش 1615. خەبەردار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش 1591. خەبەردار چاقىرىلغان قۇرۇلۇشلار ئىچىدە، ئاشكارا خەبەردار چاقىرىلغان تۈر 641. خەبەردارى تەكلىپ قىلىپ چاقىرىلغان تۈر 950.

2001 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق 7 قۇرۇلۇش سودا مەركىزى ئۆز جايىدىكى خەبەردار چاقىرىش - خەبەردار چىقىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىلەن فۇنكسىيە، خادىم ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ئايرىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق 5 سودا مەركىزى قۇرۇلۇش بازارلىرىدا كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە قۇرۇلۇش تورى قۇرۇلۇشىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سودا مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ياخشىلىدى، خىزمەتتە ئاشكارا بولۇش ۋە ئىش بېجىرىشتىكى ئادىللىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بۇ بىر يىلدا ۋاكالىتەن خەبەردار چاقىرىش ئاپپاراتىدىن 18نى تەستىقلىدى.

زۇ شۇشياڭ

## بىناكارلىق كارخانىلىرى ۋە تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى %50كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن ئازكەم 28 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى %51.3كە يەتتى. 1 -، 2 - دەرىجىلىك 109 تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنىدىن 51ىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 ئورۇن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتتى، 27 ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇزاكىرىدىن ئۆتتى.

زۇ شۇشياڭ

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تارقاتقان «بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى مەلۇم قىلىش - تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى. يىل ئاخىرىغىچە 464 كارخانىنىڭ سالاھىيىتى جايلارنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ،

قۇرۇلۇش نازارىتىگە مەلۇم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دەرىجىلىك كارخانا بىر، 1 - دەرىجىلىك كارخانا 42، 2 - دەرىجىلىك كارخانا 99، 3 - دەرىجىلىك كارخانا 287، ئەمگەك مۇلازىمەت كارخانىسى 35.

2001 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش نازارىتى كۆپ قېتىم تۈر دىرېكتورلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى، 5168 ئادەم تۈر دىرېكتورلىرى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 512 ئادەمنى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 1 - دەرىجىلىك تۈر دىرېكتورى دەپ تەستىقلىدى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە تۈر دىېكتورى 8754كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك دىرېكتور 743، 2 -دەرىجىلىك دىرېكتور 1325، 3 - دەرىجىلىك دىرېكتور 4702، 4 - دەرىجىلىك دىرېكتور 1984 بولۇپ، كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. تۈر دىرېكتورلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 3000 ئادەم قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 29 ئادەم ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتمىدى، ئۇلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىندى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 4 قېتىم تۈر ئارقىلىق سۈپەت بىخەتەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن - قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي خاراكتېرلىك ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلمىغان قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. جايلار ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، قۇرۇلۇش نازارىتى كۆپ قېتىم قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە 1570 قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى، تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش ئۇقتۇرۇشنامىسىدىن 564 نۇسخا تارقاتتى، مەجبۇرىي خاراكتېرلىك ئۆلچەمنى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان قۇرۇلۇشتىن 68 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، سۈپەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە ھادىسە پەيدا قىلغان 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 2 كارخانىغا دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بەردى.

2001 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى تەشكىللەپ يولغا قويغان مەخسۇس تۈرلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە مەدەنىي ئىش ئورنى مۇسابىقە پائالىيىتىدە، 48 قۇرۇلۇش ئىش ئورنى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە مەدەنىي ئىش ئورنى بولۇپ باھالاندى. قۇرۇلۇش نازارىتى تەشكىللەپ يولغا قويغان قۇرۇلۇشلارنىڭ تەرتىپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش سۈپىتىدىكى ئورتاق ئىللەتلەرنى تۈزەپ، ئولتۇرغان ئائىلىلەر رازى بولىدىغان قۇرۇلۇش بەرپا قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش سۈپىتى يىلى» پائالىيىتىدە 19 ئىلغار كوللېكتىپ، 33 ئىلغار شەخس، 2 ئەلا تۇرالغۇ ئۆي كىچىك رايونى ۋە ئولتۇرغان ئائىلىلەر رازى بولغان 45 تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى باھالاپ چىقىلدى.

زېڭ چاڭپىڭ

## قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى ئۆي - ئىمارەت ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىن 6128نى نازارەت قىلدى، نازارەت قىلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 22 مىليون 618 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، نازارەت قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 99%كە يەتتى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىليون 580 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 3088 پۈتكەن قۇرۇلۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش 878، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 26 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇشى پۈتكەن 2211 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ ئەنگە ئېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 7 مىليون 351 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ 71.6%نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 37 پىرسەنت پۇئىنتى ئاشتى.

زېڭ چاڭپىڭ

## قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى ۋە قارامايدىكى قىلىنىۋاتقان 8

قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىنى ئەھۋالغا قاراپ ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە 8 قۇرۇلۇشتا ئۇخشىمىغان دەرىجىدە قانۇن - قائىدىگە خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى بايقالدى. بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاقسۇ ۋە قارامايدىكى قىلىنىۋاتقان 16 قۇرۇلۇشنىڭ بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ئاقسۇدىكى 8 قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش 4؛ قارامايدىكى 8 قۇرۇلۇشتىن 7 سى لاياقەتلىك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش 2.

زىلۇ چاڭپىڭ

## مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە مەدەنىي ئىش ئورۇنلىرى

2001 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە مەدەنىي ئىش ئورۇنلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭدىن 4 ئورۇن، 5 شەخس ۋە 2 ئىش ئورنى مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە مەدەنىي ئىش ئورنى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

ئىلغار كوللېكتىپلار: بايىنغولىن قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىخەنزە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، ئاقسۇ «يۇڭشەن» قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بىڭتۇەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى 8 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى.

ئىلغار شەخسلەر: سۇڭ شياڭخەي (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېگىز قەۋەتلىك بىنا شۆبە شىركىتىدىن)، دۇ يىگو (شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىدىن)، ليۇ خۇيچۈەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىدىن)، ۋاڭ جيۈەن (قاراماي شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتى بىخەتەرلىك نازارەت پونكىتىدىن)، ۋاڭ ۋېنلياڭ (شىنجاڭ تارىم بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتىدىن).

مەدەنىي ئىش ئورۇنلىرى: شىنجاڭ خەلقئارا «جىمدى» نەنمېن خەلقئارا شەھەرچىسى B4 نومۇرلۇق ماگىزىنلىق تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ «تيەنيى» بىناكارلىق - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، شىخەنزە شەھىرى يېشىل گۈللۈك تۇرى (شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى 2 - تۇر بۆلۈمى).

زىلۇ چاڭپىڭ

## قۇرۇلۇشلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كەسپىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلمىغان 3 كارخانىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 6 -، 7 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كارخانىلىرى قۇرۇلۇش نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ئۆز ئارا تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 90 كارخانا ئۆز ئارا تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، بۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كارخانىسىنىڭ 91%نى ئىگىلىدى. 360 تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئۆز ئارا تەكشۈرۈلدى. 2001 - يىلى 277 كىشى «نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىنژېنېرلىرى ئىش ئورنى گۇۋاھنامىسى» ئالدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى 116 گە، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خادىمى 6100 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 790 كىشى دۆلەتلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىنژېنېرلىرى سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تىزىمغا ئېلىنغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىنژېنېرلىرى بولۇپ قالدى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق كەسپى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ساھەسى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش بويىچە ھەق ئېلىشنى باشقۇرىدىغان 32 پونكىت ئالغان ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى 286 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 18.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 151 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 52 مىليون 340 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 30 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 51 مىليون 770 مىڭ يۈەن، ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى ئۆسۈمىدىن قىلىنغان كىرىم 860 مىڭ يۈەن بولدى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 136 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 20 مىليون 760 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ

قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 5 مىليون 970 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 51 مىليون 250 مىڭ يۈەن.

شىنجاڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى 154 قۇرۇلۇش كارخانىسىغا 30 مىليون 570 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى، بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن قىسقارتىلغان 1962 ئادەمگە بىر يىلدا 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى. شۇ يىلى 31 مىليون 920 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تەڭشەپ بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 14 قۇرۇلۇش كارخانىسىغا 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى. بىر قىسىم قىيىنچىلىقى ئېغىر قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدىن دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باھار بايرىمىلىق ۋە قۇربان ھېيتلىق 200 مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى.

ۋاڭ جيې

## بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بويىچە «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئەسلىدىكى شىنجاڭ سۇپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىنىڭ نامى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»غا ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، 25 قۇرۇلۇش 2001 - يىللىق شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان نۇرباغ نېفىت مەدەنىيەت سارىيى، «جۇڭيۈەن» مەيدانىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق 6⌀210/20 تۇرخۇنى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتى سالغان بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىناسى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسىنىڭ 1 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 2 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان يېزا ئىگىلىك 7 - شى 2 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ 9 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىنجاڭ 3 - بىرلەشمە قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان قاراماي مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى؛ لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان كۈيتۇڭ تەمىنات - سودا سارىيىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان شىخەنزە «ياتې» شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات نازارىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى ۋە ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش بىناسى؛ بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان بىڭتۇەن 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى؛ شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان جۇڭگو بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسىنىڭ خىزمەت بىناسى، ئوبلاستلىق يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى ۋە كورلا شەھىرىدىكى كۆنچى دەرياسى كۆۋرۈكى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا خەۋەرلىشىش مەركىزى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى؛ شىنجاڭ «جيۇجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى سالغان بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا پونكىتىنىڭ 6 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا - خىمىيە تەجرىبە بىناسى؛ مىچۈەن شەھەرلىك 3 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان مىچۈەن شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاشخانىسى؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «جىيەنتا» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىشلەپچىقىرىش بىناسى؛ شىنجاڭ 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ جياڭسۇ ئۆلكىسى توڭجۇ شەھەرلىك قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى سالغان ئۈرۈمچى شەھىرى ليۇشەن كىچىك رايونىنىڭ 13 - بىناسى؛ شىنجاڭ «يۇڭخېڭ» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆتسىگە ئالغان قاراماي شەھىرى مەدەنىيەت 1 - كوچىسى.

زېڭ چاڭپىڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش

(گورۋەي) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 988 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %27.4 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 235 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق كەسپىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىدى؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.4 ئاشتى. بىر يىلدا قىلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 880 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %29.4 ئاشتى. شۇ يىلى ئەمەلىي يارىتىلغان پايدا 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 100 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 4 بالا شىركەتنىڭ ياراتقان يىللىق پايدىسى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭى رېكورت مەيدانغا كەلدى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش (گورۋەي) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا كېپىللىك قىلىشنى نىشان قىلىپ، مۈلۈك تىجارىتى ۋە كاپىتال ئوبوروتىنى پائال يولغا قويۇپ، زېمىن بايلىقىغا دائىر 84 مىليون 970 مىڭ يۈەننى تىرىلدۈردى؛ «شىندا» مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى ياخشى بولمىغان مۈلۈك پۇرسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، بانكىدىكى 58 مىليون 444 مىڭ يۈەن قەرزنى كېمەيتىپ ۋە كەچۈرۈم قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ساپ مۈلكىنى كۆپەيتتى؛ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش گورۋەي ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، تەڭرىتاغ سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 5 كارخانا بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ غەربىي قىسىم قۇرۇلۇش پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، كاپىتالنى يۇرۇشتۇردى. 2001 ـ يىلى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش گورۋەينىڭ ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى 5 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ۋە ئاشۇرۇلغان قىممىتى 108 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى %134.5 كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 26.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

بىر يىلدا مەدەنىي قۇرۇلۇش ئورنىدىن 19 ى بەرپا قىلىندى، 7 قۇرۇلۇش بويىچە مەدەنىي قۇرۇلۇش ئورنى بەرپا قىلىش خىزمىتى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

2001 ـ يىلى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش گورۋەي «ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

گورۋەي شىركەتنىڭ ئىجتىمائىي تۆھپە سوممىسى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي تۆھپە نىسبىتى %24.3كە يېتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە باجنى 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇپ تاپشۇرغان «تۆھپىكار كارخانا» بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ 3 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان نۇرباغ نېفىت مەدەنىيەت سارىيى دۆلەتلىك «لۇبەن مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

شۇ خەيرۇڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش (گورۋەي) شىركىتى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گورۋەي) شىركىتى 6 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تاماملانغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات (ئېچىش، تەتقىقات) تۈرىدىن 57نى، كېڭەيتىپ قوللىنىلىدىغان تۈردىن 91نى تەقدىرلىدى. 4 تۈر پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 9 قۇرۇلۇش شىنجاڭ بويىچە «10 يېڭى تېخنىكا»نى كېڭەيتىپ قوللىنىش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 قۇرۇلۇش قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ «10 يېڭى تېخنىكا»نى كېڭەيتىپ قوللىنىش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش (گورۋەي) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پەن تەتقىقات تۈرى بولغان «شىنجاڭنىڭ بىناكارلىقتا ئېنېرگىيە تېجەيدىغان تۇرالغۇ ئۆي سىستېمىسى تەتقىقاتى» دېگەن تېمىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىناكارلىقتا ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى چۆرىدەپ، ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئارقىلىق، يېڭى تىپتىكى ئېغىر بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى كەشىپ قىلدى، تام گەۋدىسىنى ئىسسىقلىق ساقلايدىغان قىلىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلدى. تەتقىقات تېمىسىدىكى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 2 تۈر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

تېخنىكا مەركىزى بىلەن شىنجاڭ «خۇئېيەن» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىرلىكتە «بېتون كۆل خىش» تۈرىنى يولغا قويدى، 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يىلىغا 300 مىڭ كۇب مېتىر «كۆل خىش»

ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇ تۈر ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، نۆۋەتتە ھۈنەر - سەنئەت لايىھىلەش ۋە ئۈسكۈنىلەرگە خېرىدار چاقىرىش باسقۇچىغا كىردى.

2001 - يىلى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كومپيۇتېرنى باشقۇرۇش ئۇچۇرى سىستېمىسىدا قوللىنىش جەريانىدا ئىچكى تورنى يولغا قويۇپ، تېخنىكا ئۇچۇرىدىن پايدىلىنىش سۇپىسى قۇرۇپ، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، لىنىيىنىڭ قوللىنىشى ئارقىسىدا ئىچكى تورنى سىرت تورلار بىلەن تۇتاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تور باشقۇرۇش، بىخەتەرلىك، سۈپەت، ماددىي ئەشيا قاتارلىقلارغا دائىر ئۇچۇر سىستېمىسىنى قۇرۇپ، تور باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ تېخنىكا ئۆزگەرتتى، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىدى ۋە يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات ياراتتى.

جېڭ لى

### شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىگە تەۋە ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەر

2001 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىسى»، «مەملىكەت بويىچە سۈپەت - ئۈنۈم تىپىدىكى ئىلغار قۇرۇلۇش كارخانىسى»، «مەملىكەتلىك توختامغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىناۋەتلىك كارخانا» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى، ۋاڭ يۈخۇي، لۇ يىڭجاۋلار «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 1 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى «مەملىكەت بويىچە تېخنىكا يارىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش ئۇچۇرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر سىياسەت تەتقىقات جەمئىيىتى» دېگەن ناملارغا؛ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى لى جۆنجۈن تۈر بۆلۈمى «مەملىكەت بويىچە ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېن ئەنجۈن

### تەكشۈرۈش - لايىھىلەش سۈپىتىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ساھەسىدە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن 14ى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 12، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى بىر. بىر يىلدا 14 مىليون 240 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 2928 ئۆي - ئىمارەت تۈرى تەكشۈرۈلدى، قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان رايونلارنىڭ تەكشۈرۈش كۆلىمى %90تىن ئاشتى. قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈشتە، تەكشۈرۈش - لايىھىلەش نەتىجىسى ياخشى بولمىغانلىرىنى تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورۇنلىرى، رويخەتكە ئېلىنغان شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ سۈپەت ۋە بازار ھەرىكىتى مەبلەغ باشقۇرۇش بىلەن چېتىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى گوۋۇيۈەننىڭ «قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى»گە ئاساسەن، مۇتەخەسسىلەرنى تەشكىللەپ «ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورۇنلىرىغا قارىتا سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ توپ ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە 53 تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 17 تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى ISO9000 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئا دەرىجىلىك ئورۇن 11، ب دەرىجىلىك ئورۇن 6.

زو شۇشياڭ

### مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى مۇسابىقىسى

2001 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى سۈپەت يىلى بويىچە مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقىگە 41 بىناكارلىق لايىھىلەش ئورنىنىڭ 101 تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى قاتناشتۇرۇلدى. ئاشكارا كۆرۈش ۋە باھالاش ئاساسىدا، ش ئۇ ئا ر مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى مۇتەخەسسىلەر باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى، ش ئۇ ئا ر مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2 سى (شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش لايىھىلەش يۇرتى يوللىغان مۇنارسىمان تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى)، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 11ى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 18ى،

تەقدىرلەش مۇكاپاتىدىن 19ى، تەشكىللەش مۇكاپاتىدىن 9ى باھالاپ چىقىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى.

بۇ قېتىمقى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى ئىچىدە ئۆي شەكلىنىڭ خىللىرى كۆپ بولدى. مەسىلەن: ئادەتتىكى ئۆي شەكلىدىكى يۈرۈشلۈك ئۆيلەردە ئۆي ئىگىسى بىنا قۇرۇلمىسى ۋە تاشقى بىناكارلىق دېتاللىرىنى ئۆزگەرتمەي ئۆي ئىچىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ؛ «دىنامىكىلىق تۇرالغۇ ئۆي»لەردە ئومۇمغا تەئەللۇق قىسمى بىلەن شەخسكە تەئەللۇق قىسمى، پاكىزلىق بىلەن بۇلغىنىش، ھەرىكەتچانلىق بىلەن تىنچلىق بۆلەكلەرگە ئايرىلغان. مۇنداق تۇرالغۇ ئۆيلەر قاتتىق سوغۇق بولىدىغان شىمالىي رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ كارىدورلۇق ئوتتۇرا ئېگىز تۇرالغۇ ئۆيلەر، داچىسىمان تۇرالغۇ ئۆيلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس ھويلا - ئارامىلار ۋە ژاھاكازا. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان لايىھەلەر ئىچىدە ئېگىز قەۋەتلىك، كۆتۈرۈلمە قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ لايىھىسى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە لايىھەنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەرگە ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، ئىسسىقلىق ساقلايدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان ماتېرىياللار كۆپرەك ئىشلىتىلىپ، تۇرالغۇ ئۆيلەر مەدەنىيەت مەزمۇنى ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

زو شۇشيالڭ

## تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ساھەسىدىكى 20 كۈچلۈك ئورۇن

قۇرۇلۇش نازارىتى 2001 - يىل 9 - ئايدا تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرى يوللىغان 2000 - يىللىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسەن، تېخنىكا كۈچى، كىرىم، پايدا، قۇرۇلۇش لايىھەلەش، قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش، يىل ئاخىرىدىكى مۇلۇك ئومۇمىي سالى كۆرسەتكۈچى جەھەتتە ئومۇمىي سالى كۈچىنى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقتى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىللىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ساھەسىدىكى ئومۇمىي سالى كۈچ جەھەتتىكى 20 كۈچلۈك كارخانىنى ئېلان قىلدى.

20 كۈچلۈك كارخانىنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ دەۋر نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1 - تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھەلەش يۇرتى ئۈرۈمچى شۆبىسى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ تاشيول تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، شىخەنزە بىناكارلىق پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش يۇرتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 -شى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئاھالىلەر پايدىلىنىدىغان بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتى چەكلىك شىركىتى (ئەسلى نامى: شىنجاڭ ماشىنا ئېلېكتر بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتى)، شىنجاڭ بىڭتۇەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلى نامى: بىڭتۇەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش -لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال - مېتاللورگىيە لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى.

زو شۇشيالڭ

## قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى كېڭەيتىش بويىچە كۆرسەتكۈچ تۈرلەر

2001 - يىلى 228 زاۋۇتنىڭ 74 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ تاللاپ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش نازارىتى بۇ تۈرلەرنى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى كېڭەيتىش بويىچە كۆرسەتكۈچ تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. لىتىيلىق كرېمنىي پاراشوكى، ئاقارتىش گېپسى، SF ئۆي ئىچىگە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇ، JS بىرىكمە سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇ، JS تىپلىق سۇ ۋە نەملىكتىن ساقلايدىغان يوچۇق ئېتىش خورۇچى، JC يېڭى تىپلىق سۇ ئۆتكۈزمەس سۈيۈقلۇق، JB ئېلاستىك سۇ ئۆتكۈزمەس پەردە، سېمونت ئاساسلىق سىڭىشچان كرىستال تىپلىق سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇ، پولى ئېتىلېنلىق يوپۇق، غەيرىي كوكس مېيى تىپلىق پولىئۇرىتان سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇ، K11 تىپلىق سۇ ئۆتكۈزمەس مەلھەم، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ئىچى ۋە سىرتىغا

ئىشلىتىلىدىغان سۇ ۋالغۇ. ZS سۇ ئۆتكۈزمەس چىشى سۈيۈقلۇق، سېمونت لاي ئۆتۈنمىنى ئاشۇرۇش خورۇچى، پولى ئېتىلېن ئاكرىللىق قوش يۈزلۈك بىرىكمە سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، ئېلاستىك ئۆزگىرىشچان ئاسفالتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال (SBS)، سۇلياۋسىمان ئۆزگىرىشچان ئاسفالتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال (APP)، خلورىدلىق پولى ئېتىلېنلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، 3 ئاساسلىق پروپانلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، ئېتوپرېنلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، بۇتىل كاۋچۇكلۇق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، كۆپ قەۋەتلىك يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمە سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، بېتوندىن ئىشلەنگەن يۇرۇشلۇك قوشۇمچە خورۇچ، پولىئۇرېتان پولى ئېتىلېنلىق ئىزولياتسىيىلەنگەن بىرىكمە تۇرۇبا، پولى ئېتىلېنلىق پاللىئال تۇرۇبا، ئالىيۇمىنلىق سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، تۆۋەن بېسىملىق سۈيۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سۇلياۋ ئەستەرلىك ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، زىچلىقى تۆۋەن پولى ئېتىلېنلىق تۇرۇبا (PE)، پولى ئېتىلېنلىق تۇرۇبا كىرىشتۈرۈش ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى (PEX)، زىچلىقى يۇقىرى پولى ئېتىلېنلىق تۇرۇبا (HOPE)، 3 تىپلىق پولى پروپىلېنلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى (PP−R)، جىنسى ئۆزگەرتىلگەن پولى پروپىلېنلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى (PP−C)، پولى بۇتادىئېنلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى (PB)، ABC قېتىشما تۇرۇبا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يوندا چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىدلىق يۇرۇشلۇك تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى (يۇرما سىزىقلىق تۇرۇبا، كاۋاك دىۋارلىق يۇرما سىزىقلىق تۇرۇبا، ئۆزەك قەۋەتلىك كۆپتۈرمە تۇرۇبا، قوش دىۋارلىق دولقۇنسىمان تۇرۇبا)، ئىچىگە سۇلياۋ يالىتىلغان بىرىكمە پولات تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، تورسىمان پولاتلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، پولات چىۋىقلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، چوڭ كالىبىرلىق يۇرما سىزىقلىق سۇلياۋ تۇرۇبا، مەركەزدىن قاچما سېنتىرىفۇگلۇق شارىك گرافىتلىق قويما چويۇن (سوزۇلۇشچان) گاز تۇرۇبىسى، چەمبەرسىمان ئېلاستىك ئۇلاش ئېغىزى مەركەزدىن قاچما چويۇن يوندا تۇرۇبىسى، SFT−D تىپلىق ئانورگانىك ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش فىتولكىسى، PVC سۇلياۋ دېرىزە، PVC−U تىپلىق سۇلياۋ ماتېرىيال، قاتتىق پولى ۋىنىل خلورىدلىق مىكرو كۆپتۈرمە پوستلۇق قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەگمە سۇلياۋ ماتېرىيال، قاتتىق پولى ۋىنىل خلورىدلىق مىكرو كۆپتۈرمە پوستلۇق قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەگمە سۇلياۋ ئىشىك - دېرىزە، رەڭلىك تاختايدىن ئىشلەنگەن قوۋۇرغىسىمان پولات ئۆلىغۇچ، پولات چىۋىقلىق تۈز يۇرما سىزىقلىق ئۆلىغۇچ، ئاپتوماتىك H شەكىللىك پولاتتىن كەپشەرلەنگەن يېنىك ئويۇل يۇرۇشلۇك ئىسسىقلىق ساقلايدىغان ئىشىك، بىرىكمە ئۆلچەملىك ئىشىك، پولات - ئالىيۇمىنلىق ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، پەلەمپەيسىمان كۆپ تۈۋرۈكلۈك پولات تۇرۇبىلىق ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ئالىيۇمىندىن ياسالغان كۆپ بىرىكمىلىك قاناتسىمان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، چىرىشكە چىداملىق پولاتتىن ياسالغان قاناتسىمان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ئوت ۋە قاچقان توكتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئېلېكتر ھەرىكىتى سىگنال ئاپپاراتى، توكچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قاپلىما تۇرۇبا، PVC سىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيمەس تۇرۇبا، نېپىز دىۋارلىق سىم ئۆتكۈزۈلىدىغان قاپلىما پولات تۇرۇبا، كىچىك تىپلىق تۈزگۈچ، يۇرۇشلۇك ئېلېكترونلۇق سچوتچىك، IC كارتوشكىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق سۇ سائىتى، ئاسرىما شەكىللىك تولۇق ئاپتوماتىك زىيادە توك بېسىمىدىن ئاسرىغۇچ، قايتىلانما شەكىللىك تولۇق ئاپتوماتىك زىيادە كەم توك بېسىمىدىن ئاسرىغۇچ، چاپلاشتۇرۇلغان كۆپتۈرمە سۇلياۋلىق ئىسسىقلىق ساقلاش تاختىسى، ئەيتې يۇرۇشلۇك تاختايلىرى، S−CRC ئارا تام تاختىسى، يېلىملىق پولى فېنىل دانىچىسىدىن ئىشلەنگەن سىرت تامنىڭ ئىسسىقلىقىنى ساقلاش تېخنىكىسى، تۆۋەن قېتىشمىلىق يۇقىرى كۈچەنمە قۇرۇلمىلىق (تاختىپەر) پولات تۇرۇبىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، CBF چىڭ نېپىز دىۋارلىق تۇرۇبا ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى بېتون قۇرۇلمىلىق كاۋاك تاملىق بىنالارنى سېلىشتا ئىشلىتىلىشى، سۇ تېجەيدىغان پاكىز، ئولتۇرما تاھارەت ئۈۋالنىكى، يېڭى تىپتىكى بېزەكچىلىك تاش ماتېرىيالى ۋە پاكىزە تازىلىق سايمانلىرى.

لى يىپىڭ

## يېڭى تېخنىكا قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىقتا 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى قىلىنغان 28 قۇرۇلۇش (بۇنىڭ ئىچىدە 4ى دۆلەت دەرىجىلىك، 24ى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك) نىڭ 22 سى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 3ى دۆلەت دەرىجىلىك، 19ى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك). شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 7 ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى

3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۈزەللۈكى ئاستى ماگىزىنلىق ئىگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئۈسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيە بىناسى ۋە شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت ئۇنىۋېرسال بىناسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ ئىگىز قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان «تەيجېن» ئىگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 5 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ پىلان كومىتېتىنىڭ ئىگىز قەۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىنجاڭ مېتاللورگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» مەدەنىيەت مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى 2 قۇرۇلۇش قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى نۇقتىلىق بولغا قويغان تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرىگە كىردى. ئۇلار شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ ئىگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۈزەللۈكى ئاستى ماگىزىنلىق ئىگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى.

لى يىپىڭ

## قۇرۇلۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «شىنجاڭ قۇرۇلۇش تورى» بېكىتى ئىنتېرنېت تورىغا ئۇتاشتۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت تورىغا كىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى قەدىمى باشلاندى. «شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىدىكى يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سۇنۇشتۇرۇش قىلىش سىستېمىسى» مۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىنتېرنېت تورىدا ئىشلەشكە باشلىدى.

2001 - يىلى «شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى» قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى شەھەرلەرنى رەقەملەشتۇرۇش بويىچە 19 ئۈلگە تۈرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ تۈردە شىنجاڭ بويىچە شەھەر پىلانلاش، بىناكارلىق كەسپى، ئۆي - زېمىن كەسپى، شەھەر قۇرۇلۇشى كەسپىدە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان سىستېما بولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆلچەملىك سىستېما تۇرغۇزۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكا سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم قۇرۇلۇشىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتا ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

لى يىپىڭ

## 3 تۈرلۈك قۇرۇلۇش «لۇبەن مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2001 - يىل 12 - ئايدا 2001 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق - قۇرۇلۇشى بويىچە «لۇبەن مۇكاپاتى»غا (دۆلەتلىك سۈپەتلىك قۇرۇلۇش) ئېرىشكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى، مەملىكەت بويىچە 80 قۇرۇلۇش مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 3 قۇرۇلۇش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇلار شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان، قاراماي «تيەنشىڭ» ئوقەتچىلىك باش شىركىتى سېلىشقا قاتناشقان شىشى نېفىتلىكىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان، شىنجاڭ «تيەنيۈ» بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى سېلىشقا قاتناشقان نۇرباغ نېفىت مەدەنىيەت سارىيى، شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتى سالغان، خېيمېن شەھەرلىك جىڭدا بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى سېلىشقا قاتناشقان بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىناسىدىن ئىبارەت.

زېڭ چاڭپىڭ

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### ئومۇمىي بايان

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئوبزورى، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: غەربنى كەڭ ئېچىشتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم ۋە تەخىرسىز ۋەزىپە. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى جەزمەن ياخشىلاش كېرەك، دۆلەتنىڭ «يەنە بىر قېتىم تاغ - دەريالىرى گۈزەل غەربىي قىسىم بەرپا قىلىش» ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىغا ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تەلىپىگە ئاساسەن كەڭ ئېچىش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش لازىم. «مەملىكەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بىلەن ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سۈرۈش ئۇسۇلىنى مەركەزگە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى نىشانغا ئايلاندۇرۇپ، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسىنى چىڭ چۆرىدەپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونلار بويىچە ئالغا سۈرۈپ، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىلىك ئاسراش رايونى بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى قەتئىي چەكلەش لازىم. تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش، باغراش كۆلى مۇھىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە ئېبىنۇر كۆلىنىڭ مۇھىتىنى ئۈنۋېرسال تۈزەش قاتارلىق نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى پائال ئالغا سۈرۈش لازىم.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر بىلەن 2001 - يىللىق مۇھىت ئاسراش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەسىنى تىزگىنلەش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇردى، «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىدە ئۆلچەمگە يېتىش» نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 43 كارخانا سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەسىنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، بۇلغىمىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش 4 - يىلىغا قەدەم قويدى. 336 پار قازان چۈۋۈپ تاشلاندى ۋە بىرلەشتۈرۈلدى. 25 مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كۆلەمنى تورلاشتۇرۇپ ئىسسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان ئائىلىدىن 100 مىڭى كۆپەيدى، 72 مىڭ 126 ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى تەكشۈرۈلدى.

جاۋ چېڭلىن

### مۇھىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى جايلاردىكى مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشتىن 683 قېتىمنى مەمۇرىي جەھەتتە جازالىدى، مۇھىت مەمۇرىيىتى جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىدىغان دېلودىن 10نى قوبۇل قىلدى، قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي قىلمىشتىن 9نى ساقلاپ قالدى، مۇھىت مەمۇرىيىتى دەۋا دېلوسىدىن 27سى يۈز بەردى، بۇ دەۋادا مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى ئۇتۇپ چىقتى.

ليۇ جىڭ

### قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاشنى ۋە «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» (بىرلا ۋاقىتتا لايىھىلەش، بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلاش، بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش) نى باشقۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گوۋۇيۈەنىنىڭ (قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇش نىزامى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى

يولغا قويۇش پىكرى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش گۇۋاھنامىسى ئالغان ئورۇنلارنى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، «ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش گۇۋاھنامىسى ئالغان ئورۇنلارنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش تۈرىدىن 1225نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىتقا بولغان تەسىر ھەققىدىكى دوكلاتنامە 64 تۈر، مۇھىتقا بولغان تەسىر ھەققىدىكى مەلۇمات جەدۋىلى 246 تۈر. مەلۇم قىلىنىپ تىزىمغا ئېلىنغىنى 915 تۈر. مۇھىت ئاسراشقا 1 مىليارد 49 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %25.3نى ئىگىلەيدۇ. «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» بويىچە يۈتتۈرۈلگەن 506 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسى بىلەن ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى ۋە بۇلغىما ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىلگەن تۈر 456، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش»تا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %9.1 بولدى.

دۇڭ يامىڭ

## مۇھىتنى نازارەت قىلىش

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى مۇھىتنى نازارەت قىلىش پونكىتى (ئورنى) دىن 81نى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 19، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى 61. نەق مەيداندا 89 مىڭ 211 قېتىم نازارەت قىلىندى. قۇرۇلۇۋاتقان توقسۇن — پارچە ساقال ئالىي تاشيولى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 46 نۇقتىلىق بۇلغىغۇچى كارخانا، ئاپتونوم رايوندىكى بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان نېفىتلىك قاتارلىق ئورۇنلار نەق مەيداندا نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، نەق مەيداندا بۇلغىنىشنى تۈگىتىش مۇئەسسەسىدىن 7450ى (يۈرۈش)، نورمال ئىشلەۋاتقان مۇئەسسەسىدىن 5751ى (يۈرۈش) تەكشۈرۈلدى. بۇلغاش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشكە 7 قېتىم قاتنىشىلدى، بۇلغاش ماجىراسىدىن 581 قېتىم تەكشۈرۈلۈپ مۇرەسسە قىلىندى. ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 4424 ئامما (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. شۇ يىلى 16 مىڭ 127 ئورۇندىن بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىندى، بۇ، 2000 - يىلدىكىدىن 102 ئورۇن ئاز.

لىيۇ خەنفېڭ

## بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ھەق ئېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ئېلىنغان ھەق 81 مىليون 627 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىنغان ھەق 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىرى ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى نېفىتلىكتىن بىۋاسىتە ئالغان قىسمەن ھەقتىن ئىبارەت. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئالغان ھەق 2000 - يىلدىكىدىن %349.21، ئىلى ئوبلاستىنىڭ %203.78، شىخەنزە شەھىرىنىڭ %89.86، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ %61.9، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ %60.02 ئاشتى. شۇ يىلى تۈزەش تۈرىدىن 108ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈزەشكە 33 مىليون 838 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ ياردەم بېرىلدى. تۈزەش تۈرىدىن 85ى ئورۇندالدى، تۈزەشكە 30 مىليون 621 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. قەرز پۇل بىلەن تۈزىلىدىغان 23 تۈرگە 2 مىليون 839 مىڭ 300 يۈەن قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قەرز پۇل تۈرىدىن 21ى ئورۇندالدى، بۇ تۈرلەرگە 2 مىليون 349 مىڭ 300 يۈەن قەرز ئېلىندى.

جىڭ چېن

## مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغان سېلىنما

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا دائىرىسىدىكى مۇھىت ئاسراشقا 2 مىليارد 145 مىليون 63 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 872 مىليون 882 مىڭ يۈەن، ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 19 مىليون 727 مىڭ يۈەن. سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنغىنى 252 مىليون 454 مىڭ يۈەن. مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، كونا سانائەتنىڭ بۇلغىشىنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 320 مىليون 87 مىڭ يۈەن، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» تۈرىدىكى مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغىنى 123 مىليون 795 مىڭ يۈەن، بۇ 2 تۈر شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە %0.3نى ئىگىلىدى. شەھەر مۇھىتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 429 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە %1نى ئىگىلىدى.

شى شۇمېي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 5 قېتىم مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 132 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق ھادىسە 2 قېتىم يۈز بېرىپ، 34 مىڭ يۈەن، ئادەتتىكى بۇلغىنىش 3 قېتىم يۈز بېرىپ، 98 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 5 قېتىم سۇ بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 132 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملارنىڭ بۇلغاش ھادىسىسى بىر قېتىم يۈز بېرىپ، 48 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. بۇلغىنىش ھادىسىلىرىگە 133 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شۈي شىڭ

## مۇھىت تەشۋىقات تەربىيىسى

2001 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ھەر خىل تەشۋىقات ئاساسىي تېمىسى ئارقىلىق بىر قاتار مۇھىت ئاسراش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە نەشرىدە «ماكانىمىزنى قوغدايلى» دېگەن سەھىپە ئېچىلدى، ئۇيغۇرچە نەشرىدە «مۇھىت ئاسراش لوگىكىسى» بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولغان مۇھىت تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى پروگراممىسى» يېزىپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت كىچىك قوغدىغۇچىسىدىن 100ى مەيدانغا كەلدى؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، سانجى ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، كورلا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «يېشىل مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى فېڭ گاڭ «يەر شارى مۇكاپاتى» ۋە «جۇڭخۇا مۇھىت فوندى مۇكاپاتى» بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئايگۈل

# تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى»، «ئالتايدىكى ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى»، «ئالتاي كۆكسۇ نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى»دىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 3 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى يېڭىدىن قۇرۇشنى تەستىقلىدى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق «گەنجياخۇ ئاق سۆكسۆك - سۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى»نىڭ دەرىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. «تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى» دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

تۇرغۇن

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە قۇرۇلۇش

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «‹مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش پروگراممىسى›نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك ۋە يىراق مەزگىللىك نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى. قۇتۇبى ناھىيىسى، بۆرچىن ناھىيىسىدىن ئىبارەت 2 ئېكولوگىيە ئۈلگە رايونى يېڭىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيە ئۈلگە رايونى 7گە، ئومۇمىي كۆلىمى 110 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى يەنە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

2001 - يىلى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تارىم دەرياسى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىنى قوغداش رايونى قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئورنى بەرپا قىلىشنى تەستىقلىدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارىم دەرياسى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىنى قوغداش رايونى قۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا 3 قېتىمدا ئاز كەم 1 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر سۇنى جىددىي تەڭشەپ، 3 - قېتىم تېتىما كۆلىگە ئېكولوگىيىلىك سۇ ئاققۇزدى.

شيې دۇڭيىڭ

## بايلىق ئاسراش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى سۈيى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 94 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە قىممەتتىن %18.1 كۆپ بولدى، دېمەك سۇ مول بولغان يىل بولدى. ئاپتونوم

رايون بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 164 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شورلىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1 مىليون 267 مىڭ گېكتار. ئورمانچىلىققا ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 6 مىليون 757 مىڭ گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان يېرى 1 مىليون 978 مىڭ گېكتار، چاتقاللىق 1 مىليون 97 مىڭ گېكتار، ئۆسۈۋاتقان ياغاچ مىقدارى 276 مىليون كۇب مېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىپ قېلىش مىقدارى 800 مىڭ گېكتاردىن ئاشتى. تاغلىق رايونلاردا 156 مىڭ 600 گېكتار ئورمان يېپىلاندى. 82 مىليون تۇپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.92كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 48 مىليون گېكتار ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك ئوتلاق كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، 20 مىليون 470 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، ئوتلاق كۆلىمىنىڭ %42.6نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 233 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوت - چۆپ تېرىلغان يەر 78 مىڭ گېكتار، ياخشىلانغان ئوتلاق 155 مىڭ 400 گېكتار.

شۈي يەنخۇا

شىنجاڭدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

| تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ نامى | ئورنى | كۆلىمى (گېكتار) | ئاساسلىق قوغدىلىدىغان ئوبيېكتى | قۇرۇلغان ۋاقتى | دەرىجىسى | كەسپكە مەسئۇل تارماق |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 4500000 | ئېگىزلىك چۆل ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرچىن ناھىيىسى | 220162 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 31217 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| گەنجياخۇ ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | شىخو شەھىرى جىڭ ناھىيىسى | 54667 | سۆكسۆك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | خېجىڭ ناھىيىسى | 148689 | نەم يەر ۋە ئاق قۇ | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتۇنتاغ - لوپنۇر كۆلى قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 6764000 | قوش لوكىلىق تۆگە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| ئارشاڭ ناھىيە شىنجاڭ سالاماندىراسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئارشاڭ ناھىيىسى | 694.5 | شىنجاڭ سالاماندىراسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1997 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | فۇكاڭ شەھىرى | 38069 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئونسۇ ناھىيىسى | 125637 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئىلى كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | غۇلجا ناھىيىسى | 404.67 | كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 1180 | ياۋا ياڭاق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارباغاتاي ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1500 | ياۋا بادام ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارىم توغراق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | لوپنۇر ناھىيىسى بۈگۈر ناھىيىسى | 395420 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قورغاس ناھىيىسى 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | قورغاس ناھىيىسى | 27000 | تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قارامايلى تۇياقلىقلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۆكتوقاي ناھىيىسى گۇچۇڭ ناھىيىسى | 1800000 | ياۋايى ھايۋان قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تاشقورغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | تاشقورغان ناھىيىسى | 1500000 | ياۋايى ھايۋانلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بۆلغۇن دەرياسى قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چىڭگىل ناھىيىسى | 5000 | قۇندۇز ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| كۈنەس ناھىيىسى تاغلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۈنەس ناھىيىسى | 65300 | تاغلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جىنتاس تاغلىق يەر، يايلاق تۈزلەڭلىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 56700 | تاغلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى چۆل تۈزلەڭلىكى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 38600 | چۆل تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| ئىلى قارا ھەرە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئىلى ئوبلاستى | | شىنجاڭ قارا ھەرىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | دېھقانچىلىق تارمىقى |
| ئېبنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 267085 | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 22000 | ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋان | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتاي ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 1130000 | ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە بۇغا | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي كۆكسۇ نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 30666.67 | نەم يەر | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نازارىتى |
| ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چەرچەن ناھىيىسى | 3200000 | تىبەت بۆكىنى | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نازارىتى |

تورغۇن

# مۇھىتنى نازارەت قىلىش ۋە پەن - تېخنىكا

## مۇھىتنى نازارەت قىلىش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىلىرى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتلىرىنى ئۆز ئىچىنىڭ 5 يىللىق مۇھىت سۈپىتى دوكلاتنامىسىنى يېزىشقا (1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە) ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتى دوكلاتنامىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىت سۈپىتى دوكلاتنامىسى، سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇھىت سۈپىتى دوكلاتنامىسى دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر دوكلاتنامە بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوندىكى 17 شەھەر ھاۋا سۈپىتى جەھەتتە ھەپتىلىك مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويۇپ، ھەر ھەپتىدە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى بۆلغىما قويۇپ بېرىدىغان 46 نۇقتىلىق كارخانىنى نازارەت قىلدى ۋە ئۆلچىدى؛ تارىم دەرياسىنى 2 قېتىم ئىزدىنىش خاراكتېرىدە نازارەت قىلىپ ئۆلچىدى ھەمدە تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىشقا دائىر 2 سان قىسقا خەۋەر چىقاردى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى كۈن ئاتلاپ خەۋەر قىلىش، شەھەرلەرنىڭ ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ئەھۋالىدىن 10 كۈندە مەلۇمات بېرىش، دەريا - ئېقىن سۇ سۈپىتىدىن ئايدا مەلۇمات بېرىش لايىھىسىنى تۈزدى. رادىئاكتىپلىق مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەشنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 5 يىللىق رادىئاكتىپلىق مۇھىت سۈپىتى دوكلاتنامىسىنى يېزىپ چىقىپ، 7 خىل، 24 تۈردىكى رادىئاكتىپلىق مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 3 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى، 7 ئورۇن قايتۇرغان رىئاكتىپ مەنبەسىدىن 60نى ساقلاپ قويدى.

شۈي يەنخۇا

## ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشى يەنىلا قوم، چاڭ - توزان ۋە كۆمۈر ئىس - تۈتەكلىرى تىپىدىكى بۇلغىنىش بولدى. نۇقتىلىق شەھەرلەردە كۆمۈر ئىس - تۈتەكلىرىنىڭ بۇلغىشى ئاساسلىق ئورۇندا، ئادەتتىكى شەھەرلەردە قوم، چاڭ - توزاننىڭ بۇلغىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. شەھەر ھاۋا مۇھىتىنى ئالدى بىلەن بۇلغايدىغان بۇلغىما ھاۋادا لەيلەپ يۈرىدىغان دانىچە ماددىلار بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدى، ئازوت ئوكسىدى ئېترىتلارنىڭ بۇلغىشى ئېغىرراق، باشقا شەھەرلەردە نىسپىي يېنىكرەك بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەر ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنىش پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە قىش، ئەتىياز، پەسلىدىكى بۇلغىنىش ياز، كۈز پەسلىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئېغىر بولدى. مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا بۇلغىنىش ئېغىر شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە قويۇپ بېرىلىش مىقدارى جەھەتتە ئىس - تۈتەك 192 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.06% . 6، گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدى 307 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 1.06% .1، سانائەت چاڭ - توزانلىرى 109 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 2.66% 2 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى مۇنداق بولدى: ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان 109 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 9.44% 9 ئازايدى، گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدى 127 مىڭ توننا بولۇپ، 3.42% 3 كۆپەيدى.

ھاۋا سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋاسىدا لەيلەپ يۈرگەن دانىچە ماددىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى دائىرىسى 166 مىكرو گرام/كۇب مېتىردىن 1473 مىكرو گرام/كۇب مېتىرغىچە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 469 مىكرو گرام/كۇب مېتىر بولدى؛ گۈڭگۈرت ( II ) ئوكسىدىنىڭ يىللىق قويۇقلۇق قىممىتى دائىرىسى بىر مىكرو گرام/كۇب مېتىردىن 118 مىكرو گرام/كۇب مېتىرغىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 19 مىكرو گرام/كۇب مېتىر بولدى؛ ئازوت ( I )

ئوكسىدىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى دائىرىسى 2 مىكرو گرام/كۇب مېتىردىن 59 مىكرو گرام/كۇب مېتىرغىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 26 مىكرو گرام/كۇب مېتىر بولدى. گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدىنىڭ بۇلغاش ناكروزكىسى %6.8، ئازوت ( I ) ئوكسىدىنىڭ %11.5، ئومۇمىي لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ %81.7 بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋاسىدىكى گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇق قىممىتى 118 مىكرو گرام/كۇب مېتىر، ئازوت ( I ) ئوكسىدىنىڭ 59 مىكرو گرام/كۇب مېتىر، ئومۇمىي لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ 504 مىكرو گرام/كۇب مېتىر بولدى. گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىد، ئومۇمىي لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ يىلى مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىدىن ھەپتىلىك مەلۇمات بېرىش شۇنى كۆرسەتتىكى، ھاۋا سۈپىتى I ، II دەرىجىلىك بولغان كۈن %18نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، III دەرىجىلىك بولغان كۈن %52نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشكەن. IV ، V دەرىجىلىك كۈن %30نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەردىن (مىچۈەن، فۇكاڭ، شىخو شەھەرلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) قاراماي، چۆچەك شەھەرلىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. سانجى، بورتالا، كۈيتۇڭ، غۇلجا، ئالتاي، شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. باشقا شەھەرلەرنىڭ دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئەن خەييەن

## سۇ مۇھىتى سۈپىتى

دەريا - ئېقىن سۇ سۈپىتى 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ 21 ئاساسلىق دەريا - ئېقىن سۈيىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچىشىگە دائىر ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمەن خېلى ياخشى ئىكەن، 21 دەريا - ئېقىن ئىچىدە دۆلەتنىڭ I خىل (خېلى پاكىز)، II خىل (سۈيى يېنىكرەك بۇلغانغان) ئۆلچىمىگە يەتكەن دەريا - ئېقىن 16، IV خىلغا كىرىدىغىنى (سۈيى ئوتتۇراھال بۇلغانغان) 4، V خىلغا كىرىدىغىنى (سۈيى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان) بىر ئىكەن.

نازارەت قىلىپ ئۆلچەنگەن 72 دەريا - ئېقىننىڭ كېسىك يۈزىدە، I خىلدىن II خىل ئۆلچەمگە يېتىدىغىنى 55، IV خىلغا كىرىدىغىنى 14، V خىلغا كىرىدىغىنى 3.

شىمگۇ دەرياسىنىڭ بۇلغىنىشى يەنىلا ئېغىر بولماقتا، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تۈر ئاساسلىقى پېرمانگانات كۆرسەتكۈچ سانى بولۇپ، بىئو - خىمىيىلىك ئوكسىد مىقدارى، ئاممىياكلىق ئازوت، ئازوت نىترىتلار ۋە نېفىت تۈرىدىكىلەردۇر.

ئاپتونوم رايوندىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش تۈرى ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە ئاممىياكلىق ئازوتتىن ئىبارەت.

كۆل، سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سۈپىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 8 كۆل، سۇ ئامبىرىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەشكە دائىر ستاتىستىكا ئاساسلىرى ئىچىدە فوسفور، ئومۇمىي ئازوت تۈرى كۆپەيگەن، باھا بېرىش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمەن ناچارراق بولۇپ، نازارەت قىلىپ ئۆلچەنگەن كۆل، سۇ ئامبارلىرى (بۇلغىنىش ئېغىر) سۇ سۈپىتى V خىلغا تەۋە ئىكەن.

ئاپتونوم رايوندىكى كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئاساسلىق بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى ئومۇمىي ئازوت، ئومۇمىي فوسفوردىن ئىبارەت. نازارەت قىلىپ ئۆلچەنگەن 39 تىك سىزىقتىكى ئومۇمىي ئازوت پۇتۇنلەي ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، ئومۇمىي فوسفورنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تىك سىزىقى %79.5نى ئىگىلىگەن.

شەھەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۇ سۈپىتى ئاپتونوم رايوندىكى 13 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر (مىچۈەن، فۇكاڭ، شىخو، بورتالا شەھەرلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ يەر ئاستى سۈيىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەشكە دائىر ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، سۇ سۈپىتى 1 - دەرىجىلىك بولغان (بۇلغانمىغان) شەھەر 7، سۇ سۈپىتى 2 - دەرىجىلىك بولغان (يېنىك بۇلغانغان) شەھەر 3، سۇ سۈپىتى 3 - دەرىجىلىك بولغان (ئوتتۇراھال بۇلغانغان) شەھەر 2، سۇ سۈپىتى 4 - دەرىجىلىك بولغان (ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان) شەھەر بىر ئىكەن. شەھەرلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسلىق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش تۈرى ئومۇمىي قاتتىقلىقى، سولفات كىسلاتا تۇزىدىن ئىبارەت. 13 شەھەر ئىچىدە، يەر ئاستى سۇ سۈپىتى 1 -، 2 - دەرىجىلىك بولغىنى 10 بولۇپ، %76.9نى ئىگىلىدى، بۇ، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەن خەييەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئالاھىدە تۇرالغۇ رايونلى-

رىدىكى شاۋقۇنىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 66.7%، ئاھالىلەر مەدەنىيەت - مائارىپ رايونىدىكى-نىڭ 36.7%، ئارىلاشما رايوندىكىسىنىڭ 36.7%، سانائەت مەركەزلەشكەن رايوندىكىسىنىڭ 13.7%، قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىسىنىڭ 42.9% بولدى. ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك رايونلارنىڭ كېچىدىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى كۈندۈزدىكىدىن يۇقىرى بولدى. فۇنكسىيىلىك رايوننىڭ ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆلچەم قىممىتى تۆۋەنرەك بولغان فۇنكسىيىلىك رايونلارنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى ئېغىرراق بولدى. ئۆلچەم قىممىتى يۇقىرىراق بولغان فۇنكسىيىلىك رايونلاردىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىلىرى يېنىكرەك بولدى.

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۆلچەملىك شاۋقۇن دەرىجىسى 63.2 دېسىبېلدىن (A) 70.8 دېسىبېل (A) ئارىلىقىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇننىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى 67.9 دېسىبېل (A) بولدى. شەھەرلەردىكى يوللاردىكى شاۋقۇن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتناش غول لىنىيىسى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 31.2%نى ئىگىلىدى. رايون مۇھىتىدىكى شاۋقۇننىڭ تەڭ ئۆلچەملىك ئاۋاز دەرىجىسى دائىرىسى 48.9 دېسىبېلدىن (A) 62.2 دېسىبېل (A)غىچە بولدى، ئوتتۇرىچە تەڭ ئۆلچەملىك ئاۋاز دەرىجىسى 55.4 دېسىبېل (A) بولدى. ئوتتۇراھال بولغانلىرى شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى 9.1%، يېنىك بولغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى 54.5%، مۇھىت سۈپىتى ياخشىراق شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى 36.4% بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ئاۋاز مۇھىتى سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغىنى ئاساسلىقى تۇرمۇشتىكى شاۋقۇن ۋە قاتناش شاۋقۇنى بولۇپ، تۇرمۇشتىكى شاۋقۇن 51.9%نى، قاتناش شاۋقۇنى 15.6%نى ئىگىلىدى.

ئەن خېيەن

## مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئالاقىدار ئورۇنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىغا خەلقئارا مۇھىت پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا ئاللىنىدىغان 3 تۈرنى مەلۇم قىلدى، بۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا سۈنئىي چاڭ چۈشۈرۈش تېخنىكا تەتقىقاتى،

شىنجاڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش سىستېمىسى تەتقىقاتى، باۋا قوش لوكىلىق تۈگە ئېكولوگىيىسى ۋە ئۇنى قوغداش تەتقىقاتىدىن ئىبارەت. «شەھەر ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى ئوڭشاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان تېخنىكا ۋە تەدبىر تەتقىقاتى»دىن ئىبارەت 2 پەن تەتقىقات تۈرى خىزمىتى ئورۇنلاندى. شىنجاڭ مۇھىت ئىلمى جەمئىيىتى مەلۇم قىلغان ئىلمىي ماقالە «فتور — ئارسېنىك بىرلەشمە رولىنىڭ چوڭ چاشقاننىڭ ھەزىم قىلىش ۋە ئىچكى ئاجراتما جىھەتتىكى كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى» ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك تەبىئىي پەن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دىڭ كۈي

## شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش

2001 - يىلى شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى 19 شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە نورمىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت تەكشۈرىدىغان نۇقتىلىق شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇھىت سۈپىتى، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش، مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت باشقۇرۇش جەھەتتىكى 21 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ بويىچە تەكشۈرۈلدى. 2001 - يىلى 19 شەھەرنىڭ



2001 - يىلى سانجى شەھىرى ئىلگىرىكى ئەخلەت مەيدانىنى مېۋىلىك باغقا ئۆزگەرتتى.

جاڭ جۈنلىن فوتوسى

مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 77.79، ئەڭ تۆۋەن نومۇرى 42.49، ئوتتۇرىچە نومۇرى 65.79 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇھىت سۈپىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 20.28، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 14.84، مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 14.01، مۇھىت باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 14.19، سانجى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتىكى نومۇرى 19 شەھەرنى تەكشۈرۈشتە ئالدىنقى 3 ـ قاتارغا ئۆتتى.

شۈي يەنخۇا

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى

جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە مۇھىت ئاسرايدىغان 47 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىدىن 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلىدىغان بولدى، ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى مېتېئورولوگىيە، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ئالدىن مەلۇم قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە تېخنىكا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرغانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەسىپ يولغا قويۇلدى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئىنتېرنېت تورىدا ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

لۈ جۈي

# مۇھىتنى تۈزەش

## ساناائەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش»نى يولغا قويدى، %38 ناھىيە دەرىجىلىك (50 كارىۋاتتىن يۇقىرى) دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى تىزگىنلەشنى تاماملاپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ساناائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 113نى يولغا قويدى، شۇ يىلى 106 تۈر پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تىزگىنلەش تۈرى 40، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرى 51، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرى 6، شاۋقۇننى تىزگىنلەش تۈرى 4، باشقا تۈرلەر 5. بۇ تۈرلەرگە مۇشۇ يىلى 320 مىليون 87 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 259 مىليون 173 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 48 مىليون 864 مىڭ يۈەن، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 7 مىليون 230 مىڭ يۈەن، شاۋقۇننى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 660 مىڭ يۈەن، باشقىلىرىنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن. كۈنىگە 92 مىڭ 843 توننا يۇندا، سائىتىگە 1 مىليون 531 مىڭ 600 كۇب مېتىر كېرەكسىز گاز، كۈنىگە 238 توننا قاتتىق كېرەكسىز نەرسە بىر تەرەپ قىلىندى.

جاۋ شىنجۇڭ

## مۇھىت ئاسراش كەسپى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 5 كارخانىنى مۇھىت بەلگىسى بار مەھسۇلاتنى دەلىللەشكە ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ «تيەنسەي» رەڭلىك پاختا ئىلمە توقۇلما كىيىم ـ كېچەكلىرى مۇھىت بەلگىسى بار مەھسۇلات ئىسپاتىغا ئېرىشتى، ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 كارخانىنىڭ مۇھىت بەلگىسى بار مەھسۇلاتى دەلىللەندى. تارىم قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى مۇھىت ئاسراش شىركىتى، شىنجاڭ «شۇيرى» مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسلىرىنى ئىشلىتىش سالاھىيەتنامىسىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ «شۇيرى» مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ۋاقىتلىق گۇۋاھنامىسى رەسمىي گۇۋاھنامىغا ئۆزگەرتىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى لايىھىلەش ئىشخانىسى مۇھىت قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش بويىچە ب دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى. ISO1400 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى دەلىللەش بويىچە تەشۋىقات، ئالغا سۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە گۇۋاھنامىغا ئېرىشكەن كارخانا 11گە يەتتى. ئاپتونوم رايون «2000 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە مۇھىت ئاسراشقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش» خىزمىتىنى تاماملىدى. ئۇ مەكتەپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ 5 ـ نۆۋەتلىك مۇھىت ئاسراش كەسپى ۋە 7 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھىت ئاسراش كۆرگەزمىسىگە

قاتنىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا ئۆلترا دولقۇنلۇق، «لى جەمەتى» پاتېنت مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى كەشىپ قىلغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى تازىلىغۇچ كۆرگەزمىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى يەنە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ساھەسى ئىشخانىسى، ج خ نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى بىلەن بىللە 4 كارخانىنىڭ ئاپتوموبىلنى 2 خىل يېقىلغۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش سالاھىيىتىنى تەكشۈردى ھەمدە 4 كارخانىنىڭ ئاپتوموبىلنى تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش كەسپىي سالاھىيىتىنى كۆپەيتىشنى تەستىقلىدى.

دىڭ كوي

## سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتتىن قويۇپ بېرىلگەن يۇندا 168 مىليون توننىغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 9.3%، يۇندا قويۇپ بېرىشتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 60.4%كە يېتىپ، 8.8 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. سانائەتتىن قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز گاز 235 مىليارد 283 مىليون ئۆلچەملىك كۇب مېتىرغا يېتىپ، 21.06% ئاشتى. سانائەتتىن قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 38.4% بولدى. سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى 7 مىليون 836 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.1% ئاشتى، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش نىسبىتى 70.4%كە يېتىپ، 16.9 پىرسەنت پونكىت ئاشتى.

شى شۆمېي

## سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يۇندىنى تىزگىنلەش تۈرى 45 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 259 مىليون 173 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 40 تۈر پۈتكۈزۈلدى، كۈنىگە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 92 مىڭ 843 توننا كۆپەيدى.

شى شۆمېي

## سانائەتتىن چىقىدىغان كېرەكسىز گازنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرى 53 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 48 مىليون 864 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 51 تۈر

# قىسقا ماتېريال

### ئوتلاق چۆللۈك ۋە ئورمان تىپىدىكى مۇھاپىزەت رايونلىرى

شىنجاڭدا ئوتلاق تۈرىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلىش قىممىتىگە ئىگە. 1986 ـ يىلى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغان كۈنەس ناھىيىسى تاغلىق يەر چىملىق ئوتلىقى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى جىنتاس تاغلىق يەر ئوتلىقى ۋە گۆچۈڭ ناھىيىسىدىكى چۆللۈك ئوتلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى ۋە ئوتلاق ياۋايى ھايۋانلىرىنى نۇقتىلىق قوغداشنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭدا ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىنىلىدىغان مۇھىم يەن تەتقىقات بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

گۆچۈڭدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق چۆل ئوتلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر قۇرغاق چۆل ئۆسۈملۈكىنى قوغداش ئاساس قىلىنغان ئوتلاق تۈرىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى. ئۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى چۆل رايونغا جايلاشقان. قوغدىلىدىغان تۈرلەر ئاساسلىقى چۆل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت، چۆل ياۋايى ھايۋانلىرىمۇ قوغدىلىدىغان مۇھىم ئوبيېكت قىلىنىدۇ. چۆل تۈرىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى چۆل رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم رولغا ئىگە.

شىنجاڭدا قۇرۇلغان تەبىئىي ئورمان تىپىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك قارلىق چوققىدىكى شەمشاد تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە تارىم توغراق ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار، بۇ رايوندا قارلىق چوققىدىكى تەبىئىي شەمشاد ۋە توغراق ئورمىنى ئاساسلىق قوغداش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ، شۇنداقلا مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدىكى قوش ماكانلىق ئورمان ياۋايى ھايۋانلىرىمۇ بار. ئورمان تىپىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا تەبىئىي ئورمان چىقىدىغان يەرلەر ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىللە، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىدۇ.

ماقالىنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

پۈتكۈزۈلدى، سائىتىگە كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشنىڭ لايىھەدىكى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 532 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر ئاشتى.

شى شۈمېي

## سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرى 6 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 7 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 6 تۈرنىڭ ھەممىسى پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن بىللىغا قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەشنىڭ لايىھەدىكى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 71 مىڭ 400 تونىنا كۆپەيدى.

شى شۈمېي

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانا، سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

| كەسىپ نامى | سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن تونىنا) | خىمىيىلىك ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق تەركىبىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | زەھەرلىك، زىيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | سانائەت يۇندىسىنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (تۈمەن تونىنا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 14686.23 | 81951.72 | 2153.66 | 9.29 | 10145 |
| قازمىچىلىق | 1773.59 | 7195.62 | 1961.50 | 1.19 | 569.52 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 2010.74 | 24882.44 | 0.01 | 0 | 791.82 |
| توقۇمىچىلىق | 1039.78 | 2635.31 | 1.27 | 0.1 | 918.07 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش كەسپى | 834.49 | 850.63 | 8.16 | 0.08 | 807.34 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش | 2408.67 | 1766.28 | 81.37 | 1.14 | 2372.13 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمچىلىقى | 282.12 | 85.51 | 0.29 | 0 | 239.13 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىرسلاپ سوزۇش كەسپى | 1357.88 | 1353.31 | 52.68 | 3.52 | 1226.14 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 2100.98 | 394.16 | 8.94 | 0.15 | 1926.04 |
| باشقا كەسىپلەر | 2877.98 | 42788.46 | 39.44 | 3.11 | 1294.81 |

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسىپ بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانا، سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز ۋە بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

| كەسىپ نامى | سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | چاڭ - توزاڭنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تونىنا) | سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز، بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشتىكى ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (تونىنا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 23528282 | 84911.34 | 174750.79 | 83766.44 | 137884.34 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قازمىچىلىق | 2710987 | 2172.12 | 10166.46 | 6540 | 4708.09 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 766006 | 3710.47 | 10681.24 | 254.15 | 3996.54 |
| توقۇمىچىلىق كەسپى | 273116 | 1109.94 | 4442.72 | 0 | 1142.9 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش كەسپى | 789140 | 2050.72 | 3587.21 | 386.47 | 2628.93 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش | 2035960 | 8920.23 | 19774.73 | 1007.14 | 24499.74 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 5637604 | 25362.46 | 18899.14 | 70651.5 | 44333.5 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىرىسلاپ سوزۇش كەسپى | 1545614 | 463.50 | 9889.17 | 3491.94 | 6699.11 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 7992939 | 39156.55 | 89379.92 | 0 | 43334.51 |
| باشقا كەسىپلەر | 1776916 | 1965.35 | 7930.2 | 1435.24 | 6541.02 |

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

| كەسىپ نامى | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 733.17 | 368.17 | 156.91 | 183.77 | 54.17 |
| قازمىچىلىق | 293.23 | 85.39 | 67.09 | 95.09 | 48.59 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 87.83 | 82.29 | 0.01 | 0.74 | 4.79 |
| توقۇمىچىلىق كەسپى | 4.67 | 3.05 | 0 | 1.55 | 0.07 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش كەسپى | 17.07 | 7.98 | 4.16 | 5.13 | 0.10 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش كەسپى | 39.92 | 16.29 | 0.01 | 23.62 | 0 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 32.28 | 28.32 | 0.33 | 3.19 | 0.43 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىرىسلاپ سوزۇش | 104.52 | 76 | 28.49 | 0 | 0.03 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 134.96 | 53.33 | 55.87 | 50.51 | 0 |
| باشقا كەسىپلەر | 18.69 | 15.52 | 0.95 | 3.94 | 0.16 |

شى شۇبېي

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 26 ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەيىم ياسىن 2000 - يىللىق خىزمەتتىن دوكلات بەردى، ئىدارە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چى جۇڭجىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدا دوكلات بەردى. يىغىندا ساياھەتچىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ياخشى مۇھىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم؛ تەشۋىق قىلىش، سېتىشنى تېزلىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىپ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم، دەپ تەكىتلەندى.

ما رۇي، لى فېي

### ئاپتونوم رايون «ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدا قارار»نى تارقاتتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدا قارار»نى تارقاتتى. (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دەپ ئېلىنىدى). بۇ — شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات تارىخىدىكى زور ئىش، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە تۈرتكە بولىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. «قارار» جەمئىي 8 قىسىمغا بۆلۈنگەن: 1. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى؛ 2. ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ نىشانى؛ 3. بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىش؛ 4. تەشۋىق قىلىش، سېتىشنى تېزلىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەتچىلەر مەنبەسى بازارلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش؛ 5. ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ساياھەت مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش؛ 6. ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىپ قاتناش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ساياھەتچىلىكنىڭ يۈرۈشلەشمە ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 7. سىياسەتتە مايىل بولۇپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى يۆلەش؛ 8. ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش. «قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ساياھەتچىلىكنى ئەڭ زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە ئۆزۈك كەسىپ قاتارىدا يېتىشتۈرۈپ، چوڭ ساياھەتچىلىك، چوڭ كەسىپ، چوڭ بازار تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. 2005 - يىلغىچە ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ساياھەتچىلىك كىرىمى 13 مىليارد 682 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.9% ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۈتۈۋېلىنىدىغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 386 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم)غا يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 7.9%، ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 164 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 9.5%، كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 13 مىليون 380 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 9.5%، ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 12 مىليارد 321 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 11% ئاشۇرۇلىدۇ. «قارار»دا «بەش رايون ئۈچ لىنىيە» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى، ئېسىل ساياھەت لىنىيىلىرىنى ئېچىش ۋە قۇرۇش، 2005 - يىلغىچە بۇ‍غدا

كۆلى، قاناس كۆلى، بۇيلۇق، نەنسەن، ئالتۇن ساھىل قاتارلىقلارنى پىشىپ يېتىلگەن دۇنيا دەرىجىلىك ئىسىل ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش تەكىتلەندى.

ما رۇي، لى فېي

## شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك پىلانى

2001 - يىلى شىنجاڭ «بەش رايون، ئۈچ لىنىيە» قۇرۇشنى نۇقتىلىق پىلانلىدى.

5 رايون: قاناس كۆلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونى؛ بوغدا كۆلى ۋە باغراش كۆلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان مەنزىرە ساياھەت رايونى؛ تۇرپاننى مۇھىم نۇقتا قىلغان قەدىمكى ئاسار ئەتىقە ساياھەت رايونى؛ قەشقەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغا ئۆرپ - ئادەت ساياھەت رايونى؛ ئىلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان گۈزەل ساياھەت رايونى.

3 لىنىيە دېگىنىمىز قۇمۇل — تۇرپان — كورلا — ئوتتۇرا تارىم — خوتەن — قەشقەر — ئاقسۇ — كۇچا — ئۈرۈمچى؛ ئۈرۈمچى — بوغدا كۆلى — ئۇلۇغكۆر كۆلى — قاناس كۆلى — قاراماي — شىخەنزە — ئۈرۈمچى؛ ئۈرۈمچى — كۈيتۇن — ئالاتاۋ ئېغىزى — بورتالا — ئارشاڭ — سايرام كۆلى — ئىلى — بايىنبۇلاق — ئالتۇن ساھىل — ئۈرۈمچى ساياھەت لىنىيىلىرىدۇر.

ئاپتونوم رايون ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، «يىپەك يولى» داڭلىق ساياھەت ماركىسىنى يېتىشتۈرۈشنى، تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى دۆلەتلىك مەشھۇر مەنزىرە رايونى، قاناس تەبىئىي ئېكولوگىيىسىنى قوغداش رايونى، ئۈرۈمچى نەنسەن مەنزىرە ساياھەت رايونى، نارات يايلىقى ئىستىراھەت رايونى، باغراش كۆلى يازلىق ئىستىراھەت رايونى، ئويتاغ ئورمان باغچىسى، بۇيلۇق، شەرقىي تەڭرىتاغ ئاقتاش مەنزىرە رايونى، بايىنبۇلاق ئاققۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى، ئۇلۇغكۆر كۆلى ساياھەت رايونى قاتارلىق مەنزىرە رايون (نۇقتا) لىرىنى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى قەدەممۇ قەدەم دۆلەت دەرىجىلىك ۋە دۇنيا دەرىجىلىك داڭلىق ساياھەت ماركىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدى.

ما رۇي، لى فېي

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى

بۇ پىلاننى تۈزۈشنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2001 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. دوكلاتتا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 131 سەيلىگاھ باھالاندى ۋە تەھلىل قىلىندى. دوكلاتتا يەنە ساياھەتچىلەر مەنبەسى بازىرىنى ئېچىش نىشانى ئاساسىدا ۋىلايەتنىڭ ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، نۇقتىلىق سەيلىگاھلارنى ئېچىش، ساياھەت مۇئەسسەسىلىرى، ساياھەت تاۋارلىرى، قاتناش - ئالاقە، ساياھەت مۇھىتى سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەر ھەر تەرەپلىمە پىلانلاپ چىقىلغان.

يىن جىڭيۈەن

## قاراماي شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات پىلانى

بۇ پىلاننى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە — جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2001 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. پىلان توغرىسىدىكى دوكلات 10 بابقا بۆلۈندى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى رايون ساياھەت مۇھىتى بايان قىلىندى. ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ جەريانى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ساياھەت بايلىقى ۋە ساياھەتچىلەر مەنبەسى بازىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەرھلەپ ئۆتۈلدى، ساياھەتچىلىك ئىقتىسادىنىڭ 2000 - يىلدىن 2015 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات پىلانى ۋە نۇقتىلىق سەيلىگاھلار پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ساياھەتچىلىكنى ئېچىش، بازار ماركىتىڭى، مېھمانخانا قۇرۇلۇشى، ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ساياھەت مۇھىتىنى قوغداش قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، ساياھەتچىلىككە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى ئاساس بىلەن تەمىنلەندى، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە نىشانى بېكىتىپ بېرىلدى. مۇتەخەسسىسلەر، پىلاندىكى تەھلىل ۋە دەلىل توغرا، ئىشەنچلىك، ئۇ بايلىقنى تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش، ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى پىلانلاش نەزەرىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارىدى.

يىن جىڭيۈەن

## چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چېگرىدىن كىرگەن 273 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 6.6% ئاشتى، ساياھەت تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 98 مىليون 564 مىڭ 800 دوللارغا يېتىپ 2000 - يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى. چەت ئەللەردىكى ئاساسلىق ساياھەتچى مەنبەلىرىنى كەلگەن ساياھەتچى سانى بويىچە تىزىغاندا: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن

كەلگىنى 90 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيەدىن كەلگىنى 48 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، ئامېرىكىدىن كەلگىنى 14 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم)، گېرمانىيەدىن كەلگىنى 7400 ئادەم (قېتىم)، ئەنگلىيەدىن كەلگىنى 5800 ئادەم (قېتىم)، فرانسىيەدىن كەلگىنى 5500 ئادەم (قېتىم)، سىنگاپوردىن كەلگىنى 5500 ئادەم (قېتىم)، پاكىستاندىن كەلگىنى 4500 ئادەم (قېتىم)، كورىيەدىن كەلگىنى 3900 ئادەم (قېتىم)، فىلىپپىندىن كەلگىنى 3300 ئادەم (قېتىم).

ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەتچىلىك تارماقلىرى ئومۇمىي تەشۋىقات، سىرتتىن ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ خېرىدار بولۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا ساياھەت بازىرىنى بىرلىكتە ئاچتى. مەخسۇس تور بويىچە سىرتتىن ئىلگىرى سۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، يىپەك يولىنى باش تېما قىلىپ، ياپونىيە، كورىيە، روسىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ سىرتتىن ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم ساياھەتچىلىك كارخانىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار شياڭگاڭدىكى ساياھەت - سودا يەرمەنكىسىگە، تايلاندتىكى ساياھەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچىدىن شياڭگاڭغا، ئۈرۈمچىدىن ياپونىيىگە بارىدىغان كۆتۈرە ئايروپىلان لىنىيىسى ئېچىلىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە ياپونىيىلىك ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. شياڭگاڭ، ياپونىيە تەرەپ بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىم ئىمزالاندى، كېلىشىم بويىچە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پۇقرالىرىغا قارشى تەرەپنىڭ ساياھەت نىشانلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان بولدى.

ما رۇي، لى فېي

## دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى 8 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8 .12، ساياھەت كىرىمى 7 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 .14 ئاشتى. بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانى ۋە ساياھەت كىرىمى زور دەرىجىدە ئېشىشتەك يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئالتاي ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىرىدا ئېشىش ھەجمى %40تىن يۇقىرى بولدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى» ماركىسىنى تىكلەش نىشانىغا يېتىشنى چۆرىدەپ، ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، سىرتتىن تېزلىتىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتى.

1. ئۆمەك تەشكىللەپ 2001 - يىللىق كۇنمىڭ خەلقئارا ساياھەت - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى.

شىنجاڭ ساياھەت - سودا ئۆمىكى 2001 - يىل 11 - ئايدا يۈننەن خەلقئارا ساياھەت - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 13 كارخانا يەرمەنكىگە قاتناشتى، كۆرگەزمە ئورنىدىن 16نى ئىجارىگە ئالدى، 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن خېرىدارلار ۋە مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بىلەن كېڭەشتى، 200 نەچچە مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم ئىمزالىدى، ئاز كەم 100 مىڭ خېرىدار ۋە ئاممىنى كۈتۈۋالدى ۋە زىيارەت قىلدى، تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 150 مىڭ نۇسخا تارقاتتى. شىنجاڭ سودا ئۆمىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2. شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى لايىھىلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 11 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى لايىھىلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 900 نەچچە خىل 1900 پارچە لايىھە مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، 8 ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، 12 كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى، 60 مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى ۋە 3 ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى.

3. ساياھەت مۇلازىمىتى بويىچە ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىدارىسى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «خەلق سۇغۇرتا لوڭقىسى» ساياھەت مۇلازىمىتى بويىچە ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە باش مۇلازىمەت پوكىيىنىڭ ئىش سوراش مۇلازىمىتى، ياتاقتا غەربچە ئورۇن سېلىش، غەربچە زىياپەت جوزىسى تەييارلاش، جۇڭگوچە زىياپەت جوزىسى تەييارلاش، ھاراق تەڭشەش ۋە ئېنگلىز تىلى، ياپون تىلى، خەنزۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلىدا ساياھەتكە يول باشلاش مۇلازىمىتى قاتارلىق 8 مۇسابىقە تۈرى تەسىس قىلىندى. مۇسابىقىگە 352 ئادەم قاتناشتى، 50 نەچچە ئادەم 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

4. مول مەزمۇنلۇق ساياھەت بايرىمى پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

2001 - يىلى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆزگىچە بايرام پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز جايىنىڭ داڭلىق ساياھەت ماركىسى ئۈچۈن داغدۇغا پەيدا قىلدى. قەشقەر

ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك دارۋازلىق — خەلق سەنئىتى بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈردى. بايىنغولىن ئوبلاستى تۇنجى نۆۋەتلىك ئالتۇن ساھىل ئەجدىھا قېيىق بايرىمى ۋە ئالتۇن ساھىل مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. سانجى ئوبلاستىدا «يەندى-خۋاگەدى لوڭقىسى» مەشھۇر شەخسلەر قورشاۋ شاھمات تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئالتاي ۋىلايىتى قاناس فوتو-سۈرەت، رەسىم سىزىش ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى بايرىمى ئۆتكۈزدى. تۇرپان ۋىلايىتىدە بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپەك يولى ئۈزۈم سەيلىسى، بورتالا ئوبلاستىدا نادام مەرىكىسى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلدى.

ما رۇي، لى فېي

# ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

## ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

2001-يىلى شىنجاڭ پائال تۈردە مەبلەغ توپلاپ، تۈرلەرنى پىلانلاش-لايىھەلەش ئىشىنى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىدى. دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسىغا ئىلتىماس قىلىپ دۆلەتنىڭ غەرب زايوم مەبلىغىدىن 148 مىليون يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر 666 مىليون يۈەن، كارخانىلار 1 مىليارد 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بانكىدىن 110 مىليون يۈەن قەرز ئېلىنىپ، ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

ما رۇي، لى فېي

## شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ساياھەت رايون (نۇقتىسى)لىرىنى تونۇشتۇرۇش

**تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى مەشھۇر مەنزىرە رايونى** بوغدا كۆلى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سەنگۇڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كەڭ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1910 مېتىر كېلىدۇ، كۆل جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تار ھالەتتە سوزۇلغان بولۇپ، قاپاققا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 3400 مېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 150 مېتىر، كۆلىمى 4.9 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 105 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، كۆلنىڭ سۈيى كۆكۈچ يېشىل رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ياز پەسلىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 14°C، قىش پەسلىدە مۇز تۇتقاندا مۇزنىڭ ئەڭ قېلىن يېرى 1 مېتىردىن ئاشىدۇ. مۇز قاتلىمىنىڭ ئاستىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1.8°C، بوغدا كۆلى قىش پەسلىدە ئېگىز تاغدىكى ياخشى مۇز مەيدانى ھېسابلىنىدۇ. بوغدا كۆلىنىڭ جەنۇبىدا دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز بوغدا چوققىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شىمالىدا قەدىمىي مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولۇپ، كۆل يۈزىدىن 50 نەچچە مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

بوغدا كۆلى دۆلەت دەرىجىلىك مەشھۇر مەنزىرە رايونى. كۆل سۈيى كۆكۈچ يېشىل رەڭدە بولۇپ مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدۇ، كۆل ئەتراپىنى قاتمۇقات چوققىلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئەتراپىدا يوڭ باراقسان قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يىراقتىن قارىسا ھەيۋەتلىك بوغدا چوققىسى، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارلىق تاغ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئەدىبلەر مەنزىرە رايونىدىكى خىلمۇخىل مەۋجۇداتلارنى كۆزىتىپ، بوغدا كۆلىنىڭ 8 مەنزىرىسىنى يىغىنچاقلاپ چىققان: بۇلار: تاش قوزۇق، جىلغىدىكى زۇمرەت تاي، كۆلنى توختاتقان سېھىرلىك يىڭنە، ئاسمان پەلەك قىياتاش، قار قاپلىغان جەنۇبىي تاغ، قارىغايغا تولغان غەربىي تاغ، مۇئەللەق بۇلاقتىن چۈشكەن شارقىراتما، شەپەق چوققىسى.

**تۇرپان بۈيلۈق شادلىق باغچىسى** تۇرپان بۈيلۈق شادلىق باغچىسى دۇنياغا داڭلىق مەنزىرە رايونى — تۇرپان بۈيلاقتا جايلاشقان. ئۇ 1981-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئىشچى-خىزمەتچىسى 120گە، تۇراقلىق مۈلكى 27 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7.3 گېكتارغا يەتتى. ساياھەتچىلىك، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىغا ئايلاندى. باغچىدىكى ئۈزۈم كارىدورى، ئۇيغۇر فولكلورى مۇزېيى، ئۈزۈم مۇزېيى، غەربىي قىسمىدىكى ھاراق شەھەرچىسى قاتارلىق سەيلىگاھلار ۋە ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە.

**قاناس مەشھۇر مەنزىرە رايونى** بۇ يەر بۇرچىن ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا قازاقىستان، روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقتە موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە قابا ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا بۇرچىن ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن قوشنا. ئومۇمىي كۆلىمى 220 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 66 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مەنزىرە رايونىدا يوڭ-باراقسان ئورمان، تۇتاش كەتكەن مۇزلۇقلار بار. ئىپتىدائىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى مۇكەممەل ساقلان-



كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلىك جاي — شىجۇكىشەن تېغى
خاۋ جۈنشەن فوتوسى

غان. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 798 خىل ئۆسۈملۈك، 40 خىل ياۋايى ھايۋان، 117 خىل قۇش، 99 خىل زەمبۇرۇغ بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچىسى ئەتىۋارلىق تۈرلەر. ئۇ نىسبەتەن ئىپتىدائىي خاراكتېرگە ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ غايەت زور ھەم تېپىلغۇسىز تەبىئىي گېن ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. قاناسنىڭ ساياھەت بايلىقى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە، بۇ يەردە ئۆزگىچە ئىپتىدائىي ئورمان، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئوتلاق مەنزىرىسى، غەلىتە ئېگىز تاغ ۋە كۆللەر بار، بۇلۇت ئارىسىدىن ئاجايىپ - غارايىپ نۇرلار پارلاپ تۇرىدۇ، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە باي بۇ جايدا ھەم شىمالىي جۇڭگونىڭ مەنزىرىسىنى، ھەم جەنۇبىي جۇڭگونىڭ گۈزەللىكىنى، ھەم مەدەنىي تارىخىي يادىكارلىقلارنى، ھەم مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئارامگاھى** خوشۇت ناھىيىسى ئوششاقتال يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 350 كىلومېتىر، كورلا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 160 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ ساياھەت رايونى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تۇزسىز كۆل باغراش كۆلىگە ياندىش، كۆل رايونىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، سۈيى ئۇپۇققا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدۇ، مەرۋايىتتەك سۈزۈك، بۇنىڭغا قومۇشلۇقلار ۋە ئۇچار قۇشلار جۆر بولۇپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھاۋايى دېگەن گۈزەل نامى بار. ساياھەت رايونىدا مۇكەممەل خەۋەرلىشىش، سەھىيە مۇئەسسەسەلىرى بار. كۆل ساھىلىنى ئالتۇندەك ئۇششاق قۇم قاپلاپ تۇرغاچقا ئالتۇن ساھىل دەپ ئاتالغان. ئارامگاھنىڭ سۇ ئۈستى كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بولۇپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مېھمانخانا، رېستوران، داچىلار قۇرۇلغان.

**باغراش كۆلى ئاخۇنكۆل مەنزىرە رايونى** بۇ مەنزىرە رايونى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاتلىق سۇ كۆلى باغراش كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. 1998 - يىلى قۇرۇلغان. مەنزىرە رايونىنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، كۈنىگە 2000دىن كۆپ ئادەم، يىلىغا 300 مىڭ ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ. ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ يۈرۈشلۈك مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، 38 يۈرۈش چوڭ، كىچىك ياتاق ئۆيى بولۇپ كۈنىگە 150 ئادەمنى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ؛ 1866 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، كۆلنى تاماشا قىلغىلى بولىدىغان 2 قەۋەتلىك «كۆلگە نەزەر» رېستورانى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 400 ئادەمنى كۈتۈۋالالايدۇ.

ئاخۇنكۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى ساياھەت قىلىش، سۇ ئۈستىدە كۆڭۈل ئېچىش، يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ساياھەت مەنزىرە رايونى.

**بۇرۇلتوقاي ئالتۇن قىرغاق ئارامگاھى** بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ «جۇڭغاردىكى مەرۋايىت» دېگەن نامى بار، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى 100 مىڭ گېكتار كېلىدىغان ئۇلۇڭغۇر كۆلى دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدا ئەگرى-بۈگرى سۇ يوللىرى بار، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل، مەملىكەت بويىچە 10 چوڭ ئاتلىق سۇ كۆلىنىڭ بىرى. ئۇلۇڭغۇرنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ بۇلغانمىغان، 20 نەچچە خىل ئىقتىسادىي بېلىق چىقىدۇ. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە «بۇرۇلتوقاي ياۋا بېلىق زىياپىتى»نىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار. ئۇلۇڭغۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقىدا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان كۈمۈش رەڭلىك قۇملۇق ساھىل بولۇپ، ئۆزگىچە دېڭىز ساھىلى مەنزىرىسىگە ئىگە. بۇرۇلتوقاي ئالتۇن قىرغاق ساياھەت ئارامگاھى دەل مۇشۇ جايدا. ئارامگاھنىڭ ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، سۇ ئۈزۈش، دولقۇن يېرىپ تېيىلىش، سۇ موتسىكلىتى ھەيدەش، سۇ ئۈستىدە پاراشوتتىن سەكرەش، قۇملۇق ۋالېبولى قاتارلىق

كۆپ خىل ئويۇن تۈرلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلدى.

**نارات يايلىقى ساياھەت رايونى** بۇ رايون كۈنەس ناھىيىسىدىكى نارات تېغى ۋە نارات يايلىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆلىمى 800 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسلىقى تەبىئىي مەنزىرە ۋە قازاق مىللىتىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى نامايەن قىلىنىدۇ. ساياھەت مەنزىرە رايونى ئەتراپىدىكى يايلاق، بەيگە مەيدانى، ئارامگاھ، مەنزىرە تاماشا قىلىش پەشتىقى، پەلەكنى كۆرۈش غارى، قىزىلشاھ شارقىراتمىسى، رەڭدار تام، ئەر - خوتۇن دەرىخى قاتارلىق بىر مۇنچە مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شەرقىي تەرىپىدىكى چۆلۈتتىكى تاغ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4275 مېتىر بولۇپ، نارات تېغىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. چوققىنى ئاپئاق قار قاپلىغان، تاغ باغرى ئورمانلىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ خىلمۇ خىللىقىدىن روشەن رەڭ ئۆزگىرىشى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، قويۇق ئىپتىدائىي ئورمانلىق بار، تاغ ئېتىكىدىكى ياپيېشىل ئوت چۆپلەر يىكەندازغا ئوخشايدۇ، يەرنى خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈك قاپلىغان، بىپايان يايلاق ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە سۈپسۈزۈك سۇلىرى شوقشۇق ئېقىپ تۇرغان كۈنەس دەرياسى بولۇپ، مەنزىرىسىنىڭ قاتلىمى روشەن.

گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىدىن سىرت يەنە قازاق چارۋىچىلىرى ساياھەتچىلەرگە قويۇق مىللىي تۈسكە ۋە ئوتلاق مەدەنىيىتىگە ئائىت قىز قوۋار، ئاقىنلار ئېيتىشىشى، ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش ۋە گۈلخان كېچىلىكى قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنداپ بېرىدۇ، ساياھەتچىلەر قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ يايلاق تۇرمۇشىنى ھېس قىلالايدۇ، قازاق مىللىتىنىڭ قىزغىن، مېھماندوست خاراكتېرىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئەتكەن چاي، نارىن، ئېرىمچىك، قىمىز، گۆش قاتارلىق مول ۋە مېزىلىك يايلاق يېمەك - ئىچمەكلىرىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ.

**قومۇل تەڭرىتاغ مەشھۇر مەنزىرە رايونى** قومۇل تەڭرىتاغ مەشھۇر مەنزىرە رايونى 1997 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەشھۇر مەنزىرە رايونى قىلىپ تەستىقلاندى، كۆلىمى 120 كۋادرات كىلومېتىر، 5 ساياھەت مەنزىرە رايونى (نۇقتىسى) بار. ئۇلار تەڭرىتاغ بۇتخانىسى، سوغۇق جىلغا، ئاۋازلىق قۇمتاغ، قارىغايلىق، ئاقتاش قاتارلىقلار. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىك ساياھەت بايلىقى ناھايىتى مول، ئاق تاش مەنزىرە ساياھەت رايونىدىكى ساياھەت بايلىقى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تەڭرىتاغ تەبىئىي مەنزىرىسى داۋالىنىش ۋە ئارام ئېلىش ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن باب كېلىدۇ.

ساياھەتچىلىك ئىدارىسى

# كەسپىي باشقۇرۇش

## ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى تۈزەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 5 - ئايدىن باشلاپ 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى تەكشۈردى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى تارقاق ساياھەتچىلەر مال سېتىۋالىدىغان ماگىزىن، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى بازىرى، كەسپكارلارنىڭ كىنىشكا تاقاپ ئىش ئورنىغا چىقىش ئەھۋالى، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى، چەت ئەلگە چىقىشلىق مېھمانخانىلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان 3 ساياھەت كوپىراتىپى، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان بىر ساياھەت ئاپتوموبىل شىركىتى ۋە تارقاق ساياھەتچىلەر مال سېتىۋالىدىغان كىنىشكىسىز 14 ماگىزىن ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بىر يىلدا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 77سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 100گە يېقىن ساياھەت يېتەكچىسى ئاگاھلاندۇرۇش، نومۇر تارتىش، مەمۇرىي جازا بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. بىر يىلدا ساياھەتچىلىككە ئائىت 64 ئەرز قوبۇل قىلىنىپ، 56سى دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، 52 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 202 مىڭ 847 يۈەنلىك تۆلەم تۆلەش بۇيرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەنگەن كاپالەت سوممىسى 184 مىڭ يۈەن. «جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا ساياھىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈلۈپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ۋە چېگرا ساياھىتى كەسپىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەت كوپىراتىپى كەسپى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ كەسپىي تىجارەت ئومۇمىي كىرىمى 536 مىليون 324 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 22.65% يۇقىرىغا ئاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 8 مىليون 436 مىڭ 100

يۈزىگە يېتىپ 33%.31 ئاشتى. ساياھەت كوپىراتىپلىرى چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 187 مىڭ 426 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللىدى ۋە كۈتۈۋالدى، 2000 - يىلدىكىدىن 54%.4 كېمىيىپ كەتتى؛ ئىچكى ساياھەتچىدىن 373 مىڭ 729 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللىدى ۋە كۈتۈۋالدى، 2000 - يىلدىكىدىن 88%.43 ئاشتى؛ 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 38 خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى ئىچىدە تىجارەت نەتىجىسى ئۆرلىگەن كوپىراتىپ 14، تۆۋەنلىگەن كوپىراتىپ 19، ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشقىنى 5؛ 163 ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى ئىچىدە تىجارەت نەتىجىسى ئۆرلىگىنى 36، تۆۋەنلىگىنى 23، ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشقىنى 104.

ما رۈي، لى فېي

## ساياھەت يېتەكچىلىرىنى باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىدارىسى ساياھەت يېتەكچىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەڭشىدى، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇقنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ساياھەت يېتەكچىلىرى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىلەن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىكنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاساسلىقى ساياھەت يېتەكچىلىرىدىن سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىشقا مەسئۇل بولدى، ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش گۇۋاھنامىسىنى شارائىتى بار ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ساياھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قەدەممۇ قەدەم چۈشۈرۈپ بەردى. ساياھەت يېتەكچىلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشتا نومۇر خاتىرىلەش كارتوچكىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ساياھەت يېتەكچىلىكى بويىچە مەخسۇس مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، ساياھەت يېتەكچىلىرى ھەر جەھەتتىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلدى، ھەممە كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەندى. ساياھەت يېتەكچىلىكى جەھەتتىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، مال سېتىۋېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئاشۇرۇۋېتىش، خۇپىيانە شېرىنكانە ئېلىش، ساياھەت لىنىيىسىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىش، مۇلازىمەت ئۆلچىمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش، چۈشەندۈرۈش داۋامىدا چاكىنا، خۇراپىي مەزمۇنلارنى قوشۇۋېلىش قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلار قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

ما رۈي، لى فېي

## ساياھەتچىلىك بويىچە تەربىيىلەش

2001 - يىلى شىنجاڭدا ساياھەتچىلىك ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ساياھەت باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ساياھەت كەسىپكارلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرىنى سالاھىيەت بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، ساياھەت يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق كۇرسلاردىن 13 قارار ئېچىلدى، 4226 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەت مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش خادىمى 322، ساياھەت مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش كۇرسىدا 270دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى. 250تىن ئارتۇق ئادەم ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى تارقاتقان قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالدى. ساياھەت كارخانىلىرى دىرېكتورلىرى ۋە ساياھەت يېتەكچىسىدىن 687 ئادەم تەربىيىلەندى.

ما رۈي، لى فېي

قىسقا ماتېرىيال

### ساياھەت رايونلىرى (نۇقتىلىرى) نىڭ A دەرىجىسى

A دەرىجە مەملىكىتىمىزنىڭ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى باھالاشتىكى نوپۇزلۇق ئۆلچىمى. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «ساياھەت رايون (نۇقتا) لىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى ئايرىش ۋە باھالاش» ئۆلچىمىنى رەسمىي ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. بۇ «ئۆلچەم»دە 4 دەرىجە ۋە ئالاقىدار شەرتلەر بېكىتىلدى، AAAA دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولۇپ، مېھمانخانىلارغا بېكىتىلگەن ☆☆☆☆ دەرىجىسى بىلەن تەڭ.

«ئۆلچەم»دە بېكىتىلگەن ئوبيېكتلار تۆۋەندىكىچە:

1. ساياھەت رايون (نۇقتا) لىرى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان، بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئاپپاراتى بار، دائىرىسى ئېنىق، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ساياھەت قىلىش، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، بىلىم ئېلىش قاتارلىق فۇنكسىيىلەرگە ئىگە بولغان ھەمدە مۇناسىپ ساياھەت مۇلازىمىتى مۇئەسسەسىلىرى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغان مۇستەقىل ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ساياھەت مەنزىرە رايونى (نۇقتىسى)، ئاساسىي باغچا، ئارامگاھ، مۇھاپىزەت رايونى، مۇزېيى قاتارلىقلار. 2. ساياھەت بايلىقى. 3. ساياھەتچىلەر مەركىزى يەنى ساياھەت

رايون (نۇقتىسى) لىرى ئۆز جايىدا تەسىس قىلغان ساياھەتچىلەرنى ئۈچۈر، مەسلىھەت بېرىش، ساياھەت تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش، تەربىيە بېرىش، ئارام ئېلىش قاتارلىق ساياھەت مۇئەسسەسلىرى ۋە مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان فۇنكسىيىگە ئىگە مەخسۇس سورۇنلار.

ساياھەت رايون (نۇقتا) لىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى باھالاش شەرتلىرى 4 دەرىجىگە يەنى 4 A دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. ھەربىر A دەرىجە 10 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باھالىنىدىغان مەزمۇنلار: ساياھەت قاتنىشى، ساياھەت مۇلازىمىتى، بىخەتەرلىك، تازىلىق، خەۋەر - ئالاقە، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش، ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش، يىلىغا كۆرۈنگە كۈتۈۋالىدىغان ئىچكى، تاشقى ساياھەتچى سانى، ساياھەت بايلىقى ۋە مۇھىت ئاسراش، ساياھەت بايلىقىنىڭ دەرىجىسى، تارىخىي قىممىتى، ئىلمىي قىممىتى ياكى سەنئەت قىممىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باھالىنىدىغان ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) قاتارلىقلارنىڭ 10 باھالاش مەزمۇنى قايسى دەرىجىگە توغرا كەلسە، شۇ دەرىجە بويىچە بېكىتىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى A دەرىجىلىك ساياھەت رايون (نۇقتا) لىرى

| دەرىجىسى | نامى | ئادرېسى | پوچتا نومۇرى | ئالاقىلىشىش تېلېفونى | ئىشىكتىن كىرىش بېلەت باھاسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| AAAA | تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى مەشھۇر مەنزىرە رايونى | فۇكاڭ شەھىرى سەنگوڭ يېزىسى | 831500 | 0994 — 3226303 3222532 | 60 |
| AAAA | تۇرپان بۈيلۈق شادلىق باغچىسى | تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى | 838000 | 0995 — 8559068 | 50 |
| AAAA | قاناس مەشھۇر مەنزىرە رايونى | بۇرچىن ناھىيىسى | 836600 | 0906 -- 6525586 6523947 | 100 |
| AAA | ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئارامگاھى | خوشۇت ناھىيىسى ئۇششاقتال يېزىسى | 841200 | 0996 — 5984118 | 20 |
| AAA | باغراش كۆلى ئاخۇنكۆل مەنزىرە رايونى | باغراش ناھىيىسى | 841400 | 0996 — 2181009 | 10 |
| AAA | بۇرۇلتوقاي ئالتۇن قىرغاق ئارامگاھى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 836400 | 0906 — 3472163 3473065 | 15 |
| AAA | نارات يايلىقى ساياھەت رايونى | كۈنەس ناھىيىسى | 835800 | 0999 — 5024668 5028808 | 20 |
| AAA | قۇمۇل تەڭرىتاغ مەشھۇر مەنزىرە رايونى | قۇمۇل شەھىرى | 839000 | 0902 — 2361427 2360413 | 10 |
| AA | ساۋەن ناھىيىسى ئارشاڭ ساياھەت رايونى | ساۋەن ناھىيىسى شىگوبى يېزىسى | 832100 | 0993 — 6964006 6020529 | 10 |
| AA | قۇمۇل «تيەنباۋ» سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 8 - نومۇر | 839000 | 0902 — 2261168 2261290 | 10 |
| AA | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ باغچىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 2 - نومۇر | 830002 | 0991 — 2816940 | 10 |
| AA | تاڭبۇرا ئاقتاش ئارامگاھى | نىلقا ناھىيىسى | 835000 | 0999 — 8020055 8023143 | 15 |
| AA | نىلقا ئىككىلەمچى ئورمان ئارامگاھى | نىلقا ناھىيىسى | 835700 | 0999 -- 4624898 4628125 | 15 |
| AA | نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى | كۈنەس ناھىيىسى نارات بازىرى | 835800 | 0999 — 5022630 | 15 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| AA | بوگدۆر ئارشالڭ ئارامگاھى | ئارشالڭ ناھىيىسى | 833500 | 0909 — 8222715 | 2 |
| AA | قەشقەر ئىپارخان مەقبەرىسى | قەشقەر شەھىرى | 844000 | 0998 — 2822638 | 15 |
| AA | ئالتاي قىيىن ئورمىنى باغچىسى | ئالتاي شەھىرى | 836500 | 0906 — 2120093<br>2134117 | 5 |
| AA | قاراكۆل مەنزىرە رايونى | ئاقتۇ ناھىيىسى بۇلۇڭكۆل يېزىسى | 845550 | 0908 — 4998074<br>4223220 | 20 |
| AA | تەڭرىتاغ سىرلىق جىلغىسى | كۇچا ناھىيىسى | 842000 | 0997 — 2140133<br>2140132 | 30 |
| AA | ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغ قىرمىش ئاتام باغچىسى | ئونسۇ ناھىيىسى | 843100 | 0997 — 4532169<br>4534568 | 16 |
| AA | شىخەنزە شەھىرى شىمالىي كۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى | شىخەنزە شەھىرى | 832042 | 0993 — 5671206 | 6 |
| AA | شىخەنزە يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باغچا رايونى | شىخەنزە شەھىرى | 832011 | 0993 — 2254187<br>2255888 | 10 |
| AA | شىخەنزە شەھىرى جۇنپىن لەي خاتىرە سارىيى | شىخەنزە شەھىرى | 832011 | 0993 — 2250530 | 10 |
| A | چۆچەك شەھىرى بېلىق تۇتۇش باغچىسى | چۆچەك شەھىرى | 834700 | 0901 — 6221419 | 2 |
| A | سانجى دۇ جەمەتى ئارامگاھى | سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازىرى | 831100 | 0994 — 2201858<br>2359598 | 20 |
| A | بورتالا ئوبلاستلىق غاراپىپ تاش جىلغىسى داغلىق مەنزىرە رايونى | بورتالا شەھىرى | 833400 | 0909 — 2223292<br>2223332 | 10 |
| | بورتالا ئوبلاستلىق چىڭگىل ئارامگاھى | بورتالا شەھىرى | 833400 | 0909 — 2228756 | 5 |

## شىنجاڭدىكى يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلار

| مېھمانخانا نامى | يۇلتۇز دەرىجىسى | ئادرېسى | فاكس نومۇرى | تېلېفون نومۇرى | پوچتا نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى كۈمۈش ئاستانە مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 39 - نومۇر | 0991 — 4517166 | 0991 — 4536688 | 830000 |
| شىنجاڭ «خەيدې» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شىمالى يولى 1 - نومۇر | 0991 — 2321818 | 0991 — 2322828 | 830002 |
| شىنجاڭ «خۇڭفۇ» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5823188 | 0991 — 5881588 | 830000 |
| شىنجاڭ يەر شارى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 3836399 | 0991 — 3836400 | 830011 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستىراھەت مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 - نومۇر | 0991 — 2817422 | 0991 — 2818788 | 830002 |
| شىنجاڭ «گۈزەل جۇڭخۇا» مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2846666 | 0991 — 2825888 | 830002 |
| شىنجاڭ مەشئەل مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى ئالماس شەھەرچىسى 18 - نومۇر | 0991 — 3835999 | 0991 — 3836699 | 830011 |
| ئورباغ يېڭى دەۋر مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 7 - نومۇر | 0991 — 4818088 | 0991 — 4818688 | 830000 |
| تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي جياڭسۇ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 6639519 | 0991 — 6610066 | 830011 |
| تۇنخې خۇامېيدا مېھمانسارىيى | مۆلچەرى 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 52 - نومۇر | 0991 — 5876685 | 0991 — 5876688 | 830000 |
| تارىم مېھمان سارىيى | مۆلچەرى 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 24 - نومۇر | 0991 — 6621684 | 0991 — 6630101 | 830011 |
| تارىم نېفىت مېھمانسارىيى | 4 | كورلا شەھىرى نېفىت - خىمىيە يولى | 0996 — 2173167 | 0996 — 2170888 | 841000 |
| ئىسلام مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2811513 | 0991 — 2811017 | 830002 |
| لەييۈەن مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 3 - نومۇر | 0991 — 2825109 | 0991 — 2828368 | 830002 |
| شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 57 - نومۇر | 0991 — 2826031 | 0991 — 2822911 | 830002 |
| شەھەر مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى 119 - نومۇر | 0991 — 2301818 | 0991 — 2309911 | 830002 |
| شىنجاڭ يىپەك يولى مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 52 - نومۇر | 0991 — 2557788 | 0991 — 2558899 | 830001 |
| «لىنخۇا» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 65 - نومۇر | 0991 — 4536222 | 0991 — 4539999 | 830091 |
| بەشيۈلتۈز مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز يولى 17 - نومۇر | 0991 — 2618390 | 0991 — 2635555 | 830002 |
| دوستلۇق مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شىمالىي دوستلۇق يولى 14 - نومۇر | 0991 — 4826519 | 0991 — 4836888 | 830000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| «يىلتۇلۇك» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 1 - نومۇر | 0991 — 4547780 | 0991 — 4547788 | 830091 |
| «شىنرۇلك» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 20 - نومۇر | 0991 — 2840902 | 0991 — 2841166 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «ئالتۇن دان» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2833613 | 0991 — 2826788 | 830002 |
| شىنجاڭ «گوتەي» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 15 - نومۇر | 0991 — 3821998 | 0991 — 3831188 | 830054 |
| مايتاغ مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 4 - نومۇر | 0991 — 4530480 | 0991 — 4533116 | 830091 |
| شىخەنزە مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 10 - نومۇر | 0991 — 4520742 | 0991 — 4524123 | 830000 |
| «خۇادۇ» مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 23 - نومۇر | 0991 — 4522708 | 0991 — 4529922 | 830000 |
| شىنجاڭ «خۇيىيۈەن» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2814465 | 0991 — 2305678 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «ۋېنجۇ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 23 - نومۇر | 0991 — 5851999 | 0991 — 5836666 | 830011 |
| شىنجاڭ «خۇەنتۇڭ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى لۇيۈەن كوچىسى 100 - نومۇر | 0991 — 5815815 | 0991 — 5850666 | 830006 |
| ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3815545 | 0991 — 3422856 | 830011 |
| بوغدا مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 10 - نومۇر | 0991 — 2815769 | 0991 — 2823910 | 830002 |
| ئىلى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى چاڭجياڭ يولى 80 - نومۇر | 0991 — 5852668 | 0991 — 5856888 | 830000 |
| خۇارۇي مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز يولى 21 - نومۇر | 2659999 — 62012 | 0991 — 2659999 | 830002 |
| يىپەك يولى بوستان مېھمانخانىسى | 3 | تۇرپان شەھىرى ياشلار يولى 41 - نومۇر | 0995 — 8523348 | 0995 — 8522491 | 838000 |
| تۇرپان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى ئىبدەقۇت يولى 20 - نومۇر | 0995 — 8553908 | 0995 — 8553888 | 838000 |
| تۇرپان مېھمانخانىسى | 3 | تۇرپان شەھىرى جەنۇبىي ياشلار يولى 2 - نومۇر | 0995 — 8523262 | 0995 — 8522562 | 838000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى مەرھابا يولى 4 - نومۇر | 0995 8523262 | 1995 8522562 | 838000 |
| قۇمۇل ئېلېكتر مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 18 - نومۇر | 0902 — 2234345 | 0902 — 2233140 | 839000 |
| قۇمۇل شەھەرلىك «جاغدا» مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 8 - نومۇر | 0902 — 2259573 | 0902 — 2259581 | 839000 |
| بايىنغولىن مېھمانخانىسى | 3 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى | 0902 2235070 | 0902 — 2233346 | 839000 |
| ئاقسۇ مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0996 — 2024007 | 0997 — 2022248 | 841000 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «دوستلۇق» مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى مەرھابا يولى 65 - نومۇر | 0997 — 2141418 | 0997 — 2123366 | 843000 |
| «باغ» مېھمانخانىسى | 3 | سانجى شەھىرى شەرقىي نىڭيەن يولى 28 - نومۇر | 0994 — 2330666 | 0994 — 2339110 | 831100 |
| شىخەنزە مېھمانخانىسى | 3 | شىخەنزە شەھىرى شەرقىي ئايلانما يولى 4 - نومۇر | 0993 — 2017177 | 0993 — 2012587 | 832001 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارۋىقى مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى غالىبىيەت كوچىسى 98 - نومۇر | 0999 — 8021819 | 0999 — 8035600 | 835000 |
| كۇيتۇڭ «شەرق» خەلقئارا مېھمانسارىيى | 3 | كۇيتۇن شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق كوچىسى 46 — 1 - نومۇر | 0992 — 3222121 | 0992 — 3226368 | 833200 |
| كۇيتۇڭ ھەربىيلەر بوزيەر ئېچىش مېھمانخانىسى «مەرۋايىت» بىناسى | 3 | كۇيتۇن شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق يولى 12 - نومۇر | 0992 — 3222886 | 0992 — 3222886 | 833200 |
| كۇيتۇڭ تۆمۈريول مېھمانسارىيى | 3 | كۇيتۇن شەھىرى ۋوگزال مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە | 0992 — 3423796 | 0992 — 3422311 | 833214 |
| ئىلى «شاپتۇللۇق» مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى يولى 100 - نومۇر | 0999 — 8328317 | 0999 — 8325300 | 835000 |
| «ئالتۇن كۆۋرۈك» مېھمانسارىيى | 3 | ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | 0906 — 2127519 | 0906 — 2127588 | 836500 |
| «خەيتالڭ» مېھمانسارىيى | 3 | قاراماي شەھىرى تارىم دەرياسى يولى 58 - نومۇر | 0990 — 6222798 | 0990 — 6221919 | 834000 |
| قاراماي مېھمانخانىسى | 3 | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 96 - نومۇر | 0990 — 6223587 | 0990 — 6883597 | 834000 |
| مايتاغ مېھمانخانىسى | 3 | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى داچىڭ يولى 15 - نومۇر | 0992 — 3872458 | 0992 — 3866571 | 833600 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىلى «گۈل شەھىرى» مېھمانخانىسى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسى 7 - كوچا 5 - نومۇر | 0999 — 8036077 | 0999 — 8031800 | 835000 |
| مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 51 - نومۇر | 0991 — 2862279 | 0991 — 2860798 | 830001 |
| شىنجاڭ كۇنلۇن مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 38 - نومۇر | 0991 — 4840213 | 0991 — 4840411 | 830000 |
| ئايرودروم مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى مەرھابا يولى 46 - نومۇر | 0991 — 3715615 | 0991 — 3719511 | 830006 |
| ئۈرۈمچى توز مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 71 - نومۇر | 0991 — 4522943 | 0991— 4522988 | 830011 |
| خۇاچياۋ مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 98 - نومۇر | 0991 — 5855555 | 0991 — 5855009 | 830006 |
| شەرق شامىلى مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 36 - نومۇر | 0991 — 6630300 | 0991 — 6638702 | 830011 |
| شىنجاڭ ۋاڭدېڭ مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - 1 - نومۇر | 0991 — 2301002 | 0991 — 2301001 | 830002 |
| ئۈرۈمچى مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 46 - نومۇر | 0991 — 5823893 | 0991 — 5822888 | 830006 |
| شىنجاڭ يېمەك - ئىچمەك مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 83 - نومۇر | 0991 — 5857788 | 0991 — 5836888 | 83000 |
| خوڭچۇنيۈەن مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 12 - نومۇر | 0991 — 2824421 —2109 | 0991 — 2824421 | 830002 |
| دولان مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 422 - نومۇر | 0991 — 4646612 | 0991 — 4617712 | 830017 |
| «جىنيىنچۈەن» مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ۋوگزالى تيېدۇڭ كەنتى 2 - رايون 28 - نومۇر | 0991 — 5838668 | 0991 — 5838888 | 830006 |
| شىنجاڭ مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 107 - نومۇر | 0991 — 5811354 | 0991 — 5852511 | 830006 |
| ئاسىيا - ياۋروپا مېھمانخانىسى | 2 | ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالى غەربىي تەرىپى 4 - نومۇر | 0991 — 5857619 | 0991 — 5856699 | 830006 |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مېھمانسارىيى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 175 - نومۇر | 0991 — 2850033 — 8966 | 0991 — 2850033 | 830001 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 830092 | 0991 — 2324270 | 0991 — 2324231 | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 38 - نومۇر | 2 | شىنجاڭ قۇرۇلۇش مېھمانسارىيى |
| 830019 | 0991 — 6891130 | 0991 — 6891230 | ئۈرۈمچى دۆڭخەن رايونى | 2 | نېفىت - خىمىيە مېھمانخانىسى |
| | | | ئۈرۈمچى شەھىرى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايرودرومى | 2 | ئاۋىئاتسىيە مېھمانسارىيى |
| 830001 | 0991 — 2889527 | 0991 — 2855891 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 45 - نومۇر | 2 | تاشقى سودا مېھمانسارىيى |
| 830026 | 0991 — 3713322 | 0991 — 3715074 | ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا كوچىسى 70 - نومۇر | 2 | «ياشىن» مېھمانسارىيى |
| 830002 | 0991 — 4642999 | 0991 — 4644811 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ساي يولى 66 - نومۇر | 2 | «خۇاتىيەن» مېھمانسارىيى |
| 830014 | 0991 — 3711770 | 0991 — 3756772 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 374 - نومۇر | 2 | نېفىت ترانسپورت مېھمانخانىسى |
| 830019 | 0991 — 4510277 | 0991 — 4510500 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 63 - نومۇر | 2 | «شىلېيشۈن» مېھمانخانىسى |
| 830002 | 0991 — 2812010 | 0991 — 2811849 | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 4 - نومۇر | 2 | «لۈشيۈەن» مېھمانخانىسى |
| 838000 | 0995 — 8559189 | 0995 — 8559189 | تۇرپان شەھىرى بۈيلۇق | 2 | «بۈيلۇق» مېھمانخانىسى |
| 838202 | 0995 — 8312998 | 0995 — 8312901 | پىچان ۋوگزالى جەنۇبىي ئازادلىق يولى | 2 | «جىنتيەن» مېھمانسارىيى |
| 838000 | 0995 — 8561168 | 0995 — 8561680 | تۇرپان شەھىرى ئېدىقۇت يولى 32 - نومۇر | 2 | «168» مېھمانسارىيى |
| 838000 | 0995 — 8531320 | 0995 — 8531320 | تۇرپان شەھىرى كوناشەھەر يولى 25 - نومۇر | 2 | قاتناش مېھمانخانىسى |
| 839000 | 0902 — 2360416 | 090. — 2360460 | قۇمۇل شەھىرى غەربىي تەڭرىتاغ يولى 2 - نومۇر | 2 | قۇمۇل مەرھابا مېھمانخانىسى |
| 839000 | 0902 — 2231768 | 0902 — 2231767 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي جۇڭخەن يولى 95 - نومۇر | 2 | قۇمۇل سودا مېھمانخانىسى |
| 841000 | 0996 — 3924588 | 0996 — 2024788 | كورلا شەھىرى شەرقىي مەيدان يولى | 2 | كىرورەن مېھمانخانىسى |
| 841000 | 0996 — 2022118 | 0996 — 2024103 | كورلا شەھىرى غەربىي خەلق يولى | 2 | باغراش مېھمانخانىسى |
| 841000 | 0996 — 2019008 | 0996 — 2019008 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 41 - نومۇر | 2 | «يىجۇ» مېھمانسارىيى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بايىنغولىن «گۇاڭتۇڭ» مېھمانسارىيى | 2 | كورلا شەھىرى سايباغ يولى 24 - نومۇر | 0996 — 2034009 | 0996 — 2039168 | 841000 |
| بۇگۇر ناھىيىلىك «قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى» مېھمانخانىسى | 2 | بۇگۇر ناھىيىسى ئىتتىپاق يولى | | 0996 — 4699812 | 841600 |
| مۇزتاغ مېھمانخانىسى | 2 | چەرچەن ناھىيىسى مەرھابا يولى | 0996 — 7621499 | 0996 — 7622687 | 841900 |
| ئاقسۇ مېھمانخانىسى | 2 | ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي كىچىك كوچا 1 - نومۇر | 0997 — 2123147 | 0997 — 2124148 | 843000 |
| «يىنخۇا» مېھمانخانىسى | 2 | ئاقسۇ شەھىرى شەرقىي چوڭ كوچا 32 - نومۇر | | 0997 — 2136931 | 843000 |
| ئاقسۇ «لياڭيۇ» مېھمانسارىيى | 2 | ئاقسۇ شەھىرى شەرقىي شىنخۇا يولى 17 - نومۇر | 0997 — 2142214 | 0997 — 2126808 | 843000 |
| «يىنخەي» مېھمانسارىيى | 2 | ئاقسۇ شەھىرى شەرقىي چوڭ كوچا 1 — 8 - نومۇر | 0997 — 2131811 | 0997 — 2131822 | 843000 |
| «كۇسەن» مېھمانخانىسى | 2 | كۇچا ناھىيىسى غەربىي تەڭرىتاغ يولى 93 - نومۇر | 0997 — 7122524 | 0997 — 7124397 | 842000 |
| كۇچا مېھمانسارىيى | 2 | كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغ يولى | 0997 — 7131160 | 0997 — 7120285 | 842000 |
| كۇچا مېھمانخانىسى | 2 | كۇچا ناھىيىسى ئازادلىق يولى 76 - نومۇر | 0997 — 7129490 | 0997 — 7122901 | 842000 |
| باي مېھمانخانىسى | 2 | باي ناھىيىسى شەرقىي يۈنتۈك يولى 3 - نومۇر | 0997 — 8622553 | 0997 — 8623101 | 842300 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مېھمانخانا | 2 | ئاتۇش شەھىرى شەرقىي پامىر يولى 1 - قورۇ | 0908 — 4221000 | 0908 — 4221008 | 845350 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پوچتا مېھمانخانىسى | 2 | ئاتۇش شەھىرى شەرقىي پامىر يولى 9 - قورۇ | 0908 — 4228385 | 0908 — 4228336 | 845350 |
| سەمەن مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 377 - نومۇر | 0998 — 2552861 | 0998 — 2551129 | 844000 |
| قەشقەر مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 57 - نومۇر | 0998 — 2614679 | 0998 — 2612367 | 844000 |
| چىنباغ مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 144 - نومۇر | 0998 — 2823842 | 0998 — 2842299 | 844000 |
| دوستلۇق مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 144 - نومۇر | 0998 — 2833234 | 0998 — 2833235 | 844000 |
| جەنۇبىي تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 272 - نومۇر | 0998 — 2824453 | 0998 — 2825692 | 844000 |
| خەلق مېھمانخانىسى | 2 | قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | 0998 — 2822567 | 0998 — 2824681 | 844000 |
| تۇمەن دەريا مېھمانسارىيى | 2 | قەشقەر شەھىرى ئايرودروم يولى 5 - نومۇر | 0998 — 2822952 | 0998 — 2822912 | 844000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي ـ جەنۇبىي تارىم مېھمانخانىسى | 2 | پوسكام ناھىيىسى كۆيباغ بازىرى | 0998 7522546 | 0998 7522014 | 844804 |
| يەكەن مېھمانخانىسى | 2 | يەكەن ناھىيىسى يېڭىشەھەر يولى 4 ـ نومۇر | 0998 8512365 | 0998 — 8512365 | 844700 |
| خوتەن مېھمانخانىسى | 2 | خوتەن شەھىرى جەنۇبىي ئۈرۈمچى يولى | 2513566 — 8000 | 0903 — 2513564 | 848000 |
| «يۈرۈلۈك» مېھمانخانىسى | 2 | خوتەن شەھىرى غەربىي بېيجىڭ يولى 28 ـ نومۇر | 0903 2028796 | 0903 — 2025242 | 848000 |
| سانجى مېھمانخانىسى | 2 | سانجى شەھىرى شىمالىي يەنئەن يولى 44 ـ نومۇر | | 0994 — 2342678 | 831100 |
| سانجى پوچتا ـ تېلېگراف مېھمانخانىسى | 2 | سانجى شەھىرى شەرقىي ئۈرۈمچى ـ غۇلجا يولى 3 ـ نومۇر | 0994 — 2345068 | 0994 — 2338135 | 831100 |
| سانجى نېفىت مېھمانسارىيى | 2 | سانجى شەھىرى شەرقىي ئۈرۈمچى ـ غۇلجا يولى 17 ـ نومۇر | 0994 — 2334759 | 0994 — 2347549 | 831100 |
| «يىنيۈەن» مېھمانخانىسى | 2 | فۇكاڭ شەھىرى شەرقىي ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ يولى 1 ـ نومۇر | | 0994 — 3223382 | 831500 |
| شەرقىي جۇڭغار نېفىت مېھمانخانىسى | 2 | فۇكاڭ شەھىرى شەرقىي جۇڭغار نېفىت بازىسى | | 0994 — 3831813 | 831511 |
| «يەنيۈلۇ» ئارامگاھى | 2 | مىچۈەن شەھىرى غەربىي گۇمۇدى يولى | 0994 — 5308680 | 0994 — 5307988 | 831400 |
| ماناس مېھمانخانىسى | 2 | ماناس ناھىيىسى مەدەنىيەت يولى 141 ـ نومۇر | 0994 — 6663620 | 0994 — 6663619 | 832200 |
| قۇتۇبى مېھمانخانىسى | 2 | قۇتۇبى ناھىيىسى خېجۇاڭ يولى 27 ـ نومۇر | 0994 — 4510002 | 0994 — 4502832 | 831200 |
| تەمىنات ـ سودا مېھمانسارىيى | 2 | شىخەنزە شەھىرى غەربىي ئايلانما يولى 109 ـ نومۇر | 0993 — 2022607 | 0993 — 2017624 | 832000 |
| پۇل مۇئامىلە مېھمانسارىيى | 2 | شىخەنزە شەھىرى شىمالىي 4 ـ يول 238 ـ نومۇر | 0993 — 2034953 | 0993 — 2032288 | 832001 |
| بورتالا مېھمانخانىسى | 2 | بورتالا شەھىرى مەدەنىيەت يولى 13 ـ نومۇر | 0909 — 2313871 | 0909 — 2313717 | 833400 |
| بورتالا شەھەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مېھمانسارىيى | 2 | بورتالا شەھىرى بېيجىڭ يولى | 0909 — 2225142 | 0909 — 2234006 | 833400 |
| نېفىت ـ خىمىيە مېھمانخانىسى | 2 | بورتالا شەھىرى چىڭدېل كوچىسى 76 ـ نومۇر | 0909 — 2227207 | 0909 — 2227157 | 833400 |
| ئىلى مېھمانخانىسى | 2 | غۇلجا شەھىرى مەرھابا يولى 8 ـ نومۇر | 0999 — 8024964 | 0999 — 8023126 | 835000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 835000 | 0999 — 8223844 | 0999 — 8223319 | غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 162 - نومۇر | 2 | ئىلى پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسى |
| 835000 | 0999 — 8031800 | 0999 — 8036077 | غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 119 - نومۇر | 2 | ئاسىيا مېھمانخانىسى |
| 835000 | 0999 — 8026896 | 0999 — 8026681 | غۇلجا شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 88 - نومۇر | 2 | «داخۇايۈەن» مېھمانخانىسى |
| 835221 | 0999 — 8793518 | 0999 — 8793503 | ئىلى قورغاس ياۋرو - ئاسىيا يولى | 2 | لەنجۇ مېھمانسارىيى |
| 833200 | 0992 — 3221495 | 0992 — 3221239 | كۈيتۇڭ شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق يولى 1 - نومۇر | 2 | كۈيتۇڭ مېھمانخانىسى |
| 833200 | 0992 — 3222384 | 0992 — 3222384 | كۈيتۇڭ شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 79 - نومۇر | 2 | كۈيتۇڭ مېھمانخانىسى |
| 833200 | 0992 — 3223694 | 0992 — 3212396 | كۈيتۇڭ شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 58 - نومۇر | 2 | كۈيتۇڭ تەمىنات - سودا مېھمانسارىيى |
| 834700 | 0901 — 6225258 | 0901 — 6225256 | تارباغاتاي چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى | 2 | «جىنسۇيۈەن» مېھمانخانىسى |
| 835000 | 0999 — 8023901 | 0999 — 8024631 | غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى 3 - كوچا 7 - نومۇر | 2 | ئىلى دوستلۇق مېھمانخانىسى |
| 835000 | 0999 — 8024904 | 0999 — 8024905 | غۇلجا شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 58 - نومۇر | 2 | غۇلجا مېھمانخانىسى |
| 835000 | 0999 — 8229000 | 0999 — 8230999 | غۇلجا شەھىرى ئايرودروم يولى 14 - نومۇر | 2 | باج مېھمانخانىسى |
| 835500 | 0999 — 6623775 | 0999 — 6623219 | تېكەس ناھىيە ئازاد كوچىسى 2 - ئايلانما | 2 | «باگۇا» مېھمانخانىسى |
| 835200 | 0999 — 3020480 | | قورغاس ناھىيىسى چاۋيالڭ يولى | 2 | قورغاس مېھمانخانىسى |
| 832100 | 0993 — 6011560 | | ساۋەن ناھىيىسى جەنۇبىي شەھەر يولى 34 - نومۇر | 2 | ساۋەن مېھمانخانىسى |
| 836200 | 0906 — 8821127 | | چىڭگىل ناھىيىسى ئىتتىپاق يولى 170 - نومۇر | 2 | چىڭگىل ساياھەت مېھمانخانىسى |
| 836600 | 0906 — 6521325 | 0906 — 6523947 | بۇرچىن ناھىيىسى جەنۇبىي ئايلانما غەربىي يولى 4 - نومۇر | 2 | بۇرچىن ناھىيىلىك ساياھەت مېھمانخانىسى |
| 836000 | 0906 — 3371345 | 0906 — 3373109 | ئالتاي شەھىرى بېيتۈن بازىرى ئىتتىپاق يولى 203 - نومۇر | 2 | بېيتۈن مېھمانخانىسى |
| 836400 | 0906 — 3472268 | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بۇرۇلتوقاي بازىرى غەربىي خەلق يولى 2 - نومۇر | 2 | بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ساياھەت مېھمانخانىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قابا ساياھەت مېھمانخانىسى | 2 | قابا ناھىيىسى مەدەنىيەت يولى 2 - نومۇر | 0906 — 6624056 | 0906 — 6622944 | 836700 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ساياھەت مېھمانخانىسى (جەنۇبىي بىنا) | 2 | ئالتاي شەھىرى باغچا يولى 205 - نومۇر | 0906 — 2122374 | 0906 — 2122188 | 836500 |
| «ئالتۇن سۇمرۇغ» مېھمانسارىيى | 2 | ئالتاي شەھىرى بېيتۇن بازىرى ئالتاي يولى | 0906 — 3372485 | 0906 — 3472481 | 836000 |
| كۆكتوقاي ساياھەت مېھمانخانىسى | 2 | كۆكتوقاي ناھىيىسى مەرھابا يولى 103 - نومۇر | 0906 — 8722111 — 8888 | 0906 — 8722274 | 836100 |
| قاراماي مېھمان كۈتۈش سارىيى | 2 | قاراماي شەھىرى گۈتەيەن يولى 34 - نومۇر | 0990 — 6233100 | 0990 — 6232138 | 834000 |
| قاراماي چەت ئەللىكلەر مېھمانخانىسى | 2 | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 146 - نومۇر | 0990 — 6223779 | 0990 — 6886797 | 834000 |
| «جىنشىن» مېھمانخانىسى | 2 | قاراماي شەھىرى تەڭرىتاغ يولى 38 - نومۇر | 0990 — 6230886 | 0990 — 6230618 | 834000 |
| «قۇياش شەھىرى» مېھمانخانىسى | 2 | قاراماي شەھىرى نېفىت قۇرۇلۇشى يولى 28 - نومۇر | 0990 — 6222454 | 0990 — 6886685 | 834000 |
| مايتاغ مېھمانخانىسى | 2 | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى قەشقەر يولى | 0992 — 3682246 | 0992 — 3862915 | 833600 |
| «تاۋلىيۈەن» مېھمانسارىيى | 2 | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى شەرقىي داچىلق يولى 28 - نومۇر | 0992 — 3871443 | 0992 — 3871973 | 833600 |
| ئىلى «خۇڭفۇ» مېھمانسارىيى | 2 | غۇلجا شەھىرى ئايرودروم يولى 14 - نومۇر | 0999 — 8230999 | 0999 — 8230586 | 835000 |
| قۇمۇل «جۇجۇڭتيەن» مېھمانسارىيى | 2 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي تەڭرىتاغ يولى 4 - نومۇر | 0902 — 2315626 | 0902 — 2315656 | 839000 |
| ئۈرۈمچى دۆلەت قۇرۇلۇش مېھمانخانىسى | 1 | ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت قۇرۇلۇش يولى 26 - نومۇر | 0991 — 2624640 | 0991 — 2627913 | 830002 |
| «يىخې» مېھمانسارىيى | 1 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 57 - نومۇر | 0991 — 2863498 | 0991 — 2880222 | 830001 |
| ئاشلىق - سودا مېھمانخانىسى | 1 | تۇرپان شەھىرى كوناشەھەر يولى 7 - نومۇر | 0995 — 8521377 | 0995 — 8524301 | 838000 |
| قۇمۇل قاتناش مېھمانخانىسى | 1 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي چىقىش ئېغىزى يىشۇ يولى | | 0902 — 2588242 | 839000 |
| باركۆل مېھمانخانىسى | 1 | باركۆل ناھىيىسى يۈسەي كوچىسى 2 - نومۇر | | 0902 — 4622213 | 839200 |
| قۇمۇل «خۇايۈ» مېھمانخانىسى | 1 | قۇمۇل شەھىرى ساغلاملىق يولى | | 0902 — 2234575 | 839000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| «دۆڭتۇلۇق» مېھمانسارىيى | 1 | قۇمۇل شەھىرى غەربىي تەڭرىتاغ يولى | 0902 — 2365588 | 0902 — 2365588 | 839000 |
| قۇمۇل تۆمۈريول مېھمانسارىيى | 1 | قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئالغا يولى | 2723520 — 6628 | 0902 — 2723510 | 839001 |
| پامىر مېھمانخانىسى | 1 | تاشقورغان ناھىيىسى قەشقەر يولى 40 - نومۇر | 0998 — 3421085 | 0998 — 3421085 | 845250 |
| جىلاق مېھمانخانىسى | 1 | جىلاق ناھىيىسى ئىلى يولى 7 - نومۇر | 0909 — 5330812 | 0909 — 5332162 | 833300 |
| پورت مېھمانخانىسى | 1 | ئالاتاۋ ۋوگزال مەيدانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە | 0909 — 6992553 | 0909 — 6992486 | 833418 |
| قورغاس مېھمانخانىسى | 1 | قورغاس پورتى ياۋرو - ئاسىيا يولى | 0999 — 9791021 | 0999 — 8791042 | 835220 |
| قارلىق چوققا مېھمانخانىسى | 1 | غۇلجا شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 31 - نومۇر | | 0999 — 8324672 | 835000 |
| «ۋەنلۇڭ» مېھمانخانىسى | 1 | چاپچال ناھىيىسى شەرقىي گۈمبەز كوچىسى 20 - نومۇر | 0999 — 3621118 | 0999 — 3621117 | 835300 |
| تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مېھمانخانا | 1 | چۆچەك شەھىرى دوستلۇق كوچىسى 16 - نومۇر | | 0901 — 6222093 | 834700 |
| «شىنيۈەن» مېھمانسارىيى | 1 | كۆكتوقاي ناھىيىسى غەربىي سەرجان يولى 3 - نومۇر | | 0906 — 8720588 | 836100 |
| كۆكتوقاي ناھىيىلىك ئەسىر يۇلتۇزى مېھمانسارىيى | 1 | كۆكتوقاي ناھىيىسى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 165 - نومۇر | | 0906 — 8723594 | 836100 |
| بوغدا مېھمانخانىسى | 1 | فۇكاڭ شەھىرى بوغدا چوققىسى كوچىسى 98 - نومۇر | | 0994 — 3222298 | 831500 |
| قۇمۇل تۆمۈر يول مېھمانسارىيى | 1 | قۇمۇل شەھىرى | | | |

## شىنجاڭدىكى ساياھەت كوپىراتىپلىرى

| ساياھەت كوپىراتىپلىرى نامى | ئادرېسى | تېلېفون نومۇرى | فاكس نومۇرى | پوچتا نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تاشقى ساياھەت باش شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 - نومۇر | 0991 — 2821446 | 0991 — 2821445 | 830002 |
| شىنجاڭ جۇڭگو تەبىئەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 128 - نومۇر | 0991 — 2322251 | 0991 — 2331714 | 830002 |
| شىنجاڭ جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 - نومۇر | 0991 — 2823176 | 0991 — 280689 | 830002 |
| شىنجاڭ جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 51 - نومۇر | 0991 — 2866210 | 0991 — 2862131 | 830001 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپىراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 ـ نومۇر | 0991 — 2818451 | 0991 — 2817078 | 830002 |
| شىنجاڭ قەشقەر جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 144 ـ نومۇر | 0998 — 2823624 | 0998 — 2823087 | 844000 |
| شىنجاڭ ئىلى خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | غۇلجا شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 88 ـ نومۇر | 0999 — 8023535 | 0999 — 8024939 | 835000 |
| شىنجاڭ غەربىي دىيار خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنچى مېھمانسارىيى | 0991 — 2335197 | 0991 — 2839746 | 830002 |
| غۇلجا خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسى جيەنيەڭ مېھمانسارىيى | 0999 — 8121133 | 0999 — 8120298 | 835000 |
| شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى گۇيجۇ يولى 312 ـ نومۇر | 0991 — 3810878 | 0991 — 3810878 | 830011 |
| شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەت شىركىتى | | 0991 — 2847891 | 0991 — 2854721 | 830001 |
| ئۈرۈمچى تۆمۈر يول خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي خېنەن يولى 12 ـ نومۇر | 0991 — 3448693 | 0991 — 3822953 | 830011 |
| ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 32 ـ نومۇر غەربىي 6 ـ بىنا | 0991 — 2576268 | 0991 — 2576320 | 830001 |
| تۇرپان جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | تۇرپان شەھىرى ياشلار يولى 41 ـ نومۇر | 0995 — 8532286 | 0995 — 8522768 | 838000 |
| شىنجاڭ بايىنغولىن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | كورلا شەھىرى شەرقىي بايىن يولى | 0996 — 2024341 | 0996 — 2024341 | 841000 |
| جۇڭگو شىنجاڭ خوتەن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | خوتەن شەھىرى غەربىي تاڭباغ يولى | 0903 — 2516090 | 0903 — 2512846 | 848000 |
| شىنجاڭ بوستان جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى توز مېھمانسارىيى | 0991 — 4522946 | 0991 — 4517401 | 830000 |
| شىنجاڭ غەربىي رايون خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 40 ـ نومۇر | 0991 — 5833535 | 0991 — 5835727 | 83000 |
| شىنجاڭ ئالتۇن كۆۋرۈك ئۆرپ ـ ئادەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 ـ نومۇر | 0991 — 2325221 | 0991 — 2835767 | 830002 |
| شىنجاڭ كاڭخۇي خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ساي يولى 16 ـ نومۇر | 0991 — 3804746 | 0991 — 3804746 | 830016 |
| شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى مەرھابا يولى 46 ـ نومۇر | 0991 — 3804746 | 0991 — 3804746 | 830016 |
| شىنجاڭ يەر ـ زېمىن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 6 ـ نومۇر | 0991 — 3840899 | 0991 — 3835939 | 830011 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ مىللەتلەر خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 5883356 | 0991 — 5883896 | 830000 |
| ئۈرۈمچى شىنجاڭ تۆمۈر يول خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3818135 | 0991 — 3816289 | 830011 |
| ئۈرۈمچى «شۈندا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلئۆش يولى 3 - نومۇر | 0991 — 2629902 | 0991 — 2630124 | 83002 |
| قەشقەر جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 114 - نومۇر | 0998 — 2822262 | 0998 — 2822552 | 844000 |
| شىنجاڭ شىنچياڭ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا يولى 68 - نومۇر | 0991 — 3710172 | 0991 — 3719839 | 830002 |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | فۇكاڭ شەھىرى شەرقىي ئۈرۈمچى - گۈزچۈلۈك يولى 41 - نومۇر | 0994 — 3233306 | | |
| شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | چۆچەك شەھىرى نۇرلۇق يولى 986 - نومۇر | 0901 — 6229796 | 0901 — 6229796 | 834700 |
| شىنجاڭ چۆچەك «ياۋرو - ئاسىيا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | چۆچەك شەھىرى نۇرلۇق يولى خەلق ئاۋشاتسىيە مېھمانخانىسى 2 - بىنا | 0901 — 6234789 | 0901 — 6223189 | 834700 |
| شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 21 - نومۇر | 0991 — 4550288 | 0991 — 4552208 | 830002 |
| شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 57 - نومۇر | 0991 — 5825188 | 0991 — 5851898 | 830000 |
| شىنجاڭ «خۇيتۇڭ تيەنما» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 22 - نومۇر | 0991 — 5831247 | 0991 — 5851986 | 830000 |
| كۇچا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | كۇچا ناھىيىسى غەربىي تەڭرىتاغ كوچىسى 93 - نومۇر كۇسەن مېھمانخانىسى | 0997 — 7122524 | 0997 — 7122524 | 842000 |
| شىنجاڭ قاناس خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | بۇرچىن ناھىيىسى جەنۇبىي ئايلانما يولى 4 - نومۇر | 0906 — 6524934 | 0906 — 6522652 | 836600 |
| شىنجاڭ «دېڭىز بوغۇزى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 5 - نومۇر | 0991 — 4834741 | 0991 — 4843306 | 830011 |
| غۇلجا «دۇلدۇل» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | غۇلجا شەھىرى مەرھابا يولى | 0999 — 8040329 | 0999 — 8021817 | 835000 |
| شىنجاڭ ئالاتاۋ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئالاتاۋ ئېغىزى سايرام يولى | 0909 — 6993422 | 0909 — 6993265 | 833418 |
| قەشقەر «خۇائەن» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 49 - نومۇر | | | |
| شىنجاڭ ئاياللار ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 42- نومۇر | 0991 — 2311005 | 0991 — 2817916 | 830002 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ «ئالتۇنيول» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2320126 | 0991 2323568 | 830002 |
| شىنجاڭ غەربىي شىمال ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلباي- راق يولى 119 - نومۇر | 0991 2304649 | 0991 2836835 | 830002 |
| شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 133 - نومۇر | 0991 — 2325238 | 0991 2810824 | 830002 |
| شىنجاڭ چېگرا رايون ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 32 - نومۇر | 2562981 — 3916 | 0991 — 2575630 | 830001 |
| شىنجاڭ «تاغ - دەريا» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 3 - نومۇر | 0991 — 4814737 | 0991 — 4816167 | 830000 |
| شىنجاڭ «دوستلۇق» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 17 - نومۇر قوشۇمچە 10 - نومۇر | 0991 — 2325259 | 0991 — 2843294 | 830002 |
| شىنجاڭ ئورمان ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 12 - نومۇر | 0991 — 5852302 | 0991 — 5852302 | 830000 |
| شىنجاڭ «بوجۇڭ» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 43 - نومۇر | 0991 — 4823370 | 0991 — 4823370 | 830000 |
| شىنجاڭ شىنخەي ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەرقىي قاراماي يولى 32 - نومۇر 4F | | | |
| ئۈرۈمچى مەرھابا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2811392 | 0991 — 2811513 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «بودا» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2837228 | 0991 — 2832891 | 830002 |
| ئۈرۈمچى پوچتا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 5841801 | 0991 — 5841554 | 830000 |
| ئۈرۈمچى خۇڭيۈەن ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 14 - نومۇر | 0991 — 4520956 | 0991 — 5826947 | 830000 |
| ئۈرۈمچى داۋانچىڭ ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي ئارقا كوچا 39 - نومۇر | 0991 — 2616826 | 0991 — 2643043 | 830002 |
| شىنجاڭ ئىلى جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى | غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسى B بىناسى | 0999 — 8223868 | 0999 — 8229598 | 835000 |
| شىنجاڭ كۈيتۇن ساياھەت كوپېراتىپى | كۈيتۇن شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسى 1 - نومۇر | 0992 — 3229170 | 0992 — 3221003 | 833200 |
| شىنجاڭ قاراماي نېفىت ساياھەت كوپېراتىپى | قاراماي شەھىرى جۇڭغار يولى 130 - نومۇر | 0990 — 6223907 | 0990 — 6222524 | |
| شىخەنزە تيەنفۇ ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | شىخەنزە شەھىرى شىمالىي 3 - يول 55 - نومۇر | 0993 — 2032919 | 0993 — 2902815 | 832000 |
| سانجى ئوبلاستى «يىپەك يولىدىكى تاڭ نۇرى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | سانجى شەھىرى قىزىل يۇلتۇز يولى 2 - نومۇر | 0994 — 2343575 | 0994 — 2340737 | 831100 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 831500 | | 0994 — 3259058 | فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ يېزىسى | فۇكاڭ ياۋچى ساياھەت كوپىراتىپى |
| 831400 | 0994 — 5302066 | 0994 — 5303464 | مىچۈەن شەھىرى داۋشياڭ يولى داۋشياڭ مېھمانخانىسى | مىچۈەن شەھىرى جۇنيۈەن ساياھەت كوپىراتىپى |
| 838000 | 0995 — 8521457 | 0995 — 8523101 | تۇرپان شەھىرى ساياھەت - مەدەنىيەت مەيدانى 21 - نومۇر | تۇرپان شەھەرلىك ساياھەت كوپىراتىپى |
| 839001 | 0902 — 2360356 | 0902 — 2360356 | قۇمۇل شەھىرى غەربىي تەڭرىتاغ يولى مەرھابا مېھمانخانىسىنىڭ ئىچىدە | شىنجاڭ قۇمۇل ساياھەت كوپىراتىپى |
| 839001 | 0902 — 2735934 | 2723520 — 6648 | قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئالغا كوچىسى | قۇمۇل تۆمۈر يول ساياھەت كوپىراتىپى |
| 839000 | 0902 — 2260087 | 0902 — 2260087 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي جۇڭشەن يولى 14 - نومۇر | قۇمۇل شەھەرلىك ياش ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 841000 | 0996 — 2213531 | 0996 — 2214000 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 25 - نومۇر | بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ساياھەت كوپىراتى- پى |
| 841000 | 0996 — 2033444 | 0996 — 2033444 | بايىنغولىن ئوبلاستى باغراش مېھمانخانىسى | بايىنغولىن ئوبلاستلىق باغراش ساياھەت كوپىراتىپى |
| 844000 | 0998 — 2837216 | 0998 — 2838628 | قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 170 - نومۇر | قەشقەر شىنخۇا ساياھەت كوپىراتىپى |
| 845350 | | 0908 — 4221052 | ئاتۇش شەھىرى پامىر يولى شەرقىي 1 - قورۇ | شىنجاڭ ئاتۇش ساياھەت كوپىراتىپى |
| 830011 | 0991 — 3823409 | 0991 — 3823409 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي جياڭسۇ يولى 1 - نومۇر | شىنجاڭ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ساياھەت كوپىرا- تىپى |
| 830000 | 0991 — 5854600 | 0991 — 5854600 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 8 - نومۇر | شىنجاڭ ئاققۇ ساياھەت كوپىراتىپى |
| 830002 | 0991 — 2641986 | 0991 — 2647344 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز مېھمانسارىيى | شىنجاڭ دايالڭ ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830002 | 0991 — 2823923 | 0991 — 2824973 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | ئۈرۈمچى «مۇھاجىرلار» ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830002 | 0991 — 2321384 | 0991 — 2321364 | ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنچى مېھمانسارىيى | ئۈرۈمچى «شەپەق» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830002 | 0991 — 2848944 | 0991 — 2848944 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 43 - نومۇر | ئۈرۈمچى مائارىپ ساياھەت كوپىراتىپى |
| 830002 | 0991 — 2817040 | 0991 — 2817040 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 8 - نومۇر | شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچى- لەر ساياھەت كوپىراتىپى |
| 830001 | 0991 — 5827842 | 0991 — 5832340 | ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى ناھىيىسى «ئاسىيا كىندىكى» ساياھەت كوپىرا- تىپى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ «كاڭخۇا» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 85 - نومۇر قوشۇمچە 5 - نومۇر | 0991 — 4542297 | 0991 — 4514714 | 830000 |
| كۆنەس ناھىيىلىك ساياھەت كوپىراتىپى | كۆنەس ناھىيىسى قاپۇغا يولى | 0999 5028808 | 0999 — 5028808 | 835800 |
| شىنجاڭ «يىپەك يولى» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق يولى 21 - نومۇر | 0991 — 4844455 | 0991 — 4847706 | 830000 |
| شىخەنزە «يۈلغۇن» ساياھەت كوپىراتىپى | شىخەنزە شەھىرى شىخەنزە مېھمانخانىسى | 0993 — 2012587 | 0993 — 2017177 | 832000 |
| شىنجاڭ «قىزىل قۇياش» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇادۇ» مېھمانسارىيى 2607 | 0991 — 4544501 | 0991 — 4544501 | 830000 |
| ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى «يېڭى ئېرا» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى ئالماس شەھەرچىسى 7 - نومۇر | 0991 — 3831212 | 0991 — 3832323 | 830011 |
| كورلا تۆمۈريول ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | كورلا شەھىرى شەرقىي ۋوگزال | 0996 — 2151418 | 0996 — 2151418 | 841001 |
| شىنجاڭ «يېڭى ئەسىر» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 78 - نومۇر | 0991 — 4613731 | 0991 — 4613731 | 8300017 |
| ئۈرۈمچى «شىنخۇي» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2313633 | 0991 — 2313633 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «خۇەنيۇ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى قوشۇمچە 1 - نومۇر | 0991 — 4844018 | 0991 — 4829287 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «غەربىي شىمال» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 72 - نومۇر | 0991 — 8827907 | 0991 — 8827907 | 830002 |
| ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ «سەيـ- فىلڭ» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي مەدەنىيەت يولى 13 - نومۇر | 0991 — 2816646 | 0991 — 2847117 | 830002 |
| شىنجاڭ «خۇاشيا» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى كوئېنلۇن سودا مېھمانـ- سارىيى | 0991 — 2665414 | 0991 — 8815394 | 830000 |
| ئۈرۈمچى ئېلىيار ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 8 - نومۇر | 0991 — 2308318 | 0991 — 8628092 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «ئەسىر سەپىرى» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 42 - نومۇر قىزىل ئۆكتەبىر گۈلزارلىقى شەرقىي 1 - رايون 1 - نومۇرلۇق بىنا | 0991 — 2838958 | 0991 — 5872300 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «مۇزلۇق» ساياـ- ھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 23 - نومۇر شىنيۇن مېھمانسارىيى | 0991 — 5844347 | 0991 — 5842115 | 830000 |
| شىنجاڭ ئېلبېكتر ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2921688 | 0991 — 2832000 | 830002 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي جياڭسۇ يولى 9 - نومۇر تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمانسارىيى | 0991 — 6622528 | 0991 — 6622528 | 830011 |
| ئۈرۈمچى «شادلىق سەيلىسى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2860660 | 0991 — 2860660 | 830001 |
| شىنجاڭ «ئالتۇن ئوتلاق» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 57 - نومۇر | 0991 — 2325799 | 0991 — 2325799 | 800002 |
| شىنجاڭ «نەسىردىن ئەپەندى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 22 - نومۇر | 0991 — 3833711 | 0991 — 3836521 | 830011 |
| ئۈرۈمچى «ئالتۇن تۈگە» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 39 - نومۇر | 0991 — 2324826 | 0991 — 2325017 | 830002 |
| شىنجاڭ «لەيلىك» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭگەن يولى 97 - نومۇر | 0991 — 2810270 | 0991 — 2823931 | 830002 |
| شىنجاڭ «يېڭى يەر - زېمىن» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ مېھمانخانىسى | 0991 — 5815423 | 0991 — 5848734 | 830000 |
| شىنجاڭ «كەسپ ئەھلىلىرى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «خېڭفۇ» مېھمانسارىيى 2307 - ئۆي | 0991 — 2848195 | 0991 — 2832883 | 830002 |
| شىنجاڭ «تىنچلىق» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئوت ئۆچۈرۈش مېھمانسارىيى 8 - بىنا | 0991 — 2833723 | 0991 — 2836705 | 830002 |
| قورغاس ئېچكى ساياھەت كوپېراتىپى | قورغاس ناھىيىسى بىڭتۇەن 62 - تۇەن - مەيدانى | 0999 — 8894023 | 0999 — 8894053 | 835215 |
| ئۈرۈمچى «سەيۇەي» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى بوغدا مېھمانخانىسى | 0991 — 2316086 | 0991 — 2325517 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «قۇياش نۇرى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «يۇفۇ» مېھمانسارىيى | 0991 — 4318168 | 0991 — 4324798 | 830000 |
| شىخەنزە «ئوكيان» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | شىخەنزە شەھىرى شىمالىي مېرىدىئان يولى 93 - نومۇر | 0993 — 2060066 | 0993 — 2061006 | 832000 |
| ئۈرۈمچى «چەكسىز دالا» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىلى مېھمانسارىيى | 0991 — 5888415 | 0991 — 5816568 | 830000 |
| شىنجاڭ كۈيتۇن «مەرۋايىت» ساياھەت كوپېراتىپى | كۈيتۇن شەھىرى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مېھمانخانىسى | 0992 — 3212095 | 0992 — 3237212 | 833200 |
| ئۈرۈمچى «شادلىق» تەتىل ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى «يىندۇڭ» مېھمانسارىيى | 0991 — 3845575 | 0991 — 3812912 | 830011 |
| ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قۇرۇلۇش شىركىتى | 0991 — 6891863 | 0991 — 6892362 | 830019 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئالتاي شەھىرى «ئالتۇنتاغ» ساياھەت كوپىراتىپى | ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | 0906 2132077 | 0906 2132077 | 836500 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى «ياخشى دوست» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 92 - نومۇر | 0991 2834330 | 0991 2834330 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «باھار نۇرى» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى چاڭجياڭ يولى 41 - نومۇر | 50991 — 5890436 | 0991 5863370 | 830000 |
| شىنجاڭ خوشۇت ئالتۇن ساھىل ساياھەت كوپىراتىپى | خوشۇت ناھىيىسى خوشۇت مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا | 0996 — 5625008 | 0996 — 5625108 | 841200 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق كۆنەس ساياھەت كوپىراتىپى | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى «كەيدې» مېھمانسارىيى | 0996 — 2032858 | 0996 — 2032858 | 841000 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق «جۇڭگو نېفىتى» تارىم ساياھەت كوپىراتىپى | كورلا شەھىرى نېفىت خىمىيە يولى نېفىت مەھەللىسى | 0996 — 2171878 | 0996 — 2172035 | 841000 |
| شىنجاڭ «قولۋاق» ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 4844665 | 0991 — 4840642 | 830000 |
| شىنجاڭ «نويا قولۋاق» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 46 - نومۇر | 0991 — 3852501 | 0991 — 3851331 | 830002 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي دىيار ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 98 - نومۇر | 0991 — 5888026 | 0991 — 5888026 | 830000 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مەنزىرە» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شىمالىي شىنخۇا يولى 92 - نومۇر | 0991 — 2323124 | 0991 — 2828028 | 830001 |
| شىنجاڭ «مۇقەددەس زېمىن» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2815355 | 0991 — 2642925 | 830002 |
| قورغاس ساياھەت كوپىراتىپى | قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا تەرەققىيات رايونى | 0999 — 3291243 | 0999 — 3291242 | 835207 |
| قاراماي شەھىرى مايتاغ «تيەنلىيەن» ساياھەت كوپىراتىپى | مايتاغ داچىڭ يولى 15 - نومۇر | 0992 — 3871745 | 0992 — 3872458 | 833600 |
| سانجى ئوبلاستلىق «بېشبالىق» مائارىپ ساياھەت كوپىراتىپى | | | | |
| ئۈرۈمچى «لۇشىن» ساياھەت چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 23 - نومۇر | 0991 — 5892823 | 0991 — 5892823 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «قەدىمكى يىپەك يولى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 21 - نومۇر | 0991 — 8813121 | 0991 — 8813121 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «دۇنيا» چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 1 - نومۇر | 0991 — 4822961 | 0991 — 4822961 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «سودا سەپىرى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 27 - نومۇر | 0991 — 5850658 | 0991 — 5850658 | 830006 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 830002 | 0991 — 2823929 | 0991 — 2328862 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 178 - نومۇر | ئۈرۈمچى «يېڭى سەپەر» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830002 | 0991 — 2818357 | 0991 — 2818357 | ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاق بېشى كوچىسى 80 - نومۇر | شىنجاڭ «جەنۇبىي ئوكيان» ساياھەت چەكلىك شىركىتى |
| 830091 | 0991 — 4595729 | 0991 — 4530982 | ئۈرۈمچى شەھىرى لىنخۇا مېھمانسارىيى | شىنجاڭ «لىنخۇا» ساياھەت كوپېراتىپى |
| 833400 | 0909 — 2266535 | 0909 — 2266535 | بورتالا شەھىرى بېيجىڭ يولى 317 - نومۇر | شىنجاڭ سايرام ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830000 | 0991 — 5871958 | 0991 — 5871958 | ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 14 - نومۇر | ئۈرۈمچى «ئالتۇن يىپەك يولى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 835000 | 0999 — 8133178 | 0999 — 8182777 | غۇلجا شەھىرى «خۇاچياڭ» مېھمانخانىسى | شىنجاڭ «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830091 | 0991 — 4598994 | 0991 — 4593864 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىلەيشۈن مېھمانخانىسى | ئۈرۈمچى «غەربىي دىيار ئارام كۆزلىرى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830054 | 0991 — 4322606 | 0991 — 4322608 | ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ باغچا مەھەللىسى | ئۈرۈمچى «دالا» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830001 | 0991 — 2868181 | 0991 — 280987 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 98 - نومۇر | ئۈرۈمچى «غەربىي دىيار ئۆرپ - ئادەت» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830000 | 0991 — 4832600 | 0991 — 4832600 | ئۈرۈمچى شەھىرى «خاۋتەي» مېھمانسارىيى | شىنجاڭ «ئاممۇۋى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 831300 | 0994 — 5833241 | 0994 — 5833259 | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ «مىڭجىن» سۇ ئامبىرى | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ چىڭگىدا كۆلى ساياھەت كوپېراتىپى |
| 834000 | 0990 — 6841556 | 0990 — 6868233 | قاراماي شەھىرى تەڭرىتاغ يولى 6 - نومۇر | قاراماي «ئالتۇن توغراق» ساياھەت كوپېراتىپى |
| 841000 | 0996 — 2019358 | 0996 — 2019358 | كورلا شەھىرى ساياغ يولى 6 - نومۇر | بايىنغولىن ئوبلاستلىق «بىپايان دېڭىز» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830011 | 0991 — 3834718 | 0991 — 3833154 | ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولى 22 - نومۇر | ئۈرۈمچى «ئوماي» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830000 | 0991 — 5867057 | 0991 — 5867057 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 98 - نومۇر | شىنجاڭ «شىجى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830001 | 0991 — 2885050 | 0991 — 2885872 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 51 - نومۇر | ئۈرۈمچى «پامىر» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |
| 830002 | 0991 — 232094 | 0991 — 2320949 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 100 - نومۇر | شىنجاڭ «تەڭرىتاغقا سەپەر» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق «كىرووران» ساياھەت كوپېراتىپى | كورلا شەھىرى شەرقىي ئەلق يولى | | | |
| ئۈرۈمچى «پاراۋۇز» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ۋوگزال ياۋرو - ئاسىيا مېھمانخانىسى | 0991 — 5835408 | 0991 — 5857619 | 830006 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق «جانغىر» ساياھەت كوپېراتىپى | | | | |
| كورلا «تارىم» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | كورلا شەھىرى ياشلار يولى شىمالىي 1 - كوچا | 0996 — 2010086 | 0996 — 2010086 | 841000 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق «دۆلەت تومۇرى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | كورلا شەھىرى ياشلار يولى پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسى | 0996 — 2028641 | 0996 — 2028641 | 841000 |
| شىنجاڭ قاتناش «يول ترانسپورت» ساياھەت كوپېراتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاگخې يولى | 0991 — 5280126 | 0991 — 5845446 | 830000 |
| قاراماي شەھەرلىك «لوككا» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 94 - نومۇر | 0990 — 6225572 | 0990 — 6225572 | 834000 |
| شىنجاڭ «ئوتلاق» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي باغچا كوچىسى 2 - نومۇر | 0991 — 5841116 | 0991 — 5821045 | 830000 |
| شىنجاڭ «تارىم» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شىمالىي بېيجىڭ يولى 24 - نومۇر | 0991 — 6630101 | 0991 — 6616686 | 830011 |
| شىنجاڭ «قار لەيلىسى» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ مېھمانخانىسى | 0991 — 5858033 | 0991 — 5858033 | 830006 |
| ئۈرۈمچى «گۇاڭدا» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 116 - نومۇر | 0991 — 2315616 | 0991 — 2318628 | 830002 |
| شىنجاڭ «مۇقەددەس زېمىن» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەرق شامىلى يولى 34 - نومۇر | 0991 — 2323461 | 0991 — 2626224 | 830001 |
| شىنجاڭ «جۇڭبېي» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى شىمالىي كوچا 6 - نومۇر | 0991 — 4812135 | 0991 — 4812135 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «شاپتۇللۇق» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2308580 | 0991 — 2843245 | |
| شىنجاڭ «قەدىمىي يول» ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 34 - نومۇر قوشۇمچە 9 - نومۇر | 0991 — 5890306 | 0991 — 4826158 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «غەربىي دىياردىكى ئائىلە» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 92 - نومۇر | 0991 — 2838188 | 0991 — 2833699 | 830001 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى «يىراق شەرق» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 28 - نومۇر | 0991 — 2810363 | 0991 — 2826772 | 830002 |
| شىنجاڭ «فېيىيۇ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 48 - نومۇر 3 - نومۇرلۇق بىنا | 0991 — 8822668 | 0991 — 2663410 | 830002 |
| شىنجاڭ «گۈزەل جۇڭخۇا» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2825888 | 0991 — 2825888 | 830002 |
| بورتالا شەھەرلىك «چوڭ قورۇقلۇق كۆۋرۈكى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | بورتالا شەھىرى بېيجىڭ يولى 48 - نومۇر | 0909 — 2226650 | 0909 — 222332 | 833400 |
| ئۈرۈمچى «فېڭگۇ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2810981 | | 830002 |
| ئۈرۈمچى «شىنجاڭغا سەپەر ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى» | ئۈرۈمچى چاڭجياڭ يولى 52 - نومۇر «تۇنخې» مېھمانسارىيى | 0991 — 5871828 | 0991 — 5871816 | 830000 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى «فېڭ- چىڭ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق يولى | 0991 — 6611165 | | 830011 |
| ئالتاي «ئورمان» ساياھەت كوپىراتىپى | ئالتاي شەھىرى خۇڭدۇن يولى 10 - نومۇر | 0906 — 2312179 | 0906 — 2312179 | 836500 |
| ئۈرۈمچى «ياخشى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2317411 | 0991 — 2317498 | 830002 |
| شىنجاڭ «كوئېنلۇن» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 38 - نومۇر | 0991 — 4814361 | 0991 — 4834624 | 830000 |
| شىنجاڭ «داجۇڭ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى | | | |
| شىنجاڭ «شىنلۇك» ئارام كۈنلىرى ساياھەت كوپىراتى- پى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 70 - نومۇر | 0991 — 2863637 | 0991 — 2868461 | 830001 |
| شىنجاڭ «غەربىي رايون ئۈرپ - ئادەتلىرى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 92 - نومۇر | 0991 — 2333688 | 0991 — 2333688 | 830002 |
| شىنجاڭ «ئالەم چېتى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى گۈچۈڭ يولى 75 - نومۇر خەلق ئىشلىرى مېھمانخانىسى | 0991 — 5856066 | 0991 — 5856978 | 830000 |
| شىنجاڭ «توغراق» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2319649 | 0991 — 2318649 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «جىنگې» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 38 - نومۇر | 0991 — 4840411 | 0991 — 4840411 | 830000 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كۇچا «مەدەنىيەت» ساياھەت كوپىراتىپى | كۇچا ناھىيىسى شەرقىي شەھەر شەرقىي تەگرىتاغ يولى 87 - نومۇر | 0997 — 7127229 | 0997 — 7127229 | |
| ئۈرۈمچى «چىڭيۈەن» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 23 - نومۇر | 0991 — 5890689 | 0991 — 5890678 | 830000 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك «لۇيۈەن» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 4 - نومۇر | 0991 — 2300492 | 0991 — 2300492 | 830002 |
| ئۈرۈمچى «دەۋر سەپىرى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ۋوگزالى «ياشى» بىناسى | 0991 — 5810178 | 0991 — 5814039 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «شادلىق» ئارام كۈنلىرى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5881185 | 0991 — 588118 | 830000 |
| ئۈرۈمچى قىزىلتاغ ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 2818356 | 0991 — 2818356 | 830002 |
| ئىلى ئوبلاستلىق ياشلار بىرلەشمىسى ساياھەت كوپىراتىپى | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسى 83 - نومۇر | 0999 — 8128993 | 0999 — 8220637 | 835000 |
| شىنجاڭ «كارۋان» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يولى 4 - نومۇر | 0991 — 2828214 | 0991 — 2828214 | 830000 |
| ئۈرۈمچى «بىپايان دېڭىز» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى كۆل بويى راۋىقى 1 - بىنا | 0991 — 8582519 | 0991 — 8580134 | 830046 |
| سانجى ئوبلاستلىق پەن - مائارىپ ساياھەت كوپىراتىپى | سانجى شەھىرى غەربىي ساغلاملىق يولى 8 - نومۇر | 0994 — 2348271 | 0994 — 2348271 | 831100 |
| شىنجاڭ «تيەنكۇن» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي جياڭسۇ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 3451767 | 0991 — 3451767 | |
| ئۈرۈمچى «كەيشىڭ» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى ياشلار يولى 22 - نومۇر | 0991 — 8815879 | 0991 — 8815879 | 830002 |
| بورتالا ئوبلاستلىق ساياھەت كوپىراتىپى | بورتالا شەھىرى گۇلۇمتۇ يولى 136 - نومۇر | 0909 — 2220879 | 0909 — 2228704 | 833400 |
| شىنجاڭ «بەختەر يۈرۈش» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشىن مېھمانسارىيى | 0991 — 2822988 | 0991 — 2827633 | 830000 |
| ئىلى مائارىپ ساياھەت كوپىراتىپى | غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 298 - نومۇر | 0999 — 8132456 | | 835000 |
| ئۈرۈمچى كادىرلار ئىشلىرى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 72 - نومۇر | 0991 — 2818071 | 0991 — 4592607 | 830000 |
| شىنجاڭ يەنجى «شاخې» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | يەنجى ناھىيىسى | 0996 — 6022299 | 0996 — 6020608 | 8411008 |
| ئۈرۈمچى «تيەنتيەن» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 41- نومۇر | 0991 — 4692559 | | 830000 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ «كەييۈەن» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئەدەبىيات - سەنئەت يولى 37 - نومۇر | 0991 — 2840119 | 0991 — 2324888 | 830002 |
| قاراماي شەھىرى «ئوتتۇرا كۆۋرۈك» ساياھەت كوپىراتسىيەسى | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 171 - نومۇر | 0990 — 6888089 | 0990 — 6888089 | 834000 |
| شىنجاڭ «گۇەنگۋاڭ» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئەدەبىيات - سەنئەت يولى 11 - نومۇر «خېڭفۇ» مېھمانسارىيى | 0991 — 8623895 | 0991 — 8902959 | 830000 |
| كورلا «قۇياش نۇرى» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | كورلا شەھىرى غەربىي خەلق يولى «جىڭشاخەي» مېھمانخانىسى | 0996 — 2034166 | 0996 — 2034166 | 841000 |
| قەشقەر تۇمەن دەريا ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | قەشقەر ئايرودروم يولى 5 - نومۇر | 0998 — 2843559 | 0998 — 2822952 | 844000 |
| شىنجاڭ قاراماي «جېنيالڭ» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | قاراماي شەھىرى غالىبىيەت يولى 156 - نومۇر | 0990 — 6891589 | 0990 — 6891589 | 834000 |
| قاراماي شەھىرى مايتاغ «مۇزلۇق چوققا» ساياھەت كوپىراتسىيە | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى بېيجىڭ يولى 12 - نومۇر | 0992 — 3865353 | 0992 — 3684275 | 833600 |
| تۇرپان جۇڭگو ئىچكى ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | تۇرپان شەھىرى كوناشەھەر يولى 6 - نومۇر | 0995 — 8535888 | 0995 — 8535808 | 838000 |
| قەشقەر شەھىرى «مۇز تاغ» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | | | |
| ئۈرۈمچى «يېڭى مەدەنىيەت» ساياھەت مەدەنىيىتى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 128 - نومۇر | 13909923310 | | |
| قەشقەر «خۇائەن» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 49 - نومۇر | | | |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق لوپنۇر كۆلى ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | كورلا شەھىرى شىمالىي ئىتتىپاق يولى ئالتۇن ئۈچبۇرجەك مېھمانخانىسى | 0996 — 22020259 | 0996 — 2026239 | |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك «شۇيۈەن» ساياھەت كوپىراتسىيە چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 133 - نومۇر | 13909910275 | 0991 — 2816676 | |
| خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق ساياھەت كوپىراتسىيە | خېجىڭ ناھىيىسى شەرقىي ئارشات يولى 6 - نومۇر | 0996 — 5022293 | 0996 — 5022131 | |
| شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات شىركىتى ساياھەت كوپىراتسىيە | ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى شىنگاڭ يولى | | | |
| ئالتاي «كۆمۈش دولقۇن» ساياھەت كوپىراتسىيە | ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى 39 - نومۇر | | | |
| شىنجاڭ «يۈگىەن» ساياھەت كوپىراتسىيە | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 7 - نومۇر | | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى «جىنيى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 39 - نومۇر | 0991 — 2318822 | 0991 — 2318828 | 830002 |
| قەشقەر «يېڭى قۇرۇقلۇق» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى پايناپ يولى 20. نومۇر | 0998 — 2522888 | 0998 — 2522888 | |
| شىنجاڭ «قەلبداش» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 10 - نومۇر | 0991 — 4817579 | 0991 — 4817579 | |
| ئۈرۈمچى «زۇڭخىڭ» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 99 - نومۇر | 0991 — 8832812 | 0991 — 8832812 | |
| جىڭ ناھىيىسى ئىبنۇر كۆلى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | جىڭ ناھىيىسى ئىلى يولى 7 - نومۇر | 0909 — 5332228 | | |
| شىنجاڭ «كاڭتەي» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 153 - نومۇر | 13999137731 | 0991 — 4323557 | |
| بورتالا «يېڭى ئەسىر» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | بورتالا شەھىرى خاڭجو يولى 9 - نومۇر | 0909 — 2266127 | 0909 — 2266541 | |
| ساۋەن ناھىيىلىك «نۇرلۇق» ساياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ساۋەن ناھىيىسى سەندۇخوزا بازىرى تىنچلىق يولى 1 - نومۇر | 0993 — 6011115 | 0993 — 7518114 | |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مىڭدا» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2828199 | 0991 — 2828057 | |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ۋەنجۇڭ» فوتو سۈرەت ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 20 - نومۇر | 0991 — 2823255 | 0991 — 2816375 | |
| شىنجاڭ «ھەسەن - ھۈسەن» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى 7 - نومۇر | 1399912844 | | |
| قەشقەر ياشلار بىرلەشمىسى ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 337 - نومۇر | 0998 — 2553508 | 0998 — 2552861 | |
| قەشقەر تەنتەربىيە ساياھەت كوپىراتىپى | قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە سارىيى يولى 45 - نومۇر | 0998 — 2523680 | | |
| شىنجاڭ «ساياھەتچىلەر» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 92 - نومۇر | 0991 — 2840329 | 0991 — 2840329 | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى «ئالتۇن تەڭرىتاغ» ساياھەت كوپىراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 21 - نومۇر | 0991 — 8978783 | 0991 — 4812768 | 830002 |

# سودا

## دۆلەت سودىسى

### سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن يۈكسىلىشتەك ياخشى يۈزلىنىش كۆرۈلدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9% ئاشتى. ئېشىش نىسبىتى شەھەرلەردە يېزىلاردىكىدىن، چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەردە ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلاردىكىدىن يۇقىرى بولدى. يېمەكلىكلەر، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سانائەت بۇيۇملىرى ئىستېمالدا يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. كومپيۇتېرنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش يۈزلىنىشى كۈچەيدى، يېمەك - ئىچمەك، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرى پۇختا، ساغلام يۈكسەلدى. يېڭىچە تىجارەت ئەندىزىلىرى، مەسىلەن، تاللا بازار، زەنجىرسىمان سودا، تاۋارنى ئاپىرىپ بېرىش تىجارەتلىرى ئىستېماللىقلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 2001 - يىلى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان 10دىن يېقىن تاللا بازار، زەنجىرسىمان سودا، تاۋار ئاپىرىپ بېرىش مەركىزى پارچە سېتىش بازىرىنىڭ تېگىنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى كۈچەيسە كۈچەيدىكى ئاجىزلىمىدى.

2001 - يىلى شىنجاڭدا يېمەك - ئىچمەك كەسپى ساياھەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە كۆچمە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يۈكسەلدى، ئالىي، ئوتتۇرا - تۆۋەن دەرىجىلىك يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسىپلىرى 2000 - يىلدىكىدىن 16.7% كۆپەيدى. يېمەك - ئىچمەك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتىكى تەرتىپى مۇنداق بولدى؛ يەككە كارخانا، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ھەم دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىللىق سېتىش سوممىسى 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان توپ سېتىش بازىرىدىن 10نى، ھەرخىل سودا بازىرىدىن 1315نى بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 18 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇلار ئاپتونوم رايوندىكى تاۋار توپلىنىپ تارقىلىدىغان جايغا ئايلاندى. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ جايلىشىشى دېگەندەك ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، ھەرىكىتى دېگەندەك قېلىپلاشمىدى، تەكرار تىجارىتى كۆپرەك، مۇلازىمەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس.

ياڭ جىسىن

### سودا ئوبوروت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت سودا ئوبوروت كارخانىلىرى 7 گۇرۇھ شىركەت بولۇپ تەشكىللەندى، 147 كارخانا پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 56 كارخانا قوشۇۋېلىندى، 35 كارخانا سېتىۋېلىندى، 58 كارخانا ئىجارىگە بېرىلدى، 126 كارخانا ھۆددىگە بېرىلدى، 351 دۆلەت كارخانىسى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، 36 كارخانا قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىندى، كارخانا تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىش دائىرىسى 80%تىن يۇقىرى بولدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ سودا ساھەسىگە مەسئۇل ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 21 كارخانا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى 178 شۆبە، تارماق ئاپپارات، 125 ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسى ھەرخىل دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى، تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرتىلىش دائىرىسى 70% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلگىنى 33، ئىجارىگە بېرىلگىنى 6، رەنە ئېلىپ ھۆددىگە بېرىلگىنى 32، قوشۇۋېلىنغىنى، قوشۇۋېتىلگىنى 18، باشقا شەكىللەردە ئۆزگەرتىلگىنى 36.

ئاپتونوم رايوننىڭ سودا ساھەسىگە مەسئۇل ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 21 سودا ئوبوروت كارخانىسى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ۋاڭ لىخۇي

### گۆش تىجارىتى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزا بازارلىرىدا سېتىلغان چوشقا، كالا، قوي، ئۆچكە گۆشلىرى 180 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5% ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 56 مىڭ 500 توننا بولۇپ،

12%؛ كالا گۆشى 54 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 3%؛ قوي ـ ئۆچكە گۆشى 69 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 1% ئازىيىپ كەتتى. بۇنداق بولۇشىغا گۆش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى. 2001 ـ يىلى ھەر كىلوگرام لوق كالا گۆشىنىڭ ئوتتۇرىچە پارچە باھاسى 15 يۈەن بولۇپ، 15%؛ ھەر كىلوگرام سۆڭەكلىك قوي گۆشىنىڭ ئوتتۇرىچە پارچە باھاسى 17 يۈەن بولۇپ، 20% ئۆرلىدى. گۆش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە، ئاساسەن، گۆش بايلىقىنىڭ نىسپىي يېتەرسىز بولغانلىقى سەۋەب بولدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا چارۋىچىلىقتىن ئۇدا نەچچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 3 پىرسەنت پوئىنتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن نوپۇس ئۆزلۈكسىز تەبىئىي كۆپىيىپ تۇرغانلىقى ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن كۆچمە نوپۇسنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى، خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ گۆشكە بولغان تەلىپى يىلدىن ـ يىلغا ئۆسۈپ باردى، گۆش مىقدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن بازار تەلىپىنىڭ ئېشىشى تەڭ قەدەمدە بولمىدى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت يېمەكلىك ئارماقلىرىدا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، بەزىلىرىنىڭ كەسپى ئۆزگەرتىلدى، بەزىلىرى قايتا تەشكىللەندى، بەزىلىرى ۋەيران قىلىندى، شۇڭا كۆپ قىسمى نورمال تىجارەت قىلالمىدى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى 1081 توننا چوشقا گۆشى، 220 توننا كالا گۆشى، 811.5 توننا قوي ـ ئۆچكە گۆشى سېتىۋالدى، 1372.5 توننا چوشقا گۆشى، 190.5 توننا كالا گۆشى، 510.8 توننا قوي، ئۆچكە گۆشى ساتتى.

2001 ـ يىلى دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى شىنجاڭنىڭ دۆلەتكە 1500 توننا قوي گۆشى ساقلاپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى گۆش توڭلىتىپ ساقلاش يېمەكلىك شىركىتى ساقلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ يەرلىك ئۈچۈن 500 توننا قوي گۆشى ساقلاپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بايراملىرىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ گۆش بىرلەشمە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 10 مىڭغا يېقىن قوي بورداپ، قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتلاردا مۇسۇلمانلارنى قوي بىلەن تەمىنلىدى.

ساۋ شياۋلىڭ

## شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ تىجارىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى ئومۇملاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ ۋاكالىتەن بېجىرىش، تارقاق سېتىش ۋە زەنجىرسىمان سېتىشقا ئوخشاش تىجارەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ، گۆش، شېكەر، ھاراق، قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارلىق ئاساسلىق تاۋارلار تىجارىتىنى ياخشى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاپىتالنىڭ يۈرۈشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ياخشىلاپ، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. يىللىق تاۋار سېتىش ۋە تىجارەت كىرىمىنى 151 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، يۇقىرىغا 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن پايدا ـ باج تاپشۇردى. بىر يىلدا 2889 توننا گۆش، 3519 توننا شېكەر، 2628 توننا ھاراق ساتتى، سېتىش سوممىسى 67 مىليون 950 مىڭ يۈەن، قوشۇمچە يېمەكلىك سېتىش سوممىسى 29 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر 2 لىسى 2000 ـ يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى.

ۋاڭ جۈن

## ئىلمە توقۇلما، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا ئىلمە توقۇلما، كىيىم ـ كېچەككە بولغان بازار تەلىپى مۇقىم، مال مەنبەسى مول، تۈرلىرى كۆپ بولدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى داۋاملىق ئازىيىپ كەتتى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارىتى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭكىدىن، پارچە سېتىش تىجارىتى توپ سېتىش تىجارىتىدىن، ئىلمە توقۇلمىلار تىجارىتى گەزمال تىجارىتىدىن، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى ئىلمە توقۇلمىلار تىجارىتىدىن ياخشى بولدى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلمە توقۇلمىلىق كىيىملەرنىڭ سېتىلىش سوممىسى 563 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 4.45% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 39 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.58% ئازىيىپ كەتتى، پارچە سېتىش سوممىسى 523 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.29% ئاشتى؛ توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 44 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.01% ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 7 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.63%؛ پارچە سېتىش سوممىسى 37 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.09%؛ ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 51 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.23% ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 5 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.65%؛ پارچە سېتىش سوممىسى 46 مىليون 550 مىڭ

يۈەن بولۇپ، 5.27% ئازىيىپ كەتتى؛ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سېتىلىش سوممىسى 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.78% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 27 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.55% ئازىيىپ كەتتى، پارچە سېتىش سوممىسى 439 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.65% ئاشتى.

2001 - يىلى ھەرخىل رەختلەرنىڭ سېتىلىشى2000- يىلدىكىدىن 10.28% ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش 10.31% ئازىيىپ كەتتى، پارچە سېتىش 114.21% ئاشتى. ئاساسەن ساپ پاختا رەختلەر، كەڭ ئەنلىك، گۈللۈك، يوللۇق، بالداقلىق كىرلىك رەختلەرنىڭ بازىرى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ئىتتىك بولدى. تەبىئىي تالا ئاساس قىلىنغان توقۇلمىلارغا بولغان تەلەپتە چېكىنىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۆزلۈك، قىشلىق چاپان ۋە يوپكىلىرىغا لايىق دىلون - چىگە، پاختا - چىگە ئارىلاش يېپتىن توقۇلغان ئەن رەختلەرنىڭ بازىرى داۋاملىق كاساتلاشتى. تاۋارلارنىڭ پاسونى ئاددىيلىشىشقا يۈزلەندى، كارىۋات ياپقۇچنىڭ ئورنىنى كەڭ، چىرايلىق يوتقان كىرلىكى ئىگىلىدى. تاۋاردەك زىچلىقى يۇقىرى قىلىپ توقۇلغان قىيپاش يوللۇق پاختا توقۇلمىلار، بالداقلىق، سىپتا پاختا توقۇلمىلار يەنىلا ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۆي زىننەتلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دىلون، پاختا ۋە چىگىدىن توقۇلغان پەردىلىك رەخت، زىننەت رەخت ۋە داستىخانلىق رەخت قاتارلىقلارنىڭ بازىرى شىددەتلىك ئىتتىكلەپ، سېتىش سوممىسى 28.68% ئاشتى. ساپ يىپەك گەزلىمىلەر ئامىمىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، سېتىلىش سوممىسى 1.42% ئاشتى. ئەر - ئاياللارنىڭ پاختا، يۇڭ ئارىلاش ئىشتىنى قاتارلىق ئىلمە توقۇلمىلىق ئىچ كىيىملىرىنىڭ سېتىلىشى مۇقىم ئاشتى. دۆلەت بويىچە داڭلىق ماركىلىق يۇڭ كۆينەكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. تىۋىتلىق كۆينەكلەرنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن سودا سارايلىرى باھاسىنى چۈشۈرگەنلىكى، زاۋۇتلار ئېتىبار بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تىۋىتلىق كۆينەكلەر بىلەن يۇڭ كۆينەكلەرنىڭ باھا پەرقى تەدرىجىي كىچىكلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىۋىتلىق كۆينەكلەر يۇمشاق بولۇش، ئىسسىقلىق ساقلاش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولۇش، راھەت بولۇش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. ئەرەنچە كىيىملەر داڭلىق، راھەت بولۇش نىشانىغا قاراپ راۋاجلانغىلى تۇردى. ئاياللچە كىيىم - كېچەكلەر بولسا پاسون، رەڭ، گۈل قاتارلىق جەھەتلەردە خاسلىقىنى ۋە مودىلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، نېپىز كاۋبوي كىيىم - كېچەكلەر ھېلىمۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ياش ئەر - ئاياللار ئىنتىلىدىغان تاۋار بولدى. راھەت كىيىم- كېچەكلەرنىڭ خىللىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە يۈزلەندى، پاسونى تېخىمۇ ئاۋۇدى، دەۋر تۈسىگە باي «ياشلىق راھەت كىيىم - كېچەكلىرى»، كەڭ، ئازادە «كاۋبوي راھەت كىيىم - كېچەكلىرى»، كىشىنى ياش كۆرسىتىدىغان «راھەت تەنھەرىكەت كىيىم - كېچەكلىرى»، قېلىپلىشىشقا يۈزلەنگەن «كەسىپ راھەت كىيىم - كېچەكلىرى»، كىشىگە سۆلەت كىرگۈزىدىغان «ئەنئەنىۋى راھەت كىيىم - كېچەكلەر» كۆپلەپ يارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ غەيرىي، كۆركەم، راھەت، مودا، يارىشىملىق، ئازادە، چوڭ سۈپەت يېڭى پاسونلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. راھەت كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سېتىلىشىنىڭكىيىم- كېچەك تاۋارلىرى تىجارىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 5%تىن 20%گە ئۆرلىدى. شوخ گۈللۈك، يېڭى پاسونلۇق، چوڭ سۈپەت باللار كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بازىرى يەنىلا ئىتتىك بولدى، سۈپىتى بىلەن باھاسى ئۆز ئارا ماس دىلۇڭ، پاختا- چىگە ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەكلەر يەنىلا بازار تەلىپىنىڭ ئاساس ئېقىمى بولدى.

لىيۇ شۈدۇڭ

## كىم ئارتۇق سودا ساھەسىنىڭ تىجارىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا كىم ئارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان كارخانا 42، ئۇلار ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھرىدىكىلىرى 22، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكىلىرى 20. ئۇلارنىڭ كىم ئارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمى 500 دىن ئارتۇق، ئۇلارنىڭ 400گە يېقىنى تەربىيە كۆرۈپ، جۇڭگو كىم ئارتۇق سودىسى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «جۇڭگو كىم ئارتۇق سودا كەسىپكارى سالاھىيەتنامىسى»غا ئېرىشكەن، بۇ ساھەدە 80 نەپەر كىم ئارتۇق سودا ئۇستىسى بار.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كىم ئارتۇق سودا كارخانىلىرى 425 ئورۇننى پۇتتۇشتۇرۇپ قويدى، پۇتتۇشتۇرۇش سوممىسى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ 6 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئۇمۇم مال - مۈلكىنىڭ 150 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىننىڭ 390 مىليون يۈەن، كارخانا مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ 67 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ۋەيران قىلىنغان كارخانا مۈلۈكلىرىنىڭ 391 مىليون يۈەن، شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ 19 مىليون يۈەن، باشقىلارنىڭ 77 مىليون 680 مىڭ يۈەن.

چېن چاڭئەن

## سودا ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سودا ساھەسىگە مەسئۇل ئىشخانىسى ئۆزىگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي (سودا، ماددىي ئەشيا) ئورۇنلىرىغا 26 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇلارغا جەمئىي 21 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر.

بىرىنچى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتقا كىرگۈزۈلگەن 8 قۇرۇلۇش تۈرى پۈتتى، ئۇلارغا پىلان بويىچە 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى سەرپ قىلىندى. بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئاساسەن شىنجاڭ شۋاڭئەن سودا سارىيى، زەنجىرسىمان سېتىش سودا دۇكىنى، شىنجاڭ پولات ماتېرىياللىرىنى سېتىش، پىششىقلاش، ئاپىرىپ بېرىش مەركىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى سودا تور - نۇقتىلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئامبار، تاللا بازار قۇرۇلۇشلىرى، سوغۇق - يېڭى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ مەخسۇس مەبلىغى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 5ى پۈتتى، ئۇلارغا قوشۇپ بېرىلگەن قەرز پۇل ئۆسۈمى ۋە قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى بولۇپ 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. بۇ مەبلەغ ئاساسەن «كۆك - تاق قۇرۇلۇشلىرى»غا يەنى شىخەنزە كۆكتات، مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرى ۋە سانجى «ئاسىيا كىندىكى» سودا شەھەرچىسىنىڭ كۆكتات توپ سېتىش بازىرىغا بېرىلگەن قوشۇپ بېرىلگەن قەرز پۇل ئۆسۈمى 560 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ چوشقىچىلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە بېرىلگەن 500 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى، كورلا نەشپۈتىنى ھاۋا تەڭشەش يولى بىلەن يېڭى پېتى ساقلايدىغان 5000 توننىلىق ئامبىرىنى سېلىشقا قوشۇپ بېرىلگەن قەرز پۇل ئۆسۈمى 590 مىڭ يۈەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سودا ئورۇنلىرى ئۆزى مەبلەغ جۇغلاپ 10 قۇرۇلۇشنى قىلدى، سېلىش پىلانلانغان مەبلەغنىڭ 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلەشتى، پىلانلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 967 كۋادرات مېتىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ شۋاڭئەن سودا شەھەرچىسى يەنە 11مىڭ 169 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىپ، تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتتى، سودا مۇلازىمەت قاتلىمىنى ئۆستۈردى.

تۆتىنچى، «ئۈچ يېشىل» قۇرۇلۇشى (يېشىل يېمەكلىك ئىستېمالىنى تەشەببۇس قىلىش، يېشىل يېمەكلىك بازىرى يېتىلدۈرۈش، يېشىل يېمەكلىك يوللىرىنى ئېچىش) باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى، كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى پىششىقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش بازىسى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تاللا بازىرى، قولايلىق زەنجىرسىمان سېتىش دۇكىنى قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلدى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيەلەردىكى چوشقا، كالا، قوي قوشخانىلىرى ئۆزگەرتىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق 1 - تۈركۈمدە 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش تەستىقلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بۇ مەبلەغ ئاساسەن يېڭى گۆش يېمەكلىكلىرىنى سېتىش، توڭلىتىپ ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى، زىيانسىز كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى كارانتىن قىلىپ تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىندى.

جياڭ لىڭ

# تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سودىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا سىستېمىسى سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 5 مىليارد 732 مىليون يۈەن؛ ساتقان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارغا سېتىپ بەرگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ 1 مىليارد 427 مىليون يۈەن؛ ئومۇمىي خىراجىتى 1 مىليارد 516 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %19.3 ئاز سەرپ قىلدى. باشقا كەسىپلەرنىڭ سېتىش سوممىسى 8 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولدى. 57 مىليون 660 مىڭ 800 يۈەن پايدا ئالدى، دۆلەتكە 182 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىستېما بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 868 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرگەن باشلامچى كارخانا 83، قوزغاتقان دېھقان ئائىلىسى 745 مىڭ، مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ سېتىپ، 3 مىليارد 246

مىليون يۈەن كىرىم قىلدى؛ كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 150نى قۇردى؛ ئۇلارنىڭ ياردىمىدە دېھقانلار 818 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى؛ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرىدىن 60نى قۇردى، ئۇلارنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 562 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ كەنت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتىدىن 467نى، زىرائەت دوختۇرخانىسىدىن 261نى قۇردى؛ «زاكاز زىرائەت» كۆلىمىنى 287 مىڭ گېكتار كېڭەيتتى، دېھقانلارنىڭ 200 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يېرىنىڭ تۇپرىقىنى ئۆلچەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلىشىغا ياردەم بەردى، 84 مىڭ 500 دېھقان (قېتىم) غا تېخنىكا ئۆگەتتى، مەسلىھەت مۇلازىمىتى قىلدى، دېھقانلارنى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەنلىك ئۇرۇق ۋە مايا بىلەن تەمىنلىدى.

ۋاڭ جيەنشىن

## زىيانىنى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش خىزمىتى

شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى 2001 - يىلى ئومۇمىي جەھەتتىن پايدا ئېلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلىدى، ئاساسلىق تىجارەت كەسىپلىرى يۇقىرى قەدەمدە يۈكسىلىپ، پاختا - چىگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارەتلىرى داۋاملىق ئاساسىي يوللۇق رول ئوينىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، پوچاڭزا، چاي قاتارلىق تىجارەت كەسىپلىرىدە تور تىجارىتىنى يولغا قويۇپ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، كۆپ خىللىق ئىگىلىك كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. خىراجەت سەرپىياتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق، سانجى ئوبلاستلىق، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى يەنە پايدا ئالدى. بورتالا ئوبلاستلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك، تورپان ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى زىيانىنى ئازايتتى.

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسى زىيانىنى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەشتە ئاساسەن مۇنداق 5 جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتتى: 1. مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتى. 2. كۆرسەتكۈچنى كارخانىلارغا، تەدبىرنى تۈرلەرگە، مەسئۇلىيەتنى شەخسلەرگە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، زىيانىنى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئاساسلىق رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ھەم خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. 3. مالىيە باشقۇرۇش ۋە ئىچكى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خىراجەتلەرنى ئازايتتى. 4. نېسى مەبلەغنى يىغىش سالمىقىنى زورايتىپ، سېتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بېسىلىپ قېلىشنى ئازايتىپ، مۈلۈكنى تىرىلدۈرۈپ، مالىيە سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. 5. كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق، رايون ھالقىغان بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئاساسلىق، ئەۋزەل تىجارەت كەسىپلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئۆستۈردى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش، ئۇنۇم يارىتىش مەنبەلىرىنى كېڭەيتتى.

خۇ لىپىڭ

## پاختا تىجارىتى

2001 - يىلى پاختا يىلى (2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر) شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 529 مىڭ 100 توننا پاختا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ سېتىۋالغىنى 732 مىڭ 700 توننا، بىڭتۈەننىڭ سېتىۋالغىنى 612 مىڭ 900 توننا، باشقا يوللارنىڭ سېتىۋالغىنى 183 مىڭ 500 توننا. ئىچكى - تاشقى بازارلاردا پاختا تەمىناتى تەلەپتىن ئارتۇق بولغانلىقى، باھاسى داۋاملىق تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا پاختىنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولمىدى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر شىنجاڭ بويىچە 882 مىڭ 200 توننا پاختا سېتىلدى (يەرلىكنىڭ ساتقىنى 495 مىڭ 700 توننا، بىڭتۈەننىڭ ساتقىنى 378 مىڭ 800 توننا، باشقا يوللارنىڭ ساتقىنى 7700 توننا). بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا سېتىپ بېرىلگىنى 266 مىڭ 600 توننا (يەرلىكنىڭ سېتىپ بەرگىنى 186 مىڭ 600 توننا، بىڭتۈەننىڭ سېتىپ بەرگىنى 80 مىڭ توننا)؛ ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا سېتىلغىنى 615 مىڭ 600 توننا (يەرلىكنىڭ ساتقىنى 309 مىڭ 100 توننا، بىڭتۈەننىڭ ساتقىنى 298 مىڭ 800 توننا، باشقا يوللارنىڭ ساتقىنى 7700 توننا). شىنجاڭ پاختىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا ئورناتقان پاختا تىجارىتى تورلىرى ۋە پاختا ساقلاش، توشۇش ئەسلىھەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پاختا چىقىدىغان جايلاردا بېسىلىپ قالغان پاختىنى باشقا جايلارغا يۆتكەپ تارقاقلاشتۇرۇپ ساقلاش كەسپىنى يولغا قويۇپ، پاختا

چىقىدىغان جايلاردىكى ناھىيىلەرگە ساقلاش، توشۇش، سېتىۋېلىش، سېتىش ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىپ، پاختا چىقىدىغان جايلاردىكى ناھىيىلەرنىڭ بېسىمىنى يېنىكلەتتى.

لى كەي

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەم باشقا يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتلەر

2001 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سىستېمىسى دېھقانلارنى 1 مىليون 72 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىدى، تەمىنلەش مىقدارى 2000 - يىلدىكىدىن 21.3% ئارتۇق بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت 573 مىڭ تونىنا، فوسفورلۇق ئوغۇت 485 مىڭ تونىنا، كالىيلىق ئوغۇت 14 مىڭ تونىنا؛ 25 مىڭ 300 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىدى ۋە ساتتى؛ 3770.9 تونىنا دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلىدى.

2001 - يىلى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى ۋە مۇلازىمىتىدە ئاساسىي يوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تاۋارلىرى بىلەن سان - سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تەمىنلەشكە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ياساش، سېتىش ۋە قانۇنسىز تىجارەت قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى قوغدىدى. جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇردى، 395 زىرائەت دوختۇرخانىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، دېھقانلارغا پەن- تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، تېخنىكا ئۆگىتىش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىغا دائىر كىتابلار بىلەن تەمىنلەش، تۇپراقنى ئۆلچەپ ئوغۇت نىسبىتىنى تەڭشەپ بېرىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ماللارنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش، سەييارە تەكشۈرۈشكە ئوخشاش مۇلازىمەتلەرنى قىلدى. يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارنى تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە، خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. توزۇپ كېتىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، نۇر قايتۇرىدىغان سۇلياۋ يوپۇق بىئولوگىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى، تۇپراقنى ياخشىلاش، نەملىكنى ساقلاش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش دورىلىرى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، سىناق قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ۋاڭ جيەنشىن

## پاختا - چىگە بازىرى

شىنجاڭ پاختا بازىرىدا 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تىجارەت باشلاندى. بۇ بازار مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا نەق مال سودا بازىرى ۋە دۆلەت پاختا بازىرىنىڭ شۆبىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا 141 سودا ئورنى بولۇپ، 72 ئەزا ئورۇننى جەلپ قىلدى، ئۇلار ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىدىكىلىرى 35، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكىسى 37. بازار پۈتۈن مەملىكەتتىكى پاختا بازارلىرى بىلەن تورلاشتى.

لى كەي

## تەمىنات - سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى 374 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، ئۇلار كوپېراتىپ قارمىقىدىكى كارخانىنىڭ 70%ىنى ئىگىلەيدۇ. 180 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ تەرتىپكە سېلىندى، قايتا تەشكىللەندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 44%ىنى ئىگىلەيدۇ. بىر يىلدا 11 كارخانا گۇرۇھى، 133 چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، 35 پاي ھەمكارلىق كارخانىسى قۇرۇلدى؛ 46 كارخانا سېتىۋېتىلدى، 34 كارخانا قوشۇۋېتىلدى ۋە تارقىتىۋېتىلدى؛ 63 كارخانا ئىشتىن توختىتىلدى ۋە ۋاقىتلىق توختىتىلدى، 40 كارخانا ۋەيران قىلىندى، 18 مەركىزىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى، 92 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ قوشۇۋېتىلدى ۋە تارقىتىۋېتىلدى، 8 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ ۋەيران قىلىندى، 55 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ ئىشتىن توختىتىلدى ۋە ۋاقىتلىق توختىتىلدى، 7 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەر بىرىدە بىردىن كوپېراتىپ بولۇش يولىغا

قويۇلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كارخانىلىرى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا، ئىجتىمائىي كاپىتالنى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پېيىنى پائال جەلپ قىلىپ، بىرلىشىش، قايتا تەشكىللىنىش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسىنى، تەشكىلىي شەكلىنى بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۇلكە، ئاپتونوم رايون ھالقىغان، ساھە، مۈلۈكچىلىك ھالقىغان شىنجاڭ پاختىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ جىنجاڭ ساليوت ـ پوجاڭزا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيەنيۈ چاي چەكلىك شىركىتى ھەم بىر تۈركۈم رايون خاراكتېرلىك كارخانا گۇرۇھىنى قۇردى، ئۇلار رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە كەسپىي رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش، بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

ۋاڭ جيەنشىن

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى 2000 ـ يىلدىكى 495تىن 411 گە ئازىيىپ، مۇۋاپىق كۆلەمدە ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي رايون بويىچە جايلىشىش تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىشقا ئوخشاش زامانىۋى تىجارەت شەكىللىرىنى كىرگۈزۈپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش، پىششىقلاش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 150 نەچچە كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، نەتىجىدە بۇنداق كوپېراتىپلار 2000 ـ يىلدىكىدىن 110ى كۆپەيدى، كوپېراتىپقا ئەزا بولغان دېھقان ئائىلىلىرى 6919 غا يېتىپ، 5 مىليون 960 مىڭ يۈەن پاي قوشتى، بۇ كوپېراتىپلار دېھقانلارغا 818 مىليون يۈەن كىرىم قىلىپ بەردى. 2001 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسى خاڭدى بازارلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، مارالبېشى ناھىيىسى سېرىقبۇيا بازارلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، چىرا ناھىيىسى گۇلاخما بازارلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، قۇتۇبى شىمالىي گوبى پاختىچىلىق كەسپىي كوپېراتىپى، لوپ ناھىيىسى ئاچچىق كەنتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتى، ئونسۇ ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىنىڭ مەركىزى زىرائەت دوختۇرخانىسى، قورغاس ناھىيىسى چىڭشۈيخوزا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ زىرائەت دوختۇرخانىسى ۋە لوسىگوڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ زىرائەت دوختۇرخانىسى قاتارلىق 8 ئورۇن جۇڭگو مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا باش كوپېراتىپى ئۇيۇشتۇرغان 100 ئۇلگە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ، 100 ئۇلگە كەسپىي كوپېراتىپ، كەنت دەرىجىلىك 100 ئۇلگە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتى، 100 ئۇلگە زىرائەت دوختۇرخانىسىنى باھالاش ـ تەقدىرلەش پائالىيىتىدە تەقدىرلەندى.

ۋاڭ جيەنشىن

# ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش

## ئاشلىق ئومبورۇتى

2001 ـ ئاشلىق يىلى (2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2002 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە) دا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى 8 مىليون توننا بولۇپ، 2000ـ ئاشلىق يىلىدىكىدىن 300 مىڭ توننا كېمىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 457 مىڭ تونناغا يېتىپ، 27 مىڭ 400 توننا كۆپ سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1 مىليون 232 مىڭ توننا بولۇپ، 13 مىڭ توننا ئاز سېتىۋېلىندى؛ كۆممىقوناق 165 مىڭ توننا بولۇپ، 33 مىڭ توننا كۆپ سېتىۋېلىندى، دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 809 مىڭ توننا ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 791 مىڭ توننا. قوغداش باھاسىدا 362 مىڭ توننا بۇغداي سېتىۋېلىندى. سېتىۋېلىنغان بۇغداي مىقدارىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بىرىنچى، شىنجاڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئازايتقانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمىي ھوسۇل ئازىيىپ كەتتى. ئىككىنچى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 300 كىلوگىرامغا يەتمىگەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ دۆلەتكە توختام بويىچە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈپ قىلىش سىياستى

ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 42 مىڭ توننا ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، كەچۈرۈم قىلىندى. ئۈچىنچى سېتىۋېلىش سوبيېكتلىرى كۆپەيدى، جۇڭگو زاپاس ئاشلىق شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى يېڭى ئامبارلىرىغا يېڭى ئاشلىق تۆكۈش ئۈچۈن بىۋاسىتە سېتىۋالغان ئاشلىق ۋە ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان باشلامچى كارخانىلار بىۋاسىتە سېتىۋالغان ئاشلىق ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلمىدى. 2001 ـ يىلى ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ياغ (ياغلىق دان، چىگىت ياغقا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) 39 مىڭ 810 توننا بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 16 مىڭ 400 توننا ئاز سېتىۋېلىندى.

2001 ـ ئاشلىق يىلىدا شىنجاڭدىكى دۆلەت ئاشلىق سېتىش كارخانىلىرى ساتقان ئاشلىق 1 مىليون 851 مىڭ تونىنغا يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ سىرتىغا سېتىلغىنى 328 مىڭ توننا، يېڭى ئامبارلارغا تۆكۈش ئۈچۈن سېتىلغىنى 352 مىڭ توننا)، 2000 ـ يىلدىكىدىن 231 مىڭ توننا كۆپ سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1 مىليون 462 مىڭ توننا بولۇپ، 472 مىڭ توننا كۆپ سېتىلدى. سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بىرىنچى، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بەلگىلەپ، جايلارنى ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ئىككىنچى، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن كونا ئاشلىقنى يېڭى باھادا سېتىش سىياسىتى ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدا خېلى ئېغىر قار ئاپىتى بولۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىنى قوغداش يەمى ۋە ئاپەت كۆرۈلگەن رايون خەلقىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق كۆپەيدى. تۆتىنچى، مەركەز زاپاس ئاشلىقىنىڭ بىر قىسمى يەرلىكنىڭ تاۋار ئوبوروت ئاشلىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، رىقابەت باھاسى يولى بىلەن سېتىلدى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلانغان ئوبوروت ئاشلىقى 2 مىليون 473 مىڭ توننا بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 328 مىڭ توننا ئازايدى. ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارى سېتىۋېلىنىش مىقدارىدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق زاپىسى ئۆدا 2 يىل ئازىيىپ كەتتى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەتتى داۋاملىق ياخشىلىنىپ، زىيىنى ئازايدى. ئاپتونوم رايون ئاشلىق تىجارەتتى كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 90 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 40 مىليون 990 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت خاراكتېرلىك زىيىنى 23 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 92 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئازايدى.

لى شياۋ

## ئاشلىق كەڭ ـ كۇشادە سېتىۋېلىندى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىللىق تاۋار ئاشلىق مىقدارىنىڭ 77%نى سېتىۋالدى، بۇ نىسبەت مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلۇپ، مەنپەئەتى قوغدالدى. لېكىن جايلارنىڭ سېتىۋېلىش ئەھۋالى تەكشى بولمىدى. ئىلى ئوبلاستى سېتىۋېلىش پىلانىنى 161.5%، سانجى ئوبلاستى 152.3%، ئۈرۈمچى شەھىرى 106.4% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، ھالبۇكى تۇرپان ۋىلايىتى ئاران 29.3% ئورۇندىدى. دۆلەتنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىدىن ئالغاندا، ئۈرۈمچىلا توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، ھالبۇكى تۇرپان ۋىلايىتى ئاران 2.3% ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئاشلىق تىجارەتتى كارخانىلىرى قوغداش باھاسىدا 362 مىڭ توننا بۇغداي سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، سانجى ئوبلاستلىرىدىن سېتىۋېلىنغىنى 308 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ 85%نى ئىگىلىدى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون چولڭ تىپتىكى ئاشلىق ئىستېمال كارخانىسى ۋە رايون ئاتلاپ كۆممىقوناق سېتىۋالىدىغان سودا كارخانىسىدىن 38 كارخانىنىڭ بىۋاسىتە ئاشلىق سېتىۋېلىشىنى تەستىقلىدى.

لى شياۋ

## ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

شىنجاڭنىڭ يۇقىرى باھالىق زاپاس ئاشلىقىنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاشلىق تىجارەتتى كارخانىلىرىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، 2001 ـ يىل 11 ـ ئايدا مالىيە نازارىتى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مالىيە قوشۇمچە ياردىمى بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى يەنە ئۇزارتىش ۋە ئالاقىدار قوشۇمچە ياردەمنى تەڭشەش چارىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئىلگىرىكى ئىلگىرى سۈرۈش چارىسىنى تەڭشىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تىجارەتتى كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرى (دۆلەت ئىلكىدىكى تەركىبى بار ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ، دۆلەتنىڭ سىرتىغا 1998 ـ ئاشلىق يىلىدا ساقلانغان بۇغداينى ساتسا، ھەر كىلوگىرامى ئۈچۈن 0.20 — 0.33

يۈەن نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، ئىلى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۆزرۈمچىگە ساتقان ئاشلىقنىڭ ھەر كىلوگرامى ئۈچۈن ئەسلىدىكى قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمىگە يەنە 0.08 يۈەن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلار ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئومۇمىي قوشۇمچە ياردەمدىن ئاشۇرۇۋېتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، قوشۇمچە ياردەم نورمىسىنى ناھىيىلەر ئارا تەڭشىسە بولىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا ئۈن ساتسا، توشۇپ بەرگەن تۆمۈريول تارىفىقى كېمىيىپ بەرگەن ئالاقىدار تالونغا قاراپ، مالىيە تارىفىقى كىرا ھەققىنى تولۇق ئاتچوت قىلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر قىلىپ بېكىتىلدى.

لى شياۋ

## ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تىجارەت كارخانىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان يېڭى مېخانىزم ئاساسىدا ئىشلىدى. كۆپ جايلاردا ناھىيە بىرلىك قىلىنىپ ئاشلىق تىجارىتى شىركىتى قۇرۇلدى. سانجى، ئاقسۇلاردا ۋىلايەت، ئوبلاست بىرلىك قىلىنىپ ئاشلىق تىجارەت گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى. باشقا ئاشلىق تىجارىتى كارخانىلىرى ياخشىلىرىنى يۆلەش، كۈچلۈكلىرىنى قوللاش ۋە كاپىتال قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كاپىتالنى قايتا تەشكىللەشنى گەۋدىلەندۈردى. شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى، سانجى «تەڭرىتاغ» ئۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تەيكۈن يەم-بوغۇز چەكلىك گۇرۇھى، ئاقسۇ «ئالتۇن ئاشلىق» ئاشلىق-ياغ تىجارىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئوخشاش بىر تۈركۈم باشلامچى تايانچ كارخانىلار قۇرۇلدى، پارچە سېتىش تىجارىتى ۋە باشقا تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دۆلەت كارخانىلىرى قاتارىدىن قەدەممۇ قەدەم چېكىنىپ كەتتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ 370 ئاشلىق تىجارىتى كارخانىسىدىن %79ىنىڭ تۈزۈلمىسى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ھالدا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگىنى %31.4نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچىسى 25 مىڭ بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17 مىڭدىن ئارتۇقى ئازايدى (بۇنىڭ ئىچىدە تارقاقلاشتۇرۇلغىنى 14 مىڭ). ئاپتونوم رايون ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك 5 خىل ئەندىزە بارلىققا كەلدى: 1. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بويىچە ئىشلەشكە باشلىغان بورتالا سەنجىن ئەندىزىسى. كەسپلىشىشنى بەلۋاغ قىلغان تەيكۈن ئەندىزىسى؛ 2. داڭلىق ماركىسى ۋە كۆلىمىگە تايىنىپ غەلىبە قىلغان «تەڭرىتاغ» ئۇنى ئەندىزىسى؛ 3. دېھقانچىلىق، سودا، سانائەت، پەن - تېخنىكا بىر گەۋدىگە ئايلانغان «ئالتۇن غەربىي دىيار» ئەندىزىسى؛ 4. توختۇپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرغان «ئالتۇن ئاشلىق» ئەندىزىسى؛ 5. ئۆزگىچە ماركىغا تايىنىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان «كاڭۋېي» ئەندىزىسى.

لى شياۋ

## ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتى

شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئېنىقلاش خىزمىتى 2001 - يىل4-ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 106 ئاشلىق ساقلاش ئورنى، 819 ئامبار نۇقتىسى، 5931 ئامبار ۋە ئۈستى ئوچۇق ئامبار (سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەكشۈرۈلدى. 144 ئامبار (ئۈستى ئوچۇق ئامبار) دىكى 61 مىڭ 300 توننا ئاشلىق جىگلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ساننىڭ %1.2 ىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈشتە خاتالىق نىسبىتى %1.52 بولۇپ چىقتى، دۆلەت رۇخسەت قىلىدىغان %3 دائىرە ئىچىدە ئاپتونوم رايوندا ئامباردىكى ئاشلىق بىلەن دەپتەردىكى سان ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش چىقتى.

لى شياۋ

## دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشى

دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ زايوم مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش. 1998 - يىلدىن باشلاپ 3 تۈركۈم زاپاس ئاشلىق ئامبىرى سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ (بىڭتۇەن، جۇڭگو زاپاس ئاشلىق ساقلاش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 26 تۈر، 21 ئامبار (سىغىمچانلىقى 1 مىليون 283 مىڭ توننا)، 3 مەخسۇس تۆمۈريول سېلىش، ياساش ۋەزىپىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا جەمئىي 688 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك 15 تۈر، 14 ئامبار (سىغىمچانلىقى 868 مىڭ توننا)، 2 مەخسۇس تۆمۈريول سېلىش، ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 458 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى؛ بىڭتۇەن 8 تۈر، 7 ئامبار (سىغىمچانلىقى 335 مىڭ توننا) نى ئۈستىگە ئېلىپ، 185

مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى؛ جۇڭگو زاپاس ئاشلىق ساقلاش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى 3 تۇر (ھەممىسى كېڭەيتىپ سېلىنىدىغان ئامبار بولۇپ سىغىمچانلىقى 80 مىڭ توننا)، بىكتۇەن، يەرلىك بولۇپ بەرگەن 25 مىڭ تونننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىر مەخسۇس تۆمۈريول سېلىش، ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 45 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. مۇشۇ 3 تۈركۈم ئاشلىق ئامبارلىرى، يېڭىدىن سېلىنغان (كېڭەيتىلگەن) 21 ئامبار ئاپتونوم رايوندىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (قاراماي شەھىرى، تۇرپان بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە بىكتۇەننىڭ 7 شىسىغا تارقالغان. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1 ـ تۈركۈم ئاشلىق ئامبارلىرى پۈتۈپ ئاشلىق تۆكۈلدى، پۈتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى. 2 ـ تۈركۈمى پۈتۈپ ئاشلىق تۆكۈلگىلى تۇردى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. 3 ـ تۈركۈمى سېلىنىۋاتىدۇ، 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق پۈتىدۇ.

لى شياۋ

# تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

## تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 771 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 21.78% ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 668 مىليون 490 مىڭ دوللار بولۇپ، 44.48% ئازىيىپ كەتتى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 3.73%نى، دۆلەت ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 0.25%نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: چالا مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 221 مىليون 520 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 33.14%نى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 446 مىليون 970 مىڭ دوللار بولۇپ، 66.86%نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 107 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا سېتىلغانلىرىنىڭ سوممىسى 208 مىليون 660 مىڭ دوللار، شياڭگاڭغا سېتىلغانلىرىنىڭ 64 مىليون 790 مىڭ دوللار، ئامېرىكىغا سېتىلغانلىرىنىڭ 59 مىليون 30 مىڭ دوللار، قىرغىزىستانغا سېتىلغانلىرىنىڭ 56 مىليون 910 مىڭ دوللار، ئىتالىيىگە سېتىلغانلىرىنىڭ 39 مىليون 900 مىڭ دوللار، كورىيىگە سېتىلغانلىرىنىڭ 33 مىليون 20 مىڭ دوللار، روسىيىگە سېتىلغانلىرىنىڭ 32 مىليون 990 مىڭ دوللار، ياپونىيىگە سېتىلغانلىرىنىڭ 25 مىليون 700 مىڭ دوللار بولدى.

ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 102 مىليون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 4.1% ئاشتى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: چالا مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 382 مىليون 950 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ 34.72%نى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت سوممىسى 720 مىليون 50 مىڭ دوللار بولۇپ، 65.28%نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت تاۋارلىرى 49 دۆلەت ۋە رايوندىن ئىمپورت قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 695 مىليون 50 مىڭ دوللار بولۇپ 63.01%نى؛ روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 89 مىليون 540 مىڭ دوللار بولۇپ، 8.12%نى، ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 71 مىليون 310 مىڭ دوللار بولۇپ، 6.47%نى؛ قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 42 مىليون 100 مىڭ دوللار بولۇپ، 3.81%نى؛ ئاۋستىرالىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 29 مىليون 530 مىڭ دوللار بولۇپ، 2.68%نى؛ ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 28 مىليون 250 مىڭ دوللار بولۇپ، 2.56%نى؛ گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 25 مىليون 460 مىڭ دوللار بولۇپ، 2.31%نى؛ شۋېيتسارىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 18 مىليون 560 مىڭ دوللار بولۇپ، 1.68%نى ئىگىلىدى.

گۇەن چۈن

## 2001 ـ يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 37 دۆلەت ۋە رايون ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن 12 مىڭدىن ئارتۇق سودىگەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارى قاتناشتى. يەرمەنكىدە ئىمزالانغان تاشقى ئىقتىساد ـ سودا توختاملىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 330 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا ئېكسپورت پۈتۈمىنىڭ سوممىسى 484 مىليون دوللارغا، ئىمپورت زاكازلىرىنىڭ سوممىسى 609 مىليون دوللارغا، تاشقى ئىقتىسادىي ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى پۈتۈملىرىنىڭ سوممىسى 237 مىليون دوللارغا يەتتى. ئىچكى سودا ۋە ئىقتىسادىي ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى پۈتۈملىرىنىڭ سوممىسى 28 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودا

پۈتۈنلىرىنىڭ سوممىسى 14 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە، ئىچكى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى پۈتۈنلىرىنىڭ سوممىسى 13 مىليارد 605 مىليون يۈەنگە يەتتى.

گۆن چۆن

2001 ـ يىلى ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سوممىنىڭ تۈرى | تاۋار ئىسمى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 80 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (2 خىل) | پەمىدۇر قىيامى كونسېرۋاسى، ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى | 18519 | 27.7 |
| 40 — 60 مىليون دوللارغىچە (5 خىل) | ئاياغ كىيىم، پاختا، پاختا يىپ كىيىم ـ كېچەك، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى | 24554 | 36.7 |
| 20 — 30 مىليون دوللارغىچە (2 خىل) | قېزىلما مەھسۇلاتلار، ئۆي سايمانلىرى | 6153 | 9.2 |
| جەمئىي | 9 خىل | 49226 | 73.6 |

2001 ـ يىلى ئىمپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سوممىنىڭ تۈرى | تاۋار ئىسمى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (2 خىل) | كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەك، مىس ۋە پولات ماتېرىيال | 27793 | 25.20 |
| 30 — 80 مىليون دوللارغىچە (6 خىل) | پولات ـ تۆمۈر بۇيۇملىرى، سوغۇق پروكاتلانغان پولات تاختا، كېرەكسىز مىس، مىس سىم، ئاليۇمىن قېتىشمىسى، كېرەكسىز ئاليۇمىن | 31074 | 28.17 |
| 20 — 30 مىليون دوللارغىچە (6 خىل) | ئارپا، قىزىق پروكاتلانغان پولات تاختا، پولىئېتىلىن | 7355 | 6.67 |
| جەمئىي | 11 خىل | 66222 | 60.04 |

## چېگرا سودىسى

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 980 مىليون 790 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %38.55ىنى ئىگىلىدى، 2001 ـ يىلدىكىدىن %25.64 ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 184 مىليون 180 مىڭ دوللار بولۇپ، %68.26 ئازىيىپ كەتتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ

گۆن چۆن

مۇھىملىرى: چاي، گۈرۈچ، تەييار چۆپ، پەمىدۇر قىيامى، تەم خۇرۇچلىرى، ھاراق ـ شاراپ، كوكس، نېفىت مەھسۇلاتلىرى، ناترىي سىلىكات، سىر، سۇلياۋ بۇيۇم، چامدان، سومكا، تام قەغىزى، بىرىكمە تالالىق رەختلەر، تاۋار ـ دۇردۇن كىيىم ـ كېچەكلەر، گىلەم، كارىۋات بۇيۇملىرى، مۇنچا لۆڭگىسى، ئەرسە ـ كېرەك خالتىسى، ئاياغ كىيىم، ساپال ـ فارفور قاچا ـ قۇچىلار، ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى، توڭلاتقۇ، باتارىيە، تېلېۋىزور، ئويۇنچۇق ۋە

باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 796 مىليون 610 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %7.72 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: مېۋە - چېۋە، چىگىت تېۋىتى، تۆمۈر رۇدىسى، ئۆۋاق تۆمۈر رۇدىسى، نافتالىن، ئالىيۇمىن ئوكسىدى، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ ياسالمىلار، تېرە، ياغاچ، ياغاچ بۇتقىسى، مەشۇت، قوي يۇڭى، كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەك، پولات (تاختا، يۆگىمە پولات)، رېلىس، مىس، كېرەكسىز مىس، ئالىيۇمىن، كېرەكسىز ئالىيۇمىن.

گۈەن چۈن

## قازاقىستان بىلەن قىلىشقان سودا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 903 مىليون 910مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %51.03نى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %23.35 ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 208 مىليون 860 مىڭ دوللار بولۇپ، %58.96 ئازىيىپ كەتتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: گۆرۈچ، تەييار چۆپ، پەمىدۇر قىيامى، تەم خۇرۇچلىرى، كىيىم - كېچەك، ئىسپىرت، كوكس، نېفىت مەھسۇلاتلىرى، ھىدروكاربون ھاسىلاتلىرى، سىر، سۇنئىي سۈرمە تاش، پول پىلاستىنكىسى، تام قەغىزى، ئوراق خالتا، سۇلياۋ قاچا - قۇچا، چامىدان - سومكا، گىلەم، مۇنچا لۆڭگىسى، ئاياغ كىيىم، دولتىلىق پولات، دولتا، كەپشەر چوكىسى، سوۋۇتقۇلاندۇرۇش ناسوسى، توڭلاتقۇ، بۇرغىلاش ئىستانوكى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرى، ماشىنا، باتارىيە، تېلېۋىزور، ئويۇنچۇق ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 695 مىليون 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %3.67 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: چىگىت تېۋىتى، تۆمۈر رۇدىسى، سىنىك رۇدىسى، نېفىت، ئالىيۇمىن ئوكسىدى، تېرە، ياغاچ، قوي يۇڭى، كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەك، پولات، تاختا پولات، يۆگىمە پولات ماتېرىيال، مىس، كېرەكسىز مىس، ئالىيۇمىن، كېرەكسىز ئالىيۇمىن.

گۈەن چۈن

## روسىيە بىلەن قىلىشقان سودا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن قىلىشقان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 122 مىليون 530 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %6.91نى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %81.15 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 32 مىليون 990 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %80.08 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: پەمىدۇر قىيامى، مېۋە شەربىتى، كۆك ئاماكا، نېفىت كوكسى ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 89 مىليون 540 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %81.55 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ ياسالما (پولىئېتىلىن)، ياغاچ، ياغاچ بۇتقىسى، پولات، تاختا ماتېرىيال، كېرەكسىز پولات، يۆگىمە پولات، ئالىيۇمىن ۋە باشقىلار.

گۈەن چۈن

## قىرغىزىستان بىلەن قىلىشقان سودا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان بىلەن قىلىشقان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 98 مىليون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %5.59نى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %42.24 ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 56 مىليون 910 مىڭ دوللار بولۇپ، %45.48 ئازىيىپ كەتتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: ناترىي سىئانىد، پىرىكمە تالالىق رەخت، تىۋىتلىق رەخت، پايپاق، مۇنچا لۆڭگىسى، ئاياغ كىيىم، پىشىشقلاش ماشىنىلىرى ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 42 مىليون 80 مىڭ دوللار بولۇپ، %37.18 ئازىيىپ كەتتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: سىماب، تېرە، مەشۇت، كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز ئالىيۇمىن ۋە باشقىلار.

گۈەن چۈن

## پاكىستان بىلەن قىلىشقان سودا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاكىستان بىلەن قىلىشقان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 8 مىليون 690 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %0.49نى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %59.16 ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 860 مىڭ دوللار بولۇپ، %60.64 ئازىيىپ كەتتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: توقۇلمىلار، ماشىنا ۋە ماشىنا ئەگلىكى، ترانسپورت قوراللىرى، ئوپتىكىلىق ئەسۋابلار، پولات تۇرۇبا ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 830 مىڭ دوللار بولۇپ، %55.71 ئازىيىپ كەتتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: مېۋە - چېۋە، ئورگانىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى، بىرىنتىۋا ۋە باشقىلار.

گۈەن چۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن قىلىشقان سودا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن قىلىشقان

ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 8 مىليون 600 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %0.49نى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %20.96 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 460 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %43.31 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: نېفىت مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 140 مىڭ دوللار بولۇپ، %4.85 ئازىيىپ كەتتى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ مۇھىملىرى: يۇڭ، تېرە قاتارلىقلار.

گۇەن چۈن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش خىزمىتى. شۆبە جەمئىيەت 2001 - يىلى ياپونىيە، قازاقىستان، سۈرىيە، پاكىستان، ئىتالىيە، جەنۇبىي ئافرىقا، تۈركىيە، شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق 9 دۆلەت ۋە رايوندىن تەكلىپ بويىچە كەلگەن 14 ئۆمەك - گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 95 سودىگەرنى ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن 3 ئۆمەك - گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 28 كىشىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە 2 ئۆمەك - گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 16 كىشىنى زىيارەتكە چىقاردى.

2. بازارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆرگەزمە ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىچىلىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا، كارخانىلارنىڭ ئىچكى - تاشقى بازار تېپىپ سودا قىلىشىغا كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ كۆرگەزمىچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەستىقلايدىغان باش كۆپ بولۇش، تۆۋەن قاتلاملىق تەكرار كۆرگەزمە ئېچىش، ناچار رىقابەت تۈپەيلىدىن تىجارەت تەرتىپى بىر قەدەر قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماق، ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆرگەزمە كارخانىلىرىنى يۆلەش، تەستىقلاش رەسمىيىتىنى چىڭىتىش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمە بازىرىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ - تىزگىنلەپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2001 - يىلى كەسپىي خاراكتېرلىك 5 خەلقئارا ۋە ئىچكى كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى. تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا ماشىنا، موتسىكلىت سانائىتى يەرمەنكىسى ۋە 2001 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا ماشىنا رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى، مۇلازىمەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزدى، كۆرگەزمىگە 100 دىن ئارتۇق كارخانا قاتناشتى. كۆرگەزمە كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۆردى. كۆرگەزمىگە قاتناشقان سودىگەرلەر بىر تۈركۈم تىجارەت مۇددىتى توختاملىرىنى ئىمزالىدى. باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «2001 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر يەرمەنكىسى ۋە 2001 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاش تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئوراش - قاچىلاش ماشىنىلىرى كۆرگەزمىسىگە 100 دىن ئارتۇق سودىگەر قاتنىشىپ، تەخمىنەن 5 مىليون يۈەنلىك سودا مۇددەتلىك پۈتۈمى ئىمزالىدى. باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 3 - نۆۋەتلىك غەربىي شىمال سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش، سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە پومپا، كىلاپان، تۇرۇبا كۆرگەزمىسىدە پۈتۈشۈش سوممىسى 32 مىليون يۈەنگە، كېلىشىم سوممىسى ئاز كەم 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، 215 مۇددەتلىك توختامى ئىمزالاندى؛ باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى تور سودىسى كۆرگەزمىسى 100 كۈن داۋاملىشىپ، 537 ئورۇن ۋە كارخانا قاتناشتى، ئۇلار تور ئارقىلىق كېڭىشىپ ھاسىل قىلغان سودا پۈتۈملىرىنىڭ سوممىسى 170 مىليون يۈەن (توردىن باشقا يول بىلەن پۈتۈشۈلگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى. ئۆزى ئۆتكۈزگەن 2001 - يىللىق غەربىي رايون نېفىت، تەبىئىي گاز، نېفىت خىمىيە سانائىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى ھەم 2001 - يىللىق غەربىي رايون خەلقئارا سۇلياۋ، كاۋچۇك مەھسۇلاتلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسىگە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكى، شىنجاڭ نېفىتلىكى، داچىڭ نېفىتلىكى قاتارلىق 9 چوڭ نېفىتلىك ھەم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 100گە يېقىن داڭلىق كارخانا قاتناشتى، ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 10 مىڭ خىل ئىلغار مەھسۇلات، تېخنىكا تۈرلىرىنى ئېلىپ كەلدى. شۆبە جەمئىيەت ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ باش جەمئىيەت چەت ئەللەردە ئۇيۇشتۇرغان كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىشىغا پائال ياردەملەشتى. 3 كارخانىنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇرمۇش ئۇسلۇبى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى.

3. قانۇنىي ۋاستىلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ سودا ۋە مەبلەغ سېلىش

## زېمىن بايلىقى

# زېمىن باشقۇرۇش

### يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 ناھىيە (شەھەر) شەھەر - بازارلارنىڭ يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈپ بولدى، 7 ناھىيە (شەھەر) يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى ئورنىتىپ بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى زاپاس تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى، يانتۇ تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئېغىر قۇم - بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ قۇملىشىپ كېتىۋاتقان تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى تەكشۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيە قوغداشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش تەدبىرىنى بەلگىلەشكە ئاساس يارىتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلارنىڭ زېمىن كىنىشكىسىنى ۋە مۇستەقىل كان رايونلىرىنىڭ يەر كىنىشكىسىنى يىللىق تەكشۈرۈپ، كىنىشكىنى بېكىتىش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى، 13 ناھىيە (شەھەر) ئايروپىلان بىلەن سۈرەتكە تارتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىغا دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى يىراقتىن سىزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قانات يايدۇرۇلغان ئاساستا يەنە سانجى، قەشقەر شەھەرلىرىدە سىناق قىلىندى.

جاڭ فۇشېن

### يەردىن پايدىلىنىش خىزمىتى

شىنجاڭ 2001 - يىلى يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشلارغا تېرىلغۇ يەر ئىشلىتىشكە دائىر سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تېرىلغۇ يەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ يەنە كېڭىيىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، يەردىن تېجەشلىك پايدىلىنىش سەۋىيىسى ۋە يەر بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ۋە شىنجاڭنىڭ قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەسى، ئېلېكتر، خەۋەرلىشىش، سۇچىلىق، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق 27 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 22 مىڭ 471.59 گېكتار يەر ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان يەر 2991.30

---

يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلىدى. شۆبە جەمئىيەت 2001 - يىلى EDI ئىسپات بېرىشنى تورلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ توردا ئىسپات بېرىش كەسپىنى باشلاپ ئۆز جايلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات ئىكەنلىكى ئىسپاتىدىن 600 نەچچە پارچە ئىسپات، 200 پارچىدىن ئارتۇق شەكلەن تالون چىقىرىپ بەردى، 10 نەچچە پارچە كونسۇل گۇۋاھلىق ئىسپاتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەردى.

شۆبە جەمئىيەت 6 - ئاينىڭ بېشىدا كورلا شەھىرىدە 2001 - يىللىق شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا سىستېمىسىنىڭ ئىسپات - گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى يىغىنى ھەم ئۆز جايلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات ئىكەنلىكىگە ئىسپات ئالغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئاپتونوم رايوندىكى 94 تاشقى ئىقتىساد - سودا كارخانىسىدىن 104 كىشى تەربىيىلەش ۋە سىناشقا قاتناشتى. كۇرستا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىسپات ئالغۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستى.

شۆبە جەمئىيەتنىڭ مۇرەسسە مەركىزى 2001 - يىلى تاشقى ئىقتىساد - سودىغا چېتىشلىق 16 ماجىرا دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، 4 ى ئۈستىدىن يەكۈن چىقاردى، 2 سىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىشتۈرۈپ قويدى.

شۆبە جەمئىيەت 2001 - يىلى «شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈش ئەھۋالى» دىن 12 سان چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنى ۋە كارخانىلارنى ئىچكى - تاشقى ئىقتىساد - سودا سىياسەتلىرى، قانۇن - نىزاملىرى ۋە سودا ئەھۋالى ئۇچۇرلىرى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇردى. 40 نەچچە قېرىنداش ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاپپاراتى، چەت ئەللەردىكى بىرمۇنچە ئاپپاراتلار بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

لياڭ جيەنپىڭ

گېكتار، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان يەر ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەر 1688.49 گېكتار. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى بويىچە ھەرخىل قۇرۇلۇشلارغا 2902.56 گېكتار يەر ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان يەر 855.34 گېكتار، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان يەر ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەر 632.52 گېكتار.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تارمىقى يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش سالمىقىنى زورايتىپ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، رەنىگە قويۇش، سېتىش شەكىللىرىنى كۆندىن - كۈنگە جانلاندۇردى. بازارنىڭ زېمىن بايلىقىنى تەقسىملەش جەھەتتىكى ئاساسلىق رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى، يەر سودىسى قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارغا بولغان نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2866 قېتىمدا 3251.64 گېكتار يەر ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق 647 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. 971 قېتىمدا 419.8 گېكتار يەر ئىجارىگە بېرىلىپ، 1 مىليون 812 مىڭ 900 يۈەن كىرىم قىلىندى. 12 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش باھاسىنى بەلگىلەش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى. يەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ باھاسىنى بەلگىلەش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولغان ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايون بويىچە 74 كە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 20 ناھىيە (شەھەر) دە يەر سېتىۋېلىپ يەر زاپىسى بەرپا قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى.

جاڭ فۇشەن

## تېرىلغۇ يەرنى قوغداش ۋە يەر ئېچىش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى

شىنجاڭ 2001 - يىلى تېرىلغۇ يەرنى قوغداش ۋە يەر ئېچىش، تەرتىپكە سېلىش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتتى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىلغان ئاساسلىق ئېتىز قوغداش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى (بىڭتۇەننىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 3 مىليون 362 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، قوغدىلىش نىسبىتى 85% بولدى. ئېچىلغان ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەرلەر تەرتىپكە سېلىندى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، يول ياسالدى، يەرلەرنى ئېچىش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر 12 مىڭ 100 گېكتار كېڭەيتىلدى، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىشانى ئورۇندالدى.

جاڭ فۇشەن

## يەر ماجىرالىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەۋەلىك ھوقۇقىنى بەلگىلەش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 28 قېتىملىق يەر، ئوتلاق ماجىراسىنى تەكشۈرۈپ، 11 نى بىر تەرەپ قىلىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئورۇنلار پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان يەرلەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقىنى بەلگىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يىل ئاخىرىغا قەدەر 120 تۈمەن - مەيدان پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان يەرلەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقىنى بەلگىلەپ بولدى، بۇ، يېرىنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى بەلگىلىنىشكە تېگىشلىك تۈمەن - مەيداننىڭ 69% نى ئىگىلىدى.

جاڭ فۇشەن

## زېمىن بايلىقىغا دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى زېمىن بايلىقىغا دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش قوشۇنى قۇرۇپ ۋە سەييارە تەكشۈرۈش، ئىچكى قىسمىغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش، بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، خاتالىقلارنى سۈرۈشتۈرۈش، دوكلات قىلىش، ئەنگە ئالدۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئوخشاش خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. «ئۆچتەن خالى» يېزا - بازار ۋە «قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئۈلگە ناھىيە» بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق چوڭقۇرلىشىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى تەدرىجىي ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا يەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1149 ى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 872، بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغىنى 705 بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىنىپ بولۇش نىسبىتى 81% كە يەتتى. 8 ناھىيە (شەھەر) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كان ئېچىش ھوقۇقىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ كىنىشكا بېرىش سۈرىكى قانۇن بويىچە تەڭشەلدى، كان ئېچىش ھوقۇقىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى خوتقا چۈشۈرۈلدى، كان چارلاش، كان ئېچىش ھوقۇقلىرىنى قانۇنسىز ھالدا سېتىش، ھۆددىگە بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئوخشاش قىلمىشلار قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 939 چارلاش ئىجازەتنامىسى ئېنىقلاندى، ئېنىقلانغان ئىجازەتنامىلاردىن قانۇن بويىچە كۈچتىن قالدۇرۇلمىغان 117 ئىجازەتنامە، بەلگىلەنگەن ۋاقىت

ئىچىدە ئىشقا كىرىش دوكلاتى تاپشۇرۇلمىغان 106 ئىجازەتنامە، كان چارلاش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى ۋاقتىدا تاپشۇرۇلمىغان 15 ئىجازەتنامە بىلەن مۇناسىۋەتلىك خادىملار ۋە ئورۇنلارغا تۈزىتىش سۆزىكى بەلگىلەپ بېرىلدى. 1183 كان ئېچىش ئىجازەتنامىسى ئېنىقلاندى، 671 كان ئېچىش ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى، ھوقۇق دائىرىسىدىن ئاتلاپ بېرىلگەن 459 ئىجازەتنامە تۈزىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانۇنسىز ئېچىلغان، ئورۇنلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ئۆلچەمگە يەتمىگەن 1000 دىن ئارتۇق كان تاقاش، ئىشتىن توختىتىش ياكى ئىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش يوللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، قېزىلما بايلىقلارنى باشقۇرۇش تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

جاڭ فۇشەن

# كانچىلىقنى باشقۇرۇش

## كانچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

2001 - يىلى شىنجاڭدا كان كارخانىلىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش كۈچەيتىلىپ، قانۇنسىز كان ئېچىش ۋە قالايمىقان قېزىش ھادىسىلىرى توسۇلدى. قانۇن بويىچە چارلاش، كان ئېچىش، تىزىملىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ھەق (باج) تاپشۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ كانچىلىق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. قېزىلما بايلىق تولۇقلىمىلىرىنى يىغىپ تاپشۇرۇش، بىر تۇتاش خەزىنىلەشتۈرۈش تۈزۈمى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كان كارخانىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ كىنىشكىسىنى يېڭىلاش ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كانلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %100كە، يەرلىك كانلار، يېزا - بازار كانلىرى، يەككە كانلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %95كە يەتكۈزۈلدى، كان كارخانىلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى قېزىپ پايدىلىنىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاپ يىللىق مەلۇمات يوللاش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كانلار، يەرلىك كانلار، يېزا - بازار كانلىرى، خۇسۇسىي كان كارخانىلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى قېزىپ پايدىلىنىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاپ يىللىق مەلۇمات يوللاش نىسبىتى %100كە، قېزىلما بايلىق تولۇقلىمىسىنىڭ يىغىلىش دائىرىسى %100كە يەتكۈزۈلدى، بىر يىلدا 130 مىليون يۈەن قېزىلما بايلىق تولۇقلىمىسى يىغىلىپ خەزىنىلەشتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كانچىلىق تەرتىپىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى، كانچىلىق تەرتىپىنى تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قاتلاممۇ قاتلام تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىشنى نىشانلىق باشقۇرۇش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، نۇقتىلىق رايونلارنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ، كانچىلىق تەرتىپىنى تۈپتىن ياخشىلاشقا ياخشى ئاساس سالدى.

1. كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا دائىر 2 كىنىشكىنى باشقۇرۇش ۋە قېزىلما بايلىقلارنى گېئولوگىيىلىك چارلاشنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرى قانۇن ئىزىغا سېلىندى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىلتىماسىدىن 706سى قوبۇل قىلىنىپ، 561ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. (بۇنىڭ ئىچىدە سۆرىكى ئۇزارتىپ بېرىلگىنى 131، يېڭىدىن تەستىقلانغىنى 384، ئۆزگەرتىپ بېرىلگىنى 46)، تەستىقلانغان چارلاش كۆلىمى 14 مىڭ 122.8 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. تەستىقلانغان 561 چارلاش ئىجازەتنامىسى ئىچىدە بازار تۈرى، مەبلىغىنى ئۆزى جۇغلاش تۈرى ۋە باشقا تۈرلەر 273 بولۇپ، تارقىتىلغان ئومۇمىي كىنىشكىنىڭ %48.7نى ئىگىلىدى. قېزىلما بايلىق چارلىنىدىغان رايون - بۆلەكلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئۈچۈرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى ھەمدە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ، MPGIS سىستېمىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى چارلاش تەتقىقات تەرتىپى خەرىتىسى سىزىپ چىقىلىپ، سانلىق ئاساسلارنىڭ ئېنىقلىق ۋە توغرىلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.

2. قېزىلما بايلىقلارنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «كان قېزىشنى تىزىملاپ تەكشۈرۈش چارىسى»، «كان قازغۇچىلارنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش تەرتىپى» قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى، ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلارنى باشقۇرغۇچىلار، تەكشۈرگۈچىلەر قوشۇنى قۇرۇلدى. قېزىلما بايلىق زاپىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، بايلىق زاپىسىنى تىزىملاش، ستاتىستىكىلاش ۋە گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈملىرى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىق زاپىسىنى تولۇقلاپ تىزىملاش خىزمىتى، ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىق زاپىسىنى يېڭى ئۆلچەمگە سېلىش خىزمىتى ھەم 2001 - يىللىق قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلى ۋە قېزىلما بايلىق يىللىق مەلۇماتى ئىشلىنىپ بولدى. 2001 - يىلى ھەر خىل دوكلاتتىن 51ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ھەر خىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 59ى جەملەندى.

3. گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، باشقۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. گېئولوگىيىلىك كان چارلاشقا مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم كان رايونلىرىدىكى كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ، شىنجاڭدىكى كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ بولدى؛ 10 ناھىيە، شەھەردە گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە چارلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە رايون مۇھىتىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى باشقۇرۇش خىزمەت تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ بولدى. گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش پىلانى، ئاپەتتىن ساقلىنىش لايىھىسى، خەتەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش، ئاپەت ئەھۋالىنى تېز مەلۇم قىلىش، گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىقلارغا دائىر تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلىپ، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

جاڭ فۇشەن

## ئۇل گېئولوگىيە خىزمىتىگە مەبلەغ سېلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك چارلاش ۋە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، بۇ خىزمەتكە 4 مىليارد 294 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت - گاز چارلاشقا سېلىنغىنى 4 مىليارد 150 مىليون يۈەن، نېفىت - گازدىن باشقىلارنى چارلاشقا ۋە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغىنى 144 مىليون يۈەن. گېئولوگىيىلىك چارلاشقا ۋە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغان سېلىنمىنى كەسىپ خاراكتېرىگە قاراپ بۆلگەندە، يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغىنى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئېنېرگىيە مەنبەسى قېزىلما بايلىقىنى چارلاشقا سېلىنغىنى 4 مىليارد 181 مىليون 200 مىڭ يۈەن، مېتال كانلىرىنى چارلاشقا سېلىنغىنى 51 مىليون 130 مىڭ يۈەن، مېتاللوئىد كانلىرىنى چارلاشقا سېلىنغىنى 7 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەر ئاستى سۈيىنى چارلاشقا سېلىنغىنى 12 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئۇل گېئولوگىيە خىزمىتىگە سېلىنغىنى 11 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئىلمىي تەتقىقات ۋە باشقىلارغا سېلىنغىنى 28 مىليون 190 مىڭ يۈەن. نېفىت - گازدىن باشقىلارنى چارلاشقا ۋە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە مەركەز مالىيىسىدىن بېرىلگىنى 70 مىليون 860 مىڭ يۈەن (زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىق تۆلۈقلىمىسى 12 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق تۆلۈقلىمىسى 18 مىليون 10 مىڭ يۈەن، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 39 مىليون 252 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغلەر 4 مىليون 70 مىڭ يۈەن. نېفىت - گازدىن باشقىلارنى چارلاش ۋە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش جەھەتتە ئىشلەنگەن مۇھىم كونكرېت خىزمەتلەر: يەر بايلىقىنى 1:50000 ماسشتابلىق تەكشۈرۈش 8215 كۋادرات كىلومېتىر؛ 1:50000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش 2252 كۋادرات كىلومېتىر؛ 1:250000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 25 مىڭ 808 كۋادرات كىلومېتىر؛ 1:250000 ماسشتابلىق خىمىيىلىك تەكشۈرۈش 7500 كۋادرات كىلومېتىر؛ ماشىنا بىلەن كېرىن بورغىلاپ تەكشۈرۈش 72 مىڭ 221 مېتىر؛ ئۆرەك قېزىپ تەكشۈرۈش 2712 مېتىر. قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم گېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر:

يېڭىدىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلەش قىممىتىگە ئىگە نېفىت - گازلىقتىن 4ى بايقالدى؛ يېڭىدىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلەش قىممىتىگە ئىگە قېزىلما بايلىق بازىسىدىن 11ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر كېنى 2، مىس كېنى 3، قوغۇشۇن كېنى بىر، ئالتۇن كېنى 3، بىناكارلىق ماتېرىيالى كېنى 2. 10 كان رايونىدا چوڭ ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت - گازلىق 2، كۆمۈر كېنى بىر، تۆمۈر كېنى بىر، مىس كان رايونى 3، قوغۇشۇن - سىنك كان رايونى 3. كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن قاتارلىق ئاساسلىق مەدەنلەرنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى كۆپەيدى.

جاڭ فۇشەن

# گېئولوگىيىلىك چارلاش

## ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق چارلاش - ئېچىش ئىدارىسى 2001 - يىلى گېئولوگىيىلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، كەسىپ ئىگىلىكىنى يېڭىۋاشتىن راۋاجلاندۇردى.

1. 2001 - يىلى گېئولوگىيىلىك چارلاش تۈرلىرىگە

113 مىليون 705 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زېمىن بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈرىگە سەرپ قىلىنغىنى 35 مىليون 230 مىڭ يۈەن، مەركەز مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 28 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون قېزىلما بايلىق تولۇقلىمىسى بەرگەن تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 11 مىليون 655 مىڭ يۈەن، دۆلەت قېزىلما بايلىقى تولۇقلىمىسى بەرگەن تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي مەبلەغ بىلەن چارلىنىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 34 مىليون 500 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا ئورۇنلانغان مۇھىم خىزمەتلەر: 1:250000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 35 مىڭ 308 كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 1584 كۋادرات كىلومېتىر، 1:200000 ماسشتابلىق خىمىيىلىك تەكشۈرۈش 7750 كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتابلىق خىمىيىلىك تەكشۈرۈش 1142 كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتابلىق ئېلېكترلەشتۈرۈپ ئېغىرلىق كۈچى بويىچە ئۆلچەش 1014 كۋادرات كىلومېتىر، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش 17 مىڭ 400 مېتىر، تېيىز قۇدۇق قېزىپ تەكشۈرۈش 210 مېتىر، خەندەك قېزىپ تەكشۈرۈش 52 مىڭ 300 كۇب مېتىر. شۇ يىلى ھەر خىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 61ى تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى 40، نېفىتنى گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى بىر، سۇچىلىق ـ مۇھىت ئاسراشقا دائىر دوكلات بىر، فىزىكىلىق-خىمىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى 4، ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتى بىر، باشقا دوكلاتلار 14؛ ھەر خىل قېزىلما بايلىق بازىلىرى، كان نۇقتىلىرى ۋە مىنېراللاشقان نۇقتىلاردىن 45ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس كان بازىسى 10، ئالتۇن كان بازىسى 11، سۇ مەنبەسى 5، ئېچىشقا بولىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك كان بازىسى 3؛ توپىدۇڭ مىس كان ياتقىسىنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى، شۇڭخۇچىلىق مىس كېنى تۆشۈك بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلگەندە 100 نەچچە مېتىر قېلىنلىقتا مىس كان (مىنېراللاشقان) ياتقىسى بايقالدى، ۋېيچۈەن كۇمۇش ـ مىس كېنىدا كۇمۇش مىقدارى ھازىرقى تېخنىكىلىق كونترول قىلىش دەرىجىسى بويىچە ئالغاندا 525 توننىغا يېتىپ، ئۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى مۇستەقىل كۇمۇش كان ياتقىسى بولۇپ قالدى.

2. ئىدارىنىڭ يىللىق كىرىمى 630 مىليون يۈەنگە، ئشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 276 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 30 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 28 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ 19 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي ـ ئىمارەت پۈتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتلەر ئۆيى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر.

گو لەنزەي، ۋاڭ جىلاڭ

## زېمىن بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم ئۇتۇقلىرى

### قېزىلما بايلىقنى ياھالاش جەھەتتىكى ئۇتۇقلار

قۇمۇل شەھىرىدىكى تۇۋۇ — يەندۇڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ چىپار جىنسلىق مىس كان ياتقىسى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ لوپنۇر ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ كالىيلىق تۇز كېنى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاقتاغ رايونىدىكى چوڭ چىپار جىنسلىق مولىبدېن كېنى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ۋېيچۈەن رايونىدىكى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى سىكارىن جىنسلىق كۇمۇش كېنى بايقالدى ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلدى. مىس، ئالتۇن قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار 25 ئورۇن يېڭىدىن بايقالدى. تۇۋۇ — يەندۇڭ مىس كېنى ئېلىمىزدىكى جياڭشىنىڭ دېشىڭ مىس كېنى ۋە شىزاڭنىڭ يۈلۇڭ مىس كېنىدىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ بايقاش بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى مۇھىم قەدىمقى ئاسىيا مىس كان ياتقىسى پەيدا بولغان بەلۋاغنىڭ شەرققە سوزۇلۇپ تەڭرىتاغ ھەتتا شىمالىي تاغ قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يېقىنقى نەچچە 10 يىلدىن بۇيانقى چوڭ بۆسۈش. تۇۋۇ ـ يەندۇڭ مىس كېنىدا مىس بايلىقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەنگەن مىقدارى (3341+333) 7 مىليون توننىغا يەتتى. لوپنۇر كالىيلىق تۇزنىڭ زاپىسى 210 مىليون توننىغا يېتىپ، ئېچىش باشلاندى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ يەنە بىر كالىيلىق تۇز چارلاش قېزىش بازىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاقتاغ مولىبدېن كېنى شىنجاڭدا بايقالغان بىردىنبىر چوڭ مۇستەقىل مولىبدېن كان ياتقىسى بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەنگەن مولىبدېن زاپىسى (3341+333) تەخمىنەن 110 مىڭ توننىغا يەتتى. ۋېيچۈەن كۇمۇش كېنى شىنجاڭدا بايقالغان بىردىنبىر مۇستەقىل كۇمۇش كان ياتقىسى بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۇمۇش بايلىقى زاپىسى (3341+333) تەخمىنەن 500 توننىغا يەتتى. شەرقىي كۇئېنلۇن قۇمكۆل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن شېغىل جىنسلىق چوڭ مىس مىنېراللىق بەلۋاغ بايقالدى، بۇ بەلۋاغنىڭ ئىستىقبالى خېلى ياخشى.

### ئۇل گېئولوگىيە خىزمىتى جەھەتتىكى ئۇتۇقلار

كۇئېنلۇن تېغىنى 1:500000 ماسشتابلىق خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە بۇ رايوننىڭ °81 شەرقىدىكى رايوننى

1:250000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى. شەرقىي كۇئېنلۇندىكى بىر ئۆڭكۈردىن تاشقا ئايلانغان يىگىناغۇچسىمان مايۋان تونجى قېتىم بايقالدى. ئوردوۋىك دەۋرىگە مەنسۇپ چىمەنتاغ جىنس توپىدىن ئەلك قەدىمكى سلۇر دەۋرىگە مەنسۇپ تاشقا ئايلانغان گرافتولىت ۋە باشقىلار بايقالدى. ئۇلار گېئولوگىيە تەتقىقاتىدا خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ۋاڭ چىڭمىڭ

## شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونلىرىدا يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى يەر شارى فىزىكىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەكشۈرۈشتىن ئۈلگە كۆرستىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىندى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى بىلەن جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى. تۈر گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونلىرىنىڭ يەر يۈزىدە قۇم ۋە شور قاتلىمى كەڭ تارقالغان بولۇش، ئېلېكتر تارشىلىقى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇش، توك يەتكۈزۈش قىيىن بولۇش، مۇنتىزىم ئېلېكترلەشتۈرۈپ چارلاش ئۈنۈمى ناچارراق بولۇش، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىق سۇنى ئايرىش ئۆلچىمى دېگەندەك بىردەك بولماسلىقتا ئوخشاش قىيىن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋاز ئامپىلىتۇدىسى بويىچە گېئودېزىيىلىك ئېلېكتر ماگنىت بىلەن تەكشۈرۈش (AMT) ، توك ئۆتكۈزۈش دەرىجىسى بويىچە تەسۋىر ھاسىل قىلىش سىستېمىسى (EH — 4) ، تىزگىنلىگىلى بولىدىغان ئاۋاز ئامپىلىتۇدىسى بويىچە گېئودېزىيىلىك ئېلېكتر ماگنىت ئۇسۇلى (CSAMT) ، مومېنتلىق ئۆزگىرىشلىك ئېلېكتر ماگنىت ئۇسۇلى (TEM) ، يادرو ماگنىتلىق رېزونانس (NMR) قا ئوخشاش خەلقئارادا ئىلغار فىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇللىرى ۋە سايمانلىرى بىلەن پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم رايونى، تارىم ئېغىزلىكى، ئۈرۈمچىنىڭ سەيۋوپۇ رايونى، ئوتتۇرا تارىم KT2 رايونى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرچىمەن رايونى قاتارلىق 5 تىپىك خىزمەت رايونىدا ئوخشاشمىغان گۇرۇپپىلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئۈلگە كۆرسەتتى ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

تۈر گۇرۇپپىسى تىپىك رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دالىدا ئىشلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سۇ قىس رايونلاردىن سۇ تېپىش، مىنېراللىشىشى يۇقىرى رايونلاردىن تاتلىق سۇ ئىزدەش گىدروگېئولوگىيىلىك، گېئو فىزىكىلىق چارلاش ئەندىزىسى ۋە تېخنىكىلىق يول بىلەن گۇرۇپپىلاش ئۇسۇللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەكىللەندۈردى، ئوخشاشمىغان تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن چارلاشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پەرق ئېتىش ئۈنۈمى، كىش ئۈنۈمى تەنتەرخى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدەندى. شىنجاڭدا بۇ مەنبەسىنى ياخشىلاپ كېمەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش، كان رايونلىرىدا سۇ تېپىش، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە قوغداشنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكا تايانچ سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

جۇاڭ داۋزې

## شىنجاڭنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ مىس كان بەلۋېغىنى 1:50000 ماسشتاب بويىچە ئېلېكترلىك تېز تەكشۈرۈشتىن ئۈلگە كۆرستىش تۈرى

بۇ جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ كان ھاسىل بولغان بەلۋاغ بايلىقىغا باھا بېرىش ئۇسۇلىدىن ئۈلگە كۆرستىش تۈرى بولۇپ، 1:50000 ماسشتابلىق كۆلەم خاراكتېرلىك خىزمەت ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئوتتۇراھال ماسشتابلىق ئېلېكترلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قېزىلما بايلىقلارغا باھا بېرىشتىكى ئۈنۈمى، ئۈنۈمدارلىقى، تەنتەرخى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى گۇرۇپپىلاشنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالدى.

تۈر گۇرۇپپىسى ئاۋۋال قوللىنىش پىلانلانغان ئۇسۇل ۋە تېخنىكىلارنىڭ ئۈنۈملۈكلىكىنى تۇۋۇ مىس كېنىدا تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا، 205 كىلوۋاتلىق توك مەنبەسى ۋە 1600، 2500 مېتىرلىق توك بىلەن تەمىنلەش ئېلېكتر قۇتۇبى ئارىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال پىنگۆن تېغىدا، ئاندىن يەندۇڭ، ۋېيجۇەن رايونلىرىدا 1:50000 ماسشتابلىق قۇتۇپ قوزغىتىش ئۇسۇلى بىلەن 1014 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئېغىر كۈچى نۇقتىسىدىن ئۆلچەپ، 120 نەچچە غەيرىيلىكنى بايقاپ ۋە دائىرىگە ئېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كان ئىزدەش قىممىتىگە ئىگە 20 نەچچە غەيرىيلىكنى تاللاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېشىل چوققىدىكى توك قوزغىتىشتا كۆرۈلگەن غەيرىيلىك بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلگەندە مىس، مولىبدېن مىنېراللىق چىپار تاغ جىنسى چىقتى. ئۈلگە كۆرستىش خىزمىتى ئارقىلىق شەرقىي تەڭرىتاغ قاتارلىق قۇرغاق چۆللەردە، ئوتتۇراھال ماسشتابلىق ئېلېكتر ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان ئۇنىۋېرسال فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يوشۇرۇن، يېرىم يوشۇرۇن كۆپ مېتال تەركىبلىك مىس كېنىنى ئۆلچەشتە تېجەشلىك، تېز، ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ

بېرىلدى، بۇ ئۇسۇل يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشقا ئەرزىيدۇ.

جۇاڭ داۋزې

## شىنجاڭدا غەيرىيلىكلەرنى رايون خاراكتېرلىك خىمىيلىك تەكشۈرۈش ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرى سىستېمىسى

بۇ سىستېما (گېئونومىيە سايمانلىرى يۇمشاق ماتېرىيال بوغچىسى، قىسقارتىلىپ XJHT−GIS دېيىلىدۇ) 2001 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى يۈتتۈرگەن زېمىن بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇچۇرى تۈرى. ئۇنىڭدا غەيرىيلىكلەرنى 1:200000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك خىمىيلىك تەكشۈرۈش مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىندى، 1:200000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيە سىخېمىسى بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق بازىلىرىغا دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر قاتارلىقلار بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، گېئولوگىيىلىك چارلاش، ھەر تەرەپلىمە ئانالىز قىلىش، ئاساسىي ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىشتا چاققان، ئەپچىل، يارامىلىق بولۇشتەك مۇھىم باشقۇرۇش رولىغا ئىگە.

سىستېمىدا مىكرو يۇمشاق دېتال Windosw98 مەشغۇلات سۇپىسى قىلىندى، OPeninfo سۇپا قىلىندى، سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش ۋە سىخېما چىقىرىشتا شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى فىزىكىلىق، خىمىيلىك چارلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ خىمىيلىك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ۋە فىزىكىلىق، خىمىيلىك چارلاش سانلىق مەلۇماتىنى بىر تەرەپ قىلىپ رەڭلىك سىخېما چىقىرىش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىلدى، سىخېما تەھرىرلىكىدە ھازىر ئېلىمىز كەڭ قوللىنىۋاتقان يۇمشاق دېتال Mapgis يۇمشاق دېتال ئىچىشتا ئالىي دەرىجىلىك پروگراممىا تۈزۈش تىلى « VB6.0 ۋە VC6.0 » قوللىنىلدى. يۇمشاق دېتال بىلەن سانلىق مەلۇماتنى ئايرىش ئۇسۇلى سىستېمىنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە سانلىق مەلۇماتتىن پايدىلىنىشنى كېڭەيتىش، تولۇقلاش ۋە قوغداشقا قولايلىق تۇغدۇردى.

جياڭ يۈنخۇي، سۇن ۋېيدۇڭ

## 1:200000 ماسشتابلىق سانلىق گېئولوگىيىلىك سىخېما بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى)

بۇ شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالغان زېمىن بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇچۇرى تۈرى. بۇ تۈر 1996 - يىلى باشلانغان بولۇپ، 6 يىل داۋاملىشىپ، ئامبار قۇرۇش ئىشى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتى، بۇ ئامبار شىنجاڭدىكى تۇنجى 1:200000 ماسشتابلىق سانلىق گېئولوگىيىلىك سىخېما بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان ئىشلەنگەن 1:200000 ماسشتابلىق رايون خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە دائىر سىخېمىلار ۋە مەخسۇس تېما تەتقىقات ماتېرىياللىرى رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن. گېئولوگىيە، يەر قاتلىمى، تاغ جىنسلىرى قاتارلىقلارغا دائىر يېڭى ئىلمىي نەزەرىيىلەر ھەم ئىلغار GIS تېخنىكىسى قوللىنىلىپ گېئونومىيە تەتقىقات تۈرلىرىنى رەقەملەشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

سۇن ۋېيدۇڭ، جياڭ يۈنخۇي

## 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملىك نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ گىدرو تېخنىكا مۇھىتىغا دائىر گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى)

بۇ جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتىغا چۈشۈرگەن ئۇچۇر تۈرى بولۇپ، بۇ تۈر ئۈستىدىكى تەتقىقات 2001 - يىلى رەسمىي باشلاندى. 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملىك نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ گىدروتېخنىكا مۇھىتىغا دائىر گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى) نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنى خىزمەت ئوبيېكتى، شەھەرلەرنى گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال چارلاشنى تەتقىقات ئاساسى قىلغان بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، گىدرو گېئولوگىيە، يەر تەۋرىنىشى ۋە تۆتىنچى دەۋر گېئولوگىيىسى، يەر يۈزى مۇقىملىقىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئاپەت گېئولوگىيىسى، مۇھىت گىدروگېئولوگىيىسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان، MAPGIS سۇپىسىغا قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى.

2001 - يىل 12 - ئايغا قەدەر 1:50000 ماسشتابلىق ئۆلچەملىك سىخېما (تۇدۇڭخابا رايونى سىخېمىسى، شىخەن كۆمۈركېنى سىخېمىسى، مىچۈەن شەھىرى سىخېمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سىخېمىسى) نىڭ گىدرو تېخنىكا مۇھىتىغا دائىرى گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن 4ى قۇرۇلۇپ بولدى. ئۇ جۇغراپىيە، گېئولوگىيە، گىدرولوگىيە، مۇھىت، گېئولوگىيىلىك ئاپەت

قاتارلىق 43 سىخېما قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەت MAPGIS ۋە ARCINFO فورماتلىرىدا ساقلاپ قويۇلدى، بۇ مۇۋەپپەقىيەت جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈش ئۆتكۈزۈۋېلىنىدى ۋە «ئەلا» دېگەن باھاغا ئېرىشتى.

پەن جاۋشيا، جيالى يۈنخۇي

## قۇمۇل شەھىرىدىكى تۇۋۇ - يەندۇڭ مىس كان ياتمىسى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان يېڭى بىر قېتىملىق زېمىن بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۇۋۇ - يەندۇڭ مىس كېنى نۇقتىلىق خىزمەت رايونى قىلىنىپ، گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، بولۇپمۇ يەندۇڭ مىس كان ياتمىسىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈپ باھا بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. 2001 - يىلى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلگەندە يەندۇڭ مىس كان ياتمىسىنىڭ سوزۇلۇش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى.

2001 - يىلى يەندۇڭ مىس كان ياتمىسىدىن 400 — 600 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ 6 تۆشۈك بۇرغىلاندى، ئۇلار ئىچىدە 5 تۆشۈكنىڭ يورا قاتلىمىدىن قېلىن مىس كان گەۋدىسى چىقتى، مىس سورتىمۇ ئىلگىرىكىدىن ئۆستى. بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن كان گەۋدىسى 1200 مېتىردىن 2400 مېتىرغا ئۇزاردى، كان گەۋدىسىنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان قېلىنلىقى 410 — 652.45 مېتىر ئارىلىقىدا، قىيپاش چوڭقۇرلۇقى 600 مېتىر. مىس سورتى $0.3—0.5\times10^{-2}$ بولدى.

تۈۋۈنىڭ شەرقىدىكى مىس كان ياتمىسىنى 2001 - يىلى ZK6401 تۆشۈك ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ كان ياتمىسىنىڭمۇ سوزۇلۇش كۆلىمى كېڭەيدى. تۆشۈك بۇرغىلاش ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن مىس كان گەۋدىسى ئۇزۇراپ 1600 مېتىرغا يەتتى، لېكىن شەرققە سوزۇلغان كان گەۋدىسى تېخى ئۈزۈلمىدى. بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مىس كان گەۋدىسى شەرققە يەنە خېلى سوزۇلۇشى مۇمكىن.

فېڭ جىڭ

## شىنجاڭدا شەكىللەنگەن مۇستەقىل كۆمۈش كان ياتمىسى بايقالدى

2001 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى تۇرپان رايونىدا كەلگۈسىدە ئوتتۇرا تېپىلىقتىن يۇقىرى كۆلەمگە يېتىش ئېھتىمالى بولغان سىكارىن تاغ جىنسلىق مۇستەقىل كۆمۈش كان ياتمىسىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى.

بۇ كۆمۈش كان ياتمىسى تارىم بۆلەك بىلەن جۇڭغار، بۆلەكنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان چېپىلاشما بەلۋاغنىڭ جەنۇبىدىكى تاش كۆمۈر دەۋرى يايسىنىڭ كەينىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان. كان رايونىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەر قاتلىمى ئوتتۇرا تاش كۆمۈر دەۋرى تۇگۇتۇ بۇلاق گۇرۇپپىسى ئۇۋاق جىنس ۋە يانارتاغ ئۇۋاق جىنستىن ئىبارەت. يەر قاتلىمى جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، قىيپاش بۇلۇڭى °44 ~ °64 غىچە. يەر قاتلىمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىكارىن تاغ جىنسقا ئايلانغان، قىسمەن جايلىرىدا سىكارىن تاغ جىنسى شەكىللەنگەن ھەم مىس - كۆمۈش مىنېراللىرى پەيدا بولغان، كان گەۋدىسى سىكارىنلاشقان بەلۋاغنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، يەر يۈزىدە خەندەك كولاپ تەكشۈرۈپ ئېچىش ۋە بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 7.51 مېتىر، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 150 مېتىر. ئوتتۇرىچە كۆمۈش تەركىبى $242\times10^{-6}$، تېپىز قىسمىنىڭ ئوتتۇرىچە مىس تەركىبى $1.78\times10^{-2}$ (بىر قىسمىدا قوغۇشۇن - سىنك بىللە پەيدا بولغان) بولۇپ چىقتى. ھازىرقى تېخنىكىلىق تىزگىنلەش سەۋىيىسىگە قارىغاندا، مىس بايلىقى مىقدارى 20 مىڭ 52 تونىنغا، كۆمۈش بايلىقى مىقدارى 525 تونىنغا يېتىشى مۇمكىن.

فېڭ جىڭ

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى

ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىغا قاراشلىق ئورۇنلار 2001 - يىلى ئورۇندىغان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى مۇنۇلار: گېئودېزىيىلىك ئۆلچەشتە GPS بويىچە ئۆلچەنگەن C دەرىجىلىك نۇقتا 20، D دەرىجىلىك نۇقتا 185، E دەرىجىلىك نۇقتا 110. سۇ يۈزى بويىچە ئۆلچەش مىقدارى: 3 - دەرىجىلىكى 54 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىكى 1472 كىلومېتىر. رەقەملەشتۈرۈلگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەشتە: 1:1000 (DLG) ماسشتابلىقى رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 191 نۇسخا، سانلىق مەلۇماتلىق مىقدارى 573 (MB)، 1:10000 (DEM) ماسشتابلىقى سانلىق مەلۇماتلىق ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى مودېلى خەرىتىسىدىن 288 نۇسخا، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 576 (MB)، ئاپپارات بىلەن تارتىلغان 1:10000 (DOM) ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسىدىن 297 نۇسخا، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 8910 (MB)، رەقەمسىز فوتوگرافىيىلىك

ئۆلچەنگەن 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 278ى ئىشلەندى. دالىدا يەر شەكلى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ خەرىتە ئىشلەشتە: (DLG) 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 164 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 145 (MB)، 1:500 ماسشتابلىقتىن 342سى ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 250 (MB). يەر شەكلى خەرىتىسىنى رەقەملەشتۈرۈشتە: (DLG) 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 247 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 947 (MB)، 1:5000 ماسشتابلىقتىن 15 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى (MB38)، 1:2000 ماسشتابلىقتىن 156 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 281 (MB)، 1:1000 ماسشتابلىقتىن 914 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 2575 (MB). مەخسۇس رەقەملىك مەھسۇلاتلار ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى. ئىشلەنگەن مەخسۇس رەقەملىك خەرىتە مەھسۇلاتلىرى: ساۋەن ناھىيىسىنىڭ 1:100000 ماسشتابلىق سۇچىلىق خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ 1:100000 ماسشتابلىق بايلىق خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ 1:4000000 ماسشتابلىق مېتېئورولوگىيە خەرىتىسى، بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىنىنىڭ 1:2000 ماسشتابلىق ئومۇمىي پىلانى خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ 1:4000000 ماسشتابلىق ئىقتىساد - قاتناش خەرىتىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق ئېلېكتر تورى خەرىتىسى، شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى ئەۋرىشكىلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، تارباغاتاي ساياھەت خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى ساياھەت خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى، 1:50000 ماسشتابلىق رەڭلىك گەردىش خەرىتىسى، سانجىنىڭ سودا خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش خەرىتىسى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىنىڭ ئاسما خەرىتىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1:50000 ماسشتابلىق يەر ناملىرى توپلىمى، سانجى ئوبلاستىدىكى ئورماننىڭ تارقىلىش - چېگرىسىنى بېكىتىش خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىنا - بازار خەرىتىسى قاتارلىق 3539 نۇسخا خەرىتە ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 1554 (MB). تېخنىكىلىق ئۆلچەش مىقدارى: 312 دۆلەت يولى بەلۋېغىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ئۈچۈن 23 كىلومېتىر دائىرە ئۆلچەندى.

2001 - يىلى كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئورۇندىغان كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 10 مىليون 123 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋەزىپىسىنىڭ 605 مىڭ يۈەن، يەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ 1 مىليون 936 مىڭ يۈەن، بازار ۋەزىپىسىنىڭ 7 مىليون 582 مىڭ يۈەن بولدى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ساھەسى (12 كارتوگرافىيە ئورنى بۇنىڭ سىرتىدا) ياراتقان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 154مىليون 720 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە سىستېمىسىنىڭ 10 مىليون 120 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار سىستېمىسىنىڭ 3 مىليون 484 مىڭ 400 يۈەن، دۆلەت زېمىنى سىستېمىسىنىڭ 4 مىليون 512 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ 60 مىليون 799 مىڭ 900 يۈەن، سۇ ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ 9 مىليون 112 مىڭ 200 يۈەن، قاتناش سىستېمىسىنىڭ 8 مىليون 515 مىڭ يۈەن، كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 134 مىڭ يۈەن، مېتاللچىلىق سىستېمىسىنىڭ 234 مىڭ500 يۈەن، نېفىت سىستېمىسىنىڭ 42 مىليون 450 مىڭ يۈەن، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ 8000 يۈەن، تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ 930 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ 617 مىڭ 700 يۈەن، يادرو سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 75 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق سىستېمىسىنىڭ 8 مىليون 872 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىق سىستېمىسىنىڭ 300 مىڭ يۈەن، ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى سىستېمىسىنىڭ 860 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنىڭ 200 مىڭ يۈەن، مائارىپ - پەن تەتقىقات سىستېمىسىنىڭ 136 مىڭ يۈەن، باشقا سىستېمىلار 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن.

شيا يىڭ

## تۈزۈش قىلىنغان كارتوگرافىيە تۈرلىرى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ئۈيۈشتۈرۈشىدا تۈزۈش قىلىنغان كارتوگرافىيە تۈرى 11، ئۇلار: تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ غەربىي رايونى) نى گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونى) نى ئايروپىلان بىلەن 1:10000 ماسشتابلىق ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتى، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ غەربىي رايونى) نى ئايروپىلان بىلەن 1:10000 ماسشتابلىق ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى (DOM) نى سىزىش ۋە رەقەملەشتۈرۈلگەن

ئېگىزلىك ئاتمېتىكىسى مودېلى (DEM) نى يېغىش، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونى) نى گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش، 1:50000 ماسشتابلىق يەر ناملىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە يەرناملىرىنى تەكشۈرۈش، «سانجى ئوبلاستىنىڭ ئېلېكترونلۇق ستېرېئولۇق مودېلى» نى ياساش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش، ساياھەتچىلىككە يول باشلاش رەقەملىك خەرىتىسىنى ئىشلەش، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ غەربىي رايونى) نى ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەش ئىچكى مەشغۇلاتى، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونى) نى ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەش ئىچكى مەشغۇلاتى، ئۈرۈمچى - قۇمۇل لىنىيىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش، ساياھەتچىلىك خەرىتىسىنى رەقەملەشتۈرۈش.

شيا يىلى

## تېخنىكىلىق لايىھەلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى تۆۋەندىكى تېخنىكىلىق لايىھەنامىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى: كۈيتۇن شەھەر - بازار يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش لايىھەنامىسى، كۈيتۇن ئۆلچەش رايونىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى رەقەملەشتۈرۈش كەسپىي لايىھەنامىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق ئۆل كارتوگرافىيىلىك يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئىشلەش بويىچە ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتىنى كونترول قىلىش (2 - قارارلىق) لايىھەنامىسى، بوگۇر ئۆلچەش رايونىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئىشلەش بويىچە ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتىنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمى) نى 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئۆل كارتوگرافىيىلىك گېئودېزىيىلىك كونترول قىلىپ ئۆلچەشنىڭ كەسپىي تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (مىچۈەن شۆبە رايونى) نىڭ 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى تۈزىتىپ ئۆلچەش لايىھەنامىسى، شىخەنزە شەھىرى كونترول تورىنى GPS بويىچە ئۆلچەشنىڭ تېخنىكىلىق كەسپىي لايىھەنامىسى، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونى) نىڭ 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىسى (DLG) ۋە رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىرىنى (DOM) ئىشلەش بويىچە ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەشنىڭ ئىچكى مەشغۇلات كەسپىي لايىھەنامىسى، كورلا شەھىرىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسىنى (DOM) ئىشلەش بويىچە ئايروپىلان بىلەن ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتىنىڭ كەسپىي تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى، كۈيتۇننىڭ يەر باشقۇرۇش - يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تورىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملىك يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىش تورىنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملىك يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزىشنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى.

شيا يىلى

## خەرىتە بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى كارتوگرافىيە بازىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى. كارتوگرافىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان شەھەرلىرىدىكى خەرىتە بازارلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالى سودا شەھەرچىسىنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش بازىرىدىكى يەككە توپ سېتىش دۇكىنى سېتىۋاتقان جېجياڭنىڭ يىۋۇ شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن دىئامېتىرى 8 سانتىمېتىرلىق، 10 سانتىمېتىرلىق گلوبۇسلار كارتوگرافىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكشۈرتۈلمىگەن، سودىگەردىمۇ «خەرىتىلىك گرافىكنى تەكشۈرۈش تەستىقنامىسى» يوق بولۇپ چىقتى. جۇڭگو خەرىتىسى گرافىكلىرىنىڭ بەزىلىرىدە تەيۋەن ئۆلكىسى چۈشۈپ قالغان، بەزىلىرىدە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى دىياۋيۇ ۋە چىۋېيىيۇ ئاراللىرى چۈشۈپ قالغان؛ خۇالىڭ ئۇششاق تاۋار توپ سېتىش بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر سېتىۋاتقان جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن باللار خەرىتىلىك ھەم رەسىملىك ئويۇنچۇقلىرىدىكى جۇڭگو خەرىتىسىدە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى، دىياۋيۇ ۋە چىۋېيىيۇ ئاراللىرى چۈشۈپ قالغان. تۇرپاننىڭ سەيلىگاھلىرىدا سېتىلىۋاتقان سەيلە - ساياھەت قوللانمىلىرىدىن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشر قىلغان «يىپەك يولى ساياھەتچىلىك قوللانمىسى» ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ مەشھۇر سەيلىگاھلىرى» دېگەنگە ئوخشاش قوللانمىلار كارتوگرافىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكشۈرتۈلمىگەن بولۇپ، ئۇلاردا جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بېكىتىلمىگەن دۆلەت چېگرىسى خاتا ھالدا بېكىتىلگەن قىلىپ قويۇلۇپ، دۆلەت چېگرا سىزىقى خاتا سىزىلغان. خەرىتە بازىرىنى قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن

تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېغىر سىياسىي خاتالىق بار خەرىتىلەر مۇسادىرە قىلىندى ۋە پېچەتلەندى.

كارتوگرافىيە ساھەسىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ، 24 ـ كۈنلىرى شىخەنزە شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى كارتوگرافىيە باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن بىرلىكتە خەرىتە بازىرىنى قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈردى. شىخەنزە شەھەرلىك ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى ۋە شىنجاڭ ھاۋا قاتناش شىركىتى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلان بېلەتى سېتىش ئورنىدا كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلغان جۇڭگو خەرىتىسى سىخېمىسى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن بولۇپ چىقتى، خەرىتىگە ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى، دياۋيۈ ۋە چىۋېيۈ ئاراللىرى چۈشۈرۈلمىگەن؛ شىخەنزە ساياھەت ئىدارىسى باسقان «يىپەك يولىدىكى يېڭى شەھەر شىخەنزە» ناملىق ساياھەت تەشۋىقات رەسىملىك قوللانمىسىنىڭ جۇڭگو خەرىتىسى سىخېمىسىدا جەنۇبىي دېڭىزدىكى تاقىم ئاراللار، دياۋيۈ ۋە چىۋېيۈ ئاراللىرى چۈشۈرۈلمىگەندىن باشقا يەنە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەيۋەن ئۆلكىسىگە باشقا ـ باشقا رەڭ بېرىلىپ، تەۋەلىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار شىخەنزە شەھەرلىك ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى، شىنجاڭ ھاۋا قاتناش شىركىتى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلان بېلەتى سېتىش ئورنىنى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «شىخەنزە گېزىتى» دە بايانات ئېلان قىلىپ خاتالىقنى تونۇشقا بۇيرىدى. شىخەنزە ساياھەت ئىدارىسىدىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى پېچەتلىدى، 3200 نۇسخا رەسىملىك قوللانمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

شىيا يىلى

## كارتوگرافىيىلىك كاپالەت مۇلازىمىتى

2001ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر قايسى ساھەلەرنى 8703 يەر شەكلى خەرىتىسى، 1171، ئاسما خەرىتە، 1581 تىزگىنلەش نەتىجىسى، 784 ئاتلاس بىلەن، 1:50000 ماسشتابلىق يەر نامىلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى 3332 خەرىتە بىلەن تەمىنلىدى.

ھازىرقى ئەھۋالغا دائىر 178 پارچە ماتېرىيال يىغدى، تور سىخېمىسىدىن 51نى سىزدى، 6 توپلام خەرىتە تارقىتىش ئالونىنى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى 1:10000 ماسشتابلىق ئۆلچەشكە دائىر 44 توپلام ئارخىپ ماتېرىيالىنى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئۆلچەشكە دائىر 392 پارچە ماتېرىيالىنى، 1:10000 ماسشتابلىق DRG سانلىق مەلۇماتىدىن 2737 نۇسخىنى ئارخىپلاشتۇردى، 1:50000، 1:100000 ماسشتابلىق DGR سانلىق مەلۇماتىدىن 3195نى يەنىكوزۇپ

بەردى، ھەممە ناھىيىدە ئاسما خەرىتە بولۇش تۈرىنى 1:250000 ماسشتابلىق 153 نۇسخا سانلىق مەلۇمات، ئايروپىلان بىلەن تارتىلغان 13 فاپ سۈرەت بىلەن تەمىنلىدى، 9202 تۈرنى TM تەسۋىرلىك سانلىق مەلۇمات، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق (DLG) سانلىق مەلۇماتى، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى.

سۇنئىي ھەمراھ يوللاپ بەرگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، جىمسەي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىدىكى ئورمانلىقلارنى يىراقتىن سېزىپ تۈرگە ئايرىش تۈرىنى ئىشلەپ بەردى، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەردىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايوننىڭ 1:1000000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىلىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، تاشيول لايىھەلەش يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاسما خەرىتە ۋە تەسۋىرىي خەرىتىلەرنى ئىشلەپ بەردى.

قۇرۇپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ زېمىن ـ بايلىق مۇھىت ئۇچۇر سىستېمىسى تۈرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولدى ھەمدە بۇ خىزمەتلەر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

شىيا يىلى

## كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى 54 تۈركۈم (قېتىم) قەرەللىك تەكشۈردى، 20 تۈركۈم (قېتىم) ھاۋالە بويىچە تەكشۈردى، ئىدارە كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنى ھاۋالە بويىچە 8 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بىر يىلدا ھەر خىل كارتوگرافىيە ئەسۋابىدىن 961نى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىنىپ، 550 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

شىيا يىلى

## ھۆكۈمەت جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ساياھەتچىلىك، بايلىق مەخسۇس تېمىلىرى تاماملاندى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئۇچۇر مەركىزى

سانلىق مەلۇماتلارنى سۈرۈشتۈرۈش، تەھلىل قىلىش ۋە ستاتىستىكىلىق سىخېمىلارنى ئىشلەش؛ سۇچىلىق بايلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بايان، سۇچىلىق ئومۇمىي پىلانى ۋە سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىنىڭ جايلىشىش سىخېمىسى، تارىم ۋادىسىنى تۇزەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، تەرەققىيات پىلانى ۋە تارىم دەرياسى ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش.

شيا يىڭ

## 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە لازىم يەر ناملىرىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش تورى

ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك كارتوگرافىيە تۈرىدىكى 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە لازىم يەر ناملىرىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ۋەزىپىسى 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈر قۇرۇلۇشىدا مەملىكەتلىك 1:50000 ماسشتابلىق يەر ناملىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش مەقسەت قىلىنغان، شىنجاڭنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق يەر ناملىرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش تورى ئەشۇ تۈرنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى.

شىنجاڭنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىسىگە لازىم يەر ناملىرىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش تورى دۆلەتنىڭ ئۇل جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شيا يىڭ

## تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ غەربىي رايونى) دىكى ئۆلچەش ـ سىزىش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ 1 ـ كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى (شەرقىي قىسمىنىڭ غەربىي رايونى) دا 7000 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆلچەش ـ سىزىش قۇرۇلۇشى 2001 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، سۈپىتى ئەلا باھالاندى.



ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا خەرىتە بازىرىنى ئەرزىنىگە سېتىش بويىچە تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

جاڭ جىڭگاڭ فوتوسى

بىلەن كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئىچىدىكى مەركىزى يولغا قويغان شىنجاڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسىدىكى «شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى»، «شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى» مەخسۇس تېما تۈرلىرى 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىشلىنىپ بولدى.

تۈرنىڭ ساياھەتچىلىك قىسمى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى (شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، جايلارنىڭ مەنزىرىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ساياھەت لىنىيىسى، ساياھەت قاتنىشى، يىپەك يولى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى ۋە ساياھەت مۇلازىمىتى)؛ يىپەك يولىنىڭ ئۇنۇشىشىنى سۈرۈشتۈرۈش، تۇرپاندىكى سەيلىگاھلارنىڭ تارقىلىشى، ساياھەت بايلىقى ستاتىستىكىسى ۋە ساياھەت بايلىقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، تۇرپان ئۈزۈم بايرىمىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، ساياھەتچىلىك قىزىيدىغان پەسىل بىلەن سېلىكىدىغان پەسىلنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش، يېمەك ـ ئىچمەك ئورۇنلىرى ۋە مېھمانخانىلارنىڭ كۈتۈش ئىقتىدارى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 3 جەھەتتە ئۈچقاندەك يۈكسىلىشى. بايلىق قىسمى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: زېمىن بايلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تەسۋىرلەر ۋە ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ئاختۇرۇپ تېپىش ۋە تەھلىل قىلىش، قېزىلما بايلىقلارنىڭ ھازىرقى مىقدارى ۋە قېزىلىش مىقدارى قاتارلىقلارغا دائىر

ئۆلچەنگەن رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′00°86 — ′15°87، شىمالىي پاراللېل ′40°43— ′40°44 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، مەمۇرىي جەھەتتىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولۇپ، ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆلچەنگەن رايوننىڭ جەنۇبى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىغا، غەربى شىخەنزە شەھىرىگە، شەرقى سانجى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىگە تۇتىشىدۇ.

شيا يىڭ

## ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق رەقەملىك يەر تەۋەلىكى خەرىتىسى سىزىلدى

شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق رەقەملىك يەر تەۋەلىكى خەرىتىسى 2001 - يىل 3 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۆلچەنگەن رايوننىڭ دائىرىسى شەرقتە چىداۋان يولىنىڭ غەربىگە، غەربتە ساي يولىنىڭ شەرقىگە، جەنۇبتا قىزىلتاغ يولىنىڭ شىمالىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، 34.28 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىمگۇ رايونىنىڭ يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش - سىزىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ كەلگۈسى دائىرىلىك رەقەملىك يەر تەۋەلىكى خەرىتىسىنى ئىشلەش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئاساس سالدى.

شيا يىڭ

## شىخەنزە شەھىرى كونتىرول تورى GPS نى ئۆلچەش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان شىخەنزە شەھىرى كونتىرول تورى GPSنى ئۆلچەش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، سۈپىتى ئەلا باھالاندى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇندىلىشى شىخەنزىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، شەھەر تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، يەردىن پايدىلىنىش، خەۋەر - ئالاقە قاتارلىق شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

شيا يىڭ

## كۈچا ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى، يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان كۈچانىڭ يەر شەكلى، يەر تەۋەسىنى ئۆلچەش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 11 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇندىلىشى كۈچا ناھىيىسىدىكى شەھەر - بازار يەرلىرى، يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يەرگە بولغان ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكنى قوغداش، يەر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە شەھەر پىلانلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشىنى كارتوگرافىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

شيا يىڭ

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## يەر تەۋرەش

### شىنجاڭ رايونى ۋە قوشنا رايونلاردىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا تورلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، شىنجاڭ تەۋەسىدە ۋە قوشنا رايونلاردا 6323 قېتىم يەر تەۋرىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەۋرەش دەرىجىسى (M) 2 بالدىن تۆۋەن يەر تەۋرەش 5195 قېتىم، 2 — 2.9 بال يەر تەۋرەش 565 قېتىم، 3 — 3.9 بال يەر تەۋرەش 112 قېتىم، 4 — 4.9 بال يەر تەۋرەش 17 قېتىم. 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 4.8 بال يەر تەۋرەش مۇشۇ يىل ئىچىدىكى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى سەۋىيىسى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمىدى ھەمدە ئۇدا 3 يىل 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمىدى. تەۋرەش چاستوتىسى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇردى، پۈتكۈل يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىنورمال تىنچ ھالەتنى ئىپادىلىدى. 2001 - يىلى يۈز بەرگەن 4 بال يەر تەۋرەش ئاساسەن مەركەزلىك ھالدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە چوگىر چوققىسى بىلەن قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىنىڭ ئەتراپلىرىغا تارقالدى. يەر كۆپ تەۋرەيدىغان ئۇلۇغچات رايونى بىر قەدەر ئۇزاق مەزگىل تىنچ ھالەتتە تۇردى (بىر يېرىم يىل ئىچىدە 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمىدى)، 9 - ئاينىڭ 16 - ۋە 18 - كۈنلىرى ئۇدا 2 قېتىم 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى. تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى خېجىڭ رايونىدا ئازراق بوزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە 4.7 بال يەر تەۋرىدى. ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى.

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتە بىلەن شىنجاڭ تۇتاشقان جايدا 8.1 بال يەر تەۋرىدى، بۇ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن بىردىنبىر 8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. تەۋرەش مەركىزى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ھەرىكەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇزاق ۋاقىت، كەڭ كۆلەمدە يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ بىنورمال تىنچلىنىشى ھەمدە غەربىي كۇئېنلۇن ئەتراپلىرىدىكى ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ بارا - بارا جانلىنىشى بىلەن مەلۇم ئىچكى باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن، بۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇرۇلما كۈچىنىش مەيدانىنىڭ بىر قېتىملىق زور تەڭشىلىش ئىچىدە تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ يەر تەۋرەش ۋەزىيىتى تەرەققىياتىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

لىۋ چىڭخۇڭ

2001 - يىلى شىنجاڭدا ۋە قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن M⩾3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقتى | | | | | | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى | | تەۋرەش دەرىجىسى | | H چوڭقۇرلۇقى (1000 مېتىر) | زىيانلىقى | پەيدا بولغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | ML | M | | | | |
| 1 | 2001 | 1 | 4 | 1 | 16 | 21 | 37°2′ | 77°18′ | 4.6 | 4.1 | 28 | 2 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئارشاڭ-نىڭ غەر-بىي جەنۇ-بى | 1 | 19 | 3.6 | 4.1 | 79°30′ | 44°44′ | 4 | 49 | 9 | 17 | 1 | 2001 | 2 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كەشمىر | 4 | | 4.8 | 5.2 | 78°10′ | 34°58′ | 22 | 51 | 18 | 27 | 1 | 2001 | 3 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چەرچەن | 1 | 4 | 4.5 | 4.9 | 86°51′ | 38°23′ | 34 | 4 | 13 | 7 | 2 | 2001 | 4 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 1 | 36 | 4.2 | 4.7 | 80°39′ | 36°36′ | 7 | 15 | 23 | 27 | 2 | 2001 | 5 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 1 | 35 | 3.7 | 4.2 | 80°55′ | 36°20′ | 40 | 25 | 0 | 28 | 2 | 2001 | 6 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بورچىن-نىڭ غەر-بىي شى-مالى | 4 | | 3.8 | 4.3 | 85°11′ | 47°44′ | 6 | 27 | 16 | 28 | 2 | 2001 | 7 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغ-چات | 2 | 29 | 3.9 | 4.4 | 74° | 40°5′ | 10 | 15 | 9 | 1 | 3 | 2001 | 8 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بارىكۆل-نىڭ غەر-بىي شى-مالى | 4 | | 3.9 | 4.4 | 93°40′ | 44°59′ | 11 | 12 | 5 | 7 | 3 | 2001 | 9 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغ-چات | 1 | 30 | 3.8 | 4.3 | 75°31′ | 39°48′ | 9 | 4 | 2 | 12 | 3 | 2001 | 10 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بارىكۆل-نىڭ شەرقىي شىمالى | 1 | 6 | 3.7 | 4.2 | 93°14′ | 45° | 58 | 58 | 0 | 13 | 3 | 2001 | 11 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خېجىڭ | 1 | 21 | 4.1 | 4.6 | 86°2′ | 42°21′ | 37 | 18 | 11 | 13 | 3 | 2001 | 12 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇ-رۇم تاغ ئېغىزى | 1 | 83 | 3.8 | 4.3 | 79°10′ | 34°56′ | 16 | 56 | 5 | 15 | 3 | 2001 | 13 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خېجىڭ | 1 | 6 | 4.7 | 5.1 | 84°36′ | 43°1′ | 59 | 22 | 7 | 24 | 3 | 2001 | 14 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۇچا | 1 | 24 | 3.8 | 4.3 | 83°4′ | 41°28′ | 8 | 49 | 20 | 29 | 3 | 2001 | 15 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | سۇڭشى | 4 | | 4.2 | 4.7 | 80°51′ | 34°47′ | 36 | 23 | 17 | 11 | 4 | 2001 | 16 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۇچا | 1 | 26 | 3.7 | 4.2 | 82°49′ | 41°52′ | 48 | 58 | 23 | 19 | 4 | 2001 | 17 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 18 | 2001 | 5 | 1 | 5 | 17 | 18 | 45°42′ | 92°44′ | 4.4 | 3.9 | 11 | 1 | بەيتاك تېغىنىڭ شەرقىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 19 | 2001 | 5 | 6 | 0 | 18 | 35 | 35°8′ | 77°38′ | 4.3 | 3.8 | | 4 | قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 20 | 2001 | 5 | 8 | 8 | 34 | 8 | 44°27′ | 81°34′ | 4.4 | 3.9 | 37 | 1 | غۇلجا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 21 | 2001 | 5 | 22 | 22 | 8 | 26 | 43°9′ | 94°12′ | 4.1 | 3.6 | 33 | 2 | قۇمۇل | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 22 | 2001 | 5 | 25 | 7 | 56 | 20 | 39°55′ | 77°17′ | 4.1 | 3.6 | 21 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 23 | 2001 | 5 | 26 | 19 | 58 | 13 | 38°16′ | 74°14′ | 4.8 | 4.3 | 168 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 24 | 2001 | 5 | 30 | 6 | 53 | 4 | 38°38′ | 73°25′ | 4.6 | 4.1 | 130 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 25 | 2001 | 6 | 3 | 22 | 0 | 56 | 36°11′ | 80°55′ | 4.2 | 3.7 | 32 | 2 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 26 | 2001 | 6 | 3 | 22 | 29 | 29 | 36°16′ | 80°53′ | 4.1 | 3.6 | 26 | 2 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 27 | 2001 | 6 | 22 | 18 | 57 | 5 | 36°1′ | 80°52′ | 4.7 | 4.2 | 45 | 2 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 28 | 2001 | 7 | 3 | 6 | 52 | 26 | 38°30′ | 73°9′ | 4.5 | 4 | 48 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 29 | 2001 | 7 | 4 | 15 | 27 | 59 | 43°55′ | 87° | 4.1 | 3.6 | 23 | 1 | قۇتۇبى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 30 | 2001 | 7 | 8 | 10 | 0 | 40 | 43°2′ | 84°38′ | 4.1 | 3.6 | 10 | 1 | كۈنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 31 | 2001 | 7 | 12 | 1 | 49 | 17 | 40°58′ | 78°13′ | 4.3 | 3.8 | 24 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 32 | 2001 | 7 | 16 | 20 | 1 | 42 | 45°33′ | 82°46′ | 4.2 | 3.7 | 26 | 1 | ئالاتاۋ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 33 | 2001 | 7 | 17 | 8 | 20 | 59 | 40°2′ | 76°47′ | 4.4 | 3.9 | 24 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 34 | 2001 | 7 | 19 | 6 | 43 | 59 | 38°28′ | 73°55′ | 4.6 | 4.1 | 1.52 | 1 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 35 | 2001 | 7 | 22 | 19 | 5 | 55 | 38°24′ | 74°33′ | 4.3 | 3.8 | 147 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 36 | 2001 | 8 | 12 | 10 | 30 | 59 | 37°59′ | 76°4′ | 4.5 | 4 | 38 | 1 | تاشقورغان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 37 | 2001 | 8 | 28 | 8 | 32 | 48 | 40°35′ | 74°8′ | 4.5 | 4 | 18 | 1 | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 38 | 2001 | 9 | 5 | 16 | 18 | 24 | 40°48′ | 73°32′ | 4.1 | 3.6 | 27 | 1 | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 39 | 2001 | 9 | 13 | 20 | 0 | 29 | 41°22′ | 75°31′ | 4.7 | 4.2 | 15 | 1 | ئۇلۇغچاتنىڭ شەرقىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 40 | 2001 | 9 | 16 | 19 | 12 | 52 | 39°50′ | 74°20′ | 4.8 | 4.3 | 20 | 2 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 41 | 2001 | 9 | 18 | 1 | 55 | 16 | 39°43′ | 74°26′ | 4.1 | 3.6 | 21 | 2 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 42 | 2001 | 9 | 18 | 17 | 19 | 3 | 39°51′ | 75°19′ | 4.9 | 4.5 | 30 | 1 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 43 | 2001 | 9 | 21 | 7 | 17 | 49 | 41°41′ | 79°11′ | 4.8 | 4.3 | 20 | 1 | ئۇچتۇرپان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 44 | 2001 | 10 | 18 | 12 | 16 | 37 | 35°47′ | 75°19′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 45 | 2001 | 10 | 19 | 22 | 56 | 45 | 42°6′ | 79°9′ | 4.9 | 4.5 | 27 | 1 | خانتەڭرى چوققىسىنىڭ غەربى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 46 | 2001 | 10 | 21 | 4 | 5 | 0 | 39°41′ | 74°40′ | 4.1 | 3.6 | 21 | 1 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 47 | 2001 | 10 | 26 | 3 | 18 | 0.2 | 40°44′ | 77°38′ | 4.8 | 4.3 | 24 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 48 | 2001 | 11 | 1 | 23 | 59 | 23 | 40°25′ | 78°25′ | 4.3 | 3.8 | 25 | 1 | كەلپىن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | رېتۇ | 4 | | 4.2 | 4.7 | 79°39′ | 34°15′ | 21 | 9 | 0 | 7 | 11 | 2001 | 49 |
| دۆلەت رەقەملىك ئىستانسا تورى | كوئىنلۇن تاغ ئېغىزى شىمال غەربى | | | 8.1 | | 90°13′ | 36°2′ | 14 | 26 | 17 | 14 | 11 | 2001 | 50 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كوئىنلۇن تاغ ئېغىزى شىمال غەربى | 2 | 12 | 4.2 | 4.7 | 91°9′ | 36°21′ | 58 | 21 | 5 | 15 | 11 | 2001 | 51 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | نىيە | 4 | | 3.6 | 4.1 | 82°6′ | 37°25′ | 7 | 55 | 21 | 18 | 11 | 2001 | 52 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى | 4 | | 3.8 | 4.3 | 77°38′ | 35°34′ | 23 | 14 | 23 | 19 | 11 | 2001 | 53 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خانتەڭرى چوققىسى | 1 | 37 | 3.6 | 4.1 | 80°28′ | 42°27′ | 15 | 37 | 7 | 23 | 11 | 2001 | 54 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | دوستلۇق چوققىسى | 2 | 20 | 4.1 | 4.6 | 87°32′ | 48°46′ | 13 | 57 | 04 | 24 | 11 | 2001 | 55 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 4 | | 4.6 | 5 | 90°50′ | 36°9′ | 15 | 43 | 18 | 30 | 11 | 2001 | 56 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى | 4 | | 3.7 | 4.2 | 77°31′ | 35°27′ | 16 | 48 | 15 | 1 | 12 | 2001 | 57 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 26 | 3.7 | 4.2 | 75°31′ | 40°1′ | 12 | 22 | 23 | 1 | 12 | 2001 | 58 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالى | 4 | | 4.6 | 5 | 97°1′ | 43°32′ | 30 | 13 | 22 | 5 | 12 | 2001 | 59 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 4 | | 3.6 | 4.1 | 73°15′ | 37°57′ | 12 | 33 | 5 | 8 | 12 | 2001 | 60 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باركۆلنىڭ شەرقىي شىمالى | 2 | 2 | 4.1 | 4.6 | 93°46′ | 45°3′ | 41 | 31 | 15 | 11 | 12 | 2001 | 61 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 25 | 4.1 | 4.6 | 77°18′ | 39°40′ | 40 | 58 | 14 | 17 | 12 | 2001 | 62 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 32 | 4 | 4.5 | 75°40′ | 40°1′ | 56 | 6 | 9 | 19 | 12 | 2001 | 63 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 64 | 2001 | 12 | 22 | 7 | 5 | 52 | 43°47′ | 86°38′ | 4.5 | 4 | 30 | 1 | قوتوبى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 65 | 2001 | 12 | 25 | 13 | 44 | 48 | 35°21′ | 76°39′ | 4.9 | 4.5 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 66 | 2001 | 12 | 28 | 2 | 28 | 7 | 35°22′ | 76°54′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 67 | 2001 | 12 | 30 | 21 | 56 | 43 | 35°28′ | 76°38′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 68 | 2001 | 12 | 30 | 22 | 1 | 20 | 35°26′ | 76°44′ | 4.3 | 3.8 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

## خېجىڭ ناھىيىسىدە 7 . 4 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى    يەر تەۋرىگەن ۋاقىت:

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 7دىن 22 مىنۇت 3 . 59 سېكۇنت ئۆتكەندە، مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل ′43°1، شەرقىي مېرىدىئان ′84°36. ماكرولۇق كۆزىتىلگەن مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل ′43°5، شەرقىي مېرىدىئان ′84°43. تەۋرەش دەرىجىسى (M): 7 .4بال. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 6 كىلومېتىر. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: °V .

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى    يەر تەۋرەش مەركىزى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ يۇلتۇز ۋە كىچىك يۇلتۇز تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا. خېجىڭ، كۇچا، بۈگۈر ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى، يەنجى، كۇنەس ناھىيىلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايونلاردا كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °V قا يەتكەن، ئۇزۇن ئوقى 6 . 42 كىلومېتىر، شىمالدىن شەرققە بولغان يۆنىلىشى °75، قىسقا ئوقى 7 . 27 كىلومېتىر، دائىرىسى تەخمىنەن 3306 كۋادرات كىلومېتىر. °V لۇق رايونغا كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °VI بولغان پارچە ـ پۇرات نورمالسىز نۇقتىلار تارقالغان.

°V لۇق رايون دائىرىسى بايىنبۇلاق رايونى، گۈلجىتئۆل، بايان ئۆل، كۆككۆسىن غول يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جايلارنىڭ تۇپرىقى 4 ـ دەۋردىكى ئېقىندى توپا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان. يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى

لیۇ چىخۇڭ

بولغانلىقتىن، قىش پەسلىدە توڭ تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىردىن ئاشىدۇ. يەر تەۋرىگەندە يەنە توڭ يېرىش ياسىقۇچىدا تۇرغاچقا، مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلدى. خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %73 . 1كە، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %11 . 4كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %92 . 10كە يەتتى: خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %57 . 0كە، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %68 . 0كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %75 . 5كە يەتتى؛ كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %03 . 1كە، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %24 . 1كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %19 . 4كە يەتتى: چارۋا قوتانلىرىنىڭ ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %71 . 5كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نىسبىتى %14 . 17كە يەتتى. يەر تەۋرەشتە بىۋاسىتە ئادەم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، 42 ئائىلە، 168 كىشى ماكانسىز قالدى، 1 مىليون 232 مىڭ 500 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇ، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

لیۇ چىخۇڭ

## شىنجاڭ ـ چىڭخەي چېگرىسىدا 1 . 8 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى    يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت 17دىن

26 مىنۇت 14 سېكۇنت ئۆتكەندە. تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 36°.4′، شەرقىي مېرىدىئان 90°.22′ (دۆلەت رەقەملىك ئىستانسا تورى ئۆلچەپ بېكىتكەن نەتىجە). تەۋرەش دەرىجىسى (M) 8.1بال. تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: "XI".

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش يېرىم ئەسىردىن بۇيان جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن بىردىنبىر 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش شۇنداقلا 21 - ئەسىر كىرگەندىن بۇيان يەر شارىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ زور يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەشتە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ئۈززۈلمە قاتلام، يەر يېرىلىش، تومپىيىپ چىقىش، ئومۇرتقىسى قىسىلىش، ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، تىك قىر پەيدا بولۇش، قۇم ئارىلاش سۇ ئېتىلىپ چىقىشتىن پەيدا بولغان مۇز نوكچىسى ھەمدە ھەرخىل يەر جىسىملىرىنىڭ يۆتكىلىشى قاتارلىق يەر يۈزىنىڭ شەكىل ئۆزگىرىش ھادىسىسىدىن ھاسىل بولغان، كۆلىمى غايەت زور يەر ئۈستى يېرىلما بەلۋاغ شەكىللەنگەن. يېرىلما بەلۋاغ غەربتىن شەرققە كېڭەيگەن بولۇپ، غەربىي ئۇچى (ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەپ بېكىتىلگەن تەۋرەش مەركىزى) چىڭخەي بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6860 مېتىر ئېگىز بولغان بوقا داۋان چوققىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قۇياش كۆلىدىن كۆشۈيخۇنگىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاشقان، شەرقىي ئۇچ نۇقتىسى چىڭخەي - شىزاڭ تاشيولىنىڭ 70 كىلومېتىر شەرق (شەرقىي مېرىدىئان 94°48′) تەرىپىدە ئاخىرلىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېرىلما بەلۋاغ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ يۆنىلىشى 270° — 290° قىچە بولۇپ، ئۆۋەتتە كۆزىتىلگەن ئەڭ زور يۆتكىلىش مىقدارى 6 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى كۆسەي كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال گىرۋىكىدىكى تاغ ئېتىكى بەلۋېغىغا جايلاشقان، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تېيىزراق، تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە يېرىلما بەلۋاغنىڭ جەنۇبىي قانىتى ئاساسلىق ھەرىكەتچان قانات ھېسابلىنىدۇ، سولغا ئايلىنىپ تۈز سىيرىلىش ھەرىكىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماددىلارنىڭ ھەقىقەتەن شەرقىي كۇئېنلۇن ئۈززۈلمە بەلۋېغىنى بويلاپ شەرققە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھادىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەر تەۋرەشتە يەر يۈزى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان رايونلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاساسلىق يېرىلما بەلۋاغ بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئاساسلىق يېرىلما بەلۋاغدىن ئايرىلغاندا يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان زىيان كۆرۈنەرلىك ئازىيىدۇ.

چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ئاساسلىق يەر تەۋرىگەن رايونلاردا قىسمەن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، چىڭخەي - شىزاڭ تاشيولى (دۆلەت يولى 109 - لىنىيىسى) نىڭ كۆپ جايلىرىغا چاك كەتكەن. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان چىڭخەي - شىزاڭ تۆمۈر يولىنىڭ گېلا بۆلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تەۋرەش مەركىزىدىكى رايونلاردا ئاھالە شالاڭ بولغانلىقى، مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلار ئادەمسىز رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم - يېتىمگە دائىر خەۋەر يوق، ئىقتىسادىي زىيان ئانچە ئېغىر بولمىدى.

لىيۇ چىخۇاڭ

## قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تەتقىقاتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەشكە دائىر 18 تەتقىقات تۈرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭنىڭ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىن بۇگۇر ناھىيىسىگە گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە شىنجاڭ ئېلېكتىر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭ كۇچا ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ قۇرۇلۇش پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تۆت كوچىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ھاۋالە قىلغان «ئۈرۈمچىنىڭ شىمەن سۇ بىلەن تەمىنلەش مەيدانىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى سۇ تازىلاش زاۋۇتىنىڭ ئورنىنى تاللاش ۋە ئالدىن تاللانغان مەيدان ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ھاۋالە قىلغان «جۇڭتىيەن مېھمانسارىيى قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى»، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان «جۇڭگو نېفىت - خىمىيە يىڭكى يۇلتۇز شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھاۋالە قىلغان «شىخەنزە شەھىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىنى

ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈستىدە تەتقىقات خىزمىتى دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق كۆپ قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى بالكوننىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئۈستىدە ئانالىز تەتقىقاتى خىزمەت دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھاۋالە قىلغان «شىخەنزە شەھىرىنىڭ تەرەققىيات رايونىنى يەر تەۋرەش بويىچە مىكرو رايونلارغا ئايرىش» ۋە «تاشچىلىق مەيدانىنى يەر تەۋرەش بويىچە مىكرو رايونلارغا ئايرىش»تىن ئىبارەت 2 قۇرۇلۇش تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى 6 - نومۇرلۇق نېفىتلىك رايونى يەر يۈزى قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى ھاۋالە قىلغان «شىنجاڭ باغراش كۆلىنىڭ شەرقىي ئاسۇس پونكىتىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخەنزە شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى ھاۋالە قىلغان «شىخەنزە شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ھاۋالە قىلغان «ئۈرۈمچى كۆچمە خەۋەرلىشىش مەركىزى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى 1 - تەكشۈرۈپ ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى تاش- توپا قۇرۇلۇشى شىركىتى ھاۋالە قىلغان «جۇڭگو — قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان خەلقئارا تۆمۈر يولىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكىنىڭ يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە ۋەكىللىك خاراكتېردىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كورلا ئايرودرومى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى ھاۋالە قىلغان «كورلا ئايرودرومى قۇرۇلۇشى ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى چىداۋان يولىدا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى ھاۋالە قىلغان «ئۈرۈمچى شەھىرى چىداۋان يولىدا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تۈرلىرىنى شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. ئالاقىدار دوكلاتلاردا مەيدان رايونىنىڭ يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى، يەر تەۋرەش ھەرىكەتچانلىقى، يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش شارائىتى، يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ پەسىيىش مۇناسىۋىتى، يەر تەۋرەش رىئاكسىيىسىنى ئانالىز قىلىش، يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرىنى ئانالىز قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەتقىقات ئاساسىدا مەيدان ئورنىنىڭ كەلگۈسىدىكى نەچچە يىلدا مەلۇم ترانسېدېنتلىق ئېھتىماللىقى بولغان يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇل جىنس ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ تېزلىنىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، مەيدان ئورنىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئېنىق بېكىتىلىپ، قۇرۇلمىلارنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ لايىھىلەش ئاساس بىلەن تەمىنلەنگەن.

لىيۇ چىڭخۇڭ

## شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا تورلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تۈرىدە جۇڭگو يەر تەۋرەش خىزمىتى ئىدارىسىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىستانسا - تورلارنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىش پىلانى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئالامەتلىرىنى كۆزىتىش ئىستانسىسى ۋە ئىستانسا تور مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئۈرۈمچى، قەشقەر، كورلا، ئارشاڭ، جىگدىن ئىبارەت 5 ئىستانسىنىڭ دېفورماتسىيە، ئېلېكتر ماگنىتىزمى، ئاقار جىسىم، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بويىچە تەۋرەش ئالامەتلىرىنى كۆزىتىشكە دائىر 25 تۈرى رەقەملەشتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 5 ئورۇندا چاقماق قايتۇرۇش تورى قۇرۇلدى، 3 ئورۇنغا يېڭىدىن خەۋەرلىشىش سىمى تارتىلدى، 8 ئورۇندىكى كۆزىتىش ئەسۋاب ئىشخانىسى، 5 ئورۇندىكى تاغ ئۆڭكۈرى ۋە كۆزىتىش مەيدانى، 6 ئورۇندىكى توك يولى ئۆزگەرتىلدى؛ كۆزىتىش شارائىتى خېلى زور كۆلەمدە ياخشىلىنىپ، ئۈسكۈنىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش ۋە كۆزىتىشنىڭ ئۆزگۈشلۈك بولغا قويۇلىشىغا كاپالەتلىك

قىلىندى. ئايلىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۆزگەرتىلگەن بارلىق تورلارنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولدى، ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. تەۋرەش ئالامەتلىرىنى ئۆلچەشنى رەقەملەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يوللاشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ يەر تەۋرەش ئالامەتلىرىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

مايتاغ، ئۈرۈمچى، پەيزاۋات، قۇتۇبى، تاشچىلىق مەيدانى، كورلا، قىزىل، مارالبېشى، بۇلۇڭكۆل، چاسى، 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈچتۇرپاندىن ئىبارەت 12 ئىستانسىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي تەڭرىتاغ رايونلىرىدا رەقەملەشتۈرۈلگەن مۇقىم، كۈچلۈك تەۋرەش ئىستانسا تورلىرى قۇرۇلدى. كۆزىتىپ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى خارىبىن قۇرۇلۇش مېخانىكىسى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان GDQJ－1A تىپلىق رەقەم خاتىرىلىگۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا SLJ－100 تىپلىق كۈچى تەڭپۇڭ ئاكسېلېرومېتىر ئۇلانغان. ئايلىنىشنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئايلىنىشى نورمال، خاتىرىلەش مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۈرۈمچى رايونىدىكى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن ئۆلچەش ئىستانسا تورلىرىنى رەقەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى. بۇ تور بىر ئىستانسا تورنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى، ئارىدىن ئوتاشتۇرىدىغان 4 پونكىت ۋە 12 دانە رېئال ۋاقىتلىق سىمسىز ئۇلترا قىسقا دولقۇنلۇق ماس قەدەملىك يوللاش تارماق پونكىتى ھەمدە سىملىق بىۋاستە يوللاش تارماق پونكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىستانسا تورلىرىنىڭ تۈشۈك دىئامېتىرى شەرقتىن غەربكە 480 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 430 كىلومېتىر بولۇپ، قوۋۋىتى تۆۋەن، پونكىت ئارىلىقى پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن بولسىمۇ رەقەملەرنى سىمسىز ئىشەنچلىك يوللاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ، نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىستانسا - تورلارنىڭ تۈشۈك دىئامېتىرى ئەڭ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق ئېكولوگىيىلىك شارائىتتا قۇرۇلغان، رەقەملەرنى سىمسىز يىراقتىن ئۆلچەيدىغان ئىستانسا تور ھېسابلىنىدۇ، بىر يىل ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ ئۆلچەشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلار مۇقىم، ئىشەنچلىك، خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇ، 2001 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسىدە 4.7 بال ۋە شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي چېگرىسىدىكى 8.1 بال يەر تەۋرەشتىن تېز مەلۇمات بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ تور 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

لىيۇ چېخۇڭ

## شىنجاڭنىڭ ئالى رايونىدا شىچۈەن دەرياسى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى

شىچۈەن دەرياسى يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىستانسا تورلارنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئىستانسا ئورنىنى تاللاش - قۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 2001 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يۇڭبىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئالى رايونىغا بېرىپ، 2 ئايدا ئىستانسا ئورنىنى تەكشۈرۈش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. تاللانغان ئىستانسا ئورنى قاراقۇرۇم تېغى بىلەن گاڭدىس تېغى كېسىشكەن بەلۋاغدىكى گېر ناھىيىسىنىڭ شىچۈەنخې بازىرى (ئالى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي) غا جايلاشقان، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 4370 مېتىر ئېگىز، ئىستانسا ئۇلى دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندە قۇملۇق شېغىلدىن تەركىب تاپقان، ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەنگەن كاشىلا ئارقا كۆرۈنۈشى $<10^{-7}$ مېتىر/سېكونت. بۇ يەرنىڭ يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئاران 3 ئاي، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 40C－قا چۈشىدۇ، كۆزىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئۆيلەر يەر ئاستىدىكى 2 — 4 مېتىرغىچە يەر ئاستىغا جايلاشقان. توك بىلەن تەمىنلەش شارائىتى يېتەرلىك بولمىغاچقا، كۆزىتىش سىستېمىسىغا قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن توك يەتكۈزۈلىدۇ، يىل ئاخىرىدا توپا قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

لىيۇ چېخۇڭ، يۈ شياۋلى

## چەت ئەللەر بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش

2001 - يىلى جۇڭگو چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بەرگەن «جۇڭگو - ئامېرىكا تەڭرىتاغ گېئودىنامىكىسى»، «شىنجاڭ قەشقەر رايونىنىڭ 3

ئۆلچەملىك مەيدان ئورنى ۋە ھەرىكەتچان ئۆزۈك قاتلامنىڭ ئۇنىۋېرسال ماترىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى»، «شىنجاڭ شىمالىي تەڭرىتاغ ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ يەر تەۋرەش خەتىرى ئۈستىدە ئانالىز ۋە كۈچلۈك يەر تەۋرەشنىڭ قايتا كۆرۈلۈش دەۋرىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى قاتناشقان، جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى ياردەم بەرگەن ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان رەقەملىك يەر تەۋرەش ئىستانسا تورلىرىنىڭ يەن - تېخنىكا بويىچە نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرىدە ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئىستانسا تورلارنىڭ مەيدان ئورنىنى سىناق تەرىقىسىدە ئۆلچەش خىزمىتى تاماملاندى، شىنجاڭ بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ يەر تەۋرەشنى رايونلارغا ئايرىش ۋە يەر ئاستى سۈيى جەھەتتىكى ھەمكارلىق تۈرىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر يىلدا 4 چەت ئەل مۇتەخەسسىلەر ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 7 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى؛ تەكشۈرۈش - خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن 12 يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىلەر ئۆمەك گۇرۇپپىسى تەركىبىدە 33 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى.

ليۇ چىخۇڭ

## يەر تەۋرەشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى

يەر تەۋرەشكە يەر يۈزى سىلكىنىشىنىڭ كەڭ مەنىدىكى ئۇقتىشىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش، يانار تاغلار پەيدا قىلىدىغان يەر تەۋرەش، گۇمۇرۇلمىلىك يەر تەۋرەش، يوشۇرۇن يەر تەۋرەش ۋە سۈنئىي يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت بىر نەچچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش: يەر شارى توختىماي ھەرىكەتلىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، خىلمۇ خىل ئۆزاق گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە، تەدرىجىي ھالدا، يەر پوستىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئېنېرگىيە توپلىنىپ قالىدۇ، نەتىجىدە غايەت زور كۈچىنىش رولى شەكىللىنىدۇ. يەر پوستىدىكى مەلۇم ئاجىز بەلۋاغلار غايەت زور كۈچىنىش رولىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، جىنس قاتلىمىدا ئۇشتۇمتۇت يېرىق پەيدا بولۇشى ياكى ئەسلىدىكى ئۆزۈك قاتلامنىڭ سىلجىشى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئىچىدە دولقۇن شەكلى ئارقىلىق يەر يۈزىگە يېتىپ كەلگەن سىلكىنىش دەل تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا 85% — 90%كىچە بولغان يەر تەۋرەش ھەممە غايەت زور ئاپەت پەيدا قىلىدىغان بارلىق كۈچلۈك يەر تەۋرەش تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ. ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

يانار تاغلار پەيدا قىلىدىغان يەر تەۋرەش: يانار تاغ ھەرىكىتى، ماگمىلارنىڭ زەربىسى ياكى ئىسسىقلىقنىڭ كۈچىنىش تەسىرى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان يەر تەۋرەش يانار تاغلار پەيدا قىلىدىغان يەر تەۋرەش دەپ ئاتىلىدۇ. يانار تاغلار پەيدا قىلىدىغان يەر تەۋرەش دۇنيا بويىچە ئومۇمىي يەر تەۋرەشنىڭ تەخمىنەن 7%ىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ تەۋرەش دەرىجىسى كىچىك، دولقۇن دائىرىسىمۇ تار، لېكىن زىيىنى ئېغىر. ئېلىمىزدە يانار تاغلار پەيدا قىلىدىغان يەر تەۋرەش ئاساسەن خېيلوڭجياڭ، جىلىن ۋە يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

گۇمۇرۇلمىلىك يەر تەۋرەش: بۇ يەر ئاستىدىكى ماگما جىنس ئۆڭكۈرلىرى ياكى كان قۇدۇقلىرىنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. گۇمۇرۇلمىلىك يەر تەۋرەش دۇنيا بويىچە ئومۇمىي يەر تەۋرەشنىڭ تەخمىنەن 3%ىنى ئىگىلەيدۇ، تەۋرەش دەرىجىسى كىچىكرەك، دولقۇن دائىرىسى قىسمەن بولىدۇ، لېكىن تەۋرەش مەنبەسى تېيىز بولغاچقا، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرىراق بولۇشى، بىر قەدەر ئېغىرراق بۇزغۇنچىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

يوشۇرۇن يەر تەۋرەش: ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يەر تەۋرەش يوشۇرۇن يەر تەۋرەش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى شۇكى، ئۇنى يەر ئاستىدا يادرو پارتلىتىش، سۇ ئامبارلىرىغا سۇ توپلاش، كان قېزىش، نېفىتنى تارتىۋېلىپ سۇ بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوشۇرۇن يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيە يەنىلا تەبىئەتكە يىغىلىپ قالىدۇ، ئىنسانلار پائالىيىتى پەقەتلا يەر تەۋرەشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يوشۇرۇن ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

سۈنئىي يەر تەۋرەش: ئىنسانلارنىڭ ھەربىي ئىشلار پائالىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقارغان يەر يۈزى سىلكىنىشى سۈنئىي يەر تەۋرەش دەپ ئاتىلىدۇ. بىر ئېكۋىۋالېنتى 10 مىڭ توننا كېلىدىغان TNT يادرو پارتلىتىلسا يەر تەۋرەش تەسىرى تەخمىنەن 4 بالدىن 5 بالغىچە بولغان تەبىئىي يەر تەۋرەشكە باراۋەر كېلىدۇ.

ليۇ چىخۇڭ

# مېتېئورولوگىيە

## شىنجاڭنىڭ 2001 - يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا

تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، كۈن نۇرى تولۇق چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى چاستوتىسى 2000 - يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى، لېكىن ئاپەتنىڭ سىجىللىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولدى، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە قار ئاپىتى ۋە ئەتىياز پەسلىدە قۇم شتورمى پەيدا بولدى.

تېمپېراتۇرا    يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 7.7℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 12.9℃ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 1.2℃ يۇقىرىراق بولدى، بۇ شىمالىي شىنجاڭدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆدا يۇقىرى بولغان 8- يىل ھېسابلىنىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1.3℃ يۇقىرىراق بولدى، بۇ تېمپېراتۇرا ئۆدا يۇقىرىراق بولغان 5 - يىل ھېسابلىنىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئەڭ زور قىسمىتى ئىلى ۋىلايىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدە كۆرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

قىش پەسلى (2000 - يىل 12 - ئايدىن 2001 - يىل 2 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا −10.5℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا −3.9℃ بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا 1.8℃ يۇقىرىراق بولدى. شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولغان ۋاقىت نىسبەتەن تەكشى بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا ئاساسەن 2 - ئايدا يۇقىرىراق بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى نىسبىي ھالدا زورراق بولدى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 1.9℃، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 2℃ — 4℃، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى قىسمەن رايونلاردا 3℃ ئۆپچۆرىسىدە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى كۆكتوقايدا 4.3℃؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 1.5℃، تۇرپاندا 3.3℃ يۇقىرى بولدى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولغاندىن سىرت، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا يۇقىرىراق بولدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −13.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.3℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى كۆكتوقايدا 2.2℃ يۇقىرى بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا تۆۋەن بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا 0.2℃ — 3.4℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −6.8℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.6℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان، باركۆلدە 4.7℃ يۇقىرى بولدى، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ۋە 2 - ئورۇندا تۇردى. 2 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −9.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.2℃ يۇقىرى بولدى، بورتالادا 3.5℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −0.2℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.5℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدا 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 11.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.4℃ يۇقىرى بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 15.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.4℃ يۇقىرى بولدى. 3 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 1℃ — 3℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا 4℃ — 5℃ يۇقىرى بولدى، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئىلى، كۈنەس، موڭغۇلكۈرەدە تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، بورتالا، ئۈرۈمچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2℃ يۇقىرى بولدى، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى قەشقەر، خوتەندە تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، تۇرپان، يەنجى، كورلا، ئاقسۇلار 3 - ئورۇندا تۇردى، تاغلىق



2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئۈرۈمچىدىكى يىغىندا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چىن داخې (سولدا) بىلەن كۆرۈشۈپ ھەمدە شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى توغرىسىدا ئورتاق مەسلىھەتلەشتى.
پەن جىبىڭ فوتوسى

رايوندىكى باركۆلدە تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.2℃قا يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 15℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن سەل يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەر، چەرچەن، خوتەندە 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى. 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 20.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 4℃ — 2℃قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي، ئالاتاۋ تاغ ئېغىزى، بورتالا، غۇلجا، كۈنەس، جىڭ، شىخو ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ كۆكتوقاي ۋە موڭغۇلكۈرەدە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئالتايدا 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 22.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، چەرچەندە 2 - ئورۇندا، يەكەندە 3 - ئورۇندا تۇردى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 23.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.6℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 25.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1℃ يۇقىرى بولدى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 23.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.7℃ يۇقىرى بولدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان رايونلار شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسىملىرى بولۇپ، 2℃ — 3℃قا يەتتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1℃ — 2℃قا يەتتى، ئۈرۈمچىنىڭ كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىدا 39.1℃ بولغان 2. ئېكستىرېمۇم كۆرۈلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.6℃ يۇقىرى بولدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەندە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، خوتەن ۋە يەكەندە 2 - ئورۇندا تۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1℃ — 2℃ بولدى. 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 23.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.5℃ تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا تېمپېراتۇرا 0.2℃ — 1℃ تۆۋەن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.7℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۇچادا 0.4℃ تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن

0.2℃ — 2.1℃ يۇقىرى بولدى، چەرچەندە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 23.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.3℃ يۇقىرى بولدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 0.2℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا 2.2℃ — 2.6℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا 0.6℃ — 1.7℃ يۇقىرى بولدى، بورتالا ۋە بەيتىك تاغلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.7℃ يۇقىرى بولدى، قەشقەر، كۇچادا تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.5℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا 0.4℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، يەنجىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 8.8℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 12.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.6℃ يۇقىرى بولدى، 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 16.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى. جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى بولسا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتايدا تېمپېراتۇرا 0.8℃ تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا دېگۈدەك 0.2℃ — 0.7℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا بورتالا، شىخەنزە ۋە گۈچۈڭدا 0.1℃ — 0.5℃ يۇقىرى بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا تېمپېراتۇرا 0.2℃ — 0.7℃ تۆۋەن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 20℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.7℃ يۇقىرى بولدى، تېمپېراتۇرا كۇچادا 0.5℃ تۆۋەن بولغاندىن، قۇمۇلدا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن تەڭلەشكەندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.4℃ — 2.2℃ يۇقىرى بولدى. 10 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8.2℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.6℃ يۇقىرى بولدى. تېمپېراتۇرا كونەس ۋە موڭغۇلكۈرەدە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.1℃ — 0.4℃ تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.2℃ — 1.7℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1℃ يۇقىرى بولدى. تېمپېراتۇرا كۇچادا 0.5℃ تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.1℃ — 1.9℃ يۇقىرى بولدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4.4℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. جايلاردا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 3.3℃ — 6.5℃ ئارىلىقىدا بولدى، كۆپ قىسىم رايونلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.9℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 2.2℃ — 3.5℃ ئارىلىقىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنجىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا، قەشقەر ۋە ئاقسۇدا تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا، تۇرپاندا 3 - ئورۇندا تۇردى، تاغلىق رايوندىكى بايىنبۇلاقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 5.7℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى.

**هۆل - يېغىن** 2001 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى 223.4 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 50.6 مىللىمېتىر بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا دېگۈدەك 10% كۆپ بولدى. تارباغاتاي ۋە گۈچۈڭدا 20% ئاز، ئىلىدا 10% ئاز بولغاننى هېسابقا ئالمىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا كۆپ بولۇپ، 20%تىن ئاشتى، جىڭ ناهىيىسىدە 60% كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل ۋە ئاقسۇدا 60% ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى، يەنجى ناهىيىسىدە ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى، چەرچەندە 70%، خوتەندە 30% ئاز بولدى، باشقا جايلاردا 10% — 20% كۆپ بولدى.

بىر يىلدا هۆل - يېغىننىڭ زامان ۋە ماكانغا تارقىلىشى تەكشى بولمىدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 1 -، 4 -، 7 -، 8 -، 9 - ۋە 10 - ئايلاردا هۆل - يېغىن خېلى كۆپ

بولدى، بولۇپمۇ 1 - ئايدا ھۆل - يېغىن كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپ بولدى، كۆپلىگەن پونكىت - نۇقتىلار خاتىرىلىگەن ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. 2 -، 3 -، 5 -، 6 -، 11 - ۋە 12 - ئايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 - ئايدا ھۆل - يېغىن 50% ئاز بولدى، قىسمەن رايونلاردا ھۆل - يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى تارىختىكى يۇقىرى قىممەتنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 1 -، 2 -، 3 -، 5 - ۋە 6 - ئايلاردا ھۆل - يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى 30%تىن يۇقىرى بولدى، 4 -، 10 -، 11 - ۋە 12 - ئايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى، 7 - ۋە 8 - ئايلاردا جايلاردىكى ھۆل-يېغىن ئادەتتىكى يىللاردىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى.

قىش پەسلى (2000 - يىل 12 - ئايدىن 2001 - يىل 2 - ئايغىچە) : پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 51 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 19 مىللىمېتىر كۆپ بولدى، تەخمىنەن 60% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋە ئالتايدا كۆپ بولۇپ بىر ھەسسىدىن ئېشىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭدا 50% — 80% كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 2.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.4 مىللىمېتىر ئازراق بولدى، تەخمىنەن 50% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا 8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا دېگۈدەك 10% — 70% ئازراق بولدى، قەشقەردە بىر ھەسسە ئاز بولدى. 12 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن كۆپرەك، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئازراق بولدى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 24.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 90% كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلدە ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا، ئالتايدا 2 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 0.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 50% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، خوتەن ۋە چەرچەندە 1 — 2 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسەن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 18.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چاغانتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ۋە گۇچۇڭلاردا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا، بەيتىك تېغىدا ۋە ئۈرۈمچىدە 2 - ئورۇندا، تارباغاتايدا 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 0.9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 40% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، ئاقسۇ ۋە كۇچادا 2 — 3 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 2 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ھۆل - يېغىن دېگۈدەك ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 7.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20% ئاز بولدى، شىخۇدا ئازىيىش دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، 70%كە يېقىنلاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 0.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 60% ئاز بولدى، تورپان — قۇمۇل ئويمانلىقىدا 1 — 3 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە) : پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 50.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 20% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئايدا ئازىيىش دەرىجىسى 80%كە يەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 6.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن تەخمىنەن 40% ئاز بولدى، ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشىسىز بولدى، 3 - ۋە 5 - ئايلاردا 80%تىن كۆپرەك ئاز بولدى، 4 - ئايدا ئاز كەم 2 ھەسسە كۆپ بولدى. 3 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 2.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن تەخمىنەن 80% ئاز بولدى، ئازىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 31.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 50% كۆپ بولدى، ھەر قايسى جايلاردا ھۆل - يېغىن مىقدارى غۇلجا ۋە كۈنەستە 30% ئاز بولغاندىن، موڭغۇلكۈرە ۋە گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، قالغان كۆپ قىسىم رايونلاردا 30%تىن كۆپرەك كۆپ بولدى، ئالتايدا 1.6 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قەشقەر، خوتەن ۋە چەرچەندە ھۆل-

يېغىن بولمىغاندىن سىرت، قالغان جايلاردا 70%تىن 5 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، يەنجىدە كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، 5-ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 16 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 30% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي ۋە غۇلجىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 10% — 40% كۆپ بولغانلىقىنى، شىخودا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 10% — 80% ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئايرىم رايونلىرىدا 1 — 4 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، قالغان جايلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە) : پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 80.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 30% كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 24.9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن سەل ئازراق بولدى. 6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 20.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئازكەم 20% ئاز بولدى، جىڭ ناھىيىسىدە ئازىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى. ئۈرۈمچىدە ئازكەم 40% ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 5.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 30% ئازراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندا پەقەت 3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، يەنجىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 10% كۆپ، قەشقەردە 50% كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا 30% — 50% ئاز بولدى، خوتەن ۋە چەرچەندە ھۆل - يېغىن بولمىدى. 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى تەكشى بولمىدى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 41.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 80% كۆپ بولدى، تارباغاتاي بىلەن كۆكتوقايدا ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى، گۇچۇڭ بىلەن بەيتىك تېغىدا 30% — 70% ئاز بولدى، قالغان كۆپ قىسىم جايلاردا دېگۈدەك كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاتاۋ ئېغىزى، بورتال ۋە جىڭ ناھىيىلىرىدە ئايلىق ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى 60 - يىللاردىن بۇيانقى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، چاغانتوقاي، شىخۇ ۋە شىخەنزىدە 2 - ئورۇندا، ئۈرۈمچىدە 4 - ئورۇندا تۇردى؛ ھۆل - يېغىن مىقدارى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇدا 24 مىللىمېتىر، خوتەندە 11 مىللىمېتىر، كۇچادا 33 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 70%تىن 1.6 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنجى، قۇمۇل ۋە كورلىدا 30% — 60% ئاز بولدى، تۇرپان بىلەن چەرچەندە شۇ ئايدا ھۆل - يېغىن بولمىدى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 18.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئاز كەم 15% كۆپ بولدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تارباغاتايدا 50% ئاز بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى. ئالتايدا ئايلىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 53 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا 20% — 50% كۆپ بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭدا ھۆل - يېغىن ئاز بولغاندىن سىرت، قالغان جايلاردا 20% — 30% كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 8.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 15% كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەر ۋە قۇمۇلدا ھۆل - يېغىن ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 50% — 90% كۆپ بولدى، كۇچا ۋە كورلىدا 40% — 60% كۆپ بولدى، چەرچەندە بىر ئاي ئىچىدە ھۆل - يېغىن بولمىدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە) : پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 56.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 15% كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 14.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.2 ھەسسە كۆپ بولدى. 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 18.9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئازكەم 20% كۆپ بولدى، لېكىن تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 20% — 60% ئاز بولدى، ئىلىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، باشقا رايونلاردا 20%تىن 2.6 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىڭ ناھىيىسىدە 1.3 ھەسسە، بورتالادا 2.6 ھەسسە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەردە ھۆل - يېغىن ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20% — 60%، چەرچەندە 5 ھەسسە كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ھۆل - يېغىن

ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 — %80 ئاز بولدى، خوتەندە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ھۆل - يېغىن كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپ بولدى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 29.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %80 كۆپ بولدى، بورتالادا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا، جىڭ ۋە شىخۇ ناھىيىسىدە 2 - ئورۇندا، كۈنەستە 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 8.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 3.6 ھەسسە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە قەشقەردە تەخمىنەن %60 ئاز بولدى، باشقا رايونلاردا %70تىن كۆپرەك كۆپ بولدى، كۆپىيىشى ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 ھەسسىگە يەتتى، ئاقسۇ ۋە باركۆلدە كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا، قۇمۇلدا 2 - ئورۇندا، چەرچەندە 3 - ئورۇندا تۇردى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ھۆل - يېغىن ئاز بولدى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 8.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %50 ئاز بولدى، شىخەنزىدە ئازىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، قەشقەر، قۇمۇل ۋە يەنجىدە 1 — 8 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسەن ھۆل - يېغىن بولمىدى. ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تۇرپاندا تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا، قەشقەردە 3 - ئورۇندا تۇردى.

ۋاڭ يۆئي

## شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيىسى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 96 ئىستانسا - پونكىت نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 83 ئىستانسا - پونكىتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە 17 تۈردە 322 قېتىم نورمالسىز ھادىسە كۆرۈلۈپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2 تۈر ئازايدى، 26 قېتىم كۆپەيدى. ئىستانسىلاردا نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 54 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 38 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 47 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 35 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 40 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشكەن ۋاقىت 27 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 37 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە كۈندىلىك ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارى 21 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 24 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى ئەڭ ئاز چۈشكەن ۋاقىت 19 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 39 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئەڭ كۆپ يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 14 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 25 قېتىم ئېشىپ كەتكەن.

تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇ ئاساسەن ئوتتۇرىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن پونكىت (قېتىم) ساندىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكتە ئىپادىلىنىدۇ، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 5 -، 6 -، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن، مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 3 -، 6 -، 7 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن. تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئايرىم رايونلىرىدا كۈن نۇرى تولۇق چۈشتى، 3 - ۋە 5 - ئايلاردا كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشكەن ۋاقىت 27 پونكىت تارىختا خاتىرىلىگەن ساندىن 37 قېتىم ئېشىپ كەتكەن.

شىمالىي شىنجاڭدا: چىڭگىل ناھىيىسىدە ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، قۇرغاقچىلىق بىر قەدەر ئېغىر بولدى، 40 گېكتار يەردىكى بۇغدايدىن ھوسۇل ئېلىنمىدى. ساۋەندە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولۇپ، يازلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا ۋە مايسا ئۈنۈشكە پايدىلىق بولدى، لېكىن ئىسسىقپەرەس زىرائەتلەرنىڭ تۇپراقتىكى نەملىكىنى بىر قەدەر تېز ئازايتىۋەتتى. تولى ناھىيىسىدە 5 - ئايدا تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن روشەن يۇقىرى بولدى، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 23.5℃ قا يەتتى، بۇ تارىختىكى يۇقىرى قىممەت بولۇپ، كۈزگى بۇغداينىڭ كۆكىرىشىگە، يازغى

بۇغداي تېرىشقا، بوغۇم سۇرۇشكە ۋە چارۋا ماللاردىن تۆل ئېلىش - بېقىشقا بەكمۇ پايدىلىق بولدى. قورغاستا 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تېمپېراتۇرا ئۇدا ئۆرلەپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى تېز ئازايتىۋېتىپ، قۇرغاقچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ناھىيە بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان يەر تەخمىنەن 2666.6 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1133.3 گېكتار يەرنىڭ نەملىكى ناچار بولغاچقا تېرىشقا مۇمكىن بولمىدى. قاراماي‌دا 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋارايى پەيدا بولدى، 20 - كۈنى يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1°C قا يەتتى، بۇ، شۇ ئاي ئىچىدە تارىختىكى يېڭى رېكورت ھېسابلىنىدۇ. مىچۈەندە ئەتىيازنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ باشلىرىدا تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى، 2 ئايلىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، 2 ئايدىكى تېمپېراتۇرا 28.9°C ۋە 33.4°C قا يېتىپ، ئەتىيازنىڭ ئاخىرى يازنىڭ باشلىرىدا باسقۇچ خاراكتېرلىك قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جىمسار‌دا تېمپېراتۇرا روشەن ھالدا يۇقىرى، ھۆل - يېغىن ئازراق بولدى، قۇرغاقچىلىق ۋاقتى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئۇدا 20 كۈن ھۆل - يېغىن بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 6 - ئايدا بوران ئاپىتى كۆپ بولدى، قۇرغاقچىلىق يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە ئەڭ ئېغىر بولدى. 80 مىڭ گېكتار يەردىكى زىرائەت ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. ئايرىم جايلاردا زىرائەتلەردىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى، ھاشارات زىيانداشلىقى ئېغىر بولدى، بولۇپمۇ كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ كېۋەز، كۆممىقوناقتا سالغان زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كېۋەز پىتى، كېۋەز تىرىپس قۇرۇتى بىلەن غوزا قۇرۇتى قاتارلىقلار كېۋەز، پەمىدۇر قاتارلىق زىرائەتلەرگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالدى. ياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىق پەيدا بولغاچقا، ئوت - چۆپلەر ياخشى ئۆسمىدى، نەتىجىدە چارۋىلارنىڭ سەمرىشىگە ۋە ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ ساقلاشقا، چارۋا ماللارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى.

شەرقىي شىنجاڭدا: تۇرپاندا 2 - ۋە 3 - ئايلاردا مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلدى، باھار بالدۇر كەلدى، تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلىدى، ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا، مايسىنىڭ ئۈنۈشىگە ۋە مايسا مەزگىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولدى، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش، لاپاستا ئېنېرگىيە تېجەش ۋە ھارارەتنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق مېتېئورولوگىيىلىك شەرت - شارائىت يارىتىلدى. پىچاندا 6 - ئايدا مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا كۆرۈلدى، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىمۇ تارىختا ئەڭ يۇقىرى قىممەت بولغان 37.4°C قا يەتتى، كېۋەز چېچەكلەش ۋە غوزىلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە تۆكۈۋەتتى. ئارىلىقلىرى بوش قېلىش ھادىسىلىرى ئېغىرراق بولدى. لېكىن بۇغداينىڭ پىشىشىغا، ئۈزۈمنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا: خوشۇتتا 3 - ئايدا تېمپېراتۇرا نورمال يۇقىرى بولدى، كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىت خېلى ئۇزۇن بولۇپ، يازلىق بۇغداي تېرىش ۋە ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولدى، 5 - ۋە 6 - ئايلاردا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولدى، ئاپتاپ تولۇق چۈشتى، ھۆل - يېغىن ئازراق بولدى، تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردا سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولدى. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. توقسۇ ناھىيىسىدە 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، كېۋەزلىكلەردە تۇپراق تەركىبىدىكى سۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق پارغا ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بىر قىسىم كېۋەزلىكلەردە قۇرغاقچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

هۆل - يېغىننىڭ تەسىرى 2001 - يىلى ھۆل - يېغىننىڭ نورمالسىز بولۇشى ئاساسەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن كۈندىلىك ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارىدىن ئىبارەت 2 تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ھۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ ۋە كۈندىلىك مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان جايلار ئاساسەن: قابا، بۇرچىن، كۆكتوقاي، چىڭگىل، جېمىنەي، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، شىخو، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، تېكەس، توققۇزتارا، چاپچال، ماناس، سانجى، مىچۈەن، جىمسار، باركۆل، ئاراتۈرۈك، يەنجى، ئاقسۇ، ئونسۇ، ئاقتۇ، ئاقچى، يېڭىسار، تاشقورغان، مەكىت، قاغىلىق. ھۆل - يېغىن ئاساسەن 1 -، 7 -، 10 - ئايلارغا مەركەزلەشتى.

شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا: كۆكتوقايدا 8 - ئايدا ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى، ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ بولدى، لېكىن تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە يامغۇرلۇق ھاۋارايى داۋاملاشتى، ھۆل - يېغىن مىقدارى 49.6 مىللىمېتىرغا، كۈندىلىك ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 20.5 مىللىمېتىرغا يەتتى، يازلىق ئاشلىقنى يىغىۋېلىش، قۇرۇتۇش، ساقلاش ئىشلىرىغا بەكمۇ پايدىسىز بولدى. پاۋتەيدە 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۇدا ھۆل - يېغىن بولدى، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش دەرىجىسى زور بولۇپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سوغۇق ئاپىتىنى پەيدا قىلدى، كېۋەزلىكلەرگە قايتىدىن قىرو چۈشتى، پاختىنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ،

تالالىرى قىسقىراپ كەتتى، پاختا ھوسۇلى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. قاراмايدا 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى يامغۇرلۇق ھاۋارايى كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ھۆل - يېغىن مىقدارى 22 مىللىمېتىرغا يەتتى، بۇ شۇ ئايدا تارىختىكى ئەڭ كۆپ بولغان كۈندىلىك ھۆل - يېغىن ھېسابلىنىدۇ. 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە يامغۇرلۇق ھاۋارايى ئۇدا 3 كۈن داۋاملىشىپ تېمپېراتۇرنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ℃ 3 .16قا چۈشتى، بۇ، چېچەكلەپ غوزەك ئېچىلىش باسقۇچىدا تۇرغان كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە بەكمۇ پايدىسىز بولدى، شوگەي رايونىدا پاختا سۈپىتى، ھوسۇلىغا ناھايىتى زور تەسىر يەتتى. 10 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 6 .25 مىللىمېتىرغا يەتتى، بۇ مۇشۇ ئاي ئىچىدە تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. تېكەستە 10 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، قىسمەن كېسەك ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش- يارىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. زىيان بولغان مال- مۈلۈكنىڭ قىممىتى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى. ماناس 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە جۇدۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ھەر قايسى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ئوتتۇراھال يامغۇر ياغدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، 5 — 8 - كۈنلىرى يەنە ئازراق يامغۇر يېغىپ كېيىن ئوتتۇراھال يامغۇرغا ئۆزگەردى، ئاخىرىدا قارغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ 7 بال ئۈپچۈرىسىدە قىيپاش شەرق شامىلى چىقتى، كېيىن قىيپاش غەرب شامىلىغا ئۆزگەردى؛ 21 - كۈنى يەنە ئومۇميۈزلۈك ئازراق يامغۇر ياغدى، 26 - كۈنى ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى ھەمدە شۇنىڭغا ئەگىشىپ 7 بال ئۈپچۈرىسىدە غەربىي شىمال ئۆتكۈنچى بورىنى چىقتى، بۇ كېۋەز تېرىش، مايسىلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. مىچۈەندە 7 - ئايدا ھۆل - يېغىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 53 مىللىمېتىرغا يەتتى، كۈندىلىك ئەڭ كۆپ ھۆل- يېغىن مىقدارى 27 مىللىمېتىرغا يېتىپ تارىختىكى يۇقىرى قىممەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھەددىدىن ئارتۇق ھۆل - يېغىن كۈزگى بۇغداينى يىغىۋېلىش، قۇرۇتۇش، ساقلاش - توشۇشقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا: يېڭىساردا 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك قارا يامغۇر ياغدى، ھۆل - يېغىن مىقدارى بىر سائەت ئىچىدىلا 7 .22 مىللىمېتىرغا، جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 2 .25 مىللىمېتىرغا يەتتى، نەتىجىدە تاغ كەلكۈنى يامراپ كەتتى، 6 .166 گېكتار يەردىكى كېۋەز، كۆممىقوناق تېرىلغان 4 لاپاس، 44 مىڭ 200 مېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، 2500 مېتىر سۇ تورۇبىسى، 32 سۇ توسمىسى، بىر چولڭ توما، 2 كەلكۈن ئاققۇزۇش توسمىسى، 2 كۆۋرۈك - سۇئۆتكۈچ، 13 مىڭ 900 مېتىر كەنت يولى ۋەيران بولدى، 661 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 208 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالدى، 3 ئادەم يارىلاندى، 145 لاپاس - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 50 تۇياق چارۋا يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 14 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاقچىدا 9 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، كۈندىلىك ھۆل- يېغىن مىقدارى تارىختىكى 9 - ئايدىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، كۆپ ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالدى.

**قار ۋە يىغىندى قار ئاپىتى** 2001 - يىلى قاتتىق قار ۋە يىغىندى قار ئاپىتى ئاساسەن، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 14 ناھىيە، شەھەردە يۈز بەردى، تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن 25 قېتىم ئېشىپ كەتتى، ۋاقتى ئاساسەن 1 -، 2 - ۋە 3 - ئايلارغا مەركەزلەشتى.

چىڭگىل ناھىيىسىدە قار ئاپىتى بىر قەدەر ئېغىر بولدى، 1200دىن كۆپرەك چارۋا مال قاردا ئۆلدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل سەرپ قىلىندى. كۆكتوقايدا بىر ئايدا 18 كۈن قار ياغدى، يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، چارۋا ماللارنىڭ ئوت - چۆپ تېپىپ يېيىشى قىيىن بولدى، قاتناش ترانسپورتى كۆپ قېتىم قاردا توسۇلۇپ قالدى. بۇرچىندا 1 - ئايدا مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا، ئايلىق ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارى، ئەڭ زور يىغىندى قار قېلىنلىقى دېگۈدەك تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتتى، يوللار توسۇلۇپ قالدى، قار قېلىن بولغاچقا، چارۋا ماللار ئوت - چۆپ ئىزدەپ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. جېمىنەيدە يىل بېشىدىلا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، يىغىندى قار روشەن ھالدا قېلىنراق بولدى، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 63 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. قابا ناھىيىسىدە يىل بېشىدىلا ناھىيە بويىچە يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى، قار ئاپىتى تۈپەيلىدىن ناھىيە، يېزا - كەنت يوللىرى ئۈزۈلۈپ قالدى، 430 مىڭ چارۋا سىرتقا چىقىپ ئوت - چۆپ تېپىپ يېيىشكە ئامالسىز قالدى، 400دىن كۆپرەك لاپاس - قوتان، 1628 تۇياق چارۋا زىيانغا ئۇچرىدى. تارباغاتايدا قىش پەسلىدە يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 59 سانتىمېتىرغا يەتتى، ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە قىممەتتىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى، قار توپلانغان ۋاقىت

ھەددىدىن ئارتۇق ئۈزۈن بولدى، بۇ چارۋا ماللارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. چاقانتوقايدا يىغىندى قار ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن قېلىنراق بولدى. ئاساسەن 1 - ئايغا مەركەزلەشتى، چارۋا ماللارنى قوتاندا بېقىشقا توغرا كەلدى، زاپاس ئوت - چۆپ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي قالدى، چارۋىلارنىڭ تېنى ئاجىزلاپ، كۆپ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولدى ۋە ئۆلۈپ كەتتى، زىيان ئېغىر بولدى. بەيتىك تېغىدا 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە قار دۆۋىلىنىپ كەتكەچكە، چارۋاماللار ھىچقانداق يەردىن ئوت - چۆپ تاپالماي تەخمىنەن 5000 چارۋا ئۆلۈپ كەتتى.

بوران، قۇم - بوران ئاپىتى 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن رايونلاردا بورانلىق، قۇم - بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى. ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، ئۈلۈغچات، نىيە، سەنجاپار ۋە فۇكاڭدا ئاساسەن 4 - ۋە 5 - ئايلاردا چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا كورلىدا 4 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى 6 بال بوران چىقتى، مومېنتلىق شامال كۈچى 8 بالغا يېتىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 20دىن كۆپرەك لاپاسنى ئۆچۈرۈپ كەتتى، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغان 6.6 گېكتار يەردىكى لاپاسنى بۇزۇۋەتتى، 85% ئۇرۇق چېچىكى تۆكۈلۈپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە بوران - جۇدۇنلۇق ھاۋارايى پەيدا بولدى، بۇ چاغدا نەشپۈت چېچەكلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، كۆپ ساندىكى نەشپۈت زىيانغا ئۇچرىدى، بالدۇر تېرىلغان كېۋەزلەرمۇ زىيانغا ئۇچرىدى. توقسۇدا 4 - ئاينىڭ 7 — 8 - كۈنلىرى بورانلىق - تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزلەرنى ئېچىۋەتتى ۋە ئۇرۇقنى چىرىتىۋەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 563.3 گېكتارغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆكتات تېرىلغان لاپاس، ئۆي - ئىمارەت، چارۋا مال، لاپاس - قوتان، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە بوغدايلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى. قەشقەردە 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە كۆپ قېتىم بوران، قۇم - بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، شەھەرنىڭ مۇھىتىغا ھەمدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزلەرگە ناھايىتى زور تەسىر يەتكۈزدى. ئاقسۇدا 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كۈچلۈك قۇم - بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، ئەڭ زور شامال كۈچى 11 بالغا، مومېنتلىق ئەڭ زور شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 30.2 مېتىرغا يەتتى، 6 بال قىيپاش شىمال بورىنى 10 سائەت داۋاملاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەريانلىق ھۆل - يېغىن خېلى كۆپىيىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. كۇچادا 4 - ئاينىڭ 7 — 8 - كۈنلىرى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كۈچلۈك قۇم - بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، ئەڭ زور شامال كۈچى 10 بالغا يەتتى. مومېنتلىق ئەڭ زور شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 34.6 مېتىرغا يەتتى. 6 بال قىيپاش شىمال بورىنى 12 سائەت داۋاملاشتى، مەلۇم ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى. بايدا 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۆرۈلگەن بورانلىق ھاۋارايى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرگە 33 مىليون 625 مىڭ يۈەن زىيان سالدى. ئۈلۈغچاتتا 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ناھىيە دائىرىسىدە تارىختا خاتىرىلەنگەندىن بۇيان ئەڭ زور بىر قېتىم قۇم - بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، ئەڭ زور مومېنتلىق شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 37 مېتىرغا يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە خېلى زور زىيان سالدى. نىيىدە بىر يىلدا قۇم-بورانلىق كۈن سانى 35 كۈنگە يەتتى، بۇ، يېقىنقى 10 يىلدا قۇم - بورانلىق كۈن سانى ئەڭ كۆپ بولغان يىل ھېسابلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ 8 -، 9 -، 28 -، 29 - كۈنلىرى قۇم - بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، ئېكولوگىيىنى ۋە شەھەر مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىۋەتتى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى، ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 93.3 گېكتار يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش نىسبىتى 70%كە يەتتى، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش نىسبىتى 30%كە، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆمىسقوناق كۆلىمى تەخمىنەن 666.6 گېكتارغا يەتتى.

شەرقىي شىنجاڭدا: سەنجاپاردا يىل بويى بوران كۆپ چىقتى، بورانلىق ھاۋارايى 210 كۈنگە يەتتى، بولۇپمۇ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئەڭ زور بوران تېزلىكى سېكۇنتىغا 42 مېتىرغا يەتتى، 7 - كۈنى پەيدا بولغان چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى تۆمۈريول قاتنىشىنى 18 سائەت ئۈزۈپ قويدى. نومدا 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سائەت 12دە قارا بوران چىقىپ، 12 سائەت داۋاملاشتى، ئەڭ زور مومېنتلىق شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 33 مېتىرغا يەتتى، بىكىتۈەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 84 مىڭ 200 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيانغا، يېزىلىق ھۆكۈمەت 66 مىڭ 200 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى.

شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا: ئىلىدا 4 - ئايدا بىر نەچچە قېتىم بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، قىسمەن يېزا - بازارلار (مەيدانلار) دا ئوت ئاپىتى پەيدا بولدى، 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيان بولدى. گۇچۇڭدا 7 - ئاينىڭ 12-

## شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 2001 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | تۈرى / ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.8 | -8.9 | 3 | 9.7 | 19.9 | 23.1 | 23.4 | 23.4 | 16.2 | 8 | 1.7 | -15.2 | 7.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3 | 9.5 | 22.3 | 25.6 | 33.5 | 39.1 | 34.7 | 36.3 | 30.3 | 22.4 | 12.8 | -2.2 | 39.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -25.6 | -21.2 | -11.5 | -7.3 | 7.4 | 9.8 | 11.8 | 12.6 | 5.5 | -1.9 | -14.3 | -26.9 | -26.9 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 25.9 | 7 | 4.2 | 47.1 | 6.1 | 21.9 | 61.7 | 12.8 | 35.7 | 41.3 | 8.5 | 5.5 | 277.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 23 | 8 | 5 | 15 | 6 | 12 | 13 | 10 | 9 | 14 | 4 | 25 | 144 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -14.4 | -10.6 | 4.4 | 11.9 | 23 | 27 | 26.6 | 27.3 | 19 | 9.9 | 2.8 | -16.8 | 9.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -4.1 | 7.6 | 24.2 | 26.9 | 36 | 40.1 | 37.5 | 38.2 | 32.7 | 22.5 | 12.2 | -5.9 | 40.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -29.4 | -25.1 | -11.6 | -3.8 | 9.9 | 13.1 | 15.7 | 15.8 | 7.8 | -0.1 | -14.1 | -26.8 | -29.4 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.4 | 0.3 | 0 | 13.3 | 4.9 | 9.2 | 47.6 | 21.2 | 11.3 | 25.6 | 2.5 | 9.2 | 148.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 13 | 5 | 2 | 11 | 7 | 14 | 18 | 10 | 13 | 14 | 9 | 19 | 135 |
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -13.7 | -10.5 | 4.3 | 11.8 | 22 | 25.1 | 24.5 | 24.5 | 17.1 | 8.6 | 2.3 | -16.3 | 8.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 0.5 | 4.7 | 24.1 | 29.5 | 36.4 | 39 | 36.6 | 36.3 | 33 | 23.3 | 12.3 | -5.7 | 39 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -32.3 | -28.3 | -11.6 | -4.4 | 7.3 | 11.2 | 11.8 | 12.9 | 2.2 | -2.2 | -14.5 | -32.8 | -32.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 17.2 | 6.9 | 1.9 | 46.9 | 9.3 | 30 | 55.4 | 21.6 | 19.5 | 28.1 | 3.1 | 7.3 | 247.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 7 | 5 | 14 | 9 | 15 | 14 | 10 | 10 | 10 | 4 | 18 | 132 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -8.5 | -3.6 | 8.3 | 12.5 | 20.3 | 23.2 | 23.6 | 22.8 | 16.5 | 9.5 | 4.7 | -8.2 | 10.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 5.5 | 10.3 | 27.6 | 29.8 | 33.9 | 34.7 | 36.2 | 35.2 | 32.7 | 27.6 | 19.5 | 8.1 | 36.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.9 | -23.1 | -3.9 | -3.1 | 7.7 | 9.3 | 12.1 | 11.2 | 1.2 | -1.5 | -12.9 | -28.4 | -28.4 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 17.8 | 12.1 | 3.3 | 17.6 | 29.9 | 9.5 | 34.4 | 16.5 | 13.7 | 46.6 | 16.2 | 27.6 | 245.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 14 | 10 | 6 | 8 | 13 | 9 | 9 | 11 | 9 | 14 | 9 | 12 | 124 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -14 | -9.8 | 3.3 | 9.9 | 20.7 | 23.4 | 23.1 | 23.5 | 15.9 | 8 | 1.3 | 17.1 | 7.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1.4 | 6.1 | 24.1 | 25.6 | 34.8 | 36.3 | 35.1 | 34.5 | 29.9 | 22.5 | 11.9 | -0.3 | 36.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -26.9 | -25.5 | -10.5 | -5.7 | 7 | 9.8 | 11 | 13.3 | 4.5 | -0.1 | -18.3 | -30.5 | -30.5 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 2.8 | 2.6 | 1.6 | 15 | 12 | 46.6 | 66.5 | 23.4 | 52.3 | 47.5 | 2.7 | 6.1 | 279.1 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 8 | 6 | 11 | 9 | 15 | 17 | 12 | 17 | 12 | 7 | 21 | 151 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.7 | -8.8 | 4.8 | 12.1 | 22.1 | 25.5 | 25.6 | 25.6 | 18.2 | 9.2 | 3 | -14.9 | 9.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.1 | 5.1 | 23.8 | 27.9 | 36.4 | 39.8 | 38.3 | 38 | 33.1 | 23.8 | 11.9 | -2.8 | 39.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -26 | -20.7 | -11.1 | -4.1 | 7.7 | 12.1 | 14.6 | 14 | 5.9 | 0 | -13.1 | -26.4 | -26.4 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 22.5 | 5.5 | 1.4 | 26.1 | 8.2 | 16.1 | 22.1 | 10.5 | 21.7 | 28 | 6.2 | 5.2 | 173.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 23 | 11 | 4 | 10 | 7 | 11 | 12 | 10 | 10 | 11 | 4 | 24 | 137 |
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.6 | -7.2 | 1.1 | 9.2 | 19.1 | 22.5 | 22.2 | 23 | 15.9 | 8.1 | 2.9 | -13.1 | 7.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.5 | 6.5 | 23.5 | 26.9 | 33.5 | 36.2 | 35.6 | 35.3 | 33 | 23.5 | 18 | 2.1 | 36.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -33.3 | -27.5 | -17.8 | 8 | 3.6 | 8 | 10.5 | 10.5 | 2 | -2.7 | -22.1 | -32.1 | -33.3 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 33.6 | 14.8 | 4.9 | 47.2 | 23.6 | 14.5 | 30.2 | 8.5 | 4.6 | 28.4 | 16.8 | 13.1 | 240.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 17 | 20 | 7 | 18 | 7 | 14 | 16 | 11 | 7 | 16 | 8 | 16 | 157 |
| ئالتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -17.5 | -13.6 | -4.7 | 6.6 | 18.1 | 21.6 | 20.8 | 21.1 | 13.7 | 6.3 | 0.2 | -18.6 | 4.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -2.6 | 1.6 | 15.1 | 22.1 | 32.1 | 34 | 32.7 | 31.4 | 28.7 | 21 | 14.6 | -4.4 | 34 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -40 | -34.3 | -26.7 | -11 | 1 | 8.6 | 9.5 | 9.1 | 0.7 | -7.6 | -25.4 | -41.7 | -41.7 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 27.4 | 11.6 | 2.2 | 33.8 | 23.4 | 21 | 45.8 | 52.7 | 12.3 | 7.2 | 6.8 | 12.4 | 256.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 18 | 12 | 4 | 18 | 8 | 7 | 14 | 11 | 9 | 12 | 6 | 8 | 127 |
| تۇرپان | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -4 | 1.5 | 12.1 | 18.4 | 27.6 | 32.2 | 33.2 | 32.3 | 25.3 | 14.7 | 5.5 | -8.3 | 15.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.1 | 15.3 | 30.7 | 32 | 41.2 | 47 | 45.6 | 43.7 | 39.7 | 28.8 | 17.5 | 1.6 | 47 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -12.7 | -10.4 | -4 | 2.4 | 13.7 | 20.1 | 19.9 | 21.8 | 13 | 3.7 | -1.6 | -15 | -15 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | | 0.7 | | 1.5 | 0 | 2.7 | 0.4 | 0.5 | 0.7 | 1.8 | 7.9 | 0.5 | 16.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | | 1 | | 2 | 1 | 5 | 14 | 6 | 7 | 3 | 3 | 2 | 44 |
| قۇمۇل | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -9.7 | -2.9 | 6.2 | 12.8 | 21.1 | 25.8 | 27.6 | 25.6 | 18.6 | 9.7 | 2.2 | -11.7 | 10.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1 | 13.6 | 26.6 | 28.8 | 35.9 | 39.5 | 39.8 | 40.4 | 33.7 | 25.3 | 15.6 | -0.7 | 40 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.5 | -18.5 | -11.5 | -6 | 7.7 | 12.5 | 14.2 | 11.7 | 4 | -4.1 | -9.4 | -24 | -24 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 2.8 | 3.1 | | 8.7 | 0.2 | 3.4 | 3.7 | 10.2 | 3.2 | 17.1 | 2.1 | 1 | 55.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 2 | | 7 | 6 | 6 | 5 | 9 | 6 | 4 | 2 | 2 | 57 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كورلا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -7.2 | 0.4 | 9 | 14.4 | 22.3 | 26.4 | 27 | 26.4 | 20.6 | 11.6 | 4.6 | -7 | 12.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.7 | 12.2 | 26.8 | 26.5 | 34.3 | 38.1 | 38.4 | 37.2 | 33.2 | 25.6 | 16 | 3.4 | 38.4 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -16.6 | -12.6 | -4.6 | -2.5 | 9.4 | 9.6 | 13.8 | 13.8 | 8.3 | 0.1 | -4.4 | -17.2 | -17.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0 | | | 5 | 1.6 | 7.3 | 4.8 | 2.6 | 1.3 | 0 | 0 | 1.1 | 23.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 6 | | | 7 | 5 | 4 | 15 | 11 | 11 | 2 | 2 | 10 | 73 |
| ئاقسۇ | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -7 | 0 | 8.4 | 14.7 | 21.3 | 24.1 | 24.3 | 23 | 18.3 | 11.1 | 4.6 | -7.7 | 11.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.6 | 12.2 | 24.4 | 26.1 | 33.7 | 36.7 | 37.6 | 34 | 31.8 | 25.7 | 15.7 | 2.2 | 37.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -15.8 | -12.8 | -3.5 | 0.4 | 10.1 | 10.3 | 12 | 12.5 | 7.4 | -0.8 | -5.2 | -17.2 | -17.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.9 | | | 5.2 | 1 | 3.8 | 24 | 19.5 | 6 | 32.6 | | 4.8 | 98.8 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 9 | | | 5 | 8 | 12 | 18 | 14 | 9 | 4 | | 12 | 91 |
| ئاتۇش | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.3 | 2.2 | 10.6 | 16.9 | 23.1 | 26.4 | 27.5 | 25.2 | 21.2 | 15 | 6.6 | -5.3 | 13.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 7.2 | 16.2 | 23.8 | 27.6 | 35.7 | 38.5 | 39.4 | 35 | 32.5 | 27.1 | 15.5 | 2.9 | 39.4 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -14.6 | -8.8 | -2.5 | 3.1 | 10.3 | 14.9 | 14.7 | 14 | 10.2 | 2.3 | -3.3 | -13.6 | -14.6 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0 | | | 0.1 | 3.6 | 10.1 | 5.5 | 25.6 | 4.5 | 1.1 | 7.9 | 6.6 | 65 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 6 | | | 2 | 16 | 11 | 19 | 18 | 15 | 2 | 3 | 9 | 101 |
| قەشقەر | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5 | 1.9 | 10.1 | 16.2 | 22 | 25.1 | 26.2 | 23.9 | 20 | 13.8 | 6.3 | -5 | 13 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 7.1 | 17.4 | 24 | 28.3 | 34.5 | 36.9 | 37.7 | 33 | 30.7 | 26.7 | 15.7 | 3.8 | 37.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.9 | -9.6 | -2.5 | 3.8 | 10.4 | 14.5 | 13.1 | 13.8 | 9.9 | 0.1 | -3.8 | -14.3 | -14.3 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0.1 | | | 0.3 | 4 | 10.4 | 3.8 | 13.5 | 9.2 | 0.5 | 7.9 | 4.7 | 54.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 7 | | | 2 | 10 | 15 | 19 | 18 | 11 | 5 | 4 | 8 | 99 |
| خوتەن | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -3.3 | 2.5 | 10.9 | 17 | 22.9 | 25.9 | 26.3 | 24.6 | 20.8 | 14.2 | 6.5 | -3.2 | 13.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 8.5 | 14.1 | 24.9 | 30.1 | 35.4 | 39.5 | 40.2 | 34.6 | 32.8 | 27.9 | 14.9 | 11 | 40.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.2 | -8.7 | -0.8 | 1.2 | 11.9 | 14 | 13.5 | 13.5 | 11.3 | 2.9 | -2.1 | -11.7 | -13.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | | | | 0.1 | 3.5 | 0.3 | 11 | 4 | 0 | 2.8 | 0.3 | 4 | 26 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | | | | 4 | 8 | 8 | 9 | 13 | 7 | 1 | 1 | 8 | 59 |

كۈنى 9 بال بوران چىقتى، شۇ جايدا لۆتكۈزۈلۈۋاتقان «قەدىمىي شەھەر مېزىلماق تاتاملىرى بايرىمى» پاتالىيىتىگە سەلـۇم زىيان سالدى. 5 ـ ئايىنىڭ 11 ـ كۈنى فۇكاڭدا چىققان بوران ھاۋارايى خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى ئەڭ زور بوران شۇنداقلا كۆپ يىللىق ئەڭ زور بوران تېزلىكى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى قىممەت ھېسابلىنىدۇ. مومېنتلىق شامال كۈچى 12 بالدىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە قۇم - بوران كۆتۈرۈلۈپ، تەخمىنەن 3.1333 گېكتار يەردىكى كېۋەزنى ئاپەتكە ئۇچراتتى. ئاپەت ئېغىر بولغان يەر كۆلىمى 6.266 گېكتارغا يەتتى، كۆكتات تېرىلغان تەخمىنەن 3.133 گېكتار يەردىكى لاپاس زىيانغا ئۇچرىدى، 1500 تۈپ دەرەخنى بوران سۇندۇرۇۋەتتى، بوران 27 قېتىم ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەخمىنەن 5 مىليون يۈەن زىيان سالدى. تولدا 4 ـ ئايىنىڭ 5 ـ كۈنى چىققان بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 38 مېتىرغا يېتىپ، 2 ئادەمنىڭ، 1400 تۇياق چارۋىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى، ئاھالىلەرنىڭ 79 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 61 ستولبا سۇنۇپ كەتتى، 3 مىليون 681 مىڭ 500 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 5 ـ ئايىنىڭ 11 ـ كۈنى بوران، قۇم - بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، مومېنتلىق شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 28 مېتىرغا، شامال كۈچى 11 بالغا يەتتى. شەھەر ئەترابى رايونىدا 28 قېتىم ئوت ئاپىتى بولدى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى تارماقلىرىنىڭ 5 سىم يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، توك توختاپ قالدى. قاتناش توسۇلۇپ قالدى، شامال ئېغىزلىرىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار تاقىلىپ قالدى، كۆپ جايلاردا دەل - دەرەخ، رىشاتكا، ئېلان تاختىلىرىنى بوران ئۆرۈۋەتتى ۋە چۇشۇرۈۋەتتى، 11 ئادەم يارىلاندى، بىر ئادەم ئۆلدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى، گەنەنچۇ رايونىدا تەخمىنەن 3.1333 گېكتار كۆكتات لاپىسى، پارنىك ئاپەتكە ئۇچرىدى، 10% كۆكتات مايسىسى ۋەيران بولدى، 4.455 گېكتار يەردىكى كۆكتاتلىق ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 4 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

لى شياۋيەن

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي تارماقلىرىنى «مۇھىم مېتېئورولوگىيە ئاخباراتى»، «يىغىندى قارنى يىراقتىن ئۆلچەشكە دائىر ئۇچۇر» قاتارلىق 15 سان مۇلازىمەت ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى. بىر يىلدا 11 قېتىم ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، قىسقا مۇددەتلىك مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى 36 سائەتتىن كۆپرەككە، ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى 72 سائەتتىن كۆپرەككە يەتتى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيىلىك ئاپەتلەر بىر قەدەر ئېغىر بولدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈنئىي ھەمراھ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئەتىياز، ياز پەسلىدىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيىسى بويىچە ھوسۇل ئالدىن قىلىش يىغىنى، كېۋەز تېرىشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتىنى ئالدىن قىلىش ـ مۇلچەرلەش مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ياز، كۈز پەسلىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئىسسىقلىقنى ئالدىن قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، «2001 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق يىللىق مېتېئورولوگىيىسى بويىچە ھوسۇلنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا دائىر تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ»نى تۈزۈپ چىقتى. ھوسۇل توغرىسىدا ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات توغرا چىقتى. ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسا ـ پونكىتلىرى ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ـ ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى مەلۇماتىنىڭ خاتاسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدا تۆۋەن تېمپېراتۇرا، شىددەتلىك بوران ئاساس قىلىنغان كۈچلۈك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 5 كۈن بۇرۇن ئالدىن مەلۇمات بەردى، 4 ـ كۈنى كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بەردى ھەمدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش دەرىجىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ئارقىدىن يەنە ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنى ۋاقتىدا توغرىلاپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئەھۋالىنى ئالدىن توغرا مەلۇم قىلدى. ئالتاي، تارباغاتاي ۋە ئۆلارغا قاراشلىق ناھىيە، ئىدارىلەر ئوتتۇراھال كۈچلۈكتىن يۇقىرى ھاۋارايى جەريانى توغرىسىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئالدىن مەلۇمات بەردى ھەمدە شۇ يەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ۋاقتىدا مۇلازىمەت قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە جۇڭگو مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ مەركىزى ئىشلىگەن «بوران-چاپقۇن — 1» سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق تارتىلغان شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قارلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خەرىتىسىنى ۋە شىنجاڭ رايون دائىرىلىك تېلېتېخنىكا مەركىزى ئىشلىگەن تېلېتېخنىكا ئۇچۇرى (شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يىغىندى قار چۈشۈرۈلگەن سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا خەرىتىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق ماتېرىياللارنى يوللىدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر

مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى «جۇدۇن تېرىۋگىسى» ئېلان قىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىشنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپەت زىيىنىنىڭ ئالدى ئېلىندى، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە كۆرۈلگەن ئوتتۇراھال - كۈچلۈك ھۆل - يېغىن جەريانىدىن بېرىلگەن ئالدىن مەلۇمات نەقلىشىپ، زور ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇ ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قۇم - بورانلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىشى كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا 13 قېتىم سىستېمىلىق قۇم - بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، ئالدىن بېرىلگەن 11 قېتىملىق مەلۇمات توغرا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 قېتىملىق مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى 36 سائەتتىن 48 سائەتكە يەتتى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن مۇھىم پائالىيەت ۋە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى (باھار بايرىمى، 1 - ماي بايرىمى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، دۆلەت بايرىمى) دىكى ھاۋارايىغا دائىر مەلۇمات توغرا چىقتى، شياڭگاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرىگە مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ رادىئاتسىيە كۆرسەتكۈچى، كىيىنىش كۆرسەتكۈچى، ئەتىگەندە چېنىقىش كۆرسەتكۈچى، مۇھىتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ھوزۇرلۇق دەرىجە كۆرسەتكۈچى، شەھەرلەردىكى ئوت ئاپىتى كۆرسەتكۈچى ھەمدە ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈشكە دائىر ھاۋارايى مەلۇماتى ئارقا - ئارقىدىن رادىئو، تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا تېلېۋىزوردا ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئاۋاز - تەسۋىر سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 98 قېتىم مۆلدۈرلۈك ھارايى كۆرۈلدى، مۆلدۈردىن سۈنئىي ئۇسۇلدا مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 1857 قېتىم زەمبىرەك مەشغۇلاتى قىلىندى، مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 90 مىڭ پايدىن كۆپرەك زەمبىرەك ئوقى، 330 پاي راكېتا ئوقى ئېتىلدى، نەتىجىدە مەشغۇلات رايونىدا ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتى كۆرۈلمىدى. يامغۇرنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش ئۈچۈن 185 قېتىم مەشغۇلات قىلىندى، 4600 پايدىن كۆپرەك يامغۇر ياغدۇرۇش ئوقى، 230 پاي راكېتا ئوقى ئېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. قىش كىرگەندە ش ئۇ ئا ر ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىسى 4 قېتىم ئايروپىلان ئارقىلىق سۈنئىي ئۇسۇلدا قار كۆپەيتىش مەشغۇلاتى قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋا ئاساس قىلىنغان تەدبىر بەلگىلەش مۇلازىمىتى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇلازىمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ئىز قوغلاش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىدى. قۇمۇل، سانجى، بورتالا، قىزىلسۇ، خوتەن ۋە قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئىدارىلەر يەنە ئۈزۈم تېلىنى ئېچىش مەزگىلى ۋە توپ قالدۇرۇش مەزگىلى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىش، موناقى ئۈزۈم، ئەنجۈر، بادام قاتارلىقلارنىڭ يېتىلىش مەزگىلىنى نەق مەيداندا كۆزىتىش، ئانار كۆچىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچى ئۈستىدە تەجرىبە تەتقىقاتى قاتارلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

جۇ يۈنپىڭ

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

شىخەنزىنىڭ ئاشلىق، پاختا مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى  بۇ تەتقىقات شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى چېن دوفاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. بۇ تېمىدا كېۋەز، بۇغداي، كۆممىقوناقتىن ئىبارەت 3 خىل زىرائەت ئوبيېكت قىلىنىپ، نەچچە ئون مىڭ سانلىق مەلۇمات ۋە ماتېرىيال توپلىنىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلغان، ئاگرو كىلىمات ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىش - باھالاش ئۇسۇلى ئامبىرى، ئاگرو مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات ئۇسۇلى ئامبىرى، ئاشلىق، كېۋەز زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى كومپيۇتېردا تەقلىد قىلىش ئامبىرى لايىھىلىنىپ ۋە تۇرغۇزۇلۇپ، شىخەنزىنىڭ ئاشلىق، كېۋەز مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان. بۇ سىستېمىنىڭ تەپەككۇر يولى ئېنىق، مۇلازىمەت ئېڭى كۈچلۈك، يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ چېگرىلىنىش يۈزى ئۆزئارا يېقىن، ئايلىنىشى مۇقىم، كېڭەيتىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كېۋەز، ئاشلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى  بۇ تېمىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تاماملىدى، ئۇنىڭغا ئالىي ئىنژېنېر ماۋ ۋېيبى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ تېمىدا «ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق ئاشلىق، كېۋەز زىرائەتلىرى جەھەتتىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى» دېگەن كىتاب يېزىپ چىقىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تېرىلىدىغان كېۋەز قاتارلىق 4 خىل زىرائەتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچتىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم، ئاساسىي نۇقتىلىرى

ۋە كۆرسەتكۈچلىرى خۇلاسىلانغان؛ گاڭسۇ ۋىلايىتى ۋە پۈتۈن رايوندىكى 4 خىل زىرائەتكە دائىر تەتقىقات ۋە مۇلازىمەت ماتېرىياللىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان.

گاڭسۇ ۋىلايىتىنىڭ كېيىن، ئاشلىق زىرائەتلىرى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. بۇنىڭدا ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ئاگرومېتېئورولوگىيىسى، يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى كەڭ دائىرىدە توپلىنىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇرغۇزۇلغان ھەمدە ئاگرومېتېئورولوگىيىلىك مەلۇماتنىڭ ئەمەلىي ۋاقىتى كومپيۇتېردا ئانالىز قىلىنغان؛ سىستېمىغا يەنە 4 خىل زىرائەتنى ئۆستۈرۈش، مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توپلانغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە مۇلازىمەت بىلىمى ئامبىرى شۇنىڭدەك 4 خىل زىرائەتتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا دائىر مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى.

كېيىن كۆزدە بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى مېتېئورولوگىيىلىك نازارەت قىلىپ كۆزىتىش، ئالدىن مۆلچەرلەش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات بۇ تېما شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى جياڭ جيەنخۇانىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، بۇ تېمىدا يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە كېيىن كۆزدە بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارغا دائىر ماتېرىياللار توپلانغان ھەمدە 4 نۇقتىلىق پونكىت، ئادەتتىكى 10 پونكىتتا كېيىن كۆزدە بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى 3 يىل ئىچىدە مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن نازارەت قىلىپ كۆزىتىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، غوزا قۇرتىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشتىكى 3 خىل ھاۋا كىلىماتى باسقۇچى، چەك كۆرسەتكۈچى ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىنىپ، ئەتىياز، كۈزدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قىشتا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ھەم ئۇنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ غوزا قۇرتىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ھاۋا كىلىمات ئامىلى ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ ئەتىياز پەسلىدىكى يۇقىرى ھارارەتلىك، قۇرغاق كىلىماتلىق شارائىتتا 2 خىل ئېكولوگىيىلىك پاختىچىلىق رايونىدا غوزا قۇرتى، كېيىن پىتىنىڭ پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ كېيىن كۆزدىكى ھاشارات زىيانداشلىقىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئامبىرىكىدىن زىيانداش ھاشاراتلارنى تىزگىنلەشكە دائىر يۇمشاق دېتال كىرگۈزۈلگەن؛ شىنجاڭنىڭ غوزا قۇرتىنى مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش تورى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى مېتېئورولوگىيىلىك نازارەت قىلىش كۆزىتىش - ئالدىن مۆلچەرلەش ئەمەلىي تور بېتى تۇرغۇزۇلۇپ، جايلار زىيانداش ھاشاراتلارنى مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش - مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتىدە قوللىنىش جەھەتتە تەمىن ئېتىلىپ، جايلاردا كېيىن كۆزدە بولىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ تېما شىنجاڭدا كېيىن كۆزدە بولىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش جەھەتتىكى باشلامچى خاراكتېرلىك خىزمەتكە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭدا ھاشاراتلارنىڭ كېيىن كۆزگە زىيان سېلىشىنى كۆزىتىش - مەلۇمات بېرىش خىزمىتى ۋە ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ھاشاراتلارنىڭ كېيىن كۆزگە زىيان سېلىشى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

سانلىق قىممەت مەلۇماتىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مەلۇمات كەسپىي ئۆزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش بۇ تېما شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزىدىكى ئالىي ئىنژېنېر جاۋ بىڭچۈنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. بۇ تېمىدا «9210» ئۇچۇر قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ زور ھۆل - يېغىنلىق مۇھىم ھاۋارايى جەريانى سىستېمىسىغا دائىر تېخنىكا يەكۈنلەنگەن، سانلىق قىممەت مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش تەرتىپى ياخشىلانغان. سانلىق قىممەت مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆرسىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلگەن، مەلۇمات كەسپى ۋە پەن تەتقىقات خىزمىتى يېڭى، ئەڭ ياخشى تېخنىكا مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلەرگە ئايرىلغان ھاۋارايى ئامىللىرىنىڭ كۈنسايىن ئايلىنىشىدىن ئوبيېكتىپ ھالدا ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي سىستېمىسى تۇنجى قېتىم تۇرغۇزۇلغان، ئاپتوماتىك ھالدا ئۆزۈن، ئوتتۇرا، قىسقا مەزگىللىك ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ سۈپىتىنى باھالاپ نومۇر قويۇش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ھۆل - يېغىن سۈپەت مەلۇماتىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %10 ئۆستۈرۈلگەن. قارا يامغۇر، قۇم - بوران قاتارلىق زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى جەريانىدا، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئۈنۈملۈك تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى؛ شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مەزگىللىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش يېڭى كەسپ تەرتىپى ۋە كەسپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلۇپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ھۈنەر - سەنئىتى تەرتىپىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىش كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چيۇ زۇخشۇ

## مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي كەسىپ ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «9210» قۇرۇلۇشى VSAT رادىئو ئۇچۇرلىرى شىنجاڭ گۇرۇپپىسى (124 — قانال) ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئالاقىلىشىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تېلېتېخنىكا مەركىزىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسىلىرى تېخىمۇ يېڭىلاندى ۋە ئەمەلىي تەتقىقات تورى تاماملاندى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ بىڭتۈەنگە VSAT مېتېئورولوگىيىلىك رادىئو قوبۇللاش پونكىتىدىن 19ى قۇراشتۇرۇپ بېرىلدى، مەلۇماتنىڭ ئەمەلىي ۋاقتىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى، 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا MICAPS نى 2 - قېتىم ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقاتى ئۈنۈملۈك بولدى، 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى كىرگۈزگەن MM5 ئوتتۇراھال ماسشتابلىق ھاۋارايى سانلىق قىممەت مەلۇمات ئەندىزىسى كېڭەيتىلدى. «ھاۋا بوشلۇقىدىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش» تورى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەتقىقات تورى قىلىندى؛ جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شىنجاڭغا 7 دانە يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادارىنى قۇرۇش پىلانىنى چۈشۈردى؛ جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى چۈشۈرگەن «يەر ئۈستى مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش پونكىت - تورلىرىنى ئۆزگەرتىش پىلانى» ۋە «قۇم - بورانني ئۆلچەش - تەكشۈرۈش پىلانى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. «شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك پاختىچىلىق بازىسىدا ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتنى ئازايتىش تەدبىرلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى» ۋە «تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نازارەت - كونترول قىلىش سىستېمىسى» ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

بىر يىلدا يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.4‰ بولۇپ، 2001 - يىلدىكى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. 8 قېتىم ئېغىر خاتالىق كۆرۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4 قېتىم كۆپەيدى، قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى نۆل، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتە خاتالىق نىسبىتى 0.4‰ بولدى؛ ئاگرومېتېئورولوگىيىلىك ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى نۆل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مېتېئورولوگىيە تېلېگراممىسىنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى يىل بېشىدىكى 95.9%تىن 99%كە ئۆستۈرۈلدى؛ يەر شارى بويىچە ئالماشتۇرۇش ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى 99.9%كە يېتىپ، كەم مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. ئايلىق كىلىماتنى ئۆلچەش سۈپىتى جەھەتتە ھۆل - يېغىندىن بېرىلگەن مەلۇمات 76.2%كە، تېمپېراتۇرىدىن بېرىلگەن مەلۇمات 87%كە يەتتى. يەر ئۈستىدە ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىشتە 250 ئىسمېنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 21 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ يەر ئۈستى، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە 100 ئىسمېنا ئىشلەپ، خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 170 كىشىگە يەتتى. ناھىيىدىن تۆۋەن 1 -، 2 - خىلدىكى جاپالىق دۆلەت ئاساسىي پونكىتلىرىنىڭ پونكىت نۇقتىلىرى، كەسپىي يېڭىۋاشتىن تەڭشەلدى. تاشقورغان ئاساسىي پونكىتى ۋە ئادەتتىكى 20 پونكىت 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي مەلۇمات يوللىدى. 6 كىشى مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مەلۇماتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا 9 پەن تەتقىقات تېمىسى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 2000 - يىلدىكى 13 تۈر داۋاملاشتۇرۇلدى، 3 تۈر باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بىر يىلدا ھەر خىل باشقۇرۇش - تەربىيىلەش كۇرسىدىن 8 قارار ئېچىلىپ، 242 ئادەم تەربىيىلەندى.

جۇ يۇنپىڭ

## مېتېئورولوگىيىلىك كاپالەتلەندۈرۈش مۇلازىمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سۇچىلىق، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تۆمۈر يول، نېفىت تارماقلىرىنى «مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىر ۋە لايىھىلەش قىممىتى تەتقىقاتى»، «بۇلغىنىش مېتېئورولوگىيە شارائىتىنى تەھلىل قىلىش» ھەمدە تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشىغا مېتېئورولوگىيىلىك كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەخسۇس مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى، مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرىنى غەربنى كەڭ ئېچىش جەھەتتىكى تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە لايىھىلەش، خېيىمخەتىرىگە باھا بېرىش، مەبلەغنى مۆلچەرلەش ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىش، مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە قوللىنىپ، تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ۋاقتىدا توغرا ئۇچۇر مۇلازىمىتى، تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئورۇندالغان كونكرېت تۈرلەر مۇنۇلار: «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ھۈنەر - سەنئەت لايىھىسىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ۋە لايىھىلەش قىممىتى ئۈستىدە

تەتقىقات»، «جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈر يولىدىكى جۇڭگو بۆلىكىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك - گىدرولوگىيىلىك پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قاپچىغاي سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى توسما ئورنىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرىنى ھېسابلاش ۋە لايىھىلەش قىممىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «توقسۇن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسى شارائىتىنى ئانالىز قىلىش»، «كۇچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسى شارائىتىنى ئانالىز قىلىش»، «ماناس ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسى شارائىتىنى ئانالىز قىلىش»، «قۇمۇل تارانچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسى شارائىتىنى ئانالىز قىلىش»، «جىلغىتەي 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى توسما ئورنىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جىڭ — جىلغىتەي توك يوللاش سىم يولىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۈرۈمچى بويلىرىدا بوراننى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى (1 - قارارلىق)» قاتارلىقلار. يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلەر مۇنۇلار: «شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى 1 - قارارلىق 1- باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشنىڭ قۇملۇقتىكى ئوچۇق ئۆستەڭ سىناق بۆلىكىدە قۇم - بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «توقسۇن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جىڭ — جىلغىتەي توك يوللاش سىم يولىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرىنى تۈزىتىش»، «سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىكى بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسىنى ئۆلچەپ سىناش»، «قوشتولغاي ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ بۇلغاش مېتېئورولوگىيىسىنى ئۆلچەپ سىناش» قاتارلىقلار، يۇقىرىدىكى تۈرلەر ئىچىدە «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مېتېئورولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئانالىز، باھالاش نەتىجىسى تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى، شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمى جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 2 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

چى جياشىن

## «غەربنى كەڭ ئېچىش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لايىھىسى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەپەككۇرى»

بۇ كىتاب 2001 - يىل 5 - ئايدا پۈتتۈرۈلۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى، بۇ يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئىختىساسلىق خادىملار ئەڭ كۆپ توپلانغان، قاتلىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر قېتىملىق يۇمشاق پەن تەتقىقاتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە غەربنى كەڭ ئېچىش جەريانىدا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مېتېئورولوگىيە مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي پىكىر يولى، ئىستراتېگىيىلىك نىشانى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، غەربنى كەڭ ئېچىش جەھەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، كىلىمات بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، مۇھاپىزەت قىلىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش، تېلېتېخنىكا، ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كەسپ ھەمدە ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنى ئېچىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى مۇلاھىزە ۋە پىلان لايىھىسى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

بۇ تەتقىقات لايىھىسى رامكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «غەربنى كەڭ ئېچىش — شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى تېزىسى (2001 - يىلدىن 2015 - يىلغىچە)» ۋە «شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى.

جۇ يۇنپىڭ

## «9210» قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىدا «9210» قۇرۇلۇشىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ تارماق سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتى كەسپىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسپىي سىستېمىسى (قىسقارتىپ «9210» قۇرۇلۇشى دېيىلىدۇ) دىكى شىنجاڭ تارماق سىستېمىسى 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى مېتېئورولوگىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا 17 مىليون 178 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ

سېلىنغان. تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەر تاماملاندى: 1) ئۈرۈمچىدە 2 - دەرىجىلىك VSAT پونكىتى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، ئىدارىدە VSAT كىچىك پونكىتى قۇرۇلدى، سۈنئىي ھەمراھ مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورى ۋە ئاۋازلىق ئالاقىلىشىش تورى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى ھەمدە مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ تورىغا كىرگۈزۈلدى. 2) 10—100mbps كومپيۇتېر تور سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. 3) قۇرۇلغان PCVSAT يەككە يۆنىلىشلىك سۈنئىي ھەمراھ رادىئو قوبۇللاش سىستېمىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش ئىستانسا - پونكىتلىرىنى قاپلىدى. رادىئو ئاڭلىتىشىنىڭ تېزلىكى 2Mbps (2 مېگابايت/سېكۇنت). 4) ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشتە ئاپپاراتلارنى ئاپتوماتىسىز ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى (MICAPS) يۆتكۈزۈلدى، ئۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مەلۇماتچىلارنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلات سۇپىسى بولۇپ قالدى. 5) ئالاقە ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى جايلاشتۇرۇش ئىشى تاماملاندى. 6) ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى (پونكىت) نىڭ ئاپپارات ئۈيلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە مۇھىت كاپالىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يۈتتۈرۈلدى. 7) VSAT سىستېمىسى، كومپيۇتېر تورى، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، MICAPS سىستېمىسى قاتارلىق قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال سىستېمىسى بويىچە تەربىيىلەش ئىشى تاماملاندى، تېخنىكا خادىمدىن 1036 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. «9210» قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئومۇمىي سەۋىيىسى يەنە بىر باسقۇچ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئۇزاق مۇددەت چۈشەپ كېلىۋاتقان ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى بوغما ھالەت مەسىلىسى ھەل قىلىندى، كومپيۇتېر تور سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، گرافىك، سۈرەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق تەدبىر بەلگىلەش مۇلازىمەت ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، بىر تۈركۈم تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئىختىساسلىق خادىملىرى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى VSAT پونكىتلىرى سۈنئىي ھەمراھ سىگنال يولىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل مۇلازىمەت ئۇچۇرلىرىنى تېز يەتكۈزۈپ بەردى، يۇتكۇل ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان INTRANET كارخانا تورىنى قۇرۇپ چىقتى.

ياۋ زوشىن

## «بوران - چاپقۇن — 2» قوش سۈنئىي ھەمراھنى باشقۇرۇش سىستېمىسنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىكى يىقىلغانتاش پونكىتى

«بوران - چاپقۇن 2» قوش سۈنئىي ھەمراھنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا تەۋە بولغان ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىت رايونىنىڭ تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئۈرۈمچى «بوران - چاپقۇن — 2» سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئاربىلىقىنى ئۆلچەش ياردەمچى پونكىتىنى ئۆزگەرتىش تۈرى — 1999 - يىللىق دۆلەت سۈنئىي ھەمراھ مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ «بوران - چاپقۇن — 2» قوش سۈنئىي ھەمراھنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇش تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

يىقىلغانتاش پونكىت رايونىنىڭ ئەمەلىي پىلانلانغان يەر كۆلىمى 21 مىڭ 4 . 15 كۋادرات مېتىر، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل "43°51'05، شەرقىي مېرىدىئان "87°33'11 ئاربىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 12 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى. 2001 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن دۆلەت سۈنئىي ھەمراھ مېتېئورولوگىيە مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۈرۈمچى «بوران - چاپقۇن — 2» سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئاربىلىقىنى ئۆلچەش ياردەمچى پونكىتىنى ئۆزگەرتىش تۈرى 2001 - يىل 8 - ئايدا تاماملاندى ھەمدە دۆلەت سۈنئىي ھەمراھ مېتېئورولوگىيە مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. «بوران - چاپقۇن — 2» B سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا «بوران - چاپقۇن — 2» قوش سۈنئىي ھەمراھىنىڭ 3 نۇقتا ئاربىلىقىنى ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلدى.

قۇتۇپ ئوربىتىسىدىكى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەر ئۈستى ئەمەلىي سىستېمىسى 2001 - يىل 10 - ئايدا بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە يىقىلغانتاش پونكىت رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن قۇتۇپ ئوربىتىسىدىكى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ بارلىق يەر ئۈستى ئەمەلىي سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى يىقىلغانتاش پونكىت رايونىدا پىلانلىنىپ قۇرۇلۇش قىلىنىدۇ.

لى گۇڭ

## تۆمۈر يول بويلىرىدا بوراننى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلدى

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ بوراننى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش (كومپيۇتېر تورى) سىستېمىسى 1999 -

يىلدىكى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسىنىڭ بورانىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تورى ئاساسىدا، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ 9 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى «خېڭبو» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2000 - يىل 4 - ئايدا كېلىشىپ قۇرۇپ چىققان ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈردى. 2001 - يىل 9 - ئايدا تۆمۈريول تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋە 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۆرۈلگەن 2 قېتىملىق بورانلىق ھاۋارايى جەريانىدا، بۇ سىستېما تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ پويىزلارنى مۇۋاپىق تەڭشەش، يول يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىش، تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ سىستېمىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، تۆمۈر يول تارماقلىرىغا كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى. بۇ سىستېما ئاساسەن 27 شامال ئۆلچەش كىچىك پونكىتى (شامال رايونىدىكى ۋوگزال)، 7 تېرمىنال (شۆبە ئىدارىلەردىكى دىسپېتچېرلىك مەركىزىنىڭ مۇناسىپ تەڭشەش)، ئىككىنچى 4 پونكىت (شۆبە ئىدارىلىرىنىڭ دىجورنى بەلگىلەش مۇدىر ئىشخانىسى)، بىر ئاساسىي پونكىت (تۆمۈر يول دىسپېتچېرلىك بۆلۈمى) ۋە بىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مۇلازىمەت ئۈسكۈنىسى (تۆمۈريول ئېلېكترونلۇق ھېسابات مەركىزى) قاتارلىق بىرنەچچە قىسىم ۋە بىرنەچچە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن تەركىب تاپقان. بۇ سىستېما كۆرسىتىش، ئاكۇستو ئوپتىكىلىق سىگنال بېرىش، ئاپتوماتىك ئامبار قۇرۇش، ساقلانغان ئۇچۇرنى تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلارنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش، تور مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە. بۇ سىستېمىغا رەقەملىك شامال ئۆلچىگۈچ، ئوپتىكىلىق كابېل ئالاقىسى ۋە كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، مەشغۇلاتى ئاددىي، ئىگىلىۋېلىش ئاسان، كۆرسىتىشى ئېنىق، چېكىرىلىنىش يۈزى ئۆزئارا يېقىن، ئىقتىدارى تولۇقلىق، مۇھاپىزەت قىلىش قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ سىستېما مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى سىستېمىلار ئىچىدە تېخنىكا جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ سىستېما توپلىغان ئالاتاۋ ئېغىزى شامال رايونى، 30 چاقىرىملىق شامال رايونى، يۈز چاقىرىملىق شامال رايونى، يەندۈن شامال رايونى، ئەنشى شامال رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ مارالبېشى ئەتراپىدىكى شامال رايونىنىڭ بورانغا دائىر ماتېرىياللار ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، يۇقىرىدىكى رايونلارنىڭ مېتېئورولوگىيە ماتېرىيالى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

يى ۋېنجۈن

## ئۈرۈمچى EOS/MODIS سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى

بۇ سىستېما 2001 - يىلنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە پۈتتۈرۈلدى ھەمدە نەق مەيداندا قۇراشتۇرۇلۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، سىناق تەرىقىسىدە كەسپىي جەھەتتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ سىستېمىنى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقتى. بۇ، غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونلاردا ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زور ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىسىنى تۈزەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا باھا بېرىشنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە EOS/MODIS سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى مەملىكەت بويىچە بىرلەشتۈرۈپ دىئاگراممىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

جىڭ تاۋ

## ئوتتۇرا تارىم MILOS500 ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى

2001 - يىل 5 - ئايدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدە ئوتتۇرا تارىم دۆلەت ئاساسىي مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلدى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ پونكىت تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاۋا بېسىمى، شامال يۆنىلىشى، شامال تېزلىكى، يامغۇر مىقدارى، يامغۇر تەسىرى، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە يەر تېمپېراتۇرىسى قاتارلىق مېتېئورولوگىيىلىك مۇھىم ئامىللارنى ئاپتوماتىك توپلاپ يىغىۋالىدۇ، سېنزور سەپلەنمىگەن ئەھۋالدىمۇ كۆز بىلەن كۆزىتىلىدىغان تۈرلەرنى سۈنئىي ھالدا ئىنتېرفېرېنسىيىلىك كىرگۈزەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرخىل مەلۇمات يېزىقلىرىنى تۈزۈپ تارقىتالايدۇ ھەمدە ھەرخىل مېتېئورولوگىيىلىك جەدۋەللەرنى تۈزۈپ چىقالايدۇ. MILOS500 ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىنى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ قۇردى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتتى، ئۇ، قۇم - بوران قاتارلىق ئېكستىرېمۇم ھاۋارايى ھادىسىلىرىنى

كۆزىتىپ ئۆلچەشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا بۇ شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى سېيسمولوگىيىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چېن جىن

## ئاقسۇدا يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادارى ئورنىتىلدى

بۇ رادار 2001 - يىل 8 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۇ، جۇڭگو سېيسمولوگىيە ئىدارىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى، غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادارى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 13 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭغا جۇڭگو سېيسمولوگىيە ئىدارىسى 9 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ دوپلېر ھاۋارايى رادار سىستېمىسى 1999 - يىل 9 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سېيسمولوگىيە ئىدارىسىنىڭ راداردا كۆزىتىلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى قىسمەن جايلارنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى (مەسىلەن: مۆلدۈر، قارا يامغۇر، سېرىدىئانلىق بوران قاتارلىقلار) نى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، ئۇ ئاقسۇ رايونىدا ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

جېڭ تاۋ

## شىخەنزە سېيسمولوگىيە ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سېيسمولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىشى جەھەتتە 2 - تۈركۈمدىكى ئىلغارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى

2001 - يىلى جۇڭگو سېيسمولوگىيە ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە 31 سېيسمولوگىيە ئىستانسىسى (ئىدارىسى) نى سېيسمولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىشى جەھەتتە 2 - تۈركۈمدىكى ئىلغارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتتى، شىخەنزە سېيسمولوگىيە ئىدارىسى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايوندا مەملىكەت بويىچە سېيسمولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىشى جەھەتتە 2 ئىلغارلىق ئورۇن بارلىققا كەلدى.

جۇ يۇنپىڭ

## جۇڭگو سېيسمولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق سېيسمولوگىيە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مەركىزىي كومىتېت شتات ئىشخانىسىنىڭ سۈپەتلىك قاتارلىق 4 تارماققا قاراشلىق 98 پەن تەتقىقات ئاپپاراتىنىڭ تۈرگە ئايرىپ ئىسلاھ قىلىش ئومۇمىي پىلانىغا سالغان تەستىق جاۋابىغا ئاساسەن، جۇڭگو سېيسمولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق سېيسمولوگىيە تەتقىقات ئورنى (پايدا ئالمايدىغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتى) 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلدى. تەتقىقات ئورنىنىڭ شتاتى 50 قىلىپ بېكىتىلدى، كېڭەش تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمى، تەتقىقات ئورنى باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە بارلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

جۇ يۇنپىڭ

## پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى

2001 - يىلى شىنجاڭ سېيسمولوگىيە ئىدارىسى 8 قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنى كۈتۈۋالدى، شىنجاڭنىڭ ئىلمىي ئۆزگىرىشكە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن 40تىن كۆپرەك ئالاقىدار مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلدى. بىر يىلدا بىلىم كىرگۈزۈش تۈرى جەھەتتە لېكسىيە سۆزلەش، خىزمەت قىلىش ئۈچۈن 8 مۇتەخەسسىس كىرگۈزۈلدى، 2 تۈر بويىچە چەت ئەلگە خادىم چىقاردى، بۇ سېيسمولوگىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

جۇ يۇنپىڭ

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

2001 - يىلى قاراماي شەھەرلىك سېيسمولوگىيە ئىستانسىسى ۋە ياڭ ۋېيجياڭ (قۇمۇلدىن) مەملىكەت بويىچە زور سېيسمولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ يۇنپىڭ

# پەن - تېخنىكا

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

### ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پەن - تېخنىكا نازارىتى ناھىيە، شەھەر، رايونلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ نەق مەيدان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر، رايون) لاردا پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى (2 يىللىق) ئۈستىدە سىناش - تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەق مەيدان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سىناش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، لوپنۇر، بۆگۈر، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى، قاراقاش ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى، شىخو شەھىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى، ئالتاي شەھىرى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، مىچۈەن شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونى، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى قاتارلىقلارنى ئايرىلاپ تەكشۈردى.

10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «1999 — 2000 - يىللىق ناھىيە، شەھەر، رايونلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى، كۈيتۇڭ شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى، سانجى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، كورلا شەھىرى، يەنجى ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونى ۋە يېڭىشەھەر رايونى قاتارلىق 21 ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر بولغان جاڭ شىنچېڭ قاتارلىق 36 شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ھۆججىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شەھەر، ناھىيە، رايونلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى تارقاتقان شەھەر، ناھىيە، رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىگە بىنائەن «پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» دەپ نام بېرىلگەن 30 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ ۋە يېڭىدىن مەلۇم قىلغان 8 شەھەر (ناھىيە، رايون) نىڭ 1999 -، 2000 - يىلدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

«ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» لەرنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، 2000 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)» بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئونسۇ، شايار، پوسكام، چاپچال ناھىيىلىرىنى سىناپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ھۆججەت تارقىتىپ، ئونسۇ، شايار، پوسكام، چاپچال ناھىيىلىرىگە 2000 - يىللىق «ئاپتونوم

رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 23 ناھىيە (شەھەر، رايون) گە «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)» دېگەن نام بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋاڭ فېڭ قاتارلىق 12 كىشىگە «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپىكارلار مۇكاپاتى» بېرىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى «ساپا قۇرۇلۇشى (2 - قارارلىق)» تۈرىنى يولغا قويۇپ، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئۆلگە نۇقتىلىرىنى تاللاپ، يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەرخىل كەسپىي ئائىلىلەر، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگە ئائىلىلەر ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرى، ناھىيە، يېزا، كەنت رەھبەرلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنى ئوبيېكت قىلىپ ھەرخىل يارامىلىق تېخنىكا ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە «2001 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە 1 - قارارلىق كۇرس» ئاچتى. 8 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى 2001 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە 2 - قارارلىق كۇرس ئاچتى، 2 قاراردا جەمئىي 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى تەربىيىلىدى، قىسمەن ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ 30 نەپەر پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىنى 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ چەت ئەلگە چىقىپ تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار بولغان 30 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ 3 خىل خىراجىتى 38 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2 .16 ئاشتى.

جەي شاۋمىڭ

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە، يېڭى تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 12 تۈرنى يولغا قويدى. يېڭى سورتلارنى 613 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتتى، ئەلا سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسى %5 .96كە يەتتى. سانائەتنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە، ئىچكى - تاشقى بازارلاردا رىقابەت كۈچىگە ئىگە 52 خىل يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 20 خىل (جەمئىي 143 خىل) داڭلىق مەھسۇلات بارلىققا كەلتۈرۈلدى، 67 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، پۈتۈن جەمئىيەت تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 10 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، 2000 - يىلدىكىدىن %3 .42 ئاشتى، 42 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك 3 كارخانا تېخنىكا مەركىزى بار) دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى.

2001 - يىلى قاتناش نازارىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ 10 يىللىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ قۇرۇلۇش نازارىتى ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، سودا قاتارلىق سانائەت ساھەلىرى ئاپپارات ئىسلاھاتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تولۇق ئايدىڭلاشتۇردى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات خىزمىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش،

يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى ئۆز سىستېمىسى بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

2001 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى پەنە «ساھەلەردىكى پەن - تېخنىكا باشقارما باشلىقلىرى ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش» مەزمۇنىدا تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

خۇاڭ جيەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى پىلانى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىدا 17 تۈر يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 3 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى.

كورلا «داخۇا» شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «يېڭى تىپتىكى يۇرچاق سۈتى پاراشوكى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىدە، شۇ جاينىڭ يۇرچاق بايلىقى ۋە باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، جياڭسۇ «ۋېيۋېي» گورۇھىنىڭ تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، شاكىلات يۇرچاق سۈتى، ئالقات يۇرچاق سۈتى، يۇقىرى كالتسىي - تۆۋەن قەنتلىك يۇرچاق سۈتى، تۆۋەن مايلىق، شېكەرسىز يۇرچاق سۈتى، ۋېيۋېي سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئىقتىدار تىپلىق يۇرچاق سۈت پاراشوكى بازار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %18.6 نى ئىگىلىدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدا - بېجى 12 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گورۇھى شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلمىلارغا قوللىنىلىدىغان يەل ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈش» تۈرىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا بايلىقى ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا تەركىبى ئەڭ يۇقىرى بولغان يەل ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ، يەل ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇپ، ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان يىپ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى، يارىتقان مەھسۇلات قىممىتى 523 مىليون 859 مىڭ يۈەنگە، باج - پايدىسى 113 مىليون 797 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلغان «تاۋار قاراگۈش چوشقىسى ۋە توڭلىتىلغان گۆش يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش»، «ئەلا سۈپەتلىك بورداق قوي بازىسى ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» ۋە «ئەتىۋارلىق قۇشلارنى كۆپەيتىش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بالدۇر كۆپەيتىش بازىسىنى قۇرۇش» تۈرىدە، چوشقا، قوي، ئەتىۋارلىق قۇش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىش ئاساس قىلىنىپ، باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇپ، بېقىلىدىغان نەسىللەر كىرگۈزۈلۈپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا يارىتقان مەھسۇلات قىممىتى 159 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، باج - پايدىسى 25 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«كۈيتۇڭ شەھىرىدە كەيگەنچى ئېكولوگىيىلىك ئورمان ۋە ئىقتىسادىي ئورمانلارنى ئۈنۈملۈك ھەرىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» ۋە «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي نېفىتلىكىدىكى قۇملۇقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» تۈرىدە، قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا 70 مىڭ كۋادرات مېتىر بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ئۈلگە ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، 466.67 گېكتار چۆللۈك ئۆزگەرتىلىپ، ئېكولوگىيىلىك ئورمان، ئىقتىسادىي ئورمان، ئىھاتە ئورمان ۋە كۆچەتزارلىق بازىسىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، جەمئىيەتكە ھەرخىل كۆچەت يەتكۈزۈپ بېرىلدى، يىلىغا 5 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

خۇاڭ جيەن

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانىنى تۈزۈش ئەھۋالى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پىلانىدا پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدىن جەمئىي 97 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئۈچۈن 9 مىليون 420 مىڭ يۈەن (تۈرلەرنى باشقۇرۇشقا كېتىدىغان

200 مىڭ يۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 54، بۇنىڭغا 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى 30، بۇنىڭغا 750 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ خەلقئارا پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 9، بۇنىڭغا 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ باشقا تۈرلەر 4، بۇنىڭغا 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەنلەر فوندىدىن ياردەم بېرىش پىلانىدا 38 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 880 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، خىراجەت مەخسۇس تۈرلەر بويىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى بويىچە تاماملىنىشقا تېگىشلىك تۈر 53 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 47 تۈر تاماملاندى، تاماملىنىش نىسبىتى 88.7% بولدى. شۇ يىلى جەمئىي 28 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 10، تەبىئىي پەن فوندى تۈرى 6، يۇمشاق پەن تۈرى 12.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئەلا سۈپەتلىك دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقى قۇرۇلۇشى» تۈرىنىڭ قارىمىقىدا كېۋەز، بۇغداي، كۆممىقوناققا دائىر 3 تېما تەسىس قىلىندى. «شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ يېڭى سورت (لىنىيىسى) نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە سۈپەتلىك سورتلارنى كەسپلەشتۈرۈش» تېمىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى خېلى ياخشى، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئوتتۇراھال ئۇزۇن تالالىق كېۋەز، ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئالاھىدە بالدۇر پىشىدىغان كېۋەز، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئالاھىدە بالدۇر پىشىدىغان كېۋەزنىڭ 3 خىل يېڭى سورت سىستېمىسى تاللاپ چىقىلدى، ئۇرۇقنى كومىلاچلاشتا ئۈنۈملۈك دورا مىقدارىنى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان دورىلارنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرىشىنى سىناق قىلىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. «بۇغداي ئۇرۇقىنى كەسپلەشتۈرۈش ئىش تۈرى تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدە، دەسلەپكى قەدەمدە كۈچلۈك، ئوتتۇراھال، ئاجىز ئۆزلۈك بۇغداينىڭ 9 خىل سورت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىلدى؛ سۈپەتلىك بۇغدايلارنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىشنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى، بۇغداي ئۆستۈرۈشكە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پاراشوكنى تەڭشەش تېخنىكىسى تەتقىقاتى جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئىشلەپچىقىرىلغان بولكا ئۇنى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. «شىنجاڭ كۆممىقوناقنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە سۈپەتلىك سورتلارنى كەسپلەشتۈرۈش» تۈرىدە، چىلگە قوناق، ئارا قوناق، كەنجى قوناق، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان كۆك قوناق، يەم - خەشەك قونىقى ۋە ئالاھىدە قوناقنىڭ سورتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش، يېڭى سورتلار بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، يىللىق پىلاندىكى ۋەزىپىلەر خېلى ياخشى ئورۇندالدى.

«قىزىلچىنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭى سورتى (سىستېمىسى) نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش» تېمىسىدا، 2 سورت ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىلچىنى يەرلەشتۈرۈش سىنىقىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى، قىزىلچىنى باشقا جايلاردا باھالاپ بېكىتىش سىنىقىدىن 15ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 190 پارچە ماتېرىيال سىناققا قاتناشتۇرۇلدى. تېما گورۇپپىسى كىرگۈزۈش بىلەن ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىلتىز غوزىمەك كېسىلىگە تاقابىل تۇرالايدىغان سورت سىستېمىسىغا دائىر 7 پارچە ماتېرىيالنى تاللاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يىرىڭلىق تاياقچە باكتېرىيىسىنى ۋاستىلىك كىرگۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، نېكروزلۇق سېرىق پۇلس ۋىرۇسىنىڭ سىرتقى پوستىدىكى ئاقسىل گېنىنى قىزىلچىنىڭ سۈپەتلىك ئەسلى نەسلىگە كىرگۈزۈش تەجرىبىسىدە ئىلگىرىلەش بولدى. ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن بىر تۈركۈم سورتلارنىڭ قەنت مىقدارى سېلىشتۇرما گورۇپپىدىكى سورتلارغا قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قىسمەن سورتلار كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، شېكەر زاۋۇتلىرىغا ۋە دېھقانلارغا كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي پايدا يەتكۈزدى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى تۈر — «گۆش كالىسى، سۈت كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىدىن كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كۆپەيتىش سىستېمىسىنى قۇرۇش» تۈرى 2001 - يىللىق خەۋەردار چاقىرىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى «ۋۇخوا» چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى. بۇ تۈردە، تەمىنلىگۈچى 2 كالا پادىسى تۇرغۇزۇلۇپ، تۆرەلمىلەرنى كۆچۈرۈش تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 8067 تۆرەلمە ئېلىنىپ، 5654 تۇياق كالىغا كۆچۈرۈلدى، توڭلىتىلغان تۆرەلمىلەرنى كۆچۈرۈشتە بوغاز بولۇش نىسبىتى 55% تىن كۆپرەككە، يېڭى تۆرەلمىلەرنى كۆچۈرۈشتە بوغاز بولۇش نىسبىتى 60%تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى، كۆپلەپ تۇخۇم

ئاجرىتىلغانلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇخۇمى 5.5 ئالدىن ئاشتى. نەق مەيداندا تۇرەلمىنى ئايرىش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇرسىمان PCR ئۇسۇلى يارىتىلىپ، نەق مەيداندا تۇرەلمىنىڭ جىنسىنى باھالاپ بېكىتىش تەجرىبىسى بىر نەچچە تۈركۈم (قېتىم) ئېلىپ بېرىلدى. بۇ، ئۇۋۇتتە، مەملىكەت بويىچە تۇرەلمە كۆچۈرۈش ۋە تۇرەلمىنىڭ جىنسىنى باھالاپ بېكىتىش مۇلازىمىتىنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالايدىغان بىردىنبىر ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بولۇپ 4 رايوندا ئاشقى تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

يەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى تۈر — «ئۆزگىچە، ئېسىل يېزا ئىگىلىك ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى نەشپۈت، پەمىدۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كىشمىش ئۈزۈم، ئۆرۈكنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تەرەپلەردە سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، تىكىپ ئۆستۈرۈش، ھۆل پېتى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈرنى كورلا نەشپۈت گۇرۇھى، دېلوڭ گۇرۇھى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئالدى. نەشپۈت تېخنىكىسى ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش تەتقىقات تېمىسىدا، 2001 - يىلى كىرگۈزۈلگەن سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تەجرىبە رايونى ۋە 2 گېكتار كۆچەتخانا يېڭىدىن قۇرۇلدى، 3 خىل يېڭى سورت كىرگۈزۈلدى؛ 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زامانىۋى پارنىك ۋە 1 مىليون 500 مىڭ تۈپ يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە تۇقۇلما يېتىشتۈرۈش ئۆيى يېڭىدىن قۇرۇلدى، نەتىجىدە ئۆستۈرۈلگەن مايسىلارنى ئۆلاش ۋە يۆمران مايسىلارنى كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ھەمدە ئۇرۇقلۇق مايسىلىرىدىكى ۋىرۇسنى تېز ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى؛ 6.67 گېكتار يەردە «پاكار، قويۇق، بالدۇر مېۋىلەيدىغان» يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۈلگە باغ بەرپا قىلىندى، 66.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق باغ ياخشىلاندى، ھوسۇلى 40%؛ 1 - دەرىجىلىك مېۋە نىسبىتى 25% ئۆستۈرۈلدى؛ نەشپۈتلەرنى كومپيۇتېردا تاللاپ يەتكۈزۈپ بېرىش - ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى؛ تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان نەشپۈت ھارىقى ھەمدە براندى ھاراق مەھسۇلاتلىرى بازارغا سېلىندى. پەمىدۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش تېمىسىدا، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش نىشانىغا ئاساسەن، 90 شالغۇت گۇرۇپپىسى تەييارلاندى، لىكوپېن مىقدارى يۇقىرى، قاتتىق ھالەتلىك ماددا مىقدارى يۇقىرى، بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشى كۈچلۈك بولغان 5 سۈپەتلىك گۇرۇپپا تاللاپ چىقىلدى؛ 96 خىل سورت كىرگۈزۈلۈپ يەرلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش سىنىقى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېلىپ بېرىلدى. پارنىكلاردىكى كاندۇكتا مايسا يېتىشتۈرۈش ۋە چوڭ ئېتىزلارغا كۆچۈرۈپ تىكىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پەمىدۇر 2 ھەپتە ئىلگىرى پىشىدىغان بولدى، پىششىقلاپ ئىشلەش 10 نەچچە كۈن ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن خام ئەشيالارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەمىنلەش قىيىن بولۇشتەك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. پەمىدۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت تەتقىق قىلىنىپ، سىناق مەھسۇلاتى 16% — 21% ئۆستۈرۈلدى. پەمىدۇرنى تۇجۇپىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە، پەمىدۇر تالقىنىنى قۇرۇتۇش جەريانىدا كالالىكلىشىپ قېلىشتەك قىيىن مەسىلە ھەل قىلىندى، خەلقئارادا ئېقىۋاتقان لىكوپېن، قىزىل پىگمېنتلىق كاپسۇلا قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ مەھسۇلاتلار ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى دۆلەت پاتېنتىغا يوللاندى.

يەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىكى تۈر — «كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتىغا قارشى قوش ۋالېنتلىق گېننى كۆچۈرۈپ رەڭلىك كېۋەز سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە كىرگۈزۈلگەن كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتىغا قارشى قوش ۋالېنتلىق گېن (GNA–BT) گۈل چېڭى نەيچە يولىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، رەڭلىك كېۋەزگە كۆچۈرۈپ كىرگۈزۈلۈپ، يۇقتۇرۇش سىنىقى ۋە مولېكۇلالارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھاشاراتلارغا تاقابىلچانلىقى I دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان تۈپ سىستېمىسى ۋە يەككە تۈپتىن 8 ى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوڭۇر رەڭلىك كېۋەز 3 تۈپ، يېشىل رەڭلىك كېۋەز 5 تۈپ، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا.

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئالغان يەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىكى تۈر — «ھەممىباب ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك يىغىۋېلىش ماشىنىسى» تۈرىدە، «9QSD–1200 تىپلىق كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆك ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش ماشىنىسى» تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ خىل ماشىنا توپلاپ يىغىۋېلىش، سۇمۇرۇش، پارچىلاش ۋە قاچىلاشنى بىر گەۋدە قىلغان بولۇپ، تېخنىكىسى ئىلغار، پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ لايىھىلىنىشى يېڭى ھەم ئۆزگىچە، جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىسى چىڭ، ھۈنەر - سەنئىتى ئىلغار بولۇپ ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ. سۈپەت تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ

ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تېخنىكىلىق ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، پارچىلاش ئۈزۈنلۈكى، پارچىلاش ئۈزۈنلۈكىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، زىيان نىسبىتى، ئىشەنچلىكلىكى ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتكەن. مەھسۇلات تېخنىكىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاشتىن ئۆتتى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىكى تۈر — «گىلىكو ئالىفات كىسلاتا ئېستېرى سىستېمىسىدىكى يۇز - ئاكتىۋ ئاگېنتىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش» تۈرىدە، ئارىلاشما ئېرىتكۈچ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گىلىكو ئالىفات كىسلاتا ئېستېرىنى پارچىلاپ سايلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ساخارىدلىق مونوئېستېر مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىكتۈرۈلدى، مەھسۇلات نىسبىتى %80تىن ئاشتى، ھەرخىل كۆرسەتكۈچلىرى چەت ئەللەرنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلات ئۆلچىمىگە يېتىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، 5 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 6 تۈر پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى. بۇ تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقات خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىلغانلىقتىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ تۈرنى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، نۇقتىلىق ياردەم بەردى. بۇ تۈرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچى ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن - تېخنىكا باغچىسىدا ئارىلىقتىكى سىناق بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

«شۋاڭيىڭ بىئولوگىيىلىك ئوغۇتنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش» تۈرىدە، ئارىلىقتا سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ۋە ئېتىزلاردا ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى سىناق قىلىش ئىشى تاماملاندى، سىناق قىلغان زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10تىن كۆپرەك ئاشتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىكرو بىئولوگىيىلىك ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ سىناپ تەكشۈرۈشىدە ئۆلچەمگە يەتتى ھەمدە دۆلەتنىڭ بىئولوگىيىلىك ئوغۇتنى تىزىملاش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېشىل يېمەكلىكلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىئولوگىيىلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن تەمىن ئەتتى. «چوڭ تىپلىق ئۇچۇر سىستېمىسىدىكى تور سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە غەيرىي تۈردىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى توپلاشتۇرۇش» تۈرىدە، INTERNET ئاساسىدا كۆپ خىل يېزىق تۈرىدىكى تور سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ZAMAN تور پونكىتى قۇرۇلۇپ، WINDOWS سۇپىسىدا كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بولۇش، قوبۇللاش، ئۈستىدىن قاراپ چىقىش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرلارنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىقتىدار ھەل قىلىندى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىكى تۈر — «قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئاخىرقى ماكان ئىگىسى ۋە بىمارغا مولېكۇلا بىئولوگىيىلىك دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان بىرىكمە ئانتىگېنلىق قاپلىق قۇرت كېسىلىنى تېز ئۆلچەپ تەكشۈرۈش رېئاگېنت قۇتىسى (سۈپەت، مىقدارى) دۆلەتنىڭ ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى (پاتېنت نومۇرى ZI. 99219078. 9) غا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ مەھسۇلات ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، رايونلاردا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى. «مۇرەككەپ يوپۇرماق سېرىقچايىنىڭ ۋىرۇسقا قارشى دانىچە دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە، نۇقتىلىق ھالدا دانىچە دورىلارنى تەييارلاش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. دورا ئۈنۈمى ئىلمى بويىچە دانىچە دورىلارنىڭ جىگەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ فېرمېنتنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئىممۇنىتېتنى تەڭشەش رولىغا دائىر سىناق ۋە ئۇنى تەييارلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى كېڭەيتىش سىنىقى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق سېرىقچايىنىڭ ۋىرۇسقا قارشى دانىچە دورىسى (CHAVG) نىڭ خىمىيىلىك جىگەر زەخىملىنىشى ۋە ئىممۇنىتلىق جىگەر زەخىملىنىشىگە بولغان مۇھاپىزەت قىلىش رولى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى. «ئىتلارغا ئىشلىتىلىدىغان پىرازىتقۇئانتىل ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، ئىتلارغا ئىشلىتىلىدىغان پىرازىتقۇئانتىل پەسەيتىش دورىسىنى كالتەكسىمان ئورۇنلاشتۇرۇش ئەسۋابى ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى — «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى. شىنجاڭ قىسمى» نىڭ (1 - قارارلىق) پىلانىدىكى خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى، قىسمەن تېمىلار تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى

«قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ سۇ بايلىقىدىن ئەلا ياخشى پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش تەتقىقاتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا، تاك قۇدۇقلاردىن سۇ چىقىرىش ۋە سۇنى تېجەپ شورنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمۈرسال تېخنىكا لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشتە دەسلەپكى تەجرىبە ھاسىل قىلىندى. «تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىي چېتىنىڭ چۆللىشىشنى ئۈنۈمۈرسال تۈزەش پەن - تېخنىكا سىنىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا، سۇيەتلىك سورتلارنى تاللاش ۋە كىرگۈزۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى چۆللۈك، قۇملۇق يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، ئورمانلارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %95تىن ئاشتى.

تەبىئىي پەن فوندى تۈرى «ئىسسىق دەستە تېخنىكىسىنىڭ كۆكتات سورتلىرى، مىكرو بىئولوگىيىلىك سورتلارنى ياخشىلاشتىكى رولى ئۈستىدە تەتقىقات»تا خېلى ياخشى ئىلگىرىلەش بولدى. ئىسسىق كىرگۈزۈلگەن پەمىدور سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 20 كۈن بۇرۇن پىشتى، ھوسۇلى %25 ئۆستى، لېكوپېن قاتارلىق 7 خىل كۆرسەتكۈچ سەل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ تۈر 2001 - يىلى دۆلەت تەبىئىي فوندىنىڭ يەنىمۇ كۆپ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى. «يۇيۇش - ئىسكەتكە كەلتۈرۈش دورىسىنىڭ زىغىر تالالىرىنىڭ فىزىكىلىق - خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە بولغان تەسىرى» تۈرىدە، ئوخشاش بولمىغان پىششۇرۇش دورىلىرى، فېرمېنتلىق يۇيۇش دورىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە زىغىر توقۇلما بۇيۇم تالالىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ رېتسىپى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى لايىھىلىنىپ، ئەلالىرى تاللاپ چىقىلىپ، يېڭى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پىششۇرۇش دورىسى تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى. بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى خېلى يۇقىرى قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە. «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تەتۈر مۆتىدىل بەلۋاغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى ئۈششۈك ئاپىتى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى رايونلىرىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈر سورتلىرى، ئوخشاش بولمىغان يانباغىر يۆنىلىشى، يانباغىر ئورنى، ئوخشاش بولمىغان دەرەخ تاجىسى ئورنىنىڭ ئۈششۈككە بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىرقى قىروغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرى ۋە سورتلىرى تاللاپ چىقىلدى، مېغىزىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاساسلىق ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچراشنىڭ كرىتىك تېمپېراتۇرا كۆرسەتكۈچى ۋە ئۈششۈك ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىدا مېۋىلىك دەرەخ ئىقتىسادىي بەلۋاغلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلدى. «مەرۋايىتگۈلنىڭ سۇيەتلىك سورتلىرىنى تاللاش ۋە تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، ئاپتونوم رايوندا ئېرىشقا ماس كېلىدىغان ئىككى خىل مەرۋايىتگۈل ۋە ئۇنىڭ سۇيەتلىك سورتلىرى تاللاپ چىقىلدى ھەمدە ئۇنى مۇۋاپىق تۈردە تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۈر يولغا قويۇش جەريانىدا بىر تەرەپتىن سىناق قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 333.3 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى.

دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانىدىكى «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. ھەر قايسى تېمىلار بويىچە جەمئىي 104 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە SCI قەرەللىك ژۇرنىلى 7 ماقالىنى قوبۇل قىلدى، 2 ماقالە چەت ئەل ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. تۈر پىلانىدىكى ۋەزىپىنامە ۋە يولغا قويۇش لايىھىسىگە ئاساسەن، ھەر قايسى تېمىلاردا شۇ يىللىق پىلاندىكى نىشانلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى — «شىنجاڭدىكى كەسپىي ئورۇن ئاپپاراتلىرىنىڭ شتاتىنى باشقۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»تا، مەخسۇس 7 تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، 6 خىل يورۇقلەشتۈرۈش سىياسىتى ۋە تەكلىپى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، قىسمەن تەكلىپلەر ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سىياسەتلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. «WTOغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن پەن - تېخنىكا، سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»تا، «شىنجاڭنى ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى خەلقئارا سودا مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش»، «WTOغا كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا بولغان خىرىس» قاتارلىق دوكلات ياكى ئىلمىي ماقالىلەر تەييارلاندى. «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»نىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە پىكىر يوللىرى ئەمەلىيەتتە قوللىنىلدى، بۇ تۈردىكى تەتقىقاتقا ئاساسەن شەكىللەنگەن «شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى ۋە مەركەزگە تەكلىپ» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭلىق ئەزالارنىڭ بىر تەكلىپى قاتارىدا ئوتتۇرىغا

قويۇلدى؛ كادىرلار نازارىتى بىلەن پەن - تېخنىكا نازارىتى بىرلىكتە تەييارلىغان «غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر»دە بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ قىسمەن نۇقتىئىنەزەرلىرى قوبۇل قىلىندى. «غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تۇنجى قېتىم ئېنىق، سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە بۇ تەدبىر بەلگىلىگۈچى تارماقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، بىر قىسىم رايونلار ئۆز رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە بۇ بىر پىكىر يولىنى قوللىنىپ، ئۆزگىچە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى، بولۇپمۇ بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ئىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

جاڭ يۈ

## «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىدا جەمئىي 31 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 21، بۇلارغا 627 مىليون 80 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 325 مىليون 702 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 301 مىليون 360 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى؛ مۆلچەرلىنىشىچە، تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 606 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق باج - پايدا 464 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ياراتقان تاشقى پېرېۋوت 8 مىليون دوللارغا يېتىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 10 بولۇپ، بۇنىڭغا 1 مىليارد 22 مىليون 420 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 502 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 520 مىليون 110 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق پايدا - باج 357 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. نۇقتىلىق تۈرلەر مۇنۇلار: «200 مىڭ مو (13 مىڭ 333.3 گېكتار) يەردە ئىقتىسادىي زىرائەت، قوغۇن - تاۋۇز، پۇرچاقنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش»، «500 مىڭ مو (33 مىڭ 333.3 گېكتار) يەردە پۇرچاق بازىسى قۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش»، «150 مىڭ مو (10 مىڭ گېكتار) يەردە چۈچۈكبۇيا تېرىش بازىسى قۇرۇش»، «يىلىغا 150 مىڭ توننا بېدە - ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش»، «يىلىغا 5000 توننا ئېسىل قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش»، «شەھەر ئەتراپىدا 20 مىڭ مو (1333.3 گېكتار) يەردە سۈپەتلىك مېۋە - چېۋىلەرنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇش»، «100 مىڭ ئورچۇقلۇق ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرۇش» ۋە «20 مىڭ توننىلىق مەركەزدىن قاچما قۇيما ئەينەك پولات تۇرۇبا قۇرۇلۇشى» قاتارلىقلار.

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر رويخەتكە ئېلىنىپ يولغا قويۇلغان تۈرلەردە يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 324 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان پايدا - باج 65 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 10 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئاياغلاشتۇرۇلغان تۈر 95، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 7، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 16، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك تۈر 72. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئاياغلاشتۇرۇلغان تۈرلەردە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 416 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان پايدا - باج 73 مىليون 700 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 4 مىليون 250 مىڭ دوللار. توختامدىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان تۈر 37، توختامدىكى ۋەزىپە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان تۈر 48، ئورۇندالمىغان ياكى قىسمەن پەرق بار تۈر 10.

2001 - يىلى شەرق بىلەن غەرب ھەمكارلاشقان تۈر 20، كېلىشىمدىكى ئومۇمىي سوممىسى 278 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 8، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 184 مىليون (بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 86 مىليون يۈەن) يۈەن. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەمەلىيلەشكەن ئومۇمىي مەبلەغ 121 مىليون يۈەن، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشكىنى 67 مىليون 580 مىڭ يۈەن، تولۇق ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 5.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ «غەربىي رايوندىكى ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى» ۋە دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەش پىلانىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن، پەن - تېخنىكا نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پەن -

تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلەردىكى پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلاردىن 4 تۈركۈمدە 17كىشىنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ئاچقان تۈرلۈك كۇرسلارغا قاتناشتۇردى.

دۇڭ جۇڭخۇا

## «مەشئەل» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە دۆلەت دەرىجىلىك 7 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭغا 312 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزلىرى توپلىغان مەبلەغ 128 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 184 مىليون 160 مىڭ يۈەن. تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 570 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج 170 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ئېكسپورتتىن يارىتىلىدىغان تاشقى پېرېۋوت 14 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يېتىدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈردىن 14ى تۇرغۇزۇلۇپ، جەمئىي 323 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 202 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئۈزلىرى توپلىغان مەبلەغ 121 مىليون 300 مىڭ يۈەن. تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 898 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج 259 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت 11 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە 2002 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدىن 7 سى كۆرسىتىلدى.

2001 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى بىلەن شىخەنزە، مىچۈەن، كۈيتۇڭ، كورلا يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا سانائەت باغچىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانلانغان كۆلىمى 27.102 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 836 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 568 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي ئىش باشلانغان كۆلەم 3 مىليون 143 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 2 مىليون 163 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قانۇنىي ئىگە كارخانا 1162گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 100، ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى تەۋەسىدىكى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 87. تەرەققىيات رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تەرەققىيات باغچا رايونىدا يارىتىلغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 14 مىليارد 63 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 963 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 355 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 188 مىليون دوللار. ئورۇندالغان مالىيە كىرىمى 676 مىليون يۈەن (شىخەنزە، مىچۈەن سانائەت باغچىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، باج كىرىمى 1 مىليارد 258 مىليون يۈەن.

شىن ليەنخەي

## دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى

2001 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلىدىغان 16 تۈرى دۆلەتنىڭ 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن ياردىمىگە ئېرىشتى. تۈرلەرنى يولغا قويۇش مۇددىتى 2002 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولۇپ، شۇ يىلى تۈرلەرنى بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى.

خۇاڭ جۈەن

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 خىل يېڭى مەھسۇلات «2001 - يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىرى دۆلەتنىڭ 300 مىڭ يۈەن يېڭى مەھسۇلات قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. 2 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: قار لەيلىسى چاپلىما دورىسى (ئۈرۈمچى راۋشى فېڭكاڭ بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك شىركىتى) ۋە قار لەيلىسى ئىچىملىكى (شىنجاڭ فۇساڭ دورا چەكلىك شىركىتى).

جاڭ يۇ

## شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرسىتىشى، پەن - تېخنىكا نازارىتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى بىلەن 10 خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىللىق نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 10 خىل مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: «بىر قېتىم سۈركىسىلا ئۈنۈم

بېرىدىغان» — دېزىنفېكسىيىلەنگەن بىر قېتىملىق چاپلىما دورا (شىنجاڭ پەرىشتە داۋالاش بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى)، سۇلياۋ قېتىشما - ئەينەك پولاتلىق كۆپ قەۋەتلىك داتلاشتىقا چىداملىق بىرىكمە تورۇبا ماتېرىيال (شىنجاڭ جۇڭيۈ بىرىكمە ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى)، GYS—12 تىپلىق ئۈي ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان سۈمۈرۈش - چىقىرىش تىپلىق ۋېكلىيۇچاتېل ئەسۋابى (شىنجاڭ شۇاڭشىن توك تىزگىنلەش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى)، ئەندىرە ئەڭلىك ئوتى لەۋ سۈرۈقى (شىنجاڭ مۇسۇلمانلار گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى)، ئىرىتىلگەن ئېپوكسى پاراشوكى ئارقىلىق ئېلېكترو ستاتىك سىر پۈركۈپ كەپشەرلەنگەن پولات تورۇبا (شىنجاڭ شىگىجى قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، مۇھىت ئاسراش كۆمۈرى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەتقىقات يۇرتى)، كاڭجاۋ چاپلىما دورىسى (مايتاغ جىنفېڭ چەكلىك شىركىتى)، توپلانغان كىملوزا (شىنجاڭ زۇڭخېڭ چەكلىك پاي شىركىتى)، زىغىر كاپسۇلى (شىنجاڭ لۈچى بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك شىركىتى)، 9QSD — 1200 تىپلىق ھەممىباب كۆك يەم - خەشەك يىغىۋېلىش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى).

جاڭ يۇ

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشى تورى

2001 - يىلى بۇ توردە ئاساسەن ئۇرۇقچىلىق، مەخسۇس ئوزۇق، چارۋىچىلىق، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت 4 كەسپىي زەنجىرنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە دائىر مەخسۇس 7 تور يولغا قويۇلدى.

«يېڭى تىپتىكى يۇقىرى قەنتلىك، كېسەلگە تاقابىلچان سۈپەتلىك تاۋۇز، قوغۇننىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش» توردە، قەنت مىقدارى يۇقىرى قىزىل ئەتلىك تاۋۇز، قەنت مىقدارى يۇقىرى ئاق پوستلۇق قىزىل ئەتلىك قوغۇن، ئاق پوستلۇق ئاق ئەتلىك، قەنت مىقدارى يۇقىرى قوغۇن، قەنت مىقدارى يۇقىرى چېپار پوستلۇق سېرىق ئەتلىك ئۇرۇقسىز تاۋۇز قاتارلىق 7 خىل تاۋۇز - قوغۇن سورتى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ چىقىلدى ھەمدە جەنۇبتا كۆپەيتىلدى. 2001 - يىلى 1000 توننا تاۋۇز - قوغۇن ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلدى.

«ئېسىل قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۈزلەشتۈرۈش» توردە، بالدۇر ئارا مەزگىلدە ۋە كېيىن پىشىدىغان 3 خىل سورت تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى. ئۇلار «غەربىي يۇرت قارى — 1»، «غەربىي يۇرت قارى — 2»، «غەربىي يۇرت قارى — 3»؛ قوغۇننىڭ 3 خىل قوشۇمچە سورتى يەنى غەربىي يۇرت قىزىلى، سېرىق سۈمۈرۈغ قاتارلىقلار؛ ئۇرۇقسىز تاۋۇزنىڭ 2 خىل سورتى: يەنى غەربىي يۇرت مارۋىژىنىسى، قارا پوستلۇق يېشىل گۆھەردىن ئىبارەت. بۇ توردە يەنە يېشىل A دەرىجىلىك بولغانمىغان ئېسىل قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئېلىپ بېرىلىپ، زامانىۋىلاشقان كۆن نۇرى پارنىكلىرىدا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى سىناق قىلىنغان ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلگەن.

«مەيچۈر UHT سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى كەسىپلەشتۈرۈش ۋە ئۈزلەشتۈرۈش» توردە، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە شۋېتسىيە «لىل» شىركىتىنىڭ سۈت پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلۈپ، 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەيچۈر ساپ كالا سۈتىنى جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى «يېشىل يېمەكلىك» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

«گۆش توخۇسىنىڭ ئايرىم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» توردە، قۇشلارنى بوغۇزلاشتا زامانىۋىلاشقان، كۆلەملەشتۈرۈلگەن بىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، توخۇ گۆشىنىڭ بىر ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى، كۈندىلىك بوغۇزلاش ئىقتىدارى 10 مىڭغا يەتتى. يىلىغا 1000 توننا ئايرىم مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇقىم توخۇ باقىدىغان 4000 دىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. 50 توننا توخۇ گۆشى پىششىقلىنىپ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىندى، كېلىشىمدە 500 توننا توختاملاشتى، يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن يۇراقلىق قۇرۇتۇلغان توخۇ گۆشى مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىلدى. 2001 - يىلى 6 مىليون چۈجە سېتىلىپ، شىنجاڭ بازارلىرىدىكى ساننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى، 1500 توننا توخۇ گۆشى سېتىلدى، 200 توننا توخۇ گۆشى پىشۇرۇلۇپ تۈجۈپىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەندى. 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك باج - پايدا يارىتىلدى.

«ئالاھىدە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» توردە، كۈنىگە 60 توننا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئىقتىدارى شەكىللەندى. 2001 - يىلى سۈتچى دېھقانلار بىلەن 500 پارچە توختام ئىمزالاندى، مۇشۇ يىلدا 5800 توننا يېڭى سۈت سېتىۋېلىندى. خالتىغا قاچىلانغان يېڭى كالا سۈتى ۋە رەڭلىك سۈت، قېتىق، سۈت ئىچىملىكى، قۇرۇتۇلغان سۈت مەھسۇلات سېتىمىسى قاتارلىق 24 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلات كىرىمى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«مەخسۇس ئوزۇق ئىشلەپچىقىرىش» توردە، 66 مىڭ 700

گېكتارلىق سۇپەتلىك بۇغداي بازىسى قۇرۇلدى ھەمدە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇپەتلىك بۇغداينىڭ 4 خىل سورتى تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى، سورتلارنىڭ ئاقسىل ماددا مىقدارى %15 — %17كە، ئەم ئۈزلۈك مىقدارى %35 — %40 كە، ھەر مو يەر (0.067 گېكتار) نىڭ مەھسۇلاتى تەخمىنەن 400 كىلوگرامغا يەتتى. مەخسۇس لەغمەن ئۇنى، چۆچۈرە ئۇنى بازارغا سېلىندى. «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇن «يېشىل يېمەكلىك» دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

«مايىسلارنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، ئامېرىكىنىڭ زامانىۋى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك ياساش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، 3300 كۋادرات مېتىر يەردە زاۋۇتلاشقان مايسا يېتىشتۈرۈش زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىلدى. 3900 كۋادرات مېتىر يەردە كۆن نۇرى پارنىكى ياسالدى، 200 كۋادرات مېتىر يەردە توقۇلما يېتىشتۈرۈش پارنىكى ۋە يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر ياسالدى. بۇ پارنىكلاردا ئاساسەن، شەھەر - بازارلارنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۈزگىچە كۆچەتلەر، ئىقتىسادىي ئورمان كۆچەتلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى قاتارلىقلار يېتىشتۈرۈلىدۇ. ھازىرغىچە 10 مىليون تۈپ ھەرخىل كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئامېرىكىدىن قارا ياڭاقنىڭ 2 خىل سۈپەتلىك سورتى، 5000 تۈپ ياڭاق كۆچىتى كىرگۈزۈلدى. 0.67 گېكتار يەردە ئۇرۇق مەنبەسىنى تولۇق كۆچەتزارلىقى بەرپا قىلىندى، ساپلىق دەرىجىسى %98كە، تۇتۇش نىسبىتى %75كە يەتتى.

چېن جيەنخۇا

## دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 37 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %42، ئېرىشكەن ياردەم پۇل 6 مىليون 187 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %46 ئاشتى.

شۆ دېشيۇ

**قوشۇمچە**

ئاپتونوم رايوندىن 2001 - يىلى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر،

| | |
|---|---|
| يۇراقلىق مەرزەنجۇشنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە قارشى تۇرۇش رولى ۋە ئۆزگەرتىلگەن گېنىنىڭ چاشقان - ئادەمدىكى مايلىق ئاقسىل AI گېنىنى ئىپادىلەشكە بولغان تەسىرى | شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى |
| مىكرو دولقۇنلۇق خروما توگرافىك پارچىلاش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى |
| پۇلسارنىڭ دەۋرىيلىك شاۋقۇنى ۋە يۇلتۇزلار ئارا چاقناش ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى |
| شىنجاڭدا جىغان ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈك ئۇرۇق سىستېمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ قاراكۆل قويىنىڭ قويلاردىكى ئاستا خاراكتېرلىك ۋىرۇس تۈرلىرىگە بولغان سەزگۈرلىكى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قۇرغاق رايونلاردىكى شورلۇق تۇپراقنىڭ ماشتابىنى تەكشۈرۈپ خەرىتە ئىشلەش يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ ئېتىز تۇپراقلىرىدىكى ئاساسلىق ئۇرۇقلۇق تەركىبلىرىنىڭ بوشلۇقتىكى غەيرىي ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئادەم ۋە كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدە ھازىرقى زامان ئۇنىۋېرسال ئۇيغۇر تىلى ماتېرىيال ئامبىرىنىڭ پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ ئۆگەن دەرياسى، كۇچا دەرياسى دېلتا بوستانلىقىدىكى تۇپراق، ئېرىلغۇ يەر، سۇ بايلىقى ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| فتورنىڭ سۆڭەكنى زەخملەندۈرۈش مېخانىزمىنى مولېكۇلا بىئولوگىيىسى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | |
|---|---|
| ئادەمنىڭ مەنبەلىك ئىنچىكە دانىلىق ئېخنوكوك لىچىنكىسىغا قارشى تۇرالايدىغان باكتېرىيە تەنچە ئانتىتېلا ئامبىرىنى قۇرۇش، تاللاش ۋە ئىپادىلەش | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈرلۈك گېنىنىڭ قېرىشقا قارشى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا ئالاھىدە قوزغىلىدىغان دىئابېت كېسەللىكىنىڭ گېن خېنوتىپى ۋە دىئابېت كېسەللىكىگە قارشى دورىلار ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ قار لەيلىمىسىنىڭ سوغۇققا چىدامىلىق گېنىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ۋە كلون | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| خەرىتىلەردە قوش چەمبەرنى يېيىش ئۈستىدە قىياس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئىئوننى كىرگۈزۈپ تالالىرىنى ياخشىلاپ ھوجەيرە باكتېرىيىسىنى پارچىلاش ۋە ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۈنۈمى ۋە مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| نانومېتىرنىڭ ئىقتىدارلىق بىرىكمە ئوكسىدلىق تۆۋەن ھارارەتلىك قاتتىق فازىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قويۇق ئارىلاش ھالقىسمان ئوكسىدلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن تىرىشازولنى بىرىكتۈرۈش ۋە تۈزۈلۈش ئۈنۈمى مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| يۇڭ، دىلوڭ ۋە يۇڭ - پاختا، ئارىلاشما توقۇلما بۇيۇملىرىنى بويۇپ تازىلاپ بوياش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لىشايىنىكلارنى تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بوستانلىق مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئادەم بىلەن يەرنىڭ ماسلىشىشلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىشى ۋە مۇھىت ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىش مېخانىزمى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| LINUX ئاساسىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئىنگلىز تىللىدىن ئىبارەت كۆپ خىل تىل ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سۇپىسى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئىمپۇلسلىق لازېرنۇرلۇق قولۇپنى ئىنېرتسىيە ۋە ئىنېرتسىيەلەنمىگەن سىزىقسىز كونترول قىلىپ چىقىرىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭگو ئاق چېچەكى ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۈرلىرىنىڭ ئېرسىيەتلىك كۆپ خىللىقى ھەمدە تۈپلىرىنىڭ پارچىلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ «بىر ئاساسلىق كۆپ ئېكولوگىيىلىك ئورنى» بويىچە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق تۈركۈملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ تاق قەۋەتلىك خۇسۇسىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان دىئاگنوز قويۇش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ياللۇغلۇق ماددىلار ۋە سالىتسىلىك كىسلاتا تۈرىدىكى دورىلارنىڭ ئاغرىق سېزىمىنى تەڭشەش ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا كابوت گۆش ئۆسمىسىنى ئېتىئولوگىيە، مولېكۇلىلىق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تېپىز قاتلام يەر ئاستى سۈيى ئۆزگىرىشىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەسىرى ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىغا باھا بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| خىمىيىلىك گرافىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا دائىر بىر نەچچە مەسىلە | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئولىگو ساخارىد قوش ھالقىلىق فوسفور كىسلاتالىق مېتال تەڭشەلمىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلمىلىك ئۈنۈم مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | |
|---|---|
| 3 . ئۆزئەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 6 . ئۆزئەتلىك خەلقئارا قۇملۇق قۇرۇلۇشى تېخنىكا يىغىنى | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| 2001 - يىللىق ئېلېكتر ۋە ئېلېكترون ئېنژېنېرلىرى جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا سىستېمىسى، ئىنسانىيەت، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى يىغىنى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭگونىڭ ئورگانىك ماددا سپېكتىر ئىلمى 11 - ئۆزئەتلىك مەملىكەتلىك ئىلمىي يىغىنى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئالاقە تورى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |

## يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىغا جەمئىي 19 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان تۈرىدىن 7 سى بولۇپ، بۇنىڭغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: «غەربىي رايوننى ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ مالىيە فۇنكسىيىسىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ دورا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا خەلق باشقۇرغان كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «مەركەزنىڭ غەربنى ئېچىش سىياسىتى ۋە شىنجاڭ رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «جۇڭگو - قىرغىزىستان -ئۆزبېكىستان تۆمۈريولىنىڭ ئاسىيا - ياۋروپا يېڭى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا بولغان رولى ۋە تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «2001 — 2002 - يىللىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ پىكىر يولى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ يېزىلىرىدا غەيرىي دېھقانچىلىق كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسىپلىرىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇش»، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش»، «شىنجاڭنىڭ ئۆچۈرلاشتۇرۇش كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇچۇر كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دائىر بىر قانچە چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «تېخنىكا نازارەتچىلىكىدە ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە رايونلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات»، «WTOغا كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى خەلقئارا سودا مەركىزى قۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي پەن - تېخنىكا كۈچىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاكسىيە بازارلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»تىن ئىبارەت.

2001 - يىلى 12 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: «شىنجاڭدا خەۋپ - خەتەر مەبلىغى سېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا ئىقتىسادنىڭ يېڭىدىن ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىگە دائىر مالىيە سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا مېۋىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدىكى ئىختىساسلىقلارغا قارىتىلغان تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ 3 - كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئوخشاشمىغان رايونلىرىدا نوپۇس، جەمئىيەت، ئىقتىسادنى ماس هالدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە سىستېما قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش ۋە سىستېمىلىق باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «زامانىۋى كارخانىلارنى ئىچكى قىسمىدا تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات»تىن ئىبارەت. بۇ تېمىلاردا ئالدىن بېكىتىلگەن تەتقىقات نىشانلىرى خېلى ياخشى ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايوننى تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك مەسلىھەت بىلەن تەمىنلىدى.

2001 - يىلى يۇمشاق پەن تەتقىقاتى تورىدىن 4ى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى 2 - دەرىجىلىك، 2سى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ چۈن

## سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھۋالى

بۇ تېمىنى يولغا قويۇش مۇددىتى 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولىدۇ. تېمىغا ئاساسلىق خىرىدار چىققان ئورۇن جۇڭگو پاختىچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى تېمىغا قاتناشقان ئورۇنلار: شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تېمىغا كېتىدىغان ئومۇمىي خىراجەت 12 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىن 4 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى، يەرلىك ئورۇنلار 8 مىليون يۈەن سەپلەپ بەردى. بۇ تېما شىنجاڭنى سۇپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن تېخنىكىلىق تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تېمىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئورۇنلار تەشكىللىنىپ ئۇلارغا ۋەزىپە تەقسىم قىلدى ۋە يادرولۇق ئۈلگە رايونى بولغان ئاقسۇ، قەشقەر ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلار بىلەن 2 - دەرىجىلىك تېما توختامى ئىمزالىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسال تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا گېكتار بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1800 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنىدىغان 20 مىڭ گېكتارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. جەنۇبىي شىنجاڭدا سۇپەتلىك مەخسۇس كېۋەز سورتى (سىستېمىسى) نى تاللاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتى، سۈپىتى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئوتتۇراھال ئۇزۇن تالالىق «كېۋەز سورتى - 5»، ئۇزۇن تالالىق كېۋەز سورتى «خەيمەن - 3»، رەڭلىك پاختا سورتى «رەڭلىك پاختا - 2» قاتارلىقلار بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 2 ناھىيە، بىر شەھەردە 55 مىڭ 300 گېكتار كېۋەزلىكتىن تۇپراق ئەۋرىشكىسىنى ئېلىش ۋە ئانالىز قىلىپ ئۆلچەش ھەمدە تۇپراق تىپى ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا ئېتىزلارنى ئوغۇتلاش سىنىقى تاماملاندى، ئاساسلىق جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى شارائىتىدا كېۋەزلىكتىكى تۇپراق ئوزۇقلۇقىنى باشقۇرۇش ۋە ئوغۇتلاش ئۇچۇر سىستېمىسىنى تاللاپ بېرەلەيدىغان يەككە كومپيۇتېر تاختىلىق يۇمشاق دېتاللارنى بارلىققا كەلتۈرۈش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى. ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونلىرىدا پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش ئامىلى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى تەڭشەپ تىزگىنلەش يوللىرى ئۈستىدە تەتقىقات، كېۋەزنىڭ پۈتۈن جەريانىنى مېخانىكىلىق يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات، «پايدىنى ئاشۇرۇپ، ئاپەتنى تىزگىنلەش» ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان رايون خاراكتېرلىك زىيانلىق ھاشارەتلەرنى بىئوئېكولوگىيىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئېكولوگىيىسى تەڭشەپ تىزگىنلىنىدىغان رايونلارنىڭ قۇرۇلمىلىق خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

خۇاڭ جۈەن

## كىچىك شەھەر - بازارلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى تورى

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر بولۇپ، ئۇنى قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭگىسخوزا بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي بازىرى ئۈستىگە ئالدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭگىسخوزا بازىرى 866.67 گېكتار يەردە مول ئۈزۈم بازىسى قۇرۇپ چىقتى، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1570 توننىلىق مول پېتى ساقلاش ئامبىرىنى يېڭىدىن قۇردى، 20 گېكتار كۆلەمدىكى شىكازى باقمىچىلىق مەھەللىسىنى باشلامچى قىلىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتتى. چىپار تاغ كەكلىكى، قارا سۆڭەكلىك توخۇ، توشقان قاتارلىق ئۆزگىچە قۇشلارنى باقتى، بازار بويىچە باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 604كە، بۇنىڭ ئىچىدە روېخەتكە ئالدۇرغان باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 58گە يەتتى. 80 گېكتاردىن كۆپرەك يەردە پەسىلسىز كۆكتات بازىسى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 40 گېكتاردىن كۆپرەك يەردە ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئۆلچەملىك پارنىك، 528 ئاددىي پارنىك ياسىدى، 264 گېكتار يەردە كۆكتات تېرىپ، 9775 كىلوگرام كۆكتات ئالدى، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. چىلان بازىسى قۇرۇلۇشى تورىدە 26.67 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىپ، 50 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك چىلان كۆچىتى ئۆستۈردى. 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بازار يولىغا ئاسفالت ياتقۇزدى، 52 مىڭ كۋادرات مېتىر پىيادىلەر يولى ياسىدى، 386 دانە يول چىرىغى ئورناتتى، 30 مىڭ كۋادرات مېتىر بازار رايونىنى كۆكەرتتى، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن غەربىي يۇرت توپ تارقىتىش بازىرى قۇردى، 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ

سېلىپ دۆلەت سودا بازىرىنى كېڭەيتىپ قۇردى، سودا ئاساس قىلىنغان تۈزۈلۈش كەسىپلەرنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. چىڭسىخوزا بازىرى كىچىك شەھەر - بازارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2001 - يىلى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن توختامدىكى كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ بولدى.

ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىنچۇي بازىرى «يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېسىل، تۆزگىچە دېھقانچىلىق بويىچە ئۈلگە باغچىسى قۇرۇش»، «10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) لۇق يۆلجۈرگەن بازىسى قۇرۇش»، «زىيانسىز كۆكتات بازىسى قۇرۇش»، «هۆل ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ۋە هۆل يېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇش»، «كالا - قويلارنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكىسى»، «ئالاھىدە باقمىچىلىق» ۋە «يېڭىخۇنى ھالىلىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش بويىچە ئۈلگە كەنتى قىلىپ قۇرۇش» قاتارلىق تۈرلەرنى تەشكىللىك يولغا قويدى، 35 خىل سۆيەتلىك باغۋەنچىلىك يېڭى سورتىنى كىرگۈزۈپ، باغۋەنچىلىك تېرىلغۇ كۆلىمىنى 266.67 گېكتاردىن كۆپەيتىپ، ئەتىۋارلىق كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمىنى 466.67 گېكتاردىن كۆپەيتىپ ئاشۇردى ھەمدە سۆيەتلىك سورتلارنى ۋە كېيىنكى تاقابىلچان سورتلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، كۆكتاتلارنى زىيانسىز قىلىپ ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، كۆكتاتلاردىكى زەھەرلىك ماددا قالدۇقى دۆلەت ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغان. 2000 كۋادرات مېتىرلىق هۆل يېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 12نى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتى. چەت ئەلنىڭ 6 كارخانىسىنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، 20 گېكتارلىق سانائەت باغچا رايونىنى بارلىققا كەلتۈردى. بازاردىكى ئاھالىلەر نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىپ، 13 كىلومېتىرلىق بېتون يول ياسىدى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئەنىنچۇي رايونىنى مەملىكەت بويىچە 500 كىچىك بازار قۇرۇش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنىدىغان ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزدى. 2001 - يىلى بازار بويىچە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 97 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 69 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليون 830 مىڭ يۈەن ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3265 يۈەنگە يېتىپ، 234 يۈەن ئاشتى.

چېن جيەنخۇا

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئەھۋالى

پەن - تېخنىكا نازارىتى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى خوتەن شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت - ئوبلاستنىكى ھەر قايسى نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 56 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 -كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا نازارىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لياۋ كاڭ بىلەن دوتسېنت چېن چىڭجۈننى خوتەن شەھىرىدە ئېچىلغان كۆكتات - باغۋەنچىلىك يېڭى تېخنىكىسى بويىچە 5 كۈنلۈك تەربىيىلەش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىن كەلگەن 86 نەپەر كەسپىي تايانچ ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكى تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. 2001 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى نامرات رايونلار ئۈچۈن 4 قارار كۇرس ئېچىپ، 700 دىن ئارتۇق خادىمنى تەربىيىلىدى.

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىكتە خوتەندە تۇنجى قارارلىق «يۇقىرى قاتلام رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش كۇرسى» ئاچتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ھاكىم (شەھەر باشلىقى) لىرى، ئىقتىسادىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلار، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىق) لار ھەمدە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇستەقىل ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 500 دىن كۆپرەك كىشى كۇرسقا قاتناشتى.

2001 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتلاق پونكىتى، بۆرۈلتوقاي ناھىيىلىك (دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە) بىلىتچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئۈچۈن پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر 2 تۈرىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى. بۇ تۈرلەر «قەشقەر ۋىلايىتىدە چۈچۈكبۇيىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش» ۋە «ئۇلۇغچۆر كۆلىدە بېلىقچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت. قاراقاش ناھىيىسى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر 9 تۈرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭغا 760 مىڭ يۈەن

ھەقسىز خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى.

چېن جيەنخۇا

# نەتىجە ۋە پاتېنت

## ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپات باھالاندى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپات باھالاندى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئاكادېمىك ۋۇ مىڭجۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شيا شۈنچىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىللىق پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بېرىش يىغىنىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلارغا مۇكاپات گۇۋاھنامىسى ۋە ھەر بىر كىشىگە 500 مىڭ



ئاكادېمىك ۋۇ مىڭجۇ

يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى. ئاكادېمىك ۋۇ مىڭجۇ ۋە تەتقىقاتچى شيا شۈنچىڭ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. «غەربىي رايون قوغۇن ـ تاۋۇز شاھى» دەپ نام ئالغان ئاكادېمىك ۋۇ مىڭجۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ 26 خىل يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر تۈركۈم سورت مەنبەسىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى، قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش، سورت يېتىشتۈرۈشتە كۆپ خىل يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەزەرىيىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. تەتقىقاتچى شيا شۈنچىڭ پۈتۈن ھاياتىنى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى. ئۇ ئېگىز ئاسانلارغا چىقىپ، قۇم



تەتقىقاتچى شيا شۈنچىڭ

دېڭىزلىرىغا كىرىپ، سىرلىق لوپنۇرنى 10 نەچچە قېتىم كېزىپ چىقتى، ئۇنىڭ تەشكىلاتچىلىقى ۋە رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

سوڭ چۈنخۇڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 6 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇلاردىن بىر تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات (بىر تۈر)

«قارا ـ 2» گازلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە ئاغلىقلاردىكى ئۇلترا يۇقىرى بېسىملىق گاز ئۆۋىسىنى چارلاپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز چەكلىك پاي شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئىدارىسى، چيۇ جۇڭجيەن قاتارلىق 15 كىشى).

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات (5 تۈر)

دىئامېتىرلىق مومېنت ئۆزگىرىشى تىزگىنلىنىدىغان ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكا (شىنجاڭ 3 ـ ئىستانوك زاۋۇتى، لو رېنچۈەن قاتارلىق 10 كىشى)، چوڭ تىپتىكى بىرىكمە ئاممىياك قۇرۇلمىسىنىڭ گۈڭگۈرتكە چىدامليق ئۆزگىرىشچان كاتالىزاتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە قوللىنىش (چىلو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى تەتقىقات يۇرتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتى خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى؛ جاڭ شىنتاڭ قاتارلىق 10 كىشى)، ئۇيغۇرچە -

خەنزۇچە ئاۋاز تەسۋىر بېرىش بىرگەدۋەلەشتۈرۈلگەن ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ھوشۇر ئىسلام، تۇرغۇن، ئىلھام، ئىلياس، ليۇ يۇڭجۇن، دىلشات، ئىبراھىم ئوسمان، مەرھابا ئەلى، پەرھات، مەۋجۇدە، ۋارىسجان، ئابدۇكېرىم)، ۋارونكىسىمان قۇم - لاتقا ئېقىتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جۇ جۇ، تاھىر روزى قاتارلىق 10 كىشى)، جۇڭگونىڭ «يىپەك يولى» رايونلىرىدىكى كۆپ مىللەتنىڭ قان قىزىل ئاقسىللىق قان كېسەللى ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، ئازادلىق ئارمىيە لىڭتۇڭ 2 - ساناتورىيىسى، ئازادلىق ئارمىيە 29 - دوختۇرخانا، ئازادلىق ئارمىيە 10 - دوختۇرخانا؛ لى خۇۋجۇن قاتارلىق 9 كىشى).

سۇڭ جۇنخۇڭ

## 94 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 94 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 4 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 23 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 67 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (4 تۈر)

«غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»تە تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىلىغا يەتكۈزۈلىدىغان 12 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بايلىقىنى باھالاش ۋە ئۇنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، سۇڭ ۋېنجيې قاتارلىق 12 كىشى)، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ ئالىي تاشيول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىشخانىسى قاتارلىق 5 ئورۇن؛ ئامان ھاجى قاتارلىق 12 كىشى)، ئاسما ئاغما شەكىللىك تەڭپۇڭ 14 تىپلىق ئېنېرگىيە تېجەش كاچالكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، لو رىنچۈەن قاتارلىق 12 كىشى)، لۇلياڭ كۆتۈرۈلمىسىدىكى ئۈچ بۇلاق كۆچمە نېفىت، گاز ئۆزۈسىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە چارلاش نىشانىغا باھا (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، ۋاڭ يىلىن قاتارلىق 12 كىشى).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (23 تۈر)

XJM—1S تىپلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك چارۋا - ئۇي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى؛ گو جىچېن، ئازات قاتارلىق 9 كىشى)، رومكىس K—1 ئوت ئۇرۇقىنى ئۆستۈرۈش، پىششىقلاپ پايدىلىنىش تەجرىبىسى (شىنجاڭ رومكىس يېشىل كەسپلەر چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ شى دېڭشۇي قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گازنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە بايلىق مەنبەسى، ئىقتىسادىي قىممىتىگە باھا (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى قاتارلىق 4 ئورۇن؛ لى چىمىڭ قاتارلىق 9 كىشى)، سەيبەن نېفىتلىكى 9 - قۇدۇق رايونىنىڭ شېيەن نېفىت ئۆزۈسىدىكى نېفىت مىقدارىنى بېكىتىش ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك مودېلىنى تەييارلاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ لى شىڭشۇن قاتارلىق 9 كىشى)، شىنجاڭ يېزا ئىچىملىك سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە سۇدىن تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى؛ گۇ شياۋمىڭ قاتارلىق 9 كىشى)، تەبىئىي لېكوپېن ئارىلىق سىنىقى (شىنجاڭ ھاياتلىق زاراڭزا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ۋېن گاڭ، فېڭ زوشەن)، توخۇ كېزىك ئاق تولغىقى سالمونىللا باكتېرىيە ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، بىئولوگىيە تېخنىكىسىنى نۇقتىلىق ئېچىۋېتىش تەجرىبىخانىسى، چېڭ جېن، سەيراگۈل، گۇ ۋېنشى، لى ۋېنرۇڭ، ھىممەت تۆمۈر، ۋاڭ شۇخۇي، خۇاڭ لىشى، چېن يى، چېن ۋېنفېڭ)، كىچىك تىپلىق ئۇدا پروكاتلاش ماشىنىسىدا تۆشۈكسىز پروكاتلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش («1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «1 - ئاۋغۇست» پاي شىركىتىنىڭ كىچىك تىپتىكى ماتېرىياللار زاۋۇتى؛ شياۋ گودۇڭ قاتارلىق 9 كىشى)، شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق سۇ مەنبەلىرىنىڭ مىقدارىنى يىراقتىن سېزىش ئارقىلىق باھالاش ۋە ئۆلچەش (شىنجاڭ ئېلېكتېرونكا مەركىزى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ چېن شى قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىنى

تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال تۈزۈش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكىسى ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىڭتۈەن سۇچىلىق ئىدارىسى؛ ليۇ يەنلياڭ قاتارلىق 9 كىشى)، ئادەم مەنبەلىك ئۆششاق دانچىلىك ئېخنوكوك ھۆجەيرىسى سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، جۇڭشەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي لازىمەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ لۈ جياخەي قاتارلىق 9 كىشى)، قاراماي نېفىتلىكىدىكى تېيىز قاتلاملىق قويۇق نېفىت زاپىسىنى زىچلاشتۇرۇپ ئېچىش، ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جاۋ چاڭگۈي قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى شايار كۆتۈرۈلمىسى ئەيشەك رايونىنى ئۈچ ئۆلچەملىك تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش (غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ ياڭ لىن قاتارلىق 7 كىشى)، «305» تۈرىنىڭ دۆلەتنىڭ زور پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇشتىكى يېڭىلىق يارىتىش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش (شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى، جۇڭگو باشقۇرۇش پەن تەتقىقات يۇرتى چېڭدۇ پەن - تېخنىكا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنى، سىچۈەن دۇڭخۇا ئۇنىۋېرسال پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن-تېخنىكا - ئىقتىسادىي سىستېما قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئورنى؛ ليۇ بو قاتارلىق 5 كىشى)، يالتىراق نۇرنىڭ كۆپ خىل مەنبەدىن توپۇقسىز ئۇچۇپ قېلىش پرىنسىپى بويىچە ئوپتىك تالانىڭ خىمىيىلىك جەريانىغا ماسلىشالايدىغان سېنزور ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى؛ چېن جيەن قاتارلىق 9 كىشى)، شىنجاڭدىكى چۈشەن تۈرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش چوڭ ئەترىتى؛ چېن جىنچۈەن قاتارلىق 8 كىشى)، «خېنەن كېۋىزى - 15»نى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق باش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى؛ لۈ چۈنخېڭ قاتارلىق 9 كىشى)، كۇچا تاغ جىلغىسى چۆكمە قورشالمىسىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ پى شۆجۈن قاتارلىق 9 كىشى)، چۆللۈكتىكى شورلاشقان رايونلارنىڭ ئېتىز ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ ۋاڭ جوچيۇڭ قاتارلىق 9 كىشى)، جۇڭغار ئويمانلىقى موسۇۋەن شىمالى 2 - قۇدۇقنى يۇقىرى پەرقلەندۈرۈش نىسبىتىدە ئۈچ ئۆلچەملىك تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى؛ خۇاڭ يۈنپىڭ قاتارلىق 9 كىشى)، چۆل يالپۇزى بىلەن شىنجاڭ چۆل يالپۇزىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئاكتىپلىقى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى؛ روناق رەسىم قاتارلىق 9 كىشى)، كۆپ ئېلېمېنتلىق بېسىمغا سەزگۈر نانومېتىرلىق فار فور ماتېرىيال ۋە پلاستىنكىسىمان زاپچاسلار ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى؛ كاڭ شۈيا قاتارلىق 8 كىشى)، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە تارقىلىشى ئاجىز، ئاز سىرغىپ چىقىدىغان نېفىتلىكنى سۇ تەركىبى ئوتتۇراھال مەزگىلدە ئېچىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ سۇن يۈكەي قاتارلىق 9 كىشى).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (65 تۈر)

ئۆسۈملۈكتىن چاشقان دورىسى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى؛ ۋاڭ ئەيجىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، كۆمۈرلىكتىكى زىيانلىق جانىۋارلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، قاغىلىق ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى؛ ياۋجۇ، ئەختەم قاتارلىق 7 كىشى)، كېۋەز غوزىسىنى قوغدايدىغان يوپۇرماق دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش (جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ساۋ يېپىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، 5 - رايون ئىككىلەمچى سىستېمىسى ئۈستۈنكى ئورخو گورۇپپىسىنىڭ نېفىت زاپىسىنى دومىلىما تەكشۈرۈپ ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋېن يۈگۈي قاتارلىق 7 كىشى)، سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان «يىلوڭ» ماركىلىق ئاسفالتنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتى؛ ما شۆجيې قاتارلىق 7 كىشى)، بىر يىلدا 3 قېتىم ھوسۇل ئېلىپ ئاشلىق بىرلىك ھوسۇلىنى بىر توننىدىن ئاشۇرۇش تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۆلگە

كۆرسىتىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇت تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى؛ شى داگاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قاپلىق قۇرت كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان سەزگۈر شواك كېسىلىنىڭ قوزغىلىش مېخانىزمىغا دائىر تەجرىبە تەتقىقاتى (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ ۋېن خاۋ قاتارلىق 7 كىشى)؛ «شىنجاڭ مۇچى - 6»نى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇرۇقىنى كەسپىلەشتۈرۈش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات تەتقىقات ئورنى؛ گې جۈفېن قاتارلىق 7 كىشى)، كېۋەزنىڭ سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق، كېسەلگە تاقابىلچان سورتىنى تاللاپ كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش (شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق باش پونكىتى، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، بورتالا ئۇرۇقچىلىق پونكىتى؛ لى ۋېنگاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، غاجىلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ E تىپلىق جىگەر ياللۇغىنىڭ ھايۋانلار مودېلىنى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئورنى؛ جاۋ سۈيۈەن قاتارلىق 6 كىشى)، ياڭاقنى تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرۈپ سەرخىللاشتۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۈزلەڭلىك ئورمانلىقىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغلىق دان ئورمانچىلىق مەيدانى؛ ۋاڭ گوئەن قاتارلىق 7 كىشى)، شىمالىي موسۇۋەن نېفىتلىكىدە تېخنىكا كالونى چۈشۈرمەي بۇرغىلاش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سۇڭ يۇشىن قاتارلىق 7 كىشى)، 20 - 9 تىپلىق بالوننىڭ يۈك كۆتۈرگەن ھالەتتىكى سۈرئىتى ۋە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ كۇئېنلۇن پاي چەكلىك شىركىتى؛ ياڭ ۋېيمىن قاتارلىق 7 كىشى)، مۇرەككەپ ۋۇگۇچۇڭ دانچىسىمان دورىسى، «شىكالڭ» ماركىلىق يۈرەك - مېڭە دانچىسىمان دورىسى، تيەنشياڭدەن دورىسى قاتارلىق دورىلارنى ياساش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ جۇڭيى دوختۇرخانىسى؛ خۇ شياۋلىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قول - پۇتلارغا قان يېتىشمىگەندە قان بېرىش ۋە يۈرەكتىن يىراق ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشىنى دەسلەڭ ئوكۇلى ئارقىلىق داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ چېن جيەنچاڭ قاتارلىق 4 كىشى)، كېۋەزنىڭ سۈپەتلىك سورتلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش (شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق باش پونكىتى؛ شى چاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، 1 / 1 كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىدا ئۇنىۋېرسال تېخنىكا ئۆزگەرتىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى؛ چېن جۇنخاۋ قاتارلىق 7 كىشى)، يوللارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىقتىدارى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالتنىڭ ئىشلىتىلىشى (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى، چاڭئەن ئۇنىۋېرسىتېتى، جىنشى كەسپىي گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى؛ ليۇ تاۋ قاتارلىق 7 كىشى)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى 4 چىڭشۇر ئويۇلمىسى نېفىت گاز زاپىسىنىڭ شەكىللىنىش، ساقلىنىش شارائىتى ۋە تەكشۈرۈش نىشانىغا باھا (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋۇ شياۋجى قاتارلىق 7 كىشى)، يېرىقسىمان تۆۋەن سىڭگۈچان نېفىت زاپىسىدا پۈتۈن گەۋدىلىك سۇ توسۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ لى بىن قاتارلىق 7 كىشى)، 10 مىڭ مولۇق قۇمۇل چوڭ چىلىنى ئۆلگە كۆرسىتىش باغچىسى ۋە سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشى (قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىلان تەرەققىيات مەركىزى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، قۇمۇل شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى؛ جاۋ لىنجۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ كېۋەزلىرىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، ئاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى؛ جوڭ يەنلوڭ قاتارلىق 7 كىشى)، تارىم ئويمانلىقى تۇز قاتلىمىنى بۇرغىلاش تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ تاڭ جېپىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى بىمارلىرىنىڭ قان پىلازمىسىدىكى يۈرەك ناترىي ئېلېمېنتى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ خۇاڭ شيوفاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، سۇچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يايلاق تەتقىقات

ئورنى؛ چېن يانىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، 50 مىڭ مو (33.3333 گېكتار) كۆلەمدىكى ئەلا سورتلۇق قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات سورتى يېتىشتۈرۈش بازا قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش (سانجى شەھەرلىك باغۇەنچىلىك مەيدانى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جاۋ ۋېنيەن قاتارلىق 7 كىشى)، يانار تاغ جىنسلىرى قاتلىمىدىكى قۇدۇق ئۆلچەش سىگنالىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتى؛ دەي شىخۇا قاتارلىق 5 كىشى)، قۇدۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ لى باۋگوي قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ نېفىتلىكىگە سۇ - گاز بېرىشنى سەرخىللاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋېن يوگوي قاتارلىق 7 كىشى)، ئاقبۇلاق نېفىتلىكى مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ياڭ شۆۋېن قاتارلىق 7 كىشى، يۈرەك قېپىغا سۇ يىغىلىپ قېلىشنى ئۈتكۈزگۈچ تۇرۇبا ئارقىلىق داۋالاشنى كلىنىكىدا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ تيەن ۋېنچىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، ئۆي ھايۋانلىرىدىكى سالجىنى يوقىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك دورىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى؛ ۋاڭ گۇاڭلېي قاتارلىق 6 كىشى)، SF10W/30 بېنزىن - ئاپتولنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى؛ يەن خاۋ قاتارلىق 4 كىشى)، 5 ۋىلايەت- ئوبلاستتا 1 مىليون مو ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى؛ شۇ جيەن قاتارلىق 7 كىشى)، قاراماي خام نېفىتىدىن سۇلغۇنىك كىسلاتا تۇزى ۋە نافتېناتنى ئايرىپ ئېلىش تەتقىقاتى ۋە سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتى؛ خۇا جۇڭفۇېن قاتارلىق 7 كىشى)، ئۈرۈمچى رايونىدا يەر تەۋرەشنى يىراقتىن ئۆلچەش رەقەملىك تورى قۇرۇلۇشى (ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى؛ دۇەن تيەنشەن قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭنىڭ پاختا، بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى كۆمۈلاچلاش دورىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، قاغىلىق ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، قارغىلىق ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى؛ ما چى قاتارلىق 7 كىشى)، لىتىينىڭ چاشقاننىڭ كۆپىيىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىممۇنىتېت كۈچى ۋە ئېرسىيىتىگە بولغان زەھەرلەش تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاممىۋى سەھىيە ئىنستىتۇتى؛ سۇڭ شۇخۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قۇملۇق ۋە چەت رايونلاردىكى يەر يۈزىگە يېقىن تۆۋەن سۈرئەتلىك بەلۋاغنى ھەرىكەتسىز توغرىلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە سىلىشتۇرما تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى؛ يەن جيې قاتارلىق 7 كىشى)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى تەبىئىي ئويۇلمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا، تېيىز قاتلامدا نېفىت توپلىنىش قانۇنىيىتى ھەم يەمشى، يالقۇنتاغ نېفىتلىكىنى بايقاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى قىدىرىپ ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ لى خۇاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، خادا 4 تۆۋەن ئېقىم نېفىتلىكىنى بايقاش ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ لياۋ تاۋ قاتارلىق 7 كىشى)، كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ يەر قاتلىمىدا قۇدۇق بۇرغىلاش تاماملانغاندىن كېيىن سۇيۇقلۇق بېرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق بۇرغىلاش - نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ يولڭ فۇخۇا قاتارلىق 7 كىشى)، ئومۇرتقا غول ئارتېرىيىسىنىڭ قان تەمىنلىشى يېتەرلىك بولماسلىقتىن بولغان باش قېيىش ئۈستىدىكى SPECT تەتقىقاتى (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ تەن يۇخۇي قاتارلىق 7 كىشى)، تاللاش خاراكتېرلىك ئومۇرتقا نېرۋا ئالدىنقى تۈگۈننى كېسىش ۋە تارتىشىش خاراكتېرلىك مېڭە پالەچ ئەتراپ نېرۋىسى، سۆڭەك مۇسكۇللىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى مىكرولۇق تۈزۈلۈشى ئۈستىدە تەتقىقات (ئازادلىق ئارمىيە 23 - دوختۇرخانىسى؛ چېن شياۋجۈن قاتارلىق 7 كىشى)، بىر قانچە خىل ئۆزگىرىشچان مودېلنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش - تىزگىنلەشتە قوللىنىلىشى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ خۇ شىجيەن قاتارلىق 5 كىشى)، دەستىلىك پومپا بىلەن نېفىت ئېلىشتا گازدىن، تاكىت چىقىمىدىن ساقلىنىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ ۋاڭ جېنسۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قەشقەر ۋىلايىتىدە

كېۋەز ئېتىزىدىكى توسالغۇ ئامىللارنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش، ئوڭشاش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ تۆۋراق - ئوغۇتچىلىق خىزمىتى پونكىتى؛ شياڭ شياڭشياڭ قاتارلىق 7 كىشى). ساپ پاختىدىن ئىشلەنگەن پادىچى رەختى ۋە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىنرشىلىق پاتلاش تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ مېيىيا پادىچى رەختى زاۋۇتى؛ لوڭ دېشۇ قاتارلىق 7 كىشى). ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، رۇسچە مەشغۇلات سىستېمىسى forwindows98 — (شىنجاڭ 488 تەتقىقات ئورنى؛ دېڭ شۇبىن قاتارلىق 7 كىشى). تاقاق ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان تورۇبا بىلەن بۇلدۇقلىتىپ تېجەشلىك سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ سۇچىلىق باش پونكىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سۇچىلىق باشقارمىسى، سانجى ئوبلاستلىق سۇچىلىق باش پونكىتى؛ پېڭ لىشىن قاتارلىق 7 كىشى). ئىلى ياۋروپا ياۋا ئالگىراتىنىڭ بايقىلىشى ۋە تارقىلىشى (ئىلى ئوبلاستلىق باغۋەنچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى؛ لىن پېيجۈن قاتارلىق 4 كىشى). نېفىتلىكتە نېفىتنى سىناق قىلغاندا يەر ئۈستى ئېقىن لىنىيىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت سىناش شىركىتى؛ ۋاڭ زۇۋېن قاتارلىق 7 كىشى). تۇغما خاراكتېرلىك يانپاش سۆڭەك چىقىپ كېتىشنى كىلىنىكىدا دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش ۋە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئاپپاراتىدا تەكشۈرۈش (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ تيەن بېجاۋ قاتارلىق 7 كىشى). ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى ئۈستىدىكى يۈرۈشلۈك تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ خۇاڭ يىفېن قاتارلىق 7 كىشى). دېھقانچىلىق بىجى يىغىشنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى؛ تاڭ جياڭ قاتارلىق 7 كىشى). جۇڭگو تېبابەتچىلىك ژۇرناللىرى ئىلمىي ماقالىلىرىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تېبابەتچىلىك ئىنستىتۇتى؛ جۇ مىڭشىن قاتارلىق 3 كىشى). بالىياتقۇ بويىنى راكى ئېتنولوگىيىسىنىڭ مولېكۇلا بىئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى؛ لالە سوزۇك، ئامى. ئىنو، مەمەت ئېلى، گۈلنار، چېن شياۋ). يەمشى يۇمشاق قۇمتاش قاتلىمىدىكى نېفىت زاپىسىنى كىسلاتالاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش-ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش - نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ (سۇن جوڭجيې قاتارلىق 7 كىشى). قوغۇن پىتى، سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تەتقىقات (تۇرپان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى؛ ليۇ فاڭجېڭ قاتارلىق 7 كىشى). «خۇايۇ» ماركىلىق ئورگانىك بىرىكمە ئوغۇتنى تەتقىق قىلىپ ياساش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك خۇاشىن چارۋىچىلىق - سانائەت - سودا شىركىتى، ياڭ جيۇەن قاتارلىق 7 كىشى). قىزىل ئۆڭگەچنىڭ ياخشى-يامان سۈپەتلىك تارىيىشىنى ئاشقازان ئەينىكى ئاستىدا مىكرودولقۇن ئارقىلىق كېڭەيتىپ، تىرەك قويۇپ داۋالاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ ئۆسمە كېسەللەر دوختۇرخانىسى؛ چيۇ فېڭ قاتارلىق 4 كىشى). بورتالا ئوبلاستىدا ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (بورتالا ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، بورتالا ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى؛ لى شيافېي قاتارلىق 7 كىشى). تۆۋراق، ئوغۇت ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قوللىنىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، جياڭ پىڭئەن قاتارلىق 7 كىشى). گۆش كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە بورداش سىنىقى (قاراماي شەھەرلىك دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى؛ لى جۈن قاتارلىق 7 كىشى). يۈرەك مۇسكۇلى تورمۇزلىنىپ قالغاندىكى رېنىن ئانگىئوتېنسىن سىستېمىسىنىڭ دائىرىلىك ئۆزگىرىشى ۋە دورا ئارقىلىق ئاسراشنىڭ رولى ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ جيا چىنخۇي قاتارلىق 7 كىشى).

سۇڭ چۈنخۇڭ

## پاتېنت خىزمىتى

2001 - يىلى مەملىكەتلىك پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىدا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 7 پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتىدىن بىرى تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى تاماملىدى، يەنى قاراماي شەھەرلىك پاتېنت ئىشلىرى ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى قاراماي شەھەرلىك شىنى پاتېنت ئىشلىرى ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شىنجاڭ پاتېنت مۇلازىمەت مەركىزى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك پاتېنت ئىشلىرى

ئورنى تۈزۈم ئىسلاھاتىنى كېڭەيتتۇردى، سانجى ئوبلاستلىق پاتېنت ئىشلىرى ئورنى، ئۈرۈمچى پاتېنت ئىشلىرى ئورنى، بىڭتۇەن پاتېنت ئىشلىرى ئورنى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ پاتېنت ئىشلىرى ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسىگە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كەشپىيات - ئىجادىيەت ئىلمىي تەربىيىۋى ئىجادىيەت كۆرگەزمىسى ۋە بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش - مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تارقىتىش ھەرىكىتى كۈنى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە ياشلارنىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر 100 تېما بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 2000 پارچە سىناق سوئالى تارقاتتى، ئۇنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش نىسبىتى %8. 90كە يەتتى، دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى تارقاتقان «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. «26 - ئاپرېل» تۇنجى دۇنيا بىلىم مۈلۈك هوقۇقى كۈنىنى تەبرىكلەش ۋە خاتىرىلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى ۋە پەن - تېخنىكا نازارىتى بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك هوقۇقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى» ۋە «بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر ياخشى خەۋەر»لەرنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 5 كىشىنى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 8 كىشىنى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 18 كىشىنى باھالاپ چىقتى. تارباغاتاي ۋە بىڭتۇەن بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىلىرى قۇرۇلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن، تارباغاتاي 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بىڭتۇەن 11 - ئاينىڭ 6- كۈنى ۋىۋىسكا ئاستى. 8 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئاخىرلىرى ش ئۇ ئا ر كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى كۈيتۇڭ شەھىرى ۋە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى، 57 ئادەم تەربىيىلەندى. مۇشۇ يىلدا بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر دوكلات يىغىنى ۋە مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىدىن 15 قارار (قېتىم) ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ۋە ئېچىلىپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «مەملىكەت بويىچە يېڭىلىق يارىتىش چولپانلىرىنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى» بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايوندىن 4 ماقالە تاللاندى. شىنجاڭ بويىچە 1088 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 189، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 683، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 216؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى 882، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 19، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ 38، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 141، ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ 8. پاتېنت هوقۇقى بېرىلگىنى 755، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 90، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 522، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 143، شەخسىي پاتېنت 569، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 9، زاۋۇت، كان- كارخانىلارنىڭ 60، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 110، ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ 7. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پاتېنتنى قوغداش - تېخنىكا باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ يىلدا پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 16 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا دائىر دېلو 15، ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر دېلو بىر، 9 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 5 دېلو مۇرەسسە قىلىندى، 2 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلمىدى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى بىلەن ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىرلىشىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلارنىڭ پاتېنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايوندا پاتېنت بويىچە 1 - تۈركۈمدە سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن كارخانىلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ مايتاغ تيەنلى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شەرق» ئوسما پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تيەنكاڭ بىئو تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ۋېيشىدا بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ تېغىڭ دورا پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ دېلوڭ (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش تۈرى پىلانىدا 7 تۈر يېڭىدىن بېكىتىلدى، پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خې يىڭگو

## شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىكى قىسمەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت نامى مۇندەرىجىسى

پاتېنت ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىيات نامى (30 تۈر)

تۆمۈريول يولۇچىلار ۋاگونىنىڭ سۇ سىستېمىسى،

ئاپتوموبىللارنىڭ ياسقۇچلۇق ۋە ياسقۇچسىز سۈرئەت ئۆزگەرتىش قۇرۇلمىسى، كۆپ، مۇرەككەپ رېتسىپلىق بىر گەۋدىلىك مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى ھۆل پېتى ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى مەھسۇلات ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، ماي قالدۇقىدىن تەييار ئوزۇقلۇق مېيى ئاجرىتىۋېلىش ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسۇلى، ئىچىگە شىرنە ئېلىنغان توڭلىتىلما مېۋە ئىچىملىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى، يوپۇرماق چۈشۈرىدىغان ئورپىيە ۋە ئۇنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى، ئالقاتتىن ئېچىتىپ ئىشلەنگەن ساغلاملىق ھارىقىنى ياساش ئۇسۇلى، تېمىتىپ سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس كۆمۈلمە تورۇبا ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى، چارۋا ماللارغا بېرىلىدىغان بىرىكمە يالىما خىش، تاشيوللاردىكى قار ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى، سۇدىن ساقلىنىدىغان سۇۋاق ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى، ئىسپىرتسىز ئېچىتىلغان ساغلاملىق ئىچىملىكى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى تېمىتىپ سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان كاپىللىيار نەيچىلەرنى يىغىۋېلىش ماشىنىسى، سۆڭەك تېگىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ سېمەن، ھەمدە ئىشلەنگەن سۆڭەك تېگىش مەلھىمى، بوغاز ئاتتىن بىرىكمە پروگېستىن ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى، پار تېپلىق ئىسسىنىش سىستېمىسى، دورىلارنىڭ سۈيۇقلۇقىنى ئۇدا ئۆلچەيدىغان ئوپتىك تالالىق سېنزورنىڭ كۆپ ئۆتمە يوللۇق ئالماشتۇرغۇچى ئەسۋابى، ئوپتىك تالا خىمىيىلىك سېنزوردىن پايدىلىنىپ پاسكىنا سۇ تەركىبىدىكى 6 ۋالېنتلىق خروم مىقدارىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى، ئاياللار كېسەلىنى داۋالايدىغان سىرتقى دورا، تەبىئىي گاز يېقىلغۇ قىلىنىدىغان راكېتا ئىتتىرىدىغان ـ برونە تېشىدىغان پارتلاتقۇچ سىنارەد، مەخسۇس لەغمەن ئۇنى، مۇرەككەپ كاۋاك خىش، ھالقىسىمان ئۈچ فازىلىق ترانسفورماتور ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، چۈچۈكبۇيا تىرىپىدىن يەم ـ خەشەك ياساش تېخنىكىسى، Z — N — (N' — بېنزىل) پرولىن ـ ئامىنو ـ بېنزوفېنول ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، 8 خانىلىق GB11383—89 ياكى ASCII بىلەن ياندىش بولغان خەنزۇچە تاۋۇش ـ ھەرپ بەلگىلىرى توپلىمى، بىر خىل زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورا خالتىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 4 پەسىلدە ئىشلىتىدىغان، دالا ئۇرۇشىدا ھاۋا تەڭشەيدىغان ئاياغ، باش كىيىم نانومېتىرلىق كالتسىي كاربونات دانچىسىنى ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن كاربونلاشتۇرۇلغان رېئاكتور.

ئەمەلىي يېڭى تىپ نامى (74 تۈر)   تەكشى تەگلىك توك قازان، ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق بىخەتەر يول يورۇش ئېلېكترونلۇق سىگنال ئەسۋابى، ساياھەتچىلەر چىش چوتكىسى، تاق يۆنىلىشلىك چاقى تەڭشىلىدىغان ماياتنىكلىق ئېلېكتر ماتور، تورۇبا سۈيىگە يود قوشۇش قۇرۇلمىسى، نېفىتلىككە سۇ بېرىش قۇدۇقلىرىنىڭ يەر ئۈستىدىكى تۇراقلىق ئېقىن مىقدارىنى تىزگىنلىگۈچ، سۇيۇق جىسىملىق قەرەللىك ۋېنكلىيوچاتېل، مۇرەككەپ تېرموس قاپقىقى، تورۇبىلارنى رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ئەسۋاب، مۇھىت ئاسرايدىغان كاۋاپدان، بىر خىل ئۆزگىرىشچان مومېنتلىق كاچالكا، پول سۈرتكۈچنىڭ سۈيىنى سىققۇچى ئەسۋاب، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى ھۆل پېتى ساقلاش مۇھاپىزەت تەگلىكى، سىلىندىرسىمان تاماق قاچىسى، بىر خىل كاچالكىلىق قۇدۇق قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە تېجەشلىك پارقازان، قوشلارنىڭ تۇخۇمىنى پىشۇرىدىغان بىر خىل قېلىپ، قىرغۇچ تاختىسىمان توشۇش ماشىنىسىنىڭ ئۇزارتىشقا ۋە قىسقارتىشقا بولىدىغان باش ۋە ئاخىرقى قىسمى، قويلارغا مەددە چۈشۈرۈش دورىسى سېلىش ئەسۋابى، سۇ تورۇبىسىدىن سۇ ئېقىشىنى توسقۇچ، كانەيلىك ئۈرە پارقازان، سۇدىن قۇتقۇزۇش ئەسۋابى، ھەممىباب قولايلىق سايمان، ئۆزگەرتىلگەن شاركلاپان، ئائىلىلەردىكى كېرەكسىز سۇدىن قايتا پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى، تاھارەتخانىلاردىكى كېرەكسىز سۇدىن قايتا پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى، يىپەك يىپ بىرىكمىلىك ھىملاشتۇرغۇچى چەمبەر تەگلىك، بىرىكمە تازىلىق چوكىسى، توك كاۋاپدان، ئاپتوماتىك دېرىزە پەردە جازىسى، گاز سۇمۇرىدىغان ئۆزۈلۈپ تېرىش ئەسۋابى، سۇ ئېقىپ قالغان تورۇبىلارنى ھىملەش قۇرۇلمىسى، ئەپچىل ياستۇق، بىرخىل گۈل تەشتەك جازىسى، ئاپتوماتىك پەردە تارتقۇچ، مەنپىي ئىئونلۇق ياتېلېفون، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان پار ـ سۇ بىلەن ئىسىتقۇچ، بىر خىل دەستە پومپىلىق بېسىمسىز قۇدۇق كلاپانى، تېمىتىپ سۇغىرىدىغان تورۇبا، سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزىدىغان سېيالكا، بىرخىل نورمال بېسىملىق پار قازان، خەت يېزىش ـ خەرىتە سىزىش تاختىسى، سوغۇق پىرېسلاش ماشىنىسىنىڭ بېسىم كۈچىنى تېز تەڭشەش قۇرۇلمىسى، بىر خىل تېز ئۆلچىگۈچ، باكنىڭ تېگىنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان كلاپان، گازىر مېغىزىنى ئاپتوماتىك ئاجرىتىش ئەسۋابى، كۆپ ئۆتۈشمىلىك پىرقىرىما كلاپان، بېشى تورمۇزلىنىدىغان مۇرەككەپ كلاپان، ماسكا، بىر خىل ئارىلىق ئاپتوموبىلغا سەپلەپ ئىشلىتىلىدىغان قېزىش ـ توشۇش قۇرۇلمىسى، گىرە، توك بىلەن ئىشلەيدىغان پاختا يىغىش قۇرۇلمىسى، ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان دىئوگاتېل، رەسىم ئۈستەلى، ئۆزگەرتىلگەن دولقۇنسىمان تورۇبىنى ئۇزارتىش ـ قىسقارتىش ئەسۋابى، تۆۋەن بېسىملىق كۆپ ئىقتىدارلىق داغمال، سۇيۇقلۇق بەرگەندە ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى، قولايلىق ئەسۋاب، ئۆزگەرتىلگەن سۇيۇقلۇق بېرىش ئەسۋابى،

بەل ئومۇرتقىلىرى قىسىلغان سۆڭەك سۇنۇقى ئاسما كارىۋىتى، مۇرەككەپ ئاسما چىراغ، قوش يېقىلغۇ ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللاردىكى پارلىنىشنى بىخەتەر تەڭشەش ئەسۋابى، تاش كېسىش ماشىنىسى، گاز سۈمۈرىدىغان سىقدارلاپ ئۆۋىلاپ تېرىش ماشىنىسى، يۆتكەشكە بولىدىغان تېمىتىپ سۇغىرىش ماشىنىسى، تۆمانلاتقۇچ گاز كامېرىنىڭ ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان باش قىسمى، قۇتسىمان ئاپتوماتىك بەلەي، ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگۈچ، چاچ ئۆستۈرىشنىڭ تازىلىق مۇداپىئە قورۇلمىسى، ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپى، قوش قاناتلىق ئاپتوماتىك باسماق قاتلىنىدىغان ئۆلانما شوتا، سۇلياۋ بوتۇلكا، كىرا ماشىنىلىرىنىڭ توك سوققاندا ئېتىلىپ چىقىدىغان مۇھاپىزەت ئېكرانى، يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان سۇيۇق بېسىملىق ئايلانما سۇ كلاپانى.

تاشقى كۆرۈنۈش لايىھەچىلىرىنىڭ نامى (34 تۈر):
ئاياغ كىيىم ئىشكاپى (01300552)، هاراق بوتۇلكىسى (01301773)، هاراق قۇتىسى (01302204)، گازىر خالتىسى (01302865)، كۆرسەتمە جازا (7) (01303159)، خوتەن پەيغەمبەر هارىقى ماركا بەلگىسى (01303203)، ئۈزۈم هارىقى ماركا بەلگىسى (خوتەن گۈزىلى) (01303204)، خوتەن گۈزىلى ئۈزۈم هارىقى قۇتىسى (01303207)، خوتەن ئەتىرگۇل خانىش ئۈزۈم هارىقى قۇتىسى (01303211)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (ئاشلىق - يېمەكلىك) (01303496)، بوتۇلكا بەلگىسى (2) (01304795)، بوتۇلكا بەلگىسى (0130496)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (01304853)، مىللىيچە كالىندار (01304858)، قارت (01305021)، يېمەكلىك خالتىسى (01305027)، سىزىقلىق - كاتەكچىلىك دەپتەر (01305311)، قاچىلاش قۇتىسى (01305316)، ماركا بەلگىسى (2) (01305344)، ماركا بەلگىسى (1) (01305345)، قاچىلاش خالتىسى (01305316)، قاچىلاش خالتىسى (يەنشىڭگو تەملىك خاسىڭ مېغىزى ئۈچۈن (01305367)، ساپان جازىسى (01305425)، غىجەك بېشى (01305615)، ئاپتوماتىك موي قەلەم (ئالاھىدە) (01307236)، يۇمىلاق باشلىق قەلەم (ئاپتوماتىك سۇ بېرىدىغان) (01307237)، ئاپتوماتىك موي قەلەم (4—7CM) (01307238)، ئاپتوماتىك موي قەلەم (1 — 3CM) (01307239)، ئاپتوماتىك يۇمىلاق باشلىق قەلەم (يۇمشاق) (01307240)، ئاپتوماتىك موي قەلەم (8 — 10CM) (01307241)، تۇڭ (011) (01307247)، ۋىۋىسكا (01307431)، گازىر خالتىسى (01308541).

خې يىڭگو

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇ- رۇش - كېڭەيتىش ئەھۋالى

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى

پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشچىلىقىدا مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە سىستېمىسىدىكى 12 ئورۇندىن 120 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» خىزمىتى مۇلازىمەت ئۆمىكى تەشكىللەندى. پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدا يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، پىروفېسسورلار، ئالىملار، پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن 31 كىشى پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇلار نىيە، كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن شەھىرى، خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ يېزا - بازارلىرىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى، قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش، پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى ئېلىپ باردى. دېھقان - چارۋىچىلارغا 233 مىڭ 500 پارچىدىن كۆپرەك ھەرخىل پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى، 1000 پارچىدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا كىتابى تارقىتىپ بەردى، 200 دىن كۆپرەك ئەسقاتىدىغان پەن - تېخنىكا سىن فىلىمى ھەدىيە قىلدى، تېخنىكىغا دائىر ھەرخىل مەسىلىلەرگە 5000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك جاۋاب بەردى، 100 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىگە قاتناشتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى چىرا ناھىيىسىنىڭ ئۇلۇغساي يېزىسى يۇرۇڭقىر كەنتى، گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسى قاتار دۆڭ كەنتىنى تاللاپ قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىپ، شۇ يەردىكى يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

**تۇنجى نۆۋەتلىك «پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى» پائالىيىتى** 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى» پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى «ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت بولدى. 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن سانجى شەھىرىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە چاتما لېكسىيە سۆزلەش، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەت داۋامىدا 300گە يېقىن ستۇدېنت، مىڭغا يېقىن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىسى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى، 20 دىن كۆپرەك ئورۇندىن چىققان ئالىم، پروفېسسور، پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن بولۇپ 80 دىن ئارتۇق كىشى ۋە 10 دىن ئارتۇق ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن 15 مۇخبىر پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇلار 200 دىن ئارتۇق ھەرخىل پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى، 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل تەشۋىقات كۆرگەزمە تاختىسى، ئاسما رەسىملەرنى ئالغاچ باردى، 17 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە پەن - تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بەردى. مۇتەخەسسىسلەر قىممىتى بار 3200 گە يېقىن قىيىن مەسىلىگە جاۋاب بەردى، دېھقان - چارۋىچىلارغا 92 مىڭ 900 نۇسخا پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىپ بەردى، 2000 دىن كۆپرەك سېتىۋېلىش-سېتىش توختامى ئىمزالىدى، ئازكەم 10 مىڭ يۈەنلىك دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرى مەھسۇلاتىنى ساتتى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 8500 دېھقان قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە پائالىيىتىگە 100 دىن ئارتۇق ئورۇندىن كەلگەن 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 3000 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. 50 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالى، كىتاب - ژۇرنال تارقاتتى، 300 پارچىدىن كۆپرەك ئاسما رەسىم ۋە كۆرگەزمە تاختىسى قويۇلدى، 12 قاپ ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىسى قويۇلدى. 30 مىڭدىن كۆپرەك شەھەر ئاھالىسى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

چېن جيەنخۇا

## 12 - نۆۋەتلىك «قىشلىق پەن - تېخنىكا» پائالىيىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 12 - نۆۋەتلىك «قىشلىق پەن - تېخنىكا» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 9 - بەش يىللىق سايا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئۆزگىچە تېرىقچىلىق ۋە ئۆزگىچە باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتتى. ھەرخىل كۇرستىن 20 مىڭ قارار ئېچىپ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا ۋە بازار ئىگىلىكى بىلىمى بويىچە تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 75 مىڭ يېزا پارتىيە ئەزاسى، ئاساسىي قاتلام كادىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## شەھەر رايونلىرىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كورلا، قاراماي، سانجى قاتارلىق شەھەرلەردىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە شەھەر رايونى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئاساسلىق كوچا يوللىرىغا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جازىلىرىنى ئورناتتى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە «ئىلىم - پەن ۋە سالامەتلىك» ناملىق كۆرگەزمە ئاچتى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە 80 ناھىيە - شەھەردىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى «ئىلىم - پەن، مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش» تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمە كۆرگۈچىلەر 1 مىليون ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا «بىدئەتكە قارشى تۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش» بويىچە مىليون ئاممىنىڭ ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 50 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى




2001 - يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. رەسىمدە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى خادىملار دېھقان - چارۋىچىلارغا ھەرخىل پەن (تېخنىكا)نى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب - ژۇرنال ماتېرىياللىرىنى تارقىتىپ بەرمەكتە.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئەمسىلىكەن مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 100 گە يېقىن مۇتەخەسسىس ۋە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىنى ئورۇمچى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىپ «ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، بىدئەتكە قارشى تۇرۇش»، «8 - مارت»نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قەلب ئىزھار قىلىش تەشۋىقات تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار ساقچىلارنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان «فالۇن گۇڭ» مەستانىلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىشلىشىگە ياردەم بەردى.

ۋاڭ جاڭفۇ

## پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى، «ئىلىم - پەن، مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش» مەزمۇن قىلىنغان چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمە ئاچتى، 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 5 - ئايدا پەن - تېخنىكا سارىيى ئاۋازلىق، ئوپتىكىلىق، ئېلېكترلىق، ماگنىتلىق كۆرگەزمىسى قاراماي شەھىرىگە يۆتكەپ بېرىپ كۆرگەزمە قىلدى. 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە پەن - تېخنىكا سارىيى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى زىگوڭ شەھىرى جېيۇ ئېلېكتر سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭ بويىچە يېڭى ئەسىردىكى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ماشىنا ئادەم (ئانۇرال) كۆرگەزمىسى» ئاچتى. «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭدىكى يېقىنقى كادىرلارنىڭ جەسۇرانىلىق كۆرگەزمىسى»، «كوممۇنىستلارنىڭ ئۈلگىسى» كۆرگەزمىسى، «شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلمىي قاناتلىق رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى»، «ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلىملىرىگە دائىر رەسىم كۆرگەزمىسى» قاتارلىق 12 قارار كۆرگەزمە ئاچتى. ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار سانى 200 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. يۇقىرى رەڭلىك ئۇچۇرۇش تېخنىكىسى، كومپيۇتېرنى ئىشلىتىشتە قوللىنىش، چەت ئەل تىلى كەسپىي ئىمتىھانى بويىچە تەربىيىلەش، ئۆسمۈرلەرنىڭ يازلىق ئەمەلىي ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش كۇرسى قاتارلىق ھەرخىل كۇرسلاردىن 26 قارار ئاچتى. 15 مىڭ 600 دىن كۆپرەك كىشى تەربىيىلەندى. ھەرخىل ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ۋە يىغىن پائالىيەتلىرىدىن 75 قارار (قېتىم) كۈتۈۋالدى. پائالىيەتكە 7600 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

ۋاڭ جاڭفۇ

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى بىلەن جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى بىلەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى باشقۇرغان 9 - نۆۋەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 23 — 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەت بويىچە 20 ئۆلكە - شەھەردىن كەلگەن 90 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى ئىلمىي دوكلات بەردى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 110 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

جۇڭگو يېزا كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېزا كەسپىي تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئالاھىدە تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسى

بويىچە ئالماشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن مەملىكەت ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت - ئوبلاستلىرىدىكى ئىرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق جەھەتتە نەپسە يارىتقان 100 دىن ئارتۇق تېخنىك خادىم يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە «بىپايان كۆك ئاسماننى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش، غەربىي رايوننى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش» مەزمۇن قىلىنغان ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى سەييارە كۆرگەزمە پائالىيىتى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باشلىنىپ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاياغلاشتى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىدا خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تەقدىرلەندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن جيەن گۇاڭخۇي قاتارلىق 4 كىشى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 181 ئەسىرى 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ، شيې شۇيەن

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تارقىتىش ھەرىكىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، 200 دىن كۆپرەك ياش - ئۆسمۈرنى يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. كۈيتۇڭ شەھىرى، سانجى شەھىرى ۋە جىمسار ناھىيىسىدىن 380 ياش - ئۆسمۈر ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ئىلىم - پەن ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 25 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جىمسار ناھىيىسىگە بېرىپ ئىلىم - پەن ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

5 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە ۋە مۇھىت پەنلىرى بويىچە ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە دائىر 80 پارچە كىچىك پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى باھالاندى. 27 ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر مۇنەۋۋەر تۈرلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 5 تۈر مۇنەۋۋەر پائالىيەت مۇكاپاتىغا، 2 تۈر مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تاللاپ چىقىلغان 10 پارچە كىچىك ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە - مۇھىت پەنلىرى بويىچە ئەمەلىيەت پائالىيىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئىلمىي فانتازىيە رەسىملىرىنى سىزىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن تەخمىنەن 10 مىڭ ئۆسمۈر - بالا پائالىيەتكە قاتناشتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە بىڭتۇەندىن قاتلاممۇ قاتلام تاللاش ئارقىلىق، 520 نەچچە پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي فانتازىيە رەسىمى تاللاپ چىقىلىپ كۆرگەزمە قىلىندى. 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 15 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 30 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 64 پارچە، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا 41 پارچە رەسىم باھالاپ چىقىلدى. كۈيتۇڭ شەھەرلىك، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ۋە قاراماي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 60 پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر تاللاپ چىقىلىپ مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئىلمىي فانتازىيە رەسىملىرى مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر بۆلۈمى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرلىكتە باشقۇرغان، ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى ئۈستىگە ئالغان «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە دوكلات بېرىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىش ھەرىكىتى» پائالىيىتى 9 - ئاينىڭ 3 — 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ «غەربىي رايوندا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» تۈرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ 7 نەپەر پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالىي مەكتەپلەردە 10 كۈن پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 50 قېتىم دوكلات بەردى، ئاڭلىغانلار 30 مىڭ كىشىگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ھەپتىلىكى تەشۋىقات پائالىيىتىدە، پەن - تېخنىكا، مۇھىت

ئاسراش، باللارنىڭ ھوقۇق ئەھدىنامىسى قاتارلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاسما رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى، 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىيالى، كىتاب - ژۇرنال تارقىتىلدى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزلىرى 100 يۈرۈش ئەقىل - ئەقلىي چاتما خەرىتە ئىشلەپچىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «خىيالىي يېڭى ئەسىر، ئىلىم - پەن يېنىمىزدا»، «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ، يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش» لوزۇنكىسىغا 1000 كىشى ئىمزا قويۇش، بېغىشلىما يېزىش، رەسىم سىزىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 300 نەپەر ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى قاتناشقان «ھەممەيلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شىي شۈيەن

## پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، يېزا (بازار) لارغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار پەن - تېخنىكا (ئومۇملاشتۇرۇش) غا دائىر كىتاب - ژۇرنال ماتېرىياللىرى، 100 پارچىدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا تەشۋىقات ئاسما رەسىمى، 100 دىن كۆپرەك ھەرخىل پەن - تېخنىكا فىلىمى ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات لوزۇنكىسى، 19 خىل مەزمۇندىكى ئۇيغۇرچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات سىنئالغۇ لېنتىسى ۋە پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئۈن - سىن قويۇش ئەسۋابى يەتكۈزۈپ بەردى. 12 كۈن پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى، نەپ ئالغان كادىر ۋە ئامما 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر تۈزىمە باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر پەيلۇ تۈزىمىسى، مارالبېشى تۈزىمىسى ۋە يەنجى تۈزىمىسىدىكى ھەر مىللەت ساقچىلىرىدىن 2000 ئادەم (قېتىم) ئارىسىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات مۇلازىمىتى پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سانجى شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى، ئارشاڭ ناھىيىسى، جىڭ ناھىيىسى، شىخو شەھىرى قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنت ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا پەن (تېخنىكا) نى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئېلىپ باردى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجە، يېڭى سورتلارنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئومۇملاشتۇردى ھەمدە ئاساسىي قاتلام پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ «ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرى ياساش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئويۇن قويۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا باسقان مۇساپىسى تەخمىنەن 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى، «نادام» يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسى ئارىسىدا ئىلىم - پەن روھىنى جارى قىلدۇردى، ئىلىم - پەن ئىدىيىسىنى تارقاتتى، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇردى.

2001 - يىلدىكى پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىدە 60 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ھەرخىل كىتاب، ژۇرنال، ماتېرىيال تارقىتىلدى، 30 مەيدان (قېتىم) دىن كۆپرەك پەن - تېخنىكىغا دائىر ئاسما رەسىم (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئاسما رەسىم 200 پارچە، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر) كۆرگەزمە قىلىندى، 100 سائەتتىن كۆپرەك پەن - تېخنىكىغا دائىر فىلىم ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇپ بېرىلدى، نەپ ئالغان كادىر ۋە ئامما 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى

پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقاردى. 2001 - يىلى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسىدىن (650 مىڭ يۈەنلىك) بىرنى ھەقسىز ئىئانە قىلدى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى پەن - تېخنىكا كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىش - تەربىيىلەش ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە تاختىسى تەشۋىقات - تەربىيە ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكا فىلىمى ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇپ تەربىيىلەش - تەشۋىق قىلىش ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە كوچىمە تەشۋىقات سەھنىسى ئىقتىدارى قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە.

پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، غۇلجا ناھىيىسى بايانداي بازىرى، قورغاس ناھىيىسى چىڭشۇيخوزا بازىرى، غۇلجا ناھىيىسى چۆلۈقاي يېزىسى، چاپچال ناھىيىسى




جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ھەدىيە ئىئانە قىلغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى (650 مىڭ يۈەنلىك).

سىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەمىنلىگەن

ناداچىنىرو بېرىپ، بىكنۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 66 - تۇەن - مەيدانى، توققۇزتارا ناھىيىسى دۆڭمەھەللە يېزىسىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلار، كادىرلار ۋە ئاممىغا ھەم ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە پەن (تېخنىكا) نى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ھەرخىل كىتاب - ژۇرنال تارقىتىپ بەردى، پەن (تېخنىكا) نى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 100 پارچە ئاسما رەسىمنى 4 قېتىم كۆرگەزمە قىلدى، پەن - تېخنىكا كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى بىر قېتىم كۆرسەتتى، 20 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە مۇلازىمەت قىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ، شى شۇيەن

## ئىلىم - پەن مۇنبىرى

1. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى باشقۇرغان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق 12 ئىلمىي جەمئىيەت ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان «شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىجىل تەرەققىياتنى داۋاملاشتۇرۇش» ئاساس تېما قىلىنغان ئىلىم - پەن مۇنبىرى 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 21 پەنگە چېتىشلىق 85 مۇتەخەسسىس - ئالىم غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئۆزنى قۇرۇش، يىرىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوسۇش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدەندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۇ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شۇي پېڭ «شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە تەسەۋۋۇر» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

2. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئار خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان «جۇڭگو غەربىي رايوننىڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇنبىرى» نىڭ 4 - نۆۋەتلىك يىغىنى — غەربىي رايوننىڭ بايلىقىنى تەقسىم قىلىشنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىجىل تەرەققىياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 7 — 9 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. غەربىي قىسىمدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، جېجياڭ، لياۋنىڭ، خېبېي، خېنەن، دالييەن قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن 207 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ تەييارلىق مەزگىلىدە، 258 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، باھالاش ئارقىلىق 122 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى، 69 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تەھرىرلىنىپ، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى قىلىنىپ، سىچۈەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلدۇرۇلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاكادېمىك جۇ گۇاڭجاۋ

«ياۋروپادىكى شۆبىتسارىيە، جۇڭگودىكى شىنجاڭ» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋاڭ لېچۈەن تەبرىك سۆزى قىلدى. زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ فېڭشەن، سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەي خاۋخۇي، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاكادېمىك شېن گوفاڭ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتكوم ۋېيىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى شۇ شەنخىڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇڭ بوزېڭ، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى رېن جىجۇ، ليۇ گېڭلىڭ، ليۇ شۇرېن، ۋۇ مىڭجۇ قاتارلىقلار، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەننىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر قايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورنى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى، مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ 800 دىن كۆپرەك كىشى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جەي خاۋخۇي، شېن گوفاڭ، خۇڭ بوزېڭ، شۇي پېڭ، رېن جىجۇ، ليۇ گېڭلىڭ قاتارلىقلار يىغىندا دوكلات بەردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى

2001 - يىلى «مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك بىئولوگىيە ۋە مۇھىت ئەمەلىيىتى پائالىيىتى»دە شىنجاڭدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 10 ئىلمىي ماقالىدىن 9ى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 4 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىڭتۇەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىئولوگىيە ھەۋەسكارلىرى گۇرۇپپىسى يازغان «قۇربان تۇڭگۇت قۇملۇقىغا سەپەر» مۇنەۋۋەر پائالىيەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپى، بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئەتىكى كىچىك ئالىملار» پائالىيىتىدە، «2000 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ئۆسۈملۈك، چىملىقلارنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ» ھەمدە «بىپايان قۇملۇقتىكى بوستانلىقلارغا مەدھىيە» نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئاپتورلىرى 1500 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئاپتورلار ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەر 5000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

جياڭ شياۋجيەن

## 11 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ نازارىتى، بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتىدىن ئىبارەت 4 ئورۇن بىرلىكتە باشقۇردى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەن سىستېمىسىدىن 500 ئەسەر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئەسەرلەر كىچىك كەشپىيات، مودېل، ئەۋرىشكە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاپتورلارنىڭ ئەڭ چوڭى 20 ياش، ئەڭ كىچىكى 6 ياش. مۇسابىقە 6 كۈن داۋام قىلدى، جەمئىي 10 مىڭغا يېقىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۆتۈۋېلىندى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىجان ھاكىموف سۆز قىلدى. مۇسابىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كەشپىيات - يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، يېڭىلىق يارىتىش لايىھىسىنى لايىھىلەشتىن ئىبارەت 3 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا مۇكاپاتلىنىدىغان 151 ئەسەر باھالاپ چىقىلدى، بۇلاردىن 18 ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 43 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 90 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىغىۋېلىنغان 198 پارچە كىچىك ئىلمىي ماقالە باھالاش ھەيئىتىنىڭ دەسلەپكى باھالىشىدىن ئۆتۈپ، 11 ئاپتور تاللاپ چىقىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىنىڭ ئىلىم - پەن مۇنبىرىدە دېسسېرتاتسىيە ياقلاشقا قاتناشتۇرۇلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 11 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 20 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 29 پارچە نادىر ماقالە تاللاپ چىقىلدى. قوبۇل قىلىنغان 127 يېڭىلىق يارىتىش لايىھىسىدىن 5ى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10ى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 20 سى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى. شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، بورتالا ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى مۇنەۋۋەر



2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېكسكۇرسىيىچىلەر شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سارىيىدا پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرمەكتە.

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەمىنلىگەن

تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ساناتى ئوبلاستلىق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئەڭ ياخشى پەن لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قاراماي شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇ بۇ ۋە كورلا شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى لۇ جۇلىن ئەڭ ياخشى جۇشەندۇرگۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شي شۈيەن

## ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، ئىلمىي جەمئىيەت بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە قىسمەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ كېڭەش باشلىقلىرى، باش كاتىپلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەر خۇلاسىلەندى، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە دائىر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق 5 پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 4 ئىلمىي جەمئىيەت يىغىندا ئەھۋال تونۇشتۇردى.

2001 ـ يىلى جەمئىي 11 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى، ماسلاشتۇرۇلدى ۋە ئەستايىدىل جاۋاب بېرىلدى. 28 ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمىغا ئالدىرۇپ گۇۋاھنامە ئالماشتۇردى. 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك تەبىئىي پەن بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى چاقىرىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ نۆۋەت 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 139 ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات بەردى. ئىلمىي ماقالىلارنى ئەستايىدىل يۇقىرىغا يوللاش، باھالاش ئاساسىدا، 29 نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك يىللىق ئىلمىي يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. 10 ـ ئايدا 6 ياش ئالىم جۇڭگو 4 ـ نۆۋەتلىك ياشلار يىللىق ئىلمىي يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى، پروفېسسور پەن شياۋلىن ئىلمىي ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

مەملىكەت خاراكتېرلىك 6 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە قىسمەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ نۇقتىلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر جەمئىي 145 قېتىم ھەرخىل شەكىلدىكى ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، 3900 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇردى، قىسمەن ئىلمىي ماقالىلەرنى توپلاپ توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر جەمئىي 33 خىل رەقەملىك ژۇرنال چىقاردى ۋە بىرلىشىپ چىقاردى، مۇشۇ يىلى 450 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك تارقاتتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## خەلق ئارىسىدىكى خەلقئارا تاشقى ئىشلار پائالىيىتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر شىنجاڭدا 4 قېتىم خەلقئارالىق ئىلىم ـ پەن يىغىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە چاقاردى؛ چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىن 6 تۈركۈمدە 87 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ 7 تۈركۈمدە 65 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان زىيارەت ئۆمىكى ۋە گۇرۇپپىنى خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئافرىقا ۋە

شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى.

2 - ئايدا شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلىم - پەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 17 كىشى تەكلىپكە بىنائەن شياڭگاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، شياڭگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى. ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالى ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. 6 - ئايدا شىنجاڭ نېفىت پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 14 كىشى موسكۋا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى، روسىيىدىكى ئالاقىدار نېفىت كارخانىلىرى، ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ۋە تېخنىكا ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 10 - ئايدا خەلقئارا ياۋا تۆگىلەرنى قوغداش فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى 5 دۆلەتنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

7 - ئايدا شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ياش ئالىملار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 46 كىشى كۈتۈۋېلىندى. ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭدىن 4 ياش مۇتەخەسسىس تەيۋەن تەرەپ بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى) لەرنىڭ 2001 - يىلدىكى مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇنلار | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 1 | قاراماي | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى نېفىت گېئولوگىيە كەسپىي ھەيئىتى | 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى |
| تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمى مۇھاكىمە يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | يەر قاتلاملىرى سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىندى |
| شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سىجىل تەرەققىياتقا چىڭ تۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلار | ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، يېرىك يېزا ئىگىلىكى، نېفىت - گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق قاتارلىق ساھەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۇرۇقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي ماقالىلەر ئالماشتۇرۇلدى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 8 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ نېفىتلىكنى ئېچىش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 4 | قاراماي | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى نېفىتلىكنى ئېچىش كەسپىي ھەيئىتى | 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت يۆنىلىشى مۇھاكىمە قىلىندى |
| قۇرۇلۇشلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش بويىچە 2001 - يىللىق ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش خىزمەت ھەيئىتى | ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى، 42 كىشى قاتناشتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2001 ـ يىللىق ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 4 | شىخەنزە | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | 84 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆرسىتىش ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپىي ھەيئىتى | يېڭى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قۇرۇلمىسى كىرگۈزۈلدى. يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى |
| يېنىك پولات قۇرۇلمىسى تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈرۈش، سىلكىنىشكە تاقابىل تۇرۇش ئۆلچەملىرىگە ئىزاھ بېرىش قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈلدى |
| ئۈسۈملۈك كېلەرنىڭ ھۆجەيرە قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ھۆجەيرە زاۋۇتلىرىنىڭ ئىچىۋېتىلگەن تەجرىبىخانا ئىلمىي ھەيئىتى. شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە زىرائەت بىئولوگىيە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ گېن كۆچۈرۈپ ئۆرۈق يېتىشتۈرۈش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى |
| ئەم يەرلەرنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى | ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| BATC مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى نەنشەن ئاسترونومىيە ئىستانسىسى | ئۈرۈمچى نەنشەن ئاسترونومىيە پونكىتى، شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | يۇلتۇز، ئادەتتىن تاشقىرى يېڭى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى |
| ئۇچۇرچىلىق كەسپىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانى بويىچە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتى، ئېلېكترون كەسپىي ئىشخانىسى | شىنجاڭنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۇچۇرچىلىق پەن ـ تېخنىكا كەسپىي خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى |
| غەربىي رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىلمىي يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ بويىچە 3 ـ قېتىملىق سىل كېسىلى تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلمىي يىغىنى | 7 | قۇمۇل | شىنجاڭ سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيىتى | ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە خەلقئارا، مەملىكەت ئىچىدىكى سىل كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى |
| شىنجاڭ يادرو ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلتىيى ۋە ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 7_9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يادرو ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇلدى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ يادرو پەنلىرى بويىچە يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. 6 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| شاللىقلاردا قىسقۇچپاقا بېقىش ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا پراۋنىنى بېقىپ كۆپەيتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | قەشقەر | سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى، شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 60 كىشى قاتناشتى |
| ئامېرىكا بادام مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | بادام ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى، 110 كىشى قاتناشتى |
| غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ 8 - نۆۋەتلىك سىستېرالار ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە شىنجاڭ بويىچە 11 - نۆۋەتلىك سىستېرالار ئىلمىي يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سىستېرالار ئىلمىي جەمئىيىتى | 44 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 226 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىدىن كەلگەن 151 ۋەكىل قاتناشتى |
| غەربىي شىمالدىكى 5 سۇ ئېلېكتر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى ۋە مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنىڭ تەسىراتلىرى تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى |
| جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى يەكۈنلەندى، 6 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ ئانالىز قىلىش، سۈپەت تەكشۈرۈش كەسپىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلىم - پەن باشقۇرۇش كەسپى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مەسلىھەت ئېلىپ بېرىلدى |
| غەربىي رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك بوتانىكا ۋە تەرەققىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو ئۆسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي رايوننىڭ بوتانىكا ۋە تەرەققىياتىغا دائىر ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| 21 - ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن مەملىكەت بويىچە مىكروبىئولوگىيە تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ھەم كەسىپلەشتۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ مىكرو بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقاتى، ئوقۇتۇش ھەم كەسىپلەشتۈرۈشكە دائىر ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | يېڭى نۇۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| 2 - نۇۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا پاختا توقۇمىچىلىق يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو توقۇمىچىلىق سانائىتى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ھەمكارلاشتى | ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى، توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، WTO غا كىرگەندىن كېيىن پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى مەسىلىسى تەھلىل قىلىندى |
| مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يېمەكلىكلىرىنى رادىئاتسىيىلىك پىششىقلاش تېخنىكىسى ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي شىمالنى كەڭ ئېچىش داۋامىدىكى رادىئاتسىيىلىك پىششىقلاش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىندى |
| مەھسۇلاتلاردا يېڭىلىق يارىتىش ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي رايوندىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۇۋەتلىك ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | كورلا | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۇچۇر كەسپىي ھەيئىتى | تېخنىكا ئالماشتۇرۇلدى |
| جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى يەر تەۋرەشتىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي ھەيئىتىنىڭ يىللىق ئىلمىي يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ۋەزىيىتى مۇھاكىمە قىلىندى، ئىلمىي دوكلات بېرىلدى، يەر تەۋرەش ئۆزگۈلمە بەلۋاغلىرى تەكشۈرۈلدى |
| رەڭلىك مېتال تاۋلاش ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو رەڭلىك مېتال ئىلمىي جەمئىيىتى رەڭلىك مېتال تاۋلاش ئىلمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ رەڭلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگىچە كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن قىسمەن يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش، مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، يىغىنغا 100 دىن كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتى |
| شىنجاڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە فوتو ئېلېكتر ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈش ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8.10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | ئۆزبېكىستان مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىقلار 7 قېتىم ئىلمىي دوكلات بەردى |
| ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۇۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ھاۋا كلىماتىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى قۇم شتۇرمىغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | مۇھىت مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ياپونىيە قۇملۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى دوكتور جى يېجىڭمېن ئىلمىي دوكلات بەردى |
| ياپونىيە - جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى ئېچىش مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو غەربىي رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە سىجىل تەرەققىياتى بويىچە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| مىللىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پىكىر يولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | قەشقەر | شىنجاڭ مىللىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، قەشقەر سەھىيە ئىدارىسى | مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەندى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| ئۈچۈر تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات كۆرگەزمىسى | 10 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئۈچۈرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، شىنجاڭ كومپيۇتېر ئىلمىي جەمئىيىتى | ئۈچۈر تېخنىكىسى ئالماشتۇرۇلدى ۋە ھەرخىل كومپيۇتېر تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلار كۆرگەزمە قىلىندى ۋە قوللىنىلدى، 10 مىڭدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى |
| ئۆسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتى | 6 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، 7 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ بويىچە مىللىي بىئولوگىيە تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھايۋاناتلار ئىلمىي جەمئىيىتى | مىللىيلارنىڭ بىئولوگىيە تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا دائىر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى تەبىئىي گاز كەسپىي ھەيئىتى | شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گازىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىلدى ۋە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلدى |
| باسمىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ باسمىچىلىق جەمئىيىتى | خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ 2001 - يىللىق بۇرغىلاش تېخنىكىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | قاراماي | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى بۇرغىلاپ نېفىت سىناش كەسپىي ھەيئىتى | جۇڭغارىيىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بۇرغىلاش، قۇدۇقلارنى چوڭقۇر قېزىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دۇنيا بانكىسىنىڭ تارىم قويمانلىقىنى سۇغىرىش ۋە قوغداش بويىچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ھەم ئۇنىڭغا باھا بېرىش خىزمىتى | 98 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە | ئۇزۇنچى | شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلدى |

دېڭ شياڭشىن، شيې شۈيەن

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر — «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈش» ۋە «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ 10 - بەش يىللىق ۋە 2015 - يىلغىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى» دىن ئىبارەت 2 تەتقىقات دوكلاتىنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە تاپشۇردى. ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا «پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، پاختىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا بىر نەچچە تەكلىپ» تاپشۇردى. ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى بايىنغولىن ئوبلاستى كۆنچى دەرياسى مەنبە رايونىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى» نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە «بايىنغولىن ئوبلاستى ئاخۇنكۇ ساياھەت رايونىنى پىلانلاش دوكلاتى» نى تاماملاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنى كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسى بىلەن تەمىنلىدى.

4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن پىچان ناھىيىسىدە مەسلىھەت بېرىش دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، مېۋە - چېۋە، كانچىلىق، ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت 3 چوڭ كەسىپنى چۆرىدىگەن ھالدا «پىچان ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان پىلان پروگراممىسى» ئۈستىدە مەسلىھەت پىكىرلىرىنى بەردى. 7 - ئايدا مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ قاراماي شەھىرىنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش تۈرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىپ، قاراماي شەھىرىنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۈر جەھەتتىن تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. 8 - ئايدا مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، بورتالا شەھىرىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە «شىنجاڭنىڭ بورتالا ئوبلاستىدىكى ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش ۋە قوغداش بويىچە بېلىن سىنىقى ئۆلگە رايون قۇرۇلۇشى» نىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تاماملاپ، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 9 - ئايدا مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى ئالتاي رايونىغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، بۇ گۇرۇپپا چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، كان ئېچىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتە تەدبىر - تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە قىسمەن ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، شەھەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەت تورىنىڭ 12 - قېتىملىق يىللىق يىغىنىنى ئاچتى، مەملىكەت بويىچە 27 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، شەھەر، ناھىيىلەردىن كەلگەن تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ 63 ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى «تەدبىر - مەسلىھەت توپلىمى» (1996 - يىلدىن 2000 -

يىلغىچە)نــى تەھرىرلەپ نەشر قىـــلدۇردى، ئۇنىــڭغا مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر يازغان 104 پارچە تەدبىـر ـ تەكلىپ كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەسلىـھەت بېرىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىن 9ى بار.

10 ـ ئـايدا ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكـى نۆۋەت ئـالماشتۇردى. نۆۋەت ئالـماشقاندىن كېيىنكى ش ئۇ ئا ر 3 ـ نۆۋەتلىـك مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

مۇدىر: ۋاڭ جىنشىيالىڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇربەكرى، لىيۇ يى، ۋاڭ خۇەيىۇ، يۈسۈپ ئەيسا، گۇ جيايۇ، لىيۇ چۇەنجېن، سابىر ئەيتجان (قازاق).

باش كاتىپ: گۇ جيايۇ (قوشۇمچە).

ئەزالار: (يۇقىرىدىكى رەھبىرىي ئەزالاردىن باشقا، 10 كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ 10 نەپەر باشلىقىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): خې خۇڭيىڭ، چېن جۇنمىن، ئامان ھاجى، جۇ جۇنلىـن، چېن جېفۇ، سۇڭ يۇدۇڭ، تيەن رۇۋېي، ما يىڭجۇن، چېن زېيۇ، تاڭ يىگەي.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: تۇرسۇن سادىر (دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل)، دەي گۇاڭفۇ (قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى)، ۋۇ جىگاڭ، راخمانجان داۋۇت.

مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قاتناش، ئۇچۇرچىلىق، قېزىلما بايلىق ۋە ئېنېرگىيە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ـ سەھىيە، پەن ـ تېخنىكا ـ مائارىپ ۋە ئىختىساسلىقلار، مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە، رايونلار تەرەققىياتىدىن ئىبارەت 10 كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى.

لى كېجيەن

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق مۇستەقىل پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتى 133 (تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئاپپاراتلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، كەسپكار 8239، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا كادىرى 6264 بولۇپ، كەسپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %76نى ئىگىلەيدۇ.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 111گە، كەسپكار 7372گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5144، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى (ۋەزىپىسى) بارلار 3574.

يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 442 مىليون 380 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 267 مىليون 889 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %10.16؛ تېخنىكىلىق كىرىم 89 مىليون 743 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.92 ئاشتى. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 404 مىليون 781 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 179 مىليون 674 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 84 مىليون 559 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 977 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 2117 خادىم قاتناشتى. 96 مىليون 19 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %8.98نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %24.84نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى %26.63نى، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى %31.04نى، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت خىراجىتى %8.08نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى %0.43نى ئىگىلەيدۇ.

مۇشۇ يىلدا تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 3 مىليون 503 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلدا پەن ـ تېخنىكىغا دائىر 1119 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ماقالە چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى؛ 27 خىل مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 388 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 318.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 14 مىليون 97 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 12 مىليون 586 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 17مىليون 291 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 8 مىليون 696 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 982 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 51 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 161 كىشى قاتناشتى. 1 مىليون 965 مىڭ يۈەن خىـراجەت سەرپ قىلىندى. سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي

تەتقىقات خىراجىتى %49.53نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %41.07نى، باشقا خىراجەت %5.44نى ئىگىلەيدۇ.

مۇشۇ يىلدا 490 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. 23 خىل پەن ـ تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

3) پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق ئاپپاراتى ۋە ئاخبارات ئاپپاراتلىرى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 270كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت ـ ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 248، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 8.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 20 مىليون 847 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 9 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %48.27 ئاشتى؛ يىللىق خىراجەت چىقىمى 18 مىليون 203 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 6 مىليون 533 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 5 مىليون 446 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 11 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 35 كىشى قاتناشتى، 1 مىليون 17 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 522 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى پەن ـ تېخنىكىغا دائىر 40 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

بۇ ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 4نى قۇردى، كەسپكارى 20 گە، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 738 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 146 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، كەسپكارى 202 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 163.

بۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 16 مىليون 537 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 2 مىليون 867 مىڭ يۈەن، تېخنىكىلىق كىرىم 1 مىليون 214 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 16 مىليون 482 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 4 مىليون 318 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 466 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت كىرىمى 5 مىليون 876 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 23 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 57 كىشى قاتناشتى، 2 مىليون 645 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

3. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4، كەسپكارى 52، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 42.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 2 مىليون 787 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 1 مىليون 610 مىڭ يۈەن، تېخنىكىلىق كىرىم 206 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 998 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 1 مىليون 329 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 200 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 16 تېما تەتقىق قىلىندى، ئۇنىڭغا 25 كىشى قاتناشتى، 43 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.

4. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان كەسپىي ئورۇن 4، كەسپكارى 192، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 153. شۇ يىلى پەن ـ تېخنىكا خىراجىتىدىن 2 مىليون 361 مىڭ يۈەن توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 1 مىليون 14 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 4 مىليون 368 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن خادىملار خىراجىتى 2 مىليون 365 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 9 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 23 كىشى قاتناشتى، 1 مىليون 297 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

لىۋ چيەن

## تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسى

1. كىرىمنىڭ ئىجراسى

1) 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن جەمئىي 86 مىليون 164 مىڭ يۈەن خام چوت كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل 86 مىليون 676 مىڭ يۈەن (2002 ـ يىلى ئۈچۈن ئالدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن 512 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىراجەت 2000 ـ يىلدىكىدىن %21 ئاشتى، بۇلار، ئاساسەن، مالىيە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرى ئۈچۈن 2 قېتىملىق كۆرسەتكۈچنى تەڭشەش ـ ماڭاشنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن

كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرغان خىراجەت ۋە چېگرا رايون ياردەم پۇلى 8 مىليون 786 مىڭ يۈەن، ئەسلىدىكى مەركەزگە قاراشلىق شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى 1 مىليون 269 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا كرېدىتى ۋە ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ 1 مىليون يۈەن، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتى 670 مىڭ يۈەن، باشقا مەخسۇس ياردەم پۇلى 900 مىڭ يۈەن. پەن - تېخنىكا كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن مۇشۇ يىلى 34 مىليون 322 مىڭ 200 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇ، 2000 - يىلى ئاجرىتىپ بېرىلمىگەن 500 مىڭ يۈەن مەخسۇس خىراجەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىراجەت 2000 - يىلدىكىدىن %21 ئاشتى. مۇشۇ يىلى مالىيەدىن جەمئىي 121 مىليون 68 مىڭ 200 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا ھەرخىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خام چوت كۆرسەتكۈچى تۆۋەندىكىچە: تېخنىكا تەرەققىيات تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا 26 مىليون 882 مىڭ يۈەن، تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 15 مىليون 734 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ساقلاپ قېلىنغان خىراجەت 6 مىليون 15 مىڭ يۈەن، چاتما تور خىراجىتى 3 مىليون 450 مىڭ يۈەن) ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىسلاھات - تەرەققىيات مەبلىغى ئۈچۈن 3 مىليون 480 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا كرېدىتى ۋە ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلىغى ئۈچۈن 315 مىڭ يۈەن، ئاز سانلىق مىللەت تېخنىكا كادىرلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۈچۈن 75 مىڭ يۈەن، مەخسۇس ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتى ئۈچۈن 320 مىڭ يۈەن، ئىسسىنىش ياردەم پۇلى ئۈچۈن 410 مىڭ يۈەن، مائاشنى ئۆستۈرۈش ۋە باشقا ياردەم پۇلى ئۈچۈن 1 مىليون 669 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 11 مىليون 78 مىڭ يۈەن (مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان 85 مىڭ يۈەن خىراجەت بىلەن 168 مىڭ 800 يۈەن جامائەت خىراجىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئۈچۈن 76 مىليون 337 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 53 مىليون 840 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئاساسەن خادىملارنىڭ مائاش خىراجىتى ۋە چۈشۈرگەن مەخسۇس خىراجەت تۈرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلاھات - تەرەققىيات خىراجىتى ئۈچۈن 370 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا كرېدىتى ۋە ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلىغى ئۈچۈن 235 مىڭ يۈەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش مەبلىغى ئۈچۈن 160 مىڭ يۈەن، مەخسۇس ئۈسكۈنە ئۈچۈن 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئىسسىنىش مەخسۇس ياردەم پۇلى ئۈچۈن 760 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 22 مىليون 497 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس خىراجەت ئۈچۈن 585 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

باشقا خىلدىكى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 17 مىليون 662 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلاھات - تەرەققىيات مەبلىغى 100 مىڭ يۈەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش مەبلىغى 85 مىڭ يۈەن، مەخسۇس ئۈسكۈنە خىراجىتى 30 مىڭ يۈەن، ئىسسىنىش مەخسۇس ياردەم پۇلى 300 مىڭ يۈەن. ئاكادېمىكلارنىڭ ياردەم پۇلى 18 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلدا ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى كېمەيتىلىپ، پەن - تېخنىكا كرېدىتى ۋە ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ ئۈچۈن 3 مىليون يۈەن، ساھەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ پەن تەتقىقات باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا خىراجەت ئۈچۈن 385 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا مەخسۇس مۇكاپات خىراجىتى ئۈچۈن 92 مىڭ يۈەن، خەلقئارا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن، كادىرلارنى تەربىيىلەش خىراجىتى ئۈچۈن 142 مىڭ يۈەن، مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 180 مىڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «305» تەتقىقات تۈرى ئىشخانىسىدىكى خادىملارنىڭ قوشۇمچە راسخوتى ئۈچۈن 350 مىڭ يۈەن، مەملىكەتلىك يېڭى، يۇقىرى تېخنىكا نەتىجىلىرى يەرمەنكىسى ۋە بېيجىڭ خەلقئارا كەسىپ ھەپتىلىكى كۆرگەزمىسى خىراجىتى ئۈچۈن 450 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مالىيەدىن بېرىلىدىغان مەبلەغنىڭ كېچىكىپ ئەمەلىيلەشكەنلىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىل ئاخىرىدا 12 مىليون 875 مىڭ 100 يۈەن ئېشىنچا قالدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار خىراجىتى ئۈچۈن 747 مىڭ 200 يۈەن (مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان 30 مىڭ يۈەن خىراجەتمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە)، جامائەت خىراجىتى ئۈچۈن 44 مىڭ 200 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2) يۇقىرىدىن بېرىلگەن ياردەم پۇل كىرىمى 11 مىليون 688 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ ئاساسلىقى ھەر خىل پەن تەتقىقات

ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەتتىن ۋە ساھەگە مەسئۇل تارماقلاردىن پەن تەتقىقات تۈرى ئۈچۈن ئالغان ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت.

3) يەللىق كەسپىي كىرىم 91 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %26 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 8 مىليون 926 مىڭ 900 يۈەن.

4) تىجارەت كىرىمى، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان پۇل ۋە باشقا كىرىم 45 مىليون 497 مىڭ يۈەن.

2. چىقىمنىڭ ئىجراسى

ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئەمەلىي چىقىمى 242 مىليون 112 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %35 ئاشتى. خادىملارنىڭ ئەمەلىي خىراجەت چىقىمى 98 مىليون 351 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، %18 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى 76 مىليون 434 مىڭ 900 يۈەن، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ئەمەلىي چىقىمى 32 مىليون 529 مىڭ 200 يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى 77 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى چىقىمى 70 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى پەن تەتقىقات، كەشپىيات، كېڭەيتىشكە دائىر 361 تېمىنى ئىشلىدى. شۇ يىلى تاماملانغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئىچىدە 54 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتۈپ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىلدى.

جارقىن

## خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 37 تۈركۈمدە 136 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان پەن - تېخنىكا ئۆمەك - گۇرۇپپىسى چەت ئەلگە چىقتى، زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك - گۇرۇپپىدىن 19 تۈركۈمدە 73 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش. جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى ھەيئىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قەرەللىك يىغىنى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ 19 خىل پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭغا دائىر 10 تۈر بار، بۇلار: «ئىلى دەرياسىدىكى ئاتسىپىنسىر بېلىق تۈرلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەمكارلىقى»، «قاراكۆل نەسىللىك قوي ۋە تېرە پىششىقلاش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، شىنجاڭدا كەسپلەشكەن باقمىچىلىق رايونى قۇرۇش»، «جۇڭگو - قازاقىستان ئات گۆشى، قىمىز ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسى بويىچە پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقى»، «گېئوفىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە بۇ ساھەدە ھەمكارلىشىش»، «قازاقىستان پەن - تېخنىكا ئاخبارات - ژۇرنال ماتېرىياللىرى ۋە خادىملارنى ئالماشتۇرۇش پىلانى»، «شەرقنىڭ سالۋىلا ئوتىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش»، «قۇرغاق، ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەرنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش»، «يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىسىنى رايونلاشتۇرۇش ۋە شال تېرىلىدىغان شورلۇق تۇپراقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش»، «قازاقىستان بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە تەۋرەش دەرىجىسىدىن مەلۇمات بېرىش» ۋە «تەڭرىتاغنىڭ يەر تەۋرەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئالماشتۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش» تىن ئىبارەت.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ چارۋا مال - ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش - ئالدىنى ئېلىش خەلقئارا كۇرسى ئېچىلدى، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىن كەلگەن 21 مۇتەخەسسىس، ئالىم كۇرسقا قاتناشتى.

2. جۇڭگو - ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى JICA يولىدىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇلغان تېخنىكا ھەمكارلىقى. 2001 - يىلى شىنجاڭ JICA يولىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش تۈرىدىن 7نى ئىلتىماس قىلدى، ھەممە تۈرگە ياپونىيە تەرەپ تولۇق ياردەم بەردى.

3. ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش. 5 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئىسپانىيە خەلقئارا باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى بويىچە غەربىي رايون مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، ئىسپانىيىدىن كەلگەن باغۋەنچىلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تيەنجىن جۇڭگۇشى دېھقانچىلىق پارنىك تېخنىكىسى ئۆلگە مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىن، بىڭتۇەننىڭ شى تۇەن - مەيدانلىرىدىن كەلگەن 112 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ئىسپانىيە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تيەنجىن جۇڭگۇشى دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس دوكلات بەردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى رامكىسى پىلانىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە نۇقتىلىق كارخانىلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس ۋە مەسئۇللاردىن بولۇپ 70 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق پەن ـ تېخنىكا مەسلىھەتچىسى يىغىنغا قاتناشتى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە فرانسىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىدىكى 5 مۇتەخەسسىس «شىنجاڭنىڭ چەت ـ يىراق يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئۈستىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقات» تۈرىنى تاماملاش ئۈچۈن پەيزاۋات، يەكەن، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىگە بېرىپ، توكسىز كەنتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈر — «جۇڭگو ـ فرانسىيە ھەمكارلىشىپ شىنجاڭدىكى توكسىز رايونلارغا مۇستەقىل توك يەتكۈزۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىللىق پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

ژاڭ يىڭ

## پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتى خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن ـ تېخنىكا ـ ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋىزا باشقارمىسى بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇن ـ قائىدە ـ نىزام ھۆججەتلىرى، خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى، باج باھاسى ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، قازاقىستاننىڭ تېخنوپورۇم شىركىتى بىلەن ۋاستىلىك مۇلازىمەت ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ پەن ـ تېخنىكا ـ ئىقتىساد ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىق ئىشلىرىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پورت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر تېخنىكا بازىرى قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە «ئوتتۇرا ئاسىيادا سىملىق ئۇچۇر تور پونكىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى تاپشۇردى. شىنجاڭ ئاممىۋى ئۇچۇرچىلىق كەسپىي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «168»، «169» تېلېفون ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

ئۇچۇر مەركىزى «پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»، «شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپى بويىچە ئۇنىۋېرسال سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» ۋە «مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» نى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈردى، «تەدبىر بەلگىلەشكە يۈزلەنگەن پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا ھەمكارلاشتى. ئۇنىڭغا 1476 خىل سانلىق مەلۇماتنى كىرگۈزدى. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» سانلىق مەلۇماتىدىن 13 سان ئىشلىدى. 340 خىل ھالەت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى. مەملىكەت بويىچە 20 دىن ئارتۇق ھەمكارلىق تەتقىقات تۈرنى ئىچىدە 4 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. ئاپتونوم رايوندىكى پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ «شىنجاڭدىكى پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا قەرەللىك ژۇرناللىرىنىڭ بىرلەشمە مۇندەرىجىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» نى قۇرۇپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ۋە سىرتقى ئورۇنلارنىڭ 261 خىل، 1825 سان پەن ـ تېخنىكا ژۇرنىلىنى تورغا كىرگۈزدى، توردىن سۈرۈشتۈرۈش، ئىزدەپ تېپىش قاتارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇردى. مۇشۇ يىلدا ئىزدەپ تېپىلغان ۋە تەكشۈرۈلگەن يېڭى تۈر 393 كە يەتتى، يېڭى تۈرلەرنى تەكشۈرۈشكە دائىر 268 پارچە دوكلات يېزىلدى، تەكشۈرۈلگەن يېڭى تۈرلەرنىڭ ئىستېمالچىلارنى رازى قىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. «يېڭى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىدىكى يولنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىنى پەن ـ تېخنىكا نازارىتى رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرى پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات (ئۇچۇر) ئىشلىرى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. 37 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭدىن 35 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلىپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى شەكلىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 40 يىلى» دېگەن كىتاب رەسمىي نەشر قىلدۇرۇلدى.

2000 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە بولغان شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا قەرەللىك ژۇرناللىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش (5 ـ نۆۋەتلىك) ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر، مۇنەۋۋەر تەھرىرلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى

ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قەرەللىك ژۇرنال، مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر، مۇنەۋۋەر تەھرىرلەر تەقدىرلەندى.

فۇ جيايى

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە «2001 - يىللىق ئۈرۈمچى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات كۆرگەزمىسى»نى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇنبىرى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى IT (ئۇچۇر تېخنىكىسى) كارخانىسىدىن 96 سى كۆرگەزمىگە قاتناشتى، نەق مەيداننى ئېكسكۇرسىيە قىلغان، ئۆگەنگەن ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرغانلار 35 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. كۆرگەزمىگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاقلىق IT كارخانىچىلىرى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى تەكلىپ قىلىندى، «كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»، «ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش»، «يۇمشاق دېتال كەسپلىرى» قاتارلىق بىر قاتار مۇنبەر پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

2001 - يىلى كومپيۇتېر سىستېمىسى توپلاشتۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 140 كارخانا سالاھىيەت دەرىجىسىگە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 ئورۇن «ئا» دەرىجىلىك، 41 ئورۇن «ب» دەرىجىلىك، 56 ئورۇن «C» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى، 33 ئورۇننىڭ سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى ۋە ۋاقىتلىق سالاھىيەتكە ئېرىشتى. 14 كارخانىنىڭ 19 يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى تىزىملاندى ھەمدە دۆلەت ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا ۋە ئېلان قىلىشىغا يوللاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، 19 كارخانا يۇمشاق دېتال كارخانىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى جەھەتتە ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ جەمئىي 71 مىڭ 300 كىشى تەربىيىلەندى ۋە ئىمتىھان بەردى. 62 مىڭ 250 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ «كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامە» ئالدى. تۆۋەن دەرىجىلىك گۇۋاھنامە ئالغان كۇرسانتلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەندى، ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەشكە دائىر يېڭى دەرسلىك ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىلدى ۋە نەشر قىلدۇرۇلدى، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ، نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ مەركەزلىك تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى ھەمدە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەدەت بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئىشى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1323 كىشى كادىرلار مىنىستىرلىكى، ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى بويىچە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ۋە سەۋىيە ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

«ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» تۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي رامكىسى ۋە كونكرېت نىشانى بېكىتىلدى، «1410» قۇرۇلۇش تورلىرى يەنى بىر ئۇچۇر يەتكۈزۈش تورى، 4 خىزمەت سۇپىسى، 20 چوڭ قۇرۇلۇش تورى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مائارىپ نازارىتى، دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» تارقىتىلدى؛ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ماھىرلارنى تاللاپ، مەملىكەت بويىچە كومپيۇتېر تور بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئورۇن ۋە شەخسلەر مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10- ئورۇنغا ئۆتتى؛ ش ئۇ ئا ر بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 80 نازارەت، ئىدارە ئارىسىدا دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ كومپيۇتېرنى قوللىنىش ماھارىتى بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى؛ ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنى رەقەملەشتۈرۈش» بويىچە يۇقىرى قاتلام مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئاتاقلىق 6 ئالىم (بۇنىڭ ئىچىدە 3 كىشى ئاكادېمىك) لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە دوكتورلارنىڭ غەربىي رايونغا سەپىرى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇچۇرچىلىق كەسپىي ساھەسىدىكى 4 دوكتور ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار ئارىسىدا قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى؛ IBM «خەلقئارا سودا ماشىنا شىركىتى»، CISCO (سىسكو سىستېما شىركىتى)، خۇاۋېي تېخنىكا چەكلىك شىركىتىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋە تېخنىكا خادىملىرى يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈستىدە لېكسىيە

سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى.

«شىنجاڭ يۇمشاق دېتال كەسپىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنى يۆلەك قىلدى، ئۇچۇرچىلىق سىنىستىرلىكىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوش يۇمشاق دېتال (يۇمشاق دېتال كارخانىسى، يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى) لارنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

دۆلەتكە 2 توركۈمدە «شىنجاڭنىڭ ئېلېكترون ئۇچۇرلىرىنى قوللىنىش تۈرلىرىگە قەرز پۇل ئېلىش پىلانى» غا كىرگۈزۈلگەن 10 تۈرنى يوللىدى، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 110 مىليون يۈەن.

«جۇڭگو ئۇچۇر ئىقتىسادىي يىلنامىسى» نىڭ شىنجاڭ قىسمىنى يېزىش خىزمىتى تاماملاندى، «شىنجاڭ ئۇچۇرچىلىقى» ژۇرنىلىدىن 2 سان تەھرىرلەندى ۋە نەشر قىلىندى، «ئۇچۇرچىلىق خىزمىتى خەۋەرلىرى» دىن 21 سان باستۇرۇلدى.

جاڭ دېشىن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى

1. ئاپپارات قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئەسلىدە پەن - تېخنىكا نازارىتىدە تەسىس قىلىنغان ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە يېڭىدىن تاۋار ماركىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىدا يېڭىدىن قانۇن - نىزام باشقارمىسى قۇرۇلدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە (پاتېنت) بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاپپاراتى 5كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش - تېخنىكىلىق باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. 2001 - يىلى پاتېنت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. يىل ئاخىرىغىچە قاراماي شەھەرلىك پاتېنت مۇلازىمەت ئورنى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. يىغىندا كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى؛ كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 4 قېتىملىق كۆرگەزمىگە ئىشتىراك قىلىندى، كۆرگەزمىگە 25 تۈر قاتناشتۇرۇلدى، 10 تۈر ھەرخىل مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلار ئىچىدە بىر تۈر خەلقئارا كۈمۈش مېدالغا، بىر تۈر مىس مېدالغا، 2 تۈر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 4 تۈر مەملىكەت بويىچە ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېدالغا، بىر تۈر مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ بىر تۈر «گۇاڭخۇا فوندى پاتېنت مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى؛ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭىشى ۋە ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

2. قانۇن - نىزام، سىياسەت قۇرۇلۇشى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە بىر دەرىجىلىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشقا، ھەر يىلى 1 مىليون يۈەن پاتېنت تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش فوندىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، پاتېنت خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش خىراجىتى ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئاپتونوم رايون «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانا پاتېنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار ماركىسىنى بېسىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قوغداش چارىسى» قاتارلىق باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال نەشر ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكەت پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر يۇمشاق دېتال كەسپىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ «ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى نىزامى» تۈزۈپ چىقىلدى.

3. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش. 2001 - يىلى پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر 15 دېلو تاپشۇرۇۋېلىندى، بىر ساختا پاتېنت دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2000 - يىلدىن قېپقالغان 4 دېلو قوبۇل

قىلىندى، جەمئىي 20 دېلو بولۇپ، بۇنىڭدىن 8 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، بىر دېلو توختىتىپ قويۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر جەمئىي 15 دېلو تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى 12، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى 2، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى بىر، 9 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر جەمئىي 141 دېلو تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى 113، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلىش دېلوسى 13، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى 15، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 89. تاۋار ماركىسى باسىدىغان 182 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، تاۋار ماركىسى باسما بولمايدىغان 548 ئورۇن تەكشۈرۈپ چىقىلدى؛ تاۋار ماركىسى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 35ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 15 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، قانۇنغا خىلاپ ھالدا بەلگە قويۇلغان 580 مىڭ (يۈرۈش) ماركا يىغىۋېلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى، 34 مىڭ 552 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى؛ نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 10 مىڭ 550 لازېر نۇرلۇق دىسكا تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر قېيقالغان دېلودىن 16سى قوبۇل قىلىندى ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىندى، جەمئىي 28 دېلو قوبۇل قىلىندى، قېيقالغان 12 دېلو ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 9 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 7000 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، ئاپتور ھوقۇقى ئىگىلىرى 29 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى؛ قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى باسىدىغان 2 باسما زاۋۇت، قانۇنسىز نەشر بۇيۇم ئۆۋسى نۇقتىسى ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش نۇقتىسىنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىرى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتابلارنى قانۇنسىز سېتىش پايمىسىدىن 6سى، لازېر نۇرلۇق دىسكا كۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ كۆپەيتىپ باسقۇچى 2 خوجايىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەر ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ قانۇنسىز كۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن 10ى يىغىۋېلىندى؛ 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتابتىن 100 نەچچە خىل، 38 مىڭ نۇسخا تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى؛ نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 15 مىڭ 550 نەچچە CD، VCD پىلاستىنكىسى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 19 مىڭ قاپتىن كۆپرەك ئۈنئالغۇ لېنتىسى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 21 مىڭ يۈرۈشتىن كۆپرەك كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى يىغىۋېلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. يۇمشاق دېتال كارخانىسى سالاھىيىتىنى ئىلتىماس قىلغان 25 كارخانا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 19 كارخانا ئېتىراپ قىلىندى، تەكشۈرۈلگەن ۋە ئەنگە ئېلىنغان كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال كارخانىسى 51گە يەتتى. ئادىداس شىركىتىنىڭ «ADIDAS» ماركىلىق ۋە يىزگوبوس پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «SOSS» ماركىلىق تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 1 مىليون 97 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدىكى 16 مىڭ 256 دانە تەنھەرىكەتچىلەر ئىشتىنى ۋە 12 مىڭ دانە كۆينەك تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى؛ نىكى خەلقئارا چەكلىك شىركىتىنىڭ «NIKE» ماركىلىق تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 296 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدىكى 2438 قۇر كىيىم ۋە 500 پار تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. 2001 - يىلى بىر كارخانا دۆلەتنىڭ پاتېنت سىناق نۇقتىلىرى قاتارىغا، 10 كارخانا ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت سىناق نۇقتىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى؛ 4 كارخانىنىڭ ئېسىل مەھسۇلات تاۋار ماركىسى جۇڭگو تامۇژنىسى باش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئەنگە ئېلىندى.

4. پاتېنتنى يولغا قويۇش. 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرىدىن جەمئىي 6 سى يولغا قويۇلدى، پاتېنت تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل ۋە پاتېنت تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە سېلىنغان فوند 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 25 تۈر (داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 2) ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5. تەشۋىقات - تەربىيىلەش. 2001 - يىلى «100 سوئاللىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مۇسابىقىسى» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 9 كارخانا، 8 ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، 2000 دىن ئارتۇق كىشى مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايوندىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 4 پارچە ئىلمىي ماقالە مەملىكەت بويىچە «يېڭىلىق يارىتىش چولپانلىرى» تېلېۋىزىيە مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن قوللىنىلدى ھەمدە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «1 - نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ ئۆسمۈرلەر كەشپىيات مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئۆسمۈرلەرنىڭ 3 تۈرى ئىچىدە بىر تۈر مىس مېدالغا ئېرىشتى، «يېڭىلىق يارىتىش چولپانلىرى» تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسى بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش، سۈرەت تارتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ 8 تۈرلۈك كىچىك كەشپىياتى ئىشلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان 12

قىسمىلىق «بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى غەربىي قىسمىدا» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە مەخسۇس نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى؛ 5 گېزىتخانا مەخسۇس بەت چىقاردى؛ «بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى بويىچە ياخشى خەۋەر»لەرنى باھالاش ۋە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئەلا ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 31 پارچە خەۋەر ماقالىسى ۋە ئۇن لېنتىسى بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى بويىچە ئەلا ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوندىكى تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنى تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس ئىستون ئېچىپ، تاۋار ماركىسىغا دائىر قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، پاش قىلىش تېلېفونلىرىنى ئېلان قىلىپ، تاۋار ماركىسىغا دائىر بىرتۈركۈم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى ئاشكارىلىدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى شىنجاڭ يىپەك يولى گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى قاتارلىق 60 كارخانىغا تاموژنا قوغدايدىغان بىلىم مۇلۇك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تەشۋىق قىلدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 سان «شىنجاڭ بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى» ژۇرنىلى، 16 پارچە تەشۋىقات ماقالىسى باستۇرۇلدى ۋە پوچتىدىن ئەۋەتىلدى؛ «جۇڭگو بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى گېزىتى»گە 20 پارچە ماقالە ئەۋەتىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت تور نۇقتىلىرىدىن مۇرۇۋشتۇرگەنلەر 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، مەسلىھەت سورىغانلار 600 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى. 16 قېتىم كۇرس ئېچىلدى ۋە لېكسىيە سۆزلەندى، تەربىيىلەنگەنلەر 3900 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

6. پاتېنت ئىلتىماس قىلىش، پاتېنت ھوقۇقى بېرىش. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1088 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، پاتېنت ئىلتىماسى جەمئىي 9222 پارچىگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.4% ئاشتى، 755 پاتېنتقا ھوقۇق بېرىلدى، ھوقۇق بېرىلگەن پاتېنت جەمئىي 5290 گە يېتىپ، 16.7% ئاشتى.

شى جىشۇن

## تېخنىكا بازارلىرى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1313 تۈرلۈك تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، پۇتۇشۇش سوممىسى 824 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا توختام سانى 17.4%، پۇتۇشۇش سوممىسى 24.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەرەققىيات توختامى 306، توختامدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 331 مىليون يۈەن بولۇپ، پۇتۇشۇش سوممىسىنىڭ 40.17% نى ئىگىلىدى؛ تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى 211، پۇتۇشۇش سوممىسى 218 مىليون يۈەن بولۇپ، 26.46%نى ئىگىلىدى؛ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى توختامى 289، پۇتۇشۇش سوممىسى 58 مىليون يۈەن بولۇپ، 7.04%نى ئىگىلىدى؛ تېخنىكا مۇلازىمەت توختامى 507، پۇتۇشۇش سوممىسى 217 مىليون يۈەن بولۇپ، 26.33%نى ئىگىلىدى. تېخنىكا توختامى پۇتۇشۇش سوممىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە رەت تەرتىپى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 2001 - يىلدىكى رەت تەرتىپى 20. ئورۇندا تۇردى.

2001 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا بازارلىرىغا باجدا ئېتىبار بېرىشكە ئالاقىدار سىياسەتلىرى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پەن تەتقىقات ئورنى» دىن 7 سى ۋە تېخنىكا سودا ئورنىدىن 22 سى ئېتىراپ قىلىندى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 5 تۈركۈمدە 220 كارخانا «باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پەن تەتقىقات ئورنى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قاراماي شەھىرىدە تېخنىكا توختامىنى تىزىملاش كەسپى ۋە تېخنىكا بازارلىرىغا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بويىچە 2 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە مالىيە خادىملىرىدىن 120 كىشى كۇرسقا قاتناشتى. يەنە ئاپتونوم رايوندىكى باج تارماقلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچى رايونىدىكى 120 دىن ئارتۇق تېخنىكا سودا ئورنىنىڭ تېخنىكا توختامى ئىمزالاش، باشقۇرۇش، تىزىملاش ئەھۋالى ۋە تېخنىكا سودا تالوتلىرىنى ئىشلىتىش ۋە باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 تۈركۈمدە 20 ئورۇننىڭ 66 توختامىدىن 10 مىليون 757 مىڭ 600 يۈەن تىجارەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش تەستىقلاندى.

جاۋ پېڭ

## خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسى 1136گە يەتتى. يۇقىرىغا يوللانغان خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلىدىكى خەلق باشقۇرغان 496 پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ ستاتىستىكا ئەھۋالى مۇنداق: دۆلەت كارخانىسى 31 بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 6.3%نى، كوللېكتىپ كارخانا 32 بولۇپ، 6.5%نى، پاي ھەمكارلىق

كارخانىسى 7 بولۇپ، %4.1نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 310 بولۇپ، %62.5نى، پاي چەكلىك شىركىتى 17 بولۇپ، %3.2نى، خۇسۇسىي كارخانا 83 بولۇپ، %16.8نى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 6بولۇپ، %1.3نى، باشقا ئىقتىسادىي كارخانا 10 بولۇپ، %2نى ئىگىلەيدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 493 مىليون 598 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇلۇك ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان كارخانا 239، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 184، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 46، 50 مىليون يۈەندىن 100مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 11، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 16.

2001 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتى ئۈچۈن 189 مىليون 425 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. كارخانىلارنى ئىقتىسادىي تىپى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 7 مىليون 162 مىڭ يۈەن بولۇپ، تېخنىكا تەرەققىيات ئومۇمىي خىراجىتىنىڭ %3.8نى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 18 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.5نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 74 مىليون 902 مىڭ يۈەن بولۇپ، %39.5نى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 62 مىليون 242 مىڭ يۈەن بولۇپ، %33نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 22 مىليون 243 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11.7نى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 2 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.3نى، باشقا كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 2 مىليون 256 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.2نى ئىگىلەيدۇ.

2001 ـ يىلى خەلق باشقۇرغان پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىدىكى كەسپكار 19 مىڭ 213 كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %22.45 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1422، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 2575، باشلانغۇچ ئۇنۋانلىقلار 3191؛ ئوقۇش تارىخى بويىچە ئايرىغاندا، ئاسپىرانت 288، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 2939، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 4984، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 2928. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %37.4نى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار %58نى ئىگىلەيدۇ.

2001 ـ يىلى كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 162 مىليون 838 مىڭ يۈەن، تېخنىكا، سانائەت ـ سودا ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليارد 621 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 933 مىليون 375 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %8.5نى، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 247 مىليون 266 مىڭ يۈەن بولۇپ، %70.3نى، تاۋار سېتىش كىرىمى 493 مىليون 465 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10.7نى، باشقا كىرىم 487 مىليون 234 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10.5نى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ يىلدا كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 196 مىليون 398 مىڭ يۈەن، ئالغان پايدىسى 571 مىليون 905 مىڭ يۈەن، ياراتقان تاشقى پېرېۋوتى 277 مىليون 432 مىڭ دوللار، يىل ئاخىرىدىكى كارخانا ئىگىدارلىرىنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئىتى 4 مىليارد 930 مىليون 367 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %48.

تېخنىكا ـ سانائەت ـ سودا ئومۇمىي كىرىمى 20 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 26، ئۇلار: شىنجاڭ خەن لىنخۇي پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى كوئېنلۈن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شۋاڭشىن ئېلېكترونلۇق تىزگىنلەش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ رەنتو پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ شىلىڭ ئۈچۈر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سىفاڭ پار قازان چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خۇاشىدەن دورا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جىنتو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جىنئو ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شىنئو پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىكۇڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋەنئېن پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جىرۇيشياڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بۈيۈك بوغدا كۆلى يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئاممۇۋى ئۈچۈرچىلىق كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ خۇاشى ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ مىچۈەن سىم يولى زاپچاسلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ شىشى ئەلا سورت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك شىمالىي شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ـ سانائەت ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنخۇا لىيەنشىڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شىخەنزە تەرەققىيات رايونى جېڭيى مەخسۇس خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ دەۋر نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي شەھەرلىك رۇنچاڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى،

بايىنغولىن ئوبلاستلىق غالىبىيەت قۇدۇق چىگىتىش تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت.

تېخنىكا - سانائەت - سودا كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 5، ئۇلار: شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللىرى پاي چەكلىك شىركىتى، مەيكې ئائىلە سايمانلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيەنسەي پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى ۋە شىنجاڭ تيەنكاڭ چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت.

كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي چىقىمى 3 مىليارد 915 مىليون 340 مىڭ يۈەن، تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتى 189 مىليون 425 مىڭ يۈەن بولۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا - سانائەت - سودا كىرىمىنىڭ %4.09 نى؛ بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتى 112 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.4 ئىگىلەيدۇ. كارخانىلارنىڭ 100 پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى. 69 ئىلتىماسقا هوقۇق بېرىلدى، 86 خىل پاتېنت يولغا قويۇلدى.

شۈ فۇرۇڭ

## شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق بىرلەشمە يىغىنىغا ئەزا بولغان ئورۇنلار ۋەكىل ئەۋەتىپ يىغىنغا قاتناشتۇردى.

يىغىن مەزگىلىدە، «غەربنى كەڭ ئېچىش شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق ئۇچۇر تورى پونكىتى»نى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، پەن - تېخنىكا نازارىتى بېيجىڭ جۇڭگۇەنسۈن تېخنىكا - سودا مەركىزى، شىمال تېخنىكا سودا بازىرى (تيەنجىن) بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالىدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، فۇكاڭ شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ۋە شىنجاڭ تيەنسەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي شىركىتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت پەن - تېخنىكا گۈرۈھى شىركىتى، شىنجاڭ چاڭتۇڭ پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بۈيۈك بۇغدا كۆلى يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنى تەكشۈردى.

يۇ جيې

## «شىنجاڭنى رەقەملەشتۈرۈش» ۋە بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - 7 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. يېزا ئىگىلىك، سۇ ئېنېرگىيىسى، ئورمانچىلىق، قاتناش، قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش، مېتېئورولوگىيە، يەر تەۋرەش، خەلق ئىشلىرى، ئاۋىئاتسىيە، تاشقى سودا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تۆمۈريول، چارۋىچىلىق، زېمىن بايلىقى، پەن - تېخنىكا كارتوگرافىيىسى قاتارلىق ساھەلەردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى پروفېسسور لى دېرېن، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى ليۇ جىگەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى دوكتور چېن جۇنيۇڭ، دۆلەت ئاساسىي جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇدىرى چېن جۈن، شۋېيتسارىيە سيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گىلىن، تەيۋەن چىڭگۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شۈ جيالار يىغىنغا قاتناشتى ۋە مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى.

شيا يىڭ

# تەبىئىي پەن

# ئېكولوگىيە، بايلىق

## تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا قۇملىشىش - چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى باشقۇرۇش بويىچە سىناق تەرىقىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەستىقلىغان بىلىمدە يېتەكلىق يارىتىش بويىچە مۇھىم تۈر شۇنداقلا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە يولغا قويغان تۈر، بۇ تۈرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى، تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەبىئىي پەنلەر دوكتورى، تەتقىقاتچى جاڭ شياۋلېي بۇ تۈرنىڭ باش ئالىمى

بولدى. بۇ تۈرنى بولغا قويۇشنىڭ 1 - باسقۇچى ۋاقتىنچە 5 يىل قىلىپ بېكىتىلدى. تۈرنى بولغا قويۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى 10 مىليون يۈەن ياردەم بېرىدۇ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 30 مىليون يۈەن خىراجەت سەپلەيدۇ. بۇ خىراجەت ئاساسەن سىناق تەرەققىيات ئۆلگە كۆرسىتىلىدىغان رايونلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوت - چۆپ) بەرپا قىلىش ۋە تۈزەش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

2001 - يىل 1 - ئايدا سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرى رەسمىي بولغا قويۇلدى. بۇ تۈردە 3 تېما، 8 مەخسۇس تېما تەسىس قىلىندى.

بۇ تۈردە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە چېكىنگەن ئارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ تاللاندى.

تۈر يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن بۇيان دەسلەپكى قەدەمدە بەلگىلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

يىن جىڭيۈەن

## قۇم شتورمىنىڭ شەكىللىنىشى، يەتكۈزۈلۈش مېخانىزمى، ئۇنىڭ ھاۋا كېلىماتى ۋە مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات

بۇ — 2000 - يىل 10 - ئايدا زۇڭلى جۇ رۇڭجى ياپونىيىنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ياپونىيە پەن - تېخنىكا ۋازارىتى رەسمىي ئىمزالىغان ھەمكارلىق تۈرى. 2001 - يىلى جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ قۇم شتورمى ھەمكارلىق تەتقىقاتى رەسمىي باشلاندى. جۇڭگو تەرەپتىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاتموسفېرا فىزىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، سوغۇق، قۇرغاق رايونلارنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئورنى، شەنشى يەر شارى مۇھىتى تەتقىقات ئورنى قاتناشتى، ياپونىيە تەرەپتىن ياپونىيە مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، فىزىكا - خىمىيە تەتقىقات ئورنى، گېشەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتناشتى. بۇ تۈردە شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، بېيجىڭ، چىڭداۋ قاتارلىق جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپ ئاساسلىقى قۇم شتورمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يەتكۈزۈلۈش جەريانىنى مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىدۇ. تېما گۇرۇپپىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاقسۇ سۇمۇۋازىنىتىنى ئۆلچەش پونكىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى چىرا قۇملۇق تەتقىقات پونكىتىدا دالىدا ئۆلچەش - تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى قۇردى. بۇ 2 پونكىتقا ياپونىيە تەرەپ 14 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى ئەسۋاب - ئۈسكۈنە بەردى. 2001 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياپونىيىنىڭ تۈرگە قاتنىشىدىغان خادىملىرىدىن 9 تۈركۈمدە 38 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

يىن جىڭيۈەن

## شىنجاڭنىڭ «شەھەر - بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانى» (2000 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە)

بۇ تېما جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ش ئۇ ئا ر شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش يۈرتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ «ئومۇمىي پىلان» نى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇتەخەسسىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ باھالاپ چىقتى.

«شەھەر - بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانى» شەھەر - بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ پروگراممىسى ۋە شەھەر - بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ تېكىستىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ئارقىلىق بۇ «ئومۇمىي پىلان» نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ «ئومۇمىي پىلان» ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭنىڭ غەربىتىكى شامال رايونلىرىدا سېرىق توپىنىڭ چۆكۈش خۇسۇسىيىتى ۋە قەدىمكى كىلىمات»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەبىئىي پەنلەر دوكتورى، كاندىدات تەتقىقاتچى يې ۋېي يازغان، 2001 - يىل 3 - ئايدا «دېڭىز - ئوكيان» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب 277 مىڭ خەتلىك. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى كەسپىي خادىملارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا ئوبدان ئاساس يارىتىپ بەردى.

يىن جىڭيۈەن

## «ئارىم ئويمانلىقى بوستانلىقىدىكى تۇپراق سۈيى شورلىشىشنىڭ دىنامىكىلىق ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەخشەش - تىزگىنلەش»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەبىئىي پەنلەر

دوكتورى، تەتقىقاتچى لى فالڭ يازغان، 2001 - يىل 3 - ئايدا دېڭىز - ئوكيان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب 256 مىڭ خەتلىك. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، رايون سۇ - تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش، مۇھىتنى تۈزەش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يىن جىڭيۇەن

## «يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى مۇھىت گېئولوگىيىلىك ئاپەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەبىئىي پەنلەر دوكتورى، تەتقىقاتچى چېن يانىڭ يازغان. 2001 - يىل 3 - ئايدا گېئولوگىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، پۈتۈن كىتاب 237 مىڭ خەتلىك. بۇ كىتاب يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى مۇھىت گېئولوگىيىسى ئاپەتلىرى تەتقىقاتىنى مۇھىم ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن.

يىن جىڭيۇەن

## «شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ياڭ فاشياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن چى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ خۇڭگوينىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلۈپ، 2001 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ، ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش - ئوڭشاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئىشىنى سىستېمىلىق ۋە ئەڭ يېڭى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان مەخسۇس نەزەرىيۋى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتاب 198 مىڭ خەتلىك.

يىن جىڭيۇەن

## «شىنجاڭدىكى بەرپا قىلىنغان بوستانلىقلار»

بۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى فوندىدىن ياردەم بېرىلگەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خەن دېلىن تۈزگەن ئەسەر. 2001 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو مۇھىت ئاسراش نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب 340 مىڭ خەتلىك. بۇ مەخسۇس ئەسەردە شىنجاڭدىكى بەرپا قىلىنغان بوستانلىقلار سىستېمىلىق، چوڭقۇر ئانالىز قىلىنغان، يەنە باشقا ئۆلكىلەرنىڭ قۇرغاق رايونلىرىدىكى بوستانلىقلار ئۈستىدىمۇ بىر قىسىم سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بۇ بوستانلىق تەتقىقاتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

يىن جىڭيۇەن

## «تورىق ئۈستۈرۈپ چۆللۈكلەرنى كۆكەرتىش ئەمەلىيىتى ۋە مېخانىزمى»

بۇ «چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش مەجمۇئەسى»نىڭ بىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مۇھىم خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە ئالاھىدە ياردەم بەرگەن نەتىجىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىدىن ۋاڭ جۇچيۇڭ، لى شۇگاڭ ۋە ياپونىيىلىك پروفېسسور چۈەن شياڭبىي، شىنداۋ چىڭشيۇڭ قاتارلىقلار يازغان. 2001 - يىل 3 - ئايدا ئىلىم - پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب 248 مىڭ خەتلىك. بۇ — مۇھىم قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە مەخسۇس ئەسەر.

يىن جىڭيۇەن

## «شىنجاڭدىكى قۇشلار كاتالوگى»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى مامىڭ يازغان، 2001 - يىل 12 - ئايدا «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» پەسىللىك ژۇرنىلى 18 - سانى قوشۇمچە سانىنىڭ مەخسۇس بېتىگە بېسىلدى. بۇ «كاتالوگ»قا شىنجاڭدىكى قۇشلارنىڭ تەخمىنەن 422 تۈرى (باشقا 100 دىن كۆپرەك كەنجى تۈرى)، ئۇنىڭغا قاراشلىق 19 تۈركۈم، 53 ئائىلە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر شىنجاڭدىكى قۇشلار بايلىقىنى ئىگىلەش، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

يىن جىڭيۇەن

## قۇملۇق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بويىچە 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق يىغىن

بۇ يىغىن 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىننى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە -

جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى. دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى، قاراماي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ خېرۇن سۇغىرىش چەكلىك شىركىتى قاتناشتى ۋە ھەمكارلاشتى. جۇڭگو، گوللاندىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، ھىندىستان، پاكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئىسرائىلىيە، مىسىر، گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن ئىبارەت 16 دۆلەتتىن كەلگەن 190 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا جەمئىي 201 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 101 پارچىسى ئاغزاكىي دوكلات قىلىندى، 55 پارچە تام گېزىت چىقىرىلدى، 14 ئالىم دوكلات بەردى.

يىغىن قاتناشچىلىرى بۇغدا كۆلىدىن قۇملۇقتىچە بولغان تىك ئېكولوگىيىنىڭ تارقىلىشىنى ھەمدە فۇكاڭ ئېكولوگىيە پونكىتى، تۇرپان ئويمانلىقىنى تەكشۈردى. يىغىندا «ئۈرۈمچى خىتابنامىسى» ماقۇللاندى. 7 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قۇملۇق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى يىغىنىنى 2003 ـ يىلى ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

يىن جىڭيۈەن

## فىزىكا

### سۇنئىي ھەمراھقا ئىشلىتىلىدىغان ساقلىغۇچ يەككە زەرىچىلەرنىڭ ئېففېكتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋا ۋېيجېن قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى سەرخىللىرىنى تاللاپ ياردەم بەرگەن تۈر. بۇ تۈر 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

سۇي يىلڭ، چېن يەن

### سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى رادىئاتسىيە مۇھىتى ۋە ئۇنى ئۆلچەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋا ۋېيجېن قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان، دۆلەت مۇداپىئە ھەربىي سانائىتى تەتقىقات تۈرى. بۇ تۈر 2001 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش قورال ـ ياراغ بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ ھېسابلىدى.

سۇي يىلڭ، چېن يەن

### دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى ئېنىقلىقتا تېز ئۆلچەيدىغان تېرمىستور

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى تو ۋەنلۇ قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863 پىلانى»دىكى دېڭىز ـ ئوكيان ساھەسىدە دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ئۆلچەش تېخنىكىسى ئاساسىي تېما قىلىنغان 9 ـ بەش يىللىق پىلان تۈرىگە تەۋە 02 — 818 — 863 ھەمكارلىق تۈرى. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۆلەت دېڭىز ـ ئوكيان ئىدارىسى دېڭىز ـ ئوكيان تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تېرمىستورنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارى 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى ھەمدە «شەرق قىزاردى — 2» سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش كېمىسىگە ئىشلىتىلدى.

سۇي يىلڭ، چېن يەن

### ھاۋا بوشلۇقىدا قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسىنىڭ ئىئونلىشىپ رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى رېن دىيۈەن قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863» پىلانىدىكى تەتقىقات تۈرى، 2001 ـ يىلى دۆلەتنىڭ 2 — 2 — 863 مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ ھېسابلىدى.

سۇي يىلڭ، چېن يەن

### $Si/SiO_2$ سىستېمىسىنىڭ رادىئاتسىيە تەسىرىدىن كەمتۈكلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ گوچياڭ، يەن رۇڭلياڭ، رېن دىيۈەن قاتارلىقلار بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئە ھەربىي سانائىتى تەتقىقات تۈرى. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش

قورال - ياراغ بۆلۈمىنىڭ ئۆيۈشتۈرۈشىدا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## دورا ئامبارلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى ئۆلچەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى

بۇ — شىنجاڭ تېببىي دورىگەرلىك باش شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان تۈر. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ تېببىي دورىگەرلىك باش شىركىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ سىستېمىدا قوللىنىلغان تېمپېراتۇرا، نەملىك تىزگىنلەش ئۇسۇلىنىڭ مەبلىغى ئاز، ئۈنۈمى تېز بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇرغاق - يېرىم قۇرغاق رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىشقا بولىدۇ.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## كۆپ ئېلېمېنتلىق سىنىك ئوكسىدلىق بىسىمغا سەزگۈر نانومېتىر فار فور ماتېرىياللىرى ۋە تۆۋەن بېسىملىق ئېقىم ئۆتكۈزىدىغان بىسىمغا سەزگۈر پىلاستىنكىسىمان ئېلېكتر قارشىلىق زاپچاسلىرى تەتقىق قىلىندى ۋە بارلىققا كەلتۈرۈلدى

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش تۈرى، بۇ تۈر 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## بىڭتۇەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى

بۇ — بىڭتۇەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىنىڭ خەبەردار چاقىرىشى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جياڭ تۇڭخەي قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان تۈر، 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

سۈي پىڭ، چېن يەن

# ئاسترونومىيە

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ GPS ئۆلچەش پونكىتى

بۇ پونكىت 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پۈتتى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە كۆزىتىپ ئۆلچەشكە كىرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى نەنشەن بازىسى ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى گېئودېزىيىلىك ئۆلچەشتە پايدىلىنىدىغان VLBI رادىئو تېلېسكوپ ۋە GPS تىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىگە ئىگە سىستېمىلىق يەر ئۆلچەش پونكىتى بولۇپ قالدى.

جاڭ خۇڭبو، ما لۇ

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلدى

2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. دۆلەت رەسەتخانىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسترونومىيە پەنلىرى ساھەسىدىكى 5 ئىستانسا، 3 پونكىت، بىر ئاسترونومىيە مەركىزىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ نامى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

جاڭ خۇڭبو، ما لۇ

## دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى نەنشەن بازىسى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2001 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى نەنشەن بازىسىغا دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

ئۈرۈمچى نەنشەن بازىسى 1991 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ سىستېمىسى، سۇنئىي ھەمراھنى كۆز بىلەن كۆزىتىدىغان تېئودولىت، قوياش خروموسفېرا تېلېسكوپى ۋە GPS كۆزىتىش سىستېمىسى بار. ئاساسلىق رادىئو ئاسترونومىيىسى، سۇنئىي ھەمراھ دىنامىكىسىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئىشلەيدۇ.

1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بۇ بازىغا «ئۈرۈمچى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاسترونومىيە پەنلىرىنى

ئومۇملاشتۇرۇش - تەربىيىلەش بازىسى» دەپ، 1999 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە «مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا - مائارىپ بازىسى» دەپ نام بەردى.

جاڭ خۇڭبو، ما لۇ

## دېھقانچىلىق

### يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تېخنىكا سىستېمىسى ۋە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ زور يۆنىلىشلىك پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - سودا ئىنستىتۇتى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

دىڭ جيەنگو

### شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يۆنىلىشلىك پەن تەتقىقاتى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

دىڭ جيەنگو

### ئارگىنىن قۇرۇلۇش باكتېرىيە قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنى تەجرىبىخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى چۈشۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان باھالاشتىن ئۆتتى.

تەتقىقات تۈرىدىكى ئارگىنىننىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق زەمبۇرۇغ قۇرۇلمىسى ھەمدە تەجرىبىخانىدا ئېچىتىش ۋە ساپلاشتۇرۇپ ئاجرىتىۋېلىش تېخنىكىسى مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن.

لىۋ شياۋيۈەن

### XJT9503 يۇقىرى ھارارەتلىك نېيترال پروتېئىنازا ئارىلىق سىنىقى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863» تەتقىقات تۈرى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى جۇڭگو بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى تەرەققىيات مەركىزى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ تەتقىقات تۈرىنى باھالاپ چىقتى. باھالىغۇچىلار بۇ تەتقىقات تۈرى مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى، شتاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئېنزىمىدىن ياسالغان دورا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھارارەتكە چىداشلىق خۇسۇسىيىتى خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

لو مىڭيىڭ

### «بىر يىلدا 3 قېتىم پىشىدىغان» بىر تونىدىن ئارتۇق ھوسۇل بېرىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن 9 - بەش يىللىق پىلاندىكى مۇھىم پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، يېڭىسار ۋە گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن تاماملاندى، 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لىۋ شياۋيۈەن

### كېۋەزلىكلەردىكى زىيانداش جانلىقلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش يېڭى تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا

ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش بويىچە نۇقتىلىق تۈر بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق 6 ئورۇننىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پەن- تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. ھەمدە تەتقىقات نەتىجىسى ۋە بەرپا قىلىنغان ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى زور ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگە ئىگە، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

دىڭ جيەنگو

## كېۋەزدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش

بۇ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تېرىقچىلىق كەسپىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى چۈشۈرگەن «ياختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش مەخسۇس فوندى تۈرى» بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تاماملاندى. 2001 - يىل10- ئاينىڭ 30 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

دىڭ جيەنگو

## نوقۇتنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

دىڭ جيەنگو

## دادۇر، سەي پۇرچاق ۋە نوقۇتنىڭ يېڭى سورتلىرى ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت سورت بايلىقى تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ۋە پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لو مىڭياڭ

## سەي پۇرچاقتىكى كېسەل زىيانداشلىقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى بىلەن قابا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى بىرلىكتە تاماملىدى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

دىڭ جيەنگو

## پەمىدۇرنىڭ ئەسلى سورتىنى پىششىقلاش بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە نۇقتىلىق تۈر بولۇپ، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ تۇنخې پاي شىركىتى بىلەن كەيزې شىركىتى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

دىڭ جيەنگو

## خوتەن رايونىنىڭ ئۆزگىچە ئۈرۈك بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

بۇنى پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە تاماملىدى. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 9- كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر قاتارىدا باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ليۇ شياۋيۈەن

### يەنجى رايونىدا قىزىلچىلىقنىڭ قەنت مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىشنى تىزگىنلەش ۋە ئىزچىل يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش ئۈنۈمۈپرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش

بۇنى يەنجى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تاماملىدى. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

دىڭ جيەنگو

## چارۋىچىلىق

### جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نىڭ يېڭى لىنىيىسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ 2 - باسقۇچىدا بىر يېڭى لىنىيە تۈرگۈزۈلدى

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

بۇنى 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ، 10 يىل داۋام قىلدۇرغان جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نىڭ يېڭى لىنىيىسىنى يېتىشتۈرۈش تېمىسىنى يولغا قويغانىدى.

بۇ تۈر پىلان بويىچە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى: 1 - باسقۇچ 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە بولۇپ، ئىككى ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ 2 - باسقۇچ پىلانى 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولۇپ، جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ يۇڭ سۈپىتى ياخشى ۋە بەدەن قۇرۇلمىسى چوڭ بولغان ئىككى سورتى رەسمىي يېتىشتۈرۈلدى.

گۈلزار

### شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە تېپلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سىستېمىسىنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قوي يۇڭى جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تاماملىدى، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 — 13 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا - مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 2 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى يەرلىك ئورۇنلار ۋە بېكىتىلگەندىكى 10 نەچچە ئورۇننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، تۈردە بەلگىلەنگەن ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى تولۇق ئورۇندالدى، 6139 تۇياق سۈپەتلىك نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈلدى. مەھسۇلاتى، سۈپىتى تۆۋەن 3 مىليون 339 مىڭ قوي ياخشىلاندى، تۈرلەرنى كۆچۈرۈش قىممىتى ئەلا قويدىن 650ى يېتىشتۈرۈلدى.

گۈلزار

### سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى كۆپەيتىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ — يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «مول ھوسۇل پىلانى» تۈرى. بۇنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، نەسىل يېتىشتۈرۈش پونكىتى ۋە نەسىللىك قوي فېرمىسى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈردە چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى نۇقتا قىلىنىپ، بارلىق رايوندىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇ تۈرنى يولغا قويۇش مۇددىتى 1997 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولۇپ، 600 مىڭ تۇياق تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرىچە ساپ يۇڭ مىقدارىنى 0.5 كىلوگرام ئۆستۈرۈش پىلانلانغانىدى. بۇ تۈردە 103 تۇياق قويىنى ئىمپورت قىلىش ئاساسىدا، قويلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، قىشلىق تۆل ئېلىش، چىشى چارۋىلارنى نىسبەتلەشتۈرۈش، ئىللىق قوتان ياساش، يەم - خەشەك، ئوت-چۆپلەرنى پىششىقلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، 3 يىلدا ئېلىپتا ۋە 1 - دەرىجىلىك قوچقاردىن 615ى كېڭەيتىلدى، 890 مىڭ تۇياق تۆۋەن مەھسۇلاتلىق قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن 2 سى، كېڭەيتىپ ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن بىرى قۇرۇلدى؛ 1 مىليون 260 مىڭ تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق ساغلىق سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى، 848 مىڭ تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي كۆپەيتىلىپ ئەي قىلىندى، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى 141.3% ئورۇندالدى. بۇ تۈر بۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس سالدى. بۇ تۈر 2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك

مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تاڭ مىڭ

## تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ كۆپ پولى فېرمېنتلىق زەنجىرلىك رېئاكسىيىسىگە دىئاگنوز قويىدىغان رېئاگېنت قۇتىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ سىپىلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈردە ھازىرقى زامان مولېكۇلا بىئولوگىيە ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ كۆپ پولى فېرمېنتلىق زەنجىرلىك رېئاكسىيىسىگە دىئاگنوز قويىدىغان رېئاگېنت قۇتىسى ئۈستىدە سىپىلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، بۇ تۈرنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، تۇبېركۇليوز تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق بىئو تېخنىكىسى تەجرىبىخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى تاماملىدى.

تاڭ مىڭ

## شىنجاڭدا چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇش لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنى، چارۋىچىلىق نازارىتى ئوتلاق باشقارمىسى، ئوتلاق باش پونكىتى تاماملىدى. بۇ تۈر شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋە شىنجاڭنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئالاقىدار تارماقلارنى مۇھىم تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

تاڭ مىڭ

## چارۋا ماللاردىكى سالجا ئاپىتىدىن ساقلىنىشتا ئوزۇق ئۇنۇملۇك رېپللېنت تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

3 يىلدىن بۇيان بۇ مەھسۇلات ئىشلىتىلىپ 100 مىڭ تۇياق (دانە) چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئارىسىدا سالجىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى غايەت زور زىياندىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى.

گۈلزار

# ئورمانچىلىق

## شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى تەكشۈرۈلدى

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ئىشخانىسى بىرلىكتە 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ نەتىجە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

تەتقىقات نەتىجىسى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتە شىنجاڭ رايونىدىكى 1: نۇقتىلىق تۈرنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەتقىقات ساھەسىدىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، بۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

لىن شىڭخۇي

## خوتەن ۋىلايىتىدە قۇملاشقان يەرلەرنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، دۆلەتنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش تۈرىگە تەۋە تارماق تېما بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمان بەرپا قىلىش ـ قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى تاماملىدى، 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە خوتەن ۋىلايىتىدىكى بوستانلىق ئەتراپلىرىدا يەرلەرنىڭ چۆللىشىش ئاپىتىنىڭ ئېغىر بولۇشى، ئادەم كۆپ، يەرنىڭ ئاز بولۇشى، قۇملۇق رايوندا يېڭى بوستانلىق بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدەك ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنىپ، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قۇملاشقان يەرلەرنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلدى.

ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشىنىڭ مودېلى ئىشلەپچىقىرىلدى ھەمدە خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 4 ئۆلكە رايونى قۇرۇلدى، پىلانلانغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7. 4173 گېكتار بولۇپ، 1477 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

لىن شىڭخۇي

## ئۈسۈملۈك خاراكتېرىدىكى چاشقان يوقىتىش دورىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ پەن - تېخنىكا نازارىتى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇپ يولغا قويغان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش بويىچە نۇقتىلىق تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى تاماملىدى، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئورمانلىرىدىكى چاشقان ئاپەتنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، چاشقان ئاپىتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە چاشقاندىن ساقلىنىش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

لىن شىڭخۇي

## ياڭاقنى تۈجۈپىلەپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمان بەرپا قىلىش - قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى تاماملىدى، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن

## ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2001 - يىلدىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2001 - يىلى 5 مەخسۇس ئەسەر ۋە كادىرلارنىڭ يۇرۇشلۇق ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسىنى تاماملىدى. مەجمۇئە «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» ، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» ، «شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، «ياپونىيىنىڭ كېيىن تەرەققىي قىلغان رايونلارنى گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى» ، «يول بەلگىسى بولمىغان قوملۇق ساياھىتى — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئېكسپېدىتسىيىسىدىكى 100 يىل» ، «شىنجاڭدا بىدئەتچىلىكنى توسايلى» قاتارلىق كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەر ۋە بىرلەشمە ئەسەردىن 9 نى يورۇتۇردى. بۇلار: «شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر» ، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىلىرى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىجتىمائىي پەن تەزكىرىسى» ، «ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ، «قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەن - تېخنىكا مەدەنىيىتى» ، «ئەھمەد زىيائى» ، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە دىن تارىخى» ، «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» ، «شىنجاڭدىكى چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» . 2 ئەسەر تەرجىمە قىلىندى، بۇلار: «ئىسلام تەسەۋۋۇرچىلىق ئىدىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، «شىنجاڭ ئىسلام دىن تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» . ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىدىن بىرى ئىشلەندى: «شىنجاڭنىڭ موڭغۇل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» . قورال كىتابتىن بىرى ئىشلەندى: «قىسقىچە قازاق ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى لۇغىتى» .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى 2001 - يىلى ھەرخىل كەسپىي ئىلمىي ماقالە، ماقالە ۋە تەتقىقات دوكلاتىدىن 430 نەچچە پارچە ئېلان قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ خەت سانى 4 مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىر قىسىم ماقالىلەر دۆلەتنىڭ يادرولۇق ژۇرناللىرى، مۇھىم ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. قىسمەن نادىر ئىلمىي ماقالىلەر ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

15 تەتقىقات تېمىسى ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تېما بىر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېما 5، ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تېما 9. تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ خەت سانى تەخمىنەن 2 مىليون 220 مىڭ خەت. يەنە 5 تۈر دۆلەت

دەرىجىلىك تېما قىلىپ بېكىتىلدى، بۇلار: «ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» (2001)، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت سەنئىتى هەققىدە» ۋە «قوشنا دۆلەتلەردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى».

ۋاڭ ۋېنجۇ

## «1 - ئىيۇل» مۇهىم سۆزىنى ئۆگىنىش سۆهبەت يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساهەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرى ۋە قىسمەن كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

فاڭ ۋېنجيې

## يېڭى دەۋردىكى ئىدىيۋى سىياسىي خىزمەتكە دائىر بىر قانچە ئاساسىي نەزەرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندى ياردەم بەرگەن ۋە خەبەردار چاقىرىشقا ماۋالە قىلغان تۈر بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى دۇڭ جاۋۋۇ ئۈستىگە ئالدى، 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاخىرىدا 120 مىڭ خەتلىك مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىلدى.

لى شىڭلى

## يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەهكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، 1994 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تەتقىقات تۈرى بولۇپ، بۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى جاڭ شۆلى رىياسەتچىلىك قىلدى، 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالىشىدىن ئۆتتى. تېمىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىر ئومۇمىي دوكلات ۋە مەخسۇس تېمىدىكى 12 تارماق تەتقىقات دوكلاتىدىن تەركىب تاپىدۇ، جەمئىي 231 مىڭ 600 خەتلىك.

لى شىڭلى

## نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، 1997 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ما پىنيەن ئۈستىگە ئالدى، 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا مۇهىم نەزەرىيۋى ئەهمىيەتكە ۋە ئەمەلىي ئەهمىيەتكە ئىگە.

لى شىڭلى

## شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ناهىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، 1999 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ياشلار تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى سۇڭ جيەنخۇا ئۈستىگە ئالدى، 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسى بىر ئۇنىۋېرسال تەتقىقات دوكلاتى ۋە 5 مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتتىن تەركىب تاپىدۇ، هەجمى 110 مىڭ خەتلىك.

لى شىڭلى

## شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ماۋالە قىلغان، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان تېما بولۇپ، 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالىشىدىن ئۆتتى. تەشۋىقات نەتىجىسى ئومۇمىي دوكلات ۋە 5 تارماق دوكلاتتىن تەركىب تاپىدۇ، هەجمى 200 مىڭ خەتلىك. خۇ جىنتاۋ، لىۇ گەنلەر دوكلاتقا بىۋاسىتە تەستىق سېلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومدىن بۇ خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە

ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە 2 قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن «شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يۆلەك بولدى ھەمدە «شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر» ئىشلەپ چىقىلدى.

ۋاڭ شياۋمېي

## شىنجاڭدا سەرگەردان باللارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىنى خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە شىنجاڭ سەرگەردان باللارنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ ھاۋالە قىلىشى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋە ئەنگلىيە باللارنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش جەمئىيىتى جۇڭگو تور ئىشخانىسىنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تاماملىدى.

تېما گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ، چېڭدۇ، ۋۇخەن، گۇاڭجۇ، شېنجېن، جېڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، خاربىن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سىرتقى جايلارغا ئېقىپ بارغان شىنجاڭلىق سەرگەردان باللارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، 160 مىڭ خەتلىك 11 پارچە تەتقىقات دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، رايونىمىز شۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

ۋاڭ شياۋمېي

## «دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى» سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىننى 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، مۇتەخەسسىس - ئالىملاردىن بولۇپ 40 نەچچە كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

«دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى» دېگەن كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى، تەتقىقاتچى ياڭ فاربىن يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابتا دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى ھەمدە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاساسىي قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر چوڭقۇر بايان قىلىنغان، ئازادلىقتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلەر ئۈستىدە نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقىرىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈستىدە بىر قاتار تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ۋاڭ شياۋمېي

## «بەش خىل روھ» نى ئۆگىنىش ۋە جارى قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىن كەلگەن 30 دىن ئارتۇق ۋەكىل باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان «بەش خىل روھ» نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى كەڭ كۇشادە سۆزلەشتى.

فاڭ ۋېنجيې

## كارخانىلارنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچى ۋە شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا قىسمەن كارخانا، ئالىي مەكتەپ ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن كەلگەن 130 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 15 ئىلمىي

ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. 120 مىڭ خەتلىك مەخسۇس ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ» ئىلمىي مۇنبىرى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ئالىي مەكتەپ ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار قاتناشتى، مۇنبەردە 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 700 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇنبەرگە قاتنىشىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

فاڭ ۋېنجيې

## شىنجاڭ «تۇرپانشۇناسلىق» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 — 19 - كۈنلىرىچە تۇرپان ۋىلايىتىدە ئېچىلدى. يىغىنغا گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە جۇڭگودىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئالىملار، شىنجاڭدىكى ئالىملاردىن بولۇپ 60 نەچچە كىشى قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئاتاقلىق ئالىم جى شيەنلىن تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. يىغىندا 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىندىن كېيىن ۋەكىللەر تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈردى.

فاڭ ۋېنجيې

## لوشۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ لوشۇن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق ئالىم قاتناشتى. يىغىندا 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئاپشۇرۇۋېلىندى.

گۈلشەن

## ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاكادېمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى، ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىندا سۆز قىلدى. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دەسلەپكى بىر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىن تەرەققىي قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ئىقتىساد، تارىخ، مىللەت، دىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، تىل، مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارلىق 9 تەتقىقات ئورنى ۋە باشقا ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماق ئاپپاراتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدا 320 مىڭ نۇسخا كىتاب ساقلانماقتا. ئاكادېمىيە مەخسۇس تەتقىقاتتىن باشقا يەنە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە 3 خىل يېزىقتا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ۋە «غەربىي رايون تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت 4 خىل ژۇرنال چىقىرىدۇ.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 — 23 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ھەمدە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر ۋە ئۆلكە مەركىزى شەھەرلىرىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 85 كىشى قاتناشتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش كاتىپى جۇ جىنچاڭ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا تۆۋەندىكىدەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى:

1. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىشنى نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش.

2. روھنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «7 - ئاۋغۇست» تىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

3. غەربنى كەڭ ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئېچىۋېتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش شەكلىدىكى پەن تەتقىقات يولىدا مېڭىش.

ۋاڭ ۋېنجۇ

ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ 2001 - يىلدىكى ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | باشقۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىلمىي جەمئىيىتى «شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى» ژۇرنىلى تەھرىراتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى | چىركىنلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ۋە بۇ كۈرەشنى تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| «ئەتراپىتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | «ئەتراپىتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2000 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى |
| شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ «بىرلەشمە» نىڭ «نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلغار ئىلمىي تەشكىلات ۋە ئىلغار ئىلمىي جەمئىيەت خادىملىرى تەقدىرلەندى؛ 3 - نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى؛ ۋۇ دۇنفۇ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلاندى |
| ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا ساھەسىدىكىلەر «مەملىكەتلىك كارخانىچىلار پائالىيەت كۈنى» نى تەبرىكلىدى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى | كارخانا ساھەسىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىساد، بازار ئېچىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەبلەغ بىرلەشتۈرۈش، سۈپەت ئارقىلىق داڭلىق ماركىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، مۇھىت ئاسراش، بولغىنىشنى تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە مۆلچەرلەش ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەھلىل قىلىندى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى مۆلچەرلەندى |
| «دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش» ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ دىن ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا زەربە بېرىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، تەتقىقات جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ «نىزامنامىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى ماقۇللاندى، 6 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ژۇرنىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ژۇرنىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مالىيە دوكلاتى ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلىرى ۋە 2000 - يىلدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال خىزمەتچىلىرى تەقدىرلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كېڭىشى، دائىمىي كېڭىشى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى |
| غەربىي كەڭ ئېچىش بويىچە يېزىقچىلىق پەنلىرى قۇرۇلۇشى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ماقۇللاندى، نىزامنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2001 - يىللىق يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، غەربىي رايون تەتقىقات مەركىزى | «شىنجاڭنىڭ تارىخ قامۇسى»نى تۈزۈش ئىشى مۇھاكىمە قىلىندى، مەملىكەتلىك «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»نى تۈزۈش مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى |
| كارخانا باشقۇرۇش مەسلىھەت خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ۋۇجياچۈي | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى جەمئىيىتى | كارخانا باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلمىي جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى قىسمەن رايونلارنىڭ ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو تەرەققىيات ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى |
| «مالىيە - بوغالتىرلىق يېڭى بىلىملىرى، يېڭى كۆز قاراش» بويىچە مەخسۇس ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | مالىيە - بوغالتىرلىق كۆز قارىشى، ئىچكى قىسمىدا تىزگىنلەش ۋە بوغالتىرلىق نازارەتچىلىك تۈزۈمى، كارخانىلارنىڭ يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات ئۆيۈشتۇرۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| غەربىي ئېچىش ۋە پۇل مۇئامىلە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ـ مائارىپ تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى «پۇل مۇئامىلە گېزىتى» ئىدارىسى | مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، مەخسۇس ئىلمىي دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى |
| شىنجاڭ ھاراق مەدەنىيىتى ھاراق بازىرى تەتقىقات مەركىزى (ئىلمىي جەمئىيەت) نىڭ 3 ـ قېتىملىق خىزمەت يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بازار ماركېتىڭ ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى يەكۈنلەندى، شىنجاڭنىڭ ھاراق مەدەنىيىتى، ھاراق بازارلىرى، ھاراق كەسىپلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تەرەققىياتى تەتقىق قىلىندى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ مالىيە نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | مەخسۇس تېما بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| يېڭى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيەسى مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | خوشۇت | شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى | پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا، خۇسۇسىي كارخانا قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقى ۋە «شىنجاڭ ستاتىستىكىسى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى | ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە «شىنجاڭ ستاتىستىكىسى» ژۇرنىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى 5 ـ نۆۋەتلىك 1 ـ كېڭەشنىڭ يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى | 4 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى؛ جەمئىيەت نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش دوكلاتى ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭىشى، دائىمىي كېڭىشى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ 5 يىللىق خىزمەت پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى |
| شىنجاڭ كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2001 ـ يىللىق ئىلمىي يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى 6 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكا كۇتۇپخانىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى، كۇتۇپخانىلارنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى ۋە ھازىرقى ھالىتى تونۇشتۇرۇلدى |
| ليۇ شياۋۋۇ شېئىرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى | ليۇ شاۋۋۇنىڭ شېئىرلىرى ئوخشاشمىغان نۇقتىئىنەزەرلەردىن تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىندى، نۇرغۇن پايدىلىق كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىللىق تۈرمە خىزمىتى ئەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى | 2002 - يىللىق تۈرمە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە قىيىن نۇقتىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. 2000 -، 2001 - يىللىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلانغان 26 تۈرلۈك مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىسى تەقدىرلەندى |
| شىنجاڭ شىبە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «2001» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شىبە تىل ئىلمىي جەمئىيىتى | شىبە تىل - يېزىقى، شىبە يېزىقىدىكى يۇمشاق دېتاللارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، شىبە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتۇش دەرسلىكى، شىبە يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2001- يىللىق خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2001 - يىللىق خىراجەت كىرىم - چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ماقۇللاندى |
| ئاپتونوم رايون بويىچە «فالۇن گۇمپىسى» جىنايەتچىلىرىنى تەربىيىلەش - ئۆزگەرتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خادىملارنى تەشكىللەپ، «فالۇن گۇمپىسى» جىنايەتچىلىرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئارقا كۆرۈنۈشى، مەنبەسى، ئالاھىدىلىكى، زىيىنى ئۈستىدە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى |
| ئەلىشىر ناۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | بېيجىڭ | ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى | ئەلىشىر ناۋائىي (1441 — 1501) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلى، ئۇيغۇر مۇقامى، خەلق ئەلنەغمىسى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، ئويمىچىلىق ۋە يېزىقچىلىق سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى قېزىپ، رەتلەپ، نەشر قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتورنىڭ غايىسى، ئەدەبىيات ئىجادىيىتى مۇھاكىمە قىلىندى |

لى جيەن

# مائارىپ

## مائارىپ خىزمىتى

### ئاپتونوم رايونلۇق ئاساس مائارىپ خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئاساسىي مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى ۋە ۋەزىپىسى، 2005 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ %85 رايونىدا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تىرىشىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، 2010 - يىلى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساس مائارىپىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىندا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى ئوقۇلدى، مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدىكى ئىلغار رايون (ئورۇن) ۋە ئىلغار شەخسلەرگە تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دۆلەتلىك نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدىكى تۆر يولغا قويۇلغان ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ئىلغار ناھىيىلەر ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىلى ئوبلاستى (ئەسلىدىكى ئىلى ۋىلايىتى)، قەشقەر ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئىبارەت تۆر يولغا قويۇلغان 3 ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ھەربىرىنى 200 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ جىمسار، نىلقا، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق تۆر يولغا قويۇلغان 3 ئىلغار ناھىيە 1 - دەرىجىلىك (2 مىليون يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى) مۇكاپاتقا، قەشقەر كوناشەھەر، بۇرۇلتوقاي، ئاقچى، خوتەن قاتارلىق 4 ناھىيە 2 - دەرىجىلىك (1 مىليون 600 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى) مۇكاپاتقا، كەلپىن، يوپۇرغا، قاغىلىق، بۇرچىن، چىرا، مورى قاتارلىق 6 ناھىيە 3 - دەرىجىلىك (1 مىليون 300 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنداقلا يەنە دۇسجيې قاتارلىق مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدىكى 17 ئىلغار شەخسنىڭ ھەربىرى 3000 يۈەن بىلەن، سادەت قاتارلىق «مەجبۇرىيەت قۇرۇلۇشى»دىكى 215 ئىلغار شەخس 1000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ۋاڭ جيەندې

### شىنجاڭدا «كەسپىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ - پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ كەيشۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى 23 كەسپىي مەكتەپ ۋە كەسپىي تەربىيىلەش ئاپپاراتىنىڭ «كەسپىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. جۇ كەيشۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: «كەسپىي مائارىپ قانۇنى»غا بەزى جايلاردا ئانچە ئېتىبار بېرىلمىگەن، كەسپىي مائارىپ ئادەتتىكى مائارىپ بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلمىشى، ماس تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ كەسپىي مەكتەپ قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ جۇپىڭ

### مائارىپتا كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىشنى تۈزىتىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزەش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى بىلەن بىللە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا ھەق ئېلىش جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 9 - ئايدا جايلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى جەھەتتىكى ھەق ئېلىش ئەھۋالى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 2001 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى جەھەتتە ھەق ئېلىشنى تۈزەشتە مەخسۇس تۈر بويىچە زور

نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەمما ماتارىپ جەھەتتە ھەق ئېلىش يەنىلا ناھايىتى قالايمىقان بولغان، كەلسە ـ كەلمەس ئېلىنىدىغان ھەق تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 82 خىلغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھەق ئېلىش تۈرى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەسىس قىلىنغان، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئۆز ئالدىغا بېكىتىلگەن تۈر 62؛ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىكار قىلغان، ئەمما ئىزچىل ئېلىنغان ھەق تۈرى 13؛ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى خالىغانچە ئۆستۈرۈلگەن، ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئېلىنغان ھەق تۈرى 3؛ تەكرار ئېلىنغان ھەق تۈرى 2؛ ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرىي ھەقلىق مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، ھەققى بەلگىلىمىگە خىلاپ ۋاكالىتەن ئېلىش تۈرى 2. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت يۈكى 29 مىليون 921 مىڭ يۈەن يېنىكلىتىلدى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئېلىش دېلوسىدىن 121ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلودا چېتىشلىق بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان سومما 32 مىليون 716 مىڭ يۈەن؛ پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 25 ئادەم جازالاندى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىدىن 27سى ۋە ماتارىپقا مەسئۇل تارماقنىڭ 4 نەپەر مەسئۇلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

ۋاڭ جۈپىڭ

## ماتارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ماتارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا خام چوت ئىچىدە 144 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 114 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 30 مىليون 550 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا شياڭگاڭلىق ئوقەتچى شاۋ يىفۇ، لى جياچېڭلار ئىئانە قىلغان پۇل شياڭگاڭ پۇلى ھېسابىدا 14 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خام چوت ئىچىدە 106 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 85 مىليون يۈەن (زايوم ئارقىلىق تولۇقلاپ بېرىلگەن مەبلەغ 82 مىليون يۈەن، ئالىي ئوقۇتقۇچىلارغا تولۇقلاپ بېرىلگەن مەبلەغ 3 مىليون يۈەن) ، ئاپتونوم رايون سالغىنى 21 مىليون 530 مىڭ يۈەن.

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خام چوت ئىچىدە 13 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تولۇقلاپ بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 4 مىليون يۈەن (مەبلەغ تېخىچە نەقلەشمىدى) ، ئاپتونوم رايون تولۇقلاپ بەرگەن مەبلەغ 9 مىليون 20 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇشى، تاپانچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە باشقا تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

كەسپىي ماتارىپ قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 32 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز غەربىي رايون ماتارىپىغا بەرگەن زايوم مەبلىغى 25 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۈرۈشتۈرگىنى 6 مىليون 920 مىڭ يۈەن، مەكتەپلەر ئۆزلىرى توپلىغىنى 540 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغلەر 12 مەكتەپكە ئالاقىدار بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 39 مىڭ 250 كۋادرات مېتىر.

بىر يىلدا شاۋ يىفۇ ئىئانە قىلغان 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلى، لى جياچېڭ ئىئانە قىلغان 5 مىليون يۈەن شياڭگاڭ پۇلى قوبۇل قىلىندى. بۇ تۈرلەر 77 مەكتەپكە چېتىشلىق بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 2، مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 5، كەنت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 70) ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 49 مىڭ 136 كۋادرات مېتىر، يەرلىك يۈرۈشتۈرگىنى 21 مىليون 640 مىڭ يۈەن.

ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشخانىسى

## نامرات رايونلارغا 2 ـ تۈركۈمدە ياردەم بېرىش تۈرى تاماملاندى

1995 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ نامرات رايونلارنىڭ 2ـ تۈركۈمدىكى ئاساسىي ماتارىپ تەرەققىيات تۈرى قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى ۋە نىشانى ـ ئۇنىڭ جەھەتتىكى تەلەپ بويىچە قويۇلدى ھەم تاماملاندى.

تۈرگە سېلىش پىلانلانغان ئومۇمىي مەبلەغ (تەننەرخ بويىچە مۆلچەرلەندى، تۆۋەندىكى شۇنداق) 360 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 19 مىليون 500 مىڭ دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 190 مىليون يۈەن. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە پىلانلانغان مەبلەغ 243 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %67.5نى ئىگىلەيدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 117 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %32.5نى ئىگىلەيدۇ. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 18 مىليون 598 مىڭ 600 دوللار، ئورۇندالغان ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 211 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

كونكرېت ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: 1. توپا ـ تاش قۇرۇلۇشى تۈرى. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا

بانكىسى قەرز پۇلى 13 مىليون 252 مىڭ 700 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 140 مىليون يۈەن، تۈر يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردىكى 940 باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتكۈلاندى، ئۆزگەرتىلدى، كېڭەيتىلدى، 600 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق مەكتەپ ئۆيى پۈتكۈلاندى، ئۆزگەرتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. ئەمەلىي ئورۇندالغان، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 12 مىليون 960 مىڭ دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 172 مىليون 960 مىڭ يۈەن، تۈر يولغا قويۇلغان مەكتەپ 1124، 733 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى پۈتكۈلاندى، ئۆزگەرتىلدى، كېڭەيتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى.

2. ئەسۋاب - ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 2 مىليون 524 مىڭ 700 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 10 مىليون 271 مىڭ 400 يۈەن، 2020 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە تۈرلۈك ئوقۇتۇش سايمانلىرىدىن 2020 يۈرۈش سەپلەپ بېرىلدى. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 2 مىليون 107 مىڭ 700 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 7 مىليون 884 مىڭ 500 يۈەن، تۈر يولغا قويۇلغان مەكتەپ 2020، سەپلەنگەن ئوقۇتۇش سايمىنى 2020 يۈرۈش.

3. كىتاب سېتىۋېلىش. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 1 مىليون 134 مىڭ 600 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 12 مىليون 360 مىڭ 500 يۈەن، تۈر يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە سەپلەپ بېرىلگەن كىتاب - ماتېرىيال 3 مىليون 68 مىڭ پارچە. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 1 مىليون 177 مىڭ 100 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 7 مىليون 628 مىڭ 400 يۈەن، سېتىۋېلىنغان كىتاب 2 مىليون 509 مىڭ پارچە.

4. پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىش. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 725 مىڭ 300 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 6 مىليون 293 مىڭ يۈەن، سېتىۋېلىنغان يالغۇز كىشىلىك پارتا - ئورۇندۇق 152 مىڭ 800 يۈرۈش. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 788 مىڭ 100 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 7 مىليون 539 مىڭ 400 يۈەن، سېتىۋېلىنغان يالغۇز كىشىلىك پارتا - ئورۇندۇق 153 مىڭ 300 يۈرۈش.

5. تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش.

ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 1 مىليون 263 مىڭ 100 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 10 مىليون 388 مىڭ 500 يۈەن، تۈر يولغا قويۇلغان ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى (مەكتەپ مۇدىرى) لىرىدىن 21 مىڭ 593 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 1 مىليون 222 مىڭ 900 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 7 مىليون 94 مىڭ 400 يۈەن، تەربىيىلەنگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 24 مىڭ 46 ئادەم (قېتىم).

6. مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 199 مىڭ 600 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 1 مىليون 277 مىڭ يۈەن، رايون، ناھىيىلەردە مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلدى. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 195 مىڭ 400 دوللار، ئىچكى يۈرۈشتۈرمە مەبلەغ 1 مىليون 319 مىڭ 700 يۈەن. مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

7. تەتقىقات تېمىسى ئىسلاھاتى. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 200 مىڭ دوللار بولۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتى تەجرىبىسى ۋە قوش تىللىق ئون - سىن دەرسلىك تۈرى يولغا قويۇلدى. ئەمەلىي ئورۇندالغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 206 مىڭ 400 دوللار، 9 تەتقىقات تېمىسى تەتقىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قوش تىللىق ئون - سىن دەرسلىك تۈرى تاماملاندى.

8. مەسلىھەت مۇلازىمىتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە چەت ئەلگە چىقىپ تەربىيىلىنىش. ئىشلىتىش پىلانلانغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 200 مىڭ دوللار، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىندى، خادىملار چەت ئەللەرگە چىقىپ تەكشۈرۈشكە، تەربىيىلىنىشكە تەشكىللەندى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بارلىق تۈرلەر قەرەلىدە تاماملاندى.

نامرات رايونلارغا 2 - تۈركۈمدە ياردەم بېرىش تۈرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق تۈر يولغا قويۇلغان ناھىيىلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپ، قىزلار مائارىپىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. تۈر يولغا قويۇلغان 18 ناھىيىدە باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتۇش، قاغىلىق، بۈرچىن، بارىكۆل، قابادىن ئىبارەت 5 ناھىيە، شەھەر ئاپتونوم رايوننىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغارلار قاتارىغا كىردى.

ما خېپىڭ

## مائارىپ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى ھۆكۈمەت خىراجىتى

بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان 96 ئوقۇغۇچىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىردى، شىنجاڭ بويىچە يىرلىكتىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئەۋەتىلگىنى 25، ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچى 300دىن كۆپرەك، چەت ئەلگە ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن چىققان ئادەم 67، تەكشۈرۈشكە ۋە زىيارەتكە چىققان ئادەم 108، چەت ئەلگە چىقىپ يازلىق لاگېرغا قاتناشقان ئادەم 52، مۇلازىمەت مۇددىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئادەم 3، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئادەم بىر، ھەمكارلىشىپ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم 3، ئىچكىرىدە تەربىيىلەنگەن ئادەم 4.

تاشقى ئىشلار باشقارمىسى

## ئېلېكترلەشكەن مائارىپ خىزمىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە «ھەممە مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. ئۈچ تۈر ئىچكىرىگە بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 735نى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 556، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئاز كەم 700 مەكتەپنى قاپلىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى 7 - ئايدا شىنجاڭدا IP سۈنئىي ھەمراھ قانىلى ئېچىشنى تەستىقلىدى. سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يوللاش ئاپتونوم رايوننى قاپلاپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۈچ تۈر ئىچكىرىدىكى مائارىپنى قانات يايدۇرۇشتا شارائىت يارىتىلدى. 9 - ئايدا جۇڭگو مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شاڭخەي مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ ئىپتىكى يۈتكىلىشچان پروگرامما «ئەسىرنىڭ ۋەدىسى» شىنجاڭنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى لېنتىغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى (پونكىتى) باشلىقلىرى، دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەجرىبە مەكتەپلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان «ھەممە مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرغان «شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ مەنبىيى تورى» 118 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر يىلدا 5235 سائەت پروگرامما كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك مائارىپ پروگراممىسى %60تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرى مەملىكەتلىك مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جەمئىيىتىنىڭ پروگراممىلارنى باھالاشتا سەھىپە تۈرى بويىچە بىر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاخبارات تۈرى بويىچە بىر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەھىپە تۈرى بويىچە ئىككى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئېلېكترلەشكەن مائارىپ باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 2001 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 9188 | 893857 | 1064588 | 4161653 | 305665 | 238913 |
| 1. ئاسپىرانت | 9 | 277 | 827 | 1749 | 865 | 865 |
| 1) ئالىي مەكتەپ | 6 | 259 | 783 | 1647 | 802 | 802 |
| 2) پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | 18 | 44 | 102 | 63 | 63 |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق - مەخسۇس كۇرسلىرى | 21 | 15844 | 41426 | 108066 | 17793 | 9123 |
| تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى | 10 | 10704 | 30365 | 81611 | 14041 | 6947 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرى | 11 | 1378 | 6890 | 14203 | 3416 | 2061 |
| شۆبە مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرى | | 3762 | 4171 | 12252 | 336 | 115 |
| 3. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2179 | 380946 | 510469 | 1390360 | 122268 | 88807 |
| 1) ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 99 | 26403 | 26763 | 97321 | 12627 | 6842 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 79 | 19292 | 17311 | 68710 | 9635 | 4962 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 20 | 7111 | 9452 | 28611 | 2992 | 1880 |
| 2) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى | 62 | 10861 | 7207 | 16800 | 6161 | |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1929 | 329801 | 459878 | 1228566 | 99548 | 79419 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 472 | 59251 | 93519 | 225411 | | 17025 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 1457 | 270550 | 366359 | 1003155 | | 62394 |
| 4) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 89 | 13881 | 16621 | 47673 | 3932 | 2546 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 84 | 7098 | 5000 | 15773 | | 2185 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 5 | 6783 | 11621 | 31900 | | 361 |
| 4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 6221 | 395010 | 352975 | 2435667 | 149107 | 132137 |
| 5. ئالاھىدە ماائارىپ مەكتەپلىرى | 7 | 104 | 135 | 922 | 310 | 187 |
| 6. بالىلار باغچىسى | 751 | 101676 | 158756 | 224889 | 15322 | 7794 |

جاڭ شۇجياڭ، نىڭ شاۋجۇ

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق كىرگەن ساپ كىرىم 291 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ئوقۇغۇچىلارغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 29 . 74 يۈەنگە يەتتى، مەكتەپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 32 مىڭ 60 يۈەن بولدى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق باشقۇرغان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىنىڭ يەر كۆلىمى 21 مىڭ 174 گېكتارغا، مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 384كە، 3 - كەسىپ تور نۇقتىسى 1630غا، مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرى مۇلكىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 395 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساپ كىرىم 236 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، ماائارىپ خىراجىتىنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلدى.

(تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش باشقارمىسى)

## شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ ماائارىپ گېزىتى - ژۇرنىلى رىداكسىيىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى

ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزئارا تولۇقلاش، بايلىقتىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 2001 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ ماائارىپ گېزىتى - ژۇرنىلى رىداكسىيىسى رەسمىي قوشۇۋېتىلىپ، يېڭىچە شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى تەشكىل قىلىندى.

1956 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. نۆۋەتتە ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كىتابلارنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە تىل - يېزىقلىرىدا نەشر قىلىدۇ. شىنجاڭ ماائارىپ گېزىتى - ژۇرنىلى رىداكسىيىسى ئەسلىدە 1951 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ماائارىپ ژۇرنىلى رىداكسىيىسى بولۇپ، 1989 - يىلى «شىنجاڭ ماائارىپ گېزىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن نامىنى شىنجاڭ ماائارىپ گېزىتى - ژۇرنىلى رىداكسىيىسىگە ئۆزگەرتكەن.

ۋاڭ جيەندې

## ئوقۇتۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش

2001 - يىلى شىنجاڭ ئوقۇتۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش باش پونكىتى ئۈرۈمچى شەھىرى

تيانشان رايونىنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ناھىيە، شەھەر 12گە يەتتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» ۋە «دۆلەتنىڭ نامرات رايون مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»غا خېرىدار چاقىرىش، تىل تەجرىبىخانىسى، كومپيۇتېرخانا ۋە سەكرەشكە ياردەم بېرىش تاختىسى قاتارلىق قوشۇمچە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلارنى تەكشۈرۈش، يۆتكەپ توشۇش، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ تارقىتىپ سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت خىزمىتىگە قاتنىشىلدى. مائارىپ نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «مائارىپ تورى كۆپ مۇھىت تېخنىكىسى ۋە ئوقۇتۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتنىشىشنى تەشكىللىدى. تەكلىپكە بىنائەن ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىلدى.

2001 - يىلى شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرى تەتقىقات - ياساش مەركىزى ياسىغان پارتا - ئورۇندۇق 7501 يۈرۈش، ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان قوش قەۋەتلىك كارىۋات 831 يۈرۈش، تىكتاك توپ تاختىسى 20 نەچچە، دوسكا 407 پارچە، ئەمگەك ماھارىتىگە دائىر 122 مىڭ 304 يۈرۈش ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تارقىتىلدى. بىر يىلدا سېتىشتىن كىرگەن كىرىم 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، زىيان 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يۇقىرىغا 148 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، دېمەك، مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىندى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە تىل - يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقىدىكى پېداگوگىكا ئوقۇتۇش ماتېرىيالى 1720 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب 249، ئومۇمىي سانى 51 مىليون 440 مىڭ 700 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي كىتابنىڭ %48.14نى ئىگىلىدى. مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئومۇمىي كىتابنىڭ %81.70نى، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى %19.29نى تەشكىل قىلىدۇ. بىر يىلدا 300 مىڭ 463 نۇسخا ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ماتېرىيالى، 79 مىڭ 439 ئۈن ئالغۇ لېنتىسى سېتىلدى. بۇ كىتابلارغا ئىشلىتىلگەن باسما تاۋاق 288 مىڭ 105، قەغەز ئازكەم 9000 توننا، سوممىسى 220 مىليون يۈەن.

ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى باشقارمىسى

## مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن شى يۇخوا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۇرسۇن روزى، قاراماي شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لىيۇ جىڭيالڭ، كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ خەيفېڭ، ئاقچى ناھىيىلىك ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپىدىن گاۋ لەن، تاشقورغان ناھىيىسى ۋەچە يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئابدۇراخمان زارى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇقېيۇم سەمەت، كېرىيە ناھىيىسى ئاچچان يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۈسۈپ مەتسادىق، خوتەن شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن پەن يۈمېي، كۈنەس ناھىيىسى قارابۇرا يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جۇمارىت ئاقلىبەت، غۇلجا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن شۆھرەت، جىمىنەي ناھىيىسى جىمىنەي بازىرى بېلارىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن باتىك ئوققاس، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لۇ سۇشىن، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لىبى شاۋخۇڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ئېكولوگىيىسى ئىنستىتۇتىدىن شيوڭ خېيگاڭ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن ۋاڭ شۆۋېي.

مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئابدۇۋەلى مەمەت، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدىن دۇەن شەنجۈن.

مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ جۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېن يۈجۇ، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جۈرئەت داۋۇت، شىخەنزە شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ليۇ شۇلى، تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىدىن رەيھان ئىسمايىل، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن خەلچەم غوپۇر، سانجى ئوبلاستى خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ما يۇلىيەن، جىمسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن گۇڭ ۋېيلەن، سانجى ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جاڭ

ۋەنجۇن، بورتالا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئادىل ئابلا، چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن رەيھانگۈل ئەخمەت، توقسۇ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايگۈل نامان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېن ۋەنفۇ، ئاۋات ناھىيىسى تامتوغراق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىلىق قاراكۆل ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ھاجى راخمان، پوسكام ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جاڭ ۋېيخۇڭ، قەشقەر چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىدىن گۈلباھار، غۇلجا شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جاڭ يالەن، قورغاس ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن شيا يۇشىڭ، تېكەس ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن رىزۋانىيە، غۇلجا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەركىن سۇلتان، ساۋەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن مۇ گۇاڭخۇا، دۆربىلجىن ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوتانقالى مۇقان، چىڭگىل ناھىيە بازىرى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن دىڭ شياۋجۇ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن مۇ گۇاڭخۇا، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۈەن شۇچېڭ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 123 - تۈەن - مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن شۇ فۇبىڭ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 161 - تۈەن - مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپى 2 - يىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن خەن جۇنلىڭ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى بېيتۈن ئوتتۇرا مەكتىپىدىن شۇ جىنشېڭ، بىڭتۇەن 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىن خې گۈيشىن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىن كاڭ شيەنشۇ، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي تىببىي ئىلىملىرى ئىنستىتۇتىدىن جاۋ شۆشىن، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئىنستىتۇتىدىن ليۇ خۇەنفاڭ.

مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن شې لىندۇڭ، قەشقەر سەھىيە مەكتىپىدىن ليۇ ماۋلىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىن جاڭ خۇەن، قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن نەجمىدىن ئاپار، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جۇ ياۋفا، لوپنۇر ناھىيىسى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن شېن خېڭفا، باغراش ناھىيىسى بۇمبۇت يېزىسى نايىنتولغاي موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتىپىدىن گوڭ زېي، گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جاۋ شيەنلىن، پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئابلىمىت ئۆمەر.

مەملىكەتلىك ئىككى ئاساسنى خىزمىتىدىكى ئىلغار رايون (ئورۇن)لار (شىنجاڭ قىسمى) ئاقسۇ شەھىرى، يەنجى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسى، كۇنەس ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى مائارىپ كومىتېتى.

مەملىكەتلىك ئىككى ئاساسنى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر (شىنجاڭ قىسمى) ئابدۇغېنى ئىسلام، ئەركىن ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنبېك كېرىم، دۇ بىڭلى، پولات ھاشىم، توختى ئېزىز، دۇ سىجيې (ئايال)، جاڭ فېڭشەن، نۇربەخت، نۇرمەممەت قاسىم، سەكىن قۇسايىن، جاڭ يۇجياڭ، مەمەتجان ئەيسا، ئىمىن مامۇت، بو شيەنلى (ئايال)، غوپۇر ھاشىم، سەي شىن، قادىر بەگ، ۋاڭ شۇجېن (ئايال)، لا چىنشەن، چېن جىنشيۇ، جاۋ ديەنيىن.

ۋاڭ جيەندى

# ئاساس مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1929 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 218ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 472 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 12سى ئازايدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1457 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 230ى كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 228 مىڭ 566، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 225 مىڭ 411، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 3155. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 79 مىڭ 419، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 17 مىڭ 25، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 62 مىڭ 394. باشلانغۇچ مەكتەپ 6221 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 497سى ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2 مىليون 435 مىڭ 667، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 132 مىڭ 137. ئالاھىدە مائارىپ يولغا قويۇلغان مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 922، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 187. بالىلار باغچىسى 751 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 81ى ئازايدى، باغچىدىكى بالا 224 مىڭ 889، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7794.

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 19 مىڭ كۋادرات مېتىر، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 261

مىڭ كۋادرات مېتىر. ئالاھىدە، مائارىپ يولغا قويۇلغان مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى 34 مىڭ كۋادرات مېتىر، بالىلار باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 980 مىڭ كۋادرات مېتىر.

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ %48.61كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت يۇقىرى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ %73.90كە يېتىپ، 1 پىرسەنت يۇقىرى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە %16.97 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2 پىرسەنت يۇقىرى كېمەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %41.97كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %02.82كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %68.95كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %56.34كە يەتتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە %88.2، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە %24.0 بولدى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 1:16.08، باشلانغۇچ مەكتەپتە 1:18.43 بولدى.

يىلنامە باشقارمىسى

## ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى خىزمىتى يىغىنى 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 80 نەچچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر قايسى جايلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قانات يايدۇرۇلغان ئۈچۈر تېخنىكا مائارىپى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچۈر تېخنىكا مائارىپى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈچۈر تېخنىكا مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئومۇمىي پىلان نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈچۈر تېخنىكا مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنداشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى تەخمىنەن %40 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە، تەخمىنەن %10 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە، تەخمىنەن %5 باشلانغۇچ مەكتەپكە كومپيۇتېر ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 24 مەكتەپ ئۆز ئارا تورلاشتۇرۇلدى، 13 مەكتەپتە تور ئارقىلىق دەرس ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 11 مىڭ 464 كومپيۇتېر، 375 كومپيۇتېرخانا، 801 مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بار. ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى بويىچە زۆرۈر ئوقۇشلۇقلارنى يولغا قويغان مەكتەپلەر %20نى، تاللاپ ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى يولغا قويغان مەكتەپلەر %40نى، دەرستىن سىرتقى قىزىقىشچانلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان مەكتەپلەر %40نى ئىگىلىدى. كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ مۇھىتلىق ـ كۆپ ئىقتىدارلىق ئىلمىي دوكلات بېرىش زالى، ئېلېكترونلۇق دەرس تەييارلاش سىنىپى، ئېلېكترونلۇق قىرائەتخانا، مەكتەپ تورى قاتارلىق زامانىۋىلاشقان مائارىپ مۇئەسسەسىلىرى بارلىققا كەلدى. يېڭى تىپتىكى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئوقۇتۇش شەكلى ۋە ئايرىملاشقان مائارىپ، ئۆگىنىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى، بىر قىسىم رايونلار ۋە مەكتەپلەردە ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى دەرسلىكى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، دەرسلىك، دەرس ۋاقتى، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شىنجاڭدا يەنە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى يولغا قويۇلغان تەجرىبە مەكتەپلىرىدىن 15ى قۇرۇلدى، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قاراماي شەھىرى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى دۆلەتلىك ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى يولغا قويۇلغان تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى.

يىلنامە باشقارمىسى

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بويىچە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساس مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا قارار» تۈزدى. «قارار»دا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى — 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، 2005 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىنىڭ %85نى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تولۇقسىز

ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى %85تىن ئاشۇرۇش، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى %60 ئەتراپىغا يەتكۈزۈش. 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش» نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا باسقۇچتىكى مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %95تىن ئاشۇرۇلىدۇ.

2001 ـ يىلى ئاساسلىق ئىشلەنگەن خىزمەتلەر: 1. ش ئۇ ئا ر ئاساس مائارىپ دەرسلىكلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ تەجرىبە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى ۋە سايباغ رايونى دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن دەرسلىك لايىھىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن قېلىش خىزمىتىنى ياخشى كونترول قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ تارقىتىلدى.

2. ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى نەشر قىلىپ تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

3. قەشقەر كوناشەھەر، نىلقا، مورى ناھىيىلىرى 2001 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى فوند جەمئىيىتىنىڭ تۈرى يولغا قويۇلغان ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى، شۇ يىلى باركۆل، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى فوند جەمئىيىتىنىڭ «ئائىلانىڭ ئوقۇشلۇق» تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

4. ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. «ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈچۈر تېخنىكىسى مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى» ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەممە مەكتەپكە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىلانى» تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى «ھەممە مەكتەپكە يەتكۈزۈش»تىكى ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان مەكتەپلەر بېكىتىلدى.

5. دۆلەتنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، 2001 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر، بازارلاردا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 3 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلىش بېكىتىلدى؛ يېزا ـ بازارلاردىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 3 ـ يىللىقىدا 2002 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلىنىدى. شارائىتى بار مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر خەنزۇ تىلى دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش ئاساسىدا ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تەدرىجىي تەسىس قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى.

6. «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپتىن سىرتقى مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار، ئۆسمۈرلەر مەكتەپتىن سىرتقى مائارىپ خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا قاتنىشىلدى ۋە تەشكىللەندى. تۇنجى تۈركۈمدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپتىن سىرتقى مائارىپ سورۇنى قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىلتىماس قىلغان 13 ناھىيە، شەھەرنى تور قىلىپ تورغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى.

7. سانجى ئوبلاستى، قاراماي شەھىرىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرىجە بويىچە باھالاندى. تۇنجى تۈركۈمدە سانجى ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، سىچۇەن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، قاراماي شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ نام بېرىلدى.

8. گاس ـ گاچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى، 150تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. گاسلارنىڭ «ئۇيغۇرچە قول ئىشارىسى لۇغىتى» ۋە گاسلارنىڭ ئۇيغۇرچە «تىل ـ ئەدەبىيات» ئوقۇشلۇقىنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالى يېزىپ چىقىلدى.

9. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بالىلار مائارىپىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ى تۈزۈلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار باغچىسى مائارىپىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى» يېزىپ چىقىلدى. تۇنجى تۈركۈمدىكى «پروگرامما»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، 160 نەپەر بالىلار تەربىيىچىسى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ بالىلار باغچىسى قاتارلىق 5 بالىلار باغچىسى «پروگرامما»نى يولغا قويۇشتىكى سىناق نۇقتا قىلىنىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە بولغان «ئاياللار تەرەققىياتى پروگراممىسى» بىلەن «بالىلار پروگراممىسى» تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇشلۇقى تۈزۈپ نەشر قىلىنىدى (تولۇقسىز ئوتتۇرا قىسمى).

## ئاساس مائارىپ ئىشخانىسى

### ئۈرۈمچى SOS باللار كەنتى

ئۈرۈمچى SOS باللار كەنتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن خەلقئارا SOS باللار كەنتى تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، جۇڭگودا قۇرۇلغان سەككىزىنچى SOS باللار كەنتى، شۇنىڭدەك غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى بىردىنبىر SOS باللار كەنتى. باللار كەنتىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى يېتىم قالغان، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بېقىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان، ساغلام يېتىم - يېسىر باللارنى بېقىۋېلىش ۋە تەربىيىلەش، ئۇلارنى ئائىلە شەكلىدە باشقۇرۇش، ھەربىر ئائىلىگە بىر تول ئايال مەسئۇل بولۇپ «ئانا» بولۇش، يېتىم-يېسىر باللارنى قايتىدىن ئائىلىلىق مېھىر - مۇھەببەتكە ۋە ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، باللار كەنتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن باللار كەنتىدە 2000 - يىل 12 - ئايدا تۇنجى ئائىلە قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر، زاڭزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تۇجيا، خەنزۇدىن ئىبارەت 8 مىللەتتىن 67 يېتىم - يېسىر بالا بېقىۋېلىنىپ، 10 ئائىلە قۇرۇلدى. 2001 - يىل 9 - ئايدا 35 بالا يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىردى.

ۋاڭ جۇيېڭ

# كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى

### ئومۇمىي بايان

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 99، ئوقۇغۇچىسى 97 مىڭ 321، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 6842، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 261 مىڭ كۋادرات مېتىر. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 89، ئوقۇغۇچىسى 47 مىڭ 673، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2546، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 533 مىڭ كۋادرات مېتىر. چوڭلار ئالىي مەكتىپى 17، ئوقۇغۇچىسى 109 مىڭ 285، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2645، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 55 مىڭ كۋادرات مېتىر. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 39، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 566، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1618، چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى 18، ئوقۇغۇچىسى 6832، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 59. چوڭلار تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى 2501، ئوقۇغۇچىسى 1 مىليون 176 مىڭ 302، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1501. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى 691، ئوقۇغۇچىسى 159 مىڭ 93، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 392.

2001 - يىلى كەسپىي مائارىپ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپىغا 54 مىڭ 336 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 48 مىڭ 561ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومغا قوبۇل قىلىش پىلانلانغان ئوقۇغۇچى 5000، پەقەت 1000 ئوقۇغۇچىلا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇنۇلار: 1. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، جەمئىيەتتە كەسپىي مائارىپقا بولغان تونۇش كەمچىل بولغان. 2. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش ئاستا بولغان، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ جەھەتتە قارىغۇلارچە شامالغا ئەگىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن. تۈرلۈك كەسپىي مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇۋېلىپ، مەكتەپ ۋە كەسىپلەرنى تەكرار، تارقاق تەسىس قىلغان، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى تۆۋەن، ئالاھىدىلىكى روشەن بولمىغان. 3. ھۆكۈمەتنىڭ بىرا مائارىپى ئىسلاھاتى ۋە شەھەر مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە بولغان بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقى يېتەرسىز، مەخسۇس تۈر خىراجىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنماي ئىسلاھات خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكەن. 4. كەسپىي مەكتەپلەر كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئۈستىگە ئالالمىغان، تەربىيىلەش بازارلىرى ئانچە قېلىپلاشتۇرۇلمىغان، تەربىيىلەش سۈپىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە سەل قارالغان. 5. ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردە مۇناسىپ ھالدىكى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك مېخانىزمى كەمچىل. 6. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ خىراجەت سېلىنمىسى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇپ، كەسپىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش شۇنداقلا مىللىي كەسپىي مائارىپ ئوقۇتۇشى ۋە ئوقۇشلۇق قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكەن.

ۋاڭ جيەندې

### كەسپىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن مائارىپقا

مەسئۇل تارماقلار «ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىشتىكى زۆرۈر شەرتلەر» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە تەكشۈرۈپ لۆتكوززۇۋېلىش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تەسىس قىلىش (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)» نى ئاساس قىلىپ، تەسىس قىلىشقا يوللانغان ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئىنستىتۇتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسىي شارائىتىنى باھالىدى ۋە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. سانجى ئوبلاستلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى قاتارلىق 7 مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈپ سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش، شىنجاڭ خەلق ساقچىلىرى مەكتىپى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى قۇرۇش تەستىقلاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەرلىك تېببىي مەكتەپنى شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش پىكرىگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. قاتناش نازارىتى تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنى داۋاملىق باشقۇرۇش مەسىلىسى تەكشۈرۈلدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ قۇراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى شۆبىسىنى قۇرۇش تەستىقلاندى. كەسپىي مائارىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى.

كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى

## چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى

2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كۆچەيتىپ، ئارىلاپ ئىمتىھان ئالدى. 23 مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا قاتناشتى. 2001 - يىللىق چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە گۇۋاھنامە تامغىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. 30 نەچچە چوڭلار ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن 60 نەچچە مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئاز كەم 10 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ دىپلومى بېجىرىلدى. ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 4000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ بويىچە تەربىيىلەندى ۋە ئاخلاش ئىمتىھانىغا تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدىكى 2000دىن كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ 2 - قېتىملىق ئوقۇش تارىخى سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. كۆچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ تەكرارلاش قوللانمىسى ۋە كۆنۈكمىلەر توپلىمى تۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، «ئالىي ماتېماتىكا» قاتارلىق كىتابلار بار. 2 - قارارلىق چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەر، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار، كەسپىي مەكتەپلەر، كەسپىي تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىدا «كەسپىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى.

چوڭلار مائارىپى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 2000 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 3266 | 1480121 | 1110481 | 1480078 | 13653 | 6215 |
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 17 | 18462 | 47004 | 109285 | 5417 | 2645 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1165 | 2468 | 12265 | 3891 | 3357 | 2 | 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 491 | 949 | 9074 | 4027 | 1988 | 7 | 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتىپى |
| 989 | 2000 | 17550 | 8363 | 3486 | 8 | 3) مائارىپ ئىنستىتۇتى |
| | | 70396 | 30723 | 9631 | | 4) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغىنى |
| 502 | 1376 | 42481 | 18115 | 4257 | | ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش |
| 502 | 1376 | 12334 | 4698 | 1252 | | ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت |
| | | 15581 | 7910 | 4122 | | چوڭلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش كۇرسلىرى |
| | | 9278 | 2710 | 3509 | | تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرسى |
| 3178 | 6659 | 1211700 | 965813 | 1339149 | 2558 | 2. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى |
| 1618 | 2942 | 28566 | 8242 | 14014 | 39 | 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى |
| 1618 | 2942 | 17479 | 4144 | 8322 | 39 | (1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى |
| 734 | 1382 | 13487 | 2783 | 5826 | 4 | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى |
| 353 | 682 | 2295 | 588 | 1902 | 11 | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى |
| 122 | 155 | 465 | 175 | 235 | 1 | ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى |
| 409 | 723 | 1232 | 598 | 359 | 23 | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى |
| | | 11087 | 4098 | 5692 | | (2) باشقا ئوقۇتۇش مەكتەپلىرى |
| 59 | 216 | 6832 | 4957 | 3893 | 18 | 2) چوڭلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى |
| 55 | 90 | 1491 | 566 | 744 | 18 | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرى |
| 4 | 126 | 5341 | 4391 | 3149 | | دېھقانلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى |
| 1501 | 3501 | 1176302 | 952641 | 1321242 | 2501 | 3) چوڭلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتەپلىرى |
| 157 | 366 | 21522 | 18467 | 51199 | 43 | ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتەپلىرى |
| 1344 | 3135 | 1154780 | 934147 | 1300043 | 2458 | دېھقانلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتەپلىرى |
| 392 | 1577 | 159093 | 97664 | 122510 | 691 | 3. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى |
| 1 | 1 | 36 | | 60 | 5 | 1) ئىشچى - خىزمەتچىلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى |
| 391 | 1576 | 159057 | 97664 | 122450 | 686 | 2) دېھقانلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى |
| 167 | 893 | 54122 | 36012 | 48315 | | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى |

جالڭ شۇجيالڭ، نىڭ شياۋجۇ

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش، «ئۆچنى بىرلەشتۈرۈش»تە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بويىچە تولۇقلىما ئىمتىھان ئېلىش، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن

كۆرۈش. ئاڭلاش بويىچە ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق 13 قېتىملىق ئوقۇش تارىخى ۋە غەيرىي ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى. ئاساسلىق ئىمتىھان ئالىدىغان مەكتەپلەرگە ھەمكارلىشىپ ئەمەلىي ھالقىلار بويىچە 20 نەچچە قېتىم سىنالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كەسىپ 83، دەرس 1000دىن ئارتۇق، ئىمتىھان ئېلىشقا تىزىملىتىلغان پەن 550 مىڭ، 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشتى؛ «ئۆچنى بىرلەشتۈرۈش» بويىچە تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىشكە قاتناشقانلار 3000دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا رويخەتكە ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن كۆرۈش - ئاڭلاش بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 20 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، قاتناش تۈرىدىكى كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 2400 ئادەم (قېتىم). مۇشۇ بىر يىلدا تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس بويىچە تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 11 مىڭ ئادەم (قېتىم).

غەيرىي ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولدى. مەملىكەت بويىچە كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانى ئېلىش سىناق نۇقتىسى 11دىن 17گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 9400 ئادەم ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتتى. «كەمبىرىج» ئۆسمۈرلەر ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئاپپاراتى 40قا يەتتى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتا بۇ خىل تەربىيىلەش تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۆسمۈر بالا تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان كەسپىنى باشقۇرۇش خىزمىتى مۇكاپاتىغا ۋە مەملىكەتلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ئوقۇشلۇقى بىلەن تەمىنلەش بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى)

# ئالىي مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنى 9، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 827، مەكتەپ پۈتتۈرگىنى 277، مەكتەپتىكى ئاسپىرانت 1749، ئاسپىرانت يېتەكچىسى 899.

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 21، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 41 مىڭ 426، مەكتەپ پۈتتۈرگىنى 15 مىڭ 844، مەكتەپتىكىسى 108 مىڭ 66، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 19 مىڭ 369، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 9123، مەكتەپ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 714 مىڭ كۋادرات مېتىر. ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 58.53 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.48 ئادەم كۆپەيدى.

يىلنامە باشقارمىسى

## ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار، ئىمتىھان بېرىدىغانلار ئالدىنقى يىلدىكىدىن خېلى كۆپ ئاشتى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 71 مىڭ 755، پىلان بويىچە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى 54 مىڭ 459. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچى 105 مىڭ، پىلان بويىچە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى 73 مىڭ 31. ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 4249، پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى 827.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى

## ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتى

«يېڭى ئەسىردىكى باشلانغۇچ، ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى قۇرۇلۇشى» مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ نۇقتىلىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تۈرىدۇر. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشى تەستىقلانغان تۈر 4. 2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى پائال تۈردە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، يولغا قويۇلۇش داۋامىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ، تۈرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالدى.

1. «ئالىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش مەسىلىسى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئالىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇش پىكرى يېزىپ چىقىلدى.

2. ئالىي مەكتەپلەرنى تەڭشەش ۋە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايون

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى مۇتەخەسسىسلەرنى سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومىنى تەڭشەپ سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇش ۋە شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى - ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ شىنجاڭ ساقچى - ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى قىلىپ قۇرۇش خىزمىتىنى دەلىللەش ۋە باھالاشقا تەشكىللىدى. مۇتەخەسسىسلەر دەرىجە ئۆستۈرۈش ۋە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سانجى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى دەلىللەش ۋە باھالاش خىزمىتىگە قاتناشتى. يۇقىرىدىكى مەكتەپلەرنى تەڭشەپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە دائىر مەخسۇس پەن ۋە زامان دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

3. ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاپتونوم رايون ئالىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئالىي مائارىپ دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر» توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپ سۈپىتى جەھەتتىكى يېتەكچى پىكىر ۋە تەدبىرگە كاپالەتلىك قىلدى.

«باھالاش ئارقىلىق قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، باھالاش بىلەن قۇرۇلۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇش» تۈپ فاڭجېنىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىنى باھالاش تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇشتا ئۆزىنى ئۆزى باھالاش خىزمىتىنى ئالدىن تەكشۈردى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبىخانىلىرىنى باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى باشلاندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 12 ئاساسىي ئوقۇتۇش تەجرىبىخانىسىنى باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»گە ئاساسەن، 2 - قېتىملىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى مۇكاپاتىنى باھالاش خىزمىتى تەشكىللەندى ۋە قانات يايدۇرۇلدى. بىر تۈر مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 3 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 20 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان تۈر بولۇپ باھالاندى. بىر تۈر دۆلەتنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا، 5 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 4 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان تۈر قىلىپ كۆرسىتىلدى.

4. نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشى. 2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى «مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئادەتتىكىلەرگە تەڭ ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئالىي مەكتەپلەردە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش پېنىدىن 20نى، ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پەندىن 60نى بېكىتىشنى شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن يېتەكچىسى، تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ئىش ئورنى مەخسۇس تۈرى تولۇقلىما ياردىمىنى يولغا قويۇش پىكرى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تۇتۇپ قېلىش، رىغبەتلەندۈرۈشتەك ياخشى مۇھىتنى پائال ياراتتى. «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماتېماتىكا» ۋە «ئاز سانلىق مىللەت تىل ئەدەبىياتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك 8 نۇقتىلىق پەننى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە يوللىدى.

5. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسنى تولۇق كۇرسقا ئۆستۈرۈش مائارىپى. 2001 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىپ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى ئەلا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ بىۋاسىتە تولۇق كۇرسقا ئۆستۈرۈشنى يولغا قويۇش چارىسى تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈلدى. 9 - ئايدا مەخسۇس كۇرسنى ئەلا پۈتتۈرگەن 303 ئوقۇغۇچى تولۇق كۇرس باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

6. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەۋەلىكى ۋە دىپلومنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەۋەلىكى ۋە ئوقۇش تارىخىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىغا دائىر ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكى ۋە دىپلومنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دىپلومىنى ئېلېكترونلۇق

روياپتكە ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەۋەلىكىنى ۋە دىپلومىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. زامانىۋى تور تېخنىكىسى سۈپىتى ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. 2001 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىپلومى پۈتۈنلەي ئېلېكتروونلۇق روياپتكە ئېلىندى.

7. ھازىرقى زامان يىراق مۇساپىلىك مائارىپى ئۇقتىدا سىناق قىلىندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي پەنلەر بۆلۈمى شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى تەسىس قىلدى، ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش كېلىشىمىدە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش نىشانى، مەخسۇس پەنلەرنى تەسىس قىلىش، مائارىپ ئوقۇتۇشىنى باشقۇرۇش قائارلىق مەكتەپ باشقۇرۇش مەزمۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرقى زامان يىراق مۇساپىلىك مائارىپنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى.

8. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش تورىنى باھالاش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدا ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئەندىزىسى ئىسلاھاتى ۋە ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ تەتقىقات تورىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنى ئېچىۋېتىش شەكلىدە ئىسلاھ قىلىپ، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ۋاسىتىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئالىي مائارىپ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە دائىر زامان ۋە ماكاننى كېڭەيتىپ، يىراق مۇساپىلىك ئەمەلىي ۋاقىت خاراكتېرلىك مائارىپنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

9. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلىندى. 2001 - يىلى يېڭىدىن ئوقۇش باشلانغاندىن تارتىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە دېگۈدەك دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلىندى، دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى زۆرۈر ئوقۇشلۇق دەرسلىكى بولۇپ، ۋاقتى 18 سائەت قىلىپ بېكىتىلدى. مائارىپ نازارىتى ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر يىلدا ئوقۇتقۇچىلارنى 2 قارار دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 59 ئالىي مەكتەپتىن 68 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## ئاسپىرانت تەربىيىلەش

2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئاسپىرانت ئوقۇتۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، «ئاسپىرانت تەربىيىلەش خىراجىتىنى ئىلتىماس قىلىش لايىھىسى»نى تۈزدى. مالىيە نازارىتى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ياردەم پۇلى ئۈچۈن 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ، ئاسپىرانت تەربىيىلەش بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ MBA كۆز يەسلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەدەت بېرىلىپ، MBA كەسپىي ئۇقتىسى بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 2000 - يىلدىن ئىلگىرى ئاسپىرانتلىق دەرسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن 5000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 3800دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئاپتونوم رايون ئاسپىرانتلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك گۇۋاھنامە تارقىتىلدى.

ئالىي مائارىپ ئۇنىۋان ئىشخانىسى

## R&D (تەتقىقات ۋە تەرەققىيات) مەنبىيىنى ئېنىقلاش خىزمىتى

R&D مەنبىيىنى ئېنىقلاش — دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەملىكەتلىك بولغان، تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيىتىدىكى ئادەم كۈچى، مەبلەغ سېلىنمىسى، نەتىجە ۋە ھاسىلات شۇنداقلا قوللىنىش ئەھۋالىغا ئائىت سىستېمىلىق خىزمەت. مائارىپ نازارىتى 2000 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ R&D مەنبىيىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرغانىدى. 2001 - يىل 10 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، دۆلەت ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا دائىر سانلىق مەلۇمات ۋە تەتقىقات دوكلاتى يوللاندى. بۇ خىزمەت ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، مەكتەپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتى قەدىمىنى تېزلىتىشكە پۇختا ئاساس سالدى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## 3 ئالىي مەكتەپتە پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتى تەسىس قىلىندى

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور توك ئىشلىرى پاي چەكلىك شىركىتىدە پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى

پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا ئىلمى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىلمى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق تېببىي پەنلەر ئىلمى بويىچە پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتى كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ قۇرۇلدى.

ۋاڭ جۇپىڭ

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش نىشانى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش نىشانى 2001 ـ يىل 7 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش نىشانى: پەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئاساس قىلىنىدىغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەدەنىيەت، تارىخ، پەلسەپە، قانۇن، سەنئەت قاتارلىق پەن تۈرلىرى تولۇق بولغان مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش؛ مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمى جەھەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش بويىچە مۇھىم بازا قىلىش؛ باشقۇرۇش سەۋىيىسى جەھەتتە، ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت بويىچە يەرلىك ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

ۋاڭ جيەندې

## پېداگوگىكا مائارىپى ئىسلاھاتى

2001 ـ يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق مائارىپ پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە 5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسىنى يولغا قويدى، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىغا چېتىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ ئوقۇغۇچىلار 5 يىل ئوقۇپ تولۇق ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالىدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك 11 پېداگوگىكا مەكتىپى سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 5 يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپىغا 2200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش چارىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپىنى ئېلېكترونلۇق رويخەتكە ئېلىش باشلاندى. 2001 ـ يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە 9452 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغىنى 500. مەكتەپ پۈتتۈرگەن 6366 ئوقۇغۇچىنىڭ دىپلومىنىڭ تامغىسى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 4048.

ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار بېيجىڭدا ئۆيۈشتۇرۇلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتى نىزامنامىسى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ۋە يۈرۈشلەشكەن سىياسەت تۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى باشلاندى.

ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

## ئۈنۋان باھالاش

2001 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈنۋانىنى باھالاشقا 1139 ئادەم قاتناشتى، 1037 ئادەم باھالاشتىن ئۆتتى، باھالاشتىن ئۆتۈش نىسبىتى 91.04% بولدى.

تەشكىلات ـ كادىرلار ئىشخانىسى

# مىللىي مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ئادەتتىكى ئالىي

مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 545، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 6637، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3543. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 762 مىڭ 407، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 53 مىڭ 379، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 44 مىڭ 930. باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1 مىليون 658 مىڭ 384، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 95 مىڭ 464، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 84 مىڭ 844.

يىلنامە ئىشخانىسى

## ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى خىزمىتى يىغىنى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىندا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 2000 - يىللىق شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2001 - يىللىق خىزمەتلەر ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا دائىر كونكرېت ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بەلگىلىمىسى» مۇھاكىمە قىلىنىپ ماقۇللاندى. 2001 - يىلى 1000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلاندى.

8 - ئايدا مائارىپ نازارىتى 2 - تۈركۈمدىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 1000 يېڭى ئوقۇغۇچى بېيجىڭ قاتارلىق 12 شەھەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇشقا باردى.

ۋاڭ جيەندې

# تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە سەنئەت مائارىپى

## تەنتەربىيە مائارىپى

2001 - يىلى مائارىپ نازارىتى «مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى»، «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى پروگراممىسى» قاتارلىق ھۆججەتلەردىكى تەلەپكە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەردە تەنتەربىيە مائارىپى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1) يېڭىدىن تۈزۈلگەن «9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى تەنتەربىيە ۋە ساغلاملىق»تىن ئىبارەت ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1500دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىشتىن سىرت تەربىيىلەندى. 2) ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى باھالاش لايىھىسى تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈلۈپ، جايلارغا تارقىتىلدى. 3) ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان «دۆلەت مۇداپىئەسى مائارىپى» ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھاۋالە قىلىنىپ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلارنى دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىلدى، 90 ئوقۇتقۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 4) ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ترېنېر، رېپېرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 70 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 5) ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خۇاچېن لوڭقىسى» پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كوماندا ئەۋەتىلىپ مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خۇاچېن لوڭقىسى» پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى 1 - لىككە ئېرىشتى. 6) ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «فېلىپ» پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كوماندا ئەۋەتىلىپ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «فېلىپ» غەربىي - جەنۇبىي رايون مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە مۇسابىقىدە 1 - لىككە ئېرىشتى. 7) ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسىتېت گۇرۇپپىسى بويىچە ئومۇمىي نومۇردا 1 - لىككە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. 8) ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم خادىملار 21 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 9) ئاپتونوم رايونلۇق Cu—BA ئوقۇغۇچىلار ۋاسكېتبول تەييارلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوغۇللار 1 -

كوماندىسى بىلەن شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قىزلار كوماندىسى 1 ـ لىككە ئېرىشتى. يۇقىرىدىكى 2 كوماندا غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى گورۇپپىدىن چىقىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

تەنتەربىيە ـ سەھىيە، سەنئەت باشقارمىسى

## سەھىيە تەربىيىسى

2001 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى «مەكتەپلەرنىڭ سەھىيە خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سەھىيە نازارىتى قاتارلىق 7 نازارەت، ئىدارە بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يود كەملىك كېسەللىكىنى يوقىتىش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرىكەت پىلانى»نى تارقاتتى ۋە «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق 7 تارماقنىڭ ‹يود كەملىك كېسەللىكىنى يوقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق 8 تارماق بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگودا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلدە ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش پىلانى (1998 — 2001 ـ يىلغىچە)نى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچىلاردا دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىشنى ئاخىرقى مەزگىللىك باھالاش خىزمىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى ھەم شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلاردا دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاخىرقى مەزگىللىك باھالاش بىرلەشمە يېتەكچىلىك گورۇپپىسى قۇردى، باھالىغۇچىلار كۇرسى ئاچتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەر ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلاردا دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «قىزىل يىپەك لېنتا، ياخشى تىلەك ئاتا قىلىش» نامىدا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق تەتىللىك ئەيدىز كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش يازلىق لاگىر پائالىيىتى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يازلىق لاگىر ئەزالىرى 20 بولۇپ، ئۇلار سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، بورتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئەيدىز كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدىكى ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 2001 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا ئەيدىز كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدا بىر قېتىملىق تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. «شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۈت ئىستېمال قىلىش پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. قاراماي شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 — 3 ـ يىللىقىغىچە بولغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىش كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىندى.

سەھىيە باشقارمىسى

## سەنئەت مائارىپى

2001 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى «سەنئەت مائارىپىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەتلىك ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 3 ـ بولدى. كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق رويال چېلىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ماھىرى ۋە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ماھىرى 3 ـ بولدى، مائارىپ نازارىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇزىكا، سەنئەتلىك سىن ئېلىش دەرسلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇزىكا، سەنئەتلىك سىن ئېلىش دەرسىنى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرى، سەنئەتلىك سىن ئېلىش دەرسىدە 4 ئادەم ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 ئادەم 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 21 ئادەم 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 ئادەم تەشكىللەش مۇكاتىغا ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش لايىھىسى ۋە سەنئەتلىك سىن ئېلىش دەرسىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 8ى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 11ى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 30ى، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتتىن 44ى باھالاندى؛ مەملىكەت بويىچە يېزا سەنئەتى تەربىيىسى بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالانغان ئۈرۈمچى، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىندى.

سەنئەت مائارىپى باشقارمىسى

# مەدەنىيەت

## ئەدەبىيات - سەنئەت

### ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆز خىزمىتىنى «ئالاقە باغلاش، مۇلازىمەت قىلىش، ماسلاشتۇرۇش» ۋە «ئەسەر يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئىسكرىپكا ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن يېڭى ئەسىر شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر ئىسكرىپكا مۇسابىقىسى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 132 نەپەر ھەر مىللەت ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى، ئۇلاردىن 24ى 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ رەسساملىق يۇرتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەتچىسى، رەسساملىق يۇرتىنىڭ پەخرىي باشلىقى گۇڭ جيەنشىنىنىڭ «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت» ناملىق رەسىملىرى رەسىم كۆرگەزمىسى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شائخەي گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ئېچىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا كادىر تەربىيىلەش، قالدۇرۇشتا دائىر ئىشلار ۋە جاڭ يى قاتارلىق 7 كىشىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاش قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

5 - ئايدا شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى مىللىي دۇخوۋوي گورۇپپىسىنىڭ «كۆسەن نەزمىسى» ناملىق مۇزىكىسى (جۇجى ئىشلىگەن)، «ئۇيغۇر ئەللەي ناخشىسى» (نۇسرەت ۋاجىدى ئىجادىيىتى) جۈڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇزىكا «ئالتۇن قوڭغۇراق مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتىدە سىمفونىيىلىك مۇزىكا ۋە ناخشا تۈرلىرى بويىچە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئەسىر بىلەن قەدەمداش بولۇش» ناملىق 1 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەت - چەك يېزىش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە 52 مىڭ 968 پارچە خەت - چەك تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى 34 مىڭ 700 پارچە، خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 18 مىڭ 268 پارچە. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 5 كىشىلىك مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گورۇپپىسىنىڭ باھالىشى بىلەن 20 ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 40 ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 78 ئوقۇغۇچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن شىنجاڭ كىنوچىلىقىنى ئەسلەش كۆرگەزمىسى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلىنىپ، 2 ئايدەك داۋاملاشتى.

ش ئۇ ئا ر مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، بىكتۇەن مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە جاۋچېڭ مەدەنىيەت - سەنئەت بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 2001 - يىللىق شىنجاڭ «جاۋچېڭ لوڭقىسى» باللار مىللىي مۇزىكىلىرى (گۇجېڭ، تارلىق چالغۇ، غىجەك، چاڭ، چارتار) 25، مۇسابىقىسى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 200گە يېقىن بالا مۇسابىقىگە قاتناشتى، 36 ماھىر 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقىرىپ كېلىۋاتقان «سەنئەت يېتەكچىسى» ژۇرنىلى بىلەن كۆلدۇرگە سەنئەتكارى جياڭ كۇن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان مەملىكەتكە مەشھۇر تور پونكىتى «كۇنپېڭ تورخانىسى» 6 -

ئايدا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ژۇرنال بازىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. «سەنئەت يېتەكچىسى» نىڭ ئىسلاھ قىلىنغانلىقى شىنجاڭ ژۇرناللىرىنىڭ بازارلىشىش، نادىرلىشىش ۋە گۈزەللىشىش نىشانىغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ فوتو سۈرەت ئىلمىي جەمئىيىتى، كانون شياڭگاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ لىنىڭ فوتو سۈرەتچىلىك سايمانلىرى شىركىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ بەدىئىي سۈرەت مۇسابىقىسى ۋە «شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلىك ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە 10 كىشى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 20 كىشى مۇكاپاتلىنىدىغانلار قاتارىغا كىردى.

2001 - يىللىق «كەيدا لوڭقىسى» جۇڭگو بالىلار چاڭچىلىسى ساھەسىدىكى كىچىك مېيخۇالار جەم بولۇش پائالىيىتىدە «جۇڭگو بالىلار چاڭچىلىسى كىچىك مېيخۇاسى» ئالتۇن چېچەك نامىغا ئېرىشكەن گاۋ شۆلۇ، يۈ چېڭلۇڭ، ۋاڭ تۇڭ، سۇڭ يۈ ۋە كۈمۈش چېچەك نامىغا ئېرىشكەن گاۋ گې، تەن خەيتاۋ، گاۋ شى، سەي لىكې قاتارلىق 8 شىنجاڭلىق ماھىر 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گۇاڭدۇڭغا بېرىپ مۇشۇ پائالىيەتنىڭ گۈل تاقاش مۇراسىمىغا ۋە ئىختىساسلىقلار كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشتى.

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات مەھكىمىسى، جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى باشقۇرغان، «گۈزەل سەنئەت» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۈستىگە ئالغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىپىدىكى گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ — ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىپىدىكى گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان تۇنجى مۇھاكىمە پائالىيىتى.

جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فۇ گېڭچېن، ئاتاقلىق ناخشىچى ما يۈتاۋ، ئاتاقلىق كومپوزىتور جاڭ چيەنيى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەربىي ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە كېلىپ 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىر قىسىم شىنجاڭلىق مۇزىكانتلارنى يوقلىدى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى.

تەيۈەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جىيېلۇڭ باشچىلىقىدىكى 12 كىشىلىك تەيۈەن يازغۇچىلار ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 2001 - يىللىق ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن سەنئەت مەكتەپلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق رويال چېلىش تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ 2001 - يىلى يازدا باشلانغان ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ دەرىجىسىنى سىناش خىزمىتى 9 - ئايدا ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىمتىھانغا قاتناشقان 6322 ئوقۇغۇچى كەسپلەر بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتتى ھەم دەرىجە گۇۋاھنامىسى ئالدى.

يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېيتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ ۋېيشى قاتارلىق 6 كىشى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو مىللەتلەر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت توپلىمى» تەزكىرە، كىتابىنى تۈزۈش ئەھۋالى ۋە باشقا ئالاقىدار مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جياڭ لىن

## شىنجاڭ رومانچىلىقى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ يىغىن 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ رومان ئىجادىيىتىدە تىللارنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ھەم ئىجادىيەت نىشانى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن بۇيان شىنجاڭدا 200دىن ئارتۇق رومان نەشر قىلىندى، ئەسەرلەر دەۋر تۇرمۇشى، كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەندەك ئىقتىدار ۋە كۈچكە ئىگە بولدى.

جياڭ لىن

## لىيۇ لياڭچېڭ 2 - نۆۋەتلىك فېڭ مۇ ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 2 - نۆۋەتلىك فېڭ مۇ ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭلىق ياش

يازغۇچى ليۇ لياڭچىڭ يېڭى ئەدەب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قىڭ مۇ ئەدەبىيات مۇكاپاتى ياش ئەدىبىي تەنقىدچىلەر مۇكاپاتى، يېڭى ئەدىبلەر مۇكاپاتى، ھەربىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتى مۇكاپاتى قاتارلىق 3 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى باھالاشقا ئوقۇرمەنلەر ئەركىن قاتنىشىدىغان تۇنجى ئەدەبىيات مۇكاپاتى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەدەبىي تەنقىد، نەسر، ھېكايە، ھەربىي ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەڭ يېڭى تەرەققىياتلار ۋە ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

جياڭ لىن

## خەن زىيۇڭ 2 - نۆۋەتلىك لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭلىق ياش يازغۇچى خەن زىيۇڭنىڭ «غەربىي قىسمىدىكى چەت ئۆلكىلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 2 - نۆۋەتلىك لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى — مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر نەزەرىيىۋى ئوبزور مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن قار لەيلىسى» بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بالىلار گۇرۇپپىسىنىڭ 11 نومۇرى، ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 22 نومۇرى بولۇپ جەمئىي 33 نومۇر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى. «يايلاقتىكى كىچىك لاچىنلار» قاتارلىق 6 ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مەن ۋە گۈل» قاتارلىق 14 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «تەبىئەتكە قۇچاق ئاچىمىز» قاتارلىق 23 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا 33 كىشى مۇنەۋۋەر كىچىك ئارتىس مۇكاپاتىغا، 24 كىشى ئۇسسۇل ئىشلىگۈچى ۋە رېژىسسورى مۇكاپاتىغا، 7 كىشى ئۇسسۇل يېتەكچىسى مۇكاپاتىغا، 14 ئورۇن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى ئۆتكۈزدى.

جياڭ لىن

## ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان 4 يازغۇچىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى نەشر قىلىندى

«ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى) گە ئاساسەن زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرى تەرجىمىلىرى مەجمۇئەسى. ئۇ «كۆك قارلىق دالا» (جۇمەباي بىلال)، «ئۇنتۇمايمەن سېنى گۈلسارە» (زوردۇن سابىر)، «قىرلىق ئىستاكان» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «كۆك بۆرە» (ئۆمەرغازى ئەينان) قاتارلىق 4 توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جياڭ لىن

## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلەندى

تەبرىكلەش يىغىنى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

«تارىم» خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ھەم مەشھۇر دۇنيا ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل تىلىۋالدىلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى، ئوبزورچىلىق ساھەسى ۋە تەرجىمە ساھەسىدىن بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا يەنە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن 15 پېشقەدەم مۇھەررىر تەقدىرلەندى ھەمدە 12 مۇنەۋۋەر ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى مۇكاپاتلاندى.

جياڭ لىن

## «ئالتۇن قار لەيلىسى» ناملىق تۇنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلارنىڭ كىيىنىش - تارىنىش، ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 100دىن ئارتۇق ماھىر قاتناشتى. ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «مېۋە - چېۋە ماكانى» قاتارلىق 4

نومۇر ئۇسسۇل بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يايلاقتا مۇھەببەت» قاتارلىق 7 نومۇر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «غەربىي قىسىم كۈيى» قاتارلىق 10 نومۇر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ كىيىنىش - تارىنىش مۇسابىقىسىدا «نازاكەتكە تولغان كەچكى شەپەق» قاتارلىق 3 نومۇر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئايال ئەسكەرنىڭ سالتەنىتى» قاتارلىق 3 نومۇر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «دەۋر غۇنچە بويلىرى» قاتارلىق 4 نومۇر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## ئاپتونوم رايوننىڭ 11 ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى

قۇرۇلتاي 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، سىرك، خەتتاتلىق، خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئۇسسۇل، تىياتىر، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ 888 نەپەر ۋەكىلى قۇرۇلتايغا قاتناشتى ھەم يېڭى رەھبەرلىك بەزىلىرىنى سايلىدى.

مەتىمىن ھوشۇر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 6 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، يەنە 8 كىشى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىندا يەنە نۇسرەت ۋاجىدى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، دىلنار ئابدۇللا شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، دىڭ ۋېيدۇڭ شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، شى شېڭتيەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابلىمىت سادىق شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، تۆيغۇن ئەھمىدى شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، يەن شيەن شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە (رەئىس ئورنى بوش قالدى)، ئەنۋەر مۇھەممەت شىنجاڭ سىركچىلەر جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابدۇكېرىم باقى شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، جاۋ يەنلياڭ شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

جياڭ لىن

## ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 89، ئارتىس ۋە خىزمەتچى 4065؛ ئويۇن قويۇش سورۇنى 23، ئىشچى - خىزمەتچىسى 280. بىر يىلدا يېڭىدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان ئويۇن 30، بۇ ئويۇنلار مەملىكەت ئىچىدە 8785 مەيدان (قېتىم) ئوينالدى. بىر يىلدا ئويۇن قويۇش كىرىمى 86 مىليون 317 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 90 مىليون 855 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 81 مىليون 767 مىڭ يۈەن، تىجارەت چىقىمى 4 مىليون 968 مىڭ يۈەن. كەسپىي چىقىمى ئىچىدە، كەسپكارلارنىڭ مائاشى 56 مىليون 283 مىڭ يۈەن، رېمونت قىلىش ۋە ئىشلەش چىقىمى 3 مىليون 208 مىڭ يۈەن.

نى يۈشىن، خې جيا

## مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى

مەدەنىيەت نازارىتى ئويۇشتۇرغان، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ 32 ئارتىستىدىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەت - سەنئەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش سەنئەت ئۆمىكى ش ئۇ ئا ر ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ مۇلازىمەت قىلىش - ئۈلگە كۆرسىتىش ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 8 مەيدان ئويۇن قويدى. ش ئۇ ئا ر ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ مۇلازىمەت قىلىش - ئۈلگە كۆرسىتىش ئۆمىكى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى لوپ ناھىيىسىگە «داھىيلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە» ناملىق رەسىمدىن 10 مىڭ يۈرۈش ئىئانە قىلدى.

نى يۈشىن

## «مىللەتشۇناسلارنىڭ ‹زېمىن قوغداش بۇرچى، ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، چاقىرىلغان ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىنىڭ 2001 - يىللىق يىغىنى ۋە جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2000 - يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى، كومپوزىتور جۇ جى يازغان «مىللەتشۇناسلارنىڭ ‹زېمىن قوغداش بۇرچى، ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## ماي بوياق رەسىم — «كۆك كىيىملىك قىرغىز قىز» مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ ياش قىرغىز رەسسامى خالىدە سىزغان ماي بوياق رەسىم — «كۆك كىيىملىك قىرغىز قىز» 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ لوس-ئانژېلېس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «21 - ئەسىر خەلقئارا ھازىرقى زامان سەنئىتى كۆرگەزمىسى»دە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كۆرگەزمىگە جۇڭگو، ياپونىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرىيە، مېكسىكا، ئامېرىكا قاتارلىق 7 دۆلەت رەسساملىرى قاتناشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل شۆبە ئۆمىكى تەركىبىدىكى 39 نەپەر ناخشا - ئۇسسۇلچى ۋە خىزمەتچى جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىللە چاۋشيەنگە بېرىپ، 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە پيوڭياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپرېل دوستلۇق سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى ھەم 5 ئالتۇن، 2 كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئايالچە كوللېكتىپ ئۇسسۇلى — «چىمەن ئۇسسۇلى» ئىجادىيەت، ئورۇنداش بويىچە ئالتۇن مۇكاپاتقا، سەييارە ساقى ئىجاد قىلغان ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان، ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكا بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان ئۇسسۇل — «داپ ئىشقى» ئالتۇن مۇكاپاتقا، ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «داۋانچىڭ قىزى» ئالتۇن مۇكاپاتقا، ياش ناخشىچى ئايتۇرسۇن نىياز ئورۇندىغان ناخشا — «گۈزەل شىنجاڭ» ئالتۇن مۇكاپاتقا، ئىززەت ئىلياس ئورۇندىغان ناخشا — «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» ۋە ئامانگۈل سىدىق ئورۇندىغان «پوتا ئۇسسۇلى» كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىپىلىش مۇراسىمىدىكى ئورۇنداشقا 3 نومۇر قاتناشتۇرۇلدى. بۇ سەنئەت بايرىمىغا 40 نەچچە دۆلەتنىڭ 80 نەچچە سەنئەت ئۆمىكى قاتناشتى.

نى يۇشىن

## «ئىنقىلابىي ناخشىلارنى تەڭ ئېيتايلى» لېنتىسىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا ئىشلەنگەن ئىنقىلابىي ناخشىلارنىڭ قاپلىق لېنتىسى — «ئىنقىلابىي ناخشىلارنى تەڭ ئېيتايلى»نى تارقىتىش مۇراسىمى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. لېنتىغا «دۆلەت شېئىرى»، «ئىنتېرناتسىونال شېئىرى»، «شەرق قىزاردى»، «كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى»، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «سوتسىيالىزم ياخشى»، «يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق» قاتارلىق ئىنقىلابىي ناخشىلار ۋە شىنجاڭنىڭ 8 يەرلىك ناخشىسى كىرگۈزۈلگەن.

نى يۇشىن

## ئابدۇكېرىم نەسىردىن رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭلىق ئۇيغۇر رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ مەنزىرە ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە 12 پارچە مەنزىرە ماي بوياق رەسىم قويۇلدى.

نى يۇشىن

## «يېشىل باھار» سىمفونىيىلىك مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇردى.

ئاتاقلىق رېژىسسور، بېيجىڭ سىمفونىيە مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تەن لىخوا، ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچى لياڭ دانەن، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتاقلىق رويالچى كۇڭ شياڭدۇڭ ۋە شىنجاڭ كۆي سۆيەرلەر ئۆمىكى بىرلىشىپ ئورۇندىدى.

نى يۇشىن

## بىر مۇزىكا، بىر ناخشا «ئالتۇن قوڭغۇراق مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇزىكا «ئالتۇن قوڭغۇراق مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لاڭفاڭ شەھىرىدە ئېلان قىلىندى. شىنجاڭلىق كومپوزىتور جۇ جى ئىجاد قىلغان مىللىي دۇخوۋوي مۇزىكىسى «كۈسەن نەزمىسى» سىمفونىيە بويىچە مىس مېدال مۇكاپاتىغا، كومپوزىتور نۇسرەت ۋاجىدى ئىجاد قىلغان ناخشا مۇزىكا «ئۇيغۇر ئەللەي ناخشىسى» ناخشا مۇزىكىسى بويىچە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شياۋداۋكاڭيۇگە «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۆھپىكارى مۇكاپاتى» بېرىلدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق

ھۆكۈمىتى ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋكاگيۇ ئەپەندى شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن ئىلگىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شياۋداۋكاگيۇ بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شەنبىن شىنخاڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يىن جىلياڭ شياۋداۋكاگيۇگە جۇڭگو دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بەرگەن «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۆھپىكارى مۇكاپاتى» گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات تاختىسى بەردى.

نى يۇشىن

### «ئېھ پارتىيە، سەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئانىسى» ناملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا «ئېھ پارتىيە، سەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئانىسى» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. كېچىلىك «شەرق قىزاردى»، «خوتەنغۇ بار بۇ نەغمىدە»، «باھاردىكى ھېكايە»، «يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق» دېگەن 4 قىسىمغا بۆلۈندى، ئۇلاردا شىنجاڭدىكى 18 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى كۈيلەندى.

نى يۇشىن

### شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى سەييارە ئويۇن كۆرسەتتى

شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى 2001 ـ يىل 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 40 نەچچە ناھىيە، يېزا ـ بازار ۋە مەكتەپلەردىن ھال سوراپ 10 نەچچە مەيدان، ھەقلىق 40 نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى، كۆرگۈچىلەر 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

ليۇيىن

### شىنجاڭ رەسساملىق يۇرتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى ۋە شىنجاڭ رەسساملىق يۇرتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش رەسىم كۆرگەزمىسى» 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

نى يۇشىن

### شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بېيجىڭدا ئوينالدى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» ئىجادىيەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، ئورۇنداش ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، ئۇسسۇل بەدىئىلىكى ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئاقسۇ تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ـ ئۇسسۇللۇق داستان — «دولان چېچەكلىرى» ئىجادىيەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، ئورۇنداش ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «دولان چېچەكلىرى» سەھنە ئەسىرى گۈزۈپپىسىنىڭ ئارتىسلىرىدىن جۈرئەت روزى، ئەلجان روزىلار ۋە «تەڭرىتاغ شادلىقى» سەھنە ئەسىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئارتىسلىرىدىن دىلنار ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجانلار مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «دولان چېچەكلىرى» سەھنە ئەسىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئارتىسلىرىدىن تاھىر مامۇت، نۇرگۈل غوپۇر، تاھىر تۇرغۇنلار ۋە «تەڭرىتاغ شادلىقى» سەھنە ئەسىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئارتىسلىرىدىن ئامانگۈل سىدىق، رەنا ئابدۇكېرىم، جاينار (قازاق، ئايال) لار يېڭى ئادەم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «تەڭرىتاغ شادلىقى» دىكى «چىنە ئۇسسۇلى» ۋە «نازىركوم» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلاردىن باشقا يەنە 8 نومۇر 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شىنجاڭ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشقان «تەڭرىتاغ شادلىقى» نى ئورۇنداش ئۆمىكىنى، «دولان چېچەكلىرى» نى ئورۇنداش ئۆمىكىنى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «نازىركوم» قاتارلىق نومۇرلارنى ھەم

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دىلنار ئابدۇللا، لو جيەن قاتارلىق 23 ئارتىس، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئارتىسلارغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.

نى يۇشىن

## «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويدى

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى 50 نەچچە چولپان قاتناشقان «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىن ھال سوراشقا كېلىپ، ئۈرۈمچى ئاساسلىق ئويۇن قويۇش مەيدانى ۋە بۇغدا شۆبە ئويۇن قويۇش مەيدانىدا 2 قېتىم ئويۇن قويدى.

نى يۇشىن

## 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان، جياڭسۇ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ۋۇشى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ۋۇشى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى يوللىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «ئۈزۈمزارلىقتا» 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، رەنا ئابدۇكېرىم 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى يوللىغان 2 كىشىلىك ئۇسسۇل — «چۇقان» مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئامانگۈل سىدىق، ئەسقەر رەقىپ مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭنىڭ 2 نومۇرى 1 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ھەزىلكەشلىك سەنئىتى بايرىمىدا مۇكاپاتلاندى

تيەنجىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان 1 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ھەزىلكەشلىك سەنئىتى بايرىمى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە تيەنجىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ جاپپار ئابدۇل قاتارلىق 7 سېركچىسى ئورۇندىغان نومۇر — «مەشىق» ئالاھىدە دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، غەيرەت ئەزىز ئورۇندىغان «خىش قوپۇرۇش» ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ يىن

## 2001 - يىللىق شياۋداۋكاڭيۇ مۇكاپاتى

شياۋداۋكاڭيۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىشلىرىغا ئاتالغان مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋكاڭيۇ مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىغا قاتناشتى.

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، شىنجاڭ كۈسەن غارلىرى تەتقىقات ئورنى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئەركىن قۇتبىدىن، ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن، يۇ يۈرېن، ئابدۇكېرىم نەسىردىن، گو جىچياڭ، جۇ جى، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، ئىسرايىل يۈسۈپ، ئوبۇل مەمتىلى، جېلىل رېشىت، لى جۈن، فەن جۈنشېڭ، ئابلىم قېيۇم، تۇرسۇنجان مۇسا، ئابدۇرېھىم قادىرلار مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## سەنئەت ئالماشتۇرۇش

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون 25 مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى، گۇرۇپپىسى تەركىبىدە 287 ئادەم (قېتىم) نىڭ سىرتقا چىقىشىنى تەستىقلىدى، ئۇلار 15 دۆلەت ۋە رايونغا چىقىپ مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى؛ 13 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 20 ئۆمەك، گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 195 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ئۇلار شىنجاڭدا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى.

قازاقىستاننىڭ ھەربىي سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدىكى 23 كىشى شىنجاڭ ئويۇن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن، 2001 - يىل 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، ئەنخۇي، خېنەن، جياڭشى، خۇبېي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا 4 ئاي سودا خاراكتېرلىك سەييارە ئويۇن قويدى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك ئامما سەنئەت سارىيىدىن تۇسىپقان قازاقىستان گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە شەخسىي رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى ھەمدە قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېفنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدىكى 38 كىشى جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە روسىيىگە چىقىپ، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە زىيارەتتە بولدى ۋە ئويۇن قويدى.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدىكى 10 كىشى جۇڭگو خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىللە ياپونىيە دېموكراتىك مۇزىكا جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا تىنچلىق سەنئەت بايرىمى»غا قاتنىشىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە بولدى.

قازاقىستان ھەربىي سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدىكى 24 كىشى شىنجاڭ ئويۇن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭ، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا سودا خاراكتېرلىك ئويۇن كۆرسەتتى.

قىرغىزىستان دۆلەت مەدەنىيەت مەركىزى سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدىكى 9 كىشى شىنجاڭ ئويۇن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ئاتۇش، ئاقچى، ئۇلۇغچات قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلىرىدە 30 كۈن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە بولدى.

قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستى تالدىقورغان شەھىرى LTD چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدىكى 9 كىشى شىنجاڭ ئويۇن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە 2 ئاي سەييارە ئويۇن قويدى.

نى يۇشىن

# ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت

## ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت سارىيى 16، مەدەنىيەت سارىيى 91، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1516؛ مەدەنىيەت پونكىتى 924، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى 828، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1422

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى 1219 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە، 506 مەيدان (قېتىم) ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 1751 قېتىم ھەرخىل ئاممىۋى سەنئەت كۇرسى ئېچىپ، 118 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى.

نى يۇشىن

## جامائەت كۇتۇپخانىسى

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلدىكى كۇتۇپخانا 81، ئىشچى - خىزمەتچىسى 890، ساقلانغان ئومۇمىي كىتاب 63 مىليون 50 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمىي كىتاب 96 مىڭ 586. كۇتۇپخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش خىراجىتى 1 مىليون 742 مىڭ يۈەن، بىر يىلدا 99 مىڭ 669 پارچە كىتاب سېتىۋېلىندى.

نى يۇشىن، خې جيا

## باللار ھۆسنخەتلىرى، رەسىملىرى سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئويۇشتۇرۇلغان «كۆك ئاسماننى قايتۇرۇپ بەر، غەربىي قىسىمدا گۈزەل تاغ - دەريا بەرپا قىلايلى» تېمىسىدىكى باللار ھۆسنخەت، رەسىملىرى سايىارە كۆرگەزمىسى ۋە مۇسابىقىسى 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە كۆرسىتىلدى، مۇساپىسى 9400 كىلومېتىرغا يەتتى، كۆرسىتىلگەن ئەسەر 1000دىن ئاشتى، 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئېكسكۇرسىيىچى كۆردى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە يەكۈنلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ۋە دوكلات كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە قاراماي، كۈيتۇڭ شەھەرلىرى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 181 ئۆسمۈرنىڭ رەسىم، ھۆسنخەتلىرى مۇكاپاتلاندى. ئالتاي ۋىلايىتىدىن جياڭ ۋېينىڭ «تاغدىكى مەيىن شامال» ناملىق رەسىمى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن شياۋ يۈەنياڭنىڭ «ئاق تورنا يەنە كەلدى» ناملىق رەسىمى ۋە ۋېن لامېينىڭ «يېزا - بازارلاردا يېڭى كەيپىيات» ناملىق رەسىمى، قاراماي شەھىرىدىن چەن يۈنىڭ «ئاق چۈجە» ناملىق رەسىمى، بورتالا ئوبلاستىدىن ۋۇزىنانىڭ «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» ناملىق رەسىمى، تۇرپان ۋىلايىتىدىن ئادىلجاننىڭ «شادلىق ئۇسسۇلى» ناملىق رەسىمى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن جاڭ شۈنىڭ «يۇرتىمىز تېخىمۇ گۈزەللەشسۇن» ناملىق رەسىمى ۋە لۇشىننىڭ «يەر شارى بالا ئۆزگىرىپ كەتتى» ناملىق رەسىمى، كۈيتۇڭ شەھىرىدىن لى نىڭنىڭ

«قەلبىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە باغلانغان» ناملىق رەسىمى ۋە بې سىتەينىڭ «ئاسمان سۈزۈلسۇن» ناملىق رەسىمى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ كۈيتۇڭ شەھىرىدىن خۇ خۇيىپىي بىلەن جاڭ خۇەننىڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن لى چېن بىلەن دىڭ چاۋنىڭ، ئالتاي ۋىلايىتىدىن رۇن خەننىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئابدۇۋايىت ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۇيغۇرچە ھۆسنخەت ئەسىرى «شايى ۋە سەيدى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ پائالىيەتنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى.

نى يۇشىن

## پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ رەسسامى خۇاڭ جيەنشىننىڭ «ئېگىزلىك ناخشىسى» ناملىق ماي بوياق رەسىمى، شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك رەسسامى كۇەي جېڭمىڭنىڭ «ياشلىق» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ رەسسامى تۇردى ئىمىننىڭ «قەدىمىي قەشقەر» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى، بەي گاڭنىڭ «ئۇدۇن قىزى» ناملىق ماي بوياق رەسىمى، چېن ۋېنجىڭنىڭ «تاغدىكى بۇلاق» ناملىق ئويما رەسىمى، شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك رەسسامى جياڭ ۋېيلىڭ (ئايال) نىڭ «دېرىزىدىن تاماشا كۆرۈۋاتقان بالىلار» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ سۇن لىمىڭ قاتارلىق 8 رەسسامى سىزغان ماي بوياق رەسىم، جۇڭگوچە رەسىم، ئويما رەسىم، ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاشۇ ئەسەرلەر يەنە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆتكۈزگەن «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلدى.

نى يۇشىن

## مەملىكەتلىك «مامكاپ مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ناخشىلىق مۇزىكا، چالغۇلۇق مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ «مامكاپ مۇكاپاتى»غا باھالىنىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى نەنجىڭ شەھىرىدە ئاياغلاشتى. خەن چۈنيۇ (قارامايدىن) نىڭ «تاغ يولى ئەگرى - توقاي» ناملىق بالىلار يالغۇز كىشىلىك ناخشىسى، سۇن چىڭ (شىخەنزىدىن) نىڭ «يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ ئەڭ گۈزەل» ناملىق بالىلار يالغۇز كىشىلىك ناخشىسى ئالتۇن مۇكاپاتقا، لى ياڭ (شىخەنزىدىن) نىڭ چارتار بىلەن ئورۇندالغان «تەڭرىتاغدا باھار» ناملىق مۇزىكىسى كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. خاسىيەت ياقۇپ (قۇمۇلدىن) نىڭ «كۆزدىكى مول ھوسۇل» ناملىق رەسىمى، جاڭ رەن (شىخەنزىدىن) نىڭ «بازارغا مېڭىش» ناملىق رەسىمى گۈزەل سەنئەت ئەسىرى بويىچە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ گو يۈڭشىن (شىخەنزىدىن) نىڭ «جۈۋاۋا تۈگۈش» ناملىق رەسىمى كۈمۈش مۇكاپاتقا، جاڭ يۈشۈەن (كۈيتۇڭدىن) نىڭ «بىز ياخشى دوستلاردىن» ناملىق رەسىمى قاتارلىق 7 ئەسەر مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 8 ھۆسنخەت ئەسىرىدىن بىرى كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، 7سى مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتى «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ «خۇائېر» ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان خۇالىڭ لوڭقىسىنى تاللىش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ (كەسپىي، ئىشتىن سىرتقى) «خۇائېر» ئېيتىش مۇسابىقىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئىلى، سانجى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، يەنجى، خوشۇت، تۇرپان قاتارلىق 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ تەركىبىدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، شىبە، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان 90 نەچچە ماھىر قاتناشتى. ئۈرۈمچىلىك ماھىر چيەن جىڭاڭ ئېيتقان (ئېگىز تاغقا چىقىپ تۈزلەڭلىككە نەزەر سېلىش» ناملىق خۇائېر ناخشىسى ئىشتىن سىرتقى ياشلار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 -

دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىلى ماھىرلىرىدىن چېن جيې، لى چۈنلىگلار ئېيتقان «ئانام دەملىگەن چاي» ناملىق خوئېر ناخشىسى ئىشتىن سىرتقى ياشانغانلار گورۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ماھىرى خەن ئەيرۇڭ ئېيتقان «گۈزەل تەگرىتاغ» ناملىق خوئېر ناخشىسى كەسپىي گورۇپپا بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭنىڭ ئىشتىن سىرتقى ناخشىچىلىرى نەنىڭنىڭ خەلقئارا سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى

شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك، رۇس، شىبە ناخشا ھەۋەسكارلىرى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نەنىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان 2001 - يىللىق نەنىڭ خەلقئارا خەلق ناخشىلىرى سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. ئۇلار يەنە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن نەنىڭ خەلقئارا خەلق ناخشىلىرى سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو خەلق ناخشىچىلىرى تەكلىپ مۇسابىقىسى»نىڭ مۇسابىقىلىرىغا قاتناشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنىڭ «يۇلتۇز مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك «يۇلتۇز مۇكاپاتى» تارقىتىش كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گۇاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون تىياتىر، ئەلنەغمە ئەسەرلىرىدىن 12نى، ئاممىۋى مەدەنىيەتكە دائىر ئىلمىي ماقالىدىن 10نى مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «ئىسسىق ئېقىم» ناملىق ئېيتوت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ قاراماي شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «ھاماچا» ناملىق ئېيتوت، ئىلى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «ۋەتەنگە مەدھىيە» ناملىق ئۇلەڭ كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «قوشنا»، «بەربات بولغان چۈش» ناملىق ئېيتوتلار، قاراماي شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «ياخشىلىقنى ياندۇرۇش»، «توي»، «مۇھەببەت باغلاش» ناملىق ئېيتوتلار، شىخەنزە شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەۋەتكەن «مول ھوسۇل قوغدىغۇچىسى»، «يولدىكى ئىشلار» ناملىق ئېيتوتلار مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن مامۇت يازغان «دولان مەشرىپى توغرىسىدا»، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن ۋۇ شۈمىن يازغان «چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن ئەبەيدۇللا يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رەسساملىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەر ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇلاردىن باشقا يەنە 7 ئىلمىي ماقالە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن چۇ بىن، ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن تۆكەن تەشكىللەش خىزمىتىدە ئىلغار شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى

| ۋاقتى (ئاي) | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 3 | 2001 - يىلى ئەتىيازلىق گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 4 | شىنجاڭ 6 - نۆۋەتلىك تەقلىدىي ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۈرۈمچى تاموژنا جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 | پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى جەنۇبىي دوستلۇق يولى لىش باشقارمىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى |
| 7 | خېنەنلىك خەتتاتلارنىڭ غەربكە سەپەردە يازغان ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | خېنەن، چېڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيەتلىرى |
| 7 | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر رەسساملىق كارىدورى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى سەييارە كۆرگەزمىسى | بورتالا شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى | شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەتچىلەر رەسساملىق كارىدورى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، بورتالا شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى |
| 8 | جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن لى چىنىڭ ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 8 | شۇ جۇڭگۋاڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باش ماگىزىنى | شىنجاڭ ھۆسنخەت رەسساملىق تەتقىقات يۇرتى، ھازىرقى زامان سەنئەت مۇزېيى |
| 8 | ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |

شىن يى

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى 102، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى 74، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن تەتقىقات ئورنى 2، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى بىر، مۇزېي 23، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇكىنى بىر، ئىشچى - خىزمەتچى 864. ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش خادىمى 844، ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 111 مىڭ 201، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 672.

نى يۈشىن

## كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يىغىنى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەت پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 3 يىل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. فرانسىيە دۆلەت پەن تەتقىقات مەركىزى UMR7041 ئورنى ۋە فرانسىيە ئېلېكتر فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 8 كىشى 2001 - يىل 2 - ئايدا فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە ئېلېكتر فوندى جەمئىيىتى، فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ھەمكارلىشىپ فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ماسلىشىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يىغىنى» 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى فرانسىيە ئېلېكتر فوندى ئىلمىي مۇھاكىمە زالىدا ئېچىلدى، ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇ جيەنمىن قاتارلىق 200 نەچچە كىشى قاتناشتى. كۆرگەزمە قىلىش يىغىنىدا جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ تاپقان ۋە قازغان 59 دانە (گۇرۇپپا) مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆرگەزمە قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە بۇتخانا تام رەسىملىرى، تاش قوراللار، ساپال قاچا - قۇچىلار، ياغاچ قوراللار، يۇڭ توقۇلمىلار قاتارلىقلار بار. كۆرگەزمە فرانسىيىدە 3 ئاي كۆرسىتىلدى. يىغىن جەريانىدا جۇڭگو، فرانسىيە ئالىملىرى شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ھەمكارلىشىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، قېزىش ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدەندى. 2 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئىككى تەرەپ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى، قارا دۆڭدىكى ئىنسان ئىزلىرى ۋە بۇتخانىنى قېزىش، بۇتخانىدىكى تام رەسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلەشتى.

نى يۇشىن

## ياپونىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشىغا ياردەم بەردى

ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مۇزېيىغا 32 مىليون 100 مىڭ يېن مەدەنىيەت ياردىمى (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ) بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭ خان سارىيى مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ياردەم بېرىش كېلىشىمىگە دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېنبىن بىلەن ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۈيېتەيلاڭ ئۆز ھۆكۈمەتلىرى نامىدىن ئىمزا قويدى.

ياڭ ۋېن

## توقسۇن ناھىيىسى قەدىمىي قەبرىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش دېلوسىنى پاش قىلدى

توقسۇن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەدىمىي قەبرىنى ئوغرىلىقچە قېزىش دېلوسىنى پاش قىلدى، ئوغرىلانغان 52 دانە (يۈرۈش) مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئىچىدە دۆلەت 2 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بىر، 3 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 18، ئادەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى 33.

يىن چۈنماۋ

## شىنجاڭنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ۋە قەدىمىي جەسەت كۆرگەزمە قىلىندى

شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ۋە قەدىمىي جەسەت كۆرگەزمىسى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمە قىلىنغان بۇيۇملار 20 - ئەسىرنىڭ 50 — 70 - يىللىرىدا تۇرپاندىن چىققان جىن 4 - تاڭ سۇلالىسى يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە مەكتۇپلەر، 80 — 90 - يىللىرىدا كىروران، نىيە، يىڭپەن قاتارلىق خارابىلاردىكى چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردا بايقالغان ھەم رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تاش، ساپال، ياغاچ، تۆمۈر قوراللار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نى يۇشىن

## جىمسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى — جىمسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى. جىمسار ناھىيىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي يۇرت تارىخىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جايلاشقان جاي. خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدىغان ئارقا قاڭقىل خانلىقىنىڭ ئوردىسى بولغاندىن تارتىپ تاڭ دەۋرىدە بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى بولغانغا قەدەر، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغاندىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق باش ئامىرلەشكەر مەھكىمىسى، ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى ۋە باشقىلار بولغانغا قەدەر، جىمسار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق داڭلىق جاي بولغان.

نى يۇشىن

## مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 5 - تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى (شىنجاڭدىكى)

گوۋۇيۈەن 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 5 - تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنى ۋە ھازىر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىغا قوشۇۋېتىلىدىغان تۈرلەرنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى چىقاردى. ئېلان قىلىنغان مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 5 - تۈركۈمدىكى 518 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ئىچىدە شىنجاڭدىكىلىرى 27، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمىي خارابە 16، قەدىمىي قەبرە 7، قەدىمىي بىنا 2، تاش غار ئىبادەتخانىسى ۋە قەدىمىي تاش لويىسى 2. شىنجاڭدىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى 14تىن 41گە كۆپەيدى.

ھازىرقى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى بىلەن قوشۇۋېتىلىدىغان تۈر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ئارىلىقىغا مەنسۇپ يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى قەبرىستانلىق تۇرپان شەھىرى يارغول قەدىمىي شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان يارغول غارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گو ۋېن

مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 5 - تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدىكىلىرى

| خىل / تۈر | نامى | دەۋرى | ئادرېسى |
|---|---|---|---|
| قەدىمىي خارابىلەر | تۇراساي مىس كان خارابىسى | برونزا دەۋرى | نىلقا ناھىيىسى |
| | يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھىرى | خەن | كېرىيە ناھىيىسى |
| | قىزىلقاغا تۇراسى | خەن | كۇچا ناھىيىسى |
| | كۆنچى ۋادىسىدىكى تۇرالار | خەن — جىن | لوپنۇر ناھىيىسى |
| | شەھىرى مەدەك قەدىمىي شەھىرى خارابىسى | خەن — جىن | چاقىلىق ناھىيىسى |
| | مورا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | خەن — تاڭ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى |
| | توققۇزساراي خارابىسى | خەن — تاڭ | مارالبېشى ناھىيىسى |
| | مىرەن خارابىسى | خەن — تاڭ | چاقىلىق ناھىيىسى |
| | ئەندىر قەدىمىي شەھىرى خارابىسى | خەن — تاڭ | نىيە ناھىيىسى |
| | تاشقورغان خارابىسى | جىن — چىڭ | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| | شىكشىن بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | جىن — سۇڭ | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى |
| | راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر | لوپ ناھىيىسى |
| | ئىرناس بۇغدا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | تاڭ | قۇمۇل شەھىرى |
| | داخې قەدىمىي شەھىرى | تاڭ | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى |
| | ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى | تاڭ — يۈەن | ئۈرۈمچى ناھىيىسى |
| | تېزاك مۇنارى خارابىسى | تاڭ — سۇڭ | تۇرپان شەھىرى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قەدىمكى قەبرىستانلىقلار | مەنداۋخەي ئوتلاق قەبرىستانلىقى ۋە بۇغا سۈرىتى سىزىلغان تاش | برونزا دەۋرى | چىڭگىل ناھىيىسى |
| | يان بۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى | برونزا دەۋرى | قۇمۇل شەھىرى |
| | ساۋخۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقى | برونزا دەۋرى — ئەمىنىيە | خېجىڭ ناھىيىسى |
| | چىمۇرچىكلار ۋە تاش گۈمبەزلىك قەبرىلەر | برونزا دەۋرى — خەن، ۋېي | ئالتاي شەھىرى |
| | زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى | برونزا دەۋرى — ۋېي، جىن | چەرچەن ناھىيىسى |
| | سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى | خەن — جىن | لوپ ناھىيىسى |
| | تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى | يۈەن | قورغاس ناھىيىسى |
| قەدىمىي بىنالار | قىزىلقاغا مەنزىلى | شىمالىي سۇلالە — تاڭ | كۇچا ناھىيىسى |
| | جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئابىدىسى | چىڭ | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى |
| غار ئىبادەتخانا، تاش ئويما | موڭغۇلكۈرە ئىبادەتخانىسى | چىڭ | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى |
| | ھېيتگاھ مەسچىتى | مىڭ | قەشقەر شەھىرى |

گو ۋېن

## قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش كورپۇسى خاتىرە سارىيى ئېچىلدى

جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش كورپۇسى باش تارماق ئەترىتى خاتىرە سارىيى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. سارايغا قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سۈرەتلەر، سىخېمىلار، قول يازمىلار جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش كورپۇسىنىڭ جاپالىق سەپىرى ۋە شانلىق نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

نى يۈشىن

## ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى قوغداش، رېمونت قىلىشقا ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاندى

ئىمزالاش مۇراسىمى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ بو بىلەن ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەققەت ۋەكىلى لىنچۇەن جېنجى ئىمزا قويدى.

قۇمتۇرا مىڭئۆيى شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيىسىدە بولۇپ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 1 - تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى. ئۇ قىزىل مىڭئۆيىدىن قالسا 2 - چوڭ ئۆڭكۈر. ھازىر 112 غار بار بولۇپ تام رەسىملىرىنىڭ كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

نى يۈشىن

## بىر ئورۇن، بىر كىشى «جېڭ جېندو، ۋاڭ يېچيۇ مەدەنىي يادىكارلىق قوغداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

1999 — 2001 - يىللىق «جېڭ جېندو، ۋاڭ يېچيۇ مەدەنىي يادىكارلىق قوغداش مۇكاپاتى» تارقىتىش مۇراسىمى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق باشقۇرۇش ئورنى كوللېكتىپ مۇكاپاتقا، شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى خۇ گۈيجۇ شەخس مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## جۇڭگو مىللەتلىرى يۇرتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە سارىيى ئېچىلدى

بۇ ساراي 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. شىنجاڭ شۆبە سارىيىغا شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئۆيۈشتۇرۇشى بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئىلى يوقىرالىرى تورالغۇسى، قەشقەر يوقىرالىرى تورالغۇسى ۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر سۈرەتلەر ۋە باشقا بۇيۇملار قويۇلغان.

نى يۈشىن

### كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ دالىدىكى قوشۇمچە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى دالىدا يەنە تەكشۈرۈشكە باشلاپ، بۇ خىزمەتنى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تاماملىدى. بۇ خىزمەتنىڭ مەقسىتى يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاساسىدا دالا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش ۋە تولۇقلاش ئىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەۋرى يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن خېلىلا بالدۇر نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى تېپىلىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋىيان دېلتىسىنىڭ ئىنسانلار خېلى بالدۇر پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايون ئىكەنلىكى يەنىمۇ دەلىللەندى.

نى يۇشىن

### شىخودىن قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى تېپىلدى

شىخو شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقۇرۇش ئورنى 2001 - يىلى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى چىڭشۇر ۋادىسىدىكى قارىقا تېغىنىڭ غەربىي بېلىدىن جەنۇبتىن شىمالغا 150 مېتىر سوزۇلغان، شەرقتىن غەربكە 70 مېتىر يېيىلغان قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرىنى بايقىدى، رەسىملەر 100دىن ئاشىدۇ.

قارىقا قىياتاش رەسىملىرى قارا گرانىت تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ رەسىمى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، بۇغا، بۆرە، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار. بۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى نەپىس، ئوبرازلار ئېنىق بولۇپ، قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ يايلاق تۇرمۇشىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار خېلى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق — ئارخېئولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە.

چېن شەنپىڭ

### سانجى خۇيزۇلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش خىزمىتى ئىشلەندى

2001 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق مۇزېي ئويۇشتۇرغان خۇيزۇلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش - توپلاش گۇرۇپپىسى سانجى شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، مىچۈەن شەھىرى، جىمسار ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 17 يېزا - بازارغا بېرىپ، 500دىن ئارتۇق ئۆيدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، خۇيزۇلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 153نى يىغدى ھەمدە خۇيزۇ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسىدىن 2نى سەرەمجانلاشتۇردى.

ئەي نەيفۇ

## مەدەنىيەت بازىرى

### مەدەنىيەت بازىرى ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 6572گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇل زالى 1146، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا 489، بىليارتخانا 103، دومىلاتما توپ سارىيى (زالى) 16، ئۇنىۋېرسال كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 92، تورخانا 834، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ، پارچە سېتىش ئورنى 874، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش ئورنى 358، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى 911، گۈزەل سەنئەت شىركىتى، رەسىم دۇكىنى، رەسىم كارىدورى 60، كىتابنى توپ، پارچە سېتىش كارخانىسى 104، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىگىلىكىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى 6، باشقا تىجارەت ئورنى 1579. كەسپكار 16 مىڭ 107، ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 277 مىليون 362 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئاساسلىق تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق 31 مىليون 28 مىڭ يۈەن، ياراتقان قوشۇلما قىممەت 164 مىليون 921 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا كىيىم - كېچەك مودېللىرى ئەترىتى 17، مودېل 577.

نى يۇشىن، خۇاڭ جۈنفاڭ

### مەدەنىيەت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىندى

ش ئۇ ئا ر بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمدىن 796نى ئاجرىتىپ، 2001 - يىل 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە 1745 مەدەنىيەت تىجارىتى ئورنىنى تەكشۈردى، ئامىمىنىڭ 24 پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالىنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنسىز ئىشلەنگەن 42 مىڭ 954 قاپ ئۈن - سىن بۇيۇمىنى، 100 دانە ئويۇنچۇق ئويناش كومپيۇتېرىنى، ئويۇنچۇق ئويناش

كومپيۇتېرنىڭ 207 دانە ئېلېكتر يولى تاختىسىنى، كومپيۇتېرنىڭ 942 قاپ يۇمشاق ماتېرىيالىنى، 17 مىڭ 428 پارچە كىتاب - ژۇرنالنى يىغىۋالدى، قانۇنسىز تىجارەت ئورنىدىن 29نى تاقىدى.

نى يۇشىن

## ئۈن - سىن بازارلىرى تاقالدى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ج خ مىنىستىرلىكى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى تارقاتقان «ئۈن - سىن بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش لايىھىسى» دىكى تەلەپ ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش بازىرى (مەدەنىيەت كارىدورى)، ۋېنجۈ سودا شەھەرچىسى، تىڭۋېي ئېلېكتر سايمانلىرى سودا سارىيى، خۇالىڭ ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بازىرى قاتارلىق 4 ئۈن - سىن بازىرى تاقالدى.

نى يۇشىن

## ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش تىجارىتى بېجىنى ۋاكالىتەن يىغىدىغان مەدەنىيەت باشقۇرۇش ئىشخانىسى

2001 - يىلى كۈنەس ناھىيىلىك مەدەنىيەت باشقۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چىقارغان «كۆڭۈل ئېچىش تىجارىتى بېجى نىسبىتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھى بويىچە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، مالىيە - باج تارمىقىغا ياردەملىشىپ ۋاكالىتەن باج يىغىپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە يىغىپ بەرگەن مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش تىجارىتى بېجى 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مالىيە - باج تارمىقى مەدەنىيەت باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا 83 مىڭ يۈەن خىراجەت چىقىمىنى قايتۇرۇپ بەردى.

نى يۇشىن

# تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1. جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى بىر مۇنچە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بىرىنچى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن 18 قىسىملىق تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىم «پارتىيە شىنجاڭدا» 1 - ئىيۇل ئالدىدا تۇنجى قېتىم قويۇلدى. ئىككىنچى، خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بىر گۇرۇپپا ماقالە ئېلان قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى يازدۇرغان «جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى» قاتارلىق 5 پارچە ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» دە كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەردە ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ كۆپ يىللىق نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، مەلۇم ئىلمىي سەۋىيىگە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۈچىنچى، بىر قېتىم نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق 4 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 7 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاندى ھەم 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۆتىنچى، پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر تۈركۈم سۈپەتلىك خېلى يۇقىرى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كومپارتىيە تەزكىرىسى» (650 مىڭ خەتلىك)، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار» (2 - قىسمى، 300 مىڭ خەتلىك)، چوڭ ھەجىملىك سۈرەت توپلىمى «تارىخىي ئابىدە» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىندى. بەشىنچى، چوڭ سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «شانلىق مۇساپە» ناملىق چوڭ سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

2. يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى پارتىيە تارىخى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پارتىيە تارىخى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن 90 نەچچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ۋە سۆز قىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 3 يىلدىن بۇيانقى پارتىيە تارىخى خىزمىتىنىڭ ئۇتۇق ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، پارتىيە تارىخى خىزمىتىنىڭ كېيىنكى 5 يىللىق

ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى سىستېمىسىدىكى 25 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 60 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، 95 مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتلاندى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يىغىن مەزگىلىدە «ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 — 2005 - يىللىق پارتىيە تارىخى خىزمىتى پىلانى» ۋە «پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى يىل ئاخىرىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا تەستىقلاپ تارقاتتى.

3. پارتىيە تارىخى خىزمىتى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى 2001 - يىلى پارتىيە تارىخى تەشۋىقاتى، تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى. «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەتقىقاتى» تېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويدى. تېما گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ تېما تەتقىقاتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدى، تېما تېزىسىنى پىرىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى ھەم بىر نەچچە مەخسۇس تېمىغا ماتېرىيال ئاللاش دائىرىسى، قۇرۇلمىسى، ھەجمى، ماتېرىيال تولۇقلاش، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېزىش سۈرئىتى ھەم باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. تېما گۇرۇپپىسى يەنە 6 نۇقتىلىق رايوندىن زور بىر تۈركۈم يەنى 4 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق تارىخىي ماتېرىيال توپلاپ، تېما ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئاساس سالدى. ماتارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك تارىخى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشلۇقى» تەييارلاپ نەشر قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پارتىيە تارىخى ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى. بىر يىلدا «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» دىن 4 سان چىقىرىلدى، ھەجمى 300 مىڭ خەتكە يەتتى؛ «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى قىسقا خەۋەرلىرى» دىن 12 سان چىقىرىلدى.

4. كەسپىي يېتەكچىلىك خىزمىتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى چوڭ ئىشلىرى»، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى چوڭ ئىشلىرى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە جىڭ، ماناس، خوشۇت، يوپۇرغا ناھىيىلىرىنىڭ پارتىيە تارىخى قول يازمىلىرىنى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بايىنغولىن ئوبلاستى ھەم مىچۈەن شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە تارىخىنى تۈزۈش لايىھىسى ۋە دەسلەپكى ئورگىنالىنى كۆرۈپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى»، «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى»، «جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشى» قاتارلىق مەخسۇس كىتابلارنى كۆرۈپ بەردى.

جاڭ نىڭ

## تەزكىرە خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرىنىڭ بىۋاسىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا تەزكىرە نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، خوتەن، ئىلى (ۋىلايەت)، ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتىنى مۇھاكىمە قىلدى، پىلان تۈزدى، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئايلىنىش ئىزىغا سالدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش غەيرىتى ئۇرغۇلىدى. بىر قىسىم نازارەت، ئىدارىلەرمۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

2001 - يىلى 13 توم تەزكىرە نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرە 6، ئۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كومپارتىيە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋانگارتىيىسى

تەزكىرىسى»؛ ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 5، ئۇلار: «ئىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى»، «فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»؛ «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچىغا، «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دىكى كەسپىي تەزكىرىدىن 46 توم نەشر قىلىنىپ، پىلان %53.5 ئورۇندالدى؛ ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 59 توم نەشر قىلىنىپ، پىلان %54.6 ئورۇندالدى (108 توم بويىچە ھېسابلاندى، قاراماي شەھىرى، قاراماي رايونى، ئۈرۈمچى تەنەن كان رايونى ۋە دۆڭخەن رايونى تەزكىرىلىرى بۇ نۆۋەتلىك ۋەزىپىگە كىرگۈزۈلمىدى).

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2001 - يىللىق) نىڭ خەنزۇچىسى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، ئۇيغۇرچىسى يىل ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 4 سان، ئۇيغۇرچە 4 سان چىقىرىلدى. بىر يىلدا «تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرى» 40 سان چىقىرىلدى، ئۇلاردا شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلدى.

يۇقىرىقى ۋەزىپىلەر ئورۇندالغاندىن سىرت، تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار باشقارما - بۆلۈملىرى تۈۋەندىكى يىلنامە ۋە تەزكىرىلەرنى تەھرىرلەشكە قاتنىشىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتتى: «قاراماي يىلنامىسى»، «تارىم نېفىتلىكى يىلنامىسى»، «تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى يىلنامىسى»، «شىنجاڭ كارخانىلىرى يىلنامىسى»، «بايىنغولىن يىلنامىسى»، «قەشقەر يىلنامىسى»، «بۆرتالا يىلنامىسى» ۋە «قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى تەزكىرىسى»، «تۇرپان ئېلېكتر تەزكىرىسى»، «ئالتاي ئېلېكتر تەزكىرىسى»، «قاراماي ئېلېكتر تەزكىرىسى»، «شىخەنزە چوقان ئېلېكتر ئىستانسىسى تەزكىرىسى».

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالاقىدار ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون تارىخ، تەزكىرە ساھەسىدىكىلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

2001 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن مەدەنىي ئورگان قىلىپ تەستىقلاندى.

شىن جيەن

## يېڭىدىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 760 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى خۇاڭ شياۋجۇڭ. يۇقىرى چېكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 23 - يىلى (1897)دىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختايدۇ. كىتاب دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى سانائىتى، خەلق ماشىنىسازلىقى سانائىتى، ئېلېكترون سانائىتى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئاپپارات، قوشۇن ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ يېتىلىش، زورىيىشىغا دائىر تارىخىي پاكىتلار نۇقتىلىق بايان قىلىنغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ليۇ شىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 450 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى پەن شياۋفاڭ. كىتاب كىلىمات شارائىتى ۋە تەبىئىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى، مېۋە - چېۋە بايلىقى ۋە سورتلىرى، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى، مېۋە - چېۋە ساقلاش، پىششىقلاش، ئاپپارات، قوشۇن، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن. شىنجاڭ مېۋە - چېۋە بايلىقى مول، يېتىشتۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن رايون بولغانلىقى ئۈچۈن «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈچۈن، مېۋە - چېۋىلىرى تاتلىق، سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى» دە شىنجاڭ مېۋە - چېۋە زىرائەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ھازىرقى

ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك جەھەتتە ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ليۇ شاڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 700 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى جاڭ لياڭ. كىتاب تۈرمە باشقۇرۇش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، ئادۋوكاتلىق، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، ئاساسىي قاتلام ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى، قانۇنشۇناسلىق مائارىپى، قانۇن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، ئاپپارات، قوشۇن ھەم قوشۇمچە قاتارلىق بابلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرى مەخسۇس بايان قىلىنغان تۇنجى تەزكىرە كىتاب.

ليۇ شاڭ

«فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب بىر مىليون 240 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى جۇ جيەنەن. يۇقىرى چېكى ئەھۋالغا، تارىخىي ماتېرىياللارغا قاراپ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئالدىغا سۈرۈلگەن، ئاخىرقى چېكى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان 1992 - يىلدا توختايدۇ. قوشۇمچە قىسمىدا 1993 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. كىتاب 38 قىسىم بولۇپ، فۇكاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، ئىلمىي بايان قىلىنغان. رايون ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، «ساياھەتچىلىك» قىسمى ئالاھىدە تەسىس قىلىنىپ، فۇكاڭدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ — بوغدا كۆلى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىتابتا ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىياللىق بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ «قامۇس» شەكىللىك چوڭ قوللانما.

جاڭ چۈەن

«پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب بىر مىليون 600 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى شى شاڭجۇاڭ. يۇقىرى چېكى شەيئىي پەيدا بولغاندىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختايدۇ. 1995 - يىلدىن نەشر قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوشلۇق كىتابنىڭ ئاخىرىغا «داۋامى» دېگەن قىسىمنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق تولۇقلانغان، ئۇنىڭدا 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيە ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. كىتاب ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە قوشۇمچە، داۋامى قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 40 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. «ئۈزۈمچىلىك»، «قوغۇنچىلىق»، «لۈكچۈن ۋاڭلىرى» دېگەنگە ئوخشاش قىسىملار ئالاھىدە تەسىس قىلىنىپ، يېڭى مەزمۇن كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك تۈس گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كىتابتا پىچان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، ئەمەلىي، ئىلمىي خاتىرىلەنگەن. ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىياللىق ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن، پۈتۈن كىتاب ئېنىق دەۋر پۇرىقى، قويۇق مىللىي تۈس ۋە ئېنىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پىچان رايونىنىڭ ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك نوپۇزلۇق ئەسەر.

جاڭ چۈەن

«ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 945 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ما شياڭشىن، خوۋ زىئەي. يۇقىرى چېكى شەيئى بارلىققا كەلگەندىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختايدۇ. 1986 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى يوچۇق ئاخىرقى چەكتىن كېيىنكى چوڭ ئىشلار، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى، شەخسلەر تەرجىمىھالى ھەم شەھەر رەھبەرلىرى جەدۋىلىنى قوشۇمچىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق تولۇقلانغان. كىتاب شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ 30 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالتاي شەھىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئالتاي شەھىرىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

جاڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كومپارتىيە تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 600 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

باش مۇھەررىرى چېن تۈڭۈي. كىتاب تەشكىلىي ئاپپارات، ۋەكىللەر يىغىنى، قۇرۇلتاي، پارتىيە خىزمىتى، چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلار خاتىرىسى، قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. كىتابتا شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانلىرى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئەينەن خاتىرىلەنگەن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ قۇرۇلتايلىرى، ۋەكىللەر يىغىنلىرى ھەم ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردە قانات يايدۇرغان خىزمەتلەر ۋە چوڭ - چوڭ سىياسىي ھەرىكەتلەر تولۇق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش شانلىق مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ليۇ شىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 500 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى ۋاڭ تىڭكەي. كىتابنىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ بولۇپ، ۋاقىت ھالقىش دائىرىسىدىن ئالغاندا شىنجاڭنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقارغاندىن بۇيان تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى، مىنگودىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 20 - ئەسىر 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى گۇمانىتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى بايان قىلىنغان. مەزمۇنى پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، ئەدەبىيات، قانۇنشۇناسلىق، كۇتۇپخانىشۇناسلىق قاتارلىق 10 پەنگە چېتىلىدۇ. كىتابتا پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىنىپلا قالماي، ئىلمىي ئاپپارات، ئىلمىي يىغىن، ئىلمىي پائالىيەت، ئىلمىي نەتىجە قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ليۇ جياڭبو

«ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» (قىرغىزچىسى) بۇ تەزكىرە كىتاب 2001 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدىراي ئوسمان، ئەركىن مەمەتروزى. كىتاب 840 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاقچى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەم مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىنغان.

ئابدۇرۇپ ئېلى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب بىر مىليون 500 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى جۇ جىنتيەن. كىتاب ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، ئايروپورت، ئايروپىلان، ئايروپىلان رېمونتچىلىقى، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى، ھەمىباب ئاۋىئاتسىيە، ئاۋىئاتسىيە كاپالىتى، ئاۋىئاتسىيە بىخەتەرلىكى، باشقۇرۇش، پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە، ئاپپارات، قوشۇن، قوشۇمچە قاتارلىق بابلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئاز كەم 70 يىللىق تارىخى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈشتەك ئالىيجاناب خىسلىتى نامايان قىلىنغان.

جاۋ يەنچيو

«قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب بىر مىليون 600 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى جاڭ يى، ئىجرائىيە باش مۇھەررىرلىرى ئابلەت ئابباس، جېڭ ۋېنجۇن، لى فېڭشىڭ. يۇقىرى چېكى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختايدۇ. كىتاب قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقنى ئاساسىي قۇرۇلما قىلغان. 29 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاۋۋال تەبىئەت، ئاندىن جەمئىيەت، ئاۋۋال ئىقتىسادىي بازىس، ئاندىن ئۈستقۇرۇلما تەرتىپىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار» قىسمى باشقا، «قوشۇمچە» قىسمى ئاخىرىغا جايلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن ناھىيىنىڭ خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى سۇلى دۆلىتى، سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى مەزگىللىرىدىكى ۋە 1913 - يىلى ناھىيە بولغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى بايان قىلىنغان. كىتابتا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، «تارىختىكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر»، «تەرجىمانلىق» قاتارلىق بابلار كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، ماتېرىياللار ئەمەلىي، توغرا بولۇپ، يەرلىك تۈسى قويۇق،

گۇمانىستارلىق ئالاھىدىلىكى روشەن. ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىن بوستانلىق يىپەك يولى مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى توغرىسىدىكى مۇپەسسەل بايانلارنى كۆرىدۇ.

جاڭ چۈەن

«ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچىسى) بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەرجىمە قىلدۇردى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 11 - ئايدا نەشر قىلىپ تارقاتتى. باش مۇھەررىر ئابدۇرۇپ ئېلى. كىتاب 26 قىسىم، 700 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى ئوقتىلىق بايان قىلىنغان، پاختىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتا يازما بايان ئاساس، گرافا، جەدۋەل، خاتىرە، سۈرەتلەر قوشۇمچە قىلىنغان، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئەدەبىي ئۇسلۇبى ئاددىي بولۇپ، ئاۋاتنىڭ ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىنغان كىتاب.

ئابدۇرۇپ ئېلى

«ئىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2001 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى سەي جۇنشۇ، خۇاڭ چىچۈن. كىتاب 1 مىليون 30 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يۇقىرى چېكى ناھىيە قۇرۇلغان 1938 - يىلدىن باشلىنىدۇ، تارىخىي ماتېرىياللار بار قىسىملارنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر ئالدىغا سۈرۈلگەن، ئاخىرقى چېكى 1994 - يىلدا توختايدۇ. كىتابنىڭ بېشىغا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تەبىئىي مۇھىت، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، شەخسلەر قاتارلىق 5 چوڭ تۈرگە، 30 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدا ناھىيىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋاللىرى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق، ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. ئاخىرىغا قوشۇمچە ماتېرىيال ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 1995 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە 1994 - يىلدىن كېيىنكى ناھىيىنىڭ مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى، چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلار، رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. باياندا دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

جاڭ چۈەن

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئۇل قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخىپچىلىق خىراجىتى 4 مىليون 560 مىڭ يۈەن (بىڭتۇەننىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا) بولدى. ئارخىپ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 36 مىڭ 785 كۋادرات مېتىر. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلاردىكى كومپيۇتېر 240، نۇسخىلىغۇ 100، ھاۋا تەڭشىگۈچ 56، نەمسىزلەندۈرگۈچ 8، مىكروپىسزلاندۇرغۇچ 5. ئارخىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خادىملىرىدىن ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ئومۇمىي خادىمنىڭ %77نى، ئارخىپ كەسپى بويىچە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ئومۇمىي خادىمنىڭ %18نى ئىگىلەيدۇ. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق سىستېمىسى بويىچە باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ۋە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 64 كىشى ئارخىپچىلىق كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاندى ۋە تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ كاندىدات تەتقىقاتچىسى 14، مەسئۇل باشقۇرغۇچى 32.

2. كەسپىي خىزمەت. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2001 - يىلى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەتلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش، غەربنى كەڭ ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە 18 قىسىملىق تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىم «پارتىيە شىنجاڭدا»نى سۈرەتكە ئالدى؛ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭ گېزىتى»دە مەخسۇس ستون ئېچىپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى؛ «شىنجاڭدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار كاتالوگى»، «شىنجاڭدىكى پارتىيە قۇرۇلتايلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» قاتارلىق ماتېرىياللارنى رەتلىدى ۋە تەھرىرلىدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ

ئىدارىسى (ئارخىپخانىسى) شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتى ۋە «شىنجاڭ ئارخىپچىلىقى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى؛ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋكاۋيۇ بىلەن ھەمكارلىشىپ، «يېقىنقى زامان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش تارىخى ئارخىپ ماتېرىياللىرى»نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى ئارخىپچىلىق قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ش ئۇ ئا ر ئارخىپچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئارخىپچىلىق قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى (ئارخىپخانىسى)نى كۆزدىن كەچۈردى؛ ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە قانۇنچىلىق نازارەتچىلىرى كۇرسىدىن 2 قارار ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەت ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، ئورۇنلارنىڭ خەت - ئالاقىلىرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەھۋالى، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى تەكشۈردى، لاياقەتسىز چىققان 9 ئورۇنغا تۈزىتىش پىكرى بەردى. 2001- يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپچىلىق تارماقلىرى 155 مىڭ 674 توپلام ئارخىپ، 362 قاپ ئۈن - سىن فىلىم ئارخىپى، 9986 پارچە سۈرەت ئارخىپى، 18 مىڭ 90 پارچە 1 - قول سىخما، 13 قاپ ئېلېكترونلۇق ئارخىپ يىغدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق تارماقلىرى 2001 - يىلى ئارخىپتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى 113 مىڭ 469 توپلام (قېتىم)، 27 مىڭ 920 ئادەم (قېتىم) ئارخىپ بىلەن، 16 مىڭ 232 توپلام (قېتىم)، 5091 ئادەم (قېتىم) ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى 4086 توپلام (قېتىم)، خىزمەت تەكشۈرۈشنى 32 مىڭ 644 توپلام (قېتىم)، تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى 24 مىڭ 943 توپلام (قېتىم)، ئىلمىي تەتقىقاتنى 719 توپلام (قېتىم)، تەشۋىقات - تەربىيىنى 184 توپلام (قېتىم)، باشقىلارنى 12 مىڭ 716 توپلام (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىگەن.

يۇ شياۋنەن

## ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 119 ئورۇن ئورگان ئارخىپچىلىقنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، 2 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان خەت - ئالاقىلىرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەھۋالى، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 2 پەن - تېخنىكا كەسپىي ئورۇن ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇلار: ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى باشقارمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۇچىلىق سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 8 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەت ۋە ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەنلىرى: شىنجاڭ تۇنخې يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تۇنخې پولى ئېتىلېن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تۇنخې سودا - مانائەت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ تۇرپان شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئاقسۇ شۆبە شىركىتى. ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەنلىرى: سانجى ئىسسىق ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بەنفاڭگو ئورمانچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

لى مىڭ

# مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭدا 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان تۈرلۈك كىتاب 3068 خىل بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 350 خىل كەم نەشر قىلىندى. تىراژى 75 مىليون 908 مىڭ 600 گە يېتىپ، 4.3% كۆپەيدى؛ چىقىرىلغان گېزىت 98 خىل بولۇپ، 4ى كۆپەيدى، بۇلارنىڭ تىراژى 356 مىليونغا يېتىپ، 22.8%، باسما تاۋىقى 635 مىليونغا يېتىپ، 19.8% كۆپەيدى؛ چىقىرىلغان ژۇرنال 212 خىل بولۇپ، 38ى كۆپەيدى، بۇلارنىڭ تىراژى 13 مىليون 921 مىڭ 400 گە يېتىپ، 23.9% كۆپەيدى؛ ئۈن - سىن بۇيۇملىرىدىن 83 خىل، 202 مىڭ دانە چىقىرىلدى؛ ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىدىن 18 خىل، 39 مىڭ دانە چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى تارقاتقان كىتابلار 205 مىليون بولۇپ، 3.8% ئازايدى، تارقىتىلغان كىتاب سوممىسى 1 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10% كۆپەيدى. ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ياراتقان پايدىسى 22 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 69.4% ئاشتى.

2001 - يىلدىكى كىتابلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «پامىرغا بېرىش» مەملىكەت بويىچە «5 بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» غا، 11 كىتاب جۇڭگو مىللەتلەر كىتابى مۇكاپاتىغا، 26 كىتاب 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قەرەللىك ژۇرنال رېداكسىيىسىدىن 48ى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان مەملىكەت خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرناللار كۆرگەزمىسى جۇڭگو قەرەللىك ژۇرناللار كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە 20 خىل قەرەللىك ژۇرنال «جۇڭگو قەرەللىك ژۇرناللار سېپى» گە كىردى. ئاپتونوم رايوندىكى 5 نەشرىيات مەملىكەتلىك 12 - نۆۋەتلىك كىتاب بازىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئېرىنەي مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياش - ئوتتۇرا ياش مۇھەررىر بولۇپ باھالاندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 9 نەشرىيات يوللىغان نۇقتىلىق كىتابلار ئىچىدىن 7 نەشرىياتنىڭ 17 خىل كىتابى دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتابى قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا كىتاب نومۇرىدىن 2578ى، ئىچكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 462سى بېجىرىلدى. كىتاب - ژۇرناللارنى بېسىشنى ھاۋالە قىلىش خېتىدىن 3000ى، نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 341ى تارقىتىلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ناھىيىلىك) پارتىيە گېزىتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ناھىيىلىك) پارتكوملار ئورگان گېزىتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپ» ناملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى پۈتتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، تۇرمۇش تۈرىدىكى 60 نەچچە خىل گېزىت - ژۇرنال ئۈستىدە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسى توغرا بولمىغان، خاتا مەزمۇندىكى ۋە سۈپىتى تۆۋەن چاكىنا ماقالىلەرنى باسقان ئايرىم گېزىت - ژۇرناللارنى بىر تەرەپ قىلدى.

نەشر بۇيۇملىرى بازىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش، «سېرىق مەزمۇندىكىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىزلىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. نۇقتىلىق ھالدا سىياسىي خاراكتېردىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى، دىن تۈرىدىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى، شەھۋانىي نەشر بۇيۇملىرى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى، نەشر ھوقۇقىنى ئوغرىلاپ ئوغرىلىقچە بېسىش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، چوڭ كۆلەمدە مەركەزلىك ھەرىكەت قىلىش بىلەن كۈندىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى يىگىدۇڭنىڭ ساختا تامغا ئويۇش، خەت - ئالاقە ئىشلەش، يالغان كىتاب نومۇرى، سىزىقلىق شىفىر

ياساش، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى سېتىش ۋە شىلىڭ يۇشۇن، ساۋ گۇيشياڭلارنىڭ قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش قاتارلىق 5 چوڭ دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. كىتاب - ژۇرنالنى 2 - دەرىجىلىك توپ سېتىش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى بازىرى ۋە مىللىي تىلدىكى ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بازىرى تەرتىپكە سېلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلدى. «سېرىق مەزمۇندىكىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىزلارغا زەربە بېرىش» نەتىجىسى كۆرگەزمە قىلىنىپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى 3 قېتىم چوڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ كۆيدۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نەشر بۇيۇملىرى بازىرى پاكلاشتۇرۇلدى.

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ باسمىچىلىق ساھەسى بويىچە «باسمىچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا باسمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 137 ئادەم قاتناشتى؛ بىر قىسىم باسمىچىلىق كارخانىلىرى ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى ۋە جۇڭگو ماتارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باشقۇرغان «باسمىچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشمە كىتاب كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

مۇشۇ يىلدا كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى 3 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا ھەر قايسى نەشرىيات، قەرەللىك ژۇرنال رېداكسىيىلىرىنىڭ 160 نەپەر كەسپىي - تېخنىكا خادىمى قاتناشتى؛ ئىدارە سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا ياش، ياش باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە كەسپىي تايانچىلار داۋاملىق ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى، 22 ئادەم بېيجىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ قاتارلىق تەرەققىي تاپقان ئۆلكە (شەھەر)لەرگە 3 ئايدىن 4 ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتەپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 4 ئادەم ئاپتونوم رايوندىكى كەسپداش ئورۇنلارغا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىلدى.

2001 - يىلى نەشرىياتچىلىق كەسپىدىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى باھالاش كومىتېتى قايتىدىن تەشكىل قىلىندى. باھالاش ئارقىلىق 65 ئادەم ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇھەررىر 11، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر 54).

جاڭ شىنگى

# مەتبۇئاتچىلىق

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش

1. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى تەشۋىقات نۇقتىلىرىغا ئاساسەن، تەشۋىقات پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، تۈرلۈك چوڭ پائالىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسى خېلى ياخشى ئورۇندالدى. مەسىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش؛ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە «1 - ئىيۇل» نۇتقىنى ئۆگىنىشنى خەۋەر قىلىش؛ پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى خەۋەر قىلىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنى خەۋەر قىلىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنى خەۋەر قىلىش؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى خەۋەر قىلىش؛ ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىش؛ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى ئەسىر سەپىرى»نى خەۋەر قىلىش؛ ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىنى خەۋەر قىلىش؛ تارىم دەرياسىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى خەۋەر قىلىش؛ تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى خەۋەر قىلىش؛ جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش قاتارلىقلار. بۇ خەۋەرلەر سان جەھەتتە مۇئەييەن داغدۇغىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سۈپەت جەھەتتىمۇ يېڭىلىق، چوڭقۇرلۇق، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، تەسىر دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى.

2. تۈرلۈك تىلدىكى تەھرىر بۆلۈملىرى گېزىتخانىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئاساسىي قاتلامنى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى خەۋەر قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. ئىلگىرى - كېيىن تەشكىل قىلىنغان بىر نەچچە مۇخبىرلار شۆبە ئەترىتى جايلارغا بېرىپ مۇخبىرلىق قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ۋە ئاممىغا يېقىن بولغان زور بىر تۈركۈم ياخشى خەۋەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، شۇ يەردىكى رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

3. بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قاتار قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، مەركىزىي شەھەر «كۆك ئاسمان» قۇرۇلۇشى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، لېنبىركىيىنى ساپلاشتۇرۇش، زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، يولۇچى ئاپتوموبىللىرىغا ئادەمنى كۆپ قاچىلاش، ساياھەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى خەۋەر قىلىش پىلانلىنىپ، ئاممىنىڭ دەرد ئەھۋالى، شۇنىڭدەك خەلق رايى، خەلق ئەھۋالى ۋە خەلق ساداسى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلدى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلدى.

4. گېزىتنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن «گېزىتتە خاتالىق كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» تۈزۈپ چىقىلدى، ٨ ماقالە تۈزۈمى، خەۋەرلەرنى باش نازارەتچى كۆرۈپ باھالاش تۈزۈمى بولغا قويۇلدى، ئوقۇرمەنلەر خاتالىق تېپىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، بۇلار تەھرىر، مۇخبىرلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، گېزىتتىكى خاتالىقنى ئازايتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

5. بالا گېزىت - ژۇرناللارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قازىنىلدى. 2001 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى «جېجياڭ گېزىتى» گېزىتچىلىك گۇرۇھى بىلەن «شىنجاڭ مەركىزىي شەھەر گېزىتى»نى ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە باشقۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاپ، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم رايوندىكى 2 ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ گېزىت باشقۇرۇش ئۈلگىسىنى ياراتتى. «بازارغا يۈزلىنىش، شەھەر خەلقىگە يېقىنلىشىش، ئىستېمالنى يېتەكلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش»نى مەقسەت قىلغان «مۇلازىمەت ئاللا بازىرى» گېزىتى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چىقىرىلىشقا باشلاپ، يىل ئاخىرىغىچە 28 سان تارقىتىلدى. ئۇيغۇرچە «پايدىلىنىش خەۋىرى»نىڭ بەتلىرى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشچانلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، تىراژى زور ھەجىمدە ئاشتى. «زامانىمىز تارقاتقۇچىسى»نىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستى، 100 سان چىقىرىلدى.

**گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ۋە تىجارەت باشقۇرۇش ئەھۋالى**

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 126 مىڭ 800 پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋىرى»نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تىراژى 10 مىڭ 500 پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تىراژى 3000 پارچىگە يەتتى. يىللىق ئېلان كىرىمى 37 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.74 كۆپەيدى. باسما زاۋۇتىنىڭ پايدىسى 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى.

لىيۇ ۋەنجېن

## «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

2001 - يىلى جاۋ يۈ، لىيۇ پىڭلارنىڭ «چارۋىچى تالېپنىڭ ۋەتەنگە مۇھەببىتى» دېگەن ماقالىسى 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى مۇكاپاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جياڭ يىفېڭ، شى جيەن، جېن شىمېيلار تۈزگەن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بەتلىرىنى قايتا باھالاش ۋە يىللىق مۇسابىقىدە كۈمۈش مېدالغا؛ جاڭ شىڭگو، ئەن خۇڭلار تۈزگەن 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بەتلىرىنى قايتا باھالاش ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مىس مېدالغا؛ لىيۇ خۇڭ تۈزگەن «ھەممىمىز كىتاب ئوقۇيلى» دېگەن مەخسۇس سەھىپە 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى مۇكاپاتى بويىچە گېزىت قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاش ۋە يىللىق مۇسابىقىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ بېي يىنىڭ «ھايۋان ئادەمدىن ياۋۇزمۇ؟» دېگەن ئەسىرى 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى مۇكاپاتى بويىچە گېزىت قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاش ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا؛ لى ياڭنىڭ «قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە ھەربىي لاگېرغا قونغان ئاققۇ» دېگەن سۈرىتى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ دۇ شىنگونىڭ «تەپەككۇر قىلىش چىقىش يولىدۇر»، ۋاڭ سېينىڭ «ۋاڭ كېجۇڭ ۋە ئۇنىڭ چوڭ كانىيى» دېگەن ماقالىلىرى، سۈي خېنىڭ «قازاق مېيىكې» دېگەن سۈرىتى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى جېنشۇڭنىڭ «ئالتايدا 3000 چارۋىچى چارۋىلارنى بىۋاسىتە سېتىشقا قاتناشتى»، جۇ بىيىنىڭ

مىلىون يۈەنلىك دورا سېتىۋېلىشتا 7 شىركەتكە ئالىمۇمىشلىق قىلغان «ئۇنىڭ» دېگەن ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جاڭ مىننىڭ «بەزىلەر دوراكىمۇر قۇراشتۇرۇپ پۇل تاپتى»، لى مىننىڭ «ئوغۇغوچىلار سوۋغا يىلانىسى بولغا قويۇش قەدىمى بېرىلمىلدى» دېگەن ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

ليۇ ۋېنجيې

## ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - 14 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ئورتىسىلىپ ماقۇللاندى، 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

شىن جى

## 2000 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2000 - يىللىق شىنجاڭ ئاخباراتى مۇكاپاتىنىڭ گېزىت قىسمىدا 198 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 18، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 52، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 126.

### قوشۇمچە

**2000 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ گېزىت قىسمىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

**ئالاھىدە مۇكاپات:**

چاغانتوقايدا زەپەر مارشى (تەپسىلىي خەۋەر)، چاغانتوقايدىكى چېن گۋاڭمىن (تەپسىلىي خەۋەر).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپات**

تارىم دەرياسى جانلىنىشقا باشلىدى (خەۋەر)، چارۋىچى تالىپنىڭ ۋەتەنگە مۇھەببىتى (خەۋەر)، كېڭەيگەن ئىگىلىك شىنجاڭنى ئۈللىتتى (خەۋەر)، 2 مۇھەممەت ئاسراش



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

قەن خاۋ فوتوسى

«كۆۋرۆك، ھەي كۆۋرۆك»، فۇ يەن، جۇڭ شيۇلىنلەرنىڭ «ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش يولى ئۇزاق» دېگەن ماقالىلىرى، غەيرەت مەتمىننىڭ «6 ياشلىق ئۆسمۈر جېنىس رېكورتى ياراتتى» دېگەن سۈرىتى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ نەنجۈننىڭ «ئۆسكۈنلىرى كونا 607/608 قېتىملىق پويىزنى يېڭىلاش زۆرۈر» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ياڭ جىچۈننىڭ «قۇتۇبى ناھىيىسىدە 10 مىڭ مو (7. 666 گېكتار) يەردىكى چۆل ئۆسۈملۈكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى يانەننىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرى ئۆرلەش ھالىتىدە» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى نيەندۇڭ، ليۇ پېڭلارنىڭ «قارامايلىدىكى قوغداش ئىلاھى قىيىن ئەھۋالدا» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ فۇ يەن، جىن چۈەنلەرنىڭ «12 ياشلىق ئۆسمۈر تورخانىدا 20 كۈن تۈردى»، ياڭ جىچۈننىڭ «4

ئىدارىسىنىڭ ھوقۇق تالىشىش تۈمۈر مېھمانخانىسىغا بالا ئېلىپ كەلدى (خەۋەر)، يەنە 100 يىل ياشىسامۇ كومپارتىيە ياخشى دېيەمەن (تەپسىلىي خەۋەر)، زۇڭلىنىڭ چۆللۈكتە كەبىپيات كۆرۈشى (تەپسىلىي خەۋەر)، «كىچىك ئالىم» يالڭ زۇڭزۇڭنىڭ خىيالىي يولى (تەپسىلىي خەۋەر)، «شىنجاڭ ـ 2» نېمە ئۈچۈن راۋاج تاپالمىدى؟ (تەپسىلىي خەۋەر)، تەپەككۇر قىلىش چىقىش يولىدۇر (مۇھاكىمە)، 3 دوختۇرخانىنىڭ ئېغىر يارىلانغان بالىنى قوبۇل قىلماسلىقى (چاتما خەۋەر)، 71 قەھرىمان ۋە بىر دەريا (قوشۇمچە بەت)، 3 گۈل ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى (قوشۇمچە بەت)، 7 ـ ليەندۈيدە مەخپىيەتلىك يوق (تەپسىلىي خەۋەر)، مەھمۇت قەشقىرى يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەر (چاتما خەۋەر)، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە دېھقانلارنى يېتەكلەش كېرەكمۇ ياكى مەجبۇرلاش كېرەكمۇ؟ (تەكشۈرۈش دوكلاتى)، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىكى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش (مۇھاكىمە)، «ساپالى» ماركىلىق قوي يۇڭى ۋە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى (ئوبزور)، ئارىشاڭ ناھىيىسىدىكى «خەلقنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى» (چاتما خەۋەر).

ليۇ ۋەنجېن

## 12 ـ نۆۋەتلىك كەسپىي، كارخانا، ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۈرىدىكى گېزىتلەر يىغىنى

بۇ يىغىن 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونىدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نەچچە كەسپىي، كارخانا، ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت تۈرىدىكى گېزىتلەرنىڭ باش مۇھەررىرلىرى قاتناشتى.

شىن جې

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 7 ـ كۈنلىرى كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 60 نەپەر باش مۇھەررىر قاتناشتى. ۋەكىللەر قانداق قىلىپ ئاخبارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، گېزىتچىلىكتە چوڭ ئۆزگىچىلىك يارىتىش جەھەتتە ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى.

شىن جې

## 11 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت ـ ژۇرناللار ئىشلەتكەن سۈرەتلەرنى باھالاش نەتىجىسى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ـ فوتو سۈرەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى باشقۇرغان، سانجى گېزىتى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان 11 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت ـ ژۇرناللار ئىشلەتكەن سۈرەتلەرنى باھالاش يىغىنى 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى.

باھالاش يىغىنىغا 35 ئاخبارات ئورنىدىن كەلگەن 65 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئاخبارات ـ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن 324 پارچە (گۇرۇپپا) تاپشۇرۇۋېلىندى. خې شىنشىننىڭ «ئولىمپىك ئىلتىماسىدا بېيجىڭ ئۇتتى»، جاڭ گوجۈننىڭ «قېلىن قار رەھىمسىز» دېگەن ئەسەرلىرى شىنجاڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 16 ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 20 پارچە (گۇرۇپپا) ئاخبارات ـ فوتو سۈرەت ئەسىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 23 گېزىت ـ ژۇرنال «گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاخبارات سۈرىتى ئىشلىتىش» بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خې شىجىڭ قاتارلىق 4 كىشى باش مۇھەررىر فوتو سۈرەت مۇكاپاتىغا، ليۇ نىڭ باش مۇھەررىر ئۆتكۈر كۆز مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىن جې

## مۇنەۋۋەر ژۇرناللارنى باھالاش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى بىرلىكتە 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرناللىرىنى مۇكاپاتلاش-باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 25 ژۇرنال 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى مۇكاپاتىغا، 20 ژۇرنال (بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى 14، تەبىئىي پەن ژۇرنىلى 6) 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرناللىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىن باۋ

## گېزىت بېسىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى 2001 ـ يىلى 46 خىل گېزىتنىڭ بېسىش سۈپىتىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن خەنزۇچە گېزىت 27 بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەلا بولغىنى 6، ياخشى بولغىنى 9، لاياقەتلىك بولغىنى 12؛ تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە گېزىت 19 بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەلا بولغىنى 4، ياخشى بولغىنى 6، لاياقەتلىك بولغىنى 7، لاياقەتسىز بولغىنى 2.

شىن يىن

## شىاڭگاڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىاڭگاڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى سۇڭ شياۋجۇاڭ باشچىلىقىدىكى زىيارەت ئۆمىكىدىكى 16 ئادەم 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. شىاڭگاڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھەر يىلى شىاڭگاڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپ خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە 2000 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىدۇ، ئۇ ۋەتەننى سۆيۈش، شىاڭگاڭنى سۆيۈشتە داڭلىق بولغان تەشكىلاتتۇر.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى زىيارەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە زىيارەت ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلگەن مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلدى.

شىن جى

# نەشرىياتچىلىق

## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 576 خىل كىتاب نەشر قىلدى، بۇلارنىڭ تىراژى 2 مىليون 550 مىڭ. 25 خىل كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى دوختۇر ۋۇ دېڭيۈنگە دائىر يۈرۈشلۈك مەجمۇئە»نىڭ بىرى بولغان «پامىرغا بېرىش» مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»غا؛ «خەنزۇچە - قىرغىزچە لۇغەت»، «خەنزۇچە - قازاقچە ئاددىي لۇغەت»، «جاڭغىر»، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى» قاتارلىق 4 كىتاب 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار مۇكاپاتى بويىچە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «غەربىي قىسمىنىڭ بايقىلىشى» قاتارلىق 10 خىل كىتاب شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «پامىرغا بېرىش»، «خەنجەر قويغۇچى ۋىلى» جۇڭگو ئاخبارات ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا؛ «جۇڭگو - چەت ئەل تىياتىر ئەدەبىياتى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا؛ «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى كەسىپلەشتۈرۈش» جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تەتقىقاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ لىشياڭ

## نەشر ھوقۇقى خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرى بازىرى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كىتاب، ئۈن - سىن، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى بازىرىغا بولغان قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتاب، دەرسلىك، يۇمشاق دېتال ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاپ ئىشلەش، سېتىشتىن ئىبارەت قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ئىككى تەرەپلەپ زەربە بەردى. مۇشۇ بىر يىلدا نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتاب، ئۈن - سىن، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى دېلوسىدىن جەمئىي 12سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتابتىن 1000 دىن ئارتۇقى، ئۈن - سىن، يۇمشاق دېتالدىن 20 مىڭ قاپ (پارچە) ۋە لازېرنۇر بىلەن ئويۇپ قالدۇرۇش ئۈسكۈنىسىدىن 2 سى يىغىۋېلىندى. خ ج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 5000 قاپ (دانە) دىن ئارتۇق CD، VCD پلاستىنكىسى باھالاپ بېكىتىلدى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 100 خىلدىن ئارتۇق كىتاب بېكىتىلدى. يېڭى «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ كۈچەيتىلىشىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات - نەشرىيات ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى؛ ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يۇمشاق دېتال ئىشلىتىشنىڭ رەسمىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتورلۇق ھوقۇقى ماجىرالىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى، مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتورلۇق ھوقۇقى ماجىراسىدىن 16سى قوبۇل قىلىندى، ئىلگىرى قېپقالغىنى 12 بولۇپ، جەمئىي ماجىرا 28 بولدى. بۇنىڭدىن 9 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، ھەقدارلارنىڭ 29 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنى قايتۇرۇۋېلىندى. مەمۇرىي جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىنغاندىن كېيىن ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ

ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 100% بولدى. مۇشۇ يىلدا چەت ئەل كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا هوقۇق بېرىش توختامىدىن 3ى، چەت ئەل ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەشكە هوقۇق بېرىش توختامىدىن 8ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. گۈزەل سەنئەت، بېزەك، سودا ئېلانى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان 19 پارچە ئەسەر ئىختىيارىي تىزىملىتىلدى، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 40 نەچچە ئادەم (قېتىم) قوبۇل قىلىندى. مۇشۇ يىلدا تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللارغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ 16 مىڭ 300 يۈەن قەلەم ھەققى ئاپتورغا ئۆتكۈزۈلۈپ، 13 مىڭ 611.8 يۈەن جۇڭگو نەشر هوقۇقىنى قوغداش مەركىزىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

شىن جۈەن

## نەشر بۇيۇملىرىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈش، كىتابلار سېتىلىشتىن بۇرۇن ئالدىن تەكشۈرۈش، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تۈرلۈك كىتاب، ژۇرنال، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىدىن 495 خىلى تەكشۈرۈلۈپ، مەنئى قىلىش بەلگىلىمىسىگە، قائىدىگە خىلاپ نەشر بۇيۇملىرىدىن 160 نەچچە خىلى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

شىن شېن

## كىتاب، دەرسلىكلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى نەشرىياتلارنىڭ 2000 ـ يىلى ئۆزلىرى نەشر قىلغان كىتابلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەتىياز، كۈز پەسىللىك دەرسلىكلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى بىرقىسىم باسمىچىلىق كارخانىلىرى ھۆددىگە ئېلىپ باسقان كىتابلارنىڭ بېسىلىش، تۈپلىنىش سۈپىتىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى نەشر قىلغان كىتابتىن تەكشۈرۈلگىنى 176 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك بولغىنى 4 خىل، ياخشى بولغىنى 14 خىل، لاياقەتلىك بولغىنى 148 خىل، لاياقەتسىز بولغىنى 10 خىل؛ ئەتىياز، كۈز پەسىللىك دەرسلىكلەردىن تەكشۈرۈلگىنى 1087 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك بولغىنى 138 خىل، ياخشى بولغىنى 312 خىل، لاياقەتلىك بولغىنى 736 خىل، لاياقەتسىز بولغىنى بىر خىل. ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن باسمىچىلىق كارخانىلىرى باسقان ئادەتتىكى كىتابتىن تەكشۈرۈلگىنى 98 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك بولغىنى 14 خىل، ياخشى بولغىنى 7 خىل، لاياقەتلىك بولغىنى 76 خىل، لاياقەتسىز بولغىنى بىر خىل.

شىن يىن

## 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

جۇڭگو ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسى، جۇڭگو نەشرىياتچىلار جەمئىيىتى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە باشقۇرغان 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش نەتىجىسى 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئېلان قىلىندى، شىنجاڭدىن 5 كىتاب 2 ـ دەرىجىلىك، 6 كىتاب 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### قوشۇمچە

شىنجاڭدىن 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار مۇكاپاتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر ئىسىملىكى

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات:

«پاۋان» (قازاقچە)، «خەنزۇچە ـ قىرغىزچە لۇغەت» (خەنزۇچە، قىرغىزچە)، «خەنزۇچە ـ قازاقچە قىسقىچە لۇغەت» (خەنزۇچە، قازاقچە)، «قىسقىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى لۇغىتى» (ئۇيغۇرچە)، «جاڭغىر» (موڭغۇلچە).

3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات:

«خەنزۇچە ـ قىرغىزچە لۇغەت» (قىرغىزچە)، «ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلىرى توپلىمى» (ئۇيغۇرچە)، «هازىرقى زامان قازاق ئاقىنلىرى ناخشىلىرى» (قازاقچە)، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرى» (قازاقچە)، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە).

شىن تۇ

## يېزىلارغا كىتاب ئەۋەتىش

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار، «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى، 2 ـ دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ئورۇنلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خوتەن، تۇرپان، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇن، مەكتەپ، قىسىملارغا 6 تۈركۈم (قېتىم) دا قىممىتى 49 مىڭ 600 يۈەنلىك كىتاب ئەۋەتتى.

شىن فا

## سېرىق مەزمۇندىكىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىزلىرىغا زەربە بېرىش كۆرىشى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى تۈرلۈك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ دېلولاردىن 34نى

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە مۇھىم دېلو 5. قانۇنسىز كىتاب ـ ژۇرنالدىن 1120 خىل، 120 مىڭ پارچە، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ۋە ئېلېكتىرونلۇق نەشر بۇيۇمىدىن 60 مىڭ قاپ (دانە)، قانۇنسىز بېسىلغان ئاسما كالېنداردىن 189 مىڭى يىغىۋېلىندى. بىر ئاستى قانۇنسىز تارقىتىش ئۇۋىسىدىن 5ى بىتچىت قىلىندى، قانۇنسىز سېتىش نۇقتىسىدىن 21ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شىن بەن

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى

«شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى باشقۇرغان، شىنجاڭ بويىچە ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسەرلىرىگە يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئاخبارات خىزمىتىدىكى يىللىق نەتىجىلەر كۆرەك قىلىنغانلىقى سىرتىدا، يەنە جۇڭگو مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىگە «جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى»غا قاتناشتۇرۇلىدىغان مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسەرلىرى كۆرسىتىلىدۇ. «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەر قېتىم باھالىنىدىغان ئەسەرلەر ئالدىنقى يىلى بېسىلغان، ئاڭلىتىلغان ئاخبارات ئەسەرلىرى بولىدۇ.

«شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»نىڭ تەكتى ئاپتونوم رايونلۇق ياخشى خەۋەرلەر مۇكاپاتى. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك (1985 ـ يىللىق) ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاشتا، 1 .، 2 .، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلىنىدىغان سىللىي، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەردىن 238ى باھالاپ چىقىلغان. كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق باھالاش شىنجاڭ ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1990 ـ يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ يىللىق ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى — «جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1991 ـ يىلدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1991 ـ يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىنى قارار قىلدى.

لىيۇ ۋەنجېن

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا قاراشلىق تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئاڭلىق ھالدا ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە زىچ ماسلىشىپ، نۇقتىلىق جەڭلەرنىڭ تەشۋىقاتىنى چىڭ تۇتۇپ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. 1. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىگە دائىر تەشۋىقاتنىڭ ئاساسىي تېمىسى روشەن، داغدۇغىسى زور بولدى. ئىدارە تەھرىر ھەيئىتى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا بېغىشلانغان ياخشى ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «60 مىنۇتلۇق خەۋەر»، «نەزەر»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى»، «بۈگۈنكى سۆھبەت» قاتارلىق پروگراممىلاردا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا ئاتاپ تەشۋىقات سەھىپىسى ئاچتى؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «شانلىق يىللار»، «قارامايغا مەدھىيە»، «قۇملۇقتا لەپىلدىگەن قىزىل بايراققا مەدھىيە» قاتارلىق پروگراممىلارنى باشقا جايدا بىۋاسىتە ئاڭلاتتى ۋە نەق مەيداندا خەۋەر قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھۆججەتلىك فىلىم «پارتىيە شىنجاڭدا»، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «پامىر دوختۇرى» قاتارلىقلارنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» سۆزىنى ئۆگىنىش، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. 2. ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدا قانات يايدۇرۇلغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەربىيىسى پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك، كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىدا ۋە باشقا خەۋەر خاراكتېرلىك ئوبزور پروگراممىلىرىدا كۆپ تىلدا پروگرامما ۋە سەھىپە ئېچىپ، كەينى - كەينىدىن 9 ئىلغار تىپنى تونۇشتۇرۇپ، جايلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىنى تىكلىدى. 3. ئىككى ئىستانسا 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تەرەققىيات نىشانىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ غەربنى كەڭ ئېچىش پۇرسىتى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي يۈكسىلىش، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» ۋە تارىم دەرياسىنى تۈزەش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلارغا دائىر مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوي - پىكىرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇردى. 2 ئىستانسا ئۈرۈمچىدە كۆرۈلگەن 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ زور چاڭ - توزانلىق بوران ئاپىتى، ئالتايدا يۈز بەرگەن ئېغىر قار ئاپىتى، تارىم دەرياسىغا سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا دائىر خەۋەرلەرنى بېرىپ ۋە كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئويغىتىش، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 4. مۇھىم يىغىن ۋە چوڭ - چوڭ پائالىيەتلەرگە دائىر تەشۋىقاتلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى، بۇلاردىن ئاساسلىقى: مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىن، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، ساياھەت يەرمەنكىسىگە دائىر خەۋەرلەر، 15 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر خەۋەر، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ۋە جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەنلىكىگە دائىر خەۋەر، «فالۇن گۇمپىسى»نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىشكە دائىر خەۋەر قاتارلىقلار.

2001 - يىلى پروگراممىلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېسىل پروگرامما ۋە سەھىپىلەرنى ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەشۋىقات ئىسلاھاتى يەنىمۇ

چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 5 خىل تىلدا تور ئارقىلىق ئاڭلىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات تارىخىدا ئىجادىيەت ياراتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 11 قانالنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ئۆزگەرتتى ۋە تەڭشىدى، بىر يىلدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا 400 نەچچە تېلېۋىزىيە خەۋىرى يوللىدى، بۇنىڭ 319ى ئىشلىتىلدى. «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 3 ھېكايە فىلىمىنى ۋە 10 قىسىملىق 5 تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سۈرەتكە ئالدى. شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئۈن - سىن تېمىسى — «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «راك»، «پەنجىگاھ» مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا CD، VCD پلاستىنكىلىرىنى نەشر قىلدى. «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر يىلدا 1788 قىسىملىق 382 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار 2580 قىسىملىق 430 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. بىر يىلدىن بۇيان 400 نەچچە ئەسەر مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «چارۋىچى ئىسلام ئوغرىلىقچە دەرەخ كەسكۈچىلەرنى پاش قىلدى» ناملىق خەۋىرى ۋە نەق مەيداندا بىۋاسىتە ئاڭلاتقان «دۇنياغا جەلپ ئېلان قىلىپ، خېڭشەندىن ئۆتۈش» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئاخبارات ئەسىرى 11 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى» بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «نەزەر» پروگراممىسى 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى بويىچە داڭلىق سەھىپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇش»ى مۇكاپاتىنى باھالاشتا «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن كىنو — «چىن قەلب»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى — «پامىردىكى دوختۇر»، شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن مەخسۇس فىلىم — «ئاسىيا كىندىكى ۋە بىر پادىچى» ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگەن رادىئو دراممىسى — «پامىرغا مۇھەببەت» قاتارلىقلار «بەش بىر قۇرۇلۇش»ى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىلھام ئوسمان 2 - نۆۋەتلىك «جۇڭگودىكى ئون نادىر ياش» دېگەن نامغا، لى لىنپىڭ «مەملىكەت بويىچە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىلغارى» دېگەن نامغا، ليۇ چىڭخۇا قاتارلىق 3 كىشى «مەملىكەت بويىچە يۈز مۇنەۋۋەر پروگرامما رىياسەتچىسى» دېگەن نامغا، بى چياڭ قاتارلىق 3 كىشى «مەملىكەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**كەسپىي قۇرۇلۇش** شىنجاڭنىڭ رادىئو بىلەن قاپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش جۈملىسىدىكى «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ 2 - باسقۇچلۇق ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاساسلىق نەتىجە تۆۋەندىكىچە: 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «841» ئىستانسىسىنىڭ تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتى؛ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 69 ناھىيە، شەھەرنىڭ تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتى؛ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى ۋە تەجرىبە ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى؛ 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «635» ئىستانسىسىنىڭ تەجرىبە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى؛ 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «523» ئىستانسىسىنىڭ تەجرىبە قۇرۇلۇشى، «631» ئىستانسىسىنىڭ قاپلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ 2 - باسقۇچلۇق ۋەزىپىسىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملانغانلىقى جاكارلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەرجىمە ئۈسكۈنىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاندى. شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيە تورى قۇرۇلۇشىنىڭ شىڭشىڭشىيا — ئۈرۈمچى — كۈيتۈن — غۇلجا بۆلىكى، كۈيتۈن — ئالتاي بۆلىكى، كۈيتۈن — بورتالا بۆلىكى، ئۈرۈمچى — ئاقسۇ بۆلىكى، قەشقەر — خوتەن بۆلىكى پۈتتى، ئۇزۇنلۇقى 3000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

**رادىئو - تېلېۋىزىيىنى باشقۇرۇش** مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو ئاڭلىتىش - تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 66 رادىئو ئاڭلىتىش - تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتى، 19 رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش تىجارەت ئورنى، 2900 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش مۇئەسسەسەسى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 2. ئاپتونوم رايون بويىچە سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن سىمسىز رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، رادىئو ئاڭلىتىش ئاپپاراتى ئەسلىدىكى 66دىن 58گە قىسقارتىلدى. 3. كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئاپپاراتلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى

ئىشلەندى، ئىجازەتنامىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆتۈنۈپ بەرگەن، تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئورنىنى ئۆزگەرتكەن، VCD پىلاستىنكىلىرىنى قانۇنسىز تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن ئورۇنلارنىڭ ئىجازەتنامىسى كۈچتىن قالدۇرۇلدى. 4. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازارلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە باشقۇرۇش پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 5. تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. 6. مېھمانخانا، مېھمانسارايلارنىڭ ۋىدىئولۇق نومۇر تەلەپ قىلىش سىستېمىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

**پارتىيە قۇرۇلۇشى، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى** پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - تەشكىلىي - ئىستىل قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئاخبارات قارىشىنى ئۆگىنىش بويىچە 4 ئايلىق تەلىم - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 22 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 6 قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىنىپ، بىرىنچى سەپتىكى مۇخبىر، مۇھەررىر، تەرجىمان، دىكتورلار ئاساسىي جەھەتتىن نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم تەربىيىلەندى. ئورگان پارتكومى «1 - ئىيۇل» سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 165 كادىرنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئوتتۇرا دولقۇنلۇق 30 تەجرىبە ئىستانسىسىدىكى 53 كادىر تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تەجرىبە ئىستانسىلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەش، بەنزە سەپلەش خىزمىتى تاماملاندى. «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» بويىچە 8 قارار تېخنىك خادىملار ۋە كادىرلار كۇرسى ئېچىلىپ، 360 نەپەر ئادەم تەربىيىلەندى. قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

2001 - يىلى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئۇدا 4 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جىن خۇگلى

## مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى

2000 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى، رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 329 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو ئەسىرى 155 پارچە (2 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 22 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 47 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 84 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)، تېلېۋىزىيە ئەسىرى 154 پارچە (2 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 23 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 46 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 83 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى 20 پارچە (4 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 7 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 9 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى).

5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئىتى مۇكاپاتى (خەنزۇچە) نى باھالاش يىغىنى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 19 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 13 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇگلى

## قوشۇمچە (1)

**2000 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر ئەسىر ھالقىغان كېچە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال خەۋەر)، دۇنياغا خىرىس (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە بىۋاسىتە ئاڭلىتىلغان ھەققىي ئەھۋال)

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئارزۇسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، دوكتور شۈينىڭ ئات ئۈستىدە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، شاللانغان پولات پروكاتلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن ھەزەر ئەيلەيلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، «يېشىل بانكا» كۆكيار (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھۆججەت تارقىتىپ شەھەر خەلقىنىڭ قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونىنى قوللىدى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ماۋماۋنىڭ ئۆلۈمىگە كىم جاۋابكار؟ (شىنجاڭ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە يورۇشلۇق خەۋەر)، «توز» نېمە ئۈچۈن شەرقىي جەنۇبقا ئۇچۇپ كەتتى؟ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە مۇلاھىزە)، ھايات ھەممىدىن ئەلا — «8 - سېنتەبىر» دىكى چوڭ قۇتقۇزۇش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەخسۇس خەۋەر)، شىنجاڭلىقلار «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» كە قانداق قارىشى كېرەك؟ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە نەزەرىيىۋى ماقالە)، ليۇ تىڭتىڭ ۋەقەسى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە جامائەت خەۋىرى)، «بۈگۈنكى

ھەمراھ» — خەير - ساخاۋەت يەتكۈزۈش (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە جامائەت خەۋىرى)، 100 ياشلىق سىياسەت تەشۋىقاتچىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، پورەكلەپ ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، غەربنى كەلگ ئېچىش مىللىي كارخانىچىلارغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، ئۆسمۈرلۈك چاغلار (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە نىشانلىق پروگرامما)، مۆڭغۇي بۇلاقتا قايتىش (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، يېڭى روھىي قىياپەت بىلەن يېڭى ئەسىرگە كىرىش (قەشقەر ۋىلايەتلىك نامىيلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە نىشانلىق پروگرامما)، ئاقماش پايتەختتىكە ماڭدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە قىسقا خەۋەر)، «ساپالىق» ناملىق ماركا شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ئۈمىدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئوبزور)، بۇرۇلتوقاينىڭ بېلىقچىلىقى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندى (بۇرۇلتوقاي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە قىسقا خەۋەر)، «ئېجى»نىڭ يېشىللىققا ئىنتىلىشى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە مەخسۇس خەۋەر)، ئەسلەش ۋە نەزەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە مەخسۇس خەۋەر).

## قوشۇمچە (2)

**2000 - يىللىق شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

**ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر** ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا قاتناش باشلاش مۇراسىمى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە نەق مەيداندا بىۋاسىتە كۆرسىتىلگەن خەۋەر)، سالام، يېڭى ئەسىر (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە پروگرامما).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر** ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، زوڭلى جۇرۇڭجى «8 - سېنتەبىر» پارتلاش ۋەقەسىدە يارىلانغانلاردىن ھال سورىدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ئاپتونوم رايونىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىدى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يولى مەنزىرىسى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ئاپاق ئاستىمىزدىكى ئىسسىق تۇپراق ئۈچۈن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا ئومۇميۈزلۈك قاتناش باشلاندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، سىمخانا يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، نېفىت شەھىرىدىكى تۇنجى قاتىللىق دېلوسى (قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى شىنجاڭ خەۋەرلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە پروگرامما)، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يولى ئىلھاملىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما خەۋەر)، كۆزلۈك يىغىم (گۈچۈڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا فىلىم)، تېخنىكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن نېمىلەرنى كۆردۇق؟ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىقتىسادقا دائىر خەۋەر)، خېكىشەندىن ئۆتۈش (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، «دېھقان - چارۋىچىلار مۇنبىرى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە سەھىپە)، قۇلاننىڭ ئۆلۈمى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، «ئانا دەريانى قوغداش» ئۈمىد قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇزۇن خەۋەر)، «ئالتۇن كۆزنەك» ئالاھىدە پروگراممىسى 40 - سان (سىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە پروگرامما)، تۇمان ئىچىدىكى باتۇر يۈركۈت — ئادىل ھوشۇر خېكىشەندىن ئۆتتى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، «پەن - تېخنىكا مۇنبىرى» 18 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، تولپار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە قىسقا فىلىم)، «شاراپات» 158 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە پروگرامما)، ئالتاي ئوغلانى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس خەۋەر).

## قوشۇمچە (3)

**2000 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى كاتتا سەنئەت كېچىلىكى — ئۈمىد نۇرى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت)، قۇربان ھېيتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى — بايرام شادلىقى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت)، «ئەسىر

ناخشىسى» ئالاھىدە پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مۇزىكا)، سايرام مېلودىيىسى 2000 - يىللىق باھار بايرىمىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت).

### قوشۇمچە (4)

**2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

بىر كىشىلىك كەنت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئەدەبىي پروگرامما)، بۇلبۇل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق پروگرامما)، مەڭگۈلۈك تارىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پروگراممىسى)، ئەلنەغمە ئارىيىسىنى ئىزاھلاش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئىلمىي ماقالە)، پولات قوشۇن شىنجاڭغا كىرگەندە (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان ئاڭلىتىش پروگراممىسى)، رادىئو ئۇنىۋېرسال ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىلىرىنىڭ چېكىنى بېكىتىش ۋە نادىر پروگراممىلارنى يارىتىش ھەققىدە (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئىلمىي ماقالە).

### مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرى مۇكاپاتلاندى

جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى مۇكاپاتقا باھالاش پائالىيىتى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 — 19 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىدىن 452 پارچە تاپشۇرۇۋېلىنىپ باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 291 پارچە، قازاقچىسى 139 پارچە، قىرغىزچىسى 22 پارچە. 315 پارچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 203 پارچە، قازاقچىسى 97 پارچە، قىرغىزچىسى 15 پارچە. 47 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 95 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 173 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

### قوشۇمچە

**مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

غەربنى كەلگ ئىچىش مىللىي كارخانىلارغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «ئۆسمۈرلۈك چاغلار» پروگراممىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، پورەكلەپ ئېچىلغان مەنىۋى مەدەنىيلىك گۈللىرى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، تەكلىماكاندا تىكلەنگەن ئابىدە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، مۇڭغۇي بولاققا قايتىش (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى — ئۈمىد قۇرۇلۇشى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «دېھقان، چارۋىچىلار دوستى» (41 - سان) (يەنجى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە)، «ئۈمىد نۇرى» يېڭى ئەسىر ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئاقماش پايتەختكە ماڭدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئۇلۇغۋار ئىش (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، «ئەسىر ناخشىسى» ئالاھىدە پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، «غەربىي دىياردىكى شادلىق كېچىسى» (ئۇلۇغچات ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قىرغىزچە)، ئۈرۈمچى كۆيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا قاتناش باشلاندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «پەن - تېخنىكا مۇنبىرى» 11 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، 6 ياشلىق ئەلقەمجان يېڭى جىنس رېكورتىنى ياراتتى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، قارامايغا سۇ باشلاش (قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭلىق بالىلار گۇاڭجۇدا (قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئايىم شادلىقى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ناخشىچى جەڭچى خەمىت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، ناخشا بەزمىسى ئالتايدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئىلى ئوبلاستىدىكى 2000 - يىللىق نورۇز كېچىلىكى (ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» پروگراممىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «دېھقانلار شادلىقى» پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى،

ئۇيغۇرچە)، «ياشلىق ۋە غايە» پروگراممىسى (ئاتۇش شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «ئالتۇن كۆزنەك» پروگراممىسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، مايتاغ خەۋەرلىرى (مايتاغ رايونلۇق سىملىق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەۋەرلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يېشىل ھاياتلىق ئوغلانى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، «شاراپات» 152 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، ناخشا يولى (چۆچەك شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ياخشى پىلانلاش — پروگرامما سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، «يېتەكلەش سۆزى» ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتتۇرۇش لازىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، غەربىي كەڭ ئېچىشتا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ئۇيغۇرچە پروگرامما رىياسەتچىلىكى ھەققىدە (بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تىپلارنى تەشۋىق قىلىشتا كۆپتۈرمىچىلىكتىن ساقلىنىش لازىم (بورتالا شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، قازاق ناخشىلىرىنىڭ تۈرى ۋە قۇرۇلمىسى ھەققىدە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن مەزمۇننى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك (بۇرچىن ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، تېلېۋىزىيە خەۋىرى تەرجىمىسى ھەققىدە (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، جياڭ زېمىن جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋىرى — دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، «جەمئىيەت كۆزنىكى» دادۇخې دەرياسى بويىدا قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش چوڭ دېلوسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، ئۆكۈنمەس قەھرىمان خۇدابەردى توختى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، ۋاڭ ماۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتىپى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە)، «يېرىم ئەسىرلىك سادا» 4 - قىسمى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە)، «ئادەم ۋە تەبىئەت» (2000- يىل 28 - سان) (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە)، ئېچىش قىزغىنلىقىنى مەركەزنىڭ يولىيورۇقى ۋە فاڭجېنى تەرەپكە يېتەكلەش كېرەك (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە تەرجىمە).

## «چىن قەلب» ناملىق فىلىم مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان «چىن قەلب» ناملىق فىلىم 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 2000 - يىللىق جۇڭگو كىنو «خۇابياۋ مۇكاپاتى» بويىچە مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «چىن قەلب»تە پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈننىڭ چېگرا رايوندا نەچچە 10 يىل يىلتىز تارتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى 3 كىنو فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى.

«مېنىڭ قېرىنداشلىرىم» بۇ فىلىمدە ياش ئايال درىژور ليۇ ستيەن ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنى تېپىش ئۈچۈن، تۇنجى قېتىم ۋەتەنگە قايتىپ كونسېرت ئۆتكۈزىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە، ئاخىرى ئاكىسى، ئۈكىسى، سىڭلىسىنى تاپىدۇ. . .

ئاپتور: چېن تولڭ، رېژىسسور: يۈ جۇڭ

«رومانتىك نورۇز گۈلى» بۇ فىلىمدە شاڭخەيدىكى چوڭ تىپتىكى ساغلاملىق ئۇسسۇلى مەركىزىنىڭ رىياسەتچىسى ۋاڭ جىنشىڭ ئېغىر دەرىجىدە تۇغما رەڭ قارىغۇسى بولۇپ، رەڭدارلىقى يوق كۈلرەڭ دۇنيادا ياشايدۇ، لي ئېر قىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تۇرمۇشىدا «رەڭ» پەيدا بولۇپ، زوق-شوق بىلەن بالالا ئۇسسۇلىغا چۈشىدۇ.

ئاپتور: چېن شۇشيەن، رېژىسسور: ما چۈچېڭ.

«كۈلۈمسىرىگەن قىسقۇچ پاقا» بۇ فىلىمدە شەرقتىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان شەھەردە ياشايدىغان بالا شياۋيانىڭ ئەتىل مەزگىلىدە دادىسىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ قىسقۇچ پاقا باقمىچىلىقىنى يولغا قويغانلىقىدەك ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شياۋيانىڭ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كىچىك دوستلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئىزدىنىش داۋامىدا ئۇلار بىلەن ئورناتقان ھەقىقىي دوستلۇق ۋە مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلار مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتنى بېشىدىن



«كولومىسىرىگەن قىسقۇچ پاقا» ناملىق كىنو فىلىمىدىن بىر كۆرۈنۈش
ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگەن

ئۆتكۈزۈپ بولغدا كۆلىدىكى سوغۇق سۇدا ياشايدىغان قىسقۇچ پاقىنى تېپىپ، سىنچاكلىق بۇ مەھەللىلەرنى ياقىمچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوچۇن تۆھپە قوشىدۇ. گۈزەل ئىستىقبال ئالدىدا بالىلارنىڭ رۇخسارىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ.

ئاپتور: جاڭ بىڭ، رەن خۇڭ، رىژىسسور: جىن لىنى

جىن خۇڭلى

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 14 قىسىملىق 7 تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قاناس ھەققىدە ھېكايە» (2 قىسىم) ۋە «غەربىي تاغ چوققىسى» (2 قىسىم)نى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالدى؛ «يويۇرماققا يېغىشلانغان رىشتە» (2 قىسىم)، «ۋەدىنىڭ ھاجىتى يوق» (2 قىسىم)، «چوڭقۇر مۇھەببەت» (2 قىسىم)، «ئازابلىق مۇھەببەت» (2 قىسىم) ۋە «ئازابقا تولغان شادلىق» (2 قىسىم) قاتارلىقلارنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالدى.

جىن خۇڭلى

## كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2580 قىسىملىق 430 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 242 فىلىم، 1508 قىسىم (ئۇيغۇرچە 80 فىلىم، 691 قىسىم، قازاقچە 162 فىلىم، 817 قىسىم)، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگىنى 140 فىلىم، 280 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 15 فىلىم، 203 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، قاراماي شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگىنى 5 فىلىم، 71 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگىنى 13 فىلىم، 130 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگىنى 5 فىلىم، 118 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگىنى 10 فىلىم، 270 قىسىم (قازاقچە).

جىن خۇڭلى

## رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 23 (52 قىسىم) رادىئو دراممىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 6 دراما، 10 قىسىم: «غەربىي رايونغا مۇھەببەت» (5 قىسىم، خەنزۇچە)، «پەيشەمبە» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئاكچارىق» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «نورۇز» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «كۆنىبى» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «غەمخورلۇق» (بىر قىسىم، قازاقچە)؛ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 15 دراما، 15 قىسىم: «تەكلىپكە بىنائەن» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ھەققانىيەت بىلەن قانۇننىڭ شاپائىتى ۋە ئاداۋىتى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «قوشنا» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئۆيگە قايتىش» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «قىشتىكى قۇياش نۇرى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «چاقىرغۇ ماجىراسى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «يۇكەيدىكى مۇھەببەت» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئۆي ئالماشتۇرۇش» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئىككى دىپلوم» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «دوست» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئۈنسىز دۇنيادىكى مۇھەببەت» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «كىچىك تىجارەتچى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «قەلب ئاچقۇچى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «قار لەيلىسى قىز» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ياردەم بېرىش» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگىنى بىر دراما، بىر قىسىم: «چىراغ» (خەنزۇچە)؛ ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى بىر

دراما، بىر قىسىم: «يېشىللىق چۈشى» (خەنزۇچە).

جىن خۇڭلى

## مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغارلار

2001 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن2000- يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغار ئىستانسا - پونكىت، ئىلغار شەخسلەرنى باھالاشتا شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن 2 ئىستانسا - پونكىت، 6 شەخسنىڭ ئىسمى شەرەپ تاختىسىغا چىقتى.

ئىلغار ئىستانسا - پونكىتلار: شىنجاڭ رادىئو -كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «631» ئىستانسىسى، شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.

ئىلغار شەخسلەر: جاڭ ۋەنلى (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «523» ئىستانسىسىدىن) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لۇي خۇيمىن (شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى جېڭلۇ (فۇكاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى مىڭشېڭ (بۇرچىن سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ليۇ گاڭ (توققۇزتارا تېلېۋىزىيە ئۇلاپ يەتكۈزۈش ئىستانسىسىدىن) 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ياڭ گودۇڭ (ئالاتاۋ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2001 - يىل 12 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن2001- يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغار ئىستانسا - پونكىت، ئىلغار شەخسلەرنى باھالاشتا شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن 2 ئىستانسا - پونكىت، 7 شەخسنىڭ ئىسمى شەرەپ تاختىسىغا چىقتى.

ئىلغار ئىستانسا - پونكىتلار: شىنجاڭ رادىئو -كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «904» ئىستانسىسى، بورتالا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.

ئىلغار شەخسلەر: شۈ جيەنخۇا، جاڭ شىنشېڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى شىنمىڭ، ياڭ خۇڭبىن، ۋۇ يۇشياڭ، ۋۇ ۋەنجۇن، جۇ شىنۋېنلار 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەركىزى سىستېمىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېخنىك ماھىرلار مۇسابىقىسىدە بى چياڭ 1 - دەرىجىلىك، لۇپىڭ 2 - دەرىجىلىك، شېڭ لى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## 2 پارچە ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا خې فۇلىن يازغان «چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە قارشى تەدبىر توغرىسىدا» ناملىق ماقالە تەدبىر بەلگىلەش - باشقۇرۇش تەتقىقاتى تۈرىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جاڭ فۇشىن، جاۋ فېيىنلار يازغان «ئاخبارات قىممىتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئاساسىي نەزەرىيە تۈرىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## ئىلھام ئوسمان «جۇڭگودىكى 10 نادىر ياش» بولۇپ باھالاندى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ئوسمان «جۇڭگودىكى 10 نادىر ياش» بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قارار چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات - تەشۋىقات سېپىدىكىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭدىكى 3 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ رادىئو- كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى بىرلەشتۈرۈش ھەم ئۇنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. 3 ئىستانسا بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى 3 ئىستانسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 11 قانال بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدىكى ئاخبارات ئۇنىۋېرسال قانىلى باشلامچى قىلىنغان، 3 خىل تىلدىكى 8 كەسپىي قانال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن كۆپ قاناللىق، كۆپ فۇنكسىيىلىك، كۆپ تىللىق، يۈرۈشلەشكەن يېڭى ئەندىزە شەكىللەندى.

جىن خۇڭلى




2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئەترىكلەش يىغىنى ئاچتى.

ياڭ چېن فوتوسى

## شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 5 خىل تىلدىكى رادىئونى توردا ئاڭلىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە 5 خىل تىلدىكى رادىئونى ئىنتېرنېت توردا ئاڭلىتىشنى يولغا قويدى. بىر كۈندە 18 سائەت ئاڭلىتىش بېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن رادىئودا ئاڭلىتىش بىلەن توردا ئاڭلىتىش بىر - بىرىگە تولۇقلىما بولىدىغان زامانىۋى رادىئو يېڭى ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى.

جىن خۇڭلى

## «841» تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ چاستوتا تەڭشەش قۇرۇلۇشى پۈتتى

«841» تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ چاستوتىسىنى تەڭشەش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پۈتتى. قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى پروگراممىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشى بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىسىنى ئۈرۈمچى رايونىدا ئوتتۇرا دولقۇندا ۋە تەڭشەلمە چاستوتىدا ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئوسى بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، رادىئونىڭ تەشۋىقات رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى 16گە، ناھىيە دەرىجىلىك كىنو شىركىتى 75كە، شەھەر - بازارلاردىكى كىنوخانا 81گە، يېزىلاردىكى كىنو قويۇش ئەترىتى 317گە، كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2200 نەچچىگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن كىنو فىلىمدىن 3475ى تارقىتىلدى. بىر يىلدا 115 مىڭ 524 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى. كۆرگۈچىلەر 3 مىليون 465 مىڭ 716 ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 13 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 569 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

نى يۈشىن

## كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى 37 كىنو فىلىمنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلدى، كۆپىيىسى 180. بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىللىمېتىرلىق ماگنىت يالىتىلغان كىنو فىلىم كۆپىيىسى 32، 16 مىللىمېتىرلىق ماگنىت يالىتىلغان كىنو فىلىم كۆپىيىسى 80، ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم كۆپىيىسى 68.

نى يۈشىن

## دۆلەت كىنو ئۈسكۈنىلىرى ياردەم قىلدى

2001 - يىل 7 - ئايدا دۆلەت «2131» قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى (بولۇپمۇ دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان

كىرىمى تۈۋەن 35 نامرات ناھىيە) غا 16 مىللىيبتىرلىق كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسىدىن 119نى، ھېكايە فىلىم كۆپىيىسىدىن 160نى، ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىمدىن 500نى، سەييارە كىنو قويۇش ماشىنىسىدىن 7نى تارقاتتى، ياردەم سوممىسى تەخمىنەن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

نى يۈشىن

## پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ كىنو شىركىتى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملەرنى كۆرگەزمە قىلىپ قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت مەزگىلىدە تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى بىلەن شاڭخەي يۇڭشىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم — «چىن قەلب»، نىڭشىيا كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم — «قەھرىمان ئۈركۈنمەيدۇ»، شياۋشياڭ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «ماۋزېدۇڭ 1925 - يىلدا»، چاڭچۈن كىنو ستۇدىيىسى، جياڭشى كىنو ستۇدىيىسى، جيۇجياڭ كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلەش چەكلىك شىركىتى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «ماۋزېدۇڭ بىلەن سىنو»، تيەنجىن كىنو ستۇدىيىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كىنو قانىلى پروگىراما ئىشلەش مەركىزى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «كۆكتە ئۇچقان رەڭدار لېنتا»، سەنشى كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم «زىمىستان قىشتىن ئۆتۈش»، جۇڭگو كىنوچىلىق گۇرۇھى شىركىتى بىلەن كىنو قانىلى پروگىراما ئىشلەش مەركىزى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «مەڭگۈلۈك ھەمراھ»، بېيجىڭ شەھەرىستان كىنوچىلىق شىركىتى، شاڭخەي يۇڭلې كىنو - تېلېۋىزىيە شىركىتى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «سۈسۈن قوياش»، شاڭخەي يۇڭلې كىنو - تېلېۋىزىيە شىركىتى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «پاڭدۇن يازلىق لاگېرى»، جۇجياڭ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «گۇاڭجۇغا كەلگەن شىنجاڭلىق بالا» قاتارلىق دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كىنو فىلىملەر كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلدى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭدا 50 يىلدا 6000 كىنو فىلىم تارقىتىلدى ۋە قويۇلدى

شىنجاڭ كىنو شىركىتى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش يىغىنى ۋە شىنجاڭ كىنو شىركىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنغۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە 15 ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ كىنو شىركىتى، كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 68 كىشى قاتناشتى.

50 يىلدىن بۇيان، ش ئۇ ئا ر كىنو شىركىتى شىنجاڭدا دۆلىتىمىزدە ۋە 30 نەچچە دۆلەتتە ئىشلەنگەن كىنو فىلىم كۆپىيىسى (كىنو پروگىراممىسى) دىن ئاز كەم 6000نى تارقاتتى ۋە قويدى، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر تىلىدا ھەرخىل تېمىدىكى كىنو فىلىم كۆپىيىسى (پروگىراممىسى) دىن 1300نى تارقاتتى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى ھەرخىل تىلدىكى كىنو فىلىمدىن ئازكەم 13 مىليون مەيدان (قېتىم) قويدى، كۆرگۈچىلەر 5 مىليارد 340 مىليون ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 1993 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون باشلامچىلىق بىلەن سېفىرلىق ستېرېئولۇق كىنوخانىدىن 6نى سېلىپ، غەربىي شىمال بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

نى يۈشىن

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 - يىللىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى | ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى.<br>چاغانتوقايلىقلارنىڭ زەپەر ناخشىسى<br>تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىشىدىكى «بولقا» سىرتىدىكى سادا | 3 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 5 ـ ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 ـ يىللىق «جۇڭگو ھەسەن ـ ھۈسەن مۇكاپاتى» (سىرتقا قارىتىلغان تېلېۋىزىيە پروگراممىسى) | پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇر | 3 ـ دەرىجىلىك |
| 5 ـ ئاي | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى | پامىر دوختۇرى | «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى |
| 5 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2000 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تېلېۋىزىيە ئىقتىساد پروگراممىسى مۇكاپاتى | تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىشىدىكى «بولقا» سىرتىدىكى سادا | 3 ـ دەرىجىلىك |
| 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى | بېيجىڭ | «يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن رادىئو ـ تېلېۋىزىيە» ئىلمىي ماقالىلەر مۇكاپاتى | غەربنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە ئېكرانىنى بەرپا قىلايلى — تېلېۋىزىيىنىڭ «رايون ئالاھىدىلىكى» نەزەرىيىسى توغرىسىدا | 1 ـ دەرىجىلىك |
| 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە | نەنجىڭ | جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 ـ يىللىق تېلېۋىزىيە ئىجتىمائىي تەربىيە مۇكاپاتى | قۇلاننىڭ ئۆلۈمى<br>شىنجاڭدا زەھەر چەكلەش | 3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |
| 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى | ئۈرۈمچى | 2001 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تېلېۋىزىيە ئىقتىساد پروگراممىسى مۇكاپاتى | توخۇ، ئۆردەك، قۇشلارمۇ شىنجاڭدىكى چېكەتكە يوقىتىش جېڭىگە قاتناشتى<br>«دېھقان ـ چارۋىچىلار مۇنبىرى» پروگراممىسى<br>قار ئاپىتىدىن كېيىن | 1 ـ دەرىجىلىك<br>1 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |
| 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك 14 ـ نۆۋەتلىك قانۇنچىلىق بويىچە ياخشى خەۋەرلەر مۇكاپاتى | ھەمىيان يۈتكەندىن كېيىن | 2 ـ دەرىجىلىك |
| 9 ـ ئاي | خاربىن | 2001 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تېلېۋىزىيە قانۇنچىلىق پروگراممىسى مۇكاپاتى | سۈرەت تارتىشتىن كېلىپ چىققان دەۋا<br>مېنىڭ يېسىۋېلەكلىرىمنى كىم تۆلەپ بېرىدۇ؟ | 1 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك |
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | 19 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى | پېرسوناژنىڭ قايتىشى — تېلېۋىزىيە كۆرۈش ۋە باھالاش قارىشى<br>قۇلاننىڭ ئۆلۈمى<br>پامىر دوختۇرى<br>قۇياشنى قوغلىشىش | 3 ـ دەرىجىلىك<br>مۇنەۋۋەر مۇكاپات<br>ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى<br>ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى |
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | 7 ـ نۆۋەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرى مۇكاپاتى | ئاخبارات قىممىتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى ھەققىدە | 2 ـ دەرىجىلىك |
| 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | خۇنەن | 7 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە جەمئىيىتى تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىم ئىلمىي ھەيئىتى «قۇياش لوڭقىسى» ئىلمىي مۇكاپاتى | قۇلاننىڭ ئۆلۈمى<br>خېكىشەندىن ئۆتۈش | 3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 7 - ئاينىڭ<br>13 - كۈنىدىن<br>17 - كۈنىگىچە | جياڭسۇ نەنتۇڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 - يىللىق گېزىت - ژۇرناللار مۇكاپاتى | ئارزۇ<br>جىلغ يېدەننىڭ چېگرا شەھىرىدە «زامان ۋە ماكان» ھەققىدە ئېيتقانلىرى | 2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

جىن خۇڭلى

2001 - يىلى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىدىن مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاي | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى | پامىرغا مۇھەببەت | «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى |
| 5 - ئاينىڭ<br>9 - كۈنىدىن<br>12 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 - يىللىق «جۇڭگو ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى» (سىرتقا قارىتىلغان رادىئو پروگراممىسى) | قاناستىكى نەي ساداسى | 3 - دەرىجىلىك |
| 5 - ئاينىڭ<br>22 - كۈنىدىن<br>26 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 - يىللىق رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى | چارۋىچى ئىسلام ئوغرىلىقچە دەرەخ كەسكەنلەرنى پاش قىلدى<br>دۇنياغا خىرىس، خىيالىشەندىن ئۆتۈش<br>2000 - يىللىق شەرق - غەرب ھەمكارلىقى (2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)<br>ماۋماۋنىڭ ئۆلۈمىگە كىم جاۋابكار؟<br>بايلىق ئەۋزەللىكى ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە تەڭ ئەمەس<br>ئۇسسۇزلۇق مەستانىسى يالغۇزلۇق | 1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ<br>5 - كۈنىدىن<br>11 - كۈنىگىچە | جۇڭچىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2000 - يىللىق رادىئو ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى مۇكاپاتى | پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسىنىڭ چوڭ دۇنياسى<br>تەكلىماكان زېرىكىشلىك ئەمەس<br>پاي چېكىگە باغلانغان كىشىلىك ھايات<br>لىۋتىڭتىڭ ۋەقەسى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ<br>شىنجاڭلىقلار «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»كە قانداق قارىشى كېرەك؟ | 1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ<br>20 - كۈنى | خاربىن | جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى | چارۋىچى ئىسلام ئوغرىلىقچە دەرەخ كەسكەنلەرنى پاش قىلدى<br>دۇنياغا خىرىس، خىيالىشەندىن ئۆتۈش<br>بايلىق ئەۋزەللىكى ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە تەڭ ئەمەس | 1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ<br>23 - كۈنىدىن<br>29 - كۈنىگىچە | كۆكخوت | مەملىكەتلىك موڭغۇلچە رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى | سەنئەت كېچىلىكى «كۆك سايرام»<br>قار - شۇۋرغانلىق جۇدۇن<br>بومبۇرجان<br>جاڭغىرغا مەدھىيە | ئالاھىدە دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 8 ـ ئاينىڭ<br>1 ـ كۈنىدىن<br>6 ـ كۈنىگىچە | لياۋنىڭ<br>فۇشۇن | مەملىكەتلىك 15 ـ نۆۋەتلىك موڭغۇلچە مۇنەۋۋەر رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى | ئېچىنىڭ پېشىللىقتا ئىنتىلىشى<br>گۈزەل سايرام<br>خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىكى 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى<br>ياشلار ـ لۈسمۇرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك<br>ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھۆكۈمەت نېنىنى يېمەي دېھقان بولۇش<br>جىمسار ناھىيىسى قىزىل كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى<br>ياشلىق ناخشىسى | 1 ـ دەرىجىلىك<br>1 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |
| 8 ـ ئاينىڭ<br>3 ـ كۈنىدىن<br>6 ـ كۈنىگىچە | تيەنجىن | 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە داڭلىق مەخسۇس سەھىپە مۇكاپاتى | نەزەر | |
| 8 ـ ئاينىڭ<br>8 ـ كۈنى | ئىچكى<br>موڭغۇل<br>خەيلار | 2000 ـ يىللىق جۇڭگو دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتى | «ئىللىق ئائىلە» (2000 ـ يىل10ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) | 3 ـ دەرىجىلىك |
| 9 ـ ئاينىڭ<br>10 ـ كۈنىدىن<br>15 ـ كۈنىگىچە | شىنجاڭ<br>كۈيتۇڭ | 2000 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى | بىر كىشىلىك كەنت<br>پولات قوشۇن شىنجاڭغا كىرگەندە<br>جەڭچى كۆلكە چولپىنى<br>يەرگە چۈشكەن چاڭ ـ توزان بۇلبۇل<br>ئۈچ ئەۋلاد سۆيگۈ قىسمىتى<br>ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرى | 1 ـ دەرىجىلىك<br>1 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |
| 10 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2001 ـ يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو پروگراممىسى تېخنىكا ـ سۈپەت مۇكاپاتى | تارىم<br>سۆيگۈنىنى سېغىنىش<br>ئالتۇن بۇغا<br>جان تومۇر ناخشىسى<br>ئۈچ ئەۋلاد سۆيگۈ قىسمىتى<br>ياشلىق سەلتەنىتى — تەيۋەنلىك ئاكا، نەدە سىز؟ | 2 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |

جىن خۇڭلى

# سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

## سەھىيە

### سەھىيە بايلىق مەنبەسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 7309غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 533، ئامبۇلاتورىيە 149، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (ئورنى) 75، مەخسۇس بۆلۈم بويىچە يۇقۇمدىن ساقلىنىش، داۋالاش ئورنى (پونكىتى) 17، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 207. تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 6، دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى 17، باشقا سەھىيە كەسپىي ئاپپاراتى 42، ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا، تېببىي داۋالاش ئۆيى جەمئىي 5404. قالغان سەھىيە ئاپپاراتلىرى نىسپىي مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كېسەل كارىۋىتى 70 مىڭ 898، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 52 مىڭ 620، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات 13 مىڭ 388، ساناتورىيىلەردىكى كارىۋات 1216، ئامبۇلاتورىيىدىكى كارىۋات 1931، مەخسۇس بۆلۈم بويىچە يۇقۇمدىن ساقلىنىش-داۋالاش ئورنى (پونكىتى)نىڭ كارىۋىتى 475، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتلىرىدىكى كارىۋات 164، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرىنىڭ كارىۋىتى 204. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 3.51 كارىۋات توغرا كېلىدۇ، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 121 مىڭ 374 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 97 مىڭ 476. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ۋراچ دەرىجىلىكى 64 مىڭ 87، فېلدشېر دەرىجىلىكى 26 مىڭ 42، تېخنىك دەرىجىلىكى 7347. دوختۇر ئومۇمىي سانى 45 مىڭ 366 بولۇپ، ھەر مىڭ نوپۇسقا 2.42 دىن توغرا كېلىدۇ، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا شىپاخانىسى 824، كارىۋات 13مىڭ 388، سەھىيە خادىمى 19 مىڭ 621 بولۇپ، ھەر مىڭ يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 0.98 كارىۋات، 1.46 سەھىيە خادىمى توغرا كېلىدۇ، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي كەنت 9238، بۇنىڭ ئىچىدە، داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان كەنت ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %84.79نى ئىگىلەيدۇ؛ كەنت داۋالاش ئۆيى 7932، بۇنىڭ ئىچىدە، كەنت ياكى ئاممىا كوللېكتىپ باشقۇرىدىغىنى %89.45نى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا، كەنت دوختۇرى 778، سانىتار 4407، ھەر مىڭ يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 1.07 دىن يېزا، كەنت دوختۇرى ۋە سانىتار توغرا كېلىدۇ، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسى بىر يىللىق سەھىيە كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 863 مىليون 25 مىڭ يۈەن چىقىرىپ بەردى، ئەمەلىيەتتە 3 مىليارد 191 مىليون 947 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. سەھىيە سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 3 مىليارد 614 مىليون 484 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

بۆخەلچەم

**قوشۇمچە - 1**

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، سەھىيە خادىملىرى

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فىلدشېر، فارماتسېپ، يارىدەمچى سېستىرا، يارىدەمچى تېخنىك | ئۆگەنچى فارماتسېپ، سانىتار، ئۆگەنچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 7309 | 70898 | 121374 | 97476 | 64087 | 26042 | 7347 | 3220 | 9864 | 10814 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دوختۇرخانا | 533 | 52620 | 73327 | 58437 | 42995 | 11862 | 3580 | 900 | 6141 | 7849 |
| شىپاخانا | 824 | 13388 | 19621 | 16856 | 5997 | 8782 | 2077 | 279 | 1654 | 832 |
| ساناتورىيە | 8 | 1216 | 573 | 278 | 220 | 43 | 15 | 1 | 130 | 164 |
| ئامبۇلاتورىيە | 149 | 1931 | 2831 | 2440 | 1626 | 607 | 207 | 31 | 248 | 112 |
| مەخسۇس يۇقۇمىدىن ساقلىنىش ئورنى، پونكىتلىرى | 17 | 475 | 523 | 393 | 313 | 65 | 15 | 19 | 55 | 56 |
| سەھىيە، يۇقۇمىدىن ساقلىنىش ئاپپاراتلىرى | 207 | 164 | 7205 | 5600 | 4275 | 929 | 396 | 171 | 666 | 768 |
| ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى | 75 | 204 | 2030 | 1626 | 1059 | 489 | 78 | 40 | 221 | 143 |
| دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى | 17 | | 383 | 249 | 212 | 13 | 24 | 42 | 53 | 39 |
| تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى | 6 | 160 | 592 | 375 | 303 | 30 | 42 | 58 | 91 | 68 |
| ئالىي تېببىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى | 4 | | 1803 | 141 | 136 | 5 | | 1138 | 194 | 330 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي دورىگەرلىك مائارىپ ئاپپاراتلىرى | 23 | | 1612 | 577 | 458 | 82 | 37 | 479 | 291 | 265 |
| باشقا سەھىيە كەسپىي ئاپپاراتلىرى | 42 | 740 | 999 | 629 | 455 | 625 | 49 | 62 | 120 | 188 |
| ئامبۇلاتورىيە، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، داۋالاش ئۆيلىرى | 5404 | | 9875 | 9875 | 6038 | 3010 | 827 | | | |

## قوشۇمچە - 2

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ 2001 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋىتى، خادىملىرى

| | ئەمەلىي سانى | | | | نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىك خادىمى |
| جەمئىي | 7309 | 70898 | 121374 | 97476 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| سەھىيە تارماقلىرى | 443 | 27206 | 49769 | 37948 | 6.06 | 38.37 | 41 | 38.93 |
| سانائەت ۋە باشقا تارماقلار | 2348 | 29007 | 39808 | 35102 | 32.12 | 40.19 | 32.80 | 36.01 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكىلىرى | 854 | 14146 | 21296 | 18219 | 11.68 | 19.95 | 17.55 | 18.69 |
| يەككە كەسىپتىكىلەر | 3657 | 346 | 10218 | 5972 | 50.03 | 0.49 | 8.42 | 6.13 |
| باشقىلار | 7 | 193 | 283 | 235 | 0.10 | 0.27 | 0.23 | 0.24 |

**قوشۇمچە ـ 3**

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملارنىڭ 2001 ـ يىلدىكى سانى

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، مېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپ، ياردەمچى مېستىرا، ياردەم تېخنىك | ئۆگەنگۈچى فارماتسېپ، سانىتار، ئۆگەنگۈچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 7309 | 70898 | 121374 | 97476 | 64087 | 26042 | 7347 | 3220 | 9864 | 10814 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1124 | 14204 | 23749 | 17588 | 14518 | 2668 | 402 | 1586 | 1958 | 2617 |
| قاراماي شەھىرى | 54 | 1464 | 2985 | 2262 | 1974 | 272 | 16 | 62 | 191 | 470 |
| شىخەنزە شەھىرى | 297 | 3872 | 7365 | 5843 | 4581 | 1027 | 235 | 267 | 556 | 699 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 221 | 1888 | 3571 | 2983 | 2183 | 674 | 126 | 11 | 289 | 288 |
| سانجى ئوبلاستى | 922 | 5140 | 10094 | 8390 | 5556 | 2263 | 571 | 142 | 730 | 832 |
| بورتالا ئوبلاستى | 204 | 1627 | 3223 | 2619 | 1753 | 650 | 216 | 46 | 253 | 305 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1098 | 6108 | 11516 | 9663 | 5422 | 2893 | 1348 | 100 | 899 | 854 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 487 | 3043 | 5926 | 4840 | 2860 | 1580 | 400 | 63 | 452 | 571 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 272 | 2411 | 4748 | 3909 | 2681 | 963 | 265 | 202 | 230 | 307 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 191 | 1821 | 3265 | 2688 | 1570 | 1095 | 23 | 5 | 271 | 301 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 310 | 2489 | 4602 | 3758 | 2458 | 1006 | 294 | 96 | 332 | 416 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 565 | 5057 | 8486 | 7046 | 4794 | 1694 | 558 | 107 | 672 | 661 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 334 | 7022 | 9965 | 8090 | 4650 | 2274 | 1166 | 139 | 920 | 876 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 127 | 1490 | 2986 | 2447 | 1269 | 870 | 308 | 36 | 267 | 236 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 864 | 8596 | 12540 | 10226 | 5210 | 4052 | 964 | 153 | 1238 | 923 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 239 | 4666 | 6353 | 5124 | 2608 | 2061 | 455 | 205 | 506 | 518 |

بۇخەلچەم

## تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە ئىسلاھاتى

2001 ـ يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە بايلىقىنى تەقسىملەش ئۆلچىمى»نى تۈزۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاندى. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تۈرگە ئايرىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىپ، 2 تۈركۈمدە 2997 داۋالاش ئاپپاراتىنى تۈرگە ئايرىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى

2457، ھەربىي پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى 540، دورا ماتېرىياللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش خىزمىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇ بىر يىلدا دورا ماتېرىياللىرىنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋالغان ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانا 121گە يېتىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانا ئومۇمىي سانىنىڭ %70نى ئىگىلىدى، خېرىدار چاقىرىلغان دورا سوممىسى 175 مىليون يۈەن بولدى. سەھىيە نازارىتى تەشكىللىگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 داۋالاش ئاپپاراتى دورىلىرىنى بىرلىشىپ مەركەزلىك خېرىدار چاقىرىپ، سېتىۋېلىش بويىچە تۇنجى قېتىملىق سىناق خىزمىتىدە 80 تۈرلۈك، 155 ئۆلچەمدىكى مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى دورىلارنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، توختام سوممىسى 23 مىليون 237 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بىمارلار دوختۇرنى تاللاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى سەھىيە تارماقلىرىدىن ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 90 دوختۇرخانىدا بىمارلار دوختۇرنى تاللاش ئىسلاھات تەدبىرى يولغا قويۇلدى، بۇ، دوختۇرخانا ئومۇمىي سانىنىڭ %53نى ئىگىلىدى. مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى مۇقىم ئىلگىرىلەپ، 276 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇلدى. قاراماي شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى ھەققى ئېلىش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، سەھىيە نازارىتى بىرلىشىپ داۋالاش ھەققى يېڭى باھا ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلىرى ئىچىدە %55 دوختۇرخانىدا بالىنىستا يېتىش ھەققى ئالونى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ۋە بالىنىستا يېتىش ھەققىنى سورۇشتۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى.

ۋېن جېچى

## يېزا سەھىيىسى ۋە ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار باشلانغۇچ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، يېزا ـ كەنت سەھىيە تەشكىلاتلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى پائال يولغا قويدى. «ئۈچنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش» ۋە شەھەرلەردىكى سەھىيە خادىملىرى يېزىلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە سىستېمىسى جەمئىي 381 تېببىي داۋالاش ئەترىتى، 2361 ئادەم (قېتىم) تېببىي خادىم ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلامدا تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. سەھىيە نازارىتى شەھەردىكى تېببىي خادىملاردىن 983 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتتى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچتىن يۇقىرى مۇتەخەسسىستىن 127 ئادەم (قېتىم) ئاجراتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى داۋاملىق قانات يايدۇرغان ناھىيە، شەھەر 37 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %37 تۆۋەنلىدى؛ ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى قانات يايدۇرغان يېزا ـ بازار 176 بولۇپ، %41 تۆۋەنلىدى.

ئانا ـ بالىلار سەھىيىسى خىزمىتىدە خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرىنى يولغا قويۇش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، «بالىنىستا يېتىپ تۇغۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش» مەركىزى ھالقا قىلىندى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ‰24.09 كە، ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 16 مىڭ 916گە چۈشتى. «ئانا ۋە بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە بۇزۇلۇش بولدى. 2001 ـ يىل 3 ـ ئايدا سەھىيە نازارىتى جايلاردىكى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنى ئاپتونوم رايوندىكى ئانا ـ بوۋاقلار ساقلىقىنى ساقلاش مەخسۇس تېخنىكا مۇلازىمەت خادىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىشقا تەشكىللەپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تېخنىكا ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 4944نى تارقاتتى. ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «تۇغۇلۇش تېببىي ئىسپاتى» قاتارلىق قانۇنىي گۇۋاھنامىلارنى تارقىتىشتا دەرىجە بويىچە گۇۋاھنامە ئېلىپ، تىزىملىتىش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى «تۇغۇلۇش تېببىي ئىسپاتى»نى ئىشلىتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئانا ـ بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمىتى ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى، سەھىيە مىنىستىرلىكى ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ 2001 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرىيلىك تۈرى شىنجاڭدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل، قاراقاش، قاغىلىق، يەكەنلەر تۈر يولغا قويۇلىدىغان ناھىيە، شەھەر قىلىپ بېكىتىلدى.

ۋېن جېچى

## كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا 59 مىڭ 955 ئادەمنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقى مەلۇم قىلىندى، ئۆلگەنلەر 44، كېسەل بولۇش نىسبىتى 2000 ـ يىلدىكىدىن %15.48 يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خولېرا

كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلار 7؛ كېزىك كېسىلى بىلەن 2723 ئادەم ئاغرىپ، 3 كىشى ئۆلدى؛ كېسەل بولۇش سانى %34.88 يۇقىرى ئۆرلىدى؛ دىزىنتېرىيە كېسىلى بىلەن 15 مىڭ 112 ئادەم ئاغرىپ، 5 كىشى ئۆلۈپ، %3.24 يۇقىرى ئۆرلىدى؛ كۆيدۈرگە كېسىلى بىلەن 99 ئادەم ئاغرىپ، %19.8 تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 مىڭ 717 ئادەمنىڭ ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى بىلەن ئاغرىغانلىقى مەلۇم قىلىندى، بۇ %1.59 يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» تىپلىق جىگەر ياللۇغى 3016 بولۇپ، %22.6 تۆۋەنلىدى؛ «ب» تىپلىق جىگەر ياللۇغى 7831 بولۇپ، %9.8 تۆۋەنلىدى؛ ئامىللىق جىگەر ياللۇغى بىلەن ئاغرىغانلار 50 ئادەم بولۇپ، %1 يۇقىرى ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇلىيوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 17مىڭ 132 ئادەم بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇسبەت خاراكتېرلىكى 10 مىڭ 52 ئادەم. يۇلۇن سۇر ماددىسى ياللۇغى (AFP) كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 91 ئادەم بايقالدى، كېسەل بولۇش نىسبىتى ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە 1.76 بولدى. چۇما، خولېرا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنى كۆزىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. تارقىلىشچان گۆرەن بېزى ياللۇغى، ئىسكارلاتىنا، كېزىك، شىنجاڭ قاناشچان ئىسكارلاتىناسى، چېچەك، «ئا» تىپلىق جىگەر ياللۇغى، ئامىللىق جىگەر ياللۇغى، ئېرە تىپلىق كۆيدۈرگە قاتارلىق 22 قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تۇيۇقسىز يېز بېرىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. «شىنجاڭدا يود يېتىشمەسلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىناق تۈرى» خىزمىتى باشلاندى. «ئاھالىلەرنىڭ يودسىز تۇز ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ يودسىز تۇز ئىشلىتىش نىسبىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭغا ئاساسەن «يود كەملىك كېسىلىنى تۈگىتىش بويىچە ساغلاملىق تەربىيىسىنى يولغا قويۇش ئومۇمىي پىلانى ۋە تەربىيىلەش پىلانى»، «يود كەم رايونلاردىكى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەن كىشىلەرگە يودپىن (يودلۇق ماي ياسالما) نى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلىش - ئارىلىشىش تەدبىرى پىلانى» ۋە «نامرات رايونلاردا تۇزلۇقتا يود قوشۇش سايمىنىنى سېلىپ، يود كەملىك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش - ئارىلىشىش تۈرى پىلانى» تۈزۈپ تارقىتىلدى.

ۋېن جىچى

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 6029 كىشىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مەلۇم قىلىندى، بۇ مەملىكەت بويىچە يۇقۇملانغان ئادەم سانىنىڭ %19.6نى ئىگىلەيدۇ، كېسەللىك 68 ناھىيە، شەھەر، رايونغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەم 106، ئۆلگەن ئادەم 38. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئاساسەن ئۈرۈمچى بىلەن ئىلىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۈرۈمچىدە 2500 كىشى، ئىلىدا 2728 كىشى. «ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىخانىسى تورى» (HPITN) تورى خىزمىتى يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بېرىش، تارماقلار ماسلىشىش، پۈتۈن جەمئىيەت قاتنىشىشتىن ئىبارەت خىزمەت مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. سەھىيە نازارىتى ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەيدىز كېسىلى - جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش بويىچە چوڭ تىپلىق سەييارە كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل لېنتا مېھىر يەتكۈزۈش» — ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلى - جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، شىخو، بورتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە سەييارە تەشۋىق قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ۋە «بەدەننى پاكلاپ، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئەيدىز كېسىلىنى چەكلەش» مەزمۇن قىلىنغان 10 مىڭ كىشى ئىمزا قويۇش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، ئەيدىز كېسىلى - جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. پائالىيەت مەزگىلىدە 40 مىڭ پارچە رەسىم، 300 مىڭ پارچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەشۋىقات ۋارىقى بېسىلدى ۋە چاپلاندى. «ئاپتونوم رايوندا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش بويىچە كۆپ تارماقلارنىڭ چوڭ كۆلەملىك تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. قاتناش نازارىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇزۇن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرى ئارىسىدا ساغلاملىق تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلانى (2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە)» ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىلىپ، ئورگىنالى بېكىتىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق

مۇكۇمىتىگە يوللاندى.

ۋېن جىچى

## تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرى جەمئىي 32 مىليون 723 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) نى داۋالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغىنى 29 مىليون 358 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، جىددىي داۋالاش بۆلۈمىدە داۋالانغىنى 1 مىليون 174 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم). بالىنىستا ياتقان كېسەل 1 مىليون 214 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم). بالىنىستىن چىققىنى 1 مىليون 206 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋاتلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 58.17%. 2001 - يىلى كېسەللەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى، دورا ھەققىنىڭ سالمىقى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان ھەربىر ئادەم (قېتىم) نىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش ھەققى 77.1 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا ھەققى 45.8 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. بالىنىستىن چىققان ھەر بىر كېسەلنىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش ھەققى 2482 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا ھەققى 1199.2 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

بوخەلچەم

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى

2001 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن بۇرچىن ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسىگە «دۆلەتلىك پاكىز شەھەر» ۋە «دۆلەتلىك پاكىز ناھىيە بازىرى» دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق تازىلىقتا قىزىلبايراقدار شەھەر (شەھەر رايونى) دىن 9ى، ئەلا ياخشى پاكىز شەھەر (شەھەر رايونى) دىن 10ى، پاكىز شەھەر (شەھەر رايونى) دىن 5ى، ئىلغار ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەردىن 8ى، تازىلىقتا بايراقدار ناھىيە بازىرىدىن 6 سى، ئەلا ياخشى پاكىز ناھىيە بازىرىدىن 15ى، پاكىز ناھىيە بازىرىدىن 13ى، تازىلىقتا ئۈلگە يېزا، بازار، كەنتتىن 55ى باھالاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 17 ئاساسلىق شەھەردىكى چاشقاننىڭ زىچلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.2%تە تىزگىنلەندى. پاكىز ھاجەتخانىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 32%كە يەتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 6 مىليون 108 مىڭ ئادەم (قېتىم)، 32 مىڭ ئاپتوموبىل (قېتىم) ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، كۆزگە چېلىقمايدىغان 2300 مەينەت ئورۇن تازىلاندى، 677 مىڭ 800 توننا ئەخلەت توشۇۋېتىلدى.

ۋېن جىچى

## سەھىيە قانۇنچىلىقى ۋە نازارەتچىلىك خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى سەھىيە تارماقلىرىدىن 2 ئىلغار كوللېكتىپ، 10 ئىلغار شەخسنى سەھىيە مىنىستىرلىكى تەقدىرلىدى. سەھىيە نازارىتى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، سەھىيە سىستېمىسى بويىچە بازار ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇردى. ساختىلىقتا مەركەزلىك زەربە بېرىش، تۈزەش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان 5 قېتىملىق ھەرىكەتتە تازىلىقنى نازارەت قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش خادىمىدىن 25 مىڭ 600ى ئاجرىتىلىپ، 30 مىڭ 135 بازار (ماگىزىن) ۋە تىجارەتچى تەكشۈرۈلۈپ، 2598 قېتىملىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ساختا، ناچار مەھسۇلات ئىشلەپ ساتىدىغان 209 قارا ئۇۋا پاچاقلاندى، 790 توننا ساختا، ناچار يېمەكلىك، ئىچىملىك، ھاراق، گىرىم بۇيۇملىرى، بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان داۋالاش سايمىنى قولغا چۈشۈرۈلدى، مۇسادىرە قىلىندى، قانۇنغا خىلاپ مەھسۇلاتنىڭ قىممىتى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. دائىرىدىن ھالقىپ داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان 613 سەھىيە ئاپپاراتى تازىلاندى، قانۇنسىز 583 ئامبۇلاتورىيە پېچەتلەندى، جاھانكەزدى دوختۇر، جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش قارا ئۇۋىسىدىن 212 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ۋاقتى ئۆتكەن، ساختا، ناچار دورىدىن 17 مىڭ 34 قاپ (قۇتا) تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، قىممىتى 12 مىليون 260 مىڭ يۈەن، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلغان 2 قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتى تاقىۋېتىلدى.

ۋېن جىچى

## ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىدىن 4705 كىشى كېسەل بولۇپ، يارىلىنىپ ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 3‰ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2964، ئۆلۈش نىسبىتى 36‰؛ ئايال 1741، ئۆلۈش نىسبىتى 2.2‰. ئالدىنقى 10 - ئورۇنغىچە بولغان ئاساسلىق ئۆلۈم ئامىللىرىنىڭ تەرتىپى مۇنداق: يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يۈرەك كېسىلى، مېڭە قان تومۇر كېسىلى، نەپەس يوللىرى كېسىلى، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، ئىچكى ئاجراتمىلار، ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش ۋە ئىممۇنىتېتلىق كېسەللەر، سۈيدۈك - تاناسىل سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، بوۋاقلار كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر.

ۋېن جىچى

## قوشۇمچە ـ 1

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىنىڭ 2001 ـ يىلى 10 خىل ئاساسلىق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى ۋە ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى

| تەرتىپى | جەمئىي | | | ئەر | | | ئايال | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 10 تۈمەن/1 | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 10 تۈمەن/1 | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 10 تۈمەن/1 | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) |
| 1 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 76.54 | 25.89 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 99.01 | 27.22 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 52.94 | 23.61 |
| 2 | يۈرەك كېسەللىكى | 58.38 | 19.74 | يۈرەك كېسەللىكى | 71.28 | 19.60 | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 44.82 | 19.99 |
| 3 | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 51.27 | 17.34 | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 59.87 | 16.46 | يۈرەك كېسەللىكى | 42.25 | 18.84 |
| 4 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 29.53 | 9.99 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 37.54 | 10.32 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 21.12 | 9.42 |
| 5 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 25.32 | 8.57 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 34.47 | 9.48 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 15.71 | 7 |
| 6 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 14.01 | 4.74 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 16.44 | 4.52 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 11.46 | 5.11 |
| 7 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 7.79 | 2.64 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكى | 7.85 | 2.16 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 8.37 | 3.73 |
| 8 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكى | 6.15 | 2.08 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 7.23 | 1.99 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 5.41 | 2.41 |
| 9 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 6.09 | 2.06 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 6.74 | 1.86 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكى | 4.37 | 1.95 |
| 10 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 4.27 | 1.45 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 5.52 | 1.52 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 2.96 | 1.32 |
| | 10 خىل كېسەللىك بىلەن ئۆلگەنلەر | | 94.50 | | | 95.14 | | | 93.39 |

ۋېن جىچى

قوشۇمچە ـ 2

ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ 2001 ـ يىلى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى (10 تۈمەن /1) .

| | جەمئىي | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 76.54 | 99.01 | 52.94 |
| ئۆپكە راكى | 17.78 | 24.78 | 10.43 |
| جىگەر راكى | 13.88 | 19.88 | 7.60 |
| ئاشقازان راكى | 10.55 | 14.60 | 6.31 |
| قىزىل ئۆڭگەچ راكى | 5.53 | 7.85 | 3.09 |
| ئاق قان كېسىلى | 3.45 | 4.29 | 2.58 |
| بوغما ئۈچەي، تۈز ئۈچەي، مەقەت راكى | 3.20 | 3.68 | 2.70 |
| ئاياللار ئەمچەك راكى | 1.82 | | 3.74 |

ۋېن جىچى

## تېببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش

2001 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى تۈنجى تۈركۈمدىكى 2997 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنى تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. نۆۋەتتىكى تېبابەت ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ياخشى دوختۇرخانا»نى باھالاش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى، «10 ياخشى يېزا ـ بازار شىپاخانىسى»نى باھالاش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تېببىي ئىشلار تارماقلىرى، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 2125 تېببىي داۋالاش تارمىقىنى تەكشۈرۈپ، 493 گۇۋاھنامىسىز تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 78نى تاقىۋەتتى، 57 مىڭ 300 يۈەنلىك دورا، سايمانلارنى مۇسادىرە قىلدى؛ دائىرىدىن ھالقىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 80 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنسىز سەھىيە، تېخنىكا خادىمىدىن 215 ئادەم (قېتىم)نى ئېنىقلاپ، تەرتىپكە سالدى؛ قانۇنسىز چىقىرىلغان، ئاگاھلاندۇرۇلغان 96 ئېلاننى تەكشۈرۈپ تاپتى، تېببىي داۋالاش ماجىراسىدىن 86سى بېجىرىلدى، 104 ي مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ بېكىتىلدى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى قانات يايدۇرغان ئومۇمىي كۆتۈش خىزمىتىنى باسقۇچلۇق تەكشۈردى ۋە خۇلاسىلىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، 3 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئومۇمىي كۆتۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى 100%، 2 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ 66% بولغان. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەتلىك كەسپكار ۋراچ ۋە ياردەمچى كەسپكار ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا تىزىملاتقانلار 7808 كىشى، بۇنىڭدىن، 6189 كىشى ئەمەلىي ماھارەت ئىمتىھانىغا قاتناشتى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 81.16% بولدى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىنىڭ لاياقەتلىك چېكى ئۆلچىمى بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايوندىن 5133 ئادەم مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان سېستىرالار كەسپىي ئىمتىھانىغا قاتناشتى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن بولدى.

ۋېن جىچى

## تېببىي پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ

2001 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «غەربىي رايونلاردا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئەمەلىي پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى غەربىي رايونلاردا قوللىنىش تەتقىقاتى» تۈرىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ،

گەنسۇ، چىڭخەي، ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا ئابىندىدا زورۇ، ئىتلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىسكۇيىتۇك ئۇزاق ئۈنۈملۈك پەسەيتكۈچى دورا ئوكچىسى بىلەن قاپلىق قۇرۇت كېسىلىنى داۋالاشنى كېڭەيتتى، 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن 53 تېخنىك خادىمنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي ماائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، تۇرپان، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى سېسترالار مەكتىپى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى سېسترالار مەكتىپىنىڭ ئادەتتىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى توختىتىلدى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 -، 2 - دوختۇرخانىلىرىنىڭ سېسترالار مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە مەكتىپى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سەھىيە نازارىتى كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ، 2 تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داۋاملىق تېببىي تەربىيە تۈرىدىن 261نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 21 مىڭ ئادەم (قېتىم) داۋاملىق تېببىي تەربىيە ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1200 نەچچە پارچە داۋاملىق تېببىي تەربىيە گۇۋاھنامىسى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىلدى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يىراق مۇساپىلىق تېببىي تەربىيە مەركىزى بىلەن شىنجاڭدا سۈنئىي ھەمراھ سەھىيە پەن - تېخنىكىسى تەربىيىسى تورى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە مەكتەپلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومغا جەمئىي 2047 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق 5 سەھىيە مەكتىپى 1787 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

ۋېن جىچى

## جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت داۋالاش خىزمىتىدە ئىچكى قۇرۇلۇش ۋە مەخسۇس كېسەللەر - مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، ئالاھىدە مۇلازىمەت گەۋدىلەندۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىدىغان جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت دوختۇرخانىسى ۋە مەملىكەتلىك يېزا جۇڭگو تېبابىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە قۇرۇلۇشى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى «مەملىكەت بويىچە ئۆلگە ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى» بولۇپ باھالاندى. دۆلەت دەرىجىلىك تۈر بولغان «جۇڭخۇا ئوت - چۆپ دورىلىرى قامۇسى — ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى تومى»نى تۈزۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىپ، 200 خىل ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسى (تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك) نىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى نۇسخىسىنى تۈزۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ش ئۇ ئا ر دورا تەتقىقات ئورنى جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دورا تەتقىقات ئورنى بىلەن مىللىي تېبابەت دورىلىرى تەتقىقاتى تەرەققىيات بازىسى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

ۋېن جىچى

## غەربىي رايوندىكىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھىيە مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى بىرلىشىپ باشقۇرغان، جياڭسۇ ياڭزىجياڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيىتى غەربىي رايوندىكىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى شىنجاڭ پونكىتىنىڭ پائالىيىتى فۇكاڭ شەھىرىدە باشلاندى. پائالىيەت مەزگىلىدە، جياڭسۇ ياڭزىجياڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىركىتى ئۈرۈمچى SOS خەلقئارا بالىلار كەنتى، فۇكاڭ شەھىرى، مورى ناھىيىسى ۋە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم نامرات رايونلارغا 220 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەھىيە نازارىتى يەنە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كېسىلىنى 700 نەچچە ئادەم (قېتىم) تەكشۈردى.

ۋېن جىچى

## خەلقئارا كۆز كېسەللىكلىرى بويىچە ئوبىس ئايروپىلان دوختۇرخانىسى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خەلقئارا كۆز كېسەللىكلىرى بويىچە ئوبىس ئايروپىلان دوختۇرخانىسى 2001 - يىل 7- ئاينىڭ 14 - كۈنى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەم 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە 3 ھەپتە ساغلاملىق، تېخنىكا، ئوپېراتسىيە قىلىش ۋە كۈتۈش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى يولغا قويدى. خىزمەت مەزگىلىدە، مۇتەخەسسىسلەر ئاللاپ تەكشۈرۈپ چىققان، ئوقۇتۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە 76 كېسەلنى ئۆلگە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئوپېراتسىيە قىلدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى كۆز كېسەللىكى دوختۇرى، سېسترا، ناركوزچى، بىئو تېببىي خادىمى قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 200 نەچچىنى تەربىيىلىدى.

ۋېن جىچى

# تىببىي دورىگەرلىك

## تىببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى تىببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 405 مىليون 710 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %19.01 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 158 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.69 ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %108.2كە يېتىپ، 15.22 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. تىببىي دورىگەرلىك سودا ساھەسىنىڭ سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 1 مىليارد 770 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، %20.9 ئاشتى؛ ساپ سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 1 مىليارد 428 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.11 تۆۋەنلىدى، 123 مىليون 550 مىڭ يۈەن سانائەت - سودا بىجى يارىتىلىپ، %14.14 ئاشتى. 2001 - يىلى تىببىي دورىگەرلىك كارخانىلىرىنىڭ «گۆۋاھنامە ئالماشتۇرۇش يىلى» بولغانلىقتىن، كارخانىلار گۆۋاھنامە ئالماشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ھەر خىل تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە زور سېلىنما سالغانلىقتىن، ئۇنۇم كۆرسەتكۈچىگە مەلۇم تەسىر يەتتى.

ۋاڭ كەيشۇن

## تىببىي دورىگەرلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭدا تىببىي دورىگەرلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 4 تۈر ئورۇندىلىپ، بۇنىڭغا 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تىببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە تىببىي دورىگەرلىك كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك «دورا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» (GMP)نى ئۆزگەرتىشنى تۈزتتى. 6 تۈر ئورۇندالدى ۋە ئىشلىنىۋاتىدۇ، بۇ تۈرلەر يولغا قويۇلۇپ بولسا، ئاپتونوم رايون بويىچە تىببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 3 دورىگەرلىك كارخانىسى GMP گۆۋاھلىقىدىن ئۆتتى، 3 تىببىي دورا سودا ئورنى «دورا تىجارىتى سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» (GSP) بويىچە گۆۋاھلىقتىن ئۆتتى.

ۋاڭ كەيشۇن

## دورىلارنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 15 خىل يېڭى دورىنى قوبۇل قىلىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 8 تۈرلۈك دورىنى دۆلەتلىك ئىدارىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىدى. ئېنىقلاش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق 15 خىل جۇڭگو تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش دورىسى ۋە 46 خىل جۇڭگو تېبابىتى تەييار دورىسىنىڭ يەرلىك دورا تۈرى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسى 8) دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى. «مىنىستىرلىك ئارقاتقان ئۆلچەم» (ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى قىسمى) دىكى 75 دورا تۈرىنىڭ كۆرۈپپىلانغان رېتسېپ تەرتىپى ۋە دۆلەتنىڭ OTC (رېتسېپلىق دورا ۋە رېتسېپسىز دورا) دورىلار كاتالوگىدىكى 19 خىل دورىنىڭ ئىزاھاتىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنلۇق ئىشلەنگەن 842 خىل دورا سېلىشتۇرۇلۇپ، دۆلەتلىك ئىدارىنىڭ دورا تەستىقلاش نومۇرىنى بىر تۇتاش ئارقىتىپ بېرىشىگە سۇنۇلدى؛ Ⅰ، Ⅱ تۈردىكى 3 دورىنىڭ ئورام ماتېرىيالىنى «رويخەتكە ئېلىش گۆۋاھنامىسى» تەستىقلاندى ۋە تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بېرىلدى؛ تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى يېڭىدىن ياسىغان 8 خىل دورا تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ 27 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 378 خىل دورا تۈرىنىڭ ئۈنۈملۈك مەزگىلى تىزىملىنىپ، ئەنگە ئېلىندى. 16 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى رېتسېپسىز 180 خىل دورىسىنى تەكشۈرۈشكە يوللىغان ماتېرىيالى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 145 خىل دورىغا رېتسېپسىز دورىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش گۆۋاھنامىسى بېرىلدى. دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 12 كارخانا يۇقىرىغا يوللىغان 1 - تۈركۈمدىكى 71 «ب» تۈرلۈك رېتسېپسىز دورا تەكشۈرۈپ تىزىملاندى ۋە ئەنگە ئېلىندى.

جاڭ شۇنيىڭ

## ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش، گۆۋاھلىق بېرىش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 6 خىزمەت گۇرۇپپىسى چىقىرىپ، ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ، 65 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنى، 135 توپ تارقىتىش كارخانىسىنى، 17 تىببىي داۋالاش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنى، 349 تىجارەت كارخانىسىنى، تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ 110 دورا ياساش بۆلۈمىنى نەق مەيداندا

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. يىل ئاخىرىدا 46 كارخانىغا «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىجازەتنامىسى»، 104 كارخانىغا «دورىلارنى توپ تارقىتىش كارخانىلىرى تىجارەت ئىجازەتنامىسى»، 66 كارخانىغا «تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دورا ياساش ئىجازەتنامىسى» ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، 12 ئورۇنغا «تېببىي داۋالاش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىجازەتنامىسى»، 8 ئورۇنغا «تېببىي داۋالاش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ئەنگە ئېلىش جەدۋىلى»، 222 ئورۇنغا «تېببىي داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى قىلىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دورا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش كارخانىلىرى ئىچىدە «دورا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» (GMP)، «دورا تىجارىتى سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» (GSP) بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا GMPنى يولغا قويۇش خىزمەت پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 8 كارخانا GMP گۇۋاھلىق بېرىش ئۆلچىمى بويىچە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاۋاتىدۇ ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك دورا شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە مىللىي دورىلار شىركىتى، بىڭتۈەن دورا شىركىتىدىن ئىبارەت دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 3 كارخانا 5 - ئايدا دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەشكىللىگەن GSP بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. 6 كارخانا تەستىق ئارقىلىق دورىلارنى پارچە سېتىش زەنجىرسىمان كارخانىلىرىنى قۇردى. باشقا، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان 5 كارخانا قۇرۇلۇش تەييارلىقى كۆرمەكتە.

تيەن چۈنخەي، جۇڭ شىجيې

## دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت - قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 16 كارخانىنىڭ 180 نەچچە خىل 1 - تۈركۈمدىكى رېتسېپسىز دورىسىنىڭ ئىزاھاتى، بەلگىسى، قاچىلىنىشىنىڭ نۇسخىسىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 145 رېتسېپسىز دورىغا رېتسېپسىز دورىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى ھەم بۇ 145 گۇۋاھنامىنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى (ئىزاھاتى، بەلگىسى، قاچىلاش نۇسخىسى)نى كارخانىلارغا چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، دورىگەرلىك قامۇسى كومىتېتى، جۇڭگو دورا - بىئو ياسالمىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنىغا يوللىدى. 12 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 1 - تۈركۈم «ب» تۈردىكى 71 رېتسېپسىز دورىسىنىڭ ئىزاھاتى، بەلگىسى، قاچىلاش نۇسخىسى تەكشۈرۈپ تىزىملاندى، رېتسېپسىز دورىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن دورا ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

لى جىنفېڭ

## ئالاھىدە دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە ناركوز دورىلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، 3 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان 9 كارخانىنى، 2 - دەرىجىلىك ناركوز دورىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان 2 نۇقتىنى ۋە 3 - دەرىجىلىك ناركوز دورىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان 15 نۇقتىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، 2 ـ، 3 - دەرىجىلىك ناركوز دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى، ئېفېدرىن سېتىۋېلىپ، ئىشلىتىش ئىسپاتىدىن 90نى تەكشۈرۈپ بېجىردى، قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەتتە بولغان كارخانىلارغا مەمۇرىي جازا بەردى. «ئېفېدرىننى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى.

لى جىنفېڭ

## «چاكاندا»

بۇ كىتاب «دورىغا ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى» مەجمۇئەسىنىڭ بىرى. بۇ كىتابنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ليۇگوجۈن تۈزگەن، 2001 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو تېبابەتچىلىك دورىلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان. كىتاب 144 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى، چاكاندىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئارقىلىشى، چاكاندا ئۆسىدىغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، چاكاندىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، چاكاندىنى سۈنئىي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى،

مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. كۆڭگودىكى چاكاندا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان رايونلار قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەم چاكاندىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئىلمىي ۋە ئەمەلىي تەھلىل قىلىنغان ھەم تەتقىق قىلىنغان. ئۇ كۈچلۈك ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئەسەر.

يىن جىڭيۈەن

## دورىلارنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېلاننى تەستىقلاش

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش ئورنى فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 10 قېتىم دورىلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى، جەمئىي 2967 تۈركۈم (قېتىم)، 1169 تۈرلۈك دورىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە 305 تۈركۈم (قېتىم) دورا لاياقەتسىز بولدى. ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسى مۇشۇ يىلدا 781 دورا ئېلانى بىجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە تەستىقلانغىنى 625، ئەنگە ئېلىنغىنى 60، قايتۇرۇلغىنى 96، ئېلاننى تەستىقلاش نومۇرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 7، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغىنى 47. تېببىي داۋالاش سايمانلىرى ئېلانىدىن 85ى تەستىقلاندى.

نىجات، لى چېن

## دورا تەكشۈرۈش - باھالاش مۇتەخەسسىسلىرى ئامبىرى قۇرۇلدى

2001 - يىلنىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر قايسى مىللەتتىن تەركىب تاپقان 73 نەپەر دورا تەكشۈرۈش - باھالاش مۇتەخەسسىسى ئامبىرىنى قۇردى. «ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش - باھالاش مۇتەخەسسىسلىرى ئامبىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» (سىناق نۇسخا) تۈزۈلۈپ، دورا مۇتەخەسسىسلىرى ئامبىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دورىلارنى تەكشۈرۈش، باھالاش ۋە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تايانچلىق رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

جاڭ شۈنيىڭ

## ساختا، ناچار دورىلارنى ياساش، سېتىش قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى

2001 - يىلنىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، «دورا (تېببىي داۋالاش سايمانلىرى) تەرتىپىنى مەركەزلىك تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى ھەم ئادەم ئاجرىتىپ، تۈزەش ئىشخانىسىنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى، تۈزەش خىزمىتىدە تەشكىللەش، قوماندانلىقنى بىرلىككە كەلتۈردى. 4 - ئايدىن كېيىن، ئىدارە تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 100 گە يېقىن مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى دورا (تېببىي داۋالاش سايمانلىرى) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا ۋە يەككە ئامبۇلاتورىيىلەرنى كەڭ كۆلەمدە تور يېيىش شەكلىدە زەربىدارلىق بىلەن 6 قېتىم تەكشۈرۈپ، شىنشىڭ، جىندۇ، سودا شەھەرچىسىدىكى 3 ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى بازىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈزىدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمدىن 8018 ئادەم (قېتىم)، 1800 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) چىقىرىلىپ، 3124 دورا تىجارەت ئورنى تەكشۈرۈلدى، 1287 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1077 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 5 دېلو ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ساختا، ناچار دورا ياساش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 142سى پاچاقلاندى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 241 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 10 مىليون 689 مىڭ 500 يۈەن قىممىتىدىكى دورا مۇسادىرە قىلىندى، 1 مىليون 627 مىڭ 400 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. تېببىي داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 480 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، 69 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 48 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 27 ياساش، سېتىش ئۇۋىسى پاچاقلاندى، 321 مىڭ 300 يۈەن قىممىتىدىكى تېببىي داۋالاش سايمانلىرى مۇسادىرە قىلىندى. 80 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 21 مىڭ 776 بولاق (قۇتا) ساختا، ناچار، ۋاقتى ئۆتكەن، ئۈنۈمى تۈگىگەن دورا (تېببىي داۋالاش سايمىنى) ئېنىقلاپ، كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 11 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 105 دورا (تېببىي داۋالاش سايمىنى) دېلوسىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىجىرىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش، سىناق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى.

پەن شىنبو، تيەن چۈنخەي

## «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلنىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «يېڭى تۈزۈلگەن ‹دورا باشقۇرۇش قانۇنى›نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى يولغا




2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى، خەلق ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پراۋىنزورلار ھەپتىلىكى تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. سۈرەتتە: شىنجاڭ دورا تەكشۈرۈش ئورنىدىكى پراۋىنزورلار ئاممىغا مەسلىھەت بەرمەكتە.

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى. «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» توغرىسىدا 3 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر)لىك سەھىيە، تېببىي داۋالاشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 300 نەچچە قېتىم مەخسۇس لېكسىيە ئۆتكۈزدى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە «دورا باشقۇرۇش قانۇنى، — خەلق ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پراۋىنزورلار ھەپتىلىكى تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. پائالىيەت مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2500 دىن ئارتۇق پراۋىنزور (قېتىم) ئاجرىتىلدى، ئۇلار 100 مىڭغا يېقىن ئاممىغا قانۇن ۋە دورىگەرلىك مەسلىھەتى مۇلازىمىتى قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 120 نەچچە دورىگەر ۋە كارخانا قانۇنىي ئىگىسى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 نەچچە قېتىم مەخسۇس تېمىدا دوكلات ئۆتكۈزۈلدى، 5000 نەچچە ئادەم دوكلات ئاڭلىدى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2 يىغىن مەيدانى ھازىرلىنىپ، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» تەشۋىقاتى ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىدىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاممىغا يېڭى قانۇن بىلىملىرى سۆزلەندى، 3000 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 500 نەچچە ئادەم (قېتىم) كونۇپ بېلىنىپ، دورا ئىشلىرىدىن مەسلىھەت بېرىلدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى شەھىرىدىكى 150 نەچچە پراۋىنزور ھەر مىللەت ئاممىسىغا دورا ئىشلىرىدىن خالىسانە مەسلىھەت بەردى.

11 - ئايدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىلىرى (دورا مەمۇرىيىتى)، تېببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى، ھەر قايسى دورا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ كارخانىلار ۋە تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرى مەركەزلىك ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق لورۇنكا ئاستى، شوئار چاپلىدى. 12 ئاخبارات ئورنىنى زىيارەت قىلىپ، خەۋەر بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» تەشۋىقاتى مەخسۇس بېتى چىقاردى.

لى ۋېيدۇڭ

## مەملىكەتلىك دورا نازارەت قىلىش، نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىرىدىكى دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىلىرى، دورا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ، 120 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كېرىمباي يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا كۆپ يىللاردىن بۇيان دورىلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، يېڭى ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ، يېڭى تۈزۈلگەن «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دورىلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش مېخانىزمى ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش، دورىلارنى نازارەت قىلىش، نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىچكىرىلەپ قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە كونكرېت، ئېنىق تەلەپلەر قويۇلدى.

لى ۋېيدۇڭ

# «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
لېتىپ ئىمىن

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىدا تۈزىتىلىپ، ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى» 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. يېڭى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنىڭ 15 يىللىق ئەمەلىيىتىنى يەكۈنلەش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كەڭ تۈردە دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇ دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تارماقلىرىنى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشنى ئېخمۇ ئەمەلىي قانۇن ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتا كۈچلۈك قورالغا ئىگە قىلدى، تېببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. يېڭى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇش دورا نازارەت قىلىش — باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئېخمۇ كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ساختا، ناچار دورىلارنى، داۋالاش سايمانلىرىنى ياساپ ساتىدىغان قانۇنسىز قىلمىشلارغا زەربە بېرىش، ئاپتونوم رايوننىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ دورىلارنى بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «نازارەت قىلىشنى مەركەز قىلىش، نازارەت قىلىش، ياردەم بېرىش، ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش» خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دورىلارنى بىخەتەر ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1. دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۆتكەندىن تۈۋەن دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىرى. دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى مەملىكەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى تۈزۈپ چىقتى. 2. دورا بازىرىنىڭ تەرتىپى رەتكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا، تېببىي داۋالاش سايمانلىرى بازىرىدا ساختا، ناچار دورىلارنى ياساش، سېتىش ئەھۋاللىرى ۋە گۇۋاھنامىسىز، گۇۋاھنامىسى تولۇق بولمىغان، قائىدىگە خىلاپ تىجارەت قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ساقلانغانلىقى، چەكلەپ تۇرسىمۇ تۈزەلمىگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۈزەش خىزمىتى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ يولغا قويۇلدى. بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايون دائىرىسى ئىچىدە ساختا، ناچار دورىلارنى، داۋالاش سايمانلىرىنى ياساپ سېتىشقا قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە كەڭ كۆلەملىك، داغدۇغىلىق كۈرەش قانات يايدۇرۇلۇپ، دورا بازىرىنىڭ تەرتىپى مەركەزلىك رەتكە سېلىندى ۋە تۈزەلدى، «بەشنى قويۇپ بەرمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، بىر تۈركۈم قانۇنسىز ئۇنسۇرلار جازالىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە

دورا بازارلىرى ساپلاشتۇرۇلدى، مەلۇماتقا قارىغاندا، 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 903 دورا دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قىممىتى 8 مىليون 713 مىڭ يۈەن، مۇسادىرە قىلىنغان، جەرىمانە قويۇلغان پۇل ۋە قانۇنسىز تاپاۋەت 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ساختا، ناچار دورا ياساش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 87 سى پاچاقلاندى، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلغان 88 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ساختا، ناچار، ۋاقتى ئۆتكەن، كۈچىدىن قالغان 23 مىڭ 756 قاپ (قۇتا) دورا كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ئۇنىڭ قىممىتى 11 مىليون 850 مىڭ يۈەن؛ داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن قانۇنسىز شۇغۇللىنىش دېلوسىدىن 86 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سوممىسى 300 مىڭ يۈەن؛ كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 37 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 80 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى؛ ئېغىبدرىن ياسالمىلىرى دېلوسىدىن 9 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ساختىلىققا زەربە بېرىپ، ناچارلىرىنى تۈگىتىش جەريانىدا دورا سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپ، 2676 تۈركۈم (قېتىم) دورا ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن ئىمپورت قىلىنغان دورا 2 قاپ، ھاۋالە بىلەن تەكشۈرۈلگىنى 1206 تۈركۈم (قېتىم)، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 1337 تۈركۈم (قېتىم)، دورا، داۋالاش سايمانلىرى ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، يالغان ئېلانلارنىڭ ئىستېمالچىلارنى قايمۇقتۇرۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى؛ 3. دورا ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىرىنچىدىن «ئىجازەتنامە» ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى تۇتۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى دورا، داۋالاش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاندى، قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان كارخانىلار قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كارخانىلار مۇددەت بەلگىلەپ تەرتىپكە سېلىندى؛ ئىككىنچىدىن، GMP، GSP گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى (ئىشلەپچىقىرىش سېخى) دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ GMP گۇۋاھلىقىغا ئېرىشتى، 8 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى گۇۋاھلىق بېرىش ئۆلچىمى بويىچە پائال تۈزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلماقتا، دورا تىجارىتى قىلىدىغان 3 كارخانا دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان GSP گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلگۈسى تەرەققىيات نەزەردە تۇتۇلۇپ، دورىلارنى پارچە سېتىش كارخانىلىرى زەنجىرسىمان تىجارەت يولىغا مېڭىشقا، تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى، دورىلارنى پارچە سېتىش كارخانىلىرى شەھەر ئەتراپى، بولۇپمۇ ئېچىش رايونلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە مەھەللىلەرگە يۈزلىنىشكە يېتەكلىنىپ ھەم دورا تىجارىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ھەم چەت ـ ياقا جايلاردىكى ئاممىنىڭ دورا سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى؛ 4. ئىدارىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يۇقىرى ساپالىق دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇش ئۈچۈن، ئىدارە پارتگورۇپپىسى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇپ، ئىدارىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دىكى مۇھىم سۆزىنى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار» ىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىگىلەشكە تەشكىللىدى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى بوشاشماي قانات يايدۇردى. «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» توغرىسىدا يۈرۈشلۈك لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن، نىزام بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى پىلانلىق ئۇيۇشتۇردى.

يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مۇساپىسى يىراق، بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىلىرىگە مۇناسىپ قېلىپلاشقان دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئوبيېكتىپ تەلەپ قىلدى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى GMP ۋە GSP گۇۋاھلىق بېرىش جەريانىنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ھەر قايسى دورا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش كارخانىلىرىدىن گۇۋاھلىق خىزمىتىنى 2004 ـ يىلدىن ئىلگىرى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنداشنى، ئۇنداق بولمىسا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دېمەك، دورا ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت قىلىش كارخانىلىرى مىسلىسىز ھايات ـ ماماتلىق تاللاشقا دۇچ كەلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايون بويىچە دورا بازارلىرىنى رەتلەش ۋە تۈزەشتە، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيە، شەھەر (رايون) دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تېخى تەشكىل قىلىنمىدى، قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچى يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كۆز قارىشى تېخى بىر قەدەر ئاجىز، دورا بازارلىرىنىڭ ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا، تېببىي داۋالاش سايمانلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ساختا، ناچار دورىلار، داۋالاش سايمانلىرى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلسىمۇ تېخى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىمىدى. ساختا، ناچار دورىلارنى ياساپ، سېتىش جۇملىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر مەلۇم دائىرە ئىچىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ناھايىتى غالجىرلىشىپ كەتتى: كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش، دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلىش ياكى كىنىشكىسىنى ئۆتنۈپ بېرىشتەك قانۇن - نىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ھەر قاچان يۈز بېرىۋاتىدۇ؛ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان يەككە تىجارەتچىلەر باشقىچە تۈس بىلەن داۋاملىق قانۇنسىز تىجارەت قىلىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا تەھدىت سېلىپ، دورا بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ دورىگەرلىك ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ ئەھۋاللارغا دورا باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش تارماقلىرى دىققەت ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى پارتىيە، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، ئىشلىتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ دورا، داۋالاش سايمانلىرى بازارلىرىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇشى لازىم.

«دورا باشقۇرۇش قانۇنى» — دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنىڭ «ئېگىزلىك قانۇن»ى، يېڭىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى قانۇن بويىچە دورا باشقۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەردى، ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى يېڭى قانۇن يولغا قويۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۆز ئىچىدە بۇ قانۇننى ئۆگىنىش، جەمئىيەتتە بۇ قانۇننى تەشۋىق قىلىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى تېز قوزغاپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىشى لازىم. «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇشى، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ساختا، ناچار دورا، داۋالاش سايمانلىرىنى ياساپ ساتىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، دورا سۈپىتىنى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوبوروت تەرتىپىنى روشەن ياخشىلاش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك چەكلەش، تىجارەت تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇش، ئاممىنى دورا ئىشلىتىشتە خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تېببىي دورىگەرلىك ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# تەنتەربىيە

## تەنتەربىيە خىزمىتى

### ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە كومىتېتلىرى مۇدىر (ئىدارە باشلىقى) لىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرى (مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىلىرى) ۋە بىڭتۇەن تەنتەربىيە كومىتېتى، 6 تەنتەربىيە مەكتىپى، 4 ئىلغار ناھىيە، 8 ساھە تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ خادىملىرى، ئاخباراتچىلار بولۇپ جەمئىي 130 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا 2000 - يىللىق خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 - يىللىق تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ 8 تۈرلۈك ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۈ جىنخۇا

### ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

2001 - يىل 1 - ئايدا مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايوندىن 5 ئورۇن، 16 شەخس 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس نامىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئىلغار ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى، ئىلى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى مەكتىپى، كۈيتۇن شەھەرلىك تەنتەربىيە مەكتىپى، كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ.

ئىلغار شەخسلەر: تۇڭ يەنخۇا، ليۇ جيېشەن، لى يۈ، لى جياشىن، سەي لىچېڭ، روشەنگۈل، ئابدۇغېنى شۈكۈر، خۇ جىنيۇ، نۇربولات، تۇرغۇن ئەرشىدىن، ئېرچى زورگا، يې لى، چېن جۇن، ۋاڭ فېڭچى، دىلمۇرات، سەمەت ئىمىن.

دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 2001 - يىل 9 - ئايدا گۇاڭدۇڭنىڭ جيۇخەي شەھىرىدە مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى 55 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 45 ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. شىنجاڭدىن كۈيتۇن شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىلغار كوللېكتىپ نامىغا، شىنجاڭ قۇملۇق ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ترېنېرى جاڭ جېنشى ئىلغار خىزمەتچى نامىغا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پىلانىنى يولغا قويۇشتا بارلىققا كەلگەن بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايوندىن 46 ئورۇنغا ئىلغار كوللېكتىپ، 36 كىشىگە ئىلغار شەخس دېگەن نام بېرىلدى. ئىلغار ئورۇنلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى كومىتېتى، جۇڭگو نېفىتلىك گۇرۇھى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى تەنتەربىيە جەمئىيىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى، كۇنەس ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى، كۇنەس ناھىيە ئارالتۆپە بازىرى، نىلقا ناھىيە ھەرىپچىلىك مەيدانى، چاپچال ناھىيىلىك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى كومىتېتى، ساۋەن ناھىيە شاگخۇدى يېزىسى، ساۋەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، چۆچەك شەھىرى ئاشىلى مىللىي داغۇر يېزىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مىللىي مەكتەپ، ئالتاي شەھەرلىك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى كومىتېتى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى مەكتىپى، مىچۇەن شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ دافېڭ بازىرى، پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، قۇمۇل شەھىرى شەرقىي دەريا رايونى مەھەللە ئىش

باشقارمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى، كورلا شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، يەنجى ناھىيىسىنىڭ ۋۇخوچۇي يېزىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەيچىچۈەن جەمئىيىتى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسى، باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئوستۇن ئاتۇش يېزىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى مەكتىپى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ تومەنتال يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيىلىك مائارىپ - تەنتەربىيە ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى كومىتېتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا كەپتىرى جەمئىيىتى، قاراماي شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ج خ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى.

ئىلغار شەخسلەر: تيەن گې، جيا ئەنمىن، شى شۇمىن، جاڭ جيەنجۇڭ، چى كاڭشېڭ، جياڭ ئەبەي، ۋاڭ لۈجۈن، زۇڭ رۇيشيا (ئايال)، سۇن ۋېنچىڭ، ۋاڭ شىڭ، چېن لىۋبى، ۋاڭ جىڭ (ئايال)، شۇي چۈنمەي، مۇرات قالى، لى جۈگېيى، ياڭ ۋېيلىن، ئەخمەت زەپەر، ياڭ چۈڭخەي، لى شۇمىن، لو شىنچۈەن، جاڭ يۈنماۋ، چېن رۇيشى، چېن شىلەن (ئايال)، ئابدۇرېھىم شىرئەلى، تۇرغۇن موسايوف، ۋاڭ فۇيۇ، ئوبۇلسەلىم مۇبارەك، جاڭ شىنيۇڭ، چېن خۇڭكۇي، تاڭ لىن، خۇاڭ جيەنكۈن، ۋاڭ گويۈەن، زېي لەنچاۋ، خەي يەن (ئايال)، جيا دېمىن، لى شياۋلۇڭ.

يۈ جىنخۇا

## مەشئەل يەتكۈزۈش مۇراسىمى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 3 قېتىم مەشئەل يەتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئولىمپىك يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش بويىچە مەشئەل يەتكۈزۈش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ھەر ساھە زاتلىرىدىن 1000دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

21 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مەشئەل يەتكۈزۈش مۇراسىمى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى، مەشئەلنى تاپشۇرۇش - تاپشۇرۇۋېلىش ۋە يەتكۈزۈش مۇراسىمغا 5000 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىلى قاتناشتى.

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ «يېڭى دەۋرگە يۈرۈش قىلىش» بويىچە بېك لوڭقىسىنىڭ مەشئەل يەتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى مەشئەل يەتكۈزۈش بويىچە يولغا قويۇش مۇراسىمى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق سارىيىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى، 1200 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى، ئوقۇغۇچى مەشئەل يەتكۈزۈش بويىچە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشكە قاتناشتى.

يۈ جىنخۇا

## شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى

ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدا باشلاندى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىگە ئۇل قويدى. ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بېيجىڭ يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن كۆلىمى تەخمىنەن 25.67 گېكتار، بۇنىڭغا جەمئىي 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 يىلدا پۈتتۈرۈلمەكچى. تەنتەربىيە مەركىزى ئىچىدە تەنتەربىيە سارىيى، تەنتەربىيە مەيدانى، ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيى، چويلا توپ مەيدانى قاتارلىق بىر يۈرۈش تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى بولىدۇ.

جىن خۇا

## لى جىجيەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى جىجيەن قاتارلىق 6 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى، 2 - چوڭ ئەترەت، بوكس ھەرىكىتى مەركىزى، چېلىشىش-ئوقيا ئېتىش مەركىزى، بۇرۇنقى قارىغا ئېتىش مەيدانىنىڭ تۈزۈلۈشى، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى، تەبىئىي مۇز مەيدانىنىڭ مۇھىتى، يېڭەنكۆل كىچىك رايوندىكى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق يولى ۋە نەنسەن چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شۇجى لى جىجيەن «بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە تەجرىبىلىرى توغرىسىدا دوكلات» بەردى. شۇجى لى جىجيەن كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ تەنتەربىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆچى، بولۇپمۇ ئۇستۇنلۈككە ئىگە تۈر — بوكسنىڭ يۇقىرى

كۈچى ناھايىتى زور ئىكەن دېگەن قاراشقا كەلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار لى جىجيەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. لى جىجيەن قاتارلىقلار يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر، ئىلى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

يۈ جىنخۇا

# ماھارەت تەنتەربىيىسى

## خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىن 7 مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى چېلىشىش، بوكس، ئوقيا ئېتىش، قۇملۇق ئاياللار ۋالىبولى قاتارلىق تۈرلەردىكى خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 2 سى چېمپىيون، 2 سى ئىككىنچى، 3ى ئۈچىنچى بولدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ئەكرەم ئىسھاق 60 كىلوگراملىقلار، ئابدۇراخمان ئابلىكىم 75 كىلوگراملىقلار، ئابدۇشۈكۈر مىجىت 90 كىلوگرامدىن يۇقىرىلار بويىچە 3 - بولدى.

چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىدىن ئېلىنۇر 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بويىچە چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا قەدىمكى چېلىشىشنىڭ 58 كىلوگراملىقلار دەرىجىسىدە 2 - بولدى.

ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۈ خەيفېڭ 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە چاۋشيەننىڭ پيوڭياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 110 ھالقا ۋە 643 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئولىمپىكنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى ۋە 70 مېتىرلىق جۈپ ئايلىنىش مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت 2 تۈردە چېمپىيون بولدى.

ئاياللار قۇملۇق ۋالىبول تەنھەرىكەتچىسى فۇ لىڭلى، لەن خۇڭلار 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە گۇاڭدۇڭنىڭ ماۋمىڭ دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئاياللار قۇملۇق ۋالىبول ئاشكارا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 25 - بولدى.

ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۈ خەيفېڭ شياڭگاڭغا بېرىپ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن 12 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندا، جۇڭگو كوماندىسىدىكى سەپداشلىرى چېن خۇڭيۈەن، يۈاڭ فۇجۈنلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، 208 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ 2 - بولدى.

يۈ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەنتەربىيە كوماندىلىرى، تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە يېتىلگەنلەر، ياشلارنىڭ رەسمىي مۇسابىقىلىرىدە (جۈملىدىن 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا) 7 تۈردە 1 -، 15 تۈردە 2 -، 6 تۈردە 3 -، 8 تۈردە 4 -، 13 تۈردە 5 -، 5 تۈردە 6 -، 4 تۈردە 7 -، 2 تۈردە 8 - بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم بىر قېتىم بىر تۈردە دۇنيا رېكورتىدىن ئېشىپ كەتتى، بىر ئادەم بىر قېتىم بىر تۈردە مەملىكەتلىك ياشلار رېكورتىنى بۇزدى (9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئەھۋالىغا قارالسۇن)، 8 كوماندا، 16 ئادەم 26 تۈردە 33 قېتىم ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى، بىر ئادەم بىر تۈردە بىرقېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ ياخشى نەتىجە ياراتتى. يېنىك ئاتلېتىكا، تېز تېيىلىش، ئەر-ئايال قۇملۇق ۋالىبول كوماندىلىرى، ئاياللارنىڭ قارىغا ئېتىش بەنى قاتارلىق 5 كوماندا ۋە چېن فاڭ، دۇ شىن، لياڭ تاۋ، غالىبجان، ليۇ خەنبىن، جاڭ خۇڭمېي، چېن سۇشىن، ما لىڭ، سۇن لېمياۋ، گۇەن يۈەنيۈەن، زو ۋېنخۇڭ، لى ۋېنجېي، شىرزات، لو فاپىڭ، نۇرسانگۈل، فۇ چىنچىن، شۈ خەيفېڭ، نۇرمۇھەممەت، لەن خۇڭ، لى چاڭيۇ، جيكىس، ئەنۋەر قاتارلىق 25 ئادەم (قېتىم) تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا (9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېرىشتى. قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى زو ۋېنخۇڭ شىجياجۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 598 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ كىچىك كالىبىرلىق مىلتىقتا يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئوق ئېتىشتى بويىچە دۇنياۋى رېكورتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئېلىنۇر (چېلىشىش) بىلەن كۆلڭ فەنمېي (تېز تېيىلىش) ماھىر دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلىككە تەستىقلاندى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى 10 ترېنېرنى مەملىكەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسى ۋە دۆلەت دەرىجىلىك ترېنېر ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىن خۇاڭ لى (بىرىدژ قارتى)، بەن جىچاڭ (موتوسىكلىت)، خەن تيېخۇڭ

(سۇ ئۈزۈش)، ئەنجىيا جىجياڭ (سۇ ئۈزۈش)، لىيۇ جۇاڭ (قۇتقۇزۇش)، شياۋ جۈن (قۇتقۇزۇش)، لى چيەن (قۇملۇق ۋالىبولى) ۋە خەن شۇاڭجياڭ (پەي توپ) قاتارلىق 8 كىشى «دۆلەت دەرىجىلىك تىرېنېر» لىققا تەستىقلاندى. جاڭ شياۋلۇن بىلەن چياۋ چىڭجۇەنگە «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تىرېنېر» دېگەن نام بېرىلدى. لى بو، ۋاڭ يىمىنلار مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مۇسابىقە باشقۇرۇش خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

يۈ جىنخۇا

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك چوڭلار ۋە ياشلار رەسمىي مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 1 ـ لىكتىن 8 ـ لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېلمنۇر | ئەر | 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 8 — 12 ـ كۈنلىرى | خېنەن خېيكۇ | قەدىمچە چېلىشىش | | 1 |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 16 — 17 ـ كۈنلىرى | جىنەن | F2B | 6499.5 نومۇر | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە | 5 بېكەت | 80CC | 125 نومۇر | 1 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە | 5 بېكەت | 125CC | 106 نومۇر | 1 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە | 5 بېكەت | كوللېكتىپ 125CC | 178 نومۇر | 1 |
| زاھىر | ئەر | | | | | | |
| فۇ لىڭلى | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسى | 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە | 8 بېكەت | قۇملۇق ۋالىبولى | 1232 نومۇر | 2 |
| لەن خۇاڭ | ئايال | | | | | | |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يېنىك ئاتلېتىكا تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 14 — 17 ـ كۈنلىرى | باۋدىڭ | چويۈن توپ | 18.95 مېتىر | 2 |
| نۇرمۇھەممەت | ئەر | 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يېنىك ئاتلېتىكا تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 14 — 17 ـ كۈنلىرى | باۋدىڭ | دىسكا | 58.36 مېتىر | 2 |
| زو ۋېنخۇاڭ | ئايال | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى | شىجياجۇاڭ | 3×20 | 581 ھالقا | 2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ جيېڭاڭ<br>ئەنۋەر<br>جاۋ لىتاۋ | ئەر | مەملىكەتلىك تاشيولدا ۋېلسىپىت مىنىش بويىچە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى | چىنخۇاڭداۋ | كوللېكتىپ 82.5 كىلومېتىر | "6:34'13 | 2 |
| شىرزات<br>ۋاڭ چاۋ<br>تيەن جۈڭۋې | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى | كۈنمىڭ | يەل تاپانچا بىلەن 10 مېتىرغا كوللېكتىپ 60 پاي ئېتىش | 1733 ھالقا | 2 |
| زايىر | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | 125CC | 81 نومۇر | 2 |
| ئەكبەر<br>پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | كوللېكتىپ 125CCA | 79 نومۇر | 2 |
| ئەكبەر | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | 250CC | 94 نومۇر | 2 |
| ئەكبەر<br>پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | كوللېكتىپ 250CC | 115 نومۇر | 2 |
| چېن فاڭ | ئايال | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە | چېڭدۇ | 1500 مېتىر | 4'20"57 | 3 |
| تۆلەۋقان سىئېنقان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە | شىئەن | 91 كىلوگرامدىن يۇقىرى | | 3 |
| شۆ خېيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى | گۇاڭجۇ | تاللاش مۇسابىقىسى | 110 ھالقا | 3 |
| خەن شىنپىڭ<br>شيا شياۋچياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى | جىنەن | سىم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ مۇسابىقە | 6 نومۇر | 3 |
| چېن فاڭ | ئايال | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە | چېڭدۇ | 800 مېتىر | 2'03"85 | 4 |
| شياۋ يۈگۈي | ئايال | مەملىكەتلىك مارافونچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى | جىنەن | مارافونچە | "2:36'46 | 4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| زو ۋېنخۇاڭ<br>لى فا<br>گۇەن يۇەنيۇەن | ئايال | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | شىجياجۇاڭ | 10 مېتىرغا مىلتىق بىلەن 40پاي ئېتىش كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 1179 ھالقا | 4 |
| شىرزات<br>ۋاڭ چاۋ<br>تيەن جۇگۇيى | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | كۇنمىڭ | 60 پاي تاپانچا ئېتىش كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 1654 ھالقا | 4 |
| ۋاڭ شىنخۇا<br>تاۋجۇن<br>دېڭ لىبى | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى | جىنەن | كوللېكتىپ S6A | 987 نومۇر | 4 |
| تۇڭ دي<br>خې خەيجياڭ<br>ۋېن لىجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى | جىنەن | ئەركىن ئۇچۇرۇش ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 3682 نومۇر | 4 |
| ئەكبەر | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | 125CCA | 57 نومۇر | 4 |
| جۇن جۇاڭ<br>جۇ شياۋجۇن<br>شۆ خەيفېڭ<br>جى يۇڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش بويىچە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى ۋۇمىڭ | كوللېكتىپ تاللاش مۇسابىقىسى | 232 ھالقا | 5 |
| ياڭ جيېفاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تاشيولدا ۋېلسىپىت مىنىش بويىچە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى | چىڭخۇاڭداۋ | شەخسلەر 82.5 كىلومېتىر | 2:10′37″ | 5 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك ۋېلسىپىت مىنىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى | خېنەن | شەخسلەر 180 كىلومېتىر | 4:20′00″ | 5 |
| خې خەيجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى | جىنەن | F1B | 1290 نومۇر | 5 |
| شيا شياۋچياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى | جىنەن | F2D | بىر قېتىم ئۇتتى، ئىككى قېتىم ئۇتتۇردى | 5 |
| پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | 250CC | 38 نومۇر | 5 |
| نۇرتاي زاكىر | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە | شىئەن | 71 كىلوگراملىقلار | | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەڭلىك | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | شەندۇڭ | 91 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | شەندۇڭ لەيۇ | تاللاش مۇسابىقىسى | 106 ھالقا | 6 |
| تۇڭ دې | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى | جىنەن | F1A | 1252 نومۇر | 6 |
| پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە | 5 بېكەت | 125CCA | 22 نومۇر | 6 |
| شۆ خەيفېڭ<br>جى يۇڭ<br>چۇ يۇڭ<br>جۇن جۇاڭ | ئەر | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوقيا ئېتىش تەييارلىق مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | شەندۇڭ لەيۇ | كوللېكتىپ تاللاش مۇسابىقىسى | 232 ھالقا | 6 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى | گۇاڭجۇ | رەتكە تۇرغۇزۇش مۇسابىقىسى | 641 ھالقا | 7 |
| لى ۋېنجيې | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش چانا مۇسابىقىسى (2 - بېكەت) ۋە مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى | شېنياڭ | يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئېتىش | 593 ھالقا | 7 |
| شىرزات | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى | كۇنمىڭ | شەخسلەر 10 مېتىرغا يەل تاپانچا بىلەن 60 پاي ئېتىش | 674.5 ھالقا | 7 |
| ئەخمەت | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلارنىڭ رۇداۋچە چېلىشىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە | شىخەنزە | 100 كىلوگرامدىن يۇقىرى | | 8 |
| نۇرمۇھەممەت | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلارنىڭ رۇداۋچە چېلىشىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە | شىخەنزە | پەرقسىز | | 8 |

## ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا، تېز تېيىلىش، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، خەلقئاراچە چېلىشىش، بوكس، ۋاسكىتبول، تىكتاك توپ، ۋالىبول، رۇداۋچە چېلىشىش، پۇتبول، سۇ ئۈزۈش ۋە پۇتلاپ - مۇشتلاپ يېقىتىش قاتارلىق 13 تۈر بويىچە 15 قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا 3200 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 8 ئادەم 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 6 كوماندىدىن 22 ئادەم 15 تۈردە ئاپتونوم

رايون رېكورتىنى 42 قېتىم بۇزدى. ئۈرۈمچى شەھىرى 2397 نومۇر بىلەن 1 -، ئىلى 5، 1277 نومۇر بىلەن 2 -، قەشقەر 1231 نومۇر بىلەن 3 -، بايىنغولىن 4 -، ئاقسۇ 5 -، شىخەنزە 6 - بولدى (پۇتبول مۇسابىقىسى ۋە تىكتاك توپ دەرىجە مۇسابىقىسى بۇنىڭ سىرتىدا).

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر تېز سۇرلەتلىك مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە بوغدا كۆلىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 21 كوماندىدىن 133 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالتاي كوماندىسى 1 -، سانجى كوماندىسى 2 -، تارباغاتاي كوماندىسى 3 - بولدى، بۆرچىن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە 1 -، بىيتۇن مەكتەپ كوماندىسى باشلانغۇچ مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق «داملىق كانچىلىق لوگفىسى» تىكتاك توپ دەرىجە مۇسابىقىسى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. قاراماي، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى 45 كوماندا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەر - ئايال كوللېكتىپ ۋە يەككە ئويناش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى. 16 تەنھەرىكەتچى دۆلەت تىكتاك توپ جەمئىيىتى ئېلان قىلغان ئىشتىن سىرتقى 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ رۇداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، شىخەنزە، قۇمۇل، سانجى، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىنىڭ 157 ئەر - ئايال تەنھەرىكەتچىسى 15 دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. كوللېكتىپ بويىچە قەشقەر 1 -، ئۈرۈمچى 2 -، ئىلى 3 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 26 ئەر - ئايال كوماندىسى قاتناشتى. 107 مەيدان مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق، بايىنغولىننىڭ ئەر، ئايال كوماندىلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست گۇرۇپپىسى بويىچە چېمپىيون، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوتتۇرا مەكتەپلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئەرلەر ۋاسكىتبولىدا چېمپىيون بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ «سانجى قورۇلۇش لوگفىسى» بوكس مۇسابىقىسى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە سانجى شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 162 تەنھەرىكەتچىسى A، B گۇرۇپپىلار بويىچە 19 دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە ئىلى 1 -، قەشقەر 2 -، ئۈرۈمچى 3 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەدىمچە، ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونى، مارالبېشى ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسىدىكى 4 چېلىشىش بازىسىدىن 291 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئالتۇن مېدال شەرەپ تاختىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرى 1 -، قىزىلسۇ ئوبلاستى 2 -، ئىلى ئوبلاستى 3 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، بايىنغولىن، ئۈرۈمچىدىن 49 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 16 كوماندا قاتناشتى. 9 كۈندە 64 مەيدان جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى كوماندىسى 1 -، ئالتاي كوماندىسى 2 -، قەشقەر كوماندىسى 3 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تىكتاك توپ مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 23 كوماندىدىن 278 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 138 مەيدان كوللېكتىپ، 271 مەيدان يەككە مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە بايىنغولىن 1 -، ئۈرۈمچى 2 -، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتى 3 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭدا ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 500 گە يېقىن تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، 5 كوماندىدىن 20 ئادەم 12 تۈردە 26 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋالېبول مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 10 ئەر - ئايال كوماندىسى قاتناشتى. ئەرلەر كوماندىسى بويىچە ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى؛ ئاياللار كوماندىسى بويىچە قەشقەر، ئىلى، ئاقسۇ

ئالدىنقى 3 ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە كۈيتۇڭدا ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 106 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، بىر ئادەم 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتــى باشقۇرغان، جۇڭگو كۆچمە ئالاقە شىركىتىنىڭ خوتەن شۆبە شىركىتى مەبلەغ چىقىرىپ ھەمكارلاشقان شىنجاڭ 6 ـ نۆۋەتلىــك «پۇتبول جەمئىيىتى لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە خوتەندە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بولۇپ 10 پۇتبول كوماندىسى قاتناشتى. 27 مەيدان مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى 1 ـ، يېپەك يولى كوماندىسى 2 ـ، مايتاغ كوماندىسى 3 ـ بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، تۆمۈريول تەنتەربىيە جەمئىيىتى، قۇمۇل، ئۈرۈمچىدىكى 6 كوماندىدىن 112 تەنھەرىكەتچى 21 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە ئۈرۈمچى كوماندىسى 1 ـ، تۆمۈريول تەنتەربىيە جەمئىيىتى2ـ، ئاقسۇ كوماندىسى 3 ـ بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پۇتلاپ ـ مۇشتلاپ يېقىتىــــش مۇسابىقىسى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىــقىـــگە قەشقەر، ئاقسۇ، تارباغاتاي، بايىنغولىن، ئىلى، قاراماي، تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىرقانچە ساغلاملىق مەيدانى، بىگتۈەن تەنتەربىيە مەكتىپى قاتارلىق 18 كوماندىدىن 235 تەنھەرىكەتچــى قاتناشتــــى. ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە ئۈرۈمچى 1 ـ، شىخەنزە 2 ـ، قەشقەر 3 ـ بولدى.

يۇ جىنخۇا

## 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 25ـ كۈنىگىچە گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلدى. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 79 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، بوكس، قوللۇق ۋالىبولى، تېز سۈرئەتلىك مۇز تېيىلىش، قىسقا مۇساپىلىك تېز تېيىلىش، ئات ئويۇنى، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، ۋېلىسىپىت مىنىــــــش، چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، پۇتلاپ ـ مۇشتلاپ يېقىتىش، چامباشچىلىق قاتارلىق 13 چوڭ تۈردىكى 73 كىچىك تۈردە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 2 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئېلىپ، جەمئىي 163 نومۇرغا ئېرىشىپ، 45 ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە ئالتۇن مېدال رويخېتىدە 26 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى ھەمدە تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئابدۇراخمان بوكىستا، جېگىس ئات ئويۇنىدا چېمپىيون بولدى؛ ئابدۇشۈكۈر بوكىستا، نۇرمۇھەممەت دېسكا ئېتىشتا، لــــى چاگيۇ تېز تېيىلىشتا 2 ـ بولدى، ئات ئويۇنى كوماندىسى ئۇسۇللۇق مىنىش ۋە توساقتىن ئاتلاشتا 2 ـ بولدى؛ ئەكرەم بوكىستا، ئېلنۇر چېلىشــــتا 3 ـ بولدى. نۇرمۇھەممەت 62.36 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ دېسكا ئېتىش بويىچە 60.86 مېتىرلىق مەملىكەتلىك ياشلار رېكورتىنى بۇزدى. يېنىك ئاتلېتىكا، تېز تېيىلىش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ قوللۇق ۋالىبول كوماندىلىرى ۋە لەن خۇلىڭ، نۇرمۇھەممەت، لـــى چاگيۇ، جېگىس، شۆ خەيفېڭ، ئەنۋەرلەر تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۇ جىنخۇا

شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 1 ـ لىكتىن 8 ـ لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە ۋاقتى | مۇسابىقە ئورنى | قاتناشقان مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇراخمان ئابلىكىم | ئەر | 10.28 — 11.7 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 75 كىلوگراملىق | | 1 |
| جېگىس | ئەر | 11.6 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىــــدا توساقتىــــن ئۆتۈش | جازا نومۇرى يوق | 1 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇشۈكۈر مىجىت | ئەر | 28.10 — 7.11 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 91 كىلوگرامدىن يۇقىرى | | 2 |
| نۇرمۇھەممەت | ئەر | 13.11 — 17 | گۇاڭجۇ | دىسكا ئېتىش | 62.36 مېتىر | 2 |
| لى چاڭيۇ | ئەر | 18.10 — 21 | خاربىن | تېز سۈرئەتلىك مۇز تېيىلىش بويىچە ئومۇمىي ماھارەت | 163.149 نومۇر | 2 |
| جېڭىس | ئەر | 6.11 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىدا تۇساقتىن ئۆتۈش بويىچە كوللېكتىپ مۇسابىقە | ئومۇمىي جازا نومۇرى 25 | 2 |
| نۇرئەخمەت | ئەر | | | | | |
| دولقۇن | ئەر | | | | | |
| جانارگۈل | ئايال | | | | | |
| پەرىدە | ئايال | 6.11 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىدا ئۇسۇللۇق مېڭىش بويىچە كوللېكتىپ مۇسابىقە | 913.01 نومۇر | 2 |
| ليۇ لىنا | ئايال | | | | | |
| ليۇ جۈڭ | ئەر | | | | | |
| جى دېشىڭ | ئەر | | | | | |
| ئەكرەم ئىسھاق | ئەر | 28.10 — 7.11 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 60 كىلوگراملىق | | 3 |
| ئېلنۇر | ئەر | 12.11 — 18 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | قەدىمچە چېلىشىش 58 كىلوگرام | | 3 |
| ليۇ لىنا | ئايال | 6.11 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىدا ئۇسۇلۇق مېڭىش | 267.14 نومۇر | 4 |
| ئابدۇرۇسۇل روزى | ئەر | 28.10 — 17.11 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 60 كىلوگراملىق | | 5 |
| نۇرتاي زاكىر | ئەر | 28.10 — 7.11 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 71 كىلوگراملىق | | 5 |
| تۆلەۋقان سىيىتقان | ئەر | 28.10 — 7.11 | گۇاڭدۇڭ جاۋچىڭ | بوكس 91 كىلوگرامدىن يۇقىرى | | 5 |
| نۇرئەخمەت | ئەر | 6.11 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىدا تۇساقتىن ئۆتۈش | | 5 |
| لى نا | ئايال | 17.11 | گۇاڭجۇ | يەل مىلتىقتا 40 پاي قارىغا ئېتىش | 498.3 ھالقا | 5 |
| پەرىدە | ئايال | 6.11 — 11 | گۇاڭجۇ | ئات ئويۇنىدا ئۇسۇللۇق مېڭىش | | 6 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | 19.11 | شېنجېن لۇڭگاڭ | ۋېلسىپىت، تاغلىق ئاپتوموبىل دالا مۇسابىقىسى | 2:24:38.059 | 7 |

**مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسى ۋە 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ سالاھىيەت مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى) ئەھۋالى**

بۇ مۇسابىقە 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئالتۇن ساھىلدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 15 ئورۇندىن كەلگەن 49 كوماندىنىڭ 98 تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى. 94 مەيدان جىددىي مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق، ئەرلەر بويىچە شاڭخەي 2 ـ كوماندىسى 1 ـ، شاڭخەي 1 ـ كوماندىسى 2 ـ، جياڭسۇ 1 ـ كوماندىسى 3 ـ بولدى؛ ئاياللار

بويىچە شىنجاڭ 1 - كوماندىسى 1 -، جياڭسۇ 2 - كوماندىسى 2 -، سەنشى 1 - كوماندىسى 3 - بولدى. بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ۋالىبول باشقۇرۇش مەركىزى باشقۇردى، ئۇنى ئۆتكۈزۈشنى شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالدى.

ۋاڭ يىمىن

## دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەرنىڭ تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولى ۋېلىسىپىت كۈچ سىنىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە 4 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. كورلىدىن چىقىپ، جەنۇبىي بوگۇر، ئوتتۇرا تارىمدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا نىيە ناھىيىسىگە باردى، ئومۇمىي مۇساپىسى 522 كىلومېتىر. تەيۋەن، بېيجىڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن 81 تەنھەرىكەتچى كەسپىي گۇرۇپپا ۋە ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپىنىڭ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 4 كۈنلۈك جىددىي مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدە تەيۋەن 1 -، شەندۇڭ 2 -، شىنجاڭ 3 - بولدى، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدە ئالدىنقى 1 - لىكتىن 5 - لىككىچە ئورۇننى تەيۋەن ماھىرلىرى ئىگىلىدى، شىنجاڭ ماھىرى سۇڭ ۋېي 6 - بولدى، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، شىنجاڭ سانجى ۋە بايىنغولىن تەنھەرىكەتچىلىرى ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپىنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدە 1 - چىلىكتىن 6 - چىلىككىچە ئورۇننى ئىگىلىدى. مۇسابىقىنى شىنجاڭ تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى، گۇاڭدۇڭ تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى ۋە شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىكتە باشقۇردى.

ۋاڭ يىمىن

## مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول A، B بىرلەشمە مۇسابىقىسى (ئۈرۈمچى مۇسابىقە رايونى)

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پوچتا - تېلېگراف تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ساھىبخان كوماندىسى 89 : 88 دىن ئىبارەت بىر نومۇر پەرقى بىلەن مېھمان كوماندا — شەنشى دۆڭشېڭ كوماندىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويدى، شەنشى كوماندىسى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلدى. بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ۋاسكېتبول باشقۇرۇش مەركىزى باشقۇردى، ئۇنى ئۆتكۈزۈشنى شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ ۋاسكېتبول جەمئىيىتى ۋە «گۇاڭخۇي» ئەرلەر ۋاسكېتبول كۇلۇبى ئۈستىگە ئالدى.

شياۋ يۇ

## شىنجاڭ تىكتاك توپ مەشىق كوماندىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتا تەشكىللەندى

2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى شىنجاڭ تىكتاك توپ مەشىق كوماندىسىنىڭ رەسمىي تەشكىللەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ كوماندىنىڭ ئەزاسى 20 بولۇپ، ئۇنى باشقۇرۇشقا تەنتەربىيە مەشىق 1 - كوماندىسى مەسئۇل بولدى. بىر يىل يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇنەۋۋەرلىرى تاللىنىپ، داۋاملىق مەشىق قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. چەت ئەللەردە كۆپ يىل تربېنېرلىق قىلغان سابىق شىنجاڭ تىكتاك توپ كوماندىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى گاۋ خۇڭجۈەن باش تربېنېرلىققا تەكلىپ قىلىندى.

لۇڭ جيەنگۈي

## بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى جەھەتتىن قوللاندى

2001 - يىل 5 -، 6 - ئايلاردا شىنجاڭدا بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى جەھەتتىن قوللاش قىزغىنلىقى قوزغالدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 16 تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى (15ى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك)، 35 يەككە تۈر جەمئىيىتى ۋە 14 ساھەلەر جەمئىيىتى جەمئىي 300 نەچچە قېتىم پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغان، بۇنىڭغا 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشقان.

5 - ئايدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىدىن 500ى 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 36 لوزۇنكىغا «مەركەزدىكى ئولىمپىك مۇسابىقىسى» نامىلىق رەسىم سىزدى؛ 138 كوماندىدىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان «بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى قوللاش بويىچە ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى؛ ھەر ساھە ئاياللىرىدىن 3800ى قاتناشقان «يېڭى ئەسىر، يېڭى ئاياللار، ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى قوللاش» نامىلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ۋە باشقىلار. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى «ھاياتنى قەدىرلەپ، زەھەرنى رەت قىلىپ، تەن ساغلاملىقنى ئاشۇرۇپ، ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى قوللايلى» دېگەن تېمىدا «ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئومۇمىي خەلق

سافلاملىق پائالىيىتىنى قوزغاش مۇراسىمى» ۋە «ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۈز مىليونلىغان پاشانغانلارنىڭ سافلاملىق پائالىيىتىنى قوزغاش مۇراسىمى» ئۆتكۈزدى، مۇراسىمغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشتى.

شياۋ يۇ

## دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەنتەربىيە تېخنىكىسى ئارقىلىق غەربىي رايونغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ھەرىكەت مېدىتسىنىسى مۇتەخەسسىسى يالڭ زىيى (بېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى تەنتەربىيە دوكتورى) ۋە بېيجىڭ تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تيەن مەيجيۇ 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مېھمانخانىسىدا مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى، 170 نەپەر تەنتەربىيە خىزمەتچىسى دەرس ئاڭلاپ ئۆگىنىش قىلدى.

جۇڭگو پۇتبول جەمئىيىتىنىڭ غەربىي رايونغا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە C دەرىجىلىك پۇتبول ترېنېرلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. جۇڭگو پۇتبولچىلار جەمئىيىتى 2 لېكتور ئەۋەتىپ، ئاسىيا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ C دەرىجىلىك دەرسلىكىگە ئاساسەن، كۇرستىكى كۇرسانتلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تەربىيىلىدى. كۇرسنىڭ مۇددىتى بىر ھەپتە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 44 ترېنېر قاتناشتى. ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارغا جۇڭگو پۇتبولچىلار جەمئىيىتى ۋە ئاسىيا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى C دەرىجىلىك ترېنېر گۇۋاھنامىسى بەردى.

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ كەسپىي سىنىپلىرى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆنيا تىكتاك توپ چېمپىيونى تېڭ يى، ۋاڭ تاۋلارنى تەربىيىلەپ چىققان سابىق «1 - ئاۋغۇست» كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرى خەن جۇڭتىنى ترېنېرلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى دەرس باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى.

جىن خۇا

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەربىيىلىنىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى 6 تەنتەربىيە مەكتىپىگە يېڭىدىن 973 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىگە 150، ئاقسۇ تەنتەربىيە مەكتىپىگە 170، ئىلى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 70، سانجى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 130، ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 198، ش ئۇ ئا ر ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىگە 255 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە بىر تۈردە چېمپىيون، 8 تۈردە 2 -، 7 تۈردە 3 -، 2 تۈردە 2 -، 8 تۈردە 5 -، 4 تۈردە 6 -، 3 تۈردە 7 -، 5 تۈردە 8 - بولدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭنىڭ 20 تەنھەرىكەت تۈرىدە جەمئىي 801 ترېنېر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىسىنىڭ 55، تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ 143، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرىنىڭ 146، ناھىيە دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ 272، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەنئەنىۋى تۈردىكى مەكتەپلەرنىڭ 185. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر بار كەسپىي تەنھەرىكەتچى 153، يىل بويى مەشىق قىلىدىغان ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچى 11 مىڭ 148. بۇنىڭ ئىچىدە تەنتەربىيە مەكتىپىدىكىلەر 1556، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەنتەربىيە مەكتىپىدىكىلەر 1813، ناھىيە دەرىجىلىك تەنتەربىيە مەكتىپىدىكىلەر 5854، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەنئەنىۋى تۈردىكى مەكتەپتىكىلەر 1925.

1995 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە شىنجاڭدىن 98 ترېنېر دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى تۈر مەركەزلىرى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ترېنېرلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلى پىلان بويىچە ۋاسكېتبول، يېنىك ئاتلېتىكا، رۇداۋچە چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردىكى 24 ترېنېر دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئاچقان تۈرلۈك يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىغا ئەۋەتىلدى، ئۇلار لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

فۇ جيەنپىڭ

## مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىنىڭ ئەھۋالى

2001 - يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى 17 ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، شىنجاڭدا يەنە 2 - تۈركۈمدە مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىدىن 15نى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. ئۇلار: بۆرچىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ئالتاي شەھەرلىك

تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ساۋەن ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى، مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، كورلا شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، مىچۈەن شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ئارشاڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى، فۇكاڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، غۇلجا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ئىلى تەنتەربىيە مەكتىپى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت قورغان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەنتەربىيە كۇلۇبى 32 بولدى.

فۇ جيەنپىڭ

# ئاممىۋى تەنتەربىيە

## ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى تەنتەربىيە بايرىمى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەتىش توغرىسىدىكى قارار»ىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، 2001 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بويىچە تەنتەربىيە بايرىمى قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بويىچە تەنتەربىيە بايرىمى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي مۇسابىقە مەيدانى تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى ئاساس قىلىندى. يەنە تەنتەربىيە ساياھىتى، ساغلاملىق مەسلىھەتچىلىكى، ساغلاملىق مۇھاكىمە يىغىنى، چوڭلارنىڭ بەدەن ساپاسىنى ئۆلچەپ بېكىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. تەنتەربىيە بايرىمى مەزگىلىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە يەككە تۈردىكى مۇسابىقە جەمئىي 87 قېتىم، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيىتى 189 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، يېزا - بازارلار، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى 317 قېتىم مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 24 تەنتەربىيە جەمئىيىتى 31 قېتىم ساغلاملىق گىمناستىكىسى، قىشلىق سۇ ئۈزۈش، چامباشچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ما شىپىڭ

## مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مىليونلىغان ئايالنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مىليونلىغان ئايالنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسى 2001- يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىجياجۇاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەرنىڭ 1280 تەنھەرىكەتچىسى 11 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى، قاراماي، بېشبالىقتىن ئىبارەت 3 شەھەر، ناھىيىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، شىبە، خەنزۇدىن ئىبارەت 4 مىللەتنىڭ 37 ئادىمىدىن تەشكىل تاپقان. تەنھەرىكەتچىلەر تەيجى گۇڭپۇسى، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، ۋاراتا توپى ۋە دارۋازلىقتىن ئىبارەت 4 تۈرگە قاتناشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 2 ئالتۇن، بىر كۈمۈش، 2 مىس مېدال ئالدى ۋە بىر تۈردە 5 - بولدى. تەيجى گۇڭپۇسى مۇسابىقىسىدە چېن گۈيشياڭ 8.71 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن 24 ھەرىكەتلىك تەيجى گۇڭپۇسىدا ئالتۇن مېدال، 8.66 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن 42 ھەرىكەتلىك تەيجى گۇڭپۇسىدا كۈمۈش مېدال ئالدى؛ جۇ مىڭ 42 ھەرىكەتلىكتە 5 - بولدى. ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى كوماندىسى 18.72، 18.68 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن بەلگىلەنگەن مەشغۇلات ۋە ئۆزى تاللىغان مەشغۇلاتنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدە 2 مىس مېدال ئالدى. ئايال دارۋازلار مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى (بىر ئالتۇن مېدال قوشۇپ ھېسابلاندى) غا ئېرىشتى. ۋاراتا توپى كوماندىسى

كوللېكتىپ مۇسابىقىدە 9 - بولدى. ھەمدە تەنتەربىيە ئەخلاق-پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى» بېرىلدى.

خۇ خۇا

## تۇنجى نۆۋەتلىك مەھەللە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، كۈيتۇڭ، سېجۇەن، بورتالا، سانجى شەھەرلىرى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، يىڭتۇەن 13-شى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 29 مەھەللە كوماندىسىنىڭ 200 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچىسى تىكتاك توپ، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارا شاھمات تۈرلىرىدىكى 10 ئالتۇن مېدالنى تالىشىشقا قاتناشتى. ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە قاراماي 1 -، قۇمۇل 2 - بولدى. تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە ئەرلەر كوللېكتىپى بويىچە قاراماي 1 -، ئۈرۈمچى 2 -، قۇمۇل 3 -، ئاياللار كوللېكتىپى بويىچە قۇمۇل 1 -، قاراماي 2 -، ئۈرۈمچى 3 - بولدى. خۇ مىڭ، جەن خېجۇنلەر (قارامايدىن) ئەرلەرنىڭ جۈپ ئويۇنشى بويىچە، جاڭ يەن، جاڭ شۈمېيلەر (قارامايدىن) ئاياللارنىڭ جۈپ ئويۇنشى بويىچە چېمپىيون بولدى. خۇاڭ شۈن (قارامايدىن) ئەرلەرنىڭ تاق ئويۇنشى بويىچە، جاڭ شۈمېي (قارامايدىن) ئاياللارنىڭ تاق ئويۇنشى بويىچە چېمپىيون بولدى. جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ بويىچە قاراماي 1 -، كۈيتۇڭ 2 -، قۇمۇل 3 -. شۈ ۋېنچياڭ (قارامايدىن) تاق ئويناش بويىچە چېمپىيون بولدى. خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ بويىچە قۇمۇل 1 - كوماندىسى 1 -، قۇمۇل 2 - كوماندىسى 2 -، ئۈرۈمچى كوماندىسى 3 -. سايىت (قۇمۇلدىن) تاق ئويناش بويىچە چېمپىيون بولدى.

خەي يەن

## ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن23-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن، تۆمۈريول قاتارلىق 7 ساھە تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبەدىن ئىبارەت 7 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 24 كوماندىسىدىكى 1400 تەنھەرىكەتچى ۋاراتا توپى، تىكتاك توپ، چويلا توپ، بىليارت، دومىلاتما توپ، ساغلاملىق توپى - ساغلاملىق گىمناستىكىسى، تەيجى گۇڭفۇسى، بېلىق تۇتۇش، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارا شاھماتتىن ئىبارەت 10 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى 80 ياش. ئومۇمىي نومۇردا كوللېكتىپ بويىچە ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1 -، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2 -، قاراماي ۋەكىللەر ئۆمىكى 3 - بولدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ئوبلاستلىق 1 - كوماندا، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئىبارەت 5 ۋەكىللەر ئۆمىكى تەنتەربىيە ئەخلاق-پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئادەم سانى ۋە مۇسابىقە تۈرى جەھەتتە ئۆتكەندىكى ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قارىغاندا ئەڭ كۆپ بولغان مۇسابىقە بولدى.

لى گۇاڭخۇي

## 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى CUBA (غەربىي شىمال مۇسابىقە رايونى) ئەھۋالى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف تەربىيىلەش مەركىزى، سانجى «تۇنخې» تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 16 كوماندىسىدىن 192 تەنھەرىكەتچى (96 ئەر، 96 ئايال) قاتناشتى. شىنجاڭدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى بىلەن شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى قاتناشتى. ئەرلەر كوماندىسى بويىچە تەييۈەن تېبشىي پەن - سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى 1 -، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2 -؛ ئاياللار كوماندىسى بويىچە چىڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - بولدى. بۇ 3 كوماندا پۈل چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، 2002 - يىل 5 - ئايدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ.

شى چېڭۇېن

## شىنجاڭ ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئالىي مەكتەپ گۇرۇپپىسىنىڭ مۇسابىقىسىگە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، سانجى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا

ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ۋە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت 12 كوماندىنىڭ 271 تەنھەرىكەتچىسى (ئەر 163، ئايال 108)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسىنىڭ مۇسابىقىسىگە قاراماي، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، بورتالا، شىخەنزە ۋە بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 10 ـ، 12 ـ شىلىرى، بىناكارلىق 1 ـ شىسى، بىڭتۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن ئىبارەت 17 كوماندىنىڭ 348 تەنھەرىكەتچىسى (ئەر 203، ئايال 145) قاتناشتى. كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالىي مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2 ـ، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 3 ـ؛ ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى 1 ـ، بايىنغولىن 2 ـ، شىخەنزە 3 ـ بولدى. ئالىي مەكتەپ گۇرۇپپىسىدا 2 ئادەم 1 ـ، 161 ئادەم 2 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 7 كوماندا، 4 ئادەم 6 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېكورتىنى 11 قېتىم بۇزدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسىدا بىر ئادەم 1 ـ، 103 ئادەم 2 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 14 كوماندا، 91 ئادەم 39 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېكورتىنى 113 قېتىم بۇزدى.

شى چېڭۋېن

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

21 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشئىلىنى تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش ۋە يەتكۈزۈش مۇراسىمى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ داڭلىق بوكس تەنھەرىكەتچىسى ئابدۇشۈكۈر مەجىت يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نيۇ يەننىڭ قولىدىن «يېڭى ئەسىر، يېڭى ئۈزۈن سەپەر»نىڭ كاتتا مەشئىلىنى تاپشۇرۇۋالدى، مۇراسىمغا ئاپتونوم رايوندىن 5000 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى. بېيجىڭنىڭ 2008 ـ يىلى ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە تىكتاك توپ، ۋالىبول، يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندا شىنجاڭدىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى رايونىدا 35 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 50 نەچچە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسى بىرلىكتە «ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماسىنى قوللاشتا ئىشتىنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى» دېگەن مەزمۇندا ئولىمپىك مۇسابىقىسى بىلىملىرى بويىچە ئالىي مەكتەپلەر كۈچ سىنىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەت بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ غەربىي شىمال مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تۇنجى قېتىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە بالىلار باغچىلىرى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە 4 تۈردە 1 ـ، 7 تۈردە 2 ـ، 4 تۈردە 3 ـ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن، 4 كۈمۈش، 3 مىس مېدال ئالدى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3 ـ بىناكارلىق شىركىتى بالىلار باغچىسى ۋە بىڭتۈەن ئورگىنى بالىلار باغچىسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك بالىلار ئاساسىي گىمناستىكىسى ئورۇنداش مۇسابىقىسىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك 15 − U ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ A گۇرۇپپا مۇسابىقىسىدە 1 ـ لىككە ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان 16 كۈچلۈك كوماندا قاتارىغا كىردى؛ ئاتۇش ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك «جيەنلىباۋ لوڭقىسى» ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىك A پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ مەملىكەتلىك ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 2 ـ لىككە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر پلانېر كوماندىسى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك «بېيجىڭغا ئۇچۇش» بويىچە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پلانېر مۇسابىقىسىدە 2 تۈردە 2 ـ، بىر تۈردە 3 ـ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالدىن تاللاش

مۇسابىقىسىدە 2 - باسقۇچلۇق مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

شياۋ يۇ

## مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ كوماندىسىدىن جىڭ ۋېيخەي ئەرلەرنىڭ F56 چويۇن توپ ئېتىشتا 1 - بولدى ھەمدە 10.11 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن دانىيە ماھىرى ياراتقان دۇنيا رېكورتىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ يەنە دىسكا ئېتىشتا 1 -، نەيزە ئېتىشتا 2 - بولدى؛ چېن لىپىڭ ئاياللارنىڭ F54 چويۇن توپ ئېتىشتا 1 - بولدى؛ فۇ گوجياڭ ئەرلەرنىڭ F11 چويۇن توپ ئېتىشتا 2 -، نەيزە ئېتىشتا 3 -بولدى؛ جاڭ شىنپىڭ ئەرلەرنىڭ F13 چويۇن توپ ئېتىشتا 3 - بولدى؛ تيەن يەنخۇا ئەرلەرنىڭ 5000T12 مېتىرلىق مۇسابىقىدە 3 - لىككە ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مەملىكەتلىك مېيىپلارنىڭ ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك مېيىپلارنىڭ ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قارىغا ئېتىش كوماندىسى تۇنجى قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ماھىرى ۋاڭ يەنخۇڭ ئاياللارنىڭ ئوقيانى ئۆرە تۇرۇپ ئېتىش گۇرۇپپىسىدا 1 -؛ جاڭ نەن ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشتا 1 -؛ گو دېڭخاۋ يەل مىلتىق ۋە يەل تاپانچا بىلەن قارىغا ئېتىشتا 7 - بولدى. شىنجاڭ كوماندىسى ئەخلاق- پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مەملىكەتلىك ئەمالار ۋاراتا توپى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك ئەمالار ۋاراتا توپى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە چۇڭچىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە شىنجاڭدىن 8 ئەما ئەر - ئايالدىن تەشكىل تاپقان 2 ئەر - ئايال كوماندىسى قاتناشتى. ئاياللار كوماندىسى ئەما ئاياللارنىڭ ۋاراتا توپى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 5 -، ئەرلەر كوماندىسى ئەما ئەرلەرنىڭ ۋاراتا توپى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 13 - بولدى. شىنجاڭ ئەمالار ۋاراتا توپى كوماندىسى ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىدا بىر يۈرۈش بەنزە، 2 ۋەۋىسكىلىق رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈستىگە ئالدى، 97 ئەزا، 55 دائىمىي ئەزا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. «ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 40 يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە يىللىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، 35 يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيىتى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى، غالتەك بىلەن تېيىلىش جەمئىيىتى، ۋالىبول جەمئىيىتى، تەنتەربىيە فوندىدىن ئىبارەت 4 جەمئىيەت رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى، تەنتەربىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 34 جەمئىيەت خەلقئارالىق مۇسابىقىگە 5 قېتىم، دۆلەت ئىچىدىكى مۇسابىقىگە 51 قېتىم قاتنىشىپ، 31 ئالتۇن مېدال، 16 كۈمۈش مېدال، 15 مىس مېدال ئالغان؛ 40 قېتىم تۈرلۈك مۇسابىقە ئۆتكۈزگەن، بۇنىڭغا تەخمىنەن 50 مىڭ ئادەم قاتناشقان؛ 24 قارار تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان، بۇنىڭغا 3870 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان. گۈزەللىك تەنھەرىكەتچىسى ساۋ شىنلى ئاسىيا ساغلاملىق - گۈزەللىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئاياللارنىڭ 52 كىلوگراملىقى بويىچە چېمپىيون بولدى، خۇن شۇاڭ 4 - بولدى، ئۇ يەنە مەملىكەتلىك ساغلاملىق - گۈزەللىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى؛ تەيجى گۇمپىسى جەمئىيىتى سەنيا دۇنيا تەيجى گۇمپىسى ساغلاملىق

مۇسابىقىسىدا 4 تۈردە 1 ـ، 3 تۈردە 2 ـ، 2 تۈردە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە «تەيجى گۈمپىسىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقۇچ مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئاۋئاتسىيە تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى جىن لياڭ شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا مودا كىيىم بايرىمىدا ئايروپىلان ھەيدەپ ئاساسىي مۇسابىقە مەيدانىنىڭ «غەربىي قىسىم دەرۋازىسى»دىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، 2 ـ قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى، 7 ساھە تەنتەربىيە جەمئىيىتى، 12 يەككە تۈر تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋە 39 شەخسكە 2001 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوندىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى.

پېڭ خېپىڭ

## ياشانغانلار تەنتەربىيىسى

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلاردىن 640 مىڭ ئادەم تۈرلۈك ساغلاملىق پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۇلار ئاپتونوم رايوندىكى ياشانغانلار سانىنىڭ %40نى تەشكىل قىلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە شىجياجۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭخۇا دورىگەرلىك لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مىليونلىغان ئايالنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ياشانغانلار ۋاراتا توپى كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق ـ پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە لەنجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي قىسىمدىكى ياشانغانلارنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك چويلا توپ مۇسابىقىسىدە ۋاڭ داخېي، گو فېڭلار ئەرلەرنىڭ C گۇرۇپپىسىدا 3 ـ لىككە ئېرىشتى. شىنجاڭ كوماندىسى يەنە بىر تۈردە 8 ـ، 2 تۈردە 9 ـ، بىر تۈردە 10 ـ بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن دېڭىز بوغۇزى ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ «ئالاھىدە ھاراق لوڭقىسى» بويىچە گۇاڭجۇ، شىنجاڭ قوملۇق تاشيولى ۋېلىسىپىت بىلەن كۆچ سىنىشىش مۇسابىقىسىدە ياشانغانلاردىن 4 كىشى شەرەپلىك ھالدا شاڭخەي جىنىس باش شتابى ئېتىراپ قىلغان بۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە تارقىتىلغان ئىزنالىك، گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى، سۇ جىڭخۇي 18 سائەت 27 مىنۇتلۇق نەتىجە بىلەن 80 نەچچە تەنھەرىكەتچى ئىچىدە 26 ـ بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە جۇسەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ نۇقتىسىز ساغلاملىق توپى ـ ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى ئىككى غەلىبە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى گۇاڭخۇي

# تەنتەربىيە كەسپى

## تاغقا چىقىش ساياھىتى ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تاغقا چىققۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى تاشقى ئالاقە بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، روسىيە، قازاقىستان، كورىيە، تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق 15 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 31 تاغقا چىقىش ئۆمەك ـ ئەترىتى ۋە 24 ئالاھىدە ساياھەت ئۆمەك ـ ئەترىتىدىكى جەمئىي 451 ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، 4 مىليون 980 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى كىرىم قىلدى. 2001 ـ يىلى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن 3 تاغقا چىقىش ئۆمەك ـ ئەترىتى شىنجاڭغا كېلىپ تاغقا چىقىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ 3 تاغقا چىقىش ئەترىتى: 2001 ۋەنكى مۇزتاغ چوققىسىغا چىقىش ئەترىتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزتاغ چوققىسىغا چىقىش ئەترىتى ۋە گۇاڭدۇڭ كارخانىچىلىرىنىڭ مۇزتاغ چوققىسىغا چىقىش ئەترىتىدىن ئىبارەت.

جىن يىڭجيې

## تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى باشقۇرۇش مەركىزى جەمئىي 20 قېتىم سېتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 15 مىليون 608 مىڭ يۈەنلىك لاتارىيە بېلىتى ساتتى. شۇ ئارقىلىق 5 مىليون 463 مىڭ يۈەن پاراۋانلىق فوندى جۇغلاندى. بۇنىڭدىن دۆلەتكە 468 مىڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىگە 2 مىليون 19 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليوندىن كۆپ ئادەم (قېتىم) لاتارىيە بېلىتى سېتىۋالدى، 424 مىڭ 818 ئادەم (قېتىم) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت 1650 ۋاقىتلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەندى، ئېرىشىلگەن ۋاقىتلىق كىرىم 310 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 710 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدە تەشكىللەنگەن 3 قېتىملىق چوڭ مۇكاپاتلىق سېتىش پائالىيىتىدە، جەمئىي 9 مىليون 693 مىڭ يۈەنلىك سېتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا سېتىلغان سوممىسىنىڭ %62.1نى ئىگىلىدى.

شيې يابىن

## تۈنجى نۆۋەتلىك غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقىدە 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 -كۈنى بېيجىڭ جۇڭخۇا ئەسىر مۇنبىرىدىن چىقىپ، خېبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىن ئىبارەت 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن ئۆتۈپ، 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. مەملىكەت بويىچە 8 ئاپتوموبىل زاۋۇتى، سېتىش كارخانىسىنىڭ 50 ئاپتوموبىلى، 80 ماھىر، 120 مۇسابىقە تەشكىللىگۈچى ۋە خىزمەتچى خادىم بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. شىنجاڭ يەر شارى مېھمانخانىسىنىڭ بىر دالا ئاپتوموبىلى «جىپ» ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسىدا 4 - لىككە ئېرىشتى. بۇ پائالىيەتنى جۇڭگو ئاپتوموبىل بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئاپتوموبىل سانائىتى سېتىش باش شىركىتى ئۇيۇشتۇردى. خېبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىلىرى ياردەملەشتى.

جىن يىڭجيې

## ئاسىيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈنجى قېتىملىق خەلقئارالىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئەھۋالى

ئاسىيا تاغقا چىققۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، كورىيە تاغ چوققىسى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ بىنخۇ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى 14 ئادەم مۇزتاغ رايونىغا كېلىپ، 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە تاغقا چىقىش بويىچە دالا ئېكسپېدىتسىيە مەشىقى ئېلىپ باردى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 8 كورىيىلىك 8، 2 قازاقىستانلىق، 2 موڭغۇلىيىلىك، بىر شىنجاڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن تەشكىللەنگەن.

جىن يىڭجيې

## تەنتەربىيە چولپانلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

2001 - يىلى جۇڭگو تەنتەربىيە چولپانلىرى شىنجاڭغا كېلىپ 4 قېتىم كۆچ سىنىشىش مۇسابىقىسى، جەڭ ئېلان قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇمۇل تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان خەلقئارا تىكتاك توپ بويىچە كۆچ سىنىشىش مۇسابىقىسى قۇمۇل تۆمۈريول تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. جاڭ يىنىڭ (جۇڭگولۇق) لىيۇجىنخۇي (كورىيىلىك) بىلەن، خۇ يىڭجاۋ (جۇڭگولۇق) سامسۇۋ (بېلورۇسىيىلىك) بىلەن ئېلىشتى. نەتىجىدە جاڭ يىنىڭ بىلەن سامسۇۋلار رەقىبلىرىنى يەڭدى. 7 - ئاينىڭ21- كۈنى جۇڭگو خەلقئارا تىكتاك توپ بويىچە كۆچ سىنىشىش مۇسابىقىسىنىڭ 8 - مەيدان مۇسابىقىسى كورلىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىدە ۋاڭ لىچىن (جۇڭگولۇق) كېيىر (چېخلىق) بىلەن، جاڭ يىنىڭ (جۇڭگولۇق) جىن ماۋشياۋ (كورىيىلىك) بىلەن ئېلىشتى. نەتىجىدە ۋاڭ لىچىن بىلەن جاڭ يىنىڭ رەقىبلىرىنى يەڭدى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭ تەڭرىتاغ بۇغدا كۆلى «يەندى - خۇاڭدى لوڭقىسى» بويىچە داڭلىق شەخسلەر قورشاۋ شاھمات مۇسابىقىسى بوغدا كۆلدە ئۆتكۈزۈلدى. داڭلىق شەخسلەردىن جىن يوڭ، ۋە نىې ۋېيپىڭ يېتەكلىگەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى 70 نەچچە مەشھۇر جۇڭگولۇق بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتى.؟ مۇسابىقە مەزگىلىدە، سانجى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بويىچە مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات يىغىنى ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى موتورولا پەي توپى بويىچە «تيەنۋاڭ» خىرىس مۇسابىقىسىنىڭ 6 - بېكىتى بولغان ئۈرۈمچى بېكىتىنىڭ مۇسابىقىسى شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە جاڭ جۈن ۋە گاۋ جۈنلەر چىن چىجيۈ ۋە چېنلىنلارنى؛ لو يىگاڭ ۋۇ يۈنيۈڭنى، خۇ تىلىڭ ۋاڭ رۇڭنى يەڭدى. بۇ مۇسابىقىنى ئۆتكۈزۈشنى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان. بۇ، كارخانا ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان پەي توپ جەھەتتىكى مەملىكەتلىك ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسابىقە بولۇپ، شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلۈشى تۇنجى قېتىم.

خۇ خۇا

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئۆتكەن بىر قانچە قېتىملىق مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1959 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 286 تەنھەرىكەتچى 21 تۈردىكى مۇسابىقىگە ۋە 3

تۈردىكى ئورۇنداش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 4 تۈردە چېمپىيون، 4 تۈردە 2 ـ، 10 تۈردە 3 ـ بولدى (ئورۇنداش تۈرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1965 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 168 تەنھەرىكەتچى 15 تۈردىكى مۇسابىقىگە ۋە بىر تۈردىكى ئورۇنداش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 4 تۈردە چېمپىيون، 7 تۈردە 2 ـ، 2 تۈردە 3 ـ بولدى. 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1975 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 158 تەنھەرىكەتچى 15 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بىر تۈردە چېمپىيون، 3 تۈردە 2 ـ بولدى. 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1979 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 83 تەنھەرىكەتچى 7 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 15 تۈردە چېمپىيون، 9 تۈردە 2 ـ، 3 تۈردە 3 ـ بولدى. 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 67 تەنھەرىكەتچى 8 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 5 تۈردە چېمپىيون، 5 تۈردە 2 ـ، 8 تۈردە 3 ـ بولدى. 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1987 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 62 تەنھەرىكەتچى 10 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 4 تۈردە 2 ـ، 4 تۈردە 3 ـ بولدى. 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، بىر قىسىم تۈرلەر 8ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە سىچۇەندە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 77 تەنھەرىكەتچى 12 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 6 تۈردە چېمپىيون، 3 تۈردە 2 ـ، 9 تۈردە 3 ـ بولدى. 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1997 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 69 تەنھەرىكەتچى 10 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 3 تۈردە چېمپىيون، 3 تۈردە 2 ـ، 5 تۈردە 3 ـ بولدى.

يۈ جىنخۇا

# مىللەت، دىن

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر خىزمىتى سىستېمىسىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەركەزدە ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشۇلدى.

1. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ 19 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار نەمۇنىچىلار سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە بېرىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەييارە نۇتۇق سۆزلەشنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جايلاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياش نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر خىزمىتى سىستېمىسىدا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھەر مىللەت - ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆھبەتلىشىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - قائىدىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى داۋاملىق تېزلىتىلدى. مىللەتلەر خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ 3- بەش يىللىق قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 4 - بەش يىللىق قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، چىگىدىكى قازاقلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

3. ماسلىشىش روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، «چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى»نىڭ تىك لىنىيە بويىچە چوڭقۇر راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى»نى تەستىقلىدى، ش ئۇ ئا ر «چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال ماسلىشىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى»نىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئىشى تەشكىللىنىپ، بىر تۈركۈم ئۇقتىلىق تۈرلەر تەييارلاندى. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مىللىي سودا ۋە مىللىي لازىمەتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلەر ئورۇنلاندى. مەبلەغنى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.

شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساس خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى جەھەتتىكى ماتېرىياللار كەلگ توپلاندى.

4. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر بىلەن ھەمكارلىشىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمەكلىرى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىشقا كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەندى ھەمدە تەشكىللەش مۇكاپاتى، ئورۇنداش مۇكاپاتى قاتارلىق 26 تۈرلۈك مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىنىڭ «كۆتۈرمە كۆزۈرۈك مۇكاپاتى» بويىچە باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى 43 مىللىي يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى» يۇقىرىغا يوللاندى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا خەنزۇچە ئىمتىھان بەرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىلدى.

5. ئۈچۈر خىزمىتى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ھەقىقىي كۈچەيتىلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە 256 سان ئۈچۈر يوللاندى، بۇنىڭ 140 نەچچىسى ئىشلىتىلدى؛ ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچۈر خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرىدىن 20 نەچچە ئادەم (قېتىم) نۆۋەتلىك چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوننى ئورۇنلاشقان قىسمەتكە ئىگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى بىلەن تەمىنلىدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ، «جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، «جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى» نىڭ شىنجاڭ قىسمىغا ماتېرىيال يوللاندى. «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى ئەستايىدىل باشقۇرۇلۇپ، 4 سان تارقىتىلدى.

ۋاڭ پېڭ

## شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى

شىنجاڭ چېگرىدىن قايتىپ كەلگەن قازاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلدى، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 3 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىلدى. 2001-يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان جايدىكى يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ چېگرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى، يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، 8-ئاينىڭ 28-كۈنى 34 ئائىلىلىك 136 نەپەر قازاق چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆزلىكىنىڭ گېرمۇ شەھىرىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونىدىن كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ كەيگەنچى يېزا كەيگەنچى كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

جانار

## چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايون خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. 2001-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1-قېتىم يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر تەسىردىن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، شۇ رايوننىڭ چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، قورغاس، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرى دۆلەتنىڭ چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا؛ كۆكتوقاي، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن مەدەت بېرىلىپ چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىـ




2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 34 ئائىلىلىك قازاق ئاھالە چىققان كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كەيگەنچى يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كەيگەنچى يېزىسىغا بىر لەۋھە تەقدىم قىلدى.

سۈرەتتە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن

تىش پائالىيىتى ئوقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2001 - يىلى ئوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى جەريانىدا، جايلار بىر قىسىم چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى تۈرلىرىنى بېكىتتى. قورغاس ناھىيىسى ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي بىمپىراتورلۇق بەلۋاغ ۋە تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتلىق ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، 12 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، 866.67 گېكتار يەرگە ئاسىيانىڭ ئەنئەۋارلىق مېۋىسى — كۆكسۇلتان تىكتى؛ 36 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، 2666.67 گېكتار يەردە ھۆل ئۈزۈم بازىسى بەرپا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى. كۆكتوقاي ناھىيىسى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىغا 5 ئاسما كۆۋرۈك سېلىپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە يايلاق كۆچۈش، ئۆي كۆچۈش، دوختۇرغا كۆرۈنۈش، مەكتەپتە ئوقۇش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلدى.

قۇرمانباي

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ۋەزىپىلىك تەربىيىلەندى

خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاللاپ ئەۋەتكەن 3 - تۈركۈمدىكى 750 ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭغا يېتىپ بېرىپ، 2 يىللىق ۋەزىپىلىك تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. بۇ تۈركۈمدىكى ۋەزىپىلىك تەربىيىلىنىدىغان كادىرلار ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېزا - بازار رەھبىرىي كادىرلىرى %52تىنى، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار %71نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 30 ياش.

مۇيەسسەر

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەرنى تەكشۈردى

شىنجاڭنىڭ 4 - تۈركۈمدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. بۇ ئۆمەكتە 39 ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، مانجۇ، رۇستىن ئىبارەت 7 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسىي قاتلامدىكى 1 - سەپتە ئىشلەۋاتقان كادىر، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، دېھقان، چارۋىچىلاردۇر. ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر شەنشى، تيەنجىن، جىلىن، خېيلوڭجياڭ، بېيجىڭلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

مۇيەسسەر

## ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلىدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى 2001 - يىل

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى ئىچىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستىكىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «69216» قىسمى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قورال‌لىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ ئىلى تارماق ئەترىتى؛ نەمۇنىلىك شەخسلەر: بارىكۆل ناھىيە سارچوقا يېزىلىق شىپاخانىنىڭ سابىق باشلىقى ياڭ جۇڭشيەن، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 64 - تۈەن - مەيدانى 16 - لىيەندىكى دېھقانچىلىق ئىشچىسى ئابلەت قاسىم قاتارلىق 16 ئادەمدىن ئىبارەت. سەپىيارە نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى 49 كۈندە 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەر، قىسىملار قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا 52 قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتۇقنى 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) بىۋاستە ئاڭلىدى.

مۇيەسسەر



2001 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى خوتەندىكى «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەمىنلىگەن

شىنجاڭ بىڭتۈەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ كۆرەككە قاتناشتى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرغان 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «دولان چېچەكلىرى» ۋە چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» دىن ئىبارەت 2 نومۇرنى بېيجىڭدا 4 مەيدان ئويناپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى كۆرەكتە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ، يۈننەن، شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى 5 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 26 تۈردە مۇكاپاتلىنىپ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

مۇيەسسەر

## تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىيلار ئېھتىياجلىق بۇيۇملار سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شېنجېن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شېنجېن شەھىرىدىكى جۇڭگو خەلقئارا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى سودا مەركىزىدە تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىيلار ئېھتىياجلىق بۇيۇملار سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ سودا ئۆمىكى ئاپتونوم رايون بويىچە 85 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 200 نەچچە خىل ئەلا، ئالاھىدە يېڭى مەھسۇلاتنى توپلاپ يەرمەنكىگە قاتناشتۇردى، ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 34 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نۇرغۇن مەھسۇلاتلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى خېرىدارلارنىڭ ناھايىتى زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا،

### 20 ئەسەر 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتىدە «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى» نىڭ باھالىنىش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن ئەڭ ياخشى تەرجىمە فىلىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى: ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارايىز»، «خارابىدىكى ئىشلار»، «ئەنسىز يىللار» قاتارلىق 13 ئەسەر؛ قازاق تىلىدىكى «جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ھەل قىلغۇچ جەڭ»، «چايچى قىز»، «دۆلەت قۇرغان داھىي ماۋزېدۇڭ» قاتارلىق 6 ئەسەر؛ موڭغۇل تىلىدىكى بىر ئەسەر، قىرغىز تىلىدىكى بىر ئەسەر مۇكاپاتلاندى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەخسۇس پروگراممىا بۆلۈمى سۈرەتكە ئالغان «ئالتۇن كۆزنەك» 3 ـ دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

### 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى بويىچە «كۆتۈرمە كۆۋرۈك مۇكاپاتى» نىڭ باھالىنىش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى بويىچە «كۆتۈرمە كۆۋرۈك مۇكاپاتى» نىڭ باھالىنىش نەتىجىسى 2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى، 42 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەنسىز يىللار»، «قارا يۈز»، «يىراقتىكى يېزا»، «باللار ھېسسىياتلىق ئۆسمەكتە»، «كاڭشىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى» قاتارلىق 7 ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «خارابىدىكى ئىشلار»، «لىيۇيۈەندىن ئۆتكەندە»، «يېڭى جىڭگۈەمىن سارىيى»، «باۋچىڭتيەن»، «قېيىنئانا، كېلىن، قېينسىڭىل»، «تۇن يانغاندا»، «يىللار»، «مىڭىنىڭ 1919 ـ يىلىم» قاتارلىق 14 ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ھاماقەت ساقچى»، «ھەي، ئانا»، «قىزىل رېتسېپ»، «غەلىتە پادىشاھ»، «تۇمانلىق يول»، «كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادىللىق»، «پادىشاھ يۈگۈچىلىك»، «زەھەر ئەتكەسچىلەرنى چەكلەش ساقچىلىرى» قاتارلىق 21 ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

### ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇسى ئاساسەن «دالان»، «تاماقخانا»، «قازناق (قىشلىق ئۆي)» دىن ئىبارەت 3 قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ 3 ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى يۈزلۈك شەكىلدە بولىدۇ. تۇرالغۇ جاي ئادەتتە ھويلا ۋە ئولتۇراق ئۆيدىن ئىبارەت 2 قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھويلىغا قارىتىلغان ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سىرتىغا پېشايۋان سېلىنىدۇ. پېشايۋانغا ئۆي سىرتىدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن سۇپا سېلىنىدۇ. كۆزلۈك، يازلىق پائالىيەت سورۇنى قىلىش ئۈچۈن. پېشايۋاننى بويلىتىپ تال بارىڭى ياسىلىدۇ. ئۆگزە كۆپ ھاللاردا ئارام ئېلىش ئورنى قىلىنىدۇ ياكى ئۈنىڭغا ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر تاشلاپ قويۇلىدۇ. ئۆگزە ئەتراپىغا ياغاچ رىشاتكا ئورنىتىلىدۇ. ئولتۇراق ئۆي ئادەتتە كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ. ئۆيدە كېسەك بىلەن سېلىنغان 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا بولىدۇ، سۇپا ئۈستىگە كىگىز ياكى گىلەم سېلىنىدۇ، تامغا گىلەم ئېسىلىدۇ. ئىچكىرىدىكى تاملارغا قىشتا ئىسسىنىش ئۈچۈن تام مەش سېلىنىدۇ. ياتاق ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىشكاپ بولمايدۇ، تاملارغا نۇرغۇن ئويۇق ياسىلىدۇ، بەزىلىرىدە 100دىن ئارتۇق ئويۇق بولىدۇ، ئويۇقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. شەكلىمۇ ھەرخىل بولىدۇ، شەكلى ھازىرقى زامان ئۆيلىرىدىكى ئېگىز ـ پەس ئىشكاپقا ئوخشاپ كېتىدۇ، چوڭلىرىغا ئورۇن ـ كۆرپە يىغىلىدۇ، كىچىكلىرىگە كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى قويۇلىدۇ، بۇلار ئىشلىتىشكە قۇلايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياتاقنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. تورۇسقا يورۇق چۈشۈش ئۈچۈن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ زىننەتلىنىشىدە تۇرالغۇ ئۆينىڭ تۈزۈلۈش شەكلى، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. قەشقەردە نوپۇس كۆپ، ئولتۇراق يەر ئاز بولغانلىقتىن، تۇرالغۇ ئۆينىڭ كۆپىنچىسى بىر قەۋەتلىكتىن 3 قەۋەتكىچە بولغان كىچىك ھويلا شەكلىدە بولىدۇ. قەۋەتلىك ئۆي، كىچىك ھويلا، يولغا قارىتىلغان ئىمارەت تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى «دالان — مېھمانخانا» ۋە «مېھمانخانا — تاماقخانا» شەكلىدە بولۇپ، بىر ياكى بىر قانچە خىلى مۇكەممەل بولغان تۇرمۇش مۇھىتىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە «ئايۋان» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ زال مەركەز

قىلىنغان ئايۋانلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر بولىدۇ. خوتەن شەھىرىدە جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئەنئەنىۋى بىر تەرەپ قىلىش ماھارىتى مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، ھويلىنىڭ ئۈستىگە بالىخانا ئۆي سېلىنىدۇ، بالىخانىنىڭ تۆت ئەتراپىغا شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇش، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن گۈللۈك روجەك چىقىرىلىدۇ. تۇرپان شەھىرىدە يازدا ھاۋا بەك ئىسسىق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ئادەتتە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى زور. شۇڭا شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار يەر ئاستى، يېرىم يەر ئاستى ئۆيلەرنى لايىھىلىگەن، بۇنىڭدا ئىش ۋە ماتېرىيال تېجىلىدۇ، بۇنداق ئۆيلەر قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا بىر قەدەر ياخشى ماسلىشىدۇ. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئالدى - ئارقا ھويلا بولىدۇ ھەمدە يەر شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، جانلىق ھالدا بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، بوشلۇق شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ھويلا ئوتتۇرىسىدا سۇ ئاقىدىغان ئېرىق بولۇپ، ئېرىق ئەتراپىدا ئۈزۈم، ئۈجمە، تېرەك ئۆستۈرۈلۈپ، پاكىز، يېڭى تۇسكە كىرگۈزۈلىدۇ. ئىلى رايونى ئوتلاق، دەريا بويلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئورمان قويۇق، ياغاچ ماتېرىيال بايلىقى مول. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ كۆپىنچىسى ياتتۇ ئۆگزىلىك بىر قەۋەتلىك، ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردۇر. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى سۇ بويىغا جايلاشقان، بىر ئائىلىنىڭ بىردىن تۇرالغۇ جايى بولىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا باغ، گۈللۈك بەرپا قىلىنغان بولۇپ، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**قازاقلارنىڭ تۇرالغۇسى** قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، كۆكلەم، يايلاق، كۈزلەكلەر ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدا چۈۋۈشقا ئەپلىك كىگىز ئۆي ئاساس قىلىنىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 3 مېتىر بولىدۇ، ئىگىلىگەن كۆلىمى 20 - 30 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كىگىز ئۆي كېرىگى، ئۆي ئۇقى، چاڭراق، كىگىز ۋە ئىشكتىن تەركىب تاپىدۇ، ئاستى سىلىندىر شەكلىدە، ئۈستى ئەگمە شەكىلدە بولىدۇ. كىگىز ئۆينى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇئەييەن دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، كىگىز ئۆي ياتىدىغان جاي ۋە نەرسە قويىدىغان جايدىن ئىبارەت 2 چوڭ قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆڭلۈككە ئۇدۇل قىلىپ چويۇن مەش قويۇلىدۇ، كىگىز ئۆينىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا گىلەم سېلىنىدۇ. ئىشكتىن كىرگەندە ئوڭدىن باشلاپ ئاشخانا، ئۆي ئىگىلىرى ياتىقى بولىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى چوڭ گىلەم سېلىنغان جايدا مېھمان كۈتۈلىدۇ ياكى ناماز ئوقۇلىدۇ، ئاخىرىدا چوڭلارنىڭ ياتىدىغان جايى بولىدۇ.

كىگىز ئۆي ئىچى چىرايلىق بېزىلىدۇ، كارىۋاتقا چىملدىق ئېسىلىدۇ، تامغا كەشتىلەنگەن گىلەم تارتىلىدۇ، يەرگە سېلىنغان شىرداق ئىنتايىن نەپىس ئىشلىنىدۇ، ئېرە جۈۋا، ياختىلىق يوتقان، كەشتىلەنگەن ئەديال كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ. دائىم كۆچۈپ يۈرگەچكە، ئائىلە سايمانلىرى ئازراق بولىدۇ، تاكى ھازىرغىچە داق يەردە ئولتۇرۇش ئادىتى ساقلىنىپ كەلگەن. تاماق يېگەندە، چاي ئىچكەندە يەرگە داستىخان سېلىنىپ، ۋاقىتلىق «تاماق ئۈستىلى» قىلىنىدۇ. قىش يېقىنلاشقاندا، كىشىلەر قىشلاققا كۆچىدۇ. بۇ يەردە تۇرمۇش مۇئەسسەسىلىرى بىر قەدەر تولۇق بولىدۇ، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىش - ياغاچ ياكى كېسەك، تاش، ياغاچتىن ياسالغان مۇستەھكەم ئۆيلەر بولۇپ، كۆپ ھاللاردا بىر ئېغىزى كۈنگەي، ئىككى ئېغىزى تەسكەي تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھازىر چارۋىچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مۇنتىزىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسىلىرى داۋاملىق بارلىققا كەلمەكتە، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي، تۆل ئېلىش ئۆيى، قوزا بېقىش ئۆيى، بوغاز ساغلىقلار قوتىنى ۋە چوڭ قوي قوتىنى قاتارلىقلار بار. چارۋىلارنىڭ مۇستەھكەم لاپاسلىق قوتىنى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈپ سېلىنىشى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلماقتا.

**خۇيزۇلارنىڭ تۇرالغۇسى** خۇيزۇلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ كۆپىنچىسى مەسچىت ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۈزلۈكسىز قورۇ بولۇپ شەكىللەنگەن. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تىك تۆت تەرەپلىك بولىدۇ، بىر ئېغىزى كۈنگەي، ئىككى ئېغىزى تەسكەي تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كۆپىنچىسى بىر قەۋەتلىك بولۇپ، ئالدى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنىدۇ، ئۆيلەردە بىر ئىشىك، ئىككى دېرىزە بولىدۇ، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز، بەزى ئۆيلەرنىڭ ياتتۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۆيلەرگە سۇپا سېلىنىدۇ، ئىشكاپ ۋە ساندۇقلار قويۇلىدۇ. تۈرلۈك ئائىلە سايمانلىرى كۆپ ھاللاردا قىزىل ياكى قارا سىرلىنىدۇ ھەمدە گۈل گىياھلارنىڭ رەسمى سىزىلىدۇ. ئەنئەنىۋى خۇيزۇ ئائىلىلىرىدە تالا ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىسرىقدان، ئەتىر تەخسىسى ۋە ئەتىر بوتۇلكىسى قويۇلىدۇ. ئەتىر بوتۇلكىسىغا يوپۇرماقلىق چوكا ۋە يوپۇرماقلىق قوشۇق سېلىپ قويۇلىدۇ، قۇرئانى بارلار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇرئان پارىسى قويىدۇ. پارنىڭ ئىككى تەرىپىگە فارفوردىن ياسالغان سەللە كىيدۈرگۈچ، ئېسىل كومزەك، پاكىز بوتۇلكا ۋە فارفور تەخسىلەر قويۇلىدۇ. يورۇق مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئادەتتە كۆپىنچە ئەرەب يېزىقىدا ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان مەسنەۋى ۋە ئايەتلەر ئېسىپ

قويۇلىدۇ. ئالىلىدىكى كەشتىلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرى، ياستۇق قېپى تولىمۇ نەپىس ۋە كۆركەم بولىدۇ. ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق، چاسا شەكىللىك گۈلخانىلار بولىدۇ. گۈلخانىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۈرلۈك گۈل - گىياھلارنى تېرىيدۇ، ھويلىسى كەڭرەكلىرى يەنە مېۋىلىك دەرەخ تىكىدۇ. ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۇلارنىڭ ھويلىسى يېشىللىققا پۈركۈنىدۇ. مېۋىلەر پىشىپ، گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ تۇرالغۇسى كۆچمە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. مانجۇ تىلىدا «موڭغۇل ئۆيى» دېيىلىدۇ. كىگىز ئۆي 2 خىل بولىدۇ: بىر خىلى ۋاقىتلىق تىكىلگەن، بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، پەقەت ئۆي تىرەكلىرى بولۇپ، ∧ شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇمىلاق شەكلىدىكى قورشاۋ تېمى بولمايدۇ؛ يەنە بىر خىلى، دائىملىق بولۇپ، پۈتۈنلەي غالتەك شەكىللىك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئۇنى «بەيلاگېر» دەيدۇ. بۇنداق ئۆيلەر تۈگلۈك، ئوق ياغاچ، يان تام ۋە ئىشىكتىن ئىبارەت 4 قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ماتېرىيالى ياغاچ تىرەك، كىگىز، يۇڭ ئارغامچا ۋە تۆگە تېرىسىدىن تىلىنغان تاسما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئوبدان تىكىلگەن موڭغۇل ئۆيىنىڭ ئىشىكى شەرققە ياكى شەرقىي جەنۇبقا قارايدۇ، بۇنداق قىلىشتا كۈنگە قاراش، بوران، قارغا كەينىنى قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. تۈگلۈكنىڭ كىگىز ياپقۇچى بولۇپ، كېچىسى يېپىۋېتىلىدۇ، كۈندۈزى ھاۋارايىغا قاراپ ئېچىۋېتىلىپ، شامال ئۆتۈشۈپ، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلىدۇ. قىش پەسلىدە كىگىز ئۆينىڭ سىرتى ئادەتتە كىگىز بىلەن 2 - 3 قەۋەت ئورىۋېتىلىدۇ، ياز پەسلىدە شامال ئۆتۈپ سالقىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ رەخت بىلەن ئورىلىدۇ ياكى چىغدا توقۇلۇپ قورشىلىدۇ. موڭغۇل ئۆيىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئادەتتە قورشالما رىشاتكا ۋە ئوق ياغاچ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، ئادەتتە 6 قورشالما رىشاتكىسى بولىدۇ، رىشاتكا ۋە كىگىزلەر تەخمىنەن 280 كىلوگرام كېلىدۇ. تىكىلىپ بولغاندىن كېيىنكى كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2.8 مېتىر كېلىدۇ. موڭغۇل ئۆيىگە ئادەتتە كىگىز، ھايۋان تېرىسى سېلىنىدۇ، ئىچكى تاملىرىغا گۈللۈك يىپەك پەردە تارتىلىدۇ. ئۆينىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تۈگلۈككە توغرىلاپ مەش قويۇلىدۇ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە بۇت تەكچىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ سول تەرىپىگە مۇھىم ئائىلە سايمانلىرى، مەسىلەن، كىيىم ئىشكاپى ۋە ياغاچ ساندۇق قويۇلىدۇ ھەمدە ئورۇن - كۆرپە يىغىلىدۇ، بۇ يەر خوجايىنىڭ ياتىدىغان جايى بولىدۇ. ئىشىكنىڭ سول تەرىپىگە يېمەك - ئىچمەك، قازان - قومۇچ قاتارلىقلار قويۇلىدۇ، ئوڭ تەرىپىگە ئېگەر قاتارلىقلار قويۇلىدۇ. موڭغۇل ئۆيىنىڭ سىرتىغا قوتان سېلىنىدۇ. قىش پەسلىدە چارۋىچىلار «قىشلىق ھوجرا»سىغا كۆچىدۇ. «قىشلىق ھوجرا» پۈتۈنلەي مۇستەھكەم بولۇپ، خىش - ياغاچ، تاش - ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئالتاي موڭغۇللىرى يۇمىلاق ياغاچ بىلەن ئۆي سالىدۇ. ئۇلار ئۆي سېلىش تېخنىكىسىدا ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، رۇسلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن.

قىرغىزلارنىڭ تۇرالغۇسى قىرغىزلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى كېسەك - ياغاچ، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، چاسا شەكىللىك. تۈز ئۆگزىلىك بولىدۇ، ئۆگزىسى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بىر ئېغىزى كۈنگەي تەرەپتە، ئىككى ئېغىزى تەسكەي تەرەپتە بولىدۇ. كىرگەندىكى ئۆي ئاشخانا، ئوڭ - سول تەرەپتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئاتا - ئانا ۋە بالىلارنىڭ ياتاق ئۆيى بولىدۇ. چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇقىم ئولتۇرۇشلۇق كەنتى ۋە ئۆيلىرى بولىدۇ. بۇنداق كەنتلەر ئادەتتە تۈزرەك بولغان تاغ جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئەتراپىدا ئازراق تېرىلغۇ يەر بولىدۇ. قىش، ئەتىياز پەسلىدە چارۋىچىلار كەنتلەردە ئولتۇرىدۇ؛ ياز، كۈز پەسلىدە كىگىز ئۆيلىرىنى ئېلىپ يايلاققا بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى قىرغىز چارۋىچىلار ئولتۇرىدىغان كىگىز ئۆيلەر ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئۆينىڭ ئەتراپى يۇلغۇن ياكى باشقا قاتتىق ياغاچلار بىلەن يۇمىلاق شەكىلدە قورشىلىدۇ. ئۈستىگە 50 تالدىن 120 تالغىچە ياغاچ تىرەك قويۇلۇپ، ئۇنىڭ سىرتى بىر قات چىغ بىلەن قورشىلىدۇ، ئۇنىڭ سىرتى قېلىن كىگىز بىلەن ئورىلىدۇ، تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا شامال ئۆتۈشۈپ، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يۇمىلاق شەكىلدە تۈگلۈك قويۇلىدۇ، ئىشىكى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىلىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپ ئاشخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى سېپتا توقۇلغان چىغ بىلەن توسۇپ قويۇلىدۇ. سول ئارقا تەرەپ ئاتا - ئانىلار ۋە گۆدەك پەرزەنتلەرنىڭ ياتىقى، ئوڭ ئارقا تەرەپ ئوغۇل ۋە كېلىنىنىڭ ياتىقى، ئوتتۇرىسى مېھمان ياتىدىغان جاي بولىدۇ، سول ئالدى تەرەپكە ئات جابدۇقلىرى ۋە ئوۋ قوراللىرى قويۇلىدۇ. بۇنداق كىگىز ئۆيلەر قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، ئادەم ناھايىتى ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ، بۇ ئۆيلەر چۇۋۇشقا، كۆچۈشكە قولايلىق. قىرغىزلار ئۆي ئىچىنى بېزەشكە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. تامغا

گىلەم ۋە پەردىلەر ئېسىلىدۇ، كارىۋاتقا كارىۋات ياپقۇچ يېپىلىدۇ، سۇپىغا گىلەم ۋە تەگلىمات سېلىنىدۇ. تەگلىمات ئۈستىگە يېكەنداز سېلىنىدۇ. ئورۇن - كۆرپە ۋە ياستۇقلار رەتلىك قىلىپ قاتمۇقات يىغىلىدۇ. ئۆينىڭ تېمىغا زەدىۋال تارتىلىپ، «گۈللۈك تام» ھاسىل قىلىنىدۇ. ئىشىككە يېقىن تامغا كىيىم ئاسقۇچ ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا نەپىس ئىشلەنگەن كىيىم ياپقۇچ يېپىلىدۇ. ئۆيدە پەردە، گىلەم، ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرى، كارىۋات ياپقۇچ ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى بولىدۇ. ئۇلاردا جەڭ مەيداندىكى قىلىچ، مىلتىق، نەيزە قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى كۆپ بولىدۇ، يەنە تاغ - دەريالار، قۇشلار، ھايۋانلار، دەل - دەرەخلەر، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ بار، بۇلارنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە، ئىشلىنىشى نەپىس.

**شىبەلەرنىڭ تۇرالغۇسى** شىبەلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئەتراپىدا قورۇق تام بولىدۇ، ئۆيلەر بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئالدى ۋە ئارقا ھويلىغا بۆلۈنىدۇ. ئالدى ھويلىغا ئات، كالا، قوي، چوشقا قوتىنى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى لاپىسى سېلىنىدۇ؛ ئارقا ھويلا كۆكتاتلىق بولۇپ، تۈرلۈك كۆكتات، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر تىكىلىپ گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۆپىنچە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئىككى تەرەپكە ئامبار سېلىنىدۇ. ئادەتتە تۇرالغۇ ئۆي نوپۇسنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ 3 ئېغىز ياكى 5 ئېغىز بولىدۇ. 3 ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئوتتۇرىدىكىسى ياسىداق ئۆي بولىدۇ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئوچاق بولىدۇ، ئۇنىڭدا تاماق ئېتىلىدۇ ھەم كاڭ ئىسسىتىلىدۇ؛ غەربتىكى ئۆي چوڭلارنىڭ تۇرالغۇسى بولىدۇ، ئۇنىڭ جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلىرىدە كاڭ بولۇپ، بۇ «ئەگمە كاڭ» دېيىلىدۇ، غەربىي كاڭ ئاشخانا ئىسى بىلەن ئىسىيدۇ، بۇ كاڭغا ئاساسەن بۇت قۇتىسى ۋە ئاشخانا سايمانلىرى قويۇلىدۇ، چوڭلار جەنۇبىي كاڭدا، كىچىكلەر شىمالىي كاڭدا ئۇخلايدۇ. جەنۇب تەرىپىتە 3 دېرىزە، شىمال تەرىپىتە 2 دېرىزە بولىدۇ، دېرىزىنىڭ سىرتىغا قەغەز چاپلىنىدۇ؛ شەرقىي ئۆيدە ئوغۇل بىلەن كېلىن تۇرىدۇ، بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈڭلۈككە يېقىن جايغا بالىغا سەگەنچۈك تارتىش ئۈچۈن توغرىسىغا قىلىپ بادرا ئورنىتىلىدۇ. 5 ئېغىزلىق ئۆيدە ئوتتۇرىدىكى ياسىداق ئۆي بىلەن غەربىي ھۇجرا ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئۆينىڭ لىمى بولىدۇ، ئايرىپ تۇرىدىغان تېمى بولمايدۇ. ئىككىسى تۇتىشىپ ئالاھىدە چوڭ ئۆي بولىدۇ، سىرتقى ئىشىك بىلەن جەنۇبىي كاڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقىم چىملدىق بولىدۇ، ئوچاق قويۇلمايدۇ، شەرق ۋە غەربتىكى 2 ئېغىز ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر ئېغىزدىن پاكارراق ئۆي سېلىنىدۇ، غەربتىكى كىچىك ئۆي ئىچكى ئۆي ياكى مېھمانخانا، شەرقتىكى كىچىك ئۆي ئاشخانا قىلىنىدۇ.

**تاجىكلارنىڭ تۇرالغۇسى** تاجىكلار دېھقانچىلىق بىلەنمۇ، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى يېرىم مۇقىم ھالەتتە بولۇپ، كەنتتە مۇقىم ئۆيى بولغاننىڭ سىرتىدا، ياپلاقتىمۇ ئۆي سالىدۇ. كەنتلەردە ئۆيلەر كۆپىنچە ئوتتۇرىسىدا دەريا بار ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا ياكى بىر تەرىپىدە تاغ بار ئوتلاقتا سېلىنىدۇ. تۇرالغۇ ئۆيلەر دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىغا رەتلىك سېلىنغان بولۇپ، تار ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلدىكى كەنتلەر شەكىللەنگەن. ئىلگىرى تاجىكلار ئۆي سالسا كۆپىنچە تاش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولاتتى، ھازىر ئومۇمەن كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۋادرات شەكىلدە تۈز ئۆگزىلىك سالىدىغان بولدى. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئادەتتە 400 كۋادرات مېتىردىن 500 كۋادرات مېتىرغىچە بولىدۇ، تۇرالغۇ ئۆي دالان، تۆر ئۆي، مېھمانخانا ۋە ئامباردىن تەركىب تاپىدۇ. ئولتۇراق ئۆينىڭ تاملىرى ئۆيۇل تاش ياكى شاخ - شۇمبا بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، قېلىن ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە بادرا ياغاچ سېلىنىپ، ئۈستىگە ئوت - چۆپ يېيىتىلىپ، ئاندىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ، كاھىش ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىلىدۇ، ئىشىك ئادەتتە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇلىدۇ. تامدىن دېرىزە ئېچىلمايدۇ، پەقەت شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇش، كۈن نۇرى چۈشۈش، ئىس چىقىپ كېتىش ئۈچۈنلا ئۆگزىسىگە تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئۆيلەر پاكارراق بولىدۇ، بەزىلەر ئۆيگە كىرگەندە ئېڭىشىپ كىرىدۇ، چۈنكى پامىر ئېگىزلىكىدە قىش پەسلىدە بوران - چاپقۇن كۆپ بولىدۇ، قار كۆپ ياغىدۇ، ئۆي پاكارراق بولسا بورانغا تاقابىل تۇرۇپ ئىسسىق بولۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. تۇرالغۇ ئۆينىڭ تۆر ئۆيىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، ئوڭ - سول پەرقى بولىدۇ، يۇقىرى قىسمىنىڭ ئىشىككە ئۇدۇل بولغان جايىدا ئوچاق بولىدۇ، ئوچاقنىڭ ئارقا تەرىپىدە قازان - قومۇش قويۇلىدۇ ۋە تاماق ئېتىلىدۇ. تۆر ئۆينىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قويۇلىدۇ، ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە كەڭ - كۇشادە سۇپا سېلىنىدۇ، ئۇ ئوت يېقىپ ئىسسىتىلمايدۇ. سۇپىنىڭ قىرغىقىغا ياغاچ قويۇلىدۇ، ئۈستىگە كىگىز سېلىپ ئولتۇرۇلىدۇ، قېرىلار، بالىلار مېھمانلاردىن ئايرىم ھالدا سۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياتىدۇ. تامغا يېقىن جايغا ياغاچ ساندۇق قويۇلۇپ، ئۈستىگە ھەرخىل رەڭدىكى ئورۇن - كۆرپە يىغىلىدۇ. تۇرالغۇ ئۆيدە ئادەتتە ئۈستەل -

ئورۇندۇق بولمايدۇ. كىشىلەر ئادەتتە سۇپىدا ئارام ئالىدۇ، مېھمان بولىدۇ ۋە غىزالىنىدۇ. تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىشكاپقا ئوخشاپ كېتىدىغان تەكچىلەردە قويۇلىدۇ. مال بېقىش پەسىللىرىدە كۆپ ساندىكى چارۋىچىلار يايلاققا ئاددىي، پاكار ئۆيلەرنى سالىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى كىگىز ئۆيلەردىن پايدىلىنىدۇ.

مانجۇلارنىڭ تۇرالغۇسى تۇرالغۇ ئۆي ئادەتتە 3 ئېغىز ياكى 5 ئېغىز بولىدۇ، شەرق، غەربتىكى ئۆيلەر ياتاق بولىدۇ. ياتاق ئۆيگە سۇپا سېلىنىدۇ، تورخۇن شەرق، غەربتىكى تامدىن چىقىرىلىدۇ. ئاشخانا ئۆيدە، تاماق ئەتكەندە ئىس سۇپىدىن ئۆتۈپ تورخۇن ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ. مانجۇلار غەربكە ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇڭا غەربتىكى ئۆيلەر ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياشانغانلار ياتىدۇ. ئۆيدىكى سۇپىلارنىڭ جەنۇب، غەرب، شىمالدىكىلىرى تۇتاش بولۇپ «ئەگمە سۇپا» دېيىلىدۇ. غەربىي سۇپا كەڭرەك، شىمالىي سۇپا تارراق بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئىسرىقدان قويۇلىدۇ. ئىلگىرى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان باي - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۆت ئەتراپىغا ئۆي سېلىنغان قورۇدا ئولتۇراتتى. تۆت ئەتراپىغا ئۆي سېلىنغان قورۇنىڭ دەرۋازىسى كۆپىنچە 3 ئېغىز ئۆي شەكلىدە سېلىنىدۇ، تۆر ئۆي 3 ئېغىزلىقتىن 5 ئېغىزلىقىچە بولىدۇ، شەرق - غەربتىكى يان ئۆيلەرمۇ 3 ئېغىزلىقتىن 5 ئېغىزلىقىچە بولىدۇ، تۆت ئەتراپى خىش تام بىلەن قورشىلىدۇ. بەزى تۆت ئەتراپىغا ئۆي سېلىنغان ھويلىلار ئالدى ۋە ئارقا ھويلىغا بۆلۈنىدۇ.

ئۆزبېكلەرنىڭ تۇرالغۇسى ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئورغۇنلىغان بىناكارلىق سەنئىتى ۋە بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى، بولۇپمۇ بىناكارلىقتىكى نەققاشلىق سەنئىتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۆگزىسى سەل - پەل يانتۇ، كۋادرات شەكىللىك كېسەك ئۆيلەردىن ئىبارەت، ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى قېلىن بولىدۇ، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر، چىنە - قاچىلار ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى قويۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىگە تەكچە چىقىرىلىدۇ. قىشتا ئىسسىنىدىغان سۇپىسى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشمايدۇ، ئۇلار يوتقىنىنى سۇپا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، پۇتىنى يوتقانغا تىقىپ ئىسسىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆيلىرى بىرقەدەر ئېگىز، چوڭ، كەڭ - كۇشادە بولۇپ، كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئۆگزىسى سەل يانتۇ بولۇپ، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ، ئۆينىڭ ئۇلىغا ۋە لەمپىلىرىگە قىزىل ياكى كۆك خىش ئىشلىتىلىپ، تۈرلۈك نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ، قويۇق ئىسلام بىناكارلىقى تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۆزبېك چارۋىچىلار ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ (ئۇلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى قازاقلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ). قىشتا كۆپىنچىسى كېسەك ياكى ياغاچ ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ.

داغۇرلارنىڭ تۇرالغۇسى كۆپىنچە ئوخشاش فامىلىلىكلەر بىر كەنتتە ئولتۇرىدۇ، ئۆي - ھويلىلىرى، باغ - ئېتىزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا تەرتىپلىك بولىدۇ. ئۆيلەر « 介 » شەكىللىك بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدى جەنۇبقا قارايدۇ، ئادەتتە بىر ئائىلىنىڭ ئۆيى 2 ئېغىزلىق، 3 ئېغىزلىق ياكى 5 ئېغىزلىق بولىدۇ، ئولتۇراقلىشىشتا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 3 قاناتلىق دېرىزە قويۇلىدۇ، ئۆي ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر قاناتلىقتىن دېرىزە بولىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپتىكى سۇپىلار بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، «ئەگمە سۇپا»نى شەكىللەندۈرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ۋە مېھمانلارنىڭ يېتىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن بولىدۇ.

رۇسلارنىڭ تۇرالغۇسى رۇسلارنىڭ ئۆيلىرى ئېگىز، چوڭ بولۇپ، ئورنى كۆتۈرۈپ سېلىنىدۇ، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. ئۆيلەر كۋادرات شەكىلدە بولىدۇ، ئۆگزىسى يانتۇ بولۇپ، يېشىل سىرلىق قاڭالتىر بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆدۈل ئىشىك ئالدىدا پېشايۋان ۋە رېشاتكىلىق ئايۋان بولىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەن يەردە كارىدور، كارىدورنىڭ بىر تەرىپىدە ياتاق ئۆي، بىر تەرىپىدە مېھمانخانا بولىدۇ، ئۆينىڭ دېرىزىلىرى كەڭ بولىدۇ، يەرگە نەملىكتىن ۋە سوغاقتىن ساقلايدىغان تاختاي مىقلىنىدۇ. ئۆيگە ئېگىز ۋە چوڭ تام مەش سېلىنىدۇ، ئاشخانا كەڭ ۋە يورۇق بولىدۇ، قازان بېشىدىن باشقا يەنە ئۈستى يۇمىلاق، ئاستى چاسا، بولكا ۋە پىرەنىك پىشۇرىدىغان چوڭ دوخوپكا بولىدۇ (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ئورنىنى توك دوخوپكىسى ئىگىلىدى). رۇسلار تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن پاكىز بولىدۇ، دېرىزە، ئۈستەل، كارىۋاتلارغا كەشتە تىكىلگەن دېرىزە پەردىسى، داستىخان ۋە ئايىقىغا تور تىكىلگەن كارىۋات يايقۇچ يېپىلىدۇ، بۇلار ئىنتايىن پاكىز كۆرۈنىدۇ.

تاتارلارنىڭ تۇرالغۇسى شەھەر - بازارلاردىكى تاتارلارنىڭ ھازىرقى تۇرالغۇسىنىڭ كۆپىنچىسى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق. بىر خىل ئۆينىڭ ئۆگزىسى « 人 » شەكىللىك بولۇپ، قاڭالتىر بىلەن يېپىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلىنىڭ تۈز بولۇپ، قېلىن سامانلىق لاي يېپىتىلىدۇ، ئۆگزىنىڭ

قىرغاقلىرىغا سۇ ئاقىدىغان نور ئورنىتىلىدۇ. ئۆينىڭ تاملىرى ھاك بىلەن سۇس كۆك رەڭدە ئاقلىنىدۇ. قوش قەۋەت ئەينەكلىك دېرىزە ئورنىتىلىدۇ. ئىچكى قەۋىتى ھەرىكەتچان بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ. دېرىزە سىرتىدا ياغاچ قاپقاق بولۇپ، دېرىزىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. دېرىزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن پورتوشكا قويۇلىدۇ. ئۆي ئىچىنىڭ ئاستىغا سېمونت يېيىتىلىدۇ ياكى خىش ياتقۇزۇلىدۇ. ئورمان بايلىقى مول يەرلەردە، ئادەتتە كۆپىنچىسى ياغاچ ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى تاختايلار ھاۋارەڭ ياكى قىزغۇچ سېرىق سىردا سىرلىنىدۇ. تام ياكى دېرىزىدىن ھاۋا ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆشۈك قويۇلىدۇ. ئۇنى قىش كۈنى ئېتىۋېتىپ، ياز كۈنى ئېچىپ قويۇشقا بولىدۇ. ئۆيلەرنىڭ سىرتىغا ئادەتتە قورۇق تام سېلىنىپ، قورۇ شەكىللەندۈرۈلىدۇ. قورۇ ئىچىگە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ تىكىلىدۇ، كىچىك يول، كارىدور، ئاشخانا، مونچا، ئامبار، ھاجەتخانا، لاپاسلىق قوتان، كۆكتات ئورىسى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

ۋاڭ پىڭ

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئاتالغۇلار ئىشخانىسى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە تىلىدىكى كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە يېڭى ئاتالغۇلىرىنى توپلاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلدى. 4 خىل تىلدىكى مەخسۇس گۇرۇپپا 8 قېتىم قېلىپلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئېچىپ، كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ ۋە يېڭى ئاتالغۇسىدىن 2548نى ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە يېڭى - ئېخنىكا لۇغىتى»گە 15 يېڭى بويىچە 60 مىڭدىن كۆپرەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلدى. بۇ گۇرۇپپا لۇغەتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېخى بېكىتىلمىگەن 8 يېڭى ئاتالغۇسى ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئاچتى. لۇغەتنىڭ ئاچقۇچى، رەتكە تىزىلىش تەرتىپى ۋە بەت ياساش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. قازاق مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - قازاقچە قېلىپلاشتۇرۇلغان يېڭى - ئېخنىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (6500 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن) يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قازاقچە ئىبرىسىن ئۆزگەرتىشنىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇلى» نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتتى ھەمدە 3 قېتىم كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىبرىلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئېچىلدى. قىرغىز مەخسۇس گۇرۇپپىسى 3 قېتىم قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئاچتى. شىبە مەخسۇس گۇرۇپپىسى بىر قېتىم قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئاچتى.

چى چېڭەن

## شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشتى

جۇڭگو شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 2001 - يىل 5 - ئايدا ئاخىرلاشتى. تەكشۈرۈش خىزمىتى 2000 - يىل 3 - ئايدا باشلانغانىدى، بۇ خىزمەت 69 ناھىيە، شەھەر، رايونغا چېتىلىدۇ، تەكشۈرۈشكە 800 ئادەم قاتناشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت، كىنو فىلىم تارقىتىشتىن ئىبارەت 4 چوڭ تارماقتا مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئاز كەم 1100 دۆلەت مەمۇرى، سودا خادىمى، پروگراممىا رىياسەتچىسى قاتارلىق 8 چوڭ كەسىپتىكى خادىملار ئۈستىدە مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن بولۇپ 8860 ئائىلىگە كىرىپ تەكشۈرۈلدى. ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت تىل تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا 1100 پارچە مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە 45 مىڭ پارچە ئائىلىگە كىرىپ ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ۋە لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا يوللاندى.

چېن يۇنخۇا

## «قازاقچە ئىملا قائىدىسى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى»

بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، 2001 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان، ئۇ 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نەشر قىلىنغان «قازاقچە ئىملا قائىدىسى» ئاساسىدا، شىنجاڭدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە ئىدارىلەر، ھەرخىل مەكتەپلەردىن كەلگەن پىكىر ئېلىنغاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلغان. بۇ كىتاب ئىملا

قائىدىسى ۋە تىنىش بەلگىسىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ مەزمۇنى قازاق يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى، ھەرپلەرنىڭ قوشۇپ يېزىلىشى، سۆزلەرنىڭ ئايرىپ يېزىلىشى، سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشى، جۈپ سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىشى، قۇر كۆچۈرۈش قائىدىسى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ يېزىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن كىتاب 125 ماددىلىق بولۇپ، ئىملا قائىدىسى 64 ماددا، تىنىش بەلگىلىرى قائىدىسى 61 ماددا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز كەم 20 ئەسكەرتىش بولۇپ، بەزى ئەسكەرتىشلەردە 3 — 4 ماددىلىق قائىدە بار.

نۇرخابى N.S.

## «تەلەپپۇز قائىدىسى بىلىملىرى»

بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 11 - ئايدا نەشر قىلىپ تارقاتقان. «تەلەپپۇز قائىدىسى بىلىملىرى»نىڭ مەزمۇنى قازاق تىلىنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىش قائىدىلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايان، سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇش، بوغۇم، سۆز، چەت ئەلدىن كىرگەن سۆز، قىسقارتىلما سۆز، سان - سىپپەرلارنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىش قائىدىلىرى ۋە ئۇرغۇ، تىنىش، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭدىكى تۇنجى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

نۇرخابى N.S.

## ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2001 - يىل 11 -، 12 - قارارلىق ئۈلكە دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىنىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. تەربىيىلىنىشكە سانجى ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن كەلگەن 70 نەچچە ئوقۇتقۇچى قاتناشتى، 28 ئوقۇتقۇچى ئۈلكە دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىنىغۇچىلىق لاياقەتنامىسىگە ئېرىشتى. 2001 - يىلى ئىلى ئوبلاستى، ئالتاي، قۇمۇل، ئىلى ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 9142 ئوقۇتقۇچى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىنى پۈتتۈرگەن 2002 ئوقۇغۇچىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى سىناپ كۆرۈلدى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «ئورتاق تەلەپپۇزنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مائارىپ نازارىتى، كادىرلار نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى بىرلىكتە 6 مىنىستىرلىك - كومىتېتنىڭ «4 - نۆۋەتلىك ‹ئورتاق تەلەپپۇزنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى› پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئورتاق تەلەپپۇزنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىكى نۇقتىسىدىن 8نى قۇردى، پۈتۈن شىنجاڭغا 20 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 1000 يۈرۈش تەشۋىقات سۈرىتى چاپلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئاخبارات ئورۇنلىرىنى بۇ ھەقتە تەشۋىقات خەۋەرلىرى يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى.

چېن شاۋچىڭ

## تىل - يېزىق تورىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىنتېرنېت توردا «شىنجاڭ تىل - يېزىق تورى» قۇردى، تور ئادرېسى: http:llwww. xjyw. gov. cn. «شىنجاڭ تىل - يېزىق تورى» دىكى تور بېتىنىڭ مەزمۇنى 50 مىڭ خەتتىن ئارتۇق بولۇپ، ئاز كەم 20 مەخسۇس ستون تەسىس قىلىنغان. ھەربىر ستوندا ئوخشاش بولمىغان سەھىپىلەر بويىچە مەلۇم جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرا، تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئالاقە باشلانغاندىن كېيىن تورغا كىرگۈچىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق ساھەسىدىكى مۇھىم ئۇچۇرى ۋە كۆزنىكىگە ئايلاندى. «شىنجاڭ تىل - يېزىق تورى» ملئارىپ مىنىستىرلىكى قۇرغان «جۇڭگو تىل - يېزىق تورى» بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان مۇقىم بۆلەككە ئايلاندى.

تۇڭجيا چىڭفۇ

## «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا - تەلەپپۇزىنى سىناش پروگراممىسى»

2001 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل -

يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇزىنى سىناش پروگراممىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. «پروگرامما» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر مۇھىم تېما. «پروگرامما» «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا. تەلەپپۇز قائىدىسى» ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇرلار قوللانغان تۈرلۈك ئاساسلىق يېزىقلار ۋە ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى، لېكسىكولوگىيىسى، گراماتىكا بىلىملىرى، ئىملا ـ تەلەپپۇز ئاساسىي بىلىمى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «پروگرامما» بىر خىل كەسىپ ئۆلچىمى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

تاھىر ئابدۇۋەلى

### ئاپتونوم رايون «20 ياخشى تەرجىمان»نى تەقدىرلىدى

2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، تەرجىمانلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى «20 ياخشى تەرجىمان»نى تەقدىرلەش يىغىنى ۋە شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 200دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى «20 ياخشى تەرجىمان»غا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە خاتىرە بويۇمى بەردى. شىنجاڭدا تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىل بولغان 200 تەرجىمانغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «20 ياخشى تەرجىمان»نى شاڭخەي ـ گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

«ئاپتونوم رايوندىكى 20 ياخشى تەرجىمان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنلەر:

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن ئىسكەندەر ئىبراھىم، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن مۇخەممەر مۇقاش، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن ئېرمەك، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدىن چى جۇنچېڭ، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدىن خەن يۈۋېن، بورتالا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن بېلىقىز، قاراماي شەھىرى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مائارىپ مەركىزىدىن توختى باقى، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن قايشا تابارەك، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدىن يۇنۇس توختىياز، پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئېلى ئىمىنىياز، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن مۇھەممەت تۇردى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرجىمە بۆلۈمىدىن ئابدۇرۇسۇل، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن كېرەم توختى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئىشخانىسىدىن زەيدىنجان مامۇت، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدىن نادىر سادىر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن جامال ئىمىن، دېھقانچىلىق نازارىتى تەھرىر ـ تەرجىمە ئىشخانىسىدىن باتۇر ئابدۇللا، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن دۇشەن، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن با. ئۇلىسۇ، شىنجاڭ بىڭتۇەن بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن سۇ يۇڭچېڭ.

چى جيەنجۇن

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## دىن ئىشلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى دىن ئىشلىرىنى مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت 2 چوڭ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانۇن بويىچە باشقۇردى.

1. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. بىر يىلدا 15 مىڭ 841 دىنىي زات تەربىيىلەندى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ يېتەكلەش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. 446 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 1311 تالىپنى يېتەكلىدى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايوندىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ دىن ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ تەفسىر ئېيتىش، خۇتبىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. 8 ـ ئايدا «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ۋەزلەردىن تاللانما» شىنجاڭدا تارقىتىلغاندىن كېيىن، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئايەتتىن

ئىمتىھان بېرىش، تەپسىر ئېيتىش، تەربىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پىلانلىق تەشكىللەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

3. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ 5 يىللىق ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى ۋە تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جايلاردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىندى.

4. ھەج قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ تائەت - ئىبادەتنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

5. بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

6. «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئىدىيە يېتەكچى قىلىنىپ، خىزمەت سالمىقى زورايتىلىپ، يوشۇرۇن دىنىي كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىگە قەتئىي زەربە بېرىلدى، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن پائال مۇداپىئە كۆرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. نۇقتىلىق رايونلارنىڭ رامزان ئېيى ۋە 2 ھېيت مەزگىلىدە جەمئىيەت مۇقىملىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىلدى. ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، باشقۇرۇش تۈزۈمى ساغلاملاشتۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى.

ۋاڭ يىلڭ

## دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى

شىنجاڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 -، 7 - كۈنلىرى پىچان ناھىيىسىدە ئېچىلدى. 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە يەكۈنلەشكە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

يىلنىڭ بېشىدا ۋە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن 2 نى ئەۋەتىلىپ، جايلارنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى.

2001 - يىلى يىللىق تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنى 24 مىڭ 50 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغىنى 23 مىڭ 909، لاياقەتسىز بولغىنى 141 بولغان. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.4% كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 23 مىڭ 753، لاياقەتسىز بولغىنى 138؛ بۇددا دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 49، لاياقەتسىز بولغىنى بىر؛ خرىستىيان دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 89، لاياقەتسىز بولغىنى 2؛ كاتولىك دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 15؛ پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 2؛ تويىن دىنىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى بىر.

يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر تۈرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش بىلەن مەمۇرىيەت تەرىپىدىن باشقۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ تەگىتى ئېنىقلىنىپ، بەزى قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

ما شىنچىڭ

## مىللەتلەر ئىشلىرى، دىن ئىشلىرى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت - ئىدارە، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن 50 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يېقىنقى مەزگىلدىكى مىللەت، دىن مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ھېسابلانغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقىدى. نۇرغۇن تەكشۈرۈش - تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان يىغىن قاتناشچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ نۆۋەتتىكى دىن ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى

ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنىي ئەسەبىي كۈچلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولغان.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەش بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پەن تەتقىقات ئاكادېمىيە ـ ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى قاتناشتى، يىغىندا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر باھالاندى. تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاساسەن «دىنىي سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، غەربنى كەڭ ئېچىشنى قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن قوللاش»قا قويۇلۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلمىي كەيپىيات تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مىللەتلەر ئىشلىرى ـ دىن ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر ـ ئالىملار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەر قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى ـ دىن ئىشلىرى مۇتەخەسسىس ـ ئالىملاردىن 20 نەچچە كىشى يىغىنغا تەكلىپ بويىچە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى ـ دىن ئىشلىرى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى دۇچ كەلگەن ئەھۋال ۋە تەتقىقاتنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئۈستىدە تەكلىپ بەردى.

ما شىنچىڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى دىنىي زاتلارنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى»نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش پائالىيىتى

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللەردىن 200دىن كۆپ ئادەم شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىگە جەم بولۇپ، «فالۇن گۇڭپىسى»نىڭ بىدئەتلىك ماھىيىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى، «فالۇن گۇڭپىسى»نىڭ رەزىل قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى ھەمدە بىدئەتنى چەكلەش تەشەببۇسنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، تويىن دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ 30 نەچچە ۋەكىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى»نى پاش قىلىش ـ تەنقىد قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تەشەببۇسنامە ئېلان قىلدى.

ما شىنچىڭ

## ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 2001 ـ يىلى ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشىنى پائال ئالغا سۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەمكارلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىپ، خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردى.

1. بىر مۇئاۋىن باش كاتىپنى ش ئۇ ئا ر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ھەمكارلاشتى ھەمدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى قاتارلىق جايلارنىڭ دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلدى.

2. تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيىلەش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، 2001 ـ يىلى ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ دۆلەتتىن چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئوبدان ئىشلىدى. 102 كىشىدىن تەركىب تاپقان سەئۇدىي پادىشاھىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە ھەج قىلىش ئۆمىكى تەشكىللەش، ھەج قىلدۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولدى.

3. تەفسىر ئېيتىش ۋە خۇتبىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دىنىي تەشۋىقاتنىڭ مەزمۇنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇردى. تۆۋەنگە مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، خۇتبە چېتىلىدىغان مەزمۇن ۋە دىققەت قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى دىنىي ئىشلار يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ «يېڭى تۈزۈلگەن ۋەزلەر توپلىمى»نى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پائال ماسلىشىپ، ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا سىناق تەرىقىسىدە ۋەز ئېيتىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پىكرىنى ئالدى. توپلام رەسمىي نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى دەرھال ئاپتونوم رايون بويىچە مەسچىتلەردىكى دىنىي زاتلارغا تارقىتىپ بەردى.

4. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ نەشرگە كەلگەنلىكىنىڭ 5 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت

يىغىنى ئېچىلىپ، ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭغا مۇشتەرى بولۇش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى.

5. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى سەگەكلىك بىلەن ياخشى ئىشلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن بولغان دائىملىق ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنى ساقلاپ قېلىپ، ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوغدىشى تەلەپ قىلىندى.

ۋاڭ پىڭ

## ھەج قىلىش خىزمىتى

شىنجاڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى 1000 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەك، 9 شۆبە ئۆمەككە بۆلۈنۈپ (بىڭتۈەن شۆبە ئۆمىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، 4 تۈركۈمدە چېگرىدىن چىقىشقا باشلىدى.

ھەج قىلغۇچىلار سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھەجنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، 3 - ئاينىڭ 14 -، 16 -، 18 - ۋە 20 - كۈنلىرى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ مۇددەت ئېلىنغان 4 ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

ما شىنچىڭ

## مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «يورۇق ئاي لوڭقىسى» بويىچە قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «يورۇق ئاي لوڭقىسى» بويىچە قىرائەت مۇسابىقىسى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بېيجىڭدىكى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ زالىدا ئاخىرلاشتى، مۇسابىقىگە ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تاللاپ ئەۋەتكەن 5 ئىمام قاتناشتى، ئۇلاردىن 3 كىشى 1 -، 2 -، 3 - بولدى، 2 كىشى مۇنەۋۋەر ئىمام مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ما شىنچىڭ

## فۇكاڭ شەھىرىدىكى فۇگۇاڭسى ساڭرامى ساڭرام ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى فۇكاڭ شەھىرىدىكى فۇگۇاڭسى ساڭرامى تەنتەنىلىك ھالدا بۇددىساتۋا سارىيىنىڭ پۈتكەنلىك ۋە بۇرخان رەسىمىنىڭ ئېچىلغانلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى گۈچۈڭ ناھىيىسىدىكى دەرمە ھەزرەت ساڭرامىمۇ تەڭرىقۇت سارىيىنىڭ پۈتكەنلىك مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

فۇكاڭ شەھىرىدىكى فۇگۇاڭسى ساڭرامى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن تېز سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6451 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 787 كۋادرات مېتىر. ئۇنىڭ ئىچىدە مەھاۋىرە بۇددىساتۋا سارىيى، ئەۋەلوكتېشۋەرە سارىيى ۋە كىشتىگەربە سارىيى تەسىس قىلىنغان.

گۇاڭ با

## چوڭ لاما گەنجىبىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلدى

4 - ئەۋلاد چوڭ لاما گەنجىي لىكشتىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ كىبرخوت كۇرەسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

گەنجىي لاما، موڭغۇل، ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى ئابرۇيلۇق، بىلىمى مول ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات. ئۇ ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

گۇاڭ با

## دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 -، 4 - كۈنلىرى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى 6 ئادەم كۇچادىكى خانىقا قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەنە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى، 3 -، 4 - قاراردا تەربىيىلىنىۋاتقان كۇرسانتلارنى يوقلىدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش، ئۆستۈرۈلۈش ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ 7 كىشىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق قاتارلىق جەھەتلەردە نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جيافۇ قاتارلىقلار كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ كەيگەنچى يېزىسىغا بېرىپ، چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاقلارنى، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ما شىنچاڭ

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| مىللىي يېزا نامى | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ئادەم) | ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى (ئادەم) | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يېزا، بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | ئاشلىق ھوسۇلى (توننا) | يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غۇلجا ناھىيە ئۇچۈن خۇيزۇ يېزىسى | 45063 | 41339 | | 20910 | 1 | 7600 | 46600 | 32 | 33 | 2770 |
| قورغاس ناھىيە ئىچكاشەن شىبە يېزىسى | 13101 | 4659 | 134 | 360 | 3841 | 6 | 2158 | 65 | 330 | 2219 |
| قورغاس ناھىيە سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى | 13217 | 11610 | 855 | 1742 | 3147 | 1913 | 6810 | 344 | 344 | 2138 |
| نىلقا ناھىيە كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى | 13182 | 8437 | 238 | 297 | 3200 | 16667 | 3854 | 364 | 1907 | |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيە خوسۇمتۇخارسون موڭغۇل يېزىسى | 7880 | 6000 | | | 3 | 1420 | 5577 | 39 | 39 | 2565 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيە جاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى | 9341 | 7726 | | 4670 | 2293 | 3373 | 684 | 54 | 41 | 1986 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيە شات قىرغىز يېزىسى | 12102 | 10888 | | 1671 | 2972 | 4567 | 11735 | 32 | 32 | 2214 |
| تېكەس ناھىيە كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 11524 | 8893 | | 1260 | 1566 | 1067 | 2044 | 134 | 134 | 1271 |
| تېكەس ناھىيە خۇجبرتى موڭغۇل يېزىسى | 3745 | 3382 | 820 | 1971 | 111 | 967 | 1986 | 41 | 41 | 1911 |
| چاپچال ناھىيە مىلەڭچۈەن خۇيزۇ يېزىسى | 4389 | 3204 | | 1646 | 1114 | 933 | 5368 | 12 | 23 | 2152 |
| چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر يېزىسى | 9477 | 4530 | 1178 | 1356 | 5808 | 10023 | 29154 | 526 | 526 | 3118 |
| شىخو شەھىرى تابىلىخات موڭغۇل يېزىسى | 2067 | 1932 | | | 797 | 333 | 670 | 170 | 170 | 2797 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2854 | 205 | 205 | 2811 | 1475 | 2569 | 2103 | 1998 | 1805 | 5161 | شىخو شەھىرى جىركىلتى كولىن موڭغۇل يېزىسى |
| 2850 | 234 | 234 | 6502 | 2020 | 1174 | 1855 | 944 | 1699 | 4699 | دۆربىلجىن ناھىيە ئېمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى |
| 1074 | 283 | 283 | 1430 | 1400 | 677 | 20 | | 2793 | 3680 | دۆربىلجىن ناھىيە خوجېرتى موڭغۇل يېزىسى |
| 2048 | 390 | 390 | 105 | 535 | 950 | 1500 | 1500 | 3000 | 4023 | ئالتاي شەھىرى قاندىغاتى موڭغۇل يېزىسى |
| 2458 | 201 | 201 | 160 | 187 | 206 | 51 | 12 | 2125 | 2161 | بۇرچىن ناھىيە قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| 2600 | 289 | 30 | 1545 | 1867 | | 2122 | 1015 | 7710 | 7825 | سانجى شەھىرى ئاشىلى قازاق يېزىسى |
| 2107 | 241 | 69 | 1151 | 11881 | 1100 | 5360 | 2534 | 2572 | 3509 | مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىسى |
| 3514 | 260 | 253 | 1424 | 7282 | 81 | 3999 | 3999 | 3048 | 3908 | فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ قازاق يېزىسى |
| 3046 | 271 | 179 | 8053 | 1933 | 2679 | 1750 | 1750 | 4165 | 6885 | فۇكاڭ شەھىرى ئاقچول قازاق يېزىسى |
| 2126 | 199 | 199 | 2010 | 1099 | 2538 | 441 | 187 | 2933 | 4698 | ماناس ناھىيە خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| 2020 | 210 | 20 | 2498 | 13360 | 1586 | 1321 | 1153 | 3424 | 4381 | ماناس ناھىيە تاسىرقاي قازاق يېزىسى |
| 2008 | 42 | 112 | 2507 | 1659 | 2806 | | | 6720 | 8140 | ماناس ناھىيە چىندىخوزا قازاق يېزىسى |
| 2796 | 33 | 33 | 69491 | 2034 | 3844 | 3612 | 801 | 5218 | 6445 | قۇتۇبى ناھىيە تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى |
| 1860 | 150 | 150 | 402 | 154 | 1791 | 20 | 20 | 2991 | 3850 | گۇچۇڭ ناھىيە داچۈەن تاتار يېزىسى |
| 2171 | 394 | 394 | 15 | 5 | 305 | | | 5950 | 7374 | گۇچۇڭ ناھىيە ژۇماچاڭ قازاق يېزىسى |
| 1910 | 199 | 199 | 4149 | 933 | 1299 | | | 2256 | 2857 | گۇچۇڭ ناھىيە چۆرىن قازاق يېزىسى |
| 1763 | 76 | 9 | 284 | 527 | 798 | | 71 | 2908 | 2928 | مورى ناھىيە دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى |
| 2920 | 110 | 110 | 1351 | 327 | 458 | 3180 | | 3503 | 3671 | پىچان ناھىيە دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| 1515 | | | 354 | 229 | | | | 2350 | 2500 | قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۈرۈك قازاق يېزىسى |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق يېزىسى | 735 | 735 | | | | 139 | 112 | | | 1281 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نېرىنكىر قازاق يېزىسى | 3317 | 2999 | | 104 | | 429 | 61 | 11 | 210 | 1070 |
| خوشۇت ناھىيە ئۇشتاقتال خوزۇ يېزىسى | 9384 | 5874 | 56 | 56 | 4327 | 43900 | 6686 | 424 | 424 | 3222 |
| ئونسۇ ناھىيە بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى | 4377 | 4360 | | 22 | 436 | 984 | 366 | 22 | 333 | 785 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ قىرغىز يېزىسى | 8280 | 8242 | 214 | 505 | 2684 | 1154 | 7314 | 283 | 283 | 1074 |
| ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك يېزىسى | 4127 | 4127 | | 5 | 260 | 195 | 187 | | | 405 |
| يەكەن ناھىيە زەرەپشان تاجىك يېزىسى | 7367 | 7365 | | 2 | 415 | 1559 | 6080 | 7 | 15 | 495 |
| پوسكام ناھىيە بۆيلۇق تاجىك يېزىسى | 3313 | 2333 | | 50 | 600 | 627 | 1800 | 18 | 25 | 735 |
| تاشقورغان ناھىيە كۆكيار قىرغىز يېزىسى | 837 | 837 | | | 1340 | 15 | 227 | | | 873 |
| گۇما ناھىيە كەڭقىر قىرغىز يېزىسى | 1612 | 1612 | | | 138 | 140 | 513 | 31 | 23 | 631 |
| گۇما ناھىيە نەۋئابات تاجىك يېزىسى | 822 | 822 | | | 96 | 135 | 114 | 4 | 4 | 977 |

ئىزاھ: قۇتۇبى ناھىيە مايتاغ قازاق يېزىسىنىڭ ماتېرىيالى يوق.

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

# نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

## نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاخباراتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 761 مىڭ 900 گە، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.92 گە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.13 گە يەتكەن. ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكىسى مونولارنى ئىسپاتلىدى: 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 242 مىڭ 400 بالا تۇغۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %57.23 نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.09 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىگەن؛ 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %27.4 كە يېتىپ، 0.39 پىرسەنت پويىنتى ئۆرلىگەن؛ 3 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %15.37 بولۇپ، 0.3 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىگەن. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.02 بولۇپ، 0.41 پىرسەنت پويىنتى ئۆرلىگەن، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %82.61 بولۇپ، 1.33 پىرسەنت پويىنتى، گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %16.96 بولۇپ، 0.24 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىگەن.

بەي يۈلىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە 2001 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىن مەزگىلىدە دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»ى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»ى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ھەمدە مۇكاپاتلاش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى بىلەن نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كەسپى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

لى باۋگۈي

## نوپۇسنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى ۋاقتىدا تەرتىپكە سالدى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى بىلەن تېببىي دورا نازارىتىقىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قوشۇمچە ئەزا ئورۇنلۇققا تولۇقلىدى، قوشۇمچە ئەزا ئورۇنلار بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئالاقىچىلارنى بېكىتىپ، ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. تارماقلار قانۇنىي ئىگە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى ھەمدە مەسئۇلىيەتكە ئاساسەن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ماسلىشىپ، سىياسەت تۈزۈش ۋە تەدبىر بەلگىلەشتە مايىللىق سىياستىنى يولغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە مەنپەئەتكە توغرىلاش مېخانىزىمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، نامراتلارنى يۆلەش — تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ۋە مەبلىغىنى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرگە ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. يالغۇز پەرزەنت سوغۇرتىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوغۇرتىسىنى پائال يولغا قويدى، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش سىياستى ۋە ئىجتىمائىي قوغداش - ياردەم سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۈنىڭدىن باشقا، سەھىيە نازارىتى بىلەن كېڭىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىدىكى خادىملارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ھەل قىلىپ بەردى ۋە «تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بەردى، مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە ھەقسىز تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىش تۈرى ۋە ئوپېراتسىيە ئاساسىي خىراجىتىنى تەكشۈرۈپ تەققىق قىلىش ھەم مۆلچەرلەش خىزمىتىنى تاماملىدى، 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايلارغا چۈشۈرۈپ بەردى.

لى باۋگۈي

## مەركەزنىڭ «قارار»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭبىر يىللىقى سۆھبەت يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ «قارار» ىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى

ئاپتونوم رايون 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە مەركەزنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تۈزەن تۇغۇتسەۋىيىسىدە مۇقىملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى مەتتىمىن زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «قارار» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك تەلەپلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئازسانلىق مىللەتلەرگە خاس پىلانلىق تۇغۇتنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. 2001 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگوڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنى ماسلاشتۇرۇپ 21 ئادەم ئاجرىتىپ 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ 19 ئەزا ئورنىغا بېرىپ مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە دوكلات ئاڭلاش، سوئال قەغىزى ئارقىلىق سىناش، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، ماتېرىيال كۆرۈش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ۋە كەنت - ئائىلىلەرگە بېرىپ تۇغۇت يېشىدىكى ئاممىنى سۈرۈشتە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، مەركەزنىڭ «قارار» ى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى» نىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لى باۋگۈي

## «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتى

2001 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون «نىكاھ يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى» بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، 16 ناھىيە (شەھەر)، 83 يېزا (بازار)، 63 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 196 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 13 نازارەت، ئىدارە بىلەن بىرلىكتە «شىجاڭ بويىچە نىكاھ يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 2001 - يىلى جايلار ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئالاقىدار تارماق، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۇغۇت چەكلەش، سۈپەتلىك تۇغۇش - سۈپەتلىك تەربىيىلەش، جىنسىي ساغلاملىق قاتارلىقلارغا دائىر بىلىملەرنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. «جۇڭگو نوپۇس گېزىتى» نىڭ شىنجاڭ مۇخبىرلىق پونكىتى بىلەن «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت» ژۇرنىلى شىنجاڭ مۇخبىرلىق پونكىتى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار مۇخبىرلىق پونكىتى بولۇپ باھالاندى.

ئاساسىي قاتلام تور قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرى تور قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى پائال غەملەپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ئاپپارات ۋە خادىم شتاتىنى، تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش جەھەتتە پائال ماسلاشتۇردى، ھازىر مۇستەقىل پونكىت قۇرغان يېزا (بازار) دىن 463 ى بار بولدى، ھەرقايسى مەمۇرىي كەنتلەردە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئۆيى قۇرۇلۇپ، بىردىن 2گىچە تەشۋىقاتچى سەپلەندى، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىغا بىردىن دورا تارقاتقۇچى سەپلەندى.

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش - تۇغۇت چەكلەش، سۈپەتلىك تۇغۇش - سۈپەتلىك تەربىيىلەش، جىنسىي ساغلاملىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش پائالىيەتلىرى يايدۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

جايلار دائىملىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، كومپيۇتېرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، ئاپتونوم رايون بويىچە 83 ناھىيە «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى لاياقەتلىك ناھىيە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 67 ناھىيە «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئىلغار ناھىيە، 2 ۋىلايەت، ئوبلاست «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست بولدى.

لى باۋگۈي

## خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە كۆپەيدى. مالىيە سېلىنمىسى جەھەتتىكى پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتى 157 مىليون 518 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 65.58% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر كەسپىي خىراجىتى 22 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 107%، ئۆلكە دەرىجىلىك سېلىنما 11 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 120.8%، ۋىلايەت دەرىجىلىك سېلىنما 14 مىليون 674 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 35.89%، ناھىيە دەرىجىلىك سېلىنما 87 مىليون 51 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 27.42% كۆپەيدى. يېزا دەرىجىلىك سېلىنما 21 مىليون 908 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

بەي يۇلىڭ

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇنلار بېكىتىلدى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەرتەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەرتەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇن؛ ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى، سانجى شەھىرى، قورغاس، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەرتەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلاردا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ھەرتەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى، مەنپەئەتكە توغرىلاش مېخانىزمى، باشقۇرۇش مېخانىزمى، مۇلازىمەت سىستېمىسى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، تەكشۈرۈش - باھالاش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمى قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. تەرتىپكە سېلىنغان جەمئىيەت 84% كە، لاياقەتلىك كەنت جەمئىيىتى 65% كە، جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىيلەشكەن پائالىيەت خىراجىتى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، «باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، ئىش قىلىدىغان پۇل بولۇش، قائىدە - تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىش» ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئېشىپ، كەنت جەمئىيىتى ئاساس قىلىنغان داۋاملىق خىزمەت مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 4 - قېتىملىق كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، باش كاتىپلار خىزمەت يىغىنى ئاچتى. 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - قېتىملىق كېڭىشى 2000 - يىللىق خىزمەتتىن دوكلات بەردى. يىغىندا ئىلغارلار تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

لى باۋگۇي

## شەندۇڭ ئۆلكىسى شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ياردەم بەردى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ سىستېما بويىچە شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ياردەم بېرىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدا غەربىي قىسىم رايونلارغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا پىكىر» نى قانداق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. ئىككى تەرەپ شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ سىستېما بويىچە شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ياردەم بېرىشنى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن، زىبو، ۋېيفاڭ، جىنىڭ، لىنيى، ۋېيخەي، دۇڭيىڭ شەھەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ قاراقاش، خوتەن، لوپ، يەكەن، پەيزاۋات، ئاقتۇ، كۇچا ناھىيىلىرىگە سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشنى بېكىتتى. يىغىندا تۆۋەندىكىدەك مۇددىئا ھاسىل قىلىندى: بىرىنچى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھەر يىلى پىلانلىق تۈردە سىستېما بويىچە ياردەم بېرىلىدىغان ناھىيىلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، كادىر تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن باشقۇرغۇچى خادىم ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى تاللاپ ئەۋەتىدۇ؛ شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھەر يىلى 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ كادىرلارنى تاللاپ شەندۇڭغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىدۇ، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئەۋەتىشكەن كادىرلار ئىككى تەرەپتە ۋەزىپىلىك ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، ئالتاي ۋىلايىتىگە 50 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلىدۇ. ئۈچىنچى، سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش

خىراجىتى، ئۈسكۈنە قاتارلىقلارغا دائىر كونكرېت لايىھە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېڭەيتىلىدۇ. تۆتىنچى، سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى 2002 - يىل 4 - ئايدا رەسمىي باشلىنىدۇ. بەشىنچىسى، شەندۇڭنىڭ ياردەم بېرىدىغان شەھەرلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ يەردەم قوبۇل قىلىدىغان ناھىيىلىرىگە دائىر كونكرېت ئىشلارنى ئىككى تەرەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن كېڭەيتىدۇ.

شەندۇڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى شىنجاڭنى تەكشۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىبو، ۋېيفاڭ، جىنىڭ، لىنيى، ۋېيخەي شەھەرلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ خوتەن، لوپ، يەكەن، پەيزاۋات، ئاقتۇ ناھىيىلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ دەسلەپكى قەدەمدە ياردەم بېرىش مۇددىئاسى ھاسىل قىلدى. 2001 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسى شىنجاڭغا 710 مىڭ يۈەن نەق پۇل، تەخمىنەن 200 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە ياردەم قىلدى.

لى باۋگۈي

## خوتەن ۋىلايىتى مىللەت، دىن تارماقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پائال تەشۋىق قىلدى

خوتەن ۋىلايىتى مىللەت، دىن تارماقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، كۆپ مىقداردا چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، نوپۇسنى ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلەش جەھەتتە مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، ھەر يىللىق خىزمەت پىلانىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. ۋىلايەتتىكى دىنىي ئۆلىما ۋە خىزمەتچىلەرمۇ بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن قوللاپ، پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر بىلىملەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى پائالىيىتىگە پائال قاتناشتى ۋە ئۇنى قوللىدى.

2. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك دىن باشقۇرۇش تارماقلىرى تۈرلۈك دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىغا دائىر تەشۋىقات - تەربىيىنى مۇھىم بىر مەزمۇن قىلىپ، دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەرگە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، ئاز تۇغۇش - سۈپەتلىك تۇغۇش، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى شۇنىڭدەك ياخشى تەربىيىلەشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلدى. تەربىيىلەنگەن دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەر ئادەتتىكى چاغلاردا قۇرئان تەفسىر قىلىش پائالىيەتلىرىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارغا بىرلەشتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇت جەھەتتىكى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى.

3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك ناھىيە (شەھەر) لەرگە بېرىپ سەييارە لېكسىيە سۆزلەپ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتى ئىكەنلىكىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلدى، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ھاقارەتلەيدىغان ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەرگە رەددىيە بەردى، ئاممىغا ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىشنىڭ توپ مەقسەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. 2001 - يىلى 800 نەچچە مىڭ ئامما ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن تەشكىللەنگەن سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ تەشۋىقات - تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى.

4. بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لار دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقى، پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى «بەشتە ياخشى» دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەرنى باھالاشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ شەرتى قىلىندى. بۇ دىنىي ئۆلىما - خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» نى ئىلغار ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش پائالىيىتى

2001 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 8 تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان 37 ناھىيە (شەھەر) نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى، توقسۇن ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۈرۈك، مورى، غۇلجا، كۈنەس، تېكەس ناھىيىلىرى، چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن، قوبۇقسار، بۇرۇلتوقاي، ئارىشاڭ، خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا، شايار، توقسۇ، باي،

ئاۋات، ئاقتو، ئاقچى، ئۇلۇغچات، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، پەيزاۋات، مارالبېشى، خوتەن، لوپ، كېرىيە، نىيە قاتارلىق 36 ناھىيە (شەھەر) گە 2001 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دەپ؛ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە 2001 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى لاياقەتلىك ناھىيە دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە قوشۇمچە ئەزا ئورۇندىن 7نى تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 19 قوشۇمچە ئەزا ئورۇننىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى باھالىدى، تەكشۈرۈش 20 كۈن داۋاملاشتى. تەكشۈرۈشتە ئاساسەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە قوشۇمچە ئەزا ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ماتېرىيال كۆرۈش، نەق مەيداندا سۈرۈشتۈرۈش، خالىغان نۇقتىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش، كەنت ۋە ئائىلىلەرگە بېرىش، تۇغۇت يېشىدىكى ئاممىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ھەرتەرەپلىمە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە باھالاش ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

لى باۋگۈي

## بايىنغولىن ئوبلاستى پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

2001 ـ يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى 108 كەنتتە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ، ئوبلاستتىكى ئومۇمىي كەنتنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ. كونكرېت ئۇسۇل تۆۋەندىكىچە:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە قارىتا پائال تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. ھەرخىل شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە سىياسەت، قائىدە ـ نىزام، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ـ تۇغۇت چەكلەش، جىنسىي ساغلاملىق قاتارلىقلارغا دائىر بىلىملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تەشۋىقات پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بولغان ئورتاق تونۇش نىسبىتى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ـ تۇغۇت چەكلەش، جىنسىي ساغلاملىقغا دائىر بىلىملەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىش نىسبىتى ۋە رازى بولۇش نىسبىتى ئۆستى.

2. كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يادرو، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلات تۈشۈغۈچى قىلىنغان پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلات تورى بەرپا قىلىندى. كەنتتە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس مۇدىرى بولۇش، ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدا تۇغۇت يېشىدىكى ئايallar گۇرۇپپا باشلىقى، مەركىزىي ئائىلىلەردە ئائىلە باشلىقى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىش ھەققى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، جەمئىيەت تەشكىلاتى كەنتتە بولۇش، خىزمەت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا ئىشلىنىش، ئائىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئادەمگە ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى.

3. كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى، كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيى شۇنىڭدەك جەمئىيەتنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنىنى ئېچىش شەكلى ئارقىلىق، «پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى»، «پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئەھدىنامىسى»، «پىلانلىق تۇغۇتتا كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى»، «تېخنىكىلىق مۇلازىمەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «كەنت ئاھالىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى تۈزۈمى»، «خالىغان ۋاقىتتا زىيارەت قىلىش تۈزۈمى» تۈزۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ھەرىكىتى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نىكاھ ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى «قانۇنلۇق، دېموكراتىك، ئىشانلىق، بىر بىرىنى چەكلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇغۇت يېشىدىكى ھەربىر ئەر ـ خوتۇن بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش توختىمى ئىمزالاپ، ئاممىنى پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كەنت مەسئۇل بولۇش، ئاھالىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلدى.

بەي يۈلىڭ

# ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

## ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش

### ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ ئاپپارات، شتاتنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، ھەر قايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: بىرىنچىدىن، ئاپپارات، شتات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپپارات، شتاتنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئاپپارات، شتاتنى يەنە كۆپەيتمەسلىك كېرەك، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات، شتاتىدا ھازىرقى ئاپپارات، شتاتنى ئاساس سان قىلىپ، ئومۇمىي سانىنى تىزگىنلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، تارماقلارنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ئارىلىشىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئاپپارات، شتات خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم. «ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش گۇۋاھنامىسى» ۋە مائاشنى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

### ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى «ئالدى بىلەن ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىش، ئاندىن كېيىن خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش» ۋە پاتال، پۇختا ئىش قىلىش فاڭجېنى بويىچە پىلانلىق ۋە باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ «ئۈچنى بېكىتىش» بەلگىلىمىسى (لايىھە) نى قويۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتى 56دىن 43كە كېمەيدى، پارتكوم تارماقلىرى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20 ئىخچاملىنىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەتتى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى مۇقىم ئالغا سۈرۈلۈپ، خىزمەت ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. بۇ خىزمەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ رايون ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى مۇستەھكەملەندى، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بازار، جەمئىيەتكە قارىتىلغان بىر تۇتاش قانۇننى ئىجرا قىلىشى ۋە نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلدى، سانائەت، سودا قاتارلىق كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەمۇرىي خاراكتېرلىك شىركەتلەر ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئۆزگەرتىلدى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۆزى باشقۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن ئادەم، مالىيە، مۈلۈك جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ھازىرقى فۇنكسىيىسى پارچىلىنىپ، ياردەمچى خاراكتېرلىك، تېخنىكا خاراكتېرلىك، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك فۇنكسىيىلەر كەسپىي ئورۇنلار ۋە جەمئىيەتتىكى ۋاستىچى تەشكىلاتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن كارخانا، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، سىياسىي گەۋدىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش جەھەتتە ماھىيەتلىك بىر قەدەم بېسىلدى. ئىككىنچىدىن، فۇنكسىيە ھەقىقىي ئۆزگەرتىلىپ ۋە پارتىيە ئىستىل - پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئالغا سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسلىك ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى 48 مەمۇرىي تارماق (تارماق باشقۇرىدىغان ئاپپاراتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 859 خىل مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشى ئېنىقلىنىپ، ھەقىقەتەن ساقلاپ قېلىش زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت

تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى ئېنىقلاشتىن ئايرىلدى، «ئۈچنى بېكىتىش» (فۇنكسىيىنى، ئاپپاراتنى، شتاتنى بېكىتىش) لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش جەريانىدا تارماقلار ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان فۇنكسىيە گىرەلىشىپ كېتىشكە ياتىدىغان 40 نەچچە خىل مەسىلە بىرمۇ بىر مۇھاكىمە قىلىنىپ ماسلاشتۇرۇلدى ھەمدە «ئۈچنى بېكىتىش» بەلگىلىمىسىدە ئېنىق كۆرسىتىلدى. بەزى تارماقلار ئوتتۇرىسىدا، تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان فۇنكسىيە گىرەلىشىپ كېتىش، خىزمەت مۇناسىۋىتى راۋان بولماسلىق ۋە كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇش، سىياسەت چىق يەردىن چىقىش مەسىلىلىرى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. تۆتىنچىدىن، تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ۋە خادىملار شتاتى زور كۈچ بىلەن ئىخچاملاندى. ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى مەمۇرىي شتات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %46.5 ئازايتىلدى، پارتكوم تارماقلىرىدىكى مەمۇرىي شتات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20 ئازايتىلدى، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن %20 ئىخچاملاندى، ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ۋە خادىملار شتاتىنىڭ ئىخچاملىنىش دەرىجىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەتتى. بەشىنچىدىن، ھەر قايسى تارماقلار «ئۈچنى بېكىتىش»نى يولغا قويۇش داۋامىدا خىزمەت ئورنىنى ئېلان قىلىش، شەخسلەر ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، خىزمەت رىقابىتى نۇتقى سۆزلەش، دېموكراتىك كۆرسىتىش، تەشكىل تەكشۈرۈش، تەيىنلىنىدىغان ئادەم نامزاتىنى بېكىتىش، ئاممىغا ئېلان قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا ئېرىشىشنى پائال يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى خادىملارنىڭ ئىش ئورنىنى بېكىتىش داۋامىدا رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا ئېرىشىش ۋە نۆۋەت بىلەن ئىش ئورنىغا ئېرىشىش دائىرىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا %50تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى.

شيې گۇاڭدى، دا جيەنمىن

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى «ئۈچنى بېكىتىش» خىزمىتى

ئاپتونوم رايون 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى يەكۈنلەندى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا «ئۈچنى بېكىتىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە خادىملارنىڭ ئىش ئورنىنى بېكىتىش، تارقاقلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى 5 يىل ئىچىدە ئورۇنلىنىدىغان بولدى. ھەر قايسى تارماقلاردىن «ئۈچنى بېكىتىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاساسەن تاماملاش تەلەپ قىلىندى.

شيې گۇاڭدى، لەي شىڭ

## ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت ئابدۇرېشىت 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: (1) ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسى مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى (مۇزاكىرە نۇسخىسى)»گە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلىمىز. (2) ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھازىردىن ئېتىبارەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملار شتاتى توڭلىتىلىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ شتاتى يېتىشمەي، ئادەم ئېلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر تېپىلسا، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش كېرەك. كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن بىۋاسىتە يۆتكەپ كېلىشكە بولمايدۇ. بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي ئېلىنغان ئادەملەرنى تەشكىلات، كادىرلار، شتات تارماقلىرى ئېتىراپ قىلمايدۇ، مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش مائاش تارقىتىشقا كىرگۈزمەيدۇ. (3) ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدىن پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى، كادىرلار نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كۈچ تەشكىللەپ،

يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈپ چۈشىنىشكە ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى بېكىتىپ خادىملارنى ئايرىۋېتىش، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

شيې گۋاڭدې، لەي شىڭ

## ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت ئابدۇرېشىت 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارنىڭ خادىملار شتاتىنى ئىخچاملاش لايىھىسى»گە قوشۇلدى. يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى خادىملار شتاتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىخچاملىنىش نىسبىتى %15 بولىدۇ، خىزمەتنىڭ كۈچ سەرپ قىلىش نۇقتىسىنى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بولۇپمۇ يېزا - بازار كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتكە قارىتىش لازىم.

شيې گۋاڭدې، لەي شىڭ

## ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى خادىملار شتاتىنى ئىخچاملاش لايىھىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى خادىملار شتاتىنى ئىخچاملاش لايىھىسى، توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شىنجاڭدىكى شەھەر، ناھىيە، يېزا ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي شتاتى ھازىرقى 98 مىڭ 128دىن 83 مىڭ 409غا چۈشۈرۈلۈپ، 14 مىڭ 719ى ئازايتىلىدۇ، شتات %15 ئىخچاملىنىدۇ. شتات ئىخچاملاش خىزمىتىگە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ، شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش تارماقلىرى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى تاماملىنىدۇ. 2002 - يىل 4 - ئايدىن بۇرۇن يېزا (بازار) دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى تاماملىنىدۇ. خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى 3 يىل ئۆپچۆرىسىدە تاماملاش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

شيې گۋاڭدې، دا جيەنمىن

## كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىسلاھات ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون 2001 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ھەققىدىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنى تورلەرگە ئايرىپ ئالغا سۈرۈپ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، لايىھەلەش ئورۇنلىرىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى، يېنىك سانائەت لايىھەلەش تەتقىقات ئورنى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئالغا سۈرۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، خوتەن پېداگوگىكا تېخنىكومى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىببىي مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەرنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. ئىلى، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى قوشۇۋېتىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، باھالاش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلدى. سەھىيە نازارەتچىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە نازارەتچىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» ھەم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن ھۆججەتلەر تۈزۈتىپ چىقىلدى.

دا جيەنمىن، لەي شىڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون قانۇنىي ئىگىلىك شەرتىنى ھازىرلىغان كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن 2001 - يىلى بىر قاتار يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، «كەسپىي

ئورۇنلاردا قانۇنىي ئىگىلەرنى تىزىملاشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا خەت»نى تارقاتتى.

7 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ھەم شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى يىللىق تەكشۈرۈلدى. ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «مەركىزىي شتات كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ‹كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك گۇۋاھنامىسىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش›ى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» تۈزۈپ تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، «كەسپىي ئورۇنلاردىكى قانۇنىي ئىگىلەرنى تۈنجى قېتىملىق يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى ھەمدە يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى قېتىملىق يىللىق تەكشۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ئورۇنلارنى يىللىق تەكشۈرۈش ئىشى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ ئىسپاتى بېرىپ، كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش خىزمىتىنىڭ جەريانىنى تېزلىتىشكە قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ ئىسپاتى بېرىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان كەسپىي ئورۇن 8271 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 250، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىكى 1117، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكى 6904) گە يېتىپ، تىزىملاش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورۇنلار (13 مىڭ 354) نىڭ %61.9 نى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ئورۇنلار ئومۇمىي سانى (24 مىڭ 173) نىڭ %34.2 نى ئىگىلىدى.

دا جيەنمىن، لەي شىلىڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ ئىدارە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىشتىن باشقا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپپارات ئۆلچىمى مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك بولۇپ، ئۇنى ئىقتىساد - سودا كومىتېتى باشقۇرىدۇ. ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاپپاراتى بىر بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئاسىدۇ.

شيې گۇاڭدې، لەي شىلىڭ

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى قاتارلىق 11 ئاپپاراتنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىل 4 - ئايدا ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پورت ئىشخانىسى، قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر گىدرولوگىيە - سۇ بايلىقى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ پروگرامما يوللاش مەركىزى ھەم ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، شەنشىلەردە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرىدىن ئىبارەت 11 ئاپپاراتنىڭ دەرىجىسىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىككە تەڭشەشنى قارار قىلدى.

شيې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

# كادىرلار خىزمىتى

## ئىختىساسلىقلارنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلۇشى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى 3 قېتىم چوڭ تىپتىكى ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، تەكلىپ قىلىشقا قاتناشقان كارخانا، كەسپىي ئورۇن 560 قا، خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن ھەر خىل خادىم 15 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە، يۆتكىلىش ئارزۇسى بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلار 4812 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. كۈز پەسىللىك ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە 125 ئادەمنى رەسمىي قوبۇل قىلىش رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 76، كارخانىلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 49. ش ئۇ ئا ر

ئىختىساسلىقلار بازىرى 71 قېتىم ئىختىساسلىقلار قەرەللىك بازىرى ۋە ھەر خىل مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، 3373 ئورۇن تەكلىپ قىلىشقا قاتنىشىپ، 25 مىڭ 813 خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىن ئەتتى، ھەر خىل خادىمدىن 32 مىڭ 727سى (قېتىم) خىزمەت ئىزدەپ كەلدى، ھەرخىل خادىمدىن 7487سى يۈتكىلىش مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىختىساسلىقلار بازىرى ۋە ئۇنىڭ شۆبە مەيدانلىرى كۆنگە تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇندىن 580نى، خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن 3406 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. ئىختىساسلىقلار بازىرى كۈنىگە كادىرلار ئىشى ۋاكالەتچىلىك رەسمىيىتىنى ئۆتەشكە كەلگەن ئاممىدىن 5300 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. يۆتكىلىشچان خادىملارنىڭ كادىرلار ئىشى ئارخىپىدىن 1020 نۇسخا قوبۇل قىلىندى، يۆتكەلگەن خادىملارنىڭ ئارخىپىدىن 267 نۇسخا ئۆتەپ بېرىلدى. 15 كارخانا، كەسپىي ئورۇنغا ماۋالە بويىچە كادىرلار ئىشى ۋاكالەتچىلىكى ئۆتەپ بېرىلدى، 63 ئادەمگە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىنىش سالاھىيەت رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى، 36 ئادەمگە ئۇنۋان باھالاش يۈزىسىدىن چەت ئەل تىلى ئىمتىھانى رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى. 60 نەپەر يۆتكىلىشچان خادىمنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلدى، 37 ئادەمگە چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى.

ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىغا ئەزا ئورۇندىن 158ى، شەخسىي ئەزادىن 3095ى قوبۇل قىلىندى. ھەرخىل ئىختىساسلىقلار ئۇچۇرىدىن 2127سى تورغا كىرگۈزۈلدى، تورغا قاراپ چىققان ۋە ئۇرۇلغان خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن خادىم 109 مىڭ 436 ئادەم (قېتىم)غە يەتتى. ئىختىساسلىقلارنى سىناش - باھالاش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلقئارا ئوقەتچىلىك، دېلىبكىس گۇرۇھى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن سىناش - باھالاش مۇلازىمىتى قىلىندى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى، شىمال ماھارەت تەربىيىلەش مەكتىپى قاتارلىق 10دىن ئارتۇق ئوقۇتۇش ئاپپاراتى بىلەن سىناش - باھالاش مۇلازىمىتى كېلىشىمى ئىمزالاندى، سىناش - باھالاشتىن ئۆتكەن ئادەم 500دىن ئاشتى.

چى يۈگۈ، خەن شياۋۋېي

## كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى 2 قېتىم تەكلىپ قىلىش ئۈمىكى تەشكىللەپ، كادىرلار مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ھەرخىل كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى سىرتتىن كىرگۈزدى. تەكلىپ بويىچە خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن، كېڭىشىش ۋە مەسلىھەت سوراشقا كەلگەن ھەرخىل ئىختىساسلىقلاردىن 5614 ئادەم كۈتۈۋېلىنىپ، 519 ئادەم بىلەن دەسلەپكى قەدەمدىكى مۇددىئا كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 414 ئادەم تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا، 105 ئادەم ماگىستىردىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. 2001 - يىلى ئۈرۈمچى رايونىغا (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى شۇنىڭ ئىچىدە) 431 ئادەم يۆتكەپ كېلىندى، نازارەت (ئىدارە)لەر ئارا 521 ئادەم تەڭشەلدى، 6 ئادەمنىڭ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلدى. سان جەھەتتە 2000 - يىلدىكىدىن روشەن ئازايدى، ئوقۇش تارىخى قاتلىمى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆستى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى قاتارلىق كارخانا ئورۇنلىرىغا قوبۇل (تەكلىپ) قىلىنىدىغان 228 كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە باشقۇرغۇچى خادىمنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ۋە توختامغا ئىمزا قويۇش رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 5 - بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ زاۋۇت باشلىق (دىرېكتور)لىرى، زامانىۋى كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرى، قوبۇل (تەكلىپ) قىلىنغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش قاتارلىق 3 قارار كۇرس ئۆتكۈزۈلۈپ، 292 ئادەم تەربىيىلەندى. 2001 - يىللىق ئەتىياز، كۈز پەسىللىك كەسپىي ماھارەت كۇرسىدىن ئېلىنىدىغان بىر تۇتاش ئىمتىھان تەشكىللىنىپ، ئەتىيازدا 2100 ئادەم، كۈزدە 6480 ئادەم قوبۇل قىلىندى.

چى يۈگۈ، خەن شياۋۋېي

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى چەت جايلاردا خىزمەت ئىشلەشكە تاللاپ ئەۋەتىلدى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى «كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىر قىسىم كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 3 -، 4 - خىل رايونلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا قەرەللىك ئەۋەتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھى بويىچە

تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 3 ـ، 4 ـ خىل رايونلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تېببىي داۋالاش، سەھىيە، مائارىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق قاتارلىق سىستېمىلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات يۇرت ـ ئورۇنلىرىدىن 35 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ۋە مول ئەمەلىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە 232 كەسپىي تېخنىكا خادىمى تاللىنىپ، ئاقسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق 3 ـ، 4 ـ خىل رايونلاردىكى ناھىيە (شەھەر) لەرگە مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. تاللاپ ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ خىزمەت ئورنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## كادىرلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش ئەھۋالى

دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى كادىرلار نازارىتى 2001 ـ يىلى تيەنجىن شەھىرى، شاڭخەي شەھىرى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي قىسىمدىكى دۆلەت مەمۇرلىرى بىلەن غەربىي قىسىمدىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ 2 قارار ھەمكەسىپ كۇرسىنى ئۆتكۈزدى، كۇرسقا 45 ياشتىن تۆۋەن، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى دۆلەت مەمۇرلىرى قاتناشتى. پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت مەمۇرلىرىنى بىلىم ئىگىلىكى ۋە زامانىۋىلاشقان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ئارقىلىق تەربىيىلەش مائارىپىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى. ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە ئىمتىھان ئېلىنىپ ئورگانلارغا قوبۇل قىلىنغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېرلار، ھەربىي سەپتىن بوشىغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئىلگىرى بىر تۇتاش تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تارماقلار ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، كەسپىي تايانچىلار قاتناشقان 2 قارار كەسپىي كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مەمۇرلىرى قوشۇنىدا قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش، بىلىمنى يېڭىلاش، بىلىم ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. دۆلەت مەمۇرلىرىنى ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى كومپيۇتېر ماھارىتى جەھەتتىن تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، تەربىيىلەشنى سىناش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، تەربىيىلەش نەتىجىسى ئىش ئورنىغا بېرىش ۋە ۋەزىپە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئاساس قىلىندى.

داۋاملىق تەربىيە ئەھۋالى 12 ئالىي مەكتەپ كادىرلار مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن تېخنىكا يېڭىلاش ۋە داۋاملىق تەربىيە كۇرسىغا قاتنىشىپ، يېڭى بىلىملەرنى تولۇقلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزغا بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار كۆچى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ھەر ساھە نازارەت، ئىدارىلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل داۋاملىق تەربىيە كۇرسلىرى، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات ـ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى بولۇپ 412 كۇرس (قېتىم) ئۆتكۈزۈشكە ماسلاشتۇرۇلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت، ئىدارىلەردە 16 مىڭ 997 ئادەم (قېتىم) داۋاملىق تەربىيىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ـ بوغالتىرلىقتىكى 8542 ئادەم، باشقا ساھەلەردىكى 8455 ئادەم (باشلانغۇچ دەرىجىلىكى 4340، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 2070، ئالىي دەرىجىلىكى 2045). ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيىلەردە 32 مىڭ ئادەم داۋاملىق تەربىيە بويىچە تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدا «ئىجادىيەتچانلىق قائىدىلىرى ۋە ئەمەلىيىتى دەرسلىكى»، «بىلىم ئىگىلىكى» دىن ئىبارەت ئومۇمىي دەرسلىك بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىغا بېرىلىدىغان داۋاملىق تەربىيىنى سىناش ۋە گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلىپ، نومۇر تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيە بازىلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئېتىراپ قىلىش ۋە قۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلىپ، بازىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تەربىيىلەش مەزمۇنى، ئوقۇتقۇچى كۈچى، مۇئەسسەسىلىرى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 60 بازا تەكشۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 ـ يىلى ھەر خىل ئىمتىھاندىن 32نى تەشكىللەپ يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت

دەرىجىلىكى 22، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 10، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەم ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ كادىر قوبۇل (تەكلىپ) قىلىشى ئۈچۈن 15 قېتىم ئىمتىھان سوئالى چىقىرىپ بېرىلدى، ئىمتىھان قەغىزى تەييارلاپ بېرىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بېرىلدى. تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلغان ھەر خىل ئىمتىھانلارنىڭ قاتلىمى ئالىي، كاندىدات ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلەرگە بۆلۈندى، ئىمتىھان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە قاتارلىق 13 تىلدىن بېرىلدى؛ ئىمتىھانغا قاتنىششقا تىزىمغا ئالدۇرغان ھەرخىل خادىمدىن 107 مىڭ 475ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتنىششقا تىزىمغا ئالدۇرغانلار 78 مىڭ 473، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتنىششقا تىزىمغا ئالدۇرغانلار 29 مىڭ 2؛ 251 يۈرۈش ئىمتىھان سوئالى قوبۇل قىلىندى ۋە ئىمتىھان سوئالى چىقىرىپ بېرىلدى، 57 نۇسخا تەرجىمە ئىمتىھان قەغىزى قوبۇل قىلىندى، 160 مىڭ كارتا ئوقۇپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىمتىھان رايونى 1168 ئىمتىھان مەيدانىنى ئىجارىگە ئالدى، 126 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئىمتىھان نازارەتچىسى ئەۋەتىلدى، مەملىكەت بويىچە چەت ئەل تىلىدىن ئېلىنىدىغان دەرىجە ئىمتىھان دەرسلىكىدىن 9000دىن كۆپرەك، ئىقتىساد دەرسلىكىدىن 7000دىن كۆپرەك بۇيرۇتۇلدى ۋە تارقىتىلدى. كۈچ تەشكىللىنىپ، ئۇيغۇرچە ئىقتىساد دەرسلىكىدىن 2000 نۇسخا تەرجىمە قىلدۇرۇلدى ۋە باستۇرۇلدى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 8 ـ ئايدا مەملىكەتلىك كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان مەركىزى مۇدىرلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئىمتىھان ئىنتىزامى يەنىمۇ چىڭىتىلدى، ئىمتىھان ئىستىلى ۋە ئىمتىھان ئىنتىزامى چىڭ تۇتۇلدى، نازارەت قىلىش مېخانىزمى كۈچەيتىلدى. «ئاپتونوم رايونىمىزدا كادىرلار ئىشى بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ئىستىلى ۋە ئىمتىھان ئىنتىزامىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئىمتىھان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «168» ئۇچۇر سۈرۈشتە قىلىش ئىستانسىسى ئارقىلىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، تور، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كادىرلار ئىشى بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ئۇچۇرلىرى تارقىتىلىپ، تور مۇلازىمىتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

چى يۈگۈ، خەن شياۋۋېي

## ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا 44 مىڭ 500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانت 254، تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 900دىن ئارتۇق، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 300دىن ئارتۇق (پېداگوگىكا تۈرىدىكىسى 6500). ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 6408 ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 2736، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1190، مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 866، بىڭتۇەندە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 724، خەلق باشقۇرغان ئەمەلىي گەۋدىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 254، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 404، ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغىنى 190، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغىنى 44.

2001 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش، مۇھىم نۇقتىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشنىڭ 1 ـ سېپىنى تولۇقلاش فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تۈرلۈك مەكتەپلەر ۋە تۈرلۈك كەسىپلەردە ئوقۇغان، تۈرلۈك ئوقۇش تارىخىغا ۋە تۈرلۈك ساپاغا ئىگە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تۈرلەرگە ئايرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش چارىسى قوللىنىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 1998 ـ يىلى ئوقۇشقا كىرگەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، دۆلەت، ئاپتونوم رايونىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاللاش ئارقىلىق مۇئەييەن دائىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئورنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. كادىرلار نازارىتى ئالىي مەكتەپلەرنى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاللاش» بويىچە مەكتەپ باغچىسىدا تەكلىپ قىلىش

يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى يۇقىرى قاتلامدىكى ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىستىن 20نى تاللاپ كۆرسەتتى. 2 - تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تېخنىكا تايانچلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان 310 نەپەر پەن-تېخنىكا تايانچى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئىلمىي تەتقىقات يۇرت - ئورۇنلىرىغا تاللاپ ئەۋەتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 9 ئورۇندا پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات سەييارە (خىزمەت) پونكىتى تەسىس قىلىندى، بۇ پونكىتلارغا 12 نەپەر پوستدوكتور تەتقىقات خادىمى قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات سەييارە پونكىتى ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىدىكى پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات خىزمەت پونكىتىغا ۋۇيىسكا بېرىلدى. يېزا - بازار، رايون - مەھەللە كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى 31 ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە، 16 ئادەمنىڭ مەسئۇل ئىقتىسادچى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئېرىشىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. كارخانا مەسئۇللىرىدىن 118 ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى باھالاش ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىقتىسادچى 46 كىشى، ئالىي ئىنژېنېر 67 كىشى، تەمىناتى ئۆستۈرۈلگەن ئالىي ئىنژېنېر 5 كىشى. شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلغان 10 دوكتور، پوستدوكتورغا يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بېرىش تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 نەپەر پوستدوكتور پروفېسسورلۇق كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئېرىشتى. 40 يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر باھالاش كومىتېتى تەڭشەلدى. «2002 - يىللىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن ئۇنىۋانغا مۇناسىۋەتلىك چەت ئەل (خەنزۇ) تىلىدىن ئېلىنىدىغان دەرىجە ئىمتىھان خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تۈزۈلدى ۋە تارقىتىلدى. كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى سىناش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش يۈزىسىدىن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى 2001 - يىللىق سىناشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تۈزۈلۈپ ۋە تارقىتىلىپ، سىناش دائىرىسى، مەقسىتى، تەرتىپى، دەرىجىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى سىناشنى باشقۇرۇش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 15 مىڭ 738 ئىشچىنى «كەسىپ ئەخلاقى» ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ 320 ئادەم خەنزۇ تىلىدا، 4364 ئادەم ئۇيغۇر تىلىدا، 1054 ئادەم قازاق تىلىدا ئىمتىھان بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 21 ئىمتىھان ئورنى، 620 ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 1724 ئىشچى ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل تېخنىكلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 255 ئادەم، ئالىي دەرىجىلىك ئىشچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 670 ئادەم، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 485 ئادەم، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئىشچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 314 ئادەم. 308 نەپەر تاشيول ئاسراش ئىشچىسى ئۈچۈن مەخسۇس «كەسىپ ئەخلاقى» ئىمتىھانى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق سىياسەتنىڭ بىردەكلىكى قوغداپ قېلىندى، شۇنداقلا تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلدى. 5 قارار تېخنىكلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 200دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى، 18 مەسئۇل تېخنىك قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئېتىراپ قىلىندى، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجە ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋە ئىمتىھان باشقۇرۇش يۇمشاق ماتېرىيالى يارىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش- سىناش پونكىتى (تەربىيىلەش - سىناش شۆبە پونكىتى) دىن 10ى بېكىتىلدى ھەمدە ئۇلارغا ۋۇيىسكا بېرىلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## كادىرلار ئىشىدىكى ئۈچۈر خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى كادىرلار ئىشىدىكى ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتتى.

ھەجمى تەخمىنەن 190 مىڭ خەت كېلىدىغان ئىش ئورنىغا بېرىش ئۇچۇرىدىن 547سى يىغىلاندى، تورغا كىرىدىغان ئورۇندىن 41ى قوشۇلدى، تور پونكىتىنىڭ زىيارەت مىقدارى 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى. «ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىنىپ، نۆۋەتتە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت ئۇچۇرلار مەخسۇس تارقىتىلدى ۋە ئۇلار تونۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرۇش يۇمشاق دېتالى ۋە ئىمتىھان باشقۇرۇش يۇمشاق ماتېرىيالىنى يارىتىش ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈش تاماملاندى، جاپالىق چەت جايلاردا مائاشنىڭ تەكتىنى ئىنقىلاپ تەكشۈرۈش يۇمشاق دېتالى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق توردا ئىمتىھان بېرىش يۇمشاق دېتالى ھەم كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى يارىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كادىرلار ئىشى، مائاش باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. كومپيۇتېردىكى 2 - دەرىجىلىك ئىمتىھان سىستېمىسى يۇمشاق دېتالىنىڭ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلۈپ ۋە كومپيۇتېردىكى 2 - دەرىجىلىك ئىمتىھان نەتىجىسىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ئىمتىھان يۇمشاق دېتالىنىڭ ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## دۆلەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، تۈۋرۈك كەسىپلىرى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەت تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 142 ئادەم (قېتىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 129ى، 388 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت (چېگرا) سىرتىغا چىقىپ تەربىيىلىنىش تۈرىدىن 54ى ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 95 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرىدىن 13ى، 52 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تۈرىدىن 4ى، 155 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگە ئالدۇرۇش تۈرىدىن 27سى بار. دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى، خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 86 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 تۈر ئىجرا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەربىيىلەش خىزمىتى ۋە 2002 - يىللىق تۈرلەرنى مەلۇم قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 2002 - يىللىق مۇتەخەسسىسلەر تۈرىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىگە مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 299ى تەۋسىيە قىلىندى. مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈپ، كېڭەيتىپ ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى تۈرىدىن 3ى، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق تۈردىن 2سى، يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 20سى مەلۇم قىلىندى. 2002 - يىللىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىلىدىكى چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىگە 10 ئورۇندىكى 135 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 17 تۈر تەۋسىيە قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئادەم قاتناشقان ئۆمەك - گورۇپپىلار مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى 5 دۆلەتكە بېرىپ، ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى يول ئېچىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەشۋىقات سالمىقى ئاشۇرۇلدى، «دۆلەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش پائالىيىتى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى 6 ۋىلايەت، ئوبلاستقا باغ - ئورمانچىلىقنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىلىپ، بىۋاسىتە ماتېرىيال قولغا كىرگۈزۈلدى.

چى يۈگفۇ، خەن شياۋۋېي

## دۆلەت مەمۇرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 1996- يىلدىن كېيىن ئورگانغا كىرىپ، دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەن خادىملارنى دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن سىناپ كۆردى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. سودا - سانائەت ئىدارىسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى سىستېمىسى ۋە ج خ نازارىتىدىكى 8000دىن ئارتۇق ئادەم دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلۈپ، دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئۆتكۈزۈشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ئۆتەلدى. 2001 - يىلى ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلاردىن ئېلىنىدىغان ئورگانغا كىرىش سالاھىيەت ئىمتىھانى ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىدىغان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نۆۋەتتە ئوقۇش

پۈتتۈرىدىغان تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان دۆلەت مەمۇرلىرى سالاھىيەت ئىمتىھانى ئۆيۈشتۇرۇلدى. ئىمتىھانغا قاتنىشىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 296 كادىر، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 1195 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ج خ ئاپپاراتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پائال ۋە پۇختا ئالغا سۈرۈلۈپ، 118 ئادەمگە ساقچىلىققا ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر كۆمۈر كان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە كورلا ئىش باشقارمىسى، كۈيتۇڭ ئىش باشقارمىسىغا ئېلىنىدىغان خادىملارنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 25 ئادەم قوبۇل قىلىندى. مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىغا 2002 - يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان خىزمەتچى خادىملار ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملىتىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 601 ئادەم تىزىملاندى.

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەيىن قىلىش لايىھىسىدىن 40نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ئۆتەلدى. ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان، كەسپىي شتاتتىن پايدىلىنىدىغان، دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئورۇنلار ئېنىقلاندى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرلىرى» ، «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرلىرى كوللېكتىپى»نى باھالاپ كۆرسىتىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بىر ئادەم، بىر كوللېكتىپ دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق 7 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىغا ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكىگە 11 ئىلغار كوللېكتىپ، 102 ئىلغار شەخس تەۋسىيە قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە رەھبەرلىك گۇرۇپپا ۋە ئىشخانا قۇرۇلدى. يېڭىدىن دۆلەت مەمۇرلۇقىغا قوبۇلىدىغانلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن بىر قارار ئۆتكۈزۈلۈپ، دۆلەت مەمۇرلىرى قوشۇنىغا يېڭىدىن قوشۇلغان 40 ئادەم تەربىيىلەندى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى قوشۇنىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

چى يۈگڭو، خەن شياۋۋېي

## كادىرلار ئىشىنىڭ ئونئۇبىرسال پىلانى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نازارەت، ئىدارىلەر، بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى بولۇپ 900گە يېقىن ئورۇندىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ماڭاشىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئىلى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 2000 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان پۈتۈن يىلدا يېڭىدىن قوشۇلغان 25 مىڭ 276 خادىمنىڭ ماڭاشىنى كۆپەيتىش رەسمىيىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ۋە تەستىقلاندى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆپەيگەن ئادىمى، ئۆستۈرۈلگەن ماڭاشى ۋە ماڭاش فوندى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ۋە ماڭاش ئومۇمىي سوممىسى پىلانى، ھېسابلاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 2000-يىلى غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەخمىنەن 20 مىڭ ئورۇن تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 2002 - يىللىق «ماڭاش فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى» يەڭگۈشلەپ بېرىلدى.

چى يۈگڭو، خەن شياۋۋېي

## كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى شتات كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاپپارات ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا ئائىت يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكرى»نى تۈزۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى. مائارىپ، سەھىيە، ئىلمىي تەتقىقات، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق سىستېمىلاردىكى 12 كەسپىي ئورۇندا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاپپارات ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېمىسى تاماملاندى. «كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئائىت

خىزمەت قوللانمىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، «ئىسلاھات قىسقا خەۋەرلىرى» تۈزۈپ بېسىلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يېزىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

چى يۈكفۇ، خەن شياۋۋېي

## ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى كادىرلار نازارىتى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر جاپالىق چەت جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. 2001 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 500 ى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 200)، جەمئىيەتتىكى 5 ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 300 ى تاللاپ قوبۇل قىلىندى، بۇلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى تولۇقلاندى. 2001 - يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 350 ى تاللاپ قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت كادىرلار مەكتىپى ۋە ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە تەربىيىلەندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ كۇرسنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن جەمئىيەتتىكى 5 ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن 268 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى %66نى ئىگىلەيدۇ) قوبۇل قىلىنىپ، 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېردىن 20سى، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر جەڭچىدىن 430ى تاللىنىپ قوبۇل قىلىنىپ، ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2000 - يىلى تاللىنىپ قوبۇل قىلىنغان 450 مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر ۋە ھەربىي سەپتىن بوشىغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن جەڭچىلەرمۇ ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان 1300 خەنزۇ كادىر سىياسىي خىزمەت، سىياسەت، تىل، يېزا ئىگىلىك، يېزا خىزمىتىگە ئائىت بىلىملەر جەھەتتە تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە جاپالىق چەت جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چى يۈكفۇ، خەن شياۋۋېي

## مائاش، پاراۋانلىق ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار خىزمىتى

مائاش تەڭشەش (ئۆستۈرۈش) خىزمىتى كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كونكرېت لايىھە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى، ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 736 مىڭ 700 ئادەمنىڭ مائاشىنى تەڭشەشنى، 162 مىڭ 400 ئادەمنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىنى ئۆستۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. ۋەزىپە مائاشىنى نورمال ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان خادىملارنىڭ مائاشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ۋە نەقلەشتۈرۈلدى، جەمئىي 670 مىڭ ئادەم تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ۋەزىپە مائاشىنى ۋاقتىدىن بۇرۇن (دەرىجە ئاتلىتىپ) ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان خادىملارنىڭ ئالاقىدار رەسمىيەتلىرى ئۆتەپ بېرىلدى، جەمئىي 5000دىن ئارتۇق ئادەم تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى ئورگانلاردا ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولغان، دەرىجىسى نورمال ئۆسكەن مائاشى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، ھەربىي سەپتىن بوشىغان ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر ھەم قوبۇل (تەكلىپ) قىلىنغان كادىرلار، يۆتكەپ كېلىنگەن خادىملارنىڭ مائاش تەمىناتى ۋە تۇراقسىز (تۇراقلىق) مائاشى، زىيالىيلار ياردەم پۇلى، كىتاب - گېزىت پۇلى قاتارلىق تەمىناتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ تەستىقى جاۋاب بېرىلدى.

پاراۋانلىق ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار خىزمىتى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە

# ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئىجتىمائىي سوغۇرتا

### ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش (بىرى — كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ ۋاقتىدا ۋە تولۇق بېرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىرى — دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش)نى باشتىن ئاخىر تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىچىدە 1 - ئورۇنغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، مەبلەغنى ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك بەلگىلەپ، نۇقتىلىق رايونلار ۋە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ ۋە تىزگىنلەپ، ئىجتىمائىي سوغۇرتا فوندىنى يىغىش - تاپشۇرۇش ئەھۋالى ۋە رەت تەرتىپىنى پەسىلمۇ پەسىل ئېلان قىلىپ، جامائەت پىكرى ۋە جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئالىي سىياسەت، تەدبىرلەرنى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە «ئۈچ - ئۈچتىن بىر تۈزۈمى» پرىنسىپى بويىچە مەبلەغنى پاتال تەييارلاپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە چىقىم قىلىش قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەش، ئىشسىزلىق سوغۇرتىسى پۇلىنى تەڭشەش پىلانىنى تۈزۈپ چۈشۈرۈش، كارخانىلارنىڭ 3 تىن بىر قىسىم مەبلەغنى مۇددەتتىن بۇرۇن ھېساباتقا كىرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەبلەغنى ۋاقتىدا ئاجراتتى. ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى مەبلەغنىڭ مالىيە زىممىسىگە ئالىدىغان قىسمىنى ئالدى بىلەن خام چوتقا كىرگۈزدى، ئىشسىزلىق سوغۇرتا پۇلىدىن تەڭشىلىدىغان قىسمىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىپ نەقلەشتۈردى. مالىيە ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى بىراقلا ھەل قىلدى. شۇ يىلى 122 مىڭ 353 نەپەر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىگە

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك مۇكاپاتلاش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلاش تەمىناتىنى يېڭىۋاشتىن تۈزۈتىش ئىشلەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر ساھە كادىرلاردىن 5 تۈركۈمدە 170تىن ئارتۇق كىشى سالامەتلىك سەۋەبىدىن دەم ئېلىپ داۋالىنىش ۋە تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. «ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ پېنسىيە كىنىشكىسى» باستۇرۇلدى.

**يارىلىنىش (ئاغرىق) سەۋەبىدىن مېيىپ بولۇپ قالغانلارنى باھالاش خىزمىتى** كادىرلار نازارىتى 2001 - يىلى يارىلىنىش (ئاغرىق) سەۋەبىدىن مېيىپ بولۇپ قالغانلارنى باھالاش ماتېرىيالىدىن 298 نۇسخا قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاغرىق سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىشنى باھالاش ماتېرىيالى 232 نۇسخا، خىزمەت (ئىش) ئۈستىدە يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالغانلارنى باھالاش ماتېرىيالى 66 نۇسخا. «ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن يارىلىنىش (ئاغرىق) سەۋەبىدىن مېيىپ بولۇپ قالغانلارنى باھالاش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. «ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەت (ئىش) ئۈستىدە يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالغان خادىملارنىڭ نەپىقە كىنىشكىسى» باستۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاغرىق سەۋەبىدىن مېيىپ بولۇپ قالغانلارنى باھالاش خىزمىتى بويىچە كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى.

چى يۇگېڭ، خەن شياۋۋېي

ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى، مەركەزدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگە 100% ئېرىشتى. كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 357 مىڭ ئادەمگە 2 مىليارد 990 مىليون يۈەن پېنسىيە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، پېنسىيە پۇلىنى ئارقىغا سۆرەش ئەھۋالى يېڭىدىن كۆرۈلمىدى.

خې شىڭۋېي

## ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

2001 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى جايلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ ئىشىپ قېلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، جايلارنىڭ يىغىۋېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر ئايدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مەبلەغ جەھەتتىكى يوچۇقنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ ۋاقتىدا ۋە تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2002 - يىلى بىر تۇتاش ئەمەلىيلەشتۈرگەن يىللىق خىراجەت نىسبىتىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يۈزىسىدىن ئالاقىدار تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىرىنچىدىن، جايلار، ساھەلەرنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان سانلىق مەلۇماتى ئاساسىدا، ھەر يەسلىدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى سانى، يىغىلغان ھەق، ماڭاشنىڭ ئاساسىي سانى ۋە دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، خادىملار ئۆيۈشتۈرۈلۈپ، جايلاردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، مەسىلە گەۋدىلىك ساقلانغان رايونلارغا ئادەم ئەۋەتىلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى، مۇشۇ ئاساستا، پېنسىيىگە چىققان چاغدا يېشى قانۇندا بەلگىلەنگەن چەككە توشمىغان، ھەق تاپشۇرۇش يىل چېكى 15 يىلغا توشمىغان، كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىققانلار (خىزمەتتىن چېكىنگەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5‰تىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ پېنسىيىگە چىققانلار ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش تۈپلاشقا كىرگۈزۈلگەن رايونلاردىكى ۋاقتىدىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققان ئادەم سانى چىقىرىۋېتىلدى. ئۈچىنچىدىن، يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتنىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش مەلۇماتى بېسىپ تارقىتىلدى، بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتنىشىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پېنسىيە پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش كومپيۇتېر تورى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى كىرىم - چىقىمدىن ئىبارەت 2 لىنىيە ئارقىلىق باشقۇرۇش قاتتىق يولغا قويۇلۇپ، ھەر خىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتناشقان خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئادەم سانى 1 مىليون 120 مىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىلەر، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم سانى 70 مىڭ 300. ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىدىن 2 مىليارد 790 مىليون يۈەن يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغىنى 2 مىليارد 730 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 97.8%كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ 144 مىليون يۈەن قەرزى ئېنىقلىنىپ تولۇقلىنىۋېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە پېنسىيە پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 92%كە يەتتى.

خې شىڭۋېي

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى يىغىۋېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئايلىق مەلۇمات تۈزۈمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ، ئىشسىزلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئېتىبار بېرىش گۇۋاھنامىسى»نى تارقىتىش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ تارقىتىلدى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ خام چوت، نەق چوتىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇناسىۋەتلىك يىللىق مەلۇماتنى تۈزۈش ۋە تەھلىل قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليون 264 مىڭ 700 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، يىللىق دائىرىنى كېڭەيتىش پىلانى 89.7% ئورۇندالدى. شۇ يىلى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىدىن 363 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن 345 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىشقا تەڭشەپ بېرىلگىنى 274 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 79.4%نى ئىگىلىدى). شۇ يىلى 278 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئالدى. ئىلگىرىكى يىللاردىن قالغان 11 مىليون 704 مىڭ 200 يۈەن

قەرز پۇل ئېنىقلىنىپ تۆلىتىۋېلىندى، يىللىق قەرز پۇلنى ئېنىقلاش پىلانى 65.7% ئورۇندالدى.

خې شىڭۋېي

## داۋالىنىش سۇغۇرتىسى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2001 - يىلى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى دورىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى، كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش تۈرلىرى، مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى ئۆلچىمى قاتارلىق 20 نەچچە يورۇقلەشكەن ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت مەمۇرلىرىغا قارىتىلغان ئالاھىدە كېسەللىك تۈرلىرىنى كۆرۈش ۋە كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش خىراجىتىگە ياردەم بېرىش ئۆلچىمى دەسلەپكى قەدەمدە تەڭشەلدى، ئاساسنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. بىر تۇتاش تۈپلاش رايونلىرى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا ئائىت يورۇقلەشكەن تەدبىرلەر ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىدىكى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش يۈزىسىدىن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەلۇمات تۈزۈمى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مالىيە ستاتىستىكا مەلۇمات تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر تۇتاش تۈپلاش رايونلىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلدى، قاتناشقان ئادەم سانى 1 مىليون 161 مىڭ 700گە يېتىپ، سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 59.23%نى ئىگىلىدى.

خې شىڭۋېي

## ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2001 - يىلى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى كارخانىلاردا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ۋاقتىدا چىقىرىپ، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى تۈزۈمىدىكى ئىسلاھات قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قانات يايدۇرۇلغان ئاساستا، قاپلاش دائىرىسى سالماق قەدەم بىلەن كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 31 ناھىيە، شەھەردە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاش قانات يايدۇرۇلدى، 31 ناھىيە، شەھەردە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاش قانات يايدۇرۇلدى، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتناشقان ئادەم سانى 300 مىڭغا يەتتى.

خې شىڭۋېي

# ئەمگەك ئىشلىرى

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى 2001 - يىلى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق 305 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 230 مىڭ ئادەم نورمال يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 75 مىڭ ئادەم مۇنتىزىم بولمىغان يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانى 101.7% ئورۇندالدى. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.7% بولدى (بىكىتۈمنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). تۈرلەر بويىچە ئايرىغاندا، نورمال يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 55 مىڭ، ئىشسىزلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 42 مىڭ، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 42 مىڭ، تېخنىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 8000، ھەربىي سەپتىن بوشىغان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 7000، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 51 مىڭ، كارخانىلاردىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېشىپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 25 مىڭ. مۇنتىزىم بولمىغان يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئىچىدە مەھەللە مۇلازىمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 56 مىڭ، ئەمگەك مۇلازىمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 19 مىڭ. مۇلۇكچىلىك بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 41 مىڭ بولۇپ، 13.4%نى ئىگىلەيدۇ؛ كوللېكتىپ ئورۇنلارغا

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 49 مىڭ بولۇپ، %16.1نى ئىگىلەيدۇ؛ يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە 3 خىل مەبلەغ كارخانىلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 155 مىڭ بولۇپ، %50.8نى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 60 مىڭ بولۇپ، %19.7نى ئىگىلەيدۇ. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 24 مىڭ بولۇپ، %7.9نى ئىگىلەيدۇ؛ 2 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 77 مىڭ بولۇپ، %25.2نى ئىگىلەيدۇ؛ 3 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 204 مىڭ بولۇپ، %66.9نى ئىگىلەيدۇ.

خې شىڭۋېي

## دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىلى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرىشكە قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ مۆھلىتىنى يەنە بىر يىل ئۇزارتىشنى قارار قىلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تەربىيىلەنگەن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %60تىن ئارتۇقىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق رايونلاردىكى شەھەرلەرنى مەھەللە مۇلازىمىتى ئارقىلىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مالىيە ۋە بانكا قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ياردەم ئۈسۈملۈك قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ قەرز پۇل، ئاساسلىقى، مەھەللە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئاز مەبلەغ سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان تۈرلەرگە ئىشلىتىلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ ئىشەنچلىك سۇغۇرتىسىغا مۇقىم ھالدا ئۆتۈش ئىشى ياخشى ئىشلىنىپ، چوڭراق تەۋرىنىش كۆرۈلۈشىدىن خالىي بولۇندى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىشىدا ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش قىيىن بولۇش، قىيىنچىلىقى بار تۈپلاردا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولۇشتىن ئىبارەت گەۋدىلىك مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي تۆلەم پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ بېرىش، پاي ھوقۇقىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن تاپشۇرۇش ۋە كارخانىنىڭ ئۈنۈملۈك مۈلكىنى ئۆتۈنۈپ ئۆتكۈزۈش ... ئوتال قىلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەركەزدىن چىقىشىدىكى ئىقتىسادىي تۆلەم مەسىلىسى ھەل قىلىندى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر توپلارغا قارىتا مەركەزدە داۋاملىق قېلىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللاپ، ئاساسىي تۇرمۇش تەمىناتىدىن 3 - يىلىمۇ بەھرىمەن بولۇپ، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىمەسلىك قاتارلىق چارىلەر قوللىنىلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 51 مىڭى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 122 مىڭ 353 ئىشچى - خىزمەتچىگە ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋاقتىدا ۋە تولۇق بېرىلدى، بۇنىڭغا 513 مىليون 228 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى 299 مىليون 281 مىڭ يۈەن، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلغان باشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققى 194 مىليون 135 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى 19 مىليون 812 مىڭ يۈەن). ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 26 مىڭ 216 سى كۆپەيدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 25 مىڭ 587 سى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خې شىڭۋېي

## ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىشىم مۆھلىتى توشقاندا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىشىم

مۇھلىتى توشۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىشىدىكى بېسىق مەزگىل بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىشىم مۇھلىتى توشۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا يىكىر» نى ۋاقتىدا تۈزۈپ تارقاتتى. ھەر قايسى تارماقلار ۋە كارخانىلار ھۆججەت روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سۇغۇرتىنى قوبۇل قىلىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەركەزدىن بالدۇرراق چىقىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىمكان قەدەر تېز ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ ئاساستا، كېلىشىم مۇھلىتى توشقاندىن كېيىن مەركەزدىن چىقىش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش، ئىقتىسادىي تۆلەم پۇلىنى ياكى تۇرمۇش ياردەم خىراجىتىنى بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسەتلەر قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن چىقىش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيەسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولغان ئەھۋالدا، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مەبلەغ توپلىنىپ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا قاراشلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى شەھەر - بازارلارغا يىراق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار ۋە ئەھۋالى ئۆزگىچە بولغان ئايرىم قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىققاندا تۆلىنىدىغان ئىقتىسادىي تۆلەم مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. بولۇپمۇ نەق پۇلغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان مۈلكى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى يېشى چوڭراق، بىرلا خىل ئىقتىدارغا ئىگە، سالامەتلىكى ناچار بولغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا مەركەز بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىم مۇھلىتى توشقاندىن كېيىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدە قېلىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللاشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سىياسەت ئىجادچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن مەركەزلىك ھالدا چىقىش بېسىمى يېنىكلىتىلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا كېلىشىم مۇھلىتى توشۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىققان ئادەم سانى 36 مىڭ 927 گە، مەركەزدە قېلىپ قالغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى-خىزمەتچى 87 مىڭ 326 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3567 ئادەم سىياسەتتىكى بەلگىلىمە بويىچە مەركەزدە داۋاملىق قېلىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالدى.

خې شىڭۋېي

## يېزىلاردا ئەمگەك كۈچلىرىنى تۇراقسىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانى 22 مىڭ 494 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 7612، ئۆلكە ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 7928، سىرتقا چىقىشتىن بۇرۇن تەربىيىلەنگىنى 2323. سىرتتىن شىنجاڭغا كېلىپ شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانى 205 مىڭ 168 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 56 مىڭ 94، سىرتتىن كەلگەندىن كېيىن تەربىيىلەنگىنى 40 مىڭ 531.

خې شىڭۋېي

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا كارخانىلاردىكى مائاش كىرىمى تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1. كارخانىلاردا مائاش كىرىمىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى ۋە بورتالا ئوبلاستى قاتارلىق جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچى سىزىقىنى تۈزۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كارخانىلارنىڭ مائاش كىرىمى تەقسىماتى جەھەتتە ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى خېلى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە قاراماي شەھىرىدە ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا ئورنى تۈزۈمى ئۇقتىدا سىناق قىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى

بازىرىدىكى ماشىنا ياسالغان ئۆي باھاسى ... 

باھاسىدىكى ماتاش يېتەكچى باھا ئۆرنىنىڭ قاپلاش دائىرىسى دەسلەپتىكى 6 ساھە، 21 تۈر ئورنىدىن 11 ساھە، 78 تۈر ئۆرنىگە كېڭەيدى.

2. كارخانىلاردىكى ماتاش بەلگىلەش مېخانىزمى ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. بىرىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ «ئىككى تۈۋەن بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ماتاشنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى. ئىككىنچىدىن، «دوستلۇق» گۇرۇھى قاتارلىق قىسمەن كارخانىلاردا ماتاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش تۈزۈمى نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

3. كارخانىلارنىڭ ئىچكى تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ فلورلۇق ئىشقار زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنى ماتاشنى ئاساس قىلغان ئاساسىي ماتاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى. خېلى بىر تۈركۈم كارخانىلار، بولۇپمۇ تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كارخانىلار ئىچكى تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى ئۈمۈميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىش ئورنى ماتاش تۈزۈمى قاتارلىق يېڭى ماتاش كىرىمى تەقسىمات ئۇسۇلىنى يولغا قويدى.

خې شىگۇيى

## كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق ماتاش تۈزۈمى نۇقتىدا سىناق قىلىندى

«ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق ماتاش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدا يىللىق ماتاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق ماتاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلغان كارخانا 135كە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك كارخانىلار (مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانىلىرى ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق كارخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن %2نى ئىگىلىدى. يىللىق ماتاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق ماتاش كىرىمى بىلەن دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زىچ بىرلەشتۈرۈلدى.

خې شىگۇيى

## كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ماتاش ئۆلچىمى تەڭشەلدى

2001 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى»دىكى ئەڭ تۆۋەن ماتاش كاپالەت تۈزۈمىگە ئائىت بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال باھا ئىندېكسى، جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ماتاش قاتارلىق ئامىللاردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش سەۋىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ماتاش ئۆلچىمى يەنە بىر قېتىم مۇۋاپىق تەڭشەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ماتاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش ئەھۋالى ئۇستىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 25 -كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ تۆۋەن ماتاش ئۆلچىمى رايونلارغا ئايرىلغان ھالدا ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ ھەر كىشىگە ئېيىغا 460 يۈەندىن، ئەڭ تۆۋىنىنىڭ ھەر كىشىگە ئېيىغا 260 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇ ئۆلچەم 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى.

خې شىگۇيى

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەر خىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى 2001 - يىلى ھەر خىل خادىمدىن 364 مىڭ 400نى تەربىيىلىدى (بىڭتۇەن تەربىيىلىگەن 89 مىڭ 800 ئادەم بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تەربىيىلىگىنى 168 مىڭ 700، ساھەلەر تەربىيىلىگىنى 195 مىڭ 700. تەربىيىلەنگەن خادىملار ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز خادىم 73 مىڭ 100، ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەنگەن كۈرسانت 16 مىڭ 800، كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 173 مىڭ 200، باشقا خادىملار 101 مىڭ 300. تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى تەربىيىلىگىنى 58 مىڭ 400، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى تەربىيىلىگىنى 43مىڭ 300، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى مەركىزى تەربىيىلىگىنى 129 مىڭ 900، جەمئىيەتتىكى تەلىم-تەربىيە ئاپپاراتلىرى تەربىيىلىگىنى 37 مىڭ، باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى تەربىيىلىگىنى 95 مىڭ 800. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 82 مىڭ 900 ئادەم كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

خې شىگۇيى

## تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2001 - يىلى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ 2001 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا يېكىتمە»نى تەييارلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ 2001 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى، كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى، سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىراجىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى 2 يىللىقتىن يۇقىرى ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئوقۇغۇچىدىن 6000نى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەشنى پائال قانات يايدۇردى ھەمدە تەربىيەلەنگەن خادىملارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى سىناپ كۆردى. شۇ يىلى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ 12مىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى. تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق قوشۇۋېتىلدى ۋە مېخانىزمى يەڭگۈشلەندى، 3 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 22 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوشۇۋېتىلدى. سانجى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ 5 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ئىنستىتۇتى بولدى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى بىلەن قوشۇۋېتىلدى. تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى بازارغا يۈزلىنىپ، تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇشقا پائال ئىلھام بېرىلدى، كۇرسانتلارنىڭ ئارزۇسى ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خادىملار، ئىشسىز خادىملار، ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ كۇرسلىرى ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ش ئۇ ئا ر كەسىپ تونۇشتۇرۇش مەركىزى بىلەن يىلىغا بىر قېتىم تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېڭەشمىسى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلدى، كېڭەشمە يىغىنىغا ئۈرۈمچى رايونىدىكى 18 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتناشتى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن 600 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىغا تونۇشتۇرۇلدى.

خې شىڭۋېي

## كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 10 مۇسابىقە رايونى، 25 كەسىپ (ئىش تۈرى) بويىچە كەسپىي ماھارەت مۇسابىقە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 50 مىڭغا يېقىن ئادەم ئىش ئورنىدىكى تەلىم-تەربىيىگە ۋە ھەر خىل كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە ياكى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 2254 ماھىر ش ئۇ ئا ر كەسپىي ماھارەت مۇسابىقە كومىتېتى باشقۇرغان، مۇسابىقە رايونلىرى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 25 ئادەم ش ئۇ ئا ر كەسپىي ماھارەت مۇسابىقە كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 12 ئادەم «تېخنىكلىق كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى»گە، 427 ئادەم «يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى»گە ئېرىشتى. كوماندا تەشكىللىنىپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن 26 - نۆۋەتلىك ئاسىيا چاچ پاسونى، گىرىم قىلىش مۇسابىقىسىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى تاللاش مۇسابىقىسىگە ۋە مەملىكەتلىك كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش مۇسابىقىسىنىڭ «خۇالىڭ لوڭقىسى» شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭلىق ماھىر خۇاڭ شىنيۈڭ 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 310 ماھىر قاتناشقان 7 تۈردىكى ئېلىشىشتا كېلىنلەر گىرىمى تۈرىدە 1 - لىككە ئېرىشتى ۋە ۋە مۇسابىقە مەيدانىدا باش چېمپىيون بولدى، يەنە بىر ماھىر خانىم - قىزلارنىڭ كەچلىك بەزمە چاچ پاسونى تۈرىدە 4 - لىككە ئېرىشتى، يۇقىرىقى 2 ماھىر جۇڭگو ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، 2002 - يىل 6 - ئايدا سىنگاپوردا ئۆتكۈزۈلىدىغان 26 - نۆۋەتلىك ئاسىيا چاچ پاسونى، گىرىم قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ، 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى

مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ماھىرلارنىڭ دەسلەپكى مۇسابىقىدىكى كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجىسى 71 نومۇرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 9 - بولدى. شەخسلەرنىڭ ئۆلچەملىك مۇسابىقىسى بويىچە مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە شىنجاڭغا ۋاكالىتەن بېيجىڭغا بېرىپ مۇسابىقىگە قاتناشقان شىي ۋېندي مەملىكەت بويىچە 13 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

خې شىڭۋېي

## كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 222، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى قۇرغىنى 117، خىزمەتچى خادىمى 772. شۇ يىلى تەكلىپ قىلىنغان 214 مىڭ 510 ئادەم، خىزمەت تەلەپ قىلغان 221 مىڭ 398 ئادەم تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 102 مىڭ 271، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 40 مىڭ 650، ئىشسىز خادىم 112 مىڭ 324. شۇ يىلى 48 مىڭ 391 ئادەم كەسپىي سالاھىيەتكە ئېرىشتى، 135 مىڭ 815 ئادەم كەسپىي يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلدى. 148 مىڭ 326 ئادەم (قېتىم) مۇۋەپپەقىيەتلىك تونۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 59 مىڭ 968، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 66، ئىشسىز خادىم 91 مىڭ 931، كەسپىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەن خادىم 39 مىڭ 346.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون 2001 - يىلى كارخانىلارنىڭ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى داۋامىدا ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ۋاقتىدا تەڭشىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى سىياسەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. جايلار كارخانىلارنىڭ ئەمگەك توختامىنى ئىمزالاش ياكى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان بىر تۈركۈم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالىغان ئادەم سانى 2 مىليون 42 مىڭغا يېتىپ، ھەر خىل كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 73.4%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىدا ئەمگەك توختامى ئىمزالىغان ئادەم سانى 1 مىليون 645 مىڭ بولۇپ، توختام ئىمزالاش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2001 - يىلى يەنە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا يوللىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ ئەنگە ئېلىنغان كوللېكتىپ توختام 2179غا، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 300 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرى ئەمگەك ماجىراسىغا ئائىت 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىگە چېتىشلىق 1270 دېلونى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 95%كە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرى ئەمگەك ماجىرالىرى كۆپرەك كۆرۈلىدىغان تارماقلار، ساھەلەر، كارخانىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئائىت قانۇن، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلدى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك ئۇنۇۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2001 - يىلى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاش ماتېرىيالىدىن 126 نۇسخىنى قوبۇل قىلىپ باھالىدى، باھالاش ئارقىلىق 38 ئادەمنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتى، 32 ئادەمنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتى ماقۇللاندى. ئەمگەك ئىگىلىكى كەسپىدە 13 ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتى ماقۇللاندى.

خې شىڭۋېي

# ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى

## قانۇننى ئىجرا قىلىش مەمۇرىي تەپتىشلىكى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي

تەپتىشلىكى ئاپپاراتلىرى 2001 - يىلى 1 مىليون 193 مىڭ ئەمگەكچىگە چېتىشلىق ھەر خىل ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىن 17 مىڭ 800نى تەكشۈرۈپ، 1896 دېلو تۇرغۇزدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %95كە يەتتى. كەسپىي ۋاستىچى ئاپپاراتتىن 396 سى (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنسىز كەسپىي ۋاستىچى ئاپپاراتتىن 122سىگە زەربە بېرىلدى ۋە ئۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى بويىچە سۈرۈشتە قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىدىن 146سى، ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى قەرەلىنى ئۆزگەرتىش بۇيرۇقنامىسىدىن 82سى، ئەمگەك مەمۇرىي جازاسى قارارنامىسىدىن 6سى چۈشۈرۈلدى، 25 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 5000 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ئاپپاراتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىنغان، ئامما پاش قىلغان دېلو 145 بولۇپ، دېلو ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %93كە يەتتى، 45مىڭ نۇسخا ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى، 8920 ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گۇۋاھنامە، كارتىسى تولۇقلاپ بېجىرىلدى، 34 مىليون 104 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بېرىش ئارقىغا سۈرۈلگەن 29 مىليون 600 مىڭ يۈەن مائاشى تارقاتقۇزۇلدى. ئادەم ئىشلەتكۈچى 38 ئورۇنغا 5 مىليون 348 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلىنى، 1 مىليون 156 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش، تۇتۇپ قېلىنغان ۋە بېرىش ئارقىغا سۈرۈلگەن 1 مىليون 456 مىڭ يۈەن مائاشنى تولۇقلاپ تارقىتىش بۇيرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك كۈچى بازارلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، قانۇنسىز ئەمگەك ۋاستىچى تەشكىلاتتىن 116سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 88نىگە بەلگىلىك مۇھلەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىش ۋە ياخشىلاش بۇيرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ئاپپاراتلىرى يەنە كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ھەرىكىتى، ئەمگەك توختامى تۈزۈش، مائاش تارقىتىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

خې شىڭۋېي

## تېخنىكا ماھىرلىرىنى مۇكاپاتلاش ئەھۋالى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 2 نەپەر مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى، 3 نەپەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرلىرىغا 10 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرلىرىغا 5000 يۈەن مۇكاپات بېرىلدى. تېخنىكا ماھىرلىرىنى مۇنداق كۆپ پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىملىق ئىش.

خې شىڭۋېي

## مەملىكەتلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىدىكى ئىلغارلار

كادىرلار مىنىستىرلىكى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە خىزمەت ئىلغارلىرىنى تەقدىرلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ھەم ئىلى ۋىلايەتلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زۇنۇن ئەكبەر، قۇتۇبى ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شيەنجۇڭ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇ ۋېيپىڭلار تەقدىرلەنگەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىدىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەرنى «1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ بېزەشنى قارار قىلدى. جېمىنەي ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى، بىڭتۈەن كەسپىي ماھارەتنى باھالاش مەركىزى، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى ھەم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىڭ يى، چەرچەن ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چېن خۇي، پىچان ناھىيىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ تاۋ، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋشىن، يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى كەسىپكە تونۇشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى ما شىنفاڭ (ئايال)، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى «111» تۈەن - مەيدانى ئەمگەك - كاپىتال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ شىڭيىلار «خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ بېزەلگەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

خې شىڭۋېي

# ئىجتىمائىي تۇرمۇش

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

### مەنىۋى مەدەنىيلىكتە 3نى بەرپا قىلىش پائالىيىتى

مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتى    مەدەنىي شەھەرلەرنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىپ، «5 ئىشنى 21 ـ ئەسىرگە ئېلىپ كىرمەسلىك» نىشان قىلىنىپ، مەدەنىي ئورۇن ۋە مەدەنىي رايون، مەھەللە، كوچا بەرپا قىلىش ئاساس، تۈزەشنى كۈچەيتىش ۋاستە قىلىنىپ، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش ئورۇشى داۋاملىق تەشكىللىنىپ، ئىلمىي باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ياخشى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يارىتىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار رايوندىن 2 سىگە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەردىن 8 نىگە، شەھەرگە قاراشلىق مەدەنىي رايوندىن 6 سىگە، مەدەنىي ناھىيىدىن 4 نىگە، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەردىن 8 نىگە، شەھەرگە قاراشلىق ئىلغار رايوندىن بىرىگە، ئىلغار ناھىيىدىن 23 نىگە نام بەردى ۋە بۇ ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ «بېيجىڭ» كوچىسى مەھەللىسى، قاراماي شەھىرىدىكى قاراماي رايونىنىڭ «كۈنلۈن» كوچىسى ئەنلىن مەھەللىسى، قۇمۇل شەھىرىدىكى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىك تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى مەھەللىسى، كورلا شەھىرىدىكى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى مەھەللىسى، كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى شىنجاڭ تۆمۈريولى مەھەللىسى قاتارلىق ئورۇنلار مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار تىپلار قىلىنىپ تىكلەندى.

مەدەنىي كەنت ـ بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتى    جايلار 10 يۇلتۇز دەرىجىلىك مەدەنىي ئائىلىلەرنى ئاساس، كىچىك شەھەر ـ بازارلارنى، بولۇپمۇ ناھىيە بازارلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەدەنىي كەنت ـ بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. مەھەللىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، نامراتلارنى يۆلەش ـ كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە كىچىك شەھەر ـ بازارلارنى قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيەدىن ئىبارەت 3 ئىشنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى يەنىمۇ جانلاندۇرۇلدى. 2001 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى يەنە بىر تۈركۈم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي كەنت ـ بازارلارغا نام بەردى ھەمدە ساۋەن ناھىيىسىنىڭ سەندوخوزا بازىرى (ناھىيە بازىرى)، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ چەرچەن بازىرى (ناھىيە بازىرى) دىن ئىبارەت 2 شەھەر ـ بازارنى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كىچىك شەھەر ـ بازار بەرپا قىلىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. يېزىلاردا سۇنى، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلۇپ، قوش ئىدىشلىق ۋارونكا شەكلىدىكى پاكىز ھاجەتخانا زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى، بارلىق مەدەنىي كەنتلەردە سۇنى، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتى    ھەر قايسى ساھەلەر، سىستېمىلاردا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، باسقۇچلۇق نىشان ۋە كونكرېت تەدبىرلەر بەلگىلەندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەرلىك باج ئىدارىسى قاتارلىق 20 سىستېمىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە» دەپ نام بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە، ئالاقىدار تارماقلار قاتناشقان مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «راستچىل بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، بازار ئىقتىسادىي تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى

پوقۇرلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تۆۋەنگە تارقىتىلدى. دۆلەت باج ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار قاتناشقان مەدەنىي ساھەلەر، سىستېمىلاردا مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە قايتا ـ قايتا پىكىرلىشىش ئارقىلىق تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى (تۇرپان ـ قۇمۇل سارىيى)، كۈيتۇڭ شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تىجارەت بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە 3 ـ تۈركۈمدە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى بولۇشقا تەۋسىيە قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىش ئارقىلىق «ئارمىيە، بىڭتۈەن، قوراللىق ساقچى ۋە خەلق بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا 1000 چاقىرىملىق تۆمۈريول مەدەنىي لىنىيىسى بەرپا قىلىش»تىن ئىبارەت يېشىل يول قۇرۇلۇشى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا بىرلىكتە مەدەنىي لىنىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتى، مەدەنىي يولۇچىلار پويىزى ۋە مەدەنىي ئاپتوموبىل ئەترىتى بەرپا قىلىش پائالىيىتى، «يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىغا «1000 چاقىرىملىق تۆمۈريول مەدەنىي لىنىيىسى» دەپ نام بەردى.

شۆ چاڭچۈن

## 100 ناھىيە، 1000 يېزىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 20 يېزا ـ بازارغا 2000 ـ يىللىق تەشۋىقات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى تارقىتىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى ئاجراتقان 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاساسلىقى يار دەمگە ئېرىشكەن يېزا ـ بازارلارنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى شىنجاڭدا 2001 ـ يىلى «100 ناھىيە، 1000 يېزىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»دا يار دەمگە ئېرىشىدىغان 10 يېزا ـ بازارنى بەلگىلىدى.

شۆ چاڭچۈن

## «ساۋەننىڭ تەجرىبىسى» ئۆگىنىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدا ساۋەن ناھىيىسىدە يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق خىزمەتلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ‹ساۋەننىڭ تەجرىبىسى›نى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىن «ساۋەننىڭ تەجرىبىسى»نى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، جەمئىيەتتە قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك ئورنىتىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، تەسەۋۋۇر، ئىستراتېگىيە، جاسارەت ۋە پاراسەت، چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويغىتىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، «چوڭ ئىش قىلىش، ئۇلۇغ ئىش يارىتىش» روھىنى تىكلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ۋە كۆلەملىك ئۈنۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تۆتىنچىدىن، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە يېڭىچە دېھقان، چارۋىچىلار تۈركۈمى يېتىلدۈرۈش لازىم.

بەشىنچىدىن، كادىرلار ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، جان ـ دىل بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئالتىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا

سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، شەھەر - بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت سېپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

شۇ چاڭچۈن

## «ئالتۇن چېگرا قۇرۇلۇشى» باشلاندى

2001 - يىلى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى يولغا قويغان «100 ناھىيە، 1000 يېزىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» ۋە 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى چېگرىدىكى قىسىملار، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، قوراللىق ساقچى قىسىم، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى چېگرا ياقىسىدىكى ناھىيىلەر، يېزىلار، كەنتلەردە مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ھاۋادا رادىئو، تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلانغان بولۇش، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى بولۇش، ھەممىلا كەنتتە «كەنتكە 8 نەرسە كىرگۈزۈلگەن بولۇش»، «10 ئائىلە باغلانغان بولۇش» ۋە تەشۋىقاتچى بولۇش، ھەممىلا جايدا كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە جانلىق، مول مەدەنىيەت پائالىيىتى ئىشانى بولۇش، 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا لىنىيىسىنى 10 مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي كارىدورغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 32 چېگرا ناھىيىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سېپى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

شۇ چاڭچۈن

## «پارتىيە قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى 2001 - يىل 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە «پارتىيە قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 11 مىڭ 58 قېتىم نۇتۇق سۆزلەش ئۇيۇشتۇرۇلدى، 105 مىڭ 825 ئادەم نۇتۇق سۆزلىدى، بۇ نۇتۇقلارنى 1 مىليون 950 مىڭ ئادەم بىۋاستە ئاڭلىدى، 4 مىليون ئادەم ۋاستىلىك تەربىيە ئالدى، %90 مەدەنىي ئورۇن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

شۇ چاڭچۈن

## غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى

«غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى مەركەزنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا ماسلىشىپ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش يولىدا قوللانغان بىر مۇھىم تەدبىر. «غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ياردەم بېرىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىر مۇنچە جايلاردا مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشخانىسىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا مېھىر - شەپقەت بېغىشلايدىغان «مېھىر - شەپقەت بېغىشلاپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» بارلىققا كېلىپ، 100 گە يېقىن نامرات ئوقۇغۇچى ياردەمگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا مەركەزنىڭ شەپقىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ياردەم سوممىسىنى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا ئەۋەتىپ بەردى، غەمخورلۇق ۋە ئىلھامنى تېلېفون ئارقىلىق نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە يەتكۈزدى.

ش ئۇ ئا ر ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى 2001 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ 2001 - يىلى ياردەمگە ئېرىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سىياسىي - ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت، ئوقۇش نەتىجىسى، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نەتىجىسى2000. يىلدىكىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىدىيە - پەزىلىتى، مەكتەپتىكى ئىپادىسىمۇ ياخشى بولدى، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار 38گە يەتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2001 - يىلى شىنجاڭدىن تاللانغان ياردەمگە ئېرىشكەن 100 ئوقۇغۇچى ئىچىدە %90ى ئىتتىپاق ئەزاسى، %58ى قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئاتا - ئانىسىدىن بىرىلا بار ئائىلىدىكى ئوقۇغۇچى، %70ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى ئىكەن.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى»نىڭ ياردىمى

ئارقىسىدا، شىنجاڭدا پەزىلەتلىك ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ئوخشاشلا ئەلا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بولغان 360 ئوقۇغۇچى 2 تۈركۈمدە، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى (شىنجاڭ بىڭتۇەندىن 2 تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان 160 ئوقۇغۇچى شۇنىڭ ئىچىدە).

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار «غەربنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» بويىچە يازلىق تەتىل يازلىق لاگېرىنى ئۇيۇشتۇردى، يازلىق لاگېرغا شىنجاڭدىكى ياردەمگە ئېرىشكەن 98 ئوقۇغۇچى قاتناشتى (بىڭتۇەنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

شۇ چاڭچۈن

## 2 مەھەللىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى» دېگەن نام بېرىلدى

2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ «بېيجىڭ» كوچىسى مەھەللىسى، قاراماي شەھىرىدىكى قاراماي رايونىنىڭ «كۇئېنلۇن» كوچىسى مەھەللىسىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى» دېگەن نام بېرىلدى.

شۇچاڭچۈن

## بىر تۈركۈم نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي نۆۋەتچى ئايروپىلان» دەپ نام بېرىلدى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدا «9103/4» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — بېيجىڭ — ئۈرۈمچى)، «9311/2» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — بېيجىڭ — گۇاڭجۇ — ئۈرۈمچى)، «9401/2» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — چېڭدۇ — ئۈرۈمچى)، «9503/4» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — شىئەن — خاڭجۇ — شىئەن — ئۈرۈمچى)، «9921/2» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — غۇلجا — ئۈرۈمچى)، «9303/4» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — چاڭشا — شېنجېن — چاڭشا — ئۈرۈمچى)، «9381/2» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — شىئەن — چاڭشا — شىئەن — ئۈرۈمچى)، «9405/6» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — چېڭدۇ — كۇنمىڭ — چېڭدۇ — ئۈرۈمچى)، «9911/2» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — ئاقسۇ — خوتەن — ئاقسۇ — ئۈرۈمچى)، «9603/4» نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئۈرۈمچى — شىئەن — دالىيەن — شىئەن — ئۈرۈمچى) قاتارلىق 10 نۆۋەتچى ئايروپىلانغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي نۆۋەتچى ئايروپىلان» دەپ نام بەردى.

شۇ چاڭچۈن

# ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى

## شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى سالماق قەدەم بىلەن ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6590.28 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 13.29% ئاشقان، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 8.93% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى 4404.17 يۈەن بولۇپ، 22.2% ئاشقان، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 66.9% بولغان، كوللېكتىپ ئىگىلىك ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى ئاران 91.21 يۈەن بولۇپ، 27.86% كېمەيگەن؛ باشقا ئىگىلىك تىپىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائاش كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىمۇ ئانچە چوڭ بولمىغان؛ ئورۇن سىرتىدىن قىلىنغان كىرىم (يەككە ئىگىلىك كىرىمى، يەككىلەرنىڭ ياللىنىپ قىلغان كىرىمى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش كىرىمى، باشقا ئىشقا ئورۇنلىشىش كىرىمى ۋە مال ـ مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىم قاتارلىقلار) 1721.74 يۈەن بولۇپ، 6.01% ئازايغان.

پاڭ يەن

## شەھەرلەردىكى ئېنگېل كوئېففىتسېنتى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى (يېمەكلىكلەر چىقىمى بىلەن ئىستېمال ئومۇمىي چىقىمىنىڭ نىسبىتى) 35.5 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە يەنە بىر قېتىم

يەتكەن. بۇ، شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ماللىق تۇرمۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پالۇ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5059.67 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 394.21 يۈەن، يەنى 8.45% ئاشقان، باھا ئامىلىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 4.28% ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 8 چوڭ ئىستېمال چىقىمىدىن قارىغاندا، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش، تۇرالغۇ، ساياھەت قاتارلىق ئىستېمال چىقىملىرى 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىستېمالىدىكى 3 چوڭ «يورۇق نۇقتا» بولۇپ قالغان. شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىش ھەم زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئېلىپ كەلگەن قولايلىقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇش ئىستېمالىدىكى ئالدىنقى تاللاش بولۇپ قالغان.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق ئىستېمالى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال مىقدارى 79.81 كىلوگرام بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 3.33 كىلوگرام، يەنى 4% ئازايغان. تۆرلۈك ئاشلىقلار ئىستېمالىدا ئۆلچەملىك ئۇن 15.18% تۆۋەنلىگەن، كۆچەيتىلگەن ئۇن 10.11% تۆۋەنلىگەن، گۈرۈچ 3.3% ئاشقان، ئۇندىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر 16.56% ئاشقان، ھەر خىل قارا ئاشلىقلار 39.77% ئاشقان. ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق ئىستېمالى پەيدىنپەي ئاق ئاشلىقتىن قارا ئاشلىققا يۈزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېز رىتىملىق تۇرمۇش، خىزمەت ئۇسۇلىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرمۇ كۆنىپرى ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىستېمالى مۇۋاپىقلىشىشقا يەنىمۇ يۈزلەندى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىستېمالىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر ئىستېمالى روشەن ھالدا ئازايدى، ھەر خىل كوكتات، سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمالى سالماق قەدەم بىلەن ئاشتى. ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە گۆش ئىستېمال چىقىمى 442.91 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 9.15% ئاشقان، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 8.8% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال مىقدارى 5.12 كىلوگرام بولۇپ، ئاران 0.12% ئاشقان. كالا گۆشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال مىقدارى 2.39 كىلوگرام بولۇپ، 23.58% ئازايغان؛ قوي گۆشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال مىقدارى 12.32 كىلوگرام بولۇپ، 9.55% ئازايغان؛ بۆدۈنلغان توخۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال مىقدارى 1.41 كىلوگرام بولۇپ، 3.67% ئازايغان. ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆكتات ئىستېمال مىقدارى 94.28 كىلوگرام بولۇپ، 1.72% ئاشقان. ھەرخىل كۆكتاتلارنىڭ يىللىق ئىستېمالىنىڭ ئېشىش نىسبىتى مۇنداق بولغان: يېسىۋىلەك 11.43%، قاتكۆك 9.08%، چېچەك كۆكتات 11.21%، ياغلىق يېسىۋىلەك 11.97%، تۇرۇپ 13.44%، تەرخەمەك 7.11%، پەمىدۇر 4.55%. پىدىگەن، كۆكمۇچ، پۇرچاق كۆك قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئىستېمال مىقدارى ھەر خىل دەرىجىدە ئازايغان. سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرىنىڭ ئىستېمال مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشقان، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سۈت ئىستېمال مىقدارى 25.16 كىلوگرامغا يېتىپ، 13.85% ئاشقان، سۈت پاراشوكىنىڭ ئىستېمال مىقدارى 6.12% ئاشقان، قېتىقنىڭ ئىستېمال مىقدارى 21.21% ئاشقان، باشقا سۈت ياسالمىلىرىنىڭ ئىستېمال مىقدارى 8.77% ئاشقان.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىرتتا غىزالىنىش ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە

سىرتتا غىزالىنىش چىقىمى 288.02 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.87 ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىيىم - كېچەك چىقىمى 714.83 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە تەييار كىيىم - كېچەكلەر چىقىمى 463.85 يۈەن بولۇپ، %17.28 ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە ئاياغ كىيىم، پايپاق، باش كىيىم چىقىمى ۋە باشقا چىقىملار 195.47 يۈەن بولۇپ، %20 ئاشقان؛ كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى، كىيىم - كېچەك تىكىش ھەققى چىقىمى پەيدىنپەي تۆۋەنلىگەن، ماتېرىيال چىقىمى %1.82، تىكىش ھەققى چىقىمى %9.25 ئازايغان. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا كىيىم - كېچەك ئىزچىل تۈردە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 15.54 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.8 ئاشقان. ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئۆي نىسبىتى %85.8كە يېتىپ، 1.1 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. تۇرالغۇ مۇئەسسەسەلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، %82.6 ئائىلە سېكسىيە شەكلىدىكى يۈرۈشلۈك تۇرالغۇغا كىرگەن، مۇنداق ئائىلىلەر 2000 - يىلدىكىدىن 1 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان ئائىلىلەر 2000 - يىلدىكى %12.6تىن %10.4كە چۈشكەن؛ %8.8 ئائىلە تۇرمۇشلۇق گاز ئىشلەتكەن، مۇنداق ئائىلىلەر 3.7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ %85.5 ئائىلە ئىسسىنىشتا مەش، كاڭدىن پايدىلانمايدىغان بولغان، مۇنداق ئائىلىلەر 1.5 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ تېلېفون ئورناتقان ئائىلىلەردە %76.4كە يېتىپ، %4.7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان.

ساۋ جياڭيەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش، ئۆي سېلىشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 365.71 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.7 ئاشقان. ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇنى بېزەش، زىننەتلەشكە قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 221.35 يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشقان، بۇ ئىستېمال خاراكتېرلىك ئومۇمىي چىقىمنىڭ %4.4 ىنى ئىگىلىگەن.

ساۋ جياڭيەن

## چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجدا ئۆزگىرىش بولدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىدا يېڭى ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن. بىرىنچىدىن، ئاھالىلەر ئىلكىدىكى كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنىڭ سانى خېلى تېز ئاشقان. ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرىچە توغرا كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان: لازېر نۇرلۇق سىنئويغۇ 42.96 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %28.65 ئاشقان؛ پىئانىنو 1.73 بولۇپ، %51.22 ئاشقان؛ باشقا ئالىي دەرىجىلىك مۇزىكا ئەسۋابلىرى 9.65 بولۇپ، %10.42 ئاشقان؛ تېلېكامېرا 1.56 بولۇپ، %10.61 ئاشقان؛ فوتو ئاپپارات 41 بولۇپ، %5.24 ئاشقان. ئىككىنچىدىن، 3 چوڭ بۇيۇم تويۇنۇشقا يۈزلەنگەن؛ رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ جەھەتتە شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ئېھتىياجى تەدرىجىي قاندۇرۇلغان، بولۇپمۇ رەڭلىك تېلېۋىزور جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى تويۇنۇش ھالىتى شەكىللەنگەن. بۇلارنىڭ ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان: كىر ئالغۇ 94.69 بولۇپ، ئاران %0.19 ئاشقان؛ توڭلاتقۇ 84.47 بولۇپ، %0.3 ئازايغان؛ رەڭلىك تېلېۋىزور 107.39 بولۇپ، %4.7 ئاشقان. ئۈچىنچىدىن، ئىلغار قاتناش قوراللىرىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولغان. ئاپتوموبىل، موتسىكلىت، ۋېلسىپىتتىن ئىبارەت 3 خىل قاتناش قورالى ئىچىدە ۋېلسىپىت ئىستېمالىنىڭ ئېشىشى يەنىلا بىر قەدەر تېز بولغان، ئاپتوموبىل ئىستېمالى باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە يېتەلمىگەن. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇلارنىڭ ھەر 100 شەھەر ئاھالىسى ئائىلىسىگە توغرا كېلىش ئەھۋالى

مۇنداق بولغان: ئاپتوموبىل 1.08 بولۇپ، 4.15% ئازايغان؛ موتسىكلىت 9.85 بولۇپ، 3.72% ئاشقان؛ ۋېلسىپىت 138.08 بولۇپ، 10.24% ئاشقان.

پالۇ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە مائارىپ ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 376.34 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 10.83% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 18.13 يۈەن بولۇپ، 2.59% ئاشقان؛ ئوقۇش خىراجىتى ۋە باشقا ھەقلەر 269.81 يۈەن بولۇپ، 14.96% ئاشقان؛ چوڭلار مائارىپى خىراجىتى 31.14 يۈەن بولۇپ، 17.14% ئازايغان؛ باشقا خىراجەتلەر 58.32% ئاشقان. ئېشىش ھەجمى چوڭراق بولغىنى يەنىلا ئوقۇش خىراجىتى ۋە باشقا ھەقلەر چىقىمى بولۇپ، مائارىپ خىراجىتى چىقىمىنىڭ 71.69%نى ئىگىلىگەن.

پالۇ يەن

## مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمى داۋاملىق ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمى 642.07 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 5.49% ئاشقان، بۇ قېتىم ئومۇمىي ئىستېمال سېلىشتۇرمىسىدا 3 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن.

پالۇ يەن

## شەھەر ئائىلىلىرىدە يان تېلېفون، كومپيۇتېر ۋە ئۇششاق ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان كۆچمە تېلېفون 15.89 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 139.07% ئاشقان؛ ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر 9.97 بولۇپ، 40.75% ئاشقان؛ مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا 6.69 بولۇپ، 12.94% ئاشقان؛ لازېر نۇرلۇق سىنتويىغۇ 42.96 بولۇپ، 28.65% ئاشقان؛ تولۇق قازان ـ قومۇچلار 92.87 بولۇپ، 5.26% ئاشقان؛ تېلېكامېرا 1.56 بولۇپ، 10.61% ئاشقان؛ مونچا ئىسسىتقۇ 58.54 بولۇپ، 8.77% ئاشقان.

پالۇ يەن

## قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى 417.82 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 16.47% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە قاتناش چىقىمى 164.52 يۈەن بولۇپ، 11.06% ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە ئالاقىلىشىش چىقىمى 253.29 يۈەن بولۇپ، 20.27% ئاشقان. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا پۇقرالارنىڭ قاتناش، ئالاقىلىشىش جەھەتكە سەرپ قىلغان خىراجىتى تېببىي داۋالىنىش ۋە تۇرالغۇغا قىلغان چىقىمدىن يۇقىرى بولغان.

پالۇ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەت ئىستېمال چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساياھەت ئىستېمال چىقىمى 118.92 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 62.6% ئاشقان، ساياھەت ئىستېمال چىقىمى ھەر خىل ئىستېمال چىقىملىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن. ساياھەت ئىستېمال چىقىمى ئىچىدە پويىز قاتناش خىراجىتى كىشى بېشىغا 29.47 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 48.9% ئاشقان؛ باشقا قاتناش خىراجەتلىرى 35.78 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 57% ئاشقان؛ ياتاق خىراجىتى 17.18 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 68.9% ئاشقان؛ تاماق خىراجىتى 17.36 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 60% ئاشقان؛ ساياھەت داۋامىدىكى باشقا چىقىملار 19.13 يۈەندىن توغرا كېلىپ، بىر ھەسسە ئاشقان.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە مالىيەسىنى ئىلمىي ئاساستا باشقۇرۇش كۆز قارىشى تەدرىجىي شەكىللەندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان ئوتتۇرىچە پۇلى 1121.94 يۈەنگە

يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.99% ئاشقان، بۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنى ئېلىۋېلىشنىڭ 10.83% ئېشىش سۈرئىتىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى بولغان؛ بانكىغا ئامانەت قويۇش خاراكتېرىدە بولمىغان ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا چىقىمى 22.33 يۈەن بولۇپ، 47.9% ئاشقان؛ بانكىغا ئامانەت قويۇش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا چىقىمى 152.62 يۈەن بولۇپ، 40.74% ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنغان ئاكسىيە 22.95 يۈەن بولۇپ، 3.29% ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە قەرز بېرىلگەن پۇل 28.75 يۈەن بولۇپ، 34.71% ئاشقان.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەرخىل سۇغۇرتا چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇغۇرتا خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە چىقىمى 174.95 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 41.61% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىغا ئامانەت قويۇش خاراكتېرىدە بولمىغان ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا چىقىمى 22.33 يۈەن بولۇپ، 47.9% ئاشقان؛ بانكىغا ئامانەت قويۇش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا چىقىمى 152.62 يۈەن بولۇپ، 40.74% ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار زىممىسىدىكى ئائىلە جان سانى سەل ئازايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىنىڭ زىممىسىدىكى ئائىلە جان سانى 1.95 ئادەم بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.16 ئادەم ئازايغان. 2001- يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 51.13% بولۇپ، 3.65 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 87.34% بولۇپ، 1.8 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ باشقا ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ۋە يەككە ياللانغۇچىلارنىڭ سانى سەل ئاشقان، جۈملىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.27% بولۇپ، 0.61 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان، يەككە ياللانغۇچىلار سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 2.53% بولۇپ، 0.54 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2.53% بولۇپ، 1.44 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 6.96% بولۇپ، 0.32 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلاردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارمۇ ئازىيىشقا يۈزلەنگەن.

پاڭ يەن

## پۇقرالار تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىغا قانداق قارايدۇ؟

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2001 - يىل 10 - ئايدا تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن يولغا قويۇلغان ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئۈستىدە «تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى ۋە ساھەلەر ئىستىلى» دېگەن تېمىدا سوئال قەغىزى تارقىتىپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولۇپ چىقتى:

1. تېخىمۇ كۆپ پۇقرالار بەلگىلىك ئاساسىي تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالىغان. تېببىي داۋالاشنىڭ ئومۇمىي نىشانى بارلىق شەھەر - بازار ئورۇنلىرىدىكى ھەممە ئەمگەكچىلەرنى ئاساسىي تېببىي داۋالىنىش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. 68.9% ئادەم بۇنى «تولىمۇ ياخشى ئىش» دەپ قارايدىكەن.

2. تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى دۆلەت مالىيىسى ۋە كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەن. تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىدا سۇغۇرتا شەكلىدىكى ئىجتىمائىي تېببىي داۋالاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى بىرلىكتە ئاساسىي تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرغان. 85.6% ئادەمنىڭ قارىشىچە، بۇ، تېببىي داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمىنىڭ يىلسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى كارخانا ۋە دۆلەت مالىيىسىگە كەلتۈرگەن بېسىمنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىدىكەن.

3. بەزى ئادەملەر خۇشال بولغان، بەزى ئادەملەر قايغۇرغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىلگىرى ئاساسىي تېببىي داۋالىنىش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە تېببىي داۋالاش خىراجىتى كاپالەتلەندۈرۈلمىگەن ئورۇنلاردىكى ئىشچى -

خىزمەتچىلەر ھەممىدىن بەك خۇشال بولغان، 56.3% ئادەم تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىنى ئۈزىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما 28.6% ئادەم بۇنىڭدىن قانائەتلەنمىگەن، مەسىلەن: دۆلەت ئورگانلىرى، پۇل مۇئامىلە، تۆمۈريول، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق تارماقلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېببىي داۋالىنىش ئىستېمال سەۋىيىسى تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى تۈپەيلىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەن، كىرىمىمۇ ئازىيىپ كەتكەن.

4. كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا تۈگۈن ھېسابلىنىدىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 67.3% ئادەم ئۆزى ئېرىشكەن نەپنى «ئانچە كۆرۈنەرلىك ئەمەس» دەپ قارايدىكەن؛ 34.6% ئادەمنىڭ قارىشىچە، تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىدىن كېيىن، دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىش خىراجىتى تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن، تېببىي داۋالىنىش خىراجىتى ئازايماي، ئەكسىچە كۆپەيگەن؛ كىرىمى مۇقىم بولغان بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان 28.3% شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى سۇس بولغان؛ بىر مۇنچە بىمارلار ئوپېراتسىيە ھەققىنىڭ ھەددىن ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغان.

چېن لۇك

## تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتىدىن كېيىن پۇقرالار كېسەلنى قانداق كۆرسىتىۋاتىدۇ؟

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2001 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن يولغا قويۇلغان ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا «تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى ۋە ساھەلەر ئىستىلى» دېگەن تېمىدا سوئال قەغىزى تارقىتىپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولۇپ چىقتى:

1. ئاممىنىڭ 80%كە يېقىنى دوختۇرخانىغا بېرىش كېرەكلىكىنى، باھا ئۆسۈپ كەتتى دەپ دوختۇرخانىغا بارماسلىقتا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاممىنىڭ 79.5%ى بەرگەن جاۋابىدا دوختۇرخانىغا بېرىش قېتىم سانىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئېيتقان، كۆپ قىسىم ئامما بۇ ئەھۋالنى يەنىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، مۇلازىمەت باھاسى ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئاغرىپ قالغاندا يەنىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ، كېسەل كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان؛ ئاممىنىڭ 18.5%ى بولسا، دوختۇرخانىغا بېرىش قېتىم سانىنىڭ ئازايغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ كىرىمى چەكلىك ئىكەن، كېسەل كۆرسەتكەندە ئۆزى تۆلەش نىسبىتىمۇ بارغانسېرى ئېشىۋېتىپتۇ، دوختۇرخانىغا بارغاندا كۆپ پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا دوختۇرخانىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن پاكىسى ئىمكانقەدەر ئازراق بارىدىكەن.

2. شەھەر ئاھالىسىنىڭ 30%تىن ئارتۇقى كېسەل كۆرسىتىشتە دوختۇرخانىغا بېرىپ دىئاگنوز قويغۇزۇش، دورىخانىغا بېرىپ دورا سېتىۋېلىشقا تېخىمۇ مايىل بولغان. تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت باھاسى ئۆسۈپ كەتكەندىن كېيىن، پۇقرالار ئوموميۈزلۈك ھالدا كېسەل كۆرسىتىش ھەققىنىڭ تېخىمۇ قىممەتلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان. خىراجەتنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ 33.1%ى ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ دىئاگنوز قويغۇزۇش، ئاندىن كېيىن دورىخانىغا بېرىپ كېسەلگە قاراپ دورا سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللانغان، مۇنداق قىلغاندا، ئادەتتە، 3 تىن بىردىن كۆپرەك خىراجەتنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن.

3. شەھەر ئاھالىسىنىڭ 60%ى كېسەل كۆرسەتكىلى بارغانسېرى بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. شەھەر ئاھالىسىنىڭ 59.4%ىنىڭ قارىشىچە، تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېسەل كۆرسەتكىلى بارغانسېرى بولماي قالغان. ئۇلارنىڭ ئىنكاسى مۇنداق بولغان: بىرىنچىدىن، دورا باھاسى ئۆرە بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئىمپورت قىلىنغان دورىلار ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلىشىپ ئىشلىگەن دورىلار، يېڭى دورىلاردا تېببىي دورا ئۈستەك پۇلى دورا باھاسىنىڭ كۆپتۈرۈلگەن ھالدا ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، پۇقرالارنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. بۇ ھال يەنە ئۇنۇمى ياخشىراق، باھاسى ئەرزان، ئېلىنىدىغان پايدا ئازراق بولغان بىر مۇنچە ئەنئەنىۋى دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بېسىمغا ئۇچرىتىپ قويدى. ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈش كەلسە - كەلمەس ئېلىپ بېرىلدى. ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر مۇنچە دوختۇرخانىلار زۆرۈر بولمىغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، تېببىي داۋالاش چىقىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى. 3.4% ئادەملا مۇنداق ھالەتنى تامامەن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇ قىسىم توپتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئېھتىياج بولسىلا، جاننى ساقلاپ قالىدىغان بۇ بىر نەچچە تەڭگە پۇل ئۈچۈن قايغۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ 37.2% شەھەر ئاھالىسى بۇنىڭغا ھەر ھالدا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى يامان ئەمەس بولغاچقا، تېببىي داۋالىنىشقا ئانچە كۆپ پۇل سەرپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

4. ئامبولاتورىيىدە داۋالىنىشقا بولىدىغان ئالاھىدە

كېسەللىك تۈرلىرىنىڭ دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن. 2001 - يىلى ئەمگەك ئارماقلىرى «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى بويىچە ئامبۇلاتورىيىدە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، 9 خىل ئاساسىي كېسەللىك تۈرىنى ئامبۇلاتورىيىدە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر قىسىم خىراجەتنى ئاساسىي تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش فوندىدىن چىقىم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. كۆپ قىسىم شەھەر ئاھالىسى مۇنداق بەلگىلىمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن؛ قىسمەن شەھەر ئاھالىسى بۇ بەلگىلىمىنى دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارىسىمۇ، ئەمما، ئۇنى تامامەن قوۋۋەتلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇنداق بەلگىلىمىنىڭ بولغانلىقى ھەر ھالدا بولمىغىنىدىن ياخشى ئىكەن؛ ئىنتايىن ئاز قىسىم شەھەر ئاھالىسى بولسا، بۇ بەلگىلىمىنى ئاساسى كەمچىل، مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايدىكەن، يەنە بەزى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىغىلى بولىدىكەن، بۇ ئارقىلىق پۇلنى ئازراق خەجلىگىلى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېسەلخانىدا ياتمايدىغان بولغاچقا، تېببىي داۋالاشنى بىر تۇتاش غەملەش فوندىدىن بىر قىسىم چىقىمنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن.

چېن لۇڭ

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسىتىلىك ئۇچرىشىش دائىرىسى كۈنسېرى كېڭەيدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2001 - يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر قېتىم ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە 1000 نۇسخا سوئال قەغىزى تارقىتىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

1. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر كۈچلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسى ۋە ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ھەرىكىتى بار ئىكەن. تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش، قەلب ئېھتىياجى، ماددىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي تۇرمۇش تەلىپىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەن، ئوقۇغۇچىلار ئالماشتۇرۇش، چۈشىنىشكە تەشنا، ئازادە ئوقۇش تۇرمۇشىغا ئىنتىزار ئىكەن. شۇڭلاشقا مول مەزمۇنلۇق تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرنال قاتارلىقلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىدىغان ۋاسىتىلەر ئىكەن.

(1) %90كە يېقىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى 48 مىنۇت كۆرىدىكەن.

(2) %80كە يېقىن ئوقۇغۇچى ھەمىشە رادىئو ئاڭلايدىكەن.

(3) %90كە يېقىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى گېزىت ۋە ژۇرنال ئوقۇشنى ياقتۇرىدىكەن.

(4) %90 ئوقۇغۇچى ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكىنى ياكى ماگىزىنىنى ھەمىشە ئارىلايدىكەن.

(5) %10 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تورخانا ۋە دىسكوخانىلارغا دائىم بارىدىكەن.

2. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىستېتىك قابىلىيىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋېتىپتۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش نەزىرى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋېتىپتۇ، ھوزۇرلىنىش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈنسېرى ئېشىۋېتىپتۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: چەت ئەل كارتون فىلىملىرى %46. 16نى، شياڭگاڭ، تەيۋەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ياكى كىنو فىلىملىرى %36. 15نى، خەۋەرلەر، ئېقىم مەسىلىلىرى پروگراممىلىرى %08. 13نى، تەنتەربىيە پروگراممىلىرى %1. 12نى، ئۇنىۋېرسال پروگراممىلار %16. 10نى، پەن - تېخنىكا، تەبىئەت تۈرىدىكى پروگراممىلار %97. 8نى، چەت ئەل تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ياكى كىنو فىلىملار %41. 7نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەممىدىن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان رادىئو پروگراممىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: مۇزىكا %69. 53نى، خەۋەر، ئېقىم مەسىلىلىرى قىزىق نۇقتىلىرى، سىردىشىش تىپىدىكى پروگراممىلار %06. 16نى، تەنتەربىيە پروگراممىلىرى %72. 11نى، ئۆسمۈرلەر، بالىلار پروگراممىلىرى %11نى تەشكىل قىلىدىكەن.

3. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر مۇنچە يېڭى بىلىملەر ۋە يېڭى ئۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىلىمىنىڭ مول بولۇشىدا پائال رول ئوينىغان. ئەمما، بۇنىڭ بالىلارنىڭ نورمال ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان سەلبىي رولىغىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم.

ۋاسىتىلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر پېتىپ قىلىپ، ئۆزى چىقالمايدىغان ھالغىمۇ چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «تېلېۋىزور كۆرۈشتە ئائىلە باشلىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچىلار %79.21نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆرۈش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئائىلە باشلىقلىرى %51.37نى تەشكىل قىلغان. بۇ ھال يېرىمدىن ئارتۇق ئائىلە باشلىقىنىڭ بالىسىنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن ئانچە خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چېن لۇڭ

## دېھقانلار كىرىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئورۇن تەرتىپى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710.4 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 92.4 يۈەن، يەنى %5.7 ئاشقان. مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2366.4 يۈەنگە يېتىپ، 113 يۈەن، يەنى %5 ئاشقان. شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان، كىرىم پەرقى 656 يۈەن بولغان. شىنجاڭدىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئورۇن تەرتىپى ئۆدا 6 يىل 25-ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرغان، كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرغان، ئەمما شەرقىي قىسمىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، پەرق بىر قەدەر چوڭ ئىكەن.

گۈلباھار

## يېزىلاردىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر يەنىمۇ ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان كەنت 6071گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 240 كەنت ئاشقان. بۇ كەنتلەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %64نى ئىگىلىگەن؛ ئاپتوموبىل قاتنىغان كەنت 9170كە يېتىپ، 57 كەنت ئاشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %97نى ئىگىلىگەن؛ توك يەتكۈزۈلگەن كەنت 8861گە يېتىپ، 262 كەنت ئاشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %94نى ئىگىلىگەن؛ تېلېفون ئۇلانغان كەنت 6558گە يېتىپ، 753 كەنت ئاشقان. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %69نى ئىگىلىگەن.

يالڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە دېھقانلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى تەڭ قەدەمدە ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 902 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.24 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.16 ئاشقان. دېھقانلارنىڭ سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 802 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.59 ئاشقان. يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى ئىچىدە 1 - كەسىپتىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 552 مىليون يۈەن بولۇپ، %115.63 ئاشقان؛ 2 - كەسىپتىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 261 مىليون يۈەن بولۇپ، %57.01 ئازايغان؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 287 مىليون يۈەن بولۇپ، %52.31 ئاشقان. دېھقانلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 229 مىليون يۈەن بولۇپ، %49.2 ئاشقان. 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 378 مىليون يۈەن بولۇپ، %25.74 ئازايغان؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 195 مىليون يۈەن بولۇپ، %26.73 ئازايغان.

يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە دېھقانلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:

(1) دېھقانلارنىڭ كىرىمى 2001 - يىلى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدە ئاشقان، ئالدىنقى يېرىم يىلدا دېھقانلارنىڭ نەق پۇل كىرىمى 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %16.2 ئاشقان.

(2) دۆلەت غەربنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلغان.

(3) يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ

1997 -، 1998 -، 1999 - يىللاردىكى 4 مىليارد 900 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مەزگىلدىن ئۆتتۈۋالغان.

(4) 2001 - يىلنىڭ ئالدىنقى 3 پەسلىدە يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ياخشى بولغان، بۇ مەزگىلدە سېلىنغان جەمئىي مەبلەغ 3 مىليارد 91 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.6 ئاشقان، شۇنىڭ بىلەن 2001 - يىلى يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ياخشى ئاساس سېلىنغان.

گۇئەننىڭ

## دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى داۋاملىق ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا سالغان ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى 1327.64 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14.22 يۈەن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل سېلىنمىسى 1235.55 يۈەن بولۇپ، 19.93 يۈەن ئازايغان. كونكرېت سېلىنما سېلىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، 1 - كەسىپكە سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 1057.59 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.97 يۈەن ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 827.5 يۈەن بولۇپ، %10.4 ئازايغان؛ 2 - كەسىپكە سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 17.12 يۈەن بولۇپ، 2.1 ھەسسە ئاشقان؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 95.75 يۈەن بولۇپ، 1.5 ھەسسە ئاشقان. دېھقانلارنىڭ بەزى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش مىقدارى ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش مىقدارى %6.5 ئازايغان، دېھقانچىلىق دورىسى %24.2 ئازايغان، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق %0.9 ئاشقان. ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 157.18 يۈەن بولۇپ، %36.5 ئاشقان.

دۇەن شياۋخۇا

## دېھقانلارنىڭ ئىستېمال چىقىمى كۆپەيدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1350.23 يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن 113.78 يۈەن، يەنى %9.2 ئاشقان، باھا ئامىلىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %5.2 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە نەق پۇل ئىستېمال چىقىمى 950.58 يۈەن بولۇپ، 79.21 يۈەن، يەنى %9.1 ئاشقان. ھەر خىل ئىستېمال چىقىملىرى ئىچىدە ئوتتۇرىچە يېمەكلىكلەر ئىستېمال چىقىمى 679.92 يۈەن بولۇپ، %10 ئاشقان؛ كىيىم - كېچەك چىقىمى 120.34 يۈەن بولۇپ، %5.3 ئاشقان؛ تۇرالغۇ چىقىمى 187.85 يۈەن بولۇپ، %9.9 ئاشقان؛ ئۆي جاھازلىرى ۋە لازىمەتلىكلەر چىقىمى 47.33 يۈەن بولۇپ، %4.4 ئاشقان؛ تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى 86.6 يۈەن بولۇپ، %17.6 ئاشقان؛ قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 65.13 يۈەن بولۇپ، %6.7 ئاشقان؛ باشقا تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 60.46 يۈەن بولۇپ، %29.5 ئاشقان؛ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى چىقىمى 102.21 يۈەن بولۇپ، %3.6 ئازايغان.

دۇەن شياۋخۇا

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارى ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور 26.36 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.39ى ئاشقان؛ كىر ئالغۇ 22.13 بولۇپ، 1.26 سى ئاشقان؛ توڭلاتقۇ 11.29 بولۇپ، 1.36 سى ئاشقان؛ موتسىكلىت 20.32 بولۇپ، 1.99ى ئاشقان؛ تېلېفون 18.77 بولۇپ، 3.7 سى ئاشقان؛ شامالدۇرغۇچ 15.94 بولۇپ، 4.34ى ئاشقان. ۋېلىسىپىت، رەڭسىز تېلېۋىزور، رادىئولۇق ئۈنئالغۇلارغا ئىگە بولۇش مىقدارى ھەر خىل دەرىجىدە ئازايغان، جۈملىدىن ۋېلىسىپىت 122.26 بولۇپ، %10.5 ئازايغان، رەڭسىز تېلېۋىزور 57.03 بولۇپ، %3.9 ئازايغان، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 53.1 بولۇپ، %3.2 ئازايغان.

ۋ يى بىن

## دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت جەھەتلىرىگە قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 47.71 يۈەنگە يېتىپ،

2000 ـ يىلدىكىدىن 1.97 يۈەن، يەنى 4.31% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 16.05 يۈەن بولۇپ، 0.88% ئاشقان؛ ئائىلىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 23.67 يۈەن بولۇپ، 8.23% ئاشقان؛ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 2.54 يۈەن بولۇپ، 7.63% ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتكە قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 86.6 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 12.93 يۈەن، يەنى 17.55% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي داۋالاش، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 36.21 يۈەن بولۇپ، 1.36 يۈەن، يەنى 3.9% ئاشقان؛ تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتىگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 41.54 يۈەن بولۇپ، 6.41 يۈەن، يەنى 18.25% ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى سەل ئاستىلىغان، ئەمما، مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى كۆپلەپ ئاشقان. 2001 ـ يىللىق كىرىم 131.87 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 27.29 يۈەن، يەنى 26.09% ئاشقان. پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ چۈشكەنلىكى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم دېھقانلار كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىدىكەن، تاپاۋەت يولىدا كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات بارلىققا كېلىدىكەن.

چېن جۈن

## نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 نامرات ناھىيەدىكى 1500 ئائىلە دېھقان، چارۋىچىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمالى 923.78 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 13.58 يۈەن، يەنى 1.49% ئاشقان، ئېنگېل كوئېففىتسىيېنتى 61.59 بولغان.

نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ غىزا قۇرۇلمىسى ئاساسىي ئوزۇقتىن پەيدىنپەي قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە ئۆزگەرگەن. 2001 ـ يىلى يېمەكلىكلەر چىقىمى 568.98 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 4% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئوزۇق چىقىمى 247.39 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر چىقىمى 234.78 يۈەن بولۇپ، 7.7% ئاشقان، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق زاپىسى 220.84 كىلوگرام بولغان.

تۇرالغۇ شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلانغان. 2001 ـ يىلى نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 14.07 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن، ئەمما، تۇرالغۇ سۈپىتى ئۆسكەن، تۇرالغۇ مۇئەسسەسىلىرى ياخشىلانغان. خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە پولات ـ ياغاچ ـ بېتون قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ كۆلىمى 18.8%نى ئىگىلەپ، 2.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن تېلېۋىزور 76گە يېتىپ، 7.04% ئاشقان، رادىئو 63 كە يېتىپ، 1.61% ئاشقان.

سېتىۋېلىش كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. 2001 ـ يىلى نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش كۈچى 1412.3 يۈەنگە يېتىپ، 253.48 يۈەن، يەنى 21.87% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىغان پۇل ھېسابىدىكى سېتىۋېلىش كۈچى 696.17 يۈەن بولۇپ، 46.77% ئاشقان، ئەمەلىيلەشكەن سېتىۋېلىش كۈچى 716.13 يۈەن بولۇپ، 4.62% ئاشقان.

ژاڭ يۇڭيالڭ

## نامرات ناھىيەلەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاشتى، ئۇل مۇئەسسەسەلەر ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 نامرات ناھىيەدىكى 1500 ئائىلە دېھقان، چارۋىچىنىڭ نامراتلىق ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى ئوتتۇرىچە كىرىم 1200.46 يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە

ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ %18.70ىگە توغرا كەلگەن. 2000 ـ يىلدىكىدىن %49.5 ئاشقان. 30 نامرات ناھىيىدىكى ئاشىيول ياسالغان كەنتلەر %92نى ئىگىلەپ، 3 پىرسەنت پۈتىنتى ئۆسكەن؛ توك يەتكۈزۈلگەن كەنتلەر %92نى ئىگىلەپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2 پىرسەنت پونىنت ئۆسكەن؛ تېلېفون ئورنىتىلغان كەنتلەر %64نى ئىگىلەپ، 11 پىرسەنت پونىنتى ئۆسكەن؛ پوچتا ئالاقىسى يولغا قويۇلغان كەنتلەر %51نى ئىگىلەپ 4 پىرسەنت پونىنتى ئۆسكەن؛ سىملىق رادىئو بار كەنتلەر %92نى، ئىگىلەپ 3 پىرسەنت پونىنتى ئۆسكەن؛ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان كەنتلەر %50نى ئىگىلەپ، 9 پىرسەنت پونىنتى ئۆسكەن؛ پاكىز سۇ ئىچىدىغان كەنتلەر %72نى ئىگىلەپ، 3 پىرسەنت پونىنتى ئۆسكەن؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇسىدا ئوتۇن ـ پاخالنى ئاساس قىلىدىغانلار %65نى، كۆمۈرنى ئاساس قىلىدىغانلار %29نى ئىگىلىگەن: دېھقان، چارۋىچىلار سىرتقا چىققاندا قاتناش قورالىدا ئاپتوبۇس، ئات ھارۋىسى ۋە باشقا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇسقا چۈشىدىغانلار %44نى، ئات ھارۋىسىغا چۈشىدىغانلار ۋە ئات مىنىدىغانلار %22نى، باشقا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىدىغانلار %15نى، ۋېلسىپىت مىنىدىغانلار %18نى، پىيادە ماڭىدىغانلار %1نى ئىگىلىگەن.

ۋاڭ يۇڭيالڭ

## ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى قايتا ئۆرلىدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 500 ئائىلە دېھقاننى ۋە 48 دېھقان بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئورنىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۈستىدە ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا باھاسى تۆۋەنلىگەندىن سىرت، ئاشلىق، ياغلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ باھاسى 2000 ـ يىلدىكىدىن سەل ئۆرلىگەن. بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 1.2 يۈەن بولۇپ، 0.07 يۈەن ئاشقان؛ كۆممەقوناقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.85 يۈەن بولۇپ، 0.25 يۈەن ئاشقان؛ ياغلىق داننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 2.14 يۈەن بولۇپ، 0.44 يۈەن ئاشقان؛ شېكەر ماتېرىياللىرىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.22 يۈەن بولۇپ، 0.01 يۈەن ئاشقان؛ چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 9.6 يۈەن بولۇپ، 2 يۈەن ئاشقان؛ كالا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 13.45 يۈەن بولۇپ، 0.3 يۈەن ئاشقان؛ قوي گۆشىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 16.35 يۈەن بولۇپ، 1.35 يۈەن ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگۈزگەن نەق پۇل كىرىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ھەر خىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگۈزگەن ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 1338.45 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4.18 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق كىرىمى 293.8 يۈەن بولۇپ، %6.10 ئازايغان؛ پاختا كىرىمى 602.73 يۈەن بولۇپ، %6.29 ئازايغان؛ ياغلىق دان كىرىمى 52.01 يۈەن بولۇپ، %2.19 ئازايغان؛ شېكەر ماتېرىياللىرى كىرىمى 56.62 يۈەن بولۇپ، %1.6 ئاشقان؛ كۆكتات كىرىمى 79.53 يۈەن بولۇپ، %9.11 ئازايغان. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگۈزۈلگەن ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 422.35 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6.22 ئاشقان.

گۈلباھار

## دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدىكى ھەر قايسى كەسىپلەردىن قىلغان نەق پۇل كىرىم ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمى 2122.6 يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 122.7 يۈەن، يەنى %5.5 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 1789.53 يۈەن بولۇپ، %5.11 ئازايغان؛ 2 ـ كەسىپتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 34.18 يۈەن بولۇپ، %1.94 ئاشقان؛ 3 ـ كەسىپتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 157.39 يۈەن بولۇپ، %2.68 ئاشقان؛ باشقا ئائىلە ئىگىلىكلىرىدىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 141.5 يۈەن بولۇپ، %5.25 ئاشقان. مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 1789.53 يۈەن بولۇپ، %5.11 ئازايغان.

گۈلباھار

## دېھقانلارنىڭ باج، خىراجەت يۈكى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلار تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە باج، خىراجەت 117.84 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 59.4 يۈەن، يەنى 33.5% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاپشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش بېجى 38.68 يۈەن بولۇپ، 35.8% ئازايغان؛ تاپشۇرۇلغان باشقا بىۋاسىتە باجلار 0.03 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن؛ كەنتكە تاپشۇرۇلغان قالدۇرۇق ۋە يېزىغا تاپشۇرۇلغان بىر تۇتاش غەملەش خىراجىتى 61.8 يۈەن بولۇپ، 21.6% ئازايغان؛ باشقا خىراجەتلەر 17.33 يۈەن بولۇپ، 54.6% ئازايغان. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلار زىممىسىدىكى ئوتتۇرىچە ئوقۇش پۇلى ۋە ھەر خىل پارچە - پۇرات خىراجەتلەر چىقىمى 2000 - يىلدىكى 84.27 يۈەندىن 79.87 يۈەنگە چۈشكەن.

گۈلباھار

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق ئۇدا كۆپ يىل زورايغان ئەھۋالدا، تۇنجى قېتىم ئازىيىش ھالىتى بارلىققا كەلگەن. گىنىي كوئېففىتسىېنتى 2000 - يىلدىكى 0.3833 تىن 0.3677 گە چۈشكەن. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشقان ئەھۋالدا، كىرىم پەرقىنىڭ ئازايغانلىقى، يېزىلاردىكى كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەر كىرىمىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يى بىن

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپچىلىكى 1 - كەسىپكە مەركەزلەشتى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى كەسىپكارلار 3 مىليون 654 مىڭ كىشىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 3 مىليون 210 مىڭ بولۇپ، 87.8% نى ئىگىلىگەن؛ 2 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 146 مىڭ بولۇپ، 4% نى ئىگىلىگەن؛ 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 298 مىڭ بولۇپ، 8.2% نى ئىگىلىگەن.

1 - كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدە 2 مىليون 870 مىڭ ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن، 303 مىڭ ئادەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 3 - كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدە، سانائەت ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 89 مىڭ، بىناكارلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 57 مىڭ.

يالڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەلۇماتى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 ناھىيە (شەھەر) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى يېزىلاردىكى ھەر 100 ئەمگەك كۈچى ئىچىدە ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 1990 - يىلدىكى 16.25 ئادەمدىن 7.27 ئادەمگە چۈشكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ سانى 43.43 ئادەمدىن 26.45 ئادەمگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ سانى 24.58 ئادەمدىن 45.38 ئادەمگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىكەنلەرنىڭ سانى (ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە) 6.83 ئادەمدىن 9.01 ئادەمگە يەتكەن. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن.

گۈلباھار

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىش ۋە يۆتكىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 737 مىڭ 600 گە يېتىپ، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 28.76% نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆچمە ئەمگەك كۈچى 255 مىڭ 100 بولۇپ، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 14.4% نى ئىگىلىگەن. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشى ۋە يۆتكىلىشى يەنىلا ئاپتونوم رايونىمىزنى ئاساس قىلغان، ئۆز جايىدىن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا جايلارغا چىققان ئەمگەك كۈچى 1 مىليون 734 مىڭ 900 گە، كۆچمە ئەمگەك كۈچى 252 مىڭ 400 گە يەتكەن؛ باشقا ئۆلكىلەرگە بارغان يېزا ئەمگەك كۈچى 2700 گە يەتكەن، بۇلار، ئاساسەن، شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا يۆتكەلگەن. كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق يۆتكىلىش ئۇسۇلى سىرتقا چىقىپ ۋاقىتلىق ئىش تېپىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت بولغان.

سۇلتان

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ۋە كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە ياشلار كۆپچىلىكنى ئىگىلەيدۇ.

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە 16 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغانلار 11.9%نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار 30.4%نى ئىگىلەپ، 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ 30 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار 21.3% نى ئىگىلەپ، 1.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن؛ 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلار 19.1% نى ئىگىلەپ، 1.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن؛ 50 ياشتىن يۇقىرىلار 17.3%نى ئىگىلەپ، 1.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزىلاردىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە 16 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغانلار 11.3%نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن، 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار 35.8%نى ئىگىلەپ، 6.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن، 30 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار 21.5%نى ئىگىلەپ، 1.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن. 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلار 16.5% نى ئىگىلەپ، 3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن، 50 ياشتىن يۇقىرىلار 14.9% نى ئىگىلەپ، 5.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن.

تۇگجيادېڭ

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا ساياھەتكە چىقىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن ساياھەت ئىدارىسىنىڭ 13 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە ساياھەت قىلىش ئەھۋالى بويىچە 1225 ئادەم ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرى ئىچىدە ئۇزاق مۇساپىلىك ساياھەتكە چىققان ئادەم سانى ئاز ئىكەن. 2000 - يىل 11 - ئايدىن 2001 - يىل 11 - ئايغىچە 133 نەپەر يېزا ئاھالىسى ئوتتۇرا، يىراق مۇساپىلىك سەپەرگە چىققان، ساياھەتچى چىقىش نىسبىتى 10.9% بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئۆلكىلەرگە ساياھەتكە بارغان ئادەم 11 بولۇپ، ساياھەتكە چىققان ئادەم سانىنىڭ 8.3%نى ئىگىلىگەن؛ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ساياھەتكە چىققان ئادەم 122 بولۇپ، 91.7%نى ئىگىلىگەن.

ئاھالىلەرنىڭ ساياھەتكە چىقىش ئۇسۇلى، كۆپىنچە، بىر كۈنلۈك ساياھەتتىن ئىبارەت بولغان. تەكشۈرۈلگەن 1225 ئادەم بىر يىل ئىچىدە 2685 ئادەم (قېتىم) بىر كۈنلۈك ساياھەتكە چىققان، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.2 قېتىمدىن توغرا كەلگەن. سەپەرگە چىقىش مەنزىلى، كۆپىنچە، ئارىلىقى يېقىنراق شەھەر - بازارلار بولغان.

ساياھەتكە چىققۇچىلارنىڭ مەلۇمات قۇرۇلمىسى مۇنداق بولغان: ئالىي تېخنىكوم ۋە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 3 بولۇپ، 2.2% نى ئىگىلىگەن؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 33 بولۇپ، 24.8%نى ئىگىلىگەن؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 55 بولۇپ، 41.4%نى ئىگىلىگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 36 بولۇپ، 27.1% نى ئىگىلىگەن؛ ساۋاتسىزلار ياكى چالا ساۋاتلار 6 بولۇپ، 4.5% نى ئىگىلىگەن. ساياھەتكە چىققۇچىلارنىڭ مەلۇماتى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەلۇماتىدىن يۇقىرى بولغان.

يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەتكە چىقىشتىن مەقسىتى، كۆپىنچە، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشتىن ئىبارەت بولغان. ساياھەتكە چىققۇچىلار ئىچىدە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشنى مەقسەت قىلغانلار 100 ئادەم بولۇپ، 75.2%نى ئىگىلىگەن.

ليۇخۇڭمىڭ، سۇلتان

## يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 80%ى ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغدىن كەلگەن

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئىچكى قەرز پۇل 3.9%نى، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 79.1%نى، باشقا مەبلەغلەر 17% نى ئىگىلىگەن؛ ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 2000 - يىلدىكىدىن 4.4% ئاشقان، ئىچكى قەرز پۇل 36% ئازايغان، باشقا مەبلەغلەر 92% ئاشقان.

تۇگجيادېڭ

## دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى

ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىرلىكتە 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز

دائىرىسىدە شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمى ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى يېزىلاردىكى ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى بولغان. 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 16 مىڭ 135 يۈەن، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 8818 يۈەن بولغان، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 19 مىڭ 651 يۈەنگە يېتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن 21.8% يۇقىرى بولغان، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 10 مىڭ 96 يۈەنگە يېتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن 14.5% يۇقىرى بولغان.

2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈرىدە، ئاساسەن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ئاساس قىلىنغان. تەكشۈرۈلگەن 11 مىڭ 301 دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلە ئىچىدە 8855 ئائىلە يەككە تۈر بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان، بۇنىڭ ئىچىدە نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 8354، نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 88، نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەمىنات - سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 32، نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 339، نوقۇل ھالدا باشقا تۈرلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 42 ئىكەن. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى 2446 ئائىلە 2 ياكى 2 دىن ئارتۇق تۈر بىلەن شۇغۇللانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1222 ئائىلە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تۈرى بىلەن شۇغۇللانغان، 219 ئائىلە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ۋە دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان، 1005 ئائىلە كۆپ خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكى بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان.

3. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەر كىچىك كۆلەمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان. شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا بىر نەچچە تۈر بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىش شەكلى كۆپرەك، بەزى ئائىلىلەر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق ۋە باقمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەر ئىچىدە 50% كە يېقىن ئائىلىنىڭ كىرىمىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىدىن كىرگەن ساپ كىرىم ئائىلە ساپ كىرىمىنىڭ 40% ىگە يەتمەيدىكەن. دېمەك، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەردىن خېلى بىر قىسمىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرى يېگانە ئىكەن.

ليۇ خۇڭمىڭ، سۇلتان

## دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىكى كىرىم ئەھۋالى

1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن كىرگەن كىرىم دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەر كىرىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي كىرىمى 19 مىڭ 651 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن كىرگەن كىرىم 8974 يۈەن بولۇپ، 45.7% نى ئىگىلىگەن؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 10 مىڭ 96 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن كىرگەن ساپ كىرىمى 4458 يۈەن بولۇپ، 44.2% نى ئىگىلىگەن.

2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىشنى ئاساس قىلغان. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكى كىرىمىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى 88.8% نى ئىگىلىگەن. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى خېلى ساندىكى ئائىلىلەردە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ۋە باشقا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكى تۈرلىرى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىش ئەھۋالى مەۋجۇت، ئەمما، تەڭ شۇغۇللانغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۈرلەردە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ئاساسلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرى قىلىنغان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بارلىق

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەر ئىچىدە 1726 ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىن قىلغان كىرىمىنىڭ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمىدىكى سالمىقى %90كە يەتمىگەن؛ 578 ئائىلىنىڭ %90تىن %95كىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان، 677 ئائىلىنىڭ %95تىن %100 ئارىلىقىدا بولغان؛ يەنە 8354 ئائىلە نوقۇل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر بولغان. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىن قىلغان كىرىمى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمىنىڭ %100نى ئىگىلىگەن.

3. ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كىرىم پەرقى چوڭراق بولغان. شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 8974 يۈەن بولغان. نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمى 8900 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىگە ئاساسەن يېقىنلاشقان؛ نوقۇل ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىم ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن بولغان، باشقا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرى ياكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەمىنات ـ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 42 مىڭ 889 يۈەنگە يەتكەن. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەمىنات ـ سودىسى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمى 2 ـ ئورۇندا تۇرغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 مىڭ 410 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

ليۇخۇڭمىڭ، سۇلتان

## دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمى

1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇشى تەننەرخ بىلەن پايدىدىن تەركىب تاپقان. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى ئىگىلىك باشقۇرۇش تەننەرخى ۋە ئېلىنغان پايدىدىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن. 2001 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەننەرخى %50.3، ئېلىنغان پايدا %49.7 بولغان. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەننەرخى ۋە خىراجىتى 4517 يۈەندىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۇلازىمەت تەننەرخى ۋە خىراجىتى 3598 يۈەن، باشقۇرۇش ۋە مالىيە خىراجىتى 225 يۈەن، باج ۋە قوشۇمچە خىراجەت 143 يۈەن. باشقا خىراجەتلەر 551 يۈەن بولغان.

2. ھەرخىل ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ پايدا نىسبىتى پەرقى روشەن كۆرۈنگەن. شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پايدا نىسبىتى ئاساسەن %20تىن %60كىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرغان. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى %50 ئۆپچۆرىسىدە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ %47، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ %35 بولغان.

3. ھەرخىل ئىگىلىك كۆلىمىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پايدا نىسبىتى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش كىرىمى 5000 يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پايدا نىسبىتى %41.6 بولغان، 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ %51.1 بولغان، 10 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ %56.3 بولغان، 20 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ %54 بولغان، 30 مىڭ يۈەندىن 40 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ %43.1 بولغان، 40 مىڭ يۈەندىن 50 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ %41.1 بولغان، 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىنىڭ %36 بولغان. دېمەك، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئائىلىلەردىن يىللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە بولغان ئوتتۇرا كۆلەمدىكىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمى ھەممىدىن ياخشى بولغان.

ليۇخۇڭمىڭ، سۇلتان

## شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكلىرى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەسئۇل تارماقلار، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەم يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، يىللىق تىجارەت كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن 64 ھەرخىل كارخانا گۇرۇھىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بارلىققا كەلگەن:

1. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسەن شەھەرلەرگە جايلاشقان، شىمالدا كۆپ بولۇش، جەنۇبتا ئاز بولۇش ئەھۋالى شەكىللەنگەن. بۇلاردىن 46 سى ئۈرۈمچى شەھىرىگە، 7 سى سانجى شەھىرىگە، 6 سى كورلا شەھىرىگە، 2 سى غۇلجا شەھىرىگە، بىرى بورتالا شەھىرىگە، بىرى قۇمۇل شەھىرىگە، بىرى ئاقسۇ شەھىرىگە جايلاشقان. شىمالىي شىنجاڭدىكىسى 56، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى 7، شەرقىي شىنجاڭدىكىسى بىر. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقىنى 53 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ %82.81نى ئىگىلىگەن.

2. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پاي ھوقۇقى كۆپ مەنبەلىشىش ئەندىزىسى شەكىللەنگەن. تەكشۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەر ئىچىدە، پايىنى مۇتلەق تىزگىنلەيدىغان ۋە نىسبىي تىزگىنلەيدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي كارخانا گۇرۇھلىرىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 2000 - يىلدىكىدىن سەل چۈشكەن، گۇرۇھلاردىكى پايىنى مۇتلەق تىزگىنلەيدىغان ۋە نىسبىي تىزگىنلەيدىغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى %12.7تىن %14.06كە يەتكەن، پايىنى باشقا شەكىللەردە تىزگىنلەيدىغانلارنىڭ سالمىقى %36.5تىن %35.93كە چۈشكەن.

3. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسەن ياساش - ئىشلەش كەسپىگە ۋە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك-ئىچمەك كەسپىگە مەركەزلەشكەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ساھەلىرىدىن قارىغاندا، ياساش - ئىشلەش كەسپىنى ئاساس قىلىدىغان كارخانا گۇرۇھى 20 بولۇپ، %31.25نى ئىگىلىگەن؛ توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسىدا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 17 بولۇپ، %26.56نى ئىگىلىگەن؛ ئۆي - زېمىن كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 7 بولۇپ، %10.94نى ئىگىلىگەن؛ بىناكارلىق كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 5 بولۇپ، %7.81نى ئىگىلىگەن؛ قازمىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغىنى 3، قاتناش - ترانسپورتنى ئاساس قىلىدىغىنى 3، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىدىغىنى بىر؛ باشقا كەسپلەردىكىسى 8. بۇ 64 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئىلكىدە تولۇق مۈلۈككۈلۈك ۋە پاي تىزگىنلەنگەن 438 بالا شىركەت بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كارخانا گۇرۇھى 6.8 ئەزا كارخانىغا ئىگە بولغان.

4. مۈلۈك كۆلىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا گۇرۇھى 20گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 17 سى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان. بۇنىڭ 13ى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي تىزگىنلىگەن كارخانا گۇرۇھى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 20 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلۈك كۆلىمى 61 مىليارد 316 مىليون يۈەن يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %20.53 ئاشقان؛ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان كەسپلەردىن قىلغان كىرىمى 30 مىليارد 619 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.42 ئاشقان، 64 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان كەسپلەردىن قىلغان كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن 0.59 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولغان؛ ئالغان پايدىسى 979 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.38 ئاشقان؛ پايدا - باج 2 مىليارد 371 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.91 ئاشقان. 20 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئىگە بولغان ئومۇمىي مۈلكى بارلىق كارخانا گۇرۇھلىرى ئىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ %81.12 ىنى ئىگىلىگەن، ئاساسلىق كەسپلەردىن قىلغان كىرىمى %84.89نى، ئالغان ئومۇمىي پايدىسى %87.72نى، پايدا - باج %85.35نى ئىگىلىگەن.

لىۋجياڭشېڭ

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش تۈزۈلمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۈنۈم كۆرۈلدى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى 64 كارخانا گۇرۇھىدىكى ئانا شىركەتلەردىن 56 سى «شىركەت قانۇنى»دىكى تەلەپ بويىچە تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەن، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى %87.5كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 19ى تۈزۈمنى دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتكە، 33ى باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە، 4ى پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتكەن. 64 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە 37 سىدە پايچىكلار ھەيئىتى قۇرۇلغان، 59ىدا مۇدىرىيەت قۇرۇلغان، 53ىدە نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغان. پايچىكلار ھەيئىتى، مۇدىرىيەت، نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ ھەممىسى قۇرۇلغان كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركىتى 33 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %51.6

نى ئىگىلىگەن. ئانا - بالا شىركەتلەر تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن. ئانا شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش، تەدبىر بەلگىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەركەزلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن ۋە كۈچەيگەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ %87.5ىدە ئانا - بالا شىركەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنغان، كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى %98.44 ئانا شىركەتنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىلىرى ئېنىق بولغان، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ %81.25ىدە ئۆزىنگە قوشۇۋېلىش ئاساسىدىكى بوغالتىرلىق ھېساباتى تۈزۈمى ئىجرا قىلىنغان، %76.5 كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ھەممە بالا شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىلىرى ئېنىق بولغان. كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەرنىڭ يادرولۇق رولى روشەن جارى قىلدۇرۇلغان، كارخانا گۇرۇھلىرىدىن تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەيدىغىنى %96.88كە، چوڭ - چوڭ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈرلىرىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەيدىغىنى %93.75كە، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەيدىغىنى %89.06كە، سىرتقا چېتىشلىق سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىدا بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەيدىغىنى %70.31كە، ئىلمىي تەتقىقاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەيدىغىنى %56.25كە يەتكەن.

ليۇجياڭشېڭ

## كارخان گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچەيدى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مۈلۈك كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسى سالماق قەدەم بىلەن ئۆسكەن، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ كۈچەيگەن.

1. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ئاشقان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 64 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلۈك قىممىتى 72 مىليارد 881 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %19.54 ئاشقان. مۈلۈك كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل ئارقىلىق يېڭىدىن تۈر بەرپا قىلغىنى %90.63نى، باشقا كارخانىلارنى بازار ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىگە قوشۇۋالغان، سېتىۋالغىنى %79.69نى، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۈلۈكنى قايتىدىن تەشكىللىگىنى %59.39نى ئىگىلىگەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مۈلۈك كۆلىمى كېڭىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۈلۈكنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈمى ئۆسكەن. 2001 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %66.63 بولۇپ، 1.16 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. يىل ئاخىرىدىكى پايچىكلار (ئىگىدارلار) ھوقۇق - مەنپەئىتى 24 مىليارد 324 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.83 ئاشقان، مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش نىسبىتى %123.83كە يەتكەن.

2. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆسكەن. 2001 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 39 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.12 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 36 مىليارد 72 مىليون يۈەن بولۇپ، %14.52 ئاشقان، باشقا كەسپىي كىرىملەر 3 مىليارد 69 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.7 ئاشقان. ئېلىنغان پايدا 1 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يەتكەن. پايدا - باج 2 مىليارد 778 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.25 ئاشقان.

3. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ئاشقان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2001 - يىلى 64 كارخانا گۇرۇھىنىڭ تەتقىقات، تەرەققىيات خىراجىتى چىقىمى 27 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %87.19 ئاشقان. تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيەتلىرى بار كارخانا گۇرۇھى 22 بولۇپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) %34.38نى ئىگىلىگەن، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 16 مىليارد 636 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.53 ئېشىپ، %46.12نى ئىگىلىگەن؛ ئېلىنغان پايدا 606 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %56 ئېشىپ، %54.3نى ئىگىلىگەن. تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيەتلىرى بار كارخانا گۇرۇھلىرى سان جەھەتتە بارلىق كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 2 دىن بىر قىسمىنى، ئالغان پايدىسى 2 دىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن.

4. كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى كەسپكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھەققى كۆپىيىپ ئاشقان. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى كەسپكار 191 مىڭ 400 گە يېتىپ، %7.38 كۆپەيگەن، كەسپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.43 ئاشقان، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ھەققى 13 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %25.96 ئاشقان.

ليۇجياڭشېڭ

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللار

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىغان گەۋدىلىك قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 38.84%ى مەبلەغ يېتىشمەسلىكنى ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل دەپ قارايدىكەن، تاشقى مۇھىت ۋە ئىچكى باشقۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار تەسىر كۆرسەتكەچكە، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى قەرز ئېلىش قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، بۇ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەپ قويغان.

كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 13.51%ى كارخانىنىڭ ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان 2 - چوڭ ئامىل، دەپ قارايدىكەن.

كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 38.34%ى كارخانىلار ئىلمىي تەتقىقات، تەرەققىيات ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقىنى تەسىر كۆرسىتىدىغان 3 - چوڭ ئامىل، دەپ قارايدىكەن.

بۇلاردىن باشقا، مەھسۇلاتلار رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولۇشى، رايونلار ئارا سودا جەھەتتىكى توسۇق، كارخانىلاردىكى ئۇشۇقچە خادىملار مەسىلىسىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئارىلىشىشىمۇ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىكەن، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 29.69%، 25%، 23.44%، 14.06%نى ئىگىلىگەن.

مەبلەغ يېتىشمەسلىك ۋە ئىلمىي تەتقىقات، تەرەققىيات ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى توسالغۇغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئاستىلاپ، كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭىلىنىش - ئەۋلاد ئالماشتۇرۇش سۈرئىتى بازاردىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشالماي، ئاخىرى كارخانىلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىققان.

ليۇجياڭشېڭ

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشدا ئىلگىرىلەش بولدى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقان كارخانىلارنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن، دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق ئالاقە باغلىنىدىغان 5 كارخانا، دۆلەت تەرىپىدىن سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 2 كارخانا، دۆلەت تەرىپىدىن سىناق نۇقتىسى قىلىنغان بىر گۇرۇھ ئانا شىركەت، ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 14 كارخانا ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق كارخانا بولغان 29 كارخانىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق كارخانىلار كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلىگەن.

1. مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمىنى ئورنىتىش يادرو قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 51 نۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە 43 كارخانا شىركەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېنىق مەبلەغ چىقارغۇچىغا ئىگە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ قانۇنىي سانى 5 ئادەمدىن يۇقىرى بولغان كارخانا 10 بولۇپ، 19.6%نى ئىگىلىگەن. تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردىن 50%كە يېقىنى دۆلەت كارخانىنىڭ بىردىنبىر مەبلەغ چىقارغۇچىسى بولۇشتەك ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىنى بۇزۇپ تاشلىغان. مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمى ئورنىتىلىش ئاساسىدا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ مەبلەغ بېكىتىش، مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق مەبلەغ چىقارغۇچىسىنىڭ مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە كارخانا قانۇنىي ئىگىسىنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى شەكىللەندۈرۈلگەن. 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىدا نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ دەسمايىسى 36 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەسمايىسى 88.1%نى، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ دەسمايىسى 7.4%نى، شەخسلەرنىڭ دەسمايىسى 3.6%نى، كوللېكتىپنىڭ دەسمايىسى 0.4%نى، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ دەسمايىسى 0.5%نى ئىگىلىگەن.

2. قانۇنىي ئىگە ئارقىلىق باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ھەمدە كۈنسېرى مۇكەممەللەشكەن. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 51 نۇقتىلىق كارخانا ئىچىدىكى 76.5% كارخانىدا مۇدىرىيەت، 39.2% كارخانىدا پايچىكلار ھەيئىتى، 74.5% كارخانىدا نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغان. 2001 - يىلى 95% پايچىكلار ھەيئىتى مۇدىرلارنى سايلاش ۋە يەڭگۈشلەشنى قارار قىلالايدىغان بولغان. 95% پايچەك مالىيە (پايدا) لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان بولغان؛

%4 . 56 مۇدىرىيەت پايچىكلار يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن؛ %90تىن ئارتۇق كارخانا مۇدىرىيىتى ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەبلەغ سېلىش لايىھىسىنى، مالىيە ئىشلىرى، پايدىنى تەقسىم قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈش، ئىچكى قىسمىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش - تەيىنلەش قاتارلىق هوقۇقلارنى يۈرگۈزگەن؛ مۇتلەق كۆپ سانلىق كارخانىلاردىكى نازارەتچىلىك هەيئىتى خىزمەت هوقۇقىنى بىر قەدەر ياخشى يۈرگۈزگەن. بارلىق كارخانىلاردىكى نازارەتچىلىك هەيئىتى مۇدىرلار ۋە دىرېكتورلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلغان، %4 . 68 كارخانىدىكى نازارەتچىلىك هەيئىتى تەكلىپ بىرىپ، ۋاقىتلىق پايچىكلار هەيئىتىنىڭ يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن.

3. كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى ئۆسكەن، كەسىپكە پىششىق، باشقۇرۇشقا ماهىر، تەجرىبىسى مول، باش ۋە غەيرەتلىك كارخانا باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى شەكىللەنگەن. تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، 23 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ يېشى 41 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان، 13 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ يېشى 40 ياشتىن تۆۋەن بولغان، بۇ 2 خىلدىكىلەرنى قوشقاندا، %6 . 70نى ئىگىلىگەن؛ باش دىرېكتورىنىڭ ئوقۇش تارىخى تولۇق كۇرستىن يۇقىرى بولغان نۇقتىلىق كارخانا 37 بولۇپ، %5 . 72نى ئىگىلىگەن؛ باش دىرېكتورىنىڭ ئوقۇغان كەسپى سانائەت پەنلىرى، تېخنىكا پەنلىرى بولغان نۇقتىلىق كارخانا 18، ئىقتىساد ئىلمى بولغان نۇقتىلىق كارخانا 13، باشقۇرۇش ئىلمى بولغان نۇقتىلىق كارخانا 16 بولۇپ، بۇ 3 خىلدىكىلەرنى قوشقاندا، %2 . 92نى ئىگىلىگەن؛ باش دىرېكتورى ئىلگىرى كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان نۇقتىلىق كارخانا 42، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللانغان نۇقتىلىق كارخانا 4 بولۇپ، بۇ 2 خىلدىكىلەرنى قوشقاندا، %2 . 90نى ئىگىلىگەن؛ باش دىرېكتورىنىڭ باشقۇرۇش يىل چېكى 11 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغان نۇقتىلىق كارخانا 26، باشقۇرۇش يىل چېكى 21 يىلدىن يۇقىرى بولغان نۇقتىلىق كارخانا 9 بولۇپ، بۇ 2 خىلدىكىلەرنى قوشقاندا، %6 . 68نى ئىگىلىگەن.

4. كارخانىلارنىڭ ئەمگەك، كادىرلار، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولغان. نۇقتىلىق كارخانىلار ئىچىدە %1 . 96 كارخانىدا ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان، %5 . 74 كارخانىدا ئىچكى باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈپ تەكلىپ قىلىش، مۇئاۋىنلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشقا قويۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان. %7 . 66 كارخانىدا ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئىش ئورنى رىقابەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. كارخانىلاردا كادىرلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ چەك - چېگرىسى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلىنىپ، يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان كادىر باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ھەم كىرەلەيدىغان، ھەم چىقالايدىغان ئىشچى ئىشلىتىش مېخانىزمى شەكىللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرى مۇۋاپىق يۈرۈشۈپ تۇرغان، بايلىق مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنغان. %3 . 35 كارخانىدا يىللىق مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، %2 . 92 كارخانىدا ئىش ئورنى مائاشىنى ئاساس قىلغان مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، %1 . 45 كارخانىدا پەن - تېخنىكا خادىملىرى كىرىم تەقسىماتى رىغبەت مېخانىزمى يولغا قويۇلغان.

5. كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاشقان ۋە ئۆسكەن. 51 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتى 390 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %33 . 6 ئاشقان؛ 30 كارخانىدا تېخنىكا مەركىزى بەرپا قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 2 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن، 25 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى ئۆلكە دەرىجىلىك ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن، 3 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى باشقا دەرىجىلىك ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ISO9000 خەلقئارا سۈپەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن كارخانا 32 بولۇپ، %75 . 62نى ئىگىلىگەن، يەنە 3 كارخانىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش چاتما ئۆلچىمى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن.

چېن كۈي

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچەيدى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 51 نۇقتىلىق كارخانىدا ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى:

1. نۇقتىلىق كارخانىلاردىكى مۈلۈك كۆلىمى كېڭەيگەن، ئەمەلىي كۈچى كۈچەيگەن. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 51 نۇقتىلىق كارخانا مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 170 مىليارد 707 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %62 . 8 ئاشقان، ھەر بىر كارخانىنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلكى 3 مىليارد 350 مىليون يۈەندىن توغرا كەلگەن. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 21 مىليارد 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %94 . 4 ئاشقان، سىرتقا سېلىنغان جەمئىي مەبلەغ 9 مىليارد 257 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15 . 42 ئاشقان. مەبلەغ سېلىش ئاپاۋىتى 841 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 . 2 ھەسسە ئاشقان.

2. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى تۆۋەنلىگەن، دۆلەت مۈلكىدە قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. مۈلۈك كۆلىمى كېڭىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا. نۇقتىلىق كارخانىلاردا دۆلەتنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىغا قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، مەبلەغ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرۇلـ ـغان. 2001 ـ يىلى ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %88 .53 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2.43 پىرسەنت پوئىنتتى تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قازىنچىلىق كەسپىدە تۆۋەنلەش دەرىجىسى ھەممىدىن زور بولغان.

2001 ـ يىلى %22. 44كە چۈشۈپ، 5.77 پىرسەنت پوئىنتتى تۆۋەنلىگەن. كارخانىلارنىڭ ساپ مۈلكى ئاشقان، دۆلەت مۈلكىدە قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. 2001 ـ يىلى نۇقتىلىق كارخانىلاردا مەزگىل ئاخىرىدىكى ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 77 مىليارد 511 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %87 .13 ئاشقان، مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى %87 .113كە يەتكەن.

3. نۇقتىلىق كارخانىلاردا پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى روشەن ئىپادىلەنگەن، ھەر خىل كۆرسەتكۈچلەر ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. 2001 ـ يىلى 51 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 76 مىليارد 728 مىليون يۈەن بولۇپ، %18. 0 ئازايغان، ئېلىنغان پايدا 11 مىليارد 97 مىليون يۈەن بولۇپ، %83 .9 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە 21 چەكلىك پاي شىركىتى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئىپادىلىگەن. مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 70 مىليارد 456 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %88. 7 ئېشىپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) %27 .41نى ئىگىلىگەن؛ ئېلىنغان پايدا 5 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 .11 ئېشىپ، %8 .51نى ئىگىلىگەن؛ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت 215 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %85 .18 ئېشىپ، %04 .55نى ئىگىلىگەن.

4. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ خادىملارنى ئازايتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. 2001 ـ يىلى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما، كارخانىلاردا ئارتۇق خادىملار ئازايتىلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئۆسكەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئاشقان. 2001 ـ يىلى نۇقتىلىق كارخانىلاردىكى كەسپكار 286 مىڭ 113 بولۇپ، %56 .2 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 275 مىڭ 305 بولۇپ، %53 .2 ئازايغان. كەسپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى 5 مىليارد 201 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %83 .6 ئاشقان. كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 18 مىڭ 6 .179 يۈەن بولۇپ، %6 .9 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 17 مىڭ 5 .926 يۈەن بولۇپ، %7 .9 ئاشقان.

چېن كۇي

## نۇقتىلىق كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئاساسلىق توسالغۇلار

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 51 نۇقتىلىق كارخانىنى باشقۇرغۇچىلارنى سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2001 ـ يىلى نۇقتىلىق كارخانىلار كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا تۆۋەندىكى 4 چوڭ توسالغۇغا دۇچ كەلگەن.

1. كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ %8 .62ى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىنى كارخانىلاردىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ، دەپ قارايدىكەن. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشلىرى سۇغۇرتىسى، ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈملىرى يانداشقان بولۇشى كېرەك ئىكەن، بۇ، كارخانىلاردىكى ئارتۇقچە خادىملارنى ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتىدىغان قىلىش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئاپپاراتلارنى كارخانىلاردىن ئايرىۋېتىش، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە بازار رىقابىتىدىكى سۇبيېكتقا ئايلاندۇرۇشتىكى مۇھىم توسالغۇ ئىكەن. ئەمما، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ دائىرىسى تار، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، بىر قىسىم ئارتۇقچە خادىملارنى ئايرىۋېتىش تەسكە توختايدىكەن، بۇ ھال كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

2. كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ %8 .60ى ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىدا قالغانلىقىنى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ قارايدىكەن. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر مۇنچە كارخانىلارنىڭ خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، چوڭراق مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلىش قاتارلىق ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى تېخىچە تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىلارنى مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىزلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردىكى باش دىرېكتورلارنىڭ %51ى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە

ئەيىنلەنگەن، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن نامزات كۆرسىتىلىپ، مۇدىرىيەت تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلىنىپ، كارخانىلاردىكى مەسئۇل تارماقلار تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن.

3. كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ %9.56ى بازار سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ قارايدىكەن. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە يۈرۈشۈشى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بازار سىستېمىسىغا تايىنىدىكەن. شىنجاڭدىكى بازار سىستېمىسى، بولۇپمۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بازارلار، پاي چېكى بازارلىرى، ئەمگەك كۈچى بازارلىرىنىڭ يېتىلىشى مۇكەممەل ئەمەس، بازاردىكى رىقابەت قېلىپلاشمىغان، بازار مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس ۋاھاكازا، بۇلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش قەدىمىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاستىلىتىپ قويغان.

4. كارخانىلارنىڭ %9.52ى كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ قارايدىكەن. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، 6 كارخانا بۇ تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان. بۇنىڭدىن باشقا، كارخانا باش مۇدىرى ۋە باش دىرېكتورلۇقىنى بىر ئادەم ئۈتەيدىغان كارخانىدىن 10ى بار بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ %6.19نى ئىگىلەيدىكەن.

چېن كۈي

## كارخانا گۇرۇھلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەر پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتى

يادرولۇق رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش — ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2001 - يىلى دۆلەت ۋە شىنجاڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، %9.96 كارخانا گۇرۇھى مەبلەغ سېلىشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %3.84 كارخانا سىرتقا قارىتا كېپىللىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %4.73 كارخانا سىرتقا قارىتا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك ھەمكارلىقى ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %8.43 كارخانا ئۆزى باشقۇرغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %2.17 كارخانا چېگرا سىرتىدا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %4.23 كارخانا ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ باج تاپشۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، %7.29 كارخانىدا تېخنىكا تەتقىقات، تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلغان. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، كارخانا گۇرۇھلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسىدا مالىيە شىركىتى قۇرۇلمىغان. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنىڭ پەيدىنپەي ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تاشقى ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھىتى ياخشىلانغۇسى.

خۇاڭ لىڭدى

## كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 700 دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ 2001 - يىلدىكى گۈللىنىش ئىندېكسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسىدا ھە دېگەندىلا نەتىجە يارىتىلغان، 1 - پەسىلدىكىسى 116.92 بولۇپ، 1998- يىلدىن بېرىقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. 2 - پەسىلدىكىسى 114.37، 3 - پەسىلدىكىسى 114.92 ، 4 - پەسىلدىكىسى 110.12 بولغان. 2000 - يىلدىكى شۇ مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1 - پەسىلدە 14.22 پىرسەنت پوئىنتى، 2 - پەسىلدە 6.54 پىرسەنت پوئىنتى، 3 - پەسىلدە 2.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى ئالدىنقى 3 پەسىلدە پەيدىنپەي ئۆرلىگەن ھەمدە 3- پەسىلدە 1998 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يەتكەن، گۈللىنىش دەرىجىسى 1 - پەسىلدە 103.77، 2 - پەسىلدە 114.41، 3 - پەسىلدە 116.34، 4 - پەسىلدە 109.57 بولغان، 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1 - پەسىلدە 9.64 پىرسەنت پوئىنتى، 2 - پەسىلدە 19.86 پىرسەنت پوئىنتى، 3 - پەسىلدە 8.13 پىرسەنت پوئىنتى، 4 - پەسىلدە 3.62 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن.

6 خىل گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ئېلىنغان پايدا، قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇل ۋە تۇراقسىز مەبلەغدىن ئىبارەت 3 خىل گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى روشەن ھالدا ئۆسۈپ، 1998- يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئېلىنغان پايدا ۋە قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇل جەھەتتىكى گۈللىنىش ئەھۋالى كۆپ يىللاردىن بېرى گۈللەنمەي كېلىۋاتقان ھالەتنى ئۆزگەرتكەن.

ھەر خىل ئىقتىساد تىپلىرى ئىچىدە پاي شىركەتلىرىنىڭ

گۈللىنىشى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىلا تۇرغان. بۇ 3 خىل كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى بارلىق كارخانىلاردىن 15 پىرسەنت پوئىنتتىن 65.34 پىرسەنت پوئىنتقىچە يۇقىرى بولغان. پاي شىركەتلىرى كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 155.16 دىن 179.75 كىچە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 23.119تىن 5.137كىچە، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 100 دىن 141.18 گىچە بولغان.

6 چوڭ تارماق ئىچىدە سانائەت، ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف، سودا ۋە تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتىن ئىبارەت 4 چوڭ تارماقنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1998 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەن.

ۋاڭ شۆەن

## سانائەتنىڭ گۈللىنىشى ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرماقتا

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قۇرۇلمىسى تەڭشەش داۋامىدا تېز تەرەققىي قىلدى، ھەرىكەت سۈرئىتى ئۆستى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 105.95 نۇقتىدىن ئىزچىل ئۆرلەپ ماڭدى، 4 - پەسىلگە كەلگەندە 1.122گە يېتىپ، 1998 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىدى. 4 پەسىلدە مۇقىم ھالدا 117.77 دىن 124.49 غىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنتتىن 16.07 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى. كارخانىلاردا ئېلىنغان پايدىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى شۇ يىلنىڭ 3 پەسلىدە گۈللىنىش ھالىتىگە يەتتى، كارخانىلاردا قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇلنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 4 پەسىلدە 101.59 دىن 120.27 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.68 پىرسەنت پوئىنتتىن 25.24 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى. شۇ يىلى 4 پەسىلدىكى تۇراقسىز مەبلەغنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى بىر پىرسەنت پوئىنتتىن 16.74 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆرلىدى.

ساھەلەرنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىشنىڭ گۈللىنىشى يۇقىرى بولۇپ، سانائەتتىكى 39 ساھە ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 3 پەسىلدە 200 نۇقتىلىق يۇقىرى قىممەتكە يەتتى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 4 پەسىلدە 146.19 دىن 185.59 غىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى سانائەتنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدىن 40.23 پىرسەنت پوئىنتتىن 64.2 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە باجدىن كېيىن قالغان پايدا گۈللەنمەسلىكتىن گۈللىنىشنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئورنى (129.66) غا ئۆتتى. كۆمۈر قېزىش - ئىشلىتىشنىڭ گۈللىنىشى زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى. دۆلەتنىڭ كىچىك كۆمۈر كانلىرىنى تاقىۋېتىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، كۆمۈر قېزىش - ئىشلىتىش گۈللەنمەسلىك ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، گۈللىنىش ئىندېكسى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى، 1 - پەسىلدە 87.82گە يېتىپ، 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 31.11 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 2 - پەسىلدە 107.82 گە يېتىپ، 67.05 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 3 - پەسىلدە 180 گە يېتىپ، 105.83 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 4 - پەسىلدە 172.18گە يېتىپ، 72.95 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى.

ۋاڭ شۆەن

## بىناكارلىق مۇقىم گۈللەندى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى بىناكارلىق كارخانىچىلىرىنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 4 پەسىلدە بىردەك گۈللىنىش ھالىتىگە يەتتى، 1 - پەسىلدە 121.68، 2 - پەسىلدە 113.81، 3 - پەسىلدە 112.55، 4 - پەسىلدە 111.17 بولدى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى 1 - پەسىلدە 95.02، 2 - پەسىلدە 104.18، 3 - پەسىلدە 109.67، 4 - پەسىلدە 98.53 بولدى. كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشىلاندى، پايدا جەھەتتە گۈللىنىش ئىندېكسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى، 1 - پەسىلدە 73.19 بولۇپ، 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 6.16 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 2 - پەسىلدە 106.97 بولۇپ، 18.25 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 3 - پەسىلدە 115.55 بولۇپ، 2.28 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى، 4 - پەسىلدە 120.08 بولۇپ، 6.36 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ %15 ئاشقانلىقى بىلەن ئۆيغۇن كەلمەيدىغان يېرى 2001 - يىلى بىناكارلىقتىكى گۈللىنىشنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقى بولدى. شۇ يىلى 95.02 نۇقتىدىن 109.67 نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2000 - يىلدىكى 110.2لىك سەۋىيىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى، بارلىق كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشىدىن 6.67 نۇقتىدىن 11.04 نۇقتىغىچە تۆۋەن بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى يېتەرلىك بولمىدى، بىناكارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەمەلىي قۇرۇلۇش

مىقدارى جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 2000 - يىلنىڭ 3 پەسلىدە گۆللىنىش ھالىتىگە يەتكەن بولسا، 2001 - يىلى ئازىيىپ، 2 پەسلىدە گۆللىنىش ھالىتىگە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 4 - پەسلىدە 19.4 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

ئىككىنچىدىن، قەرز پۇلنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئارقىغا سۈرەلگەنلىكى بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلاردا قەرز پۇلنى ئارقىغا سۈرەش بويىچە ئومۇمىي گۆللىنىش روشەن ھالدا يۇقىرى ئۆرلىدى ھەمدە 2 پەسلىدە گۆللىنىش سەۋىيىسىگە يەتتى، بىناكارلىقتا قەرز پۇلنى ئارقىغا سۈرەش جەھەتتىكى گۆللىنىش ئەھۋالى ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما، يىلبويى يەنىلا گۆللەنمىگەن رايون دائىرىسىدە بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ سەۋىيىسى ھەر قايسى كەسىپلەر ئىچىدە ھەممىدىن تۆۋەن بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلاردىكى گۆللىنىشتىن 6.67 نۇقتىدىن 11.04 نۇقتىغىچە تۆۋەن بولدى. قورۇلۇش پۇلى ئارقىغا سۈرەلگەنلىكتىن، بىر مۇنچە بىناكارلىق كارخانىلىرى ئاۋانس پۇل ھېسابىغا قورۇلۇش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى بىناكارلىقتىكى تۇراقسىز مەبلەغنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسى 50.78دىن 58.14كىچە ئارىلىقتا بولغان گۆللەنمىگەن سەۋىيىدە تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان توسالغۇ بولۇپ قالدى.

ۋاڭ شۈەن

## ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف كەسپىدىكى گۆللىنىش ئىندېكسى ئۆستى

2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلەشتى، كارخانىلارنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسى 2000 - يىلى گۆللىنىش تاختىسىغا چىققاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئۆرلىدى. شۇ يىلى 4 پەسلىدىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 106.58 دىن 119.93كىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.27 پىرسەنت پوئىنتتىن 17.35 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى، بولۇپمۇ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 119.52 دىن 127.22گىچە بولغان سەۋىيىگە يېتىپ، بارلىق كارخانىلارنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسىدىن 5.04 پىرسەنت پوئىنتتىن 13.74 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى.

ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى جەھەتتىكى گۆللىنىش دەرىجىسى ھەممىدىن يۇقىرى، ئۇنىڭغا گەۋدىلىك بولدى. كارخانىلارنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسى ئالدىنقى 3 پەسلىدە گۆللىنىشتىكى 200 نۇقتىلىق ئەلا يۇقىرى قىسمىغا يەتتى، ياخشىدىن كېيىنكى پايدا جەھەتتىكى گۆللىنىشمۇ 2 -، 3 - پەسىللەردە گۆللىنىشتىكى 200 نۇقتىلىق ئەلا يۇقىرى قىسمىغا يەتتى.

2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يولدا يۈك توشۇش تېزلىكى 4 - قېتىم زور دەرىجىدە تېزلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسى تۆۋەنلىمىدى، 1 - پەسلىدە 125.86، 2 - پەسلىدە 143.09، 3 - پەسلىدە 150.43 بولدى. پايدا جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 105.3 تىن 145.13 كىچە بولغان سەۋىيىگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.54 پىرسەنت پوئىنتتىن 15.8 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى.

پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى گۆللىنىش تېز يۇقىرى ئۆرلىدى، ئۇنىڭمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. كارخانىلارنىڭ گۆللىنىش ئىندېكسى 127.43 تىن 151.8 گىچە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.54 پىرسەنت پوئىنتتىن 15.8 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى. ئۇنىڭمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى، پايدا جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 2000 - يىلدىكىدىن 1.51 پىرسەنت پوئىنتتىن 43.26 پىرسەنت پوئىنتقىچە ئۆستى.

ۋاڭ شۈەن

## سودا ۋە تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك كەسپى جەھەتتىكى گۆللىنىشتە نۆل نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلدى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا ۋە تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تۆۋەن ھالەت ئۆزگىرىپ، گۆللىنىش ئىندېكسى تۇنجى قېتىم ئۇدا 3 پەسىل گۆللەنگەن رايون دائىرىسىدە بولدى، 4 - پەسلىدە 2000 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشكەندىن سىرت، 1 - پەسلىدە 105.95 بولۇپ، 2000 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 30.26 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، 2 - پەسلىدە 107.95 بولۇپ، 15.11 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، 3 - پەسلىدە 102.26 بولۇپ، 2.21 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

كارخانىلار ئىشلەتكەن ئىشچىلار كۆپەيدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياخشىلاندى. بارلىق كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋالدا، سودا ۋە تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى روشەن ھالدا يۇقىرى ئۆرلەپ، يىللىق دەرىجىسى 5.09 پىرسەنت پوئىنتتىن 13.25 پىرسەنت پوئىنتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆستى. كارخانىلارنىڭ پايدا جەھەتتىكى گۆللىنىش ئىندېكسى 2000 - يىلدىكىدىن ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - پەسلىدە

گۇللەنگەن رايون دائىرىسى (113 ,27) گە يەتتى، 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1 ـ پەسىلدە 25.61 پىرسەنت پۇئىنتى، 2 ـ پەسىلدە 35. 28 پىرسەنت پۇئىنتى، 3 ـ پەسىلدە 39. 12 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆستى.

يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدىكى گۈللىنىش زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، بۇ ساھەدىكى بىر يورۇق نۇقتا بولۇپ قالدى. 2001ـ يىلى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.7% ئاشتى. ئېشىش سۈرئىتى جەمئىيەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدىن 6.9 پىرسەنت پۇئىنتقا يېقىن ئاشتى، بۇ كەسىپ ئىستېمال ئېھتىياجى ئىچىدە تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز ساھە بولۇپ قالدى. ساياھەت ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىستېمالىنىڭ ئاۋات پەسىللىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، 2 ـ پەسىلدە 5. 112 نۇقتىغا يېتىپ، 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 5. 12 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆستى، 3 ـ پەسىلدە 14. 157 نۇقتىغا يېتىپ، 41.82 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆستى.

ژاڭ شۈەن

## ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىدىكى گۈللىنىش مۇقىملىق ئىچىدە يۈكسەلدى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىدە «ساياھەت ئىقتىسادى» ئېففېكتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇقىملىق ئىچىدە يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى كارخانىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 102 دىن 123 كىچە بولغان گۈللىنىش تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ، 3 ـ پەسىللەردىكى سەۋىيە بىر قەدەر يۇقىرى بولدى، بارلىق كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىغا سېلىشتۇرغاندا، 2 ـ پەسىلدىكىسى 4 پىرسەنت پۇئىنتى، 3 ـ پەسىلدىكىسى 7.53 پىرسەنت پۇئىنتى يۇقىرى بولدى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى مۇشۇ يىلدا 2 پەسىلدە گۈللىنىش ھالىتىگە يەتتى، 1 ـ پەسىلدىكىسى 82، 2 ـ پەسىلدىكىسى 12. 106، 3 ـ پەسىلدىكىسى 69. 134، 4 ـ پەسىلدىكىسى 8. 89 بولدى، 1 ـ پەسىلدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 08. 9 پىرسەنت پۇئىنتى، 2 ـ پەسىلدىكىسى 3.44 پىرسەنت پۇئىنتى، 4 ـ پەسىلدىكىسى 38. 4 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆرلىدى.

ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ گۈللىنىشى يۇقىرى ئۆرلىدى، شۇ يىلى 1 ـ پەسىلدە 33. 108، 2 ـ پەسىلدە 33. 133، 3 ـ پەسىلدە 67. 166، 4 ـ پەسىلدە 33. 133 بولدى. ساياھەتچىلىكتىكى گۈللىنىش 1 ـ پەسىلدە 67. 116 نۇقتا، 2 ـ پەسىلدە 166.67 نۇقتا، 3 ـ پەسىلدە 150 نۇقتا، 4 ـ پەسىلدە 33. 83 نۇقتا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ، 2 ـ پەسىللەردە 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 34. 33 نۇقتا ئۆستى. مېھمانساراي كەسپىدىكى گۈللىنىش 1 ـ پەسىلدە 96. 62 نۇقتا، 2 ـ پەسىلدە 7. 80 نۇقتا، 3 ـ پەسىلدە 77. 130 نۇقتا، 4 ـ پەسىلدە 92. 76 نۇقتا بولدى.

ھەر خىل گۈللىنىش كۆرسەتكۈچلىرىدىن قارىغاندا، قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇل ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئۆرلىدى. قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇل جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى شۇ يىلى 1 ـ پەسىلدە 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 33. 8 پىرسەنت پۇئىنتى، 2 ـ پەسىلدە 23.91 پىرسەنت پۇئىنتى، 3 ـ پەسىلدە 8. 16 پىرسەنت پۇئىنتى، 4 ـ پەسىلدە 2. 26 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆستى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى شۇ يىلىنىڭ 3 پەسىلدە 2000 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىن ئۆستى، ئۆسۈش دەرىجىسى 2. 8 پىرسەنت پۇئىنتىدىن 17. 17 پىرسەنت پۇئىنتىغىچە بولدى. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر يۇقىرى بولدى، 1 ـ پەسىلدىن 3 ـ پەسىلگىچە بارلىق كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسىدىن يۇقىرى بولدى، ئۆسۈش دەرىجىسى 3.28 پىرسەنت پۇئىنتىدىن 17.81 پىرسەنت پۇئىنتىغىچە بولدى.

ژاڭ شۈەن

## ئۈي ـ زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئۈي ـ زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە يەنىلا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، «ئالدى بىلەن يۇقىرى، ئاندىن كېيىن تۆۋەن بولۇش، پەسىلمۇ پەسىل چۈشۈش» تەك ترايېكتورىيە ھاسىل بولۇپ، كۆپ خىل مۇھىم گۈللىنىش ئىندېكسلىرىدا بىر تەرەپلىك تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئۈي ـ زېمىن كارخانىچىلىرىنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى پەسىلمۇ پەسىل چۈشتى. 2001 ـ يىلى ئۈي ـ زېمىن كەسپىدىكى ماكرو ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 1 ـ پەسىلدە 159 نۇقتا، 2 ـ پەسىلدە 143 نۇقتا، 3 ـ پەسىلدە 2. 130 نۇقتا، 4 ـ پەسىلدە 4. 117 نۇقتا بولدى، يىلبويى گۈللەنگەن

رايون دائىرىسىدە تورۇپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما، كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى پەسىلمۇ پەسىل زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 4 - پەسىلدىن باشلاپ كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى ساھەلەر بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ قالالماي، سانائەتتىكىدىن 1.7 نۇقتا تۆۋەن بولدى. مۇنداق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب بوش تۇرۇپ قالغان تاۋار ئۆي كۆلىمىنىڭ ئازايمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئۆي - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىشى پەيدىنپەي پەسەيدى، ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلىدى. 2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۆي - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 146.2 نۇقتا، 2 - پەسىلدە 135.9 نۇقتا، 3 - پەسىلدە 130.8 نۇقتا، 4 - پەسىلدە 118 نۇقتا بولۇپ، روشەن ھالدا تۆۋەنلىدى. 3 - پەسىلدە ئۆي - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 2 - پەسىلدىكىدىن 5.1 پىرسەنت پوئىنتى، 2000 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 6.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. 4 - پەسىلدە بولسا، 3 - پەسىلدىكىدىن 12.8 پىرسەنت پوئىنتى، 2000 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 36.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇ ھال ئۆي - مۈلۈك كارخانىلىرىدا 2001 - يىل 3 - پەسىلدىن ئارتىپ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خەن رۇڭ

# ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

## ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا، يىللىق باشقۇرۇش نىشانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى نىشانىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا 6 تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىلدى، جەمئىي 42 ناھىيە، شەھەرگە (رايونغا) نام بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 3000 دىن كۆپرەكى، نەمۇنىچى شەخستىن 9800 دىن كۆپرەكى تەقدىرلەندى. ناھىيە، شەھەر (رايون) لەردە مەملىكەت بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرنى بەرپا قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى نىشان ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىنىپ، ئوتتۇرا مۇددەتلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلان تۈزۈلدى. ئارمىيە بىلەن جايلار يەنە مەسئۇلىيەتنامە، ئەھدىنامە ئىمزالاش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، جايلار ۋە قىسىملارنىڭ بىر - بىرىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئومۇمىي پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا جەمئىيەتتە چوڭراق تەسىر قوزغىغان 1140 تىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش قىلىنىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى.

جايلار ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلەرنى ۋاقتىدا تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، ھەر دەرىجىلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 20 نەچچە ناھىيە، شەھەر، رايوندا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى، جايلاردا يەنە ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي تورى ۋە مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئارمىيە (ساقچى) - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلغان نۇقتا 4900 دىن كۆپرەككە يەتتى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 12 مىڭدىن كۆپرەكى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش گۇرۇپپىسىدىن 3400 دىن كۆپرەكى قۇرۇلدى، 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاساسىي قاتلامدا يىل بويى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

جايلار دوكلات بېرىش، ئەنئەنىنى ئەسلەش، قىسىملارنىڭ تارىخ سارىيى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى

ئېكسكۇرسىيە قىلىش، «دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى» توغرىسىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش، ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى بىلىملىرى توغرىسىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەربىيلەر ۋە خەلققە، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازاردىن يۇقىرى 1000 دىن ئارتۇق پارتىيە مەكتىپى كادىرلارنى تەربىيىلەش داۋامىدا دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى كۆز قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى %90تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، %95تىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تېخنىكا مەكتەپلىرىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، %75 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش ساداسى»، «دۆلەت مۇداپىئەسى سەيناسى»، «بىرلىكتە بەرپا قىلىش باغچىسى»، «ئىككىنچى يۇرت» قاتارلىق مەخسۇس پروگراممىا، مەخسۇس ئىستونلارنى تەسىس قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ۋە مۇھىم رولىنى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل گېزىت، ژۇرناللار، رادىئو (تېلېۋىزىيە) ئىستانسىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت 1000 دىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى. 9 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىش ئىزلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا كۆرسىتىلدى. 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، سانجى شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، قەشقەر شەھىرى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، شىنجاڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جايلار دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مۇلازىمەت ساھەلىرى، كۆزنەك ئورۇنلار، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىۋى سورۇنلار، مۇھىم قاتناش يوللىرى قاتارلىق جايلاردا 3000دىن ئارتۇق ئورۇندا ئىككىنى ھىمايە قىلىش بەلگە تاختىسى ئورنىتىلدى، 30 نەچچە تەشۋىقات - تەربىيە پوزىتسىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش كۆرگەزمىخانىسى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاقسۇ شەھىرى، قۇمۇل شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كورلا شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا 24 ئورۇندا ئۆسمۈر ھەربىيلەر (ساقچىلار) مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 50 مىڭغا يېقىن ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ئونسۇ ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، بارىكۆل ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى مەركىزى قۇرۇلدى. قاراماي شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، سانجى شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق 30 نەچچە ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقات بەلگىسى ۋە چىراغ ساندۇقى ئورنىتىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىمگو رايونىنىڭ يېكەنكۆل مەھەللىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى ئىككىنى ھىمايە قىلىش تور پونكىتى قۇرۇلدى.

باھار بايرىمى ۋە «1 - ئاۋغۇست» مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن ھەر خىل شەكىلدىكى ھال سوراش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆمەككە ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلىپ، قىسىم ئورگانلىرىنى ئارىلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى روتا - ئەترەتلەر ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىدىن ھال سورىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، 1 مىليون يۈەنگە يېقىن خىراجەت تەييارلاپ، ئۈرۈمچىدە تورۇشلۇق قىسىملارنىڭ بارلىق تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلىرىدىن ھال سورىدى. سانجى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، بورتالا شەھىرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى قىسىملارنىڭ 320 نەچچە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قىسىملارغا 120 دىن ئارتۇق تېلېۋىزور، 70 تىن ئارتۇق VCD ئاپپاراتى، 90 دىن ئارتۇق كومپيۇتېر، 40تىن ئارتۇق كىر ئالغۇ، 400 دانە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە سايمىنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب تەقدىم قىلىنغان. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، يېزا - كەنتلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى قىسىملار ۋە نەپىقە بېرىش

ئوبىيېكتلىرىدىن ھال سوراشقا 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت سەرپ قىلدى. 3 ـ پەسلدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئوپتساق كابىل قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي مانېۋىرغا قاتناشتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كەڭ كۆلەملىك ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ـ ھال سوراش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش قىزغىنلىقىنى قايتا نامايەن قىلدى، بۇ پائالىيەت شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىنىشىگە ئېرىشتى.

جايلار ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى داۋامىدا ئۆز رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلدى. بىرىنچىدىن، ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقات ـ تەربىيىسى داۋامىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ، خىلمۇ خىل شەكىللەر قوللىنىلىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىن سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرنى بەرپا قىلىش، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخس بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇھىم شەرت قىلىنىپ، بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشكە، مىللىي، دىنىي زاتلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىكى ئالاھىدە رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، جايلاردا ئارمىيە بىلەن جايلارنىڭ ئالاقە باغلاش يىغىنى، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، تويلانغانلىق ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى بەلگىلەندى. تۆتىنچىدىن، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاخبارات تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى زور تۈركۈم ئاممىۋى خىزمەت تايانچلىرى يېتىشتۈرۈلدى. بەشىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە 550 تىن ئارتۇق پارتىيە ياچېيكىسى، 700 دىن ئارتۇق مەدەنىي كەنت ـ بازار، 1300 دىن ئارتۇق مەدەنىي كۆزنەك قۇردى. ئالتىنچىدىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 450 تىن ئارتۇق ئارمىيە (ساقچى) ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى مۇقىملىقنى قوغداش داۋامىدا مۇھىم رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. يەتتىنچىدىن، زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

شۇ يىلى جايلاردا 60 نەچچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) تەشكىللىنىپ، تۈرلۈك نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبىيېكتلىرىغا بېرىلىدىغان ھەرخىل نەپىقە، ياردەملەرنىڭ ۋاقتىدا، ئەينەن تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون يەنە يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن بوشىغان يېشقەدەم ھەربىيلەرگە بېرىلىدىغان نورمىلىق ياردەم پۇلىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە %80 ناھىيە، شەھەر يېزىلىرىدىكى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان غەمخورلۇق پۇلى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئۆتكەن يىللىق ساپ كىرىم سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى، غەمخورلۇق پۇلى تارقىتىش دائىرىسى %100كە يەتتى. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر پائال تۈردە نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبىيېكتلىرىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتلىرىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. جايلار يەنە ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەر ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى قىسىملار بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئالاقە باغلاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ، ھەربىيلەر بىلەن بىللە كەلگەن، شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان

300 دىن ئارتۇق ئائىلە تاۋابىئاتنى قانائەتلىنەرلىك خىزمەتكە ئىگە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەربىيلەرنىڭ 3000 دىن ئارتۇق پەرزەنتىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ھەرخىل رايون ھالقىپ ئوقۇش خىراجىتىدىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كەچۈرۈم قىلىندى ۋە كېمەيتىلدى. ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 2200 نەچچە ئائىلىگە تۇرالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى، 4500 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىش تۈرى ۋە ئىسپنا نۆۋىتى تەڭشەپ بېرىلدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلق ئاممىسى قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشنى باش ئارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ قاراپ، چىن كۆڭلى بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بىر يىلدىن بېرى، قىسىملارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن 1300 گېكتاردىن ئارتۇق يەر، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن 800 گېكتار يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى، جايلارنىڭ قىسىملارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن سالغان مەبلىغى 30 مىليون يۈەندىن ئاشتى. كورلا شەھىرىنىڭ قىسىملارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا سەرپ قىلغان خىراجىتىلا 4 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، خەلق قوراللىق خىزمەت بۆلۈملىرىنىڭ بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇشى ئاستىدا، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى قۇرۇلۇشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. بىر يىلدىن بېرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى 1 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ ، 12 مىڭ دانە (قېتىم) دىن ئارتۇق ماشىنا، ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، 30 تۈردىن ئارتۇق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە 480 خىلدىن ئارتۇق جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، «غەربىينىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» تىكى ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق قۇرۇلۇشى، كۆكيار ئىھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىلىشىش ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. ھەر قايسى قىسىملار نامراتلارنى يۆلەش، يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پەننىي بىلىملەرنى تارقىتىپ، تېخنىكا ئايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بېيىش ئۈچۈرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالدى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار قانات يايدۇرغان «100 كەنتتە نامراتلارنى يۆلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، 670 تىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسىدا 4300 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمىدىن 32 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ بېرىلدى، ھەر مىللەت ئاممىدىن 260 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى. 2 مىليون توننىدىن ئارتۇق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار خەۋپ - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 130 نەچچە قېتىم قاتنىشىپ، خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىدىن 963 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزۇپ قالدى، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىغا يەتكەن ئاز كەم 200 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇردى؛ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 1100 دىن ئارتۇق بالىنى يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر قايسى قىسىملار يەنە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم مەدەنىي شەھەر - بازار، مەدەنىي مەھەللە - رايون، مەدەنىي ساھەلەرنى بەرپا قىلدى.

جاڭ جۈخۈي

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 1270 كادىرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر 648 (شى دەرىجىلىك كادىر بىر، تۇەن دەرىجىلىك كادىر 65، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 289، ليەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 192، تېخنىك كادىر 101) ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان كادىر 622. كادىرلار نازارىتى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە بىر خىل سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدىنىپ كېڭەيتتى؛ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ

ئالماشتۇرغان كادىرلارنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت چارىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 1270 كادىر ۋە ھەربىيلەر بىلەن بىللە يۆتكىلىپ (كۆچۈپ) كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 104 ئادەم تولۇق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كادىرلار نازارىتى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار بىلەن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلاردىن ئىبارەت تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش ئارقىلىق ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان %60تىن ئارتۇق كادىر ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇننى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇەن دەرىجىلىك كادىر %70، يىڭ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىر %64، تېخنىك كادىر %47.8.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوبۇل قىلغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان كادىر پىلاندىكى ئومۇمىي سانىنىڭ %49نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتتى. كادىرلار نازارىتى مالىيە نازارىتى قاتارلىق 12 تارماق بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، تۆۋەنگە تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنى قۇردى.

چى يۇڭفۇ، خەن شياۋۋېي

## ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى 2000 - يىلى قىشتىن 2001 - يىلى ئەتىيازغىچە شىنجاڭدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەردىن 5376سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى 2917 ئادەم، يېزىلاردىكى 2459 ئادەم. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر - بازارلاردىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 2305 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %79 بولدى. يېزىلاردىكى ھەربىي قىسىملارغىمۇ، يەرلىك ئورۇنلارغىمۇ ياراملىق ئىختىساسلىقلاردىن 344ى قوبۇل قىلىندى، ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن 5 قارار ئۆتكۈزۈلۈپ، 310 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇلاردىن 95ى ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىندى، بۇ، قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ئادەمنىڭ %28نى ئىگىلىدى.

كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى 2001 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا كەسىپ ئالماشتۇرغان 486 كەنجى ئوفىتسېر قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - قاراردىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتىگىنىگە 10 يىل توشقىنى 451 ئادەم، 4 - قاراردىكى 34 ئادەم، 5 - قاراردىكى بىر ئادەم. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 375 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %77 بولدى. ھەربىي سەپتىن بوشانغان كەنجى ئوفىتسېردىن 103ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - قاراردىكى 37 ئادەم، 2 - قاراردىكى 29 ئادەم، 3 - قاراردىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتىگىنىگە 10 يىل توشمىغىنى 12 ئادەم، 10 يىلدىن ئېشىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي سەپتىن بوشانغىنى 25 ئادەم. ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە «سىستېمىلار بويىچە ۋەزىپە تەقسىم قىلىش، تۆۋەن چەككە ھۆددە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش» ۋە «تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش، تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش» چارىسى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلان بىلەن بازار ئارقىلىق تاللاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئىشلەشكە يېتەكلەندى ۋە ئىلھاملاندۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ «دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر ئۆزى ئىش تاپقاندا ئالاقىدار باج جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەقلىق يۆتكەش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»گە ئاساسەن، ئاقسۇ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەقلىق يۆتكەش ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشنى يۆلەش سىناق ئورنى قىلىندى. «قاراماي شەھىرىنىڭ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ۋەزىيىتىنى ھەقلىق يۆتكەشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى (سىناق نۇسخا)» تارقىتىلدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 16 شەھەر، 13 ناھىيە (رايون) دە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئالاھىدە دەرىجىلىك، 1 - دەرىجىلىك مېيىپ ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى**

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ «ئارمىيەدە تۇرغۇزۇلۇشىپ قالغان ئاغىرىق، مېيىپ ئەسكەرلەرنى ھەربىيلىكتىن چېكىندۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 2001 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئالاھىدە دەرىجىلىك، 1 - دەرىجىلىك مېيىپ ئەسكەردىن 7 سى قوبۇل قىلىندى، بۇلارنىڭ 5ى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدى، 2 سى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بۇلاردىن 4ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوتۇبىي شەرەپلىك ھەربىيلەر دوختۇرخانىسى تەرىپىدىن مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىنغىنى 2، كۇچا ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى تەرىپىدىن تارقاق ھالدا ھالىدىن خەۋەر ئېلىنغىنى بىردىن.

**ھەربىي سەپتىن بوشانغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2001 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي سەپتىن بوشانغان كادىردىن 105ى قوبۇل قىلىندى (پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغىنى 95، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەربىي سەپتىن بوشىنىشقا ئۆزگەرتىلگىنى 10)، بۇنىڭ 53ى ئازادلىق ئارمىيە سېتېمىسىدىن، 19ى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن، 33ى جامائەت خەۋپسىزلىكى رەسمىي قىسىملىرىدىن. بۇلاردىن 77 سى شەھەر - بازارلاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 28ى يېزىلارغا قايتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەربىي سەپتىن بوشانغان 97 كادىر جايلاردا نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

**باشقا جايلارغا تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2001 - يىلى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر ئەسكەردىن 450ى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى كەنجى ئوفىتسېرلار ئىچىدىن بىۋاسىتە تاللىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 20، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ شۇ يىلى ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن يېزىلىق ئەسكەرلەر ئىچىدىن تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 430. بۇلار ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپلىرىدە بىر يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، يېزا - بازارلاردىكى كادىرلار قوشۇنى تولۇقلاندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى شارائىتى جاپالىق بولغان زاۋۇت - كان، كارخانىلارغا كەسپىي تېخنىكا ئالاھىدىلىكى بار ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن يېزىلىق ئەسكەردىن 50ى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىش ۋە يۆتكەش-توشۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى قىشتىن 2001 - يىلى ئەتىيازغىچە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، كورلىدىن ئىبارەت 4 ھەربىي تەمىنات پونكىتى يولدىن ئۆتكەن قىسىملاردىن 53 مىڭ 360 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى ۋە يۆتكەپ توشۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى، كونا ئەسكەردىن 33 مىڭ 677 ئادەم (قېتىم)، باشقىلاردىن 19مىڭ 683 ئادەم (قېتىم) توشۇلدى.

سۇ جيەنگاڭ

## ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلارنى، پېنسىيەگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارنى ۋە پېنسىيەگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 2001- يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىردىن 8ى، پېنسىيەگە چىققان كەنجى ئوفىتسېردىن 10ى قوبۇل قىلىندى. ئارمىيەدىن 3 - تۈركۈمدە پېنسىيەگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 1170ى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئارمىيەدىكى كاپالەت خاراكتېرلىك كارخانىلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن پېنسىيەگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى - خىزمەتچىدىن 65ى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوندىن 2001 - يىلى ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، پېنسىيەگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە پېنسىيەگە چىققان، خىزمەتتىن

چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 40 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

3. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى، باش سىياسىي بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارغا دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

4. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پېنسىيە پۇلى ۋە جاپالىق چەت جايلار ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

5. ئارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىسىگە 2001 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن «مەدەنىي ھەربىي ساناتورىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

6. ئاپتونوم رايون 2001 - يىلى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئارمىيىدىن 5 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا بىر كورپۇس تۇرالغۇ (قۇرۇلۇش كۆلىمى 2517 كۋادرات مېتىر) سېتىۋېلىپ، يەرلىك ئورۇن زىممىسىگە ئالغان ئۆي سېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

چېن يۇدۇڭ

## چۆچەك شەھىرى قاتارلىق 5 شەھەر، ناھىيە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر»، «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى چۆچەك شەھىرىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى؛ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

جاڭ جۇخۇي

قىسقا ماتېرىيال

## گۈللىنىش ئىندېكسى

گۈللىنىش ئىندېكسى «گۈللىنىش دەرىجىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ — كارخانىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش داۋامىدىكى سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرىنى مىقدار ئۇسۇلى ئارقىلىق پىششىقلاپ جەملەپ، تەكشۈرۈلىدىغان مەلۇم بىر مۇئەييەن توپ ياكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھادىسىنىڭ تۇرغۇن ھالىتى ياكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل كۆرسەتكۈچ. ئۇنىڭ ئۆرلەش ۋە تۆۋەنلەشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلىك ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالىتى ھەم ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ قىممىتى نۆل بىلەن 200 ئارىلىقىدا بولىدۇ، 100 گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ كىرتىك قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. گۈللىنىش ئىندېكسى 100 دىن چوڭ بولسا، ئىقتىسادىي ھالەتنىڭ ئۆرلەش ياكى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ گۈللىنىش ئىندېكسى 100 دىن كىچىك بولسا، ئىقتىسادىي ھالەتنىڭ تۆۋەنلەش ياكى يامانلىششقا يۈزلىنىپ، گۈللەنمىگەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى («ماكرو ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — كارخانىچىلارنىڭ كارخانا سىرتىدىكى بازار ئىگىلىكى مۇھىتى ۋە ماكرولۇق سىياسەت توغرىسىدىكى تونۇشى، كۆز قارىشى، قىلغان ھۆكۈمى ۋە مۆلچەرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىندېكس، بۇ ئارقىلىق كارخانىچىلارنىڭ ماكرولۇق ئىگىلىك مۇھىتى توغرىسىدىكى تەسىراتى ۋە ئىشەنچى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى («كارخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — كارخانىچىلارنىڭ ئۆز كارخانىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ۋە مۆلچەرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىندېكس، بۇ ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ليۇشۈيۇڭ

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 27 (شەخسلەر ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان 12 ياشانغانلار ياتاق بىناسى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى - خىزمەتچىسى 514 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 94)، كارىۋات 1860. بۇ ساناتورىيىلەردىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى 1329، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 14، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 850. ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 465. كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 87.5% بولدى، تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى تەخمىنەن 31 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلغان روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 470 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 317)، كارىۋات 1298. بۇ روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى 1073، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 10، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 650، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 450. كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى، تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى تەخمىنەن 13 مىليون 50 مىڭ يۈەن. قۇرۇلغان بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 38، كارىۋات 2591، يىل ئاخىرىدىكى يېتىم، مېيىپ بالا 2421.

شېرىپ قارى

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى پاراۋانلىق كارخانىسى 218، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6019، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 2772. ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 624 مىليون 872 مىڭ يۈەن، سېتىش (تىجارەت) تىن قىلغان كىرىمى 443 مىليون 522 مىڭ يۈەن، تاپشۇرغان ئومۇمىي بېجى 41 مىليون 306 مىڭ يۈەن، ئالغان ئومۇمىي پايدىسى 23 مىليون 996 مىڭ يۈەن، تارتقان زىيىنى 12 مىليون 708 مىڭ يۈەن.

سۈن خەيىۋ

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ 2001 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيىسى سانى | ئىشچى - خىزمەتچى: دوختۇر، سېستىرا | ئىشچى - خىزمەتچى: باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر | كارىۋات سانى | ساناتورىيىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: «ئۈچى يوق» ئوبيېكتلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 | 25 | 40 | 217 | 245 | 229 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1 | 4 | 16 | 100 | 75 | 75 |
| كۇچا ناھىيىسى | 1 | 1 | 18 | 87 | 87 | 87 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 1 | 25 | 122 | 120 | 120 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1 | | 10 | 80 | 76 | 76 |
| قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى | 1 | 1 | 18 | 97 | 83 | 83 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1 | | 5 | 60 | 58 | 58 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1 | 1 | 8 | 65 | 65 | 65 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1 | 1 | 5 | 65 | 60 | 60 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1 | | 9 | 40 | 40 | 40 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1 | | 4 | 60 | 60 | 60 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يوپۇغا ناھىيىسى | 1 | | 16 | 40 | 40 | 40 |
| پېگسار ناھىيىسى | 1 | | 6 | 63 | 63 | 63 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1 | | 3 | 50 | 50 | 50 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1 | 3 | 5 | 55 | 55 | 55 |
| خوتەن شەھىرى | 1 | | 9 | 107 | 70 | 70 |
| خوتەن ناھىيىسى | 1 | | 12 | 110 | 110 | 110 |
| گۇما ناھىيىسى | 1 | | 15 | 80 | 80 | 80 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1 | | 30 | 129 | 129 | 129 |
| لوپ ناھىيىسى | 1 | | 8 | 72 | 72 | 72 |
| چىرا ناھىيىسى | 1 | 1 | 12 | 88 | 88 | 88 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 1 | | 19 | 87 | 87 | 87 |
| نىيە ناھىيىسى | 1 | | 5 | 16 | 16 | 16 |
| ئاتۇش شەھىرى | 1 | 1 | 23 | 80 | 80 | 80 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 1 | 2 | 13 | 77 | 77 | 77 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1 | | 4 | 45 | 45 | 45 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 48 | 48 | 48 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | 2 | 25 | 47 | 47 | 47 |
| پىچان ناھىيىسى | 1 | 1 | 7 | 50 | 40 | 40 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1 | 1 | 3 | 40 | 46 | 46 |
| بورتالا شەھىرى | 1 | | 5 | 12 | 10 | 10 |
| سانجى شەھىرى | 1 | 1 | 14 | 32 | 32 | 32 |
| ئىلى ئوبلاستى | 1 | 10 | 12 | 60 | 60 | 60 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1 | 2 | 2 | 30 | 11 | 11 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 4 | 12 | 80 | 63 | 63 |
| قاراماي شەھىرى | 1 | 2 | 9 | 20 | 10 | 10 |
| ئالتاي شەھىرى | 1 | 1 | 4 | 20 | 4 | 4 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1 | 1 | 4 | 60 | 19 | 19 |
| جەمئىي | 38 | 67 | 444 | 2591 | 2421 | 2405 |

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2001 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى

خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىكلەرگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئائىلىلەرنى ئارىلاپ

تەكشۈرۈش پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتلىرىنىڭ تەكتى ئېنىقلىنىپ، كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ كاپالەتلىك قىلىنمىغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتلىرى پەيدىنپەي ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئادەم سانى 328 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 243مىڭ ئادەم كۆپەيدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم سانى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىكى نوپۇسىنىڭ 5.5%نى ئىگىلىدى، 2مىليون 6000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە ياردەم بېرىلدى. مەركەزدىن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى ئۈچۈن 63 مىليون 240 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايون ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە قوشۇمچە مەبلەغ ھېسابىدا 40 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەر 30 مىليون يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردى، ئوتتۇرىچە قوتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش ئۆلچىمى ھەر بىر ئادەمگە ئېيىغا 66.42 يۈەندىن توغرا كەلدى.

جاڭ زىدې

## يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى خالىغانچە ئېقىپ يۈرگەنلەردىن 68 مىڭ 112 ئادەم (قېتىم) نى يىغىۋالدى، بۇ، 2000 - يىلدىكىدىن 20 مىڭ 548 ئادەم (قېتىم) كۆپ، 6450 ئادەم ئۆز جايىغا قايتۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتى 23 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇردى. يىغىۋېلىنغان ئادەملەر ئىچىدە گۇاڭجۇدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇلغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى 35، كېسەللىك ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولغانلار 42، روھىي كېسەللەر ۋە ئېغىر دەرىجىدە ئۇششۇگەنلەر 131.

تۇرسۇن لېتىپ

## سەرگەردان ئۈسمۈرلەر، بالىلارنى يىغىۋېلىپ، قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 3252 سەرگەردان ئۈسمۈر ۋە بالا يىغىۋېلىنىپ، قۇتقۇزۇلدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېتىلگەن ۋە ئالداپ كېتىلگەن بالا 58. سەرگەردان ئۈسمۈرلەر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركىزى ھەم جايلاردىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى 2001 - يىلى 1232 بالىنى ئائىلىسىگە قايتۇردى. ئائىلىسى تۇرۇشلۇق جايىنى ئايغىلى بولمىغان 5 بالا ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ۋە قەشقەر بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە قەشقەر، خوتەنلەردە 2 قارار سەرگەردان ئۈسمۈرلەر ۋە بالىلار ئاتا - ئانىلىرى كۇرسى ئېچىلدى، سەرگەردان ئۈسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن 55 كىشى، سەرگەردان ئۈسمۈرلەر ۋە بالىلاردىن 11ى تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

تۇرسۇن لېتىپ

## يېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا يېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 744ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدىكىسى 716. چەتكە چىقىشلىق بولغىنى 28.

يې چى

## ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى

2001 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون قۇتۇبى «خاتىرجەملىك» دوختۇرخانىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە 11 - ئايدا ۋۇيۇسكا ئاستى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 6گە يەتتى. بۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك روھىي كېسەللەر پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، قۇتۇبى «خاتىرجەملىك» دوختۇرخانىسى.

جاڭ لېيرۇڭ

## پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى

2001 - يىلى شىنجاڭدا 163 مىليون يۈەن پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى تارقىتىلىپ، دۆلەتكە 48 مىليون 900 مىڭ يۈەن جامائەت پاراۋانلىق فوندى توپلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە تاپشۇرۇلغىنى 22 مىليون 5000 يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قالدۇرۇلغان ئۈلۈش 26 مىليون 895 مىڭ يۈەن. دۆلەتكە 10 مىليون 330

مىڭ يۈەن ئاپەت بېجى ئاپىشۇرۇلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى تارقىتىش سىستېمىسىدا كومپيۇتېر ئارقىلىق لاتارىيە بېلەتى تارقىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئويناش ئۇسۇلىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 2 چوڭ ئىش چىڭ تۇتۇلدى. بىر مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ھازىرقى باسقۇچتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى لاتارىيە بېلەتى بازارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى ۋە ئاممىنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان 35 تىن 7نى تاللاشتىن ئىبارەت ئويۇن ئۇسۇلى تېپىپ چىقىلدى. تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دوغا قاتنىشىش پونكىتلىرى قوشۇنى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دوغا قاتنىشىش پونكىتلىرىنىڭ جايلىشىشى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كومپيۇتېرلىق پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى دوغا قاتنىشىش پونكىتلىرىنىڭ رايونلار ئارا تارقىلىشى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، سېتىش سىستېمىسىنىڭ بىخەتەر ۋە نورمال ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوغا قاتنىشىش پونكىتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ قۇرۇش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، دوغا قاتنىشىش پونكىتلىرىنىڭ تىجارەت ئېڭى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 2001 - يىلى بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق كومپيۇتېرلىق لاتارىيە بېلەتى تارقىتىش خىزمىتى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا سالماق قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. شۇ يىلى سېتىلغان لاتارىيە بېلەتى 138 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىلغان پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتىنىڭ %84نى ئىگىلىدى. بۇ، تۇنجى قېتىم تالون كېسىشنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتىنىڭ ئاساسلىق تۈرى بولۇپ قالدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى تارقىتىش ئۇسۇلىدىكى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشتىن دېرەك بەردى.

لىن خۇڭ

## ئەنگلىيە «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز تۆر ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇردى

2001 - يىل 8 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئەنگلىيە «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتى تۆر ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئەنگلىيە «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە كېڭەش باشلىقى JACQUI SHURR خانىم 1997 - يىل 11- ئايدا «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتىنى قۇرغانلىقىنى تىزىمغا ئالدۇرغانىدى. 4 يىلدىن بېرى، ئەنگلىيە «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى يېتىم، مېيىپ بالىلار ۋە تاشلىۋېتىلگەن بالىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئۈسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېتىم، مېيىپ بالىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئائىلىلەردە تەربىيىلەشكە بېرىش، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوزۇقلۇق، ئالاھىدە تەربىيە، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياردەم بېرىش مەركىزى ۋە دورا، تېببىي داۋالاش، بىمارلارغا قاراش، ياردەم بېرىش تۈرلىرى قاتارلىق تۈرلەرنى قۇردى. ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ، قارامايلاردىكى بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى بىلەن ھەمكارلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، 50 تىن ئارتۇق بالىنىڭ ئائىلىلەردە تەربىيىلىنىشىگە ياردەم بېرىلدى، 30دىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈرگە مائارىپ جەھەتتە ياردەم بېرىلدى، بۇ ئىشلارغا 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ 300 مىڭ يۈەنى 2001 - يىلى سېلىندى. تۆر ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، بۇ، ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغۇسى.

جاڭ لېيرۇڭ

# مېيىپلار ئىشلىرى

## مېيىپلار مائارىپى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىغا تىزىملاتقان مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلىدى ۋە جەملەپ رويخەتكە ئالدى. مېيىپلار بىرلەشمىسى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن، بىر تەرەپتىن، جامائەت پىكرى ئارقىلىق نازارەتچىلىك قىلىپ، «جۇڭگو مائارىپ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت، ژۇرناللاردا مېيىپلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشىگە ئائىت 7 ماقالە ئېلان قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى بىلەن پائال ماسلاشتى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشقان 132 مېيىپ ئوقۇغۇچىدىن 57 سى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى، 35 ئەما ئوقۇغۇچى يېڭنە

سانجىپ داغلاش - ئۈزۈلۈش ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدا ئوقۇشقا، 26 گاس - گاچا ئوقۇغۇچى كومپيۇتېر ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدا ئوقۇشقا كىردى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ بىر ئالىي تېخنىكوم سىنىپى، 3 ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ۋە 2 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىكى 174 ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى تاماملاپ جەمئىيەتكە ئاتلاندى. شۇ يىلى 126 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 3 ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، بىر زېھنى ئاجىزلار سىنىپى ۋە گاس - گاچىلار كومپيۇتېر ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 373 كە يەتتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2001 - يىلى «جۇڭگو بويىچە تۇنجى كۆرۈش سېزىمى ھەرىكىتى» داۋامىدا 3 تۈركۈم تېببىي داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئىلى، تۇرپان، تارباغاتاي، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 30 ناھىيە، شەھەرگە ئەۋەتتى. بۇ تېببىي داۋالاش ئەترەتلىرى 60 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 8113نى تاماملىدى، ئەمەلىيەتتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %98، مېيىپلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %94.9، سۈنئىي كۆز گۆھىرىنى كۆچۈرۈش نىسبىتى %95.3 بولدى. ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىمارلار ئىچىدە يېشى ھەممىدىن چوڭى 95 ياش، يېشى ھەممىدىن كىچىكى 5 ياش. گاس - گاچا بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن تىل مەشىقى ئورنىدىن 3ى قۇرۇلدى، تەكتىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق 43 گاس - گاچا بالا تاللاپ چىقىلىپ، تەكشۈرۈلۈپ ئۆلچەندى، گاس - گاچا بالىلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بىر قارار كۇرسى ئېچىلىپ، گاس - گاچا بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن 39ى تەربىيىلەندى، ئۆگىتىش جەريانىدا 5 ئوقۇغۇچى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلدى. «ئاتا بىلەن بالا تەڭ تەربىيىلىنىدۇ»غان ئائىلىلەردىكى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تور نۇقتىسىدىن 12سى ئېچىلدى. لازىمەتلىكلەر ۋە قورال - سايمانلار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىن 2 سى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى مېيىپلار 8600 سۈنئىي پۇت - قول قاتارلىق لازىمەتلىكلەر ۋە قورال - سايمانلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى، ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى سۈنئىي پۇت - قولدىن 129ى سېلىنىپ، يىللىق ۋەزىپە %108 ئورۇندالدى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەن، مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنلىق دەرىجىسى ئاشقان ئەھۋالدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرى مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ نۇقتىلىق خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سالماقنى ئاشۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئالغا سۈردى. 2001 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىدا «مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆزنىكى» پروگراممىسى ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى، رادىئو دولقۇنى ئارقىلىق مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئالاقىدار سىياسەتلەر چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلىپ، مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنى چۈشىنىشى كۈچەيتىلدى. مېيىپلار بىرلەشمىسى كادىرلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش بويىچە تەربىيىلىنىشكە داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇلدى، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 7280 مېيىپ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى 5528، شەھەر - بازارلاردىكى 1752. شۇ يىلى 3620 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1608، كوللېكتىپ كەسىپكە ئورۇنلاشقىنى 502، يەككە ئوقەت قىلغىنى 1510. مېيىپلار كاپالەت پۇلى ئۈچۈن 19 مىليون 600 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلۇپ، يىللىق پىلاندىكى ۋەزىپە قانائەتلىنەرلىك ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلار ئىشلىرى بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى تۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى تۈزۈپ چىققان «ئاپتونوم رايون مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» (2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2001 - يىل 7- ئاينىڭ 1 - كۈنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەرنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا چۈشۈرۈلدى. بۇ پىلاندىكى ئاساسىي نىشان تۆۋەندىكىچە: ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلاردا مېيىپلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى شۇ جايدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىگە ئاساسەن يەتكۈزۈش ياكى يېقىنلاشتۇرۇش، تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردا قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھالدا ھەل قىلىش؛ مېيىپلارنى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك بەھرىمەن قىلىش ئارقىلىق 55 مىڭ مېيىپنىڭ سالامەتلىكىنى تۈرلۈك دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ مېيىپلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا تىرىشىپ، مېيىپ بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى 9 - بەش يىللىق پىلان ئاساسىدا خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش؛ ئىشسىز مېيىپلارنى تىزىملاپ، ئۇلارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى %80كە يەتكۈزۈش؛ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، توسالغۇسىز مۇئەسسە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىش شارائىتىنى ياخشىلاش، مېيىپلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش؛ قانۇن مۇلازىمىتى ۋە قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇپ، مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش.

ۋاڭ گوساڭ

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى

2001 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - نامرات مېيىپلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن 58مىليون 500مىڭ يۈەن قەرز پۇل پىلانىنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى 28 مىليون 500مىڭ يۈەن قەرز پۇل پىلانىنى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە چۈشۈرۈپ، 19 ناھىيە (شەھەر) دىكى پۇلغا جىددىي موھتاج بولۇپ تۇرغان مېيىپلارغا ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ھېسابىدا 3 مىليون يۈەن تارقىتىپ بەردى. شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھىنىڭ 10 مىڭ نامرات مېيىپنى يۆلەش قۇرۇلۇش تۈرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ تەستىقلاپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشىغا يوللاندى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى قەرز پۇل تەكشۈرۈش يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق «تۇنخې» گۇرۇھىنىڭ 10 مىڭ نامرات مېيىپنى يۆلەش تۈرى بويىچە 30 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىش پىلانى تەستىقلاندى، قەرز پۇل نەقلىشىپ بولدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىركەت ۋە دېھقانلار شەكلى ئارقىلىق 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دە 10 مىڭ مېيىپنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يار - يۆلەك بولغىلى بولىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن 45 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتى، بۇ، يىللىق پىلاننىڭ %77نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈر قەرز پۇلى 36 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن. قەرز پۇل ئارقىلىق 4150 مېيىپ يۆلەندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 5460 مېيىپ 54 مىڭ 600 ئەمگەك كۈنى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىدىن كەچۈرۈم قىلىندى؛ 4829 مېيىپ باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى؛ يېزىلاردىكى قىسىنچىلىقى ئېغىر 16 مىڭ 450 مېيىپ ھەر خىل قالدۇرۇق - خىراجەتلەرنى تاپشۇرۇشتىن كەچۈرۈم قىلىندى؛ 6480 مېيىپ شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى؛ 23 مىڭ 800 مېيىپ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ يۆلىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى؛ شەھەر - بازارلاردىكى قىسىنچىلىقى ئېغىر 3600دىن ئارتۇق مېيىپ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى ئالدى.

ۋاڭ گوساڭ

## ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلار خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2001 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش بويىچە ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلارنى تەربىيىلەش تۈرىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ساقلىقنى ساقلىغۇچى ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ساقلىقنى ساقلاش بويىچە 231 ئەما ئۇۋۇلىغۇچى، تېببىي داۋالاش بويىچە 51 ئەما ئۇۋۇلىغۇچى تەربىيىلەندى ۋە يېتىشتۈرۈلدى، 282 كىشى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ گوساڭ

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2001 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى، سانجى ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپى، قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى ئاللاپ

ئەۋەتكەن 32 مېيىپ ئوقۇغۇچى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى ۋە جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. مەملىكەت بويىچە 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 445 نومۇر ئىچىدە شىنجاڭدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئۇسسۇل «قەلبىمدە باھار»، «بەختىيار يايلاق»، ئۇنىۋېرسال نومۇر «تەيفېڭ بورىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش» ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا؛ ناخشىلىق مۇزىكا «ھاكىم بەگنىڭ ئامراق بانۇدىن ۋىدالىششى»، «چوقۇم كۆرۈشىمىز»، ئۇسسۇل «چىن مۇھەببەت»، «پامىر ناخشىسى» مىس مېدال مۇكاپاتىغا؛ «قەلبىمدە باھار»، «بەختىيار يايلاق»، «چىن مۇھەببەت» يېڭى ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ گوخۇڭ، جاۋلى، شۇشىجيې، ۋاڭ بىڭلار ئايرىم. ئايرىم ھالدا ئىپتەكچىلىك ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا؛ ياڭ لىلىڭ يېتەكچىلىك مىس مېدال مۇكاپاتىغا؛ چەي لىلى، جاڭ شىنجۇن، نومىنچىچىگ، مۇختەر يۇسۇپلەر ئايرىم -ئايرىم ھالدا يېڭى ئادەم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئاممۇۋى سەنئەت باشقارمىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى كۆيۈنگۈچى ئورۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## «مېيىپلارغا كۆيۈنۈش ياردەم بېرىش» بويىچە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «مېيىپلارغا كۆيۈنۈش - ياردەم بېرىش» بويىچە مەخسۇس ئىئانە توپلاش پائالىيىتى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى. شياڭگاڭدىكى ئەمالار يېتەكچىلىك جەمئىيىتى 1 مىليون دوللار شياڭگاڭ پۇلى ئىئانە قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 6 ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇشىغا مەدەت بەردى؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەركىزىي شىر ئويۇشمىسى 200 مىڭ دوللار شياڭگاڭ پۇلى ئىئانە قىلىپ، كۆزىگە ئاق چۈشكەن 400 نامرات بىمارنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشى ۋە داۋالىنىشىغا ياردەم بەردى؛ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ھارۋا، كىيىم - كېچەك، ئۇن، گۈرۈچ، دورا - دەرمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىپ، 18 مىڭ نامرات مېيىپنى مەنپەئەتدار قىلدى.

ۋاڭ گوساڭ

# قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ۋە مەھەللە مۇلازىمىتى

2001 - يىلىنىڭ بېشىدا ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل، ئىلى، سانجى، بايىنغولىندىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 32 ناھىيە (شەھەر) پەۋقۇلئاددە زور قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 250 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ۋاقتىدا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتىگە ئاپەت ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز مەلۇم قىلىپ تۇردى، جەمئىيەتكە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا مۇراجىئەت چىقاردى. باش جەمئىيەت ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە (رايون، شەھەر) لىرىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىگە جىددىي مۇراجىئەت چىقاردى. شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، شەندۇڭ، فۇجيەن، سەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭ، شيامېن، شۇجۇ، فۇجۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆيۈنۈش ئىئانە پۇلىنى، قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسىنى قوبۇل قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ماددىي ئەشياسىنى توپلىدى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2001 - يىلى «تۇمەن ئائىلىگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسى جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپىغا 400 مىڭ يۈەن ھال سوراش پۇلى ۋە ماددىي ئەشياسى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئورگىنى تارقاتقان قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم پۇلى ھەم ماددىي ئەشياسى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

نىڭ يىڭخو

## ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2001 - يىلى شىخەنزە شەھىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە 2 قارار ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىپ، 93

ئادەمنى تەربىيىلىدى ھەمدە ئۇلارغا «ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بەردى. 8 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «بىناكارلىق ساھەسىدە ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەرىپىدىن ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئادەم سانى 33 مىڭ 15كە، باشلانغۇچ قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەنگەن ئادەم 9742گە يەتتى. جايلار ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى شوپۇرلىرى ساھەسى ۋە كۆمۈرچىلىك ساھەسىدە ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەشنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلىقنى ساقلاش - قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەشنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، بىناكارلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلايدىغان بولۇشنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، ھادىسىدىكى ئۆلۈم - يېتىم نىسبىتى ۋە مېيىپ بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى.

نىڭ يىڭسو

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئەھۋالى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش مەركىزى 2001 - يىلى ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 2 قارار ياش ھەمراھلار تەربىيىسى رىياسەتچىلىرى كۇرسى ئېچىپ، 36 رىياسەتچىنى يېتىشتۈردى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 96 قارار ياش ھەمراھلار تەربىيىسى كۇرسى ئېچىپ، 1493 پىدائىي ۋە تەشۋىقاتچىنى تەربىيىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئارىسىدا 4 قارار يۇقۇملانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاۋستىرالىيە تاشقى ياردەم ئىدارىسى ئىئانە قىلغان 50 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىلى ئوبلاستلىق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئىلى ئوبلاستىدىكى HIV (ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى) نى ئۆلچەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا ئەيدىز كېسىلى بويىچە 2 قارار مەسلىھەت بېرىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بېرىلدى. ب د ت زەھەر چەكلەش مەھكىمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ قانات يايدۇرۇلغان «زەھەرنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش — ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى، بۇ تۈرگە 80 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىدى. شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەكلىپكە بىنائەن ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئاۋستىرالىيىنىڭ مېلبۇرن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى بويىچە ئەيدىز كېسىلى يىغىنىغا، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئەيدىز كېسىلى/جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يىغىنىغا ۋە تايلاندنىڭ چىڭمەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئائىلىسىگە مەھەللىلەرنىڭ غەمخورلۇق قىلىش يىغىنىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ بۇ يىغىنلاردا مەخسۇس تېمىدا قىلغان سۆزى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كەسىپداشلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئەيدىز كېسىلى كۈنى، ئۇنىڭ تېمىسى «ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەممىمىز تەڭ قاتنىشايلى» دىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە قىزىل لېنتا ۋە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئائىت خەت بېسىلغان ئاق شاردىن 800ى قويۇپ بېرىلدى.

نىڭ يىڭسو

## ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2001 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقى سالمىقىنى ئاشۇردى.

2 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مەتتىمىن زاكىر باشلىق 6 ئادەم سەئۇدىي ئەرەبىستانى قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتىگە بېرىپ، دوستانە زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خەلق سارىيىدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى خەلقئارا بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى دىدىئې شاپېدىيېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. دىدىئې شاپېدىيېر ۋە ئۇنىڭ

ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى تەكشۈردى. شىنجاڭ «راكقا قارشى راھەتباغ» ۋە «كۈيۈنگۈچىلەر دۇنياسى» جامائەت پاراۋانلىقى تور پونكىتى ماختاشقا سازاۋەر بولدى.

9 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى كانادا قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن مۇددىتى 3 يىللىق بولغان 3 كىچىك تۈر (يەنى 1 - تۈردە لوپ ناھىيىسىدىكى جىيا يېزىلىق شىپاخانىنىڭ تېببىي داۋالاش ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىشى ۋە دوختۇر، سېستىرالارنى تەربىيىلىشىگە ياردەم بېرىلىدۇ؛ 2 - تۈردە تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانە يېزىسى ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىشى، پارتا - ئورۇندۇقلارنى يېڭىلىشى، مۇزىكا بۆلۈمى، كىتابخانا قۇرۇشى قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىلىدۇ؛ 3 - تۈردە شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسىدا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئالاقە تورىنى قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىلىدۇ) ئۈستىدىكى ھەمكارلىق پىلانىنى تاماملىدى، جەمئىي 450 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ياردەم مەبلىغى قوبۇل قىلىندى.

10 - ئايدا شياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ياردەم مەبلىغى بىلەن تەمىن ئەتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كادىرلىرىنىڭ 3 قارار كۇرسى ئېچىلىپ، 137 ئادەم تەربىيىلەندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 340 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن چىڭگىل ناھىيىلىك قىزىل كرېست شىپاخانىسى تۈرى تاماملاندى.

كېيىنكى يېرىم يىلدا بېيجىڭ شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن ئالتاي ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەركىزى تۈرى ۋە شەندۇڭ ئۆلكىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن سانجى ئوبلاستلىق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەركىزى تۈرى ئەمەلىيلەشتى.

نىڭ يىڭخو

## تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2001 - يىلى خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى ۋە قىزىل كرېست ھەرىكىتىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى تارقىتىش كۇرسىدىن 10 قارار ئۆتكۈزۈپ، 445 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى %50نى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تيانشان رايونى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى، مەھەللە باشقارمىسىغا كېڭەش ئەزاسى بولغان ئورۇنلار، كوللېكتىپ ئەزا ئورۇنلار قاتناشقان كۆرسىتىش يىغىنى قارارىدىن ئېچىپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى تەشۋىقات، تارقىتىش سالمىقىنى كېڭەيتتى. 6 - ئايدا قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان باشلىقلىرى، باش كاتىپلىرى، مەخسۇس (قوشۇمچە) ۋەزىپە ئۆتەيدىغان كادىرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلار خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنىنى تارقىتىش يازلىق لاگېرىغا قاتنىشىپ، قېرىنداش ئۆلكە (شەھەر) لەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «8 - ماي» دۇنيا قىزىل كرېست كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قىزىل كرېست ھەرىكىتىگە ئائىت بىلىملەردىن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىدىن كەلگەن 14 ياش ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئورگىنى 2001 - يىلى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە 100 (قېتىم) خەۋەر ئېلان قىلدۇردى، «جۇڭگو قىزىل كرېست گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئائىت بىردىن مەخسۇس بەت چىقارغۇزدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى 350 تىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلدۇردى. بورتالا ئوبلاستلىق قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا 8 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى» ۋە ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم «قان تومۇر قوشىقى»نى كۆرسەتتى، ئوبلاستلىق ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسىدا «مېھرىبانلىق ۋە تۆھپە» دېگەن مەخسۇس پروگراممىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى 50 سان قىسقا خەۋەرلەر گېزىتى چىقاردى. 2001 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئالىي مەكتەپلەردە قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

چىقىرىپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، جەمئىيەت قۇرغان مەكتەپلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل كرېست پاشلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى سايا ماكارېنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە مەكتەپنىڭ پۈتكۈل خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزدى. 8 ـ ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى تاللاپ ئەۋەتكەن 5 نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى باش جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن دېڭىز بويىدىكى ئىككى يىغىندىكى قىزىل كرېست پاش، ئۆسمۈرلەرنىڭ 2001 ـ يىللىق يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 2 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغقا سەپەر» قىزىل كرېست خادىملىرىنىڭ يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

نىڭ يىڭو

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا قار ئاپىتى، بوران، چاڭ ـ توزان، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش، ئۈششۈك، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، كېسەللىك ۋە ھاشارات ئاپىتى، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەردى. بولۇپمۇ 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2001 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كۆرۈلگەن قار ئاپىتى، ئەتىيازدا كۆرۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىكى بوران، چاڭ ـ توزان ھەم ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق، 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا قىسمەن رايونلاردا كۆرۈلگەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش، مۆلدۈر، كەلكۈن ئاپەتلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ، زىيىنى ئېغىر بولدى. 2001 ـ يىلى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساناائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزدى، بولۇپمۇ بۇنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا يەتكۈزگەن زىيىنى زور بولدى. ئاپەت يۈز بەرگەن كۆپ قىسىم رايونلاردا ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى %20 تىن ئارتۇق كېمىيىپ كەتتى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكتىمۇ مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 175 مىليون يۈەنلىك دېھقانچىلىق بىجى، ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بېجى، چارۋىچىلىق بېجى كەم ئېلىندى؛ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچراپ، دېھقانلار زىرائەتنى قايتا تېرىغاندىن كېيىن يەنە ئاپەت كۆرۈلگەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ تەننەرخى ئېشىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2001 ـ يىلى شىنجاڭدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 740 مىڭ 900 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 551 مىڭ 500 گېكتارغا، ھوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 261 مىڭ 100 گېكتارغا يەتكەن؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 5 مىليون 48 مىڭغا، ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس 3 مىليون 299 مىڭغا يەتكەن، ئاپەت تۈپەيلىدىن 35 ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن؛ 98 مىڭ 400 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن؛ 12 مىڭ ئېغىل ـ قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 925 مىڭ 500 تۇياق چارۋا ئۆلگەن؛ 28 مىڭ 600 چوڭ پارنىك ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە كۆيۈپ كەتكەن؛ قىسمەن سۇ ئىنشائات، قاتناش، خەۋەرلىشىش، توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھەر خىل ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا يەتكەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليارد 214 مىليون يۈەن.

ئىسھاق

## پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

1. قار ئاپىتى. 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2001 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بايىنبۇلاقتا ئۇدا قېلىن قار يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى. 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 32ناھىيە (شەھەر) ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەت ئەھۋالى ھەممىدىن ئېغىر بولغان ئالتاي ۋىلايىتىدە 60 كۈن، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 56 كۈن قار ياغدى، 2001 ـ يىلى قار ياغقان كۈن سانى جەھەتتە تارىختا ئاز كۆرۈلگەن بىر يىل بولدى. قار ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 974 مىڭغا، ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس 717 مىڭغا يەتتى، 17 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 133 مىڭ 700 تۇياق چارۋا ئۆلدى. قار ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 234 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. بوران ئاپىتى. 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئۇدا 3 قېتىم پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك بوران چىقىش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئۇرال تاغلىرىدىن كەلگەن سوغۇق ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا يەنە بىر قېتىم بوران چىقىش ۋە چاڭ ـ توزان قاپلاشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، ئۈزۈلمەي چىققان بوران دېھقانچىلىق

زىرائەتلىرىگە، بولۇپمۇ پاختا، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بوراندا ئورغۇن دەل - دەرەخ، سىمتاناپ تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ كەتتى، قىسمەن تورالغۇ ۋە ئېغىل - قوتانلار بۇزۇلۇپ كەتتى ياكى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتتى. بوران كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 595 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. 2001 - يىلى ئەتىيازدا ئۇدا قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. 6 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاساسلىق دەريالارغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى %17 تىن %38 كىچە ئاز بولدى. يازدا تېمپېراتۇرا ئۇدا يۇقىرى، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايى كۆرۈنەرلىك ئاز بولدى، دەريا - ئېقىنلارغا كەلگەن سۇ ئۆتكەن يىللاردىكىدىن ئازىيىپ، ئېتىزلار، ئوتلاقلار قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى، ئوت - چۆپلەر كەڭ كۆلەمدە قۇرۇپ كەتتى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 472 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 265 مىڭ 500 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 168 مىڭ 500 گېكتارغا، هوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 20 مىڭ 500 گېكتارغان، زىيان بولغان ئاشلىق 291مىڭ 600 توننىغا يەتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 91 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئوتلاق قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 220 مىليون يۈەنگە يەتتى.

4. كەلكۈن ئاپىتى. 2001 - يىل 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ دائىرىدە يامغۇر، مۆلدۈر ياغقان هاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا، تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا غەرب تەرەپتىن شەرق تەرەپكە قاراپ ئوتتۇراهال دەرىجىدىن قاتتىق دەرىجىگىچە يامغۇر ياغدى، قىسمەن جايلاردا قارا يامغۇر ياغدى، بەزى ناهىيە، شەهەرلەردە قارايامغۇردىن كەلكۈن هاسىل بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا قاتتىق زىيان يەتكۈزدى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەكىت ناهىيىسى تەۋەسىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىدىن يار ئېلىپ كەتتى؛ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى توشقان دەرياسىنىڭ ئاقچى ناهىيىسى بازىرىغا يېقىن يۇقىرى ئېقىم قېشىدىن يار ئېلىپ كەتتى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاقچى ۋادىسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاتۇش شەهىرىنىڭ كەلكۈن سېيىدا توساتتىن قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ، دۆلەت تاشيولى «312» لىنىيىسى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا بىر مەهەل قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، قىسمەن شەهەر، ناهىيە بازارلىرىغا كەلكۈن كىردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتا قاراشلىق 50 ناهىيە (شەهەر) دىكى 219 يېزا - بازار كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 1 مىليون 170 مىڭغا، ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس 840 مىڭغا يەتتى. ئاپەت تۈپەيلىدىن 3 ئادەم ئۆلدى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 124 مىڭ گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 67 مىڭ گېكتارغا، هوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 28 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى؛ 32 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 41 مىڭ ئېغىز ئۆي خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالدى. كەلكۈن كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يەتتى.

5. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش زىيىنى. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلغان رايونلاردا ئۇدا يامغۇرلۇق كۈن بولۇش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىشتەك هاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 36 گرادۇستىن يۇقىرىدىن تۆۋەنلەپ 17 — 18 گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى، تۆۋەن تېمپېراتۇرا 9 .13 گرادۇستىن 2 .15 گرادۇسقىچە چۈشۈپ قالدى، مۇنداق هالەت 2 - 3 كۈن داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلغان رايونلار تارىختا ئاز كۆرۈلگەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش زىيىنىغا ئۇچراپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا زور زىيان يەتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 306 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 201 مىڭ 300 گېكتارغا، هوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 27 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، شىمالىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلغان رايونلاردا 100 مىڭ توننا مەهسۇلات كېمىيىپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى، ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 638 مىڭغا، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 340 مىڭغا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يەتتى.

6. كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقى، چاشقاننىڭ زىيىنى. 2001 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەهەرلەردە تۈرلۈك دەرىجىدە چېكەتكە ئاپىتى، چاشقاننىڭ زىيىنى كۆرۈلۈپ، ئوتلاقلار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقى، چېكەتكە ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 543 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىسهاق

## ئاپەتتىن ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا مەبلەغ سېلىش ئەهۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدا مەركەزدىن پەۋقۇلئاددە زور

تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن 92 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم خىراجىتى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە تارماقلىرى 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى ئاجراتتى. جەمئىيەت سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 9 مىليون 811 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاندى. پۇلغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 214 مىڭ يۈەنلىك ئىئانە قىلىنغان ماددىي ئەشيا قوبۇل قىلىندى. شەندۈڭ ئۆلكىسىدىكى ھەمكەسىپ ئورۇنلار شىنجاڭدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە قىلغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا 16 مىليون يۈەنگە يېقىن كېلىدىغان ماددىي ئەشيا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلار، نامرات رايونلاردا ئاپەتتىن ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا سېلىنغان مەبلەغ ۋە پۇلغا سۇندۇرۇلغان ماددىي ئەشيا 133 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىسھاق

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتى ۋە ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسىنىڭ ئەھۋالى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 1171 بولۇپ، كاسسىغا 651 مىڭ 36 ئائىلە دېھقان ئەزا بولدى. ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىدىكى ئومۇمىي سومما 97 مىليون 768 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامما قوشقان پاي مەبلىغى 16 مىليون 279 مىڭ 600 يۈەن، كوللېكتىپ قوشقان پاي مەبلىغى 73 مىليون 571 مىڭ يۈەن، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 6 مىليون 966 مىڭ 200 يۈەن، جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل 174 مىڭ يۈەن، مەبلەغنىڭ قوشۇلما قىممىتى 778 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 22 مىليون 961 مىڭ 100 يۈەن ئۆتنە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتنە بېرىلگىنى 13مىليون 131 مىڭ 600 يۈەن، تۇرمۇشقا ئۆتنە بېرىلگىنى 5 مىليون 775 مىڭ 500 يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئۆتنە بېرىلگىنى 4 مىليون 54 مىڭ يۈەن. 34 مىڭ 95 ئائىلە دېھقان، چارۋىچىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتىدىن 776 سى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 1 مىليون 264 مىڭ 945 ئائىلە ئەزا بولدى. يىل ئاخىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 21 مىڭ 546.36 توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2674.71 توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ساقلىغان ئاشلىق 1796.36 توننا، ئامما ساقلىغان ئاشلىق 19 مىڭ 750 توننا. شۇ يىلى ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيەتلىرى 8679.69 توننا ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ، 65 مىڭ 958 ئۆيلۈك ئاممىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئىسھاق

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| تۈرلەر / ۋىلايەت، ئوبلاستلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ئاپەت بولغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | مەھسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى (گېكتار) | زىيان بولغان، كېسەيگەن ئاشلىق (توننا) | ئۆلگەن چارۋا | ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي (ئېغىز) | بۇزۇلغان ئۆي (ئېغىز) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەتتە ئۆلگەن ئادەم | ئاپەتتە زەخىملەنگەن، ئاغرىغان ئادەم | يېزا ئىگىلىككە يەتكەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 697068 | 526081 | 257353 | 141969 | 925111 | 98184 | 35200 | 5037957 | 3290779 | 35 | 15799 | 114887 |
| ئىلى ئوبلاستى | 24425 | 18630 | 3988 | 50695 | 7151 | 12657 | 1216 | 83879 | 54423 | 7 | 57 | 20240 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 97996 | 60702 | 21422 | 15164 | 24103 | 27446 | 9857 | 503822 | 345700 | 12 | 13682 | 3167 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 10839 | 9862 | 3529 | 10587 | 3364 | 12046 | 5877 | 449466 | 295419 | 5 | 453 | 5743 |
| بورتالا ئوبلاستى | 13215 | 11720 | 6740 | 765 | | 4633 | | 196684 | 137416 | | 15 | 6608 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | 204034 | 148285 | 48159 | 2812 | 763347 | 1970 | 822 | 455661 | 178372 | | | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 21404 | 14477 | 5866 | 27780 | 13000 | 2101 | 503 | 195800 | 93280 | 3 | 503 | |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 39602 | 26388 | 17201 | 531 | 81390 | 4658 | 9016 | 445147 | 274514 | 4 | 442 | 28797 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 98169 | 93648 | 81940 | 1985 | 2963 | 4744 | 3871 | 900451 | 840336 | 1 | | 20541 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 34227 | 32595 | 27540 | | 19158 | 11817 | 2035 | 116733 | 65230 | | | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 101387 | 70331 | 14216 | 12668 | 547 | 11156 | 1021 | 612739 | 297702 | 1 | 647 | 23146 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 40792 | 33069 | 21823 | 18982 | 9027 | 3914 | 950 | 780858 | 543943 | 2 | | 4155 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 10978 | 6374 | 4929 | | 1061 | 1042 | 32 | 296717 | 164444 | | | 2490 |

شىنجاڭ پەمدۇر جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى).

شىنجاڭ يۇمشاق ماتېرىيال ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: پەن - تېخنىكا نازارىتى).

شىنجاڭ چاچ ياساش، پەرداز قىلىش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سودا ساھەسى ئىشخانىسى).

شىنجاڭ - جېجياڭ كارخانىلار بىرلەشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى).

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى).

شىنجاڭ راك كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: سەھىيە نازارىتى).

شىنجاڭ شەھەرلەرنى پىلانلاش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش نازارىتى).

شىنجاڭ سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەتقىقات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: سەھىيە نازارىتى).

شىنجاڭ MBA كارخانىچىلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى).

شىنجاڭ ئىقتىسادىي زىرائەت جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى).

شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىملىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى).

گۈلگىنە

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## خەلق تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 1810 ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى يىللىق تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %85كە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسىدىن 368نى تاپشۇرۇۋالدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق بۇنىڭ 243ى تىزىملاشقا رۇخسەت قىلىندى، 77 تەشكىلاتنى تىزىمدىن چىقىرىۋېتىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات 1976، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 427، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 902، ناھىيە (شەھەر)گە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 647.

گۈلگىنە

## 2001 - يىلى رويخەتكە ئېلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2001 - يىلى رويخەتكە ئېلىشنى تەستىقلىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

**تەشۋىقات - تەربىيە** ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتى 2001 - يىلى ئاخبارات ۋاستىلىرىگە مايىللىشىپ، ياشانغانلار خىزمىتىگە ئائىت تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 13 سان ئىشلىدى. «ياشانغانلار شادلىقى گېزىتى»نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ تىراژى 110 مىڭ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ تىراژى 8366 بولۇپ، ئۇدا 7 يىل شىنجاڭدا پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان گېزىت - ژۇرناللار ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى؛ 5 ئەدەبىي ئاخبارات مەملىكەتلىك ياشانغانلار گېزىتلىرىگە بېسىلغان ياخشى خەۋەر-ماقالىلەرنى باھالاشتا 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى شۇ يىلى 59 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە 2500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ شىنجاڭ «يىپەك يولى» تورى بىلەن ئالاقىلىشىپ ياشانغان كۇرسانتلار ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن 4 قارار تور كۇرسى بار، تەخمىنەن 260 كۇرسانت بۇ كۇرسقا قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونى ۋە يېڭىشەھەر رايونىدا 2 شۆبە مەكتەپ ئېچىلدى. ئۇسسۇل ئەترىتىدىكى كۇرسانتلار بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جوڭگو بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «كەچكى شەپەق» ياشانغانلار سەلتەنەتى تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسىدە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ۋە ئەلا ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ مودا كىيىملەر ئەترىتى داليەندە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مودا كىيىملەر بايرىمىغا قاتنىشىپ، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار كىيىم - كېچەكلىرى مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھۆسنخەت ۋە رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ كۇرسانتلىرى مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلارنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك «يىپەك يولى» ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ھەمدە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى (مەكتىپى) 120 دىن كۆپرەككە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15 كۆپەيدى، ئوقۇغۇچى سانى 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى جەمئىيىتى 11 - ئايدا 2- نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا بورتالا ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بورتالا شەھەرلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك «قېلىپلاشقان ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن لەۋھە تاختىسى تەقدىم قىلىندى.

**تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى** ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتى ئەۋەتكەن خادىملار 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 9 ناھىيە (شەھەر، رايون)گە بېرىپ، يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى، ئەمگەك جۇغلانمىسى ئىش كۈنى ۋە يېزىغا تاپشۇرۇلىدىغان بىر تۇتاش ئەمەلىي خىراجىتى، كەنت قالدۇرۇقىنى كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈردى. ش ئۇ ئا ر باج - خىراجەت ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا «يېزىلاردىكى باج - خىراجەت ئىسلاھاتىدا ياشانغانلارغا ئائىت باج - خىراجەتلەرنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» سۇندى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىرلىكتە بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تارقىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن يېزىلاردىكى باج - خىراجەت ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ يۇقىرىقى 2 ئىش كۈنى ۋە 2 خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىش مەسىلىسىنى ھەققىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «ياشانغانلار قانۇنى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا تۆۋەندىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى مەلۇم بولدى: (1) «ياشانغانلار قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس. (2) ياشانغانلار ئىشى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن، ياشانغانلار ئىشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئازراق، رايونلار ئارا تەرەققىيات تەكشى ئەمەس. (3) «ياشانغانلار قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش كاپالەت سىستېمىسى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. (4) بەزى سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللىقى يېتەرلىك ئەمەس، قانۇن - نىزاملار بىلەن يۇرۇشلەشمىگەن. (5) ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى مۇكەممەل ئەمەس، جەمئىيەت بويىچە تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت تېخى شەكىللەنمىگەن.

**باشقىلار** ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتى ۋە سانجى ئوبلاستىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە جىمسار، گۇچۇڭ ۋە مورى ناھىيىلىرىگە بېرىپ، يېزىلاردىكى نامرات بوۋاي - مومايلاردىن ھال سورىدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 30 بوۋاي - مومايغا ھال سوراش بۇيۇمى ۋە ھال سوراش سوممىسى تەقدىم قىلدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 22 ئەزا ئورۇننىڭ

مەجبۇرىيىتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، يېقىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. 2001 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 700 مىڭ يۈەنلىك ئۆتكەلدىن تۇنجى قېتىم بۆسۈپ ئۆتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش دورىخانىسى ئومۇمىي قىممىتى 480 مىڭ يۈەن كېلىدىغان ئىئانە قىلىنىدىغان دورا، مەبلەغ، ئەسۋاب قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى، 685 نۇسخا قۇتۇلدۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش كارتىسى تارقىتىپ، 3452 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈرۈپ قۇتۇلدۇردى ۋە ياردەم بەردى، ياشانغان نامرات بىمارلارنى قىممىتى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان دورا بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

جى ۋېنشىن

## ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ ياشانغانلار خىزمىتى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئىشخانا خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە تەسىس قىلىندى.

جى ۋېنشىن

## ياشانغانلار خىزمىتى يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2001 - يىل 9- ئاينىڭ 16 - كۈندىن 17 - كۈنىگىچە ياشانغانلار خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ياشانغانلار خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»، مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ياشانغانلار خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «ئاپتونوم رايونىمىز ياشانغانلار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

جى ۋېنشىن

# مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مەھەللە قۇرۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش پىكىرلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مۇناسىپ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى. 7 - ئايدا قاراماي شەھىرىدىكى قاراماي رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى مەملىكەتلىك مەھەللە قۇرۇلۇش خىزمىتى يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 9 - ئاينىڭ 18 - كۈندىن 19- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇش خىزمىتى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا شەھەرلەرنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي نىشانى ۋە قەدەم - باسقۇچلىرىنى بەلگىلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز رايونىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكىرلىرى ۋە لايىھىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئاساسى ياخشىراق بولغان ناھىيە (شەھەر) لەرنى تاللاپ سىناق نۇقتىسى قىلىپ، مۇناسىپ چارە ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەشنى پەيدىنپەي تاماملاپ، شتات ۋە خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاقسۇ شەھىرى 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كۆپ ئىقتىدارلىق مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى بىناسىنى سالدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى مەھەللە مۇلازىمەت ئەسلىھەسى 1213كە، كەسپكار 8423كە، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىش

مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىسى 3456گە، مەھەللە مۇلازىمەت پىدائىيلار تەشكىلاتى 824گە، پىدائىيلار 14 مىڭ 801گە يەتتى.

پاڭ زوچاڭ، ۋاڭ جىنخۇ

## كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 5 ـ نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى 2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا رەسمىي باشلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. جايلار كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا كېتىدىغان خىراجەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، نوۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا قىلىنىدىغان ھەر خىل چىقىملارغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى يولغا قويۇش لايىھىسى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىلدى؛ نوۋەت ئالمىشىش سايلىمىدىكى تايانچلارنى تەربىيىلەش كۇرسى قاتلاممۇ قاتلام ئېچىلدى؛ كەنت ئاھالىسىگە سايلامغا ئاكتىپ قاتنىشىش ھەققىدە كەڭ تەشۋىق قىلىندى، تەربىيە بېرىلدى ۋە ئۇلار يۈنىلىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. سانجى ئوبلاستىدا نوۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىگە بالدۇر تۇتۇش قىلىنىپ، خىزمەت پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئاياغلاشتى.

پاڭ زوچاڭ

# نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

## نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2001 ـ يىلى 146 مىڭ 240 جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدە نىكاھلانغانلار 146 مىڭ 102 جۈپ، چەتكە چېتىشلىق نىكاھلانغانلار 138 جۈپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 26 مىڭ 60 جۈپ.

بې چى

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 7 دەپنىخانىدا 15 مىڭ 592 جەسەت كۆيدۈرۈلدى، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1069 جەسەت كۆپ كۆيدۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 7005، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 3096، كۈيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1400، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1578، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1480، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 816، غۇلجا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 217.

تۇرسۇن لېتىپ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 690 مىڭ 300 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 451 مىڭ 900)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 368 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.24. شەھەر بويىچە 52 مىڭ 770 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 40 مىڭ 200 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 17 مىڭ 540 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 15 مىڭ 100 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ گاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شۆھرەت زاكىر، چېن شۇچېن (ئايال)، گو لىيەنشەن، خەمىت ئىسمائىل (3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خې يىمىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماسەيمىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لىيۇ جېنزې (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رىشات ئىنايىتۇللا (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز پەيزۇللا (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رىشات ئىنايىتۇللا (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نيۇ يۈنزۇڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ ئېنلياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ شۇيۈەن (ئايال)، جاڭ رۇي (خۇيزۇ)، مۇرات يۇنۇس، ئەبەي سەكەي (قازاق)، يۇ داۋخۇ، چېڭ لىشيەن (ئايال 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: شۆھرەت زاكىر (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جۇ ئېنلياڭ (3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گو لىيەنشەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خۇيزۇ)، رېن گۇاڭخۇا (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇي جېمىڭ، گو يىكۈن، سۈن ۋېنچى، دۇ چىنرۇي (ئايال)، جاڭ خۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۈنخې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماناپقان نۇرقوجا (قازاق)، جياۋ سۇيچېڭ، زەينەپ ماخمۇت، لى جۇنفېڭ، ۋۇجېنشۈن (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تەلئەت مۆيدىن، شېرىپجان داموللا، جاڭ كەيخۇا، ليۇ جۈن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 31 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 406 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.7، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

ئىزاھ: 1. 2001 -يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2. 2001 - يىلدىكى نوپۇس سانىنىڭ ئەسكەرتىلگەندىن باشقىلىرى يىغتۇۋىنىڭ شەھەردە ئورۇنلاشقان ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 3. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مۇتلەق سانى يۈتۈنلەي ھازىرقى باھا، ئېشىش نىسبىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. 4. ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد سودا يەرمەنكىسى قىسقارتىلىپ «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» دەپ ئېلىندى. 5. ئېلىنغان ئابونېنتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى جامائەت مۇقىم تېلېفون ئابونېنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەھسۇلات قىممىتى 817 مىليون 590 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 10% ئاشتى. بىر يىلدا 75 مىڭ 686 توننا ئاشلىق، 4424 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 713 توننا قىزىلچا، 561 مىڭ 920 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 600 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 979 توننا گۆش، 25 مىڭ 161 توننا سۈت، 4602 توننا تۇخۇم، 2760 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 215 مىڭ 301 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 7.15% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8% ئاشتى. شەھەر بويىچە چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 297 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليارد 182 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلات سېتىلىش نىسبىتى 101.7% بولدى. بىر يىلدا 6 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت توك (سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 978 مىليون كىلوۋات سائەت)، 6 مىليون 670 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 880 مىڭ توننا سېمونت، 1 مىليون 320 مىڭ توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 790 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 560 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 63 مىڭ 578 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 61 مىليون 280 مىڭ مېتىر رەخت، 96 مىليون 880 مىڭ توننا سىر، 94 مىڭ 902 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 3215 كومبايىن، 50 مىڭ توننا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 33 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

بىر يىلدا شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 14 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 230 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 540 مىليون يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 120 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 160 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 12 مىليون 268 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 8 مىليون 988 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر)، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 4 مىليون 862 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 883 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر). پۈتكۈزۈلگەن تاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 267 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سېتىلغان ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 926 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 751 مىليون 780 مىڭ يۈەن (شەخسلەرگە سېتىلغىنى 3 مىليارد 406 مىليون 570 مىڭ يۈەن). 10 مىليارد 860 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 17 مىليارد 447 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليارد 793 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 199 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 127 پوچتا ئىدارىسى ـ پوچتا پونكىتى بار. كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 974 مىڭ 238 تۇچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 541 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 688 مىڭغا، ئاممىۋى تېلېفون 19 مىڭ 795 كە يەتتى، شەھەر بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى جەمئىيەتتە 100 ئادەمگە 44.67 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 23 مىليارد 671 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 27 مىليارد 812 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى (توپ سېتىلغىنى 2 مىليارد 259 مىليون 969 مىڭ يۈەن). ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 13 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ 5 مىليارد 563 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 1 مىليارد 256 مىليون يۈەن. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 631 مىليون 420 مىڭ دوللار (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋەسى 238 مىليون 600 مىڭ دوللار) غا، ئىمپورت سوممىسى 195 مىليون 290 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 3 مىليون 750 مىڭ دوللار) غا، ئېكسپورت سوممىسى 436 مىليون 130 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 234 مىليون 850 مىڭ دوللار) غا يەتتى. ھەر خىل ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 103ى ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر 47، ئەمەلىيەتتە 6 داڭلىق ماركا، 22 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈلدى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان كارخانىدىن 28 ى يېڭىدىن تەستىقلاندى (ئىككى تەرەققىيات رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ كارخانىلارغا 143 مىليون 118 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، توختام بويىچە 75 مىليون 183 مىڭ 800 دوللارلىق چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلدى.

2001 ـ يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسىدە ئۈرۈمچى سودا ئۆمىكى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا توختامىدىن 29نى ئىمزالىدى (ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 22، تاشقى سودا توختىمى 7)، توختام سوممىسى 106 مىليون 118 مىڭ دوللار، 3 مىليون 752 مىڭ 500 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى (خەلقئارا ساياھەتچى 115 مىڭ 100). ساياھەتچىلىك ۋە مال سېتىۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليارد 273 مىليون يۈەن (خەلقئارا ساياھەتچىلىك ۋە مال سېتىۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 261 مىليون يۈەن). يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 484 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000ـ يىلدىكىدىن %22.24، يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 793 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %66.30 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى يىل ئاخىرىدىكى 65 مىليارد 813 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 77 مىليارد 295 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 25 مىليارد 486 مىليون 480 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە 61 پەن ـ تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى. 4 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 58 مىڭ 249، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5423؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 146، ئوقۇغۇچىسى 100 مىڭ 446 (مىللىي 31 مىڭ 769)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7155؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 190، ئوقۇغۇچىسى 150 مىڭ 497 (مىللىي 40 مىڭ 953)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8879؛ بالىلار باغچىسى 167، باغچىدىكى بالا 35 مىڭ 651 (مىللىي 5271)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1940؛ گاس، ئەما ـ گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 333 (مىللىي 53)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 73. 2001 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مائارىپ ئىشلىرىغا 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 110 مىليون يۈەن مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنىپ، 65 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى پۈتكۈزۈلدى، 12 مىليون يۈەن مەكتەپلەرگە زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاپپاراتى 104 (سەنئەت ئۆمىكى 9). 2001 ـ يىلى ئاخبارات ئەدەبىياتى «پامىرغا بېرىش» مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» بولماسلىقتەك ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى.

شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى دوختۇرخانا 72، شىپاخانا 23، ئامبۇلاتورىيە 54، ساناتورىيە 4، مەخسۇس تۈر بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنى 2، سەھىيە يوقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمى (ئورنى) 15، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (ئورنى) 2، تېببىي دورا تەكشۈرۈش ئورنى 2، تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 4، ئالىي (ئوتتۇرا) دەرىجىلىك تېببىي ئوقۇتۇش ئاپپاراتى 6، باشقا سەھىيە ئىشلىرى ئاپپاراتى 7، ئامبۇلاتورىيە، داۋالاش ئۆيى، ساقلىق ساقلاش ئورنى 933؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 11 مىڭ 700. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 17 مىڭ 588 (دوختۇر 7907)؛

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە 376 مەكتەپتىكى 196 مىڭ ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» بويىچە سىناقتا قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.32، ئەلالىق نىسبىتى %11.01 بولدى. ئۈرۈمچى كوماندىسى 3 تۈردە مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 2 ئالتۇن مېدال، 9 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى؛ 137 تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 89 ئالتۇن مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7897 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3580 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 920 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13.89 كۋادرات مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99.98كە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99.51كە، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىلىدىغان كۆلەم 30 مىليون 140 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قاتناۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسىدىن 4653 ى بار بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە مىنىبۇس 1463)، ئاپتوبۇس قاتنايدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 488

كىلومېتىر، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان كوچا ئاپتوبۇسى 16.61، تاكسى 6392. شەھەر بويىچە كۆكەرتىلگەن يەر 4387.3 گېكتار، قۇرۇلۇش قىلىنغان رايوننىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 21.41% كە، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 24.92% كە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان جامائەت كۆكلەمزارلىقى 4.71 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن 146 خالتىلىق ئەخلەت يىغىۋېلىش پونكىتى، سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان 8 ھاجەتخانا، 5 مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىسى سېلىندى.

بىر يىلدا 13.27 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 15 شەھەر يولى يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، بىر پىيادىلەر كۆتۈرمە كۆۋرۈكى، 13.24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 7 يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 17.24 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبا لىنىيىسى ئۆزگەرتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى شىدۇنزى تېغىغا قۇرۇلغان، كۆلىمى 200 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ سۈزۈلدۈرۈش كۆلچىكى، V شەكىللىك سۈزگۈچ كۆلچەك ۋە ئىچكى قىسمىنى يورۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتۈنلەي پۈتتى. 327 پارقازاننى تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، 570 كىچىك پارقازان چۇۋۇۋېتىلدى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 8 مىليون 375 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى. گاز چىقىرىش لاياقەتسىز ئاپتوموبىلدىن 7278 ى تۈزىتىلدى. 9.61 كۋادرات مېتىرلىق ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون كۆپەيتىلدى، ئىس - تۈتەكنىڭ تىزگىنلىنىشىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %84.80 كە، شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ قاپلاش نىسبىتى %27.54 كە يەتتى. كېرەكسىز گازنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى سائىتىگە 614 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، كۈنلۈك يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1160 توننا. بىر يىلدا ھاۋا بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 3 - دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان كۈن بىر يىلدىكى كۈن سانىنىڭ %68.75 نى ئىگىلىدى.

ئايشەم

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر تورى

بۇ تور ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتتى، ئۇنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى باشقۇردى، تور بېكىتى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىدا تەسىس قىلىندى. بۇ تور بېكىتىگە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر مول ئۇچۇرلار توپلانغان، ئۇ ئۇچۇر ئېلان قىلىش، باھا ئۇچۇرى، تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج قىزىق لىنىيىسى، كەسپىي يېتەكچىلىك، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر پەن - تېخنىكا، مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى، ئىختىساسلىق خادىملار بازىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەت مىساللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تور بېكىتى ئىنتېرنېت تورى ۋە تېلېفون مۇلازىمىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

سۇن گۈيچېڭ

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2001 - يىلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلەت بولغا قويغان غەربنى كەڭ ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رايون فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ماكانلىرىنى ئېچىپ، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. تېخنىكا، سانائەت، سودا كىرىمى 5 مىليارد 178 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.41، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.28، ئېكسپورتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 59 مىليون 590 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %5.27، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 928 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.152، باج كىرىمى 311 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.64، مالىيە كىرىمى 201 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.78 ئاشتى. ئېشىش سۈرئىتى %9.63 كە يەتتى.

2001 - يىلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 2 - قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغان تۇنجى يىل. شۇ يىلى رايوندا 8 كەسپىي باغچا رايونى قۇرۇلۇپ، «بىر رايون، كۆپ باغچا» بولۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي قۇرۇلما شەكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە «گۈلبوستان» يۇمشاق دېتال باغچىسى سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلىدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون ئىچىدىكى قانۇنىي ئىگە كارخانا 848 گە (2001 - يىلى يېڭىدىن كۆپەيگىنى 170)، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 53 كە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 15 كە، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 29 غا يەتتى. ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى 21 گە، پۈتتۈشۈش سوممىسى 341 مىليون يۈەنگە، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 52 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2001 ـ يىلى تەرەققىيات رايونى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا باغچا رايونىنى قۇرۇپ ئىش باشلاپ، داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچۈر، ئىختىساسلىق خادىم، پەن تەتقىقات ئۈستۈنلۈكىدىن ۋە خەلقئارا تېخنىكا تورى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئۈز ئارا بىرلەشكەن، تېخنىكا، سانائەت، سودا بىر گەۋدىلەشكەن، يۇقىرى پەن تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن نەتىجە كەسىپلەشكەن ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش زەنجىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 607 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %24.1 ئاشتى. تەرەققىيات رايونىنىڭ مالىيە كىرىمى 298 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %154.1 ئاشتى؛ شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 220 مىليون يۈەنگە، سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 166 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يەتتى. 325 تۈر يېڭىدىن تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان تۈر 11 (شۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 7). ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 392 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى 2001 ـ يىللىق يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىنەت بايرىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى.

★ ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ قۇرۇلتىيى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايدا يېقىنقى مەزگىلدە ئىقتىسادتا كۈچلۈك شەھەر قۇرۇش، داڭلىق ساياھەت شەھىرى بەرپا قىلىش تەرەققىيات نىشانى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئايشەم

# تەڭرىتاغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تەڭرىتاغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 2001 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 14، يېزا بىر (2001 ـ يىلى تەڭرىتاغ رايونى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسىنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالدى)، ئاھالىلەر كومىتېتى 235، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 443 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 139 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 42 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %6.99، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %4.01. رايون بويىچە 3003 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1667 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 210 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تەڭرىتاغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات مەنبىئى شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە باش ئورگىنى ۋە بىڭتۇەننىڭ باش ئورگىنى مۇشۇ رايونغا جايلاشقان، ئۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، پۇل مۇئامىلە، مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزى. رايون تەۋەسىدىكى قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داڭلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ، ئۇ شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىغا جايلاشقان. تۇز كۆل شىنجاڭدىكى داڭلىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، تۇز زاپىسى 12 مىليون توننىغا، شور زاپىسى 120 مىليون توننىغا يېتىدۇ. جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇلامباي ـ سايئوپا ـ داۋانچېڭلار داڭلىق 100 چاقىرىملىق شامال رايونى بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى 9 چوڭ شامال رايونلىرىنىڭ بىرى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى ۋە تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى ئېلېكتىر تورىنىڭ 220 كىلوۋولتلۇق، 110 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش سىم يولى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تەڭرىتاغ رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خېڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئاقنىياز.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ياۋشېڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى تەڭرىتاغ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 948 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %30.46 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد

393 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.43%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 545 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 639 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1.41% ئاشتى. 2013 توننا ئاشلىق، 615 توننا ياغلىق دان، 8560 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 30 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 392 توننا گۆش، 34 توننا قوي يۇڭى، 9066 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 4771 توننا سۈت، 36 توننا تۇخۇم، 508 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 235 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 20 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7225 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2756گە، مەھسۇلات قىممىتى 380 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 20 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 8.82% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 305 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 1 مىليارد 715 مىليون 96 مىڭ يۈەن. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 671 مىليون 563 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.88% ئاشتى. 3 مىليارد 762 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 87 مىڭ 474.99 توننا تۇز، 73 مىڭ 57.2 توننا شور، 57 توننا تەييار جۇڭيى دورىسى، 139 مىڭ 500 توننا بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.58% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 353 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 5 مىليون 670 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 5 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 659 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 8.35% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 883 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.66% ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 515 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، 22.78% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 196 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.4 ھەسسە ئاشتى؛ باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 63 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 51.45% تۆۋەنلەپ كەتتى. رايون بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارى 41 مىليون 70 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر بولۇپ، 42.71% تۆۋەنلەپ كەتتى، 110 مىڭ تېلېفون ئابونېنتى كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 541 مىڭ 200 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 3 مىليارد 885 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.14%، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ 479 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.5% ئاشتى. رايون بويىچە چوڭ ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى ۋە مونوپوللۇق سېتىش دۇكىنىدىن 42 سى، ھەر خىل سودا بازىرىدىن 54 ى بار. بۇلارنىڭ يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 626 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 165 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 90 مىليون 560 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 74 مىليون 720 مىڭ دوللار. 140 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 195 مىليون 140 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. رايون تەۋەسىدە 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدىن بىرى، 4 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدىن 2 سى، 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدىن 9ى، 2 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدىن 5ى بار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 253 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.15%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 225 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 35.94% ئاشتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2521، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1099. بىر يىلدا مائارىپ ئىشلىرىغا 59 مىليون 440 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 27 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، باشلانغۇچ مەكتەپ 28. ھەر خىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2306 (مىللىي 1057). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى 100% بولدى. رايون تەۋەسىدە 27 ئارامگاھ ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، 12 كىنو ـ تىياتىرخانا، 7 نەشرىيات، 59 ژۇرنال تەھرىراتى، 6 «شىنخۇا» كىتابخانىسى، 7 كىتاب بېسىش كارخانىسى، 45 مەملىكەتلىك ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئورۇنچىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىق پونكىتى بار. 24 خىل گېزىت ئاشكارە تارقىتىلدى. رايون تەۋەسىدە 3 تارىخىي ئاسار ئەتىقە ئورنى،

4 خاتىرە مەيدانى ۋە ئورنى، 4 داڭلىق مەسچىت بار.

بىر يىلدا مەدەنىيەت تور - نۇقتىسىدىن 681 ى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىجارىگە بېرىش، پارچە سېتىش ئورنى 231، سىنئالغۇ قويۇش ئورنى 16، مەتبەئە ساھەسىگە تەۋە خەت بېسىش، كۆچۈرۈپ بېسىش ئورنى 224، گۈزەل - سەنئەت ئورنى 29، كىتاب ئىجارىگە بېرىش، پارچە سېتىش ئورنى 148، تانسخانا 33. ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە مېيىپلارغا «مەدەنىيەت تىجارەت ئىجازەتنامىسى» دىن 100 ى ئالدىن بېجىرىپ بېرىلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ۋە كۈندىلىك تەكشۈرۈش 854 ئادەم (قېتىم) ئېلىپ بېرىلدى، 22 ئاپتوموبىل (قېتىم) چىقىرىلدى، مىللىي تىل - يېزىقتىكى ئۈن - سىن، كىتاب - ژۇرنال بازىرى ۋە خەت بېسىش، كۆچۈرۈپ بېسىش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نۇقتىلىق تۈزەلدى. مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ تىجارەت قىلىشنىڭ تازىلىنىش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

بىر يىلدا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورنى ۋە ھەرخىل ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى نازارەت قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %95 كە، كەسپكارلارنىڭ بەدەن تەكشۈرتۈش نىسبىتى %95 كە، تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىش نىسبىتى %100 كە، بالىلارنى ئىممونىتېتلاش بويىچە كارتا تۇرغۇزۇش نىسبىتى %100 كە، «تۆت خىل ۋاكسىنا» نىڭ قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ باشقۇرۇلۇش نىسبىتى %98 كە، چەكلىنىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئايرىۋېتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

رايون تەۋەسىدە تەنھەرىكەت مەيدانىدىن 8ى بار. رايون بويىچە مەكتەپتىكى 67 مىڭ 683 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، 19 مىڭ 683ى ئارتۇق ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %93.3 كە يەتتى. رايون تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك 15 - U «پۇتبول لوڭقىسى» نى تالىشىشتا 2 - ، تېز مۇز تېيىلىش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىدە 3 -، 4 -، 5 - بولدى. ھەر كۈنى تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك ساغلاملىق پائالىيىتىگە قاتناشتى، دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىدىغان نوپۇس رايوندىكى نوپۇسنىڭ %60 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، تەڭرىتاغ رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7897 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6066 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5857 يۈەنگە يەتكەن. رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 158 مىڭ 200، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 12 مىڭ 967 يۈەن. رايون تەۋەسىدە ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى مۇلازىمەت پونكىتىدىن 16 سى، ھۆكۈمەت كۆۋاھلىقى ئورنى، ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن 20 سى، ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەت شىركىتىدىن 6 سى بار.

بىر يىلدا 5 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى، 57 مىڭ 350 ئادەم (قېتىم) كاپالەت قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتى. رايون بويىچە ئىس-تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 10ى بەرپا قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 18.42 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىتتا شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 19.1 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

★ ج ك پ ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق 7 - قۇرۇلتىيى 6 - ئاينىڭ 19 - 20 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

يۇ شىنخۇا

# سايباغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 2001 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، (ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى ساڭفاڭگۇ، جيۇجياۋەن مەمۇرىي كەنتلىرى 1 - ئاينىڭ 1. كۈنى سايباغ رايونغا ئايرىپ بېرىلدى)، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 114. رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 412 مىڭ 676 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 90 مىڭ 434)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 351 مىڭ 782. دائىملىق نوپۇسقا ئېلىنمىغانلار 33 مىڭ 82؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.94، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.67. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي يى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چېن يۆجۇ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئىمىرباقى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

لىپ كېيىن (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاڭ جىڭۇاڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ساياغ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 796 مىليون 809 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 44.8%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1مىليارد 770 مىليون 543 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.18%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 990 مىليون 656 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 542 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 58.7% ئاشتى. بىر يىلدا 1998 توننا ئاشلىق، 166 توننا يۇرچاق، 165 توننا ياغلىق دان، 770 توننا قىزىلچا، 25 مىڭ 591 توننا كۆكتات، 22 مىڭ 617 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 96 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 2135 توننا گۆش، 2036 توننا سۈت، 181 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 97 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 9904 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 994 مىليون 254 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 12.16%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 552 مىليون 765 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.8% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: توك 356 مىليون 50 مىڭ كىلوۋات سائەت، كۆمۈر 358 مىڭ 500 توننا، بۇغداي ئۇنى 3600 توننا، كىيىم ـ كېچەك 132 مىڭ قۇر، تۇز كىلاتاسى (تەركىبى 31% تىن يۇقىرى) 43 مىڭ 565 توننا، ناترىي گىدروكسىد (ئويغۇچى ئىشقار) 37 مىڭ 892 توننا، ناترىي كاربىد (كالتسىي كاربىد) 65 مىڭ 763 توننا، سۇلياۋ يىلىم ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا 30 مىڭ 494 توننا، سۇلياۋ ياسالما 9955 توننا، سانائەت پارقازىنى 18 پار مىقدار توننا، سېمونت 1 مىليون 337 مىڭ 100 توننا، نېفىت بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىمىسى 5954 توننا، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 690، كىچىك تراكتور 12 مىڭ 672، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل 380، ترانسفورماتور 158 مىڭ 673 كىلوۋولت ئامپېر، ئەسلى باتارىيە (قۇرۇق باتارىيە) 34 مىليون 120 مىڭ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 7 مىليون 224 مىڭ 200 مىليون كىلوجوئۇل، تۇرۇبا سۈيى 138 مىليون 16 مىڭ 200 توننا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.09% كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 7 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 788 مىڭ 926 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت .كۆلىمى 713 مىڭ 491 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 230 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 4 تاشيول ياسالدى؛ ئومۇمىي كۆلىمى 29 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 9 يول كېڭەيتىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 961 مىليون 820 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 910 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 240 مىليون 550 مىڭ 800 يۈەن. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 48 مىليون 600 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 38 مىليون 900 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 9 مىليون 700 مىڭ دوللار. 1 مىليون 417 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 345 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 221 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 27%. 26، يەرلىك مالىيە چىقىمى 170 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 76%. 9 ئاشتى. باج 796 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 ـ يىلى 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «رايوننى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىم 33 مىڭ 256، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 32 (مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 29)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 571 (مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 517). رايوندىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 272 (مىللىي 41)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1572 (مىللىي 228)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 3732 (مىللىي 864). 2 ئوتتۇرا مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلۇپ، 472 كومپيۇتېر سەپلەندى. مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 296 (مىللىي 7880). 6

باشلانغۇچ مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلۇپ، 785 كومپيۇتېر سەپلەندى. بالىلار باغچىسى 39، باغچىدىكى بالا 8499. سايباغ رايونى ئۈستىگە ئالغان ساپا مائارىپىغا دائىر دۆلەتلىك تېما — «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ياخشى ھەرىكەت ئادىتى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا باھا» مەملىكەت بويىچە زور مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ دۆلەتلىك 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تېما — «باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش تەجرىبىسى» مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەدەنىيەت خىزمىتىگە 837 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 212 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل ئويۇن قويۇلۇپ، 1773 نومۇر ئورۇندالدى. «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يېتىش خىزمىتى پائال يولغا قويۇلۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 52 مىڭ 570 ى ئۆلچەمگە يەتتى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %90 بولدى. سەھىيە خىزمىتىگە 5 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى سايباغ رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7897 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6066 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 486 يۈەنگە يەتتى. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى 30 مىڭ 271 بولۇپ، ئۇلارغا جەمئىي 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. 223 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 216 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەندى؛ 3770 ئىشسىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالغان 480 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شەھەر رايونىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 89.68 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يامالىق تېغىدا يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن يەر 77.66 گېكتار. رايون تەۋەسىدە ئىس - تۈتەك، شاۋقۇن بويىچە «ئىككىدە ئۆلچەمگە يەتكەن» رايوندا پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىلىش نىسبىتى %100كە، شاۋقۇننىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98.3 كە يەتتى.

## يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى

يامالىق تېغى سايباغ رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 800 مېتىر، تاغ باغرىدىكى يەر كۆلىمى تەخمىنەن 40 كۋادرات كىلومېتىر، كۆكەرتىشكە بولىدىغان يەر كۆلىمى 4000 گېكتار. 2001 - يىلى رايون بويىچە 554 ئىدارە، 14 مىڭ 727 ئاپتوموبىل (قېتىم)، 120 مىڭ ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئەتىياز ۋە كۈزدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا قاتناشتۇرۇلدى. يېڭىدىن 77.66 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 47 مىڭ 552 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 1.64 گېكتار يەرگە چىم تېرىلدى، كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان 100 گېكتار يەر تۈزلەندى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %92 كە، دەل - دەرەخلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. يېڭىدىن يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، 9 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول، سەككىز بۇرجەكلىك كۆزىتىش مۇنارىدىن 4 ى ياسالدى، 1200 مېتىر توپا تام قوپۇرۇلدى، 40 گېكتار يەردە چىم يېتىشتۈرۈلدى، 30 مىڭ 79.66 مېتىر سۇ باشلاش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 100 گېكتار يەرگە تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. يامالىق تېغىغا كىرىش ئېغىزىغا 20 مىڭ تۈپ قىزىل يوپۇرماقلىق كىچىك بەرخۇت دەرىخى، چىلىگۈل تىكىلىپ، «يامالىق تېغى سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېگەن يوغان شەكىل چىقىرىلدى، 34 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى.

يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش بويىچە ئېچىش، ئۆزگەرتىشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 306.67 گېكتارغا، تىكىلگەن كۆچەت 100 مىڭ تۈپكە، دەرەخ خىلى 48 گە يەتتى. يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش بويىچە ئېچىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ھازىر شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشتا كۈندىن كۈنگە مۇھىم رول ئويناماقتا. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۆلچەپ كۆرسىتىشىچە، 2000 - يىلى پۈتۈن يىل ۋە 2001 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەھەر رايونىدىكى ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە چۈشىدىغان ئومۇمىي لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى 1997 - يىلدىكىدىن 0.12 مىللىگرام، يامالىق تېغىدىن كېلىپ ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە چۈشىدىغان چاڭ - توزان 1997 - يىلدىكىدىن 0.12 مىللىگرام تۆۋەنلىگەن. بىر يىلدا بۇ قۇرۇلۇشقا 27 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 3 - ئايدا سايباغ رايونى ئەسلىدىكى 71 ئاھالىلەر كومىتېتى، 136 ئائىلە كومىتېتىنى تەڭشەپ، يېڭىۋاشتىن 114 مەھەللىگە بۆلدى. يېڭى مەھەللىدە ئادەتتە 700 ـ 1500 گىچە ئائىلە بار، ئەڭ چوڭ مەھەللىدە 4000 دىن ئارتۇق ئاھالە، ئەڭ كىچىكىدە 400 نەچچە ئائىلە بار.

ما لىكۈن

# تودۇڭخابا رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تودۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىگىچە 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، مەھەللە كومىتېتى 38. يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 116 مىڭ 230، كۆچمە نوپۇس 11 مىڭ 23، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 86 مىڭ 380. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 549؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.98، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە پولات ـ تۆمۈر، نېفىت ماددىي ئەشيالىرىنى توپلاش ـ تارقىتىش، تۆمۈريولدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇش، سېمونت، ئىلمە توقۇلما قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرى بار؛ ھاراق، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، مېۋە ـ چېۋە بازىلىرى بار؛ تودۇڭخابا، ۋاڭجياگۇدىن ئىبارەت ئىچىملىۋاتقان 2 سانائەت باغچا رايونى بار؛ بىگتۇۋەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تودۇڭخابا رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شاڭ بيەنجياڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جيەنگو (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جيەنگو (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇ لۇچېڭ.

رايون باشلىقى: لۇ خەيلياڭ.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى تودۇڭخابا رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 94 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.9، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 877 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %34.25 ئاشتى. 20 مىڭ 985 تونna ئاشلىق (بۇغداي 12 مىڭ 316 تونna)، 7647 تونna مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 58 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 3449 تونna گۆش، 4565 تونna سۈت ئېلىندى. 100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 25 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 921 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.92 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 142 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.33 ئاشتى. 1 مىليون 250 مىڭ تونna پولات، 1 مىليون 240 مىڭ تونna تەييار پولات ماتېرىيال، 580 مىڭ تونna سېمونت، 400 تونna سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %113 كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 490 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 141 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 315 مىليون 720 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 33 مىليون 690 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يۇقىرى سۈرئەتلىك سىم ماتېرىيال 340 مىڭ تونna، سېمونت 200 مىڭ تونna، غەربىي ۋوگزالنىڭ كېڭەيتىلگەن ئوتتۇرا تۆگۈن يولى (ئالىي يول) 1000 مېتىر، يېڭىدىن ياسالغان يول 17 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، رېمونت قىلىنغان يول 16 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 183 مىليون 670 مىڭ تونna ـ كىلومېتىرغا، پوچتا، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 459 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 69 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %28.04، يەرلىك مالىيە چىقىمى 55 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.82 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 352 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 848 مىليون يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6210. بىر يىلدا مۇتەخەسسىلەر مەسلىھەت بېرىش تېمىسىدىن 6 سى ئورۇندالدى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى 5 قېتىم تېخنىكا مۇلازىمىتىگە تەشكىللەندى؛ 2673 ئادەم ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە ۋە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە قاتناشتى؛ 21 قېتىم پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 2001 - يىلى «مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. رايوندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 907 (مىللىي 356)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 51؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 438 (مىللىي 144)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 3211 (مىللىي 871)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 6999 (مىللىي 1490). يۇقىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 906 (مىللىي 178). رايون بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتىپىدىن 3 ى بار، ئوقۇغۇچىسى 508. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 521 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.9 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

رايوندىكى دوختۇرخانا، شىپاخانا 18، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، يەككە ئامبولاتورىيە 28؛ كارىۋات 637، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكىسى 527؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1018، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 391.

رايون بويىچە مەكتەپتىكى 8356 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %94.1 بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇدۇڭخابا رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7897 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6066 يۈەنگە يەتكەن. دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3580 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 514 يۈەنگە يەتتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 12 سى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 24 مىليون 302 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس - تۈتەك، شاۋقۇن جەھەتتە «ئىككىدە ئۆلچەمگە يەتكەن» رايوندىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 4.96 كۋادرات كىلومېتىر.

## سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش ئەھۋالى

2001 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر تەرەپتىن، ئەۋزەللىرىنى، كۆچلۈكلىرىنى يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2001 - يىلى ئەۋزەللىرىنى، كۆچلۈكلىرىنى يۆلەش مەبلىغىدىن 2 مىليون 572 مىڭ 900 يۈەننى نەقلەشتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى بىلەن ۋاڭجياگۇ سانائەت باغچا رايونىنى نۇقتا قىلىپ، تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ 2 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

2001 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 7 تۈردە كېلىشىم ئىمزالاندى، بۇ تۈرلەرگە 757 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېببىي دورا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان دورا ياساش تۈرى، شىنجاڭ «تېڭفېڭ» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ئاليۇمىن بىرىكمە تاختا ئىشلەش تۈرى ۋە شىنجاڭ «جىنشى» گۇرۇھى 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ئىقتىدارى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالت تۈرى ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى. كىرگۈزۈلگەن 24 تۈرگە 863 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 17 تۈر پۈتتى، بۇ تۈرلەرگە 122 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ بىرقەدەر كۆپ بولغىنى شىنجاڭ تېببىي دورا گۇرۇھىنىڭ دورا زاۋۇتى، شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھىنىڭ بىئو - خىمىيىلىك دورا زاۋۇتى، قاراماي «غەربتىكى گۆھەر» تاختا زاۋۇتى، ئاليۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلاردىن ئىبارەت.

## تۇدۇڭخابا سانائەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 -يىلى سانائەت رايونىدا داۋاملىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. ئازكەم 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سانائەت رايونىنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان سىم يولى 500 مېتىر، سۇ تۇرۇبىسى 200 مېتىر، يۇندا تۇرۇبىسى 400 مېتىر ئۇزارتىلدى، 1800

كۋادرات مېتىر پىيادىلەر يولىغا گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلدى، 13 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلىندى. 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يوندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى مۇشۇ يىل پۈتتى.

ساناۋەت رايونىغا يېڭىدىن 6 كارخانا كىردى، بۇ كارخانىلار 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى. ساناۋەت رايونىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 283 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا)، ساناۋەت قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 921 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسى دۇۋۇيۇ يېزىسى خېنەنجۇاڭزى كەنتىنى توۇدۇڭخابا رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، كونكرېت ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتى 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

★ 2001 يىلى توۇدۇڭخابا رايونىدا يېڭىدىن 38 مەھەللە قۇرۇلدى. مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ غەربىي ۋوگزال مەھەللە باشقارمىسىدىن باشقىلىرى قۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، مەمۇرىي ئىشلاردا ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلۇپ، مەھەللە ئاھالىلىرىگە قولايلىق يارىتىلدى.

★ ج ك پ ئۈرۈمچى شەھىرى توۇدۇڭخابا رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 37 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا شەھەرلىك يېزا خىزمىتى كومىتېتىغا بىۋاسىتە قارايدىغان نەنشەن چارۋىچىلىق فېرمىسىنى پۈتۈن تۈزۈلمىسى بىلەن توۇدۇڭخابا رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق توۇدۇڭخابا رايونى شىمالىي ۋوگزال غەربىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى توۇدۇڭخابا رايونى رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنى ئاچتى.

★ 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ «تېڭفېڭ» سودا - ساناۋەت شىركىتىنىڭ تۇنجى كۆيۈشكە قارشى ئاليۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمە بېزەك تاختا ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيىسى توۇدۇڭخابا ساناۋەت رايونىدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا ئاليۇمىن - سۇلياۋ تاختا ئىشلىمىگەنلىكتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى ھەمدە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئاليۇمىن - سۇلياۋ تاختا ئىشلەش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

جياۋ جۈنبىڭ

# شىمىگو رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2001 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 57 (شۇ يىلى ئەسلىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتى، ئائىلە كومىتېتى پۈتۈنلەي مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى). يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 146 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 8600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.14‰. رايوندا 27.711 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 4.55 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 89.64 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 571.73 گېكتار يەرگە كۆكتات (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6.277 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شىمىگودا داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن قىزىل تاغ، سۇ مۇنارى تېغى، سۆزۈك بۇلاق تېغى، خۇڭچياۋ تېغى، ئارشاڭ تېغى، قار لەيلىسى تېغى ۋە شىمىگو دەرياسى بار، مەنزىرە رايونىدا ئارشاڭ ساناتورىيىسى، گۋاڭخۇي ئارامگاھى، فېڭزېيۈەن ئارامگاھى، ئۆزۈمتاغ كەنتى، دىنى شاتلىق باغچىسى، ياۋا غاز - قاقىر ئارىلى ئاۋىئاتسىيە كۆلۈبى، قار لەيلىسى تېغى گولۇف توپ مەيدانى قاتارلىق ئارامگاھ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە خەن سۇلالىسىغا ئائىت ئاق قاشتېشى مۇنارى، خەنۋېن چوققىسى، زەمبىرەك غەلبىسى، مەنسەپ ئۆتكۈزۈۋېلىش راۋىقى قاتارلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمىگو رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭچېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى رۇڭزۇڭ.

رايون باشلىقى: ۋاڭ گۇيلىن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈەن باۋشىن (4 - ئايدا مۇۋەققەت رايون باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مېي (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شىمىگو رايونى بويىچە ئىچكى

ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 468 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 460 مىڭ يۈەن؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 654 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %7.23، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 802 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.18 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 225 توننا ئاشلىق، 63 توننا ياغلىق دان، 29 مىڭ 100 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3396 تۇياق چارۋا قالدى. 857 توننا گۆش، 164 توننا سۈت، 65 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 25.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىڭ 238 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسىدىن 3167 سى بار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 108 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 178 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 369 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %7.18، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 465 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.39 ئاشتى. 1 مىليارد 281 مىليون 680 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 196 مىڭ توننا كۆمۈر، 41 مىڭ 543 توننا پاختا يىپ، 61 مىليون مېتىر پاختا رەخت، 6093 توننا سىر، 12 مىليون 360 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 458 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 31 مىڭ 152 توننا قەغەز بوتقىسى، 13 مىڭ 377 توننا فابرىكا قەغىزى، 22 مىڭ 190 توننا سۇۋالغۇ، 5538 توننا سۇلياۋ ياسالما، 710 مىليون دانە (ئۆلچەملىك) خىش، 44 مىڭ 460 ساندۇق تاختا ئەينەك، 4 توننا پولات مىق، 152 توننا پولات سىم، 2963 كىلومېتىر ئېلېكتىر كابېلى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.14 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 493 مىڭ 889 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 358 مىڭ 239 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 805 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 590 مىليون 230 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 18 مىليون 350 مىڭ يۈەن، ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 191 مىليون 980 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 330 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: كېڭەيتىلگەن تاشيول 3000 مېتىر، شەھەرنى ئايدا تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون 30 مىڭ توننا. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 767 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 768 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 510 مىليون 670 مىڭ يۈەن. رايون بويىچە ھەرخىل ئىستېمال بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش بازىرىدىن 6 سى بار، بازارلارنىڭ يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 210 مىليون 440 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 54 مىليون 130 مىڭ دوللارغا، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 600 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 30 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 125 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %26.95، يەرلىك مالىيە چىقىمى 112 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.84 ئاشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 459 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 14 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 459 مىڭ 800 يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 429 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 829 مىڭ 500 يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 ـ يىلى رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 609، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 224. شۇ يىلى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 12 سى ئورۇندالدى (بىر قىسمى). رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 4839 (مىللىي 1634)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 706 (مىللىي 2522). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1144، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 327 (مىللىي 162)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 772 (مىللىي 190). يىل

ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە يەتتى.

رايون بويىچە ئىجتىمائىي كۆچلەر باشقۇرغان تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىدىن 46 سى، يەككە ئامبولاتورىيىدىن 121 ى، دوختۇرخانىلاردا 1111 كارىۋات، 1658 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2001 - يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە شىمىگو رايونى يەتتە 1 - لىككە، تۆت 2 - لىككە، ئىككى 3 - لىككە ئېرىشتى. رايون بويىچە مەكتەپتىكى 13 مىڭ 728 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 96% بولدى. شىمىگو رايونى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پائالىيىتى ۋە تەنتەربىيە ساغلاملىقىدا گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن پۇقرالار بەدەن ساپاسىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شىمىگو رايونى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7879 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6066 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6186 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 10 مىڭ 683 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە 29 مىڭ 520 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 11 مىڭ 129 ئىشچى - خىزمەتچى (پېنسىيىگە چىققانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 10 مىڭ 620 ئادەم ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى داۋاملىق قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 33 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 12.84 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى؛ 10.14 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى قۇرۇلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ چىداۋان يېزىسى شىمىگو رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

★ 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى شەھەر مەھەللە تور بېكىتى، مۇخبىرلىق پونكىتى — شىمىگو رايونى يىكەنكۆل مەھەللە تور بېكىتى، مۇخبىرلىق پونكىتى قۇرۇلدى.

★ ج ك پ شىمىگو رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كېيىم - كېچەك بايرىمى، خەلقئارا داڭلىق كېيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە شىمىگو رايونى ئالتۇن كۈز ساياھەت بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى شىمىگودىكى مەنزىرە رايونى قار لەيلىسى تېغىدىكى گولۇف توپ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

جۇ جىاڭ

# يېڭىشەھەر رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭى شەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2001- يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 7، يېزا 2، كەنت كومىتېتى 8، مەھەللە كومىتېتى 67. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 359 مىڭ 145 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 719)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 304 مىڭ 493. خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.31‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.97‰؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.84‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.94‰. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 2739.5 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەتتى تېرىلغان يەر 2379.4 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ خۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گۇاڭخۇي (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شىنجى (ئايال، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جىچىڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

رايون باشلىقى: لى يۈەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرازاق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 768 مىليون 885 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 346 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %4.01، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 779 مىليون 453 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، %9.9، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 960 مىليون 85 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %15.16 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 609 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 6501 توننا دانلىق ئاشلىق، 3558 توننا بۇغداي، 317 توننا ياغلىق دان، 4791 توننا قىزىلچا، 30 مىڭ 48 توننا كۆكتات، 3440 توننا مېۋە - چېۋە، 1700 توننا تۇخۇم، 801 توننا سۈت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 5963 تۇياق چارۋا قالدى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 570.15 كىلوۋاتقا يەتتى.

يېڭىشەھەر رايونىدا سانائەت كارخانىسى (يېزا ۋە ئۈنىڭدىن يۇقىرى) دىن 215 ى بار، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 789 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.86 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: يىپ 2987 توننا، خىمىيىلىك تېببىي دورا 38 توننا، خىمىيۋى تالا 3238 توننا، سۇلياۋ ياسالما 7676 توننا، تاختا ئەينەك 97 مىڭ 33 ساندۇق، ئالىيۇمىن 24 مىڭ 284 توننا، ھوسۇل يىغىش ماشىنىسى 3215، ئاپتوموبىل 2398، يۇڭ توقۇلما 1 مىليون 660 مىڭ مېتىر، ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك 3 مىليون 569 مىڭ 800 قۇر، بېتون قۇيۇلما 5834 كۇب مېتىر، بىرىكمە ئالىيۇمىن 5386 توننا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.8 كە يەتتى.

رايون بويىچە 45 بىناكارلىق كارخانىسى بار بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 193 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 307 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 449 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 884 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 669 مىليون 870 مىڭ يۈەن. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 762 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 20 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 82 مىليون 339 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 215 مىڭ 472 تۇچكىغا، تېلېفون ئابونىتى 122 مىڭ 283 كە يەتتى. رايون بويىچە سودا كارخانىسىدىن 234 ى، يېمەك - ئىچمەك تور نۇقتىسىدىن 190 ى بار. سودا يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 954 مىليون 203 مىڭ 100 يۈەن (بازاردىكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. ھەرخىل ئونىۋېرسال بازاردىن 31 ى بولۇپ، بازار سودىسى كىرىمى 527 مىليون 687 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 976 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 58 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 41 مىليون 630 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 17 مىليون 80 مىڭ دوللار. خەلقئارا ساياھەتچىدىن 10 مىڭ 965 ى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 39 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 131 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.22 ئاشتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 99 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.71 تۆۋەنلىدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى يېڭىشەھەر رايونى يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش، يۇمشاق پەن تەتقىقاتى تۈرىدىن 14 نى يولغا قويدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 234 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېڭىشەھەر رايونلۇق پەن - تېخنىكا سارىيى پۈتۈپ ئېچىلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېڭىشەھەر رايونىغا «مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگە شەھەر رايونى» دەپ نام بەردى. رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئورنىدىن 15 ى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوقۇش ئورنى بار. خادىمدىن 2020 سى بار. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 394 (مىللىي 2650)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2677؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 824 (مىللىي 5127)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1813. رايون بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش

نىسبىتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، ئومۇملىشىش نىسبىتى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى. «داڭلىق مەكتەپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى» ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، يۇلتۇز دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يېتىش، «ئون ياخشى» نى باھالاش ۋە مىللىي، خەنزۇ «سىستېما مەكتەپ» بويىچە ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، يېڭىشەھەر رايونلۇق كۈتۈپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى سېلىنىپ ئېچىلدى. رايون بويىچە 7 مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى ۋە ئەرگۈل يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ئارقا - ئارقىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى ۋە ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى ئۆلچىمىگە يەتتى. 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يېڭىشەھەر رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى.

رايون بويىچە چوڭ دوختۇرخانا (رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ 100 كارىۋاتلىقتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن 10 ى، دوختۇرخانىلاردا 14 مىڭ 204 كارىۋات، 17 مىڭ 588 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. يەككە تېببىي داۋالاش نۇقتىسىدىن 48ى بار.

شۇ يىلى يېڭىشەھەر رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەھەللە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. يېڭىشەھەر رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق بايرىمى چۆرىدىلىپ، مول، رەڭدار پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. رايون بويىچە زال ئىچى تەنھەرىكەت مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيىدىن 179 ى، زال سىرتى تەنھەرىكەت مەيدانى (تەنتەربىيە سارىيى) دىن 405 ى بار. 25 مىڭ 871 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 -يىلى يېڭىشەھەر رايونى بويىچە جەمئىيەتتىكى كەسپكاردىن 92 مىڭ 464 ى بار بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 248 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7897 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6066 يۈەنگە يەتتى. شەھەرلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسىدىن 2 مىليون 673 مىڭ 600 يۈەن تارقىتىلدى، بۇ پۇل 31 مىڭ 39 ئادەمگە تارقىتىلدى.

رايون بويىچە 80. 44 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون، 65. 13 كۋادرات كىلومېتىر شاۋقۇننى كونترول قىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن رايون قۇرۇلدى. 67. 54 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ٪31.08 كە يەتتى. يېڭىشەھەر رايونى ئۇدا 5 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز قىزىلبايراقدا شەھەر رايون دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ج ك پ ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق 7 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

لى زومىن

# نەنشەن كان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نەنشەن كان رايونى (2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى نامى نەنچۈەن رايونىغا ئۆزگەرتىلدى) ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 2001 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ئاھالىلەر كومىتېتى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 11 مىڭ 59 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1165)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰22. 9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰05. 8. كىلىماتى ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، كۆمۈر (كوكسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ سانائەت زاپىسى 530 مىليون تونىغا يېتىدۇ؛ هاك تېشى كەڭ تارقالغان، سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى كۆپ، ئۇ شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق رودىسى ھېسابلىنىدۇ؛ بۇلاردىن باشقا يەنە تۆمۈر، مىس، مانگان، ئوتقا چىدامىلىق توپا، مىنېرال سۇ قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. رايون تەۋەسىدىكى ھازىرقى زامان مۇزلۇقىنىڭ كۆلىمى 20 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قار سىزىقىنىڭ ئاستىدىكى تاغلىق يەرلەر سوپتورۇپىك چىملىق بەلۋاغ بولۇپ، ياخشى تەبىئىي ئوتلاقتۇر.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نەنشەن كان رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جيەنلىڭ (ئايال، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جىنفاڭ.

رايون باشلىقى: شۇ بىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3.3 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى.

بۇ جىنا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 299 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 549 مىڭ 700 يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 932 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان يەككە سودا - سانائەت ئورنى 145، كەسپىكارى 172؛ خۇسۇسىي كارخانا 3، كەسپىكارى 32؛ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 3، كەسپىكارى 45. يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %187.67 ئاشتى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 10 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %74.21 ئاشتى. رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قەرز پۇل قالدۇقى 34 مىليون يۈەن بولۇپ، %60.5 تۆۋەنلەپ كەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى نەشەن كان رايونى بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمدىن 1400 دىن كۆپرەكى بار. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 733، ئوقۇتقۇچى 55؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 316، ئوقۇتقۇچى 43. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى. رايون بويىچە 2 كىنوخانا، بىر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە سارىيى، 12 ۋاسكېتبول مەيدانى، 2 ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلى، 9 چېنىقىش ئۆيى، 23 ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت، كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى بار.

6 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 2، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىسى 4)، دوختۇرخانىلاردا 70 كارىۋات، 88 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. سەھىيە باشقۇرۇش ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتى نورمال قانات يايدۇرۇلدى.



شىنجاڭ كوكس (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى ئۈۋىرغۇل كۆمۈر كېنى) ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ زور كوكس ئىشلەپچىقىرىدىغان كان رايونى. ئۇ 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق كوكس كۆمۈرى قېزىش، يۇيۇش - تاللاش، پىششىقلاش ۋە توك ھاسىل قىلىش - توك بىلەن تەمىنلەش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ، يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا - باج 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ شىركەت ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كارخانا» بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. سۈرەتتە: شىنجاڭ كوكس (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زاۋۇت - كان رايونى.

لى شىنجيەن فوتوسى

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى نەشەن كان رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 72 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 950 مىڭ يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 780 مىڭ يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.2 ئاشتى. 680 مىڭ توننا كۆمۈر (بۇنىڭ ئىچىدە يۇيۇلغان كۆمۈر 430 مىڭ توننا، كوكس 94 مىڭ توننا)، 480 مىڭ توننا ھاك تېشى، 40 توننا خرۇملۇق تۆمۈر، 32 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %93.7 كە يەتتى.

شۇ يىلى ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدا 20 نەچچە كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، بۇنىڭغا 3 مىليون 500 مىڭ

### خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى دەشەن كان رايونىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8160 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

ۋېي فېڭجۈن

## دۇڭشەن رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2001 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 100 مىڭ 796 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 499)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 81 مىڭ 948، ۋاقىتلىق نوپۇس 15 مىڭ 87؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %56 .7، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %8 .4. رايون بويىچە 2630 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 200 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 663 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم سانائەت رايونى، بۇ يەردە سانائەت تۈرلىرىدىن نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، بىناكارلىق، پولات ـ تۆمۈر، كۆن ـ خۇرۇم ئاساس قىلىنىدۇ. رايون تەۋەسىدە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 34 ى بار، 300 گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق، 24 مىڭ 666 گېكتار تەبىئىي ئوتلاقتىن باشقا، تەبىئىي سۇپەتلىك مىنېرال سۇ، ئەتىۋارلىق ياۋايى هايۋانلاردىن ئېيىق، بۆرە، ئۆلار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، ماڭۇرانچىن، رەۋەن شۇنىڭدەك كۆمۈر، هاك تېشى، گەج، گىل، مايلىق سلانتس، تۆمۈر رودىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېڭ لىشيەن (ئايال، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ خۇيشيەن (6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: چېن گوچياڭ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇەن فېڭ (3 ـ ئايدا مۇۋەققەت رايون باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جىگو.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى دۇڭشەن رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىلياد 280 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %25، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %46 .10 ئاشتى، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 76 مىليون يۈەن بولۇپ، %6 .18 تۆۋەنلەپ كەتتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %14 .38 ئاشتى. 2663 توننا ئاشلىق، 241 توننا ياغلىق دان، 31 مىڭ 138 توننا كۆكتات، 84 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 29 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 922 توننا گۆش، 237 توننا سۈت، 8 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 40 توننا تۇخۇم، 30 توننا قوي يۇڭى، 2 .97 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىندى. 200 گېكتار يەرگە ئوت ـ چۆپ تېرىلدى. دېھقانچىلىق رايونىدا 6 .12 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 4 .6 گېكتار)، 6 .4 گېكتار يەردىكى ئورمان يېڭىلاندى، 3 .34 گېكتار كۆچەتخانىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 67 .10 گېكتار هويلا ـ ئارام كۆكەرتىلدى. يېزىلاردا سانائەت كارخانىسىدىن 87 سى، كەسىپكاردىن 1278 ى بار، بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 81 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 278 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 61 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %05 .20 ئاشتى. رايون بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىدىن 77 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 11، كوللېكتىپ كارخانا 18، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 4، بىرلەشمە كارخانا بىر، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 7، خۇسۇسىي، يەككە كارخانا 35. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 787 مىليون 520 مىڭ يۈەن. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %8 .99 كە، سېتىلىش

قىممىتى 8 مىليارد 204 مىليون يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە چەكلىك سوممىلىقتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىدىن 16 سى بار بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 118 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 222 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %89. 99 كە، سېتىش قىممىتى 8 مىليارد 109 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 8 مىليارد 402 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى دۆڭشەن رايونى كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن بىر تۈركۈم كارخانىلارنى تاقاش ۋە شاللاش بىلەن بىللە، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 23 نى كىرگۈزدى، توختام سوممىسى 352 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 150 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى (رايون سىرتىدىن سېلىنغان مەبلەغ 45 مىليون 570 مىڭ يۈەن) . توختام ئىمزالانغان 22 تۈرنىڭ ھەممىسى ئىجرا قىلىنىپ، 1078 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 7 سانائەت تۈرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 135 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: توك 794 مىليون 550 مىڭ كىلوۋات سائەت، كۆمۈر 3 مىليون 530 مىڭ توننا، سېمونت 127 مىڭ 600 توننا، خىمىيىۋى ئالا 25 مىڭ 445 توننا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت 526 مىڭ 238 توننا، بىرىكمە ئامىياك 653 مىڭ 449 توننا، سۇلياۋ ياسالما 10مىڭ 190 توننا، سىر 3426 توننا، پىششىقلانغان نېفىت 3 مىليون 551 مىڭ 520 توننا، بېنزىن 722 مىڭ 837 توننا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم 112 توننا، خىش 289 مىليون 780 مىڭ دانە. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 533 مىليون 789 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 114 مىڭ 793 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي 91 مىڭ 602 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 97 مىڭ 74 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي 86 مىڭ 891 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 576 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 151 مىليون 630 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزا تېلېفونى ئابونىتى 28 مىڭ 500 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - كەنت تېلېفونى ئابونىتى 2000. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 107 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 7 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلى دۆڭشەن رايونىدا مەھەللە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 71 ى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ كىرىمى 856 مىڭ 100 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 4800 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 32 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 52 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %97. 41. يەرلىك مالىيە چىقىمى 58 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15. 35 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 567 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 10 مىليون 890 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 56 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 167 مىليون 990 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتىلاش سوممىسى 3 مىليارد 267 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى دۆڭشەن رايونىدىكى پەن - تېخنىكا پائالىيەت ئاپپاراتى 2. رايوندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار خادىم 3200. ئالىي كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 4983، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 174؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 2418، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 144؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5 (مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بىر، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بىر) ، ئوقۇغۇچىسى 1140 (مىللىي 234) ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 103 (مىللىي 17) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6 (مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بىر) ، ئوقۇغۇچىسى 2344 (مىللىي 692) ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 203 (مىللىي 48) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13 (مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ 3، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بىر) ، ئوقۇغۇچىسى 5564 (مىللىي 1435) ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 400 (مىللىي 99) ؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 1467 (مىللىي 226) ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 95 (مىللىي 10) . مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 5 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

رايون بويىچە سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانا 7، شىپاخانا بىر، ئامبۇلاتورىيە 4، داۋالاش ئۆيى 9، يەككە ئامبۇلاتورىيە 27؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 590؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 780، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 347.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى دۆڭشەن رايونى بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 605 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3632 يۈەنگە، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2001 - يىلى دۆڭشەن رايونى بويىچە 398 ئائىلىدىكى 813 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمان بولدى، 735 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي كاپالەت سوممىسى تارقىتىلدى. شەھەر-بازارلاردا 700 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 22 مىڭ 221 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 96 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۆپلاشقا قاتناشتى.

ئىس - تۈتەك، شاۋقۇننى تىزگىنلەش بويىچە «ئىككىدە ئۆلچەمگە يەتكەن» رايوندىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 7.5 كۋادرات كىلومېتىر.

## لۇشاۋگو يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى

1. ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى. 3.53 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن يېزا - بازار سانائەت باغچىسى ئېچىلدى؛ ئازكەم 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شىربېزىنگو بىلەن گېجياگو ئارىلىقىدىكى تەبىئىي توساق ئېچىلىپ، شەھەر رايونىغا كېلىدىغان ئالتۇن ساياھەت يولى — شىربېزا يولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ ئوپتىكىلىق كابېل ئارقىلىق خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي غول لىنىيىسى لۇشاۋگو كەنتىگە كىردى، دېھقانلار 2000 تېلېفون ئورناتتى؛ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 600 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

2. يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. كۆكتات، ياغلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى، داڭلىق، يېڭى، ئالاھىدە كۆكتات، پەسىلسىز كۆكتات ئومۇمىي كۆكتاتنىڭ %40 نى ئىگىلىدى؛ دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى بىلەن ئوتلاق چارۋىچىلىقى جەھەتتىكى ئەۋزەللىك بىر بىرىنى تولۇقلىدى، نۇقتىلىق يۆلەنگەن 150 نەچچە چوڭ باقمىچىلىق ئائىلىسىنىڭ كالا، قوي يېگىدىن 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كۆپەيدى.

3. سودىگەر چاقىرىلىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. «خۇايۇ» ساپال ئۆۋۈقى زاۋۇتى، «يېڭى ئەسىر» سۇ ئۆتكۈزمەس لورام ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، نېفىت ياردەمچى خورۇچى زاۋۇتى، شىنجاڭ «ۋەندېفۇ» ساپال - فارفور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «تيەنمىڭ» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى، «لۇيۈن» سۇلياۋ زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى باشلامچى قىلىنغان سانائەت ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

4. پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى. يېزا، كەنت، ئەترەتلەردە پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېزا 6.67 گېكتار يەردە كۆكتات، باغ - ئورمان بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى، «خەلق» كەنتى، لۇشاۋگو كەنتى، شىربېزا كەنتى پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى. يېزا بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى 300 دىن ئاشتى.

5. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. 2001 - يىلى 4 ساياھەت مەنزىرە رايونى ئېچىلدى، دېھقانلار ئائىلىسىدىن 50 نەچچىسى شاتلىق ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسەتتى، 4 ساياھەت كارخانىسى كىرگۈزۈلدى، لۇشاۋگو تۇنجى نۆۋەتلىك «شىربېزا لوڭقىسى» ساياھەت ھەپتىلىكى پائالىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

6. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش. 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، كۆممىقوناقتىن يېڭى پېتى يېمەكلىك ئىشلەش لىنىيىسى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا سوغۇق ساقلاش ئامبىرى قۇرۇلدى، ئۇنىۋېرسال مېۋە - چېۋە، كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن باشلامچى كارخانىلار دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن بازارنى تۇتاشتۇرىدىغان يېزا ئىگىلىك كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ، بازار ئۇچۇرى، ئەسقاتىدىغان پەن - تېخنىكا، باشقۇرۇش تەجرىبىسى دېھقانلارغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلار ئەلالاشقان، ئىشلەپچىقىرىش كۆلەملەشكەن، ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىقلاشقان يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇرۇلدى.

ليۇ سۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 14. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 99 مىڭ 22 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63مىڭ 77)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 86 مىڭ 953؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.61‰. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 533.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 794.89 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 51.23 گېكتار، ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 657.67 گېكتار، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 3648.15 گېكتار، ياڭيۇ تېرىلغۇ كۆلىمى 2176.4 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى دەريا - ئېقىنلار ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا - ئېقىن سىستېمىسىغا كىرىدۇ، مۇزلۇق ناھىيىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، ھازىرغىچە بايقالغان كۆمۈر، ئالتۇن، سىنىك، مايلىق سىلانتىس، مىس، مانگان، تۆمۈر، يالتىراق پېشىل تاش، گىرانىت تاش قاتارلىق 22 خىل قېزىلما بايلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە 16 خىلدىن پايدىلىنىلماقتا. تەبىئىي مەنزىرە رايونى ۋە گۈمانىتارلىق مەنزىرە رايونى ئاساسلىقى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونغا مەركەزلەشكەن، تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرىدىن گۈلتەكچە، ئاق تېرەك جىلغىسى، مياۋئېرگۇ، جاۋبىشەن، سايوپا كۆلى، ئاسىيا كىندىكى، شۈيشىگۇ تاغ ئۈستى چاڭغا مەيدانى، مۇز تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلار، گۈمانىتارلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن داۋانچىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، ئۇلانباي قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، سايوپا نەپىس تاش قوراللار خارابىلىكى، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىق، تۇزكۆلدىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت قەبرىستانلىق، تۇزكۆلدىكى يۈەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ دېشياڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ بىن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايمۇرات مۇقان (قازاق).

ھاكىم: خەن شۇ (خۇيزۇ، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن يۇڭ (خۇيزۇ، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 570 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 240 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.05 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 93 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.65 تۆۋەنلەپ كەتتى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 236 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.82 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 372 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.92 ئاشتى. 41 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 1107 توننا ياغلىق دان، 167 مىڭ 549 توننا كۆكتات، 57 مىڭ 344 توننا ياڭيۇ، 1400 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 180.97 گېكتار يەردە بەرپا قىلىنغان ئورمان لاياقەتلىك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 129.45 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 369 مىڭ 173 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 15 توننا گۆش، 5492 توننا سۈت، 511 توننا يۇڭ، 28.57 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 52 مىڭ 497 پارچە تېرە ئېلىندى، بازار 991 توننا تۇخۇم بىلەن تەمىنلەندى، 310 گېكتار سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان كۆلەم ئاشقا كىرگۈزۈلدى، 2045 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىش ئۈچۈن 7 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 14 قۇدۇق قېزىلدى. 12 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بەنفاڭگۇ دەرياسىنى پىلانلاش ۋە جاۋبىشەن سۇ ئامبىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى، شۈيشىگۇ يېزىسىدىكى غەربىنىڭ سۈيىنى شەرققە يۆتكەش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى، داۋانچىڭ خۇڭكېڭزى سۇ ئامبىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى، شەرقىي ۋە غەربىي ئاق تېرەك جىلغىسى مەنزىرە رايونىدىكى سۇ تورۋىسى تورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 29 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 547 كىلومېتىر يېزا ئېلېكتىر

تورى ئۆزگەرتىلدى، 221 ترانسفورماتور يېڭىلاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 106 مىڭ 619 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4813 كە، مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 140 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 222 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.92 ئېشىپ كەتتى. 865 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 338 مىليون 710 مىڭ دانە خىش، 182 مىڭ 200 توننا سېمونت، 290 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 3908 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 12 مىڭ 902 توننا قەغەز بوتقىسى، 10 مىڭ 752 توننا فابرىكا قەغىزى، 16 مىڭ 700 لىڭ تاق رەڭلىك باسما بۇيۇم، 2755 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم، 1755 توننا قۇيما بۇيۇم، 4600 توننا بۇغداي ئۇنى، 394 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.6 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 611 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 89 مىڭ 324 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 69 مىڭ 333 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 98 ى تەستىقلاندى. بۇ تۈرلەرگە 123 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 51 مىليون يۈەن. 15 تۈرگە سودىگەر چاقىرىلدى ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، 441 مىليون 355 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 393 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلار بىلەن 18 تۈردە توختام ئىمزالاندى، ھەمكارلىق سوممىسى 450 مىليون يۈەنگە يەتتى، 380 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. توختام ئىمزالانغان 18 تۈر ئىچىدە يىل ئاخىرىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشكىنى ياكى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 11. 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا خەلقئارا يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش يەرمەنكىسىدە، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن 8 تۈردە دەسلەپكى قەدەمدە مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم ئىمزالىدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان غول لىنىيە 975 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، يېزا تاشيول مۇساپىسى 245.21 كىلومېتىر، كەنت دەرىجىلىك يول مۇساپىسى 212.77 كىلومېتىر. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر قىسىم ساياھەت مەنزىرە رايونى مۇئەسسەسلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان ساپ كىرىم 18 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 19 مىليون 628 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 507 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 886 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە كىرىمى 190 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تولۇقلىما ياردەم بەرگىنى 158 مىليون 630 مىڭ يۈەن)، يەرلىك مالىيە چىقىمى 174 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 35 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سوغۇرتا ھەققە كىرىمى 21 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 510 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 11 مىليون 401 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 10 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 771 مىڭ 500 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1387. بىر يىلدا نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 29 ى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇچقۇن» ، مەشئەل» پىلانى تۈرى 8، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى 16، يۇمشاق تېما تەتقىقاتى تۈرى 5. ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، چىڭگېداخو يېزىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا - بازار» دېگەن نامغا، شۆيشىگۇ يېزىسى «ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا - بازار» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى شەرقتىكى 10 ئۆلكە - شەھەر بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۆز پېتى ساقلايدىغان، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كىچىك سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدىن 10 ى قۇرۇلدى، بۇ خىل ئامباردا ئۈزۈمنى ئۆز پېتى ساقلاش تېخنىكىسى ئەنەنجۈي رايونىدا كېڭەيتىلىپ قوللىنىلدى. كۆكتاتنى يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى تەجرىبە باسقۇچىدا تۇرماقتا. ناھىيە بويىچە 16 تۈردىكى 25 كۆكتات سورتى دېھقانچىلىق نازارىتى تارقاتقان تۈنجى تۈركۈمدىكى ئېتىراپنامە —

زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىندى. 1020 گېكتار يەرگە زىيانسىز يېشىل كۆكتات تېرىلدى.

ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 55 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 14، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 9398 (مىللىي 6009)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 4456 (مىللىي 3085)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 76 (مىللىي 29)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 36 (مىللىي 11)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 153 (مىللىي 59). يېڭىدىن ئاقسۇ «مۇھاجىرلار قەلبى» مەكتىپى، تولى يېزىسى ياڭجۈەنگو مەكتىپى قۇرۇلدى. مەبلەغ ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىشتە گۇاڭجۇ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى «مۇھاجىرلار قەلبى» مەكتىپىگە 200 مىڭ يۈەن، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونى ياڭجۈەنگو مەكتىپىگە 300 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

ناھىيىدىكى تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 21، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 260. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 410.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بوغدا كۆلىدە ئۆتكۈزگەن تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا ئىككى 1 - لىك، ئۈچ 2 - لىك، تۆت 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7325 بولۇپ، مائاشى 92 مىليون 654 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2523 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 39 .2426 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 33.22 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى، ناھىيىگە قاراشلىق 53 مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇندىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان 5486 كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا يېقىن 4 يېزىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رايونلىرىغا ئايرىپ بېرىلدى

2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىر قىسىم مەمۇرىي رايونلىرىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋابى» (گ ھ [2001] 7 - نومۇرلۇق) غا ئاساسەن، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شەھەرگە يېقىن 4 يېزىسى ئۆزى يېقىن بولغان، شەھەرگە قاراشلىق ئالاقىدار رايونلارغا ئايرىپ بېرىلدى: يەنى داۋان يېزىسى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا، دۆۋىيۇ، ئەرگۇڭ يېزىلىرى، ئەرگۇڭ يېزىسىنىڭ جيۇجياۋەن كەنتى 8 - ئەترىتى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا، داۋان يېزىسىنىڭ ساڭفاڭگۇ كەنتى بىلەن ئەرگۇڭ يېزىسىنىڭ جيۇجياۋەن كەنتى (8 - كەنت بۆلىكى سىرتىدا) سايباغ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا، دۆۋىيۇ يېزىسىنىڭ خېنەنجۇاڭزى كەنتى تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا، چىداۋان يېزىسى شىمىگو رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا، چىداۋان يېزىسىنىڭ كازىۋەن كەنتى دۇڭشەن رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

شەھەر ئەتراپىغا يېقىن بۇ 4 يېزا ئۈرۈمچى ناھىيىسى يەر كۆلىمىنىڭ 3.2% نى ئىگىلەيدۇ. 2000 - يىلى نوپۇسى ناھىيە نوپۇسىنىڭ 37.82% نى، دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 14.66% نى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ناھىيە بويىچە شۇ خىل مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22.72% نى، يېزا ئىقتىسادىي كىرىمى 85.2% نى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 96.7% نى ئىگىلىگەنىدى.

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، شەھەر ئەتراپى تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش

2001 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرى — «شەھەر ئەتراپى تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت زور پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى ناھىيىنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلدى. پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ توپلىنىش، تارقاتىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، 1 .، 3 . كەسىپلەرنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى

ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

1. يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپى تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش تەدرىجىي بىر گەۋدىلەشتۈرۈلدى. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە يۇقىرى پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدىن 3 ى بار بولدى: 1) ئەنەنچۈ يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى. ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا شەھەر ئەتراپى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېمىل مەھسۇلات، ئېكولوگىيىلىك سەيلى - ساياھەت، ئارامبەخش يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس قىلىندى. نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈزۈم، بۆلجۈرگەن، كۆكتاتنىڭ 21 خىل داڭلىق يېڭى سورتى كىرگۈزۈلۈپ تېرىلدى، تېرىلغۇ كۆلىمى 233.33 گېكتارغا يەتتى، 228.67 گېكتار كۆكتات يېتىشتۈرۈش بېرى بەرپا قىلىندى، 3.33 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇياش نۇرى پارنىكىدىن 20 سى ياسالدى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، سەيلى - ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن پەن- تېخنىكا باغچىسى ئاساسەن شەكىللەندى. 2) بەنفاڭگۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى. بۇ باغچىنىڭ كۆلىمى 80 گېكتار بولۇپ، ئۇ، زامانىۋى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك توپى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پارنىك توپىدىن ئىبارەت 2 چوڭ قىسىمغا ئايرىلغان. كۆلىمى بىر گېكتار كېلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك پۈتكۈزۈلۈپ، 12 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پارنىكتىن 22 سى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ 17نگە ئامېرىكىدىن كۆلاسۇ ئالوبى كىرگۈزۈلۈپ تېرىلدى، 5 نگە يوپۇرماقلىق كۆكتات تېرىلدى. بۇ ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا پەن تەتقىقات، تەجرىبە، ئىشلەپچىقىرىش، سەيلى- ساياھەت، ئارام ئېلىش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بىر گەۋدىلەشكەن. 3) شۈيشىگۇ «تيەنمۇ» يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى. بۇ باغچىنىڭ كۆلىمى 29 گېكتار، بۇ يەردە 4 گېكتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك، 20 يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قۇياش نۇرى پارنىكى قۇرۇلدى، بۇ پارنىكلاردا ئالىي دەرىجىلىك گۈل - گىياھ، زەھەرسىز ياڭيۇ، چاكاندا ۋە تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ھىلى موگۇسى تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ تىجارەت شەكلى جەھەتتە باشلامچى كارخانا + بازا + دېھقان ئالىلىسى شەكلى قوللىنىلدى.

2. بىر تۈركۈم سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 10 يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى، بۇلار جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى قىشلىق، كەچ كۈزلۈك كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، شىمالىي شەھەر ئەتراپىدىكى زىيانسىز كۆكتات، يېشىل يېمەكلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش بازىسى، ئەنەنچۈيدىكى 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) لۇق سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۆلجۈرگەن بازىسى، جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى چىڭگېداخۇ ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك زەمبۇرۇغى بازىسى، چىڭگېداخۇ سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق شال ئۈلگە رايونى، جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى ستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش ئۈلگە رايونى، ئەنەنچۈي، چىڭگېداخۇ باقمىچىلىق ئۈلگە رايونى، جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى پەسىلسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى 50 مىڭ تۇياق تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۈلگە رايونى ۋە قىشتا ئىسسىق قوتاندا كالا، قوي بورداش بازىسى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى. كەسىپلەشكەن بۇ بازىلار مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

★ 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇدا 2 سائەت چىققان بوران ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدىكى 3 يېزا، بىر بازارنىڭ 363.33 گېكتار قوغدىلىدىغان يېرىدىكى لاپاس يوپۇقى ۋە سۇلياۋ يوپۇقىنى زىيانغا ئۇچراتتى، بۇ قوغدىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ %80 نى ئىگىلەيدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ سوممىسى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بوراننىڭ ئېلېكتر سىمىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىشى نەتىجىسىدە ئەنەنچۈيدىكى «بەش يۇلتۇز» قەغەز زاۋۇتىغا ئوت كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

يۇ شىنخۇا، سۇ جىنلىن

# قاراماي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي - شىمالىي تەرىپى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي

ئېتىكىگە، شەرق تەرىپى قۇرباتتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 313 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 284 مىڭ 256 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 62 مىڭ 626)، يېڭى نوپۇسى 2510؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.31، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.9. شەھەر بويىچە 15 مىڭ 480 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، شۇ يىلى 6400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى، 3800 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز قاراماي شەھىرىنىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، كۆپ خىل ئاۋىئاتسىيە، ئالەم قاتنىشى مايلىرىنى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ئەڭ چىدامىلىق دىزېلىن ۋە كۆپ خىل سىلىقلاش مايلىرىنى، سۈپەتلىك ئاسفالت ئايرىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، گەج، شور، خورۇستال قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار؛ ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مايتاغ، شەيتانكەرىش، قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇق، ئاقتېرەك دەرياسى چوڭ جىلغىسى، مايتاغدىكى گىلتاغ قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يىلىن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تاڭ جيەن، ھېزىم ئابدىلىم، جاڭ دېيىۋن.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى جاۋجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نىياز ئابدۇللا، ۋاڭ جىيۇەن، شاۋ چاڭدەن، دىڭ يۈيۈ، چېن جۈەن (ئايال).

شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنمىڭ، لىن شياڭيۇ، يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت، لىي خۇڭشيا (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسمائىل توختى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۈ چاڭيۈەن، ليۇ شىنرۇڭ، ماچېڭرۇڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ باۋيۈ، ياۋ شىئەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى قاراماي شەھىرى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 16 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.5، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئورمانچىلىقنىڭ ئازكەم 5 ھەسسە، بېلىقچىلىق %15.7 ئاشتى. 1204 توننا ئاشلىق، 3876 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 53 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 3254 توننا گۆش، 1598 توننا سۈت، 423 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئېچىش ئىشى باشلاندى. قۇتۇبى - قاراماي تاشيولىنىڭ شەرقىدىكى 4867 گېكتار يەرنى تۈزلەش ئىشى تاماملاندى، 3200 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 19 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %85 تىن ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.3 ئاشتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتتى. 96 مىليون 830 مىڭ توننا خام نېفىت ئېلىندى، 59 مىليون 690 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 40 مىليون 860 مىڭ توننا 4 چوڭ مەھسۇلات (بېنزىن، دىزېلىن، كېروسىن، سىلىقلاش مېيى)، 170 مىڭ توننا ئېتىلىن ئىشلەپچىقىرىلدى، 9 مىليون 357 مىڭ 700 توننا خام نېفىت سېتىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 133 مىليون يۈەنگە، پۈتكۈزۈلگەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 116 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 8 مىليارد 155 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن يىلىغا 1 مىليون 750 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيدى؛ قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ئاسفالت بازىسى، دىستىللەش بىخەتەرلىك تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە كاتالىزلاش - ئاجرىتىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتتى؛ يىلىغا 450 مىڭ توننا بېنزىن ۋە دىزېلىنغا ھىدروگېن قوشۇش قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە لايىھىلەندى؛ مايتاغ 220 مىڭ توننىلىق ئېتىلىن قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يەككە قۇرۇلۇش تۈرىنى ئېچىش نىسبىتى %80 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - نومۇرلۇق ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ شەھەر بويىچە

تۇنجى زايوم مەبلەغ تۈرى . شەھەرنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى 100 مىڭ كۇب مېتىرلىق يۇندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شەھەر رايونىدىكى 10 ئاھالىلەر مىكرو رايونىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ مايتاغ رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى ۋە شەھەر رايونىدىكى كۆپلىگەن شەھەر يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ كۆچمە خەۋەرلىشىش بىناسىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى ئىگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشى مۇشۇ يىلى پۈتتى؛ يۈك توشۇش مىقدارى 910 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليارد 440 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 549 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 107 مىليون 298 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپى داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئاشتى، كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 182 مىليون 168 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 62% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 132 مىڭغا يەتتى، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 70 مىڭدىن ئېشىپ، 100 ئادەمگە توغرا كېلىش نىسبىتى داۋاملىق شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 373 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 726 مىليون يۈەن. 130 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 91 مىليون 391 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 26 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.4%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 19 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.4% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 936 مىليون يۈەن؛ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 40 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 201 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 45 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ 78 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 10، نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 68، پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىنغان تۈر 6، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تۈر 5. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 6 تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 18 تۈرى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. قاراماي شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەكتىپى 6، ئوقۇغۇچىسى 3073 (مىللىي 976)؛ كەسپىي تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 513 (مىللىي 380)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 150 (مىللىي 5764)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 54 (مىللىي 6608)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 4208 (مىللىي 1363)؛ شەھەر بويىچە بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى، بىر ئۆسمۈرلەر سارىيى، بىر كۇتۇپخانا، بىر كۆرگەزمىخانا، 2 ئارخىپخانا بار. شۇ يىلى كۇتۇپخانا «169 تور كىتاب مەركىزى» نى ئاچتى. شەھەر بويىچە بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت مەكتىپى بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.8% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 4 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، 2 يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، 3 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 1444 كارىۋات بار، 2193 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1001. شەھەر بويىچە 13 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، 21 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى، 10 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق ئائىلە ئارخىپى، 30 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق شەخسلەر ساغلاملىقى ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

2001 - يىللىق مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىدا ئاياللارنىڭ F54 دەرىجىلىكلەر بويىچە چويۈن توپ ئېتىشىدا 1-لىك قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يىللىق مۇسابىقىسىدا 3 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر - يېزا مەھەللە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، شاھمات تۈرىدە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بويىچە 1 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى، تىكتاكتوپتا ھەممە ئالتۇن مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر يىلدا شەھەر - ئىدارە بويىچە 560 تۈر (قېتىم) ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 30 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 26 مىڭ 300 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، بۇ

ئۆلچەمگە يېتىشكە تېگىشلىك ئادەمنىڭ %95.2 ىنى ئىگىلەيدۇ.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى قاراماي شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 865.7 يۈەنگە، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 717 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3267.4 يۈەنگە، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.8 كۋادرات مېتىرغا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ كېڭىيىش كۆلىمى ۋە فوندنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %95 كە، پاشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %93 كە يەتتى. ئىدارە ۋە شەخسلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى ۋە مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى.

شۇ يىلى نېفىتلىك يۇندىسىنى بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، نېفىتلىك يۇندىسىنى بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىنكى سۇنىڭ سۈپىتى پۈتۈنلەي ئۆلچەمگە يەتتى. 69 ـ رايوننىڭ قويۇق نېفىت ئېلىشتىن چىققان يۇندىسىنى بىرتەرەپ قىلىش، 81 ـ نومۇرلۇق پونكىتنىڭ يۇندىسىنى بىرتەرەپ قىلىشنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، نۇقتىلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ بۇلغىما مەنبەسىنى تۈزەش ئىشى پۈتۈنلەي تاماملاندى. شەھەر بويىچە يەر ئۈستى سۈيى، يەرئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى 3 ـ دەرىجىلىك سۇ سۈپىتى ئۆلچىمىگە، ھاۋا مۇھىتى دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى، فۇنكسىيىلىك رايوندىكى شاۋقۇن دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» غا، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ يىلمىن مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

★ ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 21ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالغان شىشى نېفىتلىكىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش پونكىتى جۇڭگو بىناكارلىقى بويىچە «لۇبەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياڭ يۈەنجىن، چېن پېڭ

# مايتاغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇسابىسى 250 كىلومېتىر، قاراماي شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئارىلىقنى كۈيتۇڭ شەھىرى بىلەن بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. 2001 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر، ئاھالىلەر كومىتېتى 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 55 مىڭ 677 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 330)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.5. رايون بويىچە 133.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 70 گېكتار يەرگە كېۋەز (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 66.6 گېكتار يەرگە كۆكتات (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغ ساياھەتچىلىكىنىڭ «كىچىك ئىستېھكامى» ۋە شىنجاڭدىكى ئۆزگىچە سانائەت ساياھەت بازىسى. رايون تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان، جۇڭگو بويىچە بىردىنبىر گىلتاغ تەبىئىي مەزىرىسى ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ باشلىنىشىغا دائىر تارىخىي يادىكارلىق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ دېشىن.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇلتان ئەسپار.

رايون باشلىقى: شۈي فۇگۈي.

سىياسىي كېڭەش 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جىڭاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى مايتاغ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 648 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %0.5، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 445 مىليون يۈەنگە

بېتىپ، 15.4% ، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 5% ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 438 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 948 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 799 مىليون يۈەن. 3 مىليون 607 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 1720 مىڭ 100 توننا ئېتىلىن، 8700 توننا بۇغداي ئۇنى، 9048 توننا سۇلياۋ ياسالما، 70 مىڭ 443 توننا نېفىت ئاسفالتى، 288 مىڭ 907 يۈگەم ماي قەغەز ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.02% كە يەتتى. نېفىت خىمىيە سانائىتىدىن ئىبارەت ئاساسىي كەسىپ داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلدى، نېفىت خىمىيە شىركىتى تۇنجى قېتىم 50 مىليون يۈەن ئومۇمىي پايدا ئالدى. «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلىدىغان مېتىل، ئېتىل، كېتون قاتارلىق 3 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلاندى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 237 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 2639، خۇسۇسىي كارخانا 122، ئۇلار يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 15 مىليون 740 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 69 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 75 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپى كىرىمى 24 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 917 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى بىكتۇەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مايتاغ مەركىزىي تارماق شىركىتى قۇرۇلدى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 5 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 ـ يىلى مايتاغدىكى نېفىت خىمىيە كارخانىلىرى 5 خىل مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى، 8 نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرىنى تاماملىدى، 11 تۈردە پاتېنتقا ئىلتىماس قىلدى. ئېتىلىن سېلىنسارلىقى بويىچە ئىزازلىغان پولى پروپىلېن A501 ئارىلاشتۇرۇش ئۇسكۇنىسىنىڭ ئايلىنىش دەۋرىيلىكى QC نەتىجىسى دۆلەتنىڭ سۇپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «مايتاغنىڭ نېفىت خىمىيە ئىختىساسلىق خادىملار ئىستراتېگىيىسى پروگراممىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، 30 مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىم باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، باشلانغۇچ مەكتەپ 5، بالىلار باغچىسى 7، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت بىر. شۇ يىلى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. سىرتتا تەربىيىلەش، سىرتتىن تەكلىپ قىلىش، ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى يەنىلا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى.

بىر 88 دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، 7 ساقلىق ساقلاش پونكىتى، بىر سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 300 دىن ئارتۇق كارىۋات، 400 نەچچە سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

مايتاغ تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بىرقىسىم ئاھالىلەر كىچىك ئولتۇراق رايونىغا ئاممىۋىي ساغلاملىق ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلدى. مۇنەۋۋەر سەنئەت ئۆمەكلىرى مايتاغقا ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىندى. كىتاب بازىرى، تور مۇسابىقىسى، مەھەللە ئالتۇنكۈز شاتلىق باغچىسى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى مايتاغ رايونىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 21 مىڭ 403 يۈەنگە يەتتى. رايوندىكى بارلىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ۋە خادىملىرى قانۇن بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتۇرۇلۇپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يىغىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. رايونغا قاراشلىق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا يىغىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

4 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تۇرمۇش يۇندىسىنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش، سۇ يىغىش تورۇبا لىنىيىسى پۈتكۈزۈلدى. 2001 ـ يىلى رايون بويىچە كۆكەرتىلگەن يەر 64.5 گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن يېشىللىق كۆلىمى 381.5 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 34.8% كە، يېشىللىق نىسبىتى 31.8% كە، ئوتتۇرىچە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 8.58 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر «ئاپتونوم رايوننىڭ باغ ـ ئورمانلىق شەھەر» ئۆلچىمىگە يەتتى.

### يوغۇرۇلما ئېگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

2001 - يىلى مايتاغ رايونى كۈيتۇڭ شەھىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويدى. 1 - باسقۇچتا ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونى قۇردى، يەنى شىنجاڭ «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. 2 - باسقۇچتا دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونى تەستىقلانغاندىن كېيىن پائال مەلۇم قىلىنىدۇ.

★ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئازكەم 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مايتاغ نېفىت خىمىيە يولى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر، قوش يۆنىلىش بويىچە 4 ئاپتوموبىل ماڭالايدۇ. ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىغا تۇتىشىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مايتاغنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان، يىلىغا 50 مىڭ توننا پارافىنغا ھىدروگېن قوشۇش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتىدە 6 مىليون توننا نېفىت چەككىلەشنى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ماھىيەتلىك قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

★ 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا مايتاغ مەملىكەت بويىچە 28 مەھەللە تەربىيىسى تەجرىبە رايونىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىش.

ۋېي شيەنخۇا

## قاراماي رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 2001 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 159 مىڭ 271 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 33 مىڭ 439)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.64‰. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ ۋېيدۇڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشياڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى قاراماي رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.8 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپى بىلەن ئۆي - مۈلۈك كەسپىنىڭ ئېشىش ھەجمى بىرقەدەر زور بولدى، يەنى قاتناش، پوچتا - تېلېگرافنىڭ %20، ئۆي - مۈلۈك كەسپىنىڭ %35 ئاشتى. كەسىپ نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 20.62 : 78.88 : 0.5 دىن 3.22 : 3.77 : 4.0 كە تەڭشەلدى.

قاراماي رايونى شوگەي يېزىسىنىڭ ھەرخىل زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 87.759 گېكتار بولۇپ، 325 توننا ئاشلىق، 4.842 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 12 مىڭ 859 تۇياق چارۋا قالدى. 210 گېكتار يەردە قەغەز ئورمىنى بازىسى قۇرۇش بويىچە كۆچەت تىكىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12.3 ئاشتى. رايون بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 235 مىليون يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 264 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 840 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار تېز تەرەققىي قىلدى، يەككە سودا - سانائەت ئورنى 7083 كە يېتىپ، %11، خۇسۇسىي كارخانا 417 گە يېتىپ، %31 كۆپەيدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلار سىجىل تەرەققىي قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندى.

قاراماي رايونى 1999 - يىلدىن باشلاپ «بەش بىر» قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. 3 يىلدىن بۇيان «بەش بىر» قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. «ئالا بېلىق» سودا بازىرى، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، ئېلېكتىر سايمانلىرى بازىرى ۋە تىجارەت باشلانغان «قۇياش نۇرى» سودا

سارىيى، «ئالمە شادلىقى» ئاللابازىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم كەسپلەشكەن بازارلار رايون ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق بازىرى ۋە زامانىۋى قۇشخانا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كۆپ ئىقتىدارلىق، سېستىمىلاشقان رايون، مەھەللە ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت كوچىسى، قاراماي دەرياسى مەركىزىي مەنزىرە رايونى قۇرۇلدى. «يۇڭخوڭ»، «شەرق شامىلى»، «مەدەنىيەت»، «شادلىق باغچىسى» قاتارلىق كىچىك رايونلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىش ئاساسىدا كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، يەنە 11 كىچىك رايوننى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى يول قاتنىشىنى نازارەت - كونترول قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلدى. شوگەي رايونىنىڭ مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىنىپ بىر ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلدى. شەھەر تەرتىپى، مۇھىت تازىلىقى، كۆكەرتىشنى تەرتىپكە سېلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، شەھەر قىياپىتى، كىچىك رايون قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، شەھەر مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 -يىلى رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1047، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 372. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 15، بالىلار باغچىسى 13. ئالاھىدە مائارىپ بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈلدى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ساپا مائارىپى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ئېنگلىز تىلى ئالاھىدە مائارىپى بويىچە نەتىجە كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. بالىلار باغچىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىندى ۋە ياخشىلاندى، رايوندىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار بىرقەدەر مۇۋاپىق ھالدا 13 بالىلار باغچىسىغا بۆلۈنۈپ، كۆلەملىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. «جىنلوڭ» بالىلار باغچىسى قاراماي رايونى بويىچە قېلىپلاشقان 2 - بالىلار باغچىسى، 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ قېلىپلاشقان 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قالدى. رايون بويىچە تۆر بولماسلىق تۈگىتىلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، قېلىپلاشقان باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىسى 4 كە يەتتى.

مەھەللىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بىرلىكتە مەنىۋىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئارقىلىق، مەھەللە ئويۇن قويۇش ئەترىتى، «ئۈچىنچى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» شۆبە ئويۇن قويۇش ئەترىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەشكىللەندى. مەھەللىلەردىكى مەدەنىيەت پونكىتى (ئۆيى)، چېنىقىش ئۆيى، يېشىللىق قاتارلىق بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ساغلاملىققا پايدىلىق بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش، تەربىيە قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيىتى مەھەللىگە كىرگۈزۈلدى. «رىشتىمىز تەڭرىتاغقا باغلانغان» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى قولى گۈل ئۇستىلار لوڭقىسى» ناملىق ھۈنەر - سەنئەت كۆرگەزمىسى، «مۇنى تەبرىكلەش بايرىمىدىكى مەھەللىگە باغلانغان رىشتە» ناملىق مەيدان ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتلىرى ساغلاملىق تەربىيىسى لېكسىيىسى، ئائىلىۋى قىزغىنلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، نالياڭ كېچىلىكى ۋە ئۆسمۈرلەر ناخشا مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. قاراماي رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي رايون، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار رايون بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار رايونلۇققا كۆرسىتىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شوگەي يېزىسى تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3294 يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17.7 تۆۋەنلەپ كەتتى. رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 575 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزگە تەئەللۇق كىرىمى 10 مىڭ 389 يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى، ئېنگېر كوئېففىتسېنتى بويىچە %228 بولۇپ، 3.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

## قاراماي رايونىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى قاراماي رايونى «مەملىكەتلىك مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر رايونى» دېگەن نامنى قولغا كەلتۈرۈشنى باش نىشان قىلىپ، مۇنداق 3 جەھەتتىكى

خىزمەتنى قانات يايدۇردى. 1) مەھەللە ئاپتونومىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا 2000 ـ يىلدىكى ئاھالىلەر كومىتېتى ئالمىشىش سايلىمى ئاساسىدا ئاھالىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى، ئاھالىلەر كۆندىلىك ئىشلار كېڭىشى ھەيئىتى قاتارلىق مەھەللە ئاممىۋى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەھەللىدە تۈنجى بولۇپ ئاھالىلەر دېموكراتىك باھالاش ھەيئىتى ئەزالىرى خىزمىتىنى يولغا قويدى. 2) يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى ئۆلچەم، ئومۇمىيلىق تەلىپىگە ئاساسەن، رايون، مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشتۈردى. 3) مەھەللە ئۇنىۋېرسال چاقىرىش تورى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، «بىر تال مەھەللە سىمى» ئارقىلىق ياردەم سوراش مۇلازىمەت تورى سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، زامانىۋىلاشقان كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى مەھەللە مۇلازىمىتىدە قوللىنىپ، ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئاھالىلەر ئۈچۈن تېز ھەم پايدىلىق مۇلازىمەت قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2001 ـ يىلى قاراماي رايونىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

★ 11 ـ ئايدا قاراماي رايونى بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 8-شى 136 ـ تۈەن ـ مەيدانى بىلەن يەر ھوقۇقىنى ئېنىقلاش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ 5 يىل داۋاملاشقان قاراماي رايونىنىڭ بىكتۈەن ئىشلەتكەن دۆلەت زېمىنىنىڭ ھوقۇقىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

★ قاراماي رايونى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، تۇنجى قېتىم يېڭى ئىقتىسادىي پۇرسەت ۋە كارخانا تەرەققىيات ئىستىراتېگىيىسى ئىقتىساد مۇنبىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

جاڭ شىنخۇي

# جەرەنبۇلاق رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جەرەنبۇلاق رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ۋاقىتلىق نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 63 مىڭ 783 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 15 مىڭ 308)، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.77‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.83‰. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

جەرەنبۇلاق رايونىدا قېزىلما بايلىق مول، ئاساسلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز بار، ئۇنىڭدىن قالسا كۆمۈر، ئاش تۇزى، ياپىلاق تاش، شېغىل، شىبات قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چىقىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، شىقلداق، خوخا تىكەن، تىكەنلىك لويلا، پىچان، بۇدۇشقاق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي نەيخوا.

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇاڭ رۇيلىڭ.

رايون باشلىقى: سۈن جېنجياڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 4%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.2%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.2% ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 6.7% ئاشتى. 2 مىليون 194 مىڭ توننا كۆمۈر، 907 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇرغىلانغان قۇدۇقنىڭ مېتىراژى 1 مىليون 99 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 930 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 219 نېفىت قاتلىمى سىناق قىلىندى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 9 كارخانا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، 13 مىليون يۈەن يەرلىك باج ياراتتى. رايون بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا 47 گە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 17 كارخانا كۆپەيدى؛ يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 2757 گە يېتىپ، 519ى كۆپەيدى. رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانا، يەككە ئورۇنلارنىڭ 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلىغى جەلپ قىلىندى. رايوننىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، 3 ـ كەسىپنىڭ رايوننىڭ

ئۇنىۋېرسال ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 8% كە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 276 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك باج 87 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.5% ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 99 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.3%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.5% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 394 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى «رايون تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ يولغا قويۇلدى.

20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قۇرۇلۇش مەبلىغى توپلىنىپ، شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شەھەر رايونىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلاش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، 8 ئەمەلىي قۇرۇلۇش يولغا قويۇلدى. يول تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، كۆلىمى 90 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 9 كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىلدى ۋە يورۇقلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان شەھەر رايونى يول تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، 2 مىليون 327 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يېشىللىق كۆلىمى 351 گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بىلەن قەغەزنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئورمىنى بەرپا قىلىش بويىچە 2 مىليون 237 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يېڭىدىن 333 گېكتار يېشىللىق كۆپەيتىلدى، شەھەر رايونىدا 13 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يەرگە چىم تېرىلدى؛ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 12 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈستىگە قەۋەت قوشۇش ۋە بىنانى پۇختىلاش قۇرۇلۇشى قىلىندى؛ يۇندىنى تىزگىنلەش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىقى باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشنى دۆلەت پىلان كومىتېتى تۈر قىلىپ تۇرغۇزدى؛ شەھەر رايونىنىڭ مەركىزىي كوچىسىنى يورۇتۇش، گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى؛ «مېنخۇ» كوچىسىدىكى سودا كوچىسى ۋە ئۇنىڭ مۇئەسسەسىلىرىنى يورۇقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، سودىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 5000 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېلىندى؛ شەھەر رايونىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش قاتتىق دېتال مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ شەھەر رايونىدىكى جامائەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە يورۇقلاشقان مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، «سەنپىڭ» بازىرىدىكى بازار مەركىزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى تېزلىتىلدى، مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، يېڭىدىن «غەربىي جۇڭشاڭ» يولى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ياسالدى، مىللەت، دىن پائالىيەت نۇقتىسىدىن 3 ى قايتىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شەھەر رايونىنىڭ قىياپىتى بارغانسېرى شەھەرلىشىشكە ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشنى باشلامچى قىلىپ، «ئۈچ بىر» قۇرۇلۇشى (بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا «چولپان» كارخانىلىرىنى تىكلەش، بىر تۈركۈم پەن تېخنىكا داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش، بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا نادىر ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەش) نى تىرىشىپ يولغا قويدى. پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى 90% تىن، مەھسۇلاتقا ئايلىنىش نىسبىتى 65% تىن، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتى 50% تىن ئاشتى. رايون «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونى» دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى. 2001 - يىلى رايونلۇق ھۆكۈمەت كومپيۇتېر پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رايوننىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىدا ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سۇپىسى يادرو قىلىنغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇچۇر تورى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئار پەن - تېخنىكا كومىتېتى جەرەنبۇلاق رايونىدا ئاپتونوم رايونلۇق «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونى» لىرىنىڭ ئالاقە تورى يىغىنىنى ئېچىپ، جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى.

جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4263، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 264. رايوندىكى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ 5، باللار باغچىسى 6، مەكتەپتىكى بالا 9000 دىن ئاشىدۇ. كۇتۇپخانا 5، قىرائەتخانا 39، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 360 نەچچە مىڭ؛ 5600 كۋادرات مېتىرلىق بىر تەنتەربىيە سارىيى، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان 3 كۇلۇب، كۆلىمى 3200 كۋادرات

مېتىردىن ئاشىدىغان 3 كىنو - تىياتىرخانا، 3 مەھەللە مەدەنىيەت مەركىزى (مەدەنىيەت پونكىتى)، 12 مەدەنىيەت ئۆيى، كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان سۈپەتلىك «سۇ كالىسى» سۇ ئۈزۈش مارىيى بار. ئاپتونوم رايون جەرەنبۇلاق رايونىغا «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (رايون)» دەپ نام بەردى. رايون بويىچە 7 رادىئو ئۇزېلى، 7 يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار.

رايوندا 2 دوختۇرخانا، 7 شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 580 كارىۋات، 748 دوختۇر، سېستىرا بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈزلۈكسىز تەئەللۇق كىرىمى 10 مىڭ 384 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئەمەلىي چىقىمى 8604 يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز شەھەر رايونى» دېگەن نامغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق باغ-ئورمان، كۆكەرتىش لوڭقىسىغا ئېرىشتى.

شى جيەن

# ئورقۇ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئورقۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 390 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ئورخۇ رايونىغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر، يېزا بىر؛ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 7086 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2578)، يېزا نوپۇسى 1430؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.4. رايون بويىچە 334 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 101 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 170 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە سۇ مەنبەسى مول، ئاق ئېرەك دەرياسى سۇ ئامبىرى، جەرەنبۇلاق سۇ ئامبىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى - شەيتانكەرىش ئېگىزلىك سۇ ئامبىرى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. رايون تەۋەسىدە 212.6 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئوتلاق، 66.3 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئورمان بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، بۆغا، تاغ قارچۇغىسى قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چوچۇكبۇيا، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، گەج، تەبىئىي گاز، شور، كۆمۈر، چىرىمتال قاتارلىقلار بار، ئاقىۋالاقتا نېفىت - گاز بايلىقى مول. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ياردائىلىق يەر شەكلى-شەيتانكەرىش، ئاق ئېرەك دەرياسى جىلغىسى، تەبىئىي ئاسفالت كېنى، ماي قۇمتاغ، ئىپتىدائىي توغراقلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئورقۇ رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خەيجيالڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىبراھىم مۇقىيىت.

رايون باشلىقى: جىن ۋۇلىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ئورقۇ رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 642 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13 ئاشتى. 602.7 توننا ئاشلىق، 621.9 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 7986 تۇياق چارۋا قالدى. شۇ يىلى ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچەتتى تىكىش بويىچە 23 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 58.4 گېكتار يېشىللىق كۆپەيتىلدى؛ قاراماي ئورمان بىلەن قەغەز بىرگەۋدىلەشكەن سانائەت خام ئەشيا - ماتېرىيال بازىسى قۇرۇلدى، 1 - قاراردا 80 گېكتار يەرگە تېز ئۆسىدىغان تېرەك كۆچەتتى تىكىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3346 يۈەنگە يەتتى.

ئورقۇ رايونى بويىچە نېفىت ۋە تەبىئىي گازدىن 900 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، 857 مىڭ 100 توننا نېفىت، 169 مىليون توننا تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 468 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %59.6 ئاشتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون يۈەنگە، يىللىق يەرلىك باج كىرىمى 8 مىليون 334 مىڭ 900 يۈەنگە، دۆلەت بېجى كىرىمى 4 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 650 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى تولۇقلاپ بەرگىنى 11 مىليون 160 مىڭ يۈەن) گە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 18 مىليون 760 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى 8 مىليون

240 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. سودىگەر چاقىرىش، دەبدەبىخورلۇق، قىرغىنچىلىقنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، قاراماي شەھىرىگە بىرلىكتە تۆھپە قوشۇش پىلانى تۈزۈلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 190 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 110 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 580 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 373 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 878 مىڭ 900 يۈەنگە، شەھەر-يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون 2206گە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى ئورقۇ رايونى پەن - تېخنىكا ھەپتىلىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە پەن - تېخنىكا قىشى پائالىيىتى ئارقىلىق ئەسقاتىدىغان تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 172، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 52. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 254، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 48؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 777، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 91؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 349، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 20. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى.

رايوندىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 3، سەھىيە-يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 140، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 100. رايون بويىچە تازىلىقنى نازارەت - كونترول قىلىش كۆلىمى %100 كە، مۇلازىمەت كەسپىدە دېزىنفېكسىيە مۇئەسسەلەرنىڭ سەپلىنىش نىسبىتى %99 تىن كۆپرەككە، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئورقۇ رايونى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 9685 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 8402 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3237 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2154 يۈەنگە؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 25 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 24.3 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 32.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 96 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 156 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۈپلاشقا قاتناشتى.

رايون بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 590 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جياڭ كېۋېن

# شىخەنزە شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسى بويىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 145 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار بىر، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 291 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 61 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.6. شەھەر بويىچە 33 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 25 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 530 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى %37.2 كە، ئوتتۇرىچە جامائەت كۆكلەملەيدانى 7.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن زۇڭلى جۇئېنلەي خاتىرە سارىيى، خاتىرە مۇنارى، ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە دائىر تۈنجى ساپان ھەيكىلى، شىمالىي كۆل ساياھەت رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما رۇڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما رۇڭ.

شەھەر باشلىقى: دىڭ شىگۇەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن

يۆتكەلدى) ، سۇلى جىگو (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قىدىرقان ئاقمەت (قازاق) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 210 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %20 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.9، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 385 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %18.7 تەۋەنلەپ كەتتى. 22 مىڭ 350 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 619 توننا پاختا، 1632 توننا ياغلىق دان، 3239 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 71 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 5703 توننا گۆش، 74 توننا قوي يۇڭى، 5815 توننا سۈت، 2616 توننا تۇخۇم، 2285 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 166 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 82 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %10، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.3 ئاشتى. 840 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 13 مىڭ 791 تال ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى، 21 مىڭ 60 توننا PVC خام ئەشياسى، 29 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىيسا، 20 مىڭ 420 توننا پەمىدۇر قىيامى، 33 مىڭ توننا پاختا يىپ، 66 مىليون 720 مىڭ مېتىر رەخت، 1 مىليون 30 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 928 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 402 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 776 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 755 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. موگۇكۆلى سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش قۇرۇلۇشى، 1 ـ قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى، تەرەققىيات رايونىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي لىنىيىسىدىكى ئىسسىقلىق تورى قۇرۇلۇشى، شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 ـ قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 26 ـ نومۇرلۇق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى پونكىتىنىڭ 2 ـ قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، «تيەنيې» گۇرۇھى شىركىتىنىڭ 20 مىڭ توننىلىق سۇ تېجەش ئۈسكۈنە ـ ماتېرىياللىرى تۈرى، 40 مىڭ توننىلىق ئىئون پەردە ئىشقارى ۋە 50 مىڭ توننىلىق پولى ۋىنىل خلورىد قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تۈرى، 20 مىڭ توننىلىق ماتېرىيالنى بىۋاسىتە قىسىپ چىقىرىش تۈرى، ئۈن-ياغ زاۋۇتىنىڭ ياقىلەنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش 2- قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ 300 توننىلىق فوسفولىپىد ۋە 60 مىڭ توننا ئىنچىكە چەككىلەنگەن ماي تۈرى، شىمالىي كۆل ساياھەت رايونىنىڭ 2 ـ قارارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، ئۇرۇق توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق تۈرلەر نۇقتىلىق يولغا قويۇلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يېڭىدىن ياسالغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن يول 36.10 كىلومېتىر، يېڭىدىن ئورنىتىلغان كوچا چىرىغى 486، شەھەرنى كۈنىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 108 مىڭ توننا. توشۇلغان يۈك 7 مىليون 840 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 210 مىڭ توننا، تاشيولدا توشۇلغىنى 7 مىليون 630 مىڭ توننا؛ توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 866 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 246 مىڭ، تاشيولدا توشۇلغىنى 5 مىليون 620 مىڭ. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 31 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 121 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە. يىل ئاخىرىدىكى شەھەر تېلېفونى ئابونىنتى 84 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 73 مىڭ 900 گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 237 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 172 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 498 مىليون يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 57 سى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 718 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 39 مىليون 690 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 840 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 21 مىليون 850 مىڭ دوللار، شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرىدىن 2 سى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 17 مىليون 550 مىڭ دوللار. 1 مىليون 348 مىڭ 100 ئىچكى ساياھەتچى، 458 خەلقئارا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 122 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 218 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %14.8،

يەرلىك مالىيە چىقىمى 270 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 452 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 861 مىليون يۈەن؛ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 769 مىليون يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 45 مىليون يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 65 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 19 مىڭ 811، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 8542. شۇ يىلى 20 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 71 تۈرلۈك پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 448 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 393؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 5، ئوقۇغۇچىسى 4308؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 898؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 13؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 320. يۇقىرىدىكى مەكتەپلەردىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3909. چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئوقۇغۇچىسى 7123. شەھەر بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93% كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە 50 مىڭ ئائىلىگە كىردى.

شەھەر بويىچە 29 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2421؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3276، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1526.

35 قېتىم كاتتا ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 22 مىڭ ئادەم (قېتىم) ھەرخىل مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 22 تۈردە 1 - لىك، 20 تۈردە 2 - لىك، 17 تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 700 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 94.1% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شىخەنزە شەھىرى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 6514 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4335 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2039 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9606 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.32 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە 76 مىڭ 963 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تويلاشقا، 20 نەچچە مىڭ ئادەم داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 11 ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 29 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر رايونىدا گۈڭگۈرت ( N ) ئوكسىدى، نىترىدلار - ئوكسىدلار، دانچە ماددىلار، تەبىئىي چاڭ - توزانغا دائىر 4 چوڭ كۆرسەتكۈچ ۋە مۇھىتنىكى شاۋقۇننىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى، قاتناش شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلدى.

## شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2001 - يىلى تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 454 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 44.8% ئاشتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 24 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئازكەم 10 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 20 ھەسسە ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 644 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 44 مىليون يۈەن. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىگە دائىر كېلىشىم بويىچە 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى يېڭىدىن 73 كارخانا، 293 مىليون يۈەن مەبلەغ تىزىمغا ئېلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىخەنزە شەھىرى «دۆلەتلىك باغچىمان شەھەر» لەرنى باھالاشتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

★ 2001 - يىلى شىخەنزە شەھىرى دۆلەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

جۇ مېيلىڭ

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىدە. 2001 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 2، شەھەر 5، ناھىيە 19. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3مىليون 950 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 173مىڭ 500)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 2 مىليون 501 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.17‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.98‰. ئوبلاست بويىچە 731 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 319 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، دەريالىرى كۆپ، ئورمىنى قويۇق، تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك ۋە دەريا ۋادىسىدىكى قىياپاش ئويمانلىق ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقىدۇ، ئوبلاست تەۋەسى تېپىك بوستانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئوبلاست تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 36 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 7 مىليارد 912 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 20 مىليون گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، ئۇ شىنجاڭدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقنىڭ 42%تىنى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك ياۋا ئالمىلىق، ياۋا باداملىق، ياۋا ياڭاقلىق، ياۋ قىزىل گۈللۈكلەر بار. بۇلاردىن باشقا يەنە جەلىپكار، سىرلىق ھەم غەلىتە تەبىئىي مەنزىرىلەر، مىڭ يىللىق تارىخ، مەدەنىيەت مۇجەسسەملەنگەن گۈمانىتارلىق مەنزىرىلەر بار بولۇپ، قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەت تۈسىگە ئىگە. يەنە مول ھايۋانات - ئۆسۈملۈك بايلىقى، قېزىلما بايلىق بولۇپ كەڭ، ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئاپتونوم ئوبلاست قازاقىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، تەۋەسىدە 8 پورت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس پورتى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىدىكى مۇھىم پورتلارنىڭ بىرى.

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىن تيەنشى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئالپىسباي راقىم (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نۇرلان ئابدۇمەنجىن (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ گۇليالڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، توقتار ئەلىباتىر (قازاق)، يۈ گوجى، زوردۇن خوجا (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋۇ چېڭدې (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن بىن (شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىر، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زەكەن ئومار (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: زېڭ لىخفېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ دىڭجۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئايدار ئاقان (قازاق، 10 - ئايدا ۋاپات بولدى)، بايقوجا مىركىستباي (قازاق)، ساۋ خۇڭمېي (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇەن يىمېي (ئايال، شىبە)، ما گوديەن (خۇيزۇ)، قادىر ئىسلام (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تىلىۋالدى تۆرە، يى گوچۇەن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، تۇرسۇن تۇردى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: ئالپىسباي راقىم (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: نۇرلان ئابدۇمەنجىن (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ)، لىبې يىلياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ يۇجۇن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گۇ يىندې، سەۋىردىن ئۆمەر، ئورالقان ئىماش (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت (قازاق)، ساۋۇتبېك نۇرلان (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن تيەنشى (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇربانجان مەمەت (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى شىنۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يى شيەنجيا (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئۇلىقان سۇلتان (ئايال، قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇۋەلى ئىبراھىم، قاجىيەكبەر قوڭىر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيايوف، چېزىڭ غومجاب (موڭغۇل)، لى شىڭخۇا، داباي نۇراكىن (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 21 مىليارد 945 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 26مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.4%؛

3 . كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 664 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7 . 12 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 254 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %06 . 5 ئاشتى. 1 مىليون 720 مىڭ توننا ئاشلىق، 94 مىڭ 300 توننا پاختا، 196 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان، 1مىليون 895 مىڭ توننا قىزىلچا، 113مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 13 مىليون 875 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 290 مىڭ توننا گۆش، 25 مىڭ 800 توننا قوي يۇڭى، 6 مىليون 550 مىڭ 600 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 395 مىڭ 300 توننا سۈت، 70 مىڭ توننا تۇخۇم، 15 مىڭ توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 9477 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1644 گېكتار. ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يىللىق ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 180 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 851 مىڭ 900 كىلوۋاتقا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 895 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 406 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 75 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1 . 10، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 458 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2 . 8 ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليارد 436 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 813 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 112 مىڭ 200 توننا سېمونت، 43 مىڭ 654 توننا چويۇن، 2 مىليارد 15 مىليون دانە خىش، 1 مىليون 83 مىڭ 600 مېتىر يۇڭ رەخت، 110 مىڭ 400 يەشىك تاماكا، 187 مىڭ 500 توننا شېكەر، 92 مىڭ 300 توننا ئىچىملىك-ھاراق، 3538 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 2555 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %1 . 93 بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 462 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 507 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 542 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 563 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 625 مىليون يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 354 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 2 مىليارد 540 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 44 مىليون يۈەن. شۇ يىلى پۈتكەن چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 105 مىڭ توننىلىق دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 50 مىڭ توننىلىق دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى؛ غۇلجا شەھىرىنىڭ 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق دائىرىنى ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 1 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق دائىرىنى ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش قۇرۇلۇشى؛ ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقتىن ساقلىنىش قوماندانلىق مەركىزىنىڭ 5000 كۋادرات مېتىرلىق بىناسى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاڭبۇرا مەنزىرە ساياھەت رايونى، نارات ساياھەت رايونى قاتارلىقلار بار. بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 80 مىليون توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 282 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسىپىدىن 42 مىليون 120 مىڭ يۈەن، تېلېگراف كەسىپىدىن 221 مىليون 630 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 450 مىڭ 600 گە يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 6 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يەتتى، كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، توپ-پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 3 مىليارد 863 مىليون يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 500 مىليون يۈەنگە، ياسىمچىلىقنىڭ 588 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ 1 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە، باشقا كەسىپنىڭ 282 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 345ى بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 2 مىليارد 902 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 325 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 64 مىليون 750 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 261 مىليون 50 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 9ى ئىمزالاندى، سوممىسى 29 مىليون 840 مىڭ دوللار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 638 مىڭ دوللارلىق مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى. ساياھەتچىدىن 2 مىليون 520 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 276 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. شۇ يىلى يەرلىك مالىيە كىرىمى 977 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2 . 13؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 3 مىليارد 554 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %98 . 38 ئاشتى. پۇل

مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليارد 394 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 515 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 957 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 444 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 89 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 333 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 22 مىليون يۈەن، تۈرلۈك چىقىم قىلىنغان ۋە تۆلەنگەن سومما 103 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 46 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 33 مىليون 950 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 22 مىليون 620 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 17سى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 73ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ «3 تۈرلۈك خىراجىتى» دىن 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ «3 تۈرلۈك خىراجىتى» دىن 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى، ئاپتونوم رايون 2 مىليون 45 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىدىن 1 مىليون 990 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى، ئوبلاستنىڭ ئۆزى 5 مىليون 710 مىڭ يۈەن تەييارلىدى. بىر يىلدا 78 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئەنگە ئېلىندى، 17 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 7 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، دۆلەت بىرنى تەستىقلىدى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 4707 (مىللىي 2811)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 400 (مىللىي 7069)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 1318 (مىللىي 408)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 115، ئوقۇغۇچىسى 54 مىڭ 500 (مىللىي 27 مىڭ 400)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 366، ئوقۇغۇچىسى 183 مىڭ 600 (مىللىي 113 مىڭ 800)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1178، ئوقۇغۇچىسى 430 مىڭ 800 (مىللىي 294 مىڭ 500). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 51 مىڭ 336 (مىللىي 31 مىڭ 292). چوڭلار ئالىي مەكتىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 3944 (مىللىي 1726). ئوبلاستتا 26 سەنئەت ئۆمىكى، 27 مەدەنىيەت يۇرتى، 23 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 مۇزېي، 27 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.9كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتىتى 186 مىڭغا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 471 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 127، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 54، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 24؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 13 مىڭ 450؛ 18 مىڭ 992 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 9101)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 8643 (مىللىي 3312).

ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، 56 تۈردە 1 -، 49 تۈردە 2 -، 47 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئىلى ئوبلاستى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5638 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4335 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2542 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1622 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9144 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 16.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 14.72 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

بىر يىلدا مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش... بىر يىلدا مۇھتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 18ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 38 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى؛ كۆلىمى 30.7 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 13ى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 13 بولۇپ، كۆلىمى 30.09 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

## ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولدى

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىلى ئوبلاستىغا كېلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارىنى

جاكارلىدى. ئۆزگەرتىشتىن كېيىنكى ئىلى ئوبلاستى بۇرۇنقى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 8 ناھىيە، بىر شەھىرىنى ھەمدە كۈيتۇن شەھىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى پرىنسىپ جەھەتتە باشقۇرىدۇ.

تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمى ئۇزاقتىن بۇيان دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي كەلگەنىدى. ئىلىدا رەھبەرلىك قاتلىمى كۆپ بولۇش، تۈزۈلمە مۇناسىۋىتى راۋان بولماسلىق، ئاپپاراتلار كۆپ بولۇش، مالىيە يۈكى ئېغىر بولۇش، تەكرار قۇرۇش، كۆپ تەرەپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئىللەتلەر ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ، ئىلىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇ قېتىم ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش - ئورگان خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساسلىقلار، بايلىق مەنبەسى، جۇغراپىيە ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تۈزۈلمە يېڭىلاش ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچ - ئامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشتە، ئوبلاستلىق پارتكوم مەركەزنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئائىت 6 ماددىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك 146 كادىرنى، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك 203 كادىرنى ھەمدە بۆلۈم ۋە بۆلۈمدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 1174 كادىرنى ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، دۆلەت مۈلكىنى ئېنىقلىدى ۋە خىزمەت بىنالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئاپپاراتلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا، خىزمەتنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، نەتىجىدە ئوبلاست بىلەن ۋىلايەتنى قوشۇۋېتىش خىزمىتى مۇقىم، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى.

★ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى 4 چوڭ بەنزە رەھبەرلىرى يىغىنىدا ئىلى ۋىلايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىلى ئوبلاستىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارنى جاكارلىدى.

★ 4 - ئاينىڭ 27- كۈنى ئىلى ئوبلاستى «1 - ماي» نى تەبرىكلەش، ئىلى چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش مېدال (تەقدىرنامە) نىغا ئېرىشكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 5 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 9 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

★ 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ئوبلاستىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى كۈنەس ناھىيىسى نارات ئوتلىقىنىڭ ئاقتۈزەن يايلىقىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئىزاھ: نوپۇس ۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى رايون خاراكتېرلىك سان بولۇپ، باشقا سانلىق مەلۇماتلار بىڭتۇەننىڭ ئوبلاست تەۋەسىدىكى ئورۇنلىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ليۇ ئەيجۈن

# كۈيتۇن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 247 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 120 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 8104)، يېزا نوپۇسى 15 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.01‰. شەھەر بويىچە 9063 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۈيتۇن - شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 140 مىليون كۇب مېتىرغىچە.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇن شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنچېڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پۇ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: ئېركىن سەيسەنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەن شيەنۋېن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ داۋخۇا (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %2.2؛ 2 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3؛ 3 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %2.4 ئاشتى. 5814 توننا ئاشلىق، 7173 توننا پاختا، 2053 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 218.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 42 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 2892 توننا گۆش، 3784 توننا سۈت، 1027 توننا تۇخۇم، 230 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %1.1، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.1 ئاشتى. بىر يىلدا 816 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 22 مىڭ 915 توننا پاختا يىپ، 110 مىڭ 400 يەشىك تاماكا، 4369 توننا پەمدۇر قىيامى، 1826 توننا سۇ سىڭدۈرۈلگەن سىڭگەن پولياۋ بويۇق، 65 مىڭ 300 توننا سېمونت، 19 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.6كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 640 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 425 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 388 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 668 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 453 مىليون 160 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 41 مىليون 350 مىڭ يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 113 مىليون 300 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 61 مىليون 120 مىڭ يۈەن. 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۈيتۇڭ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى شۇ يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 21 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمچانلىقى 50 مىڭ توننىلىق مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئاشلىق ئامبىرىنى كېڭەيتىش تۈرى رەسمىي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. قۇرۇلۇۋاتقان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يوندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە 10 مىليون يۈەن، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن، شىمالىي شىنجاڭ ئايالالرنى يېڭى ئۇرنىغا 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 6000 مېتىر تاشيول ياسالدى، شەھەرنى كۆكلۈك تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 80 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 333 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 800 مىليون توننا ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 533 مىليون توننا ـ كىلومېتىر؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 823 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 115 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 708 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 408 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 137 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر تېلېفون ئابونېنتى ئازكەم 70 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى ئاز كەم 70 مىڭغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 600 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 71 مىليون 448 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 198 مىليون يۈەن. شەھەردىكى ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 19 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەرنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %10.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 106 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.7 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 47 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 12 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 10 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا

خادىمى 8701، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2788. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 12سى تاماملاندى. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، ئوقۇغۇچىسى 1727؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 7778؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 754، يۇقىرىقى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 1552. چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 2882. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 62 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 6، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1143؛ 1662 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 114)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 732.

9735 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 94.53% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5993 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4997 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1212 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1633 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 17 يۈەنگە يەتتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23.1 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 11 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 17 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 2598 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 2 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 21.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى، يېتىش نىسبىتى 92.8%كە يەتتى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە كۆلىمى 17.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان رايون ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 74.8% بولدى.

### كۈيتۇڭ ئىقتىساد - سودا تەرەققىيات رايونى

2001 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا رويخەتكە ئېلىنغان كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 32.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 87 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.6% ئاشتى. تەرەققىيات رايونىنىڭ باج كىرىمى 28 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 64% ئاشتى. 47 كارخانىنى رويخەتكە ئېلىش تەستىقلاندى، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 69 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 22 قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلاندى، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 33% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 62.7% ئاشتى. تەرەققىيات رايونىدا كۈيتۇڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، «كاڭجىلىڭ» يىپ ئۇراش تۇرۇبىسى زاۋۇتى، «يۇڭخۇا» ئەينەك زاۋۇتى ھەمدە شياۋ فامىلىلىكلەر سۈلياۋ قېلىپ زاۋۇتى، «خۇاتىلىڭ» كاربىن زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم سانائەت تۈرلىرى كەينى - كەينىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ 1 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى كۈيتۇڭ شەھىرىگە 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر دەپ نام بەردى.

★ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا تېز سۈرئەتلىك ياسداق ئاپتوبۇس قاتناشقا باشلىدى.

★ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۈن جۇڭشەن «جياۋشىن» باشلانغۇچ مەكتىپى كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ كەيگەنچى يېزىسىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

چيەن شياۋچىن

## غۇلجا شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى — كۆكسىرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر، ئاۋئاتسىيە مۇساپىسى 509 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8، بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى

نوپۇس 353 مىڭ 930 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 218 مىڭ 86)، يېزا نوپۇسى 249 مىڭ 389؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.53‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.46‰. شەھەر بويىچە 14 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3450.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6357.4 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، 3000 گېكتار ئېگىز ئورنى تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 228 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3581.37 گېكتار ئورمان بار. ئاساسلىق يۇڭ - تېرە ئېلىنىدىغان هايۋانلىرىدىن سۇ بۇلغىنى، ئۈزۈن يۇڭلۇق توشقان؛ دورىلىق هايۋانلاردىن تەگرىتاغ بۇغىسى بار. ئىلى دەرياسىدا كارپ بېلىقى كۆپ. كۆمۈر بايلىقى مول. سەيلىگاھلاردىن ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى، خەنبىڭ يېزىسىدىكى راۋاق، تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى شىپاڭ، مىللىيچە ئۆي كوچىسى، لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياۋ باۋخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن سۇڭنيەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.7% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.2% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.83% ئاشتى. 35 مىڭ 29 توننا ئاشلىق، 2775 توننا ياغلىق دان، 117 مىڭ 690 توننا قىزىلچا، 15 مىڭ 591 توننا مېۋە - چېۋە، 162 مىڭ 677 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 196 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 5901 توننا گۆش، 23 مىڭ 520 توننا سۈت، 1692 توننا تۇخۇم، 2236 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 133.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 29 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3938گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 151 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 641 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.25% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 232 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.27% ئاشتى. بىر يىلدا 175 مىڭ 947 توننا كۆمۈر، 73 مىڭ توننا سېمونت، 250 مىليون 210 مىڭ دانە خىش، 19 مىڭ 51 توننا ئىچىملىك (بۇنىڭ ئىچىدە پىۋا 18 مىڭ 962 توننا)، 54 مىڭ توننا ئۇن، 449 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 870 مىڭ 900 جوئۇل ئىسسىقلىق، 17 مىليون 640 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 102.94%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 850 مىڭ 800 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 268 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 338 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 88 مىليون 60 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 42 مىليون 947 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ 2 - ئىسسىقلىق زاۋۇتىنىڭ ئۆي ۋە غول تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىپ، 2094 مېتىر تۇرۇبا ئورنىتىلدى، قايتا ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش پونكىتىدىن 14ى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، ئىسسىتىلىدىغان كۆلەم 500 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيدى؛ 9 مىليون 894 مىڭ يۈەن مەبلەغ شەھەر يوللىرىنى ياساش، كېڭەيتىش ۋە ئاسراشقا ئىشلىتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 47 مىليون 695 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 99 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى شەھەر - بازار تېلېفونى ئابونېنتى 225 مىڭ 600 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 99 مىڭ 800 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 736 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 129 مىليون 10 مىڭ يۈەن. ئىمپورت - ئېكسپورت

سودا سوممىسى 13 مىليون 260 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 50 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 210 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 19ى ئىمزالىنىپ، 18ىگە ئەمەل قىلىندى (رايون سىرتىدا ئىمزالانغىنى 11، رايون ئىچىدە ئىمزالانغىنى 7)، ئىمزالانغان توختام سوممىسى 14 مىليون 350 مىڭ دوللارغا، ئىجرا قىلىنغان توختام سوممىسى 14 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى. ساياھەتچىدىن 520 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 41 مىليون 480 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 159مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 221 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.87 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6189، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1003. شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 488 (مىللىي 158)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 6374 (مىللىي 3880)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 726 (مىللىي 10 مىڭ 170)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 281 (مىللىي 24 مىڭ 851). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3434. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 350 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 56 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 11، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 8، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 342؛ 668 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

شەھەر بويىچە 46 مىڭ 597 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %93 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5194 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3975 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2654 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9415 يۈەنگە يەتتى. 9490 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 16 مىڭ 785 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 2623 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 10.07 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 2 بولۇپ، كۆلىمى 9.52 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

★ ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئاينىڭ 16 — 18 - كۈنلىرى ئېچىلدى.

خو خۇيمىڭ، پەن شۇرۇي

# غۇلجا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 393 مىڭ 971 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 320 مىڭ 233)؛ يېزا نوپۇسى 355 مىڭ 972؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.53، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.14. ناھىيە بويىچە 66 مىڭ 920 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 50 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 5600 گېكتار)، 42 مىڭ 70 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 6000 گېكتار). كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 296 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 240 مىليون كۇب

مېتىرغا يېتىدۇ. 278 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ تۈرى 50 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك ياۋايى ھايۋانلىرى 18 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغا، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرى 521 خىلغا يېتىدۇ، ئاساسلىقلىرىدىن توشقانقۇلاق، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق بۆۋانە، چاكاندا، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، سېسىق ھەڭ قاتارلىقلار بار. سېسىق ھەڭ قاش يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، كۆلىمى 1984 گېكتار كېلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ھەڭلىقنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە قېزىلما بايلىقلار مول، كۆمۈر زاپىسى 2 مىليارد 500 مىليون توننىغا يېتىدۇ، ئالتۇن زاپىسىمۇ خېلى مول، دۆلەت چوڭ ئالتۇن كېنى بولغان ئاشىل ئالتۇن كېنى غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدە، مىس، ئاليۇمىن، كۈمۈش، ھاك تېشى، كۋارتس، باريت، گاۋلىڭ توپىسى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى مول. قاش دەرياسى بويىدىكى كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمانلىقى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بولۇپ، كۆلىمى 400 گېكتار كېلىدۇ. ئۇ مەملىكەت بويىچە ياۋا ئەرمۇدۇن مەركەزلىك تارقالغان بىردىنبىر جاي. سەيلىگاھلاردىن ئايىپورۇق شەھىرى ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسى، ياماتۇ ئارامگاھى، سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى مەنزىرە رايونى، ئاقئۆزۈن ئورمان باغچىسى، ئىلى دەرياسى تۇتاش ئارىلىدىكى ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايىپورۇق شەھىرى ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسى ۋە سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى مەنزىرە رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئالىمجان ماخمۇت.

ھاكىم: نۇرمۇھەممەت ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختەم تېيىپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 318 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 626 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 333 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 358 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى.

قىسقا ماتېرىيال

## ئايىپورۇق قەدىمىي شەھىرى ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسى

غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئايىپورۇق شەھىرى خارابىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خارابە چوڭ - كىچىك ئىككىگە بۆلۈنگەن، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 1.8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى 8 كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ، يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ يەرنى «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتايدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئايىپورۇق قەدىمىي شەھىرى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قوشۇمچە پايتەختى بولۇپ، شىمالىي چى سۇلالىسى دەۋرىدە گۈللىنىپ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن خارابىلاشقان، بۇ يەر ھازىرقى ئىلى رايونىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مۇھىم ھەربىي قورغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان باشتىن ئاخىرى ھەربىيلەر تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا يەنە تاڭ دەۋرىدىكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ھەربىي، سىياسىي، سودا - سېتىق مەركىزى بولۇپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئايىپورۇق قەدىمىي شەھىرى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى بىر مۇھىم بازار ئىدى، ھازىر كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى پەقەت خارابىلىك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاۋاتلىقىنى قىياس قىلىش تەس، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللاردىن بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1959 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قەدىمكى خەنزۇچە قوليازمىلارنى تاپتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئىدىقۇت ناھىيىسى يۇقىرى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ھۆججىتى» دە ئايىپورۇق قەدىمىي شەھىرىدىكى بىر قېرىنداش مىللەت سودىگىرىنىڭ باشقىلارغا بىر قېتىمدىلا 270 توپ شايى ۋە باشقا بايلىقلارنى ئۆتنە بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. 1987 - يىلى كەنتتىكىلەر ئايىپورۇق

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 78 مىليون 810 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.4 ئاشتى. 348 مىڭ 463 توننا ئاشلىق، 146 توننا پاختا، 18 مىڭ 195 توننا ياغلىق دان، 400 مىڭ 131 توننا قىزىلچا، 14 مىڭ 837 توننا زىغىر، 2488 توننا ئاماكا، 31 مىڭ 579 توننا مېۋە - چېۋە، 11 مىڭ 913 توننا پاقىيۇ، 110 مىڭ 191 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 869 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 26 مىڭ 399 توننا گۆش، 33 مىڭ 500 توننا تۇخۇم، 43 مىڭ 375 توننا سۈت، 1720 توننا قوي يۇڭى، 583 مىڭ 367 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 4402 توننا بېلىق، 175 توننا ھەسەل، 1.63 توننا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 386 مىليون 967 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %87.35نى ئىگىلىدى. مۇشۇ يىلى 208 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 90 گېكتار. ناھىيە بويىچە 2865 گېكتار يەردە ئىقتىسادىي مېۋىلىك دەرەخ بار. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 58 مىليون 107 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 13ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 9 مىليون 917 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3.333 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 34 مىڭ 600 ئادەم ۋە 88 مىڭ 400 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. غۇلجا ناھىيىسى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق سۇچىلىق خىزمىتىدە 1 - دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە سۇنى ياخشىلاش - كېمەيتىلگەنلىك ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 140 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىلىرى 6247 گە، مەھسۇلات قىممىتى 900 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %94.6تىنى ئىگىلىدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 597 مىليون 210 مىڭ

شەھەرنىڭ خارابىسىگە كۆچەت تىككەندە بىر كومزەك ۋە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بىر مىس بۇتنى قېزىۋالغان. كومزەكتىن ئەرەبچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن 174 دانە كۈمۈش چىققان؛ ئېگىزلىكى 17 سانتىمېتىر كېلىدىغان، تىلۇپەر ئۈستىدە خاتىرجەم ھالەتتە ئولتۇرغان مىس بۇت بەدىنى راستەكلا كۆرۈنىدۇ. 1991 - يىلى يەنە ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 35 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەدىمىي قار قۇر جاۋۇردىن بىرى قېزىۋېلىنغان. 1936 - يىلى مىللەتارىست شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئايپۇرۇق قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسى ئالتۇن ۋە مال - دۇنيا ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھازىر پەقەت كۆزگە كۆپرەك چېلىقىدىغان ساپال كاھىش - پارچىلىرىدىنلا بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى مەنزىرىسىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ھازىر بۇ يەر تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ يىراق - يېقىنغا داڭلىق بولغان ئىلى چولڭ ئاق ئۆرۈكى ماكانى ۋە ساياھەت ئورنىغا ئايلاندۇرۇلدى.

## سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى مەنزىرە رايونى

غۇلجا ناھىيىسىدە ئاۋرال تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مازار يېزىسىدا ئورنى 100 مو (6.67 گېكتار) كېلىدىغان بىر قەبرىستانلىق بار، بۇ يەردە سۇۋادان تېرەكلەر ئېگىز ئۆسكەن، مەنزىرىسى يېقىملىق، بىر پارچە كۆچەتزارلىقتا 100 يىللىق بىر نەچچە تۈپ قېرى قارىياغاچ دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يېشىللىق ئىچىدە جۇڭگوچە راۋاق شەكلىدىكى بىر قەدىمىي ئىمارەت بار، ئۇ سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىدۇر.

XV ئەسىرنىڭ بېشىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختى چىڭگىزخاننىڭ 10 - ئەۋلاد نەۋرىسى ناخشىچ خانغا قالدى، 1418 - يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇۋەيس قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ ھوقۇق تارتىۋېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، خانلىق نامىنى ئىلىبالىق خانلىقىغا ئۆزگەرتتى. ئۇۋەيس خان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ ۋە تارقىتىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى كېڭەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، سودا - سالام تارتۇق قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. 1429 - يىلى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىسسىق كۆل بويىدىكى باقبۇلاندا چاغاتاي خانلىقىنىڭ يەنە بىر ئەۋلادى توساق خان بىلەن ئۇرۇشقاندا يا ئوقى تېگىپ قازا قىلدى، جەسىتى بوربوسۇن دەرياسىنىڭ بېشىغا دەپنە قىلىندى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرقى مازارنى ياساتتى، بۇ مازار مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان داڭلىق مازار بولۇپ قالدى.

ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى شىمال - جەنۇب يۆنىلىشىدە جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتى

يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8 .16، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 .12 ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 307 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 38 مىڭ توننا سېمونت، 372 توننا ئاق هاراق، 230 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 78 مىڭ 400 توننا ئۇن، 3780 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 23 مىڭ توننا سۇ يېغى، 122 مىڭ 300 قۇر كىيىم - كېچەك، 75 مىڭ 500 كۇب مېتىر ياغاچ تاختاي، 320 مىليون دانە خىش، 2178 توننا تالك پاراشوكى، 5 .34 كىلوگرام ئالتۇن (ناھىيىگە تەئەللۇق)، 2795 توننا يۇندا چىقىرىۋېتىش سېمونت تۇرۇبىسى، 2473 توننا سېمونت متولبا، 1667 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %41 .92 بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 44 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 15 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 144 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 100 مىليون 120 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: 17 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ناھىيە بازىرى 900 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 4743 مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى، 560 مېتىر يۇندا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 740 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 810 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 717 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 26 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىنتى 21 مىڭ 600گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 5848گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 227 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 8 مىليون 70 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 72 مىليون 60 مىڭ يۈەن. ناھىيىدىكى ھەر خىل سودا بازىرى 21. بىر يىلدا ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 260 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 940 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن بىرى ئىمزالاندى، سوممىسى 3 مىليون 660 مىڭ دوللار (مەبلەغ 3 قارارغا بۆلۈپ سېلىنماقچى) غا يەتتى، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 1 مىليون 220 مىڭ دوللار. شۇ يىلى ساياھەتچىدىن 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 275 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 .7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 184 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7 .42 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 783 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 451 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 260 مىليون 610 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 872 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 952 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال -

---

ھەيۋەتلىك، ئۇنىڭ 1 -، 2 -، 3 - قەۋەتلىرى چاسا شەكىلدە، 4 - قەۋىتى 6 بۇرجەك شەكىلدە، پېشايۋىنى گۈمبەز شەكىلدە، ئۈستى سۇيۇر كاھىش بىلەن يېپىلغان، ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىدىكى مۇنارنىڭ چوققىسىغا قادالغان ھىلال ئاي كۆككە تاقىشىپ تۇرىدۇ، بۇ مازار خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، راملىرى يۇمىلاق ئويۇپ چىقىرىلغان، ئوتتۇرىغا ئەرەبچە خەتلەر ئويۇلغان، ئىمارەتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە 20 تۈۋرۈك بار، ئۈستى گۈمبەز شەكىلدە. ئۈۋەيسخان مازىرىنىڭ 20 مېتىر شىمالىدا بىر قەبرە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلتان ئۈۋەيسخاننىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. مازارلىقنىڭ ئىچىدە جەنۇب - شىمال يۆنىلىشتە ئىسلام مۆرىتلىرىنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان بولۇپ، مازارنىڭ يېنىدىكى ھەيۋەتلىك مەسچىت بۇ يەرنىڭ دىنىي تۈسى ۋە كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تۇرىدۇ. جىمجىت، خىلۋەت بۇ مازار ھەر يىلى نۇرغۇن تاۋاپچىلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

فەن فۇشۇەن

مۇلۇك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4600، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1906. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 138 (مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 61)، ئوقۇغۇچىسى 51 مىڭ 34 (مىللىي 44 مىڭ 818)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 30 (مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 663 (مىللىي 16 مىڭ 649)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 275 (مىللىي 229)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 1476 (مىللىي 737). ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 5620 (مىللىي 4094)، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 4463. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7326 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى، 8872 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى رېمونت قىلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %8كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 4، يېزا - بازار، مەيدان شىپاخانىسى 22، كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئۆيى 133، شەخسىي ئامبۇلاتورىيە 46، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 520، 798 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 558)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 292 (مىللىي 175).

شۇ يىلى 6 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 4860 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2478 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7144 يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 28 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2094 ئىشچى - خىزمەتچى (دۆلەت كارخانىلىرىدىكى) ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تويلاشقا، 3050 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1547 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تويلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1277 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تويلاشقا قاتناشتى. يىل بېشىدا ناھىيە بويىچە نامرات 7781 ئائىلە 36 مىڭ 613 كىشى بولۇپ، يىل ئاخىرىدا 1283 ئائىلە 6829 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

★ 2001 - يىلى غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» بولۇپ؛ ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىسى» بولۇپ باھالاندى.

★ 2001 - يىلى غۇلجا ناھىيىسى ئارىشۇستەڭ يېزىلىق ساقچىخانا ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «خەلق رازى بولغان ساقچىخانا» بولۇپ باھالاندى.

فەن فۇشۈەن

# قورغاس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 257 مىڭ 400 (ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 170 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 204 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰88. 10، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰38. 9. ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 20 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 7100 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە تۆت پەسىللىك تاشپاقا، شىنجاڭ سالاماندىراسى، سېرىق بېلىق قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار. ياۋا كۆكسۇلتان، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىق قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر كەڭ كۆلەمدە ئۆسىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، كورەدىكى

قوڭغۇراق راۋىقى، سايرام كۆلى، كەڭساي مەنزىرە رايونى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، ئالمىلىق شەھىرى خارابىسى، داشگور ئىبادەتخانىسى، سەنگۈڭ سۇ ئامبىرى، كۈرە ئىلى دەرياسى مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوغىگۈل، «دۈفىڭلىيۇ» ئىچىملىكى، ياۋا قارا ئۆرۈك مۇراببىاسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ زورەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەھەت ماخمۇت.

ھاكىم: راشىدىن زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىلى شيەندۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 862 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 452 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 177 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.2%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 673 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.5% ئاشتى. 127 مىڭ 779 توننا ئاشلىق (كۆممىقوناق 73 مىڭ 7 توننا)، 3017 توننا پاختا، 9451 توننا ياغلىق دان، 408 مىڭ 192 توننا قىزىلچا، 23 مىڭ 918 توننا مېۋە - چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 6772 توننا)، 105 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 745 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 760 توننا گۆش، 1860 توننا قوي يۇڭى، 384 مىڭ 700 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 28 مىڭ توننا سۈت، 7500 توننا تۇخۇم، 895 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2293.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 383 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان 210.73 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى، 237.8 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 112 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 252 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 380 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 16.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى، 114 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.1% ئاشتى. بىر يىلدا 247 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 105 مىڭ 900 توننا سېمونت، 52 مىڭ 300 توننا ئۇن، 8473 توننا سۇ يېغى، 9121 توننا پىۋا، 1150 توننا ئىچىملىك، 33 مىڭ 267 توننا يەم - خەشەك، 997 مىڭ 700 توننا تۆرۈبا سۈيى، 305 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.2% بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 114 مىڭ 719 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 81 مىڭ 366 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 121 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 22 مىليون 650 مىڭ يۈەن. قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئەسىر مەيدانى (1 - قارارلىق قۇرۇلۇش) 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، 1 - قارارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 37 مىليون 800 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 600 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 29مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 41 مىڭ 849 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 7949، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 33 مىڭ 900. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 311 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 112 مىليون 740 مىڭ يۈەن. سودا ئېكسپورت سوممىسى 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ساياھەتچىدىن 314 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون 820 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 53 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 145 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 44.4% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۇرلۇك قەرز پۇل قالدۇقى 780مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 858 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 702 مىليون 340 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 37 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 19 مىليون 230 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 4 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4792، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1010. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 2 نى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 3156 (مىللىي 1430)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 790 (مىللىي 6102)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 72، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 67 (مىللىي 23 مىڭ 23). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2973 (مىللىي 1628). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 495؛ 600 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 274).

شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى بوكس مۇسابىقىسىدە قورغاس ماھىرى 54 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى، ئا گۇرۇپپىدا 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 -، ب گۇرۇپپىدا 57 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2464 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 152 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2425 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 1762 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 60 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ 2001 - يىلى ساربۇلاق، كۆرە يېزىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازار تەسىس قىلىندى.

يەن شۆمىي

# نىلقا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى قاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 559 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 148 مىڭ 882 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 101 مىڭ 195). يېزا نوپۇسى 118 مىڭ 820؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %11.43. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۇيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 76 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 314 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 65 مىڭ 100 گېكتار ئورمان، 653 مىڭ 400 گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرى 40 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، شۇڭقار، ئاق يەلكەن بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، تاز قارا قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەتلىك 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن 16 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرى 140 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقى سوغىگۈل، قار لەيلىسى، چۇچۇكبۇيا، كەترا قاتارلىقلار. يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، ئۇلار نىلقىنىڭ 4 چوڭ قىممەتلىك ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر. ناھىيە تەۋەسىدە 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار، ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىقلار. 10 نەچچە سەيلىگاھ بولۇپ ئاساسلىقى تاڭبۇرا، ئاقتاش، كېلەڭ ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى، بۆلۈڭ ئارىشىڭى، بەرگىت ئارىشىڭى قاتارلىقلار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دىڭ جۈنشېڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىنجۈن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرالى مۇساقان (قازاق).

ھاكىم: ئابدۇمەجىت جۇنۇسئاقىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كەرىمبېك جۇرۇنبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 430 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 209 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 73 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 147 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 318 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.4 ئاشتى. 4502 توننا ئاشلىق، 9152 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 817 توننا قىزىلچا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 808 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 775 توننا گۆش، 1620 توننا قوي يۇڭى، 347 مىڭ 100 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 37 مىڭ 310 توننا سۈت، 985 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 918 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 266 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 4400 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 52 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 4431 گە، مەھسۇلات قىممىتى 320 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. 3 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 185 مىڭ توننا كۆمۈر، 17 مىڭ 400 توننا سېمونت، 1684 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 63 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 902 توننا سۈت ياسالمىسى، 27 مىڭ 800 توننا ئۇن، 2361 توننا سۇ يېغى، 1227 توننا يەم - بوغۇز، 30 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.7كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 50 مىڭ 38 كۋادرات مېتىرغا، شۇ يىلى پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 775 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 174 مىليون 960 مىڭ يۈەن. 391.48 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 104.6 كىلومېتىر 10 مىڭ كىلوۋولتلۇق توك سىمى ۋە 72.98 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى ئۆزگەرتىلدى، 27 يۇقىرى سەرپىياتلىق ترانسفورماتور ئالماشتۇرۇلدى، 108 ترانسفورماتور كۆپەيتىلدى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشتە 6347 ئائىلىگە توك سائىتى ئورنىتىلدى، 7000 مېتىر يول ياسالدى، 12 كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 50 مىڭ توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 109 مىليون 250 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 387 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 437 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 6791گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 5430غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 351گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 113 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 61 مىليون 740 مىڭ يۈەن. ناھىيىدىكى تۈرلۈك سودا بازىرى 3، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سوما 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا ساياھەتچىدىن 59 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.23؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 108 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %53.71 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 466 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 369 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 750 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سوما 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 550 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 330 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا

خادىمى 3480. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1120. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن بىرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1590 (مىللىي 946)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 8775 (مىللىي6120)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 70، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 703 (مىللىي 16 مىڭ 895). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2633 (مىللىي 1810). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 347 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88.5%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.5%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2700 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 13، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 321؛ 360 كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 234)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 169 (مىللىي 118).

ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 675 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 52% بولدى. شۇ يىلى 20 ئوقۇغۇچى تۈرلۈك تەنتەربىيە مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى 17 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىك مۇسابىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 6443 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى نىلقا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1981 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1200 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1981 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 712 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9434 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 3285 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى، 9512 ئىشچى-خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1305 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى. بۇنىڭغا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 5.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك چالا - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3 ى بەرپا قىلىندى. مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 2 بولۇپ، كۆلىمى 0.11 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

خۇاڭ چىجۇن

# موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان تېكەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 112 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 88 مىڭ 200). يېزا نوپۇسى 88 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.5‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 35 مىڭ 9 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 17 مىڭ 259 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، يېرىم نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 512.2 مىللىمېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ھۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 22 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 698 مىڭ گېكتار ئورمان، 350 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار، ئوت - چۆپلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى. 13 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك، شۇڭقار، ئازقارا قاتارلىقلار بار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن سۈلەيسۈن، بۇغا، جەرەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 59 خىلغا يېتىدۇ، قار لەيلىسى، چاكاندا، قېرىنسىمان موگۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، مانگان، قوغۇشۇن، چىرىمتال، گەج قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن شوتا ئارىشىڭى، شوتا قەدىمىي شەھىرى، ئۇسۇن قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئاقياز قىياتاش رەسىملىرى، شېنيۇلاما ئىبادەتخانىسى بار.

# ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، موڭغۇلكۈرە ئىقتىسادىنىڭ ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ شۇساڭ



موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئۇچقۇر دۇلدۇل چىقىدىغانلىقى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «دۇلدۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ يەنە خەن دەۋرىدىكى داڭلىق «ئۇسۇنلار ئېلى» بىلەنمۇ مەشھۇر بولۇپ، شىنجاڭ يايلاق مەدەنىيىتى مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدىكى «تەڭرىتاغ ئاتىسى» دەپ ئاتىلىدىغان خانتەڭرى چوققىسى مول سۇ، قېزىلما بايلىق ۋە ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك بايلىقىغا ئىگە. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى غايەت زور تەرەققىيات ئۇسۇلۇن كۈچىگە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 512 مىڭ گېكتار ئېگىز يەسلىلىك ئوتلاق بار بولۇپ، كۈلىمى ۋە ئوت - چۆپ سۈپىتى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى يايلاق ئەۋزەللىكىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يادال يولغا قويۇپ، «چوڭ، كۈچلۈك چارۋىچىلىق ناھىيىسى قۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، مەۋقەنى ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قويۇپ، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى ۋە بازار ئەترابى چارۋىچىلىقىنى زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇدا 2 يىل يېقىلىۋاتقان چارۋىنى 1 مىليون تۇياقتىن ئاشۇرۇش چوڭ تۈگۈنلىدىن ئاشۇردى. كىشى بېشىغا توشۇرا ھېساب بىلەن 10 چارۋا توغرا كەلدى. ھازىر چارۋىچىلىق بۇ ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىكى تۈۋرۈك كەسىپ ۋە خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندى، دېمەك چارۋىچىلىق چوڭ ناھىيىسى بەرپا قىلىش كۆرۈش نىشانى

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ياڭيۇ، قىزغۇچ سامساق بار. داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن «ئۇسۇن» ماركىلىق ئات گۆشى ياسالمىلىرى، «بىشى» ماركىلىق سۇ يېغى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ شۇساڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاپپار تۆلەندى (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: باقتىيوف ئىنايات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاپپار تۆلەندى (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تالغات قاناش (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. 5- ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 527 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 287 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1 تۆۋەنلىدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 108 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى. 59 مىڭ 258

دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى كۈچلۈك چارۋىچىلىق ناھىيىسى بەرپا قىلىش باسقۇچىغا ئومۇمىيۈزلۈك قەدەم قويۇپ، چارۋىچىلىقتا 10 نۇقتىلىق ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىرىنچى، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئەلا نەسلىنى كۆپەيتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، نەسىللىك كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش مەركىزى ۋە نەسىللىك دۆلدۈل يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇپ، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى ياخشىلاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، ئات نەسلىنى ياخشىلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنى شىنجاڭنىڭ گۆش ئېتى بىلەن تەمىنلەش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. ئىككىنچى، چارۋىچىلىقتا تۇجۇپىلەشكەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئېڭىنى تىكلەپ، چارۋىچىلارنى يۇقىرى ئۈلچەمدە تولۇق ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى زامانىۋى كارخانا ئەندىزىسى بويىچە باشقۇرۇپ، ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ يادرولۇق رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. ئۈچىنچى، ئوتلاق ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش سىياسىتىنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، سۇغىرىش، قاشالاش، قورشاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ناچارلاشقان ئوتلاقلارنى ياخشىلاپ، ئوتلاق بەرپا قىلىپ، چارۋىچىلىقنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۇختا ماددىي ئاساس سالىدۇ. تۆتىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى بىلەن بازار ئەتراپى چارۋىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىركەتلەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش بىلەن بەمەھەللىك پىششىقلاشنى بىرلەشتۈرۈش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشقا، «ئۇسۇن» ماركىلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى پىششىقلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، چارۋىچىلىقنى بازار بىلەن تۇتاشقان، رىقابەت كۈچىگە تولغان ئەۋزەل كەسىپكە ئايلاندۇرىدۇ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى سالقىن، يېرى مۇنبەت، تېرىشقا بولىدىغان 114 مىڭ 100 گېكتار يەر بار. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا تۈۋەن ئۈزلۈك بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، خېلى كۈچلۈك بازار رىقابىتى ئىقتىدارىغا ئىگە ياغلىق دان، زىغىر، ياڭيۇ، سامساق، جۈگىيى دورا ئۆسۈملۈكى قاتارلىق ئالاھىدە تېرىقچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. موڭغۇلكۈرەنىڭ ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىگە ماس كېلىدىغان سەرخىل دېھقانچىلىق كەسپىنى پائال بەرپا قىلىدۇ. ھازىر موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە ھەر يىلى «ئىككى تۈۋەن ياغلىق دان» دىن 40 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئىشلەپ-

توننا ئاشلىق، 25 مىڭ 912 توننا ياغلىق دان، 293 توننا مېۋە- چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 848 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 699 توننا گۆش، 1150 توننا قوي يۇڭى، 330 مىڭ 312 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 18 مىڭ 365 توننا سۈت، 323 توننا تۇخۇم، 46 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 269 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 166 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 700 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 335كە، مەھسۇلات قىممىتى 253 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.51% ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون يۈەنگە يەتتى. 13 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 85 مىڭ توننا كۆمۈر، 69 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 80 مىڭ توننا ئۇن، 10 مىڭ 247 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 80.43%كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 50 مىڭ 736 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6150 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 34 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 19 مىليون 90 مىڭ يۈەن. 59 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 8.5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. 241 كىلومېتىر ئالاقە كابېلى تارتىلدى، ناھىيە بازىرىنى يىلىغا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون 80 مىڭ توننىغا يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 500 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 224 مىليون 30 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 410 مىڭ

چىقىرىلىدۇ. بۇ ناھىيە شىنجاڭنىڭ مۇھىم ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى ۋە مەملىكەت بويىچە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشتىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە قاتارىغا كىردى. ناھىيە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە زىغىر تېرىقچىلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، دېھقانلارغا قارىتىلغان تەشۋىقات، تەربىيە، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. زىغىر تېرىقچىلىقىنى ئائىلىلەرگىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتە بوشلۇق قالدۇرماي، زىغىرچىلىق كەسپىنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە ياخشى باشلىنىشقا ئايلاندۇرىدۇ. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى WTO غا كىرگەندىن كېيىن ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى دۇچ كېلىدىغان ئېغىر خىرىس ۋە يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە قارىتا تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ «تەكشى» ئەندىزىسىنى «سترېتولۇق» ئەندىزىگە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەۋزەللىكى روشەن، ئاساسىي كەسپى گەۋدىلىك، ئالاھىدىلىكى ئېنىق، قۇرۇلمىسى كۆپ خىل بولغان مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېرىقچىلىق باشلامچى كارخانىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە زورايتىپ، باشلامچى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تېرىقچىلىق خېيىم - خەتىرىنى تۆگىتىدۇ ۋە ئازايتىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، «بىشى» ياغ شىركىتى يۆلەك قىلىنىپ، «بىشى» ماركىلىق ياغنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئەلا، داڭلىق مەھسۇلات بولۇش ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. كارخانا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، يافنى پىششىقلاشقا كۈچ سەرپ قىلىنىپ، باشلامچىلار ئارقىلىق ياغلىق دان بازىسى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئىككىنچىدىن، زىغىر پىششىقلاش كارخانىسى قۇرۇلۇپ، مەبلەغ ۋە تېخنىكا پائال كىرگۈزۈلۈپ، زىغىر تالاسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، زىغىر تالاسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىلگىرىلەپ بالدۇرراق ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، زىغىر بازىسىنىڭ بازارغا كىرىشىگە يول ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش - يېشىل يېمەكلىك سېتىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، بۇلغانمىغان، زىيانسىز يېشىل يېمەكلىك كارخانىسىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، بازار ئېگىلەش، بازاردىكى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش سالمىقى زورايتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازاردىكى خېيىم - خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلىدۇ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىقى مول بولۇپ، ئۆزگىچە مۇزارت مۇزلۇقى، ھەرە - كېپىنەكلەر ئۇچۇپ تۇرىدىغان كۆلقىرىدىق سۇ غارى، كېچىلىگە شىپا بولىدىغان شوتا ئارشىڭى، تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يالدامىسى بولغان بالباللار، شىنيۇلاما ئىبادەتخانىسى، گېدىڭ تېغىدىكى خاتىرە تاش، شوتا قەدىمىي يولى، شوتا قەدىمىي شەھىرى، ئۇسۇنلار قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمىي

يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى تېلېفون ئابونىتى 5989 غا، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 7206 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1800 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 138 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ساياھەتچىدىن 40 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولۇپ، %13.59 ئازايدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 106 مىليون 380 يۈەنگە يېتىپ %62.37 ئاشتى. پۇل، مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 435 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 337 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 239 مىليون 660 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 560 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 290 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2976، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 706. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 1679 (مىللىي 1299)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 7439 (مىللىي 5679)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 401 (مىللىي 15 مىڭ 143). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 837 (مىللىي 550). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى

مەدەنىيەت ئىزلىرى شۇنداقلا گۈزەل يايلاق، ساپ مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىغا داڭلىق.

2001 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى دۆلەت تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە قىلىپ تەستىقلاندى. بۇ يەردىكى مۇزئارت پورتى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك پورتى شۇنداقلا شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىگە ئېچىۋېتىشتىكى ئالدىنقى سەپ بولۇپ، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزگىچە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى باج، يەر، ئىختىساسلىق خادىملارغا ئائىت بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى پائال كېڭەيتىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ھالقىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىشقا ئاشۇردى.

قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە كىرگەن ئائىلە 2000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 338؛ 347 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 220)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 151 (مىللىي 86).

ناھىيە بويىچە 1450 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %70 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2208 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1937.3 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9751 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2711 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 10 مىڭ 59 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1112 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

لى شۆلىڭ

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا ئىلغار ناھىيە (شەھەر) لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى

2001 - يىل 4 - ئايدا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ «ئازادلىق» كوچىسىدا بېتوندىن ئۆزۈنلۇقى 1900 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، كۆلىمى 34 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ماتورلۇق ماشىنا يولى ياسىدى؛ زاۋۇت - كان يولىنىڭ ئۆزۈنلۇقى 774 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر، كۆلىمى 12 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۆلىكىنى بېتون يولغا ئۆزگەرتتى. بۇ 2 يولنىڭ پىيادىلەر يولى، كۆكەرتىش بەلۋىغى قاتارلىق ياردەمچى مۇئەسسەسىلىرى تولۇق بولۇپ، ھازىر پۈتۈپ ئىشلىتىشكە باشلاندى. 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «ئازادلىق» كوچىسى بىلەن زاۋۇت - كان يولى كېسىشكەن ئېغىزىغا بىر ئېگىز چىراغ ئورنىتىلدى، «ئازادلىق» كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە 86 كۆل چىرىغى، زاۋۇت -كان يولىغا 32 كۆل چىرىغى، ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا 19 ھويلا چىرىغى، 8 چىملىق چىرىغى، 2 ئوق نۇرلۇق چىراغ ئورنىتىلدى. 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چوڭ ئەخلەت ماشىنىسىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 30 ئەخلەت ساندۇقى ياسىتىلىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ پاكىز تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

لى جياڭمىڭ

★ 2001 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەمەلدىن (ئاقياز چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قاراسۇ يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى) قالدۇرۇلدى.

لى شۆلىڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس - موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۇرۇمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق

ئورۇنلارنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 151 مىڭ 457 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 113 مىڭ 840) ، يېزا نوپۇسى 117 مىڭ 509. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.75‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.48‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7826 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8420 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تېكەس دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك 17 تارماق ئېقىنى بار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە 89 مىڭ 120 گېكتار ئورمان، 502 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ىلپىز، ئېيىق، ئارقار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، كىرەش، پەربۇن قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، نىكېل، ھاك تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تېكەس ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنلى.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق) .

ھاكىم: ئۇرۇنتاي تۇرسۇنباي (قازاق) .

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت مەمەت (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، تۇرسۇن ئەمەت (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 421 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 223 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1.6% ؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.2% ؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 131 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 324 مىليون 149 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 5.2% ئاشتى. 43 مىڭ 104 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 438 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 468 توننا قىزىلچا، 8472 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 686 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 701 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 800 توننا گۆش، 1585 توننا قوي يۇڭى، 18مىڭ 825 توننا سۈت، 1893 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 39 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، يېزا ـ بازار كارخانىسى 2212 گە، مەھسۇلات قىممىتى 341 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 728 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 13.48% ئاشتى. 10 مىليون 210 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4000 توننا سېمونت، 11 مىليون 740 مىڭ دانە خىش، 300 توننا ئۇن، 47 توننا سۈت، 2311 توننا ئارىلاشما يەم ـ بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 195 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 992 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 102 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 31 مىليون 760 مىڭ يۈەن. پۈتكەن ئاساسلىق تۈرلەر: 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، توسمان چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق جايلاردا مەركەزلىك ھالدا يۇقىرى ئۆلچەمدە ئېنېرگىيە تېجەيدىغان 950 ئۆتاش پارنىك ياسالدى: 7 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «ئازاد» كوچىسى، «خوستۇل» كوچىسى، ئاقچى كوچىسى قاتارلىق ئاساسلىق كوچىلارنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئۆزگەرتىش تاماملاندى؛ 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرى» نىڭ نامايەندە قۇرۇلۇشى بولغان سەيلە راۋىقىنى زىننەتلەش قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت بازىرى قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 10 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2 ـ سۇ زاۋۇتى بىلەن ئەسلىدىكى ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تورۇبا تۇتاشتۇرۇلۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش باشلاندى؛ 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ، 3 ئاساسلىق كوچا ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 81 مىليون 700 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 242 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى تېلېفون ئابونىتى 5276 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 2814 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1000غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سومما-

سى 154 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 75 مىليون 660 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرى 6، بازارلاردا يىللىق يۈرۈشتۈرۈلگەن سودىسى 25 مىليون 810 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13، يەرلىك مالىيە چىقىمى 118 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.57 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 368 مىليون 407 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 246 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 150 مىليون 700 مىڭ يۈەن. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 293 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 2 مىليون 774 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار خادىم 689 (ئالىي دەرىجىلىكى 39). ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1182 (مىللىي 844)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 8120 (مىللىي 5772)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 992 (مىللىي 18 مىڭ 189)، ئوقۇتقۇچى 2644 (مىللىي 1637). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 180؛ 530 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (دوختۇر 304).

بىر يىلدا 7 قېتىم ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 7 - ئايدا ئىلى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاقسىنلار ئېتىشىشىدا تېكەس كوماندىسى ئوغلاق تارتىشىشتا 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى تېكەس ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2162 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9915 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 3095 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانىدا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، 8085 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان 1491 كىشى پاشانىدا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى.

بازار قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 15 مىليون 150 مىڭ يۈەن)، «سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرى» نىڭ 4 ئاساسلىق كوچىسى قاتتىقلاشتۇرۇلدى، كۆكەرتىلدى، زىننەتلەندى ۋە يورۇتۇلدى. تېكەس ناھىيىسى بازىرىدا بىر يېمەك - ئىچمەك كوچىسى ۋە بىر سودا كوچىسى قۇرۇلدى.

## تېكەس سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرى

شاكىدى بۈيۈك دۇنيا جىنىس شتابىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بىلەن 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېكەس ناھىيىسىنىڭ سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرىغا «دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرى» دەپ نام بېرىلدى.

سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرى 1939 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، پالنامىدىكى سەككىز بۇرجەكلىك خەرىتە تەلىماتى ئاساسىدا لايىھەلەنگەن. ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى سەككىز بۇرجەكلىك 8 ئاساسىي كوچا سەككىز تەرەپكە سوزۇلغان، 1 - ئايلانمىنىڭ دىئامېتىرى 220 مېتىر كېلىدۇ، 2 - ئايلانمىدا 16، 3 - ئايلانمىدا 32، 4 - ئايلانمىدا 64 كوچا شەكىللەنگەن. كوچىلاردىكى غول يوللارنىڭ



ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر، كۆلىمى 6 مىليون 900 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تېكەس ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سەككىز بۇرجەكلىك ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان.

★ مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك تۆرەلمە كۆچۈرۈش بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلار تېكەس ناھىيىسىگە بېرىپ 8 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى. 2001 - يىلى ناھىيە بويىچە 833 كالىغا تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، بۇ مەملىكەت بويىچە كۆچۈرۈلگەن تۆرەلمىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

★ تېكەس ناھىيىسى 10 - ئايدا شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھى «تيەنيې» شىركىتى بىلەن زىغىر پىششىقلاش تۈرى ھەققىدە رەسمىي كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىم بويىچە «تيەنيې» شىركىتى 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ زىغىر تالاسى زاۋۇتى قۇرىدۇ، 6600 نەچچە گېكتار يەردە زىغىر ئۆستۈرۈش بازىسى بەرپا قىلىدۇ.

جۇ دىڭمىڭ

# توققۇزتارا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 157 مىڭ 112 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 106 مىڭ 881)، يېزا نوپۇسى 127 مىڭ 507؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.78، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.56. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 26 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 833 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان ياۋا ياڭاقلىق بار، شەرقىدە شىنجاڭ قارلىق چوققا شەمشادى مۇھاپىزەت رايونى بار. تەۋەسىدىكى تاغلىق رايوندا يەنە چىغىرتماق، قاراقات، ياۋا قۇلماق ھەمدە قار لەيلىسى، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى ئىگە ئۆسۈملۈكلەر بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، كېپەك ئالتۇن، تاشپاختا، بارىت، بېرىل، سېمونت رودىسى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە سېمونتقا خام ئەشيا قىلىنىدىغان قېزىلما بايلىق ھەممىدىن مول.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توققۇزتارا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جياڭخۇەي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاس قاناسقان (قازاق).

ھاكىم: ساپارېك ئورانبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زەينەپ ئۆمەرجان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 507 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.2; 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 397 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى. 110 مىڭ 669 تونna ئاشلىق، 6870 تونna ياغلىق دان، 28 مىڭ 908 تونna قىزىلچا، 16 مىڭ 862 تونna كۆكتات ئېلىنىدى. 98.2 گېكتار يەردە ئېسىل ئالمىلىق بەرپا قىلىندى، 1000 گېكتار يەردە شىرنىلىك ئۈزۈم مېۋە يېتىشتۈرۈلدى، 1225.3 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 594 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 971 تونna گۆش، 25 مىڭ 785 تونna سۈت، 1450 تونna قوي يۇڭى، 2130 تونna تۇخۇم، 287 تونna سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 646 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىلىدىغان 4000 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى، 2706 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 136 چارۋىچى ئائىلىسى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى %94كە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 7 سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 4 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 322 مىڭ 800 ئادەم ۋە 144 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2700 گە، مەھسۇلات قىممىتى 322 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.47% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.02% ئاشتى. 19 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 110 مىڭ توننا كۆمۈر، 29 مىڭ 700 توننا سېمونت، 26 مىڭ توننا ئۇن، 3122 توننا سۈ يېغى، 6000 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 7410 توننا خىش، 285 توننا ئېغىدىرىن ئېكستراكتى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 93.61%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 963 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2169 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 144 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 87.65% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 34 مىليون 160 مىڭ يۈەن. 21 مىليون 523 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دەريا ساھىلىنى «ئۇچلەشتۈرۈش» بويىچە ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرلىرى تاماملاندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 110 مىليون 810 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 96 مىليون 800 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 278 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 138 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 33 مىليون 170 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 13، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 35 مىليون 560 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامىدىن 24ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 465 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 50.9% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 52.96% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 309 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 297 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 189 مىليون 30 مىڭ يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 64 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 360 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3150، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 693. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 10، خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچى 754 (مىللىي 447)، ئوقۇغۇچىسى 9080 (مىللىي 4454)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 51، خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچى 1389 (مىللىي 945)، ئوقۇغۇچىسى 21مىڭ 505 (مىللىي 9948)؛ بالىلار باغچىسى بىر، ئوقۇتقۇچىسى 19 (مىللىي 6)، باغچىدىكى بالا 260 (مىللىي 80). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 558 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 3، يېزا - بازارلىق تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 11، مەمۇرىي كەنتلەردىكى داۋالاش ئۆيى 53، يەككە ئامبۇلاتورىيە 66، مەكتەپلەردىكى داۋالاش ئۆيى 3؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 360؛ 660 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2253 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مۇئاشى 9295 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 104 كارخانا - كەسپىي ئورۇندىن 1268 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 95 كارخانا-كەسپىي ئورۇندىن 4783 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 240 ئورۇندىن 6103 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا 306 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ (جەمئىيەتتىن ئىئانە قىلىنغان پۇلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2416 نامرات ئائىلىدىكى 11 مىڭ 505 ئادەمگە يار - يۆلەك بولۇندى.

2001 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە

كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرىگە 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى

2001 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامىدىن 24نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 465 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 9 ى كىرگۈزۈلدى، ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 174 مىليون يۈەنگە يەتتى.

توققۇزتارا ناھىيىسى جىجياڭ «ئالتۇن بۇركۇت» گۇرۇھى بىلەن زىغىرچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە توختام ئىمزالىدى. توختام بويىچە توققۇزتارا ناھىيىسىدە «ئالتۇن بۇركۇت» ئىلى زىغىر مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قۇرۇلدى، 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شۇ يىلىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 8 زىغىر تايلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە كۆلىمى 5000 ئۇرچۇقلۇق زىغىر فابرىكىسى قۇرۇلدى ھەمدە زىغىر تېۋىتىدىن پەنەركە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 1000 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل بولدى. بۇ تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1330 گېكتار يەرگە زىغىر تېرىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 100 يۈەن ئاشۇرۇلدى.

شىنجاڭ خوشۇت ئېغېدرىن ياساپلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى توققۇزتارا ئېغېدرىن شۆبە زاۋۇتىغا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىدىكى ئۈسكۈنە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى جەھەتتە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىلغان ئېغېدرىن ئېكستراكتى 800 توننىغا، سېتىش كىرىمى 45 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 8 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىغا 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

2001 ـ يىلى شىركەت توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن چاكاندا تېرىش بازىسى قۇرۇش ھەققىدە توختام ئىمزالىدى، شۇ يىلى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 1330 گېكتار يەرگە چاكاندا تېرىدى، 2005 ـ يىلغا بارغاندا چاكاندا تېرىش كۆلىمىنى 3330 گېكتارغا يەتكۈزۈش پىلانلانماقتا.

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك پاي شىركىتى بىلەن شىرنىلىق ياۋا ئۈزۈم مېۋە بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ھەققىدە توختام ئىمزالىدى، توختام بويىچە ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى 41 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ياۋا مېۋىلەرنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. زاۋۇتنىڭ يىللىق قويۇق مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3250 توننا بولۇپ، سېتىش كىرىمىنى 61 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، زاۋۇت يۇقىرىغا 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇپ، 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا يارىتالايدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن توققۇزتارا ناھىيىسىدە ياۋا ئازغان تېرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 1000 گېكتار يەرگە ياۋا ئازغان تېرىلدى.

2001 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2001 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بولغان ئىلى دەرياسى ۋادىسى (يۇقىرى ئېقىم بۆلىكى) دىكى قاپچىغاي كۆلى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

لىۇ شىڭيىڭ، جاۋ شىنيەن، جاۋ لى

# كۈنەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈنەس ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 290 مىڭ 12 (ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 248 مىڭ 423)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.56‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.38‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 666.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 520 گېكتار)، 4500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 586.67 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. ..

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 142 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 917 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 66 مىڭ 900 گېكتار ئورمان، 558 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاق بار. 59 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە

دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان 9 خىل، 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان 50 خىل. دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرى 200 نەچچە خىل بولۇپ، ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چوڭ بويبۇرماقلىق جىنتىيانا، سوغىسكۆل، چاكاندا، قانتېپەر، بۆۋانە، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، مانگان، سىنك، كوبالىت قاتارلىق مېتال كانلىرى ھەمدە كۆمۈر، گرافىت، گرانىت تاش، مەرمەر تاش، بارىت، تالك، پىروفىللىت، سلىتسىيلىق تاش، سېغىز تۇپا، هاك تېشى، گەج قاتارلىق غەيرىي مېتال كانلىرى بولۇپ 24 خىلغا يېتىدۇ. تەۋەسىدە كەڭ كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە گۈزەل كۈنەس يايلىقى بار. مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن نارات سەيلىگاھى (دۆلەتنىڭ AAA دەرىجىلىك ئۆلچەمگە توشقان سەيلىگاھ)، ئورمان باغچىسى (دۆلەتنىڭ AA دەرىجىلىك ئۆلچەمگە توشقان سەيلىگاھ)، ياۋا مېۋىزارلىق سەيلىگاھى، ئاق جىلغا قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈنەس ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈەنشىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكىن (قازاق).

ھاكىم: پولاتبېك ئەنۋەربېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گۈلزىرە نۇرادىل (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 583 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 495 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 421 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 942 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3 ئاشتى. 95 مىڭ 67 توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 749 توننا ياغلىق دان، 334 مىڭ 791 توننا قىزىلچا، 20 مىڭ 49 توننا زىغىر، 1750 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 51 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 132 توننا گۆش، 2215 توننا قوي يۇڭى، 462 مىڭ 866 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 44 مىڭ 810 توننا سۈت، 2884 توننا تۇخۇم، 192 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 611 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 532 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 52 مىڭ 10 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 16 مىڭ 912 گە، مەھسۇلات قىممىتى 719 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 481 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 109مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %24 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 59 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7745 توننا ئاق ھاراق، 4234 توننا ئىسپىرت، 60 مىڭ 824 توننا ئاق شېكەر، 28 مىڭ 900 توننا سېمونت، 39 مىڭ 930 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 5701 توننا سۇ يېغى، 15 مىڭ 503 توننا دانىچە ئازراق، 11 مىڭ 773 كۇب مېتىر زىغىر كېپەكى پەنەركىسى، 1574 توننا كەندىر تېۋىتى، 2324 توننا تايلانغان زىغىر، 40 مىڭ 9 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 181 مىڭ 977 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 167 مىڭ 228 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 144 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 38 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ناھىيە بازىرىنى ئايلىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 141 مىڭ 600 تونىنغا يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 107 مىليون 890 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 312 مىليون 470 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 467 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 812گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 17 مىڭ 744 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭغا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 324 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 12 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 112 مىليون 750 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا ساياھەتچىدىن 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمى 153 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە

يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 47 مىليون 580 مىڭ يۈەن (2000 - يىلدىكىدىن %10.3 ئاشتى). ئاپتونوم رايون قوشۇپ بەرگەن كىرىم 97 مىليون 330 مىڭ يۈەن. 2000 - يىلنىڭ قالدۇقى 8 مىليون 280 مىڭ يۈەن؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 153 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43.71 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 837 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 840 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى كۈنەس پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «كالا تۈرەلمىسىنى كۆچۈرۈش بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش» تۈرى دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ مېرىنوس ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «ئارمان» شىركىتى كۈنەسكە ئورۇنلاشتى. ناھىيە بويىچە 7729 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 959. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 292؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4327 (مىللىي 1593)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 302 (مىللىي 8358)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 90، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 909 (مىللىي 25 مىڭ 976). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1984 (مىللىي 1318). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۈنەس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئاساسەن» مائارىپىدىكى ئىلغار ناھىيە قاتارىغا كىردى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %41كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 25 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 18، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 435؛ 540 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 271)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 189 (مىللىي 102).

مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 58 كىلوگراملىقلارنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر كىشى 3 - بولدى. 37 مىڭ 538 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %99.4كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2222 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8289 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 4592 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 8544 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 555 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2001 - يىلى كۈنەس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتىكى 100 ياخشى ناھىيىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۈنەس ناھىيىسىدە شوربۇلاق بازىرى تەسىس قىلىندى.

★ 2001 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدىكى نارات مەنزىرە رايونى دۆلەتنىڭ AAA دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى 10 چوڭ مەشھۇر مەنزىرە رايونى قاتارىغا كىردى.

گې چاڭ

## چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، تۆمۈريول تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 129 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 97 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 101 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.15، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.16. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 13 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاپچال ناھىيىسىدە دۆلەت دەرىجىلىك پۇراقلىق تاماكا بازىسى بار. شەنيىن خادا، يۈمران بۇغا مۈڭگۈزى، «ئىلى

ئۈنچىسى» ماركىلىق گۈرۈچ ئىلىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەۋەسىدە كۆمۈر زاپىسى مول، سۈيپىتى ياخشى، سەيلىگاھلاردىن چولپان بۇغرا ئورمان باغچىسى، ئىلى دەرياسى ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى، جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى، شىبەلەر ئۆرپ - ئادەت كەنتى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ شىڭخۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۇەن شۇشياڭ (شىبە).

ھاكىم: ئەن ۋېن (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توپباي ئاسلىبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 370 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 301 مىليون 762 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.8% ئاشتى. 116 مىڭ 426 توننا ئاشلىق، 1716 توننا پاختا، 3995 توننا ياغلىق دان، 46 مىڭ 297 توننا قىزىلچا، 8684 توننا مېۋە - چېۋە، 639 توننا تاماكا، 26 مىڭ 846 توننا كۆكتات، 312 توننا زاراڭزا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 408 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6758 توننا گۆش، 960 توننا قوي يۇڭى، 176 مىڭ 34 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 15 مىڭ 678 توننا سۈت، 780 توننا تۇخۇم، 501 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 601 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 323 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىلى چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىدىن 4ى تاماملاندى، 73.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 57 مىڭ 168 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3688 گە، مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 154 مىليون 248 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.8% ئاشتى. 661 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 113 مىليون 780 مىڭ دانە خىش، 35مىڭ 600 توننا بۇغداي ئۇنى، 2642 توننا سۇ بېغى، 30 مىڭ توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 22 مىڭ 400 توننا گۈرۈچ، 2186 توننا ساپ پاختا، 4157 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا، 135 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 92%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 57 مىڭ 201 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 156 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 109 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ تۈر 6. شۇ يىلى 6400 مېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 5200 مېتىر خەۋەرلىشىش ئوپتىك كابېلى تارتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 59 مىليون 420 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 25 مىليون 230 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 922 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېفون ئابونېنتى 17 مىڭ 11گە يېتىپ، ھەر 100 ئادەمگە 10.6 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 98 مىليون 586 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 790 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 18 مىليون 970 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 5، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 15 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش توختامىدىن 13ى ئىمزالاندى، تۈر سوممىسى 148 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ 3 مىليون يۈەن مەبلىغى كىرگۈزۈلدى. ساياھەتچىدىن 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 123 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.5% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 209 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى

245 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 137 مىليون 610 مىڭ يۈەن. مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 619 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 527 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001-يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3756، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 740. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 30، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 11، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 18، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9632 (مىللىي 7122)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2516 (مىللىي 1820)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 48، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 407 (مىللىي 14 مىڭ 789). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2265 (مىللىي 1894). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 4 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %33.34كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 22 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 20، سەھىيە-يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 279؛ 428 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 341)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 212 (مىللىي 164).

23 قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 3346 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. چاپچال كوماندىسى ئوبلاست دەرىجىلىك مۇسابىقىلەردە 22 ئالتۇن مېدال، 15 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەردە 8 ئالتۇن مېدال، 9 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ دۆلەت دەرىجىلىك مۇسابىقىدە بىر ئالتۇن مېدال (ئوقيا ئېتىشتا) ئالدى. 22 مىڭ 230 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %84 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001-يىلى چاپچال ناھىيىسىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1804 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ 1811 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 1666.13 يۈەن. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9260 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9.61 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1892 ئىشچى-خىزمەتچى باشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8200 ئىشچى-خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى. 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 542 كىشى باشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى.

ناھىيە بازىرىنى قاتناش-تۇتاشتۇرۇش، يورۇتۇش، كۆكەرتىشكە 18 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگىكىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق سېلىنغان مەبلەغ ئاز كەم 2 مىليون يۈەن.

★ رەڭلىك پولات تاختا ئىشلەيدىغان تۈنجى تەۋەنلىك سودىگەر كارخانىسى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئورۇنلاشتى.

★ ئايشىنىسى بازىرى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇڭگو شىمالىي دېڭىز فىلوتىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ئىئانە قىلغان 180 مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سالدى.

★ چاپچال مېرىنوس قويى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتى.

ۋۇ يۇلى

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە. 2001-يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 852 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 385 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 365 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.59. ۋىلايەت بويىچە 308 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 91 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 217 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 5 مىليارد 279 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 235 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 42 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، سايگا بۆكەنى، قۇلان، ئاق لەيلەك، سېرىق بۈركۈت قاتارلىقلار، دۆلەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، توشقان، چولڭ ئاققۇ، بوزئۇلار قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىكۆل، قانتىپەر، توشقان زەدىكى، كىرەش، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، كۆل تۇزى، تاشپاختا، بىنتونىت، سېغىز قاتارلىقلار بار. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىرىدە نۇرغۇن ئەتىۋارلىق قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن چاغانتوقاي سوغىكۆلى، ياۋا بادام، باسباي چولڭ قۇيرۇقلۇق قويى، زاراڭزا يېغى، شىخۇ پېۋىسى، شىخۇ سۈت پاراشوكى، تولى گرانت تېشى، چۆچەك ئاققۇسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تالڭ دىڭبالڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)، ئالىم كەرىمەت (قازاق)، لىيۇ گۇاڭجې، لۇ يۈخمىن، لياۋ يۇنجيەن، جالڭ چىجۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا مىرقەتباي (قازاق)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇ جيابىن، نى بوشيالڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن جاۋدې (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئاقىن قالىم (قازاق، 12- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جالڭ شياۋۋېي (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈ شېڭدې (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابلاجان ئىمىن، جۇڭگو دورجالا (موڭغۇل)، لى پېڭ.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالڭ دىڭبالڭ (قوشۇمچە)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: كۆلەن مامۇربېك (ئايال، قازاق)، زۇ دېشى، ۋالڭ ياجۈن، لى يۇلڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 761 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 807 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 476 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 77 مىليون 875 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.77 ئاشتى. 494 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 89 مىڭ 200 توننا پاختا، 73 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان، 459 مىڭ 300 توننا قىزىلچا، 15 مىڭ توننا زاراڭزا، 16 مىڭ 400 توننا ئاۋۇز گازىرى، 152 مىڭ توننا پەمىدۇر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 321 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 86 مىڭ 600 توننا گۆش، 8100 توننا قوي يۇڭى، 70 مىڭ 600 توننا سۈت، 16 مىڭ 100 توننا تۇخۇم، 1900 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4901 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 267 مىليون 674 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 278 مىڭ 700 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 19 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 995 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 26 مىڭ 438 گە، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 457 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 719 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 401 مىليون 96 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.5؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 85 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىچە: 366 مىليون 73 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 972 مىڭ توننا كۆمۈر، 727 مىڭ توننا سېمونت، 521 مىليون 90 مىڭ دانە خىش، 870.6 توننا ئاق ھاراق، 52 مىڭ 688 توننا پىۋا، 185 مىڭ 600 توننا ئۇن، 12 مىڭ 800 توننا پەمىدۇر قىيامى، 138 مىڭ توننا تۇز، 18 مىڭ توننا شېكەر، 67 مىڭ 100 توننا سۇ يېغى (زاراڭزا يېغى 1200 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90.1 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 260 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 735 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 516 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 268



تارباغاتاي ۋىلايىتى، چۆچەك شەھىرى 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قاراتىگۈر سۇ ئامبىرىدا چوڭ توسمىنى توسۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.
ماۋبىلوڭ فوتوسى

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 199 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تېمىرتام ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 141 مىليون 610 مىڭ يۈەن؛ 20 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تېمىرتام كۆمۈر كېنى 4 - قۇدۇقنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى 300 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 480 مىڭ يۈەن؛ 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان شىخۇ شەھىرى چىگشۈر سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 835 مىڭ يۈەن؛ 55 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ ئېكېلوگىيە قۇرۇلۇشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 12 مىڭ 600 يۈەن؛ 130 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تېمىرتام — قاراماي تاشيولى قۇرۇلۇشىغا 64 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 81 مىڭ كىلوۋات؛ 220 كىلو ۋولتلۇق 2 .98 كىلومېتىرلىق بىر توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى؛ 110 كىلوۋولتلۇق 4 .298 كىلومېتىرلىق 6 توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى؛ 35 كىلوۋولتلۇق 2 .411 كىلومېتىرلىق 21 توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى. تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 752 مىليون 170 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 924 مىليون 330 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا

كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 25 مىليون 413 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 127 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 137 مىڭ 887 گە، بىرا تېلېفونى ئابونىتى 63 مىڭ 566 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 33 مىڭ 604 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 143 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 201 مىليون 280 مىڭ دوللارغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 320 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 194 مىليون 960 مىڭ دوللارغا يەتتى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 133 ئى ئىمزالىنىپ، شۇ يىلى 115 ئى يولغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى. 657 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 51 مىليون 829 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.66% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 941 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.33% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 5 مىليارد 735 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليارد 39 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليارد 756 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليارد 283 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 28 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 20 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 8 مىليون 360 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4933، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1629. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 1764 (مىللىي 847)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 50 (مىللىي 23)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ (مىللىي

# دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى:
قىرايجان سىرقوجا



2001 - يىلى غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە 10 - بەش يىللىق پىلان ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 800 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، پۇختا ئىشلەپ جاپالىق كۈرەش قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلگەن قار ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، تەرەققىياتنى ئاساسىي تېما، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەت پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى بىلەن ئۈنۈمىنىڭ ماس قەدەمدە ئېشىشى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتى، خەلق ئىگىلىكى كۆزلىگەن ئاشۇرۇش نىشانىغا ئاساسەن يەتتى. 2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 761 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 11.4%؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.66% ئاشتى؛ دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3259 يۈەنگە يېتىپ، 183 يۈەن كۆپەيدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ 41% نى ئىگىلىدى.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزا ئىگىلىكىدە

5300)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 95، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ (مىللىي 21 مىڭ 300)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 365، ئوقۇغۇچىسى 98 مىڭ (مىللىي 48 مىڭ 300). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 844 (مىللىي 6982). چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1200 (مىللىي 552). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون 353 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 6، مەدەنىيەت يۇرتى 8، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 8، ئارخىپخانا 8. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88.86% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 86% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 118 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 94، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 11، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 7؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 3043؛ 4311 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 1527)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2054 (مىللىي 501).

2001 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چېلىشىش، مۇز تېيىلىش، ئاياللار رۇداۋچە چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، بوكس قاتارلىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، 18 تۈردە 1 -، 11 تۈردە 2 -، 8 تۈردە 3 - بولدى. 15 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 2500

ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، 5 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ زىچ چۆرىدىلىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىلىپ، قۇرۇلما ياخشىلىنىپ، كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ سۈرئىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 78 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %77.4 ئاشتى. 494 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 89 مىڭ 200 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرى قولدا 4 مىليون 321 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، يەم - خەشەك زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 10: 27:63 دىن 18: 57: 25گە تەڭشەلدى. زاراڭزا تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 200 گېكتارغا، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 66 مىڭ 700 گېكتارغا، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمى 48 مىڭ گېكتارغا يەتتى. كالا بېقىش بوسۇش ئېغىزى قىلىنغان چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلدى. بېقىلغان چارۋا 5 مىليون 800 مىڭدىن ئاشتى. يېزا، بازار كارخانىلىرى ئۇنىۋېرسال ئىگىلىكىنىڭ تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ كىچىك ناھىيە بازىرى قۇرۇش تەجرىبىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلدى. كۈنىگەدىن باشقا يەنە چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسى قاتارلىق ئالاھىدە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرغان «ئون ياخشى» يېزا بازىرى بارلىققا كەلدى.

2. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، سانائەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17.2 ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 547 دۆلەت كارخانىسى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تاماملىدى، بۇ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك كارخانىنىڭ %95.5نى ئىگىلىدى. شىخۇ پىۋىسى گۇرۇھى قاتارلىق بىر تۈركۈم كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورناتتى، شىخۇ پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق «ئون كۈچلۈك» كارخانا بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى يارىتقان پايدا 38 مىليون 97 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 268 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىش سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى يېڭى نۇقتا بولۇپ قالدى. ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 27 مىڭ 423 كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10، خۇسۇسىي كارخانا 496گە يېتىپ، %18.4 ئاشتى. ۋىلايەتلىك گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقلار زاپىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

3. غەربنى كەڭ ئېچىشنى پۇرسەت دەپ بىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش، سودا

ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 36 مىڭ 325 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %96.77 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6282.11 يۈەنگە، شەخسلەرنىڭ ئىستېمال چىقىمى 4587.4 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3259 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7655 يۈەنگە يەتتى. 43 مىڭ 663 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 76 مىڭ 102 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھتاجلىق بولغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى.

★ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ «تيەننيۇ» گۆش مەھسۇلاتلىرى پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە پاي چېكى بازارغا سېلىنماقچى بولغان تۇنجى پاي شىركىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

★ 8 - ئايدا گوۋۇيۈەن شىخۇ شەھىرى بىلەن تولى ناھىيىسىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلىدىغان ناھىيە، شەھەر قىلىپ تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە (شەھەر) 4 كە يەتتى (قالغان 2 سى چۆچەك شەھىرى بىلەن ساۋەن ناھىيىسى).

★ 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن چۆچەك شەھىرى مەدەنىيەت مەيدانى بىلەن نۇرلۇق يولىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. چۆچەك مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ كۆلىمى 15.6 گېكتار بولۇپ، 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېڭىدىن ياسالغان نۇرلۇق يولىغا 7 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، چۆچەك شەھىرىدىكى يۇقىرى ئۆلچەملىك 3-

ئارقىلىق چېگرىنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەت يەنىمۇ شەكىللەندى.

3. كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 476 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.8 ئاشتى؛ ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.5؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 201 مىليون دوللارغا يېتىپ، %26.43 ئاشتى. ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 115 ى يولغا قويۇلدى، نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى. جۇڭگو جېڭتۇڭ، بېيجىڭ گويۈەن، گۇاڭدۇڭ مەيكېتې، شۈجۇ كانچىلىق گۇرۇھىدىن ئىبارەت بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلار تارباغاتايغا ئورۇنلاشتى.

4. «تارباغاتاينى پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىدى. پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە خوجايىنلىق، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن تېخنىكا كىرگۈزۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاساسى مائارىپ، چوڭلار مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى، ئوقۇتۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئۈچ دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش تورى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. 2001 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار رايون بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان ئىتوت «ئىللىق ئېقىم» مەملىكەت بويىچە 11 - نۆۋەتلىك ئاممىۋى چولپان ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 18 ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.86كە يەتتى.

5. خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، كۈچى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، خەلق رايى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. «يۇرۇقلۇق قۇرۇلۇشى» ۋىلايەت بويىچە يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. يېزىلارنىڭ مالىيىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابات قىلىش كۆلىمى %100 كە، ئىقتىسادنى مۇپەتتىش قىلىش كۆلىمى %85 كە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىدىكى ئوتتۇرىچە سېلىقى 22.4 يۈەنگە يەتتى. 51 تۈرلۈك سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى ۋاقتىدا تاماملىنىپ، 88 مىڭ 600 ئادەم، 199 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 6340 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كىچىك بازار ۋە يېزىلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 560 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، شەھەرلەردە كۆپەيگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 374 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6150 يۈەنگە يېتىپ، %10.8 ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى

سېمونت يول ھېسابلىنىدۇ.

★ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى — قاراڭگۇر سۇ ئامبىرى چوڭ توسمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تولدۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى. بۇ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 61.5 مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 197 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، سىغىمى 39 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 14 مىڭ 700 گېكتار كېلىدۇ، سېلىنغان مەبلەغ 139 مىليون 960 مىڭ يۈەن. بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھازىرغىچە ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمى ئەڭ چوڭ، قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

★ 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك «ئاممىۋى چولپان مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىدا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى خۇ چېڭشياڭ، لى مىڭجۇڭلار ئىجاد قىلغان، گۇلنۇر، لى مىڭجۇڭ، تاڭ چىڭلار ئورۇندىغان ئىتوت «ئىللىق ئېقىم» مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك «ئاممىۋى چولپان مۇكاپاتى»نىڭ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

گۈلزار نىياز

## چۆچەك شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

كاپالەتلەندۈرۈلدى، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى ۋاقتىدا تارقىتىلدى، 10 مىڭ 477 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

2002 - يىلى بىز ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، چاغانتوقاي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساۋەن، قوبۇقسارنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلىنى، ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 7 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 12.3% ئاشۇرۇش، مالىيە كىرىمىنى 341 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 13.3% ئاشۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 3650 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 391 يۈەن ئاشۇرۇشتەك يېڭى نەتىجىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىغا كاتتا سوۋغا تەقدىم قىلىمىز!

شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 136 مىڭ 457 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 55 مىڭ 324)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 818؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.14‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.22‰. شەھەر بويىچە 70 مىڭ 936 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 27 مىڭ 626.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 29 مىڭ 153.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 14 دەريا - ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 755 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 385 مىليون كۇب مېتىرغا، تارتىشقا بولىدىغىنى 146 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 4700 گېكتار ئورمان، 239 مىڭ گېكتار ئوتلاق بولۇپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چاكاندا، ئاق چوغلۇق، گۈلسامساق قاتارلىقلار؛ كۆلىمى چوڭراق ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن قومۇش، ياۋا ئازغان ۋە ياۋا بادامىلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ جىڭبوەن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ كېلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سارساقان قالىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: ئادىلبېك قالقابېك (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نۇرلان سەيدى (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيجاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 148 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 237 مىليون يۈەن بولۇپ، 7.6% تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون 814 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.2% ئاشتى. 145 مىڭ 982 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 462 توننا ياغلىق دان، 107 مىڭ 569 توننا قىزىلچا، 38 مىڭ 774 توننا كۆكتات، 7075 توننا تاۋۇز گازىرى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 687 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 3817 توننا گۆش، 1276 توننا قوي يۇڭى، 137 مىڭ 400 پارچە قوي - كالا تېرىسى، 12 مىڭ 304 توننا كالا سۈتى، 4653 توننا تۇخۇم، 540 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 920 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 106 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2780 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 1333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 187 مىڭ 556 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 5714 كە، مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 545 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 171 مىليون 341 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.54%؛ سانائەت

قوشۇلما قىممىتى (ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 83 مىليون 97 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.2 ئاشتى. 160 مىليون 240 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 28 مىڭ 800 توننا سېمونت، 68 مىليون 260 مىڭ دانە خىش، 40 مىڭ 802 توننا ئۇن، 9731.2 توننا سۈت يېغى، 208 توننا ئاق ھاراق، 20 مىڭ 200 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 97 مىڭ 108 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 87 مىڭ 275 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 257 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 106 مىليون 390 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 143 مىليون 870 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 302 مىليون 860 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 31 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 20 مىڭ 833 كە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 6140 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 9600 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 440 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 135 مىليون 980 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە تۈرلۈك سودا بازىرى 15 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 104 مىليون 335 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 128 مىليون 48 مىڭ 600 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 393 مىڭ 300 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 125 مىليون 655 مىڭ 300 دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 27 نى ئىمزالىنىپ، سوممىسى 377 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 290 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 55 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 131 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %30.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 934 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 453 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 878 مىليون 730 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 23 مىليون 468 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 468 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 18 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 8 مىليون 158 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 3 مىليون 218 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 940 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3707، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 720. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 16 سى ئورۇندالدى. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 5834 (مىللىي 2164)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 820 (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 88 ئوقۇغۇچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇغۇچى 40 (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 4 مىللىي ئوقۇغۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 77، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 663 (مىللىي 5959). ئوقۇتقۇچى 1897 (مىللىي 819). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرى رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %80 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 10 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 121 يەككە ئامبۇلاتورىيە ۋە كەنت دەرىجىلىك شىپاخانا بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 321؛ 608 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 219)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 162 (مىللىي 41).

شەھەر بويىچە 31 قېتىم چوڭ كۆلەملىك، 79 قېتىم ئوتتۇرا ۋە كىچىك كۆلەملىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 18 مىڭ 522 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6282.11 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4587 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 16. 3004 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9227.2 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9.29 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە 3794 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7464 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 1050 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس - تۇتەك، چاڭ- توزان تىزگىنلەنگەن 2 كۋادرات كىلومېتىرلىق بىر رايون بەرپا قىلىندى.

2001 - يىل چۆچەك شەھىرىنىڭ ئاشلى داغۇر يېزىسى چىغانگىر كەنتىگە «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار كەنت» دەپ نام بېرىلدى. 2001 - يىلى چۆچەك شەھىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە شەھەر» ۋە «تازىلىقتا ئىلغار شەھەر» بولۇپ باھالاندى.

جياۋ زېخەن

## چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2001 - يىلى ھەمكارلىق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتىكى تەشۋىقات سالمىقىنى كەڭەيتىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق سودىگەر چاقىردى ھەم كىرگۈزگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىنز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلدى. مەبلەغ سېلىپ قۇرۇش تۈرىدىن 4 نى كىرگۈزدى، سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى 153 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، گۇاڭدۇڭ خۇيجۇ ياۋچېڭسيا شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان يۇقىرى پەن- تېخنىكىلىق يېشىل يېزا ئىگىلىكى ئۈنۈۋېرسال تۈرىنىڭ مەبلەغ سوممىسى 150 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا، ئىگىلەيدىغان يېرى 140 گېكتارغا يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق شۇغۇللىنىدىغىنى يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق يېشىل تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە ئېكېئولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك ساياھەتچىلىكىدىن ئىبارەت. 2001 - يىلى شىركەت 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئومۇمىي كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يېشىل كۆكتات پارنىكىدىن 5 نى ياسىدى، شۇ يىلى 1 - ئايدا زىيانسىز يەمدۈر قاتارلىق كۆكتاتلارنى دۆلەت ئىچى بازىرىغا سالدى ھەم تۈنجى قېتىم مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئېكسپورت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەمكارلىق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ئادەتتىكى خادىملار بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئامىنو كىسلاتا زاۋۇتى ئاساسلىقى چىگىت تېرىپىدىن ئامىنو كىسلاتاسى ئايرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ دۆلىتىمىزدە تۇنجى بارلىققا كەلگەن تېخنىكا بولۇپ، دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە، ئامىنو كىسلاتا سۇيۇقلۇقى بىلەن ساپ ئامىنو كىسلاتاسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

ياۋ جيەنشى

# شىخو شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىخو شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەردىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 236 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 11، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 200 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 74 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 139 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰59. 11، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰32. 9. شەھەر بويىچە 46 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2100 گېكتار)، 32 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شىخو شەھىرىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 664 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 390 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %64. 1. 776 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 -، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، كۆكمەت، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. 40 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، ئاساسلىقى قار لەيلىسى، سوغىگۈل،

قانتېپەر، پەر مەدىكىسى، چۈچۈكبۈيا، توشقان زەدىكىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كېپەك ئالتۇن، كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، ئالىيۇمىن، خىروملۇق تۆمۈر، نىكېل، نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇرمە، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن بايانغۇ ئارامگاھى، گەنجاخۇ چۆللۈك ئېكېنولوگىيە باغچىسى، ئۇلانسادىغنور (يەنە بىر نامى كىچىك بۇغدا كۆلى) قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چېڭيۇەن.

شىخو شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئىمىن.

شەھەر باشلىقى: توقمۇقامەت ئىسرايىل (قازاق).

شىخو شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۇشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 782 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 634 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4.4؛ 2ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 586 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.4؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 561 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 946 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4.2 ئاشتى. 80 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 42 مىڭ 300 توننا پاختا، 7500 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 200 توننا مېۋە، 113 مىڭ 300 توننا پەمىدۇر، 6000 توننا ئالقات، 164 مىڭ 700 توننا كۆكتات، 8200 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 729 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 414 توننا گۆش، 1287 توننا قوي يۇڭى، 307 مىڭ 900 پارچە قوي ـ كالا تېرىسى، 5526 توننا كالا سۈتى، 1816 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1408 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 887.6 گېكتار. ئېتىز ـ ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 66 مىليون 828 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5700 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 9800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 237 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 5577 گە، مەھسۇلات قىممىتى 840 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 974 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %23.1، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 372 مىليون 868 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.2 ئاشتى. 115 مىليون 360 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 756 مىڭ توننا كۆمۈر، 53 مىڭ توننا پولات، 53 مىڭ 500 توننا سېمونت، 128 مىليون دانە خىش، 87 مىڭ 954 ساندۇق تاختا ئەينەك، 35 مىڭ 600 توننا ئۇن، 18 مىڭ 47 توننا سۇ يېغى، 35 مىڭ 374 توننا ساپ پاختا، 2112 توننا پەمىدۇر قىيامىسى، 3276 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90.4 كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 167 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 637 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 83 مىليون 730 مىڭ يۈەن. 17 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تۇنجى شىخو پەمىدۇر قىيامى زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 150 توننا پەمىدۇرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان توماتىدىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى؛ 17 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جاخېزى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ گاز ئېقىملىق توقۇمىچىلىق سېخى پۈتكۈزۈلدى؛ 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىخو پىۋىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ كېرەكسىز سۇ پونكىتى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى؛ 5 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، غەربىي بېيجىڭ يولى ۋە بەخت يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ھەم ئىلى يولى بىلەن سانائەت رايونى يولىنى ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، خۇاڭخې يولى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى قۇرۇلدى؛ 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دوستلۇق يولى بازىرى قۇرۇلدى. 214.06 كىلومېتىر توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى كۆپەيتىلدى، 18 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېيىغا 300 توننا ئاشۇرۇلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 144 مىليون 243 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 275 مىليون 345 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 568 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف

كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 37 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 35 مىڭ 558 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 17 مىڭ 905 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 9146 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 586 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 51 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 227 مىليون 470 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرى 32 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق يۈرۈشۈلگەن سومما 150 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 160 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 124 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %88. 26؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 127 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8. 27 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 59 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 812 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 24 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 17 مىليون 900 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3726، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 824. ۋىلايەت دەرىجىلىك 18 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 981 (مىللىي 75)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3250 (مىللىي 1115)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 306 (مىللىي 3545)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 67، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 860 (مىللىي 7784). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3060 (مىللىي 1151). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 842 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %92 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 22، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 680؛ 801 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 152)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 329 (مىللىي 72).

3000 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شىخو شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3788 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2880 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7047 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 87 مىڭ 556 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 13 مىڭ 983 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 2895 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 4 ى ئورۇندالدى، بۇنىڭغا 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 6. 12 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى؛ كۆلىمى 5. 2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى.

★ 2001 - يىلى شىخو شەھىرىگە جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە شەھەر» دېگەن نام بېرىلدى. شىخو شەھىرى «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» لەرنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ھەم تۇنجى تۈركۈمدىكى «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىدىكى ئىلغار شەھەر» نىڭ بىرى بولدى.

★ 12 - ئايدا شىخو يېزىسى جۇڭگو يېزا سانائىتى جەمئىيىتى تەرىپىدىن «جۇڭگو بويىچە ئەلا سۈپەتلىك يېڭى يېزا» بولۇپ باھالاندى.

ياڭ شۆشىن

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 138 مىڭ 216 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 82 مىڭ 608)، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 106 مىڭ 201؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.18‰. ناھىيە بويىچە 61 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 21 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

دۆربىلجىن ناھىيىسىدە يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريادىن 18ى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، تارتىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 686 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى سوغىگۈل، پەربۇن، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، قىزىل چوغلۇق، رەۋەن، يەر مەدىكى، قانتېپەر قاتارلىقلار؛ ئەتىۋارلىق ياۋايى هايۋانلاردىن ئاساسلىقى يىلپىز، سايگا بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، سۈلەيسۇن قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ئالتۇن، ساپال توپىسى، بور توپىسى، شور، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن قايقاڭ، مىڭبۇلاق يازلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى، قارا ئېمىل ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە ئاقسۇ سۇ ئامبىرى ساياھەت رايونى بار.

زاراڭزا، قارا قات، كالا گۆشى، دۆربىلجىن ئاق قوسى قاتارلىقلار دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە كەسىپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنگو.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەۋكەن قالىم (قازاق 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ھاكىم: ئابدەش تورقوبى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازارغالى ئايتان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 874 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 399 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.3% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 332 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 689 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.9% ئاشتى. 85 مىڭ 437 تونا ئاشلىق، 23 مىڭ 624 تونا ياغلىق دان (زاراڭزا ئۇرۇقى 8080 تونا)، 206 مىڭ 170 تونا قىزىلچا ئېلىندى. 3.947 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 741 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 623 تونا گۆش، 2169 تونا قوي يۇڭى، 17 مىڭ 900 تونا سۈت، 3900 تونا تۇخۇم، 305 تونا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 137 مىڭ 439 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 5478گە، مەھسۇلات قىممىتى 354 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 317 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 15%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.1% ئاشتى. 129 مىڭ 600 تونا كۆمۈر، 122 مىڭ 600 تونا سېمونت، 269 تونا يۇڭ يىپ، 22 مىڭ تونا ئۇن، 8200 تونا سۇ يېغى، 18 مىڭ 700 تونا شېكەر، 273 تونا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99%كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قىلغان قۇرۇلۇش 11گە، سېلىنغان مەبلەغ 21 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن تاۋار ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 274 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 179 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليون 590 مىڭ يۈەن.

قالدۇقى 771 مىليون 70 مىڭ يۈەن. تۇرلۇق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 710 مىڭ يۈەن؛ تۇرلۇك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 5 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

## يەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 727 ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 3 يەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 9853 (مىللىي 5673)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 62، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 824 (مىللىي 11 مىڭ 64)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 975. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2796 (مىللىي 1838). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2595 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى كۆپەيتىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 468 كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 40% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 133 يەككە ۋە كەنت دەرىجىلىك شىپاخانا بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 233؛ 525 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 251)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 235 (مىللىي 143).

8 قېتىم ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 3000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.7% كە، ئەلا بولۇش نىسبىتى 12% كە يەتتى.



دۆربىلجىن ناھىيىسىدە 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنى قوللاش يۈزسىدىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ۋاڭ يوبىڭ فوتوسى

يېزا ئېلېكتر تورىدىكى 335.9 كىلومېتىرلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى ئۆزگەرتىلدى، 3.8 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 81 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 74 مىليون 690 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 335 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 26 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 449 غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 10 مىڭ 997 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 755 كە يەتتى، يېڭىدىن 7300 ئابونېنت كۆپەيدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 361 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 133 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 8 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 107 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 37 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34.3% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 155 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 198 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل

# ئوتتاشتەك قىزارغان دۆربىلجىن زاراڭزىسى

ئەزەلدىنلا «جۇڭگودىكى زاراڭزا ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار دۆربىلجىن ناھىيىسى ئەلا سۈپەتلىك زاراڭزا چىقىدىغان ئاساسلىق رايون. دۆربىلجىن ناھىيىسى زاراڭزا ئۈستۈرۈشتە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلغان زاراڭزا تۈۋتى بىلەن زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتى ياخشى. بولۇپمۇ، زاراڭزا ئۇرۇقىدىن چىقىرىلغان ياغنىڭ تەركىبىدىكى ئىككىلەمچى ياغ كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى %83 تىن يۇقىرى بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ «ئىككىلەمچى ياغ كىسلاتاسى پادىشاھى» دەپ نام ئالغان.

زاراڭزا — دورىلىق ئۆسۈملۈك، ياغلىق دان، يېمەك-ئىچمەك بويىقى ۋە يەم-خەشەك بىر گەۋدە قىلىنغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت. ئۇنىڭ چېچىكى، ئۇرۇقى، غولى ۋە شاخ-شۇمبىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، شۇڭا يىلتىزىدىن ئۇچىغىچە گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. زاراڭزا، ئالىقات ۋە پەمىدۇر بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ 3 چوڭ قىزىل كەسپىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ زاراڭزا تېرىقچىلىقى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغانىدى. 1983-يىلى سابىق سودا مىنىستىرلىكى يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا يېغى پەن تەتقىقات زاۋۇتىنى ساقلاش زاراڭزا يېغىنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي دۆلەت كارخانىسى قىلىپ، نۇقتىلىق يۆلىدى. بۇ كارخانا 10 نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئىلغار ھۈنەر-سەنئەت ئۈسكىنىلىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، پەن تەتقىقات، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە سودا بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭى تىپتىكى زامانىۋى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئايلاندى. 1998-يىلى دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا يېغى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ساپ زاراڭزا يېغىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى. 2000-يىل 8-ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مەبلەغ سېلىش شىركىتى ۋە شىخۇ شەھەرلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ پاي قوشۇشى ۋە كونترول قىلىشى بىلەن شىنجاڭ «تايۇەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، زاراڭزىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى، مەقسەت، «تايۇەن» شىركىتىنى باشلامچى قىلىپ، بۇنىڭدىن زاراڭزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى زەنجىرسىمان يېتەكلەپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تەدرىجىي مەھسۇلات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

كارخانا يېقىندا 1981 — CODESTAN27 خەلقئارا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېپىشقاقسىزلاشتۇرۇلغان، كىسلاتاسىزلاشتۇرۇلغان، رەڭسىزلەندۈرۈلگەن، پۇراقسىزلاندۇرۇلغان، مومسىزلاندۇرۇلغان يورۇشلۇق زاراڭزا مەھسۇلات-

## خەلق تۇرمۇشى

2001-يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2451 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9225 يۈەنگە يەتتى. 3259 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 9736 ئادەم داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شىبڭ بىتىڭ

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، چۆچەك-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001-يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 46 مىڭ 494 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 306)، يېزا نوپۇسى 30 مىڭ 983؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.7. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 170 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 617 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 182 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 739 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى

لىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپچىقاردى، بۇلار: «تايۇەن» ماركىلىق ساپ زاراڭزا سالات يېغى، «تايۇەن» ماركىلىق قورۇلغان ساپ زاراڭزا يېغى، «تايۇەن» ماركىلىق تەڭشەلگەن قۇۋۋەتلىك زاراڭزا يېغى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەھسۇلاتلار قاندىكى ماي تەركىبىنى چۈشۈرۈش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، قىزىل قان تومۇرنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىشىنىڭ ۋە تاجىسمان يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق داۋالاش، ساقلىق ساقلاش رولى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. 1994 - يىلى جۇڭگو يېشىل يېمەكلىكلەر تەرەققىيات مەركىزى تارقاتقان يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا، مەملىكەتلىك كەشپىيات ۋە پاتېنت كۆرگەزمىسىنىڭ ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1998 - يىلى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر يېڭى مەھسۇلات ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 2000 - يىلى خەلقئارا ئېسىل مەھسۇلاتلار بايرىمىدا خەلقئارالىق ئېسىل مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 2001 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك خەلقئارا زاراڭزا يىغىنى كۆرسەتكەن مەھسۇلات بولدى، جۇڭگو خەلقئارا يېمەكلىكلەر كۆرگەزمىسىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، دۆلەت سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئاخبارات - ئۇچۇر مەركىزى تەرىپىدىن جۇڭگو بازىرىدىكى داڭلىق ماركا بولۇپ، ئىچكى سودا ئىدارىسى تەرىپىدىن جۇڭگو بويىچە بىخەتەر يېمەكلىك، ئىناۋەتلىك داڭلىق ماركا بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىل 12 - ئايدا كارخانا ISO9002 سۈپەت كاپالەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ زاراڭزا يېغىغا بولغان ئىستېمال ئەلىپىمۇ كۈنسېرى ئاشتى. كۈندىلىك ئىستېمال جەھەتتە، كىشىلەر ئالدى بىلەن يېمەكلىكنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ساقلىق ساقلاش رولىنى ئويلىشىدۇ. زاراڭزا يېغى بولسا كىشىلەرنى بۇ جەھەتتە تاللاش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىستېمالچىلارنىڭ زاراڭزا مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجىمۇ بىرلا خىل ياغ مەھسۇلاتىدىن كۆپ خىللىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. زاراڭزىنى يەنىمۇ پىششىقلاش ئارقىلىق ئىككىلەمچى ياغ كىسلاتاسى كۆمۈلچى، زاراڭزا چىپسى، زاراڭزا سېرىق پىگمېنتى، زاراڭزا ئامىنو كىسلاتاسى ئىچىملىكى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىستېمالچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كەينى - كەينىدىن سىڭىپ كىرىپ، يېڭى ئىستېمال جەھەتتىكى مودىغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، تارباغاتاي ۋىلايىتى زاراڭزىچىلىقنى تۈۋرۈك كەسىپلەر قاتارىغا كىرگۈزدى، دۆربىلجىن ناھىيىسىمۇ زاراڭزىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قاتارىغا قويۇپ، پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زاراڭزا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 9133.33 گېكتارغا يەتكۈزدى. دۆربىلجىن ناھىيىسى 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى تەلەپكە ئاساسەن، 2005 - يىلىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە زاراڭزا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 26 مىڭ 700 گېكتارغا يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ھەتتاكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ «زاراڭزا بازىرى»نى ھەقىقىي قۇرۇپ چىقىدۇ، «شىركەت + بازار + بازا + دېھقانلار ئائىلىسى» شەكلىدىكى كەسىپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئەندىزىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرىدۇ.

شىڭ يېتىڭ

سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 90 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 20 مىڭ 85.6 گېكتار ئورمان، 471 مىڭ 333 گېكتار ئوتلاق بار. 22 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، سۈلەيسۇن، ئاق قۇ، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 4 خىلى؛ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئەگرىتاغ بۇغىسى، ئۇلار، توشقان، بۈركەن قاتارلىق 9 خىلى بار. 313 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى ياۋا بادام، چاكاندا، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، رەۋەن، توشقان زەدىكى، پەربۇن، زاراڭزا، ئورمان كىرىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ماگنىت، مىس، كېپەك ئالتۇن، شور، ھاك تېشى، سېغىز، كۆمۈر، گرانىت تاش، پېرلىيت، زېئولىت، كۋارتس قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن بارداقۇ مەنزىرە رايونى، چاغانتوقاي مەنزىرە رايونى، تاستى مەنزىرە رايونى، بۇرغان مەنزىرە رايونى، قارابۇرا مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىقتىكى 4 چوڭ ئۆچقۇن تۇرنىڭ بىرى بولغان باسباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە ماددىي بايلىقىدۇر.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ كېخۇا.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنىڭ.

ھاكىم: مۇختار قاسقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

باتىربېك قوسىباي (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 200 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.2 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 177 مىليون 13 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.7 ئاشتى. 38 مىڭ 567 توننا ئاشلىق، 7729 توننا ياغلىق دان، 21 توننا مېۋە ئىشلەندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 397 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 1129 توننا گۆش، 753 توننا قوي يۇڭى، 119 مىڭ 826 پارچە قوي - كالا تېرىسى، 3164 توننا كالا سۈتى، 163 توننا تۇخۇم، 8 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئىشلەندى. 381 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 76 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 983كە، مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %22.8 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، %13.5 تۆۋەنلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 956 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 956 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 27 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن ئاشقان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 18 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، 48 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، شەھەرنى ئايلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 75 مىڭ توننا ئاشتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 91 مىليون 860 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 88 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 838 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 4808 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 775 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1538گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرى 4 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق يۈرۈشۈلگەن سومما 40 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 1700 ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 8 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 72 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.4 ئاشتى. تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 156 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 114 مىليون 60 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 963 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 47 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 415 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 105 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1786، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 294. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 2 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 568 (مىللىي 259)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2995 (مىللىي 1318)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 36، ئوقۇغۇچىسى 5544 (مىللىي 2439). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1010 (مىللىي 444). چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 106 (مىللىي 22). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %47كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 48 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 7، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 118؛ 236 كەسپىي سەھىيە

تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 118)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 132 (مىللىي 67).

ناھىيە بويىچە 6990 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 99% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چاغانتوقاي بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5143 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2571 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1601.5 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 640 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7212 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17.3 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1930 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4846 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 257 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

### چاغانتوقاي ناھىيىسى قۇۋساق دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىدا يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى

2001 - يىلى 7 مىليون 788 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي تاماملاندى. قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 1157.67 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكولوگىيە ئورمىنى 465.8 گېكتار، بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 225.2 گېكتار، ياخشىلانغان ئوتلاق 466.67 گېكتار. بۇ قۇرۇلۇش دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولدى ھەم تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئېكولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى باھالاشتا 1 - لىككە ئېرىشتى.

★ 2001 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسى سىرتتىن 436 تۇياق ئەلا سۈپەتلىك كالا سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىممېنتال كالىسى 296، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى 120، ھولستېين كالىسى 20، بۇلار سىناق تەرىقىسىدە بېقىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

لى مىن

## تولى ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 82 مىڭ 560 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 59 مىڭ 978)، يېزا نوپۇسى 53 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.89‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8510 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3488 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تولى ناھىيىسى ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ناھىيىسى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 143 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 109 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 82 مىڭ 100 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. 51 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇلار ئىچىدە يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۆلغۈنلار دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا، ئاق قۇ، ئۇلار، بۈركۈت، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرىدۇ. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئىچىدە سوغىگۈل، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، يەرمەدىكى قاتارلىقلار ئاساسلىقتۇر. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، خروم، كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، ھاك تېشى، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار. ناھىيىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون كۆلىمى 20 مىڭ 800 گېكتار. سەيلىگاھلاردىن شامال ئۆتەڭ ياۋا مېۋىزارلىق ۋە سۇلاشا، تاستى قاتارلىق سەيلىگاھلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ يۈپىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دۇ ۋېنگۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇ ۋېنگۇي.

# مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزايلى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇ ۋەنگۈي



تولى ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەبىئىي مۇھىتى بىر قەدەر ناچار، سۇ بايلىقى بىر قەدەر كەمچىل بولغان، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، تولى ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. لېكىن، تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ چۈشەپ قويۇشى سەۋەبىدىن ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ئىشتىنى ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت ئىستىلىنى رەتكە سېلىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا دائىر كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەۋقەنى بەر، بايلىق ۋە جەت رايون ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، «چارۋىچىلىق بىلەن ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، كانچىلىق بىلەن ناھىيىنى بېيىتىش، يەن - ئېچىۋېتىش، ماتارىپ بىلەن ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق ناھىيىنى ئالغا سۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەرەققىيات پىكىر يولىنى بېكىتتى.

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي جەنۇبى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر. 2001 - يىلى گوۋۇيۈەن بۇ ناھىيىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلىدىغان ناھىيە قىلىپ تەستىقلىدى. بۇ ناھىيە يەنە تاشقى سودا ئىمپورت، ئېكسپورت ۋە ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسى تىجارىتى ھوقۇقىغا ئىگە. شۇڭا مەبلەغ سالغۇچىلارغا تىرىشىپ ئېتىبار بېرىلىدىغان سىجىل سىياسەت شارائىتى، ئىتتىپاق ۋە مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ئازادە ۋە تەرتىپلىك بولغان مەبلەغ سېلىش مۇھىتى، تېز ۋە ئۈنۈملۈك بولغان خىزمەت مۇھىتى ھەم قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان قانۇنچىلىق مۇھىتىنى ھازىرلاپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىپ، تولىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

1 - كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇش، 2 - كەسىپنى كۈچەيتىش، 3 - كەسىپنى جانلاندۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، چارۋىچىلىق، قازمىچىلىق ۋە ساياھەتچىلىك كەسىپلىرى نۇقتىلىق تەرەق-

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇساتاي زەكەن (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇۋانبېك شاقايدۇللا (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ئاللا بېرگېن قىزات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زاغىپار قۇتباي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قىزايداۋلا بولىكباي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 286 مىليون 932 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 299 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 233 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 130 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.9 ئاشتى. 25 مىڭ 251 توننا ئاشلىق، 611 توننا پاختا، 1877 توننا ياغلىق دان، 117 توننا

قىي قىلدۇرۇلىدۇ. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بۇسۇش ئېغىزى قىلىنىپ، ئەۋزەل كەسىپلەرنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

1. چارۋىچىلىق: تولى ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق چوڭ ناھىيىسىدۇر. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئەۋزەللىك چارۋىچىلىقتا، چىقىش يولى ۋە ئۈمىدمۇ چارۋىچىلىقتا. بىرىنچىدىن، مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، 5 يىل ئىچىدە 6660 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا تىرىشىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پادا ۋە چارۋا نەسلىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئالاھىدە ئەۋزەل تاۋار ماركىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. يېزا - كەنتلەرنى بىرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، رايونلاشقان، كۆلەملەشكەن ئالاھىدە باقمىچىلىق يولغا قويۇلۇپ، بىر تۈركۈم ئالاھىدە باقمىچىلىق كەنت (ئەترەت)لىرىنى شەكىللەندۈرۈش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، باقمىچىلىقنىڭ دەرىجىسىنى، كۆلىمىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىدۇ، بېقىلىدىغان چارۋا نەسلى جەھەتتە تىۋىتلىك ئۆچكە، باسباي قويى، قوڭغۇر كالا، سىمېنتال كالىسى، مېرنوس ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ۋە كۈركە توخۇلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، چارۋىلارنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، ھەر يىلى نەسلى ياخشىلانغان ئەلا سۈپەتلىك چارۋىنى 300 مىڭ تۇياقتىن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاق قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، قاتناش قولايلىق، سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى جايلاردا، مەمۇرىي رايون چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ۋە پىلانلىنىپ، ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈلگە نۇقتىسى قۇرۇلىدۇ. يەنى، تۇرالغۇ ئۆيلەر بىر تۇتاش پىلانلىنىپ سېلىنىپ، ھەر پەسىلدە بىر يۆتكىلىش ئىككى پەسىلدە بىر يۆتكىلىشكە ئۆزگەرتىلىدۇ، سۇ، توك، يولنىڭ راۋان بولۇشى ۋە مەكتەپ، ئىشخانا، شىپاخانا، تېلېگراف مۇلازىمىتى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بەشىنچىدىن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلالىرى ۋە كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلىپ، كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئاساسلىقى 300 مىڭ تىۋىتلىك ئۆچكە، 400 مىڭ باسباي قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، 50 مىڭ ئەلا نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش قاتارلىقلار. ئالتىنچىدىن، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كالا بېقىشنى ئاساس قىلغان باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىدۇ. كالا بېقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شىنجاڭ قوڭغۇر كالىسى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سىمېنتال كالىسى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى - چۆچەك تاشيولىنىڭ تولى بۆلىكىدىكى يول بويى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردا كەسىپچى چوڭ باقمىچى ئائىلىلىرى نۇقتىلىق يۆلىنىدۇ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرە يېتەكلىنىپ، كۆلەم شەكىللەندۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىر تۈركۈم چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش جەھەتتىكى قوشۇلما قىممەت ئاشۇرۇلۇپ، تولى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە مۇھىم چوڭ چارۋىچىلىق ناھىيىسى ۋە گۆش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ.

2. تېرىقچىلىق: تولى ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرۇلمىنى تەڭشەش بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى، تېرىقچىلىق

ميۋە، 240 توننا زاراڭزا ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 570 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 7754 توننا گۆش، 563 توننا قوي يۇڭى، 105 مىڭ 100 پارچە قوي - كالا تېرىسى، 8560 توننا سۈت، 116 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 492.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 18 گېكتار. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 461 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 100 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 728.7 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 39 مىڭ 664 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 1449 غا، مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 537 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 12.3% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 167 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.1% ئاشتى. 156 مىڭ توننا كۆمۈر، 138 كىلوگرام ئالتۇن، 546 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 11 مىليون دانە خىش، 6400 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال، 4306 توننا خروم رۇدىسى، 91 مىڭ توننا ھاك تېشى، 13 مىڭ 50 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 120 مىڭ كۇب مېتىر تاش ماتېرىيال، 11 مىڭ توننا ئۇن، 610 توننا سۇ يېغى، 300

كۆلىمىنى ۋە يېزا سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئورۇنداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، قۇرۇلمىنى، سورتىنى، باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سېلىنما، ئۈنۈم ۋە كىرىم ئاشۇرۇلىدۇ.

1) تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ. بىرىنچىدىن، رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، بازىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. يېتەكچى مەھسۇلات جەھەتتە بىر كەنتتە، بىر يېزىدا بىر مەھسۇلات بولۇش تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كوزۇر مەھسۇلات يارىتىلىدۇ. زاراڭزا، پاختا، تارى، جۇۋىيى دورا ماتېرىياللىرى، ئەلا سۈپەتلىك يەم - بوغۇزلار نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق پىكىر يولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چۆرىدىلىپ تېرىقچىلىق كەسىپىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ۋە سۈپىتىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدا ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي كۆلىمى 5330 گېكتارغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئورۇق قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ ئالدىنقى مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىنىپ، ئەلا سورتلار زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈلۈپ ۋە كېڭەيتىلىپ، ناچار سورتلار قەتئىي شاللىۋېتىلىدۇ. 3 — 5 يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم كۆلەمگە ئىگە ئىشلەپچىقىرىشى كەسىپلەشكەن ئىقتىسادىي رايون، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك رايونى ۋە تۈۋرۈك كەسىپلەر بەلۋېغى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈلۈپ، رايون بايلىقى ئەۋزەللىكى رايون ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىگە ھەقىقىي ئايلاندۇرۇلىدۇ.

2) يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش داۋاملىق ئالغا سۈرۈلىدۇ. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئوبوروت قىلىش تۇتۇلۇپ، باشقا جايلاردىكى چوڭ تىجارەتچىلەر جەلپ قىلىنىپ، ئىشەنچلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلۇپ، دېھقانلار بازارغا كىرىشكە يېتەكلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، «زاكاز يېزا ئىگىلىكى» تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دېھقانلار زاكاز مىقدارى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەشكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا سالمىقى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1 - سېپىدە تېخنىكا كېڭەيتىش، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇشقا يۈزلىنىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەۋزەل تۈۋرۈك كەسىپلەرنى بازىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئوبدان تۇتۇلىدۇ. يېتەكچى مەھسۇلات تاللاپ بېكىتىلىپ، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىلىپ، بىر تۈركۈم ئەۋزەل مەھسۇلاتلار بازىسى ئىمكانقەدەر تېز شەكىللەندۈرۈلىدۇ. تۆتىنچىدىن، يېزا - كەنتلەردە 2 -، 3 - كەسىپلەر، بولۇپمۇ يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. دېھقان - چارۋىچىلار، 1 - كەسىپنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن تەڭ، ئائىلە قوشۇمچە كەسىپى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسىپى، كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، توشۇپ سېتىش مۇلازىمىتى قاتارلىق 2 -، 3 - كەسىپلەرگە دادىللىق بىلەن بۇرۇلۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، يېزىلارنىڭ 2 -، 3 - كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، مەسىلەن، تارىنى ئوراش - قاچىلاش، كۆكتات، موگۇ لاپىسى قۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى قۇرۇش قاتارلىقلار. يېزا - بازار كارخانىلىرى بىلەن يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى يېتەكلەش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ.

توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.6% بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 697 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 76 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون 70 مىڭ يۈەن. مەدەنىيەت مەيدانى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 20.8 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، 5.8 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 43 كىلومېتىر خەۋەرلىشىش ئوپتىك كابېلى تارتىلدى، شەھەرنى ئايلىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 85 مىڭ توننا ئاشتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 89 مىليون 445 مىڭ 400 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 501 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 384 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە

3. قېزىلما بايلىقلار كەسپى: قېزىلما بايلىقلار كەسپى تولى ناھىيىسىدىكى 2 چوڭ ئەۋزەل تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرى. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، قېزىلما بايلىقلار كەسپىنىڭ سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش قەدىمى تېزلىتىلىپ، بىر تۈركۈم قېزىلما بايلىق تۈرلىرىگە بالدۇرراق تۇتۇش قىلىش تېزلىتىلىپ كانچىلىق تەرەققىياتىدا قېزىش، تاۋلاش، چوڭقۇر پىششىقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭى ۋەزىيەت تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلدى. كانچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تولى ناھىيىسى مۇۋاپىق ئېچىش، ئېكولوگىيىنى ئۇنۇملۇك قوغداش پرىنسىپى بويىچە، قېزىلما بايلىقلار زاپىسىنى قېزىشنى باشقۇرۇش چارىسى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقۇرۇش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، چوڭ كارخانا، چوڭ گورۇھلار مەبلەغ سېلىپ، قېزىلما بايلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا جەلپ قىلىنىپ، كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. قېزىلما بايلىقلارنى يەنىمۇ پىششىقلاشتا قىزىل، سېرىق، قارا، ئاق رەڭلەر ئاساس قىلىنىپ، گرانىت تاش، ئالتۇن، كۆمۈر، خروم، تۆمۈر ۋە ھاك تېشى قاتارلىق ئەۋزەل ئالاھىدە قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون يۈەنگە، باج 20 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2 - كەسپتە ئىگىلىگەن سالمىقى 80%تىن ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلار قۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يېتىلدۈرۈلدى.

4. ساياھەتچىلىك: تولى ناھىيىسى ئەۋزەل تەبىئىي ساياھەت بايلىقىغا ئىگە. قىش پەسلىنىڭ ئىللىق، ياز پەسلىنىڭ سالقىن، قاتنىشىنىڭ قولايلىق، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ قويۇق بولۇشى ساياھەتچىلىكنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ياراتتى. شۇڭا تولى ناھىيىسى ساياھەتچىلىكنى 3 - كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پىلانلاپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، 4 نۇقتا، 3 لىنىيىدىكى 10 ئورۇندا ساياھەت رايونى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، تاماق، ياتاق، قاتناش، ساياھەت قىلىش، سېتىۋېلىش، تاماشا قىلىش ئۆز ئارا يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مۇكەممەل مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىلدى، بۇ ئارقىلىق يېڭى بىر ئىقتىسادىي كەسىپلەر زەنجىر شەكىللەندۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق ناھىيىنى ئالغا سۈرۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويغاندا، خەلقنى بېيىتىپ، ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ. تەرەققىيات پىكىر يولىنى توغرا تاللاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىشتىلدا بۇرۇلۇش ياساپ، جاپاغا چىداپ ھەقىقىي ئىشلىگەندىلا، تولىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشى زور ئۈمىدكە ئىگە بولىدۇ. تولىنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 4453 كە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 1294كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1700 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 107 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 8 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرى 5 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سوما 15 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 21 تۈرلۈك ئىچكى سودا توختامى ئىمزالاندى، كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 297 مىليون يۈەنگە، نەقلەشكەن مەبلەغ 67 مىليون يۈەنگە يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 49 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 636 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 26%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 99 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.6% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 188 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە؛ ھەر خىل پۇل ئامانەت قالدۇقى 272 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 196 مىليون 940 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 87 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 87 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 1 مىليون 567 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 634 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 933 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي

تېخنىكا خادىمى 2600، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 438. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 3 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 618 (مىللىي 436)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 4346 (مىللىي 3090)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 399 (مىللىي 9412). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1491 (مىللىي 1193). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ بوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ بوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %13.9 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 56 يەككە ئامبۇلاتورىيە بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 169؛ 289 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 245)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 192 (مىللىي 163).

ناھىيە بويىچە 4743 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %47.9 بولدى. 2 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭغا 380 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8893.9 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1385 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7187 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6.89 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1850 ئىشچى ـ خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6938 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 391 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى، ئۇنىڭغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## تولى ناھىيىسىدە يوڭخۇا ئەلا سۈپەتلىك كالا فېرمىسى قۇرۇلدى

بۇ 2001 ـ يىلى تولى ناھىيىسى نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان بىر كەسپىي باقمىچىلىق ئائىلىسى. فېرمىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 32 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، 1 ـ قاراردا 1 مىليون 907 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بېقىلىدىغىنى ئەلا سۈپەتلىك ۋە نەسىللىك كالا بولۇپ، 500 تۇياقتا يېتىدۇ.

★ 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 17 دىن ئاشقاندا، تولى ناھىيىسى ئاز كۆرۈلىدىغان قۇم ـ بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، شامال كۈچى 12 بالغا يەتتى، بوران 25 مىنۇتچە داۋام قىلدى، بوراندا 2 ئادەم ئۆلدى، 4 ئادەم يارىلاندى.

★ 8 ـ ئايدا تولى ناھىيىسى سىرىتقا ئېچىۋېتىلىدىغان ناھىيە قىلىپ تەستىقلاندى.

★ ج ك پ تولى ناھىيىلىك 8 ـ قۇرۇلتىيى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاپ چىقىلدى.

لياڭ شياۋيەن

قىسقا ماتېرىيال

## سۇلاشا سەيلىگاھى

سۇلاشا سەيلىگاھى تولىنىڭ مايلى تېغىدىكى بىر جىلغا بولۇپ، ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 32 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جىلغا گرانىت تاش تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەكلى ئەگرى ـ توقاي، جىلغىنىڭ ئاستى تەكشى ۋە كەڭ كەتكەن بولۇپ، كەڭلىكى 30 ـ 60 مېتىرغىچە كېلىدۇ. جىلغىدا زۇمرەتتەك سۈپ ـ سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلار بار. جىلغىنىڭ يان تەرىپى تىك كەتكەن گرانىت تاشلىق، تاغ گەۋدىسىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 100 مېتىردىن تۆۋەن بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى كەڭ كۆرۈنىدۇ. تاغلارنىڭ تەسكەي باغرىدا شەمشادلار بۈكباراقسان ئۆسكەن؛ كۈنگەي باغرىغا ئارچا تارقالغان؛ ئوتتۇرىسى ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، مۇزلۇقلارنىڭ ھەر خىل قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سۇلاشانىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

لياڭ شياۋيەن

# ساۋەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇبتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن، شىمالدا قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 198 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 60 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 142 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.96‰. ناھىيە بويىچە 69 مىڭ 539.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 689.5 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 60 گېكتار)، 56 مىڭ 849.93 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 2611.6 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 58 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 553 مىڭ 300 گېكتار. سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان شەمشاد ئورمىنى 14 مىڭ 300 گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك بىلەن يىلپىزدىن ئىبارەت 2 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق قۇ، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا قاتارلىق 17 خىلى بار. 100 خىلدىن ئارتۇق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، ئاساسلىقى سوغىگۈل، ئادەمگىياھ، قارلەيلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تەخمىنەن 50 خىل قېزىلما بايلىق بار، خۇڭگۇ كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈر زاپىسى 700 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك مېتاللاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن بىلەن پلاتىنا بار، زۇمرەت گۈزەل سەنئەت خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئارشاڭ سەيلىگاھى، شەرقىي چوڭ كۆل، بۇغا مۈڭگۈز قولتۇقى، موڭغۇل بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار.

قىسقا ماتېرىيال

### ساۋەن ناھىيىسىدىكى ئارشاڭ سەيلىگاھى

ئارشاڭ سەيلىگاھى ساۋەن ناھىيە بازىرىنىڭ 78 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون قورغاس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ئۈچ تەرىپىنى قارلىق چوققىلار ئوراپ تۇرىدۇ. تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرىدا شەمشادلار قويۇق ئۆسكەن، ئارشاڭنىڭ زۇمرەتتەك دولقۇنلىرى دېڭىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، مەنزىرىسى تەڭرىتاغنىڭ تىپىك تەبىئىي مەنزىرىسىگە كىرىدۇ.

ئارشاڭ سەيلىگاھىنىڭ قىش پەسلى ئىللىق، ياز پەسلى سالقىن، ھاۋاسى يېقىشلىق، تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئاران 20℃ قا يېتىدۇ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 14℃- قا چۈشىدۇ، ياز پەسلىدە تومۇز ئىسسىق بولمايدۇ، قىش پەسلىدە قەھرىتان سوغۇق ئاز بولىدۇ. چوققىلار جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، «ئەتىگەنلىك قۇياشنى چۈشتە كۆرگىلى بولىدىغان، چۈشتىن كېيىن قۇياش بالدۇر پاتىدىغان» ئۆزىگىچە مەنزىرىسى شەكىللەنگەن. ياز ۋە كۈزدە ئەتىگەن، ئاخشاملىرى ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرغىدەك سالقىن بولىدىغان، «دائىم مەيىن شامال چىقىپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان» ئاجايىپ مەنزىرە شەكىللەنگەن.

ئارشاڭ سەيلىگاھى ئىسسىق سۇ ئارشىڭى، ئارشاڭ ساناتورىيىسى، لاۋجۈن ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ مەنزىرە نۇقتىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ساياھەت، تېبىي داۋالاش، سالقىنداش، تاماشا قىلىش، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش بىر گەۋدە قىلىنغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇنىۋېرسال ساياھەت رايونىدۇر.

قورغاس دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئىسسىق سۇ ئارشىڭى ئارشاڭ سەيلىگاھىنىڭ مەركىزىي مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ، سۇ تەركىبىدە گۈڭگۈرت بار ھەم سۈيى ئىسسىق بولغاچقا، ئارشاڭ دەپ ئاتالغان.

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «بۇ ئىسسىق سۇ ئارشىڭىنىڭ سۈيى تاشلار ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، بۇ سۇدا يۇيۇنغاندا كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ، ھەر يىلىنىڭ 5 -، 6 - ئايلىرى، بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، شەنشىدىكى لىنتوڭ ئارشىڭىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان «خاسىيەتلىك شىپالىق سۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇي جىچياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت ساۋۇت.

ھاكىم: تۇردىقان تۇرسىبەك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن كېدىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 197 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 674 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.30؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 693 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.21 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 716 مىليون 965 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.4 ئاشتى. 110 مىڭ 300 تونна ئاشلىق، 48 مىڭ 800 توننا پاختا، 8876 توننا ياغلىق دان، 154 مىڭ 400 توننا قىزىلچا، 2127 توننا مېۋە، 343 مىڭ 703 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 713 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ توننا گۆش، 1789 توننا قوي يۇڭى، 268 مىڭ پارچە قوي - كالا تېرىسى، 21 مىڭ 100 توننا سۈت، 5247 توننا تۇخۇم، 707 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1249 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 64 مىليون 389 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 7.1066 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 2.3516 گېكتار بەرپا قىلىنغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 279 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 6848 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 889 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 102 مىليون 753 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.19، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 415 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.39 ئاشتى. 52 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 817 مىڭ توننا كۆمۈر، 55 مىڭ 891 توننا ئوتۇن، 35 مىڭ 159 توننا سۇ يېغى، 164 توننا ئاق ھاراق، 6236 توننا پاختا يىپ، 6 مىليون 830 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 1973 توننا سۇلياۋ ياسالما، 59 مىڭ 129 توننا پاختا، 902 مىڭ مېتىر ئۈچ قىرلىق كاۋچۇك تاسما، 65 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 23 مىڭ 300 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 57 مىڭ 100 كۇب مېتىر ساپال شاخىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %5.88 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 225 مىڭ 259

---

ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى سەيلىگاھىدا 10 جايدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چوڭ - كىچىك بۇلاق بولۇپ، سۈيى تاغلاردىكى تاشلار ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. بۇلاق سۈيى رەڭسىز، سۈزۈك، بۇلاق ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ كۆپۈك چىقىپ تۇرىدۇ، كۈچلۈك گۈڭگۈرت پۇرىقى بار. سۇ تەركىبىدە كاربون كىسلاتاسى، ھىدرو سۇلفىد، كالىي، ماگنىي، ناترىي، ھىدروگېن، ئارسىن، خروم، قوغۇشۇن، تۆمۈر قاتارلىق 10 نەچچە خىل مىنېرال ماددا بولۇپ، «ناترىي ھىدرو كاربونات سۇ تىپىدىكى» يۇقىرى ھارارەتلىك ئارشاڭ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 چوڭ ئارشاڭ ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان. 1 - نومۇرلۇق ئارشاڭنىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىم مىقدارى 10 كىلوگرام، سۇ تېمپېراتۇرىسى 50°C قا يېتىدۇ؛ 2 - نومۇرلۇق ئارشاڭنىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىم مىقدارى 3 كىلوگرام، سۇ تېمپېراتۇرىسى 49.5°C قا يېتىدۇ؛ 3 - نومۇرلۇق ئارشاڭنىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىم مىقدارى 4 كىلوگرام، سۇ تېمپېراتۇرىسى 38°C قا يېتىدۇ. بۇ ئارشاڭلار ئارقىلىق رېماتىزم، نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، يۇقىرى قان بېسىمى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قورغاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا كۆز كېسەللىرىنى داۋالايدىغان «كۆز ئارشىڭى»، قۇلاق كېسەللىرىنى داۋالايدىغان «قۇلاق ئارشىڭى» بار؛ قورغاس دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئاشقازان - ئۈچەي كېسەللىرىنى داۋالايدىغان «تۇخۇم ئارشىڭى»، ئىسسىقنى قايتۇرىدىغان «مۇز ئارشىڭى» ۋە رىۋايەتلەردىكى تەڭرى ئانا يۇيۇنغان «تەڭرى ئانا ئارشىڭى» بار. ھەر قايسى ئارشاڭلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەرقى چوڭ بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەن جىنخۇا

كۋادرات مېتىرغا، يېتىكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 66 مىڭ 689 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 695 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 175 مىليون 890 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملاندى. ئاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 235 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 142 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 43 مىڭ 964 توچكىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن پروگراممىلىق تېلېفون 3733 كە (كۆپەيگەن يېزا تېلېفونى 2862)، كۆپەيگەن كۆچمە تېلېفون ئابونتى 7193 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى ھەر 100 ئادەمگە 16 دىن، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى ھەر 100 ئادەمگە 5 تىن توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 511 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 42 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 190 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرى 10 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق يۈرۈشۈلگەن سوممىسى 134 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە (ھەممىسى ئېكسپورت سوممىسى) يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 160 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 17 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 73 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %15.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 154 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.9 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 464 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە؛ ھەر خىل پۇل ئامانەت قالدۇقى 1 مىليارد 302 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 33 مىليون 710 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 23 مىليون 474 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 16 مىليون 754 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سوممىسى 6 مىليون 713 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 3 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 183 مىڭ 100 يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5113، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 585. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 5 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. 3 ـ ئايدا ساۋەن ناھىيىسىنىڭ داچۇەن يېزىسى «مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» قاتارىغا كىردى. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4083 (مىللىي 709)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8487 (مىللىي 2459)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 69، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 411 (مىللىي 6392). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3202 (مىللىي 977). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %50 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 11، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 520؛ 647 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 152)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 384 (مىللىي 75).

17 مىڭ 422 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %85 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4597 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8321 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 7255 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 12 مىڭ 970 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 1268 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش

سۇ قۇرۇتىشنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 2سىنى تاماملاندى، بۇنىڭغا 15 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «تىككەن تۈلچەمگە يېتىش» بويىچە كېس - تۇتەك، چاڭ - توزان ۋە شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن رايوندىن 5ى قۇرۇلدى.

★ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە مېيىپلار خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ساۋەن ناھىيىسى 5 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى كۈچلۈك قۇم - بوران ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، 13 مىليون 947 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

★ 6 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەشۋىقات تەربىيىسىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 10 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك «ھەممە كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 11 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسى ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان 34 پونكىتنى 9 پونكىتقا مەركەزلەشتۈردى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆلەم 350 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

★ 2001 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى دۆلەت بويىچە ئېلېكترلەشتۈرۈش ۋە گازلاشتۇرۇش سىناق قىلىنىدىغان ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى ئۇلاشتۇرۇلۇپ توك باھاسى ئوخشاش قىلىنىدىغان تۈنجى ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى.

ئەن جىنخۇا

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 48 مىڭ 672 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 54)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 782؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %11.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %6.79. ناھىيە بويىچە 4533.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2220 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2220 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 120 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 13 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.43. 1 مىليون 583 مىڭ 400 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 434 مىڭ 400 گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۆركۈت، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، سۇسەر، توشقان، ئۆلار قاتارلىقلار بار. 200 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، سوغىگۈل، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، كەترا، پەربۇن قاتارلىقلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، كۆمۈر، تاشتۇز، بېنتونىت، ھاك تېشى، كۋارتس، نېفىت، خروم، تۆمۈر، شور، ساپال توپىسى قاتارلىق 10 خىلى ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. سەيلىگاھلاردىن خارغاتۇ مەنزىرە ساياھەت رايونى، دوربىن ئېلۆتېنىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، شاھزادە مەھكىمىسى، ئوبۇت ئىبادەتخانىسى قاتارلىق 8ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يەنجى.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سامۇتۇڭ (موڭغۇل).

ھاكىم: پ. تۇغجىجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامجان ماشىل (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 285 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 93 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %21.25؛ 2 - كەسىپنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.56؛ 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.47 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %28.31 ئاشتى. 8100 توننا ئاشلىق (يازلىق بۇغداي 7200 توننا)، 2019 توننا پاختا، 196 توننا ياغلىق دان، 278 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 481 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 7071 توننا گۆش، 687 توننا قوي يۇڭى، 26.1 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 249 مىڭ 250 پارچە قوي - كالا تېرىسى، 7615 توننا سۈت، 196 توننا تۇخۇم، 7 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 53.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 208 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 16 مىڭ 476 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2094 كە، مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 178 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.27؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.25 ئاشتى. 3 مىليون 845 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 815 مىڭ توننا كۆمۈر، 138 مىڭ توننا تۇز، 115 مىڭ توننا سېمونت، 27 مىليون دانە خىش، 1440 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %91.57 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 68 مىڭ 480 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 390 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 141 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 26 مىليون 280 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 160 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 35 مىليون 520 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 588 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 3022 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 5470 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3000غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرى 2 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سودا 21 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 15 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 49 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %24.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 99 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.3 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 148 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 238 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 165 مىليون 990 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 1 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 260 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1799، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 370. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 48 (موڭغۇل)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 626 (مىللىي 537)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 3191 (مىللىي 2405)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 5806 (مىللىي 4002). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1404 (مىللىي 1048). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 367 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %83 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %60 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 28 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 13، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 208؛ 335 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 266)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 222 (مىللىي 139).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2502 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2036 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 2021 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.5 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 4046 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6666 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 647 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چاقتې يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈمۈبرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونى تۇيۇقسىز كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 3 مىليون يۈەنلىك بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە قوبۇقسار ناھىيىسىدە ئۇمۇمىيۈزلۈك قارا يامغۇر يېغىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى 11 مىليون 887 مىڭ يۈەنلىك بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتتى.

ئۇرۇمسەن باتېر

# ئالتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ شىمالى چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە. 2001 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 594 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 335 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 307 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.95‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.38‰. ۋىلايەت بويىچە 127 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 53 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 49 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايوننىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتىدە چوڭ، كىچىك 56 دەريا - ئېقىن بار، جۇڭگو بويىچە 2 - چوڭ ئىچكى كۆل — ئۇلۇڭگۇر كۆلى، شۇنىڭدەك قاناس كۆلى، ئاق كۆل، تاۋچاغانغول كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 19 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 578 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.95%، 9 مىليون 870 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. 85 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە - شىنجاڭ قۇلانى، قۇندۇز، قاڭشارلىق بۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۇلغۇن قاتارلىق 19 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۇلغۇن، قاما، سۇلەيسۇن، مولۇن، ئاققۇ، قارالسرا قۇشى، ئاخۇنەك قاتارلىق 54 خىلى بار. ئىچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاساسلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قۇرت ئوت، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، توشقان زەدىكى، پەربۇن، قىزىل چوغلۇق، سوغىگۈل، چاغىرچاي قاتارلىقلار بار. ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى ئالتۇن كۆپ چىقىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر، يەنە رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال چىقىدىغان ئاساسلىق كان بەلۋاغلىرى بار، 86 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى ۋە قېزىلدى. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، خروم، مىس، نىكېل، ئاليۇمىن، سىنك، مولىبدېن، كوبالت، ۋىسمۇت، قەلەي، ئۈيۈل ئالتۇن، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تاغلىق رايونلاردا زور مىقداردا تاش ئويما، تاش سىزما، ئۆڭكۈر رەڭلىك رەسىملىرى، بالبال قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەمدە قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرە، مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىق نۇرغۇن ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىشۈن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇقاتىبېك ئادىلبېك (قازاق)، يۈەن زىمىڭ، قۇبايدۇللا قۇسايىن (قازاق)، خې زۈدا (شىنجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىر)، چېن يۈمىڭ، ئاۋ لۇسۇڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، تيەن شۈيىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋەزىپىلىك چېنىقىدىغان كادىر).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قاشرەت نېقىش (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۇلالقان ئىماش (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇئاۋىن

مۇدىرلىرى: لى بېنرۇي، يۇ جياخې، چوقۇرقان مامۇرقان (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، ئاقات قابۇسەمەت (قازاق).

ۋالىي: مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لى جىدۇڭ، ماۋكېن سېيىتقامزا (قازاق)، جۇمابېك باتال (قازاق)، جاۋ گومىن (مانجۇ).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېشېڭ، ئابىقان قاجىكەي (قازاق)، ياڭ ۋېنلياڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 477 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 275 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 988 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 213 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 630 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى. 223 مىڭ 594 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 50 توننا ياغلىق دان، 98 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 266 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 67 مىڭ 210 توننا گۆش، 4571 توننا قوي يۇڭى، 1 مىليون 610 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 67 مىڭ 412 توننا سۈت، 2113 توننا تۇخۇم، 4364 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 1770 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 106 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1240 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 243 مىڭ 586 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 19 مىڭ 584كە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 255 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 416 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 269 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %0.12، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 290 مىليون 88 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، %0.54 ئاشتى. بىر يىلدا 353 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 106 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 202 مىڭ 400 توننا سېمونت، 3229 توننا فابرىكا قەغىزى، 516.4 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90.03كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 393 مىڭ 730 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 222 مىڭ 570 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 1 مىليارد 63 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 930 مىليون 680 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى قۇرۇلغان چوڭ - چوڭ تۈرلەر مۇنۇلار: بورچىندىكى سېرىق پۇرچاق مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن؛ بېيتۇندىن 217 - ئاچا يول ئېغىزىغىچە بولغان 75 كىلومېتىر يولنى ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 96 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ مەجبۇرىيەت ماتېرىيالى قۇرۇلۇش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 67 مىليون 699 مىڭ 900 يۈەن؛ شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوپتىكىلىق كابېل قايتا لىنىيىسى 520 كىلومېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليون يۈەن؛ كۆچمە ۋە بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئالاقە فوند پونكىتى 43، سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: 88 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 110 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، 107 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى، ئۆلكە يولى 217 - لىنىيىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك تاشيول 40 كىلومېتىر، ئۆلكە يولى 318 - لىنىيىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك تاشيول 53 كىلومېتىر، ناھىيە - يېزا يولى 30 كىلومېتىر ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 659 مىليون 900 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 510 مىليون 800 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 71 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر-بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 49 مىڭ 838گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 17 مىڭ 779غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭ 938گە، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 90 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 38گە، بازار سودىسىدا يىللىق پۇتۇشۇلگەن سوما 113 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا تاۋارلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 51 مىليون 639 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 619 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 50 مىليون 20 مىڭ دوللار.

مۇشۇ يىلدا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلىدىغان 5 تۈردە توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 2 مىليون 800 مىڭ دوللار، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 2 مىليون 202 مىڭ 600 دوللار. بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 473 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 135 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەنزىرە رايونلىرىدىكى نۇقتىلىق مېھمانخانىلاردىن قىلىنغان كىرىم 95 مىليون 324 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 134 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.77% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 855 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.04% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 921 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 606 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 107 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 66 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 14 مىليون 910 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 52 مىليون 40 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 17 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 13 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 80 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 21 مىڭ 871، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 4784. مۇشۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى تاماملاندى. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1332 (مىللىي 867)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 303 (مىللىي 91)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 8283 (مىللىي 4739)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 536 (مىللىي 23 مىڭ 64)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 215، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 32 (مىللىي 46 مىڭ 303). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 9139 (مىللىي6129). چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 880 (مىللىي 460). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 619 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە 8 سەنئەت ئۆمىكى، 8 مەدەنىيەت سارىيى، 7 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 8 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.63%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91.37%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە كىرگەن ئائىلە 30 مىڭ 900گە يەتتى. تۈرلۈك كىنو قويۇش ئورنىدىن 13ى بار.

ۋىلايەت بويىچە 117 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 82، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 8، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 8؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2411؛ 3683 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 1944)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1920 (مىللىي 1093).

2001 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى خەينەن ئۆلكىسىنىڭ سەنيا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا چامباشچىلىق مۇسابىقىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگوچە چامباشچىلىق مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس مۇسابىقىسىدە 2 تۈردە 1 - لىككە، بىر تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە 85 مىڭ 262 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 83.83% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2361 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9897 يۈەنگە يەتتى. 21 مىڭ 329 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 54 مىڭ 565 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 7096 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 7سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 54 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 7سى بەرپا قىلىندى. مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە كۆلىمى 9.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 8 رايون ئۆلچەمگە يەتتى.

★ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەنزۇچە سەۋىيە سىناش (HSK) ئىمتىھانى ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئېلىنىدى.

★ 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بېيتۇندىكى ئېرتىش دەرياسىغا سېلىنغان ئاساسلىق كۆۋرۈك پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، ئاساسىي كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 116.59 مېتىر،

كەڭلىكى 12 مېتىر، كۆۋرۈك 8 تۆشۈكلۈك بولۇپ، پۈتۈن باھاسى 7 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

مارات قىينايات

## ئالتاي شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 216 - لىنىيە بويىچە 666 كىلومېتىر، 217 - لىنىيە بويىچە 705 كىلومېتىر، ئاۋئاتسىيە مۇساپىسى 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 187 مىڭ 612 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 215)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 201؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.53‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.24‰. شەھەر بويىچە 16 مىڭ 374 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7672 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2890 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئالتاي شەھىرى تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، سۈمدايراق دەرياسى، قىران دەرياسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە 134 مىڭ 784 گېكتار ئورمان (بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 648 مىڭ گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. شەھەر تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسىدىن ئىبارەت 3 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۇلغۇن، قاما، مولۇن، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، توشقان قاتارلىق 8 خىلى بار؛ دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن بۈركۈت، ئاق توقام بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، ساقاللىق بۈركۈت، ئىنچىكە تۇمشۇق كەرقۇر، قارا بويۇن تۇرنا، چوڭ دوغداق قاتارلىق 8 خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاز كەم 300 خىلى، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن چاكاندا، قىزىل چوغلۇق، قۇرتشوت، پەربۇن، سوغىگۈل، قان تېپەر قاتارلىقلار بار. شەھەر تەۋەسىدىكى قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن (كېپەك ئالتۇن ۋە ئۈيۈل ئالتۇن)، ئاق چىرىمتال، كۋارتىش قۇم قاتارلىق 17 خىلى بار، ئالتۇن، ياقۇت ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن قىيىنلىق باغچا، شەرقىي كىچىك جىلغا، بەش بۇلاق، تاكبا كۆلى، جياڭجۈن تېغى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنگو.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خوجىكەن سۇلتان (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، ماۋۇتقان قالىم (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: زاكىش قادىرقان (قازاق، 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، قادىم راقىمباي (9 - ئايدا مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازان ساغاتقان (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 111 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 314 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.9% ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 243 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 9.8% تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 554 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.7% ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 340 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.57% ئاشتى. 34 مىڭ 397 توننا ئاشلىق، 5372 توننا ياغلىق دان، 23 مىڭ 645 توننا قىزىلچا، 10 مىڭ 652 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 531 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 341 توننا گۆش، 781 توننا قوي يۇڭى، 173 مىڭ 457 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 21 مىڭ 905 توننا سۈت، 366 توننا تۇخۇم، 299 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 195 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 15 گېكتار. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 73.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 46 مىڭ 690 كىلوۋاتقا

كىلومېتىرغا. ئاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 127 مىليون 700 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ ئايروپىلاندا توشۇلغان يولۇچى 7987 گە يەتتى. شەھەر تەۋەسىدە پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 80 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەرگە قاراشلىق شەھەر-بازاردىكى تېلېفون ئابونىتى 16 مىڭ 321گە، يېزا تېلېفون ئابونىتى 3040قا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 8505كە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە شەھەرگە قاراشلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 361 مىليون 532 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 6 مىليون 167 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 120 مىليون 774 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە تۇرلۇك ئاۋار سودا بازىرى 5كە، بازارلاردا



2001 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە داھىي سۈرىتى «كەنت-ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. سۈرەتتە: ئالتاي شەھىرى لاستى يېزىسىدىكى قازاق دېھقان داھىي سۈرىتىنى ئاپتۇرۇۋالماقتا.
لى جيافىي فوتوسى

يىللىق پۇتۇشۇلگەن سوما 12 مىليون 569 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 47 مىليون 990 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 46 مىليون 920 مىڭ دوللار. شەھەرگە قاراشلىق ساياھەت كەسپى كۈتۈۋېلىش رايوندا ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 147 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 34 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %46.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 173 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43.15 ئاشتى. شەھەر تەۋەسىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 607 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 140 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 796 مىليون 210 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 26 مىليون 30 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 7 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ

يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4935كە، مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە قاراشلىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 766 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.08، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون 518 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، %0.72 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 2 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 20.5 كىلوگرام ئالتۇن، 30 مىڭ توننا سېمونت، 31 مىليون 610 مىڭ دانە خىش، 340 توننا سۈت پاسالمىسى، 80 مىڭ 100 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 153 توننا ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %92.01كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 70 مىڭ 845 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 56 مىڭ 744 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە شەھەرگە تەۋە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 156 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 135 مىليون 750 مىڭ يۈەن. شەھەر تەۋەسىدە بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 197 مىليون 970 مىڭ توننا -

ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 610 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3246، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1036. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 8570 (مىللىي 5428)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 742 (مىللىي 420)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 67 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 49)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 725 (مىللىي 9856)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1597 (مىللىي 1209)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 46 (مىللىي)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11 (مىللىي 8). مۇشۇ يىلى شەھەر بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 6150 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش تاماملاندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.02%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.02%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 11 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە سەھىيە ئاپپاراتىدىن 15ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 13، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا ـ باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 230. 498 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 373)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 295 (مىللىي 241).

2001 ـ يىللىق مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئالتاي شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى ئابدۇراخمان ئابلىكىم بوكس مۇسابىقىسىدا 75 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى. شەھەر بويىچە 13 مىڭ ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 85% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ئالتاي شەھىرى تەۋەسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2362 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9875 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 14 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە 2472 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8687 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1150 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 7سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 35 مىليون 972 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 7سى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 8 بولۇپ، كۆلىمى 1.28 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

گو سۇڭيى

## قابا ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى قابا ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 74 مىڭ 264 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 52 مىڭ 669)، يېزا نوپۇسى 50 مىڭ 795؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.69‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 40 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قابا ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 38 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 528 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قابا ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە بويىچە 119 مىڭ 400 گېكتار ئورمان، 540 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، بۇغا، قارا بۆلغۈن، ئىپار چاشقان، قانداغاي، قۇندۇز قاتارلىقلار بار؛ تەبىئىي بېلىقلاردىن 9 ئائىلە 28 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سىبىرىيە ئوستېر بېلىقى (سېرىق بېلىق)، تايمېن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق)، براخىمىستاكس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، چوڭ ئاق بېلىق ئېرتىش دەرياسىدىكى داڭلىق بېلىق خىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار

لەيلىسى، قۇرتئوت، سوفىسىگۆل، قانتىپەر، چوچوكبويا قاتارلىق 200 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى مىس، ئالتۇن، كۆمۈش، قوغۇشۇن، سىناك قاتارلىقلار بار. ئاشىلى مىس كېنىنىڭ مىس زاپىسى 1 مىليون 80 مىڭ توننا، مىس ـ سىناك 430 مىڭ توننا، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن 26 توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. سەيلىگاھلاردىن ئاق قابا كەنتى، ئاق قېيىن ئورمانلىقى، قۇم كۆل، ئاۋازلىق قۇم تاغ، قالۇاڭ جىلغىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

ھاكىم: مۇۋلىتبېك ئالىسباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئورازبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 309 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 166 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %9.9؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.5؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 219 مىليون 13 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.69 ئاشتى. بىر يىلدا 49 مىڭ 422 توننا ئاشلىق، 3861 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 443 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 690 توننا گۆش، 590 توننا قوي يۇڭى، 241 مىڭ 200 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 9523 توننا سۈت، 313 توننا تۇخۇم، 1.53 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 22 توننا تۆگە يۇڭى، 70 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 6 توننا ھەسەل، 1.37 توننا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. بىر يىلدا 397 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 763 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونى (1 ـ قارارلىق) نىڭ قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش ئۈلگە تورىغا 4 مىليون 239 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 10 ـ ئايدا باسپاكۆل سۇ ئامبىرى پۈتتى، بۇنىڭغا 5 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈزكۆپ سۇغىرىلىدىغان 213.3 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. قابا ناھىيىسى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۈلگىلىك بولغان «ئالتاي لوڭقىسى» سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى باھالاش مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 4666.7 گېكتار يەرگە يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ تېرىلغان كۆلەم 1000 گېكتار، 2800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 3777گە، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 258 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 139 مىليون 475 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.1، ساناەت قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 503 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.58 ئاشتى. بىر يىلدا 4 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 21 مىليون 400 مىڭ دانە خىش، 3200 توننا ئۇن، 451 كىلوگرام ئالتۇن، 883 توننا ئاق ھاراق، 2200 توننا سېمونت، 700 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 18 توننا مېتال ئىشىك ـ دېرىزە ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.6كە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 856 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 57 مىڭ 156.6 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 874.27 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 92 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشىلى مىس كېنى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 19 مىليون يۈەن؛ قابا — بۇرچىن — جېمىنەي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى بويىچە 2 يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 12 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى تورىغا ئازكەم 20 مىليون يۈەن؛ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون يۈەن؛ ناھىيە بازىرىنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش ـ سۇنى ياخشىلاش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 760 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 400 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە،

تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتلىرى 4114كە، يېزا تېلېفونى ئابونتى 1678گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 1640قا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 102 مىليون 262 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 56 مىليون 290 مىڭ يۈەن. چىۋار يېزىسىدا دېھقان، چارۋىچىلار ئىستېخىيىلىك ھالدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش جەمئىيىتى قۇردى، يىللىق سېتىش سوممىسى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 58 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %48.77 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 213 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 181 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 144 مىليون 540 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ 1 مىليون 690 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 800 مىڭ يۈەن.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3342، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 531. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1042 (مىللىي 653) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 4998 (مىللىي 3716) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 48، ئوقۇغۇچىسى 9398 (مىللىي 6938) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1348 (مىللىي 953) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %80كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 7، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردا 155 كارىۋات بار؛ 388 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 289) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 181. 10 ـ ئايدا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، قىممىتى 1 مىليون 700 نەچچە مىڭ يۈەنلىك داۋالاش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى.

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بوكس مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 3 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى. ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر بوكس كوماندىسى ئۇدا 5 يىل ئاپتونوم رايونلۇق بوكس مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ بولدى. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 438 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %84.9 بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى قابا ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2465 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 312 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2124 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5358 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 636 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 1200 نەچچە مېتىرلىق يولدا چىقىرىۋېتىش ـ سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە كۆلىمى 50 مىڭ كۇب مېتىر يولدىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئوكسىدلاش كۆلچىكى قۇرۇلۇشى پۈتتى.

جاڭ چۈەنشيا

## بۇرچىن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 62 مىڭ 501 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ 559) ، يېزا نوپۇسى 40 مىڭ 268؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.7، تەبىئىي

كۆپىيىش نىسبىتى ‰93 . 4. ناھىيە بويىچە 21 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8400 گېكتار يەرگە يەم - خەشەك، ئوت-چۆپ، 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول، ناھىيە تەۋەسىدىكى دەريا - ئېقىننىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 472 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 514 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇرچىن ناھىيىسى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە بويىچە 147 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەنئۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، سۇلەيسۇن، قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ تېكىسى، ئاققۇ، ئاق توقاي بۈركۈت، ئورمان چىلى قاتارلىقلار بار. ئۆستەر بېلىق (سېرىق بېلىق)، يوغان ئاق بېلىق، براخىمىستاكس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، تايمېن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق) قاتارلىق 20 نەچچە خىل تەبىئىي بېلىق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قىزىل مېھرىگىياھ، قۇرتئوت، چاغىرچاي، چوغلۇق، قانتېپەر، سوغىگۈل قاتارلىق 300 نەچچە خىلى بار. 20 خىل قېزىلما بايلىق تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق چىرىمتالنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا تالك، ھاك تېشى، سىغىز توپا قاتارلىقلار 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە داڭلىق سەيلىگاھلاردىن قاناس تەبىئىي مەنزىرە رايونى، ياردائڭلىق، چوڭقۇر ئوتلىقتىكى بالبال، قىياتاش رەسىملىرى توپى قاتارلىق سەيلىگاھ ۋە مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يۇچېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالاپقان ئەخمەتباي (قازاق).

ھاكىم: جۇماش شاخىدات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسىنبەك سادىقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 373 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5 . 3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 105 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 . 17 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 120 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8 . 1 ئاشتى. 37 مىڭ 835 تونا ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە پۇرچاق تۈرىدىكىسى 29 مىڭ 550 تونا)، 2023 تونا ياغلىق دان ئېلىندى. بىر يىلدا 93 . 305 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، تۇت ئەتراپىغا 125 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 7 . 271 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. 500 نەچچە مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 370 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 8474 تونا گۆش، 7780 تونا سۈت، 207 مىڭ 500 پارچە تېرە، 15 تونا تۆگە يۇڭى، 561 تونا قوي يۇڭى، 3 . 4 تونا ئۆچكە تىۋىتى، 280 تونا تۇخۇم، 8 . 0 تونا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 19 تونا ھەسەل ئىشلەپچىقىرىلدى، 201 تونا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 563 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 3 . 333 گېكتار ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىندى، يېڭىدىن 7 . 1358 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن بېسىملىق تورۇبا بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئوتلاق 3 . 1333 گېكتار)، 1000 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 210 ئائىلىلىك چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 41 مىڭ 89 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 1597گە، مەھسۇلات قىممىتى 201 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 36 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %23 . 6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 175 مىڭ يۈەن بولۇپ، %7 . 4 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 41 مىليون 766 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 67 مىليون 380 مىڭ دانە خىش، 5100 تونا ئۆلچەملىك ئۇن، 1051 تونا سۇ يېغى، 2325 تونا تالك پاراشوكى، 203 تونا ئاق ھاراق، 162 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما، 1352 تونا ساپ سۇ، 2600 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 70 مىڭ 500 تونا سېمونت، 5 . 162 تونا سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىلدى، 276 مىڭ تونا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %19 . 90كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 523 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 41

مىڭ 401 كۋادرات مېتىرغا، يۇتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ 377 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 210 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن: قاناس مەنزىرە رايونىنى ئېچىش، تۆگكي يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشى، تۇغۇنتاي ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش، سۇ ئېچەپ سۇغىرىش قاتارلىق تۈرلەر بار. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 81 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 4767گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1746گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2740قا يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 158 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 57 مىليون 172 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 140 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 85 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %20.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 93 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.9 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 230 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 226 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 172 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 577 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 801 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 776 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 915 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 315 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2011، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 597. ناھىيە بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4593 (مىللىي 3434)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 969 (مىللىي 542)، مەخسۇس تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 69 (مىللىي 38)، مەخسۇس تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 314 (مىللىي 196)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 7796 (مىللىي 5983)، مەخسۇس باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 598 (مىللىي 422)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 38 (مىللىي 24)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 19 (مىللىي 10). 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ) يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئىنتېرنېت تورىنى قۇردى ھەمدە ئالتاي ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالتاي ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتىنى قۇردى. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98گە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %50كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، يېزىلىق شىپاخانا 7، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى بىر، يەككە داۋالاش ئورنى 3؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 165؛ 229 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 147)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 130 (مىللىي 104).

2001 ـ يىلى بۇرچىن ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە ئەنئەنىۋى تۈرلەر مەكتىپىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەنئەنىۋى تۈرلەر مەكتەپلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ 1 ـ بولدى، 3 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى. ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 7286 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %96.77 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2458 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 237 يۈەنگە يەتتى. 2434 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5890 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا

قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان 685 كىشى ياشانغاندا كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولۇقلىما ئالدى.

شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 7سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 37 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 149 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %33كە يەتتى. شۇ يىلى بۇرچىن ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك پاكىز ناھىيە بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

## قاناس ئېكولوگىيىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى

بۇرچىن تەۋەسىدىكى قاناس ئېكولوگىيىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) لىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن دۆلەت بويىچە AAAA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى.

قاناس مەنزىرە رايونى سىبىرىيە تايگا ئورمانلىقىنىڭ جۇڭگوغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىردىنبىر بەلۋېغى، جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قەدىمىي شىمالىي چېگرىسىدىكى ياۋروپا — سىبىرىيە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرى تارقالغان رايون، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى بىردىنبىر كۆتۈرۈلمە تارقالغان رايون شۇنداقلا موڭغۇللارنىڭ تارىختى بولغان تۇۋالارنىڭ جۇڭگودىكى بىردىنبىر ماكانلاشقان جايى. مەنزىرە رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 220 مىڭ 162 گېكتار كېلىدۇ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 66 كىلومېتىر. مەنزىرە رايونى بۈك - باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، مۇزلۇقلىرى تۇتاش كەتكەن، ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى مۇكەممەل ساقلانغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 798 خىل ئۆسۈملۈك، 40 خىل ھايۋان، 117 خىل قۇش، 224 خىل ھاشارات، 99 خىل زەمبۇرۇغنىڭ مۇشۇ يەردە كۆپەيگەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. قاناس مەنزىرە رايونى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۆزگىچە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ، بۇ رايوننىڭ دۇنيا بويىچە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان «ساپ تۇپراق» دېگەن نامى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيىسى «مۇھاپىزەت قىلىش، ئېچىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قاناس مەنزىرە رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 20 تۈر قۇردى، ھازىر بۇ جاينىڭ ئۇنىۋېرسال كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى 1500 كارىۋاتقا يەتتى، بۇرچىن ناھىيىسىدىن قاناس مەنزىرە رايونىغا بارىدىغان يول پۈتتى، 32 لىنىيىلىك سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى ھەمدە جۇڭگو كۆچمە، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش كەسپى يولغا قويۇلدى، 250 × 2 كىلوۋاتلىق كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە كۈنىگە 200 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ يولىغا سېمونت ياتقۇزۇلدى، ياۋروپاچە 50 ھاجەتخانا سېلىندى، 120 ئەخلەت ساندۇقى سېتىۋېلىندى، 500 ئەخلەت ساندۇقى قويۇلدى، 8612 كۋادرات مېتىر يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 23 مىڭ 612 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بېيجىڭدىكى «سۇڭخې» مەيخانىسىدا قاناس مەنزىرە ساياھەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك بايلىقىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە بۇ مەنزىرە رايونى غەربىي شىمالدىكى بىردىنبىر مەنزىرە رايونى سۈپىتىدە بېيجىڭدا ئېچىلغان «3 - نۆۋەتلىك ساياھەت بايلىقلىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلدى، قاناس مەنزىرە رايونى تۇنجى قېتىم پايتەختتە ئۆز قىياپىتىنى نامايان قىلدى. 8 - ئايدا قاناس ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى.

★ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى 3 مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ ئامېرىكىدىن ئالىنما CT500MAX مېخانىكىلىق ئاپپاراتتىن بىرنى سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدە ئالىنما CT بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسى قاتتىق بوران ۋە مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، مۆلدۈرنىڭ چوڭى ياڭاقتەك، كىچىكى ئۆرۈك ئۈچكىسىدەك بولۇپ، 15 مىنۇتتىن يېرىم سائەتكىچە داۋاملاشتى، ناھىيە بويىچە 7 .2566 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي زىيان 13 مىليون 368 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2001 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ سېرىق پۇرچاق تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 70 گېكتارغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سېرىق پۇرچاق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ناھىيە ئۆزى يېتىشتۈرۈپ ئۆستۈرگەن سېرىق پۇرچاق سورتى «ئادۇ — 1 - نومۇر» دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يېشىل سېرىق پۇرچاق دەپ ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە «قاناس سېرىق پۇرچىقى»نى روياختكە ئېلىش

تاماملاندى. شىخەنزە خۇيچاڭ گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرغان، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننىلىق سېرىق پۇرچاق پىششىقلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ۋاڭ جىڭجيې

# جېمىنەي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جېمىنەي ناھىيىسى ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن 186 - تۇەن - مەيدانىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 36 مىڭ 555 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 23 مىڭ 141)، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 617؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.39‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.57‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3013.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 666.67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 96 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 72 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 24 مىڭ گېكتار ئورمان، 595 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. 34 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، قارا بۆلغۈن، ياۋا تۆگە، ئاق لەيلەك، ئاق تورنا قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئوتلاق مۈشۈكى، سۈلەيسۇن، مولۇن، بۇغا، ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار بار. 157 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، ئاساسلىقلىرى چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار. ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، تەبىئىي شۇلتا، مەرمەر، سېغىز، شور، گەج قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە 10 نەچچە تەبىئىي مەنزىرە رايونى، گۇمانتارلىق ئاسار - ئەتىقە مەنزىرە رايونى (نۇقتىسى)، يەنە توقاي قوراس قىياتاش رەسىملىرى، سىنتاس كۆلى، قىزىلقايىڭ ئورمانلىقى، لاستى دەرياسى ۋادىسى سالقىنداش ساياھەت رايونى، مۇزتاۋ قاتارلىقلار بار. چېگرا رايوندا دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك پورت — جېمىنەي پورتى قۇرۇلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جېمىنەي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دەي جيەنشىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆلەمغان جاپپارباي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدۆللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىڭغالى ئۆمار (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 265 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 76 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.1%؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 425 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 11.2% ئاشتى. 15 مىڭ 968 توننا ئاشلىق، 727 توننا ياغلىق دان، 38 توننا كۆكتات، 84 توننا ئاۋۇز گازىرى، 100 توننا قوغۇن ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 275 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 4711 توننا گۆش، 330 توننا قوي يۇڭى، 155 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2749 توننا سۈت، 177 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 14 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 109 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، دەريانى قورشاپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 333.3 گېكتارغا، قۇمنى قورشاپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 333.33 گېكتارغا يەتتى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 800 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 2800 گېكتار پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان يەر بەرپا قىلىندى، ناھىيە بويىچە پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان يەر 5666.67 گېكتارغا يەتتى. 1080 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق، 866.67 گېكتار يۇقىرى سۈپەتلىك تېرىلىدىغان يەم - خەشەك بازىسى كۆپەيتىلدى، ناھىيە بويىچە 3000 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. توست يېزىسى توست كەنتىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 600 ئادەم ۋە 18 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 900 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 676 گە، مەھسۇلات

قىممىتى 44 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 576 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %16.99 تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.3 ئاشتى. بىر يىلدا 17 مىليون 20 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 53 مىڭ 385.7 توننا كۆمۈر (توخاي كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 33 مىڭ 400 توننا سېمونت، 5 مىليون 900 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 420 مىڭ توننا تۇرۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەندى، 100 توننا ئاق ھاراق، 1900 توننا ئۇن، 80 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 387 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 42 مىڭ 877 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 107 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 26 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 25 مىليون 210 مىڭ يۈەن. لاستى دەرياسى ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۈيى ناھىيە بازىرىغا باشلاپ كېلىنىپ، مىكرو پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان 43 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆكەرتىلگەن يەر بەرپا قىلىندى، 1.4 كىلومېتىر ئاساسلىق يول ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئۆزئارا كېسىشكەن يوللارنىڭ ئومۇمىي رامكىسى شەكىللەندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 489 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 170 مىڭ 500 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 614 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 3069غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1522گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2200گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 59 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 17 مىليون 997 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 742 مىڭ يۈەن. تاۋار سودىسى بازىرى بىر، بازاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سوما 8 مىليون 275 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 853 مىڭ دوللارغا (ھەممىسى ئىمپورت سودا سوممىسى)، ئىمپورت قىلىنغان مال 2077.52 تونناغا يەتتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 818 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 70 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.23 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 81 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 133 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ قالدۇقى 43 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 405 مىڭ 100 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 760 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 645 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 592، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 313. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 8 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 2917 (مىللىي1928)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 3995 (مىللىي 3029)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 280. خىزمەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 282 (مىللىي 195)، خىزمەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 433 (مىللىي 332). 1998 - يىلى ئىش باشلانغان دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى 2000 - يىلى تاماملاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 2 مىليون يۈەن مۇكاپات سوممىسى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %30كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 8، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 85، 184 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 162)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 97 (مىللىي 76).

ناھىيە بويىچە 6566 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش

نىسبىتى 95% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3544.7 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1826 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7981 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1261 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4016 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دېم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 595 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. شۇ يىلى 369 ئائىلىلىك 1669 نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى يېتىن-قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 4.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى پۈتتۈرۈلدى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون بىر بولۇپ، كۆلىمى 0.36 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 97 گېكتارغا، كۆكەرتىلىش نىسبىتى 22.6%كە يەتتى.

★ 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن بىكتۇن يېزا ئىگىلىك 10 - شى 186 - تۈەن - مەيدانى رەسمىي يەر ئىشلىتىش چېگرا سىزىقىنى بەلگىلەش ھوقۇقى جەھەتتە كېلىشىم ئىمزالىدى.

★ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 26 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جېمىنەيدىن بۇرچىنغىچە بولغان 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ۋاڭ لىڭغا

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي ياپلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 52 مىڭ 746 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 187)، يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 284؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.88‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 870 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2669 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4417 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (بۇرۇلتوقاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى) مەملىكەتكە داڭلىق، ناھىيە تەۋەسىدە سۇ يۈزى كۆلىمى 100 نەچچە مىڭ گېكتار كېلىدىغان ئۇلۇڭغۇر كۆلىدىن 20 نەچچە خىل بازارلىق بېلىق چىقىدۇ. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1 مىليون 333 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 16 خىلى بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قۇلان، سايگا بۆكىنى قاتارلىق 4 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، قۇندۇز قاتارلىق 12 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 200 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقلىرى چۈچۈكبۇيا، قان تېپەر، توشقان زەدىكى، سوغىگۈلدىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، مانگان، لىتىي رۇدىسى، نېفىت، ئاق چىرىمتال، ياقۇت، قاشتېشى، خرۇستال، شور، ھاك تېشى، كۋارتس، سېغىز توپا قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن ئۇلۇڭغۇر كۆلى ۋە كۆل بويىدىكى سۇ ئۈزۈش مەيدانى، ئالتاي تېغى مەنزىرە رايونى ۋە كېپىنەك ئارىشاڭ جىلغىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جىدۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسلامقان ئابلاق (قازاق).

ھاكىم: مىزامقان سانىسىزباي (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇراتبېك نۇرقالى (قازاق، 10 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئابدۇماجىن (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

قىممىتى 410 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %34؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون 94 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.3 ئاشتى. 19 مىڭ 942 توننا ئاشلىق، 3423 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 947 توننا قىزىلچا، 38 توننا مېۋە - چېۋە، 778 توننا ئالىقات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 404 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 7675 توننا گۆش، 881 توننا قوي يۇڭى، 170 مىڭ 791 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3208 توننا سۈت، 501 توننا تۇخۇم، 3183 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 382 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 50 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 44 مىڭ 24 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2437 گە، مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 71 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون 261 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %39.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 239 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %38.84 ئاشتى. بىر يىلدا 17 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 31 مىڭ 929 توننا كۆمۈر، 26 مىڭ 300 توننا سېمونت، 1775 توننا تۇز، 23 مىليون دانە خىش، 50 كىلوگرام ئالتۇن، 1400 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 390 مىڭ مىليون كىلو جوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن، 108 توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %61.9 كە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 64 مىڭ 868 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 969 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 75 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 260 كىلوۋاتقا يەتتى، توك سىمى 395.6 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، 4.7 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 55 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، 455 كىلومېتىر خەۋەرلىشىش ئوپتىكىلىق كابېلى تارتىلدى. ناھىيە بازىرىنى ئېچىشقا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 204 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. 7 - ئايدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان يېڭى ئەسىر مەيدانى پۈتتى. شۇ يىلى يۈك ئوبوروت مىقدارى 610 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 31 مىليون 630 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 291 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 7448 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2185 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2300 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 191 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 111 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاۋار سودىسى بازىرى بىر، بازاردا يىللىق پۇتۇشۇلگەن سومما 27 مىليون 686 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 292 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت سودا سوممىسى)، 14 تۈر بويىچە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى ئىمزالاندى، سوممىسى 73 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 17 مىليون 930 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا ساياھەتچىدىن 33 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 478 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %24.81؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 90 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.57 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 352 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 286 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 210 مىليون 620 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 500 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 260 مىڭ 100 يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون 820 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 859 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 961 مىڭ 200 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا

خادىمى 2513، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 513. 2001 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» تىكى ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 265 (مىللىي 67)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 871 (مىللىي 409)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 3797 (مىللىي 1953)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 6477 (مىللىي 3695). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1202 (مىللىي 679). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %70كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %40كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 8، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 156؛ 363 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 204)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 256 (مىللىي 138).

شۇ يىلى 5048 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %92.3 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2547 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 538 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.1 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2636 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4787 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 690 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھتاجلىق بۆلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭغا 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

چېن گاڭ

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (كۆكتوقاي كان رايونىدىكى ئاھالە كۆچۈپ كەتتى) 80 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 59 مىڭ 900)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 54 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %8.58، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %5.23. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7790 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1290 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىندىن ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بار. يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 354 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 40 مىليون 40 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 103 مىڭ 700 گېكتار ئورمان، 4 مىليون 789 مىڭ گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە - شىنجاڭ قۇلانى، قاڭشارلىق بۆكەن، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، گۈلساماق، قۇرتئوت، ھىڭ موگۈسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ياقۇت، خرۇستال، مىس، نىكېل، تۆمۈر، نىئوبىي، لىتىي، تانتال، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن قارامايلى تېغى تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، تېرەكساي يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى — «رەڭدار شەھەر»، كۆكتوقاي گېئولوگىيە 3 - نومۇرلۇق كېنى قاتارلىقلار بار. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاچا تۇياقلىق دىنوزاۋۇر — «قارامايلى دىنوزاۋۇرى»نىڭ تاشقاتمىسى تۇنجى قېتىم بايقالدى.

كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ھىڭ موگۈسى، كۆكتوقاي پاقلىنى، ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چېڭمى.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: داغىستان ئاتاي (قازاق).

ھاكىم: ماناڭ زەينىل (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سارقات ئاقان (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كورتىباي ماناك (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئوقاز تاپان (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 580 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 221 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.29؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.77؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 138 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.24 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 240 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.21 ئاشتى. 33 مىڭ 853 توننا ئاشلىق، 1562 توننا ياغلىق دان، 20 توننا مېۋە - چېۋە، 1200 توننا سەي پۇرچىقى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 705 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 663 توننا گۆش، 1050 توننا قوي يۇڭى، 406 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 16 مىڭ 213 توننا سۈت، 361 توننا تۇخۇم، 42 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 129 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 128 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6 - ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە ئاساسىي ئېتىزلارنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 33 مىڭ 400 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3187گە، مەھسۇلات قىممىتى 274 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 435 مىليون 687 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.6 تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.5 ئاشتى. بىر يىلدا 120 مىليون 518 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 31 مىڭ 900 توننا سېمونت، 103.5 كىلوگرام ئالتۇن، 217 مىڭ 590 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 8 مىليون 330 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.87كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 203 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 689.05 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8513.76 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 187 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 176 مىليون 110 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 470 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 33 مىليون 120 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 931 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 454 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 4759غا، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 3312گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3100گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 147 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 108 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودىسى بازىرى 4، بازارلاردا يىللىق پۇتۇشۇلگەن سومما 21 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىدىن 60 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.58؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 98 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.31 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 289 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 322 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 244 مىليون 830 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 918 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 881 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 37 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 571 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە 1 مىليون 464 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2133، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 439. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 849 (مىللىي 440)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 4387 (مىللىي 3161)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 795 (مىللىي 8994). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1468 (مىللىي 1090). 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.6كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.3كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە 5100 ئائىلىگە كىردى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 9، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 189؛ 313 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 221)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 197 (مىللىي 148).

2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 56 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئوتتۇرىچە كىرىمى 8090 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5579 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2475 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1939 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8090 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېترغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2925 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6309 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 888 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھتاجنىڭ بولغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 7 - ئاينىڭ 19 — 21 - كۈنلىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئۈنجى نۆۋەتلىك «ئېرتىش دەرياسى مەنبەسى» مىللەتلەر سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئۈنجى نۆۋەتلىك موتسىكلىت ساياھەت راللى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 30 نەچچە ماھىر قاتناشتى.

جۇ جاۋخۇڭ

# چىڭگىل ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 54 مىڭ 130 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 897)، يېزا نوپۇسى 43 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.47، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.28. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 350 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 997 مىليون كۇب مېترغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 800 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ. 41 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 430 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 20 خىلدىن ئاشىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قۇندۇز، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۇلغۇن، قارا بويۇن تۇرنا، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن جەرەن، بۇغا، ئاق توشقان، سىلەيسۇن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقى چاكاندا، قار لەيلىسى، گۈلسامساق، چۈچۈكبۇيا، قان تېپەر، قوچاقئول، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرىمتال، كېپەك ئالتۇن، ياقۇت، ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، سېرپېنتىن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە سېرپېنتىن رۇدىسىنىڭ زاپىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - گورۇندا تۇرىدۇ. سەيلىگاھلاردىن سەندۇخەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، گەرتەي يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى، سىبىرىيە لاتقىلىق ساھىلدىكى ئاشقا ئايلانغان كرېمنىيلىق ياغاچ قاتارلىقلار بار.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ يېشىل مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشكەن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ھاڭ موگۈسى، يازغى بۇغداي، چاكاندا بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ يۇچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوڭغاربېك قاشلەن (قازاق).

ھاكىم: پاتىقان مالىكجىدار (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بايموڭغۇل رېيىمقان (قازاق، 10-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 253 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %92.2؛ 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %82.0؛ 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %55.10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %55.7 ئاشتى. 26 مىڭ 53 توننا ئاشلىق، 547 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 398 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 7443 توننا گۆش، 361 توننا قوي يۇڭى، 114 مىڭ 500 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3850 توننا سۈت، 42 توننا تۇخۇم، 9 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 131 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 733 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 2382 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 23 مىڭ 944 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2100گە، مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 27 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.14، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى. بىر يىلدا 10 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 21 مىڭ 159 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95.85كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 391 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 664 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 72 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 57 مىليون 570 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 25 مىليون 810 مىڭ توننا.كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 330 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى تېلېفون ئابونىتى 3356گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 1096گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1776گە يەتتى. بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 69 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 390 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 48 مىليون 440 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودىسى بازىرى 3، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 18 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 220 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 410 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 810 مىڭ دوللار. ساياھەتچىدىن 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون 949 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.12 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 76 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.35 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 157 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 99 مىليون 350 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 650 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى

3 مىليون 320 مىڭ يۈەن؛ تۇرلۇك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 175 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 770 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 405 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2099، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 451. ناھىيە بويىچە بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 138 (مىللىي 86)، شۇ يىلى بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ 11 مەكتەپ بار بولدى (مىللىي مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 8327 (مىللىي 7300)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 589 (مىللىي 475)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 4333 (مىللىي 3646)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 302 (مىللىي 222). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى» قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا 15 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %75كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، يەككە ئامبۇلاتورىيە ئورنى 5؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 160، 261 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 201).

شۇ يىلى 6242 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %83 بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2097 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1968 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 705 يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1978 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4724 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 423 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تونلاشقا قاتناشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىدە چاكاندا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت رايونى ۋە سەندۇخەيزى نەم يەر مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت يەرلىك دەرىجىلىك 2 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى سەندۇخەيزى بىلەن لۇشى دۆلەت تەرىپىدىن 5 - تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسى تاشيول ئۆچاستكىسى ۋېيدۇڭ يول ئاسراش پونكىتى مەملىكەت بويىچە «ياشلار مەدەنىي ئورنى» بولۇپ باھالاندى.

لى خۇي، دۇ خۇا

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بورتالا شەھىرىدە. 2001 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 415 مىڭ 835 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 137 مىڭ 909)، يېزا نوپۇسى 282 مىڭ 316؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.28، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.77. ئوبلاست بويىچە 70 مىڭ 930 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ 673 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 44 مىڭ 553 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بورتالا ئوبلاستى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 478 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 75 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 209 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 669 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئوبلاست تەۋەسىدە 39 خىل

لەنتۇارلىق ياۋايى ھايۋان بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ تېكىسى، قۇندۇز، بۈركۈت قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، سۈسەر، قاما، بۇغا، ئاققۇ قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 413 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى چۆچۈكبۇيا، چاكاندا، جىغان، ئالىقات، لوپنۇر كەندىرى، سوغىكۆل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۇز، فوسفور، پېرلىيىت، مەرمەر، گرانىت تاش، ھاك تېشى، گەج، ۋولفرام، مىس قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئېگىز تاغ كۆلى — سايرام كۆلى، خاپتوغاي غارايىپ تاش غارى، خارتوراگ ئورمانچىلىق رايونى، بۆگدۆر ئارشىڭى، مىلىچكا يايلىقى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتال موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جى (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ۋۇلىدې (موڭغۇل، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چاۋجىپ (موڭغۇل)، شېن شۇچىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەركىن ئابدۇقادىر، شاۋ خەنشېڭ، دولقۇن ئابدۇرسۇن (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شى شاۋلىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سەرە (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن شۇچىڭ، نۇر ئابباس شېرىپ (قازاق)، ب. سانجى (موڭغۇل)، شى گۇاڭغۇ، شى ئېندې، ئابدۇراخمان ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: چاۋجىپ (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: يۈ شېڭدې (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شى شاۋلىن (8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماغاۋ سەيىتقامزا (قازاق)، بايىنغولىن (موڭغۇل)، خۇاڭ سەنپىڭ، ئىنام نەسىردىن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چىلىيۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما يۈگۈي، ئابلىكىم ھۆسەيىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇلىدې (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابلەت ھېلىم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، پۇ داچىڭ، چىڭ دېلى (موڭغۇل)، چېن گوفاڭ (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 455 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 973 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 588 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 892 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.1 ئاشتى. 169 مىڭ 798 توننا ئاشلىق، 48 مىڭ 918 توننا پاختا، 24 مىڭ 175 توننا ياغلىق دان، 145 مىڭ 137 توننا قىزىلچا، 15 مىڭ 349 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 91 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 188 توننا گۆش، 2134 توننا قوي يۇڭى، 460 مىڭ 844 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 21 مىڭ 603 توننا سۈت، 11 مىڭ 850 توننا تۇخۇم، 705 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 32.1118 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 45 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 790 گېكتار ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان يۇقىرى ئۆلچەملىك 3380 گېكتار يەر كېڭەيتىلدى، چۈنەكلەپ سۇغىرىلىدىغان ۋە تاختىلاپ سۇغىرىلىدىغان 39 مىڭ 700 گېكتار ئۆلچەملىك يەر كېڭەيتىلدى، 1424 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇنى ياخشىلاش - كېمەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىدا 26 مىڭ 600 ئادەم، 140 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 224 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 7267گە، كەسىپكار 19 مىڭ 472گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 993 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 214 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 928 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.9؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 202 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.5 ئاشتى. بىر يىلدا 151 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 175 مىليون 550 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 22 مىڭ 800 توننا تۇز، 3561 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 42 مىڭ 365 توننا ساپ پاختا، 8478 توننا يىپ، 107 مىڭ 800 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 290 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 154 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.



12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم ئوبلاست ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىسىدا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئالاتاۋ پورتىدىن يىلىغا 5 مىليون توننا مال ئۆتكۈزۈش نىشانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

لى خېجۈن فوتوسى

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 668 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇ يىلى سېلىنغىنى 324 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە جىڭ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى تيەنجى سۇ ئامبىرىغا سېلىنغىنى 31 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئىبنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئالاتاۋ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 2 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە كەڭ بەلۋاغلىق تور قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 9 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئوبلاستنىڭ سوغۇق سۇدا بېلىق بېقىشقا سېلىنغىنى 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە سېلىنغىنى 33 مىليون 920 مىڭ يۈەن، جىڭ ناھىيىلىك تيەنرۇن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 19 مىليون 500 مىڭ يۈەن، جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخېيەنزى كىچىك بازىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن، بولەن سېمونت تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە سېلىنغىنى 19 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ئوبلاست بويىچە سېلىنغان 12 مىليون 699 مىڭ يۈەن مەبلەغ شەھەردىكى باغچا ۋە مەيدان قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. بىر يىلدا ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 466 مىليون توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 393 مىليون ئادەم-كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 66 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونتى 73 مىڭ 159غا، يېزا تېلېفون ئابونتى 36 مىڭ 2گە، ئىجتىمائىي ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 676 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل ماللار سودىسى بازىرى 46، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سوما 190 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە تاشقى سودا سوممىسى 156 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 149 مىليون دوللار. سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 21ى ئىمزالاندى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 88 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 335 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 22 مىليون يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 143 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.83%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 451 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.45% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 744 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 294 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 729 مىليون يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 46 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 19 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 26 مىليون 750 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سوما 19 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 15 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 710 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 647، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2487. جەمئىيەت پەن-تېخنىكا تۈرىگە ئىشلىتىشكە سالغان مەبلەغ 110 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «ئۈچقۇن

پىلانى» تۈرىدىن 6سى، «شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تۈرىدىن بىرى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى، دۆلەت دەرىجىلىك «يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى» تۈرىدىن بىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى» تۈرىدىن 2سىنىڭ مەلۇم قىلىنىش ئەھۋالى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ۋە يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 9 تۈرلۈك يەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1299 (مىللىي 852)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 597 (مىللىي 59)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 5146 (مىللىي 2560)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 31، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 895 (مىللىي7357)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 113، ئوقۇغۇچىسى 37 مىڭ 490 (مىللىي 15 مىڭ 661). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3210 (مىللىي 1793). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، 3 مەدەنىيەت سارىيى، 4 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 5 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 23 مىڭ 800گە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %24كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 39 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 19، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 5، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 4؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 886. 1461 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 813) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 486.

ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، ۋاسكېتبول، پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە 6 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 6 مىس مېدال ئالدى. شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تىكتاك توپ مۇسابىقىسىغا 800 نەچچە ئادەم قاتناشتى. 2001 - يىلى 46 مىڭ 901 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %89 بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بورتالا ئوبلاستىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8261 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2932 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.74 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.03 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە 14 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، 38 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 27 مىڭ 600 كىشى كوللېكتىپ تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 2407 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 24 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 2001 - يىلى ھەر خىل شەھەر - بازار مەھەللە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەسىدىن 4ى قۇرۇلدى.

★ 7 - ئايدا گوۋۇيۈەن شىنجاڭ گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ تەستىقلىدى.

★ 2001 - يىللىق جۇڭگو تەنتەربىيە ساغلاملىق ساياھىتى بورتالا «نادام» ئوتلاق بايرىمى 7 - ئاينىڭ 16 — 18 - كۈنلىرى سايرام كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنلىرى ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ جىڭ ئالىقات مەھسۇلاتى مۇھاكىمە يىغىنى 12 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا 28 مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەر، شىنجاڭدىكى دائىلىق كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ئاۋ لا

## بورتالا شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا بارىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شەھەر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 144 مىڭ 337 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

نوپۇسى 62 مىڭ 413)، يېزا نوپۇسى 88 مىڭ 829؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.98‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.9‰. شەھەر بويىچە 27 مىڭ 721.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8392.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 810.9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ يېرىم چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بورتالا شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 212 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 289 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 65 مىڭ 201 گېكتار ئورمان، 567 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 38 خىلغا يېتىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، قاما، چوڭ ئاققۇ، لاچىن قاتارلىق 26 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى چاكاندا، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، ئالىقات قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، پېرلىيت قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق سەيلىگاھتىن سايرام كۆلى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق سەيلىگاھلاردىن غارايىپ تاش غارى ۋە خارتوراگ مەنزىرە رايونى بار. سايرام كۆلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2073 مېتىر، سۇ كۆلىمى 458 كۋادرات كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 92 مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئېگىز تاغ كۆلى ھېسابلىنىدۇ، بۇ كۆلنىڭ ئاجايىپ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جۈن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چى جۇڭيۈەن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئەمەت.

ھاكىم: بادمارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نوغاي جۇماقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 690 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 280 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 16.14%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 137 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.01%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 273 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.18% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 519 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 30% ئاشتى. 78 مىڭ 62 توننا ئاشلىق، 24 مىڭ 461 توننا پاختا، 4872 توننا ياغلىق دان، 75 مىڭ 566 توننا قىزىلچا، 2421 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 424 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 8635 توننا گۆش، 887 توننا قوي يۇڭى، 185 مىڭ 801 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 9300 توننا سۈت، 10 مىڭ 455 توننا تۇخۇم، 461 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1767 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1545.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىندى. بورتال شەھىرى مەملىكەت بويىچە 39 - تۈركۈمدە جامائەت پاراۋانلىقى ئورمىنى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، 5667 گېكتار يەر دۆلەتنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى ئورمىنىنى تولۇقلاپ بېرىش فوندىدىن بەھرىمەن بولدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 443 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1866.6 گېكتار يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 6 ئورۇندا سۈنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 3760 ئادەم ۋە 69 مىڭ 800 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2333 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 91 مىڭ 305 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2782گە، مەھسۇلات قىممىتى 561 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 132 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 408 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 19.46%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.39% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6 مىليون 320 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 107 مىڭ 800 توننا سېمونت، 744 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 2212 توننا سېمونت ستولبا، 229 مىليون 880 مىڭ دانە خىش، 16 مىڭ 990 كۇب مېتىر كۆپتۈرمە پېرلىيت، 8306 توننا پېرلىيت رۇدىسى، 4 مىليون 190 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1943 توننا ئاق ھاراق، 14 مىڭ

723 توننا سۇ بېغى، 20 مىڭ 600 توننا ئۇن، 1440 توننا گۈرۈچ، 21 مىڭ 626 توننا ساپ پاختا، 1952 توننا قىسقا پاختا تالاسى، 7235 توننا پاختا يىپ، 64 مىڭ 600 قۇر كىيىم - كېچەك، 3900 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 3101 توننا سۇلياۋ پاسالما، 602 توننا قەغەز پاسالما، 12 مىڭ 715 دانە ئۆي جاھازى، 2.19 توننا خىمىيىلىك خام ئەشيادىن ياسالغان دورا - دەرمەك، 3.79 توننا جۇڭگو تېبابەتچىلىكى تەييار دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 190 مىڭ جوئۇل كىلوكالورىيە ئىسسىقلىق، 809 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.65%كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 307 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 106 مىڭ 979 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ 83 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 170 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 62 مىليون 470 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 4 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 20 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 18 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 326 مىليون 466 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 216 مىليون 397 مىڭ 500 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 808 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 45 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونتى 25 مىڭ 539غا، يېزا تېلېفونى ئابونتى 17 مىڭ 119غا، جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 402 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 26گە، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 126 مىليون 784 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 450 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 100 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 350 مىڭ دوللار. شۇ يىلى باشقا جايلاردىكى خەلق ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بورتالا شەھىرىگە سالغان مەبلىغىدىن 40 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرگۈزۈلدى. ساياھەتچىدىن 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 71 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.5%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 137 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30% ئاشتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 900 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 65 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 196 مىليون 490 مىڭ يۈەن. شەھەرگە قاراشلىق رايونلار (بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 32 مىليون 615 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 20 مىليون 755 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون 860 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن)؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 14 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 930 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن سومما 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن)، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 8 مىليون 730 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4708، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 855. شۇ يىلى 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتىگە 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 56 پەن تەتقىقات تۈرى يولغا قويۇلدى، 2 پەن تەتقىقات تۈرى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بىر تۈر ئوبلاست دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 59 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8293 (مىللىي 3821)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2772 (مىللىي 1443)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 46، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 536 (مىللىي 7808). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2384 (مىللىي 1342). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە مەدەنىيەت سارىيى بىر (كۇتۇپخانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئارخىپخانا 2. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 78%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 8، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 197، 418 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 263) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 170 (مىللىي 92). يەككە ئامبۇلاتورىيە 55.

19 مىڭ 842 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %91.7 بولدى. شۇ يىلى بىر قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 320 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. 4 قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توپ تۈرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 916 ئوقۇغۇچى (قېتىم) قاتناشتى؛ بىر قېتىم ئومۇمىي خەلقنىڭ قىشلىق ئۈزۈنغا يۈگرەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1200 ئادەم قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بورتالا شەھىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3260 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8672 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 355 ئورۇندىن 9264 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 347 ئورۇندىكى 11 مىڭ 7 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %99.7كە يەتتى؛ 382 ئورۇندىكى 15 مىڭ 92 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %86كە يەتتى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1462 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلى 7000 مېتىرلىق كۆكەرتىش ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %28.01كە يەتتى. يەككىلەرنىڭ 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن 2000 مېتىر كوچىغا داتلاشماس پولات رېشاتكا ئورنىتىلدى.

## بورتالا شەھىرى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2001 - يىلى ھەمكارلىق رايونىغا سېلىنغان 8 مىليون 325 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ يول، يەر ئۈستى، يەر ئاستى سۈيى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش، باغ - ئورمان قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق 27 تۈر كېڭەيتىپ ياسالدى ۋە يېڭىدىن ياسالدى، بۇنىڭغا 46 مىليون 67 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 3.25 گېكتار كېلىدىغان، 11 پارچە يەر ئىجارىگە بېرىلدى، كۆلىمى 531.42 كۋادرات مېتىرلىق 0.24 گېكتار يەرگە 4 ئائىلىلىك كۆچۈرۈلدى. ھەمكارلىق رايونىدىكى يەككە سودا-ساناەتچى 200گە، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 2 مىليون 110 مىڭ 500 يۈەنگە، كەسىپكارى 358گە؛ سودا-ساناەت كارخانىسى 17گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 20 مىليون 215 مىڭ يۈەنگە؛ خۇسۇسىي كارخانا 7گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليون 743 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىزاھ: شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭكىدىن باشقا، قالغان سانلىق مەلۇماتلار بورتالا شەھىرىگە تەۋە.

چاڭ جۇفىيۇ

# جىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 412 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 123 مىڭ 743 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 37 مىڭ 287)، يېزا نوپۇسى 61 مىڭ 599؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.65، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.67. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 111 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2637 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 21 مىڭ 24 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەۋزەل بايلىقلىرىدىن تۇز، گالوگېنلىق قۇرت، ئالقات، پاختا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۋارتس قۇمى، مولىبدېن، فوسفور قاتارلىقلار بار، مولىبدېن رۇدىسىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيلىگاھلاردىن گەنجاخۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېبىنۇر كۆلى، شياۋخەيزى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: گو شياڭيى.

12 . نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ن. جاۋا (موڭغۇل).

ھاكىم: ئىلەۋخەبىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: (ۋاڭتىنچە لورنى بوش).

## يېقىنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 544 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 225 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.4؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 221 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 414 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %0.9 ئاشتى. 33 مىڭ 473 توننا ئاشلىق، 24 مىڭ 457 توننا پاختا، 34 مىڭ 933 توننا ياغلىق دان، 1137 توننا مېۋە - چېۋە، 7375 توننا ئالقات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 290 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 4460 توننا گۆش، 601 توننا قوي يۇڭى، 105 مىڭ 214 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 746 توننا سۈت، 1230 توننا تۇخۇم، 360 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 128 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 77 مىڭ 500 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3167گە، مەھسۇلات قىممىتى 281 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 249 مىليون 617 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12.83، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ 800 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 25 مىليون 220 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 113 مىڭ 500 مىليون كىلو جوئول ئىسسىقلىق، 927 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 6716 توننا سۇ يېغى، 20 مىڭ 571 توننا ساپ پاختا، 1252 توننا يىپ، 1 مىليون 410 مىڭ مېتىر رەخت، 11 مىڭ 25 دانە ئۆي جاھازى، 2100 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇت، 210 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 30 مىليون 960 مىڭ دانە خىش، 27 مىڭ ساندۇق تاختا تەييار ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %66.56كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 82 مىڭ 51 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 43 مىڭ 738 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 129 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 64 مىليون 450 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىنى ئېيىغا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 927 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 894 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 7399گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 12 مىڭ 197گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 137 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 28 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 79 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودىسى بازىرى 10، بازارلاردا يىللىق پۇتۇشۇلگەن سومما 34 مىليون 520 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە 2 تۈردە توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 630 مىڭ دوللار، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 440 مىڭ دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 33 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 108 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %79 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 781 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 658 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 544 مىليون 970 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالقاتچىلىقى

ئالقات پەمىدۇر ئائىلىسىگە تەۋە قورۇتۇلىدىغان مېۋە بولۇپ، تەركىبىدە 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق 10 نەچچە خىل مىكرو ئېلېمېنت بار. ئۇنى چاي دەملەپ ئىچكىلى، يېگىلى، دورا ئورنىدا ئىچكىلى بولىدۇ. ئۇ داڭلىق جۇڭگو تېبابىتى دورا ماتېرىيالى ۋە ئالىي دەرىجىلىك قوۋۋەت تولۇقلىغۇچى مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. نىڭشيا ئالقىتى بىلەن جىڭ ئالقىتى ئەڭ داڭلىق.

جىڭ ناھىيىسى 1964 ـ يىلدىن باشلاپ ئالقات تېرىغاندىن بۇيان، ئالقات كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كېڭەيتىپ، ئالقاتنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئالقاتنىڭ ئېكسپورت مىقدارى، كۆلىمى، بىرلىك ھوسۇلى ۋە سۈپىتى ئۇدا مەملىكەت بويىچە بىرىنچىلىكنى ساقلاپ كەلدى. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە ئالقات تېرىلغۇ كۆلىمى 4666.67 گېكتارغا يېتىپ، يىلىغا 7000 نەچچە توننا قورۇق مېۋە ئېلىنىدى. جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالقىتى ئەسلىدە «قىزىل ھېقىق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ مېۋىنىڭ رەڭگى توق قىزىل، دانىسى توق، پوستى قېلىن، شېكەر تەركىبى مول ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ بەك ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. «جىڭ ئالقىتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى» دېگەن گۈزەل نامغا ئېرىشتى. 1998 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى ئالقات ماكانى» بولۇپ باھالاندى.

## جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالقاتنى كەسىپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جىڭ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئالقاتنى بىر تۈرلۈك يېتەكچى كەسىپ سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات ماركىسى يارىتىش، جانلىق ئوبوروت قىلىش، باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ بىر ئالاھىدە كەسىپنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالقات كەسپىنىڭ ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ئۈزۈكلۈك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلدى.

— تېخنىكا جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىنىپ، مەھسۇلات سۈپىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. بىرىنچىدىن، جىڭ ناھىيىلىك ئالقات تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. بۇ ئورۇن ئاساسلىق ئالىقاتنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، يېتىشتۈرۈش، يېڭى سورت كىرگۈزۈشنى كېڭەيتىش، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كېسەللىك، ھاشارات زىياندىشلىقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، ئالقات ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ئۆچۈر ئۇنىۋېرسال ئانالىزى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئالقات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ تېرىش، باشقۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى ۋە ئۇلار يېتەكلەندى. ئۈچىنچىدىن، سۈپەتلىك ئالقات يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇپ، ئالقاتنىڭ يېڭى سورتى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈلۈپ، سايلىقىنى ئاشۇرۇش چىڭ تۇتۇلدى. نۆۋەتتە كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى ئەلا سورت — جىڭ ئالقىتى 1 ـ نومۇر يېتىشتۈرۈلدى، بۇ سورت زور كۆلەمدە كېڭەيتىلمەكتە. تۆتىنچىدىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ۋە پەن تەتقىقات جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ۋاسىتە قىلىنىپ، ئالقاتنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. بەشىنچىدىن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. قىشتىكى بىكار ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دېھقانلار ئالقات ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، كېسەللىك، ھاشارات

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2468، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 812. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 538؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1293 (مىللىي 524)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 5557 (مىللىي 1841)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 522 (مىللىي 4559). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2468 (مىللىي 735). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ

زىياداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۇرۇلۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيىسى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— بازار قۇرۇلۇپ، ئوبوروت جانلاندۇرۇلدى. 1999 — 2000 ـ يىللىرى ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى، دېھقانچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جىڭ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئالقات ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولغان تولى يېزىسىدا بىر ئالقات كەسپىي توپ تارقىتىش بازىرى قۇرۇلدى. بازاردا 68 پايما ئورنى، 8 سودا مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىسى بار. بازاردا مال مەنبەسى مەركەزلەشتى، باھا مۇقىم، باشقۇرۇش قولاي بولدى ھەمدە ئىلى، شىخو، ساۋەن قاتارلىق جايلارنىڭ مال مەنبەسى جەلپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ بازار شىنجاڭ بويىچە ئالقاتنى يىغىپ تارقىتىدىغان جايغا، شۇنداقلا بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتىكى بارومېتىرغا ئايلاندى.

— تاۋار ماركىسى يارىتىلىپ، بازار ئېچىلدى. 1999 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «ئالقاتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى»نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە رەسمىي يولغا قويدى، بۇ مەملىكەت بويىچە ئالقاتقا دائىر تۇنجى يەرلىك ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. جىڭ ناھىيىسى سىرتقا سېتىلىدىغان ئالقاتنىڭ تاۋار ماركىسى ۋە ئورالمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالقاتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، تاۋار ماركىسىنى يارىتىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا سالدى. 2002 ـ يىل 3 ـ ئايدا جىڭ ئالقىتى دۆلەتلىك تاۋار ماركىسى ئىدارىسى تارقاتقان ئالقات چىقىدىغان يەرنى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسىغا ئېرىشتى، جىڭ ئالقىتى قىزىل چوڭ چىلىنى، كورلا نەشپۈتىدىن قالسىلا شىنجاڭ بويىچە 3 ـ تۈركۈمدىكى ئېتىراپ قىلىنغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىغا ئايلاندى.

— پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يول باشلىنىپ، باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جىڭ ناھىيىسى ئالقاتنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 65%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 7، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 2، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 248؛ 343 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 165)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 274 (مىللىي 78).

لەززەتلىكىنى ئىقتىسادىي لەززەتلىككە ئايلاندۇرۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بىر تەرەپتىن تاشقى كۈچلەرنى ۋاستە قىلىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ نۆۋەتتە ئالقات مېيى، ئالقات ھارىقى، ئالقات قىزىل پىگمېنتى، ئالقات كاپسۇلى قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلار تەجرىبە باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇنۇپ ۋە يېتىشتۈرۈلۈپ، ئالقات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلىندى. بىرىنچىدىن، ئالقاتنى يىغىپ سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان 10 نەچچە كارخانا يۆلەندى ۋە قۇرۇلدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش ئىقتىدارى ئازكەم 1000 تونىغا يەتتى. ئىككىنچىدىن، جىڭ ئالقىتى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىنغان «ئالتۇن كولا» ئىچىملىكى ئۇدا كۆپ قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك ئىچىملىك ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، جىڭ ئالقىتىنى پىششىقلاشتا داڭلىق ماركا يارىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ «ۋەنلى» شىركىتىنىڭ مەبلىغى كىرگۈزۈلۈپ زاۋۇت قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «لىلېشۆ» ئىچىملىكى چەت ئەل بازارلىرىغا سېلىنىپ، ياپونىيىگە سېتىلدى. تۆتىنچىدىن، ئوبلاست، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورۇننىڭ 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش چارىسى قوللىنىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان يېڭى ئالقات سورتلىرى كىرگۈزۈلدى ۋە ياخشى سورتلار تاللاپ ئۆستۈرۈلدى. 26.67 گېكتار يەردە سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى.

## ئالقاتچىلىقنىڭ غايەت زور ئۈنۈمى

— ئىقتىسادىي ئۈنۈم. 1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئالقات[چىلىقتىن] بىر يىلدا 8 قېتىم ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2910 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6823 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2825 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا

ئومۇمىي كۆلىمى 3533.33 گېكتارغا، ھەر گېكتار يەردىكى ئالقاتنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 1845 كىلوگرامغا يەتتى، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 15 مىڭ يۈەندىن، ئېلىنغان ھوسۇل 5800 توننىدىن ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 27%نى ئىگىلىدى. ئاساسلىق ئالقات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون — تولى يېزىسىدا 4333.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئالقات كۆلىمى 2666.67 گېكتارغا يېتىدۇ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرىچە 0.19 گېكتاردىن ئالقاتلىق توغرا كېلىدۇ. 2001 - يىلى تولى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3036 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىدىن 126 يۈەن يۇقىرى بولدى. بۇ بۇرۇنقى نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان نامرات يېزا بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە باياشات چولپان يېزا - بازارلاردىن بولۇپ قالدى.

— ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم. ئالقات سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق، بورۇقپەرەس - ئىسسىقپەرەس بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، جىڭنىڭ ئالقاتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى گەرچە ئۇچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدەك زور بولمىسىمۇ، ئەمما بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، كىلىماتنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى، جىڭ ناھىيىسى ئورمانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن «ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىڭ ناھىيىسى دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش سىياسىتىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئالقات كۆلىمىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىپ، ئالقاتنىڭ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى ۋە غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى كۈنسايىن گەۋدىلەندۈرمەكتە.

جىڭ ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8517 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 514 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىگە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

يۈەن يۈن، خې خۇڭيۇ

# ئارىشاڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئارىشاڭ ناھىيىسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 61 مىڭ 853 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 470)، يېزا نوپۇسى 42 مىڭ 391؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.61‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.27‰. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 970 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9630 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8059 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۇيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىرغا. يەر ئاستى سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 312 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3 ئورۇندا ئارىشاڭ بار، سۇيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 45 C ئەتراپىدا. ناھىيە تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان — شىنجاڭ سالاماندىراسى بار، باشقا ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، سۇغۇر، ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، ئەڭلىكئوت، چاكاندا، قانتېپەر، قارلەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ۋولفرام، تۆمۈر، مىس، تۇزتاش، گەج، ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. 43 مىڭ گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.3%. سەيلىگاھتىن ئارىشاڭ ناھىيىلىك ئورمان باغچىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارىشاڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ۋېي (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ 11- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ زىجۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئۇمارغازى (قازاق).

ھاكىم: ئى. نومىگدالا (موڭغۇل، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دا. گاڭبۇ (موڭغۇل، 8 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم

بولدى) .

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شىلاق ماۋلۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى) ، نىيى شىيەنچىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.4 ئاشتى. 58 مىڭ 263 توننا ئاشلىق، 69 مىڭ 571 توننا قىزىلچا، 268 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 376 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 5093 توننا گۆش، 440 توننا سۈت، 675 توننا يۇڭ، 57 مىڭ 876 پارچە تېرە، 165 توننا تۇخۇم، 23 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 180 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 40 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 58 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 1357گە، مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %39.7 ئاشتى. بىر يىلدا 13 مىليون 410 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 20 مىڭ توننا ئۇن، 6424 توننا سۇ يېغى، 25 توننا ئېغىدرىن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 9 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6031 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 12 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 23 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 687 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 9400گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 6100گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1600گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 82 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 62 مىليون 380 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 9، بازارلاردىكى يىللىق يۈرۈشتۈرگەن سوما 9 مىليون 630 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سەيلى ساياھەتكە كەلگەنلەردىن 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %0.96؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 76 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 225 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 236 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 567 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 107 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سوما 964 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 204 مىڭ 700 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1875، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 416. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 6432 (مىللىي 3294)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 3909 (مىللىي 1559)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 768 (مىللىي 280). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1073 (مىللىي529). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %35كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 144؛ 229 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 151)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 102 (مىللىي 67).

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2306 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1801 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6400 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.7 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1737 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 1376 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 365 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

ۋاڭ يىلىڭ، لى شىجيې

### ئارشاڭ ناھىيىسىدە زور كۆلەمدە چاكاندا تېرىلدى

2000 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئارشاڭ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۇنجى قېتىم ياۋا قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندىنى يەرلەشتۈرۈش ۋە مايسا يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چاكاندا ئىچكى موڭغۇلدىن ئارشاڭ ناھىيىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مايسىسىنى ئۆستۈرۈش، كۆچۈرۈپ تىكىش تەجرىبە قىلىندى. شۇ يىلى 14.43 مو (0.96 گېكتار) يەردە چاكاندا مايسىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9.89 مو (0.66 گېكتار) يەرگە قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا، 3.97 مو (0.76 گېكتار) يەرگە ئىچكى موڭغۇل چاكاندىسى، 0.57 مو (0.04 گېكتار) يەردە كۆك چاكاندا (كۆك چاكاندا ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىن كىرگۈزۈلدى) تېرىلدى ھەممە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، ئاپتونوم رايوندا قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا تېرىش ۋە ئىچكى موڭغۇل چاكاندىسىنى كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

2001 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى چاكاندا تېرىشنى «كۆنگەي كەسىپ» قاتارىدا تۇتۇپ «شىنجاڭنىڭ چاكاندىسىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتۇش، ئارشاڭنىڭ چاكاندىسىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇتۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك 10 رەھبەر يېزىلارنى، 71 مەمۇرىي ئورۇندىكى 919 ھەر مىللەت كادىرى 71 مەمۇرىي كەنتنى ھۆددىگە ئېلىپ، 2766 دېھقاننىڭ زور كۆلەمدە چاكاندا تېرىشىغا باشلامچىلىق قىلدى. 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ 5.6 توننا ئۇرۇق سېتىۋېلىنىپ، 40.18 گېكتار يەردە مايسا يېتىشتۈرۈلۈپ، 438.56 گېكتار يەرگە كۆچۈرۈلدى، 550.3 گېكتار يەردىكى چاكاندا سىنتور بىلەن قورشالدى (17 مىڭ 675 تال قوزۇق قېقىلدى، 68.16 توننا سىنتور ئىشلىتىلدى، 77 جۈپ دەرۋازا ئورنىتىلدى). شىنجاڭ دورا تەكشۈرۈش ئورنى ئارشاڭ ناھىيىسىدە تېرىلغان 2 خىل چاكاندىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە شور تەركىبى ئېغىردىن زاۋۇتنىڭ سېتىۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئەمەلىيەت ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ چاكاندا تېرىشقا تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىنى، بۇ تۈرنىڭ كەلگۈ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

چاكاندا بىر يىل تېرىسا، كۆپ يىل پايدا بېرىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈم بېرىدىغان يېزا ئىگىلىكىگە تەۋە بولۇپ، چاكاندا تېرىش ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە يەنە يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگىلى، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. چاكاندا تېرىش ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئوتلاق بەرپا قىلىش ئارقىلىق يەنە قۇمدىن مۇداپىئەلەنگىلى، تۇپراقنى تۇراقلاشتۇرغىلى ۋە ياخشىلىغىلى، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئارشاڭ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى چاكاندا ئىشخانىسى

★ 8 - ئاينىڭ 27 — 30 - كۈنلىرى ج ك پ ئارشاڭ ناھىيىلىك 11 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ۋاڭ يىلىڭ، لى شىجيې

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىدە. 2001 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 507 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 379 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 693 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.2‰. ئوبلاست بويىچە 312 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ

يەر بولۇپ، 298 مىڭ 200 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 139 مىڭ 700 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت 158 مىڭ 550 گېكتار، كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدە 1319 مۇزلۇق، 57 ئىچكى ئېقىن بار، بۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىر؛ ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 1 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئوبلاست بويىچە 141 مىڭ 560 گېكتار ئورمان، 5 مىليون 780 مىڭ 100 گېكتار ئوتلاق بار. يىلپىز، ياۋا ئېشەك، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئاق بوغۇز بۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، بۈركۈت، قۇماي، سار، ئۇلار، دوغداق قاتارلىق 130 نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 14 خىل، دۆلەتلىك 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 41 خىل. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، زاراڭزا، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سېلانېتس، تۆمۈر، خروم، مىس، سىنك، ئالتۇن، ھاك تېشى، قاش تېشى، كۆل تۇزى قاتارلىق 37 خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جېن شېڭخۇي (8-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چيەن جى(8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن(خۇيزۇ)، جاڭ جىنبىڭ (8-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جى(2.ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پېڭ جيارۇي(8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇ جىنجياڭ(8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ما مىڭچېڭ(خۇيزۇ، 5-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يەن چىن(8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن(خۇيزۇ)، پېڭ جيارۇي، مۇ جىنجياڭ، ما مىڭچېڭ (خۇيزۇ)، يەن چىن.

11-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنخۇا(خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ دېتەي، بەيسارا(ئايال، قازاق)، ۋاڭ پېيخۇا(ئايال، خۇيزۇ)، جاڭ پىڭ، روزى ناسىر، جۇ ۋېنكۇي(خۇيزۇ)، ۋاڭ شۇگېن (2-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ خۇانپىڭ(2-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: لى فۇيۈەن(خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ جىنبىڭ(8-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پېڭ جيارۇي(8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت داۋۇت، مېڭ جاۋتىڭ، قانىدات سابىرقاي(قازاق)، ما دېڭفېڭ(خۇيزۇ)، ياڭ جۇنفېڭ.

سىياسىي كېڭەش 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ سۇڭلىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن چىڭيۇڭ، لۇ خېڭرۇ، يۇ شاڭجى، ئابدۇرېشىت، لى يۇڭلىن، رۇڭ چىڭشۇەن، سەلىم(قازاق)، خەي چېڭرۇ(خۇيزۇ)، لى چېڭيۈەن(خۇيزۇ)، شۇ فۇچىڭ(2-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001-يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 13 مىليارد 374 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 303 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000-يىلدىكىدىن %0.7 كېمەيدى؛ 2-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 113 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.1؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 958 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 914 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %2.83 ئاشتى. 748 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 88 مىڭ 900 توننا پاختا، 33 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان، 456 مىڭ 500 توننا قىزىلچا، 998 مىڭ 100 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 641 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 153 مىڭ توننا گۆش، 6846 توننا قوي يۇڭى، 126 مىڭ 900 توننا سۈت، 32 مىڭ 500 توننا تۇخۇم، 12 مىڭ 500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 8700 گېكتار يەردە ئورمان پەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 215 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 256 مىڭ 900 كىلوۋاتقا، يېزا-بازار كارخانىلىرى 45 مىڭ 719 غا، مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 23 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 491 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %14.83؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 646 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.8 ئاشتى. 3 مىليارد 968 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 728 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 26 مىڭ 217 توننا پاختا يىپ، 19 مىڭ 80 توننا فابرىكا

# مەبلەغ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، تۇنخې شوخلىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرايلى

شوخلا - بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭ پىشقان مېۋىسى كۆكتات ۋە مېۋە ئورنىدا يېيىلىدۇ. يېڭى پىتى يېيىلىدىغانلىرىنىڭ مېۋىسى چوڭراق كېلىدۇ، ئەمما پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغانلىرىنىڭ مېۋىسى كىچىكرەك، شۆپىكى چىڭ كېلىدۇ، تەركىبىدە قىزىل پىگمېنت ۋە ئېرىشچان قاتتىق ماددا كۆپرەك بولىدۇ. شوخلىدىكى قىزىل پىگمېنت ئوكسىدقا قارشى تەبىئىي ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئوكسىدلىنىشقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى سەۋزە پىگمېنتىنىڭكىدىن ۋە ۋىتامىن C دىن ياخشى.

شىنجاڭدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ئۆنۈملۈك يىغىلما تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە شوخلا ئۆستۈرۈشكە ئەڭ باب كېلىدۇ. ئېلىنغان شوخلا تەركىبىدە قىزىل پىگمېنت ۋە ئېرىشچان قاتتىق ماددا كۆپ بولۇش، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، ھاشارات زىيانداشلىقى، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زىيانداشلىقى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ ئەلا سۈپەتلىك شوخلا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان شوخلا قىيامى مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان شوخلا قىيامىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

2001 - يىلغا قەدەر شىنجاڭدا شوخلا قىيامى ۋە شوخلا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ - كىچىك كارخانا 40 تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كارخانىسى 8. 2001 - يىلى شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان شوخلا قىيامى شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان شوخلا قىيامىنىڭ 51% نى ئىگىلىدى.

تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئېچىش، پۇل مۇئامىلە ۋە سېمونت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا. بۇ شىركەت شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1998 - يىلدىن باشلاپ، كاپىتالنى ئايلاندۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق شىنجاڭدا بار بولغان شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى بىرلەشتۈردى، تۇنخې شىخۇ شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى، كۈيتۇن خۇاشىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇنخې ساۋەن شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى، تۇنخې كېلىن شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى(شىخەنزە شەھىرىدە)، تۇنخې ماناس شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى، تۇنخې چاڭتۇڭ شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى(سانجى شەھىرىدە)، تۇنخې بېشبالىق شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى (جىمسار ناھىيىسىدە)، تۇنخې كەيزې شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى (باغراش ناھىيىسىدە) دىن ئىبارەت شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىدىغان 8 كاخانىنى سېتىۋېلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە يېڭىدىن قۇردى، يەنە خېبېي ئۆلكىسىدىكى لاڭفاڭغا كىچىك بولاقلىق

---

قەغىزى، 40 مىڭ 323 تونna قەغەز پەنەركە، 41 مىڭ 279 تونna شېكەر، 20 مىڭ 75 تونna ئىچىملىك - ھاراق(ئاق ھاراق 9139 تونna)، 59 مىڭ 96 تونna شوخلا قىيامى، 89 مىڭ 849 تونna سۇ يېغى، 217 مىڭ 883 تونna ئارىلاشما يەم - خەشەك، 1 مىليون 937 مىڭ 100 تونna سېمونت، 9 مىليون 673 مىڭ 400 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 124 مىڭ 700 كىلوۋاتلىق ئۆزگىرىشچان توك دۋېگاتىلى ئىشلەپچىقىرىلدى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.6% كە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 363 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 25.73% ئاشتى، بىناكارلىق كارخانىلىرى بىر يىلدا 754 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا ئىش باشلىدى، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 123 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 291 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 152 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن سېلىنغان ۋە سېلىنىۋاتقان تۈر 57 گە يەتتى، بۇلارغا جەمئىي 1 مىليارد 566 مىليون

شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش ئىنىسىدىن بىرنى قۇردى. بۇلاردىن كەيزىي شۆبە شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 مىڭ توننىغا، چاڭتۇڭ شۆبە شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 52 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. تۈنخې شىركىتىنىڭ يىللىق شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 250 مىڭ توننىغا يەتتى. ئۇ ھازىر ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە 2 ـ شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش ـ تەمىنلەش سودىگىرىگە ئايلاندى. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان شوخلا قىيامىنىڭ %90 تىن كۆپرەكى ئېكسپورت قىلىنىدۇ. تۈنخې ماركىلىق شوخلا قىيامى شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا سېتىلىپ، دۇنيا شوخلا قىيامى بازىرىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتقا ئايلانماقتا. 2001 ـ يىلى 37 مىليون 400 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. بۇ شىركەت يەنە ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق بازارلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، %36 ـ %38 لىك قويۇقلۇقى يۇقىرى سوغۇق ئېزىلىدىغان، %30 ـ %32 لىك ئىسسىق ئېزىلىدىغان، %28 ـ %30 لىك سوغۇق ۋە ئىسسىق ئېزىلىدىغان شوخلا قىيامىنى ئىشلەپچىقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شوخلا تالقىنى، شۆپىكى سويۇۋېتىلگەن پۈتۈن شوخلا، توغرالغان شوخلا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. مەھسۇلات مىكروبسىز باكقا قاچىلانغاچقا، ئوراش ـ قاچىلاش ئۆلچىمىنى خېرىدارلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تاللىدى. تۈنخې شىركىتى شوخلا پىششىقلاشتا خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە مەشغۇلات قىلىش ۋە سۈپەتنى تىزگىنلەش، باشقۇرۇش تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، ئىلغار باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ۋاستىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، HACCP، ISO9000، ئامېرىكا يەھۇدىي دىنى گۇۋاھنامىسى ۋە يېشىل يېمەكلىك بويىچە A دەرىجىلىكلەر گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ بازارغا كىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى. تۈنخې ماركىسى «مادىرىد كېلىشىمى» گە ئاساسەن، 2001 ـ يىل 7 ـ ئايدا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، روسسىيە فېدراتسىيىسى، ئۇكرائىنا، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت 6 دۆلەتتە خەلقئارالىق ئەنگە ئېلىندى. بۇ ئارقىلىق تۈنخې ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزى ۋە رىقابەت كۈچى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

جۇڭگونىڭ شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بولمىغان ئەھۋالدا تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ھازىر دۇنيادىكى شوخلا ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ دۆلەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى تۈنخې ۋە جۇڭگونىڭ شوخلا قىيامى كەسپىگە خىرىستىن كۆپرەك پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بىراق شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكا، ئىتالىيە قاتارلىق قەدىمىي شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇرۇق، تېرىقچىلىق، ئېتىز پەرۋىشى، ئۈزۈش، توشۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، ماركىلىق، مۇلازىمەت، تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىزدە يەنىلا چوڭ پەرق بار. كارخانىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى، تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىدارى ۋە خەلقئارا بازار ماركىلىق ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ـ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە توشۇلغان يولۇچى 38 مىليون 510 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 264 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 15 مىليون 850 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 431 مىليون تونना ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %26.52 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 277 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 40 مىڭ، ھەر 100 ئادەمگە 18.01 دىن تېلېفون توغرا كەلدى؛ كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 182 مىڭ 500 گە يېتىپ، %220.18 كۆپەيدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 219 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.13 ئاشتى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، توپ ـ پارچە سېتىش سودىسىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 811 مىليون يۈەن، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ 348 مىليون يۈەن، ياسىمىچىلىقنىڭ 317 مىليون يۈەن. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 55 مىليون 331مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 40 مىليون 788 مىڭ دوللار. ئوبلاست بويىچە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرىدىن 4 ى تەستىقلاندى، توختام بويىچە 19 مىليون 744 مىڭ دوللار كىرگۈزۈلدى. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ھەمكارلىق تۈرىدىن 259 ى ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 3 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توختاملىشىلغان تۈر 180 بولۇپ، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان سومما 1 مىليارد 910 مىليون يۈەن.

تۈنجى مەبلەغ سېلىش پاي شىركىتى 1999 - يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا جەھەتتە ھەممىدىن ئاۋۋال ھەمكارلاشقان كارخانا بولۇپ قالدى. بۇ شىركەت پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، «بىلىم + كاپىتال» دىن ئىبارەت ئەلا تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ بوشلۇق ئاچتى.

«قىزىل كەسىپ» نىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە موللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى تېزلىكتە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىجياجۇاڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى بىلەن سەۋزىدىن فۇنكسىيىلىك ساغلاملىق ئىچىملىكى ئىشلەش ھەمكارلىق تۈرىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇلارنى كىرىش ئېغىزى، شوخلا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سەۋزىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى باشلامچى قىلىپ، 2001 -، 2002 - يىللىرى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن خوتەن شەھىرىدە مېۋە ئىچىملىك شۆبە شىركىتى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم، ئانار، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈجمە قاتارلىق ئەۋزەل بايلىقلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىچىملىك سېتىش كارخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مېۋە، كۆكتاتتىن ئىشلىنىدىغان فۇنكسىيىلىك ساغلاملىق ئىچىملىكى جەھەتتە جۇڭگودىكى تۇنجى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتنى ۋە خەلقئاراغا داڭلىق مەھسۇلاتنى ياراتتى. بۇ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پائال رول ئوينىدى.

دېڭ خۇيغاڭ

---

ئوبلاست بويىچە 172 توختام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغدىن 1 مىليارد 535 مىليون يۈەن نەقلەشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 616 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 188 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 34.54% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 12 مىليارد 232 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانىتى 8 مىليارد 380 مىليون يۈەن؛ يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 13 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 48 مىليون 346 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 39 مىليون 898 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 190 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تىنچلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 4 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تىنچلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە 17 مىڭ ئادەم سۇغۇرتىلاندى، سۇغۇرتا كىرىمى 27 مىليون يۈەن ئاشتى، جەمئىي 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، قەرەللىك توشقانلارغا 315 مىڭ يۈەن پۇل بېرىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 27 مىڭ 952، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 11 مىڭ 89. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 33 ى تاماملاندى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4373 (مىللىي 922)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 4894 (مىللىي 1652)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 1497 (مىللىي 224)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 191 (مىللىي 4767)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 109، ئوقۇغۇچىسى 60 مىڭ 500 (مىللىي 18 مىڭ 700)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 387، ئوقۇغۇچىسى 115 مىڭ 700 (مىللىي 3900). مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 20 مىڭ 600 (مىللىي 2508). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8%، باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.4%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 55.31% بولدى. ئوبلاست بويىچە 7441 يېڭى ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىردى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر چېكىدىن ھالقىش نىسبىتى 58.3% كە، قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 83% كە يەتتى؛ تېخنىكوملارغا 2782 ئوقۇغۇچى كىردى. ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ مەملىكەت بويىچە «يېشىللىق مەكتىپى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلىكتە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، بۇ ئارقىلىق بۇ مەكتەپ مەملىكەت بويىچە 105

ئىلغار مەكتەپ قاتارىغا كىردى. ئوبلاست بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 8 مەدەنىيەت سارىيى، 9 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 4 مۇزېي، 10 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.95% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.56% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 64%كە يەتتى. ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 36 سى بولۇپ، 35 مىللىمېتىرلىق يېڭى فىلىمدىن 122 سى، كونا فىلىمدىن 60 ى، 16 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن 47 سى تارقىتىلدى.

ئوبلاست بويىچە 922 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 123، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 31، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 5؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 5140؛ 8390 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 1144). بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 3013 (مىللىي 862).

ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 9 ئالتۇن مېدال، 18 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى. 23 مىڭ 802 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.6% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - ئوبلاست بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3313 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئوبلاست بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 124 مىڭ 131 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 129 يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاستتىكى مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتى 9، مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى 5، نازارەت قىلىش پونكىتى 11. 2001 - يىلى 112 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 14 ى پۈلغا قويۇلدى. پۈتكەن تۈرلەرنىڭ لايىھىدىكى يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 85 مىڭ 400 كۇب مېتىر، كىرەكسىز گازنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى سائىتىگە 355 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 65 مىڭ 500 توننا كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە كۆلىمى 18.47 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 14.42 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

★ 2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە تۇنجى قېتىم مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن 5 ى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى.

★ 2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە تۇنجى ئۇرۇقلاندۇرۇش بازىسى سانجى شەھەرلىك جىياسى سۈت كالىسى فېرمىسىدا قۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، بۇ فېرمىدا ئۇرۇقلاندۇرۇلغان 45 سۈت كالىسى ئوغۇشلۇق موزايلىدى.

★ 2001 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئەرزىيەت ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە ئەرزىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام ئالدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە مۇشۇنداق شەرەپكە سازاۋەر بولغان بىردىنبىر ئورۇن.

★ ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - قۇرۇلتىيى 9 - ئاينىڭ 20 ـ 23 - كۈنىگىچە سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى.

خۇاڭ مېي

## سانجى شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار 4، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 362 مىڭ 11 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 397)، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ 960؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.39‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.57‰. شەھەر بويىچە 41 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 435 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 150 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 36 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 546 مىڭ 100 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 484 مىڭ 100 گېكتار. يىلپىز، موڭغۇلىيە ياۋا ئېشىكى، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 12 خىل ھايۋان؛ قوڭغۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۆلغۈن، ئارقار قاتارلىق دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 42 خىل ياۋايى ھايۋان

# سانجى شەھىرىنى ئاۋات، باي، مەدەنىي، زامانىۋىلاشقان شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن كېيبى



9 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، سانجى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارنى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، ئالدىنقى قاتارنى تالىشىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى، بۇ ئارقىلىق بىر نۆۋەتلىك يېڭى ئۆرلەش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئالدىنقى لىنىيىسىگە ۋە مۇھىم نۇقتىسىغا جايلاشقان شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربىي كەڭ ئېچىش ئىشارەت تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتنى بۇرۇنقىدىن ئىلگىرىلەپ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

## 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر

خەلق ئىگىلىكى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندى. سانجى شەھىرى ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئارا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، يېرا ئىقتىسادى ئۇنىۋېرسال كۈچى، مالىيە كىرىمى جەھەتتە 6 - ئورۇندا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى جەھەتتە 4 - ئورۇندا تۇردى.

كەسىپ قۇرۇلمىسى ئىخچاملىنىپ ئەلالاشتۇرۇلدى ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. ئورۇقچىلىق، قىسىم شوخلىسى يېتىشتۈرۈش، قوغۇن-تاۋۇز، كۆكتات، باغ - ئورمان قاتارلىق ئەۋزەل كەسىپلەر شەكىللەندۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ۋە بازارلاشتۇرۇش دەرىجىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 30.7% كە يېتىپ، 5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. 3 - كەسىپنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئۆي - زېمىن، تېلېگراف، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش ۋە سۇغۇرتا قاتارلىق كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1-، 2-، 3 - كەسىپلەرنىڭ نىسبىتى 5.34: 7.40: 8.24 بولدى.

بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، قارلەيلىسى، چۆچۈكبۇيا، ھىلى، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى، چاكاندا، ئالقات، بۇدۇشقاق قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، گۈڭگۈرت، زەمچە، شور، ھاك تېشى، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار، كۆمۈرنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 5 مىليارد توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 22 مىليون 310 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. تەۋەسىدە 10 نەچچە ئارشاڭ بار. سەيلىگاھلاردىن سۇرباستاۋ ئوتلىقى، ئالتۇن كۆل، نۇرجا، مياۋئېرگۇ، چىڭگىدا كۆلى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، دۆتى ئارامگاھى قاتارلىقلار بار.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن تاۋۇز، قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈم، مۇچ، غول پىياز؛ داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇن، «مەيچۇئېر» ماركىلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى، «شىنتې» ماركىلىق ترانسفورماتور قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شۇگېن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىدى)، يەن كېيبى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. يېزىلاردا يەرنى 2 - قېتىم ھۆددىگە بېرىش ئىشى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىپ، كىچىك سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى جەمەتنىكى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئورمان ھوقۇقىغا دائىر تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. كارخانىلاردا مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى 100% كە يەتكۈزۈلدى. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تۈزۈم ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 34 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى؛ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 36 سى تاماملاندى، 317 مىليون يۈەن كىرگۈزۈلدى.

شەھەر قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بولدى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 16 ئاساسىي كوچا ۋە 10 ئاھالىلىكلەر رايونى كوچىسىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى، شەھەر رايونىدىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 كىلومېتىرغا يەتتى؛ ئاسىيا كىندىكى مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى، تېلېگراف ئۇنىۋېرسال بىناسى قاتارلىق بىر تۈركۈم سىموۋۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلار قىلىندى؛ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، تەبىئىي گازنى تورۋىلاشتۇرۇش، يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىش 2 - زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى. «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنە شەھەر»، «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار شەھەر»، «مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر»، «ئاپتونوم رايون بويىچە باغ - ئورمانلاشقان شەھەر»، «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر»، «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىزلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر» دېگەندەك ناملارغا ئېرىشتى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 53 ى، ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 111 ى، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 139 ى، 3 دەرىجىلىك مەدەنىي ساھەدىن 8 ى بەرپا قىلىندى.

## 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى، نىشان ۋە تەدبىرلەر

يېتەكچى ئىدىيە: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ۋەزىپە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇشنى باش لىنىيە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، غەربنى كەڭ ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شەھەرنى پەن-مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، شەھەرنى سانائەت ئارقىلىق كۈچەيتىش، خەلقنى يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق بېيىتىش، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ۋە رايون ئىگىلىكىنى بىرلىكتە سىلجىتىشتىن ئىبارەت «بەش چوڭ ئىستراتېگىيە»نى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىپ، شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەۋزەل بايلىقلارنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىقتىسادىي كۆلەمنى زورايتىشنى تېزلىتىپ، سانجى شەھىرىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى يېڭىلانغان، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەلالاشقان ۋە دەرىجىسى ئۆسكەن، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى

---

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ما جۈچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قېڭ خەيمىڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 347 مىليون 520مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 817 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.5%؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 413 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.4%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 116 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 247 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.26% ئاشتى. 80 مىڭ 788 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 425 توننا پاختا، 2492 توننا ياغلىق دان، 129 مىڭ 294 توننا قىزىلچا، 11 مىڭ 41 توننا مېۋە (ئۈزۈم 10 مىڭ 121 توننا)، 331 مىڭ 329 توننا كۆكتات

يۇقىرى، ئەۋزەل كەسىپلىرى كۆلەملەشكەن، ئىچكى تاشقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس ... ئىچىۋېتىش دائىرىسى ھەر جەھەتتىن كېڭەيتىلگەن ئىقتىسادتا كۈچلۈك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

كۈرەش نىشانى: شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ؛ ھازىرقى زامان كاخانا تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇلىدۇ؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ھاللىق سەۋىيە ئاساسىدا يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ؛ مەنىۋى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىتىلىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ؛ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر، باغ - ئورمانلاشقان شەھەر ۋە پاكىز شەھەر بەرپا قىلىنىپ، شەھەر زامانىۋىلاشقان، يېزىلار بازارلاشقان، شەھەر - يېزا بىر گەۋدىلەشكەن ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىدۇ.

ئاساسلىق تەدبىرلەر:

1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ، تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇلۇغۋار نىشان تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

1) كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەش تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلىدۇ

(1) 1 - كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش سۈرئىتى تېزلىتىلىدۇ. شەھەر ئەتراپى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۇرۇقچىلىق، قىيام شوخلىسى تېرىش، باغ - ئورمان بەرپا قىلىش، ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىش قاتارلىق ئەۋزەل كەسىپلەرگە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىنىپ، 5 - 10 خىچە داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى يارىتىلىدۇ. ئۈنچى گۇرۇھى، شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى قاتارلىق يېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سانجى شەھىرىگە كېلىپ روناق تېپىشىغا يەنىمۇ مەدەت بېرىلىپ، باشلامچى كارخانىلار يۆلەپ قىلىنىپ، ئۇرۇقچىلىق، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي، قىيام شوخلىسى، باغ - ئورمان، ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، سۈتچىلىك، چارۋا باقمىچىلىقىدىن ئىبارەت 7 كەسىپنى ئوتاشتۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، يېزائىگىلىكنىڭ كەسىپلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ. سۈتچىلىك، بورداقچىلىق، تىۋىت ئۆچكىسى بېقىش، ئالاھىدە باقمىچىلىق، يەم - خەشەك پىششىقلاش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سانجى شەھىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ سۈت ياسالمىلىرى بازىسى، چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى كۈچلۈك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

(2) 2 - كەسىپ كۆلىمى زورايتىلىپ، كۆلەم زورايتىش سۈرئىتى تېزلىتىلىدۇ. ئالاھىدە ترانسفورماتور - توك ئىشلىرى پاي شىركىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ، «تەڭرىتاغ» ئۈنچىلىق گۇرۇھى، «غەربىي دىيار» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا گۇرۇھى، ئاسىيا كىندىكى سودا شەھەرچىسى گۇرۇھى قاتارلىق 3 - 5 كىچە كارخا يۆلىنىپ، يېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوندىكى يېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ۋە دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىنىڭ سانجى شەھىرىدە نۇقتا قۇرۇشى بار كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىدۇ. «داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسى» زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدۇ، 2005 - يىلغىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق ماركىدىن يەنە 10نى يارىتىش

(قىيام شوخلىسى 124 مىڭ 261 توننا) ، 2232 توننا قولماق، 187 مىڭ 154 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 237 توننا تاۋۇز گازىرى، 10 مىڭ 140 توننا ياغيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 508 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 27 مىڭ 161 توننا گۆش، 999 توننا قوي يۇڭى، 152 مىڭ 512 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 32 مىڭ 159 توننا سۈت، 4021 توننا تۇخۇم، 7150 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1813.2 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 914.6 گېكتار. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 356 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، پۇركۇپ، تامچىلىتىپ سۇغۇرىلىدىغان 1120 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. 2867 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى.

شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 158 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 5741گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 202 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 315 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 699 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 18.68% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە سانائەتنىڭ 1 مىليارد 985 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.13% ئاشتى. 923 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن

تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(3) 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، ئۇنىڭ ئىگىلەيدىغان سالمىقى تېز ئۆستۈرۈلىدۇ. بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، قاتناش - ترانسپورت، سودا - مۇلازىمەتچىلىك ۋە ئىجارىكەشلىك، تەقسىملەش - يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ساياھەتچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. مەھەللە مۇلازىمىتى كۈچەيتىلىپ، سودا، يېمەك - ئىچمەك، ئامباردا ساقلاش، قاتناش، ترانسپورت، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، خوجىلىق باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەت سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۆي - زېمىن، ۋاسىتىچىلىك، ئۇچۇر، تېببىي داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي تېزلىتىلىپ، ئەمگەك كۈچى ۋە ئەشيا ئوبوروتىنىڭ سانجى شەھىرىگە جۇغلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سانجى شەھىرى شىنجاڭدىكى خەلقئارا سودا شەھىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

2) ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىگە ھەمراھ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

(1) ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ۋە قوغدىلىپ، ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىنىدۇ. يېڭى ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتتە، سەنتۇنخې دەرياسى سۇغىرىش رايونىدا تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش، يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە مەركىزىي رايوننىڭ سۈيىنى غەربكە يۆتكەش قۇرۇلۇشى ئۇقتىلىق تاماملىنىپ، سەنتۇنخې 4 - نومۇرلۇق سۇ ئامبىرىنى تور قىلىپ تۇرغۇزۇش ۋە ئامبار قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. يۇركۈپ، تېمىتىپ سۇغىرىشقا ئوخشاش تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، سەنتۇنخې دەرياسى سۇغىرىش رايونىدا 13 مىڭ 300 گېكتار يەردە يۇركۈپ سۇغىرىش ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش تورى تاماملىنىپ، لاۋلۇڭخې دەرياسى رايونىدا 13 مىڭ 300 گېكتار يەردە سۇ تېجىلىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلىدۇ. قاتناش قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 6 شەھەر - يېزا يولى، 3 مەخسۇس ئاپتوموبىل يولى ۋە 10 يېزا - كەنت يولىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش تاماملىنىدۇ. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتتە، شەھەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، تەبىئىي گازنى تورۇبا ئارقىلىق ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، يوندىنى بىرتەرەپ قىلىش 2 - زاۋۇتى، شەھەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتىنى ئۈنۈۋېرسال بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق تور ۋە قۇرۇلۇشلار ئۇقتىلىق تاماملىنىدۇ. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوغداش جەھەتتە، 40 مىڭ گېكتار جاڭگاللىقتا يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە دەل - دەرەخ بەرپا قىلىش، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىنى ئوراپ تۇرىدىغان قۇمنى تىزگىنلەش يېشىللىق بەلۋېغى بەرپا قىلىش، 6700 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش، شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش، كۆكەرتىش بەلۋېغى قۇرۇلۇشلىرى ئۇقتىلىق تۇتۇلىدۇ، 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) ئورمان باغچىسى قۇرۇلىدۇ. 95% تىن كۆپرەك ئېتىز يۇقىرى ئۆلچەمدە سالالاشتۇرۇلۇپ، سانجى شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتى يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

(2) شەھەر پىلانلاش، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر باشقۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ. شەھەر پىلانلاش، لايىھىلەش سۈپىتى، شەھەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، كاپىتالنىڭ ئالمىشى ياخشى تۇتۇلۇپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى كېڭەيتىلىدۇ. ئۆي - زېمىن كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ، بەرداشلىق بېرىش كۈچى زور، تەسىرى كۈچلۈك، راۋان بولغان شەھەر فۇنكسىيىسى كاپالەت مۇلازىمەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، شەھەرنىڭ يېشىللىشىش، گۈزەللىشىش،

تەمىنلەندى، 730 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 110 مىڭ توننا سېمونت، 9 مىليون 673 مىڭ 400 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 7203 توننا پاختا يىپ، 23 مىڭ 547 توننا شېكەر، 8979 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 110 مىڭ توننا ئۇن، 11 مىڭ 403 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 488 توننا سىر، 145 توننا فابرىكا قەغىزى، 124 مىڭ 700 كىلوۋات ئۆزگىرىشچان توك دىنۇگاتېلى، 43 مىڭ 750 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى، 17 مىڭ 572 توننا پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن سىم، 176 مىڭ 100 كىلوۋولت - ئامپېرلىق قوغۇشۇن كىسلاتالىق باتارىيە، 133 مىڭ 95 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 29 مىڭ 115 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.6%، شەھەرگە تەۋەسىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.47% بولدى. شەھەر بويىچە بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 607 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 39 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 564 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

پاكىزلىنىش، يورۇقلىنىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. سانجى شەھىرىنى 500 مىڭ نوپۇسى بار، 60 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى باغچىلاشقان، ئېكولوگىيە تېپىدىكى زامانىۋىلاشقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا ئاساسەن، شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇلىدۇ.

(3) كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، يېزا ئىقتىسادى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى بازار قۇرۇلۇشى، نۇقتىلىق تور قۇرۇلۇشى، سانائەت مىكرو رايونى قۇرۇلۇشى ۋە 2 - ، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى كىچىك شەھەر - بازارلارغا نىسپىي مەركەزلىشىشكە جەلپ قىلىنىدۇ. ئۆزگەرتىش بىلەن يېڭىدىن قۇرۇش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىقلار كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. يېزا ئاھالىلىرى ئولتۇراق نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىلىپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىلىدۇ. كىچىك شەھەر - بازار ۋە يېزا ئولتۇراق نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، شەھەر رايونىنى مەركەز، ئەتراپتىكى يېزا - بازارلارنى تىرەك، كەنت - مەھەللىلەر ئاساسىي نۇقتا قىلىنغان 3 قاتلاملىق شەھەرلىشىش ئەندىزىسى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

3) ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، رايون خاراكتېرلىك يۇغۇرۇلما ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئېچىۋېتىش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دائىر نۇقتىئىنەزەر ھېسابلىنىدۇ، «ھەممە ئادەم مەبلەغ سېلىش مۇھىتى بولۇش، ھەممە ئادەم سانجىنىڭ ئوبرازى بولۇش» تەك ياخشى گۇمانىتارلىق مۇھىت زور كۈچ بىلەن يارىتىلىپ، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلىدۇ. كارخانا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىنىڭ ساقلانما ۋە ئاشۇرۇلما مۈلكى ئەڭ زور چەكتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە قىلىنىدۇ. ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىلارنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، مۇكەممەل، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ. مالىيە - باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرى كېڭەيتىلىدۇ. شەھەر - يېزىلاردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ياخشى ئىشلىنىپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تۇرالغۇ ئۆي جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. خەۋەردار چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، باشقۇرۇش ئىلمى، داڭلىق ماركا، ماركىتىنىڭ تورى قاتارلىقلار كەڭ دائىرىدە كىرگۈلۈپ، سانجى شەھىرىنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق تۇەن - مەيدانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلما تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى مېخانىزم ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلىپ، تەڭ ئىلگىرىلەش، تەڭ تەرەققىي قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

4) شەھەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش تېزلىتىلىدۇ.

ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئەۋزەل كەسىپلەردىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئىلغار، ئەسقاتىدىغان تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، پايدىلىنىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش چىڭ تۇتۇلىدۇ. بىئولوگىيە، ئۇچۇر، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق

---

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 55 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 423 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 119 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى كەسپىگە سېلىنغىنى 406 مىليون 320 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 105 مىليون 110 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 740 مېتىر يول ياسالدى، 6.44 كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، شەھەرنىڭ ئايلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 230 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. 23 كىلومېتىر يۇقىرى، ئوتتۇرا بېسىملىق تەبىئىي گاز تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ھويلا - ئارامىلارغا 55 كىلومېتىر تارماق تورۇبا تارتىلىپ، 20 مىڭ ئائىلە گاز بىلەن تەمىنلەندى، تۈنجى تۈركۈمدە 3000 ئائىلىگە گاز يەتكۈزۈلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 502 مىليون 480 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 439 مىليون 430 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 966 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 190 مىليون 803 مىڭ 900

يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۆنۈمدىن پايدىلىنىش كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ. دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى - كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيولى بويىدىكى سانائەت مىكرو رايونى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق سانائەت باغچىسىتايانچ قىلىنغان «بىر باغچا، كۆپ رايون» بولۇشتەك تەرەققىيات گەندىرىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، بۇ رايون دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى جايلاشقان ۋە چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشتە ئەڭ ئاۋۋال تاللايدىغان جايغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. تېخىمۇ بەكرەك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈلۈپ، ياخشى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىلىپ، ئازادە مۇھىتقا تايىنىلىپ، ئىختىساسلىق خادىملار كەلگۈلەمدە جەلپ قىلىنىدۇ. سايا ماتارىيى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ماتارىپنىڭ كەسىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يۇقىرى ساپالىق تەمكەكچىلەر كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

2. «ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

1) ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

2) مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق كەسىپلەر زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

---

يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازار تېلېفونى ئابونېنتى 89 مىڭ 321 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 9772 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 33 مىڭ 800 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 800 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 67 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 69 مىليون 940 مىڭ يۈەن. سودا بازىرىدىن 21 ى بولۇپ، بازارلاردىكى يىللىق يۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 74 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسى 44مىليون 340 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 38 مىليون 180 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 160 مىڭ دوللار. شۇ يىلى تاشقى سودا توختامىدىن 3ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 10 مىليون 608 مىڭ دوللار. 620 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 23 مىليون 560 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 201 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %71. 36 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 187 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28. 37 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 6 مىليارد 155 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 4 مىليارد 288 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 491 مىليون 960 مىڭ يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 15 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 65 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن پۇل 16 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3959 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1415. ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9 ى تاماملاندى. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3752 (مىللىي 633)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 3288 (مىللىي 810)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 184 (مىللىي 31)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 8540 (مىللىي 2824)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 202 (مىللىي 5945). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2211 (مىللىي 675). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 40 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 21، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 2، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 2؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1266؛ 2062 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 293)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 733 (مىللىي 108).

شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەنئەنىۋى مەكتەپلەر ئارا تېز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 2 - بولۇپ، 4 ئالتۇن مېدال

ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەيجى گۇمېسى مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3898 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 193 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 21.2 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 6991 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 14 مىڭ 115 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1933 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇشۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، مۇھىت ئاسراشقا 127 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ كۆلىمى 13.8 كۋادرات كىلومېتىرغا، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 9.8 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

## سانجى شەھەرلىك يۈندىنى بىر تەرەپ قىلىش 2 ـ زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

سانجى شەھەرلىك يۈندىنى بىرتەرەپ قىلىش 2 ـ زاۋۇتى 3 يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رەسمىي پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ، لايىھەدىكى كۈنىگە بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 100 مىڭ تونىنا، يىراق مەزگىللىك پىلاندىكى كۈنىگە ئەڭ كۆپ بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 150 مىڭ تونىنا ئىدى. جەمئىي 159 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى بەرگەن قەرزدىن ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 900 مىڭ دوللار، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 60 مىليون يۈەن، زايومدىن قەرزگە ئالماشتۇرۇلغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن.

بۇ زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، سانجى شەھىرىنىڭ شەھەر باشقۇرۇش تورىدىكى بارلىق يۈندىنى بىرتەرەپ قىلالايدۇ، چىققان سۇ يېزائىگىلىكىدە سۇغىرىش ئۆلچىمىگە يېتىدۇ، ھەر يىلى سانجى شەھىرىنى يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان 21 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، نورمىغا توشقۇزۇپ ماڭسا، يىلىغا 35 مىليون كۇب مېتىر يۈندىنى بىرتەرەپ قىلالايدۇ. يۈندىدىكى بۇلغىمىلارنى يوقىتىش نىسبىتى %90 كە يەتتى، مۇشۇنداق بولغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 مىڭ تونىنا بۇلغىما ئازىيىدۇ.

بىرتەرەپ قىلىشتا ئۆلچەمگە يەتكەن يۈندا 21 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا ئارقىلىق غەربىي شىمالىي تەرەپتىكى دېھقانچىلىق رايونىنى سۇغىرىشقا يەتكۈزۈلىدۇ، پۈتۈن لىنىيىدە 5 توما بار. بۇ لىنىيە سانجى شەھىرىنىڭ ليۇگۇڭ بازىرى ۋە بېگخو، تيەنبا يېزىلىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، لاۋلۇڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

## سانجى شەھىرى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى يۇقىرى قىلىپ بېكىتتى

سانجى ئوبلاستىنىڭ پارتىيە 8 ـ قۇرۇلتىيىدا سانجى شەھىرىنى ئېكولوگىيىلىك باغچىلاشقان، رايون خاراكتېرلىك، زامانىۋىلاشقان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سانجى شەھىرىدىكى يېڭى رايوننىڭ پىلاندىكى دائىرىسى شەرقتە شەھەر قۇرۇلۇۋاتقان رايونغا، غەربتە سەنتۇن دەرياسىغا، جەنۇب ۋە شىمالدا سانجى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي پىلاندىكى شەھەر ئايلانما لىنىيىسىگە تۇتىشىدۇ. دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى يېڭى رايوننى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يېڭى رايوندا كۆل، دەريا بويلىرىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىنىدۇ، دەريانى بويلاپ يېشىل مەنزىرە ئۇق بەلۋېغى شەكىللەندۈرۈلۈپ، بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇ مەنزىرە بەلۋېغى كۆل، دەريا بويى قۇرۇلۇشى بىلەن 5 باغچە رايونى، بىر كۆل رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا 156 گېكتارلىق يېشىللاشقان مەنزىرە بەلۋېغى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. كۆل ۋە دەريا بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەرياغا 6 رېزىنكە توغان، كۆل بويىغا 5 كىلومېتىر چوڭ يول، 10 كىلومېتىر سەيلە يولى ياسالدى، دەريا بويىدا كۆكەرتىلگەن بەلۋاغ 88 گېكتارغا يەتتى، بىر توما ياسالدى؛ 5 باغچە رايونى يەنى 16.8 گېكتارلىق «جىڭگۇاڭيۈەن» باغچىسى، 31.62 گېكتارلىق «جىنچاڭيۈەن» باغچىسى، 13.2 گېكتارلىق «مۇچۇنيۈەن» باغچىسى، 20.1 گېكتارلىق لىخۇاپۇ باغچىسى، 16.6 گېكتارلىق «زېيدىيۈەن» باغچىسىنى، بىر كۆل يەنى 73 گېكتارلىق تيەنچۈەن كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭى رايوننىڭ پىلاندىكى نوپۇس كۆلىمى 162 مىڭ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر 24.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايون ئومۇمىي جەھەتتىن تۇرالغۇ، سودا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا، مائارىپ، كۆرگەزمە قىلىش،

مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە، ئارام ئېلىش ھەر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مەركەزگە پايداش مەركەز ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى رايون قۇرۇلۇشىدا، سانجى شەھىرى يۇقىرى نۇقتىدىن باشلاش، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە ئوتتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، 84 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى، 2002 - يىلدىن باشلاپ شەھەرنىڭ غەربىدىكى يېڭى رايوندا 5.6 كىلومېتىرلىق قول يول ياسىلىدۇ، بۇ يولنىڭ قىزىل سىزىق ئىچىدىكى كەڭلىكى 160 مېتىر، 10 ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدۇ، يولدا كۆكەرتىلىدىغان كۆلەم 60% نى ئىگىلەيدۇ. تارماق يوللارنىڭ قىزىل سىزىق ئىچىدىكى كەڭلىكى 100 مېتىر كېلىدۇ.

★ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ لىيۇگۇاڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار تەسىس قىلىندى.

★ 6 - ئايدا شىنجاڭ «بۈيۈك بۇغدا» يىمەكلىك چەكلىك شىركىتى شىۋېتسىيىدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان «لىلي» سۈت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى «مەيچۈئېر» سۈتى بىلەن تەڭ بازارغا سېلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سانجى شەھىرى بويىچە تولۇق بولمىغان ئەڭ ئاخىرقى كەنت — ئاشىل يېزىسىنىڭ خۇئاگېڭ كەنتىگە توك يەتكۈزۈلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سانجى شەھىرى ئوبلاست بويىچە تۇنجى يىغىۋېلىش - يەتكۈزۈپ بېرىش پونكىتى بىلەن باللارنى يىغىۋېلىپ بېقىش مەركىزى قۇردى.

دۇ خۇيىەن

## مىچۈەن شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشىيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 175 مىڭ 411 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 984)، يېزا نوپۇسى 94 مىڭ 601؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.47‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.13‰. شەھەر بويىچە 13 مىڭ 943 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 6700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مىچۈەن شەھىرى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شالچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. شەھەر بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 125 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 139 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3188 گېكتار ئورمان، 713 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. 23 خىل ياۋايى ھايۋان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز؛ دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۇغا، ئۆلار، قارچۇغا، قارا ئېيىق، جەرەن، لاچىن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، قارلەيلىسى، چۇچۇكبۇيا، ئالقات، گۈلبوغۇن قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ھاك تېشى، تۆمۈر رۇدىسى، ساپال توپىسى، شور قاتارلىقلار بار، بۇ شەھەر مەملىكەت بويىچە كۆمۈر چىقىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە شياشيۈگۇ سەيلىگاھى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى فېڭچېڭ.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما جۈن (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). يې جىلىن (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: ما شيۇڭچېڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ چۇسەي.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 419 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 274 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.4% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 716 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 428 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 467 مىليون 412 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.04% ئاشتى. 68 مىڭ 781 توننا ئاشلىق (شال 61 مىڭ 196 توننا)، 1111 توننا پاختا،

1303 توننا ياغلىق دان (ئاپتاپپەرەس 1109 توننا)، 6064 توننا قىزىلچا، 110 مىڭ 775 توننا كۆكتات، 806 توننا ياڭيۇ، 13 مىڭ 262 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1393 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 214 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 914 توننا گۆش، 354 توننا قوي يۇڭى، 10.7 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 3 توننا تۆگە يۇڭى، 2184 پارچە كالا تېرىسى، 19 مىڭ 874 پارچە قوي تېرىسى، 8798 توننا كالا سۈتى، 432 توننا قوي سۈتى، 5262 توننا تۇخۇم، 1510 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 208 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تېيچاڭگۇ بازىرىنىڭ باجياخۇ، تېيچاڭگۇ كەنتلىرىدىكى ماشىنىلاشقان قۇدۇققا بېسىم بېرىلىدىغان يېرىم مۇقىملاشتۇرۇلغان پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 41.3 گېكتارغا يەتتى؛ 26 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 - سۇ مەنبەسى بويىچە سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 يەردە سۇنى ياخشىلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 1600 ئادەم ۋە 7000 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. 5 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 10 مىڭ 664 كە، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 51 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 719 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 261 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14.11% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 565 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.86% ئاشتى. 1 مىليون 918 توننا كۆمۈر، 1 مىليون توننا كوكس، 176 مىڭ 800 توننا سېمونت، 10 مىڭ 900 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 21 مىڭ 32 توننا پولات ماتېرىيال، 234 مىليون 210 مىڭ دانە خىش، 1100 كۋادرات مېتىر گىلەم، 2023 توننا ئىسپىرتسىز ئىچىملىك، 1800 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 59 مىڭ 440 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 9700 توننا گۈرۈچ، 20 مىڭ توننا ئۇن، 772 توننا بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 95.5% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 405 مىڭ 288 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 293 مىڭ 657 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 548 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 261 مىليون 690 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ تۈر 59، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 600 مىليون 30 مىڭ يۈەن. بۇ 59 تۈر ئىچىدە قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 22، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈر 37. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈر 22. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 11 مىليون 530 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 118 مىليون 290 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 39 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 865 كە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 9145 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5100 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 634 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرى 11 بولۇپ، بازارلاردىكى يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 161 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 289 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 28 مىليون 640 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 80 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14.35%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 110 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.53% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 70 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 662 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 219 مىليون 730 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 6 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 5 مىليون 370 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 12 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 8 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئونۋانى

بارلار 291، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكلىرى 63. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىسى 2 سى، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تېخنىكا نەتىجىسى 3 ى، شەھەر دەرىجىلىك نەتىجىسى 34 ى تاماملاندى. 3 خىل پەن - تېخنىكا ئىختىراچىسىدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئەقلەشتى. شەھەردىكى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 184 (مىللىي 43)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 3889 (مىللىي 802)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 8989 (مىللىي 2997)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 57، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 562 (مىللىي 7013)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2573 (مىللىي 169). بالىلار باغچىسى 19، باغچىدىكى بالا 2118، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 252 (مىللىي 35). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 31 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيىگە كىرگەن ئائىلە 12 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 3 شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانا، 6 يېزا، بازار شىپاخانىسى، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، 167 يەككىلەر ئامبولاتورىيىسى ۋە كېسەل كۆرۈش ئۆيى بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 296؛ 561 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

بىر يىلدا 19 مىڭ 981 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 93.4% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى مىچۈەن شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6013 يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4350 يۈەن بولدى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3800 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9219 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.39 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ 18.66 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە 3668 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى، 8833 ئىشچى- خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېنسىيىگە، دېم ئېلىشقا چىققان 1170 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

مۇشۇ يىلى 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 13 ى تاماملاندى. كۆلىمى 12.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 8 ى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 7 گە يەتتى، ئۇلاردىن 3 ى 2 - خىل رايون، 4 ى 1 - خىل رايون.

★ 1 - ئايدا شىنجاڭ تۇنجى قۇرۇلۇش گۇرۇھى قۇرۇلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مىچۈەن شەھىرى دۆلەت تەرىپىدىن جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قېزىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مىچۈەن شەھەرلىك خەلق باغچىسى پۈتتى. بۇ باغچىنىڭ قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشلانغانىدى، جەمئىي 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 26.7 گېكتار كېلىدۇ.

لىۋ يىڭ، جاڭ دېڭخۇا

# فۇكاڭ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 4، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى شەھەرگە تەۋە نوپۇس 100 مىڭ 219 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 83)، يېزا نوپۇسى 64 مىڭ 172؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.56‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.84‰. شەھەر بويىچە 20 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كېلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كېلىماتىغا كىرىدۇ.

فۇكاڭ شەھىرىدىكى ئېگىز تاغلىق رايوندا 54 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 55 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 194 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 187 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 52 مىڭ 500 گېكتار ئورمان، 775 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. يىلپىز، ئۆلار، سۆلەيسۈن، بۇغا قاتارلىق 70 نەچچە خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى، قارلەيلىسى، كىرەش،

قانتېپەر، سوغىكۆل، ھىلى، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. نېفىتنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 1 مىليارد توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى نەچچە يۈز مىليارد توننىغا، كۆمۈر زاپىسى 6 مىليارد 900 مىليون توننىغا يېتىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن تەڭرىتاغدىكى بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى بار، ئۇنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جېندى.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شى جۇنىڭ.

شەھەر باشلىقى: يىن گۇاڭلىڭ.

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چېڭخۇا (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەرگە تەۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 695 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 280 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 407 مىليون 945 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.16% ئاشتى. مەھسۇلاتى زاكاس يېزا ئىگىلىك كۆلىمى 62.1% كە يەتتى. 68 مىڭ 890 توننا ئاشلىق، 4953 توننا پاختا، 3487 توننا ياغلىق دان، 6773 توننا قىزىلچا، 11 مىڭ 595 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1440 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 347 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 531 توننا گۆش، 574 توننا قوي يۇڭى، 4472 توننا سۈت، 2048 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 350 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 490 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، قۇمنى قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان كۆلىمى 13 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 120 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. سانجى ئوبلاستىنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 - بولدى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 780 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تىزىمغا ئالدۇرغان يەككە، خۇسۇسىي كارخانىسى 165 كە يېتىپ، 30% كۆپەيدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 731 مىليون 501 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.88%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.1% ئاشتى. 109 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 180 مىڭ توننا كۆمۈر، 30 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 14 مىڭ توننا سۇ يېغى، 1361 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 2504 توننا شوخلا قىيامى، 578 مىڭ توننا سېمونت، 1560 توننا ئېلېكترولىزلانغان نىكېل، 3480 توننا ئېلېكترولىزلانغان مىس ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.33% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 174 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 78 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 427 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 183 مىليون 510 مىڭ يۈەن. تيەنلۇڭ كانچىلىق شىركىتىنىڭ 100 مىڭ توننا ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، فۇمىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، قۇمۇل كانچىلىق گورۇھىنىڭ كۆمۈر قېزىش كارخانىسىنى كېڭەيتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتى. يېڭىدىن ئاشقان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: قېزىلغان كۆمۈر 300 مىڭ توننا، گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمى 25000 × 4 كىلوۋات، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 6 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن تاشيول بىر كىلومېتىر، شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېيىغا 260 مىڭ توننا. يۈك ئوبوروت مىقدارى 170 مىليون 490 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 89 مىليون 80 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 31 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 37 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4482 گە يەتتى، ھەر 100 ئائىلىگە 24 تىن تېلېفون توغرا كەلدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پاچە سېتىلىش سوممىسى 507 مىليون يۈەنگە يەتتى. 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بوغدا كۆلى

مەنزىرىلىك رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەلەر قۇرۇلۇشى پاكىتلاندى. «فۇكاڭ شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈلدى. 850 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 98 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 92 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 18.8% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 97 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.7% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 883 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 864 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 598 مىليون 210 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 146 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 816 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 15 مىليون 330 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 2 مىليون 362 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 169 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 193 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1775، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1062. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 34 پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى، 3 تۈر ئوبلاست بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلغىنىغا 10 يىل بولغان «قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى» دە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا مۇنەۋۋەر ناھىيە (شەھەر) بولۇپ باھالاندى. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 617 (مىللىي 90)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1761 (مىللىي 424)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 5524 (مىللىي 1528)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 612 (مىللىي 3315)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1901 (مىللىي 613). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۇنىۋېرسال تەجرىبە بىناسى سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

شەھەردىكى دوختۇرخانا 12، يەككە ئامبۇلاتورىيە 52، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 312؛ 385 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 98). بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 164 (مىللىي 37).

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قىشلىق تېز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە زىنچۇەنزى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ تېز تېيىلىش كوماندىسى بىر ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى. كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 3 - بولدى. 5 - ئايدا فۇكاڭ شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىدە 4 تۈر تەسىس قىلىندى. 7 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنلىرى فۇكاڭ شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى ئارا مەدەنىيەت، تەنتەربىيە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. ئۇنىڭدا ئاقسىلار ئېيتىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. 8 - ئايدافۇكاڭ شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ يىلى 14 مىڭ 25 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 93.5% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4374 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4104 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3533 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9407 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 2933 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 9861 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تولاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1477 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تولاشقا قاتناشتى. شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 90% كە يەتتى، 652 مىڭ يۈەن ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىگە 230 مىڭ يۈەن ئەلگە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىلدى.

مۇشۇ يىلى 2 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتتىكى بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ كۆلىمى 4.62 كۋادرات كىلومېتىرغا، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن كۆلەم 4.62 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يوندىنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇت يىلىغا

15 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىرتەرەپ قىلالايدۇ.

★ 1 - ئايدا فۇكاڭ شەھىرى 1999 - 2000 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

جۇ جيەننەن، دۇەن جيافېن

# ماناس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىيول مۇساپىسى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 4. يىل ئاخىردىكى نوپۇس 131 مىڭ 480 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 89 مىڭ 593؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.03، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.23. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 952 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6573 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 35 مىڭ 783 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ماناس ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق - پاختا بازا ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ بايلىقى 501 مىليون 530 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 60 مىڭ 86 گېكتار ئورمان، 580 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، رەۋەن، قانتېپەر، كەتىرا، پەربۇن، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 280 نەچچە خىلى بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن سانائەتتە ئىچىپ پايدىلىنىش قىممىتى بولغانلىرىدىن پىرت، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار، ئۇلاردىن كۆمۈرنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 1 مىليارد 600 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تاسىرقاي دەرياسى شىمېڭزا سۇلۇقسايدىكى قىياتاش رەسىملىرى، سارچوقا قىياتاش رەسىملىرى، كىرىمنىلىق ياغاچ سايابەت نۇقتىسى، تاسىرقاي دەرياسى شارقىراتمىسى، تاسىرقاي دەرياسى دۇمولاق تۆبە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ساكلار دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق)، ئون تۈتۈن گەممىسى مەنزىرە رايونى، چېلۈگۈ مەنزىرە رايونى، بېيۇۋچا قۇملۇق مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىنجى.

ھاكىم: جۇ بىڭۋېن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېي خۇيىلىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 565 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 665 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.3 ئازايدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 735 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.8 ئازايدى. 42 مىڭ 583 توننا ئاشلىق (بۇغداي 16 مىڭ 777 توننا، كۆممىقوناق 25 مىڭ 441 توننا)، 924 توننا ياغلىق دان، 40 مىڭ 606 توننا ساپ پاختا، 14 مىڭ 286 توننا ئۈزۈم، 93 مىڭ 718 توننا شوخلا ئېلىندى. 849 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 401 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 868 توننا گۆش، 18 مىڭ 86 توننا سۈت، 14 مىڭ 57 توننا تۇخۇم، 780 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 6667 گېكتار يۇقىرى ئۆلچەملىك سالائېتىز بەرپا قىلىندى، 2000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 1333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 180 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 941 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 315 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 758 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %26 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى. 3 مىليارد 543 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 503 مىڭ توننا كۆمۈر، 4730 توننا پاختا يىپ، 14 مىڭ 15 توننا

پاختا تىرىپى، 12 مىڭ 922 توننا شوخلا قىيامى، 41 مىڭ توننا ئۇن، 4416 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 420 توننا ئاق ھاراق، 43 مىڭ 455 توننا ساپ پاختا، 17 مىڭ 127 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 88% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 71 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 121 مىڭ 537 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 106 مىڭ 478 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 346 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 10% ئاز. شۇ يىلى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەردىن شىنتيەن ئۈزۈمچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 134 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 20 مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى؛ ماناس توك چىقىرىش چەكلىك شىركىتىنىڭ 40 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى 11 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان جاڭجۇ يېڭى كەنتى؛ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ 12 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاتلىلىك بىناسى ۋە تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىش تۈرى؛ ناھىيىلىك خۇڭتا ئېلېكتر تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 29 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىمېڭزا سۇ ئامبىرى توسما ئارقا ئېلېكتر ئىستانسىسى؛ شىنجاڭ ساقلانغان ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 15 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىركەتنى كۆچۈرۈش تۈرى؛ ناھىيىلىك ماناس دەرياسى باشقارمىسىنىڭ 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بەيتۇكالىڭ سۇئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى؛ ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ 198 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تاسىرقاي دەرياسىدىكى شىمېڭزا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى بار.

بۇ يىل 20 ھەمكارلىق تۈرى كىرگۈزۈلدى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغدىن 108 مىليون يۈەن نەقلەشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون 830 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 211 مىليون 310 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 658 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ئورنىتىلغان تېلېفون 34 مىڭ 6 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 600 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 338 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 12 مىليون 790 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 96 مىليون 380 مىڭ يۈەن. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 82 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 170 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 83 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 828 مىليون 310 مىڭ يۈەن. ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 90 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 23.51%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 120 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.34% ئاشتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 8 مىليون 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 940 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە 24 مىليون 510 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 13 مىليون 790 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئىش ئورنىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1114. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 191 (مىللىي 2026)، ئوقۇتقۇچىسى 870؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 7798 (مىللىي 1395)، ئوقۇتقۇچىسى 637؛ بالىلار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 1149 (مىللىي 232)، ئوقۇتقۇچىسى 155؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 51. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 4 (قارىمىقىدىكى ئامبولاتورىيە 6)، يېزا - بازار شىپاخانىسى 12 (قارىمىقىدىكى ئامبولاتورىيە 7)، يەككە ئامبولاتورىيە 72؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 211؛ 534 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 85)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 297 (مىللىي 42).

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى سانجى ئوبلاستلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 2 تۈردە 1 - دەرىجىلىك، 5 تۈردە 2 - دەرىجىلىك، 6 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4006 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9757 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 3747 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8780 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لەنجۇۋەن يېزىسى بازار قىلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇگۇلۇڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي تەۋەلىكى ماناس بازىرىغا قوشۇۋېتىلدى.

يەن يىگچۈن

## قۇتۇبى ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 129 مىڭ 464 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ 457)، يېزا نوپۇسى 85 مىڭ 512؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.98‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.46‰. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9160 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 710 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 458 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەبىئىي تولۇقلىنىش مىقدارى 220 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 24مىڭ 123 گېكتار ئورمان (بەرپا قىلىنغان ئورمانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.55% كە يېتىدۇ، 745 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار. 28 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، ئۇۋ لاچىنى، قىزىل لاچىن، سېرىق بۈركۈتتىن ئىبارەت 7 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلاردىن بۇغا، جەرەن، ئۇلار، ئاق قۇ، مۇشۇك ياپىلاق قاتارلىقلار بار. 73 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئالقات، زاراڭزا، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. قېزىلما بايلىقلىرى كۆمۈر، تەبىئىي گاز، نېفىتنى ئاساس قىلىدۇ. سەيلىگاھلاردىن كاڭجيا شىمىڭزا قيالىتاش رەسىملىرى، تاش قەلئە، قىزىلتاغ ساياھەت ئارامگاھى، شياۋشىگۇ قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈەن جۈن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇ بياۋ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈەن جۈن (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن يۈشۇ (10 - ئايدا مۇۋەققەت مۇدىر بولدى).

ھاكىم: سۇ بياۋ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شى يەنلىڭ (ئايال، 7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياۋ ۋېنبىن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 166 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 466 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.8%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 313 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34.7%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 387 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 859 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.74% ئاشتى. 66 مىڭ 659 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 638 توننا ساپ پاختا، 1277 توننا ياغلىق دان، 75مىڭ 525 توننا قىزىلچا، 1633 توننا مېۋە، 1839 تونناكۆك تاماكا، 131 مىڭ 667 توننا كۆكتات، 37 مىڭ 373 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 477 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 933 توننا گۆش، 904 توننا قوي يۇڭى، 112 مىڭ 841 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 47 مىڭ 898 توننا سۈت، 728 توننا تۇخۇم، 2350 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 640 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىتىزى يېزىسىدىكى ئاۋېيتەن ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ



قۇتۇبى ناھىيىسى 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەدەنىيەت مەيدانىدا 1 - ئىيۇن باللار بايرىمى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.
جاڭ شىجياڭ فوتوسى

سېلىنغان قۇتۇبى دەرياسىدىن مايتاغقا سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ تومىسى پۈتكۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 181 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 5466 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 112 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 256 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 772 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %98.17، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 229 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.7 ئاشتى. 853 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 139 مىڭ توننا سېمونت، 17 مىڭ 700 توننا ئۇن، 10 مىڭ 295 توننا سۇ يېغى، 197 توننا توڭلىتىلغان يېڭى گۆش، 102 توننا گۆش ياسالمىلىرى، 148 توننا سۈت ياسالمىلىرى، 10 مىڭ 257 توننا سۇزۇلگەن سۈت، 8416 توننا كىراخمال، 20 مىڭ 627 توننا ساپ پاختا، 14 مىڭ 673 توننا ساپ پاختا يىپ، 50 مىڭ پار ئاياغ كىيىم، 2055 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3000 توننا قەغەز بۇيۇم، 2172 توننا ئاق هاراق، 40 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 1662 دانە ياغاچ ئۆي جاهازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %87.4 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 106 مىڭ 276 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 75 مىڭ 577 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 408 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى 127 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پاختا توقۇمىچىلىق ئىقتىدارىنى 40 مىڭ ئۆرچۈقىقا يەتكۈزدى؛ شىنتيەن كېۋىن بېدىدىن دانىچە يەم - خەشەك ياساشقا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 50 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى هازىرلىدى؛ قۇتۇبى شىمالىي شىنجاڭ ئۇن - ياغ سودا - سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۈنىگە 150 توننا بۇغدايني بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى؛ 13 مىليون 718 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي سىغىمى 20 مىڭ كىلو ۋولت ئامپېر كېلىدىغان قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ دافېڭ بازىرىدىكى 110 كىلوۋولتلىق ترانسفورماتور پونكىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ خۇگېشىن نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئۆيۈنۈپ ئاجرىتىپ چىقىرىلىدىغان ماي تۇرىگە 14 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ دۇپېيكى پاكىز ئېنېرگىيە شىركىتى 13 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى؛ ناھىيە بازىرىدىكى شەرق شامىلى يولىنى ئۆزگەرتىشكە 17 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 52 مىليون 620 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 56 مىليون 350 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 208 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 19 مىڭ 107 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 332 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 67 مىليون 400 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرى 7 گە، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 113 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 157 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 10 مىليون 683 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 56 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن

15.13%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 93 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.38% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 885 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 959 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 737 مىليون 810 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى (جۇڭگو مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بىلەن جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 16 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 5 مىليون 965 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەش قارار قىلىندى، قەرەلى توشقانلارغا 1 مىليون 673 مىڭ يۈەن قايتۇرۇلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2623، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 825 (ئالىي دەرىجىلىكلەر 66). شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 133 (مىللىي 17)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 3146 (مىللىي 297)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 5829 (مىللىي 2434)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 205 (مىللىي 4732). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.6% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 11 مىڭ 100 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى، شىپاخانا 9، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر؛ سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 566؛ 442 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 131.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4118 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8878 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 6145 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8468 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 2822 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

106 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھتاجلىقنى بۆلۈشتۈرۈش تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى.

★ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يۈەنخۇ بازىرىنىڭ نامى يۈەنخۇسۇن بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

★ 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان ۋېيرىڭگۇ جىلغىسىدىكى ئورمانلىق تويۇقسىز قويۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، 1000 تۈپچە قەدىمىي دەرەخ نابۇت بولدى.

★ 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالدى تاغ تەرەپتە تويۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ، دافېڭجېن بازىرى بىلەن ۋۇگۇڭتەي يېزىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا قىيان كەلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 25 مىليون يۈەنگە يەتتى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋۇگۇڭتەي بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار تەسىس قىلىندى.

★ 2001 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى قۇتۇبى ناھىيىسىگە «2000 ـ 2001 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

شۇ مىڭشىڭ

# جىمسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 115 مىڭ 193 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 36 مىڭ 72). يېزا نوپۇسى 89 مىڭ 459؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.11‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.84‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 650 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 45.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزغا تېرىلغىنى 2826.7 گېكتار)، 15 مىڭ 939.2 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا

مۇتەدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە ياۋا ئېشەك، جەرەن، قىزىلغاز قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار، سوغىگۈل، قارلەيلىسى، توشقان زەدىكى قاتارلىق 170 نەچچە خىل قىممەتلىك جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، پىروفىللىت، پېرلىيىت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ۋۇسەيۈەندىكى ياردانگلىقلار، قاراماي تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانات تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، جۇڭگو پىرژېۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىش مەركىزى، تالڭ دەۋرىدىكى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قەلئەسى خارابىسى قاتارلىقلار بار.

ناھىيىنىڭ سامساق، زاراڭزا، بۆلجۈرگەن، ياڭيۇ قاتارلىق ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ خېلى داڭقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ فېڭشەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لىن دېگۈي.

ھاكىم: ۋاڭ ۋېنخەي.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى خۇەيبىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، جاڭ فېڭشەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 650 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 304 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 284 مىليون 147 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.9% ئاشتى. 67 مىڭ 975 تونا ئاشلىق، 2168 تونا پاختا، 106 تونا ياغلىق دان، 3062 تونا قىزىلچا، 50 مىڭ 256 تونا ياڭيۇ، 5609 تونا ئاپتاپپەرەس، 193 مىڭ 504 تونا كۆكتات، 27 مىڭ 965 تونا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 460 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 589 تونا گۆش، 790 تونا قوي يۇڭى، 146 مىڭ 88 پارچە تېرە، 5767 تونا سۈت، 3213 تونا تۇخۇم ئېلىندى، 355 تونا بېلىق تۇتۇلدى، 2 مىليون 381 مىڭ 900 يەرلىك توخۇ بېقىلدى، 963 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 764 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 250 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 8133.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 123 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.9%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.8% ئاشتى. 22 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 218 مىڭ تونا كۆمۈر، 1984 تونا ئاق ھاراق، 4859 تونا ئىنەك بوزيوم، 4570 تونا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 2410 تونا شوخلا قىيامى، 1077 تونا يۇمشاق ئىچىملىك، 4100 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلما، 40 مىڭ تونا ئۇن، 3968 تونا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 71 مىڭ 93 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 44 مىڭ 3 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 145 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 51 مىليون 740 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 600 مىڭ تونا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 52 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 990 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون يۈەنگە، مۇقىم تېلېفون 15 مىڭ 651 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى ئابونىتى 8181؛ كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 23 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 47 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 79 مىليون 80 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرى 8 گە بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۇتتۇشۇلگەن سومما 48 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 162 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 12 مىليون 960 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 47 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 27%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى

92 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 354 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 409 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 345 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 8 مىليون 860 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 3 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 340 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 765. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى، پەن - تېخنىكا خىزمىتى دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 6524 (مىللىي 1653)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 527 (مىللىي 16)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 52، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 569 (مىللىي 3987)؛ مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ جىمسار شۆبىسى بىر، كۇرسانتى 90. ناھىيىدىكى ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1516 (مىللىي 367). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %32 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا 2، يېزا - بازار شىپاخانىسى 8، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 264؛ 247 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 61)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 122 (مىللىي 24).

2001 - يىلى 13 مىڭ 55 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 90 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2559 يۈەنگە يەتتى، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2465 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6049 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 851 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان ۋە شاۋقۇندىن ئىبارەت «ئىككىنى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون» دىن 12 سى بەرپا قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 3.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيتىڭ يېزىسى بازار قىلىندى.

نىڭ گوفۇ، ياڭ يۈشيۇ

# گۈچۈڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۈچۈڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تېغى تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 207 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 192 مىڭ 574 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 48 مىڭ 890)، يېزا نوپۇسى 143 مىڭ 115؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.77، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.94. ناھىيە بويىچە 74 مىڭ 670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 47 مىڭ 790 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 733 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 37 مىڭ 793 گېكتار ئورمان، 85 مىڭ 733 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 40 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئىچىدە

دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بىلىمىز، موڭغۇلىيە ئېشىكى، سايىگا بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئوتلاق مۈشۈكى، سۇلەيسۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئوتلاق بۈركۈتى قاتارلىقلار بار. 316 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. ئاساسلىقى سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قارلەيلى قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، مالاك تېشى، شور، سۈزمە تاش، يېشىل يالتىراق تاش، خروم، تۆمۈر قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى جياڭجۈن سېيىغا جايلاشقان «دىنازاۋۇز ماكانى» ۋە شامالدا شەكىللەنگەن «نوم شەھىرى» (شەيتانكەرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نەنسەن ئورمان باغچىسى، ئارامگاھ قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت سۇلى قەلئەسى خارابىسى، تاڭ قەلئەسى خارابىسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقتىكى چوڭ بۇتخانىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ياڭيۇ، توشقان زەدىكى، سوغىگۈل قاتارلىقلار، دائىلىق مەھسۇلاتلاردىن گۈچۈڭ ماركىلىق بىر يۈرۈش ئاق ھاراق، شۈەيچى ماركىلىق ئالاھىدە بۇغداي ئۇنى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جك پ گۈچۈڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تېيىمىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جىن ۋەنچاۋ.

ھاكىم: جاڭ جىبندى (2000 - يىلى 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ فالىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما جىلى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 881 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 448 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 288 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 826 مىليون 71 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.5 ئاشتى. 261 مىڭ 69 توننا ئاشلىق، 13مىڭ 539 توننا ياغلىق دان، 207 مىڭ 415 توننا قىزىلچا، 1355 توننا مېۋە، 79 مىڭ 361 توننا كۆكتات، 16 مىڭ 573 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 631 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 26 مىڭ 500 توننا گۆش (ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى)، 1388 توننا قوي يۇڭى، 95 مىڭ 457 پارچە قوي، كالا تېرىسى، 8577 توننا سۈت، 2200 توننا تۇخۇم، 16 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 2838 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 438 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1050 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 113 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 307 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

يېزا - بازار كارخانىسى 5607 گە، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 537 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 123 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 402 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.58، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئاشتى. 7 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 237 مىڭ 791 توننا كۆمۈر، 1844 توننا تۇز، 59 مىڭ 600 توننا ئۇن، 17 مىڭ 732 توننا شېكەر، 3644 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 8298 توننا سۇ يېغى، 1688 توننا ئاق ھاراق، 52 مىڭ 700 توننا سېمونت، 17 مىڭ 164 توننا ئارپا ئۈندۈرمىسى، 2 مىليون 420 مىڭ توننا تورۋا سۈيى، 1688 توننا ئىچىملىك - ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %88.77 كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 179 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 119 مىڭ 558 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 69 مىڭ 993 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 124 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 64 مىليون 740 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 16 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر ئاشۇرۇلدى، 66.89 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، 20 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 22 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 50 كىلومېتىر خەۋەرلىشىش كابېلى

تارتىلدى، ناھىيە بازىرىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 10 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 301 مىليون 380 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 264 مىليون 280 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 19 مىڭگە، يېزا تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭگە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 8000 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 252 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 15 مىليون 860 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 157 مىليون 920 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرى 16 گە، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 180 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 144 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 362 مىڭ 300 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 781 مىڭ 700 دوللار. 216 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 34 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.9؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %93.31 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 895 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 903 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانىتى 713 مىليون 150 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 23 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلك سۇغۇرتىسىنىڭ 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 19 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 6 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4239، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1426. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 379 (مىللىي 25)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 3841 (مىللىي 1125)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 505 (مىللىي 3037)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 74، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 313 (مىللىي 5913). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2540 (مىللىي 971). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ ئويۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %24كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4 دوختۇرخانا (خۇسۇسىيلار دوختۇرخانىسى بىر)، 14 شىپاخانا، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 210 يەككە ئامبولاتورىيە بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 361؛ 575 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 140)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 259 (مىللىي 82).

بىر يىلدا 3 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىر قېتىم، دېھقان ـ چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىر قېتىم، ياش ـ ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىر قېتىم، بۇ مۇسابىقىلەرگە 2940 كىشى قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 154 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98.8 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 109 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيىسى 3772 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2667 يۈەنگە ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيىسى 1775 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.6 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 4313 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5013 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1502 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا چىققانلار 44.

بىر يىلدا 4 مىليون 945 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. كۆلىمى 8.86 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس ـ تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 36 سى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 27 بولۇپ، 6.86 كۋادرات

كىلومېتىرغا يەتتى. 2001 - يىلى ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە باھۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش يەككە تۈر لوڭقىسى مۇكاپاتىغا، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە مۇنەۋۋەر ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 6 - ئاينىڭ 20 ـ 22 - كۈنلىرىدە ج ك پ گۇچۇڭ ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 2001 -يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى بېلىيۇخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ - تۇپرىقنى ساقلاش قۇرۇلۇشى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يولغا قويۇلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، كۆلىمى 2614 گېكتار كېلىدۇ.

★ 2001 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسى گۇاڭجۇ ماۋشىن سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن كەندىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش توغرىلىق كېلىشىم ئىمزالىدى. گۇاڭجۇ ماۋشىن سودا چەكلىك شىركىتى ئەلا سۈپەتلىك كەندىر ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلىدى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، گۇچۇڭ ناھىيىسى خام ئەشيا بازىسى قۇرۇلۇشى قىلدى ھەمدە ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىلەن تەمىنلىدى. يىل ئاخىرىغىچە فابرىكىغا 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ 2001 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە «زامانىۋى مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى» دەپ نام بەردى، بۇ مەكتەپ يەنە «ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۈلگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ» بويىچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە رەسمىي 1 - دەرىجىلىك ئۈلگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى.

شۇ ۋېيلىڭ

# مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3 (2000 - يىل 12 - ئايدا دۆڭچېڭ يېزىسى بازار قىلىندى)، يېزا 8، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 86 مىڭ 693 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 677)، يېزا نوپۇسى 60 مىڭ 530؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰34.5. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 624.5 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 30 مىڭ 219.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزگە تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 914.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 103 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 88 مىليون 890 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 20 مىڭ 753.44 گېكتار ئورمان بار. دۆلەتلىك 1، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە ئېشىكى، بۆغا، يىلپىز، قوڭغۇر ئېيىق، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 400 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى قار لەيلىسى، بىنەپشە گۈللۈك سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، ئادەمگىياھلاردىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، سىدېرىت، خروم - تۆمۈر، ۋولفرام، زېئولىت، مىس، سىنك، كۈمۈش، ئالتۇن، خىرۇستال، چىرىمتال، تاشپاختا، سۈرمە تاش بار. سەيلىگاھلاردىن ناھىيە بازىرىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئۇتلاڭغى» - موڭغۇل ئۆيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان توغراقلىق، مورى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى تۇتىشىدىغان جايدىكى ئاۋازلىق قۇمتاغ ۋە مەنزىرىسى ئۆزگىچە شىرېنزى ئارامگاھى بار.

ناھىيىنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدىن ھىڭ موگۇسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ فۇچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جانىس (قازاق).

ھاكىم: قابىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يۇڭچۈەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 392 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 216 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %7؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.5؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 422 مىليون 464 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 28 مىڭ 751 توننا ئاشلىق، 1145 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 600 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 809 توننا گۆش، 1246 توننا قوي يۇڭى، 258 مىڭ 200 پارچە قوي، كالا تېرىسى، 975 توننا تۇخۇم، 1087 توننا ئۆي قۇشلىرى گۆشى ئېلىندى. 3.5910 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 147 مىليون 141 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 44.733 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 150 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 98 مىڭ 428 كىلوۋاتقا، يېزا ـ بازار كارخانىسى 1938 گە، مەھسۇلات قىممىتى 153 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %19.76 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 16 مىليون 757 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. 148 مىڭ توننا كۆمۈر، 625 توننا تۇز، 11.7 توننا سۈت يېغى، 76 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 80 مىڭ قۇر يۇڭ پوپايكا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 495 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 298 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 37 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ، 26 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. لوڭخۇاگمياۋ سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، 19 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئامبار سىغىمى 4 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈننى تەڭشەش ئىقتىدارى 9 مىليون كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى. دامبىنىڭ دولقۇن مۇداپىئە تېمى بىلەن كەلكۈن چۈشۈرگۈسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بىر يىلدا يۈك ئوبوروت مىقدارى 157 مىليون 950 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 206 مىليون 160 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 9133 كە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 3454 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3269 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 123 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 12 مىليون 395 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 62 مىليون 193 مىڭ يۈەن. 78 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون 825 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 8 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %18.27 ئازايدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 90 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %39.4 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 285 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 212 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 186 مىليون 140 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون 318 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 318 مىڭ 800 يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2152، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 714. شۇ يىلى ۋىلايەت ـ ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 17 سى تامالاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 959 (مىللىي 394)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 5011 (مىللىي 1733)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 38، ئوقۇغۇچىسى 8785 (مىللىي 3549). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1687 (مىللىي 631). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 107 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى

قاپلاش نىسبىتى 95% كە، بازارلاردا سىنىلىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭيى دوختۇرخانىسى، شىپاخانا 12، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 140؛ 278 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 65)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 145 (مىللىي 38).

11 مىڭ 513 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 99% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2265 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 783 يۈەنگە يەتتى. 1573 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 3647 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 659 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

چېن ئەيچېن

# تۇرپان ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە. 2001 ـ يىلدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 559 مىڭ 240 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 427 مىڭ 692). يېزا نوپۇسى 340 مىڭ 244. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.69، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.19. ۋىلايەت بويىچە 33 مىڭ 927 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 21 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. 23 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئۈزۈم تىكىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 933 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 239 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 127 مىڭ 458 گېكتار ئورمان، 768 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، يىلپىز، جەرەن، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كىرەش، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، يانتاق شېكىرى، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، تۇز، شور، ئالتۇن، مىس، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، بۇيلۇق، يالقۇنتاغ، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، كارىز سەيلىگاھى، قۇمتاغ باغچىسى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئايدىڭكۆل، چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قاتارلىقلار بار.

يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئۈزۈم، قوغۇن، ئۈزۈن تاللىق پاختا بار. داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كىرورەن ماركىلىق شېكەرسىز قىزىل ئۈزۈم ھارىقى، شېكەرسىز ئاق ئۈزۈم ھارىقى، مەرگىمۇش قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلا قاسىم، سۇن چاڭخۇا، لى مىڭ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۈسۈپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مۇھەممەت روزى، دۇڭ خېمىڭ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئابلا قاسىم؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ليۇ شىنمىن، خۇاڭ ليۇچۈەن (10 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ لۇنى (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاڭ جىجۇڭ، جۇرئەت ئىمىن (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خاۋ چاڭشۇن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مۆمىن رۇستەم، شېن رۇيشىڭ، توختى روزى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە يەتتى (3 مىليارد 527 مىليون يۈەن يەرلىككە تەۋە)، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 782 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 7.82%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 848 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.3%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 497 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، %97 .14 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 358 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3 كېمەيدى. 87 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 1314 توننا ياغلىق دان، 373 مىڭ 500 توننا ئۈزۈم، 21 مىڭ 200 توننا پاختا، 89 مىڭ 900 توننا كۆكتات، 107 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2540 توننا زىرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 22 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 26 مىڭ 500 توننا گۆش، 1952 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 282 توننا سۈت، 316 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 876 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 514 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 212 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 333 مىليون يۈەن ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 638 مىليون يۈەن (1 مىليارد 465 مىليون يۈەن يەرلىككە تەۋە) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.6 ئاشتى (يەرلىكنىڭ ئاشقىنى %12.1). سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 929 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 64 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 2 مىليون 493 مىڭ 200 توننا نېفىت ئېلىندى. 33 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 1 مىليارد 47 مىليون 790 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 202 مىڭ 700 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1500 توننا ساپ قوغۇشۇن رۇدىسى، 35 مىڭ 147 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 30 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 735 مىليون 550 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 104 مىليون كىلو جوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى. 10 مىليون 770 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 30 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 10 مىڭ 94 توننا سۇ يېغى، 541 توننا ئارىلاشما يەم-بوغۇز، 783 توننا كونسېرۋا، 112 توننا جاڭيۇ، 4312 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 280 مىڭ توننا سېمونت، 418 مىليون 110 مىڭ دانە خىش، 1119 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 127 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 186 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 580 مىليون يۈەن (يەرلىكنىڭ سالغىنى 1 مىليارد 263 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن كەرچى سۇ ئامبىرى، تۇرپان شەھىرىنىڭ يوللىرىنى ئۆزگەرتىش كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ يېنىك گىدروكاربونىنى پىششىقلاپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سىناق تەرتىپىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 700 مىڭ توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى ئىشلەش قۇرۇلۇشى، پىچان مەدەنىيەت مەيدانى پۈتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: ئېلىنغان نېفىت 307 مىڭ 400 توننا، پاختا يىپ 20 مىڭ ئۇرچۇق، شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 25 مىڭ كۇب مېتىر، سېتىۋېلىنغان شەھەر كوچا ئاپتوبۇسى 15، شەھەرلەردىكى كېڭەيتىلگەن يول 207 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 661 مىليون 630 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 506 مىليون 770 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 148 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 71 مىڭ 526گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 30 مىڭ 383گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 947 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك سودا بازىرى 12گە. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 765 مىڭ 800 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 467 مىڭ 900 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 297 مىڭ 900 دوللار. مۇشۇ بىر يىلدا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 1 مىليارد 198 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 1 مىليون 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچى 1 مىليون 130 مىڭ ئادەم (قېتىم)، چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى 170 مىڭ ئادەم (قېتىم). ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 325 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %30 ئاشتى. مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 436 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 622 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.6 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 4 مىليارد 728 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 423 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 226 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 112 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 58 مىليون 111 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 51 مىليون 108 مىڭ يۈەن. 35 مىليون 445 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 22 مىليون 59 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر

سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 556 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 5، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 80. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 37. ئۈزۈم، قوغۇن، پاختا ۋە پەسىلسىز كۆكتاتلارنىڭ سورتىنى، چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاكادېمىك ۋۇمىڭجۇ يېتىشتۈرگەن قوغۇننىڭ سۈپەتلىك يېڭى سورتى «ئالتۇن سومۇرۇغ» كېڭەيتىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك 8 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاشتا بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 14 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1824 (مىللىي 1424)، ئوقۇتقۇچىسى 196. ئوتتۇرا مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 557 (مىللىي 38 مىڭ 178)، ئوقۇتقۇچىسى 3407. باشلانغۇچ مەكتەپ 182، ئوقۇغۇچىسى 67 مىڭ 946 (مىللىي 50 مىڭ 805)، ئوقۇتقۇچىسى 4402. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى كۆلىمى 10 مىڭ 42 كۋادرات مېتىرگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 2، كىنو قويۇش ئورنى 15، موزېي بىر، ئارخىپخانا 4، مەدەنىيەت يۇرتى 3، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 3، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 231 مىڭ 800. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە يەتتى. شۇ يىلى مائارىپ، مەدەنىيەت سەنئەت، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ۋىلايەت بويىچە 38 دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا بار، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 7، ئامبۇلاتورىيە 144، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1821، 2688 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 1499).

2001 - يىلى مەملىكەتلىك ئۈسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى بىر تۈردە 3 - بولدى. 125 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەرنىڭ 9 تۈرىگە قاتنىشىپ 7 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى. شۇ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق بايرىمى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 4 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 14 مىڭ 194 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكتە تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 10 مىڭ 399 يۈەن. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2557 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 16 مىڭ 478 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 759 ئورۇندىكى 40 مىڭ 143 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇنى تىزگىنلەش نىسبىتى %96.8كە، سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش نىسبىتى %92.51كە، سانائەتتىكى كېرەكسىز داشقالنى تىزگىنلەش نىسبىتى %87.48كە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە تۇرپان ۋىلايىتى قارا بوراننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شامال ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى 12 بالغا يەتتى، 62 مىليون يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ «تۇرپانشۇناسلىق» خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تۇرپان شەھىرىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى.

ما لۇڭ

# تۇرپان شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 248 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 195 مىڭ 400). يېزا نوپۇسى 178 مىڭ 100. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.91، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.01. شەھەر بويىچە 12 مىڭ 870 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4867 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 1767 گېكتار)، 20 مىڭ 53 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئۈزۈم تىكىلگەن يەر كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئۈزۈم چىقىدىغان ئاساسلىق رايون، ئۈزۈمنىڭ 120دىن كۆپرەك سورتى بار. ئۇ يەنە مەملىكەت بويىچە ئۈزۈم تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. يەر ئۈستى سۇيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 357 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 97 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 6966.67 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.44% كە يەتتى. 210 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۈلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن يانتاق، چۈچۈكبۇيا، ئۈجمە، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق 180 نەچچە خىلى بار. تۇز، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، گەج، كۋارتس قۇمى، تۆمۈر، مانگان، بور، شۈلتا، شور، ساپال توپىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 4 مىليارد توننىغا، نېفىتنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 3 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم قورغان. يەنە كېلىپ گۈمانىستارلىق مەنزىرە بىلەن تەبىئىي مەنزىرە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، كۆپ مىللەتنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن ساياھەت شەھىرى. سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سەيلىگاھلاردىن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، يالقۇنتاغ، ئايدىڭكۆل، كارىز، بۇيلۇق، قۇملۇق ئۆسۈملۈك باغچىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتى قاتارلىقلار بار. شەھەر دائىرىسىدە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 5ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 14ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنيۇڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: جاپپار ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باھايىدىن تۆمۈر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 395 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.18%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 414 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.03%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 641 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.77% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 558 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.4% ئاشتى. 20 مىڭ 924 توننا ئاشلىق، 6913 توننا پاختا، 208 مىڭ توننا ئۈزۈم، 1013 توننا زىرە، 45 مىڭ توننا كۆكتات، 21 مىڭ توننا قوغۇن-تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 333 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 748 توننا گۆش، 528 توننا قوي يۇڭى، 42 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 5800 توننا سۈت، 144 توننا تۇخۇم، 186 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 33 توننا ھەسەل ئېلىندى. 425.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 40 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. «ئايدىڭكۆلدىكى ئاقا شەكىللىك 3333 گېكتارلىق قۇمنى تىزگىنلەش ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى» نىڭ 2200 گېكتار قىسمى تاماملاندى. 333 گېكتارلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون 200 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، 7090 ئادەم ۋە 16 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. شۇ يىلى 333 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 129 مىڭ 327 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 9412گە، مەھسۇلات قىممىتى 293 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 92 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 605 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 12.05%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 196 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 12% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىليون 520 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، تارقىتىلدى. 402 مىڭ توننا كۆمۈر، 167 مىڭ 800 توننا سېمونت، 4756 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 683 توننا كونسېرۋا، 1020 توننا سۇ يېغى، 19 مىڭ 156 توننا قۇرۇق ئۈزۈم، 510 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 208 مىڭ كۇب مېتىر قۇم - شېغىل، 3439 توننا ساپ پاختا، 3888 توننا پاختا يىپ، 107 توننا مەرگىمۇش، 586 توننا سۇلياۋ ياسالما، 17 مىڭ 844 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 121 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 454 توننا ئەينەك، 27 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 45 مىڭ 200 دانە ھارۋا بالونى، 1482 توننا 3 - نومۇرلۇق خام مىس، 277 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق

ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناۋەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %93كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 480 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 430 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 801 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى گۇاڭخۇي گۇرۇھى شىركىتى 370 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شەھەر رايونىنى ئېچىش، ئۆزگەرتىپ ياساش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان خەلقئارالىق مېھمان سارىيى قۇرۇلۇشى، 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ياشلار يولى پىيادىلەر كوچىسى قۇرۇلۇشى، 24 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان مېھمانخانىسىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەربىي ئايلانما يولىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يالقۇنتاغ ساياھەت - يېزا ئىگىلىك رايونى بەرپا قىلىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شۇدېڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتى تۈرى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كابېل، ئېلېكتر سىمى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مىس كېنىنى ئېچىش تۈرى، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەر رايونىدىكى غول يولنى يورۇقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «شېڭدا» قورۇق - ھۆل يەل - يېمىش - مېۋە توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر تاماملاندى. 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 770 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان تەڭرىتاغ پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تۇرپان پىششىق سېمونت ماتېرىيالى ئىشلەش بازىسى، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 50 مىڭ توننا ساپ كالىيلىق دالا شىپاتى پاراشوكى ئىشلەش زاۋۇتى، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كارىز مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يىلىغا 240 مىڭ توننا قويۇقلۇقى يۇقىرى بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئىشلىنىۋاتىدۇ. 25 ھەمكارلىق تۈردە كېڭەشلىدى، بۇ تۈرلەرگە 1 مىليارد 650 مىليون يۈەن كىرگۈزۈلدى. تاشيولدا 4 مىليون 290 مىڭ يولۇچى، 3 مىليون 160 مىڭ توننا يۈك، تۆمۈر يولدا 560 مىڭ يولۇچى، 740 مىڭ توننا يۈك يوشۇلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (داخىيىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 13 مىليون 874 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 78 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، شەھەر - بازار تېلېفون ئابونېنتى 21 مىڭ 427گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 8247گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 29 مىڭ 876گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 514 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 195 مىليون يۈەن. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 300 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 102 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.13، يەرلىك مالىيە چىقىمى 155 مىليون يۈەنگە يېتىپ %10.7 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 831 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 695 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 78 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 57 مىليون 140 مىڭ يۈەن؛ 29 مىليون 580 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 8 مىليون 750 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2001 - يىلى 36 مىڭ دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى، 10 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىپ بېرىلدى. 2000 گېكتاردىن كۆپرەك يەرگە كىرىشتۈرۈپ زىرائەت تېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %80تىن ئاشتى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1253 (ئالىي دەرىجىلىكى 98). شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 14ى تاماملاندى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 2240 (مىللىي 1934)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 391 (مىللىي 282)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 45 (مىللىي 25)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 17 (مىللىي 13)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 105 (مىللىي 16 مىڭ 981)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1532 (مىللىي 1276)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 81، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 7، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 404 (مىللىي 23 مىڭ 967)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1811 (مىللىي 1488)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 216 (مىللىي 93)، ئوقۇتقۇچىسى 8 (مىللىي 3). ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىغا 51 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە،

تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 23 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 16؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1064؛ 1227 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 716)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 523.

2001 - يىلى شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە بىر ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى. سۇ ئۈزۈش، تەيچۈەنداۋ مۇسابىقىلىرىدە بىردىن كۈمۈش مېدال ئالدى. شەھەر بويىچە 46 مىڭ 855 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىش سىنىقىغا قاتناشتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %94.5 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شەھەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2595 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 536 يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ سېلىقى 2 مىليون 487 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى، بۇ ھەر بىر دېھقانغا 15.3 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. 4244 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 11 مىڭ 266 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1685 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شەھەر بويىچە كۆلىمى 1.24 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2سى بەرپا قىلىندى، شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 4كە، كۆلىمى 4.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2.8 گېكتار يەردە ئاممىۋى كۆكلەممەيدان بەرپا قىلىندى. 1 - ئايدا تۇرپان شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر شەھەر بولۇپ باھالاندى.

ياڭ لىخۇا

# توقسۇن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 105 مىڭ 241 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 88 مىڭ 363)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 701. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.24، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.45. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 50 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 5570 گېكتار)، 7210 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1000 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسىدە 6 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 364 مىليون كۇب مېتىر. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 426 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 424 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، يىلپىز، سۇغۇر، ئىت ئېيىقى، جەرەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى كىرەش، سوغىگۈل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، ئالقات قاتارلىقلار بار. 38 خىل قېزىلما بايلىق بار، 260 ئورۇندا كان ياتمىسى (كان نۇقتىسى) بايقالدى. سۈپەتلىك قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، بېنتونىت، سېمېكتىت، مەرمەر تاش، گرانىت تاش، كالتسىي سېلىترا قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى 5 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. بېنتونىت زاپىسى 115 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 40تىن ئارتۇق ئورۇندا قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى. غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان قۇرۇقتاغ ئېلى خارابىسى، ئالغۇيدىكى تىك قېزىلىپ ياغاچ بىلەن جازىلانغان قەدىمىي قەبرە، تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت تۇر، يارداڭلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنۋۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىمىت غوجابدۇللا.

ھاكىم: ئەخمەت رازاق.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۇجىيى (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 590 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.4، 2 - كەسىپنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 204 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.4. 3 - كەسپىساق قوشۇلما قىممىتى 234 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %8.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.8 ئاشتى. 42 مىڭ 675 توننا ئاشلىق، 8262 توننا پاختا، 1095 توننا خاشاق، 74 توننا كۈنجۈت، 7760 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 9540 توننا ئۈزۈم، 911 توننا ئۆرۈك ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 341 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6356 توننا گۆش، 721 توننا قوي يۇڭى، 9.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 190 مىڭ 620 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 7380 توننا سۈت، 131 توننا تۇخۇم، 62 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 388 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 460 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 123 مىڭ 179 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 3243كە، مەھسۇلات قىممىتى 255 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 255 مىليون 995 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %5.5 ئاشتى. 20 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 480 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.4كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 54 مىڭ 793 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ 943 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 147 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 58 مىليون 220 مىڭ يۈەن، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 284 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 276 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 74گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2600گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 169 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 36 مىليون 690 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 6گە، بازار سودىسىدا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 56 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسىدە 8 تۈردە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، سېلىنغان مەبلەغ 287 مىليون 410 مىڭ 500 يۈەنگە، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.11؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 93 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.39 ئاشتى. پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 367 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 434 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 316 مىليون 830 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 684 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 547 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 137 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 3 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 491 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 121 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3782، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1106. شۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاشتا بىر تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 8، ئوقۇغۇچىسى 8507 (مىللىي 7590)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 828 (مىللىي 720)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 767 (مىللىي 8792)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1082 (مىللىي 882)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 642 (مىللىي 422)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 41 (مىللىي 20)؛ يېزا - ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 108 (ھەممىسى مىللىي)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 6 (مىللىي 5). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %13.2كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 8. سەھىيە. يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، يەككە ئامبۇلاتورىيە 59؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 364؛ 493 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 373)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 222 (مىللىي 163).

2001 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال ئالدى ھەم بىر رېكورتنى بۇزدى، 4 مىس مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق بوكس مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە 2 تۈردە 2 - لىككە، 4 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. 1774 ئوقۇغۇچى تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %89 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2212 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 98 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2220 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5734 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانلار ئىچىدە، يېزىلاردىكى 934 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلى توقسۇن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى قاتارىغا كىردى.

★ 9 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك 8 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ما جىيىڭ

# پىچان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر. تۆمۈر يول مۇساپىسى 283.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 205 مىڭ 906 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 143 مىڭ 883)، يېزا نوپۇسى 166 مىڭ 417. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.85، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.01. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5841.87 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسىز شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 3733.3 گېكتار يەرگە كېۋەز، 3200 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز، 800 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسىز شۇنىڭ ئىچىدە) كۆكتات تېرىلدى. 10 مىڭ 866.67 گېكتار يەرگە ئۈزۈم تىكىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم، كېۋەز ۋە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونىدۇر. ناھىيە بويىچە بوستانلىق %86.4نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، بېنتونىت، ناترىي سېلىترا، گرانىت تاش، شور قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقى مول 10 چوڭ ناھىيىنىڭ بىرى ۋە دۇنيا بويىچە ناترىي سېلىترا بايلىقى مول 2 - ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. «چوغلۇق پىچان» گرانىت تېشى دۆلەتنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. سەيلىگاھلاردىن قۇمتاغ باغچىسى، كۆكيار سۇ ئامبىرى، تۇيۇق مىڭئۆيى، چىقتىم خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسىيە سىيىت (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: باھادىر ئابدۇلھېلىم.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 776 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد 176 مىليون يۈەن ناھىيىگە تەۋە. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 301 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.25 كېمەيدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 965 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.14 (ناھىيىگە تەۋە بولغىنى 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.39 ئاشتى)؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

مەھسۇلات قىممىتى 531 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.1% كېمەيدى. 24 مىڭ 176 توننا ئاشلىق، 6024 توننا پاختا، 156 مىڭ 300 توننا ئۈزۈم، 79 مىڭ 500 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 36 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. 81 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 30 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 348 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 5354 توننا گۆش، 755 توننا قوي يۇڭى، 7 توننا تۆگە يۇڭى، 188 مىڭ 300 پارچە قوي تېرىسى، 7166 پارچە كالا تېرىسى، 41 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون 910 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 6000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 235 مىڭ 381 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 8250گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 693 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون يۈەنگە، باجدىن كېيىنكى پايدىسى 61 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 773 مىليون 870 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 4 مىليارد 173 مىليون 70 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.6% كېمەيدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 34 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 3 مىليارد 15 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 12.2% ئاشتى. 173 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 493 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 48 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 1118 كىلوگرام ئالتۇن، 107 مىڭ توننا سېمونت، 203 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 284 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر ئۇۋۇندىسى، 1195 توننا ناترىي نىترات، 19 مىڭ 771 كۇب مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيالى، 251 مىڭ 143 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 28 مىڭ 167 توننا ئادالانغان قۇرۇق ئۈزۈم، 13 مىڭ 37 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 142 مىڭ 988 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 56 مىڭ 549 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 1 مىليارد 589 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 158 مىليون 910 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنۇلار: ئېلىنغان نېفىت 307 مىڭ 400 توننا، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 19.7 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 13.5 كىلومېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 23 مىليون 950 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 58 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 392گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 14 مىڭ 532گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 819غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 263 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 14كە، بازار سودىسىدا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 91 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 238 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.44%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 247 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.14% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 544 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 598 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىسى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 44 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 47 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 30 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 16 مىليون 430 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 12 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن سومما 10 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4136، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 797. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 21. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2691 (مىللىي 2061). تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 402 (مىللىي 10 مىڭ 808)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 65. ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 896 (مىللىي 18 مىڭ 46). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2578 (مىللىي 2061). چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئوقۇغۇچىسى 564 (مىللىي 214). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ

نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %11كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 21 سەھىيە ئاپپاراتى بار (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 19، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر)، خۇسۇسىي ۋە يەككە ئامبۇلاتورىيە 68؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 393؛ 891 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 641)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 468، سېستىرا 226.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ كوللېكتىپ بويىچە 7 تۈردە ئومۇمىي ماھارەت بويىچە 1 - بولدى، ئەركىن جامبازلىق مۇسابىقىسىدە بىر ئادەم 2 -، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىنىڭ 400 مېتىرلىق تۈرىدە بىر ئادەم 3 -، ئېگىزگە سەكرەش تۈرىدە بىر ئادەم 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى پىچان ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2707 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 270 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 22 مىڭ 493كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 4309، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 7239، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 10 مىڭ 945 (پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 1783).

★ 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە پىچان ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئېھتىياجى بار ئورۇنلار يۈز تۇرانە كېڭىشىش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. جەمئىي 1200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن مۇددىئانامە تۈزدى، 300 نەچچىسىنىڭ خىزمەت ئورنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 7 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

جياڭ يۈمېي

# قۇمۇل ۋىلايىتى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە. 2001 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2 (ئاپتونوم ناھىيە بىر). يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 511 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 159 مىڭ 600)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 252 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %10.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %7.44. ۋىلايەت بويىچە 49 مىڭ 570 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 17 مىڭ 460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 7393.33 گېكتار يەرگە كېۋەز، 1593.33 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. مېۋىلىك باغ كۆلىمى 5606.67 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، چىلان كۆپ چىقىدۇ. تەڭرىتاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار - مۇز سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۈيى ئاساسلىق مەنبە قىلىنىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 617 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى 615 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 310 مىڭ گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.68. پايدىلانغىلى بولىدىغان 3 مىليون 346 مىڭ 500 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 35 خىلغا يېتىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن تاغ ئۆچكىسى، قۇلان، يىلپىز، ياۋا تۆگە قاتارلىق 10 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۇغا، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۈركۈت قاتارلىق 25 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتېپەر، پەربۇن، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. 76 خىل قېزىلما بايلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تاش ماتېرىيالى، شور، كالىي تۇزى، چىرىندى كىسلاتاسى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جى (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بەي جىجيې (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كۇرەش مەخسۇت، بەي جىجيې (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن كاڭتۇەن، جاڭ شېڭدى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ چۈنخۇا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گۇ خېيۇ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فېڭ شىجۇن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايۇپ قۇربان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇ مېيجيې (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن

يۈتكەلدى) . بەكرى ئىلياس، چېن پېيرۇڭ.

ۋالىي: گۇرەش مەخسۇت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شېڭدى، زەكەن قابىسا (قازاق)، لى شۇشەن (6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي تيەنجې (6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈسۈپ ياقۇپ، شېن يۈڭشى (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ بىڭجيا (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فېلىڭ شىجۈن (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: توختىخان ئىسمايىل، تۇرسۇن سوتاي (قازاق، 12 ـ ئايدا ۋاپات بولدى)، قادىر ياقۇپ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھېمىت ئىسمايىل (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2.3%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.6%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 3.4% ئاشتى. 78 مىڭ 200 تونна ئاشلىق، 11 مىڭ توننا پاختا، 2750 توننا ياغلىق دان، 66 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 57 مىڭ 600 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 66 مىڭ 100 توننا مېۋە ـ چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 16 مىڭ توننا، چىلان 1300 توننا) ئېلىندى. 1060 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 101 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 400 توننا گۆش، 1200 توننا قوي يۇڭى، 96. 74 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 29 مىڭ 410 پارچە كالا تېرىسى، 596 مىڭ 350 پارچە قوي تېرىسى، 10 مىڭ 900 توننا سۈت، 2045 توننا تۇخۇم، 1073 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 82 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 67. 1886 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 226 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 10 مىڭ 161گە، مەھسۇلات قىممىتى 542 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 794 مىليون 104 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 755 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى. 1 مىليون 771 مىڭ 400 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 709 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 720 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 344 مىڭ 800 توننا سېمونت، 65 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيالى، 83 مىڭ 900 توننا ساپ شولتا، 8800 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 12 مىڭ 100 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 82.96%گە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 393 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 868 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 310 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 219 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 623 مىليون 990 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈك 770 مىليون 240 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈر 100 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلىغىنى 84، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 49. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تۆمۈر رۇدىسىنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 780 مىڭ توننا، نۇر كابېل لىنىيىسى 144 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، شەھەر سانىتىگە 72 مېگاۋات ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 1500 مېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، ۋۇگو، ئۇۋخەي سۇ ئامبارلىرى سۇ ساقلاش تەلىپىگە يەتتى. تۇرۇك سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىشلەنمەكتە؛ 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 ـ قارارلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى يامانسۇ كېنىنىڭ 800 مىڭ توننا ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا بەلگىلەنگەن نىشان ئىشقا ئاشتى؛ قۇمۇل پولات زاۋۇتىنىڭ 6000 كىلوۋولت ئامپېرلىق رۇدا قىزىتىش پېچىنى يۆتكەش، تيەنخۇ 1 ـ نومۇرلۇق كېنىنى ئېچىش، 20 مىڭ توننىلىق قورغاق يەر ئەجدىھاسى تۈرىنى كېڭەيتىش، دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ شوتا بۆلاقتىن پىچانغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھەر خىل قاتناش قوراللىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 19 مىليارد 67 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 18 مىليارد 601 مىليون توننا ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 466 مىليون توننا ـ كىلومېتىر؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 647 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا

توشۇلغىنى 4 مىليارد 373 مىليون ئادەم - كىلومېتىر، ئاشيولدا توشۇلغىنى 274 مىليون ئادەم - كىلومېتىر. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 224 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 89 مىليون 443 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا كوممۇتاتور سىغىمى 108 مىڭ 100 تونچىغا، ئەمەلىي ئورنىتىلغان تېلېفون 87 مىڭ 600گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 61 مىڭ 200گە يەتتى. كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە تىزىملاتقان ئابونېنت 3785كە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 494 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 200 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىنىڭ 1 مىليارد 165 مىليون يۈەن، يېزىدىكىنىڭ 78 مىليون يۈەن. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليون 460 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 600 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 860 مىڭ دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 201 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.1%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 524 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.9% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 158 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىسى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 4 مىليارد 364 مىليون يۈەن؛ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 185 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 14 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 63 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، جەمئىي 2 مىليون 295 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3054. ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن - تېخنىكا تۈرى 10. ۋىلايەت بويىچە ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 157؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئوقۇغۇچىسى 1946؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 844؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 217؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 80، ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 6476. تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 280. ۋىلايەت بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 4 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كەسپىي ئاپپاراتى بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 74 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 49؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2489؛ 3301 ھەرخىل سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1487، ھەر 1000 ئادەمگە 2.91دىن دوختۇر توغرا كېلىدۇ.

ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ يىللىق مۇسابىقىسىدە 2 تۈردە 1 - لىككە، 2 تۈردە 2 - لىككە، 2 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 56 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 46 يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1936 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 39 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 42 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 52 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش پونكىتى دۆلەتلىك ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تور پونكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاتموسفېرا، سۇ سۈپىتى، شاۋقۇن - سۈرەن قاتارلىقلارنى دائىملىق كۆزىتىش، ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 7گە يەتتى.

★ 2001 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى دۆلەتلىك ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ساياھەت شەھىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ تەڭرىتاغ مەنزىرىسى ساياھىتى، قۇملۇق ساياھىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەم ساياھىتى، سەھرا مەنزىرىلىرى ساياھىتى قاتارلىق سەرخىل ساياھەت لىنىيىلىرىنى ئاچتى.

★ 2001 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئاثار بۇددا خارابىسى (جىن - تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت)، يانبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى (مىس قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بىلەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت)، باركۆل داخې قەدىمىي شەھىرى (تاڭ

مۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت) مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىلەن نوپۇس سانى رايون تەۋەسىدىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قالغان سانلىق مەلۇماتنىڭ ھەممىسى بىڭتۇەن بېزا ئىگىلىك 13 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

شۇ كۈيجۈن

# قۇمۇل شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 4، يېزا 15 (مىللىي يېزا 2). يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (تېررىتورىيىلىك سان) 390 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 113 مىڭ 400)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 158 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.91‰. 16 مىڭ 5.29 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ 540 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قۇمۇلدا قوغۇن سورتى 31 خىلغا يېتىدۇ. قۇمۇل چىلىنى دانىسى يوغان، پوستى نېپىز، ئېتى قېلىن، تاتلىق، ئۇرۇقى كىچىكلىكى بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 464 مىليون 380 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 346 مىليون 220 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 426 مىڭ 700 گېكتار ئورمان يېرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بار يەر 211 مىڭ 400 گېكتار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.63%. 131 خىل قۇش بار، بۇلار شىنجاڭدىكى قۇشلار تۈرىنىڭ 40%نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن ئاق توقام بۈركۈت، ئاققۇ، مۇشۇكياپىلاق، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، بۈركۈت، ئۇلار قاتارلىقلار بار؛ دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، موڭغۇلىيە - شىنجاڭ ياۋا ئېشىكى، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، تەڭرىتاغ بۇغۇسى، يىلپىز، ئېيىق، سۈلەيسۇن، توشقانسىمان سۈلەيسۇن، ئاق بوغۇز بوكەن، ئاق ئاغمىخان، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 178 خىلى بار، ئاساسلىقى، سەنچى، ھىلاڭ، قار لەيلىسى، كىرەش، قانتېپەر، پەربۇن، يالپۇز، پېچەكگۈل، زاراڭزا، لوپنۇر كەندىرى، چاكاندا، قۇچاقتول، كەتىرا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شەھەر تەۋەسىدە بايقالغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلار 76 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تۇز، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالاھىدە چوڭ مىس كان — توش مىس كېنى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن قۇمۇل تەڭرىتاغ مەنزىرە رايونى (تەڭرىتاغ بۇتخانىسى، خۇەنسەيگۇ، خەنزۇچە يېزىق پۈتۈلگەن ئابىدە، سۇڭگۇچتام سەيلىگاھى. ئاۋازلىق قۇمتاغ سەيلىگاھى، ئاقتاش سەيلىگاھى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، ئالۋاستى شەھىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مېي داچۈەن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىزەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابلىز.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 204 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 406 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.3% كېمەيدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 175 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 623 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 390 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5% ئاشتى. 27 مىڭ 190 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 855 توننا پاختا، 2406 توننا ياغلىق دان، 63 مىڭ 441 توننا كۆكتات، 31 مىڭ 555 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 19 مىڭ 301 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 411 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 788 توننا گۆش، 434 توننا قوي يۇڭى، 326 مىڭ 936 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2840 توننا سۈت، 1350 توننا

تۇخۇم، 740 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 915 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى سۇغىرىلىدىغان 731 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. 1333.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 96 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 7308گە، مەھسۇلات قىممىتى 358 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 528 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.2 ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، %31 كېمەيدى. 13 مىڭ 729 توننا كۆمۈر، 62 مىڭ توننا تۇز، 2735 توننا ئوۋاق مىس، 339 مىڭ 60 توننا كۆمسلاچ رۇدا، 4105 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 889 كىلوگرام ئالتۇن، 1368 توننا قۇرغاق يەر ئەجدىھاسى (ئۆسۈملۈكلەرنى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئۆستۈرىدىغان ئوزۇقلۇق دورا)، 101 توننا يار يېلىم، 1124 توننا سۇلياۋ ياسالما، 30 مىڭ توننا سېمونت، 1351 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 2113 تونڭ تۇزلانغان ئۈچەي، 463 توننا ئاق ھاراق، 5374 توننا پىۋا، 7 مىليون 770 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.9كە، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.2كە، دۆلەت ئىلكىدىكى شىركەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.4كە، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %104.2كە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 562 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 124 مىڭ 960 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 66 مىڭ 58 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى تۇراقلىق مۈلۈك (يېزا كوللېكتىپى بۆلىكى سىرتىدا) كە 364 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 42 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 161 مىليون 560 مىڭ يۈەن، شەھەر- بازار بىلەن زاۋۇت - كان رايونلىرىدىكى خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 120 مىليون يۈەن. يېڭىدىن ئاشقان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يېڭىدىن 67 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، شەھەرنى ئايلىق تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىليارد 960 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 18 مىليارد 600 مىليون توننا. كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 360 مىليون توننا - كىلومېتىر؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 610 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 4 مىليارد 400 مىليون ئادەم - كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 210 مىليون ئادەم - كىلومېتىر. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 80 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 74 مىڭ 200گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى ئابونىتى 15 مىڭ 500؛ يىل ئاخىرىدىكى كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 61 مىڭ 200كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 135 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىنىڭ 1 مىليارد 104 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يېزىدىكىنىڭ 31 مىليون 180 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 474 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %62.5نى ئىگىلىدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 145 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 197 مىليون 590 مىڭ يۈەن (يۇقىرىدىكى چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) گە يېتىپ، %34 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 50 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى. شەھەر رايونىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 832 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 4 مىليارد 95 مىليون 830 مىڭ يۈەن؛ پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 940 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 91 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا بويىچە تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 24 مىليون 70 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6322، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

ئۇنىڭدىن باشقا 1486. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 163 (مىللىي 26)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 1583 (مىللىي 1164)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 9866 (مىللىي 4492)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 887 (مىللىي 8134). تۇرلۇك ئوقۇتقۇچى 3358 (مىللىي 2053). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 17، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 317؛ 676 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 255.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2270 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 19 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 4576 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى، 14 مىڭ 832 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1463 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

ئايشەم ياقۇپ

## قۇمۇل شەھىرىنىڭ «قوغۇن ماكانىدا ناخشا» ناملىق ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېيى

بۇ پائالىيەت 2001 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. باشلىنىش مۇراسىمى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇمۇل شەھىرىدىكى دەۋر مەيدانىدا باشلاندى. پائالىيەت داۋامىدا 23 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، 8 مەيدان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي كىنو فىلىمى قويۇلدى. ئويۇن قويۇشقا 3500دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)، 46 ئورۇن قاتناشتى، ئويۇن كۆرگۈچىلەر 156 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

جاۋ يىڭ

# ئاراتۇرۇك ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 17 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.2%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8%. ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر 3900 گېكتار بولۇپ، 1220 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1480 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 117 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 2 مىليارد 222 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 558 مىڭ 300 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا) بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرىدىن ياۋا تۆگە، قۇلان، يىلپىز، شۇڭقار، سۇلەيسۇن قاتارلىقلار بار. ناھىيىدىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، مولىبدېن، شور، نېفىت قاتارلىق 20 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ئاراتۇرۇك ئاۋازلىق قۇمتېغى، نېرىنكىردىكى يىجىغول، ئاراتۇرۇك «40 كۆنلۈك مۇداپىئە جېڭى» ئىزناسى قاتارلىق سەيلىگاھلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ فاشۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايمۇھەممەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ھەسەن نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۇنۇس بەھرەم (6 - ئايدا ۋاپات بولدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 102 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.5%؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 191.0%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 336 مىڭ 400 يۈەنگە

يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %37.8 ئاشتى. 3736 توننا ئاشلىق، 33 توننا پاختا، 151 توننا ياغلىق دان، 132 توننا مېۋە - چېۋە، 22 مىڭ 500 توننا قوغۇن ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 180 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 1393 توننا گۆش، 252 توننا قوي يۇڭى، 59 مىڭ 900 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 500 توننا سۈت، 50 توننا تۇخۇم، 2 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 80 گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 580 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى سۇغىرىلىدىغان 166 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 9100 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا بازار كارخانىسى 321گە، مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %26، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %17 ئاشتى. 1 مىليون 650 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3900 توننا كۆمۈر، 49 مىڭ 555 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 300 توننا ئۇن، 15 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇشى قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 53 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 50 مىليون 640 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنۇلار: 36 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، 1700 كىلومېتىر يول كېڭەيتىلدى، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 482 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 3157گە، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 1748كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 660قا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 14 مىليون 400 مىڭ يۈەن. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 3ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 1 مىليون 400 مىڭ دوللار بولۇپ، مەبلەغنىڭ ھەممىسى نەقلەشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %93.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 58 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %47.5 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۇرلۇك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 23 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، تۇرلۇك ئامانەت پۇل قالدۇقى 100 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 180 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 26 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 478. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 20. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر. ئوقۇغۇچىسى 269 (مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 985 (مىللىي 804)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 1632 (مىللىي 1144). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 533 (مىللىي 418). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، بازارلاردا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %90كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 7، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 120؛ 123 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 83)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 63 (مىللىي 42).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 34 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3628 يۈەنگە، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1630 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1153 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 353 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 2995 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 130 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇ تۈرگە 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2001 - يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 45 قۇرۇلۇش تۈرى ئىشلەندى. ئۇلارغا ئازكەم 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەييارلانغان 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن «يۇيماڭ» بىناسى ۋە «يىغىن» بىناسى قۇرۇلۇشى، گۇاڭدۇڭ ياردەم بەرگەن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن سۇ ئامبىرى، يەم - خەشەك بازىسى ۋە شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. خەلقئارادىن ھەقسىز ياردەم بەرگەن مەبلەغ بىلەن ماددىي ئەشيانى قوشقاندا جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ دوللار نەقلەشتى.

★ 3 - ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزا غەربىي كارىز 1 - كەنتى «جۇڭگودىكى ئېسىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەنتى» بولۇپ باھالاندى. قوغۇن غەربىي كارىز 1 - كەنتىنىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

★ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شىۋىرغانلىق بوران چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شامال ئېغىزىدا شامال كۈچى 11 بالغا يەتتى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى C 9تىن C 20-قا چۈشتى، بىر ئادەم ئۈشۈپ قالدى، بىر ئادەم توڭلاپ ئۆلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليون 400 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى نوم يېزىسى بازار قىلىندى.

دۇ ياڭگۇاڭ، ياڭ يۇنلۇڭ

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 90 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 71 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.78. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 640 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 780 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 13 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

باركۆل ناھىيىسىدە 1 مىليون 331 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. «تۈمەن تۆگىلىك ناھىيە» دېگەن نامى بار. باركۆل ئېتى ۋە ئىلى ئېتى، يەنجى ئېتى شىنجاڭدىكى 3 داڭلىق ئات ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 302 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 170 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 56 مىڭ 320 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.01. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، موڭغۇلىيە ياۋا ئېشىكى، يىلپىز قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئارقار، بۇغا، كۆكمەت، ئوتلاق تۈلكىسى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقلىرىدىن چاكاندا، توشقان زەدىكى بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى كۆمۈر، قاتتىق شور، ئالتۇن، نېفىت، تۆمۈر، مىس قاتارلىقلار بار. تەبىئىي سەيلىگاھلاردىن جۇڭگودىكى 4 چوڭ ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ بىرى بولغان باركۆل قۇمتېغى، باركۆل كۆلى ۋە لەنجۇ ۋەنزى پۇلىي كەنتى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت داخې قەلئەسى، غارايىپ تاشتاغ، يۈياۋەن، ماچۈەنگو قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۇ جۇڭلياڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمەمەت ئالىمقان (قازاق).

ھاكىم: نۇرشارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىقۇل بىلال (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 367 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 167 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.05؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 117 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.99 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون 863 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.01% ئاشتى. 47 مىڭ 268 توننا ئاشلىق، 68 توننا پاختا، 193 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 510 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 8254 توننا گۆش، 572 توننا قوي يۇڭى، 229 مىڭ 960 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 7546 توننا سۈت، 645 توننا تۇخۇم، 337 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىلىدىغان 240 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. 1333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 120 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 2544كە، مەھسۇلات قىممىتى 167 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 27 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.98%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.01% ئاشتى. مۇشۇ يىلدا 174 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 55 مىڭ 100 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 23 مىڭ توننا ئۇن، 95 توننا سۇ يېغى، 9500 توننا سېمونت، 43 مىڭ 98 توننا شور ئېلىندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 87.25%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 258 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 258 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 60 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 311 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 248گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 5506گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3230گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 87 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 42 مىليون 600 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا سورۇنىدىن 7سى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 195 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 57 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 138 مىڭ 700 دوللار. ساياھەتچىدىن 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 12 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 19.08%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 102 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 45.44% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 243 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 325 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 268 مىليون 320 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سوممىسى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 880 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 270 مىڭ يۈەن.

## پەن تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3055، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 801. مۇشۇ يىلدا ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4نى تاماملىدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 71 (مىللىي 26)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 54؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 710 (مىللىي 268)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 5366 (مىللىي 2555)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 9010 (مىللىي 3742). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 1527 (مىللىي 616). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 24%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 14. سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 258؛ 428 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 98)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 193 (مىللىي 32).

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بارىكۆل ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1530 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8676 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1488 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5968 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 788 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 9 - ئايدا كۆيسۇ يېزىسى، 11 - ئايدا داخې يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازار تەسىس قىلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ج ك پ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 2001 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، بارىكۆل ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە يىگىدې بىناسى، شەنشەن تەرەققىيات رايونىدىكى دۆڭشېن باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن جەنجياڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بەردى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ بارىكۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كېسەلخانا بىناسى سېلىپ بەردى.

نى زېلۇن، دا گاڭشۇ

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي كورلا شەھىرىدە. 2001 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە 8، شەھەر بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 62 مىڭ 500 (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 212 مىڭ 300 نوپۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 459 مىڭ 700، يېزا نوپۇسى 642 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.24‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.84‰. ئوبلاست بويىچە 207 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، 55 مىڭ 600 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 145 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدە تارىم دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، دىنار دەرياسى، مىرەن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 3 مىليارد 41 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 604 مىڭ گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.25%. 11 مىليون گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 8 مىليون 200 مىڭ گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك 400خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن يوغان باش بېلىق، ياۋا تۆگە، قۇلان قاتارلىق 11 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، سۇلەيسۈن، ئارقار، كۆكمەت، تاغ ئۆچكىسى، تىبەت بۆكىنى، ئاققۇ قاتارلىق 12 خىلى بار. 477 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، قار لەيلىسى، مەرزەنجۇش، سوغىگۈل، ئەڭلىكئوت قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، كالىي تۇزى، ۋېرمىكۇلىت، ساپال تۇپىسى، ھاك تېشى، قاش تېشى قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە باغراش كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى قاتارلىق نۇرغۇن سەيلىگاھلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فېڭ جىمىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، مو جۈەن (ئايال)، ياۋ جيەنشىن، دۇڭ چاۋگو، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن؛ 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىخېڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، مو جۈەن (ئايال)، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن، جۇ چاڭجيې، جاڭ بو.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئايال، موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى

جۈيىڭ، داۋۇت مۇسا (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇسا كېرەم، خۇاڭ چىلوڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خې لىشياۋ، گاردى (موڭغۇل)، ياڭ فاگۇاڭ (خۇيزۇ)، ليۇ كېيى (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، توختى نۇر (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جۇ چاڭجيې (8 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خەندۇڭ، چېن شىنيۇ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەھەممەت ئېزىز، ليۇ جيىۇڭ (خۇيزۇ)، باۋرې (موڭغۇل)، جاڭ شاۋۋېي (8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ زۇڭچاڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دەن گوجۇ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سۇن يۇنشۇەن، ئوسمان ئۆمەر، دا مىڭچاڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ چۈەن، لى زۇڭتاڭ، باتەي (موڭغۇل)، جاۋ دېشەن (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، بارات تايىر داموللا، ئو. زۇڭگۇلۇپ (موڭغۇل، 2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 14 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.9؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.4 ئاشتى. 334 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 154مىڭ 200 توننا پاختا، 11مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 775 مىڭ توننا قىزىلچا، 691 مىڭ توننا كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 226 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 73 مىڭ 306 توننا گۆش، 4456 توننا قوي يۇڭى، 24 مىڭ 444 توننا سۈت، 11 مىڭ 338 توننا تۇخۇم، 7088 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 11 مىڭ 366.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 714 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 1884كە، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 954 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 804 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %7، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن: 1 مىليارد 539 مىليون 890 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 829 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 4 مىليون 933 مىڭ 900 توننا نېفىت، 620 مىڭ توننا سېمونت، 67 مىڭ 600 توننا تاشپاختا، 6611 توننا سۇلياۋ ياسالما، 781 مىڭ 600 بالون تاش كامىرى، 35 مىڭ توننا پاختا يىپ، 44 مىليون 980 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 36 مىڭ 500 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 80 مىڭ 600 توننا شېكەر، 65 مىڭ 300 توننا كونسېرۋا، 5112 توننا سۈت ياسالمىسى، 4025 توننا ئىچىملىك ـ هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.8كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 465 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 281 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 294 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئۇزاقلىق مۈلۈككە 8 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 6 مىليارد 283 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 626 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 620 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 683 مىليون يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى: يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 800 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈلدى. سودا ساھەسى بويىچە 10 مىڭ توننىلىق سوغۇق ساقلاش ئامبىرى ياسالدى، 24 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، شەھەردە 20.89 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى كۆپەيتىلدى، شەھەردە 503 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى. شەھەردە مۇستەھكەم كۆۋرۈكتىن 2 سى ياسالدى، 102 ئۆزەك كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل كۆپەيتىلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليارد 582 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 4 مىليارد 979 مىليون توننا ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 1 مىليارد 603 مىليون توننا ـ كىلومېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 808 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 1 مىليارد 743 مىليون ئادەم-كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 1 مىليارد 65 مىليون ئادەم-كىلومېتىر. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 42 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى

243 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 3. 18تىن، شەھەر تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 2. 28دىن، يېزا تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 81. 11دىن توغرا كەلدى، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 160 مىڭغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 118، بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سومما 2 مىليارد 215 مىليون يۈەن. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 41 مىليون 78 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 35 مىليون 72 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 6000 دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 4ى ئىمزالاندى، سوممىسى 115 مىليون 330 مىڭ دوللار؛ 3 تۈر يولغا قويۇلدى، سوممىسى 111 مىليون 710 مىڭ دوللار؛ ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 828 مىڭ دوللار. 1 مىليون 395 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 130 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 758 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8. 10؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 384 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8. 16 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 15 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 7 مىليارد 810 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 10 مىليارد 750 مىليون يۈەن. سودا سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 300 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 118 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 29 مىڭ 775، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 7826. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 39ى تاماملاندى. ئوبلاست بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپ 481، ئوقۇغۇچىسى 180 مىڭ 531 (مىللىي 95 مىڭ 595) . بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 5 (بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، ئوقۇغۇچىسى 4128؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 330؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 81، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 727؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 324، ئوقۇغۇچىسى 98 مىڭ 829؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 3545. چەرچەن ناھىيىسىدىن باشقا، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى قالغان شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن مائارىپى» (ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتىنى ئاساسەن چىقىرىش، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 46 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 6 سەنئەت ئۆمىكى، 9 مەدەنىيەت سارىيى، 10 سەنئەت سارىيى، 7 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 مۇزېي، 11 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %01. 97كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %01. 97كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 164 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 63، شىپاخانا 78، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 14، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 5؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 5057؛ 6272 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 3023.

2001 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 23 ئالتۇن مېدال، 43 كۈمۈش مېدال، 37 مىس مېدال ئالدى. 29 ئادەم 25 قېتىم 16 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك ئاتلېتىكا، ئوقيا ئېتىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەرلەر ۋە ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى جۈپ 1 - لىكنى قولغا كەلتۈردى، يېنىك ئاتلېتىكىدا ئومۇمىي نومۇردا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2742 يۈەنگە، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9323 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 66 مىڭ 700 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 62 مىڭ 471 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 19مىڭ 236 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 176سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 445 مىليون 229 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 93. 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 23ى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە كۆلىمى

41.77 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 24 رايون ئۆلچەمگە يەتتى.

★ 9 - ئايدا «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى بويىچە تۇنجى يەتكۈزۈش بېكىتى — بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى.

★ 9 - ئاينىڭ 15 — 19 - كۈنىگىچە ج ك پ بايىنغولىن ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ لوپنۇر كالىيلىق ئوغۇت بازىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايوندا ئىش باشلاندى.

★ 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمى 30 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچۈن، باغراش كۆلىنىڭ سۈيى مول مەزگىلدە، 3 قېتىمغا بۆلۈپ تارىم دەرياسىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى، باغراش كۆلىنىڭ سۈيى يېتىپ بارغان مۇساپە 933 كىلومېتىرغا يېتىپ، سۇ ئاخىرىدا قۇرۇپ كەتكىنىگە 30 يىل بولغان تېتىما كۆلىگە قۇيۇلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە بازارغا سېلىنغان پاي چېكى بولماسلىقتا خاتىمە بېرىلىپ، كورلا نەشپۈتى پېيى شاڭخەي ئاكسىيە سودا ئورنىدا بازارغا سېلىندى. شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتى — كورلا نەشپۈتى تىجارىتىنى ئاساس قىلغان، شىنجاڭنىڭ باشقا داڭلىق ئالاھىدە ئەنئەنىۋى ئارلىق مېۋىلىرىنىڭ كۆچىتىنى يىغىپ يېتىشتۈرۈش، تېرىش، ئىنچىكە پىششىقلاش، ساقلاش - توشۇش، تەمىنلەش - سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى قوشۇمچە قىلغان چوڭ يېزا ئىگىلىك كارخانىسى بولۇپ، بازارغا سالغان ئوبوروت پاي چېكى 50 مىليون پايغا يېتىدۇ.

لى دېشياڭ

# كورلا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 371 مىڭ 83 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 116 مىڭ 423). يېزا نوپۇسى 149مىڭ 142؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.47، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.18. شەھەر بويىچە 29 مىڭ 283.07 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7746.87 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 997.93 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

كورلا شەھىرىدىن ياختا كۆپ چىقىدۇ، مېۋە - چېۋىلەردىن نەشپۈت بىلەن ئاق ئۈزۈك داڭلىق، شەھەر تەۋەسىدە ئاساسلىقى تارىم، كۆنچى دەريالىرى بار. تاغلىق رايونلاردا 71 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق، تۈزلەڭلىكتە 194 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، گرانىت تاش، مەرمەر، گەج، سىلانتىس، ئالك، دولومىت، نېفىت، تەبىئىي گاز، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تېلۆيەر كۆلى، باشئەگىم قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ھەسەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەھەممەت يۈسۈپ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: راخمان كېرەم (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇتەللىپ يۈسۈپ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ لۇياۋ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇن جيەنشىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 10 مىليارد 544 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 729 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.8؛ 2-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 827 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 987 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،

%16.4 ئاشتى.

شەھەر تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 911 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى. 39 مىڭ 306 توننا ئاشلىق، 28 مىڭ 364 توننا پاختا، 25 توننا ياغلىق دان، 106 مىڭ 311 توننا كۆكتات، 5583 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 45 مىڭ 26 توننا مېۋە - چېۋە (ئەشپۈت 44 مىڭ 186 توننا) ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 303 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 663 توننا گۆش، 734 توننا قوي يۇڭى، 72.4 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 344 مىڭ 869 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 4360 توننا سۈت، 5207 توننا تۇخۇم، 50 توننا ھەسەل، 700 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4239.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1933.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 45 مىليون 820 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 940 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 102 مىڭ 866 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 5203كە، مەھسۇلات قىممىتى 580 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 408 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %44.5 ئاشتى. شەھەر تەۋەسىدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: 1مىليارد 484 مىليون 680 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 1 مىليارد 45 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 40 مىڭ مىليون كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 597 مىڭ 695 توننا كۆمۈر، 4 مىليون 726 مىڭ 300 توننا نېفىت، 956 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 4425 توننا سۇ يېغى، 1680 توننا پەمىدۇر كونسېرۋاسى، 40 توننا جياڭيۇ، 3730 توننا يۇرچاق پىشلىقى، 192 توننا ئاق ھاراق، 2041 توننا پىۋا، 1022 توننا بوتۇلكىلىق ئىچىملىك، 22 مىڭ 23 توننا ساپ پاختا، 34 مىڭ 488 توننا يىپ، 31 مىليون 230 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 260 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 20 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 5719 كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 25 مىڭ 586 ئۆي جاھازىسى، 5088 توننا سۇلياۋ ياسالما، 310 مىڭ توننا سېمونت، 10 مىڭ 498 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 16 مىڭ 395 توننا سېمونت يۇندا تۈرۈبىسى، 39 مىليون 270 مىڭ دانە خىش، 388 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاختا ماتېرىيال، 6525 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 242 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور، 466 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم، 3171 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %88.99كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 604 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 667 مىليون 187 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 108 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 733 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 377 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. نۇقتىلىق تۈرلەردىن شەھەرگە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 140 مىليون يۈەن، كۆنچى دەرياسىنى كۆكەرتىش مەنزىرە بەلۋېغى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 59مىليون 370 مىڭ يۈەن، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 197 مىليون 340 مىڭ يۈەن. شەھەر مەمۇرىيىتى ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرىگە 388 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 14.5 كىلومېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى، يىل ئاخىرىدا 4 مىليون 320 مىڭ كۋادرات مېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، يۇندا تۈرۈبىسى 203 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ كۈندىلىك ئۇنۇملۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (ئۆزى تەييارلىغان سۇ مەنبەسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 330 مىڭ تونناغا، شەھەردە ئىشلەپچىقىرىلغان تۇرۇبا سۈيى 12 مىليون 680 مىڭ تونناغا يەتكۈزۈلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 36مىليون 370 مىڭ تونناغا. گاز (سۈنئىي ۋە تەبىئىي گاز) بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 41 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىرغا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 10 مىڭ 999 تونناغا يەتتى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 8 مىليون 820 مىڭ تونناغا، يولۇچى 2 مىليون 720 مىڭغا؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك 750 مىڭ تونناغا، يولۇچى 570 مىڭغا؛ ئاۋىئاتسىيەدە (كورلا — بېيجىڭ، كورلا — جىنەن) توشۇلغان يولۇچى 40 مىڭغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 25 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 465 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 85 مىڭ 700گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 129 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك سودا بازىرى 786گە، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 887 مىليون 828 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 41 مىليون 78 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 6000 دوللار،

ئېكسپورت سوممىسى 35 مىليون 72 مىڭ دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 5 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 38 مىليون 850 مىڭ دوللار. ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 14 مىليون 780 مىڭ دوللارغا يەتتى. ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈش - سىرت بىلەن بىرلىشىش تۈرىدىن 35 ى ئىمزالاندى، تۈر سوممىسى 2 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 250 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 80 مىليون 220 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 337 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 444 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 788 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 10 مىليارد 724 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 793 مىليون 650 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 215 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 68 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6896، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2099. 2001 - يىلى 66 پەن تەتقىقات تۈرى مەلۇم قىلىندى، 37 تۈر باھالىنىشتىن ئۆتۈپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. شەھەرگە تەۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 583 (مىللىي 6876)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 75، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 3، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 41 (مىللىي 12 مىڭ 923). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4308. باللار باغچىسى 9، باغچىدىكى بالا 3666 (مىللىي 762)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 200. مۇشۇ يىلى 4 مەكتەپنى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 95 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى، ھەممە كەنتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شەھەر بويىچە 50 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 40، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 5، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 5؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2195؛ 2852 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 772)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2213 (مىللىي 680).

2001 - يىلى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «100 كۈنلۈك مەدەنىيەت مەيدانى»نى مەركەز قىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 6 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 7000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5551 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4414 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1. 3257 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9526 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 33 مىڭ 547 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 11مىڭ 355 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە 8 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. 2671 گېكتار كۆكەرتىلگەن رايون بەرپا قىلىندى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %33.5 كە يەتتى. كورلا شەھىرى دۆلەتنىڭ پاكىز شەھەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

## كورلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

2001 - يىلى ئىش باشلانغان 4 كۋادرات كىلومېتىر رايوننىڭ يول، كۆكەرتىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش، خەۋەرلىشىش ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. 37 كارخانا 39 تۈردە تەرەققىيات رايونىدا تۈر تۇرغۇزدى. 12 كارخانا تەرەققىيات رايونىغا كىرىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇردى، بۇ قۇرۇلۇشقا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 2001 - يىل 1 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ

تەستىقلىشى ئارقىلىق كورلا شەھىرى تاشدەن كىش باشقارمىسى بىلەن شائىخۇ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاشدەن بازىرى ۋە شائىخۇ بازىرى تەسىس قىلىندى.

تيەن فاشيالڭ

# خېجىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تاغلىق رايون ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %93ىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 421 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 128 مىڭ 91 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 76 مىڭ 989)، يېزا نوپۇسى 85 مىڭ 451؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.77. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 753 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6132 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 572 گېكتار)، 9549 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 2831 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 765 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 518 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 66 مىڭ گېكتار ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 59 مىڭ 300 گېكتار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.8. 2 مىليون 454 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. 35 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، ئاق يەلكەنلىك بۈركۈت، قارابويۇن تۇرنا، تاز قارا، قارا لەيلەك قاتارلىق 6 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئوتلاق مۈشۈكى، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق، سۈلەيسۈن، ئىتالغا، ئاق قۇ، ئۇلار، كۆلرەڭ تۇرنا قاتارلىق 18 خىلى بار. 700 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، ئاساسلىقلىرى چاكاندا، قان تېپەر، قارلەيلىسى، كىرەش قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ماگنېزىت، تۆمۈر، دولومىتلىق سۈرتاش، ھاك تېشى، مەرمەر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ھاك تېشى زەخىرىسىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى كۆپ، ئېچىش ئاسان. دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 9126 گېكتار كېلىدۇ. ناھىيىدە ئاققۇ كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى، كۆنەس ئورمان باغچىسى تەبىئىي مەنزىرە رايونى ۋە خۇائىياۋ بۇتخانىسى، ۋاڭ فۇجام مەھكىمىسى قاتارلىق تەبىئىي گۇمانىتارلىق سەيلى - ساياھەت لىنىيىسى بەرپا قىلىندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنفېڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چاڭفېڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پېڭ. پۈرۋە (موڭغۇل).

ھاكىم: سالڭ. ئاراش (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما شىڭجۇن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 925 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.02؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.67؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 307 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.53 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 458 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.35 ئاشتى. 48 مىڭ توننا ئاشلىق، 1958 توننا پاختا، 63 مىڭ 344 توننا قىزىلچا، 4025 توننا پىگمېنت مۇچى، 3042 توننا ياغلىق دان، 1196 توننا تاۋۇز گازىرى، 743 توننا زىرە، 16 مىڭ توننا كۆكتات، 3600 توننا چۈچۈكبۇيا، 64 مىڭ 448 توننا ياڭيۇ، 11 مىڭ 850 توننا سانائەت پەمىدۇرى ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 950 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 500 توننا گۆش، 1128 توننا قوي يۇڭى، 5100 توننا سۈت، 990 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 551.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمانلىق 395 گېكتار. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى دۇنيا بانكىسىدىن قەرز ئېلىپ قىلىنغان تارىم دەريا ۋادىسىنى 2 - قارارلىق تۈزەش

# بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئۆزگىچە كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلىش يولىغا يېتەكلەيلى

خېجىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى: شۈي جاڭفېڭ، ھاكىم: ساڭ ئاراش



سۈرەتتە: سولدىكى شۈي جاڭفېڭ، ئوڭدىكى ساڭ. ئاراش

خېجىڭ ناھىيىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىنىڭ بىرى، شەرقىي موڭغۇل تورغات قەبىلىسى تۇرۇشلۇق چارۋىچىلىق ئورنى، بۇ يەردە قاراشەھەر ئېتى، بايىنبۇلاق چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، قارلىق تاغ قوتىزى، بالغۇنتاي تىۋىتلىك ئۆچكىسى قاتارلىق سوغۇققا چىداملىق چارۋا نەسلى كۆپ. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول، ئاساسلىقى بايىنبۇلاق ئاققۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كۈنەس ئورمان باغچىسى، ئارشاڭ ساياھەت رايونىدىكى ئارشاڭ، بالغۇنتايدىكى خۇاگمىياۋ

تۆرى، ئېكولوگىيىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئۆلگە ناھىيە تۆرى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش تاماملاندى. سۇغىرىلىدىغان 500 گېكتار ئېتىز كۆپەيتىلدى، 973 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 مىڭ 371.73 كىلوۋاتقا، يېزا-بازار كارخانىسى 1830غا، مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئونتاسى ۋە مانجۇ ماتلىقى مەھكىمىسى قاتارلىق داڭلىق سەيلىگاھلار بار. خېجىڭ ناھىيىسى يەنە مۇھىم قېزىلما بايلىق جەملەنگەن چوڭ ناھىيە بولۇپ، 26 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى. ئىچىدە قىممىتىگە ئىگە قېزىلما بايلىق ئورنىدىن 117 سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ھاك تېشى، ماگنېزىت قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى كۆپ. سۈيىنى مىلى ياخشى. خېجىڭ ناھىيىسىدە ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك خىللىرى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1-، 2-دەرىجىلىك ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن 30 خىلى، تۈرلۈك جۇڭگىچە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 300 نەچچە خىلى بار.

خېجىڭ ناھىيىلىك پارتكوم يېڭى ئەسىر كىرىش بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى خىرىس ئالدىدا «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «324» ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى («ئۈچ بىر» يەنى بىر ئاساس — ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بىر تۈۋرۈك — چارۋىچىلىقنى چىڭ تۇتۇش، بىر قۇرۇلما — يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش؛ «ئىككى مۇھىم نۇقتا» نى گەۋدىلەندۈرۈش يەنى كارخانىلارنى زورايتىش ھەم كۈچەيتىش، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ «تۆتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» نى چىڭ تۇتۇش يەنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ساياھەتچىلىك، قېزىلما بايلىق، جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش) نى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات نىشانىنى ئېنىق بېكىتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 178 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن 16.46% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 194 مىڭ 500 توننا سېمونت، 2 مىليون 239 مىڭ 600 پارچە پار پاپراقچىسى، 2348 توننا يەم-خەشەك، 22 مىڭ 800 توننا بوغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 23.94%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 55

خېجىڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىق ئارقىلىق دېھقانچىلىقنى يېتەكلەش، دېھقانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش»تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئەلالارنى، كۈچلۈكلەرنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئېچىتىش كەسپىگە تايىنىش، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، تۈرلەر قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش، ساياھەتچىلىك ۋە قېزىلما بايلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، بازار ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پىكىر يولىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى.

1. ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى گەۋدىلىك چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. بىرىنچىدىن، چارۋىچىلىق گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. چارۋىچىلىقتا كۈچلۈك ناھىيە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ نىشان چۆرىدىلىپ، «ئىككىنى ياخشىلاش، ئىككىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى (نەسلىنى، باقمىچىلىق ئۇسۇلىنى ياخشىلاش؛ سۈپەت ئۈنۈمىنى، چارۋىچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش) زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، سان سۈرئەت تىپىدىكى چارۋىچىلىقنى سۈپەت ئۈنۈم تىپىدىكى چارۋىچىلىققا ئايلاندۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى تۆھپە ئۈلۈشىنى %40تىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سان مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، پادا قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، بايىنبۇلاقنىڭ يېشىل رەڭلىك زىيانسىز چارۋا مەھسۇلاتلىرى ماركىسى پاتال پارتىلىپ، باۋا قوتاز، تىۋىتلىك ئۆچكە نوقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى ۋە تاۋار نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كالىنى يېتەكچى، قوينى ئاساس، چوشقا بىلەن قۇشنى بىللە بېقىش، ئەتىۋارلىق ئۆزگىچە نەسلىنى بىرلىكتە بېقىش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئالا ئىنەك، سىمېنتال، شارول كالىسى قاتارلىق ئېسىل نەسىل ئاساس قىلىنغان سېمىرتچىلىق ۋە كالا، قوي بورداقچىلىقى نوقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. «ئۈچنى سىلوسلاش، بىرنى ئاممىباپلاشتۇرۇش» قاتارلىق ئەمەلىي تېخنىكىلار يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، يەم - خەشەكنى ياخشىلاش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ تۈرەلمە كۆچۈرۈش، توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان نەسىل ياخشىلاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، خېجىڭ ناھىيىسىنى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە قوتاز، تىۋىتلىك ئۆچكە، قاراشەھەر ئېتىنىڭ ئېسىل نەسلىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قولغا كەلتۈرۈلدى؛ باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى زور كۈچ بىلەن يۆلىنىپ، تەسىر كۆرسىتىش - باشلامچىلىق قىلىش رولى جارى قىلدۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئەلالاشقان تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئېسىل سۈپەتلىك ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئېسىل سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، پىگمېنت مۇچى، زىرە، قىزىلچا، پاكار بارخات قاتارلىق ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر زاكاس قىلىش ئارقىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كۆلەملەشكەن تېرىقچىلىق، كەسپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىيلاشقان باشقۇرۇش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىدە ئاساس قىلىنغان ئوت - چۆپ

---

مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 74 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 235 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.133 ئاشتى. شۇ يىلى «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 300 مىڭ توننا كۆپەيتىش قۇرۇلۇشى، ئاققۇ كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ساياھەت تاشيولىنىڭ 1 -، 2 - بۆلىكىنىڭ 25 كىلومېتىرلىق يول ئۇلى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، تاغ سىرتىدىكى دېھقانچىلىق رايونىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشتە 10 كىلوۋولتلۇق 195 كىلومېتىر ۋە 400 كىلوۋولتلۇق 328 كىلومېتىر، تاغلىق رايوندىكى يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشتە 10 كىلوۋولتلۇق 78 كىلومېتىر ۋە 400 كىلوۋولتلۇق 39 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 100 گېكتار ئۆلچەملىك سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۈلگە تۈرى؛ دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن قىلىنىدىغان تارىم دەرياسى ۋادىسى 2 - قارارلىق 1100 گېكتارلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇش تۈرى؛ كىرغوت يېزىسى قاتارلىق 6 يېزا، مەيدانىنىڭ سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 400 گېكتار يەردە ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈلدى؛ ناھىيە

ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قارلەيلىسى قاتارلىق جۇڭگىيى ئوت - چۆپ دورىلىرىنى تېرىش بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. تەڭرىتاغ موگۇسى، ياۋا سۆگەتپياز، ياۋا ساماساق، ياۋا كۆدە، ياۋا كەرەپشە، ئاققۇ كۆلىدىن چىقىدىغان ئاق بېلىق قاتارلىق تەبىئىي يېشىل يېمەكلىكلەر پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تەبىئىي ياۋا ئۆسۈملۈك يېمەكلىكنى ئۆستۈرۈش ئىشى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كونا باغ - ئورمانلار ئۆزگەرتىلىپ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۈزۈم، ئۆرۈك، چىلان، باغ مالىيىسىنى ئاساس قىلغان مېۋىزارلىق بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە تېز ئۆسىدىغان ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشى گەۋدىلىك چىڭ تۇتىلىدۇ. پارنىك، لاپاستا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈش پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، پەسىلسىز تۈركۈم مىقدار ئەۋزەللىكى ۋە سۈپەتلىك داڭلىق ماركا ئارقىلىق بازار ئىگىلىنىپ، كۆلەم شەكىللەندۈرۈلىدۇ. تۆتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. باشلامچى كارخانىلار پائال يېتىشتۈرۈلۈپ ۋە كىرگۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قىممىتى كۆپ قېتىم ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈزۈم، پىگمېنت مۇچى، تېز ئۆسىدىغان تېرەك، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، شىركەتكە دېھقان ئائىلىلىرىنى قوشۇش، زاكاس يېزا ئىگىلىكى، توختاملىق يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، دېھقانلار بازارغا كىرىشكە يېتەكلىنىدۇ. بىر تۈركۈم تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، پىششىقلاش، توشۇش، سېتىش، زور پەن - تېخنىكا ئائىلىلىرى پائال يۆلىنىپ، مۇۋاپىق كۆلەمدە تىجارەت قىلىدىغان ۋە كەسپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم يېزا ئىقتىسادىي باشلامچىلىرى مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ.

2. ئەۋزەل كەسپلەر پائال يېتىشتۈرۈلۈپ، بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. مۆۋقە ئەۋزەل بايلىقلارنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە قويۇلۇپ، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەۋزەل تايانچ كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش گەۋدىلىك چىڭ تۇتۇلىدۇ. بىرىنچىدىن، «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، خېجىڭ ناھىيىسى باينغولىن ئوبلاستىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىيال بازىسىغا مۇمكىن قەدەر تېز ئايلاندۇرۇلۇپ، باشقا بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى قېزىش ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپلەر تەرەققىياتىغا باشلامچىلىق قىلىنىدۇ؛ «تەڭرىتاغ» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلىپ، ئۇ شىنجاڭ بويىچە مۇھىم شېكەر ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ماگنېزىت، مىس رۇدىسى، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى، مەرمەر تاش رۇدىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېچىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش سۈرئىتى يەنىمۇ تېزلىتىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، خۇاشىڭ پار ياپراقچىسى زاۋۇتى، يامىن هاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تيەنخې يەم - خەشەك شىركىتى، «سامان يولى» خىمىيە سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار يۆلىنىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ زورايتىلىدۇ. خۇسۇسىي كارخانا ۋە يەككە كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ خىلمۇ خىل شەكىل ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېك-

بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش بويىچە 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى؛ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تورىنى كېڭەيتىش، 1 -، 2 - پونكىتىنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىغىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار تاماملاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 71 مىليون 290 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 158 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 15 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 8171گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 10 مىڭ 840 قا يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋار بازىرى 9، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 77 مىليون 285 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 40 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 470 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 32 مىليون 60 مىڭ يۈەن (خەزىنىگە ۋە باجغا قايتۇرۇلغان 34 مىليون 530 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 9%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 116 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27% ئاشتى، ھۆكۈمەت 3 مىليون 860 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋالدى. پۇل

تىپ كارخانىلار بىرلەشتۈرۈلىدۇ، سېتىۋېلىنىدۇ، ئىجارىگە بېرىلىدۇ ھەمدە دۆلەت كارخانىلىرى پايغا ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، پايدا - بېجى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان بىر تۈركۈم «كىچىك گىگانت» كارخانىلار تەرەققىي قىلىپ يېتىشتۈرۈلۈپ، خېجىڭ ناھىيىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىياسەت تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئىش بېجىرىش قائىدە-نىزاملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ئۈچۈن ئادىل رىقابەت مۇھىتى بەرپا قىلىنىدۇ.

3. ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك گەۋدىلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يارىتىلىدۇ. مول تەبىئىي مەنزىرە، گۈزەل مەنزىرە، تارىخىي مەدەنىيەت قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، موڭغۇل ئۆرپ - ئادىتىگە ئىگە ئۆزگىچە ساياھەت تۈرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. بىر رايون، بىر باغ، بىر جىلغا، بىر كەنت، بىر مەھەللە (بايىنبۇلاق ئاققۇ كۆلى ئېكولوگىيىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى، كۆنەس ئورمان باغچىسى، بەنچەن جىلغىسى، ئارشاڭ ساياھەت رايونى ئارامگاھى، بالغۇنتايدىكى خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى سالقىنداش مەھەللىسى) قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاققۇ كۆلى ۋە كۆنەس ئورمان باغچىسىدىن ئىبارەت 2 چوڭ مەنزىرە رايونى دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. تاشقى تەشۋىقات ۋە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئىجتىمائىي مەبلەغ جەلپ قىلىنىپ، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ؛ سەيلى ساياھەت بىلەن ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، مال سېتىۋېلىش، مىللىي ئۆرۈپ - ئادەت، ئېكولوگىيە، دەم ئالغاچ داۋالىنىش قاتارلىق ساياھەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «شەرققە قايتىش» نادام سەنئەت بايرىمى نۇقتىلىق ياخشى ئۆتكۈزۈلۈپ، ساياھەت تۈرىنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى كۆپەيتىلىپ، ساياھەتچىلىك جەھەتتە كۆپ ئىشلار قىلىنىدۇ ۋە ئۇ كۆچەيتىلىدۇ.

4. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ياخشىلىنىدۇ. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زاپاس كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ. بىرىنچىدىن، دۆلەت يولى 217 - 218 - لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىغا بارىدىغان مەخسۇس يول قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسىنىڭ ئۇل كىلومېتىردىن بالغۇنتايغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش تۈرىنى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاققۇ كۆلى ئېكولوگىيىلىك ساياھەت تاشيولى ۋە دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسىدىن خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغىچە بولغان تاشيولنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ چۆقۇ دەرياسىدىن كورلىغىچە بولغان ئالىي تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى ئاپتوموبىللارنى تارقاقلاشتۇرۇش يولىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پائال ماسلىشىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تاشيول تورى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تېزلىتىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 100 گېكتار ئېھاتە ئورمانلىقنى يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۆلگە قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش ۋە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ 200 گېكتار يەرنى يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىش

مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 667 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 514 مىليون 730 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 479 مىليون 910 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 16 مىليون 370 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك چىقىم قىلىنغان ۋە تۆلەنگەن پۇل 4 مىليون 845 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 245 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3259، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 927. مۇشۇ يىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 37سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۆلگە تۈردىن 8ى سىناق قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق

باشلىنىپ، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قاراشەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا پائال ماسلىشىلىدۇ. قاراشەھەر دەرياسى، شارئۇسان جىلغىسى ۋادىسىنى ئېكولوگىيىلىك قوغداش ۋە تۈزەش چۆرىدىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش بويىچە نۇقتىلىق ناھىيە تۈرىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئىھاتە ئورمىنى 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىنىدۇ، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك پاراۋانلىق ئورمىنىنى قوغداش تۈرى، تەبىئىي ئوتلاقنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىدە نۇقتىلىق ئىش باشلىنىپ، سىجىل تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يېزا ئېلېكتر تورى، بازار ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيىنىڭ خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلىدۇ، بازارلاردىكى خەلق ئىشلىتىدىغان تەبىئىي گاز تورۇبا قۇرۇلۇشى تورى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېسىل مەھسۇلات ئېچىش تۇرغۇزۇلۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى پىلانى ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتىلىدۇ، ناھىيىنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، دەرىجىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، رايون قىياپىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان بەلگە خاراكتېرلىك بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلار چىڭ تۇتۇلۇپ، ناھىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1960 (مىللىي 1302)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 7162 (مىللىي 4211)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 198 (مىللىي 8973). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2776 (مىللىي 1803). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، ناھىيە بازىرىدا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %70كە، تاغلىق رايوندىن باشقا يېزىلاردا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %40كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلامدىكى شىپاخانا 13، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 330؛ 469 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 218).

2001 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2690 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6915 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. يىل ئاخىرىدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1316 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 4 بازار، 5 يېزىدا ئاھالىلەر ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بازارلاردىكى 10 مىڭ 308 نامرات ئادەم (قېتىم) گە 460 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى.

★ 6 - ئايدا خارمۇدۇن يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قۇرۇلدى.

★ 7 - ئايدا خارمۇدۇن يېزا جۇلۇن تۈرگىن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دىڭ شېڭگۈي مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

★ 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 10 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 11 - ئايدا خېجىڭ ناھىيىسىدە دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىلىق ناھىيە قۇرۇش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇنىڭغا جەمئىي 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، تور ئومۇمىي كۆلىمى بويىچە 530 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. بۇ تۈردە ئۆرۈك كۆچىتى ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدى.

★ 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خېجىڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەمدە بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بۇرۇنقى 200 مىڭ توننىدىن 500 مىڭ توننىغا كۆپەيتىلدى.

يالڭ يۇفېڭ

# خوشۇت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى كوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئوبلاست مەركىزى كورلا شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 39 مىڭ 892 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 488)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 19؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.81، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.5. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 493 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2293.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوشۇت ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، پارىنىك لاپاس كۆلىمى 275 گېكتارغا، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننىغا، سورتى 15كە يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدە 28 مىڭ 840 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 459 مىڭ 820 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ناھىيىگە تەۋە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 285 مىڭ 727 گېكتار) بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چاكاندا، قاتتىپەر، چۆچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى مەرمەر، گرانىت تاش، تۇز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئالتۇن ساھىل ئىستىراھەت رايونى، جىنستېي سالقىنداش تاغلىق مەھەللىسى، قىزىل كېپىنەك جىلغىسى قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ساھىل ئىستىراھەت رايونى AAA دەرىجىلىك سەيلىگاھ بولۇپ باھالاندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى چۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لېكشىت (موڭغۇل).

ھاكىم: چۆجە (موڭغۇل، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىيامۇسەي (موڭغۇل، 7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى)،

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇي دېيۈەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيىگە تەۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 415 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 172 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.4 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.6 تۆۋەنلىدى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 217 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.1 تۆۋەنلىدى. 20 مىڭ 351 تونna ئاشلىق، 7142 توننا پاختا، 776 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 514 توننا مېۋە - چېۋە، 14مىڭ 120 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 7638 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مۇچ، 23مىڭ 755 توننا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 173 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 2557 توننا گۆش، 190 توننا قوي يۇڭى، 57مىڭ 410 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 391 توننا سۈت، 709 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 3.327 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىلىدىغان گېكتار يەر 800 كۆپەيتىلدى، 20 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 43 مىڭ 280 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2373كە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 239 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %32.7، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.1 ئاشتى. 41 توننا ئېفېدرىن، 126 مىڭ 814 كۋادرات مېتىر گرانىت تاختا ماتېرىيال، 31 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 7560 توننا پەمىدۇر قىيامىسى، 2100 توننا قىزىلمۇچ قىيامىسى، 1500 توننا ئاق ھاراق، 628 توننا چۆچۈكبۇيا ياسالمىسى، 8471 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %84كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 403 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-

ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ 429 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 9285 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 126 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 23 مىليون 240 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى تاماملانغان ئاساسلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى: ئالتۇن ساھىلنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تۈرى، ئېغىدىرىن ياماللىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۆسكۈنە سېتىۋېلىش تۈرى، «1 ـ ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ يۇختىلاش قۇرۇلۇشى، ئالتۇن ساھىل ئىستىراھەت رايونىنىڭ ساياھەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى، ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 800 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 160 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 950 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفون ئابونېنتى 4110غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 6356گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2700گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 73 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 770 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 31 مىليون 830 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودىسى بازىرى 5، بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 17 مىليون 390 مىڭ يۈەن. 262 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 32 مىليون 831 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %20؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 69 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 321 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 271 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 212 مىليون 570مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 350 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك چىقىم قىلىنغان ۋە تۆلەنگەن پۇل 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 690 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1309، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 519. 2 ـ ئايدا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ خوشۇت ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2977 (مىللىي 1149)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 8120 (مىللىي 1146). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 892 (مىللىي 342). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %60كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 7، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 105؛ 135 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 80)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 76 (مىللىي 64). يەككە ئامبۇلاتورىيە 17، دوختۇر 17، سېستىرا 5.

ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 45 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1130 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 85 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %96.8 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى خوشۇت ناھىيىسىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3099 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7909 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2280 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 2798 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 925 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولاشقا قاتناشتى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 3نى تاماملاندى، بۇنىڭغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 134 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3نى بەرپا قىلىندى.

★ 1 - ئايدا خوشۇت ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئىستىراھەت رايونىدا «كەتنىگە قۇچاق ئېچىپ، قار - مۇزدىن بەھرىمەن بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن ساھىلدىكى قىش» تەنتەربىيە بەدەن ساغلاملىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە 2001 - يىللىق شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. بايرام مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك ئەر - ئاياللار ئالتۇن ساھىل ۋالىبول مۇسابىقىسى، «مالدىن قوشقى — قارلىغاچ ئاغقا مۇھەببەت، رىشتىمىز ئالتۇن ساھىلغا باغلانغان» ناملىق ناخشا ئېيتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

★ 8 - ئايدا خوشۇت ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك نادام مەركىسى جىنسىتې ساياھەت رايونىدا ئېچىلدى.

ئىزاھ: تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىزاھلانغانلىرىدىن باشقىلىرى ناھىيىگە تەۋە ستاتىستىكا دائىرىسىگە كىرىدۇ.

شۈي خەيفاڭ

# باغراش ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئوبلاست مەركىزى قورلا شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 47 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 35 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.94‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.51‰. ناھىيە بويىچە 9900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3393 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 7013 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باغراش ناھىيىسىنىڭ سىپىل سىرتىدىكى جىياڭنەن دېگەن چىرايلىق نامى بار. بۇ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ داڭلىق بېلىقچىلىق ماكانى ۋە ساياھەت بازىسىدۇر. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پېمىدۇر، مۇچ، پەمىدۇر قاتارلىقلارنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان داڭقى بار. باغراش ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆل — باغراش كۆلى بار، بۇ كۆلنىڭ سۇ كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، سۇنىڭ ئۇسۇلدا بېقىلغان ۋە تەبىئىي كۆپەيگەن 20 نەچچە خىل بېلىق بار. باغراش ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. كۆل رايونىدىكى قومۇشلۇق كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتار. قومۇشنىڭ يىللىق زاپىسى 200 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ. بۇ قومۇشلۇق مەملىكەت بويىچە 4 چوڭ قومۇش رايونىنىڭ بىرى. باغراش كۆلىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل، كۆل بويىدا قۇشلار ئارىلى، ئالتۇن ئېغىزى، نىلۇپەر كۆلى، قىزىل قولتۇقى قاتارلىق داڭلىق سەيلىگاھلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئاش تۇزى، شور، تورف، ئالتۇن، مىس قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن شياڭپىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛

6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا چۇنلىن.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ج. ئاراش (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەرىنچارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فاڭ جۇڭگوي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 354 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 143 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.2%، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.5%؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون 168 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى. 20 مىڭ 270 توننا ئاشلىق، 2375 توننا ياغلىق دان، 100 مىڭ توننا سانائەت پەمىدۇرى، 881 توننا پاختا، 45 مىڭ توننا قومۇش ئېلىندى. 282 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بەرپا قىلىنغان لاياقەتلىك ئورمان كۆلىمى 44.9 گېكتارغا يېتىدۇ.

يىل ئاخىرىدا قولدا 105 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 2124 توننا گۆش، 258 توننا يۇڭ، 365 توننا سۈت ئىشلەندى، 4190 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئىشلىنىپ، 31% ئاشتى. مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 66 مىڭ 109 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1558گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 134مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.3% ئاشتى. 24 مىڭ 208 توننا پەمدۇر قىيامى، 932 توننا ئۈژمە قىيامى، 26 مىڭ 234 كۇب مېتىر ئوتتۇرا زىچلىقتىكى سۇنئىي تاختاي، 709 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 5079 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 111%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 32 مىڭ 803 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 24 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 64 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇ ئىئانىلەرگىچە تەقسىملەنگەن كۆلەم 6000 گېكتارغا يەتتى، 1000 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىقتا تۇپراقنى ئۆلچەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى؛ يەنجى — باغراش تاشيولى ۋە بازار ئايلانما تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گازنى زاپاس تەييارلاش پونكىتى، نايىنقۇدۇققا تۆۋەن بېسىملىق سىم تارتىش، قوشلار ئارىلى مەنزىرە ساياھەت رايونىنى توك بىلەن تەمىنلەش، ناھىيىلىك موڭغۇل دوختۇرخانىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر ئارقا - ئارقىدىن پۈتتى. بۇمبۇت يېزىسى كىچىك سودا بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى؛ مەدەنىيەت-مائارىپ ئۇنىۋېرسال بىناسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 16 مىڭ 809 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى كۆپەيدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليون 420 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 211 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 8180گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى ئابونىتى 4792، بازار تېلېفونى ئابونىتى 3388. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 85 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 350 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 9 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ باغراش كۆلى قوشلار ئارىلى تومۇريول ئارامگاھىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن 21.7% ; يەرلىك مالىيە چىقىمى 64 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.4% ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 235 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 170 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 4 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى تۆلىگەن ۋە چىقىم قىلغان پۇل 4 مىليون يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار خادىم 378 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 27). باغراش ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» بولۇش جەھەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (مىللىيباشلانغۇچمەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 5681 (مىللىي 2415)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3657 (مىللىي 1177)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 438. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1067 (مىللىي 462). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 - ئايدا باغراش ناھىيىلىك مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى بار، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 132، 221 سەھىيە خىزمەتچى خادىمى بار (بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 199)؛ يېزىلاردا 28 تېببىي داۋالاش نۇقتىسى قۇرۇلدى، يېزا - كەنتلەردە 21 دوختۇرخانا بار؛ ناھىيە بازىرىدىكى يەككە

ئامبۇلاتورىيە 10، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بويىچە ئەكشۈرۈشتە باغراش ناھىيىسى ئۇدا 6 يىل بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە 1 ـ بولدى.

باغراش ناھىيىسى بويىچە 10 تەنھەرىكەتچى 3 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ دەرىجە ئۆلچىمىگە يەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىش نىسبىتى %100كە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى باغراش ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2582 يۈەنگە يەتتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى 2000 ـ يىلدىكىدىن 84 .14 يۈەن ئازايتىلدى. ناھىيە بويىچە كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 122 يۈەنگە يەتتى. 1 ـ تۈركۈمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق باشقا جايلارغا كۆچۈرۈلدى. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 2001 ـ يىلى باغراش ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

★ 2001 ـ يىلى «باغراش» ماركىلىق يورۇشلۇق سۇ مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

★ 2001 ـ يىلى ئاخۇن ئېغىزى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى AAA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ باھالاندى.

خەن خۇڭۇبى

# بۇگۇر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇگۇر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 98 مىڭ 9 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 78 مىڭ 739)، يېزا نوپۇسى 71 مىڭ 238؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %1 .16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %84 .9. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 165 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7124 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 11 مىڭ 41 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بۇگۇر ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا بازىسى ناھىيىلىرىنىڭ بىرى. ناھىيىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 560 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 292 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 283 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 15 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، سىلەيسۇن، ئارقار، بۇغا، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىق 11 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، كىرەش، چاكاندا قاتارلىقلار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كرىستال تۇز، كۆمۈر، نېفىت، چىرىمتال، گەج، مىس قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكى رايونى، قۇملۇق توغراقلىق باغچىسى، سوخۇ مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇگۇر ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىنفېڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئەمەت.

ھاكىم: توختى نۇر (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن قادىر (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۈشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 445 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 223 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6 .7؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 73 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 148 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8 .4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 277 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %37 .7 ئاشتى. 42 مىڭ 890 تونىنا

ئاشلىق، 15 مىڭ 648 توننا پاختا، 568 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 719 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 319 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 5373 توننا گۆش، 20 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 227 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 25 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1702 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 36 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 70 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1737گە، مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.6 ئاشتى. 222 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 9617 توننا تۇز، 5127 توننا ئۇن، 2000 توننا كوكس، 4022 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 182 توننا بالغاق، 7336 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 81 مىڭ 295 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 58 مىڭ 887 كۋادرات مېتىر.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 180 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 145 مىليون 780 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك 500 توننىغا، يولۇچى 51 مىڭغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 4817گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1970كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 183 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 51 مىليون 640 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرى 2، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 109 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 111 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، %34.2 تۆۋەنلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 803 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 566 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 316 مىليون 480 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 4 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 5 مىليون 370 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 2 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 1 مىليون 670 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2562، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 648. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1600 نەپەر (مىللىي 1160). ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 7336 (مىللىي 5868)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 59، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 828 (مىللىي 9102). يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %99كە، سىملىق تېلېۋىزىيە كۆرگەن ئائىلە 3700 نەچچىگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 12، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 298؛ 336 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 238.

12 مىڭ 335 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %80تىن ئاشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى بۈگۈر ناھىيىسىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2436 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6473 يۈەنگە يەتتى. 2591 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4236 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 565 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ج ك پ بۈگۈر ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ئىزاھ: ناھىيىدە جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكى بار، بارلىق سانلىق مەلۇماتلار بۇ نېفىتلىكنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاۋ شىنجىڭ

# لوپنۇر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي لېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 57 مىڭ 960 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 449)، يېزا نوپۇسى 44مىڭ 730؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.55، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.34. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 820 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 880 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 20 مىڭ 310 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 156 مىڭ 200 گېكتار ئورمان بار. ناھىيىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋېرمىكۇتىت كېنى بار. ئاساسلىق سەيلىگاھتىن لوپنۇرلۇقلار كەنتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كېيى؛ 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن مەيفا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نىياز ئابلا (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈسۈپ ئابدۇرېھىم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: جېلىل ناسىر.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى ۋېي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 718 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 366 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 240 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 344 مىليون 836 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %20.77 ئاشتى. 4447 توننا ئاشلىق، 35 مىڭ 146 توننا پاختا، 6922 توننا مېۋە - چېۋە، 3518 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 273 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 3604 توننا گۆش، 110 توننا قوي يۇڭى، 20.3 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 500 توننا سۈت، 175 توننا تۇخۇم، 100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 225 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1901گە، مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليون يۈەن (تەيچاڭ سانائەت باش شىركىتىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى. 21 مىڭ 632 توننا پاختا، 9 مىليون 100 مىڭ دانە خىش، 46 مىڭ 318 توننا ۋېرمىكۇتىت، 345 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى، 5 توننا لوپنۇر كەندىرى يۇرۇشلۇق مەھسۇلاتى، 3557 توننا سۇ يېغى، 210 توننا تور پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 781 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 33 مىڭ 477 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 54 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنى يىللىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 760 مىڭ تونندىن يەتتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 66 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 608 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 511 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 58 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.78؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 82 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.84 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 643 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 389 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 299 مىليون 830 مىڭ يۈەن. مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 809. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 260. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 3963 (مىللىي 2352)، ئوقۇتقۇچى 353؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 7186 (مىللىي 6173)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 569. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %60كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 9، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، 239 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 220.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2831 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 26 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 29.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2909 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى، 3968 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 262 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

## چاقىلىق ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 20 مىڭ 568 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 63)، يېزا نوپۇسى 11 مىڭ 80؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.81، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.29. ناھىيە بويىچە 2400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1410 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 1530 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 310 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 307 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 56 مىڭ 200 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.28. ناھىيە بويىچە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان 1 مىليون 133 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كرووران قەدىمكى شەھىرى، ئىدۇن قەدىمكى شەھىرى، ۋاشەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار. تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇن، كالىيلىق تۇز، كۆمۈر قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى، تاشپاختىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 27 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ.

تاۋار ماركىسى رويخەتكە ئېلىنغان داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن سەنخەي ماركىلىق قوغۇن، كرووران ماركىلىق چىلان بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ياپىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت.

ھاكىم: جېلىل ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۈن شۈدۇڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 211 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى؛ 2 -

كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ %9.6 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 16 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.7 ئاشتى. 8109 توننا ئاشلىق، 2418 توننا پاختا ئېلىندى. 15 گېكتار يەردە ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى، 8 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 119 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 1398.3 توننا گۆش، 95 توننا سۈت، 115 توننا يۇڭ، 4.5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 35 مىڭ 900 پارچە تېرە، 92 توننا تۇخۇم، 9 توننا ھەسەل ئېلىندى، 517 بوغما بېقىلدى. 228 توننا مېۋە-چېۋە (16 توننا چىلان)، 3572 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 480 توننا كۆكتات ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 492 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 333 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 300 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. 260 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ياكى يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 19 مىڭ 50 كىلوۋاتقا، يېزا-بازار كارخانىسى 572گە (يەككە، خۇسۇسىي كارخانا 552)، مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %28.1 تۆۋەنلىدى. 29 مىڭ توننا تاشپاختا ئېلىندى، تاشپاختىدىن ئىشلەنگەن چىگەن رەخت 59 تونىنغا يەتتى، 6 مىليون 490 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، ناھىيە بازىرى 890 مىڭ كۇب مېتىر تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 2 مىليون 100 مىڭ دانە خىش، 43.6 توننا قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %86.7 كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 473 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4913 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 35 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 34 مىليون 140 مىڭ يۈەن. سۇنى ياخشىلاش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا يۈرۈشلەشكەن قۇدۇق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 600 كۋادرات مېتىرلىق يۇمىلاق شەكىللىك پاكىز سۇ كۆلچىكى ياسالدى، 1300 مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبا تورى ياتقۇزۇلدى. يولۇچى توبوروت مىقدارى 16 مىليون 490 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك توبوروت مىقدارى 38 مىليون 790 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 76 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېفوننىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %62كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 3217گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2744كە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك سودا بازىرى 5. بازارلاردا پۈتتۈشۈلگەن سومما 22 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون 488 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 12 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %20.18؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 56 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.3 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 79 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 171 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 105 مىليون 940 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 901 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن ۋە بېرىلگەن پۇل 960 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 187 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 13). ئوتتۇرا مەكتەپ 4 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 1341؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 2999؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 189. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 458 (مىللىي 264). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97.6كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.4كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1435كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار (يېزا - بازار شىپاخانىسى 6، يەككە ئامبۇلاتورىيە 2). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 65، 140 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە 43 قېتىم ھەر خىل تەنتەربىيەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 3423 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 3058 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %91.6 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2216 يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى 1.30 يۈەن كېمەيتىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 537 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، 2714 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 137 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. يېزىلاردىكى 1165 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 450 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىلدى.

جۇڭ يەنچيۇ

# چەرچەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1270 كىلومېتىر، ئاۋئاتسىيە مۇساپىسى 740 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 54 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.11. ناھىيە بويىچە 9537.2 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1788.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5982.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 391 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 7545.27 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.27. ئەنۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تىبەت بۆكىنى، ئېگىز تاغ بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن، جەرەن، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، مىس، قاشتېشى، تاشپاختا، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق 21 خىلى بار، بولۇپمۇ نېفىت، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇننىڭ زاپىسى مول. ناھىيە تەۋەسىدە ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكى بار. ناھىيىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋايى ھايۋانات تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى رەسمىي تەستىقلانغان مۇنتىزىم ياۋايى ھايۋان ئوۋلاش مەيدانى — ئالتۇنتاغ ئوۋچىلىق رايونىنىڭ چەرچەن ئوۋچىلىق مەيدانى بار، يەنە مۆلچەر دەرياسى جىلغىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى، لەللىلىك - غازلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق مەنزىرىلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شياۋپىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىمىن.

ھاكىم: سانتار مۇتەللىپ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇختەر زىكرىيا (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن شياۋئەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 253 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 117 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليون 808 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.6 ئاشتى. 26 مىڭ 824



2001 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى مەملىكەتلىك مەدەنىي كىچىك شەھەر-بازار بويىچە ئۈلگە نۇقتا بولۇپ باھالاندى. سۈرەتتە چەرچەن ناھىيە بازىرىدىكى شەرقىي يېڭى يولى كوچىسى

جېڭ جيەنلياڭ فوتوسى

تونا ئاشلىق، 8744 تونا پاختا، 599 تونا ياغلىق دان، 3004 تونا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 567.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 327 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 5367 تونا گۆش، 355 تونا قوي يۇڭى، 36 مىڭ 799 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 810 تونا سۈت، 400 تونا تۇخۇم، 38 تونا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 688 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 110 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 36 مىڭ 600 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1203 كە، مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.6؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.2 ئاشتى. 15 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ 73 تونا كۆمۈر، 70 تونا قاشتېشى، 5284 تونا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %85كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 818 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 161 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 166 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 151 مىليون 970 مىڭ يۈەن. 10 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ «ياۋروپاچە باغچا» شەكىللىك 3 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ رايونى پۈتتى، رايوننىڭ ئىگىلىگەن يېرى 10.47 گېكتار بولۇپ، 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش تۈرى تاماملاندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 101 مىليون 360 مىڭ تونا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 42 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 4108گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 3060 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2100گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 20 مىليون 68 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرى 5 بولۇپ، بازارلاردا يىللىق يۈتتۈشۈلگەن سوما 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 105 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 140 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.2 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 217 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 130 مىليون 60 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 450، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 234. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 655 (مىللىي 516)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3997 (مىللىي 665)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 8666 (مىللىي 6502). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1115 (مىللىي 464).

شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 294؛ 353 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 238.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 672 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4284 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2183 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1549 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 1776 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4921 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 338 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلى 768 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. چەرچەن ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى» قاتارىغا كىردى.

زېڭ جاۋمىڭ

## يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 102 مىڭ 346 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 66 مىڭ 88)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 70 مىڭ 186؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.69. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 840 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6231 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 590 گېكتار)، 13 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 2620 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيى مەنبەسى ئاساسەن قاراشەھەر دەرياسىدىن كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 340 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئويمانلىقتىكى يەر قاتلىمىدا مول يەر ئاستى سۈيى ۋە بېسىملىق سۇ بار. ئۇزۇن مۇددەت ئېچىشقا بولىدىغان 500 كۇب مېتىر سۇ بار. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 800 گېكتار ئورمان بار (بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندىكى ئورمانلىق6700گېكتار). دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئاق يەلكەنلىك بۈركۈت، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك قاتارلىق 7 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق، تاز قارا، مۈشۈكياپىلاق قاتارلىق 17 خىلى بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، كىرەش، قان تېپەر، سوغىكۆل، كەتىرا، ئەڭلىكئوت قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل قوۋزاقلىق چۈچۈكبۇيا خېلى كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، كۆمۈر، كۋارتس، خرۇستال، ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار، چىرىمتال، قىزىل - يېشىل ئۈلتاش قاتارلىقلار بار. باۋلياڭ نېفىتلىكى يەنجى ناھىيىسى تەۋەسىدە.

يەنجى ناھىيىسى قىزىلمۇچ، پەمىدۇر، ئارپىبەدىيان، قىزىلچا قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا ماس كېلىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مېڭخۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما گولىن (خۇيزۇ).

ھاكىم: ما چاڭچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېزىز سايىت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 779 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 271 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 301 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 207



يەنجى ناھىيە بازىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈنسايىن يېڭىلاندى. سۈرەتتە ناھىيە بازىرىدىكى چىملىقنىڭ بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتنى يەنجى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 461 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى. 37 مىڭ 582 توننا ئاشلىق، 583 توننا پاختا، 3466 توننا ياغلىق دان، 168 مىڭ 611 توننا قىزىلچا، 4463 توننا مېۋە - چېۋە، 3787 توننا ئاق گازىر، 1551 توننا ئارپىبەدىيان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 273 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6903 توننا گۆش، 753 توننا قوي يۇڭى، 71 مىڭ 686 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 7518 توننا سۈت، 1371 توننا تۇخۇم، 297 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 679 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 48 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى سۇغىرىلىدىغان 667 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 70 مىڭ 655 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2303 كە، مەھسۇلات قىممىتى 467 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 147 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 183 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى. 23 مىڭ 428 توننا ئاق شېكەر، 1722 توننا ئىسپىرت، 1013 توننا سۈت پاراشوكى، 46 مىڭ توننا سېمونت، 10 مىليون 545 مىڭ دانە باتارېيە ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.9كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 401 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 117 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 34 مىڭ 917 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 321 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 301 مىليون 950 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 1.4 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. يۈك توشۇش مىقدارى 200 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 8 مىليون 342 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونىتى 11 مىڭ 841 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 11 مىڭ 956 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 6300 گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 202 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 114 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرى 10 غا، بازارلاردا يىللىق يۈرۈشۈلگەن سومما 75 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 265 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئىمپورت قىلىنغان مال سوممىسىدۇر). شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن بىر تۈر ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 500 مىڭ دوللار. چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 52 مىڭ دوللار مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 41 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 105 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.9 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 546 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 820 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 24 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 790 مىڭ يۈەن؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 18 مىليون 960 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 8 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 4 مىليون 370 مىڭ

يۈەن، ئۈمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2782، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 816. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 86 (مىللىي 44)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1336 (مىللىي 825)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 5601 (مىللىي 3964)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 825 (مىللىي 8026). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 1875 (مىللىي 1145). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 11 - ئايدا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ناھىيە دۆلەت بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 7000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە - يۇقۇملىنىش ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 8 يەككە ئامبۇلاتورىيە بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 157؛ 283 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 165)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 135 (مىللىي 76).

ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 978 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98 بولدى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول قاتارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 7 تۈردە 1 -، 11 تۈردە 2 -، 14 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى يەنجى ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5873 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4588 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7 .3182 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1204 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 957 يۈەنگە يەتتى. دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 1781 كىشىگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 3056 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش ئوبلاشقا قاتناشتى. 10 - ئايدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتى ۋە بازارلاردىكى ئىش باشقۇرۇلمىغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىزمىتى باشلاندى.

100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھەممىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى.

## يەنجى ناھىيىسى ئۆزگىچە تېرىقچىلىققا كۈچ چىقاردى

يەنجى ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، پەقەت ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىپلا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن. يەنجى ناھىيىسى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاشلىق مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۆزگىچە تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھىيە بويىچە سېرىق، ئاق، قىزىلدىن ئىبارەت 3 خىل رەڭدىكى ئىقتىسادىي زىرائەتنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى. سېرىق يەنى ئارپىبەدىيان، سېرىق جۇخارگۈل؛ ئاق يەنى قىزىلچا، يېمىشلەك، ئاق ئاپتەپپەرەس، ياپونىيىنىڭ چوڭ باشلىق ئاق تۇرۇپى؛ قىزىل يەنى سانائەت پەمىدۇرى، سانائەت قىزىلمۇچىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ئارپىبەدىيان يەنجى ناھىيىسى بورقاي يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يوللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى، شۇنىڭدەك باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ھازىر يېمىشلەك، ئاق ئاپتاپپەرەس، ئارپىبەدىيان، قىزىلمۇچتىن ئىبارەت 4 خىل دېھقانچىلىق زىرائىتىنىڭ تاۋار ماركىسى رويخەتكە ئېلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەنجى ناھىيىلىك ئىختىساسلىقلار، ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى رەسمىي قۇرۇلدى ھەمدە ئىش باشلاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دەنزىل يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قىلىپ قۇرۇلدى.

لى چېنخۇي

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم

قويمانلىقنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2001 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي) 2 مىليون 98 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 571 مىڭ 800). يېزا نوپۇسى 1 مىليون 464 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.36‰. ۋىلايەت بويىچە 373 مىڭ 670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 159 مىڭ 580 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 41 مىڭ 390 گېكتار)، 214 مىڭ 90 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 510 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 12 مىليارد 940 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 10 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 601 مىڭ 700 گېكتار ئورمان، 3 مىليون 569 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار 6 خىل بولۇپ، ئۇلار: ياۋا تۆگە، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، پىرژېۋالسكى ئەسلى بۆكىنى، بۇغا، ئاق تۇمشۇق بۇغا؛ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار 11 خىل، ئۇلار: سۈلەيسۇن، توشقانسىمان سۈلەيسۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاق تۆش بولغۇن قاتارلىقلار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن 6 خىلى بار ئۇلار: قارا بۇرسۇق، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، بۈركۈت، چوڭ دوغداق، قوماي، يېشىل توز؛ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش تۈرىدىن 49 خىلى بار، ئۇلار: قارا بويۇن تۇرنا، ئاق قۇ، قارا لىرا قۇشى، ئۇلار، ساقا قۇش قاتارلىقلار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، جىغان، زاراڭزا، قانتېپەر قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى: نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ھاك تېشى، چىرىمتال، گەج قاتارلىقلار بار.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن كۇچا كىشمىش ئۈزۈكى، قىزىل ئالما، مۇناقى ئۈزۈم، يېشىل ئۈزۈم، ئونسۇ ئىپار گۈرۈچى، قەغەز ياڭاق، قۇم ئامۇت قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭشەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەرجان مىرزا ئەخمەت، جى شيۇگېن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇياۋشىن، لۇجياچۈەن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئېزىز قېيۇم، ياڭ دېخەي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گاۋلىيېچىن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆمنىياز مەمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جىنشەن، خۇ ۋەندې، مەمەت ھۇسەن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى گۇاڭيۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ۋالىي: ئۆمەرجان مىرزا ئەخمەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: گاۋلىيېچىن (6 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، لۇفاجيڭ، ليۇجېنشى (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دىلەيىم رېشىت، ۋاڭ جىنپىڭ، ئابلىز ئابدۇرېھىم، جۇ جېڭ، فۇجىنكۇي (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئاپپاق؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن شىچېڭ (2-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جى شيۇگېن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، راخمان ۋاھاپ، چېن گوچۈەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نېفىت ئېلىش قوشۇلما قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي) 12 مىليارد 576 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 405 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 502 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 691 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.52% ئاشتى. 1 مىليون 44 مىڭ 827 توننا ئاشلىق، 263 مىڭ 916 توننا پاختا، 19 مىڭ 592 توننا ياغلىق دان، 249 مىڭ 295 توننا كۆكتات، 145 مىڭ 859 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 211 مىڭ 831 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 860 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 81 مىڭ 994 توننا گۆش، 5363 توننا قوي يۇڭى، 1 مىليون 730 مىڭ پارچە كالا تېرىسى، 21 مىڭ 284 توننا سۈت، 11 مىڭ 672 توننا تۇخۇم، 4269 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 7674 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (باغ كۆلىمى بۇنىڭ سىرتىدا). ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى

854 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا - بازار كارخانىسى 33 مىڭ 591 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 511 مىليون يۈەنگە، قوشۇمچە قىممىتى 737 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.09 ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.75 ئاشتى. 782 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 142 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 117 مىڭ 300 توننا كوكس، 48 مىڭ 600 توننا سۇ يېغى، 236 مىڭ 800 توننا ئۇن، 9700 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 13 مىڭ 700 توننا ئىچىملىك-هاراق، 3 مىليون 860 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 20 مىڭ 500 توننا پاختا يىپ، 180 مىڭ توننا پىششىقلانغان پاختا، 263 مىڭ 600 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 7700 توننا سۇلياۋ ياسالما، 530 مىڭ توننا سېمونت، 517 مىليون دانە خىش، 12 مىڭ 500 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.21 بولدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ۋىلايەت بويىچە 4 - دەرىجىلىكتىن (4 - دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇندىغان بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 63 مىڭ 425 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 558 مىڭ 721 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 450 مىليون يۈەن. تارىم يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق تۈرىگە 131 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى؛ باي ئېلېكتر ئىستانسىسى 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 95 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 216 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تېلېگراف تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە 138 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: ئوت كۈچى ئارقىلىق توك تارقىتىش ئىقتىدارى 99 مىڭ كىلوۋات، 211 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك يەتكۈزۈش سىمى (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) تارتىلدى، ئىقتىدارى 320 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، 60.2 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 12.2 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. 137 كىلومېتىر ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كابېلى تارتىلدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان 152 مىڭ 700 گېكتار يەر بەرپا قىلىندى. كورلا شەھىرىنى ئورۇقا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 105 مىڭ 200 توننا. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 7 مىليون 370 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 506 مىليون 630 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 4 مىليون 240 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 250 مىليون 220 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 551 مىڭغا، يۈك 444 مىڭ 200 توننىغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 46 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 162مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ئابونېنتى 162 مىڭ 500گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار تېلېفونى ئابونېنتى 110 مىڭ 300 ، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 72 مىڭ 700. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 16 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسى بويىچە پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 218 مىليون يۈەن. يېمەك - ئىچمەك كەسپى بويىچە پارچە سېتىش سوممىسى 194 مىليون يۈەن، باسمىچىلىق كەسپى بويىچە پارچە سېتىش سوممىسى 146 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 232 مىليون يۈەن، باشقا كەسىپتىكىلەرنىڭ (بىناكارلىق، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، ئۆي-مۈلۈك كەسپى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پارچە سېتىش سوممىسى 226 مىليون يۈەن. تورلۇك تاۋار سودا بازىرى 137 گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 998 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى يېڭىدىن ئىمزالانغان ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 90غا، سوممىسى 5 مىليارد 81 مىليون يۈەنگە، سودا توختىمى 28كە، سوممىسى 2 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە، سودا ئېكسپورت - ئىمپورت سوممىسى 629 مىڭ دوللارغا يەتتى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 707 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 43 مىليون 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 492 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.22 ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 485 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.65 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تاشقى پېرېۋوت بۇنىڭ سىرتىدا) 9 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى (تاشقى پېرېۋوت بۇنىڭ سىرتىدا) 12 مىليارد 702 مىليون يۈەنگە

بەتتى. يىل ئاخىرىدا ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 73 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سوغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 218 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 38 مىڭ 189، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 6957. شۇ يىلى ۋىلايەت دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقىقات پىلانى تۈرىدىن 5نى ئۈستىگە ئالدى، بىر تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1239 (مىللىي 1107)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 14، ئوقۇغۇچىسى 5150 (مىللىي 4253)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 317 (مىللىي 269)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 326 (مىللىي 9234)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 100، ئوقۇغۇچىسى 127 مىڭ 315 (مىللىي 112 مىڭ 610)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1038، ئوقۇغۇچىسى 284 مىڭ 420 (مىللىي 243 مىڭ 731). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 21 مىڭ 768 (مىللىي 18 مىڭ 174)، شۇ يىلى مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 581 مىليون 87 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 10 سەنئەت ئۆمىكى، 10 مەدەنىيەت يۇرتى، 10 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 7 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، 10 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيە 70 مىڭ 900 ئائىلىگە كىردى.

195 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 44، شىپاخانا 76. سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 38، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 6؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 7022؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 7832، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 3316.

2001 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن 155 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 10 تۈرىگە قاتنىشىپ، 43 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن مېدال 10، كۈمۈش مېدال 17، مىس مېدال 16. كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 4 - لىككە ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە 98 قېتىم ناھىيىدىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 41 مىڭ 60 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ۋىلايەت بويىچە 52 مەخسۇس تېرېنېر، 1326 تەنھەرىكەتچى بار.

قوشۇمچە ماتېرىيال

# ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى داڭلىق يېزا، داڭلىق ماركا، داڭلىق كوچا

## داڭلىق يېزا

**جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ماكانى** يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاۋات ناھىيىسىگە «جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېرى تۈز، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2735 سائەت، قىرولسىز مەزگىلى 206 كۈن، بۇ كېۋەز ئۆستۈرۈشكە تازا باب كېلىدىغان جاي. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسى شىنجاڭدىكى 10 چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سورت سۈپىتى بارغانسېرى ئۆستى. داڭلىق ماركا ئۇنۇمى يارىتىلىپ، مۇئەييەن بازار سالمىقى ئىگىلەندى.

**جۇڭگو قىزىل ئالمىسى ماكانى** يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى تەشكىللىي ھەيئىتى ئاقسۇ شەھىرىگە «جۇڭگو قىزىل ئالمىسى ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تازا ماس كېلىدۇ. شەھەر بويىچە قىزىل ئالما ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم تەخمىنەن 2000 گېكتارغا يېتىپ، ئالما ئۆستۈرۈلگەن كۆلەمنىڭ %70نى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 40 مىڭ توننىغا يەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىلا، ئاقسۇ شەھىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى تەرىپىدىن «ئالما ئۆستۈرۈش بازىسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئالما مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى، سۈپىتى ئەڭ ياخشى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ قالدى.

**جۇڭگو ئاق كىشمىش ئۈزۈك ماكانى** يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادى كەسپىي ھەيئىتى كۇچا ناھىيىسىگە «جۇڭگو ئاق كىشمىش ئۈزۈك ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. كۇچا ناھىيىسىدە ئاق كىشمىش ئۈزۈك ئۆستۈ-

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىدارە - ئورۇنلاردىكى كەسپكار 121 مىڭ 900 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2351 ئادەم ئازايدى. كەسپكارلارنىڭ مائاش سوممىسى 1 مىليارد 178 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 224 مىليون 320 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 9784 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1906 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 56 مىڭ 952 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 97 مىڭ 720 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 11 مىڭ 646 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇھەببەت ئاسراش سىستېمىسىدىكى خادىم 111، ھەر دەرىجىلىك مۇھەببەت ئۆلچەش پونكىتى بىر. مۇھەببەت ئۆلچىگۈچى خادىم 23؛ ھەر دەرىجىلىك ئۆلچەش، باشقۇرۇش ئاپپاراتى 10، خادىمى 51. مۇھەببەت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى. بۇ تۈرلەرگە 6 مىليون 789 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى «ئاقسۇنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۇرۇش» يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «1998 - 1999 - يىللىق ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەرنى مۇكاپاتلاشقا دائىر بەلگىلىمە» ئېلان قىلىندى، پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا (بازار) لار تەقدىرلەندى.

* * *

رولگەن كۆلەم 60 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ. 40 تىن ئارتۇق سورت، 170 ئەۋرىشكىسى بار.

جۇڭگو قاراكۆل قويى ماكانى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادى كەسپىي ھەيئىتى كۇچا ناھىيىسىگە «جۇڭگو قاراكۆل قويى ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ قولدا قالغان قاراكۆل قويى 400 مىڭ تۇياقتىن ئاشىدۇ.

جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسىغا «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. چىمەن يېزىسىنىڭ ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزۈندىن بېرى شەكلى ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چىمەن يېزىسى دېھقانلىرىنىڭ ياڭگىر ئەترىتىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقام خەلق سەنئىتى ئۆمىكى ۋە يېزا مەدەنىيەت پونكىتى ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ئۇلار تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى داۋاملىق رېپېتىس قىلىپ، يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

## داڭلىق ماركا

3 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى شەرەپ بىلەن شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركا تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالدى ش ئۇ ئا ر داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ «قىزىل بايراق» ماركىلىق نەشپۈتى، ئالمىسى ۋە ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ «كۆنتۇ» ماركىلىق يۇرۇشلۇك گۈرۈچىدىن ئىبارەت 3 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى شىنجاڭنىڭ 2001 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ باھالاپ بېكىتتى.

## داڭلىق كوچا

ساختىلىققا زەربە بېرىش، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى رازىمەنلىك كوچىسى دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئاقسۇ شەھىرىدىكى شىمالىي چوڭ كوچىغا «ساختىلىققا زەربە بېرىش - ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى رازىمەنلىك كوچىسى» دېگەن نامنى بەردى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى شىمالىي چوڭ كوچا مەركىزىي كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 450 مېتىر بولۇپ، بۇ جايغا تۈرلۈك ماللار ۋە تىجارەت تور - نۇقتىلىرى توپلاشقان، كوچا بويىدا دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ۋە يەككە سودا سانائەت دۇكىنىدىن 128 ى بار، كەسپكارى 625، يىللىق پۇتۇشۇلگەن ماۋار سوممىسى 48 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. رازىمەنلىك كوچىسىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز قىلىش نىسبىتى تۆۋەن، سودىدا ئوچۇق - يورۇق بولۇش نىسبىتى %100كە، كارخانا نامى، تىجارەت دائىرىسى ۋە تىجارەت كىنىشكىسىنىڭ ماس كېلىش نىسبىتى %100كە يېتىدۇ. دۆلەت سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئاقسۇ شەھىرىدىكى شىمالىي چوڭ كوچىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن ساختىلىققا زەربە بېرىش، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى رازىمەنلىك كوچا بولۇش ئۆلچىمىدىكى ئاساسىي تەلەپكە يەتكەن.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

★ 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەيدانى، تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «گۈلباغ» دېھقانچىلىق مەيدانى، كورلا شەھەرلىك «كەنلىدا» سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، كۇچا ناھىيىلىك كۆسەن يىپەكلىك سانائىتى باش شىركىتى، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئوقەتچىلىك شىركىتى قاتارلىق 7 ئورۇن ئورتاق تەسىس قىلغان يېزا ئىگىلىك پاي تۈزۈمىدىكى چوڭ كارخانا — شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى.

★ 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شائىخەي شەھىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 11 مىليون 855 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىش، 20 تۈردىكى قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە قىلىش كېلىشىمى شائىخەيدە ئىمزالاندى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

# ئاقسۇ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايوندىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر. تۆمۈريول مۇساپىسى 1126 كىلومېتىر. ھاۋا يولى مۇساپىسى 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 543 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 220 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 301 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰4 .11، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰97 .8. شەھەر بويىچە 37 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 46 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 500 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 31 مىڭ 400 گېكتار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ شەھىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز كۆپ چىقىدۇ، بولۇپمۇ كېۋەز ھوسۇلى مول بولۇپ، ئۇزۇن تالالىق پاختا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاقسۇنىڭ قەغەز ياڭئىقى مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە، شەھەر كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈشكە باشلىدى، «دىلشات» ئالمىسى، ئەشپۈتى شىنجاڭ بويىچە بازار تاپتى. كۆكيار ئورمانچىلىق رايونى، ئەشمە كۆلى قاتارلىق 10 مەنزىرە رايونى ساياھەت بازىرى قىلىپ ئېچىشتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈ شيۇچىڭ.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پالقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: ئەكبەر غوپۇر (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇھەممەتجان ئابلا (1 ـ ئايدا مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى، 2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دەي زۇڭكي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 221 مىليون 330 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 1 مىليارد 82 مىليون 950 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 516 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 519 مىليون 720 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 187 مىليون 690 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %2 .22؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 184 مىليون 630 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 378 مىليون 480 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %9 .13 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 907 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4 .10 ئاشتى. 101 مىڭ 534 توننا ئاشلىق، 38 مىڭ 321 توننا پاختا، 316 توننا ياغلىق دان، 4008 توننا قىزىلچا، 142 مىڭ 572 توننا كۆكتات، 37 مىڭ 413 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 12 مىڭ 952 توننا ئالدىمىلىك، 44 مىڭ 407 توننا مېۋە ـ چېۋە، 589 توننا ياڭاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 461 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 965 توننا گۆش، 495 توننا قوي يۇڭى، 2592 توننا سۈت، 3490 توننا تۇخۇم، 1670 توننا بېلىق ئېلىندى. 906 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 380 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 75 مىليون 208 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 118 مىڭ 20 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار

كارخانىسى 3624كە، مەھسۇلات قىممىتى 320 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 998 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 825 مىليون 860 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 505 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 18.7% (شەھەرگە تەۋەسى 13.6%) ئاشتى. بارلىق سانائەت قوشۇلما قىممىتى 260 مىليون 670 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 158 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 13.43% (شەھەرگە تەۋەسى 12.8%) ئاشتى. شەھەر بويىچە 2372 توننا سۈ يېغى، 23 مىڭ 800 توننا ئۇن، 8948 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 17 مىڭ 641 توننا ساپ پاختا، 7843 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 683 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 76 مىليون 199 مىڭ 200 دانە خىش، 430 مىڭ 800 توننا سېمونت، 2826 توننا سۇلياۋ ياسالما، 17 مىليون 621 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 509 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 11 مىڭ 421 توننا بىئولوگىيىلىك ئوغۇت، 549 توننا ئىچىملىك - هاراق، 13 مىڭ 754 توننا شېكەر، 69 مىڭ 64 كۇب مېتىر بېتون ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.22%كە يەتتى. شۇ يىلى 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (4 - دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 303 مىليون 320 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 115 مىليون 350 مىڭ يۈەن) گە، قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 20 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 35 مىليون 600 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 485 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 399 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 312 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 743 مىليون 190 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 27.2 كىلومېتىر شەھەر يولى ياسالدى ۋە كېڭەيتىلدى، ئۇزۇنلۇقى 393 كىلومېتىر كېلىدىغان 6 تاشيولدا تىجارەت باشلاندى. شەھەر بويىچە توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 420 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 610 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 118 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون 49 مىڭ 755 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي تېلېفونى 34 مىڭ 220. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 678 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى پارچە سېتىلىش سوممىسى 651 مىليون 630 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلى ئۈرۈمچى بەرمەنكىسىدە 17 تۈرلۈك توختام، كېلىشىم ئىمزالاندى. توختام سوممىسى 788 مىليون يۈەنگە، توختامغا ئەمەل قىلىنغان سومما 250 مىليون يۈەنگە، توختامغا ئەمەل قىلىش نىسبىتى 32.23%كە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 188 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 245 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.08% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 762 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 10 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4318، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1452. شۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى. شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 617 (مىللىي 193)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 528 (مىللىي 12 مىڭ 636)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 100، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 758 (مىللىي 28 مىڭ 686). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2566 (مىللىي 2131). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، شەھەر رايونىدىكى سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 557، 170 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 150)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 81 (مىللىي 71).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2226 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاشى 11 مىڭ 109 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 14 مىڭ 413 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 886 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8404 ئىشچى - خىزمەتچى

ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1764 خادىم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان يۈەندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ئاقسۇ شەھىرىدە 2001 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان، ئېچىنىكا ئۆزگەرتىلگەن تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى 1) 3000 توننىلىق ھاۋا تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى تۈرى (تۈمەن توننىلىق يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى). بۇ تۈرگە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3000 توننىلىق ھاۋا تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن بىرى قۇرۇلدى. بۇ تۈرگە «ئەنلىدا» مېۋىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باش بولدى. قۇرۇلۇش 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2) ئابدىمىلىك مېيى پىششىقلاش زاۋۇتى، بۇ تۈرگە خېنەن ئالتۇن تۇپراق يەن - ئېچىنىكا تەرەققىيات شىركىتى 82 مىليون 268 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. تۇراقسىز مەبلىغى 60 مىليون يۈەن. يىلىغا 20 مىڭ توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن ئابدىمىلىك مېيى، 25 مىڭ توننا زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ئابدىمىلىك ئارزىگى، 11 مىڭ 250 توننا ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدۇ. خام ئەشيا-ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەھەر بويىچە 0.6 گېكتار يەرگە ئابدىمىلىك تېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 9 - ئاينىڭ بېشىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 3) «خۇانبىڭ» سودا شەھەرچىسى. بۇ تۈرنى شىنجاڭ ئاقسۇ «خۇانبىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 228 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ تۈرگە 141 مىليون 787 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈردە، 3 قارارغا بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش پىلانلاندى. 2001-يىلدىكىسى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، قۇرۇلۇشتا 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلاندى. 4) سودا پىيادىلەر كوچىسى ئېچىش قۇرۇلۇش تۈرى. بۇ تۈرنى «ۋېنجۇ» بىلەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى بىر قانچە كارخانىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ «گودا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇرغان. بۇ تۈرگە 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ تۈر 2 قارارغا بۆلۈپ يولغا قويۇلىدۇ. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى، چېقىش، كۆچۈرۈش خىزمىتى پۈتۈنلەي تاماملاندى. 5) توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تۈرى. بۇ تۈرنىڭ خوجايىنى فۇجيەنلىك خېرىدارلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئاقسۇ شەھەرلىك «مىنخېڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى جەمئىي يىلىغا 4 مىليون 200 مىڭ مېتىر ئوتتۇرا-ھال سۈزۈر رەخت، ئوررا ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ تۈرگە 3 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈردە ئىجارە ئېلىنغان 2 كورپۇس فابرىكا ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ۋە بىر كورپۇس يېڭى فابرىكا ئۆيى، پارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سېلىش خىزمىتى تاماملاندى. قوراشتۇرۇلغان بارلىق ئۈسكۈنىلەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 6) «ئالتۇن كۆۋرۈك» سودا شەھەرچىسى (1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى) تۈرى. بۇ تۈرنى ئاقسۇ ئەسىر «جۇڭتيەن» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 31 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سودا شەھەرچىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈردە سودا جەمئىيەتتە توپ سېتىش ئاساس، مېھمانخانا، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق تۈرلۈك مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى قوشۇمچە قىلىنغان. 7) ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ، شىمالىي «خەلق» يولىنىڭ غەربىدىن قىزىل كۆۋرۈك مىكرو رايونىغىچە بولغان قۇرۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىش باشلاندى؛ «جىنشى» گۈللۈكى رايونىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 32 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى؛ «دوڭيۈەن» مىكرو رايونىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى. 8) «تەڭرىتاغ سېمونتچىلىقى» ۋە «دولان سېمونتچىلىقى» نىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قايتىدىن تەشكىللەش تۈرى. بۇ تۈر ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ سېمونت كارخانىسى دولان سېمونت چەكلىك شىركىتىنى مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ بىر خىللا بولۇشى، كاپىتال كۆلىمىنىڭ تار بولۇشى، سېمونت بازارلىرىدىكى رىقابەتنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشى تەرتىپسىز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلاردىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس قىلدى. دولان شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايوندا پېيى بازارغا سېلىنغان سېمونت كارخانىسى «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2001 - يىلى رايون ھالقىغان كۈچلۈكلەرنىڭ بىرلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۈلۈك ھوقۇقى قايتا تەشكىللىنىش ئارقىلىق ئاقسۇ شەھىرىدىكى كارخانا 60 مىليون يۈەن تەرەققىيات مەبلىغىگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە «تەڭرىتاغ سېمونتچىلىقى» 55% پايدىنى كونترول قىلدى. كارخانىنىڭ

قەرزدارلىق نىسبىتى قايتا تەشكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى %79تىن %48كە چۈشتى، مەھسۇلاتنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئۆستى. 9) يېڭى ئەسىر مېھمانخانىسى (1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى). بۇ تۈرنى شياڭگاڭ «كېنلەي» گۇرۇھى 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، 23 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. 10) ئوقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش تۈرى — «باۋفا» شىركىتى ئاموس بىئولوگىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىنى كېڭەيتىش تۈرى. ئاقسۇ شەھىرى «باۋفا» خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى 1999 - يىلى ئاموس بىئولوگىيىلىك ئوغۇت تۈرىنى كىرگۈزۈپ، يىلىغا 20 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. 2001 - يىلى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاموس بىئولوگىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىنى 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى يولغا قويدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە، ئاموس بىئولوگىيىلىك ئوغۇتى 20 مىڭ توننا، سۇلياۋ يوپۇق 2000 توننا، ئورگانىك ئوغۇت 5000 توننا ئاشۇرۇلدى. 5000 كۋادرات مېتىرلىق ئامبار ئۆيى ياسالدى. ... 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بارلىق تۈرلەر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن پايدا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ تۈردە 135 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» بويىچە ئەڭ ئالىي شەرەپ «ئۇنىۋېرسال لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، بىر دانە «ئازاد» ماركىلىق سۇ چېچىش ئاپتوموبىلى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

★ ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 5 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى ئېچىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر ياغدى (17 مىنۇت مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 7 مىللىمېتىرغا يەتتى)، ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ياڭ جىپىڭ

## ئونسۇ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 183 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 157 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 145 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %11.97، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.92. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 80 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 820 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4110 گېكتار)، 30 مىڭ 170 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 980 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيىنىڭ سۇ بايلىقى مول. شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا 197 قار - مۇزلۇق بولۇپ، سۇ زاپىسى 158 مىليارد 202 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ 43 چوڭ، كىچىك دەريا-ئېقىن بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 105 مىڭ 26، 890 گېكتار ئورمان، 392 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان 64 خىلغا يېتىدۇ. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، جۇڭخۇا سالىماندىراسى، يىلپىز، قارا بويۇن تورنا قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قارا ئېيىق، سىلەيسۇن، بۇغا، ئېيىق قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 200 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن قوچاقۇل، قانتىپەر، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، چاچراتقۇ، كىرەش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلار، ئاساسلىقى، كۆمۈر، گەج، تاشتۇز، فوسفور، تۆمۈر، ئۇران، سۇرمە، سېغىز تۇپا، ھاك تېشى قاتارلىق 20 خىلدىن ئاشىدۇ. كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد تونندىن ئاشىدۇ، كۆمۈر قاتلىمى مۇقىم، قېزىش ئاسان؛ 10 تۇزتاغ 30 نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە ئېگىز - پەس سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئوتتۇرىچە ناترىي خلورىد تەركىبى %90تىن، زاپىسى 40 مىليارد تونندىن ئاشىدۇ، ئۇ كەم ئۇچرايدىغان چوڭ كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ. 12 - ئايدا تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىندى، مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 125 مىڭ 637 گېكتار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى ۋە تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى بار.

ئونسۇ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق بازىلىرىنىڭ

بەرى، ئۇنىڭغا «جۇڭگو ئۇنسۇ گۈرۈچ ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيىنىڭ شالچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە «بىشىل يېمەكلىك» (سۇپەتلىك گۈرۈچ) بازىلىرىنىڭ بىرى، ناھىيىلىك شال ئۆرۈقچىلىق مەيدانىنىڭ «قارا مەرۋايىت» گۈرۈچى، ئىپار گۈرۈچى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى بازار تاپتى. ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ قەغەز ياڭىقىنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزى توق، مېزىلىك بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە نامى بار. ئۇ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك سۈپەتلىك سورت بولۇپ باھالاندى. ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى ئۇنسۇ قۇلىمقىغا سۈپەتلىك مەھسۇلات شەرەپ گۇۋاھنامىسى بەردى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇنسۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇجىنكۈي (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، 9- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ فېلى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەنجى ھاپىز.

ھاكىم: ئەخمەت مۇھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇردى سادىق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 778 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 425 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5. 14 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5. 16 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 196 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2. 21 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 764 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %98. 10 ئاشتى، 154 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 746 توننا پاختا، 906 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 317 توننا قىزىلچا، 19 مىڭ 6 توننا مېۋە - چېۋە، 6. 28 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 643 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 8193 توننا گۆش، 710 توننا قوي يۇڭى، 119 مىڭ 100 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 5688 توننا سۈت، 360 توننا تۇخۇم، 550 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2261 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1731 گېكتار. ئېتىز، ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 36 مىليون 608 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 480 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 1200 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 133 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 3571گە، مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 323 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %23. 25، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 107 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، %21. 26 تۆۋەنلىدى. 80 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 328 مىڭ 9 توننا كۆمۈر، 13 مىڭ 986 توننا گۈرۈچ، 3207 توننا سۇ يېغى، 11 مىڭ 369 توننا پىۋا، 480 توننا ئاق ھاراق، 4581 توننا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %91. 83كە يەتتى. بىر يىلدا 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرى (4 - دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 60 مىڭ 134 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 43 مىڭ 85 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۈككە 120 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 79مىليون 920 مىڭ يۈەن. تاماملانغان ئاساسلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن: 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قومئېرىق - توشقان دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئۇقتىسى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرى. 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تۈرى. 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 33. 333 گېكتار سۈپەتلىك ئاۋار ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش تۈرى. 14 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى. 22 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بار. شۇ يىلى يۈك ئوبوروت مىقدارى 193 مىليون 420 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 585 مىليون 300 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفون ئابونېنتى 6669 غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2810غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3660قا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي

مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 180 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1520، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 609. 12 - ئايدا بىر تۈر ئار ئىشجانلىق پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئونسۇ ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشجانلىق پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. ناھىيىدىكى بالىلار باغچىسى 6 (باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپى 5)، باغچىدىكى بالا 926 (مىللىي 196)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 38 (مىللىي 15)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 75). ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 236 (مىللىي 25 مىڭ 56)، ئوقۇتقۇچى 1449 (مىللىي 1177)؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، ئوقۇغۇچىسى 1652 (مىللىي 1402)، ئوقۇتقۇچىسى 131 (مىللىي 89)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 113 (ھەممىسى مىللىي)، ئوقۇتقۇچى 10 (مىللىي)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 485 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچى 28 (مىللىي). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 857 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 12- ئايدا ئونسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %2.99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %1.99كە، ناھىيە بازىرىدا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %31.7كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دوختۇرخانا، شىپاخانا 11، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 5، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، ئىجتىمائىي كوچىلار قورغان شىپاخانا 24، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 316، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 433 (مىللىي 306)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 181 (مىللىي 128).

2001 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 قېتىملىق يېزىنىڭ ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا ناھىيە كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 3 تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 -



ئونسۇ ناھىيىسى تەگرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسىدىكى بەردە يانتاق 1000 يىللىق سۆگەت

باك جەن فوتوسى

ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 209 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خوسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 90 مىليون 70 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك ئاۋار سودا بازىرى 15كە، بازارلاردا يىللىق پۇتۇشۇلگەن سوممىسى 61 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە 9 توختام تۈزۈلدى، سوممىسى 120 مىليون يۈەن. 32 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.04؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 116 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.34 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 659 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 659 مىليون 367 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 484 مىليون 110 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن. بېرىلگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 240 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 5

بولدى، شەخسلەر بويىچە 5 تۈردە 1.، 8 تۈردە 2 ـ بولدى. ئۆسمۈر ئوغۇللار ب كۆرۈپىسىنىڭ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە ۋىلايەتنىڭ رېكتورى بۇزۇپ تاشلاندى. 28 مىڭ 45 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %93.9 بولدى. 14 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 38 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 2063 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ئونسۇ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2184 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7559 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 3.04 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ 8.81 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 4262 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 8236 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1139 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. مۇھەببەت بۆلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 9ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 15 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە ئىس ـ تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئونسۇ ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بەردى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىندىن 8 ـ كۈنى كەچكىچە ئونسۇ ناھىيىسى 8 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران ھەمدە كۈچلۈك قۇم ۋە چاڭ ـ توزاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 40 مىليون 302 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

★ 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ جام يېزىسى جام بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

★ 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ «كۈنتو» گۈرۈچلىرىنى شىنجاڭنىڭ 2001 ـ يىلدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دەپ بېكىتتى، ئۇ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر «AA» دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك» گۈرۈچتۇر.

★ 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى ئارال بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

لو چىڭپىڭ

# باي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 197 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 900). يېزا نوپۇسى 160 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.28، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.79. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 533 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ 960 گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باي ناھىيىسى — شىنجاڭنىڭ ياغلىق دان بازىسى. ناھىيە تەۋەسىدە 5 ئىچكى قۇرغاقلىق دەريا بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 729 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 100 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 84 مىڭ گېكتار. 698 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 15 خىلى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، بۈركۈت، قۇماي، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق تورنا، قارا تورنا قاتارلىق 8 خىلى؛ دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك

قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئېيىق، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن، قىزىل تۈلكە، ئۈلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى، قۇرت ئوت، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، مەرمەر، نېفىلىن، كالىيلىق دالا شېپاتى، ئاندالۇزىت قاتارلىق 58 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ، كەلگۈسى زاپىسى 2 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. باي ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈر مەركىزى؛ نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى كىشىنى خوشال قىلىدۇ، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» تىكى ئاساسىي گاز مەنبەسى بولغان قارا 2-تۈزۈلمىسى بىلەن شىمالىي باي تۈزۈلمىسى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان.

باي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، تۈرلۈك تەبىئىي، گۈمانىتارلىق سەيلىگاھىدىن 124ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 7 چوڭ مەنزىرە نۇقتىسى ناھىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۇلار: مەملىكىتىمىز بويىچە 4 چوڭ تاش غارنىڭ بىرى بولغان قىزىل مىڭئۆيى، شىنجاڭدىكى ئادەم كۈچى بىلەن ياسالغان ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى — قىزىل سۇ ئامبىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى ئارشاڭ — تېرەك ئارشىڭى، قاراباغ، قېيىرتاغ خەلقئارا ئوۋچىلىق مەيدانى، قىزىل ئالۋاستى شەھىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر سالقىن جاي — باي ناھىيىسى بازىرى؛ يەنە چوڭ ئارپا ھور ئارشىڭى، قولتۇق پىرىستانى، ئەسىر مەيدانى، چارچى ياردىڭلىقى ۋە ئېپتىدائىي سوگەتلىكتىن ئىبارەت 5 چوڭ ئۆزگىچە سەيلىگاھ بار.

ئاساسلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئۈچلۈق يورچاق، چوڭ قىزىل ئۈزۈك، مۇناقى ئۈزۈم، بار، باي ناھىيىسىنىڭ «ئۈچ گۆھەر» دەپ ئاتالغان ئەلا مەھسۇلاتلىرىدىن ئاق گازىر، ياڭيۇ ۋە ساماق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياڭ خۇي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھېكىم ئانايەت (1 - ئايدا ۋاپات بولدى).

ھاكىم: ئەمەت يۇسۇپ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 643 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 290 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.4 ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 153 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون 953 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.4 ئاشتى. 170 مىڭ 142 توننا ئاشلىق، 7700 توننا پاختا، 10 مىڭ 320 توننا ياغلىق دان، 82 مىڭ 500 توننا قىزىلچا، 7195 توننا مېۋە - چېۋە، 19مىڭ 235 توننا كۆكتات، 13 مىڭ 380 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 779 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 10مىڭ 200 توننا گۆش، 1084 توننا قوي يۇڭى، 85 مىڭ 100 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 970 توننا سۈت، 392 توننا تۇخۇم، 1284 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 779 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1333.3 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4809غا، مەھسۇلات قىممىتى 257 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 288 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.52، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 102 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.02 ئاشتى. 133 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 136 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 74 مىڭ توننا كوكس، 3236 توننا يېقىلغۇ ماي، 3400 توننا سۇ يېغى، 30 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 200 توننا گۈرۈچ، 441 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 3500 توننا ساپ پاختا، 6512 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 800 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 920 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 4552 توننا سېمونت، 25 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 765 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 2009 توننا ئاشتۇزى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %101.17كە يەتتى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 31 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 546 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 45 مىڭ 592 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 950 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 102 مىليون 720

مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 61 مىليون 280 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 29 مىليون 500 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 940 مىڭ يۈەن. مۇزات دەرياسى چوڭ سۇغىرىش رايونىنى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. شۇ يىلى كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 12.6 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 15.2 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. 9000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش رايونى كۆپەيتىلدى. يۈك توشۇش مىقدارى 109 مىليون 630 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 138 مىليون 520 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار تېلېفون ئابونېنتى 7026 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2912 گە يەتتى. 3-ئايدا خىبېي ئۆلكىسى شىگتەي «يۈگشىن» كانچىلىق شىركىتى بىلەن باي ناھىيىلىك «شىگدى» كۆمۈرچىلىك شىركىتى كۆمۈر كېنىدا ئىجارىگە بېرىش تىجارەت توختامى ئىمزالىدى. شىگتەي «يۈگشىن» كانچىلىق شىركىتى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، باي ناھىيىلىك «شىگدى» كۆمۈرچىلىك شىركىتىنىڭ كۆمۈر كېنىنى ئىجارىگە ئالدى، بۇ توختامنىڭ مۇددىتى 12 يىل. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 188 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 13 كە، بازارلاردىكى يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 30 مىليون 615 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 94 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 510 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 30 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 20.79% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 141 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.89% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 414 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 671 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 464 مىليون 870 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 168 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 258 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3 مىليون 689 مىڭ 800 يۈەن ھەرخىل تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 3 مىليون 338 مىڭ 800 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 351 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

باي ناھىيىسى بويىچە 2001 - يىلدىكى پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى بىر، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4864 (تەكلىپ قىلىنمىغان 1464 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 39، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 682. ناھىيىدىكى ھەر خىل مەكتەپ 198. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 155 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 135) ؛ ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 542. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1283 (مىللىي 996) ، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 96، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 636 (مىللىي 13 مىڭ 310) ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 527 (مىللىي 28 مىڭ 632) ، تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 564؛ ئوقۇتقۇچى 3421، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2990. بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 277. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 203 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 84% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3200 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 16، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 455؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 576 (مىللىي 356) ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 280 (مىللىي 196) .

2001 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 4 تۈردە 1 - لىك، بىر تۈردە 2 - لىك، 7 تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. 13 مىڭ 592 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 84.3% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى باي ناھىيىسى بويىچە ئىش ئورنىدىكى

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 9478 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1986.53 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 950 ئائىلىدىكى 4730 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە 3159 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 9763 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولاشقا قاتناشتى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 959 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تولاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 14ى تاماملاندى.

## باي ناھىيىسى ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى

يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، باي ناھىيىسى ساياھەتچىلىكنى ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ، ناھىيە بويىچە «ساياھەت ئىشلىرى ئارقىلىق تۈرلۈك كەسىپلەرنى يېتەكلەش، تۈرلۈك كەسىپلەر ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنى يۆلەش» تەك ياخشى كەيپىياتنى بەرپا قىلىپ، «يېرىك ساياھەت، يىرىك كەسىپ، يىرىك تەرەققىيات» ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش ۋە «كىم مەبلەغ سالسا، شۇ نەپ ئېلىش» چارىسىنى قوللىنىپ، ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

2001 ـ يىلى باي ناھىيىسى 1مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، قىزىل كۆل بويى ئارامگاھىغا بارىدىغان يولنى ياسىدى. ئارامگاھنىڭ قاتتىق دېتال مۇئەسسەسىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى؛ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئارشاڭ قۇردى. بۇرۇنقى ئۇچۇقچىلىقتا يۇيۇنىدىغان ئاددىي مەيداننى تېلېۋىزور، تېلېفون بار مۇنچىغا ئۆزگەرتىپ، كوللېكتىپ ساياھەت قىلىش، ئارام ئېلىش، سالقىنداش، كۆڭۈل ئېچىش، ھوزۇرلىنىش، داۋالىنىشنى بىر گەۋدىلەشتۈردى. 20 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ تېرەك ئورمان باغچىسى قۇرۇلدى. ئېكولوگىيىلىك ساياھەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزىگە جەلپ قىلدى؛ 2 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ياسالغان قىزىل مىڭئۆيگە بارىدىغان ساياھەت تاشيولى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى، بۇنىڭ بىلەن باي ناھىيىسى ساياھەتچىلىك كەسپىنى ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلىش، بىر نۇقتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بىر لىنىيىنى بېيىتىش، بىر چوڭ دائىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، 14 ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى ۋە باشقا قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىق رايونىغا بارىدىغان يولنى تۇتاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

باي ناھىيىسى سەيلىگاھلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، يەنە ساياھەتچىلىك كەسپىدە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش شارائىتى يارىتىپ، سەيلىگاھ جەھەتتە كۈچلۈكلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. قىزىل مىڭئۆينىڭ دۇنياغا داڭلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، باي ناھىيىسىنىڭ بىر كۈنلۈك، 2 كۈنلۈك، 3 كۈنلۈك ساياھىتى، تەبىئىي مەنزىرە ساياھىتى، قەدىمىي يادىكارلىق ئورنى ساياھىتى، يارداڭلىق ساياھىتى، قىزىل سۇ ئامبىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ساياھىتى، بەدەن چېنىقتۇرۇش ساياھىتى قاتارلىق تۈرلۈك ساياھەت پائالىيىتى مەزمۇنلىرىنى يولغا قويدى. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر ساياھەت جەريانىغا سىڭدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باي ناھىيىسى يەنە 30 نەچچە خىل ساياھەت مەھسۇلاتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك كەسپىنى بارلىققا كەلتۈردى.

نۆۋەتتە باي ناھىيىسىدە قىزىل مىڭئۆيى، قىزىل كۆل بويى ئارامگاھى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى ئارشاڭ — تېرەك ئارشىڭى، تېرەك ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان 7 چوڭ مەنزىرە رايونى، 5 چوڭ ئۆزگىچە سەيلىگاھى بارلىققا كەلدى.

★ 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى تۈرى ـ مۇزات دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش، ئاقبۇلۇڭ سۇغىرىش رايونىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى 4 يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 3 ـ ئايدا پۈتتى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى باي ناھىيىسى كۆپ يىللاردىن بېرى ئاز كۆرۈلىدىغان قارا بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى. قارا بوران بىر قانچە يەردە ئوت ئاپىتى پەيدا قىلدى، 73 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتتى، 10 نەچچە ئادەم كۆيۈپ يارىلاندى، 2 ئادەم ئۆلدى.

★ 4 ـ ئايدا باي ناھىيىسىدىكى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى، ئۇرۇقچىلىق مەركىزى، باي ئاقسۇ سۈت فېرمىسى، ئوتلاق پونكىتىنىڭ سايلەڭگەر ئوتلاقچىلىق بازىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، باي ناھىيىلىك «شىڭكې» چارۋىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەشكىل قىلىندى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 24 مىليون 195 مىڭ يۈەن بولۇپ، سىمېنتال كالىسى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە تىۋىت ئۆچكىسى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، يوجى توخۇسىنىڭ ئەسلى نەسلىنى

يېتىشتۈرۈش بازىسى قاتارلىق كەسىپلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەمەلىي گەۋدىسىگە ئىگە، شىركەتنىڭ 2000 گېكتار ئوتلىقى، 200 گېكتار تېرىلغۇ يېرى، ئازكەم 5000 كالا، قويى بار.

★ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باي ناھىيىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى رەسمىي قۇرۇلۇپ تىجارەت باشلىدى. ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ۋىلايەت تەۋەسىدىكى 2 - ۋاستىچى ئاپپاراتتۇر.

★ 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سايرام يېزىسى سايرام بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

يالڭ شۇەن، خې شىن

# كۇچا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 390 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 349 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 289 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.25، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.68. ناھىيە بويىچە 52 مىڭ 967 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 30 مىڭ 667 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 333 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 29 مىڭ 180 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 1193 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 714 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 260 مىڭ 300 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 43 خىلى بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا تۆگە، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك، بۈركۈت قاتارلىق 14 خىلى بار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا ئېيىق، قوڭۇر ئېيىق، ئوتلاق ئالا مۈشۈكى، سۈلەيسۇن، توشقانسىمان سۈلەيسۇن، بۇغا قاتارلىق 28 خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، كۋارتس، ئاشتۇزى قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، سىم - سىم مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، تۇزلۇق سۇ جىلغىسى، تەڭرىتاغدىكى سىرلىق جىلغا. چوڭ كۆل، كىچىك كۆل، سۇباش قەدىمكى شەھىرى، قىزىلقاغا تۇرى، كۇچا خانىقاسى، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى قاتارلىقلار بار.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاق كىشمىش ئۈزۈك، دوپپا، گىلەم، قەلەمتۇراچ، كۆرپە قولاقچا، مىس چۆگۈن قاتارلىق مەشھۇر يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 10- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گاڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ۋاھاپ.

ھاكىم: مەتنىياز ئىمامنىياز (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىبزىز مۇسا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تو شېڭفۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 868 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 583 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.1؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 525 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 759 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 56 مىليون 709 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى. 190 مىڭ 236 تونna ئاشلىق، 42 مىڭ 190 توننا پاختا، 1163 توننا ياغلىق دان، 59 مىڭ 706 توننا مېۋە - چېۋە، 3750 توننا ياڭيۇ، 52 مىڭ 640 توننا كۆكتات، 17 مىڭ 863 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 350 توننا ياڭاق، 33.51 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 884 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 993 توننا گۆش، 33.35 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 1127 توننا قوي يۇڭى، 835 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3750 توننا سۈت، 2778 توننا تۇخۇم، 33 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى، 144 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2433 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز- ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 38 مىليون 397 مىڭ 300

يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1270.32 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 190 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 162 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 9146گە، مەھسۇلات قىممىتى 246 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 702 مىليون 439 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.47، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 192 مىليون 687 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.3 ئاشتى. 670 مىڭ توننا كۆمۈر، 260 مىڭ 379 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 14 مىڭ 328 توننا مانگان رودىسى، 64 مىڭ توننا ئۇن، 523 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 5338 توننا سۇ يېغى، 30 مىڭ 587 توننا ماپ پاختا، 52 مىڭ 100 توننا سېمونت، 230 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 40 مىڭ توننا كوكس، 4067 توننا كۆمۈر قارىسى، 9698 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 27 توننا ئېغىندىرىن، 683 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.47كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 671 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 252 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 153 مىڭ 392 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 329 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 230 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 98 مىليون 120 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 266 مىليون 870 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 304 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 19 مىڭ 538گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 3304 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 139غا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 361 مىليون 634 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 13كە، بازاردا پۈتتۈشۈلگەن سومما 172 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىللىق ئۆزۈمچى يەرمەنكىسىدە مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 14ى ئىمزالاندى. توختام سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە، توختامغا ئەمەل قىلىش نىسبىتى %70كە يەتتى. 168 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون 134 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 121 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000- يىلدىكىدىن %33.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 244 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45 ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ھەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 939 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 478 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 79 مىليون 600 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 38 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 538 مىڭ 300 يۈەن؛ بېرىلگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 7 مىليون 133 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 5 مىليون 115 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 18 مىڭ 500 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7396. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1333. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 68(مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي)، ئوقۇغۇچىسى 151. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 2886 (مىللىي 2117)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 333 (مىللىي 24مىڭ834)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 197، ئوقۇغۇچىسى 52 مىڭ 973 (مىللىي 50 مىڭ 19). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4323 (مىللىي 3906). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 5300گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 16، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 2، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1039، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1051.

46 مىڭ 640 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %67 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1967.65 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9789 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 240 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 9245 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 2599 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. بۇنىڭغا 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 16 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 4 ى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 70 كۋادرات كىلومېتىر.

★ 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە كۇچا ناھىيىسى پەۋقۇلئاددە زور قۇم بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غايەت زور زىيان بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 81 مىليون 343 مىڭ يۈەنگە، بازار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 36 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كۇچا ناھىيىسىدىكى 6 يېزا (ئۇچا، ئۆزۈن، ئالاقاغا، چىمەن، دۆڭقوتان، ياقا) بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

سۇ خۇيگاڭ، فېڭ رۇيلەن

# توقسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىكى نوپۇسى 138 مىڭ 529 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 131 مىڭ 43)، يېزا نوپۇسى 106 مىڭ 853؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.99‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 4100 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 500 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1200 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 635 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 290 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 116 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق، 27 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 20 خىلى بار، ئاساسلىقلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەر مەدىكى، قىياق قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز بار، ئۇلارنىڭ زاپىسى كىشىنى خوشال قىلىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئۈچقات قەدىمكى شەھىرى، تۆڭگۇزباش قەدىمكى شەھىرى، غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق شەھەر — داۋانقۇم شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، تالڭ دەۋرىگە ئائىت جېجۈگۈەن خارابىسى بار.

توقسۇ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن مۇناقى ئۈزۈم، نەشپۈت، سۇرلەنگەن كەپتەر گۆشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى نىياز.

ھاكىم: مەمەت ھۇسەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). ئەنۋەر مۆمىن (7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ چۈنشىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 476 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 299 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.6% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 475 مىليون 334 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 67%.10 ئاشتى. 81 مىڭ 182 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 700 توننا پاختا، 574 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 575 توننا مېۋە ـ چېۋە، 7275 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 288 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 4415 توننا گۆش، 330 توننا قوي يۇڭى، 30 مىڭ 460 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1680 توننا سۈت، 900 توننا تۇخۇم، 50 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 42 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 345 مىڭ 700 كەپتەر قالدى؛ شۇ يىلى سېتىلغان كەپتەر 1مىليون 373 مىڭ 100گە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 863 مىڭ 400ى كۆپ سېتىلدى. 1237 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان باغ 1170 گېكتار. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 666.67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. كېمەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش — سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا ئۆگەن يېزىسىدىكى ئورلىق سۇ زاۋۇتى، تامتوغراق يېزىسىدىكى يېڭىيەر سۇ زاۋۇتى پۈتتى، بۇ سۇ زاۋۇتلىرىنىڭ سۇيى 1129 ئائىلىگە كىردى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 56 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 1724 كە، مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 871 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1%.11 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 10 مىڭ توننا ئۇن، 750 توننا گۈرۈچ، 14 مىڭ 495 توننا سۇ يېغى، 960 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 18 توننا ئاق ھاراق، 11 مىڭ 143 توننا ساپ پاختا، 15 مىليون دانە خىش، 7000 كۋادرات مېتىر كەج تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 6%.98كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 362 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 362 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 12 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدىكى تۇنجى ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى بولغان شىمالىي بازار كىچىك ئولتۇراق رايونىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا كۆلىمى 15 مىڭ 362 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 5 كورپۇس، 180 يۈرۈش ئۆي پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 119 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 74 مىليون 160 مىڭ يۈەن. 8 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ سۇ زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۈنلۈك سۇ بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 10 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى، بۇنىڭدىن 40 مىڭ ئادەم نەپ ئالدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 25 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، 3.60 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 13.41 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، ئايلىق تورۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 300 مىڭ توننىغا يەتتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 878 مىڭ400 توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 18 مىڭ 600 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 409 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونېنتى 5120گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1004كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 130 مىليون 719 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 63 مىليون 134 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 5كە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 12 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش توختىمى (كېلىشىمى) تۆرىدىن 7 سى ئىمزالاندى. بۇنىڭغا 317 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغ 250 مىليون يۈەن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سالغان مەبلىغى 67 مىليون يۈەن. 4 تۈردە توختامغا ئەمەل قىلىندى. بۇ تۈرلەرگە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 11 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000ـ يىلدىكىدىن 91%.3: يەرلىك مالىيە چىقىمى 80 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2%.18 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 427 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 334 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن؛ 1 مىليون 259 مىڭ 300 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 159 مىڭ 300 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4144، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 392 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 15). 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىدىن مەسلىھەت سوراش ئۆمىكى قۇرۇلدى، شۇ يىلى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9ى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مەشئەل پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 2 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كالا تۈرەلمىسىنى كۆچۈرۈش بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەرەققىيات تۈرى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ «شىنخې» ماركىلىق سۈرلەنگەن كەپتەر گۆشى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى ئىشلەش تۈرى. يېڭىدىن يولغا قويۇلغان ئاساسىي تۈر 7 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 904 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مۇكەممەل ئوتتۇرامەكتەپ 3، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 9425 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 868). مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 608 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 80)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 80)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 130، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1291؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 250 (مىللىي 130). باغچا ئوقۇتقۇچىسى 18. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 326 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5323 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆي سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% (يېزا - كەنتلەرگە رادىئو يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى 95%) كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 80%كە، بازار رايونىدا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 58%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 8، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 329، دوختۇر، سېستىرا 486، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 413. 11 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئىلغار ناھىيە بولدى.

ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 320 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 87% بولدى. 2001 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە كوماندىسى بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. ناھىيە بويىچە 5 قېتىم چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى، 3 قېتىم يېزا - بازار تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 32 .1529 يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ سېلىقى 2 مىليون 650 مىڭ 100 يۈەن يېنىكلىتىلدى، يېنىكلىتىلگەن سېلىق ئوتتۇرىچە 62 .24 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 10 مىڭ 209 يۈەنگە يەتتى. يۇلتۇز، توقسۇ مەھەللە كومىتېتى، 39 مەھەللە مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. ناھىيە بويىچە 2992 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 96%كە يەتتى. كارخانىلاردىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 430 كىشىگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي فوندى بېرىلدى، فوند تارقىتىلىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 7828 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ناھىيە بازىرىدا 37 .30 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى. 40 تىن ئارتۇق جايدىكى پار قازانىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خىزمىتى تاماملاندى. 2 يەرلىك ئۇسسۇلدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى تاقىۋېتىلدى.

## «جەنۇبنىڭ پاختىچىلىقى، شىمالنىڭ باغۋەنچىلىكى» بويىچە ئۆزگىچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

2001 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى «جەنۇبنىڭ پاختىچىلىقى، شىمالنىڭ باغۋەنچىلىكى» دىن ئىبارەت ئاساسىي پىكىر يولىغا ئاساسەن، كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشىدى. دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ شىمالىدا ئاساسلىقى ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تىپىدىكى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوتلاقچىلىقنى راۋاجلاندۇردى؛ دۆلەت يولى 314- لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىدا ئاساسلىقى ئۈنۈم، ئىقتىساد، سۇ تېجەش تىپىدىكى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ خىل، كۆلەملەشكەن يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى؛ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ بويىدا ئاساسلىقى بىر تۈركۈم كىچىك ئىگىلىك ۋە 2 -، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇردى. ئاشلىق، پاختا

ئىشلەپچىقىرىشتا، سۈپەتلىك سورت كۆلىمىنى نۇقتىلىق كۆپەيتتى. يۇقىرى زىچلىقتا تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. ئاساسلىقى: «جۇڭمىيەن - 35» كېۋەز سورتى، «لۇمەي - 23» بۇغداي سورتى ۋە 901 - نومۇرلۇق كۆممىقوناق سورتىنى كېڭەيتتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەم - بوغۇز بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، زىرائەت شاخ-شۇمبىلىرىنى پىششىقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زورايتتى. تۈرلەمە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلغار يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى. چارۋىچىلىقتا ئۆلگە كەنتلەرگە ۋە باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىگە 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل ھەل قىلىپ بەردى. يېزا، بازارلاردا 3 ئورۇندا كۆلىمى 13.3 گېكتار كېلىدىغان ياپما نەشپۈتلۈك يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. «تاغ - دەريالارنى گۈزەللەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە ئورمىنى، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلدى، تۆمۈريول بويىدا 204 گېكتار كۆلەمدە، 32 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلدى، 17.7 گېكتار كۆلەمدە 9.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلدى.

يۇجيالىڭ مەيخانىسى، توقسۇ مېھمانسارىيىسى «يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا» بولۇشقا ئىلتىماس قىلدى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ «خۇلۇ» ماركىلىق سۇ يېغى، «توقسۇ» ماركىلىق جاڭيۇسى، «تارىم دەرياسى ئىلاھى» ماركىلىق پاختىسى ۋە «تارىم دەرياسى ئىلاھى» ماركىلىق سورتلۇق ئۇرۇقى، «شىنگې» ماركىلىق سۈرلەنگەن كەپتەر گۆشى، «توقسۇ» ماركىلىق ئاق ھاراقتىن ئىبارەت 6 يەرلىك مەھسۇلات تىزىمغا ئالدۇرۇشقا يوللاندى.

★ 2 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى جاڭ بىننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە 20 مەيدان (قېتىم) سەييارە دوكلات بەردى، بۇ پائالىيەت جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

★ 8 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنىگىچە ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، 42 ئادەم ئولتۇرغان بىر ئاپتوبۇس ئۆگەن دەرياسىغا چۈشۈپ كېتىپ، 34 ئادەم قازا قىلدى، بىر ئادەم يوقاپ كەتتى.

★ 12 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 10 - بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانى ۋە 2015 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى پىلانى»نى تۈزدى.

لو شىنلىڭ

# شايار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 198 مىڭ 228 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 169 مىڭ 146)؛ يېزا نوپۇسى 161 مىڭ 851؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.82‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.9‰. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8000 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 32 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شايار ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيى ئاساسلىقى تارىم دەرياسى بىلەن ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ. يەر ئاستى سۇ بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل. ناھىيە تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 52 مىڭ گېكتار توغراقلىق بار. تارقاق ئۆسكەن توغراقلىق 14 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا تۆگە، ساقا قۇش، كۈلرەڭ تورنا، لەيلەك قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى بار. ناھىيە تەۋەسىدە نېفىت زاپىسى بىر قەدەر مول، باشقا قېزىلما بايلىق زاپىسى ئازراق.

شايار ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈن شىڭجيې.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىجىت مۆمىن.

ھاكىم: توختى بەكرى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ساماق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 774 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 440 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %6.9؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.4؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 252 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 782 مىليون 398 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %16.66 ئاشتى. 128 مىڭ 100 تونna ئاشلىق، 57 مىڭ 600 تونna پاختا، 2651.98 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 636 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7400 توننا گۆش، 409 توننا قوي يۇڭى، 162 مىڭ 900 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1836 توننا سۈت، 2243 توننا تۇخۇم، 417 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 1333 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. 3993 گېكتار باغ بار. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغىنى 2000 گېكتار. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 92 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 3690 غا، مەھسۇلات قىممىتى 210 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 144 مىليون 558 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %14.4 ئاشتى. 3800 توننا پاختا يىپ، 700 توننا سۇلياۋ ياسالما، 7000 توننا سۇ يېغى، 40 مىڭ توننا ساپ پاختا، 7000 توننا ئۇن، 1 مىليون 200 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 280 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 39 مىڭ 794 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ 758 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 99 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 33 مىليون 510 مىڭ يۈەن. 2500 مېتىر تاشيول ياسالدى، 2150 مېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. 58 كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل كۆپەيتىلدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 52 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 66 مىليون 500 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونىتى 7240قا، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 3673كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4200گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 199 مىليون 716 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەنگە، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 12گە، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 81 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 37 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %20.38؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 127 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45.71 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 939 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 633 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 424 مىليون 860 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن، 2 مىليون 905 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 645 مىڭ يۈەن. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2809، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 701. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 86 (مىللىي 12مىڭ 94)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 139، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 916 (مىللىي 27 مىڭ 490)؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر)، باغچىدىكى بالا 530 (مىللىي 230). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2013 (مىللىي 1627). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %26كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 13، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 450، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 336.

ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 421 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك ئەتتەرىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى % 64 .89 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى شايار ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 97 .2036 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9911 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 4477 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 9872 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 856 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

يىل ئاخىرىغىچە مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، چاڭ-توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى، كۆلىمى 2 .0 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى. بازارلاردىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 66 .46 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %27كە يەتتى.

★ ج ك پ شايار ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شايار ناھىيىسىگە «شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش»تىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. 3 كىشى «شىنجاڭنى يەن -تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى تۆھپىكار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ۋاڭ يۈنپىڭ

# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن زونىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 173 مىڭ 534 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 168 مىڭ 338)، يېزا نوپۇسى 147 مىڭ 442؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰1 .19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1 .13. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 50 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ 800 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 5680 گېكتار) ئاشلىق زىرائەتى، 11 مىڭ 66 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2800 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 117 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %9 .12؛ 474 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاققۇ، ئۇلار، سۇغۇر قاتارلىق 25 خىلى بار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، قانتېپەر، ماموۇرانچىن، سېرىق يوگەي قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، بائوكسىد، مەرمەر، قوغۇشۇن - سىنىك، بارىت تاش، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ توققۇز بۇلاق باغچىسى شىنجاڭغا داڭلىق. ناھىيە بازىرىنىڭ 3 كىلومېتىر غەربىدىكى قۇمبۇلۇڭ تاغ چوققىسىدىن سېرىلىپ چۈشكەن يۇمشاق قۇمدىن ئۆزگىچە قۇم بىلەن داۋالىنىش ئورنى شەكىللەنگەن. ناھىيە بازىرىنىڭ 9 كىلومېتىر شىمالىدىكى توشقان دەرياسى بويىدا كۆلىمى 3000 گېكتار كېلىدىغان ياۋا جىغانلىق بار؛ ئوتتېشى يېزىسى تەۋەسىدە يېڭىدىن «جىغانلىقتىكى كىچىك ئۆي» تەبىئىي مەنزىرە رايونى ۋە كۆلىمى 6 .2 گېكتار كېلىدىغان سۇ ئۈستى باغچىسى بەرپا قىلىندى. ناھىيە تەۋەسىدە نۇرغۇن قەدىمىي يادىكارلىقلار تارقالغان بولۇپ، ئۇلاردىن يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى، شىمالىي تۆپىلىك قىياتاش رەسىملىرى، يېڭى ئايماق كونا شەھىرى، سالام مىڭئۆيى، تاڭ سۇلالىسىغا ئائىت قەلئە، سەككىز دۆڭ ۋە پەشلى تۇراسى قاتارلىق مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 11 -نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈمىڭ

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: تۇرسۇن مامۇت.

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇچېڭخەي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 372 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 234 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 3.7%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3%؛ 3.كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 105 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 420 مىليون 111 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 8.96% ئاشتى. 127 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 5527 توننا پاختا، 5307 توننا ياغلىق دان، 28 مىڭ 800 توننا قىزىلچا، 20 مىڭ 856 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 531 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 7585 توننا گۆش، 435 توننا قوي يۇڭى، 220 مىڭ 700 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2580 توننا سۈت، 305 توننا تۇخۇم، 4 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1123 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 808 گېكتار. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 56 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3.633 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 57 مىڭ 779 كىلوۋاتقا يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا.بازار كارخانىسى 2624كە، مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 233 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 13.3%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.5% ئاشتى. 9 مىليون 36 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 17 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 50 توننا ھاراق، 39 مىڭ 800 توننا ئوتۇن، 1366 توننا سۇ يېغى، 5527 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 85 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي.ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 685 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 625 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 58 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى قۇرۇلۇشى، ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى، باللار باغچىسىنىڭ جامائەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈرىگە 53 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 15 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۆلكە يولىنىڭ ئۆتۈپ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدىغان 24.6 كىلومېتىر بۆلىكى ئۆزگەرتىلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ توققۇز بۇلاق باغچىسىدىكى كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان قالغاچ تېغى كۆكەرتىلدى، باغچا ئىچىدە 4485 مېتىر يول ياسالدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 75 مىليون 170 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 60 مىليون 460 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا. پوچتا ـ كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 3658 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2791گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 63 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 1 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 17 مىليون 791 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 11گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 54 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 38 مىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 14% تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 89 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 43% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 277 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 289 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 261 مىليون 920 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 136 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 6500 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن؛ 1 مىليون 907 مىڭ 600 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 517 مىڭ 600 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 390 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي



4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوقچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە كېلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك 12 يېزا، كەنت مەدەنىي پائالىيەت مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. سۈرەتتە: يېڭىدىن سېلىنغان ئاقتوقاي يېزىلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزى.

سۈرەتنى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

تېخنىكا خادىمى 2943، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 560. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 617 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ) 2، ئوقۇغۇچىسى 572 (مىللىي 545)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 130 (مىللىي 11 مىڭ 872)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 102، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 292 (مىللىي 26 مىڭ 473). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1863 (مىللىي 1751). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 52 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.3كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.2كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 9، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 268، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 314 (مىللىي 269)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 120 (مىللىي 82).

شۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكىدا ئىككى تۈردە 1 -، ئىككى تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 - بولدى. خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ئەرلەر قەدىمچە چېلىشىش تۈرىدە بىر 2 - لىككە، ئۈچ 3 - لىككە ئېرىشتى. 22 مىڭ 695 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %83 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1167 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9500 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2006 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5002 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 400 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە 3- تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دېگەن نام بېرىلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن، ئۇچتۇرپان «قارلىغاچتاغ» مېۋە ئىجىملىكى راۋۇتى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى سىرت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۇنجى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا.

★ ج ك پ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 11 - قۇرۇلتىيى 8- ئاينىڭ 13 - 14 - كۈنلىرى ئېچىلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - 18 - كۈنىگىچە ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەۋەسىدە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. توشقان دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىم مىقدارى 1760 كۇب مېتىرغا يەتتى، كەلكۈن ئوتىدىغان يېرىدىكى تەۋەسىدىكى قارايۇلغۇن كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغىقىدىكى 1400 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسىنى بۇزۇۋەتتى.

لىۋپېيشىن، ئەن خۇگلى

# ئاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم

ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، ئاقسۇ، زەرەپشان، خوتەن دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 188 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 158 مىڭ 600)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق نوپۇسى 137 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18. 16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8. 12. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاۋات ناھىيىسىدە قۇملۇق ‎%75. 64نى ئىگىلەيدۇ. 162 مىڭ گېكتار ئوتلاق، 33 مىڭ 300 گېكتار ئىپتىدائىي توغراقلىق، جىغانلىق، يۇلغۇنلۇق بار. ئاقسۇ كونا دەرياسى ناھىيىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدىغان بىردىنبىر دەريادۇر، يىللىق باشلىنىدىغان سۇ 1 مىليارد 387 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 703 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ يۈزى 2000 گېكتارغا يېتىدۇ. كۆل ۋە سازلىقلاردا زور مىقداردا قومۇش ئۆسىدۇ. شورلۇق ساھىللاردا مول ئاش تۇزى، شور بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا ئېشەك، بۆكەن، ئاققۇ، ئىپار چاشقان، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار بار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاسالىقى چۈچۈكبۇيا، سوغىگۇل، توشقان زەدىكى، كەتىرا، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ بىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاۋۇت داۋۇت.

ھاكىم: ئەنۋەر سىيىت.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت ياقۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 768 مىليون 985 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 432 مىليون 485 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن ‎%6. 6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ‎%5. 12، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ‎%1. 16 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 727 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن ‎%4. 3 ئاشتى. 79 مىڭ 961 توننا ئاشلىق، 42 مىڭ توننا پاختا، 22مىڭ 495 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 467 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7207 توننا گۆش، 503 توننا قوي يۇڭى، 90 مىڭ 66 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2100 توننا سۈت، 1147 توننا تۇخۇم، 150 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 129 مىڭ 200 كىلوۋاتقا، يېزا، بازار كارخانىسى 3821 گە، مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 209 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن ‎%7. 6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ‎%2. 7 ئاشتى. 3534 توننا پاختا يىپ، 15 مىڭ 300 توننا ئۇن، 7725 توننا سۇ يېغى، 31 مىڭ 674 توننا ساپ پاختا، 1726 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 12 مىليون 700 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى ‎%96 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 441 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 891 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۇككە 176 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 107 مىليون 710 مىڭ يۈەن. 2001-يىلى ئاۋات ناھىيىسى بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كونا دەريا ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى — «مول ھوسۇل» ئۆستەڭ يۇقىرى بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش قۇرۇلۇش تۈرى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، 2 - قارارلىق سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئۆزگەرتىش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، ئىھاتە ئورمىنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى تاماملاندى، 1 - تۈركۈمدىكى ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈپ

ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. «مول ھوسۇل» 3 - مەيدانى بوستۇش ئېغىزى قىلىنغان كىچىك بازار قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. ناھىيە بويىچە ئاھالىلەر ئاپتوموبىلى 786 گە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 410 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 76 مىليون 650 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 69 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 12 مىڭغا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 5389غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1700گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 150 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 13كە، بازاردا پۈتۈشۈلگەن سومما 40 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 27 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %12، يەرلىك مالىيە چىقىمى 111 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 917 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 613 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن، 4 مىليون 810 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 680 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3820، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 629. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى دۆلەت تەرىپىدىن «ناھىيىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 24 (مىللىي 12 مىڭ 846)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 821 (مىللىي 646)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 116، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 938 (مىللىي 25 مىڭ 788)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1779 (مىللىي 1419)، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى.

ناھىيىدىكى دوختۇرخانا، شىپاخانا 14، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 445، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 676، دوختۇر 493.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2313 يۈەنگە يەتتى، بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 42 بولۇپ، مائاش سوممىسى 92 مىليون 885 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2539 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 10 مىڭ 954 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بازىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «تازىلىقتا ئەلا ياخشى شەھەر» قاتارىغا كىردى.

گېڭ چىنجېن

# كەلپىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 40 مىڭ 116 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 38 مىڭ 576)، يېزا نوپۇسى 32 مىڭ 167، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.92، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.02. ناھىيە بويىچە 3880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2050 گېكتار يەرگە (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 660 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 2010 گېكتار يەرگە (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 180 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسى بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 97 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 561 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 52 مىڭ 248 گېكتار ئورمان، 275 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. كۆپىنچىسى چۆل ئوتلاق. ناھىيە تەۋەسىدە 18 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭگۈرت، فوسفور، قوغۇشۇن، مىس ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. دورىلىق ئۆسۈملۈك 170 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلاردىن چاكاندا، قانتېپەر قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. قورام، دۆنە رايونى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرە رايونىدۇر.

ناھىيىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈرۈك، چامغۇر ۋە تۆگە يۇڭى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: نيۇ خەنشىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىسمائىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىڭ شىيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 82 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.5%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 154 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 17.5% ئاشتى. 20 مىڭ 520 توننا ئاشلىق، 2132 توننا پاختا، 200 توننا ياغلىق دان، 2419 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 170 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2012 توننا گۆش، 118 توننا قوي يۇڭى 43 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 88 توننا سۈت، 57 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىكى ئۆلگە كەنتتىن 15ى، ئۆلگە ئائىلىدىن 150ى بەرپا قىلىنىپ، 109 مىڭ 500 تۇخۇ، 114 مىڭ 800 كەپتەر بېقىلدى. ھويلا - ئاراملاردا 249 گېكتار قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىلدى، 53 مىڭ كالا، قوي بېقىلدى. 391 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 300 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 100 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 15 مىڭ 646 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 6گە، مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.1%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.6% ئاشتى. 1 مىليون 350 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 87%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 32 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 895 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 27 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 170 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ

قىسقا ماتېرىيال

## كەلپىننىڭ ئۆرۈكى، چامغۇرى ۋە تۆگە يۇڭى

كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ شىنجاڭدا خېلى داڭقى بار. ئۇنىڭ 22 خىل سورتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چىلگە سورت 3 خىل، ئارا پىشار سورت 2 خىل، جاغدا سورت 3 خىل، باشقا سورتلىرى 14 خىل. مەرشو، قارا غازاڭ، قازناق سورتلىرى ناھايىتى ئېسىل. كەلپىن ئۆرۈكى ئەتلىك، قەنت مىقدارى يۇقىرى. مېغىزى چوڭ ھەم تاتلىق بولۇپ، ئۆرۈك مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشتا ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۆرۈكنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ھوسۇلى 2.25 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر يىلى كەلپىن ناھىيىسىگە 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىپ بېرىدۇ.

چامغۇرنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى، 2001 - يىلى 130 گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە چامغۇر تېرىلىپ، 2000 توننا ھوسۇل ئېلىندى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 4800 تۇياقتىن ئارتۇق تۆگە بار، بۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تۆگىلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ھەر يىلى 10 توننىدىن ئارتۇق تۆگە يۇڭى ئېلىنىدۇ.

ئۆرۈك، چامغۇر، تۆگە يۇڭى كەلپىن ناھىيىسىنى بىر تۈركۈم پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمىنىمۇ ئاشۇردى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن

تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 1326گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 332گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 954 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 14 مىليون 844 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 5كە، بازاردا پۈتۈشۈلگەن سوما 7 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 13.1% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 58 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 49.04% ئاشتى. پۇل ـ مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 60 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 77 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 757 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 220 مىڭ يۈەن، 240 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 25 مىڭ يۈەن.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 ـ يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1516، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 599. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 36 (مىللىي)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 451 (مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3363 (مىللىي 3330)، باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 6979 (مىللىي 6904). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 785 (مىللىي 713). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 20%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 5، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 88. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 118 (مىللىي 102)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 77 (مىللىي 60).

ناھىيە بويىچە 8642 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 60% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1155.26 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 670 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 232 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى قىيىنچىلىقى بار 10 مىڭ 169 كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 670 يۈەنگە يېتىپ، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى.

### چىلان يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى

2001 ـ يىلى چىلان يېزىسى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات رايونىدا 2000 گېكتار يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 8417.9 توننا ھوسۇل ئېلىندى. 266.7 گېكتار يەرگە كېۋەز، 400 گېكتار يەرگە شال، 146.7 گېكتار يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىلدى. 24.2 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى، 22 گېكتار يەرگە تولۇقلاپ كۆچەت تىكىلدى، جەمئىي 222 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 32 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلدى.

★ 2001 ـ يىلى خۇسۇسىيلار 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ ئۇستى يېپىق يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇدا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بازار يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاتۇش شەھىرىدە. 2001 ـ يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 441 مىڭ 804 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 416 مىڭ 342)، يېزا نوپۇسى 344 مىڭ 722؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش

نىسبىتى 12.7‰. 39 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 34 مىڭ 300 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائەتتى تېرىلدى، كىلىماتى مۆتىدىل بولۇۋاتقىنىڭ قۇرغۇقلۇق تېپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن كەنجۈر، ئانار، مۇناقى ئۈزۈم، بارىن ئۆرۈكى كۆپ چىقىدۇ. ئوبلاست بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 963 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. لېكىن دەريا - ئېقىنلارنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، سۇ باشلاش قىيىن، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن. كەڭ تاغلىق رايون ۋە دەريا جىلغىلىرىغا تەبىئىي ئورمانلار تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 37 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ. 3 مىليون 339 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆچتاش يايلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى خېلى مول. 17 تۈر، 42 ئائىلىگە مەنسۇپ 244 خىل قۇش بار. ئوبلاست تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن قارالەيلەك، ئاق لەيلەكتىن ئىبارەت 2 خىلى، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۇلار قاتارلىق 9 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئىچىش قىممىتى بارلىرىدىن چۆچۈكبۇيا، ئەڭلىك ئوت، ھىلىڭ، چاكاندا، يەرمەدىكى، قومۇش يىلتىزى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنىك، قەلەي، كوبالىت، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، گەج، سىغىز توپا، مەرمەر، چىرىستال قاتارلىقلار بار. قوغۇشۇن - سىنىكنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، قاراجول قوغۇشۇن - سىنىك كېنى يۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. پيېزوكرىستال خرۇستال زاپىسى شىنجاڭ بويىچە خرۇستال زاپىسىنىڭ %90تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە نېفىت بۇرغىلىنىپ تەكشۈرۈلۈپ، نېفىت، تەبىئىي گاز ئېلىنىدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنخۇەي؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، شېن رۇڭشيەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەت نۇر، ليۇ باۋجيەن، ۋاڭ گوشىن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ شىنخۇەي (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، قوشۇمچە)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چىڭشيەن، ئەلى ئىسمائىل، سادىر روزى (قىرغىز)، ئىسمام ھەسەن، ياۋ پېيجى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ رۇڭدەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شېن رۇڭشيەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شاۋ چىڭخۇا (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى گېخۇا (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان كادىر)، مەمەت مۇسا سادىق (قىرغىز)، ۋاڭ شيەنپىي، ئىسمام نامەت، سۇن شاۋشەن (ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان كادىر)، دۇڭ شياڭجۇن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھامۇت ياقۇپ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇشىنمىڭ، ئامىنە ئابدۇراخمان، شيا باڭچىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خاۋ رېنيۇ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابدۇكېرىم ئابلا (قىرغىز، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇماق قادىر (قىرغىز، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، نىياز قارى (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 976 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 333 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2؛ 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.1، 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.55 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 668 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. 168 مىڭ 319 توننا ئاشلىق، 6288 توننا پاختا، 3389 توننا ياغلىق دان، 20 مىڭ 546 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 445 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 512 توننا گۆش، 1612 توننا قوي يۇڭى، 788 مىڭ 500 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 150 مىڭ 1 توننا سۈت، 589 توننا تۇخۇم، 150 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 518 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 566.67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 1302 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 111مىڭ 136 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 215 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون 700 مىڭ

يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.9% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئوبلاستقا تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 183 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.6% ئاشتى. 36 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 73 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 54 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.3%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 91 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 150 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 95 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 237 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىگە 193 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 162 مىليون 180 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 27 مىليون 710 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 134 مىليون 470 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 280 مىليون 260 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيولدا توشۇلغىنى 185 مىليون 520 مىڭ توننا - كىلومېتىر، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 94 مىليون 740 مىڭ توننا - كىلومېتىر. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 45 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 28 مىڭ 7گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 15 مىڭ 500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 248 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 22گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 100 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 890 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 11 مىليون 310 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە 17 تۈردە توختام ئىمزالاندى. توختام سوممىسى 193 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 39 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000-يىلدىكىدىن 6.39% تۆۋەنلىدى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 636 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 51.02% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 420 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 358 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 775 مىليون يۈەن. سۈغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۈغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون 640 مىڭ يۈەن. تۆلەم سوممىسى 36 مىليون 34 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۈغۇرتىسى تۆلىمى 33 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۈغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 634 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 958، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5613. شۇ يىلى ۋىلايەت-ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تەتقىقات تۈرىدىن 30ى تاماملاندى. ئوبلاستتىكى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 386 (مىللىي 279)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1740 (مىللىي 1586)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 58، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 345 (مىللىي 29 مىڭ 840). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 451 (مىللىي 387)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 237، ئوقۇغۇچىسى 74 مىڭ 717 (مىللىي 71 مىڭ 565)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 7481. ئوبلاست بويىچە 5 سەنئەت ئۆمىكى، 4 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 5 ئارخىپخانا بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85.6%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىستى 89%كە، شەھەردە سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 95%كە يەتتى، ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 5ى بار.

ئوبلاست بويىچە 92 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 43، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 5، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 5، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1450، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2368 (مىللىي 1816).

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ھەرخىل تۈرلەردە 25 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 77 مىڭ 562 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 87.5% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە يېزا

ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1071 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 527 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 4462 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 34 مىڭ 943 ئىشچى-خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001-يىلنىڭ ئاخىرىدا پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 230 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7-قۇرۇلتىيى 8-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە ئېچىلدى.

★ 12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاتۇش شەھىرى تەۋەسىدە بىر مىنىبۇس پويىز بىلەن سوقۇلۇپ كېتىشتەك پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقەدە 28 ئادەم قازا قىلدى، 11 ئادەم يارىلاندى.

سۇ جىڭبو

# ئاتۇش شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر. تۆمۈريول مۇساپىسى 1553 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2001-يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 196 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 181 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 145 مىڭ 100، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.56، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.28. 13 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 700 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 2900 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 1500 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 500 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 423 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ھەرىكەتچان زاپىسى 315 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 27 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2.96كە يېتىدۇ. 1 مىليون 390 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۇلار قاتارلىق 10 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قانتېپەر، قوچاققول، مەرزەنجۇش، ھىڭ، ئەگىلىك ئوت، چوچۇكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، تىتان، ۋانادىي، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنىك، كۆل تۇزى، فوسفور، ھاك تېشى، مەرمەر، چىرىمتال، گەج، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئۈچ بۇرخان غارى، مورا بۇددا مۇنارى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خارابىسى بار.

ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم ئاتۇشنىڭ خېلى داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاتۇش شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيالىشىن.

5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى

شەھەر باشلىقى: ئەنۋەر تۇردى.

سىياسىي كېڭەش 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سوپۇر ئابىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001-يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 478 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 148 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %2.93 ئاشتى. 2-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.06 تۆۋەنلىدى؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 266 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %57.04 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 261 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000-يىلدىكىدىن %4.47 ئاشتى. 60 مىڭ 782 توننا ئاشلىق، 1629 توننا پاختا، 717 توننا ياغلىق دان، 11 مىڭ 938 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 400 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 5609 توننا گۆش، 487 توننا قوي يۇڭى، 168 مىڭ 600 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 6077 توننا سۈت، 190 توننا تۇخۇم، 147 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 73 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 233 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي

قۇۋۋىتى 44 مىڭ 925 كىلوۋاتقا، يېزا ـ بازار كارخانىسى 8365كە، مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.92 ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، %21 تۆۋەنلىدى، 5 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 8695 توننا پىششىقلانغان تۇز، 10 مىڭ توننا ئۇن، 500 توننا سۈ يېغى، 47 مىليون 670 مىڭ دانە خىش، 1700 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %93.7كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 112 مىڭ 740 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 65 مىڭ 91 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 145 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 87 مىليون 770 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 2994 كىلوۋات كۆپەيتىلدى، 7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى. 210 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. ئايدا شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 250 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 277 مىڭ 100 توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 27 مىڭ 100 توننا ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 2 مىليون 250 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 821 مىڭ 900 ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 21 مىڭ 900 ئادەم ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغىنى 1 مىليون 800 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىر. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 18 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 9000غا يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 144 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 890 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 11 مىليون 310 مىڭ دوللار. ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون 970 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5 تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 359 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.69 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 490 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 588 مىليون 370 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 160 مىڭ يۈەن. 5 مىليون 440 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگىنى 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 360 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8700، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5200. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 3، ئوقۇغۇچىسى 215 (مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 178 (مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 90، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 7 (مىللىي 43 مىڭ 587). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3945 (مىللىي 3091). چوڭلار ئالىي تېخنىكومى بىر، ئوقۇغۇچىسى890 (مىللىي). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 2، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 2، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 782.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1260 يۈەنگە، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 2 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 2619 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 19 مىڭ 650 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىگە 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لى شاۋلەن

## ئاقچى ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 35 مىڭ 113 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 673)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 434؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.98. ناھىيە بويىچە 4060 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 782.4 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئەڭ يۇقىرى ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىرغا، ئەڭ تۆۋەن ئېقىم مىقدارى 73 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليون 825 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 8686.37 گېكتار ئورمان، 844 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 4000 گېكتار بەرپا قىلىنغان ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن: يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جۇڭخۇا كۆز كېزەر ئۆردىكى، بۈركۈت، قۇماي، تازقارا، شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى قاتارلىق 7 خىلى بار، دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، جەرەن، كۆكقەت، ئارقار، تارىم توشقىنى، ئۇلار، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىق 13 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 25 خىلى بار. ئاساسلىقلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئارپىبەدىيان، ئەڭلىك ئوت، چاكاندا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغىنى 10 خىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن سىرپېنتىن، گەج، مەرمەر، چىنە توپىسى، ئىسلاندىيە شپاتى، تۆمۈر - مانگان، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: باۋگۇاڭتو.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توقان ئىگەمبەردى (قىرغىز).

ھاكىم: پەرھات تۇردى (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمەتتۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 96 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.38؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %86 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.19 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 530 مىڭ يۈەن. 7923 توننا ئاشلىق، 890 توننا ياغلىق دان، 270 توننا ياڭيۇ، 279 توننا كۆكتات، 433 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 234 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 2929 توننا گۆش، 544 توننا قوي يۇڭى، 22 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 121 مىڭ 45 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 4820 توننا سۈت، 100 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 78 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6941 كىلوۋاتقا، يېزا، بازار كارخانىسى 412گە، مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 627 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.89؛ قوشۇلما قىممىتى 263 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.88 ئاشتى. 2 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4900 توننا ئۇن، 280 توننا سۇ يېغى، 4000 توننا بارىت، 200 توننا كۋارتس تاش، 2.5 كىلوگرام ئالتۇن، 11 توننا پولات دېرىزە، 1500 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 8000 كۇب مېتىر قۇم شېغىل، 600 لىڭ تاق رەڭلىك باسما بۇيۇمى، 7 توننا ئاق ھاراق، 6 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 9 توننا پىششىقلانغان بالىق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.93كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 48 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 800 كىلوۋات ئاشۇرۇلدى، 164 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. 80 كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل تارتىلدى، شەھەرنى يىلىغا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 310 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى، 7.6 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 50 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 492 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 714 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونېنتى 1973 كە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 297 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 763كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 24 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليون 848 مىڭ يۈەن. تاۋار سودا بازىرى بىر بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5 .12؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 67 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %41 .68 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 46 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 64 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا- بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 33 مىليون 460 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا كەسپى ھەققى كىرىمى 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 430 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 400 مىڭ يۈەن. 160 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 110 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 50 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1348، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 179. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 2406 (مىللىي 2303)، باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 5258 (مىللىي 4911). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 784 (مىللىي 718). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە «ئىككى ئاساسەن» نىشانىنى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن مۇكاپات ئالدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %45كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76 .86كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %95 .32كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2 دوختۇرخانا، 8 شىپاخانا، بىر يۇقۇملىدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 2 يەككە ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخانىلاردا 145 كارىۋات بار، 247 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 104.

2001 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا ئاقچى ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى قەدىمچە چېلىشىش تۈرىدە بىر تۈردە 1 - لىككە، ئۈچ تۈردە 2 - لىككە، ئۈچ تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. بىر قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 258 ئادەم قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 1532 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 886 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 953 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 647 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 3791 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 101 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلى چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 311 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. 100 ئائىلىلىك چارۋىچىغا ئىسسىق قوتان سېلىپ بېرىلدى.

پېڭ جۈن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي

چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن كوكبېلۈن تېغى تۇتاشقان يەرگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 43 مىڭ 936 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 944)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 759؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.2‰. ناھىيە بويىچە 2954 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1989.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 213.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئۈلۈغچات ناھىيىسى بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 710 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 41 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 149.57 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.48%. 900 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، سۆلەيسۈن، ئارقار، ئېگىز تاغ ئۆلارى، بۈركۈت قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى سېرىق ھەلەك، چاكاندا، مەرژەنجۈش، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سلانېتس، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كېپەك ئالتۇن، ئۇيۇل ئالتۇن، سېرىق تۆمۈر رودىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت، مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئۇچتاش يايلىقى، «جالغىز دۆڭ» يازلىق ئارامگاھى، سىمخانا يازلىق تاغلىق مەيلىگاھى، باقچات ئارامگاھى قاتارلىقلار بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك پورتتىن ئىككىسى - تورغات پورتى بىلەن ئەركەشتام پورتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈلۈغچات ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈەنشەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى مەمەت ماتەن (قىرغىز).

ھاكىم: پەرھات تۆلمىش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 134 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.13%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 26 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.48%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 57.27% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 522 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 6118 توننا ئاشلىق، 438 توننا ياغلىق دان، 355 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 278 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3735 توننا گۆش، 364 توننا قوي يۇڭى، 170 مىڭ 821 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2021 توننا سۈت، 6 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 3169 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1090 گېكتار، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 560 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 872 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىڭ 939 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1024 كە، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 921 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 55 مىڭ 99 توننا كۆمۈر، 130 مىڭ توننا سېمونت، 46 كىلوگرام ئالتۇن، 1522 توننا قوغۇشۇن - سىنىك رودىسى، 30 مىڭ توننا گەج، 4000 توننا قىزىل توپا، 27 مىڭ 500 توننا ئەسلى تۆمۈر رودىسى، 17 مىڭ 875 توننا تۆمۈر رودىسىدىن ئىشلەنگەن تەييار رودا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4619.7 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4619.7 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 13 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 10 مىليون 40 مىڭ يۈەن. 155 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 733 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 349 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونىتى 1918گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 1493كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 708گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 29 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە

ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 3كە يەتتى. تۈرلۈك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.86؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 85 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %66.3 ئاشتى. پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 85 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 61 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن پۇل ۋە تۆلەم 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1905، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 178. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3ى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى499 (مىللىي) ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 2665 (مىللىي 2458) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 6334 (مىللىي 5908) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 850 (مىللىي753) . رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %25كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 320، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 240 (مىللىي 182) ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 161 (مىللىي 103) .

2001 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەدىمچە چېلىشىش، ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى كوللېكتىپ 1 - ۋە 2-لىككە ئېرىشتى. 2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىيخەلق ساغلاملىقى بويىچە «ساغلاملىق لوڭقىسى»نى تالىشىش تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە ناھىيە كوماندىسىنىڭ ئەرلەر كوللېكتىپى 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزىنگە تەئەللۇق كىرىمى 6500 يۈەنگە، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1080 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 622 يۈەنگە. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.03 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1589 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 4631 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېنىسىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1069 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 563 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 9ى بەرپا قىلىندى.

يالڭ ئەيخۋا

## ئاقتۇ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇسابىسى 1545 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 167 مىڭ 234 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 47) ، يېزا نوپۇسى 148 مىڭ 827؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.7. 18 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7444 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 4000 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 523 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقتۇ ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىسى، ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 334 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 25 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 2151.9 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.93. 691 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، ئارقار، جەرەن، ئۇلار، ئاقتۇ قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈك 16 خىلغا

يېتىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن چۇچۇكبۇيا، چاكاندا بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، مىس، ئالتۇن قاتارلىق 15 خىل مېتال رودىسى ۋە كۆمۈر، خرۇستال قاتارلىق 18 خىل غەيرىي مېتال رودىسى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مۇزتاغ چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭۇر تۆپە چوققىسى ھەمدە تاغ ئوۋىدىكى قاراكۆل كۆلى بار.

ئاساسلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن يارىن يېزىسىنىڭ سوقا ياغلىق ئۆرۈكى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ فېڭدې.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت پالتا.

ھاكىم: ھېزىمجان ئابدۇللا (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 258 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.57 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 263 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %03.1 ئاشتى. 94 مىڭ 899 توننا ئاشلىق، 4659 توننا پاختا، 8685 توننا ياغلىق دان، 7820 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 541 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7247 توننا گۆش، 461 توننا قوي يۇڭى، 279 مىڭ 663 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 4303 توننا سۈت، 150 توننا تۇخۇم، 3 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4.1343 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 220 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 333 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 331 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 2769 غا، مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 878 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.6 ئاشتى. 21 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 22 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 18 مىڭ 523 توننا كۆمۈر، 270 مىڭ توننا سېمونت، 38 مىليون 550 مىڭ دانە ماشىنىدا قويۇلغان خىش، 200 توننا تۇز، 730 توننا ئۇن، 455 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 43 توننا بالىقاق، 1008 كۋادرات مېتىر گىلەم، 3751 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4832 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 66 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 54 مىليون 280 مىڭ يۈەن. ئۆجمە، يارىن، جامالتېرەك، قاراكېچىك يېزىلىرى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ 5 تۈرگە 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قاراكۆل كۆتۈرۈلۈش پونكىتىنىڭ بېزەش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، مەنزىرە رايونىغا 2 يۆرۈش سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق IC كارتوچكىلىق تېلېفون ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 10 كىلوۋاتلىق دىزېلىن ئارقىلىق توك چىقىرىش گېنېراتورىدىن بىر يۈرۈش ئورنىتىلدى، ھەمدە 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قاراكۆل مەركىزىي رايونىنىڭ بەلگىسى خاراكتېرىدىكى راۋاقلىق دەرۋازا پۈتكۈزۈلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 219 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 159 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 652 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونتى 3412گە، يېزا تېلېفونى ئابونتى 1286گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 468 گە، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 49 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليون 520 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 6گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 31 مىليون 390

مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 9600 ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.34 ئاشتى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 121 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %64.47 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 235 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 188 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 188 مىليون 160 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا كەسپى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن. 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 350 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 304، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 56. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2. ئوقۇغۇچىسى 601 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 6693 (مىللىي 6470)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 98، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 541 (مىللىي 31 مىڭ 974). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1717 (مىللىي 1648). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 870مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %60كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %70كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %0.05كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سەھىيە ئاپپاراتىدىن 19ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 295. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 340 (مىللىي 291)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 137 (مىللىي 121).

2001 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئۈچ تۈردە 1 - لىككە، ئىككى تۈردە 2 - لىككە، تۆت تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 4 تۈردە 3 - بولدى. 4 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ئاقتو ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 905.34 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 781 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 516 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 735 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا پېنسىيىگە چىققان 499 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلى ناھىيە بويىچە 10 مىليون 430 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىلدى، نامراتلارنى يۆلەش قەرز فوندى 22 مىليون يۈەنگە يەتتى، 1516 ئائىلىدىكى 5568 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 264 ئائىلىلىك 1535 كىشى باشقا جايغا كۆچۈرۈلۈپ، شۇ يىللىق كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىشى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ يىلى مۇھەت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئاقتو ناھىيىسىدىكى 92 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قىيىنچىلىقى بار 38 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلىنى بىكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىقى بار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى ئوتتۇرىچە 22 يۈەن يېنىكلىدى.

★ ئاقتو ناھىيىسى بويىچە ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلارنى قوغداش نىسبىتى %17.86كە يەتتى. ئاقتو ناھىيىسى زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 2001 - يىللىق ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقنى قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

گۈلھەسەل قادىر

# قەشقەر ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2001 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 426 مىڭ 800 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 193 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 2 مىليون 860

ماڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.71، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.32. ۋىلايەت بويىچە بىر يىلدا 205 مىڭ 800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 274 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1900 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ۋىلايەت تەۋەسىدە دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 5 دەريا بولۇپ، دەريا - ئېقىنلاردىكى سۇ بايلىقى 12 مىليارد 194 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى 8 مىليارد 681 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 443 مىڭ گېكتار ئورمان بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن 16 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن 53 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، چىرىمتال، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالماس، كۆمۈر، فوسفور، بېرىللىي، تىتان، مىس قاتارلىق 38 خىلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياۋ يۈڭفېڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، زىننەت ئۆمەر، شى داگاڭ، ياۋ يىجيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شى زۇنخېڭ، ليۇ شۈخۇ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت ئەخلەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياسىن ياقۇپ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇكېرىم سەلەي، تيەن ۋېيگو، شياۋ مىڭداۋ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئېلى مەھەممەت (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: شى شاۋلىن (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن ئوسمان، يەن فىنشىن، مەمتىمىن پىردەۋس، جەرۇللا ھىسامىدىن، ۋۇ بىڭشى، ۋۇ دىمىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: زىننەت ئۆمەر، مەمتىمىن ھەلىمىدىن، ئوسمان قاسىم (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جياڭ باۋخېڭ، روزى كېرىم (11- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، ۋۇ شىچىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8 مىليارد 713 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.76%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 698 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.21%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 895 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.09% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 994 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 105 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.11% ئاشتى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.25% تۆۋەنلىدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.12% ئاشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.44% تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 1 مىليون 572 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 281 مىڭ 200 توننا پاختا، 11 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 549 مىڭ 300 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 4 مىليون 239 مىڭ 300 تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى. 141 مىڭ 600 توننا گۆش، 7220 توننا قوي يۇڭى، 78 مىڭ 300 توننا سۈت، 26 مىڭ 900 توننا تۇخۇم، 3768 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 774 مىڭ 770 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 867 مىليون يۈەنگە يەتتى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، يۇقىرىغا 69 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 413 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 11.32% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 194 مىليون يۈەن بولۇپ، 29.58% تۆۋەنلىدى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 219 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.23% ئاشتى. بىر يىلدا 819 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 340 مىڭ توننا سېمونت، 156 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 16 مىڭ 500 توننا يىپ، 12 مىليون 750 مىڭ مېتىر رەخت ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.1% بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.93 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 89.55% بولۇپ، 7.74 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ

سېتىلىش نىسبىتى 101.93% كە يېتىپ، 5.32 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆرلىدى. سالاھىيىتى 4 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 173 مىلىيون يۈەنگە يېتىپ، 5.1% ئاشتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 192 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 239 مىلىيون يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 639 مىلىيون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 110 مىلىيون يۈەن. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. قەشقەر خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسى پۈتتى، دۆلەت يولى 314 -، 315 - لىنىيىلىرىنىڭ قەشقەردىن ئۆتىدىغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، قەشقەر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق 2 × 50 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلىرىنى قۇراشتۇرۇش، قەشقەردىن يەكەنگە بارىدىغان 220 كىلوۋولتلىق توك يوللىش، بېسىم ئۆزگەرتىش سىم يولى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. قەشقەر دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، كۆسەن دەرياسىدىن سۇ ئېلىش باش غول ئۆستىڭى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى تۈرىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، 665 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە پۇختىلاش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى ئۆزگەرتىش تۈرىدە ئىش باشلاندى، تۆۋەنكى بەلدىر سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى مۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. بىر يىلدا تۆمۈر يولدا توشۇلغان يۈك 590 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 44.64% ; توشۇلغان يولۇچى 590 مىڭغا يېتىپ، 16.46% ئاشتى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك 3 مىلىيون 320 مىڭ توننا بولۇپ، 28.14%، يۈك ئوبوروت مىقدارى 634 مىلىيون توننا - كىلومېتىر بولۇپ، 45.75% ; توشۇلغان يولۇچى 7 مىلىيون 800 مىڭ بولۇپ، 29.28%، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 600 مىلىيون ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، 7.35% تۆۋەنلىدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 241 مىلىيون يۈەنگە يېتىپ، 46.06% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە تېلېفون ئابونېنتى 157 مىڭ 700 گە يەتتى، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە 100 ئادەمگە 4.4 تىن تېلېفون توغرا كەلدى؛ يىل ئاخىرىدا كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 123 مىڭ 600 گە يەتتى؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 3910 غا يېتىپ، 98.58% كۆپەيدى. بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن 48 مىلىيون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى 9 مىلىيون 690 مىڭ دوللار بولۇپ، 65.77%، ئېكسپورت سوممىسى 8 مىلىيون 750 مىڭ دوللار بولۇپ، 69.04% تۆۋەنلىدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 428 مىلىيون يۈەنگە يېتىپ، 4.71%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 965 مىلىيون يۈەنگە يېتىپ، 44.8% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 166 مىلىيون يۈەنگە يەتتى (بىكتۇەنتىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 92 مىلىيون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 74 مىلىيون يۈەن؛ 64 مىلىيون يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 55 مىلىيون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلىمى 9 مىلىيون 550 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 - يىلدىكى پەن تەتقىقات، تەرەققىيات ئاپپاراتى 3، ئېتىراپ قىلىنغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 15، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 3؛ 2 ناھىيە - شەھەر مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە سىناشتىن ئۆتتى. 5 ناھىيە، شەھەر ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پەن تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە - شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى. ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىسى 3263، ئوقۇغۇچىسى 8029؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 17، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 421؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ. ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 191 مىڭ 100، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 573 مىڭ 200. ۋىلايەت بويىچە 13 سەنئەت ئۆمىكى، 13 مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.2% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.1% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 255 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 212، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتى 15، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 11؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 8596، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكىسى 8172؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 9419، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 4088، سېستىرا، سانىتار 3157.

ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا، قەدىمچە چېلىشىش، ئەركىن چېلىشىش، بوكسىيورلۇق، رۇداۋچە چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، تەيچۇەنداۋ، سۇ ئۈزۈش، تىكتاكتوپ، ۋاسكېتبول، پوتبول، ۋالېبول قاتارلىق 14 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 26 ئالتۇن مېدال، 26 كۈمۈش مېدال، 27 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1116 يۈەنگە، شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5062 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4278 يۈەنگە، ئىدارە - ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 364 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 45 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 2145 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 122 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى؛ ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازارلاردا مەھەللە مۇلازىمەت ئورنىدىن 10 ى قۇرۇلدى. 49 مىڭ 700 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قوغداشقا ئېرىشتى، ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىدىن 105 ى، 3242 كارىۋات بولۇپ، 2726 ئادەم بېقىلىۋاتىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتىدىن 2 سى، ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 14 ى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 6 سى بار.

يالڭ جىجۈن

★ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى 20 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ۋە 7 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە «قوش نەمۇنىچى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى 85 نەمۇنە كوللېكتىپنى ۋە 166 نەمۇنە شەخسنى تەقدىرلىدى. قەشقەر شەھىرى قاتارلىق 10 ئورۇنغا «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە كوللېكتىپلار ئۈلگىسى»، ۋاڭ ياجۇ قاتارلىق 10 كىشىگە «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخسلەر ئۈلگىسى» دەپ نام بەردى.

★ قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دارۋاز بايرىمى 6- ئاينىڭ 22 ـ 24 - كۈنلىرى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 22 ـ 23 - كۈنلىرى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 7 - ئايدا باشلانغانىدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 20 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئايرودرومى شىنجاڭدىكى 2 - خەلقئارا پورت ئايرودرومى بولۇپ قالدى.

★ 8 - ئايدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ «يەكەن» ماركىلىق پاختىسى «2001 - يىللىق مەملىكەتلىك 10 چوڭ تونۇلغان داڭلىق ماركىلىق پاختىغا گۇۋاھنامە بېرىش يىغىنى ۋە 2001- يىللىق مەملىكەتلىك داڭلىق ماركىلىق پاختا يەرمەنكىسى» دە 1 - لىككە ئېرىشتى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ «پايانسىز دېڭىز» ماركىلىق پاختىسى 4 - ئورۇندا تۇردى.

لياڭ مىڭ

# قەشقەر شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. قەشقەر شەھىرىدىن دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1588 كىلومېتىر، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر ئايرودرومىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 1311 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 336 مىڭ 600 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 267 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 100 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.65‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.97‰. شەھەر بويىچە 6500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5526.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2400 گېكتار يەرگە كۆكتات (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى، باغ - ئورمان كۆلىمى 448 گېكتار، 460 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىن ئانار، ئەنجۈر، بېھى، بادام، پىستە قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مېۋە - چېۋىلەر چىقىدۇ، مىقلىما ساندۇق، بۆشۈك، دوپپا، كانۋاي تونۇلغان كىيىم - كېچەك، غېجەك، دۇتتار، راۋاپ، داپ قاتارلىق داڭلىق مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھامۇت.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى چىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 325 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.6، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 842 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى. 404 مىڭ تونna ئاشلىق، 111 مىڭ توننا كۆكتات، 593 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 192 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 7080 توننا گۆش، 3100 توننا تۇخۇم، 2980 توننا سۈت، 558 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى 448 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن ۋە باغ-ئورمان كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 504 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 723 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 7309غا، كىرىمى 625 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 726 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون يۈەن بولۇپ، %6 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 6362 توننا يىپ، 10 مىليون 200 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 389 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 123 مىڭ 900 توننا سېمونت، 12 مىليون 550 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 800 توننا سۇلياۋ ياسالما (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 769 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 170 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 683 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 290 مىليون يۈەن) گە، شەھەر رايونىغا تەۋە قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 300 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، شۇ يىلى پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 496 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 423 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 575 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 961 مىليون يۈەن. بىر يىلدا تۆمۈر يولدا توشۇلغان يۈك 530 مىڭ توننىغا، يولۇچى 590 مىڭغا، ئاشيولدا توشۇلغان يۈك 60 مىڭ توننىغا، يولۇچى 119 مىڭغا، پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 49 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 51 مىڭ 800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 60 مىڭغا يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.6 ئاشتى. بىر يىلدا شەھەر بويىچە ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتى بىلەن 14 توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 397 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 18 مىليون 140 مىڭ دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا قەشقەرگە سەيلى - ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچى 208 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 182 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر رايونىدىكى خۇسۇسىي كارخانا 164 كە، يەككە كارخانا 11 مىڭ 100 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئورنى 883) گە، كەسىپكار 14 مىڭ 300 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كەسىپكارى 1279) گە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە خام چوت كىرىمى 161 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6، يەرلىك مالىيە خام چوت چىقىمى 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %48 ئاشتى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 549 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 453 مىليون يۈەن؛ بانكا قەرز پۇلىنىڭ مەزگىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 788 مىليون يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7778، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1495. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 7112؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 9، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 935؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 45؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 73، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 427. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى (شەھەرگە تەۋەسى) 3497 (مىللىي 3131). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 245 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (مالىيەدىن سېلىنغان مەبلەغ، كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە يەككىلەر سالغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %60 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 34 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 2155 كارىۋات، 2468 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (يەككىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

2001 ـ يىلى 17 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 9500 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5062 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4278 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1927 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 212 ئورۇندىكى 25 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ 8 ـ كۈنلىرى قەشقەر شەھىرى بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، يېزىلاردىكى پەسىلسىز مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات پارنىك ـ لاپاسلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

★ ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 8 ـ قۇرۇلتىيى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ 30 ـ كۈنلىرى ئېچىلدى.

★ 12 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا باغچىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قەشقەر شەھىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى.

★ 2001 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى قەشقەر شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئالغا باسقان شەھەر» دەپ نام بەردى.

رېشىتهاجى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 16. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 359 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 347 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 318 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20.93، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.48. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 340 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 35 مىڭ 250 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 450 گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 21 مىڭ 10 گېكتار (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1900 گېكتار) يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ نورمال ئەھۋالدىكى يىللىق ئېقىم مىقدارى 109 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، نېفىت، گەج، ھاك تېشى، كۆمۈر، ئاش تۇزى قاتارلىقلار بار. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن مەھمۇت قەشقىرى مەقبەرىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ شىنۋېي.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: پەرھات سەمەدى (2000 ـ يىل 8 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۇرسۇن توختى (2000 ـ يىل 8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئابدۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 610 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 375 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %11.4، 2-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.2، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 574 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %11.8 ئاشتى. 180 مىڭ توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 500 توننا پاختا، 1290 توننا ياغلىق دان، 73 مىڭ 134 توننا مېۋە ـ چېۋە، 65 مىڭ 792 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 790 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 18 مىڭ 9 توننا گۆش، 5081 توننا سۈت، 6000 پارچە كالا تېرىسى، 113 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 7914 توننا يۇڭ، 5042 توننا تۇخۇم، 307 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 4866.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 49 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىچە تەرەققىيات رايونىدىكى 266.67 گېكتار كۆلەمدىكى تېمىتىپ سۇغىرىش تۈرى ۋە ئوغۇساقتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك قۇرۇلۇشى

يۈزتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 124 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1846 گە، مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %56 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىليون 860 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 800 قۇر كىيىم - كېچەك، 2900 دانە چالغۇ ئەسۋابى، 768 دانە ئۆي جاھازى، 1248.99 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 529 مىڭ 200 مېتىر پاختا رەخت، 250 توننا ئىچىملىك - هاراق، 560 توننا مېۋە شىرنىسى ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %92 كە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 107 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليون 400 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى بازارنى ئايلىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون 100 مىڭ توننا كۆپەيدى، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 610 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 8717 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 4889 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1200 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 38 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەرخىل سودا بازىرى 12 گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 350 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 131 مىڭ 700 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 153 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17، يەرلىك مالىيە چىقىمى 167 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49.55 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 485 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 394 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 250 مىليون 240 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3582. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 800 (مىللىي 25 مىڭ 498)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 178، ئوقۇغۇچىسى 61 مىڭ 665 (مىللىي 60 مىڭ 678). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 4655 (مىللىي 4544). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 544 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 ئوتتۇرا مەكتەپكە كومپيۇتېر سەپلەندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %78 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %50 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 16، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 553؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 515، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 303.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9276 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2234 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1100 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 790 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 2515 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 12 مىڭ 245 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 665 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

★ 2001 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە مول نەتىجىگە

ئېرىشتى، كىرگۈزۈلگەن تۈر 66 گە، سوممىسى 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بىر تۈركۈم پىششىقلاش كارخانىسى، ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشى، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش كەسپى، سودا بازىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ليۇچۈن

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەدىمىي قەشقەر لاتقا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 283 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 264 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 237 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 21.27‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15.3‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 26 مىڭ 190 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ گېكتار)، 18 مىڭ 690 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 541 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 313 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 15 مىڭ 687 گېكتار ئورمان، 60 مىڭ 954 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 7 خىلى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشتىن مۇشۇك ياپىلاق، لاچىن، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشتىن كۆككوتان، ئاق تۇرنا بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن؛ 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گاڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىممەت بارات.

ھاكىم: ئەختەر سېيىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىت سادىر.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 543 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 348 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.2%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 142 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 529 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.4% ئاشتى. بىر يىلدا 127 مىڭ 472 توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 758 توننا پاختا، 18 مىڭ 845 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 643 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6964 توننا سۈت، 725 توننا يۇڭ، 91 مىڭ 350 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1846 توننا تۇخۇم، 3 توننا ھەسەل، 211 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 999 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 88 مىڭ 2 كىلوۋاتقا، يېزا-بازار كارخانىسى 2000 غا، مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 20 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1784 توننا سۇ يېغى، 1814 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 1745 توننا ئاق ھاراق، 23 مىڭ 621 توننا ساپ پاختا، 3542 توننا يىپ، 2200 دانە ئۆي جاھازى، 34 توننا سوپۇن، 110 مىڭ توننا سېمونت، 38 مىليون 290 مىڭ دانە خىش، 279 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم، 10 دانە خامان ماشىنىسى، 57 مىڭ 522 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 1180 توننا پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن سىم ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 90.3% كە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 120 مىڭ



2001 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ كوچا دوقمۇشىغا يەنە بىر مەنزىرە قوشۇلدى. سۈرەتتە: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ كوچا دوقمۇشىدا قەد كۆتۈرگەن جامائەت پاراۋانلىق ئېلان تاختىسى

جېڭ ۋېنجۈن فوتوسى

يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 710 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 676 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 101 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 712 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 961 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 8700 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونىتى 6481 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 3119 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5500 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 259 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 12 گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 85 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 9ى ئىمزالاندى، سوممىسى 130 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.1، يەرلىك مالىيە چىقىمى 132 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 744 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 784 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار- يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 490 مىليون 600 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 155 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 526 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل تېخنىكا خادىمى 3662، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 875. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 197 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1392 (مىللىي 1229)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 878 (مىللىي 12 مىڭ 209)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93 (مىللىي مەكتەپ 92)، ئوقۇغۇچىسى 47 مىڭ 868 (مىللىي 45 مىڭ 963)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2765 (مىللىي 2712). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 65 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %70 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %4 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 16، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 370؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 386، دوختۇر 257.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1048 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 631 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 3635 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 887 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2606 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7510 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ

ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 951 ئادەم باشلىغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇيلاشقا قاتناشتى.

ناھىيە بويىچە 27.9 گېكتار ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون، ناھىيە بازىرىدا 35 گېكتار باغ - ئورمانلاشتۇرۇلغان، كۆكەرتىلگەن يەر بەرپا قىلىندى، جامائەت كۆكلەمزارلىقىنىڭ كۆلىمى 19.12 گېكتارغا، بازارلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %14.2 كە يەتتى.

★ 8 - ئايدا شىنجاڭ «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «تۈنخې» گۈرۈچىنىڭ قەشقەر مېۋىچىلىك شۆبە شىركىتى سىناق تەرىقىسىدە ئىش باشلىدى. بۇ تۈر قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئەڭ كۆپ مەبلەغ كىرگۈزگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى بولۇپ، 98 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ 78 مىليون يۈەن. تۈر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7.33 گېكتار.

گۈلباھار خېلىل

# مارالبېشى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، تۆمۈريولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 108 كىلومېتىر. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 256 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 240 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 203 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.53، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.83. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 107 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 22 مىڭ 190 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 32 مىڭ 670 گېكتار (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پاختىچىلىقتىكى چوڭ ناھىيە. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 984 مىليون 202 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 22 مىليون 884 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 65 مىڭ 421.58 گېكتار ئورمان، 50 نەچچە مىڭ گېكتار توغراقلىق بار. بۇ دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان زور كۆلەمدە توغراق ئۆسكەن رايون. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 35 خىلى بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، كۆچمە چاپكا، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلاردىن قارلىغاچسىمان لاچىن، دوغداق، قارچىغا، كۆلرەڭ تۇرنا، توشقانسىمان سۆلەيسۈن، تارىم توشقىنى، بۇغا، بۈركۈت قاتارلىق 9 خىلى، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، فوسفور، ئالماس، ئاشتۇز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تاڭ دەۋرىگە ئائىت توققۇزساراي، چالمىدار بەگ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئالتاغ، شاخ ئېچىتمىدائىي ئورمانلىقى، سېرىقبۇيا بازىرى، ئاتاركۆل سۇ ئامبىرى، غەربىي قولتۇق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن توختى.

ھاكىم: نۇرغۇن ئىمىن.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەيسا تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 907 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 623 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.7، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.7، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 183 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 833 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.9 ئاشتى. بىر يىلدا 123 مىڭ 493 تونna ئاشلىق، 55 مىڭ 400 توننا پاختا، 28 مىڭ 353 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 500 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 594 توننا گۆش، 157 مىڭ

644 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3946 توننا سۈت، 1343 توننا تۇخۇم، 115 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3688 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 949 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 76 مىڭ 582 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3865 كە، مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.9 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 32 مىڭ 81 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 219 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 43 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ كىرىمى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 13 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 7000غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 9000غا ، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6130 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 151 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 35 مىليون 180 مىڭ يۈەن. مارالبېشى ناھىيىسى 2001 - يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 13نى، 5 كېلىشىم ئىمزالىدى، 10 تۈرلۈك توختامغا ئەمەل قىلىنىپ تۈرلەر يولغا قويۇلدى، سوممىسى 30 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 23 مىليون 700 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 31 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.6، يەرلىك مالىيە چىقىمى 147 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %42.87 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 26 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 776 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 935 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 635 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3944، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 876. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1122 (مىللىي 777) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 847 (مىللىي 19 مىڭ 473) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 112، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 976 (مىللىي 47 مىڭ 938) ؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2853 (مىللىي 2213) . چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 268 (مىللىي) . شۇيىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 754 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتىدىن 4 ى، يېزا - بازار شىپاخانىسىدىن 12 سى، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدىن بىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىن بىرى، يەككە ئامبۇلاتورىيىدىن 60 ى بار؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 479 ؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 872.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 2 تۈردە 1 - لىك، 7 تۈردە 2 - لىك، 2 تۈردە 3 - لىك؛ بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدا 3 تۈردە 1 - لىك، 3 تۈردە 2-لىك، 4 تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يېتىش نىسبىتى %91.8 كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2501 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1076 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1011 يۈەنگە، كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 873 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2375 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى، 10 مىڭ 999 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 970 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھەت بۆلگىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى

تاماملاندى، بۇ ئورۇنلارغا 185 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2.1 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە چالما - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى قۇرۇلدى.

## مارالبېشى ناھىيىسى كەنتلەرگە چوڭ كاناي ئورنىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى

2001 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسى 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 255 يۇرۇش رادىئو چوڭايتقۇچ، 1050 يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي، 300 چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو قوبۇللاش ئاۋاز ساندۇقى، 5 تارقىتىش ئاپپاراتى ئورنىتىپ، ناھىيە بويىچە ھەممە كەنتتە چوڭ كاناي بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

يالڭ يەنژۇڭ، سۈي چىڭلىڭ

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر تىنما تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 303 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 300 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 279 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰15. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 24 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 870 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 118 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان، نىكېل، ھاك تېشى، ئىسلاندىيە شپاتى، يالتىراق شپات، ھارت، تاشپاختا، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يالڭ جىمىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مامۇت ئىسمائىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئۆبۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سەلەي ئابدۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 714 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 481 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6.1 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، %22.9 تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %46.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 505 مىليون 692 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.24 ئاشتى. بىر يىلدا 163 مىڭ توننا ئاشلىق، 30 مىڭ توننا پاختا، 153 مىڭ توننا قوغۇن، 35 مىڭ توننا ئۆرۈك ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 810 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 500 توننا گۆش، 1055 توننا يۇڭ، 5310 توننا سۈت، 321 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1610 توننا تۇخۇم، 168 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6066 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «ھەممە كەنتكە رادىئو يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، 239 كىلومېتىر يېزا ئېلېكتىر تورى ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 800 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 59 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2315 كە، مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.94 تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4300 توننا ئۇن، 255 توننا يەم - خەشەك، 1456 توننا سۇ يېغى، 22 مىڭ 500 توننا پاختا، 28 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 450 مىڭ نۇسخا باسما بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلىپ پۈتتۈرگەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 52 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ ناھىيە بازىرىنى يورۇتۇش،

گۈزەللەشتۈرۈش، پاكىزىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، 350 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى، 8500 كۋادرات مېتىر پىيادىلەر يولىغا رەڭلىك خىش ياتقۇزۇلدى. 45 كىلومېتىر توك يولىلاش سىمى تارتىلدى، 20 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. ناھىيە بازىرىنى ئايدا تۇرۇۋا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفون ئابونېنتى 4700 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2300 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4763 كە يەتتى. 2001 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش توختامىدىن 9ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 46 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 15ى ئىمزالاندى، 32 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 80 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 10 غا، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 28 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5 . 15 تۆۋەنلىدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 134 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7 . 46 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2060، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 790. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 346 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1370 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 421 (مىللىي 13 مىڭ 192)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 964 (مىللىي 55 مىڭ 302). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3740 (مىللىي 3660). يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

16 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، ئىپاخانا 14، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 565؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 595 (مىللىي 523)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 486.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزلۈك تەئەللۇق كىرىمى 4200 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1113 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۇل مائاشى 10 مىڭ 368 يۈەنگە يەتتى. 1955 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 590 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى - 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «شىنشىن» كانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ مىس رودىسى تاللاش مەيدانى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ تۈرنى خېنەن ئۆلكىسى سەنمېنشيا شەھىرىدىكى «شىنيى» چەكلىك شىركىتى پەيزاۋات ناھىيىسىدە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان.

★ 2001 - يىلى ناھىيە بويىچە سىرتقا 330 مىڭ توننا قوغۇن سېتىلىپ، 104 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. 25 مىڭ توننا ھۆل ئۈزۈك، 1000 توننا گۈلە سېتىلدى. مېۋىچىلىك - باغۋەنچىلىك كەسپى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 125 يۈەن ئاشۇرۇپ، كىرىمنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ %71 نى ئىگىلىدى.

★ 2001 - يىلى ئۈرۈمچى «چىباۋيى» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ پەيزاۋات ناھىيىلىك «يۈرۈن» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كالا تۈرلىمىسىنى كۆچۈرۈلەيدىغان 13 - ناھىيە بولۇپ قالدى.

لياڭ يۈڭ

# يوپۇرغا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 129 مىڭ 220 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 125 مىڭ 125)، يېزا نوپۇسى 110 مىڭ 728؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15 . 16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰88 . 10.

ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 590 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 4600)، 12 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى تېپىك قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. مېۋە - چېۋىلەردىن قوغۇن، سەيلى ئۆرۈك، مۇناقى ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق چارۋا نەسلىدىن «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» بار. يەكەن، گەز، قىزىل دەريالىرىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ، ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېرى 3 دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بىردىن بىر ناھىيە. دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 430 مىليون كۇب مېتىردىن 470 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 236 مىليون كۇب مېتىردىن 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 100 مىڭ گېكتار بوز يەر بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئالىقات قاتارلىقلار بار. ساياھەتچىلىك ناھىيىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاخۇنلۇقۇم مازىرى، تاجىكلار ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خېيۇەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەخمۇت ئەخمەت (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۇرسۇنىسا تۇرادى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ناسىر (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەخمۇت ئەخمەت (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 290 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 138 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12 .17 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4 .22 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22 .20 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 812 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %53 .5 ئاشتى. 61 مىڭ 970 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 91 توننا پاختا (سېتىۋېلىنغان سان)، 1000 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 1745 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1669 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 263 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 4720 توننا گۆش، 489 توننا يۇڭ، 81 مىڭ 776 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2370 توننا سۈت، 472 توننا تۇخۇم، 55 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» باقىدىغان بازىسىدا 300 نەسىللىك ئېشەك بار، 193 مۇقىم ئۇرۇقلاندۇرۇش نۇقتىسى بار، 5 تىن ئارتۇق «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» باققان دېھقان ئائىلىسى 183 كە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش-كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5 سۇ زاۋۇتى يېسىلىپ، 5 قۇدۇق قېزىلىپ، 101 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 10 مىڭ 600 ئادەم، 21 مىڭ 400 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 37 مىڭ 727 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3043 كە، مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 15 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، 4100 توننا ئۇن، 1210 توننا سۇ يېغى، 14 مىڭ 68 توننا پاختا، 1457 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى ئىشلەپچىقىرىلدى، 731 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 1 مىليون 500 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 251 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 251 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 77 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «ھەممە كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى تاماملاندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 685 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفون ئابونىتى 3107 گە، يېزا تېلېفونى ئابونىتى 1409 غا يەتتى. 2001 - يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى بويىچە 15 توختام ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى، ھەمكارلىق مەبلىغى 60 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. داۋاكۆل قۇملۇق

ساياھەت مەنزىرە رايونى 6 - ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋېلىپ، 3 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. ناھىيە بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 74 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىقى 50 مىليون يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 7 گە، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 74 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14.87، يەرلىك مالىيە چىقىمى 100 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %54.24 ئاشتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن تۆلەم 1 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3375. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 452 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 25). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 77 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 75)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 435 (مىللىي 21 مىڭ 929)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 9102 (مىللىي 8772). ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1555 (ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى 298). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ كومپيۇتېر قاتارلىق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنە - ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 260 (ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىكىسى 160)؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 388 (مىللىي 319)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 105.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزلۈك تەئەللۇق كىرىمى 4600 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 995.94 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 146.46 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6.09 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 1446 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6280 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يوپۇرغا ناھىيىسىدە قۇم - بوران ئاپىتى يۈز بەردى، بوراننىڭ سېكونتلۇق سۈرئىتى 18 مېتىرغا يەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 15 مىليون 657 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسى داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ تىجارەت باشلىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لىنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

★ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كالا مۇسابىقىسى يىغىنى يوپۇرغىدا ئېچىلدى.

★ 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلات ماكانىنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىقات، تەشكىللەش ھەيئىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يوپۇرغا ناھىيىسىگە «جۇڭگو قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھىتى ماكانى» دەپ، «جۇڭگو ئېشەك ماكانى (شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشەكى داڭلىق ماركىسى)» دەپ نام بېرىلدى.

يۈ جىبىن

## يېڭىسار ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تېغى ئىتىبىسىدىكى قوڭغۇر چوققىسىنىڭ شەرقىي- شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1541 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 221 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 216 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 190 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.94، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.31. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 750 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 17 مىڭ 670 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8830)، 10 مىڭ 720 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 830 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 376 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 44 مىليون 890 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 24 مىڭ 373 گېكتار ئورمان، 35 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھالق تېشى، مىس، قوغۇشۇن، سىناك، تۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار.

داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن بادام، سەمەت ئۆرۈكى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ تيېمىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈلخان كەنجى.

ھاكىم: ياسىن تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 458 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 260 مىليون 30 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 700 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 138 مىليون 380 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %42.13 ئاشتى. 110 مىڭ 827 توننا ئاشلىق، 9250 توننا پاختا، 3500 توننا ياغلىق دان، 14 مىڭ 355 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 50 مىڭ 526 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 350 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 409 توننا يۇڭ، 6300 توننا سۈت، 45 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 3900 پارچە كالا تېرىسى، 996 توننا تۇخۇم، 50 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. بىر يىلدا 3998 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 849 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە 2001 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 44 مىڭ 209 كىلوۋاتقا يەتتى. بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 906 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.2 ئاشتى. بىر يىلدا 23 مىليون 860 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 20 مىڭ 399 توننا كۆمۈر، 50 مىڭ توننا سېمونت، 140 مىڭ دانە پىچاق، 33 مىليون 460 مىڭ دانە خىش، 7112.2 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 870 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 8710 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8710 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 61 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 59 مىليون 600 مىڭ يۈەن. 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 100 مىڭ توننىلىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتتى؛ 147 كىلومېتىر شېغىل يول ياسالدى؛ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 18 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 511 كىلومېتىر توك يوللىشى كۆپەيتىلدى؛ 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 2000 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ناھىيىلىك مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 685 مىليون 530 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 32 مىليون 348 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 790 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 5740 قا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1666گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2020 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 76 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليون 539 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 24 مىليون 350 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 7 گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 33 مىليون 963 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 101 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %48 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 297 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 292 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 166 مىليون

80 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن؛ 2 مىليون 781 مىڭ 300 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن تۆلەم 1 مىليون 331 مىڭ 300 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3018، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 512. پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 87، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 735 (مىللىي 59 مىڭ 85)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 281 (مىللىي 17 مىڭ 5)، ئوقۇتقۇچى 676؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 454 (مىللىي 42 مىڭ 20)، ئوقۇتقۇچى 1378؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 342 (مىللىي). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %1 كە يەتتى.

18 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 16، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 356؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 382.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 792 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8027 گە، ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مائاشى 99 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 7.82 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1355 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7169 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 697 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

★ ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 8 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

يالڭ پېيشۇ

# مەكىت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىغا، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىبول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 165 مىڭ 358 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 151 مىڭ 997)، يېزا نوپۇسى 122 مىڭ 876؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.23. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6700 گېكتار)، 25 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مەكىت ناھىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىش بازىسى. چارۋىلىرىدىن دولان قويى داڭلىق. مەكىتنىڭ توغراق موگۇزىنىڭ شىنجاڭدا نامى بار. ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق يەر بار، ئەتىۋارلىق ياۋايى قۇشلاردىن قىزىل لاچىن بولۇپ، ئۇ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جيەنجۇن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇقېيۇم مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قاۋۇل توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 651 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 411 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.5، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،

%5.1، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 176 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 576 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %10.3 ئاشتى. 96 مىڭ توننا ئاشلىق، 36 مىڭ 500 توننا پاختا، 182 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 530 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9095 توننا گۆش، 540 توننا يۇڭ، 53 مىڭ 476 توننا كالا، قوي تېرىسى، 4900 توننا سۈت، 1430 توننا تۇخۇم، 38 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3311 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 2،674 گېكتار. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 667 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 920 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 60 مىڭ 579 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2530 غا، مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 570 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.4 ئاشتى. بىر يىلدا 32 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 1445 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 30 مىڭ 208 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %103.7كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 21 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى). شۇ يىلى ئېيىغا بازارنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 12 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 970 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 398 مىڭ 400 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 869 مىڭ 800 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى بازار تېلېفون ئابونىتى 5100 گە، يېزا تېلېفون ئابونىتى 5000 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4600 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 99 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 27 مىليون 247 مىڭ 700 يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرى 8 گە، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 23 مىليون 721 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 25 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %2.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 110 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %38.7 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۇرلۇك قەرز پۇل قالدۇقى

قىسقا ماتېرىيال

# دولان قويى

دولان قويى مەكىت ناھىيىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستاندىن كىرگۈزگەن نەسىللىك قوي بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل پەرىش قوتاندا، يېرىم ئوتلاقتا بېقىشى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن. بۇ قوي جۇغى چوڭ، تېز چوڭ بولۇش، گۆشى ياخشى، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. دولان قويىنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 150 كىلوگرام كېلىدۇ، 7 ئايلىق بولغانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 50 كىلوگرامغا يېتىدۇ، سويۇلۇش نىسبىتى %55 تىن ئاشىدۇ، 7 ئايلىق پاقلانلار سويۇپ بازارغا سېلىشقا تازا باب كېلىدۇ.

دولان قويى يەنە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى نۇقتىلىق كېڭەيتىدىغان، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇ-



ئەركىن سىيىتنىڭ «ھايۋان كۆندۈرۈش» ناملىق رەسىمى

401 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 705 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 399 مىليون 890 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن تۆلەم 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 400 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3051، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 706. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 883 (مىللىي 559)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 86 (مىللىي 8586)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 80، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 316 (مىللىي 26 مىڭ 888). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1867 (مىللىي 1697). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 951 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %8. 96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %3. 97 كە، بازاردا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 15 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 12، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 412؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 498 (مىللىي 394)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 189 (مىللىي 141).

### خەلق تۇرمۇشى

2001 يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە

---

دىغان ئەلا ئۈششاق چارۋا نەسلى، ئۇ گۆشىدىن، يۇڭىدىن، تېرىسىدىن تەڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەركىن تەبىئەتلىك قوي بولۇپ، خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. نۆۋەتتە «ئالتۇن بالا» ھېسابلىنىدىغان دولان قويى كۆپىيىپ، مەكىت ناھىيىسىدە 320 مىڭغا يەتتى.

## مەكىتنىڭ ياۋا توغراق موگۈسى

توغراق موگۈسى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى، ئۇ، توغراق يوپۇرمىقى يەرگە چۈشۈپ دۆۋىلىشىپ چىرىگەندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان زەمبۇرۇغ تىپىدىكى مەھسۇلات بولۇپ، ساپ تەبىئىي يېشىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىچە، ئۇنىڭ تەركىبىدە مېۋە كىسلاتاسى ئالانىن، تىروسىن قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك 17 خىل ئامىنو كىسلاتاسى بولۇپ، قاندىكى ماينى تۆۋەنلىتىش، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىشتەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە تاتلىق، چۈرۈك، يۇراقلىق بولۇشتەك 3 خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. قۇرۇتۇلغان موگۇ بىلەن گۆش ئارىلاش قورۇلغان قورۇما تاماق ئۈستىلى ئۈستىدىكى ئىنتايىن مەززىلىك نېمەت ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەكىت ناھىيىسى بىرنەچچە قېتىم شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق بىرنەچچە پەن تەتقىقات ئاپپاراتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇنى تېرىپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ھازىر قۇرۇتۇلغان موگۇنىڭ بىر كىلوگرامى 200 ـ 400 يۈەنگىچە سېتىلماقتا.

## مەكىت ناھىيىسىنىڭ دېھقانلار رەسىمى

دېھقانلار رەسىمنى مەكىت دېھقانلىرى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە، قويۇق مىللىي تۇس ۋە رايون ئالاھىدىلىكى، سىزىلىشىنىڭ يىرىك، قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچە، رەڭلىرىنىڭ مەردانە، سىلىقتۇرما سىزىقلىرىنىڭ روشەن بولۇشىدەك ئۇسلۇبى جۇڭگو ۋە چەتئەلگە داڭلىق. 2001 - يىلى دېھقانلار رەسىمى «مايۋان كۆندۈرۈش» جىنشەن دېھقانلار رەسىمى ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تەيۋەن دۆلەت ئاتىسى خاتىرە سارىيىنىڭ دېھقانلار رەسىمى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇشقا كۆرسىتىلدى، «ئوۋچى»، «پادىچى»، «يەر ھەيدەش»، «ئەركىن بازار» ناملىق رەسىملەر تۇنجى نۆۋەتلىك گوزەل ماكان . جۇڭگو دېھقانلار رەسىمى سەنئەت بايرىمىدا تاللاشقا قاتنىشىش مۇكاپاتىغا ۋە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

ساپ كىرىمى 1666 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 10 مىڭ 651 يۈەنگە يەتتى. 2400 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7445 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 606 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى نەق مەيدان يىغىنى مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، يانتاق يېزىسى، يانتاق يېزىسىنىڭ ياتتاق كەنتى، غازكۆل يېزىسى، قۇمقۇسار يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى خىزمىتىگە يۇكسەك باھا بەردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەكىت ناھىيىسىگە «يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

★ 11 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقانلار سىزغان 5 پارچە رەسىم مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار رەسىم سەنئىتى بايرىمىدا مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چېن جىيىڭ

# يەكەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بوگۇر قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىكى تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە 7، بازار 7، يېزا 22. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 634 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 607 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 470 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.85‰. ناھىيە بويىچە 83 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 60 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 26 مىڭ گېكتار)، 42 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق

مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ بادىمى شىنجاڭغا داڭلىق. «يەكەن» ماركىلىق كېۋەزنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، قەلەمتۇراچ، دوپپا، گىلەمنى ساياھەتچىلەر ياخشى كۆرىدۇ. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 52 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 485 مىليون 43 مىڭ 700 گېكتار ئورمان، 130 مىڭ 600 گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق قۇ، مۇشۇك ياپىلاق قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئارقار، كۆلرەڭ تۇرنا، جەرەن، ئۇلار، ياۋا توڭگۇز، تارىم توشقىنى، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، سوغىگۈل، قاتتىقپەر قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تاشپاختا، گەج، كۆك قاشتېشى، چىرىمتال، خرومتال، گۈڭگۈرت، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاراسۇ يېزىسىدىكى قۇملۇق سەيلىگاھى، داموس يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق شۇنىڭدەك ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مۇزىكشۇناسى ئامانىساخاننىڭ مەقبەرىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي يۈەنجى.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئوسمان.

ھاكىم: ئابدۇغەنى ئىگەمبەردى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىق جۇمە (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 22 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 663 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.5%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 268 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 191 مىليون 946 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2% ئاشتى. 359 مىڭ 635 توننا ئاشلىق، 54 مىڭ 683 توننا پاختا، 2683 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 136 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 982 توننا گۆش، 166 توننا يۇڭ، 573 مىڭ 200 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 9384 توننا سۈت، 5475 توننا تۇخۇم، 779 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 3173 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق - سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 777 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 320 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 534 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 140 مىڭ 445 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 9831 گە، مەھسۇلات قىممىتى 203 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 21.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.8% ئاشتى. بىر يىلدا 215 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 99 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 88 مىڭ 74 توننا كۆمۈر، 10 مىڭ 322 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 2554 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3379 توننا پاختا يىپ، 59 مىڭ 186 توننا پاختا، 119 مىڭ توننا ئۇن، 4488 توننا سۇ يېغى، 74 مىليون 340 مىڭ دانە خىش، 4 مىليون 420 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 29 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 693 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 96 مىڭ 266 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 34 مىڭ 523 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 155 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان 3700 مېتىر ئاساسىي كوچىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. 57 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يەكەن ناھىيىسىدىن تاشقورغان ناھىيىسىگە بارىدىغان 315 كىلومېتىرلىق تاغلىق تاشيولنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 17 مىڭ 300 كىلوۋات، توك يەتكۈزۈش سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1480 كىلومېتىر، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 13 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن تاشيول 3700 مېتىر، تارتىلغان خەۋەرلىشىش كابېلى 17 كىلومېتىر، ئېيىغا بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 368 مىڭ توننا. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليارد 480 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 191 مىڭ 900 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 569 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفون ئابونتى 12 مىڭ 815 كە، يېزا تېلېفون ئابونتى 4597 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 10 مىڭغا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 624 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 40 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 15.7% تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 236 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 50.6% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 146 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 247 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 23 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققە كىرىمى 12 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون يۈەن؛ 7 مىليون 770 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4059، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 744. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 584 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1876 (مىللىي 1503)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 32، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 270 (مىللىي 32 مىڭ 796)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 217، ئوقۇغۇچىسى 116 مىڭ 937 (مىللىي 112 مىڭ 802). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 5440 (مىللىي 5017). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.8% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 25% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 199 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 31، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1220؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1183.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1326.4 يۈەنگە، بازارلاردىكى ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9950 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 34.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 5187 ئىشچى خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7047 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1668 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇ تۈرگە 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 18 ى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 23 ى بەرپا قىلىندى.

★ 2001 - يىلى يەكەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر يىلدا مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 10 نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 455 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %100 بولدى، 28 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. «شاجۇ» هاراقچىلىقى، «لوڭجى» سېمونتى، «كەيىيۈەن» ئۆي مۈلكى، «چۈەنشىن» بىرىكمە ئوغۇتى قاتارلىق مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن 4 تەرەققىيات تۈرى نۇقتىلىق يولغا قويۇلدى. چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلگەن تۈر - كادىنا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرى رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

★ 8 - ئايدا يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋاكالىتەن شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا بېرىپ ئالى رايوننىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

★ ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 9 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

ياڭ پىڭفاڭ

# پوسكام ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما قاناتنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 174 مىڭ 737 (غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىدىكى 15 مىڭ 732 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندا)، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 135 مىڭ 892، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ 328؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %15.17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %9.69. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 690 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە تېرىلغىنى)، 14 مىڭ 670 گېكتار يەرگە كېۋەز (ئېگىز تېرىلغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق - پاختا بازىلىرىنىڭ بىرى. ئاقتام يېزىسىنىڭ چوڭ چۆلىنى يىراق - يېقىنغا داڭلىق. يەكەن دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمى 56 كىلومېتىر، يىلىغا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى 550 مىليون كۇب مېتىر؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 370 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە 5200.5 گېكتار ئوتلۇق يەر بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي، لوپنۇر كەندىرى، چاكاندا، ئالىقات، بۇدۇشقاق، يالپۇز قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: زېڭ سۇن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىم.

ھاكىم: يالقۇن ماھمۇت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 519 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 221 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 0.08% ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.39% تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 215 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.88% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 463 مىليون 33 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3.53% ئاشتى. 105 مىڭ 290 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ 522 توننا پاختا، 58 توننا ياغلىق دان، 8438 توننا كۆكتات، 5536 توننا مېۋە - چېۋە، 1771 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 326 مىڭ600 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 8588 توننا گۆش، 547 توننا بېلىق، 219 توننا يۇڭ، 44 مىڭ 938 پارچە قوي تېرىسى، 2609 پارچە كالا تېرىسى، 3526 توننا سۈت، 1881 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1770 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8350 مېتىر كېلىدىغان 54 مۇداپىئە توسمىسى ياسالدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 692 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 3174 كە، مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 714 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 44.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، 26.32% تۆۋەنلىدى. 66 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 31 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 60 مىڭ توننا سېمونت، 774 توننا پاختا، 131 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 476 توننا پاختا، 1941 توننا سۇلياۋ ياسالما، 1095 توننا ئۇن، 621 توننا سۇ يېغى، 13.95 توننا پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 690 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 33 ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت قىلىندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 92.7% كە يەتتى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 58 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلدى، يەككە سودا - سانائەت ئورنى 3487 گە، خۇسۇسىي كارخانا 24 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 10 مىليون 135 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 22.49% نى ئىگىلىدى.

جەمئىيەت بويىچە ئۇراقلىق مۈلۈككە 57 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 54 مىليون 520 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 282.2 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش سىمى كۆپەيتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 350 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 23 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 5395 كە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2105 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5000 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 119 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 8 گە، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 105 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامىدىن 6 سى ئىمزالاندى، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ ئازكەم 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 45 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 16.7% تۆۋەنلىدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 104 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.79% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 559 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 189 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 852 مىليون 880 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 670 مىڭ يۈەن؛ 2 مىليون 753 مىڭ يۈەن ھەرخىل تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 2 مىليون 622 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 131 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا

خادىمى 2675 . بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 557. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي مەكتەپ) ، ئوقۇغۇچىسى 1118؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ) ، ئوقۇغۇچىسى 1935؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 974 (مىللىي 806) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 9994 (مىللىي 9108) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 72، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 38 (مىللىي 25 مىڭ 66) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2214 (مىللىي 1964) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى، بازارلاردا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئاخىرقى ئۇچ ئابونېنتى 3000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 379؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 385 (مىللىي 303) ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 159 (مىللىي 122) .

ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 200 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1695 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9568 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 304 ئائىلىنىڭ خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيى بار بولدى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە 3329 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7089 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا، خىزمەتتىكى 5111 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 624 ئادەم پاشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 6 - ئايدا 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پوسكام ناھىيىلىك خەلق مەيدانى پۈتتى، مەيداننىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 39 مىڭ كۋادرات مېتىر.

★ ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 10 - قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

لبي ۋېيلى، ۋاڭ فېڭشى

# قاغىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، تىزناپ، ئۆلۈغنۇستەڭ ۋە كۆكيار ئۆستەڭ دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان تىنما قانالقا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1745 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 366 مىڭ 863 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 343 مىڭ 504) ، يېزا نوپۇسى 303 مىڭ 429؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.83، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.4. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 31 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.74. ئەنئۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 237 خىلى بولۇپ، ئاساسلىقى چاكاندا، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئۈچقات قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى، مەمەر، خىرۇستال، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى كۆپ مىقداردا قېزىلىۋاتىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تەجەللىنىڭ مەقبەرىسى، زوگلاڭ مازىرى، بۇلۇڭ ئورمان باغچىسى، شىھىتيار خاقان شەھىرى خارابىسى، بۇتئۆڭكۈر بۇددا غارى، گوساس مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كاشېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: كۈرەش تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 642 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 449 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.9% ، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.8% ، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 149 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 812 مىليون 60 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.19% ئاشتى. بىر يىلدا 210 مىڭ 180 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 240 توننا پاختا، 2894 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 30 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 22 مىڭ توننا گۆش، 1010 توننا يۇڭ، 391 مىڭ 761 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 20 مىڭ 479 توننا سۈت، 3800 توننا تۇخۇم، 313 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 8533 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق - سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 400 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا، بازار كارخانىسى 1574كە، مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 16.37% ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 63 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 25 مىڭ توننا كۆمۈر، 337 توننا سۇيېغى، 11 مىڭ 200 توننا ئۇن، 88 مىليون 280 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 790 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 150 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 118 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 57 مىڭ 208.35 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 861.95 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 30 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇيىلى 170.3 كىلومېتىر توك يوللاش سىمى، 106 كىلومېتىر خەۋەرلىشىش كابېلى ئۇزارتىلدى، 430 مېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. 10 - ئايدا قۇرۇلۇش كۆلىمى 7143 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قاغىلىق ناھىيىلىك دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 215 مىليون توننا. كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 850 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە. يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 10 مىڭ 632 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 1675 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 7300 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 136 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليون 158 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 25 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرى 24 كە، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 46 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 30 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.26% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 150 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.9% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 619 مىليون 417 مىڭ 200 يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 735 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 70 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 4 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل تېخنىكا خادىمى 921 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 54. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 275 (مىللىي) ؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1696 (مىللىي 1261) ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر) ، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 832 (مىللىي 24 مىڭ 375) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 147، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 733 (مىللىي 65 مىڭ 494) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3339 (مىللىي 3020) . يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە يەتتى.




11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايون قاغىلىق ناھىيىسىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە» دېگەن نام بەردى. سۈرەتتە: ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سۇجىسى ليۇ كاسباڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە» دېگەن تەقدىرنامىنى تاپشۇرۇپ ئالماقتا.

سۈرەتنى قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

ناھىيە 38 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 22، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 440؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 695 (مىللىي 613)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 308 (مىللىي 243).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1142 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 350 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 64 .10 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2201 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 11 مىڭ 958 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 736 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى «تۈمەن ئادەم نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى» نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ناھىيە بويىچە 41 ناھىيە دەرىجىلىك كادىر، 211 يېزا - كەنت دەرىجىلىك كادىر ئۆز يېنىدىن 32 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە 539 مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئادەتتىكى كادىر، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نامرات ئائىلىلەرگە 414 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىئانە قىلىشقا يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىدا «قان تولۇقلاش ئىسپىدىكى قۇتقۇزۇش» تىن «قان ھاسىل قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» قا بۇرۇلۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى.

گاۋ شياۋمېي

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 32 مىڭ 796 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 540)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 83؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰39 .16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰62 .11. ناھىيە بويىچە 3680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2920 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تاشقورغان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 130 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 142 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 9133 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32 .0. 424 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 28 خىلى بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تىبەت بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى، بۈركۈت، ياۋا قوتاز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئىنجانىڭ خاپامباش بېلىقى قاتارلىق 10 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئارقار، كۆكمەت، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، لاچىن، تىبەت ئەسلى بۆكىنى، ئاق بوغۇز

بۇكەن قاتارلىق 11 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، ئەڭلىك ئوت، كۆلمۇت، مەرزەنجۇش، چاكاندا، قاتتىبېھەر، قوچاقتول قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى مېنېرال سۇ، قاشتېشى، گۆڭگۈرتلۈك تۆمۈر، ۋولفرام، چىرىمتال، دولومىت، قاتارلىق 10 خىلى بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى شامبابادىن چىقىدىغان تەبىئىي، سۇپەتلىك مېنېرال سۇ ئەۋزەل بايلىق مەنبىيىگە ئايلاندى، ھازىر پامىر مېنېرال سۈيى بار. دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى ـ جۇڭگودىكى 3 چوڭ تاش شەھەرنىڭ بىرى تاشقورغان تاش شەھىرى (قىرپانە تاش شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىكى ـ شامبابا قەبرىستانلىقى، قىرپانە تاش شەھىرى خارابىلىكى، ئېگىزلىك ئىمارىتى ـ مەلىكە قورغىنى، قەدىمىي رابات قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گۇ جيەنۋېي.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇنى تابىلدى (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۇلباي (تاجىك).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سىجاك ۋازىر (تاجىك).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 71 مىليون 90 مىڭ يەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.05، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.95، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %65.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 291 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.68 ئاشتى. بىر يىلدا 5269 توننا ئاشلىق، 74 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 163 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 2411 توننا گۆش، 101 توننا يۇڭ، 16 مىڭ 954 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 350 توننا سۈت ئېلىندى. 200 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 355 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4731 كىلوۋاتقا، يېزا ـ بازار كارخانىسى 23 كە، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 703 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %12.48 تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 569 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.15 ئاشتى. بىر يىلدا 5 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 300 توننا قاشتېشى رودىسى، 871 توننا مېنېرال سۇ، 71 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 3 مىليون 703 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.48 تۆۋەنلىدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 7 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى). ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن رەمبۇت رايونىنىڭ 2000 گېكتار بوز يەر ئېچىش، ئاۋات بازىرىنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 610 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 70 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 380 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 430 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار تېلېفونى ئابونېنتى 1607 گە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 161 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 655 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 799 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليون 70 مىڭ يۈەن. تاۋار سودا بازىرىدىن بىرى بولۇپ، يىللىق پۈتتۈشۈش سوممىسى 17 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 5 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 399 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەمەلىيەتتە بىۋاسىتە پايدىلىنىلغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 100 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %27.85، يەرلىك مالىيە چىقىمى 74 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %56.85 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 38 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 59 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 19

ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 643 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 602 ئىشچى - خىزمەتچى باشلانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسى سۇغۇرتىسىنى، 3178 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسى سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 59 ئادەم باشلانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

## سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش

2001 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسى ئورۇمچى يەرمەنكىسىدە شىنجاڭ «دېلوڭ» گۇرۇھى بىلەن «ئۈچ سۇ» نى ئېچىش توردە كېلىشىم ئىمزالاپ، شىنجاڭ پامىر «دېيالڭ» سۇچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى. 325 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ «ئۈچ سۇ» (يەنى پامىر مىنېرال سۈيى، تاخمان ئارىشاڭ سۈيى، مۇزتاغ مۇز سۈيى) نى ئېچىش، پىلان ۋەزىپىسىنى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنداش مۆلچەرلەندى. «دېلوڭ» شىركىتى ئۈنجى قاراردا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 100 مىڭ توننىلىق مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتىنى باشلىدى.

ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا 4 تۈر نۇقتىلىق ئېچىلىدۇ. 1) دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، دۇنيادىكى 3 چوڭ قەدىمىي تاش شەھەرنىڭ بىرى بولغان تاشقورغان تاش شەھىرى؛ 2) دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت تۈرى — «مۇزتاغ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان مۇزتاغ چوققىسى مۇزلۇق باغچىسى؛ 3) دەم ئېلىش، داۋالىنىش، كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدىلەشكەن تاخمان ئارىشاڭ ئارامگاھى؛ 4) «قىزىل دۆلەت دەرۋازىسى» جۇڭگو - پاكىستان چېگرا بەلگىسى.

★ 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى دېپتەر يېزىسى ئۈممەد باشلانغۇچ مەكتىپىگە 90 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مىنبۇس، كومپيۇتېر قاتارلىق ئىش بېجىرىش، ئۆگىنىش بۇيۇمى ۋە 100 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

ئەسقەر دۆلەتبېك، قۇربانباي سېيىتقادام



2001 - يىل 1 - ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىدە تاجىكئاۋات بازىرى تەسىس قىلىندى. سۈرەتتە: تاجىكئاۋات بازىرىغا كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى

جاڭ شيۇڭ فوتوسى

مىليون 690 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 858، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلىرى 307. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 393 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 980 (مىللىي 951)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 5463 (مىللىي 5289)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 590 (مىللىي 541). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %70 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 168؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 183 (مىللىي 174)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 148 (مىللىي 147).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 8000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5300 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 710 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

# خوتەن ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2001 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 687 مىڭ 142 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 632 مىڭ 839)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 463 مىڭ 420؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.34‰. ۋىلايەت بويىچە 2 مىليون 596 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1 مىليون 344 مىڭ 800 گېكتار (ئېكىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 53 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېقىم مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىرغا، بوستانلىقلاردىكى ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 2 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 48 مىڭ 800 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 205 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقلىرى: ياۋا قوتاز، تىبەت قۇلانى، تىبەت بۆكىنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى قاشتېشى، كۆمۈر، تۇز، نېفىت، گەج، چىرىمتال، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى ئەڭ داڭلىق.

خوتەن ۋىلايىتىدىن ياڭاق، ئۆرۈك، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچيەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەر ئابدۇللا، ليۇ لىنتاڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىڭ قىي، ئابدۇراخمان قۇربان، ليۇ شىنشىڭ، لى گوجياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ خەيلۇن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شېن جېنجاۋ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋەزىپىلىك چېنىقىۋاتقان كادىر).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر توختى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ گۇاڭياۋ، جاپپار مەمەت، لى شىڭجېڭ، ھەمدۇللا مامۇت.

ۋالىي: ئۆمەر ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لى سۇننيەن، يالقۇن قادىر، شۇ جيازېڭ، ۋاڭ شاۋۋېن، مەمەت ئەيسا، لۇ پىڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شۇمىڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئەبەيدۇللا ھاشىم، تۇرسۇنتوختى بايسېيىت، زى شىلەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 947 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 563 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 383 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 0.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 1 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.49% ئاشتى. 809 مىڭ 195 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 654 توننا پاختا، 3803 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 114 توننا قىزىلچا، 136 مىڭ 331 توننا مېۋە- چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 814 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 47 مىڭ 620 توننا گۆش، 4929 توننا قوي يۇڭى، 3 مىليون 830 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 8946 توننا سۈت، 5704 توننا تۇخۇم، 747 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 14 مىڭ 579 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 45 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 161 مىڭ گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 342 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 27 مىڭ 214 كە، مەھسۇلات قىممىتى 879 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 244 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 466 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 21.73% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 121 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ،

%26.32 ئۆرلىدى. 180 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 525 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 4149 توننا پاختا يىپ، 170 مىڭ توننا سېمونت، 900 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 1 مىليون 170 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما بۇيۇمى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %16 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 433 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 252 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۇككە 603 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. ئۇلۇغئاتا سۇ باشلاش تۇگۈنلۈك قۇرۇلۇشى پۈتۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا. تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 545 مىليون 740 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 162 مىليون 490 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 58 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، شەھەر ـ بازار تېلېفون ئابونېنتى 60 مىڭ 165كە، يېزا تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 679 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 27 مىڭ 596 گە يەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېگراف ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 531 مىليون 914 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 56 مىليون 910 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 102 سى بار. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 728 مىڭ 200 دوللار (پۈتۈنلەي ئېكسپورت قىلىنغىنى). چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 9ى ئىمزالاندى، سوممىسى 71 مىليون 800 مىڭ دوللار. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاستە سالغان مەبلىغىدىن ئەمەلىي پايدىلىنىلغىنى 720 مىڭ دوللار. مۇشۇ يىلى 156 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 14 مىليون 330 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 129 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %18.15؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 99 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45.28 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 732 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 797 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 50 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 28 مىليون 505 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 825 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 18 مىليون 932 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 12 مىليون 72 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە 6 مىليون 860 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2001 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 26 مىڭ 575، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5527. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 5ى تاماملاندى. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3963 (مىللىي 3845)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5 (مىللىي)، ئوقۇغۇچىسى 3889؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2836 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 7658 (مىللىي 6811)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 140، ئوقۇغۇچىسى 92 مىڭ 924 (مىللىي 90 مىڭ 532)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 875، ئوقۇغۇچىسى 251 مىڭ 115 (مىللىي 245 مىڭ 551). يۇقىرىدىكى مەكتەپلەردىكى ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 17 مىڭ 411 (مىللىي 16 مىڭ 169). چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 1013 (مىللىي 697). ۋىلايەت بويىچە 8 سەنئەت ئۆمىكى، 9 مەدەنىيەت يۇرتى، 6 ئاممىۋى كۈتۈپخانا، 3 مۇزېي، 9 ئارخىپخانا بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.4كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %74.1كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 145 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 29، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 9، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 4666. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 4842 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2191).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 6087.34 يۈەنگە، ئىستېمال چىقىمى 4237.04 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 825 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە

تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 520 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 961 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9.57 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6.56 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 19 مىڭ 338 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 22 مىڭ 288 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان 3940 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

مۇشۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى. بۇ تۈرگە 1 مىليون 918 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايون خوتەن ۋىلايىتىگە ئوقۇتۇش مەبلىغى ۋە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

★ 2001 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستىكىسى يول - كۆۋرۈك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ھەمەنىياز ئەبەيدۇللا كەشىپ قىلغان كۆپ ئىقتىدارلىق كېسەل كارىۋىتى پاتېنتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنە تۈنجى نۆۋەتلىك دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلار پاتېنت تېخنىكا يەرمەنكىسىدە، ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا يەنە دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلار پەن - تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى بېرىلدى.

گۈلباھار ياسىن

# خوتەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنىما قانات تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر، ھاۋايولى مۇساپىسى 1050 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 172 مىڭ 400 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 142 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 700، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.47‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.2‰. شەھەر بويىچە 5120 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 130 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 780 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 5052.78 گېكتار ئورمان، 4200 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 10 خىلغا يېتىدۇ. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق شۇڭقار قاتارلىقلار بار. دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۈركۈت، كۆلرەڭ تورنا، چوڭ ئاققۇ، قارچۇغا قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقلىرى چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، قاش تېشى، كۋارتسىت تاش، ھاكتېشى، گەچ قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن راۋاق بۇددا مۇنارى، ئىمام ئاسىم قەدىمىي قەبرىستانلىقى، يوتقان خارابىلىكى، ياغاق پادىشاھى، كۆك مارىم تاش غارى، مەلىكىئاۋات قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار.

خوتەن شەھىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن گىلەم، خوتەن قاشتېشى، ئەتلەس بار. بۇ يەردىن چىقىدىغان قىزىل گۈل ھارىقى، ئانار ھارىقى، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە بازار تاپتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت توختى تۇرسۇن توختى.

شەھەر باشلىقى: ئۆتكۈر ئالىم (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سادىر نۇرمۇھەممەت (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن سەيدى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 447 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.43% تۆۋەنلىدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 131 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.06%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 250

مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 139 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %41.2 ئاشتى. 33 مىڭ 586 توننا ئاشلىق، 230 توننا پاختا، 8674 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 119 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 3372 توننا گۆش، 24.133 توننا قوي يۇڭى، 118 مىڭ 480 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 720 توننا سۈت، 461 توننا تۇخۇم، 285 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 190 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 204 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 21 مىڭ 172 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 658گە، مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 512 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.28، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، %05.0 تۆۋەنلىدى. 54 مىليون 911 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4149 توننا يىپ، 1 مىليون 160 مىڭ مېتىر توقۇلما بۇيۇم، 119 توننا خام يىپەك، 1598 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1720 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95.106كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 80 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 975 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 151 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 138 مىليون 590 مىڭ يۈەن. 144 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەرقىي شەھەر رايونىنىڭ سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەر رايونىدىكى دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشتا ئۇزۇنلۇقى 8.5 كىلومېتىرلىق تاشيول بۆلىكى ئۆزگەرتىلدى. 3 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان خوتەن شەھەرلىك ئۈن - ياغ زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنۇلار: 22.17 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 480 مېتىر مۇداپىئە توسمىسى ياسالدى. گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 49 مىڭ 770 كىلوۋاتقا يەتكۈزۈلدى، 9.71 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 4.3 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 8.5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. شەھەرنى ئېيىغا تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 36 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. يوك ئوبوروت مىقدارى 167 مىڭ 400 تونناغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 304 مىڭ 700

ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 341 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (تېلېگراف شىركىتىنىڭ كەسپىي كىرىمىنىلا كۆرسىتىدۇ) 3 مىليون 804 مىڭ 900 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 25 مىڭ 393كە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 4750كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 29 مىڭ 569غا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 146 مىليون 693 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە ساتقىنى 72 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە ساتقىنى 3 مىليون 740 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 2، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 84 مىليون 100 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 5965 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 620 مىڭ دوللار كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 46 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %15.3، يەرلىك مالىيە چىقىمى 298 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %07.51 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 554 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 766 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 450 مىڭ يۈەن؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 12 مىليون 210 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 3 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 2 مىليون 670 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە 870 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2001 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنىۋانى بارلار 540. شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3963 (مىللىي 3845)؛



2001 - يىلى خوتەن شەھىرى شەندۇڭدىن يارىتكىنا ئۆستۈرۈلگەن چىلگە سورت «جۇڭخۇا ئۆمۈر شاپتۇلى»، «رەڭدار مۇچ»نى تېرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى ھەمدە سىناق قىلىپ تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
سۈرەتتە: گۇجانباغ يېزىسىدا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان رەڭدار مۇچ.
سۈرەتنى خوتەن شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1217.38 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 10 مىڭ 771 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.72 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 747 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، 18 مىڭ 470 ئىشچى، خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش بوللاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، دەم ئېلىشقا چىققان 7100 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش بوللاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلى دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈرى ئۈچۈن 9 مىليون 370 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ سالدى. بۇنىڭدىن باشقا 7 مىليون 800 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 279 ئائىلىدىكى 780 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

شۇ يىلى مۇھىت يۆلىنىشى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. بۇ تۈرلەرگە 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 2.64 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون، كۆلىمى 7.44 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون بەرپا قىلىندى.

★ 2001 - يىلى خوتەن شەھىرىگە جايلاشقان تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تۈر قىلىپ تۈرغۇزۇلدى. بۇ تۈرگە 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى، بۇنىڭ 120 مىليون يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. بۇ قۇرۇلۇشتا 12 - ئايدا ئىش باشلاندى.

★ 12 - ئايدا خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

★ 2001 - يىلى شىنجاڭ تۈنجى مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى خوتەن شەھىرىدە تۆمەن تۈننىلىق قوينۇق سۇ قىيامى ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشقا مەبلەغ سالدى، خوتەن شەھىرىدىكى دېھقانلار زور كۆلەمدە مېۋىلىك كۆچەت تىكىش ئىشىنى باشلىۋەتتى.

مىياۋ يۇنبو

ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 5، ئوقۇغۇچىسى 3889 (مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى132 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1994 (مىللىي 1147)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 7706 (مىللىي 6192). باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 786 (مىللىي 21 مىڭ 738)، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2728 (مىللىي 2380). چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 1013 (مىللىي 697). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا (شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق) 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %50كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 15 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 12، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 2، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 990، 1015 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 965) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 418.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى خوتەن شەھىرى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزگىچە تەئەللۇق كىرىمى 6155.71 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4284.65

# خوتەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خوتەن شەھىرىدە. 2001 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 262 مىڭ 609 (شەھەر، بازار نوپۇسى خوتەن شەھىرىگە تەۋە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 261 مىڭ 71، يېزا نوپۇسى 244 مىڭ 911. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.75‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.25‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 260.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 26 مىڭ 166.9 گېكتار يەرگە (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 6093.5 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە قاراقاش، يورۇڭقاش دەريالىرى بار. قوي مېيى رەڭگىدىكى داڭلىق ئاق قاش تېشى يورۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبويا، ئالقات، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار، ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۆلار، تۈلكە، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار. قاراقاش دەرياسىنىڭ دەريا بېشى، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ دەريا بېشى، باغچى ياڭاقلىق باغچىسى ساياھەت قىلىدىغان داڭلىق جايدۇر.

خوتەن ناھىيىسىدە قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، بۇ يەردىن چىقىدىغان ياڭاقنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز بولۇپ، ياغ نىسبىتى يۇقىرى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يانەن (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىنچېن (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: ئېزىز قۇربان (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). تۇرغۇن ئىبراھىم (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇمەر ئىسمايىل.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 462 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 349 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2.12%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.79%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، 16.9% ئاشتى.

قىسقا ماتېرىيال

### خوتەن مەنزىرىسى

ھەرخىل تەملىك ئەنجۈر پادىشاھى باغچىسى بۇ باغچا خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىلىق ھۆكۈمەت قوراسىدا بولۇپ، خوتەن شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 22 كىلومېتىر كېلىدۇ. باغدا 400 نەچچە يىللىق بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بولۇپ، باراقسان ئۆسكەن، سانجاق ـ سانجاق مېۋىلەيدۇ، ھەر يىلى نوتا چىقىرىپ تۇرىدۇ. دەرەخ تاجىسى تەخمىنەن 600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇنداق ئەنجۈر دەرىخى شىنجاڭدىلا ئەمەس، مەملىكەت بويىچىمۇ ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئەنجۈر پادىشاھى ھەققىدە مۇنداق بىر گۈزەل رىۋايەت بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇنقى زاماندا ئۇدۇن پادىشاھى 70 ياشقىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. پادىشاھ ۋارىسى يوق بولۇپ قېلىشىدىن، خەلق پادىشاھسىز قېلىشتىن ئەنسىرەپ، پادىشاھقا تەرەپ ـ تەرەپتىن قېرىماسلىق دورىسى ئىزدىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. بىر كۈنى باتىخان يۇرت كېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر دېھقان قويماي تىزلىنىپ ئولتۇرغىدەك. باتىخان بۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ دېھقانىنىڭ پادىشاھنى قېرىماسلىق دورىسى ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، دېھقانغا بىر تال دەرەخ شېخىنى بېرىپتۇ. دېھقان بۇ دەرەخ شېخىنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا تىكىپ قويۇپتۇ، ئەتىسى قارىسا بۇ شاخ چېچەكلىمەيلا سانجاق ـ سانجاق مېۋىلەپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مېۋىنى يېگەندىن كېيىن ھەقىقەتەن ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، 70 ياشتا پەرزەنتلىك بولۇپتۇ ھەمدە 100 ياشقىچە ياشاپتۇ.

ئەنجۈر پادىشاھى بېغىدا كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان قويۇق ئۈزۈم بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە ساياھەت

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 635 مىليون 809 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %38.3 ئاشتى. 140 مىڭ 665 توننا ئاشلىق، 7481 توننا پاختا، 200 توننا ياغلىق دان، 46 مىڭ 987 توننا مېۋە، 19 مىڭ 771 توننا كۆكتات، 519 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 700 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 9709 توننا گۆش، 898 توننا قوي يۇڭى، 351 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2088 توننا سۈت، 850 توننا تۇخۇم، 18 توننا سۇ مەھسۇلاتلىرى ئېلىندى. 7581.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 7347.7 گېكتار. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 943 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1656 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 233 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 69 مىڭ 550 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا، بازار كارخانىسى 1804كە، مەھسۇلات قىممىتى 158 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

---

كۆتۈرۈلۈش مۇئەسسەسەسى سېلىندى، ئۇ ساياھەتچىلەرنى يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ، مەيلى - ساياھەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**دەرەخلەر ئىچىدىكى ئۆمۈر چولپىنى — 500 يىللىق ياڭاق پادىشاھى** بۇ ياڭاق پادىشاھى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى بازىرىدىكى ھەر خىل تەملىك مېۋىلىك باغقا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ، دەرەخ تاجىسى غايەت زور بولۇپ، تەخمىنەن 600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ياڭاقنىڭ تۈپىگە 5 ئەر كىشىنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدۇ. بۇ ياڭاق دەرىخىدىن يىلىغا 5000 - 6000 دانىگىچە سۈپەتلىك قەغەز ياڭاق ئېلىنىدۇ.

خوتەن ياڭىقى بالدۇر مېۋىلەيدۇ. دانىسى چوڭ، شاكىلى نېپىز، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ.

**يۇرۇڭقاش دەرياسى** بۇ دەريا خوتەن شەھىرىنىڭ 4 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان. بۇ دەريا خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق ئېقىنىنىڭ بىرى، مۇز تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن، شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى قارلىق چوققىنىڭ باغرىدىن باشلىنىدۇ، بۇ سۈيى قار - مۇزنىڭ ئېرىشىدىن تولۇقلىنىدىغان دەريادۇر.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 513 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەر يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ، ھەر يىلى 10 - ئايدىن كېلەر يىلى 5 - ئايغىچە سېلىك سۇ مەزگىلى بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ قاشتېشى قازىدىغان ئوبدان پەسلىدۇر.

يۇرۇڭقاش دەرياسى تارىختا ئاققاش دەرياسى دەپ ئاتالغان، بۇ دەريا قەدىمدىن بېرى ئاق قاشتېشى چىقىش بىلەن داڭلىق، بولۇپمۇ قوي يېغى رەڭگىدىكى قاشتېشى قاشتېشى ئىچىدىكى ئېسىل مەھسۇلات.

**مىڭ چاقىرىملىق ئۆزۈم كارىدورى** بۇ خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغا جايلاشقان. ئىشچان ئۇيغۇر دېھقانلىرى تېرىلغۇ يەرنى تېجەش ئۈچۈن، بوران، قۇم بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئېرىق بويلىرى ۋە يول ياقىلىرىغا ئۈزۈم تىكتى، يوللارغا ئۈزۈم بارىڭى ياسىدى. بۇنىڭ بىلەن 1480 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۈزۈم كارىدورى ھاسىل بولدى. بۇ كارىدور بېيجىڭدىن چاڭشاغىچە بولغان ئارىلىققا تەڭ كېلىدۇ. بۇنداق كارىدور دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدۇ.

1990 - يىل 8 - ئايدا باش شۇجى جياڭ زېمىن خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۈزۈم كارىدورىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆز قولى بىلەن «جاھاندىكى قالتىس مەنزىرە» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

**يېڭىئېرىق قۇملۇقى ۋە سۇ ئامبىرى** بۇ جاي خوتەن شەھىرىنىڭ 22 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە 1 - كۆچمە قۇملۇق — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ باغرىغا 1 - مەنزىرىسى گۈزەل يېڭى ئېرىق سۇ ئامبىرى جايلاشقان بولۇپ، ساياھەتچىلەر قولۋاقتا چۆشۈپ زۇمرەتتەك دولقۇن ئىچىدە تاماشا قىلىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا رەتلىك سالا ئېتىز ۋە ئورمان بەلۋېغى بار بولۇپ، قۇملۇقتىكى بوستانلىق مەنزىرىسى شەكىللەنگەن.

**خوتەن چوڭ بازىرى** خوتەن چوڭ بازىرى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ سودا بازارلىرىنىڭ بىرى. بۇ بازاردا 14 كەسپىي بازار بار، ھەر بازار كۈنى بازارغا كېلىدىغان ئادەم 100 مىڭغا يېتىدۇ. خوتەننىڭ تۈرلۈك يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ بازاردىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ بازاردا سىز رەڭگارەڭ ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆرەلەيسىز، تۈرلۈك مېزىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تەمىنى تېتالايسىز.

مياۋ يۈنبو

ساناائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 853 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 23.72% ئۆسۈپ، 52 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 86 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.96% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2428.6 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1806 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 56 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى). يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 174.6 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 334 ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، 1146 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 400 كىلوۋولتلۇق سىم تارتىلدى. تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 663 مىليون 240 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 48 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 20 مىليون 190 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 510 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 113 گە، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 9 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 16 مىڭ 820 گە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 32.09%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 40.48% ئاشتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 742، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26 (مىللىي). ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 543؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 165 (مىللىي 161)، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 278 (مىللىي 46 مىڭ 256) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 736. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1664. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 11% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە شىپاخانا 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 523، 613 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 520).

2001 - يىلى 7 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 58 مىڭ 388 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 96% بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى خوتەن ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 901.47 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 795 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9982 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 727 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7517 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

مۇشۇ يىلى مۇھەببەت بولغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. كۆلىمى 6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان چاڭ-توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، كۆلىمى 5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھەببەتلىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 7 سى بەرپا قىلىندى.

★ 2001 - يىلى خوتەن ناھىيىلىك چىغىرىق ئېكولوگىيە تېمى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 108.5 گېكتار يەردە 631 مىڭ 752 تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 7620 مېتىر، كەڭلىكى 102 مېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ئېكولوگىيە تېمى بەرپا قىلىندى.

★ 10 - ئايدا 18 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يامانبەك پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

خۇاڭ يوڭجيې

# گۇما ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 1811.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13. نوپۇسى 198 مىڭ 275 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 196 مىڭ 16)، يېزا نوپۇسى 156 مىڭ 115؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى

16.68%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.39%. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 263.27 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 17 مىڭ 872.47 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7083.07 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۇيىنىڭ ئېقىم مىقدارىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممىتى 740 مىليون كۇب مېتىر (90 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان 510 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، ياۋا ئۆچكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۇچۇكبۇيا، زاراڭزا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، گەج، ھاك تېشى، چىرىمتال، قاشتېشى، سىنك، مانگان قاتارلىقلار بار.

گوما ناھىيىسىدە مېۋىنىڭ سورتى كۆپ، سۈپىتى ياخشى. بۇ يەردىن چىقىدىغان ئانارنىڭ دانىسى چوڭ، قەنت مىقدارى يۇقىرى، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدا داڭقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گوما ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنجېڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي شىنخۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: سادىر نۇرمۇھەممەت (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دولقۇن ئابدۇرېھىم (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: غالىپ ياقۇپ (تاجىك).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 305 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 174 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7.5% تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 329 مىليون 399 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1.57% ئاشتى. 105 مىڭ 264.94 توننا ئاشلىق، 4944.85 توننا ساپ پاختا، 413 توننا ياغلىق دان ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 408 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3946 توننا گۆش، 4511 توننا يۇڭ، 182 مىڭ 600 پارچە قوي تېرىسى، 40 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 865 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1067 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىندى. 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇنىڭ بىلەن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە توك بىلەن تەمىنلەندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4229 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا، بازار كارخانىسى 2300گە، مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 631 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 28.12% تۆۋەنلىدى. 13 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ كۈچى بىلەن چىقىرىلغان توك 10 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 892 توننا سۇ يېغى، 3 مىليون 570 مىڭ دانە خىش، 4922 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 3811 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 116 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9280 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 18 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 4 مىليون 593 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 75 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 3400 كىشىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 186 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى ئاساسىي لىنىيىسى كۆپەيتىلدى، 215 كىلومېتىر تاشيول رېمونت قىلىندى ۋە ئاسرالدى، تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېيىغا 60 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. يۈك توشۇش مىقدارى 240 مىليون توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 4 مىليون 320 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 387 مىڭ 800 يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 7474كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى 4474، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1516. جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 46 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىشى 1 مىليون 655 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 618 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %26.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 112 مىليون 767 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %42 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 206 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 264 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 116 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون 382 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 162 مىڭ 600 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2060، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 527. ناھىيە بويىچە كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 7، ئوقۇغۇچىسى 645 (مىللىي)، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 212 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1058 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 979 (مىللىي 11 مىڭ 827)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 137، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 895 (مىللىي 28 مىڭ 572). ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1926 (مىللىي 1868). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 96 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1523 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90.51كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.3كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %1كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، مىللىي شىپاخانا بىر، يېزا - بازار شىپاخانىسى 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 499، 334 مەخسۇس سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 250) بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى گۇما ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 791 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 983 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 1200 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 385 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. مۇشۇ يىلى 1622 ئائىلىلىك 7300 كىشىنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ھەمدە «گۇما ناھىيىسىنىڭ نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان - يۆلەيدىغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش چارىسى»، «گۇما ناھىيىسىنىڭ نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش بويىچە 3 يىللىق پىلان - لايىھەسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 16 — 19 - كۈنلىرى ناھىيە تەۋەسىدە 3 قېتىم زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، 10 ئادەم قازا قىلدى، 10 ئادەم يارىلاندى.

جىن كېخۇا

# قاراقاش ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قاسنىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1440 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 408 مىڭ 354 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 406 مىڭ 891)، يېزا نوپۇسى 378 مىڭ 442؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20.68، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.41. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 53 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 35 مىڭ 511.7 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 8543.6 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىدە ئاساسلىق ماددىي بايلىقلاردىن چۈچۈكبۇيا، يىلە غوزىسى، ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، لوپنۇر كەندىرى، نېفىت، تەبىئىي گاز بار. سەيلىگاھلاردىن مازار تاغ

قەدىمكى قەلئەسى، ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى رايونى، ئاقسارايى پېرىسىدىكى قەدىمىي چىنارلىق باغ، شاخلىق فېئودال پومېشچىكلار قورۇقى (ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى) بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېنشاۋ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالىپ قاسىم.

ھاكىم: ئوبۇلقاسىم سىراجى (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەركىن ئابدۇرازاق (8 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇۋاقى ئېلىمەتشاھ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 585 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 404 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.75؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 137 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 805 مىليون 678 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.87 ئاشتى. 201 مىڭ 773 توننا ئاشلىق، 7310 توننا پاختا، 1527 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 3.287 توننا مېۋە - چېۋە، 4391 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 21 مىڭ 508 توننا كۆكتات، 18 مىڭ 764 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 790 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8685 توننا گۆش، 998 توننا قوي يۇڭى، 1728 توننا سۈت، 1185 توننا تۇخۇم، 92 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2073 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 192 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1433 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 2787 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 72 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 5840 قا، مەھسۇلات قىممىتى 167 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %2.07 ئۆۋەنلىدى. 17 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، 27 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات سائەت توك سېلەن تەمىنلەندى. 4460 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 135 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 82 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 66 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 35 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇزۇنلۇقى 2600 مېتىر، كەڭلىكى 22 مېتىر كېلىدىغان ئاساسىي غول يولىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇنىڭغا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 3300 كىلوۋاتقا يەتتى، 135 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى، 2.6 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. ناھىيە بازىرىنى ئېقىنغا تەمىنلەيدىغان تۇرۇبىدا سۈيى 90 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 4550 كە، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2860 قا، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 96 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %31.03. يەرلىك مالىيە چىقىمى 173 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 520 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 412 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 279 مىليون 590 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 284 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 102 مىڭ 500 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 182 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 339 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 835 مىڭ 800 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 504 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا

خادىمى 4147. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 550 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ ئوقۇغۇچىسى 1252 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 889 (مىللىي 22 مىڭ 717)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 876 (مىللىي 59 مىڭ 590). تولۇق ئوقۇتقۇچى 3741. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 838 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %3.3كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 18، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 755، 916 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 515) بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 277.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5.744 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 12 مىڭ 89 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6618 يۈەن، ناھىيە بويىچە 1303 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان 567 ئادەم پاشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

★ 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايون قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا قاتارلىق 3 يېزا بازىرىغا ئايروپىلان ئەۋەتىپ، كۆلىمى 1330 گېكتار كېلىدىغان ئىھاتە ئورمانلىقىدىكى باھار مۇچى قۇرۇتىغا ھاۋادىن دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى يوقاتتى.

★ 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كاۋاك يېزىسىدىن ناھىيە تەۋەسىدىكى مازار تاغ تەبىئىي گاز ئۇدۇقىغىچە ئۇزۇنلۇقى 156.3 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان گاز بىلەن تەمىنلەش ياندامشا تاشيولى يوتوپ، قاتناش باشلاندى. بۇ تاشيولغا جەمئىي 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تاشيولنى ئوتتۇرا توزلەڭلىك نېفىتلىكى، بىناكارلىق يول شىركىتى بىلەن چاڭچىڭ نېفىتلىكى يول شىركىتى ياسىغان.

دۆلەت شىنلى

# لوپ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 241 مىڭ 265 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 238 مىڭ 405)، يېزا نوپۇسى 218 مىڭ 878؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %18.05، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %11.84. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 306.67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 22 مىڭ 426.67 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 520 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 8093.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۇلار قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، كەتىرا، خوشپۇراق پەرەڭگۈلى، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، رەۋەن، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن قاشتېشى، كۋارتس تاش، گەج، قىزىل قومتاش، قىزىل سېغىز توپا، قوغۇشۇن - سىنك، مىس، ئالتۇن، كۆمۈش، مەرمەرتاش، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ زاپىسى مول. لوپ ناھىيىسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى ۋە باغدات مازار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە خەن دەۋرىگە ئائىت خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى.

لوپ ناھىيىسىدىن ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، چىلان، ياڭاق قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى، لوپتا قولدا توقۇلغان گىلەم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ. جىيا يېزىسىدا توقۇلغان ئەتلەسنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە، تېگى ياخشى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ پىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يانەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 7- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىنبياۋ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەتتوختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بورھان.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا نۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 417 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 213 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.5 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.8 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون 501 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %5.08 ئاشتى. 130 مىڭ 162 توننا ئاشلىق، 9737 توننا (ساپ پاختا)، 188 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 518 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 479 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 8063 توننا گۆش، 614 توننا قوي يۇڭى، 300 مىڭ 960 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1890 توننا سۈت، 733 توننا تۇخۇم، 137 توننا بېلىق ئېلىندى. 60 مىڭ قۇتا پىلە غوزىسى تارقىتىلدى. 975 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 1646.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باغ كۆلىمى 413.33 گېكتار، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 441 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 699 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توك يوللاش، بېسىم ئۆزگەرتىش بويىچە 58.74 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 2.64 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. 34.53 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 1333.33 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 63 مىڭ 647 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 5695كە، مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.2 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.1 تۆۋەنلىدى. 17 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 91 مىڭ توننا سېمونت، 41 مىليون 140 مىڭ دانە خىش، 2000 توننا ئۇن، 9071 توننا (ساپ پاختا)، 4614 كۋادرات مېتىر گىلەم، 66 توننا زاۋۇت يىپەكى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %92.3كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 282 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 138 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 52 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 15 تۈر يېڭىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ئابونتى 5000 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 65 مىليون 971 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرى 8 گە، بازارلاردا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 49 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.38 تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 131 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40.52 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 318 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 339 مىليون 881 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 215 مىليون 900 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا كەسپى بويىچە تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 2 مىليون 926 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 1 مىليون 803 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 123 مىڭ 600 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5355، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 585. پەن - تېخنىكا قىشى پائالىيىتى بويىچە تۈرلۈك كۆرگەزمە 246 قارار ئېچىلىپ، 47 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 378 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 939 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 512 (مىللىي 17 مىڭ 345)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 128، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 45، (مىللىي 37 مىڭ 565). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 2442 (مىللىي 2387). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 996 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1640.38 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى

ئۆزگەرتىلدى، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ناھىيە بازىرىنى قاپلىدى.

ناھىيە بويىچە 14 داۋالاش ئېغىزى - سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 12، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 488، 438 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 385)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 114 (مىللىي 74).

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى لوپ ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىسىنىڭ ئۆزلىكە تەئەللۇق كىرىمى 6087.34 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4237.04 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 848 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 826.13 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 410 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.17 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1885 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 7844 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

شى جىنجى

# كېرىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە نىيە ناھىيىسىدىن چىقىپ قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، كوناشەھەر رايونلۇق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (كېرىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 2246 نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 215 مىڭ 534 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 211 مىڭ 939)، يېزا نوپۇسى 196 مىڭ 363؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.44‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.13‰. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 240 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 560 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 7200 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 9040 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى

ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە كېرىيە دەرياسى، تومسىيا دەرياسى قاتارلىق 11 دەريا - ئېقىن بار. يىللىق ئېقىم مىقدارى 997 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چوڭ - كىچىك مۇزلۇقتىن 425ى بار. زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 49 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تۇزلەڭلىكتە چوڭراق بۇلاق جىلغىسىدىن 8ى بار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 304 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 288 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 724 مىڭ 200 گېكتار ھەر خىل ئوتلاق بار. ئەنئۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆكەن، يىلپىز قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئېچىلىۋاتقان قېزىلما بايلىقتىن ئاساسلىقى ئاق قاشتېشى بىلەن كۆل تۇزى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شيۇچېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەتجان غوپۇر.

ھاكىم: ئابدۇللا قۇربان (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەتسەيدى خۇدا بەردى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەيسا توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 362 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 230 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.7%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.6%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 226 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 2.7% ئاشتى. 114 مىڭ 59 توننا ئاشلىق، 8780 توننا پاختا، 592 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 537 توننا مېۋە - چېۋە، 170 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 668 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6886 توننا گۆش، 784 توننا يۇڭ، 200 مىڭ پارچە كالا، قوي

تېرىسى، 1116 توننا سۈت، 873 توننا تۇخۇم، 75 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2587 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 933 گېكتار. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 849 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 208 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 20 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 43 مىڭ 207 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا، بازار كارخانىسى 416گە، مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 169 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14.88% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.59% ئۆرلىدى. 15 مىليون 220 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 400 توننا تۇز، 7 توننا قاشتېشى، 5768 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق - ياغ سودا شىركىتى 2000 توننا بۇغداي ئۇنى، 860 توننا سۇ يېغى تارتتى. بارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.32%كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 384 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 51 مىڭ 835 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 69 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 37.489 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق توك سىمى، 590 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 0.4 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، 19 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، تورۋا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېيىغا 50 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 51 مىليون 798 مىڭ 500 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 984 مىڭ 400 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 952 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 202 مىڭ 900 يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونېنتى 3519غا، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2880گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 886 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 40 مىليون 390 مىڭ يۈەن. تۇرلۇك تاۋار سودا بازىرى 8. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.92% ; يەرلىك مالىيە چىقىمى 116 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.08% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 224 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 202 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 120 مىليون 20 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 555 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 5000 يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 3 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن پۇل 3 مىليون 231 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 299 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا

قىسقا ماتېرىيال

## كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئۆزگىچە باش كىيىمى — كىچىك گۈللۈك تەلپەك

بۇ كېرىيە ناھىيىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئاياللار بېشىغا تاقايدىغان، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان، دۇنيا بويىچە بىردىنبىر، ئۆزگىچە، رومكىغا ئوخشايدىغان باش زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ زىبۇ زىننەت تېپىدىكى كىچىك گۈللۈك دوپپا قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى «تەلپەك» دەپ ئاتايدۇ، بۇ تەلپەك شۇ جايدىكى ئاياللارنىڭ ئۆزگىچە باش زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق. تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى رەڭلىك تاۋاردىن، پەۋزى كۆپىدىن تىكىلىدۇ، ئۇنى تىكىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئاياللار بۇ تەلپەكنى قىسقۇچ بىلەن رومالنىڭ ئۈلۈك تەرىپىگە تاقىۋالىدۇ. يېقىندىن قارىسا دوپپىغا، يىراقتىن قارىسا گۈلگە ئوخشايدۇ، شەكلى بەك ئۆزگىچە بولۇپ، كېرىيە ئاياللىرىنىڭ بۇ تەلپىكى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دوپپا بولۇش سۈپىتى بىلەن جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى.

مياۋ يۈنبو

خادىمى 2678. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 501. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي)، ئوقۇغۇچىسى 300 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي)؛ ئوقۇغۇچىسى 890 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 8212 (مىللىي 8092)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 106، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 730 (مىللىي 31 مىڭ 425). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2293 (مىللىي 2218). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85.2%گە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 65.5%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 3.5%كە يەتتى.

20 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 18، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 439، 334 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 243.

شۇ يىلى بىر قېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 300 ئادەم قاتناشتى. 5 قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 575 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 778.32 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 211 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 1672 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 6804 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 359 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

پەن ۋېيدۇڭ

# چىرا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1415 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 133 مىڭ 471 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 131 مىڭ 427)، يېزا نوپۇسى 115 مىڭ 360؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.67%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.49%. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 598.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 981.27 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 3533 گېكتار يەرگە كېۋەز، 332 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 642 مىليون كۇب مېتىرغا (كۆپ قىسمى 6-، 7-، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن) يېتىدۇ. 34 مىڭ 56.79 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.77%. 325 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، تۈلكە، سۇغۇر، ياۋا چوشقا، بۆرە قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قارلەيلىسى، چاكاندا، چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، ئالقات، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، ھاك تېشى، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، ئاشتۇزى، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: رەن چىڭگاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز رەجەپ.

ھاكىم: ئابلا قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەتتۇر ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 251 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 7.79%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، 36.79% تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.92% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

توننا ئۇن، 65 توننا سۇ بېغى، 3671 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8181 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6616 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۇلۈككە 43 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 42 مىليون 340 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 503 مىليون 630 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 690 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 952 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونتى 3063كە، يېزا تېلېفونى ئابونتى 500گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 400گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 49 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئاۋار سودا بازىرى 9غا. بازارلاردا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 26 مىليون 806 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %3.9 تۆۋەنلىدى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 87 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %42.86 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 176 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 113 مىليون 830 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 205 مىليون 730 مىڭ يۈەن.



2001 - يىلى چىرا ناھىيىسى «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. سۈرەتتە: ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئەترىتى نومۇرلارنى رېپىتىس قىلماقتا.
سۈن شىماۋ فوتوسى

مەھسۇلات قىممىتى 257 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %8.73 تۆۋەنلىدى. 59 مىڭ 678 توننا ئاشلىق، 4000 توننا پاختا، 498 توننا ياغلىق دان، 6570 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1422.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 739.9 گېكتار باغ كۆپەيتىلدى، 432 گېكتار كۆلەمدە ئانار بازىسى، 268.2 گېكتار كۆلەمدە ئۈرۈك بازىسى، 63.4 كىلومېتىر ياغاچ كاردىورى بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 449 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 5230 توننا گۆش، 557 توننا يۇڭ، 228 مىڭ 96 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 792 توننا سۈت، 781 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 990 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دۆلەت ئاۋئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرى بولغان «ئاۋئاتسىيە» ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 266.67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 30 مىڭ 464 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 2328گە، مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.93؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 8 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.3 ئاشتى. 3 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 8500

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك تېخنىكا خادىمى 2868، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 562 (ئالىي دەرىجىلىكى 39). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 161 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 524 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 8575 (مىللىي 8465)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 71 (مىللىي 20 مىڭ 905)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 65 (مىللىي 25). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1579

(مىللىي 1548) . ماائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 371 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %10كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 10، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 334، 390 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 342) ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 157 (مىللىي 138) .

ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 8 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، بۇ ئۆلچەمگە يېتىشكە تېگىشلىك بولغان ئادەم سانىنىڭ %89نى ئىگىلەيدۇ.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى چىرا ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 715 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 78 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 16 دۆلەت كارخانىسىدىكى 612 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 5362 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە - دەم ئېلىشقا چىققان 402 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى كۆكلەملەيدان كۆلىمى كىشى بېشىغا 26.71 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

سۇن شىنماۋ، گو خېيجۇن

# نىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1230 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2001 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 600) ، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.45، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.44. ناھىيە بويىچە 4877 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2798 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 1403 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

نىيە ناھىيىسى چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ناھىيە. ناھىيە تەۋەسىدە نىيە، چىچىغان، يېيىق قاتارلىق پەسىللىك دەريا - ئېقىندىن 5ى بار. توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 97 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 513 مىڭ گېكتار ئوتلاق (ئورمانلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئالىيۇمىن، سىنك، خرۇستال تاش، ھاك تېشى، چىرىمتال، ئىسلاندىيە شپاتى قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نىيە خارابىلىكى بىلەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت شاياتتاق قەدىمىي شەھەر قەلئەسى بار. بۇ ئىككى جاي گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تۇڭ ۋېيدۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئادىل ئېلى (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) .

ھاكىم: ئالىمجان مەمتىمىن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 83 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %6 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، %48.7 تۆۋەنلىدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29 ئاشتى.



**1800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە شايانتاق شەھەر قەلئەسى خارابىلىكى.**
**سۈرەتنى نىيە ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.**

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى. 17 مىڭ 733 توننا ئاشلىق، 2197 توننا پاختا، 48 توننا ياغلىق دان، 1586 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 198 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 1928 توننا گۆش، 236 توننا قوي يۇڭى (تىۋىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 63 مىڭ 700 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 198 توننا سۈت، 317 توننا تۇخۇم، 17 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 212 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 418 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، يېزا - بازار كارخانىسى 1152 گە، مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %38 تۆۋەنلىدى. 4 مىليون 120 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون دانە خىش، 2197 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.9 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 8 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 110 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 26 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 240 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 610 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 760 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، بازار تېلېفونى ئابونتى 2426 غا، يېزا تېلېفونى ئابونتى 233 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 680 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 15 مىليون 823 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، بازارلاردا يىللىق پۇتتوشۇلگەن سوما 8 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 3597 ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 180 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %9.2 تۆۋەنلىدى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 54 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %43.4 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 61 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 97 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 44 مىليون 280 مىڭ يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 620 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم سوممىسى 230 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 10 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1300، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 260. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 2787 (مىللىي 2575)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 22)، ئوقۇغۇچىسى 4434 (مىللىي 3995). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 758 (مىللىي 704). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %58.14 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 8، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 173، 256 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 213)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 111 (مىللىي 94).

ناھىيە بويىچە 4075 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %57 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2001 - يىلى نىيە ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1098 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 32 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 473 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى، 2247 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. 2001 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 468 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

يەن شۈەن، غوجىئابدۇللا تۇرسۇن

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

شۇجىسى: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن شۇجىسى: جاڭ چىڭلى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ لېچۈەن، چېن دېمىن، جاڭ چىڭلى، فاڭ دېڭخۇا (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇربان ئەرشىدىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ جيەنفەن، خوجاۋجاڭ، ۋاڭ گوۋجېن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كاڭ كېجيەن، ۋاڭ جيەنچىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئايال)، خۇاسى، ئالبوسباي لاخىم (قازاق، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ شىنچى (6- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جەي شياۋخېڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ چۈنجيۇ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مارۇڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

قوماندانى: جاڭ چىڭلى.

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسارى: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن قوماندانلار: فاڭ دېڭخۇا (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇربان ئەرشىدىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، ۋاڭ جيەنچىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاشى، ئالبوسباي لاخىم (قازاق، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ شىنچى (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گوۋجېن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جياڭ شەن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۈەن شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سۇن شۆچى (رۇس).

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: يۆ يۇتاڭ، ۋاڭ دۇڭچاڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىسمايىل قۇربان، لى چىڭ، خې لىجياڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بىڭتۈەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇ ۋېندې.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: ئورازغالى (قازاق)، گاۋ جىلياڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چاڭ جيەنگو، لى دورېن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2001 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق 19 مىڭ 100 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.8‰ بولدى؛ ئۆلگەنلەر 9000 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى 3.7‰ بولدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.1‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 2 مىليون 453 مىڭ 600گە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 687 مىڭ 900 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ ئادەم ئازىيىپ، 2% كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 640 مىڭ 200 بولۇپ، 6.3% كېمەيدى. يىل ئاخىرىدىكى ئۆز ئورنىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 79 مىڭ 700. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى 3.4%.

بىڭتۈەننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 19 مىليارد 634 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 8.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 283 مىليون يۈەن بولۇپ، 5.1% كېمەيدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 993 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 735 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.5% ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 32%، 2 - كەسىپنىڭ 30.5%، 3 - كەسىپنىڭ 37.5% بولدى.

1. يېزا ئىگىلىكى مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 1 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن سەل كېمەيدى.

تېرىقچىلىق مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 916 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 0.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 216 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، 1.1%

كېمەيدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 452 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 10.2% ئاشتى؛ پاقلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 54 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 34.5% كېمەيدى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 27 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 48.8% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 173 مىڭ 500 تونننا بولۇپ، 0.2% كېمەيدى، پاختا 638 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 7.9%؛ پاقلىق دان 117 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 21.5% كېمەيدى؛ قىزىلچا 1 مىليون 580 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 49% ئاشتى.

باغ - ئورمانچىلىق    غەربىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا ئاتتىنىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، نەشپۈتنى ئاساس قىلغان «يېشىل» كەمەر قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىڭ 900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 41.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 5000 گېكتار بولۇپ، 150.5% ئاشتى. مېۋە- چېۋە مەھسۇلاتى 249 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 12.2% كېمەيدى.

چارۋىچىلىق    يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتى جەھەتتە يەنە تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 5 مىليون 21 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 5.3% ئاشتى؛ گۆش 139 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، 11.5% ئاشتى؛ قوي يۇڭى 9600 توننا بولۇپ، 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سۈت 97 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 8.5% ئاشتى؛ تۇخۇم 29 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 6% ئاشتى.

بېلىقچىلىق    يىل بويى تۇتۇلغان سۇ مەھسۇلاتى 13 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، 5.6% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش    بىڭتۇەن بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 892 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2000- يىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 18 مىڭ 100گە يېتىپ، 5.7%؛ كىچىك تراكتور 24 مىڭ 900گە يېتىپ، 11.7%؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 6591گە يېتىپ، 27.1%؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) 658 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 1.7% ئاشتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 1 مىليون 10 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 1.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان يەر 65 مىڭ 400 گېكتار، تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان يەر 48 مىڭ 900 گېكتار.

يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەمىسىپ ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى 35كە يەتتى، يىل بويى 6248 سائەت ئۇچتى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 25% كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئۇچقۇنى 4998 سائەت بولۇپ، 26.5% ئاشتى؛ ئايروپىلانلار 22 مىڭ 200 قېتىم ئۇچۇپ قوندى؛ مەشغۇلات كۆلىمى 250 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق    2001 - يىلى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 883 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 306 مىليون يۈەن. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 91 مىڭ 306 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 2410 كىلومېتىر. يېڭىدىن 713 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا يىلىغا 12 مىليارد 30 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى تەمىنلەنگىنى 11 مىليارد 866 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت تەمىنلەنگىنى 83 مىليون كۇب مېتىر. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدىن تەمىنلەنگەن سۇ 6 مىليارد 473 مىليون كۇب مېتىر، ئامبارلاردىن تەمىنلەنگەن سۇ 4 مىليارد 229 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلاردىن تەمىنلەنگەن سۇ 1 مىليارد 243 مىليون كۇب مېتىر.

2. سانائەت    سانائەتنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 807 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 12.2%؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 6 مىليارد 524 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 0.7%؛ ئېغىر سانائەتنىڭ 4 مىليارد 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 31.3% ئاشتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكىسىنىڭ 6 مىليارد 455 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.9%، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ 326 مىليون يۈەن بولۇپ 34.7% كېمەيدى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 809 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 106.6%، باشقا ئىگىلىكنىڭ 3 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 65.6% ئاشتى.

ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى: كۆمۈر 3 مىليون 369 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، 0.3%؛ تارقىتىلغان توك 1 مىليارد 794 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 0.4%؛ بۇغداي ئۇنى 219 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 8.4% ئاشتى؛ سۇ يېغى 160 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 14.6% تۆۋەنلىدى؛ شېكەر 133 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 25.4% ئاشتى؛ ئارىلاشما يەم- بوغۇز 281 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 22.1% ئاشتى؛

كونسېرۋا 81 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %31.2؛ ئىچىملىك ۋە هاراق 53 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %4.2؛ ساپ ياختا 602 مىڭ توننا بولۇپ، %13.7؛ يىپ 108 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %10.9؛ رەخت 121 مىليون مېتىر بولۇپ، %4.8 كېمەيدى؛ كىيىم - كېچەك 3 مىليون 468 مىڭ 900 قۇرغا يېتىپ، %2.9 ئاشتى؛ يۇڭ يىپ 154 توننا بولۇپ، %36.6؛ فابرىكا قەغىزى 33 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %10.8 كېمەيدى؛ سۇلياۋ ياسالما 108 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %60.5؛ سېمونت 1 مىليون 944 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %15.2 ئاشتى؛ خىش 1 مىليارد 811 مىليون دانە بولۇپ، %3.9 كېمەيدى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىرۇۋشلەشتۈرۈش ئەھۋالى ياخشى بولدى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش قىممىتى 9 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %94.5 بولدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %37.9؛ تىجارەت كىرىمى 4 مىليارد 327 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.4؛ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 547 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %60.7؛ پايدا ۋە بېجى 728 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61.9 ئاشتى.

3. قاتناش - ترانسپورت 2001 - يىلى توشۇلغان يولۇچى 59 مىليون 350 مىڭغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %14، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 721 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.8؛ توشۇلغان يۈك 47 مىليون 160 مىڭ توننىغا يېتىپ، %1.7، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 199 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.3 ئاشتى. ئاھالىلەر ئاپتوموبىلى 35 مىڭ 10غا يېتىپ، %9.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلى 14 مىڭ 810 بولۇپ، %11.5؛ يۈك ئاپتوموبىلى 18 مىڭ 375كە يېتىپ، %13.3 ئاشتى.

2001 - يىلى تاشيول ترانسپورتى بويىچە تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ %16، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ %95 تۆۋەنلىدى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئېشىشى خېلى تېز بولۇپ، %27.7 ئاشتى. پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تىجارەت كىرىمى 43 مىليون 79 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە ئىگىلىكنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى بىڭتۈەننىڭ %57.3نى ئىگىلەپ، 1.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى %79.2نى ئىگىلەپ، 5.8 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. توشۇلغان يولۇچى 45 مىليون 57 مىڭغا يېتىپ، %17.9؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 560 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11.5؛ توشۇلغان يۈك 36 مىليون 786 مىڭ توننىغا يېتىپ، %3.8؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 530 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %10.4؛ تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.7؛ ساپ كىرىمى 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 7 مىليارد 329 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكتە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 5 مىليارد 286 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.9؛ يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 842 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى؛ ئۆي - زېمىن ئىشلىرىغا سېلىنغىنى 122 مىليون يۈەن بولۇپ، %57.4؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغىنى 8 مىليون يۈەن بولۇپ، %4 كېمەيدى. شەھەر ـ يېزىلاردىكى شەخسلەرنىڭ سالغىنى 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.3 ئاشتى. باشقا ئىگىلىككە سېلىنغىنى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

مائارىپ - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.3؛ تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %94.4؛ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61 ئاشتى؛ يېزا ئېلېكتىر تورلىرىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 530 مىليون يۈەن بولۇپ، %26.8 كېمەيدى. 2001 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغدىن نەقلەشكىنى 8 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە، مەبلەغنىڭ نەقلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتىدىكى مەبلەغ 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن، ئىچكى قەرز پۇل 1 مىليارد 310 مىليون يۈەن، زايوم 30 مىليون يۈەن، چەت ئەل مەبلىغى 20 مىليون يۈەن، ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 3 مىليارد 840 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 970 مىليون يۈەن.

مەبلەغ قۇرۇلمىسى ئازراق تەڭشەلدى. 1 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 132 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %31 ئاشتى؛ 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 864 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.4 كېمەيدى؛ 3- كەسىپكە سېلىنغىنى 4 مىليارد 751 مىليون يۈەنگە يېتىپ،



2001 - يىلى بىڭتۇەن «دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» (8 ماددا) نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلدى. سۈرەتتە: سىستېمىن جەلقىنارا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق (گۇرۇھ) ياي جەكلىك شىركىتى قارىمىقىدىكى 35 مىڭ توننىلىق مانان ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى

جياڭ كېدىڭ فوتوسى

%27 ئاشتى.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشتا ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بىڭتۇەن ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك قەدەم بىلەن ئۇدا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن زاپاس كۈچ ھازىرلاندى. ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن كۆلىمى 266 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان زامانىۋى سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، كۆلىمى 666 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك يايلاق قۇرۇلۇشى، 10 مىليون تۇپاق ئەلا سورتلۇق ئوتخور ھايۋاننىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تۈرى، 500 مىڭ توننىلىق ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى تۈرى، 10 چوڭ سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش، يورۇشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەش تىپىغا ئۆزگەرتىش، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، سەرخىل يېزا ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. ئەنئەنىۋى ساناھەتنى ئۆزگەرتىش ۋە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، كۆيتۇڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، قومۇل مىس - نىكىل كانى، شىخەنزە ئۇن - ياغ زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى 184 - تۈەن مەيدانىنىڭ بېنتونىت تۈرى قاتارلىقلار بار. 3 - كەسپكە 4 مىليارد 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭدىكى ئوقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان 58 تۈەن - مەيداندىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خەتەرلىك كونا ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئەرزان ھەم قولايلىق ئۆي سېلىش ۋە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى، يېڭىدىن قۇرۇلغان 4 شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشى بىلەن يۈندا يولى قۇرۇلۇشى، يۈندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، 5 كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى، ئامرانلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىكى 26 تاشيول ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى 5 تاشيول قۇرۇلۇشى، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق 5 ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 2 - ۋە 10 - شىلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇش تۈرلىرى، شۇنىڭدەك بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت، ئۈچۈر قۇرۇلۇشى، ج خ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە ۋە تۈرمە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى بار.

ئۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: كۆمۈر قېزىش 220 مىڭ توننا، گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 28 مىڭ 500 كىلوۋات، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى بېسىملىق) 396 كىلومېتىر، ترانسفورماتور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 58 مىڭ كىلوۋات ئامپېر/70 مىڭ دانە، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 14 مىڭ 821 (كۆلىمى 47 مىڭ كۋادرات مېتىر)، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 37 مىڭ 63. يېڭىدىن ياسالغان يول 495 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن يول 901 كىلومېتىر، ئولتۇراق ئۆي 3 مىليون 780 مىڭ كۋادرات مېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىڭ 900 گېكتار، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 86 مىڭ 300 گېكتار.

2001 - يىلى بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 186 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1. 17؛ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 666 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5. 16 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 3 مىليارد 932 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8. 19 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7 مىليون 769 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 735 مىڭ كۋادرات

مېتىر كۆپىيىپ، %10.4 ئاشتى. بۇ يىل يېڭىدىن ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 843 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 382 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، %7 ئاشتى؛ پۈتكىنى 5 مىليون 586 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 576 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، %11.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 3 مىليون 984 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %16.7 ئاشتى. خېرىدار چاقىرىش- ھۆددە بېرىش نىسبىتى %40.2 بولۇپ، 6 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا پۈتكەن قۇرۇلۇش 4385 بولۇپ، %7.9 ئاشتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.5 ئاشتى؛ قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش نىسبىتى %71.9كە يەتتى. ھۆددە ئالغان ئورۇنلار قىلغان قۇرۇلۇش سانى 2000 - يىلدىكىدىن 408ى كۆپىيىپ، %24.5 ئاشتى. قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولدى، ئۈنۈمى ئۆستى، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 4000 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %35.9كە يەتتى.

5. سودا، تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 346 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %17.5 ئاشتى، مال باھاسى ئامىللىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئاشقىنى %14.6 بولدى. شەھەر ۋە يېزىلار بويىچە ئايرىغاندا، شەھەرلەرنىڭ 3 مىليارد 31 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.9 ئېشىپ، %47.8نى؛ ناھىيىلەرنىڭ 414 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئېشىپ، %6.5نى؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ 2 مىليارد 901 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئېشىپ، %45.7نى ئىگىلىدى؛ كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 3 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.5؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 666 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.9 ئاشتى؛ ماشىنا سانائىتىنىڭ 505 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.5 كېمەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ 906 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.7؛ باشقا كەسىپلەرنىڭ 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.8 ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليارد 231 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.3 كېمەيدى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 19 مىليارد 147 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.3 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 22 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.4 كېمەيدى. چەكلىك سوممىدىن ئارتۇق توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى بويىچە تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 12 مىليارد 611 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.1 كېمەيدى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 14 مىليارد 161 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.4؛ تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 835 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.9 كېمەيدى.

دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە باي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان سودا، ماددىي ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 780 مىليون يۈەن بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.7؛ سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.7، ئامبار زاپىسىنىڭ سوممىسى 320 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.6. تەمىنات - سودا كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليارد 80 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.3 كېمەيدى؛ سېتىش سوممىسى 6 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.4؛ ئامبار زاپىسىنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %74.6 ئاشتى.

ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 654 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %13.2 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 300 مىليون دوللار بولۇپ، %33.3 كېمەيدى؛ ئىمپورت سوممىسى 354 مىليون دوللارغا يېتىپ، %16.8 ئاشتى. ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 151 مىليون دوللار بولۇپ، %42.6 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 89 مىليون دوللار بولۇپ، %53.1 كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى پاختىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 36 مىليون دوللار بولۇپ، %74.9؛ ئىمپورت سوممىسى 62 مىليون دوللار بولۇپ، %16 كېمەيدى، ئىمپورت قىلىنغان ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى 40 مىليون دوللار بولۇپ، %34.3 كېمەيدى. چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 503 مىليون دوللارغا يېتىپ، %2.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 212 مىليون دوللار بولۇپ، %18.9 كېمەيدى، ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ساياھەت سودىسىنىڭ 176 مىليون دوللار بولۇپ، %29 كېمەيدى؛ ئىمپورت سوممىسى 291 مىليون دوللارغا يېتىپ، %27.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قارا مېتالنىڭ %9.6، رەڭلىك مېتالنىڭ %26.2 ئاشتى، پۈتۈن ساھەنىڭ پايدا سوممىسى 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى.

بۇ يىل ئىمزالانغان ئىقتىساد - تېخنىكا توختامىدىن 97سى ئىجرا قىلىندى، بۇلارغا 1 مىليارد 276 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن 290 مىليون يۈەن

مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا توختام بويىچە ئىجرا قىلىنغان تۈر 112. توختام بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 2 مىليارد 542 مىليون يۈەن، شۇ يىلى 1 مىليارد 555 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى يېڭىدىن ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامى 53، توختام سوممىسى 1 مىليارد 26 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىنغان توختام 59 بولۇپ، توختام سوممىسى 1 مىليارد 85 مىليون يۈەنگە يەتتى. سېلىنىدىغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر 34 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى يىلدىن سۆرۈلگىنى 9؛ ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 808 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى سېلىنغىنى 554 مىليون يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مەبلىغى 129 مىليون يۈەن.

بىڭتۈەن بويىچە 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ساياھەتچىلىك كارخانىسى 59 بولۇپ، شۇ يىللىق ئىچكى ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 537 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26 ئاشتى. دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 1 مىليون 199 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانىلار كۈتۈۋالغىنى 864 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، ساياھەت كوپىراتىپلىرى كۈتۈۋالغىنى 34 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم)؛ كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر 65 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %43 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانىلار كۈتۈۋالغىنى 5100 ئادەم (قېتىم)، ساياھەت كوپىراتىپلىرى كۈتۈۋالغىنى 60 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم). چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشقا تەشكىللەنگەن جۇڭگو پۇقرالىرى 1220 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، %56.7 ئاشتى. 112 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان 26 مېھمانخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 21، 3001 ياتاق، 6867 كارىۋات، 3492 كەسپكار بار. ساياھەتچىلىك مېھمانخانىلىرىنىڭ ياتاقلارنى ئىجارىگە بېرىش ئوتتۇرىچە نىسبىتى %48.8كە يەتتى.

6. پەن - تېخنىكا بىڭتۈەن بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 131 مىڭ، تۈەن (زاۋۇت) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 170، ئالىي مەكتەپ پەن تەتقىقات ئاپپاراتى بىر، چوڭ - ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 19، پەن - تېخنىكا خادىمى 2461.

پەن - تېخنىكا خىراجىتى 21 مىليون 30 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەننىڭ مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغىنى 13 مىليون 650 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %14.1 ئاشتى. بىڭتۈەن دەرىجىلىك ھەربىر تەتقىقات تۈرىگە 64 مىڭ 800 يۈەندىن مەبلەغ سېلىندى. سانائەت - پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بىڭتۈەن دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرى 38 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 451 مىليون 590 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل مەبلىغى 247 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

54 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت بىڭتۈەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 14 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 38 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر يىلدا 25 يېڭى سورت ۋە يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى، 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەھسۇلات قىممىتى 308 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى.

**7. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى**

2001 - يىلى بىڭتۈەندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 7، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 22، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 286، باشلانغۇچ مەكتەپ 417. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 5692گە يېتىپ، %53.8 ئاشتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 2627گە يېتىپ، %25 ئاشتى، ئوقۇۋاتقىنى 14 مىڭ 490گە يېتىپ، %23.5 ئاشتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 1966 بولۇپ، %20 ئازايدى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 2788 بولۇپ، %28 ئاشتى، ئوقۇۋاتقىنى 6270 بولۇپ، %16.3 ئازايدى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 57 مىڭ 500گە يېتىپ، %10.1 ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 33 مىڭ 36 بولۇپ، %8.7 كۆپەيدى، ئوقۇۋاتقىنى 147 مىڭ 905كە يېتىپ، %13.9 ئاشتى؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 102 بولۇپ، %1.2 ئازايدى، ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 44 مىڭ 529 بولۇپ، %8.3 ئاشتى، ئوقۇۋاتقىنى 291 مىڭ 752گە يېتىپ، %1.1 ئاشتى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى، يىل ئاخىرىغا قەدەر، بىڭتۈەن بويىچە 131 تۈەن - مەيدان «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە ئۆلچەمگە يېتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بويىچە ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %84.6كە يەتتى. ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.6كە يەتتى، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %0.2كە چۈشتى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %102كە يەتتى، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %1كە چۈشتى؛

مېيىپ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %82.6 بولدى؛ ياش، ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتلىق نىسبىتى %98تىن يۇقىرى بولدى، ساۋاتسىزلىنىش نىسبىتى %5 ئىچىدە تىزگىنلەندى.

يىل بېشىدا بىڭتۇەن بويىچە باھار بايرىمى تېلېۋىزىيە سەنئەت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىڭتۇەن بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرەك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئوتلۇق ئېيون» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىم قوللانمىسى نەشر قىلىندى؛ بىڭتۇەن سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئويۇن قويۇش ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، ئىجادىيەت كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى قاتارلىق 18 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ بېيجىڭدىن سەھنىگە چىقىرىلغان چوڭ تىپتىكى تارىخىي ھېكايە دراممىسى «باتۇر ئىپارخان» 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تىياتىر بايرىمى ساۋيۇ تىياتىر مۇكاپاتى قاتارلىق 7 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك سەنئەت ئىجادىيىتى بويىچە «چولپانلار مۇكاپاتى»غا باھالاشقا كۆرسىتىلگەن سەنئەت نومۇرلىرىدىن بىر تۈر ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، 2 تۈر كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، 3 تۈر مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇش» مۇكاپاتىغا باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان 10 ئەسەردىن 2سى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بىڭتۇەن بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 9، ئارخىپ سارىيى 2. بىڭتۇەن دەرىجىلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر، شى دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 4، رادىئو ئىستانسىسى 2، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 10، تۆەن دەرىجىلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئۆزىلى 188، بېيىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 94، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 99. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.3كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.1كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 300 مىڭدىن ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 45 مىليون نۇسخىدىن ئارتۇق ھەرخىل گېزىت، 700 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل ژۇرنال نەشر قىلىندى.

بىڭتۇەن بويىچە 2001 - يىلدىكى تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتى 664، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 220، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 78. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 16 مىڭ 915. سەھىيە خادىمى 26 مىڭ 682، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 21 مىڭ 907. ھەر مىڭ كىشىگە 7 كارىۋات، 9 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 4 دوختۇر توغرا كەلدى. تېببىي داۋالاش بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %80تىن ئاشتى. يىللىق مەلۇماتىكى ھەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدىن يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار 225.73 بولدى، بوۋاق بالىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ‰15.7كە چۈشتى، ھەر 100 مىڭ تۇغۇتلۇق ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 45.45 بولدى. نامرات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلارنىڭ سەھىيە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنما كۆپەيتىلدى، 2001 - يىلى جەمئىي 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى ياخشىلاندى، ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

2001 - يىلى بىڭتۇەن تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك ياشلار رۇداۋچە چېلىشىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 200 نەچچە چېلىشچى قاتناشتى. دۆلەت باش تەنتەربىيە ئىدارىسى بىڭتۇەننى «ئەڭ ياخشى» مۇسابىقە رايونى قىلىپ باھالىدى. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە بىر تۈردە 4 - لىككە، بىر تۈردە 5 - لىككە ئېرىشىلدى. كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، 30 كوللېكتىپ ۋە 20 شەخس دۆلەت باش تەنتەربىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى. مەملىكەتلىك يىراق جەنۇب مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئەزىمەتلەر 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ۋە بىر مىس مېدالغا ئېرىشىپ ياخشى نەتىجە قازاندى. بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماس قىلىنغانلىقىنى قوللاش يۈزىسىدىن بىر قاتار پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى، 7-ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى» پائال يۈرگۈزۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

8. مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشقا ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەلىرىنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھىت ئاسراش تەشۋىقات - تەربىيىسى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، سانائەتنىڭ نۇقتىلىق

بۇلغاش مەنبەلىرى ۋە چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. مۇھىت ئاسراش ئىگىلى تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەننىڭ مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدىكى قوشۇمچە خادىم 110غا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 23ى تاماملاندى. بۇ تۈرلەرگە 57 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

سانائەتنىڭ بۇلغاش يۈزلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر سانائەت كارخانىلىرى چىقارغان ئىس - تۈتەك 6300 توننا، گۈڭگۈرت Ⅳ ئوكسىدى تەخمىنەن 20 مىڭ توننا، COD تەخمىنەن 40 مىڭ توننا بولدى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يۇندىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش نىسبىتى %65 بولدى.

مۇھىتنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ھەققىدىكى 7 دوكلاتنامىسى، ئوتتۇرا، كىچىك 35 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىگە دائىر مەلۇمات جەدۋىلى، 25 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى تىزىملاش جەدۋىلى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 17 قۇرۇلۇش تۈرى ئۈستىدە «ئۈچ بىر ۋاقىتتا» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %87 بولدى.

بىڭتۇەن بويىچە بەرپا قىلىنغان بوستانلىق كۆلىمى كېڭەيدى، يەرلەرنىڭ شورلۇشۇپ كېتىش كۆلىمى ئازايدى، بىراق قۇملىشىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، تەبىئىي ئوتلاقلار ناچارلىشىۋاتىدۇ، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنمايۋاتىدۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

9. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى 2001 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 19 مىليارد 298 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %11.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 4 مىليارد 17 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18، ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇلى 9 مىليارد 668 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشتى. ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 13 مىليارد 177 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 8 مىليارد 616 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.6؛ ئوتتۇرا - ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل 4 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %113.4 ئاشتى.

بىڭتۇەن بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 70 مىليارد 399 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %32 ئاشتى. يېڭى سۇغۇرتا تۈرلىرى يولغا قويۇلۇپ، يېڭى بازارلار ئېچىلىپ، سۇغۇرتا كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. بىر يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 472 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3، مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.8؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 82 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.2 ئاشتى. 3 چوڭ سۇغۇرتا تۈرىنىڭ كەسپىي كىرىم قۇرۇلمىسى 2000 - يىلدىكى 18:39:43 دىن 39:17:44غا ئۆزگەردى. سۇغۇرتا تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى سىياسەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتىدىن تەدرىجىي ھالدا سودا خاراكتېرلىك سۇغۇرتىغا ئۆزگەردى. بىر يىلدا ھەرخىل سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسى 862گە، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %98كە يەتتى؛ تۈرلۈك سۇغۇرتا بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 266 مىليون يۈەنگە، ئۇنىۋېرسال تۆلەم، بېرىلگەن پۇل نىسبىتى %56كە يېتىپ، 7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، زىيان نىسبىتى %0.4 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 79 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %38 بولۇپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 31 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %38 بولۇپ، 8 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكى سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 156 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %85 بولۇپ، 17 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

10. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى 2001 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 5 مىليارد 257 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىدىكىلەرنىڭ 4 مىليارد 791 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.2 كېمەيدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6970 يۈەن بولۇپ، 207 يۈەن قوشۇلۇپ، %3.1 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %0.9 تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى روشەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئىككىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش مۇستەھكەملەندى. يىل ئاخىرىدا، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 63 مىڭ 600گە يەتتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت مەبلىغى ئۈچۈن 304 مىليون يۈەن جۇغلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلار جۇغلىغىنى 1 مىليون يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن چىقىرىلغىنى 47 مىليون يۈەن؛ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ

پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا ھەم تولۇق تارقىتىشقا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىندى، تارقىتىش نىسبىتى %100، ئىجتىمائىيلاشقان تارقىتىش نىسبىتى %100 بولدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، بىڭتۈەن بويىچە سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 683 مىڭ 400گە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %95كە يەتتى؛ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتا يېڭى بۆسۈش بولدى، بىڭتۈەن بويىچە 14 داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش جۇغلاش رايونى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 670 مىڭغا يەتتى، يىل ئاخىرىغا قەدەر 800 مىڭ ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش خىزمەت نىشانىنىڭ %84ى ئورۇندالدى؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 607 مىڭ 600 بولۇپ، ئىشسىزلىققا تىزىملىتىش نىسبىتى %3.4 بولدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 21 مىڭ 900 ئىشچى - خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %23.2 بولدى.

## يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: خۇ چاڭئەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ خۇڭنيەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ شىنچى (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ پىڭخەي (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: جاۋ گۇاڭيۇڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جيەنشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى زېيكاڭ، ياڭ خەيخەن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ دېفېڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شېن شياۋۋېي (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ پىڭخەي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ شىنجۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېڭ شياۋشەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇڭ يۇڭيى (8- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ئابدۇراخمان روسۇل (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شىنرۇڭ (ئايال)، ۋاڭ پىڭخەي (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەمەت سابىر (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 266 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 119 مىڭ 500؛ خەنزۇ 251 مىڭ 200، ئۇيغۇر 10 مىڭ 500، خۇيزۇ 1800، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 2700. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰22.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1.03. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 16، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت - قاتناش - بىناكارلىق - سودا كارخانىسى 18. يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئەمگەك كۈچى 112 مىڭ 900.

2001 - يىلى شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 440 مىليون يۈەن (شۇ يىلدىكى باھا بويىچە، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %10.7 ئاشتى (2000 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 148 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 573 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 719 مىليون يۈەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9166 يۈەن. شى بويىچە خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 80 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 416 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 2 مىليارد 253 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 18 مىليون 50 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 139 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 740 مىڭ يۈەن. 126 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى، 127 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 176 مىڭ 200 توننا پاختا، 36 مىڭ 554 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 2500 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 381 مىڭ 300 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار بولغان ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ 854 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 364 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى، 11 مىڭ 335 توننا گۆش، 434 توننا قوي يۇڭى، 1650 توننا سۈت، 1378 توننا تۇخۇم، 765 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 218 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. 58 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 95 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 142 مىڭ 900 گېكتار. 2001 - يىلى يېزا ئىگىلىكنى ئۇنۇمۈرسال ئېچىشقا 92 مىليون 186 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سېلىنغىنى 19 مىليون 766 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئېچىلغان يەر 1255 گېكتار، ساپ كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر 913 گېكتار؛ تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 72

مىليون 420 مىڭ يۈەن، 5467 گېكتار تۈۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. شى بويىچە يۇركۇپ ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى 3600 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 223 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 388 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 113 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 613 مىليون يۈەن، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون يۈەن. 166 مىڭ 387 توننا ساپ پاختا، 58 مىڭ 762 توننا گۆرۈچ، 5900 توننا بۇغداي ئۇنى، 33 مىڭ 800 توننا سۈ يېغى، 17 مىڭ 755 توننا پاختا يىپ، 6 مىليون 196 مىڭ مېتىر رەخت، 100 مىڭ 737 توننا كۆمۈر، 245 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 14 مىڭ 449 توننا سۈلفات كىسلاتاسى، 5194 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 10 مىڭ 627 توننا سۇلياۋ ياسالما، 569 مىڭ 400 توننا سېمونت، 187 مىليون 880 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 670 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 680 مىليون يۈەنگە، سېلىنىۋاتقان ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 737 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 698 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 796 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ترانسپورتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 71 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 316 مىليون 587 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 196 مىليون 293 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 270 مىليون 259 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 151 مىليون 860 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 465 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 42 مىليون يۈەن، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 278 مىليون يۈەن. تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون دوللار.

2001 - يىلى ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 333 مىليون يۈەن بولدى. سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 33 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 56 مىليون 856 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى شى بويىچە 40 ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تۈرى 21، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۈرى 3، چارۋىچىلىق تۈرى 4، داۋالاش تۈرى 3، باشقا تۈر 9. بۇ تېمىلار ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. شى بويىچە 12 ئىلمىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى باھالاشتىن ئۆتتى، بىر تۈر بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە «يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلان تۈرى» دىن 20سى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى - مەيدانى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئۈلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى - مەيدانىدىن 3ى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شى بويىچە ھەرخىل مەكتەپ 87، ئوقۇغۇچىسى 62 مىڭ 589. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 224؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ 263؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.8كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100كە يەتتى. شى بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 9 تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى بار، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ بىر رادىئو ئىستانسىسى، 14 چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو ئۈزىلى، 17 سىملىق رادىئو ئۈزىلى بار. 2001 - يىلى «تارىم» گېزىتى ھەپتىسىگە 2 سان چىقىرىشتىن 4 سان چىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، بىر يىلدا 200 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 800 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى؛ «تارىم خوجايىنلىرى» گېزىتى 36 سان چىقىرىلىپ، 175 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى 39، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 21، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى 18. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2615، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2212. ھەر 1000 ئادەمگە 9.8 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 8.3 كارىۋات توغرا كەلدى. پىلانلىق تۇغۇش نىسبىتى %99.17، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %92.36، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %80.08 بولدى.

2001 - يىلى شى بويىچە دۆلەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 854 مىليون يۈەنگە، يىللىق مائاش كىرىمى 9060 يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 9582 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە 67 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى، 45 مىڭ 300 پېنسىيىگە چىققان خادىم سۇغۇرتا فوندىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋاقتىدا ھەم تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە سۇغۇرتىسى ۋە ئىش ئورنىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىنى تاپشۇرۇش نىسبىتى 100%كە، پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلىنى تارقىتىش نىسبىتى 100%گە يەتتى.

نيۇ خەيجۈن

## يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: فېڭ جىمىڭ (قوشۇمچە، 7-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىخېڭ (قوشۇمچە، 8-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: سۇڭ جيەنيې (2- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شى شىنمىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: گې جېڭفا (2-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇڭ جيەنيې (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: دىڭ سۇڭگو (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭفېڭ (موڭغۇل، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گو شاڭگۇاڭ، جاڭ شيۇلىڭ (ئايال)، ۋاڭ يىلۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى جياڭجياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جۇ دېچېن، راخمان كېرەم.

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 197 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 92 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 6217. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.13‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.33‰. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 54 مىڭ 800. ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 6000، شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 5.83%. شىغا قاراشلىق يېزا ئىگىلىك تۇەن - مەيدانى 17، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت كارخانىسى 9، بىناكارلىق، قۇراشتۇرۇش كارخانىسى 4، ترانسپورت كارخانىسى بىر، سودا كارخانىسى 5.

2001 - يىلى شى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 612 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 589 مىليون يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 440 مىليون يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 583 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 203 مىليون يۈەنگە يەتتى، 63 مىڭ 500 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 76 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 48 مىڭ 900 توننا پاختا، 447 مىڭ 800 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1200 گېكتار يەر باغۋارانلاشتۇرۇلدى، 64 مىڭ 300 توننا مېۋە ئېلىندى. شى بويىچە 88 گېكتار تېرىلغۇ يەر يوشۇرۇنلۇق ئورمان بەرپا قىلىندى (ئوت - چۆپ تېرىلدى). يىل ئاخىرىدا قولدا 301 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 8200 توننا گۆش، 476 توننا قوي يۇڭى، 3800 توننا سۈت، 1200 توننا تۇخۇم، 1400 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 141 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 1364 چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور، 1122 قول تراكتور بار بولدى. 24 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 95 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 233 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 311.73 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، يۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان ۋە تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان يەر 4600 گېكتار كۆپەيتىلدى، 27 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 166 كىلومېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى، 363.9 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 822.6 كىلومېتىر ئۆستەڭنىڭ لاتقىسى چىقىرىلدى، 277.7 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، 85 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى مۇستەھكەملەندى، 1438 ئىنشائات ياسالدى ۋە ئاسرالدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 289 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 704 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 533 مىليون يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 171 مىليون يۈەن. 324 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 38 مىڭ 300 توننا تاشپاختا، 57 مىڭ 200 توننا شېكەر، 3751 توننا ئىسپرت، 11 مىڭ توننا پاختا يىپ، 13 مىليون 745 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 37 مىڭ 500 توننا ساپ پاختا، 20 مىڭ 700 توننا شوخلا قىيامى، 7430 توننا مېۋ يېغى، 62 مىڭ 600 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىلى 2115كە يەتتى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 93 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 251 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 128 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 235 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 127 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 323 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 220 مىليون يۈەن. پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 328 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا،

يۇتكەن لۇي - ئىمارەت كۆلىمى 244 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 531 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 375 مىليون يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 330 مىليون يۈەنگە، ئامبار زاپىسىنىڭ سوممىسى 174 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 861 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 528 مىڭ 300 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 333 مىڭ 400 دوللار.

يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 538 مىليون يۈەن، ئاھالىلەر ئامانىتى 996 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 172 مىليون يۈەن.

شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 3 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 45 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 21 مىليون يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 671 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 281 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 123 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 267 مىليون يۈەن.

شى بويىچە تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ۋە ئاپپاراتى 23، پەن - تېخنىكا خادىمى 711، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 424. پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى 13 مىليون 172 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىن بۆلۈپ بېرىلگىنى 424 مىڭ يۈەن. 2 تۈرلۈك پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 17 تۈر شىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىدا چوڭلار ئالىي تېخنىكومىدىن 2سى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بىرى، كەسپىي تېخنىكومىدىن بىرى، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن 4ى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 41ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 28ى بار. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 474، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 464، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3070. ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 2592، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 1979. يەسلى ۋە بالىلار باغچىسىدىكى بالا ۋە ئۆسمۈر 4095 (تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). شى بويىچە 14 تۈەن - مەيدان «ئىككى ئاساسەن» ئۆلچىمىگە يېتىپ ئوگۇشلۇق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 3 تۈەن - مەيدان ئۈستىدىن «ئىككى ئاساسەن» بويىچە قايتىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. شىدىن بىڭتۇەن بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشقان ئۆمەك 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە 25 رادىئو تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۆزبېلى) بار بولدى، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.5%كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.4%كە يەتتى. مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 2118 پارچە ماقالا ئېلان قىلىندى. «بوستان گېزىتى» 148 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 660 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتىدىن 44ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 24، شىپاخانا 16، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1633، تېببىي داۋالاش سەھىيە خادىمى 2110.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى 442 مىليون يۈەنگە، مائاش سوممىسى 399 مىليون يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7810 يۈەنگە يەتتى. 110 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى يىغىۋېلىندى، 55 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 92%كە يەتتى. دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققانلارغا 260 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى، بېرىلىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. شى بويىچە 95 مىڭ 700 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 98%كە يەتتى، ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سوممىسى 20 مىليون يۈەنگە، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 92%كە يەتتى.

سەي چىڭ

## يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياۋ يۇڭفېڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ليۇ شىنچى (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ دېفېڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: ساۋخەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ جىنيۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: قادىر بەكرى، يەن شيۈيى، خې ۋېي، كۇڭ شىگلوڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جىنرۇڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، پەرھاد سەئىدى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ھامۇتجان ئۆكتەم (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ جېڭ لىپىڭ

(ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، زۇنۇن ياسىن (8- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى چۈەنشۇ (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

شىنجاڭ 2001 - يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 183 مىڭ 326، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 98 مىڭ 78، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 89 مىڭ 658، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.53، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.83، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.7. شى بويىچە 195 كەسپىي - كارخانا ئورۇن بار، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا 36، كەسپىي ئورۇن 159. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 72 مىڭ 861، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە - ئورۇندىكىلەر 36 مىڭ 567، يەككە ئەمگەكچى 8762، يېزا قىشلاقلاردىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى خادىملار 27 مىڭ 532.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 954 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 475 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 214 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 265 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 128 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 927 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 190 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 181 مىليون 840 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 920 مىڭ يۈەن. 68 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 60 مىڭ 928 توننا ئاشلىق، 74 مىڭ 305 توننا پاختا، 311 توننا ياغلىق دان، 39 مىڭ 347 توننا مېۋە ئېلىندى. 1509 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 629 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 604 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 727 توننا گۆش، 590 توننا قوي يۇڭى، 5670 توننا كالا سۈتى، 1071 توننا ئۆچكە سۈتى، 161 مىڭ 286 پارچە قوي تېرىسى، 56 مىڭ 228 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 8184 پارچە كالا تېرىسى، 4684 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 1967 توننا تۇخۇم، 13 توننا ھەسەل ئېلىندى. 167 بۇغا بېقىلىپ، 120 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. 707 توننا بېلىق تۇتۇلدى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى. 46 مىڭ 400 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 34 مىڭ 747 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 10 مىڭ 32 توننا دىزېل، 75.677 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يېڭى بەلگىلىمە بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 265 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 173 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 91 مىليون 610 مىڭ يۈەن. 4110 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 20 مىڭ 400 توننا ئۇن، 12 مىڭ 197 توننا سۇ يېغى، 203 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 149 مىليون 230 مىڭ دانە خىش، 4500 توننا سېمونت، 3710 توننا سۇلياۋ ياسالما، 732 توننا چوڭچوكبۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى. شى بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 301 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 247 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى شى بويىچە تاشيول ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 51 مىليون 156 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 154 مىليون 372 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 51 مىليون 156 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 132 مىليون 618 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %182.5 ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 58 مىليون 94 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %88.21نى تەشكىل قىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 405 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 319 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 82 مىليون 990 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 2 مىليون 930 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن قوشۇلغان تۇراقلىق مۈلۈك 355 مىليون 640 مىڭ يۈەن.

2001 - يىلى شى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 869 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چەكتىن تۆۋەن كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەن، چەكتىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى 769 مىليون يۈەن.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 266 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە يەككە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تور - نۇقتىسى 489غا، كەسپكارى 1069غا يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 804 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 973 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 831 مىڭ 700 دوللار.

2001 - يىلى شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 176 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 23 مىليون 462 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ يىلى 3120 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 9 مىليون 389 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم

ئۆلەندى.

2001 - يىلى شى بويىچە 66 ئىلمىي تەتقىقات ئىنىستىتۇتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى 2، بىڭتۇەننىڭ پەن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى 5. «كىچىك ۋەزىنلىك ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدىن 12سى، پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 113ى بار. پەن - تېخنىكا خىراجىتى سېلىنمىسى 4 مىليون 884 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7204كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 358 قارار تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 45 مىڭ 320 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شى بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ 90، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 60، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5؛ مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتىپى 31، مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتىپى 14. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2286. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2512، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 636، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 38. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %87 بولدى. 16 بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىدىكى بالا 3632.

مۇشۇ بىر يىلدا «زەرەپشان گېزىتى» 100 سان چىقىرىلىپ، 590 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باسما تاۋىقى چوڭايتىلىپ، بېتى كۆپەيتىلىپ چىقىرىلغىنى 11 سان. شىدىكى تۈەن - مەيدانلار مۇشۇ بىر يىلدا 167 مەيدان (قېتىم) مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۆزلىرى تەييارلىغان نومۇرلار 426 بولۇپ، كۆرگۈچىلەر 110 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى مۇشۇ بىر يىلدا 78 مەيدان ئويۇن قويىدى، كۆرگۈچىلەر 155 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شى بويىچە 52 كۇتۇپخانا (قىرائەتخانا)، 190 مىڭ پارچە كىتاب، 14 ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى، 110 ليەن - دۈي مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى بار. 2 كىنو قويۇش ئاپپاراتى بار بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 66 قېتىم كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 10ى بار. شى بويىچە 29 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى بار، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 971، 1218 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

شى بويىچە 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 36 مىڭ 539 بولۇپ، ئۇلارغا 231 مىليون 97 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6400 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان 17 مىڭ 837 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارغا 33 مىليون 670 مىڭ يۈەن پېنسىيە مائاشى تارقىتىلدى. شى بويىچە خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6873 يۈەنگە، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5442 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 2663 يۈەنگە يەتتى.

يەن شىلىن

## يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ گولياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: رېن شۇدۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لۇ شياۋفېڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: خۇاڭ چىلۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: رېن مىنمىن، جاڭ يوڭ، لۇ شياۋفېڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ۋېيمىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ چېڭلوڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن شياۋليەن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: باي دۆلەت (قازاق)، لى ۋېنيى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 215 مىڭ 620، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 111 مىڭ 628، ئايال 103 مىڭ 992. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 38 مىڭ 822. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.32. يىل ئاخىرىدا دۆلەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 73 مىڭ 685.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 654 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 623 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 535 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 496 مىليون يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 189 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 102 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى، 305 مىڭ 152 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 902 توننا پاختا، 44 مىڭ 657 توننا ياغلىق دان، 498 مىڭ 511 توننا قىزىلچا، 40 مىڭ 432 توننا مېۋە - چېۋە، 1884 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 711 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 841 توننا گۆش، 16 مىڭ 322 توننا سۈت، 1829 توننا قوي يۇڭى، 5254 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 163 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى، چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 1544، كىچىك تراكتور 2027، كومبايىن 367.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 892 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 656 مىليون 180 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 236 مىليون 760 مىڭ يۈەن. 442 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 106 مىليون 860 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 289 مىڭ توننا سېمونت، 43 مىڭ 700 توننا كوكوس، 5 مىليون 368 مىڭ دانە كۆندىلىك فارفور بۇيۇم، 11 مىڭ 300 توننا تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئەينەك، 11 مىڭ پار ئاياغ كىيىم، 1 مىليون 273 كۋادرات مېتىر خۇرۇم، 21 مىڭ 956 توننا شېكەر، 19 مىڭ 296 توننا ئىچىملىك ھاراق (4 .346 توننا ئاق ھاراق)، 8022 توننا سۇ يېغى، 410 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 14 مىڭ 900 توننا گۇرۇچ، 31 مىڭ توننا ئۇن، 1143 توننا كراخمال، 3866 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 790 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرى سالغىنى 429 مىليون 440 مىڭ يۈەن (ئىلى ئالاھىدە ھارۋىقى گورۇھىنىڭ 311 مىليون 510 مىڭ يۈەن). قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 758 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 662 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 294 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ قىممىتى 248 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 522 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 411 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يول قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ترانسپورت كەسپىدە خۇسۇسىي ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، شى بويىچە 2741 ھەرخىل ئاپتوموبىل بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 591، خۇسۇسىلارنىڭ 2150. يۈك ئوبوروت مىقدارى 313 مىليون 112 مىڭ توننا- كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 222 مىليون 485 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە يەككىلەرنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىش سودا تور- نۇقتىسى 2989، كەسپكارى 3947، يەككىلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك تور - نۇقتىسى 779، كەسپكارى 1773. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 509 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 571 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 160 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 230 مىڭ دوللار، ئېكسپورتتىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن باج قايتۇرۇلدى.

بىڭتۇەننىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت تۈرى 2، شىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكىنى بىر «يېزا ئىگىلىك 4 - شىنىڭ ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيىتى» بىلەن «قىلدام نەيچە ئارقىلىق خروماتوگرافىيە قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش تېخنىكىسى» دىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شى بويىچە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىمى 1753كە، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسەتمىدىغان لىيەن 85كە، ئىمپىنا - گورۇپپا 560قا، ئائىلە 4417گە يەتتى. 132 قېتىم پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 11 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» دىن 13 مىڭ پارچە نەشر قىلىندى. شىدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 34ى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 46سى، ئوقۇتقۇچى- ئىشچى - خىزمەتچىدىن 3095ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2185. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 537، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 619، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە يەتتى. كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم 2 بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 147؛ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 241، رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 102، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 501. شى بويىچە 14 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانىدا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ياش-ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 3% ئىچىدە كونترول قىلىندى. شىدا 348 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 22 تۇەن - مەيدان دوختۇرخانىسى ۋە شىپاخانىسى بار. دوختۇرخانىلاردا 1378 كارىۋات، 1078 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. شىدىكى 4 دوختۇرخانا بىڭتۇەن بويىچە «ئۈلگە كۆرسىتىش دوختۇرخانىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 99.95%كە، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 92.11%كە يەتتى. شى بويىچە 2 ئورۇن مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا، 2 كىشى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى. بىرەيلەن مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا - ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي

تىنچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، F57 دەرىجىلىك چويۇن توپ ئېتىشتا 1 -، دېسكا ئېتىشتا 2 -، نەيزە ئېتىشتا 3 - بولدى. 3 ئورۇن بىڭتۈەن بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا، 5 كىشى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

14 ليەندۈي بىڭتۈەن تەرىپىدىن «ھاللىق، سەۋىيىگە يەتكەن ليەندۈي» بولۇپ باھالاندى. 67 - تۈەن - مەيداننىڭ 3 - ليەنى مەملىكەت بويىچە «ناھىيە، يېزىلار ئارا مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىشتا ئۈلگە پونكىت» قاتارىغا كىردى. يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى «بىڭتۈەن كوممۇنىستلىرىنىڭ سالاپىتى» فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، تاللانغان ئەسەرلەردىن 2 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، بىر پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىڭتۈەن بويىچە 2 - بولۇپ سۈرەتلىك ئۇچۇر تېلېۋىزىيە قانىلى، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو سىگنالىنى يولغا قويدى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 2 - يۈرۈش نومۇرلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئۇلاپ ئاڭلاتتى. 58 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى، 4 يۈرۈش رادىئو پروگراممىسى تارقىتىلىدىغان بولدى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 8000 غا يەتتى. «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» 150 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 365 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 15 ئاخبارات ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن بويىچە ياخشى خەۋەر بولۇپ مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭخۇا ماركىلىق ،قىزىل يەر شارى، ئېلىمىزنىڭ جەنۇب-شىمالىنى قىزىللىققا پۈركىدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ۋىلايەت-شەھەرلەردىن يوللانغان ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە 370 ماقالە مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، 3063 ماقالە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، 10 مىڭ 555 پارچە ماقالە ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

مۇشۇ بىر يىلدا 10 تەزكىرە كىتابى ئاخىرقى بېكىتىشتىن ئۆتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى سىستېمىسى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتلەرنى باھالاش يىغىنىدا، 72 - تۈەن يازغان «خۇنەن - جياڭشىلاردىكى سوۋېت رايونىدىن ئىلى ۋادىسىغىچە — شىنجاڭ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 72 - تۈەننىڭ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق مۇساپىسى» دېگەن ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

72 - ۋە 73 - تۈەن - مەيدانلار مەملىكەتلىك يېزا - كەنت مەدەنىيەت، سەنئەت بايرىمى پائالىيىتىدە ئىلغار تۈەن - مەيدان بولۇپ باھالاندى، 3 تۈەن - مەيدان بىڭتۈەن بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دېگەن نامغا، 2 كىشى «كۆزگە كۆرۈنگەن پىدائىيلار مۇلازىمى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 61 - تۈەن - مەيداندىن چېن گويىڭ قاتارلىق 10 ياش بىڭتۈەن بويىچە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشتىكى مۇنەۋۋەر ياش ئۈلگىلەر ۋە ماھىرلار» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 7 كوللېكتىپ بىڭتۈەن تەرىپىدىن «بىڭتۈەندىكى ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 71 - تۈەن - مەيدان ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن 74- تۈەن - مەيدان پەرزەنتلەر مەكتىپى ئىتتىپاق ياچېيكىسى قاتارلىق 7 ئىتتىپاق تەشكىلاتى بىڭتۈەن بويىچە «4- ماي قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق ياچېيكىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 68 - تۈەن - مەيداننىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈن يۈمىڭ بىڭتۈەن بويىچە «ئون ياخشى پېشۋانېر» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بەشتوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى چېن لىجۈن بىڭتۈەن بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن قاراۋۇل» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 437 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 6813 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 280 مىليون يۈەن پېنسىيە سۇغۇرتىسى پۇلى تارقىتىلدى، تارقىتىش نىسبىتى 100%، جەمئىيەتتىن تارقىتىش نىسبىتى 100%، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرۇش نىسبىتى 96.8%، تاپشۇرۇلمىغان پۇلنى ئېنىقلاش نىسبىتى 100% بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، 102 ئورۇن، 109 مىڭ ئادەم بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتى. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندىدىن 1492 ئادەمگە 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك قۇتقۇزۇش پۇلىدىن 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 12 مىڭ 108 ئادەم (قېتىم) گە 222 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا قۇتقۇزۇش بېرىلدى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئۇنىۋېرسال كىرىمى 42 مىليون 251 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 20 مىليون 360 مىڭ 400 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شياۋ يىڭمىڭ

## يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ ۋېي (قوشۇمچە، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ لى جى (قوشۇمچە، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: يۈ جىجى؛ سىياسىي

كومىسسار: جياڭ جيەنشۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېرنا (موڭغۇل)، پۇ داچىڭ، ۋاڭ زىدۇ (موڭغۇل)، گوچاۋشۈن، لى گۇاڭشىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ جىڭدى (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ شۇنباڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى چۈەنشيۇ (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لۇ زېڭشۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنجاڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 105 مىڭ 95، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰39.8، ئۆلۈش نىسبىتى ‰85.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰54.5.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 888 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 226 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 793 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 698 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 900 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 79 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن. 50 مىڭ 900 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، 53 مىڭ 106 توننا ئاشلىق، 53 مىڭ 558 توننا پاختا، 3890 توننا ياغلىق دان، 121 مىڭ 102 توننا قىزىلچا، 1737 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 295 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 5816 توننا گۆش، 726 توننا قوي يۇڭى، 407 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار بولغان ئورمان كۆلىمى 9964 گېكتار. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 124 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىككە 20 مىڭ 372 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت، 418 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 2447 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 330 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 164 مىليون 310 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 100 مىڭ 337 توننا سېمونت، 59 مىڭ 892 توننا ساپ پاختا، 10 مىڭ 372 توننا سۈت يېغى، 10 مىڭ 643 توننا بۇغداي ئۇنى، 3581 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى.

شىدا 1252 ھەرخىل ئاپتوموبىل بولۇپ، تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 98 مىليون 665 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 99 مىليون 130 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 72 مىليون 575 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 528 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 129 مىليون 900 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 95 مىليون 710 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 302 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش قىممىتى 297 مىليون يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 370 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تاۋار سېتىش سوممىسى 888 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 16 مىليون 989 مىڭ دوللارغا يەتتى.

سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 31 مىليون 814 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، 3566 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 15 مىليون 801 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 28 پەن تەتقىقات تېمىسى ئىشلەندى، «ئىنگچۈن 17 - نومۇرلۇق بۇغداي سورتىنى كېڭەيتىش» تۈرى بىلەن «ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بايلىقى بازىسى قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مائارىپ سېلىنمىسى 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيتىلدى. 14 ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆلچەملىك كۆپ ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش سىنىپى قۇرۇلدى، 9 ئوتتۇرا مەكتەپكە يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش كەلگۈسىدىكى تورى سەپلەندى، بارلىق مەكتەپلەرگە كومپيۇتېر سەپلەندى. شىدا 2 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 15 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، 12 بالىلار باغچىسى بار. ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 445، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 990، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6487، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1968. ئادەتتىكى ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومغا 573 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. سەھىيە ئاپپاراتى 186، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 934، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 744. 12 رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۆزبېلى)، 35 يۇرۇش سۈنئىي ھەمراھدىن تارقىتىلغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يەر يۈزىدىن قوبۇل قىلىش مۇئەسسەسى، 2 تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى بار، سىملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىسى 40 يۇرۇشكە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرۇشىدىكى «ئەدەبىيات گۈلزارى» ژۇرنىلى بارلىققا كەلدى. 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشتى.

2001 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 38 مىڭ 500 بولۇپ، ئۇلارغا 275 مىليون يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئوتتۇرىچە يىللىق مائاش كىرىمى 7149 يۈەنگە، ئائىلىلەرنىڭ پۇل ئامانىتى 425 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ فۇلەي

## يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جىن شىڭخۇي (قوشۇمچە، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چيەن جى (قوشۇمچە، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: لى يۇڭشيەن؛ سىياسىي كومىسسار: جۇ جىڭچۈن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جىلياڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېن يىڭ (ئايال)، يۈ شاڭجى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ شۇدۇڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ لىنزې، سۇن چىڭيۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: شۇ يىڭجۇ، جاڭ يۇڭ.

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 278 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 257 مىڭ 400، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 900، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 172 مىڭ 500. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.27‰. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا - كەسپىي ئورۇن 117، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 19. شى بويىچە كەسىپكارلار 96 مىڭ 700.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 683 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 383 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 635 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە يەتتى. 115 مىڭ 600 گېكتار يەرگە زىرائەت تېرىلدى، 165 مىڭ 393 توننا ئاشلىق، 57 مىڭ 152 توننا پاختا، 5812 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 611 توننا قىزىلچا، 274 مىڭ 825 توننا كۆكتات، 1273 توننا قۇلماق، 2962 توننا تاۋۇز گازىرى، 2055 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1795 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 145 مىڭ 300 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 2320 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 572 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 500 توننا گۆش، 5695 توننا سۈت، 1095 توننا قوي يۇڭى، 2009 توننا تۇخۇم، 1483 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 313 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكتە 5876 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 31 مىڭ 600 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت بويىچە ھېسابلاندى)، 17 مىڭ 400 توننا دىزېلىن، 1021 توننا دېھقانچىلىق دورىسى (ناتۇرال مىقدار)، 239 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 9.5% ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 757 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 595 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سانائەتنىڭ 8 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان سانائەتنىڭ 154 مىليون يۈەن. 1 مىليون 47 مىڭ توننا كۆمۈر، 106 مىڭ 800 توننا كوكس، 24 مىڭ 400 توننا بۇغداي ئۇنى، 23 مىڭ 700 توننا سۇ يېغى، 3600 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 8600 توننا شوخلا قىيامى، 60 مىڭ 200 توننا ساپ پاختا، 8300 توننا پاختا يىپ، 3700 توننا بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، 11 مىڭ 900 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 462 مىڭ 600 توننا ماي قەغەز، 1575 سۇ پومپىسى، 218 مىليون 170 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 344 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 307 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، تۇراقلىق مۈلۈككە 873 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 340 مىليون يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 462 مىليون يۈەن، پارچە - پۇرات سېلىنغىنى 6 مىليون يۈەن، شەخسلەر سالغىنى 65 مىليون يۈەن.

تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 414 مىليون 830 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 292 مىليون 520 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. شى بويىچە تاۋار سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 651 مىليون يۈەنگە، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 652 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2001 - يىلى شى بويىچە 66 پەن - تېخنىكا تۈرى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىك ساھەسىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش بويىچە بىر تۈر، بىڭتۇەن بويىچە 11 پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، جەمئىي 78 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تۈرى 44، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۈرى 2،

سانائەت تۈرى 20، تېببىي داۋالاش سەھىيە تۈرى 5، باشقا تۈرلەر 7. شى بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئوقۇغۇچىسى 276؛ كەسپىي تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 1168، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 98، ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىسى 1729. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 54، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 14، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 800، ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچى 2055. بالىلار باغچىسى 18، باغچىدىكى بالا 1372، ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىسى 216.

2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى بىڭتۈەن 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزلىرى ئىجاد قىلغان 5 نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا، 5 نومۇر مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 ئىشتىن سىرتقى ئارتىس بىڭتۈەن بويىچە مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «جۇڭگارغا مۇھەببەت» ناملىق نومۇر بىڭتۈەن بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە 21 ئورۇندا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۈزىلى)، 20 ئورۇندا چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى، 15 ئورۇندا ئوپتىك كابېللىق سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 6 ئورۇندا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى رەقەملىك سۈرەتكە ئېلىش - تەھرىرلەش سىستېمىسى قۇرۇلدى. 8 ئورۇن مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شى بويىچە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتىدىن 31ى بار، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 37 مىڭغا يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش نىسبىتى 85%تىن، رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى. تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 48، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 22، ئامبولاتورىيە 4، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 21، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي دورىگەرلىك ئوقۇتۇش ئاپپاراتى بىر. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1602، 2513 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1238.

2001 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 411 مىليون يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6675 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش كىرىمى 5461 يۈەن، ھويلا - ئارام كىرىمى 1215 يۈەن.

گوڭ چېڭشۈەن

## يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭ: لى جىنگۋاڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىلياڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، ۋەن ۋېيپىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: شېن باۋشىياڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، چۇ كەيپىڭ، گو جۇڭلىن، ۋاڭ يىلۇ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: دىڭ خەيشياڭ، دۇشەن توختوجا (قازاق)، لىيۇ گېيو (ئايال).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 209 مىڭ 145، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 7992. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.01%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.65%.

2001 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 816 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 674 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 530 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 613 مىليون يۈەن.

2001 - يىلى 79 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 259 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 1 مىليارد 38 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 40 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 201 مىليون 970 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 170 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ئىشلەپچىقارغان «كىمخاب» ماركىلىق پاختا مەملىكەت بويىچە 10 داڭلىق ماركىلىق پاختىنى باھالاشتا 1 - بولدى. 46 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 75 مىڭ توننا پاختا، 50 مىڭ توننا قىزىلچا، 17 مىڭ 465 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 371 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 897 توننا گۆش، 1148 توننا قوي يۇڭى، 20 مىڭ 451 توننا سۈت، 3691 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 185 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. شىدىكى تۈەن - مەيدانلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 553 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 310 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 781 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 320 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 23 مىڭ 678 توننا پاختا يىپ، 203 توننا رەخت، 3230 توننا شوخلا قىيامى، 13 مىڭ 59 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 58 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 73 مىڭ توننا ساپ پاختا، 11 مىڭ 605 توننا سۇ يېغى، 147 مىڭ 388 توننا كۆمۈر، 255 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 120 مىليون 470 مىڭ دانە خىش، 9075 توننا كىسلاتا، 18 مىڭ

982 تونna شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 2867گە، ترانسپورت مەھسۇلات قىممىتى 211 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىلى 2153گە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 685 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 607 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 51 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 610 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 581 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 490 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 390 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتتۈش نىسبىتى %73.5كە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 340 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 572 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 438 مىڭ 400 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 692 مىڭ 300 دوللار.

يېزا ئىگىلىكىدە سەرخىل تېرىش، ئوغۇت بېرىش قاتارلىق «ئالتە چوڭ» ئاساسىي تېخنىكىنىڭ قاپلاش دائىرىسى %70تىن ئاشتى، زىچ ھەم يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە كەڭ دائىرىدە ئۈلگە كۆرسىتىلىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئورمانچىلىقتا يېتىشتۈرۈش، ئاللاش ۋە پەرۋىش قىلىشتىن ئىبارەت 3 چوڭ جەھەتتىن ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن كۆلەم %75 ئۆپچۆرىسىگە يەتتى، يۇقىرى ھەم يېڭى تېخنىكىلىق باغۋەنچىلىك رايونى يولغا قويۇلدى. كالا ۋە قوي تۇرەلىمىسىنى يېتىشتۈرۈپ يۆتكەپ سېلىش، كۆپ تۆل ئېلىش يېڭى تېخنىكىلىرى جەھەتتە بىڭتۇەن بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

2001 - يىلى شى بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە 662 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 13 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 30 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىسى 2881، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2070، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 649. 16 بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىدىكى بالا 6215.

2001 - يىلى ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 4021 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 7 - يۆرۈش قانىلىدىكى «يېزا ئىگىلىك خەۋەرلىرى»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1 - يۆرۈش قانىلىدىكى «كەچلىك خەۋەرلەر»، «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 4 - يۆرۈش قانىلىدىكى «جۇڭگو خەۋەرلىرى»، «60 مىنۇتلۇق خەۋەرلەر»، شىيالىڭ سۈمرۈغ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «خەۋەر» پروگراممىلىرىدا يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 20 خەۋىرى بېرىلدى. بۇ جەھەتتە بىڭتۇەندىكى شىلار بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. 5 ئورۇن «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورۇن»، 4 ئورۇن «بىڭتۇەن بويىچە مەدەنىي ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 331 مىليون 77 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 5788 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى (ھويلا - ئارام ئىگىلىكى كىرىمىنى بۇنىڭ ئىچىدە) 7020 يۈەنگە يەتتى.

سۇن شەنشى

## يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭ: دىڭ شىگۇۋې (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇڭ جىگو (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: مارۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جۇڭ جيۇشى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شيەنفۇ (1-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ساۋ شەنمىن، لۇيۇڭجى (2-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ زۇشۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماشىنپىڭ، تەن جيەنشىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن دېچۈن (ئايال، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ زۇشۇ (2-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جيەنشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېڭ كېچياڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇشىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ شىكې (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 600 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 309 مىڭ، ئايال 291 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ، خەنزۇ 568 مىڭ. شىدا 194 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 18، سانائەت كارخانىسى 68، بىناكارلىق كارخانىسى 11، ترانسپورت كارخانىسى 5، تۈپ ۋە پارچە سېتىش يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 38.

شى - شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 522 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 -

كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 960 مىلىيون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 756 مىلىيون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 806 مىلىيون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 862 مىلىيون يۈەنگە يەتتى. 160 مىڭ 500 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتى تېرىلدى. 116 مىڭ توننا ئاشلىق، 117 مىڭ 400 توننا پاختا، 2604 توننا ياغلىق دان، 61 مىڭ 800 توننا كۆكتات ئېلىندى. 2031 گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. 7697 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 531 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ 832 توننا گۆش، 21 مىڭ 165 توننا سۈت، 1092 توننا قوي يۇڭى، 6681 توننا تۇخۇم، 3173 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 114 مىلىيون 180 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 114 مىلىيون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 345 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ھەر بىر گېكتار تېرىلغۇ يەرگە 1.88 كىلوۋاتتىن توغرا كېلىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى. چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 4998گە، كىچىك تراكتور 4429غا، سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ماشىنىسى 2069غا، ھوسۇل يىغىش ماشىنىسى 299غا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىگە 7796 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1126 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 51 مىڭ 452 توننا خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 183 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. تۈەن - مەيدانلار ۋە يېزىلاردا 226 مىلىيون 640 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

شى - شەھەرنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 350 مىلىيون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 700 مىلىيون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 2 مىليارد 120 مىلىيون يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 1 مىليارد 580 مىلىيون يۈەن. 516 مىڭ توننا كۆمۈر، 877 مىلىيون كىلوۋات سائەت توك، 36 مىڭ 300 توننا يىپ، 72 مىلىيون 470 مىڭ مېتىر رەخت، 2781 توننا تېتىتقۇ، 15 مىڭ 565 توننا شوخلا قىيامى، 24 مىڭ 233 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 51 مىڭ 889 توننا سۇ يېغى، 50 مىڭ توننا بوغداي ئۇنى، 30 مىڭ 961 توننا يەم - بوغۇز، 32 مىڭ 800 پارچە فابرىكا قەغىزى ۋە پەنەركە، 50 مىڭ 700 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 240 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 406 مىلىيون يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 987 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ترانسپورت كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 342 مىلىيون يۈەنگە، تاشىيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 580 مىلىيون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 760 مىلىيون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 732 مىلىيون يۈەنگە يەتتى. ئۇقتىلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 566 مىلىيون يۈەنگە، تاۋار سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 424 مىلىيون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسى 728 مىلىيون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 39 مىلىيون 690 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىمپورت سوممىسى 21 مىلىيون 850 مىڭ دوللار.

شى - شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 301 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 388 مىلىيون يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 692 مىلىيون يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 221 مىلىيون يۈەن. شۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرى 344، پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 297. شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈك 2 مىليارد 83 مىلىيون يۈەن كۆپەيدى.

شى - شەھەر بويىچە ھەر خىل مەكتەپتىن 100ى بار؛ ئادەتتىكى ئىمتىھان بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى 101 مىڭ 146. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 393، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 4308، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 407، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى 720، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 318؛ 48 بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىدىكى بالا 16 مىڭ 861. چوڭلار ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدىكى ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 518؛ ئادەتتىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 3292 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە ئوقۇتقۇچىلار 110 تۈردە، ئوقۇغۇچىلار 1557 تۈردە مۇكاپات ئالدى. 190 مەيدان ھەرخىل شەكىلدىكى سەنئەت ئويۇنلىرى كۆرسىتىلدى، كۆرگۈچىلەر 345 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، 5000 مەيدان كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93%كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87%كە يەتتى. ئاممىۋى كۇتۇپخانىغا قويۇلغان كىتاب 1 مىلىيون 416 مىڭ 300 پارچىغا، كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلار 20 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. «شىخەنزە گېزىتى» 5 مىلىيون 680 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە

«گېزىتى» 430 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە نوپۇس ۋە ئائىلە گېزىتى» 340 مىڭ نۇسخا، «بوستان شېئىرىيىتى ژۇرنىلى» 15 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 50 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 33، ئامبۇلاتورىيە 9. دوختۇرخانا ۋە ئامبۇلاتورىيىلەردە 3872 كارىۋات، 5268 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2543، سېستىرا 1758. مۇشۇ يىلى شى - شەھەر بويىچە 35 تۈرلۈك ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ھەرخىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە - ساغلاملىق پائالىيەتلىرىگە 22 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 22 ئالتۇن مېدال، 20 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى؛ 39 ئادەم دۆلەتلىك2-دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجىسى ئۆلچىمىگە، 206 ئادەم دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجىسى ئۆلچىمىگە يەتتى؛ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن 21 مىڭ 200 ئوقۇغۇچى ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 94.1% بولدى. يىل ئاخىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 31 مىڭ 200گە يەتتى، ھەر 100 ئادەم ئىچىدە 19.5دىن كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار بولدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 7349 يۈەنگە، شى - شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 7021 يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 3116 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردا پۈتكەن ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 481 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، سېلىنمۇاتقان ئەرزان، قولايلىق ئولتۇراق ئۆينىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 347 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جۇ مېيلىڭ

## يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: تاڭ دىڭبالڭ (قوشۇمچە، 3-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: جەي شياۋخېڭ (1-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىڭ سۇگو (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: چېڭ جىياجۇ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ياڭ خېڭ، جاڭ لىگوي، ليۇ مىڭفۇ، ۋۇ شىچۈەن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يەن قېي (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جۈن (2-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ لەيمىن، تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 68 مىڭ 306، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 35 مىڭ 464، ئايال 32 مىڭ 842. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.43‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.83‰، پىلانلىق تۇغۇش نىسبىتى 100%. شىدىكى ئائىلە سانى 22 مىڭ 179، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئائىلە 16 مىڭ 863.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 503 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 420 مىڭ يۈەن؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون 570 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى) 382 مىليون 80 مىڭ يۈەن. شى بويىچە 51 مىڭ 900 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 97 مىڭ 785 توننا ئاشلىق، 15 مىڭ 843 توننا ياغلىق دان، 327 مىڭ 526 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1635 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 26 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 4646 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 336 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6449 توننا گۆش، 698 توننا قوي يۇڭى، 2657 توننا سۈت، 489 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 65 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 92 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە 16 مىڭ 401 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 22 مىليون 881 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون 875 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن 3261 گېكتار يەر پۈركۈپ ۋە تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان بولدى، 14 قۇدۇق قېزىلدى، 9.2 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 12.27 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر سىمى تارتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 39 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 229 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 35 مىڭ 251 توننا شېكەر،

2875 توننا ئىچىتىلغان ئىمپىرت، 14 مىڭ 433 توننا بۇغداي ئۇنى، 601 توننا سۈ يېغى، 158 مىليون 620 مىڭ دانە خىش، 47 مىليون 720 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 197 مىڭ 657 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 187 مىڭ 297 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 300 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 182 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 155 مىليون 70 مىڭ يۈەن، پارچە ـ پۇرات سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 109 مىليون 380 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 106 مىليون 520 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.4 ئاشتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 230 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 259 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 360 مىڭ دوللار.

شى بويىچە سۇغۇرغا سوممىسى 2 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 23 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 15 مىليون 280 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى.

2001 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش تۈەنى 4كە، ليەن 49غا، ئائىلە (گۇرۇپپا) 1840قا يەتتى. 200 پەن ـ تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، تەربىيىلەش ۋاقتى 1414 سائەتكە يەتتى، 21 مىڭ 496 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 7760 نۇسخا پەن ـ تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 827 سائەتلىك پەن ـ تېخنىكا تەربىيىلەش فىلىمى قويۇلدى، 193 تاختا تام گېزىتى چىقىرىلدى. شىدا بىر چوڭلار ئالىي تېخنىكومى، 4 چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى، بىر يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى، 16 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى، 19 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ماتېرىيال ئارقىلىق ئالىي تېخنىكوم ئوقۇۋاتقانلار 1229، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقانلار 65، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 1036، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 5117، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 8009. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.4كە، باللار باغچىسىدىكى بالا 2689غا يەتتى. «غەربىي دىيار كەچلىك گېزىتى» 53 سان نەشر قىلىنىپ، 265 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تەربىيە بىڭتۈەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، «1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتى»، 4 مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتى، 3 مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتى، 6 مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتى ئالدى. شى بويىچە بىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 11 سىملىق تېلېۋىزىيە پونكىتى بار. سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 27 قىسىم تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى ئىشلەپ تارقاتتى. يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 33، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 13، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا، باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 13، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 637، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 806.

يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 21 مىڭ 813، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 118 مىليون 32 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 6107 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە 20 مىڭ 747 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 22 مىڭ 429 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شى بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى 29 مىليون 120 مىڭ يۈەن يىغىلدى، 85 مىليون 750 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى تارقىتىلدى.

ۋاڭ يۈگچىڭ

## يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىسى

1 ـ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جۈنجېن (قوشۇمچە، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىشۈن (قوشۇمچە، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: ۋاڭ چۈەنشېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇخويچۈەن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ شياڭزۇڭ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى ۋېنيىڭ، شى شىنمىن (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شې يۇچېڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇۋېيباۋ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ شىچۈەن (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋېي چۈچېڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياڭ جېڭشېڭ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن

سىياسىي كومىسسارلار: تيەن جۈنشى (ئابال)، جۇماقان ئورنىخباي (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مىزامقان سانسىباي (قازاق، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 73 مىڭ 794. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.9، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.4. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدان 11، مۇستەقىل ھېساپات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا مۇلازىمەت كارخانىسى 20. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 28 مىڭ 631.

2001 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 466 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون 790 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون 750 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون 460 مىڭ يۈەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 63 مىليون 920 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 141 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 103 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 570 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 32 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن. 43 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 50 مىڭ 104 توننا ئاشلىق، 38 مىڭ 796 توننا ياغلىق دان، 1900 توننا پاختا، 45 مىڭ 580 توننا قوغۇن، 2025 توننا تاۋۇز گازىرى، 2142 توننا مېۋە ئېلىندى. 2091 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 1000 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 318 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى، 6974 توننا گۆش، 566 توننا قوي يۇڭى، 1807 توننا سۈت، 2238 توننا تۇخۇم، 2027 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 78 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، 7989 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 152 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 17 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 249 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 115 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 133 مىليون 800 مىڭ يۈەن. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى. 327 مىڭ توننا كۆمۈر، 51 مىليون 220 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 64 مىڭ 100 توننا سېمونت، 510 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە پەنەركە، 78 توننا سانائەت خام ئەشياسى قىلىنىدىغان چىرىمتال، 8 مىليون 10 مىڭ دانە خىش، 17 مىڭ 725 توننا سۇۋاق توپىسى، 7258 توننا ئاكتىپ بور توپىسى، 319 توننا هاراق، 29 مىڭ 700 توننا ئۇن، 12 مىڭ 200 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 511 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن %15 ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ سالغىنى 490 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ سالغىنى 11 مىليون 460 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 9 مىليون 460 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 267 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 317 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 280 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

قاتناش - ترانسپورت ساھەسىدە توشۇلغان يۈك 1 مىليون 38 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 180 مىليون 109 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 958 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 72 مىليون 444 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. ترانسپورت كىرىمى 73 مىليون 546 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ترانسپورت ئورۇنلىرى بازارنىڭ %95نى، ترانسپورت كىرىمنىڭ %93.1نى، توشۇلغان يۈكنىڭ %95.7نى، يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ %95نى، توشۇلغان يولۇچىنىڭ %97.3نى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ %61.7نى ئىگىلىدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 279 مىليون 643 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 134 مىليون 904 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 32 مىليون 552 مىڭ يۈەن، ماشىنا سانائىتى كەسپىنىڭ 79 مىليون 347 مىڭ يۈەن، باشقا كەسىپلەرنىڭ 32 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 924 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىڭ 700 دوللار.

2001 - يىلى پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 24ى، پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 29ى چۈشۈرۈلدى، 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتىدىن 250 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش تۈرى 2، سېلىنغان مەبلەغ 700 مىڭ يۈەن؛ سانائەت پەن - تېخنىكا تەرەققىيات قەرز پۇلى

ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 3، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى بىر، سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون يۈەن، دۆلەتنىڭ «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى بىر، سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بىڭتۈەننىڭ «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى بىر، سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرى 3؛ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى تۈرى بىر. شى بويىچە 250 قارار ھەرخىل تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 42 مەيدان (قېتىم) پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى، دوكلات يىغىنى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 3842 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەندىن 6سى، لىيەندىن 48ى، ئائىلىدىن 1400ى بەرپا قىلىندى. ھەرخىل مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5400، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9900، كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1300. شى بويىچە 40 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 886 سەھىيە خادىمى بار، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 611، «شىنجاڭ بىڭتۈەن گېزىتى» 162 سان چىقىرىلىپ، 950 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شىدا 9 تېلېۋىزىيە ئىستانسى (پونكىتى) بار، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.14%كە يەتتى.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7751 يۈەنگە يەتتى (ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بۇنىڭ ئىچىدە).

لى جياڭبو

## بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى (بىڭتۈەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)

شىجاڭ: لى شياۋمىن (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جياڭشېڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: بو يۈەنچاۋ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جېڭ جىنسۇن، جۇڭگىنىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇ جىچېڭ، ۋاڭ ۋېيجۇن، لىيۇ يى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لىيۇ شېڭفۇ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خاۋ لەيخۇ، جاۋ ۋېنيې (ئايال، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 58 مىڭ 168، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 27 مىڭ 13، ئاز سانلىق مىللەت 1715. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.6، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى خادىم 25 مىڭ 576.

2001 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 680 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 19 مىليون 670 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 602 مىليون 490 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 58 مىليون 10 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش 34 تۈرگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 904 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 3000 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2001 - يىلى بىڭتۈەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن كارخانىلار گۇرۇھى بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىپ ئەستىقلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 159 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 6 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 6410 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇ 2000 - يىلدىكىدىن 358 گېكتار ئارتۇق. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سۇچىلىق، يولغا ئوخشاش ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا 13 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىللىق ئاۋار سېتىش سوممىسى 81 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىنىڭ پەن تەتقىقات ئورنى ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن ۋە كىرگۈزگەن ئېچىش تۈرىدىكى پەن تەتقىقات تېمىسى 3، پەن - تېخنىكا يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، يېڭى مەھسۇلات ۋە يېڭى ھۈنەر - سەنئەت تۈرى 6. ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن ھەم قوللانغان HB—2000 تىپلىق بېتوننى ئۆلچەملىك ئاسراش ئۆينىڭ ئاپتوماتىك كونترول قىلىش قۇرۇلمىسى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى مەھسۇلات بويىچە پاتېنت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ئامىنو سۇلفونات قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆمۈرلۈپ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خورۇچى، ئەلا سۈپەتلىك مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ئېمۇلسىيىلەشتۈرۈلگەن سىر، چوقۇر سىر، NBS بېتون يۈزىگە يەملىنىدىغان سۇ يۇقتۇرماس ماتېرىيالىغا ئوخشاش يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى قوللىنىشتا ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. پەن

ئەنلىقات ئورنىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، خىزمەتچىلىرىنىڭ ياراتقان پايدا بېجى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 26 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى شىغا قاراشلىق ھەر خىل مەكتەپ 23، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە مەكتىپى بىر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 17. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6790، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2976، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى 350. ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچى 2509، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2090. 9 ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، بىر ئامبۇلاتورىيە، 8 پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، 8 يۇقۇملىق ساقلىنىش پونكىتى، 135 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. «تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» 48 سان چىقىرىلىپ، 120 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 8219 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى جەمئىيەتتىن 37 مىليون 130 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى بىر تۇتاش توپلاندى، 106 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى تارقىتىلدى. 4 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى يىغىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 8 مىليون 970 مىڭ يۈەن تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئىشسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى.

جاڭ زۇڭمىڭ

## يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ گاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋۇ شىلىڭ؛ سىياسىي كومىسسارلار: ليۇ جېنشياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: خۇاڭ جىنجۇڭ، ما شىڭخەي، لى جىڭۇبى، جاۋ يىپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خې ۋېنيۇ، جاڭ لىخۇڭ (ئايال).

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 57 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 29 مىڭ 700، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 200. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.05‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.75‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.3‰. شى تەۋەسىدە 6 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە 12 بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا - كەسپىي ئورۇن بار.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 408 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 131 مىليون 290 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 117 مىليون 860 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 159 مىليون 390 مىڭ يۈەن. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 210 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 160 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 46 مىليون 640 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 800 مىڭ يۈەن. 13 مىڭ 410 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 22 مىڭ 516 توننا ئاشلىق، 694 توننا پاختا، 1937 توننا ياغلىق دان، 828 توننا قولماق، 236 مىڭ توننا كۆكتات، 8093 توننا مېۋە ئېلىندى. 110 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 876 كۆپ مېتىر ياغاچ كېسىلدى، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 2360 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 158 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6182 توننا گۆش، 13 مىڭ 651 توننا سۈت، 230 توننا قوي يۇڭى، 1629 توننا تۇخۇم، 184 توننا بېلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. 4262 توننا خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 327 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3.76 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 249 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 153 مىليون 550 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ (خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 95 مىليون 940 مىڭ يۈەن. 314 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 1987 توننا ئۇن، 154 توننا سۇ يېغى، 5479 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 4818 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 114 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 111 مىليون 480 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل ئاپتوموبىل 4387گە يەتتى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 180 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. توپ - پارچە سېتىش سودىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 260

مىليون يۈەنگە، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 130 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 37 مىليون 70 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 18 مىليون 140 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 75 مىليون 580 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلى ئىجرا قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل پەن تەتقىقات تۈرى 16، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 5، بىڭتۈەن دەرىجىلىك تۈر 7. پەن تەتقىقات خىراجىتى ۋە پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي ئۆچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 120، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 187، تېببىي خادىم 312. مەكتەپ 14، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 7، باشلانغۇچ مەكتەپ 6، بالىلار باغچىسى بىر. ئوقۇتقۇچى 620، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3932، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6997. 2001 - يىلى شىنىڭ مەنئەت ئۆمىكى بىڭتۈەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت كۆرىكىدە بىر ئېپىزوت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، بىر ئېپىزوت كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 13 مىڭ 610 بولۇپ، ئۇلارغا 84 مىليون 280 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ئۇلارنىڭ ھويلا-ئارام ساپ كىرىمى 18 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 7570 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە 22 ئورۇن، 20 مىڭ 837 كىشى داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرۇش ۋە تارقىتىش نىسبىتى %100كە يەتتى.

شۇ ئېر، چېڭ ۋېنجۇڭ

## يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: بەي جىجې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: كۇڭ شىڭلۇڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇخۇيچۈەن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئىساق ياقۇپ، خې بىڭشيەن، ما شىجيې، گې چاڭجياڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ياڭ يۇڭجياڭ، ياڭ پۇبىڭ.

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 78 مىڭ 283، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 16 مىڭ 207، نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى %10.54، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %5.86 بولدى. شى تەۋەسىدە 12 دېھقانچىلىق مەيدانى - چارۋىچىلىق فېرمىسى، 5 سانائەت - قاتناش - بىناكارلىق - سودا ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى، 37 كەسىپىي ئورۇن بار. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 29 مىڭ 758، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 385، يەككە ئەمگەكچى 3585. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 481 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 205 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 392 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭ 920 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 32 مىڭ 944 توننا ئاشلىق، 953 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 145 توننا پاختا، 22 مىڭ 293 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 291 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 5229 توننا گۆش، 434 توننا قوي يۇڭى، 2637 توننا سۈت، 543 توننا تۇخۇم، 56 توننا بېلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى، 17 مىڭ 726 توننا خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 71 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 337 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 71 مىليون 488 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 149 مىليون 849 مىڭ يۈەن. 85 مىڭ 133 توننا كۆمۈر، 4 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5697 توننا ئۇن، 3 مىليون 870 مىڭ دانە خىش، 2810 توننا سۇلياۋ ياسالما، 174 توننا قۇرۇتۇلغان كۆكتات، 21 مىڭ توننا مىس - نىكېل رۇدىسى، 162 توننا مېتاللىق نىكېل ئېلىندى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون 626 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 690 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 54 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 336 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 155 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 140 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 19 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 10 مىليون 417 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

شىدا 33 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، 1409 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، 16 مىڭ 442 ئوقۇغۇچى بار. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 228؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 5202. بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ مەركىزى، بىر پارتىيە مەكتىپى، بىر يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى، بىر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بار. 13 سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى، 20 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 785 كارىۋات، 355 دوختۇر بار.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6450 يۈەنگە، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپ كىرىمى 5996 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 3058 يۈەنگە يەتتى، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى كىرىمى ھەربىر ئائىلىگە 2928.96 يۈەندىن، كىشى بېشىغا 1.951 يۈەندىن توغرا كەلدى.

جاۋ جۈن

## يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىڭچېن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئەبەي، لى گوجيڭ، ۋېن جېڭيۈەن، لى يىڭليەڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن چياڭ، جاۋ چۈنشياڭ.

شىنىڭ 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 25 مىڭ 3، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 12 مىڭ 349، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 350. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.39‰. شى تەۋەسىدە 3 دېھقانچىلىق مەيدانى - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، 10 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت - قاتناش - سودا - بىناكارلىق - مۇلازىمەت كارخانىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 8304.

2001 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە (2000 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 40 مىليون 420 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 10 مىليون 80 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 50 مىليون 280 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 25 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 13 مىليون 990 مىڭ يۈەن. 4580 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 11 مىڭ 20 تونىنا ئاشلىق، 1780 تونىنا پاختا ئېلىندى. 934 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 32 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 7830 تونىنا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرى قولدا 111 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى، 1507 تونىنا گۆش، 260 تونىنا تۇخۇم، 178 تونىنا قوي يۇڭى ئېلىندى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1773 تونىنا ساپ پاختا، 1775 تونىنا بۇغداي ئۇنى، 38 تونىنا سۈ يېغى، 540 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 198 تونىنا سوغۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 769 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 510 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 730 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 11 مىليون 682 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ 26 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئىچكى سودىنىڭ 2 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 920 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 101 مىليون 180 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 54 مىليون 780 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 46 مىليون 400 مىڭ دوللار. پايدا سوممىسى 1 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۇراقلىق مۈلۈككە 48 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 41 مىليون 620 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 7 مىليون 340 مىڭ يۈەن.

سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 710 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 14 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 183ى بىر تەرەپ قىلىندى، 463 مىڭ 100 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش سوممىسى 36 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 4731 يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە 12 مەكتەپ بار، ئوقۇغۇچىسى 4863. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1574، باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 3289. 3 دوختۇرخانا، 4 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 156 كارىۋات، 106 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 21 ئاساسىي قاتلام ليەندۈي شىپاخانىسى بار.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر

**2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەرنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى**

**لى پېڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات يەن تەتقىقات ئورنى ئىلىم - پەن باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. ئۇ 1979 - يىلى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى



پۈتتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مائارىپى، پەن تەتقىقات، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇدا بىر نەچچە يىل ئىدارە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، 4 قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، 1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**ۋۇ گوۋېۋۇ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، خوتەن ۋىلايەتلىك گېدرولوگىيە - سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ 1964 -



يىلدىن باشلاپ گېدرولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىشەك بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 7 ناھىيە، بىر شەھىرىدىكى تاغ - دەريالارنى كېزىپ، ناچار تەبىئىي مۇھىت ۋە جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا سۇچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 قېتىم ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئون نادىر ئۆلگىنىڭ بىرى»، مەملىكەت بويىچە گېدرولوگىيە سىستېمىسىدىكى «ئىلغار شەخس»، مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى «مەدەنىي ئىشچى - خىزمەتچى» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**جاڭ فېڭيۇن** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ئىنژېنېرى. 1995 - يىلى شىنجا شىركىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىنجا شىركىتى سىلىقلىق ئۈستىگە ئالغان ئىگىز دەۋەتلىك بىنا بۇرۇلىرى ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. 5 يىلدىن بۇيان بىنا-



كارلىق قۇراشتۇرۇش مەھسۇلات قىممىتىنى 250 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمىنى 170 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش توختامىغا ئەمەل قىلىش نىسبىتىنى %100 كە يەتكۈزۈپ، ئەلا مەھسۇلات نىسبىتىنى ئۇدا 5 يىل %87 تە ساقلاپ كەلگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مۇنەۋۋەر ئايال ئىشچى - خىزمەتچى»، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، «پاك - ئىنتىزاملىق ياخشى كادىر» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**سۇن شۆجۇن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، سانجى شەھەرلىك ئاممۋى قاتناش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ئالىي

ئىقتىسادچى. ئۇ 1985 - يىلى سانجى شەھەرلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇس شىركىتىگە يۆتكىلىپ، 1993 - يىلى باش ئىقتىسادچى بولغان. كارخانا رەھبەرلىكى ۋە سانجى شەھەرلىكى مەسئۇل ئارماقلارغا ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەش، ئەرزىنىدە سېلىش ئۇنۇمىدا پائال تەكلىپ بېرىپ، كارخانىنىڭ 70 نەچچە تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈمىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىپ،



كارخانىنى رىقابەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش، زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون، سانجى ئوبلاستى ۋە سانجى شەھىرى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنچىسى دەپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**لى جيې** ئايال، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمى ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي يولى تارماق بانكىسى كۆئېنلۇن يولى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى، ياردەمچى بوغالتىر. ئۇ «باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇش بىلەن مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن بىخەتەرلىككە، مۇداپىئەگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش» تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئامانەت پۇلىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرغان، 1999 - يىلى پۇل ئامانەت ۋەزىپىسىنى %190 ئورۇنداپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە ئاپشۇرۇۋالغان ئامانەت مىقدارىنى 2000 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تېخنىكا ماھىرى» بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى جۇڭگو سودا -



سانائەت بانكىسى بويىچە «ئەڭ ياخشى ئامانەت خادىمى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**ما دىن** · قازاق، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى قاراتۇڭكى مىس-نىكېل كېنى ئاپتوموبىل ئەترىتى يۈتكەش - توشۇش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى. ئۇ 1999 - يىلى يۈتكەش -



توشۇش ۋەزىپىسىنى 13 مىڭ توننا ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، كارخانا ئۈچۈن 50 نەچچە مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ بەرگەن؛ 2000 - يىلى ئايلىق يۈتكەش - توشۇش مىقدارىنى 25 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشتەك ياخشى نەتىجىنى يارىتىپ، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**تۇرامەت** كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. گۇما ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. 1998 - يىلى ئىدارە باشلىقى بولغاندىن بۇيان، ئىدارە-



دىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەپ، پوچتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 2000 - يىلى ئىدارىنىڭ كەسپىي كىرىمىنى 1 مىليون 285 مىڭ 500 يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى 35 مىڭ 700 يۈەنگە يەتكۈزگەن. شۇ يىلى ئۇ ش ئۇ ئا ر پوچتا ئىدارىسى سىستېمىسىدا «تىجارەتتىكى غالىپلار لوڭقىسى» بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**چېن يېڭپىڭ** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى خوگوڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى. ئۇ 1986 - يىلى خىزمەتكە

قاتناشقان، 1993 - يىلى ئىسمېنا - گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. ئۇ باشلامچىلىق



قىلغان ئىسمېنا - گۇرۇپپا مەھسۇلات مىقدارى، سۈپەت، توپقا ئايرىش جەھەتتە فابرىكا بويىچە ئۇدا 7 يىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. 1998 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتى بويىچە «كۆزنەك بويىچە تۆھپە قوشقان ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپا» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ فابرىكا بويىچە ئۇدا 7 يىل «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**شاۋ شىنخۇك** ئايال، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 142-تۈەن - مەيدانى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى. ئۇ



1994 - يىلى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا كېلىپ 120 چوشقا بېقىپ، 1999 - يىلغا قەدەر جەمئىي 16 مىڭ 920 چوشقا كۆچكى يېتىشتۈرۈپ، 3 مىليون 384 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتقان؛ 2000 - يىلى 14 مىڭ 880 چوشقا كۆچكى يېتىشتۈرۈپ، 5 مىليون 952 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، 984 مىڭ يۈەن خىراجەتنى تېجەپ قالغان. ئۇ ئۇدا كۆپ يىل تۈەن - مەيدان بويىچە ئىلغار خىزمەتچى ۋە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**يۇ شياۋلېك** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سېخ مۇدىرى، ئىنژېنېر. ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئۈسكۈنىلەرنى جىددىي رېمونت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان. پەقەت 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى جىددىي رېمونت قىلىشتىلا دۆلەتنى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپ ئىقتىـ



ـسادىي زىياندىن ساقلاپ قالغان. 6 يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى نورغۇن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى تاماملىغان ۋە كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلى 8 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 5 ى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى QS نەتىجىسى بويىچە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان 7 تۈر ئىچىدە 2 سى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 سى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ئۈچ قېتىم شىركەت، رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**ما جىنۋۇ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ 1964 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غالىبىيەت نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكىدە دىرېكتور، مۇئاۋىن قوماندان قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1995 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى



ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. 1978—2000 - يىلغىچە غالىبىيەت نېفىتلىكى ۋە تارىم نېفىتلىكى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كارخانىچى» دېگەن ناملار بېرىلگەن. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**غاپپار كېرىم** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى كۆپ قېتىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1993 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ھۆكۈمەت ئالاھىدە ياردەم



پۇلىغا ئېرىشكەن. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «دېموكراتىك باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر ئاكادېمىيە باشلىقى» بولۇپ، 2000 - يىلى «مۇنەۋۋەر پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرى» بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**سۇن چېڭيۇ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك شىركىتى 1 - شۆبە زاۋۇتىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ 1991 - يىلى كارخانىنىڭ تېخنىكا تايانچلىرى قاتارىدا ئىلىمىزنىڭ كۈنگە 2000 توننا پىششىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىدىغان، كۆمۈر قالاش خۇمدىنىنىڭ سىرتىدا ئاجرىتىدىغان تۇنجى ئالاھىدە قىسقا خۇمداننى قۇراشتۇرۇش، سىناش، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ھەمدە مەھسۇلاتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قاتناشقان. 2000 - يىلى قىزىلتۈي سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ،



ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ زاۋۇتنى قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە پايدا ئالىدىغان ئەڭ چوڭ كارخانىغا ئايلاندۇرغان. 1985 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە كۆپ قېتىم شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى بويىچە «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**قوسماي توقمار** قازاق، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ش ئۇ ئا ر يېزا ئېنېرگىيە خىزمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئاگرونوم. ئۇ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلام بىلەن زىچ ماسلىشىپ يېزا ئېنېرگىيە مەنبەسى سىنىقىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇرغۇن پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ



يولغا قويۇلۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە قاتناشقان. كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقىقات مۇكاپاتىغا ۋە «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**چېن شۇپىڭ** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ



ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارى بىلەن كارخانا ئۈچۈن پايدا ياراتقان. ئېنېرگىيە مەركىزىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1988 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە كۆپ قېتىم شىركەت تەرىپىدىن «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى»، «ئون نادىر ياش تېخنىك»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**ۋاڭ يىلىن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ 1982 - يىلى خۇادۇڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، نېفىت پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1996 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى

بولغان، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش، نېفىت يەر ـ تېخنىكىسى



ۋە نېفىتلىكنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 1992 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە «مۇنەۋۋەر سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى» دېگەن نامغا، 1994 ـ يىلى كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار ئارىسىدىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس» دېگەن نامغا، 1996 ـ يىلى «مۇنەۋۋەر جۇڭگو ياشلىرىنىڭ يەن-تېخنىكا بويىچە ئىگىلىك تىكلەش مۇكاپاتى» غا، «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلارنىڭ يەن ـ تېخنىكا بويىچە ئىگىلىك تىكلەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ «تۆمۈر ئادەم يەن ـ تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتى» بويىچە كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 2001 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**ئەركىن غوپۇر** كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىلى «كاڭدا» ئاشلىق ـ ياغ گۇرۇھى شىركىتىدە سېخ مۇدىرى. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەسىپ ۋە تېخنىكىنى ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلىپ، خەنزۇچىنى ۋە سىزمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. كۆپ قېتىم ئىدارە تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» قىلىپ باھالانغان. 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2000 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى»



غا ئېرىشكەن.

**سەي جىڭگاڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل «غالىبىيەت» نېفىتلىكى ۋە شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكىدە رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن، 1997 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى، 1999 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتورى بولغان. ئۇ تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىگە بارغان 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ «ئىككى يېڭى، ئىككى يۇقىرى» بىرلەشمە جەڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، نېفىتلىكنى ئومۇمىيۈزلۈك بازارغا يۈزلەنگەن، شىركەتلىشىش بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندۇرغان. 1998 ـ ۋە 1999 ـ يىلى شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى گۇرۇھ شىركىتى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. 2000 ـ يىلى دۆلەتكە تاپشۇرغان تۈرلۈك باج 735 مىليون يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئاساسلىق كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سوممىسى 195 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پايدا 253 مىڭ



يۈەنگە يەتكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە باج تاپشۇرۇشتا 3 ـ چوڭ كارخانىغا ئايلانغان. ئۇ 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەن.

**جېڭ شۇچېن** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 26 يىل مابەينىدە 22 يىل سىنىپ مۇدىرى بولغان. ئۇ مەكتەپنى ئۆز ئائىلىسىدەك، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بالىسىدەك سۆيۈپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ



قويۇپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۇستازى، يېقىن دوستى بولغان. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مائارىپ ئىشلىرى ۋە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ھەر يىلى مەكتەپ تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى» قىلىپ باھالانغان؛ 1993 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە شەھەر دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر ئەخلاق تەربىيىچى» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان؛ 1999. يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە شەھەر دەرىجىلىك «ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى ئۈلگىسى» بولۇپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

# ئىنقىلابىي قۇربانلار

**چېن يىڭ** خېنەننىڭ شىنياڭ شەھىرىدىن. 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1971 ـ يىل 2 ـ ئايدا



خىزمەتكە قاتناشقان، 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان. ئۇ 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۆزۈن بازىرىدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاچقۇن جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش ۋاقتىدا ئوق تېگىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان. 2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**تۇرغۇن ئاقنىياز** 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1994 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق ساقچىخانىدا 1 ـ دەرىجىلىك ساقچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا زوراۋان تېرورچىلارنىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇمىغا ئۇچراپ،



پىچاقلىق ياۋۇزلار بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان. 2001. يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**مەھەممەت سېيىت** 1947ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىل خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيىسى گۈلباغ يېزىسى تۈگمەن بېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتتىكى 3 ئەلىيانچى تەرىپىدىن 8 يېرىگە پىچاق سېلىنىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**ئېزىز خۇدا بەردى** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزاسى، 1977ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1995 ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ



ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيە ئىمام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى تاڭ سەھەردە بىر توپ ئەلىيانچى ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ

سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاتىسىدىن غالجىرلارچە ئۆچ ئالماقچى بولغاندا، ئېرىز خۇدايەردى خەۋپتىن قورقماي، ئاتىسى بىلەن بىللە قايتۇرما زەربە ئۇتۇپ، غەلىيانچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، بىراق كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي مەرتلەرچە قۇربان بولغان. 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**فېڭ تاۋ** گەنسۇنىڭ يۈجۇڭ ناھىيىسىدىن. 1975 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۇغۇلغان. 1993 - يىل 12-ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن. 1995 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «110» قوماندانلىق مەركىزى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 19-كۈنى فېڭ تاۋ ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى لايلىق كەنتىدە



زوراۋان تېرورچىلارنى تۇتۇشتا بەختكە قارشى ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**نىياز ئاۋۇت** 1948 - يىل 4 - ئايدا تۇغۇلغان. 1965 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1992 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا يەنجى ناھىيە بورقاي يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن نازارەت قىلىش بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



نىياز ئاۋۇت يەنجى ناھىيە بارىرىدىن شىكتىم بازىرىغىچە بولغان تاشيول (بورقاي بۆلىكى)نى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، قائىدىگە خىلاپ ھەيدەلگەن تراكتور سوقۇۋېتىپ، بەختسىزلىكتە ئېغىر يارىلانغانلىقتىن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. 2001 - يىل 11- ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ۋاپات بولغانلار

**ۋېي جۇڭشۇ** (1915 — 2001)، شەنشىنىڭ لەنتيەن ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا



قاتناشقان. 1937 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ جەڭچى، بەنجاڭ، كاتىپ، يىڭ شتابىنىڭ شۇجىسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوراللىق خىزمەت ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، يىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، تۇەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، تۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ھەربىي قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ بايىنغولىن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شىمالىي چىفېڭ، لىگيۇەن چىفېڭ تەنگۇشەن، ۋافاڭدىيەن، جىنشىياڭدازى، جيۇگۇەن-تەي، شىنشىگتۇن، جىنجو، لياۋشى، تيەنجىندىكى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**شۇ شىياۋ** (1928 — 2001)، خېبېنىڭ لۇەنەن ناھىيىسىدىن. 1950 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە شىنياڭ جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي داۋالاش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەندۇڭ تېببىي پەنلەر ئىنستىتۇتى پېتولوگىيە. ئىممۇنىتېت كافېدراسىدا تەقلىمىنى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1957 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى پېتو. خىمىيە كافېدراسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979 - يىلى لېكتور، 1980 - يىلى دوتسېنت بولغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى مەركىزىي تەجرىبىخانىسىغا يۆتكىلىپ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. ئۇ مىكرو ئېلېمېنت ۋە فېرمېنت ئىلمى تەتقىقات ئىشخانىسىنى قۇرغان ھەمدە پېڭدىن تۆكلىيشىن كىسلاتاسى بىئو - خىمىيىسى، مىكرو ئېلېمېنت قاتارلىق تالانتما دەرسلىك ۋە ئاسپىرانتلار دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلغان. تەخمىنەن 400 مىڭ خەتلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى — «مىكرو ئېلېمېنت ۋە ساغلاملىق»نى تەشكىللەپ تۈزۈپ چىققان. 1987 - يىلى پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن. 1988 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**رېن خۇڭجى** (1922 — 2001)، شەنشىنىڭ جياۋچېڭ ناھىيىسىدىن، 1938 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1942 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇرۇشتا 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، كۆرەش قەھرىمانى دېگەن نامغا، جۇمھۇرىيەتنىڭ «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1950 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو



خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيە 7 - ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى مېھمانخانىسىنىڭ باشلىقى. 1956 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى باشقارمىسى لەنجۇ پورت باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، شۇ يىلى 12 - ئايدا خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقارمىسى شىنىڭ پونكىتىنىڭ باشلىقى، 1964 - يىل 1 - ئايدا خەلق ئاۋىئاتسىيىسى جىڭخەي ئۆلكىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1969 - يىل 10 - ئايدا خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1984 - يىل 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**پاك گۇەنتۇڭ** (1921 — 2001)، خېبېينىڭ ساڭخەن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1941 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. مۇھاپىزەتچى، ئالاقىچى، بەنجاڭ، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى، ئۇرۇش شتاب ئوفىتسېرى، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن جوڭ ئەترەت باشلىقى،



تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، شىنجاڭ ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى، قوشۇمچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى (مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. خېبېينىڭ رۇيۋاڭدا كەنتى، لىڭشۇ ناھىيىسى چېنجۇاڭ رايونى قاتارلىق جايلاردا بولغان 30 نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ۋە ئازادلىق مېدالىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ يىماۋ** (1953 — 2001)، گەنسۇنىڭ مىنچىن ناھىيىسىدىن. 1970 - يىل 12 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن. 1973 - يىل 11 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، داشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋانى بار، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، 6 - دەرىجىلىك تېخنىك جەڭچى،



سەھىيە بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى، شىپاخانا باشلىقى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ ياردەمچى خادىمى، داۋالاش ئورنىنىڭ مۇدىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى تېببىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تويۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**لى جىنبو** (1925 — 2001)، خېبېينىڭ سۇلو ناھىيىسىدىن 1943 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناش-



قان، 1948 - يىل 4 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن، 1949 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، تەشۋىقاتچى، مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، گەنسى، يېتەكچى، كۇلۇب مۇدىرى، سىياسىي ياردەمچى، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. خېبېينىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىغا، سەنشىنىڭ ياڭچۈەن، چىڭخۇي قاتارلىق جايلىرىدا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**يي خۇاچىڭ** (1923 — 2001)، خۇبېينىڭ يىڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1940 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1941 - يىل 10 - ئايدا



پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، سانىتار، دورا تەكشۈرگۈچى، ياردەمچى دوختۇر، ھەربىي دوختۇر، سەھىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئىلمىي مۇدىر، دوختۇرخانا باشلىقى، باشقارما باشلىقى، سىياسىي كومىسسار، ئۈرۈمچى ھەربىي تېببىي مەكتىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى (رەسمىي شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمان بولغان). دابىيشەندىكى تازىلاش ئۇرۇشىغا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈش ئۇرۇشىغا، سەنشىنىڭ يۈنچېڭ، پىڭلۇ، چىڭخۇايىەن، ياڭماخې، شاجيادىيەن، ۋازجىيې ئۇرۇشلىرىغا، خەنچېڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ۋە قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. خەلق تۆھپىكارى مېدالى، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن شىئەن شەھىرىدە ۋابات بولدى.

**لو جىنبى** (1932 — 2001)، گەنسۇنىڭ ۋېيۈەن ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 9 - ئايدا ئارمىيىگە



كىرگەن. 1957 - يىل 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، كۆرسەتكۈچى، ھەربىي دوختۇر، مەسئۇل ھەربىي دوختۇر، شىپاخانا باشلىقى. ھەربىي رايون ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى (رەسمىي شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. شىمالىي ئالى رايونىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق خاتىرە مېدالىغا ۋە غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1989 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**باتۇرقان ئەدىل** (1938 — 2001)، قازاق، شىنجاڭ جىمىنەي



ناھىيىسىدىن. 1956 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى تىببىي داۋالاش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1963 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئالىيسنا ۋراچى، مەسئۇل ۋراچ، لېكتور، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، مۇدىر ۋراچ، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ـ ساقلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئۇ تىببىي داۋالاش ۋە تىببىي ئىلىم تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان، «جۇڭگو ئۆسۈملۈك دورىلىرى قوللانمىسى»، «يېزىلاردا تىببىي داۋالاش قوللانمىسى» تاشقى كېسەللىكلەرگە دائىر قىسمى، «جىددىي خاراكتېرلىك ئەمچەك ياللۇغىنى جۇڭگوچە ۋە غەربچە بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىببىي ئىلمىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر نۇرغۇن ماقالە يېزىپ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ـ ساقلىق ساقلاش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە پائال رول ئوينىغان. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1998 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ ئېنماۋ** (1913 — 2001)، جياڭشىنىڭ يۈگەن ناھىيىسىدىن. 1928 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1930 ـ يىل 5 ـ ئايدا



پارتىيىگە كىرگەن. 1932 ـ يىلى يۈگەن ناھىيىلىك سوۋېت ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1933 ـ يىلى ج ك پ خۇنەن ـ جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى رېن بىننىڭ كاتىپى بولغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 6 ـ جۈنتۇەنىگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان. قىزىل ئارمىيە 6 ـ جۈنتۇەنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باش كاتىپى بولغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ خۇنەن ـ خۇبېي ـ سىچۈەن ـ گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلىش كۈرىشىگە قاتناشقان. خۇنەن ـ خۇبېي ـ سىچۈەن ـ گۈيجۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1935 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ سىچۈەن ـ يۈننەن ـ گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلىش كۈرىشىگە قاتناشقان، سىچۈەن ـ يۈننەن ـ گۈيجۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1937 ـ يىلدىن باشلاپ قىزىل ئارمىيە 2 ـ يۈنلىش ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمى خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە 8 ـ يۈنلىش ئارمىيىسى 120 ـ شى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمى تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 120 ـ شى 359 ـ لۈي سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لۈي ھەربىي ـ سىياسىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، لۈي سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، لۈينىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. غەربىي شىمالىي سەنشى رايونى ۋە يەنبېي رايونىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا 359 ـ لۈي بىلەن شىمالىي جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا بېرىپ، دەريا مۇداپىئەسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، چېگرا رايونىنى قوغداش، غەربىي شىمالنى قوغداش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغان. 1941 ـ يىل 3 ـ ئايدا يەنئەن ھەربىي ـ سىياسىي ئىنستىتۇتى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىشكە قاتناشقان. 359 ـ لۈي نەنىنۋەن رايونىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ۋاڭ جېنغا ياردەملىشىپ ئارمىيىنى ئەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تەلىم ـ تەربىيىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان. 1944 ـ يىلى كۈزدە 8 ـ ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1945 ـ يىلى 359 ـ لۈينىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونىنىڭ قوغدىنىش ـ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا ۋاڭ جېنغا ئەگىشىپ قىسمىنى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، يەنئەنگە قايتىپ كەلگەن. 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا 359 ـ لۈيگە ئەگىشىپ خۇابېي خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان، لۈيلىياڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، سەنشى ـ سۈيىۈەن 2 ـ كالونىنا سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، غەربىي جەنۇبىي سەنشى ئۇرۇشىغا ۋە فېنشياۋ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1947 ـ يىل 3 ـ ئايدا سەنشى ـ سۈيىۈەن 2 ـ كالونىسىغا ئەگىشىپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا بارغان، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 ـ كالونىنىسى

سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. شۇ يىلى 7 - ئايدا 2 - كالوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان، شاجىيادىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە خەنجېڭ، بېيچۈەن، يۈنچېڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1948 - يىلدىن باشلاپ ۋازىجېي، شىفۇ، لۇخېدۇڭ ئۇرۇشلىرىغا ۋە 1948 - يىل ياز، كۈز، قىش پەسىللىرىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1949 - يىل 3 - ئايدا 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەن 2 - جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى بولغان. ئوتتۇرا شەنشى، غەربىي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 7 - ئايدا ئارمىيىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ تيەنشۈي، لىنشيا ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلغان. كېيىن قىسمىنى باشلاپ چىلىيەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا قىستاپ كېلىپ، كىرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ قەشقەر رايونلۇق كومىتېتى (كېيىن ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن)نىڭ 1 - شۇجىسى ۋە قەشقەر ھەربىي رايونى (كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1952 - يىل 7 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 - شۇجىسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت سىياسىي كومىسسارى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1954 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 1955 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1955 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان. 1960 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1975 - يىل 10 - ئايدا نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1977 - يىل 3 - ئايدا ج ك پ جىلىن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، جىلىن ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، شېنياڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1981 - يىل 10 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 1984 - يىلى قوشۇمچە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 1985 - يىل 10 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1986 - يىل 3 - ئايدىن 1993 - يىل 3 - ئايغىچە مەملىكەتلىك 6 -، 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

ۋاڭ ئېنماۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 11 -، 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك 1 -، 3 -، 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ 1955 - يىل 9 - ئايدا جۇڭجياڭ ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**لى جىگۇي** (1925 — 2001) . تەنجىنلىك. 1946 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1947 - يىل



6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، ئەترەت باشلىقى، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، گارنىزون شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (رەسمىي شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. گوشيەن، شىمىن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئەمگەك ئەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. ئازادلىق مېدالىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ كې** (1934 — 2001) . خۇيزۇ. شەندۇڭنىڭ تيەنجەن شەھىرىدىن. 1956 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1962 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1956 - يىل 8 -



ئايدىن 1958 - يىل 6 - ئايغىچە سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1958 - يىل 6 - ئايدىن 1964 - يىل 3 - ئايغىچە ئوبلاستلىق پارتكوم سابائەت - قاتناش بۆلۈمىدە ئىشلىگەن؛ 1971 - يىل 6 - ئايدىن 1973 - يىل 5 - ئايغىچە ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن؛ 1973 - يىل 6 - ئايدىن 1980 - يىل 4 - ئايغىچە ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1980 - يىل 4 - ئايدىن 1983 - يىل 3 -ئايغىچە ئوبلاستلىق ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1983 - يىل 4 - ئايدىن 1995- يىل 1 - ئايغىچە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1995 - يىل 1 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2001 - يىل 4- ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## خې تيەن (1921 — 2001) ، خېبېينىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىن.



1937 - يىل ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938- يىل 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. شۆبە ئەترەت باشلىقى، يېتەكچى، تەشكىلات كەنسىسى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، كاتىپ، شتاب ئوفىتسېرى، پولك مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، بۆلۈم باشلىقى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ تەھرىرى، ھەربىي ئىشلار قانۇنچىلىقىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچىسى، بىڭتۈەن پىرا ئىگىلىك 5 - شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن شىجاڭ قوشۇمچە شتاب باشلىقى، جۇڭگونىڭ پاكىستانغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (رەسمىي شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. يەنئەن، خۇيشى ئۇرۇشلىرى، يۈز تۈەن ئۇرۇشى، نياڭزىگۈەن، جېڭدىڭ، شىمېن جاڭجيا-كۇ، شىجياجۇاڭ، جېڭجۇ، رېنچيۇ، ۋاڭجىڭ، بېيجىڭ، تەييۈەن، لەنجۇ، نىڭشيا ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىل-لىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001- يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## رىزۋان نۇرقالى (1924 — 2001) ، ئەر، قازاق، شىنجاڭ توققۇزتا-را ناھىيىسىدىن.

1945 - يىل 9 -



ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا قاتناشقان، 1948 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق - دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1955 - يىل 12- ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1950 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە توققۇزتارا ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ناھىيە-لىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1972 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ج ك پ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئىلى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1984 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك تەييارلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1985 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان. 1993 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ئابلاخۇن ئىمىنوف (1928 — 2001) ، شىنجاڭ قورغاس ناھىيە-سىدىن.

1945 - يىل 2 - ئايدا ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1950 - يىل 6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ،

مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، يىڭجاڭ، جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسىدا بۆلۈم باشلىقى، سەپەرۋەرلىك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايون سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، شىخۇنى ئازاد قىلىش، ماناس دەرياسىنى قوغداش، ساۋەندە باندىت يوقىتىش، قۇمۇلدا ئوسمان باندىتنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. قەھرىمانلىق مېدالى، ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ئىسمايىلوف** (1922 — 2001)، شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت



ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1950 - يىل 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، كۇرسانت، پەيجاڭ، يېتەكچى، گەنسى، شتاب ئوفىتسېرى، يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتىدە مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى 79 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى، ھەربىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھەربىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (رەسمىي شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى)نى ئازاد قىلىش، شىخو، يەنسىخەي، بورتالا، تۇكېسلاڭ، چىچاڭ، قۇمۇل، جىنشى، ئالتاي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1982 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ھەسەن قامتباي** (1940 — 2001)، قازاق، شىنجاڭ قىزكاڭ ناھىيىسىدىن. 1958 - يىل 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1959 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ گۇچۇڭ ناھىيە



ۋوماچاڭ گۇڭشېسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جىمسار ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جىمسار ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مەستىنى مۇھاجىرەت رايونلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر يەر ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**گوۋېيرېن** (1928 — 2001)، شەندۇڭنىڭ فەتشيەن ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن ھەمدە ئىنقىلابقا قاتناشقان.



1949 - يىل 1 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن. كۇرسانت، شىفىر تەرجىمانى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، كاتىپ، ياردەمچى خادىم، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئازادلىق مېدالىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ رۇباڭ** (1938 — 2001)، خېبەيدىنىڭ شوۋجاڭ شەھىرىدىن. 1963 - يىلى 7 - ئايدا خىزمەتكە



قاتناشقان. ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1970 - يىلى 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ، ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1998 - يىلى 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**گۇ جاۋشياڭ** (1933 — 2001)، گەنسۇنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسى-



دىن. 1949 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1953 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. كۆرسانت، مەخپىيەت بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، ياردەمچىسى، شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى ئىستېمال تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شى دەرىجىلىك مەخسۇس ئەزاسى بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1990 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ شياۋيى** (1925 — 2001)، شەندۇڭنىڭ يېڭشيەن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ يىلى 11 - ئايدا پارتىيىگە



كىرگەن. مۇئاۋىن پەيجاڭ، يېتەكچى، تەشكىلات گەنشىسى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ياردەمچى خادىمى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققانلار گورۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ شى دەرىجىلىك مۇدىرى قوشۇمچە كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئازادلىق ئوردېنى، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋۇ شىجى** (1917 — 2001)، سىچۇەننىڭ شۈەنخەن ناھىيىسىدىن. 1933 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىگە



قاتناشقان، 1934 - يىل 6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، ئالاقىچى، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىنجاڭ قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى (مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە ۋە دامىيەنشەن، فۇشەن، ۋازىجيې، خۇتىشەن، خېباۋشەن، داباشەن، جياگيۇ، شېنفۇ، ۋېنشۈي، باۋجى، يۈگفېڭجېن غەربىي جەنۇبىي سەنشى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى، «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1971 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**گېڭ ۋەنبىڭ** (1945 — 2001)، شەندۇڭنىڭ لېلىڭ ناھىيىسىدىن. 1964 - يىل 8 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن، 1972 - يىل 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، داشياۋ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار. ئازادلىق ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىنات قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا كۆرسانت، لاۋزىسات ليەنىدە پەيجاڭ، تەشكىلات - پىلان بۆلۈمچىسىنىڭ ياردەم-



چى خادىمى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونــى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئاساســي قۇرۇلۇش گازارما بۆلۈمى گازارما باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، شــنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئاساسىي قۇرۇلۇش گازارما باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقــى، 31 ـ شۆبە قىسمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سەنشىلى گازارمىســى ئۇنىــۋېرسال ئامبــرى قۇرۇلۇش ئىشخانىســىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2001 ـ يىل 7 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىدە ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

## تېڭ يۈجى (1923 — 2001)

تېڭ يۈجى (1923 — 2001). شەندۇڭنىڭ لىنمۇ ناھىيىسىدىن. 1941 ـ يىل 7 ـ ئايدا ياپون



باسقۇنچىلىرىغا قارشــى پارتىــزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان. 1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ســياســي باشقارمىنىــڭ شۇجىــــى، مۇئاۋىن

پېتەكچى، پېتەكچى، تەشۋىقات گەنسى، تەشۋىقات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، كاتىپ، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقــى، باشقارما باشلىقى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، بېيجىڭ ھەربىــي رايونــى سايپىرلۇق قىسىم 9 ـ قۇرۇلۇش رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، شىنجاڭ ھەربىــي رايونــى سايپىرلۇق قىســم 1 ـ قۇرۇلۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. لىنيىنى قوغداش ئۇرۇشــى، غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ ئۇرۇشى، كەيفېڭ، لوياڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى، خۇەيخەي ئۇرۇشى، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى، شاڭخەينى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق مېدالى، مۇستەقىــلـلىــق تۆھپىــكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1977 ـ يىل 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېسەل بىلەن لوياڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋۇ يىنپىڭ (1930 — 2001)

ۋۇ يىنپىڭ (1930 — 2001). خۇبېينىڭ يىڭشەن ناھىيىسىدىن، 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1949 ـ يىل 3 ـ ئايدا



پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، لاۋازىم، كۇرسانت، توپوگراف، شتاب ئوفىتسېــرى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شتاب باشلىقــى، مۇئاۋىن شتاب قوشۇمچە شتاب باشلىقــى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى گارنىزون 2 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن سى دەرىجىلىــك مەسلىھەتچىسى بولغان. جىڭخۇابېيەن، بېيجىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ جىڭسەي (1923 — 2001)

ۋاڭ جىڭسەي (1923 — 2001). جىيىنىڭ يانشەن ناھىيىسىدىن. 1938 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1940 ـ يــىل 4 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. لاۋازىم، ستاتىستىكا



گەنسى، لاۋازىمات باشلىقى، كاتىپ، بۇغالتىر، باشقۇرغۇچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھەربىي پونكىتىنىــڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىــــى (شــى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان) بولغان. يۈز تۈەن ئۇرۇشى، يەنئەنني قوغداش ئۇرۇشى، شىــفۇ، لىــبىي، فۇمېي، چىڭخۇابىيەن، پەنلۇڭ، يۈلىن، شاجيادىيەن، ۋازىجيې، لوچۇەن ۋاڭجىۋاڭـ جېن، جىــنپېنۇەن ئۇرۇشلىــرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنــى، ئازادلــىق ئوردېنــى، مۇستەقــلـلــىق تۆھپــىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىل 12 ـ

ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ گۈيپىڭ** (1919 — 2001)، خېنەنلىك خۇيزۇ. 1932 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1939 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. خىزمەت ئۆتەلىنىڭ



ئەزاسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇرسانتى، رايونلۇق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، گەنسىي، بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم باشلىقى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، سەنشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى 22 - شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىچكى قوغداش 3 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ئالىي ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى سەپەرۋەرلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ بايىنغولىن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ 2 - سىياسىي كومىسسارى، بورتالا شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى 3 - ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. لىچۇەن جەنئۇدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇشى جەڭلىرىگە قاتناشقان، بىرقانچە قېتىم يارىلانغان. ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ لىگو** (1928 — 2001)، لياۋنىڭلىك خەنزۇ. 1945 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1946 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ،



پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ، ئوقۇتقۇچى، مۇئاۋىن مۇدىر، تۇەنجاڭ، شىنىڭ شتاب باشلىقى بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1978 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**لى باۋلىن** (1930 — 2001)، خېبېيلىك لۇەنتەن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1946 - يىل 9 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، ئالاقىچى،



مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، مەدەنىيەت گەنسىسى، چارلاش خادىمى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، يېتەكچى، قوغداش گەنسىسى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، تۈەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شەنخەيگۈەن، چىچىخار، سىپىڭ، ئەنشەن، جىنجۇ، تيەنجىندىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ھەيدەر ئاقان** (1939 — 2001)، قازاق، شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن. 1955 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1960 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1955 - يىلى كۈنەس ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە، 1962 - يىلدىن 1975 -



يىلغىچە تېكەس ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1976 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1985 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە ۋىلايەتلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، 1993 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 1998 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە خەلق قۇرۇلتىيى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئوبلاستلىق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## دۇ ليەنجۇاڭ (1926 — 2001)

(1926 — 2001)، خېبېينىڭ زاۋچياڭ ناھىيىسىدىن. 1940 - يىل 9 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1945 - يىل 10 - ئايدا



پارتىيىگە كىرگەن. تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خادىمى، شۆبە ئەترەت باشلىقى، تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يېتەكچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ياشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ جۈەنشېڭ (1923 — 2001)

(1923 — 2001)، خېنەننىڭ جىيۈەن شەھىرىدىن. 1942 - يىل 11 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1945 - يىل 2 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، پەي-



جاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۈەنجاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭ بولغان. چىڭفو، فېنشياۋ، جەنۇبىي سەنشى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئالاھىدە كۆرەش قەھرىمانى دېگەن نامغا ۋە مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

# قوشۇمچە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

2001 - يىلى يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى، شۇنداقلا 10. بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى روشەن ئاستىلاش، قۇرغاقچىلىق خاراكتېرلىك زىددىيەت گەۋدىلىك بولۇش، بازار ئېھتىياجى سۇس بولۇش ۋە قىسمەن رايونلاردا زىرائەتلەر ئېغىر تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش قاتارلىق پايدىسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلىمىشىپ، جاپالىق، ئەمەلىي ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، 10 - بەش يىللىق پىلان ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ۋەزىيىتى ياراتتى.

### 1. ئومۇمىي ئەھۋالى

خەلق ئىگىلىكى ئۇدا تەرەققىي قىلىپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆزلەنگەن يىللىق نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 148 مىليارد 500مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %1 .8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %7.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6 .10 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى %4 .19نى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى %4 .42نى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى %2 .38نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 1.7 پىرسەنت پويىنتى، 2 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 0.6 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 2.3 پىرسەنت پويىنتى ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 7913 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %5 .6 ئاشتى.

بازارلاردىكى باھا مۆتىدىللىق ئىچىدە ئۆسۈشكە يۈزلەندى. ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بىر يىلدا %4 ئۆرلىدى. تۈرگە ئايرىلغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىدىن قارىغاندا، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى، يېمەكلىك ۋە قاتناش تۈرىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. بۇ ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە قوزغاتقان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك باھاسى %3 .4 ئۆرلىدى، تاماكا - ھاراق ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسى %2 .1، كىيىم - كېچەك باھاسى %3 .1 تۆۋەنلىدى، ئائىلە سايمانلىرى باھاسى ۋە مۇلازىمەت باھاسى %2 .0، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسلەر ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنىڭ باھاسى %1 .16، قاتناش ۋە ئالاقە باھاسى %2 .5، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى مۇلازىمەت باھاسى %6 .1، ئولتۇراق ئۆي باھاسى %6 .2 ئۆرلىدى. يېمەكلىكلەر باھاسىدا، ئاشلىق باھاسى %9 .0 تۆۋەنلىدى، گۆش ۋە گۆش ياسالمىلىرىنىڭ باھاسى %6 .13، تۇخۇمنىڭ %6 .7، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ %1 .0، كۆكتاتنىڭ %6 .8 ئۆرلىدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ سەۋىيىسى %5 .2، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى %5 .2 ئۆرلىدى. ساناھەت بۇيۇملىرىنىڭ

زاۋۇتىنىڭ چىقىش باھاسى %3.7، خام ئەشيا ـ ماتېرىيال، يېقىلغۇ، قۇۋۋەت ماشىنىلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %1 تۆۋەنلىدى.

يىل ئاخىرىدا خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 469 مىڭ 500 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %3.4 ئازايدى؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى خۇسۇسىي ۋە يەككە كەسىپكار 684 مىڭ بولۇپ، %17.8 ئاشتى. ھەرخىل ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 335 كە يەتتى. شەھەر ـ بازارلاردا 305 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قورۇلۇشىنى بولغا قويۇش ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 50 مىڭ 900 ئىشچى ـ خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %38.8كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئېلىنغان ئەمەلىي ئىشسىز 120 مىڭ 700، شەھەر ـ بازارلاردا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.7 بولدى.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلىمى تۆۋەن، بولۇپمۇ يېزىلاردا 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالدى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولدى؛ سانائەت ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، تۈۋرۈك كەسىپلەر ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاجىز، قىسمەن كەسىپ ۋە قىسمەن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىدە قىيىنچىلىق يەنىلا بىر قەدەر كۆپ؛ تاشقى سودا زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى؛ دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقداردا ئىگىلىگەن نىسبىتى كىچىك، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى قوزغىتىش رولى كۆرۈنەرلىك ئەمەس؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئاساسلىق زىرائەتلەردىن كېۋەز، قىزىلچا ۋە ئۈزگىچە قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاشتى، ئاشلىق، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشى ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 129 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى؛ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 395 مىڭ گېكتار بولۇپ، %3.5؛ ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 217 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، %29.8 ئازايدى. قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 85 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %53.4 ئاشتى؛ كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 125 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %1.4؛ ئاشلىق ھوسۇلى 7 مىليون 960 مىڭ توننا بولۇپ، %1.6 ئازايدى؛ پاختا ھوسۇلى 1 مىليون 570 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى؛ ياغلىق دان ھوسۇلى 426 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %29.1 ئازايدى. قىزىلچا ھوسۇلى 4 مىليون 551 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %55.5 ئاشتى. چارۋىچىلىق تۇردا راۋاجلاندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 46 مىليون 37 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %1.7 ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 26 مىليون 338 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، %7.2؛ گۆش 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، %7.8؛ قوي يۇڭى 69 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %4.8؛ سۈت 810 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %11.8؛ ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم 203 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %9.9 ئاشتى. سۇ مەھسۇلاتى 60 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %1.4 ئاشتى.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 72 مىليون يۈەن (بىكىتۈەنىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %8.2 ئاشتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7؛ تىجارەت كىرىمى 33 مىليارد 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 89 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4؛ پايدىسى 2 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.3 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8 مىليون 808 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %3.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 65 مىڭ 600گە يېتىپ، %5.5؛ كىچىك تراكتور 274 مىڭ 900 گە يېتىپ، %5.4؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغىنى) 833 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.3؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 546 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %4.2 ئاشتى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇلىدىغان يەر يىل ئاخىرىدا 3 مىليون 138 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، %1.4 ئاشتى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۇردا ئاشتى. پۈتۈن سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %8 ئاشتى. ئېشىش ھەجمى 2000 ـ يىلدىكىدىن

بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.4 تۆۋەنلىدى، ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 37 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا نېفىت مەھسۇلاتى 19 مىليون 469 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %5.3؛ پىششىقلانغان نېفىت 10 مىليون 141 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %1.3؛ تەبىئىي گاز 4 مىليارد 174 مىليون كۇب مېترغا يېتىپ، %17.9 ئاشتى. غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ مەبلەغ كۆپەيتىلىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى زورايتىلىپ، مەبلەغ سېلىش ئۆرلىدىكى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر قەدەر تېز ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توك %8، پولات %20.2، پولات ماتېرىيال %2.4، سېمونت %9.6 ئاشتى. 302 مىڭ 700 توننا يىپ ئېگىرىلىپ، %9.5 ئازايدى، 254 مىليون مېتىر رەخت توقۇلۇپ، %9.6 ئازايدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر %0.7، شېكەر %36.5، ترانسفورماتور %60.2، 10 خىل رەڭلىك مېتال %6.6، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى %1.5، ساپ ئىشقار %14.2، ئېتىلېن %4.8 ئاشتى. بىراق قىسمەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىۋى ئوغۇت %3.3 تۆۋەنلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ جىپسىلىشىشىدا يەنىمۇ ياخشىلىنىش بولدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.08كە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 1.46 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.88كە يېتىپ، 1.15 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.04كە يېتىپ، 1.48 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىر ئاز ئاشتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈنۈمىبىرسال كۆرسەتكۈچى %147.87 بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 2.75 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 0.53 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، مۈلۈك قىممىتىنىڭ ساقلىنىش ـ ئېشىش نىسبىتى 6.77 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. مۈلۈك ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى 2.53 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت بولۇش نىسبىتى 0.09 قېتىم ئاستىلىدى، تەننەرخ چىقىمىنىڭ پايدا نىسبىتى 0.41 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 7187 يۈەنگە يەتتى. پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 11 مىليارد 709 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.6؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 2 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، %24.4؛ پايدا ـ زىيان بالانسى قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 9 مىليارد 559 مىليون يۈەن بولۇپ، %5.6 تۆۋەنلىدى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىش كەسىپلىرى پايدىنى ئەڭ كۆپ ئالدى، توقۇمىچىلىق كەسىپىنىڭ زىيىنى بىر قەدەر كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارىتىمۇ بىر قەدەر قىيىن بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2000ـ يىلدىكىدىن %10.6 ئاشتى. بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرى 13 مىڭ 552 قۇرۇلۇش قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خېرىدار چىقىپ ھۆددە ئېلىنغان قۇرۇلۇش 7942 بولۇپ، خېرىدار چىقىپ ھۆددىگە ئېلىش كۆلىمى %58.6كە يەتتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇش 9869 بولۇپ، ئەلالىق نىسبىتى %33.3 بولدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 26 مىليون 596 مىڭ 900 كۋادرات مېترغا يېتىپ، %18.7؛ پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىليون 675 مىڭ 400 كۋادرات مېترغا يېتىپ، %16.3 ئاشتى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ بىر قەدەر تېز ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: 1. يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى مەركەزنىڭكىدىن تېز بولدى. يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 37 مىليارد 953 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.3؛ مەركەز تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليارد 646 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى. 2. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ ئاساسەن مۇقىم بولدى، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايدى، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىشنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 40مىليارد 26 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.9؛ يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 818 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.5؛ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليارد 792 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.5 ئاشتى. 3. ئىگىلىك تۈرى بويىچە قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 47

مىليارد 628 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.2% ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 76 مىليون يۈەن بولۇپ، 8.3% تۆۋەنلىدى؛ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 4 مىليارد 131 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 70%؛ باشقا ئىگىلىككە سېلىنغىنى 17 مىليارد 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 51.6% ئاشتى. 4. مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 933 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 61.4%؛ نېفىت سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.3%؛ توقۇمىچىلىق كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 57.6%؛ قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.3% ئاشتى.

نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياسىلىۋاتقان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرى 5632 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 1299ى كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلى يېڭى ئىش باشلانغان تۈر 4682 بولۇپ، 1376 سى كۆپەيدى؛ ياسىلىۋاتقان تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 2000 - يىلدىكى 10 مىليون 399 مىڭ 100 يۈەندىن 11 مىليون 128 مىڭ 400 يۈەنگە ئۆستى. ئاپتونوم رايون پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان 27نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 964 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 92.7%تىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنى 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تارباغاتاي ئېمىرتام ئېلېكتر ئىستانسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، شىنجاڭ ئوپتىكىلىق غول لىنىيىسىنىڭ دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنى سىغىمىنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۆزگەرتىش، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىق مەبلەغ تولۇق سېلىنغان 10 تۈردىن 8ى پۈتتى ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ تارىم ۋادىسىنى سۇغىرىش ۋە 2- قارارلىق مۇھىت ئاسراش، شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، 3 چوڭ نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق پىلانى ئايرىم تۈزۈلگەن 7 تۈر ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قىسمەن تۈرلەر ئۆز قەرەلىدە تاماملاندى؛ خۇتيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسى، مايتاغ ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىش، ئۈرۈمچىنىڭ يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كۆكەرتىش، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى، شىنجاڭ مۇزبېيىنى كېڭەيتىش قاتارلىق ياسىلىۋاتقان 6 تۈردە

نىشان ئىشقا ئاشتى؛ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى، خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قاتارلىق يېڭى تۈرلەردە ئوڭۇشلۇق ئىش باشلاندى؛ چاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈنى، كۈيتۇڭ - سايرام ئالىي تاشيولى قاتارلىق نۇقتىلىق تەييارلىق تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىدە ياسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 67 نۇقتىلىق يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 826 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 81.7%ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ سىم ماتېرىياللىرىنى تېز سۈرئەتتە بىروكاتلاش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي شىركىتىنىڭ يېڭىچە قۇرۇتۇش - خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش ھۆنەر - سەنئىتى بويىچە يىلىغا 300 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش قاتارلىق 3 تۈر، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە شىنجاڭ «تۈنخې» شىركىتىنىڭ مېۋە شىرنىسى ۋە پەمىدۇر قىيامى ئىشلەش ھۆنەر - سەنئىتى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىشتا نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرلىرىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 3 مىليون 817 مىڭ 400 توننا نېفىت، 302 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 740 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىلدى، گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 270 مىڭ 700 كىلوۋاتقا، توك يەتكۈزۈش سىم يولى (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 1567.65 كىلومېتىرغا، ترانسفورماتور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) 765 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرغا يەتتى. يېڭىدىن 10.458 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى (بۇنىڭ ئىچىدە تېز سۈرئەتلىك تاشيول 2.4 كىلومېتىر)، 1234.35 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، شەھەرلەر كۈنىگە 276 مىڭ 200 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان بولدى.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 7 كان رايونىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە پىچان «ۋېيچۇەن» مىس - كۆمۈش كېنى رايونىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئوتتۇرا تىپلىق كۆمۈش كېنى تېپىلدى، كۆمۈشنىڭ تىزگىنلەنگەن زاپىسى 532 توننا؛ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ چوشاقالا ئالتۇن- مىس - تۆمۈر كېنى زاپىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، كان قېزىش

يىل چېكى ئاز بولغاندىمۇ 10 يىلدىن كۆپرەك ئۆزارتىلدى؛ تۇرپان ئويمۇلاق تۇز كۆلىنىڭ نىترات كىسلاتالىق كالىگونلۇق سۇيىدىن كالىي نىترات ئايرىش سانائەت تەجرىبىسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. يېڭىدىن 3 نېفىتلىك ـ گازلىق، داۋاملىق قېزىش قىممىتىگە ئىگە 8 كان بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كېنى 4، مىس كېنى بىر، مانگان كېنى بىر، كۆپ خىل مېتال كېنى 2. يېڭىدىن بايقالغان كان بايلىقلىرىنىڭ زاپىسى مۇنداق: كۆمۈر زاپىسى 667 مىليون 400 مىڭ توننا، نېفىت زاپىسى 115 مىليون 700 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 31 مىليارد 630 مىليون كۇب مېتىر، تۆمۈر رۇدىسى 26 مىليون 420 مىڭ توننا، مىس زاپىسى 70 مىڭ توننا، قوغۇشۇن زاپىسى 53 مىڭ توننا، سىنك زاپىسى 77 مىڭ توننا، ئالتۇن زاپىسى 7226 كىلوگرام.

## 5. ئىچكى سودا

بازاردا سېتىش مۇقىم بولۇش ئاساسىدا ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 40 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %8.5 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 2000 ـ يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى. ئاساسىي ئالاھىدىلىك مۇنداق بولدى: بىرىنچى، بازارلارنىڭ كۆپىيىشى يېزىلاردىن شەھەرلەردە تېز بولدى. شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى؛ يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 14 مىليارد 977 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى شەھەرلەرنىڭكى يېزىلارنىڭكىدىن 3.5 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى. ئىككىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ ئېشىشى توپ-پارچە سېتىش سودىسىنىڭكىدىن تېز بولدى. يېمەك ـ ئىچمەك سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.7؛ توپ ـ پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 26 مىليارد 638 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.9؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇ-چىلىرىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2 ئاشتى.

بازار سودىسىدا سودا بىر قەدەر جانلاندى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ يېزىلاردا ھەرخىل سودا بازىرىدىن 1318ى بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %0.3 ئازايدى، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 18 مىليارد 677 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.9 ئاشتى.

## 6. تاشقى ئىقتىساد

تاشقى سودا زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاموۋزنا ئېكسپورت ـ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 771 مىليون دوللار بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %21.8 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 668 مىليون دوللاربولۇپ، %44.5 تۆۋەنلىدى؛ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 103 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.1 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى ئېكسپورت سودىسى 295 مىليون دوللار بولۇپ، %46.4 تۆۋەنلىدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 121 مىليون دوللارغا يېتىپ، %89.3 ئاشتى؛ چېگرا ئاز سوممىلىق ئېكسپورت سودىسى 184 مىليون دوللار بولۇپ، %68.3 تۆۋەنلىدى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى ئىمپورت سودىسى 249 مىليون دوللار بولۇپ، %11.2 تۆۋەنلىدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 25 مىليون دوللار بولۇپ، %30.4 تۆۋەنلىدى؛ چېگرا ئاز سوممىلىق سودىسى ئىمپورت سوممىسى 797 مىليون دوللارغا يېتىپ، %7.7 ئاشتى.

تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش نىسبىتى مەل ئاشتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان تۈردىن 53ى ئىمزالىنىپ، %8.6 تۆۋەنلىدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 20 مىليون 350 مىڭ دوللارلىق مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى، بۇ %5.8 ئاشتى.

تاشقى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ھەمكارلىقى جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمزالانغان ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ سوممىسى 20 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئاشتى؛ ئىمزالانغان ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ھەمكارلىقى توختامىنىڭ سوممىسى 800 مىڭ دوللارغا يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى.

## 7. قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف ۋە ساياھەتچىلىك

قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليارد 443 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولنىڭ 40 مىليارد 390 مىليون توننا. كىلومېتىرغا يېتىپ، %13.8؛ تاشيولنىڭ 27 مىليارد 590 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، %1.1 ئاشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 63 مىليون توننا ـ كىلومېتىر بولۇپ، %35.7 تۆۋەنلىدى؛ تۇرۇبىنىڭ 3 مىليارد 400 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.3؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 30 مىليارد 970 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ 10

مىليارد 410 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، 6.9% ؛ ئاشىدۇلىنىڭ 17 مىليارد 30 مىليون ئادەم.كىلومېتىرغا يېتىپ، 7.7% ئاشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 3 مىليارد 530 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر بولۇپ، 5.1% تۆۋەنلىدى.

پوچتا ـ تېلېگراف كەسپى تېز راۋاجلىنىش ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليارد 343 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 34.1% ئاشتى.

ساياھەتچىلىك كەسپى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 8 مىليون 393 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 10.8%؛ ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.6%؛ كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارالىق ساياھەتچى 273 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 6.6%. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 54 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 14%؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 99 مىليون دوللارغا يېتىپ، 3.8% ئاشتى.

## 8. مالىيە، پۇل ـ مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا

مالىيە كىرىمى بىر قەدەر تېز ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليارد 575 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 21.2%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 28 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.2% ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە مۇقىم ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 197 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 14 مىليارد 112 مىليون يۈەن ئاشتى، 2000 ـ يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 16مىليارد 212 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى. بۇنىڭدا كارخانا ئامانىتىنىڭ ئازىيىپ كېتىكەنلىكى ئاساسىي سەۋەب بولدى. كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 69 مىليارد 174 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 792 مىليون يۈەن ئازايدى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 99 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بېشىدىن 8 مىليارد 546 مىليون يۈەن ئاشتى، 2000 ـ يىلدىكىدىن 160 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 158 مىليارد 473 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 18 مىليارد 263 مىليون يۈەن ئاشتى، 2000 ـ يىلدىكىدىن 11 مىليارد 218 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى.

ئاكسىيە كەسپى داۋاملىق راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 21گە، پېيى 4 مىليارد 937 مىليونغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 540 مىليون پاي كۆپىيىپ، 12.3% ئاشتى.

سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا كىرىمى 3 مىليارد 416 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 21.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 1 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14%؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 998 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.1 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۆلەنگەن، چىقىم قىلىنغان پۇل 1 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن تۆلەنگىنى 743 مىليون يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدىن تۆلەنگىنى 437 مىليون يۈەن.

قىسقا ماتېرىيال

### ئاساسلىق ستاتىستىكىلىق كۆرسەتكۈچلەر ھەققىدە

سېلىشتۇرما باھا بۇ ھەرخىل ئومۇمىي مىقدار كۆرسەتكۈچلىرىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلىدىغان، باھا ئۆزگىرىش ئامىلى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى باھا بولۇپ، ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى مىقدارلارنىڭ كۆرسەتكۈچىنى سېلىشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمىي مىقدار كۆرسەتكۈچىنى سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلاشنىڭ 2 خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، مەھسۇلات مىقدارىنى مەلۇم يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھاغا بىۋاستە كۆپەيتىپ ھېسابلاش؛ يەنە بىرى، باھا ئىندېكسى ئارقىلىق ئېلىش ئۇسۇلى.

ئۆزگەرمەس باھا بۇنىڭدا ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ مەلۇم يىلدىكى ئوتتۇرىچە باھاسى مۇقىم باھا قىلىنىدۇ، مۇشۇ باھا ئارقىلىق ھەر قايسى يىللاردىكى مەھسۇلات قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلانغان مەھسۇلات قىممىتىدىن باھا ئۆزگىرىش ئامىلى چىقىرىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان مەزگىللەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ مەزگىللەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئەكس ئەتتۇرگىلى بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە يېزا

## 9. مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 21، تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 41 مىڭ 400 گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %35؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 108 مىڭ 100گە يېتىپ، %48.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 500 بولۇپ، %44نى ئىگىلىدى. ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنى 9 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 827 گە يېتىپ، %52؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1749 بولۇپ، %46.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 144. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 97 مىڭ 300 بولۇپ، %7.5؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 47 مىڭ 700 بولۇپ، %7 ئازايدى. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 472، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 93 مىڭ 500 گە يېتىپ، %21.9؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 225 مىڭ 400گە يېتىپ، %13.5 ئاشتى.

ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1 مىليون 3200 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %7.4 ئاشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2 مىليون 435 مىڭ 700 بولۇپ، %1.7 تۆۋەنلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.41كە يېتىپ، 0.38 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكى %0.55تىن %0.24كە تۆۋەنلىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %95.68 بولۇپ، 0.34 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %82.02 بولۇپ، 3.29 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكى %3.19تىن %2.88كە تۆۋەنلىدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %34.56 بولۇپ، 4.26 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى.

چوڭلار مائارىپى يەنىمۇ راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايوندىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ مەخسۇس، تولۇق كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 109 مىڭ 300گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن %18.6 ئاشتى؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 28 مىڭ 600 بولۇپ، %17.4 تۆۋەنلىدى؛ چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1 مىليون 176 مىڭ 300 بولۇپ، %2.2؛ چوڭلار تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 159 مىڭ 100 بولۇپ، %11.9 ئاشتى. چوڭلار تېخنىكا مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىۋاتقان كۇرسانت 1 مىليون 321 مىڭ 100. بىر يىلدا ياش - قۇرامان ساۋاتسىزدىن 48 مىڭ 300 ئادەم ساۋاتلىق بولدى.

پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 385 مىڭ بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى. پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 24 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 16 مىڭ. يىللىق پەن - تېخنىكا خىراجىتى چىقىمى 1 مىليارد 408 مىليون يۈەن بولۇپ،

---

ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆزگەرمەس باھاسىنى 5 قېتىم تۈزدى. 1952 — 1957 - يىلغىچە سانائەت (يېزا ئىگىلىك) مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1952 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھاسى ئىشلىتىلدى. 1957 — 1970 - يىلغىچە 1957 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا ئىشلىتىلدى. 1971 — 1980 - يىلغىچە 1970- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا ئىشلىتىلدى. 1981 — 1990 - يىلغىچە 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا ئىشلىتىلدى. 1991 - يىلدىن باشلاپ 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا ئىشلىتىلدى.

ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ئىلمىي ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 2 خىل ئۇسۇلدا ھېسابلىنىدۇ، بىرى ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «گورىزونتال ئۇسۇل» بولۇپ، گېئومېتىرىيىلىك ئوتتۇرىچىلاش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا، ئارىلىق مەزگىلنىڭ ئاخىرقى يىلدىكى سەۋىيە بىلەن ئاساسىي مەزگىلدىكى سەۋىيىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئېشىش (ياكى تۆۋەنلەش) سۈرئىتى ھېسابلاپ چىقىلىدۇ؛ يەنە بىرى، «يىغىندىلاش ئۇسۇلى» بولۇپ، ئالگېبرالىق ئوتتۇرىچىلاش ئۇسۇلى ياكى تەڭلىمە ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا ئارىلىق مەزگىلنىڭ ھەر قايسى يىللىرىدىكى سەۋىيىنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئاساسىي مەزگىلدىكى سەۋىيىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش (ياكى تۆۋەنلەش) سۈرئىتى ھېسابلاپ چىقىلىدۇ. ئادەتتە نورمال ئەھۋالدا 2 خىل ئۇسۇلدا ھېسابلانغان ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى بىر قەدەر يېقىنلىشىدۇ، بىراق ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشىسىز بولغان، زور ئۆرلەش - زور تۆۋەنلەش بولغان مەزگىلدە 2 خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىدە بىر قەدەر چوڭ پەرق بولىدۇ.

ستاتىستىكا ئىدارىسى

2000 - يىلدىكىدىن %9. 3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتى چىقىمى 321 مىليون يۈەن بولۇپ، %1 تۆۋەنلىدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. تىزىمغا ئېلىنغان زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 285، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي نەزەرىيە نەتىجىسى 21، ئەمەلىي تېخنىكا نەتىجىسى 25، يۇمشاق پەن نەتىجىسى 7. بىر يىلدا 1088 پاتېنت قوبۇل قىلىندى، 755 تۈرگە پاتېنت هوقۇقى بېرىلدى. 1313 تۈردە تېخنىكا توختامى ئىمزالىنىپ، %4. 17؛ توختام سوممىسى 824 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5. 24 ئاشتى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايوندىكى سەنئەت ئۆمىكى 89، مەدەنىيەت يۇرتى 91، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 81، مۇزېي 23، ئارخىپخانا 124، ئېچىۋېتىلگەن ئارخىپ 362 مىڭ توپلام. ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 41. تارقىتىش قۇۋۋىتى 1000 ۋاتتىن ئاشىدىغان تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 60. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %27. 91كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93. 90كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 990 مىڭ 900گە يېتىپ، 2000- يىلدىكىدىن %7. 1 ئاشتى. ھەر خىل كىنو قويۇش ئورنى 98، ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىم 2، ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە فىلىم 71، تارقىتىلغان يېڭى فىلىم 116. 356 مىليون نۇسخا گېزىت، 13 مىليون 920 مىڭ نۇسخا ژۇرنال، 75 مىليون 910 مىڭ نۇسخا كىتاب نەشر قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 7309 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1357، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى 207، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 75؛ كارىۋات سانى 70 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىدىكىسى 66 مىڭ. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 97 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 45 مىڭ 400، مەسئۇل سېستىرا، سېستىرا 31 مىڭ؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىم 33 مىڭ 600 بولۇپ، %5. 34نى ئىگىلەيدۇ. يېزا - بازار شىپاخانىسى 761، يېزا - كەنت دوختۇرى ۋە سانىتار 12 مىڭ 200، داۋالاش نۇقتىسى بار كەنتلەر ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ %9. 85نى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە 2 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى، مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردە 7 تۈردە 1 -، 15 تۈردە 2 -، 6 تۈردە 3 - بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ كوماندىسى 2 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايوندا تەنتەربىيىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيىدىن 19ى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ناھىيىدىن 21ى بارلىققا كەلدى.

## 11. مۇھىت ئاسراش

مۇھىت بۇلغىنىش ئېغىرلىشىپ كېتىكەن ھالەت تىزگىنلەندى. سانائەتتىن بولغان بۇلغىنىش سەل يېنىكلىدى، تۇرمۇشتىكى بۇلغىنىش سالمىقى داۋاملىق ئېغىرلىدى. ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارى سەل ئازىيىپ، بۇلغىما قويۇپ بېرىش سەۋىيىسى سەل تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭگۈرت IV ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 307 مىڭ 200 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 2000- يىلدىكىدىن %1. 1؛ ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 192 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %1. 6؛ سانائەت چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 109 مىڭ 600 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %7. 2 ئازايدى؛ سانائەت كېرەكسىز قاتتىق جىسىملىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 963 مىڭ 400 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %4؛ يۇندىدىكى ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك مىقدارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 207 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %2. 5 ئاشتى؛ ھەر 10 مىڭ يۈەنلىك سانائەت قوشۇلما قىممىتىدىكى ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 3. 64 كىلوگرام بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 6. 2 كىلوگرام ئازايدى. ئاساسلىق بۇلغىمىلار ئىچىدە تۇرمۇش بۇلغىمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى %50كە يېقىنلاشتى ھەمدە ئېشىشقا يۈزلەندى.

شەھەرلەرنىڭ مۇھىت سۈپىتىدە سەل ياخشىلىنىش بولدى، نۇقتىلىق شەھەرلەر ئاتموسفېراسىنىڭ قىش پەسلىدىكى بۇلغىنىش ئەھۋالى سەل تۈزەلدى. شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاتموسفېرا سۈپىتى 1 -، 2 - دەرىجە بولغان كۈن سانى %51نى، 3 - دەرىجە بولغىنى %21نى، 4 -، 5 - دەرىجە بولغىنى %28نى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا سۈپىتى سەل ياخشىلاندى، ئاتموسفېرا سۈپىتى 1-، 2 - دەرىجە بولغان كۈن سانى %18نى ئىگىلەپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4. 4 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ 3 - دەرىجە بولغىنى %52نى ئىگىلەپ 2000 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 4 -، 5 - دەرىجە بولغىنى %30نى ئىگىلەپ، 4.5

پىرسەنت يۇقىرىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 60% شەھەردە شاۋقۇن ئۆلچىمىدىن ئېشىپ، 14.5 پىرسەنت يۇقىرىلىدى ئاشتى؛ ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك رايونلاردا شاۋقۇننىڭ ئۆلچىمىدىن ئېشىش نىسبىتى كۈندۈزى 6.6 پىرسەنت يۇقىرىلىدى ئاشتى، كېچىسى 3.3 پىرسەنت يۇقىرىلىدى تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 3ى كۆپەيدى، كۆلىمى 204 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، 28.1% ئاشتى. ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 12.3%ىنى ئىگىلىدى؛ ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونىدىن 7سى قۇرۇلۇپ، 2 سى كۆپەيدى، ئومۇمىي كۆلىمى 110 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، 27.2% ئاشتى، ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 6.7%ىنى ئىگىلىدى؛ ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون 63كە، كۆلىمى 344.8 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، 17.9% ئاشتى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچىمىگە يەتكەن رايون 40قا، كۆلىمى 268.1 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، 38.6% ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى قوغدىلىدىغان تۈنجى رايون — تارىم دەرياسى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى قوغدىلىدىغان رايون بەرپا قىلىندى.

## 12. نوپۇس

2001 - يىلى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 18 مىليون 761 مىڭ 900 بولۇپ، 2000 - يىلدىكىدىن 267 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، 1.5% ؛ شەھەر، يېزا بويىچە ئايرىغاندا شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 332 مىڭ 100 بولۇپ، 79 مىڭ ئادەم كۆپىيىپ، 1.3% ئاشتى، شەھەرلىشىش نىسبىتى 33.75%كە يەتتى؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 429 مىڭ 800 بولۇپ، 193 مىڭ 100 ئادەم كۆپىيىپ، 1.6% ئاشتى. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.82‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.69‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.13‰ بولدى.

## 13. خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى داۋاملىق ئاشتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر ئاز ئۆستى. ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ھېسابلىغاندا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 6590.3 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 13.3%؛ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5059.67 يۈەنگە يېتىپ، 8.4%؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1710 يۈەنگە يېتىپ، 5.7%؛ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1350 يۈەنگە يېتىپ، 9.2% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.54 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1.8%؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.04 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 4.6% ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.2%؛ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 278 يۈەنگە يېتىپ، 17.9%، باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 13.4% ئاشتى.

ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 274 مىڭ 500گە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.3%؛ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 123 مىڭ 500گە يېتىپ، 6.6%؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلاردىن ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 357 مىڭ 300گە يېتىپ، 2.4%؛ داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 161 مىڭ 700گە يېتىپ، 32% ئاشتى. شەھەر - بازارلاردىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تورىمۇ خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شەھەر - بازارلاردا 1938 ئورۇندا ھەرخىل مەھەللە مۇلازىمەت مۇئەسسەسى، 3494 ئورۇندا خەلققە قولايلىق ۋە پايدىلىق مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى قۇرۇلدى. 21.9% يېزا - بازاردا يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تورى قۇرۇلدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىدىن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قوغدىنىش پۇلى ئالغانلار 365 مىڭ 300گە يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى؛ دۆلەتنىڭ نەپىقە، ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەن نەپىقە ئوبيېكتى 21 مىڭ 100گە يېتىپ، 1.4% ئاشتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 483كە، كارىۋىتى 11 مىڭ 340 قا، قوبۇل قىلىنغانلار 9532گە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

ئىزاھ: ئاخباراتتىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ مۇتلەق سانى ھازىرقى باھا بويىچە، ئېشىش سۈرئىتى سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ مۇتلەق سانى ۋە ئېشىش سۈرئىتى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ستاتىستىكىلاشتا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت ئۆلچەم قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2001 - يىلى |
|---|---|
| **تەبىئەت ئەھۋالى** | |
| **مېرىدىئان ۋە پاراللېل** | |
| شەرقىي مېرىدىئان | 73°40′ — 96°23′ |
| شىمالىي پاراللېل | 34°25′ — 49°10′ |
| **كىلىماتى** | |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (C) | 10.1 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 8 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 12.8 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 12.8 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 156 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 239.5 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 53.6 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 36.1 |
| قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى (سائەت) | 2837.3 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 2799.5 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 2791.4 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 3122.5 |
| **تەبىئىي بايلىقى** | |
| **يەر بايلىقى** | |
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر) | 166.5 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | 4164045 |
| باغ كۆلىمى (گېكتار) | 196836 |
| ئورمانلىق كۆلىمى (گېكتار) | 6567207 |
| ئوتلاق كۆلىمى (گېكتار) | 51353623 |
| **ئورمان بايلىقى** | |
| ئۆرە دەرەخ ئومۇمىي ياغاچ مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3.1 |
| ئورمان كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 197.8 |
| ئورمان ياغاچ مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 2.8 |
| ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى (%) | 1.9 |
| **سۇ بايلىقى** | |

| | |
|---|---|
| سۇ بايلىقىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 952.4 |
| يەر ئۈستى سۈيى | 992 |
| يەر ئاستى سۈيى | 636.3 |
| تەكرار ھېسابلانغان مىقدارى | 581 |
| سۇ كۈچى بايلىقى زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3356 |
| **ئاساسىي قېزىلما بايلىقلار زاپىسى** | |
| تۆمۈر كېنى (10 مىڭ توننا) | 74359 |
| خروم كېنى (10 مىڭ توننا) | 149 |
| مىس كېنى (10 مىڭ توننا) | 2297346 |
| قوغۇشۇن كېنى (10 مىڭ توننا) | 652801 |
| سىنك كېنى (10 مىڭ توننا) | 1345231 |
| ئاليۇمىن كېنى (10 مىڭ توننا) | 58 |
| نىكېل كېنى (10 مىڭ توننا) | 984906 |
| كۆمۈر (10 مىڭ توننا) | 9715194 |
| ئوتقا چىدامىلىق سېغىز (10 مىڭ توننا) | 704 |
| ناترىيلىق سېلىترا (10 مىڭ توننا) | 6183 |
| شور (10 مىڭ توننا) | 38729 |
| تۇز كېنى (10 مىڭ توننا) | 151543 |
| تاشپاختا (10 مىڭ توننا) | 624 |
| چىرىمتال (توننا) | 50209 |
| ۋېرمىكۇلىت (10 مىڭ توننا) | 1821 |
| سېمونت تاش كۆمۈرى (10 مىڭ توننا) | 113025 |
| بېنتونىت (10 مىڭ توننا) | 35576 |
| بېزەشكە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش (10 مىڭ كۇب مېتىر) | 5767 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە يەر بايلىقى ۋە قېزىلما بايلىققا دائىر مەلۇماتلارنى زېمىن - بايلىق نازارىتى تەمىنلىگەن؛ ئورمان بايلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەمىنلىگەن؛ سۇ بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن.

## 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

| | |
|---|---|
| كۆرسەتكۈچلەر | |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (يۈەن) | 7913 |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 9429 |

| | |
|---|---|
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 6759 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 2670 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (يۈەن) | 3790 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 2011 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (يۈەن) | 621 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (يۈەن) | 1513 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | 0.18 |
| ئاشلىق مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 427.3 |
| پاختا مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 84.3 |
| ياغلىق دان مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 22.9 |
| قىزىلچا مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 244.3 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى (كىلوگرام) | 44.5 |
| سۇ مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 3.3 |
| مېۋە - چېۋە (كىلوگرام) | 82.8 |
| قوغۇن - تاۋۇز (كىلوگرام) | 83.9 |
| رەخت (مېتىر) | 13.6 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە (كىلوگرام) | 10.4 |
| يىپ (كىلوگرام) | 16.3 |
| كۆمۈر (كىلوگرام) | 1514 |
| نېفىت (كىلوگرام) | 1045 |
| توك (كىلوۋات سائەت) | 1061 |
| سېمونت (كىلوگرام) | 527 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (يۈەن) | 2181 |
| تاموژنا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (دوللار) | 35.89 |
| ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (10 مىڭدىن بىر) | 58.53 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچى (10 مىڭدىن بىر) | 51.87 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (10 مىڭدىن بىر) | 654.82 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن ئادەم/دانە) | 35.10 |
| سەھىيە - تېخنىكا خادىمى (10 مىڭدىن بىر) | 51.95 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دوختۇر | 24.20 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى (يۈەن) | 5298 |

شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ 2001 - يىللىق ئىندېكىسى

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| **ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى ئومۇمىي ئىندېكىسى** | 104 | 104 | 103.8 |
| **1. يېمەكلىك** | 104.3 | 103 | 107.3 |
| ئاشلىق | 99.1 | 95.9 | 107.6 |
| گۈرۈچ | 99.7 | 96.2 | 112.3 |
| ئۇن | 98.7 | 95.8 | 106.6 |
| ئاشلىق ياسالمىلىرى | 96.6 | 94.6 | 101.2 |
| باشقىلار | 108.1 | 104.7 | 110.3 |
| كراخمال ۋە ياڭيۇ | 102.6 | 103.7 | 99.4 |
| قۇرۇق پۇرچاق ۋە پۇرچاق ياسالمىسى | 95.9 | 95.5 | 99.4 |
| ياغ | 93.9 | 91.6 | 95.8 |
| گۆش ۋە گۆش ياسالمىسى | 113.6 | 113.1 | 114.3 |
| تۇخۇم | 107.6 | 107.3 | 110 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 100.1 | 99.8 | 101.9 |
| كۆكتات | 107 | 105.1 | 112.6 |
| يېڭى كۆكتات | 108.6 | 105.6 | 122.2 |
| قۇرۇق كۆكتات ۋە كۆكتات ياسالمىسى | 97.7 | 95.4 | 98.6 |
| تەم خۇرۇچلىرى | 100.4 | 100.6 | 99.9 |
| قەنت | 99.6 | 99.3 | 100.4 |
| شېكەر | 104.6 | 105.2 | 103.4 |
| كەمپùت | 97.9 | 97 | 99.1 |
| شاكىلات ياسالمىلىرى | 100.4 | 100.3 | 101.3 |
| شېكەر ياسالمىلىرى | 95 | 94.3 | 99.2 |
| چاي ۋە ئىچىملىك | 100.8 | 100.3 | 102.5 |
| ھۆل - قۇرۇق مېۋە، قوغۇن - تاۋۇز | 99.8 | 99.6 | 101.6 |
| ھۆل مېۋە | 99.2 | 98.9 | 101.1 |
| قۇرۇق مېۋە ۋە قوغۇن - تاۋۇز ياسالمىسى | 101.5 | 101.4 | 102.3 |
| تورت، پىرەنىك، بولكا | 98.7 | 98.3 | 100.2 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى | 99.4 | 99.2 | 102.5 |

2001 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۈچ كەسپنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە قوشقان تۆھپە ئۈلۈشى

| كۆرسەتكۈچلەر | تۆھپە ئۈلۈشى (%) | قوزغىتىش پىرسەنت پوئىنتى | كۆرسەتكۈچلەر | تۆھپە ئۈلۈشى (%) | قوزغىتىش پىرسەنت پوئىنتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى | 100 | 8.10 | بىناكارلىق كەسپى | 15.7 | 1.27 |
| 1 - كەسپ | 7.2 | 0.58 | 3 - كەسپ | 46.7 | 3.78 |
| 2 - كەسپ | 46.1 | 3.73 | بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش، ساقلاش ۋە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپى | 7.5 | 0.61 |
| سانائەت | 30.4 | 2.46 | توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 6.3 | 0.51 |

2001 - يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ماددىي - مەدەنىي تۇرمۇش ئەھۋالى

| تۈرلەر | |
|---|---|
| ئىشقا ئورۇنلىشىش | |
| ھەربىر يېزا ئەمگەك كۈچى زىممىسىگە ئالغان ئادەم سانى (ئادەم) | 1.73 |
| شەھەر - بازارلاردىكى ھەر بىر ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىنىڭ زىممىسىگە ئالغان ئادەم سانى (ئادەم) | 1.96 |
| شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى (%) | 3.7 |
| كىرىم | |
| يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) | 1710 |
| يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم ئىندېكسى (100=1978) | 1437 |
| شەھەر - بازارلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە خاس كىرىم (يۈەن) | 6590.3 |
| شەھەر - بازارلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە خاس كىرىم ئىندېكسى (1978=100) | 2065.9 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى (يۈەن) | 10278 |
| ئىستېمال سەۋىيىسى (يۈەن) | |

| | |
|---|---|
| ئاپتونوم رايون ئاھالىسى | 2882 |
| يېزا ئاھالىسى | 1427 |
| شەھەر ـ بازار ئاھالىسى | 5668 |
| **ئامانەت پۇل** | |
| شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 994 |
| ھەربىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى (يۈەن) | 5298 |
| تۇرالغۇ كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | |
| يېزىلاردا ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن تۇرالغۇ كۆلىمى | 18 |
| شەھەرلەردە ھەربىر كىشى ئىشلىتىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى | 19.9 |
| شەھەرلەردە ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى | 15.5 |
| **قاتناش** | |
| شەھەر ـ بازارلاردا ھەر 100 ئادەمگە توغرا كەلگەن ۋېلىسىپىت سانى (دانە) | 138.08 |
| شەھەرلەردە ھەر 10مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن تىجارەت ئاپتوموبىل سانى (دانە) | 13.2 |
| **شەھەرلەردىكى جامائەت ئىشلىرى** | |
| سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 100 |
| گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 100 |
| ھەر 10 مىڭ كىشىگە توغرا كەلگەن كۆكلەمزارلىق (گېكتار) | 45.7 |
| **مەدەنىيەت** | |
| شەھەر ـ بازارلاردا ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور (دانە) | 107.39 |
| يېزىلاردا ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن تېلېۋىزور (دانە) | 93.30 |
| رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش ئۈنۈمىرسال نىسبىتى (%) | 91.27 |
| تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش ئۈنۈمىرسال نىسبىتى (%) | 90.93 |
| **مائارىپ** | |
| ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى (%) | 97.41 |
| ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئوقۇۋاتقان ستۇدېنت سانى (ئادەم) | 58.53 |

| | |
|---|---|
| **سەھىيە** | |
| ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن دوختۇرخانا، شىپاخانا كارىۋىتى (دانە) | 35.1 |
| ھەر 10مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن دوختۇر سانى | 24.2 |

**ئىزاھ:** شەھەرلەردە ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئۆينىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى ۋە تۇرالغۇ كۆلىمى قۇرۇلۇش نازارىتى ستاتىستىكىلىغان سان.

## 2001 ـ يىلى شىنجاڭدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ تۈرگە ئايرىلغان ئىندېكسى

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| **تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى** | 102.5 | 102.7 | 102.3 |
| **يېمەكلىك** | 106.1 | 105.7 | 107.2 |
| ئاشلىق | 99.6 | 99.3 | 100.2 |
| ئاق ئاشلىق | 99.4 | 99.2 | 99.7 |
| قارا ئاشلىق | 103 | 103.4 | 104.3 |
| ياغ | 87.9 | 85.1 | 91.7 |
| گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 120.4 | 119.5 | 122.5 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 104.3 | 102.3 | 108 |
| ھۆل كۆكتات | 107 | 105.4 | 111.3 |
| قۇرۇق كۆكتات | 97.6 | 95.4 | 100.3 |
| ھۆل مېۋە | 98.3 | 95.5 | 105.7 |
| قۇرۇق مېۋە | 97.6 | 96 | 101 |
| باشقا يېمەكلىكلەر | 100.9 | 100 | 102.4 |
| تەم تەڭشىگۈچلەر | 98.1 | 96.8 | 100.2 |
| شېكەر | 114.8 | 114.7 | 114.2 |
| كەمپۈت | 99.7 | 99.3 | 100.1 |
| پىرەنىك | 99.9 | 99.7 | 100.5 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى | 99.7 | 99.9 | 98.7 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كونسېرۋا | 98.6 | 97.9 | 101.5 |
| پېچەك - ئىچمەك كەسپى | 99.6 | 99.9 | 99.1 |
| ئاساسىي يېمەكلىك | 100 | 99.8 | 100.5 |
| قورۇمىلار | 98.7 | 99.9 | 97.3 |
| يەرلىك تائاملار | 100.5 | 100.1 | 100.9 |
| **ئىچىملىك، تاماكا، هاراق** | 97.3 | 97.3 | 97.3 |
| ئىچىملىك | 98.6 | 99.5 | 97.7 |
| تاماكا - هاراق | 97 | 96.9 | 97.2 |
| **كىيىم - كېچەك، ئاياغ - باش كىيىم** | 100.1 | 100 | 100.2 |
| كىيىم - كېچەك | 100.2 | 99.7 | 101.3 |
| ئاياغ كىيىم | 99.7 | 100.7 | 98.6 |
| باشقا كىيىملەر | 100.4 | 100.4 | 100.4 |
| **توقۇلمىلار** | 100.3 | 100.8 | 99.4 |
| پاختا رەخت | 99.4 | 99.5 | 99.3 |
| پاختا ۋە خىمىيىلىك تالادىن ئارىلاش توقۇلغان رەختلەر | 99.5 | 99.3 | 99.8 |
| خىمىيىۋى تالالىق رەخت | 101.9 | 102.6 | 99.1 |
| يۇڭ توقۇلما | 99.7 | 99.6 | 99.8 |
| تاۋار - دۇردۇن | 100.1 | 100 | 100.2 |
| باشقا توقۇلمىلار | 100.2 | 101 | 98.5 |
| **جۇڭگوچە - غەربچە دورىلار** | 99.8 | 99.9 | 99.4 |
| جۇڭگوچە دورا | 101.3 | 100.1 | 103.5 |
| غەربچە دورا | 98.8 | 99.8 | 97.1 |
| داۋالاش بۇيۇملىرى | 99.9 | 100 | 99.8 |
| **گىرىم بۇيۇملىرى** | 95.3 | 93 | 99.4 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 106.4 | 106.8 | 105.1 |
| **مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى** | 98.9 | 98.9 | 99 |
| مەدەنىيەت بۇيۇملىرى | 98.9 | 98.8 | 99.1 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 99.1 | 99.3 | 99 |
| **كۆندىلىك بۇيۇملار** | 99.7 | 100.4 | 98.7 |
| ئادەتتىكى كۆندىلىك بۇيۇملار | 99.1 | 99.4 | 98.5 |
| ئۆي جاھازلىرى | 100.1 | 101.8 | 98 |
| كۆندىلىك مىلچىمال | 102.3 | 104 | 100.5 |
| **ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى** | 100 | 97.4 | 96.5 |
| **زىبۇزىننەتلەر** | 93.5 | 93.2 | 93.8 |
| **يېقىلغۇ** | 109.2 | 110.3 | 107.5 |
| **بىناكارلىق - بېزەك ماتېرىياللىرى** | 100.5 | 101 | 100.1 |
| **ماشىنا - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى** | 94.4 | 95.8 | 92.7 |

# «2002' شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابدۇرېھىم ياقۇپ، جەمىلە ئابلا

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى).

ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز ئورخۇن، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، تۇرسۇنئاي دۆلەتى، جەمىلە ئابلا، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرەم يۇسۇپ، مەردان ئەخمەت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، نۇرنىسا مۇقىت، ئۆمەر پەيزۇل، ئۆمەر ماموت، ئىسلام ھۇسەيىن.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات: مۇرادىل ئابىت

مەسئۇل كوررېكتورلار: جەمىلە ئابلا

مەرھابا شاۋۇدۇن

بېلىقىز مۇھەممەت

# 《新疆年鉴(2002)》维吾尔文版

## 编　译　人　员

**主　　审**:沙比尔·艾力

**副 主 审**:阿不都肉甫·艾力

**责任编辑**:阿不都热依木·亚库甫、加米拉·阿不拉

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)

阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、阿不里米提·亚库甫、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、吐尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、霍加阿合买提·优努斯、克热木·玉素甫、玛尔旦·艾合买提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、努儿尼沙·木克依提、吾买尔·帕祖力、吾买尔·玛木提、斯拉木·玉赛音

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

**责任校对**:加米拉·阿不拉、玛尔哈巴·夏吾东、贝丽克孜·穆罕穆德

نەشر هوقۇقى توغرىسىدا بايانات:
«2002، شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ نەشر هوقۇقى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدا، يىلنامىنىڭ بىر قىسىم باب، ماقالىلىرىنى ياكى پۈتۈن مەزمۇنىنى رۇخسەتسىز ئالماي تۈرۈپ قايتا بېسىش، تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈپ بېسىش ۋە نەشر قىلىشقا بولمايدۇ.

ISSN 1009-072X
9 771009 072008 01>

# «2002، شىنجاڭ يىلنامىسى»

## (ئومۇمىي 18 - توم)

ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى چىقاردى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى
شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر)
تېلېفون نومۇرى: 4640715، پوچتا نومۇرى: 830063
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
رەڭلىك بېتى شىنجىن مونتاژ لايىھىلەش - ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 ميللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 76، قىستۇرما ۋارىقى: 4
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى 600 — 1
ISSN 1009—072X
CN65—4001/Z—W
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 160.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60.00 دوللار